# ترجمة مشكاة المصابيح

مشكاتۇلمەسا بىھنىڭ تەرجىمىسى

تأليف : محمد بن عبد الله الخطيب التبريزي

تحقيق : محمد ناصر الدين الألباني

بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايمىز. ئاللاھدىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۇل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھدىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىننى، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە، مۇھەممەد سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە تەن جىسىم بىلەن تىرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھتائالا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلار، تابىئىنلارغا، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلسۇن، رازى بولسۇن، جەننەتتە جامالىنى ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

بارلىق ئىشلىرىمىزنى، خىزمەتلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بىرىپ قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلسۇن، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھ، خاتالىق، مەئسىيەتلىرىنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ــ سائادەتمەنلىك ئاتا قىلىپ، ياردەم بەرسۇن، قەلبىنى ھىدايەت قىلىپ، ئىسلاھ قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەقۋا مۆئمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىن!

بِسْمِ اللّٰهِ الرحْمَن الرحِيم

## مۇقەددىمە

ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىشىمدىن بۇرۇن، ھەدىس توغرىسىدا توختىلىمەن، ھەدىس تەتقىقاتى، ھەدىس ئىلمى كىتابلىرىدىن سۆز تاللاپ يېزىپ، قانداق ھەدىسنىڭ سەھىھ ،ھەسەن،زەئىپ ،يالغان ھەدىس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىمەن.

ھەدىس ئىلمى تەتقىقات توغرىسىدا تۈزۈلگەن كىتابلار:

1. «يادىلىغۇچى بىلەن راۋىيسىنىڭ ئارلىقىنى ئايرىغۇچى مۇھەددىس»، بۇ كىتابنى قازى ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن رامھورموز يازغان، ۋاپاتى 360 ــ يىلى ھىجرىيە.

2. «ھەدىس ئىلىملىرىنى تونۇش»، بۇ كىتابنى ئەبۇ نۇئەيىم ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسبىھانى يازغان، ۋاپاتى ھىجرىيە 43 ــ يىلى.

3. «ھەدىس ئىلىملىرىدىن مەرىپەت» بۇ كىتابنى مۇھەممەد ھاكىم نىسابورى يازغان، ۋاپاتى 405 ـ يىلى، ھىجرىيە.

4. «راۋىيەت ئىلمىدىكى كۇپايەت» بۇ كىتابنى ئەھمەد ئىبنى ئەلى خەتىيبولبەغداد يازغان، ۋاپاتى ھىجرىيە 463 ــ يىلى.

5. «ھەدىس سۆزلىگۈچى راۋىينىڭ ئەخلاقى بىلەن ئاڭلىغۇچىدىكى ئەدەب ــ ئەخلاقلار توپلىمى» بۇ كىتاپنىمۇ خەتىيبۇلبەغداد يازغان.

6. «راۋايەتنىڭ ئۇسۇللىرىنى تونۇتقان نۇر» دىگەن كىتابنى قازى ئىياز يازغان. ۋاپاتى ھىجرىيە 544 ــ يىلى.

7. «ھەدىس ئىلىملىرى دىگەن كىتابى» ئوسمان ئىبنى ئابدۇرەھمان شەھرەزورى يازغان. ۋاپاتى، 643 ــ يىلى

8. «تەقرىيب» ناملىق كىتابنى يەھيا ئىبنى شەرىپى نەۋەۋى يازغان، ۋاپاتى 676 ــ يىلى، ھىجرىيە.

9. «بۇ كىتابقا تەدرىيب» ناملىق شەرھىنى جالالۇددىن ئابدۇرەھمان سۇيۇتى يازغان. بۇ مۇھەددىس، مۇپەسسىرنىڭ ۋاپاتى، 911 ــ يىلى، ھىجرىيە.دەل مۇشۇكىشى بۇكىتاپنىڭ ئەسلى ئاپتۇرىدۇر.

10. ئەسەر ئىلمىدىكى گۆھەرلەر تىزىقى، بۇ كىتابنى زەينوددىن ئابدۇرەھىيم يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 806 ــ يىلى.

11. «پەتھۇلمۇغىيس»نى ئىمام ساخاۋى يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 902 ــ يىلى.

12. «ئەسەر ئىلمىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ تاللانمىسى» دىگەن كىتابنى ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى يازغان، بۇخارىنىڭ شارھى، ۋاپاتى ھىجرىيە 852 ــ يىلى.

13. «بەيقونىييە نەزمىنى» ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد يازغان، ۋاپاتى ھىجرىيە 1080 ــ يىلى.

14. «ھەدىس سۆزلەش قائىدىلىرى» دىگەن كىتابنى مۇھەممەد جامالۇددىن قاسىمى يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 1332 ــ يىلى.

15 . ئۇندىن باشقا ھازىرقى ئالىملاردىنمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان، مەسىلەن: ھەدىس ئاتالغۇلىرى ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا يازغان، ۋاپاتى، مىلادى 2001 ــ يىلى

يەنە ھەدىس ئاتالغۇللىرى ناملىق مەدىنە ئۇنىۋېرستىتىدا دەرسلىك قىلىنىدىغان بارلىق ھەدىس ئىلىملىرىنىڭ خۇلاسىسى توپلانغان كىتابنى مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد تەھان يازغان، كىتابلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىسمىنىمۇ يېزىپ بولالمايمەن، بولۇپمۇ ھازىرقى تەرەققىي قىلغان پۇرسەت ۋە ماتېرىياللار تولۇق بولغان، كومپيۇتېر دەۋرىدە، كومپيۇتېر دىسكىسى، پىلاستىنكىسى ۋە تور بەتلىرىدىكى ماتىرىياللارنى ئىككى ــ ئۈچ ئۆمۈردىمۇ ئوقۇپ بولالمايمىز، ئاللاھقا چەكسىز شۈكرى. مەن ھازىر ئەنە شۇنداق كىتابلاردىن ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆز تاللاپ يازىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق قانۇن مەنبەسى «قۇرئان»، سەھىھ ھەدىسلەر ۋە ئىجائ، «قۇرئان» بولسا، ئاللاھنىڭ كالامى، ئۇنى ئاللاھ مەڭگۈ قوغدايدۇ، بىر ھەرپىنىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ ساقلايدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

«قۇرئان» ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشكەن ۋاقتتىن باشلاپ كاتىپلار تەرىپىدىن پۈتۈلۈپ، بىزلەرگىچە مۇتىۋاتىر يەنى ئەڭ ئىشەنچىلىك، شەك، گۇمان مۇمكىن بولمىغان ئاساسدا يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئاللاھنىڭ سۆزى، ئۇنىڭدا قىلچە شەك، گۇمان يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز بىرەر ئەقىدە، ئىبادەت، ھۆكۈم مەسىلىلىرىدە ئامال بار، قۇرئاندىن دەلىل تېپىپ كەلتۈرۈڭ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ھەتتا، بىز ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەدىن باشقا ئەقىدە مەزھەپتىكى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلىدىغانلارمۇ قۇرئانغا ھەق، راست، سەللەمنا دەپ بويسۇنىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، قۇرئاننىڭ بىر ھەرپىگە تانسا، ئۇ شەكسىز كاپىر بولىدۇ.

ھەدىسكە كەلسەك، ھەدىس؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرى، ياكى ئىش ــ ھەرىكەتلىرى ياكى ساھابىلارنى بىرەر ئىش ــ ھەرىكەت ئۈستىدە كۆرۈپ، توسماي، جىم تۇرۇشى ھەدىس دېيىلىدۇ. مانا بۇ 23 يىل جەريانىدىكى ھەدىسلەرتۇغرىسىدا،سەھىھۇلبۇخارىغا شەرھى يازغان ئىبنى ھەجەر ئەسقالاني رەھمەھۇالله (ۋاپاتى ھىجرىيە 852 ـ يىلى) نىڭ دېيىشىچە ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ساھابىلارنىڭ ھەتتا، چوڭ كىبار، تابىئىنلارنىڭ دەۋرىدىمۇ يېزىلمىغان، چۈنكى، ئۇلار يېزىشقا مۇھتاج بولمىغان، ئۇنتۇپمۇ قالمايتتى، يادا بىلەتتى، يەنە بىر سەۋەب بولسا، قۇرئانغا ئېلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەدىسنى يېزىشدىن توسقان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدا بار.

يېزىشقا رۇخسەت قىلىنغان دەلىل بولسا، قۇرئاندا كۆپ، ھەدىس، قۇرئاننىڭ بىردىنبىر تەپسىرى، بايانى ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم، ئەلۋەتتە خاتىرلىنىپ ئۆگىتىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆزى دەۋەت قىلغاندا، ئايەت ۋە بىز ھەدىس دەپ ساناۋاتقان مۇبارەك سۆزلىرىنى يېزىپ، مۆھۈر بېسىپ ئەۋەتكەن، ئۇنتۇپ قېلىشىدىن قورققان ئەئرابىغا،ھەدىسنى يېزىپ بېرىشكە بۇيرىغان، ھەدىس مۇتتەپەق بۇخارى،مۇسلىم تۇپلىغان.

تۇنجى بولۇپ ھەدىسنى يازغانلار، رەبىيئ ئىبنى سەبىيھ، سەيىد ئىبنى ئەبى ئەرۇبەت، ئىمام مالىك، مەدىنىدە. ئابدۇلمەلىك، ئىبنى ئابدۇلئەزىيز، جۇرەيج مەككىدە، ئەۋزائى شامدا، سوپيان سەۋرى كۆپىدە، ھەمماد

ئىبنى سەلمەت، ئىبنى دىينار بەسرەدە، ھەشىيم ۋاستىدە، مەئمەر يەمەندە، ئىبنى مۇبارەك خاراساندا جەرىير ئىبنى ئالبدۇلھەمىد رىيدا، ئۇلاردىن باشقىلارمۇ بار.

مانا بۇلار تۇنجى بولۇپ مۇبارەك ھەدىسلەرنى يىزىپ چىققانلار، كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىققانلار، تىخى ساھابىلەر، تابىئىنلار سۆزىنىمۇ ئارىلاش يىزىپ، مەسىلىلەرنى ئەسەر بىلەن ھەل قىلغان، ئىمام مالىك، ھىجرىيە 93 ــ يىلى تۇغۇلغان. بىز بۇ يىلدىن ھەدىسنى يازغان يىللارنى بىلىۋالالايمىز. يەنى ھىجرىيە 100 ــ يىللىرىدىن باشلانغان، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىيز ھەدىسنى يىزىشقا پەرمان چىقارغان دىيىلىدۇ. كىيىنچە يۇقىرقى مۇھەددىسلەرگە ئەگىشىپ، ئابدۇللا ئىبنى مۇسا، نۇئەيىم ئىبنى ھامىد، خوزائىلار، مۇسنەد ئىسمىلىك ھەدىس كىتابىنى يازىدۇ. ئارقىدىن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھىمەھۇاللە 27000 ھەدىس بار مۇسنەد دىگەن كىتابىنى يازىدۇ. كىيىن ھىجرىيە 194 ــ يىلى تۇغۇلغان مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ، قاتتىق تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، راست ــ يالغانىنى ئايرىپ، زەئىپنى شاللاپ نەچچە يۈزمىڭ ھەدىسلەر ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ كىتابى بۇخارىنى يىزىپ چىقىدۇ.

سەھىھ مۇسلىم بىلەن ئىككى كىتاب ئەڭ سەھىھ ھىسابلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن قالسا، ئەڭ ئىشەنچىلىك كىتاب ھىسابلىنىدۇ. (ھازىر ئالىملار تىخىمۇ تەكشۈرۈپ جامىئۇسسەھىھ دىگەن كىتابنى توپلاپ ھەممىدىن ئۈستۈن دەرىجىگە تىزدى مەسىلەن؛شەيخ ئالبانىينىڭ يەتتەقىسىملىق سەھىيە ھەدىسلارتۇپلىمى، 8200سەھىھ ھەدىس توپلانغان كىتابى بار. ) كىيىن ئالدى ــ كەينى بولۇپ، ھىجرىيە 200 ــ يىلدىن 300 ــ ھەتتا 400 ــ يىلغىچە ھەدىسلەر توپلىنىپ تۈردى، سۈيقەستىمۇ ئارىلىشىپ تۈردى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملار ھەدىس تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەخسۇس بىر پەن ئولومۇلھەدىس، ئۇسۇلۇلھەدىس ياكى مۇستەلھۇلھەدىس، (ھەدىسلەر ئاتالغۇسى) دىگەن پەننى تۈزۈپ، ھەدىسنى قاتتىق تەكشۈردى، تەتقىق قىلىپ، زەئىپ، يالغان ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقتى، بۇ پەنگە يەنىلا شافئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاساس سالدى، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەلمۇ بار. ھەتتا بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن يىزىلغان ھاكىم مۇستەدرەكىنىمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىمام زەھەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 1/4نى زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلىپ، 100 يالغان ھەدىس بار دەپ ئىلان قىلدى. ئىمام زەھەبى، ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللا ئەلەيىنىڭ تالىپى، ئىبنى كەسىر، ئىبنى جەۋزىيىلەرنىڭ ساۋاقدىشى، مۇئتەبەر ئىشەنچىلىك مۇھەددىس ئالىمدۇر.

## سەھىھ ھەدىس توغرىسىدا

ئەڭ ئىشەنچىلىك سەھىھ، توغرا بولغىنى، ھەققى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئاغزى بىلەن دىگەن، قىلىقى بىلەن قىلغان، ئىشەنچىلىك ھەدىس مۇتىۋاتىردۇر. يەنى بىزگە؛ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ئىشەنچىلىك ھالدا يىتىپ كەلگەن ھەدىس. كۆپ جايلاردىكى كۆپ كىشىلەر ئوخشاش سۆزلىگەن، ئوخشاش خاتىرلىگەن، ئۇلارنىڭ يالغانغا ئىتتىپاقلا كىلىشۋىلىشى، ئالدىن دىيىشىۋىلىشى زادى مۇمكىن بولمىغان ھەدىستۇر. خۇددى پۈتۈن دۇنيادا بىردەك، ئوخشاش بىرىلگەن خەۋەردەك.

مۇتىۋاتىر ھەدىسكە بىر مىسال:

« رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئۆتۈككە مەسھ قىلغان» ھەسەن بەسەرى رەھمەھۇللا بۇ خەۋەر بۇ ئەسەر، بۇ ھەدىس 70 ساھابىنىڭ ئاغزىدىن ئوخشاش، بىردەك سۆزلەنگەن دېدى. مۇتىۋاتىر ھەدىس، قۇرئان ئايىتىگە ئوخشاش بولۇپ، تانغۇچى كاپىر بولىدۇ، بۇنداق ھەدىسلەر سۈيۈتىنىڭ قۇتۇپۇلئەزھار، ئىمام كەتتانىنىڭ نەزمۇلمۇتەناسىر مىن ھەدىسى مۇتىۋاتىر دىگەن كىتابلاردا توپلانغان.(بۇكىتاپمۇ نەشىر قىلىنىپ بولدى)  ئاندىن قالسا، مەشھۇر ھەدىس، بۇ خىل ھەدىس مۇتىۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن، ئەمما، ئۈچتىن كۆپ كىشلەر بىردەك ئوخشاش سۆزلەيدۇ.

لېكىن، بۇ مەشھۇر ھەدىستىن، ئىككىلا كىشى ئىككى ئىسناد، ئىككى راۋىيدىن سۆزلەنگەن ئەزىز ھەدىستىن، راۋىسى باشتىن ــ ئاخىرى بىرلا بولغان غەرىيىپ ھەدىسلەردىن، سەھىھ ھەم ھەسەن، ھەم زەئىپ، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ.

مەلۇم يالغان سۆز، كەڭ تارقاپ كەتسە، تىلدىن ــ تىلغا كۆچۈپ يۈرسە، مەشھۇر بولىۋېردۇ، خۇددى مەشھۇر شەخسلەردە، پەيغەمبەر، ساھابە، تابىئىن، ئەۋلىيالار، شۇنداقلا كاپىر، دىنسىز زالىملارمۇ بولغاندەك، شەيتانمۇ ھەممە كىشىگە مەشھۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەشھۇر، ئەزىز ، غەرىيىپ ھەدىسلەرنىڭ سەھىسىگە ئەمەل قىلىنىدۇ، مەشھۇر ھەدىسلەرگە ساخاۋىينىڭ مەقاسىد دىگەن كىتابى، شەيبانىنىڭ تەمييىز دىگەن كىتابلىرى بار.

ھەقىقى سەھىھ ھەدىس، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئاغىزى بىلەن دىگەن ياكى ئۆزى قىلغان، راست، توغرا، سەھىھ ھەدىس دىگەن، ئىسنادى تۇتاشقان بولۇش، يەنى ھەدىسنى يازغان بۇخارى، مۇسلىمدەك، كاتىپدىن باشلاپ ئۇنىڭ شەيخ، ئاندىن شەيخىنىڭ ئۇستازى ئاندىن ئەتبائ، ئاندىن تابىئىن، ئاندىن ساھابە، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، مۇنداق قىلغان دىگەن ھەدىس، كاتىپدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە يۆلەنگەن يول، ئىسناد تۇتاشقان بولۇش لازىم، ئەگەر ئىسناددىن ساھابە ئۈزۈلۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ھەدىس مۇرسەل زەئىپ بولىدۇ. تابىئىن ياكى كېيىنكى راۋى ئۈزۈلۈپ قالسا، مۇنقەتىئ مۇئزەل زەئىپ دىيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەدىس ئىشەنچىلىك ئىتىماتلىق كىشلەرگە زىت، خىلاپ رىۋايەت قىلىنسا، بۇ ھەدىسنى شاز زەئىپ دەيمىز. ھەدىسنىڭ سەھىلىكى توغرىسىدا ئىللەت، ئەيىب بولماسلىقى، سۆز قىلىنماسلىقى لازىم، ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى، مۇسۇلمان بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق بۇلىشى، پاسىق، پاجىر ئەمەس، ئادىل، تەقۋا بولۇشى شەرىت، مۇكەممەل، كامىل، پۇختا يادىلاش، قابىلىيىتى بولۇش، ئېلىشىپ قالماسلىق لازىم. ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇشى ئۈچۈن، بەش شەرىت لازىم.

1. كاتىبدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە ئىسناد يولى تۇتاشقان بولۇش.
2. راۋىيلار ئىشەنچىلىك، تەقۋا، ئادىل بولۇش.
3. پۇختا، مۇكەممەل يادىلاش.
4. ئىللەت، تەنە تېپىلماسلىق.
5. ئىشەنچىلىك كىشلەرگە زىت، خىلاپ بولماسلىق، مۇشۇ بەش شەرتىنىڭ بىرەرسى تېپىلمىسا، ئۇ چاغدا ھەدىس، سەھىھ بولمايدۇ.

مەسلەن: كاتىب، مۇھەددىس ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: بىزگە ئابدۇللاھ ئىبنى يۈسۈپ، ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ئۇ دەيدۇكى: بىزگە مالىك ئىبنى شىھابىدىن خەۋەر قىلدى، ئۇ جۇبەير ئىبنى مۇتئىمدىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شام نامىزىدا سۇرە تۇرنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مانا بۇ ھەدىس سەھىھ، چۈنكى، كاتىب بۇخارى رەھمەھۇللادىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە يۈلەنگەن، تۇتاشقان، يول ئۈزۈك ئەمەس، راۋىيلىرى ئادىل، تەقۋا، ئىشەنچىلىك، بۇخارى رەھمەھۇللا مۇكەممەل، پۇختا يادلايدۇ، سەھىھ، ئىشەنچىلىك ھەدىسكە ياكى كىشلەرگە زىت، خىلاپ ئەمەس.

مانا مۇشۇنداق سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىش، ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات قىلىش، بارلىق ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئىجمائىقا، ئىتتىپاققا كېلىشى بىلەن ۋاجىپتۇر. ئۇ شەرىئەت، ئىسلام قانۇن ــ پىرىنسىپ، مەنبەلىرىدىن بىرسى ھېسابلىنىدۇ، ئەقىدە، ئەھكام، ھالال ــ ھارام مەسىلىلىرىدە ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات قىلىنىدۇ.

ئالىملار، بۇ ھەدىس سەھىھ دېگەن بولسا، ئۇ ھەدىسنىڭ يۇقىرقى شەرتلىرى مۇكەممەل، توشقان بولىدۇ، سەھىھ ئەمەسلىكىگە ھېچبىر ئىللەت يوق.

ئەگەر بۇ ھەدىس، سەھىھ ئەمەس دىسە، يۇقىرقى بەش شەرت توشمىغان بولىدۇ. بارلىق ھەدىس ئىماملىرى، فىقھى ئىماملىرى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمان مۆئمىنلەر، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، سەھىھۇلبۇخارى بىلەن مۇسلىم ئەڭ ئىشەنچىلىك، سەھىھ دەپ ئىتتىپاققا كەلدى ۋە قوبۇل قىلىپ، ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات قىلىپ، ئەمەل قىلدى.

بۇخارى رەھمەھۇللانىڭ، مەن بۇ كىتابىمغا سەھىھ بولغانلىرىنى كىرگۈزدۈم، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەرنى كىتابنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدۇرۇپ قويدۇم دېگەن سۆزى.

مۇسلىم رەھمەھۇللانىڭ، مەن كىتابىمغا مىنىڭ نەزلىمدە سەھىھ بولغىنىنى ئەمەس، بارلىق كىشلەر سەھىھ دەپ ئىتتىپاققا كەلگىنىنى يازدىم دېگەن سۆزىگە، شۇنداقلا، بۇخارى رەھمھۇللا، مەن قالدۇرغان سەھىھ ھەدىسلەر نۇرغۇن، مەن سەھىھ ھەدىستىن 100000نى سەھىھ بولمىغاندىن 200000نى يادا ئالدىم دېگەن، سۆزىگە قارىغاندا، سەھىھ ھەدىسلەر بۇ ئىككى كىتاب بىلەن تۈگەپ كەتمىگەن، يەنە باردۇر.

بۇخارىدا تەكرار بىلەن 7275 ھەدىس بولۇپ، تەكرارنى ئېلىپ تاشلىغاندا، 4000 ھەدىس قالىدۇ، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا ئىسنادى يۈلەنگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى تەكرارسىز 2602 ــ ھەدىس دېگەن، يەنى بۇخارىدا تەكرارسىز 2602سەھىھ ھەدىسلەر بار دېگەن.

مۇسلىمدا تەكرار بىلەن 12000 تەكرارسىز 4000 ھەدىس باردۇر، بۇخارى، مۇسلىمدىن قېلىپ قالغان سەھىھ ھەدىسلەر مۇنۇ كىتابلاردا باردۇر.

ئىبنى خوزەيمە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم مۇستەدرەك، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى، بەيھەقى، ئەھمەد، مالىك مۇئەتتا، مۇسنەد شافىئى، مۇسنەد ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا قاتارلىقلار. ئەمما، بۇ كىتابلارنى قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە قاتتىق تەكشۈرۈۋاتىدۇ.

مەسلەن: ھاكىم مۇستەدرەكنى ئىمام زەھەبى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ، ھەربىر ھەدىسكە ئۆزىگە لايىق، باھا ھۆكۈملەرنى بەرگەن، 1/4نى زەئىپ دەپ 100 يالغان ھەدىس بار دىگەن.

ھاكىم مۇستەدرەككە قارىغاندا، ئىبنى ھەببانىنىڭ سەل قارىشى كەمرەك، بۇ سەھىيرەك، ئاندىن يۇقىرقى ئىبنى خۇزەيمە، بۇ كىشى قاتتىق تەكشۈرگەچكە، شەرتنى چىڭ، قاتتىق قويغاچقا، سەھىيرەك ھېسابلىنىدۇ.

ئەڭ سەھىھ، ئىسناد؛ سەھىھ سەھىيدىن كەلگىنى، مەسلەن: مالىكدىن ناپىئدىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن ھەدىس، چۈنكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ساھابە، ناپىئ ئۇنىڭ خادىمى ئىمام مالىكنىڭ شەيخىدۇر، ئاندىن قالسا، ھەممادىن، سەلمەددىن، سابىتدىن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سۆزلەنگەن، تۆت كىشى سۆزلىنىدۇ، ئاندىن سۇھەيلىدىن، ئەبۇ سالىھدىن دادىسىدىن، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن سۆزلەنگەن ھەدىس، ئاندىن كېيىنكىسى بولسا، ئىسناد، راۋىيلىرى كۆپ بولسىمۇ شەرتكە توشقانلىرىدۇر.

ئەڭ ئىشەنچىلىك مۇتىۋاتىر ھالدا كەلگەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، بۇخارى رەھمەھۇللا بىلەن مۇسلىم ئىتتىپاقتا كەلگەن ئۈنچە ــ مارجانلارنىڭ ھەدىسىدۇر. بۇ، 1906دۇر.

ئاندىن قالسا، بۇخارىينىڭ، ئاندىن مۇسلىمنىڭ، ئاندىن بۇ ئىككى كىشىنىڭ شەرتىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن سەھىھ كىتابلار، ھازىر ئالىملار شەيخ ئىماملار، سەھىھ ھەدىسلەرنى توپلاپ، «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» دىگەن، نام بىلەن بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. مانا ھازىر بىز بۇخارى، مۇسلىمدەك سەھىھ ھەدىسلەر توپلانغان بارلىق سەھىھ ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنى تەرجىمە قىلىۋاتىمىز. ئومۇمى سانى 8200دىن ئاشىدۇ.

سەھىھ ھەدىسنىڭ يەنە بىر ئاتالغۇسى، ھەسەن، بۇ خىل ھەدىسنى ئىمام خەتتابى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ، كېلىش ئورنى ئېنىق بولغان، راۋىيسى، ئەرلىرى، مەشھۇر بولغان، كۆپىنچە ھەدىس ئالىملىرى قوبۇل قىلغان، بارلىق فىقھى ئالىملىرى ئىستېمال قىلىپ، دەلىل قىلغان، ھەدىسلەر ھەسەن بولىدۇ،

تىرمىزى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

ئىسنادى تۇتاش ھالدا سۆزلەنگەن، راۋىيلىرى ئارىسىدا يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەن كىشى بولمىغان، ئىشەنچىلىك، ئادىل، تەقۋالارغا خىلاپ، زىت بولمىغان، باشقا يوللاردىنمۇ شۇنداق خاتىرلەنگەن ھەدىس ھەسەندۇر.

ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى مۇنداق دەيدۇ: ئىسناد يولى تۇتاش، ئادىل، تەقۋا، يادلاش قابىلىيىتى كامىل، راۋىيلار سۆزلىگەن، ئىللەت يوق، خىلاپلىق، زىتلىق بولمىغان. يەنى يۇقىرقى بەش شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەن، ھەدىسلەر سەھىھ لىزاتى بولىدۇ. ئەگەر يادلاش قابىلىيىتى سەل تۆۋەن بولسا، ئۇ چاغدا ھەدىس ھەسەنۇللىزاتى دىيىلىدۇ.

ھەسەن ھەدىسنى تونۇشتۇرۇشدا، ئىبنى ھەجەرنىڭ سۆزى تاللاندى، يەنى يادلاش قابىلىيىتى سەل تۆۋەنرەك بولغان، قالغان شەرتلەر سەھىھ ھەدىسكە ئۇيغۇن بولغان ھەدىستۇر.

ھەسەن ھەدىسنىڭ ھۆكمى سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاشتۇر، ئەمەل ۋە ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات قىلىنىدۇ، بارلىق فەھقشۇناس ئالىملار بۇ خىل ھەدىسنى دەلىل، ھۆججەت قىلدى.

«جەننەتنىڭ ئىشىك ئاچقۇچى قىلىچ سايىسى ئاستىدا »دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى ھەسەن دىگەن. تۆت راۋىيسى ئىشەنچىلىك، كامىل، ھاپىز دىگەن، جەئپەر ئىبنى سۇلەيمان دىگەن كىشىنىڭ ھەدىسى، ھەسەن

دەرىجىلىك ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەھىھ مەرتىبىسىدىن ھەسەنگە چۈشكەن. ئەگەر تىرمىزى رەھمەھۇللا، بىر ھەدىسنى ھەسەن ھەم سەھىھى دېگەن بولسا، بۇ خىل ئاتالغۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟

ئەڭ ياخشى جاۋاب، ئىبنى ھەجەرنىڭ جاۋابى، بۇ جاۋابقا ئىمام سۇيۇتى رازى بولغان، ئۇ بولسىمۇ، ھەدىسنىڭ ئىككى ئىسنادى بولۇپ، بىرسى سەھىھ بولسا، يەنە بىرسى ھەسەن دەرىجىلىك، ئەگەر بىرلا ئىسنادى بولسا، بەزى قەۋمنىڭ نەزلىدە سەھىھ بولسا، يەنە بىر قەۋمنىڭ نەزلىدە ھەسەن بولىدۇ دېگەن.

بەغۋىي مەسابىھنىڭ ھەدىسلىرىنى تەقسىم قىلىشتا مۇنداق دېگەن، بۇخارى مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىنى سەھىھ دېگەن. نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەنىڭ ھەدىسلىرىنى ھەسەن دەۋەتكەن، بۇ بارلىق مۇھەددىس، ئىماملارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، خاتا ئاتالغۇ بولغان، چۈنكى، بۇ تۆت كىتابدا سەھىھ ھەم ھەسەن، زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا ئاز ــ تولا يالغان ھەدىسلەرمۇ باردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى سىلاھ بىلەن ئىمام نەۋەۋى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: مەسابىھ دېگەن كىتابنى ئوقۇغان ئادەم چوقۇم ھەدىس ئىلمىنى بىلىشى لازىم. ھەدىس ئاتالغۇلىرى دېگەن پەندىن خەۋىرى بولۇشى لازىم دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ باش تەرىپىگە شەيىخ، مۇھەددىس، دىھلىۋىنىڭ ھەدىس ئىلملىرى كىرگۈزۈلگەن، لېكىن، بىزنىڭ تۈرۈك، جاھىل، موللىلىرىمىز بۇ ئىلمدىن خەۋىرى يوق، ھەتتا كىتاپنىڭ مۇقەددىمىسىنىمۇ قويۇپ، نەخ ھەدىسنىلا ئوقۇتۇپدۇ، ئوقوغۇچىلار زەئىپ ھەدىس، يالغان ھەدىسلەرنى ئايرىيالماي گاڭگىرايدۇ، ھەدىسكەنغۇ دەپلام ئېتىقاد ۋە ئەمەل قىلىپ ئازىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ پەنگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. شەيىخ ئەلبانى رەھمەھۇللا، مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈپ، مىشكاتنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرىنى ئايرىپ بەرگەن، مەن ئۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ بولغان، نەشر قىلىنىدىغۇ دېيمەن.

ھەتتا، مەخسۇس مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ يالغان ھەدىسلىرى ناملىق كىتابلار بار، بۇ خىل يالغان ھەدىسلەرنى بىز يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا يېزىپ بولغان، 20دىن ئاشىدىغۇ دېيمەن. مىشكاتتا زەئىپ، مۇنكەر، يالغان بولۇپ، 830 ھەدىسنى زەئىپ ھەدىسلەر قاتارىدا تەرجىمە قىلىپ بولغان ئىدۇق، مانا ئەمدى، خاتىرجەم ئوقۇڭلار، لېكىن، شۇ كىتابنى ھەمراھ قىلىش شەرتتۇر.

ھەسەن ھەدىسلەر توپلىمىغا مەخسۇس كىتاب تۈزۈلمىگەن، چۈنكى، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىغا كىرىپ كېتىدۇ، لېكىن، تىرمىزىيدا بۇ خىل ھەدىس كۆپتۇر، تىرمىزى رەھمەھۇللا ئالاھىدە ھەسەن دەپ ھۆكۈم قىلغان.

ئەبۇ داۋۇد، دارىقۇتنىلاردا ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسلەر كۆپتۇر، قالغان ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسلەر مۇشۇ كىتابىدا سۆزلىنىدۇ.

ھەسەن ھەدىس يوللىرى كۆپىيىپ، كۈچلىنىپ، ئۆزىدىن كۈچلۈك يەنە بىر يولدىن خاتىرلىنىپ، باشقا ھەدىسنىڭ ياردىمىدە سەھىھۇلغەيرى دېگەن نامغا كۆتۈرلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، ھەسەن ھەدىسدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

مۇرسەل، مۇئەللەق دېگەن زەئىپ ھەدىسلەر يوللىرى ئىسنادى كۆپىيىپ، كۈچلىنىپ، زەئىپلىك سەۋەب، ئىللەتلىرى يوقاپ، ھەسەنۇللىغەيرى دېگەن ئۇنۋانغا كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ئەمما، يەنىلا مەقبۇل، قوبۇل قىلىنىپ ئەمەل ۋە ھۆججەت قىلىنىدۇ.

ئەمدى بىز ناسىخ، مەنسۇخ ھەدىسلەرنى سۆزلەپ ئاندىن شەيىخ، مۇھەددىس، مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللانىڭ، ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابىدىن سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆز تاللاپ يازىمىز.

ناسىخ، مەنسۇخ دېگىنىمىز: ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ مەلۇم ھېكمەتتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەنە بىر ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئەمەلدىن قالغىنى مەنسۇخ، كۈچكە ئىگە، ھۆكۈم، ناسىخ دېيىلىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال، قۇرئان، ھەدىسلەردە بار بولۇپ، بارلىق ئالىملار ئىتتىپاقىقا كەلگەن، مەخسۇس قۇرئان كەرىمنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى، ھەدىسلەرنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى ئۈچۈن كىتابلار يېزىلغان. بۇ كىتابلار تەپسىر، ھەدىس پىلاستىنكىلىرى ۋە شۇ كىتابلاردا مەۋجۇددۇر.

ھەدىسنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى مۇنداق تونۇلىدۇ.

1. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى بىلەن تونۇلىدۇ. مەسىلەن: مىئراج ھەدىسىدە 50 ۋاخ ناماز، بەش ۋاخ نامازغا چۈشۈرۈلگەن، قۇربانلىقنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشدىن توسۇپ، كېيىن رۇخسەت قىلغان، بىر قىسىم قاچا، كوزىلاردا ئىچىملىك، سۇ ئىچىشدىن توسۇپ، كىيىن رۇخسەت قىلغان، قەبرىنى زىيارەت قىلىشدىن توسۇپ، كېيىن ئەرلەرگە رۇخسەت قىلغان، قىبلىنى مەككىگە چۆرىش قاتارلىقلار.

2. ساھابىلار سۆزى بىلەن تونۇلىدۇ. مەسىلەن: جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇنجى قېتىم ئوت تەگكەن كاۋابدەك نەرسىنى يىسە، تاھارەت ئالاتتى، كېيىن، تەرىك ئەتتى، يەنى كىيىن تاھارەت ئالمىغان دېگەندەك، بۇ خىل ئەھۋاللاردا بىز كېيىنكى ئىشلارغا ئەمەل قىلىمىز.

3. تارىخ بىلەن تونۇلىدۇ، كېيىنكىسى كۈچكە ئىگە، مەسىلەن: شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە قان ئالغان، قان ئالدۇرغان كىشى ئىپتار قىلغان بولۇپ، روزىسى سۇنىدۇ دېگەن.

ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئىيىدا ئىھرام باغلىغلىق ھالدا قان ئالدۇرغان، شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، مەككىنى ئىشغال قىلغان ۋاخ بولۇپ، ئىبنى ئاباباسنىڭ ھەدىسى، ھەججەتۇل ۋىدادا كېيىن دېيىلگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى مەنسۇخ بولىدۇ، خۇددى ئات گۆشىنى يېيىشدىن توسقان دېگەن ھەدىسنى، بۇخارى، مۇسلىمنىڭ مۇتتەپەقۇن ھەدىسى بىلەن يەنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغان ھەدىسى بىلەن ئەبۇ داۋۇد مەنسۇخ دېگەندەك.

4. ئىجمائ بىلەنمۇ مەنسۇخ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: تۆتىنچى قېتىم ھاراق ئىچكەن كىشىنى ئۆلتۈرۈڭلار دېگەن، ھەدىس ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسى بىلەن مەنسۇخ قىلىنىپ ھېچبىر ھاكىم بۇ ھەدىس بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان، نەۋەۋى رەھمەھۇللا بۇ مەنسۇخ دېگەن، ئىجمائ، ناسىخ، مەنسۇخ بولمايدۇ. لېكىن، ناسىخقا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.ناسىخ مەنسۇخنى ئايرىپ بېرىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللا ھەدىس ئاتالغۇسى دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن:

مۇتىۋاتىر ھەدىس، يالغانچىلىققا ئىتتىپاقلىشىۋېلىشى مۇمكىن بولمىغان، دېيىشىۋېلىش مۇمكىن بولمىغان، جامائەت ھىسسى ئىسناد بىلەن يەنى ئاڭلىدىم، كۆردۈم بىلەن سۆزلىگەن ھەدىستۇر.

ھەدىس قۇددۇس، ھەدىس ئىلاھى، رەببانى دېگەن ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ مۇنداق دىدى دېگەن ھەدىستۇر.

بۇ خىل ھەدىسنىڭ مەرتىبىسى قۇرئان كەرىمدىن تۆۋەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى لەۋزەن، مەئنەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەنسۇپ قىلىنىدۇ، ھەدىس قۇددۇس بولسا، مەنىسى ئاللاھقا نىسبەت بېرىلىدۇ، لەۋزىنى بولسا، يەنىلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىس قۇددۇس لەۋزى بىلەن تىلاۋەت قىلىنىپ، ئىبادەت قىلىنمايدۇ، نامازدا قىرائەت قىلىنمايدۇ. قۇرئاندەك مۇتەۋاتىر ھالدا خاتىرلەنمەي، بەلكى،ئۇنىڭدىن مۇتەۋاتىر، سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ، ھەدىسنىڭ لەۋزى، مەنىسى كۆپ جامائەتتىن مۇتەۋاتىر ھالدا، سۆزلەنسە، بۇ لەۋزەن ۋە مەئنەن مۇتەۋاتىر بولىدۇ، ئەگەر مەنىسى بىر لەۋزى ھەرخىل بولسا، مۇتەۋار مەئنىۋى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش، ھەدىسى، ماڭا يالغاننى توقۇغان، ئادەم دوۋزاخدىن ئورۇن ئالسۇن دىگەن، ھەدىسلەر مۇتەۋاتىر 60دىن 70گىچە كىشى سۆزلىگەن، دۇئادا قول كۆتۈرۈش بولسا، مۇتەۋاتىر، مەئنەن بولىدۇ، مەنىسى بىر خىل لەۋزى ھەرخىلدۇر.

مەشھۇر، ئەزىز، غەرىپ ھەدىسلەرنى يۇقىرقىغا ئوخشاش تونۇشتۇرغان، ئەمەللەر، نىيەت بىلەن دىگەن ھەدىسنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەلقەمەتدىن، مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم تەيمىدىن، يەھيا قاتارلىقلار سۆزلىگەن بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر بىرلا راۋىيى سۆزلىگەن بولغاچقا، غەرىپ، لېكىن، ئۆزى سەھىھ دىگەن، مانا بۇ غەرىيپ، سەھىھ.

مەشھۇر، ئەزىز، غەرىپ ھەدىسلەردىن سەھىھ، زەئىپ، ھەسەن، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ، بۇنى بىز سۆزلەپ بولدۇق.

سەھىھ لىزاتى، سەھىھ لىغەير

ھەسەن لىزاتى، ھەسەن لىغەير دىگەن ھەدىسلەرنى يۇقىرقىغا ئوخشاش بايان قىلغان، زەئىپ ھەدىسنى بولسا، سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەرنىڭ شەرتلىرى توشمىغان ھەدىس دىگەن.

ئوقەيلى، ئىبنى ئەدى، خەتىيبولبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، دەيلىمى پىردەۋىس، ھاكىم مۇستەدرەك، ئىبنى جارۇد قاتارلىق كىتابلارنى زەئىپ دىگەن.

1 . مۇتەۋاتىر ھەدىس، خۇددى قۇرئان بىزگە مۇتەۋاتىر، قەتئى ئىشەنچلىك ھالدا يېتىپ كەلگەندەك 300 دىن 400 گىچە ھەدىس بىزگە مۇتەۋاتىر ھالدا يېتىپ كەلگەن.

ھەرقايسى جايدا، ھەرقايسى ئالىملار ھەرقايسى كىتابلارغا ئوندىن كۆپ ساھابىلاردىن، كۆپ تابىئىنلاردىن ئوخشاش خاتىرلەپ لەبزەن ۋە مەئنەن ياكى لەبزى بىر خىل بولمىسىمۇ مەنىسى بىر خىل ھالدا خاتىرلىگەن. ئۇلارنىڭ يالغان سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتكە، ئىتتىپاققا كېلىۋېلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق مۇتەۋاتىر ئىشەنچلىك ھەدىس، قەتئىي شەكسىز ئىلىمنى پايدا بېرىدۇ. بۇ ھەدىسكە تانسا، كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆتەككە مەسىھ قىلىشدەك ياكى جەننەت ـ دوۋزاخ ھازىرمۇ مەۋجۇد، ئاخىرەتتە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرىدۇ دىگەندەك ئىشەنچلىك خەۋەرگە، ئەقىدە مەسىلىلىرىگە تانغان بولىدۇ. بۇ ھەدىسلەرنى توپلاپ مەخسۇس كىتاب يازغان ئالىملاردىن جالالۇددىن سۇيۇتى، كىتاب ئىسمى (قۇتىپۇلئەزھار) مۇھەممەد ئىبنى جەئىبەر، كىتاب ئىسمى (نەزمۇلمۇتەناسىر مىنەلھەدىس مۇتەۋاتىر)

2. مۇتىۋاتىردىن قالسا، مەشھۇر ھەدىس، بۇ خىل ھەدىس ئۈچ ياكى كۆپ كىشىدىن خاتىرلىنىدۇ. مۇتىۋاتىرغا يەتمىگەن ئەمما، راۋى سانى ئۈچدىن كۆپ، بۇ ھەدىسمۇ يەنىلا سەھىھ، زەئىپ دەپ ئايرىلىدۇ.

3. ئەزىز ھەدىس، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىسى ئىككى، بىر ـ بىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇمۇ يەنىلا تەتقىق قىلىنىپ تەكشۈرۈلىدۇ. سەھىھ يا ھەسەن بولسا، ئەمەل قىلىنىدۇ.

4. غەرىيپ ھەدىس، بۇ خىل ھەدىسنىڭ راۋىيىسى باشتىن ـ ئاخىرى بىرلا، خۇددى نىيەت ھەدىسىدە، ئەمەللەر نىيەت بىلەن دىگەن ھەدىستەك، ئەمما، بۇ ھەدىس سەھىھ ئەمەل قىلىنىدۇ.

5. سەھىھ ھەدىس، خۇددى بۇخارى، مۇسلىمدەك بۇ خىل ھەدىس ئادىل، ئىشەنچىلىك، تەقۋا، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ياخشى، يادىلاش قابىلىيىتى ياخشى، ئالىم «راۋى» توپلاپ يازغان ھەدىستۇر. ئايەت ياكى سەھىھ ھەدىسكە مۇخالىپ ئەمەس.

ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىس، قوللاشقا ئېرىشىپ، يوللىرى كۆپىيىپ، سەھىھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھۇللىغەيىر دەپ ئاتىلىدۇ. سەھىيھ ھەدىسكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنىدۇ.

6. ھەسەن، بۇ ھەدىس خۇددى سەھىھ ھەدىستەك شەرتلەر بىلەن خاتىرلىنىدۇ، پەرقى يادىلاش قابىلىيىتى سەل يەڭگىل، ئەمەلىيەتتە ئىسنادى، رەسۇلۇللاھ سەلل‍اللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۇتاش، راۋىيىسى ئادىل، ئىشەنچىلىك كىشى بولىدۇ. شۇڭا، سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاش ئەمەل قىلىنىدۇ، ھۆججەت قىلىنىدۇ.

مۇئەللەق، مۇرسەل دەپ ئاتىلىدىغان زەئىپ ھەدىسلەر يوللىرى كۆپىيىپ، قوللىنىپ ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر قوللاپ ساھابى، تابىئىنلار سۆزلىرى بىلەن كۈچلەندۈرۈلۈپ، بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ھەدىس، ھەسەنۇللىغەيىر دىيىلىدۇ. بۇنداق ھەدىسكىمۇ ھەسەن ھەدىسكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنىدۇ. بۇ خىل تەتقىقاتنى «ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتى» دىگەن پەننى ئوبدان ئىگىلەپ، تارىخنى ياخشى بىلىپ، كۆپلەپ كىتاب ـ ماتىرىيال كۆرۈش ئارقىلىق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ساھابى، تابىئىنلار تارىخنى بىلمىسە، زامان، ماكان، سەپەر، تارىخنى بىلمىسە، مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بىز مۇھەددىس ئالىملىرىمىزغا تايىنىمىز. ئەگەر ئىككى ھەدىس بىر ـ بىرگە زىت، مۇخالىپ، تاقىشىپ قالسا، مۇنداق ھەل قىلىمىز؟،

يا (ناسىخ) يەنى كۈچكە ئىگە (مەنسۇخ) يەنى ئەمەلدىن قالغان دىگەن مەسىلە بىلەن ھەل قىلىمىز. بۇنى بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزى دەپ بېرىشى بىلەن ياكى ساھابىلارنىڭ ئايرىپ بېرىشى بىلەن ياكى تارىخ ئىلمى بىلەن بالدۇر كېيىن قىلىش بىلەن ياكى ئالىملار، مۇھەددىسلەر بىرلىككە كېلىپ، ئىجمائ قىلىش بىلەن ئايرىپ ھەل قىلىمىز. كۈچكە ئىگە ناسىخ ھەدىسكە ئەمەل قىلىمىز، ياكى زىت، تاقاشقان ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىلىقنى ياراشتۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەل قىلىمىز. مەسىلەن: كېسەل يۇقۇش يوق دىگەن ھەدىسنى «ئام» دەپ تۇرۇپ، جوزام، تېرە كېسىلى، قىچىشقاق ۋە ۋابا ۋە باشقا كېسەل يۇقىدىغان ھەدىسلەرنى «خاس» يەنى ئامدىن خاسنى چىقىرىش، ،ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەرەب جاھىلىيەت ئۆرپ ـ ئادىتىگە قارىشى شۇنداق دىگەن، يەنى ئۇلار، كېسەل ئۆزىلا يۇقىدۇ دەپ قارايتتى، بىز كېسەل ئاللاھنىڭ قازاسى، قەدەر بىلەن يۇقىدۇ، ئۆزىلا يۇقىۋالمايدۇ دەپ قارايمىز.

مانا مۇشۇنداق، بۇ خىل زىددىيەتنى ئالىملار ئالتە خىل چارە ــ ئامال بىلەن بىرلەشتۈرگەن، ھەدىسلەر ئارىسىنى 60 خىلدىن ئارتۇق بىرلەشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش چارىلىرى بار بولۇپ، ئەلۋەتتە، ئاۋۋال «قۇرئان» ئاندىن مۇتىۋاتىر، ئاندىن سەھىھ، ئاندىن ھەسەن، ئاندىن يولىلىرى كۆپ، ئىشەنچلىك قىلىنغان ھەدىسكە ئەمەل قىلىنىدۇ، ئىسنادىنى، مەتنىسنى تەكشۈرۈپ ئەمەل قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇسۇل قائىدىسى بويىچە ياراشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر، ئالىم ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئەسلىتىلىدۇ، ئىشەنچىسىز قارىغان بولسا، دەلىل ــ ئىسپات بىلەن سەھىھ ئىشەنچلىك قىلىنىدۇ. مەنسۇخقا ئەمەل قىلغان بولسا، ناسىخنى ئالدىغا قويۇلىدۇ. ئەگەر، زەئىپ ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىپ قالغان بولسا، ئايەت، سەھىھ ھەدىس ئالدىغا قويۇلىدۇ. خاتا چۈشىنىۋالغان بولسا، توغرىسىنى، ھەقنى بايان قىلىنىدۇ. يالغان ھەدىس، ئەپسانە، رىۋايەتكە ئىبسلىۋالغان بولسا، ئايەت، سەھىھ ئەسەر، ھەدىسنى ئالدىغا قويۇپ رەت قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت، ئىختىلاپ يۇتۇنلەي ھەل قىلىنىپ كېتىدۇ. خۇددى، قۇرئاندا ئىختىلاپ، زىددىيەت بولمىغاندەك، سەھىھ ھەدىسلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ، زىددىيەت يوقتۇر.ئىختىلاپ ، ئىجتىھادىي چۈشەنچىدەباردۇر.بىز ئەمدى زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا توختىلىمىز.

## زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا

«مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرى» دىگەن كىتابدا تەپسىلى سۆزلەنگەن، ئالدى بىلەن يالغان ھەدىسلەر توغرىسىدا، ئاندىن زەئىپ، ئاندىن سەھىھ ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆزلەندى.

بۇ ئۈچ مۇقەددىمىنى بىرلەشتۈرسە، ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابى، ھەدىس ئاتالغۇلىرى تولۇق سۆزلىنىپ بولىدۇ. شەيىخ ئىمام ھافىز شام مۇپتىسى تەقىيىۇددىن ئەبۇ ئۆمەر ئوسمان ئىبنى ئابدۇرەھمان ،ئىبنى سىلاھ، دىگەن مەشھۇر نامى بار (ۋاپاتى ھ 324 ــ يىل، مىلادىيە 935 ــ يىل) بۇمۇھەددىس ئالىمنىڭ «مۇقەددىمەت ئىبنى سىلاھ» ناملىق ئۇسۇلھەدىس كىتابىدا زەئىپ ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دىيىلگەن.

ھەرقانداق ھەدىستە، سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ياكى ھەسەن ھەدىسلەرنىڭ شەرتلىرى، سۈپەتلىرى تېپىلمىسا، ئۇ زەئىپ ھەدىس بولىدۇ. ئەبۇ ھاتەم ئىبنى ھەببان رەھمەھۇللا، زەئىپ ھەدىسلەرنى 49 قىسىم قىلىپ تەقسىم قىلغان، ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن مۇئەللەق، يەنى باش تەرەپىدىن نۇرغۇن راۋى ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنماي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  مۇنداق دىگەن دەپ سۆزلىگەن ھەدىس. مۇئزەل، مۇنقەتىئ يەنى تۇتاشقان ئىسنادى بىر ئىككى يەردىن ئۈزۈك بولغان ھەدىس، مۇرسەل ھەدىس يەنى تابىئىن، ساھابىنى قويۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپ سۆزلىگەن ھەدىس، مۇزتەرىيپ، مۇئەللەل، شاز، مەقلۇب قاتارلىقلار زەئىپ ھەدىسنىڭ ئاتالغۇلىرىدۇر. ئەڭ خەتەرلىكى، سۆزلەش ھارام بولىدىغان ھالال بولمايدىغان ھەدىس يالغان ھەدىستۇر دىگەن.

ئىبنى سىلاھ، كىتابىنىڭ 3 ـ ، 9 ـ 14، 18 ـ 22 ـ تۈر، نەۋئىلىرىدە يۇقارقى زەئىپ ھەدىسلەرنى بىرمۇ بىر تونۇشتۇرغان، بىزمۇ بۇلارنى كىيىن سۆزلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتابدىن سۆزلىمىدۇق، چۈنكى، بىز يازماقچى بولغان كىتاپمۇ مۇشۇ كىتابدىن ئېلىنغان.  مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا «ھەدىس

ئاتالغۇلىرى» ناملىق ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتى كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسىم 5 ــ مەزمۇنىدا زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا مۇنداق دېگەن. زەئىپ ھەدىس دېگەن سەھىھ ۋە ھەسەن ھەدىسلەرنىڭ شەرتلىرىدىن خالىي بولغان يەنى شۇ ھەدىسلەرنىڭ شەرتىگە توشمىغان ھەدىستۇر. زەئىپ ھەدىسلەر ئۇقەيلىينىڭ، ئىبنى ئەدىينىڭ، خەتىيبۇلبەغدادىنىڭ، ئىبنى ئەساكىرنىڭ، دەيلىمىنىڭ، ئىبنى جارۇد ۋە ھاكىم مۇستەدەركلەرنىڭ كىتابلىرىدا ناھايىتى كۆپتۇر. ھەتتا، بەزىلىرىدە يالغان ھەدىسلەرمۇ باردۇر.

زەئىپ ھەدىس، ئىلىم ۋە زەننى، گۇماننى پايدا بەرمەيدۇ، ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنى ئېتىبارغا ئېلىشقىمۇ بولمايدۇ. سوزلەش دۇرۇس ئەمەس. پەقەت، زەئىپ دەپ قويۇپ، سۆزلىسە بولىدۇ، بەزىلەر تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن زەئىپ ھەدىسنى تىلغا ئېلىپ، كىتابلىرىغا يېزىپ سىلىپ، سەل قارىغان. لېكىن، مەن ئۇنداق قارىمايمەن، مەسىلەن: ئۇلار قاتتىق زەئىپ بولمىسا، پەزىلەت ئەمەللىرىدە قورقۇتۇپ، قىزىقتۇرۇپ ۋەز ــ نەسىھەتتە سۆزلىسە بولىدۇ. لېكىن، ئۇ زەئىپ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەن دەپ ئېتىقاد قىلمىسا بولىدۇ دېگەن.

توغرا، زەئىپ ھەدىسلەرنى قەتئىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىمىگەن، بىزمۇ شۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، ئەگەر ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەن بولسا،بىز شۇنداق ئېتىقاد قىلساق، ئۇنداقتا ھەدىس زەئىپ، ئاجىز بولماستىن، سەھىھ بولاتتى دېگەن.

ئۇنداقتا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىمىگەن بۇنداق زەئىپ ھەدىسلەرنى، سۆزلەپ، كىتابلاردا يېزىپ،دەلىل ئىسپات قىلىپ نېمە قىلارمىز؟!

بىرگە قۇرئان ئايىتى، سەھىھ ھەدىسلەر يېتەرلىك، شۇلار كۇپايە، شۇنىڭ ئۈچۈن زەئىپ ھەدىسلەردىن ھەزەر قىلسۇن دەپ بۇ ئەسەرنى يېزىۋاتىمەن. مەدىينە مۇنەۋۋەرنىڭ ئىسلام ئۇنىۋېرستېتى، شەرىئەت پاكۇلتىتىدا دەرىسلىك قىلىنىدىغان ئىبنى سىلاھىنىڭ يۇقارقى كىتابىدىن ۋە نەۋەۋىينىڭ تەقرىيب ناملىق ئەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۈزۈنمۇ ئەمەس، قىسقىمۇ ئەمەس، ناھايىتى پايدىلىق تۈزۈلگەن شۇنداق ئاسان، رۇشەن، ئوچۇق يېزىلغان. «مۇستەلھۇلھەدىس» يەنى ھەدىسلەر ئاتالغۇسى ناملىق ئۇسۇلۇلھەدىس، ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابىدا زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

بۇ سۆزلەر ئىلگىرى ــ ئاخىر بارلىق ھەدىس تەتقىقاتقىدىكى، مۇشۇ پەندىكى كىتابلارنىڭ سۆزلىرىگە، بولۇپمۇ زەئىپ ھەدىس توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە كۇپايە، ھەممىسىگە مۇشۇ سۆزلا تېتىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن مۇشۇ كىتابدىن تاللاپ يازدىم. زەئىپ ھەدىس دېگەن ئادەتتە، ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسنىڭمۇ سۈپەتلىرى، شەرتلىرى بولمىغان ھەدىستۇر، بەيقۇنى رەھمەھۇللا ئۆزىنىڭ نەزمىسىدە **«زەئىپ دېگەن ھەسەن مەرتىبىسىدىن تۆۋەندۇر، ئۇنىڭ تەقسىماتلىرى بەك كۆپتۇر.»** دېگەن، شۇنداق، زەئىپ ھەدىسنىڭ ئاجىزلىقى نەچچە خىل بولغاچقا، بۇ بىر نەچچە خىل بولىدۇ.

مەسىلەن: قاتتىق زەئىپ، ۋاھى، مۇنكەر، ھەتتا يالغان ھەدىسمۇ باردۇر. ھەدىسنىڭ زەئىپلىكى مۇنداق تونۇلىدۇ.

1 ـ ھەدىس تەتقىق قىلىش قائىدە ــ قانۇنلىرى بويىچە ھەدىسنىڭ تۇتاشقان يوللىرى، ئىسنادى، مەتنىسى، مەنىلىرى تەتقىق قىلىنىپ، تەكشۈرۈلۈپ، زەئىپلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

2 ـ تارىخ جەھەتتىن، تەكشۈرۈلۈپ، راۋىيسىنىڭ پاسىق، پاجىر، ھەتتا كاززاپ، يالغانچى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، ئاندىن ھۆكۈم قىلىنىدۇ، يەنى راۋىيسىنى سۆزلىگۈچىنى تەكشۈرۈلىدۇ.

3 ـ قۇرئان ئايىتىگە ياكى سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت، مۇخالىپ بولسا، زەئىپ، ھەتتا، يالغان دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

4 ـ ساھابىلار، تابىئىنلار، شۇ زەئىپ ھەدىسنىڭ ئەكسى بويىچە يول تۇتىدۇ. ئەگەر، ھەدىس سەھىھ بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى.

5 ـ ھەدىسنىڭ مەنىسى، لەۋزى، بالاغەت، پاساھەت، سۆز تەرتىپى قاتارلىقلار تەكشۈرۈلىدۇ. مەلۇم مەزھەپ، ئېقىم مەسىلىلىرى سۆزلەنسە، تەرەپپازلىق، مىللەتۋازلىق، نەسەبۋازلىق تېپىلسا، زەئىپ ياكى يالغان، مۇنكەر، باتىل دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

6 ـ ھەدىسلەرنىڭ تۇتاشقان يوللىرى، ئىسنادى، ئۇزۇك بولۇش ياكى بىرەر سۆزنى قوشۇپ قويۇش، ياكى ئېلىۋېتىش، ياكى بۇرمىلاپ تەپسىر ۋە تەئۋىل قىلىنىپ كەتكەن بولسا، ياكى ھەدىسكە باشقا سۆز ئارىلاشسا، زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەر بار بولۇپ، قەدىمقى ئالىملار، مۇھەددىس ئالىملار، تەتقىقاتچى شەيخلەر ھۆكۈم قىلىپ بەرگەن، كېيىنكىلەر شۇلارغا تايىنىپ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم قىلىدۇ. مەشھۇر مۇھەددىسلەر، ھەدىسكە ۋە راۋى، كاتىپلارغا ھۆكۈم قىلىپ بەرگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللاغا ئوخشاش مۇھەددىس ئالىملار دەل شۇلارغا تايىنىپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۆزىمۇھەم تەكشۈرىدۇ.

ئىنسان بالىسى خاتالىشىدۇ، ئەگەر بۇرۇنقى مۇھەددىس ئالىملار خاتالاشقان بولسا، كېيىنكىلەر ئۇنى بايقاپ تۈزەتسە بۇ دۇرۇس، ئەلبانى، ئۇسەيمىيىن، ئىبنى بازلار، ئۇلاردىن بۇرۇنقى شەيخۇلئىسلام، ئىبنى تەيمىييە، ئىبنى كەسىر، زەھەبى، ئىبنى جەۋزى، ئىبنى قەييۇملار بار، ئۇلاردىن بۇرۇن مەشھۇر توققۇز مۇھەددىس، يەنى بۇخارى، مۇسلىملار، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللانىڭ ساۋاقدىشى، يەھيا ئىبنى مەئىين قاتارلىقلار بار. بۇنداق ھۆكۈم قىلىش، ساھابىلاردىن، تابىئىنلاردىن باشلاپ تا ھازىرغىچە مەۋجۇدتۇر، بۇ ئىلىم ــ پەنمۇ توختىماستىن دەرسلىك قىلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەلبىڭىزدىكى بىر مۇھىم سۇئالغا ئاشۇ يەتتە خىل جاۋابنى بەردۇق. سۇئال بولسا، نىمە ئۈچۈن بالدۇرقىلاردىن ئاشۇ كاتتا مۇھەددىسلەردىن كېيىنكىلەر ئالىم بولۇپ كەتتى؟جاۋابى يۇقىرداسۆزلەندى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر، مىشكاتنى، مەسابىھنى يازغان ئالىملار، ئايرىيالمىغان بۇ ھۆكۈملەرنى نىمە ئۈچۈن كېيىنكى ئالىملار بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىردىكى ئالىملار ئايرىپ ھۆكۈم قىلالايدۇ؟ بۇ زادى نىمە ئۈچۈن دىگەن سۇئاللارغا ئاشۇ يۇقىرقى جاۋاب بېرىلدى.

زەئىپ ھەدىسنىڭ مىسالى:

تىرمىزي رەھمەھۇللا، ھەكىيمۇلئەسرەمدىن ئەبى تەمىيمەتدىن، ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق دىگەنلىكىنى خاتىرلىگەن:

كىم ھەيزىدار ئايالغا چېقىلسا، ياكى ئايالنىڭ ئارقا مەقئىتىگە چېقىلسا ياكى كاھىننىڭ يېنىغا بارسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشكەن قۇرئانغا كاپىر بولغان بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ بولۇپ، بۇ ھەدىسنى مۇھەممەد يەنى، بۇخارى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. بۇ ھەدىس ئىسناد

جەھەتتىن زەئىپ، دىدى. چۈنكى، ھەدىسنىڭ ئىسنادىدا، راۋىيلار ئارىسىدا ھەكىيمۇلئەسرەم بار بولۇپ، ھەدىس ئالىملىرى بۇ كىشىنى زەئىپ دىگەن. ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى رەھمەھۇللا، بۇ ھەدىسنى لىين زەئىپ دىگەن.

مانا مۇشۇنداق زەئىپ ھەدىسلەر مۇنكەر ھەدىسلەر، ھەتتا يالغان ھەدىسلەر ياكى يالغانلىرى ئارىلىشىپ قالغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەلبانى رەھمەھۇللا 9000 ھەدىسنى توپلاپ، زەئىپ، مۇنكەر، باتىل، ئەسلى يوق، ھەتتا يالغان دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئايرىپ بەرگەن.

## زەئىپ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئالىملار ۋەز ـ نەسىھەتتە قىزىقتۇرۇش ياكى قورقۇتۇپ ياندۇرۇشلاردا سۆزلىنىدۇ. لېكىن، زەئىپ دەپ قويۇپ سۆزلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىدى ياكى دىگەن دەپ سۆزلەنمەيدۇ. ئەقىيدە، ئەھكام، ھالال ـ ھاراملارغا بۇنىڭدىن ھۆكۈم ئېلىنمايدۇ دىدى. لېكىن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر زەئىپنىڭ تۈرىنى ئايرىپ، شەرت قويۇپ، مۇرسەل، مۇئزەل، مۇنقەتىئە قاتارلىقلارنى سۆزلەۋەرگەن كىتابلارغا يېزىۋەرگەن. ئەمەلىيەتتە، زەئىپ ھەدىسلەرگە ئۈچ شەرت بىلەن پەزىلەتلىك ئەمەللەردە ئەمەل قىلىنىدۇ دىگەن. ئۇلار

1 ـ قاتتىق زەئىپ بولماسلىق

2 ـ ئەمەل قىلغاندا بۇ ھەدىس سابىت دەپ ئېتىقاد قىلىنمايدۇ، بەلكى، ئېھتىيات قىلىنىدۇ.

3 ـ ئەمەل قىلىنغان باشقا ھەدىسنىڭ ئاستىغا كىرىشى شەرت دىگەندەك، لېكىن، ئۇسەيمىين، ئەلبانى رەھمەھۇللار ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ. قەتئىي ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز دىگەن.

بۇ توغرىسىدا ئىبنى ھەببان مەخسۇس زۇئەپائ يەنى زەئىپ ھەدىسلەر دىگەن كىتابنى، زەھەبى رەھمەھۇللا مىيزاننى، ئەبۇ داۋۇت مەراسىلنى، بەيھەقى رەھمەھۇللا، ئىلەل دىگەن كىتابنى يازغان. ھازىر ئەلبانى رەھمەھۇللا بىز يۇقىردا دىگەن زەئىپ ھەدىسلەر توپلىمىنى يازغان. ئومۇمى سانى 9000دىن ئاشىدۇ.

## زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ تۈرى

1 ـ مۇئەللەق، يەنى ئۇستۇن تەرەپدىكى راۋى سۆزلىنىپ، ئاستىدىكى باش تەرەپ يوق قىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېسىپ قويۇلغاچقا مۇشۇنداق ئاتالغان. مۇھەددىس سۆزلىمەكچى بولغان شەيخلىرىنى يوق قىلىۋېتىپ، ئىسناد، راۋىيلارنى تىلغا ئالماي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپلا ھەدىسنىڭ ئۆزىنى سۆزلەپ كېتىدۇ. ياكى ساھابى، تابىئىندەك بىر ئىككى راۋىينى تىلغا ئېلىپ قويىدۇ. مانا بۇ مۇئەللەق ھەدىس بولۇپ، ئىسنادىنى، راۋىيلارنى تەكشۈرگىلى بولمىغاچقا، ھەدىس زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

بۇنداق مۇئەللەق ھەدىس رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ھەدىستە ئىسنادى تۇتاش بولىدىغان، يوللىرى ئېنىق بولىدىغان، راۋىيلارنى تەكشۈرگىلى بولىدىغان شەرتلەر يوقاپ كەتكەن، بىز ئۇ كىشىلەرنىڭ ھالىنى، ئەھۋالىنى ئۇقمايمىز. بۇنداق ئەھۋالدا ھەدىس سۆزلىگىلى قويسا، كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىدۇ.

ئىسناد تۇتاشقان يول، راۋىيلار ئەھۋالى ھەدىسنى تەكشۈرۈشتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما، بۇخارى، مۇسلىمدىكى مۇئەللەق ھەدىسلەر رەت قىلىنمايدۇ. بۇلاردىكى بۇنداق ھەدىسكە سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇنداق ھەدىسنى دېدى، مۇنداق تىلغا ئالدى دىگەن لەۋزى بىلەن كەلسە، سەھىھ بولىدۇ دىيىلدى. تىلغا ئېلىندى، ھېكايە قىلىندى، رىۋايەت قىلىندى دىگەن ھەدىس يەنىلا زەئىپ ھېسابلىنىدۇ.

خۇلاسە كالام شۇكى، بۇخارى، مۇسلىمدىن باشقا كىتابلاردىكى مۇئەللەق ھەدىس زەئىپ، رەت قىلىنىدۇ.

ئەمما، مەيلى بۇرۇن، مەيلى ھازىر سەھىھ ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى، راۋىيلىرىنى قىسقارتىشنى مەخسەت قىلىپ، يوق قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دىيىش دۇرۇس، بۇ مەشھۇر قائىدە، ئۇنى سىز، بىزمۇ دەپ سالىمىز. لېكىن، بۇ مەلۇمدۇر.

2 ـ مۇرسەل ھەدىس، بۇنداق ھەدىس مەلۇم راۋىينى يەنى ساھابىنى ئۇزۇپ قويۇپ، ئالاقىدار قىلمىغاچقا، مۇرسەل دەپ ئاتالغان. تابىئىندىن يۇقىرى راۋىي يەنى ساھا بە ئۈزۈلۈپ قالغان، تابىئىن، ساھابىنى ئۇزۇپ قويۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپلا سۆزلەپ كەتكەن، ساھابە بىلەن كۆرۈشكەن، كۆرۈشمىگەنلىكى نامەلۇم، ئۇ يوشۇرۇن كىشى ساھابىمۇ ياكى تابىئىنمۇ بۇمۇ ئېنىق ئەمەس. مەسلەن:

ھەسەن بەسرى، سەئىيد ئىبنى مۇسەييىب رەھمەھۇللالار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ياكى مۇنداق قىلغان دەپ سۆزلەيدۇ. خۇددى ئەبۇ داۋۇتنىكى مۇرسەل ھەدىسلەرگە ئوخشاش. ئەبۇ داۋۇدنىڭ ئاخىرقى مەراسىل ناملىق كىتابي پۈتۈنلەي مۇرسەل ھەدىس سۆزلەنگەن كىتابتۇر.

مۇرسەل ھەدىسمۇ زەئىپ، رەت قىلىنىدۇ. مەيلى ئەقىيدە، مەيلى ھالال ـــ ھارام، ئەھكام مەسىلىلىرىدە بولسۇن، مەيلى باشقا مەسىلىلەردە بولسۇن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەدىسمۇ تۇتاش بولۇشتەك شەرتنى يوق قىلىپ قويغان، راۋىيسى راسلا ساھابىمۇ ياكى كىم؟ قانداق كىشى، بۇ ئېنىق ئەمەس. يوشۇرۇن كىشى زەئىپ بولسا، ھەدىسى زەئىپ بولىدۇ، مۇئەللەق، مۇرسەل، مۇئزەل ھەدىسلەر يوللىرى كۆپىيىپ، ئىسنادى كۈچىيىپ، ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر قوللاپ، ساھابە، تابىئىنلار ئەمەل قىلىش بىلەن ھەسەن دەرىجىسگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا، ئەمەل قىلىنىدۇ، سەھىھ ھەدىسنىڭ مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، قەتئىي رەت قىلىنىدۇ.

ھۆججەت، دەلىل ـــ ئىسپات قىلىنمايدۇ، مانا بۇ ھۆكۈم جۇمھۇر مۇھەددىسلەرنىڭ، ئۇسۇل ئالىملىرىنىڭ، فىھقشۇنالارنىڭ ھۆكمىدۇر. ئەمما، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە، مالىك ئەھمەد رەھمەھۇللا قاتارلىق ئۈچ مەزھەپ ئالىملىرى، ئەگەر ھەدىسنى مۇرسەل ھالدا سۆزلىگۈچى، تابىئىن، ئالىم ئىشەنچلىك بولسا، يەنىلا ئىشەنچلىك كىشىدىن مۇرسەل ھالدا سۆزلىگەن بولسا، بۇ چاغدا قوبۇل قىلىنىدۇ، ھۆججەت قىلىنىدۇ دىگەن.

چۈنكى، ئىشەنچلىك، تەقۋا، ئادىل تابىئىن چوقۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىگەن سۆزىنى دەيدۇ، دىمىگەن سۆزىنى دىمەيدۇ. ئالدىراپلا، ساھابىنى يوشۇرۇن قىلىپ، زامانى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىن بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ياكى مۇنداق قىلغان دەپ سالىدۇ. ئەگەر بۇ ھەدىسنى سۆزلىگۈچى تابىئىن چوڭ كىبار، تابىئىن بولسا، ئىشەنچلىك بولسا، ئادىل، ئىشەنچلىك، راۋىيلارغا خىلاپ زىت بولمىسا، ھەدىسنىڭ بۇندىن باشقىمۇ يولى بولسا، باشقىلارمۇ سۆزلىگەن بولسا، ساھابىلارنىڭ سۆزىگە، قىلىقىغا ئۇيغۇن بولسا، ئەكسەر، كۆپىنچە مۇجتەھىد ئالىملار شۇ

ھەدىس بىلەن ھۆكۈم چىقارغان بولسا، مانا مۇشۇنداق يۇقىرقى شەرتلەر تولۇق بولسا، ئاندىن مۇرسەل ھەدىسكە ئەمەل قىلىنىدۇ. ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات قىلىنىدۇ دىگەن. ئەگەر بىرەر ساھابە، كىچىك بولغانلىقىدىن ياكى مەجلىسدە يوق بولغانلىقىدىن ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرمىگەن چاغدا دىيىلگەن ھەدىسنى سۆزلىسە ياكى كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ قالسا، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ياكى مۇنداق قىلغان دەپ مۇرسەل ھالدا ھەدىس سۆزلىسە، يەنى بۇ ساھابىنىڭ مۇرسەل ھەدىسى بولسا، جۇمھۇر، مۇھەددىس ئالىملار بۇ خىل ھەدىس سەھىھ بولىدۇ، ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنىدۇ دىگەن.

مۇرسەل ھەدىسلەر توپلانغان كىتابلار، ئەبۇ داۋۇدنىڭ مەراسىيل دىگەن كىتابى، ئىبنى ئەبى ھاتەمنىڭ مەراسىل دىگەن كىتابى، ئىلائىيىنىڭ ئەھكامۇلمەراسىل دىگەن كىتابى بار. شارائىتىڭىز يار بەرسە، ئۆزىڭىز كۆرۈڭ، ئۇنداق بولمىسا سوراپ بىلىڭ. چۈنكى، بۇ ئىسلام دىنى ئىسلام شەرىئەت مەنبەسى، سۈننەت، ھەدىسنىڭ ئىشىدۇر.

3 ـ مۇئزەل ھەدىس بۇ خىل ھەدىس، ھەدىسنىڭ ئىسنادى يەنى تۇتاشقان يولدىن، راۋىيلاردىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى چۈشۈپ قالغان. راۋىيلار، كاتىپلار يەنىلا سۆزلەۋەرگەن ھەدىستۇر. بۇ خىل ھەدىسنى ھاكىم مۇستەدرەك دىگەن كىتابىدا ئىمام مالىك مۇئەتتا دىگەن كىتابىدا يېزىپ چۈشەندۈرگەن.

ئىمام مالىكدىن ئەبۇ ھۈرەيرەدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپلا سۆزلەيدۇ. لېكىن، ئىمام مالىك بىلەن ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارىلىقىدىكى كىشىلەر يوق قىلىنغان، ئۇلار كىملەر؟ بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ھەدىس زەئىپ بولىدۇ. مۇرسەل ھەدىسدىنمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالىدۇ، چۈنكى، بۇ خىل ھەدىسنىڭ يوشۇرۇن يوق قىلىنغان، راۋىيسى، كىشىلىرى بەك كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەدىسمۇ زەئىپ بولۇپ، رەت قىلىنىدۇ، دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت قىلىنمايدۇ، ئەمەلمۇ قىلىنمايدۇ. بەزىلەر بۇ ھەدىسنى باش تەرەپدىن بىر، ئاخىردىن بىر راۋىيسى چۈشۈپ قالغان ھەدىستۇر. دەل شۇ راۋى، مۇھەددىسنىڭ ئەھۋالى بىزگە نامەلۇم بولغاچقا، ھەدىس زەئىپ بولىدۇ دىگەن.

ئەگەر بۇنداق ھەدىسنى سەھىھ دېسەك، ئەمەل قىلساق، ئۇ چاغدا، ئىسلام دىنىغا سۈيقەست كۆپلەت كىرىدۇ، يالغان ھەدىسلەرنى مۇشۇ خىل ۋاستە بىلەن كىرگۈزىۋېتىدۇ، ھەزەر قىلىڭ، ئىمام سۇيۇتى رەھمەھۇللا، مۇئزەل، مۇنقەتىئ مۇرسەل ھەدىسلەر كۆپ چىقىدىغان كىتابلار، سەئىد ئىبنى مەنسۇرنىڭ سۈنەن ناملىق كىتابى، ئىبنى ئەبىددۇنيانىڭ تۈزگەن كىتابلىرى دىگەن. ئىقتىدارىڭىز، قابىلىيىتىڭىز بولسا، ئۆزىڭىز تەكشۈرۈڭ، ئۇنداق بولمىسا تەكشۈرگەنلەرگە شەكسىز ئىشىنىڭ، ئۇلارمۇ ئالللاھ دەيدۇ.

4 ـ مۇنقەتىئ ھەدىس، شەيخ، مۇھەددىس، كاتىپىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان ئارىلىقدىن ئۈزۈك مەۋجۇد بولغان، ئىسنادى تۇتاشقان، يوللىرى ئۈزۈك ھەدىستۇر. مەيلى ئۈزۈلۈپ قېلىش باشتا بولسۇن ياكى ئوتتۇرىدا بولسۇن، ياكى ئاخىرىدا بولسۇن بەرى بىر. بۇ يۇقىرىقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبنى ھەجەر باشتىن ياكى ئوتتۇرىدىن ياكى ئاخىردىن ئۈزۈك بولسا، مۇنقەتىئ بولىدۇ دىگەن. مەسىلەن: ئەگەر سىلەرگە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشلىق قىلىنسا، ئۇ كۈچلۈك، ئىشەنچلىك دىگەن ھەدىسنىڭ راۋىيسى، ھەدىس سۆزلىگۈچىلەر ئارىسىدىن شەرىيك ئىسىملىك راۋى چۈشۈپ قالغان. گەرچە بۇ ھەدىسنى ھاكىم ئەھمەد بەزار، تەبرانى قاتارلىقلار خاتىرلىگەن بولسىمۇ، ئەنە شۇ ئۈزۈكلۈك مەۋجۇد بولغاچقا، ھەدىس ئالىملىرى ئىتتىپاققا

كېلىپ، بۇ ھەدىس ۋە مۇشۇنداق ھەدىس زەئىپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، يوشۇرۇن، يوق قىلىنغان، راۋىيسىنىڭ ئەھۋالى ېىزگە ئېنىق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىس ھۆججەت قىلىنمايدۇ دېگەن.

5 ـ مۇدەللەس ھەدىس، يەنى ھەدىسنىڭ ئىسنادىدىكى ياكى ھەدىسنى سۆزلىگەن شەيخىنىڭ ئەيىبنى يوشۇرغان ھەدىستۇر. ئىچكى ئەھۋالى ناچار، تاشقى كۆرۈنۈشى ياخشى بولىدۇ. مەلۇم شەيخدىن ھەدىسنى ئاڭلىغان بولسا، كېيىن بۇ ھەدىس سۆزلىگۈچى، ھەدىسنى باشقا شەيخكە تۇتاشتۇرۇپ سۆزلىشىدۇ. ئۆزىنىڭ ھەدىس ئاڭلىغان شەيخىنى مەلۇم سەۋەبلەردىن سۆزلىمەيدۇ. ياكى، ئەيىبنى يوشۇرىدۇ ياكى داڭلىق، مەشھۇر، ئادىل، ئىشەنچىلىك شەيخدىن سۆزلىشىدۇ. ياكى بىر نەچچە شەيخدىن ھەدىسنى ئاڭلاپ، ئارىلىقدىن زەئىپ، مەسىلە كۆرۈلگەن شەيخنى يوق قىلىشىدۇ. ئادىل، تەقۋا، ئىشەنچىلىك، ئىتماتلىق شەيخنى ئېلىپ قالىدۇ. مانا بۇ ئەڭ ئەشەددى، يامان ئىشتۇر. ئىشەنچىلىك بولغان، ھەدىسلىرى سەھىھ بولغان، شەيخ، ئۇستازلارنى زەئىپ قىلىشىدۇ، قاتتىق ئالداش، خىيانەت قىلغان بولىدۇ. ئەنە شۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ مەشھۇرراقى، بەقىيە ئىبنى ۋەلىيد، ۋەلىيد ئىبنى مۇسلىم قاتارلىقلار.

بۇنداق ھەدىسنىڭ ھۆكمى شۇكى، ئۇنى سۆزلەشمۇ مەكرۇھ، قاتتىق زەئىپ، شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇدەللەس ھەدىس، يالغاننىڭ قېرىندىشى يالغانغا ئوخشاش دېگەن. مەخسەد، بۇ ھەدىسمۇ ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات قىلىنمايدۇ، ئەمەلمۇ قىلىنمايدۇ. ھەدىسنى بۇنداق قىلىشىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق، شەيخ، ئۇستازى زەئىپ، ئىشەنچىلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن يوشۇرىدۇ، ياكى، شەيخدىن تۆۋەن مەرتىۋىدىكى كىشىلەرمۇ بۇ ھەدىسنى بىلگەچكە، يۇقىرى مەرتىۋىلىك شەيخدىن سۆزلىشىدۇ ــ دە، ئىشەنچىلىك بولىدۇ. ياكى، شەيخنىڭ يېشى كىچىك بولۇپ قالىدۇ، ياكى ھەدىسنى كۆپ سۆزلىشىپ، تولا تىلغا ئېلىشنى ياقتۇرماي، ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ، ياكى ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى ئالىيلاشتۇرۇش، يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈشنى مەخسەت قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، مانا مۇشۇنداق تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ، ئاخىرىدا بۇنداق مۇھەددىس ۋە ھەدىسلىرى رەت قىلىنىدۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىسىدا خەتىيبۇلبەغداد، بورھانوددىن، ئىبنى ھەجەرلەر كىتاب يازغان.

6 ـ مۇرسەل، خەپى، مەخپى ھالدا ئىسنادىنى ئۈزۈۋېتىش، ئۇچقاشقان ياكى بىر زاماندا ياشىغان كىشىدىن ھەدىس سۆزلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ كىشىدىن زادى ھەدىس ئاڭلىمىغان. مەسىلەن: ئىبنى ماجە رەھمەھۇللا، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن، ئۇقبەتدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى خاتىرلىگەن. ئاللاھ، پوستا تۇرغۇچى، مۇھاپىزەتچىگە رەھىم قىلىدۇ دېگەن ھەدىس. ئەمەلىيەتتە ئۆمەر ئوقبەتكە ئۇچقاشمىغان، كۆرۈپمۇ باقمىغان. لېكىن، باشقىلار شۇنداق ھەدىسنى سۆزلىۋەتكەن، مانا مۇشۇنداق ھەدىسلەرنى شەيخ، ئۇستازلار تارىخنى تەكشۈرۈپ، ئىلگىركىلەرنىڭ سۆزىنى ئېلىپ، ھەدىسنىڭ مەنىسىنى، لەۋزىنى تەتقىق قىلىپ تاپىدۇ، بىز ئۇلارغا ئىشىنىمىز، بۇ خىل ھەدىسمۇ زەئىپ بولۇپ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ، ئەمەل قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىسىدىمۇ خەتىيبۇلبەغداد رەھمەھۇللا تەپسىل ناملىق كىتاب يازغان، بىلىسىڭىز كۆرۈڭ، بىلمىسىڭىز سوراڭ، ئۇلارغا ئىشىنىڭ.

7 ـ ھەدىسنى سۆزلىگۈچى، راۋىيسى توغرىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرمۇ ھەدىسنى زەئىپ، ھەتتا باتىل، يالغان قىلىشىدۇ. ئەگەر، راۋىي، كاتىپ يالغانچى ياكى يالغانچى دەپ تۆھمەت قىلىنغان، ئەيىبلەنگەن بولسا،

پاسىق، بىئەتچى، نادان، جاھىل بولسا، ياكى غەلەت سۆزلەيدىغان بولسا، ياكى ياخشى يادلىمىسا، غەپلەتتە قالسا، ئىتماتلىق، ئىشەنچلىك كىشىلەرگە خىلاپ سۆزلىسە،ئېلىشىپ قالسا ھەدىسكە ھەرخىل ھۆكۈملەر بېرىلىدۇ، ئەڭ خەتەرلىك گۇناھى كەبىرە بولىدىغان قاتتىق ھەزەر قىلىدىغان، قورقۇنۇشلۇق بولغىنى، يالغان ھەدىستۇر. ئاللاھقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۆھتان قىلىپ، تۆھمەت چاپلاپ، يالغاننى توقۇشىدىن چوڭ گۇناھ يوق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇتىۋاتىر، سەھىھ ھەدىستە بۇنداق كىشى دوۋزاختا بولىدۇ دېگەن. بۇنداق ھەدىسنى سۆزلەش، يېزىش، ھالال ئەمەس. پەقەت، ماۋۇ يالغان، ھەزەر قىلىڭلار! دېسە بولىدۇ، رەت قىلىش لازىم. ئەمدى سۈكۈت قىلمايلى!!.

يالغان ھەدىسنى توقۇغۇچىلار ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەپ كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ ياكى قورقۇتۇپ، زاھىدلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يامان ئىشىدىن توسۇش، ياخشىغا بۇيرۇش ئۈچۈن ياكى بىرەر مەزھەپ، گورۇھ، پارتىيىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭكىنى راست، توغرا قىلىش ئۈچۈن ياكى ئىسلام دىنىغا سۇيقەست قىلىش ئۈچۈن، ھاكىم، ۋالىي، خەلىپىلەرگە يېقىن بولۇش ئۈچۈن، مال ــ دۇنيا پار ئېلىش ئۈچۈن، يۈز ــ ئابرۇي، بىلەرمەنلىك قىلىپ توقۇيدۇ. تارىخ، قىسسە سۆزلەپ جان بېقىش، كەسىپ قىلىشى ئۈچۈن ھەدىسنى پۇلغا سېتىش ئۈچۈن ياكى ھاكىمىيەتتىن قورقۇپ، خاتا، ئازغۇن پەتىۋاغا دەلىللەپ توقۇيدۇ، ياكى ئۆزى بىلمەي توقۇيدۇ ياكى بىلمەي ھەدىس ئەمەس سۆزنى ھەدىس دەپ سۆزلەيدۇ. نۇرغۇن سەۋەبلەر بار، بىز بۇنى «يالغان ھەدىسلەر توپلىمى ۋە بىدئەتلەر» دېگەن كىتابدا تولۇق يازغان، كۆرۈڭ.

8 ـ مەترۇك ھەدىس، راۋىيسى، سۆزلىگۈچىسى يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەن ھەدىستۇر. ئاددى سۆزلىرىدىمۇ يالغانچىلىق قىلىپ قالىدۇ، بۇ خىل ھەدىس يالغان ھەدىسكە يېقىن كېلىدۇ، تاسقالىدۇ، ئوخشاپ قالغىلى. ئەڭ خەتەرلىك، يامانراقى يالغان، ئاندىن قالسا، مەترۇك، ئاندىن مۇنكەر ھەدىس، ئاندىن قالسا، مۇئەللەل، مۇدەررەج، مەقلۇب، مۇزتەرىيب قاتارلىقلار. مانا بۇ ئىبنى ھەجەر ئەسقالانىينىڭ مەرتىۋىگە تىزىشىدۇر. دېمەك، مەترۇك ھەدىس يالغانغا يېقىن، يالغاننىڭ ئوخشىشىدۇر.

9 ـ مۇنكەر ھەدىس، بۇنداق ھەدىس بولسا، پاسىق، پاھىش، غەلەت سۆزلەيدىغان، غەپلىتى كۆپ كىشىنىڭ ھەدىسىدۇر. بۇ قاتتىق زەئىپ ھەدىس بولۇپ، ئەمەل قىلىنمايدۇ، دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت قىلىنمايدۇ. بۇ ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى سۆزىدۇر.

10 ـ مۇئەللەل ھەدىس، ھەدىستە ياكى راۋىيسىدا تەنە ئىللەت تېپىلىپ قالغان ھەدىستۇر. راۋىيسىدا ۋەھىمە، گۇمان بولغان ھەدىس، گۇڭگا، مەخپى بولۇش، گۇمان پەيدا قىلىپ قويۇشلار، ئىللەتكە بارىدۇ. راۋىيسىنى كاززاپ، پاسىق، بىدئەتچى، غاپىل، ياخشى يادلىمىغان دېگەنلەرمۇ، ئىللەت، بۇ مۇنكەرنىڭ ئارقىسىدىلا تۇرىدىغان قاتتىق زەئىپ ھەدىستۇر، ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىسىدا ئىبنى مەيدەنى رەھمەھۇللا، ئىبنى ئەبى ھاتەم، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا، تىرمىزى رەھمەھۇللا، دارتقۇتنىيلا مەخسۇس ئىلەل دېگەن ئىسىم بىلەن كىتاب يازغان ۋە شۇنداق ھەدىسلەرنى توپلىغان، ئەلبانىيەدەك ئالىملار شۇ كىتابلارنى كۆرگەچكە ھەدىسكە باھا، ھۆكۈم بېرەلەيدۇ، سىز خاتىرجەم بولۇپ، ئىشىنىڭ.

11 ـ ئىشەنچلىك، ئادىل كىشىلەرگە خىلاپلىق قىلىش، زىت، مۇخالىپ ھالدا ھەدىس سۆزلەش، ئەگەر خىلاپلىق قىلىش، ئىسناد يوللىرىنىڭ سىياقىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بولسا، ياكى ساھابىلار سۆزىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتسە، بۇ مۇدەررەج دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر، بىرەر راۋىينى زىيادە قىلىۋېتىش بىلەن خىلاپلىق قىلسا، بۇ ئىسنادىنىڭ تۇتۇششىدىكى زىيادىلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر، ھەدىس سۆزلىگۈچى راۋى بىلەن يەنە بىر راۋىينى ئالماشتۇرۇۋەتسە ياكى ھەدىسنىڭ مەتنىسدە زىددىيەت مەۋجۇد بولسا، بىرەرسىنى كۈچلەندۈرگىلى مۇمكىن بولمىسا، بۇ مۇزتەرىب دەپ ئاتىلىدۇ. سىياقنى قويۇپ، لەۋزىنى ئۆزگەرتسە، مۇسەھھەپ دەپ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇلارنى بىر ــ بىرلەپ تونۇشتۇرىمىز.

مۇدەررەج ھەدىس، بۇ خىل ھەدىسنىڭ ئىسناد، سىياقى ئۆزگەرتىلگەن ياكى ھەدىس مەتنىسگە ھەدىس بولمىغان سۆز كىرگۈزۈۋېتىلگەن ھەدىستۇر. ھەدىس سۆزلىگۈچى سۆز قىلىۋېتىپ، ئۆز ئىچىدىن بىرەر جۈملە سۆزنى دەپ سالسا، ئاڭلىغۇچىلار ئۇنى ھەدىسمىكى دەپ گۇمان قىلىپ يازغان. مەسىلەن: سابىت ئىبنى مۇسا، شەرىيك ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ، ئۇ كىشى ماڭا ئەئمەش ئەبۇ سوفيياندىن، جابىردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن دەپ جىم تۇرۇۋېتىپ، ئاندىن سابىتقا قاراپ، كىم كېچىسى كۆپ ناماز ئوقۇسا، كۈندۈزى يۈزى نۇرلۇنۇپ كېتىدۇ دەپ سۆزنى داۋام قىلىپتۇ. ئەسلى مەخسىدى سابىتنى ماختاپ قويۇش ئىدى. چۈنكى، سابىت تەقۋا، زاھىد ئىدى، لېكىن، بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن ھەدىس ئەمەس ئىدى. ھەدىسنى ئۇ تېخى دىمىگەن، سابىت خاتا گۇمان قىلىپ، ئۇنىڭ يۇقىرقى يۈزى نۇرلۇنىدۇ دىگەن سۆزنى ھەدىس ئورنىدا سۆزلىگەن. مانا بۇ مۇدەررەج ھەدىس بولۇپ، زەئىپ ھەدىسنىڭ باش تەرىپىگە ياكى ئوتتۇرىغا ياكى ئاخىرىغا ھەدىستىن بولمىغان سۆزنى قىستۇرسا، ئارىلىقنى ئايرىۋەتمىسە، بۇمۇ مۇدەررەج ھەدىس بولىدۇ.

مەسىلەن: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپ ئاندىن تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار، چالا قالغان تاپانلارغا ئوتتىن ۋاي، مانا بۇ ئاخىرقى سۆز بولسا ھەدىس ئىدى. لېكىن، تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار دىگىنى ئۆزىنىڭ سۆزى بولۇپ، ھەدىسنى ئاڭلىغۇچىلار، ئۇمۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلغان. يەنە بىر مىسال: ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدىكى ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىدا تەھەننۇس دىگەن سۆزنى تەئەببۇد دەپ تەپسىرلەپ قويۇپ ماڭىدۇ. بۇ زوھەيرىنىڭ سۆزىدۇر.

بۇ خىل ھادىسنىڭ سەۋەبى، شەرئى ھۆكۈمنىڭ بايان قىلىنىشى، ھۆكۈم چىقىرلىشى، ھەدىسنىڭ ناتونۇش، يات لۇغەت مەنىسىنى ئىزاھلاپ بېرىش، تەپسىر قىلىپ بېرىش ياكى سۆزنى قىستۇرۇپ سېلىشتۇر. بۇ خىل ھادىسنى ئالىملار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، باشقا خاتىرلەرگە قاراپ ياكى تەكشۈرگۈچىلەر سۆزىگە تايىنىپ ياكى راۋىينىڭ ئىقرارىغا تايىنىپ ياكى ئۇ سۆزنىڭ ھەرگىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلىپ تاپالايدۇ. دەلىل ــ ئىسپاتسىز ھۆكۈم چىقارمايدۇ.

بارلىق مۇھەددىسلەر، فىقھشۇناس ئالىملار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىگە، يەنى ھەدىسكە، شەخسى سۆزنى قوشۇپ سۆزلەشنى ھارام، قەتئىي دۇرۇس ئەمەس دەپ ئىجمائىقا كەلدى. ئەمما،

يۇقىرقى زۇھەيرىنىڭ ھەدىسىنىڭ يات سۆزلىكىنى تەپسىر قىلىپ بېرىشلىرى مۇستەسنادۇر. ئۇنى چۈشەندۈرۈۋېتىپ، ھەدىسنى داۋام قىلسا، دۇرۇس. بۇ خىل ھەدىس توغرىسىدا خەتىيبۇلبەغداد بىلەن ئىبنى ھەجەر كىتاب يازغان. كىتاب ئىسمى مۇدەررەج ھەدىسلەرنى ئايرىشتۇر.

مەقلۇب ھەدىس، ھەدىسنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۇتاشقان ئىسناد يوللىرىدا ياكى ھەدىس مەتىنلىرىدە ئالماشتۇرۇش يۈز بەرسە، مەقلۇب دېيىلىدۇ. مەسىلە:

كەئبە ئىبنى مۇررەت دىگەن راۋىينى مۇررەت ئىبنى كەئبە دەپ ئالماشتۇرغاندەك، ياكى، سالىمدىن دىگەننى ناپىئدىن دىگەندەك، سەدىقىنى شۇنداق مەخپى قىلىدۇكى، ئوڭ قولى چىقىم قىلغان، خىراجەت قىلغان نەرسىنى سول قولى بىلمەيدۇ دىگەننى سول قولى خىراجەت قىلغان نەپىقىنى ئوڭ قولى بىلمەيدۇ دەپ يۆتكىۋەتكەندەك. بۇ خىل ھەدىسنىڭ سەۋەبى، كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇش، ھەيران قالدۇرۇش، سىناپ كۆرۈش، خاتالىشىش، مەخسەتسىز غەلەت سۆزلىۋېتىشلەردۇر. بۇ قىلمىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، بۇ ھەدىسنى ئۆزگەرتكەنلىك بولىدۇ، ھەدىس توقۇغۇچى كاززاپلارنىڭ ئىشىدۇر. بۇ خىل مەقلۇب ھەدىس، زەئىپ، قاتتىق زەئىپ بولۇپ، رەت قىلىنىدۇ. ئەمەل قىلىنمايدۇ، بۇ توغرىسىدا خەتىيبۇلبەغدادنىڭ كىتابى بار.

ئىسناد يولىدىكى زىيادىلىق، ئۇ بولسىمۇ بىرەر راۋى قوشۇلۇپ قالىدۇ. ئادىل، ئىشەنچلىك، تەقۋا، كاتىپ راۋىيلار تىلغا ئالمىغان راۋىيلارنى تىلغا ئېلىپ سۆزلىسە، مانا بۇ خىلاپلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى مۇنقەتئ، ئۈزۈك، زەئىپ بولۇپ رەت قىلىنىدۇ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىلىقمۇ يەنىلا خەتىيبۇلبەغداد دىگەن ئالىم، ئىسناد يولىدىكى زىيادىلىقنى ئايرىش دىگەن كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان.

مۇزتەرىيب ھەدىس، بۇ خىل ھەدىس كۈچ ــ قۇۋۋەتتە باراۋەر بولغان خىلمۇ ــ خىل يوللاردىن خاتىرلەنگەن ھەدىستۇر، بىر ــ بىرىگە زىت، مۇخالىپتۇر. ئىككى ھەدىس ئارىسىنى ياكى ھەر ئىككى ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى ئارىسىنى قەتئىي بىرلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ياراشتۇرۇش، بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولسا، ئۇ چاغدا ھەدىس مۇزتەرىپ بولمايدۇ، كۈچلۈكرەككە ئەمەل قىلىنىدۇ. بىرلا ھەدىسنى بەزىسى مەرپۇئ ھالدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يۆلەپ سۆزلىسە، بەزىسى مۇرسەل ھالدا سۆزلەيدۇ، بەزىسى ئەبۇ بەكرىدىن دىسە، بەزىسى ئائىشەگە بەزىسى سەئىدگە دىسە، بەزىسى باشقىسىغا دەيدۇ. ياكى، ھەدىسنىڭ مەتنىسىنى بىرسى زاكاتتىن باشقىمۇ مالدا ھەق بار دېسە، يەنە بىرسى زاكاتتىن باشقا مالدا ھەق يوق دەپ خىلاپ، زىت سۆزلىۋېتىدۇ. تىرمىزى ھەق بار دىگەننى خاتىرلىسە، ئىبنى ماجە ھەق يوق دىگەننى خاتىرلىگەن.(ئايەتتە، مالد،زاكاتتىن باشقا ھەق بار.ئۇبولسا ئىھسان، ھەدي،ياردەم.) مانا بۇ ھەدىس، مۇزتەرىيب بولۇپ، زەئىپ، رەت قىلىنىدۇ، ئەمەل قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىسىدا ئىبنى ھەجەر، مۇزتەرىيب بايانىدا دىگەن كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان. ئەگەر ھەدىسنىڭ ئىسنادىدىكى راۋى ئىسمىنى باشقا تەلەپپۇز قىلىپ، ئۆزگەرتسە، مەسىلەن: مۇزاھىمنى مۇراجىم دەپ ياكى ھەدىسنىڭ مەتنىسىدىكى لەۋزىنى ئۆزگەرتسە، ئىھتەجەرەنى ئىھتەجەمەگە ئۆزگەرتسە، مەنىسى قاتتىق ئۆزگىرىدۇ. ياكى، سىتتەن دىگەن سۆزنى شەيئەن دىسە، ياكى، مەنىسىنى خاتا چۈشەنسە، مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنزەت دىگەن ھاسىغا قاراپ تۇرۇپ يەنى ئالدىغا سوتىر قىلىپ قويۇپ ناماز ئوقۇغان ھەدىسنى ئەنزەت دىگەن قەبىلىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قاراپ، بىزگە ناماز

ئوقۇغان دەپ چۈشىنىۋالغاندەك، مانا بۇ خاتالىقلار زور قالايمىقانچىلىقنى، خاتالىقلارنى، ھەتتا راۋىيلارنىڭ ئادىللىقىغا دەخلى ــ تەرۇز يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ توغرىسىدا دارتقۇتنى تەسھىيب ناملىق كىتاب يازغان، خەتتابىيمۇ يازغان.

**ھەدىس شاز**، يەنى جۇمھۇر ھەدىس ئالىملىرىدىن ئايرىلىپ، يالغۇز قېلىپ، ئادىل، ئىشەنچىلىك كىشىلەرگە زىت، خىلاپ ھالدا ھەدىسنى سۆزلەش يەنى شۇ ھەدىس، ھەدىس شاز بولىدۇ. ھەدىسى مەقبۇل بولىدىغان كىشى مەسىلەن: ئىبنى ماجە ئۆزىدىن ئەۋلاراق كىشىگە مەسىلەن: بۇخارى، مۇسلىمغا خىلاپ، زىت ھەدىس سۆزلىۋېتىدۇ، بۇ شاز دېيىلىدۇ. بۇنداق خىلاپلىق، ھەدىسنىڭ راۋىيسىدا، ئىسنادىدا يۈز بېرىدۇ ۋە شۇنداقلا ھەدىسنىڭ مەتنىسى، مەنىسىدىمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇخارى، مۇسلىمدەك سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىغا خىلاپ، زىت ھالدا خاتىرلىگەن، سۆزلەنگەن، ھەرقانداق ھەدىس شاز، زەئىپ بولۇپ، قەتئىي رەت قىلىنىدۇ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ، ئەمەلمۇ قىلىنمايدۇ. خۇددى بىدئەتچى پاسىقلارنىڭ ھەدىسلىرى رەت قىلىنىپ، قوبۇل قىلىنمىغاندەك، جۇمھۇر ئالىملار بىدئەتچىنىڭ ھەدىسى رەت قىلىنىدۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ دېگەن. خۇددى ھازىرقى بىدئەتچىلەرنىڭ سۆزلىرى، ھۆكۈملىرى، قىلىقلىرى رەت قىلىنغاندەك، ئۇلارنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى، ئۇلار قاتاردا يوق، مىيزانىدىمۇ يوق، قەلبىمىزدىغۇ ئەسلى يوق.

مەخسەتكە كەلسەك: مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللانىڭ ھەدىس ئاتالغۇلىرى ناملىق ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابىدىمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاش قائىدە، قانۇن كۆرسەتمىلەر بار، بەلكى، ئۇنىڭدا بۇ كىتابدىكىدىن قاتتىقراق ھۆكۈملەر مەۋجۇد، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، زەئىپ ھەدىسنى قەتئىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېمىگەن، بىزمۇ دېگەن دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز. ئەگەر زەئىپ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەن دەپ ئېتىقات قىلالىساق، ئۇ چاغدا، ھەدىس زەئىپ بولماستىن سەھىھ بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، زەئىپ ھەدىسلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىڭلار، يۇقىردا دېيىلگەندەك، ئۇنىڭغابىرىلگەن ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىڭلار، يەنى زەئىپ ھەدىس توغرىسىدىكى ھۆكۈملەرگە، ئۇ بولسىمۇ، رەت قىلىنىش، ھۆججەت قىلىنماسلىق، ئەمەل قىلىنماسلىق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىدى دەپ ئېتىقاد قىلماسلىق، ئەقىدە ئەھكام، ھالال ــ ھارام مەسىلىلىرىگە يېقىن ئەكەلمەسلىك، قاتتىق زەئىپ بولمىسا، پەزىلەتلىك نەپلە ئەمەللەردە ئەمەل قىلسا بولا دېگەندەك، لېكىن، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللا بۇ سەل قارىغانلىق دېگەن. مەن بۇ بىدئەتكە، خۇراپاتقا ئىشىك ئاچقانلىق، سۇيىقەستكە يول قويغانلىق دەيمەن. بەزىلەر زەئىپ ھەدىس، كۆز قاراشىدىن ئىجتىھاددىن ياخشى دەيدۇ. بەلكىم، ئۇلارنىڭ مەخسىدى مۇرسەل، مۇئەللەق بولغان زەئىپ ھەدىسلەر بولۇشى مۇمكىن، بۇ خىل ھەدىسلەر كۈچلۈنۈپ، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ ــدە، ئەمەل قىلىنىدۇ، ھۆججەت بولالايدۇ.

ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللا، كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا مۇنداق دېگەن:

مەرپۇئ ھەدىس دېگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزى، قىلىقى، جىم تۇرۇپ ئىقرار قىلىشى بىلەن مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىستۇر. مۇنداق دېگەن، مۇنداق قىلغان، مۇنداق قىلساق، جىسىم تۇرغان ياكى بىز شۇ زاماندا مۇنداق قىلاتتۇق. بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلگەن، بىلىپ توسمىغان

دىگەندەك ھەدىسلەر. ساھابىلارنىڭ بۇ ئىش سۈننەت دىيىشى، ياكى بىز مۇنداق بۇيرۇلغان، بۇنىڭدىن چەكلەنگەن دىگەن سۆزى ياكى ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەرپۇئ قىلىپ ئۆزى سۆزلەپ كېتىشى، ھۆكمەن مەرپۇئ دىيىلىدۇ.

ساھابىلارنىڭ ئۆزى ئۆز كۆز قارىشىدىن سۆزلىگەن، قىلغان ئىشى، تەپسىرلىرى ھەدىس مەۋقۇپ دېيىلىدۇ، بىر قىسىم تەپسىرلەر مەرپۇئلۇق ھۆكمىدە بولىدۇ.

تابىئىنلارنىڭ سۆزى، قىلىقى ھەدىس مەقتۇئ دىيىلىدۇ.

ساھابى دىگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇسۇلمان ھالدا تاپقان، بىرلەشكەن، كۆرۈشكەن، مۆئمىن ھالدا كۆرۈپ ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىدۇر.

نەججاشىيدەك كۆرمەي تۇرۇپ، ئىمان كەلتۈرسە، ساھابە بولالمايدۇ. چۈنكى، ھەمراھ بولالمىغان، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا دىگەن سۆزلىرى ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى دىگەن سۆزلەر ھەدىس بولىدۇ. مۇرتەد بولۇپ، ئىماندىن قايتىۋالغان كىشىلەر ساھابە ھېسابلانمايدۇ، ساھابىلەر تەخمىنەن 114000 دىن ئاشىدۇ، ھەممىسى ئادىل، ئىشەنچىلىك كىشىلەردۇر. ساھابىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكىنى بولسا، ئامىر ئىبنى ۋاسىلەت لەيسى بولۇپ، مەككىدە ھىجرىيە 110 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، مەدىنىدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن ساھابى مەھمۇد ئىبنى رەبىئۇلئەنسارى، ھىجرىيە 99 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، ۋاسىلەت ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، شامدا ئەڭ ئاخىرىدا ھىجرىيە 86 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، ئابدۇللا ئىبنى بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيە 96 ـ يىلى ھىمسىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك ئەنسارى بەسرەدە ئەڭ ئاخىرىدا ھىجرىيە 93 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، بۇ چاغدا ئەبۇ ھەنىيفە 13 ياشتا ئىدى. بەزىلەر ئەبۇ ھەنىيفە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرگەن، تابىئىن دىيىشىدۇ، ئىمام مالىك رەھمەھۇللا بولسا،ئۇچاغدا بىر ياشتا ئىدى، چۈنكى ئۇ، ھىجرىيە 94 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ ئەۋپارەز ھىجرىيە 87 ـ يىلى كۇپىدە ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن ساھابە.

ئابدۇللا ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 89 ـ يىلى مىسىردا ئۆلۈپ كەتكەن، ئاخىرقى ساھابە.

خۇلاسە كالام شۇكى، 110 - يىلدىن باشلاپ ساھابى قالمىغان، شۇ يىلى ئاخىرلاشقان، كىم ئۇندىن كېيىن ساھابىلىق داۋاسى قىلسا، ياكى مەن ساھابىدىن ئاڭلىغان دېسە، ئۇ كاززاپ، يالغانچى ھېسابلىنىدۇ،خۇددى روتنى كاززاپدەك، بۇنىڭغا سەھىھى ھەدىس دەلىلدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدىن بىر ئاي بۇرۇن، 100 يىل توشقاندا، يەر يۈزىدە ھايات تۇرغان كىشىدىن بىرسىمۇ قالمايدۇ دىگەن. مۇسلىم خاتىرلىگەن، سەھىھ ھەدىستۇر. بۇ ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن، خىزىر ئەلەيھىسسالام ھايات دىگەنلەرگە قاتتىق رەددىيە بىرىلگەن، ۋە ئۇ توغرۇلۇق ھەدىسلەر يالغان دىگەن، راۋىي ساھابىنى تىلغا ئالمىسا، ھەدىس ئىسنادى، يولى ئۈزۈك، زەئىپ بولىدۇ.

ئەڭ كۆپ ھەدىس سۆزلىگەن ساھابىلەر.

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 5374.

2. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 2630.

3. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 2286.

4. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەدىسى 2210.

5. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 1660.

6. جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 1540.

7. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 1170.

ھەدىسى ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىش، ھەمزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك، ياكى خەلىپە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك، ياكى ھەر ئىككى سەۋەب بۇلۇش ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى يىل كىيىنلا، شۇنداقلا مەشغۇللىقى كۆپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسلىرى ناھايىتى ئازدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرۈپ ئۇچراشمىغان، كۆرۈشمىگەن كىشى مۇخىزەرىم دىيىلىدۇ. ساھابە بىلەن تابىئىن ئارىسىدا تۇرىدۇ، بەلكى، چوڭ تابىئىنلار قاتارىدۇ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ سانى 40دىن ئاشىدۇ، ھەدىسلىرى مۇرسەل قاتارىسىدا ھېسابلىنىدۇ.

تابىئىن بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن ھالدا، ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىدۇر، ئۇنىڭدىن كىيىنكىسى ئەتباﺋ دىيىلىدۇ. تابىئىنلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، سانى ئېنىق ئەمەس، بۇلار چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ.

مەسىلەن: سەئىيد ئىبنى مۇسەييىب رەھمەھۇللا، ئۇرۋەت، ئەلقەمەت، ئىبنى قەيسلار چوڭ، ھەسەن بەسرى، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىين، مۇجاھىد ئىكرىمەت، قەتادە، شۇئىبى، زۇھەيرى، ئەتائ، ئومەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، سالىم ئىبنى ئابدۇللائىبنى ئۆمەرلەر ئوتتۇرانجى تابىئىنلاردۇر. ئىبراھىم نەخئى يەنى ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ شەيخى، ئەبۇ زەناد يەھيا ئىبنى سەئىدلەر كىچىك تابىئىنلار. ئەنە شۇلار سەلەپ  سالىھلاردۇر. ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەر ئەقىدىسىدە ئىشەنچىلىك ئادىل تەقۋادار كىشىلەر، ۋەھى زامانىسىغا يېقىن كىشىلەردۇر.ئۇلارتائىپەتۇمەنسۇر دەپمۇئاتىلىدۇ. ھەدىسنى تەتقىق قىلماقچى بولسىڭىز، نەسەپ، لەقەم، سۈپەت، ئىسىم، كىنايە، ۋەتەن، جاي، قەبىلىسىنى بىلىشدىن سىرت، مۇنداق تارىخلارنى بىلىشىڭىز شەرىت، ئاددى بىر مىسال:

1. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 63 يېشىدا ھىجرىيە 11 ـ يىلى رەبىئولئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى دۈشەنبە، چاشكا ۋاختى بىلەن ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى  ئوڭۇمدا، ئەمەلىيەتتە كۆردۈم دەپ ساھابىلىق داۋاسى قىلغان كىشى كاززاپ، يالغانچى بولىدۇ.

2. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، 63  يېشىدا، ھىجرىيە 13 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

3. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 23 ـ يىلى ھەج ئېيىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

4. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 35 ـ يىلى 82 ، يەنە بىر خاتىرىدە 90 يېشىدا شېھىد قىلىنغان.

5. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 40 ـ يىلى 63  يېشىدا  رامىزان ئېيىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولغان.

ھەكىيم ئىبنى ھىزام، ھەسسان ئىبنى سابىتلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، 60 يىل جاھالىيەتتە، 60 يىل ئىسلامدا ياشاپ، 120 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، ئىككى ساھابە، ھىجرىيە 54 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا، ھىجرىيە 80 ـ 150 ــ يىلى ۋاپات بولغان.

مالىك ئىبنى ئەنەس رەھمەھۇللا، ھىجرىيە 93 ـ 179 ــ يىلى ۋاپات بولغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافئى رەھمەھۇللا، ھىجرىيە 150 ـ 204 ۋاپات بولغان.

ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا، ھىجرىيە 164 ــ 241 ۋاپات بولغان.

بۇ تۆت ئىمامنىڭ تارىخى تەپسىلاتى تۆت فىقھى كىتابلاردا بار.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى 194 ــ 256 ـ ھىجرىيە.

مۇسلىم ئىبنى ھەججاج نىيسابورى رەھمەھۇللا، 204 ــ 261 ـ ھىجرىيە.

ئەبۇ داۋۇد سەجىستانى رەھمەھۇللا 202 ــ 275 ـ ھىجرىيە.

ئەبۇ ئەيسا تىرمىزى رەھمەھۇللا 209 ــ 279 ـ ھىجرىيە.

ئەھمەد ئىبنى شۇئەيىب نەسەئى رەھمەھۇللا 2124 ــ 303 ـ ھىجرىيە.

ئىبنى ماجە قوزۋىينى رەھمەھۇللا 207 ــ 275 ــ ھىجرىيە

دارمىي رەھمەھۇللا 181 ــ 255 ــ ھىجرىيە، 75 ياش، سەمەرقەنتتە تۇغۇلغان. بۇلار مۇھەددىسلەرنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان تارىخى، تەپسىلاتى تارىخ كىتابلىرىدا ھەدىس كىتابلىرىدا فىقھى كىتابلىردا مەۋجۇددۇر.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا، ھەدىس كىتابلىرى توغرىسىدا مۇنداق دىگەن:

1. سەھىھۇلبۇخارى بۇ كىتابنى مۇھەددىس 16 يىل جەريانىدا ئىزدىنىپ كۆپ جاپا ــ مۇشەققەت تارتىپ، 600000 ھەدىستىن تاللاپ، ھەربىر سەھىھ ھەدىسنى، غۇسلى ــ تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ يازغان، پەقەت سەھىھ ھەدىسلەرنى يازغاندۇر. كىتابى پۇتكەندە، ئۇنى ئىمام ئەھمەدكە، يەھيا ئىبنى مەئىين، ئەلى ئىبنى مەيدەنى ۋە باشقىلارغا سۇنغان، ئۇلار ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ دەپ ماختاپ، سەھىھ ئىكەنلىكىگە شاھىد، گۇۋاھچى بولغان. بارلىق ئالىملار، قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلغان، بۇ ئەھۋال ھەربىر زاماندا يۈز بەرگەن.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر بىلەن زەھەبي رەھمەھۇللا ۋە باشقىلار ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، سەھىھۇلبۇخارى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئېىسل، كاتتا، ئەۋزەل كىتابى دىگەن.

ئومۇمى ھەدىسى 7397 ، تەكرارنى ئېلىۋەتكەندە 2602 ھەدىس باردۇر. بۇ ھاپىز ئىبنى ھەجەرنىڭ تەھىرلىشىدۇر. باشقىلار 4000 دىگەن. بەلكى ساھابىلار، تابىئىنلار سۆزلىرىمۇ باردۇر.

2. سەھىھۇلمۇسلىم ئەڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلانغان، ئىمام نەۋەۋى مەدھىيلەپ، ماختاپ سۆز يازغان، ۋە شەرھى يازغان، تەكرار بىلەن 7275 ، تەكرارسىز 4000 ھەدىس بار.

سەھىھ مۇسلىمنى بارلىق ئالىملار سەھىھ دەپ ئىتتىپاققا كەلگەن. بۇخارىدىن قالسا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ياكى يېقىن تۇرىدۇ.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا: بۇخارى رەھمەھۇللا، سەھىيلىكتە ئۈستۈن بولسا، مۇسلىم سانائىتىنىڭ، تەسىسنىپىنىڭ گۈزەل، ياخشىلىقىدا ئۈستۈن دىگەن ھەدىسلىرى ئوخشاشلا سەھىدۇر.

3. نەسەئى ئالدى بىلەن سۇنەنۇلكۇبرا دىگەن كىتابنى يېزىپ، سەھىھ ھەدىسنى شۇنداقلا، ئىللىتى بار ھەدىسلەرنى توپلىغان، كىيىن، بۇ كىتابنى قىسقارتىپ، مۇجتەبا، تاللانغان ھەدىسلەر دەپ ئاتىغان، ئۆز نەزلىدە

سەھىھ دەپ قارىغان ھەدىسلەرنى توپلىغان، ئۇنىڭ بۇ كىتابى بۇخارى، مۇسلىمدىن قالسا، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. زەئىپ ھەدىسلىرى ئىنتايىن ئازدۇر، قاتتىق تەكشۈرۈپ قاتتىق شەرت قويىغاچقا، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى، ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: ئەبۇ داۋۇد بىلەن تىرمىزى ھەدىسلىرىنى يازغان، نۇرغۇن كىشىلەردىن نەسەئى ھەزەر قىلغان. نەسەئىيدا تەكرار بىلەن قوشۇپ، 5758 ھەدىس بار، بەزىلەر 5662 دېگەن. تەكرارسىز 2525 ھەدىس باردۇر. خۇلاسىسى 120، قىسقارتىلغىنى 2358 ھەدىستۇر.

4. ئەبۇ داۋۇد، 4800 ھەدىسنى 500000 ھەدىسدىن تاللىغان، مەخسۇس فىقھى ھۆكۈم ھەدىسلىرى باردۇر، سەھىھ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەرنى يازغان، كۆپىنچىسى مەشھۇردۇر. ئىمام سۇيۇتى، ئەبۇ داۋۇدنىڭ سالىھ دېگەن سۆزى ھۆججەت، دەلىل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ئېتىبار، ئىبرەت ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە ئۇ زەئىپ ھەدىسلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ سۆز قىلمىغان ھەدىسلەر ھەسەن، دېگەن.

ئىبنى مۇنذىر دېگەن ئالىم، ئەبۇ داۋۇد بىرەر بابقا سەھىھ ھەدىسنى تاپالمىسا، زەئىپ ھەدىسلەرنى يازغان، چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىدا زەئىپ ھەدىس كۆز قاراشىدىن ياخشى ئىكەن دېگەن.

ئەبۇ داۋۇدتا پۈتۈنلەي فىقھى ھەدىسلىرى بولغاچقا، فىقھى ئالىملىرىنىڭ نەزلىدە مەشھۇردۇر، ئۇ كىتابنى يېزىپ بولۇپ، ئىمام ئەھمەدكە سۇنىدۇ، ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللا، ياخشى دەپ باھا بېرىدۇ، كاتتا سانايدۇ، ئىبنى قەيۇممۇ مەدھىيلەيدۇ، بۇ كىتابتا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەر باردۇر.

5. تىرمىزى بۇ مۇھەددىس كىتابىغا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەرنى يازغان بولۇپ، ھەربىر ھەدىسنىڭ ئورنىنى ھۆكمىنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپ قويغان، كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئىلەل ئىسمىلىك مەزمۇن قويۇپ، نۇرغۇن پايدىلارنى يازغان، بۇ كىتابتىكى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىنغاندۇر. ھىجاز، ئىراق، خاراسان ئەھلى بۇ كىتابنى ياخشى ساناپ مەدھىيلىگەن. ئىبنى رەجەب بۇ كىتاب توغرىسىدا مۇنداق دېگەن، تىرمىزى كىتابىدا سەھىھ، ھەسەن، غەرىپ، مۇنكەر ھەدىسلەرنى يازغان. تىرمىزىدا 3891 ھەدىس بار، ئەھمەد شاكىر 3956 دېگەن. تەكرارسىز 3367 ھەدىس، خۇلاسىسى 90، قىسقارتىلغىنى 2549 ھەدىس.

6. ئىبنى ماجە، ئومۇمى ھەدىسى 4332، ئابدۇلباقى 4341 دېگەن. ئەئزەمى 4397 دېگەن، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا 4341 دېگەننى يازغان، تەكرارسىز 3978 ھەدىس بار. خۇلاسىسى 198، قىسقارتىمىسى 3858 ھەدىس. بۇ كىتاب ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ئالتىنجىسى، لېكىن، ھەممىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىبنى ماجە تەنھا، يالغۇزلا خاتىرلىگەن، ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى زەئىپ، ھەتتا، مۇنكەر ئىكەنلىكى مەشھۇردۇر. ئەلبانى رەھمەھۇللا ئۇنىڭ948 ھەدىسنى زەئىپ دېگەن، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەرنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم چىقارغان. ئىبنى ماجە 1339 ھەدىستە يالغۇز قالغان، تەنھا ئۆزىلا خاتىرلىگەن، دەل مۇشۇلاردا زەئىپ، مۇنكەر ھەدىسلەر بار بولۇپ، بۇ مەشھۇردۇر.

7. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللانىڭ مۇسنەد ناملىق ھەدىس كىتابى تەكرار بىلەن 40000 تەكرارسىز، 30000 ھەدىس بولۇپ، ئوغلى ئابدۇللا زىيادە قىلىشۇتكەن. كومپيۇتېر پىلاستىنكىسىدا 27100 ھەدىس بار، تەكرارسىز 9339 ھەدىس بار دېيىلىدۇ، قىسقارتىلمىسى 7275 ھەدىس. مۇھەددىس بۇ

ھەدىسلەرنى 75000 ھەدىسدىن تاللاپ يازغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، دىن، دۇنيالىقتا زور پايدىلىقتۇر، ھەربىر مەسىلىگە مەخسۇس ھەدىس يازغاندۇر.

ئالىملار بۇ كىتاب ئۈستىدە مۇنداق قارىدى.

1. بۇ كىتابدىكى بارلىق ھەدىسلەر ھۆججەت بولالايدۇ.

2. ئۇنداق ئەمەس، بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، ھەتتا يالغان ھەدىسلەر بار ، بولۇپمۇ ئوغلى ئابدۇللا زىيادە قىلغىنى كۆپىنچىسى زەئىپ، يالغان، ئىبنى جەۋزى 29 ھەدىسنى يالغان دىدى، ئىراقى ئۇنىڭ ئۈستىگە يانا توققۇز ھەدىسنى قوشۇپ، 38 يالغان ھەدىس بار دىيىلدى.

3. بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىس بار بولسىمۇ، يالغان ھەدىس يوق دىدى. بۇ خىل كۆزقاراشقا ئىسلام پىشۋاسى ئىبنى تەيمىييە، ئىمام زەھەبى، ئىبنى ھەجەر، ئىمام سۇيۇتىلار يۈرۈپ كەتتى، ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دىگەن، بۇ مۇسنەد كىتاب، ئەبۇ داۋۇددىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، ئەبۇ داۋۇد ھەدىس خاتىرلىگەن، نۇرغۇن كىشىلەردىن ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللا يۈز ئۆرىگەن، قويغان شەرتلىرى، تەلەپلىرى قاتتىقتۇر، زەئىپ، ھەتتا يالغىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ زىيادە ئارتۇق قوشۇپ قويغىنىدا باردۇر، بۇنى ئىلمىسىز كىشىلەر ئەھمەدنىڭ ھەدىسى دەپ گۇمان قىلىپ قالغان دىگەن. بۇ كۆز قاراشلارنى خۇلاسىلىغاندا، بۇ كىتابدا سەھىھ ھەدىسلەر بار، زەئىپ ھەدىسلەرمۇ بار، لىكىن، بۇ زەئىپ ھەدىسلەر ھۆججەت بولالمايدۇ دىيىلمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ ھەسەن مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ، خۇددى، ئىمام سۇيۇتى دىگەندەك، يالغانلىرى بولسا، ئوغلىنىڭ زىيادىلىرىدە باردۇر.

بۇ كىتاب توغرىسىدا ئىبنى ھەجەر بىلەن ئىمام سۇيۇتى ئادۇكاتتەك ئاقلاپ، يالغان دىيىلگەن، ھەدىسلىرىگە بىرمۇ بىر باھا بىرىپ، چۈشەنچە بەرگەن. بۇ كىتابنى يەتتە قىسمىلىق قىلىپ، بابلاشتۇرۇپ، مۇندەرىجىلىك قىلىپ تۈزگەن، شەرھى يازغان كىشىنىڭ ئىسمى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇرەھمان، كىتاب ئىسمى، پەتھۇررەببانىدۇر.

8. دارمى سەھىھ كىتابلار قاتارىسىدا توققۇز كىتاب پروگراممىسىدا بار، ئومۇمى ھەدىسى 3367، تەكرارسىز 1668 ھەدىس باردۇر. بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەر بار بولۇپ، ئەمەل قىلىنىدۇ، زەئىپلىرى تەكشۈرۈلىدۇ، مۇشۇ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىغا سەھىھ ھەدىسلىرى كىرگۈزۈلگەن.

9. مالىك مۇئەتتا، ئومۇمىي ھەدىسى 1891 ــ ھەدىس، بەزىلەر 1594 دىگەن، بىز ئەمدى، ئىمام سۇيۇتىينىڭ كىتابلارغا بەرگەن باھاسىنى يازىمىز. بۇ سۆزلەر جامىئۇسسەغىير ناملىق ھەدىس كىتابىدىن ئېلىنغان ئىمام سۇيۇتى مۇنداق دىگەن، «ۋاپاتتى ھىجرىيە 911 ــ يىلى»

بۇخارى، مۇسلىم زادى سەھىھ، ئىبنى ھەببان، ھاكىم مۇستەدرەك، ئىبنى خۇزەيمە، زىيائولمەقدەسى، ئەبۇ ئەۋانە، ئىبنى سەكەن، مالىك مۇئەتتا، بۇلاردا سەھىھى ھەدىسلەر بار، لىكىن، ھاكىم مۇستەدرەككە سۆز قىلىندى، توغرا، بىز بۇ سۆزنى يۇقىردا يىزىپ بولدۇق،توتدەن بىرى زەئىپ ، 100 يالغان ھەدىس بار دىيىلگەن.

ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، ئەھمەد ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ زىيادىلىرى، ئابدۇرەززاقنىڭ كىتابى ئىبنى مەنسۇر، ئەبۇ شەيبە، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى ئەۋسەت، دارىقۇتنى، بەيھەقى قاتارلىق بۇ كىتابلاردا سەھىھ ھەدىسمۇ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەرمۇ باردۇر، ئەھمەدنىڭ ئوغلىدىن باشقا ئۆزى چىقارغان ھەدىسلىرى مەقبۇل، قوبۇل قىلىندى، ھۆججەت بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى زەئىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ دىگەن.

ئۇقەيلى، ئىبنى ئەدى، خەتىيبۇلبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى جارۇد، دەيلىمى پىردەۋس، ھاكىم تارىيخى، بىز يۇقىردا دىگەن ئەبۇ ئەيسا تىرمىزىدىن باشقا ھەكىيم تىرمىزىلار زەئىپتۇر دىگەن، مانا بۇ ئىمام سۇيۇتىنىڭ باھاسى.

ئەسكەرتىش؛ تۆۋەندىكى ھەرپلەر بىلەن قىلىنغان ئىشارەتلەر ، مۇنداق ئىسملارنى كۆرسىتىدۇ.

خ؛ بۇخارىي، م؛ مۇسلىم، تخ؛ بۇخارىي تارىخىدا، خد؛ بۇخارى ئەدەپتە، ن؛ نەسەئي، ت؛ تىرمىزي، د ؛ئەبۇداۋۇد ، ھ ، ه ؛ ئىبنى ماجە ، 4 ؛ يۇقىرقى توت كىتاپ ، 3 ؛ئىبنى ماجەدىن باشقا، ن، ت، د، ئۈچ كىتاپنى كۆرسىتىدۇ. ھەب ؛ ئىبنى ھەببان، ك ؛ ھاكىم ، زاد ھەرفي ؛ زىيائۇلمەقدەسى ، ھەم ؛ ھامىم ؛ ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل ، ئەيىن بىلەن م؛ ئۇنۇڭ ئوغلى ئابدۇللانى كۆرسىتىدۇ.ئىتقي تە ھەرپي؛ تەيالىسي، ئەيىن بىلەن بە ھەرپى ئابدۇررەززاقىدۇر . ساد ھەرپى ؛ سەئىد ئىبنى مەنسۇر نى كۆرسىتىدۇ ، ش ؛ ئىبنى ئەبۇ شەيبە ، ئەيىن بولسا ئەبۇيەئلا ، ئىتقي تەسي بىلەن ب ؛ تەبراني.ئىتقي تە بىلەن س؛ تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان ، ق ؛ بەيھەقىي ، ق بىلەن ئىتقي تە ؛ دارىقۇتني ،ئەيىن بىلەن ق ؛ ئۇقەيلى ، ھب ؛ بەيھەقي شوئىبلئىماندا ، ئەيىن بىلەن د ؛ ئىبنى ئەدي.خ بىلەن ئىتقي تە ؛ خەتىيبولباغداد ، فر ؛دەيلىمي فىردەۋىستە توپلىغاننى كۆرسىتىدۇ.كر ؛ ئىبنى ئەساكىر. بۇلاردىن باشقا ئىبنى خۇزەيمە ، خەرائىتي ، ئىبنى سەئىد ، سەمۇيىھ ، ئىبنى قانىئ ،باۋرۇدي جارۇد ،ئىبنى جەرىر تەبرىي ، ھەل ؛ يەنى ئەبۇ نۇئەيىم قاتارلىقلار باردۇر.ھەدىس كىتاپلىرى كۆپتۇر .

(بۇكىتاپنىڭ بىرىنجى ۋە ئىككىنجى قىسمىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ، شەرھى ـ ئىزاھاتى تىرناق ئىچىگە ئېلىندى)

مۇھىم بىر سۆزنى ئەسكەرتىمەنكى، خۇددى قۇرئان ئايىتىنىڭ تەرجىمىسى ۋە تەپسىرى قۇرئان ھېساپلانمىغاندەك، ھۆكۈم پەقەت تەرجىمە تەپسىردىن ئەمەس، بەلكى، قۇرئان ئايىتىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغاندەك، بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئەسلى ئەرەب تىلى بولغان نۇسخىسىدىن ھۆكۈم ئېلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئەقىدە، ئەھكام، ھالال ــ ھارام مەسلىلىرىدە شۇنداقتۇر. تەرجىمىسىدىن ھۆكۈم ئېلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇ دىگەن تەرجىمە. ئايەت، ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلساق، بىر مەناسىنى بەرسەك، يەنە نۇرغۇن مەناسى قېلىپ قالىدۇ.

قۇرئان، ھەدىسنى تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس،
تەرجىمە ، بەزى مەنىسىنى بايان قىلىۇر ھەممىنى ئەمەس،
قۇرئان ـ ھەدىس لەبزىنىڭ تەفسىيرى،ئۇنىڭ بەزىسىدۇر،
بەزى ئايەتنىڭ مەئنىسى،توپلامدىدۇر،بىردىلا ئەمەس.

ئۇنىڭ ئۇستىگە كەڭ خەلق ئاممىسى، ھەدىس ئىلمى، فىقھى ئىلمىدىن 20، 30 يىل تەتقىقاتتىن، تىل تەتقىقاتتىن مەنا بايان ئىلىملىرىدىن،ئۇسۇل ئىلمىدىن خەۋەرسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمنى يەنىلا موللا، ئالىم، مۇھەددىس، فىقھشۇناس، تەپسىرشۇناسلار ئالسۇن، سىلەر پەقەت تەرجىمىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمدىن باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىڭلار،

ئالىملار ئېلىپ بەرگەن ھۆكۈملەرگە ھەدىسلەرنى دەلىل _ئىسپات قىلىڭلار.

خۇددى ھۆكۈم ئايەتلىرى 150 دىن 170گىچە بولغاندەك، ھۆكۈم ھەدىسلىرىمۇ 500دىن 1000غىچە بولۇشى مۇمكىن،شۇڭا بىز تەرجىمىسىنى يەتكۈزۈۋەردۇق.ئەرەپلەرگەئوخشاش ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىمۇ پايدىلانسۇن دىدۇق. ئاللاھ ھەممىمىزنى ھىدايەت قىلسۇن، توغرا يولغا سېلىپ، ئاخىرەتتە جامالىنى بەرسۇن، ئامىن!

## يالغان ھەدىس توغرىسىدا

### 1. يالغان ھەدىسنىڭ پەيدا بولۇشى

ھەممىمىزگە مەلۇم، مۇشۇ ئىسلام دىنىغا قەدەر بارلىق دىنلار ئۆزگىرىپ يالغان سۆز، تۆھمەت، ئەپسانە، رىۋايەت، ھىكايىلەرگە توشۇپ كەتتى، يەھۇدىيلار، ناسارالار، دىن دۈشمەنلىرى مۇشۇ ئىسلام دىنىغىمۇ سۇيىقەست قىلىۋاتىدۇ، ئۈيدۇرما، يالغان، ئىسرائىلىيە ھىكايىلىرىنى قوشۇپ قويماقتا، ئاللاھ، بۇ توغرىسىدا ئۇلارنىڭ دىنىنى ئۆزلىرى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، تەۋرات، ئىنجىلنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆزگەرتكەنلىكىنى، قوللىرى بىلەن يېزىپ بۇنى، ئاللاھ دىدى دەپ بۆھتان چاپلىغانلىقىنى سۆزلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىر مۇسۇلمان بىلەن بىر يەھۇدى بىللە بولسا، چوقۇم شۇ يەھۇدى، مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇدۇ دىگەن. (ئىبنى كەسىر تەپسىرىدىن) ئەگەر ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى بىر مۇسۇلمانغا شۇنداق بولسا، ئىسلام دىنىغا،ۋەبارلىق مۇسۇلمانلاررغا قانداقتۇ ھە!

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەھىھ ھەدىسلەردە مەندىن كېيىن ئوتتۇز كىشى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىقىدۇ، تېخى تۆتى ئايال كىشى دىگەن. بۇ خىل ھادىسە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات چاغدىلا يۈز بېرىپ، مۇسەيلىمە كاززاپ چىققان، ئەلۋەتتە،بۇ، يالغان ھەدىس، چوقۇم چىقىدۇ دىگەن بولىدۇ _د ە،. يەنە كىمكى ماڭا مەن دىمىگەن سۆزنى بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن، دەپ يالغان سۆزلىسە، دوۋزاختا كىرىدۇ دىگەن. بۇ ھەدىس مۇتتەپەقۇن ئەلەي، مۇتىۋاتىردۇر، يەنە كىمكى، ھەدىسنىڭ يالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرسا، يەنىلا يالغان ھەدىسنى سۆزلىسە، ئۇمۇ توقۇپ چىققۇچىغا ئوخشاش، كاززاپ ھېسابلىنىدۇ، ئىككى كاززاپنىڭ بىرسى شۇ دىگەن، بۇ ھەدىس، ئەھمەد رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ «مۇسەد»تە بار. يەنە (نۇرغۇن كاززاپلار چىقىدۇ، ھەزەر قىلىڭلار) دىگەن ھەدىس، سەھىھ، فىقھى ئالىملار، يالغان ھەدىسنى ئاڭلاپ تۇرۇپ رەددىيە بەرمىسە، جىم ئولتۇرسا، ئۇمۇ كاززاپ سانىلىدۇ. چۈنكى، شۇ كىشى سەۋەبلىك كىشلەر شۇ ھەدىسنى ياكى يالغان پەتىۋانى راستكەن دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ دىگەن.

ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەر مەۋجۇد بولدى، ھەتتا، كىتابلىرىمۇ ئاشكارىلاندى، بىز يۇقىرىدا دىگەندەك بۇ قىلمىشنىڭ جىنايىتى ئېغىر، قەدىمقى ئىسلام خەلىپىللىرى يالغان ھەدىس توقۇپ چىققۇچىنىڭ

كاللىسنى ئالغان، ئۇنداق بولمىسا، بۇ دىن، بۇ چاغقىچە يوقىلاتتى، يالغان ھەدىس تۇقۇش قەتئىي ھارام ئىشتۇر، دوۋزاختىقا كىرىپ كېتىدىغان ئىشتۇر، بولمىسا بىز بۇنچە ئاۋارە بولۇپ، خىزمەت ئىشلىمىگەن بولاتتۇق.

يالغان ھەدىس، ئىستىلاھدا «مەۋزۇئ» دىيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىمىگەن بىر سۆزنى دېدى دېسە، ياكى قىلمىغان بىر ئىشنى قىلدى دېسە، ئۇ يالغان ھەدىس توقۇغۇچى بولۇپ، جىنايەتچى ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىدا ئېغىر جىنايەت، قاتتىق ھارام ئىش، بۇنداق ھەدىسنى دىيىشمۇ، سۆزلەپ يۈرۈشمۇ دۇرۇس ئەمەس، پەقەت بىزگە ئۇخشاش ماۋۇ يالغان دەپ قويۇپ، ئاگاھلاندۇرۇرسا، يالغان دىگەن سۆزنى دىيىش، ئاشكارىلاش بىلەن ھەزەر قىلدۇرسا، خاتالىقدىن توسسا دۇرۇس، بولمىسا دەپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ.

ھازىر بىز نۇرغۇن بىدئەت، يالغان ھەدىسلەرنى دەپ قويساق، ئەمەل قىلىپ كېتىدىغان ئەخمەق كىشىلەر، نادان، جاھىل موللىلار مەۋجۇد، قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم.

يالغان ھەدىسلەر شۇ ھەدىسلەرنى توقۇپ چىققۇچىنىڭ ئىقرارى بىلەن تونۇلىدۇ ياكى تارىخ ئارقىلىق تېپىۋالغىلى بولىدۇ، راۋى، تارىخنى، يىلنى، ماكاننى سۆزلەيدۇ، ئەمەلىيەت ئۇنداق چىقماي قالىدۇ ــ دە، بىز شۇئان يالغاننى بايقايمىز. تارىخ مۇھىم قۇرال ھېسابلىنىدۇ. ياكى راۋى ھەدىس سۆزلىگۈچى، مەزھەپ تەرەپبازى، باشقا يات ئەقىدە، پارتىيە، گورۇھ، مىللەت تەرەپبازى بولىدۇ ــدە، يالغان چىقىدۇ. ئالىملار ھەرخىل تەتقىق قىلىپ، ئايەتكە سەھىھ ھەدىسكە زىت مۇخالىپ بۇنداق يالغان سۆزلەرنى ئاسانلا بىلىۋالىدۇ، شۇڭا، مۇشۇنداق كىتابلار تۈپلاندى. (مۆئمىننىڭ قەلبى، پاراسەت بىلەن كۆرىدۇ)ھەس بىلەن تۇنۇلىدۇ.

يالغان ھەدىس ئىسلام دىنىغا زور زىيان سالىدۇ، دىن ئاپىتى ھېسابلىنىدۇ، ئاللاھ، ۋە رەسۇلۇللاھقا تۆھمەت، بۆھتان قىلىشدىنمۇ ئېغىر جىنايەت يوق، مۇسۇلمانلار ئالدىنىدۇ، خاتا ھۆكۈم،خاتا پەتىۋا بېرىلىپ، ھالال ــ ھارام،ھارام ـ ھالال قىلىنىدۇ، ئىختىلاپ، زىددىيەت، توقۇنۇشلار چىقىپ، ئاپەت ياميرايدۇ، بۇنىڭ زىيىنىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولماس، ھەزەر قىلىڭ.

## يالغان ھەدىسنىڭ مەيدانغا چىقىش سەۋەبلىرى

1. بەزىلەر، كىشىلەرنى ئىبادەتكە قىزىقتۇرۇش، ھارامدىن توسۇش، زاھىدلاشتۇرۇش، (سوپىزىم قاتارلىق سەۋەبلەردىن،) ئاللاھ رازىلىقنى كۆزلەپ يالغاندىن ھەدىس توقۇيدۇ، ياكى مۇبالىغە قىلىپ، راستنى يالغانغا ئايلاندۇرىدۇ، ياكى بىرەر ئېغىز سۆز قوشۇپ قويۇپ، بۇرمىلايدۇ، ساۋاب كۆتۈپ قىلدىم دەپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە خاتا، خۇددى، بەيزاۋىنىڭ ھەربىر سۈرە ئاخىرىدىكى يالغان ھەدىيسىدەك، بۇ ھەدىسنى توقۇغۇچى، ئىقرار قىلىپ، مەن كىشىلەرنىڭ قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈپ، فىقھىغا دۇم چۈشكىنىنى كۆرۈپ، قۇرئاننى كۆپ ئوقۇسۇن دەپ توقۇپ چىققان دىگەن. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى مەيسەرەت ئىبنى ئابىدۇ رەببىھ بولۇپ، ئىبنى ھەببان «زۇئەياۋ» دىگەن كىتابىدا سۆزلىگەن.

2. بەزىلەر مەزھەپ، پارتىيە، گورۇھ، سىياسەت سەۋەبىدىن يالغان ھەدىس توقۇپ چىققان، خۇددى، شىيئەلەر، ئەلى ئىنسانىنىڭ ياخشىسى دىگەندەك،باشقىلار ئەبۇ ھەنىيفە ئۇممىتىمنىڭ چىرىغى دىگەندەك.(بۇئىككى ھەدىس يالغان)

3. بەزىلەر، بولۇپمۇ دىنسىزلار، ئىسلام دىنىغا سۇيىقەست قىلىپ، يالغاندىن ھەدىس توقۇپ چىققان، ھەتتا، تەپسىرگىمۇ قەس قىلغان، لۇغەتمۇ شۇ. خۇددى (مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ) دىگەن سەھىھ ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا لېكىن ئاللاھ خالىسا، دىگەندەك سۆزنى قىستۇرغاندەك، ئەقىدە، ئىبادەتتە نۇرغۇن بىدئەتنى پەيدا قىلىپ، ئىسلام دىنىغا زور زىيان (ئاپەت) سالىدۇ. بۇلار، ھەردائىم مەۋجۇد، يەھۇدى، ناسارالار ۋە دىنسىزلارغا قاراڭلار، ئۇلارنىڭ ھەرخىل پىتنە ــ پاساد بىلەن ئىددىيىنى، ئەقىدىنى بۇزۇش، شەيتانلاشتۇرۇش ھەرىكىتىگە دىققەت!.

4. يەنە بەزىلەر پادىشاھ، خەلىپىگە ئۇستاز، ئالىملارغا يېقىن بولۇشنى كۆزلەپ، ھەدىس توقۇيدۇ، كەپتەر ۋەقەسىدەك.

5. بەزىلەر بولۇپمۇ تارىخچىلار، قىسسىچىلەر، ھېكايە توقۇپ پۇل ــ مال تېپىپ، كەسىپ قىلىدىغانلار، يالغاندىن توقۇپ چىقىدۇ.

6. بەزىلەر شۆھرەت، يۈز ــ ئابرۇينى دەپ ياكى مەنمەنلىك بىلەن بىلىمدارلىق قىلىپ توقۇيدۇ، يەنە بەزىلەر نادانلىقدىن ھەدىسكە باشقا سۆزنى قىستۇرۇپ ئاڭلاپ، ھەدىس دەپ سۆزلەپ يازغۇزىدۇ، ياكى يېزىۋالىدۇ. بەزىلەر، ھاكىمىيەت دىنسىز بولۇپ، ئۇلاردىن قورقۇپ، يالغان ــ ياۋىداق ھەدىس، ئەپسانە، ھېكايىلەرنى توقۇپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئازغىنە مائاشقا سېتىلىپ، جان باقار كوچىغا كىرىۋېلىپ، يالغاننى توقۇيدۇ، بەزىلەر جىنغا ئىشىنىپ يالغاننى توقۇيدۇ، بولۇپمۇ سوپىزىمدا يالغان ھەدىس، يالغان ھېكايە، ئەپسانىلەر ساماندەك كۆپ، ھەزەر قىلىڭ.

بەزى ئالىملار بىلىپ ــ بىلمەي سەۋەنلىكدىن تەپسىر كىتابلىرىغىمۇ يالغان ھەدىس، يالغان ھېكايە، ئىسرائىلىيە توقۇلمىللىرىنى كىرگۈزۈپ سالغان، مەسىلەن: سۇئىلەبىي، ۋاھىدى، زەمەخشەرى كەبىشاپىدا، بەيزاۋى، شەۋكانىلاردەك، ئالىملار ئۇنى ھازىر ئېنىقلاپ، رۇسلاپ، توغرىلاپ بولدى.

ئەڭ خەتەرلىكى: دىنسىزلاردىنمۇ بەكىرەك زىيان سېلىۋاتقان كىشى مۇنبەر تۆپىدىكىلەر، دىنسىزنىڭ سۆزىنى كىشلەر ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىسىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، نادان، تۈرۈك موللىلار مۇنبەر تۆپىدە، خۇتبىللىرىدە يالغان ھەدىسنى، ئەپسانە، ھېكايە، ئىسرائىلىيە توقۇلمىسنى ئوقۇسا، كىشلەر قوبۇل قىلىپ كەتتى، ئۇنى توسقان ھەقىقەتچىلەر ھەرخىل بۆھتان، تۆھمەتكە قالدى. ئاللاھ ئەدىۋىنى بېرەر، يا ھىدايەت قىلار، ئامىن!!!

ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

**يالغان ھەدىسلەر مەۋجۇد بولغان كىتابلار؛** بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەندەك، مەسابىيھىدىمۇ، زەئىب ھەدىسلەر كۆپ بولۇپ، ھەتتا يالغانلىرىمۇ مەۋجۇد ئىكەن، ئۇندىن باشقا، دوررەتوننىاسىھىين، تەنبىھۇلغافلىيىن، دەقائىقۇلئەخبار، رابغوزى يازان قىسسەسۇل ئەنبىيائ، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بىر قىسىم تەپسىر، جۇملىدىن كەلبىينىڭ تەپسىرى، سوپىزىملار تەپسىرى، كەششاپ ۋە باشقىلار.

ئىمام غەززالىنىڭ ئىھيائ دىگەن كىتابىدا زەئىپ ھەدىسلەر، ھەتتا ئەسلى يوق ھەدىسلەر مەۋجۇد، ئىبنى جەۋزى بۇ كىتابقا قارشى بىر كىتاب يازغان، يۇقىرىدا دىيىلگەن خوزائىينىڭ يالغان ھەدىسلىرى ئەربەئىون ۋەدئانىييەت يەنى 40 ھەدىس ئىكەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەسىيەتلىرى ناملىق ھەدىسلەر پۈتۈنلەي يالغان.

بۇ كىتابدا نۇرغۇن سۆزلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يالغۇز ئەلىيغىلا ۋەسىيەت قىلغانمىش، بۇ يالغان،

www.alalbany.net – الإمام محمد ناصر الدين الألباني

ئىمام سۇيۇتى «لالەئي» دىگەن كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ، زەئىپ ۋە يالغان ھەدىسلەر بار كىتابىدىن بىرسى ئىبنى ئەبى دىدونيانىڭ كىتابى، (ھازىرمۇ بازارلاردا نۇرغۇن كىتابلار بار، سىھىر توغرىسىدا، سىرلار توغرىسىدا، خەزنىينەتۇلئەسرار، چۈش تەبىرلىرىدەك) زەئىپ ھەدىسلەر مەۋجۇد دەپ قارالغان كىتابلاردىن ئۇقەيلى يالغۇز قالغان ھەدىسلەر، ئىبنى ئەدىينىڭ خەتىيبۇلبەغدادىنىڭ، ئىبنى ئەساكىرنىڭ تارىخى، دەيلىمىينىڭ، مۇسنەدۇلپىردەۋىس دىگەن كىتابى، ھاكىم مۇستەدرەك بۇنىڭ 1/4 زەئىپ 100 يالغان ھەدىس بار، بۇ زەھەبىينىڭ سۆزى.، ئىبنى جارۇدنىڭ كىتابى زەئىپ، بۇ دەلىل ــ ئىسپاتلار، ئۇسەيمىيننىڭ مۇستەلىھۇلھەدىسىدىن ئېلىندى. ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا ئەلەي: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ھەدىسلىرى.

رەجەبنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى، خىزىرنىڭ ھاياتلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر، بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا كەلگەن دىگىنى پۈتۈنلەي يالغان دىگەن (ئۆزىنىڭ كىتابىدىن) ئۇ ئاندىن يالغان ھەدىسلەرگە مىسال قىلىپ، بىر نەچچە ھەدىسلەرنى كەلتۈرىدۇ، مەسىلەن: ئەرەبلەرنى ئۈچ ئىشدىن ياخشى كۆرسەڭلار بولىدۇ. بىرىنچى، مەن ئەرەب، ئىككىنچى، قۇرئان ئەرەب تىلىدا، ئۈچىنچى، جەننەت ئەھلىنىڭ تىلى ئەرەب تىلى دىگەن ھەدىس، يالغان. ئۈممىتىمنىڭ ئىختىلاپى رەھمەت دىگەن ھەدىسمۇ يالغان. ھېلىلا ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، مەڭگۈ ياشايدىغاندەك تىجارەت قىل دىگەن ھەدىسمۇ يالغان. ھوببۇلۋەتەن مىنەلئىمان يەنى ۋەتەننى ياخشى كۆرۈش، ئىمان جۈملىسىدىن دىگەن ھەدىس يالغان. مانا شۇنداق مىساللارنى كەلتۈرۈپ، بۇلارنى يالغان دىگىنى،ئەللامە، ھەرىمەيىننىڭ ئۇستازى، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىيىن ئىدى. دەلىل ئىسپاتى تولۇق، ئۇنىڭ ھەدىس ئاتالغۇلىرى ناملىق ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتى كىتابىدىن يەنە مۇنداق سۆزلەر ئېلىندى، كىشىلەرنى ھەزەر قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەشھۇر ئىماملىرىمىزدىن ئابدۇرەھمان ئىبنى جەۋزى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ (ۋاپاتى ھىجرىيە 597) «مەۋزۇئاتولكۇبرا» يەنى يالغان ھەدىسنىڭ ئەڭ چوڭ كىتابى ناملىق كىتابى.

ئىمام شەۋكانىنىڭ (ۋاپاتى 1250 ــ يىلى ھىجرىيە

(يالغان ھەدىسلەردىكى يەنى توپلامنىڭ پايدىسى ناملىق)

ئىبنى ئىراقىينىڭ (ۋاپاتى 963 ــ يىلى ھىجرىيە)

(يالغان ھەدىسدىن پاك شەرىئەتنى تازىلاش دىگەن ئەسرى قاتارلىق كىتابلاردا يالغان ھەدىسلەر توپلانغان دىگەن.

ئۇسەيمىيننىڭ (ۋاپاتى 2001 ــ يىلى مىلادىيە) دىيىشىچە، يالغان ھەدىسنى توقۇغۇچىلارنىڭ مەشھۇرى، خەلىپە ئەبۇ جەئپەر مەنسۇر دارغا ئاسقان مۇھەممەد ئىبنى سەئىد دىگەن كىشى بولىدۇ. بۇ كىشى مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، لېكىن ئاللاھ خالىسا كېلىدۇ دىگەن ھەدىسنى توقىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان. ئاندىن كېيىنكىسى بولسا، ئىسھاق ئىبنى نەجىيھولمولتى، مەئمون ئىبنى ئەھمەد ھەرۋى، مۇھەممەد ئىبنى سائىبە كەلبىي، موغەيرەت ئىبنى سەئىيد كوپىي، موقاتىل ئىبنى سۇلايمان، ۋاقىدى، ئىبنى ئەبى يەھيا قاتارلىقلار كاززاپ، ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئەبىلئەۋجائ دىگەن كىشىنى (ئاباس خەلىپىلىكىدىكى بىر خەلىپە كاللىسىنى ئالغان) ئۇسەيمىيىن بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بەش خىل سەۋەبنى سۆزلەيدۇ. مىساللىرى كىتابىدا تەپسىلى يېزىلغان. ئىخۋانۇسسەپا دىگەن كىتابىدىمۇ يالغان ھەدىسلەر بار ئىكەن. ئەبى نەستور

رۇمىينىڭ، بەشەرنىڭ، نۇئەيم ئىبنى سالىمنىڭ، خەرراشنىڭ، ئەنەسدىن قىلغان ھەدىسلىرى، دىينارنىڭ ھەدىسلىرى، ئەبى ھەدبەتنىڭ مۇسنەدى، ئەنە سۇلبەسىرنىڭ، سەمئانۇلمەھدىينىڭ ھەدىسلىرى پۈتۈنلەي يالغاندۇر.

ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا شۇنداق دىگەنكى: ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھنىڭ نامىدا تۇرغۇن ھەدىسلەر خاتىرلەنگەن، ئەمەلىيەتتە بۇلار مۇقىم ئىسپاتلانمىغان.

«خۇتبەتۇلۇۋەدائ ئەن ئەبى دەردائ» يەنى (ساھابە ئەبى دەردائىنىڭ خوشلىشىش خۇتبىسى، نۇتۇقى) دىگەن كىتابمۇ يالغاندۇر. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كاززاپلارنى ئۇسەيمنىييىندىن باشقا ئىبنى جەۋزىيمۇ بۇرۇنلا كىتابىدا ئۇلار كاززاپلار دىگەن.ئىمام، مۇھەددىس نەسەئى مۇنداق دىگەن: مەشھۇر يالغان ھەدىس توقۇغۇچىلار تۆت بولۇپ: 1 ـ ئىبنى ئەبى يەھيا مەدىينىدە، 2 ـ ۋاقىدىي باغداتتا، 3 ـ مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان خاراساندا، 4 ـ مۇھەممەد ئىبنى سەئىيد (دارغا ئېسىلغان كىشى شۇ) شامدا.

دەيلىمىي مۇنداق دىگەن:

ئەبۇلپەزىلنىڭ ئورۇس دىگەن كىتابى، بەكمۇ ئاجىز بولۇپ، ئۇنىڭغا تايىنىشقا بولمايدۇ، ھەدىسلىرى مۇنكەر دىگەن.

ئىمام زەھەبىي مۇنداق دىگەن:

ھەدىسلىرى ھۆججەت قىلىنمايدىغان، ئەمەلمۇ قىلىنمايدىغان نۇرغۇن كاززاپلار بار، ھەزەر قىلىڭلار.

ئەمدى بىز شەيخ، مۇھەددىس ئىمام ئەلبانى رەھمەھۇللاھنىڭ يۇقىرقىغا ئوخشاش قائىدە ــ قانۇنلارغا سىلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىلگىركىلەرنىڭ كىتابلىرىغىمۇ قاراپ ئۇلارنىڭ بەرگەن باھا، چىقارغان ھۆكۈملىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۇزۇن يىل تەجرىبە قىلىپ، نۇرغۇن ھەدىسلەرنى يادلاش قابىلىيىتى، چىچەنلىكى، ماھىرلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئادىل، ئىشەنچلىكلىكى بىلەن، ھەممەتەڭ شەيخ ئۇستازلارنىڭ پىراففىسور، دوكتۇرلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئېلىش بىلەن، ئۇزۇن يىل دەرس ئۆتۈپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقى، پۈتۈن دۇنيادىكى ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىشى بىلەن، دەرىس ئۆتكەن، يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى ئىچىدىكى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش نەتىجىسى بولغان، پۈتۈن دۇنياغا كەڭ نەشر قىلىنغان، «مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىشى» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىشنى باشلايمىز. قەلبىڭىزدىن ئىنساپ قىلىپ كۆرگەيسىز. چۈنكى، ئەلبانىينىڭ تەتقىقاتىدازەئىپ ھەدىسلا ئەمەس، بەلكى، مۇنكەر، ھەتتا يالغان ھەدىسلەرمۇ چىقىپ قالىدۇ. ئەگەر بىلسەڭ، سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىمىز. ئەگەر بىلمىسەڭ، شەيخ ئەلبانىينىڭ دىگىنى ھىساب بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىدىكى سەلەپ، سالىھلار يولىدىكى ئەسلىيەتچى، سۈننەتچى، مۇداپىئەچى، ئادىل، تەقۋا، ئىشەنچلىك شەيخ، پۈتۈن دۇنياغا مۇئتەبەردۇر،زەئىپ دىيىشنىڭ سەبەبى ئىللەتلىرى، ئۇنىڭ 9000زەئىپ ھەدىس توپلانغان كىتابىدا مەۋجۇدتۇر. ئاللاھ، ھەممىمىزدىن رازى بولسۇن، ئەيۇ قىلىپ، مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرسۇن، بۇ خىزمەتلىرىمىزنى خالىس ئۆز يولىدا قىلىپ بەرسۇن، ۋە قوبۇل قىلسۇن، ئاخىرىدا ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلسۇن، بىزلەرگە ئاخىرەتتە جامالىنى كۆرسەتسۇن ئامىن!

## كتاب الإيمان - الفصل الأول

## ئىماننىڭ كىتابى

**1 - ( متفق عليه )عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما الأعمال بالنيات وإنما لكل امرئ ما نوى فمن كانت هجرته إلى الله ورسوله فهجرته إلى الله ورسوله ومن كانت هجرته إلى دنيا يصيبها أو امرأة يتزوجها فهجرته إلى ما هاجر إليه "**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بۇلىشى، نىيەتلەرگە باغلىق بۇلىدۇ.(قوبۇل بۇلىشى،كۆپلەپ ئەجىر بىرلىشى ئىخلاسقا،ساپ نىيەتكە باغلىقتۇر)ھەر بىر كىشىگە (ئۇنىڭ ئەمىلىدە)ئۇ نىيەت قىلغان نەرسە بىرلىدۇ.كىمنىڭ ھىجرىتى **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولسا،ئۇنىڭ ھىجرىتى، **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە بولغان بۇلۇپ،(ئۇ ئەجرىنى تۇلۇق ئالىدۇ) . كىمنىڭ ھىجرىتى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئىرىشىش ئۈچۈن ياكى بىرەر ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىش ئۈچۈن بولسا،ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ . (ئەجىر بىرىلمەيدۇ). بۇخارىي،مۇسلىم بىرلىككەكەلگەن ھەدىس.

**2 - [ 1 ] ( صحيح )عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : بينا نحن عند رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات يوم إذ طلع علينا رجل شديد بياض الثياب شديد سواد الشعر لا يرى عليه أثر السفر ولا يعرفه منا أحد حتى جلس إلى النبي صلى الله عليه وسلم فأسند ركبتيه إلى ركبتيه ووضع كفيه على فخذية وقال : يا محمد أخبرني عن الإسلام قال : " الإسلام : أن تشهد أن لا إله إلا الله وأن محمدا رسول الله وتقيم الصلاة وتؤتي الزكاة وتصوم رمضان وتحج البيت إن استطعت إليه سبيلا " . قال : صدقت . فعجبنا له يسأله ويصدقه . قال : فأخبرني عن الإيمان . قال : " أن تؤمن بالله وملائكته وكتبه ورسله واليوم الآخر وتؤمن بالقدر خيره وشره " . قال صدقت . قال : فأخبرني عن الإحسان . قال : " أن تعبد الله كأنك تراه فإن لم تكن تراه فإنه يراك " . قال : فأخبرني عن الساعة . قال : " ما المسؤول عنها بأعلم من السائل " . قال : فأخبرني عن أمارا ا . قال : " أن تلد الأمة ربتها وأن ترى الحفاة العراة العالة رعاء الشاء يتطاولون في البنيان " . قال : ثم انطلق فلبثت مليا ثم قال لي : " يا عمر أتدري من السائل " ؟ قلت : الله ورسوله أعلم . قال : " فإنه جبريل أتاكم يعلمكم دينكم " . رواه مسلم**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ:بىر كۈنى بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدۇق،تۇيۇقسىز بىزگە چېچى قۇپقارا، ئۇپئاق كىيىملىك بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ـ ئۇنىڭ ئۇستىدە سەپەرنىڭ ئەسرى كۆرىلمەيتتى،ئۇنى بىزدىن ھېچ بىر كىشى تۇنىمايتتى ـ ئۇكىشى كىلىپ ئىككى تىزىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى تىزىغا يۆلەپ،ئىككى قولىنى ئىككى يوتىسىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دىدى.ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئىسلام توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن ئىسلام دىگەن نىمە؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئىسلام دىگەن (يەنى مۇسۇلمانچىلىق دىگەن،) ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشۇڭ، يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ، بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىپ، ھەج قىلىشىڭ ئىسلامدۇردىدى.ئاندىن ئۇ:راس دىدىڭ توغرا ئەيتتىڭ دىدى. ــبىز ئۇنىڭ ئۆزى سوئال سوراپ يانا ئۆزى تەستىقلاپ راست دىدىڭ دىيىشىدىن ھەيران قالدۇق.ئۇيانا؛ ماڭا ئىمان توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن ئىمان دىگەن نىمە؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئىمان دىگەن ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىرنىڭ ياخشى ــ يامانلىرىغا شەكسىز ئىشىنىشىڭدۇردىدى.ئۇكىشى : راست دىدىڭ دەپ ماڭا ئىھسان توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئىھسان دىگەن ئاللاھتائالاغا، سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھالەتتە ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، ئەگەر سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، (ئەگەر سەن

ئاللاھنى كۆرلىگەن چاغدا قانداق ئىبادەت قىلساڭ، ھازىرمۇ سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك شۇنداق ئىبادەت قىل، مانا بۇ ئىھسان،)دىدى.ئۇكىشى ماڭا قىيامەت توغرىسىدا خەۋەربەرگىن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قىيامەت توغرىسىدا سۇئال سورالغۇچى مەن، قىيامەت توغرىسىدا سۇئال سورىغۇچى سەن (جىبرئىل)دىن ئالىمراق ئەمەسمەن، مەن ساڭا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى خەۋەر قىلىپ، دەپ بېرەي، دېدەك، چۆرە قىز ئۆز خوجايىنىنى تۇغقاندا، (يەنى دېدەكنىڭ بالىسى باش خوجايىن بولىدۇ، ئەنە شۇ قىيامەت ئالامىتى)، يالىڭاچ، يالاڭ ئاياغ كىشىلەر (ئىنسانلارغا باش رەئىس بولىدۇ،بۇمۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتى،) چارۋا ـــ مال باقىدىغان، قوي پادىچىللىرى بىناكارلىق قۇرلۇشىنى بىر ـــ بىردىن ئىگىز سېلىش بىلەن بەسلىشىپ كېتىدۇ، مانا بۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتىدۇر،دىدى. ئاندىن ئۇكىشى كەتتى.مەن بىر ئاز تۇرغاندىن كىيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:ئى ئۆمەر ! سوئال سورىغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟دىدى.مەن :**الله** ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئوبدان بىلىدۇ دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن ئۇ جىبرئىل بۇلىدۇ،ئۇسىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەن دىدى. مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.بۇھەدىس ئەقىيدىنىڭ ئاساسى.

3 - [ 2 ] ( متفق عليه ورواه أبو هريرة مع اختلاف وفيه : " وإذا رأيت الحفاة العراة الصم البكم ملوك الأرض في خمس لا يعلمهن إلا الله . ثم قرأ : ( إن الله عنده علم الساعة وي ل الغيث )الآية

بۇھەدىس ئەبۇھۇرەيرەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن خاتىرلەنگەن بۇلۇپ يۇقىرقىغائوخشاش ، بۇنىڭدا يالىڭاچ، يالاڭ ئاياغ گاس ـ گاچا كىشىلەر زىمىننىڭ پادىشاسى بۇلىدۇ (بۇقىيامەت ئالامىتى)دەپ (بەش غەيىب بولۇپ، ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىشى ئۇنى بىلەلمەيدۇ، بىرى «ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ قاچان يۈز بېرىشىدىكى ئىلىم، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر.يامغۇرنىڭ يېغىش ۋاقتى....... 31 ـــ سۈرە لوقمان، 34 ـــ ئايەتتە بەش غەيىب بار).

4 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بني الإسلام على خمس : شهادة أن لا إله إلا الله وأن محمدا عبده ورسوله وإقام الصلاة وإيتاء الزكاة والحج وصوم رمضان "

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلدى: 1 ـ ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، (بۇئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمى). 2 ـ ناماز ئوقۇش، 3 ـ زاكات بېرىش. 4 ـ بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش، 5 ـ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، ئىسىڭلاردا بولسۇن، ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىدە، ئىسلام دىنى ئايرىم، بەش نەرسە، ئايرىم بولۇپ، شۇ بەش نەرسە ئۈستىدە ئىسلام دىنى بولىدۇ، ئۇ بەش نەرسە ئاساسى ئۇلىدۇر، بەش نەرسە دىگەنلىك، ئىسلام دىگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئۇلىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تەكلىپلەر باردۇر.

5 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " الإيمان بضع وسبعون شعبة فأفضلها : قول لا إله إلا الله وأدناها : إماطة الأذى عن الطريق والحياة شعبة من الإيمان "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىمان دىگەن 70 نەچچە شاخچىدۇر، ئەڭ ئەۋزىلى لا ئىلاھە ئىللەللاھ! دىگەن شۇئار، سۆزىدۇر، ئەڭ تۆۋىنى بولسا، مۇسۇلمانلار يولىدىن ئەزىيەتنى، ئازار بېرىدىغان نەرسىنى يوقۇتۇشتۇر، ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر،بۇخارىي، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىمان 60 نەچچە شاخچىدۇر، ھايا قىلىش ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

مەن بۇ جايدا ھەممىمىزنىڭ كامىل مۆئمىنلەردىن بولۇپ قىلىشىمىز ئۈچۈن، ئالىملارنىڭ بۇ ھەدىسكە يازغان شەرھى، ئىزاھاتلىرىدىن ئاشۇ 70 نەچچە شاخچىلارنى يىزىشنى لايىق كۆردۈم، ئىبنىغان ئورۇن، بۇخارى، شەرھىسى پەتھۇلبارى، مىشكات شەرھىسى، مىرقات، **ئىماننىڭ 70 نەچچە شاخچىلىرى.**

1 . ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە، ئىسىم ــ سۈپەتلىرىگە ئوخشىشى يوق زات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

2 . پەرىشتىلىرىگە. 3. كىتابلىرىغا، 4 . ئەلچى، پەيغەمبەرلىرىگە، 5 . تەقدىرىگە ئىشىنىش.

6 . ئاخىرەت كۈنىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش.

7 . قىيامەت كۈنى تىرىلىشكە، ھىساب، مىزان، سىرات كۆۋرۈكى، جەننەت ــ دوۋزاخقا ئىشىنىش.

8 . ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە ئىشىنىش.

9 . ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش.

10 . ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ يولىدا دۈشمەن تۇتۇش.

11 . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈش.

12 . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇلۇغلاش، سۈننىتىگە ئەگىشىش.

13 . ئىخلاس قىلىش، رىياخور، مۇناپىق بولماسلىق.

14 . تەۋبە قىلىش. 15 . ئاللاھدىن قورقۇش. 16 . ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش. 17 . شۈكرى قىلىش. 18 . ۋاپا قىلىش. 19 . سەۋرى قىلىش. 20 . رازى بولۇش. 21 . تەۋەككۇل قىلىش، 22 . رەھىم ــ شەپقەت قىلىش.

23 . ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، شەيخلەرگە ھۆرمەت قىلىش.

24 . كىبىر قىلماسلىق، تەئەججۇپلەنمەسلىك.

25 . ھىقدە، ھەسەد قىلماسلىق.

26 . غەزەپ قىلماسلىق، ئاچچىقلانماسلىق.

27 . تەۋھىد كەلىمىسىنى، شاھادەتنى تىلىدا ئىقرار قىلىش.

28 . قۇرئان تىلاۋىتى، 29 . ئىلىم ئىلىش.

30 . ئۆگەنگەن ئىلىمنى ئۆگىتىش.

31 . دۇئا قىلىش، 32 . زىكىر ــ تەسبىھ، ئىستىغفار.

33 . لەغۋە، قۇرۇق سۆز ــ ھەرىكەتتىن يىراق بولۇش.

34 . ماددى، مەنىۋى جەھەتتىن پاكلىنىش.

35 . ئەۋرەتنى يىپىش، 36 . پەرز ۋە نەپلە ناماز، 37 ــ زاكات.

38 . قۇل ئازاد قىلىش، 39 . سېخىلىق قىلىش، تائام بىرىش.

40. مېھماننى ھۆرمەتلەپ كۈتۈش، 41. پەرىز ۋە نەپلە روزا تۇتۇش.
42. ھەج قىلىش، ئۆمرە ھەج قىلىش.
43. تاۋاب قىلىش، 44. رامىزاندا ئېتىكاپ قىلىش.
45. قەدىر كېچىسىنى ئىزدەپ تۈنەش.
46. دىنسىزلار زېمىنىدىن، ئىمانى، دىنى بىلەن كۆچۈش، پىتنىدىن قېچىش.
47. ۋەدىگە نەزىر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، قەسەمگە ۋاپا قىلىش، كاپارەت بېرىش.
48. نىكاھ بىلەن ئىپپەتلىك بولۇش.
49. ئەھلى باللىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش.
50. ئاتا ــ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ۋارقىرىماسلىق.
51. ئەۋلادلارنى ئىسلامى تەربىيلەش.
52. سىلە ــ رەھىم قىلىش، تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش.
53. ئىسلامي باشلىق، خوجايىنىغا ئىتائەت قىلىش، خادىم، قۇللارغا مېھرىبان بولۇش.
54. خەلىپە، ئەمىرلىكنى بەرپا قىلشى، ئادىل بولۇش.
55. خەلىپە جامائەتكە، مەسجىد جامائەتكە ئەگىشىش، ئايرىلىۋالماسلىق.
56. خەلىپىلەرگە، ئەمىر، باشچىلارغا ئىتائەت قىلىش.
57. كىشىلەر ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ، كېلىشتۈرۈش.
58. ياخشىلىققا ياردەم بېرىش.
59. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇش.
60. ھەد، جازالارنى تۇرغۇزۇش.
61. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، تەييارلىق قىلىش.
62. ئامانەتنى ئادا قىلىش، خىيانەت قىلماسلىق.
63. قەرزنى ۋاپا قىلىپ قايتۇرۇش.
64. خوشنىلارنى ھۆرمەتلەش.
65. مۇئامىلىنى ياخشى، گۈزەل قىلىش، ئەخلاقتا گۈزەل بولۇش.
66. پۇل ــ مالنى ھالالدىن كەسىپ قىلىپ تېپىش.
67. ماللارنى ئىسراپ قىلماي، جايىدا خەجلەش.
68. سالام قايتۇرۇش، 69. چۈشكۈرۈككە جاۋاپ قايتۇرۇش، تەشەككۈر بىلدۈرۈش.
70. كەڭ قورساق بولۇپ، ئەپۇچان بولۇش.
71. ئاللاھ يولىغا ،ئىسلام جىھاد يولىغا دەۋەت قىلىش.
72. لەھۋە،لەغۋدىن، ئەزىيەتتىن، ئازاربىرىشدىن يىراق بولۇش، ھارامدىن يىراق بولۇش.
73. مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن ئەزىيەتنى تازىلاپ يوقىتىۋېتىش.

يۇقىرىسى لا ئىلاھە ئىللەللاھ! تۆۋەنى يولدىن ئەزىيەتنى يوقۇتۇش، ئوتتۇر دەرىجىسى، ھايا قىلىش بولغان، 70 نەچچە ئىمان شاخچىسى ئەنە شۇلاردۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم. يۇقىرقى شاخچا، مەسىلىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر دەلىلدۇر، دەلىللەر يۇقىردا ئۆتتى، يەنە كېلىدۇ، ئەي ئىنسانلار، ئەي مۇسۇلمانلار! ئى قېرىنداشلار! مانا مۇشۇ شاخچىلارنى مۇكەممەل قىلىپ، كامىل ئىمان بىلەن ئاللاھقا ئۇچقۇشۇپ، جەننەتكە كىرىپ، ئاللاھنىڭ جامالىنى، دىدارىنى كۆرۈشنى قولغا كەلتۈرەيلى! ئاللاھ ئاسان قىلسۇن، ئامىن!.

**6 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " المسلم من سلم المسلمون من لسانه ويده والمهاجر من هجر ما نهى الله عنه " هذا لفظ البخاري ولمسلم قال : " إن رجلا سأل النبي صلى الله عليه وسلم : أي المسلمين خير ؟ قال : من سلم المسلمون من لسانه ويده "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان دىگەن، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن، قولىدىن(يەنى تىلى بىلەن قولىنىڭ ئەزىيىتىدىن) سالامەت قالغان كىشىدۇر. مۇھاجىر، ھىجرەت قىلغۇچى دىگەن، ئاللاھ چەكلىگەن، توسقان نەرسىدىن يانغان، تەرىك ئەتكەن كىشىدۇر. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.مۇسلىمدا بىر كىشى كىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشىراقى؟دەپ سورغاندا بۇ ھەدىسنى دىگەن.

**7 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أنس رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يؤمن أحدكم حتى أكون أحب إليه من والده وولده والناس أجمعين "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار، مەن ئۇنىڭغا بالىلىرىدىن، ئاتا ــ ئانىسىدىنو بارلىق كىشىلەردىنمۇ سۆيۈملۈك، دوستراق بولمىغىچە ھەرگىز مۆئمىن بولالمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارىي،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أنس رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " ثلاث من كن فيه وجد ن حلاوة الإيمان : من كان الله ورسوله أحب إليه مما سواهما ومن أحب عبدا لا يحبه إلا لله ومن يكره أن يعود في الكفر بعد أن أنقذه الله منه كما يكره أن يلقى في النار "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمدە ئۈچ ئىش بولىدىكەن،ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى، لەززىتىنى تېتىيدۇ. بىرىنچى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنىڭغا، ئاللاھ ۋە رەسۇلىدىن باشقا بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈك، دوستراق بولۇشى. ئىككىنچى، ئۇ، مۇسۇلمان دوستىنى، پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈپ دوست تۇتۇشى. ئۈچىنچى، ئاللاھتائالا ئۇنى كۇپرىلىقدىن قۇتقازغاندىن كېيىن، خۇددى ئوتقا چۈشۈپ كېتىشنى ياقتۇرمىغاندەك ئۇ كۇپرىلىققا قايتىشنى قەتئىي ياقتۇرماسلىقىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى ،مۇسلىم تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**9 - [ 8 ] ( صحيح )وعن العباس بن عبد المطلب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ذاق طعم الإيمان من رضي بالله ربا وبالإسلام دينا وبمحمد رسولا " . رواه مسلم**

ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالاغا رەب جەھەتتىن رازى بولغان، ئىسلام دىنىغا دىن جەھەتتىن رازى بولغان، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولغان كىشى، ئىماننىڭ تەمىنى ھەقىقى تېتىغان بولىدۇ،

ئەھمەد ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. (يەنى ھەققى ئىمان كەلتۈرۈپ، چىن دىلدىن رازى بولۇپ تەستىقلاپ ئەمەل قىلغان كىشى)

10 - [ 9 ] ( صحيح )

وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفس محمد بيده لا يسمع بي أحد من هذه الأمة يهودي ولا نصراني ثم يموت ولم يؤمن بالذي أرسلت به إلا كان من أصحاب النار " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مۇھەممەد نىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇشۇ ئۈممەتتىن بىرەر كىشى ۋە ھەم يەھۇدىي، ناسارالاردىن بولغان بىرەرسى مەن ئەۋەتىلگەن نەرسىگە (يەنى مېنىڭ ئەلچىلىكىمگە ۋە قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرمەي ئۆلۈپتۇ دىگەننى ماڭا ئاڭلاتسا، ئىمانسىز ئۆلسە، ئۇ شەكسىز دوۋزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ. مۇسلىم 218 _ ھەدىس، ئەھمەد 7856 _ ھەدىس، سەھىھ.

11 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاثة لهم أجران : رجل من أهل الكتاب آمن بنبيه وآمن بمحمد والعبد المملوك إذا أدى حق الله وحق مواليه ورجل كانت عنده أمة يطؤها فأد ا فأحسن تأديبها وعلمها فأحسن تعليمها ثم أعتقها فتزوجها فله أجران "

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەرگە ئەجىر، ساۋاب ئىككى ھەسسە بېرىلىدۇ.

بىرىنچى، يەھۇدىي، ناسارالاردىن ئىبارەت، ئەھلى كىتابلاردىن ئۆز پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تېپىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىمۇ ئىمان كەلتۈرۈپ ئەگەشكەن، شەكسىز تەستىقلىغان كىشىگە ئىككى ئەجىر بار. ئىككىنچى، خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەققىنى ياخشى ئادا قىلغان، قولغا ئىككى ئەجىر بار. ئۈچىنچى، ئۆزى مۇناسىۋەت قىلىدىغان دىدەك چۆرىسىگە ياخشى غىزا بېرىپ، ياخشى ئەدەپ _ ئەخلاق ئۆگىتىپ، ياخشى تەلىم بېرىپ، ئىلىم ئۆگىتىپ، ئاندىن ئازاد قىلىپ، ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ، توي قىلغان كىشىگە ئىككى ئەجىر بار، (يەنى ئىككى كىشىلىك ئەجىر، مۇكاپات بېرىلىدۇ) ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى ،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

12 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أمرت أن أقاتل الناس حتى يشهدوا أن لا إله إلا الله وأن محمدا رسول الله ويقيموا الصلاة ويؤتوا الزكاة فإذا فعلوا ذلك عصموا مني دماءهم وأموالهم إلا بحق الإسلام وحسا م على الله . إلا أن مسلما لم يذكر " إلا بحق الإسلام "

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن تاكى كىشىلەر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە، ناماز ئوقۇغانغا، زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئۇلار شۇنداق قىلسا، مەندىن قانلىرىنى، مال _ مۈلۈكلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، (ئۇنداق قىلمىسا ساقلاپ قالالمايدۇ) ئىسلام ھەققى بۇنىڭدىن مۇستەسنا،( يەنى ھەد ، جازالار.) ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاللاھقىدۇر، بەيھەقى،مۇسلىم ئىبنى ئۆمەردىن، نەسەئى ئەبۇ بۇكرەتتىن، ئىبنى ماجە، ھاكىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن توپلىغان، سەھىھ.لىكىن مۇسلىم ئىسلام ھەققى بۇنىڭدىن مۇستەسنانى دىمىگەن.

13 - [ 12 ] ( صحيح )وعن أنس أنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى صلاتنا واستقبل قبلتنا وأكل

**ذبيحتنا فذلك المسلم الذي له ذمة الله وذمة رسوله فلا تخفروا الله في ذمته " . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىزنىڭ نامىزىمىزنى يەنى بەش نامازنى ئوقۇسا، قىبلىمىز كەئبىگە ئالدىنى قىلسا، قۇربانلىقىمىزنى، بوغۇزلىغان ماللىرىمىزنى ھالال بىلىپ يىسە، (يەنى شۇنداق بوغۇزلاپ يىسە،) ئەنە ئاشۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەھدىسى، كېپىللىكى بېرىلگەن مۇسۇلماندۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ ئەھدىسىنى بۇزماڭلار، (يەنى مۇسۇلماننى ئۆلتۈرمەڭلار). بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**14 - [ 13 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : أتى أعرابي النبي صلى الله عليه وسلم فقال : دلني على عمل إذا عملته دخلت الجنة . قال : " تعبد الله ولا تشرك به شيئا وتقيم الصلاة المكتوبة وتؤدي الزكاة المفروضة وتصوم رمضان . قال : والذي نفسي بيده لا أزيد على هذا شيئا ولا أنقص منه . فلما ولى قال النبي صلى الله عليه وسلم : من سره أن ينظر إلى رجل من أهل الجنة فلينظر إلى هذا**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ:بىر ئەئرابىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ مېنى، ئەگەر مەن قىلسام مەن جەننەتكە كىرەلەيدىغان (مىنى دوۋزاخدىن يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان) بىر ئەمەلگە كۆرسىتىپ قويسىلادىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن ئاللاھتائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىل، پەرز نامازنى ئوقۇغىن، پەرزى زاكاتنى بەرگىن، رامىزاندا روزا تۇتقىن دىدى.ئۇكىشى: **الله** بىلەن قەسەمكى مەن بۇنىڭ ئۈستىگە زىيادىمۇ قىلمايمەن،ئۇنىڭدىنمۇ كاملىتىۋەتمەيمەن دەپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛كىمنى ئۇنىڭ جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىركىشىگە قارشى خۇرسەن قىلسا (يەنى جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىركىشىگە قارشنى ياخشى كورسە)مۇشۇ كىشىگە قارىسۇن دىدى.مۇتتىپەقۇن ئەلەيھى،بۇخارى،مۇسلىم

**15 - [ 14 ] ( صحيح )وعن سفيان بن عبد الله الثقفي قال : قلت : يا رسول الله قل لي في الإسلام قولا لا أسأل عنه أحدا بعدك وفي رواية : غيرك قال : " قل : آمنت بالله ثم استقم . رواه مسلم**

سوپيان ئىبنى ئابدۇللاھ سۇقەپيي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ:مەن ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم !ماڭا ئىسلام دىنىدا (ھەممىگە كۇپايە بولغىدەك )بىرسۆزنى ئەيتىپ بەرسىلە،مەن بۇندىن كىيىن ئۇسۆز توغرۇلۇق سىلىدىن باشقا ھېچ بىر كىشىدىن سورماي دىسەم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئاللاھقا شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم دىگىن، ئاندىن مۇستەھكەم، چىڭ تۇر، ئىماندا چىڭ تۇرغىن، ئىستىقامەت قىل دىدى، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**16 - [ 15 ] ( متفق عليه )وعن طلحة بن عبيد الله قال : جاء رجل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم من أهل نجد ثائر الرأس نسمع دوي صوته ولا نفقه ما يقول حتى دنا من رسول الله صلى الله عليه وسلم فإذا هو يسأل عن الإسلام فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خمس صلوات في اليوم والليلة " . فقال : هل علي غيرهن ؟ فقال : " لا إلا أن تطوع . قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : وصيام شهر رمضان " . قال : هل علي غيره ؟ قال : " لا إلا أن تطوع " . قال : وذكر له رسول الله صلى الله عليه وسلم الزكاة فقال : هل علي غيرها ؟ فقال : " لا إلا أن تطوع . قال : فأدبر الرجل وهو يقول : والله لا أزيد على هذا ولا أنقص منه . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفلح الرجل إن صدق "**

تەلھەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ:نەجىد ئەھلىدىن چاچلىرى چۇۋۇق بىر كىشى كەلدى ، ئۇنىڭ گوڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ، لىكىن بىز ئۇنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتۇق.ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىلىپ ناگاھان ئىسلام توغرىسىدا سوراۋاتىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:بىركىچە كۈندۈزدە بەش ۋاق ناماز ئوقۇشتۇردىدى.ئۇ:مىنىڭ ئۈستىمگە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ناماز بارمۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:ياق ، يوق لىكىن نەپلە ناماز ئوقىساڭ بولىدۇدەپ ئاندىن رامىزان ئېيىدا روزاتۇتۇشتۇر دىدى. ئۇ:مىنىڭ ئۈستىمگە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ روزا بارمۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:ياق ، يوق لىكىن نەپلە روزا تۇتساڭ بولىدۇدەپ زاكاتنى تىلغا ئالدى. ئۇ:مىنىڭ ئۈستىمگە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نەپىقە،سەدىقە بارمۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: يوق لىكىن نەپلە سەدىقەقىلساڭ بولىدۇدىدى.ئۇكىشى؛ الله بىلەن قەسەمكى مەن بۇنىڭ ئۈستىگە زىيادىمۇ قىلمايمەن،ئۇنىڭدىنمۇ كامىلتىۋەتمەيمەن دىگىنىچە كەينىگە ئۆرلىپ ماڭغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇكىشى سەمىيمى راسچىل بولسىلا نىجات تاپتى دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

17 - [ 16 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس رضي الله عنهما قال : إن وفد عبد القيس لما أتوا النبي صلى الله عليه وسلم : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من القوم ؟ أو : من الوفد ؟ " قالوا : ربيعة . قال : " مرحبا بالقوم أو : بالوفد غير خزايا ولا ندامى " . قالوا : يا رسول الله إنا لا نستطيع أن نأتيك إلا في الشهر الحرام وبيننا وبينك هذا الحي من كفار مضر فمرنا بأمر فصل نخبر به من وراءنا وندخل به الجنة وسألوه عن الأشربة . فأمرهم بأربع وناهم عن أربع : أمرهم بالإيمان بالله وحده قال : " أتدرون ما الإيمان بالله وحده ؟ " قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : " شهادة أن لا إله إلا الله وأن محمدا رسول الله وإقام الصلاة وإيتاء الزكاة وصيام رمضان وأن تعطوا من المغنم الخمس "وناهم عن أربع : عن الحنتم والدباء والنقير والمزفت وقال : " احفظوهن وأخبروا ن من وراءكم " ولفظه للبخاري

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇ قەيس ئەلچىللىرى كەلگەندە مۇنداق دىگەن:بۇقەۋىملەر ياكى ئەلچىلەر كىم بولىدۇ؟ئۇلار:بىز رەبىيئە قەبىلىسى دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەرھابا خۇش كەپسىلەر ، خارلانمايسىلەر،زىيان تارتمايسىلەر،پۇشايمان قىلمايسىلەر دىدى.ئۇلار؛ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!بىز پەقەت سىلىگە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدىلا كىلىشكە قادىر بولالايمىز (چۈنكى)سىلى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇزەر قەبىيلىسىنىڭ كۇپپارلىرىدىن ئىبارەت مۇشۇ قەبىيلە باردۇر.بىزنى ئۇچۇق روشەن بىر ئىشقا بۇيرىسىلا ، بىز ئۇنى ئارقىمىزدىكى كىشىلەرگە خەۋەر قىلايلى،شۇ ئىش سەۋەبلىك جەننەتكە كىرەيلى دەپ ئىچىملىك توغرىسىدا سوراشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەن سىلەرنى تۆت ئىشقا بۇيرۇپ، تۆت ئىشدىن توسىمەن، سىلەرنى يالغۇز ئاللاھقىلا ئىمان كەلتۈرۈشكىلارغا بۇيرۇيمەن، بىر ئالاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ نىمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دىدى.ئۇلار؛ الله ۋەرەسۇلى ئەئلەم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەقىقەتەن بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، ئالغان غەنىيمەتلىرىڭلارنىڭ بەشدەن بىرنى تاپشۇرۇشتۇر. مەن سىلەرنى قاپاقتا ياسالغان قاچىدىن، دەرەخ كۆتىكىدىن ياسالغان تۇلۇندىن، لاي بىلەن يۇڭدىن قاندىن ياسالغان قاچىدىن، رومكىلاردىن توسىمەن،سىلەر بۇنى ئوبدان يادلاپ ساقلاپ، ئارقاڭلاردا قالغان كىشىلەرگە خەۋەر قىلىڭلار دىدى. بەيھەقى، مۇسلىم، بۇخارى قاتارلىقلار خاتىرلىگەن سەھىھ ھەدىستۇر.

بۇ ھەدىستە، تۆتكە بۇيرۇيمەن دەپ، بەشنى بۇيرۇغان مەسىلىگە ئالىملار مۇنداق دىگەن، تۆتنى ۋەدە بويىچە

بۇيرۇغان، بەشنچىسىنى قوشۇپ قويغان. چۈنكى، ئۇلار ئورۇش ۋاختىدائىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇزەر قەبىلىسىنىڭ كاپىرلىرى بىلەن يېقىن ياشايتتى، ھەج تېخى پەرىز بولمىغاچقا تىلغا ئالمىغان. يۇقىرقى ئىچىملىك، تۇلۇن، قاچا ــ تاۋاقلارنىڭ چەكلىنىشى مەنسۇخ قىلىنغان ،يەنى ئەمەلدىن قالغان،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن سىلەرنى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىچىملىك چىلاشدىن توسقان، ئەمدى ھەرقانداق نەرسە بولسا چىلاپ ئىچىڭلار، ئەمما، مەس قىلغۇچىنى ئىچمەڭلار دىگەن، بۇ ھەدىسنى مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، جۇمھۇر ئالىملار بۇ ھەدىس بىلەن يۇقىرقى قاچامەسلىسى مەنسۇخ ، ئەمەلدىن قالغان دېدى.

**18 - [ 17 ] ( متفق عليه )وعن عبادة بن الصامت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم وحوله عصابة من أصحابه : " بايعوني على أن لا تشركوا بالله شيئا ولا تسرقوا ولا تزنوا ولا تقتلوا أولادكم ولا تأتوا ببهتان تفترونه بين أيديكم وأرجلكم ولا تعصوا في معروف فمن وفى منكم فأجره على الله ومن أصاب من ذلك شيئا فعوقب به في الدنيا فهو كفارة له ومن أصاب من ذلك شيئا ثم ستره الله عليه في الدنيا فهو إلى الله : إن شاء عفا عنه وإن شاء عاقبه " فبايعناه على ذلك**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتراپىدىكى ساھابىلار جامائىتىگەمۇنداق دىگەن: كېلىڭلار! ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە، پۇت ــ قوللىرىڭلار بىلەن بۆھتان قىلماسلىققا، (يەنى بالىلىرىڭلاردىن تانماسلىققا،ئۇلارنى باشقىلارنىڭ بالىسى دەپ داۋا قىلماسلىققا)، ياخشىلىقتا ماڭا ئاسىيلىق قىلماسلىققا، ماڭا بەيئەت قىلىڭلار! سىلەردىن كىم بۇ بەيئەتتىگە ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرى ئاللاھقىدۇر. كىم يۇقىرقى ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ سالسا، ئاندىن بۇ دۇنيادا جازاغا تارتىلىپ، ئازابلانسا، ئۇ جازا، ئازاب ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەت بولىدۇ، ئاخىرەتتە سوراۋشتۇرۇلمەيدۇ، ئەگەر بىر كىشى يۇقىرقى ئىشلارنى قىلىپ سالسا، جازاغا تارتىلماي، ئاللاھ ئۇنى ياپقان بولسا، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقىدۇر، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا، ئەپۇ قىلىپ، ئۆتنۇۋېتىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**19 - [ 18 ] ( متفق عليه )**

**وعن أبي سعيد الخدري قال خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم في أضحى أو فطر إلى المصلى فمر على النساء فقال يا معشر النساء تصدقن فإني أريتكن أكثر أهل النار فقلن وبم يا رسول الله قال تكثرن اللعن وتكفرن العشير ما رأيت من ناقصات عقل ودين أذهب للب الرجل الحازم من إحداكن قلن وما نقصان ديننا وعقلنا يا رسول الله قال أليس شهادة المرأة مثل نصف شهادة الرجل قلن بلى قال فذلك من نقصان عقلها أليس إذا حاضت لم تصل ولم تصم قلن بلى قال فذلك من نقصان دينها**

ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت ياكى رۇزاھېيت نامىزىدا نامازگاھقاچىقىپ ئاياللار ئۈستىدىن ئۆتۈپ قېلىپ ئۇلارغا مۇنداق دىگەن: ئى ئاياللار جامائىتى! سەدىقە ــ ئېھسان قىلىڭلار، گۇناھىڭلارغا مەغپىرەت سوراپ، كۆپ ئىستىغفار ئېيتىڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەر ئاياللارنىڭ دوۋزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم دىدى.ئۇلار؛ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!نىمە سەبەبتىن شۇنداق بولىدۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ چۈنكى، سىلەر كۆپ لەنەت قىلىسىلەر، ئەرلەرنىڭ ياخشىلىقىغا كۇپرىلىق قىلىسىلەر، مەن سىلەردىنمۇ ئەقلى، دىنى كامىراق،ـ چېچەن، ئەقىللىق ئەرلەرگىمۇ پىتنىسى بىلەن غالىپ كېلىدىغان ـ كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ، بۇ ئەقلىڭلارنىڭ كاملىقى، ھەيز كۆرگەن كۈنلەردە ناماز ئوقۇمايدۇ، رامىزاندىمۇ روزا تۇتمايدۇ، (كىيىن قازاسىنى

قىلىدۇ، )بۇ دىننىڭ كاملىقى دىدى.بۇخارىي، مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**20 - [ 19 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : " قال رسول الله صلى الله عليه وسلم قال الله كذبني ابن آدم ولم يكن له ذلك وشتمني ولم يكن له ذلك أما تكذيبه إياي أن يقول إني لن أعيده كما بدأته وأما شتمه إياي أن يقول اتخذ الله ولدا وأنا الصمد الذي لم ألد ولم أولد ولم يكن لي كفؤا أحد ( لم يلد ولم يولد ولم يكن له كفؤا أحد )كفؤا وكفيئا وكفاء واحد**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى مىنى ئىنكار قىلىدۇ، يالغانغا چىقىرىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا لايىق ئەمەستۇر، مىنى تىللاپ ئەيىبلەيدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن لايىق ئەمەستۇر، ئەمما، ئۇنىڭ مىنى ئىنكار قىلىپ، يالغانچى قىلىشى بولسا، ئۇ: ئاللاھ مىنى مەن تۇنجى قېتىم پەيدا بولغاندەك قايتا، ئىككىنچى قېتىم يارىتالمايدۇ دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئىككىنچى قېتىم قايتا يارىتىش، ماڭا ئاساندۇر، تۇنجى قېتىم يارىتىش ئىككىنچى قېتىم قايتا يارىتىشتىن ئاسان ئەمەس، (يەنى، مەخسەت، مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم ياراتتىم، قايتا يارىتىشىم تېخىمۇ ئاسان، ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى يارىتىش ئاللاھقا ئاسان)ئەمما، ئۇنىڭ مىنى تىللاپ، ئەيىبلىشى بولسا، ھەقىقەتەن ئۇ مىنى بالىسى بار دەيدۇ، مەن بولسام، ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ، مەن بىر، ئوخشۇشۇم يوق، مەن مۇھتاج ئەمەس، ھەممىسى ماڭا مۇھتاج، مەن تۇغمايمەن، مەن تۇغقان ئەمەس، ھەم تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، مەن ئۈچۈن ھىچقانداق بىر تەڭداش يوق، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، ئاللاھنىڭ كۈچ ــ قۇدرىتى ئالدىدا تۇنجى پەيدا قىلىش، تۇنجى يارىتىش، قايتا يارىتىش، ئەرشنى يارىتىش، بىر تال زەررىنى يارىتىش، ھەممىسنى يارىتىش، بىرسىنى يارىتىش، ئوخشاش ئاساندۇر، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ ئۆلۈشى، قايتا يارىلىشى، پەقەت بىرلا نەپسىنىڭ بىرلا كىشىنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىشىدەكتۇر دىگەن ئايەت باردۇر.

**21 - [ 20 ] قال الله تعالى: كذبني ابن آدم و لم يكن له ذلك و شتمني و لم يكن له ذلك فأما تكذيبه إياي فزعم أني لا أقدر أن أعيده كما كان و أما شتمه إياي فقوله: لي ولد فسبحاني أن أتخذ صاحبة أو ولدا ( خ ) عن ابن عباس**

. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى مىنى ئىنكار قىلىپ يالغانغا چىقىرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا بۇ ئىشى لايىق ئەمەس، مەۋجۇدمۇ ئەمەس، ئۇ مىنى تىللاپ، ئەيىبلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشمۇ مەۋجۇد ئەمەس، لايىق ئەمەس، ئەمما، ئۇنىڭ مىنى ئىنكار قىلىشى بولسا، ئۇ مىنى ئۆزىنى تۇنجى قېتىم يارالغاندەك قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يارىتالمايدۇ دەپ داۋا قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم ياراتقاندەك، قايتا تىرىلدۈرىمەن. ئەمما، ئۇنىڭ مىنى ئەيىبلىشى بولسا، ئۇ مىنى بالىسى بار دەيدۇ، (خۇددى ناسارالاردەك) مەن بالا، خوتۇن، جۈرە ئەھلى تۇتۇشۇمدىن پاكتۇرمەن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، ئاللاھ خالىق، ياراتقۇچى، ئوخشىشى يوق، ئۇ مۇھتاج ئەمەس، خوتۇن، بالىسى يوقتۇر، ئاللاھ تۇغۇلغان ئەمەس، تۇغقانمۇ ئەمەس، ئاللاھ مەخلۇقلارنىڭ سۈپىتىدىن پاكتۇر، ئىنسان، جىنلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە دەلىل ــ ئىسپات بارمۇ دىيىلسە؟ تۇنجى قېتىم پەيدا قىلىپ ياراتقان زات، ئاللاھ يەنە قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر، ئۇ ئۆزى مەن سىلەرنى قايتا يارىتىمەن، زىمىندىن چىقىرىمەن، قىيامەت ھەق دىگەن ۋەدىلەرنى قۇرئاندا بەردى دىگەن جاۋابىدىن كاتتا، چوڭ جاۋاب يوق، قۇرئان مۆجىزە، پولاتتەك پاكىتتۇر.

**22 - [ 21 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قال الله تعالى : يؤذيني ابن آدم يسب الدهر وأنا الدهر بيدي الأمر أقلب الليل والنهار "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى ماڭا ئازار بىرىدۇ، ئۇ زامانىنى تىللاپ ئەيىبلەيدۇ، مانا مەن زامانىنى باشقۇرمەن، ئىشلار

مىنىڭ قولۇمدا، كىچە ــ كۈندۈزنى مەن يۆتكەپ تۇرىمەن، (ھەممە ئىشلار قار ــ يامغۇر، بوران، مولچىلىق، قەھەتچىلىك قاتارلىقلار ئاللاھنىڭ قولىدا، شۇنىڭ ئۈچۈن سۆز قىلغاندا قالايمىقان سۆزلىمەڭ) ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارىي، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

23 - [ 22 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أحد أصبر على أذى يسمعه من الله يدعون له الولد ثم يعافيهم ويرزقهم "

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالادەك ئاڭلاپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ، ئەزىيەتكە بەك سەبرى قىلغۇچى يوق، ھەقىقەتەن كىشىلەر ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ داۋا قىلىشىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ، ئاللاھ يارىتىپ، رىزىق بەرسە باشقىلارغا چوقۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇلارنى ساقلاپ، سالامەت قىلىپ، رىزىق بېرىدۇ، (ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى سەبۇردۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كىيىنچە تۆۋبە قىلىشنى ياكى مەڭگۈلۈك دوۋزاخقا كىرىشنى ئالدىن بىلىدۇ). بەيھەقى بۇخارىي، مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

24 - [ 23 ] ( متفق عليه )وعن معاذ رضي الله عنه قال كنت ردف النبي صلى الله عليه وسلم على حمار يقال له عفير فقال يا معاذ هل تدري حق الله على عباده وما حق العباد على الله ؟ قلت الله ورسوله أعلم قال فإن حق الله على العباد أن يعبدوه ولا يشركوا به شيئا وحق العباد على الله أن لا يعذب من لا يشرك به شيئا فقلت يا رسول الله أفلا أبشر به الناس قال لا تبشرهم فيتكلوا

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ:مەن ئۇپەير دىيىلىدىغان ئىشەكنىڭ ئۈستىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىگىلىك ئىدىم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى مۇئاز! ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟ بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاللاھدىن ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى نېمە بىلەمسەن؟ مەن:الله ۋەرەسۇلى ئەئلەم دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلارنىڭ بىر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىدۇر. بەندىلەرنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى بولسا، ئاللاھنىڭ، ئۆزىگە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىنى ئازابلىماسلىقدۇردىدى.مەن؛ ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! مەن بۇ خۇش بىشارەت بىلەن كىشىلەرگە بىشارەت بەرمەيمۇ؟ ئۇلار بىشارەت ئېلىۋالسۇن دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛بىشارەت بەرمە،ئۇنداق قىلساڭ ئۇلار، شۇ بىشرەتكىلا يۆلىنىۋالىدۇ، ئەمەل قىلغىلى قويغىن دىدى. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارىي، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

25 - [ 24 ] ( متفق عليه )

وعن أنس بن مالك أن النبي صلى الله عليه وسلم ومعاذ رديفه على الرحل قال : " يا معاذ بن جبل قال لبيك يا رسول الله وسعديك قال يا معاذ قال لبيك يا رسول الله وسعديك ثلاثا قال ما من أحد يشهد أن لا إله إلا الله وأن محمدا رسول الله صدقا من قلبه إلا حرمه الله على النار قال يا رسول الله أفلا أخبر به الناس فيستبشروا قال إذا يتكلوا وأخبر ا معاذ عند موته تأثما "

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا مىنگىشىگىلىك مۇئازغامۇنداق دىگەن: ئى مۇئاز! مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛لەببەي يا رەسۇلە الله ! مانامەن خىزمەتلىرىگە تەيياردەپ ئۈچ قېتىم دىيىشكەندىن كىيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەر قانداق بىر كىشى چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ، شەكسىز ئىشىنىپ، بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا ھارام قىلىدۇ، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! مەن بۇ خۇش بىشارەت

بىلەن كىشىلەرگە بىشارەت بەرمەيمۇ؟ ئۇلار بىشارەت ئىلىشۋالسۇن دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق قىلساڭ ئۇلار، شۇ بىشارەتكىلا يۆلىنىۋالىدۇ، ئەمەل قىلغىلى قويغىن دېگەن. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛بۇنى يوشۇرسام گۇناھكار بولۇپ قالىمەن دەپ،ۋاپاتىنىڭ ئالدىدىلا خەۋەر قىلغان ئىدى. ئەھمەد، بەيھەقى ۋە بۇخارىي، مۇسلىم، تويلىغان، سەھىھ.

**26 - [ 25 ] ( متفق عليه )وعن أبي ذر رضي الله عنه قال أتيت النبي صلى الله عليه وسلم وعليه ثوب أبيض وهو نائم ثم أتيته وقد استيقظ فقال : " ما من عبد قال لا إله إلا الله ثم مات على ذلك إلا دخل الجنة قلت وإن زنى وإن سرق قال وإن زنى وإن سرق قلت وإن زنى وإن سرق قال وإن زنى وإن سرق قلت وإن زنى وإن سرق قال وإن زنى وإن سرق على رغم أنف أبي ذر وكان أبو ذر إذا حدث بهذا قال وإن رغم أنف أبي ذر "**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلسەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاۋاتقان ئىكەن ، ئۈستىدە ئاق كىيىم بار ئىكەن . ئاندىن مەن كېيىنراق كەلسەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئويغۇنۇپ مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە چىن قەلبىدىن «لا ئىلاھە ئىللەللاھ »ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ شۇ ئىمان، (ئىسلام شۇئارى) ئۈستىدە ئۆلسە،ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ،مەن؛ گەرچە ئۇ زىنا قىلىپ سالغان، ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ شۇنداقمۇ؟دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ گەرچە ئۇ زىنا قىلىپ سالغان، ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ شۇنداق جەننەتكە كىرىدۇ .بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم دېيىشىپ ئاندىن كېيىن گەرچە ئەبۇ زەرنىڭ بۇرنىغا قۇم تىقىلسىمۇ(گەرچە ئەبۇزەر خالىمىسىمۇ) دېگەن ئىدى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇھەدىسنى سۆزلىگەندە؛ گەرچە ئەبۇ زەرنىڭ بۇرنىغا قۇم تىقىلسىمۇ(گەرچە ئەبۇزەر خالىمىسىمۇ)دەيتتى. ئەھمەد، بەيھەقى بۇخارىي، مۇسلىم،تويلىغان، سەھىھ.

**27 - [ 26 ] ( متفق عليه )وعن عبادة بن الصامت رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من شهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له وأن محمدا عبده ورسوله وأن عيسى عبد الله ورسوله وابن أمته وكلمته ألقاها إلى مريم وروح منه والجنة والنار حق أدخله الله الجنة على ما كان من العمل "**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇنداق گۇۋاھلىق بەرسە: «ھەقىقەتەن يەككە ــ يىگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئەيسامۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھنىڭ بەندىسى بولغان مەريەمنىڭ ئوغلى، ئاللاھ مەريەمگە تاشلىغان ئاللاھنىڭ كەلىمىسى، ئاللاھ تەرەپتىن يارىتىلغان روھدۇر، ھەقىقەتەن جەننەت ھەق، دوۋزاخ ھەق، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەق» دىسە، ئاللاھتائالا ئۇنى (جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكىنىڭ قايسىدىن خالىسا،) قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا، ئەمەللىرىگە لايىق جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. (يەنى، جەننەتتىكى دەرىجىسى، ئەمەللىرى بىلەن بولىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى بۇخارىي، مۇسلىم،تويلىغان، سەھىھ.

**28 - [ 27 ] ( صحيح )وعن عمرو بن العاص قال : " أتيت النبي صلى الله عليه وسلم فقلت ابسط يمينك فلأبايعك فبسط يمينه قال فقبضت يدي فقال ما لك يا عمرو قلت أردت أن أشترط قال تشترط ماذا قلت أن يغفر لي قال أما علمت أن الإسلام يهدم ما كان قبله وأن الهجرة تهدم ما كان قبلها وأن الحج يهدم ما كان قبله " ؟**

ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغاكېلىپ، سىلىگە بەيئەت قىلىشىم ئۈچۈن قوللىرىنى ئاچسىلا دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم قولىنى ئاچقاندا قولۇمنى تارتىۋالدىم . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئى ئەمرۇ!ساڭا نىمە بولدى؟ دىدى.مەن؛ بىرشەرتىم بار دىسەم ، نىمنى شەرت قىلىسەن؟دىدى مەن؛مەن ئۆچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەمما سەن ھەقىقەتەن ئىسلام دىنىنىڭ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشنىڭ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق ئىشلارنى بىكار قىلىۋېتىشىنى، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشنى ۋە ھەقىقەتەن ھىجرەتنىڭ، ھەج قىلىشنىڭ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق ئىشلارنى، گۇناھلارنى بىكار قىلىپ، كەچۈرۈم قىلىۋېتىشنى بىلمەمسەن؟دىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) قال الله تعالى: أنا أغنى الشركاء عن الشرك من عمل عملا أشرك فيه معي غيري تركته و شركه ( م ه ) عن أبي هريرة

. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن شېرىكلەردىن قەتئىي بىھاجەت، كىم بىر ئەمەلنى قىلىپ، ئۇ ئەمەلدە مەن بىلەن بىرگە مەندىن باشقىلارنى شېرىك قىلغان بولسا، (ياكى رىياقىلغان بولسا) مەن ئۇ كىشىنى شېرىكى بىلەن بىرگە تاشلاپ قويىمەن، (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇ ئەمەلنىڭ ئەجرىنى شۇ شېرىكتىن ئېلىۋال دىيىلىدۇ) مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) قال الله تعالى: الكبرياء ردائي و العظمة إزاري فمن نازعني واحدا منهما قذفته في النار ( حم د ه ) عن أبي هريرة ( ه ) عن ابن عباس

. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىبىر، چوڭچىلىق، كاتتىلىق مىنىڭ رىدايىم، ئىززەت، ئۇلۇغلۇق مىنىڭ ئىزارىم، كىم مەندىن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرنى تالاشسا، مەن ئۇنى دوۋزاخقا تاشلايمەن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

29 - [ 28 ] لفصل الثاني

عن معاذ بن جبل قال كنت مع النبي صلى الله عليه وسلم في سفر فأصبحت يوما قريبا منه ونحن نسير فقلت يا رسول الله أخبرني بعمل يدخلني الجنة ويباعدني عن النار قال لقد سألتني عن عظيم وإنه ليسير على من يسره الله عليه تعبد الله ولا تشرك به شيئا وتقيم الصلاة وتؤتي الزكاة وتصوم رمضان وتحج البيت ثم قال ألا أدلك على أبواب الخير الصوم جنة والصدقة تطفئ الخطيئة كما يطفئ الماء النار وصلاة الرجل من جوف الليل قال ثم تلا ( تتجافى جنو م عن المضاجع )حتى بلغ ( يعملون )
ثم قال ألا أدلك برأس الأمر كله وعموده وذروة سنامه قلت بلى يا رسول الله قال رأس الأمر الإسلام وعموده الصلاة وذروة سنامه الجهاد ثم قال ألا أخبرك بملاك ذلك كله قلت بلى يا نبي الله فأخذ بلسانه فقال كف عليك هذا فقلت يا نبي الله وإنا لمؤاخذون بما نتكلم به فقال ثكلتك أمك يا معاذ وهل يكب الناس في النار على وجوههم أو على مناخرهم إلا حصائد ألسنتهم .
رواه أحمد والترمذي وابن ماجه

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ ؛مەن بىرقېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە

سەپەر قىلغان ئىدىم. بىركۈنى ئەتىگەندە مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىن مېڭىپ قالدىم،بىزسەپەرقىلىپ كېتىۋاتاتتۇق، مەن:ئى رەسۇلەﷲ! مېنى دوۋزاخدىن يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلگە كۆرسىتىپ قويسىلا دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن سەن مەندىن بەك چوڭ، ئۇلۇغ ئىشدىن سورىدىڭ، ھەقىقەتەن سەن دىگەن ئۇ ئىش، ئاللاھ ئاسان قىلغان كىشىگە ئاساندۇر، سەن ئاللاھتائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىل، پەرز نامازنى ئوقۇغىن، پەرزى زاكاتنى بەرگىن، رامىزاندا روزا تۇتقىن، بەيتۇللاھنى ھەج قىلغىن، سىنى ياخشىلىقنىڭ ئىشىكلىرىگە كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ روزا تۇتۇش، گۇناھدىن، دوۋزاخدىن قالقاندۇر، سەدىقە ــ ئېھسان قىلىپ تۇرۇش خۇددى سۇ، ئوتنى ئۆچۈرگەندەك، خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ، ئەۋزەل ياخشىلىق بولسا، كىشىنىڭ يېرىم كېچىدىكى نامىزىدۇر. «مۆئمىنلەرنىڭ يېنى، كېچىسى ياتاقدىن يىراق تۇرىدۇ» دىگەن ئايەتنى يەئىمەلۇنغىچە ئوقۇپ، مەن ساڭا ئىشنىڭ بېشىنى، تۈۋرۈكىنى، ئەڭ يۇقىر پەللىسنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيمۇ؟دىدى.مەن بولىدۇ دىسەم، ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، كىم مۇسۇلمان بولسا، سالامەت قالىدۇ، (يەنى دۇنيادا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، قىيامەتتە دوۋزادىن سالامەت قالىدۇ)، ئىشنىڭ تۈۋرۈكى نامازدۇر. ئەڭ يۇقىرى پەللىسى،ئۈستۈنى بولسا، جىھادتۇر، مەن ساڭا يۇقىرقىنىڭ ھەممىسنى توپلايدىغان، مۇستەھكەم چىڭىتىدىغان،ھەممىسگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئىشنى دەپ بەرمەيمۇ؟ دىدى.مەن بولىدۇ ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى!دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇ بولسىمۇ،مۇشۇنى يەنى تىلىڭنى يىغ دېدى، مەن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىز سۆزلىگەن نەرسىلەرگىمۇ ئازابلىنامدۇق؟ دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى مۇئاز! سېنى ئاناڭ يوقىتىپ قويسۇن، كىشىلەرنى پەقەت دوۋزاخقا يۈزىچە دۈم سالىدىغان نەرسە، ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ قالايمىقان سۆزلىرىدۇر، كەلىسە ــ كەلمەس ھەممە سۆزنى قىلىشدۇر دېدى. تىرمىزى 2541 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3963 ــ ھەدىس، ئەھمەد 21008 ــ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1 . جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلار توغرىسىدا سوراش.

2 . جەننەتكە پەقەت ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن كىرىدۇ.

3 . ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئىبادەت دىگەن، تۆۋەنى يولدىن ئەزىيەتنى تازىلاش، يۇقىرىسى، يەر شارىغا خەلىپە بولۇشتۇر، ھاكىمىيەتتىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭ.

4 . ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش.

5 . نەپلە روزا، دوۋزاخ ئوتىدىن قالقاندۇر.

6 . نەپلە سەدىقە ــ ئېھسان، خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ.

7 . كېچىلىك ناماز، تەھەججۇد ئەۋزەل ئىبادەت.

8 . ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، ناماز بولمىسا، ئۇ كىشىدە ئىسلام ئىمان يوقتۇر.

9 . ئەڭ ئۈستۈن، ئەڭ ئەۋزەل، ئالىي، يۈكسەك ئىبادەت، شېھىدلىققا يەتكۈزىدىغان جىھادتۇر.

10. كىشى تىلىغا ئىگە بولۇشى، تىلنى يىغىشى زۆرۈردۇر.

**30 - [ 29 ] وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أحب لله وأبغض لله وأعطى لله ومنع لله فقد استكمل الإيمان " . رواه أبو داود**

ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھ ئۇچۇنلا ياخشى كۆرسە، دوست تۇتسا، ئاللاھ رازىلىقىنى دەپلا دۈشمەن تۇتسا، ئاللاھ ئۇچۇنلا بەرسە، ھەم ئاللاھ رازىلىقىنى دەپ ئاللاھدىن قورقۇپ بەرمىسە، جەزمەن ئۇ ئىماننى كامىل قىلغان بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**31 - [ 30 ] رواه الترمذي عن معاذ بن أنس مع تقديم وتأخير وفيه :فقد استكمل إيمانه** "بۇھەدىس يۇقىرقىغائوخشاش.

**32 - [ 31 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفضل الأعمال الحب في الله والبغض في الله " . رواه أبو داود**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەبزەلراقى،**الله** يولىدا **الله** رازىلىقىنى دەپ دوست تۇتۇپ ياخشى كۆرۈش ۋە **الله** يولىدا **الله** رازىلىقىنى دەپ ئۆچ كۆرۈپ دۈشمەن تۇتۇشتۇر.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**33 - [ 32 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المسلم من سلم المسلمون من لسانه ويده والمؤمن من أمنه الناس على دمائهم وأموالهم " . رواه الترمذي والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان كىشى دىگەن، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىنىڭ، قولىنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر، (مۇسۇلمانلار، زىيىنىدىن سالامەت قالمىغان كىشى مۇسۇلمان ئەمەس)، مۆئمىن دىگەن، مۆئمىنلەر قانلىرىغا، ماللىرىغا، جانلىرىغا، ئۇنىڭ يامانلىقلىدىن ئەمىن، خاتىرجەم بولغان، ئىشەنگەن كىشىدۇر.(يەنى ئۇلارنى خاتىرجەم قىلغان كىشىدۇر). ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**34 - [ 33 ] ( لم تتم دراسته )وزاد البيهقي في " شعب الإيمان " . برواية فضالة : " وا اهد من جاهد نفسه في طاعة الله والمهاجر من هجر الخطايا والذنوب "**

پۈزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇجاھىد دىگەن، ئاللاھ يولىدا ئۆزنەپسى بىلەن جەڭ قىلغۇچى كىشىدۇر، (نەپسى بىلەن جەڭ قىلىش، چوڭ جىھاددۇر)ھىجرەت قىلغۇچى دىگەن ،خاتالىق ۋەگۇناھلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر.بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**35 - [ 34 ] ( حسن )وعن أنس رضي الله عنه قال : فلما خطبنا رسول الله صلى الله عليه وسلم إلا قال : " لا إيمان لمن لا أمانة له ولا دين لمن لا عهد له " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە سۆزلەپلا قالسا مۇنداق دەيتتى: ئامانەت يوق كىشى ئۇچۇن ئىمان يوق، ئەھدى يوق كىشى ئۇچۇن دىن يوق، (يەنى ئەھدىنى بۇزغۇچى، ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچى خائىنغا ئىمان، دىن يوق).بەيھەقى، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**الفصل الثالث**

**36 - [ 35 ] عن عبادة بن الصامت رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من شهد أن لا إله إلا الله وأن محمدا رسول الله حرم الله عليه النار "**

ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: كىم، ھەقىقەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم **الله** نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى ھارام قىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**37 - [ 36 ] ( صحيح )وعن عثمان رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من مات وهو يعلم أنه لا إله إلا الله دخل الجنة " . رواه مسلم**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ،( لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەپ) ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**38 - [ 37 ] ( صحيح )وعن جابر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثنتان موجبتان . قال رجل : يا رسول الله ما الموجبتان ؟ قال : ( من مات يشرك بالله شيئا دخل النار ومن مات لا يشرك بالله شيئا دخل الجنة )( رواه مسلم )**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋاجىب قىلىدىغان ئىككى نەرسەبار . بىركىشى ئۇ ئىككى ۋاجىب قىلغۇچى نېمە ؟دەپ سوردى . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ كىم ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلسە، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ. كىم ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇدىدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.
مانا بۇ مىيزان. ھەق، باتىلنىڭ ئۆلچىمىدۇر، ئىمان ۋە كۇفىر، ياخشى ۋەياماندۇر.

**39 - [ 38 ] ( صحيح )**

**وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : كنا قعودا حول رسول الله صلى الله عليه وسلم معنا أبو بكر وعمر رضي الله عنهما في نفر فقام رسول الله صلى الله عليه وسلم من بين أظهرنا فأبطأ علينا وخشينا أن يقتطع دوننا وفزعنا فقمنا فكنت أول من فزع فخرجت أبتغي رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى أتيت حائطا للأنصار لبني النجار فدرت به هل أجد له بابا فلم أجد فإذا ربيع يدخل في جوف حائط من بئر خارجة والربيع الجدول فاحتفزت كما يحتفز الثعلب فدخلت على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال أبو هريرة فقلت نعم يا رسول الله قال ما شأنك قلت كنت بين أظهرنا فقمت فأبطأت علينا فخشينا أن تقتطع دوننا ففزعنا فكنت أول من فزع فأتيت هذا الحائط فاحتفزت كما يحتفز الثعلب وهؤلاء الناس ورائي فقال يا أبا هريرة وأعطاني نعليه قال اذهب بنعلي هاتين فمن لقيت من وراء هذا الحائط يشهد أن لا إله إلا الله مستيقنا ا قلبه فبشره بالجنة فكان أول من لقيت عمر فقال ما هاتان النعلان يا أبا هريرة فقلت هاتان نعلا رسول الله صلى الله عليه وسلم بعثني ما من لقيت يشهد أن لا إله إلا الله مستيقنا ا قلبه بشرته بالجنة فضرب عمر بيده بين ثديي فخررت لاستي فقال ارجع يا أبا هريرة فرجعت إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فأجهشت بكاء وركبني عمر فإذا هو على أثري فقال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم ما لك يا أبا هريرة قلت لقيت عمر فأخبرته بالذي بعثتني به فضرب بين ثديي فخررت لاستي قال ارجع فقال له رسول الله يا عمر ما حملك على ما فعلت قال يا رسول الله بأبي أنت وأمي أبعثت أبا هريرة بنعليك من لقي يشهد أن لا إله إلا الله مستيقنا ا قلبه بشره بالجنة قال نعم قال فلا تفعل فإني أخشى أن يتكل الناس عليها فخلهم يعملون قال رسول الله صلى الله عليه وسلم فخلهم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىز ئەبۇ بەكرى،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق بىرنەچچە نەپەر كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇغلۇق ئىدۇق،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجىتى ئۈچۈن ئارىمىزدىن تۇرۇپ كىتىپ، بىزگە كېچىكىپ قالدى. بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر مۇسىبەت يىتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، چۆچۈپ،ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق.

ئەنسىرەپ قورقىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولدۇم،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىزدەپ چىقىپ ، ئەنسارلاردىن بولغان بەنى نەججارنىڭ باغ ـ بوستانلىقىغا كىلىپ،بىرەر ئىشىكنى تاپارمەنمىكىن دەپ باغنى ئايلاندىم،لىكىن ئىشىك تاپالمىدىم،ناگاھان باغنىڭ تېشىدىكى قۇدۇقتىن باغ ئىچىگە سۇ كىرىدىغان كىچىك بىر ئېرىق تۇرىدۇ،مەن تۇلكە تۇگۇلگەندەك تۇگۇلۇپ ، ئۆمىلەپ شۇ ئېرىقتىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىردىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئەبۇ ھۇرەيرىمۇ؟دىدى.مەن ھەئە يارەسۇلەالله!دىسەم،بۇيەردە نىمە ئىش قىلىسەن، نىمە ئىشىڭ بار؟دىدى.مەن؛سىلى ئارىمىزدا ئىدىلە،كىيىن ئارىمىزدىن تۇرۇپ كىتىپ، بىزگە كېچىكىپ قالدىلا، بىز سىلىگە بىرەر مۇسىبەت يىتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، چۆچۈپ،ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق. ئەنسىرەپ قورقىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولدۇم ، ئاندىن سىلىنى ئىزدەپ مۇشۇ باغقا كىلىپ، تۇلكە تۇگۇلگەندەك تۇگۇلۇپ ، ئۆمىلەپ يانلىرىغا كىردىم،ئاۋۇ كىشىلەر ئارقامدا قالدى دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئىككى ئايىقىنى بىرىپ؛ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە!سەن بۇ ئىككى ئايىقىمنى ئاپىرىپ، دەلىل ئىسپات قىلىپ،ساڭا مۇشۇ باغنىڭ ئارقىسىدا بىرەر كىشى ئۇچۇرشۇپ،چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ، شەكسىز ئىشىنىپ،لائىلاھە ئىللەالله ، الله دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە،ئۇكىشىگە جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بەرگىن دىدى.كىشىلەردىن مەن ئۇچراشقان كىشىنىڭ تۇنجىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇبولدى،ئۇماڭا؛ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە!بۇئىككىسى نىمە

ئاياقتۇر؟دىدى.مەن؛بۇئىككىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايىقى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى مۇشۇ ئايىقى بىلەن ئەۋەتتى، چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ، شەكسىز ئىشىنىپ،«لائىلاھە ئىللەالله» الله دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىگە ئۇچراشسام، ئۇكىشىگە جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بىرىمەن دىسەم،ئۇ مىنىڭ كۆكسىمگە بىرنى ئۇرىۋىدى،مەن ئارقامچە ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتۈم،ئۇماڭا؛ئى ئەبۇھۇرەيرە!ئارقاڭغا قايت!!دىدى.مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قايتىپ كەلدىم، رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كىتىپ، رەسۇلۇللاھنى چۆچۈتۈپ، قورقۇتىۋەتتىم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا ئەگىشىپ ئارقامدىنلا كەلگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى ئەبۇھۇرەيرە!ساڭا نىمە بولدى؟دىدى.مەن ؛ مەن تۇنجى بولۇپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچۇرشۇپ ، سىلى مىنى ئەۋەتكەن ئىشلارنى خەۋەر قىلسام،ئۇ مىنىڭ كۆكسىمگە بىرنى ئۇرىۋىدى،مەن ئارقامچە ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتۈم،ئۇماڭا؛ئى ئەبۇھۇرەيرە!ئارقاڭغا قايت!!دىدى.دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئى ئۆمەر!نىمشقا ئۇنداق قىلدىڭ،شۇنداق قىلىشىڭغا نىمە سەبەب بولدى؟دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن،سىلى راستىنلا ئەبۇ ھۇرەيرىنى ئىككى ئاياقلىرى بىلەن ئەۋەتىپ،ئەگەرسەن چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ، شەكسىز ئىشىنىپ،«لائىلاھە ئىللەالله» الله دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىگە ئۇچراشساڭ، ئۇكىشىگە جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بەرگىن دەپ ئەۋەتتىلىما؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەئە شۇنداق دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!ئۇنداق قىلمىسىلا چۈنكى مەن كىشىلەرنىڭ شۇ شاھادەت كەلىمىسىگىلا يۆلىنىۋېلىپ،ياخشى ئەمەللەرنى قىلماسلىقىدىن ئەنسىرەيمەن ، ئۇلارنى ئەمەل قىلغىلى قويسىلا دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بولۇپتۇ ئۇلارنى ئەمەل قىلغىلى قويۇڭلار دىدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

40 - [ 39 ] ( لم تتم دراسته )عن معاذ بن جبل قال : " قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم مفاتيح الجنة شهادة أن لا إله

**إلا الله " . رواه أحمد**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ، « لا ئىلاھە ئىللەللاھ»ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق. دەپ گۇۋاھلىق بىرىشتۇر.ئەھمەد .

**41 - [ 40 ] ( لم تتم دراسته )**

**عن عثمان بن عفان رضي الله عنه قال : إن رجالا من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم حين توفي النبي صلى الله عليه وسلم حزنوا عليه حتى كاد بعضهم يوسوس قال عثمان وكنت منهم فبينا أنا جالس في ظل أطم من الآطام مر علي عمر رضي الله عنه فسلم علي فلم أشعر أنه مر ولا سلم فانطلق عمر حتى دخل على أبي بكر رضي الله عنه فقال له ما يعجبك أني مررت على عثمان فسلمت عليه فلم يرد علي السلام وأقبل هو وأبو بكر في ولاية أبي بكر رضي الله عنه حتى سلما علي جميعا ثم قال أبو بكر جاءني أخوك عمر فذكر أنه مر عليك فسلم فلم ترد عليه السلام فما الذي حملك على ذلك قال قلت ما فعلت فقال عمر بلى والله لقد فعلت ولكنها عبيتكم يا بني أمية قال قلت والله ما شعرت أنك مررت ولا سلمت قال أبو بكر صدق عثمان وقد شغلك عن ذلك أمر فقلت أجل قال ما هو فقال عثمان رضي الله عنه توفى الله عز وجل نبيه صلى الله عليه وسلم قبل أن نسأله عن نجاة هذا الأمر قال أبو بكر قد سألته عن ذلك قال فقمت إليه فقلت له بأبي أنت وأمي أنت أحق ا قال أبو بكر قلت يا رسول الله ما نجاة هذا الأمر فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم من قبل مني الكلمة التي عرضت على عمي فردها فهي له نجاة . رواه أحمد**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقاندا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار قاتتىق غەم قىلىپ قايغۇردى.ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەمدى بۇدىن تۈگەشدىغان بولدى، شەرىيئەتنىڭ نۇرى ئۆچىدىغان بولدى دىگەندەك)ۋەسۋەسىلەرگە چۈشكىلى تاس ـ تاس قالدى.مەنمۇ ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدىم.بىرچاغدا مەن قورغان تاملىرىدىن بىر تامنىڭ سايىسىدا ئولتۇراتتىم ، شۇچاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈستۈمدىن ئۆتۈپ ماڭا سالام قىلىپتۇ،مەن ئۇنىڭ ئۆتكىنىنى ۋەسالام قىلغىنىنى زادى تۇيماپتىمەن،ئاندىن ئۇ، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلىپتۇ،ئاندىن ئۇلار مىنىڭ قېشىمغا كىلىپ ، ھەرئىككىلىسى ماڭا سالام قىلغاندىن كيىن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛قېشىمغا قېرىندىشىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىلىپ ، ئۇ سىنىڭ ئۈستۈڭدىن ئۆتۈپ ساڭا سالام قىلسا ، سىنىڭ ئۇنىڭ سالىمىنى قايتۇرمىغانلىقىڭنى ئەيتتى ، شۇنداق قىلىشىڭغا ساڭا نىمە سەبەب بولدى؟ دىدى.مەن ؛ئۇنداق قىلمىدىم دىسەم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ؛ئۇنداق ئەمەس، سەن شۇنداق قىلدىڭ، ئى بەنىي ئۇمەييە! بۇسىلەرنىڭ جاھالىيەت ئادىتىڭلار دىدى.مەن؛الله بىلەن قەسەمكى سىنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ ماڭا سالام قىلغىنىڭنى پەقەتلا تۇيماپتىمەن دىدىم. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئوسمان راست ئەيتتى،ئى ئوسمان!سىنى شۇنىڭدىن بىر ئىش مەشغۇل قىلىپ قويۇپتۇ شۇنداقمۇ؟دىدى.مەن؛ھەئە شۇنداق دىسەم،ئۇ؛ئۇ نىمە ئىش؟دىدى.مەن؛الله تەئالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىزنىڭ ئۇنىڭدىن مۇشۇ قورقۇنۇشلۇق ئىشدىن قانداق نىجات تېپىش توغرىسدا(يەنى دوۋزاخدىن قانداق قۇتۇلۇشىمىز توغرىسدا )سورۇۋېلىشىمىزدىن بۇرۇن ۋاپات تاپقۇزۇپ ئېلىپ كەتتى دىسەم،ئۇ؛ھەققەتەن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شۇ ئىش توغرىسدا سورغان ئىدىم دىدى.مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭغا؛ ئاتا ـ ئانام ساڭاپىدا بولسۇن ، سەن شۇنىڭغا لايىقسەن،ماڭا بىر ئېيتىپ بەرگىنە دىدىم.ئۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ مۇشۇ قورقۇنۇشلۇق ئىشدىن نىجات تېپىش (يەنى دوۋزاخدىن قۇتۇلۇشىمىز) قانداق بۇلىدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛كىم مەندىن مەن تاغامغا تەڭلىگەن ، تاغام ئۇنى رەت قىلىۋەتكەن كەلىمىنى (يەنى « لا ئىلاھە ئىللەللاھ»ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق).دىگەننى قوبۇل قىلسا،بۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن نىجاتلىق (يەنى دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش) بۇلىدۇدىدى.ئەھمەد

توپلىغان .

**42 - [ 41 ] ( صحيح )عن المقداد بن الأسود قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يقول لا يبقى على ظهر الأرض بيت مدر ولا وبر إلا أدخله الله كلمة الإسلام بعز عزيز أو ذل ذليل إما يعزهم الله عز وجل فيجعلهم من أهلها أو يذلهم فيدينون لها رواه أحمد**

مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ:يەريۈزىدە تاش ـ چالما ،يۇڭ ـ كىگىز ئۆي قالماي ھەممىسىگە الله تەئالا ،ئەزىزنى ئەزىز قىلىش بىلەن ،خار بولۇشقا تېگىشلىكنى خار قىلىش بىلەن ئىسلام كەلىمىسىنى كىرگۈزىدۇ ،يائۇلارنى الله ئەزىز قىلىپ ، ئۇلارنى ئىسلام ئەھلىدىن قىلىدۇ ،ياكى ئۇلارنى خارقىلىپ مەجبۇرى بويسۇندۇرىدۇ ،ئۇلارئاندىن ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇپ ، (باش ئىگىپ، باج تاپشۇرىدۇ.)ئەھمەد توپلىغان سەھىھ.

**43 - ( 42 ( لم تتم دراسته )عن وهب بن منبه قيل له : أليس لا إله إلا الله مفتاح الجنة قال بلى ولكن ليس مفتاح إلا له أسنان فإن جئت بمفتاح له أسنان فتح لك وإلا لم يفتح لك . رواه البخاري في ترجمة باب**

ۋەھبى ئىبنى مۇنەببەھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ «لائىلاھە ئىللە الله » ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق،دېگەن بۇكەلىمە جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ئەمەسمۇ؟دېيىلگەندە، ئۇ؛ئەلبەتتە بۇ ئاچقۇچى،لېكىن ئاچقۇچلا بولىدىكەن ئۇنىڭ چىشلىرى بولىشى كېرەك.ئەگەرسەن چىشلىرى بار ئاچقۇچنى ئېلىپ كەلەلىسەڭ(جەننەت ئىشكى)ساڭا ئېچىلىدۇ،ئەگەر چىشلىرى بار ئاچقۇچنى ئېلىپ كەلەلمىسەڭ ساڭا ئېچىلمايدۇ دېگەن بۇخارىيدا باردۇر.

**44 - [ 43 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :**
**إذا أحسن أحدكم إسلامه فكل حسنة يعملها تكتب له بعشر أمثالها إلى سبع مائة ضعف وكل سيئة يعملها تكتب له بمثلها "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئىسلامنى، دىنىنى ياخشى قىلسا، يەنى ياخشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەربىر ياخشى ئەمىلىگەئۇنىڭ ئۇخشىشىدەك 10دىن 700ھەسسىگىچە ئەجىر يېزىلىدۇ، ئۇ قىلغان ھەربىر يامان ئەمەل بولسا، بىرلا يېزىلىدۇ. يەنى بىرگە بىر يېزىلىدۇ، (بۇ ئاللاھقا ئۇچراشقانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ)، ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارىي،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**45 - [ 44 ] وعن أبي أمامة أن رجلا سأل رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما الإيمان قال إذا سرتك حسنتك وساءتك سيئتك فأنت مؤمن قال يا رسول الله فما الإثم قال إذا حاك في نفسك شيء فدعه " . رواه أحمد**

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىمان دېگەن نىمە؟دەپ سوردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىنى ياخشىلىقلىڭ خۇرسەن، خۇشال قىلسا، يامانلىق، گۇناھىڭ، خاپا قىلىپ غەمگە سالسا، سەن ھەقىقى مۆئمىن ھېسابلىنىسەن دېدى،ئۇكىشى؛گۇناھ دېگەن نىمە؟دەپ سوردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قەلبىڭدە، كۆڭلۈڭدە بىرەر نەرسە شەكلەندۈرسە، گۇناھمىكى دەپ ئىككىلەندۈرسە، ئۇنى تەرىك ئەتكىن دېدى، ئەھمەد ، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**46 - [ 45 ] ( لم تتم دراسته )عن عمرو بن عبسة قال : أتيت رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت يا رسول الله من تبعك على هذا الأمر قال حر وعبد قلت ما الإسلام قال طيب الكلام وإطعام الطعام قلت ما الإيمان قال الصبر والسماحة قال قلت أي**

**الإسلام أفضل قال من سلم المسلمون من لسانه ويده قال قلت أي الإيمان أفضل قال خلق حسن قال قلت أي الصلاة أفضل قال طول القنوت قال قلت أي الهجرة أفضل قال أن تهجر ما كره ربك عز وجل قال قلت فأي الجهاد أفضل قال من عقر جواده وأهريق دمه قال قلت أي الساعات أفضل قال جوف الليل الآخر . . . رواه أحمد**

ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ، ئى الله نىڭ ئەلچىسى!سىلىگە بۇئىشتا يەنى بۇ دىندا كىم- كىملەر ئەگەشتى؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھۆر بولسۇن قۇل بولسۇن ھەرقانداق كىشى ئەگىشىۋېردۇ دېدى.ئىسلام دېگەن نېمە؟دېسەم،ياخشى سۆز قىلىش،كىشىلەرگە تائام بېرىش دېدى.ئىمان دېگەن نېمە؟دېسەم،سەۋرە قىلىش،كەڭ قۇساق بولۇش،كىشىلەرگە ئاسان قىلىش دېدى.ئىسلامنىڭ قايسىسى ئەبزەل؟دېسەم، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن، قولىدىن(يەنى تىلى بىلەن قولىنىڭ ئەزىيىتىدىن) سالامەت قالغان كىشىدۇردېدى.ئىماننىڭ قايسىسى ئەبزەل؟ دېسەم،ياخشى ئەخلاق،گۈزەل ئەخلاق دېدى.نامازنىڭ قايسىسى ئەبزەل؟دېسەم،قۇنۇت- قىياملىرى ئۇزۇن بولغىنى دېدى.ھىجرەتنىڭ قايسىسى ئەبزەل؟دېسەم،رەببىڭ يامان كۆرگەن نەرسىنى تەرك ئېتىشىڭدۇر دېدى.جىھادنىڭ قايسىسى ئەبزەل؟دېسەم،جەڭ ئېتىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن،ئۆزىمۇ، قېنى تۆكۈلۈپ شېھىد بولغان كىشىنىڭ جىھادى دېدى. سائەت ۋاقتىنىڭ قايسىسى ئەبزەل؟دېسەم،كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈتتىرى،يېرىم كېچىدىن كېيىنكى ۋاقىت دېدى.ئەھمەد .

**47 - [ 46 ] ( صحيح )وعن معاذ بن جبل قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من لقي الله لا يشرك به شيئا يصلي الخمس ويصوم رمضان غفر له قلت أفلا أبشرهم يا رسول الله قال دعهم يعملوا " . رواه أحمد**

مۇئازرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: كىم ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا،بەش ۋاقىت نامازنى ئوقۇسا،رامىزان ئېيىدا رۇزا تۇتسا،ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىندۇ.مەن ؛ ئى رەسۇلەالله ! ئۇلارغا خۇش- بىشارەت بەرمەيمۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇلارنى ئەمەل قىلغىلى قويغىن دېدى. ئەھمەد، توپلىغان، سەھىھ.

**48 - [ 47 ] ( لم تتم دراسته )وعن معاذ أنه سأل النبي صلى الله عليه وسلم عن أفضل الإيمان قال : " أن تحب لله وتبغض لله وتعمل لسانك في ذكر الله قال وماذا يا رسول الله قال وأن تحب للناس ما تحب لنفسك وتكره لهم ما تكره لنفسك " . رواه أحمد**

مۇئازرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىماننىڭ ئەبزىلى توغرىسىدا سورغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئىماننىڭ ئەبزىلى،الله ئۈچۈنلا دوست تۇتۇپ ياخشى كۆرۈشلىك، الله ئۈچۈنلادۈشمەن تۇتۇپ ئۆچ كۆرۈشلىك،تىلىڭنى الله نىڭ زىكرىدە، الله نىلا ئەسسلەشكە خىزمەتكە سېلىشىڭدۇر دېدى.ئۇ قانداق بۇلىدۇ؟يانىچۇ؟دېگەندە، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى كىشلەرگىمۇ ياخشى كۆرشلىك، ئۆزۈڭ ئۈچۈن يامان كۆرگەن نەرسىنى كىشلەرگىمۇ يامان كۆرشىڭدۇر دېدى.ئەھمەد توپلىغان.

## باب الكبائر وعلامات النفاق - الفصل الأول

## بۇ باب، گۇناھى كەبىيرە ۋە مۇناپىقنىڭ ئالامىتى توغرىسىدا

**49 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عبد الله بن مسعود قال : قال رجل : يا رسول الله أي الذنب أكبر عند الله قال أن تدعو لله ندا وهو خلقك قال ثم أي قال ثم أن تقتل ولدك خشية أن يطعم معك قال ثم أي قال ثم أن تزاني بحليلة جارك فأنزل الله عز وجل تصديقها ( والذين لا يدعون مع الله إلها آخر ولا يقتلون النفس التي حرم الله إلا بالحق ولا يزنون ومن يفعل ذلك يلق أثاما ) الآية**

ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!**الله** نىڭ نەزلىدە قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭدۇر دەپ سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ **الله** قا شىرىك كەلتۈرشۈڭ، ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر ۋەھالەنكى **الله** سىنى ياراتقاندۇر دىدى.ئۇكىشى ئاندىن قالسا قايسىسى چوڭ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛بالاڭنىڭ سەن بىلەن بىرگە تاماق يېيىشىدىن قورقۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۋېتىشىڭدۇر دىدى.ئۇكىشى؛ئاندىن قايسى؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ خوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭدۇردىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىنى تەستىقلاپ **الله** تەئالا،مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.« ئۇلار **الله**غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، **الله** هارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ.سۈرە فۇرقان 68 ـ ئايەت بۇخاري،مۇسلىم توپلىغان.

**50 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الكبائر الإشراك بالله وعقوق الوالدين وقتل النفس واليمين الغموس " . رواه البخاري**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گۇناھى كەبىيرىلەر: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، (ئاللاھ ساقلىسۇن) ئاتا ــ ئانىلارغا ۋارقىراپ، گەردەن قېقىش، قاتىللىق قىلىش، يالغان قەسەمدۇر. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**51 - [ 3 ] ( متفق عليه )وفي رواية أنس : " وشهادة الزور " بدل : " اليمين الغموس "**

( صحيح ) **أكبر الكبائر الإشراك بالله و قتل النفس و عقوق الوالدين و شهادة الزور** ( خ ) عن أنس

1195 . ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گۇناھى كەبىيرىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش (ئاللاھ ساقلىسۇن) ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاتا ــ ئانىغا ۋارقىراپ گەردەن قېقىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىقلاردۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**52 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اجتنبوا السبع الموبقات قالوا يا رسول الله وما هن قال الشرك بالله والسحر وقتل النفس التي حرم الله إلا بالحق وأكل الربا وأكل مال اليتيم والتولي يوم الزحف وقذف المحصنات المؤمنات الغافلات "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يەتتە ھالاك قىلغۇچىدىن يىراق بولۇڭلار،ئۇلار؛ئۇلار قايسىلار؟دەپ سورغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بىرىنچىسى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشدىن يىراق بولۇڭلار، ئىككىنچىسى، سېھرىگەرلىك، ئۈچىنچىسى، ئاللاھ هارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرۈش، قاتىللىق، ھەقلىق بىلەن بولسا مەيلى. تۆتىنچىسى، جازانە، ئۆسۈم يىيىش، بەشىنچى، يېتىمنىڭ مېلىنى يىيىش، ئالتىنچىسى، جەڭ كۈنى كاپىردىن قېچىش، يەتتىنچى، ھېچ ئىشدىن خەۋىرى يوق، مۆئمىن، ئىپپەتلىك، ئېرى بار ئايالغا بۆھتان چاپلاش دىدى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقىلار توپلىغان. سەھىھ.

**53 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه إن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يزني الزاني حين يزني وهو مؤمن ولا يشرب الخمر حين يشر ا وهو مؤمن ولا يسرق السارق حين يسرق وهو مؤمن ولا ينتهب نبة ذات شرف يرفع الناس إليه أبصارهم فيها حين ينتهبها وهو مؤمن ولا يغل أحدكم حين يغل وهو مؤمن فإياكم إياكم "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زىنا قىلغۇچى، زىنا

قىلغان چاغدا مۆئمىن ھالەتتە زىنا قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچى مۆئمىن ھالەتتە ھاراقنى ئىچمەيدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچىمۇ مۆئمىن ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ، بۇلاڭچىمۇ، كىشىلەر قاراۋاتسا، ئوچۇق ــ ئاشكارا مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلمايدۇ. (يەنى بۇلار بۇ ئىشلارنى مۆئمىنلىكىدىن چىقىپ كېتىپ قىلىدۇ، مۆئمىن كىشى ھەرگىز ئۇ ئىشلارنى قىلمايدۇ). ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەھمەد بىلەن مۇسلىم، بىرىڭلار مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ، خىيانەت قىلمايدۇ، ھەزەر قىلىڭلار، قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار دىگەننى زىيادە توپلىغان، سەھىھ.

**54 - [ 6 ] ( صحيح )وفي رواية ابن عباس : " ولا يقتل حين يقتل وهو مؤمن " . قال عكرمة : قلت لابن عباس : كيف ينزع الإيمان منه ؟ قال : هكذا وشبك بين أصابعه ثم أخرجها فإن تاب عاد إليه هكذا وشبك بين أصابعه وقال أبو عبد الله : لا يكون هذا مؤمنا تاما ولا يكون له نور الإيمان . هذا لفظ البخاري**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە، كىشى قاتىللىق قىلغاندا مۆئىن ھالىتىدە تۇرۇپ قاتىللىق قىلمايدۇ دىگەنمۇ باردۇر.ئىكرىمە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛مەن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىمان ئۇنىڭدىن قانداق تارتىلىپ كىتىدۇ؟دىسەم، ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى كىرىشتۇرۇپ،ئاندىن ئاجرىتىپ چىقىرىپ ، ئەنە شۇنداق چىقىپ كىتىدۇ،ئەگەر تۆبە قىلسا ، ئىمان ئۇنىڭغا ماناموۇشۇنداق قايتىپ كىلىدۇ دەپ يانا بارماقلىرىنى كىرىشتۇردى.ئەبۇئابدۇﷲ ؛ يۇقىرقى ئىشلارنى قىلغان كىشى ، كامىل مۆئمىن بۇلالمايدۇ،ئۇنداق كىشىگە ئىمان نۇرى بولمايدۇ دىدى. بۇ ئىمام بۇخارى لەبزى.

**55 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ( " آية المنافق ثلاث " . زاد مسلم : " وإن صام وصلى وزعم أنه مسلم " . ثم اتفقا : " إذا حدث كذب وإذا وعد أخلف وإذا اؤتمن خان "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر،( گەرچە ئۇ ناماز ئۇقۇپ،روزا تۇتسىمۇ،مەن مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلسىمۇ شۇنداق.)سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلىدۇ،بۇخارى نەسەئى، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان ، گەرچە ئۇ ناماز ئۇقۇپ،روزا تۇتسىمۇ،مەن مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلسىمۇ يۇقىرقى ئۈچ ئىش، مۇناپىقنىڭ ئالامىتى دىگەننى مۇسلىم زىيادە يازغاندۇر.سەھىھ.

**56 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمرو أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أربع من كن فيه كان منافقا خالصا ومن كانت فيه خصلة منهن كانت فيه خصلة من النفاق حتى يدعها إذا اؤتمن خان وإذا حدث كذب وإذا عاهد غدر وإذا خاصم فجر "** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۆت خىسلەت ئىش تىپىلغان كىشى خالىس مۇناپىق بولىدۇ، ئەگەر بۇ خىسلەتلەردىن بىرسى تىپىلسا، تەرىك ئەتمىگىچە ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقتىن بىر خىسلەت بولغان بولىدۇ، ئۇلار بولسا، بىرىنچى، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئىككىنچى، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئۈچىنچى، ئەھدە، توختام تۈزسە، بۇزىۋىتىدۇ، تۆتىنچى، داۋالاشسا، پاجىر بولىدۇ، يەنى ھارام ئىشنى قىلىپ ئاسىي بولىدۇ، ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخاري،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. لىكىن، مۇھىم بىر ئەسكەرتىشنى سۆزلەپ قويااي، ئۇ بولسىمۇ مۇناپىق دىيىش ئۈچۈن چوقۇم قۇرئان، سەھىھ ھەدىسىدىن ئىبلىنغان ھۆكۈم بولۇشى كېرەك، ئۇ كىشىمۇ شۇ شەرتكە چۈشسە، ھەتتا 10 دىن 15 كىچە سۈپەتلەر قۇرئاندا تىلغا ئىبلىنىدۇ، بولۇپمۇ سورە مۇناپىقدا ۋە سورە بەقەرنىڭ باش تەرپىدىكى 13 ئايەت، ئەنە شۇ سۈپەتلەرگە ۋە سورە تۆۋبىگە، مۇشۇنداق ھەدىسلەرگە چۈشسە، ئاندىن مۇناپىق دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ، ئەقىدىدە قەلبىدە چاتاق شەك بولسا.

**57 - [ 9 ] ( صحيح )وعن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " مثل المنافق كمثل الشاة العائرة بين الغنمين تعير إلى**

**هذه مرة وإلى هذه مرة " . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇناپىقنىڭ ئوخشىشى، ئۇياقتىن ــ بۇياققا چېپىپ يۈرىيدىغان (كۈيلىگەن )قويغا ئوخشايدۇ، بىر قېتىم مانىڭغا بارسا، بىر قېتىم ئانىڭغا بارىدۇ، ئارىلىقتا ھەيران يۈرىيدۇ، (زادى قايسىسىغا ئەگىشىدىغانلىقىنى، قايسىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسەن، (مۇناپىق، ئەنە شۇنداق بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن كۇففارلار ئارىسىدا ھەيران يۈرىيدۇ). نەسەئى 4951 ــ ھەدىس، مۇسلىم 4990 ــ ھەدىس، ئەھمەد 4835 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**الفصل الثاني**

**58 - [ 10 ] ( ضعيف )عن صفوان بن عسال قال : قال يهودي لصاحبه اذهب بنا إلى هذا النبي فقال صاحبه لا تقل نبي إنه لو سمعك كان له أربعة أعين فأتيا رسول الله صلى الله عليه وسلم فسألاه عن تسع آيات بينات فقال لهم : " لا تشركوا بالله شيئا ولا تسرقوا ولا تزنوا ولا تقتلوا النفس التي حرم الله إلا بالحق ولا تمشوا ببريء إلى ذي سلطان ليقتله ولا تسحروا ولا تأكلوا الربا ولا تقذفوا محصنة ولا تولوا الفرار يوم الزحف وعليكم خاصة اليهود أن لا تعتدوا في السبت " . قال فقبلوا يده ورجله فقالا نشهد أنك نبي قال فما يمنعكم أن تتبعوني قالوا إن داود دعا ربه أن لا يزال في ذريته نبي وإنا نخاف إن تبعناك أن تقتلنا اليهود . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

سەفۋان ئىبنى ئەسسالدىن ئۇ مۇنداق دىگەن: بىر يەھۇدىي ھەمراھىغا ماۋۇ پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا بىز بىلەن بارغىن دىگەندە، ھەمراھى، ئۇنى پەيغەمبەر دىمىگىن، ئەگەر ئۇ ئاڭلاپ قالسا، تۆت كۆزلۈك بولۇپ كېتىدۇ دەپتۇ، ئاندىن بۇلار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە روشەن توققۇز ئالامەتتىن سوراپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ. ئاللاھقا ھېچنىمىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئوغرىلىق قىلماڭلار، زىنا قىلماڭلار، ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق بىلەن بولسا بۇ مۇستەسنا، بىگۇناھ ئادەمنى سۇلتاننىڭ قېشىغا ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىش ئۈچۈن چېقىپ بارماڭلار، سېھىرگەرلىك قىلماڭلار، جازانە، ئۆسۈم يىمەڭلار، ئىپپەتلىك، پاك ئايالغا بۆھتان چاپلىماڭلار، جەڭ كۈنى قاچماڭلار، ئى يەھۇدىيلار، خۇسۇسەن سىلەر شەنبە كۈنى ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار. سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. ئۇلار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇت ــ قوللىرىنى سۆيۈپ، گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئىكەنسەن دىيىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا ئۇنداقتا سىلەرنى ماڭا ئەگىشىشتىن نىمە توستى؟ دېدى. ئۇلار، داۋۇد ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەرنىڭ ئۆز پۇشتىدىن داۋام قىلىشى ئۈچۈن پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپتىكەن، ئەگەر بىز ساڭا ئەگەشسەك، بىزنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمىز دېدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى خاتىرلىگەن، مىشكاتىنىڭ 58 ــ ھەدىسى بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.چۈنكى بىرراۋي مۇنكەر. ھەدىسنى زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلىش، ھەدىسنىڭ مەتنىسى، مەنىسىدىن باشقا تۇتاشقان يوللىرى، ئىسنادى، راۋىيلىرىغا مۇناسىۋەتلىك، بۇلارنى بىز يۇقىردا سۆزلىگەن.

**59 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن أنس بن مالك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاث من أصل الإيمان الكف عمن قال لا إله إلا الله ولا نكفره بذنب ولا نخرجه من الإسلام بعمل والجهاد ماض منذ بعثني الله إلى أن يقاتل آخر أمتي الدجال لا يبطله جور جائر ولا عدل عادل والإيمان بالأقدار " . رواه أبو داود**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ئىماننىڭ ئاساسى ئۈچ، بىرى، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دىگەن كىشىدىن چەكلىنىش، يەنى ئۆلتۈرمەسلىك،

بىرەر گۇناھنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنى كاپىر دېيەلمەيمىز، ئىسلام دىنىدىن چىقىرىۋېتەلمەيمىز. ئىككىنچى، جىھاد ، ئاللاھ مېنى ئەۋەتكەندىن باشلاپ ئۈممىتىمنىڭ ئاخىرى دەججال بىلەن ئۇرۇش قىلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ، ئۇنى زالىمنىڭ زۇلۇمى، ئادىلنىڭ ئادىللىقى، باتىل قىلىۋېتەلمەيدۇ، ئىماننىڭ ئۈچىنچى ئاساسى بولسا، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن بولۇپ، شەيخ ئەلبانى زەئىپ دېگەن، 60 ـ 61 ــ ھەدىسنىڭ دەرسى تامام بولمىغان.

**60 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا زنى العبد خرج منه الإيمان فكان فوق رأسه كالظلة فإذا خرج من ذلك العمل عاد إليه الإيمان " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:بەندە زىنا قىلغان چاغدا ، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىپ ، خۇددى كۆلەڭكەتەك، بېشىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۇرىدۇ،بەندە شۇ ئەمەلدىن قايتىپ چىققاندا،ئىمان ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىدۇ.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇدتوپلىغان.

**الفصل الثالث**

**61 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )عن معاذ قال : أوصاني رسول الله صلى الله عليه وسلم بعشر كلمات قال لا تشرك بالله شيئا وإن قتلت وحرقت ولا تعقن والديك وإن أمراك أن تخرج من أهلك ومالك ولا تتركن صلاة مكتوبة متعمدا فإن من ترك صلاة مكتوبة متعمدا فقد برئت منه ذمة الله ولا تشربن خمرا فإنه رأس كل فاحشة وإياك والمعصية فإن بالمعصية حل سخط الله عز وجل وإياك والفرار من الزحف وإن هلك الناس وإذا أصاب الناس موتان وأنت فيهم فاثبت وأنفق على عيالك من طولك ولا ترفع عنهم عصاك أدبا وأخفهم في الله . رواه أحمد**

مۇئازرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئون سۆزنى ۋەسىيەت قىلغان: گەرچە سەن ئوتتا كۆيدۈرۈلسەڭمۇ، ئەزالىرىڭ كېسىلىپ پارا ــ پارا قىلىنسىمۇ ھەرگىز ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمە، ئاتا ـ ئاناڭ گەرچە سېنى ئائىلەڭدىن،مال ـ مۈلكىڭدىن ئايرىلىشقا بۇيرىسىمۇ ، ئۇلارغا گەردەن قىقىپ،قاخشاتما. پەرز نامازنى قەستەن تەرىك ئەتمە، كىم پەرز نامازنى قەستەن تەرىك ئەتسە، ھەققەتەن ئۇنىڭدىن الله نىڭ ئەھدە، كېپىللىكى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. (ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ چۈنكى، نامازنى قەستەن تەرىك ئەتسە، جەزمەن كاپىر بولىدۇ. يۇقىرىدا ناماز ئوقوغۇچىنى ئۆلتۈرۈشتىن توسۇلدۇم دېگەن ھەدىس ئۆتتى، ئەكسى مەنىسى، نامازنى تەرىك ئېتىپ ئوقۇمىغان كىشىنى ئۆلتۈرىمەن دېگەن بولىدۇ). ھاراق ئىچمىگىن، چۈنكى، ئۇ بارلىق يامانلىق، گۇناھ ــ مەئسىيەتتىن ، ئاسىيلىقتىن ھەزەرقىلغىن،چۈنكى شۇ سەۋەبلىك الله نىڭ غەزىپى چۈشىدۇ.گەرچە، جەڭدە كىشىلەر ھالاك بولۇپ كەتسىمۇ ، سەن جەڭ مەيدانىدىن قاچمىغىن .كىشىلەرگە ئۆلۈم مۇسىيبىتى يەتكەندە ،ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ قالساڭ ، قاچماستىن مۇستەھكەم تۇرغىن.مال ـ مۈلكىڭدىن قادىر بولىشىڭچە ئائىلەڭگە نەپىقە قىلغىن.(ئۇلارغا)ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھاساڭنى كۆتۈرۈۋەتمىگىن.ئۇلارنى الله دىن قورقۇتقىن .ئەھمەد،ئىبنى ماجەلەر توپلىغان،سەھىھ.

**62 - [ 14 ] ( صحيح )**

**وعن حذيفة قال : إنما كان النفاق على عهد النبي صلى الله عليه وسلم فأما اليوم فإنما هو الكفر بعد الإيمان . رواه البخاري**

ھۇزەيپەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەقىقەتەن مۇناپىقلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا مەۋجۇد ئىدى.ئەمما بۈگۈنكى كۈندە،ھەقىقەتەن ئىماندىن كېيىن كۇپۇرلىقلا مەۋجۇدتۇر.بۇخارى،

## ۋەسۋەسە توغرىسىدا باب الوسوسة - الفصل الأول

**63 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى تجاوز عن أمتي ما وسوست به صدورها ما لم تعمل به أو تتكلم "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالا ئۈممىتىمدىن ئۇلارنىڭ دىللىرى خوتۇر ۋەسۋەسە قىلغان ئىشلارنى ئەمەل قىلىپ، سالمسلام ياكى سۆزلەپ سالمسىلا ئەپۇ قىلىپ ئۆتنۈۋەتتى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**64 - [ 2 ] ( صحيح )**

**وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : جاء ناس من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى النبي صلى الله عليه وسلم فسألوه : إنا نجد في أنفسنا ما يتعاظم أحدنا أن يتكلم به . قال : " أو قد وجدتموه " قالوا : نعم . قال : " ذاك صريح الإيمان ". رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ، ھەقىقەتەن بىز نەپسىمىزدە، ئىچىمىزدە، ئۆز كۆڭلىمىزدە بىرىمىز سۆزلىۋېتىشنى چوڭ سانايدىغان ، ئېغىر گۇناھ ھېساپلايدىغان بىر ئىشنى(يەنى **الله** توغرىسىدا بەزى بىر خۇتۇرنى)ھېس قىلدۇق دەپ سوراشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛شۇنداق ھېس قىلدىڭلارمۇ؟دىسە ، ئۇلار ھەئە شۇنداق تاپتۇق دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئاشۇ بولسا،ئىماننىڭ رۇشەن ئۇچۇقلىقى دىدى.(يەنى شۇ ۋەسۋەسىنى ، خۇتۇرنى چوڭ ساناش،**الله**دىن قورقۇش،**الله** نى ئۇلۇغ بىلىش ، ئوخشىشى يوق دەپ بىلىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.)مۇسلىم.

**65 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يأتي الشيطان أحدكم فيقول : من خلق كذا ؟ من خلق كذا ؟ حتى يقول : من خلق ربك ؟ فإذا بلغه فليستعذ بالله ولينته "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان بىرىڭلارغا كېلىپ ئانى كىم ياراتتى، مانى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، ھەتتا رەببىڭنى كىم ياراتتى دەيدۇ، شەيتان ۋەسۋەسىسى شۇ يەرگە يەتكەندە بىرىڭلار، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلىسۇن، دەرھال توختىۋالسۇن.
بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ ئەزلى، خالىق ياراتقۇچىدۇر، ئوخشىشى يوقتۇر.

**66 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يزال الناس يتساءلون حتى يقال هذا خلق الله الخلق فمن خلق الله ؟ فمن وجد من ذلك شيئا فليقل : آمنت بالله ورسله "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر سۇئال سوراۋېرىدۇ، ھەتتا، بۇ مەخلۇقلارنىغۇ ئاللاھ يارىتىپتۇ، ئاللاھنى كىم ياراتقاندۇ؟ دېيىلىدۇ، كىم شۇنداق ۋەسۋەسە سۇئالنى تاپسا، دەرھال مەن ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم دېسۇن.
بۇخارىي،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ ئەزلىدۇر، ئاللاھ ئەزەلدە بار ئىدى، ئاللاھ پەيدا بولغان ئەمەس، ھادىسە ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئىپتىداسى يوق، ئىنتىھاسىمۇ يوق، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئاللاھ مەخلۇق ئەمەس، بەلكى، ياراتقۇچى خالىقتۇر، ئاللاھ باقى، ئۇ مەڭگۈ مەۋجۇددۇر، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ

قورشمايدۇ، ئەقللەر،الله نى چەك ــ چېگرا دائىرىگە ئالالمايدۇ، چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوقتۇر، ئاللاھ بىز بىلەن بىللىدۇر، ئۇ قادىردۇر.ئەقىيدە ئۇقۇڭ.

**67 - [ 5 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما منكم من أحد إلا وقد وكل به قرينه من الجن وقرينه من الملائكة .قالوا : وإياك يا رسول الله ؟ قال : وإياي ولكن الله أعانني عليه فأسلم فلا يأمرني إلا بخير.رواه مسلم**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشىگە ئۇنىڭ جىندىن بولغان بىر يېقىن ھەمراھى ۋە پەرىشتىدىن بولغان بىر ھەمراھى مۇئەككەل قىلىنغاندۇر، (پەرىشتە ياخشىلىققا بۇيرىسا، شەيتان يامانغا بۇيرىيدۇ). ئۇلار سىلىگىمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، ئاللاھتائالا ماڭا ياردەم بەردى، ئۇ مۇسۇلمان بولدى، مەن سالامەت قالدىم، ئۇ مېنى پەقەت ياخشىلىققا بۇيرىيدۇ دىدى. ئەھمەد،بۇخارىي، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**68 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الشيطان يجري من الإنسان مجرى الدم "**

ئەنەس، سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن شەيتان ئادەم باللىرىنىڭ قان ئاقىدىغان جايلىرىدا ئېقىپ يۈرىيدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارىي، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. كۆزگە كۆرۈنگەن ماددا، ئېلېمېنت، ئوكسىگېن ۋە باشقا ماددىلار قاندا ئېقىپ يۈرىيدۇكى، كۆزگە كۆرۈنمەس، ماددا بولمىغان، روھانى ئالەمگە مەنسۇپ بولغان شەيتان ئەلۋەتتە قانلاردا ئېقىپ يۈرۈشى مۇمكىن، ئاللاھ بۇ ئىشنى شەيتانغا بەردى، مەخسەت، ئىمتىھان دۇنياسىدا، بۇ مۇسابىقە دۇنياسىدا سىناق ئېلىپ بېرىش، ئاللاھ بىزنى شەيتاندىن ساقلىسۇن، ئامىن!!!

**69 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من بني آدم مولود إلا يمسه الشيطان حين يولد فيستهل صارخا من مس الشيطان غير مريم وابنها "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق ئادەم بالىسى تۇغۇلىدىكەن، ئۇ تۇغۇلغان چاغدا شەيتان ئۇنى چىمدىپ چېقىلىدۇ، بالا شەيتاننىڭ چىمدىشىدىن ئاۋاز قىلىپ يىغلاپ كېتىدۇ، لېكىن، مەريەم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، (چۈنكى، سۈرە ئال ئىمراندا مەريەمنىڭ ئانىسى ئاللاھقا سېغىنىپ، ئەۋلادلىرىنى شەيتاندىن پاناھ تىلىۋالغان، ئەۋلادلىرى ئۈچۈنمۇ پاناھ تىلىگەن). بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**70 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صياح المولود حين يقع نزغة من الشيطان "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىچىك بالىنىڭ تۇغۇلۇپ چۈشكەندىكى يىغا ئاۋازى، شەيتاننىڭ چىمدىشىدۇر، ئازار بېرىشىدۇر،بۇخارىي، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، ئەيسا بىلەن مەريەم بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر

**71 - [ 9 ] ( صحيح )وعن جابر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم إن إبليس يضع عرشه على الماء ثم يبعث سراياه فأدناهم منه م لة أعظمهم فتنة يجيء أحدهم فيقول فعلت كذا وكذا فيقول ما صنعت شيئا قال ثم يجيء أحدهم فيقول ما تركته حتى فرقت بينه وبين امرأته قال فيدنيه منه ويقول نعم أنت قال الأعمش أراه قال " فيلتزمه " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئىبلىس شەيتان، پايتەختىنى سۇ ئۈستىگە قويىدۇ (دېڭىزدىكى قاراڭغۇ زۇلمەتكە) ئاندىن قوشۇن، لەشكەرلىرىنى

كىشىلەرنى ئازدۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ، قوشۇنىنىڭ ئىچىدە ئىبلىسقا ئورۇن، مەرتىبە جەھەتتىن ئەڭ يېقىن تۇرىدىغىنى، پىتنە ــ پاساد ئازدۇرۇشنى چوڭ، كۆپ قىلغىنىدۇر، ئۇلارنىڭ بىرسى كېلىپ، مەن ئانداق ــ مانداق قىلىۋەتتىم دېسە، ئىبلىس: سەن تېخى ھېچ ئىش قىلالماپسەن، دەپ ئۇنى ياراتمايدۇ،ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى كېلىپ، مەن پالانىنى ئەھلى بىلەن ئاپىرىۋەتمىگىچە بولدى قىلماي، ئۇلارنى ئايرىۋەتتىم دەيدۇ، ئىبلىس بۇنى ئۆزىگە يېقىن قىلىپ، سەن نېمىدېگەن ياخشى دەيدۇ.(ۋەئۇنى لازىم تۇتىدۇ.) مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.　　　　ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئەر ــ ئاياللار كىچىككىنە بانا ــ سەۋەبلەر بىلەن ئايرىلىپ كېتىدۇ.

**72 - [ 10 ] ( صحيح )وعن جابر قال سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الشيطان قد أيس أن يعبده المصلون في جزيرة العرب ولكن في التحريش بينهم " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شەيتان شەك ــ شۈبھىسىز ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ــئەرەب يېرىم ئاراللىدا ـ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزدى، لېكىن، يەنىلا ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئارىسىدا ئىختىلاپ، زىددىيەت، جەڭ، ئۇرۇش پەيدا قىلىشىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزمىدى، ئەھمەد ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ دېگەن، ئەمەلىيەتتە ھەدىستە دېيىلگەندەكلا بولدى، ھەم بولۇۋاتىدۇ، بۇندىن كېيىنكىسىنى ئاللاھ ساقلىسۇن.

**الفصل الثاني**

**73 - [ 11 ] ( لم تتم دراسته )عن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم جاءه رجل فقال : إني أحدث نفسي بالشيء لأن أكون حممة أحب إلي من أن أتكلم به . قال : " الحمد لله الذي رد أمره إلى الوسوسة " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ،ھەقىقەتەن مەن ئىچىمدە،كۆڭلىمدە بەزى بىر خىيالنى پەيدا قىلىمەن ، مېنىڭ قارا كۆمۈر بولۇپ كېتىشىم،ماڭا، ئۇنى سۆزلىشىشتىن سۆيۈملۈكراقتۇر دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار، ئۇنىڭ ئىشىنى ۋەسۋەسىگە قايتۇرغان الله قا خاستۇر دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**74 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن للشيطان لمة بابن آدم وللملك لمة فأما لمة الشيطان فإيعاد بالشر وتكذيب بالحق وأما لمة الملك فإيعاد بالخير وتصديق بالحق فمن وجد ذلك فليعلم أنه من الله فليحمد الله ومن وجد الأخرى فليتعوذ بالله من الشيطان الرجيم ثم قرأ ( الشيطان يعدكم الفقر ويأمركم بالفحشاء ) الآية )أخرجه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، ئادەم بالىسىدا شەيتان ئۈچۈن بىر ھىممەت خوتور بولىدۇ، پەرىشتە ئۈچۈن بىر ھىممەت خوتۇر بولىدۇ، شەيتاننىڭ خوتورى بولسا، يامانلىقنى ۋەدە قىلىش، ھەقنى ئىنكار قىلدۇرۇشتۇر. پەرىشتىنىڭ بولسا، ياخشىلىقنى ۋەدە قىلىش، خوتور قىلىش، ھەقنى تەستىقلاشتۇر، كىم پەرىشتىنىڭكىنى تاپسا، بىلسۇنكى، ئۇ، ئاللاھ تەرەپتىن بولىدۇ، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتسۇن، كىم شەيتاننىڭ خوتورىنى تاپسا، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلىسۇن دەپ ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى، « شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ؛ الله سىلەرگە ئۆز مەغفىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. اللهنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»سۈرە بەقەرە 268 ـ ئايەت. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ھەدىسنى غەرىيب يەنى باشتىن ئاخىرى راۋىسى بىرلا دېدى، شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن،

**75 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )عن أبي هريرة قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا يزال الناس يتساءلون حتى يقال : هذا خلق الله الخلق فمن خلق الله ؟ فإذا قالوا ذلك فقولوا الله أحد الله الصمد لم يلد ولم يولد ولم يكن له كفوا أحد ثم ليتفل عن يساره ثلاثا وليستعذ من الشيطان " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: كىشىلەر سۇئال سوراۋېرىشىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسى، بۇ ئالاھ بارچە مەخلۇقلارنى ياراتتى، ئاللاھنى كىم ياراتتى؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار شۇنداق دىگەندە، سىلەر مۇنداق دەڭلار. «ئاللاھ بىردۇر، ئوخششى يوقتۇر، ھەممىسى ئاللاھقا مۇھتاجدۇر، ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، (چۈنكى، ئايالى يوق، ئوخششى يوق)، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، (چۈنكى ئاتا ــ ئانىسى يوق، ئىپتىداسى يوق، پەيدا بولغان ئەمەس)، ھىچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس، (ئۇ يارالغۇچى ئەمەس،بەلكى ياراتقۇچىدۇر.)، ئاندىن سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋېتىپ، ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلىسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.(سۈرە ئىخلاس)

**76 - [ 14 ] ( صحيح )عن أنس بن مالك يقول قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لن يبرح الناس يتساءلون حتى يقولوا هذا الله خالق كل شيء فمن خلق الله " . رواه البخاري .**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەر سۇئال سوراۋېرىپ، ھەتتا مۇنداق دەپ سۇئال سورىشىدۇ، بۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەن، ئاللاھنى كىم ياراتقاندۇ؟ (باشقا خاتىرىدە شۇنداق ۋەسۋەسە كەلسە، مەن ئاللاھقا شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم دىسۇن دىگەن بار)بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**ولمسلم : " قال : قال الله عز وجل : إن أمتك لا يزالون يقولون : ما كذا ؟ ما كذا ؟ حتى يقولوا : هذا الله خلق الخلق فمن خلق الله عز وجل ؟ "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن سېنىڭ ئۈممىتىڭ دائىم ماۋۇ نەرسە شۇنداق ئىكەن، ئاۋۇ نەرسە مۇنداق ئىكەن، مانى ئاللاھ يارىتىپتۇ، بۇ ئاللاھ بارلىق خەلقنى، مەخلۇقلارنى يارىتىپتۇ، ئاللاھنى كىم ياراتقاندۇ؟ دەيدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سەھىھ ھەدىستە كىم شۇ ئەھۋالنى تاپسا، مەن شەكسىز ئاللاھتائالاغا ئىمان كەلتۈردۈم دىسۇن، شەيتاندىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىسۇن دىگەن.

**77 - [ 15 ] ( صحيح )عن عثمان بن أبي العاص أتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " يا رسول الله إن الشيطان قد حال بيني وبين صلاتي وقراءتي يلبسها علي فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم ذاك شيطان يقال له خ ب فإذا أحسسته فتعوذ بالله منه واتفل على يسارك ثلاثا قال ففعلت ذلك فأذهبه الله عني " . رواه مسلم**

ئۇسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىلىپ؛ھەقىقەتەن شەيتان، مەن بىلەن نامىزىم ۋە قىرائىتىم ئارىسىدا توسقۇنلۇق قىلدى،ماڭا نامىزىم بىلەن قىرائىتىمنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى دەپتۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئاشۇ بولسا ،خىنزەب دىيىلىدىغان شەيتاندۇر.سەن ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىنى سەزگىنىڭدە ، **الله** غا سىغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلىگىن ، سول تەرىپىڭگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتكىن دەپتۇ. ئۇ؛مەن شۇنداق قىلسام ، **الله** ، ئۇنى مەندىن يىراق قىلىپ كەتكۈزىۋەتتى دىگەن. مۇسلىم توپلىغان.

**78 - [ 16 ] ( لم تتم دراسته )وعن القاسم بن محمد أن رجلا سأله فقال : " إني أهم في صلاتي فيكثر ذلك علي فقال القاسم**

**بن محمد امض في صلاتك فإنه لن يذهب عنك حتى تنصرف وأنت تقول ما أتممت صلاتي " . رواه مالك**

قاسم ئىبنى مۇھەممەددىن بىر كىشى مۇنداق سوراپتۇ؛ھەقىقەتەن مەن نامىزىم ئىچىدە ۋەھىمە، گۇمان قىلىمەن ،شۇ ئىش ماڭا بەك كۆپ بۇلۇپ كىتىدۇ.قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ؛سەن نامىزىڭنى داۋاملاشتۇرىۋەرگىن، سەن نامازدىن پارىغ بۇلۇپ ، مەن نامىزىمنى تۇلۇق، كامىل ئادا قىلالمىغان ئوخشايمەن دىمىگىچە، ئۇ(شەيتان) سەندىن ھەرگىز قايتىپ كەتمەيدۇ دەپتۇ.ئىمام مالىك خاتىرلىگەن.

**باب الإيمان بالقدر - الفصل الأول** تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش توغرىسىدا

**79 - [ 1 ] ( صحيح )عن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كتب الله مقادير الخلائق قبل أن يخلق السموات والأرض بخمسين ألف سنة " قال : " وكان عرشه على الماء " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا خالايىقلارنىڭ، مەخلۇقلارنىڭ تەقدىرلىرىنى ئاسمان ــ زىمىننى يارىتىشتىن 50000 يىل بۇرۇنلا يىزىپ بولغان، ۋەھالەنكى، ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**80 - [ 2 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : كل شيء بقدر حتى العجز والكيس . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەممە نەرسە تەقدىر بىلەن بولىدۇ، ھەتتا، ئاجىزلىق ۋە كۈچلۈكلۈك يەنى ئەقىلسىزلىك بىلەن ئەقىللىقلىقمۇ تەقدىر بىلەن بولىدۇ، (چۈنكى، ئاللاھ، ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا بىلىپ يازغان). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**81 - [ 3 ] ( صحيح )عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " احتج آدم وموسى عليهما السلام عند ر ما فحج آدم موسى قال موسى أنت آدم الذي خلقك الله بيده ونفخ فيك من روحه وأسجد لك ملائكته وأسكنك في جنته ثم أهبطت الناس بخطيئتك إلى الأرض فقال آدم أنت موسى الذي اصطفاك الله برسالته وبكلامه وأعطاك الألواح فيها تبيان كل شيء وقربك نجيا فبكم وجدت الله كتب التوراة قبل أن أخلق قال موسى بأربعين عاما قال آدم فهل وجدت فيها ( وعصى آدم ربه فغوى )قال نعم قال أفتلومني على أن عملت عملا كتبه الله علي أن أعمله قبل أن يخلقني بأربعين سنة قال رسول الله صلى الله عليه وسلم فحج آدم موسى " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم ئاتا بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام رەببىنىڭ دەرگاھىدا ھۆججەت قويۇشۇپ، مۇنازىرلەشتى،ئادەم غەلبەقىلىپ يەڭدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام دىدى، سەن بولساڭ، ئاللاھ ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، روھىدىن ساڭا پۈۋدىگەن، مالائىكە پەرىشتىلەرنى ساڭا سەجدە قىلدۇرغان، جەننىتىدە تۇرغۇزغان، ئادەم ئاتا بولامسەن،ئاندىن سەن خاتالىقىڭ، گۇناھىڭ سەۋەبلىك بارلىق ئىنسانلارنى جەننەتتىن زىمىنغا چۈشۈرۈۋەتتىڭ دىدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام؛سەن ، ئاللاھ ئەلچىلىكىگە تاللىغان، سۆز قىلىشقا تاللىغان،بارلىق نەرسىلەرنىڭ باياناتى بار بولغان تەۋرات تاختىسىنى بەرگەن،الله سىنى مۇناجاتىغا يېقىن قىلغان مۇسامۇسەن؟الله تەئالانىڭ مەن يارىلىشتىن قانچىلىك ۋاقىت بۇرۇن تەۋراتنى پۈتكەنلىكىنى تاپتىڭ؟دىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام؛40يىل بۇرۇن دىدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام؛ سەن ئۇكتاپتا«ئادەم رەببىگە ئاسىي بۇلۇپ ،خاتالىقى تۈپەيلىدىن ئىزىپ كەتتى »دەپ تاپتىڭمۇ؟دىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام؛ھەئە شۇنداق بارئىكەن دىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام؛ ئاللاھ تەئالا مىنى يارىتىشتىن 40يىل

بۇرۇنلا مىنىڭ قىلىشىمنى ماڭا پۈتىۋەتكەن ئىشنى قىلغىنىمغا، ماڭا تاپا ـ تەنە قىلىپ، مالامەت قىلامسەن؟ دېدى ــ دە، مۇسا ئەلەيهىسسالامنى يېڭىۋالدى، ئەھمەد، بەيهەقى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان. سەھىھ.

ئەبنى كەسىر، بۇ ھەدىسنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن، ئادەم ئۆز گۇناھىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويغىنى يوق، ئۇ قۇرئاندا، ئاسىي، گۇناھكار دېيىلدى، جىنايىتى سەۋەبىدىن جەننەتتىن قوغلاندى، بۇ راست، ئەمما، ئۇنىڭ مەخسىدى بىرىنچىدىن ئۆتكەن ئىشقا، بولۇپ بولغان ئىشقا ئەمدى تاپا قىلما دېمەكچى، ئىككىنچىدىن، تۆۋبە قىلسا، گۇناھ قالمايدۇ، ئاندىن تاپا ــ تەنە، مالامەت دۇرۇس ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، ئاللاھنىڭ مىنى بۇنداق جازالىشىنى مەن بىلمەيتتىم، ئاللاھ خالىسا، باشقىچە جازالايتتى، لېكىن، ھەممىمىزنى مۇشۇ خاتالىق سەۋەبلىك جەننەتتىن قوغلىدى، بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، پۈتكەن ئىشى، بۇنىڭغا ئامال يوق دېگەن ئىدى. راستىنلا ئاسىيلىقدىن كېيىنكى جازانى ئۇ بىلمەيتتى، ئاللاھ شۇنى پۈتتى، خالىدى، ئىرادە قىلدى، بۇنىڭدا زور ھىكمەت بار ئىدى، ئاللاھ ئالىمدۇر. بىز تەقدىرگە ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرىمىز، ئىنكار قىلمايمىز، تەقدىرگىمۇ ئارتىپ قويمايمىز.تەقدىرگە رازى بىز.زۇلۇم،كۇپرى،شىرىككە نا رازى بىز.

**82 - [ 4 ] ( متفق عليه )عن عبد الله بن مسعود قال : حدثنا رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو الصادق المصدوق : " إن أحدكم يجمع خلقه في بطن أمه أربعين يوما ثم يكون في ذلك علقة مثل ذلك ثم يكون في ذلك مضغة مثل ذلك ثم يرسل الملك فينفخ فيه الروح ويؤمر بأربع كلمات بكتب رزقه وأجله وعمله وشقي أو سعيد فوالذي لا إله غيره إن أحدكم ليعمل بعمل أهل الجنة حتى ما يكون بينه وبينها إلا ذراع فيسبق عليه الكتاب فيعمل بعمل أهل النار فيدخلها وإن أحدكم ليعمل بعمل أهل النار حتى ما يكون بينه وبينها إلا ذراع فيسبق عليه الكتاب فيعمل بعمل أهل الجنة فيدخلها "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمۇنداق دەيدۇ؛سەمىيمى سادىق،ھەم كىشلەر تەرىپدىن تەستىقلانغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىزگە ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلارنىڭ يارىلىشى، ئانا قورسىقىدا 40 كۈن مەنىي، ئىسپىرما ھالەتتە جۇغلۇنۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن شۇنىڭدەك يەنە 40 كۈن لەختە قان ھالەتتە تۇرىدۇ، ئاندىن يەنە 40 كۈن چاينالغان گۆشتەك تۇرىدۇ، ئاندىن تۆت ئايدىن كېيىن، ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ، ئاندىن روھ، جان ئۇنىڭغاپۈۋدىلىدۇ، ئۇ پەرىشتەتۆت كەلىمىنى پۈتۈشكە بۇيرۇلۇپ، مۇنداق دېيىلىدۇ، ئۇ بالىنىڭ ئەمىلىنى، رىزقىنى، ئەجەل، ئۆمرىنى شەقى، يا سائادەتمەن ئىكەنلىكىنى يازغىن (يەنە بىر خاتىرىدە بولسا، جاۋاب بېرىلىدۇ)ئۆزىدىن باشقا ھەق ئىلاھ بولمىغان **الله** بىلەن قەسەمكى ھەقىقەتەن سىلەردىن بىر كىشى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ كېلىپ، پەقەت ئارىلىقى بىر گەزلا قالغاندا ئۇنىڭغا كىتابى يۇقىرقى شەقى دەپ يېزىلىشى ئىلگىرلەپ كېتىدۇ ــدە، ئۇ دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ، دوۋزاخقا كىرىدۇ، (مانا شۇ ئەھۋالنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ، شۇنداق يازغاندۇر) ھەقىقەتەن بىر كىشى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ كېلىپ، پەقەت دوۋزاخ بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر گەزلا قالغاندا، ئۇنىڭغا كىتابى يۇقىرقى، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ يازغان سائادەتمەن بولۇش ئىلگىرلەيدۇ ــدە، ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ، جەننەتكە كىرىدۇ، (چۈنكى، ئارىلىقى بىر گەزلا قالغان ــدە) بەيهەقى، بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە. سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى:

1 ـ تۆرەلمە ئىلمىدىكى مۆجىزە، بولۇپمۇ ئېنىق بولغان كۈن سانى، توپلىنىدۇ، جۇغلۇنىدۇ دىگەن سۆز، ئۇ ئىسپىرما ھۈجەيرىسى بولۇپ، بۇلارمۇ جۇغلىنىدۇ، شۇنداقلا ھازىر ھەدىسكىدەكلا ئىسپاتلاندى.

2 ـ رىزق، ئەجەل توشقاندا، راستىنلا ئۆلۈۋاتىدۇ.

3 ـ روھ، جاننىڭ پۈۋلىنىشى باشقا ئالەمدىن كېلىشدۇر.

4 ـ كىشلەرنىڭ راستىنلا ئىككى تائىپە بولۇشى.

5 ـ تەقدىر، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش.

6 ـ ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىشى ۋە پۈتۈشى.

7 ـ ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقى ھېساب بولۇشى.

8 ـ ئۆلەر ۋاختىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلسۇن، تۆۋبە قىلسۇن دەپ بۇنى سۆزلىگەن.

9 ـ بىز بۇرۇنلائالدىن بىلىپ يازغاننى قىلىمىز،ئەمەلىيەتتە بىز قىلىدىغاننى بىلىپ يازغاندۇر.

10 ـ بۇھەدىستا الله ، بۇرۇنقىنى،ھازىرقىنى،ۋەكەلگوسىدىكىنى بىراقلام ئالدىن بىلىدۇ دىگەن چىقىدۇ.

83 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن سهل بن سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن العبد ليعمل عمل أهل النار وإنه من أهل الجنة ويعمل عمل أهل الجنة وإنه من أهل النار وإنما العمال بالخواتيم "

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن كىشى، كىشلەرگە كۆرنىشدە دوۋزاخ ئەمەللىرىنى قىلىۋاتىسمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر، ھەقىقەتەن كىشى، كىشلەرگە كۆرنىشدە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتە ئۇ دوۋزاخ ئەھلىدىندۇر، بۇخارى رەھمەھۇللا، مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ھەقىقەتەن ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ھېساب بۇلىدۇ. دىگەننى زىيادە قىلغان، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

84 - [ 6 ] ( صحيح )عن عائشة أم المؤمنين قالت : " دعي رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى جنازة صبي من الأنصار فقلت يا رسول الله طوبى لهذا عصفور من عصافير الجنة لم يعمل السوء ولم يدركه قال أو غير ذلك يا عائشة إن الله خلق للجنة أهلا خلقهم لها وهم في أصلاب آبائهم وخلق للنار أهلا خلقهم لها وهم في أصلاب آبائهم " . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارلاردىن بىر سەبىي كىچىك بالىنىڭ جىنازىسىغا چاقىرىلدى.مەن:ئى الله نىڭ ئەلچىسى!بۇبالىغا خۇش مۇبارەك. ئۇ جەننەت قۇچقاچلىرىدىن بىر قۇشقاچتۇر،ئۇگۇناھ قىلىپ باقمىدى،گۇناھ ـ مەئسىيەتمۇ ئۇنى تاپمىدى دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئائىشە!سەن دىگەندىن باشقىچە بولارمىكى، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا جەننەتكە، جەننەت ئەھلىنى ياراتتى، ئۇلارنى جەننەتكە، ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ سۇلبىدا، پۇشتىدىكى چاغدىلا بىلىپ ياراتتى، دوۋزاخقىمۇ دوۋزاخ ئەھلىنى ياراتتى، ئۇلارنىمۇ ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ سۇلبىدىكى چاغدىلا ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئالدىن بىلىشى ئۇلارنى يارىتىشىدىن توسمايدۇ، ئۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى، لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرى سەۋەبچى، بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلەتتى، يەنىلا بىلىپ تۇرۇپ يارىتىۋەردى، ئىرادىسى، خالىشى، ھىكمىتى شۇنداق ئىدى.

85 - [ 7 ] ( متفق عليه )عن علي رضي الله عنه قال كنا في جنازة في بقيع الغرقد فأتانا النبي صلى الله عليه وسلم فقعد وقعدنا حوله ومعه مخصرة فنكس فجعل ينكت بمخصرته ثم قال ما منكم من أحد ما من نفس منفوسة إلا كتب مكانها من الجنة والنار وإلا قد كتب شقية أو سعيدة فقال رجل يا رسول الله أفلا نتكل على كتابنا وندع العمل فمن كان منا من أهل السعادة فسيصير إلى عمل أهل السعادة وأما من كان منا من أهل الشقاوة فسيصير إلى عمل أهل الشقاوة قال أما أهل السعادة فييسرون لعمل

**السعادة وأما أهل الشقاوة فييسرون لعمل الشقاوة ثم قرأ ( فأما من أعطى واتقى وصدق بالحسنى )الآية**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىز بىر جىنازا نامىزىدىن كېيىن غەرقەد قەبرىستانلىقىدا بۇلۇپ قالدۇق،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىلىپ ئولتۇردى،بىزمۇ ئەتراپىدا ئولتۇردۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ  ئەلەيھى ۋەسەللەمدە، بىر خورما تايىقىدىن ھاسا بارئىدى ھاسىنى چىكىپ ، سىزىق سىزىپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن:سىلەردىن ھەرقانداق بىر كىشى بولىدىكەن، نەپەسلىنىۋاتقان جان ئىگىسلا بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ جەننەتتىكى يا دوۋزاخدىكى ئورنىنى يېزىپ بولدى، ئۇنىڭ شەقىيلىقى ياكى سائادەتمەن ئىكەنلىكى بۇرۇنلا تەقدىردە يېزىلىپ بولدى، بىركىشى:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۇنداقتا ئەمەل قىلىشنى تاشلاپ،شۇ كىتابىمىزغىلا يۆلەنمەمدۇق؟بىزدىن سائادەتمەن ئەھلى ئەڭ ئاخىردا سائادەتمەننىڭ ئەمەللىرىنى قىلىشقا ئايلىنىدىكەن ، شەقى بەختسىزلەرمۇ شۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ھامىنى قىلىدىكەن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ياق، ئۇنىڭغا يۆلىنىۋالماڭلار، ياخشى ئەمەل قىلىڭلار، ھەممىسى ئۆزى يارىتىلغان ئەمەلگە ئاسان قىلىنىدۇ، (يەنى ئاللاھ ئالدىن قانداق ئەمەل ئۇچۇن ياراتتى، شۇ ئەمەل قىلىشنى بىلىپ، بىلىپ ياراتتى ھەم يازدى، بىلىشى، يارىتىشىدىن توسمايدۇ، ئىلىم بىلەن ئەمەس، ئەمەلگە جازالايدۇ). ئەمما، سائادەتمەنلەرگە شۇلارنىڭ ئەملى ئاسان قىلىنىدۇ، شەقىيلارغا بولسا شۇلارنىڭ ئەملى ئاسان قىلىنىدۇ، (چۈنكى، ئۇلار ئۇ ئەمەللەرنى ئۆزى خالاپ ئىختىيار قىلغاندۇر، ئاللاھ ئۇنى ئالدىن بىلىپ يازغاندۇر، ئۇلار يازغاننى ئەمەس بەلكى، ئۆزى قىلىدىغان ئەمەلنى قىلغاندۇر، چۈنكى، قىلغاننى يازغاندۇر، يوقنى يېزىپ قويمايدۇ، ئاندىن كىشلەر يازغاننى قىلغاندەك چۈشىنىۋالدى، چۈنكى بۇ بۇرۇنلا ئالدىن بىلىپ يېزىلغان، نېمە بىلىندى؟ نېمە يېزىلدى؟ شۇ ئەمەللەر بار نەرسە يەنى ئاللاھنىڭ ئىلمىدا).ئاندىن « (پۇل ـ مېلىنى **الله**نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز..........»دىگەن ئايەتنى ئوقىدى. ئەھمەد ،بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**86 - [ 8 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم : " إن الله كتب على ابن آدم حظه من الزنا أدرك ذلك لا محالة فزنا العين النظر وزنا اللسان المنطق والنفس تمنى وتشتهي والفرج يصدق ذلك كله ويكذبه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئادەم بالىسىغا ئۇنىڭ زىنادىن بولغان نىسىۋىسىنى يازغاندۇر، ئادەم باللىرى ئۇنى شەكسىز چوقۇم تاپىدۇ، (چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ يازدى) كۆزنىڭ زىناسى ھارامغا قاراشتۇر، تىلنىڭ زىناسى ھارامغا تەلەپ قويۇپ سۆزلەشتۇر، نەپسى، كۆڭلى ئاررۇ قىلىپ ئىشتىھا قىلىپ، ھېسسىياتى قوزغۇلىدۇ، ئەۋرەت شۇنى يا تەستىقلاپ راستىقا چىقىرىدۇ، ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ، (يەنى چوڭ گۇناھ،  زىنادىن يانسا ، كىچىك گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىشى ئايەتتەباردۇر.)بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**وفي رواية لمسلم قال : " كتب على ابن آدم نصيبه من الزنا مدرك ذلك لا محالة فالعينان زناهما النظر والأذنان زناهما الاستماع واللسان زناه الكلام واليد زناها البطش والرجل زناها الخطا والقلب يهوى ويتمنى ويصدق ذلك الفرج ويكذبه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىسىغا ئۇنىڭ زىنادىن بولغان نىسىۋىسى پۈتۈلۈپ بولدى، ئۇ ئۇنى شەكسىز تاپىدۇ، (چۈنكى ئۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىن بىلىنىپ پۈتۈلگەن نېمىنى پۈتىدۇ؟ شۇ ئىشنى قىلغاندىن كېيىن بىلىپ پۈتىدۇ) ئىككى كۆزنىڭ زىناسى ھارامغا قاراش، ئىككى قۇلاقنىڭ زىناسى ئاڭلاش، تىلنىڭ زىناسى ھارامغا تەلەپ قويۇپ سۆزلەش، قولنىڭ زىناسى تۇتۇش، پۇتنىڭ زىناسى ھارامغا مېڭىشتۇر، قەلب ئىشتىھا قىلىپ، ھاۋايى ــ ھەۋەستە ئاررۇ قىلىدۇ،

شۇلارنى بولسا، پەرەج، ئەۋرەت تەستىقلاپ، راستقا چىقىرىدۇ ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، ئىيسىگىزدە بولسۇن، سىز خالاپ، ئىختىيارىڭىز بىلەن قىلغان ئىشلارنى ئالدىن بىلىپ يېزىپ قويىدۇ ،گۇناھى كەبىيرىدىن يىراق بولسا ،كىچىك سەغىيرىللىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ، مانابۇ يالغانغا، يوققا چىقىرىشتۇر.

**87 - [ 9 ] ( صحيح )وعن عمران بن حضين : إن رجلين من مزينة أتيا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالا يا رسول الله أرأيت ما يعمل الناس اليوم ويكدحون فيه أشيء قضي عليهم ومضى فيهم من قدر قد سبق أو فيما يستقبلون به مما أتاهم به نبيهم وثبتت الحجة عليهم فقال لا بل شيء قضي عليهم ومضى فيهم وتصديق ذلك في كتاب الله عز وجل ( ونفس وما سواها فألهمها فجورها وتقواها )رواه مسلم**

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەقىقەتەن مۇزەيىنە قەبىلىسىدىن ئىككى كىشى كېلىپ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق سورىدى،ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!قېنى دەپ باقسىلا، سىلى قانداق قارايلا؟كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە قىلىۋاتقان،جاپا تارتىپ ھەركەت ئەمەل قىلىۋاتقان ئىشلار، ئۇلارغا بۇرۇنلا پۈتۈلۈپ بولغان،ھەممىدىن ئىلگىرلەپ كەتكەن تەقدىر، يۈرۈپ بولغان(ئالدىن يېزىلىپ بولغان) ئىشمۇ؟ ياكى ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسىدىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆججەت تۇرغۇزۇلىدىغان ، ئۇلار بۇندىن كېيىن ئۇچۇرشۇپ دۈچ كېلىدىغان ، (كېيىن يېزىلىدىغان )ئىشلارمۇ؟. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ياق! ئۇلارغا كېيىن يېزىلمايدۇ بەلكى ئۇ، ئۇلارغا بۇرۇنلا يېزىلىپ بولغان ، تەقدىردە بېكىتىلىپ بولغان ئىشتۇر.ئۇنىڭ تەستىقى **الله** نىڭ كىتابىدىكى مۇنۇ ئايەتتۇر.« روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى»سۈرەشەمس (دەلىل؛بىلدۈرگەن،ئىلھام قىلىپ بولغان دېگەن ئۆتكەن زامان پېئىلىدۇر.شۇنداقلا يۇقىردا 50000يىل بۇرۇن يېزىپ بولغىنى ئۆتتى.)مۇسلىم .

**88 - [ 10 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال قلت يا رسول الله إني رجل شاب وأنا أخاف على نفسي العنت ولا أجد ما أتزوج به النساء كأنه يستأذنه في الاختصاء قال : فسكت عني ثم قلت مثل ذلك فسكت عني ثم قلت مثل ذلك فسكت عني ثم قلت مثل ذلك فقال النبي صلى الله عليه وسلم : يا أبا هريرة جف القلم بما أنت لاق فاختص على ذلك أو ذر .رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مەن بىر ياش يىگىت ، زىنا قىلىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن، ئايال كىشى بىلەن توي قىلغىدەك نەرسە تاپالمايمەن،ـ گوياكى ئۇ ، ئۆزىنى پىچتۇرۇۋېتىپ ئاختا قىلىۋېتىش توغرىسىدا رۇخسەت سورىغاندەك قىلاتتى.ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋاب بەرمەي جىم تۇردى.مەن ياناشۇنداق دىسەم،يانا سۈكۈتتە تۇردى.تۆتىنچى قېتىمدا،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! تەقدىرنى يازغان قەلەم سەن ئۇچراشماقچى، قىلماقچى بولغان ئىشلارنى يېزىپ، قۇرۇپ بولدى، سەن شۇنىڭغا ئاساسەن خالىساڭ ئۆزۈڭنى پىچتۇر، خالىساڭ تەرىك ئەت دېدى. (يەنى بۇ كايىغىنى ئىدى). بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**89 - [ 11 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يقول إن قلوب بني آدم كلها بين إصبعين من أصابع الرحمن كقلب واحد يصرفه حيث يشاء ثم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم اللهم مصرف القلوب صرف قلوبنا على طاعتك " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۆ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئادەم باللىرىنىڭ بارلىق، ھەممە قەلبلىرى رەھمانتائالانىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان، ئوخششى يوق، بارماقلىرىدىن ئىككى بارماق ئارىسىدا، خۇددى بىرلا قەلبدەكتۇر، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزى خالىغان تەرەپكە چۆرۈپ بۇرىيالايدۇ،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئى قەلبلەرنى يوتكەپ،چۆرۈپ

تۇرغۇچى **الله** ! قەلب دىللىرىمىزنى سىلىگە ئىتائەت قىلىشقىلا ، تائەت ــ ئىبادەت قىلىشقىلا چۆرۈپ تۇرسىلا(ئامىن!) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**90 - [ 12 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة رضي الله عنه كان يحدث قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " ما من مولود إلا يولد على الفطرة فأبواه يهودانه أو ينصرانه أو يمجسانه كما تنتج البهيمة بهيمة جمعاء هل تحسون فيها من جدعاء ثم يقول أبو هريرة رضي الله عنه ( فطرة الله التي فطر الناس عليها )الآية "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق تۇغۇلىدىغان بالا، ئىسلام ئۈستىگە (ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىدەك تەبىئەت ئۈستىگە) تۇغۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنى، ئاتا ــ ئانىسى، يەھۇدىي ياكى ناسارا ياكى مەجۇسىي قىلىۋېتىدۇ، خۇددى ھايۋان، ئەزالىرى ساق ــ سالامەت ھايۋاننى تۇغقاندەك. سىلەر ئۇ ھايۋانلار ئارىسىدا ئەزالىرى چولاقلىرىنى تاپالامسىلەر؟ (ئەنە شۇنىڭدەك ئاتا ــ ئانا بالىسىنى ئۆزىگە ئوخشاش قىلىۋېتىدۇ).ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «**الله** نىڭ دىنىغا مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار،**الله** كىشىلەرنى شۇ دىنىنىڭ ئۈستىگە ياراتقان»دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.( ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرمۇ باللىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش ھەتتا سىلەردىنمۇ ياخشى مۇسۇلمان قىلىڭلار.)

**91 - [ 13 ] ( صحيح )وعن أبي موسى قال قام فينا رسول الله صلى الله عليه وسلم بخمس كلمات فقال : إن الله عز وجل لا ينام ولا ينبغي له أن ينام يخفض القسط ويرفعه يرفع إليه عمل الليل قبل عمل النهار وعمل النهار قبل عمل الليل حجابه النور** لو كشفه لأحرقت سبحات وجهه ما انتهى إليه بصره من خلقه **رواه مسلم**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىمىزدا مۇنداق بەش سۆزنى دەپ تۇردى؛ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئۇخلىمايدۇ، ئۇخلاشمۇ ئاللاھقا لايىق ئەمەس، ئاللاھ رىزقنى گاھ پەس، گاھ ئېگىز قىلىپ تۇرىدۇ، يەنى كەڭرى ياكى تار قىلىپ تۇرىدۇ، (بەزى كىشىلەرگە رىزىقنى كەڭرى بېرىش بىلەن بەزىلەرگە تار قىلىپ، ئاز بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ساقلايدۇ) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېچىنىڭ ئەمەللىرى كۈندۈزنىڭ ئەمەللىرىدىن بۇرۇن، كۈندۈزنىڭ ئەمەللىرى كېچىنىڭ ئەمەللىرىدىن بۇرۇن ئۆرلەيدۇ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھىجابى (يەنى مەخلۇقلارنى ئاسرايدىغان پەردىسى) يەنىلا نۇردۇر، ئەگەر ئۇ نۇر پەردىنى ئېچىپ كۆتۈرۈۋەتسە، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ دىدارىنىڭ نۇرى، ئۆز مەخلۇقلىرىدىن ئاللاھنىڭ كۆزى يەتكەن، كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى ــ سۈپىتى نۇردۇر، پەردىسى نۇردۇر، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئاللاھنىڭ جامالى، يۈز ــ كۆزى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە باردۇر، ھەرگىز ئوخشىشى يوق، ئاللاھ ۋە ئەلچىسى بار دېدى، باردۇر، بۇنى ئۆزگەرتمەيمىز، خاتا، تەئۋىل، خاتا چۈشەنچە، خاتا تەپسىر قىلمايمىز، ئەقىل بۇ مەسىلىدە ھەرگىز توغرىسىنى بىلەلمەيدۇ، پەقەت قۇرئان، سەھىھ ھەتتا مۇتىۋاتىر ھەدىس بولۇشى لازىم، مىزان بولسا، ئوخشىشى يوق دېيىشتۇر، بۇ ھەدىسدىن ئاللاھ بەندىلىرىنى ئاياپ، ئاسراپ، سىناپ، ئاخىرەتتە مۇكاپات بېرىش ئۈچۈن ئېخىمۇ سېغىندۇرۇش ئۈچۈن پەردىنى ئاچمايدۇ، بۇ دۇنيادا كۆرۈنمەيدۇ، ئەمما، ئاخىرەتتە ئاللاھنى مۆئمىنلەر كۆرىدۇ، بۇنىڭغا ئايەت، سەھىھ، مۇتىۋاتىر ھەدىس باردۇر.

**92 - [ 14 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يد الله ملأى لا تغيضها نفقة سحاء الليل والنهار أرأيتم ما أنفق مذ خلق السماء والأرض ؟ فإنه لم يغض ما في يده وكان عرشه على الماء وبيده الميزان يخفض ويرفع " وفي رواية لمسلم : " يمين الله ملأى قال ابن نمير ملآن سحاء لا يغيضها شيء الليل والناهر "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق قولى، پەزلى رەھمەتكە نىئمەتكە لىق تولغاندۇر، قولى لىق تولاغلىق، ئۇنى كېچە ــ كۈندۈز كۆپ چىقىم قىلىش، سېخىيلىق قىلىش، بەرىكەتنى كۆپ بېرىش كاملىتالمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئاسمان ــ زىمىننى ياراتقاندىن باشلاپ نەپىقە قىلىپ چىقىم قىلىۋاتقانلىقىغا قارىمامسىلەر؟ ھەققەتەن ئاشۇ چىقىم قىلىشلارمۇ، ئاللاھنىڭ قولىدىكى نەرسىنى قىلچىلىك كاملىتالمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى، مىيزان، ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۆزى خالىغانچە،ئىگىز ـ پەس، باي ـ نامرات قىلىپ تۇرىدۇ. ئەھمەد 10096 ــ ھەدىس، بۇخارى 6862 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2971 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 193 ــ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**93 - [ 15 ] وعنه قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن ذراري المشركين قال : " الله أعلم بما كانوا عاملين "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشرىكلەرنىڭ كىچىك ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن باللىرى توغرىسىدا سورالغاندا مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا ئالدىن ئۇلارنىڭ (ھايات قالسا) قانداق ئەمەللەرنى قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ دىدى، يەنى، ئاللاھ ئالىمدۇر.مۇسلىم،بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## الفصل الثاني

**94 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن عبادة بن الصامت قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول " إن أول ما خلق الله القلم فقال اكتب فقال ما أكتب قال اكتب القدر ما كان وما هو كائن إلى الأبد " . رواه الترمذي وقال هذا حديث غريب إسنادا**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئاللاھ ياراتقان تۇنجى مەخلۇق قەلەم، ئاللاھ قەلەمگە ياز! دىدى. قەلەم نېمىنى يازىمەن؟ دېدى. ئاللاھ، تەقدىرنى ياز، بۇرۇن بولغان ۋە ئەبەدىلئەبەد بۇندىن كېيىن بولىدىغان نەرسىلەرنى ياز دېدى دىگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئۇ، بۇ ھەدىسنى ئىسناد جەھەتتىن غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى.

**95 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن مسلم بن يسار قال سئل عمر بن الخطاب رضي الله عنه عن هذه الآية ( وإذ أخذ ربك من بني آدم من ظهورهم )قال عمر بن الخطاب سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يسأل عنها فقال : "ان الله خلق آدم ثم مسح ظهره بيمينه فأاستخرج منه ذرية فقال خلقت هؤلاء للجنة وبعمل أهل الجنة يعملون ثم مسح ظهره فاستخرج منه ذرية فقال خلقت هؤلاء للنار وبعمل أهل النار يعملون فقال رجل يا رسول الله ففيم العمل؟ قال فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم إن الله إذا خلق العبد للجنة استعمله بعمل أهل الجنة حتى يموت على عمل من أعمال أهل الجنة فيدخله الله الجنة وإذا خلق العبد للنار استعمله بعمل أهل النار حتى يموت على عمل من أعمال أهل النار فيدخله الله النار " . رواه مالك والترمذي وأبو داود**

مۇسلىم ئىبنى يەسساررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن «ئۆز ۋاختىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىن چىقىرىپ ئېلىپ.........»دىگەن ئايەت توغرىسىدا سورالغاندا ئۇ مۇنداق دىگەن ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شۇ ئايەت توغرىسىدا سورالغاندا مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.الله تەئالا ، ئادەمنى يارىتىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇچىسىنى (ئوخششى يوق)ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ،ئۇنىڭدىن بىر قىسىم باللىرىنى چىقىرىپ ، مۇنداق دىگەن ؛مەن ئاۋۇلارنى جەننەت ئۈچۈن ياراتتىم، ۋە ئۇلارنى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى بىلەن ياراتتىم ،ئۇلار ئۇ ئەمەللەرنى قىلىدۇ.ئاندىن ئادەمنىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ،يانا بىر قىسىم ئەۋلادلىرىنى چىقىرىپ ؛ئاۋۇلارنى دوۋزاخ ئۈچۈن ياراتتىم، ۋە ئۇلار قىلىدىغان

دوّزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى بىلەن ياراتتىم،(بۇلارمۇ دوّزاخ ئەملىنى قىلىپ كىتىدۇ)دېگەن.ئاندىن بىر كىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئۇنداقتا ئەمەل قىيەردە قالىدۇ؟(ئەمەل قىلىپ نىمە قىلىمىز؟)دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەققەتەن الله تائالا بىرەر بەندىنى جەننەت ئۈچۈن ياراتسا،ئۇ بەندىنى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەملىنى قىلدۇرىدۇ،تاكى ئۇبەندە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىدىن بىر ئەمەل ئۈستىدە ۋاپات تاپىدۇ دە! شۇسەۋەبلىك ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.بىرەر بەندىنى دوّزاخ ئۈچۈن ياراتسا ، ئۇنىمۇ دوّزاخ ئەھلىنىڭ ئەملىنى قىلدۇرىدۇ، تاكى ئۇ دوّزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىدىن بىرەر ئەمەل ئۈستىدە ئۆلىدۇ دە ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى دوّزاخقا كىرگۈزىدۇ دېدى. مالىك،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**96 - [ 18 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص قال : خرج علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم وفي يده كتابان فقال : " أتدرون ما هذان الكتابان فقلنا لا يا رسول الله إلا أن تخبرنا فقال للذي في يده اليمنى هذا كتاب من رب العالمين فيه أسماء أهل الجنة وأسماء آبائهم وقبائلهم ثم أجمل على آخرهم فلا يزاد فيهم ولا ينقص منهم أبدا ثم قال للذي في شماله هذا كتاب من رب العالمين فيه أسماء أهل النار وأسماء آبائهم وقبائلهم ثم أجمل على آخرهم فلا يزاد فيهم ولا ينقص منهم أبدا فقال أصحابه ففيم العمل يا رسول الله إن كان أمر قد فرغ منه فقال سددوا وقاربوا فإن صاحب الجنة يختم له بعمل أهل الجنة وإن عمل أي عمل وإن صاحب النار يختم له بعمل أهل النار وإن عمل أي عمل ثم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم بيديه فنبذهما ثم قال فرغ ربكم من العباد فريق في الجنة وفريق في السعير " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب صحيح**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قولىدا ئىككى كىتاپ بار ھالدا چىقىپ مۇنداق دېگەن: بۇ ئىككى كىتابنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئاندىن ئوڭ قولىدىكى كىتابقا مۇنداق دېدى، بۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدا بارلىق جەننەت ئەھلىنىڭ ئىسملىرى، دادىللىرىنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئىسملىرىمۇ باردۇر، ئاندىن ئاخىرىغىچە قىسقىچە تاماملاپ، ئىجمالى پۈتتۈرگەن زىيادە، كام قىلىنمايدۇ، ئاندىن سول قولىدىكىگە بۇمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كىتاب بۇ كىتابتا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىسملىرى ھەمتا، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى، قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىممۇ بار، بۇ كىتاپمۇ ئاخىرغىچە پۈتتۈرۈلدى، زىيادە ئارتۇق كەم قىلىنمايدۇ، مەڭگۈ شۇنداق، توغرا يول تۇتۇڭلار، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، يەنى، ئاللاھقا تائەت ــ ئىبادەت بىلەن يېقىن بولۇڭلار، ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلى قانداق ئەمەل قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئەملى، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەملى بىلەن تامام قىلىنىدۇ، دوزاخ ئەھلىنىڭ بولسا، قانداق ئەمەل قىلىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەملى بىلەن تامام قىلىنىدۇ، يەنى، ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقى ھېساب، ئاخىرغىچە. ئاداققىچە چىڭ تۇرۇڭلار، رەببىڭلار مۇنداق دېيىش بىلەن پارىغ بولدى، يەنى ئىشنى تۈگەتتى، « ئىنسانلارنىڭ جىنلارنىڭ بىر پىرقىسى جەننەتتە، يەنە بىر پىرقىسى دوزاختا بولىدۇ» نەسەئى، تىرمىزى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**97 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي خزامة عن أبيه قال سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت يا رسول الله أرأيت رقى نسترقيها ودواء نتداوى به وتقاة نتقيها هل ترد من قدر الله شيئا قال : " هي من قدر الله " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ خۇزامەنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق سوردۇم، ئى الله نىڭ ئەلچىسى!قىنى دەپ باقسىلا؟بىز كىتابەت جەھەتتىن داۋالىنىدىغان ئايىتى شىپالار، تېبابەت جەھەتتىن داۋالىنىدىغان دورا داۋالار،بىز قاتتىق ھەزەر قىلىدىغان ئىشلار الله نىڭ تەقدىرىدىن بىرەر نەرسىنى قايتۇرالامدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇمۇ الله نىڭ تەقدىرىدىن بۇلىدۇ دېدى. ئەھمەد ،تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان.(بىر تەقدىردىن يانا بىر تەقدىرگە قاچقاندەك ئىشتۇر.)

**98 - [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : خرج علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم ونحن نتنازع في القدر فغضب**

**حتى احمر وجهه حتى كأنما فقئ في وجنتيه الرمان فقال : أ ذا أمرتم أم ذا أرسلت إليكم إنما هلك من كان قبلكم حين تنازعوا في هذا الأمر عزمت عليكم ألا تتنازعوا فيه " . رواه الترمذي وقال حديث غريب لا نعرفه إلا من هذا الوجه من حديث صالح المري وله غرائب يتفرد ا لا يتابع عليها قلت : لكن يشهد له الذي بعده**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ بىز تەقدىر توغرىسىدا دە ــ تالاش قىلىشىۋاتاتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ،قاتتىق ئاچچىقلاپ كەتتى،ھەتتا غەزەپ قىلغانلىقتىن ئىككى مەڭزىدە ئانار يېرىلغاندەك، يۈزى قىزىرىپ كەتتى ، ۋەمۇنداق دېدى؛سىلەر مۇشۇ ئىشقا بۇيرۇلغانمۇ؟ ياكى مەن سىلەرگە مۇشىنىڭ بىلەن،مۇشۇئىشقا ئەۋەتىلگەنمۇ؟، ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر مۇشۇ ئىش توغرىسىدا (يەنى تەقدىر توغرىسىدا) دە ـ تالاش ، جېدەل ــ ماجرا قىلىشقاندا ھالاك بولۇپ كەتتى،قەسەم قىلىمەنكى مەن سىلەرگە تەقدىر توغرىسىدا دە ـ تالاش قىلماسلىقىڭلارنى ۋاجىپ قىلدىم.تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**99 - [ 21 ] ( حسن )وروى ابن ماجه في القدر نحوه عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده**

**100 - [ 22 ] ( صحيح )وعن أبي موسى قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله خلق آدم من قبضة قبضها من جميع الأرض فجاء بنو آدم على قدر الأرض منهم الأحمر والأبيض والأسود وبين ذلك والسهل والحزن والخبيث والطيب " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ،ئادەمنى زىمىنىنىڭ بارلىق يېرىدىن ئالغان بىر چاڭگال تۇپراقدىن ياراتقان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم باللىرى زىمىنىنىڭ، تۇپراق رەڭگىنىڭ مىقدارىدا كەلدى، ئۇلاردىن سېرىق تەنلىك، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدا يەنى قوڭۇر تەنلىكلەر كېلىپ چىقتى، شۇنداقلا ئۇلاردىن ئاسان قىلغۇچى، خۇشخۇي مۇلايىم، خاپا قىلغۇچى، قوپال غەمكىن، ۋە نىجىس، مەينەت، پاك، پاكىز، ياخشى ــ يامانلار ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدا بولغانلار كېلىپ چىقتى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

**101 - [ 23 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله خلق خلقه في ظلمة فألقى عليهم من نوره فمن أصابه من ذلك النور اهتدى ومن أخطأه ضل فلذلك أقول : جف القلب على علم الله رواه أحمد والترمذي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن؛ ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مەخلۇقلىرىنى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە يارىتىپ، ئۇلارغا ئۆز نۇرىدىن تاشلىغاندۇر، كىمگە شۇ نۇردىن يەتسە،ئۇ ھىدايەت تاپتى، كىمگە نۇر يەتمىسە، ئۇ ئازدى، زالالەت يولىدا ماڭدى، (ئاللاھ نۇرغا لايىق كىشىنى ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ)شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ؛ تەقدىرنى يازغان قەلەم، **الله** نىڭ ئىلمىغا ئاساسەن قۇرۇپ بولدى دەيمەن. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مانا ھازىرمۇ، ھەقىقەت يەتسە، قوبۇل قىلغانلار، ھىدايەت تاپتى، رەت قىلغانلار زالالەتتە قالدى.

**102 - [ 24 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يكثر أن يقول : " يا مقلب القلوب ثبت قلبي على دينك " فقلت : يا نبي الله آمنا بك وبما جئت به فهل تخاف علينا ؟ قال : " نعم إن القلوب بين أصبعين من أصابع الله يقلبها كيف يشاء " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئۇممە سەلەمەت،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئالىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇنداق دېيىش ئىدى: «يامۇقەللىبەلقۇلۇب سەببىت قەلبى ئەلادىينىكە»، (ئى قەلبلەرنى يۆتكەپ تۇرغۇچى ئاللاھ،! قەلبىمنى دىنىلىرى ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلسىلا)،مەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمگە ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى!بىز سىلىگە ۋە سىلى ئەلىپ كەلگەن نەرسىگە شەكسىز ئىمان كەلتۈردۇق. سىلى بىزگىمۇ ئەنسىرەمىلا؟دىسەم، مۇنداق دىگەن: ھەئە ئەنسىرەيمەن ، ھەققەتەن قەلبلەر(ئادەم بالىسى بولىدىكەن ئۇنىڭ قەلبى، ) ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى بارماقلىرىدىن ئىككى بارمىقى ئارىسىدا،**الله** ئۇنى ئۆزى خالىغانچە ئۆرۈپ چۆرۈپ،يۆتكەپ تۇرىدۇ، (خالىغان كىشىنىڭ قەلبىنى مۇقىم، مۇستەھكەم قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ قەلبىنى (ئۇ كىشىنىڭ پاسىقلىقى، كاپىرلىقى سەۋەبىدىن) ھەقتىن بۇرىۋېتىدۇ). تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**103 - [ 25 ] ( صحيح )وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل القلب كريشة بأرض فلاة يقلبها الرياح ظهرا لبطن " . رواه أحمد**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەلب، دىلنىڭ ئوخششى، گىياسىز چۆل زىمىندىكى پەيگە ئوخشايدۇ، شامال ئۇنى ئوڭدا ـ دۈمدە قىلىپ يۆتكەپ تۇرىدۇ. ئىبنى ماجە،ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**104 - [ 26 ] ( صحيح )وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يؤمن عبد حتى يؤمن بأربع : يشهد أن لا إله إلا الله وأني رسول الله بعثني بالحق ويؤمن بالموت والبعث بعد الموت ويؤمن بالقدر " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر بەندە تۆت نەرسىگە ئىمان كەلتۈرمىگىچە مۆئمىن بولمايدۇ، ئۇ ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى،**الله** ئۇنى ھەقلىق بىلەن ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۆلۈمگە، پەرىشتىنىڭ جاننى ئېلىشىغا ئىشەنسە، ئۆلگەندىن كىيىن تىرىلىشكە ئىشەنسە، تەقدىرگە ئۇنىڭ ياخشىلىق، يامانلىقلىرىغا ئاللاھ تەرەپتىن دەپ ئىمان كەلتۈرسە، ئاندىن مۆئمىن ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**105 - [ 27 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صنفان من أمتي ليس لهما في الإسلام نصيب : المرجئة والقدرية " . رواه الترمذي وقال هذا حديث غريب**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئۈممىتىم ئىچىدە ئىككى سىنىپ كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا نىسىۋە يوق، بىرى مۇرجىئەلەر، ئىككىنجىسى قەدرىيەلەر، يەنە بىرسى تەقدىرگە يۆلىنىدىغانلار، يەنە بىرسى بولسا، تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغانلار، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.چۈنكى قاسىم،ئەلى ئىبنى نىزار دىگەن راۋىيلارنى ئىمام زەھەبي ،يەيائىبنى مەئىن زەئىپ دگەن.

**106 - [ 28 ] ( حسن )وعن ابن عمر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " يكون في أمتي خسف ومسخ وذلك في المكذبين بالقدر " . رواه أبو داود وروى الترمذي نحوه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىم ئىچىدە يەر يۇتۇپ كېتىش، سۈرەتلەر باشقا مەخلۇقنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگىرىپ كېتىش، (ئاسماندىن تاش يېغىش، قاتتىق بوران، يەر تەۋرەشلەر) يۈز بېرىدۇ.ئاشۇ ئازاپلار،تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە،ئەبۇداۋۇد ،تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**107 - [ 29 ] ( حسن )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " القدرية مجوس هذه الأمة إن مرضوا فلا**

تعودوهم وإن ماتوا فلا تشهدوهم " . رواه أحمد وأبو داود

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغان قەدرىييەلەر، مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئاتەش پەرەس مەجۈسىيلىرىدۇر، ئەگەر ئۇلار كېسەل بولسا، ئۇلارنى يوقلىماڭلار، ئەگەر ئۆلسە، جىنازىسىغا ھازىر بولماڭلار، ئەبۇ داۋۇد،ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىسىدىن ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە، سەلەپ سالىھ ئەقىيدىسىدە بولمىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ كېسىلى كۆرۈلمەيدۇ، نامىزىنى چۈشۈرۈلمەيدۇ، جىنازىسىغا بېرىشقا بولمايدۇ.

108 - [ 30 ] ( ضعيف )وعن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تجالسوا أهل القدر ولا تفاتحوهم " رواه أبو داود

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەقدىرنى ئىنكار قىلغانلار بىلەن بىرگە ئولتۇرماڭلار، ئۇلارغا باشتا سالامىمۇ قىلماڭلار دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇت خاتىرلىگەن بولۇپ، شەيخ ئەلبانى زەئىپ دېگەن. مشكات 108 _ ھەدىس.

109 - [ 31 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ستة لعنتهم ولعنهم الله وكل نبي يجاب : الزائد في كتاب الله والمكذب بقدر الله والمتسلط بالجبروت ليعز من أذله الله ويذل من أعزه الله والمستحل لحرم الله والمستحل من عترتي ما حرم الله والتارك لسنتي " . رواه البيهقي في المدخل ورزين في كتابه

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:مەن تۆۋەندىكى ئالتە تۈرلۈك كىشىگە لەنەت قىلدىم،ئۇلارغا الله مۇ ۋە دۇئايى ئىجابەت قىلىنىدىغان بارلىق پەيغەمبەرلەرمۇ لەنەت قىلدى.1ـ الله نىڭ كىتابىغا ئىش قوشۇپ زىيادە قىلغۇچى،2ـ الله نىڭ تەقدىرىنى ئىنكار قىلغۇچى،3ـ الله خار قىلغاننى ئەزىز قىلىش ئۈچۈن، الله ئەزىز قىلغاننى خار قىلىش ئۈچۈن قەھرى زۇلۇم بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى زالىم مۇتەكەببىركىشى،4ـ الله ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلىۋالغۇچى،5ـ مىنىڭ ئائىلەمدىن ئەۋلادىمدىن ، الله ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلىۋالغۇچى، 6ـ سۈننىتىمنى يۈز ئۆرۈپ تەرىك ئەتكۈچى، بەيھەقى ، رەزىين توپلىغان .

110 - [ 32 ] ( صحيح )وعن مطر بن عكام قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قضى الله لعبد أن يموت بأرض جعل له إليها حاجة " . رواه أحمد والترمذي

مۇتەررىپ، ئەبۇ ئىززە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىر بەندىنىڭ بىرەر زېمىندا ئۆلۈشىگە ھۆكۈم قىلسا، شۇ بەندە ئۈچۈن، شۇ زېمىندا بىرەر ھاجەت قىلىپ قويىدۇ، تىرمىزى،ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

111 - [ 33 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قلت : يا رسول الله ذراري المؤمنين ؟ قال : " من آبائهم " . فقلت : يا رسول الله بلا عمل ؟ قال : " الله أعلم بما كانوا عاملين " . قلت فذراري المشركين ؟ قال : " من آبائهم " . قلت : بلا عمل ؟ قال : " الله أعلم بما كانوا عاملين " . رواه أبو داود

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛مەن ؛ ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!مۆئمىنلەرنىڭ كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن باللىرى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇلار دادىللىرىنىڭ جۈملىسىدىن بۇلىدۇ دېدى.مەن ؛ ئەمەلسىزلا شۇنداق بۇلامدۇ؟دېسەم، ئاللاھتائالا ئالدىن ئۇلارنىڭ (ھايات قالسا) قانداق ئەمەللەرنى قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ دېدى، (يەنى، ئاللاھ ئالىمدۇر )مەن؛ مۇشرىكلەرنىڭ كىچىك ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن باللىرىچۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇلارمۇ

دادىللىرىنىڭ جۇملىسىدىن بۇلىدۇ دىدى.مەن ؛ ئەمەلىسىزلا شۇنداق بۇلامدۇ؟دىسەم، ئاللاھتائالا ئالدىن ئۇلارنىڭ (ھايات قالسا) قانداق ئەمەللەرنى قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ دېدى، يەنى ئاللاھ ئالىمدۇر.ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**112 - [ 34 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : الوائدة والموؤدة في النار " . رواه أبو داود**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (جاھالىيەتتە، كۇففارلار دەۋرىدە پېقىرلىقدىن ئار ــ نومۇسدىن قورقۇپ) قىزنى تىرىك كۆمگۈچى ئايال ۋە تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بالا هەر ئىككىلىسى دوۋزاختا بولىدۇ، (لېكىن، ئانىسىنى ئىسلام تاپسا، ئاللاھ ئەپۇ قىلسا، بۇ مۇستەسنادۇر). ئەبۇ داۋۇد 4094 ــ ھەدىس، ئەھمەد 15358 ــ ھەدىس، سەھىھ. بۇ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ھۆكۈمى، ھىكمىتىنى سەۋەبىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بىز ئاڭلاپ ئىتائەت قىلساقلا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ باللارنى ئۆلتۈرمەيلى! كاپىرلارنىڭ باللىرى، ئاتا ــ ئانىسىغا ئەگەشتۈرۈلىدىغان ھەدىسمۇ بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ دىگەنمۇ بار، ئاللاھ ئالىمدۇر، يۇقىرىدا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسى ئۆتتى.

**الفصل الثالث**

**113 - [ 35 ] ( لم تتم دراسته )عن أبي الدرداد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله عز وجل فرغ إلى كل عبد من خلقه من خمس : من أجله وعمله ومضجعه وأثره ورزقه " . رواه أحمد**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا ھەربىر بەندىگە ئۇنى ياراتقاندىلا بەش نەرسىدىن پارىغ بولۇپ بولدى، بەندىنىڭ ئەجىلىدىن، ئەمەللىرى، تۇغۇلۇش، ئۆلۈش جايى، ئەسرى يەنى مېڭىش جايى،ئىزى، (شەقى ياكى سائادەتمەنلىكىدىن) ئۇنىڭ رىزقىدىن پارىغ بولۇپ، ئالدىن بىلىپ يېزىپ بولدى، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ،

**114 - [ 36 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من تكلم في شيء من القدر سئل عنه يوم القيامة ومن لم يتكلم فيه لم يسأل عنه " . رواه ابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: تەقدىر توغرىسىدا سۆز قىلغان كىشى قىيامەت كۈنى سوراققا تارتىلىدۇ، ئۇ توغرىسىدا سۆز قىلمىغان كىشى سوراققا تارتىلمايدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە توپلىغان بۇلۇپ، شەيخ ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**115 - [ 37 ] ( صحيح )**

**وعن ابن الديلمي قال : أتيت أبي بن كعب فقلت له : قد وقع في نفسي شيء من القدر فحدثني بشيء لعل الله أن يذهبه من قلبي قال لو أن الله عذب أهل سماواته وأهل أرضه عذ م وهو غير ظالم لهم ولو رحمهم كانت رحمته خيرا لهم من أعمالهم ولو أنفقت مثل أحد ذهبا في سبيل الله ما قبله الله منك حتى تؤمن بالقدر وتعلم أن ما أصابك لم يكن ليخطئك وأن ما أخطأك لم يكن ليصيبك ولو مت على غير هذا لدخلت النار قال ثم أتيت عبد الله بن مسعود فقال مثل ذلك قال ثم أتيت حذيفة بن اليمان فقال مثل ذلك قال ثم أتيت زيد بن ثابت فحدثني عن النبي صلى الله عليه وسلم مثل ذلك . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه**

زەيىد ئىبنى سابىت، ئۇبەي ئىبنى كەئبى، ھۇزەيفە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئاسمان ئەھلىنى، زىمىن ئەھلىنى

ئازابلىسا، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا زۇلۇم قىلغۇچى زالىم بولماستىن، ئازابلاۋېرىدۇ، (چۈنكى، ئاللاھ ياراتتى، بۇ ئۇزىنىڭ ئىشى)، ئەگەر ئۇلارغا رەھىيم قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزسە، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇلار ئۇچۈن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىنمۇ بەك ياخشى، (جەننەت، رەھمەت پەزلى، دوۋزاخ بولسا، ئادىللىقتۇر)، ئەگەر سەن ئاللاھ يولىدا، ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى نەپىقە قىلىپ، خەژلىگەن بولساڭمۇ، سەن تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرمىگىچە، ئاللاھ ئۇنى سەندىن قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ھەققەتەن تەقدىردە ساڭا يېتىدۇ دېگەن نەرسە چوقۇم سەندىن خاتا كەتمەيدۇ، ساڭىلا يېتىدۇ، تەقدىردە ساڭا يەتمەيدۇ، ساڭا ئەمەس، باشقىلارغا يېتىدۇ دەپ پۈتۈلگەن نەرسە ھەرگىز ساڭا يەتمەيدۇ، ئەگەر سەن مۇشۇ ئېتىقاددىن باشقا ئەقىيدە ئۈستىدە ئۆلسەڭ، چوقۇم دوۋزاخقا كىرىسەن.ئىبنى دەيلىمى كېلىپ، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ؛قەلبىمگە تەقدىر توغرىسدا بىر نەرسە چۈشۈۋالدى،بىماڭا بىرەر ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ ، شۇ سەۋەبتىن الله قەلبىمدىن ئۇ خۇتۇرنى يوق قىلىۋتىشى مۇمكىن دېگەندە،بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە ، ئىبنى ھەببان ، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

**116 - [ 38 ] ( حسن )عن نافع أن ابن عمر جاءه رجل فقال إن فلانا يقرأ عليك السلام فقال له إنه بلغني أنه قد أحدث فإن كان قد أحدث فلا تقرئه مني السلام فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول يكون في هذه الأمة أو في أمتي الشك منه خسف أو مسخ أو قذف في أهل القدر . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح غريب**

ناپىئ مۇنداق دەيدۇ ؛ بىر كىشى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغاكېلىپ،ساڭا پالانى سالام يوللىدى دېدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ھەققەتەن ماڭا ئۇ كىشىنىڭ تەقدىرنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بىدئەتنى پەيدا قىلغانلىقى يەتتى،ئەگەر ئۇ راستىنلا ئىسلام دىنىدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلغان بولسا،ئۇنىڭغا مەندىن سالام يوللىمىغىن ، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئۈممىتىم ئىچىدە يەر يۇتۇپ كېتىش، سۈرەتلەر باشقا مەخلۇقنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگىرىپ كېتىش، ئاسماندىن تاش يېغىش، قاتتىق بوران، يەر تەۋرەشلەر يۈز بېرىدۇ.ئاشۇ ئازاپلار،تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بۇلىدۇ. ئەھمەد ، ئىبنى ماجە ،ئەبۇداۋۇد ،تىرمىزى توپلىغان ، ھەسەن.

**117 - [ 39 ] ( لم تتم دراسته )عن علي رضي الله عنه قال سألت خديجة النبي صلى الله عليه وسلم عن ولدين ماتا لها في الجاهلية فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هما في النار قال فلما رأى الكراهية في وجهها قال لو رأيت مكانهما لأبغضتهما قالت يا رسول الله فولدي منك قال في الجنة قال ثم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم إن المؤمنين وأولادهم في الجنة وإن المشركين وأولادهم في النار ثم قرأ رسول الله صلى الله عليه وسلم ( والذين آمنوا واتبعتهم ذريتهم بإيمان ألحقنا م ذريا م )**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛خەدىيچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ جاھالىيەت دەۋرىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى بالىسى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇ ئىككىسى دوۋزاخقا كىرىدۇ دېدى.ئاندىن خەدىيچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭۈپ يۈزىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ؛ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىنى كۆرگەن بولسىڭىز، ئەلبەتتە ئۇلارغا غەزەپ قىلغان بۇلاتتىڭىز دېدى. خەدىيچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ئى رەسۇلەالله! سىلىدىن بولغان بالامچۇ؟دەپ سوردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇلار جەننەتتە بۇلىدۇ دەپ ئاندىن مۇنداق دېدى؛ھەققەتەن مۆئمىنلەر ۋەئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى جەننەتتە بۇلىدۇ،مۇشرىك دىنسىزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دوۋزاختا بۇلىدۇ.ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقدى؛« ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر.»سۈرە تۇر 21-ئايەت قەھەتكە توسلىغان.

**118 - [ 40 ] ( حسن )وعن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لما خلق الله آدم مسح ظهره فسقط من ظهره كل نسمة هو خالقها من ذريته إلى يوم القيامة وجعل بين عيني كل إنسان منهم وبيصا من نور ثم عرضهم على آدم فقال أي رب من هؤلاء قال هؤلاء ذريتك فرأى رجلا منهم فأعجبه وبيص ما بين عينيه فقال أي رب من هذا فقال هذا رجل من آخر الأمم من ذريتك يقال له داود فقال رب كم جعلت عمره قال ستين سنة قال أي رب زده من عمري أربعين سنة فلما قضي عمر آدم جاءه ملك الموت فقال أولم يبق من عمري أربعون سنة قال أولم تعطها ابنك داود قال فجحد آدم فجحدت ذريته ونسي آدم فنسيت ذريته وخطئ آدم فخطئت ذريته " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالاھتائالا ئادەمنى ياراتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئۇچىسنى سىلىۋىدى، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنىگىچە ياراتماقچى بولغان روھلاردىن ئىبارەت جان ئىگىسى چىقتى، ئاندىن، ئاللاھتائالا ئۇلاردىن ھەر بىر ئىنسانىنىڭ ئىككى كۆزى ئوتتۇرىغا نۇردىن بىر ئاقلىقنى پارقىراشنى قىلدى، ئاندىن ئۇلارنى ئادەمگە تەڭلىدى، ئادەم: ئەي رەببىم! ئۇلار كىملەر؟ دېدى، ئاللاھتائالا:ئۇلار سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ دېدى، ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پېشانىسىدىكى نۇر ھەيران قالدۇرغىدەك بىر كىشىنى كۆردى، ئاندىن ئۇ، ئى رەببىم، بۇ كىم بولىدۇ؟ دېدى، ئاللاھتائالا، ئۇ بولسا، ئۈممەتلەرنىڭ ئاخىردىراق مەيدانغا كېلىدىغان، سېنىڭ باللىرىڭدىن بىرسى بولۇپ، ئىسمى داۋۇد دېدى. ئادەم ئاتا: ئى رەببىم، ئۇنىڭ ئۆمرى قانچىلىك دېدى، ئاللاھ: ئۇنىڭ ئۆمرى 60 يىل دېدى، ئادەم ئاتا، ئۇنىڭ ئۆمرىنى مېنىڭ ئۆمرىمدىن 40 يىل ئۇزارتىپ بەرسىلە دېدى، ئاللاھ: ئۇنداقتا بۇ پۈتۈلۈپ، مۆھۈر بېسىلىپ كېتىدۇ، قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ دېدى، ئادەمنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كەلگەندە، ئادەم: تېخى 40 يىل ئۆمرىم بارغۇ؟ دېدى، پەرىشتە، سەن ئۇنى ئوغلۇڭ داۋۇدقا بەرمىگەنمۇ؟ دېسە، ئادەم تېنىۋالدى، ئاندىن باللىرىمۇ تېنىۋالدى، ئادەم ئۇنۇتتى، ئاندىن باللىرىمۇ ئۇنۇتتى، ئادەم خاتالاشتى، ئاندىن باللىرىمۇ خاتالاشتى، (بۇ ئادەمدىن قالغا ئىرسىيەت كېسەلدۇر). تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**119 - [ 41 ] ( صحيح )وعن أبي الدرداء عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " خلق الله آدم حين خلقه فضرب كتفه اليمنى فأخرج ذرية بيضاء كأنهم الذر وضرب كتفه اليسرى فأخرج ذرية سوداء كأنهم الحمم فقال للذي في يمينه إلى الجنة ولا أبالي وقال للذي في كفه اليسرى إلى النار ولا أبالي " . رواه أحمد**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا ئادەم ئاتىنى ياراتقاندا، ئۇنىڭ ئوڭ تاغىقىغا ئۇرۇپ، خۇددى سۈتتەك ئاق،زەررىدەك ئۇششاق باللىرىنى چىقاردى، ئاندىن سول تارغىقىغا ئۇرۇپ، خۇددى كۆمۈرگە ئوخشاش قاپقارا باللىرىنى چىقاردى، ۋە ئوڭ قولىدىكىگە: ئاۋۇ ئاق باللار جەننەتتە بولىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن،سول قولىدىكىگە: ئاۋۇلار دوۋزاختا بولىدۇ، پەرۋا قىلمەيمەن دېدى، (چۈنكى، ئاللاھتائالا ھەممىنى ئالدىن بىلىپ يارىتىدۇ، سەۋەب يەنىلا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدە بولىدۇ) ئىبنى ئەساكىر،ئەھمەد توپلىغان سەھىھ، ئاشۇ باللار ھۆجەيرە بولۇشى مۇمكىن،

**120 - [ 42 ] ( صحيح )وعن أبي نضرة أن رجلا من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم يقال له أبو عبد الله دخل عليه أصحابه يعودونه وهو يبكي فقالوا له ما يبكيك ألم يقل لك رسول الله صلى الله عليه وسلم خذ من شاربك ثم أقره حتى تلقاني قال بلى ولكني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله عز وجل قبض بيمينه قبضة وأخرى باليد الأخرى وقال هذه لهذه وهذه لهذه ولا أبالي فلا أدري في أي القبضتين أنا " . رواه أحمد**

ئەبۇ نەزرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىدىن ئەبۇ ئابدۇالله دىيىلىدىغان كىشىنى ھەمراھلىرى يوقلاپ كىرسە ، ئۇ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك،ئۇلار ئۇنىڭغا:سىنى نىمە

يىغلاتتى ؟ ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇرتىڭنى ئېلىۋەتكىن،ئاندىن ماڭا ئۇچراشقانغا قەدەر شۇنداق بىر خىل تۇرغىن دېمىگەنمۇ؟دىسە،ئۇ ؛ ئەلۋەتتە شۇنداق دىگەن،لىكىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا، ئۇنىڭ قولى بىلەن(ئادەم باللىرىدىن) بىر چاڭگالنى ئېلىپ، مانا بۇ (مىنىڭ رەھمىتىم بىلەن) جەننەتكە كىرىدۇ دېدى، يەنە بىرقولى بىلەن يەنە بىر چاڭگالنى ئېلىپ، مانا بۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن دېدى. مەن ئۆزۈمنىڭ قايسى چاڭگالدا ئىكەنلىكىمنى بىلمەيمەن دە! دىدى.ئەھمەد ، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

**121 - [ 43 ] ( صحيح )وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أخذ الله الميثاق من ظهر آدم بنعمان يعني عرفة فأخرج من صلبه كل ذرية ذرأها فنثرهم بين يديه كالذر ثم كلمهم قبلا قال : ( ألست بربكم قالوا بلى شهدنا أن تقولوا يوم القيامة إنا كنا عن هذا غافلين أو تقولوا إنما أشرك آباؤنا من قبل وكنا ذرية من بعدهم أفتهلكنا بما فعل المبطلون )رواه أحمد**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، نۇئمان دىگەن جايدا يەنى ئاراپاتتا ئادەمنىڭ ئۇچىسىدىن ئەھدە، مىيساقنى مۇنداق ئالغان ئىدى، ئاللاھ ئۇنىڭ سۇلبىدىن بارلىق ياراتماقچى بولغان ئادەم باللىرىنى، ئەۋلادلىرىنى چىقىرىپ، ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى زەررىگە، چۈمۈلىنىڭ ئۇششاق باللىرىغا ئوخشاش چېچىپ، تارقىتىپ قويۇپ ئاندىن بىۋاستە سۆز قىلىپ، « ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ :«مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟»دېدى (يەنى **الله** ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار:«ھەئە،سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن،گۇۋاھلىق بەردۇق»دېدى.(ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ :«بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز»دېمەسلىكلىرى، ياكى «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى،بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئوزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر. » سۈرە ئەئراف 172 ــ ئايەت.ئەھمەد ، نەسئەى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئايەت ھەدىسلەرنى سەيىيد قۇتۇپ رەھمەھۇللا مۆجىزە دەپ قاراپ، ئاشۇ ئۇششاق باللار ئىسپىرما ھۈجەيرىسى بولۇشى مۇمكىن دېگەن.

**122 - [ 44 ] ( حسن )**

**عن أبي بن كعب في قول الله عز وجل ( وإذ أخذ ربك من بني آدم من ظهورهم ذريا م وأشهدهم على أنفسهم ) الآية قال جمعهم فجعلهم أرواحا(ازواجا) ثم صورهم فاستنطقهم فتكلموا ثم أخذ عليهم العهد والميثاق وأشهدهم على أنفسهم ألست بربكم قال فإني أشهد عليكم السموات السبع والأرضين السبع وأشهد عليكم أباكم آدم عليه السلام أن تقولوا يوم القيامة لم نعلم ذا اعلموا أنه لا إله غيري ولا رب غيري فلا تشركوا بي شيئا وإني سأرسل إليكم رسلي يذكرونكم عهدي وميثاقي وأنزل عليكم كتبي قالوا شهدنا بأنك ربنا وإلهنا لا رب لنا غيرك فأقروا بذلك ورفع عليهم آدم ينظر إليهم فرأى الغني والفقير وحسن الصورة ودون ذلك فقال رب لولا سويت بين عبادك قال إني أحببت أن أشكر ورأى الأنبياء فيهم مثل السرج عليهم النور خصوا بميثاق آخر في الرسالة والنبوة وهو قوله تعالى ( وإذ أخذنا من النبيين ميثاقهم )**
**إلى قوله ( عيسى ابن مريم )كان في تلك الأرواح فأرسله إلى مريم فحدث عن أبي أنه دخل من فيها . رواه أحمد**

ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ « ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ :«مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار

ئەمەسمۇ؟»دېدى»دىگەن ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دىگەن؛**الله** تائالا ئۇلارنى (رۇھانىي ئالەمدە)توپلاپ،خىلمۇ ـ خىل تۈرگە ئايرىپ جۈپلاپ، ئاندىن ئۇلارنى سۈرەتكە كىرگۈزۈپ،سۆزلىتىپتى ئۇلار سۆزقىلدى.ئاندىن **الله** ئۇلاردىن ئەھدى ـ مىساق ئېلىپ،ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھچى قىلىپ، «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟»دېدى. ئۇلار:«سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن،گۇۋاھلىق بەردۇق»دېدى.**الله** تائالا؛ قىيامەت كۈنى بىز بۇنى بىلمەپتىكەنمىز خەۋىرىمىز يوق ئىكەن دىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ، مەن سىلەرگە يەتتە ئاسماننى ،يەتتە زىمىننى،داداڭلار ئادەمنى گۇۋاھچى قىلىمەن.بىلىپ قويۇڭلاركى مەندىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق،مەندىن باشقا پەرۋەردىگارىيوق، ماڭا ھىچ نەرسىنى شىرىك كەلتۈرمەڭلار، مەن پات يېقىندا سىلەرگە ئەلچىلىرىمنى ئەۋەتىمەن ، ئۇلار سىلەرگە مىنىڭ ئەھدىلىرىمنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، سىلەرگە كىتاپلىرىمنى نازىل قىلىمەن دىدى.ئۇلار ؛ «سەن بىزنىڭ بىردىنبىر ھەق ئىلاھىمىز، پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن،گۇۋاھلىق بەردۇق»بىزگە سەندىن باشقا پەرۋەردىگار يوق،سەندىن باشقا ھەق ئىلاھمۇ يوق دەپ ئىقرار قىلىشتى.**الله** تائالا ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنى كۆرىۋالسۇن دەپ ئۈستۈن كۆتۈردى.ئادەم ئۇلارغا قاراپ،باي ۋە نامراتلىرىنى،گۈزەل ۋە سەتلىرىنى كۆرۈپ؛ئى رەببىم!نىمە ئۈچۈن بەندىللىرىڭنىڭ ئارىسىنى ئوخشاش بەرابەر قىلمىدىڭ ؟ دىدى. **الله** تائالا؛ھەقىقەتەن مەن ماڭا شۈكۈر قىلىنىشنى ياخشى كۆرىمەن دىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەرلەرنى خۇددى چىراق نۇرىدەك نۇرلۇق كۆردى،ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئالاھىدە نۇر بار ئىدى. ئەلچىلىك،پەيغەمبەرلىك توغرىسىدا ئۇلاردىن ئالاھىدە خاس ئەھدى مىساق ئېلىندى . ئۇ بولسىمۇ **الله** نىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر« ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق، سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق.»سۈرە ئەھزاپ 7 ـ ئايەت. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى شۇ روھلار ئارىسىدا بار ئىدى ، ئاندىن **الله** ئۇنى مەريەم ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى،ئۇ روھ مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن كىرگەن ئىدى دىدى.(**الله** ئەئلەم)ئەھمەد توپلىغان.

## 123 - [ 45 ] ( ضعيف )

**وعن أبي الدرداء قال بينما نحن عند رسول الله صلى الله عليه وسلم نتذاكر ما يكون إذ قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا سمعتم بجبل زال عن مكانه فصدقوا وإذا سمعتم برجل تغير عن خلقه فلا تصدقوا به وإنه يصير إلى ما جبل عليه " . رواه أحمد**

ئەبى دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەزلىدە بۇندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلار ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىۋاتاتتۇق، تۇساتتىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: سىلەر بىر تاغ ئورنىدىن يۆتكىلىپتۇ دەپ ئاڭلىساڭلار، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تەستىقلاڭلار، ئەگەر بىر ئەرنىڭ خۇي ــ پەيلى، ئەخلاقى ئۆزگىرىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىساڭلار، ھەرگىز ئىشەنمەڭلار، ئۇ ئەر ئۆزى يارىتىلغان ئاقىۋەتكە قايتىپ بارىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەھمەد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

## 124 - [ 46 ] ( ضعيف )

**وعن أم سلمة يا رسول الله لا يزال يصيبك كل عام وجع من الشاة المسمومة التي أكلت قال : " ما أصابني شيء منها إلا وهو مكتوب علي وآدم في طينته " . رواه ابن ماجه**

ئۇممە سەلمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سىلە يەپ سالغان، زەھەرلەنگەن قوينىڭ تەسىرىدىن سىلىگە ھەر يىلى كېسەل يېتىۋاتىدۇ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا يەتكەن ھەرقانداق نەرسە ئادەم ئاتا ئۆز لەيىنىڭ ئىچىدە يۇغۇرۇلىۋاتقاندا ماڭا پۈتۈلۈپ بولغان دىگەن، بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن بولۇپ، زەئىپ.

## قەبرە ئازابى توغرىسىدا    باب إثبات عذاب القبر ـ الفصل الأول

**125 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن البراء بن عازب أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " المسلم إذا سئل في القبر يشهد أن**

**لا إله إلا الله وأن محمدا رسول الله فذلك قوله ( يثبت الله الذين آمنوا بالقول الثابت في الحياة الدنيا وفي الآخرة ) وفي رواية عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : ( يثبت الله الذين آمنوا بالقول الثابت )نزلت في عذاب القبر يقال له : من ربك ؟ فيقول : ربي الله ونبيي محمد**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەبرىدە مۇسۇلماندىن سۇئال ــ سوراق قىلىنسا، ئۇ مۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ: ئەشھەدۇئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله نىڭ ئەلچىسى. ئۇ، بولسىمۇ ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر، يەنى ئايەت دەلىلدۇر. «ئاللاھ مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن مۇشۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ» 14 ــ سۈرە ئىبراھىم، 27 ــ ئايەت.

يەنە بىر خاتىردە، بۇ ئايەت قەبرى ئازابى توغرىسىدا چۈشكەن،ئۇنىڭغا رەببىڭ كىم؟دىيىلىدۇ،ئۇ:رەببىم الله ، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله نىڭ ئەلچىسى دەيدۇ دىيىلگەن. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**126 - [ 2 ] ( صحيح )عن أنس بن مالك رضي الله عنه أنه حدثهم أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن العبد إذا وضع في قبره وتولى عنه أصحابه وإنه ليسمع قرع نعالهم أتاه ملكان فيقعدانه فيقولان ما كنت تقول في هذا الرجل لمحمد صلى الله عليه وسلم فأما المؤمن فيقول أشهد أنه عبد الله ورسوله فيقال له انظر إلى مقعدك من النار قد أبدلك الله به مقعدا من الجنة فيراهما جميعا قال قتادة وذكر لنا أنه يفسح له في قبره ثم رجع إلى حديث أنس قال وأما المنافق والكافر فيقال له ما كنت تقول في هذا الرجل فيقول لا أدري كنت أقول ما يقول الناس فيقال لا دريت ولا تليت ويضرب بمطارق من حديد ضربة فيصيح صيحة يسمعها من يليه غير الثقلين " ولفظه للبخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بەندە قەبرىگە قويۇلغاندا، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، يېقىن تۇغقانلىرى ئۇنىڭدىن قايتىپ كېتىدۇ، بەندە ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ تىۋىش ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ كىشى توغرىسىدا يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟، مۆئمىن بولسا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەقىقەتەن ئۇ، ئاللاھنىڭ بەندىسى، ۋە ئەلچىسى دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سېنىڭ دوۋزاخدىن بولغان جايىڭغا قارا، جەزمەن ئاللاھ، ساڭا ئۇ جايىنىڭ ئورنىغا جەننەتتىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى، بەندە ھەر ئىككىلى جايىنى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى 70 گەز كەڭرى قىلىنىدۇ، (بۇ گەزنىڭ قانداقلىقى بىزگە نامەلۇم، پەرىشتىلەرنىڭمۇ؟ ئۇنى ئاللاھ بىلىدۇ) كىشلەر تىرىلىپ قوپۇرۇلىدىغان قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭ قەبرىسى يېشىل نۇرغا تولۇپ تۇرىدۇ.ئەمما، كاپىر، دىنسىزغا كەلسەك، ياكى مۇناپىققا كەلسەك، ئۇنىڭغا بۇ كىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ دىيىلسە، ئۇ مەن بىلمەيمەن، مەن دۇنيادا ئىنسانلار دىگەن سۆزنى دەپ قويغان دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەن زادى بىلمەيتتىڭ، ئوقۇپمۇ باقمىغان دىيىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقى ئارىسىغا تۆمۈر توخماق بىلەن قاتتىق ئۇرۇلىدۇ، ئۇ شۇنداق ئاۋاز قىلىپ، ۋارقىراپ كېتىدۇكى، ئىنسان، جىندىن باشقا بارلىق كىشلەر، نەرسلەر ئاڭلايدۇ، (يەنە بىر خاتىردە، ئىنسان، جىن ئاڭلاپ قالسا، ئۆلۈپ كېتەتتى دىيىلىدۇ) ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسى شۇنداق تار قىلىنىدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ــ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**127 - [ 3 ] ( متفق عليه )**

**عن عبدالله بن عمر رضي الله عنهما أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : إن أحدكم إذا مات عرض عليه مقعده بالغداة والعشي**

**إن كان من أهل الجنة فمن أهل الجنة وإن كان من أهل النار فمن أهل النار فيقال هذا مقعدك حتى يبعثك الله يوم القيامة "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ۋاپات تاپسا، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتىكى ئورنى ئەتىگەن ــ ئاخشام تەڭلىنىپ تۇرىدۇ،ئەگەرئۇ جەننەت ئەھلى بولسا، جەننەت تەڭلىنىدۇ، دوۋزاخ ئەھلى بولسا، دوۋزاخ تەڭلىنىدۇ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىدۇ، مانا بۇ، ئاللاھ سېنى قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈپ قوپۇرىدىغان چاغقىچە، مەڭگۈلۈك جايىڭدۇر، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

**128 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها أن يهودية دخلت عليها فذكرت عذاب القبر فقالت لها أعاذك الله من عذاب القبر فسألت عائشة رسول الله صلى الله عليه وسلم عن عذاب القبر فقال : " نعم عذاب القبرحق, قالت عائشة رضي الله عنها فما رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم بعد صلى صلاة إلا تعوذ من عذاب القبر "**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا بىر يەھۇدىي ئايال كىرىپ،قەبرى ئازابىنى تىلغا ئېلىپ؛**الله** سىزنى قەبرى ئازابىدىن ساقلىسۇن دىدى. ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قەبرە ئازابى توغرىسىدا سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەئە شۇنداق،قەبرى ئازابى ھەق راستۇر دىدى. ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا ؛شۇندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئۇقۇپ قالسىلا قەبرى ئازابىدىن **الله** قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيتتى دىدى. بۇخارى،مۇسلىم،

**129 - [ 5 ] ( صحيح )عن زيد بن ثابت قال بينما النبي صلى الله عليه وسلم في حائط لبني النجار على بغلة له ونحن معه إذ حادت به فكادت تلقيه وإذا أقبر ستة أو خمسة أو أربعة قال كذا كان يقول الجريري فقال : " من يعرف أصحاب هذه الأقبر فقال رجل أنا قال فمتى مات هؤلاء قال ماتوا في الإشراك فقال إن هذه الأمة تبتلى في قبورها فلولا أن لا تدافنوا لدعوت الله أن يسمعكم من عذاب القبر الذي أسمع منه ثم أقبل علينا بوجهه فقال تعوذوا بالله من عذاب النار قالوا نعوذ بالله من عذاب النار فقال تعوذوا بالله من عذاب القبر قالوا نعوذ بالله من عذاب القبر قال تعوذوا بالله من الفتن ما ظهر منها وما بطن قالوا نعوذ بالله من الفتن ما ظهر منها وما بطن قال تعوذوا بالله من فتنة الدجال قالوا نعوذ بالله من فتنة الدجال " . رواه مسلم**

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ قەچىرى ئۈستىدە بەنى نەججارنىڭ بوستانلىقىدا كېتىپ باراتتى ، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، تۇيۇقسىز قەچىر ئۈركۈپ يولدىن قېچىپ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۈستىدىن تاشلىۋەتكىلى تاس ـ تاس قالدى. ناگاھان ئۇجايدا ئالتە ياكى بەش ـ توت قەبرە تۇراتتى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىگىللىرىنى كىم تونىيدۇ؟دىدى.بىر كىشى ؛مانا مەن تونىيمەن دىدى.ئۇلار قاچان ئۆلگەن ؟ دىسە،ئۇكىشى؛ئۇلار شىرىك ھالەتلىرىدە ئۆلگەن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن بۇ ئۈممەت قەبىرلىرىدە سوئال ـ سوراق قىلىنىپ، سىنىلىدۇ، ئازابلىنىدۇ، ئەگەر مىيتلەرنى دەپنە قىلالماسلىقىڭلار بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، مەن ئاڭلىغان قەبرە ئازابىنى سىلەرگىمۇ ئاڭلىتىپ قويۇشنى سورىغان بولاتتىم، (ئەگەر ئاڭلاپ قالساڭلار، مىيتلەرنى دەپنە قىلالمايسىلەر، ياكى ئۆلىسىلەر)ئاندىن بىز گە يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلىپ؛ سىلەر ئاللاھقا سېغىنىپ، دوۋزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار، ئاللاھقا سېغىنىپ، پىتنە ــ پاسادنىڭ ئاشكارا، يوشۇرۇنلىرىدىن پاناھ تىلەڭلار، ئاللاھقا سېغىنىپ، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەڭلاردىدى،ئۇلار ھەرقېتىم **الله** قا سېغىنىپ يۇقىرقى ئازاپ ، پىتنىلەردىن پاناھ تىلەشتى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**130 - [ 6 ] ( حسن ) الفصل الثاني**

**عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قبر الميت أتاه ملكان أسودان أزرقان يقال لأحدهما المنكر والآخر النكير فيقولان ما كنت تقول في هذا الرجل فيقول ما كان يقول هو عبد الله ورسوله أشهد أن لا إله إلا الله وأن محمدا عبده ورسوله فيقولان قد كنا نعلم أنك تقول هذا ثم يفسح له في قبره سبعون ذراعا في سبعين ثم ينور له فيه ثم يقال له نم فيقول أرجع إلى أهلي فأخبرهم فيقولان نم كنومة العروس الذي لا يوقظه إلا أحب أهله إليه حتى يبعثه الله من مضجعه ذلك وإن كان منافقا قال سمعت الناس يقولون فقلت مثله لا أدري فيقولان قد كنا نعلم أنك تقول ذلك فيقال للأرض التئمي عليه فتلتئم عليه فتختلف فيها أضلاعه فلا يزال فيها معذبا حتى يبعثه الله من مضجعه ذلك " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيت قەبرىگە قويۇلغاندا، ئۇنىڭغا قاپقارا، كۆك كۆز ئىككى پەرىشتە كېلىدۇ، بىرنى مۇنكەر يەنە بىرنى نەكىير دېيىلىدۇ، بۇ مۇنكەر ــ نەكىير ئىككى پەرىشتە مۇنداق دەيدۇ: سەن بۇ كىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ ئۇ بەندە ئادىتى بويىچە ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيدۇ، پەرىشتىلەر بىز سېنىڭ شۇنداق دېيىشىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتۇق دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسى 70 گەزدە 70 گەز كەڭرى قىلىنىپ، نۇرلىنىدۇ، ئاندىن ئۇخلا! دېيىلىدۇ، ئۇ مەن قايتىپ ئەھلى بالىلىرىمغا خەۋەر قىلىمەن دەيدۇ، ئۇلار ئۇخلا دېگەندىكىن، يېڭىدىن توي قىلغان، بەختلىك كىشى ئۇخلىغاندەك ئۇخلا!، ئۇنى پەقەت ئەھلىدىن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئويغۇتىدۇ، ئاللاھ سېنى بۇ جايىڭدىن تىرىلدۈرۈپ قوپارغانغا قەدەر شۇنداق، بەختلىك ھالەتتە ئۇخلا! دېيىلىدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشى مۇناپىق بولسا، مەن كىشىلەرنىڭ بىر سۆزنى دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ شۇنداق دەپ قويغان، مەن بىلمەيمەن دەيدۇ، ئۇ ئىككى پەرىشتە؛ بىز سېنىڭ شۇنداق دېيىشىڭنى بىلەتتۇق دەيدۇ، ئاندىن زېمىنغا تارايغىن، گىرەلەشكىن دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسىدىن ئىبارەت زېمىن شۇنداق تارىيىدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ــ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئۇنى شۇ جايىدىن تىرىلدۈرگەنگە، يەنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇ شۇنداق ئازابلىنىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن

**131 - [ 7 ] ( صحيح )عن البراء بن عازب عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ويأتيه ملكان فيجلسانه فيقولان له من ربك فيقول ربي الله فيقولان له ما دينك فيقول ديني الإسلام فيقولان له ما هذا الرجل الذي بعث فيكم قال فيقول هو رسول الله صلى الله عليه وسلم فيقولان وما يدريك فيقول قرأت كتاب الله فآمنت به وصدقت زاد في حديث جرير فذلك قول الله عز وجل ( يثبت الله الذين آمنوا بالقول الثابت )**

**الآية ثم اتفقا قال فينادي مناد من السماء أن قد صدق عبدي فأفرشوه من الجنة وافتحوا له بابا إلى الجنة وألبسوه من الجنة قال فيأتيه من روحها وطيبها قال ويفتح له فيها مد بصره قال وإن الكافر فذكر موته قال وتعاد روحه في جسده ويأتيه ملكان فيجلسانه فيقولان له من ربك فيقول هاه هاه لا أدري فيقولان له ما دينك فيقول هاه هاه لا أدري فيقولان ما هذا الرجل الذي بعث فيكم فيقول هاه هاه لا أدري فينادي مناد من السماء أن كذب فأفرشوه من النار وألبسوه من النار وافتحوا له بابا إلى النار قال فيأتيه من حرها وسمومها قال ويضيق عليه قبره حتى تختلف فيه أضلاعه ثم يقيض له أعمى أبكم معه مرزبة من حديد لو ضرب بها جبل لصار ترابا قال فيضربه بها ضربة يسمعها ما بين المشرق والمغرب إلا الثقلين فيصير ترابا قال ثم تعاد فيه الروح " . رواه**

أحمد وأبو داود

بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (ھەقىقەتەن مۆئمىن بەندىنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىنىدىغان ۋاختى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاسماندىن خۇددى يۈزلىرى قۇياشتەك نۇرلۇق، ئاپئاق يۈزلۈك پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە جەننەتنىڭ كېپىنەكلىرى، جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرىدىن خۇشپۇراق ئەتىرلەر باردۇر، بۇ پەرىشتىلەر مۆئمىندىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرىدۇ، (يەنى كۆرگىلى بولغۇدەك يىراقلىقتا ئولتۇرىدۇ) ئاندىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىدۇ، ئۇ مۆئمىنىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئەي پاك، ئېسىل روھ، جان! ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا چىققىن! ئاندىن روھ، جان خۇددى تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن بىر تامچە سۇ تامغاندەكلا شۇنداق ئاسان چىقىدۇ، ئۆلۈم پەرىشتىسى روھنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئالغاندا، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىلىكمۇ قويماي تۇرسا، پەرىشتىلەر ئېلىپ، بۇ پاك روھنى ئاشۇ كېپەنلەردە ئاشۇ ئەتىرلەردە قىلىدۇ، بۇ روھدىن مىسكىدىنمۇ خۇشپۇراقراق پۇراق چىقىدۇ، بۇ خۇشپۇراقلار يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇ روھنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار پەرىتىشلەرنىڭ جامائەتلىرىدىن ئۆتسىلا، بۇ پاك، ئېسىل روھ كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ، يۇقىرىغا ئۆرلەۋەتقانلار: ئۇ بەندىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، پەرشتىلەر ئۇنى دۇنيا ئاسمىنىغا ئاپىرىپ، ئاسمان ئىشكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ مۆئمىن روھى ئۈچۈن ئىشكى ئېچىلىدۇ، ئاندىن بۇ ئېسىل روھقا ھەربىر ئاسماننىڭ ئەڭ يېقىن مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى ئەگىشىۋالىدۇ، ئۇلار يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىپ بارىدۇ، تاكى بۇ مۆئمىنىنىڭ روھى يەتتىنچى ئاسمانغىچە ئاپىرىلىدۇ، (ھەربىر ئاسماننىڭ مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىۋالىدۇ) ئاندىن، ئاللاھ  مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بۇ بەندەمنىڭ كىتابىنى، ئىللىيىن دەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى ئالى مەرتىبە قاتارىدا يېزىڭلار! بۇ بەندەمنى زېمىنغا قايتۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنى زېمىندىن ياراتتىم، ئۇلارنى زېمىنغا قايتۇرىمەن، ئۇلارنى زېمىندىن يەنە بىر قېتىم يارىتىپ چىقىرىمەن، ئاندىن مۆئمىنىنىڭ روھى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ،) ئاندىن كىيىن، ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ،

رەببىڭ كىم؟ دەپ سورايدۇ:

مۆئمىن، رەببىم ئاللاھ دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: دىنىڭ نېمە؟ دەيدۇ:

مۆئمىن بەندە: دىنىم ئىسلام دىنى دەيدۇ.

پەرىشتىلەر ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن بۇ كىشى قانداق كىشى بولىدۇ؟ دەيدۇ:

ئۇ بەندە: ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبىرىدۇر دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: سىنىڭ ئىلىمىڭ قانداق؟ سەن بۇنى نەدىن بىلدىڭ؟ دەيدۇ

مۆئمىن بەندە: مەن ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم، بۇ كىتابقا شەكسىز ئىمان كەلتۈردۈم، ۋە تەستىقلىدىم دەيدۇ،ئاشۇبولسا« ئاللاھ مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن مۇشۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ»

14 ــ سۈرە ئىبراھىم، 27 ــئايەتتۇر.ئاندىن ئاسماندىن بىر تۈۋلىغۇچى، ئىدا قىلىپ، بەندەم راست دېدى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كۆرپە سېلىڭلار! جەننەت كىيىملىرىدىن كىيىم كىيدۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار دەيدۇ، ئاندىن ئۇ بەندىگە جەننەتنىڭ راھەتلىرى، رىزىقلىرى، پاك، مول تۇرمۇشلىرى، خۇشپۇراقلىرى يېتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەبرىسى بىر كۆز يېتىم مىقدارى شۇنداق كەڭ كەڭرىتىلىدۇ، (ئاندىن ئۇنىڭغا يۈزى گۈزەل، كىيىمى گۈزەل، خۇشپۇراق بىر كىشى كېلىپ، سىنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلار بىلەن خۇش بىشارەت ئالغىن، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان، سېنىڭ كۈنۈڭدۇر، دەيدۇ، بەندە ئۇنىڭغا سەن كىم؟ سېنىڭ يۈزىڭ ياخشىلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈزئىكەن دەيدۇ، ئۇ كىشى مەن سېنىڭ سالىھ، ياخشى ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ، ئاندىن بەندە خاتىرجەم بولۇپ، ئى پەرۋەردىگارىم، قىيامەتنى قۇرۇپ بەرگىن، ئى رەببىم، قىيامەتنى قايىم قىلىپ بەرگىن، مەن ئەھلىمگە، مال ــ مۈلۈكلىرىمگە قايتاي دەيدۇ،) (مانا بۇ مۆئمىن كىشىنىڭ ئاقىۋىتى بولىدۇ). ھەقىقەتەن كاپىر، دىنىسىز بەندىنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىدىغان ۋاختى كەلگەندە،( ئۇنىڭغا ئاسماندىن يۈزلىرى قاپقارا، تەلەتى سەت، قەبىھ پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇنى كىپەنلەشكە ئەسكى كىگىز، تاشلاندۇق پالاسلارنى ئېلىۋالىدۇ، پەرىشتىلەر بۇ كاپىردىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئى نىجىس، سېسىق جان، ئاللاھنىڭ كايىشىغا، غەزەپ ــ نەپرىتىگە چىققىن! دەيدۇ: ئاندىن ئۇنىڭ روھى، جىنى پۈتۈن بەدەنلىرىگە تارقاپ كېتىدۇ، ئاندىن پەرىشتە ئۇ جاننى خۇددى قوينىڭ يول يۇڭىدىن شوخلۇق شاخنى تارتىپ ئالغاندەك، قاتتىق تارتىپ ئالىدۇ، ئۇنى ئېلىپ، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك مىقداردا قويمايلا، ساقلاپ تۇرغان پەرشتىلەر ئېلىپ، ھېلىقى كىگىز پالاسنىڭ ئىچىگە سالىدۇ، بۇ نىجىس، سېسىق جاندىن تاپىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ سېسىق پۇراق چىقىدۇ، بۇ سېسىق پۇراق يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار ھەربىر پەرىشتە جامائەتلىرىدىن ئۆتسە، ئۇلار بۇ نىجىس، سىسىق جان، روھ كىم بولىدۇ؟ دەيدۇ: ئۆرلەۋاتقانلار، ئۇ دىنىسىزنىڭ دۇنيادىكى كىشىلەر ئاتايدىغان ئەڭ قەبىھ، سەت ئىسىملىرى بىلەن ئاتاپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ دەيدۇ، ئاندىن ئاسمان ئىشكىنىڭ ئېچىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن ئىشىك ھەرگىز ئېچىلمايدۇ، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى، «ئۇلارغا ئاسمان ئىشىكلىرى ھەرگىز ئېچىلمايدۇ» سۈرە ئەئراب، 4 ـ ئايەت، ئاندىن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ كىتابىنى ئەڭ تۆۋەن زىمىننىڭ ئىچىدىكى سىججىيىن، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك چوڭقۇر مەنزىللىك قىلىپ يېزىڭلار،) ئاندىن ئۇنىڭ روھى قاتتىق تاشلىنىدۇ، جەستىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، مۇنداق سۇئال سورايدۇ.

رەببىڭ كىم؟

ئۇ، ھا! ھا! مەن بىلەيمەن دەيدۇ.

ئۇلار، دىنىڭ نېمە؟ دېسە:

ئۇ ھا ھا مەن بىلمەيمەن دەيدۇ.

ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن ماۋۇ كىشى كىم؟ دېسە، ئۇ،

ھا! ھا! مەن مەن بىلمەيمەن دەيدۇ. ئاندىن، ئاسماندىن مۇنداق نىدا كېلىدۇ، ئۇ يالغان سۆزلىدى، ئۇنىڭغا دوۋزاىدىن، ئوتتىن كۆرپە سېلىڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن دوۋزاخ تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىڭلار! ئاندىن ئۇنىڭغا دوۋزاخنىڭ ھارارەتلىرى، قىززىقلىرى، زەھەرلىرى كېلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى شۇنداق تار قىلىنىدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ـــ بىرىگە كىرىشىپ، گىرەلىشىپ كېتىدۇ،ئاندىن ئۇنىڭغا كور،گاس بىر پەرىشتە مۇئەككەل قىلىنىدۇ،ئۇپەرىشتە بىلەن تۆمۈر توخماق بار بولۇپ،ئەگەر ئۇ توخماق بىلەن تاغنى بىرنى ئۇرسا،تاغ كۇكۇن تالقان بولۇپ توپىغا ئايلىنىپ كىتىدۇ،پەرىشتە ئۇ كىشىنى شۇ توخماق بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇرىدۇكى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنسى ـ جىندىن باشقا مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەر ئاڭلايدۇ،ئۇ توپىغا ئايلىنىپ كىتىدۇ،ئاندىن ئۇنىڭغا رۇھى قايتۇرلۇپ (يانا ئۇرىلىدۇ.) (ئاندىن ئۇنىڭغا، يۈزى، كىيىمى قەبىھ سەت، سېسىق پۇراقلىق بىر كىشى كېلىپ، سىنى خاپا قىلىدىغان، غەم قىلدۇرىغان نەرسە بىلەن بىشارەت ئال، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان سېنىڭ كۈنۈڭدۇر دەيدۇ. ئۇ، سېنىڭ يۈزۈڭ يامانلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈز ئىكەن، سەن زادى كىم؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ، مەن سېنىڭ نىجىس، يامان ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ. ئاندىن ئۇ، ئى پەرۋەردىگارىم، ھەرگىز قىيامەتنى قايىم قىلمىغىن دەپ كېتىدۇ،) (مانا بۇ دىنسىزنىڭ ئاقىۋىتى، ئى ئاللاھ، بىزلەرنى مۆئمىن قىلىپ، بۇنداق يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىسلا، ئامىن!) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى خۇزەيمە، ھاكىم، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسنىڭ بىر قىسىم جايلىرى مۇتىۋاتىربولۇپ، مىشكاتتا يوق جايلىرىمۇ تولۇق يىزىلدى.

**132 - [ 8 ] ( حسن )وعن عثمان رضي الله عنه أنه إذا وقف على قبر بكى حتى يبل لحيته فقيل له تذكر الجنة والنار فلا تبكي وتبكي من هذا فقال إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن القبر أول م ل من منازل الآخرة فإن نجا منه فما بعده أيسر منه وإن لم ينج منه فما بعده أشد منه قال وقال رسول الله صلى الله عليه وسلم ما رأيت منظرا قط إلا القبر أفظع منه " . رواه الترمذي وابن ماجه . وقال الترمذي هذا حديث غريب**

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرە ئۈستىدە تۇرۇپ قالسا،ساقىلى يۆل بولۇپ كەتكەنگە قەدەر يىغلاپ كىتەتتى،ئۇنىڭغا؛جەننەت بىلەن دوۋزاخنى ئەسلەۋاتاملا؟يىغلىمىسلا ، سىلى دائىم مۇشۇ قەبرى ئازابىدىن قورقۇپ يىغلايدىكەنلا دىيىلگەندە، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قەبرە، ئاخىرەت مەنزىللىرىنىڭ تۇنجىسىدۇر، ئەگەر قەبرىدىن نىجات تاپسا، ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى، ئۇنىڭدىن ئاسانراقتۇر، ئەگەر قەبرىدە نىجات تاپالمىسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۇئال ـــ سوراق، ئازابلار ئۇنىڭدىن قاتتىقراقتۇر، مەن كۆرگەن ھەر قانداق قورقۇنۇشلۇق مەنزىرىدىنمۇ قەبرە بەكىرەك قورقۇنۇشلۇق ئىكەن دىدى. (قەبرىدە سۇئال ــسوراق، ئازاب ـ راھەتنىڭ مۇقەددىمىسى باردۇر) تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن

**133 - [ 9 ] ( صحيح )وعن عثمان رضي الله عنه قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا فرغ من دفن الميت وقف عليه فقال : " استغفروا لأخيكم ثم سلوا له بالتثبيت فإنه الآن يسأل " . رواه أبو داود**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتنى دەپنە قىلىپ، پارىغ بولغاندا، ئۇ جايدا تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھدىن مەغپىرەت سوراڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن سۇباتلىقنى يەنى لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەپ مۇقىم تۇرۇپ، توغرا جاۋاب بېرىشنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ ھازىر سوراققا تارتىلىۋاتىدۇ، (يەنى رەببىڭ كىم؟ دىينىڭ نىمە دەپ سورىلىۋاتىدۇ). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاننى ۋە دىگەننىلا قىلايلى!

**134 - [ 10 ] ( ضعيف )عن أبي سعيد الخدري قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يسلط على الكافر في قبره**

**تسعة وتسعون تنينا تنهشه وتلدغه حتى تقوم الساعة ولو أن تنينا منها نفخ في الأرض ما أنبتت خضرا " . رواه الدارمي وروى الترمذي نحوه وقال : " سبعون بدل تسعة وتسعون "**

ئەبى سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كاپىرغا قەبرىدە 99 يىلان قويۇلىدۇ، قىيامەت قايىم بولغۇچە ئۇنى چىشلەپ، چىقىپ تۇرىدۇ، ئەگەر بىر تال زەھەر دۇنياغا پۈۋدەلسە، پۈتۈن زىمىن شۇ زەھەرنىڭ تەسىرىدىن گىياھ ئۈندۈرمەيدۇ دىگەن ھەدىسنى دارمى، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**لفصل الثالث135 - [ 11 ] ( ضعيف )**

**عن جابر بن عبد الله قال خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى سعد بن معاذ حين توفي قال فلما صلى عليه رسول الله صلى الله عليه وسلم ووضع في قبره وسوي عليه سبح رسول الله صلى الله عليه وسلم فسبحنا طويلا ثم كبر فكبرنا فقيل يا رسول الله لم سبحت ثم كبرت قال : " لقد تضايق على هذا العبد الصالح قبره حتى فرجه الله عز وجل عنه " . رواه أحمد**

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى مۇئاز ۋاپات تاپقاندا، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىلەن بىللە چىققان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ناماز چۈشۈرۈپ بولۇپ، ئۇ قەبرىگە قويۇلغاندا، ئۇزۇن تەسبىھ ئېيتىپ كەتتى، بىزمۇ تەسبىھ ئېيتتۇق، ئاندىن تەكبىر ئېيتتى، بىزمۇ تەكبىر ئېيتتۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن نىمە ئۈچۈن تەسبىھ ۋە تەكبىر ئېيتىلا؟ دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مانا بۇ سالىھ بەندىگىمۇ قەبرىسى تارايدى، قىسىلدى، شۇڭا تەسبىھ، تەكبىر ئېيتتىم، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئاسان قىلدى، قەبرىسىنى كەڭرى قىلدى دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەھمەد تويلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**136 - [ 12 ] ( صحيح )وعن ابن عمر عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " هذا الذي تحرك له العرش وفتحت له أبواب السماء وشهده سبعون ألفا من الملائكة لقد ضم ضمة ثم فرج عنه " . رواه النسائي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مانا مۇشۇ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئەرشى تەۋرەپ، ھەرىكەتلىنىپ كەتكەن، ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئىچىلغان، 70000 پەرىشتە ھازىر بولۇپ، نامىزىغا قاتناشقان كىشىگىمۇ، قەبرىسى قاتتىق سىقىلىپ ئاندىن كىيىن ئۇنىڭدىن ئاسان قىلىندى. نەسەئى 2028 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئۇ كىشى سەئىد ئىبنى مۇئاز ئىدى،ياناير خاتىرە، ئەگەر بىر كىشى قەبرىنىڭ سىقىشىدىن نىجات تېپىپ قۇتۇلالىسا ئەلۋەتتە سەئىد قۇتۇلغان بولاتتى دىگەن بار.

**137 - [ 13 ] ( صحيح )عن أسماء بنت أبي بكر رضي الله عنهما تقول قام رسول الله صلى الله عليه وسلم خطيبا فذكر فتنة القبر التي يفتتن فيها المرء فلما ذكر ذلك ضج المسلمون ضجة . رواه البخاري هكذا وزاد النسائي : حالت بيني وبين أن أفهم كلام رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما سكنت ضجتهم قلت لرجل قريب مني : أي بارك الله فيك ماذا قال رسول الله صلى الله عليه وسلم في آخر قوله ؟ قال : " قد أوحي إلي أنكم تفتنون في القبور قريبا من فتنة الدجال "**

ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەپ،كىشى قەبرىسدە ئازابلىنىدىغان قەبرىنىڭ ئازاپ پىتنىسىنى تىلغا ئېلىشىدى مۇسۇلمانلار ئاۋاز قىلىپ يىغلىشىپ كەتتى.ئۇ يىغا ئاۋازى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرىنى چۈشۈنىشىمنى توسۇپ قويدى.ئۇلارنىڭ ئاۋازى بېسىققاندا ، ماڭا يىقىن تۇرغان كىشىگە:ھەي! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم سۆزىنىڭ ئاخىردا نىمە دىدى؟دىسەم،ئۇ كىشى ماڭا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى

ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن ماڭا مۇنداق ۋەھى قىلىندى، سىلەر قەبرەڭلاردا مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدەك ياكى شۇنىڭغا يېقىن سوراق ــ سوئال، ئىمتىھان قىلىنىپ سىنىلىسىلەر، پىتنىگە قالىسىلەردىدى،دەپ بەردى.بۇخارى،نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

**138 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن جابر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا أدخل الميت القبر مثلت له الشمس عند غروبها فيجلس يمسح عينيه ويقول : دعوني أصلي " . رواه ابن ماجه**

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:مېيىت قەبرىگە كىرگۈزۈلگەن چاغدا، ئۇنىڭغا كۈن كىرىپ كېتىۋاتقاندەك قىياپەت شەكىللەندۈرۈلىدۇ،ئاندىن ئۇ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىنى سۈرتۈپ،مېنى ناماز ئوقۇغىلى قويۇڭلار دەيدۇ.ئىبنى ماجە توپلىغان .

**139 - [ 15 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن الميت يصير إلى القبر فيجلس الرجل الصالح في قبره غير فزع ولا مشعوف ثم يقال له فيم كنت فيقول كنت في الإسلام فيقال له ما هذا الرجل فيقول محمد رسول الله صلى الله عليه وسلم جاءنا بالبينات من عند الله فصدقناه فيقال له هل رأيت الله فيقول ما ينبغي لأحد أن يرى الله فيفرج له فرجة قبل النار فينظر إليها يحطم بعضها بعضا فيقال له انظر إلى ما وقاك الله ثم يفرج له قبل الجنة فينظر إلى زهرها وما فيها فيقال له هذا مقعدك ويقال له على اليقين كنت وعليه مت وعليه تبعث إن شاء الله ويجلس الرجل السوء في قبره فزعا مشعوفا فيقال له فيم كنت فيقول لا أدري فيقال له ما هذا الرجل فيقول سمعت الناس يقولون قولا فقلته فيفرج له قبل الجنة فينظر إلى زهرها وما فيها فيقال له انظر إلى ما صرف الله عنك ثم يفرج له فرجة قبل النار فينظر إليها يحطم بعضها بعضا فيقال له هذا مقعدك على الشك كنت وعليه مت وعليه تبعث إن شاء الله تعالى " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېيىت قەبرىگە بارغاندا، ياخشى كىشى قەبرىسىدە چۆچىماستىن قاتتىق قورقۇتۇلماستىن ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەن قايسى دىندا ئىدىڭ؟ دېيىلىدۇ، ئۇ مەن ئىسلام دىنىدا ئىدىم دەيدۇ، بۇ قانداق كىشى دېيىلسە، ئۇ، بۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇ بىزگە ئاللاھ تەرەپتىن رۇشەن مۆجىزە ئالامەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، بىز تەستىقلاپ ئىشەندۇق دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەن ئاللاھنى كۆردۈڭمۇ دېيىلىدۇ، ئۇ، بۇ دۇنيادا بىرەر كىشىنىڭ ئاللاھنى كۆرەلىشى لايىق ئەمەس دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاخ تەرەپتىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ قارىغۇدەك بولسا، دوزاخنىڭ بەزىسى، بەزىسىنى يەپ كېتىۋاتقۇدەك، ئاندىن ئۇنىڭغا، سېنى ئاللاھ ساقلىغان نەرسىگە قارا، كۆردۈڭمۇ؟ دېيىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە، گۈزەللىككە قارايدۇ، ئۇنىڭغا بۇ سېنىڭ جايىڭ، مەڭگۈلۈك ئورنۇڭدۇر، سەن شەكسىز ئىشەنچ ئۈستىدە ئىدىڭ، شۇ ئىشەنچ، ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ، ئاللاھ خالىسا شۇنىڭ ئۈستىدە قوپۇرۇلىسەن دېيىلىدۇ.

يامان كىشى بولسا، قەبرىسىدە چۆچىغان، قاتتىق قورقۇغان ھالدا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا،سەن قايسى دىندا ئىدىڭ؟ دېيىلىدۇ، ئۇ مەن بىلمەيمەن دەيدۇ، بۇ قانداق كىشى؟ دېسە، ئۇ، كىشىلەرنىڭ بىر سۆزىنى قىلغىنىنى ئاڭلاپ مەنمۇ شۇنداق دەپ قويغان ئىدىم دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جەننەت تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ جەننەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى، گۈزەللىكنى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا؛ ئاللاھ سېنى ئۇنىڭدىن چۆرىۋەتكەن، سەندىنمۇ

ئۇنى چۆرىۋەتكەن(يەنى يۆتكەپ باشقىلارغا ئېلىپ بەرگەن) نەرسىگە، جەننەتكە قارىۋالغىن، كۆرىۋالغىن، دىيىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن دوۋزاخ تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئۇ قارىسا دوۋزاخ قىززىقلىقىدىن بىر ـــ بىرىنى يەپ كېتىۋاتقىدەك، ئۇنىڭغا مانا بۇ سېنىڭ جايىڭ، ئورنۇڭدۇر، سەن شەك ئۈستىدە ئىدىڭ، يەنىلا شەك ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ، ئاللاھ خالىسا، سەن يەنىلا شەك ئۈستىدە قوپۇرۇلىسەن دىيىلىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بارلىق كىتابلاردا بۇنىڭ ئوخشىشى باردۇر.

باب الاعتصام با لكتاب والسنة ـ الفصل الأول قۇرئان، ھەدىسكە ئېسىلىش توغرىسىدا

140 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : من أحدث في أمرنا هذا ما ليس منه فهو رد

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىزنىڭ مۇشۇ ئىشىمىزدا ئىسلام دىنىمىزدا بۇ دىنىدىن ئەمەس نەرسىنى، ئىسلام دىنىدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ بىدئەتكە قارشى بىردىنبىر كۈچلۈك دەلىل بولۇپ، قۇرئاندا سەھىھ ھەدىستە ساھابىلار، ساھابىلارغا ئەگەشكەن تابىئىنلارنىڭ ئىشلىرىدايوق نەرسە، ئىجمائ ـ قىياستا يوق نەرسە قەتئىي بىدئەتتۇر، زالالەتتۇر، دەلىلىنى ساھابىلار، تابىئىنلاردەك چۈشۈنىڭ.

141 - [ 2 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أما بعد فإن خير الحديث كتاب الله وخير الهدي هدي محمد وشر الأمور محدثا ا وكل بدعة ضلالة " . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەمما بەئدۇ، ھەقىقەتەن سۆزنىڭ ئەڭ راست ياخشىراقى، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، ھەقىقەتەن ھىدايەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىدايەت يولىدۇر، ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىدۇر، (يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئورۇنلاشتۇرمىغان، ئىسلام شەرىئتى، مۇكەممەل بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەقىدىدە ۋە ئىبادەتتە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلادۇر) ھەر قانداق يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار بىدئەتتۇر، ھەر قانداق بىدئەت زالالەت، ئازغۇنلۇقتۇر، ھەرقانداق زالالەت ئازغۇنلۇق، دوۋزاختا بولىدۇ، (بۇ ھەدىستە ياخشى بىدئەت قەتئىي يوقتۇر، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى لۇغىۋى سۆز بولۇپ، نېمىدىگەن ياخشى يېڭىلىنىش، يېڭىلىق دىگەن مەنىدە، بۇلارنى بىز بىدئەتلەردە تونۇشتۇردۇق، شەيخ ئۇسەيمىننىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان) مۇسلىم.

142 - [ 3 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أبغض الناس إلى الله ثلاثة ملحد في الحرم ومبتغ في الإسلام سنة الجاهلية ومطلب دم امرىء بغير حق ليهريق دمه " رواه البخاري

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ئۆچرەكى، يەنى ئاللاھ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان كىشى ئۈچتۇر، بىرىنچى، ھەرەمدە ھەقدىن بۇرۇلۇپ، زۇلۇم قىلغۇچى. ئىككىنچى، ئىسلام دىنىدا جاھالىيەت يوللىرىنى، ئىشلىرىنى تەلەپ قىلغۇچى. ئۈچىنچى، قان تۆكۈش ئۈچۈن بىرەر ئىنساننىڭ قېنىنى ھەقسىز تەلەپ قىلغۇچى، بۇخارى.

143 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل أمتي يدخلون الجنة إلا من أبى . قيل : ومن أبى ؟ قال : من أطاعني دخل الجنة ومن عصاني فقد أبى " رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ، لېكىن، ئۇنىمىغان كىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر،كىم ئۇنىمىغان بۇلىدۇ؟دىيىلدى. كىم ماڭا ئىتائەت قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، كىم ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىشكە ئۇنىمىغان بولىدۇ دىدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**144 - [ 5 ] ( صحيح )عن جابر بن عبدالله يقول جاءت ملائكة إلى النبي صلى الله عليه وسلم وهو نائم فقالوا إن لصاحبكم هذا مثلا فاضربوا له مثلا فقال بعضهم إنه نائم وقال بعضهم إن العين نائمة والقلب يقظان فقالوا مثله كمثل رجل بنى دارا وجعل فيها مأدبة وبعث داعيا فمن أجاب الداعي دخل الدار وأكل من المأدبة ومن لم يجب الداعي لم يدخل الدار ولم يأكل من المأدبة فقالوا أولوها له يفقهها فقال بعضهم إنه نائم وقال بعضهم إن العين نائمة والقلب يقظان فقالوا فالدار الجنة والداعي محمد صلى الله عليه وسلم فمن أطاع محمدا صلى الله عليه وسلم فقد أطاع الله ومن عصى محمدا صلى الله عليه وسلم فقد عصى الله ومحمد صلى الله عليه وسلم فرق بين الناس . رواه البخاري**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:پەرىشتىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاۋاتقان ئىكەن، ئۇلار ؛ھەقىقەتەن بۇنىڭغا بىر مىسال باردۇر.قېنى ئۇنىڭ مىسالىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار دىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى؛ئۇ ئۇخلاۋاتىدۇ دىسە، بەزىسى؛ئۇنىڭ كۆزى ئۇخلاۋاتىدۇ قەلبى ئويغاق دىيىشىپ،ئاندىن مۇنداق مىسال كەلتۈردى،ئۇنىڭ مىسالى؛مۇنۇ كىشىگە ئوخشايدۇ.بۇكىشى كەڭ بىر داچا ھويلا بىنا قىلىپ،ئۇجايغا زىياپەت تامىقى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ،كىشىلەرنى چاقىرىش ئۈچۈن دەئۋەتچى ئەۋەتىدۇ،دەئۋەتچىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ،كەلگەن كىشى، ھويلىغا كىرىپ تاماقتىن يەيدۇ،چاقىرىققا ئاۋاز قوشمىغان كىشى ھويلىغىمۇ كىرەلمەيدۇ،تاماقتىنمۇ يىيەلمەيدۇ.ئۇلار؛بۇمىسالنى ئۇنىڭغا تەپسىرلەپ بىرىڭلار، ئۇ رۇشەن چۈشىنىۋالسۇن دىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى؛ئۇ ئۇخلاۋاتىدۇ دىسە، بەزىسى؛ئۇنىڭ كۆزى ئۇخلاۋاتىدۇ قەلبى ئويغاق دىدى.ئاندىن ئۇلار يۇقىرقى مىسالنى چۈشەندۈرۈپ؛چوڭ ھويلا جەننەتتۇر. چاقىرىقچى مۇھەممەدسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر.كىم مۇھەممەدسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىتائەت قىلسا،جەزمەن ئۇ **الله** غا ئىتائەت قىلغان بۇلىدۇ. كىم مۇھەممەدسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاسىي بولسا، جەزمەن ئۇ **الله** غا ئاسىي بولغان بۇلىدۇ. مۇھەممەدسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى (يەنى مۆئمىن بىلەن كاپىرنى )ئايرىغۇچىدۇردىدى.بۇخارى.

**145 - [ 6 ] ( متفق عليه )عن أنس بن مالك رضي الله عنه يقول جاء ثلاثة رهط إلى بيوت أزواج النبي صلى الله عليه وسلم يسألون عن عبادة النبي صلى الله عليه وسلم فلما أخبروا كأنهم تقالوها فقالوا وأين نحن من النبي صلى الله عليه وسلم قد غفر له ما تقدم من ذنبه وما تأخر قال أحدهم أما أنا فإني أصلي الليل أبدا وقال آخر أنا أصوم الدهر ولا أفطر وقال آخر أنا أعتزل النساء فلا أتزوج أبدا فجاء رسول الله صلى الله عليه وسلم إليهم فقال : " أنتم الذين قلتم كذا وكذا أما والله إني لأخشاكم لله وأتقاكم له لكني أصوم وأفطر وأصلي وأرقد وأتزوج النساء فمن رغب عن سنتي فليس مني "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئۈچ نەپەر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەپلە ئىبادىتى توغرىسىدا سورايدۇ،ئۇلارغا خەۋەر قىلىنغاندا ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەپلە ئىبادىتىنى بەكلا ئاز ساناپ،بىز دىگەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىسبەتەن قەيەردە؟ئۇنىڭ ئىلگىرـ ئاخىر بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا؟(بىز قانچىلىك كىشىلەر ئىدۇق؟)دىيىشىپ،بىرسى ؛ مەن مەڭگۇ

كېچىلىرى ناماز ئوقۇپ ئۇخلىمايمەن دىسە، يانا بىرسى؛مەن پۈتۈن زامان روزا تۇتۇپ،كۈندىزى تاماق يېمەيمەن دەيدۇ.يانابىرسى؛مەن ئاياللاردىن ئايرىلىپ،مەڭگۈ توي قىلمايمەن دەيدۇ.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ؛باياتىن مۇنداق مۇنداق سۆزلەرنى قىلغان سىلەر شۇمۇ؟ ئەمما مەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە قارىغاندا، ئاللاھدىن بەك قورقىدىغان تەقۋادار كىشى، لېكىن، مەن روزىمۇ تۇتىمەن، ھەم يەيمەن، نامازمۇ ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن، ئايال كىشىنىمۇ نىكاھلاپ ئېلىپ توي قىلىمەن، كىم مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مەندىن ئەمەس، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

سەييىد قۇتۇپ؛ بۇ ھەدىستىن ۋە مۇشۇ چاغدا چۈشكەن ئايەتتىن، ھالال ــ ھارام قىلىش ھوقۇقى ئاللاھدىلا بولىدۇ دىگەن. ئالىملار توي قىلىشنى مۇشۇ ھەدىس بويىچە ۋە باشقا ھەدىس بويىچە سۈننەت دېدى، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىكاھنى سۈننىتىم دىگەن، شۇنداقلا نىكاھ ۋاجىپ بولىدىغان، گاھ سۈننەت بولىدىغان، گاھ مۇباھ، مۇستەھەپ بولىدىغان، گاھ ھارام، مەكرۇھ بولىدىغان جايلار بار. توي قىلىشتا پايدا ئاللىسا زىيان بولمىسا توي ئەۋزەل، زىيان بولۇپ، پايدا بولمىسا، ئىماندىن قورۇق قىلىش بولۇپ قالسا، ھارام يىيىش، ھارام بىلەن شۇغۇللىنىشلار بولۇپ قالسا، ئۆزىنى ساقلاپ تۇتالىسا، تويىسزھالدائىلىم ـ ئىبادەت ئەۋزەل، ھەر ئىككىلىسى تەڭ بولۇپ قالسا، قەلبىڭگە قاراپ بىر تەرەپ قىل، شافئى، مالىكى، ئەھمەدى رەھمەھۇللاھ لار؛ ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد بىلەنلا ئۆتۈش، توي قىلىشدىن ئەۋزەل دىگەن، جۈملىدىن ئىسلام پىشۋاسى ئىبنى تەيمىييە توي قىلماي ئۆتكەن،ئىبراھىم ئەدھەم، رابىئە بەسرىمۇ بار، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھ توي قىلىش ئەۋزەل دىگەن. بۇ جايدا توغرا ــ خاتالىق مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس، پەقەت ئەۋزەل دىيىشكەن، نىكاھ سۈننەت، ياخشى نىيەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىتائەت قىلىپ، سۈننەتنى قىلسا، مۇكاپات، ئەجىر ساۋاب بار. ئۆزرە، سەۋەب بىلەن قىلالمىسا، ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد بىلەن ئۆتسە، توي قىلمىسا، گۇناھ يوق، شۇمۇ ئەۋزەلدۇر، مەخسەت ئىماندۇر. بۇ مەسىلىدە تۆت مەزھەپ فىقھىسىگە، ھەدىس شەرھىسىگە،نىكاھنىڭ كىتابىدىكى 1 ـ شەرھىگە قارالسۇن، دوكتۇر ئالىملار بىر تەرەپ قىلسۇن.

**146 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : صنع رسول الله صلى الله عليه وسلم شيئا فرخص فيه فتنزه عنه قوم فبلغ ذلك رسول الله صلى الله عليه وسلم فخطب فحمد الله ثم قال : " ما بال أقوام يتنزهون عن الشيء أصنعه فوالله إني لأعلمهم بالله وأشدهم له خشية "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئىشنى قىلىپ،ھەم شۇئىشنى قىلىشقا رۇخسەت قىلسا،بەزى كىشىلەر ئۇ ئىشنى قىلىشتىن ئۆزلىرىنى پاك تۇتۇشتى.بۇئەھۋال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېتىپ قېلىپ،خۇتبە ئوقۇپ،اللە قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيىتقاندىن كېيىن مۇنداق دىگەن: كىشىلەرگە نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار تېخى مەن قىلغان ئىشلاردىن ئۆزىنى پاك ساناپ، مېنىڭ ئىشىمنى گۇناھ ھېسابلاپتۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ئالىمراقى،ئۇلارغا قارىغاندا ئاللاھدىن مەن بەكىرەك قورقىمەن. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**147 - [ 8 ] ( صحيح )وعن رافع بن خديج قال : قدم نبي الله صلى الله عليه وسلم وهم يأبرون النخل فقال : " ما تصنعون " قالوا كنا نصنعه قال " لعلكم لو لم تفعلوا كان خيرا " فتركوه فنفضت قال فذكروا ذلك له فقال : " إنما أنا بشر إذا أمرتكم بشيء من دينكم فخذوا به وإذا أمرتكم بشيء من رأي فإنما أنا بشر " . رواه مسلم**

رايىئ ئىبنى خەدىيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە

كەلگەندە ئۇلار خورما چاڭلاشتۇرۋاتقان ئىكەن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:نىمەئىش قىلىۋاتىسلەر؟ دىسە،ئۇلار؛بىز بۇئىشنى دائىم قىلىمىز دەپتۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سىلەر بۇئىشنى قىلمىساڭلار تېخىمۇياخشى بۇلىشى مۇمكىن دەپتۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چاڭلاشتۇرۇشنى تەرىك ئىتىپ قىلماپتىكەن خورما يىلدىكىدىن كاملاپ كىتىپتۇ.ئۇلار بۇئەھۋالنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بايان قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن مەن دىگەن بىر ئىنسان، مەن سىلەرنى دىن ئىشىڭلاردىن بىرەر نەرسىگە بۇيرۇسام، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىڭلار، مەن سىلەرنى دۇنيا ئىشىڭلاردىن بىرەر نەرسىگە ئۆز كۆز قارىشىم بىلەن بۇيرىغان بولسام، ھەقىقەتەن مەن دىگەن بىر ئىنسان، (دۇنيا ئىشىڭلارغا ئۆزۈڭلار ئالىم،)دەپتۇ. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**148 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما مثلي ومثل ما بعثني الله به كمثل رجل أتى قوما فقال يا قوم إني رأيت الجيش بعيني وإني أنا النذير العريان فالنجاء النجاء فأطاعه طائفة من قومه فأدلجوا فانطلقوا على مهلهم فنجوا وكذبت طائفة منهم فأصبحوا مكانم فصبحهم الجيش فأهلكهم واجتاحهم فذلك مثل من أطاعني فاتبع ما جئت به ومثل من عصاني وكذب بما جئت به من الحق "**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن بىلەن بىرگە ئاللاھ ئەۋەتكەن نەرسىنىڭ ۋە مىنىڭ مىسالىم، مۇنۇ كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئۇ قەۋمىگە كىلىپ: ئى قەۋمىم، ھەقىقەتەن مەن دۈشمەن قوشۇنلىرىنى مۇشۇ ئىككى كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، مەن بولسام سەممىي، سادىق ئاگاھلاندۇرغۇچى، ماڭا ئىشىنىڭلار، نىجاتلىق، نىجاتلىقتا ئىرىشىۋىلىڭلار دەيدۇ، ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىر تائىپە كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، قاراڭغۇ كىچىدە سەيرە قىلىپ ئالدىرىماي مۆھلەت بىلەن خاتىرجەم يول يۈرۈشىپ نىجات تاپىدۇ، دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئۇلاردىن يەنە بىر تائىپىسى ئۇنى ئىنكار قىلىپ، يالغانچى دەپ ئۆز ئورنىدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ئەتىگەندىلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ، تۈپتىن ئومومىيۈزلۈك ھالاك قىلىدۇ، قىرىپ تۈگىتىدۇ، ئەنە ئاشۇ بولسا، ماڭا ئىتائەت قىلغان، مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئەگەشكەن كىشىنىڭ مىسالى بىلەن ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر. بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم 4233 _ ھەدىس، توپلىغان، سەھىھ.

**149 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما مثلي ومثل الناس كمثل رجل استوقد نارا فلما أضاءت ما حوله جعل الفراش وهذه الدواب التي تقع في النار يقعن فيها وجعل يحجزهن ويغلبنه فيقتحمن فيها فأنا آخذ بحجزكم عن النار وأنتم يقتحمون فيها " . هذه رواية البخاري ولمسلم نحوها وقال في آخرها : " فذلك مثلي ومثلكم أنا آخذ بحجزكم عن النار : هلم عن النار هلم عن النار فتغلبوني تقحمون فيها "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن مىنىڭ مىسالىم بىلەن كىشىلەرنىڭ مىسالى، ئوت ياققان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئوت ئەتراپىغا نۇر چېچىپ ئەتراپى يورىغاندا كىپىنەك پەرۋانىلەر ۋە مۇشۇ تۆردىكى ھايۋانلار ئوت ئىچىگە سەكرەشكە باشلايدۇ ۋە ئوتقا چۈشۈپمۇ كىتىدۇ، ئۇ كىشى ئۇلارنى ئوتتىن توسۇشقا باشلايدۇ، ئاخىرى ئۇلار غالىپ كىلىپ، ئوتقا چۈشۈپ كىتىدۇ، ئەنە شۇ مەن بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىمىز، مەن سىلەرنى بىلىكىڭلاردىن تۇتۇپ ئوتتىن توسىمەن، ئوتتىن يىراق تۇرۇڭلار! ئوتتىن يىراق تۇرۇڭلا!!! دەپ كىتىمەن، سىلەر بولساڭلار ماڭا غالىپ كىلىپ، ئوتقا يەنى دوۋزاخقا چۈشۈپ كىتىسىلەر. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**150 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " مثل ما بعثني الله به من الهدى والعلم كمثل الغيث الكثير أصاب أرضا فكان منها نقية قبلت الماء فأنبتت الكلأ والعشب الكثير وكانت منها أجادب أمسكت الماء فنفع**

**الله ا الناس فشربوا وسقوا وزرعوا وأصابت منها طائفة أخرى إنما هي قيعان لا تمسك ماء ولا تنبت كلأ فذلك مثل من فقه في دين الله ونفعه ما بعثني الله به فعلم وعلم ومثل من لم يرفع بذلك رأسا ولم يقبل هدى الله الذي أرسلت به "**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مەن بىلەن بىرگە ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە ئىلىمنىڭ مىسالى، زېمىنغا چۈشكەن مول يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئۇ زېمىننىڭ بەزى يىرى پاك، مۇنبەت بولۇپ، سۇنى قوبۇل قىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئوت ـــ چۆپ، زىرائەت ئۈندۈرىدۇ، ئۇ زېمىندىن بەزى جايى بولسا، ئۆسۈملۈك ئۈنمەيدىغان سۇنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالمايدىغان، سۇ ساقلاپ تۇرىدىغان جاي بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە پايدا ـــ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، ئۇلار ئىچىدۇ، سۇغۇرىدۇ، زىرائەت تېرىيدۇ، پادا باقىدۇ، يامغۇر  ئۇ زېمىندىن يەنە بىر بۆلىكىگە يېتىدۇ، ھەقىقەتەن بۇ جاي تۈپتۈز بولۇپ، سۇنى ساقلاپ قالمايدۇ، ئوت ـــ چۆپ، گىيانمۇ ئۈندۈرمەيدۇ، تۇزلۇق شۇر تۇپراقتۇر، ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ دىنىدا فىقھى بولغان، قانۇنشۇناس ئالىم بولغان، ئاللاھ، مەن بىلەن بىرگە ئەۋەتكەن نەرسە پايدا ـــ مەنپەئەت قىلغان، ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر، ۋە ئۇ ھىدايەت ئىلىمغا بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قويمىغان، مەن بىلەن ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر. بەيھەقى، بۇخارى 77 ـــ ھەدىس، مۇسلىم 4232 ـــ ھەدىس، ئەھمەد 18752 ـــ ھەدىس.سەھىھ.

ھىدايەتنى، ئىلىمنى قوبۇل قىلىپ ئۆگىنىپ، ئۆگەتكەن كىشى مۇنبەت تۇپراققا ئوخشىدى، ھىدايەتنى، ئىلىمنى ئېلىپ، ئۆزى مەنپەئەت، پايدا ئالماي، باشقىلارغا يەتكۈزگەن كىشى سۇ ساقلىغان جايغا ئوخشىدى، لېكىن، بۇ ھەم ئاخىرىدا ئۆزى كۆيۈپ تۈگەيدىغان شام، چىراققىمۇ ئوخشىدى، ھىدايەتنى، ئىلىمنى قوبۇل قىلمىغان ھەم پايدا ـــ مەنپەئەت بەرمىگەن كىشى، تۇزلۇق شور زېمىنغا ئوخشىدى.

**151 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : تلا رسول الله صلى الله عليه وسلم ( هو الذي أنزل عليك الكتاب منه آيات محكمات )وقرأ إلى : ( وما يذكر إلا أولو الألباب )قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فإذا رأيت وعند مسلم : رأيتم الذين يتبعون ما تشابه منه فأولئك الذين سماهم الله فاحذروهم "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم« (ئى مۇھەممەد!) ئۇ (الله) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم (مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەر باركى)، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەفسى خاھىشى بۇيىچە چۈشەندۈرىدۇ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقى) مەنىسىنى پەقەت الله بىلىدۇ. ئىلىمدە توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ.»دىگەن ئايەتنى ئوقۇپ؛سىلەر قۇرئاننىڭ مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان مۇتەشابىھ ئايەتلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنى كۆرسەڭلار ، ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار ، چۈنكى ئاشۇلار بولسا،الله تائالا ، دىللىرىدا ئەگرىلىك بار دەپ ئاتىغان كىشىلەردۇر. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**152 - [ 13 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو قال : هجرت إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم يوما قال : فسمع أصوات رجلين اختلفا في آية فخرج علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم يعرف في وجهه الغضب فقال : " إنما هلك من كان قبلكم**

**باختلافهم في الكتاب " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛مەن بىر كۈنى چىلڭ چۈشتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدىم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئايەت توغرىسىدا ئىختىلاپلاشقان ئىككى كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ،بىزگە غەزەپ قىلغان ھالدا چىقىپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر كىتابلىرى توغرىسىدا، كىتابتىكى ئىلىم توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقلىرى سەۋەبلىك ھالاك بولۇپ كەتتى، (مەخسەت سىلەر قۇرئان ھەدىستە ئىختىلاپ قىلماڭلار،) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**153 - [ 14 ] ( متفق عليه )وعن سعد بن أبي وقاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أعظم المسلمين في المسلمين جرما من سأل عن شيء لم يحرم على الناس فحرم من أجل مسألته "**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى گۇناھى ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدىغان كىشى، مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىنمىغان نەرسە توغرىسىدا سوراپ، شۇنىڭ، سۇئالىنىڭ جەھتىدىن ئۇلارغا شۇ نەرسە ھارام قىلىنىپ كېتىدىغان كىشىدۇر، (يەنى سۇئال سوراپ ھارام قىلىنىشقا سەۋەب بولغۇچى) ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**154 - [ 15 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يكون في آخر الزمان دجالون كذابون يأتونكم من الأحاديث بما لم تسمعوا أنتم ولا آباؤكم فإياكم وإياهم لا يضلونكم ولا يفتنونكم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاخىر زاماندا نۇرغۇن كاززاپ، دەججاللار مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار سىلەرگە: سىلەرمۇ، ئاتا ــ بوۋاڭلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى، ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈپ سۆزلەيدۇ، سىلەر ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئازدۇرمىسۇن، پىتنە ــ پاسادقا تاشلىمىسۇن، ھەزەر قىلساڭلار، ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**155 - [ 16 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : كان أهل الكتاب يقرؤون التوراة بالعبرانية ويفسرونا بالعربية لأهل الإسلام . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تصدقوا أهل الكتاب ولا تكذبوهم و ( قولوا آمنا بالله وما أنزل إلينا " الآية . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەھلى كىتاب،يەنى يەھۇدىي، ناسارالار تەۋراتنى ئىبرانى تىلىدا ئوقۇپ ، ئىسلام ئەھلىگە ئۇنى ئەرەب تىلى بويىچە تەپسىر قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەھلى كىتاب، يەھۇدىي، ناسارالارنى راست دەپ تەستىقلىماڭلار، ھەم ئىنكارمۇ قىلماڭلار، سىلەر پەقەت «بىز ئاللاھقا ۋە بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈپ ئىشەندۇق دەڭلار». بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. (يەنە بىر خاتىرىدە بەنى ئىسرائىل توغرىسىدا قىسسە، ھەدىس سۆزلىسەڭلار، گۇناھ يوق دىيىلگەن، يەنە بىر خاتىرىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇغا كايىپ، ئاچچىقلىغان، توسقان. دىمەك، بۇ مەسىلە ئۈچ خىل بولۇپ، يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ كىتابىدىكى قىسسە،سۆزلىرى، كىتابلىرىدىكى خەۋەرلەر، ئەگەر شەرىئىتىمىزگە مۇۋاپىق كېلىپ راست بولۇپ قالسا، سۆزلىسە، گۇناھ يوق. ئەگەر ئۆزگەرتىلگەن، يالغان بولۇپ قالسا، سۈيقەستكە ئۇچرىغان بولسا، رەت قىلىنىدۇ، ئىنكار قىلىنىدۇ، يېقىن كېلىشكىمۇ قەتئىي بولمايدۇ، ئەگەر ياراست، ياكى يالغانلىقى مەلۇم بولمىغان بولسا، ئىسلام دىنىغا زىيىنى بولمىسا، ئىنكارمۇ قىلماي، يا تەستىقلاپ راست دىمەي، يۇقىرقى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنىدۇ، بۇ سۈكۈتتە سۈكۈت قىلىش بولىدۇ، لېكىن، توغرىسىنى ئالىمىز، خاتالىرىنى شاللاپ تاشلايمىز، دىسىڭىز ئازىسىز، بىزگە ئۇلارنىڭ توغرىسىمۇ، خاتاسىمۇ لازىم ئەمەس،

چۈنكى، بىزگە قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسى يېتەرلىكتۇر.)

**156 - [ 17 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كفى بالمرء كذبا أن يحدث بكل ما سمع " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشى، ئۇنىڭغا يالغانچىلىقتا يېتەرلىك كۇپايىدۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**157 - [ 18 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن مسعود أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ما من نبي بعثه الله في أمة قبلي إلا كان له من أمته حواريون وأصحاب يأخذون بسنته ويقتدون بأمره ثم إنا تخلف من بعدهم خلوف يقولون ما لا يفعلون ويفعلون ما لا يؤمرون فمن جاهدهم بيده فهو مؤمن ومن جاهدهم بلسانه فهو مؤمن ومن جاهدهم بقلبه فهو مؤمن وليس وراء ذلك من الإيمان حبة خردل " . رواه مسلم**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەندىن بۇرۇن ئۈممەتى ئىچىگە ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن ھاۋارىيۇن يېقىن ياردەمچىلىرى، ئەسھابىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇ پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى تۇتىدۇ، بۇيرۇقىغا ئىقتىدا قىلىپ ئەگىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن كىيىن بىر تۈركۈم ئىز باسارلار خەلىپە بولۇپ، ئۆزلىرى قىلمايدىغان ئىشلارنى سۆزلەيدۇ، بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلىپ كېتىدۇ،( يەنى دىندىن چىقىپ كېتىدۇ،) كىم ئۇلار بىلەن قولى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۆئمىن. كىم ئۇلارغا قارشى تىلى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۆئمىن، كىم ئۇلارغا قارشى دىلى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇمۇ مۆئمىن. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر تال قىچىنىڭ دېنى چاغلىق ئىمان يوقتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن، ئىسلام دىنىغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلار، تابىئىنلار ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلىش، شۇلار ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلىش، دىننى شۇلاردەك چۈشىنىش، دەلىلنى شۇلاردەك ئېلىش، بىدئەتتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش، دىننى ئۆزگەرتكەن، مۇرتەدگە قارشى جىھاد، ئۇرۇش قىلىش، ھەتتا قەلبىدىمۇ بولسا قارشى تۇرۇش چىقىدۇ.

**158 - [ 19 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من دعا إلى هدى كان له من الأجر مثل أجور من تبعه لا ينقص ذلك من أجورهم شيئا ومن دعا إلى ضلالة كان عليه من الإثم مثل آثام من تبعه لا ينقص ذلك من آثامهم شيئا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھىدايەتكە، توغرا يولغا چاقىرسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن شۇ يولغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچنەرسە كامىلماستىن ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ، كىم زالالەتكە، ئازغۇنلۇققا چاقىرسا، بۇ كىشى زالالەتكە ئاساس سالغانلىقىدىن ئۇ كىشىگە شۇ زالالەتكە ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچنەرسە كامىلماستىن شۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا ئوخشاش گۇناھلار بولىدۇ. (باش بولغانلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**159 - [ 20 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بدأ الإسلام غريبا وسيعود كما بدأ فطوبى للغرباء " . رواه مسلم**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئىسلام دىنى غېرىپ باشلانغان، ئۇ يانا پات پۇرسەتتە غەرىپ باشلانغاندەك، يەنە غېرىپلىققا قايتىدۇ، شۇ چاغدا غېرىپلارغا خۇش مۇبارەك. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يەنە ئىبنى

ماجه، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تەبرانى، سەلمان، سەھلى، ئىبنى ئابباسدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ. ئالىملار مۇنداق دېدى، ئىسلام تۈنجى قېتىم ئاشكارا بولغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئازلىقى، ئاجىزلىقى بىلەن غېرىپ كىشىگە ئوخشاش ئىدى، كىيىن كۈچ تاپتى، ئاندىن يەنە ئاخىر زاماندا مۇسۇلمانلار ئاز قالىدۇ، ئىسلام ئاجىزلىشىدۇ، مۇسىبەت ئىسلام دىنىغا يېتىدۇ، شۇ چاغدا جەننەت ئاشۇ ئازغىنا مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار دىنسىز زالىملارنىڭ زۇلۇمىغا سەۋرى قىلىدۇ، ئىماننى ساقلايدۇ، بەزىلەر بولۇپمۇ تەنتاۋى؛ باشتىكىدەك غېرىپ بولسا، غېرىپلارغا خۇشمۇبارەك بولسا، ئىسلام يەنە قايتىدىن گۈللىنىدۇ، باشتا كۈچلۈنۈپ، گۈللەنگەندەك قايتا گۈللىنىدۇ، كىشلەردىن باشتىكىدەك كىشلەر يەنى سەلەف، سالىھلاردەك كىشلەر چىقىدىكەن دېگەن.يانا بەزىلەر؛ئىسلام ھەقىقەتلىرى كىشلەرگە يات تۇيىلىدۇ دىدى.**الله** ئالىم.

**160 - [ 21 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الإيمان ليأرز إلى المدينة كما تأرز الحية إلى جحرها "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئىمان ئاخىرىدا، خۇددى يىلان ئۆز ئۇۋىسىغا قايتقاندەك مەدىنىگە قايتىدۇ، (ئىمان ئەھلى شۇ جايغا توپلىنىدۇ) ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**161 - [ 22 ] ( ضعيف ) الفصل الثاني**

**عن ربيعة الجرشي يقول أتي النبي صلى الله عليه وسلم فقيل له لتنم عينك ولتسمع أذنك وليعقل قلبك قال فنامت عيناي وسمعت أذناي وعقل قلبي قال فقيل لي سيد بنى دارا فصنع مأدبة وأرسل داعيا فمن أجاب الداعي دخل الدار وأكل من المأدبة ورضي عنه السيد ومن لم يجب الداعي لم يدخل الدار ولم يطعم من المأدبة وسخط عليه السيد قال فالله السيد ومحمد الداعي والدار الإسلام والمأدبة الجنة . رواه الدارمي**

رەبىيئەتولجەرشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆزۈڭ ئۇخلىسۇن، قۇلۇقۇڭ ئاڭلىسۇن، قەلبىڭ ئەقىل قىلسۇن دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: كۆزۈم ئۇخلىدى، قۇلۇقۇم ئاڭلىدى، قەلبىم ئەقىل قىلدى، ماڭا مۇنداق دېيىلدى. بىر خوجايىن قورۇ سېلىپ زىياپەت راسلاپتۇ، چاقىرىقچىنى ئەۋەتىپتۇ، كىم چاقىرىققا ئەگىشىپ ھويلىغا كىرسە، زىياپەتتىن يېسە، خوجايىن ئۇنىڭدىن رازى بولۇپتۇ، چاقىرىققا ئاۋاز قوشماي، ھويلىغىمۇ كىرمەي زىياپەتتىن يېمىگەن كىشىدىن خوجايىن غەزەپ قىپتۇ، چاقىرىققا ئاۋاز قوشمىغاچ ئۇ كىرەلمەپتۇ، زىياپەتتىن يېيەلمەپتۇ، خوجايىن سەيىيد ئاللاھدۇر، چاقىرىقچى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھويلا ئىسلام دىنى، زىياپەت جەننەت، بۇ ھەدىسنى دارمى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.ئىسناتتامەسلە بار.

**162 - [ 23 ] ( صحيح )وعن أبي رافع وغيره رفعه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا ألفين أحدكم متكئا على أريكته يأتيه أمر مما أمرت به أو نيت عنه فيقول لا أدري ما وجدنا في كتاب الله اتبعناه " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي وابن ماجه والبيهقي في دلائل النبوة . وقال الترمذي حسن صحيح**

ئەبۇ راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن بىرەرسىڭلارنى، ئۇنىڭغا مەن توسقان ياكى مەن بۇيرىغان ئىشدىن بىرەر بۇيرۇق، ئەمر كەلسە،ئۇكارۋىتىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ: مەن،بۇنى بىلمەيمەن.(ھەدىسنى تونىمايمەن) بىز ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندا تاپقان نەرسىگىلا ئەگىشىمىز دەيدىغان، تېپىپ قالماي، (ماڭا قۇرئاننىڭ ئوخششى بېرىلگەن، مەنمۇ ھالال ـــ ھارام قىلالايمەن، ماڭا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ). ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم

توپلىغان، سەھىھ.

**163 - [ 24 ] ( صحيح )وعن المقدام بن معدي كرب عن رسول الله صلى الله عليه وسلم أنه قال : " ألا إني أوتيت الكتاب ومثله معه ألا يوشك رجل شبعان على أريكته يقول عليكم بهذا القرآن فما وجدتم فيه من حلال فأحلوه وما وجدتم فيه من حرام فحرموه وإن ما حرم رسول الله كما حرم الله ألا لا يحل لكم لحم الحمار الأهلي ولا كل ذي ناب من السبع ولا لقطة معاهد إلا أن يستغني عنها صاحبها ومن نزل بقوم فعليهم أن يقروه فإن لم يقروه فله أن يعقبهم بمثل قراه " رواه أبو داود وروى الدارمي نحوه وكذا ابن ماجه إلى قوله : " كما حرم الله "**

مىقدام ئىبنى مەئدىي كەربە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن ماڭا قۇرئان كىتابىنىڭ ئوخشىشى قۇرئان بىلەن بىرگە بېرىلدى، (ئۇ بولسىمۇ سەھىھ ھەدىس، ھەدىس قۇددۇسىتۇر) دىققەت قىلىڭلار، پات يېقىندا بەزى كىشلەر قورسىقىنى لىق تويغۇزۇپ، ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مۇنداق دىيىشى مۇمكىن: سىلەر پەقەت مۇشۇ قۇرئاننىلا لازىم تۇتۇڭلار، قۇرئاندا ھالال دەپ تاپقىنىڭلارنى ھالال بىلىڭلار، ھارام دەپ تاپقىنىڭلارنى ھارام بىلىڭلار، شۇلا كۇپايە. (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى داۋام قىلىپ، ئاللاھ تەرەپىدىن قۇرئانغا ئوخشاش ھالال ــ ھارام قىلالايدىغانلىقىغا دەلىل ــ ئىسپات سۆزلەپ مۇنداق دېدى؛) ئاگاھ بولۇڭلار،الله نىڭ ئەلچىسى ھارام قىلغان نەرسىمۇ ، الله ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاش ھارامدۇر. سىلەرگە ئەھلى ئىشەكنىڭ گۆشى ھالال ئەمەس، (يەنى ھارام بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يېغى، سۈتىمۇ ھارام بولىدۇ، ۋەھشى، ياۋايى ئىشەك بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر) سىلەرگە ھەرقانداق يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋان، مەڭىنلىك ھايۋان ھارام، ھالال ئەمەس، ئارىمىزدا ئەھدى كېلىشىم بار كىشلەرنىڭ چۈشۈپ قالغان نەرسىسىمۇ ھارام، ھالال ئەمەس، لېكىن، ئىگىسى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسە، بىھاجەت بولسا ھالال بولىدۇ، (ئەھدى بار كىشىنىڭ ھالال بولمىغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ تېخىمۇ ھالال ئەمەس) بىر كىشى بىر قەۋمگە چۈشسە، ئۇ كىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېھمان قىلىش، كۈتۈۋېلىش، شۇ قەۋىم ئۈستىگە ۋاجىپ، ئەگەر ئۇلار ئۇ كىشىنى مېھمان قىلمىسا، بۇ كىشى ئۆزىنى ئورۇنلاشتۇرغىدەك مېھمان قىلىپ كۈتكىدەك نەرسىنى ئۇلاردىن ئىزنىسىز ئالسا بولىۋېرىدۇ، (بۇ ئۇنىڭ ھەققىدۇر) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ،دارىمى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، ئىشەك گۆشى ھالال بولماي، ھارام بولسا، ئۇنىڭ سۈتىمۇ ھارام بولىدۇ،چۈنكى ئۇنى نىجىستۇردىگەن،سۈت گوشتىن كىلىدۇ.

**164 - [ 25 ] ( ضعيف )وعن العرباض بن سارية قال : قام رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " أيحسب أحدكم متكأ على أريكته يظن أن الله لم يحرم شيئا إلا ما في هذا القرآن ألا وإني والله قد أمرت ووعظت ونيت عن أشياء إنا لمثل القرآن أو أكثر وإن الله لم يحل لكم أن تدخلوا بيوت أهل الكتاب إلا بإذن ولا ضرب نسائهم ولا أكل ثمارهم إذا أعطوكم الذي عليهم " رواه أبو داود وفي إسناده : أشعث بن شعبة المصيصي قد تكلم فيه**

ئىرباز ئىبنى سارىيەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى تۇرۇپ مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار، كارىۋىتىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاللاھ قۇرئاندىكىدىن باشقا ھېچنېمىنى ھارام قىلمىدى دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ ۋەز ــ نەسىھەت قىلدىم، نۇرغۇن نەرسىگە بۇيرۇيمەن، نۇرغۇن نەرسىلەردىن توسىمەن، مەن بۇيرۇغان ۋە توسقان نەرسىلەرمۇ قۇرئانغا ئوخشاش ياكى كۆپىرەك، ئاللاھ سىلەرگە ئەھلى كىتابلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىزنىسىز، رۇخسەتسىز كىرىشنى ھالال قىلمىدى، ئۇلار ئۆز ئۈستىدىكى ھەقنى تاپشۇرسىلا ئۇلارنىڭ مېۋىلىرىنى يېيىشىڭلار ھالال ئەمەس، ئاياللىرىنى ئۇرۇشۇڭلارمۇ ھالال ئەمەس دىگەن، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.بىر راۋىيدامەسىلە بار.

**165 - [ 26 ] ( صحيح )وعنه : قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات يوم ثم أقبل علينا بوجهه فوعظنا موعظة بليغة ذرفت منها العيون ووجلت منها القلوب فقال رجل يا رسول الله كأن هذه موعظة مودع فأوصنا قال : " أوصيكم بتقوى الله والسمع والطاعة وإن كان عبدا حبشيا فإنه من يعش منكم يرى اختلافا كثيرا فعليكم بسنتي وسنة الخلفاء الراشدين المهديين تمسكوا ا وعضوا عليها بالنواجذ وإياكم ومحدثات الأمور فإن كل محدثة بدعة وكل بدعة ضلالة " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي وابن ماجه إلا أنما لم يذكرا الصلاة**

ئىرباز ئىبنى سارىيەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىركۈنى بىزگە ناماز ئۇقۇپ بېرىپ،ئاندىن بىزگە يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلىپ ، ناھايىتى بالاغەتلىك،يىتەرلىك ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى.ئۇ نەسىھەتتىن دىللار ئېرىپ،كۆزلەر ياش تۆكتى.بىر كىشى: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!بۇ خۇددى ۋىدالاشقۇچىنىڭ ۋەز ـ نەسىھىتىدەك قىلىدۇ ، بىزگە يانىمۇ نەسىھەت قىلسىلا دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرگە ئاللاھتائالاغا تەقۋادار بولۇشۇڭلارغا، گەرچە سىلەرگە ھەبەشىستانلىق قارا تەنلىك قۇل باشلىق بولسىمۇ، (بۇيرىغىنى ھەق، ياخشىلىق بولسىلا) ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشىڭلارغا ۋەسىيەت قىلىمەن، ھەقىقەتەن سىلەردىن بىر كىشى مەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ياشاپ قالسا، نۇرغۇن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ، زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى كۆرىدۇ، شۇ چاغدا سىلەر مېنىڭ سۈننەت، ھەدىسلىرىمنى، توغرا يول تاپقان، ھىدايەت تاپقان يىتەكچى بولۇپ، توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننەتلىرىنى لازىم تۇتۇڭلار، سىلەر ئۇ سۈننەتكە مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار، ئۇنى ئېزىق چىشىڭلار بىلەن مەھكەم چىشلەڭلار، ئىشلارنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ھەرقانداق يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار بىدئەتتۇر، ھەرقانداق بىدئەت، زالالەت، ئازغۇنلۇق، بۇ بولسا، دوۋزاختا بولىدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ .

بۇ ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1 . ئاللاھ يولىدا ھەقىقەتكە ۋەسىيەت قىلىش.

2 . تەقۋالىققا ۋەسىيەت قىلىش.

3 . قۇل ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى ياكى پېقىر ياكى بىر ياش بالا بولسىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلىسە، ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىش، بۇ بەك مۇھىم.نۇرغۇن ئىختىلاپ ئىنسانلار تەرىپىدىن يۈز بېرىدۇ.

4 . ئىختىلاپ ئاز ئەمەس، ئۇ نۇرغۇندۇر.

5 . ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئوبدان چارىسى قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، سۈننەت، تولۇق ئىلىمدۇر.

6 . خەلىپىلىك تۈزۈمى، ئىسلام ئۈممىتىگە مۇھىمدۇر.

7 . خەلىپە توغرا يول تاپقان، توغرا يولغا باشلىشى لازىم.

8 . سۈننەتنى، ھەقىقەتنى بىرلىكنى، ئىتتىپاقلىقنى چىڭ تۇتۇش، مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش.

9 . بىدئەت ئىشلاردىن ھەزەر قىلىش.

10 . ئەقدە ۋە ئىبادەتلەردە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار بىدئەت، زالالەت بولۇپ، ئۇ، دوۋزاختا بولىدۇ، ئەقىدىمىزنى، ئىبادەتلىرىمىزنى توغرا، رۇس قىلايلى!

166 - [ 27 ] ( حسن )وعن عبد الله بن مسعود قال خط لنا رسول الله صلى الله عليه وسلم خطا ثم قال : " هذا سبيل الله ثم خط خطوطا عن يمينه وعن شماله وقال هذه سبل على كل سبيل منها شيطان يدعو إليه " ثم قرأ ( إن هذا صراطي مستقيما فاتبعوه )الآية . رواه أحمد والنسائي والدارمي

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە؛بىر سىزىق سىزىپ، مانابۇ الله نىلڭ يولى دىدى.ئاندىن ئۇ سىزىقنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە نۇرغۇن سىزىقلارنى سىزىپ، بۇ كۆپ يوللاردۇر،ئۇنىڭدىن ھەربىر يولنىڭ ئۈستىدە بىردىن شەيتان بار بولۇپ،كىشلەرنى ئۆز يولىغا چاقىرىدۇ دەپ،مۇنۇ ئايەتنى ئوقىدۇ« بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار،ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار،ئۇلار سىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (اللهنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوۋزەختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.»سۈرە ئەنئام 153 ـ ئايەت.ئەھمەد،نەسەئى،دارىمى توپلىغان ھەسەن.

167 - [ 28 ] ( سنده ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يؤمن أحدكم حتى يكون هواه تبعا لما جئت به " رواه في شرح السنة وقال النووي في أربعينه : هذا حديث صحيح رويناه في كتاب الحجة بإسناد صحيح

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بىرىڭلارنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەس،ئارزۇ ـ ئارمانلىرى مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە(يەنى قۇرئان ـ سەھىھ ھەدىسكە) ئەگەشمىگىچە،ئۇ مۆئمىن بولالمايدۇ.شەرھىسسۇننەدە بارىۋلۇپ ئىمام نەۋۋىي ؛ سەھىھ دىگەن.

168 - [ 29 ] ( ضعيف )وعن بلال بن الحارث المزني قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أحيا سنة من سنتي قد أميتت بعدي فإن له من الأجر مثل أجور من عمل بها من غير أن ينقص من أجورهم شيئا ومن ابتدع بدعة ضلالة لا يرضاها الله ورسوله كان عليه من الإثم مثل آثام من عمل بها لا ينقص من أوزارهم شيئا " . رواه الترمذي

بىلال ئىبنى ھارىس مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن، مەندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بىر سۈننەتنى تىرىلدۈرسە، ئۇ كىشىگە شۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچنېمە كاملىماستىن ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ، كىم ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رازى بولمايدىغان زالالەت، بىدئەتنى پەيدا قىلسا، ئۇ كىشىگە شۇ بىدئەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچنېمە كاملىماستىن ئوخشاش گۇناھ بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى توپلىغان بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

169 - [ 30 ] ( ضعيف )و رواه ابن ماجه عن كثير بن عبد الله بن عمرو عن أبيه عن جده

170 - [ 31 ] ( سنده ضعيف )وعن عمرو بن عوف قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الدين ليأرز إلى الحجاز كما تأرز الحية إلى جحرها وليعقلن الدين من الحجاز معقل الأروية من رأس الجبل إن الدين بدأ غريبا وسيعود كما بدأ فطوبى للغرباء وهم الذين يصلحون ما أفسد الناس من بعدي من سنتي " . رواه الترمذي

ئەمرۇئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن دىن ئاخىرىدا، خۇددى يىلان ئۆز ئۇۋىسىغا قايتقاندەك ھىجازغا قايتىدۇ،ئىسلام دىنى خۇددى ئۆچكە تاغ چوققىسىدىن ئورۇن تۇتقاندەك،ھىجازدىن ئورۇن تۇتىدۇ، ھەقىقەتەن ئىسلام دىنى غېرىپ باشلانغان، ئۇ يانا يات يۇرسەتتە غەرىپ باشلانغاندەك، يەنە غېرىپلىققا قايتىدۇ، شۇ چاغدا غېرىپلارغا خۇش مۇبارەك.ئۇلار مەن

كەتكەندىن كېيىن كىشلەربۇزۇپ،يۇقتىۋەتكەن سۈننەتلىرىمنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.تىرمىزى توپلىغان.

**171 - [ 32 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليأتين على أمتي ما أتى على بني إسرائيل حذو النعل بالنعل حتى إن كان منهم من أتى أمه علانية لكان في أمتي من يصنع ذلك وإن بني إسرائيل تفرقت على ثنتين وسبعين ملة وتفترق أمتي على ثلاث وسبعين ملة كلهم في النار إلا ملة واحدة قالوا ومن هي يا رسول الله قال ما أنا عليه وأصحابي " . رواه الترمذي**

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، ئەلۋەتتە، بەنى ئىسرائىلغا كەلگەن ئىشلار خۇددى ئاياغ، ئاياغنىڭ باراۋىرىگە كەلگەندەك، نەخمۇ ــ نەخ مېنىڭ ئۈممىتىمگىمۇ كېلىدۇ، بەنى ئىسرائىللار ئىچىدە ئوچۇق ــ ئاشكارا ئانىسى بىلەن زىنا قىلغان بولسا، مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىمۇ شۇ ئىشنى قىلىدىغانلار چىقىدۇ. بەنى ئىسرائىللار 72 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، مېنىڭ ئۈممىتىم 73 فىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىر پىرقىدىن باشقا ھەممىسى دوۋزاختا بولىدۇ دېدى. ساھابىلار جەننەتتە بولىدىغانلار كىملەر؟ يار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپ سورىغاندا، ئۇلار، مەن ۋە مېنىڭ ساھابىلىرىم قىلغاننى قىلغانلار دېگەننى دېگەنلەر نېمە قىلساق شۇنى قىلغانلار دېگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.چۈنكى بىر راۋىينىڭ يەنى ئىپرىيقىنىڭ ھەدىسنى ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رھ يازماي تەرىك ئەتكەن زەئىپ ئىكەن.ھەسەنمۇدىيىلدى.

**172 - [ 33 ] ( صحيح )وفي رواية أحمد وأبي داود عن معاوية : " ثنتان وسبعون في النار وواحدة في الجنة وهي الجماعة وإنه سيخرج في أمتي أقوام تتجارى م تلك الأهواء كما يتجارى الكلب بصاحبه لا يبقى منه عرق ولا مفصل إلا دخله "**

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلار ھەققەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى ئەھلى كىتابلار 72 مىللەت، دىنغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، ھەققەتەن بۇ مىللەت پات يېقىندا 73 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، 72سى دوۋزاختا بولىدۇ، پەقەت بىرپىرقىسى جەننەتتە بولىدۇ، ئۇلار بولسا، جامائەت (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلار، تابىئىنلاردەك ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەردۇر) ھەققەتەن بۇندىن كېيىن، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر چىقىدۇكى، ئاشۇ ھاۋايى ــ ھەۋەسلەر، تەپرىقچىلىقلەر ئۇلارغا، خۇددى ئىت ئىگىسىگە چاپلىشىپ، لازىم تۇتۇۋالغاندەك، كەڭ تارقىلىپ چاپلىشىپ، چىرمىشىپ لازىم تۇتۇۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەربىر تومۇر، مەپسەللەر قالماي ئۇ ھاۋايى ــ ھەۋەس، تەپرىقچىلىك كىرىۋالىدۇ، چىرمىۋالىدۇ، ئەبۇ داۋۇد 3981 ــ ھەدىس، ئەھمەد 16329 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**173 - [ 34 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله لا يجمع أمتي أو قال : أمة محمد على ضلالة ويد الله على الجماعة ومن شذ شذ في النار " . . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن **الله** ئۈممىتىمنى زالالەت ئۈستىدە بىرلەشتۈرمەيدۇ،**الله** نىڭ قولى جامائەت ئۈستىدە. ئايرىلىۋالغان كىشى دوۋزاختا ئايرىلىدۇ دېگەن ھەدىسنى زەئىپ دەپ ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن، باشقىلار مەنىۋى مۇتىۋاتىر دېگەن.

**174 - [ 35 ] ( ضعيف )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اتبعوا السواد الأعظم فإنه من شذ شذ في النار " . رواه ابن ماجه من حديث أنس**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چوڭ قارىغا، يەنى جامائەتكە ئەگىشىڭلار، ئايرىلىۋالغان كىشى دوۋزاختا ئايرىلىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرىلىگەن،

ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**175 - [ 36 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : يا بني إن قدرت أن تصبح وتمسي ليس في قلبك غش لأحد فافعل " ثم قال : " يا بني وذلك من سنتي ومن أحيا سنتي فقد أحبني ومن أحبني كان معي في الجنة رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دىگەن، ئى بالام قەلبىڭدە ھېچبىر كىشىگە ئۆچ ــ ئاداۋەت، خىيانەت قىلماستىن، كەچ قىلىپ، تاڭ ئاتقۇزالىساڭ شۇنداق قىل، ئۇ بولسا مىنىڭ سۈننىتىم، كىم سۈننىتىمنى تىرىلدۈرسە، مىنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ، مىنى ياخشى كۆرگەن كىشى مەن بىلەن جەننەتتە بىللە بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**176 - [ 37 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تمسك بسنتي عند فساد أمتي فله أجر مائة شهيد "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ئۈممىتىم پاسادلاشقاندا، سۈننىتىمگە ئېسىلغان كىشىگە 100 شېھىدنىڭ ئەجرى بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**177 - [ 38 ] ( حسن )وعن جابر عن النبي صلى الله عليه وسلم حين أتاه عمر فقال إنا نسمع أحاديث من يهود تعجبنا أفترى أن نكتب بعضها ؟ فقال : " أمتهوكون أنتم كما تهوكت اليهود والنصارى ؟ لقد جئتكم بها بيضاء نقية ولو كان موسى حيا ما وسعه إلا اتباعي " . رواه أحمد والبيهقي في كتاب شعب الإيمان**

جابىررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ؛بىز يەھۇدىيلاردىن نۇرغۇن ھەدىس سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدۇق،ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يېزىۋېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلامىلا؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛سىلەر خۇددى يەھۇدىي ناسارالار ھەيران قالغاندەك ھەيران قېلىپ ، (ئۆزكىتابىڭلادىن باشقا نەرسىنى خاتىرلەمسىلەر؟)ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە بۇ دىننى كىتابنى ئۇپئاق نۇرلۇق،شۇنداق رۇشەن ھالەتتە ئېلىپ كەلدىم،ئەگەر مۇسا ئەلەيھىسسالام ھايات بولغان بولسىمۇ، چۇقۇم ماڭا ئەگىشەتتى،ئۇنىڭغىمۇ ماڭائەگىشىشتىن باشقىسى دۇرۇس بولمايتتى (سىلەرگە قانداق دۇرۇس بولسۇن؟) دىدى.ئەھمەد ،بەيھەقى توپلىغان ھەسەن.

**178 - [ 39 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أكل طيبا وعمل في سنة وأمن الناس بوائقه دخل الجنة فقال رجل يا رسول الله إن هذا اليوم لكثير في الناس قال : " وسيكون في قرون بعدي " . رواه الترمذي**

ئەبى سەئىيدلخودرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھالالدىن يەپ، سۈننەت بويىچە ئەمەل قىلسا، كىشىلەر ئۇنىڭ ھالاكىتىدىن ئەمىن بولسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، بىر ئەر يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىش ھازىر ئىنسانلار ئارىسىدا بەك كۆپىقۇ؟ دەپ سوراپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن كېيىنكى زامانلاردا بولىدۇ دەپتۇ، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، مىشكات 178 ــ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**179 - [ 40 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنكم في زمان ترك**

منكم عشر ما أمر به هلك ثم يأتي زمان من عمل منهم بعشر ما أمر به نجا " . رواه الترمذي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھازىر بىر زاماندا ياشايسىلەركى، ئەگەر بۇيرۇلغان ئىشدىن ئوندەن بىرى تەرىك ئېتىلسە، ھالاك بولىسىلەر، بۇندىن كېيىن بىر زامان كېلىدۇكى، كىم بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ 1/10گە ئەمەل قىلسا، نىجات تاپىدۇ، دېگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.زەئىپلىقى كۆرنۈپ تۇرۇۋتۇ.

180 - [ 41 ] ( صحيح )وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما ضل قوم بعد هدى كانوا عليه إلا أوتوا الجدل " . ثم قرأ رسول الله صلى الله عليه وسلم هذه الآية : ( ما ضربوه لك إلا جدلا بل هم قوم خصمون ) رواه أحمد والترمذي وابن ماجه

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر قەۋم، ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن، زالالەتتە ئېزىپ كەتسە، ئۇلارغا جىدەل ــ ماجرا، ئىختىلاپ بېرىلىدۇ. ئاندىن مۇنۇئايەتنى ئوقىدى« ئۇلار: «بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىسامۇ؟» دېدى. ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر.»سۈرەزۇخرەپ 58 ـ ئايەت. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم تۇپلىغان، ھەسەن.

181 - [ 42 ] ( ضعيف )
وعن أنس بن مالك أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول : لا تشددوا على أنفسكم فيشدد الله عليكم فإن قوما شددوا على أنفسهم فشدد الله عليهم فتلك بقاياهم في الصوامع والديار ( رهبانية ابتدعوها ما كتبناها عليهم )رواه أبو داود

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى: ئۆزۈڭلارغا قاتتىق قىلىۋالماڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرگە قاتتىق قىلىپ قويىدۇ، بەزى قەۋم ئۆزلىرىگە قاتتىق قىلىۋېلىپ، ئاللاھ، ئۇلارغا قاتتىق قىلىپ قويغان، ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى چىركاۋ ۋە دىيارلاردا مەۋجۇد دەپ، سۈرەھەدىيدىنىڭ رۇھبانىييەتەن دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ قويغان. ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن

182 - [ 43 ] ( ضعيف جدا )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نزل القرآن على خمسة أوجه : حلال وحرام ومحكم ومتشابه وأمثال . فأحلوا الحلال وحرموا الحرام واعملوا بالمحكم وآمنوا بالمتشابه واعتبروا بالأمثال " . هذا لفظ المصابيح . وروى البيهقي في شعب الإيمان ولفظه : " فاعملوا بالحلال واجتنبوا الحرام واتبعوا المحكم "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، قۇرئان بەش يولغا ئاساسەن چۈشكەن، ھالال ــ ھارام، مۇھكەم مۇتاشابىھ مىساللار، ھالاللىرىنى ھالال، ھاراملىرىنى ھارام بىلىڭلار، مۇھكەم ئايەتلىرىگە ئەمەل قىلىڭلار، مۇتەشابىھلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، مىساللىرىدىن ئىبرەت ئېلىڭلار، بۇ مەسابىھنىڭ لەۋزى، بەيھەقىيمۇ خاتىرلىگەن، ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دېگەن، ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنمايدۇ، سەۋەبىنى ئەلبانى ئۆزى بىلىدۇ، قائىدە ــ قانۇنلارنى بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن.

**183 - [ 44 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الأمر ثلاثة : أمر بين رشده فاتبعه وأمر بين غيه فاجتنبه وأمر اختلف فيه فكله إلى الله عز وجل )رواه أحمد**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى توغرىلىقى ئاشكارا، ئۇنىڭغا ئەگەشكىن، ئىككىنچى، خاتا، ئازغۇنلىقى ئاشكارا، ئۇنىڭدىن نېرى بول، ئۈچىنچىسى، ئىختىلاپ قىلىنغىنى، ئۇنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**184 - [ 45 ] ( ضعيف ) الفصل الثالث عن معاذ بن جبل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الشيطان ذئب الإنسان كذئب الغنم يأخذ الشاذة والقاصية والناحية وإياكم والشعاب وعليكم بالجماعة والعامة " . رواه أحمد**

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن شەيتان قوينىڭ بۆرىسىدەك، ئىنساننىڭ بۆرىسىدۇر، ئۇ توپتىن ئايرىلغان، يىراق تەرەپتىكىنى تۇتىدۇ، بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، جامائەتنى، ئاۋام خەلقنى لازىم تۇتۇڭلار دىگەن ھەدىسنى ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**185 - [ 46 ] ( صحيح )وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من فارق الجماعة شبرا فقد خلع رقة الإسلام من عنقه " . رواه أحمد وأبو داود**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ بوينىدىن ئىسلام دىنىنىڭ بويۇنچىقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋەتكەن بولىدۇ. (يەنى خەلىپىيە جامائىتىدىن بەيئەت قىلماي ئايرىلسا، ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ۋەللاھۇ ئەئلەم). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**186 - [ 47 ] ( حسن )وعن مالك بن أنس مرسلا قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تركت فيكم أمرين لن تضلوا ما تمسكتم  ما : كتاب الله وسنة رسوله " . رواه في الموطأ "**

ئەبۇ ھۇرەيرە،مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ئاراڭلارغا ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، سىلەر  ئۇ ئىككى نەرسىگە مەھكەم ئېسىلساڭلار ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، بىرى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان، يەنە بىرى مېنىڭ سۈننىتىم، ھەدىسلەردۇر، (بۇ ئىككىسى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ماڭا كەلگەنگە قەدەر بىر ــ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ،) ھاكىم، مالىك توپلىغان، سەھىھ.

**187 - [ 48 ] ( ضعيف )وعن غضيف بن الحارث الثمالي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ( ما أحدث قوم بدعة إلا رفع مثلها من السنة فتمسك بسنة خير من إحداث بدعة )رواه أحمد**

غەزىيپ ئىبنى ھارىس سۇمالى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق بىر قەۋىم بىر بىدئەتنى پەيدا قىلىدىكەن، شۇ بىدئەتنىڭ ئوخشىشىدەك بىر سۈننەت كۆتۈرۈلۈپ

كېتىدۇ، سۈننەتكە ئېسىلىش، بىدئەتنى پەيدا قىلىشتىن ياخشى دېگەن ھەدىسنى ئەھمەد توپلىغان، مشكات 187 ــ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**188 - [ 49 ] ( صحيح )وعن حسان قال : " ما ابتدع قوم بدعة في دينهم إلا نزع الله من سنتهم مثلها ثم لا يعيدها إليهم إلى يوم القيامة . " رواه الدارمي "**

ھەسسان رەھىمەھۇللاھ ؛ ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزدىنىدا بىرەر بىدئەتنى پەيدا قىلسىلا،الله تائالا شۇبىدئەتنىڭ ئوخشىشىدا بىر سۈننەتنى تارتىپ ئېلىۋېلىپ،ئۇسۈننەتنى ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ دېگەن.دارىمى خاتىرلىگەن سەھىھ.

**189 - [ 50 ] ( ضعيف )وعن إبراهيم بن ميسرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من وقر صاحب بدعة فقد أعان على هدم الإسلام " . رواه البيهقي في شعب الإيمان مرسلا**

ئىبراھىم ئىبنى مەيسەرەتتىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر بىدئەت ئىگىسىنى ھۆرمەتلىسە، ئۇلۇغلىسا، جەزمەن ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلىنى چېقىشقا ياردەم بەرگەن بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى بەيھەقى مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**190 - [ 51 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : من تعلم كتاب الله ثم اتبع ما فيه هداه الله من الضلالة في الدنيا ووقاه يوم القيامة سوء الحساب وفي رواية قال : من اقتدى بكتاب الله لا يضل في الدنيا ولا يشقى في الآخرة ثم تلا هذه الآية : ( فمن اتبع هداي فلا يضل ولا يشقى )رواه رزين**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:كىم الله نىڭ كىتابىنى ئۆگىنىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىگە ئەگەشسە،الله تائالا ئۇنى بۇدۇنيادا ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەت قىلىدۇ،قىيامەت كۈنى ھىسابنىڭ يامان ئېلىنىشىدىن ساقلايدۇ.كىم الله نىڭ كىتابىغا ئەقتىدا قىلىپ ئەگەشسە ، بۇدۇنيادا ئازمايدۇ،ئاخىرەتتە جاپامۇشەققەتتە قالمايدۇ،دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى«الله (ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا) ئېيتتى: «سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ.»سۈرەتاھا123 ـ ئايەت.رەزىين توپلىغان.

**191 - [ 52 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ضرب الله مثلا صراطا مستقيما وعن جنبتي الصراط سوران فيهما أبواب مفتحة وعلى الأبواب ستور مرخاة وعند رأس الصراط داع يقول : استقيموا على الصراط ولا تعوجوا وفوق ذلك داع يدعو كلما هم عبد أن يفتح شيئا من تلك الأبواب قال : ويحك لا تفتحه فإنك إن تفتحه تلجه " . ثم فسره فأخبر : " أن الصراط هو الإسلام وأن الأبواب المفتحة محارم الله وأن الستور المرخاة حدود الله وأن الداعي على رأس الصراط هو القرآن وأن الداعي من فوقه واعظ الله في قلب كل مؤمن )رواه رزين وأحمد**

ئەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، تۈپتۈز، توغرا يولغا (ئىسلامغا)مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە توسما تام باردۇر، بۇ تاملاردا ئوچۇق ئىشىكلەر بار بولۇپ، ئىشىكلەر ئۈستىدە تاشلانغان سۈس، نېپىز پەردىلەر باردۇر، يولنىڭ كىرىش ئېغىزىدا دەئۋەتچى دائىم ئى ئىنسانلار! بۇ يولغا ھەممىڭلار بىراقلا كىرىڭلار،مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، باشقا ياققا بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار دەپ توۋلاپ تۇرىدۇ، يەنە بىر چاقىرىقچى، يول ئۈستىدە چاقىرىپ تۇرىدۇ، ئىنسان شۇ ئىشىكلەردىن بىرەر ئىشىكنى ئېچىشنى ئىرادە قىلسا، بۇ دەۋەتچى ۋاي ساڭا، ئۇئىشىكنى ئاچما، ھەققەتەن سەن ئېچىپلا

قالساڭ، كىرىپ كېتىسەن دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. يول، ئىسلام دىنىدۇر، (ئىككى توسما تام بولسا، ئالللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرى، توختۇتۇپ بەرگەن چەك ــ چېگراسىدۇر). ئوچۇق، ئەمما پەردىلەنگەن ئىشىكلەر بولسا، ئالللاھتائالانىڭ هارام قىلغان نەرسىلىرىدۇر، سۇس، نىپىز پەردىلەر، ئالللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرى، توختۇتۇپ بەرگەن چەك ــ چېگراسىدۇر. يول بېشىدىكى دەۋەتچى بولسا، ئالللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، يول ئۈستىدىكى چاقىرىقچى بولسا، ھەربىر مۇسۇلمان مۆئمىنىنىڭ قەلبىدىكى ئالللاھنىڭ ۋەز ــ نەسىھەت قىلغۇچىسىدۇر، يەنى پەرىشتە، نۇردۇر، ئەھمەد ،رەزىين، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

192 - [ 53 ] ( صحيح )والبيهقي في شعب الإيمان عن النواس بن سمعان وكذا الترمذي عنه إلا أنه ذكر أخصر منه

193 - [ 54 ] ( ضعيف )وعن ابن مسعود قال : من كان مستنا فليستن بمن قد مات فإن الحي لا تؤمن عليه الفتنة . أولئك أصحاب محمد صلى الله عليه وسلم كانوا أفضل هذه الأمة أبرها قلوبا وأعمقها علما وأقلها تكلفا اختارهم الله لصحبة نبيه ولإقامة دينه فاعرفوا لهم فضلهم واتبعوهم على آثارهم وتمسكوا بما استطعتم من أخلاقهم وسيرهم فإنهم كانوا على الهدى المستقيم . رواه رزين

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كىم سۈننەتكە ئىسلماقچى بولسا، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سۈننىتىگە ئىسلسۇن، تىرىكلەرگە پىتنىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ، ئۇلار بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدۇر، ئۇلار بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كىشىلىرى، قەلبى ياخشى، ئىلمى چوڭقۇر، تەكەللۇپى ئاز، ئالللاھ ئۇلارنى سۆھبەتكە تاللىغان، دىنىنى بەرپا قىلىشقا تاللىغان، ئۇلارنىڭ پەزلىنى تونۇڭلار، كەينىدىن ئەگىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىغا سەيرە سۈلۈك يوللىرىغا ئەگىشىڭلار، ئۇلار توغرا ھىدايەت يولى ئۈستىدە ئىدى دىگەن بۇ ھەدىس مەۋقۇپىنى رەزىين توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا، زەئىپ دىدى.

194 - [ 55 ] ( حسن )عن جابر : ( أن عمر بن الخطاب رضي الله عنهما أتى رسول الله صلى الله عليه وسلم بنسخة من التوراة فقال يا رسول الله هذه نسخة من التوراة فسكت فجعل يقرأ ووجه رسول الله يتغير فقال أبو بكر ثكلتك الثواكل ما ترى ما بوجه رسول الله صلى الله عليه وسلم فنظر عمر إلى وجه رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال أعوذ بالله من غضب الله وغضب رسوله صلى الله عليه وسلم رضينا بالله ربا وبالإسلام دينا وبمحمد نبيا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفس محمد بيده لو بدا لكم موسى فاتبعتموه وتركتموني لضللتم عن سواء السبيل ولو كان حيا وأدرك نبوتي لاتبعني ) رواه الدارمي

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا تەۋراتنىڭ بىر پارچە نۇسخىسىنى كۆتۈرۈپ كىلىپ ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى!بۇتەۋرات نۇسخىسى ئىكەن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىم تۇرىۋىدى،ئۇ ئۇقۇشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزى غەزەپتىن ئۆزگىرىپ كەتتى.ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ئى ئۆمەر!سىنى ئۇرۇق تۇققانلىرىڭ يۇقتىپ قويسۇن،سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىنىڭ غەزەپتىن ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىگە قاراپ؛الله قا سىغىنىپ الله نىڭ غەزىپىدىن،الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ غەزىپىدىن پاناھ تىلەيمەن،بىز الله قا رەب جەھەتتىن ، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن،مۇھەممەدسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولدۇق دىگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇھەممەدسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەرگە مۇسا ئاشكارابۇلۇپ،سىلەر مىنى قويۇپ مۇساغا ئەگەشسەڭلار،ئەلبەتتە تويتوغرا ھەق يولدىن ئازغان بۇلاتتىڭلار،ئەگەر مۇسا ھايات بۇلۇپ مىنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى تاپقان بولسا،چوقۇم ئۇمۇ ماڭا ئەگەشكەن بۇلاتتى.(شۇنداق تۇرۇغلۇق سىلەر نىمەئۈچۈن

ئۆزگەرتىلگەن تەۋراتقا ئەگەشمەكچى بۇلىسلەر؟ دەپ كايىدى.)دارىمى  توپلىغان ھەسەن.

**195 - [ 56 ] ( موضوع )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كلامي لا ينسخ كلام الله وكلام الله ينسخ كلامي وكلام الله ينسخ بعضه بعضا "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنىڭ كالامىم ئاللاھنىڭ كالامىنى مەنسۇخ قىلىپ، ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ، ئاللاھنىڭ كالامى مىنىڭ كالامىمنى مەنسۇخ قىلالايدۇ. بەزىسى بەزىسىنمۇ مەنسۇخ قىلالايدۇ دىگەن، بۇ ھەدىسنى ئەلبانى يالغان دىگەن.

**196 - [ 57 ] ( موضوع )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أحاديثنا ينسخ بعضها بعضا كنسخ القرآن**

"ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن بىزنىڭ سۆزىمىز خۇددى قۇرئاننىڭ بەزىسى ــ بەزىسنى مەنسۇخ قىلالىغاندەك، بىر ــ بىرىنى مەنسۇخ قىلىپ، ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنىمۇ ئەلبانى يالغان دىگەن، مشكات 196 ــ ھەدىس. بۇ يالغان ھەدىسلەرنى بىز يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا يازغان.

**197 - [ 58 ] ( ضعيف )وعن أبي ثعلبة الخشني قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله فرض فرائض فلا تضيعوها وحرم حرمات فلا تنتهكوها وحد حدودا فلا تعتدوها وسكت عن أشياء من غير نسيان فلا تبحثوا عنها " . روى الأحاديث الثلاثة الدارقطني**

ئەبى سۇئلەبەت خوشەنى رەزىيەللاھۇ ئەھنۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ نۇرغۇن پەرىزلەرنى پەرىز قىلدى، ئۇنى زايا قىلماڭلار، نۇرغۇن ھاراملارنى ھارام قىلدى، ئۇنى دەپسەندە قىلماڭلار، نۇرغۇن بەلگىلىمىلەرنى بىكىتتى، ئۇنىڭدىن تاجاۋۇز قىلىپ ئۆتۈپ كەتمەڭلار. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالماستىن تىلغا ئالماي جىم تۇردى، ئۇنى كوچىلىماڭلار دىگەن، بۇ ھەدىسنى ۋە ئىلگىرىكى ئىككى يالغان ھەدىسنىمۇ دارتقۇتنى توپلىغان بولۇپ، ئەلبانى بۇ ھەدىسنى زەئىپ دىگەن،

**كتاب العلم** ـ الفصل الأول **ئىلىمنىڭ كىتابى**

**198 - [ 1 ] ( صحيح )عن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بلغوا عني ولو آية وحدثوا عن بني إسرائيل ولا حرج ومن كذب علي متعمدا فليتبوأ مقعده من النار " . رواه البخاري**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەندىن بىر ئايەت (بىر ھەدىس) بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار، بەنى ئىسرائىللار توغرىسىدا (قۇرئان، ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى) بويىچە ھەدىس سۆزلىسەڭلار گۇناھ بولمايدۇ، كىم ماڭا مەن دىمىگەننى دىدى دەپ، قەستەن يالغان سۆزلەيدىكەن، ئۇ ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، (يەنى ئۇدووۋزاخقا كىرىدۇ) ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.ئاخىرى مۇتىۋاتىر.

**199 - [ 2 ] ( صحيح )وعن سمرة بن جندب والمغيرة بن شعبة قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من حدث عني بحديث يرى أنه كذب فهو أحد الكاذبين " . رواه مسلم**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مەندىن بىر ھەدىسنى سۆزلىسە، ھەققەتەن ئۇ ھەدىسنىڭ يالغانلىقى كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ يەنىلا سۆزلەۋەرسە، ئۇ ئىككى كاززابنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، (يەنى يالغان ھەدىسنى توقۇپ چىققۇچى بىر كاززاپ بولسا، ئۇنى سۆزلىگۈچىمۇ يەنە بىر كاززاپ بولىدۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاقىۋتى دوۋزاخ بولىدۇ، چۈنكى، مۇتىۋاتىر ھەدىستە يالغان

| |
|---|
| ھەدىس سۆزلىگۈچى دوۋزاختا كىرىدۇ دېيىلگەن. ھەتتا بىلىپ تۇرۇپ ئاگاھلاپ تۇرۇپ ئۆلتۈرغان، رەددىيە بەرمىگەن كىشمۇ گۇناھكار بولىدۇ، چۈنكى شۇ سەۋەبلىك يالغان ھەدىس راست گۇمان قىلىنىپ قالىدۇ، باشقىلار ئىشىنىپ قالىدۇ، يالغان ھەدىس سۆزلىگۈچىنىڭ، يالغان ھەدىسنى سۆزلىگۈچى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش، ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇ بىدئەتچىدىن ئېغىرراق جىنايەتچى بولىدۇ. بىدئەتچىنىڭ ئارقىسىدىمۇ ناماز دۇرۇس ئەمەس). يۇقىرقى ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| **200 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن معاوية قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من يرد الله به خيرا يفقهه في الدين وإنما أنا قاسم والله يعطي "** |
| مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا فىقھى شۇناس ئالىم (يەنى قانۇنشۇناس ئالىم) قىلىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ بېرىدۇ، مەن تەقسىم قىلىمەن، (يەنى ئىلىمنى، غەنىيمەتنى تەقسىم قىلاتتى). ئەھمەد ،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. |
| **201 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الناس معادن كمعادن الذهب والفضة خيارهم في الجاهلية خيارهم في الإسلام إذا فقهوا " . رواه مسلم** |
| ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئالتۇن ــ كۈمۈشنىڭ مەدەنلىرىدەك كانغا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ جاھالىيەتتىكى ياخشىسى، دىندا فىقھى ئالىم بولسا، ئىسلام ئىچىدىمۇ ياخشىدۇر، روھلار توپلاشقان قوشۇن بولۇپ، ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ شۇ جايدا تونۇشقىنى ئۆزئارا كېلىشىپ، ئۇنىسى ئۇلپەت بىرىشىپ، ئىتتىپاق ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تونۇشمىغىنى ئىنكار قىلىشقىنى بولسا، ئىختىلاپلىشىدۇ، (پەقەت كۆرۈشمىگىنى كۆرۈشمەيدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. |
| **202 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا حسد إلا في اثنتين رجل آتاه الله مالا فسلطه على هلكته في الحق ورجل آتاه الله الحكمة فهو يقضي ا ويعلمها )** |
| ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەسەد قىلىش پەقەت ئىككىلا نەرسىدە دۇرۇستۇر، بىر كىشىگە ئاللاھتائالا نۇرغۇن مال ــ مۈلۈك بېرىپ ئۇ ماللارنىڭ ھالاكىتىنى تۈگىشىنى پەقەت ھەق يولدىلا قىلىدۇ، يەنە بىر كىشىگە ئاللاھتائالا ئىلىم ــ ھېكمەت بېرىدۇ، ئۇ، شۇ ئىلىم ــ ھېكمەت بىلەن ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇنى كىشىلەرگە ئۆگىتىدۇ، بۇ ئىككى ئىشنى ماڭىمۇ بولسىچۇ دېيىش دۇرۇس. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم ،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| **203 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا مات الإنسان انقطع عمله إلا من ثلاثة أشياء : صدقة جارية أوعلم ينتفع به أوولد صالح يدعو له )رواه مسلم** |
| ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسان ئۆلسە، بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت ئۈچ خىل ئەمىلى قالىدۇ، بىرسى سەدىقە جارىيە (يەنى ساۋابى يورۇپ تۇرىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە قىلىنغان سەدىقە) ئىككىنچىسى، ئۇ ئىنسان مەنپەئەت بەرگەن باشقىلار مەنپەئەت ئالغان ئىلىم، (يەنى ئوقوغۇچى بىلەن ئەسەرلەر). ئۈچىنچىسى، سالىھ، ياخشى بالا دۇئا قىلىپ تۇرسايتىپ تۇرىدۇ، مۇسلىم، بۇخارى، ئەدەپتە، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. |
| **204 - [ 7 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من نفس عن مؤمن كربة من كرب الدنيا نفس** |

الله عنه كربة من كرب يوم القيامة ومن يسر على معسر يسر الله عليه في الدنيا والآخرة . ومن ستر مسلما ستره الله في الدنيا والآخرة والله في عون العبد ما كان العبد في عون أخيه ومن سلك طريقا يلتمس فيه علما سهل الله له به طريقا إلى الجنة وما اجتمع قوم في بيت من بيوت الله يتلون كتاب الله ويتدارسونه بينهم إلا نزلت عليهم السكينة وغشيتهم الرحمة وحفتهم الملائكة وذكرهم الله فيمن عنده ومن بطأ به عمله لم يسرع به نسبه " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر مۆئمىندىن مۇشۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىدىن بىرەر مۇشەققەت، قىيىنچىلىقنى ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەتنىڭ مۇشەققەت قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر مۇشەققەتنى ئاسان قىلىدۇ. كىم نامرات، پېقىرلارغا ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دۇنيا ــ ئاخىرەتتە ئاسان قىلىدۇ، كىم بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىب ــ نۇقسانلىرىنى ياپسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئەيىب ــ نۇقسان، گۇناھلىرىنى، دۇنيا ــ ئاخىرەتتە ياپىدۇ. بەندە قېرىنداشىنىڭ ياردىمىدە بولسىلا، ئاللاھ بەندىسىنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ، كىم ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان يولغا كىرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىدۇ، بىرەر قەۋم، ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرەر مەسجىدگە توپلىشىپ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلسا، ئۇنى ئۆزئارا دەرىس ئوقۇشسا، ئۇلارغا خاتىرجەملىك، ئىنىچلىق چۈشىدۇ. ئۇلارنى رەھمەت قورشايدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قورشاپ، ئەتراپىدىن ئورىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى كىشىلەرنىڭ يەنى پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ماختايدۇ.كىمنىڭ ئەملى كېچىكىپ قالسا، ئۇنىڭغا نەسەبى ئىلگىرلەپ تېز يېتىپ بارمايدۇ،( يەنى ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، نەسەپ، ھەسەبلىرى پايدا ــ مەنپەئەت قىلمايدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

205 - [ 8 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أول الناس يقضى عليه يوم القيامة رجل استشهد فأتي به فعرفه نعمه فعرفها قال فما عملت فيها ؟ قال قاتلت فيك حتى استشهدت قال كذبت ولكنك قاتلت لأن يقال جريء فقد قيل ثم أمر به فسحب على وجهه حتى ألقي في النار ورجل تعلم العلم وعلمه وقرأ القرآن فأتي به فعرفه نعمه فعرفها قال فما عملت فيها قال تعلمت العلم وعلمته وقرأت فيك القرآن قال كذبت ولكنك تعلمت العلم ليقال عالم وقرأت القرآن ليقال هو قارئ فقد قيل ثم أمر به فسحب على وجهه حتى ألقي في النار ورجل وسع الله عليه وأعطاه من أصناف المال كله فأتي به فعرفه نعمه فعرفها قال فما عملت فيها ؟ قال ما تركت من سبيل تحب أن ينفق فيها إلا أنفقت فيها لك قال كذبت ولكنك فعلت ليقال هو جواد فقد قيل ثم أمر به فسحب على وجهه ثم ألقي في النار " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى تۇنجى قېتىم ھۆكۈم قىلىنىدىغان كىشىلەر مۇنۇ ئۈچ كىشىدۇر.

بىرىنچىسى، شېھىد بولغان كىشى بولۇپ، بۇ كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا نىئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ نىئمەتلەردە قانداق ئەمەل قىلدىڭ؟ دېسە، ئۇ سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، شېھىد بولدۇم دەيدۇ، ئاللاھ: يالغان سۆزلىدىڭ، سەن كىشىلەر سېنى باتۇر، قەھرىمان دېسۇن دەپ ئۇرۇش قىلدىڭ، بۇ ئۇنۋان ساڭا بېرىلىپ، بۇ سۆزلەر دىيىلىپ بولدى دەيدۇ، ئاندىن ئۇ دوۋزاخقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇ يۈزىچە سۆرۈلۈپ، دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئىلىم ئۆگىنىپ، ئىلىم ئۆگىتىپ، قۇرئان ئوقۇغان كىشى بولۇپ، بۇمۇ ھۆكۈم مەيدانىغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ نىئمەتلىرىنى تونۇتقاندىن كېيىن، سەن بۇ نىئمەتلەردە قانداق ئەمەل قىلدىڭ؟ دېسە، ئۇ

ئى ئاللاھ، مەن سىلىنىڭ رازىلىقلىرى ئۈچۈن ئىلىم ئىلىپ، ئىلىم ئۆگىتىپ، قۇرئان ئوقۇدۇم دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىدىڭ، سەن ئۆزۈڭگە ئالىم دېيىلسۇن، قارى دېيىلسۇن ئۈچۈن ئىلىم ئىلىپ، ئىلىم بىرىپ، قۇرئان ئوقۇدۇڭ، بۇلار ساڭا دېيىلىپ بولدى، بىرىلىپ بولدى دەپ ئاندىن ئۇنى دوۋزاخقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇ يۈزىچە سۆرىلىپ، دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئۈچىنچىسى بولسا، ئاللاھ مال ــ دۇنياسىنى كەڭرى ئاتاقىلغان، مال ــ دۇنيانىڭ بارلىق تۈرلىرىنى، ھەر خىللىرىنى بەرگەن كىشى بولۇپ، بۇمۇ مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ نىئمەتلەرنى تونۇتسا، ئۇ تونۇيدۇ، ئاندىن، سەن بۇ نىئمەتلەردە قانداق ئەمەل قىلدىڭ دىسە، ئۇ، ئى ئاللاھ، سىلىنىڭ رازىلىقلىرى ئۈچۈن، سىلى چىقىم قىلىنىشنى، خەژلەشنى ياخشى كۆرىدىغان بارلىق يوللارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي خەژلىدىم، نەپىقە، سەدىقە قىلدىم دەيدۇ، ئاللاھ يالغان سۆزلىدىڭ، سەن ئۇ ماللارنى رىيا قىلىپ، باشقىلار سىنى سېخى دەپ قالسۇن ئۈچۈن، سېخى دىگەن نامغا ئىرىشىش ئۈچۈن خەژلىدىڭ، بۇمۇ ساڭا دېيىلىپ بولدى دەيدۇ، ئاندىن ئۇمۇ دوۋزاخقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇمۇ يۈزىچە سۆرۈلۈپ، دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستە رىياخور، شۆھرەتپەرەس، مەنمەنچى، خەخ دەپ ئىش قىلىدىغان، يالغان شېھىد، تاماخور داموللا، رىياخور سېخى دوۋزاخقا ھۆكۈم قىلىندى، بۇ قىلمىشلار ھارام ئىكەن، چۈنكى، ئازاب بىرىلىدى.

**206 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن عبدالله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله لا يقبض العلم انتزاعا ينتزعه من العباد ولكن يقبض العلم بقبض العلماء حتى إذا لم يبق عالما اتخذ الناس رءوسا جهالا فسئلوا فأفتوا بغير علم فضلوا وأضلوا "**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:
ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بەندىلىرىدىن ئىلىۋالماقچى بولغان ئىلىمنى ئالدىراپ بىراقلا سەۋەبسىز ئىلىۋالمايدۇ، لېكىن، ئىلىمنى ئالىملارنى ئىلىپ كېتىش بىلەن ئىلىۋالىدۇ، ھەتتا، بىر دانە ئالىمنىمۇ قويمايدۇ ــدە، كىشىلەر نادان، ئىلىمسىز كىشىلەرنى ئۆزىگە باشلىق، رەئىس، ئىمام قىلىۋالىدۇ، ئۇلاردىن سۇئال سورالسا، ئىلىمسىز پەتىۋا بىرىپ، ئۆزىمۇ ئازىدۇ، كىشىلەرنىمۇ ئازدۇرۇپ، زالالەتتە قويىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم، بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**207 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن شقيق : كان عبدالله يذكر الناس في كل خميس فقال له رجل يا أبا عبدالرحمن لوددت أنك ذكرتنا كل يوم قال أما إنه يمنعني من ذلك أني أكره أن أملكم وإني أتخولكم بالموعظة كما كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يتخولنا ا مخافة السآمة علينا**

شۇقەيق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە ھەر پەيشەمبە كۈنى ۋەز۔نەسىھەت قىلاتتى.بىر كىشى ئۇنىڭغا؛ئى ئەبۇ ئابدۇررەھمان!مەن سىنىڭ بىزگە ھەر كۈنى ۋەز۔نەسىھەت قىلىشىڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن دىدى.ئابدۇللاھ؛ مىنى شۇنداق قىلىشتىن سىلەرنى زىركتۇرۇپ قۇيۇشنى ياقتۇرماسلىقىم تۇسۇپ قويىدۇ، خۇددى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇشەققەت چۈشۈپ زىرىكىپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەپ،بىزگە ئايرىم ۋاقىت بەلگىلەپ بەرگەندەك، مەنمۇ سىلەرگە ۋەز۔نەسىھەت قىلىشقا ئايرىم ۋاقىت بەلگىلەپ بىرىپ ، شۇۋاقىتتقارۇئايە قىلىمەن دىدى. بۇخارى،مۇسلىم،

**208 - [ 11 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا تكلم بكلمة أعادها ثلاثا حتى تفهم عنه وإذا أتى على قوم فسلم عليهم سلم عليهم ثلاثا " . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سۆزنى قىلىپ قالسا، شۇ سۆزنى چۈشەندۈرگەنگە، باشقىلار چۈشەنگەنگە قەدەر ئۈچ قېتىم قايتىلايتتى، بىرەر قەۋمگە كېلىپ، ئۇلارغا سالام قىلىپ قالسا، ئۇلارغا ئۈچ قېتىم سالام قىلاتتى. (يەنى ئاڭلىمىسا ياكى بىرنى ئىزنى رۇخسەت سوراشقا، بىرنى كىرگەندە كۆرۈشكەندە، بىرنى بولسا خوشلاشقاندا) قىلاتتى. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**209 - [ 12 ] ( صحيح )عن أبي مسعود الأنصاري قال جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال إني أبدع بي فاحملني فقال ما عندي فقال رجل يا رسول الله أنا أدله على من يحمله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من دل على خير فله مثل أجر فاعله " . رواه مسلم**

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ مىنىڭ ئۇلۇغۇم ئۈزۈلۈپ قېلىپ،سەير قىلىشتىن توختاپ قالدىم،مىنى بىرەر ئۇلاغقا مىندۈرۈۋالغان بولسىلا دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛مىنىڭ سىنى ئېلىۋالغۇدەك ھىچ نەرسەم يوق دىدى.ئاندىن بىر كىشى؛ئى رەسۇلەالله!مەن ئۇنىڭغا، ئۇنى ئېلىۋالىدىغان كىشىنى كۆرسۈتۈپ قويااي دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر ياخشىلىققا دالالەت قىلىپ كۆرسىتىپ قويسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ ياخشىلىقنى قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**210 - [ 13 ] ( صحيح )وعن جرير قال : ( كنا في صدر النهارعند رسول الله صلى الله عليه وسلم فجاءه قوم عراة مجتابي النمار أو العباء متقلدي السيوف عامتهم من مضر بل كلهم من مضر فتمعر وجه رسول الله صلى الله عليه وسلم لما رأى م من الفاقة فدخل ثم خرج فأمر بلالا فأذن وأقام فصلى ثم خطب فقال : ( يا أيها الناس اتقوا ربكم الذي خلقكم من نفس واحدة )إلى آخر الآية ( إن الله كان عليكم رقيبا )والآية التي في الحشر ( اتقوا الله ولتنظر نفس ما قدمت لغد )**

**تصدق رجل من ديناره من درهمه من ثوبه من صاع بره من صاع تمره حتى قال ولو بشق تمرة قال فجاء رجل من الأنصار بصرة كادت كفه تعجز عنها بل قد عجزت قال ثم تتابع الناس حتى رأيت كومين من طعام وثياب حتى رأيت وجه رسول الله صلى الله عليه وسلم يتهلل كأنه مذهبة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سن في الإسلام سنة حسنة فله أجرها وأجر من عمل ا من بعده من غير أن ينقص من أجورهم شيء ومن سن في الإسلام سنة سيئة كان عليه وزرها ووزر من عمل ا من بعده من غير أن ينقص من أوزارهم شيء " . رواه مسلم**

جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز ئەتىگەن تەرەپتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، يىلپىز تىرىسىدەك سىزىقلىق كاسايا ياكى جۇۋا كىيىۋالغان،قىلىچ ئاسقان بىر تۈركۈم كىشىلەر كەلدى،ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇزەر قەبىلىسىدىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ قاتتىق پېقىرلىقنى كۆرۈپ، چىرايى ئۆڭۈپ يۈزى ئۆزگۈرۈپ كەتتى.ئاندىن ئۆيىگە كىرىپ چىقىپ،بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەزان ـ تەكبىر تولاشقا بۇيرىدى،نامازدىن كىيىن خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دىگەن: ئى ئىنسانلار!، سىلەرنى بىر ئىنساندىن يەنى ئادەمدىن ياراتقان، شۇ ئىنساندىن يەنى ئۇنىڭ جىنسىدىن ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر ـــ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـــ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا، نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھدىن قورقۇڭلار، سىلە ـــ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشدىن ساقلىنىڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرنى كۈزۈتۈپ تۇرغۇچىدۇر. (سۈرە نىسائ بىرىنچى ئايەت) ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ھەربىر جان ئىگىسى بولغان ئىنسان، ئەتىگە يەنى قىيامەت كۈنىگە نىمىنى تەقدىم قىلىپ تەييارلىغىنىغا قارىسۇن، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر»، ئاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كىشىلەر ئالتۇن

ــ كۈمۈش، كىيىم ــ كېچەك، بۇغداي ــخورمىلارنى سەدىقە ــ ئېھسان قىلىپ كەتتى. ھەتتا يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار دېيىشتى،ئەنساردىن بىر كىشى لىق بىر بوخچا ئالتۇن ـ كۈمۈشنى كۆتىرىپ كەلدى،ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن قولى كۆتىرەلمىگىلى تاس ـ تاس قالاتتى، ئاندىن كىشىلەر كەينى ـ كەينىدىن سەدىقە ــ ئېھسان قىلىشقاباشلىدى.ھەتتا مەن يېمەك ـ ئىچمەك،كىيىم ــ كېچەكتىن ئىككى دۆۋە كۆردۈم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىنىڭ خۇددى ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىپ قويغاندەك،تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ كەتكىنىنى كۆردۈم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇچاغدامۇنداق دېگەن: كىم ئىسلام دىنى ئىچىدە ياخشى سۈننەت قالدۇرسا، ياكى ئۈلۈپ يوقاپ كەتكەن سۈننەتنى تىرىلدۈرسە، ئۇ كىشىگە شۇ ئىشنىڭ ئەجرى ۋە شۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئەجرىلىرىدىن ھېچنەرسە كاملىتىلماستىن تولۇق ئوخشاش بېرىلىدۇ، كىم دەل ئەكسىچە يامان سۈننەت، بىدئەت قالدۇرسا بۇ كىشىگىمۇ شۇنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ يامان سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرى ھېچنەرسە كاملىماستىن ئوخشاش يېزىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**211 - [ 14 ] ( متفق عليه )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقتل نفس ظلما إلا كان على ابن آدم الأول كفل من دمها لأنه أول من سن القتل " . وسنذكر حديث معاوية : " لا يزال من أمتي " في باب ثواب هذه الأمة إن شاء الله تعالى**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر جان ئىگىسى يەنى ئىنسان، زۇلۇم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ قېنىدىن، ئۆلتۈرۈلگەن خۇن جىنايەتتىن بىر كىشىلىك نېسىۋە ئادەمنىڭ تۇنجى قاتىل بالىسىغا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قاتىللىقنى تۇنجى بولۇپ يولغا قويغان، يامان سۈننەت قالدۇرغان، جىنايەتچىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**212 - [ 15 ] الفصل الثاني ( حسن ) عن كثير بن قيس قال كنت جالسا مع أبي الدرداء في مسجد دمشق فجاءه رجل فقال يا أبا الدرداء إني جئتك من مدينة الرسول صلى الله عليه وسلم لحديث بلغني انك تحدثه عن الرسول صلى الله عليه وسلم ما جئت لحاجة قال فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول من سلك طريقا يطلب فيه علما سلك الله به طريقا من طرق الجنة وإن الملائكة لتضع أجنحتها رضا لطالب العلم وإن العالم يستغفر له من في السموات ومن في الأرض والحيتان في جوف الماء وإن فضل العالم على العابد كفضل القمر ليلة البدر على سائر الكواكب وإن العلماء ورثة الأنبياء وإن الأنبياء لم يورثوا دينارا ولا درهما وإنما ورثوا العلم فمن أخذه أخذ بحظ وافر " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي وسماه الترمذي قيس بن كثير**

كەسىرئىبنى قىيس رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن دىمىشەق مەسجىدىدە ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇبىلەن بىللە ئولتۇرغان ئىدىم،ئۇنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ:ئى ئەبۇ دەردائى!مەن سىنىڭ قېشىڭغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەھرىدىن ماڭا يەتكەن بىر ھەدىسىنىڭ جەھتىدىن كەلدىم،ئۇھەدىسنى سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سۆزلەيتىكەنسەن،مەن ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر ھاجەت ئۈچۈن كەلمىدىم دېدى، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: كىم ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان يولغا يول سالسا، يەنى شۇ يولغا ماڭسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتنىڭ يوللىرىدىن بىر يولغا سېلىپ قويىدۇ، ھەقىقەتەن پەرىشتىلەر ئىلىم

تەلەپ قىلغۇچى ئۇقوغۇچىغا، ئۇنىڭ ئىشىدىن رازى بولۇپ، قاناتلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ، تۆۋەن تۇتۇپ تۇرىدۇ، ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، ھەقىقەتەن ئالىم، مۇئەللىم ئۈچۈن ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى كىشىلەر ۋە سۇ ئىچىدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت سورايدۇ، ئالىمنىڭ، ئىبادەت بىلەنلا ئۆتىدىغان ئابىد ئۈستىدىكى پەزىلىتى، خۇددى باشقا يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدىكى 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ پەزىلىتىگە ئوخشايدۇ، ھەقىقەتەن ئۆلىمالار، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر، پەيغەمبەرلەر ئالتۇن ــ كۈمۈش مىراس قالدۇرمايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇلار دىننى، ئىلىمنى مىراس قالدۇرىدۇ، كىم ئىلىمنى ئالسا، نېسىۋىسىنى تولۇق، كامىل ئالغان بولىدۇ. (ئالىملارمۇ ئالتۇن ــ كۈمۈشنى ئەمەس، بەلكى، ئىلىمنى، دىننى مىراس ئالىدۇ، ھەم مىراس قالدۇرىدۇ،بۇ جايدىكى ئابىتنىڭ ئىبادىتى نەپلە ئىبادەتتۇر). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە يەنى تۆت كىتاب،دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

ئىلىمنىڭ پەزىلىتى بۇنىڭدىن ئارتۇق بايان قىلىنماس،

پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى بولۇشىدىن ئارتۇق پەزىلەت بولماس،

ئەمما، ئۇنچە ئاسان ئەمەس بۇ مىراسنى ئالماق،

ئالىمەن دېگەن ئىرادىلىك كىشى ئالالماي قالماس.

**213 - [ 16 ] ( حسن )وعن أبي أمامة الباهلي قال : " ذكر لرسول الله صلى الله عليه وسلم رجلان أحدهما عابد والآخر عالم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فضل العالم على العابد كفضلي على أدناكم " ثم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله وملائكته وأهل السماوات والأرض حتى النملة في جحرها وحتى الحوت ليصلون على معلم الناس الخير " . رواه الترمذي وقال حسن غريب**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىككى كىشى تىلغا ئېلىندى ، بىرى ئابىد،يانابىرى ئالىم ئىدى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالىمنىڭ ئابىد ئۈستىدىكى پەزىلىتى بولسا، خۇددى سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋىدىكى كىشىڭلارنىڭ ئۈستىدىكى مېنىڭ پەزىلىتىمگە ئوخشايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ۋە پەرىشتىلىرى ئاسمانلار ئەھلى، زېمىن ئەھلى، ھەتتا ئۆز ھۇجرىسىدىكى، ئۇۋىسىدىكى چۈمۈلە، دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگەتكەن، ئۇلارنىڭ مۇئەللىمىگە، ئۇقۇتقۇچىسىغا رەھمەت يوللاپ مەغپىرەت سورايدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**214 - [ 17 ] ( حسن )ورواه الدارمي عن مكحول مرسلا ولم يذكر : رجلان وقال : فضل العالم على العابد كفضلي على أدناكم ثم تلا هذه الآية : ( إنما يخشى الله من عباده العلماء )وسرد الحديث إلى آخره**

مەكھۇل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالىمنىڭ ئابىد ئۈستىدىكى پەزىلىتى بولسا، خۇددى سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋىدىكى كىشىڭلارنىڭ ئۈستىدىكى مېنىڭ پەزىلىتىمگە ئوخشايدۇ،ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقىدى«الله دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.»ئاخىرغىچە.دارىمى.

**215 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الناس لكم تبع وإن رجالا**

يأتونكم من أقطار الأرض يتفقهون في الدين فإذا أتوكم فاستوصوا م خيرا " . رواه الترمذي

ئەبى سەئىدلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن كىشلەر سىلەرگە ئەگىشىدۇ، سىلەرگە زىمىننىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىن نۇرغۇن ئەرلەر دىندا فىقھى قىلشى ئۈچۈن كىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار كەلسە، ياخشىلىقنى ۋەسىيەت قىلىڭلار دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى توپلىغان، مشكات 215 ـ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

216 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : الكلمة الحكمة ضالة الحكيم فحيث وجدها فهو أحق ا رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي هذا حديث غريب وإبراهيم بن الفضل الراوي يضعف فيالحديث

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھېكمەتلىك سۆز، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ھەكىمنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسى بولۇپ، ئۇ نەدە تاپسا ئۆزى لايىقتۇر دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، مشكات 216 ـ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

217 - [ 20 ] ( موضوع )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فقيه واحد أشد على الشيطان من ألف عابد " . رواه الترمذي وابن ماجه )

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر فىقھىشۇناس ئالىم، شەيتانغا 1000 ئابىدىتتىنمۇ قاتتىق چىڭ تۇرىدۇ دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى يالغان دىگەن. يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا راستىنلا بۇ ھەدىس باردۇر.

218 - [ 21 ] ( حسن )وعن أنس بن مالك قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " طلب العلم فريضة على كل مسلم وواضع العلم عند غير أهله كمقلد الخنازير الجوهر واللؤلؤ والذهب " . رواه ابن ماجه وروى البيهقي في شعب الإيمان إلى قوله مسلم . وقال : هذا حديث متنه مشهور وإسناده ضعيف وقد روي من أوجه كلها ضعيف

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىلىم تەلەپ قىلىش، ھەربىر مۇسۇلمانلىنىڭ ئۈستىگە پەرىزدۇر،ئىلىمنى ئىلىم ئەھلىنىڭ غەيرىگە قويغۇچى،خۇددى توڭگۇزنىڭ بوينىغا ئالتۇن، جاۋاھىرات، گۆھەر ـ مارجان، ئېسىپ قويغۇچىغا ئوخشايدۇ. ئىبنى ماجە،بەيھەقى توپلىغان ھەسەن.

219 - [ 22 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خصلتان لا تجتمعان في منافق : حسن سمت ولا فقه في الدين " . رواه الترمذي

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى خىسلەت ئىش، مۇناپىقتا بىرلەشمەيدۇ، بىرى ياخشى ئەخلاق، يەنە بىرسى دىندا فىقھى بولۇش، بۇ ھەدىسنىمۇ تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

220 - [ 23 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من خرج في طلب العلم فهو في سبيل الله حتى يرجع " . رواه الترمذي والدارمي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىلىم تەلەپ قىلىپ چىقسا، ئۇ تا قايتىپ كەتمىگىچە ئاللاھ يولىدا بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى، دارمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى تەكشۈرۈپ، زەئىپ دىگەن.

**221 - [ 24 ] ( ضعيف )وعن سخبرة الأزدي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من طلب العلم كان كفارة لما مضى " . رواه الترمذي والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث ضعيف الإسناد وأبو داود الراوي يضعف**

سەخبەرەتىلئەزەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىلىم تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۆتكەنكى گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى، دارمى خاتىرلىگەن،تىرمىزى بىلەن ئەبۇداۋۇدزەئىپ دىدى. ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**222 - [ 25 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لن يشبع المؤمن من خير يسمعه حتى يكون منتهاه الجنة " . رواه الترمذي**

ئەبى سەئىيدىلخۇردى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن تا ئىنتىھاسى جەننەت بولغاغا قەدەر ياخشىلىقتا تويمايدۇ دىگەن ھەدىسنىمۇ تىرمىزى خاتىرلىگەن، مشكات 222 ــ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللانىڭ، تىرمىزىنى، ئەبۇ داۋۇدنى، ئىبنى ماجەنى تەكشۈرۈپ بەرگەن باھا ۋە ھۆكۈملىرىگىمۇ قاراپ قويۇڭ.

**223 - [ 26 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سئل عن علم علمه ثم كتمه ألجم يوم القيامة بلجام من نار " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمدىن ئۇ بىلىدىغان بىرەر ئىلىم توغرىسىدا سورالسا، ئاندىن ئۇ بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە ئوتتىن يۈگەن سالىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ. ھازىر سورايدىغانلار يوقاپ كەتتى، سورىمىسىمۇ دەپ بېرىڭلار، چۈنكى، يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىڭلار.

**224 - [ 27 ] ( صحيح )ورواه ابن ماجه عن أنس**

**225 - [ 28 ] ( ضعيف )وعن كعب بن مالك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من طلب العلم ليجاري به العلماء أو ليماري به السفهاء أو يصرف به وجوه الناس إليه أدخل الله النار " . رواه الترمذي**

كەئبە ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىلىمنى ئالىملار بىلەن مۇنازىرلىشىش ئۈچۈن، نادانلار بىلەن داۋالىشىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا كىرگۈزىدۇ دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.بۇخىل ھەدىسنىڭ سەھىسىمۇ باردۇر.

**226 - [ 29 ] ( ضعيف )ورواه ابن ماجه عن ابن عمر**

**227 - [ 30 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تعلم علما مما يبتغى به وجه الله لا يتعلمه إلا ليصيب به عرضا من الدنيا لم يجد عرف الجنة يوم القيامة . يعني ريحها  رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىلىم ئېلىشتا ئاللاھنىڭ جامالى، رازىلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمدىن بىر ئىلىمنى، پەقەت مۇشۇ دۇنيادىن بىرەر نەرسىگە يېتىش ئۈچۈنلا ئۆگەنسە، ئۇ قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇريالمايدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پۇرىقى 500 يىللىق مۇساپە يىراقتىن تېپىلىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم تويلىغان، سەھىھ.

**228 - [ 31 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نضر الله عبدا سمع مقالتي فحفظها**

ووعاها وأداها فرب حامل فقه غير فقيه ورب حامل فقه إلى من هو أفقه منه . ثلاث لا يغل عليهن قلب مسلم إخلاص العمل لله والنصيحة للمسلمين ولزوم جماعتهم فإن دعوهم تحيط من ورائهم " . رواه الشافعي والبيهقي في المدخل

جۇبەير، زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۇنى قەلبىدە يادا ئېلىپ، مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ، ئاندىن ئۇنى ئاڭلىمىغان كىشىگە يەتكۈزۈپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان كىشىنىڭ، ئاللاھتائالا مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ، نېمەت ئاتا قىلىدۇ، يۈزىنى نۇرلۇق، گۈزەل قىلىدۇ، كۆپىنچە فىقھىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەر، ئۆزى ئالىم ئەمەس، كۆپىنچە كىشىلەر فىقھىنى ئۆزدىن ئالىمراق كىشىلەرگە ئاڭلاپ يەتكۈزىدۇ. ئۈچ نەرسىگە مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبى خىيانەت قىلمايدۇ، ھەقدە ـ ھەسەد قىلمايدۇ. بىرى، ئەمەلنى ئاللاھقىلا ئىخلاس قىلىشتۇر، خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشتۇر. ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلارئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىماملىرىغا ۋالىيلىرىغا نەسىھەت قىلىشتۇر.
ئۈچىنچىسى، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇشتۇر، چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەئۋىتى، چاقىرقى ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ، قوغداپ، قورشاپ تۇرىدۇ، (ئېزىشىدىن، ئايرىلىپ كېتىشىدىن، توپىدىن ئايرىلىپ شەيتاندەك بۆرىگە يەم بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ). تىرمىزى 2582 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 226 ھەدىس، ئەھمەد 12871 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم،شاپىئى،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

229 - [ 32 ] ( صحيح )ورواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي عن زيد بن ثابت . إلا أن الترمذي وأبا دواد لم يذكرا : " ثلاث لا يغل عليهن " . إلى آخره بۇ ھەدىس يۇقىرقىسى شۇدۇر.

230 - [ 33 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " نضر الله امرأ سمع منا شيئا فبلغه كما سمعه فرب مبلغ أوعى له من سامع " . رواه الترمذي وابن ماجه

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزدىن بىرەر نەرسە ئاڭلاپ ئۇنى ئاڭلىغاندەكلا ئۆزگەرتمەي يەتكۈزگەن كىشىگە، ئاللاھ نېمەت ئاتا قىلىدۇ. يۈزىنى نۇرلۇق گۈزەل قىلىدۇ، كۆپىنچە ھەدىس يەتكۈزۈلگەن كىشى، ھەدىسنى ئاڭلىغۇچىدىن يادا ئالغاقراق كېلىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە،ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

231 - [ 34 ] ( صحيح )ورواه الدارمي عن أبي الدرداء

232 - [ 35 ] ( صحيح )وعن ابن عباس رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اتقوا الحديث عني إلا ما علمتم فمن كذب علي متعمدا فليتبوأ مقعده من النار " . رواه الترمذي

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:(مەندىن ھەدىس سۆزلەشتىن ھەزەر قىلىڭلار.لېكىن بىلگىنىڭلارنى سۆزلەڭلار.) كىم ماڭا، مەن دېمىگەننى دېدى دەپ قەستەن يالغان سۆزلىسە، (يەنى يالغان ھەدىس سۆزلىسە،) ئۇ ئۆزئۆزىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ دېيىلگەن).
بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، تەبرانى، خەتىيبۇلبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى سائىد، ئەبۇ مەسئۇد، بەزار، ئىبنى ئەدى، ئەبۇ نۇئەيىم، ئىبنى قانىئ، ھاكىم مەدخەلدە، ئۇقەيلى، ئىبنى جەۋزى، دارمى قاتارلىق 22 كىتاب، ئەنەس، زۇبەير، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەلى، جابىر، ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى، ئىبنى مەسئۇد، خالىد ئىبنى ئەرخەت، زەيد ئىبنى ئەرقەم، سەلەمەت، ئۇقبەت، مۇئاۋىيە، سائىب، سەلمان، خالىد خۇزائى، سۇھەيب، تارىق، تەلھە، ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، ئۇتبەت، ئەرىس، ئەممار، ئىمران، ئەمرۇ ئىبنى ھەرىس، ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت، ئەمرۇ ئىبنى مۇررەت، مۇغەيرە، يەئلا، ئەبۇ ئۇبەيدە، ئەبۇ مۇسا، بەررائى، مۇئاز، نەبىيتە، ئەبۇ مەيمۇنە، ئەبۇرەمسە، ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ راپىئ، ئۇممە

ئەيمەن، سەلمان پارىسى، ئەبۇ ئۇمامە، راپىئئىبنى خەدىچە، يەزىيد، ئائىشە، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، سەئىد ئىبنى ۋەققاس، هۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيىد، هۇزەيفە ئىبنى يەماني، ئوسمان، سەئىد ئىبنى زەيىد، ئۇسامە، بۇرەيدە، سەپيىنە، ئەبۇ قەتادە، جۇندۇئ، سەئىد ئىبنى مىدهاس، ئابدۇللاھ ئىبنى زەغبى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، ئەففان، غەزۋان، ئەبۇ كەبشە، ئەبۇ زەر، غاپقى قاتارلىق 68 ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىردۇر. ئەڭ ئىشەنچىلىك ھەدىسدۇر. مۇتىۋاتىر ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ.

233 - [ 36 ] ( صحيح )ورواه ابن ماجه عن ابن مسعود وجابر ولم يذكر : " اتقوا الحديث عني إلا ما علمتم "

234 - [ 37 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال في القرآن برأيه فليتبوأ مقعده من النار " . وفي رواية : " من قال في القرآن بغير علم فليتبوأ مقعده من النار " رواه الترمذي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قۇرئانغا ئۆز كۆز قارىشى بىلەن سۆز قىلسا، يەنە بىر خاتىرىدە ئىلىمسىز سۆز قىلسا، ئۇ دوۋزاخدىن ئورۇن ئالسۇن دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

235 - [ 38 ] ( ضعيف )وعن جندب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال في القرآن برأيه فأصاب فقد أخطأ " . رواه الترمذي وأبو داود

جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قۇرئانغا ئۆز كۆز قارىشى بىلەن سۆز قىلىپ توغرا قىلغان بولسىمۇ، خاتالاشقان بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

236 - [ 39 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المراء في القرآن كفر " . رواه أحمد وأبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئاندا جىدەل ــ ماجرا، ئىختىلاپ قىلىش يەنى قۇرئان توغرىسىدا جىدەل ــ ماجرا، ئىختىلاپ، دە ــ تالاش قىلىش، كۇپرىلىقتۇر.( يەنى دىندىن ئىسلام مىللىتىدىن چىقىرىۋېتىدىغان ياكى يەڭگىل بولغاندا، نىئمەتكە، كۇپرىلىقتۇر.) ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم ،ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

237 - [ 40 ] ( حسن )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : سمع النبي صلى الله عليه وسلم قوما يتدارؤون في القرآن فقال : " إنما هلك من كان قبلكم بهذا : ضربوا كتاب الله بعضه ببعض وإنما نزل كتاب الله يصدق بعضه بعضا فلا تكذبوا بعضه ببعض فما علمتم منه فقولوا وما جهلتم فكلوه إلى عالمه " . رواه أحمد وابن ماجه

ئەمرۇئىبنى شۇئەيبىنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ قۇرئان توغرىسىدا جىدەل ـ ماجرا ، ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ مۇنداق دىگەن؛ ھەقىقەتەن سىلەردىن ئىلگىركى كىشىلەر مۇشۇ ئىختىلاپ سەۋەبىدىن ھالاك بولۇپ كەتكەن،ئۇلار الله نىڭ كىتابىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە ئۇرۇپ ، سوقۇشتۇرۇپ ئىختىلاپلاشقان ئىدى.ھەقىقەتەن الله نىڭ كىتابى بەزىسى بەزىسنى تەستىقلاپ چۈشكەندۇر.سىلەر ئۇنىڭ بەزىسى بىلەن بەزىسنى ئىنكار قىلماڭلار، بىلگىنىڭلارنى دەڭلار،بىلەلمىگىنىڭلارنى ئۇنىڭ ئالىمغا تاپشۇرۇڭلار.ئەھمەد ،ئىبنى ماجە توپلىغان ھەسەن.

238 - [ 41 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنزل القرآن على سبعة أحرف

**لكل آية منها ظهر وبطن ولكل حد مطلع " رواه في شرح السنة**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن؛ قۇرئان يەتتە ھەرىپكە ئاساسەن نازىل قىلىندى.قۇرئاننىڭ ھەر بىر ئايىتى ئۈچۈن (نەقلى بايان قىلىپ بىرىدىغان)ئۇچۇق ـ ئاشكارامەنىسى ۋە (تەئۋىل بىلەن بايان قىلىنىدىغان )يۇشۇرۇن مەنىسى باردۇر.(ئاشكارا ـ يۇشۇرۇن مەنىسىنى ئېتىبارغا ئالىدىغان)چەك ـ چېگرا ۋە ئاشكارابولىدىغان باشلىنىش ئورنى باردۇر. (قۇرئان يەتتە خىل تاۋۇش ئىئراپ بىلەن ئوقۇلاتتى، ھازىر ئوسمان نۇسخىسى بىلەنلا ئوقۇلىدۇ، تەپسىرتەبىردىن)، شەرھىسسۇننى.

**239 - [ 42 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " العلم ثلاثة : آية محكمة أو سنة قائمة أو فريضة عادلة وما كان سوى ذلك فهو فضل " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ئىلىم دىگەن ئۈچ. ئېنىق بولغان مۇھكەم بولغان ئايەت، بەرپا بولغان سۈننەت، يەنە بىرسى، پەرىزدۇر. ئۇنىڭدىن ئارتۇقى ئوشۇقتۇر ياكى پەزىلەتتۇر دىگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن،ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**240 - [ 43 ] ( صحيح )وعن عوف بن مالك الأشجعي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يقص إلا أمير أو مأمور أو مختال " . رواه أبو داود**

ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەتلىك خەۋەرلەرنى تارىخ قىسسىسىنى پەقەت ئەمىر، خەلىپە ياكى ئۇ رۇخسەت قىلغان، بۇيرۇلغان كىشى سۆزلەپ بېرىدۇ ياكى پەخرىخور، رىياكەش، مەنمەنچى سۆزلەپ كېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3180 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22849 ـ ھەدىس، سەھىھ

**241 - [ 44 ] ( ضعيف )ورواه الدارمي عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده وفي روايته اومراء بدل " أو مختال "**

**242 - [ 45 ] ( حسن )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أفتي بغير علم كان إثمه على من أفتاه ومن أشار على أخيه بأمر يعلم أن الرشد في غيره فقد خانه " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمگە ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىلسە، ئۇنىڭ گۇناھى، شۇ خاتا پەتىۋا بەرگۈچىگە بولىدۇ، كىم قېرىندىشىغا توغرا يولنىڭ باشقا ئىشتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، خاتا ئىشنى كۆرسىتىپ قويسا، جەزمەن ئۇ قېرىندىشىغا خىيانەت قىلغان خائىن بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**243 - [ 46 ] ( ضعيف )وعن معاوية قال : إن النبي صلى الله عليه وسلم نى عن الأغلوطات . رواه أبو داود**

مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇغلۇتاتتىن يەنى غەلەت سۆزلەشتىن توسقان دىگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**244 - [ 47 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تعلموا الفرائض والقرآن وعلموا الناس فإني مقبوض " . رواه الترمذي**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن. پەرائىز مىراس ئىلمىنى ۋە قۇرئاننى ئۆگىنىڭلار، كىشىلەرگە ئۆگىتىڭلار، ھەققەتەن مەن بۇ دۇنيادىن كېتىمەن دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**245 - [ 48 ] ( صحيح )وعن أبي الدرداء قال : كنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فشخص ببصره إلى السماء ثم قال : " هذا أوان يختلس فيه العلم من الناس حتى لا يقدروا منه على شيء " . رواه الترمذي**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاسمانغا بىر قاراپ قويۇپ مۇنداق دېگەن: مانا بۇ كىشىلەردىن ئىلىم، يەنى دىنى ئىلىم ئېلىۋېلىنىدىغان ۋاقىتتۇر، تاكى ئۇلار ئىلىمدىن ھېچ نەرسىگە قادىر بولالمايدۇ،تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**246 - [ 49 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رواية : " يوشك أن يضرب الناس أكباد الإبل يطلبون العلم فلا يجدون أحدا أعلم من عالم المدينة " . رواه الترمذي في جامعه . قال ابن عيينه : إنه مالك بن أنس ومثله عن عبد الرزاق قال إسحق بن موسى : وسمعت ابن عيينه أنه قال : هو العمري الزاهد واسمه عبد العزيز بن عبد الله**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كىشىلەر تۆگىلەرگە مىنىپ، ئىلىم تەلەپ قىلىشى مۇمكىن، ئۇلار مەدىنىنىڭ ئالىمدىن ئالىمراق بىرەر كىشىنى تاپالمايدۇ دېگەن ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**247 - [ 50 ] ( صحيح )وعنه فيما أعلم عن رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله عز وجل يبعث لهذه الأمة على رأس كل مائة سنة من يجدد لها دينها " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاللاھتائالا بۇ ئۈممەت ئۈچۈن ھەر 100 يىلنىڭ بېشىدا، بۇ ئۈممەتنىڭ ئىسلام دىنىنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان كىشىنى ئەۋەتىدۇ، (ئۇ ئىسلام دىنىغا ياردەم بېرىدۇ، خىزمەت قىلىدۇ) ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار ھىجرىيە 101 ــ يىللىرى خەلىپە سايلانغان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى، دىنىي يېڭىلىغۇچى تۇنجى ئەۋەتىلگەن كىشى، ئادىللىقنى بەرپا قىلغۇچى كىشى دېيىشتى،

**248 - [ 51 ] ( صحيح )وعن إبراهيم بن عبد الرحمن العذري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يحمل هذا العلم من كل خلف عدوله ينفون عنه تحريف الغالين وانتحال المبطلين وتأويل الجاهلين " . رواه البيهقي**

ئىبراھىيم رەھمەھۇللادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:بۇ دىننى ئىلىمنى ھەربىر ئىزباسارلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك ئادىللىرى ئالىدۇ،ئۇلار ئۇنىڭدىن ھەددىدىن ئاشقان بىدئەتچىلەرنىڭ ئۆزگەرتىشلىرىنى ، باتىللارنىڭ يالغان داۋالىرىنى ، جاھىللارنىڭ خاتا چۈشەنچىللىرىنى يۇقتۇپ تازلايدۇ. بەيھەقى خاتىرلىگەن سەھىھ.

**الفصل الثالث**

**249 - [ 52 ] ( ضعيف )عن الحسن مرسلا قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من جاءه الموت وهو يطلب العلم ليحيي به الإسلام فبينه وبين النبيين درجة واحدة في الجنة " . رواه ا لدارمي**

ھەسەن بەسىر رەھمەھۇللادىن مۇرسەل ھالدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىلىم تەلەپ قىلىۋاتقان كىشىگە ئۆلۈم كەلسە، ئۇ كىشى بىلەن پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا ئاران بىرلا دەرىجە قالىدۇ، دەرىجىسى شۇنداق يۇقىرى بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى، دارمى خاتىرلىگەن بولۇپ، مىشكات 249 ــ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىدى، ھەدىسنىڭ ئۆزىمۇ مۇرسەل ئىكەن.

**250 - [ 53 ] ( حسن )وعنه مرسلا قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن رجلين كانا في بني إسرائيل أحدهما كان**

**عالما يصلي المكتوبة ثم يجلس فيعلم الناس الخير والآخر يصوم النهار ويقوم الليل أيهما أفضل قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فضل هذا العالم الذي يصلي المكتوبة ثم يجلس فيعلم الناس الخير على العابد الذي يصوم النهار ويقوم الليل كفضلي على أدناكم " . رواه الدارمي**

ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھ مۇرسەل ھالدامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بەنى ئىسرائىل ئىچىدىكى ئىككى كىشى توغرىسىدا سورالدى،ئۇلارنىڭ بىرى پەرز نامازنى ئوقۇپلا ئولتۇرۇپ، كىشلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگىتىدىغان ئالىم ئىكەن،يانابىرسى كېچىسى ناماز بىلەن قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتىدىغان ئابىد ئىكەن، ئۇلارنىڭ قايسىسى ئەبزەل؟. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەرز نامازنى ئوقۇپلا ئاندىن ئولتۇرۇپ، كىشلەرگەياخشىلىقنى ئۆگىتىدىغان ئالىمنىڭ، كېچىسى ناماز بىلەن قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتىدىغان ئابىد ئۈستىدىكى پەزىلىتى بولسا، خۇددى سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋىدىكى كىشىڭلارنىڭ ئۈستىدىكى مېنىڭ پەزىلىتىمگە ئوخشايدۇ،دارىمى توپلىغان ھەسەن.

**251 - [ 54 ] ( موضوع )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم الرجل الفقيه في الدين إن احتيج إليه نفع وإن استغني عنه أغنى نفسه " . رواه رزين**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دىندا فىقھى شۇناس ئالىم بولغان ئەر نېمە دىگەن ياخشى. ئېھتىياج چۈشۈپ قالسا، مەنپەئەت بېرىدۇ، ئېھتىياج چۈشمىسە، بىھاجەت قىلىنسا، بىھاجەت بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى رەزىين خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى يالغان ھەدىس دىگەن،

**252 - [ 55 ] ( صحيح )وعن عكرمة أن ابن عباس قال : حدث الناس كل جمعة مرة فإن أبيت فمرتين فإن أكثرت فثلاث مرات ولا تمل الناس هذا القرآن ولا ألفينك تأتي القوم وهم في حديث من حديثهم فتقص عليهم فتقطع عليهم حديثهم فتملهم ولكن أنصت فإذا أمروك فحدثهم وهم يشتهونه وانظر السجع من الدعاء فاجتنبه فإني عهدت رسول الله صلى الله عليه وسلم وأصحابه لا يفعلون ذلك " رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكرەمەتكە مۇنداق دىگەن؛كىشلەرگە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە كۈنى ۋەز-نەسىھەت قىلىپ بەرگىن،ئەگەر ئۇنىمساڭ،ئىككى قېتىم،كۆپ بولغاندا ئۈچ قېتىم قىلىپ بەرگىن، كىشلەرنى بۇقۇرئاننى ئاڭلاشتىن زېرىكتۈرۈپ قويمىغىن،مەن سىنى كىشلەرگە بېرىپ،ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى قىلىشىۋاتسا ، سەن ئۇلارغا قىسسە سۆزلەپ ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويۇپ،ئۇلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان تېپىپ قالماي.لىكىن سەن جىم تۇرغىن،ئۇلارسىنى سۆزلەپ بېرىشكە بۇيرىسا،ئاندىن سۆزلەپ بەر. ۋەھالەنكى ئۇلار سۆزىڭنى ئىشتىھا بىلەن ئاڭلىسۇن،دۇئالارنىڭ قۇشاقلىرىغا قاراپ بېقىپ، ئۇنىڭدىن ھەزەرقىل. چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ساھابىللىرىنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى بىلىمەن.بۇخارى خاتىرلىگەن سەھىھ.

**253 - [ 56 ] ( ضعيف جدا )وعن واثلة بن الأسقع قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من طلب العلم فأدركه كان له كفلان من الأجر فإن لم يدركه كان له كفل من الأجر " . رواه الدرامي**

ۋاسىلەت ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، كىم، ئىلىم تەلەپ قىلىپ ئىلىمغا يېتەلىسە، ئۇنىڭغا ئىككى ئەجىر نېسىۋە بولىدۇ، ئەگەر ئىلىمغا يېتەلمىسە، بىر نېسىۋە بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى دارمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دىدى.

**254 - [ 57 ] ( حسن )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن مما يلحق المؤمن من عمله وحسناته**

بعد موته علما علمه ونشره وولدا صالحا تركه ومصحفا ورثه أو مسجدا بناه أو بيتا لابن السبيل بناه أو نهرا أجراه أو صدقة أخرجها من ماله في صحته وحياته يلحقه من بعد موته " . رواه بن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مۆئمىن كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئەمەللىرىدىن قوشۇپ قويۇلىدىغان، ئارقىسىدىن يېتىپ بارىدىغان ئەمەللەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئۇ كەڭ تارقاتقان ۋە تەلىم بەرگەن ئىلىمنىڭ ساۋابى.

2 ـ ئۇ ياخشى، سالىھ تەربىيلەپ قالدۇرغان بالا.

3 ـ ئۇ مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن قۇرئان كىتاب.

4 ـ ئۇ سېلىپ قويۇپ كەتكەن مەسجىدنىڭ ساۋابى.

5 ـ ئۇ سالغان مۇساپىرلار ئۆيى،يەنى غېرىبخانىنىڭ ساۋابى.

6 ـ ئۇ چاپقان، ياسىغان ئېرىق ــ ئۆستەڭلەرنىڭ ساۋابى.

7 ـ ئۇ ھايات چاغدا، ساق چاغدا ئۆز مال ــ دۇنياسىدىن چىقارغان سەدىقە جارىيەتنىڭ ساۋابى، بۇ ئەمەللەر ۋە ئۇنىڭ ساۋابلىرى، مۆئمىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئارقىسىدىن يەتكۈزۈلۈپ قوشۇپ قويۇلىدۇ، ئىبنى ماجە،بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

255 - [ 58 ] ( صحيح )وعن عائشة أنا قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله عز وجل أوحى إلى أنه من سلك مسلكا في طلب العلم سهلت له طريق الجنة ومن سلبت كريمتيه أثبته عليهما الجنة . وفضل في علم خير من فضل في عبادة وملاك الدين الورع " . رواه البيهقي في شعب الإيمان

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ماڭا مۇنداق ۋەھيى قىلدى، شەك ــ شۈبھىسىز، كىم ئىلىم تەلەپ قىلىپ، ئىلىم يولىغا يول سالسا، مەن ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىمەن، مەن كىمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىۋالغان بولسام، يەنى كور، ئەما قىلىپ قويسام، شۇ ئىككى كۆزنىڭ بەدىلگە ئۇنىڭغا جەننەتنى بېرىمەن، ئىلىمدىكى پەزىلەت، ئىبادەتتىكى پەزىلەتتىن ياخشىدۇر، دىننىڭ ئاساسلىق نىزامى، پۇت تىرەپ تۇرغۇچىسى، تەقۋالىقتۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

256 - [ 59 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : تدارس العلم ساعة من الليل خير من إحيائها . رواه الدارمي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كېچىدىن بىر سائەت دەرس ئوقۇش، شۇ كېچە پۈتۈن تۈنەگەندىن ياخشى دىگەن ھەدىسنى دارمى خاتىرلىگەن، مشكات 256 ــ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

257 - [ 60 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو أن رسول الله صلى الله عليه وسلم مر بمجلسين في مسجده فقال : " كلاهما على خير وأحدهما أفضل من صاحبه أما هؤلاء فيدعون الله ويرغبون إليه فإن شاء أعطاهم وإن شاء منعهم . وأما هؤلاء فيتعلمون الفقه أو العلم ويعلمون الجاهل فهم أفضل وإنما بعثت معلما " ثم جلس فيهم . رواه الدارمي

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرىدىن ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىددىكى ئىككى مەجلىسدىن ئۆتتى، ھەر ئىككىلىسى ياخشى، بىرسى ئەۋزەلرەك، ئاۋۇلار بولسا ئاللاھقا دۇئا قىلىپ قىزىقىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئاللاھ خالىسا بېرىدۇ، خالىسا بەرمەيدۇ، ئەمما، ماۋۇلار بولسا، دىندا فىقھى بولۇپتۇ، ئىلىم ئاپتۇ، جاھىللارغا ئۆگىتىپتۇ،

بۇلار ئەۋزەلدۇر، مەن مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتىلدىم دەپ ئىلىم ئېلىۋاتقانلار ئارىسىدا ئولتۇردى، دېگەن ھەدىسنى دارىمى خاتىرلىگەن، مشكات 257 ــ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**258 - [ 61 ] ( ضعيف )وعن أبي الدرداء قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم : ما حد العلم الذي إذا بلغه الرجل كان فقيها ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من حفظ على أمتي أربعين حديثا في أمر دينها بعثه الله فقيها وكنت له يوم القيامة شافعا وشهيدا "**

ئەبى دەەرداڭ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەگەر كىشى يەتسە، فىقھى ئالىم بولىدىغان ئىلىمنىڭ ھەددى، مىقدارى قانچىلىك؟ دەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورالدى؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى: مېنىڭ ئۇممىتىمدىن كىم 40 ھەدىسنى دىن ئىشىدا يادا ئالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى فىقھى ئالىم قىلىپ قوپۇرىدۇ، مەن ئۇ كىشى ئۈچۈن شاپائەتچى بولىمەن، گۇۋاھلىق بېرىمەن دېگەن ھەدىسنى بەيھەقى خاتىرلىگەن، مشكات 258 ــ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**259 - [ 62 ] ( ضعيف )وعن أنس بن مالك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هل تدرون من أجود جودا ؟ " قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : " الله تعالى أجود جودا ثم أنا أجود بني آدم وأجودهم من بعدي رجل علم علما فنشره يأتي يوم القيامة أميرا وحده أو قال أمة وحده "**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى، كىم ئەڭ كاتتا، سېخى، بىلەمسىلەر؟ ساھابىلار، ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئالىمراق دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ ئەڭ سېخى، ئاندىن مەن، ئادەم بالىلىرى ئىچىدە مەندىن كېيىنكى ئەڭ سېخى كىشى بولسا، ئىلىم ئۆگىنىپ، ئىلىم ئۆگىتىپ كىشلەر ئارىسىدا ئىلىم تارقاتقان كىشى، ئۇ قىيامەت كۈنى ئۆزى يالغۇز ئەمىر بولۇپ ياكى بىر ئۇممەت بولۇپ كېلىدۇ دېگەن ھەدىسنىمۇ بەيھەقى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**260 - [ 63 ] ( صحيح )وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " منهومان لا يشبعان : منهوم في العلم لا يشبع منه ومنهوم في الدنيا لا يشبع منها " . روى البيهقي الأحاديث الثلاثة في " شعب الإيمان " وقال : قال الإمام أحمد في حديث أبي الدرداء : هذا متن مشهور فيما بين الناس وليس له إسناد صحيح**

ئەنەس، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى ھېرىسمەن مەڭگۇ تويمايدۇ، بىرى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ھېرىسمەن ئىلىمغا تويمايدۇ ، يەنە بىرى دۇنيا تەلەپ قىلغۇچى ھېرىسمەن ، مال ــ دۇنياغا تويمايدۇ. دارمى 338 ــ ھەدىستە، مەۋقۇپ ھالەتتە يازغان، ئىبنى ئەدى، بەزار،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**261 - [ 64 ] ( ضعيف )عن عون قال : قال عبد الله بن مسعود : منهومان لا يشبعان صاحب العلم وصاحب الدنيا ولا يستويان أما صاحب العلم فيزداد رضى للرحمن وأما صاحب الدنيا فيتمادى في الطغيان . ثم قرأ عبد الله ( كلا إن الإنسان ليطغى أن رآه استغنى )قال وقال الآخر ( إنما يخشى الله من عباده العلماء . رواه الدارمي**

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇددىن، ئىككى ھېرىسمەن ھەرگىز تويمايدۇ، بىرسى ئىلىم ئىگىسى، يەنە بىرى دۇنيا ئىگىسى، بۇ ئىككىسى ھەم باراۋەر ئەمەس، ئىلىم ئىگىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى زىيادە قىلىدۇ، دۇنيا ئىگىسى بولسا، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «ئىنسان ھەددىدىن ئاشىدۇ، ئۇ ئۆزىنى بىھاجەت تۇتىدۇ،» «ئاللاھدىن پەقەت ئالىملار قورقىدۇ» بۇ ھەدىسنى دارمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**262 - [ 65 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أناسا من أمتي سيتفقهون في**

**الدين ويقرءون القرآن يقولون نأتي الأمراء فنصيب من دنياهم ونعتزلهم بديننا ولا يكون ذلك كما لا يجتنى من القتاد إلا الشوك كذلك لا يجتنى من قر م إلا - قال محمد بن الصباح : كأنه يعني - الخطايا " . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن نۇرغۇن كىشىلەر دىندا فىقھى ئالىم بولىدۇ، قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە بىز باشلىقلار قېشىغا بارساق، ھەم دۇنيادىن پايدا ئالىمىز، ھەم دىنىمىزنى ئۈستۈن قىلىمىز دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار دېگەندەك بولمايدۇ، تىكەنلىك دەرەخدىن پەقەت تىكەن ئۈزگىلى بولغاندەك، ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، پەقەت خاتالىقنىلا ئالىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**263 - [ 66 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن مسعود قال : لو أن أهل العلم صانوا العلم ووضعوه عند أهله لسادوا به أهل زمانهم ولكنهم بذلوه لأهل الدنيا لينالوا به من دنياهم فهانوا عليهم سمعت نبيكم صلى الله عليه وسلم يقول : " من جعل الهموم هما واحدا هم آخرته كفاه الله هم دنياه ومن تشعبت به الهموم في أحوال الدنيا لم يبال الله في أي أوديتها هلك . رواه ابن ماجه**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ئەگەر ئىلىم ئەھلىللىرى ئىلىمنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ،ئۇنى ئىلىم ئەھلىنىڭ نەزلىدە قويغان بولسا،ئەلبەتتە ئۇلار ئىلىم بىلەن ئۆز زاماندىكىلەرگە خوجا سەييىد بولۇپ ئۈستۈنلىكنى ئىگىلەيتتى،لىكىن ئۇلار ئىلىمنى مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن دۇنيا ئەھلىگە تاپشۇردى،شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالىملارغا ئاھانەت قىلىپ ، ئۇلارنى خارلىدى.مەن پەيغەمبىرىڭلار سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: كىم بارچە غەملەرنى پەقەت ئاخىرەتنىڭ غېمىدىلا بىرلا غەم قىلسا، باشقىسىدىن غەم قىلمىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ باشقا غەملىرىگە ئۆزى كۇپايە بولىدۇ، قەتئىي غەم قىلدۇرمايدۇ، ئەگەر بىر كىشىگە، دۇنيا ئەھۋاللىرىدىن نۇرغۇن غەملەر شاخلاپ، كۆپىيىپ كەتسە، ئۇ پەقەت مۇشۇ دۇنيانىڭلا، بولۇپمۇ مال ــ دۇنيانىڭلا غېمىنى قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنداق كىشىنىڭ قايسى بىر ھالاكەتلىك چۆللەردە ھالاك بولۇشىغا پەرۋا قىلمايدۇ، كارى بولمايدۇ، (ئالاھ پەرۋا قىلمىغان كىشىدىنمۇ ھالاكەتلىك كىشى بارمۇ؟). ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن

ئى مۇسۇلمانلار! بولۇپمۇ دىنى ئالىملار! غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىڭلار، پەقەت ئاخىرەتنىڭ، جەننەتنىڭ، ئىسلام دىنىنىڭ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭلا غېمىنى قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە كۇپايە بولىدۇ.

**264 - [ 67 ] ( صحيح )ورواه البيهقي في شعب الإيمان عن ابن عمر من قوله : " من جعل الهموم " إلى آخره**

**265 - [ 68 ] ( ضعيف )وعن الأعمش قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " آفة العلم النسيان وإضاعته أن تحدث به غير أهله " . رواه الدارمي مرسلا**

ئەئمەش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىلىمنىڭ ئاپىتى ئۇنتۇتقاقلىق، ئىلىمنى زايا قىلىش بولسا، ئىلىمنى ئىلىم ئەھلى بولمىغان كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىش دېگەن ھەدىسنى دارمى مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەدىس ئۆزىلا مۇرسەل ئىكەن.

**266 - [ 69 ] ( ضعيف )وعن سفيان أن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال لكعب : من أرباب العلم ؟ قال : الذي يعملون بما يعلمون . قال : فما أخرج العلم من قلوب العلماء ؟ قال الطمع . رواه الدارمي**

سوپيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كەئبە رەززىيەللاھۇ ئەنھۇغا، كىم ئىلىم ئىگىلىرى؟ ئىلىمنىڭ ئەربابلىرى؟ دەپ سورىسا، كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىلگەن ئىلىمگە ئەمەل قىلغانلار دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ئىلىمنى ئالىملار قەلبىدىن نېمە چىقىرىپ تاشلايدۇ؟ دەپ سورىسا، تاما خورلۇق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، دىگەن ھەدىسنى دارمى خاتىرلىگەن. مشكات 266 _ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**267 - [ 70 ] ( ضعيف )وعن الأحوص بن حكيم عن أبيه قال : سأل رجل النبي صلى الله عليه سلم عن الشر فقال : " لا تسألوني عن الشر وسلوني عن الخير " يقولها ثلاثا ثم قال : " ألا إن شر الشر شرار العلماء وإن خير الخير خيار العلماء " . رواه الدارمي**

ئەھۋەسئىبنى ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، دادىسىدىن بىر ئەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يامانلىق توغرىسىدا سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يامانلىق توغرىسىدا سورىماي مەندىن ياخشىلىق توغرىسىدا سوراڭلار دەپ ئۈچ قېتىم دېۋېتىپ، مۇنداق دىدى: ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن يامانىسىڭ، يامانراقى ئۆلىمالارنىڭ يامىنى، ياخشىنىڭمۇ ياخشىسى ئالىملارنىڭ ياخشىسى دىگەن بۇ ھەدىسنى دارمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**268 - [ 71 ] ( ضعيف جدا )وعن أبي الدرداء قال : إن من أشر الناس عند الله م لة يوم القيامة : عالم لا ينتفع بعلمه .رواه الدارمي**

ئەبى ددەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزلىدە ئورۇن، مەنزىل جەھەتتىن ئەڭ يامانراق كىشى، ئىلىمى بىلەن مەنپەئەت بەرمىگەن ئالىمدۇر دىگەن بۇ ھەدىسنى دارمى خاتىرلىگەن،ئەلبانى بۇ ھەدىس قاتتىق زەئىپ دىگەن.

**269 - [ 72 ] ( صحيح )وعن زياد بن حدير قال : قال لي عمر : هل تعرف ما يهدم الإسلام ؟ قال : قلت : لا . قال : يهدمه زلة العالم وجدال المنافق بالكتاب وحكم الأئمة المضلين " . رواه الدرامي**

زەييادئىبنى ھەيدەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ماڭا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئىسلام دىنىنىڭ ئىززىتىنى نىمىنىڭ يوق قىلىدىغانلىقىنى،تەئدىل ـ ئەركانلىرىنى نىمىنىڭ بىكار قىلىۋىتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟دىدى. مەن ؛ ياق بىلمەيمەن دىسەم،ئۇ؛ ئالىمنىڭ ئېزىپ كىتىشى،مۇناپىقنىڭ(كىتاب بىلەن) كىتاپقا بولغان جىدەل ـ ماجراسى،نادان ، ئازغۇن (خەلىپە)ئىماملارنىڭ ھۆكۈم قىلىشى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىززىتىنى يوق قىلىپ، تەئدىل ـ ئەركانلىرىنى بىكار قىلىۋىتىدۇ دىدى.دارىمى خاتىرلىگەن.سەھىھ.

**270 - [ 73 ] ( ضعيف )وعن الحسن قال : " العلم علمان فعلم في القلب فذاك العلم النافع وعلم على اللسان فذاك حجة الله عز وجل على ابن آدم " . رواه الدارمي**

ھەسەن بەسرىدىن ئىلىم ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى دىلىدىكى ئىلىم بولۇپ، ئەنە ئاشۇ پايدىلىق ئىلىم، يەنە بىرى تىلىدىكى ئىلىم بولۇپ، بۇ ئىلىم بەندىنىڭ زەرەرىگە، ئاللاھنىڭ ھۆججىتىدۇر دىگەن بۇ ھەدىس مەقتۇئىنى دارمى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**271 - [ 74 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : " حفظت من رسول الله صلى الله عليه وسلم وعاءين فأما أحدهما فبثثته فيكم وأما الآخر فلو بثثته قطع هذا البلعوم يعني مجرى الطعام " رواه البخاري**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى ھەدىسنى يادا ئالغان ئىدىم،ئۇنىڭ بىرىنى سىلەرگە ئۇچۇق ئاشكارا يەتكۈزدۇم.(ئۇ بولسىمۇ ئەھكامغا ئالاقىدار ھەدىسلىرى شۇدۇر.)ئەگەر يانا بىرنى سىلەرگە يەتكۈزسەم، بوينۇم كىسىلگەن بۇلاتتى .(بۇ بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ،قۇرەيشلىك بالا پادىشاھنىڭ قولىدا پىتنە ـ پاسادقا قېلىشىدۇر.) بۇخارى خاتىرلىگەن سەھىھ.

**272 - [ 75 ] ( متفق عليه )وعن عبدالله بن مسعود قال : يا أيها الناس من علم شيئا فليقل به ومن لم يعلم فليقل الله أعلم فإن من العلم أن تقول لما لا تعلم الله أعلم . قال الله تعالى لنبيه ( قل ما أسألكم عليه من أجر وما أنا من المتكلفين )**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى خالايىقلار!كىم بىرەر نەرسىنى بىلسە،ئۇنى دىسۇن، بىلمىگەن كىشى،**الله** ئوبدان بىلىدۇ دىسۇن،چۈنكى بىلمىگەن نەرسىنى **الله** بىلىدۇ دىيىشىڭمۇ ئىلىمنىڭ جۈملىسىدىندۇر.**الله** تائالا پەيغەمبىرىگە مۇنداق دىگەندۇر:« ئېيتقىنكى، «(**الله** تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھىنى تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھىچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئىپتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن.»»سۈرە ساد 86 ـ ئايەت.بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**273 - [ 76 ] ( صحيح )وعن ابن سيرين قال : إن هذا العلم دين فانظروا عمن تأخذون دينكم . رواه مسلم**

ئىبنى سىرىين رەھىمەھۇ **الله** مۇنداق دەيدۇ:ھەقىقەتەن بۇ (ھەدىس)ئىلمى دىگەن دىن دىمەكتۇر، سىلەر دىنىڭلارنى كىمدىن قوبۇل قىلىپ ئالىدىغىنىڭلارغا قاراڭلار.مۇسلىم خاتىرلىگەن سەھىھ.

**274 - [ 77 ] ( صحيح )وعن حذيفة قال : يا معشر القراء استقيموا فقد سبقتم سبقا بعيدا وإن أخذتم يمينا وشمالا لقد ضللتم ضلالا بعيدا . رواه البخاري**

ھۇزەيفەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:ئى قارىيلار جامائەسى! دىندا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار،چۈنكى ھەقىقەتەن سىلەر دىننى بۇرۇن قوبۇل قىلغان ئىدىڭلار.(كىيىنكىلەر سىلەرگە ئەگىشىدۇ)ئەگەر سىلەر مۇستەھكەم تۇرماي ئوڭ ۋە سول تەرەپكە مايىل بولۇپ،كىچىككىنە ئېزىپ كەتسەڭلار،ناھايىتى يىراق ئازغۇنلۇقتا ئېزىپ كەتكەن بولىسىلەر. بۇخارى خاتىرلىگەن.

**275 - [ 78 ] ( ضعيف جدا )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تعوذوا بالله من جب الحزن " قالوا : يا رسول الله وما جب الحزن ؟ قال : " واد في جهنم تتعوذ منه جهنم كل يوم أربعمائة مرة " . قلنا : يا رسول الله ومن يدخلها قال : " القراء المراءون بأعمالهم " . رواه الترمذي وكذا ابن ماجه وزاد فيه : " وإن من أبغض القراء إلى الله تعالى الذين يزورون الأمراء " . قال المحاربي : يعني الجورة**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھقا سېغىنىپ، جۇببىلھوزنىدىن پاناھ تىلەڭلار، ساھابىلار، جۇببولھوزنى دىگەن نېمە؟ دەپ سورىسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ جەھەننەم ئىچىدىكى بىر جايدۇر، جەھەننەممۇ ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى 400 قېتىم پاناھ تىلەيدۇ، بىز، ئاندىن ئۇنىڭغا كىم كىرىدۇ؟ يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەمەللىرىنى رىيا قىلغان قارىلار دىدى. قارىلارنىڭ، ئاللاھقا ئەڭ ئۆچرەكى، زالىم، باشلىقلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغىنى دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دىگەن.

**276 - [ 79 ] ( ضعيف )وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يوشك أن يأتي على الناس زمان لا يبقى من الإسلام إلا اسمه ولا يبقى من القرآن إلا رسمه مساجدهم عامرة وهي خراب من الهدى علماؤهم شر من تحت أديم السماء من عندهم تخرج الفتنة وفيهم تعود " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىسمى قېلىپ، ئۆزى قالمايدۇ. قۇرئاننىڭ رەسمى قېلىپ، نۇسخىسى قېلىپ،

ئۆزى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ مەسجىدلىرى گۈللۈنۈگلۈك، لېكىن، ھىدايەتتىن خاراپ، ئاسماننىڭ ئاستىدا ئەڭ يامان كىشىلەر شۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى پىتنە شۇلاردىن چىقىپ، يەنە شۇلارغا قايتىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**277 - [ 80 ] ( صحيح )وعن زياد بن لبيد قال ذكر النبي صلى الله عليه وسلم شيئا فقال : " ذاك عند أوان ذهاب العلم " . قلت : يا رسول الله وكيف يذهب العلم ونحن نقرأ القرآن ونقرئه أبناءنا ويقرؤه أبناؤنا أبناءهم إلى يوم القيامة قال : " ثكلتك أمك زياد إن كنت لأراك من أفقه رجل بالمدينة أوليس هذه اليهود والنصارى يقرءون التوراة والإنجيل لا يعملون بشيء مما فيهما " . رواه أحمد وابن ماجه وروى الترمذي عنه نحوه**

ئەبۇ دەردائى، زەبىياد ئىبنى لۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاسمانغا بىر قاراپ قويۇپ مۇنداق دىگەن: مانا بۇ كىشىلەردىن ئىلىم، يەنى دىنى ئىلىم ئېلىنىپ كېتىدىغان ۋاقىتتۇر، تاكى ئۇلار ئىلىمدىن ھېچ نەرسىگە قادىر بولالمايدۇ، ئاندىن زەبىياد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىز قۇرئاننى ئوقۇۋاتساق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنى ئوقۇيمىز، دائىم ئوقۇپ تۇرىمىز، ئاياللىرىمىزغا، باللىرىمىزغا ئوقۇتىمىز،قىيامەتكىچە باللىرىمىز،ئۇلارنىڭ باللىرى ئۇقۇيدۇ، شۇنداق تۇرۇپ قانداقسىگە بىزدىن ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ ئېلىنىپلىنىدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاناڭ سېنى يوقۇتۇپ، يۈتتۈرۈپ قويسۇن، ئى زەبىياد! يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەئەججۈپلىنىپ، ھەيران قېلىپ مۇنداق دېدى. ھەققەتەن مەن سېنى مەدىنە ئەھلىنىڭ فىقھى ئالىملىرىدىن سانايتتىم، ساڭا نىمە بولدى؟ مانا بۇ تەۋرات بىلەن ئىنجىل يەھۇدى ۋە ناسارالارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئۇلارمۇ ئۇنى ئوقۇيتتى،لىكىن ئەمەل قىلمايتتى. ئۇ، ئۇلاردىن نېمىنى بىھاجەت قىلالىدى؟ (ئۇ كىشى :تۇنجى بولۇپ كىشلەردىن كۆتۈرۈلگەن نەرسە خوشۇئ، يەنى ئاللاھدىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ قورقۇپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇشتۇر، جامائەتلەردىن ھازىر بىر كىشىنىمۇ خۇشۇئ بىلەن ناماز ئوقوغۇننى كۆرمەيسەن، بۇنىڭ سەۋەبى، قەلبىدىن تەقۋالىق ئىلمى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن دىگەن). تىرمىزى 2577 _ ھەدىس، دارمى 290 _ ھەدىس،ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**278 - [ 81 ] ( ضعيف )وكذا الدارمي عن أبي أمامة**

**279 - [ 82 ] ( ضعيف )وعن ابن مسعود قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تعلموا العلم وعلموه الناس تعلموا الفرائض وعلموها الناس تعلموا القرآن وعلموه الناس فإني امرؤ مقبوض والعلم سيقبض وتظهر الفتن حتى يختلف اثنان في فريضة لا يجدان أحدا يفصل بينهما " . رواه الدارمي والدارقطني**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىلىمنى ئۆگىنىپ كىشلەرگە ئۆگىتىڭلار، پەرائىز مىراس ئىلىمنى ئۆگىنىپ، كىشلەرگە ئۆگىتىڭلار، قۇرئاننى ئۆگىنىپ، كىشلەرگە ئۆگىتىڭلار، مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، ئىلىم يېقىندا كۆتۈرلۈپ كېتىدۇ، پىتنە _ پاساد ئاشكارىلىنىدۇ، ئىككى كىشى بىر پەرىز توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ، ئارىنى ئايرىپ قويغۇدەك بىرەر ئالىم تاپالمايدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى دارمى دارىقۇتنى خاتىرلىگەن. مشكات 279 _ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**280 - [ 83 ] ( حسن )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل علم لا ينتفع به كمثل ك   لا ينفق منه في سبيل الله " . رواه الدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن پايدا _ مەنپەئەت ئېلىنمىغان ئىلىم، ئاللاھ يولىدا نەپىقە چىقىم قىلىنمىغان ئالتۇن كاڭغا ئوخشايدۇ، ئىبنى ئەساكىر،دارىمى توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىسدىن، شۇ ئالتۇن كاڭنىڭ ئىگىسى، ئازابلانغاندەك، بۇنداق پايدا

بەرمىگەن ئىلىم ئىگىسى ئاخىرەتتە ئازابلىنىدۇ دىگەن چىقىدۇ.

## كتاب الطهارة - الفصل الأول تەھارەتنىڭ كىتابى

**281 - [ 1 ] ( صحيح )عن أبي مالك الأشعري قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الطهور شطر الإيمان والحمد لله تملأ الميزان وسبحان الله والحمد لله تملآن - أو تملأ - ما بين السماوات والأرض والصلاة نور والصدقة برهان والصبر ضياء والقرآن حجة لك أو عليك كل الناس يغدو فبائع نفسه فمعتقها أو موبقها " . رواه مسلم**

**وفي رواية : " لا إله إلا الله والله أكبر تملآن ما بين السماء والأرض " . لم أجد هذه الرواية في الصحيحين ولا في كتاب الحميدي ولا في " الجامع " ولكن ذكرها الدارمي بدل " سبحان الله والحمد لله "**

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تاھارەت ئىماننىڭ يېرىمى (يەنى تاھارەت نامازنىڭ يېرىمى ياكى تاشقى پاكلىق، ئىچكى پاكلىقنىڭ يېرىمى ياكى دەربجىسى، مۇكاپاتى كۆپىيىپ ئىماننىڭ يېرىمىغا تەڭ بولىدۇ) ئەلھەمدۇلىللاھ مىزاننى تولدۇرىدۇ، سۇبھانەللا ۋەلھەمدۇلىللاھ ئاسمان ــ زېمىن ئارىسىنى تولدۇرىدۇ، ناماز نۇردۇر، سەدىقە ــ زاكات ھۆججەتتۇر، سەبرە يورۇقلۇقتۇر، قۇرئان سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن ياكى زىيىنىڭ ئۈچۈن ھۆججەتتۇر، بارلىق ئىنسانلار ئەتىگەندە ئىش ــ ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ، ئۆزىنى بازارغا سېلىپ ساتىدۇ، يا ئۆزىنى ئازاد قىلغۇچى بولىدۇ، (بۇلار مۆئمىنلەردۇر) ياكى ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ، (بۇلار دىنسىزلاردۇر) ئەھمەد، مۇسلىم، ترمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**282 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : ( ألا أدلكم على ما يمحو الله به الخطايا ويرفع به الدرجات ؟ " قالوا بلى يا رسول الله قال : " إسباغ الوضوء على المكاره وكثرة الخطى إلى المساجد وانتظار الصلاة بعد الصلاة فذلكم الرباط "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرگە ئاللاھتائالا خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان دەرىجىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ ئۇلار بۇلىدۇ ئى رەسۇلەﷲ ! دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇ  بولسىمۇ، مۇشەققەتلىك چاغلاردا تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدلەرگە كۆپ بېرىش، نامازدىن كىيىن يەنە بىر نامازغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاش، ئەنە شۇ ئاللاھ يولدا تەييار تۇرۇشتۇر، ئەنە شۇ، ئاللاھ يولدا جىھادقا تەييارلىق قىلغاندەك ئىشتۇر (بۇ رىبات تەييارلىق سۇرە ئال ئىمراننىڭ ئاخىرىدا بار) مالىك، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ترمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**283 - [ 3 ] وفي حديث مالك بن أنس : فذلك الرباط فذلكم الرباط . ردد مرتين . رواه مسلم . وفي رواية الترمذي ثلاثا**

**284 - [ 4 ] ( متفق عليه )عن عثمان رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من توضأ فأحسن الوضوء خرجت خطاياه من جسده حتى تخرج من تحت أظفاره "**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم تاھارەتنى ياخشى ھەم كامىل ئالسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى، جەسەدلىرىدىن ، ھەتتا ئۇنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ. ئەھمەد ،بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**285 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا توضأ العبد المسلم أو المؤمن فغسل وجهه خرج من وجهه كل خطيئة نظر إليها بعينيه مع الماء أو مع آخر قطر الماء فإذا غسل يديه خرجت من يديه كل خطيئة بطشتها يداه مع الماء أو مع آخر قطر الماء فإذا غسل رجليه خرج كل خطيئة مشتها رجلاه مع الماء أو مع آخر قطر الماء حتى يخرج نقيا**

**من الذنوب )( رواه مسلم )**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان ياكى مۆئمىن بەندە تاھارەت ئېلىپ يۈزىنى يۇسا، يۈزىدىن كۆزى بىلەن قارىغان ھەرقانداق خاتالىق سۇ بىلەن ياكى ئاخىرقى بىر تامچە سۇ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، ئىككى قولىنى يۇسا، ئۇ قولى بىلەن تۇتقان ھەربىر خاتالىقلار قولىدىن ئاخىرقى بىر تامچە سۇ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ، ئىككى پۇتىنى يۇسا، ئىككى پۇتى بىلەن ماڭغان بارلىق خاتالىقلىرى سۇ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ، تاكى ئۇ گۇناھىدىن پاكلانغانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ. مالىك، شافئى، مۇسلىم، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

**286 - [ 6 ] ( صحيح )وعن عثمان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من امرئ مسلم تحضره صلاة مكتوبة فيحسن وضوءها وخشوعها وركوعها إلا كانت كفارة لما قبلها من الذنوب ما لم يؤت كبيرة وذلك الدهر كله ". رواه مسلم**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشىگە پەرز ناماز ھازىر بولۇپ قالسا، ئاندىن ئۇ تاھارەتنى كامىل، ياخشى ئالسا، نامازنىڭ رۇكۇ، سەجدىلىرىنى خوشۇئىنى ئاللاھدىن قورقۇپ، ئەيمىنىپ ئوقۇشنى ياخشى قىلسا، بۇ ناماز ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، گۇناھى كەبىيرىگە كەلمىگەنلا بولسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، بۇ پەزلى رەھمەت پۈتۈن زاماندا باردۇر، يەنى مەڭگۈ شۇنداق بولۇپ تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**287 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعنه أنه توضأ فأفرغ على يديه ثلاثا ثم تمضمض واستنثر ثم غسل وجهه ثلاثا ثم غسل يده اليمنى إلى المرفق ثلاثا ثم غسل يده اليسرى إلى المرفق ثلاثا ثم مسح برأسه ثم غسل رجله اليمنى ثلاثا ثم اليسرى ثلاثا ثم قال : " رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم توضأ نحو وضوئي هذا ثم قال : " من توضأ وضوئي هذا ثم يصلي ركعتين لا يحدث نفسه فيهما بشيء إلا غفر له ما تقدم من ذنبه " . ولفظه للبخاري**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئېلىپ،ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ،ئاندىن ئاغزى بۇرنىغا سۇئېلىپ، ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ،ئاندىن ئىككى قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇپ،ئاندىن بېشىغا مەسىھ قىلىپ،ئاندىن ئىككى پۇتىنى ھوشىقى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇپ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىنىڭ مۇشۇ تاھارىتىمگە ئوخشاش تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مانا مۇشۇنداق مېنىڭ تاھارىتىمگە ئوخشاش كامىل تاھارەت ئالسا، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، بۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئىچىدە نەپسى بىرەر نەرسىنى پەيدا قىلمىسا، سەھۋەنلىك ئۆتكۈزمىسە، (يەنى بۇ دۇنيانى خىيال قىلمىسا، ھەر خىل خۇتۇرلار چۈشمىسە،) ئۇ كىشى ئۈچۈن بۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى ، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**288 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من مسلم يتوضأ فيحسن وضوءه ثم يقوم فيصلي ركعتين مقبل عليهما بقلبه ووجهه إلا وجبت له الجنة " . رواه مسلم**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان تاھارەت ئېلىپ، تاھارەتنى ياخشى، كامىل قىلىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ بۇ نامازغا دىلى بىلەن يۈزى يەنى بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئالدىنى قىلسا، بۇ كىشى ئۈچۈن جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھەھ.

289 - [ 9 ] ( صحيح )وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما منكم من أحد يتوضأ فيبلغ أو فيسبغ الوضوء ثم يقول : أشهد أن لا إله إلا الله وأن محمدا عبده ورسوله وفي رواية : أشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له وأشهد أن محمدا عبده ورسوله إلا فتحت له أبواب الجنة الثمانية يدخل من أيها شاء " . هكذا رواه مسلم في صحيحه والحميدي في أفراد مسلم وكذا ابن الأثير في جامع الأصول

وذكر الشيخ محي الدين النووي في آخر حديث مسلم على ما رويناه وزاد الترمذي : " الله اجعلني من التوابين واجعلني من المتطهرين "والحديث الذي رواه محيي السنة في الصحاح : " من توضأ فأحسن الوضوء " إلى آخره رواه الترمذي في جامعه بعينه إلا كلمة " أشهد " قبل " أن محمدا "

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:سىلەردىن كىم تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يەككە ــ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئى ئاللاھ مىنى تۆۋبە قىلغۇچىلاردىن قىلسىلا، مىنى ھەر جەھەتتىن پاك ــ پاكىز بولغۇچىلاردىن قىلسىلا» دىسە، ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئۇ جەننەتكە ئۆزى خالىغان ئىشىكدىن كىرىدۇ.مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

290 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أمتي يدعون يوم القيامة غرا محجلين من آثار الوضوء فمن استطاع منكم أن يطيل غرته فليفعل "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مىنىڭ ئۈممىتىم، قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ ئەسەر ئىزلىرىدىن، قاشقىلىق نۇرلۇق، بەلگىلىك چاقىرىلىدۇ، نۇرىنى ئۇزارتىشقا قادىر بولغان كىشى، شۇنداق قىلسۇن، بەيھەقى، بۇخارى ، مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ

291 - [ 11 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : تبلغ الحلية من المؤمن حيث يبلغ الوضوء . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىننىڭ نۇردىن بولغان زىننەت ــ بويۇملىرى تاھارەت سۈيى يەتكەن جايغىچە بولىدۇ، نەگە سۇ يەتسە، شۇ جايغا نۇر، زىننەت يېتىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

292 - [ 12 ] ( صحيح ) الفصل الثاني

عن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " استقيموا ولن تحصوا واعلموا أن خير أعمالكم الصلاة ولا يحافظ على الوضوء إلا مؤمن " . رواه مالك وأحمد وابن ماجه والدارمي

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىستىقامەتتە، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇڭلار، ھەرگىز ھېسابلاپ تۈرىۋالماڭلار، «ئاللاھمۇ سىلەرگە ھېسابلايدۇ» بىلىڭلاركى، ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ناماز، تاھارەتنى پەقەت مۆمىن كىشىلا مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلايدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى،مالىك،دارىمى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تەبرانى، ئىبنى ئەمرۇ، سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، توپلىغان، سەھىھ.

293 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن أبن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من توضأ على طهر كتب له عشر حسنات " . رواه الترمذي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تەھارەت
ئۈستىگە يەنە تەھارەت ئالسا، ئۇ كىشىگە 10 ياخشىلىق يېزىلىدۇ دېگەن ھەدىسنى، تىرمىزى خاتىرلىگەن،
مشكات 293 ـــ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

الفصل الثالث294 - [ 14 ] ( ضعيف )عن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مفتاح الجنة الصلاة ومفتاح الصلاة الطهور " . رواه أحمد

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتنىڭ ئاچقۇچى
ناماز، نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتتۇر دېگەن ھەدىسنى ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

295 - [ 15 ] ( ضعيف )وعن شبيب بن أبي روح عن رجل من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم صلى صلاة الصبح فقرأ الروم فالتبس عليه فلما صلى قال : " ما بال أقوام يصلون معنا لا يحسنون الطهور فإنما يلبس علينا القرآن أولئك " . رواه النسائي

شەبىب ئىبنى ئەبى رەۋھەدىن ساھابىلارنىڭ بىرىسىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بامدات نامىزىدا
سۈرە رۇمنى قىرائەت قىلىپ، ئېلىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن بىكار بولۇپ،
بەزى قەۋمگە نېمە بولغاندۇ؟ بىز بىلەن ناماز ئوقۇيدىكەن، لېكىن، تاھارەتنى ياخشى ئالمايدىكەن، ئەنە شۇلار
بىزگە قۇرئاننى ئېلىشتۇرىۋەتتى دىدى. بۇ ھەدىسنى نەسەئى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

296 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن رجل من بني سليم قال : عدهن رسول الله صلى الله عليه وسلم في يدي أو في يده قال : " التسبيح نصف الميزان والحمد لله يملؤه والتكبير يملأ ما بين السماء والأرض والصوم نصف الصبر والطهور نصف الإيمان " . رواه الترمذي وقال هذا حديث حسن

بەنى سەلىيمدىن بىر ئەردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىدا ساناپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى:
تەسبىھ مىيزاننىڭ يېرىمى، ئەلھەمدۇلىللا لىق تولالايدۇ، تەكبىر ئاسمان ـــ زېمىن ئارىسىنى تولالايدۇ، روزا تۇتۇش
سەۋرىنىڭ يېرىمى، تاھارەت، ئىماننىڭ يېرىمى دېگەن ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ، ھەسەن دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

297 - [ 17 ] ( صحيح )

عن عبد الله الصنابحي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا توضأ العبد المؤمن فمضمض خرجت الخطايا من فيه وإذا استنثر خرجت الخطايا من أنفه فإذا غسل وجهه خرجت الخطايا من وجهه حتى تخرج من تحت أشفار عينيه فإذا غسل يديه خرجت الخطايا من تحت أظفار يديه فإذا مسح برأسه خرجت الخطايا من رأسه حتى تخرج من أذنيه فإذا غسل رجليه خرجت الخطايا من رجليه حتى تخرج من تحت أظفار رجليه ثم كان مشيه إلى المسجد وصلاته نافلة له ". رواه مالك والنسائي

ئابدۇللاھ سۇنابىھى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئمىن بەندە
تاھارەت ئېلىپ، ئاغزىغا سۇ ئالسا، خاتالىقلىرى ئاغزىدىن چىقىپ كېتىدۇ، بۇرنىغا سۇ ئالغاندا، بۇرنىدىن،
يۈزنى يۇغاندا خاتالىقلار يۈزىدىن، ھەتتا، كۆزىنىڭ كىرپىكلىرى ئاستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ، ئىككى قولىنى
يۇسا، خاتالىقلار ئىككى قولىدىن ھەتتا، بارماقلىرىنىڭ تىرناقلىرى ئارىسىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ، بېشىغا مەسھ
قىلسا، خاتالىقلار، قۇلىقىدىن تارتىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئىككى پۇتنى يۇسا، خاتالىقلار پۇتىنىڭ تىرناقلىرى
ئاستىدىن تارتىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ نامازغا، مەسجىدگە مېڭىشى ۋە ناماز ئوقۇشى بولسا، ئۇنىڭ
ئۈچۈن نەپلە، زىيادە مۇكاپات بولىدۇ، مالىك، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

**298 - [ 18 ] ( صحيح )**

**وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أتى المقبرة فقال : " السلام عليكم دار قوم مؤمنين وإنا إن شاء الله بكم لاحقون وددت أنا قد رأينا إخواننا قالوا أولسنا إخوانك يا رسول الله قال أنتم أصحابي وإخواننا الذين لم يأتوا بعد فقالوا كيف تعرف من لم يأت بعد من أمتك يا رسول الله فقال أرأيت لو أن رجلا له خيل غر محجلة بين ظهري خيل دهم بهم ألا يعرف خيله قالوا بلى يا رسول الله قال فإنهم يأتون غرا محجلين من الوضوء وأنا فرطهم على الحوض " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قەبرىستانلىققا كىلىپ مۇنداق دىگەن: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى مۆئمىنلەر ھويلىسى، ھەقىقەتەن بىزمۇ ئاللاھ خالىسا سىلەرگە يات يېقىندا قوشۇلىمىز، قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرۈشمىزنى بەكمۇ ئارزۇ قىلدۇق، ساھابىلار: بىز سىلىنىڭ قېرىنداشلىرى ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بەلكى سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىم، ھەمراھلىرىم، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بۇندىن كېيىن كېلىدىغانلاردۇر دېدى، ئۇلار: ئۇممەتلىرىدىن تېخى كەلمىگەن بۇندىن كېيىن كېلىدىغان كىشىنى قانداق تونۇيلا؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: قانداق قارايسىلەر؟ قېنى دەپ بېقىڭلار چۇ؟ ئەگەر بىر كىشىنىڭ قاشقىلىق نۇرلۇق، يۈزىدە پۈتلىرىدا قاشقا نۇرى بار ئېتى بولسا، بۇ ئاتلار تۇم قارا بەلگىسىز، قاشقىسىز ئاتلار ئارىسىدا بولسا، بۇ كىشى ئۆزىنىڭ قاشقىلىق ئېتىنى تونۇيالماسمۇ؟ ئۇلار: ئەلۋەتتە تونۇيدۇ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۇممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەت ئەسەرلىرىدىن نۇرلۇق، قاشقىلىق كېلىدۇ، مەن ئۇلارنى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ساقلاپ تۇرىمەن، تونۇيمەن!( ئاگاھ بولۇڭلاركى، بىر تۈركۈم كىشىلەر كەۋسەر كۆلۈمدىن خۇددى ئېزىپ قالغان ئازغۇن، ئىگىسى يوق تۆگە ھەيدەلگەندەك ھەيدىلىپ ئايرىلىپ كېتىدۇ، مەن ئۇلارنى بۇياققا كېلىڭلار، بۇياققا كېلىڭلار!!! دەپ تووۋلايمەن، ئاندىن ماڭا: ئۇلار سەندىن كېيىن دىنىنى يۆتكىۋەتتى دېيىلىدۇ، مەن ئاندىن ئۇنداق بولسا، ئۇلار ھالاك بولسۇن، رەھمەتتىن يىراق بولسۇن، ھالاك بولسۇن دەيمەن، مالىك، شافىئى، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**299 - [ 19 ] ( صحيح )**

**عن أبي الدرداء قال : قال رسول صلى الله عليه وسلم : ( أنا أول من يؤذن له بالسجود يوم القيامة وأنا أول من يؤذن له أن يرفع رأسه فأنظر إلى بين يدي فأعرف أمتي من بين الأمم ومن خلفي مثل ذلك وعن يميني مثل ذلك وعن شمالي مثل ذلك " . فقال له رجل : يا رسول الله كيف تعرف أمتك من بين الأمم فيما بين نوح إلى أمتك ؟ قال : " هم غر محجلون من أثر الوضوء ليس أحد كذلك غيرهم وأعرفهم أنهم يؤتون كتبهم بأيمانهم وأعرفهم يسعى بين أيديهم ذريتهم " . رواه أحمد**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مەن  قىيامەت كۈنى سەجدە قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان كىشىنىڭ تۇنجىسى بولىمەن،ۋە سەجدىدىن بېشىنى كۆتىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان كىشىنىڭمۇ تۇنجىسى مەن بولىمەن،مەن ئالدىمغا قاراپ،بارلىق ئۇممەتلەر ئارىسىدىن ئۆز ئۇممىتىمنى تۇنىيمەن،ئارقامدىنمۇ،ئوڭ ۋە سول تەرىپىمدىنمۇ شۇنداق تۇنىيالايمەن.بىركىشى؛يا رەسۇلەﷲ! نوھنىڭ ئۇممىتىدىن باشلاپ سىلىنىڭ ئۇممەتلىرىگىچە بولغان بارلىق ئۇممەتلەر ئارىسىدىن ئۆز ئۇممەتلىرىنى قانداق تۇنىيالايلا؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇلار تاھارەت ئەسەرلىرىدىن نۇرلۇق، قاشقىلىق كېلىدۇ،ئۇلاردىن باشقا ھېچ بىر كىشى ئۇلاردەك ئەمەس،شۇڭا مەن ئۇلارنى تۇنىيالايمەن،ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمەل كىتابلىرى ئوڭ قوللىرىغا بىرىلىدۇ،ئۇلارنىڭ ئالدىدا باللىرى ئۇيناخشىپ يۈرىشىدۇ، مەن ئۇلارنى تۇنىيالايمەن دىدى.ئەھمەد توپلىغان سەھىھ.

**300 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقبل صلاة من أحدث حتى يتوضأ "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارىتى سۇنۇپ كەتكەن كىشىنىڭ، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇمىغىچە، نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**301 - [ 2 ] ( صحيح )**

**وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقبل صلاة بغير طهور ولا صدقة من غلول " . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز، تاھارەتسىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، سەدىقە ــ ئېھسان، خىيانەت قىلىنغان نەرسىدىن قوبۇل بولمايدۇ، (نامازنىڭ شەرتى تاھارەت، سەدىقىنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتى، ھالالدىن كەسىپ قىلغان بولۇشتۇر). مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**302 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن علي قال : كنت رجلا مذاء فكنت أستحيي أن أسأل النبي صلى الله عليه وسلم لمكان ابنته فأمرت المقداد فسأله فقال : " يغسل ذكره ويتوضأ "**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن بەكلا مەزىيدان كىشى ئىدىم.(يەنى ھىسياتتىن كېيىن ئاق سۇيۇقلۇق كۆپ كېلەتتى ) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مېنىڭ ئايالىم بولغاچقا ، مەن بۇ ئىش توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراشتىن ھايا قىلىپ تارتىنىپ قېلىپ،مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سوراپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ ئەۋرىتىنى يۇيۇۋېتىپ، كىچىك تاھارەت ئالسا بولىدۇ دەپتۇ.بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

**303 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " توضؤوا مما مست النار " . رواه مسلم قال الشيخ الإمام الأجل محيي السنة رحمه الله : هذا منسوخ بحديث ابن عباس :**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوت تەگكەن نەرسىدىن تاھارەت ئېلىڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسىدىن، تۆگە، كالا گۆشلىرىنى يېسە، كاۋاب يېسە، تاھارىتى سۇنىدۇ، تاھارەت ئالىدۇ دېگەن ھۆكۈم چىقاتتى، ئەمما، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان سەھىھ ھەدىستە « رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاخىرقى ئىشى ئوت تەگكەن نەرسىدىن تاھارەت ئالماسلىق بولدى» دېگەن بار، يەنى بۇ ھەدىس مەنسۇخ، كۆچكە ئىگە ئەمەس. كۆچكە ئىگە ئىش بولسا، گۆش يېسە، كاۋاب يېسە تاھارىتى سۇنمايدۇ، تاھارەت ئالمىسىمۇ بولىدۇ دېگەن بولدى، ئەبۇ داۋۇدنىڭ، مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن، نەسەئىدىن ئېلىندى.مۇھىيىسسۇننىمۇ مەنسۇخ دېگەن.

**304 - [ 5 ] ( متفق عليه )قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم أكل كتف شاة ثم صلى ولم يتوضأ**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوينىڭ تاغاق گۆشىنى يەپ ، تاھارەت ئالمايلا ناماز ئۇقىغان ئىدى. بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.مانا بۇ كۆچكە ئىگىدۇر.

**305 - [ 6 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة أن رجلا سأل رسول الله صلى الله عليه وسلم أنتوضأ من لحوم الغنم ؟ قال : " إن شئت فتوضأ وإن شئت فلا تتوضأ " . قال أنتوضأ من لحوم الإبل ؟ قال : " نعم فتوضأ من لحوم الإبل " قال : أصلي في مرابض**

**الغنم قال : " نعم " قال : أصلي في مبارك الإبل ؟ قال : " لا " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قوي گۆشى يىسەك تاھارەت ئالامدۇق؟دەپ سوردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئەگەر خالىساڭ تاھارەت ئال.ئەگەر خالىساڭ تاھارەت ئالما دىدى.ئۇكىشى؛ تۆگە گۆشى يىسەك تاھارەت ئالامدۇق؟دەپ سوردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەئە تۆگە گۆشىدىن تاھارەت ئالىسەن دىدى. ئۇكىشى؛قويىنىڭ قوتانلىرىدا ناماز ئوقسام بولامدۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەئە بولىدۇ دىدى. ئۇكىشى؛تۆگىنىڭ قوتانلىرىدا ناماز ئوقسام بولامدۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ياق بولمايدۇ دىدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**306 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا وجد أحدكم في بطنه شيئا فأشكل عليه أخرج منه شيء أم لا فلا يخرجن من المسجد حتى يسمع صوتا أو يجد ريحا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار قورسىقىدا بىرەر نەرسە تاپسا، يەنى كوركىرىغان ئاۋازنى ھىس قىلسا، بىرەر نەرسە چىققان ياكى چىقمىغانلىقىنى بىلىشتە مۇشكۇل بولسا، ئاۋازنى ئاڭلىمىغىچە ياكى پۇراقنى پۇرىمىغىچە مەسجىددىن چىقىپ كەتمىسۇن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**307 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عباس قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم شرب لبنا فمضمض وقال: إن له دسما**

ئىبنى ئابباس، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈت ئىچىپ ئاغزىنى چايقاپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سۈتنىڭ قايمىقى، يېغى بار ئىكەن، (شۇنىڭ ئۈچۈن ئاغزىنى چايقىغان) بەيھەقى،بۇخارى ، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

**308 - [ 9 ] ( صحيح )وعن بريدة : أن النبي صلى الله عليه وسلم صلى الصلوات يوم الفتح بوضوء واحد ومسح عل خفيه فقال له عمر : لقد صنعت اليوم شيئا لم تكن تصنعه فقال : " عمدا صنعته يا عمر " . رواه مسلم**

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى بەش نامازنى بىر تاھارەت بىلەن ئوقۇغان ۋە ئىككى ئۆتۈككە مەسىھ قىلغان ئىدى.ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:سىلى بۇگۈن بۇرۇن قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلدىلىغۇ؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى ئۆمەر، مەن ئۇنى قەستەن شۇنداق قىلدىم، دىگەن.(يەنى ئۇممەتكە دۇرۇس قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان.) مۇسلىم 15 _ ھەدىس، تىرمىزى 56 _ ھەدىس، نەسەئى 133 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 17 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، دارمى توپلىغان، سەھىھ.

**309 - [ 10 ] ( صحيح )وعن سويد ابن النعمان : أنه خرج مع رسول الله صلى الله عليه وسلم عام خيبر حتى إذا كانوا بالصهباء وهي أدنى خيبر صلى العصر ثم دعا بالأزواد فلم يؤت إلا بالسويق فأمر به فثري فأكل رسول الله صلى الله عليه وسلم وأكلنا ثم قام إلى المغرب فمضمض ومضمضنا ثم صلى ولم يتوضأ . رواه البخاري**

سۇۋەيد ئىبنى نوئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىيىشىچە ئۇ خەيبەر يىلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە سەپەرگە چىققان ئىكەن،ئۇلار خەيبەرنىڭ تۈۋەن تەرىپىدىكى سەھبائ دىگەن جايغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ،ئاندىن ئوزۇق _ تۈلۈك ، يىمەك ـ ئىچمەكلەرنى كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى،پەقەت تالقانلا كەلتۈرۈلۈپ چىلىنغاندىن كىيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئۆنىڭدىن يېدى، بىزمۇ يېدۇق.ئاندىن شام نامىزىغا تۇرۇپ ئاغزىنى چايقىدى،بىزمۇ ئاغزىمىزنى چايقىدۇق. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالمايلا ناماز ئۇقۇۋەردى.بۇخارى توپلىغان .

الفصل الثاني

310 - [ 11 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا وضوء إلا من صوت أو ريح " . رواه أحمد والترمذي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تاھارەت پەقەت ئاۋازدىن ياكى يەلدىن ئېلىنىدۇ، (يەنى ئارقا مەقئەتتىن يەل چىقسا ياكى ئاۋاز چىقسا تاھارىتى سۇنىدۇ،ئاندىن تاھارەت ئېلىنىدۇ.) تىرمىزي، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەلۋەتتە، كىچىك تەرەت قىلسىمۇ تاھارەت ئالىدۇ، ھەتتا شەھۋەتتە كېلىپ قالغان مەزىيگە، ئۇخلىغانغا تاھارەت ئالىدۇ. بىھوش بولسىمۇ تاھارىتى سۇنىدۇ.

311 - [ 12 ] ( صحيح )وعن علي قال : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم من المذي فقال : " من المذي الوضوء ومن المني الغسل " . رواه الترمذي

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مەزىي يەنى (ھىسسىياتتىن كېيىن چىقىدىغان سۈيۇقلۇق)توغرىسىدا سورىسام (يەنى سورىغۇزسام) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شەھۋەتكە ئەگىشىپ، ئەۋرەتتىن كېلىپ قالىدىغان سۈيۇق مەزىي سۈيدىن كىچىك تاھارەت ئېلىنىدۇ، ئەۋرەتتىن لەززەت بىلەن ئېتىلىپ چىققان، بالا يارىلىدىغان مەنىي، ئىسپىرما سۈيىدىن غۇسلى تاھارەت ئېلىنىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

312 - [ 13 ] ( حسن )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مفتاح الصلاة الطهور وتحريمها التكبير وتحليلها التسليم " . رواه أبو داود والترمذي والدارمي

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتتۇر، تەھرىم باغلاپ باشلىنىشى تەكبىردۇر، نامازدىن ھالال بولۇپ چىقىش بولسا، سالام بېرىشتۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

313 - [ 14 ] ( حسن )ورواه ابن ماجه عنه وعن أبي سعيد

314 - [ 15 ] ( حسن )وعن علي بن طلق قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا فسا أحدكم فليتوضأ ولا تأتوا النساء في أعجازهن " . رواه الترمذي وأبو داود

ئەلى ئىبنى تەلەق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بىرىڭلار ئۈسرۈپ سالسا،(ئارقىسىدىن يەل چىقىپ كەتسە)تاھارەت ئالسۇن،( ئالللاھ ھەقنى بايان قىلىشتىن تارتىنمايدۇ،) سىلەر ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئىتىگە كەلمەڭلار، (يەنى ئاياللىرىڭلارنىڭ جىنسى ئەزاسىنى قويۇپ قۇيۇپ، ئارقا مەقئىتىگە جىنسى ئالاقە قىلماڭلار، بۇ ھارامدۇر).تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

315 - [ 16 ] ( حسن لغيره )وعن معاوية بن أبي سفيان أن النبي صلى الله عليه وسلم : قال : " إنما العينان وكاء السه فإذا نامت العين استطلق الوكاء " . رواه الدرامي

مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن ئىككى كۆز ئارقا مەقئەتنىڭ بوغىچى، بوغۇپ تۇرىدىغان شوينىسى، كۆز ئۇخلىسا بوغۇچى يېشىلىپ كېتىدۇ.دارىمى توپلىغان

هەسەن .

**316 - [ 17 ] ( صحيح )وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " وكاء السه العينان فمن نام فليتوضأ " . رواه أبو داودقال الشيخ الإمام محيي السنة رحمه الله : هذا في غير القاعد لما صح :**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئارقا مەقئەتنىڭ بوغچىنى، بوغۇپ تۇرىدىغان شوينىسى ئىككى كۆزدۇر، كىم ئۇخلىسا تاھارىتى سۇنىدۇ، ئۇ تاھارەت ئالسۇن، (چۈنكى ئۇخلىسا بوغۇچى يېشىلىپ كېتىدۇ). ئەبۇ داۋۇد 175 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 470 _ ھەدىس، ئەھمەد 845 _ ھەدىس، سەھىھ. كىم ئۇخلاپ قالسا، تاھارىتى سۇنىدۇ.

**317 - [ 18 ] ( صحيح )عن أنس قال : كان أصاب رسول الله صلى الله عليه وسلم ينتظرون العشاء حتى تخفق رؤوسهم ثم يصلون ولا يتوضؤون . رواه أبو داود والترمذي إلا أنه ذكرفيه : ينامون بدل : ينتظرون العشاء حتى تخفق رؤوسهم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرى، ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالغانلىقتىن باش تاشلىشىپ كەتكەنگە قەدەر، خۇپتەن نامىزىغا ئىنتىزار بۇلۇپ ساقلايتتى.ئاندىن ئۇلار تاھارەت ئالمايلا ناماز ئۇقۇيتتى.ئەبۇداۋۇد ،تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**318 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الوضوء على من نام مضطجعا فإنه إذا اضطجع استرخت مفاصله . رواه الترمذي وأبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تاھارەت ئېلىش، ئوڭدا يېتىپ ئۇخلىغان كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ، كىشى ئوڭدا يېتىپ ئۇخلىسا، مەپسەللىرى بوشىشىپ كېتىدۇ دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**319 - [ 20 ] ( صحيح )وعن بسرة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا مس أحدكم ذكره فليتوضأ " . رواه مالك وأحمد وأبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي**

بۇسرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بىرىڭلار ئەۋرىتىنى تۇتۇپ سىلىسا ،تاھارەت ئالسۇن.مالىك ،ئەھمەد ، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ،نەسەئى،ئىبنى ماجە ،دارىمى توپلىغان سەھىھ.

**320 - [ 21 ] ( صحيح )وعن طلق بن علي قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن مس الرجل ذكره بعدما يتوضأ . قال : " وهل هو إلا بضعة منه " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وروى ابن ماجه نحوه قال الشيخ الإمام محيي السنة رحمه ا لله : هذا منسوخ لأن أبا هريرة أسلم بعد قدوم طلق**

تەلق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىشى تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كىيىن ئەۋرىتىنى تۇتۇپ سىلىسا قانداق بۇلىدۇ؟دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇ پەقەت شۇ كىشىنىڭ جەسىدىنىڭ جۈملىسىدىن بىر پارا گۆشتۇر دىدى.(يەنى باشقا ئەزالىرىنى تۇتسا تاھارىتى سۇنمىغاندەك ئەۋرىتىنى تۇتسىمۇ تاھارىتى سۇنمايدۇ.لىكىن شەھۋەت بىلەن سىلىسا سۇنىدۇ تاھارەت ئالسۇن .)توت كىتاب توپلىغان سەھىھ.

**321 - [ 22 ] ( ضعيف )وقد روى أبو هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا أفضى أحدكم بيده إلى ذكره ليس بينه وبينها شيء فليتوضأ " . رواه الشافعي والدراقطني**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار قولى بىلەن ئەۋرىتىنى سىلىسا، قولى بىلەن ئەۋرەت ئارىسىدا بىرەر نەرسە بولمىسا، تاھارەت ئالسۇن (يەنى تاھارىتى سۇنۇپ كىتىدۇ) دىگەن ھەدىسنى شافىئى بىلەن دارىقۇتنى توپلىغان ئەلبانى ھەسەن دىدى

322 - [ 23 ] ( ضعيف )ورواه النسائي عن بسرة إلا أنه لم يذكر : " ليس بينه بينها شيء "

323 - [ 24 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقبل بعض أزواجه ثم يصلي ولا يتوضأ . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه . وقال الترمذي : لا يصح عند أصحابنا بحال إسناد عروة عن عائشة وأيضا إسناد إبراهيم التيمي عنهاوقال أبو داود : هذا مرسل وإبراهيم التيمي لم يسمع من عائشة

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارىتى بار ھالەتتە ئاياللىرىنىڭ بەزىسىنى سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇيتتى، (يەنى ئايالنى، ئېرىنى سۆيسە، تاھارەت سۇنمايدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ھېسسىياتى قوزغۇلۇپ، مەزىي چۈشسە، ئاق خۇن چۈشسە تاھارەت سۇنىدۇ، تاھارەت ئالسۇن.

324 - [ 25 ] ( حسن )وعن ابن عباس قال : أكل رسول الله صلى الله عليه وسلم كتفا ثم مسح يده بمسح كان تحته ثم قام فصلى . رواه أبو داود وابن ماجه وأحمد

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوينىڭ تاغاق گۆشىنى يەپ ، ئاندىن قولىنى ئاستىدىكى كاساياغا ئەيتىشتىپ،ئاندىن تۇرۇپ تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇغان ئىدى.ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە ،ئەھمەد ،توپلىغان ھەسەن.

325 - [ 26 ] ( صحيح )

وعن أم سلمة أنا قالت : قربت إلى النبي صلى الله عليه وسلم جنبا مشويا فأكل منه ثم قام إلى الصلاة ولم يتوضأ . رواه أحمد

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كاۋاپ قىلىنغان قوۋۇرغا گۆشىنى ئەكىلىپ بەرسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يەپ ، ئاندىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇدى.ئەھمەد توپلىغان سەھىھ.

الفصل الثالث326 - [ 27 ] ( صحيح )

عن أبي رافع قال : أشهد لقد كنت أشوي لرسول الله صلى الله عليه وسلم بطن الشاة ثم صلى ولم يتوضأ . رواه مسلم

ئەبۇ رابىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بىرىمەنكى ھەقىقەتەن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قوينىڭ قۇساق گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ بەرگەن ئىدىم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يەپ ، ئاندىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇدى.مۇسلىم توپلىغان .

327 - [ 28 ] ( ضعيف )وعنه قال : أهديت له شاة فجعلها في القدر فدخل رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال ما هذا يا أبا رافع فقال شاة أهديت لنا يا رسول الله فطبختها في القدر قال ناولني الذراع يا أبا رافع فناولته الذراع ثم قال ناولني الذراع الآخر فناولته الذراع الآخر ثم قال ناولني الذراع الآخر فقال يا رسول الله إنما للشاة ذراعان فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم أما إنك لو سكت لناولتني ذراعا فذراعا ما سكت ثم دعا بماء فتمضمض فاه وغسل أطراف أصابعه ثم قام فصلى ثم عاد إليهم فوجد عندهم لحما باردا فأكل ثم دخل المسجد فصلى ولم يمس ماء . رواه أحمد

ئەبى راپىئدىن، ئۇنىڭغا بىر قوي ھەدى قىلىندى، ئۇ، قوينى قازانغا سالدى، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيهى ۋەسەللەم كىرىپ كېلىپ، يا ئەبا راپىئ بۇ نېمە؟ دەپ سورىدى، ئەبۇ راپىئ، بۇ بىزگە ھەدى قىلىنغان، قوي بىز ئۇنى قازانغا سالدۇق، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ماڭا بىر قولنى ئېلىپ بەر دېدى، مەن بىر قولنى ئېلىپ بەردىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم يەنە بىر قولنى ئېلىپ بەر دېدى، مەن ئۇنىمۇ ئېلىپ بەردىم، ئاندىن يەنە بىر قولنىمۇ ئېلىپ بەر دېدى، مەن، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم قوينىڭ دېگەن ئىككى قولى بولىدۇ دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم، ھەي! ئەگەر ئۇ سۆز قىلماي جىم تۇرغان بولسا سۆزۈمگە كىرگەن بولسا، كەينى ــ كەينىدىن قولنى ئېلىپ بېرەتتى، ئۇ جىم تۇرمىدى، دەپ ئاندىن سۇ كەلتۈرۈپ ئاغزىنى چايقىدى، بارماقلىرىنىڭ ئەتراپىنى يۇيۇپ، ناماز ئوقۇدى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ، سوغۇق گۆشنى تاپتى ــ دە، يەنە يەپ مەسجىدگە كىرىپ ناماز ئوقۇدى، لېكىن، سۇنى ئىستېمال قىلمىدى، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد خاتىرلىگەن،ئەلبانى زەئىپ دېدى.

**328 - [ 29 ] ( ضعيف )ورواه الدارمي عن أبي عبيد إلا أنه لم يذكر : ثم دعا بماء إلى أخره**

**329 - [ 30 ] ( جيد الإسناد )**

**وعن أنس بن مالك قال : كنت أنا وأبي وأبو طلحة جلوسا فأكلنا لحما وخبزا ثم دعوت بوضوء فقالا لم تتوضأ فقلت لهذا الطعام الذي أكلنا فقالا أتتوضأ من الطيبات لم يتوضأ منه من هو خير منك . رواه أحمد**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن ۋە ئۇبەي ، ئەبۇ تەلهە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇملار بىللە ئولتۇرۇپ، نان بىلەن بىرگە گۆش يېدۇق ، ئاندىن مەن تاھارەت سۈيى چاقىرسام ، ئۇلار ماڭا؛ نىمە ئۈچۈن تاھارەت ئالىسەن؟دېدى.مەن؛ بىز يېگەن مۇشۇ تاماقنىڭ جەھتىدىن تاھارەت ئالىمەن دىسەم،ئۇلار ماڭا؛ بۇ پاك ــ پاكىز ھالال تاماقتىن يەپ، سەندىن ياخشىراق كىشى يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم تاھارەت ئالمىغان تۇرسا ، سەن تاھارت ئالامسەن؟دېدى.ئەھمەد توپلىغان ئىسنادى ياخشى.

**330 - [ 31 ] ( صحيح )وعن ابن عمر كان يقول : قبلة الرجل امرأته وجسها بيده من الملامسة . ومن قبل امرأته أو جسها بيده فعليه الوضوء . رواه مالك والشافعي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيتتى؛كىشىنىڭ ئايالىنى سۈيىشى ، قولى بىلەن سىلىشى قۇرئاندا سۆزلەنگەن مۇلامىسەتتىندۇر . كىم ئايالىنى سويىسە،ياكى قولى بىلەن سىلىسا،تاھارەت ئالسۇن.مالىك،شاپىئى توپلىغان سەھىھ.

**331 - [ 32 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود كان يقول : من قبلة الرجل امرأته الوضوء . رواه مالك**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيتتى؛ كىشى ئايالىنى سويىسە،تاھارەت ئالىدۇ.مالىك توپلىغان سەھىھ.

**332 - [ 33 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر أن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : إن القبلة من اللمس فتوضؤوا منها**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دېگەن؛ ھەقىقەتەن قۇبلەت يەنى سۆيۈشۈش، قۇرئاندىكى مۇلامىسەتتىن، سىلاشنىڭ جۈملىسىدىن، ئۇنىڭدىن تاھارەت ئېلىڭلار دېگەن بۇ ھەدىسنى دارىقۇتنى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**333 - [ 34 ] ( ضعيف )وعن عمر بن عبد العزيز عن تميم الداري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الوضوء من كل دم سائل " . رواهما الدارقطني وقال : عمر بن عبد العزيز لم يسمع من تميم الداري ولا رآه ويزيد بن خالد ويزيد بن محمد مجهولان**

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن تەمىيمى دداريدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

ھەرقانداق ئاقۇچى قاندىن تاھارەت ئېلىنىشى كېرەك، يەنى، قاندا تاھارەت سۇنۇپ كېتىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى دارىقۇتنى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن. چۈنكى، ئۆمەرئىبنى ئابدۇلئەزىز تەمىمى دارىنى كۆرۈپمۇ باقمىغان، بىرەر سۆز ئاڭلاپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسناددىكى يەزىيد ئىبنى خالىد، يەزىيد ئىبنى مۇھەممەد دىگەنلەر نامەلۇم كىشى ئىكەن.

## باب آداب الخلاء - الفصل الأول ھاجەتخانا ئەدەپلىرى توغرىسىدا

**334 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي أيوب الأنصاري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أتيتم الغائط فلا تستقبلوا القبلة ولا تستدبروها ولكن شرقوا أو غربوا "قال الشيخ الإمام محيي السنة رحمه الله : هذا الحديث في الصحراء وأما في البنيان فلا بأس لما روي :**

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر ھاجەتخانىغا ھاجەتكە بارساڭلار، قىبلىگە يەنى كەئبىگە ئالدىڭلارنىمۇ، ئارقاڭلارنىمۇ قىلماڭلار، لېكىن (قىبلىنىڭ شىمالىدا ياكى جەنۇبىدا بولساڭلار،) شەرىققە ياكى غەرىپكە قاراڭلار، (يەنى كەئبىنىڭ شەرىق ياكى غەربىدە بولساڭلار، جەنۇب ياكى شىمالىغا قاراڭلار.)، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**335 - [ 2 ] ( متفق عليه )عن عبد الله بن عمر قال : ارتقيت فوق بيت حفصة لبعض حاجتي فرأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقضي حاجته مستدبر القبلة مستقبل الشام**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆگزىسىگە بەزى ھاجىتىم ئۈچۈن چىقىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىبلىگە ئارقىسىنى قىلىپ ، شام تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ھاجەت قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئىدىم. بۇخارى،مۇسلىم

**336 - [ 3 ] ( صحيح )وعن سلمان قال : نهانا يعني رسول الله صلى الله عليه وسلم أن نستقبل القبلة لغائط أو بول أو أن نستنجي باليمين أو أن نستنجي بأقل من ثلاثة أحجار أو أن نستنجي برجيع أو بعظم . رواه مسلم**

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ چوڭ _كىچىك تەرەت قىلغىنىمىزدا، قىبلىگە ئالدىمىزنى (ھەم ئارقىمىزنى) قىلىشىمىزدىن توسقان،كام دىگەندە ئۈچ تاش بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭدىن كام بولۇپ قېلىشتىن توسقان،تىزەك، سۆڭەكلەر بىلەن ئىستىنجا قىلىشىمىزدىن ، ئوڭ قول بىلەنمۇ ئىستىنجا قىلىشىمىزدىن (كىشىنىڭ ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تازلىشىدىن )توسقان.مۇسلىم توپلىغان .

**337 - [ 4 ] ( متفق عليه )**

**وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا دخل الخلاء يقول : " اللهم إني أعوذ بك من الخبث والخبائث "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىغا كىرگەندە مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھۇمە ئىننى ئەئۇزۇبىكە مىنەلخۇبۇسى ۋەلخابائىس» يەنى ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلاردىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**338 - [ 5 ] ( متفق عليه )**

**وعن ابن عباس قال مر النبي صلى الله عليه وسلم بقبرين فقال إنما ليعذبان وما يعذبان في كبير أما أحدهما فكان لا يستتر من البول - وفي رواية لمسلم : لا يستن ه من البول - وأما الآخر فكان يمشي بالنميمة ثم أخذ جريدة رطبة فشقها نصفين ثم غرز في**

**كل قبر واحدة قالوا يا رسول الله لم صنعت هذا قال لعله يخفف عنهما ما لم ييبسا**

ئىبنى ئاباس ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئۇ ئىككىسى قەبرىسىدە ئازابلىنىۋاتىدۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە چوڭ گۇناھى كەبىير توغرىسىدا ئازابلانمايدۇ، بىرسى بولسا، سۈيدۈكتىن ساقلانمايتتى، يەنە بىرسى سۇخەنچىلىك قىلىپ، گەپ ــ سۆز توشۇيتتى، مانا بۇلار شۇ سەۋەبتىن ئازابلىنىۋاتىدۇ،ئاندىن بىرتال يۆل خورما تايىقىنى ئېلىپ ئىككى پارقىلىپ ، ھەربىر قەبرىگە بىردىن سانجىپ قويدى.ئۇلار ئى **الله** نىلڭ ئەلچىسى!نىمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىلا؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇ ئىككى تال تاياق قۇرۇپ قالمىسىلا، ئۇلاردىن ئازاپ يەڭگىللىشى مۇمكىن دىدى. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**339 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : اتقوا اللاعنين . قالوا : وما اللاعنان يا رسول الله ؟ . قال : " الذي يتخلى في طريق الناس أو في ظلهم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ يولىغا ۋە سايىلاردىن ئىبارەت ئاسانلام لەنەت قىلىنىشقا سەبەب بۇلىدىغان جايدىن ھەزەر قىلىپ، ئۇ جايلارغا تەرەت قىلماڭلار، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، ئەھمەد توپلىدى، سەھىھ.

**340 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أبي قتادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا شرب أحدكم فلا يتنفس في الإناء وإذا أتى الخلاء فلا يمس ذكره بيمينه ولا يتمسح بيمينه "**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار سۇ ئىچسە، قاچىنىڭ ئىچىگە تىنمىسۇن، ھاجەتخانىغا بارسا، ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتمىسۇن، شۇنداقلا، ئوڭ قولى بىلەن تازىلىمىسۇن، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**341 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : ( قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : من توضأ فليستنثر ومن استجمر فليوتر "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم تاھارەت ئالسا، بۇرنىغا سۇ ئالسۇن، كىم ئىستىنجا قىلسا تاق قىلسۇن. ئەھمەد ، بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**342 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يدخل الخلاء فأحمل أنا وغلام إداوة من ماء وع ة يستنجي بالماء**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىغا كىرسە ، مەن ۋە ياناپىر غۇلام (يەنى ئىبنى مەسئۇد )قاچىدا سۇ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاسىسىنى ئېلىپ باراتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلاتتى. بۇخارى، مۇسلىم

**الفصل الثاني**

**343 - [ 10 ] ( ضعيف )عن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا دخل الخلاء نزع خاتمه . رواه أبو داود والنسائي**

**والترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب قال أبو داود : هذا حديث منكر . وفي روايته وضع بدل نزع**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھاجەتخانىغا كىرگەندە، ئۈزۈكىنى ئېلىۋېتەتتى دىگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد،تىرمىزىي، نەسەئى خاتىرلىگەن، ئەبۇ داۋۇد، بۇ ھەدىس مۇنكەر دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**344 - [ 11 ] ( صحيح )وعن جابر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا أراد البراز انطلق حتى لا يراه أحد . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتنى يەنى تەرەت قىلىشنى مەخسەت قىلسا، ھېچ كىشى كۆرمىگىدەك يىراققا باراتتى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**345 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن أبي موسى قال : كنت مع النبي صلى الله عليه وسلم ذات يوم فأراد أن يبول فأتى دمثا في أصل جدار فبال ثم قال : " إذا أراد أحدكم أن يبول فليرتد لبوله " . رواه أبو داود**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك تەرەت قىلىشنى مەخسەت قىلىپ، تام تۈۋىدىكى يۇمشاق بىر جايغا كېلىپ تەرەت قىلىپ، ئاندىن مۇنداق دىدى. كىم تەرەت قىلماقچى بولسا، تەرىتى ئۈچۈن يۇمشاق، قولايلىق جاينى تاپسۇن دىدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**346 - [ 13 ] ( صحيح )وعن أنس رضي الله عنه قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا أراد الحاجة لم يرفع ثوبه حتى يدنو من الأرض . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي**

ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، كىيىمنى ئۈستۈن كۆتۈرۈۋالمايتتى، ھەتتا كىيىمى يەرگە تىگىپ يېقىن تۇراتتى، يەنى ئەۋرەتنى يېپىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى،دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

**347 - [ 14 ] ( حسن )**

**وعن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما أنا لكم مثل الوالد لولده أعلمكم إذا أتيتم الغائط فلا تستقبلوا القبلة ولا تستدبروها وأمر بثلاثة أحجار ونهى عن الروث والرمة ونهى أن يستطيب الرجل بيمينه . رواه ابن ماجه والدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە نىسبەتەن دادىنىڭ ئورنىدا تۇرىمەن، مەن سىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىمەن، سىلەر ھاجەتخانىغا بارساڭلار ، قىبلىگە ئالدىڭلارنى ھەم ئارقاڭلارنىمۇ قىلماڭلار،كام دىگەندە ئۈچ تاش بىلەن ئىستىنجا قىلىڭلار،تىزەك، سۆڭەكلەر بىلەن ئىستىنجا قىلماڭلار، ئوڭ قول بىلەنمۇ ئىستىنجا قىلماڭلار،كىشى ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تازىلىمىسۇن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان،دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

**348 - [ 15 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : كانت يد رسول الله صلى الله عليه وسلم اليمنى لطهوره وطعامه وكانت يده اليسرى لخلائه وما كان من أذى . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ قولى تاھارىتى، تائاملىرى ئۈچۈن ئىدى.سول قولى بولسا،خالادىكى ھاجىتى ۋە باشقا (بەلغەم،بۇرۇن سۈيىدەك)ئەزىيەتلىك نەرسىلەرنى تازلاش ئۈچۈن ئىدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**349 - [ 16 ] ( حسن )وعنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا ذهب أحدكم إلى الغائط فليذهب معه بثلاثة أحجار يستطيب ن فإنا تجزئ عنه " . رواه أحمد وأبو داود والنسائي والدارمي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھاجەتخانىغا ماڭسا، ئۈچ تال تاش ئېلىۋالسۇن، ئۇنىڭ بىلەن پاكلىنىدۇ، شۇ كۇپايە بولىدۇ، «چالما ۋە باشقا تازىلىق ئېلىۋالسا بولىدۇ، ئەمما تاق قىلسۇن دېگەن ھەدىس ئۆتتى» ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**350 - [ 17 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تستنجوا بالروث ولا بالعظام فإنا زاد إخوانكم من الجن " . رواه الترمذي والنسائي إلا أنه لم يذكر : " إخوانكم من الجن "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋاننىڭ تېزىكى بىلەن، سۆڭەك بىلەن ئىستىنجا قىلماڭلار. چۈنكى، ئۇ قېرىنداشلىرىڭلاربولغان جىنلارنىڭ ئوزۇق ــ تۈلكىدۇر. (تېزەك،ئۇلارنىڭ ھايۋىنىنىڭ رىزقى). تىرمىزى،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**351 - [ 18 ] ( صحيح )وعن رويفع بن ثابت قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : يا رويفع لعل الحياة ستطول بك بعدي فأخبر الناس أن من عقد لحيته أو تقلد وترا أو استنجى برجيع دابة أو عظم فإن محمدا بريء منه . رواه أبو داود**

رۇۋەيپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن: ئى رۇۋەيپىئ! ھاياتلىق ساڭا مەندىن كېيىن ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن، مەندىن كېيىنمۇ ياشىشىڭ مۇمكىن، كىشىلەرگە مۇنداق خەۋەر قىلغىن، كىم ساقىلىنى چىگىۋالسا، ئورىۋالسا، ساقىلىغا بىرەر نەرسە يا زەي تارا ئېسىۋالسا، ياكى ھايۋان تېزىكى بىلەن يا سۆڭەك بىلەن ئىستىنجا قىلسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن بىزاردۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**352 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من اكتحل فليوتر من فعل فقد أحسن ومن لا فلا حرج ومن استجمر فليوتر من فعل فقد أحسن ومن لا فلا حرج ومن أكل فما تخلل فليلفظ وما لاك بلسانه فليبتلع من فعل فقد أحسن ومن لا فلا حرج ومن أتى الغائط فليستتر ومن لم يجد إلا أن يجمع كثيبا من رمل فليستدبره فإن الشيطان يلعب بمقاعد بني آدم من فعل فقد أحسن ومن لا فلا حرج .رواه أبو داود وابن ماجه والدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: كىم سۈرمە تارتسا، تاق تارتسۇن، شۇنداق قىلسا، ياخشى قىلغان بولىدۇ، قىلالمىسا گۇناھ يوق، كىم ئىستىنجا قىلسا، تاق قىلسۇن، شۇنداق قىلسا ياخشى، قىلالمىسا گۇناھ يوق. ئەگەر تاماق يەپ چىشىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان نەرسىنى تىلىدا چىقىرىپ يۇتۇۋەتسە، شۇنداق قىلسا، ياخشى قىلغان بولىدۇ، قىلالمىسا گۇناھ يوق. كىم، ھاجەتخانىغا بارسا، پەردىلەنسۇن، ھېچنېمە تاپالمىسا، قۇم دۆۋىسىنى دۆۋلەپ قويۇپمۇ بولسا ئارقىسىدا ئولتۇرسۇن، شەيتان ئادەم باللىرىنىڭ ئەۋرىتىنى ئوينايدۇ، كىم شۇنداق قىلسا، ياخشى قىلغان بولىدۇ، ئەگەر قىلالمىسا ھېچ گۇناھ يوق دېگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارمى توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېدى،

**353 - [ 20 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن مغفل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يبولن أحدكم في مستحمه ثم يغتسل فيه أو يتوضأ فيه فإن عامة الوسواس منه رواه أبو داود والترمذي والنسائي إلا أنما لم يذكرا : ثم يغتسل فيه أويتوضأ فيه**

ئابدۇللا ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

سلەرنىڭ بىرىگىلار، مۇنچىغا كىچىك تەرەت قىلمىسۇن، ئاندىن ئۇ جايدا چوڭ ــ كىچىك تاھارەت ئالىدۇ، يۇيۇنىدۇ، ھەققەتەن ئومومىيۈزلۈك ۋەسۋەسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىدى. بەزىي ساھابى ،تابىئىنلار بۇنىڭغا ئەمەل قىلماي رۇخسەت بەردى

**354 - [ 21 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن عبد الله بن سرجس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يبولن أحدكم في جحر " . رواه أبو داود والنسائي**

ئىبنى سىرجەسىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بىرىگىلار تامنىڭ تۆشىكىگە كىچىك تەرەت قىلمىسۇن.ئەبۇداۋۇد،نەسەئى توپلىغان .

**355 - [ 22 ] ( ضعيف )وعن معاذ قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اتقوا الملاعن الثلاثة : البراز في الموارد وقارعة الطريق والظل " . رواه أبو داود وابن ماجه**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: لەنەت قىلىنىدىغان ئۈچ جايدىن ھەزەر قىلىڭلار، ئۇ بولسىمۇ، سۇ قۇيۇلىدىغان جايغا، يولغا، سايە چۈشىدىغان جايلارغا تەرەت قىلىپ قويۇشتۇر دىگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**356 - [ 23 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يخرج الرجلان يضربان الغائط كاشفين عن عور ما يتحدثان فإن الله يمقت على ذلك " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه**

ئەبى سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى ئەر، ھاجەتخانىدا ئەۋرەتلىرىنى ئوچۇق قويۇپ پاراڭلاشمىسۇن، ئاللاھ شۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**357 - [ 24 ] ( صحيح )وعن زيد بن أرقم قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن هذه الحشوش محتضرة فإذا أتى أحدكم الخلاء فليقل : أعوذ بالله من الخبث والخبائث " . رواه أبو داود وابن ماجه**

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن مۇشۇ ھاجەت ئادا قىلىنىدىغان جايلارغا، ھاجەتخانىلارغا،جىن ـ شەيتانلار ھازىر بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەردىن بىر كىشى ھاجەتخانىغا بارغان ھامان، «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەلخۇبۇسى ۋەلخابائىس» «ئاللاھقا سېغىنىپ، ئەركەك ــ چىشى شەيتانلاردىن پاناھ تىلەيمەن» دىسۇن، ئەبۇ داۋۇد 5 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 292 ــ ھەدىس، ئەھمەد 18525 ــ ھەدىس، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**358 - [ 25 ] ( صحيح لغيره )وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ستر ما بين أعين الجن وعورات بني آدم إذا دخل أحدهم الخلاء أن يقول بسم الله " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وإسناده ليس بقوي**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم باللىرى ھاجەتخانىغا كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى بىلەن جىنلارنىڭ كۆزلىرى ئارىلىقىدىكى پەردە، بىسمىللاھى دىيىشتۇر، (بىسمىللاھ دىسە، جىنلار كۆرەلمەيدۇ) ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**359 - [ 26 ] ( صحيح )**

**وعن عائشة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا خرج من الخلاء قال " غفرانك " . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىدىن چىققاندا، مۇنداق دەيتتى: «غۇفرانەكە يەنى مەغپىرەتلەرنى سورايمەن» ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان. ھەسەن.

**360 - [ 27 ] ( حسن )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا أتى الخلاء أتيته بماء في تور أو ركوة فاستنجى ثم مسح يده على الأرض ثم أتيته بإناء آخر فتوضأ . رواه أبو داود وروى الدارمي والنسائي معناه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالاغا بارسا،تاش قاچىدا ياكى تېرىدىن بولغان كىچىك تۇلۇمدا سۇ ئېلىپ كېلەتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىپ بولۇپ، قولىنى زېمىنگە سۈرتەتتى.ئاندىن يانا بىر قاچا سۇ ئېلىپ كېلەتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالاتتى. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى،دارىمى، ھەسەن.

**361 - [ 28 ] ( صحيح )وعن الحكم بن سفيان قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا بال توضأ ونضح فرجه . رواه أبو داود والنسائي**

ھەكەم ئىبنى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك تەرەت قىلىپ، تاھارەت ئالغاندا، بىر ئالقان سۇنى ئېلىپ، ئۇ سۇنى ئەۋرەتكە يەنى ئىشتاننىڭ ئېغىغا سېپەتتى، (بۇنداق قىلىش، شۈبھى گۇمانى يوقىتىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**362 - [ 29 ] ( حسن )وعن أميمة بنت رقيقة قالت : كان للنبي صلى الله عليه وسلم قدح من عيدان تحت سريره يبول فيه بالليل . رواه أبو داود والنسائي**

ئۇمەيمەت بىنتى رەقىقە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كارۋىتى ئاستىدا ياغاچتىن ياسالغان بىر قاچا بار بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (كېسەل بولۇپ قالسا) كېچىسى شۇ قاچىغا كىچىك تەرەت قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان ھەسەن.

**363 - [ 30 ] ( ضعيف )وعن عمر قال : رآني النبي صلى الله عليه وسلم وأنا أبول قائما فقال : " يا عمر لا تبل قائما " فما بلت قائما بعد . رواه الترمذي وابن ماجه قال الشيخ الإمام محيي السنة رحمه الله : قد صح :**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئۆرە تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، يا ئۆمەر، ئۆرۈ تۇرۇپ تەرەت قىلما دىدى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۆرە تۇرۇپ تەرەت قىلمىدىم دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**364 - [ 31 ] ( متفق عليه )عن حذيفة قال : أتى النبي صلى الله عليه وسلم سباطة قوم فبال قائما . . قيل : كان ذلك لعذر**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قەۋمنىڭ ھاجەتخانىسىغا (ئەخلەتخانىسىگە)كىلىپ، ئۇ جايدا ئۆرە تۇرۇپ، كىچىك تەرەت قىلغان ئىدى.ئۇ جاي نىجاسەتكە تولۇپ كەتكەچكە ئۆزرى بىلەن شۇنداق بولۇپ قالغان دىيىلدى.بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**الفصل الثالث**

**365 - [ 32 ] ( ضعيف )عن عائشة رضي الله عنها قالت : " من حدثكم أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يبول قائما فلا تصدقوه ما كان يبول إلا قاعدا " . رواه أحمد والترمذي والنسائي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كىم سىلەرگە ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرۇپ

تەرەت قىلاتتى دەپ ھەدىس سۆزلەپ بەرسە، ھەرگىز ئىشەنمەڭلار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت ئولتۇرۇپ تۇرۇپ تەرەت قىلاتتى دىگەن ھەدىسنى ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**366 - [ 33 ] ( حسن )وعن زيد بن حارثة عن النبي صلى الله عليه وسلم : " أن جبريل أتاه في أول ما أوحي إليه فعلمه الوضوء والصلاة فلما فرغ من الوضوء أخذ غرفة من الماء فنضح ا فرجه " . رواه أحمد والدارقطني**

ئۇسامەتدىن، دادىسى زەئىد ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا تۇنجى قېتىم ۋەھى كەلگەن كۈنلەردە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ماڭا تاھارەت ئېلىشنى، ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويغان، تاھارەت ئېلىشدىن پارىغ بولغاندا، بىر چاڭگال سۇنى ئېلىپ، ئېغىغا سېپىپ قويدى، يەنى بۇ ئىشنى ماڭا ئۆگەتتى، ئەھمەد، ھاكىم، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن ئىشتان ئاغىنى يۇيۇپ تۇرۇش چىقىپ تۇرىدۇ، شەك، گۇمان يوقايدۇ، چۈنكى، ئەۋرەت تۇرغان جاي يۇيۇلىدۇ

**367 - [ 34 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " جاءني جبريل فقال : يا محمد إذا توضأت فانتضح " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وسمعت محمدا يعني البخاري يقول : الحسن بن علي الهاشمي الراوي منكر الحديث**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن؛ ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دىدى؛ئى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!تاھارەت ئالساڭ ئېغىڭغا سۇ سەپكىن.تىرمىزى توپلىغان.

**368 - [ 35 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : بال رسول الله صلى الله عليه وسلم فقام عمر خلفه بكوز من ماء فقال : ما هذا يا عمر ؟ قال : ماء تتوضأ به . قال : ما أمرت كلما بلت أن أتوضأ ولو فعلت لكانت سنة . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك تەرەت قىلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا بىر كوزا سۇنى تۇتۇپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ نېمە يا ئۆمەر؟ دەپ سورىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ سىلە تاھارەت ئالىدىغان سۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ھەر قېتىم تەرەت قىلغاندا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلمۇدۇم، ئەگەر ئۇنداق قىلسام، ئۇ ئىش سۈننەت بولۇپ قالىدۇ دىدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، مشكات 368 ــ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**369 - [ 36 ] ( صحيح لغيره )وعن أبي أيوب وجابر وأنس : أن هذه الآية نزلت ( فيه رجال يحبون أن يتطهروا والله يحب المطهرين )قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا معشر الأنصار إن الله قد أثنى عليكم في الطهور فما طهوركم قالوا نتوضأ للصلاة ونغتسل من الجنابة ونستنجي بالماء قال فهو ذاك فعليكموه " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ئەييۇب ، جابىر،ئەنس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار مۇنداق دەيدۇ؛ مۇنۇ ئايەت نازىل بولغاندا،« ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن، بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشىڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشلەر بار، الله (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن)پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.سۈرە تۆبە 108 ـ ئايەت» رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئى ئەنسارىيلار جامائەسى!ھەقىقەتەن الله تائالا سىلەرنى تاھارەتە ماختىدى،سىلەرنىڭ تاھارىتىڭلار قانداق ئىدى؟دىدى. ئۇلار؛بىز نامازغا كىچىك تاھارەت ئالىمىز،جۈنۇپلۇقتىن يۇيۇنۇپ چوڭ تاھارەت ئالىمىز،

كىچىك تاھارەت ئالغاندا سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىمىز دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنداقتا الله نىڭ ماختىشى شۇ ئىش ئۈچۈن ئىكەن دە!بۇ ئىشىڭلارنى مەھكەم لازىم تۇتۇڭلار دىدى.ئىبنى ماجە سەھىھ.

**370 - [ 37 ] ( صحيح )**

**وعن سلمان قال قال له بعض المشركين وهو يستهزئ به إني لأرى صاحبكم يعلمكم كل شيء حتى الخراءة قال أجل أمرنا أن لا نستقبل القبلة ولا نستنجي بأيماننا ولا نكتفي بدون ثلاثة أحجار ليس فيها رجيع ولا عظم . رواه مسلم وأحمد واللفظ له**

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مۇشرىكلەرنىڭ بەزىسى زاڭلىق مەسخىرە قىلىپ ، ماڭا مۇنداق دىدى؛ھەققەتەن مەن ساھىبىڭلارنىڭ يەنى پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سىلەرگە ھەممە نەرسىنى، ھەتتا ھاجەت قىلىش ئەدەبلىرىنىمۇ ئۆگىتىدىغانلىقىنى كۆردۈم.مەن ئۇنىڭغا؛ شۇنداق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ چوڭ _كىچىك تەرەت قىلغىنىمىزدا، قىبلىگە ئالدىمىزنى (ھەم ئارقىمىزنى) قىلماسلىقىمىزنى بۇيرىغان. ئوڭ قوللىرىمىز بىلەنمۇ ئىستىنجا قىلماسلىقىمىزنى بۇيرىغان، كام دىگەندە ئۈچ تاش بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭدىن كام بولۇپ قېلىشتىن توسقان،تىزەك، سۆڭەكلەر بىلەن ئىستىنجا قىلىشىمىزدىن توسقان، مۇسلىم،ئەھمەد توپلىغان سەھىھ.

**371 - [ 38 ] ( صحيح )وعن عبد الرحمن بن حسنة قال : " خرج علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم وفي يده كهيئة الدرقة فوضعها ثم جلس فبال إليها فقال بعضهم : انظروا إليه يبول كما تبول المرأة فسمعه فقال أو ما علمت ما أصاب صاحب بني إسرائيل كانوا إذا أصا م شيء من البول قرضوه بالمقاريض فنهاهم فعذب في قبره " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئابدۇرەھمان ئىبنى ھەسەنەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە (ئەدەپ ئۆگىتىش ئۈچۈن ) قولىدا قالقاندەك بىر نەرسە بار ھالدا چىقىپ ، ئاندىن (ئۇنەرسىنى ئالدىغا قويۇپ) ئولتۇرۇپ، شۇ نەرسىگە ئالدىنى قىلىپ ، كىچىك تەرەت قىلىۋىدى ئۇلارنىڭ بەزىسى؛ ئۇنىڭغا قاراڭلار،ئۇ خۇددى ئايال كىشى كىچىك تەرەت قىلغاندەك تەرەت قىلىۋاتىدۇ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دىگەن: سەن بەنى ئىسرائىللارنىڭ ساھىبىغا، باش بولغان كىشىسىگە يەتكەن مۇسىبەتنى بىلمەمسەن، ئۇلارغا سۈيدۈكتىن بىرەر نەرسە تېگىپ قالسا، ئۇنى قايچا بىلەن كېسەتتى، ئۇلارنى ئۇ باش بولغۇچى، يۇرت ئاقساقىلى توسقان ئىدى، (يەنى كېسىشدىن توسقان ئىدى) ئۇ قەبرىسىدە ئازابلاندى، ئەھمەد ، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن قەبرە ئازابى يەنىلا سۈيدۈك تېگىشدىن، سۈيدۈكتىن ھەزەر قىلماسلىقدىن بولىدىغانلىقى، بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭمۇ قەبرە ئازابىدا ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىدۇ.

**372 - [ 39 ] ورواه النسائي عنه عن أبي موسى**

**373 - [ 40 ] ( حسن )عن مروان الأصفر قال : رأيت ابن عمر أناخ راحلته مستقبل القبلة ثم جلس يبول إليها فقلت يا أبا عبد الرحمن أليس قد نهي عن هذا قال بلى إنما نهي عن ذلك في الفضاء فإذا كان بينك وبين القبلة شيء يسترك فلا بأس . رواه أبو داود**

مەرۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆگىسىنى قىبلە تەرەپكە چوكىلاندۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن ئولتۇرۇپ تۇرۇپ،تۆگە تەرەپكە (يەنى قىبلىگە )ئالدىنى قىلىپ كىچىك تەرەت قىلغىنىنى كۆرۈپ؛ ئى ئەبائابدۇررەھمان!بۇنداق قىلىشتىن چەكلەنگەن ئەمەسمىدى؟دىسەم،ئۇ؛ئەلۋەتتە چەكلەنگەن، لىكىن ئۇ قىبلەتەرەپكەئالدىنى قىلىپ تەرەت قىلىش ئۈچۈقچىلىقتا چەكلەنگەن.سەن بىلەن قىبلە ئارىسىدا سىنى پەردىلەپ تۇرىدىغان نەرسە بولسا، كىرەك يوق دىدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن.

374 - [ 41 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم : إذا خرج من الخلاء قال : " الحمد لله الذي أذهب عني الأذى وعافاني " . رواه أبن ماجه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىدىن چىققاندا، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا مەندىن ئەرزىيەتنى كەتكۈزگەن ۋە مېنى ساقلىغان ئاللاھقا خاستۇر دەيتتى دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېدى،

375 - [ 42 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود قال : " لما قدم وفد الجن على النبي صلى الله عليه وسلم قالوا : يا رسول الله انه أمتك أن يستنجوا بعظم أو روثة أو حممة فإن الله جعل لنا فيها رزقا فنهانا رسول الله صلى الله عليه وسلم عن ذلك " . رواه أبو داود

ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛جىنلارنىڭ ئەلچىلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كەلگەندە مۇنداق دېگەن ئىكەن؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئۈممەتلىرىڭنى سۆڭەك،تېزەك،كۆمۈرلەر بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن توسقىن ، چۈنكى الله تائالا ئۇ نەرسىلەردە بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگەن . شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئۇ نەرسىلەربىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن توسقان. ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

## باب السواك ـ الفصل الأول مسۋاك توغرىسىدا

376 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لولا أن أشق على أمتي لأمر م بتأخير العشاء وبالسواك عند كل صلاة "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئۈممەتلىرىمگە جاپا ــ مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا، ھەربىر نامازغا مسۋاك سېلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

377 - [ 2 ] ( صحيح )وعن شريح بن هانئ قال : سألت عائشة : بأي شيء كان يبدأ رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا دخل بيته ؟ قالت : بالسواك . رواه مسلم

شۇرەيھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىگە كىرسە ، قايسى نەرسى بىلەن باشلايتتى؟دەپ سورسام،ئۇماڭا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىگە كىرسىلا، مسۋاك سېلىش بىلەن باشلايتتى دېدى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

378 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن حذيفة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا قام للتهجد من الليل يشوص فاه بالسواك

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى تەھەججۇد ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرسا، ئاغزىنى مسۋاك سېلىش بىلەن تازلايتتى. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

379 - [ 4 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عشر من الفطرة : قص الشارب وإعفاء اللحية والسواك واستنشاق الماء وقص الأظفار وغسل البراجم ونتف الإبط وحلق العانة وانتقاص الماء ) يعني الإستنجاء - قال الراوي : ونسيت العاشرة إلا أن تكون المضمضة . رواه مسلم
وفي رواية " الختان " بدل " إعفاء اللحية " لم أجد هذه الرواية في " الصحيحين " ولا في كتاب الحميدي

**ولكن ذكرها صاحب " الجامع " وكذا الخطابي في " معالم السنن " :**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن 10 ئىش باردۇر، (بۇلار بىزگىمۇ سۈننەتتۇر). 1 ـ بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇش، 2 ـ ساقالنى كامىل، تولۇق قويۇش، 3 ـ مىسۋاك سىلىش، 4 ـ ئاغىزى بۇرنىغا سۇ ئېلىش، 5 ـ تىرناقلارنى ئېلىپ تۇرۇش، 6 ـ بارماقلارنىڭ بوغۇملىرىنى قاتلىشىپ، تۇرۇلۇپ قالغان جايلارنى يۇيۇش، 7 ـ قولتۇق تۈكنى تازىلاش، 8 ـ ئەۋرەتنى پاك ــ پاكىز تازىلاش، 9 ـ ئىستىجا قىلىش، 10 ـ سىنى راۋىي ئۇنتۇپ قالغان بولۇپ، ئاغىزىغا سۇ ئېلىش دېگەن، بەزىلەر باشقا سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن دەلىللەپ خەتنە قىلىش دېگەن. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم تاھارەتتە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

بىر قىسىم ئالىملار رەببىم بۇيرىدى دېگەن، ھەدىسنى دەلىللەپ ساقال ۋاجىپ دېگەن، بەزىلەر كۈچلۈك سۈننەت دېگەن، بۇ ھەدىسدە سۈننەت دېيىلگەن، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللاھ؛ ساقالنى ئۈزرىسىز دائىم ئالدۇرغان كىشى پاسىق دېگەن.

**380 - [ 5 ] ( صحيح )عن أبي داود برواية عمار بن ياسر**

**الفصل الثاني**

**381 - [ 6 ] ( صحيح )عن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " السواك مطهرة للفم مرضاة للرب " . رواه الشافعي وأحمد والدارمي والنسائي ورواه البخاري في صحيحه بلا إسناد**

ئەبۇ بەكرى، ئائىشە، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىسۋاك سىلىش، ئېغىزنى پاكلايدۇ، رەبنى رازى قىلىدۇ، ئەھمەد، شافىئى،دارىمى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى،بۇخارى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**382 - [ 7 ] ( حسن )وعن أبي أيوب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أربع من سنن المرسلين : الحياء ويروى الختان والتعطر والسواك والنكاح " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:تۆت خىسلەت ئىش پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىندۇر،ھاياقىلىش يانابىرخاتىردە خەتنە قىلىش،ئەتىرى ئىشلىتىش،مىسۋاك سىلىش،نىكاھ يەنى توي قىلىش.تىرمىزى توپلىغان ھەسەن.

**383 - [ 8 ] ( حسن )وعن عائشة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم لا يرقد من ليل ولا نار فيستيقظ إلا يتسوك قبل أن يتوضأ . رواه أحمد وأبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ياكى كۈندىزى ئۇخلاپ ئويغۇنۇپلا قالسا، تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇنمۇ مىسۋاك سالاتتى.ئەبۇ شەيبە،ئەھمەد ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن

**384 - [ 9 ] ( حسن )وعنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يستاك فيعطيني السواك لأغسله فأبدأ به فأستاك ثم أغسله وأدفعه إليه . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىسۋاك سىلىپ،مىسۋاكنى يۇيۇپ بېرىشىم

ئۈچۈن ماڭا بىرەتتى،ئاندىن مەن ئۇنى ئۆزۈم سىلىتۋىلىپ ، ئاندىن يۇيۇپ بىرەتتىم.ئەبۇداۋۇد،ھەسەن

**الفصل الثالث**

**385 - [ 10 ] ( متفق عليه )عن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أراني في المنام أتسوك بسواك فجاءني رجلان أحدهما أكبر من الآخر فناولت السواك الأصغر منهما فقيل لي : كبر فدفعته إلى الأكبر منهما "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:، مەن بۇگۈن ئۇيقۇمدا، مسۋاك سىلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، ماڭا بىرسى چوڭ، بىرى كىچىك ئىككى ئەر كەلدى، مەن مسۋاكنى كىچىككگە سۇنۇپ بەرسەم، ماڭا؛ چوڭىغا بەرگىن دىيىلدى، مەن مسۋاكنى چوڭىراقىغا بەردىم، بەيھەقى ، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**386 - [ 11 ] ( ضعيف جدا )وعن أبي أمامة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ما جاءني جبريل عليه السلام قط إلا أمرني بالسواك لقد خشيت أن أحفي مقدم في " . رواه أحمد**

ئەبى ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا جىبرىئىل كەلمەيدۇ، لېكىن، كېلىپلا قالسا، مېنى مسۋاك سىلىشقا بۇيرۇيدۇ، مسۋاكنى تولا سالغانلىقتىن، ئاغزىمنىڭ ئالدى تەرەپىنىڭ ئۇپراپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىم دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەھمەد خاتىرلىگەن، ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دىدى.

**387 - [ 12 ] ( صحيح )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لقد أكثرت عليكم في السواك " رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە مسۋاك توغرىلىق بەك كۆپ سۆزلىدىم، يەنى مسۋاكنى لازىم تۇتۇڭلار، بۇخارى، نەسەئى، ئەھمەد، دارمى توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار بۇ ھەدىسكە، مسۋاكنى كۆپ سىلىش دەپ باب قويىدى.

**388 - [ 13 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يستن وعنده رجلان أحدهما أكبر من الآخر فأوحي إليه في فضل السواك أن كبر أعط السواك أكبرهما . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مسۋاك سىلىۋاتاتتى ، ئالدىدا بىرى يانا بىردىن چوڭراق ئىككى كىشى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مسۋاكنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا مسۋاكنى ئۇلارنىڭ چوڭراقىغا بەرگىن دەپ ۋەھى قىلىندى.ئەبۇداۋۇد،سەھىھ

**389 - [ 14 ] ( ضعيف )وعنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تفضل الصلاة التي يستاك لها على الصلاة التي لا يستاك لها سبعين ضعفا " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مسۋاك سىلىنغان ناماز، مسۋاك سىلىنمىغان نامازنىڭ ئۈستىگە 70 چەندان پەزىلەتلىك ، ئارتۇق تۇرىدۇ دىگەن ھەدىسنى بەيھەقى توپلىغان بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**390 - [ 15 ] ( صحيح )وعن أبي سلمة عن زيد بن خالد الجهني قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لولا أن أشق على أمتي لأمر م بالسواك عند كل صلاة ولأخرت صلاة العشاء إلى ثلث الليل " قال فكان زيد بن خالد يشهد الصلوات في المسجد وسواكه على أذنه موضع القلم من أذن الكاتب لا يقوم إلى الصلاة إلا أستن ثم رده إلى موضعه . رواه الترمذي وأبو**

**داود إلا أنه لم يذكر : " ولأخرت صلاة العشاء إلى ثلث الليل " . وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئەگەر مەن ئۈممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھەر بىر نامازدا مسۋاك سېلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم، خۇپتەن نامىزىنى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچدەن بىرىگىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇيتتۇم ۋە شۇنىڭغا بۇيرۇيتتىم.ئەبۇسەلەمە مۇنداق دەيدۇ؛ زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەش نامازغا مەسجىدكە كېلەتتى ، خۇددى كاتىپنىڭ قەلىمى قۇلىقىغا قىستۇرۇقلۇق تۇرغاندەك، ئۇنىڭ مسۋىكى قۇلىقىغا قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى،ئۇ نامازغا تۇرغان ھامان ئاغزىغا مسۋاك سېلىۋېتىپ ، مسۋىكىنى ئۆز ئورنىغا قايتۇراتتى.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

## باب سنن الوضوء - الفصل الأول تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى توغرىسىدا

**391 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا استيقظ أحدكم من نومه فلا يغمس يده في الإناء حتى يغسلها فإنه لا يدري أين باتت يده "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان چاغدا، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇمىغىچە قاچىغا سالمىسۇن، چۈنكى، ئۇ قولىنىڭ كېچىسى نەدە تۇرغىنىنى بىلمەيدۇ، مالىك، شافىئى، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**392 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا استيقظ أحدكم من منامه فليستنثر ثلاثا فإن الشيطان يبيت على خيشومه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، (كىچىك تاھارەت ئېلىپ)، بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئالسۇن، چۈنكى، شەيتان ئۇنىڭ بۇرنىدا قونىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ

**393 - [ 3 ] ( صحيح )وقيل لعبد الله بن زيد : كيف كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يتوضأ ؟ فدعا بوضوء فأفرغ على يديه فغسل يديه مرتين مرتين ثم مضمض واستنثر ثلاثا ثم غسل وجهه ثلاثا ثم غسل يديه مرتين مرتين إلى المرفقين ثم مسح رأسه بيديه فأقبل بهما وأدبر بدأ بمقدم رأسه ثم ذهب بهما إلى قفاه ثم ردهما حتى يرجع إلى المكان الذي بدأ منه ثم غسل رجليه . رواه مالك والنسائي ولأبي داود نحوه ذكره صاحب الجامع**

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداق تاھارەت ئالاتتى؟ دېيىلدى. ئۇ تاھارەت سۈيىنى چاقىرىپ،قولىغا سۇ قۇيۇپ، ئىككى قولىنى ئىككى قېتىمدىن يۇدى، ئاندىن ئاغزى ـ بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ چايقاپ،يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيدى.ئاندىن قولىنى ئىككى جەينىكى بىلەن قوشۇپ ئىككى قېتىم يۇيۇپ،ئاندىن ئىككى قولىنىڭ ئالدى ــ ئارقىسى بىلەن بېشىغا مەسھ قىلدى، مەسھىنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ،ئاندىن قولىنى (بېشىنىڭ ئۈستىدىن )گەردىنىگىچە ئاپىرىپ،ئاندىن ئىككى قولىنى (ئالقىنىنىڭ ئارقىسىچە)بېشىنىڭ (يان تەرىپىدىن)مەسھىنى باشلىغان ئورنىغا قايتۇردى.ئاندىن ئىككى پۇتىنى يۇيدى.مالىك، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**394 - [ 4 ] وفي المتفق عليه : قيل لعبد الله بن زيد بن عاصم : توضأ لنا وضوء رسول الله صلى الله عليه وسلم فدعا بإناء فأكفأ منه على يديه فغسلهما ثلاثا ثم أدخل يده فاستخرجها فمضمض واستنشق من كف واحدة ففعل ذلك ثلاثا ثم أدخل يده**

**فاستخرجها فغسل وجهه ثلاثا ثم أدخل يده فاستخرجها فغسل يديه إلى المرفقين مرتين مرتين ثم أدخل يده فاستخرجها فمسح برأسه فأقبل بيديه وأدبر ثم غسل رجليه إلى الكعبين ثم قال هكذا كان وضوء رسول الله صلى الله عليه وسلم**

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛سەن بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالغان تاھارىتىدەك، تاھارەت ئېلىپ بەرگىن دېيىلدى. ئۇ قاچىدا تاھارەت سۈيىنى كەلتۈرۈپ،قاچىدىن قولىغا سۇ قۇيۇپ، ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن قولىنى قاچىغا سېلىپ سۇ ئېلىپ،بىر ئالقان سۇ بىلەن ئاغزى ــ بۇرنىنى چايقىدى، ئۇ شۇ ئىشنى ئۈچ قېتىم قىلىپ، ئاندىن قولىنى قاچىغا سېلىپ سۇ ئېلىپ، يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيدى. ئاندىن قولىنى قاچىغا سېلىپ، سۇ ئېلىپ،ئىككى قولىنى ئىككى جەينىكى بىلەن قوشۇپ ، ئىككى قېتىمدىن يۇيۇپ، ئاندىن قولىنى قاچىغا سېلىپ، سۇ ئېلىپ، قولىنىڭ ئالدى ــ ئارقىسى بىلەن بېشىغا مەسھ قىلدى، ئاندىن ئىككى پۇتىنى ھوشىقى بىلەن قوشۇپ يۇيدى.ئاندىن ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالغان تاھارىتى ئەنە شۇنداق ئىدى دېدى.

**وفي رواية : فأقبل بهما وأدبر بدأ بمقدم رأسه ثم ذهب بهما إلى قفاه ثم ردهما حتى رجع إلى المكان الذي بدأ منه ثم غسل رجليه**

يانابىرخاتىردە،ئاندىن ئىككى قولىنىڭ ئالدى ــ ئارقىسى بىلەن بېشىغا مەسھ قىلدى، مەسھنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ،ئاندىن قولىنى (بېشىنىڭ ئۈستىدىن )گەردىنىگىچە ئاپىرىپ،ئاندىن ئىككى قولىنى (ئالقىنىنىڭ ئارقىسىچە)بېشىنىڭ (يان تەرىپىدىن)مەسھنى باشلىغان ئورنىغا قايتۇردى.ئاندىن ئىككى پۇتىنى يۇيدى.دېيىلگەن.

**وفي رواية : فمضمض واستنشق واستنثر ثلاثا بثلاث غرفات من ماء** يانا

بىردە،ئۈچ ئالقان سۇ بىلەن ئاغزى ــبۇرنىنى ئۈچ قېتىم چايقىدى،

**وفي رواية أخرى : فمضمض واستنشق من كفة واحدة ففعل ذلك ثلاثا** ئاندىن

بىر ئالقان سۇ بىلەن ئاغزى ــبۇرنىنى چايقىدى، ئۇ شۇ ئىشنى ئۈچ قېتىم قىلدى.

**وفي رواية للبخاري : فمسح رأسه فأقبل بهما وأدبر مرة واحدة ثم غسل رجليه إلى الكعبين** قولىنىڭ

ئالدى ــ ئارقىسى بىلەن بېشىغا بىر قېتىملا مەسھ قىلدى، ئاندىن ئىككى پۇتىنى ھوشىقى بىلەن قوشۇپ يۇيدى.

**وفي أخرى له : فمضمض واستنثر ثلاث مرات من غرفة واحدة**

يانابىر خاتىردە ، بىر ئالقان سۇ بىلەن ئاغزى ــبۇرنىنى ئۈچ قېتىم چايقىدى،دېيىلگەن. بۇخارى،مۇسلىم،

**395 - [ 5 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عباس قال : توضأ رسول الله صلى الله عليه وسلم مرة مرة لم يزد على هذا . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىمدىنلا يۇيۇپ تاھارەت ئالغان،ئۇنىڭدىن زىيادە ئارتۇق قىلمىغان . بۇخارى.

**396 - [ 6 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن زيد : أن النبي صلى الله عليه وسلم توضأ مرتين مرتين . رواه البخاري**

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالغان، بۇخارى.

**397 - [ 7 ] ( صحيح )وعن عثمان رضي الله عنه أنه توضأ بالمقاعد فقال : ألا أريكم وضوء رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ فتوضأ ثلاثا ثلاثا . رواه مسلم**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەر ئولتۇرىدىغان جايدا تاھارەت ئېلىپ، مۇنداق دىگەن ؛ مەن سىلەرگە

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارىتىنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟دەپ، ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالغان. مۇسلىم.(خۇلاسە؛بىرقېتىم يۇيۇش پەرز. ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش سۈننەتتۇر.)

**398 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو قال : رجعنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم من مكة إلى المدينة حتى إذا كنا بماء بالطريق تعجل قوم عند العصر فتوضؤوا وهم عجال فانتهينا إليهم وأعقا م تلوح لم يمسها الماء فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ويل للأعقاب من النار أسبغوا الوضوء " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە مەككىدىن مەدىنىگە قايتىقچە،يول بۇيىدىكى سۇ بار جايدىن ئۆتۈپ قالدۇق، بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا، ئەسىر ۋاقتى بولغاچقا، كىشىلەر ئالدىرشىپ،ناھايىتى تىز تاھارەت ئېلىۋاتقان ئىكەن ، سۇ تەگمىگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ تاپانلىرى پارقىراپ تۇراتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈنى كۆرۈپ مۇنداق دىگەن: تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلماي قالغان چالا تاپانلارغا دوۋزاخ ئوتىدىن ۋايدۇر.تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**399 - [ 9 ] ( صحيح )**

**وعن المغيرة بن شعبة قال : إن النبي صلى الله عليه وسلم توضأ فمسح بناصيته وعلى العمامة وعلى الخفين . رواه مسلم**

مۇغەيرەت ئىبنى شۆئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئېلىپ،چېكىسىگە،سەللىسىگە، ئىككى ئۆتىكىگە مەسىھ قىلغان ئىدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**400 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يحب التيمن ما استطاع في شأنه كله : في طهوره وترجله وتنعله**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالغاندا، چېچىنى تارىغاندا، ئاياغ كىيگەندە، بارلىق ئىشلىرىدا قادىر بولۇشىچە ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئۈنىڭدىن كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**401 - [ 11 ] الفصل الثاني ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا لبستم وإذا توضأتم فابدؤوا بأيامنكم " . رواه أحمد وأبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىيىم كىيسەڭلار، تاھارەت ئالساڭلار ئوڭ تەرىپىڭلار بىلەن باشلاڭلار، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**402 - [ 12 ] وعن سعيد بن زيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا وضوء لمن لم يذكر اسم الله عليه " . رواه الترمذي وابن ماجه**

سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تاھارەتكە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىمىگەن، بىسمىللاھ دىمىگەن كىشى ئۈچۈن تاھارەت يوق. ئەھمەد، ھاكىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**403 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )ورواه أحمد وأبو داود عن أبي هريرة**

**404 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )والدارمي عن أبي سعيد الخدري عن أبيه وزادوا في أوله :**

بۇ ھەدىسلەر يۇقىرقىغا ئوخشاش بولۇپ ، تاھارەتنى يوق كىشىگە ناماز يوق دېگەن زىيادە باردۇر.

**405 - [ 15 ] ( صحيح )وعن لقيط بن صبرة قال : قلت : يا رسول الله أخبرني عن الوضوء . قال : " أسبغ الوضوء وخلل بين الأصابع وبالغ في الاستنشاق إلا أن تكون صائما " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وروى ابن ماجه والدارمي إلى قوله : بين الأصابع**

لەقىيت ئىبنى سەبۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛مەن ئى رەسۇلەالله!ماڭا تاھارەت توغرىسىدا خەۋەر بەرسلە دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، بارماقلار ئارىسىغا خلال قىلىپ، سۇ يەتكۈز، رامىزان روزىسىنى ياكى مۇتلەق روزا تۇتقان ۋاقتىتىن باشقا چاغدا، بۇرنىڭغا سۇنى كامىل ئالغىن، دېدى. شافىئى، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم،دارىمى، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**406 - [ 16 ] ( حسن )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا توضأت فخلل بين أصابع يديك ورجليك " . رواه الترمذي . وروى ابن ماجه نحوه وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت ئالغاندا، پۇت ــ قوللىرىڭنىڭ بارماق ئارىسىغا خلال قىلغىن، يەنى سۇنى كىرگۈزگىن، تىرمىزى، ئىبنى ماجە،ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**407 - [ 17 ] ( صحيح )وعن المستورد بن شداد قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا توضأ يدلك أصابع رجليه بخنصره . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارەت ئالغاندا ، ئىككى پۇتىنىڭ بارماق ئارلىقلىرىنى چىمچىلاق بارمىقى بىلەن كوچىلاپ تازلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**408 - [ 18 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا توضأ أخذ كفا من ماء فأدخله تحت حنكه فخلل به لحيته وقال : " هكذا أمرني ربي " . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تاھارەت ئالسا، بىر ئالقان سۇنى ئېلىپ، سۇنى ئېڭىكىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ، سۇ بىلەن ساقىلىغا خلال قىلىپ، (يەنى ئارىلىقىغا سۇ كىرگۈزۈپ،) مېنى رەببىم ئەنە شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى دېگەن. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**409 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن عثمان رضي الله عنه : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يخلل لحيته . رواه الترمذي والدارمي**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (تاھارەت ئالغاندا)ساقىلىغا خلال قىلىپ ، ئارىسىغا سۇ كىرگۈزەتتى. تىرمىزى ، دارىمى توپلىغان.

**410 - [ 20 ] ( صحيح )وعن أبي حية قال رأيت عليا توضأ فغسل كفيه حتى أنقاهما ثم مضمض ثلاثا واستنشق ثلاثا وغسل وجهه ثلاثا وذراعيه ثلاثا ومسح برأسه مرة ثم غسل قدميه إلى الكعبين ثم قام فأخذ فضل طهوره فشربه وهو قائم ثم قال أحببت أن أريكم كيف كان طهور رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه الترمذي والنسائي**

ئەبۇ ھەييەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛مەن ئېلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەت ئالغاندا ئىككى قولىنى پاك

بولغوچە يۇيۇپ، ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ غەر-غەر قىلىپ،ئاندىن بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ چايقاپ،يۈزىنى ۋە ئىككى بىلىكىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ ، بېشىغا بىر قېتىم مەسھە قىلىپ ، ئاندىن ئىككى پۇتىنى ئىككى ھوشىقى بىلەن قوشۇپ (ئۈچ قېتىم) يۇيۇپ،ئاندىن تۇرۇپ،تاھارەتتىن ئاشقان سۇنى ئېلىپ، ئۆرە تۇرغان ھالدا ئىچىۋەتكىنىنى كۆردۈم.ئاندىن ئۇ ؛مەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قۇيىشىمنى ياخشى كۆردۈم، دىدى.تىرمىزى،نەسەئى تويلىغان سەھىھ.

**411 - [ 21 ] ( صحيح )وعن عبد خير قال : نحن جلوس ننظر إلي علي حين توضأ فأدخل يده اليمنى فملأ فمه فمضمض واستنشق ونثر بيده اليسرى فعل هذا ثلاث مرات ثم قال من سره أن ينظر إلى طهور رسول الله صلى الله عليه وسلم فهذا طهوره . رواه الدارمي**

ئابدۇخەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئېلىۋاتقاندا قاراپ ئولتۇرغان ئىدۇق ، ئۇ ئوڭ قولى بىلەن ئاغزىغا لىق سۇ ئېلىپ چايقاپ،ئاندىن بۇرنىغا سۇ ئېلىپ چايقاپ، بۇرۇن سۈيىنى سول قولى بىلەن تېشىغا چىقاردى،ئۇ بۇ ئىشنى ئۈچ قېتىم قىلىپ؛كىمنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارىتىگە قارىشى خۇرسەن قىلسا،مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارىتىدۇر دىدى.دارىمى تويلىغان سەھىھ.

**412 - [ 22 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن زيد قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم مضمض واستنشق من كف واحدة فعل ذلك ثلاثا . رواه أبو داود والترمذي**

ئابدۇالله رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ئالقان سۇ بىلەن ئاغزى _ بۇرنىنى چايقاپ، شۇ ئىشنى ئۈچ قېتىم قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، دەيدۇ.ئەبۇداۋۇد،تىرمىزى تويلىغان سەھ

**413 - [ 23 ] ( صحيح )وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم مسح برأسه وأذنيه : باطنهما بالسباحتين وظاهرهما بإ اميه )( رواه النسائي )**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىغا ۋە ئىككى قۇلىقىغا مەسھە قىلغان ئىدى،ئىككى قۇلىقىنىڭ ئىچىگە ، ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن،تېشىغا، ئىككى باش بارمىقى بىلەن مەسھە قىلغان ئىدى.نەسەئى خاتىرلىگەن سەھىھ.

**414 - ( حسن )وعن الربيع بنت معوذ : أنا رأت النبي صلى الله عليه وسلم يتوضأ قالت فمسح رأسه ما أقبل منه وما أدبر وصدغيه وأذنيه مرة واحدةوفي رواية أنه توضأ فأدخل أصبعيه في جحري أذنيه . رواه أبو داود وروى الترمذي الرواية الأولى وأحمد وابن ماجه الثانية**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن رەبىيئ بىنتى مۇئەۋۋەز رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنىڭ ئالدى-ئارقىسى بىلەن بېشىنىڭ ئالدى _ ئارقىسىغا، ئىككى چېكىسىگە، ئىككى قولىقىغا بىر قېتىم مەسھە قىلغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالغاندا، ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ ئىچىگە،تۆشۈكلىرىگە كىرگۈزۈپ تازىلىغان.ئەبۇداۋۇد،تىرمىزى،ئەھمەد،ئىبنى ماجە تويلىغان ھەسەن.

**415 - [ 25 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن زيد : أنه رأى النبي صلى الله عليه وسلم توضأ وأنه مسح رأسه بماء غير فضل**

يديه . رواه الترمذي ورواه مسلم مع زوائد

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، تاھارەت ئالغاندا، ئىككى قولىنىڭ ئېشىپ قالغان سۈيىدىن باشقا، يېڭى سۇ بىلەن بېشىغا مەسھ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم دەيدۇ.مۇسلىم،تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

416 - [ 26 ] ( صحيح )وعن أبي أمامة ذكر وضوء رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : وكان يمسح الماقين وقال : الأذنان من الرأس . رواه ابن ماجه وأبو داود والترمذي وذكرا : قال حماد : لا أدري : الأذنان من الرأس من قول أبي أمامة أم من قول رسول الله صلى الله عليه وسلم

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارىتىنى تىلغا ئېلىپ، مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى كۆزىنىڭ بۇرۇن ۋە قۇلاق تەرەپتىكى ئىچكىر چاناقلىرىنى مەسھ قىلىپ سىلىغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئىككى قۇلاق باشنىڭ جۈملىسىدىن دىگەن . (يەنى مەسھ قىلىندۇ) ئەبۇداۋۇد،تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

417 - [ 27 ] ( حسن )

وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : جاء أعرابي إلى النبي صلى الله عليه وسلم يسأله عن الوضوء فأراه ثلاثا ثلاثا ثم قال : " هكذا الوضوء فمن زاد على هذا فقد أساء وتعدى وظلم " . رواه النسائي وابن ماجه وروى أبو داود معناه

ئەمرۇئىبنى شۇئەيبىنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر ئەئرابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ، تاھارەتتىن سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئېلىپ كۆرسەتكەندىن كېيىن مۇنداق دىگەن: تاھارەت، سۇنەت بويىچە ئەنە شۇنداق بولىدۇ، كىم ئۇنىڭدىن زىيادە قىلىدىكەن، ھەققەتەن ئۇ گۇناھكار بولۇپ، ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

418 - [ 28 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن المغفل أنه سمع ابنه يقول : اللهم إني أسألك القصر الأبيض عن يمين الجنة قال : أي بني سل الله الجنة وتعوذ به من النار فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إنه سيكون في هذه الأمة قوم يعتدون في الطهور والدعاء " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىنىڭ؛ «ئى الله ! مەن سىلدىن جەننەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئاق قەسىرنى سورايمەن » دىگەنلىكىنى ئاڭلاپ؛ ئەي بالام!سەن الله دىن جەننەتنى سوراپ،الله قا سىغىنىپ دەۋزەختىن پاناھ تىلىگىن !.ھەققەتەن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ؛ ھەققەتەن كەلگۈسىدە بۇ ئۇممەت ئىچىدە، تاھارەتتە، دۇئادا، ھەددىدىن ئاشىدىغان قەۋملەر مەيدانغا كىلىدۇ، دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دىگەن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، (تاھارەتتە ھەددىدىن ئېشىش بولسا، سۇنى ئىسراپ قىلىش، ئۇچتىن كۆپ، ئارتۇق يۇيۇش ياكى باشقىلار. دۇئادا بولسا، ۋارقىراش، لايىقدا سورىماي، ھەددىدىن ئېشىپ، خۇددى ئۆزىنى جەننەت ئەھلىدەك ھىس قىلىپ، جەننەتكە كىرىپ بولغاندەك، پالانى بىلەن بىللە بولسام دەپ پەيغەمبەرلەر مەرتىبىسىنى سوراش ياكى شاپائەت مەسلىلىرىدە ھەددىدىن ئېشىپ دۇئا قىلىپ، ۋاستە قىلىشتۇر).

419 - [ 29 ] ( ضعيف )وعن أبي بن كعب عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن للوضوء شيطانا يقال له الولهان فاتقوا وسواس الماء " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب وليس إسناده بالقوي عند أهل الحديث لأنا لا نعلم

**أحدا أسنده غير خارجة وهو ليس بالقوي عند أصحابنا**

ئۇبەي ئىبنى كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن تاھارەتنىڭ ۋولھان ئىسىملىك شەيتىنى بار، سۇنىڭ ۋەسۋەسە قىلغۇچىسىدىن ھەزەر قىلىڭلار دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن. تىرمىزى بۇ ھەدىس غەرىيىپ يەنى راۋىيىسى باشتىن ئاخىر بىرلا، ئىسنادى كۈچلۈك ئەمەس. چۈنكى، خارجەت ھەدىس ئالىملىرى نەزىرىدە كۈچلۈك ئەمەس دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**420 - [ 30 ] ( ضعيف )وعن معاذ بن جبل قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا توضأ مسح وجهه بطرف ثوبه . رواه الترمذي**

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارەت ئالغاندا يۈزىنى كىيىمىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن سۈرتكىنىنى كۆردۈم دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**421 - [ 31 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كانت لرسول الله صلى الله عليه وسلم خرقة ينشف ا أعضاءه بعد الوضوء . رواه الترمذي وقال : هذا حديث ليس بالقائم وأبو معاذ الراوي ضعيف عند أهل الحديث**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قول ياغلىقى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئەزالىرىنى سۈرتۈپ ئەيتاتتى.تىرمىزى توپلىغان .

**الفصل الثالث**

**422 - [ 32 ] ( ضعيف )عن ثابت بن أبي صفية قال : قلت لأبي جعفر هو محمد الباقر حدثك جابر : أن النبي صلى الله عليه وسلم توضأ مرة مرة ومرتين مرتين وثلاثا ثلاثا . قال : نعم . رواه الترمذي وابن ماجه**

سابىت ئىبنى ئەبى سەپىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئەبۇ جەئپەرگە، ساڭا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمدىن ئۈچ قېتىمدىن تاھارەت ئالغىنىنى سۆزلەپ بەردىمۇ؟ دىسەم، ئۇ ھەئە دىدى، يەنى 1، 2، 3 قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالغان ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى، لېكىن، سەھىھ ھەدىستە ئۈچ قېتىم يۇغىنى بار.

**423 - [ 33 ] ( لا أصل له )وعن عبد الله بن زيد قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم توضأ مرتين مرتين وقال : هو " نور على نور "**

ئابدۇللا ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئېلىپ، بۇ دىگەن نۇر ئۈستىگە نۇردۇر دىدى، دىگەن بۇ ھەدىسنى رەزىين خاتىرلىگەن. ئەلبانى بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق دىدى، يەنە تېگى مەنبەسى يوق ئىكەن.

**424 - [ 34 ] ( صحيح )وعن عثمان رضي الله عنه قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم توضأ ثلاثا ثلاثا وقال : " هذا وضوئي ووضوء الأنبياء قبلي ووضوء إبراهيم " . رواهما رزين والنووي ضعف الثاني في شرح مسلم**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئېلىپ؛ مانا بۇ مىنىڭ ۋە مەندىن بۇرۇنقى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئىبراھىيم ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارىتىدۇر دىدى. رەزىين توپلىغان ئىمام نەۋەۋىي زەئىپ دىگەن، ئىمام ئەلبانىي سەھىھ دىگەن.

**425 - [ 35 ] ( صحيح )**

**وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يتوضأ لكل صلاة وكان أحدنا يكفيه الوضوء ما لم يحدث . رواه الدرامي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەربىر نامازغا بىردىن تاھارەت ئالاتتى، بىزنىڭ بىرىمىزگە، تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسىلا، بىر تاھارەت بەش نامازغا كۇپايە بۇلاتتى. دارىمى توپلىغان سەھىھ.

**426 - [ 36 ] ( حسن )وعن محمد بن يحيى بن حبان الأنصاري ثم المازني مازن بني النجار قال قلت لعبيد الله بن عبد الله بن عمر أرأيت وضوء عبد الله بن عمر لكل صلاة طاهرا كان أو غير طاهر عمن أخذه ؟ فقال : حدثته أسماء بنت زيد بن الخطاب أن عبد الله بن حنظلة بن أبي عامر ابن الغسيل حدثها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان أمر بالوضوء لكل صلاة طاهرا كان أو غير طاهر فلما شق ذلك على رسول الله صلى الله عليه وسلم أمر بالسواك عند كل صلاة ووضع عنه الوضوء إلا من حدث قال فكان عبد الله يرى أن به قوة على ذلك كان يفعله حتى مات . رواه أحمد**

مۇھەممەد ئىبنى يەھيارەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن ئۇبەيدىللاھ ئىبنى ئىبنى ئۆمەرگە ؛ قېنى دەپ باققىنە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارىتى بار بولسۇن ياكى تاھارىتى يوق بولسۇن، ھەربىر نامازغا بىردىن تاھارەت ئالىدىغان ئىشنى كىمدىن ئالغان ئىكەن؟دىسەم، ئۇبەيدىللاھ ئىبنى ئىبنى ئۆمەر؛ دادام ئىبنى ئۆمەرگە ئەسمائ بىنتى زەيد سۆزلەپ بىرىپتۇ،ئەسمائقا، ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بىرىپتۇ؛ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارىتى بار بولسۇن ياكى تاھارىتى يوق بولسۇن،ھەربىر نامازغا بىردىن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلۇپتۇ،بۇ ئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇشەققەت بۇلۇپ قالغاندا،ھەربىر نامازدا مىسۋاك سىلىشقا بۇيرۇلۇپ، ھەربىر نامازغا بىردىن تاھارەت ئېلىش كۆتىرۋېتىلىپ،پەقەت تاھارەتسىز بۇلۇپ قالسا ، نامازغا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلۇپتۇ، ئىبنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق قىلىشقا(يەنى ھەربىر نامازغا بىردىن تاھارەت ئېلىشقا) كۈچ _قۇۋۋىتىم باردەپ قاراپ، تاكى ۋاپات تاپقىچە شۇنداق قىلدى ، دىدى.ئەھمەدتوپلىغان ھەسەن.

**427 - [ 37 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص أن النبي صلى الله عليه وسلم : مر بسعد وهو يتوضأ فقال : " ما هذا السرف يا سعد " . قال : أفي الوضوء سرف ؟ قال : " نعم وإن كنت على نر جار " . رواه أحمد وابن ماجه**

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئىدنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، ئۇ، تاھارەت ئېلىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ بۇ نېمە ئىسراپچىلىق يا سەئىدى دىدى. سەئىد: تاھارەتتىمۇ ئىسراپچىلىق بولامدۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق، گەرچە سەن ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ ئۈستىدە بولساڭمۇ، ئىسراپ بولىدۇ دىدى. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد بىلەن ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**428 - [ 38 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة وابن مسعود وابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من توضأ وذكر اسم الله فإنه يطهر جسده كله ومن توضأ ولم يذكر اسم الله لم يطهر إلا موضع الوضوء "**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم تاھارەت ئېلىپ، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىسە، يەنى بىسمىللا دىسە، بارلىق جەسەدلىرىنى پاكلىغان بولىدۇ، ئەگەر تاھارەت ئېلىپ، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىسا، ئۇ پەقەت تاھارەت ئالغاندا يۇيغان ئەزالىرىنىلا پاكلىغان بولىدۇ، بۇ ھەدىسنى دارىقۇتنى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**429 - [ 39 ] ( ضعيف )وعن أبي رافع قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا توضأ وضوء الصلاة حرك خاتمه في**

أصبعه . رواهما الدارقطني . وروى ابن ماجه الأخير

ئەبى راپىئدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تاھارەت ئالغاندا، بارمىقىدىكى ئۈزۈكىنى ئۆرىنىدىن مىدىرلىتىۋەتتى، دىگەن ھەدىسنى دارىقۇتنى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

## باب الغسل - الفصل الأول غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، يۇيۇنۇش توغرىسىدا

430 - [ 1 ] ( متفق عليه )

عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا جلس بين شعبها الأربع ثم جهدها فقد وجب الغسل وإن لم ي ل "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ تۆت شاخچىسى، يەنى پۇت ــ قوللىرى ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، جىددى ھەرىكەتكە كېلىپ، تېرىشچانلىق كۆرسەتسە، گەرچە مەنىي چىقمىسىمۇ، غۇسلى تاھارەت ۋاجىپ بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

431 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما الماء من الماء " . رواه مسلم

قال الشيخ الإمام محيي السنة رحمه الله : هذا منسوخ

ئەبۇ سەئىيد، ئەبۇ ئەييۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سۇنى ئىستېمال قىلىپ، يۇيۇنۇش، سۇ يەنى مەنىي چىققاندا بولىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس مەنسۇخ يەنى ئەمەلدىن قالغان كۈچكە ئىگە ئەمەس، كۈچكە ئىگە ھەدىس بولسا، خەتنە قىلىنىدىغان جاي خەتنە قىلىنىدىغان جاي بىلەن ئۇچراشسا، يەنى ئىككى ئەۋرەت ئۇچراشقان ھامان غۇسلى قىلىش، يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ، كىشى ئايالىنىڭ چاترىقىدا ئولتۇرۇپ، تېرىشچانلىق قىلغان ھامان غۇسلى ۋاجىپ بولىدۇ دىگەن يۇقىرقى سەھىھ ھەدىسلەردۇر.

432 - [ 3 ] ( لم تتم دراسته )وقال ابن عباس : إنما الماء من الماء في الاحتلام . رواه الترمذي ولم أجده في الصحيحين

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سۇنى ئىستېمال قىلىپ، يۇيۇنۇش، ئىھتىلامدا (يەنى چۈشىدە جىنسى ئالاقە قىلىپ) مەنىي سۇيى چىققاندا بولىدۇ،تىرمىزى توپلىغان.

433 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أم سلمة قالت قالت أم سليم : يا رسول الله إن الله لا يستحيي من الحق فهل على المرأة من غسل إذا احتلمت قال النبي صلى الله عليه وسلم " إذا رأت الماء " فغطت أم سلمة وجهها وقالت يا رسول الله أوتحتلم المرأة قال : " نعم تربت يمينك فبم يشبهها ولدها ؟ "

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ئۇممە سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!ھەقىقەتەن الله تائالا ھەقنى بايان قىلىشتىن تارتىنمايدۇ، ئايال كىشىگىمۇ ئىھتىلام بولغاندا ،غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇش ۋاجىپ بۇلامدۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئايال كىشى چۈش كۆرۈپ ئىھتىلام بولسا، ئاندىن مەنى سۇيىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ دىدى. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا يۈزىنى يېپىۋېلىپ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئايال كىشىمۇ ئىھتىلام بۇلامدۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەئە ئىھتىلام بولىدۇ،قولۇڭ تۇپا بولسۇن (يەنى مەن سەندىن ھەيران قالدىم)،ئۇنداقتا نىمە ئۈچۈن بالا ئانىسىغا ئوخشايدۇ؟دىدى. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ،

434 - [ 5 ] ( صحيح )وزاد مسلم برواية أم سليم : " إن ماء الرجل غليظ أبيض وماء المرأة رقيق أصفر فمن أيهما علا أو سبق يكون منه الشبه "

ئەنەس، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئەر كىشىنىڭ ئىسپېرما سۇيى قويۇق، ئاقتۇر، ئايال كىشىنىڭ بولسا سۇيۇق سېرىقتۇر، قايسى سۇ ئۇستۇنلەپ ياكى ئىلگىرلەپ كەتسە، بالا شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، (بۇنى ئاللاھ ئۆزى خالاپ ئەركەك، چىشى، سەت، گۈزەل، ساق، مېيىپ قىلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

435 - [ 6 ] ( متفق عليه )

وعن عائشة زوج النبي صلى الله عليه وسلم أن النبي صلى الله عليه وسلم : كان إذا اغتسل من الجنابة بدأ فغسل يديه ثم يتوضأ كما يتوضأ للصلاة ثم يدخل أصابعه في الماء فيخلل بها أصول شعره ثم يصب على رأسه ثلاث غرف بيديه ثم يفيض الماء على جلده كله وفي رواية لمسلم : يبدأ فيغسل يديه قبل أن يدخلهما الإناء ثم يفرغ بيمينه على شماله فيغسل فرجه ثم يتوضأ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇپلۇقتىن غۇسلى قىلىپ يۇيىنغاندا ، ئالدى بىلەن ئىككى قولىنى يۇيۇپ ، ئاندىن نامازغا ئالغاندەك، كىچىك تاھارەت ئالاتتى،ئاندىن بارماقلىرىنى سۇ ئىچىگە كىرگۈزۈپ،سۇنى چېچىنىڭ كۆتىكىگە يەتكۈزەتتى،ئاندىن ئىككى قولى بىلەن ئۈچ چاڭگال سۇنى بېشىغا قۇياتتى،ئاندىن سۇنى پۈتۈن تېرىسىگە يۈرۈتۈپ يەتكۈزەتتى،
يانابىر خاتىردە، ئالدى بىلەن ئىككى قولىنى قاچىغا كىرگۈزۈشتىن بۇرۇن يۇيۇپ،ئاندىن ئوڭ قولى بىلەن سول قولىغا سۇ ئېلىپ ، ئەۋرىتىنى يۇيۇپ، ئاندىن نامازغا ئالغاندەك، كىچىك تاھارەت ئالاتتى... بۇخارى،مۇسلىم،

436 - [ 7 ] ( متفق عليه )

وعن ابن عباس قال قالت ميمونة : وضعت للنبي صلى الله عليه وسلم غسلا فسترته بثوب وصب على يديه فغسلهما ثم صب بيمينه على شماله فغسل فرجه فضرب بيده الأرض فمسحها ثم غسلها فمضمض واستنشق وغسل وجهه وذراعيه ثم صب على رأسه وأفاض على جسده ثم تنحى فغسل قدميه فناولته ثوبا فلم يأخذه فانطلق وهو ينفض يديه . ولفظه للبخاري

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن سۇ تەييارلاپ بېرىپ،باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىيىم بىلەن پەردىلەپ تۇرغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىغا سۇ قۇيۇپ يۇيغاندىن كېيىن ئوڭ قولى بىلەن سول قولىغا سۇ ئېلىپ ، ئەۋرىتىنى يۇيۇپ،قولىنى زېمىنغا ئۇرۇپ سۈرتۈپ،ئاندىن قولىنى يۇيۇپ،ئاغزى ــ بۇرنىنى چايقاپ،يۈزىنى ۋە ئىككى بىلىكىنى يۇيۇپ،ئاندىن بېشىغا سۇ قۇيۇپ،پۈتۈن جەسىدىگە سۇ يەتكۈزۈپ ، ئاندىن ئۇ جايدىن يىراقلىشىپ ئىككى پۇتىنى يۇدى.مەن بەدىنىنى ئەيتىۋالسۇن ئۈچۈن كىيىم رەخت سۇنۇپ بەرسەم ، ئۇنى ئالماي ئىككى قولىنى سۈرۈتكىنىچە كىيىمى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.
بۇخارى،مۇسلىم،

437 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : أن امرأة من الأنصار سألت النبي صلى الله عليه وسلم : عن غسلها من المحيض فأمرها كيف تغتسل قال : " خذي فرصة من مسك فتطهري بها " قالت كيف أتطهر قال " تطهري بها " قالت كيف قال " سبحان الله تطهري " فاجتبذتها إلي فقلت تتبعي بها أثر الدم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ئەنساردىن بىر ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەيز كىسىلىدىن ساقايغاندا، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇش توغرىسىدا سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :

ئۇ ئايالنىڭ قانداق غۇسلى قىلىشنى بۇيرۇپ؛ مىسكە بىلەن ھۆل قىلىنغان پاختىنى ئېلىپ، قاننى تازلاپ پاكلانغىن،دىدى.ئۇ ئايال؛قانداق پاكلايمەن؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :پاكلانغىن دىدى. ئۇ ئايال يانا؛قانداق پاكلايمەن؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :سۇبھانەالله!! پاكلانغىن دىگەندىكىن پاكلىغىن دىدى.ئاندىن مەن ئۇ ئايالنى ئۆزۈم تەرەپكە تارتىپ،شۇ پاختا بىلەن قاننىڭ ئەسرىنى تازلايسىز دەپ بەردىم. بەيھەقى بىلەن نەسەئى، بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**438 - [ 9 ] ( صحيح )وعن أم سلمة قالت قلت : يا رسول الله إني امرأة أشد ضفر رأسي فأنقضه لغسل الجنابة قال " لا إنما يكفيك أن تحثي على رأسك ثلاث حثيات ثم تفيضين عليك الماء فتطهرين " . رواه مسلم**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن ئى رەسۇلەالله!ھەقىقەتەن مىنىڭ ئۆرىمە چاچلىرىم بەكلا قويۇق، كۆپتۇر،جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنغاندا ، چاچلىرىمنى چۇۋىيمەنمۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ياق ، ھەقىقەتەن ساڭا، غۇسلى قىلىشتا، بېشىڭغا ئۈچ چاڭگال سۇنى قۇيۇشۇڭ، يەنى ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇشۇڭ، (ئاندىن قالغان جەسەدلىرىڭگە سۇ قۇيۇشۇڭ) كۇپايە قىلىدۇ، ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، يەنى بېشىڭنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ، بارلىق بەدىنىڭنى يۇساڭ، جەزمەن پاك بولىسەن. ئەھمەد،مۇسلىم، تۆت كىتاپ يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**439 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يتوضأ بالمد ويغتسل بالصاع إلى خمسة أمداد**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كېيلۇ گىرام سۇدا كىچىك تاھارەت ئالاتتى،تۆت كېيلۇ گىرامدىن بەش كېيلۇ گىرامغىچە سۇدا غۇسلى تاھارەت ئالاتتى. بۇخارى،مۇسلىم،

**440 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : كنت أغتسل أنا ورسول الله صلى الله عليه وسلم من إناء بيني وبينه واحد فيبادرني حتى أقول دع لي دع لي قالت وهما جنبان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جۇنۇپ ھالەتتە ، ئارلىقىمىزدىكى بىر قاچىدىن سۇ ئېلىپ،غۇسلى قىلىپ يۇيۇنغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن سۇنى بۇرۇنراق ئېلىپ يۇيىناتتى،مەن؛ماڭىمۇ قويسىلا،ماڭىمۇ قويسىلا دەپ كىتەتتىم. بۇخارى،مۇسلىم ئىتتىپاققا كەلگەن ھەدىس.

**الفصل الثاني441 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن عائشة قالت : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الرجل يجد البلل ولا يذكر احتلاما قال " يغتسل " وعن الرجل يرى أنه قد احتلم ولم يجد بللا قال : " لا غسل عليه " قالت أم سلمة يا رسول الله هل على المرأة ترى ذلك غسل قال " نعم إن النساء شقائق الرجال " . رواه الترمذي وأبو داود وروى الدارمي وابن ماجه إلى قوله : " لا غسل عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېھتىلام بولمىغان، لېكىن ھۆللۈكنى تاپقان ئەردىن سورالغاندا، ئۇ غۇسلى تاھارەت ئالىدۇ دىدى، ئېھتىلام بولۇپ قالغان، لېكىن ھۆللۈكنى تاپمىغان ئەردىن سورالغاندا، ئۇ غۇسلى قىلمايدۇ، يۇيۇنمايدۇ دىدى، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئايال كىشى ئېھتىلام بولۇپ ھۆللۈكنى كۆرسە، غۇسلى قىلامدۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق، ئۇنىڭغىمۇ غۇسلى ۋاجىپ بولىدۇ، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئوخششى دىدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، دارمى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، لېكىن، ئەلبانى يەنىلا زەئىپ دىدى.

**442 - [ 13 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا جاوز الختان الختان وجب الغسل .**

فعلته أنا ورسول الله صلى الله عليه وسلم فاغتسلنا . رواه الترمذي وابن ماجه

ئائشه رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەرنىڭ ئەۋرىتىنىڭ خەتنە قىلىنىدىغان جايى، ئايال ئەۋرىتىنىڭ خەتنە قىلىنىدىغان جايىدىن ئۆتۈپ كەتسە، «مەنىي چىقمىسىمۇ» غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ.مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن شۇنداق قىلىپ،غۇسلى تاھارەت ئالغان ئىدۇق. ئەھمەد ، تىرمىزى،ئىبنى ماجە ، تەبرانى، شىرازىي، توپلىغان بولۇپ، سەھىھ ھەدىستۇر، ئەلبانى.

443 - [ 14 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تحت كل شعرة جنابة فاغسلوا الشعر وأنقوا البشرة " . رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب والحارث بن وجيه الراوي وهو شيخ ليس بذلك

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەربىر تال تۈكنىڭ ئاستىدا جۇنۇپلۇق بار، چاچنى پاكىز يۇيۇڭلار، تېرىنى پاكىز تازىلاڭلار دىدى دىگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، تىرمىزى بۇ ھەدىس غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

444 - [ 15 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من ترك موضع شعرة من جنابة لم يغسلها فعل ا كذا وكذا من النار " . قال علي فمن ثم عاديت رأسي ثلاثا فمن ثم عاديت رأسي ثلاثا فمن ثم عاديت رأسي ثلاثا . رواه أبو داود وأحمد والدارمي إلا أنهما لم يكررا : فمن ثم عاديت رأسي )

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، كىم جۇنۇبلۇقدىن بىر تال چاچنىڭ ياكى بىر تال تۈكنىڭ ئورنىنى يۇماي قويۇپ قويسا، ئۇنىڭغا ئوتتىن ئانداق، مانداق قىلىنىدۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن چېچىمنى قايتا ــ قايتا يۇياتتىم ياكى كەينى ــ كەينىدىن چېچىمنى ئالدۇراتتىم دەپ، ئۈچ قېتىم دىدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، دارمى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

445 - [ 16 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يتوضأ بعد الغسل . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غۇسلى تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، يەنە كىچىك تاھارەت ئالمايتتى، (يەنى يۇيۇنۇپلا ناماز ئوقۇيتتى، قايتا كىچىك تاھارەت ئالمايتتى، چۈنكى، غۇسلىدە ئالغان ئىدى). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

446 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن عائشة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يغسل رأسه بالخطمي وهو جنب يجتزئ بذلك ولا يصب عليه الماء . رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇپ ھالەتتە بېشىنى خەتمى دىگەن سوپۇن بىلەن يۇياتتى، شۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىپ، بېشىغا قايتا سۇ قۇيمايتتى دىگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

447 - [ 18 ] ( حسن )وعن يعلى : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم رأى رجلا يغتسل بالبراز فصعد المنبر فحمد الله وأثنى عليه وقال : " إن الله عز وجل حيي ستير يحب الحياء والستر فإذا اغتسل أحدكم فليستتر " . رواه أبو داود والنسائي وفي روايته

قال : " إن الله ستير فإذا أراد أحدكم أن يغتسل فليتوار بشيء "

يەئلا ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ ئۇچۇقچىلىقتا غۇسلى قىلىپ يۇيۇنغىنىنى كۆرۈپ،مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ،الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئالللاھ تائالا، ھايا قىلغۇچى، ھايانىڭمۇ ئىگىسى، پەردىلەپ ياپقۇچى، ئەيىبنى ياپقۇچى، ھايا قىلىشنى، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان زاتتۇر، بىرىڭلارغۇسلى قىلىپ يۇيۇنغاندا ، ھايا قىلىپ پەردىلەنسۇن، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھھە.

الفصل الثالث

448 - [ 19 ] ( صحيح )عن أبي بن كعب قال : إنما كان الماء من الماء رخصة في أول الإسلام ثم نهي عنها

ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سۇنى ئىستىمال قىلىپ، يۇيۇنۇش، مەنىي سۇيى چىققاندا بولىدۇ، دىگەن بەلگىلىمە،ئىسلامنىڭ تۇنجى مەزگىللىرىدە رۇخسەت قىلىنغان ئىش ئىدى. كىيىن ئۇنىڭدىن چەكلەندى. (يەنى يۇقىردا ئۇتۇپ كەتكەن كۇچكە ئىگە بەلگىلىمە بولغا قۇيۇلدى) تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد ، دارىمى توپلىغان سەھھە.

449 - [ 20 ] ( ضعيف )وعن علي قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال إني اغتسلت من الجنابة وصليت الفجر ثم أصبحت فرأيت قدر موضع الظفر لم يصبه الماء فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو كنت مسحت عليه بيدك أجزأك " . رواه ابن ماجه

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، مەن جۇنۇبلۇقتىن يۇيۇنۇپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم، تاڭ ئاتقاندا قارىسام بىر تال تىرناق چاغلىق جايغا سۇ يەتمەپتۇدىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەگەر سەن ئۇ جاينى قولۇڭ بىلەن سىلىۋەتكەن بولساڭ، كۇپايە قىلاتتى دىدى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

450 - [ 21 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن عمر قال كانت الصلاة خمسين والغسل من الجنابة سبع مرار وغسل البول من الثوب سبع مرار فلم يزل رسول الله صلى الله عليه وسلم يسأل حتى جعلت الصلاة خمسا والغسل من الجنابة مرة وغسل البول من الثوب مرة . رواه أبو داود

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ناماز ئەسلىدە،50 ۋاخ، جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنۇش يەتتە مەررە، كىيىمدىن سۈدۈكنى يۇيۇش يەتتە مەررە ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوراۋىرىپ، ناماز بەش ۋاخ، جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنۇش بىر مەررە، كىيىمدىن سۈدۈكنى يۇيۇش بىر مەررە قىلىندى.ئەبۇداۋۇدتوپلىد

باب مخالطة الجنب - الفصل الأول جۇنۇپ كىشىگە ئارىلىشىش توغرىسىدا

451 - [ 1 ] ( صحيح )عن أبي هريرة قال : لقيني رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا جنب فأخذ بيدي فمشيت معه حتى قعد فانسللت فأتيت الرحل فاغتسلت ثم جئت وهو قاعد فقال : " أين كنت يا أبا هريرة " فقلت له فقال : " سبحان الله إن المؤمن لا ينجس " . هذا لفظ البخاري ولمسلم معناه وزاد بعد قوله : فقلت له : لقد لقيتني وأنا جنب فكرهت أن أجالسك حتى أغتسل . وكذا البخاري في رواية أخرى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن جۇنۇپ ھالەتتە، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچۇرشۇپ قېلىپ قولۇمدىن تۇتتى،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئولتۇرغانغا قەدەر بىللە

ماگدىم،(مەن بىللە ئولتۇرۇشنى ياقتۇرماي،)ئاستا سۇغۇرلۇپ چىقىپ،ئۆيۈمگە كىلىپ يۇيۇنۇپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ جايدا ئولتۇرغان ئىكەن، ماڭا؛ ئى ئەبۇھۇرەيرە!قەيەرگە باردىڭ؟دىدى.مەن ؛ سىلى ماڭا ئۇچراشقاندا مەن جۇنۇپ ئىدىم،سىلى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى ياقتۇرماي يۇيۇنۇپ كەلدىم، دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛سۇبھانەالله!! ھەقىقەتەن مۆئمىن دىگەن نىجىس بولمايدۇ، دىدى.
بۇخارى،مۇسلىم ئىتتىپاققا كەلگەن ھەدىس.

**452 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عبدالله بن عمر أنه قال : ذكر عمر بن الخطاب لرسول الله صلى الله عليه وسلم أنه تصيبه الجنابة من الليل فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " توضأ واغسل ذكرك ثم نم "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ دادام ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېچىسى جۇنۇپ بولغاندا ، قانداق قىلىشنى تىلغا ئالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ كىچىك تاھارەت ئېلىۋېتىپ،ئەۋرىتىڭنى يۇيۇۋېتىپ ئۇخلىغىن دەپتۇ.
بۇخارى،مۇسلىم ئىتتىپاققا كەلگەن ھەدىس.

**453 - [ 3 ] ( متفق عليه )**

**وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا كان جنبا فأراد أن يأكل أو ينام توضأ وضوءه للصلاة**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇپ ھالەتتە، نەرسە يىيىشنى ياكى ئۇخلاشنى مەخسەت قىلسا، ئەۋرىتىنى يۇيۇۋېتىپ، نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئالاتتى. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**454 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أتى أحدكم أهله ثم أراد أن يعود فليتوضأ بينهما وضوءا " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىشى ئەھلىگە كەلسە، يەنى، جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم قايتا كەلمەكچى بولسا، ئىككىسىنىڭ ئارلىقىدا،كىچىك تاھارەت ئېلىۋەتسۇن، (يەنە بىر خاتىرىدە، شۇنداق قىلىش ئىككىنچىسىنى ئاكتىپ پائالىيەتچان قىلىدۇ دىگەن سۆز زىيادە باردۇر. بۇ ھىكمەتى ئىكەن)، مۇسلىم، ئەھمەد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

**455 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يطوف على نسائه بغسل واحد . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كېچىدىلا، بىر غۇسلى بىلەن ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىنى تاۋاپ قىلىپ ئايلىنىپ چىقاتتى،( يەنى بىر كېچىدە بارلىق ئاياللىرى بىلەن بىللە بولۇپ، غۇسلى تاھارەتنى بىرلا ئالاتتى). ئەھمەد ، بەيھەقى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**456 - [ 6 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يذكر الله عز وجل على كل أحيانه . رواه مسلم وحديث ابن عباس سنذكره في كتاب الأطعمة إن شاء الله**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە، ھەر قانداق چاغدا ئالللاھتائالانى ئەسلەيتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن باشقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالللاھنى ئەسلىگىنىنى بىز خىلى بىلدۇق، ھەتتا، ھاجەتخانىغا بارسا ـ يانسا، ئايالى بىلەن بىللە بولسىمۇ، ھەممە ئىشىدا ئالللاھنىلا ئەسلەيتتى، ھەتتا جۇنۇپ

هالەتتمۇ ئاللاھنى ئەسلەيدۇ، لېكىن، قۇرئان تىلاۋەت قىلالمايدۇ،جۇنۇپنىڭ دىلىدا الله نى ئەسلىشى، ئاللاھنى تىلغا ئېلىشى دۇرۇس، مەسلەن: ئەر ــ ئايال ئىككىسى جۇنۇپ ھالەتتە بىر ــ بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، مۇھەببەت پاراڭلىرىنى قىلىپ، تۇيۇقسىز ئاللاھنى تىلغا ئالىدۇ، ئەسلەيدۇ، بۇ دۇرۇس.

**الفصل الثاني457 - [ 7 ] ( صحيح )عن ابن عباس قال اغتسل بعض أزواج النبي صلى الله عليه وسلم في جفنة فأراد رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يتوضأ منه فقالت يا رسول الله إني كنت جنبا فقال " إن الماء لا يجنب " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه . وروى الدارمي نحوه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ بەزىسى، (يەنى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا) يۇيۇنۇپ، داستا ئازىراق سۇ ئېشىپ قالىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ سۇدا تاھارەت ئالماقچى بولغاندا، مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا :ئى رەسۇلەالله! بۇ سۇدا مەن يۇيۇنغان،مەن جۇنۇپ ئىدىم، بۇ مەندىن ئېشىپ قالغان سۇ دېدى، دەل شۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ھەققەتەن سۇ جۇنۇپ بولمايدۇ، ( داستا، چەينەكتە ئېشىپ قالغان پاكىز سۇ، نىجىس بولمايدۇ دىگەن) ئەھمەد 2954 ــ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە، سەھىھ.

**458 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )وفي شرح السنة عنه عن ميمونة بلفظ المصابيح**

**459 - [ 9 ] ( ضعيف )وعن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يغتسل من الجنابة ثم يستدفئ بي قبل أن أغتسل . رواه ابن ماجه وروى الترمذي نحوه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇبلۇقدىن يۇيۇنۇپ، ئاندىن مەن يۇيۇنۇشدىن بۇرۇن مەن بىلەن ئىسسىنىۋالاتتى دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**460 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن علي قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يخرج من الخلاء فيقرئنا القرآن ويأكل معنا اللحم ولم يكن يحجبه أو يحجزه عن القرآن شيء ليس الجنابة . رواه أبو داود والنسائي وروى ابن ماجه نحوه**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىدىن چىقىپمۇ بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بىرەتتى، بىز بىلەن گۆش يەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى جۇنۇپلۇقدىن باشقا ھېچنىمە قۇرئان ئوقۇشدىن توسۇپ قويمايتتى دىگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**461 - [ 11 ] ( ضعيف )**

**وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقرأ الحائض ولا الجنب شيئا من القرآن " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەيزىدار ئايال بىلەن جۇنۇپ كىشى قۇرئاندىن بىرەر نەرسە ئوقۇيالمايدۇ دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**462 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " وجهوا هذه البيوت عن المسجد فإني لا أحل المسجد لحائض ولا جنب " . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدىنى مەسجىددىن نېرى،باشقاياققا قىلىڭلار، مەن مەسجىدنى ھەيزىدار ئايال بىلەن جۇنۇپ كىشى ئۈچۈن ھالال

| |
|---|
| قىلمايمەن، دېگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. |
| **463 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تدخل الملائكة بيتا فيه صورة ولا كلب ولا جنب " . رواه أبو داود والنسائي**<br><br>ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرەت، ئىت، جۇنۇب بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ دېگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېدى، لېكىن سەھىسمۇبار. |
| **464 - [ 14 ] ( ضعيف )وعن عمار بن ياسر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاث لا تقربهم الملائكة جيفة الكافر والمتضمخ بالخلوق والجنب إلا أن يتوضأ " . رواه أبو داود**<br><br>ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ خىل كىشىگە پەرىشتىلەر يېقىن كەلمەيدۇ، بىرىنچى، كاپىرنىڭ جەسىدى، ئىككىنچى، خەلوق دېگەن خۇشپۇراق ئەتىر بىلەن ئۆزىنى يۇغان كىشى، ئۈچىنچى، جۇنۇپ كىشى، كىچىك تاھارەت ئېلىشۋەتسە بۇ مۇستەسنا بولىدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى. |
| **465 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )**<br>**وعن عبد الله بن أبي بكر بن محمد بن عمرو بن حزم : أن في الكتاب الذي كتبه رسول الله صلى الله عليه وسلم لعمرو بن حزم : " أن لا يمس القرآن إلا طاهر " . رواه مالك والدارقطني**<br><br>ئەمرۇئىبنى ھەزىمنىڭ نەۋرىسى ئابدۇاللە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى ھەزىمگە يازغان كىتابتا مۇنداق بار ئىكەن؛ قۇرئاننى پەقەت تاھارىتى بار پاك كىشىلەرلا تۇتسۇن ، تاھارەتسىز پاك بولمىغان كىشى تۇتمىسۇن.مالىك،دارقۇتنى توپلىغان ھەسەن. |
| **466 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن نافع قال : انطلقت مع ابن عمر في حاجة إلى ابن عباس فقضى ابن عمر حاجته وكان من حديثه يومئذ أن قال مر رجل في سكة من السكك فلقي رسول الله صلى الله عليه وسلم وقد خرج من غائط أو بول فسلم عليه فلم يرد عليه حتى كاد الرجل أن يتوارى في السكة ضرب رسول الله صلى الله عليه وسلم بيديه على الحائط ومسح بهما وجهه ثم ضرب ضربة أخرى فمسح ذراعيه ثم رد على الرجل السلام وقال : إنه لم يمنعني أن أرد عليك السلام إلا أني لم أكن على طهر رواه أبو داود**<br><br>نايىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئىبنى ئۆمەر بىلەن بىللە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بىر ھاجەت ئۈچۈن باردىم، ئىبنى ئۆمەر ھاجىتىنى ئادا قىلدى، شۇ كۈنلەردە ئۇ مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىدىن چىقىپ تۇرۇۋشىغا، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئەر ئۇچۇقۇشۇپ سالام قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالام قايتۇرمىدى، ئۇ ئەر كوچىدا غائىپ بولغىلى تاس قالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنى تامغا ئۇرۇپ، يۈزىنى سىلاپ، ئاندىن يەنە بىرنى ئۇرۇپ ئىككى بىلىكىنى سىلاپ تەيەممۇم قىلىپ، ئاندىن ئۇ ئەرگە سالام قايتۇردى، ۋە مۇنداق دېدى: ساڭا سالام قايتۇرۇشۇمدىن پەقەت مېنىڭ تاھارەت ئۈستىدە بولماسلىقىم توسۇپ قويدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى، |
| **467 - [ 17 ] ( صحيح )وعن المهاجر بن قنفذ : أنه أتى النبي صلى الله عليه وسلم وهو يبول فسلم عليه فلم يرد عليه حتى توضأ ثم اعتذر إليه فقال : " إني كرهت أن أذكر الله عز وجل إلا على طهر أو قال على طهارة " . رواه أبو داود وروى النسائي** |

إلى قوله : حتى توضأ وقال : فلما توضأ رد عليه

مۇھاجىر ئىبنى قونپۇز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك تەرەت قىلىۋاتقاندا كېلىپ، سالام قىلدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالمىغىچە ئۇنىڭغا سالام قايتۇرماي، تاھارەتتىن كېيىن سالام قايتۇرۇپ،ئاندىن ئۆزرە ئېيتىپ مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن مەن ئاللاھنى تاھارەتسىز ئەسلەپ، تىلغا ئېلىپ قىلىشنى ياقتۇرمىدىم، ئاللاھنى تاھارەت بىلەنلا ئەسلەيمەن. ئەبۇ داۋۇد ،نەسەئى، ھاكىم،ئىبنى ھەببان تورپلىغان،سەھىھ.

الفصل الثالث

468 - [ 18 ] ( ضعيف )عن أم سلمة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يجنب ثم ينام ثم ينتبه ثم ينام . رواه أحمد

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇپ پېتى ئۇخلايتتى، ئاندىن ئويغۇنۇپ يەنە ئۇخلايتتى دىگەن ھەدىسنى ئەھمەد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىدى،

469 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن شعبة قال : إن ابن عباس رضي الله عنه كان إذا اغتسل من الجنابة يفرغ بيده اليمنى على يده اليسرى سبع مرار ثم يغسل فرجه فنسي مرة كم أفرغ فسألني كم أفرغت فقلت لا أدري فقال لا أم لك وما يمنعك أن تدري ثم يتوضأ وضوءه للصلاة ثم يفيض على جلده الماء ثم يقول هكذا كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يتطهر . رواه أبو داود

شۇئىبنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەقىقەتەن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۇنۇبلۇقدىن يۇيۇنسا ئوڭ قولى بىلەن سول قولىغا يەتتە قېتىم سۇ ئېلىپ، ئەۋرىتىنى يۇياتتى، بىر قېتىم ئۇ نەچچە قېتىم يۇغىنىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، مەندىن سورىدى، مەن بىلمەيمەن دىدىم، ئۇ ھوي ئانىسى يوق، سېنىڭ بىلىشىڭدىن نىمە توستى؟ دەپ ئاندىن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك، كىچىك تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن بەدىنىگە سۇنى قۇيدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇنداق يۇيۇناتتى دىدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبناى زەئىپ دىدى،

470 - [ 20 ] ( حسن )
وعن أبي رافع : أن النبي صلى الله عليه وسلم طاف ذات يوم على نسائه يغتسل عند هذه وعند هذه قال فقلت له يا رسول الله ألا تجعله غسلا واحدا آخرا قال : " هذا أزكى وأطيب وأطهر " . رواه أحمد وأبو داود

ئەبۇ رايىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ئاياللىرىنى تاۋاپ قىلىپ ، ئايلىنىپ چىقىپ،ماۋۇ بىر ئاياللىنىڭ يېنىدىمۇ غۇسلى قىلدى،ياناببر ئاياللىنىڭ يېنىدىمۇ غۇسلى قىلىپ يۇيۇندى،مەن ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئەڭ ئاخىردا بىراقلا يۇيۇنسىلا بولمامدۇ؟دىسەم،ماڭا؛بۇ (يەنى ھەرقېتىم يۇيۇنۇش)بەك ياخشى پاكلىنىشتۇر ، ئەبزەل يۇيۇنىشتۇر دىدى.ئەھمەد ،ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن.

471 - [ 21 ] ( صحيح )
وعن الحكم بن عمرو قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يتوضأ الرجل بفضل طهور المرأة . رواه أبو داود وابن ماجه والترمذي : وزاد : أو قال : بسؤرها . وقال : هذا حديث حسن صحيح

ھەكەم ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايال كىشىنىڭ تاھارىتىدىن ئاشقان سۇدا ئەر كىشىنىڭ تاھارەت ئېلىشىدىن توسقان.ئەبۇداۋۇد ،تىرمىزى،ئىبنىماجە ،سەھىھ.

472 - [ 22 ] ( صحيح )وعن حميد الحميري قال لقيت رجلا صحب النبي صلى الله عليه وسلم أربع سنين كما صحبه أبو هريرة قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن تغتسل المرأة بفضل الرجل أو يغتسل الرجل بفضل المرأة . زاد مسدد : وليغترفا جميعا رواه أبو داود والنسائي وزاد أحمد في أوله : نهى أن يمتشط أحدنا كل يوم أو يبول في مغتسل

ھۇمەيدى ھىمیەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خۇددى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمراھ بولغاندەك،تۆت يىل ھەمراھ ساھابە بولغان كىشىگە ئۇچراشتىم،ئۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركىشىنىڭ تاھارىتىدىن ئاشقان سۇدا ئايال كىشىنىڭ غۇسلى قىلىشىدىن، ئايال كىشىنىڭ تاھارىتىدىن ئاشقان سۇدا ئەر كىشىنىڭ غۇسلى تاھارەت ئېلىشىدىن توسقان. مۇسەددىد ھەر ئىككىلىسى بىراقلا چاڭگاللاپ سۇ ئېلىشىدىن توسقانىنى زىيادە قىلغان،ئەھمەد بۇ ھەدىسنىڭ ئەۋۋىلىدە،ھەر كۈنى چاچ تارىشىمىزدىن،غۇسلى قىلىپ يۇيۇنىدىغان جايغا كىچىك تەرەت قىلىشىمىزدىن توسقان دېگەننى يازغان.نەسەئى،ئەبۇداۋۇد،ئەھمەد توپلىغان سەھىھ.لېكىن ئالىملار يۇقىردا ئۆتكەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەر ئايال ئىككىسى بىراقلا بىر قاچىدىن سۇ ئېلىپ يۇيۇنغان مۇتتەپەق سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلدى.الله ئەئلەم.

473 - [ 23 ] ( صحيح )ورواه ابن ماجه عن عبد الله بن سرجس

باب المياه - الفصل الأول سۇنىڭ ھۆكۈملىرى توغرىسىدا

474 - [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يبولن أحدكم في الماء الدائم الذي لا يجري ثم يغتسل فيه "وفي رواية لمسلم قال : " لا يغتسل أحدكم في الماء الدائم وهو جنب " . قالوا : كيف يفعل يا أبا هريرة ؟ قال : يتناوله تناولا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئاقمايدىغان، دائىم جىم تۇرىدىغان توختاق سۇغا كىچىك تەرەت قىلمىسۇن، ئاندىن ئۇ سۇدا غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ قالىدۇ،شۇڭلائۇ ئۇنى قىلمىسۇن. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بىرىڭلار ئاقمايدىغان توختاق سۇغا كىچىك تەرەت قىلمىسۇن، ھاجەت قىلىپ قويمىسۇن، توختاق سۇدا جۇنۇپلۇقدىن غۇسلى تاھارەت ئالمىسۇن. ئۇلار؛ئەمىسە قانداق قىلىدۇ؟دېگەندە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛سۇنى بىرەر نەرسىدە ئېلىپ يۇيىنىدۇ دېدى. مۇسلىم.

475 - [ 2 ] ( صحيح )وعن جابر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يبال في الماء الراكد . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توختاق سوغا كىچىك تەرەت قىلىشدىن توسقان. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

476 - [ 3 ] ( متفق عليه )

وعن السائب بن يزيد قال : ذهبت بي خالتي إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقالت يا رسول الله إن ابن أختي وجع فمسح رأسي ودعا لي بالبركة ثم توضأ فشربت من وضوئه ثم قمت خلف ظهره فنظرت إلى خاتم النبوة بين كتفيه مثل زر الحجلة

سائىب ئىبنى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھامما ئانام مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! قېرىندىشىمنىڭ بۇ ئوغلى ئاغرىپ قالدى دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىمنى سىلاپ،ماڭا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى،ئاندىن تاھارەت ئالدى

، مەن تاھارىتىدىن ئاشقان سۇدىن ئىچتىم ، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ،ئىككى تاغىقى ئارىسىدىكى كەپتەر تۇخىمىغا ئوخشاش خاتەمۇننە بۇۋۋەتكە يەنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك بەلگىسى بولغان، تۇخۇمدەك ئۆرلەپ قالغان ئاق گۆشكە قارىدىم.بۇخارى،مۇسلىم.

**الفصل الثاني**

**477 - [ 4 ] ( صحيح )عن ابن عمر قال سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الماء يكون في الفلاة من الأرض وما ينوبه من الدواب والسباع فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كان الماء قلتين لم يحمل الخبث " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي والنسائي والدارمي وابن ماجه وفي أخرى لأبي داود : " فإنه لا ينجس "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جان ـ جانۋار،ھايۋان، گۆشخور ھايۋانلار نۆبەتلىشىپ،كېلىپ، كېتىپ تۇرىدىغان، چۆل زېمىندىكى سۇدىن سورالغاندا، مۇنداق دىگەن: سۇ ئىككى قىللەت (يەنى چوڭ ئىككى تۈڭ ياكى كىچىك بەش تۇلۇم بولسا،)نىجىسنى كۆتۈرمەيدۇ . (يەنى نەرسەچۈشۈپ كەتسە، تەمى، پۇرىقى، رەڭگى ئۆزگەرمىسە، نىجىس بولمايدۇ) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم،ئەھمەد ،تىرمىزى،دارىمى،نەسەئى، توپلىغان، سەھىھ.

**478 - [ 5 ] ( صحيح )**

**وعن أبي سعيد الخدري قال : قيل يا رسول الله أنتوضأ من بئر بضاعة وهي بئر يلقى فيها الحيض ولحوم الكلاب والنتن فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الماء طهور لا ينجسه شيء " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود والنسائي**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇزائە قەبىلىسىنىڭ قۇدۇقدىكى ئاستىدىن چىقىپ تۇرىدىغان سۇدا تاھارەت ئالساق بۇلامدۇ؟ۋە ھالەنكى ئۇ قۇدۇققا ھەيىز لاتىلىرى،ئىت گۆشلىرى،سېسىق نەرسىلەرتاشلىنىپ تۇرىدۇ،دىيىلگەندە، سۇرەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئۇ سۇ پاكتۇر، ئۇنى بىرەر نەرسە نىجىس قىلالمايدۇ، (ئەمەلىيەتتە، توختاق،پاك سۇغا، نىجىس نەرسە چۈشۈپ، تەمىنى، پۇرىقىنى، رەڭگىنى ئۆزگەرتسە، ئۇ سۇ نىجىس بولىدۇ) يۇقىرقى ھەدىس، نەسەئى 325 ــ ھەدىس، تىرمىزى 61 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 60 ــ ھەدىس، ئەھمەد 10827 ــ ھەدىس، دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**479 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : سأل رجل رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال يا رسول الله إنا نركب البحر ونحمل معنا القليل من الماء فإن توضأنا به عطشنا أفنتوضأ من ماء البحر فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هو الطهور ماؤه الحل ميتته " . رواه مالك والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە، جابىر، ئىبنى پىراس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن،بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئى الله نىڭ ئەلچىسى!بىز دەڭىزغا چىقىمىز،ئازراق سۇ ئېلىۋالىمىز،ئەگەر ئۇ سۇدا تاھارەت ئالساق، سۇيىمىز تۈگەپ ئۇسساپ كېتىمىز ، شۇڭا دېڭىز سۈيىدە تاھارەت ئالساق بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دېڭىز سۈيى پاك ــ پاكىزدۇر. ئۇنىڭدىكى ئۆزى ئۆلگەن جانلىقلار ھالالدۇر، (تاھارەت ئېلىۋېرىڭلار،بېلىق ،كىتلارنى سىپسىپ كەتمىسلا يەۋېرىڭلار). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم،مالىك،دارىمى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**480 - [ 7 ] ( ضعيف )وعن أبي زيد عن عبد الله بن مسعود أن النبي صلى الله عليه وسلم قال له ليلة الجن : " ما في إداوتك " قال : قلت : نبيذ . فقال : " تمرة طيبة وماء طهور رواه أبو داود وزاد أحمد والترمذي : فتوضأ منه وقال الترمذي : أبو زيد مجهول**

**وصح**

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا جىن كېچىسى قاچاڭدىكى نېمە ئۇ؟ دەپتۇ، ئىبنى مەسئۇد ، خورما چىلانغان ئىچىملىك دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورما پاكىز، سۇ پاكىز دەپ تاھارەت ئاپتۇ دىگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ، ئەھمەد ، تىرمىزى خاتىرلىگەن، تىرمىزى ئەبۇ زەيىد نامەلۇم دىدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،چۈنكى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىن كىچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئەمەسلىكىنى مۇسلىم خاتىرلىگەن ، ئاستىغا 481 ـ ھەدىسكە قاراڭ.

**481 - [ 8 ] ( صحيح )عن علقمة عن عبد الله بن مسعود قال : لم أكن ليلة الجن مع رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم**

**482 - [ 9 ] ( صحيح )وعن كبشة بنت كعب بن مالك وكانت تحت ابن أبي قتادة : أن أبا قتادة دخل فسكبت له وضوءا فجاءت هرة تشرب منه فأصغى لها الإناء حتى شربت قالت كبشة فرآني أنظر إليه فقال أتعجبين يا ابنة أخي فقلت نعم فقال إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إنها ليست بنجس إنها من الطوافين عليكم والطوافات " . رواه مالك وأحمد والترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي**

ئەبۇ قەتادەنىڭ كېلىنى بولغان كەبشە بىنتى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيگە كىرىپتىكەن مەن ئۇنىڭغا تاھارەت سۇيى قۇيۇپ بەردىم، ئاندىن بىر مۈشۈك سۇ ئىچىش ئۈچۈن كەلدى، ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۈشۈككە قاچىنى يېنى قىلىپ بىرىۋىدى مۈشۈك سۇ ئىچىپ قاندى،ئۇ مىنىڭ قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ؛ئى قېرىندىشىمنىڭ قىزى!ھەيران قېلىۋاتامسىز؟دىدى. مەن ھەئە دىسەم،ئۇماڭا؛ھەقىقەتەن  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مۈشۈكلەر نىجىس ئەمەس، ئۇلار بولسا، سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارنى زىيارەت قىلىپ، تاۋاپ قىلغۇچىلاردۇر، (نىجىس چاشقاننى يوقىتىدۇ) مالىك، ئەھمەد ، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى ئالتە كىتابنىڭ تۆتى تويلىغان، سەھىھ.

**483 - [ 10 ] ( صحيح )وعن داود بن صالح بن دينار التمار عن أمه أن مولا ا أرسلتها  ريسة إلى عائشة قالت : فوجد ا تصلي فأشارت إلي أن ضعيها فجاءت هرة فأكلت منها فلما انصرفت عائشة من صلا ا أكلت من حيث أكلت الهرة فقالت إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إنها ليست بنجس إنما هي من الطوافين عليكم " . وقد رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يتوضأ بفضلها . رواه أبو داود**

داۋۇد ئىبنى سالىھنىڭ ئانىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى خوجايىنى ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا بىر قاچا پولا بىلەن ئەۋەتىپتۇ، ئۇ  مۇنداق دەيدۇ؛مەن ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كەلسەم ، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، ماڭا قاچىنى قويۇپ قويغىن دەپ ئىشارەت قىلدى ، مەن قاچىنى قويۇپ قويغاندىن كىيىن بىر مۈشۈك كىلىپ ، پولادىن يىدى، ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا نامازدىن قايىتقاندا ، پولانىڭ مۈشۈك يىگەن جايىدىن يەپ مۇنداق دىدى؛ ھەقىقەتەن  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مۈشۈكلەر نىجىس ئەمەس، ئۇلار بولسا، سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارنى زىيارەت قىلىپ، تاۋاپ قىلغۇچىلاردۇر. ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، مۈشۈكنىڭ ئىچىپ ئېشىپ قالغان سۇيىدە، تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، دىدى.ئەبۇداۋۇد تويلىغان سەھىھ.

**484 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن جابر قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم أنتوضأ بما أفضلت الحمر ؟ قال : " نعم وبما أفضلت السباع كلها " . رواه في شرح السنة**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىشەكتىن ئىچىپ قالغان سۇدا تاھارەت ئالساق بولامدۇ؟ دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەئە بولىدۇ دىدى، شۇنداقلا گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ئىچىپ ئېشىپ قالغان سۇلىرىدىمۇ بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى شەرھى سۇننىدە خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**485 - [ 12 ] ( حسن )وعن أم هانئ قالت : اغتسل رسول الله صلى الله عليه وسلم هو وميمونة في قصعة فيها أثر العجين . رواه النسائي وابن ماجه**

ئۇممە ھانىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن خېمىر يۇقى بار داستا، غۇسلى تاھارەت ئېلىشقەن ئىدى.نەسەئى،ئىبنىماجە، ھەسەن

**الفصل الثالث**

**486 - [ 13 ] ( ضعيف )عن يحيى بن عبد الرحمن قال : إن عمر بن الخطاب خرج في ركب فيهم عمرو بن العاص حتى وردوا حوضا فقال عمرو : يا صاحب الحوض هل ترد حوضك السباع فقال عمر بن الخطاب يا صاحب الحوض لا تخبرنا فإنا نرد على السباع وترد علينا . رواه مالك**

يەھيا ئىبنى ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كارۋانلار ئىچىدە سەپەرگە چىقتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمرۇئىبنى ئاسمۇ بار ئىدى، ئۇلار بىر كۆل بويىغا چۈشكەندە، ئەمۇرئىبنى ئاس، ھەي كۆل ئىگىسى بۇ كۆلۈڭگە گۆشخور ھايۋانلارمۇ كىلەمدۇ؟ دەپ سورىدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەي كۆل ئىگىسى، سەن بىزگە ئۇنى خەۋەر قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، بۇ كۆلگە بىزمۇ كېلىمىز، گۆشخور ھايۋانلارمۇ كېلىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىمىز، ئۇلار بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كېلىدۇ دىدى. بۇ ھەدىسنى مالىك خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىدى.

**487 - ( لم تتم دراسته )وزاد رزين قال : زاد بعض الرواة في قول عمر : وإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لها ما أخذت في بطونها وما بقي فهو لنا طهور وشراب "**

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ؛ھايۋانلار ئىچىپ،قۇساقلىرىدا ئېلىپ كەتكەن سۇ ئۇلار ئۈچۈندۇر،قېلىپ قالغان سۇلار بىزگە پاك ـ پاكىز،ئىچىملىكتۇر.رەزىين خاتىرلىگەن .تەكشۇرۇش تامام بولمىغان.

**488 - [ 15 ] ( ضعيف جدا )وعن أبي سعيد الخدري أن النبي صلى الله عليه وسلم سئل عن الحياض التي بين مكة والمدينة تردها السباع والكلاب والحمر وعن الطهر منها فقال : " لها ما حملت في بطونها ولنا ما غبر طهور . رواه ابن ماجه**

ئەبى سەئىدلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدىكى بىر كۆلدىن سورالدى، بۇ كۆلگە گۆشخور ھايۋانلار، ئىتلار، ئىشەك كېلىپ ــ كېتىپ تۇراتتى، شۇ كۆلنىڭ سۈيى پاكىزمۇ؟ دەپ سورالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، ئۇلارنىڭ قورسىقىدا ئېلىپ كەتكىنى ئۇلار ئۈچۈندۇر، قالغىنى بىزلەرگە پاكتۇر دىدى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دىدى،

**489 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : لا تغتسلوا بالماء المشمس فإنه يورث البرص . رواه الدارقطني**

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دىگەن؛ قۇياش بىلەن ئىسسىغان سۇدا يۇيۇنماڭلار، ئۇ بەرەس، ئاق كېسەلنى كەلتۈرىدۇ دىگەن ھەدىسنى دارىقۇتنى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

[ 8 ] باب تطهير النجاسات - الفصل الأول     نجاسەتلەرنى پاكلاش توغرىسىدا

490 - [ 1 ] ( متفق عليه )
عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا شرب الكلب في إناء أحدكم فليغسله سبع مرات "
وفي رواية لمسلم : " طهور إناء أحدكم إذا ولغ فيه الكلب أن يغسله سبع مرات أولاهن بالتراب "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ قاچىسىدا ئىت سۇ ئىچىپ قويسا،ئۇ قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇۋەتسۇن. يانابىر خاتىدە« بىرىڭلارنىڭ ئىت يالاپ قويغان قاچىسىنىڭ پاكلىنىشى، قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇشدۇر، ئەۋلارقى، قاچىنى قۇملاپ، توپا بىلەن يۇيۇشتۇر، بۇخارى، مۇسلىم، مالىك، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

491 - [ 2 ] ( صحيح )وعنه قال : قام أعرابي فبال في المسجد فتناوله الناس فقال لهم النبي صلى الله عليه وسلم : " دعوه وهريقوا على بوله سجلا من ماء أو ذنوبا من ماء فإنما بعثتم ميسرين ولم تبعثوا معسرين " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر ئەئرابىي مەسجىدكە كىچىك تەرەت قىلىپ قويۇندى، كىشلەر ئۇنى ئەيىبلەپ،ئۇرماقچى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا مۇنداق دىگەن: ئۇنى قويۇۋېتىڭلار ، ئۇنىڭ سۈدىكى ئۈستىگە بىر چېلەك سۇ تۆكىۋېتىڭلار،ھەققەتەن سىلەر ئاسان قىلغۇچى قىلىنىپ ئەۋەتىلدىڭلار، تەس، قىيىن قىلغۇچى قىلىنىپ ئەۋەتىلمىدىڭلار، (ئاسان قىلىڭلار، تەس قىلماڭلار،ئۇ تېخى چۈشەنمەيدۇ)بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

492 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : بينما نحن في المسجد مع رسول الله صلى الله عليه وسلم إذ جاء أعرابي فقام يبول في المسجد فقال أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم مه مه قال فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تزرموه دعوه " فتركوه حتى بال ثم إن رسول الله صلى الله عليه وسلم دعاه فقال له : " إن هذه المساجد لا تصلح لشيء من هذا البول ولا القذر إنما هي لذكر الله عز وجل والصلاة وقراءة القرآن " أو كما قال رسول الله صلى الله عليه وسلم قال فأمر رجلا من القوم فجاء بدلو من ماء فسنه عليه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر چاغدا بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەسجىد ئىچىدە ئىدۇق ، بىر ئەئرابىي كىلىپ ، ئۆرە تۇرۇپلا مەسجىدگە، كىچىك تەرەت قىلىشقا باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرى؛ھوي!توختات ، توختا! دىيىشىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنى قويۇۋېتىڭلار،كىچىك تەرىتىنى ئۈزۈپ قويماڭلار،دىدى. ئۇلار ئۇنى تەرەت قىلىپ بولغىچە قۇيۇپ قويدى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چاقىرىپ؛ ھەققەتەن بۇ مەسجىدلەر نىجىس نەرسىگە، نىجىس سۈيدۈككە، ھاجەتخانا قىلىشقا ھەرگىز لايىق ئەمەس،(بۇ ئىشلار دۇرۇس ئەمەس،) جەزمەن مەسجىد دىگەن، قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىش ئۈچۈن، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنغان،دەپ قەۋمىدىن بىر كىشىنى بۇيرىدى،ئۇ كىشى بىر چېلەك سۇ ئېلىپ كىلىپ،سۈدۈك ئۈستىگە قۇيۇۋەتتى. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

493 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أسماء بنت أبي بكر الصديق أنا قالت : سألت امرأة رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالت يا رسول الله أرأيت إحدانا إذا أصاب ثو ا الدم من الحيضة كيف تصنع فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أصاب ثوب إحداكن الدم من الحيضة فلتقرصه ثم لتنضحه بماء ثم لتصلي فيه "

ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ بىر ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمدىن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!قېنى دەپ باقسىلا؟بىرىمىزنىڭ كىيىمىگە ھەيىز قېنى تېگىپ كەتسە، قانداق قىلىدۇ؟دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ كىيىمىگە ھەيز، ئاياللار كېسەللىنىڭ قېنى تېگىپ،يۇقۇپ قالسا، ئۇنى تاتلاپ چىقىرۋېتىپ،ئاندىن سۇ بىلەن يۇيۋېتىپ، ئاندىن شۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇسۇن.بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

---

**494 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن سليمان بن يسار قال : سألت عائشة عن المني يصيب الثوب فقالت كنت أغسله من ثوب رسول الله صلى الله عليه وسلم فيخرج إلى الصلاة وأثر الغسل في ثوبه بقع الماء**

سۇلەيمان ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛مەن ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن كىيىمگە يۇقۇپ قالغان مەنىي توغرىلىق سورسام،ئۇ مۇنداق دېگەن؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىيىمىدىن مەنىينى يۇيۋېتەتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىمىدە،يۇيغان سۇنىڭ ئەسرى،نەملىكى بار ھالەتتە، نامازغا چىقىپ كېتەتتى. بۇخارى، مۇسلىم

---

**495 - ( صحيح )وعن الأسود وهمام عن عائشة قالت : كنت أفرك المني من ثوب رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىيىمىدىن مەنىينى تاتىلاپ چىقىرۋېتەتتىم،(ئاندىن شۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇيتتى.)مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

---

**496 - [ 7 ] ( لم تتم دراسته )وبرواية علقمة والأسود عن عائشة نحوه وفيه : ثم يصلي فيه**

---

**497 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن أم قيس بنت محصن : أنا أتت بابن لها صغير لم يأكل الطعام إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فأجلسه رسول الله صلى الله عليه وسلم في حجره فبال على ثوبه فدعا بماء فنضحه ولم يغسله**

ئۇممە قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ئۇ تېخى تاماق يېمىگەن كىچىك بالىسىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا(ئېغىزلاندۇرۇش ئۈچۈن)ئەكەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبالىنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزىدۇ،بالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىيىمىگە كىچىك تەرەت قىلىۋېتىدۇ،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ كەلتۈرۈپ، سۇدۇك ئۈستىگە چاچىدۇ،لېكىن ئۇنى يۇيمايدۇ. بۇخارى، مۇسلىم.« ئەبۇ ئابدۇلسەمەد، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تېخى سۈت ئەممىگەن، تاماق يېمىگەن قىز بالىنىڭ سۈيدۈكى سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىگە سۇ سېپىلسە بولىدۇ». نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

---

**498 - [ 9 ] ( صحيح )**

**وعن عبد الله بن عباس قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إذا دبغ الإهاب فقد طهر " . رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: تېرە ئاشلانسا،(پىششىقلانسا) جەزمەن پاك بولىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

---

**499 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : تصدق على مولاة لميمونة بشاة فماتت فمر ا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " هلا أخذتم إها ا فدبغتموه فانتفعتم به " فقالوا : إنا ميتة فقال : " إنما حرم أكلها "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قۇلىغا، بىر قوي سەدىقە قىلىندى، كېيىن بۇ قوي ئۆزى ئۆلۈپ قالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قوينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ؛ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇپ ئېلىۋالمىدىڭلار؟، ئۇنى ئاشلاپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، پاكىزلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پايدا ــ مەنپەئەت ئالاتتىڭلار ئەمەسمۇ؟دېدى.ئۇلار؛ئۇ ئۆزى ئۆلگەن مەيتەت دېدى. رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ ھەقىقەتەن ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى يېيىش ھارام قىلىندى. (لېكىن، تېرىسىنى ئىستېمال قىلىش ھالالدە!) دېدى. ئەھمەد ، بۇخارى، مۇسلىم، كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**500 - [ 11 ] ( صحيح )وعن سودة زوج النبي صلى الله عليه وسلم قالت : ماتت لنا شاة فدبغنا مسكها ثم ما زلنا ننبذ فيه حتى صار شنا . رواه البخاري**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى سەۋدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ ؛بىزنىڭ بىر قويىمىز ئۆلۈپ كەتتى،بىز ئۇنىڭ تېرىسىنى (ئېلىۋېلىپ)ئاشلاپ، پىششىقلاپ،ئاندىن ئۇنىڭغا خورما،قۇرۇق ئۈزۈم چىلاۋىرىپ، ئۇنىڭ تېرىسى كونا تۇلۇمغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى.ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**501 - [ 12 ] ( صحيح ) الفصل الثاني**

**عن لبابة بنت الحارث قالت : كان الحسين بن علي رضي الله عنهما في حجر رسول الله صلى الله عليه وسلم فبال عليه فقلت البس ثوبا وأعطني إزارك حتى أغسله قال : " إنما يغسل من بول الأنثى وينضح من بول الذكر . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه**

لۇبابەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ ؛ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇچىقىغا كىچىك تەرەت قىلىپ قويدى،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ؛ باشقا كىيىم كىيىۋېلىپ ،ئىشتانلىرىنى ماڭا بەرسىلە، يۇيۇپ بېرەي دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن تائام يەپ باقمىغان قىز بالىنىڭ سۈيدۈكى سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىگە سۇ سېپىلىدۇ،دېدى. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**502 - [ 13 ] ( صحيح )**

**وفي رواية لأبي داود والنسائي عن أبي السمح قال : يغسل من بول الجارية ويرش من بول الغلام**

ئەبۇ سەمىھ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تېخى سۈت ئەممىگەن، تاماق يېمىگەن قىز بالىنىڭ سۈيدۈكى سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىگە سۇ سېپىلسە بولىدۇ. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**503 - [ 14 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا وطئ أحدكم بنعله الأذى فإن التراب له طهور " . رواه أبو داود . ولابن ماجه معناه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئايىغى بىلەن نىجاسەتكە دەسسەپ سالسا ، ھەقىقەتەن توپا ئۇنى پاكلىغۇچىدۇر، «يەنى توپىغا سۈركىۋەتسۇن، ئاياقنىڭ ئاستى تۇز بولسا شۇنداق بولىدۇ» ئەبۇ داۋۇد ،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**504 - [ 15 ] ( صحيح )**

**وعن أم سلمة قالت لها امرأة : إني امرأة أطيل ذيلي وأمشي في المكان القذر قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يطهره ما بعده " . رواه مالك وأحمد والترمذي وأبو داود والدارمي وقالا : المرأة أم ولد لإبراهيم ابن عبد الرحمن بن عوف**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بىر ئايال مۇنداق دەيدۇ؛مېنىڭ كىيىممىنىڭ قۇيرىقى بەك ئۇزۇن ، مەن نىجاسەت بار ماكاندا مېڭىپ قالىمەن ، قانداق قىلارمەن؟. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھ ئەلەيھى

ۋەسەللەم؛ ئۇنى كەينىدىكى تويا پاكلايدۇ دىگەن،دىدى. ئەھمەد،مالىك،تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد،دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

**505 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن المقدام بن معدي كرب قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن لبس جلود السباع والركوب عليها . رواه أبو داود والنسائي**

مىقدام ئىبنى مەئدي كەرىيبە رەزىيە الله ئەنھۇدىن رەسۇلۇالله سەللەالله ئەلەيھى ۋەسەللەم گۆشخۇر ھايۋانىنىڭ تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىشتىن ۋە مىنىشتىن توسقان ئەبۇداۋۇد ،نەسەئي خاتىرلىگەن ،ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**506 - [ 17 ] ( صحيح )وعن أبي المليح بن أسامة عن أبيه عن النبي صلى الله عليه وسلم : نهى عن جلود السباع . رواه أحمد وأبو داود والنسائي وزاد الترمذي والدارمي : أن تفترش**

ئەبۇمۇلىيھنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋانىنىڭ تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىشدىن، ئۈستىگە مىنىشدىن(ئۈنىڭ پۈلىدىن) توسقان.
ھاكىم،ئەھمەد،تىرمىزى،نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**507 - [ 18 ] ( صحيح )وعن أبي المليح : أنه ذكره ثمن جلود السباع . رواه الترمذي في اللباس من جامعه وسنده جيد**

**508 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عكيم قال : أتانا كتاب رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أن لا تنتفعوا من الميتة بإهاب ولا عصب " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه**

ئابدۇللا ئىبنى ئەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق كىتابى كەلدى، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ تېرىسىدىن ھەتتا پەيلىرىدىنمۇ پايدىلانماڭلار، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**509 - [ 20 ] ( حسن )**
**وعن عائشة رضي الله عنها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم : أمر أن يستمتع بجلود الميتة إذا دبغت . رواه مالك وأبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ تېرىسى پىششىقلىنىپ ئاشلانسا،ئۇنىڭ بىلەن پايدىلىنىپ مەنپەئەتلىنىشكە بۇيرىغان.مالىك،ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن.

**510 - [ 21 ] ( حسن )**
**وعن ميمونة مر على النبي الله صلى الله عليه وسلم رجال من قريش يجرون شاة لهم مثل الحمار فقال لهم رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو أخذتم إهابها " قالوا إنها ميتة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يطهرها الماء والقرظ " . رواه أحمد وأبو داود**

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ،ئۆزى ئۆلگەن بىر قوينى، خۇددى ئىشەكنىڭ تاپىنى سۆرىگەندەك ، سۆرەۋاتقان قۇرەيشلىك كىشلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ ئۇلارغا؛ ئەگەر ئۇ قوينىڭ تېرىسىنى ئېلىۋالغان بولساڭلار بولاپتىكەن دىدى،ئۇلار؛ئۇ ئۆزى ئۆلگەن تۇرسا دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنىڭ تېرىسىنى سۇ بىلەن قەرزو ئىسملىك تېرە ئاشلىنىدىغان دەرەخنىڭ قۇلىقى پاكلايتتى،دىدى. ئەھمەد 25603 ـ ھەدىس، مۇسلىم 542 ـ ھەدىس، نەسەئى4161 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3597 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئۆزى ئۆلگەن كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگىلەرنىڭ تېرىسى پىششىقلاپ ئىشلەنسە، پاك ـ پاكىز بولىدۇ. ئىشلەتسە دۇرۇس، لېكىن، گۆشىنى سېتىش ھارام.

**511 - [ 22 ] ( حسن )وعن سلمة ابن المحبق : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم في غزوة تبوك أتى على بيت فإذا قربة**

**معلقة فسأل الماء فقالوا يا رسول الله إنا ميتة : " فقال دباغها طهورها " . رواه أحمد وأبو داود**

سەلەمەت ئىبنى مۇھبىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك ئۇرۇشىدا، بىر ئۆيگە كىلىپ، ئېسىقلىق تۇلۇمنى كۆرۈپ سۇ سورايدۇ،ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۇ دىگەن ئۆزى ئۆلگەن قوينىڭ تىرىسى دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ تېرىنىڭ پىششىقلاپ ئاشلىنىشى، ئۇنىڭ پاك ــ پاكىز بولۇشىدۇر،دىدى.ئەھمەد ،ئەبۇداۋۇد ،توپلىغان ھەسەن.

**الفصل الثالث**

**512 - [ 23 ] ( صحيح )وعن امرأة من بني عبد الأشهل قالت : قلت : يا رسول الله إن لنا طريقا إلى المسجد منتنة فكيف نفعل إذا مطرنا قال : " أليس بعدها طريق هي أطيب منها قالت قلت بلى قال فهذه  ذه " . رواه أبو داود**

بىر ئايال ساھابەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!بىزنىڭ مەسجىدكە بارىدىغان يولىمىز نىجاسەتلىك،سېسىق يولدۇر،بىزگە يامغۇر ياغقاندا ، قانداق قىلىمىز؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇ نىجىس جايدىن ئۆتكەندىن كىيىن، ئۇنىڭدىن پاكىزراق يول يوقمۇ؟ دىدى. مەن ؛ ئەلبەتتە بار دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇ بۇنىڭ بەدلىگەبۇلىدۇ،(يەنى ئۇ يۇقۇپ قالغان نىجاسەتنى كىيىنكى پاكىز جاي تازلايدۇ)دىدى.ئەھمەدتوپلىغان سەھىھ.

**513 - [ 24 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن مسعود قال : كنا نصلي مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ولا نتوضأ من الموطئ .رواه الترمذي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئۇقۇيتتۇق،يولدا دەسسەپ سالغان نەرسىلەردىن پۇتلىرىمىزنى،ئۆتەكلىرىمىزنى يۇيمايتتۇق.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**514 - [ 25 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : كانت الكلاب تقبل وتدبر في المسجد في زمان رسول الله صلى الله عليه وسلم فلم يكونوا يرشون شيئا من ذلك . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا،ئىتلار مەسجىدكە (يەنى ھويلىسىغا )كىرىپ ـ چىقىپ يۇرەتتى.ئۇلار شۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى يۇيمايتتى،سۇمۇ چاچمايتتى.بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

**515 - [ 26 ] ( ضعيف )**

**وعن البراء بن عازب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : : " لا بأس ببول ما يؤكل لحمه "**

**516 - [ 27 ] ( ضعيف )وفي رواية جابر قال : " ما أكل لحمه فلا بأس ببوله " . رواه أحمد والدارقطني**

بەررائىبنى ئازىپ،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋاننىڭ سۈيدىكىدە چاتاق يوق، دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەھمەد بىلەن دارىقۇتنى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**[ 9 ] باب المسح على الخفين - الفصل الأول** ئىككى ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش توغرىسىدا

**517 - [ 1 ] ( صحيح )عن شريح بن هانئ قال : سألت علي بن أبي طالب رضي الله عنه عن المسح على الخفين فقال : جعل رسول الله صلى الله عليه وسلم ثلاثة أيام ولياليهن للمسافر ويوما وليلة للمقيم . رواه مسلم**

شۇرەيھ رەھمەھۇ **الله** ؛مەن ئىلى رەزىيەالله ئەنھۇدىن ئىككى ئۆتۈككە مەسھ قىلىش توغرىسىدا سورسام، ئۇ ماڭا مۇندا دېدى ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇساپىر كىشى ئۈچ كېچە ــ كۈندۈز ، مۇقىم يۇرتىدا تۇرغان كىشى بىر كېچە ــ كۈندۈز تاھارەت ئۈستىگە كىيگەن ئۆتۈكنى سالماي مەسھ قىلالايدۇ. (ئاشۇ مۇددەت توشقاندا، سېلىپ، پۇتىنى يۇيىدۇ) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، بۇخارى بۇ ئىككىسىدىن كېيىنكى تۆت كىتاب، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، دارىقۇتنى، بەزار، ئەبۇ نۇئەيىم، باۋرۇدى، ئىبنى ئەساكىر، ئەبۇ بەكرى نىيسابۇرلار، ئەلى، خۇزەيمە، ئەۋف، ئۇسامە، بەررائى، جەرىير، سەفۋان، مۇغەيرە، يەئلا، ئەبۇ بۇكرەت، ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر، ئۆمەر، بىلال، ئەبۇ ھۇرەيرە، مالىك ئىبنى سەئىد، ئىبنى مەريەم، خالىد ئىبنى ئەرخەت، يەسسار، ئەمرۇ ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىردۇر.

**518 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عروة بن المغيرة بن شعبة عن أبيه قال : أنه غزا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم غزوة تبوك . قال المغيرة : فتبرز رسول الله صلى الله عليه وسلم قبل الغائط فحملت معه إدواة قبل الفجر فلما رجع أخذت أهريق على يديه من الإدواة فغسل كفيه ووجهه وعليه جبة من صوف ذهب يحسر عن ذراعيه فضاق كم الجبة فأخرج يده من تحت الجبة وألقى الجبة على منكبيه وغسل ذراعيه ومسح بناصيته وعلى العمامة وعلى خفيه ثم ركب وركبت فانتهينا إلى القوم وقد قاموا في الصلاة يصلي م عبد الرحمن بن عوف وقد ركع م ركعة فلما أحس بالنبي صلى الله عليه وسلم ذهب يتأخر فأومأ إليه فصلى م فلما سلم قام النبي صلى الله عليه وسلم وقمت فركعنا الركعة التي سبقتنا . رواه مسلم**

مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ـ بۇ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تەببۇك ئۇرىشىغا قاتناشقان ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇبھىدىن بۇرۇن تەرەت قىلىش ئۈچۈن ھاجەتخانا تەرەپتىكى ئۇچۇقچىلىققا چىقتى،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر قاچىدا سۇ ئېلىۋالغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتىپ كەلگەندە،مەن قاچىدىن سۇ قۇيۇپ بىرىشكە باشلىدىم،ئىككى قولىنى ۋە يۈزىنى يۇيدى،ئۇستىدە يۇڭدىن ئىشلەنگەن جۇۋا بار ئىدى، ئىككى بىلىكىنى ئېچىشقا تەمشىلىۋىدى،جۇۋىنىڭ يېڭى تۇرلۇشۇپ،يوملۇشۇپ قېلىپ ، قولىنى جۇۋىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ،جۇۋىنى مۇرىسىگە تاشلاپ قويۇپ،ئىككى بىلىكىنى يۇدى،چېكىسىگە ۋە سەللىسىگە مەسھ قىلدى.(ئالىملار؛سەللىگە مەسھ قىلىش باشتا بار ئىدى،كىيىن تەرىك ئېتىلگەن دىدى.)ئاندىن مەن ئىككى ئۆتىكىنى تارتىپ قويۇشقا تەمشەلسەم،ئۇنى قويۇپ قوي!مەن ئۆتۈكۈمنى تاھارەت ئۈستىگە كەيگەن دەپ،ئىككى ئۆتىكىگە مەسھ قىلدى.ئاندىن بىز ئۇلغىمىزغا مىنىپ، كىشىلەرنىڭ قېشىغا كەلسەك،ئۇلار نامازغا تۇرۇپ بولۇپتۇ، ئۇلارغا ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقۇپ بىرىۋاتقان ئىكەن ، ئۇ بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولۇپ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەلگىنىنى ھىس قىلىپ ، كەينىگە چېكىنىشكە تەمشىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقۇۋەرگىن، دەپ ئىشارەت قىلدى،ئۇ كىشىلەرگە نامازنى ئوقۇپ بىرىپ، سالام بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇردى، مەنمۇتۇردۇم، بىز ئىلگىرى ئوقۇلۇپ بولغان بىر رەكئەت نامازنى ئۆزىمىز ئوقۇدۇق.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**الفصل الثاني**

**519 - [ 3 ] ( حسن )عن أبي بكرة عن النبي صلى الله عليه وسلم : أنه رخص للمسافر ثلاثة أيام ولياليهن وللمقيم يوما وليلة إذا تطهر فلبس خفيه أن يمسح عليهما . رواه الأثرم في سننه وابن خزيمة والدارقطني وقال الخطابي : هو صحيح الإسناد هكذا في المنتقى**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇساپىر كىشىگە ئۈچ كېچە ــ كۈندۈز ، مۇقىم يۇرتىدا تۇرغان كىشىگە بىر كېچە ــ كۈندۈز تاھارەت ئۈستىگە كىيگەن ئۆتۈكنى سالماي،ئۇنىڭغا مەسھ قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. (ئاشۇ مۇددەت توشقاندا، سېلىپ، پۇتىنى يۇيىدۇ)ئەسرەم،ئىبنى

خۇزەيمە،دارقۇتنىيلار توپلىغان ھەسەن.

**520 - [ 4 ] ( صحيح )وعن صفوان بن عسال قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يأمرنا إذا كنا سفرا أن لا ن ع خفافنا ثلاثة أيام ولياليهن إلا من جنابة ولكن من غائط وبول ونوم . رواه الترمذي والنسائي**

سەپۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى سەپەرگە چىققان ۋاقتىمىزدا،چوڭ _كىچىك تەرەت قىلىشىمىزدىن،ئۇخلىشىمىزدىن (تاھارەت ئۇستىگە كەيگەن) ئۆتۈكلىرىمىزنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە سالماي مەسىھ قىلىشىمىزغا بۇيرىغان،پەقەت جۇنۇپلىقتىن يۇيۇنغاندىلا ئۆتۈكلىرىمىزنى سېلىپ،پۇتىمىزنى يۇياتتۇق.نەسەئى،تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**521 - [ 5 ] ( ضعيف )وعن المغيرة بن شعبة قال : وضأت النبي صلى الله عليه وسلم في غزوة تبوك فمسح أعلى الخف وأسفله . رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه وقال الترمذي هذا حديث معلول وسألت أبا زرعة ومحمدا يعني البخاري عن هذا الحديث فقالا : ليس بصحيح . وكذا ضعفه أبو داود**

مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن تەبۇك ئۇرۇشىدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاھارەت سۇيىنى قويۇپ بەرگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆتىكىنىڭ ئۇستى ۋە ئاستى تەرىپىگە مەسىھ قىلدى دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن. تىرمىزى بۇ ھەدىسنىڭ ئىللىتى بار دېگەن، بۇخارى بۇ ھەدىس سەھىھ ئەمەس دېگەن، ئەبۇ داۋۇد زەئىپ دېگەن، ئەلبانىمۇ زەئىپ دېدى.

**522 - [ 6 ] ( صحيح )وعنه قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يمسح على الخفين على ظاهرهما . رواه الترمذي وأبو داود**

مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى ئۆتىكىنىڭ ئۇستى تەرىپىگىلا مەسىھ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. نەسەئى،تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**523 - [ 7 ] ( صحيح )وعن المغيرة بن شعبة قال : توضأ النبي صلى الله عليه وسلم ومسح على الجوربين والنعلين . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه**

مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئېلىپ،ئىككى ئايىقىغا ۋە ئىككى پايپىقىغا مەسىھ قىلغان ئىدى. ئەھمەد ،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.1 ـ تاھارەتتە ئىككى پۇتنى يۇيۇش،2 ـ (تاھارەت ئۇستىگە كەيگەن)ئىككى ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش، 3 ـ خۇرۇم تېرە پايپاققا مەسىھ قىلىش،4 ـ سۇنئى ياسالغان پاكىز،قېلىن پايپاققا مەسىھ قىلىش،5 ـ كىشىلەر تاھارەت ئۇستىگە كىيىۋالغان ئادەتتىكى لاتا پايپاققا مەسىھ قىلىشنىمۇ، ئىبنى تەيمىييە،ئىبنى مەلىك،ئەلبانى،دوكتۇر يۇسۇف قەرزاۋى قاتارلىق مۆئتەبەر ئالىملار دۇرۇس دېگەن.ئەلبانىينىڭ بۇ توغرىسىدىكى كىتابىنى كۆرۈڭلار.الله ئەئلەم.

**الفصل الثالث**

**524 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن المغيرة بن شعبة قال : مسح رسول الله صلى الله عليه وسلم على الخفين فقلت : يا رسول الله نسيت ؟ قال : بل أنت نسيت ذا أمرني ربي عز وجل . رواه أحمد وأبو داود**

مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇ الله ئۆتىكىگە مەسىھ قىلدى، مەن يارەسۇلۇ الله! ئۇنتۇپ

قالدىلىمۇ؟ دىدىم.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەلكى سەن ئۇنتۇپ قاپسەن، مىنى رەببىم مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان دىدى. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن. كۆڭلىڭىزدە زەئىپ ھەدىسمۇ يوللىرى كۆپىيىپ، كۈچلۈنۈپ ھەسەن بولىدۇ، ئەمەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ قىلىشىڭىز مۇمكىن، ئېسىڭىزدە بولسۇنىك، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ھەدىسنى ئەلبانىمۇ ھەسەن دەپ قويغان، مەن ھەرگىز ئۇنداق ھەسەن ھەدىسنى زەئىپ قاتارىدا يازمايمەن، مۇتلەق زەئىپنى ياكى قاتتىق زەئىپنى ياكى مۇنكەر، يالغاننى شۇنام بىلەن يازىمەن، سىز ئەلبانى رەھمەھۇللاغا شەكسىز ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. ئۇ، دۇنياغا داڭلىق مۇئتەبەر مۇھەددىس ئالىم. زەئىپ دىگەن ھۆكۈمنىڭ سەبەب ئىللىتىنى،ئەلبانىينىڭ 9000 زەئىپ ھەدىسى بار «زەئىپ ھەدىسلەرتوپلىمى »دىن كۆرۈڭ.

**525 - [ 9 ] ( صحيح )وعن علي رضي الله عنه قال : لو كان الدين بالرأي لكان أسفل الخف أولى بالمسح من أعلاه وقد رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يمسح على ظاهر خفيه رواه أبو داود للدارمي معناه**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەگەر ئىسلام دىنى، كۆز قاراش رەئيىمىز بىلەن بولىدىغان بولسا،ئەلبەتتە ئۆتۈكنىڭ ئاستى تەرىپى، مەسىھ قىلىشقا،ئۈستى تەرىپىدىن ئەۋلاراق،لايىغراق بولغان بۇلاتتى، (لىكىن دىن اللە ۋە رەسۇلىنىڭ كۆرسەتمىسى بۇيىچە بولىدۇ)ھەقىقەتەن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى ئۆتىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىگىلا مەسىھ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.ئەبۇداۋۇد،دارىمى توپلىغان سەھىھ.

## [ 10 ] باب التيمم - الفصل الأول تەيەممۇم توغرىسىدا

**526 - [ 1 ] ( صحيح )عن حذيفة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فضلنا على الناس بثلاث جعلت صفوفنا كصفوف الملائكة وجعلت لنا الأرض كلها مسجدا وجعلت تربتها لنا طهورا إذا لم نجد الماء " . رواه مسلم**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز بارلىق كىشىلەر ئۈستىگە ئۈچ ئىش بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندۇق، 1 ـ بىزنىڭ نامازدىكى سەپلىرىمىز پەرىشتىلەر سەپلىرىگە ئوخشاش قىلىندى. 2 ـ بىز ئۈچۈن زىمىننىڭ ھەممە يېرى مەسجىد قىلىندى، 3 ـ سۇ تاپالمىساق ئۇنىڭ تۇپرىقى، تاھارەت ئورنىدا تەيەممۇم، پاكلىغۇچى قىلىندى. (ماڭا سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرىدىكى مۇشۇ ئايەتلەر ئەرشنىڭ تەھتىدىكى كاڭدىن بېرىلدى، بۇ ئايەتلەر مەندىن بۇرۇن ھېچبىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن،) (بۇ ئايەتلەر سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايەتتۇر) مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**527 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عمران بن حصين الخزاعي أن رسول الله صلى الله عليه وسلم : رأى رجلا معتزلا لم يصل في القوم فقال : " يا فلان ما منعك أن تصلي في القوم فقال يا رسول الله أصابتني جنابة ولا ماء قال عليك بالصعيد فإنه يكفيك "**

ئىمران ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتلەر ئارىسىدا، ئۇلار بىلەن بىللە ناماز ئوقىماي ئايرىلىۋالغان بىر كىشىنى كۆرۈپ:ئى پالانى!سىنى كىشىلەر بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇشتىن نىمە توستى؟دىدى.ئۇ كىشى؛ئى اللە نىڭ ئەلچىسى!مەن جۇنۇپ بولۇپ قالدىم،يۇيۇنىدىغان سۇ يوق دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛سەن تەيەممۇم قىلىشتا، پاك ــ پاكىز تۇپراقنى لازىم تۇت، ھەقىقەتەن ئۇ ساڭا تاھارەتتىن كۇپايە بولىدۇ،دىدى. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**528 - [ 3 ] ( صحيح )**

**وعن عمار قال : جاء رجل إلى عمر بن الخطاب فقال : إني أجنبت فلم أصب الماء فقال عمار بن ياسر لعمر بن الخطاب أما تذكر أنا كنا في سفر أنا وأنت فأما أنت فلم تصل وأما أنا فتمعكت فصليت فذكرت للنبي صلى الله عليه وسلم فقال النبي صلى الله عليه وسلم إنما كان يكفيك هكذا فضرب النبي صلى الله عليه وسلم بكفيه الأرض ونفخ فيهما ثم مسح بهما وجهه وكفيه . رواه**

**البخاري ولمسلم نحوه وفيه قال : إنما يكفيك أن تضرب بيديك الأرض ثم تنفخ ثم تمسح  ما وجهك وكفيك**

ئەمماررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىركىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىلىپ،مەن جۇنۇپ بۇلۇپ قالدىم،لىكىن يۇيىنىدىغان سۇ تاپالمىدىم دىدى.مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ سىنىڭ ئىسىڭدە يوقمۇ؟بىز بىرقېتىم سەپەردە بىللە بولغان ئىدۇق،سەن سۇ تاپالماي ناماز ئۇقۇمىغان ئىدىڭ.مەن توپىدا يۇملاپ ناماز ئۇقىغان ئىدىم،كىيىن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەقىقەتەن ساڭا مۇنداق قىلىشىڭ كۇپايە قىلاتتى دەپ،ئىككى ئالقىنىنى زىمىنغا ئۇرۇپ،پۈدۈۋتۈپ،ئاندىن ئالقىنى بىلەن يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى سىلىغان ئىدى.يانابىر خاتىدە،ئىككى قولىڭنى زىمىنغا ئۇرۇپ،پۈدۈۋتۈپ،ئاندىن يۈزۈڭنى ۋە ئىككى قولۇڭنى سىلىشىڭ كۇپايە بولاتتى دىگەن بار. بۇخارى،مۇسلىم.

**529 - [ 4 ] ( ضعيف )وعن أبي الجهيم بن الحارث بن الصمة قال : مررت على النبي صلى الله عليه وسلم وهو يبول فسلمت عليه فلم يرد علي حتى قام إلى جدار فحته بعصى كانت معه ثم وضع يديه على الجدار فمسح وجهه وذراعيه ثم رد علي . ولم أجد هذه الرواية في الصحيحين ولا في كتاب الحميدي ولكن ذكره في شرح السنة وقال : هذا حديث حسن**

ئەبىلجوھەيىم  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام قىلدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەت قىلىۋاتقاچقا ماڭا سالام قايتۇرمىدى، بىكار بولۇپ تام تۈۋىدە تۇرۇپ ھاسىسى بىلەن تامدىن توپا چىقىرىپ، تامغا قولىنى ئىككى قېتىم ئۇرۇپ يۈزىنى، ئىككى بىلىكىنى سىلاپ تەيەممۇم قىلىپ، ئاندىن ماڭا سالام قايتۇردى، دىگەن ھەدىسنى شەرھى سۈننەتتە خاتىرلىگەن بولۇپ، باشقىلار يوللىرى كۈچلىنىدۇ، ھەسەن دىگەن، لېكىن ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىدى.

**الفصل الثاني**

**530 - [ 5 ] ( صحيح )عن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الصعيد الطيب وضوء المسلم وإن لم يجد الماء عشر سنين فإذا وجد الماء فليمسه بشره فإن ذلك خير ". رواه أحمد والترمذي وأبو داودوروى النسائي نحوه إلى قوله : عشر سنين**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن پاك تۇپراق مۇسۇلماننىڭ تاھارىتىدۇر، گەرچە ئۇ 10 يىل سۇ تاپالمىسىمۇ تەيەممۇم قىلىدۇ، سۇنى تاپقانداۋ ئۇنى تېرىسىگە يەتكۈزۈپ ئىستىمال قىلسۇن، سۇنى ئىستىمال قىلىش ياخشىدۇر، ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد ، ھاكىم، ئىبنى ھەببان تويلىغان، سەھىھ.

**531 - [ 6 ] ( حسن لغيره )وعن جابر قال : خرجنا في سفر فأصاب رجلا منا حجر فشجه في رأسه ثم احتلم فسأل أصحابه فقال هل تجدون لي رخصة في التيمم فقالوا ما نجد لك رخصة وأنت تقدر على الماء فاغتسل فمات فلما قدمنا على النبي صلى الله عليه وسلم أخبر بذلك فقال قتلوه قتلهم الله ألا سألوا إذ لم يعلموا فإنما شفاء العي السؤال إنما كان يكفيه أن يتيمم ويعصر أو يعصب شك موسى على جرحه خرقة ثم يمسح عليها ويغسل سائر جسده . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز بىر قېتىم سەپەرگە چىققان ئىدۇق،بىزدىن بىر كىشىگە تاش تېگىپ كىتىپ،ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتى،ئاندىن ئۇ ئىھتىلام بۇلۇپ قېلىپ؛ھەمراھلىرىدىن ماڭا تەيەممۇم قىلىشقا بىرەر رۇخسەت تاپالامسىلەر؟ دەپ سوردى،ئۇلار؛سەن سۇ ئىشلىتىشكە قادىر تۇرساڭ ، بىز ساڭا رۇخسەت تاپالمايمىز دىدى،ئاندىن ئۇ (سوغۇقتا)غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ ، شۇ سەۋەپتىن ئۆلۈپ كەتتى،بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەندە، بۇ ئىش خەۋەرقىلىنىۋىدى مۇنداق دىگەن: ئۇلار ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ،

ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن، بىلمىسە سورىسا بولمامدۇ؟ ھەقىقەتەن نادانلىقنىڭ، ئىلمىسىزلىكنىڭ شىپاسى سوئال سوراشتۇر، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىگە تەيەممۇم قىلىشى كۇپايە بولاتتى، جاراھىتىگە لاتا تېڭىپ، ئاندىن ئۈنىڭغا مەسىھ قىلىپ، ئاندىن قالغان جەسەدلىرىنى يۇسىمۇ بولاتتى. ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھىھ.

532 - [ 7 ] ( حسن )ورواه ابن ماجه عن عطاء بن أبي رباح عن ابن عباس

533 - [ 8 ] ( صحيح )

وعن أبي سعيد الخدري قال : خرج رجلان في سفر فحضرت الصلاة وليس معهما ماء فتيمما صعيدا طيبا فصليا ثم وجدا الماء في الوقت فأعاد أحدهما الصلاة والوضوء ولم يعد الآخر ثم أتيا رسول الله صلى الله عليه وسلم فذكرا ذلك له فقال للذي لم يعد : " أصبت السنة وأجزأتك صلاتك " وقال للذي توضأ وأعاد : " لك الأجر مرتين " . رواه أبو داود والدارمي وروى النسائي نحوه

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئىككى كىشى سەپەرگە چىقىپ،ناماز ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، ئۇلار بىلەن تاھارەت ئالىدىغان سۇ يوق ئىكەن،ھەر ئىككىلىسى پاك ـ پاكىز تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئۇقۇپتۇ، ئاندىن شۇ نامازنىڭ ۋاقتى ئىچىدە،سۇنى تېپىپ قېلىپ،ئۇلارنىڭ بىرسى تاھارىتىنى قايتىلاپ،نامازنىمۇ قايتا ئۇقۇپتۇ،يەنە بىرسى قايتا ئۇقىماپتۇ،ئاندىن ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ،ئۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بىرىپتىكەن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛نامازنى قايتا ئۇقىمىغان كىشىگە؛سەن سۈننەت بويىنچە توغرا قىلىپسەن،ساڭا نامىزىڭ كۇپايە بولۇپتۇ دەپ، نامازنى قايتا ئۇقۇغان كىشىگەبولسا؛سەن ئۈچۈن ئىككى قېتىملىقنىڭ، ئىككى ئەجرى بولىدۇ، دىدى. نەسەئى،ئەبۇداۋۇد، دارىمى تويلىغان، سەھىھ.

534 - [ 9 ] ( لم تتم دراسته )وقد روى هو وأبو داود أيضا عن عطاء بن يسار مرسلا

الفصل الثالث

535 - [ 10 ] ( متفق عليه )عن أبي الجهيم الأنصاري قال : أقبل النبي صلى الله عليه وسلم من نحو بئر جمل فلقيه رجل فسلم عليه فلم يرد عليه النبي صلى الله عليه وسلم حتى أقبل على الجدار فمسح بوجهه ويديه ثم رد عليه السلام

ئەبۇلجوھەيىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمەل قۇدۇقى تەرەپتىن ئالدىنى قىلىپ كىلىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر كىشى ئۇچراپ،سالام قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تامنىڭ قېشىغا كەلمىگىچە، ئۇ كىشىگە سالام قايتۇرمىدى،ئاندىن (تامغا قولىنى ئۇرۇپ)يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى سىلاپ،(تەيەممۇم قىلغاندىن كېيىن )ئۇ كىشىگە سالام قايتۇردى. ئىمام بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

536 - [ 11 ] ( صحيح )وعن عمار بن ياسر : أنه كان يحدث أنهم تمسحوا وهم مع رسول الله صلى الله عليه وسلم بالصعيد لصلاة الفجر فضربوا بأكفهم الصعيد ثم مسحوا وجوههم مسحة واحدة ثم عادوا فضربوا بأكفهم الصعيد مرة أخرى فمسحوا بأيديهم كلها إلى المناكب والآباط من بطون أيديهم . رواه أبو داود

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق ھەدىس سۆزلەيتتى؛ھەقىقەتەن ئۇلار يەنى ساھابىلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە، بومدات نامىزى ئۈچۈن پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلغان ئىدى،ئۇلار ئالقانلىرىنى پاك تۇپراققا ئۇرۇپ،يۈزلىرىنى بىر قېتىم سىلىدى،ئاندىن ئالقانلىرىنى پاك تۇپراققا يەنە بىر قېتىم قايتا ئۇرۇپ،قوللىرىنى مۈرىلىرىگىچە،قوللىرىنىڭ ئالقىنىدىن باشلاپ،قولتۇقلىرىغىچە ، قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن سىلىدى.ئەبۇداۋۇد تويلىغان ئەلبانى سەھىھ دىگەن.قازى بەيزاۋى قاتارلىق ئالىملار؛بۇ سەھىھ ھەدىستىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ساھابىلار تەيەممۇم قىلسا ،قولىنى ئىككى قېتىم پاك تۇپراققا

ئۇرۇپ، يۇزنىڭ يۇيىدىغان جايىنى ۋە ئىككى قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ بىرلا سلايتتى،بۇ تەيەممۇم قىلىشتەك پەرزى شاخچە مەسىلىنى، تاھارەتتەك ئەسلى مەسىلىگە قىياس قىلىش بولىدۇ دىدى. الله ئەئلەم،مىرقاتتىن ئېلىنغان ئىكەن.

## [ 11 ] باب الغسل المسنون - الفصل الأول سۈننەت قىلىنغان غۇسلى توغرىسىدا

**537 - [ 12 ] ( متفق عليه )عن أبن عمر رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا جاء أحدكم الجمعة فليغتسل "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار، جۈمئە نامىزىغا كەلسە، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن، مالىك، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم ،نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

**538 - [ 13 ] ( متفق عليه )**

**وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " غسل يوم الجمعة واجب على كل محتلم "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جۈمئە كۈنى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇش، ھەربىر ئىھتىلام بولغان (يەنى چۈشىدە جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان) بالىغ كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر، بۇخارى،مۇسلىم ،نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

**539 - [ 14 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " حق على كل مسلم أن يغتسل في كل سبعة أيام يوما يغسل فيه رأسه وجسده "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر يەتتە كۈندە، بىر كۈن غۇسلى قىلىپ،يۇيۇنۇش، بېشىنى، چېچىنى، جەسەدلىرىنى يۇيۇش، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر. (بۇ ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر،) «ئالىملار ھەر جۈمئە كۈنى، جۈمئەگە يۇيۇنۇش ۋاجىپ دىدى، بەزىلەر كۈچلۈك سۈننەت دىدى، ئەترىمۇ بار ئەلۋەتتە» بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**الفصل الثاني**

**540 - [ 4 ] ( حسن )عن سمرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من توضأ يوم الجمعة فبها ونعمت ومن اغتسل فالغسل أفضل " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي والنسائي والدارمي**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇندىق دىگەن: كىم جۈمئە كۈنى كىچىك تاھارەت ئېلىپ، جۈمئەگە بالدۇر كەلسە، ئۇ نېمىدىگەن ياخشى، ئەگەر بىر كىشى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسا، غۇسلى قىلىش ئەۋزەلدۇر. ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد،دارىمى توپلىغان، ھەسەن. (بۇ ھەدىستىن ئەگەر بەدىنى پۇراپ كەتمىسە، پاك ــ پاكىز بولسا، كىچىك تاھارەت ئېلىپ جۈمئەگە كەلسە، دۇرۇس بولىدۇ، غۇسلىنى ۋاجىپ دىگەن ھەدىسلەر بولسا، بەدىنى پۇراپ كەتسە، ياز تومۇز كۈنلەر بولسا، ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ،ئەتىر چېچىپ كېلىشنى كۆرسىتىدۇ،مىسۋاك بىلەن ئەتىرنى دائىم ئەكىتىلەيدۇ)

**541 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من غسل ميتا فليغتسل " . رواه ابن ماجه وزاد أحمد والترمذي وأبو داود : " ومن حمله فليتوضأ "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىيىتنى يۇيغان

كىشى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن، مىيىتنى كۆتۈرگەن كىشى كىچىك تاھارەت ئالسۇن. ( بۇ بۇيرۇق مۇستەھەپ ئۈچۈندۇر ).ئەھمەد،تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە ، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**542 - [ 6 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها أن النبي صلى الله عليه وسلم : كان يغتسل من أربع : من الجنابة ومن يوم الجمعة ومن الحجام ومن غسل الميت . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت ئىشدىن غۇسلى قىلىپ يۇيۇناتتى، بىرىنچى، جۇنۇپلۇقدىن، ئىككىنچى، جۈمئە كۈنى، ئۈچىنچى، قان ئالدۇرغاندا، تۆتىنچى، مىيىتنى يۇيۇپ قالسا، غۇسلى قىلاتتى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**543 - [ 7 ] ( صحيح )**

**وعن قيس بن عاصم : أنه أسلم فأمره النبي صلى الله عليه وسلم أن يغتسل بماء وسدر . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

قەيس ئىبنى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سۇ ۋە كىر ئالدىغان سىدر دەرىخىنىڭ قۇلقى بىلەن غۇسلى قىلىپ، يۇيىنىشقا بۇيرىغان. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.يۇيىنۇپ ئاندىن شاھادەت كەلىمىسىنى ئەيتىدۇ،بۇيۇيىنىشمۇ سۈننەتتۇر.

**الفصل الثالث**

**544 - [ 8 ] ( حسن )عن عكرمة : أن ناسا من أهل العراق جاءوا فقالوا يا ابن عباس أترى الغسل يوم الجمعة واجبا قال لا ولكنه أطهر وخير لمن اغتسل ومن لم يغتسل فليس عليه بواجب . وسأخبركم كيف بدء الغسل : كان الناس مجهودين يلبسون الصوف ويعملون على ظهورهم وكان مسجدهم ضيقا مقارب السقف إنما هو عريش فخرج رسول الله صلى الله عليه وسلم في يوم حار وعرق الناس في ذلك الصوف حتى ثارت منهم رياح آذى بذلك بعضهم بعضا . فلما وجد رسول الله صلى الله عليه وسلم تلك الريح قال : " أيها الناس إذا كان هذا اليوم فاغتسلوا وليمس أحدكم أفضل ما يجد من دهنه وطيبه " . قال ابن عباس : ثم جاء الله بالخير ولبسوا غير الصوف وكفوا العمل ووسع مسجدهم وذهب بعض الذي كان يؤذي بعضهم بعضا من العرق . رواه أبو داود**

ئىكرىمەت رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ؛ئىراق ئەھلىدىن بىر قىسىم كىشلەر كېلىپ؛ئى ئىبنى ئاببباس! رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىلى جۈمئە كۈنى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنىشنى ۋاجىب دەپ قاراملا؟دىدى، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ياق ، لىكىن يۇيۇنۇش ياخشى پاكلىنىشتۇر،يۇيۇنغان كىشىگە بەك ياخشى،يۇيۇنماي كىچىك تاھارەت ئالغان كىشىگە غۇسلى ۋاجىب ئەمەس.مەن سىلەرگە غۇسلى قىلىشنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى سۆزلەپ بىرەي،كىشلەر جاپالىق،مېھنەتلىك ئىشلەيتتى،ئۇلار يۇڭ كىيىم كىيەتتى،ئۈچىللىرىدا نەرسە يۈدۈپ ئىشلەيتتى،مەسجىدلىرى تار،ئۆگزىسى بولسا،يېقىن پاكار ، شاخ ـ شۇمبىدا سايا قىلىنغان ئىدى،قاتتىق ئىسسىق بىركۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ كەلدى، كىشلەر ئاشۇ يۇڭ كىيىمدە تەرلەپ ، ئۇلاردىن سېسىق پۇراقلار چىقىپ،بەزىسى بەزىسىگە ئازار بەرگەن ئىدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇ پۇراقنى تاپقاندا مۇنداق دىگەن: «ئى ئىنسانلار! بۇ كۈن يەنى جۈمئە كۈنى بولغاندا، يۇيۇنىڭلار، ھەر بىرىڭلار ياغ، ماي، ئەتىر، خۇشپۇراقلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىنى ئىشلەتسۇن»، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئاندىن الله تائالا مال ـ دۇنيا،كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلدى،كىشلەر يۇڭدىن باشقا كىيىم كەيدى،جاپالىق ئەمگەكتىنمۇ قول ئۈزدى،مەسجىدلىرى كەڭرى قىلىنىپ،سېسىق تەردىن ئىبارەت،بەزىسى بەزىسىگە ئازار بەرگەن نەرسىمۇ يوقالدى.(دىمەك شۇڭا غۇسلى ھازىر ۋاجىب ئەمەس.) ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

## باب الحيض - الفصل الأول     ھەيز توغرىسىدا

**545 - [ 1 ] ( صحيح )عن أنس : أن اليهود كانوا إذا حاضت المرأة فيهم لم يؤاكلوها ولم يجامعوهن في البيوت فسأل أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم النبي صلى الله عليه وسلم فأنزل الله تعالى ( ويسألونك عن المحيض قل هو أذى فاعتزلوا النساء في المحيض )الآية . فبلغ ذلك اليهود . فقالوا : ما يريد هذا الرجل أن يدع من أمرنا شيئا إلا خالفنا فيه فجاء أسيد بن حضير وعباد بن بشر فقالا يا رسول الله إن اليهود تقول كذا وكذا أفلا نجامعهن ؟ فتغير وجه رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى ظننا أن قد وجد عليهما . فخرجا فاستقبلتهما هدية من لبن إلى النبي صلى الله عليه وسلم فأرسل في آثارهما فسقاهما فعرفا أن لم يجد عليهما . رواه مسلم**

ئەنس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:يەھۇدىيلار، ئاياللىرى ھەيزدار بولۇپ قالسا،ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە جەم بولۇپ تۇرمايتتى،بىللە تاماقمۇ يېمەيتتى،ساھابىلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇتوغرىسىدا ۋسورغاندا،**الله** تائالا « (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرىلىق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسى ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇغى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسى ئالاقە قىلىش ئەر- خوتۇن ھەر ئىككىسگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا **الله** بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار». **الله** ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.»دىگەن سۈرە بەقەرەنىڭ 222 ـ ئايىتىنى نازىل قىلدى،بۇئەھۋال يەھۇدىيلارغا يەتكەندە،ئۇلار؛بۇ كىشى نىمىنى مەخسەت قىلىدىغاندۇ؟ئۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى قويماي، ھەربىر ئىشىمىزدا، بىزنىڭ خىلاپىمىزدا ئىش قىلىۋاتىدۇ دىيىشتى.ئاندىن ئۇسەيدئىبنى ھۇزەير بىلەن ئەببادئىبنى بىشر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار كېلىپ؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!يەھۇدىيلار مۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىپتۇ،بىزمۇ ئۇلاردەك ھەيىزدار ئاياللار بىلەن بىر ئۆيدە تۇرمايدىغان ، بىللە تاماق يېمەيدىغان ئىشلارنى قىلمامدۇق؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا غەزەپ قىلىپ ، ئاچچىقلىدى دەپ، گۇمان قىلىپ قالدۇق،ئۇلار چىقىپ كەتتى،دەل شۇچاغدا ئۇلارغا ئۇچراپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۈتتىن ھەدى كېلىپ قالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سۈت ئەۋەتىپ ئۇلارنى سۇغاردى،ئاندىن ئۇ ئىككەيلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزلىرىگە غەزەپ قىلمىغانلىقىنى بىلدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**546 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : كنت أغتسل أنا والنبي صلى الله عليه وسلم من إناء واحد وكلانا جنب وكان يأمرني فأتزر فيباشرني وأنا حائض وكان يخرج رأسه إلي وهو معتكف فأغسله وأنا حائض**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە، بىر قاچىدىن سۇ ئېلىپ،غۇسلى قىلىپ يۇيىناتتىم،ۋەھالەنكى ھەر ئىككىلىمىز جۇنۇپ ئىدۇق.مەن ھەيىزدار چاغلاردا، مىنى ئىشتان كىيىۋېلىشىمغا بۇيرىيتتى،ئاندىن مەن بىلەن بىللە ياتاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتكاپ قىلىۋاتقان ھالىتىدىمۇ بېشىنى مەن تەرەپكە چىقىرىپ بىرەتتى،مەن ھەيىزدار بولسامۇ چېچىنى يۇيۇپ

قۇياتتىم.بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

**547 - [ 3 ] ( صحيح )وعنها قالت : كنت أشرب وأنا حائض ثم أناوله النبي صلى الله عليه وسلم فيضع فاه على موضع في فيشرب وأتعرق العرق وأنا حائض ثم أناوله النبي صلى الله عليه وسلم فيضع فاه على موضع في . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن ھەيىزدار چاغلاردا،ئىچىملىك ئىچىپ،ئاندىن ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇنۇپ بەرسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئېلىپ،ئاغزىنى مەن ئاغزىمنى قويغان جايغا قويۇپ ئىچىۋەرەتتى. مەن ھەيىزدار چاغلاردا،سۆڭەك غاجىلاپ، ئاندىن ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇنۇپ بەرسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئېلىپ، ئاغزىنى مەن ئاغزىمنى قويغان جايغا قويۇپ غاجىلايتتى. مۇسلىم توپلىغان سەھەب.

**548 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يتكئ على حجري وأنا حائض ثم يقرأ القرآن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ھەيىزدار چاغلاردىمۇ ، قۇچىقىمغا يۆلىنىپ، قۇرئان ئوقۇيتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

**549 - [ 5 ] ( صحيح )وعنها قالت : قال لي النبي صلى الله عليه وسلم : " ناوليني الخمرة من المسجد " . فقلت : إني حائض فقال : " إن حيضتك ليست في يدك " . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ماگامەسجىددىن جاينامازنى ئېلىۋەتكىن دېسە، ئۇ؛ مەن ھەيزىدار، ئاياللار كىسىلى دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ ھەققەتەن سىنىڭ ھەيزىڭ، ھەيزى كىسىلىڭ قولۇڭدا ئەمەس دېگەن، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھەب. بۇ ھەدىسدىن پەقەت ھەيز قېنى ئۆزى نىجىس بولسىمۇ، ئايال كىشى تېنى، قولى، ئەزالىرى نىجىس بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش، بىللە تائام يېيىشكە، تائام ئېتىشكە، بىر ئۆيدە تۇرۇشقا، ھەتتا مۇناسىۋەت قىلماي،بىللە، بىر ئورۇندا يېتىشقىمۇ رۇخسەت قىلىدۇ.

**550 - [ 6 ] ( متفق عليه )**

**وعن ميمونة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي في مرط بعضه علي وبعضه عليه وأنا حائض**

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇڭدىن بولغان بىر كاسايادا ناماز ئوقۇيتتى. مەن ھەيىزدار چاغلاردا،ئۇنىڭ بەزىسى مىنىڭ ئۇستىمدە،بىر قىسمى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇستىدە تۇراتتى.(يەنى بىللە يېپىنىپ ياتاتتۇق،ئۇ پاكىز بولسىلا ناماز ئوقۇۋەرەتتى) . بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

**الفصل الثاني551 - [ 7 ] ( صحيح )**

**وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أتى حائضا أو امرأة في دبرها أو كاهنا فقد كفر بما أنزل على محمد " . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي وفي روايتهما : " فصدقه بما يقول فقد كفر "**

**وقال الترمذي : لا نعرف هذا الحديث إلا من حديث حكيم الأثرم عن أبي تيمية عن أبي هريرة**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەيىزدار يەنى ئاياللار كىسىلى بولۇپ قالغان ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا،ياكى ئاياللىنىڭ ئارقا تەرەپ مەقئىتىگە

جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، ياكى كاھىن، جىنكەش، داخاننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ دىگەن سۆزنى تەستىقلاپ، ئىشەنسە، ھەقىقەتەن ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلغان قۇرئانغا كاپىر بولغان بۇلىدۇ.(ياناببىرخاتىردە،قۇرئاندىن بىزار بولغان بولىدۇ،) ئەھمەد،دارىمى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**552 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن معاذ بن جبل قال : قلت : يا رسول الله ما تحل لي من امرأتي وهي حائض ؟ قال : " ما فوق الإزار والتعفف عن ذلك أفضل " . رواه رزين وقال محيي السنة : إسناده ليس بقوي**

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالىم ھەيزدار ۋاقتتا، ماڭا نىمە ھالال بولىدۇ؟ دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئىشتاننىڭ ئۈستىدىكى ئىشلار ھالال بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېپپەتلىك بولۇش ئەۋزەلدۇر دىدى. بۇ ھەدىسنى رەزىين خاتىرلىگەن، مۇھىي سىسۇننە دىگەن ئالىم بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادى كۈچلۈك ئەمەس دىدى. ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**553 - [ 9 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا وقع الرجل بأهله وهي حائض فليتصدق بنصف دينار " . رواه الترمذي وأبو داود النسائي والدارمي وابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەر كىشى ئايالى ھەيزدار چاغدا، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ قالسا، يېرىم دىنار سەدىقە قىلىشۋەتسۇن،(يەنى 150يۈەن ئەتراپىدا) دارىمى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**554 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا كان دما أحمر فدينار وإذا كان دما أصفر فنصف دينار " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەر كىشى ئايالى ھەيزدار چاغدا مۇناسىۋەت قىلىپ قالسا، قان قىزىلراق بولسا، بىر دىنار، قان سېرىغراق بولسا يېرىم دىنار سەدىقە قىلىشۋەتسۇن دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**555 - [ 11 ] ( صحيح ) الفصل الثالث**

**عن زيد بن أسلم قال : إن رجلا سأل رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : ما يحل لي من امرأتي وهي حائض ؟ فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تشد عليها إزارها ثم شأنك بأعلاها " . رواه مالك والدارمي مرسلا**

زەيدئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئايالىم ھەيزدار ۋاقتتا، ماڭا نىمە ھالال بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئايالىڭ ئىشتىنىنى بىلىگە مەھكەم چىگىپ ، كىيىۋالسۇن،ئاندىن ئىشتاننىڭ ئۈستىدىكى ئىشلار ساڭا ھالال بولىدۇ، (جىنسي ئالاقىدىن باشقا ئىشلارنى قىلساڭ بۇلىدۇ)دىدى.مالىك،دارىمى توپلىغان سەھىھ.

**556 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن عائشة قالت : كنت إذا حضت نزلت عن المثال على الحصير فلم نقرب رسول الله صلى الله عليه وسلم ولم ندن منه حتى نطهر . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن ھەيزدار يەنى ئايالىلار كېسىلى بولۇپ قالسام، كۆرپىدىن بورىغا چۈشۈپ كېتەتتىم، پاك بولمىغۇچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىن كەلمەيتتۇق . دىگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى، بۇ ھەدىس سەھىھ ھەدىسكە زىت، خىلاپ ئىكەن، شۇڭاشاز زەئىپ.

## باب المستحاضة - الفصل الأول ئىستىھاز يەنى ئاياللار كېسىلى توغرىسىدا

**557 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عائشة قالت : جاءت فاطمة بنت أبي حبيش إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقالت يا رسول الله إني امرأة أستحاض فلا أطهر أفأدع الصلاة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا إنما ذلك عرق وليس بحيض فإذا أقبلت حيضتك فدعي الصلاة وإذا أدبرت فاغسلي عنك الدم ثم صلي "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛پاتىمە بىنتى ئەبۇھۇبەيش رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېلىپ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن دائىم توختىماي ئاياللار كېسىلى بۇلمەن،پاكلىنالمايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن نامازنى تەرىك ئەتسەم بۇلامدۇ؟دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ياق، ھەقىقەتەن بۇ ھەيز كېسىلى ئەمەس،بەلكى بۇ تومۇرنىڭ ئىشى، (يەنى تومۇرنىڭ قېنى). ساڭا ھەيز كېسىلى يېتىپ كەلگەندە بولسا، نامازنى ئوقىماي، تەرىك ئېتىپ تۇرغىن. ئاياللار كېسىلى (يەنى ھەيزنىڭ مىقدارى) ئاخىرلىشىپ، يىراقلاپ كەتكەندە،قاننى يۇيۇۋېتىپ، غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇغىن، دېدى، (بۇ كۈنلەرنى ئادىتى بويىنچە ھېسابلايدۇ) بۇخارى،مۇسلىم ،نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**الفصل الثاني558 - [ 2 ] ( حسن )عن عروة بن الزبير عن فاطمة بنت أبي حبيش : أنا كانت تستحاض فقال لها النبي صلى الله عليه وسلم : " إذا كان دم الحيض فإنه دم أسود يعرف فأمسكي عن الصلاة فإذا كان الآخر فتوضئي وصلي فإنما هو عرق . رواه أبو داود والنسائي**

ئۇرۋەت ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛پاتىمە بىنتى ئەبۇھۇبەيش رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاياللار كىسىلى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالغا مۇنداق دېگەن: ھەيز يەنى ئاياللار كېسىلىنىڭ قېنى قاپقارا بولۇپ تونۇلىدۇ، شۇنداق قان تۆكۈلگەندە، نامازدىن توختاپ تۇر، ئۇ ئاخىرلىشىپ ئىستىھاز، خۇن كېسىلىنىڭ قېنى كەلگەندە بولسا، كىچىك تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇساڭ بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ تومۇرنىڭ ئىشى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھۆكۈم ئام بولۇپ، خۇن كېسىلى بولغانلار، شۇنداقلا قان ــ يىرىڭ توختىماسلىق، سىيدۈك توختىماسلىق قاتارلىقلار ھەربىر نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئېلىپ ئوقۇيدۇ، نامازئىچىدە بۇئىشلار تاھارىتىنى سۇندۇرمايدۇ.

**559 - [ 3 ] ( صحيح )**
**وعن أم سلمة : أن امرأة كانت  راق الدم على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فاستفتت لها أم سلمة رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " لتنظر عدد الليالي والأيام التي كانت تحيضهن من الشهر قبل أن يصيبها الذي أصا ا فلتترك الصلاة قدر ذلك من الشهر فإذا خلفت ذلك فلتغتسل ثم لتستثفر بثوب ثم لتصل " . رواه مالك وأبو داود والدارمي وروى النسائي معناه**

بىرئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا ، توختىماي قان تۆكۈپ، ئىستىھاز كىسىلى بۇلۇپ قالىدۇ،ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇ ئايالغا پەتىۋا سورىغاندا، مۇنداق دېگەن: ئۇ ئىستىھاز كېسىلى بولغان ئايال ھەر ئايدىن ئۆزى ھەيز كېسىلى بولىدىغان بىر نەچچە كۈننى ئىنتىزار بولۇپ كۈتسۇن، بۇ ھەيز كۆرىدىغان كۈنلەر بولسا، ئۇ ئايال خۇن كېسىلى بولۇشىدىن بۇرۇنقى ئايلاردا، ھەيز كېسىلى بولىدىغان كۈننىڭ مىقدارى بويىنچە بولىدۇ، (يەنى ھەر ئايدىن يەتتە ــ سەككىز ياكى بەش كۈن) ئاندىن بۇ ئايال ئادىتى بويىچە ھېسابلاپ، ھەر ئايدىن ھەيز كۈننىڭ مىقدارىدا، نامازنى ئوقىماي تۇرسۇن، ئاندىن بۇ ھەيز كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتسە، غۇسلى ــ تاھارەت ئېلىپ، يۇيۇنۇپ، ئاندىن ئەۋرىتىنىڭ قان توختىماي ئاقىدىغان جايىغا، رەخت ياكى پاختا چىگىپ ياكى پاختا، لاتا تىقىپ ئاندىن ناماز ئوقۇسۇن، (يەنە ھەيز كۈنلىرىنىڭ مىقدارى كەلسە، تەرىك ئېتىپ تۇرسۇن، بۇ ھەدىس توختىماي قان

ئاقىدىغان خۇن كېسەلگە دېيىلگەن). ئەبۇ داۋۇد 240 _ ھەدىس، نەسەئى 351 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە،مالىك، ئەھمەد ، دارىملار توپلىغان، سەھىھ.

**560 - [ 4 ] ( صحيح )وعن عدي بن ثابت عن أبيه عن جده - قال يحيى بن معين : جد عدي اسمه دينار - عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال في المستحاضة : " تدع الصلاة أيام أقرائها التي كانت تحيض فيها ثم تغتسل وتتوضأ عند كل صلاة وتصوم وتصلي " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەدىيي ئىبنى سابىتنىڭ بوۋىسى دىينار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىستىھاز، خۇن كېسەلى بولۇپ قالغان ئايال، ھەيز كېسەلى مىقدارىدىكى كۈنلىرىدە، نامازنى تەرىك ئېتىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ھەيزى مىقدارى ئۆتۈپ كەتسە، غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ، ھەربىر نامازغا بىر قېتىم كىچىك تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزىمۇ تۇتىدۇ. تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**561 - [ 5 ] ( حسن )**

**وعن حمنة بنت جحش قالت : كنت أستحاض حيضة كثيرة شديدة فأتيت النبي صلى الله عليه وسلم أستفتيه وأخبره فوجدته في بيت أختي زينب بنت جحش فقلت يا رسول الله إني أستحاض حيضة كثيرة شديدة فما تأمرني فيها ؟ قد منعتني الصلاة والصيام . قال : " أنعت لك الكرسف فإنه يذهب الدم " . قالت : هو أكثر من ذلك . قال : " فتلجمي " قالت هو أكثر من ذلك . قال : " فاتخذي ثوبا " قالت هو أكثر من ذلك إنما أثج ثجا . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " سآمرك بأمرين أيهما صنعت أجزأ عنك من الآخر وإن قويت عليهما فأنت أعلم " فقال لها : " إنما هذه ركضة من ركضات الشيطان فتحيضي ستة أيام أو سبعة أيام في علم الله ثم اغتسلي حتى إذا رأيت أنك قد طهرت واستنقأت فصلي ثلاثا وعشرين ليلة أو أربعا وعشرين ليلة وأيامها وصومي وصلي فإن ذلك يجزئك وكذلك فافعلي كما تحيض النساء وكما يطهرن ميقات حيضهن وطهرهن وإن قويت على أن تؤخرين الظهر وتعجلين العصر فتغتسلين وتجمعين الصلاتين : الظهر والعصر و تؤخرين المغرب وتعجلين العشاء ثم تغتسلين وتجمعين بين الصلاتين فافعلي وتغتسلين مع الفجر فافعلي وصومي إن قدرت على ذلك " . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " وهذا أعجب الأمرين إلي " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي**

ھەمنەت بىنتى جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دۇيدۇ؛ مەن كۆپ قان تۇكۇپ، قاتتىق ئىستىھاز، ئايالار كېسەلى بولۇپ قېلىپ،بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلىپ،پەتىۋا سورماقچى بولۇپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەمشىرەم زەينەب بىنتى جەھشىنىڭ ئۆيىدە تېپىپ، مۇنداق دېدىم:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن كۆپ قان تۇكۇپ، قاتتىق ئىستىھاز، ئايالار كېسەلى بولۇپ قالدىم،بۇئىش مىنى ناماز- روزىدىن تۇسۇپ قويدى،مىنى نىمىگە بۇيرىيلا؟. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛مەن ساڭا پاختىنى سۈپەتلەپ بىرەي، ئۇنى ئىشلەتسەڭ،قاننىڭ چىقىشىنى تۇسىدۇ،دېدى.مەن ؛ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ دىسەم،ئۇنداق بولسا،قان چىقىش ئېغىزىغا يۇگەن سالغاندەك،لاتا چىگىۋالغىن دېدى. مەن ؛قاننىڭ چىقىشى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇنداقتا،مەخسۇس بىر كىيىم تۇتقىن دېدى.مەن يانا؛ قاننىڭ چىقىشى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ،مەن قاننى سۇ تۇكۇلگەندەك، قۇيۇپ تۇرىمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەن سىنى ئىككى ئىشقا بۇيرىيمەن، بۇ ئىككى ئىشنىڭ قايسى بىرىنى قىلساڭ، يەنە بىرىدىن كۇپايە بولىدۇ، ئەگەر ھەر ئىككى ئىشنى تاللاپ قىلىشقا قادىر بولالىساڭ، ئۆز ئىشىڭغا ئۆزۈڭ ئالىم، ھەقىقەتەن بۇ ئايالار كېسەلى بولسا، شەيتاننىڭ سۈيقەستلىرىدىن، ھىيلە _ مىكىر، پۇرسەتلىرىدىن سىنى ئازدۇرىدىغان، دىنىڭنى ئېلىشتۇرىدىغان ۋەسۋەسە پۇرسىتىدۇر، سەن ئاللاھنىڭ ئىلمىدىكى بىر ئايدىن ئالتە كۈننى ياكى يەتتە كۈننى ھەيز كېسەلى ئايالار ھېسابلىغىن، ئاندىن سەن پاك _ پاكىز پاكلانغىنىڭغا شەكسىز ئىشەنگەنگە

قەدەر غۇسلى قىلىپ يۇيۇنغىن، ئاندىن بۇ تاھارەت بىلەن يەنى شۇنداق غۇسلى قىلىپ، 23 كۈن ياكى 24 كۈن ناماز ئوقۇغىن، رامىزان كېلىپ قالسا، روزىمۇ تۇتقىن، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش، ساڭا كۇپايە بولىدۇ، ھەر ئايدىن ئاياللار ھەيز كېسەل بولغاندەك كېسەلدىن پاكلانغاندەك، شۇنداق قىلغىن، باشقا ئايالLارنىڭ كېسەل بولۇش، كېسەلدىن ساقىيىپ، پاك بولۇش ۋاقىتلىرىنى ھېسابلاپ، شۇ ئادەت بۇيىنچە شۇنداق ھېسابلىغىن، ئەگەر قادىر بولالىساڭ، پېشىن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ، ئەسرىنى بۇرۇنراق ئوقۇپ، ئىككى نامازغا بىر غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، پېشىن بىلەن ئەسىردىن ئىبارەت بۇ ئىككى نامازنى جۈپلەپ ئوقۇغىن، شام نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ، خۇپتەننى ئالدىغا سۈرۈپ، بۇ ئىككى ناماز ئۈچۈنمۇ بىر غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، بۇ ئىككى نامازنىمۇ بىرلەشتۈرۈپ، بىرلا ۋاقىتتا جۈپلەپ ئوقۇغىن، بامدات نامىزى ئۈچۈنمۇ غۇسلى تاھارەت ئېلىپ يۇيۇنۇپ، شۇنداق ناماز ئوقۇغىن، روزا تۇتقىن، ئەگەر قادىر بولالىساڭ، شۇنداق قىل، مانا بۇ كېيىنكىسى، ئىككى ئىشنىڭ مېنى خۇرسەن قىلىدىغانراقىدۇر، (يەنى نامازنى جۈپلەپ غۇسلى قىلىپ ئوقۇش،) ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن، ھەيز- نىپاس كۈنلىرىدىن باشقا، ئىستىھاز، خۇن كېسەلى كۈنلىرى، پاك كۈنلەرگە ئوخشاشتۇر، ھەتتا مۇناسىۋەتتىمۇ شۇنداق پاك ھۆكۈمدە بولىدۇ.

**562 - [ 6 ] ( صحيح ) الفصل الثالث**

**عن أسماء بنت عميس قالت : قلت يا رسول الله إن فاطمة بنت أبي حبيش استحيضت منذ كذا وكذا فلم تصل فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سبحان الله إن هذا من الشيطان لتجلس في مركن فإذا رأت صفارة فوق الماء فلتغتسل للظهر والعصر غسلا واحدا وتغتسل للمغرب والعشاء غسلا واحدا وتغتسل للفجر غسلا واحدا وتوضأ فيما بين ذلك " . رواه أبو داود**

ئەسمائ بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دۆيدۇ؛ مەن ؛ ئى رەسۇلەاللە !پاتىمە بىنتى ئەبۇھۇبەيش رەزىيەللاھۇئەنھا پالانى ــ پۈكۈنى كۈندىن باشلاپ ئىستىھاز كىسلى بۇلۇپ قېلىپ،ناماز ئۇقىيالمىدى دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛سۇبھانەالله!! ھەقىقەتەن بۇ ئايالار كېسلى بولسا، شەيتاننىڭ سۈيقەستلىرىدىن، ھىيلە ــ مىكىر، (كىشىنى ئازدۇرىدىغان، دىنىنى ئېلىشتۇرىدىغان ۋەسۋەسە) پۈرسىتىدىندۇر، ئۇ چوڭ داستا ئولتۇرۇپ،سۇ ئۈستىدە (ئۇنىڭدىن چىققان قاننىڭ)سېرىقلىقنى كۆرگەندە،پېشىن بىلەن ئەسىرگە بىر غۇسلى قىلىپ ئۇقىيدۇ،شام بىلەن خۇپتەنگە بىر غۇسلى تاھارەت ئالىدۇ،بومداتقا ئايرىم بىر غۇسلى قىلىپ ناماز ئۇقىيدۇ،شۇنىڭ ئارلىقىدا كىچىك تاھارەت ئالسا بۇلىدۇ.(يەنى ھەيز كۈنلىرى ئۇتۇپ كەتسە،ئىستىھاز قېنى كۆپ تۇكۇلسە، ئىككى نامازنى جۈپلەپ بىر غۇسلى قىلىپ ئۇقىيدۇ.)ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**563 - [ 7 ] ( موقوف ) وقال روى مجاهد عن ابن عباس : لما اشتد عليها الغسل أمرها أن تجمع بين الصلاتين**

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر مەۋقۇپ ھەدىس خاتىرلەنگەن، ئىستىھازىيەنى ئايالار كېسلى بار ئايالغا، غۇسلى قىلىش قاتتىق كۈچىيىپ كەتسە، ئىككى نامازنى جۈپلەپ ئوقۇشقا بۇيرۇلىدۇ دىگەن،

**كتاب الصلاة - الفصل الأول** نامازنىڭ كىتابى

**564 - [ 1 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الصلوات الخمس والجمعة إلى الجمعة ورمضان إلى رمضان مكفرات لما بينهن إذا اجتنبت الكبائر " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەش ناماز، جۈمئە، جۈمئەگىچە، رامىزان رامىزانغىچە، چوڭ گۇناھلاردىن يىراق بولۇپ، ھەزەر قىلسىلا، ئارىلىقىدىكى كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولۇپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**565 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أرأيتم لو أن نهرا بباب أحدكم يغتسل فيه كل**

**يوم خمسا هل يبقى من درنه شيء ؟ قالوا : لا يبقى من درنه شيء . قال : فذلك مثل الصلوات الخمس يمحو الله ن الخطايا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:قىنى دەپ بىقىڭلار! بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، ئىقىۋاتقان بولۇپمۇ تاتلىق، سۈزۈك سۇ ئىقىۋاتقان ئۆستەڭ بولسا،ئۇكىشى ئۆستەڭدە ھەر كۈنى بەش قىتىم يۇيۇنسا،ئۇنىڭ ئۇستىدە كىر قالامدۇ؟ئۇلار؛ياق كىر قالمايدۇ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بەش ۋاخ نامازنىڭ ئوخشىشى، بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، ئىقىۋاتقان ئۆستەڭگە ئوخشايدۇ، الله تائالا بەش نامازنىڭ سەبەبى بىلەن خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈپ تۇرىدۇ،دىدى.ئەھمەد ،بۇخارى مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**566 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن ابن مسعود قال : إن رجلا أصاب من امرأة قبلة فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فأخبره فأنزل الله تعالى : ( وأقم الصلاة طرفي النهار وزلفا من الليل إن الحسنات يذهبن السيئات ) فقال الرجل : يا رسول الله ألي هذا ؟ قال : " لجميع أمتي كلهم " . وفي رواية : " لمن عمل ا من أمتي "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دۇيدۇ؛ بىر كىشى بىرئايالنى سۈيۈپ سىلىپ ، بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلغاندا،الله تائالا« كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كىچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەتتۇر.»دىگەن سۈرە ھۇدنىڭ 114 ـ ئايىتىنى نازىل قىلدى،ئۇ كىشى ؛ يارەسۇلەالله ! بۇ ماڭىلا خاسمۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇئايەت ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسىگە خاس.ئۈممىتىمدىن بۇشۇ ئايەتكە ئەمەل قىلغانلارغا خاستۇر دىدى.بۇخارى مۇسلىم سەھىھ

**567 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : جاء رجل فقال يا رسول الله إني أصبت حدا فأقمه علي قال ولم يسأله عنه قال وحضرت الصلاة فصلى مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما قضى النبي صلى الله عليه وسلم الصلاة قام إليه الرجل فقال يا رسول الله إني أصبت حدا فأقم في كتاب الله قال أليس قد صليت معنا قال نعم قال فإن الله قد غفر لك ذنبك أو قال حدك "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دۇيدۇ؛ بىر كىشى كىلىپ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى!مەن ھەد جازاغا يىتىپ قالدىم ،ماڭا ئۇ جازانى ئىجرا قىلسىلا دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇكىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا سورمىدى،شۇچاغدا ناماز ۋاختى بۇلۇپ قالدى،ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئۇقىدى،نامازنى ئۇقۇپ بولغاندا، ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!مەن ھەد جازاغا يىتىپ قالدىم ، ماڭا ئۇ جازانى الله نىڭ كىتابىدىكى كۆرسەتمە بۇيىنچە ئىجرا قىلسىلا دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛سەن بىز بىلەن بىللە ناماز ئۇقىمىدىڭمۇ؟دىدى،ئۇكىشى؛ئەلبەتتە ئۇقۇدۇم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەقىقەتەن الله تائالا (نامازسەۋەپلىك)گۇناھىڭنى ياكى ھەد جازاغا لايىق ئىشىڭنى مەغپىرەت قىلىۋەتتى ، دىدى. بۇخارى مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**568 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن مسعود قال : سألت النبي صلى الله عليه وسلم أي الأعمال أحب إلى الله قال : " الصلاة لوقتها " قلت ثم أي قال : " بر الوالدين " قلت ثم أي قال : " الجهاد في سبيل الله " قال حدثني ن ولو استزدته لزادني**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دۇيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەمەللەرنىڭ قايسىسى الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك؟دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:
ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا دوستراقى، ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى ئۆز ۋاختىدىكى ناماز،دىدى. ئاندىن قايسى؟دىسەم، ئاتا ــ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش،دىدى. ئاندىن ئاللاھ يولىدىكى جىھادتۇر،دىدى.ماڭا شۇلارنى سۆزلەپ بەردى،ئەگەر

يانىمۇ زىيادە سورسام،يانا دەپ بىرەتتى.ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**569 - ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بين العبد وبين الكفر ترك الصلاة " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى بىلەن مۇشرىك، كاپىر بولۇشنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرىق، نامازنى تەرىك ئېتىش، ناماز ئوقۇماسلىقتۇر، (يەنى ناماز ئوقۇمىسا، شەكسىز كاپىر، مۇشرىك بولىدۇ، بۇ ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسىدا بار، ئىجمائىنى ئىنكار قىلسا، تېخىمۇ كاپىر بولىدۇ، نامازغا ئىنكار قىلسا، تانسا، كاپىر بولىدۇ، تەرىك ئېتىپ، ئوقۇمىسىمۇ كاپىر بولىدۇ،پاسىق بۇلىدۇ دىگەنلەرمۇ بار، لىكىن كاللىسى ئېلىنىشقا ئىتتىپاققا كىلىنگەن) مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد ،تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بەك سەھىھ.

**الفصل الثاني**

**570 - [ 7 ] ( صحيح )عن عبادة بن الصامت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خمس صلوات افترضهن الله تعالى من أحسن وضوءهن وصلاهن لوقتهن وأتم ركوعهن خشوعهن كان له على الله عهد أن يغفر له ومن لم يفعل فليس له على الله عهد إن شاء غفر له وإن شاء عذبه " . رواه أحمد وأبو داود وروى مالك والنسائي نحوه**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا بەش نامازنى پەرىز قىلدى، كىم بۇ نامازلارنىڭ تاھارىتىنى كامىل، ياخشى ئالسا، بۇ بەش نامازنى ئۆز ۋاختىدا ئوقۇسا، رۇكۇ، سەجدىلىرىنى كامىل قىلىپ، ئاللاھدىن قورقۇپ، خوشۇئ بىلەن ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۇستىگە ئۇنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۈش ئەھدىنامىسى، كېلىشىم، توختامنامە بولىدۇ، كىم يۇقىرقىدەك قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا توختام، كېلىشىم، ئەھدىنامە بولمايدۇ، ئەگەر خالىسا، مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ، ئەبۇ داۋۇد ،ئەھمەد ، بەيھەقىمالىك،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**571 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلوا خمسكم وصوموا شهركم وأدوا زكاة أموالكم وأطيعوا ذا أمركم تدخلوا جنة ربكم " . رواه أحمد والترمذي**

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھدىن قورقۇڭلار، بەش ۋاخ نامىزىڭلارنى ئوقۇڭلار، رامىزاندا روزا تۇتۇڭلار، ماللىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى چىن قەلبىڭلاردىن رازى بولۇپ، پاكلاپ بىرىڭلار، نېمىگە بۇيرۇلساڭلار، يەنى ئىسلام خەلىپىسى نىمىگە بۇيرۇسا ئىتائەت قىلىڭلار، شۇندا سىلەر رەببىڭلارنىڭ جەننەتىگە سالامەت كىرىسىلەر،ئەھمەد تىرمىزى ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان سەھىھ.

**572 - [ 9 ] ( حسن )**

**وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مروا أولادكم بالصلاة وهم أبناء سبع سنين واضربوهم عليها وهم أبناء عشر سنين وفرقوا بينهم في المضاجع " . رواه أبو داود وكذا رواه في شرح السنة عنه**

ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيبىنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەۋلادلىرىڭلارنى يەتتە ياشتا نامازغا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرىپمۇ ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا،ناماز ئوقۇ! دەپ ئۇرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقاكىرگەندە، ئۇلار بىلەن ياتاق ئايرىڭلار. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**573 - [ 10 ] ( حسن )وفي المصابيح عن سبرة بن معبد**

**574 - [ 11 ] ( صحيح )وعن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " العهد الذي بيننا وبينهم الصلاة فمن تركها فقد كفر " . رواه أحمد والترمذي والنسائي وابن ماجه**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز بىلەن ئۇلارنىڭ يەنى دىنسىزلارنىڭ ئارىلىقىدىكى بىردىنبىر ئەھدە، پەرىق، نامازدۇر. كىم نامازنى تەرىك ئېتىپ، ئوقۇمىسا، ئۇ جەزمەن كاپىردۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان،ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ،

**الفصل الثالث 575 - [ 12 ] ( صحيح )**

**عن عبد الله بن مسعود قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال يا رسول الله إني عالجت امرأة في أقصى المدينة وإني أصبت منها ما دون أن أمسها فأنا هذا فاقض في ما شئت . فقال عمر لقد سترك الله لو سترت نفسك . قال ولم يرد النبي صلى الله عليه وسلم عليه شيئا فقام الرجل فانطلق فأتبعه النبي صلى الله عليه وسلم رجلا فدعاه وتلا عليه هذه الآية ( أقم الصلاة طرفي النهار وزلفا من الليل إن الحسنات يذهبن السيئات ذلك ذكرى للذاكرين )فقال رجل من القوم يا نبي الله هذا له خاصة قال : " بل للناس كافة " . رواه مسلم**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دۇيدۇ؛ بىر كىشى كىلىپ؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مەن شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر ئايال بىلەن چاخچاق قىلىشىپ ئوينۇشۇپ،ئۇنىڭدىن جىنسى ئالاقىدىن تۇۋەن نەرسىگە (يەنى قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈش دىگەندەك نەرسىگە )يىتىپ قالدىم،مانا مەن ھازىر ئالدىڭلاردا تۇرۇپتىمە،مەن توغرىسىدا ئۆزلىرى خالىغانچە ھۆكۈم قىلسىلا دىدى. ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئەگەر سەن ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىنى ئاشكارىلىماي ياپقان بولساڭ،**الله** مۇ ياپقان بۇلاتتى دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىچ نىمىنى ئىرادە قىلمىدى.ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر كىشىنى ئەۋەتىپ چاقىرتىپ،مۇنۇ ئايەتنى ئۇقۇپ بەردى« كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەتتۇر.» سۈرە ھۇدنىڭ 114 ـ ئايىتى.كىشىلەردىن بىرسى بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!بۇ ئاشۇ كىشىگىلا خاسمۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ياق،بەلكى بۇ ئايەت بارلىق، ھەممە كىشىلەر ئۈچۈندۇر،دىدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**576 - [ 13 ] ( حسن )وعن أبي ذر أن النبي صلى الله عليه وسلم : خرج زمن الشتاء والورق يتهافت فأخذ بغصنين من شجرة قال فجعل ذلك الورق يتهافت قال فقال : " يا أبا ذر " قلت لبيك يا رسول الله قال : " إن العبد المسلم ليصل الصلاة يريد ا وجه الله فتهافت عنه ذنوبه كما يتهافت هذا الورق عن هذه الشجرة " . رواه أحمد**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دۇيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرەختىن قۇلاقلار تۆكىلەۋاتقان قىش (كۈز)مەزگىلدە چىقىپ،دەرەختىن ئىككى تال شاخنى ئالدى۔ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تۆكىلە ۋاتاتتى ـ ئاندىن ماڭا؛ئى ئەبازەر!دىدى،مەن؛لەببەي مانامەن تەييار دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن مۇسۇلمان بەندە نامازنى **الله** نىڭ جامالىنى مەخسەت قىلىپلا ئۇقىسا،ئۇنىڭ گۇناھلىرى خۇددى مۇشۇ دەرەختىن مۇشۇ قۇلاقلار تۆكۈلگەندەك،تۆكۈلۈپ كىتىدۇ،دىدى.ئەھمەد توپلىغان ھەسەن.

**577 - [ 14 ] ( حسن )وعن زيد بن خالد الجهني قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى سجدتين لا يسهو فيهما غفر الله له ما تقدم من ذنبه " . رواه أحمد**

زەيدئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىم ئىككى

رەكئەت نامازنى سەھۋەنلىك ئۆتكۈزمەي كامىل ئۇقىسا،الله تائالا ئۇنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد توپلىغان ھەسەن.

578 - [ 15 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص عن النبي صلى الله عليه وسلم : أنه ذكر الصلاة يوما فقال : " من حافظ عليها كانت له نورا وبرهانا ونجاة يوم القيامة ومن لم يحافظ عليها لم يكن له نور ولا برهان ولا نجاة وكان يوم القيامة مع قارون وفرعون وهامان وأبي بن خلف " . رواه أحمد والدارمي والبيهقي في شعب الإيمان

ئابدۇالله ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى نامازنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دىگەن:كىم بەش نامازنى مۇھاپىزەت قىلسا،ئۇ كىشىگە نۇر ۋە ھۆججەت، قىيامەت كۈنى نىجاتلىق بۇلىدۇ. كىم بەش نامازنى مۇھاپىزەت قىلالمىسا،ئۇ كىشىگە نۇر ۋە ھۆججەت، قىيامەت كۈنىدىكى نىجاتلىق بۇلمايدۇ.ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى قارۇن،فىرئەۋىن،ئۇنىڭ ۋەزىيرى ھامان،ئۇبەي ئىبنى خەلەپ قاتارلىق كاپىرلار بىلەن (دەۋزەختە)بىللە بۇلىدۇ.ئەھمەد،دارىمى،بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

579 - [ 16 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن شقيق قال : كان أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يرون شيئا من الأعمال تركه كفر غير الصلاة . رواه الترمذي

ئابدۇالله ئىبنى شۇقەيق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دۇيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرى، نامازدىن باشقا بىرەر ئەمەلنى تەرىك ئەتسە،كاپىر بۇلىدۇ دەپ قارىمايتتى،پەقەت نامازنى تەرىك ئەتسىلا كاپىر بۇلىدۇ دەپ قارايتتى.(بۇساھابىلار ئىجماسىدۇر)تىرمىزى خاتىرلىگەن سەھىھ.
ئىمام ئەھمەد رەھ  ناماز ئۇقىمىغان كىشى مۇتلەق ئۆلتۈرلىدۇ دەيدۇ.ئىمام مالىك،شاپىئى رەھ قاتارلىقلار؛نامازنى ئىنكارقىلسا،تانسا،ئۇ كاپىربۇلىدۇ،يەڭگىل ساناپ،ھورۇنلىقتىن ئۇقىمىسا ، ئۇ پاسىق.يانىلام ئۆلتۈرلىدۇ دەيدۇ. ئەبۇھەنىيپە رەھ ؛ سولاپ قويۇپ تۇرۇپ،تۆبەقىلسا ، ئۆلتۈرمەيمىز ،تۆبە قىلمىسا،ئۆلتۈرمىز دەيدۇ.بىز ھازىر ناماز ئۇقىمايدىغان كىشىلەرگە زاكاتنى،قىزلىرىمىزنى بىرىش-بەرمەسلىكتە ئىختىلاپلاشقاندەك،مۆئتەبەر ئالىملار ناماز ئۇقىمايدىغان كىشىلەرنى قانداق ئۆلتۈرۇشتە ئىختىلاپ قىلىشتى،ئاخىرى ھەممىسى بىردەك، قىلىچ بىلەن كاللىسنى ئېلىشقا ئىتتىپاققا كەلدى.مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدىكى كىتابنى، مۇسلىم شەرھىسىنى كۆرۈڭلار.

580 - [ 17 ] ( حسن )وعن أبي الدرداء قال : أوصاني خليلي أن لا تشرك بالله شيئا وإن قطعت وحرقت ولا تترك صلاة مكتوبة متعمدا فمن تركها متعمدا فقد برئت منه الذمة ولا تشرب الخمر فإنها مفتاح كل شر . رواه ابن ماجه
ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دىگەن: گەرچە سەن ئەزالىرىڭ كېسىلىپ پارا ــ پارا قىلىنىسمۇ، ئوتتا كۆيدۈرۈلسەڭمۇ، ھەرگىز ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمە، پەرىز نامازنى قەستەن تەرىك ئەتمە، كىم پەرىز نامازنى قەستەن تەرىك ئەتسە، ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن ئەھدە، كېپىللىك بىكار بولۇپ كېتىدۇ. (ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ چۈنكى، نامازنى قەستەن تەرىك ئەتسە، جەزمەن كاپىر بولىدۇ. ناماز ئوقوغۇچىنى ئۆلتۈرۈشتىن توسۇلدۇم دىگەن ھەدىس بار، ئەكسى مەنىسى، نامازنى تەرىك ئېتىپ ئوقۇمىغان كىشىنى ئۆلتۈرمەن دىگەن بولىدۇ). ھاراق ئىچمىگىن چۈنكى، ئۇ بارلىق يامانلىق، گۇناھ ــ مەئسىيەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

## [ 1 ] باب المواقيت - الفصل الأول نامازنىڭ ۋاقىتلىرى توغرىسىدا

581 - [ 1 ] ( صحيح )عن عبد الله ابن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " وقت الظهر إذا زالت الشمس وكان ظل الرجل كطوله ما لم يحضر العصر ووقت العصر ما لم تصفر الشمس ووقت صلاة المغرب ما لم يغب الشفق ووقت صلاة العشاء إلى نصف الليل الأوسط ووقت صلاة الصبح من طلوع الفجر ما لم تطلع الشمس فإذا طلعت الشمس فأمسك عن الصلاة

**فإنا تطلع بين قرني شيطان " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پېشىن نامىزىنىڭ ۋاختى، كۈن قايرىلغاندىن باشلاپ، كىشىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئوخشىشىدەك چوڭلىقچە بولىدۇ، ئەسىرنىڭ ۋاختى كىرىپ قالمىسىلا، پېشىن ۋاختى تېخى باردۇر. ئەسىرنىڭ ۋاختى كۈن ساغىرىپ قالمىسىلا ئوقۇلسا بولىدۇ. كۈن قىزىرىپ قالسا توختاپ تۇرۇپ، كىرىپ بولغاندا ئوقۇيدۇ. شام نامىزىنىڭ ۋاختى،(كۈن كىرگەندىن باشلاپ) شەپەق (يەنى قىزىللىق) غايىپ بولمىسىلا تېخى باردۇر، (كۈن كىرىشى بىلەنلا ئوقۇلىدۇ، قىزىللىق يوقىغان ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ،) خۇپتەننىڭ ۋاختى، كېچىنىڭ ئوتتۇرقى يېرىمىغىچە بولىدۇ. بامداتنىڭ ۋاختى، سۇبھى يورىغاندىن باشلاپ، كۈن چىققىچە، كۈن چىقىپ قالسا، نامازدىن توختاپ تۇرۇپ، كۈن ھەققى چىقىپ بولغاندا ئوقۇلىدۇ. چۈنكى، كۈن شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىن چىقىدۇ. (بىز بۇنى چۈشەندۈرۈپ بولغان).
ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**582 - [ 2 ] ( صحيح )وعن بريدة قال : إن رجلا سأل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن وقت الصلاة فقال له : " صل معنا هذين " يعني اليومين فلما زالت الشمس أمر بلالا فأذن ثم أمره فأقام الظهر ثم أمره فأقام العصر والشمس مرتفعة بيضاء نقية ثم أمره فأقام المغرب حين غابت الشمس ثم أمره فأقام العشاء حين غاب الشفق ثم أمره فأقام الفجر حين طلع الفجر فلما أن كان اليوم الثاني أمره فأبرد بالظهر فأبرد ا فأنعم أن يبرد ا وصلى العصر والشمس مرتفعة أخرها فوق الذي كان وصلى المغرب قبل أن يغيب الشفق وصلى العشاء بعدما ذهب ثلث الليل وصلى الفجر فأسفر ا ثم قال أين السائل عن وقت الصلاة فقال الرجل أنا يا رسول الله قال : " وقت صلاتكم بين ما رأيتم " . رواه مسلم**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نامازنىڭ ۋاختى توغرىسىدا سورىغاندا ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇكىشىگە؛سەن مۇشۇ ئىككى كۈن، بىز بىلەن بىللە ناماز ئۇقىغىن دىدى.(بىرىنجى كۈنى چۈشتە)كۈن قەرىلگەندە،بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەزان تولاشقا بۇيرىدى،ئاندىن ئۇنى پېشىنگە تەكبىر ئەيتىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۇنى ئەسىرگە تەكبىر ئەيتىشقا بۇيرىدى،كۈن تېخى خېلى ئېگىز، نۇرى كۈشلۈق ئىدى، ئاندىن ئۇنى كۈن كىرگەندە،شامغا تەكبىر ئەيتىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۇنى شەپەق يەنى قىزىللىق غائىب بولغاندا،خۇپتەنگە تەكبىر ئەيتىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۇنى سۇبھى يۇرىغاندا، بومداتقا تەكبىر ئەيتىشقا بۇيرىدى.( بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆرسەتمە بۇيىنچە شۇنداق قىلدى)ئىككىنجى كۈنى بولغاندا، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى پېشىنگە سۈيۈتۈپراق يەنى سەل كېچىكتۈرۈپ ئەزان تولاشقا بۇيرىدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆرسەتمە بۇيىنچە شۇنداق قىلدى، ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە پېشىننى سۈيۈتۈپراق ئۇقۇشنى ياخشى كۆرەتتى ـ .ئەسىرنى بولسا كۈن خېلى ئېگىز چاغدا ئۇقىدى،لىكىن بىرىنجى كۈندىكىن كېچىكتۈرۈۋەرەك ئۇقىدى، شام نامىزىنى شەپەق يەنى قىزىللىق غائىب بولۇشتىن بۇرۇنراق ئۇقىدى،خۇپتەننى بولسا، كېچىنىڭ ئۇچتەن بىر ئۇتۇپ بولغاندا ئۇقىدى،بومداتنىمۇ بىرىنجى كۈندىكىدىن ئاقارتىپراق ئۇقىدى.ئاندىن نامازنىڭ ۋاختى توغرىسىدا سوئال سورىغۇچى قېنى؟دىدى،ئۇ كىشى ؛ مانا مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى!دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛نامىزىڭلارنىڭ ۋاختى، سىلەر كۆرگەن ئاشۇ (ئىككى كۈندىكى)ئىككى خىل ۋاقىتنىڭ ئارلىقىدىكى ۋاقىتتۇر دىدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**الفصل الثاني**

**583 - [ 3 ] ( صحيح )عن ابن عباس قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : أمني جبريل عند البيت مرتين فصلى بي الظهر حين زالت الشمس وكانت قدر الشراك وصلى بي العصر حين كان ظل كل شيء مثله وصلى بي يعني المغرب حين أفطر الصائم وصلى بي العشاء حين غاب الشفق وصلى بي الفجر حين حرم الطعام والشراب على الصائم فلما كان الغد صلى بي الظهر حين كان ظله**

**مثله وصلى بي العصر حين كان ظله مثليه وصلى بي المغرب حين أفطر الصائم وصلى بي العشاء إلى ثلث الليل وصلى بي الفجر فأسفر ثم التفت إلي فقال يا محمد هذا وقت الأنبياء من قبلك والوقت ما بين هذين الوقتين " . رواه أبو داود والترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىبرىئىل ماڭا بەيتۇللاھدا ئىككى قېتىم ئىمام بولدى، ماڭا پىشىننى كۈن قايرىلغان چاغدىلا ئوقۇپ بەردى، بۇ چاغ بولسا، كىشىنىڭ سايىسى قۇياشقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرسا، ئوڭ ئايىغىنىڭ شوينىسى ئۇستىگە چۈشەتتى، ماڭا ئەسىر نامىزىنى كىشىنىڭ سايىسى ئۆزىدەكلا بىر ئوخشاش كەلگەندە ئوقۇپ بەردى، شام نامىزىنى روزا تۇتقۇچى، ئىپتار قىلىدىغان چاغدا ئوقۇپ بەردى، خۇپتەن نامىزىنى شەپەق، يەنى قىزىللىق يوقىغاندا ئوقۇپ بەردى، بامدات نامىزىنى روزا تۇتقۇچىغا تائام، شاراپ هارام بولىدىغان چاغدا يەنى سۇبھى يۇرىغاندىلائوقۇپ بەردى.

ئەتىسى ماڭا پىشىننى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىدەك بىر ئوخشىشىغا يەتكەندە، ئوقۇپ بەردى، ئەسىرنى بولسا، نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىدەك ئىككى ئوخشىشىغا يەتكەندە ئوقۇپ بەردى، شامنى يەنىلا ئوخشاش كۈن كىرىشكە ئوقۇدى، خۇپتەننى بولسا، كېچىنىڭ ئەۋۋەلقى 1/3دە ئوقۇپ بەردى، بامداتنى بولسا، سۇبھىنى ئاقارتىپراق ئوقىدى، ئاندىن ماڭا قاراپ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا بۇ سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقتى ئىدى، نامازنىڭ ۋاقتى مۇشۇ ئىككى كۈندىكى ئىككى خىل ۋاقتنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقتتۇر دىدى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. توغرا، شۇ ئارىلىقدا ئوقىسا ئۆز ۋاختىدا ئوقۇغان بولىدۇ، يۇقىردا ئەمەلنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تۇنجى ۋاختىدا ئوقۇلغان ناماز ۋە شۇنداقلا ئۆز ۋاختىدا ئوقۇلغان نامز دىگەن سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلار، تابىئىنلار بىرىنچى ۋاقتتا ئوقۇيتتى، ئۇلار ياخشىلىققا ئايەتتە دىيىلگەندەك ئالدىرايتتى.

## الفصل الثالث

**584 - [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن ابن شهاب أن عمر بن عبد العزيز أخر العصر شيئا فقال له عروة : أما إن جبريل قد نزل فصلى أمام رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال له عمر : اعلم ما تقول يا عروة فقال : سمعت بشير بن أبي مسعود يقول سمعت أبا مسعود يقول : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " نزل جبريل فأمني فصليت معه ثم صليت معه ثم صليت معه ثم صليت معه ثم صليت معه " يحسب بأصابعه خمس صلوات**

ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ؛بىرقېتىم خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەسىر نامىزىنى كېچىكتۈردى ، ئۇرۋەت ئۇنىڭغا ؛ ئەمما جىبرىئىل چۈشۈپ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمام بولۇپ ناماز ئۇقۇپ بەرگەن دەپ،ئەسلەتتى. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز؛ئى ئۇرۋە!مەنمۇ سەن دىگەننى بىلمەن دەپ،مۇنۇ ھەدىسنى سۆزلىگەن، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ ماڭا ئىمام بولدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن يەنە بىللە ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن يەنە، ئاندىن يەنە، ئاندىن يەنە بىللە ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن ئۇ مەن مۇشۇنىڭغا بۇيرۇلغان دىدى. (يەنى بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتلىرىنى جىبرىئىل چۈشۈپ بىللە ناماز ئوقۇپ كۆرسىتىپ قويغان، ئاخىردا بۇنى ماڭا ئاللاھ بۇيرىغان دىگەن بۇ ھەدىس، ئىجمالى قىسقىچە بايان قىلىنغان، ۋاقتى تەپسىلىي سۆزلەنگەن، سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتۈپ كەتتى). بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

**585 - [ 5 ] ( ضعيف )وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه : أنه كتب إلى عماله إن أهم أموركم عندي الصلاة فمن حفظها وحافظ عليها حفظ دينه ومن ضيعها فهو لما سواها أضيع ثم كتب أن صلوا الظهر إذا كان الفيء ذراعا إلى أن يكون ظل أحدكم**

مثله والعصر والشمس مرتفعة بيضاء نقية قدر ما يسير الراكب فرسخين أو ثلاثة قبل مغيب الشمس والمغرب إذا غربت الشمس والعشاء إذا غاب الشفق إلى ثلث الليل فمن نام فلا نامت عينه فمن نام فلا نامت عينه فمن نام فلا نامت عينه والصبح والنجوم بادية مشتبكة . رواه مالك

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، خىزمەتچىلىرىگە مۇنداق خەت يازىدۇ، ھەقىقەتەن مېنىڭ نەزىرىمدە ئىشلىرىڭلارنىڭ مۇھىمراقى نامازدۇر، كىم نامازنى ساقلاپ ئوبدان مۇھاپىزەت قىلسا، ئۇ دىنىنى ساقلىغان بولىدۇ. نامازنى زايا قىلغان ئادەم نامازدىن باشقا ئىشلارنى ئەلۋەتتە بەكىرەك زايا قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇ خېتىدە مۇنداق دىگەن: پېشىننى چۈشلۈك سايە بىر گەز بولغاندىن باشلاپ سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ سايىسى ئۆزىگە ئوخشاش بولغانغا قەدەر ئوقۇڭلار، ئەسىرنى شۇنداق بىر ۋاقىتتا ئوقۇڭلاركى، قۇياش تېخى ئېگىز، نۇرلۇق، ئاپئاق تۇرسۇن، ئاتلىق ئادەم ئەسىرنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىكى ئۈچ پەرسەخ يەنى كۈن كىرىشتىن بۇرۇن 10 ـ 15 كىلومېتىر سەپەر قىلىپ ماڭالايدۇ، شام نامىزىنى كۈن كىرىش بىلەنلا ئوقۇڭلار، خۇپتەننى شەپەق غايىب بولغاندىن باشلاپ، كېچىنىڭ ئۈچتەن بىرىگىچە ئوقۇڭلار، خۇپتەن نامىزىدىن ئۇخلاپ قالغان كىشىنىڭ كۆزى ئۇخلىيالمىسۇن دەپ ئۈچ قېتىم دىگەن. بامدات نامىزىنى يۇلتۇزلار تېخى ئاشكارا، بىر ــ بىرىگە گىرەلەشكەن ۋاقىتتا ئوقۇڭلار، بۇ ھەدىسنى مالىك خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.

586 - [ 6 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود قال : كان قدر صلاة رسول الله صلى الله عليه وسلم الظهر في الصيف ثلاثة أقدام إلى خمسة أقدام وفي الشتاء خمسة أقدام إلى سبعة أقدام . رواه أبو داود والنسائي

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنىڭ ۋاقىت مىقدارى، بۇلۇپمۇ پېشىننىڭ، يازدا سايا ئۈچ قەدەمدىن بەش قەدەمگىچە،قىشتا بەش قەدەمدىن يەتتە قەدەمگىچە ئىدى . ئەبۇداۋۇد ، نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

## باب تعجيل الصلوات - الفصل الأول    نامازغا ئالدىراش توغرىسىدا

587 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن سيار بن سلامة قال : دخلت أنا وأبي على أبي برزة الأسلمي فقال له أبي كيف كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي المكتوبة فقال كان يصلي الهجير التي تدعونا الأولى حين تدحض الشمس ويصلي العصر ثم يرجع أحدنا إلى رحله في أقصى المدينة والشمس حية ونسيت ما قال في المغرب وكان يستحب أن يؤخر العشاء التي تدعونا العتمة وكان يكره النوم قبلها والحديث بعدها وكان ينفتل من صلاة الغداة حين يعرف الرجل جليسه ويقرأ بالستين إلى المائة . وفي رواية : ولا يبالي بتأخير العشاء إلى ثلث الليل ولا يحب النوم قبلها والحديث بعدها

سەييارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئەبۇبەرزەت ئەسلەمىينىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدىم، ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرز نامازنى (قانداق ۋاقىتتا)قانداق ئوقۇيتتى؟دىدى. ئەبۇ بەرزەت ئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر بىرىنجى تۇنجى ناماز دەيدىغان پېشىننى، چىڭ چۈشتە كۈن قەرىلگەن چاغدىلا ئوقۇيتتى. ئەسىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن بولسا،بىزنىڭ بىرىمىز شەھەرنىڭ ئەڭ يىراق تەرىپىدىكى ئورنىغا قايتىپ بارالايتتى،كۈن تېخى شۇچاغدىمۇ ئېگىز نۇرلۇق تۇراتتى.نامازشام توغرىسىدىكى سۆزىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر ئەتەمەت يەنى قاراڭغۇدىكى ناماز دەيدىغان خۇپتەننى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى،خۇپتەندىن بۇرۇن ئۇخلاشنى ، خۇپتەندىن كېيىن سۆزلىشىشنى ياقتۇرمايتتى،بومدات نامىزىدىن كىشى يېنىدىكى بىللە ئولتۇرغان كىشىسىنى ئاران تونىيالايدىغان چاغدا قايتاتتى.60تىن 100گىچە ئايەت ئوقۇيتتى. يانابىرخاتىردە،خۇپتەننىڭ كېچىنىڭ ئۈچتەن بىرىگىچە كېچىكىپ

كتنشگە پەرۋا قىلمايتتى، خۇپتەندىن بۇرۇن ئۇخلاشنى ، خۇپتەندىن كىيىن سۆزلىششنى ياخشى كۆرمەيتتى،دىيىلگەن. ،بۇخارى،مۇسلىم

**588 - [ 2 ] ( متفق عليه )**

**وعن محمد بن عمرو هو ابن الحسن بن علي قال : سألنا جابر بن عبدالله عن صلاة النبي صلى الله عليه وسلم فقال كان يصلي الظهر بالهاجرة والعصر والشمس حية والمغرب إذا وجبت والعشاء إذا كثر الناس عجل وإذا قلوا أخر والصبح بغلس**

ئىبلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد رەھىمەھۇ**الله** مۇنداق دەيدۇ؛بىز جابىر ئىبنى ئابدۇ**الله** رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا سورساق،ئۇ بىزگە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىشىننى چىلڭ چۈشتە كۈن قەرىلگەن چاغدىلائۇقىيتتى،ئەسىرنى كۈن خېلى ئىگىز، نۇرى كۈچلۈك چاغدا ئۇقىيتتى،شامنى كۈن كىرگەن چاغدىلا ئۇقىيتتى،خۇپتەننى بولسا،كىشلەر كۆپ بولسا، بۇرۇنراق ئۇقىيتتى،ئازبولۇپ قالسا سەل كېچىكتۇرۇپ ئۇقىيتتى، بومداتنى قاراڭغۇ چاغدىلا ئۇقىيتتى،دىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**589 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال:كنا إذا صلينا خلف النبي صلى الله عليه وسلم بالظهائر سجدنا على ثيابنا اتقاء الحر**

ئەنس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا،پىشىن ئۇقۇپ قالساق،سەجدىگاھنىڭ قىززىقلىقىدىن قورقۇپ،كىيىملىرىمىزنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلاتتۇق،(يەنى شۇنداق بۇرۇن ئۇقىيتتى دىمەكچى) بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**590 -[ 4 ]( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال :قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :إذا اشتد الحر فأبردوا بالصلاة**

**591 - [ 5 ] وفي رواية للبخاري عن أبي سعيد : " بالظهر فإن شدة الحر من فيح جهنم واشتكت النار إلى ر ا فقالت : رب أكل بعضي بعضا فأذن لها بنفسين نفس في الشتاء ونفس في الصيف أشد ما تجدون من الحر وأشد ما تجدون من الزمهرير " . وفي رواية للبخاري : " فأشد ما تجدون من الحر فمن سمومها وأشد ما تجدون من البرد فمن زمهريرها "**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھاۋا بەك قىززىپ كەتسە، نامازنى يەنى پىشىننى ھاۋا سوۋىغاندا ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن قىززىق ھارارەت، دوۋزاخنىڭ زەھىرى، دوۋزاخ، پەرۋەردىگارىغا، بىر قىسمىم، بىر قىسمىمنى يەپ كەتتى دەپ شىكايەت قىلىپتى، ئاللاھ، ئۇنىڭغا، يازدا بىر، قىشتا بىر، ئىككى نەپەسنى قىلىپ بەردى، يازدىكى نەپەسلىنىشى بولسا، سىلەر تاپقان قىززىق ھارارەت شۇدۇر، قىشتىكى بولسا، سىلەر تاپقان قاتتىق سوغۇق شۇدۇر، ياناىبىرخاتىردە، يازدا سىلەر تاپقان قىززىق ھارارەت ئۇنىڭ زەھىرى ،قىشتىكى سىلەر تاپقان سۇغۇقمۇ ئۇنىڭ زەھەرلىك تەسىرى دىيىلگەن.ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ زەر، ئىبنى ئۆمەر،ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ

**592 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي العصر والشمس مرتفعة حية فيذهب الذاهب إلى العوالي فيأتيهم والشمس مرتفعة وبعض العوالي من المدينة على أربعة أميال أو نحوه**

ئەنس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىرنى كۈن خېلى ئىگىز، ئۈستۈن، نۇرى كۈچلۈك چاغدا ئۇقىيتتى،ئەسىرنى ئۇقۇپ قايتقۇچى خېلى يىراقتىكى ئۆيلىرىگە (كۈن كىرىشتىن بۇرۇن ) قايتىپ بارالايتتى،ئۇ ئۆيگە بارغان چاغدىمۇ كۈن يانىلا ئىگىز تۇراتتى،ئۇ جايلار مەدىنىدىن تۆت مىيل يەنى سەككىز،توققۇز كىيلومىتىرچە كىلەتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**593 - [ 7 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تلك صلاة المنافق : يجلس يرقب الشمس حتى إذا**

**اصفرت وكانت بين قرني الشيطان قام فنقر أربعا لا يذكر الله فيها إلا قليلا " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئەنە ئاشۇ مۇناپىقنىڭ نامىزىدۇر،ئۇ بولسىمۇ؛كۈنگە ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇپ،كۈن شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدا بولۇپ، قىزىرىپ،سارغايغاندا دەس تۇرۇپ،(خۇددى قۇشتەك)تۆتنى چوقۇپ،توك ـ توك سەجدە قىلىپ قويىدۇ، ئۇ پەقەت نامازدا الله نى ئازلا ئەسلەيدۇ،(يەنى نامازنى بەكلا كىچىكتۈرىدۇ،بولۇپمۇئەسرنى،الله نى ئەسلىمەيدۇ)مۇسلىم.

**594 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : الذي تفوته صلاة العصر فكأنما وتر أهله وماله**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەسىر نامىزى قازا بولۇپ، ئۆتۈپ كەتكەن كىشىنىڭ، خۇددى ئەھلى بالىلىرى، بارلىق مال ــ مۈلۈكلىرى ھالاك بولغاندەك بولىدۇ، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ، چۈنكى، بامدات بىلەن بۇ ئەسىر نامىزى، ۋە باشقا ئەمەللەر جەننەتتە ئاللاھنى كۆرۈشكە مۇناسىۋەتلىك.

**595 - [ 9 ] ( صحيح )**

**وعن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ترك صلاة العصر فقد حبط عمله . رواه البخاري**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئەسىر نامىزىنى تەرك ئېتىپ ئوقۇمىسا، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى كۆيۈپ بىكار قىلىنىدۇ، (ئۇ پەقەتلا ھالاك بولىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**596 - [ 10 ] ( متفق عليه )**

**وعن رافع بن خديج قال : كنا نصلي المغرب مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فينصرف أحدنا وإنه ليبصر مواقع نبله "**

رافىئ ئىبنى خەدىيج رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز شام نامىزىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئوقىيتتۇق،بىزنىڭ بىرىمىز شام نامىزىدىن قايتىپمۇ، ئېتىلغان ئوقىنىڭ چۈشكەن ئورنىنى كۆرەلەيتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.(يەنى كۈن كىرىشىلا بۇرۇن ئوقىيتتى)

**597 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كانوا يصلون العتمة فيما بين أن يغيب الشفق إلى ثلث الليل الأول**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ؛ئۇلار (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ساھابىلار) خۇپتەن نامىزىنى شەپەق غايىپ بولغاندىن باشلاپ،كېچىنىڭ ئەۋۋەلقى ئۈچدەن بىرىگىچە ئوقىيتتى.
بۇخارى،مۇسلىم

**598 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم ليصلي الصبح فتنصرف النساء متلفعات بمروطهن ما يعرفن من الغلس**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بومدات نامىزىنى شۇنداق بۇرۇن ئوقىيتتىكى ، ئاياللار كاسايالىرىغا يۆگۈنگەن ھالدا قايتاتتى،نامازدىن قايتقان چاغنىڭ قاراڭغۇلىقىدىن ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكى تونۇلمايتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**599 - [ 13 ] ( صحيح )وعن قتادة وعن أنس : أن نبي الله صلى الله عليه وسلم وزيد بن ثابت تسحرا فلما فرغا من سحورهما قام نبي الله صلى الله عليه وسلم إلى الصلاة فصلى . قلنا لأنس : كم كان بين فراغهما من سحورهما ودخولهما في**

**الصلاة ؟ قال : قدر ما يقرأ الرجل خمسين آية . رواه البخاري**

قەتادە،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، زەيدئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن (رۇزاتۇتۇش ئۈچۈن)زۇھۇرلۇق يەپ، زۇھۇرلۇقتىن پارىغ بولغاندا،نامازغا تۇرۇپ، بومدات نامىزىنى ئوقۇدى .بىز ئەنەسكە؛ئۇلارنىڭ زۇھۇرلۇقتىن پارىغ بولۇشى بىلەن نامازغا كىرىشىنىڭ ئارلىقىدا، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى؟دېدۇق.ئۇ؛كىشىنىڭ 50ئايەت ئوقىغان مىقدارىچىلىك ۋاقىت ئۆتتى دېدى. بۇخارى.

**600 - [ 14 ] ( صحيح )**

**وعن أبي ذر قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كيف أنت إذا كانت عليك أمراء يميتون الصلاة أو قال : يؤخرون الصلاة عن وقتها ؟ قلت : فما تأمرني ؟ قال : " صل الصلاة لوقتها فإن أدركتها معهم فصل فإنها لك نافلة . رواه مسلم**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دىگەن: ساڭا نامازلارنى ئۆز ۋاختىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان ئەمىرلەر، ئىمام، باشلىق بولغاندا، ھالىڭ قانداق بولۇپ كېتەر ھە!.مەن ؛ مىنى نىمىگە بۇيرىيلا؟دىسەم، سەن نامازنى ئۆز ۋاختىدا ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇ نامازنى ئۇلار بىلەن بىرگە تاپساڭ، ئۇلار بىلەنمۇ ئوقۇغىن، ھەقىقەتەن بۇ سەن ئۈچۈن نەپلە بولىدۇ،دىدى. مۇسلىم تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان. سەھىھ.

**601 - [ 15 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أدرك ركعة من الصبح قبل أن تطلع الشمس فقد أدرك الصبح . ومن أدرك ركعة من العصر قبل أن تغرب الشمس فقد أدرك العصر "**

ئەبۇ ھۈرەيرە، ئائىشە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كۈن چىقىشتىن بۇرۇن بامدات نامىزىدىن بىر رەكئەت تاپسا، جەزمەن ئۇ بامدات نامىزىنى تاپقان بولىدۇ، كىم كۈن كىرىشتىن بۇرۇن ئەسىر نامىزىدىن بىر رەكئەت تاپسا، جەزمەن ئۇ ئەسىر نامىزىنى كامىل تاپقان بولىدۇ. (يەنى ئاخىرىنى ئۆزى تولۇقلاپ ئوقۇۋالىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، مۇسلىمدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**602 - [ 16 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أدرك أحدكم سجدة من صلاة العصر قبل أن تغرب الشمس فليتم صلاته وإذا أدرك سجدة من صلاة الصبح قبل أن تطلع الشمس فليتم صلاته " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىشى كۈن كىرىشدىن بۇرۇن ئەسىر نامىزىدىن بىر سەجدە بىر رەكئەت تاپسا، نامىزىنى كامىل، تولۇق قىلىۋالسۇن، كۈن چىقىشدىن بۇرۇن، بامدات نامىزىدىن بىر سەجدە تاپسا، بۇ نامىزىنىمۇ كامىل قىلىۋالسۇن، بۇخارى بىلەن نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**603 - [ 17 ] ( متفق عليه )وعن أنس رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من نسي صلاة أو نام عنها فكفارته أن يصليها إذا ذكرها " . وفي رواية : " لا كفارة لها إلا ذلك "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ناماز ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالسا، ياكى نامازدىن ئۇخلاپ قالسا، ئۇنىڭ كاپارىتى ئىسىگە كەلگەن، ئويغانغان ھامان شۇ نامازنى ئوقۇشتۇر. ئۇنتۇپ قالغان نامازغا ئۇنى ئوقۇشدىن باشقا كاپارەت يوق، كاپارىتى ئۇنى ئوقۇشتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**604 - [ 18 ] ( صحيح )وعن أبي قتادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس في النوم تفريط إنما التفريط في اليقظة . فإذا نسي أحدكم صلاة أو نام عنها فليصلها إذا ذكرها فإن الله تعالى قال : ( وأقم الصلاة لذكري )رواه مسلم**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇخلاپ قېلىشتا كەمچىلىك، سەھۋەنلىك بولمايدۇ، كەمچىلىك دېگەن، ئويغاق چاغدا بولىدۇ، (ئۇ بولسىمۇ نامازنى يەنە بىر نامازنىڭ ۋاختى كىرگىچە ئوقۇماي، كېچىكتۈرۈشتۇر). بىرىڭلار نامازنى ئۇنتۇپ قالسا، ياكى ئۇنىڭدىن ئۇخلاپ قالسا، ئېسىگە كەلگەندىلا ئوقۇۋالسۇن،چۈنكى **الله** تائالا مۇنداق دېگەن:« مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق **الله**دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن.»سۈرەتاھا14ـ ئايەت. ئەھمەد ،مۇسلىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. تىرمىزى 162 ــ ھەدىس، نەسەئى 612 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 373 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 690 ــ ھەدىستە

كەمچىلىكنىڭ ئويغاق چاغدا بولۇشى، نامازنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى نامازدىن ئۇخلاپ قالسا، ئېسىگە كەلگەندىلا، ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندىلا ئوقۇيدۇ دېگەن، تىرمىزىيدا، ئىمام مالىك، ئەھمەد ، شافىئى رەھمەھۇللالار؛ مۇشۇ ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن نامازدىن ئۇخلاپ قالسا، ئويغانغان چاغدىلا ئوقۇيدۇ، گەرچە ئۇ چاغ كۈن چىقىۋاتقان ۋاقىت بولسىمۇ بامداتنى ئوقۇۋېرىدۇ، چۈنكى، ھەدىس مۇتلەق رۇخسەت قىلدى، ئېسىگە كەلسىلا، ئۇيقۇسىدىن ئويغانسىلا كۈن چىقىۋاتسىمۇ ئوقۇۋېرىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۇخلاپ قالغاندۇر. چەكلەنگەن ھەدىس بولسا ئويغاق چاغ دېگەن،ۋە شۇ ئامدىن خاسنى چىقارغان، بەزىلەر كۈن چىقىپ، كىرىپ بولغاندا ئوقۇيدۇ دېدى.

**الفصل الثاني605 - [ 19 ] ( حسن )عن علي رضي الله عنه : أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يا علي ثلاث لا تؤخرها الصلاة إذا أتت والجنازة إذا حضرت والأيم إذا وجدت لها كفؤا " . رواه الترمذي**

ئېلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئى ئېلى ! ئۈچ ئىشنى ھەرگىز كېچىكتۈرمىگىن،بىرىنجى نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە،ئىككىنجى جىنازا نامىزى ھازىر بۇلۇپ قالسا،ئۈچىنجى تۇل ئايالغا ھەم تەڭنى تاپقان چېغىڭدا ، بۇلارنى كېچىكتۈرمىگىن.تىرمىزى توپلىغان ھەسەن.

**606 - [ 20 ] ( موضوع )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الوقت الأول من الصلاة رضوان الله والوقت الآخر عفو الله " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنىڭ بىرىنچى ۋاختى ئاللاھنىڭ رازى بولىشىدۇر، نامازنىڭ ئاخىرقى ۋاختى، ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىدۇر، دېگەن بۇھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى يالغان دېگەن، بۇ ھەدىس يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدىمۇبار.

**607 - [ 21 ] ( صحيح )وعن أم فروة قالت : سئل النبي صلى الله عليه وسلم : أي الأعمال أفضل ؟ قال : " الصلاة لأول وقتها " رواه أحمد والترمذي وأبو داود وقال الترمذي : لا يروى الحديث إلا من حديث عبد الله بن عمر العمري وهو ليس بالقوي عند أهل الحديث**

ئۇممە پۇرۋەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، تۇنجى، بىرىنچى ۋاختىدا ئوقۇلغان نامازدۇر، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.بۇ ھەدىس ۋە باشقاسەھىھ ھەدىسلەر نامازنى بىرىنچى ۋاختىدا ئوقۇشقا ، دەسلەپتە بالدۇر ئوقۇشقا دەلىلدۇر، نامازدىن كېيىن قىلىۋېرىپ، جەننەتكىمۇ كېيىن قالىدۇ دېگەن ھەدىس بار،ۋەنامازدىن پەقەت مۇناپىقلارلا كېيىن قالىدۇ دېگەن بار.

**608 - [ 22 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : ما صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاة لوقتها الآخر**

**مرتين حتى قبضه الله تعالى . رواه الترمذي**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، **الله** ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتكەنگە قەدەر، بىرەر نامازنى ئىككى قېتىم ئاخىرقى ۋاقتىدا ئوقۇپ باقمىغان.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**609 - [ 23 ] ( حسن )وعن أبي أيوب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تزال أمتي بخير أو قال : على الفطرة ما لم يؤخروا المغرب إلى أن تشتبك النجوم " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ئەييۇب، ئۇقبە، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىم شام نامىزىنى يۇلتۇزلار ئاشكارا بولۇپ، بىر ــ بىرىگە نۇرى گىرەلىشىپ، كىرىشىپ كەتكەنگە قەدەر كېچىكتۈرمىسلا، ئىسلام ئۈستىدە، ياخشىلىقتا داۋام قىلىپ تۇرالايدۇ. (ئەگەر شام نامىزىنى يۇلتۇزلار ياكى بىرتال يۇلتۇزكۆرۈنگىچە كېچىكتۈرسە، ۋە باشقا نامازنىمۇ كېچىكتۈرسە، ياخشىلىق يوق، ئىسلامدا مۇقىم داۋام قىلالمايدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىردە ۋە «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ» 2815 ـ 3780 ـ ھەدىسلىرىدە، شام نامىزىغا بىرتال يۇلتۇز ئاشكارىلىنىپ چىقىشىدىن بۇرۇنراق، ئالدىراڭلار، دىيىلگەن.

**610 - [ 24 ] ( ضعيف )ورواه الدارمي عن العباس**

**611 - [ 25 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لولا أن أشق على أمتي لأمر م أن يؤخروا العشاء إلى ثلث الليل أو نصفه " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر مەن ئۈممىتىمگە مۇشەققەت قىلىپ قويمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇلارنى خۇپتەن نامىزىنى كېچىنىڭ ئۈچتەن بىرىگىچە ياكى يېرىمىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا بۇيرىغان بولاتتىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**612 - [ 26 ] ( صحيح )وعن معاذ بن جبل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعتموا ذه الصلاة فإنكم قد فضلتم ا على سائر الأمم ولم تصلها أمة قبلكم . رواه أبو داود**

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ نامازنى يەنى خۇپتەن نامىزىنى قاراڭغۇدراق ئوقۇڭلار، (يەنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇڭلار) سىلەر باشقا ئۈممەتلەر ئۈستىگە مۇشۇ ناماز بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندىڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەر بۇ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ باقمىغان، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**613 - [ 27 ] ( صحيح )وعن النعمان بن بشير قال : أنا أعلم بوقت هذه الصلاة صلاة العشاء الآخرة : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصليها لسقوط القمر لثالثة . رواه أبو داود والدارمي**

نوئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ ئاخىرقى خۇپتەن نامىزىدىن ئىبارەت بۇ نامازنىڭ ۋاقتىغا مەن ئالىمراق،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىنى، ئۈچ كۈنلۈك ئاي كىرىپ كەتكەندە، ئوقىيتتى.ئەبۇداۋۇد ،دارىمى توپلىغان سەھىھ.

**614 - [ 28 ] ( حسن )وعن رافع بن خديج قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أسفروا بالفجر فإنه أعظم للأجر**

**" . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي وليس عند النسائي : " فإنه أعظم للأجر "**

رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بامدات نامىزىنى سۈبھىنى ئاقارتىپ ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ ساۋابى، ئەجرى كاتتا بولىدۇ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ؛ بومداتنى قاراڭغۇدا، ھەتتا ئاياللار نامازدىن قايتقاندا بىر ـــ بىرىنى تونىيالمىغۇدەك ھالەتتە ئوقۇغان ھەدىس سەھىيراق، سەھىھ ئىككى ھەدىس تاقىشىپ، زىتلىشىپ قالسا، سۆزلىگۈچىنىڭ ئىشەنچلىكرەكىنى ئالىمىز، بولۇپمۇ تۆت خەلىپىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنى، مەسىلەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسلىرىنى ئالىمىز، ھەدىسلەرنى ياراشتۇرىدىغان 70 نەچچە يول بار، بۇ يوللارنى ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتىنى ئوقۇغانلار ئوبدان بىلىدۇ دىگەن.بۇ تۈرنى تاللاش ئىختىلاپى بولۇپ ، زىددىيەت ئىختىلاپى ئەمەستۇر.قايسىسىنى قىلسا ، دۇرۇستۇر.

**الفصل الثالث615 - [ 29 ] ( متفق عليه )عن رافع بن خديج قال : " كنا نصلي العصر مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم تنحر الجزور فتقسم عشر قسم ثم تطبخ فنأكل لحما نضيجا قبل مغيب الشمس "**

رافىئ ئىبنى خەدىيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئەسىر نامىزىنى ئوقىيتتۇق،ئاندىن بىر تۆگە ئۆلتۈرلۈپ،گۆشى ئون كىشىلىك تەقسىم قىلىناتتى،ئاندىن ئۇ گۆش پۇشۇرۇلاتتى، بىز كۈن كىرىشتىن بۇرۇن ئۇ گۆشنى پىششىق ھالىتىدە يەيتتۇق.(يەنى ئەسىرنى كۈن خېلى ئىگىز چاغدا ئوقىيتتى) بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**616 - [ 30 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمر قال : مكثنا ذات ليلة ننتظر رسول الله صلى الله عليه وسلم لصلاة العشاء الآخرة فخرج إلينا حين ذهب ثلث الليل أو بعده فلا ندري أشيء شغله في أهله أو غير ذلك فقال حين خرج : " إنكم لتنتظرون صلاة ما ينتظرها أهل دين غيركم ولولا أن يثقل على أمتي لصليت م هذه الساعة ثم أمر المؤذن فأقام الصلاة وصلى رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز بىركىچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى خۇپتەن نامىزىغا ساقلاپ تۇردۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە كېچىنىڭ ئۈچدەن بىرى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە چىقتى،ـ ئەھلىدىكى بىرەر ئىش مەشغۇل قىلىۋالدىمۇ؟ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىشمۇ؟ بىلمىدۇق،چىققاندا مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سىلەر بۇ خۇپتەن نامىزىغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاۋاتىسىلەر، ھازىر بۇ نامازنى سىلەردىن باشقا دىن ئەھلىدىن ھېچكىشى ساقلاپ تۇرۇۋغلۇق ئەمەس، ئۈممىتىمگە ئېغىر كېلىپ، مۇشەققەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا، مەن ئۇلارغا بۇ نامازنى مۇشۇ سائەتتە ئوقۇپ بېرەتتىم،ئاندىن مۇئەززىننى نامازغا تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇپ،نامازنى ئوقىدى.مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**617 - [ 31 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي الصلوات نحوا من صلاتكم وكان يؤخر العتمة بعد صلاتكم شيئا وكان يخف الصلاة . رواه مسلم**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەش ۋاقىت نامازنى سىلەرنىڭ نامىزىڭلارغا ئوخشاش ئوقىيتتى،لىكىن خۇپتەننى سىلەرنىڭ خۇپتەن نامىزىڭلاردىن سەل كېچىكتۇرۇپ ئوقىيتتى،نامازنى ناھايىتى يەڭگىل (لىكىن كامىل ) ئوقىيتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**618 - [ 32 ] ( صحيح )**

**وعن أبي سعيد الخدري قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاة العتمة فلم يخرج إلينا حتى مضى نحو من شطر الليل فقال : " خذوا مقاعدكم " فأخذنا مقاعدنا فقال : " إن الناس قد صلوا وأخذوا مضاجعهم وإنكم لم تزالوا في صلاة ما انتظرتم**

**الصلاة ولولا ضعف الضعيف وسقم السقيم لأخرت هذه الصلاة إلى شطر الليل " . رواه أبو داود والنسائي**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇپتەن نامىزىنى ئۇقۇپ بەرمەكچى بۇلۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە يېرىم كېچىگىچە چىقالماي؛ ئورنۇڭلاردا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار،دېدى.بىز ئولتۇرۇپ تۇردۇق.كىيىن چىقىپ؛ ھەققەتەن كىشىلەر نامازلىرىنى ئوقۇپ، ياتاقلىرىنى ئېلىپ، ئۇخلاپ بولدى، ھەققەتەن سىلەر نامازنى ساقلاپ تۇرساڭلارلا، نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان ھېسابلىنىسىلەر، ئاجىزلارنىڭ ئاجىزلىقى، كېسەللەرنىڭ كېسەللىكى، ھاجەت ئىگىسىنىڭ ھاجىتى بولمىغان بولسا، مەن بۇ نامازنى يەنى خۇپتەننى كېچىنىڭ يېرىمىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇيتتىم،دېدى. ئەھمەد، نەسەئى،ئەداۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**619 - [ 33 ] ( ضعيف )وعن أم سلمة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم أشد تعجيلا للظهر منكم وأنتم أشد تعجيلا للعصر منه . رواه أحمد والترمذي**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىغا سىلەردىن بەكىرەك ئالدىرايتتى، سىلەر بولساڭلار، ئەسىر نامىزىغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بەكىرەك ئالدىرايدىكەنسىلەر دېگەن، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد بىلەن تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

**620 - [ 34 ] ( صحيح )**

**وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا كان الحر أبرد بالصلاة وإذا كان البرد عجل . رواه النسائي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاۋا قىززىپ كەتكەندە،پېشىن نامىزىنى (سەل كېچىكتۈرۈپ)سۇيۇتۇپ ئۇقىيتتى،سوغۇق بولغاندا، ئالدىراپ بۇرۇنراق ئۇقىيتتى.نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

**621 - [ 35 ] ( صحيح )**

**وعن عبادة بن الصامت قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنا ستكون عليكم بعدي أمراء يشغلهم أشياء عن الصلاة لوقتها حتى يذهب وقتها فصلوا الصلاة لوقتها " . فقال رجل : يا رسول الله أصلي معهم ؟ قال : " نعم ". رواه أبو داود**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەندىن كېيىن سىلەرگە (كەلگۇسىدە) بىر تۈركۈم ئەمىر، باشلىقلار باش بولىدۇ، ئۇلارنى نۇرغۇن نەرسىلەر نۇرغۇن ئىش، خىزمەتلەر نامازنى ئۆز ۋاختىدا ئوقۇشتىن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا نامازنىڭ ۋاختى ئۆتۈپمۇ، چىقىپمۇ كېتىدۇ، سىلەر نامازنى ئۇلارغا قاراپ تۇرماي ئۆز ۋاختىدا ئوقۇڭلار، بىركىشى؛ ئەگەر ئۇ نامازنى ئۇلار بىلەنمۇ تاپسام، يەنە ئوقۇسام بولامدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەئە، ئەگەر خالىساڭ بولىدۇ دېدى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**622 - [ 36 ] ( ضعيف )وعن قبيصة بن وقاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يكون عليكم أمراء من بعدي يؤخرون الصلاة فهي لكم وهي عليهم فصلوا معهم ما صلوا القبلة " . رواه أبو داود**

قەبىيسەت ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىن سىلەرگە نامازنى كېچىكتۈرىۋېتىدىغان كىشىلەر ئەمىر، باشلىق بولىدۇ، ئۇ چاغدا ناماز سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارغا ئۇلارنىڭ زىيىنىغا بولىۋېرىدۇ، ئۇلار قىبلىگە قاراپ ناماز ئۇقۇسىلا سىلەر ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇۋېرىڭلار دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

623 - [ 37 ] ( صحيح )

وعن عبيد الله بن عدي بن الخيار : أنه دخل على عثمان وهو محصور فقال : إنك إمام عامة ونزل بك ما ترى ويصلي لنا إمام فتنة ونتحرج . فقال : الصلاة أحسن ما يعمل الناس فإذا أحسن الناس فأحسن معهم وإذا أساؤوا فاجتنب إساء م . رواه البخاري

ئۇبەيدىللاھ ئىبنى ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزئۆيىگە قامىلىپ ، مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندا ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ؛ ھەقىقەتەن سىلى ئاۋام خەلقنىڭ ئىمامى ئىدلە،سىلىگە ھازىر سىلى كۆرەۋاتقان پىتنە مۇسىيبىتى چۈشۈپ قالدى، بىزگە بولسا،پىتنە ـ پاسادنىڭ ئىمامى ناماز ئۇقۇپ بىرىۋاتىدۇ،بىز ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئۇقۇشنى گۇناھ ھىساپلاپ ھەزەر قىلىۋاتىمىز دەيدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ناماز كىشلەر قىلىدىغان ئەمەلنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر،كىشلەر ياخشى قىلسا،سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ياخشى قىلغىن،ئۇلار يامان قىلسا، سەن ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن يىراق تۇرغىن ، دىگەن. بۇخارى خاتىرلىگەن سەھىھ.

## باب فضائل الصلاة - الفصل الأول نامازنىڭ پەزىلتى توغرىسىدا

624 - [ 1 ] ( صحيح )عن عمارة بن رويبة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لن يلج النار أحد صلى قبل طلوع الشمس وقبل غرو ا " يعني الفجر والعصر . ( رواه مسلم )

ئەممار ئىبنى رووەيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كۈن كىرىشتىن بۇرۇنقى ۋە كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى نامازنى (يەنى بامدات بىلەن ئەسىر نامىزىنى) ئۇقۇغان كىشى ھەرگىز دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

625 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى البردين دخل الجنة "

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كىچىدىكى ئىككى سوغۇق نامازنى (يەنى بامدات بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن) ئوقۇسا،ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

626 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يتعاقبون فيكم ملائكة بالليل وملائكة بالنهار ويجتمعون في صلاة الفجر وصلاة العصر ثم يعرج الذين باتوا فيكم فيسألهم ر م وهو أعلم م كيف تركتم عبادي فيقولون تركناهم وهم يصلون وأتيناهم وهم يصلون "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاراڭلاردا كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى چۈشۈپ ـ چىقىشتا ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلار بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىدا بىرلىشىدۇ، ئاندىن (كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى ئەسىر ۋاختىدا)، ئاراڭلاردا كېچىنى ئۆتكۈزگەن كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى، بامدات ۋاختى بىلەن ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ، ئاللاھتائالا بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن بەندىلىرىمنى قانداق ھالەتتە قالدۇردۇڭلار؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار: ئۇلارغا بارساق ناماز ئوقۇۋاتىدىكەن، يەنە ئۇلارنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە قالدۇرۇپ چىقتۇق دەيدۇ. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

627 - [ 4 ] ( صحيح )وعن جندب القسري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى صلاة الصبح فهو في ذمة الله فلا يطلبنكم الله من ذمته بشيء فإنه من يطلبه من ذمته بشيء يدركه ثم يكبه على وجهه في نار جهنم " . رواه مسلم . وفي بعض نسخ المصابيح القشيري بدل القسري

جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بامدات نامىزنى ئوقۇسا، ئۇ، ئاللاھنىڭ مۇھاپىزەت قىلىش ئەھدىسىدە، كېپىللىكىدە بولىدۇ، (شۇڭا سىلەر بۇ ئەھدىنى بۇزماڭلار). سىلەرنى ئاللاھ ئەھدىسىدىن بىرەر نەرسە توغرىسىدا سۈرۈشتە قىلىپ، تەلەپ قىلىپ قالمىسۇن، ئاللاھ بىرەر كىشىنى ئەھدە توغرىسىدا تەلەپ قىلسا، چوقۇم تاپىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنى يۈزىچە جەھەننەم ئوتىغا تاشلايدۇ، (سىلەر بەش نامازنى ئوقۇشقا چىڭ تۇرۇڭلار). مۇسلىم 1051 _ ھەدىس، تىرمىزى 206 _ ھەدىس، ئەھمەد 18060 _ ھەدىس، سەھىھ.

**628 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لو يعلم الناس ما في النداء والصف الأول ثم لم يجدوا إلا أن يستهموا عليه لاستهموا ولو يعلمون ما في التهجير لاستبقوا إليه ولو يعلمون ما في العتمة والصبح لأتوهما ولو حبوا**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر كىشىلەر ئەزان توۋلاشتىكى ۋە بىرىنچى سەپتىكى پەزىلەتنى بىلسە ئىدى، ئاندىن ئۇنى تالىشىپ پەقەت چەك تاشلاشنىلا تاپسا، پەقەت مۇشۇ ئاماللا بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان چارە، ئامال بولمىسا، ئەلۋەتتە ئەزان توۋلاشنى، بىرىنچى سەپتە تۇرۇشنى تالىشىپ، چەك تاشلىشىپ كىتەتتى، ئەگەر ئۇلار نامازغا، جۈمئە، نامىزىغا بۇرۇن بارغاننىڭ پەزىلىتىنى بىلسە ئىدى، چوقۇم ئۇنىڭغا ئالدىرايتتى، مۇسابىقىلىشاتتى، ئەگەر ئۇلار خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىدىكى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇ ئىككى نامازغا ئۆمىلەپمۇ بولسا كىلەتتى، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۇتلىرى يەرنى جىجىپ ئۆمىلەپ، باشقىلارغا يۆلىنىپ جامائەتكە كەلگەن ئىدى). مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**629 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس صلاة أثقل على المنافق من الفجر والعشاء ولو يعلمون ما فيهما لأتوهما ولو حبوا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇناپىقلارغا نامازنىڭ ئەڭ ئىغىر كېلىدىغىنى، خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدۇر،ئۇلارغا بۇ ئىككى نامازدىنمۇ ئەغىر،تەس كىلىدىغان ناماز يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازدىكى پەزىلەتنى بىلسە ئىدى، ئۆمىلەپمۇ بولسا كېلەتتى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**630 - [ 7 ] ( صحيح )وعن عثمان رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى العشاء في جماعة فكأنما قام نصف الليل ومن صلى الصبح في جماعة فكأنما صلى الليل كله " . رواه مسلم**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم خۇپتەن نامىزنى جامائەت ئىچىدە ئوقۇسا، ئۇ خۇددى كېچىنىڭ يېرىمىغىچە قىيامدا تۇرۇپ تۈنىگەن بولىدۇ،كىم بامداتنى جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇسا، ئۇ خۇددى پۈتۈن بىر كېچە ناماز ئوقۇپ چىققان بولىدۇ.ئەھمە، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**631 - [ 8 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يغلبنكم الأعراب على اسم صلاتكم المغرب " . قال : " وتقول الأعراب هي العشاء "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرگە يېزىلىق چارۋىچى ئەئرابىيلار، كەچلىك نامىزىڭلارنىڭ شام دىگەن ئىسمىغا ، ئەتمەت، قاراڭغۇ دىيىشى بىلەن غالىپ كېلىۋالمىسۇن، (يەنى شامنى ۋاختىدا ئوقۇڭلار)ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**632 - [ 9 ] ( صحيح )وقال : " لا يغلبنكم الأعراب على اسم صلاتكم العشاء فإنها في كتاب الله العشاء فإنها تعتم بحلاب**

**الإبل . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرگە يېزىلىق چارۋىچى ئەئرابىيلار، كەچلىك نامىزىڭلارنىڭ شام دىگەن ئىسمىغا ، ئەتمەت، قاراڭغۇ دىيىشى بىلەن غالىپ كېلىۋالمىسۇن، چۈنكى، ئۇ ناماز ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئىشائ يەنى شام دىيىلىدۇ، ئۇلار تۆگىلىرىنى كەچ تەرەپتە قاراڭغۇدا ساغقاچقا شۇنداق دىيىشىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**633 - [ 10 ] ( صحيح )وعن علي رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال يوم الخندق : " حبسونا عن صلاة الوسطى : صلاة العصر ملأ الله بيو م وقبورهم نارا ) متفق عليه )**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، خەندەك كۈنى ئەھزاپ قوشۇنى مۇسۇلمانلارنى كۈن كىرگىچە، ئەسىر نامىزىدىن مەشغۇل قىلىپ قويغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە، قەبرىلىرىگە ئوتنى تولدۇرۇۋەتكەي، چۈنكى ئۇلار بىزنى كۈن كىرگىچە ۋوستا نامىزىدىن يەنى ئەسىردىن تۇسۇپ قويدى دىگەن. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**الفصل الثاني634 - [ 11 ] ( صحيح )**

**عن ابن مسعود وسمرة بن جندب قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلاة الوسطى صلاة العصر " . رواه الترمذي**

سۇمرەت، ئىبنى مەسئۇد، ھەسەن بەسرى، ئەبۇ ھۇرەيرە،ئىبنى ئاباس، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان) ۋۇستا نامىزى، ئەسىر نامىزىدۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ شەيبە، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى، بەزار، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

**635 - [ 12 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم في قوله تعالى : ( إن قرآن الفجر كان مشهودا )قال : " تشهده ملائكة الليل وملائكة النهار " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم « (ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقتقا قەدەر ناماز ئوقۇغىن. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، (كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ.»دىگەن 17 ـ سۈرە ئىسرائىيلنىڭ 78 ـ ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دىگەن:بۇ نامازغا، كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى ھازىر بولىدۇ.تىرمىزى ،سەھىھ.

**الفصل الثالث**

**636 - [ 13 ] ( حسن )عن زيد بن ثابت وعائشة قالا : الصلاة الوسطى صلاة الظهر رواه مالك عن زيد والترمذي عنهما تعليقا**

زەيدئىبنى سابىت،ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار؛ (قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان) ۋۇستا نامىزى، پىشىن نامىزىدۇر، دىگەن. مالىك،تىرمىزى توپلىغان ھەسەن.

**637 - [ 14 ] ( صحيح )وعن زيد بن ثابت قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي الظهر بالهاجرة ولم يكن يصلي صلاة أشد على أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم منها ف لت ( حافظوا على الصلوات والصلاة الوسطى ) وقال إن قبلها صلاتين وبعدها صلاتين . رواه أحمد وأبو داود**

زەيدئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىشىن نامىزىنى چىلىك چۈشتە كۈن قەرىلگەن چاغدىلا ئوقىيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرىغا، پىشىن

نامىزىدىنمۇ قاتتىق چىلك تۇرىدىغان بىرەر نامازنى ئۇقۇپ بەرمىگەن ئىدى ،(يەنى پىشنگە قاتتىق چىلك تۇراتتى) ئاندىن « (بەش) نامازنى بولۇپمۇ، ۋۇستا نامىزىنى (يەنى نامازدىگەرنى) داۋاملاشتۇرۇڭلار(يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، اللهنىڭ ھوزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار.»دىگەن سۈرە بەقەرنىڭ 238 ـ ئايىتى نازىل قىلىندى.پىشىن نامىزىنىڭ ئالدىدا ئىككى ناماز ، ئارقىسىدا ئىككى ناماز باردۇر.(شۇڭا ۋۇستا يەنى ئوتتۇردىكى ناماز پىشىن دىدى.)ئەھمەد ،ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.الله ئەئلەم.

**638 - [ 15 ] ( ضعيف )**

**وعن مالك بلغه أن علي بن أبي طالب وعبد الله بن عباس كانا يقولان : الصلاة الوسطى صلاة الصبح . رواه في الموطأ**

مالىكقا مۇنداق يېتىپتۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ۋۇستا نامىزى، بامدات نامىزدۇر دىگەن بۇ ھەدىسنى مالىك مۇئەتتادا خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**639 - [ 16 ] ( لم تتم دراسته )ورواه الترمذي عن ابن عباس وابن عمر تعليقا**

**640 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن سلمان قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من غدا إلى صلاة الصبح غدا براية الإيمان ومن غدا إلى السوق غدا براية إبليس " . رواه ابن ماجه**

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: كىم بامدات نامىزىغا ئەتىگەندە بارسا، ئىماننىڭ بايرىقىنى ئەتىگەندە ئېلىپ ماڭغان بولىدۇ، كىم بازارغا ئەتىگەندە ماڭسا، ئىبلىسنىڭ بايرىقىنى ئەتىگەندە ئېلىپ ماڭغان بولىدۇ، بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**باب الأذان - الفصل الأول** ئەزان توغرىسىدا

**641 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أنس قال : ذكروا النار والناقوس فذكروا اليهود والنصارى فأمر بلال أن يشفع الأذان وأن يوتر الإقامة . قال إسماعيل : فذكرته لأيوب . فقال : إلا الإقامة**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ ؛ئۇلار (كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىشتا)ئوت يېقىپ بەلگە بىرىشنى ، دۇمباق ـ داڭ چېلىشنى تىلغا ئالدى،يانا بەزىلەر ئوت يەھۇدىيلارنىڭ،دۇمباق ناسارالارنىڭ بەلگىسى (بىزمۇ ئۇلاردەك قىلساق ئېلىشىپ كىتىدۇ)دىيىشتى.ئاندىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزاننى جۈپ ، تەكبىرنى تاق ئېيتىشقا بۇيرۇلدى. ئىسمائىيل مۇنداق دەيدۇ ؛مەن بۇ ھەدىسنى ئەييۇب زىيەللاھۇ ئەنھۇغا بايان قىلسام،ئۇ ماڭا ؛شۇنداق ئەزاننى جۈپ ، تەكبىرنى تاق ئېيتىشقا بۇيرۇلغان، لىكىن قەد قامەتىسسالاتۇ نى جۈپ ئېيتىدۇ ،دىدى.بۇخارى،مۇسلىم. (ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر،ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ،ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ، ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەلفەلاھ،قەد قامەتىسسالات، قەد قامەتىسسالات،ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر،لا ئىلاھە ئىللەللاھ.مانا بۇ تاق تەگبىر.

**642 - ( صحيح )**

**وعن أبي محذورة قال : ألقى علي رسول الله صلى الله عليه وسلم التأذين هو بنفسه فقال : " قل الله أكبر الله أكبر الله أكبر الله أكبر أشهد أن لا إله إلا الله أشهد أن لا إله إلا الله أشهد أن محمدا رسول الله أشهد أن محمدا رسول الله . ثم تعود فتقول : أشهد أن لا إله إلا الله أشهد أن لا إله إلا الله أشهد أن محمدا رسول الله أشهد أن محمدا رسول الله . حي على الصلاة حي على الصلاة حي على الفلاح حي على الفلاح . الله أكبر الله أكبر لا إله إلا الله " . رواه مسلم**

ئەبۇ مەھزۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئەزاننى مۇنداق

تولغىن دەپ ئۇگەتكەن: ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، (الله بۈيۈكتۇر) ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ ،(گۇۋاھلىق بىرىمەنكى الله دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر،) ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ،( گۇۋاھلىق بىرىمەنكى مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسىدۇر) ئاندىن يانا « ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ»دىگەننى قايتىلاپ مۇنداق دەيسەن دىدى؛ ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەسسالات،(نامازغا كىلىڭلار!) ھەييە ئەلەلفەلاھ، ھەييە ئەلەلفەلاھ!، ( نىجاتلىققا كىلىڭلار!) ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر،لا ئىلاھە ئىللەللاھ!!. مۇسلىم.

**الفصل الثاني**

**643 - [ 3 ] ( حسن )عن أبن عمر قال : كان الأذان على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم مرتين مرتين والإقامة مرة مرة غير أنه كان يقول : قد قامت الصلاة قد قامت الصلاة . رواه أبو داود والنسائي والدارمي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەزان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، ئىككى قېتىمدىن ، ئىككى قېتىمدىن جۈپ ئەيتىلاتتى.تەكبىر بىر قېتىمدىن ، بىر قېتىمدىن تاق ئەيتىلاتتى. لىكىن قەد قامەتىسسالاتۇ نى ئىككى قېتىم جۈپ ئېيتاتتى. نەسەئى،ئەبۇداۋۇد ،دارىمى توپلىغان ھەسەن.

**644 - [ 4 ] ( حسن )وعن أبي محذورة : أن النبي صلى الله عليه وسلم علمه الأذان تسع عشرة كلمة والإقامة سبع عشرة كلمة . رواه أحمد والترمذي وأبو داود والنسائي والدارمي وابن ماجه**

ئەبۇ مەھزۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق ئۇگەتكەن: ئەزان 19 كەلىمە، تەكبىر بولسا، 17 كەلىمىدۇر، نەسەئى،ئەھمەد ،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ،دارىمى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ( {ئاللاھۇ ئەكبەر»دىن تۆتى تۆت كەلىمە} ئىككى قېتىملىق شاھادەت كەلىمىلىرى «ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» تۆتتىن سەككىز كەلىمە، ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەلفەلاھ ئىككىدىن تۆت كەلىمە، ئالاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللا، ئۈچ كەلىمە، جەمئى 19 كەلىمە، مۇشۇ ئەزانغا بارلىق ئىماملار ئىتتىپاققا كەلگەن، بامداتتا ئەسسالاتۇ خەييرۇن مىنەننەۋمدىن ئىككىنى زىيادە قىلىنىدۇ، مەنىسى، ناماز ئۇيقىدىن ياخشى دىگەن بولىدۇ، تەگبىرگە كەلسەك، مۇشۇنىڭدەك، سەھىھ ھەدىسكە تايىنىپ، ئىمام مالىك بىلەن ئەبۇ ھەنىيفە جۈپ ئېيتىشنى دىدى، ئىمام شافئى بىلەن ھەمبەلى تاق ئېيتىشنى دىدى، تەگبىرنى تاق ئېيتىش مۇنداق:ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر،ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ،ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ،ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەلفەلاھ،قەد قامەتىسسالات، قەد قامەتىسسالات،ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەرلا ئىلاھە ئىللەللاھ.مانا بۇ تاق تەگبىر، بۇنداق تەگبىر ئېيتىشقىمۇ بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلاردا سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر، بۇئىختىيارلىق بىرىلگەن ئىشتۇر، تەگبىر ئېيتىسلا ياخشىسى شۇدۇر، ئىختىلاپ يوقتۇر.

**645 - [ 5 ] ( صحيح )**

**وعنه قال : قلت يا رسول الله علمني سنة الأذان قال : فمسح مقدم رأسه . وقال : " وتقول الله أكبر الله أكبر الله أكبر الله أكبر ترفع ا صوتك ثم تقول : أشهد أن لا إله إلا الله أشهد أن لا إله إلا الله أشهد أن محمدا رسول الله أشهد أن محمدا رسول الله تخفض ا صوتك ثم ترفع صوتك بالشهادة : أشهد أن لا إله إلا الله أشهد أن لا إله إلا الله أشهد أن محمدا رسول الله أشهد أن محمدا رسول الله حي على الصلاة حي على الصلاة حي على الفلاح حي على الفلاح فإن كان صلاة الصبح قلت : الصلاة خير من النوم الصلاة خير من النوم الله أكبر الله أكبر لا إله إلا الله " رواه أبو داود**

ئەبۇ مەھزۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ماڭا ئەزاننىڭ سۈننىتىنى ئۆگىتىپ قويسىلا دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنىڭ ئالدىنى يەنى پىشانىسىنى سىلىۋېتىپ مۇنداق دەيسەن دىدى:« ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر!، (الله بۈيۈكتۇر)بۇنىڭغا ئاۋازىڭنى ئۈستۈن كۆتىرەيسەن ، ئاندىن ؛ ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ ،(گۇۋاھلىق بېرىمەنكى الله دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر،) ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ،( گۇۋاھلىق بېرىمەنكى مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسىدۇر)بۇنىڭدا ئاۋازىڭنى پەس قىلىسەن . ئاندىن يانا « ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ»دىگەنىنىڭ شاھادىتىنى يۇقىر ئاۋازدا تولايسەن. ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەسسالات،(نامازغا كىلىڭلار!) ھەييە ئەلەلفەلاھ، ھەييە ئەلەلفەلاھ!، ( نىجاتلىققا كىلىڭلار!)ئەگەر ئۇ بامدات نامىزى بولسا، «ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەننەۋىمدىن ئىككىنى زىيادە قىلىسەن، (مەنىسى؛ ناماز ئۇيقىدىن ياخشى دىگەن بولىدۇ،) ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر،لا ئىلاھە ئىللەللاھ! .ئەبۇداۋۇد.

**646 - [ 6 ] ( ضعيف )وعن بلال قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تثوبن في شيء من الصلوات إلا في صلاة الفجر " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : أبو إسرائيل الراوي ليس هو بذاك القوي عند أهل الحديث**

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، بامدات نامىزىدىن باشقا نامازلارغا چاقىرىپ قويما، بامداتتا چاقىرىپ قويساڭ بولىدۇ، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن. تىرمىزى بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسى كۈچلۈك ئەمەس دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**647 - [ 7 ] ( ضعيف )وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال لبلال : " إذا أذنت فترسل وإذا أقمت فاحدر واجعل بين أذانك وإقامتك قدر ما يفرغ الآكل من أكله والشارب من شربه والمعتصر إذا دخل لقضاء حاجته ولا تقوموا حتى تروني " . رواه الترمذي وقال : لا نعرفه إلا ن حديث عبد المنعم وهو إسناد مجهول**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلالغا مۇنداق دىگەن، ئەزان توۋلىساڭ، ئۇزۇپ ــ ئۇزۇپ، ئالدىرىماي توۋلا، تەكبىرنى بولسا تېز ئېيت، ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىنى يىگۈچى، يىگۈلىكىدىن، ئىچكۈچى، ئىچىملىكىدىن پارىغ بولغۇدەك، ھاجەتمەن ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغۇدەك مىقداردا قىلغىن، مىنى كۆرمىگىچە ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، لېكىن، ئىسنادى مەجھۇل، نامەلۇم دىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**648 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن زياد بن الحارث الصدائي قال : أمرني رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أن أؤذن في صلاة الفجر " فأذنت فأراد بلال أن يقيم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أخا صداء قد أذن ومن أذن فهو يقيم " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

زەبياد ئىبنى ھارىس سەدائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەزان توۋلاشقا بۇيرىدى، بامداتقا مەن ئەزان توۋلىدىم، ئاندىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەكبىر ئېيتىشقا ئىرادە قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدائىنىڭ قېرىندىشى يەنى زەبياد ئەزان توۋلىغان. كىم ئەزان توۋلىسا شۇ تەكبىر ئېيتىدۇ دىدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**649 - [ 9 ] ( متفق عليه ) الفصل الثالث**

**عن ابن عمر قال : كان المسلمون حين قدموا المدينة يجتمعون فيتحينون الصلاة ليس ينادى لها أحد فتكلموا يوما في ذلك فقال بعضهم : اتخذوا مثل ناقوس النصارى وقال بعضهم : قرنا مثل قرن اليهود فقال عمر أولا تبعثون رجلا ينادي بالصلاة ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا بلال قم فناد بالصلاة "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەالله ئەنهۇما مۇنداق دەيدۇ ؛مۇسۇلمانلار مەدىنىگە كەلگەندە،يىغىلىپ نامازنىڭ ۋاقتىنى ساقلايتتى،ئۇچاغدا نامازغا ندا قىلىپ تووۋلايدىغان كىشى يوق ئىدى،ئۇلار بىر كۈنى شۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ،بەزىسى ؛ناسارالارنىڭ دۇمبىقىغا ئوخشاش داڭ چېلىڭلار دىسە،بەزىسى ؛يەھۇدىيلارنىڭ مۈڭگۈزىدەك مۈڭگۈز پۈدىسۇن دىيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ؛ يەھۇدىي ـ ناسارالارنىڭ قىلىقىنى قىلماي،نامازغا ندا قىلىپ، تووۋلايدىغان كىشىدىن بىرنى ئەۋەتسەڭلار بولمامدۇ؟دىدى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم؛ئى بىلال! رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئورنىڭدىن تۇرۇپ، نامازغا ندا قىلىپ تووۋلىغىن دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**650 - [ 10 ] ( صحيح )**

**وعن عبد الله بن زيد بن عبد ربه قال : لما أمر رسول الله صلى الله عليه وسلم بالناقوس يعمل ليضرب به للناس لجمع الصلاة طاف بي وأنا نائم رجل يحمل ناقوسا في يده فقلت يا عبد الله أتبيع الناقوس قال وما تصنع به فقلت ندعو به إلى الصلاة قال أفلا أدلك على ما هو خير من ذلك فقلت له بلى قال فقال تقول الله أكبر إلى آخره وكذا الإقامة فلما أصبحت أتيت رسول الله صلى الله عليه وسلم فأخبرته بما رأيت فقال : " إنها لرؤيا حق إن شاء الله فقم مع بلال فألق عليه ما رأيت فليؤذن به فإنه أندى صوتا منك " فقمت مع بلال فجعلت ألقيه عليه ويؤذن به قال فسمع بذلك عمر بن الخطاب وهو في بيته فخرج يجر رداءه ويقول والذي بعثك بالحق لقد رأيت مثل ما أري فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فلله الحمد " . رواه أبو داود والدارمي وابن ماجه إلا أنه لم يذكر الإقامة . وقال الترمذي : هذا حديث صحيح لكنه لم يصرح قصة الناقوس**

ئابدۇالله ئىبنى زەيد رەزىيەالله ئەنهۇما مۇنداق دەيدۇ ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم كىشىلەرنى نامازغا توپلاپ، چاقىرىش ئۈچۈن چېلىنىدىغان ياغاچ دۇمباق ياسىلىشقا بۇيرىغان كېچىسى، مەن ئۇخلاۋاتسام، يېنىمدىن قولىدا ياغاچ دۇمباق بار بىر كىشى ئۆتتى، مەن ئۇنىڭغا ؛ ئى الله نىڭ بەندىسى!بۇ ياغاچ دۇمبىقىڭنى ساتامسەن؟ دىسەم، ئۇ ماڭا ؛بۇنى نىمە قىلىسەن؟دىدى. مەن ؛ بۇنى چېلىپ كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىمەن دىسەم، ئۇ ماڭا ؛ مەن سىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق نەرسىگە كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟دىدى.مەن ؛ئەلۋەتتە بولىدۇ دىسەم، ئۇ ماڭا ؛ سەن مۇنداق دىگىن ؛ « ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر!، (الله بۈيۈكتۇر)........ئاخىرغىچە، تەكبىرنىمۇ شۇنداق دەيسەن دىدى.مەن تاڭ ئاتقۇزغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، كۆرگەنلىرىمنى خەۋەر قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم؛ھەقىقەتەن ئۇ الله خالىسا،ھەق، راس چۈشتۇر، سەن بېرىپ، بىلال بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىڭنى ئۆگەتكىن ، ئەزاننى بىلال تووۋلىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋازى سەندىن يۇقىرىدۇر،دىدى.مەن بېرىپ، بىلال بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىمنى ئۆگىتىشكە باشلىدىم،ئەزاننى ئۇ تووۋلىدى.بۇ ئەزاننى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەالله ئەنهۇ ئۆيىدە تۇرۇپ ئاڭلاپ، رىدايىنى سۆرىگەن پېتى چىقىپ،مۇنداق دىدى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!سىلىنى ھەقلىق بىلەن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ ئۇنىۇڭغا كۆرسىتىلگەننىڭ ئوخشىشىنى كۆردۈم دىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم؛الله غا شۈكرى،بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار الله غا خاستۇر دىدى.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ، دارىمى،ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**651 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن أبي بكرة قال : خرجت مع النبي صلى الله عليه وسلم لصلاة الصبح فكان لا يمر برجل إلا ناداه بالصلاة أو حركه برجله . رواه أبو داود**

ئەبى بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بامدات نامىزىغا چىققان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىنىڭ ئۇتتۇرىدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇنى نامازغا تووۋلاپ قوياتتى ياكى پۇتى بىلەن مىدىرلىتىپ قوياتتى دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

652 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن مالك بلغه أن المؤذن جاء عمر يؤذنه لصلاة الصبح فوجده نائما فقال : الصلاة خير من النوم فأمره عمر أن يجعلها في نداء الصبح . رواه في الموطا

مالىك، مۇئەتتا دېگەن كىتابىدا مۇنداق خاتىرلىگەن، بىر قېتىم مۇئەززىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، بامدات نامىزىغا ئەزان توۋلىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، «ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى» دېگەن سۆزنى قىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئەززىننى بۇ سۆزنى بامدات نامىزىدا قوشۇپ، ئەزان توۋلاشقا بۇيرۇپتۇ، بۇ ھەدىسنى ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

653 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن عبد الرحمن بن سعد بن عمار بن سعد مؤذن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : حدثني أبي عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أمر بلالا أن يجعل أصبعيه في أذنيه وقال : إنه أرفع لصوتك . رواه ابن ماجه

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇئەززىنى ئابدۇرەھمان ئىبنى سەئىددىن، ئۇنىڭ دادىسىدىن دادىسىنىڭ چوڭ دادىسىدىن، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىككى بارمىقنى قۇلىقىغا سېلىۋېلىشقا بۇيرۇپ، شۇنداق قىلىش ئاۋازىڭنى بەك يۇقىرىكۆتۈرىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

## باب فضل الأذان وإجابة المؤذن - الفصل الأول ئەزاننىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ جاۋابى توغرىسىدا

654 - [ 1 ] ( صحيح )

عن معاوية قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " المؤذنون أطول الناس أعناقا يوم القيامة " . رواه مسلم

مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىنلەر قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەڭ بويىنى ئېگىز، ئۇستۇنلىرىدۇر. ( بىشىنى تىك تۇتۇپ ماڭالايدۇ خىجىللىقى يوق،دەرجىسى يۇقىرىدۇر) ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. يەنى، قورقۇنچىدىن، خىجىللىقدىن ئەمىندۇر.

655 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا نودي للصلاة أدبر الشيطان وله ضراط حتى لا يسمع التأذين فإذا قضى النداء أقبل حتى إذا ثوب بالصلاة أدبر حتى إذا قضى التثويب أقبل حتى يخطر بين المرء ونفسه يقول اذكر كذا اذكر كذا لما لم يكن يذكر حتى يظل الرجل لا يدري كم صلى "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا ئەزان ئېيتىلغاندا، شەيتان ئۇسۇرۇپ قويغان ھالدا، ئەزاننى ئاڭلىمىغىچە قاچىدۇ، ئەزان تۈگىگەندە، يەنە كېلىدۇ، تەكبىر ئېيتىلغاندا، يەنە قاچىدۇ، تەكبىر ئاخىرلاشقاندا يەنە كېلىپ، ئىنساننىڭ نەپسىگە، كۆڭلىگە ئۇ ئەسلەپ باقمىغان نەرسىلەر ئۇچۇن ئۇنى ئەسلە، بۇنى ئەسلە دەپ خۇتىر ۋەسۋەسە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشى نەچچە رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىنى بىلەلمەيدۇ، مالىك، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن شەيتاننىڭ پەقەت نامازدىلا چىڭ تۇرۇپ، ۋەسۋەسە قىلىشى، بارلىق نەرسىلەرنى ئەسلىتىپ، ئازدۇرۇشى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا،سەھۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى ئىككى سەجدە قىلىدۇ.

**656 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يسمع مدى صوت المؤذن جن ولا إنس ولا شيء إلا شهد له يوم القيامة " . رواه البخاري**

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (ھەقىقەتەن مەن سىنى قويلارنى، يىزا، يايلاق، جاڭگاللارنى ياخشى كۆرىدىغان كۆردۇم، سەن يايلاقتا قويلىرىڭ ئارىسىدا بولساڭمۇ نامازغا ئەزان توۋلىغىن، ئەزان توۋلاشتا ئاۋازىڭنى يۇقىرى كۆتۈرگىن،) چۈنكى، مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى، ئاۋازى يەتكەن جاراڭلىق نىدانى، جىنلار، ئىنسانلار، ھەتتا تاش، چالما، ھەرقانداق بىر نەرسە ئاڭلىسا، قىيامەت كۈنى مۇئەززىن ئۈچۈن گۇۋاھچى بولۇپ،گۇۋاھلىق بىرىدۇ. ئەھمەد، مالىك، بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس مۆجىزە ھىسابلىنىدۇ، چۈنكى بۇ ھەدىستە ھەربىر شەيئى ھەتتا تاش ــ چالمىمۇ نىدانى، ئاۋازنى ئاڭلاپ قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى بولۇشى سۆزلەنگەن، بىرىنچىدىن جانسىز ماددىلار سۆزلەيدۇ، خۇددى ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، رادىئو، تېلىۋىزور، كومپيۇتېردەك بولۇپمۇ تېلېفون. ئىككىنچىدىن ئاۋازلار ھەربىر شەيئىدە، ھەتتا تاشلاردا قېلىپ قالىدۇ، بۇنى كەلگۈسىدە ئىلغار ئۈسكۈنىلەر مەيدانغا كەلسە، يېڭى كەشپىياتلار مەيدانغا كەلسە، چىقىرىۋالغىلى بولىدۇ، سۈرەت، ئاۋاز چوقۇم قېلىپ قالىدۇ، بۇ سىرلىق مۆجىزىلەر تەنتاۋىيدا، ھارۇن يەيھانىڭ كىتاب، فىلىملىرىدە كۆپتۇر.

**657 - [ 4 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إذا سمعتم المؤذن فقولوا مثل ما يقول ثم صلوا علي فإنه من صلى علي صلاة صلى الله عليه ا عشرا ثم سلوا الله لي الوسيلة فإنا م لة في الجنة لا تنبغي إلا لعبد من عباد الله وأرجو أن أكون أنا هو فمن سأل لي الوسيلة حلت عليه الشفاعة . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار ئۇ دىگەنىنىڭ ئوخششىنى دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇت، سالام يوللاڭلار، كىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت ـ سالام يوللىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا 10 رەھمەت يوللايدۇ، ئاندىن مەن ئۈچۈن ئاللاھدىن ۋەسىيلە، يېقىنلىقنى سوراڭلار، ئۇ جەننەتتىكى بىر ئورۇن، ئالىي مەرتىۋە بولۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىچىدە بىرلا بەندىگە لايىقتۇر، شۇ بەندە مەن بولۇپ قىلىشىمنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، كىم مەن ئۈچۈن ئاشۇ ۋەسىيلىنى، يېقىنچىلىقنى سورىسا، ئۇ كىشىگە شاپائىتىم يېتىدۇ، «ئۇ مەقامەممەھمۇدا بولۇشى مۇمكىن» مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ

**658 - [ 5 ] ( صحيح )وعن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قال المؤذن الله أكبر الله أكبر فقال أحدكم الله أكبر الله أكبر ثم قال أشهد أن لا إله إلا الله قال أشهد أن لا إله إلا الله ثم قال أشهد أن محمدا رسول الله قال أشهد أن محمدا رسول الله ثم قال حي على الصلاة قال لا حول ولا قوة إلا بالله ثم قال حي على الفلاح قال لا حول ولا قوة إلا بالله ثم قال الله أكبر الله أكبر قال الله أكبر الله أكبر ثم قال لا إله إلا الله قال لا إله إلا الله من قلبه دخل الجنة " . رواه مسلم**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇئەززىن، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دىگەندە، بىرىڭلار مۇشۇنداق دىسە، ئۇ ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ دىگەندە، بىرىڭلارمۇ شۇنداق دىسە، ئۇ ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ! دىگەندە يەنە شۇنداق دىسە، ھەييە ئەلەسسالاھ دىگەن لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ دىسە، ھەييە ئەلەلپەلاھ دىگەندە يەنە شۇنداق دىسە، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دىگەندە، شۇنداق دىسە، لائىلاھە ئىللەللاھ! دىگەندە بىرىڭلارمۇ شۇنداق دىسە، چىن دىلىدىن دىسە،ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**659 - [ 6 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : من قال حين يسمع النداء اللهم رب هذه الدعوة**

**التامة والصلاة القائمة آت محمدا الوسيلة والفضيلة وابعثه مقاما محمودا الذي وعدته حلت له شفاعتي يوم القيامة . رواه البخاري**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەزاننى ئاڭلىغان چاغدا: «ئاللاھۇممە رەببى ھازىھىددەئۋەتى تتاممەتى ۋەسسالاتىلقائىمەتى ئاتى مۇھەممەدەنىلۋەسىيلەتە ۋەلفەزىيلەتە ۋەبئەسھۇ مەقامەممەھمۇدە نىللەزى ۋەئەتتەھۇ»تەرجىمىسى: ئى رەببىم ئاللاھ! مانا بۇ مۇئەككەل كامىل دەئۋەت چاقىرىقتۇر، بەرپا بولىدىغان نامازدۇر، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆز دەرگاھىڭلاردىن يېقىنلىق، پەزىيلەت ئاتا قىلسىلا، شاپائەت قىلىش مەرتىبىسىنى بەرسىلە، سىلى ئۇنى ئۆزلىرى ۋەدە قىلغان، ماختاپ مەدھىيلىنىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا ئەۋەتسىلە، يەنى شاپائەت قىلىدىغان مەقامەھمۇدقا يۇقىر ئۇنۇۋانلىق مەرتىبىگە چىقارسىلا» دېسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە شاپائىتىم يېتىدۇ، نەدە بولسا تاپىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**660 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يغير إذا طلع الفجر وكان يستمع الأذان فإن سمع أذانا أمسك وإلا أغار فسمع رجلا يقول الله أكبر الله أكبر فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " على الفطرة " ثم قال أشهد أن لا إله إلا الله رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خرجت من النار " فنظروا فإذا هو راعي معزى . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشمەنگە سۈبھى يورىغاندا، ھۇجۇم قىلاتتى،ئەزانغا قۇلاق سالاتتى،ئەگەرئەزاننى ئاڭلىسا،ھۇجۇم قىلىشتىن توختاپ تۇراتتى،ئەزاننى ئاڭلىمىسا، ھۇجۇم قىلىۋىرەتتى.بىر كىشىنىڭ **الله** ئەكبەر،**الله** ئەكبەر!دېگىنىنى ئاڭلاپ؛ئۇ ئىسلام دىنى ئۈستىدە بولدى، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى **الله** دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق»دېگىنىنى ئاڭلاپ؛سەن دوزەختىن قۇتۇلۇپ چىقتىڭ دېدى.ئۇلار قارىسا، ناگاھان ئۆچكە بېقىۋاتقان بىر پادىچى ئەزان توۋلاۋاتقىدەك.مۇسلىم.

**661 - [ 8 ] ( صحيح )وعن سعد بن أبي وقاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم أنه قال : " من قال حين يسمع المؤذن أشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له وأن محمدا عبده ورسوله رضيت بالله ربا وبمحمد رسولا وبالإسلام دينا غفر له ذنبه " . رواه مسلم**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ؛«مەنمۇ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يەككە ــ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھقا رەب جەھەتتىن رازى بولدۇم، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن رازى بولدۇم» دېسە، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**662 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن عبدالله بن مغفل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بين كل أذانين صلاة بين كل أذانين صلاة " ثم قال في الثالثة " لمن شاء "**

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر ئىككى ئەزاننىڭ ئوتتۇرىدا (يەنى ئەزان ـ تەكبىرنىڭ ئارىسىدا) ناماز ئوقۇش باردۇر.ئۈچىنچى قېتىم، خالىغان كىشىگە ناماز باردۇر،دېدى. (بۇرۇنقى سەلەپ، سالىھلار ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇغان) ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

الفصل الثاني

663 - [ 10 ] ( صحيح )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الإمام ضامن والمؤذن مؤتمن الله أرشد الأئمة واغفر للمؤذنين " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي والشافعي وفي أخرى له بلفظ المصابيح

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام دېگەن نامازغا كېپىل بولۇپ، زىممىسىگە ئالغاندۇر، (يۈكى ئېغىر، نامازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىشى، ۋاختىغا رىئايە قىلىشى لازىم) مۇئەززىننىڭ بولسا، ناماز ۋە ئۇنىڭ ۋاقىتلىرى ئامانەت قويۇلدى، (بۇنىڭغا خىيانەت قىلىنسا بولمايدۇ) ئى ئاللاھ، ئىماملارنى ھىدايەت قىلىپ، توغرا يولغا يېتەكلىگىن، مۇئەززىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئەھمەد، بەيھەقى،شاپىئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

664 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من أذن سبع سنين محتسبا كتبت له براءة من النار " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه .

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ساۋاب ئۈمىد قىلىپ يەتتە يىل ئەزان توۋلىسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش پۈتۈلىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

665- [ 12 ] ( صحيح )وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يعجب ربك من راعي غنم في رأس شظية للجبل يؤذن بالصلاة ويصلي فيقول الله عز وجل انظروا إلى عبدي هذا يؤذن ويقيم الصلاة يخاف مني قد غفرت لعبدي وأدخلته الجنة " . رواه أبو داود والنسائي

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىڭ، تاغ چوققىسىدا قوي بېقىپ، نامازغا ئەزان توۋلاپ، ناماز ئوقۇغان ئابىد پادىچىدىن خۇرسەن ۋە رازى بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ماۋۇ بەندەمگە قاراڭلار، ئۇ نامازغا ئەزان توۋلاپ، تەكبىر ئېيتىپ، مەندىن قورقۇپ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، ھەقىقەتەن بۇ بەندەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن. ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئابىد زاھىدلىقنىڭ،ئەزاننىڭ پەزىلىتى.

666 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاثة على كثبان المسك يوم القيامة عبد أدى حق الله وحق مولاه ورجل أم قوما وهم به راضون ورجل ينادي بالصلوات الخمس في كل يوم وليلة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك كىشى مىسكىدىن بولغان دۆۋە ئۈستىدە تۇرىدۇ. بىرىنچى، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان قۇل، ئىككىنچى، قەۋمىگە ئىمام بولغان قەۋمى ئۇنىڭغا رازى بولغان ئەر، ئۈچىنچى، بەش نامازغا كېچە ــ كۈندۈز ھەركۈنى ئەزان توۋلىغان ئەر دېگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن ۋە غەرىب دېگەن. ئەلبانى زەئىپ دېدى،

667 - [ 14 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المؤذن يغفر له مدى صوته ويشهد له كل رطب ويابس وشاهد الصلاة يكتب له خمس وعشرون صلوة ويكفر عنه ما بينهما " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه وروى النسائي إلى قوله : " كل رطب ويابس " . وقال : " وله مثل أجر من صلى "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇئەززىن ئۇچۇن ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ يەتكەن يىراقلىقتىكى مۇساپە مىقدارىدا مەغپىرەت قىلىنىدۇ. (قانچىلىك يىراققا يەتسە، شۇنچىلىك كۆپ ھەم زور مەغپىرەت قىلىنىدۇ)، ئۇنىڭ ئۇچۇن بارلىق ھۆل، قۇرۇق، جانلىق، جانسىز ھەممە نەرسە گۇۋاھلىق بىرىدۇ.( مۇئەززىن ئۇچۇن نامازغا كەلگەن ھەربىر كىشىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجر بىرىلىدۇ) نامازغا ھازىر بولۇپ جامائەت بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغان كىشىگە 25 ناماز يېزىلىدۇ، ئۇ كىشىدىن ئىككى ناماز ئارىسىدىكى گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان سەھىھ.

**668 - [ 15 ] ( صحيح )**

**وعن عثمان بن أبي العاص قال قلت : يا رسول الله اجعلني إمام قومي فقال : " أنت إمامهم واقتد بأضعفهم واتخذ مؤذنا لا يأخذ على أذانه أجرا " . رواه أحمد وأبو داود والنسائي**

ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن:ئى الله نىڭ ئەلچىسى!مىنى قەۋمىمنىڭ ئىمامى قىلىپ قويىسىلا دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سەن ئۇلارنىڭ ئىمامى بولىسەن، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىرىنى يۆلەپ ماڭ، ئاجىزلىرىنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ،نامازنى يەڭگىل ئوقىغىن، ئەزان توۋلىغانغا ئەجىر، ھەق ئالمايدىغان مۇئەززىندىن بىرنى تۇتقىن،دىدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**669 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن أم سلمة رضي الله عنها قالت : علمني رسول الله صلى الله عليه وسلم أن أقول عند أذان المغرب : " اللهم إن هذا إقبال ليلك وإدبار نارك وأصوات دعاتك فاغفر لي " . رواه أبو داود والبيهقي في الدعوات الكبير**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا شام نامىزىنىڭ ئەزىنىدا مۇنداق دىيىشىمنى ئۈگىتىپ قويدى، ئى ئاللاھ، بۇ كېچەڭنىڭ ئالدىنى قىلىشى، كۈندۈزۈڭنىڭ ئارقىسىنى قىلىشى دەۋەتچىلىرىڭنىڭ چاقىرىق ئاۋازى، مىنى مەغپىرەت قىلغىن، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**670 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن أبي أمامة أو بعض أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن بلالا أخذ في الإقامة فلما أن قال قد قامت الصلاة قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أقامها الله وأدامها " و قال في سائر الإقامة : كنحو حديث عمر رضي الله عنه في الأذان . رواه أبو داود**

ئەبى ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەكبىر ئېيتىشقا باشلاپ، قەدقامەتىسسالات دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ ئۇنى بەرپا قىلغاي ۋە داۋام قىلىپ بەرگەي دىدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**671 - [ 18 ] ( صحيح )**

**وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يرد الدعاء بين الأذان والإقامة " . رواه أبو داود والترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدىكى دۇئا رەت قىلىنماي، ئىجاۋەت بولىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**672 - [ 19 ] ( صحيح )وعن سهل بن سعد قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ثنتان لا تردان أو قلما تردان الدعاء**

**عند النداء وعند البأس حين يلحم بعضهم بعضا  وفي رواية :  وتحت المطر رواه أبو داود والدارمي إلا أنه لم يذكر " وتحت المطر**

سەھلى ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى چاغدىكى دۇئا ھەرگىز رەت قىلىنماي، ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، ئەزان نىداسى ئاڭلانغاندىكى دۇئا بىلەن بەزىسى — بەزىسى بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشۋاتقان، جەڭ مەيداندىكى دۇئا ئىجاۋەت قىلىنىدۇ،( سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى چاغدىكى دۇئا رەت قىلىنمايدۇ، قايتۇرۇلماي ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، ئەزان چىققاندىكى دۇئا بىلەن يامغۇرنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ قىلغان دۇئا (چۈنكى، بۇ چاغدا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغىدۇ)  ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم، ئىبنى ھەببان،دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

**673 - [ 20 ] ( حسن )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رجل : يا رسول الله إن المؤذنين يفضلوننا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قل كما يقولون فإذا انتهيت فسل تعط " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛بىر كىشى ؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ھەقىقەتەن مۇئەززىنلەر بىزدىن بەكلا پەزىيلەتلىك بولۇپ كەتكىدەك دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  مۇنداق دىگەن: سەنمۇ مۇئەززىنلەر دىگەننىڭ ئوخشىشىنى دىگىن، ئاخىرلاشتۇرغاندا، دۇئا قىلىپ سورىغىن، ساڭا بېرىلىدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**الفصل الثالث**

**674 - [ 21 ] ( صحيح )عن جابر قال سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الشيطان إذا سمع النداء بالصلاة ذهب حتى يكون مكان الروحاء " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن شەيتان نامازغا توۋلانغان ئەزان نىداسىنى ئاڭلىغاندا، شۇنداق يىراققا قاچىدۇكى، ھەتتا رەۋھا دىگەن جايغا كېتىدۇ، (رەۋھائ، مەدىنىدىن 36 مىيل يەنى 58 كىلومېتىر يىراقتا) مۇسلىم 581 _ ھەدىس، ئەھمەد 14083 _ ھەدىس، سەھىھ.

**675 - [ 22 ] ( ضعيف )وعن علقمة بن وقاص قال : ( إني لعند معاوية إذ أذن مؤذنه فقال معاوية كما قال مؤذنه حتى إذا قال : حي على الصلاة : قال : لا حول ولا قوة إلا بالله فلما قال : حي على الفلاح قال : لا حول ولا قوة إلا بالله العلي العظيم وقال بعد ذلك ما قال المؤذن ثم قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم قال ذلك . رواه أحمد**

ئەلقەمەت ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدىم، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ مۇئەززىنى ئەزان توۋلىدى، مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇئەززىنگە ئوخشاش دىدى، مۇئەززىن ھەييەئەلەسسالات يەنى نامازغا كېلىڭلار دىگەندە، مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى دىدى، مۇئەززىن ھەييەئەلپەلاھ دىگەندە، مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، لاھەۋلە ۋەلە قۇۋۋەتە ئىللا بىللا ھىلئەلىييى لئەزىيم دىدى. ئاندىن  مۇئەززىنگەمەن رەسۇلۇ**الله** سەللە**الله** ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان دىدى، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد توپلىغان، مشكات 675 _ ھەدىس. ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**676 - [ 23 ] ( حسن )وعن أبي هريرة قال : كنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فقام بلال ينادي فلما سكت قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال مثل هذا يقينا دخل الجنة " . رواه النسائي**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەزان توۋلىدى،ئۇ ئەزاندىن توختىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:كىم شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا،مۇشۇ كەلىمىلەرنىڭ ئوخشىشىنى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە،ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ،دېدى.نەسەئى توپلىغان ھەسەن.

**677 - [ 24 ] ( صحيح )**

**وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا سمع المؤذن يتشهد قال : " وأنا وأنا " . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئەززىننىڭ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىۋاتقىنىنى ئاڭلىسا، مەنمۇ، مەنمۇ گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيتتى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**678 - [ 25 ] ( صحيح )وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من أذن ثنتي عشرة سنة وجبت له الجنة وكتب له بتأذينه في كل يوم ستون حسنة ولكل إقامة ثلاثون حسنة " . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم 12 يىل ئەزان توۋلىسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. (يەنى جەننەتكە كىرىشى مۇقىم بولىدۇ،) ئۇ كىشى ئۇچۇن ئەزان توۋلىغانلىقىنىڭ بارابىرىگە، ھەر كۈنى 60 ياخشىلىق يېزىلىدۇ، تەكبىر ئېيتقىنىغا بولسا، ھەر كۈنى 30 ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغنا، سەھىھ. جامائەتنىڭ ساۋابىمۇ باردۇر.

**679 - [ 26 ] ( لم تتم دراسته )وعنه قال : كنا نؤمر بالدعاء عند أذان المغرب . رواه البيهقي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز شام نامىزىنىڭ ئەزىنى توۋلانغاندا ، دۇئا قىلىشقا بۇيرىلاتتۇق. بەيھەقى توپلىغان تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

## باب تأخير الأذان - الفصل الأول ئەزاننىڭ كېيىنرەكمۇ يەنە بىر قېتىم توۋلىنىشى

**680 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن بلالا يؤذن بليل فكلوا واشربوا حتى ينادي ابن أم مكتوم " ثم قال : وكان رجلا أعمى لا ينادي حتى يقال له : أصبحت أصبحت**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بەك كېچىدە ئەزان توۋلايدۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممە مەكتۇم ئەزان توۋلىغىچە (رۇھۇرلۇقنى)يەپ ـ ئىچىۋېرىڭلار،ئۇ ئەئما كىشى بولۇپ، تاڭ ئاتتى، تاڭ ئاتقۇزدۇڭ دېيىلمىگىچە ئەزان توۋلىمايدۇ. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىز، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ئەزاننىلا ئاڭلاپ يېيىش ــ ئىچىشىدىن توختاپ قالماي، سۇبھى يورىغاندا، شۇ چاغدا توۋلانغان ئەزاننى ئاڭلىسا، ئاندىن روھۇرلۇق يېيىشنى توختاتسا بولىدۇ دېگەن چىقىدۇ.

**681 - [ 2 ] ( صحيح )وعن سمرة بن جندب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يمنعكم من سحوركم أذان**

**بلال ولا الفجر المستطيل ولكن الفجر المستطير في الأفق " رواه مسلم ولفظه للترمذي**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرنى زوھۇرلۇق يېيىشدىن بىلالنىڭ ئەزىنى توسۇپ قويمىسۇن (چۈنكى ئۇ ئۇخلاپ قالغانلارنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن، قىيامدا تۇرغانلارنى ئۆيگە قايتىپ، زوھۇرلۇق يېيىلىشى ئۈچۈن كېچىدىرەك ئەزان توۋلايدۇ). شۇنداقلا سىلەرنى زوھۇرلۇق يېيىشدىن كېچىنىڭ ئاقىرىشى، ئۇپۇقدىكى ئۇزۇنسىغا سوزۇلغان ئاقلىق تاكى كەڭ تارقاپ سۇبھى ھەقىقىي يورىمىغىچە توسۇپ قويمىسۇن،(لىكىن ئۇپۇقتا كەڭ تارقىغان سۇبھى يورىغاندا زوھۇرلۇق يېيىشدىن توختاڭلار). ئەھمەد، مۇسلىم ئۈچ كىتاب تۇپلىغان، سەھىھ.

**682 - [ 3 ] ( صحيح )وعن مالك بن الحويرث قال : أتيت النبي صلى الله عليه وسلم أنا وابن عم لي فقال : " إذا سافرتما فأذنا وأقيما وليؤمكما أكبركما " . رواه البخاري**

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن تاغامنىڭ بالىسى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇنداق دىگەن: ئىككىڭلار سەپەرگە چىقساڭلار، ئەزان توۋلاپ، تەكبىر ئېيتىپ ناماز ئوقۇڭلار، چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن، بۇخارى،تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان تۇپلىغان، سەھىھ.

**683 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال لنا رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلوا كما رأيتموني أصلي فإذا حضرت الصلاة فليؤذن لكم أحدكم وليؤمكم أكبركم "**

مالىك ئىبنى ھەۋۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگەمۇنداق دىگەن: (ئەھلىڭلارغا قايتىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلارغىمۇ ئۆگىتىڭلار، ئۇلارنىمۇ بۇيرۇڭلار)، مەن قانداق ناماز ئوقۇسام، مىنى كۆرگەندەك، شۇنداق ناماز ئوقۇڭلار، ناماز ۋاختى كەلسە، بىرىڭلار ئەزان توۋلىسۇن، چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن، (يەنى قارىيراقىڭلار)، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى تۇپلىغان، سەھىھ.

**684 - [ 5 ] ( صحيح )**

**وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم حين قفل من غزوة خيبر سار ليله حتى إذا أدركه الكرى عرس وقال لبلال : " اكلأ لنا الليل . فصلى بلال ما قدر له ونام رسول الله صلى الله عليه وسلم وأصحابه فلما تقارب الفجر استند بلال إلى راحلته موجه الفجر فغلبت بلالا عيناه وهو مستند إلى راحلته فلم يستيقظ رسول الله صلى الله عليه وسلم ولا بلال ولا أحد من أصحابه حتى ضربتهم الشمس فكان رسول الله صلى الله عليه وسلم أولهم استيقاظا ففزع رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " أي بلال " فقال بلال أخذ بنفسي الذي أخذ بنفسك قال : " اقتادوا " فاقتادوا رواحلهم شيئا ثم توضأ رسول الله صلى الله عليه وسلم وأمر بلالا فأقام الصلاة فصلى م الصبح فلما قضى الصلاة قال : " من نسي الصلاة فليصلها إذا ذكرها فإن الله قال ( أقم الصلاة لذكري )رواه مسلم**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر ئۇرىشىدىن قايىتقان كېچىسى، مۇگە باسقانغا قەدەر سەير قىلىپ ماڭدى، ئاندىن كېچىنىڭ ئاخىردا ئارامغا چۈشۈپ؛ئى بىلال!بۈگۈنكى سەن بىزگە مۇھاپىزەتچى بولغىن دىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۇخلىماسلىق ئۈچۈن )ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان نامازلارنى ئوقىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلار ئۇخلاپ قالغان ئىدى، سۇبھى يورۇشقا ئاز قالغاندا، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇبھى تەرەپكە ئالدىنى قىلغان ھالدا تۆگىسىگە يۆلەندى، ئۇنىڭغا كۆزى غالىپ كىلىپ، ئىختىيارسىزلا شۇ پېتى ئۇخلاپ قالدى، كۈن چىقىپ،نۇرى

ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە چۈشكەنگە قەدەر، ھېچ بىر كىشى ، ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئويغىنالمىدى، (چۈنكى كېچىنىڭ ئاخىردا ئارامغا چۈشكەن ئىدى )تۇنجى بولۇپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئويغۇنۇپ، چۆچۈپ كەتتى دە! : ئەي بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ!(بۇ نىمە ئىش؟، مۇھاپىزەتچىلىكنىڭ قېنى ؟ ) دىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :سىلىنىڭ رۇھلىرىنى ئېلىپ تۇرۇپ ئۇخلاتقان الله، مېنىڭمۇ رۇھىمنى ئېلىپ تۇرۇپ ئۇخلىتىپتۇ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇلىغىڭلارنى يۈتىلەپ ، (بۇجايدىن يۆتكىلىپ كېتىڭلار )دىدى.ئۇلار تۆگىللىرىنى يۈتىلەپ، ئۇ جايدىن سەل يىراققا يۆتكەلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئېلىپ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى نامازغا تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۇلارغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ، نامازنى ئادا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرغاندا مۇنداق دىدى: كىم نامازنى ئۇنتۇپ قالسا، ئىسىگە كەلگەن ھامان ئوقۇۋالسۇن، چۈنكى ئالالاھ قۇرئاندا «مېنى زىكرى قىلىپ ئەسلەش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن» دىگەن. سۈرە تاھا 14 ــ ئايەت، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

685 - [ 6 ] ( متفق عليه )

وعن أبي قتادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :إذا أقيمت الصلاة فلا تقوموا حتى تروني قد خرجت "

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا، سىلەر مىنىڭ چىقىپ بولغىنىمنى كۆرمىگۈچە، ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار! ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

686 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أقيمت الصلاة فلا تأتوها تسعون وأتوها تمشون وعليكم السكينة فما أدركتم فصلوا وما فاتكم فأتموا "وفي رواية لمسلم : " فإن أحدكم إذا كان يعمد إلى الصلاة فهو في صلاة "

وهذا الباب خال عن الفصل الثاني

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازغا تەگبىر ئېيتىلسا، يۈگۈرۈپ، سۇكۇلداپ كەلمەي، ئالدىرىماي مېڭىپ كېلىڭلار، خاتىرجەملىكنى، تەمكىنلىكنى لازىم تۇتۇڭلار، تاپقىنىڭلارنى ئوقۇڭلار، ئۆتۈپ كەتكىنىنى بولسا، تولۇقلاپ، كامىل قىلىۋېلىڭلار،مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە، بىرڭلار نامازنى مەخسەت قىلغان بولسىلا ، ئۇ نامازنىڭ ئىچىدە بولغان بولىدۇ.(يەنى ناماز ئۇقىۋاتقاندەك بولىدۇ) ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

687 - [ 8 ] ( صحيح ) الفصل الثالث

عن زيد بن أسلم أنه قال : عرس رسول الله صلى الله عليه وسلم ليلة بطريق مكة ووكل بلالا أن يوقظهم للصلاة فرقد بلال ورقدوا حتى استيقظوا وقد طلعت عليهم الشمس فاستيقظ القوم وقد فزعوا فأمرهم رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يركبوا حتى يخرجوا من ذلك الوادي وقال : " إن هذا واد به شيطان " . فركبوا حتى خرجوا من ذلك الوادي ثم أمرهم رسول الله صلى الله عليه وسلم أن ي لوا وأن يتوضئوا وأمر بلالا أن ينادي للصلاة أو يقيم فصلى رسول الله صلى الله عليه وسلم بالناس ثم انصرف إليهم وقد رأى من فزعهم فقال : " يا أيها الناس إن الله قبض أرواحنا ولو شاء لردها إلينا في حين غير هذا فإذا رقد أحدكم عن الصلاة أو نسيها ثم فزع إليها فليصلها كما كان يصليها في وقتها " ثم التفت رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى أبي بكر الصديق فقال : " إن الشيطان أتى بلالا وهو قائم يصلي فأضجعه فلم يزل يهدئه كما يهدأ الصبي حتى نام " ثم دعا رسول الله صلى الله عليه وسلم بلالا فأخبر بلال رسول الله صلى الله عليه وسلم مثل الذي أخبر رسول الله صلى الله عليه وسلم أبا بكر

**فقال أبو بكر : أشهد أنك رسول الله . رواه مالك مرسلا**

زەيدئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (خەيبەر ئۇرۇشىدىن قايتقان كېچىسى)، مەككە يولىدا، كېچىنىڭ ئاخىردا ئارامغا چۈشۈپ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى نامازغا ئويغۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن ۋەكىل قىلىپ قويىدۇ،(يەنى نامازغا ئويغۇتۇشنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغاتاپشۇرىدۇ) بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇخلاپ قالىدۇ، ئۇلارمۇ كۈن چىقىپ،نۇرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە چۈشۈپ، ئويغانغا قەدەر ئۇخلاپ قالىدۇ،كىشىلەر ئويغىنىپ چۆچۈپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن بۇ، شەيتان بار جاي ئىكەن دەپ، ئۇلارنى شۇ جايدىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر يۆتكىلىپ كېتىشكە بۇيرىيدۇ، ئۇلار شۇ جايدىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر يۆتكىلىپ ماڭىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى چۈشۈپ،تاھارەت ئېلىشقا بۇيرىدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى نامازغا ئەزان ياكى تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۇلارغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ قايتقاندا، ئۇلارنىڭ چىرايىدا غەم قىلىپ قورقىغانلىقى ئەسىرنى كۆرۈپ، مۇنداق دىدى:ئەي ئىنسانلار!ھەقىقەتەن **الله** تائالا (بىز ئۇخلىغاندا)روھلىرىمىزنى ئېلىۋېلىپ تۇرىدۇ،ئەگەر خالىسا ئۇنى بىزگە مۇشۇ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا،(يەنى سۇبھىدىن بۇرۇن) قايتۇرۇپ بەرگەن بولاتتى،بىرىڭلار نامازدىن ئۇخلاپ قالسا، ياكى ئۇنى ئۇنتۇپ قالسا، ئاندىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، (ئېسىگە كېلىپ)نامىزىنى ئوقىماقچى بولسا، ئۇ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقىغاندەك،شۇ چاغدىلا ئوقىۋالسۇن. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ: بىلال رەزىيە للاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قېشىغا شەيتان كېلىپ، ئۇنى ياتقۇزۇپ، ئاندىن ئۇنى خۇددى كىچىك بالىنى تەۋرەتكەندەك تەۋرىتىپ، ئۇخلىتىۋېتىپتۇ دىدى. ئاندىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرتىۋىدى، ئۇ رەسۇلۇ للاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ؛ خۇددى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇبەكرى رەزىيە للاھۇ ئەنھۇغا خەۋەر قىلغانىنىڭ ئوخشىشىنى خەۋەر قىلدى.(يەنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقىۋاتقاندا،ئۇنىڭ قېشىغا شەيتان كېلىپ، ئۇنى ياتقۇزۇپ، ئاندىن ئۇنى خۇددى كىچىك بالىنى تەۋرەتكەندەك تەۋرىتىپ، ئۇخلىتىۋېتىپتۇ)ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيە للاھۇ ئەنھۇ؛گۇۋاھلىق بېرىمەنكى سىلى ھەقىقەتەن **الله** نىڭ ئەلچىسى، دىدى. ئىمام مالىك مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن ، ئىمام ئەلبانىي سەھىھ دىگەن.

**688 - [ 9 ] وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خصلتان معلقتان في أعناق المؤذنين للمسلمين : صيامهم وصلا م " . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇئەززىنلەرنىڭ گەردىنىگە يۈكلەنگەن ئىككى خىسلەت ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ناماز، روزىسىدۇر. (يەنى مۇئەززىنلەرنىڭ ناماز- روزىنىڭ ۋاختىغا رىئايە قىلىشىدۇر)ئىبنى ماجە توپلىغان .

**باب المساجد ومواضع الصلاة - الفصل الأول** مەسجىدلەر ۋە ناماز ئورۇنلىرى توغرىسىدا

**689 - [ 1 ] ( صحيح )عن ابن عباس قال : لما دخل النبي صلى الله عليه وسلم البيت دعا في نواحيه كلها ولم يصل حتى خرج منه فلما خرج ركع ركعتين في قبل الكعبة وقال : " هذه القبلة " . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىگە كىرگەندە، ئۇنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە دۇئا قىلىپ،تېشىغا چىققانغا قەدەر ناماز ئوقىمىدى،تېشىغا چىققاندا،كەئبە تەرەپكە قاراپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ : مانا بۇكەئبە (مۇسۇلمانلارنىڭ ) قىبلىسىدۇر ، دىدى.بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

**690 - [ 2 ] ( صحيح )ورواه مسلم عنه عن أسامة بن زيد**

**691 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عبدالله بن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم دخل الكعبة وأسامة بن زيد وبلال وعثمان بن طلحة الحجبي فأغلقها عليه ومكث فيها فسألت بلالا حين خرج ماذا صنع رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : جعل عمودا عن يساره وعمودين عن يمينه وثلاثة أعمدة وراءه وكان البيت يومئذ على ستة أعمدة ثم صلى**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇسامەت ئىبنى زەيد، بىلال ئىبنى رەباھ، ئوسمان ئىبنى تەلھە قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىللە كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىشىكنى تاقاپ، بىرئاز تۇردى. مەن بىلال ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تېشىغا چىققاندا، ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىنىڭ ئىچىدە نىمە ئىش قىلدى ؟ دەپ سورسام، ئۇ ماڭا : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تۈۋرۈكنى سول تەرىپىگە، ئىككى تۈۋرۈكنى ئوڭ تەرىپىگە ، ئۈچ تۈۋرۈكنى ئارقا تەرىپىگە قىلىپ ئاندىن ناماز ئوقۇدى ، دىدى. كەئبە شۇ كۈنلەردە ئالتە تۈۋرۈكلۈك ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**692 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلاة في مسجدي هذا خير من ألف صلاة فيما سواه إلا المسجد الحرام "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېنىڭ مەدىنىدىكى مۇشۇ مەسجىدىمدىكى بىرناماز، ئۇنىڭدىن باشقا جايدىكى 1000 نامازدىن ياخشىدۇر، مەسجىدى ھەرەم بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، (مەسجىد ھەرەمدىكى بىر ناماز، ئۇنىڭدىن باشقا جايدىكى 100000 نامازدىن ئەۋزەلدۇر،) ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىز، نەسەئى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان سەھىھ.

**693 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تشد الرحال إلا إلى ثلاثة مساجد : مسجد الحرام والمسجد الأقصى ومسجدي هذا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد ، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنىدىغان ئۇلاغلار پەقەت ئۈچ مەسجىدگە كىرىش ئۈچۈنلا باغلانسا بولىدۇ، ئۇلاردىن باشقىسىغا باغلانمايدۇ، ئۇلار مەسجىدى ھەرەم، مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىم، مەسجىدۇلئەقسادۇر. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

باشقا مەسجىدگە ياكى قەبرىستانلىقنقا ياكى بىرەر جايغا زىيارەت،تاۋاپ ئۈچۈن مەخسۇس يىغىلىپ، توپلۇشۇپ ھېيىت قىلىۋېلىپ، ياخشىلىقنى تىلەپ، يامانلىقدىن پاناھ تىلەپ، ئۇلۇغلاپ بارسا، شېرىك بولىدۇ.

**694 - [ 6 ] ( متفق عليه )**

**وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما بين بيتي ومنبري روضة من رياض الجنة ومنبري على حوضي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن؛ مېنىڭ ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىلىقى جەننەت باغلىرىدىن بىر باغدۇر، مۇنبىرىم بولسا، ھەۋزى كەۋسەرنىڭ ئۈستىدىدۇر، (مەنىسى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئىدى، مانا بۇ جەننەت باغلىرىدىن بىر باغچىدۇر، ياكى مۇشۇ جاي ئۆزىدە قىلىنغان ئىبادەت، ئىلىم ئارقىلىق شۇ باغقا سەۋەب بولىدۇ ياكى جەننەتكە يۆتكىلىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.) . ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

695 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يأتي مسجد قباء كل سبت ما شيا وراكبا فيصلي فيه ركعتين

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر شەنبە كۈنى قۇبا مەسجىدىگە پىيادە ۋە ئۇلاغلىق كېلىپ ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

696 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أحب البلاد إلى الله مساجدها وأبغض البلاد إلى الله أسواقها " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە، جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھەرلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، ئۇنىڭ مەسجىدلىرى، ئەڭ ئۆچ، دۈشمەنرەكى بولسا، بازارلىرىدۇر، مۇسلىم، ھاكىم ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

697 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن عثمان رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من بنى لله مسجدا بنى الله له بيتا في الجنة "

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا مەسجىد سالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، (يەنى جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن بولىدۇ) بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

698 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من غدا إلى المسجد أو راح أعد الله له نزله من الجنة كلما غدا أو راح "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەتىگەن ـ ئاخشام مەسجىدگە ماڭسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە مەنزىل ئورۇن، زىياپەت تەييارلايدۇ. ھەر قاچان ئەتىگەن ـ ئاخشام مەسجىدگە ماڭسىلا، ئاللاھ تەييارلاۋېرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

699 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعظم الناس أجرا في الصلاة أبعدهم فأبعدهم ممشى والذي ينتظر الصلاة حتى يصليها مع الإمام أعظم أجرا من الذي يصلي ثم ينام "

ئەبۇ مۇسا، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا ئەجىر ساۋابىنى ئەڭ كاتتا ئۇلۇغ ئالىدىغان كىشى، نامازئۈچۈن مەسجىدگە كېلىدىغان، ماڭىدىغان جايى يىراق، ئاندىن يەنە يىراق بولغان كىشىدۇر، يەنىمۇ يىراق بولغىنى، يەنىمۇ كاتتا ئەجىر ئالىدۇ، نامازنى ئىمام بىلەن بىللە ئوقۇغانغا قەدەر ئىنتىزار بولۇپ ساقلاپ، ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئەجرى ،نامازنى ئوقۇپلا ئاندىن ئۇخلاپ قالىدىغان كىشىنىڭ ئەجرىدىن كاتتا، ئۇلۇغ بولىدۇ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

700 - [ 12 ] ( صحيح )وعن جابر قال : خلت البقاع حول المسجد فأراد بنو سلمة أن ينتقلوا قرب المسجد فبلغ ذلك النبي صلى الله عليه وسلم فقال لهم : " بلغني أنكم تريدون أن تنتقلوا قرب المسجد " . قالوا : نعم يا رسول الله قد أردنا ذلك . فقال : " يا بني سلمة دياركم تكتب آثاركم دياركم تكتب آثاركم " . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەسجىدنىڭ ئەتراپىدىكى جاي خالى قالغاندا، بەنى سەلەمەت جەمەتى، ئۆيلىرىنى مەسجىدنىڭ يېنىغا يۆتكەشنى مەخسەت قىلىدۇ، شۇ ئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە

يەتكەندە، ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: ئى بەنى سەلەمەت جەمەتى! سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلارنى مەسجىدنىڭ يېنىغا يۆتكەشنى مەخسەت قىلغانلىقىڭلار ماڭا يېتىپ قالدى، بۇ راسمۇ؟. ئۇلار؛ ھەئە راس، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز شۇنى مەخسەت قىلدۇق دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى بەنى سەلەمەت جەمەتى! دىيارلىرىڭلارنى لازىم تۇتۇپ، يۆتكەلمەڭلار، سىلەرنىڭ مەسجىدگە ماڭغان قەدەملىرىڭلارغا ئەجىر ــ ساۋاب يېزىلىدۇ،دېدى. مۇسلىم 1069 ــ ھەدىس، ئەھمەد 14039 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**701 - [ 13 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " سبعة يظلهم الله تعالى في ظله يوم لا ظل إلا ظله إمام عادل وشاب نشأ في عبادة الله ورجل قلبه معلق بالمسجد ورجلان تحابا في الله اجتمعا عليه وتفرقا عليه ورجل ذكر الله خاليا ففاضت عيناه ورجل دعته امرأة ذات منصب وجمال فقال إني أخاف الله ورجل تصدق بصدقة فأخفاها حتى لا تعلم شماله ما تنفق يمينه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەتتە كىشىگە ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە، ئاللاھتائالا ئوخشىشى يوق ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى سايىسى بىلەن سايە چۈشۈرۈپ،(ئەرشى سايىسى ئاستىدا سايە تاشلايدۇ،) 1 ـ ئادىل ئىمام، خەلىپە، 2 ـ ئۆمرىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ياشىغان ياش يىگىت، 3 ـ قەلبى مەسجىدگە ئىسقىلىق، مەسجىددىن چىقسا يەنە مەسجىدگە قايتقانغا قەدەر قەلبى مەسجىدگە ئالاقىدار كىشىدۇر، 4 ـ ئاللاھ يولىدا، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا دوستلاشقان، بىر ــ بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئىككى كىشىدۇر، بۇلار شۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈستىگە بىرلىشىدۇ، ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئايرىلىپ كېتىدۇ، (مۇھەببىتى، دوستلىقى، ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ،) 5 ـ خالى، يالغۇز تۇرغان جايدا، ئاللاھنى ئەسلەپ ئىككى كۆزى ياش تۆككەن كىشى. 6 ـ مەنسەپ، ھوقۇق ئىگىسى بولغان، گۈزەللىك، ھۆسنى ــ جامالى بار ساھىبجامال ئايال، بۇياققا كەل! دەپ چاقىرغاندا، مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدىن قورقىمەن دەپ ئۆزىنى تارتقان كىشى (ئايال كىشىمۇ شۇنداق قىلالىسا، سايىدا بولىدۇ). 7 ـ سەدىقىنى مەخپى قىلىدىغان، ئوڭ قولى سەدىقە، نەپىقە قىلغان نەرسىنى سول قولى بىلمەيدىغان كىشىدۇر، بۇ يەتتە كىشى سايىدا بولىدۇ، مالىك، تىرمىزى، ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**702 - [ 14 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلاة الرجل في الجماعة تضعف على صلاته في بيته وفي سوقه خمسا وعشرين ضعفا وذلك أنه إذا توضأ فأحسن الوضوء ثم خرج إلى المسجد لا يخرجه إلا الصلاة لم يخط خطوة إلا رفعت له ا درجة وحط عنه ا خطيئة فإذا صلى لم تزل الملائكة تصلي عليه ما دام في مصلاه اللهم صل عليه الله ارحمه ولا يزال أحدكم في صلاة ما انتظر الصلاة " . وفي رواية : قال : " إذا دخل المسجد كانت الصلاة تحبسه " . وزاد في دعاء الملائكة : " اللهم اغفر له اللهم تب عليه . ما لم يؤذ فيه ما لم يحدث فيه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ جامائەت ئىچىدە ئوقۇغان نامىزى؛ ئۆيىدىكى نامىزىنىڭ، بازاردىكى يالغۇز ئوقۇغان نامىزىنىڭ ئۈستىگە 25 دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ، شۇنداق بولۇشى، ھەقىقەتەن بىرىڭلار تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن مەسجىدكە پەقەت نامازنىلا مەخسەت قىلىپ كەلسە، ئۇ باسقان ھەربىر قەدەمنىڭ باراۋىرىگە ئاللاھتائالا ئۇنى بىر دەرىجە يۇقىرىغا كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇ مەسجىدگە كىرگەنگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ، مەسجىدگە كىرسە، ناماز ئۇنى ساقلىتىپ، توختۇتۇپ قويغان بولسىلا، ئۇ نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ، ئۇ ناماز ئوقۇغان جايىدا مۇقىم ئولتۇرسىلا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت يوللاپ تۇرىدۇ، پەرىشتىلەر مۇنداق دەيدۇ، ئى ئاللاھ، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسىلا، ئۇنى مەغپىرەت قىلسىلا، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلسىلا دەپ، شۇ كىشى

بۇ جايدا بىرەر كىشىگە ئازار، ئەزىيەت بەرمىسلا ياكى تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسلا شۇنداق دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ، ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

703 - [ 15 ] ( صحيح )وعن أبي أسيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دخل أحدكم المسجد فليقل : اللهم افتح لي أبواب رحمتك . وإذا خرج فليقل : الله إني أسألك من فضلك " . رواه مسلم

ئەبۇ ھەمىيد، ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار مەسجىدگە كىرگەندە، (پەيغەمبىرىگە سالام يوللاپ) مۇنداق دىسۇن« ئى ئاللاھ! مەن ئۇچۈن رەھمەتلىرىڭنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرسىلە» . چىققاندا، (يەنە سالام يوللاپ)؛ «ئى ئاللاھ! مەن سىلىنىڭ پەزلىللىرىنى سورايمەن» دىسۇن، ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

704 - [ 16 ] ( متفق عليه )وعن أبي قتادة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا دخل أحدكم المسجد فليركع ركعتين قبل أن يجلس "

ئەبۇ قەتادە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار مەسجىدگە كىرگەندە،ئولتۇرىشتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقىسۇن.(ناماز ئوقۇماي ھەرگىز ئۇلتۇرمىسۇن)، ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ترمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ بولغاچقا،ئالىملار؛ ھەرقانداق ۋاقىتتا مەسجىدكە كىرسە، چوقۇم ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ، دىدى.

705 - [ 17 ] ( متفق عليه )وعن كعب بن مالك قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم لا يقدم من سفر إلا نارا في الضحى فإذا قدم بدأ بالمسجد فصلى فيه ركعتين ثم جلس فيه "

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن پەقەت كۈندىزى چاشكا ۋاقتىدىلا كىلەتتى، سەپەردىن كەلگەندە، مەسجىد بىلەن باشلايتتى، مەسجىددە ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇپ، ئاندىن ئولتۇراتتى . بۇخارى،مۇسلىم،

706 - [ 18 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سمع رجلا ينشد ضالة في المسجد فليقل : لا ردها الله عليك فإن المساجد لم تبن لهذا " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر كىشىنىڭ مەسجىد ئىچىدە يۈتۈپ كەتكەن نەرسىسىنى ئىلان قىلىپ، تەلەپ قىلغۇاتقانلىقىنى ئاڭلىسا، مۇنداق دىسۇن؛ ئاللاھ ئۇ نەرسەڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمىگەي، ھەققەتەن مەسجىدلەر بۇنىڭ ئۇچۈن يەنى نەرسە ئىزدەش ئۇچۈن سېلىنمىغان. ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

707 - [ 19 ] ( متفق عليه )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أكل من هذه الشجرة المنتنة فلا يقربن مسجدنا فإن الملائكة تتأذى مما يتأذى منه الإنس "

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم (خام سامساق، خام پىياز، چىگسەي، يۇمغاق سۆتلەردىن ئىبارەت) مۇشۇنداق سېسىق پۇراقلىق سەي ـ كۆكتاتلارنى يىسە، بىزنىڭ مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن، چۈنكى ئادەم باللىرى ئازار يىگەن نەرسىلەردىن پەرىشتىلەرمۇ ئازار يەيدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، ترمىزى، نەسەئى، توپلىغان، سەھىھ. (پىششىق ھالەتتە يىسە بولىدۇ)

708 - [ 20 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " البزاق في المسجد خطيئة وكفار ا دفنها

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىد ئىچىگە بەلغەم تۈكۈرۈش، خاتالىق، گۇناھتۇر، ئۇنىڭ كاپارىتى بولسا، ئۇنى كۆمۈۋېتىشتۇر، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

709 -[ 21 ]( صحيح )وعن أبي ذر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : عرضت علي أعمال أمتي حسنها وسيئها فوجدت في محاسن أعمالها الأذى يماط عن الطريق ووجدت في مساوئ أعمالها النخاعة تكون في المسجد لا تدفن رواه مسلم

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ياخشى ــ يامان بارلىق ئەمەللىرى تەڭلەندى، مەن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنىڭ قاتارىدا يولدىن ئەزىيەتنى ئېلىۋېتىشنى كۆردۈم، بۇمۇ ياخشى ئەمەل ئىكەن، (چۈنكى بۇ، ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر) مەن مەسجىد ئىچىدە كۆمۈلمەي قالغان بەلغەم، تۈكۈرۈكنى ئۇلارنىڭ يامان ئەمەللىرىنىڭ قاتارىدا كۆردۈم، مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

710 - [ 22 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قام أحدكم إلى الصلاة فلا يبصق أمامه فإنما يناجي الله ما دام في مصلاه ولا عن يمينه فإن عن يمينه ملكا وليبصق عن يساره أو تحت قدمه فيدفنها "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، ئالدىغا تۈكۈرمىسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ نامىزگاھىدا بولسىلا ، ئاللاھ تەبارەك ۋەتەئالا بىلەن مۇناجات قىلىپ سۆزلىشىدۇ، ئوڭ تەرىپىگىمۇ تۈكۈرمىسۇن، ھەقىقەتەن ئوڭ تەرىپىدە پەرىشتە بار، ئۇ سول تەرىپىگە ياكى قەدىمى ئاستىغا تۈكۈرۈپ، ئۇنى دەپنە قىلىپ كۆمۈۋەتسۇن، بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.
سول تەرىپىدە كىشى بولسا، ئۇ يەنە شۇ كىشىنىڭ ئوڭ تەرىپى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇتى ئاستىغا ياكى يەڭ، پىشكە تۈكۈرۈپ يوقىتىۋەتسۇن، كۆمۈۋەتسۇن دېگىنى كېسەل يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئازار بېرىشتىن، كىشىنى بىزار قىلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

711 - [ 23 ] ( متفق عليه )وفي رواية أبي سعيد : " تحت قدمه اليسرى "

712 - [ 24 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال في مرضه الذي لم يقم منه : " لعن الله اليهود والنصارى اتخذوا قبور أنبيائهم مساجد "

ئۇسامە، ئائىشە، ئىبنى ئابباس ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرالمىغان يەنى ۋاپات تاپقان كېسىلىدە مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا يەھۇدىي ، ناسارالارغا لەنەت قىلدى، چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىللىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

713 - [ 25 ] ( صحيح )وعن جندب قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " ألا وإن من كان قبلكم كانوا يتخذون قبور أنبيائهم وصالحيهم مساجد ألا فلا تتخذوا القبور مساجد إني أناكم عن ذلك " . رواه مسلم

جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر، پەيغەمبەرلىرىنىڭ، سالىھ، ياخشى كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالاتتى، ئاگاھ بولۇڭلار، سىلەر ھەرگىز قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋالماڭلار، جەزمەن مەن سىلەرنى شۇنداق قىلىشتىن قاتتىق توسىمەن، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**714 - [ 26 ] ( متفق عليه )**

**وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اجعلوا في بيوتكم من صلاتكم ولا تتخذوها قبورا "**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيۈڭلارنى قەبرىگە ئوخشاش قىلىۋالماي، نامىزىڭلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار، يەنى سۈننەت نەپلىنى، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، ئىبنى ئۆمەردىن، ئەبۇ يەئلا، رويانى، زىيائولمەقدەسى، زەيد ئىبنى خالىددىن، مۇھەممەد ئىبنى نەسىر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن توپلىغان، سەھىھ.

**الفصل الثاني715 - [ 27 ] ( صحيح )**

**عن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما بين المشرق والمغرب قبلة " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىلىقى قىبلىدۇر، (بۇ جەنۇپ ياكى شىمالدىكى كىشىگە دېيىلگەن، شەرىق ياكى غەرىپتىكى كىشىگە جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئارىلىقى قىبلىدۇر). تىرمىزى 313 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1001 _ ھەدىس، ھاكىم، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**716 - [ 28 ] ( حسن )وعن طلق بن علي قال : خرجنا وفدا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فبايعناه وصلينا معه وأخبرناه أن بأرضنا بيعة لنا فاستوهبناه من فضل طهوره . فدعا بماء فتوضأ وتمضمض ثم صبه في إداوة وأمرنا فقال : " اخرجوا فإذا أتيتم أرضكم فاكسروا بيعتكم وانضحوا مكانها ذا الماء واتخذوها مسجدا " قلنا : إن البلد بعيد والحر شديد والماء ينشف فقال : " مدوه من الماء فإنه لا يزيده إلا طيبا " . رواه النسائ**

تەلق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەخسەت قىلىپ چىقىپ، بەيئەت قىلدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئۇقۇدۇق، ۋە زىمىنىمىزدا بىر چىركاۋ ئىبادەتخانا بارلىقىنى خەۋەر قىلىپ، (ئۇنى مەسجىد قىلماقچى بولۇپ، پاكلاش ئۈچۈن) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، تاھارىتىدىن ئاشقان سۈيىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت سۈيىنى كەلتۈرۈپ، ئاغزىنى چايقاپ.........تاھارەت ئېلىپ، ئاشقان سۈيىنى بىز ئۈچۈن بىر قاچىغا قۇيۇپ بېرىپ، بىزنى مۇنداق بۇيرىدى:سىلەر چىقىپ،زىمىنىڭلارغا بارغاندا ، ئۇنى چېقىپ ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ سۇنى چېچىڭلار!،ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىنى مەسجىد قىلىڭلار،دېدى. بىز ؛ بىز بارىدىغان شەھەر بەك يىراق، ھاۋا قاتتىق ئىسسىق، سۇ خوراپ تۈگەپ كېتىدۇ دېدۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇنىڭغا سۇ قوشساڭلار بولىدۇ، قوشقان سۇ پەقەت ئۇنىڭغا پاكلىقنى زىيادە قىلىدۇ،دېدى. نەسەئى توپلىغان ھەسەن.

**717 - [ 29 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : أمر رسول الله صلى الله عليه وسلم ببناء المسجد في الدور وأن ينظف ويطيب . رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (نەپلە سۈننەت ناماز ئۇقۇشىمىز ئۈچۈن)ھويلىلار ئىچىگە مەسجىد بىنا قىلىشقا ۋە ئۇنى پاك ـ پاكىز تازىلاشقا،ئەتىرلەر بىلەن خۇشپۇراق قىلىشقا بۇيرىغان.ئەبۇداۋۇد ،تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**718 - [ 30 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أمرت بتشييد المساجد " . قال ابن**

**عباس : لتزخرفنها كما زخرفت اليهود والنصارى . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن مەسجىدلەرنى زىننەتلەپ، بىزەپ ياساشقا بۇيرۇلمىدىم. ئەبۇ داۋۇد 378 _ ھەدىس، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجەنىڭ 732 _ ھەدىسى ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بۇ دىگەنلىك خۇددى يەھۇدىي، ناسارالار، چېركاۋلىرىنى ئالتۇن _ كۈمۈشتە زىننەتلەپ ياسىغاندەك، گۈزەل ياساپ كىتىشىڭلارنى كۆرسىتىدۇ، بىز مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن چەكلەنگەن،دىگەن.

**719 - [ 31 ] ( صحيح )وعن أنس رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أشراط الساعة أن يتباهى الناس في المساجد " . رواه أبو داود والنسائي والدارمي وابن ماجه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا مەسجىدلىرىنى باھالىشىپ، ماختىشىپ، پەخىرلىنىپ كېتىشى، قىيامەتنىڭ ئالامىتىدۇر. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارىمى تويلىغان، سەھىھ.

**720 - [ 32 ] ( ضعيف )وعن أنس بن مالك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عرضت علي أجور أمتي حتى القذاة يخرجها الرجل من المسجد وعرضت علي ذنوب أمتي فلم أر ذنبا أعظم من سورة من القرآن أو آية أوتيها رجل ثم نسيها " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا ئۈممىتىمنىڭ بارلىق ئەجىرلىرى تەڭلەندى، ھەتتا، مەسجىددىن ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋەتكەن بىر تال ئەخلەتنىڭ ساۋابىمۇ تەڭلەندى، ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىمۇ تەڭلەندى، بىرەر كىشىگە قۇرئان سۈرىسىدىن بىرەر ئايەت بېرىلسە، ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندىنمۇ چوڭ گۇناھنى كۆرۈپ باقمىدىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇت خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**721 - [ 33 ] ( صحيح )وعن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بشر المشائين في الظلم إلى المساجد بالنور التام يوم القيامة " . رواه الترمذي وأبو داود**

بۇرەيدەت، ئەنەس، سەھلى، ئىبنى سەئىد رەزىيەللاۋھ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىلەردە، مەسجىدلەرگە كۆپ ماڭغۇچىلارغا، قىيامەت كۈنىدىكى كامىل نۇر بىلەن خۇش بىشارەت بەرگىن، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.

**722 - [ 34 ] ( صحيح )ورواه ابن ماجه عن سهل بن سعد وأنس**

**723 - [ 35 ] ( ضعيف )عن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا رأيتم الرجل يتعاهد المسجد فاشهدوا له بالإيمان فإن الله تعالى يقول ( إنما يعمر مساجد الله من آمن بالله واليوم الآخر وأقام الصلاة وآتى الزكاة ) رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي**

ئەبى سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دائىم مەسجىدگە تولا چىقىدىغان، مەسجىدكە خىزمەت قىلىپ گۈللەندۈرىدىغان كىشىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا ئىمان بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، چۈنكى، ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دىگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان، ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىدىغان كىشىلەرلا گۈللەندۈرىدۇ»، بۇ ھەدىسنى

تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارمى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**724 - [ 36 ] ( ضعيف )وعن عثمان بن مظعون قال : يا رسول الله ائذن لنا في الاختصاء فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس منا من خصى ولا اختصى إن خصاء أمتي الصيام " . فقال ائذن لنا في السياحة . فقال : " إن سياحة أمتي الجهاد في سبيل الله " . فقال : ائذن لنا في الترهب . فقال : " إن ترهب أمتي الجلوس في المساجد انتظارا للصلاة " . رواه في شرح السنة**

ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە پىچتۇرۇۋىتىش توغرىسىدا رۇخسەت قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىچقان ۋە پىچتۇرغان كىشى بىزدىن ئەمەس، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ پىچتۇرۇشى روزا تۇتۇش دېدى. ئاندىن ئۇ بىزگە ساياھەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىمنىڭ ساياھىتى، ئاللاھ يولىدىكى جىھاد دېدى، ئاندىن ئۇ راھىب بولىشىمىزغا رۇخسەت قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ راھىب بولۇشى نامازغا ئىنتىزار بولۇپ، مەسجىددە ئولتۇرۇش دېدى، بۇ ھەدىس شەرھى سۇننەدە بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**725 - [ 37 ] ( صحيح )وعن عبد الرحمن بن عائش قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رأيت ربي عز وجل في أحسن صورة قال : فيم يختصم الملأ الأعلى ؟ قلت : أنت أعلم قال : فوضع كفه بين كتفي فوجدت بردها بين ثديي فعلمت ما في السماوات والأرض وتلا : ( وكذلك نري إبراهيم ملكوت السماوات والأرض وليكون من الموقنين )رواه الدارمي مرسلا وللترمذي نحوه عنه**

ئابدۇررەھمان رەزىيەللەھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:، مەن بۈگۈن كېچە رەببىم تەبارەك ۋەتەئالانى ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە كۆردۈم ، رەببىم ماڭا مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۈستۈنكى جامائەت، يەنى پەرىشتىلەرنىڭ نېمە توغرىسىدا دە ــ تالاش قىلىشىۋاتقىنىنى بىلەمسەن؟. مەن؛ ياق بىلمەيمەن،سىلى بىلىپ تۇرىلا دېدىم. ئاندىن رەببىم ئاللاھ،(ئۆزىگە لايىق، ئوخشىشى يوق) ئالقىنىنى ئىككى تاغىقىم ئارىسىغا قويدى، ئۇ سوغۇق لەززەتنى كۆكسۈم ئارىسىدا تاپتىم، شۇنىڭ بىلەن ئاسمان ــ زېمىن ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى بىلدىم، دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى« ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن،(ئۇنىڭغائاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق .»سۈرە ئەنئام 75 ـ ئايەت تىرمىزى،دارىمى توپلىغان سەھىھ.بۇھەدىسنىڭ ئاخىرى 748 ـ ھەدىستە كېلىدۇ.

**727 - [ 39 ] ( صحيح )وعن أبي أمامة الباهلي عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : ثلاثة كلهم ضامن على الله عز وجل رجل خرج غازيا في سبيل الله فهو ضامن على الله حتى يتوفاه فيدخله الجنة أو يرده بما نال من أجرأوغنيمة ورجل راح إلى المسجد فهو ضامن على الله حتى يتوفاه فيدخله الجنة أو يرده بما نال من أجر وغنيمة ورجل دخل بيته بسلام فهو ضامن على الله رواه أبو داود**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشىنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا كېپىللىككە تاپشۇرۇلىدۇ. بىرىنچى، ئاللاھ يولىدا غازى، جەڭچى بولۇپ چىققان كىشى، ئۇ ئاللاھقا كېپىللىككە تاپشۇرۇلىدۇ، ھەتتا ئۇنى ئاللاھ ۋاپات تاپقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ياكى ئۇ ئېرىشكەن ئەجىر، ساۋاب، غەنىيمەت بىلەن بىرگە ئۆيگە قايتۇرىدۇ.ئىككىنچى، ئەتىگەندە مەسجىدگە ماڭغان كىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ تاكى ئۇنى ۋاپات تاپقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزگەنگە قەدەر ياكى ئۇ ئېرىشكەن ئەجىر، ساۋاب بىلەن ئۆيگە قايتۇرغانغا قەدەر، ئاللاھتائالا كېپىلدۇر.ئۈچىنچى، ئۆيگە سالام قىلىپ كىرگەن كىشى، ئاللاھقا كېپىللىككە تاپشۇرۇلىدۇ، بۇ كىشىگىمۇ ئاللاھ كېپىلدۇر، ئەبۇ داۋۇد 2133 ــ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغا، سەھىھ.

**728 - [ 40 ] ( حسن )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من خرج من بيته متطهرا إلى صلاة مكتوبة فأجره كأجر الحاج المحرم ومن خرج إلى تسبيح الضحى لا ينصبه إلا إياه فأجره كأجر المعتمر وصلاة على أثر صلاة لا لغو بينهما كتاب في عليين " . رواه أحمد وأبو داود**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۆيىدىن پەرىز نامازغا تاھارەت ئالغان ھالەتتە چىقسا، ئۇنىڭ ئەجرى، ئىھرام باغلاقلىق ھالەتتە ھەج قىلىۋاتقان ھاجىنىڭ ئەجرى، ساۋابىغا ئوخشاشتۇر، كىم زۇھا يەنى چاشكا نامىزىغا چىقسا، ئۇنى پەقەت باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى، شۇ نامازلا چىقارغان بولسا، ئۇنىڭ ئەجرى ئۆمرە ھەج قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاشتۇر. ئىككى ناماز ئارىسىدا لەغۋە، قۇرۇق سۆز قىلماي، نامازدىن كىيىنلا نامازنى ساقلاپ، يەنە بىر نامازنى ئوقۇش بولسا، ئىللىيىن دەرىجىلىك يۇقىرى مەرتىبىگە يېزىلىشتۇر. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**729 - [ 41 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " إذا مررتم برياض الجنة فارتعوا " قيل : يا رسول الله وما رياض الجنة ؟ قال : " المساجد " . قلت : وما الرتع يا رسول الله ؟ قال : " سبحان الله والحمد لله ولا إله إلا الله والله أكبر " . رواه الترمذي**

ئەبى ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت باغلىرىنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۆتسەڭلار، دەرەخ تىكىپ قويۇڭلار دىدى، ساھابىلەر: جەننەت باغلىرى دىگەن نىمە دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ دىگەن مەسجىدلەر شۇ دىدى، دەرەخ تىكىش چۇ؟ دىۋىدى. سۇبھانەللا، ئاللاھ پاكتۇر، ۋەلھەمدۇلىللا بارلىق ھەمدۇ ــ سانالار ئاللاھقا خاستۇر، ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر دىدى، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**730 - [ 42 ] ( حسن )**

**وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أتى المسجد لشيء فهو حظه " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مەسجىدگە بىرەر نەرسىنى كۆزلەپ كەلسە، ئۇنىڭ نىسىۋىسى شۇ نەرسە بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يەنى نامازنى، ساۋابنى ئاللاھنىڭ جامالىنى، ئاخىرەتنى كۆزلىسە، شۇ بېرىلىدۇ. يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنى ئىزدەپ ياكى ئىچى پۇشۇپ ياكى خەۋەر سۈرۈشتۈرۈپ ياكى پاراڭ سېلىش مەخسەتتە كەلسە، باشقا نەرسە ئەمەس شۇلار بېرىلىدۇ.

**731 - [ 43 ] ( ضعيف )وعن فاطمة بنت الحسين عن جد ا فاطمة الكبرى رضي الله عنهم قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا دخل المسجد صلى على محمد وسلم وقال : " رب اغفر لي ذنوبي وافتح لي أبواب رحمتك " وإذا خرج صلى على محمد وسلم وقال رب اغفر لي ذنوبي وافتح لي أبواب فضلك " . رواه الترمذي وأحمد وابن ماجه وفي روايتهما قالت : إذا دخل المسجد وكذا إذا خرج قال : " بسم الله والسلام على رسول الله " بدل : صلى على محمد وسلم . وقال الترمذي ليس إسناده بمتصل وفاطمة بنت الحسين لم تدرك فاطمة الكبرى**

ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى پاتىمەدىن ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرگەندە، ئى پەرۋەردىگارىم، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، مەن ئۈچۈن رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بەرگىن دەيتتى، مەسجىددىن چىققاندا بولسا، ئى پەرۋەردىگارىم،

گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، مەن ئۈچۈن پەزلىڭنىڭ ئىشكىنى ئېچىۋەتكىن دەيتتى، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەھمەد ، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن تىرمىزى بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادى تۇتاش ئەمەس، چۈنكى، پاتىمە چوڭ ئانىسى پاتىمەنى كۆرمىگەن دىدى، ئەلبانى زەئىپ ؛دىدى.بۇتوغرىسىدا سەھىھ ھەدىسمۇ باردۇر.

**732 - [ 44 ] ( حسن )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن تناشد الأشعار في المسجد وعن البيع والاشتراء فيه وأن يتحلق الناس يوم الجمعة قبل الصلاة في المسجد . رواه أبو داود والترمذي**

ئەمرۇنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىددە شېئىر دىكلاماتسىيە قىلىشدىن، ئېلىم ــ سېتىم، سودا سېتىق قىلىشدىن، جۈمئە كۈنى نامازدىن بۇرۇنلا ھالقا ــ ھالقا بولۇپ ئولتۇرۇۋېلىشدىن توسقان. ئەھمەد تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ داۋۇد 911 ــ ھەدىس.

**733 - [ 45 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا رأيتم من يبيع أو يبتاع في المسجد فقولوا : لا أربح الله تجارتك . وإذا رأيتم من ينشد فيه ضالة فقولوا : لا رد الله عليك " . رواه الترمذي والدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرەر كىشىنىڭ مەسجىد ئىچىدە نەرسە سېتىۋاتقان ياكى سېتىۋېلىۋاتقىنىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھ تىجارىتىڭگە پايدا بەرمىگەي دەڭلار، يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنى تەلەپ قىلىپ، ئىزدىگىنىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھ نەرسەڭنى قايتۇرۇپ بەرمىگەي دەڭلار. تىرمىزى، ھاكىم،دارىمى توپلىدى، سەھىھ.

**734 - [ 46 ] ( حسن )وعن حكيم بن حزام قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يستقاد في المسجد وأن ينشد فيه الأشعار وأن تقام فيه الحدود . رواه أبو داود في سننه وصاحب جامع الأصول فيه عن حكيم**

ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىد ئىچىدە قىساس تەلەپ قىلىنىشتىن ، شېئىر دىكلاماتسىيە قىلىنىشتىن، مەسجىد ئىچىدە ھەد جازالىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**735 - [ 47 ] ( لم تتم دراسته )وفي المصابيح عن جابر**

**736 - [ 48 ] ( صحيح )وعن معاوية بن قرة عن أبيه : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن هاتين الشجرتين يعني البصل والثوم وقال : " من أكلهما فلا يقربن مسجدنا " . وقال : " إن كنتم لابد آكليهما فأميتوهما طبخا " . رواه أبو داود**

مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررەتنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خام پىياز، خام سامساقتىن ئىبارەت (سېسىق پۇراقلىق )مۇشۇ ئىككى كۆكتاتتىن توسقان، ۋە كىم خام پىياز، خام سامساقنى يىسە، مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن ، ئەگەر چارە ـ ئامالسىز يىمەكچى بولساڭلار، ئۇلارنى قاتتىق پۇشۇرۇۋېتىپ يەڭلار،دىگەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**737 - [ 49 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الأرض كلها مسجد إلا المقبرة والحمام " . رواه أبو داود والترمذي والدارمي**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەبرىستانلىق بىلەن مۇنچىدىن باشقا بارلىق زىمىن، مەسجىددۇر، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم ،دارىمى توپلىغان سەھىھ، (ئالىملار دەلىللەپ؛ قەبرىستانلىقتا، مۇنچىدا، نىجىس زىمىنلاردا، تۆگە قوتانلىرىدا ناماز بولمايدۇ، دىگەن).

**738 - [ 50 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر قال : نى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يصلى في سبعة مواطن : في المزبلة وا زرة والمقبرة وقارعة الطريق وفي الحمام وفي معاطن الإبل وفوق ظهر بيت الله " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەتتە جايدا ناماز ئوقۇشدىن توسقان.
1 ـ تېزەك، ئەخلەت تاشلانغان جايدا، 2 ـ تۆگە ئۆلتۈرگەن قۇشخانىدا، 3 ــ قەبرىستانلىقتا، 4 ـ يول ئۈستىدە، 5 ــ مۇنچىدا، 6 ــ تۆگە قوتىنىدا، 7 ــ بەيتۇللانىڭ ئۈستىدە، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**739 - [ 51 ] وعن أبي هريرة**

**قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلوا في مرابض الغنم ولا تصلوا في أعطان الإبل " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:قوينىڭ (يايلاقتىكى كەڭرى) قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇساڭلار بولىدۇ، تۆگە قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇماڭلار، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ،

**740 - [ 52 ] ( حسن )وعن ابن عباس رضي الله عنهما قال : لعن رسول الله صلى الله عليه وسلم زائرات القبور والمتخذين عليها المساجد والسرج . رواه أبو داود والترمذي والنسائي**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغۇچى ئايالالارغا ۋە قەبرىلەر ئۈستىگە مەسجىد سالغۇچىلارغا،چىراق ياققۇچىلارغا لەنەت قىلدى.نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**741 - [ 53 ] ( حسن )وعن أبي أمامة قال : إن حبرا من اليهود سأل النبي صلى الله عليه وسلم : أي البقاع خير ؟ فسكت عنه وقال : " أسكت حتى يجيء جبريل " فسكت وجاء جبريل عليه السلام فسأل فقال : ما المسؤول عنها بأعلم من السائل ولكن أسأل ربي تبارك وتعالى . ثم قال جبريل : يا محمد إني دنوت من الله دنوا ما دنوت منه قط . قال : وكيف كان ياجبريل ؟ قال : كان بيني وبينه سبعون ألف حجاب من نور . فقال : شر البقاع أسواقها وخير البقاع مساجدها**

ئەبۇئۇمامەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەققەتەن يەھۇدىيلاردىن بىر ئالىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن زىمىننىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشى ؟ دەپ سوردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەلگىچە، سۈكۈت قىلىمەن دەپ، جاۋاپ بەرمەي جىم تۇردى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەلگەندە،سورىۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ؛ سوئال سورالغۇچى سورغۇچىدىن ئالىمراق ئەمەس، لىكىن مەن رەببىم تەبارەكە ۋە تائالا دىن سوراپ باقاي دەپ ، سوراپ كەلگەندىن كىيىن : ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققەتەن مەن، **الله** قا شۇنداق يېقىنلاشتىمكى، بۇندىن بۇرۇن قەتئى بۇنداق يېقىنلىشىپ باقمىغان ئىدىم،دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام! يېقىنلىشىش قانداق بولدى ؟ دەپ، كەيپىياتىنى سوردى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ؛مەن بىلەن رەببىمنىڭ ئارلىقىدا 70000نۇر پەردە قالدى (مىنىڭ ئەنە شۇنداق يېقىنلىششىمغا رۇخسەت قىلىندى)،رەببىم تەبارەكە ۋە تائالا؛زىمىننىڭ ئەڭ يامىنى بازارلىرى، زىمىننىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ مەسجىدلىرىدۇر، دىدى.دەپ جاۋاپ بەردى . ئىبنى ھەببان توپلىغان ھەسەن.

**الفصل الثالث742 - [ 54 ] ( صحيح )**

**عن أبي هريرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من جاء مسجدي هذا لم يأته إلا لخير يتعلمه أو يعلمه فهو**

**بمـ لة ا اهد في سبيل الله ومن جاء لغير ذلك فهو بمـ لة الرجل ينظر إلى متاع غيره " . رواه ابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مىنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمگە ، پەقەت ياخشىلىقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ياكى ئۆگىتىش ئۈچۈنلا كەلسە، ئۇ ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان مۇجاھىدنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. كىم ئۇنىڭدىن باشقا ئىش ئۈچۈن كەلسە، (يەنى مەخسىدى ئۆگىنىش يا ئۆگىتىش بولمىسا) ئۇ باشقىلارنىڭ ماتا، ماللىرىغا قاراپ تۇرىدىغان مال باقارنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**743 - [ 55 ] ( ضعيف )وعن الحسن مرسلا قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يأتي على الناس زمان يكون حديثهم في مساجدهم في أمر دنياهم . فلا تجالسوهم فليس لله فيهم حاجة " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللادىن، مۇرسەل ھالدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىنسانلارغا شۇنداق بىر زامان كىلىدۇكى، ئۇلار دۇنيا ئىشلىرىنى مەسجىدلەردە سۆزلىشىپ كىتىدۇ، ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرماڭلار، ئۇلاردا ئاللاھنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ھەدىسنى بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى، چۈنكى، تابىئىن، ئالىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپلا ئارىلىقنى ئۈزۈپ قويغان، ئۇندىن باشقىمۇ سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ تابىئىن ئالىم ھەسەن بەسرى، ئىشەنچلىك ئىدى. توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ،

**744 - [ 56 ] ( صحيح )وعن السائب بن يزيد قال : كنت نائما في المسجد فحصبني رجل فنظرت فإذا عمر بن الخطاب فقال اذهب فأتني ـذين فجئته ـما فقال : ممن أنتما أو من أين أنتما قالا : من أهل الطائف . قال : لو كنتما من أهل المدينة لأوجعتكما ترفعان أصواتكما في مسجد رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري**

سائىب ئىبنى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن مەسجىدتە ئۇخلاۋاتسام،بىر كىشى ماڭا تاش ئاتتى، قارىسام ناگاھان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇرۇپتۇ ، ئۇ ماڭا: سەن بېرىپ ، ماڭا بۇ ئىككى كىشنى ئېلىپ كەلگىن دىدى. مەن ئۇلارنى چاقىرىپ ئېلىپ كەدىم، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سىلەر قايسى قەبىيلىدىن ؟ ياكى قەيەردىن ؟ دەپ سوردى. ئۇلار؛ بىز تائىپە ئەھلىدىن دىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئەگەر سىلەر مەدىينە ئەھلىدىن بولغان بولساڭلار ، ئەلبەتتە مەن سىلەرنى دەررە ئۇرۇپ جازالايتتىم ، چۈنكى سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىدە، ئاۋازىڭلارنى ئۈستۈن كۆتىرىشىپ (دە ـ تالاش قىلىپ )كەتتىڭلار دىدى.بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

**745 - [ 57 ] ( لم تتم دراسته )وعن مالك قال : بنى عمر رحبة في ناحية المسجد تسمى البطيحاء وقال من كان يريد أن يلغط أو ينشد شعرا أو يرفع صوته فليخرج إلى هذه الرحبة . رواه في الموطأ**

مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىدە، بۇتەيھائ دەپ ئاتىلىدىغان كەڭرى بىر مەيدان بىنا قىلىپ : كىم پاراڭ سىلىشىپ مۇڭداشماقچى بولسا، ياكى شېئىر دىكلاماتسىيە قىلماقچى بولسا، ياكى ئاۋازىنى يۇقىر كۆتىرىپ دە ـ تالاش قىلماقچى بولسا،مۇشۇ مەيدانغا چىقسۇن، دىدى. ئىمام مالىك مۇۋەتتەئتە خاتىرلىگەن ، تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان .

**746 - [ 58 ] ( صحيح )وعن أنس : رأى النبي صلى الله عليه وسلم نخامة في القبلة فشق ذلك عليه حتى رئي في وجهه فقام فحكه بيده فقال : " إن أحدكم إذا قام في صلاته فإنما يناجي ربه أو إن ربه بينه وبين القبلة فلا يبزقن أحدكم قبل قبلته ولكن عن**

يساره أو تحت قدمه " ثم أخذ طرف ردائه فبصق فيه ثم رد بعضه على بعض فقال : " أو يفعل هكذا " . رواه البخاري

ئەنس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدنىڭ قىبلى تېمىدا بەلغەمنى كۆرۈپ، بۇ ئىش قاتتىق ئېغىر كەلدى ، ھەتتا غەزەپلەنگەنلىكى يۈزىدە كۆرۈلدى، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن تاتىلاپ چىقىرۋېتىپ، مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن بىرىڭلار نامىزغا تۇرغاندا، ئۇ پەرۋەردىگارى بىلەن مۇناجات قىلىشىدۇ، ياكى ھەقىقەتەن رەببى، قىبلە بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا، يەنى ئالدىدا تۇرىدۇ، (الله نىڭ ئوخشىشى يوق، ئۇ قادىر) شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىڭلار نامازدا قىبلە تەرىپىگە ئالدىغا تۈكۈرمىسۇن ، لېكىن، سول تەرىپىگە ياكى پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن، (يەنى سول تەرىپىدە كىشى بولۇپ قالسا، پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرىدۇ، يا پېشىگە ئېتىدۇ،)ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىدايىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆتىرىپ ئۇنىڭغا تۈكۈرۈپ، بەزىسىنى بەزىسىگە سۈرتۈپ،ئۈۋۈلاپ، مانا مۇشۇنداق قىلسا بولمامدۇ؟دېدى.بۇخارى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

747 - [ 59 ] ( صحيح )وعن السائب بن خلاد - وهو رجل من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم- أن رجلا أم قوما فبصق في القبلة ورسول الله صلى الله عليه وسلم ينظر فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم حين فرغ : " لا يصلي لكم " . فأراد بعد ذلك أن يصلي لهم فمنعوه وأخبروه بقول رسول الله صلى الله عليه وسلم فذكر ذلك لرسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : نعم وحسبت أنه قال : " إنك آذيت الله ورسوله " . رواه أبو داود

سائىب ئىبنى خەللاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىركىشى قەۋمگە ئىمام بولدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاراپ تۇراتتى، ئۇ كىشى قىبلى تەرەپكە تۈكۈرۈپ قويدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قەۋمىگە ؛ نامازدىن پارىغ بولغاندا، بۇ كىشى سىلەرگە ناماز ئۇقۇپ بەرمىسۇن دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇكىشى ئۇلارغا يانا ناماز ئۇقۇپ بەرمەكچى بولغاندا ، ئۇلار ئۇنى تۇسىۋېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، بۇ كىشى سىلەرگە ناماز ئۇقۇپ بەرمىسۇن دېگەن سۆزىنى خەۋەر قىلدى. ئۇكىشى شۇ ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەئە مەن شۇنداق دېدىم، سەن الله قا ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە ئازار بەردىڭ دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

748 - [ 60 ] ( صحيح )

وعن معاذ بن جبل قال : احتبس عنا رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات غداة عن صلاة الصبح حتى كدنا نتراءى عين الشمس فخرج سريعا فثوب بالصلاة فصلى رسول الله صلى الله عليه وسلم وتجوز في صلاته فلما سلم دعا بصوته فقال لنا على مصافكم كما أنتم ثم انفتل إلينا ثم قال أما إني سأحدثكم ما حبسني عنكم الغداة أني قمت من الليل فتوضأت وصليت ما قدر لي فنعست في صلاتي حتى استثقلت فإذا أنا بربي تبارك وتعالى في أحسن صورة فقال يا محمد قلت لبيك رب قال فيم يختصم الملأ الأعلى قلت لا أدري رب قالها ثلاثا قال فرأيته وضع كفه بين كتفي حتى وجدت برد أنامله بين ثديي فتجلى لي كل شيء وعرفت فقال يا محمد قلت لبيك رب قال فيم يختصم الملأ الأعلى قلت في الكفارات قال ما هن قلت مشي الأقدام إلى الجماعات والجلوس في المساجد بعد الصلوات وإسباغ الوضوء حين الكريهات قال ثم فيم ؟ قلت : في الدرجات . قال : وما هن ؟ إطعام الطعام ولين الكلام والصلاة والناس نيام . ثم قال : سل قال قلت اللهم إني أسألك فعل الخيرات وترك المنكرات وحب المساكين وأن تغفر لي وترحمني وإذا أردت فتنة قوم فتوفني غير مفتون أسألك حبك وحب من يحبك وحب عمل يقربني إلى حبك " . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنا حق فادرسوها ثم تعلموها " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح وسألت محمد ابن إسماعيل

عن هذا الحديث فقال : هذا حديث صحيح

مۇئازرەزىيەللەھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر ئەتىگىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بومدات نامازىدىن
بەكلا كېچىكىپ قالدى ، ھەتتا بىز كۈننىڭ ئۇزىنى كۆرۈپ قالغىلى تاس ـ تاس قالدۇق،ئاندىن ئالدىرىغان ھالدا
چىقىپ كەلدى، نامازغا تەكبىر ئېيتىلدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى ناھايىتى تىز ھەم
يەڭگىل ئوقۇپ سالام بەرگەندە، ئۆز ئاۋازى بىلەن چاقىرىپ، بىزگە:ھازىرقىدەكلا سەپلىرىڭلاردا مۇقىم تۇرۇڭلار
دىدى. ئاندىن نامازدىن قايتىپ بىزگە ئالدىنى قىلىپ مۇنداق دىدى:ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە، بۈگۈن ئەتىگەن
مىنى سىلەردىن كېچىكتۈرۈپ قويغان ئىشنى سۆزلەپ بىرىمەن، مەن كىچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ،
ماڭا تەقدىر قىلىنغان نامازلارنى ئوقۇپ، نامىزىم ئىچىدىلا مۈگدەپ قاپتىمەن،ھەتتا مەن ئېغىرلىشىپ كىتىپ،
ئۇزۇن ئۇلتۇرۇپ قالدىم، ناگان ماڭا رەببىم تەبارەك ۋەتەئالا ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە كېلىپ مۇنداق دېدى: ئى
مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،مەن: لەببەيْ رەببىم دىسەم، ئۈستۈنكى جامائەت، پەرىشتىلەرنىڭ نېمە
توغرىسىدا دە ــ تالاش قىلىشىۋاتقىنىنى بىلەمسەن؟. مەن؛ ياق بىلمەيمەن دىدىم. بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم سوراپ،
ئاندىن رەببىم ئالاھنىڭ، (ئوخششى يوق )ئالقىنىنى ئىككى تاغىقىم ئارىسىغا قويغىنىنى كۆردۈم، بارماقلىرىنىڭ
سوغۇق لەززىتىنى كۆكسۈم ئارىسىدا تاپتىم، شۇنىڭ بىلەن ماڭا ھەممە نەرسىلەر رۇشەن ئاشكارا بولدى ، مەن
ئاسمان ــ زىمىن ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى بىلدىم، ئاندىن: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،
ئەمدى بىلدىڭمۇ؟ دېدى. مەن لەببەيْ رەببىم ، ھەئە بىلدىم دىسەم، ئۇلار نىمە توغرىسىدا دە ـ تالاش
قىلىشىپتۇ؟ دىدى، مەن : ئۇلارنىڭ دە ــ تالاش قىلىپ داۋالاشقانلىرى، گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغان كاپارەت
توغرىسىدا، دەرىجىلەر توغرىسىدا ئىكەن دىسەم، ئۇلار قايسىلار؟دىدى. مەن: گۇناھقا كاپارەت بولىدىغان ئىشلار
بولسا، نامازلاردىن كېيىن مەسجىددە زىكرى بىلەن ئولتۇرۇش، قەدەملەر بىلەن جامائەتكە مېڭىش،
قىيىنچىلىقتىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش. دەرىجىلەر يۇقىرى مەرتىۋىلەر بولسا، سالامنى كەڭرى قىلىش، تائام
بېرىش،ياخشى سۆز قىلىش، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىلەردە ناماز ئوقۇشتۇر دېدىم، ( ئاللاھ راست دىدىڭ، ئى
مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كىم يۇقىرقى ئىشلارنى قىلسا، ياخشىلىق بىلەن ياشاپ، ياخشىلىق
بىلەن ئۆلىدۇ، خاتالىقىدىن ئانىسى تۇغقان كۈنىدىكىدەك پاك بولۇپ كېتىدۇ). ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسەللەم، ناماز ئوقۇغان چېغىڭدا مۇنداق دۇئا قىل،« ئى ئاللاھ! مەن سىلىدىن ياخشىلىقلارنى قىلىشنى،
يامانلىقلارنى تەرىك ئېتىشنى، مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈشنى، ماڭا مەغپىرەت قىلىشلىرىنى، رەھىم قىلىشلىرىنى،
تۆۋبەمنى قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمەن. بەندىلىرىگە بىرەر پىتنە، سىناق، ئىرادە قىلسىلا، مىنى پىتنىگە
قويماستىن ۋاپات تاپقۇزۇپ، سىلى تەرەپكە ئېلىپ كەتسىلە، مەن سىلىدىن سىلىنى ياخشى كۆرۈشنى ،
مۇھەببەتلىرىنى،سىلىنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ياخشى كۆرۈشنى ، مىنى سىلىنىڭ مۇھەببەتلىرىگە، ياخشى
كۆرۈشلىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى ياخشى كۆرۈشنى سورايمەن». (سورغىن دىگەندە، شۇنداق دىدىم
دىيىلگەنمۇ بار )ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ھەقىقەتەن ئۇ ھەق،ھەقىقەتتۇر، ئۇنى دەرىس
قىلىپ ئۆگىنىپ،ئۆگىتىڭلار دىدى. ئەھمەد ،تىرمىزى، ئابدۇررازاق، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيدەتلەر خاتىرلىگەن،
ئەلبانىي ؛ سەھىھ ھەدىستۇر دىگەن. بۇ ھەدىس مشكاتىنىڭ 725 ـ ھەدىسىنىڭ
ئاخىرىدۇر.

749 - [ 61 ] ( صحيح )

وعن عبد الله بن عمرو بن العاص قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول إذا دخل المسجد قال : " أعوذ بالله العظيم وبوجهه الكريم وسلطانه القديم من الشيطان الرجيم " قال : " فإذا قال ذلك قال الشيطان حفظ مني سائر اليوم " . رواه أبو داود

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدگە كىرسە، مۇنداق دەيتتى:

«ئۇلۇغ ئاللاھقا سېغىنىپ، سېخى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ دىدارى، جامالىغا سېغىنىپ، ئاللاھنىڭ ئەزەلدىن قەدىمى بولغان سۇلتانىغا سېغىنىپ، لەنەت قىلىنغان، رەھمەتتىن يىراق قوغلانغان شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن».
رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ كىم شۇنى دېسە، شەيتان ئۇ كىشىگە؛ ئۇ قالغان باشقا كۈنلىرىدىمۇ، مەندىن مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلاندى، دەيدۇ، دىگەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

750 - [ 62 ] ( صحيح )وعن عطاء بن يسار قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اللهم لا تجعل قبري وثنا يعبد اشتد غضب الله على قوم اتخذوا قبور أنبيائهم مساجد " . رواه مالك مرسلا

ئەتائ ئىبنى يەسسار رەزىيەللەھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: «ئى الله! قەبرەمنى ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇت قىلمىسلا».الله نىڭ غەزىپى، پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىللىرىنى مەسجىد قىلىۋالغان قەۋىملەرگە قاتتىق بۇلىدۇ.مالىك توپلىغان سەھىھ.

751 - [ 63 ] ( لم تتم دراسته )
( وعن معاذ بن جبل قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يستحب الصلاة في الحيطان . قال بعض رواته يعني البساتين رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب لا نعرفه إلا من حديث الحسن بن أبي جعفر وقد ضعفه يحيى ابن سعيد وغيره

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللەھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (تامنىڭ ئىچىدا)، باغۇ ـ بوستانلىقتا ناماز ئۇقۇشنى ياخشى كۆرەتتى.تىرمىزى خاتىرلەپ، بۇ ھەدىس غەرىپ، يەھيائىبنى سەئىد ۋە باشقىلار زەئىپ دىگەن ، دىدى.

752 - [ 64 ] ( ضعيف )وعن أنس بن مالك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلاة الرجل في بيته بصلاة وصلاته في مسجد القبائل بخمس وعشرين صلاة وصلاته في المسجد الذي يجمع فيه بخمسمائة صلاة وصلاته في المسجد الأقصى بخمسين ألف صلاة وصلاته في مسجدي بخمسين ألف صلاة وصلاته في المسجد الحرام بمائة ألف صلاة " . رواه ابن ماجه

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەر كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدىكى نامىزى بىر نامازغا تەڭ، قەبىلە مەسجىدىدىكى نامىزى، 25 نامازغا تەڭ، كۆپ جامائەت يىغىلىدىغان جامە، مەسجىددىكى نامىزى 500 نامازغا تەڭ، مەسجىد ئەقسادىكى نامىزى 50000 نامازغا تەڭ، مىنىڭ مەسجىدىمدىكى نامىزى 50000 نامازغا تەڭ، ھەرەم مەسجىدىدىكى نامىزى 100000 نامازغا تەڭ، بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

753 - [ 65 ] ( متفق عليه )
وعن أبي ذر قال : قلت : يا رسول الله أي مسجد وضع في الأرض أول ؟ قال : " المسجد الحرام " قال : قلت : ثم أي ؟ قال : " ثم المسجد الأقصى " . قلت : كم بينهما ؟ قال : " أربعون عاما ثم الأرض لك مسجد فحيثما أدركتك الصلاة فصل "

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن : ئى الله نىڭ ئەلچىسى!تۇنجى بۇلۇپ زىمىنغا قايسى مەسجىد سېلىنغان؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: زىمىنغا قويۇلغان، سېلىنغان تۇنجى مەسجىد، مەسجىدى ھەرەمدۇر،دىدى. مەن : ئاندىن كېيىنكىسچۇ؟دىسەم، مەسجىدى ئەقسادۇر، (يەنى بەيتۇلمۇقە ددە ستىكى مەسجىدتۇر) دىدى. مەن: بۇ ئىككى مەسجىدنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت قانچىلىك؟دىسەم، 40 يىلدۇر، دەپ : ئاندىن كېيىن پۈتۈن زىمىن ساڭا مەسجىدتۇر، مانا ئەمدى سىنى ناماز قايسى جايدا تاپسا، شۇ جايدىلا نامازنى ئوقۇۋەرگىن، (ھەققەتەن پەزىلەت شۇنداق قىلىشىڭدا بولىدۇ)،دىدى. ئەھمەد ،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغام، سەھىھ.

باب الستر - الفصل الأول سوتىر، نامازدا يۆگىنىش توغرىسىدا

754 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عمر بن أبي سلمة قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي في ثوب واحد مشتملا به في بيت أم سلمة واضعا طرفيه على عاتقيه

ئۆمەر ئىبنى ئەبۇسەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ، بىر كىيىمگە يۆگەنگەن ھالدا ۋە ئۇ كىيىمنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئىككى مۈرىسىگە ئارتىۋالغان ھالدا، ناماز ئۇقۇغىنىنى كۆرگەن ئىدىم.بۇخارى ، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

755 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يصلين أحدكم في الثوب الواحد ليس على عاتقيه منه شيء "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ئىككى مۈرىسىدە، كىيىمدىن بىرەر نەرسە يوق ھالەتتە،(مۈرىسىنى ئۇچۇق قويۇپ) بىرلا كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇمىسۇن. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى ، مۇسلىم ،ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بولسا،ئىككى كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇسۇن.

756 - [ 3 ] ( صحيح )

وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من صلى في ثوب واحد فليخالف بين طرفيه " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرلا كىيىمدە ناماز ئوقۇسا، كىيىمنىڭ ئىككى تەرىپىنى، ئىككى مۈرىسىگە ئالماش ئارتىپ، (ئەۋرىتىنى يېپىپ) ناماز ئوقۇسۇن، ئەھمەد، بۇخارى ، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

757 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم في خميصة لها أعلام فنظر إلى أعلامها نظرة فلما انصرف قال : " اذهبوا بخميصتي هذه إلى أبي جهم وأتوني بأنبجانية أبي جهم فإنا ألهتني آنفا عن صلاتي " وفي رواية للبخاري قال : " كنت أنظر إلى علمها وأنا في الصلاة فأخاف أن يفتنني "

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەلگە ئالامەتلىرى بار بىر كوڭلەكتە ناماز ئۇقۇپ، ئۇنىڭ بەلگە ئەلەملىرىگە قاراپ، نامازدىن قايىتقاندا مۇنداق دىگەن: بۇ كۆڭلەكنى ئەبۇ جۇھمگە ئاپىرىپ بېرىپ، ماڭا ئۇنىڭ بەلگىلىرى يوق، كاسايا كۆڭلىكىنى ئەكىلىپ بېرىڭلار، بۇ كۆڭلەك باياتىن مېنى نامازدىن مەشغۇل قىلىپ قويىدى، (يەنى دىققىتىمنى چېچىۋەتتى،) بەيھەقى، بۇخارى ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، (ئەسلى ئەبۇ جۇھمى ئۇ كۆڭلەكنى ھەدىي قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىسىغا ئالماشتۇردى).ياناىرخاتىردە، مەن ناماز ئىچىدە ئۇنىڭ ئالامەتلىرىگە قاراپ،ئېزىپ كىتىشىمدىن ئەنسىرىدىم ، دىيىلگەن.

758 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كان قرام لعائشة سترت به جانب بيتها فقال لها النبي صلى الله عليه وسلم : " أميطي عنا قرامك هذا فإنه لا يزال تصاويره تعرض لي في صلاتي " . رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىر نەقىشلىك پەردىسى باربولۇپ، ئۇنى ئۆيىنىڭ بىرتەرىپىگە تارتىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: بۇ،قىرام پەردەڭنى بىزدىن يىراق، نېرى يوقاتقىن، چۈنكى ئۇنىڭ سۈرەتلىرى، رەسىملىرى دائىم نامىزىمدا ماڭا تەگلىنىپ، مىنى مەشغۇل قىلىپ قويىدى. بۇخارى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

759 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن عقبة بن عامر قال : أهدي لرسول الله صلى الله عليه وسلم فروج حرير فلبسه ثم صلى فيه ثم انصرف فنزعه نزعا شديدا كالكاره له ثم قال : " لا ينبغي هذا للمتقين

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىردانە ئارقىسى يېرىق ، چاژا چىقىرىلغان يىپەك تون ھەدىيە قىلىندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كىيىپ، ئۇنىڭدا ناماز ئۇقۇپ،ئاندىن نامازدىن قايتقاندا، ئۇنى ياقتۇرمىغان كىشىدەك،قاتتىق تارتىپ سېلىۋىتىپ: بۇ (يەنى يىپەك رەخت) مۇتتەقىيلەرگە (بۇ دۇنيادا) لايىق ئەمەسكەن، (يەنى ھالال ئەمەس) دىگەن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى ، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ

الفصل الثاني

760 - [ 7 ] ( حسن )عن سلمة بن الأكوع قال : قلت : يا رسول الله إني رجل أصيد أفأصلي في القميص الواحد ؟ قال : نعم وازرره ولو بشوكة " . رواه أبو داود وروى النسائي نحوه

سەلەمەت ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ھەقىقەتەن مەن ئوۋ ئوۋلايدىغان ئوۋچى كىشى،بىرلا كوڭلەكتە ناماز ئوقىسام بولامدۇ؟دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەئە بولىدۇ، گەرچە شوخا ـ تىكەن بىلەن بولسىمۇ، كوڭلىكىڭنى تۇگمىلەپ، نامازئوقىغىن دىدى. نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان،ھەسەن.

761 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : بينما رجل يصلي مسبلا إزاره قال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اذهب فتوضأ " فذهب وتوضأ ثم جاء فقال رجل : يا رسول الله ما لك أمرته أن يتوضأ ؟ قال : " إنه كان يصلي وهو مسبل إزاره وإن الله تعالى لا يقبل صلاة رجل مسبل إزاره " . رواه أبو داود

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەر ئىشتىنىنى ئۇزۇن قويۇپ بىرىپ ناماز ئوقۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ماڭ بېرىپ تاھارەت ئېلىپ كەل دىدى، ئۇ كېتىپ تاھارەت ئېلىپ كەلدى. بىر ئەر يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىمە ئۈچۈن ئۇنى تاھارەت ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيلا؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ ئىشتىنىنى ئۇزۇن قويۇپ بىرىپ ناماز ئوقۇدى، ئاللاھ ئۇنداق كىشىنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ دىدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

762 - [ 9 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقبل صلاة حائض إلا بخمار " . رواه أبو داود والترمذي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەيز كۆرگەن قىزچاقنىڭ (يەنى بالاغەتكە يەتكەن قىزچاقنىڭ) نامىزى، رومالسىز ، باش كىيىمسىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، رومال، باش كىيىمى بىلەن ئوقۇسا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

763 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن أم سلمة أنا سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم : أتصلي المرأة في درع وخمار ليس عليها إزار ؟ قال : " إذا كان الدرع سابغا يغطي ظهور قدميها " . رواه أبو داود وذكر جماعة وقفوه على أم سلمة

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئايال كىشى ئىشتىنى بولمىسىمۇ ئۇزۇن تون چاپىنى، رومىلى بىلەن ناماز ئوقۇۋەرسە بولامدۇ؟ دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەگەر ئۇنىڭ چاپىنى پۇتىنىڭ دۈمبىسىنى ياپالىسا بولىدۇ دىدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد

خاتىرلىگەن، جامائەت بۇ ھەدىسنى مەۋقۇپ دېگەن. ئەلبانى زەئىپ دېدى،

**764 - [ 11 ] ( حسن )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال :ان رسول الله صلى الله عليه وسلم : نهى عن السدل في الصلاة وأن يغطي الرجل فاه . رواه أبو داود والترمذي**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ناماز ئىچىدە كىيمىنى سۆرەلتىپ ئۇزۇن قويۇۋېتىشىدىن ۋە ئاغزىنى، (يۈز ــ كۆزىنى) يۆگىۋېلىشىدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد 548 ــ ھەدىس، ئەھمەد 7593 ــ ھەدىس، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن.

**765 - [ 12 ] ( صحيح )وعن شداد بن أوس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خالفوا اليهود فإنهم لا يصلون في نعالهم ولا خفافهم " . رواه أبو داود**

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلارنىڭ خىلاپىدا قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلار ئاياغلىرى، ئۆتۈكلىرى بىلەن ناماز ئوقۇمايدۇ، (يەنى سىلەر نىجاسەت بولمىغان، پاكىز ئاياغ، ئۆتەكلەر بىلەن ناماز ئوقۇۋېرىڭلار) ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**766 - [ 13 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : بينما رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي بأصحابه إذ خلع نعليه فوضعهما عن يساره فلما رأى ذلك القوم ألقوا نعالهم فلما قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاته قال : " ما حملكم على إلقائكم نعالكم ؟ " قالوا : رأيناك ألقيت نعليك فألقينا نعالنا . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن جبريل أتاني فأخبرني أن فيهما قذرا إذا جاء أحدكم إلى المسجد فلينظر فإن رأى في نعليه قذرا أو أذى فليمسحه وليصل فيهما " . رواه أبو داود والدارمي**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىرچاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرىغا ناماز ئۇقۇپ بىرۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئىككى ئايىغىنى سېلىپ، سول تەرىپىدە قويۇپ قويدى، كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ ،ئۇلارمۇ ئاياغلىرىنى سېلىۋەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا:ئاياغلىرىڭلارنى سېلىۋېتىشىڭلارغا نىمە سەۋەب بولدى؟ دېدى.ئۇلار:سىلىنىڭ ئاياقلىرىنى سېلىۋەتكەنلىرىنى كۆرۈپ، بىزمۇ سېلىۋەتتۇق،دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن جىبرىئىل قېشىمغا كېلىپ، ئۇ ئىككى ئايىغىمدا نىجاسەت بارلىقىنى ماڭا خەۋەر قىلدى،(مەن شۇنىڭ ئۈچۈن سېلىۋەتتىم). بىرىڭلار مەسجىدكە كەلگەندە، ئايىغىغا قاراپ باقسۇن، ئەگەر نىجاسەتنى ياكى ئەزىيەتنى كۆرسە، ئۇنى سۈرتۈپ چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن پاكىز ئاياغ بىلەن ناماز ئوقۇسۇن،دېدى. ئەبۇ داۋۇد ،دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

**767 - [ 14 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا صلى أحدكم فلا يضع نعليه عن يمينه ولا عن يساره فتكون عن يمين غيره إلا أن لا يكون عن يساره أحد وليضعهما بين رجليه " . وفي رواية : " أو ليصل فيهما " . رواه أبو داود وروى ابن ماجه معناه**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا، ئايىغىنى ئوڭ تەرىپىگە قويمىسۇن، سول تەرىپىگىمۇ قويمىسۇن، چۈنكى، ئۇ باشقىلارنىڭ ئوڭ تەرىپى بولىدۇ. ئايىغىنى ئىككى پۇتى ئارىسىدا قويسۇن، سول تەرىپىدە كىشى بولمىسا، سول تەرىپىگە قويسا بولىدۇ، (ياكى پاكىز بولسا ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئۇقسۇن)ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم،ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**الفصل الثالث**

**768 - [ 15 ] ( صحيح )عن أبي سعيد الخدري قال : دخلت على النبي صلى الله عليه وسلم فرأيته يصلي على حصير يسجد**

**عليه . قال : ورأيته يصلي في ثوب واحد متوشحا به . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بورا ئۈستىگە سەجدە قىلىپ، ناماز ئۇقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ۋە شۇنداقلا بىرلا كىيىمگە يۆگەنگەن ھالدا ، ناماز ئۇقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.مۇسلىم .

**769 - [ 16 ] ( صحيح )**

**وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي حافيا ومتنعلا . رواه أبو داود**

ئەمرۇئىبنى شۇئەيبىنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ،ئاياغسىز، يالاڭ ئاياغ ھالەتتە ۋە (پاكىز)ئاياغ كەيگەن ھالەتتە، ناماز ئۇقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.
ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**770 - [ 17 ] ( صحيح )وعن محمد بن المنكدر قال : صلى جابر في إزار قد عقده من قبل قفاه وثيابه موضوعة على المشجب قال له قائل تصلي في إزار واحد فقال إنما صنعت ذلك ليراني أحمق مثلك وأينا كان له ثوبان على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري**

مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەردىنى تەرەپتىن چىگىۋالغان ئىشتىنىدىلا ناماز ئۇقىدى، ۋە ھالەنكى ئۇنىڭ كىيىمى كىيىم ئاسقۇچ ئۈستىدە ئېسىقلىق ئىدى. بىرسى ئۇنىڭغا:سەن بىرلا ئىشتاندا ناماز ئۇقۇمسەن؟دىدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : مەن شۇ ئىشنى ساڭا ئوخشاش ئەخمەقلەر كۆرسۇن دەپ قىلدىم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا قايىسى بىرىمىزنىڭ ئىككى كىيىمى بار ئىدى ؟ دىدى. بۇخارى .

**771 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن أبي بن كعب قال : الصلاة في الثوب الواحد سنة كنا نفعله مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ولا يعاب علينا . فقال ابن مسعود : إنما كان ذاك إذ كان في الثياب قلة فأما إذ وسع الله فالصلاة في الثوبين أزكى . رواه أحمد**

ئۇبەي ئىبنى كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىرلا كىيىمدە ناماز ئوقۇش سۈننەت، چۈنكى، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن شۇنداق قىلاتتۇق، بىز ئەيىبلەنمىگەن، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ دىگەن كىيىم ــ كېچەك ئاز بولسا شۇنداق بولىدۇ، لېكىن، ئاللاھ كەڭرى قىلىپ بەرسە ئىككى كىيىمدە ناماز ئوقۇش ئەۋزەل دىگەن. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**باب السترة - الفصل الأول** نامازدا ئالدىغا بىرەر نەرسە قۇيۇپ قويۇش توغرىسىدا

**772 - [ 1 ] ( صحيح )عن ابن عمر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يغدو إلى المصلى والع ة بين يديه تحمل وتنصب بالمصلى بين يديه فيصلي إليها . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازگاھقا ئەتىگەندە باراتتى، ۋەھالەنكى ھاسا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئاپىرلىپ، نامازگاھدا، ئالدى تەرىپىگە سانجىپ قۇيۇلاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنىڭغا قاراپ ناماز ئۇقىيتتى. بۇخارى .

**773 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي جحيفة قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم بمكة وهو بالأبطح في قبة حمراء من أدم ورأيت بلالا أخذ وضوء رسول الله صلى الله عليه وسلم ورأيت الناس يبتدرون ذاك الوضوء فمن أصاب منه شيئا تمسح به ومن لم يصب منه شيئا أخذ من بلل يد صاحبه ثم رأيت بلالا أخذ ع ة فركزها وخرج رسول الله صلى الله عليه وسلم في حلة حمراء**

**مشمرا صلى إلى الع ة بالناس ركعتين ورأيت الناس والدواب يمرون من بين يدي الع ة**

ئەبۇ جۇھەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەككىدىكى ئەبتەھ دېگەن جايدا، تېرىدىن بولغان قىزىل گۈمبەز ئىچىدە كۆردۈم ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارەتتىن ئاشقان سۈيىنى ئالغانلىقىنى ۋە شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئاشۇ تاھارەت سۈيىنى ئېلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، كىم ئۇ تاھارەت سۈيىدىن ئالالىسا، ئۇنى(يۈز ـ كۆزلىرىگە) سۈرتىپ كېتەتتى، تاھارەت سۈيىدىن ئالالمىغان كىشى، ھەمراھىنىڭ قولىدىكى ھۆللۈكتىن ئالاتتى، ئاندىن مەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ھاسىنى ئېلىپ، ئۇنى سانجىپ قويغانلىقىنى، شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزىل تون ئىچىدە ئالدىراپ چىقىپ، ھاسا تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ،كىشىلەرگە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى ۋە كىشىلەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ ھاسىنىڭ (قىبلە تەرىپىدىكى)ئالدى تەرىپىدىن ئۆتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. بۇخارى ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**774 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن نافع عن ابن عمر : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يعرض راحلته فيصلي إليها . وزاد البخاري قلت : أفرأيت إذا هبت الركاب . قال : كان يأخذ الرحل فيعدله فيصلي إلى آخرته**

ناپىئ، ئىبنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن :ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلىغىنى (قىبلە تەرىپىگە)توغرىسىغا توختىتىپ تۇرۇپ، شۇ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى . ئىمام بۇخارى، ناپىئ ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ئەگەرئۇلاغ قوزغىلىپ مېڭىپ كەتكىدەك بولسا، قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرەمسەن ؟دېسەم ، ئۇ ماڭا ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كاجۇۋ ئىگەرنى ئېلىپ، قىبلە تەرەپتە قويۇپ تۇرۇپ، شۇنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيتتى دېدى. دېگەننى زىيادە يازغاندۇر. بۇخارى ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**775 - [ 4 ] ( صحيح )وعن طلحة بن عبيد الله قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا وضع أحدكم بين يديه مثل مؤخرة الرحل فليصل ولا يبال من مر وراء ذلك " . رواه مسلم**

تەلھەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئالدىغا كاجۇ، ئىگەرنىڭ يۆلەنچۈكىچىلىك نەرسە (يەنى بىر گەز نەرسە سانجىپ) قويۇپ، ناماز ئوقۇۋەرسۇن، شۇ نەرسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتكەن كىشىگە پەرۋا قىلمىسۇن، يەنى نامازنى بۇزالمايدۇ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**776 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي جهيم قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو يعلم المار بين يدي المصلي ماذا عليه لكان أن يقف أربعين خيرا له من أن يمر بين يديه " . قال أبو النضر : لا أدري قال : " أربعين يوما أو شهرا أو سنة "**

ئەبۇ جۇھەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچى، ئۆزىگە نېمە بولۇشىنى، قانداق ئاقىبەت بولۇشىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ 40 (ئاي ياكى 40 كۈن) تۇرۇشى نامازنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىدىن بەك ياخشى بولاتتى، (يەنى ئۆتمىسۇن). مالىك، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**777 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا صلى أحدكم إلى شيء يستره من الناس فأراد أحد أن يجتاز بين يديه فليدفعه فإن أبى فليقاتله فإنما هو شيطان " . هذا لفظ البخاري ولمسلم معناه**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كىشىلەرنى توسۇپ تۇرىدىغان نەرسىگە (يەنى سۇترىگە) قاراپ ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا، بىرەر كىشى ئالدىدىن ئۆتۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسۇپ، ئىتتىرسۇن، يەنە ئۇنىمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، (يەنى قاتتىق ئۇرسۇن،) ئۇ دېگەن

شەيتاندۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**778 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تقطع الصلاة المرأة والحمار والكلب . ويقي ذلك مثل مؤخرة الرحل " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازنى بالاغەتكە يەتكەن ئايال كىشى، ئىشەك، ئىت (ئالدىدىن ئۆتسە)ئۈزۈپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ نامازنى بۇزۇۋېتىشىدىن پەقەت ئىگە كاجۇنىڭ يۆلەنچۈكچىلىك بىر گەز نەرسىنى سانجىپ قويۇش ساقلاپ قالىدۇ، (يەنى ئالدىغا سۇترە قىلىپ ساقلاپ قالسۇن). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**779 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يصلي من الليل وأنا معترضة بينه وبين القبلة كاعتراض الجنازة**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئۇقىيتتى، ۋەھالەنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن قىبلە ئارىسىدا ، خۇددى جىنازا توغرىسىغا تۇرغاندەك ، توغرىسىغا ياتاتتىم. بۇخارى، مۇسلىم.

**780 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : أقبلت راكبا على أتان وأنا يومئذ قد ناهزت الاحتلام ورسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي بالناس بمنى إلى غير جدار فمررت بين يدي الصف فنزلت فأرسلت الأتان ترتع ودخلت في الصف فلم ينكر ذلك علي أحد**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن بىر چىشى ئىشەككە مىنگەن ھالدا يېتىپ كەلسەم، ـ مەن شۇكۈنلەردە ئىھتىلام بۇلۇشقا(يەنى بالاغەتكە )يېقىن قالغان ئىدىم ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادا، كىشىلەرگە ھېچ بىر تام تۇساقسىزلا، ناماز ئۇقۇپ بىرىۋاتقان ئىكەن، مەن سەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئىشەكتىن چۈشۈپ، ئىشەكنى ئوتلاققا قۇيۇپ بىرىپ، سەپنىڭ ئىچىگە كىرىپ(نامازغا تۇردۇم)، شۇ ئىشىمنى ماڭا، ھېچ بىرسى ئىنكار قىلمىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

**781 - [ 10 ] الفصل الثاني ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا صلى أحدكم فليجعل تلقاء وجهه شيئا فإن لم يجد فلينصب عصاه فإن لم يكن معه عصى فليخطط خطا ثم لا يضره ما مر أمامه " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئالدى تەرەپكە بىرەر نەرسە قىلىپ قويسۇن، ئەگەر ھېچنېمە تاپالمىسا، ھاسىسىنى تىكلەپ قويسۇن، ھاسىمۇ بولمىسا، سىزىق سىزىپ قويسۇن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالدىدىن ئۆتكەن نەرسە زىيان يەتكۈزمەيدۇ دىگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**782 - [ 11 ] ( صحيح )وعن سهل بن أبي حثمة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا صلى أحدكم إلى سترة فليدن منها لا يقطع الشيطان عليه صلاته " . رواه أبو داود**

سەھلى ئىبنى ئەبۇ ھەسمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا، ئالدىدىكى سۇترىگە يېقىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن، (شۇنداق قىلسا)شەيتان نامىزىنى ئۈزىۋەتەلمەيدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**783 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن المقداد بن الأسود قال : ما رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي إلى عود ولا عمود ولا**

شجرة إلا جعله على حاجبه الأيمن أو الأيسر ولا يصمد له صمدا . رواه أبو داود

مقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت بىرەر ياغاچ تۈۋرۈك ياكى دەرەخ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسا، ئۇ نەرسىنى ئوڭ ياكى سول قشىنىڭ ئوتتۇرىدا قىلاتتى، ئۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىشنى مەخسەت قىلمايتتى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، مشكات 783 ــ ھەدىس، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

784 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن الفضل بن عباس قال : أتانا رسول الله صلى الله عليه وسلم ونحن في بادية لنا ومعه عباس فصلى في صحراء ليس بين يديه سترة وحمارة لنا وكلبة تعبثان بين يديه فما بالى ذلك . رواه أبو داود وللنسائي نحوه

پەزلى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز بىر يېزىدا ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاباس بىلەن بىللە كەلدى. ئاندىن سەھرادا ناماز ئوقۇدى، ئالدىدا ھېچنېمە يوق ئىدى، ئىت ــ ئىشەكلەر ئالدىدىن ئۆتتۈەردى، پەرۋا قىلمىدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

785 - [ 14 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يقطع الصلاة شيء وادرؤوا ما استطعتم فإنما هو شيطان " . رواه أبو داود

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن نامازنى ھېچنېمە ئۈزنۈپتەلمەيدۇ، قادىر بولۇشۇڭلارچە كەتكۈزۈڭلار، ئۇ شەيتاندۇر دىگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

## الفصل الثالث

786 - [ 15 ] ( متفق عليه )عن عائشة قالت : كنت أنام بين يدي رسول الله صلى الله عليه وسلم ورجلاي في قبلته فإذا سجد غمزني فقبضت رجلي وإذا قام بسطتهما قالت : والبيوت يومئذ ليس فيها مصابيح

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا، ئۇخلىغان كىشىنىڭ تۇرىقىدا ياتاتتىم، ئىككى پۇتۇم قىبلە تەرىپدە ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلىشنى ئىرادە قىلسا، پۇتۇمنى چىمدىپ قۇياتتى دە! مەن پۇتۇمنى يىغىپ تارتىۋالاتتىم، ئورنىدىن تۇرغاندا بولسا، پۇتۇمنى يانا سۇنىۋالاتتىم، شۇكۈنلەردە، ئۆيدە چىراق يوق ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

787 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو يعلم أحدكم ما له في أن يمر بين يدي أخيه معترضا في الصلاة كان لأن يقيم مائة عام خير له من الخطوة التي خطا " . رواه ابن ماجه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ئەگەر بىرىڭلار قېرىندىشى نامازدىكى چاغدا ئالدىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن نىمە بولىدىغىنىنى بىلسە ھە! ئەلۋەتتە ئۇنىڭ 100 يىل تۇرۇشى ئۇ باسقان بىر قەدەمدىن ياخشى بو لاتتى دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

788 - [ 17 ] ( موقوف )وعن كعب الأحبار قال : لو يعلم المار بين يدي المصلي ماذا عليه لكان أن يخسف به خيرا من أن يمر بين يديه . وفي رواية : أهون عليه . رواه مالك

كەئبۇلئەھباردىن ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچى نىمە بولىدىغىنىنى بىلسە ھە! ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ

يەرگە كىرىپ كېتىشى نامازنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىدىن ياخشىراق دېگەن، بۇ ھەدىس كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى بولۇپ، ھەدىس مەۋقۇت بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئەمەس، بۇنى مالىك خاتىرلىگەن.

789 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا صلى أحدكم إلى غير السترة فإنه يقطع صلاته الحمار والخ ير واليهودي وا وسي والمرأة وتجزئ عنه إذا مروا بين يديه على قذفة بحجر " . رواه أبو داود

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار سوترىسىز يەنى ئالدىدا نەرسە بولماستىن ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ نامىزىنى ئېشەك، توڭگۇز، يەھۇدىي، مەجۇسى، ئايال كىشى ئۈزۈپ قويىدۇ، ئەگەر ئۇلار سىلەردىن بىر تاش ئېتىم مىقدارى يىراقدىن ئۆتسە كۇپايە، ھېچگەپ يوق دېگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

باب صفة الصلاة - الفصل الأول نامازنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

790 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة رضي الله عنه : أن رجلا دخل المسجد ورسول الله صلى الله عليه وسلم جالس في ناحية المسجد فصلى ثم جاء فسلم عليه فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " وعليك السلام ارجع فصل فإنك لم تصل " . فرجع فصلى ثم جاء فسلم فقال : " وعليك السلام ارجع فصل فإنك لم تصل " فقال في الثالثة أو في التي بعدها علمني يا رسول الله فقال : " إذا قمت إلى الصلاة فأسبغ الوضوء ثم استقبل القبلة فكبر ثم اقرأ بما تيسر معك من القرآن ثم اركع حتى تطمئن راكعا ثم ارفع حتى تستوي قائما ثم اسجد حتى تطمئن ساجدا ثم ارفع حتى تطمئن جالسا ثم اسجد حتى تطمئن ساجدا ثم ارفع حتى تطمئن جالسا " . وفي رواية : " ثم ارفع حتى تستوي قائما ثم افعل ذلك في صلاتك كلها "

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇرۇغلۇق ئىدى، بىر كىشى كىرىپ،ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كېلىپ سالام قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ؛ۋەئەلەيكەسسالام قايتىپ بېرىپ، ناماز ئوقۇغىن ، چۈنكى سەن نامازنى كامىل ئوقىيالمىدىڭ دېدى.ئۇ كىشى بېرىپ، ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن كېلىپ، ياناسالام قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ۋەئەلەيكەسسالام، قايتىپ بېرىپ، يانا ناماز ئوقۇغىن ، چۈنكى سەن نامازنى كامىل،توغرا ئوقىيالمىدىڭ دېدى.ئۇ كىشى ئۈچۈنجى ياكى تۆتىنجى قېتىم:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ماڭا كامىل، توغرائوقۇشنى ئۆگىتىپ قويسىلا دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نامازغا تۇرماقچى بولساڭ، تاھارەتنى كامىل ئالغىن، ئاندىن قىبلىگە ئالدىڭنى قىلىپ، تەكبىر ئېيتقىن، ئاندىن سەندە بار بولغان، قۇرئاننىڭ ساڭا ئاسان بولغان سۈرىلىرىنى ئوقۇغىن، ئاندىن راۋۇرۇس، مەزمۇت رۇكۇ قىلغىن، ئاندىن رۇس، تۈز تۇرغانغا قەدەر بېشىڭنى كۆتۈرگىن، ئاندىن رۇس، مەزمۇت، قەلبىڭ خاتىرجەم ئارام تاپقۇدەك سەجدە قىلغىن، ئاندىن رۇس، تۈز ئولتۇرغانغا قەدەر بېشىڭنى كۆتۈرگىن، ئاندىن رۇس، مەزمۇت، قەلبىڭ خاتىرجەم ئارام تاپقۇدەك يەنە سەجدە قىلغىن، ئاندىن رۇس، تۈز ئولتۇرغانغا قەدەر، بېشىڭنى كۆتۈرگىن.ئاندىن بارلىق نامازلىرىڭدا ئەنە شۇنداق قىلغىن،دېدى. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

791 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يستفتح الصلاة بالتكبير والقراءة ب ( الحمد لله رب العالمين )وكان إذا ركع لم يشخص رأسه ولم يصوبه ولكن بين ذلك وكان إذا رفع رأسه من الركوع لم يسجد حتى يستوي قائما وكان إذا رفع رأسه من السجدة لم يسجد حتى يستوي جالسا وكان يقول في كل ركعتين التحية وكان يفرش رجله اليسرى وينصب رجله اليمنى وكان ينهى عن عقبة الشيطان وينهى أن يفترش الرجل ذراعيه افتراش السبع وكان يختم الصلاة بالتسليم . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى (**الله** ئەكبەر دەپ)

تەكبىر ئېيتىش بىلەن، قىرائەتنى«ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين » بىلەن باشلايتتى، روكۇ قىلغان چاغدا، بېشىنى بەك ئېگىزمۇ كۆتۈرىۋالماي ، بەك تۆۋەنمۇ قىلىۋالماي، ئوتتۇرھال قىلاتتى، روكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، راۋۇرۇس، تۈز تۇرمىغىچە سەجدە قىلمايتتى، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرسە،رۇس،تىك ئولتۇرمىغىچە، سەجدە قىلمايتتى، ۋە ھەر ئىككى رەكئەتتە، ئەتتەھىيياتۇنى (يەنى تەشەھھۇدنى)ئوقۇيتتى، سول پۇتىنى يەرگە چاپلاپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ ئولتۇراتتى. شەيتان ئولتۇرغاندەك،(ئىككى كاسىسىنى ئىككى تاپىنى ئۈستىگە قويۇپ ) زوڭ ئولتۇرۇۋشتىن ، خۇددى يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋان، ئالدى ئىككى پۇتىنى يەرگە چاپلاپ ياتقاندەك، كىشىنىڭ ئىككى بىلىكىنى (سەجدە قىلغاندا) يەرگە چاپلىۋېلىشىدىن توساتتى.نامازنى سالام قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇراتتى . مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

792 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي حميد الساعدي قال : في نفر من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم : أنا أحفظكم لصلاة رسول الله صلى الله عليه وسلم رأيته إذا كبر جعل يديه حذاء منكبيه وإذا ركع أمكن يديه من ركبتيه ثم هصر ظهره فإذا رفع رأسه استوى حتى يعود كل فقار مكانه فإذا سجد وضع يديه غير مفترش ولا قابضهما واستقبل بأطراف أصابع رجليه القبلة فإذا جلس في الركعتين جلس على رجله اليسرى ونصب اليمنى وإذا جلس في الركعة الآخرة قدم رجله اليسرى ونصب الأخرى وقعد على مقعدته . رواه البخاري

ئەبۇھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر نەچچە نەپەر ساھابىللىرى ئارىسىدا مۇنداق دېگەن ؛ مەن سىلەرگە قارىغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى ئوبدان يادلاپ، مۇھاپىزەت قىلغانمەن.مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرگەن ئىدىم، نامازنى باشلاش ئۈچۈن تەكبىر ئەيتسا، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ بارابىردە كۆتىرەتتى، رۇكۇ قىلسا، ئىككى قولىنى ئىككى تىزىغا قوياتتى، ئاندىن ئۇچىسىنى ئوتتۇرھال ، مەزمۇت تۈزلەيتتى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرسە، ھەربىر ئومۇرتقا سۆڭەك بوغۇملىرى ئۆز ئورنىغا قايتقانغا قەدەر، تىك، تۈز تۇراتتى، سەجدە قىلسا، ئىككى قولىنى يەرگە چاپلىۋالماستىن، بەكمۇ يىغىۋالماستىن ئورتىھال يەرگە قويۇپ، سەجدە قىلاتتى، ئىككى پۇتىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى قىبلىگە قارىتاتتى، ئارلىقتىكى ئىككى رەكئەتتە تەشەھھۇدقا ئولتۇرسا، سول پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەيتتى، ئاخىرقى ئىككى رەكئەتتە تەشەھھۇدقا ئولتۇرسا، سول پۇتىنى (ئوڭ پۇتى ئاستىدىن)ئىلگىرى قىلىپ،ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ،كاسىسىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇراتتى.بۇخارى.

793 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يرفع يديه حذو منكبيه إذا افتتح الصلاة وإذا كبر للركوع وإذا رفع رأسه من الركوع رفعهما كذلك وقال : سمع الله لمن حمده ربنا لك الحمد وكان لا يفعل ذلك في السجود

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى تەكبىر بىلەن باشلىسا، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ بارابىردە كۆتىرەتتى، رۇكۇ قىلىش ئۈچۈن تەكبىر ئەيتسا، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتەرسە، يانا شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ بارابىردە كۆتىرەتتى، ۋە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، «سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ رەببەنا لەكەلھەمدۇ» دەيتتى، شۇ ئىشلارنى سەجدىدە قىلمايتتى.بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن. سەھىھ مۇتىۋاتىر ھەدىستۇر.

794 - [ 5 ] ( صحيح )وعن نافع : أن ابن عمر كان إذا دخل في الصلاة كبر ورفع يديه وإذا ركع رفع يديه وإذا قال سمع الله لمن حمده رفع يديه وإذا قام من الركعتين رفع يديه ورفع ذلك ابن عمر إلى نبي الله صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري

نايىئ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ناماز ئىچىگە كىرسە، تەكبىر ئەيتىپ، ئىككى قولىنى كۆتىرەتتى، رۇكۇ قىلسا، يانا ئىككى قولىنى كۆتىرەتتى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتىرىپ، «سەمىئەاللە لىمەن

ھەمدەھ»دېگەندە، يانا ئىككى قولىنى كۆتىرەتتى، ئارلىقتىكى ئىككى رەكئەتتىن ئۈچىنجى رەكئەتكە تۇرغاندا، يانا ئىككى قولىنى كۆتىرەتتى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇنداق قىلغان ئىكەن.ئىمام بۇخارى توپلىغان سەھەھ.

**795 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن مالك بن الحويرث قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا كبر رفع يديه حتى يحاذي بهما أذنيه وإذا رفع رأسه من الركوع فقال : سمع الله لمن حمده فعل مثل ذلك . وفي رواية : حتى يحاذي بهما فروع أذنيه**

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى باشلاش ئۈچۈن تەكبىر ئەيتسا، ئىككى قولىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ باراۋىرىدە كۆتىرەتتى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتىرىپ، «سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ»دېگەندە، يانا ئىككى قولىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ باراۋىرىدە كۆتىرەتتى، يانابىر خاتىردە، ئىككى قولىنى، ئىككى قۇلىقىنىڭ يىمشىقىنىڭ باراۋىرىدە كۆتىرەتتى، دېيىلگەن. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**796 - [ 7 ] ( صحيح )وعنه أنه رأى النبي صلى الله عليه وسلم يصلي فإذا كان في وتر من صلاته لم ينهض حتى يستوي قاعدا . رواه البخاري**

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىنىڭ تاق بىر رەكئىتىدە، (يەنى بىر رەكئەت ئوقۇپلا قوپىدىغان چاغدا،) راۋۇرۇس مەزمۇت، تۈز ئولتۇرمىغىچە ئورنىدىن تۇرمايتتى، (يەنى ئولتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتكە تۇراتتى).بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ترمىزى توپلىغان،سەھىھ

**797 - [ 8 ] ( صحيح )وعن وائل بن حجرأنه رأى النبي صلى الله عليه وسلم رفع يديه حين دخل في الصلاة كبر ثم التحف بثوبه ثم وضع يده اليمنى على اليسرى فلما أراد أن يركع أخرج يديه من الثوب ثم رفعهما ثم كبر فركع فلما قال سمع الله لمن حمده رفع يديه فلما سجد سجد بين كفيه . رواه مسلم**

ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ناماز ئىچىگە تەكبىر ئەيتىپ كىرگەندە، ئىككى قولىنى كۆتەرگەنلىكىنى ، ئاندىن كىيىمگە يۆگىنىپ، ئوڭ قولىنى سول قولى ئۈستىگە قويغانلىقىنى ، رۇكۇ قىلىشنى ئىرادە قىلغاندا ، ئىككى قولىنى كىيىمدىن چىقىرىپ، يانا كۆتەرگەنلىكىنى ، ئاندىن تەكبىر ئەيتىپ، رۇكۇ قىلىپ، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتىرىپ، «سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ»دېگەندە، يانا ئىككى قولىنى كۆتەرگەنلىكىنى ، سەجدە قىلغان چاغدا، ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارلىقىغا (پېشانىسىنى قويۇپ) سەجدە قىلغانلىقىنى، كۆرگەن ئىدىم دەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**798 - [ 9 ] ( صحيح )**

**وعن سهل بن سعد قال : كان الناس يؤمرون أن يضع الرجل اليد اليمنى على ذراعه اليسرى في الصلاة . رواه البخاري**

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ كىشىلەر نامازدا، ئوڭ قولىنى سول بىلىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن)بۇيرۇلغان ئىدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

**799 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا قام إلى الصلاة يكبر حين يقوم ثم يكبر حين يركع ثم يقول : " سمع الله لمن حمده " حين يرفع صلبه من الركعة ثم يقول وهو قائم : " ربنا لك الحمد " ثم يكبر حين يهوي ثم يكبر حين يسجد ثم يكبر حين يرفع رأسه يفعل ذلك في الصلاة كلها حتى يقضيها ويكبر حين يقوم من الثنتين بعد الجلوس**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرسا، ئورنىدىن

تۇرغاندا تەكبىر ئەيتاتتى، ئاندىن رۇكۇ قىلغاندا تەكبىر ئەيتاتتى، ئاندىن رۇكۇدىن ئۆچىسىنى(بېشىنى ) كۆتۈرگەندە، «سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ»دەپ، ئۆرە تۇرغان ھالدا، «رەببەنا لەكەلھەمدۇ»دەيتتى، ئاندىن سەجدىگە يىقىلغاندا تەكبىر ئەيتىپ سەجدە قىلاتتى، ئاندىن سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە يانا تەكبىر ئەيتاتتى، ئارلىقتىكى ئىككى رەكئەتتە ئولتۇرۇپ (ئۈچىنجى رەكئەتكە ) تۇرغاندا يانا تەكبىر ئەيتاتتى، بارلىق نامىزىدا، نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە شۇنداق قىلاتتى. ئىمام بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھھ.

**800 - [ 11 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : أفضل الصلاة طول القنوت ". رواه مسلم**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، قۇنۇت، قىيامىلىرى ئۇزۇن بولغىنىدۇر، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، جابىردىن، تەبرانى، ئەبۇ مۇسا، ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت، ئۇمەير ئىبنى قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

**801 - [ 12 ] ( صحيح ) الفصل الثاني**

**عن أبي حميد الساعدي قال في عشرة من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم : أنا أعلمكم بصلاة رسول الله صلى الله عليه وسلم قالوا فاعرض . قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا قام إلى الصلاة يرفع يديه حتى يحاذي بهما منكبيه ثم يكبر ثم يقرأ ثم يكبر ويرفع يديه حتى يحاذي بهما منكبيه ثم يركع ويضع راحتيه على ركبتيه ثم يعتدل فلا يصبي رأسه ولا يقنع ثم يرفع رأسه فيقول : " سمع الله لمن حمده " ثم يرفع يديه حتى يحاذي بهما منكبيه معتدلا ثم يقول : " الله أكبر " ثم يهوي إلى الأرض ساجدا فيجافي يديه عن جنبيه ويفتح أصابع رجليه ثم يرفع رأسه ويثني رجله اليسرى فيقعد عليها ثم يعتدل حتى يرجع كل عظم إلى موضعه معتدلا ثم يسجد ثم يقول : " الله أكبر " ويرفع ويثني رجله اليسرى فيقعد عليها ثم يعتدل حتى يرجع كل عظم إلى موضعه ثم ينهض ثم يصنع في الركعة الثانية مثل ذلك ثم إذا قام من الركعتين كبر ورفع يديه حتى يحاذي بهما منكبيه كما كبر عند افتتاح الصلاة ثم يصنع ذلك في بقية صلاته حتى إذا كانت السجدة التي فيها التسليم أخر رجله اليسرى وقعد متوركا على شقه الأيسر ثم سلم . قالوا : صدقت هكذا كان يصلي . رواه أبو داود والدارمي وروى الترمذي وابن ماجه معناه وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

**وفي رواية لأبي داود من حديث أبي حميد : ثم ركع فوضع يديه على ركبتيه كأنه قابض عليهما ووتر يديه فنحاهما عن جنبيه وقال : ثم سجد فأمكن أنفه وجبهته الأرض ونحى يديه عن جنبيه ووضع كفيه حذو منكبيه وفرج بين فخذيه غير حامل بطنه على شيء من فخذيه حتى فرغ ثم جلس فافترش رجله اليسرى وأقبل بصدر اليمنى على قبلته ووضع كفه اليمنى على ركبته اليمنى وكفه اليسرى على ركبته اليسرى وأشار بأصبعه يعني السبابة . وفي أخرى له : وإذا قعد في الركعتين قعد على بطن قدمه اليسرى ونصب اليمنى وإذا كان في الرابعة أفضى بوركه اليسرى إلى الأرض وأخرج قدميه من ناحية واحدة**

ئەبۇھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئون نەچچە ساھابىللىرى ئارىسىدا، مەن سىلەرگە قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىغا ئالىمراقمەن، دىگەندە. ئۇلار : ئۇنداق بولسا، بىزگە ئېنىق قىلىپ دەپ بەرگىن دىدى. ئەبۇھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرسا، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ بارابىرىگىچە كۆتىرىپ، ئاندىن تەكبىر ئەيتاتتى، ئاندىن قىرائەت قىلىپ بولغاندىن كىيىن يانا تەكبىر ئەيتىپ، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ بارابىرىگىچە كۆتىرىپ، ئاندىن رۇكۇ قىلاتتى، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى تىزىغا قويۇپ، بېشىنى بەك پەسمۇ قىلىۋالماي، ئىگىزمۇ كۆتىرىۋالماي، مۆتىدىل،ئوتتىھال تۇراتتى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتىرىپ؛« سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ»دەپ، يانا ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ بارابىرىگىچە كۆتىرىپ، تۈز تۇراتتى. ئاندىن «اللە ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئەيتىپ، سەجدە قىلغان ھالدا يەرگە يىقىلاتتى، ئىككى قولىنى (يەنى جەينىكىنى )

ئىككى يېنىدىن يىراق تۇتۇپ، ئارلىقىدا بوشلۇق قوياتتى، پۇتىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارلىقىنى (ئىگىپ قىبلىگە قارىتىپ) ئېچىپ تۇراتتى، ئاندىن بېشىنى (سەجدىدىن) كۆتىرىپ، سول پۇتىنى يەرگە چاپلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە، ھەربىر بۇغۇم ئۆز ئورنىغا قايىتقانغا قەدەر تۈز ئولتۇراتتى، ئاندىن يانا سەجدە قىلاتتى، ئاندىن **الله** ئەكبەر دەپ بېشىنى كۆتىرىپ، سول پۇتىنى يەرگە چاپلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە، ھەربىر بۇغۇم ئۆز ئورنىغا قايىتقانغا قەدەر تۈز ئولتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتكە دەس تۇراتتى، ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتتە، بىرىنچى رەكئەتتىكىدەك قىلاتتى. ئاندىن (تەشەھھۇدتىن كېيىن) ئىككىنچى رەكئەتتىن ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا،«**الله** ئەكبەر»دەپ تەكبىر ئەيتىپ، خۇددى نامازنى باشلىغاندىكى تەكبىردەك، يانا ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ بارابىرگىچە كۆتىرەتتى، ئاندىن نامىزىنىڭ قالغان قىسمىدا يانا شۇنداق قىلاتتى. (ئارلىقتىكى ئىككى رەكئەتتىكى ئەتتە ھىيياتۇدا، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ، سول پۇتىنى يەرگە چاپلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە، تەشەھھۇد ئاخىرلاشقىچە تۈز ئولتۇراتتى) ، نامازدىن سالام بىرىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى سەجدىدىن بېشىنى كۆتىرگەندە،(يەنى ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ) سول پۇتىنى (ئوڭ پۇتى ئاستىدىن ) ئۆتكۈزۈپ، سول كاسىسىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇرۇپ، سالام بىرەتتى، دىدى. ساھابىلار: راست دىدىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى ئەنە شۇنداق ئوقىيتتى، دىدى. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان سەھىھ.

ئەبۇداۋۇدنىڭ يوقىرقى ساھابىدىن رىۋايەت قىلغان يانا بىرخاتىردە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاندىن رۇكۇ قىلىپ، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى تىزىغا قويۇپ، تىزىنى چاڭگاللاپ تۇراتتى، ئىككى قولىنى (جەيىنكىنى ) ياچاقتەك ئىگىپ، ئىككى يېنىدىن ( بىقىنىدىن ) يىراق تۇتاتتى، ئاندىن بۇرنىنى، پىشانىسىنى يەرگە قويۇپ سەجدە قىلاتتى، ئىككى قولىنى ئىككى يېنىدىن ( بىقىنىدىن سەجدىدىمۇ) يىراق تۇتاتتى، ( سەجدە قىلغاندا) ئىككى ئالقىنىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ ئۇتتۇرىدا قوياتتى، قوسقىنى يوتىسى ئۈستىگە چاپلاپ قويماستىن بەلكى يوتىسى بىلەن قوسقى ئارىسىدا بوشلۇق قوياتتى، ئاندىن نامازدىن پارىغ بۇلۇپ، تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا، سول پۇتىنى يەرگە چاپلاپ، ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ تىكلەپ، ئوڭ ئالقىنىنى ئوڭ تىزى ئۈستىگە ، سول ئالقىنىنى سول تىزى ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرۇپ، (ئوڭ قولىنىڭ ) كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى. يانابىرخاتىردە، ئارلىقتىكى ئىككى رەكئەتتە، ئەتتەھىيياتۇدائولتۇرغاندا، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ، سول پۇتىنى يەرگە چاپلاپ، سول پۇتىنىڭ ئالقىنى ئۈستىدە ئولتۇراتتى،تۆتىنچى رەكئەتتە،(يەنى ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ) سول كاسىسىنى يەرگە قويۇپ،ئىككى پۇتىنى بىر تەرەپتىنلا (يەنى ئوڭ تەرەپتىن) چىقىرىپ ئولتۇرۇپ، سالام بىرەتتى، دىدى.سەھىھ.

**802 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن وائل بن حجر : أنه أبصر النبي صلى الله عليه وسلم حين قام إلى الصلاة رفع يديه حتى كانتا بحيال منكبيه وحاذى بإ اميه أذنيه ثم كبر . رواه أبو داود . وفي رواية له : يرفع إ اميه إلى شحمة أذنيه**

ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازغا تۇرغاندا ، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ ئۇتتۇرىغىچە كۆتۈرگىنىنى، ئىككى باش بارماق قولىنى بولسا، ئىككى قۇلىقىغىچە كۆتۈرۈپ ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ يەنى ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ نامازغا تۇرغىنىنى كۆرگەن، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى ئىسنادى زەئىپ دىگەن.

**803 - [ 14 ] ( حسن )**

**وعن قبيصة بن هلب عن أبيه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يؤمنا فيأخذ شماله بيمينه . رواه الترمذي وابن ماجه**

قۇبەيسەتنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە نامازدا ئىمام بۇلۇپ، سول قولىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرغان ئىدى.تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان ھەسەن.

**804 - [ 15 ] ( صحيح )**

**وعن رفاعة بن رافع قال : جاء رجل فصلى في المسجد ثم جاء فسلم على النبي صلى الله عليه وسلم فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " أعد صلاتك فإنك لم تصل " . فقال : علمني يا رسول الله كيف أصلي ؟ قال : " إذا توجهت إلى القبلة فكبر ثم اقرأ بأم القرآن وما شاء الله أن تقرأ فإذا ركعت فاجعل راحتيك على ركبتيك ومكن ركوعك وامدد ظهرك فإذا رفعت فأقم صلبك وارفع رأسك حتى ترجع العظام إلى مفاصلها فإذا سجدت فمكن السجود فإذا رفعت فاجلس على فخذك اليسرى ثم اصنع ذلك في كل ركعة وسجدة حتى تطمئن . هذا لفظ " المصابيح " . ورواه أبو داود مع تغيير يسير وروى الترمذي والنسائي معناه . وفي رواية للترمذي قال : " إذا قمت إلى الصلاة فتوضأ كما أمرك الله به ثم تشهد فأقم فإن كان معك قرآن فاقرأ وإلا فاحمد الله وكبره وهلله ثم اركع "**

رۇپائەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدنىڭ بىر تەرپىدە ئولتۇرۇغلۇق ئىدى) ، بىر كىشى كىرىپ، مەسجىدتە ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛(ۋەئەلەيكەسسالام) قايتىپ بېرىپ، نامازنى قايتا ئوقۇغىن ، چۈنكى سەن نامازنى كامىل ئوقىيالمىدىڭ دېدى. ئۇ كىشى؛ (ئۈچۈنجى ياكى تۆتىنجى قېتىم)ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا كامىل، توغرا ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويسىلا دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سەن قىبلىگە ئالدىڭنى قىلغان چېغىڭدا، تەكبىر ئېيتىپ، ئاندىن سۈرە پاتىھەنى ۋە الله سىنىڭ ئوقۇشىڭنى خالاپ ئاسان قىلغان سۈرىنى ئوقۇغىن، رۇكۇ قىلغان چېغىڭدا، ئىككى ئالقىنىڭنى ئىككى تىزىڭنىڭ ئۈستىدە قويغىن، رۇكۇنى راۋرۇس،كامىل قىلىپ، ئۇچاڭنى يېيىپ، ئەركىن تۇرغىن، رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرگەندە، ئۇچاڭنى، ئومۇرتقاڭنى تۈز قىلغىن، ئۇگە سۆڭەكلەر ئۆز مەيسەل بوغۇملىرىغا قايىتقانغا قەدەر بېشىڭنى ئۈستۈن كۆتۈرگىن، سەجدە قىلغاندا، سەجدىنى راۋرۇس،كامىل قىلغىن، سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرگەندە،(ئوڭ پۇتۇڭنى تىكلەپ)، سول يوتاڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىن، ئاندىن كېيىنمۇ شۇ ئىشلارنى قەلبىڭ خاتىرجەم بولغانغا قەدەر ھەربىر سەجدە، رۇكۇلىرىڭدا شۇنداق قىلغىن،دېدى.ئەبۇداۋۇد ،نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان . تىرمىزىينىڭ يانا بىر رىۋايىتىدە، نامازغا تۇرماقچى بولساڭ،الله سىنى بۇيرىغاندەك تاھارەت ئالغىن، ئاندىن شاھادەت كەلىمىسىنى ئەيتىۋتىپ، نامازغا قىيامدا تۇرۇپ، قۇرئاندىن يادا بىلگىنىڭنى ئوقۇغىن، ئەگەر قۇرئاندىن يادا بىلمىسەڭ، الله قا ھەمدۇ ـ سانا، تەكبىر ـ تەھلىل ئوقۇپ رۇكۇ قىلغىن دېگەن. سەھىھ.

**805 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن الفضل بن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الصلاة مثنى مثنى تشهد في كل ركعتين وتخشع وتضرع وتمسكن ثم تقنع يديك يقول ك ترفعهما إلى ربك مستقبلا ببطونهما وجهك وتقول يا رب يا رب ومن لم يفعل ذلك فهو كذا وكذا " . وفي رواية : " فهو خداج " . رواه الترمذي**

پەزلى ئىبنى ئابباس رەزىيەللەھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز دېگەن ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەتتىن بولىدۇ، ھەر ئىككى رەكئەتتە تەشەھھۇد ئوقۇيسەن، ئاللاھدىن قورقۇپ تەزەررۇھ چېكىپ، يىلىنىپ، ئاللاھقا ئېھسىلىسەن، ئاندىن ئىككى قولۇڭنى ئالقىنىنى يۈزۈڭگە قىلىپ، كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىسەن، يا رەببىم، يا رەببىم دەيسەن، كىمكى، ئۇنداق قىلمىسا ئۇ ئانداق، مانداق يەنە بىر خاتىرىدە نامىزى چولاق، ناقىس بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى، مشكات 805 ـــ ھەدىس.بۇ ھەدىس زەئىپ بولغاچقائەمەل قىلىنمىدى، شۇنداقلا بىرەر ساھابە ياكى تابىئىن ئالىم بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، نامازدىن كېيىنكى دۇئادا قولنى كۆتۈرگەن ئەمەس.سەھىھ بولسائەمەل قىلاتتى، دۇئا قىلىش سەھىھ، لېكىن، ئىككى قولنى كۆتۈرۈشنى نۇرغۇن ئالىم دۇرۇس دېسە، نۇرغۇن ئالىملار بىدئەت دېگەن. باشقا دۇئالاردا قولنى كۆتۈرۈشكە 100 مەنىۋى مۇتىۋاتىر ھەدىس باردۇر.

806 - [ 17 ] ( صحيح ) الفصل الثالث عن سعيد بن الحارث بن المعلى قال : صلى لنا أبو سعيد الخدري فجهر بالتكبير حين رفع رأسه من السجود وحين سجد وحين رفع من الركعتين وقال : هكذا رأيت النبي صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري

سەئىيد ئىبنى هارىس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىزگە ئەبۇسەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ناماز ئۇقۇپ بىرىپ، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىكى، سەجدە قىلغاندىكى، ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتىن (ئۇچۇنچى رەكئەتكە ) تۇرغاندىكى تەكبىرلەرنى جەھرى ، ئۇنلۇك قىلدى. ۋە مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم دىدى. بۇخاري توپلىغان سەھىھ.

807 - [ 18 ] ( صحيح )وعن عكرمة قال : صليت خلف شيخ بمكة فكبر ثنتين وعشرين تكبيرة فقلت لابن عباس : إنه أحمق فقال : ثكلتك أمك سنة أبي القاسم صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري

ئىكرەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەككىدە بىر شەيخنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئۇقۇدۇم، ئۇ كىشى(تۆت رەكئەتلىك نامازنى) 22 تەكبىرنى جەھرى ئەيتىپ ئۇقىدى، مەن ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا: ھەقىقەتەن ئۇكىشى ئەخمەق ئىكەن دىسەم، ئۇ ماڭا : (سەن ئەخمەق)ئاناڭ سىنى يۇقىتىپ قويسۇن، نامازنى ئاشۇنداق (22تەكبىر بىلەن تەكبىرنى جەھرى قىلىپ ) ئۇقۇش، ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدۇر دىدى. بۇخاري توپلىغان سەھىھ.

808 - [ 19 ] ( صحيح )وعن علي بن الحسين مرسلا قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يكبر في الصلاة كلما خفض ورفع فلم تزل صلاته حتى لقي الله تعالى . رواه مالك

ئەلى ئىبنى ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما مۇرسەل ھالدا (يەنى ساھابىنى ئۆزۈپ قويۇپ)مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ھەرقاچان بېشىنى پەس قىلسۇن، ياكى ئۈستۈن قىلسۇن تەكبىر ئەيتاتتى، (يەنى بېشىنى ئىگىز-پەس قىلسا، الله ئەكبەر دەيتتى) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله قا ئۇچىراشقانغا قەدەر نامىزى شۇنداق بولدى. ئىمام مالىك توپلىغان سەھىھ.

809 - [ 20 ] ( صحيح )وعن علقمة قال : قال لنا ابن مسعود : ألا أصلي بكم صلاة رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ فصلى ولم يرفع يديه إلا مرة واحدة مع تكبيرة الافتتاح . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي . وقال أبو داود : ليس هو بصحيح على هذا المعنى

ئەلقەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىزگە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: مەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى ئۇقۇپ بەرمەيمۇ؟دىدى دە، ئارقىدىنلا نامازنى ئۇقۇپ كۆرسەتتى، ئۇ پەقەت ئىككى قولىنى، نامازنى باشلىغاندىكى تەكبىر بىلەن بىر قېتىملا كۆتۈرۈپ، قايتاكۆتۈرمىدى. تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان. ئەبۇداۋۇد:بۇھەدىس مۇشۇ مەنىگە ئاساسەن سەھىھ ئەمەس دىدى. ئەلبانى بۇھەدىس سەھىھ دىگەن. لىكىن بۇ خەۋەر ۋاھىد بۇلۇپ، ئىككى قولنى نامازنى باشلىغاندا،رۇكۇنىڭ ئالدى-ئارقىسىدا،ئارلىقتىكى ئىككى رەكئەتتىن تۇرغاندا كۆتۈرۈشنىڭ ھەدىسى مۇتىۋاتىر، ئەڭ ئىشەنچلىك ، كۆپ تەرەپتىكى كۆپ كىشىلەر سۆزلەپ ، ھەم شۇنداق ئەمەل قىلغاندۇر.الله ئەئلەم.

810 - [ 21 ] ( صحيح )وعن أبي حميد الساعدي قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا قام إلى الصلاة استقبل القبلة ورفع يديه وقال : الله أكبر . رواه ابن ماجه

ئەبۇھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرغاندا، قىبلىگە

ئالدىنى قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، «الله ئەكبەر» دەيتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

811 - [ 22 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم الظهر وفي مؤخر الصفوف رجل فأساء الصلاة فلما سلم ناداه رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا فلان ألا تتقي الله ؟ ألا ترى كيف تصلي ؟ إنكم ترون أنه يخفى علي شيء مما تصنعون والله إني لأرى من خلفي كما أرى من بين يدي " رواه أحمد

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر قېتىم بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىنى ئۇقۇپ بەرگەن ئىدى، سەپلەرنىڭ ئارقىسىدا بىركىشى، نامىزىنى ياخشى ئۇقيالماي ، نامىزىنى باتىل قىلىدىغان ئىشنى قىلىپ قويدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن سالام بەرگەن چاغدا، نىدا قىلىپ تووۋلاپ، مۇنداق دىدى: ئى پالانى! الله دىن قورىقمامسەن؟(نامىزىڭنى ياخشىراق ئۇقۇمامسەن؟) سەن ئۆزىڭنىڭ قانداق ناماز ئۇقۇۋاتقانلىقىڭغا قاراپ باقمامسەن؟.ھەققەتەن سىلەر قىلغان ئىشلاردىن بىرەر نەرسە، ماڭا مەخپى بۇلىدۇ دەپ قارايدىكەنسىلەر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن ئالدىم تەرەپتىن كۆرۈپ تۇرغاندەك، ئارقام تەرەپتىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن. ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## باب ما يقرأ بعد التكبير - الفصل الأول تەكبىردىن كېيىن ئوقۇلىدىغان سانا توغرىسىدا

812 - [ 1 ] ( متفق عليه )
عن أبي هريرة رضي الله عنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يسكت بين التكبير وبين القراءة إسكاتة قال أحسبه قال هنية فقلت بأبي وأمي يا رسول الله إسكاتك بين التكبير والقراءة ما تقول قال : " أقول اللهم باعد بيني وبين خطاياي كما باعدت بين المشرق والمغرب اللهم نقني من الخطايا كما ينقى الثوب الأبيض من الدنس اللهم اغسل خطاياي بالماء والثلج والبرد "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى باشلىغان تەكبىر بىلەن قىرائەت ئارىسىدا، ئازراق سۈكۈت قىلىپ تۇراتتى، مەن : ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئاتائانام سىلىگە پىدا بولسۇن ، تەكبىر بىلەن قىرائەت ئارىسىدا تۇرغاندا ، نىمە دەيلا؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : «ئى ئاللاھ!، مەن بىلەن خاتالىقىم ئارىسىنى، خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىپ ئارىسىدەك يىراق قىلىۋەتسىلە، ئى ئاللاھ!، مىنىڭ خاتالىقلىرىمنى سۇ بىلەن، قار بىلەن، مۆلدۈر بىلەن يۇيۇپ، خۇددى ئاق كىيىمنى، قاپقارا كىردىن تازىلىغاندەك، منى (قەلبىمنى)، خاتالىقلاردىن پاك ــ پاكىز تازىلىۋەتسىلە.»دەيمەن دىدى.بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

813 - [ 2 ] ( صحيح )
وعن علي بن أبي طالب رضي الله عنه قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا قام إلى الصلاة وفي رواية : كان إذا افتتح الصلاة كبر ثم قال : " وجهت وجهي للذي فطر السماوات والأرض حنيفا وما أنا من المشركين إن صلاتي ونسكي ومحياي ومماتي لله رب العالمين لا شريك له وبذلك أمرت وأنا من المسلمين اللهم أنت الملك لا إله إلا أنت أنت ربي وأنا عبدك ظلمت نفسي واعترفت بذنبي فاغفر لي ذنوبي جميعا إنه لا يغفر الذنوب إلا أنت واهدني لأحسن الأخلاق لا يهدي لأحسنها إلا أنت واصرف عني سيئها لا يصرف عني سيئها إلا أنت لبيك وسعديك والخير كله في يديك والشر ليس إليك أنا بك وإليك تباركت وتعاليت أستغفرك وأتوب إليك " وإذا ركع قال : " اللهم لك ركعت وبك آمنت ولك أسلمت خشع لك سمعي وبصري ومخي وعظمي وعصبي "
وإذا رفع قال : " اللهم ربنا لك الحمد ملء السماوات وملء الأرض وملء ما بينهما وملء ما شئت من شيء بعد "
وإذا سجد قال : " اللهم لك سجدت وبك آمنت ولك أسلمت سجد وجهي للذي خلقه وصوره وشق سمعه وبصره تبارك الله أحسن الخالقين "ثم يكون من آخر ما يقول بين التشهد والتسليم : " اللهم اغفر لي ما قدمت وما أخرت وما أسررت وما أعلنت

**وما أسرفت وما أنت أعلم به مني أنت المقدم وأنت المؤخر لا إله إلا أنت " . رواه مسلم**

**وفي رواية للشافعي : " والشر ليس إليك والمهدي من هديت أنا بك وإليك لا منجى منك ولا ملجأ إلا إليك تباركت "**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرغاندا، يانابىرخاتىردە، نامازنى باشلىغاندا، تەكبىر ئەيتىپ ئاندىن مۇنداق دەيتتى:« مەن ھەققەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ،ئاسمانلارنى،زىمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم،مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن »« (ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى **الله** ئۈچۈندۇر. **الله**نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز **الله**غىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن».سۈرەئەنئام79 ـ 162 ـ 163 ئايەتلەر. «ئى **الله**!سىلى بىر دىنبىر ھەق پادىشاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى مېنىڭ رەببىم، مەن سىلىنىڭ بەندىللىرى، مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم،گۇناھىمنى ئېتراپ قىلىپ تونۇدۇم، مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، گۇناھلارنى سىلىدىن باشقا ھېچ بىر كىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ، پەقەت سىلىلا مەغپىرەت قىلالايلا، مىنى ئەخلاقنىڭ ئەڭ گۈزەل ، ياخشىسىغا ھىدايەت قىلسىلا، ئۇنىڭغا پەقەت سىلىلا ھىدايەت قىلالايلا، مەندىن ئەخلاقنىڭ ئەڭ ناچار يامانلىرىنى يىراققا چۆرىۋەتسىلە، ئۇنىمۇ پەقەت سىلىلا قىلالايلا، ئى ئالله! مەن سىلىنىڭ ئەمىر ــ پەرمانلىرىغا تەييارمەن ، ئىبادەتتە مۇقىم تۇرىمەن ، سىلىگە ھەر ۋاقىت لەببەي دەگىلىكمەن، بارچە ياخشىلىق سىلىنىڭ قوللىرىدا ، يامانلىق سىلىگە نىسبەت بىرىلمەيدۇ، مەن سىلىنىڭ رەھمەت پەزلىللىرىگە شەكسىز ئىشىنىمەن، پەقەت سىلىگىلا ئىلتىجا قىلىمەن ، سىلى بەركەتلىرى بۈيۈك، ھەممىدىن ئۈستۈن ، ئۇلۇغ زات، مەن سىلىدىن گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىشلىرىنى سورايمەن ، سىلىگە تۆبە قىلىمەن ».رۇكۇقىلغاندا مۇنداق دەيتتى:«ئى **الله** ! مەن سىلىگە رۇكۇ قىلدىم، سىلىگە ئىمان كەلتۈردۇم، سىلىگە شەرتسىز بويسۇنۇپ، مۇسۇلمان بولدۇم، مىنىڭ قۇلۇقۇم،كۆزۈم، يىلىكىم، سۆڭۆكۇم، پەيلىرىم سىلىگە بويسۇندى. رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە: «ئى رەببىمىز **الله** ! ئاسمان ــزىمىن ۋە ئۇنىڭ ئارلىقىدىكى نەرسىلەر لىق تولغۇدەك، ئۇنىڭدىن باشقا سىلى خالىغان بارلىق نەرسىلەر لىق تولغۇدەك جىمى ھەمدۇ ـ سانالار سىلىگە خاستۇر»دەيتتى.سەجدەقىلغاندا:«ئى **الله**! مەن سىلىگە سەجدە قىلدىم، سىلىگە ئىمان كەلتۈردۇم، سىلىگە شەرتسىز بويسۇنۇپ، مۇسۇلمان بولدۇم، مىنىڭ يۈزىم ئۇنى ياراتقان، ئۇنى گۈزەل سۈرەتكە كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرىنى يېرىپ چىقارغان **الله** قىلا سەجدە قىلدى، ئەڭ گۈزەل ، ماھىر ياراتقۇچى **الله** نىڭ بەركىتى بۈيۈكتۇر»دەيتتى. تەشەھھۇد بىلەن سالامنىڭ ئارلىقىدىكى دەيدىغان سۆزىنىڭ ئاخىرى « ئى **الله** ! مەن ئۈچۈن بۇرۇن قىلغان، كىيىن قىلىپ قالىدىغان، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىمنى، ئىشلاردا ھەددىدىن ئاشۇرۋەتكەنلىرىمنى، سىلى مەندىن بەكرەك بىلىپ تۇرىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، سىلى ھەممىدىن بۇرۇن ئەزەلدە بار زات، سىلى ھەممىدىن كىيىن مەڭگۈ باقى قالىدىغان ئىنتىھالىرى يوق زات ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق »دىيىش ئىدى. مۇسلىم،سەھىھ. شاپئىيىنىڭ رىۋايىتىدە:« يامانلىق سىلىگە نىسبەت بىرىلمەيدۇ، سىلى ھىدايەت قىلغان كىشى ھەقىقى ھىدايەت تاپقان كىشىدۇر، مەن سىلىنىڭ رەھمەت پەزلىللىرىگە شەكسىز ئىشىنىمەن، پەقەت سىلىگىلا ئىلتىجا قىلىمەن ، ئازاپلىرىدىن قۇتۇلۇشتا سىلىنىڭ دەرگاھلىرىدىن باشقا ، ئىلتىجا قىلىپ پاناھلىنىدىغان نىجاتلىق ئورۇن يوقتۇر، سىلى بەركەتلىرى بۈيۈك، ھەممىدىن ئۇلۇغ زات»دىگەن باردۇر.سەھىھ.

**814 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أنس : أن رجلا جاء فدخل الصف وقد حفزه النفس فقال : الحمد لله حمدا كثيرا طيبا مباركا فيه فلما قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاته قال : " أيكم المتكلم بالكلمات ؟ " فأرم القوم . فقال : " أيكم المتكلم بالكلمات ؟ " فأرم القوم . فقال : " أيكم المتكلم ا فإنه لم يقل بأسا " فقال رجل : جئت وقد حفزني النفس فقلتها . فقال : "**

**لقد رأيت اثني عشر ملكا يبتدرونا أيهم يرفعها " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر كىشى نامازغا ئالدىراپ كەلگىنىچە سەپكە كىرىپ، (نامازنى تاپقانلىقىدىن خۇرسەن بولۇپ كىتىپ):«ئەلھەمدۇ لىللاھى ھەمدەن كەسىيرەن تەييىبەن مۇبارەكەن فىيھى»يەنى مۇبارەك،چەكسىز، پاك ھەمدۇ ـ سانالار **الله** قا خاستۇر، دەپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزنى ئاخىرلاشتۇرغاندا:بايىقى سۆزلەرنى قايسىڭلار دىدىڭلار! ،دىدى.كىشىلەر سۆزقىلماي جىم تۇردى. ئىككىنجى قېتىممۇ جىم تۇردى. ئۈچىنجى قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بايىقى سۆزلەرنى قايسىڭلار دىدىڭلار!، ئۇ يامان سۆز قىلمىدى دىگەندە، ھېلىقى كىشى ؛ مەن نامازغا ئالدىراپ كەلگىنىمچە سەپكە كىرىپ، (نامازنى تاپقانلىقىمدىن خۇرسەن بولۇپ كىتىپ)شۇ سۆزلەرنى دەپ سالدىم، دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن مەن ئون ئىككى پەرىشتىنىڭ قايسىسى شۇ سۆزلەرنى بۇرۇن يۇقىرىغا كۆتۈرۈش ئۈچۈن  ئالدىرىشىپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، دىدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**الفصل الثاني**

**815 - [ 4 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذ افتتح الصلاة قال : " سبحانك اللهم وبحمدك وتبارك اسمك وتعالى جدك ولا إله غيرك " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئائىشە، ئەبۇ سەئىد، ئىبنى مەسئۇد، ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى باشلاپ تەھرىم باغلىسا، مۇنداق دەيتتى: «**سۇبھانەكە ئاللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە، ۋەتەبارەكە ئىسمۇكە، ۋەتەئەلا جەددۇكە ۋەلائىلاھە غەيرۇك**»، تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، سىلى پاك، مەن سىلىگە ھەمدۇ ئېيتىمەن، سىلىنىڭ ئىسمىلىرى بەرىكەتلىك، بۈيۈكتۇر، كاتتا ئۇلۇغلۇقلىرى يۈكسەكتۇر، ئۈستۈندۇر، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر». ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان. سەھىھ.

**816 -  ( صحيح )ورواه ابن ماجه عن أبي سعيدوقال الترمذي : هذا حديث لا نعرفه إلا من حديث حارثة وقد تكلم فيه من قبل حفظه**

**817 - [ 6 ] ( ضعيف )وعن جبير بن مطعم : أنه رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي صلاة قال : " الله أكبر كبيرا الله أكبر كبيرا الله أكبر كبيرا والحمد لله كثيرا والحمد لله كثيرا والحمد لله كثيرا وسبحان الله بكرة وأصيلا " ثلاثا " أعوذ بالله من الشيطان من نفخه ونفثه وهمزه " . رواه أبو داود وابن ماجه إلا أنه لم يذكر : " والحمد لله كثيرا " . وذكر في آخره : " من الشيطان الرجيم " وقال عمر رضي الله عنه : نفخه الكبر ونفثه الشعر وهمزه الموتة**

جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ناماز ئوقۇغاندا ئاللاھۇ ئەكبەرنى ئۈچ، ئەلھەمدۇلىللاھ كەسىيرانى ئۈچ، سۇبھانەللاھى بۇكرەتەۋۋەئەسىيلانى ئۈچ قېتىم دەپ، ئاندىن ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن، ئۇنىڭ كىبرىدىن، شەئىرىدىن، ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلىگەنلىكىنى كۆرگەن، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**818 - [ 7 ] ( ضعيف )وعن سمرة بن جندب : أنه حفظ عن رسول الله صلى الله عليه وسلم سكتتين : سكتة إذا كبر وسكتة إذا فرغ من قراءة ( غير المغضوب عليهم ولا الضالين )فصدقه أبي بن كعب . رواه أبو داود وروى الترمذي وابن ماجه والدارمي نحوه**

سۇمرەت ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى سەكتىنى يەنى ئىككى قېتىم جىم تۇرۇشنى يادا ئالغان، بىرسى ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتقاندا، يەنى قولىنى كۆتۈرگەندە، يەنە بىرسى بولسا، سۈرە فاتىھەنى تۈگەتكەندە. ئۇنى ئۇبەي ئىبنى كەئبە تەستىقلىدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارمى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

819 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا نهض من الركعة الثانية استفتح القراءة ب " الحمد لله رب العالمين " ولم يسكت . هكذا في صحيح مسلم . وذكره الحميدي في افراده وكذا صاحب الجامع عن مسلم وحده

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۈچ،تۆت رەكئەتلىك نامازدا)ئىككىنچى رەكئەتتىن (ئۈچۈنچى رەكئەتكە)تۇرغاندا، قىرائەتنى«ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين » بىلەن باشلايتتى، بۇچاغدا، سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرمايتتى. (يەنى سانائۇقۇمايتتى) مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

الفصل الثالث

820 - [ 9 ] ( صحيح )عن جابر بن عبد الله قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا استفتح الصلاة كبر ثم قال : " إن صلاتي ونسكي ومحياي ومماتي لله رب العالمين لا شريك له وبذلك أمرت وأنا من المسلمين اللهم اهدني لأحسن الأعمال وأحسن الأخلاق لا يهدي لأحسنها إلا أنت وقني سيئ الأعمال وسيئ الأخلاق لا يقي سيئها إلا أنت " . رواه النسائي

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى باشلىغاندا، تەكبىر ئەيتىپ بولۇپ: «ھەققەتەن مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللەغىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن». ئى ئاللاھ! مېنى ياخشى ئەخلاق، ياخشى ئەمەللەرگە ھىدايەت قىلسىلا، ياخشى ئەخلاق، ياخشى ئەمەللەرگە پەقەت سىلىلا ھىدايەت قىلالايلا، مېنى يامان ئەمەل، ناچار ئەخلاقتىن ساقلىسىلا، ئۇنىڭدىن پەقەت سىلىلا ساقلاپ قالالايلا» دەيتتى . نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

821 - [ 10 ] ( صحيح )وعن محمد بن مسلمة قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا قام يصلي تطوعا قال : " الله أكبر وجهت وجهي للذي فطر السماوات والأرض حنيفا مسلما وما أنا من المشركين " . وذكر الحديث مثل حديث جابر إلا أنه قال : " وأنا من المسلمين " . ثم قال : " اللهم أنت الملك لا إله إلا أنت سبحانك وبحمدك " ثم يقرأ . رواه النسائي

مۇھەممەدئىبنى مەسلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپلە نامازغا تۇرغان چاغدا، اللە ئەكبەر دەپ تەكبىر ئەيتىۋېتىپ« مەن ھەققەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى،زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن » دەيتتى، ئاندىن ؛«ئى اللە!سىلى بىر دىنبىر ھەق پادىشاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلىگە ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىش بىلەن بىرگە تەسبىھ ئەيتىپ، سىلىنى پاك دەپ ئېتىقات قىلىمەن » دەپ، ئاندىن قىرائەت قىلاتتى. نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

## باب القراءة في الصلاة - الفصل الأول نامازدىكى قىرائەت توغرىسىدا

822 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عبادة بن الصامت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا صلاة لمن لم يقرأ بفاتحة الكتاب "وفي رواية لمسلم : " لمن لم يقرأ بأم القرآن فصاعدا "

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىتاب ئاچقۇچى بولغان سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشى ئۈچۈن ناماز يوق. ئۇمۇمۇلقۇرئاننى يەنى قۇرئاننىڭ ئاساسى بولغان سۈرە فاتىھەنى ۋە ئۇنىڭدىن زىيادە ئايەتلەرنى ئوقۇمىغان كىشىگە (كامىل)ناماز يوق، (يەنى سۈرە پاتىھە سىز ناماز دۇرۇس ئەمەس).بۇخارى، مۇسلىم 597 ــ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

823 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى صلاة لم يقرأ فيها بأم القرآن فهي خداج ثلاثا غير تمام " فقيل لأبي هريرة : إنا نكون وراء الإمام فقال اقرأ ا في نفسك فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه

**وسلم يقول : " قال الله تعالى قسمت الصلاة بيني وبين عبدي نصفين ولعبدي ما سأل فإذا قال العبد ( الحمد لله رب العالمين ) قال الله تعالى حمدني عبدي وإذا قال ( الرحمن الرحيم )قال الله تعالى أثنى علي عبدي وإذا قال ( مالك يوم الدين )قال مجدني عبدي وقال مرة فوض إلي عبدي فإذا قال ( إياك نعبد وإياك نستعين )قال هذا بيني وبين عبدي ولعبدي ما سأل فإذا قال ( اهدنا الصراط المستقيم صراط الذين أنعمت عليهم غير المغضوب عليهم ولا الضالين )قال هذا لعبدي ولعبدي ما سأل " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كىم ناماز ئوقۇپ، ئۇ نامازدا قۇرئاننىڭ ئاساسى بولغان سۈرە فاتىھەنى يەنى ئەلھەمدۇلىللاھىنى ئوقۇمىسا، ئۇ ناماز ناقىس، چولاق، كامىل تامام بولمىغان بولىدۇ،دەپ ئۈچ قېتىم دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:بىز ئىمامنىڭ ئارقىسىدا بولساقچۇ؟ دېيىلگەندە، ئۇ ؛ بۇچاغدا سەن سۈرە پاتىھەنى ئىچىڭدە ئوقىيسەن، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ؛« ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن نامازنى بەندەم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئارىسىغا ئىككى پارە قىلىپ تەقسىم قىلدىم، بەندەم ئۈچۈن ئۇنىڭ سورىغىنى بېرىلىدۇ، بەندە: «**ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين**» دېسە، ئاللاھتائالا بەندەم مېنى مەدھىيلەپ ماڭا ھەمدۇ ئېيتتى دەيدۇ، بەندە؛ «**ئەررەھمانىررەھىم**» دېسە، ئاللاھتائالا، بەندەم ماڭا سانا ئېيتتى، مېنى ياخشى سۈپەتلىدى دەيدۇ، بەندە يەنە؛ «**مالىكى يەۋمىددىين**» دېسە، ئاللاھتائالا؛ بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى (ھەممە ئىشنى ماڭا تاپشۇردى)دەيدۇ، بەندە؛ «**ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋە ئىيياكە نەستەئىين**» دېسە، ئاللاھتائالا؛ مانا بۇ مەن بىلەن بەندەم ئارىسىدىكى بىردىنبىر يېقىنلىقدۇر، بەندەم ئۈچۈن ئۇنىڭ سورىغىنى بىرلىدۇ دەيدۇ، (چۈنكى، ئىبادەت بىردىنبىر ۋەسىيلە، ۋاستىدۇر) بەندە ؛«**ئىھدىنەسسىراتەلمۇستەقىيم، سىراتەللەزىينە ئەنئەمتە ئەلەيھىم غەيرىلمەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەززالىين!**» دېسە، ئاللاھتائالا؛ مانا بۇ بەندەم ئۈچۈن، بەندەم ئۈچۈن ئۇ سورىغىنى بېرىلىدۇ دەيدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلھەمدۇ ئەڭ ياخشى دۇئا دېيىلگەن، بۇ سۈرە مۇشۇ ئۇممەتكىلا خاس نازىل قىلىنغان، شۇنداقلا بۇ سەھىھ ھەدىستە، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچىمۇ، چوقۇم سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشى لازىم، چۈنكى، ھەربىر بەندە شۇنى دېسە، ئاللاھتائالا يۇقىرقى سۆزنى دەپ تۇرىدۇ، ھىچ بولمىغاندا، قىرائەت مەخپى قىلىنغاندا ئوقۇسۇن.

**824 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم وأبا بكر وعمر رضي الله عنهما كانوا يفتتحون الصلاة ب " الحمد لله رب العالمين " )رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،ۋە ئەبۇبەكرى،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، نامازنى (يەنى قىرائەتنى )«**ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين**»بىلەن باشلايتتى.(يەنى بىسمىللاھىنى،ئەئۇزۇبىللاھىدەك، مەخپى قىلاتتى،ئەلھەمدۇنى جەھرى قىلاتتى). مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**825 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أمن الإمام فأمنوا فإنه من وافق تأمينه تأمين الملائكة غفر له ما تقدم من ذنبه )وفي رواية قال : " إذا قال الإمام : ( غير المغضوب عليهم ولا الضالين )فقولوا : آمين فإنه من وافق قوله قول الملائكة غفر له ما تقدم من ذنبه " . هذا لفظ البخاري ولمسلم نحوه وفي أخرى للبخاري قال : " إذا أمن القارئ فأمنوا فإن الملائكة تؤمن فمن وافق تأمينه تأمين الملائكة غفر له ما تقدم من ذنبه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام، ئامىين! دېگەندە سىلەرمۇ ئامىن!!! دەڭلار، ھەقىقەتەن كىمنىڭ ئامىن دېيىشى، پەرىشتىلەرنىڭ ئامىين دېيىشى بىلەن مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ،يانابىرخاتىردە، ئىمام، غەرىيلمەغزۇبى

ئەلەيهىم ۋەلەززالىين! دىگەندە، سىلەر ئامىين! دەڭلار، كىمنىڭ ئامىين دىگەن سۆزى پەرىشتىلەر دىگەن ئامىين دىگەن سۆزگە مۇۋاپىق كەلسە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، يانابىرخاتىردە، قارى ئامىين دىگەندە، سىلەرمۇ ئامىين دەڭلار، «يەنى نامازدا سۈرە فاتىھەدىن كىيىنكى ئامىن» چۈنكى، پەرىشتىلەرمۇ ئامىين دەيدۇ، كىمنىڭ ئامىن دىيىشى، پەرىشتىلەرنىڭ ئامىين دىيىشى بىلەن مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**826 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي موسى الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا صليتم فأقيموا صفوفكم ثم ليؤمكم أحدكم فإذا كبر فكبروا وإذ قال ( غير المغضوب عليهم ولا الضالين )فقولوا آمين يجبكم الله فإذا كبر وركع فكبروا واركعوا فإن الإمام يركع قبلكم ويرفع قبلكم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فتلك بتلك " قال : " وإذا قال سمع الله لمن حمده فقولوا اللهم ربنا لك الحمد يسمع الله لكم " . رواه مسلم**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:سىلەر ناماز ئوقىغاندا، سەپلەرنى رۇس،تۈز تۈزلەڭلار، ئاندىن سىلەرگە بىرىڭلار ئىمام بولسۇن، ئىمام تەكبىر ئېيتسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىڭلار، (ئۇ قىرائەت قىلغاندا سىلەر جىم تۇرۇڭلار،) ئىمام، سۈرە فاتىھەنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەلەززاللىين دېسە، ئامىين! دەڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىمام تەكبىر ئېيتىپ، رۇكۇ قىلسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلىڭلار، ئىمام سىلەردىن بۇرۇنراق رۇكۇ قىلىدۇ، بېشىنى كۆتۈرىدۇ، بۇ ئىككىسى نەخمۇ ـ نەخ بولسۇن، يەنى سىلەر كېيىنرەك قىلىڭلار، ئەگىشىڭلار، ئىمام؛« سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دېسە، يەنى ئاللاھ ھەمدە ئېيتقان كىشىگە قۇلاق سالدى، ئاڭلىدى دېسە، سىلەر؛ رەببەنا لەكەلھەمدۇ دەڭلار، يەنى ئى رەببىمىز، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا سىلىگە خاس دېسەڭلار، ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئاڭلايدۇ،( ئىمام تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلىڭلار، ئىمام سىلەردىن بۇرۇنراق قىلىپ، بۇرۇنراق بېشىنى كۆتۈرىدۇ، سىلەر شۇنى باراۋەر قىلىپ ئەگىشىڭلار، ئەتتەھىيياتۇدا ئولتۇرغاندا، مۇنداق دەڭلار: «ئەتتەھىيياتۇ لىللاھى ۋەسسەلىۋاتۇ ۋەتتەييباتۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەھۇتللاھى ۋەبەركاتۇھۇ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ»، تەرجىمىسى: ئىختىسادى، جىسمانى، ئىددىيىۋى ئىبادەت، مالدىكى، دىلدىكى، بەدەندىكى ئىبادەت بىر ئاللاھقا خاستۇر، سالام ساڭا ئى پەيغەمبەر، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى ساڭا بولسۇن، سالامەتچىلىك، تېنچلىق بىزگە،ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ، ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن). مۇسلىم، ئەھمەد ، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**827 - [ 6 ] ( صحيح )وفي رواية له عن أبي هريرة وقتادة: وإذا قرأ فأنصتوا** بۇنىڭ مەنىسى يۇقىردا تىرناق ئىچىدە ئۆتتى

**828 - [ 7 ] ( متفق عليه )**

**وعن أبي قتادة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقرأ في الظهر في الأوليين بأم الكتاب وسورتين وفي الركعتين الأخريين بأم الكتاب ويسمعنا الآية أحيانا ويطول في الركعة الأولى ما لا يطول في الركعة الثانية وهكذا في العصر وهكذا في الصبح**

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىنىنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئىتىدە، سۈرە پاتىھە بىلەن يەنە ئىككى سۈرىنى ئۇقۇيتتى، ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە، سۈرە پاتىھەنىلا ئۇقۇيتتى، بەزى چاغلاردا، بىزگە ئايەتنى (تەلىم ئۈچۈن)ئاڭلىتاتتى، قىرائەتنى بىرىنجى رەكئەتتە ئۇزۇنراق، ئىككىنجى رەكئەتتە قىسقىراق قىلاتتى، ئەسىر ۋە بومداتتىمۇ شۇنداق قىلاتتى. بۇخاري،مۇسلىم.

829 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : كنا نحزر قيام رسول الله صلى الله عليه وسلم في الظهر والعصر فحزرنا قيامه في الركعتين الأوليين من الظهر قدر قراءة ( الم تـ يل )السجدة - وفي رواية : في كل ركعة قدر ثلاثين آية - وحزرنا قيامه في الأخريين قدر النصف من ذلك وحزرنا قيامه في الركعتين الأوليين من العصر على قدر قيامه في الأخريين من الظهر وفي الأخريين من العصر على النصف من ذلك . رواه مسلم

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پېشىن بىلەن ئەسىر دىكى قىيامدا تۇرىشىنى مۆلچەرلەپ كۆرگەن ئىدۇق، پېشىننىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتىدىكى قىيامدا تۇرىشىنى سۈرە ئەلىف لام مىم سەجدە، ياكى بىر خاتىرىدە 30ئايەت مىقدارىچىلىك مۆلچەرلىدۇق، ئاخىرقى ئىككى رەكئەتتىدىكى قىيامدا تۇرىشىنى، شۇنىڭ يېرىمىچىلىك(يەنى 15ئايەت مىقدارىچىلىك) مۆلچەرلىدۇق. ئەسىرنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتىدىكى قىيامدا تۇرىشىنى، پېشىننىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئەتتىدىكى قىيامدا تۇرغىنىنىڭ مىقدارىچىلىك مۆلچەرلىدۇق، ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئەتتىدىكى قىيامدا تۇرىشىنى بولسا، شۇنىڭ يېرىمىچىلىك (يەنى يەتتە ئايەت مىقدارىدا،يەنى سۈرەپاتىھەمىقدارىدا)مۆلچەرلىدۇق. مۇسلىم.

830 - [ 9 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقرأ في الظهر ب ( الليل إذا يغشى ) وفي رواية ب ( سبح اسم ربك الأعلى )وفي العصر نحو ذلك وفي الصبح أطول من ذلك . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىدا سۈرە ۋەللەيلىنى، ياكى بىر خاتىرىدە، سۈرە ئەئلانى ئوقۇيتتى، ئەسىر نامىزىدىمۇ شۇنىڭ ئوخشىشىنى ئوقۇيتتى، بامداتتا ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق سۈرىنى ئوقۇيتتى. مۇسلىم.

831 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن جبير بن مطعم قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ في المغرب ب " الطور "

جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شام نامىزىدا، سۈرە تۇرنى قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇخاري،مۇسلىم.

832 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن أم الفضل بنت الحارث قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ في المغرب ب ( المرسلات عرفا )

ئۇممە پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شام نامىزىدا، سۈرە ۋەلمۇرسەلاتنى ئوقۇپ قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇخاري،مۇسلىم.

833 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن جابر قال : كان معاذ يصلي مع النبي صلى الله عليه وسلم ثم يأتي فيؤم قومه فصلى ليلة مع النبي صلى الله عليه وسلم العشاء ثم أتى قومه فأمهم فافتتح بسورة البقرة فانحرف رجل فسلم ثم صلى وحده وانصرف فقالوا له أنافقت يا فلان قال لا والله ولآتين رسول الله صلى الله عليه وسلم فلأخبرنه فأتى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال يا رسول الله إنا أصحاب نواضح نعمل بالنهار وإن معاذا صلى معك العشاء ثم أتى قومه فافتتح بسورة البقرة فأقبل رسول الله صلى الله عليه وسلم على معاذ فقال : " يا معاذ أفتان أنت ؟ اقرأ :( الشمس وضحاها ) ( والضحى )( والليل إذا يغشى )و( وسبح اسم ربك الأعلى )

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مۇئاز رەزىيەللاھۇئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن كېلىپ قەۋمىگە ئىمام بولاتتى ،ئۇ بىر كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن قەۋمىگە كېلىپ ئىمام بولۇپ، سۈرە بەقەرنى باشلىدى،

ئاندىن بىر كىشى سەپتىن ئايرىلىۋېلىپ ، سالام قىلىۋېتىپ ، نامازنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ قايتتى، (كىيىن) ئۇلار ئۇنىڭغا:ئى پالانى!سەن مۇناپىق بولدۇڭمۇ؟دېدى. ئۇكىشى:ياق، الله بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىرىپ، بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىمەن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ : ئى الله نىڭ ئەلچىسى!بىز تۆگىلەردە سۇ تۇشۇپ، كۈندىزى ئىشلەيتتۇق.مۇئاز رەزىيەللاھۇئەنھۇ سىلى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن قەۋمىگە كىلىپ ئىمام بولۇپ، سۈرە بەقەرنى باشلىدى...... دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاز رەزىيەللا ھۇئەنھۇغا ئالدىنى قىلىپ: ئى مۇئاز! سەن پىتنىخورمۇ؟. سەن كىشىلەرگە سۈرە شەمسى،سۈرە زۇھا، سۈرە ئەئلا، سۈرە ۋەللەيلىلەر بىلەن ناماز ئوقۇپ بەرگىن؟ (چۈنكى ئارقاڭدا يىشى چوڭ قېرىلار، ئاجىز، زەئىپ كىشلەر، ھاجەت ئىگىلىرى ناماز ئوقۇيدۇ،) دىگەن. بەيھەقى، بۇخاري،مۇسلىم. ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھىھ.

**834 - [ 13 ] ( متفق عليه )وعن البراء قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقرأ في العشاء : ( والتين والزيتون ) وما سمعت أحدا أحسن صوتا منه**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇپتەن نامىزىدا، «ۋەتتىينى ۋەززەيتۇن»نى قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ ئاۋازى مۇڭلۇق، چىرايلىقراق بىرەر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىدىم . بۇخاري،مۇسلىم.

**835 - [ 14 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقرأ في الفجر ب ( ق والقرآن ا يد ) ونحوها وكانت صلاته بعد تخفيفا . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بومدات نامىزىدا، «قاف ۋە لقۇرئانىلمەجىيد»نى ۋە ئۇنىڭ ئوخششىنى ئوقۇيتتى، شۇنداقتىمۇ نامىزى يەڭگىل ئىدى، مۇسلىم.

**836 - [ 15 ] ( صحيح )وعن عمرو بن حريث : أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقرأ في الفجر ( والليل إذا عسعس ) رواه مسلم**

ئەمرۇئىبنى ھەرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بومدات نامىزىدا، «ۋەللەيلى ئىزا ئەسئەس»نى قىرائەت قىلاتتى، مۇسلىم.

**837 - [ 16 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن السائب قال : صلى لنا رسول الله صلى الله عليه وسلم الصبح بمكة فاستفتح سورة ( المؤمنين )حتى جاء ذكر موسى وهارون أو ذكر عيسى أخذت النبي صلى الله عليه وسلم سعلة فركع . رواه مسلم**

ئابدۇالله ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە، (يەنى مەككىنى پەتھى قىلغاندا)، بىزگە بومدات نامىزنى ئوقۇپ بىرىپ، سۈرە مۆئمىنىيننى باشلاپ، «زەكەرە مۇسا ۋە ھارۇن ياكى زەكەرە ئەيسا»دىگەن جايغا كەلگەندە ، ھۆتەل تۇتۇپ كىتىپ، رۇكۇ قىلغان ئىدى.مۇسلىم.

**838 - [ 17 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقرأ في الفجر يوم الجمعة ب ( الم ت يل ) في الركعة الأولى وفي الثانية ( هل أتى على الإنسان )**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمەكۈنى بومدات نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە، «ئەلىف لام مىم تەنزىلنى»، ئىككىنچى رەكئەتتە، «ھەل ئەتائەلەلئىنسانىنى» قىرائەت قىلاتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

839 - [ 18 ] ( صحيح )وعن عبيد الله بن أبي رافع قال : استخلف مروان أبا هريرة على المدينة وخرج إلى مكة فصلى لنا أبو هريرة الجمعة فقرأ سورة ( الجمعة )في السجدة الأولى وفي الآخرة : ( إذا جاءك المنافقون )فقال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ ما يوم الجمعة . رواه مسلم

ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەرۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىگە ئىزباسارخەلىپە قىلىپ قويۇپ، مەككىگە چىقىپ كىتىدۇ، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە جۈمئە نامىزىنى ، بىرىنجى رەكئەتتە، سۈرە جۈمئەنى ، ئىككىنجى رەكئەتتە، «ئىزا جائەكەلمۇناپىقۇن»نى قىرائەت قىلىپ ئۇقۇپ بېرىپ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۈمئەكۈنى (جۈمئەنامىزىغا) ئۇ ئىككى سۈرىنى قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دىگەن. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

840 - [ 19 ] ( صحيح )وعن النعمان بن بشير قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ في العيدين وفي الجمعة ب ( سبح اسم ربك الأعلى )و (هل أتاك حديث الغاشية )قال :وإذا اجتمع العيد والجمعة في يوم واحد قرأ ما في الصلاتين .رواه مسلم

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزىدا ۋە جۈمئە نامىزىدا «سەببىھىسمى رەببىكەلئەئلا» بىلەن «ھەل ئەتاكە ھەدىيسۇلغاشىيە»نى قىرائەت قىلاتتى. ھېيت نامىزى بىلەن جۈمئە بىر كۈندە بىرلىشىپ بىللە كىلىپ قالسا، ھەر ئىككىلى نامازدا، ئاشۇ ئىككى سۈرىنى ئۇقۇيتتى.(يەنى جۈمئەكۈنى ھېيت نامىزى كىلىپ قالسا، ھېيت نامىزىنى ئاشۇ ئىككى سۈرە بىلەن ئۇقۇپ، ئاندىن جۈمئەنىمۇ ئاشۇ ئىككى سۈرى بىلەن ئۇقۇيتتى). مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

841 - [ 20 ] ( صحيح )وعن عبيد الله : أن عمر بن الخطاب سأل أبا واقد الليثي : ( ما كان يقرأ به رسول الله صلى الله عليه وسلم في الأضحى والفطر ؟ فقال : كان يقرأ فيهما : ب ( ق والقرآن ا يد )و ( اقتربت الساعة )رواه مسلم

ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەباۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزىدا، قايسى سۈرىنى قىرائەت قىلاتتى؟ دەپ، سوردى. ئەبۇۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزىدا، «قاف ۋەلقۇرئانىلمەجىيد»سۈرىسى بىلەن «ئىقتەرەبەتىسسائەتۇ.....»سۈرىسىنى قىرائەت قىلاتتى، دىدى. مۇسلىم.

842 - [ 21 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قرأ في ركعتي الفجر : ( قل يا أيها الكافرون )و ( قل هو الله أحد )رواه مسلم

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بومداتنىڭ ئىككى رەكئەت نامىزىدا (يەنى بومداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدە)، «قۇل يائەييۇھەلكافىرۇن»بىلەن «قۇل ھۇۋەالله ئەھەد» نى ئۇقۇيتتى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

843 - [ 22 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ في ركعتي الفجر : ( قولوا آمنا بالله وما أنزل إلينا )والتي في آل عمران ( قل يا أهل الكتاب تعالوا إلى كلمة سواء بيننا وبينكم )رواه مسلم

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بومداتنىڭ ئىككى رەكئەت نامىزىدا (يەنى بومداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدە)،«قۇلۇا ئامەننا بىللاھى ۋەما ئۇنزىلە ئىلەينا....» دىگەن ئايەت بىلەن ، سۈرەئال ئىمراندىكى « قۇل يا ئەھلەلكىتاب تەئالەۋ ئىلا كەلىمەتىن سەۋائىن بەينەنا ۋە بەينەكۇم....»دىگەن 64 ـ ئايەتنى ئۇقۇيتتى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**الفصل الثاني**

**844 - [ 23 ] ( لم تتمدراسته )عن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يفتتح صلاته ب ( بسم الله الرحمن الرحيم )رواه الترمذي وقال : هذا حديث ليس إسناده بذاك**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىنى «بىسمىللاھى ررەھمانىررەھىيم» بىلەن باشلايتتى. تىرمىزى توپلاپ، ئىسنادى بۇنداق ئەمەس دېگەن .ئەلبانىينىڭ بۇھەدىسنى تەكشۈرشى تامام بولمىغان. ئىلگىركى بىر سەھىھ ھەدىستە قىرائەتنى «ئەلھەمدۇ لىللاھى .... » بىلەن باشلىشى ئۆتتى.بۇ بەلكىم مەخپى ئوقۇشنى ياكى قىرائەتنى ئەمەس بەلكى نامازنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**845 - [ 24 ] ( صحيح )وعن وائل بن حجر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ : ( غير المغضوب عليهم ولا الضالين )فقال : آمين مد ا صوته . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي وابن ماجه**

ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «غەير ىلمەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەززاللىين !»دېگەننى ئوقۇپ بولۇپ، ئامىين!دېگەنلىكىنى ، شۇنداقلا، ئامىين!دېگەن بۇ سۆزنى، ئاۋازىنى سوزۇپ تۇرۇپ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم . تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،دارىمى،ئىبنى ماجە،سەھىھ.

**846 - [ 25 ] ( ضعيف )**

**وعن أبي زهير النميري قال : خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات يوم فأتينا على رجل قد ألح في المسألة فقال النبي صلى الله عليه وسلم :أوجب إن ختم " . فقال : رجل من القوم : بأي شيء يختم ؟ قال : " بآمين " . رواه أبو داود**

ئەبى زۇھەيرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر كۈنى سەپەرگە چىقىپ، بىر ئەرنىڭ قېشىغا كەلدۇق، ئۇ دۇئادىكى سورىشىدا ناھايىتى چىڭ تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەگەر خەتمە قىلىپ تاماملىسا ۋاجىپ بولدى، يەنى ئىجاۋەت بولدى دېدى. قەۋمدىن بىرسى، نېمە بىلەن تاماملايدۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئامىين بىلەن دېدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى.

**847 - [ 26 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم صلى المغرب بسورة ( الأعراف )فرقها في ركعتين . رواه النسائي**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  شام نامىزىنى سۈرە ئەئراب بىلەنمۇ ئوقۇغان ئىدى،ئۇ سۈرىنى شام نامىزىنىڭ ئىككى رەكئىتىگە بۆلۈپ ئوقۇغان ئىدى.نەسەئى،سەھىھ

**848 - [ 27 ] ( صحيح )وعن عقبة بن عامر قال : كنت أقود لرسول الله صلى الله عليه وسلم ناقته في السفر فقال لي : " يا عقبة ألا أعلمك خير سورتين قرئتا ؟ " فعلمني ( قل أعوذ برب الفلق )و ( قل أعوذ برب الناس )قال : فلم يرني سررت  ما جدا فلما نزل لصلاة الصبح صلى  ما صلاة الصبح للناس فلما فرغ التفت إلي فقال :  يا عقبة كيف رأيت ؟  . رواه أحمد وأبو داود والنسائ**

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر سەپەردە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەپ بېرىۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئۇقبە! مەن ساڭا ئوقۇلىۋاتقان ئەڭ ياخشى ئىككى سۈرىنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟دەپ، ماڭا «قۇل ئەئۇزۇبىرەببىلفەلەق بىلەن قۇل ئەئۇزۇبىرە بىنناس»نى ئۆگىتىپ قويدى، مەن ئۇ ئىككى سۈرىنى ئۆگەنگەنگە قاتتىق خۇرسەن بولۇپ كەتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بومدات نامىزى ئۈچۈن چۈشكەندە، كىشىلەرگە بومدات نامىزىنى شۇ ئىككى سۈرە

بىلەن ئۇقۇپ بەردى، نامازدىن پارىغ بولغاندا، ماڭا قاراپ: ئى ئۇقبە! قانداقراق ھىس قىلدىڭ؟، ( سەن بۇ ئىككى سۈرىنى ھەر قاچان ئۇخلىساڭ، تۇرساڭ ئوقۇغىن، چۈنكى، ھەر قانداق سورىغۇچى ۋە پاناھ تىلىگۈچى بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوخششىدەك نەرسە بىلەن سورىيالمايدۇ، ھەم پاناھ تىلىيەلمەيدۇ)دېدى. ئەھمەد ، نەسەئى، ئەبۇداۋۇد ،ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

849 - [ 28 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقرأ في صلاة المغرب ليلة الجمعة : ( قل يا أيها الكافرون )و ( قل هو الله أحد )رواه في شرح السنة

جابىرئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمئە كېچىسى شام نامىزىدا،«قۇل يا ئەييۇھەلكافىرۇن»بىلەن«قۇل ھۇۋەاللّٰه ئەھەد»نى قىرائەت قىلاتتى.شەرھىسسۇننەدە،سەھىھ.

850 - [ 29 ] ( ضعيف )ورواه ابن ماجه عن ابن عمر إلا أنه لم يذكر " ليلة الجمعة "

851 - [ 30 ] ( حسن )وعن عبد الله بن مسعود قال : ما أحصي ما سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ في الركعتين بعد المغرب وفي الركعتين قبل صلاة الفجر : ب ( قل يا أيها الكافرون )و ( قل هوا لله أحد )رواه الترمذي

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شامدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننەتتە ۋە بومدات نامىزىن بۇرۇنقى ئىككى رەكئەت سۈننەتتە، «قۇل يا ئەييۇھەلكافىرۇن»بىلەن«قۇل ھۇۋەاللّٰه ئەھەد»نى، ساناپ بۇلالمىغىدەك ، شۇنداق كۆپ قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم . (بۇئىككى سۈرىنى، شۇ ئىككى سۈننەت نامازدا شۇنداق كۆپ قىرائەت قىلاتتىكى ساناپ بىرىشكە قادىر بۇلالمايمەن). تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

852 - [ 31 ] ( صحيح )ورواه ابن ماجه عن أبي هريرة إلا أنه لم يذكر : " بعد المغرب "

853 - [ 32 ] ( حسن )
وعن سليمان بن يسار عن أبي هريرة قال : ما صليت وراء أحد أشبه صلاة برسول الله صلى الله عليه وسلم من فلان . قال سليمان : صليت خلفه فكان يطيل الركعتين الأولين من الظهر ويخفف الأخريين ويخفف العصر ويقرأ في المغرب بقصار المفصل ويقرأ في العشاء بوسط المفصل ويقرأ في الصبح بطوال المفصل . رواه النسائي وروى ابن ماجه إلى ويخفف العصر

سۇلەيماندىن ، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن پالانىدىنمۇ نامىزى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىغا ئوخشايدىغان بىرەركىشىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئۇقۇپ باقمىدىم. سۇلەيمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئاشۇ نامىزى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىغا ئوخشايدىغان كىشىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئۇقۇپ باقتىم، ئۇكىشى پىشىنىنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئىتىدە، قىرائەتنى ئۇزۇن قىلىپ، ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە قىرائەتنى قىسقا قىلاتتى، ئەسىردىمۇ قىرائەتنى قىسقا قىلاتتى، شام نامىزىدا، بىسمىللاھى.....كۆپ كېلىدىغان قىسقا سۈرىلەرنى(يەنى سۈرەبەييىنەدىن ناسقىچە)ئۇقۇيتتى، خۇپتەندە، قىسقا مۇپەسسەل سۈرىلەرنىڭ ئوتتۇرھالنى (يەنى سۈرە بۇرۇجدىن بەييىنەگىچە)ئۇقۇيتتى، بامداتتابولسا، بىسمىللاھى.....كۆپ كېلىدىغان مۇپەسسەل سۈرىلەرنىڭ ئۇزۇنلىرىنى ئۇقۇيتتى.نەسەئى،ئىبنى ماجە ،ھەسەن.

854 - [ 33 ] ( حسن )وعن عبادة بن الصامت قال : كنا خلف النبي صلى الله عليه وسلم في صلاة الفجر فقرأ فثقلت عليه القراءة فلما فرغ قال : " لعلكم تقرؤون خلف إمامكم ؟ " قلنا : نعم يا رسول الله . قال : " لا تفعلوا إلا بفاتحة الكتاب فإنه لا صلاة لمن لم يقرأ ا " . رواه أبو داود والترمذي وللنسائي معناه وفي رواية لأبي داود قال : " وأنا أقول مالي ينازعني القرآن ؟ فلا

**تقرؤوا بشيء من القرآن إذا جهرت إلا بأم القرآن "**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز بىرقېتىم بامدات نامىزىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائەت قىلىۋىدى، قىرائەت بەكمۇ ئەغىر، تەس كەلدى، نامازدىن پارىغ بولغاندا:سىلەر ئىمامىڭلارنىڭ ئارقىسىدىمۇ قىرائەت قىلىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟دىدى.بىز:ھەئە يارەسۇلەالله! شۇنداق قىلىمىز دىدۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماڭلار!، پەقەت سۈرە پاتىھەنىلا ئوقىساڭلار بولىدۇ، چۈنكى سۈرە پاتىھەنى ئوقىمىغان كىشى ئۈچۈن ناماز يوق، دىدى. ئەبۇداۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن مەن ئىچىمدە: ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ قۇرئاننى مەندىن باشقىلار تالىشىۋاتىدىغۇ؟، مەندىن قۇرئان قىرائىتى تار تىتۋېلىنىدىغۇ؟ دەپ قالدىم،سىلەر مەن قىرائەتنى جەھرى قىلغان چاغدا، قۇرئاندىن بىرەر نەرسە ئوقىماڭلار، پەقەت سۈرە پاتىھەنىلا ئوقىساڭلار بولىدۇ، دىدى.دىيىلگەن. نەسەئى ،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن.

**855 - [ 34 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم انصرف من صلاة جهر فيها بالقراءة فقال : " هل قرأ معي أحد منكم آنفا ؟ " فقال رجل : نعم يا رسول الله قال : " إني أقول : ما لي أنازع القرآن ؟ " . قال فانتهى الناس عن القراءة مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فيما جهر فيه بالقراءة من الصلوات حين سمعوا ذلك من رسول الله صلى الله عليه وسلم " . رواه مالك وأحمد وأبو داود والترمذي والنسائي وروى ابن ماجه نحوه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائەتنى جەھرى قىلغان بىر نامازدىن قايتىۋېتىپ: سىلەردىن بىر كىشى باياتىن مەن بىلەن بىرگە قىرائەت قىلدىمۇ؟،دىدى . بىركىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى ! ھەئە شۇنداق قىلدى ، دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن مەن ئىچىمدە: ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ قۇرئاننى مەندىن باشقىلار تالىشىۋاتىدىغۇ؟، مەندىن قۇرئان قىرائىتى تار تىتۋېلىنىدىغۇ؟ دەپ قالدىم، دىدى. كىشىلەر شۇ سۆزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغاندىن باشلاپ، قىرائەت جەھرى ئوقىلىدىغان نامازلاردا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە قىرائەت قىلىشتىن توختىدى. (يەنى چەكلەندى) ئەھمەد ،مالىك، تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن، ئىمام قىرائەتنى جەھرى قىلىۋاتقاندا، ئۇنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنە قىرائەت قىلماسلىق چىقىدۇ.

**856 - [ 35 ] ( صحيح )وعن ابن عمر والبياضي قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن المصلي يناجي ربه فلينظر ما يناجيه به ولا يجهر بعضكم على بعض بالقرآن " . رواه أحمد**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ناماز ئوقۇغۇچى، ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن مۇناجات قىلىشىپ، سۆزلىشىدۇ، ئۇ رەببىگە، نېمە بىلەن مۇناجات قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن، بەزىڭلار ــ بەزىڭلارغا، قۇرئاننى جەھرى، ئاشكارا ئوقۇمىسۇن، (يەنى ناماز ئىچى ۋە سىرتىدا شۇنداق) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**857 - [ 36 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما جعل الإمام ليؤتم به فإذا كبر فكبروا وإذا قرأ فأنصتوا " . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئىمام ئەقتىدا قىلىنىش، ئەگىشىش ئۈچۈن سايلانغان، ئۇ تەكبىر ئېيتسا، تەكبىر ئېيتىڭلار، قىرائەت قىلسا، سىلەر جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭلار، (ئىمام؛ سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھۇ دىسە، سىلەر؛ رەببەنا لەكەلھەمدۇ دەڭلار، مەنىسى

ئى رەببىمىز، بارلىق ھەمدۇ ــ سانالار ساڭىلا خاستۇر) نەسەئى،ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**858 - [ 37 ] ( حسن )وعن عبد الله بن أبي أوفى قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : إني لا أستطيع أن آخذ من القرآن شيئا فعلمني ما يجزئني قال : " قل سبحان الله والحمد لله ولا إله إلا الله والله أكبر ولا حول ولا قوة إلا بالله " . قال : يا رسول الله هذا لله فما ذا لي ؟ قال : " قل اللهم ارحمني وعافني واهدني وارزقني " . فقال هكذا بيديه وقبضهما . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أما هذا فقد ملأ يديه من الخير " . رواه أبو داود وانتهت رواية النسائي عند قوله : " إلا بالله**

ئابدۇﷲ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن قۇرئاندىن بىرەر نەرسە يادا ئېلىشقا قادىر بولالمايمەن، ماڭا (نامىزىمدا) كۇپايە بولغىدەك بىرەر نەرسە ئۆگىتىپ قويسىلا دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:«**سۇبھانەللاھى، ۋە لھەمدۇلىللاھى، ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر،لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللاھ بىللاھى**»دىگىن دىدى.ئۇكىشى: ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى! بۇ ﷲ قا خاستۇر، مەن ئۈچۈن قانداق دۇئا قىلىمەن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئاللاھ!، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىيم قىلسىلا، مىنى ساق ــ سالامەت ساقلىسىلا، مىنى ھىدايەت قىلسىلا، ماڭا ھالالدىن ياخشى رىزىق بەرسىلە» دىگىن، (ھەققەتەن دۇئا قىلىشتا، ئاشۇ سۆزلەر ساڭا دۇنيا ــ ئاخىرەتنىڭنى بىرلەشتۇرۇپ، جۇغلاپ كۇپايە بولىدۇ)دىدى. ئۇكىشى ئىككى قولىنى مانا مۇشۇنداق كەڭ ئېچىپ،ئاندىن يىغىپ يۇمدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئەمما بۇ ئىككى قولىنى ياخشىلىققا لىق توللدى دىدى. نەسەئى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان،ھەسەن.

**859 - [ 38 ] ( صحيح )وعن ابن عباس رضي الله عنهما : أن النبي صلى الله عليه وسلم : كان إذا قرأ ( سبح اسم ربك الأعلى )قال : ( سبحان ربي الأعلى )رواه أحمد وأبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «سەببىھىسمى رەببىكەلئەئلا» يەنى سۈرە ئەئلانى ئوقۇسا، سۇبھانە رەببىيەلئەئلا ، دەيتتى. (چۈنكى، ھەممىدىن ئۇستۈن پەرۋەردىگارىڭنى پاك دەپ ئېتقاد قىلغىن، دەپ شۇنداق دىيىشكە بۇ ئايەتتە بۇيرۇق بار ئىدى، ئەمەل قىلاتتى). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**860 - [ 39 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قرأ منكم ب ( التين والزيتون )فانتهى إلى ( أليس الله بأحكم الحاكمين )فليقل : بلى وأنا على ذلك من الشاهدين . ومن قرأ : ( لا أقسم بيوم القيامة ) فانتهى إلى ( أليس ذلك بقادر على أن يحيي الموتى )فليقل بلى . ومن قرأ ( والمرسلات )فبلغ : ( فبأي حديث بعده يؤمنون ) فليقل : آمنا بالله " . رواه أبو داود والترمذي إلى قوله : ( وأنا على ذلك من الشاهدين )**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن كىم سۈرە تىيننى ئوقۇپ ئاخىرلاشتۇرسا، ئاخىرىدا بەلا دىسۇن ۋە مەن ئاللاھنىڭ ئەڭ ئادىل ھاكىم ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بىرىمەن دىسۇن، ئەگەر سۈرە لا ئۇقسىمۇنى ئوقۇپ ئاخىرلاشتۇرسا، ئاخىرىدا بەلا دىسۇن، ئەگەر سۈرە مۇرسەلات ۋەلمۇرسەلاتنى ئوقۇسا، ئاخىرىدا ئاللاھقا ئىمان كەلتۇردۇم دىسۇن دىگەن بۇھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**861 - [ 40 ] ( حسن )وعن جابر رضي الله عنه قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم على أصحابه فقرأ عليهم سورة الرحمن من أولها إلى آخرها فسكتوا فقال : " لقد قرأ ا على الجن ليلة الجن فكانوا أحسن مردودا منكم كنت كلما أتيت على قوله ( فبأي آلاء ربكما تكذبان )قالوا لا بشيء من نعمك ربنا نكذب فلك الحمد " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ، ساھابىللىرىغا سۈرە ئەررەھماننى باشتىن باشلاپ ئاخىرغىچە ئوقۇپ بەرسە، ئۇلار جىم تۇرۇشتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن مەن جىن كېچىسى، سۈرە ئەررەھماننى جىنلارغا ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم، جاۋاب قايتۇرۇشتا، ئۇلار سىلەردىن ياخشى بولدى، مەن ھەر قېتىم ئاللاھتائالانىڭ «ئى ئىنسانلار، جىنلار! سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى بىر نېئمىتىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟» دىگەن سۆزىدىن ئۆتكىنىمدە، جىنلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنىڭ ھېچ بىر نېئمىتىڭگە تانمايمىز، ئىنكار قىلمايمىز، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ساڭا خاستۇر، دەپ جاۋاب بېرىپ تۇردى، دىدى. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

862 - [ 41 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن معاذ بن عبد الله الجهني قال : إن رجلا من جهينة أخبره أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم : قرأ في الصبح ( إذا زلزلت )في الركعتين كلتهما فلا أدري أنسي أم قرأ ذلك عمدا . رواه أبو داود

مۇئازىلجۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ماڭا جۇھەينەت قەبىيلىسىدىن بىر كىشى مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، بامدات نامىزىنىڭ ھەر ئىككىلى رەكئىتىدە ، «ئىزا زۇلزىلەت » سۈرىسىنى قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىكەن. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇسۇرىنى بىرنامازنىڭ ئىككىلى رەكئىتىدە، قەستەن قىرائەت قىلدىمۇ؟، ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ قىرائەت قىلدىمۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن . ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.ئالىملار:بۇنىڭدىن بىرسۈرىنى تەكرارقىرائەت قىلسىمۇ، دۇرۇس دىدى.

863 - [ 42 ] ( ضعيف )وعن عروة قال : إن أبا بكر الصديق رضي الله عنه صلى الصبح فقرأ فيهما ب ( سورة البقرة ) في الركعتين كلتيهما . رواه مالك

ئورۋەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن ئۇ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ، بامدات نامىزىنىڭ ھەر ئىككى رەكئىتىگە سۈرە بەقەرنى قىرائەت قىلغان، دىگەن بۇ سۆزنى مالىك خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

864 - [ 43 ] ( صحيح )وعن الفرافصة بن عمير الحنفي قال : ما أخذت سورة يوسف إلا من قراءة عثمان بن عفان إياها في الصبح ومن كثرة ما كان يرددها . رواه مالك

پەراپىسەت رەھىمەھۇاللە مۇنداق دەيدۇ؛ مەن سۈرە يۇسۇفنى پەقەت ئوسمان ئىبنى ئەپپان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ ئۇسۇرىنى بامدات نامىزىدا كۆپ قېتىم تەكرار قىرائەت قىلغانلىقىدىنلا، يادا ئېلىۋالغان ئىدىم.مالىك توپلىغان سەھىھ.

865 - [ 44 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عامر بن ربيعة قال : صلينا وراء عمر ابن الخطاب الصبح فقرأ فيهما بسورة يوسف وسورة الحج قراءة بطيئة قيل له : إذا لقد كان يقوم حين يطلع الفجر قال : أجل . رواه مالك

ئابدۇاللە ئىبنى ئامىر ئىبنى رەبىيئە رەھىمەھۇاللە مۇنداق دەيدۇ؛بىز ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ ئارقىسىدا بامدات نامىزىنى ئوقۇغان ئىدۇق، ئۇ بامداتنىڭ ئىككى رەكئىتىگە، سۈرە يۇسۇف بىلەن سۈرە ھەجنى ناھايىتى ئاستا، دانىمۇ-دانە قىرائەت قىلدى. ئۇنىڭغا:ئانداقتا ئۇ سۇبھى يۇرىشى بىلەنلا، (بامداتنىڭ بىرىنجى ۋاقتىدىلا) نامازغا تۇرۇپ بولىدىكەن دە، دىيىلدى. ئۇ:ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتى، دىدى. مالىك توپلىغان سەھىھ.

866 - [ 45 ] ( ضعيف )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : ما من المفصل سورة صغيرة ولا كبيرة إلا قد سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يؤم ا الناس في الصلاة المكتوبة . رواه مالك

ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيبىدىن دادىسىدىن، چوڭ دادىسىدىن، چوڭ ــ كىچىك مۇپەسسەل سۈرىلا بولىدىكەن، يەنى بىسمىللا كۆپ كېلىدىغان كىچىك سۈرىلا بولىدىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ سۈرىلەر

بىلەن كىشىلەرگە پەرىز نامازدا ئىمام بولغىنىنى ئاڭلىدىم دېگەن، بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن،

**867 - [ 46 ] ( مرسل حسن )وعن عبد الله بن عتبة بن مسعود قال : قرأ رسول الله صلى الله عليه وسلم في صلاة المغرب ب ( حم الدخان )رواه النسائي مرسلا**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبەت ئىبنى مەسئۇد رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزىدا، «ھامىيم دۇخان»نى قىرائەت قىلغان . نەسەئى مۇرسەل ھالدا توپلىغان ھەسەن.

## باب الركوع - الفصل الأول رۇكۇ قىلىش توغرىسىدا

**868 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : أقيموا الركوع والسجود فوالله إني لأراكم من بعدي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رۇكۇ ــ سەجدىلەرنى رۇس، مەزمۇت قىلىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنى رۇكۇ ــ سەجدە قىلغان چېغىڭلاردا، ئارقامدىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**869 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن البراء قال : كان ركوع النبي صلى الله عليه وسلم وسجوده وبين السجدتين وإذا رفع من الركوع ما خلا القيام والقعود قريبا من السواء**

بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىيامدا تۇرۇشى بىلەن (تەشەھھۇدتا) ئولتۇرۇشىدىن باشقا، رۇكۇسى، سەجدىسى، ئىككى سەجدە ئارلىقى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىكى ۋاقتى بارابەر ئوخشاش مىقداردا ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**870 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا قال : " سمع الله لمن حمده " قام حتى نقول : قد أوهم ثم يسجد ويقعد بين السجدتين حتى نقول : قد أوهم . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەمىئەللاھ لىمەن ھەمىدەھ دېگەندە، شۇنداق مەزمۇت تۇراتتىكى ، بىز رۇكۇ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، رۇكۇ ساقىت قىلىنغان ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتۇق. ئاندىن سەجدە قىلىپ، ئىككى سەجدە ئارلىقىدا، شۇنداق مەزمۇت ئولتۇراتتىكى، بىز سەجدە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئىككىنجى سەجدە ساقىت قىلىنغان ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتۇق. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**871 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يكثر أن يقول في ركوعه وسجوده : " سبحانك اللهم ربنا وبحمدك اللهم اغفر لي " يتأول القرآن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ ـ سەجدىسىدە، مۇنۇ دۇئانى بەك كۆپ دېيتتى:«سۇبھانەكە ئاللاھۇممە رەببەنا ۋە بىھەمدىكە ئاللاھۇممە ا غپىرلى»ئى رەببىمىز الله! سىلى ھەممىدىن پاك، بىز سىلىگە ھەمدە ئېيتىش بىلەن بىرگە سىلىنى پاك دەپ ئېتقات قىلىمىز،ئى الله!مەن ئۇچۇن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى قۇرئاندىن چۈشىنىپ، قۇرئاندىكى (يەنى سۈرە نەسرىدىكى)بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ قىلاتتى.ئىمام بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**872 - [ 5 ] ( صحيح )وعنها أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يقول في ركوعه وسجوده : " سبوح قدوس رب الملائكة**

**والروح " . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ ـ سەجدىسىدە،مۇنداق دەيتتى:«سۇببۇھۇن قۇددۇسۇن رەببۇلمەلائىكەتى ۋە رروھ» **الله** ھەممە ئەيىب ـ نوقسانىدىن پاكتۇر، ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ ، روھنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ)پەرۋەردىگارى بولغان، مۇقەددەس زاتتۇر. مۇسلىم ، سەھىھ.

**873 - [ 6 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا إني نيت أن أقرأ القرآن راكعا أو ساجدا فأما الركوع فعظموا فيه الرب وأما السجود فاجتهدوا في الدعاء فقمن أن يستجاب لكم " . رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (ئى ئىنسانلار، ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىك بىشارەتلىرىدىن ھېچنەرسە قالماي پەقەتلا ئاخىرلاشتى، پەقەت مۇسۇلمان كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىغان ياخشى، راست بىشارەت چۈشلا قالدى،) ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن قۇرئاننى رۇكۇ ياكى سەجدە قىلغان ھالدا ئوقۇشدىن چەكلەندىم، رۇكۇغا كەلسەك، ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارنى ئۇلۇغلاپ، (سۇبھانە رەببىيەلئەزىيم) دەڭلار، ئەمما سەجدىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىۋېتىپ، دۇئا قىلىشقا تىرىشىڭلار، سىلەر ئۈچۈن سەجدىدىكى دۇئانىڭ ئىجاۋەت بولۇشى چوقۇمدۇر، ۋاجىپ، مۇقىم قىلىندى، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**874 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قال الإمام : سمع الله لمن حمده فقولوا : اللهم ربنا لك الحمد فإنه من وافق قوله قول الملائكة غفر له ما تقدم من ذنبه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىمام؛ سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە، سىلەر؛ ئاللاھۇممە رەببەنا لەكەلھەمدۇ دەڭلار، ھەقىقەتەن كىمنىڭ شۇ سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، (يەنى كەچۈرۈلىدۇ، ئۆتنۈۋېتىلىدۇ)، مالىك، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**874 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن أبي أوفى قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا رفع ظهره من الركوع قال : " سمع الله لمن حمده اللهم ربنا لك الحمد ملء السماوات وملء الأرض وملء ما شئت من شيء بعد " . رواه مسلم**

ئابدۇ**الله** رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن ئۈچىسىنى، بېشىنى كۆتۈرگەندە: «سەمىئە**الله** لىمەن ھەمىدەھ، ئى رەببىمىز **الله** ! ئاسمان ــزىمىن ۋە ئۇنىڭ ئارلىقىدىكى نەرسىلەرلىق تولغۇدەك، ئۇنىڭدىن باشقا سىلى خالىغان بارلىق نەرسىلەر لىق تولغۇدەك جىمى ھەمدۇ ـ سانالار سىلىگە خاستۇر»دەيتتى. مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

**876 - [ 9 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا رفع رأسه من الركوع قال : " اللهم ربنا لك الحمد ملء السماوات وملء الأرض وملء ما شئت من شيء بعد أهل الثناء وا د أحق ما قال العبد وكلنا لك عبد اللهم لا مانع لما أعطيت ولا معطي لما منعت ولا ينفع ذا الجد منك الجد " . رواه مسلم**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە: «ئى رەببىمىز **الله** ! ئاسمان ــزىمىن ۋە ئۇنىڭ ئارلىقىدىكى نەرسىلەر لىق تولغۇدەك، ئۇنىڭدىن باشقا سىلى خالىغان بارلىق نەرسىلەر لىق تولغۇدەك جىمى ھەمدۇ ـ سانالار سىلىگە خاستۇر، سىلى ھەمدۇ ـ سانا،گۈزەل مەدھى، ئۇلۇغلۇقنىڭ ئەھلى، سىلى بەندى مەدھىيلەپ ماختىغان نەرسىگە ئەڭ لايىق، ھەقلىق، ھەممىمىز سىلىنىڭ بەندىلىرى، سىلى بەرگەننى توسقۇچى يوق، سىلى بەرمىگەننى بەرگۈچى يوق، سىلىنىڭ

ئازاپلىرىدىن بايلارغا ئۇنىڭ بايلىقى مەنپەئەت قىلالمايدۇ.››دەيتتى. مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

**877 - [ 10 ] ( صحيح )وعن رفاعة بن رافع قال : كنا نصلي وراء النبي صلى الله عليه وسلم فلما رفع رأسه من الركعة قال : " سمع الله لمن حمده " . فقال رجل وراءه : ربنا ولك الحمد حمدا كثيرا طيبا مباركا فيه فلما انصرف قال : " من المتكلم آنفا ؟ " قال : أنا . قال : " رأيت بضعة وثلاثين ملكا يبتدرونا أيهم يكتبها أول " . رواه البخاري**

رۇپائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئۇقۇۋاتاتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە: ‹‹سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ››دىدى. ئاندىن ئارقا تەرەپتىكى بىركىشى:‹‹رەببەنا لەكەلھەمدۇ ھەمدەن كەسىيرەن تەييىبەن مۇبارەكەن پىيھ››دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن قايتقاندا: باياتىن سۆز قىلغان كىم؟دىدى. ئۇكىشى:مانا مەن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:مەن ئوتتۇز نەچچە پەرىشتىنىڭ قايسىسى ئۇ سۆزنى تۇنجى بولۇپ يېزىشقا، ئالدىرشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، دىدى. بۇخارى توپلىغان ، سەھىھ.

**الفصل الثاني**

**878 - [ 11 ] ( صحيح )عن أبي مسعود الأنصاري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تجزئ صلاة الرجل حتى يقيم ظهره في الركوع والسجود " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى رۇكۇ ــ سەجدىللىرىدە، ئۇچىسىنى، سۇلبىنى رۇس، مەزمۇت تۇزلىمىگىچە، نامىزى ئادا تاپمايدۇ، دۇرۇس بولمايدۇ. ئەھمەد ،دارىمى توت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**879 - [ 12 ] ( حسن )وعن عقبة بن عامر قال : لما نزلت ( فسبح باسم ربك العظيم )**
**قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اجعلوها في ركوعكم " فلما نزلت ( سبح اسم ربك الأعلى )**
**قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اجعلوها في سجودكم " . رواه أبو داود وابن ماجه والدارمي**

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛‹‹فەسەببىھ بىسمى رەببىكەلئەزىيم››دىگەن ئايەت نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنى رۇكۇلىرىڭلاردا قىلىڭلار (يەنى رۇكۇدا‹‹سۇبھانەرەببىيەلئەزىيم›› دەڭلار) دىدى. ‹‹سەببىھىسمى رەببىكەلئەئلا›› دىگەن ئايەت نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنى سەجدىلىرىڭلاردا قىلىڭلار(يەنى سەجدىدە، ‹‹سۇبھانەرەببىيەلئەئلا››دەڭلار)دىدى.ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە،دارىمى.ھەسەن.

**880 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن عون بن عبد الله عن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا ركع أحدكم فقال في ركوعه : سبحان ربي العظيم ثلاث مرات فقد تم ركوعه وذلك أدناه وإذا سجد فقال في سجوده سبحان ربي الأعلى ثلاث مرات فقد تم سجوده وذلك أدناه " . رواه الترمذي وأبو داود ابن ماجه . وقال الترمذي : ليس إسناده بمتصل لأن عونا لم يلق ابن مسعود**

ئەۋنى ئىبنى ئابدۇاللە دىن ،ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بىرىڭلار رۇكۇ قىلغاندا رۇكۇداتۇرۇپ: ‹‹سۇبھانەرە ببىيەلئەزىيم››نى ئۈچ قېتىم دىسە، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رۇكۇسى كامىل تامام بولغان بۇلىدۇ، ئاشۇ ئۈچ قېتىم دىيىش ئەڭ ئەدناسىدۇر.سەجدە قىلغاندا ، سەجدىسىدە تۇرۇپ: ‹‹سۇبھانەرەببىيەلئەئلا›› نى ئۈچ قېتىم دىسە، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ سەجدىسى كامىل تامام بولغان بۇلىدۇ، ئاشۇ ئۈچ قېتىم دىيىش ئۇنىڭ ئەڭ ئازراقى، ئەدناسىدۇر.تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە توپلىغان ، تىرمىزى:بۇھەدىسنىڭ ئىسنادىيولى تۇتاش ئەمەس ، چۈنكى ئەۋنى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا

ئۇچراشمىغان دېگەن ، ئەلبانىينىڭ تەكشۈرۈشى تامام بولمىغان.

881 - [ 14 ] ( صحيح )وعن حذيفة : أنه صلى مع النبي صلى الله عليه وسلم فكان يقول في ركوعه : " سبحان ربي العظيم " وفي سجوده : " سبحان ربي الأعلى " . وما أتى على آية رحمة إلا وقف وسأل وما أتى على آية عذاب إلا وقف وتعوذ . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي وروى النسائي وابن ماجه إلى قوله : " الأعلى " . وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئۇقۇغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇسىدا: «سۇبھانەرە ببىيەلئەزىيم»دەيتتى، سەجدىسىدە؛ «سۇبھانەرەببىيەلئەئلا» دەيتتى، رەھمەت ئايىتىگە كەلسە ، توختاپ رەھمەتنى سورىۋالاتتى ، ئازاپ ئايىتىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتسە، توختاپ، الله قا سېغىنىپ ئازاپتىن پاناھ تىلەيتتى.دارىمى، توت كىتاپ توپلىغان،سەھىھ.

## الفصل الثالث

882 - [ 15 ] ( صحيح )عن عوف بن مالك قال : قمت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما ركع مكث قدر سورة البقرة ويقول في ركوعه : " سبحان ذي الجبروت والملكوت والكبرياء والعظمة " . رواه النسائي

ئەۋق ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن (بىرقېتىملىق نەپلە نامازدا)رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تۇرغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلغاندا، سۈرە بەقەرنى ئۇقۇغانىنىڭ مىقدارىدا تۇردى، رۇكۇسىدا:«سۇبھانە زىلجەبرۇتى ۋەلمەلەكۇتى ۋەلكىبرىيائى ۋەلئەزىمەتى» يەنى ھەممىنى بويسۇندۇرۇپ باشقۇرۇشنىڭ، پادىشاھلىقنىڭ، كاتتا بۈيۈك چوڭچىلىقنىڭ، ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىگىسى بولغان الله پاكتۇر، دېدى.نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

883 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن ابن جبير قال : سمعت أنس بن مالك يقول : ما صليت وراء أحد بعد رسول الله صلى الله عليه وسلم أشبه صلاة بصلاة رسول الله صلى الله عليه وسلم من هذا الفتى يعني عمر بن عبد العزيز قال : فحزرنا ركوعه عشر تسبيحات وسجوده عشر تسبيحات . رواه أبو داود والنسائي

ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئەنەس، ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن مۇشۇ ياشتەك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشاش ناماز ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇپ باقمىدىم، ئۇ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپىنى دېمەكچى ئىدى، بىز ئۇنىڭ رۇكۇ، سەجدىلىرىنى ئۆلچەپ كۆرسەك، ئون تەسبىھ ئىكەن، يەنى سەجدە، رۇكۇدا تەسبىھ، تەئزىمنى ئون قېتىم دەيدىكەن، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن،

884 - [ 17 ] ( صحيح )وعن شقيق قال : إن حذيفة رأى رجلا لا يتم ركوعه ولا سجوده فلما قضى صلاته دعاه فقال له حذيفة : ما صليت . قال : وأحسبه قال : ولو مت مت على غير الفطرة التي فطر الله محمدا صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري

شۇقەيق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەققەتەن ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، نامىزىنىڭ سەجدە ـ رۇكۇلىرىنى كامىل قىلمىغان بىركىشىنى كۆرۈپ، ئۇكىشى نامىزىنى ئۇقۇپ بولغاندا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:سەن ناماز ئۇقۇغان بولمۇدۇڭ، نامازنى كامىل ئۇقۇمۇدۇڭ، ئەگەر سەن مۇشۇنداقلا ناماز ئۇقۇپ ئۆلسەڭ، الله تائالا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياراتقان(يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ياراتقان ياكى ئەۋەتكەن)سۈننەت يولىنىڭ، ئىسلام دىنىنىڭ غەيرىدە ئۆلگەن بۇلسەن دېدى. بۇخارى خاتىرلىگەن سەھىھ.

885 - [ 18 ] ( صحيح )وعن أبي قتادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أسوأ الناس سرقة الذي يسرق من

**صلاته " . قالوا : يا رسول الله وكيف يسرق من صلاته ؟ قال : لا يتم ركوعها ولا سجودها " . رواه أحمد**

ئەبۇ قەتادەت، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامان ئوغرى، ئۆزنامىزدىن ئوغۇرلايدىغان ناماز ئوغرىسىدۇر،ئۇلار:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! نامىزىدىن قانداق ئوغۇرلايدۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ بولسا،رۇكۇ، سەجدىسىنى، (قورقۇپ، ئەيمىنىپ تىترەپ، چىن قەلبىدىن تۆۋەنلىك بىلەن ئوقۇشنى، ) كامىل قىلمايدىغان ناماز ئوغرىسىدۇر،دىدى. ئەھمەد ، ھاكىم، تەيالىسى، ئەبۇ يەئلالار توپلىغان، سەھىھ.

**886 - [ 19 ] ( صحيح )وعن النعمان بن مرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : ما ترون في الشارب والزاني والسارق ؟ " وذلك قبل أن ت ل فيهم الحدود قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : " هن فواحش وفيهن عقوبة وأسوأ السرقة الذي يسرق من صلاته " . قالوا : وكيف يسرق م صلاته يا رسول الله ؟ قال : " لا يتم ركوعها ولا سجودها " . رواه مالك وأحمد وروى الدارمي نحوه**

نوئمان ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھاراق ئىچكۈچى، زىنا قىلغۇچى، ئوغۇرلۇق قىلغۇچى توغرىسىدا نىمە دەيسلەر؟ـ ـشۇ سوئال بولسا، ئۇلار ھەققىدە ھەد ـ جازاغا تارتىش ئايىتى نازىل بۇلىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئىدى ـ ـئۇلار:الله ۋە رەسۇلىھى ئەئلەم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇ ئىشلار دىگەن پاھىشە (بۇزۇق، گۇناھ ـ مەئسىيەت)ئىشلاردۇر، ئۇ ئىشلارغا ئازاپلاش، جازاغا تارتىش باردۇر.لىكىن ئەڭ يامان ئوغرى، ئۆزنامىزدىن ئوغۇرلايدىغان ناماز ئوغرىسىدۇر، دىدى. ئۇلار:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! نامىزىدىن قانداق ئوغۇرلايدۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ بولسا،نامىزىنىڭ رۇكۇ، سەجدىسىنى كامىل قىلمايدىغان ناماز ئوغرىسىدۇر،دىدى.
ئەھمەد،مالىك توپلىغان سەھىھ.

## باب السجود وفضله - الفصل الأول سەجدە ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**887 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أمرت أن أسجد على سبعة أعظم على الجبهة واليدين والركبتين وأطراف القدمين ولا نكفت الثياب ولا الشعر "**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن يەتتە ئەزادا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، 1 ــ پىشانە (بۇرۇنمۇ تەگسۇن) 2 ـ ، 3 ـ ئىككى قول، 4 ـ ، 5 ـ ئىككى تىز، 6 ـ 7 ـ ئىككى قەدەم ئەتراپلىرى، شۇنداقلا كىيىمىمىزنى پوملاپ تۇرىۋالماسلىققا، چاچنى پوملاپ يىغىۋالماسلىققا بۇيرۇلدۇق. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**888 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اعتدلوا في السجود ولا يبسط أحدكم ذراعيه انبساط الكلب "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەجدىدە تۈز، مەزمۇت تۇرۇڭلار، بىرىڭلار ئىككى بىلىكىنى ئىت چاپلاپ يېيىپ تۇرغاندەك، يەرگە چاپلاپ سەجدە قىلمىسۇن، (يەنى جەينەك كۆتۈرلۈپ تۇرىدۇ). ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ،

889. ( صحيح ) **إذا سجدت فضع كفيك و ارفع مرفقيك** ( حم م ) عن البراء

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەجدە قىلغاندا، ئىككى

ئالقىنىڭنى يەرگە قويۇپ، ئىككى جەينىكىڭنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قىلغىن، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**890 - [ 3 ] ( صحيح )وعن ميمونة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا سجد جافى بين يديه حتى لو أن بهمة أرادت أن تمر تحت يديه مرت . هذا لفظ أبي داود كما صرح في شرح السنة بإسناده**

**ولمسلم بمعناه : قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا سجد لوشاءت بهمة أن تمر بين يديه لمرت**

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلسا، (قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى ئاشكارابولغانغا قەدەر)، ئىككى قولىنىڭ ئارلىقىنى كۆتىرىپ، بوشلۇق قوياتتى،ئەگەر قوينىڭ قوزىسى ئىككى قولىنىڭ ئارلىقىدىن ئۆتۈشنى مەخسەت قىلسا، ئۆتۈپ كىتەلەيتتى.مۇسلىم،ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**891 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن مالك بن بحينة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا سجد فرج بين يديه حتى يبدو بياض إبطيه**

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلسا، قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى ئاشكاراكۆرۈنگەنگە قەدەر، ئىككى قولىنىڭ ئارلىقىنى كۆتىرىپ، بوشلۇق قوياتتى، (يەنى ئىككى جەينىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سەجدە قىلاتتى). بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**892 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقول في سجوده : " اللهم اغفر لي ذنبي كله دقه وجله وأوله وآخره وعلانيته وسره " . رواه مسلم**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدىسىدە:ئى ﷲ!مەن ئۆتچۈن مىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى ، گۇناھلىرىمنىڭ كىچىك ـ چوڭ، ئەۋۋەل ـ ئاخىر، ئىلگىرى ـ كىيىن ، ئاشكارا ـ يۇشرۇن ھەممىنى مەغپىرەت قىلسىلا ، دەيتتى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**893 - [ 7 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : فقدت رسول الله صلى الله عليه وسلم ليلة من الفراش فالتمسته فوقعت يدي على بطن قدميه وهو في المسجد وهما منصوبتان وهو يقول : " اللهم إني أعوذ برضاك من سخطك وبمعافاتك من عقوبتك وأعوذ بك منك لا أحصي ثناء عليك أنت كما أثنيت على نفسك " . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن بىركېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرپىدىن تاپالماي (قولۇم بىلەن سلاپ)ئىزدىدىم، تۇيۇقسىز قولۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇتىنىڭ ئالقىنىغا تەگدى، ئىككى پۇتى تىكلەگلىك ئىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدىدە تۇرۇپ، مۇنداق دۇئا قىلىۋاتاتتى« ئى ئاللاھ! ھەققەتەن مەن رازىلىقلىرىڭغاسىغىنىپ، غەزەپلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەپۇ قىلىپ ساقلاشلىرى بىلەن ئازاب ـ ئۇقۇبەتلىرىدىن، سىلىنىڭ رەھمەت يەزلىرى بىلەن ئازابلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلى ئۆزلىرىنى مەدھىيىلەپ ماختىغاندەك، مەن سىلىنى مەدھىيە، سانا بىلەن ماختاشقا قادىر بولالمايمەن، (يەنى ھەمدۇ ــ سانا، مەدھىيلەشنى ئاللاھ ئۆزى ئۆگىتىپ قويىدۇ)، مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**894 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أقرب ما يكون العبد من ربه وهو ساجد فأكثروا الدعاء " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندىنىڭ ئۆز رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ھالىتى، ئۇ ئاللاھقا سەجدە قىلىۋاتقان، سەجدىدە تۇرغان ھالىتىدۇر، بۇ چاغدا،

دۇئالارنى كۆپ قىلىڭلار، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**895 - [ 9 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قرأ ابن آدم السجدة فسجد اعتزل الشيطان يبكي يقول : يا ويلتي أمر ابن آدم بالسجود فسجد فله الجنة وأمرت بالسجود فأبيت فلي النار " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلسا، شەيتان ئۇنىڭدىن يىغلىغان ھالەتتە ئايرىلىپ مۇنداق دەپ كېتىدۇ؛ ئىسىت! ۋايجان ـ ۋايەي! ئاھ! ـ پاھ! ماڭاۋاي! ،ئادەم بالىسى سەجدىگە بۇيرۇلۇپ، سەجدە قىلدى ـــ دە، ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلدى، مەن سەجدىگە بۇيرۇلۇپ، سەجدە قىلماي ئاسىي بولدۇم ـ دە، ماڭا دەۋزەخ بېرىلدى، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**896 - [ 10 ] ( صحيح )وعن ربيعة بن كعب قال : كنت أبيت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فأتيته بوضوئه وحاجته فقال لي : " سل " فقلت : أسألك مرافقتك في الجنة . قال : " أو غير ذلك ؟ " . قلت هو ذاك . قال : " فأعني على نفسك بكثرة السجود " . رواه مسلم**

رەبىيئە ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بىركېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ياتقان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارەت سۈيىنى ۋە باشقا ھاجەتلىرىنى ئېھتىياجلىق نەرسىللىرىنى ئەكىلىپ بەردىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سورىغىن دېدى، مەن: جەننەتتە سىلى بىلەن بىللە ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشنى سورايمەن دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭدىن باشقىسىنى سورىمامسەن؟، ياكى باشقىسىنى سورىغىن دېدى. مەن: پەقەت شۇنىلا سورايمەن دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنداق بولساماڭا، ئۆزنەپسىڭگە قارشى (نەپسىڭنى ئىسلاھ قىلىش، يۇقىر مەرتىبىگەئۆرلەش ئۈچۈن) سەجدىنى كۆپ قىلىش بىلەن (نامازنى كۆپ ئوقۇش بىلەن ) ياردەم بەرگىن، دېدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**897 - [ 11 ] ( صحيح )وعن معدان بن طلحة قال : لقيت ثوبان مولى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت : أخبرني بعمل أعمله يدخلني الله به الجنة فسكت ثم سألته فسكت ثم سألته الثالثة فقال : سألت عن ذلك رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " عليك بكثرة السجود لله فإنك لا تسجد لله سجدة إلا رفعك الله ا درجة وحط عنك ا خطيئة " . قال معدان : ثم لقيت أبا الدرداء فسألته فقال لي مثل ما قال لي ثوبان . رواه مسلم**

مەئدان ئىبنى تەلھەرەھىمەھۇﷲ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادكەردە قۇلى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچۇرشۇپ؛ ئەگەر مەن ئەمەل قىلالىسام، الله مىنى شۇ سەۋەبتىن جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلنى ماڭا خەۋەر قىلىپ دەپ بەرگىن دېسەم، ئۇ جىم تۇردى، ئاندىن ياناسورسام، يانا سۈكۈتتە تۇردى، ئۈچىنجى قېتىم سورسام، ئۇ ماڭا؛ مەنمۇ شۇنداق ئەمەل توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:بىر الله قا سەجدىنى كۆپ قىلىشنى لازىم تۇتقىن، ھەققەتەن سەن ئاللاھتائالا ئۈچۈن بىر سەجدە قىلساڭ، ئاللاھ سېنى شۇ سەجدىنىڭ باراۋىرىگە بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سەندىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. مەئدان ئىبنى تەلھە رەھىمەھۇﷲ مۇنداق دەيدۇ؛ئاندىن مەن ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچۇرشۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ شۇنداق سورسام،ئۇمۇ ماڭا: سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەندەك دېدى.ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**898 - [ 12 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن وائل بن حجر قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا سجد وضع ركبتيه**

**قبل يديه وإذا نهض رفع يديه قبل ركبتيه . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي**

ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەجدە قىلغاندا، ئىككى تىزىنى ئىككى قولىدىن بۇرۇن قويغىنىنى، قوپقاندا بولسا، ئىككى قولىنى ئىككى تىزىدىن بۇرۇن كۆتۈرگىنىنى كۆردۈم. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، دارمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، خەتتابى؛ بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىندى،كېيىنكى ھەدىس مەنسۇخ دىگەن.

**899 - [ 13 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا سجد أحدكم فلا يبرك كما يبرك البعير وليضع يديه قبل ركبتيه " . رواه أبو داود والنسائي . والدارمي قال أبو سليمان الخطابي : حديث وائل بن حجر أثبت من هذا وقيل : هذا منسوخ**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار سەجدە قىلغاندا، تۆگىگە ئوخشاش تىزنى بۇرۇن قويۇپ چوكلانغاندەك، تىزنى بۇرۇن قويماي، ئىككى قولنى ئىككى تىزدىن بۇرۇن قويسۇن، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى،دارىمى توپلىغان، سەھىھ. «تۆگىنىڭ تىزى ئالدىدا، ئىنسانىنىڭ بولسا پۇتىدا، مەخسەت تىزنى بۇرۇن قويماي،ئىككى قولنى ئىككى تىزىدىن بۇرۇن قۇيۇشتۇر». بۇھەدىسقىمۇ، مۆئتەبەر ئالىملار،ئىماملار ئەمەل قىلغاندۇر .

**900 - [ 14 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقول بين السجدتين : " اللهم اغفر لي وارحمني واهدني وعافني وارزقني " . رواه أبو داود والترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى سەجدە ئارلىقىدا مۇنداق دەيتتى«ئى ئاللاھ! ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىيم قىلسىلا، مىنى ھىدايەت قىلسىلا، مىنى ساق ـ سالامەت ساقلىسىلا، ماڭا ھالالدىن ياخشى رىزىق بەرسىلە». ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**901 - [ 15 ] ( صحيح )وعن حذيفة أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يقول بين السجدتين : " رب اغفر لي " . رواه النسائي والدارمي**

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى سەجدە ئارلىقىدا مۇنداق دەيتتى؛«ئى رەببىم ئاللاھ! ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا....»، نەسەئى،دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

**الفصل الثالث**

**902 - [ 16 ] ( حسن )عن عبد الرحمن بن شبل قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن نقرة الغراب وافتراش السبع وأن يوطن الرجل المكان في المسجد كما يوطن البعير . رواه أبو داود والنسائي والدارمي**

ئابدۇررەھمان ئىبنى شىبىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى قاغا چوقۇلىغاندەك، توك ـ توك قىلىپ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئوقۇشدىن توسقان، ۋە خۇددى يىرتقۇچى ھايۋان ياتقاندا، ئىككى قول ـ پۇتىنى زىمىنغا چاپلاپ ياتقاندەك، ناماز ئوقوغۇچى كىشىنىڭ سەجدە قىلغاندا، ئىككى بىلىكىنى زىمىنغا چاپلاپ تۇرىشىدىن ، خۇددى تۆگە بىرلا ئورۇندا ئۇزۇن ياتقاندەك،كىشىنىڭ مەسجىد ئىچىدە بىرلا جاينى ئۆزىگە ئورۇن قىلىۋىلىشىدىن، بىرلا جايدا ئولتۇرۇۋېلىشىدىن توسقان. (جامائەت خالىغان جايدا ئولتۇرىدۇ، بۇرۇن كىرگەنلەر بىرىنچى سەپتە تۇرىدۇ، مەسجىد ئىچىدە بارلىق مۇسۇلمانلار باراۋەردۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى،دارىمى ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

903 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا علي إني أحب لك ما أحب لنفسي وأكره لك ما أكره لنفسي لا تقع بين السجدتين " . رواه الترمذي

ئەلی رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەلى، مەن ئۆزۈمگە ياخشى كۆرگەننى ساڭىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئۆزۈمگە يامان كۆرگەننى ساڭىمۇ يامان كۆرىمەن، سەن ھەرگىز ئىككى سەجدە ئارىسىدا زوڭ ئولتۇرمىغىن، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى.

904 - [ 18 ] ( صحيح )وعن طلق بن علي الحنفي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا ينظر الله عز وجل إلى صلاة عبد لا يقيم فيها صلبه بين ركوعها وسجودها " . رواه أحمد

تەلەق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامىزىنىڭ رۇكۇ ـ سەجدىللىرى ئارىسىدا،ئۆچىسىنى تۈز،مەزمۇت قىلمىغان بەندىنىڭ نامىزىغا، الله تائالا قارىمايدۇ. (يەنى قوبۇل قىلمايدۇ) ئەھمەد تويلىغان سەھەب.

905 - [ 19 ] ( صحيح )وعن نافع أن ابن عمر كان يقول : من وضع جبهته بالأرض فليضع كفيه على الذي وضع عليه جبهته ثم إذا رفع فليرفعهما فإن اليدين تسجدان كما يسجد الوجه . رواه مالك

ناپىئ رەھمەھۇاللە دىن ، ھەققەتەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى:كىم (سەجدە قىلغاندا) پىشانىسىنى يەرگە قويسا، ئىككى ئالقىنىنىمۇ، پىشانىسىنى قويغان جايغا (يەنى يۈزىنىڭ بارابىردە) قويسۇن، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، ئىككى ئالقىنىنىمۇ كۆتۈرسۇن، چۈنكى ئىككى قولمۇ، يۈز سەجدە قىلغاندەك، سەجدە قىلىدۇ. مالىك تويلىغان سەھەب.

## باب التشهد - الفصل الأول تەشەھھۇد، ئەتتەھەييياتۇ توغرىسىدا

906 - [ 1 ] ( صحيح )عن ابن عمر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا قعد في التشهد وضع يده اليسرى على ركبته اليسرى ووضع يده اليمنى على ركبته اليمنى وعقد ثلاثا وخمسين وأشار بالسبابة

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ، سول قولىنى سول تىزى ئۈستىگە ، ئوڭ قولىنى ئوڭ تىزى ئۈستىگە قويۇپ، 53نى چىگىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى.(يەنى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئىشارەتكە ئېچىپ، ئوتتۇر بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى تەككۈزۈپ، چىمچىلاق بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكىنىمۇ يۇمۇپ ئىشارەت قىلاتتى،بۇنىڭدائەرەپچە53ھاسىل بولىدۇ)

907 - [ 2 ] ( صحيح )وفي رواية : كان إذا جلس في الصلاة وضع يديه على ركبتيه ورفع أصبعه اليمنى التي تلي الإ ام يدعو ا ويده اليسرى على ركبته باسطها عليها . رواه مسلم

يانا بىرخاتىردە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ، ئىككى قولىنى ئىككى تىزى ئۈستىگە قويۇپ ، ئوڭ قولىنىڭ باش بارماققا يېقىن بولغان كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، دۇئا قىلاتتى. سول قولىنى سول تىزى ئۈستىگە يېيىپ، (بارمىقىنى قىبلىگە قارىتىپ)ئېچىپ تۇراتتى.مۇسلىم تويلىغان سەھەب.

908 - [ 3 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن الزبير قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا قعد يدعو وضع يده اليمنى على فخذه اليمنى ويده اليسرى على فخذه اليسرى وأشار بأصبعه السبابة ووضع إ امه على أصبعه الوسطى ويلقم كفه اليسرى

**ركبته . رواه مسلم**

ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ، ئوڭ قولىنى ئوڭ يوتىسى ئۈستىگە، سول قولىنى سول يوتىسى ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، دۇئا قىلاتتى، باش بارمىقىنى ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ،( چىمچىلاق بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكىنىمۇ يۇمۇپ تۇرۇپ) كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى.سول ئالقىنىدا، سول تىزىنى چاڭگاللاپ تۇراتتى. مۇسلىم توپلىغان.

**909 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عبدالله بن مسعود قال : كنا إذا صلينا مع النبي صلى الله عليه وسلم قلنا السلام على الله قبل عباده السلام على جبريل السلام على ميكائيل السلام على فلان وفلان فلما انصرف النبي صلى الله عليه وسلم أقبل علينا بوجهه قال : " لا تقولوا السلام على الله فإن الله هو السلام فإذا جلس أحدكم في الصلاة فليقل التحيات لله والصلوات والطيبات السلام عليك أيها النبي ورحمة الله وبركاته السلام علينا وعلى عباد الله الصالحين فإنه إذا قال ذلك أصاب كل عبد صالح في السماء والأرض أشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله ثم ليتخير من الدعاء أعجبه إليه فيدعوه "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇساق، مۇنداق دەيتتۇق:**الله** قا بەندىللىرى تەرىپىدىن سالام بولسۇن،جىبرىئىلغا،مىكائىيلغا سالام، پالانى،پالانىغا سالام بولسۇن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن قايتقاندا، بىزگە مۇبارەك يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلىپ مۇنداق دىدى؛ سالام، ئاللاھقا بولسۇن دىمەڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەسسالامدۇر، ئۆزى سالامەتتۇر، سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچىدۇر، لېكىن بىرىڭلارنامازدا، تەشەھھۇدقا ئولتۇرغاندا مۇنداق دىسۇن؛ «ئەتتەھىيياتۇ لىللاھى ۋەسسالاۋاتۇ ۋەتتەييىبات، ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەراكاتۇھۇ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين، ئەشھەدۇ ئەن لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ». ئاندىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان (قۇرئان، سۈننەتكە مۇۋاپىق) دۇئانى تاللاپ دۇئا قىلسۇن، ئەگەر شۇنداق دىسە، بۇ سالام ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق بەندىلەرگە يېتىدۇ، كۇپايە بولىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**910 - [ 5 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عباس أنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يعلمنا التشهد كما يعلمنا السورة من القرآن فكان يقول : " التحيات المباركات الصلوات الطيبات لله السلام عليك أيها النبي ورحمة الله وبركاته السلام علينا وعلى عباد الله الصالحين أشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا رسول الله " . رواه مسلم ولم أجد في الصحيحين ولا في الجمع بين الصحيحين : " سلام عليك " و " سلام علينا " بغير ألف ولام ولكن رواه صاحب الجامع عن الترمذي**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە نامازدا ئوقۇيدىغان تەشەھھۇدنى، خۇددى قۇرئان سۈرىللىرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگىتىپ مۇنداق دەيتتى؛«ئەتتەھىيياتۇلمۇبارىكاتۇ لىللاھى ۋەسسەلۋاتۇ ۋەتتەييىبات، ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەھۇتللاھى ۋەبەركاتۇھۇ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين ، ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ»، تەرجىمىسى: ئىختىسادى، جىسمانى، ئىددىيىۋى ئىبادەت، مالدىكى، دىلدىكى، بەدەندىكى ئىبادەت بىر ئاللاھقا خاستۇر، سالام ساڭا ئى پەيغەمبەر، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى ساڭا بولسۇن، سالامەتچىلىك، تېنچلىق بىزگە،ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ، ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇسلىم،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**911 - [ 6 ] الفصل الثاني ( صحيح )وعن وائل بن حجر عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : ثم جلس فافترش رجله**

**اليسرى ووضع يده اليسرى على فخذه اليسرى ومد مرفقه اليمنى على فخذه اليمنى وقبض ثنتين وحلق حلقة ثم رفع أصبعه فرأيته يحركها يدعو ا . رواه أبو داود والدارمي**

ۋائىل ئىبنى ھۇجر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ....ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سول پۇتنى يەرگە چاپلاپ ئولتۇرۇپ، سول قولىنى سول يۇتىسى ئۇستىگە قويۇپ، ئوڭ جەينىكىنى ئوڭ يۇتىسى ئۇستىدە كۆتۈرۈپ سۇزۇپ تۇرۇپ، چىمچىلاق بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكىنى يۇمۇپ، (باش بارمىقىنى ئوتتۇر بارمىقىغاتەككۈزۈپ،)ھالقا قىلىپ ، ئاندىن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ، ئىشارەت قىلغاچ دۇئا قىلغانلىقىنى كۆردۈم. ئەبۇداۋۇد ،دارىمى توپلىغان سەھىھ.

**912 - [ 7 ] ( حسن )وعن عبد الله بن الزبير قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يشير بأصبعه إذا دعا ولا يحركها . رواه أبو داود والنسائي وزاد أبو داود ولا يجاوز بصره إشارته**

ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا تەشەھھۇد دۇئاسىنى قىلغاندا،(كۆرسەتكۈچ) بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى،لىكىن ھەرركەتلەندۈرمەيتتى.كۆزى ئىشارىتىنىڭ ئورنىدىن ئۆتۈپ كەتمەيتتى. ئەھمەد 11958 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 806 _ ھەدىس،نەسەئىمۇ توپلىغان سەھىھ. نامازدىكى چاغدا سالام بەرگەنلەرگە ئىشارەت قىلىشى، مۇسلىم 336 _ ھەدىس، نەسەئى 1174 _ ھەدىستە باردۇر، تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا، بىر بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىشى يەنى ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچى بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىشى، ئىككى بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىشدىن چەكلىشى. نەسەئى 1253 _ ھەدىس، ئىشارەت قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرمەيتتى دىگىنى،نەسەئى 1254 _ ھەدىس، ئوڭ قولىدىكى بارماققا، ئەبۇ داۋۇد 839 _ ھەدىس، ئىشارەت بار ھەرىكەت يوق دىگىنى، ئىبنى ماجە 901 _ ھەدىس، ئىشارەت، ئەھمەد 14826 _ ھەدىس، 14827 _ ھەدىس، كۆرسەتكۈچ بارماقتا ئىشارەت قىلىش ، تىرمىزى 3480 _ ھەدىستە.

**913 - [ 8 ] ( حسن )وعن أبي هريرة قال : إن رجلا كان يدعو بأصبعيه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أحد أحد " . رواه الترمذي والنسائي والبيهقي في الدعوات الكبير**

ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى ئىككى بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، دۇئا قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بىرنى قىل، بىربارمىقىڭدا قىل! دىگەن. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى،بەيھەقى، ھاكىملەر توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.]

**914 - [ 9 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يجلس الرجل في الصلاة وهو معتمد على يده . رواه أحمد وأبو داودوفي رواية له : نهى أن يعتمد الرجل على يديه إذا نهض في الصلاة**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ نامىزى ئىچىدە، قولىغا يۆلەنگەن ھالەتتە ئولتۇرۇشىدىن توسقان.يانابىر خاتىردە،نامىزىدىن تۇرغاندا، ئىككى قولىغا يۈلىنىشتىن توسقان. (ۋە ھەقىقەتەن ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ نامىزى دىگەن). ھاكىم، بەيھەقى،ئەھمەد ،ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**915 - [ 10 ] ( حسن )وعن عبد الله بن مسعود قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم في الركعتين الأوليين كأنه على الرضف حتى يقوم . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتە تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا، خۇددى قىززىق تاشنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغاندەك، تېزلا قوپۇپ

كىتەتتى.(يەنى تەشەھھۇدنى ئەبدۇھۇۋەرەسۇلۇھۇغىچەئۇقۇپلاقوپۇپ كىتەتتى)تىرمىزى،نەسەئى،ئەبۇداۋۇد ،ھەسەن.

**916 - [ 11 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن جابر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يعلمنا التشهد كما يعلمنا السورة من القرآن : " بسم الله وبالله التحيات لله والصلوات والطيبات السلام عليك أيها النبي ورحمة الله وبركاته السلام علينا وعلى عباد الله الصالحين أشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله أسأل الله الجنة وأعوذ بالله من النار " . رواه النسائي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە، تەشەھھۇدنى خۇددى قۇرئان سۈرىسىنى ئۆگىتىپ قويغاندەك ئۆگىتىپ قوياتتى، بىسمىللاھى ۋەبىللاھى......... قالغان يېرى ئوخشاش، ئاخىرىدا ئاللاھدىن جەننەتنى سورايمەن، دوۋزاخدىن پاناھ تىلەيمەن دىگەن سۆزلەر بار، بۇ ھەدىسنى نەسەئى خاتىرلىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.

**917 - [ 12 ] ( حسن )وعن نافع قال : كان عبد الله بن عمر إذا جلس في الصلاة وضع يديه على ركبتيه وأشار بأصبعه وأتبعها بصره ثم قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لهي أشد على الشيطان من الحديد " . يعني السبابة . رواه أحمد**

ناپىئ رەھىمەھۇالله مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، نامازدا تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ، ئىككى قولىنى ئىككى تىزى ئۈستىگە قويۇپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى ۋە كۆزىنى ئىشارەت قىلغان بارمىقىغا ئەگەشتۈرەتتى،ئاندىن ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەيدۇ:ئەلۋەتتە كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىش، شەيتانغا تۆمۈردىنمۇ قاتتىقراقتۇر. ئەھمەد توپلىغان ھەسەن.

**918 - [ 13 ] ( صحيح )**

**وعن ابن مسعود كان يقول : من السنة إخفاء التشهد . رواه أبو داود والترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى؛ تەشەھھۇدنى(ئەتتەھىيياتۇنى) مەخپى قىلىش سۈننەتتىنلىك جۈملىسىدىندۇر.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

## باب الصلاة على النبي صلى الله عليه وسلم وفضلها

**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت يوللاش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

**919 - [ 14 ] ( متفق عليه ) الفصل الأول وعن عبد الرحمن بن أبي ليلى قال : لقيني كعب بن عجرة فقال ألا أهدي لك هدية سمعتها من النبي صلى الله عليه وسلم فقلت بلى فأهدها لي فقال سألنا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلنا يا رسول الله كيف الصلاة عليكم أهل البيت فإن الله قد علمنا كيف نسلم عليكم قال : " قولوا اللهم صل على محمد وعلى آل محمد كما صليت على إبراهيم وعلى آل إبراهيم إنك حميد مجيد اللهم بارك على محمد وعلى آل محمد كما باركت على إبراهيم وعلى آل إبراهيم إنك حميد مجيد " . إلا أن مسلما لم يذكر " على إبراهيم في الموضعين**

ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ماڭا كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچۇرشۇپ، ساڭا مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىينى سوغا قىلمايمۇ؟دىدى. مەن؛ ئەلۋەتتەبۇلىدۇ، سوغا قىلغىن دىدىم،ئۇماڭا؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق سورىغان ئىدۇق،ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن الله تائالا بىزگە، سىلىگە ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىغا قاداق سالام يوللىشىمىزنى ئۆگەتتى، سىلىگە ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىغا قاداق دۇرۇت يوللايمىز؟دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مۇنداق دەڭلار دىگەن: «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەد ۋە ئالا ئالى مۇھەممەد كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىيدۇممەجىيد، ئاللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەد ۋە

ئەلا ئالى مۇھەممەد كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇمەجىيد» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا، خۇددى ئىبراھىمغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا رەھىيم قىلغاندەك رەھىيم قىلسىلا، مەغپىرەت قىلسىلا، ھەققەتەن سىلى ھەممە تىللاردا مەدھىيلىنىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ زات، ئى ئاللاھ! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە خۇددى ئىبراھىيم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك، بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، ھەققەتەن سىلى ھەممە تىللاردا مەدھىيلىنىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ زات» ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

920 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي حميد الساعدي قال : قالوا : يا رسول الله كيف نصلي عليك ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قولوا : اللهم صل على محمد وأزواجه وذريته كما صليت على آل إبراهيم وبارك على محمد وأزواجه وذريته كما باركت على آل إبراهيم إنك حميد مجيد "

ئەبۇ ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئۇلار: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! (ھەققەتەن الله تائالا بىزگە، سىلىگە ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىغا قاداق سالام يوللىشىمىزنى ئۇگەتتى)، سىلىگە (ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىغا) قاداق دۇرۇت يوللايمىز؟دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مۇنداق دەڭلار دېگەن:« ئى ئاللاھ! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرى،باللىرىدىن ئىبارەت ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا، خۇددى ئىبراھىمغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا رەھىيم قىلغاندەك رەھىيم قىلسىلا، مەغپىرەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرى،باللىرىدىن ئىبارەت ئائىلىسىگە خۇددى ئىبراھىيم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك، بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، ھەققەتەن سىلى ھەممە تىللاردا مەدھىيلىنىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ زات». بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

921 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى علي واحدة صلى الله عليه عشرا " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت، سالام، رەھمەت يوللىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئون قېتىم رەھمەت يوللايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

922 - [ 4 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى علي صلاة واحدة صلى الله عليه عشر صلوات وحطت عنه عشر خطيئات ورفعت له عشر درجات " . رواه النسائي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت، سالام يوللىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئون قېتىم رەھمەت يوللايدۇ، ئۇنىڭدىن ئون خاتالىقى ئۆچۈرۈلۈپ، ئۇ كىشىگە ئون دەرىجە كۆتۈرلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

923 - [ 5 ] ( ضعيف )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أولى الناس بي يوم القيامة أكثرهم علي صلاة " . رواه الترمذي

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ لايىق، يېقىن كىشى، ماڭا ئەڭ كۆپ دۇرۇت، دۇئايى ــ سالام يوللىغان كىشى، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**924 - [ 6 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لله ملائكة سياحين في الأرض يبلغوني من أمتي السلام " . رواه النسائي والدارمي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالانىڭ بۇ زېمىندا، سایاھەتچى پەرىشتىلىرى باربولۇپ، ئۇلار ماڭا، ئۈممىتىم ماڭا يوللىغان دۇرۇت، سالاملارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم،دارىمى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**925 - [ 7 ] ( حسن )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من أحد يسلم علي إلا رد الله علي روحي حتى أرد عليه السلام " . رواه أبو داود و البيهقي في الدعوات الكبير**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ماڭا سالام قىلسا، ئاللاھتائالا ماڭا روھىمنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، مەن ئۇ كىشىگە سالام قايتۇرۇۋالىمەن. ئەبۇ داۋۇد،بەيھەقى توپلىغان ھەسەن. ( بۇ دۇرۇت ، دۇئايى سالامنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

**926 - [ 8 ] ( حسن )وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تجعلوا بيوتكم قبورا ولا تجعلوا قبري عيدا وصلوا علي فإن صلاتكم تبلغني حيث كنتم " . رواه النسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىقتەك قىلىۋالماي، ناماز ئوقۇپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ قەبرەمنى يىغىلىپ، توپلىشىپ ھېيت قىلىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇت، سالام يوللاپ تۇرۇڭلار، چۈنكى سىلەر قەيەردە بولساڭلار، دۇرۇت، سالاملىرىڭلار ماڭا يېتىپ تۇرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**927 - [ 9 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : رغم أنف رجل ذكرت عنده فلم يصل علي ورغم أنف رجل دخل عليه رمضان ثم انسلخ قبل أن يغفر له ورغم أنف رجل أدرك عنده أبواه الكبر أو أحدهما فلم يدخلاه الجنة . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ئالدىدا، ھوزۇرىدا، تىلغا ئېلىنسام، ماڭا دۇرۇت، دۇئايى ــ سالام يوللىمىغان كىشىنىڭ بۇرنىغا قۇم تىقىلسۇن، رامىزان ئېيى كىرىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قەدىر ــ قىممىتىنى بىلمىگەن، ئۆزى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنماي، بۇ ئاي چىقىپ كەتكەن كىشىنىڭ بۇرنىغىمۇ قۇم تىقىلسۇن، ئۆز نەزلىدە ئاتا ــ ئانىسى ياكى ئۇلارنىڭ بىرسى قېرىپ قالغان، ئەمما، ئاتا ــ ئانىسى ئۇنى جەننەتكە ئەكىرەلمىگەن كىشىنىڭ (يەنى قېرىپ قالغان ئاتا ــ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلمىغان، شۇ سەۋەبلىك جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشىنىڭ) بۇرنىغا قۇم، تۇپراق تىقىلسۇن، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئىشلار شاپائەتكە، رەھمەت، مەغپىرەتكە، جەننەتكە يەتكۈزگەچكە كۆڭۈل بۆلۈڭلار!

**928 - [ 10 ] ( صحيح )وعن أبي طلحة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم جاء ذات يوم والبشر في وجهه فقال : " إنه جاءني جبريل فقال : إن ربك يقول أما يرضيك يا محمد أن لا يصلي عليك أحد من أمتك إلا صليت عليه عشرا ولا يسلم عليك أحد من أمتك إلا سلمت عليه عشرا ؟ " . رواه النسائي والدارمي**

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىركۈنى يۈزىدە خۇش ـ بىشارەت بار ھالدا كىلىپ مۇنداق دىگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى؛ ھەقىقەتەن رەببىڭ ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دېدى؛ ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا ئۈممىتىڭدىن بىرەر كىشى بىرلا قېتىم دۇرۇت، دۇئايى رەھمەت يوللىسا، ئۇنىڭغا 10 قېتىم رەھمەت يوللايمەن، ئەگەر ساڭا بىرلا قېتىم سالام يوللىسا،

ئۇ كىشىگە 10 قېتىم سالام يوللايمەن، سەن بۇنىڭغا رازى بولمامسەن؟. مەن؛ ئى رەببىم! مەن رازى دېدىم. نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد،دارىمى، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسىلەر توپلىغان، سەھىھ.

**929 - [ 11 ] ( حسن )**

**وعن أبي بن كعب قال : قلت : يا رسول الله إني أكثر الصلاة عليك فكم أجعل لك من صلاتي ؟ فقال : " ما شئت " قلت : الربع ؟ قال : " ما شئت فإن زدت فهو خير لك " . قلت : النصف ؟ قال : " ما شئت فإن زدت فهو خير لك " قلت : فالثلثين ؟ قال : ما شئت فإن زدت فهو خير لك قلت : اجعل لك صلاتي كلها ؟ قال : إذا يكفى همك ويكفر لك ذنبك . رواه الترمذي**

ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن :ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن مەن سىلىگە بەك كۆپ دۇرۇت ـ سالام، ناماز ـ دۇئا يوللايمەن، مىنىڭ دۇرۇت ـ سالام، نامازلىرىمدىن سىلىگە قانچىلىك قىلسام بۇلا؟دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: خالىغىنىڭنى يوللا دېدى. مەن : تۆتتىن بىرىنى يوللىسام بۇلامدۇ؟دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: خالىغىنىڭنى يوللا،ئەگەر زىيادە يوللىساڭ،ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى دېدى. مەن : يېرىمىنى يوللىسام بۇلامدۇ؟دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: خالىغىنىڭنى يوللا،ئەگەر زىيادە يوللىساڭ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى دېدى. مەن : ئۈچتەن ئىككى ھەسسىنى يوللىسام بۇلامدۇ؟دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: خالىغىنىڭنى يوللا،ئەگەر زىيادە يوللىساڭ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى دېدى.مەن بارلىق دۇرۇت ـ سالام، ناماز ـ دۇئالىرىمنى سىلىگە ئاتاپ يوللايمەن دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:شۇنداق قىلالىساڭ، ئۇ سىنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك غەملىرىڭگە، مەخسەتلىرىڭگە كۇپايە بۇلىدۇ، گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ، دېدى. تىرمىزى توپلىغان ھەسەن.

**930 - [ 12 ] ( صحيح )وعن فضالة بن عبيد قال : بينما رسول الله صلى الله عليه وسلم قاعد إذ دخل رجل فصلى فقال : اللهم اغفر لي وارحمني فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عجلت أيها المصلي إذا صليت فقعدت فاحمد الله بما هو أهله وصل علي ثم ادعه " . قال : ثم صلى رجل آخر بعد ذلك فحمد الله وصلى على النبي صلى الله عليه وسلم فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " أيها المصلي ادع تجب " . رواه الترمذي وروى أبو داود والنسائي نحوه**

پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىرچاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ئولتۇراتتى،تۇيۇقسىز بىركىشى كىرىپ،نامازئۇقۇپلا؛ئى **الله** ! ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا،ماڭا رەھىم قىلسىلا دېگىلى تۇردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئى ناماز ئوقۇغۇچى، ئالدىراپ قالدىڭ، ناماز ئوقۇپ تەشەھھۇددا ئولتۇرغان چاغدا، ئاللاھتائالاغا، **الله** ئۇنىڭ ئەھلى بولغان يەنى ئاللاھقا لايىق ھەمدۇ ــ سانا ئېيتقىن، ئاندىن ماڭا دۇرۇت، دۇئايى ــ سالام يوللاپ، ئاندىن ئاللاھقا دۇئا قىلغىن،دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن يانا بىركىشى ناماز ئوقۇپ، ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت، دۇئايى ــ سالام يوللىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئى ناماز ئوقۇغۇچى!دۇئا قىلغىن ، ساڭا دۇئايىڭ ئىجابەت قىلىنىدۇ دېدى. تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**931 - [ 13 ] ( حسن )وعن عبد الله بن مسعود قال : كنت أصلي والنبي صلى الله عليه وسلم وأبو بكر وعمر معه فلما جلست بدأت بالثناء على الله تعالى ثم الصلاة على النبي صلى الله عليه وسلم ثم دعوت لنفسي فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " سل تعطه سل تعطه " . رواه الترمذي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇبەكرى،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ بارئىدى، مەن ئولتۇرغاندا، **الله** تائالاغا سانائەيتىش، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ـ سالام يوللاش بىلەن باشلىدىم، ئاندىن ئۆزۈم ئۈچۈن دۇئا

قىلدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سورغىن، بېرىلىدۇ، سورغىن ساڭا بېرىلىدۇ،(يەنى دۇئايىڭ ئىجابەت قىلىنىدۇ) دېدى. تىرمىزى توپلىغان ھەسەن.

**932 - [ 14 ] الفصل الثالث ( ضعيف )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من سره أن يكتال بالمكيال الأوفى إذا صلى علينا أهل البيت فليقل اللهم صل على محمد وأزواجه أمهات المؤمنين وذريته وأهل بيته كما صليت على آل إبراهيم إنك حميد مجيد " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز ئەھلى بەيتكە دۇئايى ــ سالام، دۇرۇت يوللاپ، ساۋاب كەمچەنلىرى تولۇق بولۇشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى مۇنداق دىسۇن: ئى ئاللاھ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان ئۇنىڭ ئاياللىرىغا، ئەۋلادلىرىغا، ئەھلى بەيتلىرىگە ، خۇددى ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىگە رەھىم قىلغاندەك، مەغپىرەت قىلغاندەك، رەھىم قىلسىلا، ھەققەتەن سىلى بەكمۇ ئۇلۇغ ۋە ماختالغۇچى زات، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**933 - [ 15 ] ( صحيح )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " البخيل الذي ذكرت عنده فلم يصل علي . رواه الترمذي ورواه أحمد عن الحسين بن علي رضي الله عنهما .وقال الترمذي: هذا حديث حسن صحيح غريب**

ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بېخىل دېگەن مەن ئالدىدا تىلغا ئېلىنسام، ماڭا دۇرۇت، دۇئايى ــ سالام يوللىمىغان كىشىدۇر، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمى چىققان ھامان دۇرۇت يوللاڭ) ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**934 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى علي عند قبري سمعته ومن صلى علي نائيا أبلغته " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرسى ماڭا قەبرەمنىڭ يېنىدا دۇرۇت يوللىسا، مەن ئۇنى ئاڭلاپ تۇرىمەن، ئەگەر ماڭا يىراق جايدا دۇرۇت، دۇئايى ــ سالام يوللىسا، ئۇ ماڭا يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ ھەدىسنى بەيھەقى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**935 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو قال : من صلى على النبي صلى الله عليه وسلم واحدة صلى الله عليه وملائكته سبعين صلاة . رواه أحمد**

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قېتىم دۇرۇت يوللىسا، ئاللاھ ۋە پەرىشتىلىرى ئۇ كىشىگە 70 قېتىم رەھمەت يوللايدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى گەرچە بۇ ساھابىنىڭ سۆزى بولسىمۇ، زەئىپ دېگەن.

**936 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن رويفع أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : من صلى على محمد وقال : اللهم أنزله المقعد المقرب عندك يوم القيامة وجبت له شفاعتي " . رواه أحمد**

رۇۋەيپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا دۇرۇت يوللىسا ۋە مۇنداق دىسە؛ ئى ئاللاھ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قىيامەت كۈنى سىلىگە يېقىن ئورۇنغا چۈشۈرسىلە دىسە، ئۇ كىشىگە شاپائىتىم ۋاجىپ بولىدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**937 - [ 19 ] ( حسن )وعن عبد الرحمن بن عوف قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى دخل نخلا فسجد فأطال**

**السجود حتى خشيت أن يكون الله تعالى قد توفاه . قال : فجئت أنظر فرفع رأسه فقال : " ما لك ؟ " فذكرت له ذلك . قال : فقال : " إن جبريل عليه السلام قال لي : ألا أبشرك أن الله عز وجل يقول لك من صلى عليك صلاة صليت عليه ومن سلم عليك سلمت عليه " . رواه أحمد**

ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىرقېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىرتقا چىقىپ، بىرخورمازارلىققا كىرىپ، ناھايىتى ئۇزۇن سەجدە قىلدى، تاكى مەن: الله تائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋاپات تاپقۇزغان ئوخشايدۇ دەپ، ئەنسىرەپ قالدىم، ئاندىن مەن قاراپ بېقىش ئۈچۈن كەلدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى كۆتىرىپ:ساڭا نىمە بولدى؟دىدى. مەن : ئەنسىرىگەن ئەھۋالىمنى دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن جىبرىئىل ماڭا مۇنداق دىدى: مەن ساڭا بىر خۇش ـ بىشارەت بەرمەيمۇ؟، الله تائالا ساڭا:كىم ساڭا بىر قېتىم دۇرۇت دۇئا يوللىسا، مەن ئۇكىشىگە(ئون قېتىم)رەھمەت يوللايمەن، كىم ساڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، مەن ئۇكىشىگە(ئون قېتىم) رەھمەت سالام يوللايمەن ، دەيدۇ. ئەھمەد توپلىغان ھەسەن.

**938 - [ 20 ] ( ضعيف )وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : إن الدعاء موقوف بين السماء والأرض لا يصعد منه شيء حتى تصلي على نبيك . رواه الترمذي**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ ھەقىقەتەن دۇئا، تىلەك، ئاسمان ــ زىمىن ئارىسىدا توختاپ قالىدۇ، پەيغەمبىرىڭگە دۇرۇت يوللىمىغۇچە ھەرگىز ئۈستىگە ئۆرلىمەيدۇ دىدى، بۇ سۆزنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

## باب الدعاء في التشهد - الفصل الأول تەشەھھۇددىكى دۇئا توغرىسىدا

**939 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يدعو في الصلاة يقول : " اللهم إني أعوذ بك من عذاب القبر وأعوذ بك من فتنة المسيح الدجال وأعوذ بك من فتنة المحيا وفتنة الممات اللهم إني أعوذ بك من المأثم والمغرم " فقال له قائل ما أكثر ما تستعيذ من المغرم يا رسول الله فقال : " إن الرجل إذا غرم حدث فكذب ووعد فأخلف "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى« ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سىغىنىپ، قەبرە ئازابىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، (دوۋزاخ ئازابىدىن)، ھاياتلىق ــ ماماتلىق پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سىغىنىپ، گۇناھ قىلىپ قېلىشدىن، قەرزدار بولۇپ قېلىشدىن پاناھ تىلەيمەن،»بىرسى؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! قەرزدار بولۇپ قېلىشدىن پاناھ تىلە شلىرى نىمە دىگەن كۆپ ، دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ چۈنكى كىشى قەرىزدار بۇلۇپ قالسا، سۆزلىسە، يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا، خىلاپلىق قىلىپ قالىدۇ دىدى. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**940 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا فرغ أحدكم من التشهد الآخر فليتعوذ بالله من أربع من عذاب جهنم ومن عذاب القبر ومن فتنة المحيا والممات ومن شر المسيح الدجال " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بىرىڭلار ئاخىرقى تەشەھھۇددىن پارىغ بولغاندا، (يەنى ئاخىرقى ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن) ئاللاھقا سىغىنىپ تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلىسۇن، «ئى ئاللاھ! سىلىگە سىغىنىپ، جەھەننەم ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھاياتلىق ــ ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دىسۇن.مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

941 - [ 3 ] ( صحيح )وعن ابن عباس رضي الله عنهما : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يعلمهم هذا الدعاء كما يعلمهم السورة من القرآن يقول : " قولوا اللهم إني أعوذ بك من عذاب جهنم وأعوذ بك من عذاب القبر وأعوذ بك من فتنة المسيح الدجال وأعوذ بك من فتنة المحيا والممات " . رواه مسلم

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا، بۇ دۇئانى خۇددى قۇرئان سۈرىسىنى ئۈگەتكەندەك ئۈگىتىپ، مۇنداق دەڭلار دەيتتى؛« ئى ئاللاھ! ھەققەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، جەھەننەم ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن، ھاياتلىق ــ ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن». مۇسلىم ۋەباشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

942 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي بكر الصديق رضي الله عنه أنه قال : قلت يا رسول الله علمني دعاء أدعو به في صلاتي قال : قل اللهم إني ظلمت نفسي ظلما كثيرا ولا يغفر الذنوب إلا أنت فاغفر لي مغفرة من عندك وارحمني إنك أنت الغفور الرحيم

ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگەيارەسۇلەالله ! ماڭا، مەن نامىزىمدا دۇئا قىلىدىغان بىر دۇئا ئۈگىتىپ قويسىلا دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مۇنداق دىگىن دىدى: «ئى ئاللاھ! ھەققەتەن مەن ئۆز نەپسىمگە بەك كۆپ زۇلۇم قىلدىم، ھەققەتەن گۇناھلارنى سىلىدىن باشقا ھېچ كىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ، پەقەت سىلىلا مەغپىرەت قىلالايلا، مەن ئۇچۇن ئۆز نەزىلىرىدىن مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىيم قىلسىلا، ھەققەتەن سىلى بەكمۇ كەچۈرۈم قىلغۇچى، مەغپىرەت قىلغۇچى، رەھىيم قىلغۇچى». ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

943 - [ 5 ] ( صحيح )وعن عامر بن سعد عن أبيه قال : كنت أرى رسول الله صلى الله عليه وسلم يسلم عن يمينه وعن يساره حتى أرى بياض خده . رواه مسلم

ئامىرنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازدىن ئوڭ تەرىپىگە ۋە سول تەرىپىگە سالام بەرگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم، ھەتتا مەڭزىنىڭ ئاقلىقىنىمۇ كۆرگەن ئىدىم.

944 - [ 6 ] ( صحيح )

وعن سمرة بن جندب قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا صلى أقبل علينا بوجهه . رواه البخاري

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  نامازنى ئوقۇپ بولسا،بىز تەرەپكە مۇبارەك يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلاتتى.بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

945 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم ينصرف عن يمينه . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  نامازنى ئوقۇپ بولسا، ئوڭ تەرىپىدىن (ئۆرىلىپ) قايتاتتى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

946 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن عبدالله بن مسعود قال : لا يجعل أحدكم للشيطان شيئا من صلاته يرى أن حقا عليه أن لا ينصرف إلا عن يمينه لقد رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم كثيرا ينصرف عن يساره

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىرىڭلار نامىزىدىن (پارىغ بولغاندا)پەقەت ئوڭ تەرىپىمدىن ئۆرىلىپ قايتىش، ئۈستۈمگە ھەق ۋاجىب، دەپ قاراپ، ئۆز نامىزىدىن شەيتانغا بىرەر نىسىۋە قىلىپ بەرمىسۇن. چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆپىنچە نامىزىدىن(پارىغ بولغاندا)سول تەرىپىدىن

ئۆرىلىپ قايتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

947 - [ 9 ] ( صحيح )وعن البراء قال : كنا إذا صلينا خلف سول الله صلى الله عليه وسلم أحببنا أن نكون عن يمينه يقبل علينا بوجهه قال : فسمعته يقول : " رب قني عذابك يوم تبعث أو تجمع عبادك " . رواه مسلم

بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئۇقۇپ قالساق، ئۇڭ تەرىپىدە تۇرۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتۇق،چۈنكى نامازنى ئوقوپ بولسا، بىز تەرەپكە مۇبارەك يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلاتتى.مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، «ئى ئاللاھ! مېنى بارلىق بەندىلىرىڭنى يىغىپ تويلاپ، تىرىلدۈرىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ساقلىسىلا» ئامىن!.

ئەھمەد، مۇسلىم ،تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.

948 - [ 10 ] ( صحيح )وعن أم سلمة قالت : إن النساء في عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم كن إذا سلمن من المكتوبة فمن وثبت رسول الله صلى الله عليه وسلم ومن صلى من الرجال ما شاء الله فإذا قام رسول الله صلى الله عليه وسلم قام الرجال . رواه البخاري وسنذكر حديث جابر بن سمرة في باب الضحك إن شاء الله تعالى

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، ئاياللار پەرز نامازدىن سالام بەرگەن چاغدىلا ، ئورنىدىن تۇرۇپ كىتەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەرلەردىن ناماز ئۇقىغان كىشلەر، **الله** خالىغان ۋاقىتقىچە مۇقۇم ئولتۇراتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرغان چاغدا، ئەرلەرمۇ ئورنىدىن تۇراتتى. بۇخارى تويلىغان سەھىھ.

949 - [ 11 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن معاذ بن جبل قال : أخذ بيدي رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " إني لأحبك يا معاذ " . فقلت : وأنا أحبك يا رسول الله . قال : " فلا تدع أن تقول في دبر كل صلاة : رب أعني على ذكرك وشكرك وحسن عبادتك " . رواه أحمد وأبو داود والنسائي إلا أن أبا داود لم يذكر : قال معاذ وأنا أحبك

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، مۇنداق دىگەن: ئى مۇئاز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن.مەن؛ئى رەسۇلەالله!مەنمۇ سىلىنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەن ساڭا بىر ۋەسىيەت قىلاي، ئى مۇئاز! ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدا مۇنداق دىيىشنى ھەرگىز تەرىك ئەتمىگىن؛ «ئاللاھۇمە ئەئىننى ئەلا زىكرىكە ۋە شۇكرىكە ۋەھۆسنى ئىبادەتىكە» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ماڭا، سىلىنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىشىمغا شۈكرى قىلىشىمغا، سىلىگە ئىبادەتنى ياخشى قىلىشىمغا ياردەم بەرسىلە دىگىن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم تويلىغان، سەھىھ. بۇ بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋەسىيەتتۇر.

950 - [ 12 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن مسعود قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يسلم عن يمينه : " السلام عليكم ورحمة الله " حتى يرى بياض خده الأيمن وعن يساره : " السلام عليكم ورحمة الله " حتى يرى بياض خده الأيسر . رواه أبو داود والنسائي والترمذي ولم يذكر الترمذي حتى يرى بياض خده

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (نامازدىن يارىغ بولغاندا) ، ئوڭ تەرىپكە، ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنگەنگە قەدەر مايىل بۇلۇپ ؛«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇالله » دەپ سالام بىرەتتى.سول تەرىپكىمۇ، سول مەڭزىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنگەنگە قەدەر مايىل بۇلۇپ ؛«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇالله » دەپ سالام بىرەتتى.نەسەئى،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد تويلىغان سەھىھ.

951 - [ 13 ] ( صحيح )ورواه ابن ماجه عن عمار بن ياسر

**952 - [ 14 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن مسعود قال : كان أكثر انصراف النبي صلى الله عليه وسلم من صلاته إلى شقه الأيسر إلى حجرته . رواه في شرح السنة**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپۈنچە نامازدىن قايتىشتا ، ھۇجرىسى تەرەپكە، سول تەرىپگە (ئۆرۈلۈپ)قايتاتتى. شەرھىسسۇننەدە بار سەھەھ.

**953 - [ 15 ] ( صحيح )وعن عطاء الخراساني عن المغيرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يصلي الإمام في الموضع الذي صلى فيه حتى يتحول " . رواه أبو داود وقال عطاء الخرساني لم يدرك المغيرة**

مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىمام بولغان كىشى، باشقا ئورۇنغا يۆتكەلمىگىچە، پەرز نامازنى ئوقۇغان ئورۇندا، نەپلە، سۈننەت نامازنى ئوقۇمىسۇن، باشقا جايغا يۆتكىلىپ ئاندىن ئوقۇسۇن. ئەبۇ داۋۇد 521 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1418 ــ ھەدىس، سەھىھ. بۇ ھەدىس سۈننەتنى پەرزدىن كىيىن يۆتكىلىۋېتىپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**954 - [ 16 ] ( صحيح )**

**وعن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم حضهم على الصلاة ونهاهم أن ينصرفوا قبل انصرافه من الصلاة . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى دۇرۇت ـ سالام (زىكرى ـ تەسبىھكە)قىززىقتۇرۇپ، تەرغىپ قىلاتتى، ئۇلارنى نامازدىن، ئۆزىنىڭ قايتىشىدىن بۇرۇن قايتىپ كىتىشىدىن تۇساتتى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھەھ.

**955 - [ 17 ] الفصل الثالث ( ضعيف )وعن شداد بن أوس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في صلاته : " اللهم إني أسألك الثبات في الأمر والعزيمة على الرشد وأسألك شكر نعمتك وحسن عبادتك وأسألك قلبا سليما ولسانا صادقا وأسألك من خير ما تعلم وأعوذ بك من شر ما تعلم وأستغفرك لما تعلم . رواه النسائي وروى أحمد نحوه**

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىدا مۇنداق دەيتتى، ئى ئاللاھ، مەن سىلىدىن ئىشتا سۇباتلىقنى، چىڭ تۇرۇشنى سورايمەن، توغرا يولغا ئىرادە قىلىشنى، نىئمەتلىرىگە شۈكرى قىلىشنى، ئىبادەتنى ياخشى قىلىشنى سورايمەن. مەن سىلىدىن سالامەت قەلبنى، راستچىل تىلنى سورايمەن، سىلە بىلىدىغان نەرسىنىڭ ياخشىسىنى سورايمەن، سىلە بىلىدىغان نەرسىنىڭ يامىنىدىن سىلىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، سىلە بىلىدىغان گۇناھلىرىمدىن مەغپىرەت سورايمەن. بۇ ھەدىسنى نەسەئى، ئەھمەد خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن،

**956 - [ 18 ] ( صحيح )وعن جابر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في صلاته بعد التشهد : " أحسن الكلام كلام الله وأحسن الهدي هدي محمد " . رواه النسائي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىدا، تەشەھھۇدتىن كىيىن مۇنداق دەيتتى؛«سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى الله نىڭ سۆزى.(يەنى قۇرئان)ھىدايەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىدايىتى.(يەنى ئىسلام)نەسەئى توپلىغان سەھەھ.

**957 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى يسلم في الصلاة تسليمة تلقاء وجهه ثم تميل إلى الشق الأيمن شيئا . رواه الترمذي**

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەلالالھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا سالام بەرگەندە يۈزى تەرىپى بىلەن سالام قىلىپ، ئوڭ تەرەپكە ئازراق مايىل بولاتتى، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

958 - [ 20 ] ( ضعيف )

وعن سمرة قال : أمرنا رسول الله صلى الله عليه وسلم أن نرد على الإمام ونتحاب وأن يسلم بعضنا على بعض . رواه أبو داود

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەلالالھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى نامازدا ئىمامنى تىلغا ئېلىپ، سالام قايتۇرۇشىمىزنى بۇيرۇغان،ۋە بىر ــبىرىمىزگە سالام قىلىش ئارقىلىق، دوستلىششىمىزغا بۇيرىغان. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

باب الذكر بعد الصلاة - الفصل الأول نامازدىن كېيىنكى زىكرى توغرىسىدا

959 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عباس رضي الله عنهما قال :كنت أعرف أنقضاء صلاة رسول الله صلى الله عليه وسلم بالتكبير

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەلالالھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنىڭ تەكبىر ئەيتىش بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلەتتىم.(يەنى نامازدىكى ھەربىر پىئلى تەكبىر بىلەن ئاخىرلىشاتتى، ياكى بۇ تەشرىق كۈنلەر ئىدى، ياكى نامازدىن كىيىن بىرياكى ئۈچ قېتىم تەكبىرئەيتاتتى، ياكى ئۇ، تەسبىھ بىلەن ھەممىدىن كېيىنكى الله ئەكبەر دىن 33نى دېيىشتىكى تەكبىر ئىدى ، ھەممىسى دۇرۇس ئىدى.) الله ئەئلەم. بۇخارى ،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

960 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا سلم لم يقعد إلا مقدار ما يقول : " اللهم أنت السلام ومنك السلام تباركت يا ذا الجلال والإكرام " . رواه مسلم

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەلالالھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن سالام بەرگەندە، پەقەت مۇنداق دىگەنىنىڭ (بارابىرىدە) مىقدارىدىلا ئولتۇراتتى: «ئاللاھۇممە ئەنتەسسالام ۋە مىنكەسسالام تەبارەكتە يازەلجەلالى ۋەلئىكرام». تەرجىمىسى؛ئى الله!سىلى سالامەتلىك ئاتاقىلغۇچى ، مەڭگۈسالامەت تۇرىدىغان زات.پۈتۈن سالامەتلىك سىلى تەرەپتىن كىلىدۇ،ئى كاتتا ئۇلۇغلۇقنىڭ ، سېخىيلىقنىڭ ئىگىسى الله!سىلىنىڭ بەركەتلىرى بۈيۈكتۇر،سىلى ھەممىدىن ئۈستۈن. مۇسلىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن زۆرۈر، جىددى پەيتلەردە، تەسبىھ ـ تەكبىرلەرنى، دۇرۇت ـ سالاملارنى ئۆيگە قايتىۋىتىپ، ئېيتسا بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە تەسبىھ، تەكبىر، دۇرۇتلارغا ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىگە نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى، تۆرى كۆپتۇر، ئىختىلاپ، زىددىيەت يوقتۇر.

961 - [ 3 ] ( صحيح )وعن ثوبان رضي الله عنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا انصرف من صلاته استغفر ثلاثا وقال : " اللهم أنت السلام ومنك السلام تباركت يا ذا الجلال والإكرام " . رواه مسلم

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەلالالھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىدىن قايتقان چاغدا،ئۈچ قېتىم ئەستەغپىرۇالله نى ئۇقۇپ ئىستىغپار ئېيتىپ، مۇنداق دەيتتى؛« ئى الله!سىلى سالامەتلىك ئاتاقىلغۇچى ، مەڭگۈسالامەت تۇرىدىغان زات.پۈتۈن سالامەتلىك سىلى تەرەپتىن كىلىدۇ،ئى كاتتا ئۇلۇغلۇقنىڭ ، سېخىيلىقنىڭ ئىگىسى الله!سىلىنىڭ بەركەتلىرى بۈيۈكتۇر،سىلى ھەممىدىن ئۈستۈن». مۇسلىم ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

962 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن المغيرة بن شعبة أن النبي صلى الله عليه وسلم : كان يقول في دبر كل صلاة مكتوبة : لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير اللهم لا مانع لما أعطيت ولا معطي لما منعت ولا ينفع ذا

الجد منك الجد "

مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر بىر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا،مۇنداق دەيتتى: «يەككە ــ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئاللاھقىلا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرەلەيدۇ، بارلىق ياخشىلىق ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر،ئى الله! سىلى بەرگەننى توسقۇچى يوق، سىلى بەرمىگەننى بەرگۈچى يوق. سىلىنىڭ ئازاپلىرىدىن بايلارغا ئۇنىڭ بايلىقى پايدا مەنپەئەت قىلالمايدۇ».بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

963 - [ 5 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن الزبير قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا سلم من صلاته يقول بصوته الأعلى : " لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير لا حول ولا قوة إلا بالله لا إله إلا الله ولا نعبد إلا إياه له النعمة وله الفضل وله الثناء الحسن لا إله إلا الله مخلصين له الدين ولو كره الكافرون رواه مسلم

ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىدىن سالام بەرگەندە، يۇقىرى ئاۋازى بىلەن مۇنداق دەيتتى؛« يەككە ــ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئاللاھقىلا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرەلەيدۇ، بارلىق ياخشىلىق ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىر كۈچ ــ قۇۋۋەت يوقتۇر، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر،بىز پەقەت بىر الله قىلا ئىبادەت قىلىمىز،نىئمەت ئاتاقىلىش، پەزلە ئاتاقىلىش، گۈزەل مەدھىلەر الله قىلا خاستۇر، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، گەرچە كاپىرلار ياقتۇرمىسىمۇ، بىز ئىسلام دىنىنى الله قا خالىس قىلىپ،ئىخلاس قىلىپ ئىبادەت قىلىمىز».مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

964 - [ 6 ] ( صحيح )

وعن سعد أن كان يعلم بنيه هؤلاء الكلمات ويقول : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يتعوذ ن دبر الصلاة : " اللهم إني أعوذ بك من الجبن وأعوذ بك من البخل وأعوذ بك من أرذل العمر وأعوذ بك من فتنة الدنيا وعذاب القبر " . رواه البخاري

سەئىدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باللىرىغا مۇنۇ كەلىمىلەرنى ئۈگىتىپ مۇنداق دەيتتى:ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كەلىمىلەر بىلەن نامازنىڭ ئارقىسىدا پاناھ تىلەيتتى« ئى الله ! ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، ئۆمۈرنىڭ رەزىللىكىدىن (يەنى قېرىلىقدىن، ئاجىزلىقدىن، ھورۇنلۇقدىن) ، بۇ دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، (دەججال پىتنىسىدىن) پاناھ تىلەيمەن.بۇخارى.

965 - [ 7 ] ( متفق عليه )

وعن أبي هريرة قال : ( إن فقراء المهاجرين أتوا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالوا : قد ذهب أهل الدثور بالدرجات العلى والنعيم المقيم فقال وما ذاك قالوا يصلون كما نصلي ويصومون كما نصوم ويتصدقون ولا نتصدق ويعتقون ولا نعتق فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفلا أعلمكم شيئا تدركون به من سبقكم وتسبقون به من بعدكم ولا يكون أحد أفضل منكم إلا من صنع مثل ما صنعتم " قالوا بلى يا رسول الله قال : " تسبحون وتكبرون وتحمدون دبر كل صلاة ثلاثا وثلاثين مرة " . قال أبو صالح : فرجع فقراء المهاجرين إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالوا سمع إخواننا أهل الأموال بما فعلنا ففعلوا مثله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ذلك فضل الله يؤته من يشاء " . وليس قول أبي صالح إلى آخره إلا عند مسلم وفي رواية للبخاري : " تسبحون في دبر كل صلاة عشرا وتحمدون عشرا وتكبرون عشرا " . بدل ثلاثا وثلاثين

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛مۇھاجىرلارنىڭ پەقىرلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە

منىڭ قىشىغا كىلىپ؛ئۇستۈن يۈكسەك دەرجىلەرنى،مۇقىم نېئمەت جەننەتنى بايلار ئېلىپ كەتتى دېدى.
رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ نېمە سەۋەپتىن شۇنداق دەيسىلەر ؟ دېسە، ئۇلار؛بايلار بىزگە ئوخشاش نامازئوقۇپ،روزا تۇتىدۇ.ئۇلار سەدىقە ـ ئېھسان قىلىدۇ،بىز قىلالمايمىز،ئۇلار قۇل ئازاد قىلىدۇ، بىزقىلالمايمىز دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : مەن سىلەرگە بۇرۇنقىلارنىڭ مۇكاپات ئەجىرلىرىنى تاپىدىغان، سىلەردىن كېيىنكىلەردىن ئىلگىرىلەپ ئېشىپ چۈشىدىغان، ھېچ بىركىشى سىلەردىن ئەۋزەل بولالمايدىغان، لېكىن، شۇ ئىشنى قىلسا، ئاندىن سىلەرگە ئوخشاش بولالايدىغان بىر ئىشنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟دېسە، ئۇلار؛ بۇلىدۇ ئۆگىتىپ قويسىلا دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئۇ بولسىمۇ ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدا 33 تەسبىھ، 33 ھەمدۇ ــ سانا، 33 تەكبىر ئېيتىشىڭلاردۇر،دېدى.ئەبۇسالىھ مۇنداق دەيدۇ؛ مۇھاجىرلارنىڭ پەقىرلىرى يانارەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىشىغا قايتىپ كىلىپ؛مال ئەھلى بولغان باي قېرىنداشلىرىمىز بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىزنى ئاڭلاپ، بىزگە ئوخشاش قىلىپ كىتىپتۇ دېدى.
رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :ئاشۇبولسا الله نىڭ پەزلىدۇر،ئۇنى ئۆزى خالىغان كىشىگە بىرىدۇدېدى.
ئەھمەد ،بۇخارى، مۇسلىم تولىغان، سەھىھ،يانابىرخاتىردە،33نىڭ ئورنىدا 10دىن ئەيتىش باردۇر.

**966 - [ 8 ] ( صحيح )وعن كعب بن عجرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " معقبات لا يخيب قائلهن أو فاعلهن دبر كل صلاة مكتوبة : ثلاث وثلاثون تسبيحة وثلاثون تحميدة وأربع وثلاثون تكبيرة " . رواه مسلم**

كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازنىڭ ئارقىسىدا دىيىلىدىغان سۆزلەر بار بولۇپ، ئۇنى دىگۈچى ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ؛ ھەربىر پەرىز نامازنىڭ ئارقىسىدا 33 تەسبىھ، 33 ھەمدە، 34 تەكبىر ئېيتىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى تولىغان، سەھىھ.

**967 - [ 9 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سبح الله في دبر كل صلاة ثلاثا وثلاثين وحمد الله ثلاثا وثلاثين وكبر الله ثلاثا وثلاثين فتلك تسعة وتسعون وقال تمام المائة : لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير غفرت خطاياه وإن كانت مثل زبد البحر " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھتائالاغا ھەر بىر نامازنىڭ ئارقىسىدا 33 تەسبىھ، 33 ھەمدە، 33 تەكبىر ئېيتسا، ئەنە شۇ 99 بولىدۇ. ئۇ كىشى :«لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھولمۇلكۇ ۋەلەھولھەمدۇ ۋە ھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» نى دەپ، 100نى تاماملاپ، كامىل قىلسا، گەرچە ئۇنىڭ خاتالىقلىرى گەرچە دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ، مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم تولىغان، سەھىھ.

**الفصل الثاني968 - [ 10 ] ( حسن )وعن أبي أمامة قال : قيل : يا رسول الله أي الدعاء أسمع ؟ قال : " جوف الليل الآخر ودبر الصلوات المكتوبات " . رواه الترمذي**

ئەبۇئۇمامەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى!دۇئانىڭ قايسىسى ئەڭ ئىجابەتلىك ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىكى ۋە پەرز نامازلارنىڭ ئارقىسىدىكى دۇئا دېدى. تىرمىزى تولىغان ھەسەن.

**969 - [ 11 ] ( صحيح )وعن عقبة بن عامر قال : أمرني رسول الله صلى الله عليه وسلم أن أقرأ بالمعوذات في دبر كل صلاة . رواه أحمد وأبو داود والنسائي والبيهقي في الدعوات الكبير**

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ ؛مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر بىر نامازنىڭ ئارقىسىدا، مۇئەۋۋىزاتنى يەنى سۈرە پەلەق ـ ناسنى ئوقۇشىمنى بۇيرىدى.ئەھمەد ،نەسەئى،ئەبۇداۋۇد ،بەيھەقى تولىغان سەھىھ.

970 - [ 12 ] ( حسن )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لأن أقعد مع قوم يذكرون الله من صلاة الغداة حتى تطلع الشمس أحب إلي من أن أعتق أربعة من ولد إسماعيل ولأن أقعد مع قوم يذكرون الله من صلاة العصر إلى أن تغرب الشمس أحب إلي من أن أعتق أربعة " . رواه أبو داود

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مېنىڭ بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن باشلاپ، كۈن چىققىچە مەسجىددە، ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى، (ئىلىم) بىلەن ئولتۇرغان قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرۇشۇم، مەن ئۈچۈن ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن يەنى ئەرەبلەردىن تۆت قۇلنى ئازاد قىلىشىمدىن ياخشىراقتۇر، ئەلۋەتتە، مېنىڭ ئەسىر نامىزىدىن باشلاپ كۈن كىرگىچە ئاللاھنى ئىلىم ، زىكرى بىلەن ئەسلەپ ئولتۇرغان قەۋم بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشۇم، مەن ئۈچۈن تۆت قۇل ئازاد قىلىشىمدىن ياخشىراقتۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

971 - [ 13 ] ( حسن )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : من صلى الفجر في جماعة ثم قعد يذكر الله حتى تطلع الشمس ثم صلى ركعتين كانت له كأجر حجة وعمرة " . قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : تامة تامة تامة . رواه الترمذي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بامدات نامىزىنى جامائەت ئىچىدە ئوقۇپ، ئاندىن كۈن چىققىچە ئولتۇرۇپ، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ــ تەسبىھ ئېيتسا، ئاندىن كۈن چىقىپ بولغاندا، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، بۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن كامىل، مۇكەممەل تامام بولغان ھەجنىڭ ۋە ئۆمرە ھەجنىڭ ئەجرى، ساۋابىدەك ئەجىر بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

972 - [ 14 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن الأزرق بن قيس قال : صلى بنا إمام لنا يكنى أبا رمثة قال صليت هذه الصلاة أو مثل هذه الصلاة مع رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : وكان أبو بكر وعمر يقومان في الصف المقدم عن يمينه وكان رجل قد شهد التكبيرة الأولى من الصلاة فصلى نبي الله صلى الله عليه وسلم ثم سلم عن يمينه وعن يساره حتى رأينا بياض خديه ثم انفتل كانفتال أبي رمثة يعني نفسه فقام الرجل الذي أدرك معه التكبيرة الأولى من الصلاة يشفع فوثب إليه عمر فأخذ بمنكبه فهزه ثم قال اجلس فإنه لم يهلك أهل الكتاب إلا أنه لم يكن بين صلوا م فصل . فرفع النبي صلى الله عليه وسلم بصره فقال : " أصاب الله بك يا ابن الخطاب " . رواه أبو داود

ئەزرەق ئىبنى قەيس مۇنداق دېدى؛ بىزگە ئەبۇ رەمسەت ناماز ئوقۇپ بېرىپ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مۇشۇنداق ناماز ئوقۇغان دەپ، ئاندىن ئۇ مۇنداق دېدى؛ ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىرىنچى سەپتە ئىدى، بىر ئەر نامازنىڭ تۇنجى تەكبىرىنى تاپقان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازئوقۇپ بولۇپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپكە سالام بېرىپ، مەندەك قايتقان چاغدا، ـ تاكى بىز ئىككى مەڭزىنىڭ ئاقلىقىنى كۆردۇق ـ ھېلىقى ئەر قوپۇپ ناماز ئوقىغىلى تۇردى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەس تۇرۇپ، ئۇنى تارتىپ، مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغىن، ئەھلى كىتابلار پەقەت نامازلىرىنىڭ ئارىلىقىدا پاسىل بولماستىن، ئارىلىقنى ئايرىماستىن ئۇلاپ ئوقۇغاچقا ھالاك بولۇپ كەتكەن دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەرگە قاراپ قويۇپ، ئى ئىبنى خەتتاپ! ئاللاھ سەن سەۋەبلىك ئىشلارنى توغرىلايدۇ دەپ قويدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى.
ئېسكەرتىش: ھەدىس زەئىپ بولسۇن زەئىپ دېگىنى زادى زەئىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ، ھەسەن دېگىنى ھەسەن دېيىشلىك، مەن ھەسەن لىغەيرى ھەدىسنى زەئىپ دەپ يازمايمەن.نۇرغۇن ھەدىسلارغا بىرلىگەن زەئىپ دېگەن ھۆكۈمنىڭ سەۋەبى قىسقارتىلىپ يېزىلمىدى. بۇنى چۈشەنسۇن ئۈچۈن نۇرغۇن ھەدىسلارنىڭ زەئىپ دېگەن ھۆكۈملىرىنىڭ سەۋەب ئىللەتلىرى يېزىپ قويۇلدى.

**973 - [ 15 ] ( صحيح )وعن زيد بن ثابت قال : أمرنا أن نسبح في دبر كل صلاة ثلاثا وثلاثين ونحمد ثلاثا وثلاثين ونكبر أربعا وثلاثين فأتي رجل في المنام من الأنصار فقيل له أمركم رسول الله صلى الله عليه وسلم أن تسبحوا في دبر كل صلاة كذا وكذا قال الأنصاري في منامه نعم قال فاجعلوها خمسا وعشرين خمسا وعشرين واجعلوا فيها التهليل فلما أصبح غدا على النبي صلى الله عليه وسلم فأخبره فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فافعلوا " . رواه أحمد والنسائي والدارمي**

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىز ھەر بىر نامازنىڭ ئارقىسىدا 33تەسبىھ ، 33ھەمدە ، 34 تەكبىر ئەيتىشىمىزغا بۇيرۇلغان ئىدۇق . ئەنسارلاردىن بىر كىشىنىڭ چۈشىدە، بىرسى ئۇنىڭغا : سىلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر بىر نامازنىڭ ئارقىسىدا 33تەسبىھ ، 33ھەمدە ، 34 تەكبىر ئەيتىشقا بۇيرىدىمۇ؟ دەپتۇ، ئۇچۈشىدە : ھەئە شۇنداق دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ، ئۇكىشى:سىلەر ئۇنى 25تىن، 25تىن قىلىڭلار،شۇنداقلا ئۇنىڭدا تەھلىلنى (يەنى لائىلاھەئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇلاشەرىيكەلەھۇ......)نىمۇ دەڭلار دەپتۇ. ئەنسارى تاڭ ئاتقاندا، ئەتىگەندىلا كىلىپ بۇ چۈشىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنداق بولسا، شۇنداق قىلىڭلار دىدى.ئەھمەد ،نەسەئى،دارىمى،سەھىھ.

**974 - [ 16 ] ( موضوع )وعن علي رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم على أعواد المنبر يقول : " من قرأ آية الكرسي في دبر كل صلاة لم يمنعه من دخول الجنة إلا الموت ومن قرأها حين يأخذ مضجعه آمنه الله على داره ودار جاره وأهل دويرات حوله " . رواه البيهقي في شعب الإيمان وقال إسناده ضعيف**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم؛ كىم ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدا ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇپ بەرسە، ئۇنى جەننەتكە كىرىشدىن پەقەت ئۆلۈملا توسۇپ تۇرىدۇ، يەنى ئۇ ئۆلسىلا جەننەتكە كىرىدۇ، پەقەت ئۆلۈشلا قالدى. كىم بۇ ئايەتنى ياتقاندا ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى، ھويلىسىنى، خوشنىسىنىڭ ھويلىسىنى، ئەتراپىدىكى ئەھلى بەيتلەرنى ئەمىن قىلىدۇ، بۇ ھەدىسنى بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس يالغان دىگەن. باش تەرىپى سەھىھ.(سەھىسى بولسا:ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھەربىر پەرىز نامازنىڭ ئارقىسىدا، ئايەتۇلكۇرسىنى (يەنى كۇرسى سۆزلىنىدىغان سۈرە بەقەرنىڭ 255 _ ئايىتىنى) ئوقۇسا، ئۇ كىشنى جەننەتكە كىرىشتىن پەقەت ئۆلۈملا توسۇپ تۇرىدۇ،ئۇ ئۆلسىلا جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتكە كىرىشكە پەقەت ئۆلىشىلا قالغان بولىدۇ). نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ 6464 ـ ھەدىسى.

**975 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن عبد الرحمن بن غنم عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال : " من قال قبل أن ينصرف ويثني رجليه من صلاة المغرب والصبح لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد بيده الخير يحيي ويميت وهو على كل شيء قدير عشر مرات كتب له بكل واحدة عشر حسنات ومحيت عنه عشر سيئات ورفع له عشر درجات وكانت حرزا من كل مكروه وحرزا من الشيطان الرجيم ولم يحل لذنب يدركه إلا الشرك وكان من أفضل الناس عملا إلا رجلا يفضله يقول أفضل مما قال " . رواه أحمد**

ئابدۇررەھمان ئىبنى غەنەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم شام نامىزى بىلەن بومدات نامىزىدىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان ھەيئىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىككى پۇتىنى تىكلەپ قايتىشتىن بۇرۇن(يەنى بۇ ئىككى نامازدىن قايتىشتىن بۇرۇن): «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ،يۇھيى ۋە يۇمىيتۇ ۋەھۇ ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» دىگەننى 10 قېتىم دىسە، ئۇ

كىشىگە (ئۇن قول ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابى بولىدۇۋە) ئۇ كىشىگەھەربىرگە10دىن 100 ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن 100 خاتالىق ئۆچۈرىلىدۇ،ئۇن دەرىجە يۇقىر كۆتىرلىدۇ، بۇ سۆزلەر ئۇ كىشىگە، شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە،ھەربىر ياقتۇرۇلمايدىغان يامان ئىشتىن، لەنەت قىلىنغان،رەھمەتتىن قوغلانغان شەيتاندىن ساقلايدىغان مۇھاپىزەتچى بولىدۇ،شىرىكتىن باشقا ئۇكىشىنى تاپقان يەنى ئۇ قىلىپ سالغان گۇناھلارغا ئازاپلانمايدۇ، جازالانمايدۇ،ئۇكىشى ئەمەل جەھەتتىن كىشلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولىدۇ، ھېچ كىشى ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئەمەللەردىن ئەۋزەل ئەمەل بىلەن كېلەلمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭدىن كۆپ ئەمەل قىلغان، بولۇپمۇ شۇ سۆزلەرنى كۆپ دىگەن كىشى ئەۋزەل كىلەلەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان. بۇ كەلىملەرنىڭ تەرجىمىسى يۇقىرىدا ئۆتكەن.

976 - [ 18 ] ( ضعيف )وروى الترمذي نحوه عن أبي ذر إلى قوله : " إلا الشرك " ولم يذكر : " صلاة المغرب ولا بيده الخير " وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب

ئىمام ئەلبانى رەھ:تىرمىزى رەھ بۇ ھەدىسنىڭ ئۇخشىشىنى،شىرىكنى،شام نامىزىنى ،بىيەدىھىلخەيرىنى تىلغا ئالماي يازغان. لىكىن ئۇ زەئىپ دىگەن.

977 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم بعث بعثا قبل نجد فغنموا غنائم كثيرة وأسرعوا الرجعة فقال رجل منا لم يخرج ما رأينا بعثا أسرع رجعة ولا أفضل غنيمة من هذا البعث فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " ألا أدلكم على قوم أفضل غنيمة وأفضل رجعة ؟ قوما شهدوا صلاة الصبح ثم جلسوا يذكرون الله حتى طلعت عليهم الشمس أولئك أسرع رجعة وأفضل غنيمة " . رواه الترمذي وقال هذا حديث غريب لا نعرفه إلا من هذا الوجه وحماد بن أبي حميد هو الضعيف في الحديث

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجىد تەرەپكە بىر قوشۇن ئەۋەتتى، بۇ قوشۇن ناھايىتى تېزلا نۇرغۇن غەنىيمەت ئېلىپ قايتتى. بىزدىن جەڭگە چىقمىغان بىر ئەر، بۇ قوشۇندەك غەنىيمەتنى ئەۋزەل ئېلىپ، تېز قايتقان قوشۇننى كۆرۈپ باقمىدىم دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ تېز قايتقان غەنىيمەتلىرى ئەۋزەل بىر قەۋمنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ دىدى، ئاندىن، جاۋابنى ساقلىمايلا، مۇنداق دىدى: بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، ئاندىن كۈن چىققىچە ئاللاھنى ئەسلەپ ئولتۇرغان قەۋم ئۇلاردىنمۇ تېز قايتقان بولىدۇ، غەنىيمىتى ئەۋزەل ھېسابلىنىدۇ دىدى، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، راۋىسى زەئىپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

## باب ما لا يجوز من العمل في الصلاة وما يباح منه

## ناماز ئىچىدىكى دۇرۇس بولىدىغان، بولمايدىغان ئەمەللەر توغرىسىدا

978 - [ 1 ] ( صحيح ) - الفصل الأول

عن معاوية ابن الحكم قال : بينا أنا أصلي مع رسول الله صلى الله عليه وسلم إذ عطس رجل من القوم فقلت : يرحمك الله . فرماني القوم بأبصارهم . فقلت : وا ثكل أمياه ما شأنكم تنظرون إلي فجعلوا يضربون بأيديهم على أفخاذهم فلما رأيتهم يصمتونني لكني سكت فلما صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فبأبي هو وأمي ما رأيت معلما قبله ولا بعده أحسن تعليما منه فوالله ما كهرني ولا ضربني ولا شتمني قال : " إن هذه الصلاة لا يصلح فيها شيء من كلام الناس إنما هو التسبيح والتكبير وقراءة القرآن " أو كما قال رسول الله صلى الله عليه وسلم . قلت : يا رسول الله إني حديث عهد بجاهلية وقد جاء الله بالإسلام وإن منا رجالا يأتون الكهان . قال : " فلا تأ تهم " . قلت : ومنا رجال يتطيرون . قال : " ذاك شيء يجدونه في صدورهم فلا يصدنهم " .

**قال قلت ومنا رجال يخطون . قال : " كان نبي من الأنبياء يخط فمن وافق خطه فذاك " . رواه مسلم قوله : لكني سكت هكذا وجدت في صحيح مسلم وكتاب الحميدي وصحح في " جامع الأصول " بلفظه كذا فوق : لكني**

مۇئاۋىيەئىبنى ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىر چاغدا مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللەناماز ئوقۇۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز كىشىلەردىن بىرسى چۈشكۈرۈپ كەتتى، مەن : يەرھەمۇكەاللە، اللە ساڭا رەھمەت قىلسۇن دېدىم ، كىشىلەر ماڭا غەزەپتىن تىكىلىپ قاراشتى، مەن : ھوي!ئانىسى يوقتىپ قويىدىغانلار! نىمە بولدۇڭلار، ماڭا قارايسىلەرغۇ ؟ دېدىم، ئۇلار تىخىمۇ غەزەپ قىلىپ، ئىشىمنى ئىنكار قىلىپ قوللىرىنى يوتىلىرىغا ئۇرۇپ كەتتى، مەن ئۇلارنىڭ مىنى سۆز قىلدۇرماي، جىم تۇرغۇزماقچى بولغانلىقىنى كۆرگىنىمدە (يانا بىرەر سۆز قىلماخچى بولدۇميۇ) لىكىن مەن جىمىپ قالغان ئىدىم، ئاتا ئانام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پىدا بولسۇنكى، مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ۋە كىيىنمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ مۇلايىم، ياخشىراق تەلىم بىرىدىغان بىرەر مۇئەللىمنى كۆرۈپ باقمىدىم، اللە بىلەن قەسەمكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قەھرى قىلمىدى، مىنى ئۇرمىدى، تىللىمىدى، نامازنى ئوقۇپ بولغاندا، ماڭا: ھەققەتەن بۇ نامازدا، كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر نەرسە دۇرۇس بولمايدۇ، ناماز دىگەن تەسبىھ ، تەكبىر ئەيتىش ، قىرائەت قىلىشتۇر ، دېدى. ياكى شۇنىڭدەك سۆزلەرنى قىلدى. مەن:ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ھەققەتەن مەن زامانى جاھالىيەتكە بەكلا يېقىن، يېقىن بىركىنشى، اللە تائالا بىزگە ئىسلام دىنىنى ئىپلىپ كەلدى، بىزدىن نۇرغۇن كىشىلەر جىنكەش داخان ، كاھىنىنىڭ قېشىغا بارىدۇ، دىسەم، سەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارما دېدى. مەن؛ بىزدىن نۇرغۇن كىشىلەرشۇم پال ئالىدۇ دىسەم ، ئۇبولسا ئۇلار قەلبىدە ئۆزلىرى ھىس قىلىپ تاپىدىغان نەرسە بولۇپ ، ئۇلارنى ھېچ نەرسىدىن بىھاجەت قىلالمايدۇ، (ئىشلىرىدىن توسۇپ قويمىسۇن) دېدى. مەن؛ بىزدىن نۇرغۇن كىشىلەرخەتتاتلىق قىلىدۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر خەتتاتلىق قىلاتتى، كىمنىڭ خەتتاتلىقى شۇ پەيغەمبەرنىڭ خەتتاتلىقىغا مۇۋاپىق كىلىپ قالسا، ئەنەشۇ توغرا قىلغان بولىدۇ، دېدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**979 - [ 2 ] ( متفق عليه )**

**وعن عبد الله بن مسعود قال : كنا نسلم على النبي صلى الله عليه وسلم وهو في الصلاة فيرد علينا فلما رجعنا من عند النجاشي سلمنا عليه فلم يرد علينا فقلنا : يا رسول الله كنا نسلم عليك في الصلاة فترد علينا فقال : إن في الصلاة لشغلا "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناماز ئىچىدە بولسىمۇ سالام قىلىۋىرەتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ناماز ئىچىدە تۇرۇپ بىزگە سالام قايتۇراتتى ، بىز نەجاشىينىڭ يېنىدىن يەنى ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناماز ئىچىدىكى چېغىدا، سالام قىلساق، بىزگە سالام قايتۇرمىدى، بىز:يارەسۇلەاللە!بىز سىلىگە ناماز ئىچىدىكى چاغلىرىدىمۇ سالام قىلساق ، سالام قايتۇراتتىلە (ئەمدى نىمە ئىش بولدى؟)دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەققەتەن ناماز ئىچىدە (تەسبىھ ــتەكبىر، قىرائەتتەك)مەشغۇللۇق بار دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**980 - [ 3 ] ( متفق عليه )**

**وعن معيقيب عن النبي صلى الله عليه وسلم في الرجل يسوي التراب حيث يسجد ؟ قال : " إن كنت فاعلا فواحدة "**

مۇئەيقىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (نامازئىچىدە تۇرۇپ)سەجدە قىلىدىغان جايدىكى توپا يەرنى تۈزلەيدىغان كىشى توغرىسىدا، ئەگەرقىلماقچى بولساڭ، بىرقېتىملا قىلغىن ، دىگەن. بۇخارى،مۇسلىم.(بۇھەدىستىن نامازنىڭ سىرتىدىكى كۆپ ئەمەللەرنى قىلىش نامازنى بۇزىدۇ).

**981 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الخصر في الصلاة "**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا بىلىنى تۇتۇپ تۇرۇشتىن توسقان . بۇخارى،مۇسلىم.

**982 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الالتفات في الصلاة فقال : " هو اختلاس يختلسه الشيطان من صلاة العبد "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نامازدا، ئۇياق ــ بۇياققا قاراش توغرىسىداسورسام، مۇنداق دىگەن: نامازدا ئۇياق ــ بۇياققا قاراش بولسا، بەندىنىڭ نامىزىنى شەيتاننىڭ تېز سۈرئەتتە ئوغۇرلاپ ئېلىپ قېچىشىدۇر، (يەنى ئەجرىنى ياكى كاملىلىقنى ياكى نامازنى ئېلىپ قاچىدۇ). بۇخارى 709 ــ ھەدىس، تىرمىزى 538 ــ ھەدىس، نەسەئى 1183 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 776 ــ ھەدىس، ئەھمەد 23276 ــ ھەدىس، سەھىھ. نامازدا تۇرۇپ ئۇياق ــ بۇياققا قاراش دۇرۇس ئەمەس.

**983 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لينتهين أقوام عن رفعهم أبصارهم عند الدعاء في الصلاة إلى السماء أو لتخطفن أبصارهم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلۋەتتە قەۋىملەر نامازدىكى دۇئادا، كۆزلىرىنى ئاسمانغا ئىشارەت قىلىپ كۆتۈرۈشىدىن يانسا يانسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قۇيۇلۇپ قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ چەكلەش، جىنازا نامىزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشلىرىنى، كۆزلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ قويۇش بىدئەتتۇر.

**984 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أبي قتادة قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يؤم الناس وأمامه بنت أبي العاص على عاتقه فإذا ركع وضعها وإذا رفع من السجود أعادها "**

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىشىلەرگە ئىمام بولغىنىنى كۆرگەن ئىدىم ، ۋەھالەنكى ئەبۇلئاسنىڭ قىزى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇما رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۈرىسىدە ئىدى، رۇكۇ قىلغاندا، يەرگە قويۇپ قۇياتتى، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، يانا مۈرىسىگە ئېلىۋالاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.( رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىقى بىلەن سۆزى تاقاشقاندا، يۇقىرقىدەك «بىرقېتىملا قىلغىن» ، دىگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىش ئەبزەلدۇر).

**985 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا تثاءب أحدكم فليكظم ما استطاع فإن الشيطان يدخل " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار (نامازدا ) ئەسنىسە، قادىر بولىشچە، بېسىۋېلىپ توختىتىۋالسۇن، چۈنكى، شەيتان شۇنىڭ بىلەن كىرىۋالىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**986 - [ 9 ] ( صحيح )وفي رواية البخاري عن أبي هريرة قال : " إذا تثاءب أحدكم في الصلاة فليكظم ما استطاع ولا يقل : ها فإنما ذلكم من الشيطان يضحك منه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىشى نامازدا ئەسنىسە، قادىر بولىشچە بېسىۋېلىپ قايتۇرسۇن،ھا!!دىمىسۇن،چۈنكى شۇنداق دىيىش شەيتان

تەرەپتىن بولدۇ، ئەگەر ئۇ ها! دېسە، شەيتان ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**987 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن عفريتا من الجن تفلت البارحة ليقطع علي صلاتي فأمكنني الله منه فأخذته فأردت أن أربطه على سارية من سواري المسجد حتى تنظروا إليه كلكم فذكرت دعوة أخي سليمان : ( رب هب لي ملكا لا ينبغي لأحد من بعدي )فرددته خاسئا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جىندىن بىر ئىشپىيۇن، ئۆتكەن كېچە نامىزىمنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ماڭا تېز سۈرئەتتە ھۇجۇم قىلدى، ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭغا قارشى ئىمكانىيەت بەردى دە، مەن ئۇنىڭ گېلىدىن بوغۇپ، تۇتىۋالدىم، ئۇنى سىلەرنىڭ ھەممىڭلار تاڭ ئاتقاندا كۆرۈۋالسۇن، قاراپ بىلىۋالسۇن دەپ، مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىر تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇشنى ئىراده قىلىپ بولۇپ، قېرىندىشىم سۇلايماننىڭ مۇنۇ دۇئاسىنى ئىسىمگە ئېلىپ، قويىۋەتتىم، ئاللاھ ئۇنى، ئۇ خار ھالدا قايتۇرۇۋەتتى،(دۇئا بولسا، «ئى رەببىم ! ماڭا مەندىن كىيىن ھېچ بىر كىشىگە لايىق بولمايدىغان پادىشاھلىق ئاتاقىلىپ بەرسىلە»). ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**988 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن سهل بن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " من نابه شيء في صلاته فليسبح فإنما التصفيق للنساء "وفي رواية : قال : " التسبيح للرجال والتصفيق للنساء "**

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ مەن سىلەرنىڭ چاۋاك چېلىپ، قوللىرىڭلاردىن ئاۋاز چىقارغىنىڭلارنى كۆردۈمغۇ؟) كىشى نامازدىكى چاغدا، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش يېتىپ قالسا، (يەنى جاۋاب بېرىش زۆرۈر بولغان ئىش يەتسە)، تەسبىھ ئېيتىپ، سۇبھانەللاھ! دېسۇن، (ھەقىقەتەن ئۇ شۇنداق تەسبىھ ئېيتسا، ئۇنىڭغا قارىلىدۇ، ھاجىتى ئورۇندۇلىدۇ)، چاۋاك چېلىپ، قولدىن ئاۋاز چىقىرىش بولسا، ناماز ئىچىدە ئاياللارغا دۇرۇس بولىدۇ، (يەنى ئەرلەر تەسبىھ ئېيتىپ، مەخسىدىنى ئۇختۇرۇدۇ، ئاياللار قولىدىن ئاۋاز چىقارسۇن). ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**989 - [ 12 ] الفصل الثاني ( حسن )عن عبد الله بن مسعود قال : كنا نسلم على النبي صلى الله عليه وسلم وهو في الصلاة قبل أن نأتي أرض الحبشة فيرد علينا فلما رجعنا من أرض الحبشة أتيته فوجدته يصلي فسلمت عليه فلم يرد علي حتى إذا قضى صلاته قال : " إن الله يحدث من أمره ما يشاء وإن مما أحدث أن لا تتكلموا في الصلاة " . فرد علي السلام**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز ھەبەشستان زېمىنىغا بېرىشىمىزدىن بۇرۇن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناماز ئىچىدە بولسىمۇ سالام قىلاتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىزگە ناماز ئىچىدەتۇرۇپ سالام قايتۇراتتى. بىز ھەبەشستان زېمىنىدىن قايتىپ كەلگەندە، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغاكىلىپ، ناماز ئۇقۇۋاتقان ھالىتىدە تاپتىم دە، سالام قىلسام ، ماڭا سالام قايتۇرمىدى. نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ماڭا سالام قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ئۆز ئەمىر ــ پەرمانلىرىدىن ئۆزى خالىغان ھۆكۈملەرنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ، جەزمەن ئاللاھتائالا سىلەرنىڭ ناماز ئىچىدە سۆز قىلماسلىقىڭلارغا، يېڭىدىن ئەمىر ــ پەرمان قىلدى، تۈزۈم بېكىتتى. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان،ھەسەن.

**990 - [ 13 ] ( حسن )وقال : " إنما الصلاة لقراءة القرآن وذكر الله فإذا كنت فيها ليكن ذلك شأنك " . رواه أبو داود**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن ناماز دېگەن قۇرئان قىرائىتى، **الله** نى ئەسلەپ زىكرى قىلىش ئۈچۈندۇر،سەن نامازدا بولۇپ قالساڭ، سىنىڭ ئىشىڭ ئاشۇ ئىشلار بولسۇن،دېدى.بۇ يۇقىرقىنىڭ ئاخىرى.

**991 - [ 14 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قلت لبلال : كيف كان النبي صلى الله عليه وسلم يرد عليهم حين كانوا يسلمون عليه وهو في الصلاة ؟ قال : كان يشير بيده . رواه الترمذي وفي رواية النسائي نحوه وعوض بلال صهيب**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛مەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازئىچىدىكى چاغدا، ئۇلار سالام قىلىپ قالسا، ئۇلارغا سالامنى قانداق قايتۇراتتى؟، دىسەم، ئۇ ماڭا : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا سالامنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قايتۇراتتى، دىدى. نەسەئى تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**992 - [ 15 ] ( صحيح )وعن رفاعة بن رافع قال : صليت خلف رسول الله صلى الله عليه وسلم فعطست فقلت الحمد لله حمدا كثيرا طيبا مباركا فيه مباركا عليه كما يحب ربنا ويرضى فلما صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم انصرف فقال : " من المتكلم في الصلاة ؟ " فلم يتكلم أحد ثم قالها الثانية فلم يتكلم أحد ثم قالها الثالثة فقال رفاعة : أنا يا رسول الله . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده لقد ابتدرها بضعة وثلاثون ملكا أيهم يصعد ا " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

رۇپائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسدا ناماز ئۇقۇۋېتىپ چۈشكۈرۈپ سېلىپ: «ئەلھەمدۇ لىللاھى ھەمدەن كەسىيرەن تەييىبەن مۇبارەكەن ئەلەيھى، كەما يۇھىببۇ رەببۇنا ۋە يەرزا »دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن قايىتقاندا: نامازئىچىدە سۆز قىلغان كىم؟ دىدى. ھېچ بىر كىشى سۆزقىلمىدى، ئىككىنجى قېتىممۇ سۆزقىلمىدى، ئۈچىنجى قېتىم مەن : ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!سۆزقىلغان مانا مەن، دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:جېنىم قول ئىلكىدە بولغان **الله** بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئوتتۇز نەچچە پەرىشتە قايسىسى ئۇ سۆزنى تۇنجى بۇلۇپ (يېزىشقا)، يۇقىرغا شۇسۇزبىلەن ئۆرلەشكە ئالدىرىشىپ كەتتى، دىدى.نەسەئى،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇدتوپلىغان سەھىھ.

**993 - [ 16 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " التثاؤب في الصلاة من الشيطان فإذا تثاءب أحدكم فليكظم ما استطاع " . رواه الترمذي وفي أخرى له ولابن ماجه : " فليضع يده على فيه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازدا تۇرۇپ ئەسنەش، شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ، بىرىڭلار نامازدا ئەسنىمەكچى بولسا، (يەنى ئەسنەش تۇتۇپ كەتسە) قادىر بولىشچە توختىتۇالسۇن. تىرمىزى،ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**994 - [ 17 ] ( صحيح )وعن كعب بن عجرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا توضأ أحدكم فأحسن وضوءه ثم خرج عامدا إلى المسجد فلا يشبكن بين أصابعه فإنه في الصلاة " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي والنسائي والدارمي**

كەئبى ئىبنى ئوجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار تاھارەتنى ياخشى ئېلىپ، مەسجىدنى قەست قىلغان ھالدا چىقسا، قولىنىڭ بارماقلىرىنى بىر ـــ بىرىگە كىرىشتۈرمىسۇن، چۈنكى ئۇ، ناماز ئىچىدە بولغان بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلەر توپلىغان، سەھىھ.

**995 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يزال الله عز وجل مقبلا على العبد وهو في صلاته ما لم يلتفت فإذا التفت انصرف عنه . رواه أحمد وأبو داود والنسائي والدارمي**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، بەندە ناماز ئىچىدە ئۇياق ـــ بۇياققا قارىمىسلا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئالدىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۇياق ـــ بۇياققا قارىسلا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن يۈز ئۆرىۋالىدۇ دىدى، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، دارمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**996 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يا أنس اجعل بصرك حيث تسجد " . رواه البيهقي في سننه الكبير من طريق الحسن عن أنس يرفعه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ئى ئەنەس!، كۆزۈڭنى سەجدە قىلغان جايدا قىلغىن، بۇ ھەدىسنى بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**997 - [ 20 ] ( ضعيف )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا بني إياك والالتفات في الصلاة فإن الالتفات في الصلاة هلكة . فإن كان لابد ففي التطوع لا في الفرضية " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ئى ئوغلۇم، نامازدا ئۇياق ــ بۇياققا قاراشتىن ھەزەر قىلغىن، ئۇنداق قىلىش ھالاكەتتۇر، ئەگەر ئامال يوق، زۆرۈر بولۇپ قالسا، نەپلە نامازدا قىلغىن، پەرز نامازدا قىلمىغىن، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**998 - [ 21 ] ( صحيح )وعن ابن عباس رضي الله عنهما قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يلحظ في الصلاة يمينا وشمالا ولا يلوي عنقه خلف ظهره . رواه الترمذي والنسائي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازئىچىدەتۇرۇپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپكە كۆزيۇگۇرتۇپ قارايتتى، لىكىن ئارقىسى تەرپىدىن بىلىنىشكىدەك گەردىنىنى تولغىمايتتى. نەسەئى،تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**999 - [ 22 ] ( ضعيف )وعن عدي بن ثابت عن أبيه عن جده رفعه قال : " العطاس والنعاس والتثاؤب في الصلاة والحيض والقيء والرعاف من الشيطان " . رواه الترمذي**

ئەدىيىب سابىتدىن دادىسىدىن، چوڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: چۈشكۈرۈش، مۈگدەش، نامازدا ئەسنەش، ھەيز كۆرۈپ قېلىش، ھۆ قىلىپ قۇسۇش، بۇرنى قاناش بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامازدا يۈز بېرىشى شەيتاندىن دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، بۇ ساھەبە سۆزى بۇلىشى مۇمكىن.

**1000 - [ 23 ] ( صحيح )وعن مطرف بن عبد الله بن الشخير عن أبيه قال : أتيت النبي صلى الله عليه وسلم وهو يصلي ولجوفه أزيز كأزيز المرجل يعني : يبكي وفي رواية قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يصلي وفي صدره أزيز كأزيز الرحا من البكاء . رواه أحمد وروى النسائي الرواية الأولى وأبو داود الثانية**

مۇتەررىپنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ مەن كەلسەم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئۇقۇۋاتقان ئىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىچىدە، قازان قاينىغاندەك،بىر غىڭشىغان ئاۋاز بارئىدى ، يەنى ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى.ياناىبىرخاتىردە، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ناماز ئۇقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆكسىدە (ئىچىدە) تۈگمەن تېشى چۆرگىلىگەندەك ، غىڭشىغان يىغا ئاۋازى بار ئىدى،دىيىلگەن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان سەھىھ. يەنى نامازدا، الله ئۈچۈنلا يىغلاش دۇرۇستۇر.

**1001 - [ 24 ] ( ضعيف )وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قام أحدكم إلى الصلاة فلا يمسح**

**الحصى فإن الرحمة تواجهه " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، ئالدىدىكى تاشلارنى سىلىمىسۇن، رەھمەت ئۇنىڭ ئالدىدۇر. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.چۈنكى يۇقىردا بىرقېتىملا قىلغىن، دېگىنى ئۆتتى.

---

**1002 - [ 25 ] ( ضعيف ) وعن أم سلمة قالت : رأى النبي صلى الله عليه وسلم غلاما لنا يقال له : أفلح إذا سجد نفخ فقال : " يا أفلح ترب وجهك " . رواه الترمذي**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىزنىڭ بىر قۇلىمىزنىڭ سەجدە قىلىۋېتىپ، توپىنى پۈۋدىگىنىنى كۆرۈپ: يا ئەپلەھ،! يۈزۈڭ توپا بولسۇن دېدى، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

---

**1003 - [ 26 ] ( منكر ) وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الاختصار في الصلاة راحة أهل النار " . رواه في شرح السنة**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، نامازدا بېلىنى تۇتۇپ تۇرۇش، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ راھىتى دېگەن ھەدىسنى شەرھى سۈننەدە خاتىرلىگەن، ئەلبانى مۇنكەر دېگەن، مەن بۇ ھەدىسنى يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا يازغان.

---

**1004 - [ 27 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اقتلوا الأسودين في الصلاة الحية والعقرب " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي وللنسائي معناه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا بولساڭلارمۇ، يىلان ــ چايانلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى قارىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.ئەھمەد،نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

---

**1005 - [ 28 ] ( صحيح ) وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي تطوعا والباب عليه مغلق فجئت فاستفتحت فمشى ففتح لي ثم رجع إلى مصلاه وذكرت أن الباب كان في القبلة . رواه أحمد وأبو داود والترمذي وروى النسائي نحوه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپلە ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن ، ۋەھالەنكى ئىشىكى تاقاقلىق ئىكەن، مەن كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېڭىپ كېلىپ، ماڭا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ، ئاندىن يەنە نامازگاھىغا قايتىپ (نامىزىنى داۋاملاشتۇردى)ئىشىكى قىبلى تەرەپتە ئىدى. ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد،نەسەئى،تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

---

**1006 - [ 29 ] ( ضعيف ) وعن طلق بن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا فسا أحدكم في الصلاة فلينصرف فليتوضأ وليعد الصلاة " . رواه أبو داود وروى الترمذي مع زيادة ونقصان**

تەلق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، سىلەرنىڭ بىرىڭلار نامازدا ئۈسۈرۈپ سالسا، نامازدىن قايتىپ، تاھارەت ئېلىپ، نامازنى قايتا ئوقۇسۇن، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.مەنىسى سەھىھ ، توغرا.

**1007 - [ 30 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها أنا قالت : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " إذا أحدث أحدكم في صلا ته فليأخذ بأنفه ثم لينصرف " . رواه أبو داود**

ئائىشه رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ ناماز ئىچىدە تاھارىتى سۇنۇپ كەتسە، بۇرنىنى تۇتۇپ قايتسۇن.ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

**1008 - [ 31 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا أحدث أحدكم وقد جلس في آخر صلاته قبل أن يسلم فقد جازت صلاته رواه الترمذي وقال : هذا حديث إسناده ليس بالقوي وقد اضطربوا في إسناده**

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ تاھارىتى ئاخىرقى تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا، سالام بېرىشتىن بۇرۇنلا سۇنۇپ كەتسە، نامىزى دۇرۇس بولىۋېرىدۇ دىگەن، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ، كۈچلۈك ئەمەس دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1009 - [ 32 ] ( حسن )عن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم خرج إلى الصلاة فلما كبر انصرف وأومأ إليهم أن كما كنتم . ثم خرج فاغتسل ثم جاء ورأسه يقطر فصلى م . فلما صلى قال : إني كنت جنبا فنسيت أن أغتسل . رواه أحمد**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا چىقىپ، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ بولغاندا، ئۇلارغا ھازىرقىدەك ھالەتتە جىم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، دەپ ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، قايتىپ كەتتى، ئاندىن غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ چىقىپ، نامازغاكەلدى، ۋەھالەنكى چاچلىرى سۇ تېمىتىپ تۇراتتى، ئۇلارغا ناماز ئۇقۇپ بىرىپ، نامازنى ئۇقۇپ بولغاندا :ھەقىقەتەن مەن جۇنۇپ ئىدىم، يۇيۇنۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دىدى. ئەھمەد توپلىغان ھەسەن.

**1010 - [ 33 ] ( صحيح مرسل )وروى مالك عن عطاء بن يسار نحوه مرسلا**

**1011 - [ 34 ] ( حسن )وعن جابر قال : كنت أصلي الظهر مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فآخذ قبضة من الحصى لتبرد في كفي أضعها لجبهتي اسجد عليها لشدة الحر . رواه أبو داود وروى النسائي نحوه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پېشىن نامىزىنى ئۇقۇۋېتىپ، بىرچاڭگال تاشنى ئېلىپ ئالقىنىمدا سۇيۇتۇپ، ئاندىن ئۇنى ھاۋانىڭ قاتتىق قىززىقلىقىدىن سەجدە قىلىشىم ئۈچۈن پېشانامغا قويغان ئىدىم. ئەبۇداۋۇد ،نەسەئى توپلىغان ھەسەن.

**1012 - [ 35 ] ( صحيح )وعن أبي الدرداء قال : قام رسول الله صلى الله عليه وسلم فسمعناه يقول : " أعوذ بالله منك " ثم قال : " ألعنك بلعنة الله " ثلاثا وبسط يده كأنه يتناول شيئا فلما فرغ من الصلاة قلنا يا رسول الله قد سمعناك تقول في الصلاة شيئا لم نسمعك تقوله قبل ذلك ورأيناك بسطت يدك قال : " إن عدو الله إبليس جاء بشهاب من نار ليجعله في وجهي فقلت أعوذ بالله منك ثلاث مرات . ثم قلت : ألعنك بلعنة الله التامة فلم يستأخر ثلاث مرات ثم أردت أخذه والله لولا دعوة أخينا سليمان لأصبح موثقا يلعب به ولدان أهل المدينة . رواه مسلم**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نامازغا تۇرغاندا، «ئەئۇزۇبىللاھى مىنكە»ئاندىن يانا ئۈچ قېتىم؛«ئەلئەنۇكە بىلەئنەتىللاھى» دىگە نلىكىنى ئاڭلىدۇق، ۋە خۇددى بىرەر نەرسىنى ئالماقچى بولغاندەك قولىنى سوزدى.نامازدىن پارىغ بولغاندا، بىز:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!بىز سىلىنىڭ ناماز ئىچىدە بىرسۆزنى قىلغانلىقلىرىنى ئاڭلىدۇق، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇسۆزنى قىلغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدۇق،

شۇنداقلا بىرەر نەرسىنى ئالماقچى بولغاندەك، قوللىرىنى سوزغانلىقلىرىنى كۆردۇق، (بۇ نىمە ئىش؟)دېدۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىبلىس شەيتان، يۈزۈمگە يېقىۋېتىش ئۈچۈن ئوتتىن بىر چوغنى ئېلىپ كەپتۇ، مەن، ئاللاھقا سىغىنىپ، سەندىن پاناھ تىلەيمەن دەپ، ئۈچ قېتىم دېدىم، ئاندىن مەن ساڭا ئاللاھنىڭ كامىل، تولۇق بولغان لەنىتى بىلەن لەنەت قىلىمەن دېدىم، ئۇ ئۈچىلى قېتىم، قايتىپ كەتمىدى، چېكىنمىدى، ئاندىن مەن ئۇنى تۇتىۋېلىشنى ئىرادە قىلىپ بولۇپ، قېرىندىشىمىز سۇلايماننىڭ دۇئاسى ئىسىمگە كېلىپ قالدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇنىڭ دۇئاسى بولمىغان بولسا، ئۇ شەيتان تۈۋرۈككە باغلانغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزاتتى، مەدىنە ئەھلىنىڭ باللىرى، ئۇنى ئوينايتتى،دېدى. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1013 - [ 36 ] ( صحيح )وعن نافع قال : إن عبد الله بن عمر مر على رجل وهو يصلي فسلم عليه فرد الرجل كلاما فرجع إليه عبد الله بن عمر فقال له : إذا سلم على أحدكم وهو يصلي فلا يتكلم وليشر بيده . رواه مالك**

نافىئ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، ئۇكىشىگە سالام قىلىۋىدى، ئۇكىشى نامىز ئىچىدە تۇرۇپ سۆز بىلەن سالام قايتۇردى، ئاندىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇكىشىگە قايتىپ كېلىپ:بىرىڭلارغا ناماز ئوقۇۋاتقان چېغىدا سالام قىلىنسا، سۆزقىلماي، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ سالام قايتۇرسۇن، دېدى. مالىك توپلىغان سەھىھ.

## باب السهو - الفصل الأول        نامازدىكى سەھۋەنلىك توغرىسىدا

**1014 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أحدكم إذا قام يصلي جاءه الشيطان فلبس عليه حتى لايدري كم صلى ؟ فإذا وجد ذلك أحدكم فليسجد سجدين وهو جالس "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، شەيتان كېلىپ، ئۇنىڭ نامىزىنى ئېلىشتۇرىۋېتىدۇ،ھەتتا ئۇ كىشى قانچىلىك ناماز ئوقۇغىنىنى بىلەلمەيدۇ، بىرىڭلار شۇنداق ئەھۋالنى تېپىپ قالسا، تەشەھھۇددا ئولتۇرغان ھالدا، ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن. مالىك، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1015 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عطاء بن يسار وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا شك أحدكم في صلاته فلم يدر كم صلى ثلاثا أم أربعا فليطرح الشك وليبن على ما استيقن ثم يسجد سجدتين قبل أن يسلم فإن كان صلى خمسا شفعن له صلاته وإن كان صلى إتماما لأربع كانتا ترغيما للشيطان " . رواه مسلم**
**ورواه مالك عن عطاء مرسلا . وفي روايته : " شفعها ماتين السجدتين "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامىزىدا شەك قىلىپ، ئۈچ رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت ئوقوغۇنىنى بىلەلمىسە، شەكنى تاشلىۋېتىپ، شەكسىز ئىشەنگىنىگە ئۇلاپ ئوقۇسۇن، ئاندىن سالامدىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن، ئەگەر بەش رەكئەت ئوقۇۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى (شۇ سەجدە بىلەن)جۈپلانغان بۇلىدۇ، ئەگەر تۆت رەكئەت نامازنى كامىل ئوقۇغان بولسىمۇ، بۇ ئىككى سەجدە شەيتاننى قوغلايدۇ، بۇرنىغا قۇم تىقىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**1016 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن مسعود : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم صلى الظهر خمسا فقيل له : أزيد في الصلاة ؟ فقال : " وما ذاك ؟ " قالوا : صليت خمسا . فسجد سجدتين بعدما سلم . وفي رواية : قال : " إنما أنا بشر مثلكم أنسى**

**كما تنسون فإذا نسيت فذكروني وإذا شك أحدكم في صلاته فليتحر الصواب فليتم عليه ثم ليسلم ثم يسجد سجدتين "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم پېشىننى بەش رەكئەت ئۇقىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:بۇ نامازغا زىيادە قىلىندىمۇ؟دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:نىمە سەۋەپتىن شۇنداق دەيسىلەر؟دىدى. ئۇلار:سىلى پېشىننى بەش رەكئەت ئۇقۇۋەتتىلە دىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالام بەرگەندىن كيىنمۇ، ئىككى سەجدە قىلىۋېتىپ: ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە ئوخشاش بىرئىنسان، سىلەر ئۇنتۇپ قالغاندەك، مەنمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن، ئۇنتۇپ قالسام ماڭا ئەسلىتىڭلار، بىرىڭلار نامىزىدا شەك قىلىپ قالسا، راستىنى، توغرىسىنى ئىزدەپ، شۇنىڭغا ئاساسەن نامازنى تامام قىلىپ، ئاندىن سالام بىرىپ، ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن دېدى، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1017 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن ابن سيرين عن أبي هريرة قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم إحدى صلاتي العشي - قال ابن سيرين سماها أبو هريرة ولكن نسيت أنا قال - فصلى بنا ركعتين ثم سلم فقام إلى خشبة معروضة في المسجد فاتكأ عليها كأنه غضبان ووضع يده اليمنى على اليسرى وشبك بين أصابعه ووضع خده الأيمن على ظهر كفه اليسرى وخرجت سرعان من أبواب المسجد فقالوا قصرت الصلاة وفي القوم أبو بكر وعمر رضي الله عنهما فهاباه أن يكلماه وفي القوم رجل في يديه طول يقال له ذو اليدين قال يا رسول الله أنسيت أم قصرت الصلاة قال : " لم أنس ولم تقصر " فقال : " أكما يقول ذو اليدين ؟ " فقالوا : نعم . فتقدم فصلى ما ترك ثم سلم ثم كبر وسجد مثل سجوده أو أطول ثم رفع رأسه وكبر ثم كبر وسجد مثل سجوده أو أطول ثم رفع رأسه وكبر فربما سألوه ثم سلم فيقول نبئت أن عمران بن حصين قال ثم سلم . ولفظه للبخاري وفي أخرى لهما : فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم بدل " لم أنس ولم تقصر " : " كل ذلك لم يكن " فقال : قد كان بعض ذلك يا رسول الله**

ئىبنى سىرىين رەھىمەھۇاللە ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە شام ياكى خۇپتەن نامىزىنى ئۇقۇپ بىرىپ۔ ئىبنى سىرىين رەھىمەھۇاللە: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنامازنى ئېنىق دەپ بەرگەن ئىدى ، لىكىن مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن دەيدۇ۔ ئىككى رەكئەت ئۇقۇپلا (نامازئاخىرلىششتىن بۇرۇن)سالام بىرىۋتىپ، مەسجىدتە توغرىسىغا قويۇقلۇق ياغاچنىڭ قېشىغا چىقىپ، خۇددى غەزەپ قىلغان كەبىپياتتا، ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى كىرىشتۇرۇپ، ئوڭ مەڭزىنى سول ئالقىنىنىڭ دۈمبىسى ئۈستىگە قويۇپ، ھېلىقى ياغاچنىڭ ئۈستىدە يۆلۈنۈپ ئولتۇردى، مەن مەسجىدنىڭ ئىشىكىدىن ئالدىرغان ھالدا چىقسام، كىشلەر ناماز قەسىر قىلىنغان ئوخشايدۇ دىيىشىۋېتىپتۇ، قەۋمىنىڭ ئىچىدە ئەبۇبەكرى ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ بارئىدى، لىكىن بۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆز قىلىشتىن ئەيمىنىپ قالدى، كىشلەرنىڭ ئارىسىدا زۇليەدەيىن دىيىلىدىغان ئىككى قولى ئۇزۇن بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ:ئى الله نىڭ ئەلچىسى!سىلى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ ياكى ناماز قەسىر قىلىندىمۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:مەن ئۇنتۇپىمۇ قالمىدىم، نامازمۇ قەسىر قىلىنمىدى، شۇنىڭ ھەممىسى يۈز بەرمىدى، دەپ بۇلۇپ، ئاندىن راست زۇليەدەيىن دىگەندەك بولدىمۇ؟دىدى. كىشلەر: ھەئە، راستلا زۇليەدەيىن دىگەندەك بولدى، دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىغا ئۆتۈپ نامازنىڭ قېلىپ قالغىنىنى ئۇقۇپ، ئاندىن سالام بىرىپ، ئاندىن تەكبىر ئەيتىپ ئالدىدىكى سەجدىسىگە ئوخشاش ياكى ئۇزۇنراق سەجدە قىلىپ، ئاندىن تەكبىر ئەيتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن يەنە تەكبىر ئەيتىپ ئالدىدىكى سەجدىسىگە ئوخشاش ياكى ئۇزۇنراق سەجدە قىلىپ، ئاندىن تەكبىر ئەيتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە سالام بەردى.ئۇلار كۆپۈنچە ئىبنى سىرىين رەھىمەھۇاللە دىن، ئاندىن (يەنى سەھۋىگە ئىككى سەجدە قىلىپ

بۇلۇپ) يەنە سالام بەردىمۇ؟ دەپ سورايتتى، ئىبنى سىرىين رەھىمەھۇللاھ:ماڭا ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن ئاندىن يەنە سالام بەردى، دېگەنلىكى خەۋەر قىلىندى ، دىدى. بۇخارى،مۇسلىم،

1018 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن بحينة : أن النبي صلى الله عليه وسلم صلى م الظهر فقام في الركعتين الأوليين لم يجلس فقام الناس معه حتى إذا قضى الصلاة وانتظر الناس تسليمه كبر وهو جالس فسجد سجدتين قبل أن يسلم ثم سلم

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇھەينەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا پىشىن نامىزىنى ئۇقۇپ بىرىپ، ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتە (تەشەھھۇدقا)ئولتۇرمايلا، دەس تۇرۇپ كىتىدۇ، كىشلەرمۇ بىللە ئورنىدىن تۇرىدۇ، نامازنى ئۇقۇپ بولۇپ، كىشلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سالام بىرىشىگە ئىنتىزار بۇلۇپ تۇرغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان ھالدىلا تەكبىر ئەيتىپ، سالام قىلىشتىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلىۋىتىپ، ئاندىن سالام بەرگەن ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

1019 - [ 6 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن عمران بن حصين : أن النبي صلى الله عليه وسلم صلى م فسها فسجد سجدتين ثم تشهد ثم سلم . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا ناماز ئوقۇپ بەرگەندە، سەھۋە قىلىپ سىلىپ، ئىككى سەجدە قىلىپ، ئاندىن يەنە تەشەھھۇدنى ئوقۇپ، ئاندىن سالام بەرگەن، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ۋە غەرىپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

1020 - [ 7 ] ( صحيح )وعن المغيرة بن شعبة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قام الإمام في الركعتين فإن ذكر قبل أن يستوي قائما فليجلس وإن استوى قائما فلا يجلس وليسجد سجدتي السهو " . رواه أبو داود وابن ماجه

مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىمام (تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ) ئىككىنچى رەكئىتىدە، ئولتۇرماي قوپۇپ كەتسە، ئەگەر رۇس، تۇز تۇرۇۋشدىن بۇرۇن ئىسىگە ئالسا، ئولتۇرۇۋالسۇن، ئەگەر رۇس، تۇز تۇرۇپ بولغان بولسا، ئولتۇرماي،(نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ) سەھۋىنىڭ ئىككى سەجدىسىنى قىلىۋەتسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن نىمە ئۈچۈن سەھۋە سەجدىنى قىلىش، قانداق قىلىش چىقىپ تۇرىدۇ

1021 - [ 8 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن عمران بن حصين : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم صلى العصر وسلم في ثلاث ركعات ثم دخل م له فقام إليه رجل يقال له الخرباق وكان في يديه طول فقال : يا رسول الله فذكر له صنيعه فخرج غضبان يجر رداءه حتى انتهى إلى الناس فقال : أصدق هذا ؟ .فالوا : نعم .فصلى ركعة ثم سلم ثم سجد سجدتين ثم سلم . رواه مسلم

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ئەسىرنامىزىنى ئۈچ رەكئەت ئۇقۇپلا، سالام بىرىۋىتىپ ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئاندىن ئىككى قولى ئۇزۇن، خىرباق دىيىلىدىغان بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!...... دەپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىدايىنى سۆرەپ ، غەزەپ قىلغان ھالدا چىقىپ،كىشلەرنىڭ قېشىغا كىلىپ: ماۋۇ كىشىنىڭ دىگەنلىرى راستمۇ؟دىدى. ئۇلار؛ ھەئە راست دىيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلىپ قالغان يەنە بىر رەكئەت نامازنى ئۇقۇپ، ئاندىن سالام بىرىۋىتىپ، ئاندىن ئىككى سەجدە قىلىپ ، ئاندىن يەنە سالام بەردى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1022 - [ 9 ] ( حسن )وعن عبد الرحمن بن عوف قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من صلى صلاة

**يشك في النقصان فليصل حتى يشك في الزيادة " . رواه أحمد**

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم؛ كىم بىرەر نامازنى ئوقۇپ، كام بولۇپ قالغانلىقىدا شەك قىلىپ قالسا، نامىزنى زىيادە ئارتۇق بولغانلىقىغا شەك قىلغانغا قەدەر، ئوقۇسۇن. ئەھمەد توپلىغان ھەسەن.

## باب سجود القرآن - الفصل الأول   قۇرئان سەجدىسى توغرىسىدا

**1023 - [ 1 ] ( صحيح )**
**عن ابن عباس قال : سجد النبي صلى الله عليه وسلم بالنجم وسجد معه المسلمون والمشركون والجن والإنس . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە ۋەننەجمىدىكى سەجدە ئايىتىدە، سەجدە قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە، مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلەر، بارلىق ئىنسانلار، جىنلارمۇ سەجدە قىلغان ئىدى.بۇخارى توپلىغان سەھىھ. سەييىد قۇتۇپ مۇشۇ سۈرىنىڭ تەپسىرىدە :مۇشرىكلەر قۇرئاندىن تەسىرلىنىپ كېتىپ، سەجدە قىلغان ، دېدى.

**1024 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : سجدنا مع النبي صلى الله عليه وسلم في : ( إذا السماء انشقت )و ( اقرأ باسم ربك )رواه مسلم**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز «ئىزەسسەمائۇنشەققەت» ۋە «ئىقرەئ بىسمى رەببىكە....» دېگەن سۈرىلەردە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە سەجدە قىلغان ئىدۇق. مۇسلىم.

**1025 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ ( السجدة ) ونحن عنده فيسجد ونسجد معه فـ دحم حتى ما يجد أحدنا لجبهته موضعا يسجد عليه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز ئالدىدا بار ھالەتتىمۇ، سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ سەجدە قىلاتتى، بىزمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە سەجدە قىلاتتۇق، سەجدەقىلىشتا قىستىلىشىپ كېتەتتۇقكى ، بىرىمىز پېشانىسى ئۈچۈن سەجدى قىلىدىغان ئورۇن تاپالماي قالاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

**1026 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن زيد بن ثابت قال : قرأت على رسول الله صلى الله عليه وسلم ( والنجم )فلم يسجد فيها**

زەيدئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۈرە ۋەننەجمنى ئوقۇسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇسۈرىدە سەجدە قىلمىغان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**1027 - [ 5 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : ( سجدة ( ص )ليس من عزائم السجود وقد رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يسجد فيها**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ساد سۈرىسىدىكى سەجدە تەكىتلىنىدىغان پەرز سەجدىللىرىدىن ئەمەس ، لېكىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇسۈرىدە سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم.

**1028 - [ 6 ] ( صحيح )وفي رواية : قال مجاهد : قلت لابن عباس : أأسجد في ( ص )فقرأ : ( ومن ذريته داود وسليمان )**

**حتى أتى ( فبهداهم اقتده )فقال : نبيكم صلى الله عليه وسلم ممن أمر أن يقتدي م . رواه البخاري**

يەنە بىرخاتىردە، مۇجاھىد رەھىمەھۇللاھ : مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۈرە سادتا سەجدە قىلىمەنمۇ؟ دەپ سورسام، ئۇ:«ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، ۋە سۇلەيمان......»دىگەن ئايەتنى، «ئۇلارنىڭ (يەنى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ)ھىدايەت يۇلىغا ئىقتىدا قىلىپ ئەگەشكىن » دىگەن يەرگىچە ئۇقۇپ: سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھىدايەت يۇلىغا ئىقتىدا قىلىپ ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان كىشىلەردىندۇر،دىدى.ئىمام بۇخارى توپلىغان .(يەنى مەقسەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساد سۈرىسىدىكى سەجدەئايىتىدە سەجدە قىلىپ ، مۇنداق دىگەن:داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ سەجدىنى تۆبە قىلىش يۈزىسىدىن قىلدى، بىز الله قا شۇكۇر قىلىش يۈزىسىدىن سەجدە قىلىمىز. ئەبۇ داۋۇد ،نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مۇشۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىشتۇر)

**1029 - [ 7 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن عمرو بن العاص قال : أقرأني رسول الله صلى الله عليه وسلم خمس عشرة سجدة في القرآن منها ثلاث في المفصل وفي سورة الحج سجدتين . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەمرۇئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭاقۇرئاندىكى 15 سەجدىنى ئوقۇپ بەرگەن، ئۈچ سەجدە قىسقا، مۇپەسسەل سۈرىلەردە. سۈرە ھەجدە ئىككى سەجدە بار، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**1030 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عقبة بن عامر قال : قلت يا رسول الله فضلت سورة الحج بأن فيها سجدتين ؟ قال : نعم ومن لم يسجدهما فلا يقرأهما . رواه أبو داود والترمذي وقال : هذا حديث ليس إسناده بالقوي . وفي المصابيح : فلا يقرأها " كما في شرح السنة**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سۈرە ھەج ئۆزىدە ئىككى سەجدە بولغانلىقتىن پەزىيلەتلىك قىلىندىمۇ؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەئە شۇنداق، كىم ئۇ ئىككى سەجدە ئايىتىدە سەجدە قىلمىسا، ئۇنى ئوقىمىغان بولىدۇ، دىدى.تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان،شەرھىسسۇننىدىمۇ بار سەھىھ.

**1031 - [ 9 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر : أن النبي صلى الله عليه وسلم سجد في صلاة الظهر ثم قام فركع فرأوا أنه قرأ تـ يل السجدة . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىشىن نامىزىدا سەجدە قىلىپ ئاندىن دەس تۇرۇپ، قىيامدىن كېيىن رۇكۇ قىلىپ، نامىزىنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەنزىلوسسەجدە دىگەن سەجدە ئايىتىنى ئوقىدى دەپ قارىغان، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**1032 - [ 10 ] ( ضعيف )وعنه : أنه كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ علينا القرآن فإذا مر بالسجدة كبر وسجد وسجدنا معه . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بىرەتتى، سەجدە ئايىتىدىن ئۆتسە، تەكبىرئەيتىپ سەجدە قىلاتتى، بىزمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەجدە قىلاتتۇق، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.مەنىسى سەھىھ.

**1033 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر أنه قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قرأ عام الفتح سجدة فسجد الناس**

**كلهم منهم الراكب والساجد على الأرض حتى إن الراكب ليسجد على يده . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان يىلى بىر سەجدە ئايىتىنى ئوقىدى، بارلىق ئىنسانلار سەجدە قىلدى، ئۇلاردىن بەزىسى زىمىنغا سەجدە قىلسا، ئاتلىقلىرى ھايۋان ئۈستىدىلا سەجدە قىلدى، ھېچبولمىغاندا قوللىرىغا سەجدە قىلدى، بۇ ھەدىسنىمۇ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**1034 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم لم يسجد في شيء من المفصل منذ تحول إلى المدينة . رواه أبو داود**

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە يۆتكەلگەندىن باشلاپ، قىسقا، مۇپەسسەل سۈرىلەردە سەجدە قىلىپ باقمىدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**1035 - [ 13 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في سجود القرآن بالليل : " سجد وجهي للذي خلقه وشق سمعه وبصره بحوله وقوته " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى قۇرئان سەجدىسىدە مۇنداق دەيتتى:«سەجدەدە ۋەجھى لىللەزى خەلەقەھۇ ۋە شەققە سەمئەھۇ ۋە بەسرەھۇ بىھەۋلىھى ۋە قۇۋۋەتىھى» يەنى يۈزۈم (بارلىق ۋۇجۇدۇم)ئۇنى ياراتقان، كۆز-قۇلاقلىرىنى كۈچ قۇۋۋەت،قۇدرىتى بىلەن يېرىپ چىقارغان زات،الله قا سەجدە قىلدى.نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان،سەھىھ.(پەتەبارەكەالله ئەھسەنۇلخالىقىين)

**1036 - [ 14 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس رضي الله عنهما قال : جاء رجل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله رأيتني الليلة وأنا نائم كأني أصلي خلف شجرة فسجدت فسجدت الشجرة لسجودي فسمعتها تقول : اللهم اكتب لي عندك أجرا وضع عني ا وزرا واجعلها لي عندك ذخرا وتقبلها مني كما تقبلتها من عبدك داود . قال ابن عباس : فقرأ النبي صلى الله عليه وسلم سجدة ثم سجد فسمعته وهو يقول مثل ما أخبره الرجل عن قول الشجرة . رواه الترمذي وابن ماجه إلا أنه لم يذكر وتقبلها مني كما تقبلتها من عبدك داود . وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۈگۈن مەن مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، مەن بىر دەرەخنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدۇم، مەن سەجدە قىلسام ئۇ دەرەخمۇ سەجدە قىلدى، دەرەخنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن بۇ سەجدىنى ئۆز نەزىلىرىدە ئەجىر قىلىپ يازسىلا، گۇناھىمنى ئۆچۈرۈۋەتسىلە، بۇ سەجدەمنى ئۆز نەزىلىرىدە ئالدىن تەييارلانغان سوۋغا، نىسىۋە قىلسىلا، مەندىن خۇددى بەندىلىرى داۋۇتتىن قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلسىلا دېدى، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلغاندا شۇ دەرەخنىڭ دۇئاسىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

**1037 - [ 15 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن ابن مسعود : أن النبي صلى الله عليه وسلم قرأ ( والنجم ) فسجد فيها وسجد من كان معه غير أن شيخا من قريش أخذ كفا من حصى أو تراب فرفعه إلى جبهته وقال : يكفيني هذا . قال**

عبد الله : فلقد رأيته بعد قتل كافرا . وزاد البخاري في رواية : وهو أمية بن خلف

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە ۋەننەجمىدىكى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ سەجدە قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بار بولغان بارلىق مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلەر،(ھەتتا بارلىق ئىنسانلار، جىنلارمۇ) سەجدە قىلغان ئىدى.پەقەت قۇرەيشتىن بىر قېرى كىشى سەجدە قىلماي، بىر ئالقان تاشنى ياكى توپىنى ئېلىپ، ئۇنى پىشانىسىگە كۆتۈرۈپ تەككۈزۈپ قويۇپ: ماڭا مۇشۇ كۇپايە دېدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئۇكىشىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن كاپىر ھالدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇ ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

1038 - [ 16 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : إن النبي صلى الله عليه وسلم سجد في ( ص ) وقال : سجدها داود توبة ونسجدها شكرا . رواه النسائي

ئىبنى ئاببās رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساد سۈرىسىدىكى سەجدىدە سەجدە قىلىپ ، مۇنداق دىگەن:داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ سەجدىنى تۆبە قىلىش يۈزىسىدىن قىلدى، بىز **الله** قا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن سەجدە قىلىمىز. ئەبۇ داۋۇد ،نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ

## باب أوقات النهي - الفصل الأول ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلار توغرىسىدا

1039 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يتحرى أحدكم فيصلي عند طلوع الشمس ولا عند غرو ا "وفي رواية قال : " إذا طلع حاجب الشمس فدعوا الصلاة حتى تبرز . فإذا غاب حاجب الشمس فدعوا الصلاة حتى تغيب ولا تحينوا بصلاتكم طلوع الشمس ولا غرو ا فإنا تطلع بين قرني الشيطان "

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار كۈن چىقىۋاتقاندا، كۈن كىرىۋاتقاندا ناماز ئوقۇمىسۇن، جاھىللىق قىلىپ،بۇچاغلاردا نامازنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋالمىسۇن. قۇياشنىڭ بىر تەرىپى، گىرۋىكى ئاشكارا بولغاندا، كۈن ھەقىقى چىقىپ بولغۇچە، بامدات نامىزىنى تەخىر قىلىپ كېچىكتۈرۈڭلار، قۇياشنىڭ بىر تەرىپى كىرىشكە باشلىغاندا بولسا، يەنىلا پۈتۈنلەي غايىپ بولغۇچە نامازنى كېچىكتۈرۈپ تەرىك ئېتىپ تۇرۇڭلار، (يەنى ھەقىقى چىقىپ _ كىرىپ بولغاندا، ئاندىن ئوقۇڭلار)، چۈنكى كۈن، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىن چىقىدۇ. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار، بۇ دىگەنلىك، كۈپپارلار كۈنگە سەجدە قىلسا، شەيتان شۇ تەرەپكە ئۆتىۋالىدۇ ياكى شەيتان مەشرىق _ مەغرىپنى ئىگىلەپ، ھەممە جاينى پىتنە _ پاسادقا تولدۇرۇپ ئازدۇرغاچقا، خۇددى مەشرىق _ مەغرىپ پادىشاھىنى زۇلقەرنەيىن دىگەندەك ، ئىككى مۈڭگۈزى دەپ ئاتالغان دىگەن. توغرىسىنى ئاللاھ ۋە ئەلچىسى ئۆزى بىلىدۇ.

1040 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عقبة بن عامر قال : ثلاث ساعات كان رسول الله صلى الله عليه وسلم ينهانا أن نصلي فيهن أو نقبر فيهن موتانا : حين تطلع الشمس بازغة حتى ترتفع وحين يقوم قائم الظهيرة حتى تميل الشمس وحين تضيف الشمس للغروب حتى تغرب . رواه مسلم

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئۈچ ۋاقىت بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى شۇ سائەتلەردە نامازئوقۇشىمىزدىن ياكى مېيىتلەرنى قەبرىگە دەپنە قىلىشىمىزدىن توساتتى، كۈن ئاشكارا چىققاندىن باشلاپ، ئۇستۇن كۆتۈرۈلگىچە، كۈن چىڭ چۈشتە تىكلەشكەندىن باشلاپ، كۈن قەرىلگىچە، كۈن كىرىشكە مايىل بولغاندىن باشلاپ كىرىپ بولغىچە نامازدىن توساتتى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

1041 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا صلاة بعد الصبح حتى

ترتفع الشمس ولا صلاة بعد العصر حتى تغيب الشمس "

ئەبۇ سەئىد ،ئومەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بامدات نامىزىدىن كىيىن كۈن كۆتۈرۈلمىگىچە، ئەسىردىن كىيىن كۈن كىرىپ بولمىغىچە ناماز يوق، (يەنى بۇ چاغدا نەپلە سۈننەت ئوقۇلمايدۇ). بەيھەقى، ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1042 - [ 4 ] ( صحيح )وعن عمرو بن عبسة قال : قدم النبي صلى الله عليه وسلم المدينة فقدمت المدينة فدخلت عليه فقلت : أخبرني عن الصلاة فقال : " صل صلاة الصبح ثم أقصر عن الصلاة حتى تطلع الشمس حتى ترتفع فإنها تطلع حين تطلع بين قرني شيطان وحينئذ يسجد لها الكفار ثم صل فإن الصلاة مشهودة محضورة حتى يستقل الظل بالرمح ثم أقصر عن الصلاة فإن حينئذ تسجر جهنم فإذا أقبل الفيء فصل فإن الصلاة مشهودة محضورة حتى تصلي العصر ثم أقصر عن الصلاة حتى تغرب الشمس فإنها تغرب بين قرني شيطان وحينئذ يسجد لها الكفار " قال فقلت يا نبي الله فالوضوء حدثني عنه قال : " ما منكم رجل يقرب وضوءه فيتمضمض ويستنشق فينتثر إلا خرت خطايا وجهه وفيه وخياشيمه ثم إذا غسل وجهه كما أمره الله إلا خرت خطايا وجهه من أطراف لحيته مع الماء ثم يغسل يديه إلى المرفقين إلا خرت خطايا يديه من أنامله مع الماء ثم يمسح رأسه إلا خرت خطايا رأسه من أطراف شعره مع الماء ثم يغسل قدميه إلى الكعبين إلا خرت خطايا رجليه من أنامله مع الماء فإن هو قام فصلى فحمد الله وأثنى عليه ومجده بالذي هو له أهل وفرغ قلبه لله إلا انصرف من خطيئته كهيئته يوم ولدته أمه " . رواه مسلم

ئەمرۇ ئىبنى ئەنبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، مەنمۇ مەدىنىگە كىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىشىغا كىرىپ، ماڭا نامازدىن خەۋەرقىلىپ، دەپ بەرسىلە دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، كۈن چىقىپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر ناماز ئوقۇماي تۇر، چۈنكى، قۇياش چىققاندا شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىن چىقىدۇ، شۇ چاغدا كۇپپارلار قۇياشقا سەجدە قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغىن، ھەقىقەتەن نامازغا پەرىشتىلەر ھازىر بولۇپ، گۇۋاھلىق بېرىدۇ، سايە، نەيزە بىلەن تىكلەشكەندە يەنى كۈن تىكلەشكەن چۈشتە ناماز ئوقۇماي تۇر، شۇ چاغدا جەھەننەمگە ئوت يېقىلىدۇ. كۈن قايرىلىپ، سايە يانتۇ بولۇپ، ئالدىنى قىلغاندا، ناماز ئوقۇغىن، ھەقىقەتەن نامازغا پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ، نامازغا گۇۋاھلىق بېرىلىدۇ، ئەسىرنى ئوقۇغانغا قەدەر ناماز ئوقىساڭ بولىدۇ، ئەسىرنى ئوقۇپ بولۇپ، كۈن كىرىپ بولغانغا قەدەر ناماز ئوقۇشتىن توختاپ تۇرغىن، چۈنكى، قۇياش شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىغا كىرىدۇ، شۇ چاغدا كۇپپارلار قۇياشقا سەجدە قىلىدۇ،دىدى.
مەن :ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!تاھارەتچۇ؟، ماڭا تاھارەت توغرىسىدىمۇ دەپ بەرسىلە دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەردىن بىر كىشى تاھارەت سۈيىنى ئېلىپ تاھارەت ئېلىپ، ئاغزىغا سۇ ئېلىپ، مەز ـ مەز قىلىپ، سۇنى تۈكۈرسە، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ، سىرتىغا پۈركسە، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ، ئاغزىنىڭ، بۇرنىنىڭ خاتالىقلىرى چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن يۈزىنى ئاللاھ بۇيرىغاندەك يۇسا، يۈزىنىڭ خاتالىقلىرى، ساقاللىرىنىڭ ئەتراپىدىن تارتىپ سۇ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئىككى قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇسا، ئىككى قولىنىڭ خاتالىقلىرى، بارماقلىرىنىڭ ئەتراپىدىن تارتىپ سۇ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ بېشىغا ئاللاھ بۇيرىغاندەك مەسھ قىلسا، بېشىنىڭ خاتالىقلىرى چاچلىرىنىڭ ئەتراپىدىن باشلاپ سۇ بىلەن بىرگە تۆكۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىككى پۇتىنى ئىككى ھوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇسا، يەنە كېلىپ ئاللاھ بۇيرىغاندەكلا ئۆزگەرتمەي يۇسا، ئىككى پۇتىنىڭ خاتالىقلىرى پۇتىنىڭ بارماقلىرىدىن تارتىپ، سۇ بىلەن قالماي يۇيۇلۇپ،چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇ تاھارەتتىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتسا، ئاللاھ ئەھلى بولغان ئاللاھقا لايىق زىكرى ـ تەسبىھلەر بىلەن ئاللاھنى ئۇلۇغلىسا، قەلبىنى پۈتۈن دۇنيادىن پەقەت بىر ئاللاھقىلا پارىغ قىلالىسا، ئۇ نامازدىن قايتقاندا خاتالىقلىرىدىن خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك پاك ـ پاكىز

بولۇپ قايتىدۇ. ئەھمەد 16405 ــ ھەدىس، مۇسلىمنىڭ 1374 ــ ھەدىس سەھىھ . بۇ ھەدىستىن قارىغاندا، ئاللاھ قۇرئاندا يۈتىمىزنى مەسھ قىلىشقا ئەمەس، بەلكى يۇيۇشقا بۇيرىغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆتەككە مەسھ قىلغان، بۇ ھەدىستە تاھارەت ئالغىچە دۇئا قىلىپ تۇرۇش يوق.ئەڭ مۇھىمى نامازدا، قەلبىنى ئاللاھقىلا پارىغ قىلىشتۇر.گەرچە بۇ قىيىن بولسىمۇ تىرىشقان تاپىدۇ.

**1043 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن كريب : أن ابن عباس والمسور بن مخرمة وعبدالرحمن بن أزهر رضي الله عنهم وأرسلوه إلى عائشة فقالوا اقرأ عليها السلام وسلها عن الركعتين بعدالعصرقال : فدخلت على عائشة فبلغتها ما أرسلوني فقالت سل أم سلمة فخرجت إليهم فردوني إلى أم سلمة فقالت أم سلمة رضي الله عنها سمعت النبي صلى الله عليه وسلم ينهى عنهما ثم رأيته يصليهما ثم دخل فأرسلت إليه الجارية فقلت : قولي له تقول أم سلمة يا رسول الله سمعتك تنهى عن هاتين وأراك تصليهما ؟ قال : يا ابنة أبي أمية سألت عن الركعتين بعد العصر وإنه أتاني ناس من عبدالقيس فشغلوني عن الركعتين اللتين بعد الظهر فهما هاتان**

كۇرەيب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن ئىبنى ئابباس ، مىسۋەر، ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار مىنى ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا : سەن بېرىپ، بىزدىن سالام يوللاپ، ئەسىرنامىزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز توغرىسىدا سوراپ كەل دەپ ، ئەۋەتتى، مەن ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ مىنى ئەۋەتىشىدىكى مەخسىتىنى يەتكۈزدۇم، ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا:سەن بۇتوغرىسىدا ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورىغىن دىدى،مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ چىقسام،ئۇلار مىنى ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا ئەۋەتتى، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھاماڭا:مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسىردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازدىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم،كېيىن يانا ئۆزى ئۇقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،ئۆيىگە كىرگەندە، بىرقىزچاقنى سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇنداق دىگىن؛ دەپ ئەۋەتتىم:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا سىلىدىن:مەن سىلىنىڭ ئەسىردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازدىن توسقانلىقلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم،كېيىن يانا ئۆزلىرىنىڭ ئۇقۇۋاتقانلىقلىرىنى كۆردۈم، بۇ نىمە ئىش ؟ دەپ سوراۋاتىدۇ،دىسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئەبۇ ئۇمەييەنىڭ قىزى! سەن ئەسىردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز توغرىسىدىن سوراپ قالدىڭ، ئۇ مۇنداق ئىش ئىدى. ھەقىقەتەن ماڭا ئابدۇقەيسنىڭ ئەلچىللىرىدىن بىر تۈركۈم كىشلەر كېلىپ، مىنى پىشىندىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننەتتىن مەشغۇل قىلىپ تۇسۇپ قويدى، ئۇ ئەسىردىن كېيىنكى، مەن ئوقۇغان ئىككى رەكئەت ناماز بولسا، شۇ ئىككى رەكئەت سۈننەت ئىدى، دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغا، سەھىھ. (بۇ ھەدىستىن سۈننەت نامازنىڭ قازاسىنى قىلسا بولىدۇ، ھەم قىلىنىدۇ).

**1044 - [ 6 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن محمد بن إبراهيم عن قيس بن عمرو قال : رأى النبي صلى الله عليه وسلم رجلا يصلي بعد صلاة الصبح ركعتين فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلاة الصبح ركعتين ركعتين "**
**فقال الرجل : إني لم أكن صليت الركعتين اللتين قبلهما فصليتهما الآن . فسكت رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه أبو داود وروى الترمذي نحوه وقال : إسناد هذا الحديث ليس بمتصل لأن محمد بن إبراهيم لم يسمع من قيس بن عمرو . وفي شرح السنة ونسخ المصابيح عن قيس بن قهد نحوه**

مۇھەممەد ئىبنى ئىراھىيم رەھىمەھۇللاھ ، قىيس ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ بامداتنىڭ پەرز نامىزىدىن كېيىنمۇ، يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقىغىنىنى كۆرۈپ:بامدات نامىزى ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەتلامدۇر دىدى. ئۇ كىشى:مەن بامداتنىڭ پەرزىدىن بۇرۇنقى ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئۇقيالمىغان ئىدىم، ئۇئىككى رەكئەت نامازنى ھازىر ئۇقۇدۇم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گەپ ـ سۆز قىلماي جىم تۇردى.(يەنى بۇ ھەدىس تەقرىر بۇلۇپ شۇنداق

قىلسا دۇرۇس بولىدۇ)ئەبۇداۋۇد،تىرمىزى توپلىغان ، ئەلبانى سەھىھ دىدى.

**1045 - [ 7 ] ( صحيح )وعن جبير بن مطعم أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يا بني عبد مناف لا تمنعوا أحدا طاف بهذا البيت وصلى أية ساعة شاء من ليل أو نهار " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

جۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئابدۇماناق جەمەتى! سىلەر بۇ كەئبىنى تاۋاپ قىلغان، بۇ كەئبىدە كېچىدىن يا كۈندۈزدىن قايسى بىر سائەتتە خالىسا ناماز ئوقۇغان كىشىنى ھەرگىز تاۋاپىدىن، نامازدىن توسماڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. كەئبىنى تاۋاپ قىلغان كىشى 24 سائەت ئىچىدە ھەر قانداق چاغدا ناماز ئوقۇسا، يەنى كىرىپلا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، تاۋاپ قىلغىچە ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ. خۇددى جۈمئە كۈنىدىكى ناماز ۋە مەسجىدگە كىرىپلا ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت ناماز، ھەممە ۋاقىتتا دۇرۇس بولغاندەك.

**1046 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن الصلاة نصف النهار حتى تزول الشمس إلا يوم الجمعة . رواه الشافعي**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن قايرىلمىغىچە، چىڭ چۈشتە ناماز ئوقۇشدىن توسقان، جۈمئە كۈنى كۈن تىكلەشكەندىمۇ توسمىغان، بۇ ھەدىسنى شافىئى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1047 - [ 9 ] ( ضعيف )وعن أبي الخليل عن أبي قتادة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم كره الصلاة نصف النهار حتى نصف النهار حتى تزول الشمس إلا يوم الجمعة وقال : إن جهنم تسجر إلا يوم الجمعة " رواه أبو داود وقال أبو الخليل لم يلق أبا قتادة**

ئەبۇلخەلىيلدىن ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن تىكلەشكەن چۈشتە، ناماز ئوقۇشنى ياقتۇرمايتتى، كۈن قايرىلغاندا ئاندىن ناماز ئوقۇيتتى، لېكىن، جۈمئە كۈنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. جەھەننەمگە ھەر كۈنى ئوت يېقىلسىمۇ جۈمئە كۈنى ئوت يېقىلمايدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئۇ ئەبۇلخەلىل، ئەبۇ قەتادەنى كۆرۈپ باقمىغان دىگەچكە ئەلبانى ھەدىسنىڭ ئىسنادى ئۈزۈك، زەئىپ دىگەن،

**1048 - [ 10 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن عبد الله الصنابحي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الشمس تطلع ومعها قرن الشيطان فإذا ارتفعت فارقها ثم إذا استوت قارنها فإذا زالت فارقها فإذا دنت للغروب قارنها فإذا غربت فارقها " . ونهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الصلاة في تلك الساعات . رواه مالك وأحمد والنسائي**

ئابدۇللاھ سۇنابىھى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن كۈن ھىققاندا، ئۇنىڭ بىلەن شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى بىللە تۇرىدۇ،كۈن كۆتۈرۈلسە، شەيتان ئايرىلىدۇ، كۈن تىكلەشسە، شەيتان يەنە يېقىن كىلىدۇ، كۈن قەرىلسە شەيتان ئايرىلىدۇ، كۈن كىرىشكە يېقىنلاشسا، شەيتان يەنە يېقىنلىشىدۇ، كۈنى كىرىپ بولسا شەيتان ئايرىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەشۇ شەيتان كۈنگە يېقىنلىشىدىغان ۋاقىتلاردا ناماز ئۇقۇشتىن توسقاندۇر.مالىك،ئەھمەد ،نەسەئى توپلىغان،سەھىھ.

**1049 - [ 11 ] ( صحيح )وعن أبي بصرة الغفاري قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم بالمخمص صلاة العصر فقال : " إن هذه صلاة عرضت على من كان قبلكم فضيعوها فمن حافظ عليها كان له أجره مرتين ولا صلاة بعدها حتى يطلع الشاهد " . والشاهد النجم . رواه مسلم**

ئەبۇ بەسرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇخەممەس دېگەن جايدا ، ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بۇ ناماز يەنى ئەسىر نامىزى سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرگە تەڭلەندى، پەرز قىلىندى، لېكىن، ئۇلار بۇ نامازنى زايا قىلىپ تەرىك ئەتتى، بۈگۈن سىلەردىن كىم بۇ ئەسىر نامىزىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ئىككى ئەجىر بولىدۇ، ئىككى ئەجىرنىڭ مۇكاپاتى بولىدۇ، شاھىد، يەنى يۇلتۇز ئاشكارا بولمىغۇچە،(يەنى كۈن كىر مىگىچە) ئەسىردىن كېيىن ناماز يوق. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1050 - [ 12 ] ( صحيح )وعن معاوية قال : إنكم لتصلون صلاة لقد صحبنا رسول الله صلى الله عليه وسلم فما رأيناه يصليهما ولقد نهى عنهما يعني الركعتين بعد العصر . رواه البخاري**

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛سىلەر بىر نامازنى (يەنى ئەسىردىن كېيىنكى نامازنى)ئوقۇۋاتىسىلەر، ھەققەتەن بىزمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمراھ ساھابە بولغان ،بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسىردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇغىنىنى كۆرۈپ باقمىدۇق، بەلكى ئۇ نامازدىن توساتتى.بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

**1051 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن أبي ذر قال وقد صعد على درجة الكعبة : من عرفني فقد عرفني ومن لم يعرفني فأنا جندب سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا صلاة بعد الصبح حتى تطلع الشمس ولا بعد العصر حتى تغرب الشمس إلا بمكة إلا بمكة إلا بمكة " . رواه أحمد ورزين**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ مۇنداق دېگەن: ۋەھالەنكى ئۇ كەئبىنىڭ پەلەمپىيىدىن يۇقىرىغا چىقىۋاتاتتى، كىم مېنى تونىغان بولسا، تونىغان بولسۇن، ئەگەر مېنى تونىمىسا مەن دېگەن جۇندۇپ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، بامدات نامىزىدىن كېيىن كۈن چىقىپ بولمىغۇچە ناماز دۇرۇس ئەمەس، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كۈن كىرىپ بولمىغۇچە ناماز يوق، لېكىن مەككىدە دۇرۇس بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ۋە رەزىين توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېدى.

## جامائەت ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا    باب الجماعة وفضلها - الفصل الأول

**1052 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلاة الجماعة تفضل صلاة الفذ بسبع وعشرين درجة "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇغان ناماز، يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 دەرىجە ئەۋزەل، ئۈستۈن قىلىندۇ. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ خىل ھەدىس مۇتىۋاتىردۇر.

**1053 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده لقد هممت أن آمر بحطب فيحطب ثم آمر بالصلاة فيؤذن لها ثم آمر رجلا فيؤم الناس ثم أخالف إلى رجال . وفي رواية : لا يشهدون الصلاة فأحرق عليهم بيو م والذي نفسي بيده لو يعلم أحدهم أنه يجد عرقا سمينا أو مرماتين حسنتين لشهد العشاء " . رواه البخاري ولمسلم نحوه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن ئوتۇن توپلاشقا بۇيرىسام، ئوتۇن يىغىلسا، ئاندىن نامازغا ئەزان تۇۋلاشقا بۇيرىسام، ئاندىن بىر كىشىنى بۇيرىسام كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ تۇرسا، ئاندىن مەن نامازغا، جامائەتكە

چىقمىغان كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئوت قويۇشنى ئويلىدىم ، دەپ مەخسەت قىلدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ بىرى، سېمىزرەك بىرەر تال سۆڭەكنى ياكى قوينىڭ پاقالچىقىنىڭ ئارىسىدىكى ياخشىراق ئازغىنە گۆشنى تاپالىشىنى بىلسە، ئەلۋەتتە خۇپتەن نامىزىغىمۇ كېلەتتى، (لېكىن، شۇنچىلىك نەپ، پايدا بۇ دۇنيادا بولمىغاچقا، ئۇلار كەلمىدى، ھازىرمۇ شۇ). بۇخارى 608 ــ ھەدىس، نەسەئى 839 ــ ھەدىس،مۇسلىم، مالىك توپلىغان، سەھىھ.

**1054 - [ 3 ] ( صحيح )وعنه قال : أتى النبي صلى الله عليه وسلم رجل أعمى فقال : يا رسول الله إنه ليس لي قائد يقودني إلى المسجد فسأل رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يرخص له فيصلي في بيته فرخص له فلما ولى دعاه فقال : " هل تسمع النداء بالصلاة ؟ " قال : نعم قال : " فأجب " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر ئەما كىشى كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئاپىرىدىغان كىشىم يوق دەپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نامازنى ئۆز ئۆيىدە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىشىنى سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە رۇخسەت بېرىپ بولۇپ، ئۇ كىشى ئارقىسىنى قىلىپ ماڭغاندا، ئۇنى چاقىرىپ : سەن نامازغا تولانغان ئەزاننى ئاڭلامسەن؟دېدى. ئۇ كىشى:ھەئەئاڭلايمەن دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنداق بولسا، چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ مەسجىدكە كەلگىن ، دېدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1055 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر : أنه أذن بالصلاة في ليلة ذات برد وريح ثم قال ألا صلوا في الرحال ثم قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يأمر المؤذن إذا كانت ليلة ذات برد ومطر يقول : " ألا صلوا في الرحال "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، شامال چىقىۋاتقان سوغۇق بىر كېچىدە، نامازغا ئەزان تولاپ بولۇپ، مۇنداق نىدا قىلدى: ئاگاھ بولۇڭلار! نامازنى ئۆز ئۆيىڭلاردا ئوقۇڭلار!، ئاندىن ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوغۇق، يامغۇرلۇق كېچە بولۇپ قالغان چاغلاردا ، مۇئەززىننى « ئاگاھ بولۇڭلار! نامازنى ئۆز ئۆيىڭلاردا ئوقۇڭلار!.» دېيىشكە بۇيرىيتتى، دېدى.بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1056 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا وضع عشاء أحدكم وأقيمت الصلاة فابدؤوا بالعشاء ولا يعجل حتى يفرغ منه وكان ابن عمر يوضع له الطعام وتقام الصلاة فلا يأتيها حتى يفرغ منه وإنه ليسمع قراءة الإمام**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:سىلەرگە كەچلىك تائام قويۇلغاندا، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ قالسا، تائام بىلەن باشلاڭلار، تائامدىن بىكار بولمىغۇچە ئالدىراپ كەتمەڭلار، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاماق كەتۈرۈلگەندە، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ قالسا، تاماقتىن پارىغ بولمىغىچە نامازغا كەلمەيتتى، ئۇ (تاماق يېگەچ)ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1057 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها أنا قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا صلاة بحضرة طعام ولا هو يدافعه الأخبثان "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاماق ھازىر بولۇپ قالغاندا ناماز يوق، كىشىنى چوڭ ــ كىچىك ئىككى تەرەتتىن ئىبارەت ئىككى نىجاسەت قىستاۋاتقان ھالەتتىمۇ ناماز يوق، (تاماق ھازىر بولۇپ قالسا، يېۋېلىپ ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئىككى تەرەت قىستاپ قالسا، تاھارەتنى يېڭىلاپ ئوقۇيدۇ). بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1058 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أقيمت الصلاة فلا صلاة إلا المكتوبة " . رواه مسلم**

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا، پەرز نامازدىن باشقا ناماز يوق، (يەنى تەكبىرنى ئاڭلىسىڭىز نەپلە، سۈننەتلەرنى توختۇتۇڭ!) بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**1059 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " إذا استأذنت امرأة أحدكم إلى المسجد فلا يمنعها**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئايالى مەسجىدكە چىقىپ ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت سورىسا، توسمىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1060 - [ 9 ] ( صحيح )وعن زينب امرأة عبد الله بن مسعود قالت : قال لنا رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا شهدت إحداكن المسجد فلا تمس طيبا " . رواه مسلم**

زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ بىرەرسى خۇيتەن نامىزىغا چىقىپ قالسا، خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلەتمىسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1061 - [ 10 ] وعن أبي هريرة**
**رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيما امرأة أصابت بخورا فلا تشهد معنا العشاء الآخرة . رواه مسلم**

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر ئايال بەخۇر ئىسمىلىك خۇشپۇراق ئەتىرنى ئىستېمال قىلغان بولسا، بىز بىلەن بىللە خۇپتەن نامازغا هازىر بولمىسۇن، (چۈنكى پىتنە ــ پاساد بولىدۇ) . ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1062 - [ 11 ] الفصل الثاني ( صحيح )**
**عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تمنعوا نساءكم المساجد وبيو ن خير لهن " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللىرىڭلارنى مەسجىدلەردىن توسماڭلار، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئۇلارغا ياخشىدۇر.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، هاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1063 - [ 12 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلاة المرأة في بيتها أفضل من صلا ا في حجر ا وصلا ا في مخدعها أفضل من صلا ا في بيتها " . رواه أبو داود**

ئىبنى مەسئۇد، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنىڭ ئۆيدىكى نامىزى هوجرىسىدىكى نامازدىن ئەۋزەل، ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدىكى كىچىك ئۆيدىكى نامىزىو تاشقىرى ئۆيدىكى نامازدىن ئەۋزەلدۇر، (يەنى ئاياللار، مەخپىيرەك ناماز ئوقۇسۇن)ز ئەبۇ داۋۇد، هاكىم توپلىغان، سەھىھ. نامازدا شۇنداق بولسا، باشقا چاغ قانداقتۇ هە!

**1064 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : إني سمعت حبي أبا القاسم صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تقبل صلاة امرأة تطيبت للمسجد حتى تغتسل غسلها من الجنابة " . رواه أبو داود وروى أحمد والنسائي نحوه**

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن دوستۇم ئەبۇلقاسىمدىن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، مەسجىدقا چىقىش ئۈچۈن خۇشپۇراق ئەتىر ئىستېمال قىلغان ئايال كىشىنىڭ نامىزى خۇددى جۇنۇبلۇقدىن غۇسلى قىلغاندەك

يۈيۈنمىغىچە قوبۇل بولمايدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، نەسەئى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1065 - [ 14 ] ( صحيح )وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل عين زانية وإن المرأة إذا استعطرت فمرت با لمس فهي كذا وكذا " . يعني زانية . رواه الترمذي ولأبي داود والنسائي نحوه**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق كۆز، زىنا قىلىدۇ، ئايال كىشى خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلىتىپ، جامائەت مەجلىسىدىن ئۆتسە، (ئۇلار ئۇنىڭ خۇشپۇرىقىنى تاپسا) ئۇ ئايال زىنا قىلغۇچى بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى،نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1066 - [ 15 ] ( حسن )وعن أبي بن كعب قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم يوما الصبح فلما سلم قال : " أشاهد فلان ؟ " قالوا : لا . قال : " أشاهد فلان ؟ " قالوا : لا . قال : " إن هاتين الصلاتين أثقل الصلوات على المنافقين ولو تعلمون ما فيهما لأتيتموهما ولو حبوا على الركب وإن الصف الأول على مثل صف الملائكة ولو علمتم ما فضيلته لابتدرتموه وإن صلاة الرجل من الرجل أزكى من صلاته وحده وصلاته مع الرجلين أزكى من صلاته مع الرجل وما كثر فهو أحب إلى الله " . رواه أبو داود والنسائي**

ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بامدات نامىزىنى ئۇقۇپ بىرىپ، سالام بەرگەندە، پالانى نامازغا كەلدىمۇ؟ دىدى، ئۇلار ياق دىدى، پالانى كەلدىمۇ؟ دىدى ئۇلار يانا ياق كەلمىدى دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىككى ناماز يەنى خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزى مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نامازدۇر، ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازدىكى پەزىلەتنى بىلسە ئىدى، بۇ نامازلارغا تىزىچە ئۆمىلەپمۇ بولسا كېلەتتى، سىلەر بىرىنچى سەپنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ سېپىگە ئوخشاشتۇر، ئەگەر بىرىنچى سەپتىكى پەزىلەتنى بىلسەڭلار، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئالدىرايتتىڭلار، (ئەمدى بىلدۇق، ئالدىرايلى! ئالدىرايلى!) كىشىنىڭ بىر ئەر بىلەن ناماز ئۇقۇۋشى، يالغۇز ئوقۇغاندىن پاك، ئەۋزەلدۇر، ئۇنىڭ ئىككى كىشى بىلەن ناماز ئوقۇۋشى، بىر ئەر بىلەن ئوقۇغان نامازدىن ئەۋزەلرەكتۇر، جامائەت كۆپ بولغانسىرى، ئالالاھتائالاغا سۆيۈملۈك، دوستراق بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1067 - [ 16 ] ( حسن )وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من ثلاثة في قرية ولا بدو لا تقام فيهم الصلاة إلا قد استحوذ عليهم الشيطان فعليك بالجماعة فإنما يأكل الذئب القاصية " . رواه أحمد وأبو داود والنسائي**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق شەھەر ياكى يېزىدا ئۈچ كىشى بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نامازغا ئەزان، تەكبىر ئېيتىلسا، شەيتان ئۇلارغا گۇزەتچى بولۇپ، ھېزى بولۇپ ئىگە بولۇۋېلىپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ، نامازغا كېلىشتىن مەشغۇل قىلىدۇ، سەن ناماز جامائىتىنى لازىم تۇتقىن، ھەقىقەتەن بۆرىمۇ توپتىن ئايرىلغان قوينى يەيدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك ناماز جامائىتىدىن ئايرىلغانلىنىڭ ئىمانىنى شەيتان يەيدۇ). ئەبۇ داۋۇد 460 _ ھەدىس، نەسەئى 738 _ ھەدىس، ئەھمەد 26242 _ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

ئەپسۇس، بىزگە قانداق ئىماملار كېرەك؟

1. بىزگە ئالالھنىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرى، ساھابىلار، تابىئىنلارنىڭ ئەقىدىسى،چۈشەنجىسى، توغرا يولى لازىم دەيدىغان ئىمام كېرەك.

2. ئەقىدىسى، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە بولغان، توغرا، ساغلام ئەقىدىلىك ئىمام كېرەك.
3. ئىلىم ــ پەن ساھاسىدە بارلىق ئىلىملارنى بولۇپمۇ، ئىسلام دىنى ئىلىملىرىنى تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ئۇسۇل ئىلىملىرىنى ئەقىدە ئىلىملىرىنى، ئۇندىن باشقا تارىخ، سىياسەت ئىلىملىرىنى، ئەسكەر باشقۇرۇش، دۆلەت باشقۇرۇش، خەلقنى باشقۇرۇش ئىلىملىرىنى، ئەۋلادلارنى تەربىيلەش ئىلىملىرىنى تولۇق بىلگەن سىياسىيون ئىماملار كېرەك.
4. مۇھەببەت ــ نەپرىتى ئاشكارا، مەيدانى ئايرىم، ئاللاھ يولىدا دوست، ئاللاھ يولىدا دۈشمەن تۇتالايدىغان، زالىم دىنسىزلارغا مايىل بولمايدىغان، ھەقىقەتتە كاللا كەتسىمۇ مۇستەھكەم تۇرالايدىغان، بىزگە ۋە ئەۋلادلارغا ياخشى ئۈلگە بولالايدىغان قەيسەر، باتۇر ئىماملار كېرەك.
5. بىدئەتتىن، شېرىكتىن، خۇراپاتتىن يىراق تۇرىدىغان، ھەتتا بۇلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، تازىلاپ، ئىسلام دىنىنى يېڭىلايدىغان، ئىسلام دىنى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن جان ــ مېلىنى ئايىماي خىزمەت قىلىدىغان، شېھىدلاردىن بولالايدىغان ئىماملار كېرەك.
ئۇندىن باشقا مەزھەپپەرەس ئەمەس، تەرەبباز ئەمەس، دىنى كەسپدار ئەمەس، ئىختىلاپچى، بىدئەتچى ئەمەس، بەلكى، سۈننەتچى، ئەسلىيەتچى ئىمام كېرەك، تاماخور، خۇشامەتچى، ھەسەدخور، سۇخەنچى ئەمەس، بەلكى، ھەقىقەتچى ئىمام كېرەك، پاسىق، مۇناپىق ئەمەس، بەلكى، تەقۋا مۆئمىن. قورقۇنچاق، قاچقۇن ئەمەس، بەلكى باتۇر، مۇجاھىد ئىماملار كېرەك. تىلى تۇتۇلغان گاچا ئەمەس، بەلكى سۆزلىرى خۇتبىلىرى جاراڭلىق، بىزگە ۋە ئەۋلادلارغا يارامىلىق ئىماملار كېرەك. مىزان يوقتۇر قۇرئان بىلەن سەھىھ ھەدىسىدىن بۆلەك.

**1068 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سمع المنادي فلم يمنعه من اتباعه عذر " قالوا وما العذر ؟ قال : " خوف أو مرض لم تقبل منه الصلاة التي صلى " . رواه أبو داود والدارقطني**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ئەزاننى ئاڭلاپ ئۆزرىسىز مەسجىدكە چىقماي ئۆيدە ئوقىغان ناماز قوبۇل بولمايدۇ دىدى، ساھابىلار ئۆزرە دىگەن نىمە؟ دەپ سورىغاندا، كېسەل بولۇپ قېلىش، قورقۇنچ دەپ جاۋاب بەردى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد دارىقۇتنى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**1069 - [ 18 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن أرقم قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إذا أقيمت الصلاة ووجد أحدكم الخلاء فليبدأ بالخلاء " . رواه الترمذي وروى مالك وأبو داود والنسائي نحوه**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا، بىرەر كىشى ھاجەتخانىغا بېرىشنى مەخسەت قىلسا، ھاجەتخانىغا بېرىش بىلەن باشلىسۇن، (يەنى ھاجەتخانىغا بېرىپ، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ، نامازنى ئوقۇۋالسۇن، چۈنكى، تەھارەت قىستىغاندا ناماز ياخشى بولمايدۇ)، مالىك، شافىئى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، بەيھەقىلەر توپلىغان،سەھىھ

**1070 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاث لا يحل لأحد أن يفعلهن : لا يؤمن رجل قوما فيخص نفسه بالدعاء دونم فإن فعل ذلك فقد خانم . ولا ينظر في قعر بيت قبل أن يستأذن فإن فعل ذلك فقد خانم ولا يصل وهو حقن حتى يتخفف " . رواه أبو داود وللترمذي نحوه**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ئۈچ ئىشنى قىلىش ھېچ كىشىگە ھالال ئەمەس، بىرىنچى، قەۋمنى قويۇپ، دۇئانى ئۆزى ئۈچۈنلا قىلىدىغان كىشى ئىمام بولمىسۇن، ئۇنداق قىلسا خىيانەت قىلغان بولىدۇ، ئىككىنچى، رۇخسەت سورىماي تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئىچىگە قارىمىسۇن، ئەگەر شۇنداق قىلىپ قالسا، خىيانەت قىلغان بولىدۇ. ئۈچىنچى، تەرىتى قىستىغان ھالدا بوشانمىغىچە ناماز

ئوقۇمسۇن، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى خاتىرلىگەن زەئىپ ھەدىستۇر.بەزىلەر ھەسەن دىگەن.

**1071 - [ 20 ] ( ضعيف )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تؤخروا الصلاة لطعام ولا لغيره " . رواه في شرح السنة**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تائام ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار ئۈچۈن نامازنى كېچىكتۈرمەڭلار، بۇ ھەدىس شەرھى سۈننىدە بار بولۇپ، زەئىپ،

**1072 - [ 21 ] ( صحيح ) الفصل الثالث عن عبد الله بن مسعود قال : لقد رأيتنا وما يتخلف عن الصلاة إلا منافق قد علم نفاقه أو مريض إن كان المريض ليمشي بين رجلين حتى يأتي الصلاة وقال إن رسول الله صلى الله عليه وسلم علمنا سنن الهدى وإن من سنن الهدى الصلاة في المسجد الذي يؤذن فيه وفي رواية : " من سره أن يلقى الله غدا مسلما فليحافظ على هؤلاء الصلوات الخمس حيث ينادى ن فإن الله شرع لنبيكم صلى الله عليه وسلم سنن الهدى وإنن من سنن الهدى ولو أنكم صليتم في بيوتكم كما يصلي هذا المتخلف في بيته لتركتم سنة نبيكم ولو تركتم سنة نبيكم لضللتم وما من رجل يتطهر فيحسن الطهور ثم يعمد إلى مسجد من هذه المساجد إلا كتب الله له بكل خطوة يخطوها حسنة ورفعه ا درجة ويحط عنه ا سيئة ولقد رأيتنا وما يتخلف عنها إلا منافق معلوم النفاق ولقد كان الرجل يؤتى به يهادى بين الرجلين حتى يقام في الصف . رواه مسلم**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:ھەقىقەتەن مەن ئۆزىمىزگە قاراپ باقسام ، نامازدىن پەقەت مۇناپىقلىقى مەلۇم بولغان مۇناپىقلارلا ياكى كېسەللەرلا ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ، كېسەللەرمۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا يۆلىنىپ مېڭىپ نامازغا كېلەتتى، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ھىدايەتنىڭ سۈننەتلىرىنى،توغرا يولنى ئۆگەتتى، ئەزان توۋلىنىدىغان مەسجىدتە (جامائەت بىلەن بىرگە)ناماز ئوقۇش ھىدايەتنىڭ سۈننەتلىرىدىندۇر، كىم ئەتە يەنى قىيامەت كۈنى **الله** قا مۇسۇلمان ھالدا ئۇچرىششنى ياخشى كۆرسە، بەش ۋاقىت نامازنى، نامازلارغا ئەزان توۋلىنىدىغان مەسجىدتە (جامائەت بىلەن بىرگە) مۇھاپىزەت قىلسۇن، ھەقىقەتەن **الله** تائالا پەيغەمبىرىڭلەرگە ھىدايەتنىڭ سۈننەتلىرىنى،توغرا يولنى شەرىئەت قىلىپ بەردى، بەش ۋاقىت نامازنى، نامازلارغا ئەزان توۋلىنىدىغان مەسجىدتە (جامائەت بىلەن بىرگە) مۇھاپىزەت قىلىش ھىدايەتنىڭ سۈننەتلىرىدىن ،توغرا يولدىندۇر، ئەگەر سىلەر، مۇشۇ نامازدىن ئارقىدا قالغانلار ئۆيلىرىدە ناماز ئوقىغاندەك،(جامائەت مەسجىدكە چىقماي) ئۆيلىرىڭلاردا ناماز ئوقىساڭلار، ئەلۋەتتە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرىك ئەتكەن بۇلىسىلەر، ئەگەر سىلەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرىك ئەتسەڭلار، ئەلۋەتتە زالالەتتە ئازىسىلەر، ھەرقانداق بىر كىشى تاھارەتنى ياخشى ، كامىل ئېلىپ، ئاندىن مۇشۇ مەسجىد لەردىن بىرەر مەسجىدنى مەقسەت قىلىپ كەلسە، **الله** تائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇباسقان ھەربىر قەدىمىنىڭ بارابىرگە بىر ياخشىلىق يېزىپ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى (گۇناھىنى)ئۆچۈرۈپ، ئۇنى بىردەرىجە يۇقىر كۆتىرىدۇ، ھەقىقەتەن مەن ئۆزىمىزگە قاراپ باقسام ، نامازدىن پەقەت مۇناپىقلىقى مەلۇم بولغان مۇناپىقلارلا ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ، ھەقىقەتەن كېسەل كىشىمۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا يۆلىنىپ ماڭدۇرلۇپ، نامازغا كەلتۈرلۇپ، سەپتە تۇرغۇزۇلغان ئىدى، (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرقېتىم شۇنداق قىلغان ئىدى) . مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1073 - [ 22 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لولا ما في البيوت من النساء والذرية أقمت صلاة العشاء وأمرت فتياني يحرقون ما في البيوت بالنار " . رواه أحمد**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر ئۆيلەردە ئاياللار بىلەن كىچىك باللار بولمىسا ئىدى، خۇپتەن نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا ئاندىن يىگىتلىرىمدىن بىرنى بۇيرۇسام، نامازغا چىقمىغانلارنى ئۆيلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتسە، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد خاتىرلىگەن، ئەلبانى

زەئىپ دېگەن. چۈنكى ئەبۇمەئشەردېگەن راۋىي  بەكلا زەئىپ بولۇپ، بۇخارىي  ئۇنۇڭ ھەدىسلىرى مۇنكەر دېگەن

**1074 - [ 23 ] ( حسن )وعنه قال : أمرنا رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كنتم في المسجد فنودي بالصلاة فلا يخرج أحدكم حتى يصلي . رواه أحمد**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى مۇنداق بۇيرىغان :سىلەر مەسجىد ئىچىدە بولغان ۋاقتىڭلاردا، نامازغا ئەزان توۋلىنىپ قالسا، بىرىڭلار نامازئۇقۇمىغىچە مەسجىدتىن چىقمىسۇن.ئەھمەد  توۋلىغان، ھەسەن.

**1075 - [ 24 ] ( صحيح )وعن أبي الشعثاء قال : خرج رجل من المسجد بعدما أذن فيه فقال أبو هريرة : أما هذا فقد عصى أبا القاسم صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم**

ئەبۇشەئسائى مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئەزان توۋلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەسجىدتىن چىقىپ كەتتى ، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئەمما ماۋۇ مەسجىدتىن چىقىپ كەتكەن كىشى ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاسىيلىق قىلدى، دېدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1076 - [ 25 ] ( ضعيف جدا )وعن عثمان بن عفان رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أدركه الأذان في المسجد ثم خرج لم يخرج لحاجة وهو لا يريد الرجعة فهو منافق " . رواه ابن ماجه**

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى مەسجىد ئىچىدىكى چاغدا ئەزان توۋلانسا، ئۇ بىرەر ھاجەتسىزلا، ئۆزرىسىز چىقىپ كەتسە، قايتىپ كېلىپ نامازغا قاتنىششىنى مەخسەت قىلمىسا، ئۇ ئۆز ئەينى مۇناپىق بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دېدى،بۇخىل ھەدىسنىڭ سەھىسمۇ باردۇر.

**1077 - [ 26 ] ( صحيح )وعن ابن عباس رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من سمع النداء فلم يجبه فلا صلاة له إلا من عذر " . رواه الدارقطني**

ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ مەسجىدگە كەلمىسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن ناماز يوق، لېكىن، ئۆزرە بىلەن كەلمەي، ئۆيىدە ئوقۇسا بۇ مۇستەسنادۇر، (يەنى ئۆزرە بىلەن ئۆيدە ناماز دۇرۇس بولىدۇ. ناماز يوق دېگىنى نامىزى كامىل بولمايدۇ دېگەن بولىدۇ). ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان،دارقۇتنى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1078 - [ 27 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن أم مكتوم قال : يا رسول الله إن المدينة كثيرة الهوام والسباع وأنا ضرير البصر فهل تجد لي من رخصة ؟ قال : " هل تسمع حي على الصلاة حي على الفلاح ؟ " قال : نعم . قال : " فحيهلا " . ولم يرخص له . رواه أبو داود والنسائي**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە : ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن مەدىنە يىرتقۇچى ھايۋانلىرى، كىشىگە ئازار بېرىدىغان زەھەرلىك ھاشارەتلىرى كۆپ بىر شەھەردۇر، مەن بولسام كۆزى ئەئما كىشى ، ماڭا جامائەتكە چىقماسلىققا رۇخسەت تاپالامدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەيىيەئەلەسسالات نامازغا كىلىڭلار، ھەيىيەئەلەلپەلاھ نىجاتلىققا كىلىڭلار دېگەننى ئاڭلامسەن؟ دېدى. ئۇ ؛ ھەئە ئاڭلايمەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنداق بولسا، چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ جامائەتكە كەلگىن دەپ رۇخسەت قىلمىدى. نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**1079 - [ 28 ] ( صحيح )وعن أم الدرداء قالت : دخل علي أبو الدرداء وهو مغضب فقلت : ما أغضبك ؟ قال : والله ما أعرف من أمر أمة محمد صلى الله عليه وسلم شيئا إلا أنم يصلون جميعا . رواه البخاري**

ئۇممى دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ: قېشىمغا ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەزەپ قىلغان ھالدا كىردى، مەن ئۇنىڭغا: نىمەئىش ئاچچىقلىرىنى كەلتۈردى؟دىسەم، ئۇ : **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇممىتىنىڭ ئىشىدىن ئۇلارنىڭ نامازنى بىرلا قېتىمدا، بىراقلا جامائەت بولۇپ ئۇقىيدىغانلىقىنى بىلەتتىم.(لىكىن ھازىرقى كىشلەر ھورۇنلۇق قىلىپ،نامازنى بىرنەچچە قېتىمغابۇلۇپ ئۇقۇۋاتىدۇ ، مەن شۇنىڭغا غەزەپ قىلدىم) دىدى.بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

**1080 - [ 29 ] ( صحيح )وعن أبي بكر بن سليمان بن أبي حثمة قال : إن عمر بن الخطاب فقد سليمان بن أبي حثمة في صلاة الصبح وإن عمر غدا إلى السوق ومسكن سليمان بين المسجد والسوق فمر على الشفاء أم سليمان فقال لها لم أر سليمان في الصبح فقالت إنه بات يصلي فغلبته عيناه فقال عمر لأن أشهد صلاة الصبح في الجماعة أحب إلي من أن أقوم ليلة رواه مالك**

ئەبۇبەكرى ئىبنى سۇلەيمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئەتىگىنى دادام سۇلەيمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بامدات نامىزىدا ئۇچىرتالمىدى، سۇلەيمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيى مەسجىد بىلەن بازار ئارلىقىدا ئىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ ئەتىگىنى بازارغا كىتىۋېتىپ، سۇلەيمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى شىپانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا: بۈگۈن ئەتىگەن بامداتتا سۇلەيمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرمىدىمغۇ؟ دىدى. شىپارەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ئۇ كېچىچە ناماز ئۇقۇپ چىققان ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا كۆزى غالىب كىلىپ، بامداتتىن ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئەلۋەتتە مىنىڭ بامدات نامىزىنى جامائەت ئىچىدە ئۇقۇشۇم، ماڭا كىچىچە قىيامداتۇرۇپ نامازئۇقۇشىمدىن سۆيۈملۈكتۇر، دىدى. ئىمام مالىك توپلىغان ،سەھىھ.

**1081 -[ 30 ] ( ضعيف )وعن أبي موسى الأشعري قال :قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اثنان فما فوقهما جماعة رواه ابن ماجه**

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ كىشلەر جامائەت بولىدۇ، بۇ ھەدىسنىمۇ ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، زەئىپتۇر.بۇئالىملارقارشى.

**1082 - [ 31 ] ( صحيح )**

**وعن بلال بن عبد الله بن عمر عن أبيه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تمنعوا النساء حظوظهن من المساجد إذا استأذنكم " . فقال بلال : والله لنمنعهن . فقال له عبد الله : أقول : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم وتقول أنت لنمنعهن**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاياللىرىڭلار سىلەردىن مەسجىدگە چىقىشقا ئىزنى، رۇخسەت سورىسا، ئۇلارنى مەسجىدلەردىكى نىسىۋىسىدىن توسماڭلار. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى بىلال : **الله** بىلەن قەسەمكى بىز ئاياللىرىمىزنى مەسجىدتىن توسىمىز دىدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:.... دەۋاتسام، سەن يانا تۇسىمىز دەۋاتىسنا؟!دىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1083 - [ 32 ] ( صحيح )وفي رواية سالم عن أبيه قال : فأقبل عليه عبد الله فسبه سبا ما سمعت سبه مثله قط وقال : أخبرك عن رسول الله صلى الله عليه وسلم وتقول : والله لنمنعهن . رواه مسلم**

يانا بىر خاتىردە سالىمدىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،بالىسى بىلالغا ئالدىنى قىلىپ قاتتىق تىللاپ

ئەيىبلىدىكى، مەن ئۇنداق تىللىغىنىنى ھەرگىز ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم، ئۇيانا:مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمم مۇنداق دىگەن:........ دەپ خەۋەر قىلىۋاتسام، سەن؛ الله بىلەن قەسەمكى بىز ئاياللىرىمىزنى مەسجىدتىن تۇسىمىز دەۋاتىسنا؟!دىدى. مۇسلىم.

1084 - [ 33 ] ( صحيح )وعن مجاهد عن عبد الله بن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يمنعن رجل أهله أن يأتوا المساجد " . فقال ابن لعبد الله بن عمر : فإنا نمنعهن . فقال عبد الله : أحدثك عن رسول الله صلى الله عليه وسلم وتقول هذا ؟ قال : فما كلمه عبد الله حتى مات . رواه أحمد

مۇجاھىدتىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمم مۇنداق دىگەن: كىشى ئەھلى- ئاياللىرىنى مەسجىدگە كىلىشتىن توسمىسۇن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى (بىلال) : الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئاياللىرىمىزنى مەسجىدتىن توسىمىز دىدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمم مۇنداق دىگەن:........ دەپ ھەدىس سۆزلەۋاتسام، سەن يانا تۇسىمىز دەۋاتىسنا؟!دىدى.مۇجاھىد رەھىمەھۇالله مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ(مۇشۇئىش سەۋەبلىك) ئاشۇ ئوغلىغا، ئۆلۈپ كەتكىچە سۆز قىلمىدى. ئەھمەد توپلىغان سەھەھ.

| باب تسوية الصف - الفصل الأول | سەپنى تۈزلەش توغرىسىدا |
|---|---|

1085 - [ 1 ] ( صحيح )عن النعمان بن بشير قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يسوي صفوفنا حتى كأنما يسوي ا القداح حتى رأى أنا قد عقلنا عنه ثم خرج يوما فقام حتى كاد أن يكبر فرأى رجلا باديا صدره من الصف فقال : " عباد الله لتسون صفوفكم أو ليخالفن الله بين وجوهكم " . رواه مسلم

نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمم سەپلىرىمىزنى خۇددى ياچاق ئوقنىڭ دەستىسىنى تۈزلىگەندەك تۈزلەيتتى، بىز ئەقىل قىلىپ چۈشەنگەنگە ، مەقسىدىنى بىلگەنگە قەدەر تۈزلەيتتى، بىركۈنى چىقىپ، نامازغا ئۆرىنىدىن تۇرۇپ، تەكبىر ئەيتىلىشىنىڭ ئالدىدىلا، كۆكسىنى سەپتىن ئالدىغا چىقىرىپ تۇرۇۋالغان بىركىشىنى كۆرۈپ، مۇنداق دىدى: ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى!، يا سىلەر نامازدا سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار، ياكى ئاللاھتائالا يۈزلىرىڭلارنى تەتۈرگە ئۆزگەرتىۋىتىدۇ، بىر ــ بىرىڭلارنى مۇخالىپ، ئىختىلاپتا قىلىۋىتىدۇ. بەيھەقى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھەھ.

1086 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أنس قال : أقيمت الصلاة فأقبل علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم بوجهه فقال : " أقيموا صفوفكم وتراصوا فإني أراكم من وراء ظهري . رواه البخاري . وفي المتفق عليه قال : أتموا الصفوف فإني أراكم من وراء ظهري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛نامازغا تەكبىر ئەيتىلىپ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمم مۇبارەك يۈزى بىلەن بىزگە ئالدىنى قىلىپ، مۇنداق دەيتتى: سەپلىرىڭلارنى تۈزلەپ، زىچ تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ئارقامدىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن،يانابىرخاتىردە: سەپلىرىڭلارنى كامىل تولۇق قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ئارقامدىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن .بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھەھ.

1087 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سووا صفوفكم فإن تسوية الصفوف من إقامة الصلاة " . إلا أن عند مسلم : " من تمام الصلاة "

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمم مۇنداق دىگەن: سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار، باراۋەر، تۈز تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن سەپلەرنى تۈزلەش، نامازنى كامىل، تولۇق بەرپا قىلغانلىقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھەھ.

**1088 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي مسعود الأنصاري قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يمسح مناكبنا في الصلاة ويقول : " استووا ولا تختلفوا فتختلف قلوبكم ليليني منكم أولوا الأحلام والنهى ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم " . قال أبو مسعود : فأنتم اليوم أشد اختلافا . رواه مسلم**

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىكى سەپتە، مۈرىلىرىمىزنى بىر ـ بىرىگە تەككۈزۈپ تۇرغۇزۇپ مۇنداق دەيتتى: سەپتە تۈز تۇرۇڭلار، ئەگرى ـ پەس تۇرماڭلار، قەلبىڭلار ئىختىلاپلىشىپ، مۇتەپەررىق بولۇپ كېتىدۇ، ماڭا سىلەردىن ئەڭ ئالىم، مۆتىۋەر، پىشقەدەملەر يېقىن تۇرسۇن، ئەقىل، ئىلىم ئىگىلىرى يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلار ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلار يېقىن تۇرسۇن، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛سىلەر بۈگۈن قاتتىق ئىختىلاپتا،مۇتەپەررىقسىلەر.(مەنمۇشۇنداق دەيمەنكى؛ ھازىرقى كىشىلەر قاتتىق ئىختىلاپلاشماقتا.) مۇسلىم، نەسەئى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**1089 - [ 5 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليلني منكم أولو الأحلام والنهى ثم الذين يلونهم " ثلاثا وإياكم وهيشات الأسواق " . رواه مسلم**

ئەبۇ مەسئۇد،ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازدىكى سەپتە، ماڭا، سىلەردىن ئىشلاردا سۇباتلىق، تەمكىنلىك، تەدبىرلىك بولغان، ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىلىرى، ئىلىم ئىگىلىرى يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن ئۇلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن، ئۇلارغا يېقىن بولغانلار يېقىن تۇرسۇن، (سەپلەردە ئەگرى ــ پەس تۇرماڭلار، ئىختىلاپلاشماڭلار، قەلبىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشىپ قالىدۇ، بىر ــ بىردىن يىراق بولۇپ، خىلاپىدا بولۇپ قالىدۇ)، بازارلاردا ئاۋازىڭلارنى ئۈستۈن كۆتۈرۈشتىن، داۋا، دە ــ تالاشتىن ھەزەر قىلىڭلار. مۇسلىم 655 ــ ھەدىس، تىرمىزى 211 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 577 ـ ھەدىس، ئەھمەد 4142 ــ ھەدىس، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1090 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم في أصحابه تأخرا فقال لهم : " تقدموا وأتموا بي وليأتم بكم من بعدكم لا يزال قوم يتأخرون حتى يؤخرهم الله " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى ئىچىدە كېچىكىشنى ، ئارقىدا تۇرۇۋېلىشنى كۆرۈپ ئۇلارغا مۇنداق دىگەن:(بۇرۇنراق كىلىپ) سەپلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ماڭا ئىقتىدا قىلىڭلار، سىلەرگە سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىكىلەر ئىقتىدا قىلىدۇ، قەۋىم نامازدىن كېچىكىشۋەرسە، ئاللاھمۇ ئۇلارنى (جەننەتكە كىرگۈزۈشتە) كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ. ئەھمەد،مۇسلىم، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، سەھىھ.

**1091 - [ 7 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة قال : خرج علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم فرآنا حلقا فقال : " مالي أراكم عزين ؟ " ثم خرج علينا فقال : " ألا تصفون كما تصف الملائكة عند ر ا ؟ " فقلنا : يا رسول الله وكيف تصف الملائكة عند ر ا ؟ قال : " يتمون الصفوف الأولى ويتراصون في الصف " . رواه مسلم**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمىزغا چىقىپ ، بىزنىڭ ھالقا ــ ھالقا بولۇپ، ئايرىم ــ ئايرىم ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ؛ ماڭا نېمە بولدى؟ مەن سىلەرنى مۇتەپەررىق كۆردۈمغۇ؟، بىر جايغا يىغىلىپ ئولتۇرماپسىلەرغۇ؟ دېدى.ئاندىن : سىلەر، پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارى ئالدىدا سەپ تۈزگەندەك، سەپ تۈزمەمسىلەر؟،دىدى.بىز:يارەسۇلەﷲ! پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارى ئالدىدا قانداق سەپ تۈتىدۇ؟ دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :ئۇلار تۇنجى سەپلەرنى تولۇق، كامىل قىلىدۇ، ئاندىن كىيىن سەپلەردە زىچ، تۈز تۇرىدۇ،دىدى. مۇسلىم 651 ــ ھەدىس، ئەھمەد 19958 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد ،

نەسەئى تويلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ئىلمى مەجلىسدە، بىر يەرگە توپلۇشۇپ، دانا، ئالىمنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاش چىقىدۇ.

**1092 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير صفوف الرجال أولها وشرها آخرها وخير صفوف النساء آخرها وشرها أولها " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇمامە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەرلەرنىڭ سەپلىرىنىڭ ياخشىسى بىرىنچى سەپ، يامىنى بولسا، ئاخىرقىسىدۇر، ئاياللارنىڭ سەپلىرىنىڭ ياخشىسى ئاخىرقىسى، يامىنى بولسا ئەۋۋەلقىدۇر. مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تەبرانى تويلىغان، سەھىھ.

**1093 - [ 9 ] الفصل الثاني ( صحيح )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رصوا صفوفكم وقاربوا بينها وحاذوا بالأعناق فوالذي نفسي بيده إني لأرى الشيطان يدخل من خلل الصف كأنا الحذف " . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەپلىرىڭلارنى زىچ قىلىڭلار، ئارىلىقنى يېقىن قىلىپ تۇز تۇرۇڭلار، مۇرە، بويۇنلارنى باراۋەر تەڭشەپ، تۇز تۇرۇڭلار، جېنىم قول ئىلىكىدە بولغان زات، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن، شەيتاننىڭ سەپلەر ئارىسىغا، خۇددى قوينىڭ قوزىسىدەك كىرىۋالغىنىنى كۆرىۋاتىمەن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان تويلىغان، سەھىھ.

**1094 - [ 10 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتموا الصف المقدم ثم الذي يليه فما كان من نقص فليكن في الصف المؤخر " . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىنچى سەپنى كامىل تولۇقلاڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا يېقىن سەپنى تولۇقلاڭلار، كاملاپ قىلىشقا، يۇچۇق بولۇشقا توغرا كەلسە، ئاخىرقى سەپتىن كام بولسۇن، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە، زىيائۇلمەقدەسى تويلىغان سەھىھ.

**1095 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن البراء بن عازب قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله وملائكته يصلون على الذين يلون الصفوف الأولى وما من خطوة أحب إلى الله من خطوة يمشيها يصل العبد ا صفا " . رواه أبو داود**

بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى، ھەقىقەتەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى بىرىنچى سەپكە يېتىپ بارغانلارغا رەھمەت يوللايدۇ، بەندە بىرىنچى سەپكە يېتىپ بارغان قەدەمدىنمۇ، ئاللاھقا سۆيۈملۈك قەدەم يوقتۇر. ئەبۇ داۋۇد تويلىغان. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن

**1096 - [ 12 ] ( حسن )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله وملائكته يصلون على ميامن الصفوف " . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى، سەپلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىلەرگە رەھمەت يوللايدۇ. ئەبۇ داۋۇد تويلىغان ھەسەن.

**1097 - [ 13 ] ( صحيح )وعن النعمان بن بشير قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يسوي صفوفنا إذا قمنا إلى الصلاة فإذا استوينا كبر . رواه أبو داود**

نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز نامازغا

تۇرغان چاغدا، سەپلىرىمىزنى (خۇددى ياچاق ئوقىنىڭ دەستىسىنى تۈزلىگەندەك) تۈزلەيتتى، بىز سەپلىرىمىزنى تۈزلەپ بولغان چاغدا، نامازغا تەكبىر ئېيتاتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**1098 - [ 14 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول عن يمينه : " اعتدلوا سووا صفوفكم " . وعن يساره : " اعتدلوا سووا صفوفكم " . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ تەرەپتىكىلەرگە سەپنى تۈزلەپ، رۇس تۇرۇڭلار دەيتتى، ئاندىن سول تەرەپتىكىلەرگىمۇ ، سەپلىرىڭلارنى تۈزلەپ تۈز تۇرۇڭلار دەيتتى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان زەئىپ ھەدىستۇر، لېكىن، بۇ ھەدىسنى قوللايدىغان سەھىھ ھەدىس بار، سەھىھ ھەدىس ھامىنى سەھىھ، زەئىپ ھەدىس سەھىيگە ئوخشىسىمۇ زەئىپتۇر.بۇنىڭ مەنىسى سەھىھتۇر.

**1099 - [ 15 ] ( صحيح )**

**وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خياركم ألينكم مناكب في الصلاة " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەڭ ياخشىڭلار نامازدا قېرىندىشى ئۈچۈن، سەپلەرنى تۈزلەش ئۈچۈن مۈرىسىنى مۇلايىم تۇتقىنىڭلاردۇر. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**1100 - [ 16 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " استووا استووا استووا فوالذي نفسي بيده إني لأراكم من خلفي كما أراكم من بين يدي " . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم مۇنداق دەيتتى: سەپتە تۈز تۇرۇڭلار،رۇس، زىچ تۇرۇڭلار،الله بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن سىلەرنى، خۇددى ئالدىم تەرەپتىن كۆرۈپ تۇرغاندەك، ئارقامدىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**1101 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله وملائكته يصلون على الصف الأول " قالوا يا رسول الله وعلى الثاني قال : " إن الله وملائكته يصلون على الصف الأول " قالوا يا رسول الله وعلى الثاني قال : " إن الله وملائكته يصلون على الصف الأول " قالوا يا رسول الله وعلى الثاني ؟ قال : " وعلى الثاني " قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سووا صفوفكم وحاذوا بين مناكبكم ولينوا في أيدي إخوانكم وسدوا الخلل فإن الشيطان يدخل بينكم بمنزلة الحذف " يعني أولاد الضأن الصغار . رواه أحمد**

ئەبى ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى بىرىنچى سەپكە رەھمەت يوللايدۇ، ساھابىلار ئىككىنچى سەپكىچۇ؟ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنىلا بىرىنچى سەپكە دىدى، ئۇلار يەنە ئىككىنچى سەپكىچۇ؟ دىگەندە يەنىلا بىرىنچى سەپكە يوللايدۇ دىدى. ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم ئىككىنچى سەپكىچۇ؟ دىگەندە، ھە ئىككىنچى سەپكىمۇ دەپ قويىدى، ئاندىن سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار، مۈرىلىرىڭلارنى باراۋەر قىلىڭلار، قوللىرىڭلارنى يېقىن قىلىپ ئارىلىقنى، بوشلۇقنى ئېتىڭلار، شەيتان قوينىڭ قوزىسىدەك ئاراڭلارغا كىرىۋالىدۇ دىدى، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، ئىمام سۇيۇتى ئەھمەددىكى زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ دىگەن.بۇلۇپمۇ بۇھەدىسنىڭ ئاخىرقى مەنىسى سەھىھ.

**1102 - [ 18 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أقيموا الصفوف وحاذوا بين المناكب وسدوا الخلل ولينوا بأيدي إخوانكم ولا تذروا فرجات للشيطان ومن وصل صفا وصله الله ومن قطعه قطعه الله " . رواه**

أبو داود والنسائي منه قوله : " ومن وصل صفا " . إلى أخره

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەپلەرنى تۈزلەڭلار، (ھەقىقەتەن سىلەر پەرىشتىلەر سەپلەردە تۇرغاندەك سەپلەردە تۇرىسىلەر)، مۈرىلەر ئارىسىنى يېقىن بەراۋەر قىلىڭلار، بوشلۇقنى ئېتىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قوللىرىغا قوللىرىڭلارنى يۇمشاق تۇتۇڭلار، «يەنى ئۇلار سەپكە كىرمەكچى بولغاندا، قولۇڭلارنى مۇلايىم تۇتۇپ، جەينەكلىرىڭلارنى يىغىپ تۇرۇڭلار» شەيتانغا بوشلۇق، يوچۇق قالدۇرماڭلار، كىم سەپلەرنى ئۇلاپ، تۈز تۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ئۇلاپ يەتكۈزىدۇ، كىم سەپلەرنى ئۈزۈپ، بوشلۇق قالدۇرسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭدىن رەھمىتىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

1103 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " توسطوا الإمام وسدوا الخلل " . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىمامنى ئوتتۇرىدا قىلىڭلار، بوشلۇقنى ئېتىڭلار، ئارىلىقتىكى بوشلۇقنى توسۇڭلار، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

1104 - [ 20 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يزال قوم يتأخرون عن الصف الأول حتى يؤخرهم الله في النار " . رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دائىم بىرىنچى سەپدىن كېچىكىپ قالىدىغانلارنى، ئاللاھ دوۋزاخدا كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، زەئىپتۇر،

1105 - [ 21 ] ( صحيح )وعن وابصة بن معبد قال : رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم رجلا يصلي خلف الصف وحده فأمره أن يعيد الصلاة . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وقال الترمذي هذا حديث حسن

ۋابىسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپنىڭ ئارقىسىدا، ئۆزى يالغۇز ھالەتتە ناماز ئوقىغان بىركىشىنى كۆرۈپ، ئۇنى نامىزىنى قايتا ئوقۇشىغا بۇيرىغان. ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى توپلىغان .تىرمىزى ھەسەن دىسە، ئەلبانى سەھىھ دىگەن.

باب الموقف - الفصل الأول نامازدا تۇرىدىغان ئورۇن توغرىسىدا

1106 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عبد الله بن عباس قال : بت في بيت خالتي ميمونة فقام رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي فقمت عن يساره فأخذ بيدي من وراء ظهره فعدلني كذلك من وراء ظهره إلى الشق الأيمن

ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:مەن ھامما ئانام مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ياتقان ئىدىم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدىن نامازغا تۇردى، مەن سول تەرىپىدە تۇرىۋىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى ئارقا تەرىپىدىن ئەكىلىپ، مىنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ، ئەنەشۇنداق ئارقا تەرەپتىن تارتىپ، مىنى ئوڭ تەرەپتە تۇرغۇزۇپ قويدى . بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

1107 - [ 2 ] ( صحيح )

وعن جابر قال : قام رسول الله صلى الله عليه وسلم ليصلي فجئت حتى قمت عن يساره فأخذ بيدي فأدارني حتى أقامني عن يمينه

ثم جاء جبار بن صخر فقام عن يسار رسول الله صلى الله عليه وسلم فأخذ بيدينا جميعا فدفعنا حتى أقامنا خلفه . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇردى، مەن كېلىپ سول تەرپىدە تۇرىۋىدىم، (قولنى ئارقا تەرپىدىن ئەكېلىپ)، مىنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ، مىنى ئارقا تەرەپتىن ئايلاندۇرۇپ، ئۇڭ تەرپىدە تۇرغۇزۇپ قويدى، ئاندىن جەببارئىبنى سەخر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سول تەرپىدە تۇردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئىككىلىمىزنىڭ قولىمىزدىن تۇتۇپ ئىتتىرىپ، ئارقىسىدا تۇرغۇزۇپ قويدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ

1108 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أنس قال : صليت أنا ويتيم في بيتنا خلف النبي صلى الله عليه وسلم وأم سليم خلفنا . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:مەن ۋە (قېرىندىشىم) يەتىيم ئۆيىمىزدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇدۇق، (ئانام)ئۇمۇسۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھائارقىمىزدا تۇردى. مۇسلىم.

1109 - [ 4 ] ( صحيح )وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم صلى به وبأمه أو خالته قال:فأقامني عن يمينه وأقام المرأة خلفنا .رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ۋە ئانام بىلەن ياكى ھاما ئانام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ، مىنى ئۇڭ تەرپىدە تۇرغۇزدى، ئايال كىشىنى ئارقىمىزدا تۇرغۇزدى، مۇسلىم.

1110 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي بكرة أنه انتهى إلى النبي صلى الله عليه وسلم وهو راكع فركع قبل أن يصل إلى الصف ثم مشى إلى الصف . فذكر ذلك للنبي صلى الله عليه وسلم فقال : " زادك الله حرصا ولا تعد " . رواه البخاري

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا (نامازغا)كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلىۋاتقان ئىكەن. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەپكە يېتىشتىن بۇرۇنلا (ئىقتىدا قىلىپ) رۇكۇ قىلىپ، ئاندىن رۇكۇ قىلغان ھالدا سەپكە مېڭىپ بېرىپتۇ، ئاندىن بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بايان قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ساڭا نامازغا بولغان ھېرىسمەنلىكىڭنى زىيادە قىلسۇن، بۇندىن كېيىن بۇ ئىشنى قايتا قىلمىغىن. (يەنى رۇكۇدا تۇرۇپ ئالدىغا ماڭما) ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

1111 - [ 6 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن سمرة بن جندب قال : أمرنا رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا كنا ثلاثة أن يتقدمنا أحدنا . رواه الترمذي

سۇمرەت ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەگەر بىز ئۈچ كىشى بولۇپ قالساق، بىرىمىزنى ئالدىغا (ئىمام بۇلۇپ)چىقىشقا بۇيرۇغان. يەنى نامازدا. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، زەئىپتۇر.

1112 - [ 7 ] ( ضعيف )وعن عمار بن ياسر : أنه أم الناس بالمدائن وقام على دكان يصلي والناس أسفل منه فتقدم حذيفة فأخذ على يديه فاتبعه عمار حتى أنزله حذيفة فلما فرغ عمار من صلاته قال له حذيفة : ألم تسمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إذا أم الرجل القوم فلا يقم في مقام أرفع من مقامهم أو نحو ذلك ؟ " فقال عمار : لذلك اتبعتك حين أخذت على يدي . رواه أبو داود

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، شەھەردە كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ، دۇككان ئۈستىدە تۇرۇپ ناماز ئوقىدى، كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭدىن پەستە ئىدى، ئاندىن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، قولىدىن تارتتى، ئەممار ئەگەشتى، ھۇزەيفە ئۇنى پەسكە چۈشۈرۈپ قويدى، نامازدىن كېيىن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەممارغا: سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەگەر بىر كىشى قەۋمىگە ئىمام بولۇپ قالسا، قەۋمىنىڭ ئورنىدىن

ئۇستۇن ئورۇندا تۇرۇپ ناماز ئوقىمسۇن، دىگەن سۆزنى ئاڭلىمىغاندۇ؟ دېدى، ئەممار: شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگەشتىمغۇ دېدى. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، بۇ ھەدىسمۇ زەئىپتۇر،

**1113 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن سهل بن سعد الساعدي أنه سئل : من أي شيء المنبر ؟ فقال : هو من أثل الغابة عمله فلان مولى فلانة لرسول الله صلى الله عليه وسلم وقام عليه رسول الله صلى الله عليه وسلم حين عمل ووضع فاستقبل القبلة وكبر وقام الناس خلفه فقرأ وركع وركع الناس خلفه ثم رفع رأسه ثم رجع القهقري فسجد على الأرض ثم عاد إلى المنبر ثم قرأ ثم ركع ثم رفع رأسه ثم رجع القهقري حتى سجد بالأرض . هذا لفظ البخاري وفي المتفق عليه نحوه وقال في آخره : فلما فرغ أقبل على الناس فقال : " أيها الناس إنما صنعت هذا لتأتموا بي ولتعلموا صلاتي "**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنبەر قايسى نەرسىدىن ياسالغان؟ دەپ سورالدى، ئۇمۇنداق دەيدۇ: ئۇنى پالانىنىڭ ئازدكەردە قۇلى چوڭ ئورمانلىقتىكى يۇلغۇن كۆتىكىدىن (ياكى توغراقتىن ) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياساپ بەرگەن ئىدى، مۇنبەر ياسىلىپ قويۇلغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈستىدە قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، نامازغا تەكبىر ئەيتتى ، كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائەت قىلىپ رۇكۇ قىلدى، كىشىلەرمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا رۇكۇ قىلدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن ئارقىسىغا قايتىپ يەرگە سەجدە قىلدى، ئاندىن يەنە مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، قىرائەت قىلىپ رۇكۇقىلدى، (كىشىلەرمۇ رۇكۇ قىلدى،) ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن ئارقىسىغا قايتىپ يەرگە سەجدە قىلدى، نامازدىن پارىغ بولغان چاغدا كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ: ئى ئىنسانلار!ھەقىقەتەن مەن بۇ ئىشنى سىلەرنىڭ ماڭا ئىقتىدا قىلىشىڭلار، مىنىڭ نامىزىمنى ئۆگىنىپ بىلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**1114 - [ 9 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم في حجرته والناس يأتمون به من وراء الحجرة . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ھۇجرىسىدا ناماز ئۇقۇدى، كىشىلەر بولسا ھۇجرىنىڭ ئارقىسىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىقتىدا قىلغان ئىدى.ئەبۇداۋۇد ،سەھىھ.

**1115 - [ 10 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن أبي مالك الأشعري قال : ألا أحدثكم بصلاة رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قال : أقام الصلاة وصف الرجال وصف خلفهم الغلمان ثم صلى م فذكر صلاته ثم قال : " هكذا صلاة " قال عبد العلى : لا أحسبه إلا قال : أمتي " . رواه أبو داود**

ئەبى مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى سۆزلەپ بەرمەيمۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدى بىلەن تەكبىر ئېيتقۇزاتتى، ئاندىن سەپلەرنى تۈزلەيتتى، چوڭلارنىڭ ئارقىسىدا كىچىك باللارنى سەپكە تىزاتتى، ئاندىن نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، مىنىڭ ئۈممىتىمنىڭ نامىزى ئەنە شۇنداق بولىدۇ دىگەن، (ئەبۇ داۋۇد) ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس زەئىپ دىگەن

**1116 - [ 11 ] ( صحيح )وعن قيس بن عباد قال : بينا أنا في المسجد في الصف المقدم فجبذني رجل من خلفي جبذة فنحاني وقام مقامي فوالله ما عقلت صلاتي . فلما انصرف إذا هو أبي بن كعب فقال : يا فتى لا يسوءك الله إن هذا عهد من النبي صلى الله عليه وسلم إلينا أن نليه ثم استقبل القبلة فقال : هلك أهل العقد ورب الكعبة ثلاثا ثم قال : والله ما عليهم آسى ولكن آسى على من أضلوا . قلت يا أبا يعقوب ما تعني بأهل العقد ؟ قال : الأمراء . رواه النسائي**

قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىرچاغدا مەن مەسجىدتە بىرىنجى سەپتە تۇرسام ، ئارقامدىن بىركىشى

منى قاتتىق تارتىپ يىراقلاشتۇرۇۋىتىپ، مىنىڭ ئورنۇمدا تۇرۇۋالدى، **الله** بىلەن قەسەمكى مەن نامىزىمنى قانچىلىك ئۇقۇغىنىمنىمۇ بىلەلمىدىم، نامازدىن قايتقاندا قارىسام ، ناگاھان ئۇ، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن ، ئۇماڭا: ئى يىگىت! **الله** سىنى غەم-ئەندىشىگە سالمىسۇن(خاپا بولمىغىن)ھەقىقەتەن بۇ، يەنى **بىزدەك ئىلىم ئەھلىللىرىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىن تۇرىشىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىزگە قىلىنغان ۋەسىيەتتۇر** ، دىدى. ئاندىن ئۇ قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ : كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى **الله** بىلەن قەسەمكى، ئەقدە ئەھلىللىرى ھالاك بولدى، دەپ ئۈچ قېتىم دىدى. ئاندىن ئۇ: **الله** بىلەن قەسەمكى مەن ئۇلارغا غەم-ئەندىشە، ھەسرەت چەكمەيمەن ، لىكىن مەن ئۇلار ئازدۇرۋەتكەن كىشىلەرگە غەم قىلىمەن دىدى. مەن ئى ئەبا يەئقۇپ! ئەقدە ئەھلىللىرى دىگەنلىرى كىملەر؟ دەپ سوردۇم، ئۇماڭا: ئۇلار ئەمىير ، باشلىقلار دىدى. نەسەئى تويلىغان سەھىھ.

## باب الإمامة - الفصل الأول ئىمام بولۇش توغرىسىدا

**1117 - [ 1 ] ( صحيح )عن أبي مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يؤم القوم أقرؤهم لكتاب الله فإن كانوا في القراءة سواء فأعلمهم بالسنة فإن كانوا في السنة سواء فأقدمهم هجرة فإن كانوا في الهجرة سواء فأقدمهم سنا ولا يؤمن الرجل الرجل في سلطانه ولا يقعد في بيته على تكرمته إلا بإذنه . رواه مسلم . وفي رواية له : ولا يؤمن الرجل الرجل في أهله**

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەۋىم جامائەتكە، ئۇلارنىڭ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا ئالىمراقى، قارىيراقى ئىمام بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار قىرائەتتە ئوخشاش، بارابەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۈننەتكە، ھەدىسكە ئالىمراقى ئىمام بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار سۈننەتتىمۇ بارابەر تەڭ بولسا، ئەڭ بۇرۇن ھىجرەت قىلغانلار ئىمام بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار ھىجرەتتىمۇ بارابەر تەڭ بولسا، يېشى چوڭراقى، شەيىخ، پىشقەدەملىرى ئىمام بولىدۇ. كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ئەھلىدە، سۇلتانلىق ھوقۇق دائىرىسىدە،ئۇنىڭغا ئىمام بولمىسۇن، (شۇ سۇلتان ئۆزى ئىمام بولسۇن)، ئۇنىڭ ئۆيىدە، ئۇنىڭ ئىزنىسىز ئورۇندۇقىدا، تەختىدە ئولتۇرمىسۇن، ئىزنى، رۇخستى بىلەن دۇرۇس بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.

**1118 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كانوا ثلاثة فليؤمهم أحدهم وأحقهم بالإمام أقرؤهم " . رواه مسلم وذكر حديث مالك بن الحويرث في باب بعد باب " فضل الأذان "**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ناماز ئۇقىيدىغانلار ئۈچ كىشى بولسا، بىرسى ئىمام بولسۇن، ئىمامىلىققا لايىقراقى قۇرئانغا ئالىم بولغان قارىيراقىدۇر. مۇسلىم، ئەھمەد ، نەسەئى تويلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن ئۈچ كىشى جامائەت ھېسابلىنىدۇ.

**1119 - [ 3 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليؤذن لكم خياركم وليؤمكم قراؤكم " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ ياخشىڭلار مۇئەززىن بولسۇن، قارىيراقىڭلار ئىمام بولسۇن. ئەبۇ داۋۇد تويلىغان زەئىپ ھەدىستۇر،

**1120 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي عطية العقيلي قال : كان مالك بن الحويرث يأتينا إلى مصلانا يتحدث فحضرت الصلاة يوما قال أبو عطية : فقلنا له : تقدم فصله . قال لنا قدموا رجلا منكم يصلي بكم وسأحدثكم لم لا أصلي بكم ؟ سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من زار قوما فلا يؤمهم وليؤمهم رجل منهم " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي إلا أنه اقتصر على**

**لفظ النبي صلى الله عليه وسلم**

ئەبۇئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ نامازگاھىمىزغا كېلىپ، بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بېرەتتى، بىر كۈنى ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى، بىز ئۇنىڭغا: ئالدىغا ئۆتۈپ ناماز ئوقۇپ بەرگىن دېدۇق، ئۇ بىزگە: سىلەر ئۆزۈڭلاردىن بىركىشىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈڭلار، ئۇ سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرسۇن ، مەن سىلەرگە نېمە ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ بەرمىگەنلىكىمنى ھازىر سۆزلەپ بېرىمەن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «كىم بىرەر قەۋمنى زىيارەت قىلىپ بارسا ، ئۇكىشى ئۇلارغا ئىمام بولمىسۇن، ئۇلارغا ئۆزلىرىدىن بىركىشى ئىمام بولسۇن».
نەسەئى،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھىھ،

**1121 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أنس قال : استخلف رسول الله صلى الله عليه وسلم ابن أم مكتوم يؤم الناس وهو أعمى . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ئابدۇ**اللە** ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىز باسار خەلىپە قىلىپ قويغان ئىدى، **ئابدۇاللە ئىبنى ئۇممى مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ** كىشىلەرگە ئىمام بولغان، ۋە ھالەنكى ئۇ،كۆزى كۆرمەس ئەئما ئىدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان،سەھىھ

**1122 - [ 6 ] ( حسن )وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاثة لا تجاوز صلا م آذانم : العبد الآبق حتى يرجع وامرأة باتت وزوجها عليها ساخط وإمام قوم وهم له كارهون " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشىنىڭ نامىزى قۇلىقىدىن يۇقىرى ئۆرلىمەيدۇ، (يەنى قوبۇل بولمايدۇ)1 ـ قاچقان قۇل، خوجايىنىغا قايتىپ كەلمىگىچە نامىزى قوبۇل ئەمەس، 2 ـ ئېرى غەزەپ قىلىپ، كايىپ، ئاچچىقلىغان ھالدا، ياتقان ئايال كىشى، (يەنى بىللە بولۇشنى رەت قىلغان، ناچارئەخلاقلىق ئايالنىڭ نامىزى قوبۇل ئەمەس)، ئۈچىنچىسى بولسا، بىر قەۋمنىڭ ئىمامى بولۇپ، بۇ قەۋم ئۇنىڭ ئىماملىقىنى ياقتۇرمايدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1123 - [ 7 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاثة لا تقبل منهم صلا م : من تقدم قوما وهم له كارهون ورجل أتى الصلاة دبارا والدبار : أن يأتيها بعد أن تفوته ورجل اعتبد محررة " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، ئۈچ كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل ئەمەس، بىرىنچىسى، قەۋمگە ئىمام بولۇۋالغان، ئەمما قەۋمى ئۇنى ياقتۇرمايدىغان كىشىنىڭ نامىزى، ئىككىنچىسى، نامازغا ۋاختى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، كېچىكىپ كېلىدىغان كىشىنىڭ نامىزى، ئۈچىنچىسى، ھۆر ئىنسانىنى قۇل قىلىۋالغان كىشىنىڭ نامىزى. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**1124 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن سلامة بنت الحر قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من أشراط الساعة أن يتدافع أهل المسجد لا يجدون إماما يصلي م " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه**

سەلامەت بىنتى ھۆر رەزىيەللا ئەنهادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرسى شۇكى، مەسجىد ئەھلى بىر ــ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ئۇلارغا ناماز ئوقۇپ بەرگىدەك ئىمام تاپالمايدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، زەئىپتۇر،

**1125 - [ 9 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الجهاد واجب عليكم مع كل أمير برا**

**كان أو فاجرا وإن عمل الكبائر . والصلاة واجبة عليكم خلف كل مسلم برا كان أو فاجرا وإن عمل الكبائر . والصلاة واجبة على كل مسلم برا كان أو فاجرا وإن عمل الكبائر " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىھاد سىلەرگە ھەرقانداق باشلىق، ئەمىر بىلەن ۋاجىپ، مەيلى ئۇ ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، گەرچە گۇناھى كەبىيرنى قىلسىمۇ، جىھاد يەنىلا ۋاجىپ، ھەرقانداق مۇسۇلمان، ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش سىلەرگە ۋاجىپ، مەيلى ئۇ ياخشى بولسۇن، ياكى پاجىر، يامان بولسۇن گەرچە ئۇ گۇناھى كەبىيرە قىلسىمۇ، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، راستىنلا زەئىپتۇر، چۈنكى، بىزمۇ تەكشۈرۈپ باققان، بىر راۋىيسىدا مەسىلە بار، لېكىن، ئالىملار ياخشى ــ يامان، پاسىق ئىمامنىڭ ئارقىسىدىمۇ ناماز دۇرۇس، لېكىن، كاپىر، مۇناپىق دەپ ھۆكۈم قىلىنسا، دۇرۇس ئەمەس دىگەنگە بىرلىككە كەلگەن.

**1126 - [ 10 ] ( صحيح ) الفصل الثالث) رواه البخاري عن عمرو بن سلمة قال : كنا بماء ممر الناس وكان يمر بنا الركبان نسألهم ما للناس ما للناس ؟ ما هذا الرجل فيقولون يزعم أن الله أرسله أوحى إليه أو أوحى الله كذا . فكنت أحفظ ذلك الكلام فكأنما يغرى في صدري وكانت العرب تلوم بإسلامهم الفتح فيقولون اتركوه وقومه فإنه إن ظهر عليهم فهو نبي صادق فلما كانت وقعة الفتح بادر كل قوم بإسلامهم وبدر أبي قومي بإسلامهم فلما قدم قال جئتكم والله من عند النبي حقا فقال : " صلوا صلاة كذا في حين كذا وصلوا صلاة كذا في حين كذا فإذا حضرت الصلاة فليؤذن أحدكم وليؤمكم أكثركم قرآنا " فنظروا فلم يكن أحد أكثر قرآنا مني لما كنت أتلقى من الركبان فقدموني بين أيديهم وأنا ابن ست أو سبع سنين وكانت علي بردة كنت إذا سجدت تقلصت عني فقالت امرأة من الحي ألا تغطون عنا است قارئكم فاشتروا فقطعوا لي قميصا فما فرحت بشيء فرحي بذلك القميص .**

ئەمرۇئىبنى سەلىمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز كىشىلەر ئۆتۈپ تۇرىدىغان سۇ بار جايدا ياشايتتۇق، يېنىمىزدىن ئاتلىق، ئۇلاغلىق كىشىلەر ئۆتۈپ تۇراتتى، بىز ئۇلاردىن كىشىلەرگە نىمە ئىش بولۇپتۇ؟، كىشىلەرگە نىمە ئىش بولۇپتۇ؟، بۇ قانداق كىشى ئىكەن؟دەپ (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسلام دىنىنى يېڭىدىن ئاشكارا قىلغانلىقى توغرىسىدا) سوراپ تۇراتتۇق، ئۇلار:ئۇكىشى، **الله** نىڭ ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ۋەھى قىلغانلىقىنى ، مۇنداق ـ مۇنداق ۋەھى قىلغانلىقىنى داۋا قىلىدىكەن دېيىشتى، مەن ئاشۇ سۆزلەرنى (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىنى ) يادا ئېلىۋالاتتىم، ئۇ سۆزلەر خۇددى (تاشقا مو باسقاندەك) قەلبىمگە بىكىپ كىتەتتى، ئەرەبلەر مۇسۇلمان بۇلۇشلىرىدا، مەككىنىڭ پەتھى (ئىشغال) قىلىنىشىنى كۈتۈپ:ئۇ كىشىنى قەۋمى بىلەن قويۇۋىتىڭلار، ئەگەر ئۇ ئۇلار ئۈستىدىن غالىپ كەلسە، ئۇ ھەقىقى راسچىل پەيغەمبەر بۇلىدۇ دەيتتى، مەككىنى پەتھى قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، ھەر بىر قەۋم مۇسۇلمان بۇلۇشلىرىغا ئالدىرىشىپ كەتتى، دادام، قەۋمىمنىڭ مۇسۇلمان بۇلىشىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بۇلۇپ كەلگەندە : **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە ھەق پەيغەمبەرنىڭ يېنىدىن كەلدىم، ئۇ بىزگە: پالانى نامازنى پالانى ۋاقىتتا ئوقۇڭلار، پالانى نامازنى پالانى ۋاقىتتا ئوقۇڭلار.......ناماز ۋاقتى بولغاندا بىرىڭلار ئەزان تولسۇن، سىلەرگە قۇرئاننى ئەڭ كۆپ يادا بىلىدىغىنىڭلار ئىمام بولسۇن دىگەن، دىدى. ئۇلار قاراپ بېقىشتى، ھېلىقى ئۇلاغلىق كارۋانلاردىن قۇرئان ئايىتىنى كۆپ يادا ئېلىۋالغانلىقىمدىن، مەندىنمۇ قۇرئاننى كۆپرەك يادا بىلىدىغان بىرەر كىشى تېپىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ ئىمام قىلىشتى، مەن شۇچاغدا ئالتە ياكى يەتتە ياشتا ئىدىم، ئۇستۇمدە بىرلا تون بارئىدى، سەجدە قىلغان چېغىمدا، ئۇ تون مەندىن يىغىلىپ ئېچىلىپ قالاتتى، ھەيي قەبىلىسىدىن بىر ئايال:قارىي ئىماملارنىڭ ئەۋرىتىنى بىزدىن ياپماسىلەر؟ دىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەخت سېتىۋېلىپ، ماڭا بىر كوڭلەك پىچىپ بەردى، مەن ئاشۇ كوڭلەككە خۇشال بولغانداك، بىرەر نەرسىگە خۇشال بۇلۇپ باقمىغان ئىدىم. بۇخارى 3963 ـ ھەدىس سەھىھ.

**1127 - [ 11 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : لما قدم المهاجرون الأولون المدينة كان يؤمهم سالم مولى أبي حذيفة وفيهم عمر وأبو سلمة بن عبد الأسد . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: تۇنجى قېتىم ھىجرەت قىلغان ئەۋۋەلقى مۇھاجىرلار مەدىنىگە كەلگەندە، ئۇلارغا ئەبۇ ھۇزەيپەنىڭ ئازادكەردە قۇلى سالىم رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئىمام بولاتتى،ۋەھالەنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (يەنى ئىقتىدا قىلغانلار ئارىسىدا) ئۆمەر، ئەبۇسەلەمەت ئىبنى ئابدۇلئەسەد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇملارمۇ بار ئىدى . (چۈنكى سالىم رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ قۇرئاننى كۆپ يادا بىلەتتى) بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

**1128 - [ 12 ] ( حسن )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاثة لا ترفع لهم صلا م فوق رؤوسهم شبرا : رجل أم قوما وهم له كارهون وامرأة باتت وزوجها عليها ساخط وأخوان متصارمان " . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ نامىزى بېشىدىن بىر غېرىچ يۇقىرى ئۆرلىمەيدۇ، (يەنى قوبۇل بولمايدۇ) 1 ـ قەۋمىگە ئىمام بولغان كىشى بۇلۇپ، بۇ قەۋم ئۇنىڭ ئىماملىقىنى ياقتۇرمايدۇ. 2 ـ ئېرى غەزەپ قىلىپ، كايىپ، ئاچچىقلىغان ھالدا، ياتقان ئايال كىشى، (يەنى بىللە بولۇشنى رەت قىلغان، ناچارئەخلاقلىق ئايالنىڭ نامىزى قوبۇل ئەمەس)،3 ـ ئۆزئارا سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈشۈتكەن، ئۈچ ـئاداۋەتتىكى ئىككى قېرىنداشنىڭمۇ، نامىزى قوبۇل ئەمەس.
ئىبنى ماجەتوپلىغان ھەسەن.

| ئىمامنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا | **باب ما على الإمام - الفصل الأول** |
|---|---|

**1129 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أنس قال : ما صليت وراء إمام قط أخف صلاة ولا أتم صلاة من النبي صلى الله عليه وسلم وإن كان ليسمع بكاء الصبي فيخفف مخافة أن تفتن أمه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ نامىزى ئەڭ يەڭگىللراق ۋە كامىلراق بىرەر ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ھەرگىز ناماز ئوقۇپ باقمىدىم، (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزى، يەڭگىل ھەم ئەڭ كامىل، تولۇق ئىدى) ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بالىنىڭ ئانىسىنىڭ نامازدىن خۇشۇئىنى ئۈزۈپ قويۇشىدىن ، غەم قىلىپ نامازنى كامىل ئوقۇيالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، نامازنى قىسقا، يەڭگىل ئوقۇيتتى. ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم .

**1130 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي قتادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني لأدخل في الصلاة وأنا أريد إطالتها فأسمع بكاء الصبي فأتجوز في صلاتي مما أعلم من شدة وجد أمه من بكائه " . رواه البخاري**

ئەنەس،ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ناماز ئىچىگە كىرىپ، ئۇزۇن ئوقۇشنى ئىرادە قىلىمەن، ئاندىن كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ بالىنىڭ يىغىسىدىن ئانىسىنىڭ قاتتىق غەم قىلغىنىنى بىلگەنلىكىمدىن نامىزىمنى يەڭگىل، قىسقا ئوقۇيمەن، بۇخارى 668 ـ ھەدىس، مۇسلىم 723 ـ ھەدىس، تىرمىزى 343 ـ ھەدىس، نەسەئى 1123 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 754 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 979 ـ ھەدىس، ئەھمەدتە بۇ ھەدىس 26 قېتىم كېلىدۇ، 12377 ـ ھەدىسلەر سەھىھ، بەيھەقى، دارمى 1232 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**1131 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا صلى أحدكم**

**الناس فليخفف فإن فيهم السقيم والضعيف والكبير . وإذا صلى أحدكم لنفسه فليطول ما شاء "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسە، يەڭگىل ئوقۇپ بەرسۇن، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجىز، كېسەل، قېرى كىشىلەر باردۇر، يالغۇز ئوقۇغاندا، خالىغانچە ئۇزۇن ئوقۇۋالسۇن. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ. شام نامىزىدا سۈرە شەمسى، سۈرە لەيلى، سۈرە تۈرنى ئوقىسىمۇ يەڭگىل ئوقۇغان بولىدۇ.

**1132 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن قيس بن أبي حازم قال : أخبرني أبو مسعود أن رجلا قال : والله يا رسول الله إني لأتأخر عن صلاة الغداة من أجل فلان مما يطيل بنا فما رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم في موعظة أشد غضبا منه يومئذ ثم قال : " إن منكم منفرين فأيكم ما صلى بالناس فليتجوز : فإن فيهم الضعيف والكبير وذا الحاجة "**

قىيس رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ؛ماڭا ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق خەۋەر قىلدى،بىركىشى:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله بىلەن قەسەمكى، پالانىنىڭ بىزگە نامازنى بەكمۇ ئۇزۇن ئۇقۇتتىشىنىڭ جەھتىدىن مەن ئەتىگەنلىك نامازدىن كىچىكىپ كىيىن قالىمەن دىدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ كۈنىدىكىدەك قاتتىق غەزەپ قىلىپ تۇرۇپ، ۋەز-نەسىھەت قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن ئىدىم،ئاندىن مۇنداق دىدى: ئى ئىنسانلار! سىلەردىن نەپرەتلەندۈرگۈچى، كىشىلەرنى قاچۇرۇۋەتكۈچى بار ئىكەن، قايسىڭلار كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ نامازئوقۇپ بەرسە، نامازنى قىسقا، يەڭگىل ئوقۇپ بەرسۇن، چۈنكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئاجىز، كېسەل،قېرى، ھاجەت ئىگىسى باردۇر،دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1133 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يصلون لكم فإن أصابوا فلكم وإن أخطئوا فلكم وعليهم " . رواه البخاري وهذا الباب خال عن الفصل الثاني**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇ ئىماملار سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ، ئەگەر توغرا قىلسا، ئۆزى ئۈچۈن ھەم سىلەر ئۈچۈنمۇ بولىدۇ، ئەگەر خاتا قىلسا، سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بولىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. شۇڭا،ئىمام كاپىر، مۇناپىق بولمىسىلا، ئىقتىدا قىلىۋېرىڭلار، ئەگەر كاپىر ياكى مۇناپىق بولسا، ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

**1134 - [ 6 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن عثمان بن أبي العاص قال : آخر ما عهد إلي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أممت قوما فأخف م الصلاة " . رواه مسلم وفي رواية له : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال له : " أم قومك " . قال : قلت يا رسول الله إني أجد في نفسي شيئا . قال : " ادنه " . فأجلسني بين يديه ثم وضع كفه في صدري بين ثديي ثم قال : " تحول " . فوضعها في ظهري بين كتفي ثم قال : " أم قومك فمن أم قوما فليخفف فإن فيهم الكبير وإن فيهم المريض وإن فيهم الضعيف وإن فهيم ذاالحاجة فإذا صلى أحدكم وحده فليصل كيف شاء "**

ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ۋەسىيەت قىلغان نەرسىنىڭ ئەڭ ئاخىرى مۇنداق دىيىشى ئىدى:كىشىلەرگە ئىمام بولساڭ، ئۇلارغا نامازنى قىسقا،يەڭگىل ئۇقۇپ بەرگىن. يەنە بىرخاتىردە، ماڭا: قەۋمىڭگە ئىمام بولغىن دىدى.مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن قەلبىمدە ۋەسۋەسىدىن بىر نەرسىنى ھىس قىلىپ تاپىمەن دىسەم، ماڭا:يېقىن كەل ! دەپ، مىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئالقىنىنى كۆكسۈمگە قويىدى، ئاندىن: ئۆرىلىپ ئارقاڭنى قىل دەپ ، ئالقىنىنى ئىككى تاغىقىم ئارىسىغا قويىدى، ئاندىن : قەۋمىڭگە ئىمام بولغىن، كىم بىرەرقەۋمگە ئىمام بولسا، نامازنى يەڭگىل ئوقۇپ بەرسۇن، ھەققەتەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېرى ئاجىزلار، كېسەللەر، زەئىپ، ئاجىز كىشىلەر، ھاجەت ئىگىلىرى

باردۇر، بىرىڭلار نامازنى ئۆزى يالغۇز ئوقىغاندا، ئۆزى خالىغانچە ئۇزۇن ئوقۇۋالسۇن،دېدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1135 - [ 7 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يأمرنا بالتخفيف ويؤمنا ب ( الصافات ) رواه النسائي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى، نامازنى يەڭگىل ئوقۇپ بىرىشىمىزگە بۇيرىيتتى، ئۆزى بولسا، بىزگە سۈرە سافغات بىلەن ئىمام بولاتتى. نەسەئى توپلىغان سەھىھ.( يەنى سۈرە ساپپاتنىڭ ئوخشىشى بىلەن ناماز ئوقۇش، سۈرەبەقەرە، نىسائىلاردىن يەڭگىلدۇر)

## باب ما على المأموم من المتابعة وحكم المسبوق

## جامائەتنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا

**1136 - [ 1 ] ( متفق عليه ) - الفصل الأول عن البراء بن عازب قال : كنا نصلي خلف النبي صلى الله عليه وسلم فإذا قال : " سمع الله لمن حمده " . لم يحن أحد منا ظهره حتى يضع النبي صلى الله عليه وسلم جبهته على الأرض**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيتتۇق، رەسۇلۇللاھ :«سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ»دېگەن چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىشانىسىنى يەرگە قويۇپ بولمىغىچە، بىزنىڭ بىرىمىز ئۈچىسىنى ئەگمەيتتى.بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1137 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أنس قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات يوم فلما قضى صلاته أقبل علينا بوجهه فقال : أيها الناس إني إمامكم فلا تسبقوني بالركوع ولا بالسجود ولا بالقيام ولا بالانصراف : فإني أراكم أمامي ومن خلفي " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئوقۇپ بىرىپ ، نامىزنى ئاخىرلاشتۇرغاندا،مۇبارەك يۈزى بىلەن بىزگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ ئىمامىڭلار، سىلەر مەندىن رۇكۇ، سەجدىدە، ئولتۇرۇپ قوپۇشلاردا، ھەتتا نامازدىن قايتىشلاردىمۇ ئىلگىرلەپ كەتمەڭلار، مەندىن بۇرۇن قىلىۋالماڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ئالدىم تەرەپتىن ۋە ئارقام تەرەپتىنمۇ كۆرەلەيمەن، (جىمنىم قول ئىلىكىدە بولغان زات، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن كۆرگەننى كۆرگەن بولساڭلار، مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1138 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تبادروا الإمام إذا كبر فكبروا وإذا قال : ولا الضالين . فقولوا : آمين وإذا ركع فاركعوا وإذا قال : سمع الله لمن حمده فقولوا : اللهم ربنا لك الحمد " إلا أن البخاري لم يذكر : " وإذا قال : ولا الضالين "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمامدىن بۇرۇن ئالدىراپ كەتمەڭلار، ئىمام تەكبىر ئېيتسا تەكبىر ئېيتىڭلار، «ۋەلەززالىين!» دېسە، ئامىين! دەڭلار، رۇكۇ قىلسا رۇكۇ قىلىڭلار، «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دېسە، «ئاللاھۇممە رەببەنا لەكەلھەمدۇ» دەڭلار، ئىمامدىن

بۇرۇن بېشىڭلارنى كۆتۈرمەڭلار. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1139 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أنس : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم ركب فرسا فصرع عنه فجحش شقه الأيمن فصلى صلاة من الصلوات وهو قاعد فصلينا وراءه قعودا فلما انصرف قال : " إنما جعل الإمام ليؤتم به فإذا صلى قائما فصلوا قياما فإذا ركع فاركعوا وإذا رفع فارفعوا وإذا قال سمع الله لمن حمده فقولوا ربنا ولك الحمد وإذا صلى جالسا فصلوا جلوسا أجمعون "قال الحميدي : قوله : " إذا صلى جالسا فصلوا جلوسا " هو في مرضه القديم ثم صلى بعد ذلك النبي صلى الله عليه وسلم جالسا والناس خلفه قيام لم يأمرهم بالقعود وإنما يؤخذ بالآخر فالآخر من فعل النبي صلى الله عليه وسلم . هذا لفظ البخاري . واتفق مسلم إلى أجمعون . وزاد في رواية : " فلا تختلفوا عليه وإذا سجد فاسجدوا "**

ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، بىرقېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتقا مىنىپ ، ئاندىن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ،ئوڭ يېنى جاراھەتلىنىپ، نامازنى ئولتۇرغان ھالدا ئوقۇپ بەردى، بىزمۇ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ھالدا ناماز ئوقىدۇق، نامازدىن پارىغ بولغاندا مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن ئىمام ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن قىلىندى، ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقىسا، سىلەرمۇ ئارقىسىدا ئۆرە تۇرۇپ نامازئوقۇڭلار،تەكبىر ئېيتسا تەكبىر ئېيتىڭلار،رۇكۇ قىلسا، رۇكۇ قىلىڭلار، بېشىنى كۆتۈرسە ئاندىن سىلەرمۇ كۆتۈرۈڭلار، سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە، سىلەر؛ ئاللاھۇممە رەببەنا لەكەلھەمدۇ دەڭلار، سەجدە قىلسا، سەجدە قىلىڭلار، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، سىلەرمۇ، ھەممىڭلار ئولتۇرغان ھالدا ناماز ئوقۇڭلار.ھۇمەيدى:« ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، سىلەرمۇ، ھەممىڭلار ئولتۇرغان ھالدا ناماز ئوقۇڭلار » دېگىنى قەدىقى، بۇرۇنقى كېسىلىدە دېگەن سۆزىدۇر، ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ ، كىشىلەر ئارقىسىدا ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقىغان، كىشىلەرنى ئولتۇرۇشقا بۇيرىمىغان ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېيىنكى قىلىقى ئېلىنىدۇ،دېگەن. مالىك، ئەھمەد، بۇخارى648 ـ ، مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىم 629 ــ ھەدىسدىن باشلاپ، 638 ــ ھەدىسكىچە مەخسۇس باب تۈزۈپ، ئىمام ئولتۇرۇپ ئوقۇسا جامائەتمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇش مەنسۇخ، كۆچكە ئىگە ئەمەس، كۆچكە ئىگە ھەدىسلەر مانا مۇشۇلار دەپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئولتۇرۇپ، ساھابىلارنىڭ بولسا، ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىنىنى كەلتۈرگەن،تۈۋەنگە قاراڭ).

**1140 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : لما ثقل رسول الله صلى الله عليه وسلم جاء بلال يوذنه لصلاة فقال : " مروا أبا بكر أن يصلي بالناس " فصلى أبو بكر تلك الأيام ثم إن النبي صلى الله عليه وسلم وجد في نفسه خفة فقام يهادى بين رجلين ورجلاه يخطان في الأرض حتى دخل المسجد فلما سمع أبو بكر حسه ذهب أخر فأومأ إليه رسول الله صلى الله عليه وسلم أن لا يتأخر فجاء حتى يجلس عن يسار أبي بكر فكان أبو بكر يصلي قائما وكان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي قاعدا يقتدي أبو بكر بصلاة رسول الله صلى الله عليه وسلم والناس مقتدون بصلاة أبي بكر وفي رواية لهما : يسمع أبو بكر الناس التكبير**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ كەتكەندە، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازغا چاقىرىپ كەلسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇڭلار دېدى. شۇ كۈنلەردە كىشىلەرگە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقۇپ بەردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسىلىدىن سەل ساقىيىپ، ئۆزۈۋۇجۇدىدا يەڭگىللىكنى ھىس قىلىپ، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئىككى پۇتى بىلەن يەرنى جىجىپ، سىزىق سىزغان ھالدا مەسجىدكە كىرىپ كەلدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەلگەنلىك شەپىسنى ئاڭلاپ، ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا، ئارقىسىغا چېكىنمەسلىككە ئىشارەت قىلىپ، كېلىپ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇردى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆرە تۇرغان ھالدا ناماز ئوقۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئولتۇرغان ھالدا ناماز ئوقۇدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىغا ئىقتىدا قىلدى، كىشىلەر ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نامىزىغا ئىقتىدا قىلدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگەتەكبىرنى ئاڭلاتتى. بۇخارى،مۇسلىم، سەھىھ.

**1141 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أما يخشى الذي يرفع رأسه قبل الإمام أن يحول الله رأسه رأس حمار "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بېشىنى ئىمامدىن بۇرۇن كۆتۈرگەن كىشى، ئاللاھنىڭ، ئۇ كىشىنىڭ بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىدىن (ياكى ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن) قورقمامدۇ؟ . بۇ ھەدىسنى بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئىمامدىن بۇرۇن باش كۆتۈرۈش ياكى بېشىنى قويۇش چەكلىنىدۇ.

**1142 - [ 7 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن علي ومعاذ بن جبل رضي الله عنهما قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أتى أحدكم الصلاة والإمام على حال فليصنع كما يصنع الإمام " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەلى، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى نامازغا كەلسە، ئىمام نېمە ئىش قىلىۋاتقان بولسا، شۇ ئىشنى قىلسۇن، (يەنى رۇكۇدا بولسا، رۇكۇ، سەجدىدە بولسا سەجدە قىلسۇن)، تىرمىزي توپلىغان، سەھىھ

**1143 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا جئتم إلى الصلاة ونحن سجود فاسجدوا ولا تعدوه شيئا ومن أدرك ركعة فقد أدرك الصلاة " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:سىلەر نامازغا كەلگەن چاغدا، بىز سەجدىدە تۇرغان بولساق، سىلەرمۇ سەجدە قىلىڭلار، لېكىن بۇ سەجدىنى نامازدىن بىرەر نەرسىگە ھېسابلىماڭلار، كىم بىر رەكئەتنى تاپسا، نامىزىنى تاپقان بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**1144 - [ 9 ] ( حسن )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى لله أربعين يوما في جماعة يدرك التكبيرة الأولى كتب له براءتان : براءة من النار وبراءة من النفاق " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا، 40 كۈن نامازنى جامائەت ئىچىدە، تەكبىرۇلئۇۋلانى تېپىپ ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ئىككى قۇتۇلۇش بىرازلىق يېزىلىدۇ، بىرى دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش، يەنە بىرى بولسا، مۇناپىقلىقدىن قۇتۇلۇش يېزىلىدۇ. (سۈرە فاتىھە تۈگەشتىن بۇرۇن ئىمامغا ئىقتىدا قىلالىسا،ياكى رۇكۇدىن بۇرۇن ئۈلگۈرسە، تەكبىرولئۇۋلانى يەنى تۇنجى تەكبىرنى تاپقان بولىدۇ) تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. ئەلۋەتتە جامائەت بىلەن بەش نامازنى ئوقۇسا، دوۋزاخدىن قۇتۇلىدۇ، مۇناپىق ھېسابلانمايدۇ، بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىس بولغاچقا، بۇ زەئىپ ھەدىس ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

**1145 - [ 10 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من توضأ فأحسن وضوءه ثم راح فوجد الناس قد صلوا أعطاه الله مثل أجر من صلاها وحضرها لا ينقص ذلك م أجورهم شيئا . رواه أبو داود والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى

ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن مەسجىدگە مېڭىپ، كىشلەرنى ناماز ئوقۇپ بولغان ھالەتتە تاپسمۇ، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە شۇ نامازنى جامائەتكە ھازىر بولۇپ ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، جامائەتنىڭ ساۋابىدىن ھېچنەرسە كاملىتىلماستىن تولۇق بېرىلىدۇ، (ئەممەلەر نىيەت بىلەن دىگەن شۇ دە!). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1146 - [ 11 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : جاء رجل وقد صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " ألا رجل يتصدق على هذا فيصلي معه ؟ " فقام رجل فيصلى معه " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى (نامازغا)كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئۇقۇپ بولغان ئىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇنىڭ بىلەن بىللە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق، ماۋۇ كىشىگە سەدىقە قىلىدىغان (ئۆزىگىمۇ كۆپ ئەجىر ئالىدىغان) كىشى يوقمۇ؟،دىدى. ئاندىن بىر كىشى تۇرۇپ، ئۇكىشى بىلەن بىللە ناماز ئۇقىدى. ئەھمەد،تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھى، نەپلىنى پەرزگە ياكى نەپلىگە ئىقتىدا قىلسا بولىدۇ.

**1147 - [ 12 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )**

**عن عبيدالله بن عبدالله بن عتبة قال : دخلت على عائشة فقلت ألا تحدثيني عن مرض رسول الله صلى الله عليه وسلم قالت بلى ثقل النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " أصلى الناس ؟ " قلنا لا يا رسول الله وهم ينتظرونك فقال : " ضعوا لي ماء في المخضب " قالت ففعلنا فاغتسل فذهب لينوء فأغمي عليه ثم أفاق فقال صلى الله عليه وسلم : " أصلى الناس ؟ " قلنا لا هم ينتظرونك يا رسول الله قال : " ضعوا لي ماء في المخضب " قالت فقعد فاغتسل ثم ذهب لينوء فأغمي عليه ثم أفاق فقال : " أصلى الناس ؟ " قلنا لا هم ينتظرونك يا رسول الله فقال : " ضعوا لي ماء في المخضب " فقعد فاغتسل ثم ذهب لينوء فأغمي عليه ثم أفاق فقال : " أصلى الناس " . قلنا لا هم ينتظرونك يا رسول الله والناس عكوف في المسجد ينتظرون النبي صلى الله عليه وسلم لصلاة العشاء الآخرة . فأرسل النبي صلى الله عليه وسلم إلى أبي بكر بأن يصلي بالناس فأتاه الرسول فقال إن رسول الله صلى الله عليه وسلم يأمرك أن تصلي بالناس فقال أبو بكر وكان رجلا رقيقا يا عمر صل بالناس فقال له عمر أنت أحق بذلك فصلى أبو بكر تلك الأيام ثم إن النبي صلى الله عليه وسلم وجد من نفسه خفة وخرج بين رجلين أحدهما العباس لصلاة الظهر وأبو بكر يصلي بالناس فلما رآه أبو بكر ذهب ليتأخر فأومأ إليه النبي صلى الله عليه وسلم بأن لا يتأخر قال : " أجلساني إلى جنبه " فأجلساه إلى جنب أبي بكر والنبي صلى الله عليه وسلم قاعد . قال عبيدالله : فدخلت على عبدالله بن عباس فقلت له ألا أعرض عليك ما حدثتني به عائشة عن مرض رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قال هات فعرضت عليه حديثها فما أنكر منه شيئا غير أنه قال أسمت لك الرجل الذي كان مع العباس قلت لا قال هو علي رضي الله عنه**

ئۇبەيدىللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ:ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسلى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمەمسىز؟ دىسەم، ئۇماڭا:بولىدۇ سۆزلەپ بىرەي دەپ مۇنداق دىدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسلى ئېغىرلاپ كەتكەندە:كىشلەر ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ دىدى. بىز : ياق يارەسۇلەاللە! ، تېخى ئۇلار سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ دىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ماڭا داستا سۇ قۇيۇپ بىرىڭلار دىدى. بىز شۇنداق قىلدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇيۇنۇپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلشۇدى ھۇشىدىن كەتتى، ئاندىن ھۇشىغا كىلىپ: كىشلەر ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ دىدى. بىز : ياق يارەسۇلەاللە! ، ئۇلار تېخىچە سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ دىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ماڭا داستا سۇ قۇيۇپ بىرىڭلار دىدى. بىز شۇنداق قىلدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم داستا ئولتۇرۇپ يۇيۇنۇپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلشۇدى ھۇشىدىن كەتتى، ئاندىن

هۇشغا كىلىپ: كىشلەر ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ دىدى. بىز : ياق يارەسۇلەﷲ! ، ئۇلار تېخىچە سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ دىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ماڭا داستا سۇ قۇيۇپ بىرىڭلار دىدى. بىز شۇنداق قىلدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم داستا ئولتۇرۇپ يۇيۇنۇپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى يەنەھۇشىدىن كەتتى، ئاندىن هۇشغا كىلىپ يەنە: كىشلەر ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ دىدى. بىز : ياق يارەسۇلەﷲ! ، ئۇلار تېخىچە سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ دىدۇق، كىشلەر مەسجىدتە مەھكەم ئولتۇرۇپ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇپتەن نامىزىغا چىقىشىنى ساقلاۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنى كىشلەرگە ناماز ئوقۇپ بىرىشكە بۇيرۇپ، ئادەم ئەۋەتتى، ئەۋەتىلگەن كىشى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ قېشىغا كىلىپ: رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىنى كىشلەرگە ناماز ئوقۇپ بىرىشكە بۇيرىدى،دىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ قەلبى بەكلا يۇمشاق كىشى ئىدى ، ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا:نامازنى سەن ئوقۇپ بەرگىن دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۇنىڭغا:شۇنىڭغا سەنلا لايىق، هەقلىقسەن دىدى. شۇ كۈنلەردە كىشلەرگە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ناماز ئوقۇپ بەردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىسىلىدىن سەل ساقىيىپ، ئۆزۋۇجۇدىدا يەڭگىللىكنى هىس قىلىپ، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ـ ئۇلارنىڭ بىرسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئىدى ـ (ئىككى پۇتى بىلەن يەرنى جىجىپ، سىزىق سىزغان هالدا)پىشىن نامىزىغا مەسجىدكە چىقتى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ كىشلەرگە ناماز ئوقۇپ بىرىۋاتاتتى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپ، ئارقىغا چىكىنىشكە باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا، ئارقىسىغا چېكىنمە سىلىكىگە ئىشارەت قىلىپ: منى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار،دىدى.ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان هالدا ناماز ئوقۇدى. ئۇبەيدىللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئابدۇﷲ ئىبنى ئاببانس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا: مەن ساڭا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىسىلى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن هەدىسىنى تەڭلەپ تىڭشاتمايمۇ؟ دىسەم، ئۇماڭا:قېنى ئوتتۇرىغا قويۇپ دەپ باققىن دىدى. مەن ئۇنىڭغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ هەدىسىنى تەڭلەپ تىڭشاتتىم، ئۇ بۇهەدىستىن هېچ نەرسىنى ئىنكار قىلمىدى، پەقەت ئۇماڭا: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ساڭا، ئاببانس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بىلەن بىرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يۆلەپ ماڭغان كىشىنىڭ ئىسمىنى دەپ بەردىمۇ؟ دىدى، مەن: ياق، دەپ بەرمىدى دىسەم، ئۇماڭا:ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئىدى، دىدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1148 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة أنه كان يقول : " من أدرك الركعة فقد أدرك السجدة ومن فاتته قراءة أم القرآن فقد فاته خير كثير " . رواه مالك**

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، ئۇ مۇنداق دەيتتى: كىم بىر رەكئەتنى(ياكى رۇكۇنى) تاپسا، سەجدىنىمۇ (يەنى نامازنى) تاپقان بولىدۇ، سۈرە فاتىھەنىڭ قىرائىتى ئۆتۈپ كەتكەن كىشىدىن نۇرغۇن ياخشىلىق ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ، ئىمامنىڭ ئالدىدا ئىمامدىن بۇرۇن بېشىنى كۆتۈرگەن ياكى پەس قىلغان كىشىنىڭ چېكىسى، بېشى شەيتاننىڭ قولىدا بولىدۇ. ئىمام مالىك توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**1149 - [ 14 ] ( ضعيف )وعنه قال : الذي يرفع رأسه ويخفضه قبل الإمام فإنما ناصيته بيد الشيطان " . رواه مالك**

ئىمامنىڭ ئالدىدا، ئىمامدىن بۇرۇن بېشىنى كۆتۈرگەن ياكى پەس قىلغان كىشىنىڭ چېكىسى، بېشى شەيتاننىڭ قولىدا بولىدۇ، ئىمام مالىك توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**باب من صلى صلاة مرتين - الفصل الأول**

## بىر نامازنى ئىككى قېتىم ئوقۇش مەسلىسى توغرىسىدا

**1150 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن جابر قال : كان معاذ بن جبل يصلي مع النبي صلى الله عليه وسلم ثم يأتي قومه فيصلي م**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مۇئازئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن قەۋمىگە كېلىپ، ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرەتتى. ئىمام بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**1151 - [ 2 ] ( صحيح )وعنه قال : كان معاذ يصلي مع النبي صلى الله عليه وسلم العشاء ثم يرجع إلى قومه فيصلي م العشاء وهي له نافلة . أخرجه الشافعي في مسنده والطحاوي والدارقطني والبيهقي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مۇئازئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن قەۋمىگە قايتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئىمام بولۇپ، يانا شۇ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بېرەتتى، بۇ ناماز ئۇنىڭغا نەپلە (زىيادە) بولاتتى. شاپىئى، تەھاۋىي، دارقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.(مانا بۇ بىر نامازنى ئىككى قېتىم ئوقۇشتۇر)

**1152 - [ 3 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن يزيد بن الأسود قال : شهدت مع النبي صلى الله عليه وسلم حجته فصليت معه صلاة الصبح في مسجد الخيف فلما قضى صلاته وانحرف فإذا هو برجلين في آخر القوم لم يصليا معه قال : " علي بهما " فجيء بهما ترعد فرائصهما فقال : " ما منعكما أن تصليا معنا ؟ " . فقالا : يا رسول الله إنا كنا قد صلينا في رحالنا . قال : " فلا تفعلا إذا صليتما في رحالكما ثم أتيتما مسجد جماعة فصليا معهم فإنها لكما نافلة " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

يەزىيد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ھەججىگە قاتنىشىپ، بامدات نامىزىنى خىيف مەسجىدىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئوقۇغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ قايىتقاندا، ناگاھان ئۆزى بىلەن بىللە ناماز ئوقىماي، كىشلەرنىڭ ئارقىسىدا ئايرىم ئولتۇرغان ئىككى كىشىنى كۆرۈپ:ئۇ ئىككىسىنى قېشىمغا ئېلىپ كىلىڭلار دىدى. ئۇلار كەلتۇرۇلدى، ۋەھالەنكى ئۇلارنىڭ قورىققىنىدىن بەدەنلىرى، تاغاق ئارىسىدىكى گۆشلىرى تىترەۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:بىز بىلەن بىللە ناماز ئوقۇ شۇ ڭلاردىن سىلەرنى نىمە توستى ؟ دىدى. ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز ئۆيىمىزدە ناماز ئوقۇپ بولۇپتىكەنمىز دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:بۇنىڭدىن كىيىن ئۇنداق قىلماڭلار، ئۆيۈڭلاردا ناماز ئوقۇپ بولۇپ ، ئاندىن جامائەت مەسجىدگە كەلسەڭلار، ئۇلار بىلەنمۇ ناماز ئوقۇڭلار، بۇ سىلەرگە نەپلە بولىدۇ،دىدى. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**1153 - [ 4 ] الفصل الثالث ( صحيح )وعن بسر بن محجن عن أبيه أنه كان في مجلس مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فأذن بالصلاة فقام رسول الله صلى الله عليه وسلم فصلى ورجع ومحجن في مجلسه فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما منعك أن تصلي مع الناس ؟ ألست برجل مسلم ؟ " فقال : بلى يا رسول الله ولكني كنت قد صليت في أهلي فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا جئت المسجد وكنت قد صليت فأقيمت الصلاة فصل مع الناس وإن كنت قد صليت . رواه مالك والنسائي**

بۇسرئىبنى مىهجەن رەھ مۇنداق دەيدۇ:دادام مىهجەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر مەجلىسدە ئولتۇرسا، نامازغا ئەزان تولنىپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ، نامازئوقۇپ قايتىپ كەلسە، مىهجەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇئورۇندا ئولتۇرغۇدەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: كىشلەربىلەن بىللە ناماز ئۇقۇۋشۇڭدىن سىنى نىمە توستى ؟،سەن مۇسۇلمان كىشى ئەمەسمۇ؟ دىدى. مىھجەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەلۋەتتە مەن مۇسۇلمان، لىكىن مەن ئۆيىمدە ناماز ئۇقۇپ بۇلۇپتىكەنمەن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:سەن ناماز ئۇقۇپ بۇلۇپ، ئاندىن جامائەت بار مەسجىدكە كەلگەندە، نامازغا تەكبىرئەيتىلسا، گەرچە سەن ناماز ئوقۇپ بولغان بولساڭمۇ، كىشلەر بىلەن بىرگە يەنە ناماز ئوقۇغىن، دىدى. مالىك، شاپىئى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**1154 - [ 5 ] ( ضعيف )وعن رجل من أسد بن خزيمة أنه سأل أبا أيوب الأنصاري قال : يصلي أحدنا في م له الصلاة ثم يأتي المسجد وتقام الصلاة فأصلي معهم فأجد في نفسي شيئا من ذلك فقال أبو أيوب : سألنا عن ذلك النبي صلى الله عليه وسلم قال : " فذلك له سهم جمع " . رواه مالك وأبو داود**

ئەسەد ئىبنى خۇزەيمىدىن، بىر ئەر، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىدىن مۇنداق سورايدۇ، مەن ئۆيۈمدە ناماز ئوقۇپ، ئاندىن مەسجىدگە كەلسەم، يەنە شۇ نامازلارغا تەكبىر ئېيتىلىدۇ، مەن ئۇلار بىلەنمۇ يەنە ناماز ئوقيمەن، لېكىن، ئىچىمدە بىر نەرسىنى تاپىمەن، يەنى كۆڭلۈم خاتىرجەم ئەمەس، بىئارام بولىمەن، ئەبۇ ئەييۇب بىزمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشۇ مەسىلە توغرىلىق سورىغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاشۇ بولسا بىرلەشكەن نىسىۋىدۇر دىدى، يەنى ھەر ئىككىسگە ساۋاب بار ئىكەن، بۇ ھەدىسنى مالىك، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1155 - [ 6 ] ( صحيح )وعن يزيد بن عامر قال : جئت رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو في الصلاة فجلست ولم أدخل معهم في الصلاة فلما انصرف رسول الله صلى الله عليه وسلم رآني جالسا فقال : " ألم تسلم يا يزيد ؟ " قلت : بلى يا رسول الله قد أسلمت . قال : " وما منعك أن تدخل مع الناس في صلا م ؟ " قال : إني كنت قد صليت في م لي أحسب أن قد صليتم . فقال : إذا جئت الصلاة فوجدت الناس فصل معهم وإن كنت قد صليت تكن لك نافلة وهذه مكتوبة .رواه أبو داود**

يەزىيدئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئىچىدە ئىكەن، مەن ئۇلار بىلەن بىللە ناماز ئىچىگە كىرمەي ئولتۇردۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن قايتىپ مىنى كۆرۈپ: ئى يەزىيد! سەن مۇسۇلمان بولمىدىڭمۇ؟ دىدى. مەن :ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇنداق ئەمەس، مەن شەكسىز مۇسۇلمان بولدۇم دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىنى كىشلەرنىڭ نامىزى ئىچىگە كىرىشتىن (يەنى ئۇلار بىلەن بىللە ناماز ئۇقۇشتىن ) نىمە توستى ؟ دىدى. مەن : ھەقىقەتەن ئۆيۈمدە ناماز ئۇقۇپ بۇلۇپتىكەنمەن، سىلەرنىمۇ نامازنى ئۇقۇپ بولدىغۇ دەپ گۇمان قىلىپ قايتىمەن دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن نامازگاھقا كەلگەن چېغىڭدا، كىشلەرنىڭ ناماز ئۇقۇۋاتقانلىقىنى تاپساڭ، گەرچە سەن نامازنى ئۇقۇپ بولغان بولساڭمۇ، ئۇلار بىلەن يەنە بىللە ناماز ئۇقىغىن، ئۇ ناماز ساڭا نەپلە زىيادە بۇلىدۇ، بۇ ناماز بولسا، پەرز بۇلىدۇ ،دىدى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دىگەن.

**1156 - [ 7 ] ( صحيح )**

**وعن ابن عمر رضي الله عنهما : أن رجلا سأله فقال : إني أصلي في بيتي ثم أدرك الصلاة في المسجد مع الإمام أفأصلي معه ؟ قال له : نعم قال الرجل : أيتهما أجعل صلاتي ؟ قال عمر : وذلك إليك ؟ إنما ذلك إلى الله عز وجل يجعل أيتهما شاء رواه مالك**

بىر كىشى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەن ئۆيۈمدە ناماز ئۇقۇپ بۇلۇپ، ئاندىن شۇنامازنى مەسجىدتە ئىمام بىلەن بىرگە تاپسام، شۇنامازنى ئىمام بىلەن يەنە ئۇقۇيمەنمۇ؟ دەپ سوردى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەئە، يەنە ئۇقساڭ بۇلىدۇ دىدى. ئۇكىشى:ئۇ ئىككى نامازنىڭ قايىسسىنى مىنىڭ پەرز نامىزىم قىلىمەن؟

دىدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ:شۇنداق قىلىش ساڭا تاپشۇرۇلغان ئىشمىدى؟،ھەققەتەن ئۇ الله قا تاپشۇرۇلغان ئىشتۇر، الله ئۆزى خالىغىنىنى(قۇبۇل قىلغىنىنى)پەرز قىلدۇ، دىدى.مالىك توپلىغان سەھىھ.

**1157 - [ 8 ] ( حسن )وعن سليمان مولى ميمونة قال : أتينا ابن عمر على البلاط وهم يصلون . فقلت : ألا تصلي معهم ؟ فقال : قد صليت وإني سمعت رسول الله يقول : " لا تصلوا صلاة في يوم مرتين " . رواه أحمد وأبو داود والنسائي**

سۇلەيمان رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلسەك، ئۇ شال تاختىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، كىشىلەر ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا:سەن ئۇلار بىلەن بىللە ناماز ئوقۇمامسەن ؟ دېسەم، ئۇماڭا:مەن (جامائەت بىلەن ) نامازئوقۇپ بولغانمەن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: بىر كۈندە بىر نامازنى ئىككى قېتىم ئوقۇماڭلار. ئەھمەد4460 ـ ،نەسەئى851 ـ ، ئەبۇ داۋۇد491 ـ توپلىغان، سەھىھ. (يەنى، نامازنى جامائەت بىلەن ئىككى قېتىم ئوقۇشدىن توسقان. لېكىن، ئۆزى ئۆيدە يالغۇز، جامائەتسىز ئوقۇپ، ئاندىن يەنە جامائەتكە ئۇلگۇرسە، بۇ كىشى يەنە ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇيدۇ، جامائەتكە قاتناشسا بولىدۇ. بۇ توغرىسدا يۇقىرىدا سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى).

**1158 - [ 9 ] ( صحيح )**

**وعن نافع قال : إن عبد الله بن عمر كان يقول : من صلى المغرب أو الصبح ثم أدركهما مع الإمام فلا يعد لهما . رواه مالك**

ناپىئ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى:كىم شام نامىزىنى ياكى بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۇ ئىككى نامازنىڭ بىرىنى ئىمام بىلەن بىللە تاپسا، ئۇ ئىككى نامازنى قايتا ئوقۇمايدۇ. مالىك توپلىغان سەھىھ.

## باب السنن وفضائلها - الفصل الأول سۈننەت ناماز ۋە ئۇ نىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**1159 - [ 1 ] ( صحيح )عن أم حبيبة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : من صلى في يوم وليلة اثنتي عشرة ركعة بني له بيت في الجنة : أربعا قبل الظهر وركعتين بعدها وركعتين بعد المغرب وركعتين بعد العشاء وركعتين قبل صلاة الفجر . رواه الترمذي**

ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 12 رەكئەت سۈننەت نامازنى ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىنىپ بېرىلىدۇ. ئۇ ناماز بولسا، پىشىندىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، پىشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، بامداتتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت، جەمئى 12 رەكئەت سۈننەتتۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. سىز جەننەتكە، جەننەتتىكى ئۆيگە قىزىقمامسىز؟.

**وفي رواية لمسلم أنا قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من عبد مسلم يصلي لله كل يوم ثنتي عشرة ركعة تطوعا غير فريضة إلا بنى الله له بيتا في لاجنة أو إلا بني له بيت في الجنة "**

ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق مۇسۇلمان بەندە (تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن) ئاللاھتائالا ئۈچۈن ھەر كۈنى پەرز نامازدىن باشقا 12 رەكئەت نەپلە، سۈننەت نامازنى ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، (يەنى بۇ، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ دىگەن بولىدۇ). ئىمام مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1160 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : صليت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ركعتين قبل الظهر وركعتين بعدها وركعتين بعد المغرب في بيته وركعتين بعد العشاء في بيته قال : وحدثتني حفصة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يصلي**

ركعتين خفيفتين حين يطلع الفجر "

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پىشىندىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت، پىشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، ۋە شامدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازنى ئۆيدە، خۇپتەندىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازنىمۇ ئۆيدە ئوقۇغان ئىدىم، ماڭاھەپسەرەزىيەاللە ھۇ ئەنھا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇبھى يورىغان چاغدا، يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى دەپ ھەدىس سۆزلەپ بەردى. ئىمام بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1161 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم لا يصلي بعد الجمعة حتى ينصرف فيصلي ركعتين في بيته

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمەدىن كېيىن، ئۆيگە قايتمىغىچە ناماز ئوقىمايتتى، قايتىپ كېلىپ، ئىككى رەكئەت نامازنى ئۆيدە ئوقۇيتتى.بۇخارى،مۇسلىم، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

1162 - [ 4 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن شقيق قال : سألت عائشة عن صلاة رسول الله صلى الله عليه وسلم عن تطوعه فقالت : كان يصلي في بيتي قبل الظهر أربعا ثم يخرج فيصلي بالناس ثم يدخل فيصلي ركعتين وكان يصلي بالناس المغرب ثم يدخل فيصلي ركعتين ويصلي بالناس العشاء ويدخل بيتي فيصلي ركعتين وكان يصلي من الليل تسع ركعات فيهن الوتر وكان يصلي ليلا طويلا قائما وليلا طويلا قاعدا وكان إذا قرأ وهو قائم ركع وسجد وهو قائم وإذا قرأ قاعدا ركع وسجد وهو قاعد وكان إذا طلع الفجر صلى ركعتين . رواه مسلم . وزاد أبو داود : ثم يخرج فيصلي بالناس صلاة الفجر

ئابدۇاللە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشەتە رەزىيەاللە ھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەپلە سۈننەت نامىزى توغرىسىدا سورسام، ئۇ ماڭا مۇنداق دىدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ ئۆيۈمدە پىشىندىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن چىقىپ كىشىلەرگە پىشىن نامىزىنى ئوقۇپ بىرىپ، ئاندىن كىرىپ يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، كىشىلەرگە شام نامىزىنى ئوقۇپ بىرىپ، ئاندىن كىرىپ يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، كىشىلەرگە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بىرىپ، ئاندىن ئۆيۈمگە كىرىپ يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، كېچىسى توققۇز رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ۋىتىر نامىزى، شۇ توققۇز رەكئەتنىڭ ئىچىدە بار ئىدى، بەزى كېچىسى ئۇزۇنغىچە قىيامدا ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، بەزى كېچىسى ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى. ئۆرە تۇرغان ھالدا قىرائەت قىلسا، ئۆرە تۇرغان ھالەتتە رۇكۇ، سەجدە قىلاتتى. ئولتۇرغان ھالدا قىرائەت قىلسا، ئولتۇرغان ھالەتتە رۇكۇ، سەجدە قىلاتتى. سۇبھى يورىغان چاغدا، (يەڭگىل) ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى،ئاندىن چىقىپ كىشىلەرگە بامداتنى ئوقۇپ بىرەتتى. مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

1163 - [ 5 ] ( متفق عليه )

وعن عائشة رضي الله عنها قالت : لم يكن النبي صلى الله عليه وسلم على شيء من النوافل أشد تعاهدا منه على ركعتي الفجر

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپلە سۈننەت نامازلاردىن بىرەر نامازغا، بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزىغا قاتتىق چىڭ تۇرغاندەك، قاتتىق چىڭ تۇرۇپ، مۇھاپىزەت قىلىپ باقمىغان ئىدى. (يەنى بامداتنىڭ سۈننىتى كۈچلۈك سۈننەتتۇر). بۇخارى،مۇسلىم.

1164 - [ 6 ] ( صحيح )وعنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ركعتا الفجر خير من الدنيا وما فيها " . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت

سۈننەت نامىزى، دۇنيادىن، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر.مۇسلىم، تىرمىزى، نەسئى، سەھىھ.

1165 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن مغفل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلوا قبل صلاة المغرب ركعتين صلوا قبل صلاة المغرب ركعتين " . قال في الثالثة : " لمن شاء " . كراهية أن يتخذها الناس سنة

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شام نامىزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇڭلار، شام نامىزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇڭلار، ئۈچىنچى قېتىم –كىشىلەرنىڭ ئۇنامازنى سۈننەت قىلىۋېلىشىنى ياقتۇرماي- بۇ خالىغان كىشىگە دىگەن. (شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ناماز، ئەزان- تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا، ئىختىيارى مۇستەھەپ ھالەتتە ئوقۇلىدۇ) ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم ،ئەبۇ داۋۇد ، توپلىغان، سەھىھ.

1166 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كان منكم مصليا بعد الجمعة فليصل أربعا " . رواه مسلم وفي أخرى له قال : " إذا صلى أحدكم الجمعة فليصل بعدها أربعا "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىشى جۈمئە نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇماقچى بولسا، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن. يانابىرخاتىردە: بىرىڭلار جۈمئە نامىزىنى ئوقسا،ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن. (مانا بۇ جۈمئەنىڭ سۈننەت نامىزى، بەزى سەلەفىيلەر جۈمئە نامىزىدىن كېيىن ئالتە رەكئەت ئوقۇغان،ئۇبولسا ئىبنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇ بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قىلغان دىگەن.مۇشۇ بابنىڭ ئاخىرىدا كىلىدۇ ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

1167 - [ 9 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن أم حبيبة قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من حافظ على أربع ركعات قبل الظهر وأربع بعدها حرمه الله على النار " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه

ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم پىشنىدىن بۇرۇنقى تۆت رەكئەت نامازنى ۋە پىشنىدىن كېيىنمۇ تۆت رەكئەت (سۈننەت)نامازنى مۇھاپىزەت قىلىپ، دائىم ئوقۇپ بەرسە،الله ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا ھارام قىلىدۇ.ئەھمەد، ھاكىم ، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن پىشنىدىن كېيىنمۇ تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇسا ياخشى، ئەۋزەل بولىدۇ.

1168 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن أبي أيوب الأنصاري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أربع قبل الظهر ليس فيهن تسليم تفتح لهن أبواب السماء " . رواه أبو داود وابن ماجه

ئەبۇ ئەييۇبىلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پىشنىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز بولۇپ، بۇ نامازنىڭ ئارىسىدا سالام يوق، بىرلا سالام بىلەن ئوقۇلىدۇ، بۇ ناماز ئۈچۈن ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

1169 - [ 11 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن السائب قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي أربعا بعد أن تزول الشمس قبل الظهر وقال : " إنا ساعة تفتح فيها أبواب السماء فأحب أن يصعد لي فيها عمل صالح " . رواه الترمذي

ئابدۇالله ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن قايرىلغاندىن كېيىنلا ، پىشنىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ۋە كۈن قايرىلغاندىكى بۇ سائەتتە، ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، بۇسائەتتە مەن ئۈچۈن ياخشى ئەمەلنىڭ ئۆرلىشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، دەيتتى.تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ،

**1170 - [ 12 ] ( حسن )**
**وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رحم الله امرءا صلى قبل العصر أربعا " . رواه أحمد والترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەسىر نامىزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھتائالا رەھمەت قىلىدۇ.ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

**1171 - [ 13 ] ( حسن )وعن علي رضي الله عنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي قبل العصر أربع ركعات يفصل بينهن بالتسليم على الملائكة المقربين ومن تبعهم من المسلمين والمؤمنين " . رواه الترمذي**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىر نامىزىدىن بۇرۇن، تۆت رەكئەت نامازنىڭ ئارلىقىنى، مۇقەررەب (يەنى **الله** قا يېقىن) پەرىشتىلەرگە، ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇسۇلمان ، مۆئمىنلەرگە سالام يوللاش بىلەن ئايرىپ ئوقۇيتتى، (يەنى ئىككى رەكئەتتىن ئۇقىيتتى، ئارلىقتا سالام يوللايتتى) .
تىرمىزى توپلىغان ،ھەسەن.

**1172 - [ 14 ] ( حسن )وعن علي رضي الله عنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي قبل العصر ركعتين . رواه أبو داود**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىر نامىزىدىن بۇرۇن، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان ،ھەسەن.

**1173 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى بعد المغرب ست ركعات لم يتكلم فيما بينهن بسوء عدلن له بعبادة ثنتي عشرة سنة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب لا نعرفه إلا من حديث عمر بن أبي خثعم وسمعت محمد بن إسماعيل يقول : هو منكر الحديث وضعفه جدا**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم شام نامىزىدىن كېيىن ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئارىلىقىدا يامان سۆز قىلمىسا، ئۇنىڭ بۇ نامىزى 12 يىللىق ئىبادەتكە تەڭ بولىدۇ، تىرمىزى خاتىرلەپ بۇ ھەدىس غەرىيپ، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى بۇ ھەدىس قاتتىق زەئىپ، مۇنكەر دىگەن. دىدى.

**1174 - [ 16 ] ( موضوع )وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى بعد المغرب عشرين ركعة بنى الله له بيتا في الجنة " . رواه الترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەنىمىش: كىم شام نامىزىدىن كېيىن 20 رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى بۇ ھەدىس يالغان ھەدىستۇر دىگەن مەنمۇ بۇ توغرىسىدا يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا يازغان ئىدىم،

**1175 - [ 17 ] ( ضعيف )وعنها قالت : ما صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم العشاء قط فدخل علي إلا صلى أربع ركعات أو ست ركعات . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ، قېشىمغا كىرىپ قالسىلا، تۆت رەكئەت ياكى ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، زەئىپ دىيىلدى،

**1176 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إدبار النجوم الركعتان قبل الفجر وأدبار السجود الركعتان بعد المغرب " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يۇلتۇزنىڭ ئارقىسىدىكى ناماز، بامداتتىن بۇرۇنقى ئىككى رەكئەت نامازدۇر،سەجدىنىڭ ئارقىسىدىكى بولسا، شامدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازدۇر. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى توپلىغان. زەئىپ ئىكەن،

**1177 - [ 19 ] ( ضعيف ) الفصل الثالث عن عمر رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " أربع ركعات قبل الظهر بعد الزوال تحسب بمثلهن في صلاة السحر . وما من شيء إلا وهو يسبح الله تلك الساعة ثم قرأ : ( يتفيأ ظلاله عن اليمين والشمائل سجدا له وهم داخرون )رواه الترمذي والبيهقي في شعب الإيمان**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ؛ زاۋالدىن كېيىن، پېشىندىن بۇرۇنقى تۆت رەكئەت ناماز، سەھەرنىڭ نامىزى قاتارىدا ھېسابلىنىدۇ، ھەربىر نەرسە شۇ سائەتتە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ دەپ، سايىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئاللاھقا سەجدە قىلىپ ئىگىلىدىغان ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**1178 - [ 20 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : ما ترك رسول الله صلى الله عليه وسلم ركعتين بعد العصر عندي قط وفي رواية للبخاري قالت : والذي ذهب به ما تركهما حتى لقي الله**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله قا ئۇچراشقانغا قەدەر، مىنىڭ يېنىمدا، ئەسىردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازنى ھەرگىز تەرىك ئەتمىگەن . بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كىلگەن . بىز بۇ توغرىسىدا، يۇقىردىكى ئۈممى سەلەمەتنىڭ ھەدىسىدا توختالدۇق.

**1179 - [ 21 ] ( صحيح )وعن المختار بن فلفل قال : سألت أنس بن مالك عن التطوع بعد العصر فقال : كان عمر يضرب الأيدي على صلاة بعد العصر وكنا نصلي على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم ركعتين بعد غروب الشمس قبل صلاة المغرب فقلت له : أكان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصليهما ؟ قال : كان يرانا نصليهما فلم يأمرنا ولم ينهنا . رواه مسلم**

مۇختار رەھىمەھۇالله مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەسىردىن كېيىنكى نەپلە ناماز توغرىسىدا سورىسام، ئۇماڭا ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسىردىن كېيىن نەپلە نامازئوقىغان كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا ئۇرۇپ، بۇ نامازدىن توساتتى، (يەنەبىرخاتىردە، ئىبنى ئاببااس:مەن بىللە ئۇراتتىم، دىيىلگەن) بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، كۈن كىرىپ بولغاندىن كىيىنلا، شام نامىزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتۇق، دىدى. مەن ئۇنىڭغا:ئۇ شام نامىزىدىن بۇرۇنقى ئىككى رەكئەت نامازنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقۇغانمۇ؟ دىسەم، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇغانلىقىمىزنى كۆرۈپ توسمىغان ۋە بىزنى ئوقۇشقىمۇ بۇيرىمىغان ، دىدى. مۇسلىم1382 ـ ھەدىس سەھىھ.

**1180 - [ 22 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كنا بالمدينة فإذا أذن المؤذن لصلاة المغرب ابتدروا السواري فركعوا ركعتين حتى إن الرجل الغريب ليدخل المسجد فيحسب أن الصلاة قد صليت من كثرة من يصليهما . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:بىز مەدىنىدىكى چاغدا، مۇئەززىن شام نامىزىغا ئەزان تولىسا، كىشىلەر تۈرۈك بار جايغا ئالدىرىشىپ كىتەتتى، ئۇلار (تۈرۈكلەرنىڭ ئارقىسىدا شامدىن بۇرۇن)ئىككى رەكئەت ناماز

ئوقۇيتتى، ھەتتا شۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن، مەسجىدكە كىرىپ قالغان ناتونۇش كىشى، شام نامىزى ئوقۇلۇپ بولغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ قالاتتى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1181 - [ 23 ] ( صحيح )وعن مرثد بن عبد الله قال : أتيت عقبة الجهني فقلت : ألا أعجبك من أبي تميم يركع ركعتين قبل صلاة المغرب ؟ فقال عقبة : إنا كنا نفعله على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم . قلت : فما يمنعك الآن ؟ قال : الشغل . رواه البخاري**

مىرسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:مەن ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىلىپ : مەن سىنى ئەبۇ تەمىمنىڭ ئىشىدىن ھەيران قالدۇرمايمۇ؟ ئۇ شام نامىزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىكەن دىسەم، ئۇماڭا: ھەقىقەتەن بىزمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا شام نامىزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتۇق، دىدى. مەن ئۇنىڭغا:ئۇنداقتا سىنى ھازىر ئۇنامازدىن نىمە توسۇپ قويدى؟ دىسەم، ئۇ: مەشغۇللۇق،دۇنيا ئىشىنىڭ كۆپلىكى دىدى. بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

**1182 - [ 24 ] ( ضعيف )وعن كعب بن عجرة قال : إن النبي صلى الله عليه وسلم أتى مسجد بني عبد الأشهل فصلى فيه المغرب فلما قضوا صلا م رآهم يسبحون بعدها فقال : " هذه صلاة البيوت " . رواه أبو داود وفي رواية الترمذي والنسائي قام ناس يتنفلون فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " عليكم ذه الصلاة في البيوت "**

كەئىبنى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى ئابدۇلئەشھەل مەسجىدىگە كېلىپ، شام نامىزىنى ئوقۇدى، جامائەت شام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، نەپلە ناماز ئوقۇشقا باشلىدى، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ دىگەن ئۆيدە ئوقۇيدىغان نامازدۇر دىدى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى خاتىرلىگەن، نەسەئىدىمۇ بار، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1183 - [ 25 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يطيل القراءة في الركعتين بعد المغرب حتى يتفرق أهل المسجد . رواه أبو داود**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، شامدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازنىڭ قىرائىتىنى مەسجىد ئەھلى مەسجىددىن ئايرىلغانغا قەدەر ئۇزۇن ئوقۇيتتى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، زەئىپ ئىكەن،

**1184 - [ 26 ] ( ضعيف )وعن مكحول يبلغ به أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من صلى بعد المغرب قبل أن يتكلم ركعتين وفي رواية أربع ركعات رفعت صلاته في عليين " . مرسلا**

مەكھۇل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم شام نامىزىدىن كېيىن سۆز قىلىشدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت يەنە بىر خاتىرىدە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ نامىزى ئىللىيىن دەرىجىلىك ماقامغا كۆتۈرۈلىدۇ. رەزىين بىلەن بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى مۇرسەل زەئىپ دىگەن،

**1185 - [ 27 ] ( ضعيف )وعن حذيفة نحوه وزاد فكان يقول : " عجلوا الركعتين بعد المغرب فإنما ترفعان مع المكتوبة " رواهما رزين وروى البيهقي الزيادة عنه نحوها في شعب الإيمان**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ مۇنداق دىگەننى زىيادە قىلغان: شامدىن كېيىنكى ئىككى رەكەئت نامازغا ئالدىراڭلار، چۈنكى، بۇ ناماز پەرىز ناماز بىلەن بىللە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ھەدىسنى رەزىين بىلەن بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللاھ زەئىپ دىگەن، يەنى ئىسنادى جەھەتتىن زەئىپ ئىكەن،

1186 - [ 28 ] ( صحيح )وعن عمرو بن عطاء قال : إن نافع بن جبير أرسله إلى السائب يسأله عن شيء رآه منه معاوية في الصلاة فقال : نعم صليت معه الجمعة في المقصورة فلما سلم الإمام قمت في مقامي فصليت فلما دخل أرسل إلي فقال : لا تعد لما فعلت إذا صليت الجمعة فلا تصلها بصلاة حتى تكلم أوتخرج فإن رسول الله صلى الله عليه وسلم أمرنا بذلك أن لا نوصل بصلاة حتى نتكلم أو نخرج . رواه مسلم

ئەمرۇئبنى ئەتائ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مىنى ناپىئئبنى جۇبەير رەھىمەھۇللاھ، سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا، ئۇنىڭدىن مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز توغرىسىدا كۆرگەن نەرسىدىن سوراپ كېلىشىمگە ئەۋەتتى، سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماڭا: شۇنداق ، مەن مەقسۇرە دىگەن جامەدە، جۈمئەنامىزىنى مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئوقۇغان ، ئىمام سالام بەرگەن چاغدا، مەن ئۆزئورنۇمدا تۇرۇپلا ناماز ئوقۇدۇم، مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىگە كىرگەن چاغدا، ماڭا مۇنداق دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ: سەن باياتىن قىلغان ئىشىڭنى قايتا قىلمىغىن ، سەن جۈمئە نامىزىنى ئوقۇغان چېغىڭدا، سۆزقىلىشىۋەتمىگىچە، ياكى مەسجىدتىن تېشىغا چىقىۋەتمىگىچە ئۇنىڭغا يەنەبىر نامازنى ئۇلاپ ئوقۇمىغىن، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى شۇنداق قىلىشىمىزغا، يەنى بىز سۆزقىلىشىۋەتمىگىچە، ياكى مەسجىدتىن تېشىغا چىقىۋەتمىگىچە جۈمئە نامىزىغا يەنەبىر نامازنى ئۇلاپ ئوقۇماسلىقىمىزغا بۇيرىغان ئىدى، دىدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

1187 - [ 29 ] ( صحيح )وعن عطاء قال : كان ابن عمر إذا صلى الجمعة بمكة تقدم فصلى ركعتين ثم يتقدم فيصلي أربعا وإذا كان بالمدينة صلى الجمعة ثم رجع إلى بيته فصلى ركعتين ولم يصل في المسجد فقيل له . فقال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يفعله )رواه أبو داود وفي رواية الترمذي قال : ( رأيت ابن عمر صلى بعد الجمعة ركعتين ثم صلى بعد ذلك أربعا )

ئەتائ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جۈمئەنامىزىنى مەككىدە ئوقۇسا، بىرقەدەم يۆتكىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن يەنە بىر قەدەم يۆتكىلىپ تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، مەدىنىدىكى چاغدا جۈمئەنامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، مەسجىدتە نەپلە ناماز ئوقۇمايتتى، ئۇنىڭدىن سورالغاندا ، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلاتتى، دىدى. ئەتائ رەھىمەھۇللاھ: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ جۈمئەنامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى، ئاندىن شۇنىڭدىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆردۇم، دەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

## باب صلاة الليل - الفصل الأول    كېچىنىڭ نامىزى توغرىسىدا

1188 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عائشة رضي الله عنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يصلي فيما بين أن يفرغ من صلاة العشاء إلى الفجر إحدى عشرة ركعة يسلم من كل ركعتين ويوتر بواحدة فيسجد السجدة من ذلك قدر ما يقرأ أحدكم خمسين آية قبل أن يرفع رأسه فإذا سكت المؤذن من صلاة الفجر وتبين له الفجر قام فركع ركعتين خفيفتين ثم اضطجع على شقه الأيمن حتى يأتيه المؤذن للإقامة فيخرج

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىدىن پارىغ بولغاندىن باشلاپ، سۇبھى يورىغىچە 11رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر قېتىم سالام بىرەتتى، بىر رەكئەت بىلەن ۋىتىر قىلىۋېتەتتى، شۇنامازلارنىڭ سەجدىسىنى، بىرىڭلار؛ رەسۇلۇللاھ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرىشىدىن بۇرۇن، 50ئايەت ئوقۇپ بولىدىغان مىقداردا شۇنداق ئۇزۇن قىلاتتى، مۇئەززىن بامدات نامىزىنىڭ ئەزىنىدىن توختاپ، سۇبھى ئاشكارا بولغان چاغدا، ئورنىدىن تۇرۇپ، يەڭگىل ئىككى رەكئەت نامازئوقۇپ، ئاندىن مۇئەززىن بامدات نامىزىنىڭ تەكبىرى ئۈچۈن چاقىرىپ كەلگەنگە قەدەر، ئوڭ يېنىچە يېتىۋالاتتى، ئاندىن نامازغا

| |
|---|
| چىقاتتى. بۇخارىي،مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ. |
| 1189 - [ 2 ] ( صحيح )<br>وعنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا صلى ركعتي الفجر فإن كنت مستيقظة حدثني وإلا اضطجع . رواه مسلم<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولسا، ئەگەر مەن ئويغاق بولسام، ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بىرەتتى، ئويغاق بولمىسام، ئازىراق (ئوڭ يېنىچە) يېتىۋالاتتى، مۇسلىم، تويلىغان، سەھىھ. |
| 1190 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا صلى ركعتي الفجر اضطجع على شقه الأيمن<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولسا، ئازىراق ئوڭ يېنىچە يېتىۋالاتتى، (ئاندىن نامازغا چىقاتتى). بۇخارىي،مۇسلىم، تويلىغان، سەھىھ. |
| 1191 - [ 4 ] ( صحيح )<br>وعنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يصلي من الليل ثلاث عشرة ركعة منها الوتر وركعتا الفجر . رواه مسلم<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى 13 رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ۋىتىر نامىزى بىلەن بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىمۇ، شۇنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. بەيھەقى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھىھ. |
| 1192 - [ 5 ] ( صحيح )وعن مسروق قال : سألت عائشة عن صلاة رسول الله صلى الله عليه وسلم بالليل . فقالت : سبع وتسع وإحدى عشر ركعة سوى ركعتي الفجر . رواه البخاري<br><br>مەسرۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىدىكى نامىزىدىن سورسام، ئۇماڭا: بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدىن باشقا، يەتتە، توققۇز، 11 رەكئەت ئىدى، دىدى. بۇخارىي تويلىغان، سەھىھ. |
| 1193 - [ 6 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا قام من الليل ليصلي افتتح صلاته بركعتين خفيفتين . رواه مسلم<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرسا، نامىزىنى يەڭگىل ئىككى رەكئەت بىلەن باشلايتتى. مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ. |
| 1194 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قام أحدكم من الليل فليفتح الصلاة بركعتين خفيفتين . رواه مسلم<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار كېچىدىن قىيامدا تۇرسا، نامىزىنى يەڭگىل ئىككى رەكئەت بىلەن باشلىسۇن. مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ. |
| 1195 - [ 8 ] ( متفق عليه )<br>وعن ابن عباس قال : بت عند خالتي ميمونة ليلة والنبي صلى الله عليه وسلم عندها فتحدث رسول الله صلى الله عليه وسلم مع أهله ساعة ثم رقد فلما كان ثلث الليل الآخر أو بعضه قعد فنظر إلى السماء فقرأ : ( إن في خلق السماوات والأرض واختلاف الليل والنهار لآيات لأولي الألباب " حتى ختم السورة ثم قام إلى القربة فأطلق شناقها ثم صب في الجفنة ثم توضأ وضوءا حسنا بين |

**الوضوءين لم يكثر وقد أبلغ فقام فصلى فقمت وتوضأت فقمت عن يساره فأخذ بأذني فأدارني عن يمينه فتتامت صلاته ثلاث عشرة ركعة ثم اضطجع فنام حتى نفخ وكان إذا نام نفخ فآذنه بلال بالصلاة فصلى ولم يتوضأ وكان في دعائه : " اللهم اجعل في قلبي نورا وفي بصري نورا وفي سمعي نورا وعن يميني نورا وعن يساري نورا وفوقي نورا وتحتي نورا وأمامي نورا وخلفي نورا واجعل لي نورا " وزاد بعضهم : " وفي لساني نورا " وذكر : " وعصبي ولحمي ودمي وشعري وبشري )**
**وفي رواية لهما : " واجعل في نفسي نورا وأعظم لي نورا " وفي أخرى لمسلم : " اللهم أعطني نورا "**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:مەن هامماڭئانام مەيمۇنەرەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ئۆيىدە بىر كېچە ياتقان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يېنىدا بار ئىكەن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلىللىرى بىلەن بىرسائەت مۇڭدۇشۇپ ، ئاندىن ئۇخلىدى، كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچدەن بىرى ياكى شۇنىڭ بىر قىسمى بولغاندا، ئولتۇرۇپ ئاسمانغا قاراپ، « شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار.......»دىگەن ئايەتنى سۈرىنىڭ ئاخىرغىچە ئوقىدى، ئاندىن تۇلۇمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى يېشىپ، ئاندىن قاچىغا سۇ قۇيۇپ، ئاندىن سۇنى بەك كۆپ قۇيۇۋەتمەستىن، لېكىن سۇنى ئەزالىرىغا تولۇق يەتكۈزۈپ ، ناھايىتى ياخشى، ئوتتۇرھال ، كامىل تاھارەت ئېلىپ نامازغا تۇردى. مەنمۇ ئورنىمدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سول تەرىپىدە تۇردۇم، ئاندىن قۇلىقىمدىن تۇتۇپ، مىنى ئايلاندۇرۇپ ، ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇزۇپ قويدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (بۇكېچىدىكى) نامىزىنى تولۇق 13رەكئەت ساندىم، ئاندىن يېتىپ، پۇلەپ كەتكەنگە قەدەر ئۇخلىدى، ئۇخلىسا، پۇدەپ كىتەتتى، ئاندىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازغا بەلگە بەردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇدى، دۇئاسىدا مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ! قەلبىمدە نۇر قىلىپ بەرسىلە، تىلىمدا نۇر، كۆزۈمدە نۇر، قۇلۇقۇمدا نۇر، ئوڭ تەرىپىمدە نۇر، سول تەرىپىمدە نۇر، ئۈستۈمدە نۇر، ئاستىمدا نۇر، ئالدىمدا نۇر، ئارقامدا نۇر،پەيلىرىمدە ، گۆشلىرىمدە، قانلىرىمدا، چاچلىرىمدا، تېرەمدە نۇر قىلىپ بەرسىلە، مەن ئۈچۈن نەپسىمدە نۇر، كۆڭلۈمدە نۇر قىلىپ بېرىپ، مەن ئۈچۈن نۇرۇمنى ئۇلۇغ، كاتتا قىلىپ بەرسىلە. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارىي،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1196 - [ 9 ] ( صحيح )وعنه : أنه رقد عند رسول الله صلى الله عليه وسلم فاستيقظ فتسوك وتوضأ وهو يقول : ( إن في خلق السماوات والأرض . . . )حتى ختم السورة ثم قام فصلى ركعتين أطال فيهما القيام والركوع والسجود ثم انصرف فنام حتى نفخ ثم فعل ذلك ثلاث مرات ست ركعات كل ذلك يستاك ويتوضأ ويقرأ هؤلاء الآيات ثم أوتر بثلاث . رواه مسلم**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا بىر كېچە ئۇخلاپتۇ، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئويغۇنۇپ، مىسۋاك سىلىپ، تاھارەت ئېلىپ«شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار.......»دىگەن ئايەتنى سۈرىنىڭ ئاخىرغىچە ئوقىدى، ئاندىن تۇرۇپ، قىيام،رۇكۇ-سەجدىللىرىنى ناھايىتى ئۇزۇن قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن نامازدىن قايتىپ، پۇلەپ كەتكەنگە قەدەر ئۇخلىدى، ئاندىن شۇنى ئۈچ قېتىم قىلىپ ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ھەر قېتىم مىسۋاك سىلىپ، تاھارەت ئېلىپ، ئەنە شۇ ئايەتلەرنى ئوقۇيتتى، ئاندىن ئۈچ رەكئەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇيتتى، دىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1197 - [ 10 ] ( صحيح )وعن زيد بن خالد الجهني أنه قال : لأرمقن صلاة رسول الله صلى الله عليه وسلم الليلة فصلى ركعتين خفيفتين ثم صلى ركعتين طويلتين طويلتين طويلتين ثم صلى ركعتين وهما دون اللتين قبلهما ثم صلى ركعتين وهما دون اللتين**

**قبلهما ثم صلى ركعتين وهما دون اللتين قبلهما [ ثم صلى ركعتين وهما دون اللتين قبلهما ] ثم أوتر فذلك ثلاث عشرة ركعة . رواه مسلم قوله : ثم صلى ركعتين وهما دون اللتين قبلهما أربع مرات هكذا في صحيح مسلم وأفراده من كتاب الحميدي وموطأ مالك وسنن أبي داود وجامع الأصول**

زەيدئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇگۈن كېچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە منىڭ نامىزىنى كۈزۈتۈپ باقاي، دەپ كۈزەتسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقىدى، ئاندىن ئۇزۇن،ئۇزۇن،ئۇزۇن! ، ئۇزۇن!! قىلىپ ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئۇقىدى، ئاندىن  ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقىدى، بۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئىلگىرىكىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن  ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقىدى، بۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئىلگىرىكىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن ئىلگىرىكىدىن قىسقىراق قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقىدى، { ئاندىن  ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقىدى، بۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئىلگىرىكىدىن قىسقىراق ئىدى،} (شۇنى تۆت قېتىم قىلدى )ئاندىن ۋىتىر ئۇقىدى، ئەنە شۇ 13رەكئەت نامازدۇر. مۇسلىم،ئەبۇداۋۇد ،مالىك توپلىغان، سەھىھ.

**1198 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : لما بدن رسول الله صلى الله عليه وسلم وثقل كان أكثر صلاته جالسا**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېمىرىپ كەتكەندە، يېشى چوڭىيىپ كەتكەندە، (نەپلە) نامىزىنىڭ كۆپۈنچىسىنى ئولتۇرغان ھالدا ئۇقۇغان ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1199 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن مسعود قال : لقد عرفت النظائر التي كان النبي صلى الله عليه وسلم يقرن بينهن -فذكر عشرين سورة من أول المفصل على تأليف ابن مسعود -سورتين في ركعة آخرهن ( حم الدخان )و ( عم يتساءلون )**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر رەكئەت نامازدا، ئىككىدىن سۈرىنى جۈپلەپ-جۈپلەپ ئۇقۇيدىغان ، بىر ــ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇششاق سۈرىلەرنى تولۇق بىلىمەن، ئۇلارنىڭ ئاخىرى «ھامىم دۇخان» «ئەممە يەتەسائەلۇن»ئىدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئۆزىنىڭ تۈزگىنى بۇيىنچە،20سۈرىنى بايان قىلغان . بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1200 - [ 13 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن حذيفة : أنه رأى النبي صلى الله عليه وسلم يصلي من الليل وكان يقول : " الله أكبر " ثلاثا " ذو الملكوت والجبروت والكبرياء والعظمة " ثم استفتح فقرأ البقرة ثم ركع فكان ركوعه نحوا من قيامه فكان يقول في ركوعه : " سبحان ربي العظيم " ثم رفع رأسه من الركوع فكان قيامه نحوا من ركوعه يقول : " لربي الحمد " ثم سجد فكان سجوده نحوا من قيامه فكان يقول في سجوده : " سبحان ربي الأعلى " ثم رفع رأسه من السجود وكان يقعد فيما بين السجدتين نحوا من سجوده وكان يقول : " رب اغفر لي رب اغفر لي " فصلى أربع ركعات قرأ فيهن ( البقرة وآل عمران والنساء والمائدة أو الأنعام )شك شعبة )رواه أبو داود**

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىسى ناماز ئۇقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدى بىلەن:«**الله** ئەكبەر»نى ئۈچ ۋە «زۇلمەلەكۇتى ۋەلجەبەرۇتى ۋەلكىبرىيائى ۋەلئەزىمەتى» دەپ، ئاندىن نامازنى باشلاپ سۈرە بەقەرنى قىرائەت قىلىپ، ئاندىن رۇكۇ قىلدى، رۇكۇسى قىيامىغا ئوخشاش ئۇزۇن بولدى، رۇكۇدا«سۇبھانەرەببىيەلئەزىيم»دەيتتى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇرىشى، رۇكۇسىغا ئوخشاش ئۇزۇن بولدى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇرغاندا: «لىرەببىيەلھەمدۇ»دەيتتى، ئاندىن سەجدە قىلدى، سەجدىسى قىيامىغا ئوخشاش ئۇزۇن بولدى،

سەجدىسىدە؛« سۇبھانەرەببىيەلئەئلا»دەيتتى، ئاندىن سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى سەجدە ئارلىقىدا، سەجدىسىگە ئوخشاش مىقداردا ئۇزۇن ئولتۇردى، ئىككى سەجدە ئارلىقىدا؛«رەببىغپىرلى، رەببىغپىرلى» دەيتتى، شۇنداق قىلىپ تۆت رەكئەت ناماز ئۇقۇدى، بۇ تۆت رەكئەت نامازدا سۈرە بەقەرە، سۈرە ئال ئىمران، سۈرە نىسائ، سۈرە مائىدەت ياكى سۈرە ئەنئامنى ئۇقىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان. سەھىھ.

**1201 - [ 14 ] ( حسن )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قام بعشر آيات لم يكتب من الغافلين ومن قام بمائة آية كتب من القانتين ومن قام بألف آية كتب من المقنطرين " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئون ئايەت بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرسا، ئۇ كىشى غاپىللار قاتارىدىن يېزىلمايدۇ، كىم 100 ئايەت بىلەن قىيامدا تۇرسا، ئۇ كىشى قانىتىينلەر يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلار قاتارىدىن يېزىلىدۇ. كىم 1000 ئايەت بىلەن قىيامدا تۇرالىسا، ئۇ كىشى ئەجرى، ساۋابى ئىنتايىن كۆپ كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن يېزىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**1202 - [ 15 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : كان قراءة النبي صلى الله عليه وسلم بالليل يرفع طورا ويخفض طورا . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە قىرائەت قىلسا، بەزىدە ئۈستۈن كۆتۈرۈپ، ئاۋازلىق ئوقۇسا، بەزىدە پەس قىلىپ ئوقۇيتتى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن زەئىپ ھەدىستۇر،

**1203 - [ 16 ] ( حسن )**

**وعن ابن عباس قال : كانت قراءة النبي صلى الله عليه وسلم على قدر ما يسمعه من في الحجرة وهو في البيت . رواه أبو داود**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلغان قىرائىتى ھۇجىردىكى كىشى ئاڭلىيالىغىدەك مىقداردا ئىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان،ھەسەن.

**1204 - [ 17 ] ( صحيح )وعن أبي قتادة قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم خرج ليلة فإذا هو بأبي بكر يصلي يخفض من صوته ومر بعمر وهو يصلي رافعا صوته قال : فلما اجتمعا عند النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يا أبا بكر مررت بك وأنت تصلي تخفض صوتك " قال : قد أسمعت من ناجيت يا رسول الله وقال لعمر : " مررت بك وأنت تصلي رافعا صوتك " فقال : يا رسول الله أوقظ الوسنان وأطرد الشيطان فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " يا أبا بكر ارفع من صوتك شيئا " وقال لعمر : " اخفض من صوتك شيئا " . رواه أبو داود وروى الترمذي نحوه**

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىركېچىسى سىرتتا چىقىپ، ناگاھان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ، ئۇ قىرائەتكە ئاۋازىنى پەس قىلىپ ناماز ئۇقۇۋاتقان ئىكەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇ قىرائەتكە ئاۋازىنى ئۈستۈن كۆتۈرگەن ھالدا ناماز ئۇقۇۋاتقان ئىكەن، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا بىرلەشكەندە:ئى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ!مەن سىنىڭ يېنىڭدىن ئۆتسەم، ئاۋازىڭنى پەس قىلىپ ناماز ئۇقۇۋاتقان ئىكەنسەن دىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن مۇناجات قىلىدىغان كىشىگە ئاڭلاتتىم ، دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: مەن سىنىڭ يېنىڭدىن ئۆتسەم، ئاۋازىڭنى ئۈستۈن كۆتۈرگەن ھالدا ناماز ئۇقۇۋاتقان ئىكەنسەن، دىدى. ئۇ: :ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن شۇ ئارقىلىق ئۇيقۇ، مۈگىنى قاچۇرىمەن، شەيتاننى قوغلايمەن دىدى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ! سەن ئاۋازىڭنى ئازراق يۇقىر كۆتۈرگىن، ئى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ! سەن ئاۋازىڭنى ئازراق پەس قىلغىن ،

دىدى.(يەنى ئوتتۇرھال قىلىڭلار دىدى) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1205 - [ 18 ] ( صحيح )وعن أبي ذر قال : قام رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى أصبح بآية والآية : ( إن تعذ م فإنم عبادك وإن تغفر لهم فإنك أنت العزيز الحكيم )رواه النسائي وابن ماجه**

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭ ئاتقىچە، بىرلا ئايەت بىلەن قىيامدا تۇرغان ئىدى، ئۇئايەت بولسا« ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغفىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» .سۈرە مائىدەنىڭ 118 ـ ئايىتىدۇر. نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1206 - [ 19 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا صلى أحدكم ركعتي الفجر فليضطجع على يمينه " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزىنى ئوقۇپ بولسا، ئوڭ يېنىچە ئازىراق يېتىۋالسۇن!. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**1207 - [ 20 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن مسروق قال : سألت عائشة : أي العمل كان أحب إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قالت : الدائم قلت : فأي حين كان يقوم من الليل ؟ قالت : كان يقوم إذا سمع الصارخ**

مەسرۇق رەھىمەھۇالله مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئەمەلنىڭ قايسىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆيۈملۈكرەك ئىدى؟دەپ سورىسام، (گەرچە ئاز بولسىمۇ)دائىم داۋاملاشقىنى دىدى. مەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدىن قايسى ۋاقىتتا قىيامدا تۇراتتى ؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىلا، ئورنىدىن تۇراتتى، دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1208 - [ 21 ] ( صحيح )وعن أنس قال : ما كنا نشاء أن نرى رسول الله صلى الله عليه وسلم في الليل مصليا إلا رأيناه ولا نشاء أن نراه نائما إلا رأيناه . رواه النسائي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كېچىدە ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە كۆرۈشىمىزنى خالىساقلا، كېچىدە ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە كۆرەلەيتتۇق، ئۇخلىغان ھالىتىدە كۆرۈشىمىزنى خالىساقلا، ئۇخلىغان ھالىتىدە كۆرەلەيتتۇق. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1209 - [ 22 ] ( صحيح )وعن حميد بن عبد الرحمن بن عوف قال : إن رجلا من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم قال : قلت وأنا في سفر مع رسول الله صلى الله عليه وسلم : والله لأرقبن رسول الله صلى الله عليه وسلم للصلاة حتى أرى فعله فلما صلى صلاة العشاء وهي العتمة اضطجع هويا من الليل ثم استيقظ فنظر في الأفق فقال : ( ربنا ما خلقت هذا باطلا ) حتى بلغ إلى ( إنك لا تخلف الميعاد )ثم أهوى رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى فراشه فاستل منه سواكا ثم أفرغ في قدح من إداوة عنده ماء فاستن ثم قام فصلى حتى قلت : قد صلى قدر ما نام ثم اضطجع حتى قلت قد نام قدر ما صلى ثم استيقظ ففعل كما فعل أول مرة وقال مثل ما قال ففعل رسول الله صلى الله عليه وسلم ثلاث مرات قبل الفجر . رواه النسائي**

ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ساھابىسى رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ماڭغان بىر سەپەردە:**الله** بىلەن قەسەمكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى كۆزىتۈپ، نېمە قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقىمەن دەپ، كۆزەتسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، كېچىدىن خېلى ئۇزۇن يېتىپ ئۇخلاپ ، ئاندىن ئويغىنىپ ئۇپۇققا قاراپ:« شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار........»دېگەن ئايەتنى «لاتۇخلىپۇلمىيئاد»دېگەن يېرىگىچە ئوقۇپ، ئاندىن كۆرپىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ مىسۋاكنى ئېلىپ، يېنىدىكى قاچىدىن قەدەھكە سۇ قۇيۇپ مىسۋاك سىلىپ، (تاھارەت ئېلىپ) ئاندىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى، ـ مەن ئىچىمدە:ئۇخلىغان ۋاقتىنىڭ مىقدارىدا نامازئوقۇدى دېدىم ـ ئاندىن يېتىپ ئۇخلىدى، ـ مەن ئىچىمدە: نامازئوقۇغان ۋاقتىنىڭ مىقدارىدا ئۇخلىدى دېدىم ـ ئاندىن ئويغىنىپ بىرىنچى قېتىم قىلغاندەك قىلدى، ۋە بىرىنچى قېتىم دېگەندەك دېدى،(يەنى شۇ ئايەتلەرنى ئوقىدى) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈبھى يورۇشتىن بۇرۇن ئۈچ قېتىم شۇنداق قىلدى. نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

**1210 - [ 23 ] ( صحيح )وعن يعلى بن مملك أنه سأل أم سلمة زوج النبي صلى الله عليه وسلم عن قراءة النبي صلى الله عليه وسلم وصلاته ؟ فقالت : وما لكم وصلاته ؟ كان يصلي ثم ينام قدر ما صلى ثم يصلي قدر ما نام ثم ينام قدر ما صلى حتى يصبح ثم نعتت قراءته فإذا هي تنعت قراءة مفسرة حرفا حرفا )رواه أبو داود والترمذي والنسائي**

يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممەسەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ(كېچىدىكى) قىرائىتى ۋە نامىزى توغرىسىدا سورىغاندا، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا:سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتى ۋە نامىزىنى سوراپ نېمە قىلىسىلەر؟ (يەنى سىلەر قادىر بولالمايسىلەر) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (كېچىسى)ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن نامازئوقۇغان ۋاقتىنىڭ مىقدارىدا ئۇخلايتتى، ئاندىن ئۇخلىغان ۋاقتىنىڭ مىقدارىدا ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن يەنە نامازئوقۇغان ۋاقتىنىڭ مىقدارىدا ئۇخلايتتى، تاكى تاڭ ئاتقىچە شۇنداق قىلاتتى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتىنى سۈپەتلەپ بەردى، ناگاھان ئۇ قىرائەتنى بىر ھەرپتىن، بىرھەرپتىن تەپسىلى سۈپەتلەۋاتىدۇ. نەسەئى،تىرمىزى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ. ( ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائىتىنى بىر ئايەتتىن ئۈزۈپ ــ ئۈزۈپ ئوقۇيتتى، مەسىلەن: «ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين» ئاندىن تۇراتتى، «ئەررەھمانىررەھىيم» ئاندىن تۇراتتى، (ئەنە شۇنداق دانىمۇ ــ دانە ئوچۇق ئوقۇيتتى). تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.)

## باب ما يقول إذا قام من الليل - الفصل الأول   كېچىدىن تۇرغاندا نېمە دېيىش توغرىسىدا

**1211 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عباس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا قام من الليل يتهجد قال : " اللهم لك الحمد أنت قيم السماوات والأرض ومن فيهن ولك الحمد أنت نور السماوات والأرض ومن فيهن ولك الحمد أنت ملك السماوات والأرض ومن فيهن ولك الحمد أنت الحق ووعدك الحق ولقاؤك حق وقولك حق والجنة حق والنار حق والنبيون حق ومحمد حق والساعة حق اللهم لك أسلمت وبك آمنت وعليك توكلت وإليك أنبت وبك خاصمت وإليك حاكمت فاغفر لي ما قدمت وما أخرت وما أسررت وما أعلنت وما أنت أعلم به مني أنت المقدم وأنت المؤخر لا إله إلا أنت ولا إله غيرك "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن تۇرغاندا:« ئى **الله!** بارلىق ھەمدۇ ـ سانا سىلىگە خاستۇر، سىلى ئاسمان ـ زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنى(ۋە بارلىق نەرسىلەرنى) ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا سىلىگە خاستۇر، سىلى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ(ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ)نۇرى،(نۇرئاتا

قىلغۇچىسى) بارلىق ھەمدۇ ـ سانا سىلىگە خاستۇر، سىلى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ(ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ) مۇتلەق پادىشاھى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار سىلىگە خاستۇر، سىلى ھەق، ۋەدىلىرى ھەق، سىلىگە ئۇچرىشىش ھەق، سۆزلىرى ھەق، جەننەت ھەق، دەۋزەخ ھەق، پەيغەمبەرلەر ھەق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەق، قىيامەت ھەق، «ئى الله! سىلىگە شەرتسىز بويسۇنۇپ، مۇسۇلمان بولدۇم، سىلىگە ئىمان كەلتۈردۈم، سىلىگە تەۋەككۇل قىلدىم، سىلىگە تۆبە قىلىپ قايتتىم، ياردەملىرى بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى داۋالىشىمەن، سىلىدىنلا ھۆكۈم تەلەپ قىلىمەن، ئى الله ! مەن ئۆتكۈن بۇرۇن قىلغان، كېيىن قىلىپ قالىدىغان، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىمنى، سىلى مەندىن بەكرەك بىلىپ تۇرىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، سىلى ھەممىدىن بۇرۇن ئەزەلدە بار زات، سىلى ھەممىدىن كېيىن مەڭگۈ باقى قالىدىغان ئىنتىھالىرى يوق زات ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق »دەيتتى.بۇخارى،مۇسلىم ، سەھىھ.

**1212 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا قام من الليل افتتح صلاته فقال : " اللهم رب جبريل وميكائيل وإسرافيل فاطر السماوات والأرض عالم الغيب والشهادة أنت تحكم بين عبادك فيما كانوا فيه يختلفون اهدني لما اختلف فيه من الحق بإذنك إنك تهدي من تشاء إلى صراط مستقيم " . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى تۇرغاندا، نامىزىنى باشلاپ مۇنداق دەيتتى:«ئى ئاللاھ، سىلى جىبرىئىلنىڭ، مىيكائىلنىڭ، ئىسرافىلنىڭ رەببى، ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقۇچى، ئاشكارا ـ يوشۇرۇننى، ھازىرنى ۋە غەيىبنى بىلگۈچى، (قىيامەت كۈنىدە)بەندىلىرى ئارىسىدا ، ئۇلار ئىختىلاپلاشقان ئىشلار توغرىسىدا سىلىلا ھۆكۈم قىلىلا، ئىختىلاپ قىلىنغان ئىشلاردا تەۋپىقلىرى بىلەن مىنى ھەققە ھىدايەت قىلسىلا، ھەقىقەتەن سىلى خالىغان كىشىنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىلا». مۇسلىم ، سەھىھ.

**1213 - [ 3 ] ( صحيح )وعن عبادة بن الصامت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تعار من الليل فقال : لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير وسبحان الله والحمد لله ولا إله إلا الله والله أكبر ولا حول ولا قوة إلا بالله ثم قال : رب اغفر لي أو قال : ثم دعا استيجيب له فإن توضأ وصلى قبلت صلاته " رواه البخاري**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان چاغدا: «يەككە ــ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئاللاھقىلا خاس، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، بارلىق ياخشىلىق ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئاللاھ پاكتۇر. بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچبىر كۈچ ــ قۇۋۋەت يوقتۇر» دېسە، ئاندىن ئى ئاللاھ!، مەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلسىلا دەپ دۇئا قىلسا، دۇئاسى ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، ئەگەر تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا، نامىزى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەھمەد 21619 ــ ھەدىس، بۇخارى 1086 ــ ھەدىس، تىرمىزى 3336 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4401 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3868 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**1214 - [ 4 ] الفصل الثاني ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا استيقظ من الليل قال : " لا إله إلا أنت سبحانك اللهم وبحمدك استغفرك لذنبي وأسألك رحمتك اللهم زدني علما ولا تزغ قلبي بعد إذ هديتني وهب لي من لدنك رحمة إنك أنت الوهاب " . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئويغانغان چاغدا مۇنداق دەيتتى، ئى ئاللاھ، سىلىدىن باشقا ئىلاھ يوق، سىلى ھەممىدىن پاك، سىلىگە ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمەن، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، رەھمەتلىرىنى سورايمەن، ئىلمىمنى زىيادە قىلسىلا، قەلبىمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن،

ھەقدىن بۇرۇۋەتمىسلە، ماڭا ئۆز نەزلىلىرىدىن رەھمەت ئاتا قىلسىلا، سىلى ھەقىقەتەن بەك بەرگۈچى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1215 - [ 5 ] ( صحيح )وعن معاذ بن جبل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من مسلم يبيت على ذكر طاهرا فيتعار من الليل فيسأل الله خيرا إلا أعطاه الله إياه " . رواه أحمد وأبو داود**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان تاھارەت بىلەن زىكرى ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالسا، ئاندىن كېچىسى ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇپ كېتىپ، ئالالاھتائالادىن، دۇنيا ــ ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدىن بىرەر ياخشىلىقنى سورىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە سورىغان نەرسىنى بېرىدۇ، دۇئاسى ئىجاۋەتتۇر. ئەبۇ داۋۇد 4385 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3871 ــ ھەدىس، ئەھمەد 21037 ــ ھەدىس. سەھىھ.

**1216 - [ 6 ] ( ضعيف )وعن شريق الهوزني قال : دخلت على عائشة فسألتها : بم كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يفتتح إذا هب من الليل فقالت : سألتني عن شيء ما سألني عنه أحد قبلك كان إذا هب من الليل كبر عشرا وحمد الله عشرا وقال : " سبحان الله وبحمده عشرا " وقال : " سبحان الملك القدوس " عشرا واستغفر عشرا وهلل عشرا ثم قال : " اللهم إني أعوذ بك من ضيق الدنيا وضيق يوم القيامة " عشرا ثم يفتتح الصلاة . رواه أبو داود**

شەرىقلھەۋزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئويغانغاندا نېمە بىلەن باشلايتتى؟ دەپ سورىدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، سەندىن ئىلگىرى ھېچ كىشى سوراپ باقمىغان مەسىلە ئۈستىدە سورىدىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئويغۇنىپ قالسا، 10 قېتىم تەكبىر، 10 قېتىم ھەمدۇ ئېيتاتتى، سۇبھانەللا ۋەبىيھەمدىھىنى 10 قېتىم دەيتتى، پادىشاھ ئاللاھ پاكتۇر دەپ 10 قېتىم دەيتتى، 10 قېتىم تەھلىيل ئېيتاتتى ئاندىن ئى ئاللاھ، سىلىگە سېغىنىپ دۇنيانىڭ تارلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، قىيامەتنىڭ تارلىقىدىنمۇ پاناھ تىلەيمەن دەپ 10 قېتىم دەپ، ئاندىن نامازنى باشلايتتى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن،

**1217 - [ 7 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن أبي سعيد قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا قام من الليل كبر ثم يقول : " سبحانك اللهم وبحمدك وتبارك اسمك وتعالى جدك ولا إله غيرك " ثم يقول : " الله أكبر كبيرا " ثم يقول : " أعوذ بالله السميع العليم من الشيطان الرجيم من همزه ونفخه ونفثه " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وزاد أبو داود بعد قوله : " غيرك " ثم يقول : " لا إله إلا الله " ثلاثا وفي آخر الحديث : ثم يقرأ**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئورنىدىن تۇرغاندا تەكبىر ئەيتىۋتىپ مۇنداق دەيتتى: «**سۇبھانەكە ئاللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە، ۋەتەبارە كەاسمۇكە، ۋەتەئەلا جەددۇكە ۋەلائىلاھە غەيرۇك**»، تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، سىلى پاك، مەن سىلىگە ھەمدۇ ئېيتىمەن، سىلىنىڭ ئىسمىلىرى بەرىكەتلىك، بۈيۈكتۇر، كاتتا ئۇلۇغلۇقلىرى يۈكسەكتۇر، ئۈستۈندۇر، سىلىدىن باشق ھەق ئىلاھ يوقتۇر».ئاندىن «**الله** ئەكبەر كەبىيرا» دىۋتىپ:ئاندىن «ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى،بىلىپ تۇرغۇچى **الله** قا سېغىنىپ، رەھمەتتىن قوغلانغان لەنەتكار شەيتاندىن، ئۇنىڭ كىبرىدىن، شەئىرىدىن، ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلەيمەن » دەيتتى. تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ..

**1218 - [ 8 ] ( صحيح )وعن ربيعة بن كعب الأسلمي قال : كنت أبيت عند حجرة النبي صلى الله عليه وسلم فكنت أسمعه إذا قام من الليل يقول : « سبحان رب العالمين » الهوي ثم يقول : " سبحان الله وبحمده " الهوي . رواه النسائي وللترمذي نحوه**

**وقال : هذا حديث حسن صحيح**

رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇجرىسىدا يېتىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىسى ئورنىدىن تۇرغان چاغدا ئۇزۇنغىچە« ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله پاكتۇر»دەپ، يەنە ئۇزۇنغىچە« الله قا ھەمدە ئېيتىش بىلەن بىرگە الله نى پاك دەپ ئىقاد قىلىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ. نەسەئى،تىرمىزى توپلىغان سەھىھ،

**باب التحريض على قيام الليل - الفصل الأول** كېچىدە قىيامدا تۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش توغرىسىدا

**1219 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يعقد الشيطان على قافية رأس أحدكم إذا هو نام ثلاث عقد يضرب على كل عقدة : عليك ليل طويل فارقد . فإن استيقظ فذكر الله انحلت عقدة فإن توضأ انحلت عقدة فإن صلى انحلت عقدة فأصبح نشيطا طيب النفس وإلا أصبح خبيث النفس كسلانا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان، بىرىڭلار ئۇخلىغاندا، ئۇنىڭ گەردىنىگە ئۈچ چىگىك چىگىپ، ھەربىر چىگىكنى چەگكەندە، ئۇ چىگىككە مۇنداق دەپ ئۇرۇپ قويىدۇ: ئۇخلا، ساڭا تېخى كېچە بەك ئۇزۇن، ئۇخلاۋەر، ئەگەر ئۇ كىشى ئويغىنىپ ئاللاھنى ئەسلىسە، بىر چىگىك يېشىلىدۇ، ئەگەر تاھارەت ئالسا، ئىككىنچى چىگىك يېشىلىدۇ، ئەگەر نامازنى كامىل ئوقۇسا، ئۈچىنچى چىگىكمۇ يېشىلىدۇ، ئاندىن ئۇ قەلبى، نەپسى پاك، چېچەن پائالىيەتچان، شوخ تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئەگەر يۇقىرقىدەك قىلمىسا، ئۇ كىشى قەلبى نىجىس، كۆڭلى پاراكەندە، ھورۇن تاڭ ئاتقۇزىدۇ، (شەيتان ئىشەك قىلىپ مىنىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1220 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن المغيرة قال : قام النبي صلى الله عليه وسلم حتى تورمت قدماه فقيل له : لم تصنع هذا وقد غفر لك ما تقدم من ذنبك وما تأخر ؟ قال : " أفلا أكون عبدا شكورا "**

مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى پۇتى ئىششىپ كەتكەنگە قەدەر قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئۇقۇدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: سىلىنىڭ ئىلگىرـ ئاخىر بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا، نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قىلىلا؟ دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن الله قا شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟ دېدى.بۇخارى،مۇسلىم .

**1221 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن ابن مسعود قال : ذكر عند النبي صلى الله عليه وسلم رجل فقيل له مازال نائما حتى أصبح ما قام إلى الصلاة قال : " ذلك رجل بال الشيطان في أذنه " أو قال : " في أذنيه "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا، تاڭ ئاتقىچە ئۇخلاۋېرىپ، نامازغا قوپالمايدىغان بىر كىشى تىلغا ئېلىنغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەنەشۇ شەيتان ئىككىلى قۇلىقىغا سىيىۋەتكەن كىشىدۇر، دېدى . بۇخارى،مۇسلىم .

**1222 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أم سلمة قالت : استيقظ رسول الله صلى الله عليه وسلم ليلة فزعا يقول : " سبحان الله ماذا أنزل الليلة من الخزائن ؟ وماذا أنزل من الفتن ؟ من يوقظ صواحب الحجرات " يريد أزواجه " لكي يصلين ؟ رب كاسية في الدنيا عارية في الآخرة " أخرجه البخاري**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىركېچىسى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، مۇنداق دېگەن: سۇبھانەللاھ! بۈگۈن كېچە خەزىنىلەردىن نىمىلەر چۈشكەندۇ؟(ئېچىلغاندۇ؟)! پىتنە ــ

پاسادلاردىن نېمىلەر چۈشۈرۈلگەندۇ؟، كىم ھوجۇر ئەھلىلىرىنى ئويغۇتۇپ قويۇدۇ؟، (يەنى ئاياللىرىنى ناماز ئوقۇۋۇالسۇن دېمەكچى) بۇ دۇنيادا، نۇرغۇن رەڭگارەڭ كىيىم ــ كېچەك كىيگۈچى ئاياللار، ئاخىرەتتە قىپ يالىڭاچ قالىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1223 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ي ل ربنا تبارك وتعالى كل ليلة إلى السماء الدنيا حين يبقى ثلث الليل الآخر يقول : من يدعوني فأستجيب له ؟ من يسألني فأعطيه ؟ من يستغفرني فأغفر له ؟ "وفي رواية لمسلم : ثم يبسط يديه ويقول : " من يقرض غير عدوم ولا ظلوم ؟ حتى ينفجر الفجر "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ھەر كېچىسى، كېچىنىڭ (ئەۋۋەلكى ئۈچتىن بىرى كېتىپ بولغاندا)، ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغاندا، دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: (مەن پادىشاھ، مانا مەن پادىشاھ بولىمەن)، ماڭا دۇئا قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىجاۋەت قىلىمەن، مەندىن سورايدىغان كىشى بارمۇ، ئۇ كىشىگە سورىغىنىنى بېرىمەن، مەغپىرەت سوراپ ئىستىغفار ئېيتىدىغان كىشى بارمۇ؟ مەغپىرەت قىلىمەن،ئاندىن (ئوخششى يوق، ئۆزىگە لايىق)ئىككى قولىنى سوزۇپ تۇرۇپ: سۆبھى يورىغانغا قەدەر، يوقۇتۇپ قويماستىن، زۇلۇمغا ئۇچرىماستىن، قەرز بېرىدىغان يەنى سەدىقە ــ ئېھسان قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟ ئۇ بەرگەن نەرسىنىڭ ئەجرىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ، قىلچىلىك زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ، دەپ تۇرىدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1224 - [ 6 ] ( صحيح )وعن جابر قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إن في الليل لساعة لا يوافقها رجل مسلم يسأل الله فيها خيرا من أمر الدنيا والآخرة إلا أعطاه إياه وذلك كل ليلة " رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن كېچىدە بىر سائەت بار بولۇپ، مۇسۇلمان بەندە، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشىدىن بىرەر نەرسىنى، ئاللاھتائالادىن سورىغان ھالدا، شۇ سائەتكە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ھەرقانداق ياخشى نەرسە سورىسمۇ، ئاللاھ ئۇنى شۇ بەندىگە چوقۇم بېرىدۇ، بۇ سائەت ھەر كېچىسى باردۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1225 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : "أحب الصيام إلى الله صيام داود و كان يصوم يوما ويفطر يوما و أحب الصلاة إلى الله صلاة داود كان ينام نصف الليل ويقوم ثلثه وينام سدسه "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزىنىڭ ئاللاھقا دوستراق،سۆيۈملۈكرەكى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر، ئۇ بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن يەيتتى، نامازنىڭمۇ ئاللاھقاسۆيۈملۈكرەكى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدۇر، ئۇ كېچىنىڭ يېرىمىغىچە ئۇخلايتتى، 1/3دە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى، 1/6دە يانائۇخلايتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**1226 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان تعني رسول الله صلى الله عليه وسلم ينام أول الليل ويحيي آخره ثم إن كانت له حاجة إلى أهله قضى حاجته ثم ينام فإن كان عند النداء الأول جنبا وثب فأفاض عليه الماء وإن لم يكن جنبا توضا للصلاة ثم صلى ركعتين "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئەۋۋەلىدە ئۇخلاپ، كېچىنىڭ ئاخىردا قىيامدا تۇراتتى، ئاندىن ئەگەر ئايالىغا ھاجىتى بولۇپ قالسا، ھاجىتىنى ئادا قىلىۋالاتتى، ئاندىن يەنە ئۇخلايتتى، ئەگەر بىرىنجى ئەزان چىققاندا جۇنۇپ بولسا، دەس تۇرۇپ ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ (غۇسلى

قىلىپ يۈيۈناتتى) ۋە ئەگەر جۇنۇپ بولمىسا، نامازغا كىچىك تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

**1227 - [ 9 ] الفصل الثاني ( حسن بشواهده )عن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عليكم بقيام الليل فإنه دأب الصالحين قبلكم وهو قربة لكم إلى ربكم ومكفرة للسيئات ومنهاة عن الإثم " . رواه الترمذي**

بىلال، ئەبۇ ئۇمامە، ئەبۇ دەردائى، سەلمان، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەققەتەن ئۇ سىلەردىن بۇرۇنقى سالىھ، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئادىتى ۋە شۇنداقلا رەببىڭلار ئاللاھتائالاغا يېقىن بولۇشدۇر، گۇناھلارغا كاپارەتتۇر، گۇناھ ــ مەئسىيەتتىن توسقۇچىدۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى ئەساكىر، تەبرانى، ئىبنى سىنا توپلىغان، سەھىھ.

**1228 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاثة يضحك الله إليهم الرجل إذا قام بالليل يصلي والقوم إذا صفوا في الصلاة والقوم إذا صفوا في قتال العدو . رواه في شرح السنة**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەردىن ئاللاھ كۈلۈپ كېتىدۇ، بىرىنچىسى، كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىدىن، ئىككىنچىسى، نامازغا سەپ تارتقان قەۋمدىن، ئۈچىنچىسى، ئۇرۇش قىلىشتا سەپ تارتقان قەۋمدىن ئاللاھ كۈلۈپ كېتىدۇ، بۇ شەرھى سۇننەدە بار، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**1229 - [ 11 ] ( صحيح )وعن عمرو بن عبسة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أقرب ما يكون الرب من العبد في جوف الليل الآخر فإن استطعت أن تكون ممن يذكر الله في تلك الساعة فكن " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب إسنادا**

ئەمرۇ ئىبنى ئەسبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە رەببىگە، رەببى بەندىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقىت، كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدۇر، شۇ سائەتلەردە ئاللاھنى ئەسلەيدىغان كىشلەردىن بولۇشۇڭغا قادىر بولالىساڭ، شۇنداق بول. تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1230 - [ 12 ] ( حسن )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رحم الله رجلا قام من الليل فصلى وأيقظ امرأته فصلت فإن أبت نضح في وجهها الماء . رحم الله امرأة قامت من الليل فصلت وأيقظت زوجها فصلى فإن أبى نضحت في وجهه الماء " . رواه أبو داود والنسائي**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇغان، ئايالىنى ئويغۇتۇپ قويسا ئاندىن ئايالمۇ ناماز ئوقۇغان، ئەگەر قوپقىلى ئۇنىمىسا يۈزىگە سۇ چېچىپ ئويغاتقان ئەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ، كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان، ئېرىنى ئويغۇتۇپ قويسا، ئېرىمۇ ناماز ئوقۇغان، ئەگەر قوپقىلى ئۇنىمىسا، يۈزىگە سۇ چېچىپ ئويغاتقان ئايالغىمۇ ئاللاھتائالا كۆپتىن كۆپ رەھمەت قىلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**1231 - [ 13 ] ( حسن )وعن أبي أمامة قال : قيل : يا رسول الله أي الدعاء أسمع ؟ قال : " جوف الليل الآخر ودبر الصلوات المكتوبات " . رواه الترمذي**

ئەبۇئۇمامەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېيدۇ؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!دۇئانىڭ قايسىسى ئەڭ ئىجابەتلىك ؟ دېيىلدى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىكى ۋە پەرز نامازلارنىڭ ئارقىسىدىكى دۇئا
دىدى. تىرمىزى توپلىغان ھەسەن.بۇھەدىس 968 ـ ھەدىستە ئۆتكەن.

**1232 - [ 14 ] ( صحيح )**

**وعن أبي مالك الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن في الجنة غرفا يرى ظاهرها من باطنها وباطنها من ظاهرها أعدها الله لمن آلان الكلام وأطعم الطعام وتابع الصيام وصلى بالليل والناس نيام " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك بىر بالىخانا، مېھمانخانا، ئۈستۈن قەۋەتلىك ئىمارەت بار بولۇپ، ئۇنىڭ تېشى ئىچىدىن، ئىچى تېشىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھتائالا ئۇ ئالىي مەرتىۋىنى كىشلەرگە تائام بەرگەن، سۆزىنى ياخشى، مۇلايىم قىلغان، كەينى ــ كەينىدىن كۆپلەپ روزا تۇتقان، كىشلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىلەردە ناماز ئوقۇغان كىشلەرگە تەييارلاپ قويىدى. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1233 - [ 15 ] ( صحيح )وروى الترمذي عن علي نحوه وفي روايته : " لمن أطاب الكلام "**

**1234 - [ 16 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن عبد الله بن عمرو بن العاص قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا عبد الله لا تكن مثل فلان كان يقوم من الليل فترك قيام الليل "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دىگەن: ئى ئابدۇللاھ! سەن كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، ئاندىن قىيامدا تۇرۇشنى تەرىك ئەتكەن پالانىدەك بولمىغىن، (يەنى ئاز بولسىمۇ دائىم قىيامداتۇرغىن). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**1235 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن عثمان بن أبي العاص قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " كان لداود عليه السلام من الليل ساعة يوقظ فيها أهله يقول : يا آل داود قوموا فصلوا فإن هذه ساعة يستجيب الله عز وجل فيها الدعاء إلا لساحر أو عشار " . رواه أحمد**

ئوسمان ئىبنى ئەبىلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر سائەت بولۇپ، ئۇ بۇ سائەتتە، ئەھلىلىرىنى ئويغۇتاتتى، ھەي داۋۇد ئەھلى! قوپۇپ ناماز ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن بۇ سائەتتە ئاللاھ دۇئانى ئىجاۋەت قىلىدۇ، لېكىن، سېھىرگەر بىلەن ئۆشرە يىغىدىغان باجگىر بۇنىڭدىن مۇستەسنا دەيتتى، ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1236 - [ 18 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " أفضل الصلاة بعد المفروضة صلاة في جوف الليل " . رواه أحمد**

ئەبۇ ھۇرەيرە،جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەرز نامازدىن قالسا، نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، يېرىم كېچىدىكى نامازدۇر، «يەنى تەھەججۇد، نەپلە نامىزى» (رامىزان ئېيىدىكى روزىدىن قالسا، روزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، ئاللاھنىڭ مۇھەررەم ئېيىدىكى روزىدۇر، يەنى ئاسماندىكى كونا ھىجرىيە ئېيىنىڭ بىرىنچى ئېيىدۇر)،ئەھمەد، مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، رويانى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**1237 - [ 19 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : جاء رجل إلى النبي صلى فقال : إن فلانا يصلي بالليل فإذا أصبح سرق فقال : إنه سينهاه ما تقول . رواه أحمد والبيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ھەققەتەن پالانى كېچىسى ناماز ئوقۇپ، تاڭ ئاتقاندا ئۇخۇرلۇق قىلدۇ ، دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭ كېچىسى ئوقۇغان نامازى، پات يېقىندا سەن دىگەن ئىشتىن توسىدۇ، دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

**1238 - [ 20 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد وأبي هريرة قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أيقظ الرجل أهله من الليل فصليا أو صلى ركعتين جميعا كتبا في الذاكرين والذاكرات " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەر كىشى ئايالنى كېچىدە ئويغۇتۇپ، ھەر ئىككىلىسى ناماز ئوقۇسا، ياكى ئىككىسى بىللە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇلار ئاللاھنى كۆپ ئەسلىگۈچى ئەر ــ ئايالالار دەپ يېزىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھەببان، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

**1239 - [ 21 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أشراف أمتي حملة القرآن وأصحاب الليل " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئۇممىتىمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىرى قۇرئاننى يادائىلىپ كۇتۇرگەن ، كىچىسى قىيامداتۇرغانلاردۇر.بەيھەقى توپلىغان زەئىپ.

**1240 - [ 22 ] ( صحيح )وعن ابن عمر أن أباه عمر بن الخطاب رضي الله عنه كان يصلي من الليل ما شاء الله حتى إذا كان من آخر الليل أيقظ أهله للصلاة يقول لهم : الصلاة ثم يتلو هذه الآية : ( وأمر أهلك بالصلاة واصطبر عليها لا نسألك رزقا نحن نرزقك والعاقبة للتقوى )رواه مالك**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ دادام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچىسى **الله** خالىغان نامازلارنى ئوقۇپ، كېچىسىنىڭ ئاخىردا ئەھلىنى نامازغا ئويغۇتۇپ ، ئۇلارغا: ناماز!، نامازغاتۇرۇڭلار!دەپ، ئاندىن «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۇممىتىڭنى) نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز، ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر»دىگەن ئايەتنى ئوقۇيتتى. سۈرە تاھا 132 ـ ئايەت. مالىك توپلىغان سەھىھ.

| | |
|---|---|
| **باب القصد في العمل - الفصل الأول** | **ئەمەلدە ئوتتۇرىھال،نورمال مەقسەد قىلىش توغرىسىدا** |

**1241 - [ 1 ] ( صحيح )عن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يفطر من الشهر حتى يظن أن لا يصوم منه ويصوم حتى يظن أن لا يفطر منه شيئا وكان لا تشاء أن تراه من الليل مصليا إلا رأيته ولا نائما إلا رأيته . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى ئايدا كۆپۈنچە ئىبغىزى ئوچۇق يۈرگەنلىكتىن بۇئايدا روزا تۇتمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىناتتى. بەزى ئايدا ھەمىشەروزا تۇتقانلىقتىن بۇئايدا ئىپتارقىلمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىناتتى. سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كېچىسى ناماز ئوقۇغان ھالىتىدە كۆرۈشنى خالىساڭلا، كېچىسى ناماز ئوقۇغان ھالىتىدە كۆرەلەيتتىڭ، كېچىسى ئۇخلىغان ھالىتىدە كۆرۈشنى خالىساڭلا، كېچىسى ئۇخلىغان ھالىتىدە كۆرەلەيتتىڭ.بۇخارى توپلىغان.

**1242 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : أحب الأعمال إلى الله أدومها وإن قل "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ

سۆيۈملۈك، دوستراقى گەرچە ئاز بولسىمۇ، داۋام قىلغىنىدۇر. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ

**1243 - [ 3 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خذوا من الأعمال ما تطيقون فإن الله لا يمل حتى تملوا "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىبادەت ئەمەللىرىدىن سىلەر تاقەت قىلالايدىغان، قادىر بولالايدىغان، ئەمەللەرنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، ئاللاھتائالا قوبۇل قىلىشتا ھېرىپ قالمايدۇ، تاكى سىلەر ھېرىپ ــ چارچاپ قالسىلەر.تەبرانى، بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**1244 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ليصل أحدكم نشاطه وإذا فتر فليقعد )**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چېچەن، ھوشيار، پائالىيەتچان ھالەتتە ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇسۇن، ھورۇنلۇشۇپ، ھېرىپ ــ چارچاپ قالسا، ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن يەنە ئوقۇسۇن. ئەھمەد 11548 ــ ھەدىس، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد 1117 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس تۆۋرۈككە ئارقان سىلىپ ناماز ئوقۇغانلار توغرىسىدا دېيىلگەن، يەنى نەپلە ناماز.

**1245 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا نعس أحدكم وهو يصلي فليرقد حتى يذهب عنه النوم فإن أحدكم إذا صلى وهو ناعس لا يدري لعله يستغفر فيسب نفسه "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋېتىپ، مۈگدەپ قالسا، ئۇيقىسى كەتكەنگە قەدەر ئۇخلىۋېلىپ، ئاندىن ئوقىسۇن، چۈنكى، بىرىڭلار مۈگدىگەن ھالەتتە ناماز ئوقۇسا، بىلمەستىن، مەغپىرەت سورايمەن دەپ، ئۆزىنى تىللاپ، ئەيىبلەپ سېلىشى مۇمكىن. مالىك، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**1246 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الدين يسر ولن يشاد الدين أحد إلا غلبه فسددوا وقاربوا وأبشروا واستعينوا بالغدوة والروحة وشيء من الدلجة " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دىن بەكلا ئاساندۇر، ھەرقانداق بىر كىشى دىننى (يەنى ئەھكاملىرىنى) قاتتىق قىلىۋېلىپ، ئۆزىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىبادەتكە تەكلىپ قىلسا، دىن ئۇنىڭغا غالىپ كېلىدۇ، (يەنى قاتتىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا مۇشەققەت چۈشۈپ قالىدۇ) شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل، ئىبادەتلەردە، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي، كەمچىلىك سادىر قىلماي، ئوتتۇرىھال، نورمال يول تۇتۇپ، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، تائەت ــ ئىبادەتلەردە توغرا يول تۇتۇپ، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، بىشارەت ئېلىڭلار، خۇش بىشارەت بېرىڭلار، ئەتىگەن تەرەپلەردە، كەچ تەرەپلەردە ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇللىرىدا ئىبادەتلەرگە ياردەم تەلەپ قىلىڭلار (يەنى بۇ ۋاقىتلاردا ئىبادەت قىلىش، نامازغا چىقىش بىلەن ياردەم سوراڭلار، بۇ ئىنتايىن ياخشى ۋاقىتتۇر) بۇخارى 38 ــ ھەدىس،، مۇسلىم 5039 ــ ھەدىس، نەسەئى 4948 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4191 ــ ھەدىس، ئەھمەدتە بۇ ھەدىس 20 قېتىم كېلىدۇ، سەھىھ.

**1247 - [ 7 ] ( صحيح )وعن عمر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من نام عن حزبه أو عن شيء منه فقرأه فيما بين صلاة الفجر وصلاة الظهر كتب له كأنما قرأه من الليل " . رواه مسلم**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ۋىردە ۋەزىپىسىدىن كېچىدىكى ئوقۇيدىغان نەرسىسىدىن ئۇخلاپ قېلىپ، ئۇنى بامدات نامىزى بىلەن پېشىن نامىزىنىڭ ئارىلىقىدا

ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە شۇ ۋەزىپىسىنى خۇددى كېچىسى ئوقىغاندەك يازىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ۋەزىپە، زىكرى ــ تەسبىھ، قۇرئان تىلاۋىتى، ناماز، دۇرۇت ـ سالامدۇر.بىدئەتتىن ھەزەر قىلىڭ!.

**1248 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عمران بن حصين قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صل قائما فإن لم تستطع فقاعدا فإن لم تستطع فعلى جنب " . رواه البخاري**

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىياللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىن، ئەگەر قادىر بولالمىساڭ، ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ، يېنى يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇغىن. ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1249 - [ 9 ] ( صحيح )وعن عمران بن حصين : أنه سأل النبي صلى الله عليه وسلم عن صلاة الرجل قاعدا . قال : " إن صلى قائما فهو أفضل ومن صلى قاعدا فله نصف أجر القائم ومن صلى نائما فله نصف أجل القاعد " . رواه البخاري**

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن،كىشىنىڭ ئولتۇرغان ھالدىكى نامىزىدىن سورىغاندا مۇنداق دىگەن: كىم ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئۇ ئەۋزەلدۇر، كىم ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بۇ كىشىگە ئۆرە تۇرغان كىشىنىڭ ئەجرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ، كىم يېنى يېتىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، بۇ كىشىگە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئەجرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. (تۇرمىگە كىرىپ قالغانلار قانداق ئوقۇسا، ئوقۇۋسلا بولىدۇ، ئۇلار مېڭىپ كېتىۋېتىپ، ئىشلەۋېتىپ ئوقۇسىمۇ، دۇرۇس بولىۋېرىدۇ، بۇنىڭغا ئايەت دەلىلدۇر، «قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ ناماز ئوقۇڭلار» سۈرە بەقەرە 239 ــ ئايەت). بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1250 - [ 10 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن أبي أمامة قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " من أوى إلى فراشه طاهرا وذكر الله حتى يدركه النعاس لم يتقلب ساعة من الليل يسأل الله فيها خيرا من خير الدنيا والآخرة إلا أعطاه إياه " . ذكره النووي في كتاب الأذكار برواية ابن السني**

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم؛ ئەگەر بىر كىشى كېچىسى كۆرپىسىدە تاھارەت بىلەن ياتسا، مۈگە باسقىچە ئاللاھنى ئەسلىسە، شۇ كېچىسى بىرەر سائەتتە ئاللاھدىن دۇنيا ــ ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى سوراپ قالسا، ئاللاھ چوقۇم بېرىدۇ، ئىمام نەۋەۋى ئەزكاردا، ئىبنى سەنانىڭ رىۋەيىتى بىلەن خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1251 - [ 11 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : عجب ربنا من رجلين رجل ثار عن وطائه ولحافه من بين حبه وأهله إلى صلاته فيقول الله لملائكته : انظروا إلى عبدي ثار عن فراشه ووطائه من بين حبه وأهله إلى صلاته رغبة فيما عندي وشفقا مما عندي ورجل غزا في سبيل الله فانزم مع أصحابه فعلم ما عليه في الانزام وما له في الرجوع فرجع حتى هريق دمه فيقول الله لملائكته : انظروا إلى عبدي رجع رغبة فيما عندي وشفقا مما عندي حتى هريق دمه . رواه في شرح السنة**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رەببىمىز مۇنداق ئىككى كىشىدىن رازى بولۇپ، ئەجەپلىنىپ كېتىدۇكى، بىرى، ياخشى كۆرگەن ئەھلى ئايالىنىڭ كۆرپىسىدىن ، ياتقان ئورنىدىن كىچىسى نامازغا تۇرغان كىشى بۇلۇپ، ئاللاھتائالا پەرىشتىلىرىگە؛ مېنىڭ بۇ بەندەمگە قاراڭلار، بۇ بەندەم مېنىڭ دەرگاھىمدىكى ئەجىر، مۇكاپاتلارغا قىزىقىپ، مېنىڭ دەرگاھىمدىكى ئازابىدىن قورقۇپ، ياخشى كۆرگەن ئەھلى ئايالىنىڭ كۆرپىسىدىن ، ياتقان ئورنىدىن كىچىسى نامازغا تۇردى،دەيدۇ.يانابىركىشى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يېڭىلىپ چېكىنىدۇ، بۇ كىشى؛ يېڭىلگەن چاغدىكى ، ئۆزىنىڭ

ئۇستىدىكى قايتىپ بېرىپ، قايتاھۇجۇم قىلىش مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، دۈشمەن تەرەپكە قايتىپ بېرىپ، ئۇرۇش قىلىپ تاكى ئۇنىڭ قېنى تۆكۈلۈپ شېھىد بولىدۇ، ئاللاھتائالا پەرىشتىلىرىگە؛ مېنىڭ بۇ بەندەمگە قاراڭلار، بۇ بەندەم مېنىڭ دەرگاھىمدىكى ئەجىر، مۇكاپاتلارغا قىزىقىپ، مېنىڭ دەرگاھىمدىكى ئازابىدىن قورقۇپ، دۈشمەن تەرەپكە قايتىپ بېرىپ، جەڭ قىلىپ ھەتتا ئۇنىڭ قانلىرى تۆكۈلۈپ شېھىد بولدى دەيدۇ، يەنى رازى بولۇپ، باھالاپ بېرىدۇ.ئەھمەد3753 ـ ، ئەبۇ داۋۇد 2174 ـ ،شەرھىسسۇننەمۇ توپلىغان، ھەسەن.

**1252 - [ 12 ] الفصل الثالث ( صحيح )**

**عن عبد الله بن عمرو قال : حدثت أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " صلاة الرجل قاعدا نصف الصلاة " قال : فأتيته فوجدته يصلي جالسا فوضعت يدي على رأسه فقال : " مالك يا عبد الله بن عمرو ؟ " قلت : حدثت يا رسول الله أنك قلت : " صلاة الرجل قاعدا على نصف الصلاة " وأنت تصلي قاعدا قال : " أجل ولكني لست كأحد منكم " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئولتۇرغان ھالدا ئوقۇغان نامىزى نامازنىڭ يېرىمىدۇر، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن كىيىن كىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئولتۇرغان ھالدا ناماز ئۇقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ،ھەيران قېلىپ، قۇلۇمنى بېشىمغا قويسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئى ئابدۇالله! ساڭا نىمە بولدى؟ دىدى. مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا سىلىنىڭ : كىشىنىڭ ئولتۇرغان ھالدا ئوقۇغان نامىزى نامازنىڭ يېرىمىدۇر، دىگەنلىكلىرى ھەدىس سۆزلەنگەن ئىدى، سىلى ئولتۇرغان ھالدا ناماز ئۇقۇۋاتىلىغۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛شۇنداق، مەن شۇنداق دىگەن، لىكىن، مەن سىلەرگە ئوخشمايمەن،دىدى. (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېرىغاندا، كېسەل چاغدا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1253 - [ 13 ] ( صحيح )وعن سالم بن أبي الجعد قال : قال رجل من خزاعة : ليتني صليت فاسترحت فكأنهم عابوا ذلك عليه فقال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " أقم الصلاة يا بلال أرحنا ا " . رواه أبو داود**

سالىم رەھىمەھۇالله مۇنداق دەيدۇ؛ خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ كاشكى مەن ناماز ئۇقۇش بىلەن راھەت، ئارام ئېلىۋالغان بولسام ھە!دىگەندە، گۇياكى ئۇلار ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى، ئاندىن ئۇ ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئى بىلال! رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازغا تەكبىر ئېيتقىن، بىزنى شۇ ناماز بىلەن راھەتلەندۈرۈپ، ئارام ئالدۇرغىن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## باب الوتر - الفصل الأول ۋىتىر ناماز توغرىسىدا

**1254 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلاة الليل مثنى مثنى فإذا خشي أحدكم الصبح صلى ركعة واحدة توتر له ما قد صلى "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىنىڭ نامىزى ئىككى رەكئەتتىن، ئىككى رەكئەتتىن بولىدۇ، بىرىڭلار سۈبھىدىن، بامدات نامىزىدىن ئەنسىرەپ قېلىپ، بىر رەكئەت نامازئوقۇۋسىلا، بۇ بىر رەكئەت ناماز، ئالدىدا ئوقۇغان نامازلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇ كىشى ئۈچۈن ۋىتىر ھېسابلىنىدۇ. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تۆت كىتابمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**1255 - [ 2 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : الوتر ركعة من آخر الليل . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋىتىر دېگەن

كېچىنىڭ ئاخىرىدىن بىر رەكئەت ناماز ئوقۇۋېتىشتۇر. مۇسلىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**1256 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي من الليل ثلاث عشرة ركعة يوتر من ذلك بخمس لا يجلس في شيء إلا في آخرها "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى 13 رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، شۇ 13رەكئەتتىن بەش رەكئەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇيتتى، بۇبەش رەكئەت نامازنىڭ پەقەت ئاخىرىدىلا ئولتۇراتتى. (يەنى ئاخىردا بىرلا سالام بىرەتتى) بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1257 - [ 4 ] ( صحيح )**

**وعن سعد بن هشام قال انطلقت إلى عائشة فقلت يا أم المؤمنين انبئيني عن خلق رسول الله صلى الله عليه وسلم قالت : ألست تقرأ القرآن ؟ قلت : بلى . قالت : فإن خلق نبي الله صلى الله عليه وسلم كان القرآن . قلت : يا أم المؤمنين أنبئيني عن وتر رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالت : كنا نعد له سواكه وطهوره فيبعثه الله ما شاء أن يبعثه من الليل فيتسوك ويتوضأ ويصلي تسع ركعات لا يجلس فيها إلا في الثامنة فيذكر الله ويحمده ويدعوه ثم ينهض ولا يسلم فيصلي التاسعة ثم يقعد فيذكر الله ويحمده ويدعوه ثم يسلم تسليما يسمعنا ثم يصلي ركعتين بعدما يسلم وهو قاعد فتلك إحدى عشرة ركعة يابني فلما أسن صلى الله عليه وسلم وأخذ اللحم أوتر بسبع وصنع في الركعتين مثل صنيعه في الأولى فتلك تسع يا بني وكان نبي الله صلى الله عليه وسلم إذا صلى صلاة أحب أن يداوم عليها وكان إذا غلبه نوم أو وجع عن قيام الليل صلى من النهار ثنتي عشرة ركعة ولا أعلم نبي الله صلى الله عليه وسلم قرأ القرآن كله في ليلة ولا صلى ليلة إلى الصبح ولا صام شهرا كاملا غير رمضان . رواه مسلم**

سەئدى ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا بېرىپ: ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى! ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقىدىن خەۋەر بەرسىلە دېسەم، ئۇماڭا: سەن قۇرئان ئوقۇمامسەن؟دېدى. مەن : ئەلۋەتتە ئوقۇيمەن دېسەم، ئۇ:رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى قۇرئان كەرىم ئىدى ، (يەنى قۇرئانغا ئەمەل قىلاتتى)دېدى. مەن يەنە: ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى! ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋىتىرىدىن خەۋەر بەرسىلە دېسەم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مىسۋىكىنى، تاھارەت سۈيىنى تەييارلاپ بىرەتتۇق ، **الله** رەسۇلۇللاھنى كېچىدىن ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا قوپىراتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىسۋاك سىلىپ، كىچىك تاھارەت ئېلىپ، توققۇز رەكئەت نامازئوقۇيتتى، ئۇنامازنىڭ پەقەت سەككىزىنچى رەكئىتىدىلا ئولتۇرۇپ، **الله** قا زىكرى، ھەمدە ئەيتىپ، دۇئا قىلاتتى، ئاندىن سالام بەرمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ، توققۇزىنچى رەكئەتنى ئوقۇپ، ئاندىن ئولتۇرۇپ **الله** قا زىكرى، ھەمدە ئەيتىپ، دۇئا قىلىپ ، ئاندىن بىزگە ئاڭلاتقان ھالدا سالام بىرەتتى، سالام بىرىپ بولغاندىن كىيىن ئولتۇرغان ھالدا يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئەنە شۇ 11رەكئەت نامازدۇر، ئى ئوغلۇم! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېرىپ قالغاندا، سېمىرىپ كەتكەندە يەتتە رەكئەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇغان، (ئالتىنچى رەكئەتتەئولتۇرغاندىكى) ئىككى رەكئەتتە ئەۋۋەلقىدەك قىلغان ئىدى، (يەنى سەككىزىنچى رەكئەتتىكىدەك،زىكرى، ھەمدە ئەيتىپ دۇئا قىلغان، ئاندىن ئوقۇغان ئىككى رەكئەت بىلەن)ئەنە شۇ توققۇز رەكئەت نامازدۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نامازنى ئوقۇسا، ئۇ نامازنى دائىم ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېچىسى قىيامدا تۇرۇشتىن ئۇيقۇ ياكى كېسەل غالىپ كەلسە، كۈندۈزى 12رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر كېچىدىلا قۇرئاننىڭ ھەممىنى ئوقۇپ تامام قىلغىنىنى، تاڭ ئاتقىچە پۈتۈن بىركېچە نامازئوقۇپ چىققىنىنى، رامىزاندىن باشقا ئايدا، پۈتۈن بىرئاي كامىل رۇزا تۇتقىنىنى بىلمەيمەن،دېدى . مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1258 - [ 5 ] ( صحيح )وعن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : اجعلوا آخر صلاتكم بالليل وترا . رواه مسلم

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كېچىدىكى نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرىنى تاق يەنى ۋىتىر قىلىڭلار.مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

1259 - [ 6 ] ( صحيح )وعن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " بادروا الصبح بالوتر " . وراه مسلم

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سۈبھى نامىزى بامداتقا، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇش بىلەن ئالدىراڭلار، (يەنى سۈبھى يورۇشىدىن بۇرۇن ۋىتىر ئوقۇڭلار) مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

1260 - [ 7 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من خاف أن لا يقوم من آخر الليل فليوتر أوله ومن طمع أن يقوم آخره فليوتر آخر الليل فإن صلاة آخر الليل مشهودة وذلك أفضل " . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كېچىنىڭ ئاخىرىدا، قىيامدا تۇرالماسلىقتىن ئەنسىرىگەن كىشى، ۋىتىرنى كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئوقۇۋالسۇن، كېچىنىڭ ئاخىرىدا قىيامدا تۇرۇشنى تاما قىلغان كىشى،كېچىنىڭ ئاخىرىدا ۋىتىر ئوقۇسۇن، ھەقىقەتەن كېچىنىڭ ئاخىرىدا ۋىتىر ئوقۇش ئەۋزەلدۇر، كېچىنىڭ ئاخىرقى نامازدا پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ، گۇۋاھلىق بېرىلىدۇ، (شۇڭا ئەۋزەل)، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1261 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : من كل الليل أوتر رسول الله صلى الله عليه وسلم من أول الليل وأوسطه وآخره وانتهى وتره إلى السحر

ئائىشە، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر كېچىسى ۋىتىر ئوقۇيتتى، كېچىنىڭ ئەۋۋىلىقى باش تەرىپىدە، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا، بامداتتىن، سۈبھىدىن بۇرۇن سەھەرگىچە ۋىتىر ئوقۇيتتى، (يەنى بۇ كەڭچىلىك). بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

1262 - [ 9 ] ( متفق عليه )
وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : أوصاني خليلي بثلاث : صيام ثلاثة أيام من كل شهر وركعتي الضحى وأن أوتر قبل أن أنام

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا يېقىن دوستۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلدى: 1 ـ ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش،2 ـ ئىككى رەكئەت چاشكانامىزى ئوقۇش،3 ـ ئۇخلۇشۇمدىن بۇرۇن ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇشىمغا ۋەسىيەت قىلدى. بۇخارى، مۇسلىم.

1263 - [ 10 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن غضيف بن الحارث قال : قلت لعائشة : أرأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يغتسل من الجنابة في أول الليل أم في آخره ؟ قالت : ربما اغتسل في أول الليل وربما اغتسل في آخره قلت : الله أكبر الحمد لله الذي جعل في الأمر سعة قلت : كان يوتر أول الليل أم في آخره ؟ قالت : ربما أوتر في أول الليل وربما أوتر في آخره قلت : الله أكبر الحمد لله الذي جعل في الأمر سعة قلت : كان يجهر بالقراءة أم يخفت ؟ قالت : ربما جهر به وربما خفت قلت : الله أكبر الحمد لله الذي جعل في الأمر سعة . رواه أبو داود وروى ابن ماجه الفصل الأخير

غۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا؛ قېنى ماڭا خەۋەر بەرسىلە؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇپلۇقتىن كېچىنىڭ ئەۋۋەلىدە غۇسلى قىلىپ يۇيۇناتتى؟ ياكى كېچىنىڭ ئاخىردا

يۇيۇنامتى؟ دىسەم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: كۆپۈنچە كېچىنىڭ ئەۋۋەلىدە غۇسلى قىلىپ يۇيۇناتتى، كۆپۈنچە كېچىنىڭ ئاخىردا يۇيۇناتتى، دىدى. مەن: «الله بۈيۈكتۇر! بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئىشلاردا كەڭرىچىلىكنى، ئاسانلىقنى قىلغان الله قىلا خاستۇر»دىدىم، ۋە يەنە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئەۋۋەلىدە ۋىتىر ئوقۇمتى؟ ياكى كېچىنىڭ ئاخىردا ۋىتىر ئوقۇمتى؟ دىسەم، كۆپۈنچە كېچىنىڭ ئەۋۋەلىدە ۋىتىر ئوقۇيتتى، كۆپۈنچە كېچىنىڭ ئاخىردا ۋىتىر ئوقۇيتتى،دىدى. مەن: «الله بۈيۈكتۇر! بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار، ئىشلاردا كەڭرىچىلىكنى، ئاسانلىقنى قىلغان الله قىلا خاستۇر»دىۋىتىپ، يەنە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (كېچىسى)قىرائەتنى ئاشكارا جەھرى ئوقۇمتى؟ ياكى مەخپى ئوقۇمتى؟ دىسەم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (كېچىسى)قىرائەتنى كۆپۈنچەئاشكارا جەھرى ئوقۇيتتى، كۆپۈنچە مەخپى ئوقۇيتتى، دىدى. مەن (خۇشاللىقىمدىن) ؛«الله بۈيۈكتۇر! بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئىشلاردا كەڭرىچىلىكنى، ئاسانلىقنى قىلغان الله قىلا خاستۇر»دىدىم .ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1264 - [ 11 ] ( صحيح )**

**وعن عبد الله بن أبي قيس قال : سألت عائشة : بكم كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يوتر ؟ قالت : كان يوتر بأربع وثلاث وست وثلاث وثمان وثلاث وعشر وثلاث ولم يكن يوتر بأنقص من سبع ولا بأكثر من ثلاث عشرة . رواه أبو داود**

ئىبنى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەچچە رەكئەت ناماز بىلەن ۋىتىر ئوقۇيتتى؟ دەپ سورسام، ئۇماڭا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت ۋەيەنە ئۈچ رەكئەت بىلەن، ئالتە ۋەيەنە ئۈچ رەكئەت بىلەن، سەككىز ۋەيەنە ئۈچ رەكئەت بىلەن، ئون ۋەيەنە ئۈچ رەكئەت بىلەن، (يەنى ئازراقى يەتتە، كۆپرەكى 13رەكئەت بىلەن) ۋىتىر ئوقۇيتتى، يەتتە رەكئەتتىن كام ۋىتىر ئوقۇمايتتى، شۇنداقلا 13 رەكئەتتىن كۆپرەكمۇ ۋىتىر ئوقۇمايتتى،دىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان ،سەھىھ.

**1265 - [ 12 ] ( صحيح )وعن أبي أيوب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : الوتر حق على كل مسلم فمن أحب أن يوتر بخمس فليفعل ومن أحب أن يوتر بثلاث فليفعل ومن أحب أن يوتر بواحدة فليفعل ". رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه**

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ۋىتىر نامىزى ھەربىر مۇسۇلمانىنىڭ ئۈستىگە ھەق ۋاجىپتۇر، (خالىغان كىشى يەتتە رەكئەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇسۇن،) خالىغان كىشى بەش رەكئەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇسۇن، ئۈچ رەكئەت بىلەن ۋىتىر ئۇقۇشنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئۈچ رەكئەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇسۇن، خالىغان كىشى بىر رەكئەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇسۇن، (كىم بەھۇش بولۇپ كېسەل بولۇپ قالسا، بېشى قايسا، ئىشارەت قىلىپ ناماز ئوقۇسۇن). نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.(تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر باشقاھەدىستابار‌دۇر) مۇشۇنداق ئوچۇق ھەدىس تۇرسا، نىمىگە ئىختىلاپ قىلىسلەر؟، خالىغان كىشى شۇلاردىن خالىغىنىنى ئوقۇسۇن، كۆپ ئوقۇسا ئەجىر كۆپ بولىدۇ، بىر سەجدە قىلسا، بىر ئەجىر، ياخشىلىق يېزىلىپ، بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلۈپ، بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ، شۇڭا ۋىتىرنى بەش رەكئەت ئوقۇڭلار، قادىر بولساڭلار ئۆرە تۇرۇپ، قادىر بولالمىسا ئولتۇرۇپ ياكى ئىشارەت بىلەن ئوقۇڭلار.

**1266 - [ 13 ] ( حسن )وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله وتر يحب الوتر فأوتروا يا أهل القرآن " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

ئەلى ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا تاقتۇر، تاقنى (ۋىتىرنى) ياخشى كۆرىدۇ، ئى قۇرئان ئەھلى بولغان قارىيلار!، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇڭلار، (يەنى كېچىسى قىرائەت بىلەن تەھەججۇت،ۋىتىر ئوقۇڭلار). ئەھمەد 1165 ـــ ھەدىس، تىرمىزى

416 _ ھەدىس، نەسەئى 1658 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1159 _ ھەدىس، سەھىھ.

**1267 - [ 14 ] ( ضعيف )وعن خارجة بن حذافة قال : خرج علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم وقال : " إن الله أمدكم بصلاة هي خير لكم من حمر النعم : الوتر جعله الله لكم فيما بين صلاة العشاء إلى أن يطلع الفجر " . رواه الترمذي وأبو داود**

خارىجەت ئىبنى ھوزاپەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ بىزگە مۇنداق دىدى؛ ھەققەتەن ئاللاھ سىلەرگە بىر نامازنى زىيادە قىلىپ بەردى، ئۇ ناماز سىلەر ئۈچۈن تۆگىدەك نېئمەتتىنمۇ ياخشى، ئۇ بولسىمۇ، ۋىتىر نامىزىدۇر، ئاللاھ سىلەرگە بۇ نامازنى خۇپتەن نامىزى بىلەن سۈبھى يورىغاننىڭ ئارىلىقىدا قىلىپ بەردى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى؛زەئىپ ھەدىستۇر دىگەن،

**1268 - [ 15 ] ( حسن )**

**وعن زيد بن أسلم قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من نام عن وتره فليصل إذا أصبح " . رواه الترمذي مرسلا**

زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇشدىن ئۇخلاپ قالسا، تاڭ ئاتقۇزغاندا ئۇنى ئوقۇۋالسۇن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئاخشىمى ئوقۇماي يېتىپ، ۋاخ قالسا ئامال بار بامداتتىن بۇرۇن ئوقۇشى لازىم، ئامال بولمىسا كۈن چىققاندىن كېيىن ئوقۇيدۇ.

**1269 - [ 16 ] ( صحيح )وعن عبد العزيز بن جريج قال : سألنا عائشة رضي الله عنها بأي شيء كان يوتر رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قالت : كان يقرأ في الأولى ب ( سبح اسم ربك الأعلى )وفي الثانية ب ( قل يا أيها الكافرون )وفي الثالثة ب ( قل هو الله أحد )والمعوذتين ورواه الترمذي وأبو داود**

ئابدۇلئەزىزئىبنى جۇرەيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايسى نەرسە بىلەن (يەنى قايسى سۈرە بىلەن) ۋىتىر ئوقۇيتتى؟ دەپ سورساق، ئۇبىزگە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىرنىڭ بىرىنجى رەكئىتىدە «سەببىھىسمى رەببىكەلئەئلا»نى ئىككىنجى رەكئىتىدە « قۇل يائەييۇھەلكافىرۇن»نى، ئۈچۈنجى رەكئىتىدە «قۇل ھۇۋەاللە ئەھەد»نى ۋە سۈرە پەلەق، سۈرە ناسنىمۇ ئوقۇيتتى، دىدى.تىرمىزى،نەسەئى،ئەھمەد،دارىمى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان،سەھىھ.

**1270 - [ 17 ] ( صحيح )ورواه النسائي عن عبد الرحمن بن أبزى**

**1271 - [ 18 ] ( صحيح )ورواه ألأحمد عن أبي بن كعب**

**1272 - [ 19 ] ( صحيح )والدارمي عن ابن عباس ولم يذكروا والمعوذتين** بۇ ئۈچ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاتۇر.

**1273 - [ 20 ] ( صحيح )وعن الحسن بن علي رضي الله عنهما قال : علمني رسول الله صلى الله عليه وسلم كلمات أقولهن في قنوت الوتر : " اللهم اهدني فيمن هديت وعافني فيمن عافيت وتولني فيمن توليت وبارك لي فيما أعطيت وقني شر ما قضيت فإنك تقضي ولا يقضى عليك إنه لا يذل من واليت تباركت ربنا وتعاليت " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي**

ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىرنىڭ دۇئايى قۇنۇتىدا ئوقۇيدىغان بىر نەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگۈتۈپ قويغان ئىدى، ئۇ بولسىمۇ« ئاللاھۇممەھدىني فيمەن ھەدەيتە ۋە ئافىني فيمەن ئافەيتە ۋە تەۋەللىني فيمەن تەۋەللەيتە ۋە بارىك لىي پيما ئەئتەيتە ۋە قىني شەررى ما قەزەيتە پەئىننەكە تەقزىي ۋە لايۇقزا ئەلەيكە ئىننەھۇ لايەزىللۇ مەن ۋالەيتە تەبارەكتە رەببەنا ۋە تەئالەيتە»تەرجىمىسى؛ ئى اللە! مىنى سىلى ھىدايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ھىدايەت قىلسىلا، مىنى سىلى ساقلىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ساقلىسىلا، ماڭا سىلى ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ئىگە بولسىلا، ماڭا بەرگەن نەرسىلىرىدە بەركەت ئاتا قىلسىلا، سىلى (قازايى_قەدەردە) ھۆكۈم قىلغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن

مىنى ساقلىسىلا، چۈنكى سىلىلا ھۆكۈم قىلىلا، سىلىگە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ، سىلى ئىگە بولۇپ دوست تۇتقان كىشى خارلانمايدۇ، ئى رەببىمىز! سىلىنىڭ بەركەتلىرى بۈيۈك، سىلى ھەممىدىن پاك ھەم ئۈستۈن. تىرمىزى،نەسەئى، دارىمى، ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ.

**1274 - [ 21 ] ( صحيح )وعن أبي بن كعب قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا سلم في الوتر قال : " سبحان الملك القدوس " رواه أبو داود والنسائي وزاد : ثلاث مرات يطيل في آخرهن**

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىترنامىزىدىن سالام بەرگەندە:« بارلىق ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاك ، ھەق پادىشاھ بولغان، ئالەملەرنىڭ ئىگىسى بولغان الله پاكتۇر»دېگەننى ئۈچ قېتىم دەيتتى. ئاخىردا سوزۇپ دەيتتى. نەسەئى ، ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**1275 - [ 22 ] ( صحيح )وفي رواية للنسائي عن عبد الرحمن بن أبزى عن أبيه قال : كان يقول إذا سلم : " سبحان الملك القدوس " ثلاثا ويرفع صوته بالثالثة**

نەسەئىنىڭ رىۋايىتىدە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىدىن سالام بەرگەندە:« بارلىق ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاك ، ھەق پادىشاھ بولغان، ئالەملەرنىڭ ئىگىسى بولغان الله پاكتۇر»دېگەننى ئۈچ قېتىم دەيتتى. ئاخىردا ئاۋازىنى كۆتىرىپ سوزۇپ دەيتتى.دېيىلگەن.

**1276 - [ 23 ] ( صحيح )وعن علي رضي الله عنه قال : إن النبي صلى الله عليه وسلم كان يقول في آخر وتره : " اللهم إني أعوذ برضاك من سخطك وبمعافاتك من عقوبتك وأعوذ بك منك لا أحصي ثناء عليك أنت كما أثنيت على نفسك " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىترىنىڭ ئاخىردا مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن رازىلىقلىرى بىلەن غەزەپلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەپۇ قىلىپ ساقلاشلىرى بىلەن ئازابلىرىدىن، سىلىنىڭ رەھمەت پەزلىرى بىلەن ئازابلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلى ئۆزلىرىنى مەدھىيىلەپ ماختىغاندەك، مەن سىلىنى گۈزەل مەدھىيە، ھەمدۇ ـ سانا بىلەن ماختاشقا قادىر بولالمايمەن، (يەنى ھەمدۇ ـ سانا، مەدھىيىلەشنى ئاللاھ ئۆزى ئۆگىتىپ قويىدۇ) مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**1277 - [ 24 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن ابن عباس قيل له : هل لك في أمير المؤمنين معاوية فإنه ما أوتر إلا بواحدة ؟ قال : أصاب إنه فقيه  وفي رواية : قال ابن أبي مليكة : أوتر معاوية بعد العشاء بركعة وعنده مولى لابن عباس فأتى ابن عباس فأخبره فقال : دعه فإنه قد صحب النبي صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (خۇپتەندىن كېيىن) پەقەت بىر رەكئەت ناماز بىلەنلا ۋىتىر ئوقۇيدىكەن، سىزنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ سۆز قىلمامسىز؟ دېيىلگەندە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئۇ توغرا قىلىپتۇ، چۈنكى ئۇ پىقھى شۇناس ئالىم، (ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن)، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابە بولغان، دېدى.ئىمام بۇخارى رەھ  توپلىغان، سەھىھ.

**1278 - [ 25 ] ( ضعيف )وعن بريدة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " الوتر حق فمن لم يوتر فليس منا الوتر حق فمن لم يوتر فليس منا الوتر حق فمن لم يوتر فليس منا " . رواه أبو داود**

بۇرېيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ۋىتىر ناماز ھەقتۇر، ۋىتىر ئوقۇمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس، بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم دېدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

1279 - [ 26 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من نام عن الوتر أو نسيه فليصل إذا ذكر أو إذا استيقظ " . رواه الترمذي أبو داود وابن ماجه

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ۋىتىر نامىزىدىن ئۇخلاپ قالسا ياكى ئۇنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالسا، ئېسىگە كەلگەندە، ئويغانغاندا ئوقۇۋالسۇن، (يەنى قازاسىنى قىلىۋالسۇن). ئەھمەد، ھاكىم ، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس ۋىترى نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا ۋە ۋىتىرنىڭ ۋاجىپلىقىغا دەلىلدۇ.

1280 - [ 27 ] ( ضعيف )وعن مالك بلغه أن رجلا سأل ابن عمر عن الوتر : أواجب هو ؟ فقال عبد الله : قد أوتر رسول الله صلى الله عليه وسلم وأوتر المسلمون . فجعل الرجل يردد عليه وعبد الله يقول : أوتر رسول الله صلى الله عليه وسلم وأوتر المسلمون . رواه في الموطأ

مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر ئەر ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ۋىتىر نامىزى ۋاجىپمۇ؟ دەپ سورىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇغان مۇسۇلمانلارمۇ ئوقۇدى دېدى، ئۇ ئەر سوئالنى تەكرارلاۋەرگەن ئىدى، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرمۇ شۇ سۆزنى تەكرارلاۋەردى، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىر ئوقۇدى، مۇسۇلمانلارمۇ ئوقۇدى، مالىك مۇئەتتادا خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن، چۈنكى، بىر ئەر نامەلۇم.ماڭامۇنداق يەتتى دېگەن سۆزمۇ بار.

1281 - [ 28 ] ( ضعيف جدا )وعن علي رضي الله عنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يوتر بثلاث يقرأ فيهن بتسع سور من المفصل يقرأ في كل ركعة بثلاث سور آخرهن : ( قل هوا لله أحد )رواه الترمذي

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۈچ رەكئەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇيتتى، بۇ ئۈچ رەكئەت نامازغا مۇپەسسەل، قىسقا سۈرىدىن توققۇزنى قىرائەت قىلاتتى، ھەربىر رەكئەتنى ئۈچ سۈرە بىلەن ئوقۇيتتى، ئۇ سۈرىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى سۈرە ئىخلاس ئىدى، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

1282 - [ 29 ] ( صحيح )وعن نافع قال : كنت مع ابن عمر بمكة والسماء مغيمة فخشي الصبح فأوتر بواحدة ثم انكشف فرأى أن عليه ليلا فشفع بواحدة ثم صلى ركعتين ركعتين فلما خشي الصبح أوتر بواحدة . رواه مالك

ناپىئ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەككىدە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئىدىم ، ئاسمان بۇلۇتلۇق، ھاۋا تۇتۇق ئىدى، ئۇ سۇبھىدىن (بامدات نامىزىدىن) ئەنسىرەپ، بىر رەكئەت بىلەنلا ۋىتىر ئوقۇدى، ئاندىن ھاۋا ئېچىلغاندا تېخى كېچىنىڭ خېلى بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ بىر رەكئەتكە يەنە بىر رەكئەتنى جۈپلەشتۈرۈپ، ئاندىن ئىككى رەكئەتتىن، ئىككى رەكئەتتىن نامازئوقۇدى، يەنە سۇبھىدىن ئەنسىرىگەندە، بىر رەكئەت بىلەنلا ۋىتىر ئوقۇدى. ئىمام مالىك توپلىغان سەھىھ.

1283 - [ 30 ] ( صحيح )وعن عائشة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يصلي جالسا فيقرأ وهو جالس فإذا بقي من قراءته قدر ما يكون ثلاثين أو أربعين آية قام وقرأ وهو قائم ثم ركع ثم سجد ثم يفعل في الركعة الثانية مثل ذلك . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇپ، ئولتۇرغان

هالدا قىرائەت قىلاتتى، قىرائەتتىن 30 ياكى 40 ئايەت مىقدارىدا قالغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆرە تۇرغان هالدا قىرائەت قىلاتتى، ئاندىن (ئۆرە تۇرغان هالىتىدىن)رۇكۇـ سەجدە قىلاتتى، ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتكىمۇ شۇنداق قىلاتتى.ئىمام مۇسلىم توپلىغان سەھەھ.

**1284 - [ 31 ] ( صحيح )وعن أم سلمة رضي الله عنها أن النبي صلى الله عليه وسلم : " كان يصلي بعد الوتر ركعتين " رواه الترمذي وزاد ابن ماجه : خفيفتين وهو جالس**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىردىن كېيىن (ئولتۇرغان هالدا ) يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھەھ.

**1285 - [ 32 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يوتر بواحدة ثم يركع ركعتين يقرأ فيهما وهو جالس فإذا أراد أن يركع قام فركع . رواه ابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر رەكئەت ناماز بىلەن ۋىتىر ئوقۇپ، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى ، ئۇ ئىككى رەكئەت نامازدا ئولتۇرغان هالدا قىرائەت قىلىپ، رۇكۇ قىلىشنى مەخسەت قىلغان چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ رۇكۇ قىلاتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھەھ.

**1286 - [ 33 ] ( صحيح )وعن ثوبان عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن هذا السهر جهد وثقل فإذا أوتر أحدكم فليركع ركعتين فإن قام من الليل وإلا كانتا له " . رواه الدارمي**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۇشۇ كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ئۇيقۇسىز قېلىش ئېغىر مۇشەققەتلىك ئىشتۇر، بىرىڭلار ۋىتىرنى ئوقۇپ بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋەتسۇن، ئەگەر ئۇ كېچىسى قىيامدا تۇرالىسا، (تۇرغانچە بولىدۇ) ئەگەر كېچىدىن قىيامدا تۇرالمىسا، ئۇئىككى رەكئەت ناماز كۇپايە بولىدۇ.دارىمى توپلىغان، سەھەھ.

**1287 - ( حسن )وعن أبي أمامة : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يصليهما بعد الوتر وهو جالس يقرأ فيهما ( إذا زلزلت )و ( قل يا أيها الكافرون )رواه أحمد**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازنى ئولتۇرغان هالدا ئوقۇيتتى، بۇئىككى رەكئەت نامازدا «ئىزا زۇلزىلەت.....»بىلەن«قۇل يائەييۇھەلكافىرۇن» نى قىرائەت قىلاتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھەھ.

## باب القنوت - الفصل الأول    دۇئائى قۇنۇت توغرىسىدا

**1288 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا أراد أن يدعو على أحد أو يدعو لأحد قنت بعد الركوع فربما قال إذا قال : " سمع الله لمن حمده ربنا لك الحمد : اللهم أنج الوليد بن الوليد وسلمة ابن هشام وعياش بن ربيعة اللهم اشدد وطأتك على مضر واجعلها سنين كسني يوسف " يجهر بذلك وكان يقول في بعض صلاته : " اللهم العن فلانا وفلانا لأحياء من العرب حتى أنزل الله : ( ليس لك من الأمر شيء )الآية )**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىگە قارشى دۇئا قىلىشنى ياكى بىرەر كىشىنىڭ مەنپەئەتىگە دۇئا قىلىشنى ئىرادە قىلسا، رۇكۇدىن كېيىن دۇئائى قۇنۇت ئوقۇيتتى، كۆپۈنچە «سەمىئەللە ھۇ لىمەن ھەمىدەھ ، رەببەنا لەكەلھەمدۇ» دېگەن چاغدا؛ ئى الله! ۋەلىد ئىبنى ۋەلىدنى، سەلەمەت ئىبنى ھىشامنى، ئەياشنى نىجات تاپقۇزسىلا، ئى الله! ئازاپلىرىنى مۇزەر قەبىلىسىگە قاتتىق قىلسىلا،

ئۇقەبىلگە خۇددى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكىدەك، قەھەتچىلىك قىلسلا، دىگەنلەرنى ئاشكارا دەيتتى، نامىزنىڭ بەزىسىدە ئەرەپ قەبىلىلىرى ئۈچۈن: ئى الله! پالانى، پالانىغا لەنەت قىلسلا دەيتتى، الله « (ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، الله يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن كۇفرىدا چىڭ تۇرسا) ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ».دىگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندا (توختاپ قالدى) سۈرە ئال ئىمران 128 ـ ئايەت. بۇخارى ، مۇسلىم .

1289 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عاصم الأحول قال : سألت أنس بن مالك عن القنوت في الصلاة كان قبل الركوع أو بعده ؟ قال : قبله إنما قنت رسول الله صلى الله عليه وسلم بعد الركوع شهرا إنه كان بعث أناسا يقال لهم القراء سبعون رجلا فأصيبوا فقنت رسول الله صلى الله عليه وسلم بعد الركوع شهرا يدعو عليهم

ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نامازدىكى دۇئائى قۇنۇت توغرىسىدا ، بۇدۇئا رۇكۇدىن بۇرۇن قىلىناتتى؟ ياكى رۇكۇدىن كېيىنمۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇماڭا: بۇدۇئا رۇكۇدىن بۇرۇن قىلىناتتى، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن كېيىن بىرئايلا قۇنۇت ئوقۇغان، (بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان قارىيلىرى دېيىلىدىغان 70قارىينى (بىئرى مەئۇنەت دېيىلىدىغان جايغا دەئۇەتكە) ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەستكە ئۇچراپ شەھىد قىلىنغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن كېيىن بىرئاي قۇنۇت ئوقۇپ ، ئۇلارغا (يەنى قاتىللارغا)قارشى دۇئا قىلغان ئىدى، دىدى. بۇخارى ، مۇسلىم .

1290 - [ 3 ] الفصل الثاني ( حسن )عن ابن عباس قال : قنت رسول الله صلى الله عليه وسلم شهرا متتابعا في الظهر والعصر والمغرب والعشاء وصلاة الصبح إذا قال : " سمع الله لمن حمده " من الركعة الآخرة يدعو على أحياء من بني سليم : على رعل وذكوان وعصية ويؤمن من خلفه . رواه أبو داود

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرئاي ئۇزۇلدۇرمەي، كەينى ـ كەينىدىن پىشىن، ئەسىر، شام ، خۇپتەن، بامدات نامازلىرىدا قۇنۇت ئوقۇپ، نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رەكئەتتە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ : «سەمىئەالله ھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دىگەن چاغدا، بەنىي سەلىمدىن رىئلە ، زەكۋانە، ئۇسەييەت قەبىلىلىرىگە قارشى دۇئا قىلغان ئىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

1291 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم قنت شهرا ثم تركه . رواه أبو داود والنسائي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاي (ئۇزۇلدۇرمەي)، دۇئائى قۇنۇت ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن تەرىك ئەتكەن ئىدى.نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان،سەھىھ.

1292 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي مالك الأشجعي قال : قلت لأبي : يا أبت إنك قد صليت خلف رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبي بكر وعمر وعثمان وعلي ههنا بالكوفة نحوا من خمس سنين أكانوا يقنتون ؟ قال : أي بني محدث . رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه

ئەبۇمالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن دادامدىن: ئى دادا ! ھەققەتەن سىلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان، مۇشۇ يەردىكى كۇپىدە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدىمۇ بەش يىلچە ناماز ئوقۇغان ، ئۇلار دۇئائى قۇنۇت ئوقۇمۇتتى؟ دەپ سورىسام، دادام ماڭا: ئى بالام! دۇئائى قۇنۇتنى دائىم ئوقۇش بىدئەتتۇر دىدى. نەسەئى،تىرمىزى،

ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ.

**1293 - [ 6 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن الحسن : أن عمر بن الخطاب جمع الناس على أبي بن كعب فكان يصلي م عشرين ليلة ولا يقنت م إلا في النصف الباقي فإذا كانت العشر الأواخر تخلف فصلى في بيته فكانوا يقولون :أبق أبي.رواه أبو داود**

ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللادىن، ھەقىقەتەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كىشلەرنى ئۇبەي ئىبنى كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يىغدى، ئۇبەي ئىبنى كەئبە ئۇلارغا 20 كۈن ناماز ئوقۇپ بەردى، ئۇ بۇ جەرياناندا دۇئايى قۇنۇد ئوقۇمىدى، لېكىن ئاخىرقى يېرىمىدا ئوقۇدى، ئاخىرقى 10 كۈن قالغاندا ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئوقۇپ چىققىلى ئۇنىمىدى، ئۇلار ئۇبەي قاچتى، ئۇبەي قاچتى دىيىشىپ كېتەتتى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن،

**1294 - [ 7 ] ( صحيح )وسئل أنس بن مالك عن القنوت . فقال : قنت رسول الله صلى الله عليه وسلم بعد الركوع وفي رواية : قبل الركوع وبعده . رواه ابن ماجه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نامازدىكى دۇئائى قۇنۇت توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن كىيىن، يەنەبىرخاتىردە، رۇكۇدىن بۇرۇن ۋە كىيىن (بىرئايلا) قۇنۇت ئوقۇغان، دىدى. ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ.

**باب قيام شهر رمضان - الفصل الأول** رامزان ئېيىدا قىيامدا تۇرۇش توغرىسىدا

**1295 - [ 1 ] ( متفق عليه )**
**عن زيد بن ثابت : أن النبي صلى الله عليه وسلم اتخذ حجرة في المسجد من حصير فصلى فيها ليالي حتى اجتمع عليه ناس ثم فقدوا صوته ليلة وظنوا أنه قد نام فجعل بعضهم يتنحنح ليخرج إليهم . فقال : ما زال بكم الذي رأيت من صنيعكم حتى خشيت أن يكتب عليكم ولو كتب عليكم ما قمتم به . فصلوا أيها الناس في بيوتكم فإن أفضل صلاة المرء في بيته إلا الصلاة المكتوبة )**

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىد ئىچىگە بورىدىن بىر كىچىك ھۇجرا قىلىپ بىر نەچچە كىچە ناماز ئۇقۇدى، كىشلەر توپلۇشۇپ ئىقتىدا قىلىپ كەتتى، ئاندىن بىركىچىسى ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاۋازىنى يۇقىتىپ قويۇپ، ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، بەزىسى رەسۇلۇللاھنى چىقامدىكىن دەپ (گېلىنى قىقىپ)ھۆتىلىشكە باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ مۇنداق دىدى: سىلەرگە مەن كۆرگەن ئىشلار خىبلى داۋاملىشىپ قالدى، ھەتتا، مەن ئۇ ئىشنىڭ يەنى رامزان كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇشنىڭ سىلەرگە پەرز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم، ئەگەر ئۇ سىلەرگە پەرز بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا قادىر بولالمايسلەر، ئۇنى بەرپا قىلالمايسلەر، ئى ئىنسانلار! ئۆيلىرىڭلاردىمۇ ناماز ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ نامىزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، ئۆيىدە ئوقۇغان نامازدۇر، پەقەت پەرز ناماز ئۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1296 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : ( كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يرغب في قيام رمضان من غير أن يأمرهم فيه بعزيمة فيقول : " من قام رمضان إيمانا واحتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه . فتوفي رسول الله صلى الله عليه وسلم والأمر على ذلك ثم كان الأمر على ذلك في خلافة أبي بكر وصدرا من خلافة عمر على ذلك " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامزان كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇشقا بەك تەكىتلەپ كەتمەستىن ياكى پەرز قىلماستىن تەرغىب قىلىپ مۇنداق دەيتتى: كىم ، ئىمان كەلتۈرۈپ،

ساۋاب ئۇمىد قىلىپ، ئەجىرگە ئىشىنىپ رامىزان ئېيىدا قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقاندىن باشلاپ ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە ئىش شۇنداق بولدى. بەيھەقى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**1297 - [ 3 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قضى أحدكم الصلاة في مسجده فليجعل لبيته نصيبا من صلاته فإن الله جاعل في بيته من صلاته خيرا " . رواه مسلم**

جابىر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىدتە نامىزىنى ئادا قىلىپ بولسا، ئۆيىگىمۇ نامىزىدىن نېسىۋە ئېلىپ قويسۇن، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۆيىدە، نامىزىدىن ياخشىلىقنى قىلىدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

**1298 - [ 4 ] الفصل الثاني ( صحيح )**

**عن أبي ذر قال : صمنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم رمضان فلم يقم بنا شيئا من الشهر حتى بقي سبع فقام بنا حتى ذهب ثلث الليل فلما كانت السادسة لم يقم بنا فلما كانت الخامسة قام بنا حتى ذهب شطر الليل فقلت : يارسول الله لو نفلتنا قيام هذه الليلة . قال فقال : " إن الرجل إذا صلى مع الإمام حتى ينصرف حسب له قيام الليلة " . قال : فلما كانت الرابعة لم يقم فلما كانت الثالثة جمع أهله ونساءه والناس فقام بنا حتى خشينا أن يفوتنا الفلاح . قال قلت : وما الفلاح ؟ قال : السحور . ثم لم يقم بنا بقية الشهر . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وروى ابن ماجه نحوه إلا أن الترمذي لم يذكر : ثم لم يقم بنا بقية الشهر**

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە رامىزان ئېيىدا رۇزا تۇتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيىدىن يەتتە كۈن قالغانغا قەدەر بۇئايدا بىزگە قىيامدا تۇرۇپ بەرمىدى، يەتتەكۈن قالغان 23 ـ كېچىسى كېچىنىڭ ئۈچتەن بىرى كەتكەنگە قەدەر بىز بىلەن قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئۇقۇپ بەردى، ئالتىنچى كۈنى قالغاندا قىيامدا تۇرمىدى، بەشىنچى كۈنى قالغان 25 ـ كۈنى كېچە بىزگە، كېچىنىڭ يېرىمىغىچە قىيامدا تۇرۇپ بەردى، مەن:ئى اللە نىڭ ئەلچىسى!بۇ كېچىنىڭ قىيامىنى بىزگە يانمۇ زىيادە ئۇزۇنراق قىلىپ بەرگەن بولسىلا دېسەم، مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن كىشى ئىمامى بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇپ، ئىمامى قايتقانغا قەدەر بىللە بولسا،ئۇكىشى ئۈچۈن بىر كېچە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئۇقۇغانىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ.رامىزان ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى قالغاندا قىيامدا تۇرمىدى، ئۈچىنچى كۈنى قالغان 27 ـ كېچىسى ئەھلى ئائىللىرىنى ، كىشلەرنى يىغىپ، بىزگە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئۇقۇپ بىردى، ھەتتا بىز بۇكېچە سۇھۇرلۇقنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدۇق (يەنى سۇبھىگە يېقىن قالغىچە قىيامداتۇردى) بۇئاينىڭ قالغىنىدا بىزگە قىيامدا تۇرۇپ بەرمىدى، (يەنى 28 ـ 29 ـ 30 ـ كېچىلىرى قىيامدا تۇرمىدى) ئەھمەد،ئىبنى ھەببان،4كىتاپ توپلىغان سەھىھ.

**1299 - [ 5 ] ( ضعيف )وعن عائشة قالت : فقدت رسول الله صلى الله عليه وسلم ليلة فإذا هو بالبقيع فقال " أكنت تخافين أن يحيف الله عليك ورسوله ؟ قلت : يا رسول الله إني ظننت أنك أتيت بعض نسائك فقال : إن الله تعالى ي ل ليلة النصف من شعبان إلى السماء الدنيا فيغفر لأكثر من عدد شعر غنم كلب " رواه الترمذي وابن ماجه وزاد رزين : " ممن استحق النار " وقال الترمذي : سمعت محمدا يعني البخاري يضعف هذا الحديث**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەن بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يوقىتىپ قويدۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسلى بەقىئ دېگەن جايدا ئىكەن،(قەبرىستانلىق) ئۇ مۇنداق دېدى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ساڭا زۇلۇم قىلىشىدىن ئەنسىردىڭمۇ؟، مەن، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلنى ئائىللىرىنىڭ بەزىسىنىڭ قېشىغا كەتتىمىكى دەپ گۇمان قىلىپ قاپتىمەن دېدىم، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا شەئبانىنىڭ يېرىمىدا يەنى 15 _ كېچىسى دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ، كەلب قەبىلىسىنىڭ قويلىرىنىڭ يۇڭلىرىنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ كىشىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، رەزىين توپلىغان، رەزىين مەغپىرەت قىلىنغانلار دوۋزاخ ھەق بولغان كىشىلەردىن ئىدى دىگەننى زىيادە قىلغان، تىرمىزى مەن مۇھەممەد يەنى بۇخارى رەھمەھۇللانىڭ بۇ ھەدىسنى زەئىپ دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى زەئىپ دىگەن،

**1300 - [ 6 ] ( صحيح )وعن زيد بن ثابت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صلاة المرء في بيته أفضل من صلاته في مسجدي هذا إلا المكتوبة " . رواه أبو داود والترمذي**

زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىنىڭ ئۆيىدىكى نەپلە نامىزى، مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدىكى نامىزىدىنمۇ ئەۋزەل، ياخشىدۇر، پەرز ناماز بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.(پەرزمەسجىدتەئۇقىلىدۇ)تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**1301 - [ 7 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن عبد الرحمن بن عبد القاري قال : خرجت مع عمر بن الخطاب ليلة في رمضان إلى المسجد فإذا الناس أوزاع متفرقون يصلي الرجل لنفسه ويصلي الرجل فيصلي بصلاته الرهط فقال عمر : إني أرى لو جمعت هؤلاء على قارئ واحد لكان أمثل ثم عزم فجمعهم على أبي بن كعب ثم خرجت معه ليلة أخرى والناس يصلون بصلاة قارئهم . قال عمر رضي الله عنه :نعم البدعة هذه والتي تنامون عنها أفضل من التي تقومون.يريد آخر الليل وكان الناس يقومون أوله .رواه البخاري**

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رامىزاننىڭ بىركېچىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەسجىدكە چىقسام، ناگاھان كىشىلەر بۆلۈنۈپ ، مۇتەپەررىق بولۇپ، ھەربىركىشى ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم ناماز ئۇقۇغىلى تۇرۇپتۇ، بىركىشى كىلىپ نامازئۇقسا، ئۇنىڭ نامىزىغا بىرنەچچەكىشى ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئۇقۇۋۇەتىپتۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ھەقىقەتەن مەن ئاۋۇلارنى بىرلا قارىيغا يىغسام، بەكمۇ ئەبزەل بولاتتى، دەپ قارايمەن، دىدى دە، ئاندىن كىيىن قەتئى ئىرادىگە كىلىپ ، ئۇلارنى قارىي ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يىغدى، ئاندىن يەنە بىركېچىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەسجىدكە چىقسام، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قارىيسىنىڭ نامىزىغىلا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئۇقۇۋۇەتىپتۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى كۆرۈپ: مانابۇ نىمىدىگەن ياخشى ئەسلىگە كىلىپ يىڭىلىنىش ھە! ، سىلەر ئۇخلاپ قالىدىغان كېچىنىڭ ئاخىرى سىلەر قىيامدا تۇرىدىغان كېچىنىڭ ئەۋۋەلىدىن ئەۋزەلدۇر، دىدى. چۈنكى كىشىلەر كېچىنىڭ ئەۋۋەلىدە قىيامدا تۇراتتى. ئىمام بۇخارى توپلىغان سەھىھ. (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرز بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ توختۇتۇپ قويغان، رامىزان كېچىللىرىدىكى جامائەت بولۇپ قىيامدا تۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەچكە؛ مانابۇ نىمىدىگەن ياخشى ئەسلىگە كىلىپ يىڭىلىنىش ھە! ،دىگەن . ئەمەلىيەتتە ياخشى بىدئەت قەتئى يوقتۇر، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛كۈللى بىدئەت، ھەرقانداق بىدئەت زالالەتتۇر دىگەن. بۇسۆزلەر شەيخ ئۇسەيمىيىننىڭ «ئەربەئىين نەۋەۋىيگە» يازغان ئىزاھاتىدىن ئېلىنغان).

**1302 - [ 8 ] ( صحيح )وعن السائب بن يزيد قال : أمر عمر أبي بن كعب وتميما الداري أن يقوما للناس في رمضان بإحدى عشرة ركعة فكان القارئ يقرأ بالمئين حتى كنا نعتمد على العصا من طول القيام فما كنا ننصرف إلا في فروع الفجر.رواه مالك**

سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، ئۇبەي ئىبنى كەئبى بىلەن تەمىيمىددارى رەزىيە للاھۇ ئەنھۇملارنى رامىزاندا، كىشىلەرگە 11 رەكئەت ناماز بىلەن قىيامدا تۇرۇپ بىرىشكە بۇيرىدى. قارىي (بىر رەكئەتكىلا) 200ئايەت ئۇقۇيتتى، قىيامنىڭ ئۇزۇنلىقىدىن بىز ھاسىغا يۆلىنىۋالاتتۇق، بىز پەقەت سۇبھىنىڭ باش تەرەپلىرىدىلا قايتاتتۇق. ئىمام مالىك توپلىغان سەھىھ.

**1303 - [ 9 ] ( صحيح )وعن الأعرج قال : ما أدركنا الناس إلا وهم يلعنون الكفرة في رمضان قال : وكان القارئ يقرأ سورة البقرة في ثمان ركعات وإذا قام ا في ثنتي عشرة ركعة رأى الناس أنه قد خفف . رواه مالك**

ئەئرەج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇچراتقان ھەرقانداق كىشىلەر، رامزان ئېيىدا كاپىرلارغا لەنەت ئەيتاتتى. قارىي (رامزان كېچىللىرى)سۈرە بەقەرنى سەككىز رەكئەت نامازغا ئۇقۇيتتى، ئەگەر ئۇ سۈرە بەقەرنى 12 رەكئەت نامازغا ئۇقۇپ قالسا، كىشىلەر ئۇنى يەڭگىل ئۇقۇپ قويدى، دەپ قارايتتى. ئىمام مالىك، سەھىھ.

**1304 - [ 10 ] وعن عبد الله بن أبي بكر قال : سمعت أبي يقول : كنا ننصرف في رمضان من القيام فنستعجل الخدم بالطعام مخافة فوت السحور . وفي أخرى مخافة الفجر . رواه مالك**

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رامزان كېچىللىرى قىيامدا تۇرۇشتىن قايتىپ، سۈبھىدىن ، سۇھۇرلۇق يېيىشنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تاماقنى خىزمەت قىلىشقا ئالدىراپ كىتەتتۇق.مالىك، سەھىھ.

**1305 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن عائشة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " هل تدرين ما هذه الليل ؟ " يعني ليلة النصف من شعبان قالت : ما فيها يا رسول الله فقال : " فيها أن يكتب كل مولود من بني آدم في هذه السنة وفيها أن يكتب كل هالك من بني آدم في هذه السنة وفيها ترفع أعمالهم وفيها تنزل أرزاقهم " . فقالت : يا رسول الله ما من أحد يدخل الجنة إلا برحمة الله تعالى ؟ فقال : " ما من أحد يدخل الجنة إلا برحمة الله تعالى " . ثلاثا . قلت : ولا أنت يا رسول الله ؟ فوضع يده على هامته فقال : " ولا أنا إلا أن يتغمدني الله برحمته " . يقولها ثلاث مرات . رواه البيهقي في الدعوات الكبير**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەئبانىنىڭ يېرىمى يەنى 15 ـ كېچىنىڭ قانداق كېچە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دېدى، مەن ئۇ كېچىدە نىمە بار؟ يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇ يىلى ئادەم باللىرىدىن تۇغۇلىدىغانلار شۇ كېچىسى پۈتۈلىدۇ، مۇشۇ يىلى ئۆلىدىغانلارمۇ شۇ كېچىسى پۈتۈلىدۇ، بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى شۇ كېچىسى ئۆرلەيدۇ، رىزىقلىرى شۇ كېچىسى چۈشىدۇ، ئاندىن مەن ھەرقانداق ئادەم جەننەتكە، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن كىرەمدۇ؟ دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، شۇنداق، ھەرقانداق ئادەم جەننەتكە ئەملى بىلەن ئەمەس ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن كىرىدۇ، دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، مەن سىلىمۇ شۇنداقمۇ دىسەم، مەنمۇ شۇنداق دەپ، لېكىن مىنى ئاللاھ رەھمىتى بىلەن ساقلايدۇ دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، بۇ ھەدىسنى بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**1306 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن أبي موسى الأشعري عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله تعالى ليطلع في ليلة النصف من شعبان فيغفر لجميع خلقه إلا لمشرك أو مشاحن " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ مۇسەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتە ئاللاھتائالا شەئبانىنىڭ 15 ـ كېچىسى چۈشۈپ، مۇشرىك ئاداۋىتى بار كىشى، قاتىلدىن باشقا بارلىق بەندىلىرىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئىبنى ماجە تويلىغان زەئىپ ھەدىستۇر،

**1307 - [ 13 ] ( ضعيف )ورواه أحمد عن عبد الله بن عمرو بن العاص وفي روايته : " إلا اثنين مشاحن وقاتل نفس "**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتە ئاللاھتائالا شەئبانىنىڭ 15 ـ كېچىسى چۈشۈپ، ئاداۋىتى بار كىشى بىلەن قاتىلدىن باشقا بارلىق بەندىلىرىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئەھمەد تويلىغان زەئىپ ھەدىستۇر،

1308 - [ 14 ] ( موضوع )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كانت ليلة النصف من شعبان فقوموا ليلها وصوموا يومها فإن الله تعالى ي ل فيها لغروب الشمس إلى السماء الدنيا فيقول : ألا من مستغفر فأغفر له ؟ ألا مسترزق فأرزقه ؟ ألا مبتلى فأعافيه ؟ ألا كذا ألا كذا حتى يطلع الفجر " . رواه ابن ماجه

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شەئبانىنىڭ 15 _ كېچىسى قىيامدا تۇرۇڭلار، كۈندۈزى روزا تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا شۇ كېچىسى كۈن كىرگەندىن باشلاپ تاڭ ئاتقىچە دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ، مەغپىرەت سورايدىغان بارمۇ، ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن، رىزىق سورايدىغان بارمۇ، ئۇنىڭغا رىزىق بېرىمەن، بالاغا گىرىپتار بولغان كىشى بارمۇ، ئۇنى ساقلايمەن، ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇنى سورايدىغان بارمۇ؟ بۇنى سورايدىغان بارمۇ؟ ئۇنداق قىلىمەن، مۇنداق قىلىمەن دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ، يالغان دىگەن، بىز يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا بۇ توغرىلىق يازغان، گەرچە بىز، ئاللاھنىڭ بۇ ئىشلارغا قادىرلىقىنى بىلسەكمۇ، ئىشەنسەكمۇ، بەرىبىر بۇ ھەدىس يالغاندۇر.

## باب صلاة الضحى - الفصل الأول زوھا،چاشكا نامىزى توغرىسىدا

1309 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أم هانئ قالت : إن النبي صلى الله عليه وسلم دخل بيتها يوم فتح مكة فاغتسل وصلى ثماني ركعات فلم أر صلاة قط أخف منها غير أنه يتم الركوع والسجود . وقالت في رواية أخرى : وذلك ضحى

ئۇممۇ ھانئى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى (ئىشغال)قىلغان كۈنى ئۆيۈمگە كىرىپ يۇيۇنۇپ، سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇدى، مەن ئۇنىڭدىمۇ يەڭگىلرەك بىرەر نامازنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم ، لىكىن رۇكۇ ـ سەجدىللىرىنى كامىل قىلغان ئىدى، ئاشۇ ۋاقىت چاشكا ۋاقتى ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1310 - [ 2 ] ( صحيح )وعن معاذة قالت : سألت عائشة : كم كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي صلاة الضحى ؟ قالت : أربع ركعات ويزيد ما شاء الله . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زوھا يەنى چاشكا نامىزىنى تۆت رەكئەت ئوقۇيتتى،ۋە ئاللاھ خالىغان نامازلارنى زىيادە قىلاتتى، (يەنى تۆتتىن زىيادىمۇ ئوقۇيتتى). ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1311 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يصبح على كل سلامي من أحدكم صدقة فكل تسبيحة صدقة وكل تحميدة صدقة وكل لميلة صدقة وكل تكبيرة صدقة وأمر بالمعروف صدقة ونهي عن المنكر صدقة ويجزئ من ذلك ركعتان يركعهما من الضحى " . رواه مسلم

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تاڭ ئاتقان ھەر كۈنى بىرىڭلارنىڭ ھەربىر سۆڭەك،بۇغۇم ـ مەپسەللىرىگە سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، ھەربىر تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدە، تەھلىل، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقدىن توسۇش سەدىقە _ ئېھسان قىلغانلىق بولىدۇ، شۇنىڭ ھەممىسىدىن ئىككى رەكئەت چاشكا نامىزى كۇپايە بولىدۇ. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

1312 - [ 4 ] ( صحيح )وعن زيد بن أرقم أنه رأى قوما يصلون من الضحى فقال : لقد علموا أن الصلاة في غير هذه الساعة أفضل إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " صلاة الأوابين حين ترمض الفصال " . رواه مسلم

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاشكا نامىزى ئوقۇۋاتقان قەۋىمنى كۆرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن ئۇلار

بۇنامازنىڭ بۇ سائەتتىن باشقا ۋاقىتتا ئوقۇلۇشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلىدۇ، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، قايتقۇچى ئىخلاسمەن بەندىلەرنىڭ نامىزى، تۆگە بوتىلاقلىرىنىڭ تاپىنى قىززىغان ۋاقىتتۇر، (يەنى زۇھا، چاشكا نامىزىنى ھاۋا قىززىغان ۋاقىتتا كېچىكتۈرۈش ئەۋزەلدۇر) ئەھمەد، مۇسلىم، سەمۇيە، ئابدۇ ئىبنى ھەمىيد توپلىغان، سەھىھ.

1313 - [ 5 ] الفصل الثاني ( صحيح )وعن أبي الدرداء وأبي ذر رضي الله عنهما قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عن الله تبارك وتعالى أنه قال : يا ابن آدم اركع لي أربع ركعات من أول النهار : أكفك آخره " . رواه الترمذي

ئەبۇ مۇررەت،ئەبۇزەر، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! مەن ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭ، مەن ساڭا كۈندۈزنىڭ ئاخىرىغىچە كۇپايە بولىمەن، (ھەممىمىز بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە چاشكا نامىزى ئوقۇيلى!ئىنشاالله) ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

1314 - [ 6 ] ( صحيح )ورواه أبو داود والدارمي عن نعيم بن همار الغطفاني وأحمد عنهم

1315 - [ 7 ] ( صحيح )وعن بريدة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " في الإنسان ثلاثمائة وستون مفصلا فعليه أن يتصدق عن كل مفصل منه بصدقة " قالوا : ومن يطيق ذلك يا نبي الله ؟ قال : " النخاعة في المسجد تدفنها والشيء تنحيه عن الطريق فإن لم تجد فركعتا الضحى تجزئك " . رواه أبو داود

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنساندا 360 مەپسەل بوغۇم باردۇر، ئۇنىڭدىن ھەربىر مەپسەلگە، ئىنساننىڭ ئۈستىگە سەدىقە قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ، ئۇلار : ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!ئۇنىڭغا كىممۇ تاقەت قىلالىسۇن؟دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ مەسجىد ئىچىدىكى بەلغەم، تۈكۈرۈكنى كۆمۈۋېتىشىڭمۇ سەدىقە، يولدىن ئازار بېرىدىغان نەرسىنى يىراق قىلىۋېتىشىڭمۇ سەدىقە، ئەگەر  قادىر بولالمىساڭ، ئىككى رەكئەت چاشكا نامىزى، سەندىن ھەممىسىگە كۇپايە بولىدۇ،دېدى.
ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

1316 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى الضحى ثنتي عشرة ركعة بنى الله له قصرا من ذهب في الجنة " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب لا نعرفه إلا من هذا الوجه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زۇھا نامىزىنى 12 رەكئەت ئوقۇسا، ئاللاھ، ئۇ كىشىگە جەننەتتە ئالتۇندىن بىر قەسىر سېلىپ بېرىدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، تىرمىزى بۇ ھەدىس غەرىيىپ دېگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ زەئىپ دېدى،

1317 - [ 9 ] ( ضعيف )وعن معاذ بن أنس الجهني قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قعد في مصلاه حين ينصرف من صلاة الصبح حتى يسبح ركعتي الضحى لا يقول إلا خيرا غفر له خطاياه وإن كانت أكثر من زبد البحر " . رواه أبو داود

مۇئاز ئىبنى ئەنەس جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، زۇقا ۋاقتىغىچە ئولتۇرۇپ ئاندىن ئىككى رەكئەت زۇھا نامىزىنى ئوقۇسا، شۇ ئارىلىقتا پەقەت ياخشى سۆزلا قىلسا، گەرچە ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ، مەغپىرەت قىلىنىدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇت توپلىغان ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

1318 - [ 10 ] الفصل الثالث ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من

**حافظ على شفعة الضحى غفرت له ذنوبه وإن كانت مثلا زبد البحر " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زۇھانىڭ يەنى چاشكانىڭ ئىككى رەكئەت نامىزىنى ئۇبدان مۇھاپىزەت قىلسا، گەرچە ئۇنىڭ گۇناھى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ، مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

---

**1319 - [ 11 ] ( صحيح )وعن عائشة أنا كانت تصلي الضحى ثماني ركعات ثم تقول :لو نشر لي أبواي ما تركتها . رواه مالك**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەككىز رەكئەت  چاشكا نامىزى ئوقۇيتتى، ئاندىن ئۇ: ئەگەر ماڭا ئاتا ئانام تىرىلىپ قويسىمۇ، مەن بۇ چاشكا نامىزىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەيمەن ، دېدى. ئىمام مالىك توپلىغان سەھىھ.

---

**1320 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي الضحى حتى نقول : لا يدعها ويدعها حتى نقول : لا يصليها . رواه الترمذي**

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، زۇھا نامىزىنى ئوقۇغاندا، تەرك ئەتمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتۇق، تەرك ئەتكەندە بولسا، ئوقۇمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتۇق، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى. لېكىن، سەككىز رەكئەت، ئىككى رەكئەت چاشكا نامىزى سەھىھ.

---

**1321 - [ 13 ] ( صحيح )وعن مورق العجلي قال : قلت لابن عمر : تصلي الضحى ؟ قال : لا . قلت : فعمر ؟ قال : لا . قلت : فأبو بكر ؟ قال : لا . قلت : فالنبي صلى الله عليه وسلم ؟ قال : لا إخاله . رواه البخاري**

مۇۋەررەق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: سىلى چاشكا نامىزى ئوقۇملا؟ دېسەم، ئۇ:ياق دېدى، مەن : ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاشكا نامىزى ئوقۇمتى؟ دېسەم، ئۇ:ياق دېدى، مەن : ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاشكا نامىزى ئوقۇمتى؟ دېسەم، ئۇ:ياق دېدى، مەن : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشكا نامىزىنى ئوقۇمتى؟ دېسەم، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىمۇ چاشكا نامىزىنى ئوقۇيدۇ ، دەپ گۇمان قىلمايمەن ، دېدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

---

## باب التطوع - الفصل الأول　　نەپلە ناماز توغرىسىدا

---

**1322 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لبلال عند صلاة الفجر : " يا بلال حدثني بأرجى عمل عملته في الإسلام فإني سمعت دق نعليك بين يدي الجنة " . قال : ما عملت عملا أرجى عندي أني لم أتطهر طهورا من ساعة من ليل ولا نار إلا صليت بذلك الطهور ما كتب لي أن أصلي**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىدا، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئى بىلال! سەن ئىسلام دىنىدا ئەمەل قىلغان ئەڭ ئۈمۈتلۈك ئەمەلنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە چۈنكى مەن جەننەتكە كىرىپ ، ئالدىم تەرەپتە سېنىڭ ئايىقىڭنىڭ شىپ-شىپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەنغۇ مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ ئۈمۈتلۈك ئەمەلنى قىلالمىدىم، مەن پەقەت كېچىدىن ياكى كۈندۈزىدىن ھەرقانداق بىرۋاقىتتا تاھارەت ئالساملا، شۇ تاھارەتنىڭ بەدىلىگە  ماڭا تەقدىردە ئوقۇشۇم پۈتۈلگەن نامازلارنى ئوقۇيمەن، دېدى. ئىمام بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

---

**1323 - [ 2 ] ( صحيح )عن جابر بن عبد الله قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يعلمنا الاستخارة في الأمور كما يعلمنا السورة من القرآن يقول : " إذا هم أحدكم بالأمر فليركع ركعتين من غير الفريضة ثم ليقل : اللهم إني أستخيرك بعلمك وأستقدرك بقدرتك وأسألك من فضلك العظيم فإنك تقدر ولا أقدر وتعلم ولا أعلم وأنت علام الغيوب اللهم إن كنت تعلم أن**

**هذا الأمر خير لي في ديني ومعاشي وعاقبة أمري - أوقال في عاجل أمري وآجله - فاقدره لي ويسره لي ثم بارك لي فيه وإن كنت تعلم أن هذا الأمر شر لي في ديني ومعاشي وعاقبة أمري - أو قال في عاجل أمري وآجله - فاصرفه عني واصرفني عنه واقدر لي الخير حيث كان ثم أرضني به " . قال : " ويسمي حاجته " . رواه البخاري**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇددى قۇرئان سۈرىسىنى ئۈگەتكەندەك، بارلىق ئىشلاردا ياخشىلىق تەلەپ قىلىشنى «ئىستىخارنامىزىنى»ئۈگىتىپ مۇنداق دەيتتى: بىرىڭلار بىرەر ئىشقا مەخسەت قىلسا، پەرىزدىن باشقا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، مۇنداق دېسۇن، «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىنىڭ ئىلىملىرى بىلەن ياخشىلىق سورايمەن، قۇدرەتلىرى بىلەن كۈچ ــ قۇۋۋەت سورايمەن، ئۇلۇغ پەزلىلىرىدىن سورايمەن، ھەقىقەتەن سىلى قادىر، مەن قادىر ئەمەس، ئاجىز، سىلى بىلىلا، مەن بىلمەيمەن، سىلى غەيبنى بىلگۈچى، (ئاندىن شۇ ئىشنىڭ ئىنىق ئىسمىنى ئاتاپ يەنە مۇنداق دېسۇن) ئى الله !ھەقىقەتەن سىلى بىلىپ تۇرىلا، بۇ ئىش مەن ئۈچۈن دىنىمدا، دۇنيادىكى، تۇرمۇشۇمدىكى ئىشمىنىڭ ئاقىۋىتىدە ،ھازىرقى ياكى كېيىنكى ئاقىبىتىدە ياخشى بولسا، بۇ ئىشنى مەن ئۈچۈن تەقدىر قىلىپ، ئاسان قىلىپ بىرىپ، بەرىكەت بەرسىلە، ئى ئاللاھ، سىلى بىلىپ تۇرىلا، بۇ ئىش مەن ئۈچۈن دىنىمدا، تۇرمۇشۇمدا ئىشمىنىڭ ئاقىۋىتىدە، ھازىرقى ياكى كېيىنكى ئاقىبىتىدە يامان بولسا، مىنى بۇ ئىشدىن بۇ ئىشنى مەندىن يىراق چۆرىۋەتسىلە، مەن ئۈچۈن ياخشىلىق قەيەردە بولسا، تەقدىر قىلىپ، ئاندىن شۇ ياخشىلىق سەۋەبىدىن مەندىن رازى بولسىلا دىسۇن» ئەھمەد، بۇخارى، تۆت كىتاب يەنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ، مانا بۇ ئىستىخار نامىزىدۇر.

**1324 - [ 3 ] الفصل الثاني ( حسن )وعن علي رضي الله عنه قال : حدثني أبو بكر وصدق أبو بكر . قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من رجل يذنب ذنبا ثم يقوم فيتطهر ثم يصلي ثم يستغفر الله إلا غفر الله له ثم قرأ هذه الاية : (والذين إذا فعلوا فاحشة أو ظلموا أنفسهم ذكروا الله فاستغفروا لذنو م )رواه الترمذي وابن ماجه إلا أن ابن ماجه لم يذكر الآية**

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر بەندە بىرەر گۇناھنى قىلىپ سېلىپ، ئاندىن تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن دەس تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئاندىن شۇ گۇناھقا ئاللاھدىن مەغپىرەت، كەچۈرۈم سورىسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن چوقۇم مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىدۇ.ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقىدى« تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، اللهنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللهدىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ».سۈرە ئال ئىمران 135 ـ ئايەت. ئەھمەد، تەبرانى، 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**1325 - [ 4 ] ( ضعيف )وعن حذيفة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا حزبه أمر صلى . رواه أبو داود**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىرەر ئىش غەمگە سالسا، ناماز ئوقۇيتتى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**1326 - [ 5 ] ( صحيح )وعن بريدة قال : أصبح رسول الله صلى الله عليه وسلم فدعا بلالا فقال : " بم سبقتني إلى الجنة ما دخلت الجنة قط إلا سمعت خشخشتك أمامي " . قال : يا رسول الله ما أذنت قط إلا صليت ركعتين وما أصابني حدث قط إلا توضأت عنده ورأيت أن لله علي ركعتين . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما " . رواه الترمذي**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرئەتىگىنى بىلال رەزىيەالله ئەنھۇنى

چاقرىپ مۇنداق دىگەن: ئى بىلال! سەن قايسى ئەمەل بىلەن جەننەتكە مەندىن ئىلگىرلەپ كەتتىڭ؟ مەن جەننەتكە كىرسەملا ئالدىم تەرەپتە سىنىڭ شىپ _ شىپ ماڭغان ئاياق ئاۋازىڭنى ئاڭلايمەن، (مەن ئۆتكەن كېچە، جەننەتكە كىرىپ يەنە سىنىڭ ماڭغان ئاۋازىڭنى ئالدىم تەرەپتە ئاڭلاپ قالدىم،) بىلال رەزىيەالله ئەنھۇ:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن ئەزان تولسالملا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمەن، ماڭا تاھارەتسىزلىك يەتسىلا(يەنى تاھارىتىم سۇنسىلا)تاھارەت ئالىمەن دە، الله ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش مىنىڭ ئۈستىمدىكى الله نىڭ ھەققى دەپ قاراپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمەن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇندااقتا جەننەتكە شۇ ئىككى رەكئەت ناماز بىلەن ئېرىشىپسەندە!،دىدى.تىرمىزى توپلىغان سەھەھ.

**1327 - [ 6 ] ( موضوع )وعن عبد الله بن أبي أوفى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كانت له حاجة إلى الله أو إلى أحد من بني آدم فليتوضأ فليحسن الوضوء ثم ليصل ركعتين ثم ليثن على الله تعالى وليصل على النبي صلى الله عليه وسلم ثم ليقل : لا إله إلا الله الحليم الكريم سبحان الله رب العرش العظيم والحمد لله رب العالمين أسألك موجبات رحمتك وعزائم مغفرتك والغنيمة من كل بر والسلامة من كل إثم لا تدع لي ذنبا إلا غفرته ولا هما إلا فرجته ولا حاجة هي لك رضى إلا قضيتها يا أرحم الراحمين " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

ئابدۇللا ئىبنى ئەبى ئەۋپا رەزىيالالاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، كىمنىڭ ئاللاھقا ياكى ئادەم بالىلىرىدىن بىرەر كىشىگە ھاجىتى بولسا، تاھارەتنى ياخشى ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھقا ھەمدۇ _سانا، پەيغەمبەرگە دۇرۇت، سالام يوللاپ ئاندىن مۇنداق دىسۇن، ئۇلۇغ، سېخى، مېھرىبان ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ _ سانا ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، ئى ئاللاھ، رەھمەتلىرىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى سورايمەن، مەغپىرەتلىرىنىڭ كاتتىلىرىنى سورايمەن، ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ غەنىيمىتىنى سورايمەن، ھەرقانداق گۇناھدىن  سالامەت قىلىشنى سورايمەن، گۇناھلىرىمنى قالدۇرماي مەغپىرەت قىلسىلا، غەم _ ئەندىشە، مۇشەققەت، ھاجەتلىرىمنى قالدۇرماي ئادا قىلىپ، ئاسان قىلىپ بەرسىلە، ئى رەھىيم، قىلغۇچىلارنىڭ رەھىم شەپقەت قىلغۇچىراقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، تىرمىزى غەرىيپ، راۋىيسى باشتىن _ ئاخىر بىرلا دىگەن. ئەمما، شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللا؛ بۇ ھەدىس يالغان دېدى،

## باب صلاة التسبيح تەسبىھ نامىزى توغرىسىدا

**1328 - [ 1 ] ( ضعيف )عن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : للعباس بن عبد المطلب : " يا عباس يا عماه ألا أعطيك ؟ ألا أمنحك ؟ ألا أحبوك ؟ ألا أفعل بك عشر خصال إذا أنت فعلت ذلك غفر الله لك ذنبك أوله وآخره قديمه وحديثه خطأه وعمده صغيره وكبيره سره وعلانيته : أن تصلي أربع ركعات تقرأ في كل ركعة فاتحة الكتاب وسورة . فإذا فرغت من القراءة في أول ركعة وأنت قائم قلت سبحان الله والحمد لله ولا إله إلا الله والله أكبر خمس عشرة مرة ثم تركع فتقولها وأنت راكع عشرا ثم ترفع رأسك من الركوع فتقولها عشرا ثم  وي ساجدا فتقولها وأنت ساجد عشرا ثم ترفع رأسك من السجود فتقولها عشرا ثم تسجد فتقولها عشرا ثم ترفع رأسك فتقولها عشرا فذلك خمس وسبعون في كل ركعة تفعل ذلك في أربع ركعات إن استطعت أن تصليها في كل يوم فافعل فإن لم تفعل ففي كل جمعة مرة فإن لم تفعل ففي كل شهر مرة فإن لم تفعل ففي كل سنة مرة فإن لم تفعل ففي عمرك مرة " . رواه أبو داود وابن ماجه والبيهقي في الدعوات الكبير**

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ئابباس، ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىپكە مۇنداق دېدى: ئى تاغام ئابباس، مەن ساڭا ياخشى بىر سوۋغا بەرمەيمۇ؟، سېنى 10 خىسلەت ئىشنى قىلدۇرمايمۇ؟، ئەگەر سەن ئۇ ئىشنى قىلىپ قالساڭ، ئاللاھ سېنىڭ بۇرۇنقى، كېيىنكى، ئەۋۋەل _ ئاخىر

گۇناھىڭنى، خاتاسىنى، قەستەن قىلغىنىنى، كىچىك ــ چوڭ، ئاشكارا، يوشۇرۇن بارلىق گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئۇ ئىش بولسا، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇشۇڭدۇر، ھەربىر رەكئەتكە سۈرە فاتىھە بىلەن يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ، قىرائەتتىن پارىغ بولغاندا، سۇبھانەللا ۋەلھەمدۇلىللا ۋەلائىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر، يەنى ئاللاھ پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر دېگەننى ئۆرەتۇرۇپ 15 قېتىم دەيسەن،رۇكۇدا10 ،بېشىڭنى كۆتۈرۈپ10 ،سەجدىدە10 ، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ 10 ، يەنە سەجدە قىلىپ 10 ، سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، 10 قېتىم دەيسەن، جەمئىي 75 بولىدۇ، بۇنى تۆتىلى رەكئەتكە قىلسەن، جەمئىي 300 تەسبىھ بولىدۇ،(شۇنۇڭ ئۈچۈن تەسبىھ نامىزى دېيىلگەن) ئەگەر ھەركۈنى قادىر بولالىساڭ، ھەر كۈنى ئوقۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ، ھەر جۈمئە كۈنى ئوقۇ، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ، ھەر ئايدا بىر ئوقۇغىن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ، يىلدا بىر، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ، ئۆمرۈڭدە بىر قېتىممۇ بولسا ئوقۇغىن، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دېگەن، بىر قىسىم ئالىملار يالغان دېگەن. يەنە بىر قىسىم ئالىملار بۇ ھەدىس ھەسەن دېگەن، ئىمام مۇھەممەد تاھىر ھەق، مۇئتەدىل سۆز شۇكى، بۇ ھەدىس قاتتىق زەئىپ دېگەن.

**1329 - [ 2 ] ( ضعيف )وروى الترمذي عن أبي رافع نحوه**

**1330 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن أول ما يحاسب به العبد يوم القيامة من عمله صلاته فإن صلحت فقد أفلح وأنجح وإن فسدت فقد خاب وخسر فإن انتقص من فريضته شيء قال الرب تبارك وتعالى : أنظروا هل لعبدي من تطوع ؟ فيكمل ا ما انتقص من الفريضة ثم يكون سائر عمله على ذلك " . وفي رواية : " ثم الزكاة مثل ذلك ثم تؤخذ الأعمال حسب ذلك " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى بەندىلەر، ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى نامازدۇر، ئەگەر ناماز يارامىلىق بولۇپ، ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ بەندە، جەننەت ۋە باشقا ئېرىشىدىغان نەرسىگە ئېرىشىش بىلەن، دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش بىلەن نىجات تاپىدۇ، ئەگەر ناماز پاساد بولۇپ، يارامىلىق بولماي، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىسە، جەننەتتىن قۇرۇق قېلىپ، دوۋزاخقا كىرىپ قېلىپ، چوڭ زىيان تارتىدۇ، (يەنى ناماز ياخشى بولسا، قوشلاپ پايدا ئېلىپ، نىجاد تاپىدۇ، نامازدىن چاتاق چىقسا، قوشلاپ زىيان تارتىپ، ھالاك بولىدۇ). ئەگەر، پەرىز ئىبادەتلىرىدىن بىرەرسى كاملاپ قالسا، رەب تائالا پەرىشتىلەرگە؛ قاراپ بېقىڭلار! بەندەم ئۈچۈن بىرەر نەپلە ئىبادەتلەر بارمۇ؟ دەيدۇ، پەرىز ئىبادەتلەردىن كاملاپ قالغاننىڭ ئورنى، نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن كامىل، تولۇقلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن، ئۇ بەندىنىڭ قالغان بارلىق ئەمەللىرىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ،يەنەبىرخاتىردە؛ زاكاتمۇ شۇنداق تولۇقلىنىدۇ ، دېگەن بار. (يەنى قايسى پەرىز كاملاپ قالسا، شۇنىڭ تۈرىدىكى نەپلە ئىبادەت بىلەن كامىل تولۇقلىنىدۇ) تىرمىزى،ئەھمەد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (مىنى بۇ ھەدىس شۇنداق خۇشال قىلدىكى، بۇ خۇشاللىقىمنى قەلەم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار!، نامازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، نەپلە ئىبادەتلەرنى، سەدىقە ــ ئېھسانلارنى كۆپلەپ قىلىڭلار).

**1331 - [ 4 ] ( صحيح )ورواه أحمد عن رجل**

**1332 - [ 5 ] ( ضعيف )وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أذن الله لعبد في شيء أفضل من الركعتين يصليهما وإن البر ليذر على رأس العبد ما دام في صلاته وما تقرب العباد إلى الله بمثل ما خرج منه " يعني القرآن . رواه أحمد والترمذي**

ئەبى ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بەندە

ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت نامازدىن ئەۋزەلرەك بىرەر نەرسىگە قۇلاق سالمايدۇ، (يەنى ناماز ھەممىدىن ئەۋزەل) ھەقىقەتەن ياخشىلىق بەندىنىڭ بېشىدا، ئۇ نامازدا تۇرسىلا داۋاملىشىدۇ، بەندىلەر ئاللاھقا قۇرئان بىلەن يېقىنلاشقاندەك ھېچنېمە بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

## باب صلاة السفر - الفصل الأول سەپەردىكى ناماز توغرىسىدا

1333 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أنس : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم صلى الظهر بالمدينة أربعا وصلى العصر بذي الحليفة ركعتين

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننى مەدىنىدە تۆت رەكئەت ئوقۇپ، (ئاندىن سەپەر قىلىپ) ئەسىرنى زۇلھۇلەيپىتە ئىككى رەكئەت ئوقۇدى. ئىمام بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

1334 - [ 2 ] ( متفق عليه )

وعن حارثة بن وهب الخزاعي قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم ونحن أكثر ما كنا قط وآمنه بمنا ركعتين

ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە، بىز ئەڭ كۆپ ، ئەڭ ئەمىن خاتىرجەم ھالەتتىمۇ، مىنادا (تۆت رەكئەتلىك نامازنى قەسىر قىلىپ)ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بەرگەن ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

1335 - [ 3 ] ( صحيح )وعن يعلى بن أمية قال : قلت لعمر بن الخطاب : إنما قال الله تعالى ( أن تقصروا من الصلاة إن خفتم أن يفتنكم الذين كفروا )فقد أمن الناس . قال عمر : عجبت مما عجبت منه فسألت رسول الله صلى الله عليه وسلم . فقال : " صدقة تصدق الله ا عليكم فاقبلوا صدقته " رواه مسلم

يەئلا ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەقىقەتەن الله تائالا « سەپەرگە چىققان ۋاقىتىڭلاردا كافىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسىر قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كافىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر (ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرنى ئۆلتۈرىۋېتىشتىن يانمايدۇ)». دەپتۇ،(سۈرە نىسا 101 ـ ئايەت) ھازىر كىشىلەر ئەمىن خاتىرجەم بولدى ،(ئۇنداق بولغانكەن قەسىر قىلمىسىمۇ بۇلىدىغۇ؟) دەپ سورسام، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەن ھەيران قالغان نەرسىدىن مەنمۇ ھەيران قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇ الله تائالانىڭ سىلەرگە قىلغان سەدىقىسىدۇر، الله نىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار دىگەن، دىدى.مۇسلىم،سەھىھ.

1336 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم من المدينة إلى مكة فكان يصلي ركعتين ركعتين حتى رجعنا إلى المدينة قيل له : أقمتم بمكة شيئا قال : " أقمنا ا عشرا "

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەدىنىدىن مەككىگە چىقتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز مەدىنىگە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر، ئىككى رەكئەتتىن ، ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇدى، ئۇنىڭغا: مەككىدە نەچچە كۈن تۇرغان ئىدىڭلار؟ دىيىلدى ، ئۇ: بىز مەككىدە ئون كۈن تۇرغان ئىدۇق دىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

1337 - [ 5 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : سافر النبي صلى الله عليه وسلم سفرا فأقام تسعة عشر يوما يصلي ركعتين ركعتين قال ابن عباس: فنحن نصلي فيما بيننا وبين مكة تسعة عشر ركعتين ركعتين فإذا أقمنا أكثر من ذلك صلينا أربعا .رواه البخاري

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىرقېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلىپ،

(سەپەر قىلغان جايدا)19 كۈن تۇرۇپمۇ، ئىككى رەكئەتتىن ، ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئۇقۇغان ئىدى، بىز مەككىگە قىلغان سەپىرىمىزدە 19 كۈن تۇرۇپ قالساق ، (قەسىر قىلىپ ) ئىككى رەكئەتتىن ، ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئۇقۇيتتۇق، 19 كۈندىن كۆپرەك تۇرۇپ قالساق، تۆت رەكئەت كامىل ئۇقۇيتتۇق. بۇخارى.

**1338 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن حفص بن عاصم قال : صحبت ابن عمر في طريق مكة فصلى لنا الظهر ركعتين ثم جاء رحله وجلس فرأى ناسا قياما فقال : ما يصنع هؤلاء ؟ قلت : يسبحون . قال : لو كنت مسبحا أتممت صلاتي . صحبت رسول الله صلى الله عليه وسلم فكان لا يزيد في السفر على ركعتين وأبا بكر وعمر وعثمان كذلك**

ھەپسى ئىبنى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەككە يولىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ھەمراھ بولغان ئىدىم، ئۇ بىزگە پىشىننى ئىككى رەكئەت ئۇقۇپ بىرىپلا ، ئاندىن ئۇلىغىنىڭ قىشىغا كىلىپ ئولتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ يەنە ئۆرە تۇرغىنىنى كۆرۈپ:ئاۋۇ كىشىلەر نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دىدى. مەن : ئۇلار سۈننەت ناماز ئۇقۇۋاتىدۇ، دىسەم. ئۇ: ئەگەر مەن سۈننەت، نەپلە ناماز ئۇقۇيدىغان بولسام، نامىزىمنى قەسىر قىلماي، كامىل ،تولۇق ئۇقۇيتتۇم ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەپەردە ھەمراھ بولغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە ئىككى رەكئەتتىن ئارتۇق ناماز ئۇقۇمايتتى، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ شۇنداق قىلاتتى، دىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**1339 - [ 7 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يجمع بين الظهر والعصر إذا كان على ظهر سير ويجمع بين المغرب والعشاء . رواه البخاري**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە بولغاندا (يەنى سەپەر قىلغاندا)، پىشىن بىلەن ئەسىرنىڭ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ ئوقۇيتتى. ئەھمەد ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**1340 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي في السفر على راحلته حيث توجهت به يومئ إيماء صلاة الليل إلا الفرائض ويوتر على راحلته**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە (نەپلە ناماز ئوقۇسا)، كىچىلىك نامازنى ئۇلىغىنىنىڭ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىلا، ئۇلىغى قاياققا قاراپ قالسىمۇ، ئىما _ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيتتى،(چۈنكى، ئاللاھ ھەممە جايدا ھەممە تەرەپتە بار، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق). پەرز نامازنى ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، قىبلىگە قاراپ ئوقۇيتتى، (چۈنكى، قادىر بولسىلا پەرز نامازدا قىبلىگە قاراش پەرزدۇر)، ۋىتىر نامىزىنى ئۇلىغىنىڭ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىلا ئۇقىيتتى. ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**1341 - [ 9 ] الفصل الثاني ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان ذلك قد فعل رسول الله صلى الله عليه وسلم قصر الصلاة وأتم . رواه في شرح السنة**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، شۇنداق بولغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلغان، نامازنى قەسىر قىلىپمۇ ئوقۇغان، مۇكەممەل، كامىلمۇ ئوقۇغان، بۇ ھەدىس شەرھى سۈننەدە بار بولۇپ، زەئىپ دىدى،

**1342 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن عمران بن حصين قال : غزوت مع النبي صلى الله عليه وسلم وشهدت معه الفتح فأقام بمكة ثماني عشرة ليلة لا يصلي إلا ركعتين يقول : " يا أهل البلد صلوا أربعا فإنا سفر " . رواه أبو داود**

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە جەڭ قىلغان، مەككىنى ئىشغال قىلغاندىمۇ بار ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە 18 كۈن تۇرۇپ، نامازنى پەقەت ئىككى رەكئەتتىنلا ئوقۇغان، ھەي شەھەر ئەھلى! بىز مۇساپىر، سىلەر تۆت رەكئەتتىن تولۇق ئوقۇۋېرىڭلار دىگەن، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، سىز، ئەبۇ داۋۇددا نىمانچە زەئىپ ھەدىس كۆپ؟ دىيىشىڭىز مۇمكىن، بۇ سۇئالغا ئۇسەيمىن رەھمەھۇللا،جاۋەپ بىرىپ، ھەدىس ئاتالغۇللىرى ناملىق كىتابىدا، ئالتە سەھىھ كىتاب توغرىسىدا توختىلىپ، ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللا بىرەر بابدا سەھىھ ھەدىس تاپالمىسا، زەئىپ ھەدىسنىمۇ يازغان دىگەن، زەئىپ ھەدىس ھەتتا، مۇنكەر ھەدىس، ئىبنى ماجەدە كۆپ دىگەن.

1343 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر قال : صليت مع النبي صلى الله عليه وسلم الظهر في السفر ركعتين وبعدها ركعتين وفي رواية قال : صليت مع النبي صلى الله عليه وسلم في الحضر والسفر فصليت معه في الحضر الظهر أربعا وبعدها ركعتين وصليت معه في السفر الظهر ركعتين وبعدها ركعتين والعصر ركعتين ولم يصل بعدها شيئا والمغرب في الحضر والسفر سواء ثلاث ركعات ولا ينقص في حضر ولا سفر وهي وتر النهار وبعدها ركعتين . رواه الترمذي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەردە، پېشىن نامىزنى ئىككى رەكئەت ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى رەكئەت ئوقۇدۇم، يەنە بىر خاتىرىدە، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مۇقىم ھالەتتىمۇ سەپەر قىلغاندىمۇ بىللە ناماز ئوقۇغان، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مۇقىم تۇرغاندا پېشىننى تۆت رەكئەت، بۇ نامازنىڭ كەينىدىن ئىككى رەكئەت ئوقۇغان، سەپەردە بولسا، پېشىننى ئىككى رەكئەت، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم، ئەسرنى ئىككى رەكئەتلا ئوقۇدۇق، ئۇنىڭ ئالدى _ كەينىدە ناماز ئوقۇمىدى، شام نامىزنى سەپەردە بولسۇن، مۇقىم بولسۇن، ئوخشاش ئۈچ رەكئەت ئوقۇدۇق، ئۇ كۈندۈزنىڭ ۋىترىسى، مەيلى سەپەر قىلسۇن مەيلى مۇقىم تۇرسۇن، ئۇنى كاملاتمىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇق، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

1344 - [ 12 ] ( صحيح )

وعن معاذ بن جبل قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم في غزوة تبوك : إذا زاغت الشمس قبل أن يرتحل جمع بين الظهر والعصر وإن ارتحل قبل أن تزيغ الشمس أخر الظهر حتى ي ل للعصر وفي المغرب مثل ذلك إذا غابت الشمس قبل أن يرتحل جمع بين المغرب والعشاء وإن ارتحل قبل أن تغيب الشمس آخر المغرب حتى ي ل للعشاء ثم يجمع بينهما . رواه أبو داود والترمذي

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەببۇك ئۇرشىدا، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن كۈن قەرىلىپ قالسا، پېشىن بىلەن ئەسرنى جۈپلەپ ئۇقۇيتتى، ئەگەر كۈن قەرىلىشتىن بۇرۇن يولغا چىقسا، پېشىننى ئەسىر ئۈچۈن چۈشكەنگە قەدەر كېچىكتۈرۈپ، (ئاندىن جۈپلەپ ئۇقۇيتتى،) شام نامىزىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قىلاتتى، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن كۈن كىرىپ قالسا، شام بىلەن خۇپتەننى جۈپلەپ ئۇقۇيتتى، ئەگەر كۈن كىرىشتىن بۇرۇن يولغا چىقسا، شامنى خۇپتەن ئۈچۈن چۈشكەنگە قەدەر كېچىكتۈرۈپ، ئاندىن بۇ ئىككى نامازنىمۇ جۈپلەپ ئۇقۇيتتى. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان،سەھىھ.

1345 - [ 13 ] ( حسن )وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا سافر وأراد أن يتطوع استقبل القبلة بناقته فكبر ثم صلى حيث وجهه ركابه . رواه أبو داود

ئەنس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلغان چاغدا، نەپلە ناماز

ئۇقۇشنى ئىرادە قىلسا، تۆگىسىنىڭ ئالدىنى قىبلى تەرەپكە قارىتىپ قويۇپ، تەكبىر ئەيتىپ ناماز باشلايتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تۆگىسى قايانغا قارىتىپ قويسا، شۇ تەرەپكە قاراپ نامىزىنى داۋام قىلىپ ئۇقۇشىرەتتى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان،سەھىھ.

**1346 - [ 14 ] ( صحيح )وعن جابر قال : بعثني رسول الله صلى الله عليه وسلم في حاجة فجئت وهو يصلي على راحلته نحو المشرق ويجعل السجود أخفض من الركوع . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھاجىتى ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى، مەن قايتىپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلغى ئۈستىدە مەشرىق يەنى كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ ناماز ئۇقۇۋاتقان ئىكەن، سەجدىنى رۇكۇدىن پەسرەك قىلاتتى.ئەبۇداۋۇد تو،سەھىھ.

**1347 - [ 15 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن ابن عمر قال : صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم بمنى ركعتين وأبو بكر بعده وعمر بعد أبي بكر وعثمان صدرا من خلافته ثم إن عثمان صلى بعد أربعا فكان ابن عمر إذا صلى مع الإمام صلى أربعا وإذا صلاها وحده صلى ركعتين**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىناتىغىدا (نامازنى قەسىر قىلىپ) ئىككى رەكئەت ئۇقۇغان ئىدى، ئۇنىڭدىن كىيىن ئەبۇبەكرى، ئۇنىڭدىن كىيىن ئۆمەر رەزىيە للاھۇ ئەنھۇملارمۇ شۇنداق ئۇقۇدى، ئۇنىڭدىن كىيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ باش تەرەپلىرىدە مىناتىغىدا (نامازنى قەسىر قىلىپ) ئىككى رەكئەت ئۇقۇپ، ئاندىن كىيىنكى مەزگىلدە تۆت رەكئەت تولۇق ئۇقۇدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىناتىغىدا ئىمام بىلەن بىللە ناماز ئۇقۇپ قالسا، تۆت رەكئەت تولۇق ئوقۇيتتى، ئۆزى يالغۇز ئۇقۇپ قالسا، ئىككى رەكئەتلا ئۇقۇيتتى. بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**1348 - [ 16 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : فرضت الصلاة ركعتين ثم هاجر رسول الله صلى الله عليه وسلم ففرضت أربعا وتركت صلاة السفر على الفريضة الأولى . قال الزهري :قلت لعروة : ما بال عائشة تتم ؟ قال: تأولت كما تأول عثمان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ؛ ناماز ئەسلىدە ئىككى رەكئەت پەرز قىلىنغان ئىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجرەت قىلىشىدى، تۆت رەكئەت پەرز قىلىندى، سەپەرنىڭ نامىزى تۇنجى قېتىم پەرز قىلىنغاندەك، ئىككى رەكئەتكە قالدۇرۇلدى، دىدى. زۇھەيرى مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئۇرۇۋەتكە: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئويلىغىنى قانداقتۇ؟ ئۇ نامازنى(سەپەردىمۇ) كامىل، تولۇق ئۇقۇيدىكەنغۇ؟ دىسەم، ئۇماڭا: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چۈشەنگەندەك، (ھەر ئىككى خىل ئىش دۇرۇس دەپ)چۈشەنگەن ئوخشايدۇ، دىدى. بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**1349 - [ 17 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : فرض الله الصلاة على لسان نبيكم صلى الله عليه وسلم في الحضر أربعا وفي السفر ركعتين وفي الخوف ركعة . رواه مسلم**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: الله تائالا نامازنى ، پەيغەمبىرىڭلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە منىڭ تىلى بىلەن، مۇقىم تۇرغاندا تۆت رەكئەت، سەپەرقىلغاندا ئىككى رەكئەت، قورقۇنجى ھالەتتە بىر رەكئەتلا پەرز قىلدى، دىدى. مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**1350 - [ 18 ] ( ضعيف جدا )وعن ابن عباس وعن ابن عمر قالا : سن رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاة السفر ركعتين وهما تمام غير قصر والوتر في السفر سنة . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرنىڭ نامىزىنى ئىككى رەكئەتتىن ئورۇنلاشتۇردى، بۇ ئىككى رەكئەت ناماز قەسىر بولماستىن تولۇق بولىدۇ، ۋىتىر ئوقۇش سەپەردىمۇ سۈننەت دىگەن، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دىگەن،

**1351 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن مالك بلغه أن ابن عباس كان يقصر في الصلاة في مثل ما يكون بين مكة والطائف وفي مثل ما يكون بين مكة وعسفان وفي مثل ما بين مكة وجدة قال مالك : وذلك أربعة برد . رواه في الموطأ**

مالىكقا مۇنداق يېتىپتۇ ھەققەتەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، نامازنى مەككە بىلەن تائىپە ياكى ئەسپان ياكى مەككە بىلەن جىددە ئارىلىقىدەك مۇساپىدە قەسىر قىلىپ ئوقۇيتتى، بۇ ئارىلىق تۆت بۇردى يەنى 16 پەرسەخ، 48 ــ مىيل، 90ـ100 كىلومېتىر ئەتراپىدا، بۇنى مالىك مۇئەتتادا خاتىرلىگەن ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**1352 - [ 20 ] ( ضعيف )وعن البراء قال : صحبت رسول الله صلى الله عليه وسلم ثمانية عشر سفرا فما رأيته ترك ركعتين إذا زاغت الشمس قبل الظهر . رواه أبو داود والترمذي وقال : هذا حديث غريب**

بەرراﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە 18كۈن سەپەردە ھەمراھ بولغان، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پېشىندىن بۇرۇن، كۈن قايرىلغاندا ئىككى رەكئەت نامازنى تەرىك ئەتكىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**1353 - [ 21 ] ( ضعيف )وعن نافع قال : إن عبد الله بن عمر كان يرى ابنه عبيد الله يتنفل في السفر فلا ينكر عليه . رواه مالك**

ناپىئ رەھمەھۇللادىن ھەققەتەن ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوغلى ئۇبەيدۇللانىڭ سەپەردىمۇ نەپل ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرۈپ، ئىنكار قىلمايتتى، بۇنى مالىك خاتىرلىگەن، چۈنكى، ناپىئ، مالىكنىڭ شەيخى ئىبنى ئۆمەرنىڭ خادىمى ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**باب الجمعة - الفصل الأول** جۈمئە نامىزى توغرىسىدا

**1354 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نحن الآخرون السابقون يوم القيامة بيد أنم أوتوا الكتاب من قبلنا وأوتيناه من بعدهم ثم هذا يومهم الذي فرض عليهم يعني يوم الجمعة فاختلفوا فيه فهدانا الله له والناس لنا فيه تبع اليهود غدا والنصارى بعد غد "**

**وفي رواية لمسلم قال : " نحن الآخرون الأولون يوم القيامة ونحن أول من يدخل الجنة بيد أنم " . وذكر نحوه إلى آخره**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز يارىتىلىشتا ئاخىرقىلارمىز، قىيامەت كۈنى بولسا (ھېساب بېرىشتە جەننەتكە كىرىشتە) بىزدىن بۇرۇن كىتاب بېرىلگەن كىشلەر، (جۈملىدىن، يەھۇدىيلار، ناسارالار) قېلىپ، بىز بۇرۇن كېلىمىز، بىزگە ئۇلاردىن كېيىن كىتاب بېرىلگەن. ئاندىن كېيىن بۇ جۈمئە كۈنى بولسا، ئاللاھ ئۇلارغا جۈمئەنى پەرز قىلغان كۈنى ئىدى، ئۇلار بۇ كۈن توغرىسىدا ئىختىلاپلاشتى، بىزنى بولسا، ئاللاھ بۇ كۈنگە ھىدايەت قىلدى، كىشىلەر بىزگە جۈمئە كۈنى توغرىسىدا ئەگىشىدۇ. يەھۇدىيلار ئەتىسى يەنى شەنبە كۈنى، ناسارالار ئۇنىڭ ئەتىسى يەنى يەكشەنبە كۈنى ئەگىشىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ. (يەھۇدىي، ناسارالار، ئىختىلاپ قىلىشىپ، جۈمئە كۈنى جۈمئە ئوقۇشدىن مەھرۇم قىلىنغان، ئاندىن ئۇلار خاتالىشىپ، شەنبە، يەكشەنبە كۈننى تاللاپ يەنىلا خاتا ئىبادەت قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھقا ئەمەس، بەلكى، پەيغەمبەرنىڭ سۈرىتىگە چوقۇنۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن، شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنى سۈرە بەييىنەدە كاپىر دىگەن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر، چۈنكى، تارىخدىن بۇيان ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر دۈشمىنى يەھۇدىي، ناسارالاردۇر،

ھازىرمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ. بۇ مۇنۇ ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىدۇر، بىر يەھۇدىي بىلەن بىر مۇسۇلمان بىللە ماڭسا، ئۇ يەھۇدىي مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىدۇ، (ئىبنى كەسىيردىن).

**1355 - [ 2 ] ( صحيح )وفي رواية لمسلم عن أبي هريرة وعن حذيفة قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم في آخر الحديث : " نحن الآخرون من أهل الدنيا والأولون يوم القيامة المقضي لهم قبل الخلائق "**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز يارىتىلىشتا بۇ دۇنيا ئەھلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىلىرىمىز، قىيامەت كۈنى بولسا، بارلىق خالايىقتىن بۇرۇن ھۆكۈم قىلىنىدىغان (ھېساب بېرىشتە جەننەتكە كىرىشتە) ئەڭ ئەۋۋەلقىلەر بىز. مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ.

**1356 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير يوم طلعت عليه الشمس يوم الجمعة فيه خلق آدم وفيه أدخل الجنة وفيه أخرج منها ولا تقوم الساعة إلا في يوم الجمعة " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇياش چىقىدىغان كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى جۈمئە كۈنىدۇر، ئادەم ئەلەيھىسسالام جۈمئە كۈنى يارىتىلغان، جۈمئە كۈنىدە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن، شۇنداقلا جۈمئە كۈنى جەننەتتىن چىقىرىلغان، قىيامەت پەقەت جۈمئە كۈنىلا قۇرۇلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

**1357 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن في الجمعة لساعة لا يوافقها عبد مسلم يسأل الله فيها خيرا إلا أعطاه إياه . وزاد مسلم : " وهي ساعة خفيفة " . وفي رواية لهما قال : " إن في الجمعة لساعة لا يوافقها مسلم قائم يصلي يسأل لاله يخرا إلا أعطاه إياه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جۈمئە كۈنى بىر سائەت بار بولۇپ، مۇسۇلمان بەندە شۇ سائەتتە قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇغان ھالدا، ئاللاھدىن بىرەر ياخشىلىقنى سورىغان ھالدا، شۇسائەتكە مۇۋاپىق كېلىپ قالسىلا، ئاللاھ ئۇ بەندىگە شۇ سورىغان نەرسىسىنى چوقۇم بېرىدۇ.ئۇسائەت بەكلا قىسقىدۇر. مالىك، ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.

**1358 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي بردة بن أبي موسى قال : سمعت أبي يقول : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في شأن ساعة الجمعة : " هي ما بين أن يجلس الإمام إلى أن تقضى الصلاة " . رواه مسلم**

ئەبۇ بۇردەتتىن ، ئۇنىڭ دادىسى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۈمئە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت قىلىنىدىغان سائەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېيدۇ؛ ئۇ سائەت ئىمام مۇنبەردە ئۆلتۈرغان ۋاقىتتىن باشلاپ، جۈمئەنامىزى ئۇقۇلۇپ بولغان ۋاقىتقىچىدۇر.مۇسلىم، سەھىھ

**1359 - [ 6 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن أبي هريرة قال : خرجت إلى الطور فلقيت كعب الأحبار فجلست معه فحدثني عن التوراة وحدثته عن رسول الله صلى الله عليه وسلم فكان فيما حدثته أن قلت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير يوم طلعت عليه الشمس يوم الجمعة فيه خلق آدم وفيه أهبط وفيه تيب عليه وفيه مات وفيه تقوم الساعة وما من دابة إلا وهي مصيخة يوم الجمعة من حين تصبح حتى تطلع الشمس شفقا من الساعة إلا الجن والإنس وفيها ساعة لا يصادفها عبد مسلم وهو يصلي يسأل الله شيئا إلا أعطاه إياها . قال كعب : ذلك في كل سنة يوم . فقلت : بل في كل جمعة قال فقرأ كعب التوراة . فقال : صدق رسول الله صلى الله عليه وسلم . قال أبو هريرة : لقيت عبدالله بن سلام فحدثته بمجلسي مع كعب وما حدثته في يوم الجمعة فقلت له : قال كعب : ذلك كل سنة يوم ؟ قال عبد الله بن سلام : كذب كعب . فقلت له ثم قرأ كعب التوراة . فقال :**

**بل هي في كل جمعة . فقال عبد الله بن سلام : صدق كعب ثم قال عبدالله بن سلام : قد علمت أية ساعة هي . قال أبو هريرة فقلت له : فأخبرني ا . فقال عبدالله بن سلام : هي آخر ساعة في يوم الجمعة . قال أبو هريرة : فقلت : وكيف تكون آخر ساعة في يوم الجمعة وقد قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يصادفها عبد مسلم وهو يصلي وتلك الساعة لا يصلى فيها ؟ " فقال عبدالله بن سلام : ألم يقل رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من جلس مجلسا ينتظر الصلاة فهو في صلاة حتى يصلي ؟ قال أبو هريرة : فقلت : بلى .قال : فهو ذاك. رواه مالك وأبو داود والترمذي والنسائي وروى أحمد إلى قوله :صدق كعب**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن تۇر تېغىغا چىقىپ، كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچۇرشۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇردۇم، ئۇ ماڭا تەۋراتتىن سۆزلەپ بەردى ، مەن ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىنى سۆزلەپ بەردىم ، مەن ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن ھەدىستا مۇنداق بىر ھەدىس بارئىدى، مەن ئۇنىڭغا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇياش چىقىدىغان كۈنىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، جۈمئە كۈنىدۇر، ئادەم جۈمئە كۈنى يارىتىلىپ، جەننەتتىن جۈمئە كۈنى زىمىنغا چۈشۈرۈلگەن، جۈمئە كۈنى تۆۋبىسى قوبۇل قىلىنغان، جۈمئە كۈنى ۋاپات تاپقان، قىيامەت جۈمئە كۈنى قۇرۇلىدۇ، زىمىن يۈزىدىكى ھەرقانداق ھايۋان، قىيامەت قايىم بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، جۈمئە كۈنى سۇبھەدىن باشلاپ قۇياش چىققانغا قەدەر قورققان، ئەنسىرىگەن ھالدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ، پەقەت جىنلار بىلەن ئىنسانلارلا قورقمايدۇ، جۈمئە كۈنىدە بىر سائەت باربولۇپ، ھەرقانداق مۇسۇلمان بەندە، ناماز ئىچىدە ئاللاھدىن بىرەر نەرسە سورىغان ھالدا شۇ سائەتكە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە سورىغان نەرسىسىنى بېرىدۇ،دېدىم. كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئۇسائەت ھەرىيلى بىركۈنلا باردۇر دىدى.مەن: بەلكى ئۇھەر جۈمئەكۈنى باردۇر دىدىم، كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەۋراتنى ئۇقۇپ كۆرۈپ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم راست دەپتۇ ئۇسائەت ھەر جۈمئەكۈنى بارئىكەن دىدى.كىيىن مەن ئابدۇاللە ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچۇرشۇپ: كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇبىلەن بىللە ئولتۇرغۇنۇمنى،جۈمئەكۈنى توغرىسىدىكى ھەدىسنى سۆزلىگىنىمنى، ئۇنىڭ: ئۇ سائەت ھەرىيلى بىركۈنلا باردۇر دىگىنىنى دىسەملا، ئابدۇاللە ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:كەئبى يالغان سۆزلەپتۇ دىدى، ئاندىن كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەۋراتنى ئۇقۇپ كۆرۈپ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم راست دەپتۇ، ئۇسائەت ھەر جۈمئەكۈنى بارئىكەن دىدى،دىسەم، ئابدۇاللە ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:كەئبى كىيىن راست سۆزلەپتۇ دىدى.ئاندىن ئۇ:مەن ئۇ سائەتنىڭ قايسى سائەت ئىكەنلىكىنى بىلىمەن دىدى.مەن ئۇنىڭغا:ئۇنداق بولسا،بىخىللىق قىلماي، ئۇسائەتنى ماڭا خەۋەر قىلىپ دەپ بەرگىن دىدىم، ئۇماڭا: ئۇسائەت جۈمئە كۈنىدىكى سائەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر دىدى،مەن : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «مۇسۇلمان بەندە، ناماز ئىچىدە ئاللاھدىن بىرەر نەرسە سورىغان ھالدا شۇ سائەتكە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا»، دىگەن تۇرسا،(ناماز دىگەننى دىگەن تۇرسا) قانداقسىگە ئۇسائەت جۈمئە كۈنىدىكى سائەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالىدۇ؟ دىدىم، ئۇماڭا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىم نامازنى ساقلاپ ئولتۇرسا، ئۇكىشى ناماز ئۇقىغانغا قەدەر، نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ ، دىمىگەنمۇ؟ دىدى. مەن : ئەلۋەتتە شۇنداق دىگەن دىسەم، ئۇماڭا:ئۇنداق بولسا ، ئەنە شۇنداق بولىدۇ، (يەنى ئۇسائەت جۈمئەكۈنى ئاخىرقى سائەتتۇر).مالىك، ئەھمەد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**1360 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " التمسوا الساعة التي ترجى في يوم الجمعة بعد العصر إلى غيبوبة الشمس " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جۈمئە كۈنىدىكى ئۈمىد قىلىنىدىغان، دۇئالار ئىجاۋەت بولىدىغان سائەتنى ئەسىردىن كېيىن كۈن كىرگىچە ئىزدەپ، تەلەپ قىلىڭلار، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**1361 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أوس بن أوس رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من أفضل أيامكم يوم الجمعة فيه خلق آدم وفيه قبض وفيه النفخة وفيه الصعقة فأكثروا علي من الصلاة فيه فإن صلاتكم معروضة علي " فقالوا : يا رسول الله وكيف تعرض صلاتنا عليك وقد أرمت ؟ قال : يقولون : بليت قال : " إن الله حرم على الأرض أجساد الأنبياء " . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي والبيهقي في الدعوات الكبير**

ئەۋس ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن كۈنلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، جۈمئە كۈنىدۇر، ئادەم جۈمئە كۈنىدە يارىتىلىپ، يەنە جۈمئە كۈنىدە ۋاپات تاپتۇرۇلدى، كىشىلەر ئۆلتۈرلۈش، تىرىلدۈرلۈش ئۈچۈن، جۈمئە كۈنىدە سۇر چېلىنىدۇ، قىيامەت، جۈمئە كۈنىدە بولىدۇ، جۈمئە كۈنىدە ماڭا كۆپ دۇئايى ــ سالام يوللاڭلار، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ دۇرت، سالاملىرىڭلار ماڭا تەڭلىنىپ يەتكۈزۈلىدۇ.ئۇلار:سىلى ئۇچاغدا چىرىپ كەتكەن تۇرسىلا، بىزنىڭ دۇرۇت ـ سالاملىرىمىز سىلىگە قانداق يەتكۈزلىدۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا زىمىنغا پەيغەمبەرلەرنىڭ جەسەدلىرىنى چىرىتىپ، يەۋتىشنى ھارام قىلدى،دىدى. ئەھمەد ، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم،دارىمى،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**1362 - [ 9 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اليوم الموعود يوم القيامة واليوم المشهود يوم عرفة والشاهد يوم الجمعة وما طلعت الشمس ولا غربت على يوم أفضل منه فيه ساعة لا يوافقها عبد مؤمن يدعو الله بخير إلا استجاب الله له ولا يستعيذ من شيء إلا أعاذه منه " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث غريب لا يعرف إلا من حديث موسى بن عبيدة وهو يضعف**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ۋەدە قىلىنغان كۈن قىيامەت كۈنىدۇر، ھازىر قىلىنىدىغان مەشھۇد كۈن بولسا، ئاراپات كۈنىدۇر، (يەنى ئەتە قۇربان ھېيت دىگەن كۈندۇر)، شاھىد كۈن بولسا، جۈمئە كۈنىدۇر، جۈمئە كۈنىدىنمۇ ئەۋزەلرەك بىرەر كۈندە، قۇياش چىقىپ كىرمەيدۇ، (يەنى جۈمئە كۈنى بارلىق كۈنلەردىن ئەۋزەل، ئۇنىڭدىن ئەۋزەل كۈن يوق). جۈمئە كۈنى بىر سائەت بار بولۇپ، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان بەندە بۇ سائەتتە ئاللاھدىن بىرەر ياخشىلىقنى سوراپ ياكى بىرەر يامانلىقدىن ئاللاھقا سىغىنىپ، پاناھ تىلەپ، دۇئا قىلىپ مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە سورىغان ياخشىلىقنى بېرىدۇ، پاناھ تىلىگەن يامانلىقدىن ئۇنى ساقلاپ قۇتقۇزىدۇ، (يەنى شۇ سائەتتە ھەر قانداق دۇئاسىنى پەقەت ھارامنى سورىمىسلا، گۇناھ ــ مەئسىيەتنى سورىمىسلا، ئىجاۋەت قىلىدۇ). تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**1363 - [ 10 ] الفصل الثالث ( حسن )عن أبي لبابة بن عبد المنذر قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن يوم الجمعة سيد الأيام وأعظمها عند الله وهو أعظم عند الله من يوم الأضحى ويوم الفطر فيه خمس خلال : خلق الله فيه آدم وأهبط الله فيه آدم إلى الأرض وفيه توفي الله آدم وفيه ساعة لا يسال العبد فيها شيئا إلا أعطاه ما لم يسال حراما وفيه تقوم الساعة ما من ملك مقرب ولا سماء ولا أرض ولا رياح ولا جبال ولا بحر إلا هو مشفق من يوم الجمعة " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇلۇبابەت ئىبنى ئابدۇلمۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جۈمئە كۈنى بارلىق كۈنلەرنىڭ سەيىيدى خوجايىنىدۇر، جۈمئە كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىدە، بارلىق كۈنلەردىن ھەتتا قۇربان ھېيت،رۇزاھېيت كۈنلىرىدىنمۇ ئۇلۇغراقتۇر،بۇ كۈندە بەش خىسلەت ئىشلار بار.
1 . ئاللاھ بۇ كۈندە ئادەم ئاتىنى ياراتقان. 2 . ئاللاھ بۇ كۈندە ئادەمنى زىمىنغا تاشلىغان. 3 . ئاللاھ بۇ جۈمئە كۈنى ئادەمنىڭ جېنىنى ئالغان. 4 . جۈمئە كۈنىدە بىر سائەت بولۇپ، ھەرقانداق بەندە، شۇ سائەتتە ئاللاھدىن

بىرەر نەرسە سورىسا، پەقەت ھارام نەرسىنى سورىمىسىلا، چوقۇم ئاللاھ ئۇ كىشىگە سورىغان نەرسىنى بېرىدۇ.
5. جۈمئە كۈنىدە قىيامەت قايىم بولىدۇ، ھەرقانداق مۇقەررەپ، ئاللاھقا يېقىن پەرىشتە ياكى ئاسمان ياكى زىمىن ياكى شامال، تاغلار ھەتتا دېڭىزلارمۇ جۈمئە كۈنى قىيامەت قايىم بولۇشىدىن قورقۇپ تۇرىدۇ، جۈمئە كۈنىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**1364 - [ 11 ] ( حسن )وروى أحمد عن سعد بن عبادة : أن رجلا من الأنصار أتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : أخبرنا عن يوم الجمعة ماذا فيه من الخير ؟ قال : " فيه خمس خلال " وساق الحديث**

بۇھەدىسنى ئىمام ئەھمەد توپلىغان بولۇپ، ئەنساردىن بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ، جۈمئەكۈنىدىكى ياخشىلىقتىن سورىغاندا يۇقىرىقى سۆزلەرنى دېگەندۇر.

**1365 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قيل للنبي صلى الله عليه وسلم : لأي شيء سمي يوم الجمعة ؟ قال : " لأن فيها طبعت طينة أبيك آدم وفيها الصعقة والبعثة وفيها البطشة وفي آخر ثلاث ساعات منها ساعة من دعا الله فيها استجيب له " . رواه أحمد**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قايسى نەرسىنىڭ سەۋەبىدىن جۈمئە كۈنى دەپ ئاتىلىپ قالغان؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى، چۈنكى، جۈمئە كۈنىدە داداڭ ئادەم ئاتىنىڭ لېيى يۇغۇرۇلۇپ بىرلەشتۈرۈلگەن، ۋە شۇ كۈندە ئۆلۈپ ــ تىرىلىش يۈز بېرىدۇ، (يەنى قىيامەت بولىدۇ) شۇ كۈندە قاتتىق جازالاش بولىدۇ. بۇ كۈننىڭ ئاخىرقى ئۈچ سائەتتە بىر سائەت بولۇپ، كىم شۇ سائەتتە ئاللاھقا دۇئا قىلالىسا، ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، زەئىپ دېيىلدى،

**1366 - [ 13 ] ( صحيح )وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أكثروا الصلاة علي يوم الجمعة فإنه مشهود تشهده الملائكة وإن احدا لن يصلي علي إلا عرضت علي صلاته حتى يفرغ منها " قال : قلت : وبعد الموت ؟ قال : " إن الله حرم على الأرض أن تأكل أجساد الأنبياء فنبي الله حي يرزق " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا جۈمئە كۈندە كۆپ دۇرۇت ـ سالام يوللاڭلار، چۈنكى،ئۇكۈنگە پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ،ئۇ مەشھۇد كۈندۇر، كىم ماڭا دۇرۇت، سالام يوللىسىلا، ئۇنىڭ دۇئايى ــ سالاملىرى ئۇ پارىغ بۇلۇپ بولغىچىلا، ماڭا تەقدىم قىلىنىپ،يەتكۈزۈلىدۇ.مەن: ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ يەتكۈزۈلەمدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا زىمىنغا پەيغەمبەرلەرنىڭ جەسەدلىرىنى چىرىتىپ، يەۋىتىشنى ھارام قىلدى،الله نىڭ پەيغەمبىرى تىرىك ھاياتتۇر، ئۇنىڭغا رىزق بېرىلىپ تۇرىدۇ،دىدى. ھاكىم، بەيھەقى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1367 - [ 14 ] ( حسن )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من مسلم يموت يوم الجمعة أو ليلة الجمعة إلا وقاه الله فتنة القبر " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث غريب وليس إسناده بمتصل**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى جۈمئە كۈنى ياكى جۈمئە كۈن كەچتە ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنى قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن، سوراق ــ سۇئال ئازابىدىن ساقلايدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1368 - [ 15 ] ( صحيح )وعن ابن عباس أنه قرأ : ( اليوم أكملت لكم دينكم )الآية وعنده يهودي فقال : لو نزلت هذه الآية علينا لاتخذناها عيدا فقال ابن عباس : فإنها نزلت في يوم عيدين في يوم جمعة ويوم عرفة . رواه الترمذي وقال هذا حديث حسن غريب**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بۈگۈن مەن سىلەرگە دىنىڭلارنى كامىل قىلىپ بەردىم........»دىگەن

ئايەتنى ئۇقۇشدى، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر يەھۇدىي: ئەگەر بۇ ئايەت بىزگە نازىل قىلىنغان بولسا، بىز شۇ كۈننى ھېيت كۈنى قىلغان بولاتتۇق دىدى. ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەن دىمىسەڭمۇ، بۇ ئايەت جۈمئە كۈنىدىن ، ئارپات كۈنىدىن ئىبارەت ئىككى ھېيت كۈنى نازىل قىلىنغان دىدى.تىرمىزى،تو سەھەھ.

1369 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا دخل رجب قال : " اللهم بارك لنا في رجب وشعبان وبلغنا رمضان " قال : وكان يقول : " ليلة الجمعة ليلة أغر ويوم الجمعة يوم أزهر  رواه البيهقي في الدعوات الكبير

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەجەپ ئىيىي كىرگەندە مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، بىزگە رەجەب ۋە شەئبان ئىيىدا بەرىكەت بەرگىن، بىزنى رامىزان ئىيىغا يەتكۈزگىن، جۈمئە كېچىسى بولسا، بۇ نۇرلۇق كېچە دەيتتى، كۈندۈزى بولسا بۇ نۇرلۇق كۈندۈز دەيتتى، بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

## باب وجو ا - الفصل الأول    جۈمئەنامىزىنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا

1370 - [ 1 ] ( صحيح )عن ابن عمر وأبي هريرة أنما قالا : سمعنا رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول على أعواد منبره : " لينتهين أقوام عن ودعهم الجمعات أو ليختمن الله على قلو م ثم ليكونن من الغافلين " . رواه مسلم

ئىبنى ئاbباس،ئەبۇھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ  مۇنبەر ئۈستىدە مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق: يا قەۋملەر جۈمئە نامازلىرىنى تەرك ئېتىشلىرىدىن يانسا يانسۇن،جۈمئەنى ئۇقۇۋالسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ قەلبىگە مۆھۈر ئۇرۇپ، پىچەتلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غاپىللاردىن بولۇپ كېتىدۇ، (يەنى مۇناپىق بولىدۇ)، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1371 - [ 2 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن أبي الجعد الضميري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ترك ثلاث جمع  اونا  ا طبع الله على قلبه " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي

ئەبۇلجەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۈچ جۈمئە نامىزىنى ھورۇنلۇق قىلىپ تەرك ئەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىگە مۆھۈر بىسىپ، پىچەت ئۇرۇۋېتىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم،دارىمى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

1372 - [ 3 ] ( صحيح )ورواه مالك عن صفوان بن سليم

1373 - [ 4 ] ( صحيح )ورواه أحمد عن أبي قتادة

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:

كىم ئۈچ جۈمئە نامىزىنى  ئۆزرىسىز تەرك ئېتىپ ئوقۇمىسا، ئۇ مۇناپىقلارنىڭ جۈملىسىدىن مۇناپىق دەپ يېزىلىدۇ، (ئۇ راستىنلا مۇناپىق، چۈنكى، ئۇ ئۆزرىسىزلا ھاكىمىيەتتىن، دىنسىزلاردىن، مائاشىدىن ئەنسىرەپلا جۈمئەنى ئوقۇمايدۇ، ھەي مۇناپىق). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

دىنسىزلاردىن قورقۇپ، مائاشىدىن ئەنسىرەپ، مۇشۇ دۇنيانىلا دەپ، ئاللاھنى، ئاخىرەتنى، جەننەتنى كۆزلىمەي، جۈمئە نامىزىنى ئوقۇمىغان كىشىلەر شەكسىز مۇناپىقتۇر، قەلبىگە مۆھۈر-پىچەت ئۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارغا قەتئىي ئىشىنىشكە بولمايدۇ، ھەتتا جىنازا نامىزىنىمۇ ئوقۇشقا بولمايدۇ ، سەن ئالىمۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ؟ ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسى ھېساب، بىزگە بۇنىڭدىن باشقا پەتىۋا كېرەك ئەمەس، دەلىل _ ئىسپاتقا قايىل بولمىساڭ، جاھىللىق قىلىپ، ھەقكە باش ئەگمىسەڭ،

مۇناپىق پىتى ياشاۋەر، ئاخىرى بىراقلا ھالاك بولىسەن، تېخى بۇ دۇنياغىمۇ تويىسەن، كۆپ تويىسەن!، بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدا، باراۋەرلەشتۈرۈپ تاللاش ئىلىپ بارغان كىشىنىڭ ئۆزىلا ئەخمەق، چۈنكى، ئاخىرەت چەكسىز مەڭگۈ باقىيدۇر، بۇ دۇنيا بولسا، چەكلىك، پانىيدۇر، بۇ دۇنيا ئاخىرەت ئالدىدا پەقەتلا يوقتۇر.

**1374 - [ 5 ] ( ضعيف )وعن سمرة بن جندب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ترك الجمعة من غير عذر فليتصدق بدينار فإن لم يجد فبنصف دينار " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه**

سۇمرەت ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم جۈمئە نامىزىنى ئۆزرىسىز ئوقۇماي، تەرىك ئەتسە، بىر دىينار سەدىقە قىلسۇن، تاپالمىسا يېرىم دىينار سەدىقە قىلسۇن، (بىر دىينار 300 يۈەن ئەتراپىدا جۇڭگو پۇلى) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**1375 - [ 6 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو عن النبي صلى الله عليه وسلم : " الجمعة على من سمع النداء  رواه أبو داود**

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جۈمئە نامىزى ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئۈستىگە پەرز (يەنى ئەزاننى ئاڭلىغان جايغا بېرىپ ئوقۇشى لازىم)، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**1376 - [ 7 ] ( ضعيف جدا )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الجمعة على من آواه الليل إلى أهله " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث إسناده ضعيف**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جۈمئە دىگەن، جۈمئەدىن پارىغ بولۇپ، ئەھلىگە قايتىپ كەلگىچە، كېچە قورشىۋالغان كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ، (يەنى شۇنداق يىراقتا بېرىشى لازىم). بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ، ئىسنادى زەئىپ دىگەن، ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دىدى،

**1377 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن طارق بن شهاب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الجمعة حق واجب على كل مسلم في جماعة إلا على أربعة : عبد مملوك أو امرأة أو صبي أو مريض  رواه أبو داود وفي شرح السنة بلفظ المصابيح عن رجل بني وائل**

تارىق ئىبنى شىھاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگە: ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە،جۈمئە نامىزنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى ھەق، ۋاجىپتۇر، لېكىن، قۇل، ئايال كىشى، كىچىك سەبى بالا، كېسەل كىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، شەرھى سۇننەدىمۇ بار، زەئىپ دىيىلدى.مەنىسى سەھىھ.

**1378 - [ 9 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن ابن مسعود أن النبي صلى الله عليه وسلم قال لقوم يتخلفون عن الجمعة : " لقد هممت أن آمر رجلا يصلي بالناس ثم أحرق على رجال يتخلفون عن الجمعة بيو م " . رواه مسلم**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمئەگە كەلمەي، ئۆيدە قالغان كىشىلەرتوغرىسىدا مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن بىر كىشىنى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىسام، ئاندىن مەن جۈمئەگە كەلمەي، ئۆيدە قالغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتسەم دەيمەن. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئۇ چاغدا جۈمئەگە پەقەت مۇناپىقلارلا كەلمەيتتى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، جۈمئە مۇسۇلمانلارغا مۇھىم ئىبادەت، ھەم ئىلىم ئىلىش ئورنىدۇر.

**1379 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من ترك الجمعة من غير ضرورة كتب منافقا**

**في كتاب لا يمحى ولا يبدل " . وفي بعض الروايات ثلاثا . رواه الشافعي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم جۇمئە نامىزىنى زۆرۈرىيەتسىز تەرىك ئېتىپ، ئوقۇمىسا، ئۆچۈرۈلمەيدىغان، يۆتكەلمەيدىغان كىتابقا ئۇ كىشىنى مۇناپىق دەپ يېزىلىدۇ، بەزى خاتىرىلەردە ئۈچ جۇمئەنى ئوقۇمىسا شۇنداق يېزىلىدۇ دىگەن بار، شافئى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،بۇنىڭ سەھىسمۇ بار.يۇقىردا ئۆتتى.

**1380 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من كان يؤمن بالله واليوم الآخر فعليه الجمعة يوم الجمعة إلا مريض أو مسافر أو صبي أو مملوك فمن استغنى بلهو أو تجارة استغنى الله عنه والله غني حميد . رواه الدراقطني**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، جۇمئە كۈنى جۇمئە نامىزىنى لازىم تۇتسۇن، كېسەل، كىشى، سەبى بالا، قۇل بۇنىڭدىن مۇستەسنا، كىم بۇ نامازدىن ئويۇن ــ تاماشا، تىجارەت بىلەن ئۆزىنى بىھاجەت سانىسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن بىھاجەتتۇر، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەت، مەدھىيلىنىدىغان زاتتۇر، دارىقۇتنى خاتىرلىگەن، زەئىپ دىيىلدى،

**باب التنظيف والتبكير - الفصل الأول** جۇمئە كۈنىدىكى تازىلىق ۋە بۇرۇن بېرىش توغرىسىدا

**1381 - [ 1 ] ( صحيح )عن سلمان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يغتسل رجل يوم الجمعة ويتطهر ما استطاع من طهر ويدهن من دهنه أو يمس من طيب بيته ثم يخرج فلا يفرق بين اثنين ثم يصلي ما كتب له ثم ينصت إذا تكلم الإمام إلا غفر له ما بينه وبين الجمعة الأخرى " . رواه البخاري**

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى جۇمئە كۈنى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، قادىر بولىشچە پاكلىنىپ، ئاندىن خۇشپۇراق ياغلىرىدىن ياكى ئۆيدىكى ئەتىرلەردىن ئىستېمال قىلىپ، ئۆيدىن چىقىپ جۇمئەگە كەلسە، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمىسە، كىشلەرنىڭ گەردەنلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتمەي، ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان نامازلارنى ئوقۇپ، ئاندىن ئىمام سۆز قىلغاندا سۆز قىلماي جىم ئولتۇرسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ جۇمئە بىلەن يەنە بىر جۇمئە ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرى پۈتۈنلەي مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**1382 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه . عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : من اغتسل ثم أتى الجمعة فصلى ما قدر له ثم أنصت حتى يفرغ من خطبته ثم يصلي معه غفر له ما بينه وبين الجمعة الأخرى وفضل ثلاثة أيام " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم جۇمئە كۈنى غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ ئاندىن جۇمئەگە كېلىپ، ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان نامازلارنى ئوقۇپ، ئاندىن ئىمام خۇتبىسىدىن پارىغ بولغىچە سۆز قىلماي، جىم تۇرسا، ئاندىن ئىمام بىلەن بىرگە جۇمئە نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن بۇ جۇمئە بىلەن يەنە بىر جۇمئەنىڭ ئارىلىقىدىكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ۋە يەنە ئۈچ كۈن ئارتۇق پەزىلەتلىك قىلىنىپ، ئۇشۇق مەغپىرەت قىلىنىدۇ، (چۈنكى، بىر ياخشىلىققا ئون دىگەن قانۇن بار). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1383 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من توضأ فأحسن الوضوء ثم أتى الجمعة فاستمع وأنصت غفر له ما بينه وبين الجمعة وزيادة ثلاثة أيام ومن مس الحصى فقد لغا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم جۇمئە كۈنى

كىچىك تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن جۈمئەگە كېلىپ، ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇپ خۇتبە تىڭشىسا، جىم ئولتۇرسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ جۈمئە بىلەن يەنە بىر جۈمئە ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ، يەنە ئۈچ كۈنلۈك مەغپىرەت زىيادە قىلىنىدۇ، كىم تاشنى ياكى بىرەر نەرسىنى تۇتۇپ، سىلاپ ئوينىسا، جەزمەن ئۇ جۈمئەنى ۋە ئاشۇ مەغپىرەتنى بۇزغان بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1384 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كان يوم الجمعة وقفت الملائكة على باب المسجد يكتبون الأول فالأول ومثل المهجر كمثل الذي يهدي بدنة ثم كالذي يهدي بقرة ثم كبشا ثم دجاجة ثم بيضة فإذا خرج الإمام طووا صحفهم ويستمعون الذكر "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمئە كۈنىسى بولغاندا، مەسجىدلەرنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ھەربىر ئىشكىدە پەرىشتىلەر تۇرۇپ، ئىنسانلارنى ئۆز مەرتىبىسى بويىچە خاتىرلەيدۇ، تۇنجى بولۇپ كەلگەن كىشىنى، ئاندىن كېيىنكىسىنى يازىدۇ،تۇنجى بولۇپ كەلگەن كىشى بىر تۆگە، ئاندىن كېيىنكىسى بىر كالا، ئاندىن كېيىنكىسى بىر قوچقار، ئاندىن بىر توخۇ، ئاندىن كېيىنكىسى بىر تۇخۇم ھەدىي قىلغاننىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ، ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا، پەرىشتىلەر دەپتەرلىرىنى قاتلاپ، خۇتبە تىڭشايدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**1385 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قلت لصاحبك يوم الجمعة أنصت والإمام يخطب فقد لغوت )**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمئەكۈنىسىدە، ئىمام خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا، سۆز قىلغان ھەمراھىڭغا: سۆز قىلماي جىم تۇر! دېسەڭ، جەزمەن سەنمۇ جۈمئەنى بۇزغان بولىسەن. مالىك ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1386 - [ 6 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يقيمن أحدكم أخاه يوم الجمعة ثم يخالف إلى مقعده فيقعد فيه ولكن يقول : افسحوا " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمئە كۈنىسىدە قېرىندىشىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋەتمىسۇن، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن. لېكىن، كەڭرى قىلىڭلار، سەل كەڭرىتىڭلار دېسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1387 - [ 7 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن أبي سعيد وأبي هريرة قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من اغتسل يوم الجمعة ولبس من أحسن ثيابه ومس من طيب إن كان عنده ثم أتى الجمعة فلم يتخط أعناق الناس ثم صلى ما كتب الله له ثم أنصت إذا خرج إمام حتى يفرغ من صلاته كانت كفارة لما بينها وبين جمعته التي قبلها " . رواه أبو داود**

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمئە كۈنى يۇيۇنۇپ، (مسۋاك سىلىپ)، ئەگەر تاپالىسا،ئەتىردىن چېچىپ، كىيىمنىڭ ئەڭ گۈزەللىرىنى كىيىپ، ئاندىن چىقىپ مەسجىدگە جۈمئەگەكەلسە، كىشىلەرنىڭ گەردەنلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتمىسە، ئاندىن ئاللاھ خالىغان،ئۇنىڭغاتەقدىردە پۈتكەن نامازلارنى ئوقۇپ، ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا جىم تۇرسا، نامىزىدىن پارىغ بولغىچە گەپ ــ سۆز قىلمىسا، ئۇنىڭ بۇ جۈمئە نامىزى، شۇ جۈمئە بىلەن يەنە بىر جۈمئەنىڭ ئارىلىقىدىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ. ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1388 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أوس بن أوس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من غسل يوم الجمعة واغتسل**

وبكر وابتكر ومشى ولم يركب ودنا من الإمام واستمع ولم يلغ كان له بكل خطوة عمل سنة : أجر صيامها وقيامها " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه

ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم جۇمئە كۈنى كىيىم ــ كېچەكلىرىنى يۇيۇپ، ياكى يۇيدۇرۇپ، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، ئاندىن بۇرۇن، بالدۇر بارسا، ئۇلاغقا مىنمەي پىيادە مېڭىپ بارسا، ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇپ، خۇتبە ۋە نەسىھەت ئاڭلىسا، پايدىسىز قۇرۇق لەغۋە سۆز قىلماي، جىم ئولتۇرسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۆيىدىن باشلاپ مەسجىدگە قاراپ ماڭغان ھەربىر قەدىمىنىڭ بارابىرىگە، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان بىر يىللىق ئەمەل، ئىبادەتنىڭ ئەجىر ــ ساۋابى بېرىلىدۇ. ئەھمەد 15584 ــ ھەدىس، تىرمىزى 456 ــ ھەدىس، نەسەئى 1367 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 292 ــ ھەدىس، دارمى 1502 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1077 ـ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

1389 - [ 9 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن سلام قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما على أحدكم إن وجد أن يتخذ ثوبين ليوم الجمعة سوى ثوبي مهنته " . رواه ابن ماجه

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر بىرىڭلار كەڭرىلىكنى تاپسا، باي بولۇپ قالسا، مىھنەت ئىش كىيىمىدىن باشقا، مەخسۇس جۇمئە كۈنى ئۈچۈن يەنە ئىككى كىيىم كەيسە، ئۇ كىشىگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر، (يەنى شۇنداق قىلىڭلار)، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1390 - [ 10 ] ( ضعيف )ورواه مالك عن يحيى بن سعيد

1391 - [ 11 ] ( صحيح )وعن سمرة بن جندب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " احضروا الذكر وادنوا من الإمام فإن الرجل لا يزال يتباعد حتى يؤخر في الجنة وإن دخلها " . رواه أبو داود

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جۇمئە نامىزىغا بالدۇر كېلىپ، زىكرى، خۇتبىگە ھازىر بولۇڭلار، ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن جۇمئەگە دائىم كېچىكىپ بارغان كىشى، گەرچە جەننەتكە كىرسىمۇ، كېچىكىپ ئاخىرىدا كىرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، ھاكىملەر توپلىغان، سەھىھ.

1392 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن سهل بن معاذ بن أنس الجهني عن أبيه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تخطى رقاب الناس يوم الجمعة اتخذ جسرا إلى جهنم " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

سەھلى ئىبنى مۇئاز ئىبنى ئەنەس جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇنىڭ دادىسىن، مۇنداق دىگەن؛ كىم جۇمئە كۈنى كىشلەرنىڭ بويىنىغا دەسسەپ، ئاتلاپ ئۆتسە، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن جەھەننەمگە كۆۋرۈك سالغان بولىدۇ، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيىپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

1393 - [ 13 ] ( حسن )وعن معاذ بن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن الحبوة يوم الجمعة والإمام يخطب . رواه الترمذي وأبو داود

مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇمئە كۈنىسى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا،كىشىنىڭ كاسىسىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى پاچاق ـ يۇتىنى تىكلەپ، كۆكسىگە يىغىپ، ئىككى قولى بىلەن قۇچاقلاپ، زوڭ ئولتۇرۇشىدىن توسقان، (چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇخلاپ، غەپلەتتە قالىدۇ). ئەھمەد 15077

ـ ھەدىس، تىرمىزى 472 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 936 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**1394 - [ 14 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا نعس أحدكم يوم الجمعة فليتحول من مجلسه ذلك " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمئە كۈنى مەسجىدتە ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالسا، دەرھال ئۇ جايدىن باشقا جايغا يۆتكىلىپ كەتسۇن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1395 - [ 15 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن نافع قال : سمعت ابن عمر يقول : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يقيم الرجل الرجل من مقعده ويجلس فيه . قيل لنافع : في الجمعة قال : في الجمعة وغيرها**

ناپىئتىن ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ، ئۇزى ئۇ كىشىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋېلىشىدىن توسقان،دېدى. ناپىئقا: جۈمئە كۈنىسمۇ؟ دېيىلدى، ئۇ: جۈمئە كۈنىسى ۋە باشقا كۈنلىرىمۇ شۇنداق، دېدى . بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1396 - [ 16 ] ( حسن )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يحضر الجمعة ثلاثة نفر : فرجل حضرها بلغو فذلك حظه منها . ورجل حضرها بدعاء فهو رجل دعا الله إن شاء أعطاه وإن شاء منعه . ورجل حضره بإنصات وسكوت ولم يتخط رقبة مسلم ولم يؤذ أحدا فهي كفارة إلى الجمعة التي تليها وزيادة ثلاثة أيام وذلك بأن الله يقول : ( من جاء بالحسنة فله عشر أمثالها . . )رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمئە نامىزىغا ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەر ھازىر بولىدۇ، بىر كىشى جۈمئەگە لەغۋە، قۇرۇق سۆز قىلىش، كىشىلەر بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ جۈمئەدىن ئالىدىغان نېسىۋىسىدۇر، يەنە بىر كىشى جۈمئەگە دۇئا قىلىش ئۈچۈنلا، دۇئانى سوراپ كېلىدۇ، ئۇ، ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ، ئاللاھ ئەگەر خالىسا بېرىدۇ، خالىسا بەرمەيدۇ، ئۈچىنچى تۈردىكى كىشى بولسا، جۈمئەگە ھازىر بولۇپ، سۆز قىلماي جىم، سۈكۈتتە تۇرىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ گەردىنىدىن ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ، ھېچ بىر كىشىگە ئازار بەرمەيدۇ، بۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن يەنە بىر جۈمئەگىچە گۇناھلىرىغا كاپارەت بولۇپ، ئۈچ كۈن زىيادە قىلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھتائالانىڭ قۇرئاندا «كىم بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىدۇ» دېگەنلىكىدىندۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**1397 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تكلم يوم الجمعة والإمام يخطب فهو كمثل الحمار يحمل أسفارا والذي يقول له أنصت ليس له جمعة " . رواه أحمد**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمئە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا سۆز قىلسا، ئۇ كاتتا كىتاب كۆتۈرۈۋالغان ئېشەككە ئوخشايدۇ، سۆز قىلغان كىشىگە: سۆز قىلماي جىم تۇر! دېگەن كىشى ئۈچۈنمۇ جۈمئە نامىزى يوق بولىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، زەئىپ دېدى،

**1398 - [ 18 ] ( صحيح )**

**وعن عبيد بن السباق مرسلا قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم في جمعة من الجمع : " يا معشر المسلمين إن هذا يوم جعله الله عيدا فاغتسلوا ومن كان عنده طيب فلا يضره أن يمس منه وعليكم بالسواك " . رواه مالك ورواه ابن ماجه عنه**

ئۇبەيد ئىبنى سەبباق، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر جۇمئە كۈنىسى مۇنداق دىگەن:ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! ھەقىقەتەن بۇ كۈننى ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلارغا ھېيت قىلىپ بەردى، بۇ كۈندە جۇمئەگە كەلسەڭلار، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇڭلار، كىمنىڭ خۇشپۇراق ئەتىرلىرى بولسا، ئۈنىڭدىن سىپىپ ئىشلەتسۇن، مىسۋاكنى لازىم تۇتۇڭلار. مالىك شاپىئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. جۇمئە كۈنى يۇيۇنۇش، ئەتىر ئىشلىتىش، مىسۋاك سىلىشلار سۈننەتتۇر.

**1399 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وهو عن ابن عباس متصلا**

**1400 - [ 20 ] ( حسن )وعن البراء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " حقا على المسلمين أن يغتسلوا يوم الجمعة وليمس أحدهم من طيب أهله فإن لم يجد فالماء له طيب " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث حسن**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە ھەر جۇمئە كۈنىسدە غۇسلى قىلىپ يۇيۇنىشى، ئەگەر بولسا، ئەھلىنىڭ خۇشپۇراق ئەتىرلىرىدىنمۇ بولسا ئىستىمال قىلىشى، (مىسۋاك سىلىشى)، ھەق ۋاجىپتۇر،ئەگەر ئەترە تاپالمىسا، سۇنىڭ ئۆزى ئۈنىڭغا، خۇشپۇراق پاكلىغۇچىدۇر.ئەھمەد ،تىرمىزى، بەزار توپلىغان، ھەسەن.

## باب الخطبة والصلاة - الفصل الأول
## خۇتبە ۋە جۇمئە نامىزى توغرىسىدا

**1401 - [ 1 ] ( صحيح )عن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يصلي الجمعة حين تميل الشمس . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇمئە نامىزىنى كۈن قەرىلگەندىلا ئوقۇيتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**1402 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن سهل بن سعد قال : ما كنا نقيل ولا نتغدى إلا بعد الجمعة**

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز پەقەت جۇمئە نامىزىنى ئۇقۇپ بولغاندىن كىيىن چۈشلۈك غىزانى يەپ، چۈشلۈك ئارام ئالاتتۇق. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1403 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا اشتد البرد بكر بالصلاة وإذا اشتد الحر أبرد بالصلاة . يعني الجمعة . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوغۇق كۈچىيىپ كەتسە، نامازنى بۇرۇنراق ئالدىراپ ئوقۇيتتى، (يەنى پىشىننى ، جۇمئەنى بالدۇرلا ئوقۇيتتى)، ھارارەت قىززىقلىق كۈچىيىپ كەتسە، نامازنى سويۇتۇپ ئوقۇيتتى.( يەنى جۇمئەنى ھاۋانى سويۇتۇپ ئوقۇيتتى). بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1404 - [ 4 ] ( صحيح )وعن السائب بن يزيد قال : كان النداء يوم الجمعة أوله إذا جلس الإمام على المنبر على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبي بكر وعمر فلما كان عثمان وكثر الناس زاد النداء الثالث على الزوراء . رواه البخاري**

سائىب ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ زامانىدا ، جۇمئەكۈنىدىكى تۇنجى ئەزان، ئىمام مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇرغان چاغدا ئەيتىلاتتى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە، كىشلەر ناھايىتى كۆپىيىپ كىتىپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈنجى ئەزانىنى پەشتاق، مۇنار ئۈستىدە توۋلاشنى زىيادە قىلدى.بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. (بۇ زىيادە قىلىنغان ئۈچۈنجى ئەزان بىدئەت بولماستىن، بەلكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ سۈننىتى بۇلۇپ، كىشلەرنىڭ بۇرۇنراق يىغىلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن توۋلىنىدۇ، ئاندىن ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا يەنە بىر ئەزان

تۇۋلۇنۇپ ، ئاندىن تەكبىر ئەيتىلىدۇ، مانا بۇلار تەكبىر بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ نىدا بۇلىدۇ) .

**1405 - [ 5 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة قال : كانت للنبي صلى الله عليه وسلم خطبتان يجلس بينهما يقرأ القرآن ويذكر الناس فكانت صلاته قصدا وخطبته قصدا . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمئە كۈنى ئىككى قېتىم خۇتبە سۆزلەيتتى، بۇئىككى خۇتبىنىڭ ئارلىقىدا ئولتۇراتتى، خۇتبىسىدە قۇرئان ئايىتىنى ئوقۇيتتى، كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى، نامىزى بىلەن خۇتبىسى ئوتتۇرھال، نورمال ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1406 - [ 6 ] ( صحيح )وعن عمار قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن طول صلاة الرجل وقصر خطبته مئنة من فقهه فأطيلوا الصلاة واقصروا الخطبة وإن من البيان سحرا " . رواه مسلم**

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن كىشىنىڭ نامىزىنى ئۇزۇن ئوقۇشى، خۇتبىنى قىسقا ئوقۇشى، شۇ كىشىنىڭ فىقھشۇناس ئالىم ئىكەنلىكىگە ئالامەت دەلىلدۇر، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇپ، خۇتبىنى قىسقا قىلىڭلار، ھەقىقەتەن بالاغەتلىك، پاساھەتلىك سۆز قىلىشىدا، ئەقىلنى لال قىلىدىغان، سېھرى كۈچ بار. مۇسلىم 1437 ــ ھەدىس، ئەھمەد 17598 ــ ھەدىس، دارىمى 1511 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**1407 - [ 7 ] ( صحيح )**

**وعن جابر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا خطب احمرت عيناه وعلا صوته واشتد غضبه حتى كأنه منذر جيش يقول : " صبحكم ومساكم " ويقول : " بعثت أنا والساعة كهاتين " . ويقرن بين أصبعيه السبابة والوسطى . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلىسە، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتەتتى، ئاۋازى ئۆستۇنلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، غەزىپى ئۆرلەپ، كۈچىيىپ كېتەتتى، خۇددى قوشۇن سىلەرگە ئەتىگەن سەھەردە ياكى كەچكىچە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ دەپ، قوشۇندىن ئاگاھلاندۇرغاندەك، ئاگاھلاندۇراتتى، مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يېقىن ھالەتتە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇر بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى.مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. سىلەرمۇ خۇتبىدە، نۇتۇقتا ئەنە شۇنداق جانلىق، سۆزلىرىڭلارنى تەسىرلىك سۆزلەڭلار.

**1408 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن يعلى بن أمية قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقرأ على المنبر : ( ونادوا يا مالك ليقض علينا ربك )**

يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە سۆزلىگەندە،«ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دەۋزەختىقا مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر» دەيدۇ.»دىگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم.بۇخارى،مۇسلىم،

**1409 - [ 9 ] ( صحيح )وعن أم هشام بنت حارثة بن النعمان قالت : ما أخذت ( ق . والقرآن ا يد ) إلا عن لسان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرؤها كل جمعة على المنبر إذا خطب الناس . رواه مسلم**

ئۇممى ھىشام بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن سۈرە «قاف. ۋەلقۇرئانىلمەجىيد»نى پەقەت

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلىدىنلا يادا ئالغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر جۈمئە كۈنىسى كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىگەن چاغدا، مۇنبەر ئۈستىدە، سۈرە قاف بىلەن خۇتبە ئوقۇيتتى.مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد تونپلىغان، سەھىھ.

**1410 - [ 10 ] ( صحيح )وعن عمرو بن حريث : أن النبي صلى الله عليه وسلم خطب وعليه عمامة سوداء قد أرخى طرفيها بين كتفيه يوم الجمعة . رواه مسلم**

ئەمرۇئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمئە كۈنىسى، ئۈستىدە قارا سەللە بار ھالدا خۇتبە سۆزلىدى، سەللىنىڭ ئىككى تەرپىنى ئىككى تاغىقى ئارلىقىغا ساڭگىلىتىپ تاشلاپ قويغان ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1411 - [ 11 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو يخطب : " إذا جاء أحدكم يوم الجمعة والإمام يخطب فليركع ركعتين وليتجوز فيهما " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمئە كۈنى، جۈمئەگە كەلسە، ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، قىسقا يەڭگىل قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن.بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ، بەيھەقى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**1412 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : من أدرك ركعة من الصلاة مع الإمام فقد أدرك الصلاة كلها "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىمام بىلەن بىرگە نامازدىن بىر رەكئەت تاپسا، جەزمەن شۇ نامازنى تولۇق تاپقان بولىدۇ. ئەھمەد ،بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.( ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمئە نامىزىدىن بىر رەكئەت تاپسا، ئۇنىڭغا يەنە بىر رەكئەتنى ئۆزى قوشۇپ ئوقۇۋالسۇن. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.)( ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمئە نامىزىدىن ياكى باشقا نامازدىن بىر رەكئەتلا تاپسا، جەزمەن ئۇنىڭ نامىزى كامىل تامام بولغان بولىدۇ. (چۈنكى ئۇ ئاخىرىنى ئۆزى ئوقۇۋالىدۇ). نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.)

**1413 - [ 13 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن ابن عمر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يخطب خطبتين كان يجلس إذا صعد المنبر حتى يفرغ أراه المؤذن ثم يقوم فيخطب ثم يجلس ولا يتكلم ثم يقوم فيخطب . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمئە كۈنى ئىككى قېتىم خۇتبە ئوقۇيتتى، ئالدى بىلەن مۇنبەر ئۈستىدە مۇئەززىن پارىغ بولغۇچە ئولتۇرۇپ تۇراتتى، ئاندىن تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇپ، ئاندىن ئولتۇراتتى،(ئارلىقتا) سۆز قىلمايتتى، ئاندىن تۇرۇپ يەنەخۇتبە ئوقۇيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، زەئىپ دېيىلدى،

**1414 - [ 14 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن مسعود قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا استوى على المنبر استقبلناه بوجوهنا . رواه الترمذي وقال : هذا حديث لا نعرفه إلا من حديث محمد بن الفضل وهو ضعيف ذاهب الحديث**

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە رۇس ئولتۇرۇپ بولغاندا، ياكى ئۆرە تۇرغاندا، ئاندىن بىز يۈزلىرىمىز بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئالدىمىزنى قىلاتتۇق، تىرمىزى خاتىرلەپ زەئىپ دېگەن، ئەلبانىمۇ زەئىپ دېدى،

**1415 - [ 15 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن جابر بن سمرة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يخطب قائما ثم يجلس ثم يقوم فيخطب قائما فمن نبأك أنه كان يخطب جالسا فقد كذب فقد والله صليت معه أكثر من ألفي صلاة . رواه مسلم**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەيتتى، ئاندىن ئىككى خۇتبە ئارىسىدا بىر قېتىم ئولتۇراتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئۆرە تۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەيتتى، (خۇتبىسىدە ئايەتلىرنى ئوقۇيتتى، كىشىلەرگە ۋەز _ نەسىھەت قىلاتتى).كىم ساڭا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەيتتى،دەپ خەۋەر بەرسە، شەك ـ شۈبھىسىز ئۇ يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، **الله** بىلەن قەسەمكى ھەقىقەتەن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن 2000دىن ئارتۇق نامازنى بىللە ئوقۇغان ئىدىم.(يەنى شۇنداق كۆپ بىللە بولغانمەن، شۇڭا بۇئىشقا مەن ئالىم، خۇتبىنى ئولتۇرۇپ سۆزلەيتتى دىمەكچى،ئەمەلىيەتتە ئۇ2000ناماز جۈمەدىن باشقا نامازدۇر،جۈمە مەدىنىگە بارغاندا پەرز قىلىنغان) ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1416 - [ 16 ] ( صحيح )وعن كعب بن عجرة : أنه دخل المسجد وعبد الرحمن بن أم الحكم يخطب قاعدا فقال : انظروا إلى هذا الخبيث يخطب قاعدا وقد قال الله تعالى : ( وإذا رأوا تجارة أو لهوا انفضوا إليها وتركوك قائما )رواه مسلم**

كەئبى ئىبنى ئۆجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە كىرسە، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئۇممى ھەكەم ئولتۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەۋاتقىدەك، كەئبى ئىبنى ئۆجرەت رەزىيەللاھۇ ئۇنى كۆرۈپ: ماۋۇ نىجىسقا قاراڭلار، **الله** تائالا:« (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سىنى ئۆرە تۇرۇپ، (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرىدۇ، (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «**الله**نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاب ۋە نىئمەت) تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، **الله** رىزق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر» . دەپ ، « سىنى ئۆرە تۇرۇپ(خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ»دەۋاتسا، بۇ ئولتۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەۋاتىدۇ، دىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئۇنىڭ نىجىس دىيىشى، سۈننەتكە خىلاپ ھالدا پەيدا بولغان بىدئەتكە قاتتىق قارشى تۇرىشىدۇر.

**1417 - [ 17 ] ( صحيح )وعن عمارة بن رويبة : أنه رأى بشر بن مروان على المنبر رافعا يديه فقال : قبح الله هاتين اليدين لقد رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم ما يزيد على أن يقول بيده هكذا وأشار بأصبعه المسبحة . رواه مسلم**

ئەممار ئىبنى رۇۋەيبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، بىشر ئىبنى مەرۋاننىڭ مۇنبەر ئۈستىدە ئىككى قولىنى كۆتىرىۋالغىنىنى كۆرۈپ: **الله** بۇ ئىككى قولنى قەبىھ سەت قىلىۋەتسۇنكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (خۇتبە سۆزلىگەندە)مانا مۇشۇنداق قولى بىلەن ئىشارەت قىلغاندىن زىيادە قىلمىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم دەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ قويدى.مۇسلىم توپلىغان،سەھىھ.

**1418 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن جابر قال : لما استوى رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم الجمعة على المنبر قال : " اجلسوا " فسمع ذلك ابن مسعود فجلس على باب المسجد فرآه رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " تعال يا عبد الله بن مسعود " رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى مۇنبەر ئۈستىدە رۇس تۇرغاندا، ئولتۇرۇڭلار! دىدى، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىبنى مەسئۇد دەرھال بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، مەسجىدنىڭ ئىشىك بوسۇغىسىدىلا ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ، ئى ئىبنى مەسئۇد، بۇياققا كەل! دىدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن زەئىپ ئىكەن، لىكىن بۇيرۇققاشۇنداق بوي سۇنۇش سەھىھ.

1419 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أدرك من الجمعة ركعة فليصل إليها أخرى ومن فاتته الركعتان فليصل أربعا " أو قال : " الظهر " . رواه الدارقطني

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمئە نامىزىدىن بىر رەكئەتكە ئۈلگۈرسە، يەنە بىر رەكئەتنىمۇ ئوقۇۋالسۇن، ھەر ئىككى رەكئەتكە ئۈلگۈرەلمىگەن كىشى، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن ياكى پېشىنى ئوقۇسۇن، دارىقۇتنى توپلىغان بولۇپ، زەئىپ ھەدىستۇر، مشكات 1419 ــ ھەدىس. لېكىن، ساھابىلەر، تابىئىنلار، جۈمئەنىڭ ئىككىلى رەكئىتىگە ئۈلگۈرەلمىگەن كىشى، تۆت رەكئەت ناماز(يەنى پېشىنى ) ئوقۇيدىغانغا ئىجمائقا كەلگەن.

## باب صلاة الخوف - الفصل الأول قورقۇنچ ھالەتتىكى ناماز توغرىسىدا

1420 - [ 1 ] ( صحيح )عن سالم بن عبد الله بن عمر عن أبيه قال : غزوت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم قبل نجد فوازينا العدو فصاففنا لهم فقام رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي لنا فقامت طائفة معه وأقبلت طائفة على العدو وركع رسول الله صلى الله عليه وسلم بمن معه وسجد سجدتين ثم انصرفوا مكان الطائفة التي لم تصل فجاؤوا فركع رسول الله صلى الله عليه وسلم م ركعة وسجد سجدتين وروى نافع نحوه وزاد : فإن كان خوف هو أشد من ذلك صلوا رجالا قياما على أقدامهم أو ركبانا مستقبلي القبلة أو غير مستقبليها قال نافع : لا أرى ابن عمر ذكر ذلك إلا عن رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري

سالىمنىڭ دادىسى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە نەجىد تەرەپتە ئۇرۇش قىلغان ئىدىم، بىز دۈشمەنلەرگە ئۇچۇرشۇپ ئۇلاربىلەن جەڭ قىلىشقا سەپ تارتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن تۇردى، بىزدىن بىرتائىپە كىشلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە نامازغا تۇردى، يەنەبىرتائىپەكىشلەر دۈشمەنگە قارشى ئالدىنى قىلىپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى بىلەن بىللە نامازغا تۇرغان كىشلەر بىلەن بىر رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلدى، ئاندىن ئۇلار ناماز ئوقۇيالمىغان كىشلەرنىڭ ئورنىغا قايتتى، ئۇلار كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاربىلەنمۇ بىر رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلدى،(يەنى بىر رەكئەتتىن ناماز ئوقۇپ بەردى)ئەگەر قورقۇنچا ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق بولۇپ كەتسە، ئۇلار قىبلىگە ئالدىنى قىلالىسۇن ياكى قىبلىگە ئالدىنى قىلالمىسۇن، پىيادە ئۆرە تۇرغان ھالدا ياكى ئۇلاغلىق ھالەتتىلا (ئىشارەقىلىپ) ناماز ئوقۇۋېرەتتى. ناپىئ رەھىمەھۇاللە: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى شۇئىشلارنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن خەۋەر قىلدى دەپ قارايمەن، دېگەن.بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

1421 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن يزيد بن رومان عن صالح بن خوات عمن صلى مع رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم ذات الرقاع صلاة الخوف : أن طائفة صفت معه وطائفة وجاه العدو فصلى بالتي معه ركعة ثم ثبت قائما وأتموا لأنفسهم ثم انصرفوا فصفوا وجاه العدو وجاءت الطائفة الأخرى فصلى م الركعة التي بقيت من صلاته ثم ثبت جالسا وأتموا لأنفسهم ثم سلم م وأخرج البخاري بطريق آخر عن القاسم عن صالح بن خوات عن سهل بن أبي حثمة عن النبي صلى الله عليه وسلم

زاتىررىقائ كۈنى قورقۇنچا نامىزىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئوقۇغان كىشى مۇنداق دەيدۇ؛ھەقىقەتەن بىرتائىپە كىشلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە نامازغا سەپ تارتتى، يەنەبىرتائىپەكىشلەر دۈشمەنگە قارشى ئالدىنى قىلىپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى بىلەن بىللە نامازغا تۇرغان كىشلەرگە بىر رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن ئۆرە تۇرغان ھالدا مۇقۇم تۇردى، ئۇلار ئىككىنچى رەكئەتنى ئۆزلىرى تامام قىلىۋالدى، ئاندىن بۇلار قايتىپ، دۈشمەن تەرەپتە سەپ تارتىپ تۇردى، ناماز ئوقۇيالمىغان يەنە بىرتائىپەكىشلەر كەلدى، ئۇلارغا نامىزىدىن قېلىپ قالغان يەنەبىر رەكئەت نامازنى ئوقۇپ

بىرىپ، ئاندىن ئولتۇرغان ھالدا مۇقۇم تۇرۇپ تۇردى، بۇلارمۇ ئىككىنچى رەكئەتنى ئۆزلىرى تامام قىلىشۋالدى، ئاندىن نامازدىن سالام بەردى، ئىمام بۇخارى سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان سەھەھ.

**1422 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن جابر قال : أقبلنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى إذ كنا بذات الرقاع قال : كنا إذا أتينا على شجرة ظليلة تركناها لرسول الله صلى الله عليه وسلم قال : فجاء رجل من المشركين وسيف رسول الله صلى الله عليه وسلم معلق بشجرة فأخذ سيف نبي الله صلى الله عليه وسلم فاخترطه فقال لرسول الله صلى الله عليه وسلم : أتخافني ؟ قال : " لا " . قال : فمن يمنعك مني ؟ قال : " الله يمنعني منك " . قال : فتهدده أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم فغمد السيف وعلقه قال : فنودي بالصلاة فصلى بطائفة ركعتين ثم تأخروا وصلى بالطائفة الأخرى ركعتين قال : فكانت لرسول الله صلى الله عليه وسلم أربع ركعات وللقوم ركعتان**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە دۇشمەنگە ئالدىمىزنى قىلىپ، زاتىررىقائ دىگەن جايغا كەگەندە، ـ بىز بىرەر توپ سايىلىق دەرەخنىڭ ئۇستىگە كىلىپ قالساق ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قالدۇراتتۇق بۇقېتىممۇ شۇنداق قىلدۇق ـ ، تۇيۇقسىز مشرىكلەردىن بىركىشى كىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىچى دەرەخكە ئېسىقلىق ئىكەن ئۇقىلىچنى ئېلىپ، غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ: مەندىن قورقۇۋاتامسەن؟دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق ، قورقمايمەن دىدى، ئۇ: سىنى مەندىن كىم قوغداپ قالىدۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:مىنى سەندىن **الله** قوغدايدۇ دىدى، ساھابىلار ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ قورقۇتىۋىدى، ئۇ قىلىچنى غىلىپىغا سېلىپ ئېسىپ قويدى، ئاندىن نامازغا ئەزان توۋلاندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرتائىپە كىشلەرگە ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇپ بەردى، ئاندىن بۇلار دۇشمەن تەرەپكە بېرىپ تۇردى، يەنە بىرتائىپە كىشلەرگىمۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇپ بەردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزى تۆت رەكئەت، قەۋمىنىڭ ئىككى رەكئەتتىن بولدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھەھ.

**1423 - [ 4 ] ( صحيح )وعن جابر قال : صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاة الخوف فصففنا خلفه صفين والعدو بيننا وبين القبلة فكبر النبي صلى الله عليه وسلم وكبرنا جميعا ثم ركع وركعنا جميعا ثم رفع رأسه من الركوع ورفعنا جميعا ثم انحدر بالسجود والصف الذي يليه وقام الصف المؤخر في نحر العدو فلما قضى النبي صلى الله عليه وسلم السجود وقام الصف الذي يليه انحدر الصف المؤخر بالسجود ثم قاموا ثم تقدم الصف المؤخر وتأخر المقدم ثم ركع النبي صلى الله عليه وسلم وركعنا جميعا ثم رفع رأسه من الركوع ورفعنا جميعا ثم انحدر بالسجود والصف الذي يليه الذي كان مؤخرا في الركعة الأولى وقام الصف المؤخر في نحر العدو فلما قضى النبي صلى الله عليه وسلم السجود والصف الذي يليه انحدر الصف المؤخر بالسجود فسجدوا ثم سلم النبي صلى الله عليه وسلم وسلمنا جميعا . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم خەۋپ نامىزى ئۇقۇدى، بىز ئارقىسىدا ئىككى سەپ بۇلۇپ تۇردۇق، دۇشمەنلەر بىز بىلەن قىبلە ئارلىقىدا ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەكبىر ئەيتتى، بىز ھەممىمىز تەكبىر ئەيتتۇق، ئاندىن رۇكۇ قىلدى، بىزمۇ ھەممىمىز رۇكۇ قىلدۇق، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈردى، بىزمۇ كۆتۈردۇق، ئاندىن سەجدىگە يىقىلدى، رەسۇلۇللاھقا يېقىن تۇرغان سەپمۇ سەجدە قىلدى، ئارقا سەپ دۇشمەنگە قارشى سەجدە قىلماي ئۆرە تۇرۇپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تامام قىلىپ ۋە رەسۇلۇللاھقا يېقىن تۇرغان سەپمۇ سەجدىسىنى تامام قىلىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ، ئارقا سەپ سەجدىگە يىقىلدى، ئاندىن بۇلارمۇ سەجدىسىنى ئادا قىلىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئارقا سەپ ئالدىغا، ئالدىنقى سەپ ئارقىغا ئالماشتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ

قىلدى، بىزمۇ ھەممىمىز رۇكۇ قىلدۇق، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈردى، بىزمۇ كۆتۈردۇق، ئاندىن سەجدىگە يىقىلدى، رەسۇلۇللاھقا يېقىن تۇرغان، بىرىنجى رەكئەتتە ئارقىدا تۇرغان سەپمۇ سەجدە قىلدى، ئالماشقان ئارقا سەپ دۈشمەنگە قارشى سەجدە قىلماي ئۆرە تۇرۇپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە رەسۇلۇللاھقا يېقىن تۇرغان سەپ سەجدىسىنى تامام قىلىپ بولغاندا ، ئارقا سەپ سەجدىگە يىقىلىپ سەجدە قىلدى، ئاندىن نامازدىن سالام بەردى بىزمۇ ھەممىمىز سالام بەردۇق. (ناماز ھەممىمىزگە ئىككى رەكئەت بولدى) مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1424 - [ 5 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن جابر : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يصلي بالناس صلاة الظهر في الخوف ببطن نخل فصلى بطائفة ركعتين ثم سلم ثم جاء طائفة أخرى فصلى م ركعتين ثم سلم . رواه في " شرح السنة "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمازارلىقتا قورقۇنچ ھالەتتە كىشىلەرگە پېشىننى مۇنداق ئوقۇپ بەرگەن، بىر بۆلەك كىشىلەرگە ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بېرىپ سالام بەرگەن، ئۇلار كېتىپ ئىككىنچى بۆلەك كىشىلەر كەلگەن، ئۇلارغا ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بېرىپ سالام بەرگەن، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۆت رەكئەت. ئۇلارغا ئىككى رەكئەت بولغان بۇ ھەدىس، شەرھى سۇننەدە بار بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، چۈنكى، سەھىھ ھەدىسكە سالام بېرىش خىلاپ.

**1425 - [ 6 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن أبي هريرة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نزل بين ضجنان وعسفان فقال المشركون : لهؤلاء صلاة هي أحب إليهم من آبائهم وأبنائهم وهي العصر فأجمعوا أمركم فتميلوا عليهم ميلة واحدة وإن جبريل أتى النبي صلى الله عليه وسلم فأمره أن يقسم أصحابه شطرين فيصلي م وتقوم طائفة أخرى وراءهم وليأخذوا حذرهم واسلحتهم فتكون لهم ركعة ولرسول الله صلى الله عليه وسلم ركعتان . رواه الترمذي والنسائي**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەجنان بىلەن ئۇسپاننىڭ ئارلىقىدىكى بىرجايغا چۈشكەندە، مۇشرىكلەر:ئاۋۇ كىشىلەرنىڭ بىرنامىزى بار بولۇپ، ئۇناماز ئۇلارغا ئاتا بوۋىلىرىدىن ۋە باللىرىدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر، ئۇبولسا ئەسىر نامىزىدۇر، (ئۇلار ئەسىرنامىزىغا تۇرغاندا)ئىشىڭلارنى بىرلەشتۈرۈپ، قاتتىق ئىرادىگە كىلىپ، بىراقلا ھۇجۇم قىلىڭلار دىيىشتى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ (ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ)ساھابىللىرىنى ئىككى سەپكە بۆلۈشكە ھەر بىر سەپكە ئايرىم ناماز ئۇقۇپ بىرىشكە بۇيرىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تائىپە كىشىلەرگە ناماز ئۇقۇپ بەردى، يەنەبىرتائىپە كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا، دۈشمەنگە قارشى قاتتىق ھەزەر قىلىپ، قۇراللىرىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇردى، ناماز ئۇلارغا بىر رەكئەت ، رەسۇلۇللاھقا ئىككى رەكئەت بولدى. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

## ئىككى ھېيت نامىزى توغرىسىدا        باب صلاة العيدين

**1426 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي سعيد الخدري قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يخرج يوم الفطر والأضحى إلى المصلى فأول شيء يبدأ به الصلاة ثم ينصرف فيقوم مقابل الناس والناس جلوس على صفوفهم فيعظهم ويوصيهم ويأمرهم وإن كان يريد أن يقطع بعثا قطعه أو يأمر بشيء أمر به ثم ينصرف**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنى نامازگاھقا چىقسا، تۇنجى بۇلۇپ قىلىدىغان ئىشى نامازئۇقۇش ئىدى، ئاندىن نامازدىن پارىغ بۇلۇپ، كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ تۇراتتى، كىشىلەرمۇ سەپلىرىنى بۇزماي ئولتۇراتتى، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى، ۋەسىيەت قىلاتتى، ئۇلارنى بۇيرۇشقا تىگىشلىك ئىشلارغا بۇيرۇيتتى، ئەگەر ئەسكەر، قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولسا،

ئۇلارنى بۇلۇپ ئەۋەتەتتى، ياكى بىرەر ئىشقا بۇيرۇماقچى بولسا، بۇيرۇپ ئاندىن قايتاتتى.بۇخارى، مۇسلىم،سەھىھ.

**1427 - [ 2 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة قال : صليت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم العيدين غير مرة ولا مرتين بغير أذان ولا إقامة . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە، نۇرغۇن قېتىم ئىككى ھېيت نامىزىنى ئەزانسىز، تەكبىرسىز ئوقۇغان ئىدىم. مۇسلىم توپلىغان،سەھىھ.

**1428 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبو بكر وعمر يصلون العيدين قبل الخطبة**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىككى ھېيت نامىزىنى خۇتبىدىن بۇرۇن ئوقۇيتتى. بۇخارى، مۇسلىم،سەھىھ.

**1429 - [ 4 ] ( متفق عليه )وسئل ابن عباس : أشهدت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم العيد ؟ قال : نعم خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم فصلى ثم خطب ولم يذكر أذانا ولا إقامة ثم أتى النساء فوعظهن وذكرهن وأمرهن بالصدقة فرأيتهن يهوين إلى آذانن وحلوقهن يدفعن إلى بلال ثم ارتفع هو وبلال إلى بيته**

ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھېيت نامىزىغا قاتناشقانمۇ؟ دەپ سورالدى، ئۇ: ھەئە مەن قاتناشقان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ، ناماز ئوقۇپ، ئاندىن خۇتبە ئوقۇدى، ـ ئۇ ئەزان ـ تەكبىرنى تىلغا ئالمىدى ـ (يەنى ئىككى ھېيت نامىزى ئەزان ـ تەكبىرسىز ئوقۇلىدۇ) ـ ئاندىن ئاياللارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى، ئۇلارنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرىدى، مەن ئۇلارنىڭ قوللىرىنى قۇلاقلىرىغا، گاللىرىغا ئاپىرىپ، زىبنەت ـ بۇيۇملىرىنى ئېلىپ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەرگەنلىكىنى كۆردۈم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆيىگە قايتتى. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان ،سەھىھ.

**1430 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس؛ أن النبي صلى الله عليه وسلم صلى يوم الفطر ركعتين لم يصل قبلهما ولا بعدهما**

ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت كۈنى ئىككى رەكئەتلا ناماز ئوقۇپ، ئۇ ئىككى رەكئەت نامازدىن بۇرۇن، ۋە كېيىنمۇ نامازئوقۇمىدى، (يەنى پەقەت ئىككى رەكئەتلا ھېيت نامىزى ئوقۇپ، ئالدى ــ كەينىدە ئۇنىڭدىن باشقا نامازئوقۇمىدى) بۇخارى، مۇسلىم.

**1431 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أم عطية رضي الله عنها قالت : أمرنا أن نخرج الحيض يوم العيدين وذوات الخدور فيشهدن جماعة المسلمين ودعو م وتعتزل الحيض عن مصلاهن قالت امرأة : يا رسول الله إحدانا ليس لها جلباب ؟ قال : " لتلبسها صاحبتها من جلبا ا "**

ئۇممۇئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئىككى ھېيت كۈنى، ھەيىزدار ئاياللارنى ۋە ئايرىم خانىدىكى ئابىد قىزچاقلارنىمۇ نامازگاھقا بىللە ئېلىپ چىقىشىمىزغا بۇيرۇلغان ئىدۇق، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ جامائىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ دەئۋەت ـ دۇئالىرىغا قاتنىشاتتى، (نامازئوقۇلىدىغان چاغدا)ھەيىزدار ئاياللار نامازگاھىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى، بىر ئايال: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىرەرسىمىزنىڭ كاساپا،پۇركەنجىسى يوق بولۇپ قالىدىكەن ، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭغا قېرىندىشى،ھەمراھى كاسايا، پۇركەنجىسىدىن بىرنى تۇرۇپ كەيدۇرسۇن دىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**1432 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : إن أبا بكر دخل عليها وعندها جاريتان في أيام منى تدففان وتضربان وفي**

**رواية : تغنيان بما تقاولت الأنصار يوم بعاث والنبي صلى الله عليه وسلم متغش بثوبه فانتهرهما أبو بكر فكشف النبي صلى الله عليه وسلم عن وجهه فقال : " دعهما يا أبا بكر فإنا أيام عيد وفي رواية : يا أبا بكر إن لكل قوم عيدا وهذا عيدنا "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ دادام ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېشىمغا كىرىپ كەلدى، ئۆيۈمدە ئىككى قىزچاق مىنا كۈنلىرى داپ چېلىپ، ئەنسارلار بۇئاس كۈنى ئەيتىشقان شېئىر ـ قۇشاقلارنى ناخشا قىلىپ ئەيتىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىمگە يۆگىنىپ ياتاتتى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇئىككى قىزچاققا ۋارقىراپ كايىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزىنى ئېچىپ: ئى ئەبۇ بەكرى! ھەربىر قەۋمنىڭ ھېيتى بولىدۇ، بۇ بىزنىڭ ھېيت كۈنىمىز، ئۇلارنى ئېيتقىلى قويغىن، چۈنكى بۇ ھېيت كۈنلەردۇر ، دىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**1433 - [ 8 ] ( صحيح )**

**وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يغدو يوم الفطر حتى يأكل تمرات ويأكلهن وترا . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەچچە تال خورما يېمىگىچە، روزا ھېيت كۈنى ھېيت نامازغا ئەتىگەندە بارمايتتى، ئۇخورمىلارنى تاق يەيتتى.(يەنى خورمىدا ناشتا قىلىپ ئاندىن ھېيت نامىزىغا باراتتى)بۇخارى، تەبرانى تويلىغان، سەھىھ.

**1434 - [ 9 ] ( صحيح )وعن جابر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا كان يوم عيد خالف الطريق . رواه البخاري**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت كۈنى بولسا، بارغان يولنىڭ خىلاپىدا، يەنە بىر يول بىلەن قايتاتتى، (يەنى بىر يول بىلەن بارسا، قايتقاندا باشقا يول بىلەن قايتاتتى). بۇخارى تويلىغان، سەھىھ.( ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئىككى ھېيت نامىزىغا پىيادە ماڭغان ھالدا چىقاتتى، ھېيت نامىزىنى ئەزانسىز، تەكبىرسىز ئوقۇيتتى، ئاندىن بارغان يولدىن باشقا يول بىلەن پىيادە مېڭىپ قايتاتتى. ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.)

**1435 - [ 10 ] ( متفق عليه )**

**وعن البراء قال : خطبنا النبي صلى الله عليه وسلم يوم النحر فقال : " إن أول ما نبدأ به في يومنا هذا أن نصلي ثم نرجع فننحر فمن فعل ذلك فقد أصاب سنتنا ومن ذبح قبل أن نصلي فإنما هو شاة لحم عجله لأهله ليس من النسك في شيء "**

بەررائ ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەھرى كۈنى بىزگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇشۇ كۈنىمىزدە يەنى قۇربان ھېيت كۈنىمىزدە تۇنجى بولۇپ قىلىدىغان ئىشىمىز، ھېيت نامىزىنى ئوقۇشىمىزدۇر، ئاندىن نامازدىن قايتىپ بېرىپ، قۇربانلىق قىلىمىز، كىم شۇنداق قىلسا، بىزنىڭ سۈننىتىمىز بويىنچە توغرا قىلغان بولىدۇ، كىم قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىنى ئوقۇشىمىزدىن بۇرۇن بوغۇزلىسا، ھەقىقەتەن ئۇ قوي، ئەھلىگە بالىلىرىغا ئالدىراپ تەقدىم قىلغان گۆشلا بولىدۇ، ئۇ قۇربانلىقدىن ھېچنەرسە ئەمەس، قۇربانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى ،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

**1436 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن جندب بن عبد الله البجلي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ذبح قبل الصلاة فليذبح مكانا أخرى ومن لم يذبح حتى صلينا فليذبح على اسم الله**

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھېيت نامىزىنى ئوقۇشدىن بۇرۇن قۇربانلىقنى بوغۇزلىغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە باشقىسىنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلسۇن،

كىم بىز ناماز ئۇقۇغانغا قەدەر تېخى بوغۇزلىمىغان بولسا، ئۇناماز دىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ، «بىسمىللاھى الله ئەكبەر» دەپ بوغۇزلىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1437 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن البراء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ذبح قبل الصلاة فإنما يذبح لنفسه ومن ذبح بعد الصلاة فقد تم نسكه وأصاب سنة المسلمين "**

ئەنەس، بەرراﺋى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بوغۇزلىسا، ھەققەتەن ئۇ ئۆز نەپسى ئۈچۈن بوغۇزلىغان بولىدۇ، (ئۇ قۇربانلىق ئەمەس بەلكى گۆش بولىدۇ). كىم نامازدىن كېيىن بوغۇزلىسا، ئۇنىڭ قۇربانلىقى كامىل بولىدۇ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سۈننىتىگە توغرا يەتكەن بولىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1438 - [ 13 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يذبح وينحر بالمصلى . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگە ياكى كالاقۇربانلىقنى ھېيت نامىزى ئوقۇغان جايدا بوغۇزلايتتى. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەردە ئۆيدىلا بوغۇزلىغان كىشىگە گەپ ـــ سۆز قىلمىغان، ھەم ئۆيدە قۇربانلىق قىلىشقا، ساقلاپ يېيىشكە رۇخسەت قىلغان، سەدىقەقىلىشمۇ بار ئەلۋەتتە.

**1439 - [ 14 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن أنس قال : قدم النبي صلى الله عليه وسلم المدينة ولهم يومان يلعبون فيهما فقال : " ما هذان اليومان ؟ " قالوا : كنا نلعب فيهما في الجاهلية فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قد أبدلكم الله بهما خيرا منهما : يوم الأضحى ويوم الفطر " . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، مەدىنە ئەھلىنىڭ خۇشال ـــ خۇرام ئوينايدىغان ئىككى بار ئىدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : بۇ قانداق كۈنلەر؟ دېدى، ئۇلار:بىز جاھالىيەتتىكى ۋاقتىمىزدا، بۇ ئىككى كۈندە خۇشال ـــ خۇرام ئويناىتتۇق دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ھەققەتەن ئاللاھتائالا سىلەرگە بۇ ئىككى كۈننىڭ ئورنىغا، ئۇلاردىن ياخشىراق بولغان ئىككى كۈننى ئالماشتۇرۇپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ روزا ھېيت كۈنى بىلەن قۇربان ھېيت كۈنىدۇر،دېدى. بەيھەقى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1440 - [ 15 ] ( صحيح )وعن بريدة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم لا يخرج يوم الفطر حتى يطعم ولا يطعم يوم الأضحى حتى يصلي . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي**

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت نامىزىغا تاماق يېمىگىچە چىقمايتتى، قۇربان ھېيت كۈنى بولسا، ناماز ئۇقۇمىغىچە (قۇربانلىقنى بوغۇزلىمىغىچە) تاماق يېمەيتتى، (جىگەردىن ناشتا قىلاتتى). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ھەدىس ئەنە شۇنداق ئاددى چۈشەنچە بېرىدۇ، ھېيت كۈنى روزا تۇتۇش يوق، قۇربان ھېيت كۈنى روزا تۇتۇپ، زوھۇرلۇق يەپ نامازدىن كېيىن ئىپتار قىلسا مۇنداق ـــ مۇنداق ساۋاب بولىدۇ، بىر كۈنلۈك روزىنىڭ ساۋابى بولىدۇ دېگەن سۆزلەر يالغانچى، كاززاپىنىڭ سۆزىدۇر، ئىككى ھېيت كۈنى روزا تۇتۇش ھارامدۇر.

**1441 - [ 16 ] ( حسن )وعن كثير بن عبد الله عن أبيه عن جده أن النبي صلى الله عليه وسلم كبر في العيدين في الأولى سبعا قبل القراءة وفي الآخرة خمسا قبل القراءة . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي**

كەسىرئىبنى ئابدۇاللە نىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ بىرىنجى رەكئىتىدە، قىرائەتتىن بۇرۇن يەتتە تەكبىرئەيتىپ، ئىككىنجى رەكئىتىدە، قىرائەتتىن بۇرۇن بەش تەكبىر ئەيتتى. تىرمىزى،ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان سەھىھ.

**1442 - [ 17 ] ( ضعيف جدا )وعن جعفر بن محمد مرسلا أن النبي صلى الله عليه وسلم وأبا بكر وعمر كبروا في العيدين والاستسقاء سبعا وخمسا وصلوا قبل الخطبة وجهروا بالقراءة . رواه الشافعي**

جەئپەر ئىبنى مۇھەممەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مۇرسەل ھالدا ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارمۇ ئىككى ھېيت نامىزىدا، سۇ تەلەپ قىلىش نامىزىدا يەتتىدىن، بەشدىن تەكبىر ئېيتقان، خۇتبىدىن بۇرۇن ناماز ئوقۇپ، قىرائەتنى جەھرى، ئاشكارا قىلغان، شافىئى خاتىرلىگەن، ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دىگەن ھەدىسنىڭ ئۆزىمۇ مۇرسەل، يەنى تابىئىن، ساھابىنى ئۆزۈپ قويۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى، دىگەن ياكى مۇنداق قىلدى دىگەن ھەدىستۇر.

**1443 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن سعيد بن العاص قال : سألت أبا موسى وحذيفة : كيف كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يكبر في الأضحى والفطر ؟ فقال أبو موسى : كان يكبر أربعا تكبيره على الجنازه . فقال حذيفة : صدق . رواه أبو داود**

سەئىد ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئەبۇ مۇسا بىلەن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزىدا قانداق تەكبىر ئېيتاتتى؟ دەپ سورىدىم، ئەبۇ مۇسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇددى جىنازا نامازغا تەكبىر ئېيتقاندەك، تۆت تەكبىر ئېيتاتتى دېدى، ئاندىن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ راست دىدى، دىدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**1444 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن البراء أن النبي صلى الله عليه وسلم نوول يوم العيد قوسا فخطب عليه . رواه أبو داود**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھېيت كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوقيا سۇنۇپ بېرىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنىڭدا خۇتبە ئوقۇدى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، بۇمۇ زەئىپ دىيىلدى،

**1445 - [ 20 ] ( ضعيف )وعن عطاء مرسلا أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا خطب يعتمد على ء ته اعتمادا . رواه الشافعي**

ئەتائ رەھمەھۇللادىن مۇرسەل ھالدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇسا، ھاسىسىغا يۆلىنىۋالاتتى، شافىئى رەھمەھۇللا خاتىرلىگەن، زەئىپتۇر، ئالىملار؛ ئەگەر شەھەر، قىلچ بىلەن ئىشغال قىلىنسا، قىلچ، نەيزە تۇتۇپ خۇتبە ئوقۇلىدۇ، ئەگەر سۈلھى بىلەن ياكى ئۇرۇشسىز ئىشغال قىلىنسا، ئۇنىڭ ھاجىتى يوق، ھاسىسىزلا خۇتبە ئوقۇۋېرىدۇ، دىگەن.

**1446 - [ 21 ] ( صحيح )وعن جابر قال : شهدت الصلاة مع النبي صلى الله عليه وسلم في يوم عيد فبدأ بالصلاة قبل الخطبة بغير أذان ولا إقامة فلما قضى الصلاة قام متكئا على بلال فحمد الله وأثنى عليه ووعظ الناس وذكرهم وحثهم على طاعته ثم قال : ومضى إلى النساء ومعه بلال فأمرهن بتقوى الله ووعظهن وذكرهن . رواه النسائي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ھېيت كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ھېيت نامىزىغا قاتناشقان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىدىن بۇرۇن ئەزان ـ تەكبىرسىزلا ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ، نامازنى ئوقۇپ بولغاندا، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ، كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا تەرغىب قىلدى، ئاندىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئاياللارنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئۇلارنى **الله** تىن قورقۇشقا، تەقۋادار بولۇشقا بۇيرۇپ، ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ ، **الله** نى ئاخىرەتنى ئەسلەتتى. نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

**1447 - [ 22 ] ( صحيح )**

**وعن أبي هريرة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا خرج يوم العيد في طريق رجع في غيره . رواه الترمذي والدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھېيت كۈنى نامازغا بىر يول بىلەن چىققان بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن قايتاتتى. تىرمىزى، ھاكىم تويلىغان، سەھىھ. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندا، بىخەتەر بولىدۇ، ھەم باشقىلارغا سالام قىلىدۇ، نەسىھەت قىلىۋالىدۇ ۋە باشقىلار.

**1448 - [ 23 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة أنه أصا م مطر في يوم عيد فصلى م النبي صلى الله عليه وسلم صلاة العيد في المسجد . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھېيت كۈنى ئۇلارغا يامغۇر يېغىپ كېتىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا،ھېيت نامىزىنى مەسجىد ئىچىدە ئوقۇپ بەردى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن. زەئىپ.

**1449 - [ 24 ] ( ضعيف )عن أبي الحويرث أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كتب إلى عمرو بن حزم وهو بنجران عجل الأضحى وأخر الفطر وذكر الناس . رواه الشافعي**

ئەبۇلھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەمرۇئىبنى ھەزىمگە ئۇ نەجراندىكى چاغدا، مۇنداق خەت يازدى؛ قۇربان ھېيت نامىزىنى تېز ئوقۇپ بەرگىن، روزا ھېيت نامىزىنى ئالدىرىماي،كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغىن، كىشىلەرگە ۋەز ــ نەسىھەت قىلغىن. شافىئى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى، لېكىن، مۇشۇنداق بىر قىسىم زەئىپ ھەدىسلەر بولسىمۇ، يەنىلا شۇنداق ئەمەل قىلىندى، خۇددى تىرمىزى زەئىپ ھەدىسكە مۇشۇنداق ئەمەل قىلىندى، دېگەندەك.

**1450 - [ 25 ] ( صحيح )وعن أبي عمير بن أنس عن عمومة له من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم : أن ركبا جاءوا إلى النبي صلى الله عليه وسلم يشهدون أنم رأوا الهلال بالأمس فأمرهم أن يفطروا وإذا أصبحوا أن يغدو إلى مصلاهم . رواه أبو داود والنسائي**

ئەبۇئۇمەيرنىڭ تاغىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن بىر تۈركۈم كارۋانلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاخشىمى كەچتە يېڭى ئاينى كۆرگەنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىشتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى روزاتۇتۇشنى توختىتىپ ئىپتارقىلىشقا، تاڭ ئاتقاندا، (ھېيت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن) نامازگاھقا ئەتىگەندە بېرىشقا بۇيرىدى. نەسەئى،ئەبۇداۋۇد تويلىغان سەھىھ.

**1451 - [ 26 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن ابن جريج قال : أخبرني عطاء عن ابن عباس وجابر ابن عبد الله قالا : لم يكن يؤذن يوم الفطر ولا يوم الأضحى ثم سألته يعني عطاء بعد حين عن ذلك فأخبرني قال : أخبرني جابر بن عبد الله أن لا أذان للصلاة يوم الفطر حين يخرج الإمام ولا بعد ما يخرج ولا إقامة ولا نداء ولا شيء لا نداء يومئذ ولا إقامة . رواه مسلم**

ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئەتائ ؛ ئىبنى ئابباس ، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى ؛ ئىككى ھېيت كۈنى، ھېيت نامىزى ئۈچۈن ئەزان توۋلانمايتتى. ئاندىن مەن شۇنىڭدىن بىر مەزگىل كېيىن، يەنە ئەتائىتىن شۇئىش توغرىسىدا سورسام، ئۇماڭاخەۋەر قىلىپ مۇنداق دېدى: ماڭاجابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر قىلىپ؛ روزا ھېيت كۈنى (ھەم قۇربان ھېيت كۈنى) ئىمام مۇنبەرگە چىققان چاغدا، ۋە شۇنىڭدىن كېيىنمۇ، ھېيت نامىزى ئۈچۈن ئەزان ـ تەكبىر، ھېچ بىر نىدا يوق ئىدى، شۇكۈنى ھېيت نامىزىغا

ئەزان ـ تەكبىر تووۋلانمايتتى، دىدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1452 - [ 27 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يخرج يوم الأضحى ويوم الفطر فيبدأ بالصلاة فإذا صلى صلاته قام فأقبل عل الناس وهم جلوس في مصلاهم فإن كانت له حاجة ببعث ذكره للناس أو كانت له حاجة بغير ذلك أمرهم ا وكان يقول : " تصدقوا تصدقوا تصدقوا " . وكان أكثر من يتصدق النساء ثم ينصرف فلم يزل كذلك حتى كان مروان ابن الحكم فخرجت مخاصرا مروان حتى أتينا المصلى فإذا كثير بن الصلت قد بنى منبرا من طين ولبن فإذا مروان ينازعني يده كأنه يجرني نحو المنبر وأنا أجره نحو الصلاة فلما رأيت ذلك منه قلت : أين الابتداء بالصلاة ؟ فقال : لا يا أبا سعيد قد ترك ما تعلم قلت : كلا والذي نفسي بيده لا تأتون بخير مما أعلم ثلاث مرات ثم انصرف . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت، روزا ھېيت كۈنى نامازگاھقا چىقسا، تۇنجى بولۇپ نامازئوقۇش بىلەن باشلايتتى، ئاندىن نامازدىن پارىغ بولسا، كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ تۇراتتى، كىشىلەرمۇ نامازئوقۇغان جايىدا سەپلىرىنى بۇزماي ئولتۇراتتى، (ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى، ۋەسىيەت قىلاتتى، ئۇلارنى بۇيرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارغا بۇيرۇيتتى)، ئەگەر ئەسكەر، قوشۇن ئەۋەتىشكە ھاجىتى بولسا،ئۇنى كىشىلەرگە دەپ، (ئۇلارنى بولۇپ ئەۋەتەتتى)، ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھاجىتى بولۇپ قالسا، ئۇلارنى شۇ ئىشقا بۇيرۇيتتى، سەدىقە قىلىڭلار، سەدىقە ـ ئېھسان قىلىڭلار دەيتتى،ـ سەدىقە قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى ئاياللار بولدى ـ ، ئاندىن قايتاتتى. مەرۋان ئىبنى ھەكەم خەلىپە بولغانغا قەدەر، ئىش شۇنداق داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى، بىر قېتىم مەن، مەرۋان ئىبنى ھەكەم بىلەن قول تۇتۇشۇپ چىقىپ، نامازگاھقا كەلسەك، ناگاھان كەسىر ئىبنى سىلت لاي بىلەن قىشتىن بىر مۇنبەر ياساپتۇ، مەرۋان مەندىن قولىنى تارتىپ، گۈياكى مېنى مۇنبەر تەرەپكە سۆرەيتتى، مەن ئۇنى ناماز تەرەپكە سۆرەيتتىم، مەن ئۇنىڭدىن شۇئىشنى كۆرگۈنۈمدە: ناماز بىلەن باشلاش قەيەردە قالدى؟ دىدىم، ئۇماڭا: ياق!، ئى ئەبۇسەئىد ! سەن بىلىدىغان ئىش تەرك ئېتىلدى دىدى، مەن ئۇنىڭغا: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن بىلىدىغا ئىش ھەرگىز تەرك ئېتىلمەيدۇ، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان **الله** بىلەن قەسەمكى، سىلەر مەن بىلىدىغان نەرسىدىن(يەنى سۈننەتتىن) ياخشىراق بىرەرنەرسىنى ھەرگىز كەلتۈرەلمەيسىلەر دەپ ، ئۈچ قېتىم دىدىم، ئاندىن ئۇ، يانلام (خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن، مۇنبەر تەرەپكە) يۈرۈپ كەتتى، ياكى ئەبۇسەئىد ناماز تەرەپكە قايتتى، ياكى جامائەتكە قاتناشماي قايتىپ كەتتى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

## باب في الأضحية - الفصل الأول قۇربانلىق قىلىش توغرىسىدا

**1453 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أنس قال : ضحى رسول الله صلى الله عليه وسلم بكبشين أملحين أقرنين ذبحهما بيده وسمى وكبر قال : رأيته وضاعا قدمه على صفاحهما ويقول : " بسم الله والله أكبر "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۈڭگۈزلۈك، ئالا، ئىككى قوچقارنى قۇربانلىق قىلغان ئىدى، پۇتىنىڭ قەدىمىنى قوينىڭ يۈزىگە قويۇپ تۇرۇپ، «بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ،ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلىغان ئىدى. ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1454 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عائشة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أمر بكبش أقرن يطأ في سواد ويبرك في سواد وينظر في سواد فأتي به ليضحي به قال : " يا عائشة هلمي المدية " ثم قال : " اشحذيها بحجر " ففعلت ثم أخذها وأخذ الكبش فأضجعه ثم ذبحه ثم قال : " بسم الله اللهم تقبل من محمد وآل محمد ومن أمة محمد " . ثم ضحى به . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پۇتلىرى قارا، قوساق، مەيدىسى قارا، كۆزى قارا ، مۈڭگۈزلۈك قوچقارنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرلىشكە بۇيرىدى، قوي كەلتۈرۈلگەندىن

كىيىن : ئى ئائىشە! پىچاقنى تاشقا بىلەپ ئىتتىك قىلىپ، ئېلىپ كېلىڭ دېدى، مەن شۇنداق قىلدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىچاقنى ئېلىپ، قوچقارنى تۇتۇپ ياتقۇزۇپ، ئاندىن بوغۇزلىماقچى بولغاندا:« الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى الله ! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن، بارلىق ئۇممىتىدىن قوبۇل قىلسىلا»دەپ،ئۇقوينى قۇربانلىق قىلدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1455 - [ 3 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تذبحوا إلا مسنة إلا أن يعسر عليكم فتذبحوا جذعة من الضأن " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر قۇربانلىققا پەقەت مۇسىننەنى بوغۇزلاڭلار(يەنى چىش يىگەن، چىش تاشلىغاننى، كالىنىڭ ئىككى ياشلىقنى، تۆگىنىڭ بەش ياشلىقنى، قوي ـ ئۆچكىنىڭ بىر ياشلىقنى بوغۇزلاڭلار) لىكىن سىلەرگە يوقسىزلىقتىن تەس ، قىيىن بولۇپ قالسا، قوي ـ ئۆچكىنىڭ ئالتە ئايلىقنى بوغۇزلاپ، قۇربانلىق قىلساڭلارمۇ بولىدۇ، مۇسلىم 3631 ــ ھەدىس، نەسەئى 4302 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2415 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3132 ــ ھەدىس، ئەھمەد 13978 ــ ھەدىس، سەھىھ.( تۆت مەزھەپ ئالىملىرى بىردەك:« قۇربانلىققا پەقەت مۇسىننەنى يەنى كالا ئىككى ياشتىن يۇقىرى بولغىنىنى، تۆگە بەش ياش، قوي، ئۆچكە بىر ياشلىقنى بوغۇزلاڭلار» دىگەن سەھىھ ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن، قۇربانلىققا كالا ئىككى ياش، تۆگە بەش ياش بولىشى شەرت، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆچكە، قوينىڭ ئالتە ئايلىقى، چوڭ، سېمىز بولسا بولىدۇ دىگەن،كالا ـ تۇگىگە رۇخسەت قىلمىغان، باشقىسى يۇقىرقى شەرت بويىچە بولىدۇ،يەنى مۇسىننە بۇلىشى شەرت، مەنىسى كالا ئىككى ياش،تۇگەبەش ياش دېدى.مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇدنىڭ شەرھىسدە ، تۆت مەزھەپ فىقھىسى دىگەن كىتابتا ، ۋە باشقا كىتابلاردا، مۇسىننە دىگەن؛ كالا ئىككى ياش، تۆگە بەش ياش، ئۆچكە، قوي بىر ياشلىق بولۇشى لازىم. قوي، ئۆچكىگە ئالتە ئايلىققا ۋەئۇنىڭ يۇقىرسىغا رۇخسەت بار، لېكىن، تۆگە، كالىدا رۇخسەت يوقتۇر،دىيىلگەن.( ئۇممە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆچكە، قوينىڭ ئالتە ئايدىن يۇقىرى ياشقا كىرگەنلىرىنى، سېمىز ياخشى بولسا، قۇربانلىق قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ كۇپايە بولۇپ، دۇرۇس بولىدۇ. ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.)

**1456 - [ 4 ] ( متفق عليه )**

**وعن عقبة بن عامر : أن النبي صلى الله عليه وسلم أعطاه غنما يقسمها على صحابته ضحايا فبقي عتود فذكره لرسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " ضح به أنت " وفي رواية قلت : يا رسول الله صلى الله عليه وسلم أصابني جذع قال : " ضح به "**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق قىلىدىغان قويلارنى، ساھابىللىرىغا بۆلۈپ تارقىتىپ بىرىش ئۈچۈن ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىرىدۇ، تەقسىماتتىن كىيىن بىردانە بىرياشلىق ئۆچكە قېلىپ قالىدۇ، بۇنى ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلغاندا، ئۇنى سەن قۇربانلىق قىلغىن، دىگەن. يەنەبىرخاتىردە؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭىمۇ بىردانە ئالتە ئايلىق ئۆچكە يەتتى دىسەم، ئۇنى سەن قۇربانلىق قىلغىن، دىگەن،دېدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1457 - [ 5 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يذبح وينحر بالمصلى . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇگە ياكى كالاقۇربانلىقنى ھېيت نامىزى ئوقۇغان جايدا بوغۇزلايتتى. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.1438 ـ ئۆتتى

**1458 - [ 6 ] ( صحيح )**

**وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " البقرة عن سبعة والجزور عن سبعة " . رواه مسلم وأبو داود واللفظ له**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كالا يەتتە كىشى ھەققىدىن، تۆگە يەتتە كىشىدىن قۇربانلىققا كۇپايە بولىدۇ، ئەھمەد ،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، (ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇربانلىق قىلىشتا، كالا يەتتە كىشىدىن، تۆگە يەتتە كىشىدىن كۇپايە بولىدۇ،تەبرانى،سەھىھ) (لىكىن شەرتى يۇقىردىكىدەك، كالا ئىككى ياش، تۆگە بەش ياش بولىشىدۇر، بۇ بارلىق سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر.

**1459 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أم سلمة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دخل العشر وأراد بعضكم أن يضحي فلا يمس من شعره وبشره شيئا " وفي رواية " فلا يأخذن شعرا ولا يقلمن ظفرا " وفي رواية " من رأى هلال ذي الحجة وأراد أن يضحي فلا يأخذ من شعره ولا من أظفاره " . رواه مسلم**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن قۇربانلىق قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشى، قۇربانلىق ئېيىنىڭ تۇنجى ئون كۈنى كىرگەندە، زۇلھەجنىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرگەندە «يەنى زۇلھەجنىڭ يېڭى ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈندىن قۇربانلىق قىلىنىدىغان ئونىنچى كۈنىگىچە» چېچىدىن، تېرىسىدىن بىرەر نەرسىنى (يەنى تىرناق، تۈكلىرىنى) ئالمىسۇن، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىمدا مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدىلا ، چاچ، تىرناقنى ئېلىشتىن توسقان ھەدىس بار، ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دىگەن: سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، رەبىيئ، ئەھمەد، ئىسھاق، داۋۇد، بىر قىسىم ئالىملار؛ چاچ ـ تىرناق، تۈكلەرنى بۇ،ئون كۈن ئىچىدە ئېلىش ھارام دىگەن. شافىئى رەھمەھۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى؛ ھارام ئەمەس، بەلكى مەكرۇھ دىگەن. ئەبۇ ھەنىيفە؛ مەكرۇھمۇ ئەمەس دىگەن. مالىكمۇ شۇنداق دىگەن. لېكىن، مالىكىيىيە مەزھىپىدە مەكرۇھ دىگەن ھۆكۈممۇ بار. ھەر قايىسى دەلىل كەلتۈرگەن. ئىمام نەۋەۋى ئاخىرىدا؛ بۇ ھۆكۈم، ھاجىلاردىن باشقا بارلىق دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئامدۇر، ھەرقانداق قۇربانلىق قىلىدىغان كىشى چاچ، تىرناق، تۈك، ئەۋرەت، قولتۇق، بۇرۇن تۈكلىرى قاتارلىقلارنى ھەرقانداق ئۇسۇللار بىلەن ئالسا بولمايدۇ، سەھىھى ھەدىستە ئېنىق كەلگەچكە بىز بۇنى مەكرۇھ دەيمىز دىگەن. ئۇنى ــ بۇنى كوچىلىماي ھەدىسكە سەللەمنا دەپ ئەمەل قىلايلى! ھارامىدۇ؟، مەكرۇھ،يا مۇباھمىدۇ؟، ئۇ ـ بۇ دىمەي!ئەمەل قىل!. ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا، ساڭا ئايەت، ھەدىستىن بىرەر ھۆكۈم كەلسە دىيىلسە، بۇ ھارامىدۇ؟ مەكرۇھمىدۇ؟ مۇباھمىدۇ، پەرزمىدۇ، ۋاجىپ، سۈننەتمىدۇ دىمەي، سەللەمنا دەپ ئەمەل قىلغىن، ساھابىلارنى، تابىئىنلارنى ئۈلگە قىلغىن، شۇلاردەك ئەمەل قىلغىن، دەلىلنىمۇ شۇلاردەك چۈشەنگىن، دىگەن.

**1460 - [ 8 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من أيام العمل الصالح فيهن أحب إلى الله من هذه الأيام العشرة " قالوا : يا رسول الله ولا الجهاد في سبيل الله ؟ قال : " ولا الجهاد في سبيل الله إلا رجل خرج بنفسه وماله فلم يرجع من ذلك بشيء " . رواه البخاري**

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق كۈنلەردىكى ياخشى ئەمەل، ئىبادەتلەر، ھەج ئېيىنىڭ تۇنجى 10 كۈندىكى ئەمەل، ئىبادەتتىن **الله** قا سۈيۈملۈك ،ئەۋزەل ئەمەستۇر،ئۇلار:**الله** يولىدىكى جىھادمۇ سۈيۈملۈك ،ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەتتا ئالللاھ يولىدا قىلىنغان جىھادمۇ، بۇ ئون كۈن ئىچىدىكى ئىبادەتلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، لېكىن، بىر كىشى ئالللاھ يولىدا چىقىپ، جېنى بىلەن، مېلى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە قايتمىسا، (يەنى مېلىمۇ تۈگەپ، ئېتىمۇ ئۆلۈپ، ئۆزى شېھىد بولسا)، بۇ كىشى مۇستەسنادۇر . (بۇ كىشىدىن باشقىسى بۇ ئون

كۈندىكى ئىبادەتتىن ئەۋزەل ئەمەل قىلالمايدۇ)دېدى. بۇخارى 916 ــ هەدىس، تىرمىزى 688 ــ هەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2082 ــ هەدىس، ئىبنى ماجە 1717 ــ هەدىس، ئەھمەد 2972 ــ هەدىس، سەھىھ.بۇ دەل قۇربان ھېيتتا تۇققۇز كۈن قالغان ۋاقىتلاردۇر.

**1461 - [ 9 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن جابر قال : ذبح النبي صلى الله عليه وسلم يوم الذبح كبشين أقرنين أملحين موجئين فلما وجههما قال : " إني وجهت وجهي للذي فطر السموات والأرض على ملة إبراهيم حنيفا وما أنا من المشركين إن صلاتي ونسكي ومحياي ومماتي لله رب العالمين لا شريك له وبذلك أمرت وأنا من المسلمين اللهم منك ولك عن محمد وأمته بسم الله والله أكبر ثم ذبح " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه والدارمي وفي رواية لأحمد وأبي داود والترمذي : ذبح بيده وقال : " بسم الله والله أكبر اللهم هذا عني وعمن لم يضح من أمتي "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق كۈنى مۈڭگۈزلۈك، ئالا،ئىرىك ئىككى قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى، ئۇ ئىككى قوينى قىبلىگە قاراتقاندا، «ھەققەتەن مەن ئاسمان ــ زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم........» دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ، ئى ئاللاھ، بۇ سېنىڭ تەرىپىڭدىن كەلگەن ۋە يەنە مەندىن، ئۈممىتىمدىن ساڭا خاستۇر، بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ بوغۇزلىدى، بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ ئى ئاللاھ، بۇ مەندىن ۋە قۇربانلىق قىلالمىغانلاردىن دېدى، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە، دارمى، تىرمىزىلار توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دەۋەردى،

**1462 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن حنش قال : رأيت عليا رضي الله عنه يضحي بكبشين فقلت له : ما هذا ؟ فقال : ( إن رسول الله صلى الله عليه وسلم أوصاني أن أضحي عنه فأنا أضحي عنه . رواه أبو داود وروى الترمذي نحوه**

ھەنەشىن رەھىمەھۇللاھۇدىن، مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككى قوچقارنى قۇربانلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ، بۇ نېمە ئىش؟ دېسەم، ئۇ؛ ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىدىن قۇربانلىق قىلىپ قويۇشۇمغا ۋەسىيەت قىلغان، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدىنمۇ قۇربانلىق قىلدىم دېدى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان زەئىپ دېيىلدى،

**1463 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن علي قال : أمرنا رسول الله صلى الله عليه وسلم أن نستشرف العين والأذن وألا نضحي بمقابلة ولا مدابرة ولا شرقاء ولا خرقاء . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي والدارمي وانتهت روايته إلى قوله : والأذن**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق قىلىدىغان قوينىڭ كۆز ــ قۇلاقلىرىنى تەكشۈرۈشىمىزگە ۋە قۇلىقىنىڭ ئالدى ــ كەينى يېرىق قوينى، ئۇزۇنىسىغا، توغرىسىغا قۇلىقى كېسىلگەن، يېرىلغان قوينى قۇربانلىق قىلماسلىقىمىزغا بۇيرۇغان، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، دارمىلار توپلىغان، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن، چۈنكى راۋىيلاردا نامەلۇم كىشى بار بەزىسى خاتالىشىدىكەن.

**1464 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن علي قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن نضحي بأعضب القرن والأذن .رواه ابن ماجه**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۈڭگۈزى سۇنۇق، قۇلىقى يېرىق قويلارنى قۇربانلىق قىلىشىمىزدىن توسقان. ئىبنى ماجە توپلىدى، زەئىپ ھەدىستۇر،

**1465 - [ 13 ] ( صحيح )وعن البراء بن عازب أن رسول الله صلى الله عليه وسلم سئل : ماذا يتقى من الضحايا ؟ فأشار بيده فقال : " أربعا العرجاء البين ظلعها والعوراء البين عورها والمريضة البين مرضها والعجفاء التي لا تنقي " . رواه مالك وأحمد والترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قۇربانلىق قىلىنىدىغان ئۇلاغلارنىڭ قانداقلىرىدىن ھەزەر قىلىنىدۇ؟ دەپ سورالغاندا ، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دىگەن: تۆت تۈرلۈك ئۇلاغ قۇربانلىققا دۇرۇس بولمايدۇ، بىرىنچى، پالەچلىكى ئېنىق پالەچ ئاقساق قوي، ئىككىنچى، كورلىقى ئاشكارا قارىغۇ قوي، ئۈچىنچى، كېسلى ئاشكارا كېسەل قوي، تۆتىنچى، پۇتى سۇنۇق، يىلىكى يوق، تەمرەتكىلىك قوي.(كالا ـ تۆگىنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداقتۇر) مالىك، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى،دارىمى، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**1466 - [ 14 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يضحي بكبش أقرن فحيل ينظر في سواد ويأكل في سواد ويمشي في سواد . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۈڭگۈزلۈك، سېمىز، تاللانغان كاتتا قوچقارنى قۇربانلىق قىلاتتى، ئۇ قوينىڭ كۆزى ، ئاغزى ، پۇتلىرى قارا ئىدى . ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1467 - [ 15 ] ( صحيح )وعن مجاشع من بني سليم أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول : " إن الجذع يوفي مما يوفي منه الثني " . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه**

مۇجاشىئ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەتتى: ھەقىقەتەن قوينىڭ ئالتە ئايلىقى، بەزى ئۆچكىنىڭ ئۈچ ياشلىقىنىڭ كۇپايە قىلغىنىدىن كۇپايىدۇر، (يەنى ئالتە ئايلىق قوي سېمىز، ياخشى بولسا، قۇربانلىققا كۇپايە بولىدۇ)، ئىبنى ماجە 3131 ـ ھەدىس، نەسەئى 4307 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2417 ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**1468 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " نعمت الأضحية الجذع من الضأن " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان؛ قوينىڭ ئالتە ئايلىق قوزىسى نېمىدىگەن ياخشى قۇربانلىق ھە!، تىرمىزى توپلىغان، زەئىپ دىدى،

**1469 - [ 17 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : كنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في سفر فحضر الأضحى فاشتركنا في البقرة سبعة وفي البعير عشرة . رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەرقىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا قۇربانلىق ۋاقتى كىرىپ قالدى، بىز بىر كالىغا يەتتە كىشى ، بىر تۆگىگە ئون كىشى شېرىك بولۇپ، قۇربانلىق قىلدۇق. تىرمىزى،نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**1470 - [ 18 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما عمل ابن آدم من عمل يوم النحر أحب إلى الله من إهراق الدم وإنه ليؤتى يوم القيامة بقرونا وأشعارها وأظلافها وإن الدم ليقع من الله بمكان قبل أن يقع بالأرض فطيبوا ا نفسا " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىسى نەھرى كۈنى قان تۆككەندىنمۇ الله قا سۆيۈملۈكراق بىرەر ئەمەلنى قىلالمايدۇ، قۇربانلىق قىيامەت كۈنى (مىيزانغا)مۈڭگۈزلىرى، يۇڭ تۈكلىرى، پۇتلىرىنىڭ تۇۋاقلىرى بىلەن كەلتۈرۈلىدۇ، ھەقىقەتەن قۇربانلىق قېنى زىمىنغا چۈشۈشتىن بۇرۇنلا،

**الله** تەرەپتىن ئالاھىدە بىر ئورۇنغا چۈشۈپ بولىدۇ، شۇڭا چىن دىلىڭلاردىن رازى بولۇپ ، قۇربانلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ، كاتتىسىنى قىلىڭلار. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**1471 - [ 19 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من أيام أحب إلى الله أن يتعبد له فيها من عشر ذي الحجة يعدل صيام كل يوم منها بصيام سنة وقيام كل ليلة منها بقيام ليلة القدر " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي إسناده ضعيف**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنىدىغان كۈنلەر ئىچىدە زۇلھەججىنىڭ ئۇنىدەك، ئاللاھقا سۆيۈملۈك كۈن يوق، ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك روزىسى بىر يىللىق روزىغا، بىر كېچىلىك تۈنەش، قىيامدا تۇرۇش بولسا، قەدىر كېچىسىگە تەڭدۇر. (يەنى قۇربانلىق كۈنىگە 10 كۈن قالغان چاغ، مۇشۇ كۈنلەردىكى ئىبادەت، تۈنەش مەسىلىسى) بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، تىرمىزى ئىسنادى زەئىپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ ھەدىستۇر دىگەن، لېكىن، بۇ 10 كۈندە ئىبادەت قىلىش، روزا تۇتۇش ئۇچۈن سەھىھ ھەدىس ئۆتتى، بۇنداق زەئىپ ھەدىسلەرگە مۇھتاج ئەمەسمىز.

**1472 - [ 20 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن جندب بن عبد الله قال : شهدت الأضحى يوم النحر مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فلم يعد أن صلى وفرغ من صلاته وسلم فإذا هو يرى لحم أضاحي قد ذبحت قبل أن يفرغ من صلاته فقال : " من كان ذبح قبل أن يصلي أو نصلي فليذبح مكانا أخرى " . وفي رواية : قال صلى النبي صلى الله عليه وسلم يوم النحر ثم خطب ثم ذبح وقال : " من كان ذبح قبل أن يصلي فليذبح أخرى مكانا ومن لم يذبح فليذبح باسم الله "**

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن نەھرى كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە قۇربان ھېيت نامىزىغا قاتناشقان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچ ئىش قىلماي، ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ، نامازدىن پارىغ بولۇپ سالام بەرگەندىن كېيىنلا، ناگاھان نامىزدىن پارىغ بولۇشتىن بۇرۇن بوغۇزلانغان قوينىڭ گۆشلىرىنى كۆرۈپ قېلىپ مۇنداق دىگەن:يەنەبىرخاتىردە، نەھرى كۈنى ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن خۇتبە سۆزلەپ، ئاندىن قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ مۇنداق دىگەن: «كىم ھېيت نامىزىنى ئوقۇشدىن بۇرۇن قۇربانلىقنى بوغۇزلىغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە باشقىسنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلسۇن، كىم تېخى بوغۇزلىمىغان بولسا، ئۇنامازدىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ، «بىسمىللاھى **الله** ئەكبەر» دەپ بوغۇزلىسۇن. ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1473 - [ 21 ] ( صحيح )وعن نافع أن ابن عمر قال : الأضحى يومان بعد يوم الأضحى . رواه مالك**

ناپىئ رەھىمەھۇ**الله** دىن ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن : قۇربانلىق ، قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىنمۇ، يەنە ئىككى كۈن قىلىنسابۇلىدۇ. مالىك توپلىغان سەھىھ. ناپىئ رەھىمەھۇ**الله** ئىمام مالىكنىڭ شەيخى.

**1474 - [ 22 ] ( ضعيف )وقال : وبلغني عن علي بن أبي طالب مثله**

**1475 - [ 23 ] ( حسن )وعن ابن عمر قال : أقام رسول الله صلى الله عليه وسلم بالمدينة عشر سنين يضحي . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە ئون يىل تۇرۇش جەريانىدا، ھەر يىلى قۇربانلىق قىلغان ئىدى. تىرمىزى توپلىغان ھەسەن.

**1476 - [ 24 ] ( ضعيف )وعن زيد بن أرقم قال : قال أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم : يا رسول الله ما هذه الأضاحي ؟ قال : " سنة أبيكم إبراهيم عليه السلام " قالوا : فما لنا فيها يا رسول الله ؟ قال : " بكل شعرة حسنة " . قالوا :**

فالصوف يا رسول الله ؟ قال : " بكل شعرة من الصوف حسنة " رواه أحمد وابن ماجه

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ساھابىلار، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ قۇربانلىق نېمە دەپ سورىدى؟، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، داداڭلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى دەپ جاۋاب بەردى، ئۇلار ئاندىن قۇربانلىقدا بىزگە نېمىلەر بار؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەربىر تۈكنىڭ باراۋىرىدە ياخشىلىق بار دېدى، ئۇلار يۇڭىدا چۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەربىر يۇڭ، تۈك يەنى ئۆچكە تىۋىتى، قوينىڭ يۇڭى، تۆگە يۇڭى، كالا تۈكلىرىنىڭ باراۋىرىدە ياخشىلىق بار دېدى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

باب في العتيرة - الفصل الأول رەجەپ ئېيىدا ئۆلتۈرۈلىدىغان قوي توغرىسىدا

1477 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا فرع ولا عتيرة " . قال : والفرع : أول نتاج كان ينتج لهم كانوا يذبحونه لطواغيتهم . والعتيرة : في رجب

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگە تۇغقان تۇنجى بوتلاقنى بوغۇزلاپ قان قىلىش يوق، رەجەپ ئېيىدا قوي بوغۇزلاپ قان قىلىش يوق.( بۇمۇ جاھىلىيە تىنىڭ ئىشى). مۇسلىم 3652 ـ ھەدىس، بۇخارى 5051 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1432 ـ ھەدىس، نەسەئى قاتارلىق تۆت كىتاب، ئەھمەد 9961 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ: پەرئە دېگەن ئۇلارغا تۆگىسى تۇغۇپ بەرگەن تۇنجى بوتلاق بولۇپ، ئۇلار ئۇنى بۇتلىرىغا ئاتاپ، قان قىلىپ بوغۇزلايتتى. ئەتىيرە بولسا، رەجەپ ئېيىدا ئۆلتۈرلىدىغان قوي ئىدى. ئەبۇ داۋۇد؛ قۇربانلىق كۈچكە ئىگە، ئەتىيرە قويى مەنسۇخ يەنى ئەمەلدىن قالغان دېدى.

1478 - [ 2 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن مخنف بن سليم قال : كنا وقوفا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم بعرفة فسمعته يقول : " يا أيها الناس إن على كل أهل بيت في كل عام أضحية وعتيرة هل تدرون ما العتيرة ؟ هي التي تسمونها الرجبية " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب ضعيف الإسناد وقال أبو داود : والعتيرة منسوخة

مۇخنەپ ئىبنى سەلىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئەراپات تېغىدا ۋوقۇپ قىلىۋاتاتتۇق، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ئى ئىنسانلار! ھەي خالايىق! ھەقىقەتەن ھەربىر ئۆي ئەھلى ئۈستىگە ھەر يىلى قۇربانلىق قىلىش ۋە ئەتىيرە ۋاجىپتۇر، ئەتىيرىنىڭ نىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ سىلەر رەجبىيە (يەنى رەجەپ ئېيىدا ئۆلتۈرۈلىدىغان قوي) دەپ ئاتىۋالغان قوي شۇدۇر. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، تىرمىزى بۇ ھەدىس غەرىيپ، ئىسنادى زەئىپ دېگەن، ئەبۇ داۋۇد، ئەتىيرە قويى مەنسۇخ يەنى ئەمەلدىن قالغان دېدى، قۇربانلىق كۈچكە ئىگە، ئەلبانى بۇ ھەدىسنى زەئىپ دېگەن.

1479 - [ 3 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أمرت بيوم الأضحى عيدا جعله الله لهذه الأمة " . قال له رجل : يا رسول الله أرأيت إن لم أجد إلا منيحة أنثى أفأضحي ا ؟ قال : " لا ولكن خذ من شعرك وأظفارك وتقص من شاربك وتحلق عانتك فذلك تمام أضحيتك عند الله " . رواه أبو داود والنسائي

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قۇربانلىق كۈننى ھېيت كۈنى قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئاللاھ بۇ كۈننى مۇشۇ ئۈممەت ئۈچۈن قىلىپ بەردى، بىر ئەر، ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن قۇربانلىق تاپالمىسام، لېكىن مەندە سىغىپ ئىچىشكە ئۆتنە،

ئاربيەت ئالغان چىشى مال بولسا، ئۇنى قۇربانلىق قىلسام بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياق، ئۇنى قۇربانلىق قىلما، «چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ نەرسىسى» لېكىن، چاچ، تىرناقلىرىڭنى ئال، بۇرۇتۇڭنى قىرقىت، ئەۋرەتلىرىڭنى تازىلا، ئەنە شۇ ئالالاھنىڭ نەزلىدە كامىل قۇربانلىقىڭدۇر دېدى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان رەئىپ دېدى،

## باب صلاة الخسوف - الفصل الأولى كۈن، ئاي تۇتۇلغاندىكى ناماز توغرىسىدا

**1480 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عائشة رضي الله عنها قالت : إن الشمس خسفت على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فبعث مناديا : الصلاة جامعة فتقدم فصلى أربع ركعات في ركعتين وأربع سجدات . قالت عائشة : ما ركعت ركوعا قط ولا سجدت سجودا قط كان أطول منه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاكارچىنى «ئەسسالاتۇ جامىئەتۇن!»يەنى نامازغا كېلىڭلار!!دەپ، كىشىلەرنى كۇسۇپ نامىزىغا چاقىرىشقا ئەۋەتتى، (كىشىلەر يىغىلىپ بولغاندا)ئالدىغا چىقىپ، تۆت رۇكۇ، تۆت سەجدە قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، مەن ھەرگىز ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق رۇكۇ-سەجدە قىلىپ باقمىغان ئىدىم. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**1481 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : جهر النبي صلى الله عليه وسلم في صلاة الخسوف بقراءته**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن تۇتۇلغاندىكى كۇسۇپ نامىزىدا، قىرائىتىنى جەھرى،ئۇچۇق- ئاشكارا قىلغان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**1482 - [ 3 ] ( متفق عليه )عن عبد الله بن عباس قال : انخسفت الشمس على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فصلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقام قياما طويلا نحوا من قراءة سورة البقرة ثم ركع ركوعا طويلا ثم رفع فقام قياما طويلا وهو دون القيام الأول ثم ركع ركوعا طويلا وهو دون الركوع الأول ثم رفع ثم سجد ثم قام قياما طويلا وهو دون القيام الأول ثم ركع ركوعا طويلا وهو دون الركوع الأول ثم رفع فقام قياما طويلا وهو دون القيام الأول ثم ركع ركوعا طويلا وهو دون الركوع الأول ثم رفع ثم سجد ثم انصرف وقد تجلت الشمس فقال صلى الله عليه وسلم : " إن الشمس والقمر آيتان من آيات الله لا يخسفان لموت أحد ولا لحياته فإذا رأيتم ذلك فاذكروا الله " . قالوا : يا رسول الله رأيناك تناولت شيئا في مقامك ثم رأيناك تكعكعت ؟ قال صلى الله عليه وسلم : " إني أريت الجنة فتناولت عنقودا ولو أخذته لأكلتم منه ما بقيت الدنيا وأريت النار فلم أر منظرا كاليوم قط أفظع ورأيت أكثر أهلها النساء " . قالوا : بم يا رسول الله ؟ قال : " بكفرهن " . قيل : يكفرن بالله ؟ . قال : " يكفرن العشير ويكفرن الإحسان لو أحسنت إلى أحداهن الدهر كله ثم رأت منك شيئا قالت : ما رأيت منك خيرا قط**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا كۈن تۇتۇلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگەكۇسۇپ نامىزى ئوقۇپ بېرىپ، سۈرە بەقەرنى قىرائەت قىلغان مىقداردا ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، ئاندىن بەك ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، بۇقىيامداتۇرىشى ئەۋۋەلقىسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن يەنە ناھايىتى ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇسى ئەۋۋەلقى رۇكۇسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەجدە قىلدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، بۇقىيامداتۇرىشى ئەۋۋەلقىسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن ناھايىتى ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇسى ئەۋۋەلقى رۇكۇسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، بۇقىيامداتۇرىشى ئەۋۋەلقىسىدىن قىسقىراق

ئىدى، ئاندىن يەنە ناھايىتى ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇسىمۇ ئەۋۋەلقى رۇكۇسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەجدە قىلدى، (يەنى تۆت رۇكۇ، تۆت سەجدە بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ) ئاندىن قايىتتى، ۋەھالەنكى كۈن رۇشەن ئېچىلىپ بولغان ئىدى، ئاندىن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ قۇدرەت، مۆجىزە ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، بۇ ئىككىسى بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ياكى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. سىلەر كۈن ياكى ئاينىڭ تۇتۇلغىنىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، تەكبىر ئېيتىپ، **الله** نى ئەسلەڭلار،دىدى. ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز سىلىنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ، بىر نەرسىنى ئالماقچى بولغانلىقلىرىنى، ئاندىن يەنە ئارقىلىرىغا چېكىنىپ، داجىغانلىقلىرىنى كۆردۇق دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن ماڭا جەننەت كۆرسىتىلىۋىدى، مەن بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئۈزۈۋېلىپ ئالماقچى بولدۇم، ئەگەر مەن ئۇنى ئۈزۈپ ئالالىغان بولسام، سىلەر ئۇنىڭدىن مۇشۇ دۇنيا قېلىپ قالغانغا قەدەر (قىيامەتكىچە) يەيتتىڭلار، ماڭا دوزەخمۇ كۆرسىتىلدى، مەن ھەرگىز بۈگۈنكىدەك، قورقۇنۇچلۇق مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، دوزەخ ئەھلىنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، دىدى. ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇلارنىڭ كۇپۇرلىقىنىڭ سەۋەبىدىن شۇنداق بولىدۇ دىدى، ئۇلار **الله** قا كۇپۇرلۇق قىلامدۇ؟ دىيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇلار ئەرلىرىگە ، ئېھسان، ياخشىلىققا كۇپۇرلۇق قىلىدۇ، ئەگەر سەن ئاياللارنىڭ بىرەرسىگە پۈتۈن زامان ياخشىلىق قىلساڭ، ئاندىن ئۇ سەندىن ياقتۇرمايدىغان بىرەر نەرسىنى كۆرسە؛ مەن ھەرگىز سەندىن قىلچىلىك ياخشىلىق كۆرۈپ باقمىدىم دەيدۇ،دىدى.بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن،سەھىھ.

**1483 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عائشة نحو حديث ابن عباس وقالت : ثم سجد فأطال السجود ثم انصرف وقد انجلت الشمس فخطب الناس فحمد الله وأثنى عليه ثم قال : " إن الشمس والقمر آيتان من آيات الله لا يخسفان لموت أحد ولا لحياته فإذا رأيتم ذلك فادعوا الله وكبروا وصلوا وتصدقوا " ثم قال : " يا أمة محمد والله ما من أحد أغير من الله أن يزني عبده أو تزني أمته يا أمة محمد والله لو تعلمون ما أعلم لضحكتم قليلا ولبكيتم كثيرا "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىگە ئوخشاش ھەدىس سۆزلەپ، مۇنداق دەيدۇ؛ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناھايىتى ئۇزۇن سەجدە قىلىپ ، نامازدىن قايىتتى ، ۋەھالەنكى كۈن رۇشەن ئېچىلىپ بولغان ئىدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە خۇتبە ئوقۇپ ، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ قۇدرەت، مۆجىزە ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، بۇ ئىككىسى بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ياكى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. سىلەر كۈن يا ئاينىڭ تۇتۇلغىنىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار، تەكبىر ئېيتىڭلار، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر دەڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، (يەنى كوسۇپ، خوسۇپ نامىزىنى ئوقۇڭلار)، سەدىقە بېرىڭلار، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ ئەر بەندىسى ياكى دېدەك، ئايال بەندىسىنىڭ زىنا قىلىپ قېلىشىدىن، ئاللاھدىنمۇ بەكىرەك كۈنلەيدىغان كىشى يوق، (ئاللاھ، ئۆز بەندىلىرىنىڭ زىنا قىلىشىدىن كۈنلەيدۇ، شۇڭا زىنانى، پاھىشىنى ھارام قىلغاندۇر) ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلسەڭلار، ئەلۋەتتە ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار، ئى ئاللاھ، يەتكۈزدۈممۇ؟ ئى ئاللاھ تولۇق يەتكۈزدۈممۇ؟. مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم ، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1484 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى قال : خسفت الشمس فقام النبي صلى الله عليه وسلم فزعا يخشى أن تكون الساعة فأتى المسجد فصلى بأطول قيام وركوع وسجود ما رأيته قط يفعله وقال : " هذه الآيات التي يرسل الله لا تكون لموت أحد**

**ولا لحياته ولكن يخوف الله ا عباده فإذا رأيتم شيئا من ذلك فافزعوا إلى ذكره ودعائه واستغفاره "**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ كۈن تۇتۇلۇشىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئەنسىرەپ، قورقىغان ، چۆچىغان ھالدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، مەسجىدكە كەلدى دە، ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا تۇرۇپ ، رۇكۇ-سەجدىللىرىنى ئۇزۇن قىلىپ كۈسۈپ نامىزى ئۇقىدى ، -مەن بۇرۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنداق قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم _ئاندىن مۇنداق دىدى: ھەققەتەن بۇ كۈن تۇتۇلۇش، ئاي تۇتۇلۇشىدىن ئىبارەت، ئاللاھ ئەۋەتىدىغان ئالامەتلەر، بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن بولمايدۇ، لېكىن، ئاللاھ ئۇنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىنى قورقۇتۇپ تۇرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى كۆرسەڭلار، (يەنى كۈن، ئاي تۇتۇلغاندا) ئاللاھدىن قورقۇپ، زىكرى ئېيتىڭلار، ئالاھنى كۆپ ئەسلەڭلار، دۇئا قىلىڭلار، مەغپىرەت سوراڭلار، يەنە بىر خاتىرىدە سەدىقە قىلىڭلار دىگەن بار، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1485 - [ 6 ] ( صحيح )وعن جابر قال : انكسفت الشمس في عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم مات إبراهيم ابن رسول الله صلى الله عليه وسلم فصلى بالناس ست ركعات بأربع سجدات . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوغلى ئىبراھىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكەن كۈنىدە، كۈن تۇتۇلۇشىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە ئالتە رۇكۇ، تۆت سەجدە بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇپ بەردى. (بىر رەكئەتكە ئۈچ رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلغان ئىدى). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1486 - [ 7 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم حين كسفت الشمس ثمان ركعات في أربع سجدات**

ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن تۇتۇلغاندا، سەككىز رۇكۇ، تۆت سەجدە بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئەلبانى بۇ ھەدىس زەئىپ دىدى، تۇۋەندىكىسى سەھىھ ئىكەن.

**1487 - [ 8 ] ( صحيح )وعن علي مثل ذلك . رواه مسلم**

**1488 - [ 9 ] ( صحيح )وعن عبد الرحمن بن سمرة قال : كنت أرتمي بأسهم لي بالمدين في حياة رسول الله صلى الله عليه وسلم إذ كسفت الشمس فنبذ ا . فقلت : والله لأنظرن إلى ما حدث لرسول الله صلى الله عليه وسلم في كسوف الشمس . قال : فأتيته وهو قائم في الصلاة رفع يديه فجعل يسبح ويهلل ويكبر ويحمد ويدعو حتى حسر عنها فلما حسر عنها قرأ سورتين وصلى ركعتين . رواه مسلم في صحيحه عن عبد الرحمن بن سمرة وكذا في شرح السنة عنه وفي نسخ المصابيح عن جابر بن سمرة**

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات ۋاقتىدا ، مەدىنىدە ئوقيا ئېتىپ مەشىق قىلىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز كۈن تۇتۇلدى، مەن ئوقيانى تاشلىۋېتىپ: **الله** بىلەن قەسەمكى، كۈن تۇتۇلغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆزۈتۈپ قاراپ باقمەن دەپ، يۈگۈرۈپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن ھالدا، نامازغا تۇرۇۋېتىپتۇ، كۈننىڭ تۇتۇلۇشى رۇشەن ئېچىلغانغا قەدەر، تەسبىھ، تەھلىل، تەكبىر، ھەمدە ئەيتىپ، دۇئا قىلىشقا باشلىدى،كۈن ئېچىلغاندا، ئىككى سۈرىنى قىرائەت قىلىپ، ئىككى رەكئەت نامازئۇقۇدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ

**1489 - [ 10 ] ( صحيح )**

**وعن أسماء بنت أبي بكر رضي الله عنهما قالت : لقد أمر النبي صلى الله عليه وسلم بالعتاقة في كسوف الشمس . رواه البخاري**

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن تۇتۇلغاندا، (كۈسۈف نامىزىدا) قۇل ئازاد قىلىشقا بۇيرۇيتتى، (سەدىقىگە بۇيرۇيتتى).بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1490 - [ 11 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن سمرة بن جندب قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم في كسوف لا نسمع له صوتا . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه**

سەمۇرەت ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە كوسوپ نامىزى يەنى كۈن تۇتۇلغاندا ناماز ئوقۇپ بەرگەن، بىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق، يەنى قىرائەتنى ئاشكارا قىلمىغان، بۇ ھەدىسنى نەسەئى،تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ماجە توپلىغان ئەلبانى زەئىپ دېدى،يۇقىرداجەھرى قىلغىنى ئۆتتى

**1491 - [ 12 ] ( حسن )وعن عكرمة قال : قيل لابن عباس : ماتت فلانة بعض أزواج ا لنبي صلى الله عليه وسلم فخر ساجدا فقيل له تسجد في هذه ا لساعة ؟ فقال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا رأيتم آية فاسجدوا " وأي آية أعظم من ذهاب أزواج النبي صلى الله عليه وسلم ؟ رواه أبو داود والترمذي**

ئىكرىمە رەھىمەھۇاللە مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىدىن پالانى ۋاپات تاپتى دېيىلدى، ئۇ بۇخەۋەرنى ئاڭلاپلا سەجدىگە يىقىلدى، ئۇنىڭغا: مۇشۇ سائەتتىمۇ سەجدە قىلامسەن ؟ دېيىلدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدۇ: «بىرەر مۆجىزە ئالامەت كۆرسەڭلار، سەجدە قىلىڭلار»،ئۇ يەنە؛ قايسى ئالامەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ بۇ دۇنيادىن كەتكىنىدىن چوڭدۇر؟دېدى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ھەسەن.

**1492 - [ 13 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن أبي بن كعب قال : انكسفت الشمس على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فصلى م فقرأ بسورة م الطول وركع خمس ركعات وسجد سجدتين ثم قام الثانية فقرأ بسورة من الطول ثم ركع خمس ركعات وسجد سجدتين ثم جلس كما هو مستقبل القبلة يدعو حتى انجلى كسوفها . رواه أبو داود**

ئۇبەي ئىبنى كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلۇپتى، ناماز ئوقۇپ بەردى، ئۇزۇن سۈرىدىن بىرنى ئوقۇپ، بەش رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلدى، ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرۇپ، يەنە ئۇزۇن سۈرىدىن بىرنى ئوقۇپ، بەش رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلدى، ئاندىن قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ كۈن روشەن ئېچىلغۇچە دۇئا قىلدى، يەنە تەشەھھۇددا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، زەئىپ دېيىلدى،

**1493 - [ 14 ] ( ضعيف )وعن النعمان بن بشير قال : كسفت الشمس على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فجعل يصلي ركعتين ركعتين ويسأل عنها حتى انجلت الشمس . رواه أبو داود . وفي رواية النسائي : أن النبي صلى الله عليه وسلم صلى حين انكسفت الشمس مثل صلاتنا يركع ويسجد وله في أ خرى : أن النبي صلى الله عليه وسلم خرج يوما مستعجلا إلى المسجد وقد انكسفت الشمس فصلى حتى انجلت ثم قال : " إن أهل الجاهلية كانوا يقولون : إن الشمس والقمر لا ينخسفان إلا لموت عظيم من عظماء أهل الأرض وإن الشمس والقمر لا ينخسفان لموت أحد ولا لحياته ولكنهما خليقتان من خلقه يحدث الله في خلقه ما شاء فأيهما انخسف فصلوا حتى ينجلي أو يحدث الله أمرا "**

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلدى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى رەكئەتتىن ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇشقا باشلىدى، ۋە كۈن رۇشەن ئېچىلغانغا قەدەر دۇئادا سوراپ تۇردى. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، نەسەئىيدىمۇ بىزنىڭ نامىزىمىزدەك ئوقۇدى، دىگەن شۇنداق ھەدىس بار بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،ئەمما،بۇھەدىسنىڭ ئاخىرقى مەنىسى سەھىھ. بۇ توغرىسىدا ۋە باشقا مەسىلىلەردە سەھىھ ھەدىسنىڭ بارلىقىنى سىلەر بىلىسىلەر،يۇقىردىمۇ ئۆتتى.

## باب في سجود الشكر — شۈكرى سەجدىسى توغرىسىدا

وهذا الباب خال عن : الفصل الأول والثالث

**1494 - [ 1 ] الفصل الثاني ( حسن )عن أبي بكرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا جاءه أمر سرورا أو يسر به خر ساجدا شاكرا لله تعالى . رواه أبو داود والترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، خۇشال، خۇرسەن قىلىدىغان بىرەر ئىش يېتىپ كەلسە، ئاللاھتائالاغا شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن، دەرھال سەجدىگە يىقىلاتتى.تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن، بۇ سەجدە، شۈكرى سەجدىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**1495 - [ 2 ] ( ضعيف )وعن أبي جعفر : أن النبي صلى الله عليه وسلم رأى رجلا من النغاشين فخر ساجدا . رواه الدارقطني مرسلا وفي شرح السنة لفظ المصابيح**

ئەبۇ جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەزاسى ناقىس، مىيىپ، ناھايىتى پاكار بىر ئەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ،ئۇنى كۆرۈپلا سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلدى، بۇ ھەدىسنى دارىقۇتنى رەھمەھۇللا مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن، شەرھى سۇننەدىمۇ بار، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**1496 - [ 3 ] ( ضعيف )وعن سعد بن أبي وقاص قال : خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم من مكة نريد المدينة فلما كنا قريبا من عزوزاء نزل ثم رفع يديه فدعا الله ساعة ثم خر ساجدا فمكث طويلا ثم قام فرفع يديه ساعة ثم خر ساجدا فمكث طويلا ثم قام فرفع يديه ساعة ثم خر ساجدا قال : " إني سألت ربي وشفعت لأمتي فأعطاني ثلث أمتي فخررت ساجدا لربي شكرا ثم رفعت رأسي فسألت ربي لأمتي فأعطاني ثلث أمتي فخررت ساجدا لربي شكرا ثم رفعت رأسي فسألت ربي لأمتي فأعطاني الثلث الآخر فخررت ساجدا لربي شكرا " . رواه أحمد وأبو داود**

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەككىدىن مەدىنىنى مەخسەت قىلىپ چىقتۇق، ئەزۋەزاڭ دىگەن جايغا يېقىن كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشۈپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاللاھقا بىر سائەت دۇئا قىلدى، ئاندىن سەجدە قىلىپ، سەجدىدە ناھايىتى ئۇزۇن تۇردى، ئاندىن دەس تۇرۇپ يەنە بىر سائەت قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن يەنە سەجدە قىلىپ ناھايىتى ئۇزۇن تۇردى، ئاندىن يەنە ئۆرە تۇرۇپ ئىككى قولىنى بىر سائەت كۆتۈرۈپ ئاندىن سەجدە قىلدى. ئاندىن:ھەقىقەتەن مەن رەببىمدىن، ئۇممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشىمنى سورىدۇم، ماڭا ئۇممىتىمنىڭ 1/3نى بەردى، مەن رەببىمگە شۈكرى قىلىپ، سەجدە قىلدىم، ئاندىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ رەببىمدىن ئۇممىتىم ئۈچۈن سورىدىم، يەنە 1/3نى بەردى، شۈكرى قىلىپ سەجدە قىلدىم، ئاندىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇممىتىم ئۈچۈن يەنە سورىدىم، ئاخىرقى 1/3نى بەردى، رەببىمگە شۈكرى قىلىپ، يەنە سەجدە قىلدىم،دىدى. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، زەئىپ دىيىلدى،

## باب الاستسقاء - الفصل الأول — سۇ تەلەپ قىلىش نامىزى توغرىسىدا

**1497 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عبد الله بن زيد قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم بالناس إلى المصلى يستسقي فصلى**

م ركعتين جهر فيهما بالقراءة واستقبل القبلة يدعو ورفع يديه وحول رداءه حين استقبل القبلة

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر بىلەن نامازگاھقا چىقىپ، ئۇلارغا قىرائەتنى ئاشكارا جەھرى قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى. قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى، قىبلىگە ئالدىنى قىلغان چاغدا ، رداسىنى ئۈياقتىن بۇياققا ئۆرۈپ،چۆرۈپ، يۆتكىدى.(بۇ ياخشى پال ئېلىش ئىدى) بۇخارى،مۇسلىم ، سەھىھ.

1498 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم لا يرفع يديه في شيء من دعائه إلا في الاستسقاء فإنه يرفع حتى يرى بياض إبطيه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئالىرىدىن بىرەر دۇئاسىدا، سۇ تەلەپ قىلغان چاغدا ئىككى قولىنى كۆتۈرگەندەك، ئىككى قولىنى كۆتۈرمەيتتى، پەقەت سۇ تەلەپ قىلغان چاغدىلا، ئىككى قولىنى شۇنداق ئېگىز كۆتۈرەتتىكى، ھەتتا ئىككى قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنۈپ قالاتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن، سەھىھ. ئەمەلىيەتتە دۇئادا قول كۆتۈرۈشكە 100مەئىنەن مۇتېۋاتىرھەدىس بار.

1499 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم استسقى فأشار بظهر كفيه إلى السماء . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلىپ، ئىككى ئالقىنىنىڭ دۈمبىسى ، تەتۈرى بىلەن ئاسمانغا ئىشارەت قىلغان ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1500 - [ 4 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا رأى المطر قال : اللهم صيبا نافعا. رواه البخاري

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يامغۇرنى كۆرگەندە:«ئاللاھۇممە سەييىبەن نافىئەن» يەنى ئى ئاللاھ! بۇ يامغۇرنى مەنپەئەتلىك، مول يامغۇر قىلىپ بەرسىلە دەيتتى.بۇخارى .

1501 - [ 5 ] ( صحيح )
وعن أنس قال : أصابنا ونحن مع رسول الله صلى الله عليه وسلم مطر قال : فحسر رسول الله صلى الله عليه وسلم ثوبه حتى أصابه من المطر فقلنا : يا رسول الله لم صنعت هذا ؟ قال : " لأنه حديث عهد بربه " . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ : بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تۇرساق، بىزگە يامغۇر يېغىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بەدىنىگە يامغۇر يەتكەنگە قەدەر كىيىمنى ئېچىپ تۇردى، بىز: نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىلا؟ دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چۈنكى ئۇنىڭ زامانى الله نىڭ رەھمىتىگە بەك يېقىندۇر، دىدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

1502 - [ 6 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن عبد الله بن زيد قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى المصلى فاستسقى وحول رداءه حين استقبل القبلة فجعل عطافه الأيمن على عاتقه الأيسر وجعل عطافه الأيسر على عاتقه الأيمن ثم دعا الله . رواه أبو داود

ئابدۇللا ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازگاھقا چىقىپ، سۇ تەلەپ قىلدى، ردا تونىنى ئۈياقتىن بۇياققا چۆردى، قىبلىگە ئالدىنى قىلغاندا ئوڭ تەرىپىنى سول تەرەپكە، تونىنىڭ سول تەرىپىنى ئوڭ تەرەپكە قىلدى، ئاندىن ئاللاھقا دۇئا قىلدى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان زەئىپ دىدى.

1503 - [ 7 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن زيد أنه قال : استسقى رسول الله صلى الله عليه وسلم وعليه خميصة له سوداء فأراد أن يأخذ أسفلها فيجعله أعلاها فلما ثقلت قلبها على عاتقيه . رواه أحمد وأبو داود

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇستىدە قارا تون كوڭلەك بار ھالدا سۇ تەلەپ قىلدى، ئۇ توننىڭ ئاستىنى ئۈستىگە قىلماقچى بولۇپ، بۇ قىيىن تەس بولۇپ قالغاندا، ئۇنى ئىككى مۈرىسىدە ئۆرۈپ، چۆرۈپ ئالماشتۇرۇپ يۆتكىدى.ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ.

1504 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عمير مولى آبي اللحم أنه رأى النبي صلى الله عليه وسلم يستسقي عند أحجار الزيت قريبا من الزوراء قائما يدعو يستسقي رافعا يديه قبل وجهه لا يجاوز  ما رأسه . رواه أبو داود وروى الترمذي والنسائي نحوه

ئەبۇللەھمىنىڭ ئازادكەردە قۇلى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ، مەدىنىدىكى زەۋرائ دېگەن جايغا يېقىن بولغان، ئەھجارۇززىيت دېگەن جايدا، ئۆرە تۇرغان ھالدا دۇئا قىلىپ، سۇ تەلەپ قىلغىنىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ:رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنى يۈزىنىڭ ئۇتتۇرىدا كۆتۈرۈپ، بېشىدىن يۇقىر ئۆتكۈزىۋەتمەي دۇئا قىلىپ سۇ تەلەپ قىلغان دەيدۇ.نەسەئى،تىرمىزى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ.

1505 - [ 9 ] ( حسن )وعن ابن عباس قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم يعني في الاستسقاء متبذلا متواضعا متخشعا متضرعا . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، سۇ تەلەپ قىلغىلى، ئۆزىنى (اللە نىڭ ئالدىدا)ناھايىتى خار، تۆۋەن ، كەمتەرتۇتۇپ، قورقۇپ يىلىنىپ، تەزەررۇئ چەككەن ھالدا چىققان ئىدى. نەسەئى،تىرمىزى ئەبۇ داۋۇد ،ئىبنى ماجە توپلىغان ھەسەن.

1506 - [ 10 ] ( حسن )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا استسقى قال : " اللهم اسق عبادك و بمتك وانشر رحمتك وأحي بلدك الميت " . رواه مالك وأبو داود

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلسا، مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، بەندىلىرىنى سۇغارسىلا ۋە ھايۋانلىرىنى سۇغارسىلا، رەھمەتلىرىنى كەڭ تارقاتسىلا، ئۆلۈك، قۇرغاق شەھەرلىرىنى تىرىلدۈرسىلە». ئەبۇ داۋۇد، مالىك توپلىغان، ھەسەن. سۇ تەلەپ قىلىپ چىققان ئىمام مۇشۇنىڭدەك سەھىھ ھەدىستىكى دۇئالارنى قىلسۇن.

1507 - [ 11 ] ( صحيح )وعن جابر قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يواكئ فقال : " اللهم اسقنا غيثا مغيثا مريئا مريعا نافعا غير ضار عاجلا غير آجل " . قال : فأطبقت عليهم السماء . رواه أبو داود

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، سۇ تەلەپ قىلغاندا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، مۇنداق دېگەنلىكىنى، كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىغان ئىدىم؛ «ئى اللە! بىزنى ئۇزۇنغىچە يېغىۋەرمەي، تېزلا يېغىپ ئۇتۇپ كېتىدىغان، زەرەرلىك بولماي، مەنپەئەتلىك بولغان، مولچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان، ئاقىبىتى ياخشى بولغان، مول يامغۇر بىلەن سۇغارسىلا» ئاندىن ئاسمانىنى بۇلۇتلار قاپلاپ يامغۇر ياغدى. ئەبۇ داۋۇد  توپلىغان،سەھىھ.

1508 - [ 12 ] الفصل الثالث ( حسن )

عن عائشة قالت : شكا الناس إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم قحوط المطر فأمر بمنبر فوضع له في المصلى ووعد الناس يوما

**يخرجون فيه . قالت عائشة : فخرج رسول الله صلى الله عليه وسلم حين بدا حاجب الشمس فقعد على المنبر فكبر وحمد الله عزوجل ثم قال : " إنكم شكوتم جدب دياركم واستئخار المطر عن إبان زمانه عنكم وقد أمركم الله عزوجل أن تدعوه ووعدكم أن يستجيب لكم " . ثم قال : " الحمد لله رب العالمين الرحمن الرحيم ملك يوم الدين لا إله إلا الله يفعل ما يريد اللهم أنت الله لا إله إلا أنت الغني ونحن الفقراء . أنزل علينا الغيث واجعل ما أنزلت لنا قوة وبلاغا إلى حين " ثم رفع يديه فلم يترك الرفع حتى بدا بياض إبطيه ثم حول إلى الناس ظهره وقلب أو حول رداءه وهو رافع يديه ثم أقبل على الناس ونزل فصلى ركعتين فأنشأ الله سحابة فرعدت وبرقت ثم أمطرت بإذن الله فلم يأت مسجده حتى سالت السيول فلما رأى سرعتهم إلى الكن ضحك صلى الله عليه وسلم حتى بدت نواجذه فقال : " أشهد أن الله على كل شيء قدير وأني عبد الله ورسوله " . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛كىشلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يامغۇرنىڭ قەھەتچىلىكىدىن شىكايەت قىلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ياساشقا ، ئۇنى نامازگاھدا ئۆزى ئۈچۈن قويۇشقا بۇيرۇپ، كىشلەرنىڭ چىقىشى ئۈچۈن بىر كۈننى ۋەدە قىلدى، ئاندىن (كىشلەر چىقىپ بولغاندا)كۈننىڭ بىر تەرىپى ئاشكارا بولغاندا چىقىپ، مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تەكبىر ئەيتىپ، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانائەيتىپ، مۇنداق دىدى: ھەقىقەتەن سىلەر يۇرت، دىيارىڭلاردا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، قەھەتچىلىك يۈز بەرگىنىدىن، يامغۇرنىڭ يېغىش ۋاختى سىلەردىن بەكلا كېچىكىپ كەتكىنىدىن شىكايەت قىلدىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە سىلەرنى ئۆزىگە دۇئا قىلىشقا بۇيرىدى، سىلەر ئۈچۈن دۇئايىڭلارنى ئىجاۋەت قىلىشقا ۋەدە قىلدى، ئۇنداقتا دۇئا قىلايلى؛ «بارلىق ھەمدۇ ــ سانالار، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر، قىيامەت كۈننىڭ ئىگىسىدۇر، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ئۆزى خالاپ ئىرادە قىلغىنىنى قىلىدۇ، ئى ئاللاھ! سىلى ھەقىقى ھەق مەئبۇد ئاللاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، سىلى غەنىي ھەممىدىن باي بىھاجەت، بىز بولساق، پېقىر، سىلىگە مۇھتاج، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرسىلە، بىزگە ياغدۇرۇپ بەرگەن يامغۇرنى، چۈشۈرۈپ بەرگەن بارلىق رىزىقلارنى قۇۋۋەت ۋە مەلۇم ۋاقىتقىچە يېتەرلىك قىلىپ بەرسىلە، ئامىين،ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، قولتۇقۇنىڭ ئاقلىقى ئاشكارا بولغىچە قولىنى چۈشۈرمەي كۆتۈردى، ئاندىن كىشلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ ئۆرۈلدى، ياكى ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن ھالدا رىدايىنى ئۆرۈپ چۆرىدى، ئاندىن كىشلەرگە ئالدىنى قىلدى،(بۇ ئەھۋالنىڭ شۇنداق ئالمىشىشىدىن ياخشى پال ئىدى) ئاندىن چۈشۈپ ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇۋىدى ، **الله** تائالا بۇلۇت پەيدا قىلدى،ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن يامغۇر ياغدى، تېخى مەسجىدىگە كەلمەي تۇرۇپ، سەللەر ئېقىپ كەتتى، كىشلەرنىڭ يامغۇردىن قېچىپ، ئۆيلىرىگە، دالدا بولغىدەك جايلارغا قاچقىنىنى كۆرۈپ، ئېزىق چىشلىرى ئاشكارا بۇلۇپ قالغانغا قەدەر كۈلۈپ كەتتى، ۋە گۇۋاھلىق بىرىمەنكى ھەقىقەتەن **الله** ھەر نەرسىگە قادىردۇر،مەن **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دىدى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1509 - [ 13 ] ( صحيح )وعن أنس أن عمر بن الخطاب كان إذ قحطوا استسقى بالعباس بن عبد المطلب فقال : اللهم إنا كنا نتوسل إليك بنبينا فتسقينا وإنا نتوسل إليك بعم نبينا فاسقنا . قال : فيسقون . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن ئۇلارغا قەھەتچىلىك يۈز بەرگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئېلىپ چىقىپ سۇ تەلەپ قىلىپ، مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى **الله** ! ھەقىقەتەن بىز سىلىگە پەيغەمبىرىمىز بىلەن (بەركىتى ، شاپائىتى، ئىجابەتلىك دۇئاسى بىلەن) يېقىنچىلىق ئىزدەيتتۇق، ئاندىن سىلى بىزنى يامغۇر بىلەن سۇغىراتتىلە، (پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ئەمدى بىز پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (نىڭ بەركەت دۇئاسى) بىلەن سىلىگە يېقىنچىلىق ئىزدەيمىز، بىزنى يامغۇر بىلەن سۇغارسىلا، ئاندىن ئۇلار يامغۇر بىلەن سۇرۇۋلاتتى. بۇخارى.

(بۇ سەھەبە ئەسەرگە قارىغاندا، ۋاپات بولۇپ كەتكەنلەر بىلەن ۋەسىلە، ۋاستە ئىزدەپ قىلىش دۇرۇس ئەمەستۇر، چۈنكى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھېچ بىر ساھابە قەبرىسىگە بېرىپ ۋەسىلە ۋاستە قىلمىدى، بىرەر نەرسە سورىمىدى، بۇ ئىشلارنى ئالىملار شىرىك دېدى. الله قا پەقەت ئىلىم، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن، ئىسىم سۈپىتى بىلەن يېقىنچىلىق تەلەپ قىلىنىدۇ، ھايات ئالىم ئابىد زاھىد بولسا، دۇئاسى تەلەپ قىلىنسا ، دۇئا قىلىپ قويسا بولىدۇ، ھېچ بىر كىشى ياكى نەرسە ئىبادەتتە ۋاستە قىلىنمايدۇ.)

**1510 - [ 14 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " خرج نبي من الأنبياء بالناس يستسقي فإذا هو بنملة رافعة بعض قوائمها إلى السماء فقال: ارجعوا فقد استجيب لكم من أجل هذه النملة ". رواه الدارقطني**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر كىشىلەر بىلەن بىللە سۇ تەلەپ قىلغىلى چىقىپ ناگاھان بىر چۈمۈلىنىڭ پۇتلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈۋالغىنىنى كۆرۈپ: سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، ھەقىقەتەن سىلەرگە مۇشۇ چۈمۈلىنىڭ سەۋەبىدىن دۇئايىڭلار ئىجابەت قىلىنىپ بولدى، دېدى. دارقۇتنى توپلىغان سەھىھ.

**باب في الرياح - الفصل الأول** شامال توغرىسىدا

**1511 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نصرت بالصبا وأهلكت عاد بالدبور**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا شەرىق شامىلى بىلەن ياردەم بېرىلدى، ئاد قەۋمى غەرب شامىلى بىلەن ھالاك قىلىندى. بۇخارى 977 ــ ھەدىس، مۇسلىم 1498 ــ ھەدىس، نەسەئى، ئەھمەدتە ئالتە جايدا كېلىدۇ. 1909 ــ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.ئۇرۇش قىلغاندا شامالنى ئىشقا سېلىش باردۇر.

**1512 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : ما رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم ضاحكا حتى أرى منه لهواته إنما كان يتبسم فكان إذا رأى غيما أو ريحا عرف في وجهه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېغىز بوشلۇقى تامىغىنى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبەسسۇم قىلىپ كۈلەتتى، بۇلۇتنى ياكى شامالنى كۆرگەندە، غەم ــ ئەندىشىسى يۈزىدە بىلىنەتتى. .بۇخارى، مۇسلىم.

**1513 - [ 3 ] ( متفق عليه )عن عائشة رضي الله عنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا عصفت الريح قال : " اللهم إني أسألك خيرها وخير ما فيها وخير ما أرسلت به وأعوذ بك من شرها وشر ما فيها وشر ما أرسلت به " وإذا تخيلت السماء تغير لونه وخرج ودخل وأقبل وأدبر فإذا مطرت سري عنه فعرفت ذلك عائشة فسألته فقال : " لعله يا عائشة كما قال قوم عاد : ( فلما رأوه عارضا مستقبل أوديتهم قالوا : هذا عارض ممطرنا )وفي رواية : ويقول إذا رأى المطر " رحمة "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شامال قاتتىق چىققاندا: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن بۇ شامالنىڭ ياخشىلىقىنى، بۇ شامالنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە سىلى شامال بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، سىلىگە سېغىنىپ، ئۇ شامالنىڭ يامانلىقىدىن، شامالدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن، شامال بىلەن ئەۋەتىلگەن نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى.ئاسمان يامغۇرغا تەييار بولۇپ بۇلۇتلانسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىرايى،رەڭگى ئۆزگۈرۈپ، كىرىپ ـ چىقىپ، ئالدىغا كەينىگە مېڭىپ، غەمكىن بولۇپ كېتەتتى، يامغۇر ياغسا، بۇئەھۋال يوقاپ

كىتەتتى، مەن شۇنى بىلىۋالاتتىم، نىمەئۈچۈن  شۇنداق قىلىدىغىنىنى سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ئى ئائىشە! (ئۇ شامالدا ئازاب بولۇپ قېلىشىدىن مېنى نىمە خاتىرجەم قىلىدۇ؟ ھەققەتەن نۇرغۇن قەۋىملەر شامال بىلەن ئازاب قىلىنىپ ھالاك قىلىنغان)،ئۇ بۇلۇت خۇددى ئاد قەۋمى دىگەندەك بۇلىشىمۇ مۇمكىن، «ئۇ قەۋىملەر دىيارلىرىغا ئالدىنى قىلىپ كىلىۋاتقان ئازاب بار شامال، بۇلۇتنى كۆرۈپ؛ مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتتۇر دەپ قالدى»، كېيىن ئۇلار ھالاك قىلىندى.يەنەبىرخاتىردە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يامغۇرنى كۆرسە، رەھمەت،رەھمەت دەيتتى.بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد ،تىرمىزى توپلىغان،سەھىھ

**1514 - [ 4 ] ( صحيح )عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " مفاتيح الغيب خمس ثم قرأ : ( إن الله عنده علم الساعة وي‍ ل الغيث )الآية . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: غەيبنىڭ ئاچقۇچى بەش بولۇپ، ئۇنى ئاللاھتائالادىن باشقا ھېچ كىشى بىلەلمەيدۇ.

1 . ئەتە نىمە بولىدىغىنىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

2 . ئانا رەھمى ئىچىدىكىنىڭ نىمە بولىدىغىنىنى يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، سەتمۇ، گۈزەلمۇ شەقىيمۇ، سائادەتمەنمۇ، ئۆمرى، رىزقى قانچىلىك بۇلىشىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

3 . قىيامەتنىڭ قاچان قايىم بولۇشىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىشى بىلەلمەيدۇ.

4 . ھەربىر جان ئىگىسىنىڭ قايسى زىمىندا ئۆلۈشىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

5 . يامغۇرنىڭ قاچان قەيەرگە كېلىشىنى، يىغىشىنى ئاللاھتائالادىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. (بۇ بەش غەيب، سۈرە لوقماننىڭ ئاخىرىدا باردۇر). ئەھمەد ، بۇخارى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**1515 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليست السنة بأن لا تمطروا ولكن السنة أن تمطروا وتمطروا ولا تنبت الأرض شيئا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەھەتچىلىك سىلەرگە يامغۇر ياغماسلىق بىلەنلا بولمايدۇ، لېكىن قەھەتچىلىك، سىلەرگە يامغۇر مول ياغسىمۇ، زىمىن نەرسە ئۈندۈرمەسلىك، ھوسۇل بەرمەسلىك بىلەن بولىدۇ. شافىئى، ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1516 - [ 6 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن أبي هريرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " الريح من روح الله تأتي بالرحمة وبالعذاب فلا تسبوها وسلوا الله من خيرها وعوذوا به من شرها " . رواه الشافعي وأبو داود وابن ماجه والبيهقي في الدعوات الكبير**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شامال ئاللاھنىڭ تەرىپىدىن بولغان روھىدىندۇر، ئۇ بەزىدە رەھمەت ئېلىپ كەلسە، بەزىدە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ، شامالنى كۆرسەڭلار، ئۇنى تىللاپ ئەيىبلىمەي، ئاللاھدىن شامالنىڭ ياخشىلىقىنى سوراڭلار، ئاللاھقا سىغىنىپ شامالنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭلار.شاپىئى،ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە ،بەيەقى،ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ، ئاللاھنىڭ روھىدىن دىگىنى ئەمىر ـ پەرمانى دىگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، ئاللاھتائالا قۇرئاننىمۇ روھ دىگەن، ئاللاھ ئالىمدۇر.

**1517 - [ 7 ] ( صحيح )وعن ابن عباس أن رجلا لعن الريح عند النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " لا تلعنوا الريح فإنا**

مأمورة وإنه من لعن شيئا ليس له بأهل رجعت اللعنة عليه " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا شامالغا لەنەت قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شامالغا لەنەت قىلماڭلار، چۈنكى، ئۇمۇ بۇيرۇلغاندۇر، (ئۇنى باشقۇرۇپ بۇيرىغۇچى ئاللاھدۇر). كىم بىرەر نەرسىگە لەنەت قىلسا، ئۇ نەرسە لەنەتكە لايىق بولمىسا، لەنەت ئەھلى بولمىسا، ئۇ لەنەت شۇ لەنەت قىلغان كىشىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1518 - [ 8 ] ( صحيح )**

**وعن أبي بن كعب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تسبوا الريح فإذا رأيتم ما تكرهون فقولوا : اللهم إنا نسألك من خير هذه الريح وخير ما فيها وخير ما أمرت به ونعوذ بك من شر هذه الريح وشر ما فيها وشر ما أمرت به " . رواه الترمذي**

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگە: شامالنى تىللاپ-ئەيىبلىمەڭلار، سىلەر ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى كۆرسەڭلار ؛ «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن بىز بۇ شامالنىڭ ياخشىلىقىنى، ئۇنىڭدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە ئۇ شامال بۇيرۇلغان نەرسىنىڭ ياخشىلىقى پەقەت سىلىدىنلا سورايمىز، سىلىگە سېغىنىپ، بۇ شامالنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇنىڭدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇ بۇيرۇلغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز» دەڭلار تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1519 - [ 9 ] ( ضعيف جدا )وعن ابن عباس قال : ما هبت ريح قط إلا جثا النبي صلى الله عليه وسلم على ركبتيه وقال : " اللهم اجعلها رحمة ولا تجعلها عذابا اللهم اجعلها رياحا ولا تجعلها ريحا " . قال ابن عباس في كتاب الله تعالى : ( إنا أرسلنا عليهم ريحا صرصرا )و ( أرسلنا عليهم الريح العقيم )( وأرسلنا الرياح لواقح )و ( أن يرسل الرياح مبشرات )**

**رواه الشافعي والبيهقي في الدعوات الكبير**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، شامال چىقىپلا قالسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىزچە ئولتۇرۇپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى ئاللاھ، بۇ شامالنى ئازاپ قىلماي رەھمەت قىلىپ بەرسىلە، ئازاپلىق شامال «رىيھ» قىلماي، رەھمەت، خۇش بىشارەتلىك شامال «رىياھ» قىلىپ بەرسىلە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىستىكى شامالنىڭ ئىككى خىل ۋەزنىگە ئاساسەن كەلگەنلىكىنى ئايەت بىلەن دەلىللەپ، ئازابلىق شامال بىلەن خۇش بىشارەت، رەھمەت ۋە چاڭلاشتۇرغۇچى شامالغا ئايەت، تىلاۋەت قىلغان، شافىئى رەھمەھۇللا بىلەن بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا، بۇ ھەدىس قاتتىق زەئىپ دىدى.

**1520 - [ 10 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا أبصرنا شيئا من السماء تعني السحاب ترك عمله واستقبله وقال : " اللهم إني أعوذ بك من شر ما فيه " فإن كشفه حمد الله وإن مطرت قال : " اللهم سقيا نافعا " . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه والشافعي واللفظ له**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ ؛بىز ئاسماندا بىرەر نەرسىنى يەنى بۇلۇتنى كۆرسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشنى قويۇپ تۇرۇپ، بۇلۇتقا ئالدىنى قىلىپ:« ئى ئاللاھ! سىلىگە سېغىنىپ، ئۇنىڭدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»دەيتتى، ئەگەر ھاۋا ئېچىلسا، الله قا ھەمدە ئەيتاتتى، ئەگەر يامغۇر ياغسا، «ئى الله ! ئۇنى مەنپەئەتلىك يامغۇر قىلىپ بەرسىلە »دەيتتى.ئەبۇداۋۇد ،نەسەئى،ئىبنى ماجە، شاپىئى توپلىغان، سەھىھ.

**1521 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم : كان إذا سمع صوت الرعد والصواعق قال : " اللهم**

لا تقتلنا بغضبك ولا تهلكنا بعذابك وعافنا قبل ذلك " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۈلدۈرماما، چاقماقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى ئاللاھ، بىزنى غەزەپلىرى بىلەن ئۆلتۈرمىسلە، ئازابلىرى بىلەن ھالاك قىلمىسلا، ھالاك بولۇشىدىن بۇرۇن بىزنى ئۆزلىرى ساقلىسىلا، ئەھمەد، تىرمىزى خاتىرلىگەن، تىرمىزى غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىدى،

1522 - [ 12 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن عامر بن عبد الله بن الزبير أنه كان إذا سمع الرعد ترك الحديث وقال : سبحان الذي يسبح الرعد بحمده والملائكة من خيفته . رواه مالك

ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ھاۋا گۈلدۈرلىگىنىنى ئاڭلىسا، سۆز قىلىشنى توختۇتۇپ تۇرۇپ:« گۈلدۈرماما اللهنى مەدھىيلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرشتىلەرمۇ اللهدىن قورقۇپ تەسبھ ئېيتىدۇ، الله چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلار الله توغرىسىدا دەتالاش قىلىشىدۇ، اللهنىڭ تەدبىرى كۈچلۈكتۇر»الله پاكتۇر، دەيتتى. ئىمام مالىك توپلىغان. (سۈرە رەئىد 13 ـ )

## كتاب الجنائز  جىنازا نامىزىنىڭ كىتابى

### باب عيادة المريض وثواب المرض - الفصل الأول

### كېسەل يوقلاش ۋە كېسەللىكنىڭ ساۋابى توغرىسىدا

1523 - [ 1 ] ( صحيح )

عن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أطعموا الجائع وعودوا المريض وفكوا العاني " . رواه البخاري

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاچ قالغانلارغا تائام بېرىڭلار،كېسەللەرنى يوقلاڭلار، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇڭلار.بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

1524 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " حق المسلم على المسلم خمس : رد السلام وعيادة المريض واتباع الجنائز وإجابة الدعوة وتشميت العاطس "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىكى ھەققى بەشتۇر، سالام قايتۇرۇش، كېسەل بولسا يوقلاش، جىنازىسىغا ئەگىشىش، چاقىرسا بېرىش، چۈشكۈرسە يەرھەمەكەللاھ بىلەن جاۋا بېرىش. بۇخارى،مۇسلىم بەيھەقى ، سەھىھ.

1525 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " حق المسلم على المسلم ست " . قيل : ما هن يا رسول الله ؟ قال : " إذا لقيته فسلم عليه وإذا دعاك فأجبه وإذا استنصحك فانصح له وإذا عطس فحمد الله فشمته وإذا مرض فعده وإذا مات فاتبعه " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان كىشىنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى ئالتە، 1 ـ ئۇنىڭغا ئۇچراشساڭ سالام قىل، 2 ـ چاقىرسا بار، 3 ـ نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى سورىسا، نەسىھەت قىلىپ قوي، يول كۆرسەت، 4 ـ چۈشكۈرۈپ، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتسا، ئەلھەمدۇلىللاھ دىسە، سەن؛ يەرھەمەكەللاھ دەپ جاۋاب بەر، 5 ـ ھەر قانداق مۇسۇلمان كېسەل بولسا، يوقلاپ بار، 6 ـ ئۆلۈپ كەتسە، جىنازىسىغا ئەگەشكىن. مۇسلىم، بۇخارى ئەدەتپە توپلىغان، سەھھە.

**1526 - [ 4 ] ( متفق عليه )**

**وعن البراء بن عازب قال : أمرنا النبي صلى الله عليه وسلم بسبع ونانا عن سبع أمرنا : بعيادة المريض واتباع الجنائز وتشميت العاطس ورد السلام وإجابة الداعي وإبرار المقسم ونصر المظلوم ونانا عن خاتم الذهب وعن الحرير والإستبرق والديباج والميثرة الحمراء والقسي وآنية الفضة وفي رواية وعن الشرب في الفضة فإنه من شرب فيها في الدنيا لم يشرب فيها في الآخرة**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى يەتتە ئىشقا بۇيرۇپ، يەتتە نەرسىدىن توسقان؛ بىزنى كېسەل بولسا يوقلاشقا، جىنازىسىغا ئەگىشىشكە، چۈشكۈرسە يەرھەمەكەللاھ بىلەن جاۋا بېرىشكە، سالام قايتۇرۇشقا، چاقىرسا بېرىشقا،قەسەمگە ۋاپا قىلىشقا، ياكى قەسەم قىلغۇچىنىڭ ۋاپا قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە، زۇلۇمغا ئۇچۇرغۇچىغا ياردەم بېرىشكە بۇيرىغان. بىزنى ئالتۇن ئۈزۈكتىن، يىپەك رەختتىن، نېپىز-قېلىن يىپەكتىن ، يىپەكتىن ئىشلەنگەن قىزىل ئېگەر كۆرپىسىدىن، يىپەك رەخت بىلەن زىغزىق تۇتۇلغان، سىزىق چىقىرىلغان كىيىمدىن،كۈمۈش قاچىدىن، كۈمۈش قاچىدا نەرسە ئىچىشتىن توسقان. كىم بۇدۇنيادا كۈمۈش قاچىدا نەرسە ئىچسە، ئاخىرەتتە كۈمۈش قاچىدا ئىچەلمەيدۇ،دىگەن.بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ. يىپەك رەخت ئەرلەرگە ھارام، ئاياللارغا ھالالدۇر.

**1527 - [ 5 ] ( صحيح )وعن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن المسلم إذا عاد أخاه المسلم لم يزل في خرفة الجنة حتى يرجع " . رواه مسلم**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بىر مۇسۇلمان، كېسەل بولۇپ قالغان يەنەبىرمۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلىسا، ئۇ ئۆيىگە قايتقانغا قەدەر جەننەتنىڭ باغچىللىرىدا تۇرىۋېرىدۇ. (زىيارەت قىلىسمۇ شۇنداق)، ئەھمەد ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1528 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله عز وجل يقول يوم القيامة : يا ابن آدم مرضت فلم تعدني قال : يا رب كيف أعودك وأنت رب العالمين ؟ قال : أما علمت أن عبدي فلانا مرض فلم تعده ؟ أما علمت أنك لو عدته لوجدتني عنده ؟ يا ابن آدم استطعمتك فلم تطعمني قال : يا رب كيف أطعمك وأنت رب العالمين ؟ قال : أما علمت أنه استطعمك عبدي فلان فلم تطعمه ؟ أما علمت أنك لو أطعمته لوجدت ذلك عندي ؟ يا ابن آدم استسقيتك فلم تسقني قال : يا رب كيف أسقيك وأنت رب العالمين ؟ قال : استسقاك عبدي فلان فلم تسقه أما إنك لو سقيته لوجدت ذلك عندي " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى، مەن كېسەل بولۇپ قالسام، سەن مېنى يوقلىمىدىڭ، بەندە: ئى پەرۋەردىگارىم، سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن سېنى قانداق يوقلايمەن؟ دەيدۇ. ئاللاھ: ھەقىقەتەن پالانى بەندەم كېسەل بولۇپ قالغاندا ئۇنى يوقلىمىغىنىڭنى بىلمەمسەن؟ دەيدۇ، ۋە يەنە ئەگەر سەن ئۇ بەندىنى مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن يوقلىغان بولساڭ، مىنى شۇ جايدا تاپىدىغىنىڭنى بىلمەمسەن؟ دەيدۇ، ئى ئادەم بالىسى! مەن سەندىن تائام سورىسام، سەن ماڭا تائام بەرمىدىڭ دەيدۇ، (سەن، سەدىقە قىلىڭلار دېسەم، بۇيرۇقنا خىلاپلىق قىلدىڭ)، بەندە؛ ئى رەببىم سەن ئالەملەرنىڭ رەببى، ياراتقۇچى، ئىگىسى تۇرساڭ، مەن ساڭا قانداق تائام بېرىمەن دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ پالانى بەندەم سەندىن تائام سورىغاندا، ئۇنىڭغا تائام بەرمىدىڭ، بۇنى بىلمەمسەن؟ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ھەقىقەتەن سەن ئۇنىڭغا تائام بەرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مېنىڭ نەزىرىمدە تاپىدىغىنىڭنى بىلمەمسەن؟ دەپ، ئاندىن يەنە؛ ئى ئادەم بالىسى! مەن سەندىن سۇ سورىسام مېنى سۇغارمىدىڭ دەيدۇ، بەندە؛ ئى رەببىم، سەن ئالەملەرنىڭ رەببى تۇرساڭ، مەن ساڭا قانداق سۇ بېرىپ

سۇغۇرىمەن؟ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ پالانى بەندەم سەندىن سۇ سورىسا، سەن ئۇنىڭغا سۇ بەرمىدىڭ، ئۇنى سۇغارمىدىڭ، ئەمما سەن ئۇنى مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن سۇغارغان بولساڭ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مېنىڭ نەزىمدە تاپالايدىغىنىڭنى بىلمەنسەن؟ دەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ھەدىستىكى مەخسەت، ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنىنى قىلىشتۇر، ئۇنتۇپ قالماي، كېسەل يوقلاش، باشقىلارغا تائام، سۇ بېرىش، ھاجىتىدىن چىقىش، ياخشىلىق قىلىشلاردۇر، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا بولۇشى لازىم، مۇكاپاتىنى ھازىرلائەمەس، ئاخىرەتتە كۆرۈش لازىم.

1529 - [ 7 ] ( صحيح )وعن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم دخل على أعرابي يعوده وكان إذا دخل على مريض يعوده قال : " لا بأس طهور إن شاء الله " فقال له : " لا بأس طهور إن شاء الله " . قال : كلا بل حمى تفور على شيخ كبير تزيره القبور . فقال : " فنعم إذن " . رواه البخاري

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كېسەلنى يوقلاپ كىرسە؛ كىرەك يوق، ئەگەر الله خالىسا، بۇ كېسەل گۇناھلاردىن پاكلايدۇ دەيتتى، بىر كېسەل ئەئرابىينى يوقلاپ كىرىپ ؛ كىرەك يوق، ئەگەر الله خالىسا، بۇ كېسەل گۇناھلاردىن پاكلايدۇ دىسە، ئۇكىشى: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى بۇ قىزىتما كېسەل مەندەك بىر قېرى كىشىگە ئۇرغۇپ قايناۋاتىدۇ، مىنى قەبرىگە ئاپىرىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق بولسا، ماقىلە شۇنداق بولسۇن،دىدى.بۇخارى توپلىغان

1530 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا اشتكى منا إنسان مسحه بيمينه ثم قال : " أذهب الباس رب الناس واشف أنت الشافي لا شفاء إلا شفاؤك شفاء لا يغادر سقما "

ئىبنى مەسئۇد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزدىن بىرەركىشى ئاغرىپ قالسا، قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئازاب، ئەلەملەرنى يوق قىلسىلا، شىپالىق ئاتا قىلسىلا، سىلى شاپىي، شىپالىق ئاتا قىلغۇچى، سىلىنىڭ شىپالىرىدىن باشقا شىپا يوق، سىلىنىڭ شىپالىقلىرى ھېچبىر كېسەلنى قويماي ساقايتىۋېتىدۇ. ئەھمەد ،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1531 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان إذا اشتكى الإنسان الشيء منه أو كانت به قرحة أو جرح قال النبي صلى الله عليه وسلم بأصبعه : " بسم الله تربة أرضنا بريقة بعضنا ليشفى سقيمنا بإذن ربنا "

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىرەركىشىنىڭ ئەزاسى ئاغرىپ قالسا، ياكى ئەزايىغا بىرەر نەرسە چىقىپ قالسا، ياكى جاراھەت بولۇپ قالسا،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (بارمىقىغا تۈكۈرۈپ، تۇپراققا تەككۈزۈپ)، ئاندىن كېسەل بولغان جايغا بارمىقىنى قويۇپ مۇنداق دەيتتى؛«رەببىمىزنىڭ ئىزنى بىلەن كېسىلىمىزنىڭ شىپا تېپىپ ساقىيىشى ئۈچۈن، بەزىمىزنىڭ شالىسىغا ئارلاشقان زېمىنىمىزنىڭ تۇپرىقىنىڭ بەركىتىنى تىلەپ، الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن » . بۇخارى،مۇسلىم.

1532 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا اشتكى نفث على نفسه بالمعوذات ومسح عنه بيده فلما اشتكى وجعه الذي توفي فيه كنت أنفث عليه بالمعوذات التي كان ينفث وأمسح بيد النبي صلى الله عليه وسلم وفي رواية لمسلم قالت : كان إذا مرض أحد من أهل بيته نفث عليه بالمعوذات

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ، ئاغرىپ قالسا، سۈرە فەلەق، سۈرە ناستىن ئىبارەت مۇئەۋۋىزاتلارنى ئوقۇپ، ئۆزىگە سۈف دەيتتى، كېسەل جايىنى قولى بىلەن سىلايتتى،ۋاپات تاپقان كېسىلىدە ئاغرىپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈف دەيدىغان سۈرە فەلەق، سۈرە

ناستىن ئىبارەت  مۇئەۋۋىزاتلارنى مەن ئوقۇپ سۇف دەپ قويدۇم ۋە ئۆزىنىڭ قولى بىلەن بەدەنلىرىنى سىلاپ قويدۇم. مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  ئەھلى بەيتىدىن بىرەر كىشى كېسەل بولۇپ قالسا، سۈرە فەلەق، سۈرە ناستىن ئىبارەت  مۇئەۋۋىزاتلارنى ئوقۇپ، شۇكېسەلگە سۇف دەيتتى، دېيىلگەن. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

**1533 - [ 11 ] ( صحيح )وعن عثمان بن أبي العاص أنه شكا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم وجعا يجده في جسده فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ضع يدك على الذي يألم من جسدك وقل : بسم الله ثلاثا وقل سبع مرات : أعوذ بعزة الله وقدرته من شر ما أجد وأحاذر " . قال : ففعلت فأذهب الله ما كان بي . رواه مسلم**

ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆز جەسىدىدىكى بىر كېسەلدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:  جەسىدىڭدىن كېسەل بىلەن ئاغرىغان جايغا قولۇڭنى قويۇپ مۇنداق دېگىن« بىسمىللاھىنى» ئۈچ قېتىم دەپ، «ئەئۇزۇ بىئىززەتىللاھى ۋە قۇدرەتىھى مىن شەررى ما ئەجىدۇ ۋە ئۇھازىرۇ» دېگەننى يەتتە قېتىم دېيسەن، يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئايىتى شىپا قىلىمەن، دېگەننى ئۈچ، ئاللاھنىڭ ئىززىتى ، غالىپلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە سېغىنىپ، مەن تاپقان ۋە مەن ھەزەر قىلغان نەرسىنىڭ يەنى مۇشۇ كېسەلنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، دېگەننى يەتتە قېتىم دېيسەن. ئۇكىشى؛مەن شۇنداق قىلسام، **الله** مەندىكى كېسەلنى يوق قىلىۋەتتى، دېگەن. ئەھمەد ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1534 - [ 12 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري أن جبريل أتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا محمد اشتكيت ؟ فقال : " نعم " . قال : بسم الله أرقيك من كل شيء يؤذيك من شركل نفس أو عين حاسد الله يشفيك بسم الله أرقيك . رواه مسلم**

ئائىشە، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ قالدىڭمۇ؟دېدى، ھەئە دېسە، مۇنداق دەپ ئايىتى شىپا ئوقۇپ داۋالىدى: «ساڭا ئازار بەرگەن ھەرقانداق نەرسىدىن ، ساڭا ھەسەد قىلغۇچىنىڭ ھەسەد قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن، ھەرقانداق كۆزى يامانىنىڭ كۆزىنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ ساڭا ئايىتى شىپا ئۇقۇپ، سىنى داۋالايمەن، ئاللاھ سېنى كېسەلدىن ساقايتىپ، ساڭا شىپالىق ئاتا قىلسۇن، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ، ساڭا ئايىتى شىپا ئۇقۇيمەن » مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1535 - [ 13 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يعوذ الحسن والحسن : " أعيذكما بكلمات الله التامة من كل شيطان وهامة ومن كل عين لامة " ويقول : " إن أباكما كان يعوذ  ا إسماعيل وإسحاق " . رواه البخاري وفي أكثر نسخ المصابيح : "  ما " على لفظ التثنية**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ،ھەسەن ـ ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مالار ئۈچۈن مۇنداق دەپ پاناھ تىلەيتتى:« مەن سىلەر ئۈچۈن  **الله** نىڭ كامىل سۆزلىرىگە سېغىنىپ، ھەرقانداق شەيتاندىن، زەھەرلىك ھايۋاندىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن پاناھ تىلەيمەن، »ۋە بوۋاڭلار ئىسمائىل بىلەن ئىسھاق ئەلەيھىمەسسالاملارمۇ مۇشۇ كەلىمە بىلەن **الله** قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيتتى، دېگەن. بۇخارى.

**1536 - [ 14 ] ( صحيح )**

**وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من يرد الله به خيرا يصب منه " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بىرەر

كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىگە مۇسىبەت، بالا بېرىدۇ. (ئۇ كىشى شۇ سىناق بالاسى بىلەن يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىدۇ، مەغپىرەت قىلىنىدۇ.) ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**1537 - [ 15 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة وأبي سعيد عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما يصيب المسلم من نصب ولا وصب ولا هم ولا حزن ولا أذى ولا غم حتى الشوكة يشاكها إلا كفر الله  ا من خطاياه "**

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانغا بىرەر مۇشەققەت يەتسە، كېسەل يەتسە، ياكى ئۆزىدىن ئەنسىرەش غېمى، مۇھىم كۆڭۈل بۆلىدىغان غەم يەتسە، ياكى ئائىلە غېمى، ئەنسىرەش، قورقۇنچ غېمى يەتسە، ئەزىيەت، ئازار يەتسە، مۇشەققەتلىك غەم ــ ئەندىشە، دىل ئازارى يەتسە، ھەتتا بىر تال شوخا، تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**1538 - [ 16 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن مسعود قال : دخلت على النبي صلى الله عليه وسلم وهو يوعك فمسسته بيدي فقلت : يا رسول الله إنك لتوعك وعكا شديدا . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " أجل إني أوعك كما يوعك رجلان منكم " . قال : فقلت : ذلك لأن لك أجرين ؟ فقال : " أجل " . ثم قال : " ما من مسلم يصيبه أذى من مرض فما سواه إلا حط الله تعالى به سيئاته كما تحط الشجرة ورقها "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرسەم، رەسۇلۇللاھ قىزىتما كېسەل بولۇپ قاپتۇ، مەن قولۇم بىلەن سىلاپ تۇتۇپ بېقىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!سىلى قاتتىق قىزىتما كېسەل بولۇپ قاپلا دېسەم، شۇنداق ، ھەقىقەتەن مەن سىلەردىن ئىككى كىشى قاتتىق قىززىپ كېسەل بولغاندەك، قىزىتما كېسەل بولدۇم دېدى، مەن : شۇنداق بولغانكەن سىلىگە ئەجىرمۇ ئىككى كىشىلىك بولامدۇ؟ دېسەم، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ دەپ، ئاندىن يەنە: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا (بىرەر تال تىكەن، شوخا كىرىپ كەتكەن چاغلىق ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرراق مۇسىبەت يەتسە)،كېسەلدىن بولغان ئەزىيەت ،ياكى باشقا ئازار يەتسە، ئاللاھ شۇنىڭ بەدىلىگە خۇددى دەرەخ قۇلىقىنى تۆككەندەك، ئۇ مۇسۇلماننىڭ گۇناھلىرىنى تۆكۈۋېتىدۇ،دېدى. بۇخارى 5216 ــ ھەدىس، مۇسلىم 4663 ــ ھەدىس، ئەھمەد 3988 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**1539 - [ 17 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : ما رأيت أحدا الوجع عليه أشد من رسول الله صلى الله عليه وسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بىرەركىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ قاتتىقراق ئاغرىپ، كېسەل تارتقىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**1540 - [ 18 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : مات النبي صلى الله عليه وسلم بين حاقنتي وذاقنتي فلا أكره شدة الموت لأحد أبدا بعد النبي صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ قۇچۇقۇمغا يۆلەنگەن ھالدا جان ئۈزدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىمۇ ئۆلۈمنىڭ قاتتىق بولغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن بىرەر كىشىگە ئۆلۈمنىڭ قاتتىق بولۇشىنى مەڭگۈ يامان كۆرۈپ كەتمەيمەن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**1541 - [ 19 ] ( متفق عليه )وعن كعب بن مالك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل المؤمن كمثل الخامة من الزرع تفيئها الرياح تصرعها مرة وتعدلها أخرى حتى يأتيه أجله ومثل المنافق كمثل الأرزة ا ذية التي لا يصيبها شيء حتى يكون انجعافها مرة واحدة "**

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ

ئوخششى، زىرائەتنىڭ ھوّل، تىنى ئاجىز، يۇمشاق ئۆسۈملۈك مايىسسىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى شامال بىر قېتىم ئىگىپ يەرگە چاپلىسا، يەنەبىر قېتىم تۇزلەپ قويىدۇ، (يەنى ئۇنىڭغا كېسەل بالالار يېتىپ تۇرىدۇ)ئۇنىڭغا ئەجىلى كەلگەنگە قەدەر شۇنداق بۇلىدۇ. مۇناپىقنىڭ ئوخششى بولسا، ھېچ نەرسە مۇسىبەت يەتكۈزەلمەيدىغان، مۇقىم تۇرىدىغان چوڭ شەمشات دەرىخىگە ئوخشايدۇ، (ئۇنى شامال ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، ئۇ جايىدا مۇقىم تۇرىۋېرىدۇ)، ھەتتا ئۇنىڭ يۇلىنىشى، يىقىلىشى بىراقلا بولىدۇ، (يەنى مۇناپىققا بالا، كېسەل يەتمەي بىراقلا ھالاك بولۇپ ئۆلىدۇ). بۇخارى 5211 ــ ھەدىس،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**1542 - [ 20 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل المؤمن كمثل الزرع لا تزال الريح تميله ولا يزال المؤمن يصيبه البلاء ومثل المنافق كمثل شجرة الأرزة لا  تهتز حتى تستحصد "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىننىڭ مىسالى، زىرائەتكە، ئۆسۈملۈك مايىسسىغا ئوخشايدۇ، شامال ئۇنى دائىم ئىگىپ، لىڭشىتىپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىنگە دائىم سىناق بالالىرى، كېسەل مۇسىبەتلىرى يېتىپ تۇرىدۇ. مۇناپىق بولسا، مۇقىم، مۇستەھكەم تۇرىدىغان سەنۇبەر دەرىخىگە (سۆۋادان تىرەككە)ئوخشايدۇ، ئۇ تەۋرەنمەيدۇ، مىدىرلىمايدۇ، ئاخىرىدا بىراقلا ئۆرۈلۈپ يۇلىنىدۇ، (مۇناپىق ئەنە شۇنداق ھالاك بولىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1543 - [ 21 ] ( صحيح )وعن جابر قال : دخل رسول الله صلى الله عليه وسلم على أم السائب فقال : " مالك تزفزفين ؟ . قالت : الحمى لا بارك الله فيها فقال :  لا تسبي الحمى فإنها تذهب خطايا بني آدم كما يذهب الكير خبث الحديد رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممى سائىبنىڭ قېشىغا كىرىپ: ساڭا نىمە بولدى؟ تىترەۋاتسەنغۇ؟دىدى. ئۇ: قىزىتما كېسەل بولۇپ قالدىم، الله بۇكېسەلگە بەركەت بەرمىسۇن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : قىزىتما كېسەلنى تىللىماڭلار، ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى ئۇ خۇددى كورەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك، ئادەم بالىلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ،دىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1544 - [ 22 ] ( صحيح )وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا مرض العبد أو سافر كتب له بمثل ما كان يعمل مقيما صحيحا " رواه البخاري**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندە كېسەل بولسا، ياكى سەپەر قىلسا، ئۇكىشى ئۇچۇن، ساق ۋاختىدا، مۇقىم تۇرغان ۋاختىدا ئەمەل قىلغاندەك ئەجىر، ساۋاب يېزىلىدۇ. بۇخارى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**1545 - [ 23 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الطاعون شهادة لكل مسلم "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ۋابا كېسىلى ھەربىر مۇسۇلمان ئۇچۇن شېھىدلىقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1546 - [ 24 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الشهداء خمسة المطعون والمبطون والغريق وصاحب الهدم والشهيد في سبيل الله "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شېھىدلەر بەش تۈرلۈك بولىدۇ، ۋابادا ئۆلگەن، قورسىقى ئاغرىپ ئۆلگەن، سۇدا غەرق بولۇپ، تام، بىنا بېسىۋېلىپ ئۆلگەن، ئالالاھ يولىدا ئۆلگەن كىشىلەر شېھىددۇر، مالىك، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىز توپلىغان، سەھىھ. ئالالاھ يولىدا

ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ھەقىقى شېھىد، بۇنى شېھىد دېمىز، قالغانلىرى بولسا، ھۆكۈمدە شېھىد، ئاخىرەتتە شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدىغان ھۆكمەن شېھىددۇر.

**1547 - [ 25 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الطاعون فأخبرني : " أنه عذاب يبعثه الله على من يشاء وأن الله جعله رحمة للمؤمنين ليس من أحد يقع الطاعون فيمكث في بلده صابرا محتسبا يعلم أنه لا يصيبه إلا ما كتب الله له إلا كان له مثل أجر شهيد " . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ۋاباكېسىلى توغرىسىدا سورسام، ماڭا مۇنداق دىگەن: ۋابا كېسىلى ئازاب بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى خالىغان كىشىگە ئەۋەتىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ۋابا كېسىلىنى مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلدى، (چۈنكى، ئۇ شېھىدلىقتۇر) ھەرقانداق بىر كىشى ۋابا كېسىلى يۈز بەرگەن شەھىرىدە سەۋرە قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ مۇقىم تۇرسا، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالانىڭ پۈتكىنى يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسى يەتمەيدۇ دەپ تونۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، (ئەگەر ۋابا كېسىلىدە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ شېھىدتۇر) ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**1548 - [ 26 ] ( متفق عليه )وعن أسامة بن زيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الطاعون رجز أرسل على طائفة من بني إسرائيل أو على من كان قبلكم فإذا سمعتم به بأرض فلا تقدموا عليه وإذا وقع بأرض وأنتم ا فلا تخرجوا فرارا منه**

ئۇسامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ۋابا كېسىلى بەنىي ئىسرائىلنىڭ بىر تايپىئە كىشىلىرىگە ياكى سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئازابنىڭ قالدۇقىدۇر، ۋابا كېسىلىنىڭ سىلەر يوق بولغان بىرەر زىمىندا يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ جايغا بارماڭلار، ھەرگىز كىرمەڭلار، ۋابا كېسىلى سىلەر تۇرىۋاتقان زىمىندا يۈز بەرسە، ئۇنىڭدىن قاچىمىز دەپ چىقىپ كەتمەڭلار. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1549 - [ 27 ] ( صحيح )وعن أنس قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " قال الله سبحانه وتعالى : إذا ابتليت عبدي بحبيبتيه ثم صبر عوضته منهما الجنة " يريد عينيه . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنى ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىۋېلىپ، قارىغۇ قىلىپ قويۇش بىلەن سىنىسام، ئاندىن ئۇ سەۋرە قىلسا، مەن ئۇنىڭغا، ئۇ ئىككى كۆزىنىڭ ئورنىغا جەننەتنى بېرىمەن. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**1550 - [ 28 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن علي رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : ما من مسلم يعود مسلما غدوة إلا صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يمسي و إن عاده عشية صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يصبح و كان له خريف في الجنة. رواه الترمذي وأبو داود**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر مۇسۇلمان كىشى كېسەل بولۇپ قالغان يەنەبىرمۇسۇلماننى ئەتىگەندە يوقلىسا، 70000 پەرىشتە ئۇنىڭغا كەچ بولغۇچە رەھمەت يوللايدۇ، ئەگەر كەچ تەرەپتە يوقلىسا، 70000 پەرىشتە ئۇنىڭغا تاڭ ئاتقىچە رەھمەت يوللاپ، مەغپىرەت سورايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە بىر باغ بولىدۇ. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1551 [ 29 ] ( لم تتم دراسته )وعن زيد بن أرقم قال : عادني النبي صلى الله عليه وسلم من وجع كان يصيبني بعيني . رواه أحمد وأبو داود**

زەيدئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى كۆزۈم ئاغرىپ قالغان

كېسەلگىمۇ يوقلىغان ئىدى. ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**1552 - [ 30 ] ( ضعيف )وعن أنس : قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من توضأ فأحسن الوضوء وعاد أخاه المسلم محتسبا بوعد من جهنم مسيرة ستين خريفا " . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ياخشى ئېلىپ، كېسەل بولۇپ قالغان مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا يوقلىسا، ئۇ كىشى جەھەننەمدىن 60 يىللىق مۇسابە يىراق قىلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى تەكشۇرۇپ زەئىپ دېگەن.

**1552 - [ 31 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من مسلم يعود مسلما فيقول سبع مرات : أسأل الله العظيم رب العرش العظيم أن يشفيك إلا شفي إلا أن يكون قد حضر أجله " . رواه أبو داود والترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان، ئەجىلى توشمىغان، ئۆلۈمى يېتىپ كەلمىگەن يەنەبىر مۇسۇلمان كېسەلنى يوقلاپ، يەتتە قېتىم مۇنداق دېسە، «ئەسئەلۇ الله ھەلئەزىيم رەببەلئەرشىلئەزىم ئەييەشفىيكە» ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلۇغ ئاللاھدىن ساڭا شىپالىق، داۋا ئاتا قىلىشىنى، شىپا بېرىشنى سورايمەن دېسە، ئۇ كېسەل چوقۇم ساقىيىدۇ،لىكىن ئەجىلى توشقان، ئۆلۈمى يېتىپ كەلگەن كىشى ساقايمايدۇ. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1554 - [ 32 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم : كان يعلمهم من الحمى وم الأوجاع كلها أن يقولوا : " بسم الله الكبير أعوذ بالله العظيم من شر كل عرق نعار ومن شر حر النار " . رواه الترمذي وقال هذا حديث غريب لا يعرف إلا من حديث إبراهيم بن إسماعيل وهو يضعف في الحديث**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا قىزىتما كېسەل ۋە بارلىق كېسەللەرگە مۇنداق دۇئا قىلىشنى ئۆگەتتەتتى. بۈيۈك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئۇلۇغ ئاللاھقا سېغىنىپ ھەرقانداق قاتتىق سوققان تومۇرنىڭ يامانلىقىدىن دوزاخ ئوتىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ، بۇ ھەدىس غەرىيپ، زەئىپ دېگەن، ئەلبانىمۇ زەئىپ دېگەن،

**1555 - [ 33 ] ( منكر )وعن أبي الدرداء قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من أشتكى منكم شيئا أو اشتكاه أخ له فليقل : ربنا الله الذي في السماء تقدس اسمك أمرك في السماء والأرض كما أن رحمتك في السماء فاجعل رحمتك في الأرض اغفر لنا حوبنا وخطايانا أنت رب الطيبين أنزل رحمة من رحمتك وشفاء من شفائك على هذا الوجع . فيبرأ  رواه أبو داود**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، سىلەردىن كىم ئاغرىپ قېلىپ، شىكايەت قىلسا، ياكى ئۇنىڭغا قېرىندىشى شۇنداق قىلسا مۇنداق دېسۇن، بىزنىڭ رەببىمىز ئاسمان ئۈستىدىكى ئاللاھدۇر، ئى ئاللاھ، ئىسمىڭ ــ سۈپەتلىرى پاكتۇر، سىلىنىڭ ئەمىر ــ پەرمانلىرى ئاسماندا ۋە زېمىندىدۇر، رەھمەتلىرىنى ئاسماندا قىلغانىدەك زېمىندىمۇ قىلسىلا، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى، خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلسىلا، سىلى تېۋىپ، دوختۇرلارنىڭمۇ پەرۋەردىگارى، بۇ كېسەلگە رەھمەتلىرىنى، شىپالىرىدىن بىر شىپالىقنى چۈشۈرسىلە دېسە، كېسەل ساقىيىپ قالىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، مۇنكەر، زەئىپ دېيىلدى،

**1556 - [ 34 ] ( حسن )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا جاء الرجل يعود مريضا فليقل  اللهم اشف عبدك ينكأ لك عدوا أو يمشي لك إلى جنازة " رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى كېسەل يوقلاپ كەلسە، مۇنداق دېسۇن؛ ئى ئاللاھ! پالانى بەندەڭگە شىپالىق ئاتا قىلغىن، ئۇ سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن دۈشمەننى جاراھەتلەندۈرىدۇ، كۆپ ئۆلتۈرىدۇ ياكى ھېچ بولمىسا جىنازا نامىزىغا بارىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى سەنا، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**1557 - [ 35 ] ( ضعيف )عن علي بن زيد عن أمية أنا سألت عائشة عن قول الله تبارك وتعالى : ( إن تبدوا ما في أنفسكم أو تخفوه يحاسبكم به الله )وعن قوله : ( من يعمل سوءا يجز به )فقالت : ما سألني عنها أحد منذ سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " هذه معاتبة الله العبد فيما يصيبه من الحمى والنكبة حتى البضاعة يضعها في يد قميصه فيفقدها فيفزع لها حتى إن العبد ليخرج من ذنوبه كما يخرج التبر الأحمر من الكير " . رواه الترمذي**

ئەلى ئىبنى زەيددىن ئۇمەييەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى توغرۇلۇق سوراپتۇ: «قەلبىڭلاردا بىرەر نەرسىنى مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار ياكى يوشۇرۇن قىلىڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدۇ»، «كىم يامانلىق، گۇناھ قىلىدىكەن، جازاغا تارتىلىدۇ»، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، مەن بۇ ئايەت توغرىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغاندىن باشلاپ، ھېچكىشى سوراپ باقمىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، بۇ ئاللاھنىڭ بەندىسىگە قىزىتما كېسەل ۋە باشقا كېسەل، مۇشەققەتلەرنى يەتكۈزۈپ قىينىشىدۇر، ھەتتا، بەندە كۆڭلىكىنىڭ يېڭىگە پۇل – پۇچەكلىرىنى سېلىپ قويۇپ، يۈتتۈرۈپ قويۇپ چۆچۈپ كېتىدۇ، تاكى بەندە گۇناھلىرىدىن خۇددى قىزىل توپا ئالتۇن كۈرەكتە كىرلىرىدىن چىققاندەك پاك – پاكىز چىقىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، زەئىپ دېيىلدى

**1558 - [ 36 ] ( ضعيف )وعن أبي موسى أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يصيب عبدا نكبة فما فوقها أو دونها إلا بذنب وما يعفو الله عنه أكثر وقرأ : ( وما أصابكم من مصيبة فبما كسبت أيديكم ويعفو عن كثير )رواه الترمذي**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندىگە يەتكەن ھەرقانداق كېسەل، مۇشەققەت ئۇنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن يېتىدۇ، ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشى ناھايىتى كۆپتۇر دەپ مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى؛ «سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت، ئۆز قولۇڭلار بىلەن قىلغان گۇناھىڭلار سەۋەبىدىن يەتتى، ئاللاھ نۇرغۇنلىرىدىن ئەپۇ قىلىدۇ» تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**1559 - [ 37 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن العبد إذا كان على طريقة حسنة من العبادة ثم مرض قيل للملك الموكل به : اكتب له مثل عمله إذا كان طليقا حتى أطلقه أو أكفته إلي "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان بەندە ئىبادەتتىن ياخشى بىريولنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئاندىن كېسەل بولۇپ ئاغرىپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇئەككەل قىلىنغان، ئەمەللەرنى يازىدىغان كاتىپ پەرىشتىگە **الله** مۇنداق دەيدۇ: ئۇ بەندەم ئۈچۈن ئۇ ساق،ئەركىن چاغدا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئوخشىشىنى يېزىڭلار! مەن ئۇنى ساقايتىپ ئەركىن قويۇپ بەرگىچە، ياكى ئۇنى ئۆز دەرگاھىمغا ئېلىپ كەتكىچە شۇنداق يېزىڭلار دەيدۇ. ئەبۇ نۇئەيىم ھىلىيەتتە توپلىغان،شەرھىسسۇننى سەھىھ.

**1560 - [ 38 ] ( حسن )وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا ابتلي المسلم ببلاء في جسده قيل للملك : اكتب له صالح عمله الذي كان يعمل فإن شفاه غسله وطهره وإن قبضه غفر له ورحمه " . رواهما في شرح السنة**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ ، بىرەرمۇسۇلمان بەندىسىنى ئۇنىڭ جەسىدىگە بالا كېسەل بېرىش بىلەن سىنىسا،پەرىشتىگە  مۇنداق دەيدۇ: ئۇ بەندەم ئۈچۈن

ئۇنىڭ قىلغان سالىھ، ياخشى ئەمەللىرىنى يېزىڭلار! ئەگەر شىپالىق، داۋا ئاتا قىلسا، ئۇنى گۇناھدىن يۇيۇپ پاكلايدۇ، ئەگەرجېنىنى ئالسا، مەغپىرەت قىلىپ، رەھىم قىلىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن.

**1561 - [ 39 ] ( صحيح )وعن جابر بن عتيك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الشهادة سبع سوى القتل في سبيل الله : المطعون شهيد والغريق شهيد وصاحب ذات الجنب شهيد والمبطون شهيد وصاحب الحريق شهيد والذي يموت تحت الهدم شهيد والمرأة تموت بجمع شهيد " . رواه مالك وأبو داود والنسائي**

جابىر ئىبنى ئەتىيكە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىدلىق، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەندىن باشقا يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچى شېھىد، ۋابا كېسىلىدە ئۆلگۈچى شېھىد، سۇدا غەرىق بولغۇچى شېھىد، يېنى، بېقىنى ئاغرىق كىشى، ئىچكى كېسەللەردە ئۆلۈپ كەتكۈچى شېھىد، قورساق ئاغرىقتا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شېھىد، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگۈچى، تام، بىنا بېسىۋېلىپ ئۆلگۈچى شېھىد، ئىككى قات يەنى ھامىلدار ئايال تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتسە شېھىد بولىدۇ، مالىك، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ،ئولگۇچى كامىل مۇسۇلمان بولۇشى شەرت.

**1562 - [ 40 ] ( حسن )وعن سعد قال : سئل النبي صلى الله عليه وسلم : أي الناس أشد بلاء ؟ قال : " الأنبياء ثم المثل فالأمثل يبتلى الرجل على حسب دينه فإن كان صلبا في دينه اشتد بلاؤه وإن كان في دينه رقة هون عليه فما زال كذلك حتى يمشي على الأرض ماله ذنب " . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىشىلەرنىڭ قايسىسى سىناق بالالىرى قاتتىق بۇلىدۇ؟دەپ سورالغاندا مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ قاتتىق بالاغا گىرىپتار بولىدىغىنى، پەيغەمبەرلەردۇر، ئاندىن قالسا شۇلارنىڭ ئوخشاشلىرى ، ئاندىن قالسا، شۇلارنىڭ ئوخشىشى، (يەنى، سىددىق، شېھىد، ئەۋلىيالار) كىشى دىنىنىڭ ھېسابىدا، مىقدارىدا سىناق، بالاسىغا گىرىپتار قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ دىنىدا قاتتىق چىڭ تۇرسا، سىناق بالاسى قاتتىق چىڭ بولىدۇ، ئەگەر ئۇ دىنىدا يۇمشاق، سۇس بولسا، دىنىنىڭ مىقدارىدا سىنىلىپ،ئاسان قىلىنىدۇ، سىناق بالاسى بەندىدە شۇنداق داۋاملىشىدۇكى، بەندە يەر يۈزىدە بىرمۇ خاتالىق يوق ھالدا ماڭىدۇ. ئەھمەد ، بۇخارى، نەسەئى،تىرمىزى،دارىمى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1563 - [ 41 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : ما أغبط أحدا  ون موت بعد الذي رأيت من شدة موت رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه الترمذي والنسائي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىنىڭ قاتتىق قىيىنچىلىقىدا بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ھېچ بىركىشىگە ئۆلۈمنىڭ ئاسان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ باقمىدىم. نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېدى، سەھىسى يۇقىردا ئۆتتى.

**1564 - [ 42 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم وهو بالموت وعنده قدح فيه ماء وهو يدخل يده في القدح ثم يمسح وجهه ثم يقول : " اللهم أعني على منكرات الموت أو سكرات الموت " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جان ئۈزۈۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەن ئىدىم، ئالدىدا بىر قەدەھ سۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەدەھكە قولىنى سېلىپ يۈزىنى سىلايتتى، ئاندىن مۇنداق دۇئا قىلدى، «ئى ئاللاھ، ئۆلۈمنىڭ سەكراتلىرىغا، قاتتىق قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەم بەرسىلە» تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان زەئىپ دېيىلدى.

**1565 - [ 43 ] ( حسن )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أراد الله تعالى بعبده الخير عجل له**

**العقوبة في الدنيا وإذا أراد الله بعبده الشر أمسك عنه بذنبه حتى يوافيه به يوم القيامة " . رواه الترمذي**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ، بىرەر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇشۇ دۇنيادا ئازابىنى تىز بىرىدۇ، بىرەر بەندىسىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلىپ قالسا، ئۇ بەندىنىڭ گۇناھلىرى بىلەن بىرگە مەھكەم ساقلاپ، قىيامەت كۈنى جازاسىنى تولۇق بىرىدۇ. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ھاكىم، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى، ئابدۇللا ئىبنى مۇغەپپەلدىن، تەبرانى، ئەمماردىن، ئىبنى ئەدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

**1566 - [ 44 ] ( حسن )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن عظم الجزاء مع عظم البلاء وإن الله عز وجل إذا أحب قوما ابتلاهم فمن رضي فله الرضا ومن سخط فله السخط " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مۇكاپاتنىڭ ياخشىسى، جازانىڭ ئەڭ كاتتا ئالىيسى، سىناق بالالەرنىڭ چوڭى بىلەن بىللە بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، ئۇلارنى بالالەر بىلەن سىنايدۇ، رازى بولغان كىشىگە رازىلىق بولىدۇ، كايىغان، ئاچچىقلانغان كىشىگە كايىش، ئاچچىقلىنىش بولىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1567 - [ 45 ] ( حسن )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يزال البلاء بالمؤمن أو المؤمنة في نفسه وماله وولده حتى يلقى الله تعالى وما عليه من خطيئة " . رواه الترمذي وروى مالك نحوه وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئايالغا سىناق، بالالەر ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا، باللىرىدا، مال ـ مۈلكىدە دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، ھەممىشە داۋام قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ، ئاللاھقا، ئۈستىدە بىرمۇ خاتالىقى يوق ھالدا ئۇچرىشىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ گۇناھسىز كىچىك باللارنىڭ كىسەل بولۇش، بالالەرگە قىلىش سەۋەبىدۇر.

**1568 - [ 46 ] ( ضعيف )وعن محمد بن خالد السلمي عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن العبد إذا سبقت له من الله م لة لم يبلغها بعمله ابتلاه الله في جسده أ في ماله أو في ولده ثم صبره على ذلك يبلغه الم لة التي سبقت له من الله " . رواه أحمد وأبو داود**

مۇھەممەد ئىبنى خالىددىن، دادىسىدىن، چوڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ئەگەر بىر بەندىگە ئاللاھ تەرەپدىن ئەمەل بىلەن يەتكىلى بولمايدىغان بىر مەرتىبە، مەنزىل ئىلگىرلەپ كەتسە، ئاللاھ ئۇ بەندىنى جەسەتلىرىگە، مال ـ مۈلكىگە، بالا ـ چاقىلىرىغا مۇسىبەت يەتكۈزۈپ سىنايدۇ، ئاندىن ئۆزى شۇ مۇسىبەتكە سەۋرە قىلدۇرۇپ، ئاللاھ تەرەپدىن ئىلگىرلەپ كەتكەن شۇ مەرتىۋىگە يەتكۈزىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، زەئىپ دىدى.

**1569 - [ 47 ] ( حسن )وعن عبد الله بن شخير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل ابن آدم وإلى جنبه تسع وتسعون منية إن أخطأته المنايا وقع في الهرم حتى يموت " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئابدۇللاھ ئىبنى شۇخەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىسىنىڭ ئوخشىشى،مىسالى مۇنداق: ئۇنىڭ يېنىدا 99 ئۆلۈم سەۋەبلىرى بولىدۇ، (ئەگەر شۇ سەۋەبلەردىن بىرەرسى چۈشسە ئۇ ئۆلىدۇ) ئەگەر ئۇ سەۋەبلەر ئۇنىڭدىن خاتا كىتىپ چۈشمىسە، (يەنى تەقدىردە ئۇ سەۋەبنىڭ

چۈشۈشى يېزىلمىغان بولسا)، ئۇ قىرىلىقتا چۈشۈپ قىرىپ ئۆلىدۇ. تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**1570 - [ 48 ] ( حسن )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يود أهل العافية يوم القيامة حين يعطى أهل البلاء الثواب لو أن جلودهم كانت فرضت في الدنيا بالمقاريض " . رواه الترمذي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيادا مۇسىبەت يەتمەي، ساق ــ سالامەت قالغانلار قىيامەت كۈنى، بالالار ئەھلىگە ئەجىر ــ ساۋاب بېرىلگەندە: ئېست! كاشكى، دۇنيادىكى چاغدا تېرىلىرىمىز قايچىلار بىلەن كېسىلىپ كەتكەن بولسىچۇ؟ دەپ، ئېغىر مۇسىبەت يەتكەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن، ئى مۇسىبەت ئەھلىلىرى! ئېغىر سىناق، بالالەرگە يولۇققانلار! سەبرى قىلىڭلار، ئەجىر ئالدىڭلاردا.

**1571 - [ 49 ] ( ضعيف )وعن عامر الرام قال : ذكر رسول الله صلى الله عليه وسلم الأسقام فقال : " إن المؤمن إذا أصابه السقم ثم أعفاه الله منه كان كفارة لما مضى من ذنوبه وموعظة له فيما يستقبل . وإن المنافق إذا مرض ثم أعفي كان كالبعير عقله أهله ثم أرسلوه فلم يدر لم عقلوه ولم يدر لم أرسلوه " . فقال رجل يا رسول الله وما الأسقام ؟ والله ما مرضت قط فقال : " قم عنا فلست منا " . رواه أبو داود**

ئامىرۇررام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەللەرنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى؛مۆئمىنگە كېسەل يەتسە، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى كېسەلدىن ساقايتسا، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆتۈپ كەتكەن گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ. كېلەچەك ئۇچۇن ۋەز ــ نەسىھەت بولىدۇ، ئەمما، مۇناپىق، كېسەل بولۇپ ساقايتىلسا، ئۇ خۇددى ئىگىسى باغلاپ قويۇۋەتكەن تۆگىگە ئوخشايدۇ، ئىگىسى ئۇنى نېمە ئۈچۈن باغلىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن قويۇپ بەرگەنلىكىنى زادى بىلمەيدۇ. بىر ئەر؛ يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەللەر دېگەن نېمە؟ مەن زادى كېسەل بولۇپ باقمايمەن، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن بۇ جايدىن قويۇپ كەت، سەن بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەسسەن دېدى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**1572 - [ 50 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دخلتم على المريض فنفسوا له في أجله فإن ذلك لا يرد شيئا ويطيب بنفسه " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەلنى يوقلاپ كىرسەڭلار، ئۇنىڭغا سىلىق، ياخشى گەپ ــ سۆزلەر بىلەن ئەجەل توغرىسىدا ئۇنى خاتىرجەم قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ تەقدىردىن بىرەر نەرسىنى قايتۇرالمايدۇ. لېكىن، ئۇ كېسەلنى خاتىرجەم قىلىدۇ، كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، تىرمىزى غەرىيپ دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**1573 - [ 51 ] ( حسن )وعن سليمان بن صرد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قتله بطنه لم يعذب في قبره " رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث غريب**

خالىد، سۇلەيمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

كىمنى قورسىقى ئۆلتۈرسە،( يەنى كىم قورساق ئاغرىقىدا ئۆلسە،) ئۇ كىشى قەبرىسىدە ئازابلانمايدۇ. (چۈنكى، ئۇ شېھىد، شېھىد قەبرىسىدە ئازابلانمايدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( لېكىن، باشقا ھەدىسلەردىكى شەرتى، مۆئمىن بولۇشى، ئاللاھ يولىدا بولۇشى لازىمدۇر.)

**1574 - [ 52 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن أنس قال : كان غلام يهودي يخدم النبي صلى الله عليه وسلم فمرض فأتاه النبي**

صلى الله عليه وسلم يعوده فقعد عند رأسه فقال له : " أسلم " . فنظر إلى أبيه وهو عنده فقال : أطع أبا القاسم . فأسلم . فخرج النبي صلى الله عليه وسلم وهو يقول : " الحمد لله الذي أنقذه من النار " . رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر يەھۇدىي غۇلام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىزمەت قىلاتتى، ئۇ كېسەل بولۇپ ئاغرىپ قالغاندا ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا؛ سەن مۇسۇلمان بولغىن دېدى، ئۇ غۇلام يېنىدىكى دادىسىغا قارىدى، دادىسى:ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىتائەت قىلغىن دېدى.ئۇ مۇسۇلمان بولدى.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ كېتىۋېتىپ:بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئۇنى دوزىخنىن قۇتقۇزغان الله قا خاستۇر، دېدى.
بۇخارى توپلىغان سەھىھ

1575 - [ 53 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من عاد مريضا نادى مناد في السماء : طبت وطاب ممشاك وتبوأت من الجنة م لا " . رواه ابن ماجه

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر كېسەلنى يوقلىسا، ئاسماندا بىر تولغۇچى مۇنداق نىدا قىلىدۇ؛ سەن گۇناھدىن پاك بولدۇڭ، ماڭغان يوللىرىڭمۇ پاك ــ پاكىز بولدى، قەدەملىرىڭ پاك بولۇپ، جەننەتتىن ئورۇن ئالدىڭ. ئىبنى ماجە توپلىغان بولۇپ، زەئىپ،سەھىمۇبار

( حسن ) من عاد مريضا أو زار أخا له في الله ناداه مناد: أن طبت و طاب ممشاك و تبوأت من الجنة منزلا ( ت ه ) عن أبي هريرة

. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر كېسەلنى يوقلىسا، ياكى قېرىندىشىنى ئاللاھ يولىدا زىيارەت قىلسا، بىر نىدا قىلغۇچى مۇنداق دەپ توۋلايدۇ: گۇناھدىن پاك ــ پاكىز بولدۇڭ، ماڭغان قەدەملىرىڭ پاك بولدى، سەن جەننەتتىن ئورۇن ئالدىڭ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

1576 - [ 54 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : إن عليا خرج من عند النبي صلى الله عليه وسلم في وجعه الذي توفي فيه فقال الناس : يا أبا الحسن كيف أصبح رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قال : أصبح بحمد الله بارئا . رواه البخاري

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەن كېسىلىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يوقلاپ چىققاندا، كىشىلەر ئۇنىڭغا: ئى ھەسەننىڭ دادىسى! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداقراق تاڭ ئاتقۇزدى؟ ئەھۋالى قانداقراق؟ دېدى. ئۇ ؛ الله قا شۈكرى، الله نىڭ رەھمىتى بىلەن ياخشى تاڭ ئاتقۇزدى، دېدى. بۇخارى توپلىغان.

1577 - [ 55 ] ( متفق عليه )وعن عطاء بن أبي رباح قال : قال لي ابن عباس رضي الله عنه : ألا أريك امرأة من أهل الجنة ؟ فقلت : بلى قال : هذه المرأة السوداء أتت النبي صلى الله عليه وسلم فقالت : إني أصرع وإني أتكشف فادع الله تعالى لي . قال : إن شئت صبرت ولك الجنة وإن شئت دعوت الله تعالى أن يعافيك " فقالت : أصبر فقالت : إني أتكشف فادع الله أن لا أتكشف فدعا لها

ئەتائ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ مەن ساڭا جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئايالنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ دېدى، مەن؛ بولىدۇ كۆرسىتىپ قويسىلا دېسەم، ئۇماڭا: مانا مۇشۇ قارا تەنلىك ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ھەقىقەتەن مېنىڭ بېشىم قېيىپ، تۇتقاقلىق كېسىلىم تۇتۇپ، بەدىنىمدىن كىيىمىمنى ئېچىپ تاشلايمەن، مەن ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلغان بولسىلا ( مېنى ساقايتىۋەتسە) دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر خالىساڭ، سەۋر قىلغىن، ساڭا جەننەت

بىرىلىدۇ، ئەگەر خالىساڭ، الله قا سىنى ساقايتىۋىتىشىگە دۇئا قىلاي دىدى. ئۇئايال: مەن سەۋرە قىلاي، مەن ئۇۋقماستىن بەدىنىمدىن كىيىمىمنى ئېچىپ تاشلايمەن، مەن ئۇچۈن الله قا دۇئا قىلغان بولسىلا،بەدىنىمدىن كىيىمىمنى ئېچىپ تاشلىمىسام، دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇئايالغا دۇئا قىلىپ قويدى. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1578 - [ 56 ] ( صحيح )**

**وعن يحيى بن سعيد قال : إن رجلا جاءه الموت في زمن رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال رجل : هنيئا له مات ولم يبتل بمرض فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ويحك وما يدريك لو أن الله ابتلاه بمرض فكفر عنه من سيئاته " . رواه مالك مرسلا**

يەھيا ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، بىر كىشىگە تۇيۇقسىزلا ئۆلۈم كىلىۋىدى، يەنە بىركىشى: ئۇنىڭغا نىمە دىگەن ئاسان بولغان، ئۇ كېسەل بۇلۇش بىلەن سىناق بالاسىغا گىرىپتار بولمايلا ئۆلۈپ (ھۆرمەتكە ئىرىشتى) دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ساڭا ۋايدۇر، ساڭا ئىشىنىڭ توغرىسىنى نىمە بىلدۇردۇ؟، ئەگەر الله تائالا ئۇنى كېسەل قىلىش بىلەن سىناپ، ئۇنىڭدىن بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتسىچۇ؟ دىدى. ئىمام مالىك توپلىغان سەھىھ.

**1579 - [ 57 ] ( حسن )وعن شداد بن أوس والصنابحي أنما دخلا على رجل مريض يعودانه فقالا له : كيف أصبحت قال أصبحت بنعمة . فقال له شداد : أبشر بكفارات السيئات وحط الخطايا فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله عز وجل يقول إذا أنا ابتليت عبدا من عبادي مؤمنا فحمدني على ما ابتليته فإنه يقوم من مضجعه ذلك كيوم ولدته أمه من الخطايا . ويقول الرب تبارك وتعالى : أنا قيدت عبدي وابتليته فأجروا له ما كنتم تجرون له وهو صحيح " . رواه احمد**

شەددا ئىبنى ئەۋس ۋە سۇنابىھى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىركېسەل كىشىنى يوقلاپ كىرىپ: قانداقراق تاڭ ئاتقۇزدۇڭ؟ دەپ ئەھۋال سورايدۇ، ئۇكىشى: الله نىڭ نىئمىتى بىلەن ياخشى تاڭ ئاتقۇزدۇم دەيدۇ، شەددا ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: گۇناھلارغا كاپپارات بۇلۇش بىلەن، خاتالىقلارنىڭ ئۆچۈرلىشى بىلەن خۇش بىشارەت ئالغىن، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندىلىرىمدىن بىرەر مۆئمىن بەندىنى كېسەل ۋە باشقا بالالار بىلەن سىنىسام، بەندەم ماڭا ھەمدۇ ئېيتىپ، مىنىڭ سىناقلىرىمغا سەۋرە قىلسا، ھەققەتەن ئۇ كېسەل ئورنىدىن خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك، خاتالىقلاردىن، گۇناھلىرىدىن پاك ــ پاكىز بولۇپ قوپىدۇ، ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ؛ ئى كىرامەن كاتىبىنلەر! مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر! ھەققەتەن مەن بۇ بەندەمنى ئۆزۈم كىشەنلەپ، ئەمەللىرىدىن توسۇپ قويغان، مەن ئۇنى سىناپ شۇنداق قىلىپ قويغان، سىلەر ئۇنىڭغا، ئۇ ساق ــ سالامەت ۋاختىدا بېرىدىغان ئەجىر، ساۋابلارنى بېرىۋېرىڭلار، ئۇ ساق چاغدىكى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى يېزىڭلار!. ئەھمەد، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**1580 - [ 58 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كثرت ذنوب العبد ولم يكن له ما يكفرها من العمل ابتلاه الله بالحزن ليكفرها عنه " . رواه أحمد**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر بەندىنىڭ گۇناھلىرى كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا كاپارەت بولۇپ، ئۇنى ئۆچۈرىدىغان ئەمەللەر بولمىسا، ئاللاھ ئۇ بەندىنى گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، غەم ــ قايغۇ بىلەن سىنايدۇ. ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**1581 - [ 59 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من عاد مريضا لم يزل يخوض الرحمة حتى**

يجلس فإذا جلس اغتمس فيها " . رواه مالك وأحمد

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر كېسەلنى يوقلاپ ماڭسا، ئولتۇرغانغا قەدەر رەھمەتلەرنى كېچىپ ماڭغان بولىدۇ، كېسەل يېنىدا ئولتۇرغاندا بولسا، رەھمەت ئىچىگە چۆمىدۇ. ئىمام ئەھمەد ،ئىمام مالىك توپلىغان،سەھىھ.

1582 - [ 60 ] ( ضعيف )وعن ثوبان أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا أصاب أحدكم الحمى فإن الحمى قطعة من النار فليطفها عنه بالماء فليستنقع في نهر جار وليستقبل جريته فيقول : بسم الله اللهم اشف عبدك وصدق رسولك بعد صلاة الصبح وقبل طلوع الشمس ولينغمس فيه ثلاث غمسات ثلاثة أيام فإن لم يبرأ في ثلاث فخمس فإن لم يبرأ في خمس فسبع فإن لم يبرأ في سبع فتسع فإنها لا تكاد تجاوز تسعا بإذن الله عز وجل " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرەرسىڭلارغا قىزىتما كېسەل يېتىپ كەلسە، بۇ كېسەل دوزاخ ئوتىدىن بىر پارچە بولغاچقا، ئۇنى سۇ بىلەن ئۆچۈرسۇن، بامدات نامىزىدىن كېيىن، كۈن چىقىشىدىن بۇرۇن ئېقىۋاتقان ئېرىقتا سۇنىڭ ئېقىشىغا ئالدىنى قىلىپ يېتىپ، مۇنداق دېسۇن، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى ئاللاھ، بەندەڭگە شىپالىق ئاتا قىلغىن، سىنىڭ ئەلچەڭ ھەققەتەن راست سۆزلىگۈچىدۇر، ئۈچ كۈن، ئۈچ قېتىمدىن چۆمۈپ شۇنداق قىلسۇن، ئەگەر ساقايمىسا بەش كۈن يەنە ساقايمىسا يەتتە كۈن، يەنە ساقايمىسا، توققۇز كۈن شۇنداق قىلسۇن، ئۇ كېسەل ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن توققۇز كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيب دېگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

1583 - [ 61 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : ذكرت الحمى عند رسول الله صلى الله عليه وسلم فسبها رجل فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لا تسبها فإنها تنفي الذنوب كما تنفي النار خبث الحديد " . رواه ابن ماجه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، قىزىتما كېسەل رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنىپ، بىر ئەر بۇ كېسەلنى تىللىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇ كېسەلنى تىللاپ ئەيىبلىمە، چۈنكى، بۇ كېسەل خۇددى كۆرەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرىنى تازىلىغاندەك گۇناھلاردىن تازىلايدۇ،دېدى. ئىبنى ماجە يالغۇزلا خاتىرلىگەن، شۇڭا زەئىپ، بۇنىڭ سەھىسى يۇقىردا ئۆتتى.

1584 - [ 62 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم عاد مريضا فقال : " أبشر فإن الله تعالى يقول : هي ناري أسلطها على عبدي المؤمن في الدنيا لتكون حظه من النار يوم القيامة " . رواه أحمد وابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرقىزىتما كېسەلنى يوقلاپ مۇنداق دېگەن: خۇش بىشارەت ئالغىنكى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ؛ قىزىتما كېسەل مېنىڭ ئۇتام بولۇپ، بۇ كېسەل مۆئمىن بەندەمنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى دوزاخ ئوتىدىن نىسۋىسى بولسۇن ئۈچۈن، مەن بۇ كېسەلنى مۇشۇ دۇنيادىلا مۆئمىن بەندەمگە سالىمەن. (يەنى بۇ كېسەل مۆئمىننىڭ ئاخىرەتتىكى دوزەخ ئوتىدىن بەدەلدۇر)، ھاكىم ، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ،بەيھەقى توپلىغان.سەھىھ.

1585 - [ 63 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الرب سبحانه وتعالى يقول : وعزتي وجلالي لا أخرج أحدا من الدنيا أريد أغفر له حتى أستوفي كل خطيئة في عنقه بسقم في بدنه وإقتار في رزقه " . رواه رزين

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله تائالا مۇنداق دەيدۇ؛

ئىززىتىم بىلەن، ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەمكى، مەن مەغپىرەت قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشىنى، ئۇنىڭ بەدىنىنى كېسەل قىلىش بىلەن ، رىزقىنى تار قىلىپ قويۇش بىلەن ئۇنىڭ گەردىنىدىكى بارلىق خاتالىقلارنى تولۇق مەغپىرەت قىلمىغىچە بۇ دۇنيادىن ئۇنى ھەرگىز چىقارمايمەن. رەزىين توپلىغان .تەكشۈرۈش تامام بولمىغان.

1586 - [ 64 ] ( لم تتم دراسته )وعن شقيق قال : مرض عبد الله بن مسعود فعدناه فجعل يبكي فعوتب فقال : إني لا أبكي لأجل المرض لأني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " المرض كفارة " وإنما أبكي أنه أصابني على حال فترة ولم يصبني في حال اجتهاد لأنه يكتب للعبد من الأجر إذا مرض ما كان يكتب له قبل أن يمرض فمنعه منه المرض . رواه رزين

شۇقەيىق رەھ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېسەل بولۇپ قالغاندا، بىز ئۇنى يوقلاپ بارساق ئۇ يىغلاشقا باشلىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا تاپا تەنە قىلىندى، ئۇ بىزگە : مەن كېسەلنىڭ جەھتىدىن يىغلىمىدىم، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: كېسەل گۇناھلارغا كاپپارەتتۇر، دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان، مىنىڭ يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ كېسەل ماڭا، ئىبادەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان، ئىجتىھاد ھالىتىمدە يەتمەي، بەدىنىم ئاجىزلاپ، ئىبادەتتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ھالىتىمدە يىتىپ قالدى، مەن شۇنىڭغا يىغلىدىم، چۈنكى بەندە كېسەل بولۇپ قىلىپ، كېسەل ئۇنى ياخشى ئەمەلدىن تۇسۇپ قويسا، ئۇ بەندە ئۇچۈن كېسەل بولۇشتىن بۇرۇنقى ساق چاغدا يېزىلىدىغان ئەمەللىرى يېزىلىۋىرىدۇ، دىدى. رەزىين توپلىغان .تەكشۈرۈش تامام بولمىغان.

1587 - [ 65 ] ( ضعيف جدا )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم لا يعود مريضا إلا بعد ثلاث . رواه ابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەلنى ئۈچ كۈندىن كېيىن يوقلايتتى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى تەكشۈرۈپ قاتتىق زەئىپ دىگەن.

1588 - [ 66 ] ( ضعيف )وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال ك قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دخلت على مريض فمره يدعو لك فإن دعاءه كدعاء الملائكة " . رواه ابن ماجه

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، كېسەلنى يوقلاپ كىرگىنىڭدە ساڭا دۇئا قىلىپ قويۇشنى بۇيرۇغىن، چۈنكى، كېسەل كىشىنىڭ دۇئاسى پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسىغا ئوخشاشتۇر. ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، زەئىپ دىدى.

1589 - [ 67 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : من السنة تخفيف الجلوس وقلة الصخب في العيادة عند المريض قال : وقال رسول الله صلى الله عليه وسلم لما كثر لغطهم واختلافهم : " قوموا عني " رواه رزين

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ كېسەل يوقلىغاندا ، كېسەلنىڭ يېنىدا پاراڭ ــچۇرۇك ئاۋازنى ئازراق قىلىش، يەڭگىل ئولتۇرۇش سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا، ئۇلارنىڭ پاراڭ ــچۇرۇك ئاۋازلىرى، ئىختىلاپلىرى كۆپ بولۇپ كەتكەندە، ئۇلارغا: مىنىڭ يېنىمدىن قوپۇپ كېتىڭلار، دىگەن، دىدى. رەزىين توپلىغان .تەكشۈرۈش تامام بولمىغان.مەنىسى سەھىھ.

1590 - [ 68 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " العيادة فواق ناقة "

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كېسەلنى يوقلاش ۋاختى بىر تۆگىنى ساغقان ۋاقىتچىلىك بولۇشى كېرەك. ئاستىدىكى ھەدىستە كېسەل يوقلاشنىڭ ئەۋزەلرەكى تېز قوپۇپ كېتىشتۇر، بەيھەقى خاتىرلىگەن، زەئىپ دىيىلدى،

**1591 - [ 69 ] ( ضعيف )وفي رواية سعيد بن المسيب مرسلا : " أفضل العيادة سرعة القيام " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

كېسەل يوقلاشنىڭ ئەۋزەلرەكى تېز قوپۇپ كېتىشتۇر، بەيھەقى خاتىرلىگەن، زەئىپ دېيىلدى،

**1592 - [ 70 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم عاد رجلا فقال له : " ما تستهي ؟ " قال : أشتهي خبز بر . قال النبي صلى الله عليه وسلم : " من كان عنده خبز بر فليبعث إلى أخيه " . ثم قال النبي صلى الله عليه وسلم : " إذا اشتهى مريض أحدكم شيئا فليطعمه " . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەرنى يوقلاپ، نېمىنى ئىشتىھا قىلىسەن؟ دېدى، ئۇ مەن بۇغدايناننى يېگىم كېلىپ كەتتى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىمنىڭ قېشىدا بۇغداي نان بولسا، قېرىندىشىغا ئەۋەتسۇن دەپ ئاندىن مۇنداق دېدى، كېسەل بولغان كىشىڭلار نېمىنى ئارزۇ ۋە ئىشتىھا قىلسا، شۇنى تاماق قىلىپ بېرىڭلار، ئىبنى ماجە توپلىغان، زەئىپتۇر.

**1593 - [ 71 ] ( حسن )وعن عبد الله بن عمرو قال توفي رجل بالمدينة ممن ولد  ا فصلى عليه النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " يا ليته مات بغير مولده " . قالوا ولم ذاك يا رسول الله ؟ قال : " إن الرجل إذا مات بغير مولده قيس له من مولده إلى منقطع أثره في الجنة " . رواه النسائي وابن ماجه**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەدىنىدە تۇغۇلغانلاردىن  بىركىشى يانىلا مەدىنىدە ۋاپات تاپتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇپ: كاشكى! بۇكىشى تۇغۇلغان ئورنىدىن باشقا بىرجايدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟ دېدى.ئۇلار: نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيلا يارەسۇلەاللە! دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن كىشى تۇغۇلغان جايى بولغان ئۆز ۋەتىنىدىن باشقا بىر جايدا ئۆلۈپ كەتسە،ئۇكىشى ئۈچۈن جەننەتتە،تۇغۇلغان جايىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئىزى ئەسرى ئۈزۈلگەن يەنى ئۇ  ئۆلۈپ كەتكەن جايغىچە ئۆلچىنىپ، شۇنداق كەڭرىي جاي بېرىلىدۇ،دېدى.نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان ،ھەسەن.

**1594 - [ 72 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :  موت غربة شهادة "  رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غېرىپلىقتا ناتونۇش كىشلەرنىڭ يۇرتىدا ئۆلۈش شېھىدلىقتۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، زەئىپ ھەدىستۇر،

**1595 - [ 73 ] ( موضوع )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من مات مريضا مات شهيدا أو وقي فتنة القبر وغدي وريح عليه برزقه من الجنة " . رواه ابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەپتۇ، كىم كېسەل ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ شېھىد ھالدا ئۆلگەن بولىدۇ ياكى قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭ رىزقى ئەتىگەن ئاخشام جەننەتتىن بېرىلىپ تۇرىدۇ، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان بولۇپ، ئەلبانى بۇ يالغان ھەدىس دېدى،

**1596 - [ 74 ] ( صحيح )عن العرباض بن سارية أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يختصم الشهداء والمتوفون على فرشهم إلى ربنا في الذين يتوفون من الطاعون فيقول الشهداء : إخواننا قتلوا كما قتلنا ويقول : المتوفون على فرشهم إخواننا ماتوا على فرشهم كما متنا فيقول ربنا : انظروا إلى جراحهم فإن أشبهت جراحهم جراح المقتولين فإنم منهم ومعهم فإذا جراحهم قد أشبهت جراحهم " . رواه أحمد والنسائي**

ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىدلەر بىلەن كۆرپىسى

ئۇستىدە ۋاپات تاپقانلار، ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەر توغرىسىدا رەببىمىزگە ئەرز قىلىپ داۋالىشىپ قالىدۇ، شېھىدلەر گورۇپپىسىدىكىلەر؛ ئۇلار يەنى ۋابا كېسىلىدە ۋاپات تاپقانلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، چۈنكى ئۇلار بىز ئۆلتۈرۈلگەندەك، ياردار قىلىنىپ، جاراھەتتە ئۆلتۈرۈلدى دەيدۇ. كۆرۈپسى ئۇستىدە ۋاپات تاپقانلار؛ ئۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، چۈنكى، ئۇلار خۇددى بىز ئۆلگەندەك كۆرپىسى ئۇستىدە ئۆلدى دەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رەببىمىز ھۆكۈم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ؛ئۇلارنىڭ جاراھىتىگە قاراپ بېقىڭلار، ئەگەر ۋابادا ئۆلگەنلەرنىڭ جاراھىتى ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جاراھىتىگە ئوخشاش بولسا، ھەقىقەتەن ئۇلار شېھىدلەردىن بولىدۇ، شېھىدلەر بىلەن بىللە بولىدۇ، جاراھىتىگە قارىسا، ناگاھان ئۇلارنىڭ جاراھىتى شېھىدلەرنىڭ جاراھىتىگە ئوخشاش ئىكەن، ئاندىن ئۇلار شېھىدلەرگە قوشۇپ قويۇلىدۇ. (ۋابادا ئۆلگەن كىشى شېھىد، دېگەن سەھىھ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى، شۇڭا بۇ ھەدىس ھەسەن). ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1597 - [ 75 ] ( ضعيف )وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الفار من الطاعون كالفار من الزحف والصابر فيه له أجر شهيد " . رواه أحمد**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋابا كېسىلىدىن قاچقۇچى، خۇددى جەڭدىن قاچقانغا ئوخشاشتۇر، سەۋرى قىلىپ تۇرغۇچىغا شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، زەئىپ دېيىلدى،

**باب تمني الموت وذكره** — ئۆلۈمنى ئەسلەش ۋە ئۇنى ئارزۇ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا

**1598 - [ 1 ] الفصل الاول ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يتمنى أحدكم الموت إما محسنا فلعله أن يزداد خيرا وإما مسيئا فلعله أن يستعتب " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر ئۇ ياخشىلىق قىلغۇچى بولسا، ياخشىلىقنى زىيادە قىلىشىلىشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇ گۇناھ قىلغۇچى يامان كىشى بولسا، تۆۋبە قىلىشىلىشى مۇمكىن. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1599 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يتمنى أحدكم الموت ولا يدع به من قبل أن يأتيه إنه إذا مات انقطع أمله وإنه لا يزيد المؤمن عمره إلا خيرا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئۆلۈم ئۇنىڭغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈمنى سوراپ دۇئامۇ قىلمىسۇن، چۈنكى بىرىڭلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ھەقىقەتەن مۆئمىنگە ئۇنىڭ ئۆمرى پەقەت ياخشىلىقنىلا زىيادە قىلىدۇ. (ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىگە ئۇزۇن ئۆمۈر ياخشىدۇر، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشى ئەڭ ياخشى كىشىدۇر). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1600 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يتمنين أحدكم الموت من ضر أصابه فإن كان لابد فاعلا فليقل : اللهم أحيني ما كانت الحياة خيرا لي وتوفني إذا كانت الوفاة خيرا لي "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇنىڭغا چۈشكەن زەرەر ياكى مۇسىبەتنىڭ سەۋەبىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ تەلەپ قىلمىسۇن، ئەگەر چارىسىز، ئامالسىز ئارزۇ قىلغۇچى بولسا مۇنداق دېسۇن؛ «ئى ئاللاھ، ئەگەر ھاياتىم مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنى ھايات قالدۇرسىلا، مەن ئۈچۈن ۋاپاتىم ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپقۇزسىلا». ئەھمەد ،مۇسلىم، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان،

سەھىھ.

**1601 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عبادة بن الصامت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أحب لقاء الله أحب الله لقاءه ومن كره لقاء الله كره الله لقاءه " فقالت عائشة أو بعض أزواجه : إنا لنكره الموت قال : " ليس ذلك ولكن المؤمن إذا حضره الموت بشر برضوان الله وكرامته فليس شيء أحب إليه مما أمامه فأحب لقاء الله وأحب الله لقاءه وإن الكافر إذا حضر بشر بعذاب الله وعقوبته فليس شيء أكره إليه مما أمامه فكره لقاء الله وكره الله لقاءه "**

ئائىشە، ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھقا ئۇچرىششىنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىششىنى ياخشى كۆرىدۇ، كىم ئاللاھقا ئۇچرىششىنى يامان كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىششىنى يامان كۆرىدۇ، ئائىشە ياكى ئاياللىرىنىڭ بەزىسى: بىز ھەممىمىز ئۆلۈمنى يامان كۆرىمىزغۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئىش ئۇنداق بولمايدۇ، مۆئمىن كىشىگە ئۆلۈم ھازىر بولغاندا، ئۇنىڭغا **الله** نىڭ رازىلىقى، كارامىتى، ئۇنى ھۆرمەتلىشى بىلەن خۇش-بىشارەت بىرىلىدۇ ـــ دە، ئۇنىڭغا ئالدىدىكى نەرسىدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىرەر نەرسە بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئاللاھقا ئۇچرىششىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىششىنى ياخشى كۆرىدۇ.كاپىر كىشىگە ئۆلۈم ھازىر بولغاندا، ئۇنىڭغا **الله** نىڭ ئازاب-ئۇقۇبىتى، جازاسى بىلەن خۇش-بىشارەت بىرىلىدۇ ـــ دە، ئۇنىڭغا ئالدىدىكى نەرسىدىنمۇ قەبىھ، يىرگىنىشلىك، يامانراق بىرەر نەرسە بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئاللاھقا ئۇچرىششىنى ياقتۇرمايدۇ، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىششىنى يامان كۆرىدۇ،دىدى.ئەھمەد ،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1602 - [ 5 ] ( متفق عليه )وفي رواية عائشة : " والموت قبل لقاء الله "**

**1603 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أبي قتادة أنه كان يحدث أن رسول الله صلى الله عليه وسلم مر عليه بجنازة فقال : " مستريح أو مستراح منه " فقالوا : يا رسول الله ما المستريح والمستراح منه ؟ فقال : " العبد المؤمن يستريح من نصب الدنيا وأذاها إلى رحمة الله والعبد الفاجر يستريح منه العباد والبلاد والشجر والدواب "**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن بىر جىنازائۆتنۋدى، ئۇنى كۆرۈپ؛ بۇ مۇستەرىيھ ياكى مۇستەراھ مىنھۇ بولۇپتۇ دىدى، ئۇلار:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مۇستەرىيھ ياكى مۇستەراھ مىنھۇ دىگەن نىمە؟دەپ سوردى، ئاندىن چۈشەندۈرۈپ؛ مۆئمىن بەندە بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، ئەزىيەتلىرىدىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە، ئارامغا، راھەتكە چىقىدۇ. پاجىر، پاسىق بولسا، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن بەندىلەر، شەھەرلەر، دەل ـــ دەرەخ، ھايۋانلارمۇ راھەت، ئارامغا چىقىدۇ، مۆئمىن بولسا مۇستەرىيھ، پاجىر، پاسىق مۇستەراھ مىنھۇ بولىدۇ، دىدى. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى ، سەھىھ.

**1604 - [ 7 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمر قال : أخذ رسول الله صلى الله عليه وسلم بمنكبي فقال : " كن في الدنيا كأنك غريب أو عابر سبيل " . وكان ابن عمر يقول : إذا أمسيت فلا تنتظر الصباح وإذا أصبحت فلا تنتظر المساء وخذ من صحتك لمرضك ومن حياتك لموتك . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ مۈرەمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: سەن بۇ دۇنيادا، خۇددى غەرىب، (يەنى ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتتىكى ناتونۇش) كىشىدەك ياكى مۇساپىردەك بولغىن، (ئۆزۈڭنى قەبرە ئەھلىدىن سانىغىن). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: سەن كەچ قىلساڭ، ئەتىگەنگە ئىنتىزار بولما. تاڭ ئاتقۇزساڭ، كەچكە ئىنتىزار بولما. ساق ۋاقتىڭدىن كېسىللىك ئۈچۈن، ھايات ۋاقتىڭدىن ئۆلۈمىڭ ئۈچۈن ئۇزۇق ئالغىن. كېسەل بۇلۇشۇڭدىن بۇرۇن ساقلىقىڭنى، ئۆلۈپ كىتىشىڭدىن بۇرۇن ھاياتلىقىڭنى،(قېرىشتىن بۇرۇن ياشلىقىڭنى، پەقىرلىقتىن بۇرۇن بايلىقىڭنى)غەنىمەت

بىلگىن. بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەھ توپلىغان، سەھىھ.مەن دەيمەنكى: بۇ دۇنيا بىر ئۆتەڭ، سەن بۇنىڭغا مۇساپىردەك مۇئامىلە قىلغىن، بۇ بىر مۇسابىقە مەيدانى، سەن بۇ مەيداندا ئۇتۇپ چىققىن.

**1605 - [ 8 ] ( صحيح )وعن جابر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم قبل موته بثلاثة أيام يقول : " لا يموتن أحدكم إلا وهو يحسن الظن بالله " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات تېپىشىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: سىلەردىن ھەربىر كىشى گۇماننى ئالالھتائالاغا ياخشى قىلغان ھالەتتە ئۆلسۇن، (گۇماننى يامان قىلىپ ئۆلمىسۇن، يەنى الله نىڭ رەھمەت پەزلىگە ئىرىشىش، مەغپىرەت قىلىنىش گۇماننى ياخشى قىلسۇن). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1606 - [ 9 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن معاذ بن جبل رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن شئتم أنبأتكم ما أول ما يقول الله للمؤمنين يوم القيامة ؟ وما أول ما يقولون له ؟ " قلنا : نعم يا رسول الله قال : " إن الله يقول للمؤمنين هل أحببتم لقائي ؟ فيقولون نعم يا ربنا فيقول : لم ؟ فيقولون : رجونا عفوك ومغفرتك . فيقول : قد وجبت لكم مغفرتي " . رواه في شرح السنة وأبو نعيم في الحلية**

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر خالساڭلار قىيامەت كۈنى ئالالھنىڭ مۆئمىنلەرگە تۇنجى قېتىم نىمە دەيدىغانلىقىنى دەپ بېرەمەن، ئۇلارنىڭمۇ نىمە دەيدىغانلىقىنى دەپ بېرەمەن. ساھابىلار؛ بولىدۇ يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپ بەرسىلە دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققەتەن ئالالھتائالا مۆئمىنلەرگە؛ ماڭا ئۇچقۇشۇشنى ياخشى كۆردۈڭلارمۇ؟ دەيدۇ، ئۇلار شۇنداق يا رەببىمىز، ياخشى كۆردۇق دەيدۇ، ئالالھ: نىمە ئۈچۈن؟ دەيدۇ، ئۇلار: ئەپۇ قىلىشلىرىنى، مەغپىرەتلىرىنى ئۈمىد قىلدۇق دەيدۇ، ئالالھ: سىلەرگە مەغپىرىتىم ۋاجىپ بولدى، دەيدۇ، بۇ ھەدىس شەرھى سۇننەدە، ھولييەت دىگەن كىتابدا بار، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1607 - [ 10 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أكثروا ذكر هاذم اللذات الموت " . رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: لەززەتنى كېسىپ تاشلىغۇچى ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەڭلار. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ نۇئەيىملار، ئىبنى ئۆمەردىن، ھاكىم، بەيھەقى، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەۋسەت، ئەبۇ نۇئەيىم، بەيھەقى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.
( ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: لەززەتنى ئۆزگۈچى ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەڭلار، كىم ئۆلۈمنى تار، قىيىن تۇرمۇشتا ئەسلىسە، ئۆلۈمنى ئەسلەش، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى كەڭرى قىلىۋېتىدۇ، (چۈنكى، ئۆلسە، ھەممىسى قالىدۇ ـدە!) كىم ئۆلۈمنى كەڭرى تۇرمۇشتا ئەسلىسە، بۇ ئەسلەش ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى تار، قىيىن قىلىۋېتىدۇ، (چۈنكى، ئۆلۈم تەھدىد، تەييارلىق قىلغىلى سالىدۇ) بەيھەقى، ئىبنى ھەببان، بەزار توپلىغان، سەھىھ.)

**1608 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن ابن مسعود أن نبي الله صلى الله عليه وسلم قال ذات يوم لأصحابه : " استحيوا من الله حق الحياء " قالوا : إنا نستحيي من الله يا نبي الله والحمد لله قال : " ليس ذلك ولكن من استحيى من الله حق الحياء فليحفظ الرأس وما وعى وليحفظ البطن وما حوى وليذكر الموت والبلى ومن أراد الآخرة ترك زينة الدنيا فمن فعل ذلك فقد استحيى من الله حق الحياء " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ساھابىلىرىغا مۇنداق دېدى: ئالللاھدىن ھەقىقىي ھايا قىلىڭلار، ئۇلار: ئەلھەمدۇلىللاھ بىز ئالللاھدىن ھايا قىلىمىز دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ تېخى ھايا قىلىش ئەمەس، كىم ئالللاھدىن ھەقىقىي ھايا قىلسا، مېڭىسىنى ئۇ يادىلايدىغان نەرسىلەرنىڭ يامىنىدىن ساقلايدۇ، قورسىقىنى ھارامدىن ساقلايدۇ، ئۆلۈمنى ۋە چىرىپ، سېسىپ كېتىشنى ئەسلەيدۇ، ئاخىرەتنى ئىرادە قىلغان ئادەم، بۇ دۇنيانىڭ زىننەتلىرىنى تەرىك ئېتىدۇ، كىم شۇنداق قىلالىسا، ئالللاھدىن ھەقىقى ھايا قىلغان بولىدۇ،دېدى. ئەھمەد ، تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى غەرىيب دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**1609 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تحفة المؤمن الموت " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنىنىڭ تۆھپىسى ، نىئمىتى، ياخشىلىقى، ئۆلۈمدۇر.(يەنى ئۆلۈم مۆئمىننى شېھىدلىك مۇكاپاتىغا، ياخشىلىققا، جەننەتكە، الله نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە ئاپىرىدۇ.)بەيھەقى توپلىغان ، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

**1610 - [ 13 ] ( صحيح )**

**وعن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المؤمن يموت بعرق الجبين " . رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن كىشى پېشانىسى تەرلەپ ئۆلىدۇ. (يەنى جان ئۈزگەندە قاتتىق قىينىلىپ، پېشانىسى تەرلەيدۇ، بۇ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈندۇر، ياكى بۇ ھالالدىن كەسىپ قىلىشقا كىنايە الله ئەئلەم ). ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1611 - [ 14 ] ( صحيح )وعن عبيد الله بن خالد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " موت الفجاءة أخذة الأسف " . رواه أبو داود وزاد البيهقي في شعب الإيمان ورزين في كتابه : " أخذة الأسف للكافر ورحمة للمؤمن "**

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇيۇقسىز ئۆلۈم، غەم ــ قايغۇنىڭ، ئازابنىڭ تۇتىشىدۇر، (يەنى تۆبىسىز، ياخشى ئەمەلسىز كەتكەچكە، الله نىڭ غەزەپ قىلىشىدۇر)، يەنە بىر خاتىرىدە: تۇيۇقسىز ئۆلۈم، مۆئمىنگە رەھمەت، راھەتتۇر. پاجىر، پاسىققا غەم ــ قايغۇ ئازابتۇر، دېيىلگەن. ئەھمەد 14949 ــ، 23891 ــھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2703 ــ ھەدىس، بەيھەقى، سەھىھ.

**1612 - [ 15 ] ( حسن )وعن أنس قال : دخل النبي على شاب وهو في الموت فقال : " كيف تجدك ؟ " قال : أرجوالله يا رسول الله وإني أخاف ذنوبي فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يجتمعان في قلب عبد في مثل هذا الموطن إلا أعطاه الله ما يرجو وآمنه مما يخاف " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي هذا حديث غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان بىر ياش يىگىتنىڭ قېشىغا كىرىپ: ئۆزۈڭنى قانداقراق ھىس قىلىۋاتىسەن؟دېدى. ئۇكىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن الله نى ، الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمۈت قىلىۋاتىمەن، گۇناھلىرىمدىن قورقىۋاتىمەن دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: جان ئۈزۈش ئالدىدىكى مۇشۇنداق جايدا، مۇشۇنداق ۋاقىتتا، بىرەر بەندىنىڭ قەلبىدە ئۈمۈت بىلەن قورقۇنچا بىرلەشسە، الله تائالا ئۇنىڭغا ئۈمۈت قىلغىنىنى بىرىپ، ئۇنى ئۇ قورقىغان نەرسىدىن ئەمىن ، خاتىرجەم قىلىدۇ، دېدى. تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان ھەسەن.

1613 - [ 16 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تمنوا الموت فإن هول المطلع شديد وإن من السعادة أن يطول عمر العبد ويرزقه الله عز وجل الإنابة " . رواه أحمد

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئۇنىڭ قورقۇنچىسى قاتتىقتۇر، بەندىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا، تۆۋبە قىلىپ قايتىشىنى رىزق قىلىپ بېرىشى، سائادەتمەنلىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەھمەد توپلىغان، زەئىپتۇر.

1614 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن أبي أمامة قال : جلسنا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فذكرنا ورققنا فبكى سعد بن أبي وقاص فأكثر البكاء فقال : يا ليتني مت . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " يا سعد أعندي تتمنى الموت ؟ " فردد ذلك ثلاث مرات ثم قال : " يا سعد إن كنت خلقت للجنة فما طال عمرك وحسن من عملك فهو خير لك " . رواه أحمد

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئىدۇق، بىزگە ۋەز ــ نەسىھەت قىلىپ، قەلبلىرىمىزنى يۇمشىتىۋەتتى، ئاندىن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ كۆپ يىغلاپ، ئېىست! كاشكى مەن ئۆلۈۋم كەتسەم چۇ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەن مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇپمۇ ئۆلۈمنى تىلەۋاتامسەن؟ دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، ئاندىن، سەن جەننەت ئۈچۈن يارىتىلغان بولساڭ، ئۆمرىڭ ئۇزۇن، ئەمىلىڭ ياخشى بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر دېدى، ئەھمەد توپلىغان، زەئىپتۇر،

1615 - [ 18 ] ( صحيح )عن حارثة بن مضرب قال : دخلت على خباب وقد اكتوى سبعا فقال : لولا أني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا يتمن أحدكم الموت " لتمنيته . ولقد رأيتني مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ما أملك درهما وإن في جانب بيتي الآن لأربعين ألف درهم قال ثم أتى بكفنه فلما رآه بكى وقال لكن حمزة لم يوجد له كفن إلا بردة ملحاء إذا جعلت على رأسه قلصت عن قدميه وإذا جعلت على قدميه قلصت عن رأسه حتى مدت على رأسه وجعل على قدميه الأذخر . رواه أحمد والترمذي إلا أنه لم يذكر : ثم أتي بكفنه إلى آخره

ھارىسەت ئىبنى مۇزەررىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ بەدىنىنى قىزىزىق تۆمۈر بىلەن يەتتە قېتىم داغلاپ،كېسىلىنى داۋالاۋېتىپتۇ، ئۇماڭا: ئەگەر مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىرىڭلار ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، تەلەپ قىلمىسۇن »، دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغان بولسام، ئەلۋەتتە مەن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغان بولاتتىم، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ياشىغان ۋاقتىمغا قارىسام ، ئۇچاغدا بىر دەرھەمگىمۇ ئىگە بولالمايتتىم، ھازىر ئۆيۈمنىڭ بىر تەرىپىدىلا 40000 دەرھەم تۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا كېپەنلىكى كەلتۈرۈلگەندە، ئۇنى كۆرۈپ يىغلاپ كېتىپ مۇنداق دېدى؛ (ماڭىغۇ بۇ ئېسىل كېپەنلىك كەلتۈرۈلدى) لېكىن شېھىد ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كېپەنلىك تېپىلماي، پەقەت بىردانە ئاق ـ قارا يولى بار تونلا تېپىلغان ئىدى، ئۇ توننى ئۇنىڭ بېشى تەرەپكە قىلىنسا، پۇتى ئۇچۇق قالاتتى، پۇتى تەرەپكە قىلىنسا، ئۇنىڭ بېشى ئېچىلىپ قالاتتى، ئاخىرى توننى ئۇنىڭ بېشىغا يېپىپ قويۇلۇپ، ئىككى پۇتىغا ئىزخىر دېگەن ئوت ـ چۆپ يېپىپ قويۇلغان ئىدى، دېدى. ئەھمەد ، تىرمىزى، توپلىغان سەھىھ.

باب ما يقال عند من حضره الموت

جان سەكراتتا چۈشۈپ قالغان كىشىگە نېمە دېيىش توغرىسىدا

1616 - [ 1 ] ( صحيح ) - الفصل الأول

عن أبي سعيد وأبي هريرة قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لقنوا موتاكم لا إله إلا الله " . رواه مسلم

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئۆلۈۋاتقان كىشىلىرىڭلارغا «لا ئىلاھە ئىللەللاھ»! نى، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دېيىشنى تاشلاپ، ئۆگىتىڭلار، دىگۈزۈڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

1617 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أم سلمة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا حضرتم المريض أو الميت فقولوا خيرا فإن الملائكة يؤمنون على ما تقولون " . رواه مسلم

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەلگە ياكى مېيىتكە يەنى ئۆلۈش ئالدىدىكى كىشىگە ھازىر بولساڭلار، ياخشى سۆز قىلىڭلار، چۈنكى، پەرىشتىلەر سىلەر دېگەن سۆزگە ئامىين دەپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم ، مۇسلىم،كىينكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

1618 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أم سلمة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من مسلم تصيبه مصيبة فيقول ما أمره الله به : ( إنا لله وإنا إليه راجعون )اللهم آجرني في مصيبتي واخلف لي خيرا منها إلا أخلف الله له خيرا منها " . فلما مات أبو سلمة قالت : أي المسلمين خير من أبي سلمة ؟ أول بيت هاجر إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم إني قلتها فأخلف الله لي رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم

ئۇممە سەلەمەت، ئەبۇ سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئاندىن ئۇ، ئاللاھتائالا بۇيرىغاندەك مۇنداق دېسە: «ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن، ئاللاھۇمە ئەجرنى فى مۇسىيبەتى ۋە ئەخلىف لى خەيرەن مىنھا»، ھەققەتەن بىز ئاللاھنىڭ، ئاللاھقا خاسمىز، ھەممىمىز ئاخىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ئى ئاللاھ! ماڭا بۇ مۇسىبىتىمدە ئەجىر ــ ساۋاب بەرگىن، ئۇنىڭدىن ياخشىراقىنى ئىز باسار قىلىپ بەرگىن دېسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە، شۇ مۇسىبىتىدە ئەجىر، ساۋاب بىرىپ، ياخشىراقنى ئىز باسار قىلىپ بىرىدۇ». ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا : ئەملىيەتتە ئەبۇ سەلەمەت ۋاپات تاپقاندا، مەن:مۇسۇلمانلارنىڭ قايسىسى ئەبۇ سەلەمەتتىن ياخشىراق بولسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيى تۇنجى بولۇپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھىجرەت قىلغان تۇرسا دەپ، يانىلا يۇقىرقى دۇئانى قىلسام، الله تائالا ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىز باسار قىلىپ بەردى، دېگەن.(يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ......گە تەگكەن) مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

1619 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أم سلمة قالت : دخل رسول الله صلى الله عليه وسلم على أبي سلمة قد شق بصره فأغمضه ثم قال : " إن الروح إذا قبض تبعه البصر " فضج ناس من أهله فقال : " لا تدعوا على أنفسكم إلا بخير فإن الملائكة يؤمنون على ماتقولون " ثم قال : " اللهم اغفر لأبي سلمة وارفع درجته في المهديين واخلفه في عقبه في الغابرين واغفر لنا وله يا رب العالمين وافسح له في قبره ونور له فيه " . رواه مسلم

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇسەلەمەتنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويۇپ: ھەققەتەن روھ، جان تارتىلىپ ئېلىنسا، كۆز ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، دىدى. (شۇنىڭ ئۈچۈن كۆز ئالىيىپ ئېچىلىپ قالىدۇ)ئۇنىڭ ئەھلى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئاۋازلىق يىغلىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۆزۈڭلارغا پەقەت ياخشىلىق سوراش بىلەنلا دۇئا قىلىڭلار، چۈنكى، پەرىشتىلەر سىلەر دۇئادا دېگەن سۆزلەرگە ئامىين! دەپ تۇرىدۇ.«ئى الله ! ئەبۇسەلەمەتكە مەغپىرەت قىلسىلا، ئۇنىڭ دەرجىسىنى ھىدايەت تاپقان مەھدىيىنلەرنىڭ قاتارىدا يۇقىر كۆتۈرسىلە، ئۇنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ قالغان ئەۋلادلىرىغا ئۆزلىرى

خەلپە، ئىز باسار بولسىلا، بىزگە ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسىلا، ئى ئاللەھلىرنىڭ پەرۋەردىگارى الله! ئۇنىڭ قەبرىسىنى كەڭرى ۋە نۇرلۇق قىلىپ بەرسىلە، دېدى. مۇسلىم، ئەھمەد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1620 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم حين توفي سجي ببرد حبرة

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقاندا، پاختا رەختتىن تىكىلگەن تون بىلەن يېپىلغان ئىدى، (كىپىنىمۇ پاختا رەخت قىلىندى.)بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

1621 - [ 6 ] الفصل الثاني ( صحيح )

عن معاذ بن جبل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كان آخر كلامه لا إله إلا الله دخل الجنة " رواه أبو داود

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى، لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دېيىش بولسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بىز بۇ ھەدىس بىلەن، «چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ؛ لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن ھەدىسنى شەرھىيلەيمىز، ئۇ بولسىمۇ؛

1. ئۆلۈش ئالدىدىكى، ئەڭ ئاخىرقى سۆزى، شاھادەت كەلىمىسى« لا ئىلاھە ئىللەللاھ» بولسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ.

2. بۇ خىلدىكى ھەدىس، ھېچبىر ئەمەل پەرىز قىلىنىشدىن بۇرۇن، مەككىدىكى چاغدا دېيىلگەن.

3. بۇ بىر دىندىن دىنغا، ئەقىيدىدىن ئەقىيدىگە، قانۇن ــ تۈزۈم، پىرىنسىپدىن يەنە بىر قانۇنغا چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ ئۆتۈپ كېتىشتۇر.

4. بۇ شاھادەت كەلىمىسى، سەييىد قۇتۇپ دېگەندەك، ئىككى لەۋ بىلەن سۇرۇپ قويىدىغان قۇرۇق سۆزلا ئەمەس، بەلكى، بۇ بىر شۇئار، بۇ بىر بايراق، ھاياتلىق يول بەلگىسى، ھاياتلىق پروگراممىسى، بۇ بىر ئەمەلدۇر.

5. بۇ ئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمىدۇر، شۇنداق دېمەي تۇرۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگىلى بولمايدۇ، ھەم جەننەتكىمۇ كىرگىلى بولمايدۇ.

6. شۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپلا، ئەمەل قىلغىچە ئارىلىقدا ئۆلۈپ كەتسە، شېھىد بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ خىل ھادىسە كۆپ يۈز بەرگەن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.سىز بۇنى ئىككى قۇتۇپنىڭ كىتاپلىرىدىن چۈشۈنۈڭ.

1622 - [ 7 ] ( ضعيف )وعن معقل بن يسار قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اقرؤوا سورة ( يس ) على موتاكم " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه

مەقئەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جان ئۈزۈۋاتقان كىشىلىرىڭلارغا ياكى ئۆلگەنلەرگە سۈرە ياسىننى ئوقۇڭلار، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇرۇندىن ئەمەل قىلىنمىغان، ساھابىلار ياكى تابىئىنلار بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلمىغان،

1623 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن عائشة قالت : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قبل عثمان بن مظعون وهو ميت وهو يبكي

**حتى سال دموع النبي صلى الله عليه وسلم على وجه عثمان . رواه الترمذي و أبو داود وابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئوسمان ئىبنى مەتئۇن رەزىيەللاھۇ ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنى سۆيۈپ قويغان، ۋەھالەنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىغلاۋاتاتتى، ياشلىرى ئوسماننىڭ يۈزلىرىگە يالاپ كەتتى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1624 - [ 9 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : إن أبا بكر قبل النبي صلى الله عليه وسلم وهو ميت . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۆيۈپ قويغان ئىدى.ۋەھالەنكى رەسۇلۇللاھ شۇچاغدا ۋاپات تاپقان ئىدى.تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**1625 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن حصين بن وحوح أن طلحة بن البراء مرض فأتاه النبي صلى الله عليه وسلم يعوده فقال : " إني لا أرى طلحة إلا قد حدث به الموت فآذنوني به وعجلوا فإنه لا ينبغي لجيفة مسلم أن تحبس بين ظهراني أهله " . رواه أبو داود**

ھۇسەيىن ئىبنى ۋەھۋەھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تەلھەت ئىبنى بەرراھ كېسەل بولۇپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ ئۇنى يوقلاپ مۇنداق دېدى، مەن تەلھەتكە ئۆلۈم كەلگىنىنى كۆرۈۋاتىمەن، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، ماڭا خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار ۋە ئۇنى تېز دەپنە قىلىڭلار، مۇسۇلماننىڭ جەسىدىنىڭ ئەھلى ئىچىدە سولىنىپ قېلىشى لاھىيق ئەمەس، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، زەئىپتۇر،

**1626 - [ 11 ] الفصل الثالث ( ضعيف )وعن عبد الله بن جعفر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لقنوا موتاكم لا إله إلا الله الحليم الكريم سبحان الله رب العرش العظيم الحمد لله رب العالمين قالوا : يا رسول الله كيف للأحياء ؟ قال :أجود وأجود رواه ابن ماجه**

ئابدۇللا ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جان ئۈزۈۋاتقان كىشلىرىڭلارغا مۇنداق دەپ تەلقىن قىلىپ، سۆز تاشلاڭلار» «مېھرىبان ئۇلۇغ ئاللاھدىن باشق ھەق ئىلاھ يوق، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇلار:يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىرىكلەرگە قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ تېخىمۇ كاتتا، تېخىمۇ كاتتا بولىدۇ دېدى،ئىبنى ماجە توپلىغان زەئىپ ھەدىستۇر،

**1627 - [ 12 ] ( حسن )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : الميت تحضره الملائكة فإذا كان الرجل صالحا قالوا : اخرجي أيتها النفس الطيبة كانت في الجسد الطيب اخرجي حميدة وأبشري بروح وريحان ورب غير غضبان فلا تزال يقال لها ذلك حتى تخرج ثم يعرج ا إلى السماء فيفتح لها فيقال : من هذا ؟ فيقولون : فلان فيقال : مرحبا بالنفس الطيبة كانت في الجسد الطيب ادخلي حميدة وأبشري بروح وريحان ورب غير غضبان فلا تزال يقال لها ذلك حتى تنتهي إلى السماء التي فيها الله فإذا كان الرجل السوء قال : اخرجي أيتها النفس الخبيثة كانت في الجسد الخبيث اخرجي ذميمة وأبشري بحميم وغساق وآخر من شكله أزواج فما تزال يقال لها ذلك حتى تخرج ثم يعرج ا إلى السماء فيفتح لها فيقال : من هذا ؟ فيقال : فلان فيقال : لا مرحبا بالنفس الخبيثة كانت في الجسد الخبيث ارجعي ذميمة فإنا لا تفتح له أبواب السماء فترسل من السماء ثم تصير إلى القبر " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مىيىتكە پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ، ئەگەر ئۇ سالىھ، ياخشى كىشى بولسا مۇنداق دەيدۇ: ئى پاك جەسەتتىكى پاك جان! مەدھىيلەنگەن، ماختالغان ھالدا چىققىن!، راھەت ــ پاراغەت، ياخشى رىزىق بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزەپ

قىلمىغانلىقى بىلەن خۇش بىشارەت ئالغىن، جان چىققانغا قەدەر شۇنداق دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسمانغا ئۆرلىتىلىپ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ كىم؟ دېيىلسە، بۇ پالانى دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا پاك جەسەتتىكى پاك جانغا مەرھابا، مەدىيھلەنگەن ماختالغان ھالدا كىرگىن، راھەت ــ پاراغەت، ياخشى رىزىق بىلەن بىشارەت ئالغىن، رەببىڭ ساڭا غەزەپ قىلمايدۇ دېيىلىدۇ، بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا، ئاللاھتائالا باربولغان يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئۆرلىتىپ چىققىچە دېيىلىدۇ.

ئەگەر، ئۇ يامان كىشى بولسا، ئى نىجىس، سېسىق جەسەتتىكى نىجىس جان!، خار ھالدا چىققىن!، قايناق سۇ، يىرىڭ ـ زەرداپ، زەققۇم، خىلمۇ ــ خىل ئازابلار بىلەن خۇش بىشارەت ئالغىن، جان چىققىچە شۇنداق دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسمانغا ئۆرلىتىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، كىم بۇ؟ دېيىلسە، پالانى دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا نىجىس جەسەتتىكى نىجىس جانغا مەرھابالىق يوق، ئۇ قارشى ئېلىنمايدۇ، ئى جان، سەن خار ھالدا قايتقىن، چۈنكى، ساڭا ئىشىك ئېچىلمايدۇ دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماننىڭ يېنىدىن قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۇ قەبرىگە قايتۇرۇلىدۇ، (ئەمدى بىز بۇ ئىككى خىل كىشىنىڭ قەبرىدىكى ۋەقەسىگە، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىگە قۇلاق سالايلى،بۇ باشقا ھەدىستا كەلگەن، ئەلبانى «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ»1968 ـ ھەدىسىدە سەھىھ دىگەن ) «ياخشى كىشى قەبرىدە چۆچىماستىن قاتتىق قورقۇتۇلماستىن ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەن قايسى دىندا ئىدىڭ؟ دېيىلىدۇ، ئۇ مەن ئىسلام دىنىدا ئىدىم دەيدۇ، بۇ قانداق كىشى دېيىلسە، ئۇ، بۇ مۇھەممە سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇ بىزگە ئاللاھ تەرەپتىن رۇشەن مۆجىزە ئالامەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، بىز تەستىقلاپ ئىشەندۇق دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەن ئاللاھنى كۆردۈڭمۇ دېيىلىدۇ، ئۇ، بۇ دۇنيادا بىرەر كىشىنىڭ ئاللاھنى كۆرەلىشى لايىق ئەمەس دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا دوۋزاخ تەرەپتىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ قارىغۇدەك بولسا، دوۋزاخنىڭ بەزىسى، بەزىسىنى يەپ كېتىۋاتقۇدەك، ئاندىن ئۇنىڭغا، سېنى ئاللاھ ساقلىغان نەرسىگە قارا، كۆردۈڭمۇ؟ دېيىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە، گۈزەللىككە قارايدۇ، ئۇنىڭغا بۇ سېنىڭ جايىڭ، مەڭگۈلۈك ئورنۇڭدۇر، سەن شەكسىز ئىشەنچ ئۈستىدە ئىدىڭ، شۇ ئىشەنچ، ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ، ئاللاھ خالىسا شۇنىڭ ئۈستىدە قوپۇرۇلسەن دېيىلىدۇ.

يامان كىشى بولسا، قەبرىسىدە چۆچىغان، قاتتىق قورقۇغان ھالدا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا،سەن قايسى دىندا ئىدىڭ؟ دېيىلىدۇ، ئۇ مەن بىلمەيمەن دەيدۇ، بۇ قانداق كىشى؟ دېسە، ئۇ، كىشىلەرنىڭ بىر سۆزىنى قىلغىنىنى ئاڭلاپ مەنمۇ شۇنداق دەپ قويغان ئىدىم دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جەننەت تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ جەننەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى، گۈزەللىكنى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا ئاللاھ سېنى چۆرىۋەتكەن، سەندىنمۇ چۆرىۋەتكەن نەرسىگە، جەننەتكە قارىۋالغىن، كۆرىۋالغىن، دېيىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن دوۋزاخ تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئۇ قارىسا دوۋزاخ قىززىقلىقىدىن بىر ــ بىرىنى يەپ كېتىۋاتقىدەك، ئۇنىڭغا مانا بۇ سېنىڭ جايىڭ، ئورنۇڭدۇر، سەن شەك ئۈستىدە ئىدىڭ، يەنىلا شەك ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ، ئاللاھ خالىسا، سەن يەنىلا شەك ئۈستىدە قوپۇرۇلسەن دېيىلىدۇ»، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بارلىق كىتابلاردا بۇنىڭ ئوخشىشى باردۇر.

1628 - [ 13 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا خرجت روح المؤمن تلقاها ملكان يصعدانا " . قال حماد : فذكر من طيب ريحها وذكر المسك قال : " ويقول أهل السماء : روح طيبة جاءت من قبل الأرض صلى

**الله عليك وعلى جسد كنت تعمرينه فينطلق به إلى ربه ثم يقول : انطلقوا به إلى آخر الأجل " . قال : " وإن الكافر إذا خرجت روحه " قال حماد : وذكر من نتنها وذكر لعنها . " ويقول أهل السماء : روح خبيثة جاءت من قبل الأرض فيقال : انطلقوا به إلى آخر الأجل " قال أبو هريرة : فرد رسول الله صلى الله عليه وسلم ريطة كانت عليه على أنفه هكذا . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىننىڭ جېنى چىققاندا، ئۇنى ئىككى پەرىشتە ئېلىپ يۇقىرغا ئۆرلەيدۇ، ئۇ مىسكىدەك شۇنداق خۇشپۇراقكى ئاسمان ئەھلى مۇنداق دەيدۇ: بۇ پاك، خۇشپۇراق جان زېمىن تەرەپدىن كەلگەن، ساڭا ئاللاھ رەھمەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سەن گۈللەندۈرگەن جەسەدكىمۇ رەھمەت قىلدى، ئاندىن ئۇ ئۆز رەببىنىڭ يېنىغا ئاپىرىلىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى ئاخىرقى مۇددەت ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە ئاپىرىڭلار!. ئەگەر كاپىرنىڭ جېنى چىقسا، ئۇ شۇنداق لەنەتكار سېسىقكى، ئاسمان ئەھلى؛ بۇ نىجىس، سېسىق جان زېمىن تەرەپدىن كەلدى، بۇ جانغىمۇ مۇنداق دىيىلىدۇ؛ ئۇنى ئاخىرقى مەنزىلگە ئاپىرىڭلار. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كاپىرنىڭ سېسىق جېنىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇستىدىكى تون بىلەن بۇرنىنى يۆگىۋالدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھىنىڭ504 ـ ھەدىس

**1629 - [ 14 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا حضر المؤمن أتت ملائكة الرحمة بحريرة بيضاء فيقولون : اخرجي راضية مرضيا عنك إلى روح الله وريحان ورب غير غضبان فتخرج كأطيب ريح المسك حتى إنه ليناوله بعضهم بعضا حتى يأتوا به أبواب السماء فيقولون : ما أطيب هذه الريح التي جاءتكم من الأرض فيأتون به أرواح المؤمنين فلهم أشد فرحا به من أحدكم بغائبه يقدم عليه فيسألونه : ماذا فعل فلان ماذا فعل فلان ؟ فيقولون : دعوه فإنه كان في غم الدنيا . فيقول : قد مات أما أتاكم ؟ فيقولون : قد ذهب به إلى أمه الهاوية . وإن الكافر إذا احتضر أتته ملائكة العذاب بمسح فيقولون : اخرجي ساخطة مسخوطا عليك إلى عذاب الله عز وجل . فتخرج كأنتن ريح جيفة حتى يأتون به باب الأرض فيقولون : ما أنتن هذه الريح حتى يأتون به أرواح الكفار " . رواه أحمد والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنگە ۋاپات ھازىر بولغاندا، ئۇنىڭغا رەھمەت پەرىشتىلىرى كېپەن ئۈچۈن ئاق يىپەك ئېلىپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ، ئى جان! رازى بولغان، ھەم رازى بولۇنغان، رەب تائالا غەزەپ قىلمىغان ھالدا راھەت ــ پاراغەتكە ياخشى رىزىققا چىققىن! «بۇ ئىككى سۆز يەنى روھ، رەيھان سۈرە ۋاقىئە 89 ــ ئايەتتە بار» ئاندىن ئۇ جان مىسكىدىنمۇ خۇشپۇراقراق ھالەتتە چىقىدۇ، ھەتتا ئۇنى بىرسى ــ بىرسىدىن، قولدىن ــ قولغا سۇنۇۋېلىپ، ئاسمان ئىشكىگە ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلار؛ سىلەرگە زېمىندىن كەلگەن بۇ پۇراق، نېمىدىگەن خۇشپۇراق ھە! دىيىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار بۇ روھنى مۆئمىنلەر روھلىرىنىڭ يېنىغا ئاپىرىدۇ، ئۇلار بۇنى كۆرۈپ بىرىڭلار يىراققا كەتكەن ئادىمى كەلگەندە، خۇشال بولغاندىنمۇ بەكىرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن مۆئمىنلەر روھلىرى، ئۇ روھدىن پالانى، پوكۇنى نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى؛ ئۇنى قويۇڭلار! ھەقىچان ئۇ دۇنيا غىمىدە قالدى دەپ كېتىدۇ، ئاندىن بارغان روھ؛ ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن، سىلەرگە كەلمىدىمۇ؟ دىگەندە، ئۇلار؛ ھە! ئەمدى بىلدۇق، ئۇ ئەسلى ھاۋىيە دىگەن دوۋزاختىكى جايغا ئاپىرىلىپتۇ ــدە! دەيدۇ. كاپىر كىشىگە ۋاپات ھازىر بولغاندا بولسا، ئازاب پەرىشتىلىرى كېپەن ئۈچۈن ئەسكى كىگىزدەك، تاشلاندۇق پالاستەك يۇڭ پارچىلىرىنى ئىلىپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئى نىجىس جان!، خاپا بولغان، ئاچچىقلانغان، ساڭىمۇ غەزەپ قىلىنغان ھالدا، ئاللاھنىڭ ئازابىغا چىققىن!، ئاندىن ئۇ تاپنىڭ پۇرىقىدىنمۇ سېسىق ھالەتتە چىقىدۇ، ئۇنى زېمىننىڭ ئىشكىگە ئېلىپ كەلسە، ئۇلار:

بۇ نېمىدىگەن سېسىق پۇراق ھە! دەپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇنى كاپىرلار روھلىرىغا ئاپىرىۋېتىدۇ، نەسەئى،ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. روھ، جان مەۋجۇد.
2. ئۇنى پەرىشتىلەر ئالىدۇ.
3. مۆئمىنگە رەھمەت، كاپىرغا ئازاب.
4. مۆئمىن خۇشپۇراق، كاپىر سېسىق.
5. روھلارمۇ ئۇچرىشىدۇ، سۇئال سورىشىدۇ، خۇشال بولىشىدۇ، زىيارەت بارىدۇر.
6. ئۆلگەنلەر روھلىرى، بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى ئۆلگەنلەردىن سوراپ بىلىدىكەن.
7. روھ كىرگۈزۈلىدۇ، پۈۋدىلىدۇ، چىقىرىلىدۇ، لېكىن، كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم.

8. كاپىرلار روھلىرى زىمىنغا يەنى تۆۋەنگە كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرىدە ئازاب بار تېخى.

1630 - [ 15 ] ( صحيح )وعن البراء بن عازب قال : خرجنا مع النبي صلى الله عليه وسلم في جنازة رجل من الأنصار فانتهينا إلى القبر ولما يلحد فجلس رسول الله صلى الله عليه وسلم وجلسنا حوله كأن على رؤوسنا الطير وفي يده عود ينكت به في الأرض فرفع رأسه فقال : " استعيذوا بالله من عذاب القبر " مرتين أو ثلاثا ثم قال : " إن العبد المؤمن إذا كان في انقطاع من الدنيا وإقبال من الآخرة نزل إليه من السماء ملائكة بيض الوجوه كأن وجوههم الشمس معهم كفن من أكفان الجنة وحنوط من حنوط الجنة حتى يجلسوا منه مد البصر ثم يجيء ملك الموت حتى يجلس عند رأسه فيقول : أيتها النفس الطيبة اخرجي إلى مغفرة من الله ورضوان " قال : " فتخرج تسيل كما تسيل القطرة من في السقاء فيأخذها فإذا أخذها لم يدعوها في يده طرفة عين حتى يأخذوها فيجعلوها في ذلك الكفن وفي ذلك الحنوط ويخرج منها كأطيب نفحة مسك وجدت على وجه الأرض " قال : " فيصعدون ا فلا يمرون - يعني ا - على ملأ من الملائكة إلا قالوا : ما هذه الروح الطيب فيقولون : فلان بن فلان بأحسن أسمائه التي كانوا يسمونه ا في الدنيا حتى ينتهوا ا إلى سماء الدنيا فيستفتحون له فيفتح له فيشيعه من كل سماء مقربوها إلى السماء التي تليها حتى ينتهى ا إلى السماء السابعة - فيقول الله عز وجل : اكتبوا كتاب عبدي في عليين وأعيدوه إلى الأرض فإني منها خلقتهم وفيها أعيدهم ومنها أخرجهم تارة أخرى قال : " فتعاد روحه فيأتيه ملكان فيجلسانه فيقولون له : من ربك ؟ فيقول : ربي الله فيقولون له : ما دينك ؟ فيقول : ديني الإسلام فيقولان له : ما هذا الرجل الذي بعث فيكم ؟ فيقول : هو رسول الله صلى الله عليه وسلم فيقولان له : وما علمك ؟ فيقول : قرأت كتاب الله فآمنت به وصدقت فينادي مناد من السماء أن قد صدق فأفرشوه من الجنة وألبسوه من الجنة وافتحوا له بابا إلى الجنة " قال : " فيأتيه من روحها وطيبها ويفسح له في قبره مد بصره " قال : " ويأتيه رجل حسن الوجه حسن الثياب طيب الريح فيقول : أبشر بالذي يسرك هذا يومك الذي كنت توعد فيقول له : من أنت ؟ فوجهك الوجه يجيء بالخير فيقول : أنا عملك الصالح فيقول : رب أقم الساعة رب أقم الساعة حتى أرجع إلى أهلي ومالي " . قال : " وإن العبد الكافر إذا كان في انقطاع من الدنيا وإقبال من الآخرة نزل إليه من السماء ملائكة سود الوجوه معهم المسوح فيجلسون منه مد البصر ثم يجيء ملك الموت حتى يجلس عند رأسه فيقول : أيتها النفس الخبيثة اخرجي إلى سخط من الله " قال : " فتفرق في جسده فينتزعها كما ينتزع السفود من الصوف المبلول فيأخذها فإذا أخذها لم يدعوها في يده طرفة عين حتى يجعلوها في تلك المسوح ويخرج منها كأنتن ريح جيفة وجدت على وجه الأرض فيصعدون ا فلا يمرون ا على ملأ من الملائكة إلا قالوا : ما هذا

الروح الخبيث ؟ فيقولون : فلان بن فلان - بأقبح أسمائه التي كان يسمى ا في الدنيا - حتى ينتهي ا إلى السماء الدنيا فيستفتح له فلا يفتح له " ثم قرأ رسول الله صلى الله عليه وسلم ( لا تفتح لهم أبواب السماء ولا يدخلون الجنة حتى يلج الجمل في سم الخياط )فيقول الله عز وجل : اكتبوا كتابه في سجين في الأرض السفلى فتطرح روحه طرحا

ثم قرأ : ( ومن يشرك بالله فكأنما خر من السماء فتخطفه الطير أو وي به الريح في مكان سحيق )

فتعاد روحه في جسده ويأتيه ملكان فيجلسانه فيقولان له : من ربك : فيقول : هاه هاه لا أدرى فيقولان له : ما دينك ؟ فيقول : هاه هاه لا أدري فيقولان له : ما هذا الرجل الذي بعث فيكم ؟ فيقول : هاه هاه لا أدري فينادي مناد من السماء أن كذب عبدي فأفرشوا له من النار وافتحوا له بابا إلى النار فيأتيه حرها وسمومها ويضيق عليه قبره حتى تختلف فيه أضلاعه ويأتيه رجل قبيح الوجه قبيح الثياب منتن الريح فيقول أبشر بالذي يسوؤك هذا يومك الذي كنت توعد فيقول : من أنت ؟ فوجهك الوجه يجيء بالشر فيقول : أنا عملك الخبيث فيقول : رب لا تقم الساعة وفي رواية نحوه وزاد فيه :إذا خرج روحه صلى عليه كل ملك بين السماء والأرض وكل ملك في السماء وفتحت له أبواب السماء ليس من أهل باب إلا وهم يدعون الله أن يعرج بروحه من قبلهم . وت ع نفسه يعني الكافر مع العروق فيلعنه كل ملك بين السماء والأرض وكل ملك في السماء وتغلق أبواب السماء ليس من أهل باب إلا وهم يدعون الله أن لا يعرج روحه من قبلهم " . رواه أحمد

بەرراﺋ ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئەنسارلاردىن بىركىشىنىڭ جىنازانامىزىغا چىقىپ، قەبرىستانلىققا يېتىپ بارساق، تېخى قەبرە كولىنىپ بولماپتىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇردى، بىزمۇ خۇددى بېشىمىزدا قۇش باردەكدەك، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا جىم ئولتۇردۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىدا تاياق بارىۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يەرنى چىكىپ ئولتۇراتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:«الله قا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار دەپ، ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم دېۋېتىپ، يەنە مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن مۆئمىن بەندىنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىنىدىغان ۋاختى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاسماندىن خۇددى يۈزلىرى قۇياشتەك نۇرلۇق، ئاپئاق يۈزلۈك پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە جەننەتنىڭ كېپىنەكلىرى، جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرىدىن خۇشپۇراق ئەتىرلەر باردۇر، بۇ پەرىشتىلەر مۆئمىندىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرىدۇ، (يەنى كۆرگىلى بولغۇدەك يىراقلىقتا ئولتۇرىدۇ) ئاندىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىدۇ، ئۇ مۆئمىننىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئەي پاك، ئېسىل روھ، جان! ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا چىققىن! ئاندىن ئۇ جان خۇددى تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن بىر تامچە سۇ تامغاندەكلا شۇنداق ئاسان چىقىدۇ، ئۆلۈم پەرىشتىسى روھنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئالغاندا، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىلىكمۇ قويماي تۇرسا، پەرىشتىلەر ئېلىپ، بۇ پاك روھنى ئاشۇ كېپەنلەرگە ئاشۇ ئەتىرلەرگە سالىدۇ، بۇ روھدىن مىسكىدىنمۇ خۇشپۇراقراق پۇراق چىقىدۇ، بۇ خۇشپۇراقلار يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇ روھنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار پەرىتىشلەرنىڭ جامائەتلىرىدىن ئۆتسىلا، بۇ پاك، ئېسىل روھ كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ، يۇقىرىغا ئۆرلەۋەتقانلار، ئۇ بەندىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، پەرشتىلەر ئۇنى دۇنيا ئاسمىنىغا ئاپىرىپ، ئاسمان ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ مۆئمىن روھى ئۈچۈن ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئاندىن بۇ ئېسىل روھقا ھەربىر ئاسماننىڭ ئەڭ يېقىن مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى ئەگىشۋالىدۇ، ئۇلار يەنە بىر

ئاسمانغىچە ئەگىشىپ بارىدۇ، تاكى بۇ مۆئمىننىڭ روھى يەتتىنچى ئاسمانغىچە ئاپىرىلىدۇ، (ھەربىر ئاسماننىڭ مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىۋالىدۇ) ئاندىن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مىنىڭ بۇ بەندەمنىڭ كىتابىنى، ئىللىيىن دەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى ئالى مەرتىبە قاتارىدا يېزىڭلار! بۇ بەندەمنى زېمىنغا قايتۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنى زېمىندىن ياراتتىم، ئۇلارنى زېمىنغا قايتۇرىمەن، ئۇلارنى زېمىندىن يەنە بىر قېتىم يارىتىپ چىقىرىمەن، ئاندىن مۆئمىننىڭ روھى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن، ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ،

رەببىڭ كىم؟ دەپ سورايدۇ:

مۆئمىن، رەببىم ئاللاھ دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: دىنىڭ نېمە؟ دەيدۇ:

مۆئمىن بەندە، دىنىم ئىسلام دىنى دەيدۇ.

پەرىشتىلەر ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن بۇ كىشى قانداق كىشى بولىدۇ؟ دەيدۇ:

ئۇ بەندە، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبىرىدۇر دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: سىنىڭ ئىلمىڭ قانداق؟ سەن بۇنى نەدىن بىلدىڭ؟ دەيدۇ:

مۆئمىن بەندە، مەن ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم، بۇ كىتابقا شەكسىز ئىمان كەلتۈردۈم، ۋە تەستىقلىدىم دەيدۇ، ئاندىن ئاسماندىن بىر تovۋلىغۇچى، ئىندا قىلىپ، بەندەم راست دېدى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كۆرپە سېلىڭلار! جەننەت كىيىملىرىدىن كىيىم كىيدۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار دەيدۇ، ئاندىن ئۇ بەندىگە جەننەتنىڭ راھەتلىرى، رىزىقلىرى، پاك، مول تۇرمۇشلىرى، خۇشپۇراقلىرى يېتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەبرىسى بىر كۆز يېتىم مىقدارى شۇنداق كەڭ كەڭرىتىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا يۈزى گۈزەل، كىيىمى گۈزەل، خۇشپۇراق بىر كىشى كېلىپ، سىنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلار بىلەن خۇش بىشارەت ئالغىن، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان، سېنىڭ كۈنۈڭدۇر، دەيدۇ، بەندە ئۇنىڭغا سەن كىم؟ سېنىڭ يۈزىڭ ياخشىلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈزئىكەن دەيدۇ، ئۇ كىشى مەن سېنىڭ سالىھ، ياخشى ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ، ئاندىن بەندە خاتىرجەم بولۇپ، ئى پەرۋەردىگارىم، قىيامەتنى قۇرۇپ بەرگىن، ئى رەببىم، قىيامەتنى قايىم قىلىپ بەرگىن، مەن ئەھلىمگە، مال ـ مۈلۈكلىرىمگە قايتاي دەيدۇ، (مانا بۇ مۆئمىن كىشىنىڭ ئاقىۋىتى بولىدۇ). ھەقىقەتەن كاپىر، دىنسىز بەندىنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىدىغان ۋاختى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاسماندىن يۈزلىرى قاپقارا، تەلەتى سەت، قەبىھ پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇنى كېپەنلەشكە ئەسكى كىگىز، تاشلاندۇق پالاسلارنى ئېلىۋالىدۇ، پەرىشتىلەر بۇ كاپىردىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرىدۇ، ئاندىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئى نىجىس، سېسىق جان، ئاللاھنىڭ كايىشىغا، غەزەپ ـ نەپرىتىگە چىققىن! دەيدۇ: ئاندىن ئۇنىڭ روھى، جېنى پۈتۈن بەدەنلىرىگە تارقاپ كېتىدۇ، ئاندىن پەرىشتە ئۇ جاننى خۇددى قويىنىڭ ھۆل يۇڭىدىن شوخۇلۇق شاخنى تارتىپ ئالغاندەك، قاتتىق تارتىپ ئالىدۇ، ئۇنى ئېلىپ، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك مىقداردا قويمايلا، ساقلاپ تۇرغان پەرىشتىلەر ئېلىپ، ھېلىقى كىگىز پالاسنىڭ ئىچىگە سالىدۇ، بۇ نىجىس، سېسىق جاندىن تاپىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ سېسىق پۇراق چىقىدۇ،

بۇ سېسىق پۇراق يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار ھەربىر پەرىشتە جامائەتلىرىدىن ئۆتسە، ئۇلار بۇ نىجىس، سېسىق جان، روھ كىم بولىدۇ؟ دەيدۇ: ئۆرلەۋاتقانلار، ئۇ دىنىسىزنىڭ دۇنيادىكى كىشىلەر ئاتايدىغان ئەڭ قەبىھ، سەت ئىسىملىرى بىلەن ئاتاپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ دەيدۇ، ئاندىن ئاسمان ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن ئىشىك ھەرگىز ئېچىلمايدۇ، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى، « شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكىچە جەننەتكە كىرمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)، گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز. » سۈرە ئەئراف، 40 ـ ئايەت) ئاندىن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ كىتابىنى ئەڭ تۆۋەن زېمىننىڭ ئىچىدىكى سىججىيىن، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك چوڭقۇر مەنزىللىك قىلىپ يېزىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ روھى قاتتىق تاشلىنىدۇ، دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى« اللهغا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى اللهغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ»(سۈرە ھەج 31 ـ ئايەت). ئاندىن ئۇنىڭ رۇھى جەسىتىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، مۇنداق سوئال سورايدۇ.

رەببىڭ كىم؟

ئۇ، ھا! ھا! مەن بىلەيمەن دەيدۇ.

ئۇلار، دىنىڭ نېمە؟ دېسە:

ئۇ ھا ھا مەن بىلمەيمەن دەيدۇ.

ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن ماۋۇ كىشى كىم؟ دېسە،ئۇ: ھا! ھا! مەن، مەن بىلمەيمەن دەيدۇ. ئاندىن، ئاسماندىن مۇنداق نىدا كېلىدۇ، ئۇ يالغان سۆزلىدى، ئۇنىڭغا دوزىخ ئوتىدىن كۆرپە سېلىڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاخ تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىڭلار! ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ ھارارەتلىرى، قىززىقلىرى، زەھەرلىرى كېلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى شۇنداق تار قىلىنىدۇكى، قوۋۇر غىللىرى بىر ــ بىرىگە كىرىشىپ، گىرەلىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، يۈزى، كىيىمى قەبىھ سەت، سېسىق پۇراقلىق بىر كىشى كېلىپ، سىنى خاپا قىلىدىغان، غەم قىلدۇرىغان نەرسە بىلەن بىشارەت ئال، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان سېنىڭ كۈنۈڭدۇر دەيدۇ. ئۇ، سېنىڭ يۈزۈڭ يامانلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈز ئىكەن، سەن زادى كىم؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ، مەن سېنىڭ نىجىس، يامان ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ. ئاندىن ئۇ، ئى پەرۋەردىگارىم، ھەرگىز قىيامەتنى قايىم قىلمىغىن دەپ كېتىدۇ. (مانا بۇ دىنسىزنىڭ ئاقىۋىتى، ئى ئاللاھ، بىزلەرنى مۆئمىن قىلىپ، بۇنداق يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىسلا، ئامىن!)يەنە بىرخاتىردە، مۆئمىنىنىڭ روھى چىققاندا، ئۇنىڭغا ئاسمان زېمىن ئارلىقىدىكى ھەربىر پەرىشتە رەھمەت يوللايدۇ، ئاسماندىكى بارلىق پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت،مەغپىرەت سورايدۇ، ئۇنىڭغا ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، ھەربىر ئىشىك ئەھلى ئۇنىڭ رۇھىنىڭ ئۆزلىرى تەرەپتىكى يۇقىرىغا ئۆرلىشى ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلىدۇ.كاپىرنىڭ جېنى ئۇنى قىيناپ تەرلىتىپ، قاتتىق تارتىپ ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئاسمان زېمىن ئارلىقىدىكى ھەربىر پەرىشتە ۋە ئاسماندىكى بارلىق پەرىشتىلەرلەنەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلماي، بەلكى قۇلپا سېلىنىپ تاقىلىدۇ، ھەربىر ئىشىك ئەھلى ئۇنىڭ رۇھىنىڭ ئۆزلىرى تەرەپتىكى يۇقىرىغا ئۆرلەمەسلىكى ئۈچۈن الله قا دۇئا

قىلىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى خۇزەيمە، ھاكىم، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، بىر قىسىم جايلىرى مۇتىۋاتىر.

**1631 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن عبد الرحمن بن كعب عن أبيه قال : لما حضرت كعبا الوفاة أتته أم بشر بنت البراء بن معرور فقالت : يا أبا عبد الرحمن إن لقيت فلانا فاقرأ عليه مني السلام . فقال : غفر الله لك يا أم بشر نحن أشغل من ذلك فقالت : يا أبا عبد الرحمن أما سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن أرواح المؤمنين في طير خضر تعلق بشجر الجنة ؟ " قال : بلى . قالت : فهو ذاك . رواه ابن ماجه والبيهقي في كتاب البعث والنشور**

ئابدۇرەھمان ئىبنى كەئبەدىن، ئۇنىڭ دادىسىدىن، كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ۋاپات كەلگەندە، بەرراۇ ئىبنى مەئرۇرنىڭ قىزى ئۇممە بەشەر كىلىپ مۇنداق دىدى، ئى ئابدۇرەھماننىڭ دادىسى، پالانىغا ئۇچقۇشۇپ قالساڭ، ئۇنىڭغا مەندىن سالام دىگىن، كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئى ئۇممە بەشەر، ئاللاھ ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن، بىز ئۇنداق قىلىشدىن بەكىرەك، مەشغۇللۇقتا بولۇپ قالارمىزمىكى دىدى. ئۇممە بەشەر، سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ھەققەتەن مۆئمىنلەرنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشنىڭ پوكانلىرىدا جەننەت دەرەخلىرىگە ئېسىلىپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ، كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق ئاڭلىغان دىدى، ئۇممە بەشەر ئۇنداق بولسا، ئىش شۇنداقتۇر دىدى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1632 - [ 17 ] ( صحيح )وعن عبد الرحمن بن كعب عن أبيه قال : أنه كان يحدث أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إنما نسمة المؤمن طير تعلق في شجر الجنة حتى يرجعه الله في جسده يوم يبعثه " . رواه مالك والنسائي والبيهقي في كتاب البعث والنشور**

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن مۆئمىننىڭ روھى، جېنى؛ ئاللاھتائالا ئۇ مۆئمىننى تىرىلدۈرىدىغان كۈندە، جەسىدىگە ئۇنىڭ روھىنى قايتۇرغانغا قەدەر، جەننەتنىڭ دەرەخلىرىگە ئېسىلىپ، ئۇچۇپ يۈرۈپ ئوتلايدىغان قۇشتۇر، (يەنە بىر خاتىرىدە يېشىل قۇشنىڭ پوكىنىدا ئۇچۇپ يۈرىدۇ،دىيىلگەن) مالىك، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**1633 - [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعن محمد بن المنكدر قال : دخلت على جابر بن عبد الله وهو يموت فقلت : اقرأ على رسول الله صلى الله عليه وسلم السلام . رواه ابن ماجه**

مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر رەھ مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا، ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا:سەن مەندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام دىگىن، دىدىم.ئىبنى ماجە توپلىغان بۇ ئەسەرنىڭ تەكشۈرلىشى تاما م بولمىغان.

## باب غسل الميت وتكفينه - الفصل الأول

## مىيىتنى يۇيۇش ۋە ئۇنى كېپەنلەش توغرىسىدا

**1634 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أم عطية قالت : دخل علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم ونحن نغسل ابنته فقال : اغسلنها ثلاثا أو خمسا أو أكثر من ذلك إن رأيتن ذلك بماء وسدر واجعلن في الاخرة كافورا أو شيئا من كافور فإذا فرغتن فآذنني فلما فرغنا آذناه فألقى إلينا حقوه وقال : " أشعرنها إياه " وفي رواية : " اغسلنها وترا : ثلاثا أو خمسا أو سبعا وابدأن بميامنها ومواضع الوضوء منها " . وقالت فضفرنا شعرها ثلاثة قرون فألقيناها خلفها**

ئۇممە ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن

قىزنى يۇيۇۋاتساق، قېشىمىزغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ: ئەگەر شۇنى ئاسان دەپ قارىساڭلار، ئۇنى ئۈچ ياكى بەش ياكى ئۇنىڭدىمۇ كۆپرەك تاق يۇيۇڭلار، سۇ ۋە سىدىر دېگەن دەرەخنىڭ كىر ئالىدىغان يوپۇرمىقى بىلەن يۇيۇڭلار، يۇيۇشنىڭ ئاخىردا، كاپۇرا دېگەن ئەتىردىن ياكى شۇنىڭدىن ئازراق نەرسىنى قىلىڭلار، يۇيۇپ بولساڭلار، ماڭا خەۋەر قىلىڭلار دېدى. بىز يۇيۇپ بولۇپ خەۋەر قىلساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىلىپ، ئىشتىنىنى بىزگە تاشلاپ بېرىپ: ئۇنى قىزىمنىڭ ئىچ كىيىمى قىلىپ كەيدۇرۇپ قويۇڭلار دېدى. يەنەبىرخاتىردە؛ ئۇنى ئۈچ ياكى بەش ياكى يەتتە قېتىم تاق يۇيۇڭلار، ئۇنىڭ تاھارەت ئالىدىغان ئەزالىرىدىن، ئەزالىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ يۇيۇڭلار دېدى. بىز ئۇنىڭ چېچىنى ئۈچ ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ، ئارقىسىغا تاشلاپ قويدۇق. بۇخارى1175 ـ مۇسلىم 1557 ـ ھەدىس سەھىھ.

1635 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كفن في ثلاثة أثواب يمانية بيض سحولية من كرسف ليس فيها قميص ولا عمامة

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، يەمەننىڭ سۇھۇلىييە دېگەن يېرىگە مەنسۇپ بولغان ، پاختىدىن توقۇلغان، ئاق، ئۈچ دانە كىيىمگە كېپەنلەندى، ئۇنىڭدا كوڭلەك، سەللە يوق ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

1636 - [ 3 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا كفن أحدكم أخاه فليحسن كفنه ". رواه مسلم

جابىر، ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنى كېپەنلىسە، ئۇنىڭ كېپەنلىكىنى ياخشى قىلسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.( ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىغا ئىگە بولسا، ئۇ ئۆلگەندە ئۇنىڭ كېپەنلىكىنى ياخشى قىلسۇن، چۈنكى، ئۇلار كېپەنلىكلىرى ئىچىدە تىرىلىپ قوپىدۇ، كېپەنلىكلىرى بىلەن زىيارەت قىلىشىدۇ، سەمۇيە ئۇقەيلى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن).

1637 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عباس قال : إن رجلا كان مع النبي صلى الله عليه وسلم فوقصته ناقته وهو محرم فمات فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اغسلوه بماء وسدر وكفنوه في ثوبيه ولا تمسوه بطيب ولا تخمروا رأسه فإنه يبعث يوم القيامة ملبيا "وسنذكر حديث خباب : قتل مصعب بن عمير في باب جامع المناقب إن شاء الله

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئۇنى تۆگىسى تاشلىۋېتىپ، ئۇكىشىنىڭ بوينى سۇنۇپ، ئىھرام باغلاقلىق ھالدا ۋاپات تاپتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنى سۇ بىلەن، كىر ئالىدىغان سىدرى قۇلىقى بىلەن يۇيۇپ، ئىككى كىيىمگە كېپەنلەڭلار، خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلەتمەڭلار، بېشىنى يۆگەپ قويماڭلار، ھەققەتەن ئۇ قىيامەت كۈنى تەلبىي ئېيتقان «يەنى لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە»، دېگەن ھالىتىدە تىرىلدۈرلىدۇ،دېدى. ئەھمەد ، بەيھەقى، ئالتە سەھىھ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

1638 - [ 5 ] الفصل الثاني ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " البسوا من ثيابكم البياض فإنا من خير ثيابكم وكفنوا فيها موتاكم ومن خير أكحالكم الإثمد فإنه ينبت الشعر ويجلوا البصر " . رواه أبو داود والترمذي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاق كىيىمڭلارنى كىيىڭلار، چۈنكى، ئۇ كىيىمڭلارنىڭ ياخشىسىدۇر، مېيىتلەرنى ئاق كىيىمگە كېپەنلەڭلار. ھەققەتەن سۈرمەڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئىسمەت دېگەن سۈرمە تېشىدۇر، ئۇ كۆزنى رۇشەنلەشتۈرۈپ، كىرپىك تۈكىنى

ئۆستۈرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**1639 - [ 6 ] ( ضعيف )وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تغالوا في الكفن فإنه يسلب سلبا سريعا. رواه أبو داود**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېپەننىڭ پۇلىنى قىممەت قىلىۋەتمەڭلار، چۈنكى، ئۇ ناھايىتى تېزلا سالدۇرۇلىدۇ، يەنى چىرىپ، سېسىپ كېتىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**1640 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري أنه لما حضره الموت . دعا بثياب جدد فلبسها ثم قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " الميت يبعث في ثيابه التي يموت فيها " . رواه أبو داود**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆلۈم كەلگەندە،(يەنى جان ئۈزۈش ئالدىدا) يېڭى كىيىملىرىنى كەلتۈرۈپ كىيىۋېلىپ تۇرۇپ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: مىيت، قىيامەت كۈنى، كىيىپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىيىمنىڭ ئىچىدە تىرىلدۈرۈلۈپ قوپۇرىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. (يەنى ھەدىسنىڭ زاھىرىنى چۈشەنگەندە، مىيت ئۆلۈش ئالدىدا جان ئۈزگەن كىيىمى ئىچىدە، كېيىنى ئىچىدە قوپۇرىلىدۇ. تەئۋىل قىلغاندا، ئۆرپ ــ ئادىتى، بەلگىسى ئىچىدە ياكى كىيىم ئەمەلدىن كىنايە بولۇپ، ياخشى ياكى يامان ئەمەللىرى ئۈستىدە قوپۇرىلىدۇ. ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقى ھېساب بولىدۇ، قىلىۋاتقان ئەمەل ئۈستىدە جان ئۈزۈپ، يەنە شۇ ئەمەل ئىچىدە قوپۇرىلىدۇ،دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ ئالىم.)

**1641 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن عبادة بن الصامت عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " خير الكفن الحلة وخير الأضحية الكبش الأقرن " . رواه أبو داود**

ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېپەننىڭ ياخشىسى تونىدۇر، قۇربانلىقنىڭ ياخشىسى مۈڭگۈزلۈك قوچقاردۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، زەئىپ دېدى،

**1642 - [ 9 ] ( ضعيف )ورواه الترمذي وابن ماجه عن أبي أمامة**

**1643 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : أمر رسول الله صلى الله عليه وسلم بقتلى أحد أن ي ع عنهم الحديد والجلود وأن يدفنوا بدمائهم وثيا م . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوھۇتتا، شېھىد قىلىنغانلاردىن تۆمۈر، تېرە قاتارلىقلارنى سالدۇرۇۋېتىشنى، كىيىم ــ كېچەكلىرى، قانلىرى بىلەنلا دەپنە قىلىشنى بۇيرۇغان، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ ھەدىسمۇ زەئىپتۇر. چۈنكى، ئەبۇ داۋۇد، بىرەر باپقا سەھىھ ھەدىسنى تاپالمىسا، زەئىپ ھەدىسلەرنى يېزىۋەرگەن، ئىبنى ماجە بولسا، 1000دىن ئارتۇق ھەدىسلەرنى ئۆزى يالغۇز خاتىرلىگەن بولۇپ، كۆپىنچىسى زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا يالغان ئىكەن، تىرمىزىدىمۇ نۇرغۇن زەئىپ ھەدىسلەر بار، لېكىن، ئۇ ئوچۇق دەپ قويغان، ئۇنىدىن باشقا كىتابلاردا نۇرغۇن زەئىپ، مۇنكەر، مەترۇك ھەدىسلەر بار، بۇلارنى ئەلبانى تەكشۈرۈپ ئىنقىلاپ بىر يۇقىردا دېگەندەك قائىدە ــ قانۇنلارغا سېلىپ، بۇرۇنقى نۇرغۇن ماتېرىياللارغا تايىنىپ تۇرۇپ، باھا بېرىپ، ھۆكۈم قىلغان، يۇقىرقى سۆزلەر ئۇسەيمىيننىڭ كىتابىدىن ئېلىندى.

**1644 - [ 11 ] الفصل الثالث ( صحيح )**

**عن سعد بن إبراهيم عن أبيه أن عبد الرحمن بن عوف أتى بطعام وكان صائما فقال : قتل مصعب بن عمير وهو خير مني كفن في بردة إن غطي رأسه بدت رجلاه وإن غطي رجلاه بدا رأسه وأراه قال : وقتل حمزة وهو خير مني ثم بسط لنا من الدنيا ما بسط أو**

قال : أعطينا من الدنيا ما أعطينا ولقد خشينا أن تكون حسناتنا عجلت لنا ثم جعل يبكي حتى ترك الطعام . رواه البخاري

سەئد ئىبنى ئىبراھىمنىڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ؛ ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇزا تۇتۇقلۇق ئىكەن ، ئۇنىڭغا تاماق كەلتۈرۈلگەندە، ئۇ بىرگە: مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆلتۈرلۈپ شېھىد قىلىندى، ئۇ مەندىن ياخشى ئىدى، ئۇ بىر تونغىلا كېپەنلەنگەن ئىدىكى، ئەگەر بېشى يېپىلسا، ئىككى پۇتى ئېچىلىپ قالاتتى، ئەگەر ئىككى پۇتى يېپىلسا، بېشى تەرەپ ئېچىلىپ قالاتتى، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۆلتۈرلۈپ شېھىد قىلىندى، ئۇمۇ مەندىن كۆپ ياخشى ئىدى، (ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق بولدى) ئاندىن بىزگە بۇدۇنيادىن مال ـ دۇنيا بەك كەڭرى بېرىلدى، ھەققەتەن بىز، ياخشىلىقلىرىمىز بىزگە مۇشۇ دۇنيادىلا ، تېز بېرىلىپ بولدىمىكى دەپ ئەنسىرەپ قورقۇمىز دەپ، تاماقنى يېمەي، قاتتىق يىغلاپ كەتتى. بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

1645 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن جابر قال : أتى رسول الله صلى الله عليه وسلم عبد الله بن أبي بعدما أدخل حفرته فأمر به فأخرج فوضعه على ركبتيه ن فنفث فيه من ريقه وألبسه قميصه قال : وكان كسا عباسا قميصا

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، ئابدۇاللە ئىبنى ئۇبەي قەبرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن كىلىپ، ئۇنى تېشىغا چىقىرىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۇنى ئىككى تىزى ئۈستىدە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سۆۋ دەپ شالىسىدىن تۈكۈرۈپ، ئۇنىڭغا كۆڭلىكىنى كەيدۈرۈپ قويدى، ئابدۇاللە ئىبنى ئۇبەي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىردانە كۆڭلەك ئىتىپ بەرگەن ئىدى. (ئۇ شۇنىڭ بەدىلگە بېرىلدى) بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

## المشي بالجنازة والصلاة عليها - الفصل الأول

## جىنازا نامىزى ئۇقۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش توغرىسىدا

1646 - [ 1 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أسرعوا بالجنازة فإن تك صالحة فخير تقدمونا إليه وإن تك سوى ذلك فشر تضعونه عن رقابك "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىنازىنى تېز ئاپىرىڭلار، ئەگەر ئۇ سالىھ، ياخشى كىشى بولسا، تېز ئاپىرشىڭلار ياخشىدۇر،ئۇنى ياخشىلىققا ئاپىرىسلەر. ئەگەر ئۇنداق بولماي، يامان كىشى بولسا، بۇ يامانىدۇركى، ئۇنى مۇرەڭلاردىن تېزىراق قويىۋېتىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى ئالتە كىتاب يەنى بۇخارى،مۇسلىم، يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئىلەر توپلىغان، سەھىھ.

1647 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا وضعت الجنازة فاحتملها الرجال على أعناقهم فإن كانت صالحة قالت : قدموني وإن كانت غير صالحة قالت لأهلها : يا ويلها أين يذهبون ا ؟ يسمع صو ا كل شيء إلا الإنسان ولو سمع الإنسان لصعق " . رواه البخاري

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىنازا قويۇلۇپ، ئۇنى ئەرلەر مۈرىلىرىدە كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، مېيىت ياخشى كىشى بولسا، مۇنداق دەيدۇ؛ مېنى تېزىراق ئاپىرىڭلار، تېزىراق ئاپىرىڭلار. ئەگەر ئۇنداق ياخشى بولماي،يامان كىشى بولسا، ئەھلىگە: ۋايجان ـ ۋايەي، ماڭا ۋاي، مېنى قەيەرگە ئاپىرىسلەر؟ دەيدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنساندىن باشقا بارلىق نەرسىلەر ئاڭلايدۇ، ئەگەر ئىنسان ئاڭلاپ قالسا، شۇ جايدىلا، دەرھاللا ئۆلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ بىزلەرنى ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىدىغان، ياخشى كىشىلەردىن قىلسۇن، ئامىن!

**1648 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا رأيتم الجنازة فقوموا فمن تبعها فلا يقعد حتى توضع**

ئەبۇ سەئىد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىنازىنى كۆرسەڭلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، كىم جىنازىغا ئەگەشسە، جىنازا قويۇلمىغۇچە ئولتۇرمىسۇن. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ، (ئەمما بۇ ئىشنى بىز «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا» ئەمەلدىن قالدى،مەنسۇخ دىدۇق.كۈچكە ئىگە،بۇئىش مۇستەھەب دىگەنمۇبار.الله ئەئلەم).

**1649 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن جابر قال : مرت جنازة فقام لها رسول الله صلى الله عليه وسلم وقمنا معه فقلنا : يا رسول الله إنها يهودية فقال : " إن الموت فزع فإذا رأيتم الجنازة فقوموا "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛بىر جىنازا ئۆتتىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، بىزمۇ بىللە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇ بىر يەھۇدى ئىدى ، دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن ئۆلۈم قورقۇنۇشلۇقتۇر، كىشىنى چۆچىتىدۇ، جىنازىنى كۆرسەڭلار، ئورنىڭلاردىن تۇرۇڭلار،دىدى. ئەھمەد ، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، مۇسلىمدا بۇ ئىشنى مەنسۇخ ئەمەلدىن قالغان دىيىلىدۇ.بەزىلەر؛ تۇرۇش ـ تۇرماسلىق ئىختىيارى دىگەن.

**1650 - [ 5 ] ( صحيح )وعن علي رضي الله عنه قال : رأينا رسول الله صلى الله عليه وسلم قام فقمنا وقعد فقعدنا يعني في الجنازة . رواه مسلم وفي رواية مالك وأبي داود : قام في الجنازة ثم قعد بعد**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىنازىنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇردۇق، كىيىن ئولتۇرۇپتى، بىزمۇ ئولتۇردۇق.مۇسلىم رىۋايىتى. ئىمام مالىك بىلەن ئەبۇداۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازىنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇراتتى، ئاندىن كىيىن ئولتۇرىۋەردى، دىيىلگەن. (يەنى كىيىن، ئورنىدىن تۇرۇش ئەمەلدىن قالغان.)

**1651 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من اتبع جنازة مسلم إيمانا واحتسابا وكان معه حتى يصلي عليها ويفرغ من دفنها فإنه يرجع من الأجر بقيراطين كل قيراط مثل أحد ومن صلى عليها ثم رجع قبل أن تدفن فإنه يرجع بقيراط "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ جىنازىسىغا، ئاللاھقا ۋە ئەجىرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئەگەشسە، ناماز چۈشۈرۈپ، دەپنە قىلىشىدىن پارىغ بولغانغا قەدەر بىللە تۇرسا، ھەقىقەتەن ئۇ كىشى ئىككى قىيرات ئەجىر بىلەن قايتىدۇ، ھەر بىر قىيرات ئەجىر، ئوھۇد تېغىدەك چوڭدۇر، كىم جىنازىغا، ناماز ئوقۇپلا،دەپنە قىلىنىشتىن بۇرۇن قايتسا، ئۇ كىشى بىر قىيرات ئەجىر بىلەن قايتىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن مۇسۇلمانغا جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ مەغپىرەت سوراش، ئەمما مۇناپىق، كاپىرلارغا قەتئىي ناماز چۈشۈرمەسلىك، مەغپىرەت سورىماسلىق چىقىپ تۇرىدۇ،چۈنكى «مۇسۇلمان كىشىنىڭ» دىگەندۇر. بەش ۋاقىت ناماز ئۇقۇمايدىغان كىشىگە جىنازا ناماز ئۇقۇلمايدۇ، مەغپىرەتمۇ سورالمايدۇ، بەزى ئالىملار؛ ئۇنىڭ جەسەدى ئىتقا تاشلاپ بىرىلىدۇ، دىدى.

**1652 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة : أن النبي صلى الله عليه وسلم نعى للناس النجاشي اليوم الذي مات فيه وخرج م إلى المصلى فصف م وكبر أربع تكبيرات**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،(مۇسۇلمان بولغان ھەبەشىستان پادىشاھسى)نەجاشى ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى، كىشىلەرگە ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى بىرىپ، كىشىلەر بىلەن

نامازگاھقا چىقىپ، سەپ تارتىپ، تۆت تەكبىر ئېيتىپ جىنازا ناماز ئوقۇدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

1653 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عبد الرحمن بن أبي ليلى قال : كان زيد بن أرقم يكبر على جنائزنا أربعا وإنه كبر على جنازة خمسا فسألناه فقال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يكبرها . رواه مسلم

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىزنىڭ جىنازا نامازلىرىمىزغا تۆت تەكبىر ئېيتاتتى، بىرقېتىم ئۇ بىرجىنازىغا بەش تەكبىر ئېيتتى، بىز ئۇنىڭ بۇنىشىدىن سورساق، ئۇبىزگە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداقمۇ تەكبىر ئېيتاتتى، دېدى. (يەنى تۆت ياكى بەش)مۇسلىم.

1654 - [ 9 ] ( صحيح )وعن طلحة بن عبد الله بن عوف قال : صليت خلف ابن عباس على جنازة فقرأ فاتحة الكتاب فقال : لتعلموا أنا سنة . رواه البخاري

تەلھە ئىبنى ئابدۇﷲ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، بىرجىنازا نامىزىغا قاتناشقان ئىدىم، ئۇ جىنازا نامىزىغا سۈرە پاتىھەنى ئوقۇپ: جىنازا نامىزىغىمۇ سۈرە پاتىھەنى ئوقۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم ،دېدى.ئىمام بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

1655 - [ 10 ] ( صحيح )وعن عوف بن مالك قال : صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم على جنازة فحفظت من دعائه وهو يقول : " اللهم اغفر له وارحمه وعافه واعف عنه وأكرم نزله ووسع مدخله واغسله بالماء والثلج والبرد ونقه من الخطايا كما نقيت الثوب الأبيض من الدنس وأبدله دارا خيرا من داره وأهلا خيرا من أهله وزوجا خيرا من زوجه وأدخله الجنة وأعذه من عذاب القبر ومن عذاب النار . وفي رواية : وقه فتنة القبر وعذاب النار " قال حتى تمنيت أن أكون أنا ذلك الميت . رواه مسلم

ئەۋق ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، بىر جىنازىغا ناماز چۈشۈرگەندە قىلغان مۇنۇ دۇئاسىنى يادا ئېلىۋالغان ئىدىم:« ئى ﷲ! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسىلا، رەھىم قىلسىلا، ئۇنى ئازاپتىن ساقلىسىلا، ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلسىلا، ئۇنىڭ مەنزىلىنى ھۆرمەتلىك قىلسىلا، قەبرىسىنى كەڭرى قىلسىلا، ئۇنى (گۇناھلىرىنى) سۇ بىلەن، قار-يامغۇر، مۆلدۈر بىلەن يۇيسىلا، ئۇنى خاتالىقتىن خۇددى ئاق كىيىمنى توگرا كىردىن تازىلىغاندەك، پاك-پاكىز تازىلىۋەتسىلە، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ھويلىسىدىن ياخشى ھويلىنى، ئەھلىدىن ياخشى ئەھلىنى، ئايالىدىن ياخشراق ئايالنى ئالماشتۇرۇپ بەرسىلە، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ ، قەبرە ئازابىدىن ، قەبرە پىتنىسىدىن، دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىسىلا»دېدى. ئەشۇ ئۆلۈپ كەتكەن مېيىتنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

1656 - [ 11 ] ( صحيح )

وعن أبي سلمة بن عبد الرحمن أن عائشة لما توفي سعد بن أبي وقاص قالت : أدخلوا به المسجد حتى أصلي عليه فأنكر ذلك عليها فقالت : والله لقد صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم على ابني بيضاء في المسجد : سهيل وأخيه . رواه مسلم

ئەبۇسەلەمەت ئىبنى ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەئدى ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات تاپقاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: مىنىڭمۇ ئۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇشۇم ئۈچۈن ئۇنى مەسجىدكە كىرگۈزۈڭلار دېدى. بۇ ئىش (يەنى مېيىتنى مەسجىدكە ئەكىرىش) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئىنكار قىلىندى، ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:ﷲ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇھەيل ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشىدىن ئىبارەت بەيزائىنىڭ ئىككى ئوغلىغا مەسجىدتە ناماز چۈشۈرگەن دېدى.مۇسلىم ،سەھىھ.

1657 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن سمرة بن جندب قال : صليت وراء رسول الله صلى الله عليه وسلم على امرأة ماتت في

**نفاسها فقام وسطها**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، نىپاسدارلىقتا (تۇغۇتتا)ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ جىنازىسىغا ناماز ئوقۇغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرغان ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1658 - [ 13 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم مر بقبر دفن ليلا فقال : " متى دفن هذا ؟ " قالوا : البارحة . قال : " أفلا آذنتموني ؟ " قالوا : دفناه في ظلمة الليل فكرهنا أن نوقظك فقام فصففنا خلفه فصلى عليه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مېيىت كېچىدە دەپنە قىلىنغان بىر قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ: بۇ قاچان دەپنە قىلىنغان؟دېدى، ئۇلار: ئۆتكەن كېچە دېدى.
رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نېمىشقا ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭلار؟ دېدى، ئۇلار: بىز ئۇنى قاراڭغۇ كېچىدە دەپنە قىلغان ئىدۇق ، سىلىنى ئۇچاغدا ئويغۇتۇشنى ياقتۇرمىدۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇردى، بىز ئارقىسىدا سەپ تارتتۇق، ئۇ قەبرە ئىچىدىكى مېيىتكە ناماز چۈشۈردى. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**1659 - [ 14 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة أن امرأة سوداء كانت تقم المسجد أو شاب ففقدها رسول الله صلى الله عليه وسلم فسأل عنها أو عنه فقالوا : مات . قال : " أفلا كنتم آذنتموني ؟ " قال : فكأنهم صغروا أمرها أو أمره . فقال : " دلوني على قبره " فدلوه فصلى عليها . قال : " إن هذه القبور مملوءة ظلمة على أهلها وإن الله ينورها لهم بصلاتي عليهم . ولفظه لمسلم**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر قارا تەنلىك ئايال ياكى بىر ياش يىگىت مەسجىدنى سۈپۈرەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇكىشىنى ئۇچراتمىغاندىن كېيىن، ئۇكىشى توغرىسىدا سوردى، ئۇلار: ئۇ ئۆلۈپ كەتتى دېدى، ـ ئۇلار ئۇنىڭ ئىشىنى كىچىك سانىغاندەك قىلىپ خەۋەر قىلمىغان ئىدى ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نېمىشقا ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭلار؟ ، مېنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە باشلاپ بېرىڭلار دەپ، بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇدى. ئاندىن: ھەقىقەتەن بۇ قەبرىلەر ئۆز ئەھلىگە قاراڭغۇ زۇلمەتكە تولۇپتىكەن، الله تائالا مېنىڭ نامىزىم سەۋەبلىك ئۇلارغا قەبرىللىرىنى نۇرلۇق قىلىۋەتتى، دېدى. مۇسلىم،سەھىھ.

**1660 - [ 15 ] ( صحيح )وعن كريب مولى ابن عباس عن عبد الله بن عباس أنه مات له ابن بقديد أو بعسفان فقال : يا كريب انظر ما اجتمع له من الناس . قال : فخرجت فإذا ناس قد اجتمعوا له فأخبرته فقال : تقول : هم أربعون ؟ قال : نعم . قال : أخرجوه فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من رجل مسلم يموت فيقوم على جنازته أربعون رجلا لا يشركون بالله شيئا إلا شفعهم الله فيه " . رواه مسلم**

كۇرەيب مۇنداق دەيدۇ؛ ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى، قۇدەيدتە ياكى ئۇسپان دېگەن جايدا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇ ئازادكەردە قۇلى بولغان ماڭا: ئى كۇرەيب! ئۇنىڭ جىنازىسىغا كىشىلەر قانچىلىك يىغىلدىكىن؟ قاراپ باققىن دېدى. مەن چىقىپ قارىسام، كىشىلەر يىغىلىپ بۇلۇپتۇ، كىلىپ خەۋەر قىلسام، ئۇماڭا: يىغىلغان كىشىلەر 40 چىقامدۇ؟ دېدى. مەن ھەئە دېسەم، ئۇ: ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ جىنازىسىنى ئېلىپ چىقىڭلار، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ جىنازىسىغا، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان 40 كىشى قاتنىشىپ مەغپىرەت سورىسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۇ كىشى توغرىسىدا شاپائەتچى قىلىدۇ، (يەنى مەغپىرەت قىلىدۇ،

شەرتى ھەر ئىككىلىسى مۇسۇلمان بولۇشتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد  توپلىغان، سەھىھ.

جىنازا نامىزىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك، ساھابىلار، تابىئىنلاردەك چىقىرىش لازىم، بىدئەتتىن، خۇراپاتتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، بىدئەتتە قىلچىلىك ساۋاب يوق.

**1661 - [ 16 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما من ميت تصلي عليه أمة من المسلمين يبلغون مائة كلهم يشفعون له : إلا شفعوا فيه " . رواه مسلم**

ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مېيىتكە، مۇسۇلمانلاردىن سانى 100گە يېتىدىغان ئۈممەت جىنازا نامىزى ئوقۇپ، شاپائەت تەلەپ قىلسا، مەغپىرەت سورىسا، ئۇ كىشى ھەققىدە ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. يەنى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1662 - [ 17 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : مروا بجنازة فأثنوا عليها خيرا . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " وجبت " ثم مروا بأخرى فأثنوا عليها شرا . فقال : " وجبت " فقال عمر : ما وجبت ؟ فقال : " هذا أثنيتم عليه خيرا فوجبت له الجنة وهذا أثنيتم عليه شرا فوجبت له النار أنتم شهداء الله في الأرض " . وفي رواية : " المؤمنون شهداء الله في الأرض "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار بىر جىنازىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا ياخشى مەدھىيە، سانالار ئوقۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ۋەجەبەت»دېدى. ئۇلار يەنەبىر جىنازىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا يامان گۇۋاھلىق بەردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە؛«ۋەجەبەت»دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: نېمە ۋەجەبەت؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەر بۇ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە ياخشى مەدھىيە، سانالار ئوقۇدۇڭلار، ياخشى دېدىڭلار، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولدى، ماۋۇ كىشىگە يامانلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەردىڭلار، ئۇنىڭغا دوۋزاخ ۋاجىپ بولدى، سىلەر ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى بولىسىلەر، مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى .(پەرىشتىلەر ئاسماندىكى گۇۋاھچىلىرى ، بۇ گۇۋاھلىق، ئاسماندىكى گۇۋاھلىق بىلەن ئوخشاش بولسا، شۇنداق بولىدۇ، بولمىسا كاززاپ بولىدۇ). ئەھمەد، نەسەئى، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**1663 - [ 18 ] ( صحيح )وعن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيما مسلم شهد له أربعة بخير أدخله الله الجنة " قلنا : وثلاثة ؟ قال : " وثلاثة " . قلنا واثنان ؟ قال : " واثنان " ثم لم نسأله عن الواحد . رواه البخاري**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان كىشىگە، تۆت كىشى ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسە، (يەنى بۇ بەندە ھەققەتەن سالىھ، ياخشى كىشى ئىدى، ئەمەل قىلىدىغان، ئالىم ئىدى، مۇجاھىد ئىدى دېسە) ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. بىز ئۈچ ، ياكى ئىككى كىشىنىڭ ياخشى گۇۋاھلىقچۇ؟دەپ سورساق، ئۈچ ياكى ئىككى كىشى شۇنداق ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسىمۇ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ،دېدى. ئاندىن بىز بىرلا كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن سورىمىدۇق. (چۈنكى، مۇسۇلمانلار، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى، ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، راستىنى دەيدۇ، پەرىشتىمۇ يوقنى يېزىپ قويمايدۇ.) ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1664 - [ 19 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تسبوا الأموات فإنم قد أفضوا إلى ما قدموا " رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى

تىللىماڭلار، غەيۋەتنى قىلىپ ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى، ئۇلار ئىلگىرى قىلغان ياخشى ـــ يامان ئەمەللىرىگە يېتىپ بولدى، (يۇرۇپ كەتتى، ھسابىنى الله ئالىدۇ، الله ئاسان قىلسۇن). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى تونۇلغان، سەھىھ.

**1665 - [ 20 ] ( صحيح )وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يجمع بين الرجلين في قتلى أحد في ثوب واحد ثم يقول : " أيهم أكثر أخذا للقرآن ؟ " فإذا أشير له إلى أحدهما قدمه في اللحد وقال : " أنا شهيد على هؤلاء يوم القيامة " . وأمر بدفنهم بدمائهم ولم يصل عليهم ولم يغسلوا . رواه البخاري**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد كۈنىدە ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلەردىن ئىككى كىشىنى بىر كىيىمگە بىرلەشتۈرۈپ كېپەنلەپ قويغان ئىدى، ئۇلارنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپ يادا بىلىدۇ؟ دەيتتى، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرسىگە؛ بۇ كۆپ يادا بىلىدۇ دەپ، ئىشارەت قىلىنسا، شۇكىشىنى لەھەدكە بۇرۇن كىرگۈزەتتى، مەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى (شاپائەتچى)بولىمەن دېگەن. ئۇلارنى قانلىرى بىلەنلا دەپنە قىلىنىشقا بۇيرۇپ، ئۇلارغا ناماز چۈشۈرمىدى، ئۇلارھەم يۇيۇلمىدى. بۇخارى تونۇلغان سەھىھ.

**1666 - [ 21 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة قال : أتي النبي صلى الله عليه وسلم بفرس معرور فركبه حين انصرف من جنازة ابن الدحداح ونحن نمشي حوله . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىگەرسىز يايىتاق ئات كەلتۈرۈلدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئىبنى دەھداھنىڭ جىنازا نامىزىدىن قايتقاندا، ئۇئاتنى مىنىپ قايتتى، بىز ئەتراپىدا پىيادە ماڭغان ئىدۇق. مۇسلىم تونۇلغان، سەھىھ.

**1667 - [ 22 ] الفصل الثاني ( صحيح )وعن المغيرة بن شعبة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الراكب يسير خلف الجنازة والماشي يمشي خلفها وأمامها وعن يمينها وعن يسارها قريبا منها والسقط يصلى عليه ويدعى لوالديه بالمغفرة والرحمة " . رواه أبو داود وفي رواية أحمد والترمذي والنسائي وابن ماجه قال : " الراكب خلف الجنازة والماشي حيث شاء منها والطفل يصلى عليه " وفي المصابيح عن المغيرة بن زياد**

مۇغىيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتلىق كىشى جىنازىنىڭ ئارقىسىدا ماڭىدۇ، پىيادە ماڭغانلار جىنازىنىڭ ئالدى ـــ ئارقا، ئوڭ ـــ سول تۆت تەرىپىدە ماڭسا بولىۋېرىدۇ، لېكىن يېقىن ماڭىدۇ، چۈشۈپ كەتكەن كىچىك تۆرەلمە بالىغىمۇ جىنازا نامىزى ئوقۇلىدۇ، بۇ بالىنىڭ ئاتا ـــ ئانىسى ئۈچۈن مەغپىرەت، رەھمەت سوراپ دۇئا قىلىنىدۇ. يەنە بىردە؛مۇغىيرەت ئىبنى شۇئبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتلىق كىشى جىنازىنىڭ ئارقىسىدا ماڭىدۇ، پىيادە ماڭغانلار خالىغان جايدا ماڭسا بولىدۇ، كىچىك بالىغىمۇ جىنازا نامىزى ئوقۇلىدۇ. ئەھمەد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ھاكىم تونۇلغان، سەھىھ.

**1668 - [ 23 ] ( صحيح )وعن الزهري عن سالم عن أبيه قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبا بكر وعمر يمشون أمام الجنازة . رواه أحمد وأبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه وقال الترمذي وأهل الحديث كأنهم يرونه مرسلا**

زۇھەيرىدىن، سالىمنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ جىنازىنىڭ ئالدىدا ماڭغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئەھمەد ، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە تونۇلغان، سەھىھ.

| |
|---|
| 1669 - [ 24 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الجنازة متبوعة ولا تتبع ليس معها من تقدمها " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه وقال الترمذي وأبو ماجد الراوي رجل مجهول<br><br>ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:جىنازىغا كىشىلەر ئەگەشتۇرلىدۇ، جىنازا كىشىلەرگە ئەگەشتۇرۇلمەيدۇ، يەنى جىنازىغا كىشىلەر ئەگىشىدۇ، جىنازا كىشىلەرگە ئەگەشمەيدۇ. جىنازىنىڭ ئالدىدا بۇرۇن مېڭىۋالغان كىشى جىنازا بىلەن بىللە ماڭغان بولمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان.تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان. |
| 1670 - [ 25 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تبع جنازة وحلمها ثلاث مرات : فقد قضى ما عليه من حقها " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جىنازىغا ئەگىشىپ ئۇنى ئۈچ قېتىم كۆتۈرسە، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى جىنازىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن، |
| 1671 - [ 26 ] ( ضعيف )وقد روى في " شرح السنة : أن النبي صلى الله عليه وسلم حمل جنازة سعد ابن معاذ بين العمودين<br><br>شەرھى سۇننەدىكى ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ جىنازىسىنى ئىكى ياغاچ ئارىسىدا كۆتۈرگەن دېگەن ھەدىس زەئىپتۇر، |
| 1672 - [ 27 ] ( ضعيف )وعن ثوبان قال : خرجنا مع النبي صلى الله عليه وسلم في جنازة فرأى ناسا ركبانا فقال : " ألا تستحيون ؟ إن ملائكة الله على أقدامهم وأنتم على ظهور الدواب " . رواه الترمذي وابن ماجه وروى أبو داود نحوه وقال الترمذي : وقد روي عن ثوبان موقوفا<br><br>سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر جىنازا نامىزىغا چىققان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتلىق ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئۇلار ھايا قىلمامدىغاندۇ؟ ھەققەتەن ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى قەدەملىرى بىلەن پىيادە ماڭسا، ئۇلار ھايۋانلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، تىرمىزى بۇ سەۋباننىڭ سۆزى، مەۋقۇپ ھەدىس دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى، |
| 1673 [ 28 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم قرأ على الجنازة بفاتحة الكتاب .رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه<br><br>ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر جىنازا نامىزىغا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇغان، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن، لېكىن، ئوقۇسا بولىدۇ |
| 1674 - [ 29 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا صليتم على الميت فأخلصوا له الدعاء " . رواه أبو داود وابن ماجه<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيتكە ناماز چۈشۈرگەن چېغىڭلاردا، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئادا ئىخلاس قىلىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. |
| 1675 - [ 30 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا صلى على الجنازة قال : " اللهم اغفر لحينا وميتنا وشاهدنا وغائبنا وصغيرنا وكبيرنا وذكرنا وأنثانا . اللهم من أحييته منا فأحيه على الإسلام ومن |

**توفيته منا فتوفه على الإيمان . اللهم لا تحرمنا أجره ولا تفتنا بعده " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازا نامىزى ئوقۇسا، مۇنداق دۇئا قىلاتتى:« ئاللاھۇممە ا غفر لىھەيىينا ۋە مەيىيتىنا ۋە شاھىدىنا ۋە غائىبىنا ۋە سەغىيرىنا ۋە كەبىيرىنا ۋە زەكەرىنا ۋە ئۇنسانا، ئاللاھ ھۇممە مەن ئەھيەيتەھۇ مىننا پەئەھيىھى ئەلەلئىسلام، ۋە مەن تەۋەپپەيتەھۇ مىننا فەتەۋەففەھۇ ئەلە لئىيمان، ئاللاھ ھۇممە لاتەھرىمنا ئەجرەھۇ ۋە لاتەفتىننا بەئدەھۇ» تەرجىمىسى؛ ئى الله! بىزنىڭ ھايا تلىرىمىزغا، ئۆلۈپ كەتكەنلىرىمىزگە، ھازىرلىرىمىزغا، غائىبلىرىمىزغا، چوڭ ـ كىچىكلىرىمىزگە ، ئەر ـ ئاياللىرىمىزغا مەغپىرەت قىلسىلا، ئى الله! بىزدىن سىلى تىرىۈلدۇرگەن كىشىنى، ئىسلام دىنى ئۈستىدە تىرىۈلدۇرسىلە، بىزدىن سىلى ۋاپات تاپقۇزغان كىشىنى، ئىمان ئۈستىدە ۋاپات تاپقۇزسىلا، ئى الله! ئۇنىڭ ئەجرىدىن بىزنى مەھرۇم قويمىسىلا، ئۇنىڭدىن كىيىن بىزنى پىتنىگە تاشلىمىسىلا.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى،ئىبنى ماجە، تو سەھىھ.

**1676 - [ 31 ] ( ضعيف )ورواه النسائي عن إبراهيم الأشهلي عن أبيه وانتهت روايته عند قوله : و " أنثانا " . وفي رواية أبي داود : " فأحيه على الإيمان وتوفه على الإسلام " . وفي آخره : " ولا تضلنا بعده "**

**1677 - [ 32 ] ( صحيح )وعن واثلة بن الأسقع قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم على رجل من المسلمين فسمعته يقول : " اللهم إن فلان بن فلان في ذمتك وحبل جوارك فقه من فتنة القبر وعذاب النار وأنت أهل الوفاء والحق اللهم اغفر له وارحمه إنك أنت الغفور الرحيم " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بىلەن بىللە مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشىگە جىنازا ناماز ئوقۇپ، مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى: ئى الله ! پالانىنىڭ بالىسى پالانى سىلىنىڭ ئەھدى كىپىللىكلىرىدە، ئامانەتلىرىدە، خاتىرجەم قىلىشلىرىدا ، ئۇنى قەبرە ئازابىدىن ، پىتنىسىدىن ، دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىسىلا، سىلى ھەق، ۋاپانىڭ ئەھلى، ئى الله! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىپ، رەھىم قىلسىلا، سىلى بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە رەھىم قىلغۇچى. ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە، تو سەھىھ.

**1678 - [ 33 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اذكروا محاسن موتاكم وكفوا عن مساويهم " . رواه أبو داود والترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تىلغا ئالساڭلار بولىدۇ، يامانلىقلىرىدىن تىلىڭلارنى يىغىڭلار، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، زەئىپ دىيىلدى، لېكىن، شۇنداق ئەمەل قىلىنغان، سەھىھ ھەدىسمۇ بار.

**1679 - [ 34 ] ( صحيح )وعن نافع أبي غالب قال : صليت مع أنس بن مالك على جنازة رجل فقام حيال رأسه ثم جاؤوا بجنازة امرأة من قريش فقالوا : يا أبا حمزة صل عليها فقام حيال وسط السرير فقال له العلاء بن زياد : هكذا رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم قام على الجنازة مقامك منها ؟ ومن الرجل مقامك منه ؟ قال : نعم . رواه الترمذي وابن ماجه وفي رواية أبي داود نحوه مع زيادة وفيه : فقام عند عجيزة المرأة**

ناپىئ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە بىركىشىنىڭ جىنازىسىغا ناماز ئوقۇدۇم، ئۇ ئەر كىشىنىڭ جىنازىسىنىڭ باش تەرپىدە تۇردى. ئاندىن ئۇلار قۇرەيشلەردىن بولغان بىر ئايالنىڭ جىنازىسىنى ئېلىپ كىلىپ: ئى ئەبۇھەمزە بۇنىڭغىمۇ نامازئوقۇغىن دىدى، ئۇ بۇئايالنىڭ جىنازىسىنىڭ ئوتتۇرىدا تۇردى، ئەلائىئىبنى زەبياد ئۇنىڭغا؛ سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەنە شۇنىڭدەك، ئايال كىشىنىڭ جىنازىسىنىڭ ئوتتۇرىدا، ئەركىشىنىڭ جىنازىسىنىڭ باش تەرپىدە تۇرغىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ دىدى، ئۇ: ھەئە شۇنداق

تۇراتتى، دىدى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى،ئىبنى ماجە، تو سەھەھ.

**1680 - [ 35 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن عبد الرحمن بن أبي ليلى قال : كان ابن حنيف وقيس ابن سعد قاعدين بالقادسية فمر عليهما بجنازة فقاما فقيل لهما : إنا من أهل الأرض أي من أهل الذمة فقالا : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم مرت به جنازة فقام فقيل له : إنا جنازة يهودي . فقال : " أليست نفسا ؟ "**

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ھەنىيف بىلەن قىيس ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ملار قادىسىيە دىگەن جايدا ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىرجىنازا ئۆتتى، ئۇلار ئورنىدىن تۇردى، ئۇلارغا: ھەققەتەن ئۇ زىمىن ئەھلىدىن يەنى ئەمىنلىك تەلەپ قىلىپ ئولتۇرغان زىممىي دىنسىز ئىدى دىيىلدى، ئۇلار: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن بىرجىنازا ئۆتتۇشىدى ئورنىدىن تۇردى، ئۇ يەھۇدىينىڭ جىنازىسى ئىدى دىيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇمۇبىر جان ئەمەسما؟ دىگەن، دىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**1681 - [ 36 ] ( ضعيف )وعن عبادة بن الصامت قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا تبع جنازة لم يقعد حتى توضع في اللحد فعرض له حبر من اليهود فقال له : إنا هكذا نضع يا محمد قال : فجلس رسول الله صلى الله عليه وسلم وقال : " خالفوهم " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب وبشر بن رافع الراوي ليس بالقوي**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازىغا ئەگىشىپ قالسا، مېيىت قەبرىگە قويۇلمىغىچە ئولتۇرمايتتى، كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ بىر ئالىمى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى توسۇپ، يا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىز مۇشۇنداق قىلىمىز دىدى، رەسۇلۇللاھ ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئاندىن ئۇلارنىڭ خىلاپىنى قىلىڭلار دىدى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە تويلىغان، تىرمىزى بۇ ھەدىس غەرىيپ، كۈچلۈك ئەمەس دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.ئاستىغا قاراڭ.بۇ كۈچكە ئىگىدۇر.

**1682 - [ 37 ] ( حسن )**

**وعن علي قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم أمرنا بالقيام في الجنازة ثم جلس بعد ذلك وأمرنا بالجلوس . رواه أحمد**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى، جىنازىنى كۆرگەندە ئورنىمىزدىن تۇرۇشقا بۇيرىغان ، ئان شۇنىڭدىن كىيىن (جىنازىنى كۆرسىمۇ) ئولتۇرىۋەردى، بىزنىمۇ ئولتۇرىۋىرىشكە بۇيرىدى. ئەھمەد تويلىغان ھەسەن.

**1683 - [ 38 ] ( صحيح )وعن محمد بن سيرين قال : إن جنازة مرت بالحسن بن علي وابن عباس فقام الحسن ولم يقم ابن عباس فقال الحسن : أليس قد قام رسول الله صلى الله عليه وسلم لجنازة يهودي ؟ قال : نعم ثم جلس . رواه النسائي**

ئىبنى سىرىين رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەققەتەن بىر جىنازا ھەسەن ئىبنى ئەلى بىلەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇشىدى، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇردى، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرمىدى، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىر يەھۇدىينىڭ جىنازىسىغىمۇ ئورنىدىن تۇرمىغانمىدى؟ دىدى، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: شۇنداق ئورنىدىن تۇرغان ، كىيىن ئولتۇرغان دىدى. نەسەئى تويلىغان سەھھ ( يەنى جىنازىنى كۆرسە ئورنىدىن تۇرۇش ئەمەلدىن قالغان، ئىختىيارى دىگەنمۇ بار. الله ئەئلەم )

**1684 - [ 39 ] ( صحيح )**

**وعن جعفر بن محمد عن أبيه أن الحسن بن علي كان جالسا فمر عليه بجنازة فقام الناس حتى جاوزت الجنازة فقال الحسن : إنما مر**

بجنازة يهودي وكان رسول الله صلى الله عليه وسلم على طريقها جالسا وكره أن تعلوا رأسه جنازة يهودي فقام . رواه النسائي

جەئپەرنىڭ دادىسى رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئولتۇرۇغلۇق ئىدى ، ئۇنىڭ يېنىدىن بىر جىنازا ئۆتتى، كىشىلەر ئۇ جىنازا ئۆتۈپ كەتكىچە ئورنىدىن تۇرۇپ تۇردى، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى كۆرۈپ: بىر يەھۇدىينىڭ جىنازىسى يېنىمىزدىن ئۆتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ يولدا ئولتۇرۇغلۇق ئىدى، يەھۇدىينىڭ جىنازىسىنىڭ بېشىدىن ئۈستۈن تۇرىشىنى ياقتۇرماي، شۇڭا ئورنىدىن تۇرغان ىدى. نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

1685 - [ 40 ] ( ضعيف )وعن أبي موسى أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا مرت بك جنازة يهودي أو نصراني أو مسلم فقوموا لها فلستم لها تقومون إنما تقومون لمن معها من الملائكة " . رواه أحمد

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئەگەر يېنىڭلاردىن يەھۇدىي ياكى ناسارا ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ جىنازىسى ئۆتۈپ قالسا، دەس تۇرۇڭلار، سىلەر جىنازا ئۈچۈن ئۆرە تۇرمايسىلەر. بەلكى، جىنازا بىلەن بىللە بولغان پەرىشتىلەر ئۈچۈن، ئۆرە تۇرىسىلەر. ئەھمەد، توپلىغان، زەئىپ دېيىلدى،

1686 - [ 41 ] ( صحيح )وعن أنس أن جنازة مرت برسول الله فقام فقيل : إنا جنازة يهودي فقال : إنما قمت للملائكة . رواه النسائي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر جىنازا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇدى، ئورنىدىن تۇردى، ئۇ يەھۇدىينىڭ جىنازىسى ئىدى دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن پەرىشتىلەر ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم دېگەن. نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

1687 - [ 42 ] ( لم تتم دراسته )وعن مالك بن هبيرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من مسلم يموت فيصلي عليه ثلاثة صفوف من المسلمين إلا أوجب " . فكان مالك إذا استقل أهل الجنازة جزأهم ثلاثة صفوف لهذا الحديث . رواه أبو داود وفي رواية الترمذي : قال كان مالك بن هبيرة إذا صلى الجنازة فتقال الناس عليها جزأهم ثلاثة أجزاء ثم قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى عليه ثلاثة صفوف أوجب " . وروى ابن ماجه نحوه

مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ جىنازىسىغا ئۈچ سەپ مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە (مەغپىرەت،جەننەت) ۋاجىب قىلىنىدۇ.(چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ مۇسۇلمان دە!) مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇشۇ ھەدىسنىڭ سەۋەبىدىن جىنازا ئەھلى ئازقالسا، ئۇلارنى ئۈچ سەپكە بۆلەتتى. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن.

1688 - [ 43 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم في الصلاة على الجنازة : " اللهم أنت ر ا وأنت خلقتها وأنت هديتها إلى الإسلام وأنت قبضت روحها وأنت أعلم بسرها وعلانيتها جئنا شفعاء فاغفر له . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازا نامىزىغا مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، سىلى ئۇنىڭ رەببى، ئۇنى سىلى ياراتقان، ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلغان، ئۇنىڭ جېنىنى ئۆزلىرى ئالغان، ئۇنىڭ ئاشكارا، يوشۇرۇن ئىشلىرىنى ئۆزلىرى بىلىلا، بىز ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىپ كەلدۇق، ئۇنى مەغپىرەت قىلسىلا»، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

1689 - [ 44 ] ( صحيح )وعن سعيد بن المسيب قال : صليت وراء أبي هريرة على صبي لم يعمل خطيئة قط فسمعته يقول : اللهم أعذه من عذاب القبر . رواه مالك

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، تېخى ھېچ بىر خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن بىر سەبىي باللىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇغان ئىدىم، مەن ئۇنىڭ : «ئى الله! بۇ باللىنى قەبرە ئازابىدىن قۇتقازسىلا » دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئىمام مالىك توپلىغان سەھەھ.

1690 - [ 45 ] ( لم تتم دراسته )

وعن البخاري تعليقا قال : يقرأ الحسن على الطفل فاتحة الكتاب ويقول : اللهم اجعله لنا سلفا وفرطا وذخرا وأجرا

ئىمام بۇخارى رەھ ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى ئۆزۈپلا مۇنداق دەيدۇ؛ ھەسەن بەسەرى رەھ كىچىك باللىنىڭ جىنازا نامىزىغا سۈرە پاتىھەنى ئوقۇپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى الله! ئۇنى بىز ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان، قىيىن كۈنلەردە مەنپەئەتى بولىدىغان ، بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئەجرە قىلىپ بەرسىلە. تەكشۈرۈش تاما بولمىغان.

1691 - [ 46 ] ( ضعيف )وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الطفل لا يصلى عليه ولا يرث ولا يورث حتى يستهل " . رواه الترمذي وابن ماجه إلا أنه لم يذكر : " ولا يورث "

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىك بالا ئاۋاز قىلىپ ھاياتلىقى بىلىنمىگىچە ناماز چۈشۈرۈلمەيدۇ، ۋارىس بولالمايدۇ، ھەم ئۇنى ۋارىس قىلىنمايدۇ، باشقىلار ئۇنىڭغا ۋارىس بولالمايدۇ، تىرمىزى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، زەئىپ.

1692 - [ 47 ] ( صحيح )وعن أبي مسعود الأنصاري قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يقوم الإمام فوق شيء والناس خلفه يعني أسفل منه . رواه الدارقطني وأبو داود

ھۇزەيفە،ئەبۇمەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىمامنىڭ ئۆزى يالغۇز بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشىدىن، كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا، ئىمامدىن پەستە تۇرۇشىدىن توسقان، (بۇ ناماز ئىچىدە، ھەتتا جىنازا نامىزىدىمۇ چەكلىنىدۇ). ئەبۇ داۋۇد،دارقۇتنى، ھاكىم توپلىغان، سەھەھ.

## باب دفن الميت - الفصل الأول    ميىتنى دەپنە قىلىش توغرىسىدا

1693 - [ 1 ] ( صحيح )عن عامر بن سعد بن أبي وقاص أن سعد بن أبي وقاص قال في مرضه الذي هلك فيه : ألحدوا لي لحدا وانصبوا علي اللبن نصبا كما صنع برسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم

ئامىر ئىبنى سەئد رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكەن كېسىلىدە مۇنداق دېگەن: خۇددى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىلىنغاندەك، ماڭىمۇ تەشمە يەرلىك قىلىپ، پۈختا قەبرە كوللاڭلار،مىنىڭ ئۈستىمگە قەبرىنىڭ ئاغزىنى خام قىشنى تىكلەپ ئېتىڭلار.مۇسلىم توپلىغان سەھەھ.

1694 - [ 2 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : جعل في قبر رسول الله صلى الله عليه وسلم قطيفة حمراء . رواه مسلم

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىگە قىزىل تون سېلىنغان ئىدى. مۇسلىم توپلىغان سەھەھ.ئۇ تون رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدى.

1695 - [ 3 ] ( صحيح )وعن سفيان التمار : أنه رأى قبر النبي صلى الله عليه وسلم مسنما . رواه البخاري

سۇپيان تەمار رەھ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى، تۆگىنىڭ ئۆچىسىنىڭ ھەيئىتىدە كۆرگەن ئىكەن. ( يەنى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە قىرلىق ئىكەن )بۇخارى توپلىغان سەھەھ.

**1696 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي الهياج الأسدي قال : قال لي علي : ألا أبعثك على ما بعثني عليه رسول الله صلى الله عليه وسلم : أن لا تدع تمثالا إلا طمسته ولا قبرا مشرفا إلا سويته . رواه مسلم**

ئەبۇلھەييياج مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن سىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى مۇنداق دەپ ئەۋەتكەن ئىشقا ئەۋەتمەيمۇ؟، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى مۇنداق دەپ ئەۋەتكەنئىدى: سەن سۈرەت، ھەيكەل قالدۇرماي چىقىپ، بۇزۇپ ئۆچۈرۈپ تاشلا، ئېگىز قەبرىلەرنى قويماي چىقىپ، تۈپتۈز قىلىۋەتكىن، دىگەن ئىدى. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1670 - [ 5 ] ( صحيح )وعن جابر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يجصص القبر وأن يبنى عليه وأن يقعد عليه . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، قەبرىنى سېمونت، بىتۇندا قاتۇرۇپ، پۇختا سېلىشدىن، قەبرە ئۈستىگە ياكى قەبرىستانلىقتا بىنا، قۇرۇلۇش قىلىشدىن، قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇشدىن توسقان. (قەبرىستانلىقتا مەسجىد ياكى ئۆي سېلىنمايدۇ). ئەھمەد ، مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1698 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي مرثد الغنوي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تجلسوا على القبور ولا تصلوا إليها " . رواه مسلم**

ئەبۇ مۇرسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەبرىلەر ئۈستىدە ئولتۇرماڭلار، قەبرىگە قاراپ ناماز ئوقۇماڭلار. ئەھمەد ، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**1699 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لأن يجلس أحدكم على جمرة فتحرق ثيابه فتخلص إلى جلده خير له من أن يجلس على قبر " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ چوغ ئۈستىدە ئولتۇرۇشى، ئاندىن ئۇ چوغ ئۇنىڭ كىيىمنى كۆيدۈرۈپ تېرىسىگىچە يېتىپ بېرىپ، تېرىسىنىمۇ كۆيدۈرۈشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرغىنىدىن ياخشىدۇر. ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ

**1700 - [ 8 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن عروة بن الزبير قال : كان بالمدينة رجلان أحدهما يلحد والآخر لا يلحد . فقالوا : أيهما جاء أولا عمل عمله . فجاء الذي يلحد فلحد لرسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه في شرح السنة**

ئۇرۋەت ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەدىنىدە ئىككى ئەر بار ئىدى، بىرى قەبرىنى لەھەد ھالەتتە تەشمە يەرلىك قىلىپ كولايتتى، يەنە بىرسى ئۇنداق قىلمايتتى، ئۇلار قايسىسى بۇرۇن كەلسە، ئۆز خىزمىتىنى قىلسۇن دېيىشتى، لەھەد كولايدىغنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغا تەشمە يەرلىك قىلىپ قەبرە كولىدى، بۇ ھەدىس شەرھى سۈننەدە بار بولۇپ، زەئىپ.

**1701 - [ 9 ] ( حسن )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اللحد لنا والشق لغيرنا " رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: لەھەد ، قەبرە، تەشمە يەرلىك كولاپ مىيىتنى قويۇش بىز ئۈچۈندۇر، بىز شۇنداق قىلىمىز، زىمىننى يېرىپلا (ساندۇققا سېلىپ) قويۇش بولسا، بىزدىن باشقىلار ئۈچۈندۇر، (يەنى يەھۇدىي، ناسارالار، ئەھلى كىتابلار ۋە باشقىلار شۇنداق قويىدۇ،

| |
|---|
| بۇ قەتئىي دۇرۇس ئەمەستۇر) تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: لەھەد، قەبرە بىز ئۈچۈندۇر، زىمىننى يېرىپلا قويۇش، بىزدىن باشقىلار، ئەھلى كىتابلار ئۈچۈندۇر، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ. |
| **1702 - [ 10 ] ( ضعيف )ورواه أحمد عن جرير بن عبد الله** |
| **1703 - [ 11 ] ( صحيح )وعن هشام بن عامر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال يوم أحد : احفروا وأوسعوا وأعمقوا وأحسنوا وادفنوا الاثنين والثلاثة في قبر واحد وقدموا أكثرهم قرآنا . رواه أ مد والترمذي وأبو داود والنسائي وروى ابن ماجه إلى قوله وأحسنوا**<br><br>ھىشام ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئوھۇد كۈنى قەبرە كولاشنىڭ قىيىنلىقىدىن مۇنداق دىگەن: چوڭقۇر كولاپ، كەڭرى، ياخشى كولاپ، بىر قەبرىگە ئىككى، ئۈچنى دەپنە قىلىپ قويۇڭلار، قايسىسى قۇرئاننى كۆپ يادا ئالغان بولسا، شۇ قارىيراقنى بالدۇر قويۇڭلار، ئىلگىرى قىلىڭلار. ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر. |
| **1704 - [ 12 ] ( صحيح )وعن جابر قال : لما كان يوم أحد جاءت عمتي بأبي لتدفنه في مقابرنا فنادى منادي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ردوا القتلى إلى مضاجعهم " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود والنسائي والدارمي ولفظه للترمذي**<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھامما ئانام  ئۇھۇد كۈنى، (ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلارنىڭ جۇملىسىدىن بولغان) دادامنى، بىزنىڭ قەبرىستانلىقىمىزغا دەپنە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جاكارچىسى مۇنداق ندا قىلدى: شېھىدلارنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇڭلار!!، ئەھمەد،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد، نەسەئى،دارىمى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.( جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا قۇربان بولغان شېھىدلارنى يىقىلغان جايىغا دەپنە قىلىڭلار، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر. چۈنكى، ئاللاھ دۈستلىرىغا شۇ جاينى تاللىغان، ئۇلارنى سىلەر يۆتكىۋەتمەڭلار.) |
| **1705 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : سل رسول الله صلى الله عليه وسلم من قبل رأسه . رواه الشافعي**<br><br>ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازىدىن بېشى تەرىپىدىن سۇغۇرۇلۇپ قەبرىگە قويۇلغان، شافئى خاتىرلىگەن، زەئىپ دىيىلدى، |
| **1706 - [ 14 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم دخل قبرا ليلا فأسرج له بسراج فأخذ من قبل القبلة وقال : " رحمك الله إن كنت لأواها تلاء للقرآن " . رواه الترمذي وقال في شرح السنة : إسناده ضعيف**<br><br>ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىگە كېچىدە كىرگەن ئىدى، چىراق يورۇتۇلدى، مېيىتنى قىبلە تەرىپىدىن ئېلىپ قويدى، ۋە مۇنداق دېدى، ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن، سەن ھەقىقەتەن ئاھ ئۇرۇپ تۆۋبە قىلغۇچى قۇرئاننى كۆپ تىلاۋەت قىلغۇچى ئىدىڭ، تىرمىزى خاتىرلىگەن، شەرھى سۈننەدە ئىسنادى زەئىپ دىيىلگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى، |
| **1707 - [ 15 ] ( صحيح )وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا أدخل الميت القبر قال : " بسم الله وبالله وعلى ملة رسول الله " . وفي رواية : " وعلى سنة رسول الله . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه وروى أبو داود الثانية**<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتنى لەھەتكە، قەبرىگە قويسا، مۇنداق دەپ قوياتتى: «بىسمىللاھى ۋە بىللاھى ۋە فى سەبىيلىللاھى ۋە ئەلا مىللەتى رەسۇلۇللاھى،ياكى سۈننەتى |

رەسۇلۇﷲ ھى» تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قويىمەن، ئاللاھنىڭ ياردىمى، رەھمىتى بىلەن ئاللاھ يولىدا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ مىللىتى، سۈننىتى ئۈستىدە قويىمەن.ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**1708 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن جعفر بن محمد عن أبيه مرسلا أن النبي صلى الله عليه وسلم حثا على الميت ثلاث حثيات بيديه جميعا وأنه رش على قبر ابنه إبراهيم ووضع عليه حصباء . رواه في شرح السنة وروى الشافعي من قوله : " رش "**

جەئپەر ئىبنى مۇھەممەددىن، دادىسىدىن مۇرسەل ھالدا «يەنى ساھابى ئۆزۈلۈپ قالغان، تابىئىن ساھابىنى تىلغا ئالماي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق قىلغان، دىگەن، دەپ كېتىدۇ» ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مىيتكە ھەرئىككىلى قولى بىلەن ئۈچ چاڭگال توپا چاچقان، ئوغلى ئىبراھىمنىڭ قەبرىسىگە سۇ سەپكەن ۋە قەبرە ئۈستىگە بەلگە قىلىپ تاش قويغان. بۇ ھەدىس شەرھى سۈننەدە باربولۇپ، شافىئى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى، شۇنداقلا ساھابىلار، تابىئىنلار بۇ ئەمەلنى قىلمىغان.

**1709 - [ 17 ] ( صحيح )وعن جابر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن تجصص القبور وأن يكتب عليها وأن توطأ . رواه الترمذي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قەبرىنى سېمونت، بىتۇندا قاتۇرۇپ، پۇختا سېلىشدىن، قەبرە ئۈستىگە خەت يېزىلىشدىن، قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇشدىن،ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسسەشتىن (قەبرىستانلىققا بىنا، قۇرۇلۇش قىلىشدىن) توسقان.تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1710 - [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعن جابر قال : رش قبر النبي صلى الله عليه وسلم وكان الذي رش الماء على قبره بلال بن رباح بقربة بدأ من قبل رأسه حتى انتهى إلى رجليه . رواه البيهقي . في دلائل النبوة**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىگە سۇ سېپىلگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىگە سۇ سەپكەن كىشى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى، ئۇ تۇلۇمدا سۇنى ئېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشى تەرەپتىن باشلاپ، ئىككى پۇتى تەرەپكىچە سۇ سەپكەن ئىدى. بەيھەقى توپلىغان ، تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان.

**1711 - [ 19 ] ( حسن )وعن المطلب بن أبي وداعة قال : لما مات عثمان ابن مظعون أخرج بجنازته فدفن أمر النبي صلى الله عليه وسلم رجلا أن يأتيه بحجر فلم يستطع حملها فقام إليه رسول الله صلى الله عليه وسلم وحسر عن ذراعيه . قال المطلب : قال الذي يخبرني عن رسول الله صلى الله عليه وسلم : كأني أنظر إلى بياض ذراعي رسول الله صلى الله عليه وسلم حين حسر عنهما ثم حملها فوضعها عند رأسه وقال : " اعلم ا قبر أخي وأدفن إليه من مات من أهلي " . رواه أبو داود**

مۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ جىنازىسى ئېلىپ چىقىلىپ، (نامازدىن كيىن)دەپنە قىلىندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنى چوڭراق بىر تاشنى ئېلىپ كىلىشكە بۇيرىدى، ئۇكىشى تاشنى كۆتۈرۈشكە قادىر بولالماپتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى بىلىكىنى تۇرۇۋتىپ، تاشنى كۆتۈرۈپ ئېكىلىپ، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ بېشىدا قويدى، ۋە «مەن بۇ تاش بىلەن قېرىندىشىمنىڭ قەبرىسىنى تونۇيمەن، ئەھلىمدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئۇنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىمەن» دىدى. ماڭا ھەدىس خەۋەر قىلغان كىشى مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى بىلىكىنى تۇرۇۋتىپ،تاشنى كۆتۈرگەندە، بىلىكىنىڭ ئاقلىقىغا قارىغان ئىدىم. ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن.

**1712 - [ 20 ] ( ضعيف )وعن القاسم بن محمد قال : دخلت على عائشة فقلت : يا أماه اكشفي لي عن قبر النبي صلى الله عليه وسلم وصاحبيه فكشفت لي عن ثلاثة قبور لا مشرفة ولا لا طئة مبطوحة ببطحاء العرصة الحمراء . رواه أبو داود**

قاسم ئىبنى مۇھەممەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ، ئى ئانا، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمرىيى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ قەبرىسنى ئېچىپ بەرسلە دېدىم، ئۇ ماڭا، ئۈچ قەبرنى، يوپۇقنى ئېچىپ ياكى ئىشكىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ قويدى، بەك ئىگىزمۇ ئەمەس، زىمىنغا چاپلاشقان پەسمۇ ئەمەس. بوتىھاتولئەرساتىنىڭ قىزىل تاشلىرى سېپىلگەنىكەن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**1713 - [ 21 ] ( صحيح )وعن البراء بن عازب قال : خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في جنازة رجل من الأنصار فانتهينا إلى القبر ولما يلحد بعد فجلس النبي صلى الله عليه وسلم مستقبل القبلة وجلسنا معه . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه وزاد في آخره : كن على رؤوسنا الطير**

بەرراۇ ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئەنسارلاردىن بىركىشىنىڭ جىنازانامىزىغا چىقىپ، قەبرىستانلىققا يېتىپ بارساق، تېخى قەبرە كولىنىپ بولالماپتىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ئولتۇردى، بىزمۇ خۇددى بېشىمىزدا قۇش باردەكدەك، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا جىم ئولتۇردۇق.نەسەئى،ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1714 - [ 22 ] ( حسن )**

**وعن عائشة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " كسر عظم الميت ككسره حيا " . رواه مالك وأبو داود وابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېيىتنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋېتىش، ئۇ ھايات چاغدا سۆڭىكىنى سۇندۇرغانغا ئوخشاشتۇر، مالىك،ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغا، سەھىھ، ئالىملارشەرھىدە؛ شۇنداق گۇناھكار بولىدۇ ھەم مېيىت ئازار يەپ ئازابلىنىدۇ، دىگەن.

**1715 - [ 23 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن أنس قال : شهدنا بنت رسول الله صلى الله عليه وسلم تدفن ورسول الله صلى الله عليه وسلم جالس على القبر فرأيت عينيه تدمعان فقال : " هل فيكم من أحد لم يقارف الليلة ؟ . فقال أبو طلحة : أنا . قال : فانزل في قبرها فـ ل في قبرها " . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزىنىڭ دەپنە قىلىنىشىغا قاتناشقان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرە يېنىدا ئولتۇراتتى، مەن ئىككى كۆزىنىڭ ياش تۆككىنىنى كۆردۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئاراڭلاردا بۈگۈن كېچە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلمىغان كىشى بارمۇ؟دىدى، ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:مانا مەن بار دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنىڭ قەبرىسىگە سەن چۈشكىن دىدى، ئۇ چۈشۈپ قويدى. بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

**1716 - [ 24 ] ( صحيح )وعن عمرو بن العاص قال لأبنه وهو في سياق الموت : إذا أنا مت فلا تصحبني نائحة ولا نار فإذا دفنتموني فشنوا علي التراب شنا ثم أقيموا حول قبري قدر ما ينحر جزور ويقسم لحمها حتى أستأنس بكم وأعلم ماذا أراجع به رسل ربي . رواه مسلم**

ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلىغا مۇنداق دىگەن: مەن ئۆلۈپ كەتسەم، مىنى ئېلىپ ماڭغىچە، ئاۋازلىق يىغلىغۇچى ئايال كىشنى، ئوتنى ماڭا ھەمراھ قىلماڭلار، مىنى دەپنە قىلغاندا توپىنى

ئاز ـ ئازدىن ئاستا تاشلاڭلار، ئاندىن قەبرەمنىڭ ئەتراپىدا بىر تۆگە ئۆلتۈرۈلۈپ، گۆشى تەقسىم قىلىنغان مىقداردا تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنىڭ مەغپىرەت سورىشىڭلار بىلەن قەلبىمنى تەسكىن تاپقۇزۇپ، رەببىمنىڭ ئەلچىسى بىلەن قانداق مۇراجىئەت قىلىشىمەن ئۇنى بىلىۋالاي. بۇ سۆزنى مۇسلىم خاتىرلىگەن، ئىسنادى سەھىھ. يەنە ئىبخى، شافىئى رەھمەھۇللا؛ قەبرە بېشىدا قۇرئان ئوقۇلۇشنى مۇستەھەپ دەپتۇ،دېگەن سۆزمۇ بارمىش، ئەلبانى رەھمەھۇللا؛ بۇ سۆزلەر ھەر ئىككىلىسى زەئىپ، مەن بۇ سۆزگە چوڭ شەك قىلىمەن، چۈنكى، شافىئى رەھمەھۇللانىڭ مەزھىپىدە قىرائەت ساۋابى مېيىتكە يېتىپ بارمايدۇ، دېيىلگەن، بۇنى ئىبنى كەسىير تەپسىرىدە يازغان، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە؛ شافىئى رەھمەھۇللا بۇنداق سۆزنى قىلمىغان دېگەن. چۈنكى، بۇ ئىشلار شافىئى رەھمەھۇللانىڭ نەزلىدە بىدئەت ئىكەن، ئىمام مالىك رەھمەھۇللا؛ ساھابىلار ياكى تابىئىنلار بۇ ئىشنى يەنى قەبرىدە قۇرئان ئوقۇيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلىپ باقمىغان دېگەن. ئەھمەد رەھمەھۇللالارمۇ؛ قەبرىدە قۇرئان ئوقۇلمايدۇ، بۇ بىدئەت دېگەن، ئەلبانىمۇ بىدئەت دېگەن، بىزمۇ ئىسلام دىنى، قۇرئان، ھەدىس بويىچە بىدئەت دەيمىز. سەن ئالىممۇ؟ياكى **الله** ۋەرەسۇل، ساھابىلار بىلەن تابىئىنلارمۇ؟.

**1717 - [ 25 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمر قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إذا مات أحدكم فلا تحبسوه وأسرعوا به إلى قبره وليقرأ عند رأسه فاتحة البقرة وعند رجليه بخاتمة البقرة " . رواه البيهقي في شعب الإيمان . وقال : والصحيح أنه موقوف عليه**

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان؛ ئەگەر بىرەرسىڭلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنى سولىۋالماي،كېچىكتۇرمەي قەبرىسىگە تېز ئاپىرىڭلار، بېشى تەرەپىدە سۈرە بەقەرنىڭ باش تەرىپىنى، ئىككى پۇتى تەرەپتە بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇڭلار، بۇ ھەدىسنى بەيھەقى خاتىرلەپ راست توغرا سۆز شۇكى، بۇ ھەدىس مەۋقۇپ يەنى ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئەمەس دېگەن، ئەلبانى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ھەدىس زەئىپ دېگەن،

**1718 - [ 26 ] ( الصحيح )وعن ابن أبي مليكة قال : لما توفي عبد الرحمن بن أبي بكر بالحبشي ( موضع قريب من مكة )وهو موضع فحمل إلى مكة فدفن ا فلما قدمت عائشة أتت قبر عبد الرحمن بن أبي بكر فقالت :وكنا كندماني جذيمة حقبة من الدهر حتى قيل لن يتصدعا فلما تفرقنا كأني ومالكا لطول اجتماع لم نبت ليلة معا ثم قالت : والله لو حضرتك ما دفنت إلا حيث مت ولو شهدتك ما زرتك رواه الترمذي**

ئىبنى ئەبى مۇلەيكەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەككىگە يېقىن ھۇبشا دېگەن جايدا ۋاپات بولغاندا، مەككىگە ئېلىپ كېلىنىپ دەپنە قىلىندى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كەلگەندە، قېرىندىشى ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ: « بىز كەندىمانىدا، بۇلار ھەرگىز ئايرىلمايدىكەن، دېيىلگەنگە قەدەر، ئۇزۇن زامان بىللە تۇرغان ئىدۇق، بىز ئايرىلغاندا بولسا، گۇياكى مەن قېرىندىشىم مالىك بىلەن ئەشۇ جايدا ئۇزۇن بىللە تۇرغاندىن كېيىن بىر كېچىمۇ مۆكدۈشۈپ بىللە يېتىپ باقمىدۇق». **الله** بىلەن قەسەمكى ، ئەگەر مەن سەن ئۆلۈپ كەتكەندە يېنىڭدا ھازىر بولغان بولسام، سەن پەقەت ئۆلۈپ كەتكەن ئورنىڭغىلا دەپنە قىلىناتتىڭ، ئەگەر مەن شۇ چاغدا قاتنىشالىغان بولسام، سىنى ھازىر زىيارەت قىلىپ كەلمەيتتىم،دېگەن. تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**1719 - [ 27 ] ( ضعيف )وعن أبي رافع قال : سل رسول الله صلى الله عليه وسلم سعدا ورش على قبره ماء رواه ابن ماجه**

ئەبۇ راپىئىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئىدنى ئۆزى سۇغۇرۇپ قەبرىگە قويغان، ئۇنىڭ قەبرىسىگە سۇ سەپكەن. ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**1720 - [ 28 ] ( لم تتم دراسته )**
**وعن أبي هريرة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم صلى على جنازة ثم أتى القبر فحثا عليه من قبل رأسه ثلاثا . رواه ابن ماجه**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، بىر جىنازىغا نامار چۈشۈرۈپ، ئاندىن قەبرە يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بېشى تەرەپتىن باشلاپ ئۈچ چاڭگال توپا چاچقان. ئىبنى ماجە توپلىغان، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

**1721 - [ 29 ] ( ضعيف )وعن عمرو بن حزم قال : رآني النبي صلى الله عليه وسلم متكئا على قبر فقال : لا تؤذ صاحب هذا القبر أولا تؤذه . رواه أحمد**

ئەمرۇئىبنى ھەزم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا كۆرۈپ، قەبرە ئىگىسىگە ياكى قەبرىدىكى كىشىگە ئازار بەرمە دېدى، ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن

## [ 7 ] البكاء على الميت - الفصل الأول ميىتكە يىغلاش مەسئەلىسى توغرىسىدا

**1722 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أنس قال : دخلنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم على أبي سيف القين وكان ظئرا لإبراهيم فأخذ رسول الله صلى الله عليه وسلم إبراهيم فقبله وشمه ثم دخلنا عليه بعد ذلك وإبراهيم يجود بنفسه فجعلت عينا رسول الله صلى الله عليه وسلم تذرفان . فقال له عبد الرحمن بن عوف : وأنت يا رسول الله ؟ فقال : " يا ابن عوف إنا رحمة ثم أتبعها بأخرى فقال : إن العين تدمع والقلب يحزن ولا نقول إلا ما يرضي ربنا وإنا بفراقك يا إبراهيم لمحزونون "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تۆمۈرچى ئەبۇ يۈسۈپنىڭ قېشىغا كىردۇق، ئۇكىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ، ئىنىك ئانىسىنىڭ ئېرى ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغلى ئىبراھىمنى قولىغا ئېلىپ، سۆيۈپ، پۇراپ كەتتى،ئاندىن شۇنىڭدىن كېيىنراق يەنەبىرقېتىم كىرسەك، ئىبراھىمنىڭ تىنىقى توختاپ، جان ئۈزۈۋېتتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكۈشكە باشلىدى، ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلمۇ يىغلاملا؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئى ئىبنى ئەۋق! ھەققەتەن بۇ كۆز يېشى رەھمەتتۇر، كۆز، ياش تۆكىدۇ، قەلب غەم قىلىدۇ، قايغۇرىدۇ، بىز پەقەت پەرۋەردىگارىمىز رازى بولىدىغان سۆزنىلا قىلىمىز، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى ئىبراھىم!، بىز سەندىن ئايرىلىپ ھەققەتەن قايغۇردۇق، غەم قىلدۇق، ئازابلاندۇق،دىدى. ئەھمەد ،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1723 - [ 2 ] ( متفق عليه )**
**وعن أسامة بن زيد قال : أرسلت ابنة النبي صلى الله عليه وسلم إليه : أن ابنا لي قبض فأتنا . فأرسل يقرئ السلام ويقول : " إن لله ما أخذ وله ما أعطى وكل عنده بأجل مسمى فلتصبر ولتحتسب " . فأرسلت إليه تقسم عليه ليأتينها فقام ومعه سعد بن عبادة ومعاذ بن جبل وأبي بن كعب وزيد ابن ثابت ورجال فرفع إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم الصبي ونفسه تتقعقع ففاضت عيناه . فقال سعد : يا رسول الله ما هذا ؟ فقال : " هذه رحمة جعلها الله في قلوب عباده . فإنما يرحم الله من عباده الرحماء "**

ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى ، رەسۇلۇللاھقا؛ ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتتى، قېشىمىزغا كەلگەن بولسىلا دەپ، ئەلچى ئەۋەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا سالام يوللاپ: ھەققەتەن، ئاللاھتائالانىڭدۇر ئالغىنى، ئاللاھقا خاستۇر ئۆزى بەرگىنى، ھەربىر نەرسە ئاللاھنىڭ نەزلىدە مەلۇم ئەجەل ـ مۇددەت بىلەن بېرىلگەنتۇر، ئۇ سەۋرە قىلسۇن، ساۋاب ئۈمۈت قىلسۇن دەپ كىشى ئەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى ، ئىككىنچى قېتىم قەسەم قىلىپ

تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ چۇقۇم قىشىغا بېرىشى توغرىسىدا يەنە ئەلچى ئەۋەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەئدى،مۇئاز، ئۇبەي، زەيد، يەنە نۇرغۇن ساھابە رەزىيەللاھۇئەنھۇملار بىللە باردى، بالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىغا ئېلىپ بېرىلگەندە، بالىنىڭ نەپسى سىقىلىپ، تىنىقى ئىگىز-پەس بولىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكتى، سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ نىمەئىش؟سىلىمۇ يىغلامىلا؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇ كۆز يېشى رەھمەتتۇر، **الله** كۆز ياشنى بەندىللىرىنىڭ دىللىرىدا قىلدى، ھەقىقەتەن **الله** تائالا رەھىمدىل بەندىللىرىگە رەھمەت قىلىدۇ، دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1724 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمر قال : اشتكى سعد بن عبادة شكوى له فأتاه النبي صلى الله عليه وسلم يعوده مع عبد الرحمن بن عوف وسعد بن أبي وقاص وعبد الله بن مسعود فلما دخل عليه وجده في غاشية فقال : ( قد قضى ؟ قالوا : لا يا رسول الله فبكى النبي صلى الله عليه وسلم فلما رأى القوم بكاء النبي صلى الله عليه وسلم بكوا فقال : ألا تسمعون ؟ إن الله لا يعذب بدمع العين ولا بحزن القلب ولكن يعذب ذا وأشار إلى لسانه أو يرحم وإن الميت لعيذب ببكاء أهله**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق ئاغرىپ كېسەل بولۇپ قالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇررەھمان ، سەئدى ئىبنى ئەبى ۋەققاس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيە للاھۇئەنھۇملار بىلەن بىللە ئۇنى يوقلاپ باردى، ئۇنىڭ قىشىغا كىرىپ، ئۇنى قاتتىق كېسەل ھالەتتە،جان سەكەراتتا تاپتى، ۋە ئۇ قازا تېپىپ، ۋاپات بولۇپتۇ دىدى.ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى ! ياق، ئۇ تېخى ۋاپات تاپمىدى دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپ كەتتى، كىشىلەرمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ، يىغلىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەر ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كۆزنىڭ يېشىغا، قەلبىنىڭ غەم _ قايغۇسىغا ئازاپلىمايدۇ، لېكىن، مۇشۇنىڭ سەۋەبىدىن (يەنى تىلىنىڭ ئاۋازى سەۋەبلىك) ئازابلايدۇ، ياكى رەھىم قىلىدۇ،دەپ _ تىلىغا ئىشارەت قىلدى_ ھەقىقەتەن مىيت، قەبرىسىدە، ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان يىغىسى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ، دىدى.بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**1725 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس منا من ضرب الخدود وشق الجيوب ودعا بدعوى الجاهلية "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسىبەت يەتكەندە يۈز مەڭزىلىرىگە كاچات ئۇرغان، تاتىلاپ يارىدار قىلغان، كىيىملىرىنى، ياقىلىرىنى يىرتقان، جاھالىيەت دۇئالىرى بىلەن دۇئا قىلغان يەنى جاھالىيەت ئۆرپ _ ئادىتىنى قىلغان كىشى بىزدىن ئەمەس. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم،تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئۇنى قىلمىغان، بۇنى قىلغان ئادەم، سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىگەن كىشى مەندىن ئەمەس، مېنىڭ جۈملەمدىن ئەمەس دىگەننىڭ مەنىسى مۇنداق، ئىمام نەۋەۋى: سۈننەتتىن قەستەن يۈز ئۆرىسە، ئېتقاد قىلمىسا، تەكەببۇرلۇق قىلسا، باشقىلارنىڭ يولىنى، دىنىنى تۇتىۋالسا، مەندىن ئەمەس يەنى ئۇمۇسۇلمان ئەمەس دىگەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سەۋەب بىلەن، ئۆزرە بىلەن قىلالمىسا گۇناھ يوق، ئىلىم، ئىبادەت، جىھادقا ئۆزىنى ئاتاپ، توي قىلىشدىن چەكلىنىپ قالسا، ئۇلار بۇ ئەيىب دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، بەلكى، ئۇ ئەۋزەلدۇر دىگەن. ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى بۇخارىنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دىگەن: يۈز ئۆرۈش، باشقا نەرسىگە ئۆتۈپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ، مەقسەت مېنىڭ يولۇمنى تۇتماي، باشقا يولغا كىرىۋالسا، مەندىن باشقىلارنىڭ يولىنى تۇتسا، مەندىن ئەمەس

دىگەن بولدى، مەسىلەن: راھىب بولۇۋالسا. ئەمما، شەرىئەت قانۇنى بىلەن، رۇخسەت بىلەن، سەۋەب، ئۆزرە بىلەن زاھىد بولسا بولىدۇ، راھىبلىق يوق. لېكىن، زاھىدلىق بار، مەندىن ئەمەس، بىزدىن ئەمەس، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس دىگەنلىك: ئەگەر شۇ ئىشنى قىلىشتا، ياكى قىلماسلىقتا سۈننەتتىن يۈز ئۆرۈشتە تەئۋىل بىلەن بولسا، سەۋەب، ئۆزرە بىلەن بولسا، خاتالىشىپ بولسا، ئىختىيارى بىلەن قىلماي قالسا، ھورۇنلۇق بولسا، بۇنىڭ مەنىسى، بىزنىڭ يولۇمىزدا ئەمەس، شۇ ئىشنى قىلغانلار قاتارىدا ئەمەس، ياكى شۇ چەكلەنگەن ئىشنى قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ يولىدا ئەمەس، شۇلارنىڭ خىلى ئەمەس،ئەخلاقىدائەمەس دىگەن بولىدۇ، بۇ ئۇ چاغدا تاپا — تەنە، مەكرۇھ ياكى ئاسىيلىق، گۇناھ بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ، كاپىر قىلىۋەتمەيدۇ، سەن مۇسۇلمان ئەمەس دىگەن بولمايدۇ، چۈنكى، بىرەر ھارام ئىشنى، گۇناھنى، مەكرۇھنى قىلىپ سېلىش ياكى بىرەر سۈننەتنى تەرك ئېتىش بىلەنلا كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، بولۇپمۇ سۈننەتنى تەرك ئەتسە كاپىر بولمايدۇ. ئەمما، ئۇ سۈننەتنى مەسخىرە قىلىپ، كىبىر قىلىپ، يۈز ئۆرۈپ باشقا مىللەت، باشقا دىنىنىڭ يولىغا كىرىپ سۈننەتكە ئېتىقاد قىلمىسا، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئېتىقاد قىلماي، پۈتۈنلەي يۈز ئۆرىسە، سەۋەب، ئۆزرە بولمىسا، غەيرى ئېتىقادقا ئۆتۈپ كەتسە، مانا بۇ كىشى ئىسلام مىللىتىدىن ئەمەس، مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس.

چۈنكى، ئۇنىڭ ئىتقادى كۇپرىنىڭ تۈرىدۇر، مەخسەت: بۇ بىزدىن ئەمەس دىگەن سۆز، بىر خىل ئەمەس، بەزىسى مۇسۇلمان ئەمەس دىگەن بولىدۇ، ئىسلام دىنىدىن، مىللىتىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، خۇددى شېرىك ئىشلارنى قىلسا، بىزدىن ئەمەس دىگەندەك. بەزىسى ئەقىدە، ئېتىقادقا دىيىلسە بۇمۇ ئىسلام دىندىن چىقىرىۋېتىدۇ، چۈنكى، ئۇ شېرىكتۇر، بەزىسى ھارام، گۇناھي كەبىرە بولىدۇ. خۇددى ، مېيىتكە قوشاق قوشۇپ ئاۋازلىق يىغلاپ، كىيىمنى يىرتىپ، يۈزنى تاتىلاپ، جاراھەت قىلغان كىشى بىزدىن ئەمەس دىگەندەك. بۇ ھارام، گۇناھ دىگەن بولىدۇ. لېكىن، كاپىر دىگەن بولمايدۇ. بەزىسى تاپا — تەنە، تەھدىد سۆزى بولىدۇ، ئەمەلگە قىزىقتۇرىدۇ، مەسىلەن: قۇرئاننى مۇڭلۇق، تەجۋىدلىك ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس دىگەندەك، بۇ قىزىقتۇرۇش ياكى تەھدىد يا مۇبالىغە بولىدۇ، يا ئاچچىقلاپ، كايىش، توسۇش، چەكلەشنى كۆرسىتىدۇ، بەزىسى پەرز ۋاجىپ، سۈننەتكە دالالەت قىلسا، بەزىسى ھارام، مەكرۇھنى كۆرسىتىدۇ، ھەربىرىنىڭ دەرىجىسى، مەرتىبىسى بار، شۇ بۇيرۇلغان يا چەكلەنگەن ئىشقا قارىسا، ئايرىم — ئايرىم ھۆكۈم قىلىنىدۇ، كىشلەر ئوخشاش ئەمەس، ئەمەللىرى، نىيەتلىرى ئوخشاش ئەمەس، ھۆكۈممۇ ئوخشاش ئەمەس، بۇنى تەپسىلىي كۆرۈپ، تولۇق بىلىپ، ھۆكۈم قىلىش لازىم، ياخشىسى ھۆكۈمنى ھاكىم چىقارسۇن، قانۇنشۇناسلار چىقارسۇن، بىز پەقەت ئىبرەت ئالايلى، دەلىل كەلتۈرۈپ چۈشىنەيلى، دىگەننى بۇيرىغاننى قىلىپ، توسقاندىن يانايلى! توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.( ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىزنىڭ غەيرىمىزنىڭ سۈننىتىگە يەنى بىزدىن باشقا دىندىكى كىشىلەرنىڭ يوللىرىغا كىرىپ، سۈننىتىگە ئەمەل قىلغان كىشى، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، (چۈنكى، ئۇ ئېغىرراقى، كاپىر، مۇشرىك بولسا، يەڭگىلرەكى، بىدئەتچى، پاسىق بولىدۇ). دەيلىمى، فىردەۋس توپلىغان، ھەسەن.)

1726 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي بردة قال : أغمي على أبي موسى فأقبلت امرأته أم عبد الله تصيح برنة ثم أفاق فقال : ألم تعلمي ؟ وكان يحدثها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أنا بريء ممن حلق وصلق وخرق " . ولفظه لمسلم

ئەبۇ بۇردەت مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇشىدىن كەتكەندە، ئۇنىڭ ئايالى ئاۋازلىق يىغلاپ ، ۋارقىراشقا باشلىدى، ئاندىن ئۇ ھۇشىغا كىلىپ:سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟: مەن مۇسىبەت يەتكەندە، چېچىنى چۈشۈرگەن، ھۆكرەپ ئاۋازلىق يىغلىغان، كىيىملىرىنى يىرتقان (ئۆزىنى ئۇرغانلار)دىن بىزاردۇرمەن،دىدى. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.(ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسىبەت يەتكەندە، ئاۋازلىق يىغلىغان، چاچ — ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ يۇڭداپ تاشلىغان، كىيىملىرىنى يىرتىپ،

يۈزلىرىنى تاتىلاپ، ياردار قىلغان كىشى بىزدىن ئەمەس. يەنى بۇ ئىشلار هارام. نەسەئى 1843 ـــ هەدىس، مۇسلىم 149 ـــ هەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2723 ـــ هەدىس، سەهىه.

**1727 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي مالك الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أربع في أمتي من أمر الجاهلية لا يتركونن : الفخر في الأحساب والطعن في الأنساب والاستسقاء بالنجوم والنياحة " . وقال : " النائحة إذا لم تتب قبل مو ا تقام يوم القيامة وعليها سربال من قطران ودرع من جرب " . رواه مسلم**

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم ئىچىدە جاھالىيەتنىڭ ئىشىدىن تۆت ئىش قېلىپ قالدى، ئۇلار بۇ ئىشلارنى تەرىك ئېتەلمەيدۇ، بىرىنچىسى، ئاتا ـــ بوۋا، ئەجدادلار بىلەن پەخىرلىنىش، ئىككىنچىسى، نەسەبلەردە تەنە قىلىپ، هاقارەتلەش، كەمسىتىش، ئۈچىنچىسى، يۇلتۇزلار بىلەن سۇ تەلەپ قىلىش، تۆتىنچىسى، مېيىتكە ئاۋاز قىلىپ يىغلاش، هەققەتەن مېيىتكە ئاۋاز قىلىپ يىغلىغۇچى ئايال، ئۆلۈشىدىن بۇرۇن تۆۋبە قىلمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇستىدە قوغۇشۇن تامچىلىرىدىن، ئېرىتمىلەردىن، ئوت يالقۇنلىرىدىن ئىشتان ـــ كۆڭلەك بار هالەتتە قوپۇرۇلىدۇ. ئەهمەد،مۇسلىم، تەبرانى، هاكىم توپلىغان، سەهىه، ئىچ ئاغرىتىش، ئازابلىنىش، كۆز يىشى ئامال يوق ئىشلار بولسىمۇ، ئاۋاز قىلىپ يىغلاش چەكلىنىدۇ

**1728 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : مر النبي صلى الله عليه وسلم بامرأة تبكي عند قبر فقال : " اتقي الله واصبري " قالت : إليك عني فأنك لم تصب بمصيبتي ولم تعرفه فقيل لها : إنه النبي صلى الله عليه وسلم . فأتت باب النبي صلى الله عليه وسلم فلم تجد عنده بوابين فقالت : لم أعرفك . فقال : " إنما الصبر عند الصدمة الأولى "**

ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم قەبرە يېنىدا يىغلاۋاتقان بىر ئايالنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ ئۇئايالغا: **الله** تىن قورقىن، سەۋرە قىلغىن دېدى. ئۇئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنى تونىماي: سەن مەندىن يىراق تۇرغىن، (ئۆز ئىشىڭنى قىلغىن) چۈنكى ساڭا مۇسىبەت يەتمىدى ، مۇسىبەت ماڭا يەتتى، دېدى. ئۇئايالغا: هەي! بۇ كىشى دېگەن **الله** نىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەردۇر دېيىلدى، ئاندىن ئۇئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىك يېنىغا كېلىپ، ئۇجايدا ئىشىك باقار (خاس هاجىب، مۇهاپىزەتچى پوسلارنى) ئۇچراتمىدى، رەسۇلۇللاهقا: مەن سىلىنى تونىماپتىمەن دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم :هەققەتەن سەۋرە قىلىش دېگەن تۇنجى قېتىمقى مۇسىبەت قاتتىق بولغاندا بولىدۇ، (چۈنكى، كېيىن بىر ئاز ئاسان بولىدۇ)دېدى. ئەهمەد ، بەيهەقى، بۇخارى،مۇسلىم،كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەهىه.

**1729 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يموت لمسلم ثلاث من الولد فيلج النار إلا تحلة القسم "**

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باللىرىدىن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، پەقەت سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكىچە ئازلا ۋاقىتتا دەۋزەخنى كۆرىدۇ، (سۈرە مەريەمدىكى؛«سىلەردىن هەر بىر كىشى دوۋزاخقا بارماي قالمايدۇ»، دېگەن ئايەت ئەنە شۇدۇر). بەيهەقى، بۇخارى،مۇسلىم نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەهىه.

**1730 - [ 9 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لنسوة من الأنصار : " لا يموت لإحداكن ثلاثة من الولد فتحتسبه إلا دخلت الجنة . فقال امرأة منهن : أو اثنان يا رسول الله ؟ قال : أو اثنان " . رواه مسلم وفي رواية لهما : " ثلاثة لم يبلغوا الحنث "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرىغا مۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار! بىرىڭلارنىڭ بالىلىرىدىن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ بۇ مۇسىبەتكە ئەجىر، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋرى قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلاردىن بىرسى:ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ دېدى.يەنە بىرخاتىردە؛بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ،دىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1731 - [ 10 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يقول الله : ما لعبدي المؤمن عندي جزاء إذا قبضت صفيه من أهل الدنيا ثم احتسبه إلا الجنة " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن مۆئمىن بەندەمنىڭ دۇنيا ئەھلىدىن ئەڭ يېقىن تاللانغان مەھبۇبىنى ئېلىپ كەتسەم، (ئاتا ــ ئانىسىنى، بالىسىنى يا ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جۈپتىنى ئېلىپ كەتسەم،) ئاندىن ئۇ سەۋرە قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەت مېنىڭ دەرگاھىمدا جەننەتلا مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ، جەننەتتىن باشقىسى يوق. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

1732 - [ 11 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن أبي سعيد الخدري قال : لعن رسول الله صلى الله عليه وسلم النائحة والمستمعة . رواه أبو داود

ئەبۇ سەئىيدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىيىتكە يىغلىغۇچى ئايالغا ۋە ئۇنى ئاڭلاپ قۇلاق سالغان ئايالغا لەنەت قىلدى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

1733 - [ 12 ] ( صحيح )وعن سعد بن أبي وقاص رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عجب للمؤمن : إن أصابه خير حمد الله وشكر وإن أصابته مصيبة حمد الله وصبر فالمؤمن يؤجر في كل أمره حتى في اللقمة يرفعها إلى في امرأته . رواه البيهقي في شعب الإيمان

سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن مۇسۇلمان مۆئمىن ئۈچۈن ھەيران قالدىم، ئەگەرئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە، ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىپ، شۈكرى قىلىدىكەن، ئەگەرمۇسىبەت يەتسە،يەنىلا ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىپ، ساۋاب كۈتۈپ سەۋرى قىلىدىكەن، ھەققەتەن مۆئمىن مۇسۇلماننىڭ ھەربىر ئىشلىرىدا ئەجىر بېرىلىدىكەن، ھەتتا ئۇ ئايالىنىڭ ئاغزىغا ئاپارغان بىر لوقما تائامغىمۇ ئەجىر، ساۋاب بولىدىكەن. تەيالىسى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

1734 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من مؤمن إلا وله بابان : باب يصعد منه علمه وباب ي ل منه رزقه . فإذا مات بكيا عليه فذلك قوله تعالى : ( فما بكت عليهم السماء والأرض )رواه الترمذي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق مۆئمىننىڭ ئىككى ئىشىكى بار، بىر ئىشىكىدىن ئۇنىڭ ئىلمى، ئەمىلى ئۆرلەيدۇ، يەنە بىر ئىشىكىدىن ئۇنىڭ رىزقى چۈشىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۆلسە، ئىككى ئىشىك يىغلايدۇ، ئۇ بولسىمۇ مۇنۇ ئايەتتۇر، «ئۇلارغا يەنى كاپىرلارغا ئاسمان ــ زېمىن يىغلىمايدۇ» تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىدى،

1735 - [ 14 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : من كان له فرطان من متي أدخله الله ما الجنة " . فقالت عائشة : فمن كان له فرط من أمتك ؟ قال : " ومن كان له فرط يا موفقة . فقالت :فمن لم يكن له فرط من أمتك ؟ قال : فأنا فرط أمتي لن يصابوا بمثلي رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمنىڭ ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنى ئاخىرەتتە ساقلاپ تۇرغان بولسا، ئاللاھ ئۇنى شۇ ئىككى بالا سەۋەبىدىن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛بىرسى بولسىچۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىربولسىمۇ دىدى.بولمىسچۇ؟دەپتى، پەقەت بولمىسا، مانا مەن ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغۇچى، ئالدىن تەييار قىلىنغان كىشىسى بولىمەن، ئۇلار ھەرگىز مىنىڭ ئوخشىشىمدەك يەنى مىنى يوقتۇپ قويغاندەك مۇسىبەت تارتمايدۇ، دىدى. تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**1736 - [ 15 ] ( ضعيف )وعن أبي موسى اشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا مات ولد العبد قال الله تعالى لملائكته : قبضتم ولد عبدي ؟ فيقولون : نعم . فيقول : قبضتم ثمرة فؤاده ؟ فيقولون : نعم . فيقول : ماذا قال عبدي ؟ فيقولون : حمدك واسترجع . فيقول الله : ابنوا لعبدي بيتا في الجنة وسموه بيت الحمد " . رواه أحمد والترمذي**

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرەر بەندىنىڭ بالىسى ئۆلسە، ئاللاھتائالا پەرىشتىلەرگە بەندەمنىڭ بالىسىنىڭ جىنىنى ئالدىڭلارمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار ھەئە دەيدۇ: ئاللاھ: يۈرىكىنىڭ مىۋىسىنى ئالدىڭلارمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار؛ ھەئە دەيدۇ، ئاللاھ: بەندەم نىمە دىدى؟ دەيدۇ. ئۇلار سىلىگە ھەمدۇ ئېيتتى، ھەمدە ئاللاھقا خاس، بىز ئاللاھنىڭ ئاخىر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز دىدى، دەيدۇ. ئاللاھ بەندەم ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي سېلىڭلار، ئۇ ئۆينى ھەمدۇ ئۆيى دەپ ئاتاڭلار دەيدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى تويلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى، بۇنىڭ ئوخشىشىدا ھەسەن ھەدىس بار.

**1737 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من عزى مصابا فله مثل أجره " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب لا نعرفه مرفوعا إلا من حديث علي بن عاصم الراوي وقال : ورواه بعضهم عن محمد بن سوقة ذا الإسناد موقوفا**

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇسىبەت يەتكەن كىشىگە تەسەللى بەرسە، تەسەللى بەرگۈچىگىمۇ مۇسىبەت يەتكەن كىشىگە ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ. تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيپ دىگەن ۋە يەنە بۇ ھەدىس مەۋقۇپ، ساھابى سۆزى دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1738 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن أبي برزة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من عزى ثكلى كسي بردا في الجنة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئانىسى ئۆلگەن، مۇسىبەت ئەھلىگە تەسەللى بەرسە، ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر تون كىيدۈرۈلىدۇ، تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**1739 - [ 18 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن جعفر قال : لما جاء نعي جعفر قال النبي صلى الله عليه وسلم : صانعوا لآل جعفر طعاما فقد أتاهم ما يشغلهم )رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، شېھىد بولۇپ،ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندە مۇنداق دىگەن: جەئپەرنىڭ ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا تائام قىلىپ بېرىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلارغا، ئۇلارنى مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان مۇسىبەت كەلدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم تويلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن، مېيىت ئەھلىگە ياردەم بېرىش، تاماق بېرىش

كۆرستىلىدۇ، مىيىت چىقىرىلغان كۈنى، ھەرخىل بانا ــ سەۋەب، قۇرئان تامام قىلىش سەۋەبلىرى بىلەن زىياپەت قىلىش، يىغلىپ زىيان سېلىشلار بىدئەتتۇر، مىراس تەقسىم قىلىنماي تۇرۇپ يېيىش قەتئىي چەكلىنىدۇ، مال، يېتىمنىڭ ھەققى بولسا، غائىب، يوق كىشىنىڭ بولسا، يەنىلا چەكلىنىدۇ، سەن دەلىلىنى ساھابە، تابىئىنلاردەك چۈشەنگىن.

**1740 - [ 19 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )**

**عن المغيرة بن شعبة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من نيح عليه فإنه يعذب بما نيح عليه يوم القيامة "**

مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمگە ئۆلگەندىن كېيىن ئاۋاز قىلىپ يىغلانسا، ھەقىقەتەن ئۇ كىشى ئۆزىگە ئاۋازلىق يىغلىنىش سەۋەبدىن قىيامەت كۈنىسى ئازابلىنىدۇ . ئەھمەد ،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. يەنى رازى بولسا، ۋەسىيەت قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئادىتى بولسا ئازابلىنىدۇ، ياكى يىغىنى بىلىپ ئازابلىنىدۇ، ياكى يىغلىغۇچىنىڭ قەبرە ئىچىدىكى ئازابىغا ئازابلىنىدۇ.

**1741 - [ 20 ] ( متفق عليه )وعن عمرة بنت عبد الرحمن أنا قالت : سمعت عائشة وذكر لها أن عبد الله بن عمر يقول : إن الميت ليعذب ببكاء الحي عليه تقول : يغفر الله لأبي عبد الرحمن أما إنه لم يكذب ولكنه نسي أو أخطأ إنما مر رسول الله صلى الله عليه وسلم على يهودية يبكي عليها فقال : " إنم ليبكون عليها وإنا لتعذب في قبرها "**

ئۆمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەقىقەتەن مىيىت، تىرىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا يىغىزارا قىلىشى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ،دەيدىكەن دىيىلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:الله تائالا ئەبۇئابدۇررەھمانغا (يەنى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما غا)مەغپىرەت قىلسۇن، ئۇ يالغان سۆزلىمەيدۇ، لېكىن ئۇ ئۇنتۇپ قالغان، ياكى خاتالاشقان ئوخشايدۇ، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆزىيېشى قىلىنىۋاتقان بىر يەھۇدىينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ: ئۇلار ئۇنىڭغا يىغلاۋاتىدۇ، ئۇيەھۇدىي قەبرىسىدە ئازاپلىنىۋاتىدۇ، دىگەن،دىدى. بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم،توپلىغان، سەھىھ.

( ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مىيىت، ئەھلىنىڭ، ئۇنىڭغا يىغا ـ زارە قىلىشى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار: ئەگەر مىيىت رازى بولسا، ۋەسىيەت قىلسا، يىغلاش ئۇنىڭ ئۆرپ ــ ئادىتى بولسا، ئازابلىنىدۇ دېدى. تەنتاۋى: مىيىت يىغىنى، بۇ ئىشنى بىلگەندىكىن ئازابلىنىدۇ دېدى.

1 . ئازابلىنىدۇ دېدى، ئازابلىنىدۇ.

2 . يىغا ــ زارىنى قەبرەئىچىدە بىلسە، ئازابلىنىدۇ، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

3 . ۋەسىيەت قىلسا، رازى بولسا، ئۆزى ئازابلىنىدۇ.

4 . يىغا ــ زارە قىلىش مىيىتنىڭ ھايات چاغدىكى ئادىتى، ئارزۇسى بولسا، ئازابلىنىدۇ.

5 . ئۇ ئالىم، تەقۋا، ياخشى كىشى بولۇپ، بۇ ئىشدىن توسۇپ تۇرسا، رازى بولمىسا، ۋەسىيەت قىلمىسا، ئازابلانمايدۇ، يىغلىغۇچى ئۆزى ئازابلىنىدۇ، بىر گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھىنى، جىنايىتىنى يەنە بىر كىشى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئاۋازلىق يىغلىغۇچى تۆۋبە قىلماي ئۆلۈپ كېتىپ، ھاياتى بەرزەختە قەبرىدە ئازابلانسا، بۇرۇن كەتكەن ئېنىڭ يېقىنى بولغان مىيىت، شۇنى بىلىپ يەنىلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئازابلىنىشى مۇمكىن. ئائىشە

رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ بۇ دىگەن يەھۇدىيلارغا، دىنسىزلارغا دىيىلگەن سۆز ئىدى دىگەن، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

1742 - [ 21 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن أبي مليكة قال : توفيت بنت لعثمان بن عفان بمكة فجئنا لنشهدها وحضرها ابن عمر وابن عباس فإني لجالس بينهما فقال عبد الله بن عمر لعمرو بن عثمان وهو مواجهه : ألا تنهى عن البكاء ؟ فإن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الميت ليعذب ببكاء أهله عليه " . فقال ابن عباس : قد كان عمر يقول بعض ذلك . ثم حدث فقال : صدرت مع عمر من مكة حتى إذا كنا بالبيداء فإذا هو بركب تحت ظل سمرة فقال : اذهب فانظر من هؤلاء الركب ؟ فنظرت فإذا هو صهيب . قال : فأخبرته فقال : ادعه فرجعت إلى صهيب فقلت : ارتحل فالحق أمير المؤمنين فلما أن أصيب عمر دخل صهيب يبكي يقول : وا أخاه واصاحباه . فقال عمر : يا صهيب أتبكي علي وقد قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الميت ليعذب ببعض بكاء أهله عليه ؟ " فقال ابن عباس : فلما مات عمر ذكرت ذلك لعائشة فقالت : يرحم الله عمر لا والله ما حدث رسول الله صلى الله عليه وسلم أن الميت ليعذب ببكاء أهله عليه ولكن : إن الله يزيد الكافر عذابا ببكاء أهله عليه . وقالت عائشة : حسبكم القرآن : ( ولا تزر وازرة وزر أخرى )
قال ابن عباس عند ذلك : والله أضحك وأبكي . قال ابن أبي مليكة : فما قال ابن عمر شيئا

ئىبنى مۇلەيكت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى مەككىدە ۋاپات تاپقاندا، بىز ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلدۇق، ئۇنىڭ نامىزىغا ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ كەلگەن ئىكەن، مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارلىقىدا ئولتۇرغان ئىدىم، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىدا ئولتۇرغان ئەمرۇ ئىبنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: سەن يىغا ـ زارا قىلىشتىن توسمامسەن؟، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ھەقىقەتەن مىيىت، ئەھلىنىڭ، ئۇنىڭغا يىغا ـ زارا قىلىشى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ،»دىدى. ئاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنىڭ بەزىسىنى دەيتتى دەپ، ئاندىن مۇنداق ھەدىس سۆزلىدى: مەن ئۆمەر رەزىيەللا ھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە مەككىدىن قايتىپ، بىز بەيدائ دىگەن جايغا كەلگەندە، ناگاھان بىر تۈكۈم كارۋانلار سەمۇرە دەرىخىنىڭ سايىسىدا ئارام ئېلىۋاتقان ئىكەن، ئۆمەر رەزىيەللا ھۇ ئەنھۇ ماڭا: ئاۋۇ كارۋانلار كىمكىن ؟ بېرىپ قاراپ باققىن دىدى، مەن كىلىپ قارىسام، ئۇ سۇھەيب ئىكەن، مەن كىلىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلسام، ئۇماڭا: ئۇنى چاقىرىپ كەل دىدى، مەن يەنە سۇھەيبنىڭ قېشىغا بېرىپ: سىنى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى چاقىرىدۇ، سەن يۆتكىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلغىن دىدىم، كىيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇغا مۇسىبەت يەتكەندە، سۇھەيب رەزىيەللا ھۇ ئەنھۇ كىرىپ؛ ۋاي قېرىندىشىم! ۋاي ياخشى ھەمراھىم! ۋاي سەپەردىشىم!!دەپ يىغلىدى، ئۆمەر رەزىيەللا ھۇ ئەنھۇ:ئى سۇھەيب! ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ « مىيىت، ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا يىغا ـ زارا قىلىشى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ،»دىگەن تۇرسا، سەن يەنە ماڭا يىغلاۋاتامسەن؟دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ ۋاپات بولغاندا، مەن ئەشۇ ھەدىسنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بايان قىلسام، ئۇماڭا: الله تائالا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەھمەت قىلسۇن، الله بىلەن قەسەمكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ « مىيىت، ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا يىغا ـ زارا قىلىشى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ،»دەپ ھەدىس سۆزلىمىگەن ، لىكىن الله تائالا ، كاپىرغا، ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا يىغا ـ زارا قىلىشى سەۋەبلىك ئازابنى زىيادە قىلىۋىتىدۇ، سىلەرگە بۇ جەھەتتە قۇرئان كۇپايە:«بىر گۇناھكار كىشى يەنە بىر گۇناھكارنىڭ(جىنايىتىنى)گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ»دىدى . ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇسۆزنى ئاڭلىغاندا؛« الله كۈلدۈرەلەيدۇ ۋە يىغلىتالايدۇ»دىدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسنى ئاڭلاپمۇ ھېچ نەرسە دېمىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

1743 - [ 22 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : لما جاء النبي صلى الله عليه وسلم قتل ابن حارثة وجعفر وابن رواحة جلس يعرف فيه الحزن وأنا أنظر من صائر الباب تعني شق الباب فأتاه رجل فقال : إن نساء جعفر وذكر بكاءهن فأمره أن ينهاهن فذهب

ثم أتاه الثانية لم يطعنه فقال : انههن فأتاه الثالثة قال : والله غلبننا يا رسول الله فزعمت أنه قال : " فاحث في أفواههن التراب .
فقلت: أرغم الله أنفك لم تفعل ما أمرك رسول الله صلى الله عليه وسلم ولم تترك رسول الله صلى الله عليه وسلم من العناء

ئائشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىبنى ھارىس، جەئپەر، ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇئەنھۇملارنىڭ شېھىد قىلىنغانلىق خەۋىرى كەلگەندە، قاتتىق غەم قىلىپ ، ئازاپلانغان ھالدا ئولتۇراتتى ـ مەن ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارىلاپ قاراۋاتاتتىم ـ بىر كىشى كىلىپ: جەئپەرنىڭ ئاياللىرى يىغلاۋاتىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇكىشىنى ئۇلارنىڭ يىغا ـ زارا قىلىشىدىن توسۇشقا بۇيرىدى، ئۇكىشى كىتىپ، ئىككىنجى قېتىم كىلىپ: ئۇلارنىڭ ئۇكىشىگە ئىتائەت قىلمىغانلىقىنى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سەن بېرىپ ئۇلارنى يىغلاشتىن قاتتىق توسقىن ! دېدى ، ئۇكىشى كىتىپ، ئۇچىنجى قېتىم كىلىپ:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار يەنە بىزدىن غالىپ كەلدى، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇلارنىڭ ئاغزىغا توپا چاچقىن دېدى.مەن ئىچىمدە ئۇكىشىگە: الله بۇرنۇڭغا قۇم تىقسۇن (يەنى سىنى خار قىلسۇن)، سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (سەن بېرىپ ئۇلارنى يىغلاشتىن قاتتىق توسقىن ! ئۇلارنىڭ ئاغزىغا توپا چاچقىن) دېگەن بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلالمىدىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى جاپا ـمۇشەققەتتىن ، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزمۇدۇڭ دېدىم. بۇخارى،مۇسلىم بىلىككە كەلگەن.

1744 - [ 23 ] ( صحيح )وعن أم سلمة قالت : لما مات أبو سلمة قلت غريب وفي أرض غربة لأبكينه بكاء يتحدث عنه فكنت قد يأت للبكاء عليه إذ أقبلت امرأة تريد أن تسعدني فاستقبلها رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " أتريدين أن تدخلي الشيطان بيتا أخرجه الله منه ؟ " مرتين وكففت عن البكاء فلم أبك . رواه مسلم

ئۇممەسەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇسەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكەندە، مەن: بۇ، نا تونۇش زىمىندىكى نا تونۇش غېرىپ كىشىدۇر، مەن ئۇنىڭ توغرىسىدا، (كىشىلەر تەرەپتىن بۇ كىشىنىڭمۇ ئىگىسى باركەن دەپ) سۆز قىلىنغىدەك، قاتتىق يىغلايمەن دەپ، ئۇنىڭغا يىغا ـ زارە قىلىشقا تەييار بولۇپ تۇرسام، تۇيۇقسىز بىر ئايال ماڭا ياردەم بىرىشنى مەقسەت قىلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇئايالغا ئۇچراپ قىلىپ: الله تائالا ئۆيدىن شەيتاننى چىقىرىۋەتسە، سەن ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزۈشنى مەخسەت قىلىۋا تامسەن؟ دەپ، ئىككى قېتىم دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يىغلاشتىن توختاپ قېلىپ، يىغلىمىدىم.مۇسلىم.

1745 - [ 24 ] ( صحيح )وعن النعمان بن بشير قال : أغمي على عبد الله بن رواحة فجعلت أخته عمرة تبكي : واجبلاه واكذا واكذا تعدد عليه فقال حين أفاق : ما قلت شيئا إلا قيل لي : أنت كذلك ؟ زاد في رواية فلما مات لم تبك عليه . رواه البخاري

نوئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى رەۋاھەگە بىھۇشلۇق يەتكەندە، ئۇنىڭ ھەمشىرىسى ئۆمرەت: ۋاي تاغدەك ئاكام! ۋاي ئۇنداق! ۋاي مۇنداق!!..... دەپ ، يىغلىغىلى تۇردى، ئۇ ئەس ـ ھۇشىغا كەلگەندە: سەن نىمە دىسەڭلا، ماڭا: سەن راست شۇنداقمىدىڭ؟ سەن راستلا شۇنداقمىدىڭ؟ دېيىلدى، دېدى. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندە ، ھەمشىرىسى يىغلىمىدى. بۇخارى توپلىغان.

1746 - [ 25 ] ( حسن )
وعن أبي موسى قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من ميت يموت فيقوم باكيهم فيقولك : واجبلاه واسيداه ونحو ذلك إلا وكل الله به ملكين يلهزانه ويقولان : أهكذا كنت ؟ " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب حسن

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر مېيت

يەنى ئۆلۈشكە تېگىشلىك كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يىغلىغۇچىلار تۇرۇپ، ۋاي تاغدەك ئاتام! ۋاي سەييىد خوجام!، ۋاي ماندىق، ۋاي ئاندىق دېگىلى تۇرسا، الله تائالا ئۇ مېيىتكە ئىككى پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇنى راسا توقماقداپ، قاتتىق ئۇرۇپ، سەن راستىنلا شۇنداقمىدىڭ؟ دەيدۇ. تىرمىزى 924 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1583 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**1747 - [ 26 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : مات ميت من آل رسول الله صلى الله عليه وسلم فاجتمع النساء يبكين عليه فقام عمر ينهاهن ويطردهن . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " دعهن فإن العين دامعة والقلب مصاب والعهد قريب " . رواه أحمد والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىدىن بىرسى ئۆلۈپ كەتتى، ئاياللار يىغلىسىپ يىغلاشتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى قوغلاپ توستى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى قويۇۋەتكىن، كۆز ياش تۆكىدۇ، قەلب مۇسىبەتكە يىتىدۇ،(غەم چېكىدۇ.) ئەھدى يېقىن قالدى، ئەھمەد نەسەئى توپلىغان، سەھىھ ھەدىسكە زىت، زەئىپ دىدى.

**1748 - [ 27 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : ماتت زينب بنت رسول الله صلى الله عليه وسلم فبكت النساء فجعل عمر يضر ن بسوطه فأخره رسول الله صلى الله عليه وسلم بيده وقال : " مهلا يا عمر " ثم قال : " إياكن ونعيق الشيطان " ثم قال : " إنه مهما كان من العين ومن القلب فمن الله عز وجل ومن الرحمة وما كان من اليد ومن اللسان فمن الشيطان " . رواه أحمد**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى زەينەپ ئۆلۈپ كەتكەندە، ئاياللار يىغلاشتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قامچىسى بىلەن ئۇرۇۋشقا باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كەينىگە قايتۇرۇپ، ئالدىرىما، يا ئۆمەر، مۆھلەت بەرگىن، ئى ئاياللار، شەيتاننىڭ ئاۋازىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر ياش كۆزدىن، يۈرەكتىن بولسا، ئاللاھ تەرەپتىن رەھمەت تەرەپتىن بو لىدۇ، قول ۋە تىلدىن بولسا، شەيتاندىن بولىدۇ دىدى، ئەھمەد توپلىغان، زەئىپ دىيىلدى.

**1749 - [ 28 ] ( لم تتم دراسته )وعن البخاري تعليقا قال : لما مات الحسن بن الحسن بن علي ضربت امرأته القبة على قبره سنة ثم رفعت فسمعت صائحا يقول : ألا هل وجدوا ما فقدوا ؟ فأجابه آخر : بل يئسوا فانقلبوا**

بۇخارى رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەسەن ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭ قەبرىسى يېنىدا گۇمبەزچىدىر تىكىپ، بىر يىل تۇرۇپتۇ، ئاندىن چىدىرنى كۆتۈرۈپ قايتاشىدا بىر ئاۋازنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ: ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇلار يۇقۇتۇپ قويغان نەرسىسىنى تاپتىمۇ؟ دىسە، يانابىرسى: ياق تاپالمىدى، بەلكى ئۇمۇت ئۈزۈپ قايتتى، دەپتۇ. تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان.

**1750 - [ 29 ] ( ضعيف جدا )وعن عمران بن حصين وأبي برزة قالا : خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في جنازة فرأى قوما قد طرحوا أرديتهم يمشون في قمص فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أبفعل الجاهلية تأخذون ؟ أو بصنيع الجاهلية تشبهون ؟ لقد هممت أن أدعو عليكم دعوة ترجعون في غير صوركم قال : فأخذوا أرديتهم ولم يعودوا لذلك . رواه ابن ماجه**

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر جىنازا نامىزىغا چىققان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تونلىرىنى تاشلاپ، كۆڭلەكچان ماڭغان بىر قەۋمنى كۆرۈپ، جاھالىيەت قىلىقىنى قىلدىڭلارمۇ؟ ياكى جاھالىيەت ئىشلىرىغا ئوخشىدىڭلارمۇ؟ مەن سىلەرگە بەد دۇئا قىلىشقا مەخسەت قىلدىم، سىلەر باشقا بىر سۈرەتكە قايتىپ قالسىلەر دىدى، ئۇلار تونلىرىنى ئېلىپ كىيىۋىلىشتى، ئىككىنچى ئۇ ئىشقا قايتمىدى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، زەئىپتۇر،

**1751-[ 30 ]( ضعيف )وعن ابن عمر قال :نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن تتبع جنازة معها رانة رواه أحمد وابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازىغا ئاۋاز قىلىپ ماڭغۇچى ئايالنىڭ ئەگىشىشىدىن توستى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، زەئىپ، لېكىن، سەھىھ ھەدىسمۇ بارلىقىنى كۆردۈڭلار.

**1752 - [ 31 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة أن رجلا قال له : مات ابن لي فوجدت عليه هل سمعت من خليلك صلوات الله عليه شيئا يطيب بأنفسنا عن موتانا ؟ قال : نعم سمعته صلى الله عليه وسلم قال : " صغارهم دعاميص الجنة يلقى أحدهم أباه فيأخذ بناحية ثوبه فلا يفارقه حتى يدخله الجنة " . رواه مسلم وأحمد واللفظ له**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ قېشىغا بىركىشى كېلىپ: مىنىڭ ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتتى، مەن ئۇنىڭغا قاتتىق قايغۇرۇپ، ئازاپلاندىم، سەن يېقىن دوستۇڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، يېقىن كىشىللىرىمىز ئۆلۈپ كەتكەندە، قەلبىمىزنى ئارام تاپقۇزىدىغان، بىزنى ئازاپلىنىشتىن قۇتقۇزىدىغان بىرەر نەرسە ئاڭلىدىڭمۇ؟ دىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ:ھەئە مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: سىلەرنىڭ كىچىك ئۆلۈپ كەتكىنىڭلار، جەننەت ئەھلىنىڭ كىچىك ساياھەتچىللىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرسى ئاتا ــ ئانىسىغا ئۇچرىشۇپ، ئۇنىڭ كىيمىدىن تۇتۇۋېلىپ، تاكى ئاللاھتائالا ئۇنى ۋە ئاتا ــ ئانىسىنى جەننەتكە كىرگۈزۈگەنگە قەدەر قويىۋەتمەيدۇ،دىگەن. ئەھمەد ، مۇسلىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.مانا بۇ ئەڭ ياخشى تەسەللى ۋە قەلب خاتىرجەملىكىدۇر.

**1753 - [ 32 ] ( صحيح )**

**وعن أبي سعيد قال : جاءت امرأة إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالت : يا رسول الله ذهب الرجال بحديثك فاجعل لنا من نفسك يوما نأتيك فيه تعلمنا مما علمك الله . فقال : " اجتمعن في يوم كذا وكذا في مكان كذا وكذا " فاجتمعن فأتاهن رسول الله صلى الله عليه وسلم فعلمهن مما علمه الله ثم قال : " ما منكن امرأة تقدم بين يديها من ولدها ثلاثة إلا كان لها حجابا من النار " فقالت امرأة منهن : يا رسول الله أو اثنين ؟ فأعادا مرتين . ثم قال : " واثنين واثنين واثنين " . رواه البخاري**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر ئايال كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! سىلىنىڭ ھەدىس سۆزلىرىنى ئەرلەرلا ئىگىشاپ ئېلىپ كەتتى، بىزگىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ بىر كۈننى بەلگىلەپ بەرسىلە، بىز شۇ ۋاقىتتا كەلسەك، الله سىلىگە ئۆگەتكەن نەرسىلەردىن بىزگىمۇ ئۆگىتىپ قويسىلا، دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : پالانى،پالانى كۈنى ، پالانى،پالانى ئورۇنغا يىغىلىڭلار دىدى. ئۇلار يىغىلىپ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ، الله ئۆگەتكەن نەرسىلەرنى ئۇلارغىمۇ ئۆگىتىپ: ئى ئاياللار! سىلەردىن ھەرقانداق بىر ئايال، بالىلىرىدىن ئۈچىنى ئۆزىدىن بۇرۇن ئاخىرەتكە يولغا سالسا (يەنى بىرىڭلارنىڭ بالىلىرىدىن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ بۇ مۇسىبەتكە ئەجىر، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋرى قىلسا)،ئۇبالىلىرى بۇئايالغا دوزەختىن پەردە بولىدۇ، (ئۇ ئايال جەننەتكە كىرىدۇ)، دىدى. ئۇلاردىن بىرسى:ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ دەپ تەكرار سوردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ؛ ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ شۇنداق بولىدۇ دىدى.(يەنە بىرخاتىردە؛بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ،دىدى). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**1754 - [ 33 ] ( ضعيف )وعن معاذ بن جبل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من مسلمين يتوفى لهما ثلاثة إلا أدخلهما الله الجنة بفضل رحمته إياهما " . فقالوا : يا رسول الله أو اثنان ؟ قال : " أواثنان " . قالوا : أو واحد ؟ قال : " أو واحد " . ثم قال : " والذي نفسي بيده إن السقط ليجر أمه بسرره إلى الجنة إذا احتسبته " . رواه أحمد وروى ابن ماجه من قوله : "**

والذي نفسي بيده "

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان ئەر ئايالنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ئۇلارنى، ئۇلارغابولغان رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار ئىككىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ دىدى، ئۇلار بىرسى چۇ؟ دىدى، بىرسىمۇ دىدى، ئاندىن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، چۈشۈپ كەتكەن بالىمۇ ئانىسىنى كىندىك نەيچىسى بىلەن سۆرەپ جەننەتكە ئەكىرىدۇ، شۇ ئانا ساۋاب ئۈمىد قىلغان بولسىلا دىدى، ئەھمەد ، ئىبنى ماجە توپلىدى، ئەلبانى بۇ زەئىپ ھەدىس دىدى،لىكىن سەھىسىمۇ باردۇر.

1755 - [ 34 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قدم ثلاثة من الولد لم يبلغوا الحنث : كانوا له حصنا حصينا من النار " فقال أبو ذر : قدمت اثنين . قال : " واثنين " . قال أبي بن كعب أبو المنذر سيد القراء : قدمت واحدا . قال : " وواحد " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بالاغەتكە يەتمىگەن بالىسىدىن ئۈچنى، ئۆزىدىن بۇرۇن ئاخىرەتكە يولغا سالسا، ئۇ بالىلار دوۋزاخدىن قورغان بولىدۇ، ئەبۇ زەر ئىككىسىچۇ؟ دىدى، ئىككىسىمۇ دىدى، ئۇبەي ئىبنى كەئبە بىرسىچۇ دىدى، بىرسىمۇ دىدى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىدى، تىرمىزى غەرىيپ دىدى، ئەلبانى زەئىپ دىدى،بۇتوغرىسىدا سەھىھ ھەدىسمۇباردۇر.

1756 - [ 35 ] ( صحيح )وعن قرة المزني : أن رجلا كان يأتي النبي صلى الله عليه وسلم ومعه ابن له . فقال له النبي صلى الله عليه وسلم : " أتحبه ؟ " فقال : يا رسول الله صلى الله عليه وسلم أحبك الله كما أحبه . ففقده النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " ما فعل ابن فلان ؟ " قالوا : يا رسول الله مات . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أما تحب ألا تأتي بابا من أبواب الجنة إلا وجدته ينتظرك ؟ " فقال رجل : يا رسول الله له خاصة أم لكلنا ؟ قال : " بل لكلكم " . رواه أحمد

قۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بالىسنى ئېلىپ كىلەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:بۇ بالاڭنى بەك ياخشى كۆرەمسەن؟ دىدى. ئۇكىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن بۇ بالامنى ياخشى كۆرگەندەك، سىلىنىمۇ الله تائالا ياخشى كۆرسۇن، (بىزنىمۇ سىلىنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ، سىلىنى ياخشى كۆرسەتسۇن)دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبالىنى كۆرمىگەندىن كىيىن: پالانىنىڭ بالىسىغا نىمە بولدى؟ دىدى. ئۇلار: ئۇبالا ئۆلۈپ كەتتى، دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېلىقى ساھابىگە: ئى پالانى! ساڭا زادى قايسىسى سۆيۈملۈكتۇر، سېنىڭ ئۇ بالاڭدىن ئۆمرۈڭدە پايدا _ مەنپەئەت ئېلىشىڭ سۆيۈملۈكمۇ؟ ياكى سەن ئەتە قىيامەت كۈنى جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىرەر ئىشىككە بارغىنىڭدا، بالاڭنى، سەندىن بۇرۇن بىرىپ، سەن ئۈچۈن جەننەت ئىشىكىنى ئېچىپ تۇرۇپ، ساڭا ئىنتىزار بولغان ھالەتتە تاپسەن، بۇ ساڭا سۆيۈملۈكمۇ؟،سەن بۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟ دىدى، ساھابە: ئەلۋەتتە جەننەت ئىشىكىنى ئېچىپ تۇرۇشى، ماڭا سۆيۈملۈكتۇر دىدى. ئۇنداق بولسا، ساڭا شۇ بىرىلىدۇ دەپ، تەسەللى بەردى.بىركىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇئىش ئۇنىڭغىلا خاسمۇ؟ ياكى ھەممىمىزگە ئامۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:بەلكى بۇ ھۆكۈم ھەممىڭلارغا ئامدۇر، دىدى. ئەھمەد، نەسئى 2061 _ ھەدىس، سەھىھ.

1757 - [ 36 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن السقط ليراغم ربه إذا أدخل أبويه النار فيقال : أيها السقط المراغم ربه أدخل أبويك الجنة فيجرهما بسرره حتى يدخلهما الجنة " . رواه ابن ماجه

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: چۈشۈپ كەتكەن بالا، ئاتا ــ ئانىسى دوۋزاخقا كىرىپ قالسا، ئاللاھ بىلەن داۋالىشىپ ئاتا ــ ئانىسىنى كىندىك شوينىسى بىلەن سۆرەپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، بالىغا شۇنداق دىيىلىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، زەئىپتۇر.

**1758 - [ 37 ] ( حسن )وعن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يقول الله تبارك وتعالى : ابن آدم إن صبرت واحتسبت عند الصدمة الأولى لم أرض لك ثوابا دون الجنة " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ، ئى ئادەم بالىسى! (مەن سىنىڭ ئىككى كۆزۈڭنى ئېلىۋېلىپ، سېنى ئەما قىلىپ قويسام)، سەن ھادىسە يۈز بەرگەن، مۇسىبەت تۇيۇقسىز كەلگەن تۇنجى مۇسىبەتكە سەۋرە قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلساڭ، سەن ئۈچۈن جەننەتتىن باشقا ساۋابقا رازى بولمايمەن، پەقەت جەننەتنىلا بېرىمەن. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1759 - [ 38 ] ( ضعيف )وعن الحسين بن علي عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما من مسلم ولا مسلمة يصاب بمصيبة فيذكرها وإن طال عهدها فيحدث لذلك استرجاعا إلا جدد الله تبارك وتعالى له عند ذلك فأعطاه مثل أجرها يوم أصيب ا " . رواه احمد والبيهقي في شعب الإيمان**

ھۆسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان ئەر ياكى مۇسۇلمان ئايالغا مۇسىبەت يېتىپ، ۋاختى ئۇزىراپ كەتسىمۇ، ئۇ مۇسىبەتنى ئەسلەپ، ئاللاھقا شۈكرى قىلىپ بىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز دەپ ئىسترجائ قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە مۇسىبەت يەتكەن كۈندىكى ئەجىر ساۋابقا ئوخشاش ئەجىر، ساۋابلارنى يېڭىلاپ بېرىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى.

**1760 - [ 39 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا انقطع شسع أحدكم فليسترجع فإنه من المصائب " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ ئاياغ شوينىسى ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ، ئىننالىللاھ دېسۇن، چۈنكى، شۇمۇ مۇسىبەت، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**1761 - [ 40 ] ( ضعيف )وعن أم الدرداء قالت : سمعت أبا الدرداء يقول : سمعت أبا القاسم صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله تبارك وتعالى قال : يا عيسى إني باعث من بعدك أمة إذا أصا م ما يحبون حمدوا الله وإن أصا م ما يكرهون احتسبوا وصبروا ولا حلم ولا عقل . فقال : يا رب كيف يكون هذا لهم ولا حلم ولا عقل ؟ قال : أعطيهم من حلمي وعلمي " . رواهما البيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ئاللاھتائالا ئى ئەيسا، سەندىن كېيىن بىر ئۈممەت ئەۋەتىمەن، ئۇلارغا ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان ئىش يەتسە، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىدۇ، ياقتۇرمايدىغان ئىش يېتىپ قالسا، ساۋاب كۈتۈپ سەۋرى قىلىدۇ، مېھرىبانلىق، ئەقىل يوق. ئەيسا ئەلەيھىسسالام، يا رەببىم، ئۇلاردا مېھرىبانلىق، ئەقىل بولمىسا، بۇ ئىش قانداق يۈز بېرىدۇ؟ ئاللاھ ئۇلارغا مەن ئۆزۈمنىڭ مېھرىبانلىقىمدىن، ئىلمىمدىن بېرىمەن دەيدۇ. بەيھەقى توپلىدى، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن.

## باب زيارة القبور - الفصل الأول          قەبرىنى زىيارەت قىلىش توغرىسىدا

**1762 - [ 1 ] ( صحيح )عن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نهيتكم عن زيارة القبور فزوروها ونهيتكم عن لحوم الأضاحي فوق ثلاث فأمسكوا ما بدا لكم ونهيتكم عن النبيذ إلا في سقاء فاشربوا في الأسقية كلها ولاتشربوا مسكرا.رواه مسلم**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرنى ئۈچ نەرسىدىن توسقان ئىدىم، مانا ئەمدى ئۇ نەرسىگە بۇيرۇيمەن، مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشدىن توسقان ئىدىم، مانا ئەمدى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ. ئۇنىڭدا ۋەز ــ نەسىھەت، ئىبرەت بار، مەن سىلەرنى قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشىڭلاردىن توسقان ئىدىم، ئەمدى ساقلاپ يەۋېرىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن سەپەرلىرىڭلاردىمۇ پايدىلىنىڭلار، سەدىقە قىلىڭلار، مەن سىلەرنى تېرىدىن باشقا تۇلۇن قاچىلاردا ئىچمەڭلار دەپ توسقان ئىدىم، مانا ئەمدى ھەر قانداق تۇلۇن، قاچا بولسا، ئۇنىڭدا نەرسە ئىچسەڭلار بولىدۇ، لېكىن، مەست قىلغۇچىنى ئىچمەڭلار، (ئۇ ھاراقتۇر). ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1763 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : زار النبي صلى الله عليه وسلم قبر أمه فبكى وأبكى من حوله فقال : " استأذنت ربي في ان أستغفر لها فلم يؤذن لي واستأذنته في أن أزور قبرها فأذن لي فزوروا القبور فإنا تذكر الموت " رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانىسىنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىپ، قاتتىق يىغلاپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىمۇ يىغلىتىۋەتتى، ئاندىن؛ مەن رەببىمدىن ئانام ئۈچۈن مەغپىرەت سوراش توغرۇلۇق ئىزنى سورسام، ماڭا رۇخسەت قىلىنمىدى، ئانامنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىشىمغا ئىزنى سورسام ، ماڭا رۇخسەت قىلىندى، ئەمدى سىلەرمۇ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ،دىدى.مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

1764 - [ 3 ] ( صحيح )وعن بريدة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يعلمهم إذا خرجوا إلى المقابر : " السلام عليكم أهل الديار من المؤمنين والمسلمين وإنا إن شاء ا لله بكم للاحقون نسأل الله لنا ولكم العافية " . رواه مسلم

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا، قەبرىستانلىققا چىققاندا مۇنداق دېيىشنى ئۆگەتتەتتى: « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى مۆئمىن مۇسۇلمان قەۋىملەر ھويلىسى، ھەقىقەتەن بىزمۇ ئاللاھ خالىسا، سىلەرگە پات يېقىندا قوشۇلىمىز،الله تىن بىزگە ۋە سىلەرگە ئىككى ئالەملىك ساق ـ سالامەتلىكنى سورايمىز». مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1765 - [ 4 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن ابن عباس قال : مر النبي صلى الله عليه وسلم بقبور بالمدينة فأقبل عليهم بوجهه فقال : " السلام عليكم يا أهل القبور يغفر الله لنا ولكم أنتم سلفنا ونحن بالأثر. رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۆتۈپ، يۈزى بىلەن ئۇلارغا ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى؛ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى قەبرە ئەھلى، ئاللاھ سىلەرگە ۋە بىزلەرگە مەغپىرەت قىلسۇن، سىلەر بىزدىن بۇرۇن كەتتىڭلار، بىز سىلەرگە ئەگىشىپ بارىمىز، تىرمىزى خاتىرلەپ، ھەسەن، غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

1766 - [ 5 ] الفصل الثالث ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم كلما كان ليلتها من رسول الله صلى الله عليه وسلم يخرج من آخر الليل إلى البقيع فيقول : " السلام عليكم دار قوم مؤمنين وأتاكم ما توعدون غدا مؤجلون وإنا إن شاء الله بكم لاحقون اللهم اغفر لأهل بقيع الغرقد " . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قېتىم، مېنىڭ نۆبىتىم كەلگەن كېچىنىڭ ئاخىرىدا، مەدىنىدىكى قەبرىستانلىققا چىقىپ مۇنداق دەيتتى:« ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى مۆئمىن قەۋملەر ھويلىسى،سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە، ئەتە قىيامەت كۈنى چۇقۇم كىلىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ئەتىگىچىلا بىر كۈن تەخىر قىلىپ تۇرىسىلەر، ھەقىقەتەن بىزمۇ ئاللاھ خالىسا، سىلەرگە پات يېقىندا قوشۇلىمىز، ( قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرىشىمىزنى بەكمۇ ئارزۇ قىلدۇق،)ئى الله! غەرقەد قەبرىستانلىقىنىڭ ئەھلى ئۈچۈن

مەغپىرەت قىلسىلا» مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1767 - [ 6 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كيف أقول يا رسول الله ؟ تعني في زيارة القبور قال : " قولي : السلام على أهل الديار من المؤمنين والمسلمين ويرحم الله المستقدمين منا والمستأخرين وإنا إن شاء الله بكم للاحقون . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى!قەبرىنى زىيارەت قىلغاندا، نىمە دەيمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: قەبرىستانلىقتا كىرسەڭلار، مۇنداق دەڭلار؛ «ئەسسالامۇ ئەلا ئەھلى دىيار مىنەلمۇئمىنىين ۋەلمۇسلىمىين، سالام سىلەرگە ئى مۆئمىن مۇسۇلمانلار! ئاللاھتائالا بىزلەردىن بۇرۇن كەتكەنلەرگە ۋە كېيىن بارىدىغانلارغا رەھمەت قىلسۇن، ھەققەتەن بىزمۇ ئاللاھ خالىسا، پات يېقىندا سىلەرگە قوشۇلىمىز». مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1768 - [ 7 ] ( موضوع )وعن محمد بن النعمان يرفع الحديث إلى النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من زار قبر أبويه أو أحدهما في كل جمعة غفر له وكتب برا " . رواه البيهقي في شعب الإيمان مرسلا**

مۇھەممەد ئىبنى نوئمان رەزىيەللاھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاتا ــ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى ياكى بىرسىنىڭ قەبرىسىنى ھەر جۈمئە كۈنى يوقلاپ زىيارەت قىلسا، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئاتا ــ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغۇچى دەپ پۈتۈلىدۇ، بەيھەقى مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ يالغان دىگەن، راستلا يالغاندۇر.سەن ياخشىلىقنى ئۇلار ھايات چاغدا قىلغىن.

**1769 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن ابن مسعود أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " كنت نهيتكم عن زيارة القبور فزوروها فإنها تزهد في الدنيا وتذكر الآخرة " . رواه ابن ماجه**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرنى قەبرىنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلىۋېرىڭلار، ئۇ بۇ دۇنيادىن زاھىدلاشتۇرۇپ، ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، زەئىپتۇر.يەنى زاھىد سۆزى بار.

**1770 - [ 9 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لعن زوارات القبور . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه وقال الترمذي هذا حديث حسن صحيح وقال : قد رأى بعض أهل العلم أن هذا كان قبل أن يرخص النبي في زيارة القبور فلما رخص دخل في رخصته الرجال والنساء . وقال بعضهم : إنما كره زيارة القبور للنساء لقلة صبرهن وكثرة جزعهن . تم كلامه**

ھەسان، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى.يەنە بىر خاتىردە:رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.تىرمىزى مۇنداق دىگەن:بەزى ئەھلى ئىلىملەر:بۇ لەنەت رۇخسەتتىن بۇرۇنقى ئىش ئىدى، قەبرىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغاندىن كىيىن، رۇخسەت دائىرىسىگە ئەرلەرۋە ئاياللارمۇ كىرىپ كىتىدۇ دىدى. بەزىلەر:بۇ ھەدىسدىن قارىغاندا، ئاياللار قەبرىنى زىيارەت قىلىشدىن چەكلىنىدۇ، چەكلەش ھۆكمى مەكروھتۇر، چۈنكى ئاياللارنىڭ سەبرىسى يوق،جەزە ـ پەزەسى كۆپ،دىدى.

**1771 - [ 10 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : كنت أدخل بيتي الذي فيه رسول الله صلى الله عليه وسلم وإني واضع ثوبي وأقول : إنما هو زوجي وأبي فلما دفن عمر رضي الله عنه معهم فوالله ما دخلته إلا وأنا مشدودة علي ثيابي حياء من عمر. رواه أحمد**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن دادام دەپنە

قىلىنغان ئۆيۈمگە، تاشقى كىيىمىمنىڭ بەزىسى بولمىسىمۇ كىرىۋېرەتتىم، مەن ئىچىمدە: ھەققەتەن ئۇ مېنىڭ ئېرىم تۇرسا، يەنە بىرسى بولسا، مېنىڭ دادىدام دەيتتىم، كېيىن ئۇلار بىلەن بىرگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەپنە قىلىنغاندا، الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھايا قىلىپ ، ئۇ ئۆيگە پەقەت تاشقى يېپىنچا كىيىمىمنىمۇ كىيىپ كىردىم. ئەھمەد توپلىغان سەھىھ.

## كتاب الزكاة - الفصل الأول

## زاكاتنىڭ كىتابى

1772 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم بعث معاذا إلى اليمن فقال : " إنك تأتي قوما من أهل الكتاب . فادعهم إلى شهادة أن لا إله إلا الله وأن محمدا رسول الله . فإن هم أطاعوا لذلك . فأعلمهم أن الله قد فرض عليهم خمس صلوات في اليوم والليلة . فإن هم أطاعوا لذلك فأعلمهم أن الله قد فرض عليهم صدقة تؤخذ من أغنيائهم فترد في فقرائهم . فإن هم أطاعوا لذلك . فإياك وكرائم أموالهم واتق دعوة المظلوم فإنه ليس بينها وبين الله حجاب "

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن سەن ئەھلى كىتابلارغا يەنى يەھۇدىي، ناسارالارغا بارىسەن، ئۇلارغا بارغاندا، ئۇلارنى ھەققەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇ ئىشتا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا؛ ھەققەتەن ئاللاھ تائالانىڭ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇ ئىشتا ئىتائەت قىلىپ، نامازنى ئوقۇسا، ئۇلارغا: ھەققەتەن ئاللاھتائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى،زاكات ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا شۇ ئىشلارغا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئېسىللىرىنى، خىللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ھەزەر قىلغىن، مەزلۇمنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلغىن، ھەققەتەن زۇلۇمغا ئۇچۇرغان كىشىنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا ھىجاب، پەردە يوقتۇر، (يەنى تېز ئىجاۋەت بولۇپ، سەن ھالاك بولىسەن) ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1773 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من صاحب ذهب ولا فضة لا يؤدي منها حقها إلا إذا كان يوم القيامة صفحت له صفائح من نار فأحمي عليها في نار جهنم فيكوى ا جنبه وجبينه وظهره كلما بردت أعيدت له في يوم كان مقداره خمسين ألف سنة حتى يقضى بين العباد فيرى سبيله إما إلى الجنة وإما إلى النار "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى، زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئوتتىن داغمال، دەزمال ياسىلىپ، ئۇنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدا تازا قىزىتىلىپ، بۇ دەزمال بىلەن ئۇ كىشىنىڭ يانلىرى، پېشانىسى، ئۇچىلىرى داغلىنىدۇ، قىززىق دەزمال يېقىلىدۇ، ھەر قاچان سوۋۇپ قالسا، يەنە قىزىتىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ ئازاب ئۇ كىشىگە بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانغا قەدەر، مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈندە دائىم قىلىنىدۇ، ئاندىن بۇ كىشى ھۆكۈمدىن كېيىن يولنى يا جەننەتكە يا دوۋزاخقا كۆرىدۇ، ئى الله نىڭ ئەلچىسى!تۆگى ئىگىسىچۇ؟دەپ سورالدى.

قيل : يا رسول الله فالإبل ؟ قال : " ولا صاحب إبل لا يؤدي منها حقها ومن حقها حلبها يوم وردها إلا إذا كان يوم القيامة بطح لها بقاع قرقر أوفر ما كانت لا يفقد منها فصيلا واحدا تطؤه بأخفافها وتعضه بأفواهها كلما مر عليه أولاها رد عليه أخراها في يوم

كان مقداره خمسين ألف سنة حتى يقضى بين العباد فيرى سبيله إما إلى الجنة وإما إلى النار "

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەر قانداق بىر تۆگە ئىگىسى ئۇنىڭ زاكىتىنى،ۋە ھەققىنى ئادا قىلمايدىكەن، ـ تۆگىنىڭ ھەققى بىر كۈنلۈك سۈغۇرۇپ، ھەلەپ بىرىپ، سىغىپ ئىچىش، سۈتىدىن سەدىقە قىلىش ـ قىيامەت كۈنى بولغاندا ئۇ زاكات بەرمىگەن كىشىنى تۈپتۈز، كەڭرى مەيدانغا تۆگىلەر ئۈچۈن تاشلاپ بىرىلىدۇ، تۆگىلەر بۇرۇنقىدىن چوڭ ھەم سېمىز بولۇپ، ئۇ كىشى تۆگىلەردىن بىر بوتلاقنىمۇ يىتتۈرۈپ قويمايدۇ، ھەممىسى تولۇق بولۇپ، ئۇ كىشىنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ، ئېغىزلىرى بىلەن چىشلەيدۇ، ھەر قاچان باشتىكىللىرى يەنە دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، ئاخىرقىلىرى يەنە قايتىپ كېلىپ دەسسەيدۇ، بۇ ئازاب ئۇ كىشى ئۈچۈن بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانغا قەدەر، مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈندە داۋام قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆز يولىنى يا جەننەتكە يا دوۋزاخقا كۆرىدۇ،دىدى.

قيل : يا رسول الله فالبقر والغنم ؟ قال : " ولا صاحب بقر ولا غنم لا يؤدي منها حقها إلا إذا كان يوم القيامة بطح لها بقاع قرقر لا يفقد منها شيئا ليس فيها عقصاء ولا جلحاء ولا عضباء تنطحه بقرونا وتطؤه بأظلافها كلما مر عليه أولاها رد عليه أخراها في يوم كان مقداره خمسين ألف سنة حتى يقضى بين العباد فيرى سبيله إما إلى الجنة وإما إلى النار "

ئى الله نىڭ ئەلچىسى!قوي،كالا ئىگىسىچۇ؟دەپ سورالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەر قانداق بىر كالا، قوي ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى، زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، قىيامەت كۈنى بولغاندا، بۇ كىشى ئاشۇ قوي، كالىلار ئۈچۈن تۈپتۈز، كەڭرى مەيدانغا تاشلاپ بىرىلىدۇ، ئۇ كىشى قوي، كالىلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ يۈتتۈرۈپ قويمايدۇ، ھەممىسى تولۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىدا مۈڭگۈزى يانغا تۈزلىرى يوق، مۈڭگۈزى ئۆتتۈرىغا ئۇشلۇقتۇر، مۈڭگۈزسىزمۇ يوق، مۈڭگۈزى سۇنۇق ياكى قۇلاقلىرى يىرىقلىرىمۇ يوق، قوي، كالىلار ئۇ كىشىنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈپ، پۇتلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، ھەر قاچان باشتىكىلىرى يەنە قايتىپ كېلىپ دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، ئاخىرقىلىرى قايتىپ كېلىپ يەنەدەسسەيدۇ، بۇ ئازاب ئۇنىڭغا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ، ھىساب تامام بولغانغا قەدەر، مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈندە داۋام قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ ھۆكۈمدىن كىيىن ئۆز يولىنى يا جەننەتكە يا دوۋزاخقا كۆرىدۇ،دىدى.

. قيل : يا رسول الله فالخيل ؟ قال : " الخيل ثلاثة : هي لرجل وزر وهي لرجل ستر وهي لرجل أجر . فأما التي هي له وزر فرجل ربطها رياء وفخرا ونواء على أهل الإسلام فهي له وزر . وأما التي له ستر فرجل ربطها في سبيل الله ثم لم ينس حق الله في ظهورها ولا رقا ا فهي له ستر . وأما التي هي له أجر فرجل ربطها في سبيل الله لأهل الإسلام في مرج أو روضة فما أكلت من ذلك المرج أو الروضة من شيء إلا كتب له عدد ما أكلت حسنات وكتب له عدد أرواثها وأبوالها حسنات ولا تقطع طولها فاستنت شرفا أو شرفين إلا كتب الله له عدد آثارها وأوراثها حسنات ولا مر ا صاحبها على نر فشربت منه ولا يريد أن يسقيها إلا كتب الله له عدد ما شربت حسنات "

ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئاتچۇ؟دەپ سورالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئات ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە ئۈچ خىل بولىدۇ، بىر كىشىگە گۇناھ، بىر كىشىگە سۇترە، پەردە،يەنە بىر كىشىگە ئەجرى بولىدۇ، بىر كىشى ئاتنى پەخىرلىنىپ رىيا قىلىپ، ئىسلام ئەھلىگە ئاداۋەت قىلىپ باقسا، بۇ خىل ئات ئۇ كىشىگە گۇناھ بولىدۇ، گۇناھدىن پەردە بولىدىغان ئاتقا كەلسەك، بىر كىشى ئۇ ئاتنى ئۆزىنى بىھاجەت قىلىشنى، پەردىلىنىشنى ئېيپەتلىكنى مەخسەت قىلىپ الله يولىدا باقىدۇ، ئاتنىڭ بوينىدىكى، ئۇچىسىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئەنە شۇ ئات گۇناھدىن پەردىدۇر، ئەجرى بولىدىغان ئاتقا كەلسەك، بىر كىشى ئۇنى ئاللاھ يولىدا

جىهاد تەييارلىق ئۈچۈن،ئىسلام ئەھلى ئۈچۈن باغلاپ باقىدۇ، ئۇ كىشى ئاتنى يايلاقتا ياكى باغدا ئۇزۇن باغلاپ قويىدۇ، ئات ئۆزىنىڭ باغلاقتىكى ئارغامچىسىدا تۇرۇپ، باغدىن،يايلاقتىن يېگەن نەرسىسىدە، شۇكىشى ئۈچۈن ئات يېگەن نەرسىنىڭ، ۋە ئۇنىڭ تېزەك، سۈدۈكلىرىنىڭ بارابىرىدە ياخشىلىقلار يېزىلىدۇ، ئەگەر ئات ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، بىر ئىككى ئېگىز جايغا كىشنىگەن ھالدا يۈگۈرۈپ چىقسا ياكى بىر ئىككى ئېگىزجايدىن ئۆتسە، الله ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاتنىڭ ئىزلىرى ھەتتا تېزەكلىرىنىڭ سانىنىڭ بارابىرىدە ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر ئات، ئېرىق ــ ئۆستەڭ بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىگىسى ئۇنى سۇغۇرۇشنى مەخسەت قىلمىغان ھالدا ئۆزى سۇ ئىچىۋالسا، الله شۇئات ئىچكەن سۇنىڭ سانىنىڭ بارابىرىدە ياخشىلىق يازىدۇ،دېدى.

**قيل : يا رسول الله فالحمر ؟ قال : " ما أنزل علي في الحمر شيء إلا هذه الآية الفاذة الجامعة ( فمن يعمل مثقال ذرة خيرا يره ومن يعمل مثقال ذرة شرا يره )الزلزلة . رواه مسلم**

ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئېشەكچۇ؟دەپ سورالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ماڭا ئېشەك توغرىسىدا (يەنى ئېشەكنىڭ زاكىتى توغرىسىدا) بىرەر نەرسە نازىل قىلىنمىدى، لېكىن ، بارلىق ياخشىلىقلارنى توپلاپ يىغقۇچى، تەنها مىسلىسىز مۇشۇئايەت نازىل قىلىندى« كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»دېدى. مۇسلىم 1647 ـ ھەدىس، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد 1414 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7247 ـ ھەدىس، نەسەئىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

---

**1774 - [ 3 ] ( صحيح )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من آتاه الله مالا فلم يؤد زكاته مثل له ماله شجاعا أقرع له زبيبتان يطوقه يوم القيامة يأخذ بلهزمتيه - يعني بشدقيه - يقول : أنا مالك أنا كنزك " . ثم تلا هذه الآية : ( ولا يحسبن الذين يبخلون بما آتاهم الله من فضله )إلى آخر الآية . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن الله تائالا مال دۇنيا بەرسە، مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمايدىغان كىشىگە، قىيامەت كۈنىسى ئۇنىڭ مېلى، ئىككى دانە زەھەرلىك نەشتىرى بار تاز يىلاننىڭ سۈرىتىدە كەلتۈرۈلىدۇ، يىلان ئۇنى چىڭ تۇتۇپ يۆگىشىپ، ئىككى كالپۇكى ،زاڭقى ئارىسىدا چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ؛ مانا مەن سېنىڭ توپلىغان ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرىڭ، مانا مەن سېنىڭ مال ــ دۇنيارىڭ دەيدۇ، ئاندىن ؛« الله ئۆز پەزلىدىن مال ـ دۇنيا ئاتا قىلسا، بېخىللىق قىلغان كېشىلەر ئۆزلىرىگە ياخشى دەپ گۇمان قىلىپ قالمىسۇن ، بەلكى ئۇ ئۇلارغا ياماندۇر»دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. بۇخارى، ئەھمەد ، 6159 ــ ھەدىس، نەسەئى 2435 ــ ھەدىس، سەھىھ.

---

**1775 - [ 4 ] ( متفق عليه )**

**عن أبي ذر رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما من رجل يكون له إبل أو بقر أو غنم لا يؤدي حقها إلا أتي بها يوم القيامة أعظم ما يكون وأسمنه تطؤه بأخفافها وتنطحه بقرونها كلما جازت أخراها ردت عليه أولاها حتى يقضى بين الناس "**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر تۆگە، كالا، قوي ئىگىسى بۇ ماللارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، پېقىر، مىسكىنلەرگە بەرمىسە، بۇ ماللار قىيامەت كۈنى بۇرۇنقىدىنمۇ، چوڭ ھەم سېمىز ھالەتتە كېلىپ، زاكات بەرمىگەن كىشىنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈپ، پۇت، تۇۋاقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، ھەر قاچان ئاخىرقىسى ئۈسسۈپ، دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، ئەۋۋەلدىكى باشتا ئۆتۈپ كەتكەنلىرى قايتىپ كېلىپ، ئۈسۈپ دەسسەشكە باشلايدۇ، بۇ ئىشلار تا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

1776 - [ 5 ] ( صحيح )وعن جرير بن عبد الله قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أتاكم المصدق فليصدر عنكم وهو عنكم راض " . رواه مسلم

جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆشرە ــ زاكات يىغقۇچىلار سىلەرگە بېرىپ قالسا، ئۇلار سىلەردىن پەقەت رازى بولۇپ قايتسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

1777 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن أبي أوفى رضي الله عنهما قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا أتاه قوم بصدقتهم قال : " اللهم صلى على آل فلان " . فأتاه أبي بصدقته فقال : " اللهم صلى الله على آل أبي أوفى " وفي رواية : " إذا أتى الرجل النبي بصدقته قال : " اللهم صلي عليه "

ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر قەۋم بەيتۇلمال ئۈچۈن سەدىقە، ئۆشرە ــ زاكاتلىرىنى ئېلىپ كەلسە، مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، پالانى قەۋمنىڭ، پالانىنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلسىلا، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلسىلا»دادام سەدىقە زاكىتىنى ئېلىپ كەلگەندە: «ئى ئاللاھ، ئەبۇ ئەۋفا نىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلسىلا، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلسىلا»دېدى.ھەرقانداق كىشى سەدىقە زاكىتىنى ئېلىپ كەلگەندە:شۇنداق دېيتتى.ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1778 - [ 7 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة . قال : بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم عمر على الصدقة . فقيل : منع ابن جميل وخالد بن الوليد والعباس . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما ينقم ابن جميل إلا أنه كان فقيرا فأغناه الله ورسوله . وأما خالد فإنكم تظلمون خالدا . قد احتبس أدراعه وأعتده في سبيل الله . وأما العباس فهي علي . ومثلها معها " . ثم قال : " يا عمر أما شعرت أن عم الرجل صنوا أبيه ؟ "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتتى، ئاندىن ئىبنى جەمىيل،خالىد،ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار زاكاتنى بەرمىدى دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئىبنى جەمىيل پېقىر بولغاچقا، زاكات بېرىشنى ياقتۇرماپتۇ، ئاللاھ، الله نىڭ ئەلچىسى ئۇنى باي قىلىشۇتسۇن، ئەمما خالىدقا كەلسەك، سىلەر ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىپسىلەر، چۈنكى ئۇ بارلىق جەڭ كىيىملىرىنى، ئۇلاغ، قۇرال، جەڭ جابدۇقلىرىنى ئاللاھ يولىدا ۋەقفە قىلىپ بېرىۋەتكەن، ئەمما ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپكە كەلسەك، ئۇنىڭ زاكىتى مېنىڭ ئۈستۈمگە بولسۇن، مەن ئۇ زاكات بىلەن بىللە يەنە شۇنچىلىك قوشۇپ بېرەي، ئى ئۆمەر! ھەققەتەن كىشىنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆز دادىسىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن، (ئاباس مېنىڭ دادامنىڭ ئۇرنىدىكى تاغام بولىدۇ)دېدى. ئەبۇ داۋۇد 1382 ــ ھەدىس، بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.(ياناپىرخاتىردە: ئاباس رەز كۆپ بەرسۇن دېيىلگەن.)

بۇ ھەدىسدىن ھەممە نەرسىسىنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋەتكەن كىشىدىن زاكات ئېلىنمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ھەممىنى بەردى، پېقىر كىشىدىنمۇ ئېلىنمايدۇ، چۈنكى يوق، شۇنداقلا دادىسىنىڭ، تاغىسىنىڭ، يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ زاكىتىنى تۆلەپ قويسا، ئۇلار ئىسلاھ قىلىنغىچە بېرىپ تۇرسا بولىدۇ، چۈنكى، ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كېيىن بىر يىللىق زاكاتنى ئالدىن بېرىدىغان بولغان.

1779 - [ 8 ] ( متفق عليه )عن أبي حميد الساعدي : استعمل النبي صلى الله عليه وسلم رجلا من الأزد يقال له ابن اللتبية

الأتبية على الصدقة فلما قدم قال : هذا لكم وهذا أهدي لي فخطب النبي صلى الله عليه وسلم فحمد الله وأثنى عليه وقال : " أما بعد فإني استعمل رجالا منكم على أمور مما ولاني الله فيأتي أحدكم فيقول : هذا لكم وهذا هدية أهديت لي فهلا جلس في بيت أبيه أو بيت أمه فينظر أيهدى له أم لا ؟ والذي نفسي بيده لا يأخذ أحد منه شيئا إلا جاء به يوم القيامة يحمله على رقبته إن كان بعيرا له رغاء أو بقرا له خوار أو شاة تيعر " ثم رفع يديه حتى رأينا عفرتي إبطيه ثم قال : " اللهم هل بلغت اللهم هل بلغت " . . قال الخطابي : وفي قوله : " هلا جلس في بيت أمه أو أبيه فينظر أيهدى إليه أم لا ؟ " دليل على أن كل أمر يتذرع به إلى محظور فهو محظور وكل دخل في العقود ينظر هل يكون حكمه عند الانفراد كحكمه عند الاقتران أم لا ؟ هكذا في شرح السنة

ئەبۇ ھۇمەيدىسسائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەزد قەبىلىسىدىن ئىبنى لۇتەيبىيە دېيىلىدىغان بىركىشىنى ئۆشرە ـ زاكات يىغىشقا خىزمەتچى خادىم قىلىپ ئەۋەتسە، ئۇكىشى كېلىپ: مانابۇ سىلىنىڭ، ماۋۇ ماڭا ھەدىي قىلىندى دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلەپ، ھەمدۇ ــ سانادىن كېيىن، مۇنداق دېگەن: ئەمما بەئدۇ، ھەقىقەتەن مەن، **الله** تائالا مىنى ئىگە قىلغان بەزى ئىشلارغا، سىلەردىن بىرقىسىم كىشىلەرنى خىزمەتچى خادىم قىلىپ ئىشلەتسەم، بىر ئىشلەتكەن زاكات يىغقۇچى خادىم بىزگە كېلىپ؛ بۇ سىلىنىڭ ئەمىلىڭلاردىن سىلىنىڭ زاكىتىڭلاردۇر، بۇ بولسا، ماڭا ھەدى قىلىندى دەيدۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە ھەدى كېلەمدۇ؟ يا كەلمەمدۇ قاراپ باقمايدۇ؟ دەپ كايىغاندىن كېيىن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قول ئىلىكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلار زاكاتتىن ئېلىۋېلىپ بىرەر نەرسىگە خىيانەت قىلىپ قالسىلا، قىيامەت كۈنى ئۇ نەرسىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ، ئەگەر ئۇ تۆگە بولسا، ئۇنىمۇ مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ، ۋەھالەنكى، تۆگە بوزلاپ ھۆركىرەيدۇ، ئەگەر ئۇ كالا بولسا، كالا مۆرىگەن ھالدا ئۇنى مۈرىسىدە ئېلىپ كېلىدۇ، قوينى بولسا، قوي مەرىگەن ھالدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ، (ئاھ! ئۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق ھە!)ئاندىن ئىككى قولىنى، بىز ئىككى قولتۇقىنىڭ ئاقلىقىنى كۆرگەنگە قەدەر ئىگىز كۆتۈرۈپ:ئى **الله**! يەتكۈزدۇممۇ؟ :ئى **الله**! يەتكۈزدۇممۇ؟ گۇۋاھ بولغىن، دېدى. ئىمام خەتتابى: بۇ ھەدىستىن، ھەرقانداق چەكلىنىدىغان نەرسىگە ئاپىرىدىغان،ۋەسىلە ـ ۋاستە بولۇپ بېرىدىغان نەرسىمۇ چەكلىنىدۇ، ھەرقاداق ئەمىر ھاكىم، ئۆزى يالغۇز چاغدىكى ھۆكمى، باشقىلار بار چاغدىكى ھۆكمىگە ئوخشامدۇ؟ يوق بۇنىڭغا قاراپ باقسۇن، دېگەن. ئەھمەد ،بەيھەقى،ئەبۇ داۋۇدتو، سەھىھ.

1780 - [ 9 ] ( صحيح )وعن عدي بن عميرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من استعملناه منكم على عمل فكتمنا مخيطا فما فوقه كان غلولا يأتي به يوم القيامة " . رواه مسلم

ئەدىي ئىبنى ئۇمەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشىنى بىز خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرساق، زاكات خادىمى قىلساق، ئاندىن ئۇ بىزدىن بىر تال يىڭنە چاغلىق ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى نەرسىنى يوشۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى خىيانەت بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇ شۇ خىيانىتى بىلەن بىرگە كېلىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.( بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىنى بىز خىزمەتكە قويۇپ، مائاش، تۇرمۇش پۇلى بەرسەك، ئاندىن ئۇنىڭ شۇ مائاش، رىزقىدىن سىرىت ئېلىۋالغىنى خىيانەتتۇر، (قىيامەت كۈنى خىيانىتىنى گەردىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.)

1781 - [ 10 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن ابن عباس رضي الله عنهما قال : لما نزلت ( والذين يكـ ون الذهب والفضة )كبر ذلك على المسلمين . فقال عمر أنا أفرج عنكم فانطلق . فقال : يا نبي الله قد كبر على أصحابك هذه الآية . فقال نبي الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله لم يفرض الزكاة إلا ليطيب ـا ما بقي من أموالكم وإنما فرض المواريث وذكر كلمة لتكون لمن بعدكم " قال فكبر عمر . ثم قال له : " ألا أخبرك بخير ما يكـ المرء المرأة الصالحة إذا نظر إليها سرته وإذا أمرها أطاعته وإذا

**غاب عنها حفظته " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ئالتۇن ـكۈمۈش توپلايدىغانلار.........»دىگەن ئايەت نازىل بولغاندا ، بۇ مۇسۇلمانلارغا ئىغىر مۇشەققەت كەلدى، ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەن سىلەردىن ئاسان قىلىمەن دەپ بىرىپ ؛ ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئايەت ساھابىلىرىغا قاتتىق ئىغىر كەپتۇ دىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن **الله** تائالا زاكاتنى پەقەت قولۇڭلاردا قىلىپ قالغان ماللىرىڭلارنى پاكلاش ئۈچۈنلا پەرز قىلدى، مىراس مىلىنى بولسا، سىلەردىن كىيىنكىلەر ئۈچۈن بولسۇن دەپ پەرز قىلدى، دىدى. ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇشاللىقىدىن تەكبىر ئەيتىپ كەتتى، ـ مىراستىن كىيىنكى تىلغا ئالغان بىر ئىغىز سۆزنى راۋىي ئۇنتۇپ قالغان ـ ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئىنسانىنىڭ كاڭنىڭ ئورنىدا توپلايدىغان نەرسىسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى مەن ساڭا خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇبولسىمۇ ياخشى ئايالدۇر، قارىسا خۇرسەن قىلىدۇ، بۇيرىسا ئىتائەت قىلىدۇ، غائىب بۇلۇپ بىرەر يەرگە كەتسە، ھەممىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، دىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان ، تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان.

**1782 - [ 11 ] ( لم تتم دراسته )**

**عن جابر بن عتيك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سيأتيكم ركيب مبغضون فإذا جاؤكم فرحبوا م وخلوا بينهم وبين ما يبتغون فإن عدلوا فلأنفسهم وإن ظلموا فعليهم وأرضوهم فإن تمام زكاتكم رضاهم وليدعوا لكم " . رواه أبو داود**

جابىرئىبنى ئەتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يات يىقىندا سىلەرگە، ئاچچىقلانغان،غەزىپى كەلتۇرۇلگەن، باشقىلار غەزەپ قىلىدىغان زاكات يىغقۇچى ئاتلىق كىشىلەر كىلىدۇ، ئۇلار كەلگەندە مەرھابا خۇش كەپسىلەر دەپ ئالدىغا چىقىڭلار، ئۇلار بىلەن ئۇلار تەلەپ قىلغان نەرسە ئارىسىنى خالى قويۇۋتىڭلار، (يەنى خالىغىنىنى ئالغىلى قويۇڭلار)ئەگەر ئۇلار ئادىللىق قىلسا، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىدۇ، ئەگەر زۇلۇم قىلسا، ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا قىلىدۇ، ئۇلارنى رازى قىلىڭلار، چۈنكى زاكىتىڭلارنىڭ كامىل،تولۇق ئادا قىلىنىشى ئۇلارنى رازى قىلىشتۇر، ئۇلار سىلەرگە دۇئا قىلىپ قويسۇن. ئەبۇداۋۇد توپلىغان ، تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان.

**1783 - [ 12 ] (صحيح)عن جرير بن عبد الله قال : جاء ناس يعني من الأعراب إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالوا : إن ناسا من المصدقين يأتونا فيظلمونا قال : فقال : " أرضوا مصدقيكم وإن ظلمتم " رواه أبو داود**

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەئرابىيلاردىن بىرتۈركۈم كىشىلەر كىلىپ؛ئۆشرە ـ زاكات يىغقۇچى خادىملار قىشىمىزغا كىلىپ بىزگە زۇلۇم قىلىدۇ، دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغامۇنداق دىگەن: ئۆشرە ــ زاكات يىغقۇچى خادىملارنى ئوبدان رازى قىلىڭلار، يەنى زاكاتنى بىرىڭلار،(ئەبۇداۋۇد؛ گەرچە سىلەر زۇلۇمغا ئۇچۇرساڭلارمۇ، دىگەننى زىيادەيازغان) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1784 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن بشير بن الخصاصية قال : قلنا : إن أهل الصدقة يعتدون علينا أفنكتم من أموالنا بقدر ما يعتدون ؟ قال : " لا " رواه أبو داود**

بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەقىقەتەن سەدىقە يىغقۇچى خادىملار بىزگە ھەددىدىن ئىشىپ زۇلۇم قىلىدۇ، بىز شۇنىڭ مىقدارىدا ماللىرىمىزدىن يۇشۇرىۋالساق بۇلامدۇ؟ دەپ سورساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ياق بولمايدۇ دىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان ، تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان.

**1785 - [ 14 ] ( صحيح )وعن رافع بن خديج قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " العامل على الصدقة بالحق**

**كالغازي في سبيل الله حتى يرجع إلى بيته " . رواه أبو داود والترمذي**

رافىئ ئىبنى خەدىيچ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆشرە ــ زاكاتنى ھەقلىق بىلەن يىغقۇچى ئامىل يەنى زاكات خادىمى، ئۆيىگە قايتقانغا قەدەر، ئاللاھتائالانىڭ يولىدا جەڭ قىلغان غازىغا ئوخشاشتۇر، (چۈنكى، شۇ ماللار بىلەن جەڭ تەييارلىقى قىلىنىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1786 - [ 15 ] (صحيح)وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا جلب ولا جنب ولا تؤخذ صدقا م إلا في دورهم " . رواه أبو داود**

ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيبىنىڭ بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (زاكات يىغقۇچى خادىمنىڭ ئاسان ئېلىشى ئۈچۈن) چارۋا ــ ماللار بىر جايغا كەلتۈرلۈپ، يىغىپ توپلانمايدۇ، (زاكات خادىملىرىغا قىيىنلاشتۇرۇپ)، مال ئىگىسى، چارۋىلارنى يىراققا ئېلىپ قاچمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆشرە ــ زاكات، سەدىقىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىيارلىرىدا بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پېقىر، مىسكىنلىرىگە بېرىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.( ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گۆرۈگە، رەنىگە قويۇلغان ئاتنى، (مۇسابىقىدە، يا سەپەردە) ئېتىنى تېز چاپتۇرۇش ئۈچۈن، ئەگەشتۈرۈۋېلىشى، بىرسى ھېرىپ ــ چارچاپ قالسا، يەنە بىرسىگە مىنىش ئۈچۈن ئېتىغا يەنە بىر ئاتنى ياندىۋېلىشى، ياكى پەخرىگە يانداپ قوشۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس، (ئىسلامدا بۇنداق ئىش يوق). ئەبۇ داۋۇد 2216 ــ ھەدىس، سەھىھ.)( ئىمران، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زاكات خادىملىرى چارۋ ــ ماللارنى، زاكاتنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممىسىنى بىر جايغا توپلاپ يىغمايدۇ. مال ئىگىلىرى چارۋىلارنى يىراققا ئېلىپ قاچمايدۇ،( ياكى كىشى ئېتىغا يەنە بىر ئاتنى يانداپ قوشمايدۇ، ئاتنى تېز چاپتۇرۇش ئۈچۈن بىرەر كىشىنى ياللاپ ئەگەشتۈرمەيدۇ)، ئىسلام دىنىدا شىغار يوق، يەنى قىزنى تويلۇق مەھرىسىز بېرىپ، يەنە بىر قىزنى ئۇنىڭ بەدىلىگە تويلۇق، مەھرىسىز ئېلىش يوق، بەلكى ئاياللارغا تويلۇقى تولۇق بېرىلىدۇ، كىم بۇلاڭچىلىق قىلسا، ئوچۇق ــ ئاشكارا قەھرى قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلىۋالسا، ئۇ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس،( يەنى بۇ ھارامدۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى ، سەھىھ.)

**1787 - [ 16 ] ()وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من استفاد مالا فلا زكاة فيه حتى يحول عيه الحول " . رواه الترمذي وذكر جماعة أنم وقفوه على ابن عمر**

ئائىشە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:(كىم بىرەر مالدىن پايدىلانسا)ئۇ مالغا كامىل بىر يىل ئۆتمىگىچە زاكات يوق، (يەنى پۇل ـ مال، زاكات ئايرىش ئۆلچىمىگە يېتىپ بىر يىل توشسا، زاكات ئايرىيدۇ، ھەم ھەر يىلدا بىر قېتىم ئايرىيدۇ).تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.بەزىلەر؛ بۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆز دىگەن،لىكىن سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ7497 ـ ھەدىسىدە بار.

**1788 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي رضي الله عنه : أن العباس سأل رسول الله صلى الله عليه وسلم في تعجيل صدقة قبل أن تحل : فرخص له في ذلك . رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه والدارمي**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يىل تۈشۈشتىن بۇرۇن مېلىنىڭ زاكىتىنى ئالدىن بېرىۋېتىشكە رۇخسەت سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنىڭغا يەنى (زاكات بېرىدىغان يىلىنىڭ مۇددىتى تۈشۈشتىن بۇرۇن مالىنىڭ زاكىتىنى ئالدىن بېرىشكە) رۇخسەت قىلدى. ئەبۇداۋۇد ،تىرمىزى،ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان ، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.بۇ دۇرۇستۇر.

1789 - [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن النبي صلى الله عليه وسلم خطب الناس فقال : " ألا من ولي يتيما له مال فليتجر فيه ولا يتركه حتى تأكله الصدقة . رواه الترمذي وقال : في إسناده مقال : لأن المثنى بن الصباح ضعيف

ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيبنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن:ئاگاھ بولۇڭلار، كىم پۇل ـ مېلى بار يېتىمگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ مېلىدا تىجارەت قىلىپ قويسۇن، ئۇمالنى سەدىقە زاكات يەپ كەتكەنگە قەدەر تاشلاپ قويمىسۇن.(يەنى جىم قويسا زاكات بىرىلىپ تۈگەپ كېتىدۇ)تىرمىزى توپلاپ، بۇھەدىسنىڭ ئىسنادىدا سۆز قىلىندى، چۈنكى مۇسەننائىبنى سەباھ زەئىپ دېگەن.ئەلبانىينىڭ تەكشۈرۈشى تامام بولمىغان.( ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ ھېچ نەرسەم يوق، لېكىن، ئۆيۈمدە بىر مېلى بار يېتىم بار دېيىتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ سەن ئۇ يېتىمنىڭ مېلىدىن ئىسراپ قىلماي، بۇزۇپ ــ چاچماي، مالنى يوشۇرۇن ئېلىۋالماي يەپ تۇرغىن، ئۇ يېتىمنىڭ مېلى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ مېلىنى ساقلاپ قالماي، ئۆزۈڭنىڭكىنىمۇ يېگىن دېگەن. ئىبنى ماجە 2709 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2488 ــ سەھىھ، كىيىن يېتىمگە قەرزنى قايتۇرىدۇ.)

1790 - [ 19 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن أبي هريرة قال : لما توفي النبي صلى الله عليه وسلم واستخلف أبو بكر وكفر من كفر من العرب قال عمر : يا أبا بكر كيف تقاتل الناس وقد قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أمرت أن أقاتل الناس حتى يقولوا : لا إله إلا الله فمن قال : لا إله إلا الله عصم مني ماله ونفسه إلا بحقه وحسابه على الله " . قال أبو بكر : والله لأقاتلن من فرق بين الصلاة والزكاة فإن الزكاة حق المال والله لو منعوني عناقا كانوا يؤدونا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم لقاتلتهم على منعها . قال عمر : فوالله ما هو إلا أن رأيت أن قد شرح الله صدر أبي بكر للقتال فعرفت أنه الحق

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە سايلاندى، ئەرەپلەردىن كاپىر بولۇشقا تىگىشلىك كىشىلەر مۇرتەد بولۇپ كاپىر بولۇپ كەتتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى ئەبۇبەكرى! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛« مەن تاكى كىشىلەر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، (ھەقىقەتەن مەن يەنى مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى) دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئۇلار شۇنداق گۇۋاھلىق بەرسە، مەندىن قانلىرىنى يەنى جانلىرىنى، ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، لېكىن، ئىسلام ھەققىنى (يەنى جازالار، خۇن تۆلەشلەرنى، ئوغۇرلۇقتا قولىنىڭ كېسىلىشىنى) ساقلاپ قالالمايدۇ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش، ئاللاھقىدۇر، (يەنى مەن تاشقى مۇئامىلىنى بىلىسەممۇ ئىچكى سىرىنى ئاللاھى بىلىدۇ)دېگەن تۇرسا، سەن ئەمدى كىشىلەر بىلەن قانداق ئۇرۇش قىلىسەن؟ دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: الله بىلەن قەسەمكى، مەن زاكات بىلەن نامازنىڭ ئارلىقىنى ئايرىۋەتكەن كىشى بىلەن (يەنى ناماز ئۇقۇمىغان ياكى زاكات بەرمىگەن كىشى بىلەن) ئۇرۇش قىلىمەن، (يەنى ئۇنى ئۆلتۈرىمەن) زاكات مالنىڭ ھەققى، الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئادا قىلىپ بىرىپ كەلگەن بىردانە ساغلىق ئوغلاق چاغلىق زاكاتنى، ماڭا ئادا قىلىپ بەرمىسە، ئەلۋەتتە مەن شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ الله بىلەن قەسەمكى، الله تائالا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىنى ھەق ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، ئۇرۇش قىلىشقا كەڭ ئېچىپتۇ، مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەق، توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم دېدى. بۇخارى مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

1791 - [ 20 ] ()وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يكون كنز أحدكم يوم القيامة شجاعا أقرع يفر منه صاحبه وهو يطلبه حتى يلقمه أصابعه " . رواه أحمد

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى

بىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىغان، مال كاڭلىرى تاز يىلان بولىدۇ، مال ئىگىسى ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، يىلان ئۇنى قوغلاپ، مەن سېنىڭ كاڭلىرىڭ، مەن سېنىڭ خەزىنىلىرىڭ دەپ،ئاخىرى ئۇنى بارماقلىرىدىن باشلاپ چىقىپ يۇتىۋېتىدۇ.ئەھمەد،نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ.«سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»2902 ـ ھەدىس. (ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى مېلىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمايدىكەن، پېقىر ــ مىسكىنلەرگە بەرمەيدىكەن، ئۇ مال قىيامەت كۈنى تاز يىلاننىڭ سۈرىتىدە كېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ بويىنىغا يۆگىشىۋېلىپ چاقىدۇ، (مانا مەن سېنىڭ مېلىڭ دەيدۇ). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.)

1792 - [ 21 ] ()وعن ابن مسعود عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما من رجل لا يؤدي زكاة ماله إلا جعل الله يوم القيامة في عنقه شجاعا " ثم قرأ علينا مصداقه من كتاب الله : ( ولا يحسبن الذين يبلخون بما آتاهم الله من فضله ) الآية . رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مال ــ مۈلۈكىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىغان كىشىنىڭ بويىنىغا، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى زەھىرى كۈچلۈك تاز يىلاننى يۆگەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئاندىن بىزگە سۆزىنى تەستىقلاپ، الله نىڭ كىتابىدىن؛« الله ئۆز پەزلىدىن مال ـ دۇنيا ئاتا قىلسا، بېخىللىق قىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىگە ياخشى دەپ گۇمان قىلىپ قالمىسۇن ، بەلكى ئۇ ئۇلارغا ياماندۇر»دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.نەسەئى،ئىبنى ماجە، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. 1774 ـ ھەدىستا ئوخشىشى ئۆتتى.يەنە؛ كىم مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ مال ــ مۈلكىنى يالغان قەسەم بىلەن بۆلۈپ ئېلىۋالسا، ئۇ كىشى ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالەتتە، ئاللاھتائالاغا ئۇچرىشىدۇدىگىنمۇ باردۇر.

1793 - [ 22 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما خالطت الزكاة مالا قط إلا أهلكته " . رواه الشافعي والبخاري في تاريخه والحميدي وزاد قال : يكون قد وجب عليك صدقة فلا تخرجها فيهلك الحرام الحلال . وقد احتج به من يرى تعلق الزكاة بالعين هكذا في المنتقى وروى البيهقي في شعب الإيمان عن أحمد بن حنبل بإسناده إلى عائشة . وقال أحمد في " خالطت " : تفسيره أن الرجل يأخذ الزكاة وهو موسر أو غني وإنما هي للفقراء

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، زاكات مېلى بىرەر مالغا ئارىلىشىپ قالسا، ئۇ مالنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ، شافىئى، ھۇمەيدى، بۇخارى تارىيخدا خاتىرلىگەن، ھۇمەيدى مۇنۇ سۆزنى زىيادە قىلغان، ساڭا ۋاجىپ بولغان زاكاتنى چىقارمىساڭ، ھارام، ھالالنى ھالاك قىلىدۇ دېگەن. بەيھەقى، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەلەدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن خاتىرلىگەن، ئەھمەد رەھمەھۇللا ئارىلىشىپ قالسا، دېگەننى باي تۇرۇپ پېقىرلارنىڭ نىسىۋىسى بولغان زاكاتنى ئالسا دەپ تەپسىر قىلغان، ئەلبانى بۇ ھەدىسنى زەئىپ دېگەن.

باب ما يجب فيه الزكاة - الفصل الأول    زاكات ۋاجىپ بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

1794 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس فيما دون خمسة أوسق من التمر صدقة وليس فيما دون خمس أواق من الورق صدقة وليس فيما دون خمس ذود من الإبل صدقة "

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش ۋەسىقىدىن ئاز خورمىدا(يەنى 300 سادىن ،1500 جىڭ ئەتراپىدىكى مىقداردىن ئاز خورمىدا) ئۆشرە ـ زاكات يوق، بەش تۆگىنىڭ تۆۋىنىدە زاكات يوق، بەش ئاۋاق يەنى 200 دەرھەم كۈمۈش پۇلدىن تۆۋىنىدە زاكات يوق، (چارۋا ماللار، ئاشلىقلار، پۇللار، ئاشۇ ئۆلچەمگە يەتمىسە، زاكات يوق، ئۆلچەمگە يەتسە زاكات ئايرىيدۇ). ئەھمەد،

بەيهەقى،بۇخارى ،مۇسلىم، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ. 200 دەرھەم كۈمۈش پۇل (600گىرام ئەتراپىدا) 20 مىسقال (85گىرام ئەتراپىدىكى) ئالتۇنغا تەڭدۇر، ھازىر كۈمۈشنىڭ باھاسى ئەرزاندۇر، لىكىن دوكتۇر قەرزاۋىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ دېيىشىچە؛ ئالىملار ئالتۇننىلا ئۆلچەم قىلغاندۇر.يەنى ھازىر 6000 يۈۋەندىن ئارتۇقراق.الله ئەئلەم.

1795 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس على المسلم صدقة في عبده ولا في فرسه " . وفي رواية قال : " ليس في عبده صدقة إلا صدقة الفطر "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلماننىڭ قۇلىدا، ئېتىدا زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ، (لېكىن، ئېلىپ ساتسا، مالنىڭ پۇلىنىڭ ھېسابىدا زاكات بېرىدۇ). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلماننىڭ قۇلىدا، زاكات بېرىش يوق، لېكىن، سەدىقە ــ پىترىنى بېرىدۇ. ئەھمەد، بەيهەقى، مۇسلىم،بۇخارى،كىيىنكى تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.(ئېتى ،خىزمەتچى قۇلى،دىدەك چۆرىسى قىممەت بولسىمۇ زاكات كەلمىگەندەك ،ئائىلىۋى ھاجىتى ئۈچۈن چىقىپ ئوينايدىغان،پۇل تاپمايدىغان شەخسىي ماشىنىسىغا قىممەت بولسىمۇ زاكات كەلمەيدۇ).

1796 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أنس بن مالك : أن أبا بكر رضي الله عنه كتب له هذا الكتاب لما وجهه إلى البحرين : بسم الله الرحمن الرحيم هذه فريضة الصدقة التي فرض رسول الله صلى الله عليه وسلم على المسلمين والتي أمر الله عز وجل ا رسوله فمن سألها من المسلمين على وجهها فليعطها ومن سئل فوقها فلا يعط : في أربع وعشرين من الإبل فما دونا خمس شاة . فإذا بلغت خمسا وعشرين إلى خمس وثلاثين ففيها بنت مخاض انثى فإذا بلغت ستا وثلاثين ففيها بنت لبون أنثى . فإذا بلغت ستة وأربعين إلى ستين ففيها حقة طروقة الجمل فإذا بلغت واحدة وستين ففيها جذعة . فإذا بلغت ستا وسبعين ففيها بنتا لبون . فإذا بلغت إحدى وتسعين إلى عشرين ومائة ففيها حقتان طروقتا الجمل . فإذا زادت على عشرين ومائة ففي كل أربعين بنت لبون وفي كل خمسين حقة . ومن لم يكن معه إلا أربع من الإبل فليس فيها صدقة إلا أن يشاء ر ا . فإذا بلغت خمسا ففيها شاة ومن بلغت عنده من الإبل صدقة الجذعة وليست عنده جذعة وعنده حقة فإنا تقبل منه الحقة ويجعل معها شاتين أن أستيسرتا له أو عشرين درهما . ومن بلغت عنده صدقة الحقة وليست عنده الحقة وعنده الجذعة فإنا تقبل منه الجذعة ويعطيه المصدق عشرين درهما أو شاتين . ومن بلغت عنده صدقة الحقة وليست إلا عنده بنت لبون فإنا تقبل منه بنت لبون ويعطي معها شاتين أو عشرين درهما . ومن بلغت صدقته بنت لبون وعنده حقة فإنا تقبل منه الحقة ويعطيه المصدق عشرين درهما أو شاتين . ومن بلغت صدقته بنت لبون وليست عنده وعنده بنت مخاض فإنا تقبل منه بنت مخاض ويعطي معها عشرين درهما أو شاتين . ومن بلغت صدقته بنت مخاض وليست عنده وعنده بنت لبون فإنا تقبل منه ويعطيه المصدق عشرين درهما أو شاتين . فإن لم تكن عنده بنت مخاض على وجهها وعنده ابن لبون فإنه يقبل منه وليس معه شيء . وفي صدقة الغنم في سائمتها إذا كانت أربعين ففيها شاة إلى عشرين ومائة شاة فإن زادت على عشرين ومائة إلى مائتين ففيها شاتان . فإن زادت على مائتين إلى ثلاثمائة ففيها ثلاث شياه . فإذا زادت على ثلاثمائة ففي كل مائة شاة . فإذا كانت سائمة الرجل ناقصة من أربعين شاة واحدة فليس فيها صدقة إلا أن يشاء ر ا . ولا تخرج في الصدقة هرمة ولا ذات عور ولا تيس إلا ما شاء المصدق . ولا يجمع بين متفرق ولا يفرق بين مجتمع خشية الصدقة وما كان من خليطين فإنما يتراجعان بينهما بالسوية . وفي الرقة ربع العشر فإن لم تكن إلا تسعين ومائة فليس فيها شيء إلا أن يشاء ر ا . رواه البخاري

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەھرەينگە يولغا سالغاندا، ئۇنىڭغا مۇشۇ كىتابنى يېزىپ بەرگەندۇر؛« ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، مانابۇ، الله تائالا ئۆز ئەلچىسىنى بۇيرىغان،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىپ بىكىتكەن ، ئۆشرە-

زاكاتنىڭ پەرزىدۇر، پەرز ئۆلچەم قانۇنىدۇر، قايسى بىر مۇسۇلماندىن مۇشۇ قانۇن بويىچە زاكات سورالسا، ئۇ مىلىنىڭ زاكىتىنى بەرسۇن، كىمدىن بۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسە سورالسا، بەرمىسۇن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: 25دىن ئاز بولغان تۆگىلەردە، ھەر بەش تۆگىگە بىر قوي ئېلىنىدۇ، تۆگە 25كە يەتكەندە، 35گىچە بىر دانە ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە ئېلىنىدۇ، (بۇنداق تۆگە بولمىسا، ئۈچىنچى ياشقا كىرگەن ئەركەك تۆگە ئېلىنىدۇ)، ئەگەر تۆگىلەر 36گە يەتسە، 45گىچە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ، تۆگىلەر 46گە يەتسە، 60قا يەتكەنگە قەدەر ئەركەك تۆگىنىڭ جۈپتى بولالىغىدەك تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ، بۇ ياشتىكى تۆگىنى ئەركەك تۆگە چاپىدۇ ــ دە؛ بوغاز بولۇپ تۇغىدۇ، تۆگىلەر 61گە يەتسە، 75گىچە بەش ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىر دانە ئېلىنىدۇ، 76گە يەتسە، 90غىچە ئۈچ ياشتىن تۆت ياشقىچە چىشى تۆگىدىن ئىككىسى ئېلىنىدۇ، 91گە يەتسە، 120گىچە ئەركەك تۆگىگە جۈپلۈق بولالىغىدەك، بوغاز بولۇپ تۇغقىدەك تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن ئىككىسى ئېلىنىدۇ، تۆگىلەر 120دىن زىيادە بولسا، ھەر 40 تۆگىدىن ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى، ھەر 50 تۆگىدىن تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىۋېرىدۇ.تۆت تۇگىگە زاكات يوق، لېكىن ئىگىسى خالاپ سەدىقە قىلسا مەيلى، بەش تۇگىگە بىر قوي ئېلىنىدۇ. (پەرىز قىلىنغان سەدىقە، زاكاتلاردا تۆگىلەرنىڭ ياشلىرى بىر ــ بىرىگە زىت، خىلاپ بولۇپ قالسا) بىر كىشىنىڭ نەزلىدىكى تۆگىلەرگە بەش ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى بىرلىشكە توغرا كېلىپ، بۇ تۆگە ئۇنىڭ تۆگىلىرىدە بولمىسا، ئۇنىڭ تۆگىسى ئارىسىدا تۆت ياشلىق چىشى تۆگە بولۇپ قالسا، بەش ياشلىقنىڭ ئورنىدا تۆت ياشلىقنى قوبۇل قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەگەر ئۇ كىشىگە ئاسان بولسا، ئىككى قوينى جۈپلەپ،بىللە بېرىدۇ، ياكى 20 دەرھەم كۈمۈش پۇل بېرىدۇ، بىر كىشىنىڭ بېرىدىغان سەدىقە، زاكات تۆگىسى تۆت ياشلىق چىشى تۆگە بولغان بولسا، ئۇنىڭ تۆگىلىرىدە بۇ تۆگە يوق بولۇپ، پەقەت بەش ياشلىق چىشى تۆگە بولسا، بەش ياشلىقى قوبۇل قىلىنىپ، سەدىقە، زاكات يىغقۇچى خادىم ئۇ كىشىگە ئىككى قوي ياكى 20 دەرھەم كۈمۈش پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، بىر كىشىنىڭ بېرىدىغان زاكات تۆگىسى، تۆت ياشلىق چىشى تۆگە بولسا، ئۇنىڭ نەزلىدە پەقەت ئۈچ ياشلىق تۆگە بولسا، ئۇ قوبۇل قىلىنىپ، ئىككى قوي ياكى 20 دەرھەم كۈمۈش پۇلنى قوشۇپ بېرىدۇ، بىر كىشىنىڭ زاكات بېرىشكە تېگىشلىك تۆگىسى ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگە بېرىشكە توغرا كېلىپ، بۇ تۆگە بولماستىن، تۆت ياشلىقى بولۇپ قالسا، بۇ قوبۇل قىلىنىدۇ، زاكات خادىمى ئۇ كىشىگە 20 دەرھەم ياكى ئىككى قوينى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، بىر كىشى ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىنىڭ ئورنىدا ئىككى ياشلىقنى بەرسە، بۇ كىشىدىنمۇ ئىككى قوي ياكى 20 دەرھەم قوشۇپ ئېلىنىدۇ، بىر كىشىنىڭ بېرىدىغان تۆگىسى ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە بولۇپ بۇ تۆگە ئۇنىڭ نەزلىدە يوق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق ئەركەك تۆگىسى بولسا، بۇ تۆگە قوبۇل قىلىنىدۇ، ئەركەك بولغانلىقىدىن زاكات خادىمى بىرەر نەرسە قايتۇرمايدۇ، بىر كىشىنىڭ پەقەت تۆتلا تۆگىسى بولسا، ئۇنىڭدا ھېچنەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ، پەقەت ئىگىسى خالاپ بەرسە، سەدىقە قىلسا، ئارىيەت، ئۆتنە بەرسە سۈتىنى بەرسە، بۇ مۇستەسنادۇر، ئەجىر، ساۋابىنى ئۆزى ئالىدۇ، يايلاقتا ئۆزى ئوتلايدىغان قويلاردا (يەنى ھەلەپ، ئوت ــ چۆپ بەرسە، زاكات كەلمەيدۇ) ئوتلاقدىكى قوي 40قا يەتسە، 120گىچە بىر قوي ئېلىنىدۇ، 120دىن ئاشسا، 200گىچە ئىككى قوي ئېلىنىدۇ، 200دىن بىر قوي ئاشسا، 300گىچە ئۈچ قوي ئېلىنىدۇ، 300دىن ئېشىپ كەتسە، ھەر 100قويغا بىر قوي ئېلىنىدۇ، كىشىنىڭ ئوتلاقتىكى، يايلاقتىكى قويىدىن 40 قويىدىن بىر قوي كاملاپ قالسا، قوي 39 بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ، زاكات ئېلىنمايدۇ، لېكىن، ئىگىسى خالاپ، زاكات، سەدىقە ئېھسان بەرسە، بۇ مەيلى، (لېكىن، 40 قويىدىن بىرەرنى زاكاتتىن ئەنسىرەپ ئۆلتۈرۈپ يېۋالسا، بۇنى ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ، زاكاتتىن قەرىزى قالىدۇ) سەدىقە ئېلىشدا، بەك قېرىسى، ئەيىبى بارلىرى، پىچتۇرۇلغان ئېرىكلىرى ئېلىنمايدۇ، لېكىن، سەدىقە يىغقۇچى ئۆزى خالاپ ئېرىكنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ، (شەرتى، قوبۇلغا لايىق بولۇشتۇر) ئايرىم ــ ئايرىم كىشىلەرنىڭ ماللىرى سەدىقە زاكات ئېلىنىۋېلىش ئۈچۈن بىرلەشتۈرۈلمەيدۇ، بىر يەرگە جۇغلانمايدۇ، سەدىقە، زاكاتتىن ئەنسىرەپ، بىر توپ قوينى ئايرىۋېتىلمەيدۇ،

بۆلۇۋېتىلمەيدۇ، ئىككى تەرەپ ئارىلاشتۇرۇپ باققان بولسا، ھەر ئىككىسىلىسى باراۋەر ھالدا ئىگىز ــ پەس قىلماي، ئۆزىنىڭكى ئۆزىگە قايتۇرۇلۇپ زاكات ئېلىنىدۇ، كۈمۈش پۇلدا (يەنى ئالتۇن ــ كۈمۈشتە ياكى بۇ ئىككىسىنىڭ قىممىتىدىكى مالدىن) ئۇنىدەن بىرىنىڭ تۆتتەن بىرى يەنى 40دەن بىرى ئېلىنىدۇ، مال پەقەت 190 دەرھەم بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ، زاكات ئېلىنمايدۇ، لېكىن، ئىگىسى خالاپ، سەدىقە، ئېھسان قىلسا، بۇ مۇستەسنادۇر، (يەنى پۇل ــ مالنىڭ زاكات بېرىش ئۆلچىمى، 20 مىسقال ئالتۇن ياكى 200 دەرھەم كۈمۈش پۇل ياكى بۇلارنىڭ قىممىتى ھېسابلىنىدۇ، پۇل ــ مال مۇشۇ ئۆلچەمگە يەتسە، زاكات ۋاجىپ بولىدۇ، ئۇنىڭغا يەتمىسە، ھېچ نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ، 20 مىسقال ئالتۇن ھازىرچە 6000 يۈەن جۇڭگو پۇلىدىن ئاشىدۇ، بەزىدە كاملاپمۇ تۇرىدۇ، مانا بۇ زاكات بېرىش ئۆلچىمى، لېكىن، ئۆز ۋاختىدا 200 دەرھەم كۈمۈش، مۇشۇ 20 مىسقالغا تەڭ ئىدى، ھازىر ئالتۇن قىممەت، كۈمۈش ئەرزان بولۇپ قالدى، ئالىملار، ئاندىن باي رايونغا ئالتۇننى يەنى 6000 يۈەننى ئۆلچەم قىلىپ، نامرات، پېقىر رايونغا زاكاتنى كۆپ بەرگۈزۈش ئۈچۈن كۈمۈش پۇلنى يەنى 3000 يۈەنگىچە ئۆلچەم بېكىتتى، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ،جەمھۇر ئالىملار ئالتۇننىلا ئۆلچەم قىلدى، بۇ قەرزاۋىينىڭ سۆزىدۇر. ئۆلچەم بولسا، 20 مىسقال يەنى(85گىرام) 20 دىينار ئالتۇن، 200 دەرھەم كۈمۈش پۇل، بۇلارنىڭ گىرام سانى فىقھى كىتابلىرىدا باردۇر). بۇ ھەدىس بۇخارى 1362 ــ ھەدىس، نەسەئى 2412 ــ ھەدىس، ئەھمەد 11551 ــ ھەدىس، ئۇندىن باشقا كىتابلاردىمۇ بار، سەھىھ.سەھىھنىڭ4269ـ ھەدىسى.

**1797 - [ 4 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " فيما سقت السماء والعيون أو كان عثريا العشر . وما سقي بالنضح نصف العشر " . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاسمان يەنى يامغۇر سۈيى، دەريالار، ئۆستەڭلەر، بۇلاق سۇلىرى سۇغارغان نەرسىدە ياكى سەل، يامغۇرلارلا سۇغارغان، ئىگىسى سۇ قۇيماستىن يامغۇر بىلەنلا سۇغۇرۇلغان ياكى يىلتىزى بىلەنلا كۆپايىلەنگەن نەرسىلەردە، ئۇندەن بىرى 1/10ى ئېلىنىدۇ، كالا، تۆگىلەردە سۇ توشۇپ ياكى سۇ تارتىپ ياكى قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ سۇغۇرۇلغان، سۇ سېپىش بىلەن سۇغۇرۇلغان نەرسىلەردە 1/20ى ئېلىنىدۇ، بۇخارى، ئەھمەد ، تۆت كىتاب يەنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. بۇخارى 1388 ــ ھەدىس، تىرمىزى 579 ــ ھەدىس، نەسەئى 2442 ــ ھەدىس. (جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاسمان سۈيى، يامغۇر، ئېرىق ــ ئۆستەڭ، دەريالار، بۇلارقلار سۇغارغان نەرسىدىن ئۇندەن بىرى ئېلىنىدۇ، كالا، تۆگىلەردە سۇ تارتىپ، سۇ توشۇپ، قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ سۇغۇرۇلغان نەرسىلەرگە 1/20ى يىگىرمەدەن بىرئېلىنىدۇ، ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاسمان سۈيى، بۇلاق سۈيى سۇغارغان نەرسىگەئۇندەن بىر 1/10نى بېرىدۇ، سۇ سېپىش، قۇدۇقتىن سۇ تارتىش بىلەن، سۇ توشۇش بىلەن سۇغۇرۇلغان نەرسىلەرگە 1/10نىڭ يېرىمى يەنى 1/20ى بېرىلىدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىستە ئوچۇق قىلىپ ئېيتىلغانكى، ئەگەر چىقىم، كۈچ كەتمىسە، يامغۇر بىلەنلا، دەريا بىلەن سۇغۇرۇلسا، 1/10نى بېرىدۇ، ئەگەر سۇ تارتساق، قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ سۇغارساق، سۇ سەپسەك، 1/20ى بېرىلىدۇ، ئەگەر دەريا سۈيىنىمۇ قويۇپ، ھەم قۇدۇقتىنىڭ سۈيىنىمۇ قۇيسا، ياكى دەريا سۈيىنى قۇيسا، ھاكىمىيەت، سۇ ھەققى

ئالسا، خىراجەت پۇل چىقىم، كۈچ كەتسە، بۇ چاغدا ئېلىنىدىغان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىغا، 1/10نى، يېرىمىغا 1/20نى بېرىدۇ، يەنى 1000 كىلوگرام بۇغداي ياكى قوناق ياكى كېپەزگە، 150 جىڭ بېرىدۇ، ئەگەر 1/10نى يەنى 200 جىڭ بەرسە، بۇ بەك ياخشى، چۈنكى، زالىم ھىسابىنى چوقۇم بېرىدۇ، يېرىمىغا 1/10نى يېرىمىغا 1/20نى بېرىشتىكى سەۋەب، زىرائەتنىڭ يېرىمى قۇدۇق بىلەن، يېرىمى دەريا، ئۆستەڭ بىلەن سۇغۇرۇلدى، ياكى دەريا ـ ئۆستەڭ، يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلسىمۇ، ھاكىمىيەت سۇ ھەققى ئېلىپ، چىقىم، كۈچ كەتكۈزدى، شۇنىڭ ئۈچۈن 2000 جىڭغا ، 200جىڭ بەرگەنىنىڭ ئورنىدا 150 جىڭ بېرىلىدۇ، ئەگەر 1/10نى بەرسە، تېخى ياخشى، بىز شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، كېپەزدىنمۇ چوقۇم، ئۆشرە ـ زاكات ئايرىشى لازىم، بۇ ھەدىسلەر نەرسىگە ئۆشرە ـ زاكات ۋاجىپ قىلدى، «بەش ۋەسىقىدىن تۆۋەن نەرسە بولسا، زاكات، ئۆشرە بېرىلمەيدۇ» دىگەن سەھىھ ھەدىس بولسا، نىساپ، ئۆلچەم توختىتىدۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەدىن باشقا بارلىق جۇمھۇر ئالىملار بەش ۋەسقە، 300 سا يەنى 1500 جىڭ ئۆلچەم، زىمىندىن ئېلىنىدىغان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ ئۆلچىمى، خۇددى زاكات ئايرىشتا مال ـ مۈلۈك، ھايۋان، چارۋىلاردا ئۆلچەم بولغاندەك، شۇنىڭمۇ ئۆلچىمى بار بولۇپ، يۇقىرقى جىڭ سانى، ئاشلىقتىن ئۆشرە ـ زاكات ئايرىش ئۆلچىمىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئاز چىقىپ قالسا، نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ دىگەن، چۈنكى، بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسى، بۇنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۆزى شۇنداق دىگەن، باشقىلار ئاق ساقاللىق قىلمىسۇن، سەللەمنا دىسۇن دىگەن.سە 4270 ـ ھە

**1798 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " العجماء جرحها جبار والبئر جبار والمعدن جبار وفي الركاز الخمس "**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تىلسىز ھايۋانىنىڭ جاراھەتلەندۇرۇشى بىكاردۇر، قۇدۇقنىڭ، مەدەن، كانىڭنىڭ ئىچىدە بىرەر كىشىنىڭ ھالاك بولۇشى بىكاردۇر، (يەنى تۆلەم يوق)، تېپىۋېلىنغان كانىڭ بايلىقىغا بەشتىن بىرىنى بېرىدۇ. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، تەبرانى،بۇخارى،مۇسلىم،كىينىكى تۆت كىتاب توپلىغان، تۆت كىتاب دىگىنىمىز، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر، سەھىھ.

**1799 - [ 6 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قد عفوت عن الخيل والرقيق فهاتوا صدقة الرقة : من كل أربعين درهما درهم وليس في تسعين ومائة شيء فإذا بلغت مائتين ففيها خمسة دراهم " . رواه الترمذي وأبو داود وفي رواية لأبي داود عن الحارث عن علي قال زهير أحسبه عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال : " هاتوا ربع العشر من كل أربعين درهما درهم وليس عليكم شيء حتى تتم مائتي درهم . فإذا كانت مائتي درهم ففيها خمسة دراهم . فما زاد فعلى حساب ذلك . وفي الغنم في كل أربعين شاة شاة إلى عشرين ومائة ز فإن زادت واحدة فشاتان إلى مائتين . فإن زادت فثلاث شياه إلى ثلاثمائة فإذا زادت على ثلاث مائة ففي كل مائة شاة . فإن لم تكن إلا تسع وثلاثون فليس عليك فيها شيء وفي البقر : في كل ثلاثين تبيع وفي الأربعين مسنة وليس على العوامل شيء "**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاتتىن، قۇلدىن ئەپۇ قىلدىم، زاكات يوق.كۈمۈش پۇلغا كەلسەك، ھەر 40 دەرھەمگە بىر دەرھەم بېرىڭلار، 190 دەرھەم بولۇپ قالسا، بىرەر نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ، ئەگەر 200 دەرھەم كۈمۈش پۇلغا يېتىپ قالسا، 1/40نى 200 دىن بەشنى بېرىڭلار، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەبۇ داۋۇتتا مۇنداق خاتىرلىگەن، 1/40نى بېرىڭلار، ھەر 40قا بىرنى، 200گە توشمىغىچە ھېچنېمە كەلمەيدۇ، 200گە بەش دەرھەم بېرىڭلار. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، شۇ بويىچە 1/40نى ھېسابلاپ بېرىڭلار، قويغا 40دىن 120گىچە بىرنى، 120دىن 200گىچە ئىككىنى، 200دىن 300گىچە ئۈچنى، 300دىن ئېشىپ كەتسە، ھەر 100گە بىرنى بېرىڭلار، 39 بولۇپ قالسا، ھېچنېمە ۋاجىپ

ئەمەس، كالىغا 30غا بىرنى بېرىڭلار، ئىشلەيدىغانلىرىغا ھېچنەرسە ۋاجىپ ئەمەس، ئەلبانى زەئىپ دىدى، يۇقىرقى ھەدىسنىڭ مەنىسى، مەتنىسى ئەمەس، بەلكى، ئىسنادى، راۋىيسى يوللىرى زەئىپ، بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، سەھىھ ھەدىستىمۇ شۇنداق ھېساپ، ئۆلچەملەر بار، دەرھەم كۈمۈش پۇل بولۇپ، قىممىتى قەغەز پۇلغا بويىسۇندۇرۇلىدۇ،بۇ 20 مىسقال ئالتۇنغا تەڭ بولىدۇ، ھازىر ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ئوخشاش ئەمەس، بىز بۇ مەسىلىلەرنى فىقھى كىتابىدا، ئىجمائىدا، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا يازغان.نىساب ئۆلچەم ئالتۇن ھىساپتۇر.

**1800 - [ 7 ] ( لم تتم دراسته )وعن معاذ : أن النبي صلى الله عليه وسلم لما وجهه إلى اليمن أمره أن يأخذ من البقرة : من كل ثلاثين تبيعا أو تبيعة ومن كل أربعين مسنة . رواه أبو داود والترمذي والنسائي والدارمي**

ئىبنى مەسئۇد،مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە يولغا سالغاندا، كالىدىن مۇنداق زاكات ئېلىشقا بۇيرىغان:ھەر 30 كالىدا ئىككى ياشلىق كالىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ، بۇ ئېلىنغان كالا ئەركەك ياكى چىشى بولسا، بولىۋېرىدۇ.ھەر 40 كالىدىن ئىككى ياشتىن يۇقىرى بىر دانە كالا ئېلىنىدۇ، تىرمىزى 566 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، يەنى تۆت كىتاب،دارىمى توپلىغان، سەھىھ، لېكىن، بۇ كالىلار ئوتلاقتا قويۇپ بېرىلىشى شەرت، يايلاقتا باقسا شۇنداق ئېلىنىدۇ.

**1801 - [ 8 ] ( حسن )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : المعتدي في الصدقة كمانعها . رواه أبو داود والترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆشرە ــ زاكات سەدىقىسىنى يىغىش جەريانىدا، ھەددىدىن ئېشىپ، تاجاۋۇز قىلغۇچى زالىم خادىم، زاكاتنى چەكلەپ بەرمىگەن كىشىگە ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1802 [ 9 ] وعن أبي سعيد الخدري أن النبي صلى الله عليه وسلم قال :ليس في حب ولا تمر صدقة حتى يبلغ خمسة أوسق . رواه النسائي**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەش ۋەسىقنىڭ تۆۋەنىدىكى خورما، دان، ئاشلىقلاردا، بەش ۋەسىقكە يەتمىگىچە، ئۆشرە ــ زاكات يوقتۇر، (بەش ۋەسىقە 1200 جىڭدىن 1500 جىڭغىچە). مۇسلىم، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ئاشلىقلارغا ئۆلچەم توختاتقان.

**1803 - [ 10 ] ( لم تتم دراسته )وعن موسى بن طلحة قال : عندنا كتاب معاذ بن جبل عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال : إنما أمره أن يأخذ الصدقة من الحنطة والشعير والزبيب والتمر . مرسل رواه في شرح السنة**

مۇسائىبنى تەلھە مۇنداق دەيدۇ؛ بىزنىڭ يېنىمىزدا، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابى باردۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇكىتاپتا، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى (يەمەنگە يولغا سالغاندا)بۇغداي، ئارپا، قۇرۇق ئۈزۈم، خورمىلاردىن ئۆشرە ـ زاكات ئېلىشقا بۇيرىغان ئىكەن. بۇھەدىس شەرھىسسۇننىدە مۇرسەل ھالدا خاتىرلەنگەن ئىكەن. مەنىسى سەھىھ.( ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇنۇ تۆت نەرسىدە ئۆشرە ــ زاكات پەرىز بولىدۇ، بۇغداي، ئارپا، يىمىش، قۇرۇق ئۈزۈم، خورما قاتارلىقلار، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسنىڭ مەخسىدى مۇشۇ نەرسىلەرگىمۇ زاكات، ئۆشرە كېلىدۇ دېمەكچى، زاكات، ئۆشرە، زېمىندىن چىققان بارلىق نەرسىلەرگە ئۆلچەمگە توشسىلا پەرىز بولىدۇ، پەقەت شاخ ــ شۇمبا، ئوتۇن بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.)

**1804 - [ 11 ] ( لم تتم دراسته )وعن عتاب بن أسيد أن النبي صلى الله عليه وسلم قال في زكاة الكروم : " إنا تخرص كما تخرص النخل ثم تؤدى زكاته زبيبا كما تؤدى زكاة النخل تمرا " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈمنىڭ زاكتى توغرىسىدا

مۇنداق دېگەن: ئۈزۈم، خورما ئۆلچەنگەندەك، مۆلچەردە ئۆلچىنىدۇ، ئاندىن خۇددى خورمىنىڭ زاكىتى قۇرۇق خورما ھالەتتە ئادا قىلىنغاندەك، ئۈزۈمنىڭ ئۆشرە ـ زاكىتىمۇ يېمىش قۇرۇق ئۈزۈم ھالىتىدە ئادا قىلىنىپ بېرىلىدۇ. تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

**1805 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن سهل بن أبي حثمة حدث أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول : " إذا خرصتم فخذوا ودعوا الثلث فإن لم تدعوا الثلث فدعوا الربع " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى:«ئى زاكات خادىملىرى! سىلەر ئۆشرە ـ زاكات ئالىدىغان نەرسىنى مۆلچەردە ئۆلچىسەڭلار، ئۇنىڭ زاكىتىنى شۇ بويىچە ئېلىڭلار، زاكات مىلىنىڭ ئۈچتەن بىرىنى نەرسە ئىگىسىگە قويۇپ قويۇڭلار، ئۈچتەن بىرىنى قالدۇرالمىساڭلار، تۆتتەن بىرىنىمۇ بولسا قالدۇرۇڭلار، (ئۇلار ئۇنى ئەتراپىدىكى پەقىر خۇلۇم ـ خوشنا، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا بېرىدۇ) تىرمىزى،نەسەئى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

**1806 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يبعث عبد الله ابن رواحة إلى يهود فيخرص النخل حين يطيب قبل أن يؤكل منه . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورما پىشقاندا، ئابدۇاللە ئىبنى رەۋاھەنى يەھۇدىيلارنىڭ بېغىغا ئەۋەتەتتى، ئۇ بېرىپ، ئۇنىڭدىن يېيىلىشتىن بۇرۇنلا، (زاكات ئېلىش ئۈچۈن ) ئۇنىڭ مىقدارىنى مۆلچەردە ئۆلچەپ قوياتتى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

**1807 - [ 14 ] ()وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم في العسل : " في كل عشرة أزق زق " . رواه الترمذي وقال : في إسناده مقال ولا يصح عن النبي صلى الله عليه وسلم في هذا الباب كثير شيء**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەل توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ھەسەلنىڭ ھەر 10 تۇلۇم، 10 ساندۇقىدىن بىر ساندۇق ئۆشرە ــ زاكات ھېسابىدا ئېلىنىدۇ. يەنى ئون ساندۇق ھەسەلگە بىر ساندۇق زاكات كېلىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1808 - [ 15 ]()وعن زينب امرأة عبد الله قالت : خطبنا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " يا معشر النساء تصدقن ولو من حليكن فإنكن أكثر أهل جهنم يوم القيامة " . رواه الترمذي**

زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئۇققۇغان خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار جامائىتى! گەرچە زىبۇزىنەت بويۇمىڭلاردىن بولسىمۇ سەدىقە ــ ئېھسان قىلىڭلار. چۈنكى، سىلەر قىيامەت كۈنى جەھەننەم ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىسىلەر. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1809 - [ 16 ] ( حسن )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده : أن امرأتين أتتا رسول الله صلى الله عليه وسلم وفي أيديهما سواران من ذهب فقال لهما : " تؤديان زكاته ؟ " قالتا : لا . فقال لهما رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتحبان أن يسوركما الله بسوارين من نار ؟ " قالتا : لا . قال : " فأديا زكاته " رواه الترمذي وقال : هذا حديث قد رواه المثنى بن الصباح عن عمرو بن شعيب نحو هذا والمثنى بن الصباح وابن لهيعة يضعفان في الحديث ولا يصح في هذا الباب عن النبي صلى الله عليه وسلم شيء**

ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيبنىڭ بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىككى ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ قولىدا ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈك بار ئىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئۇلارغا: قولۇڭلاردىكى ئالتۇننىڭ زاكىتىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دېدى، ئۇلار: ياق دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: سىلەر الله تائالانىڭ قولۇڭلارغا ئوتتىن ئىككى بىلەيزۈك سېلىپ قويۇشىنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ دېدى، ئۇلار: ياق،ھەرگىز ياخشى كۆرمەيمىز دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىپ بىرىۋىتىڭلار دېدى. تىرمىزى توپلىغان ھەسەن. (بۇ ھەدىستىن قارىغاندا ، ئاياللارنىڭ ئالتۇن زىبۇ ـ زىننىتى 20مىسقال 85گىرام زاكات ئۆلچىمىگە توشسا، ئۇلارمۇ ئۇنىڭدىن 40 دەن بىرىنى زاكات بىرىدۇ، ئۆلچەمگە توشمىسا، زاكات كەلمەيدۇ، سەدىقە ـــ ئېھسان قىلسا بۇلىدۇ.)

1810 - [ 17 ] وعن أم سلمة قالت : كنت ألبس أوضاحا من ذهب فقلت : يا رسول الله أكـ هو ؟ فقال : " ما بلغ أن يؤدى زكاته فزكي فليس بكـ " . رواه مالك وأبو داود

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئالتۇندىن بىرخىل زىينەت بۇيۇمى تاقايتتىم، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇ قۇرئاندا ئەيىبلەنگەن كاڭ ھىساپلىنامدۇ؟ دەپ سورسام،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆلچىمى زاكات ئادا قىلىشقا يەتكەن مالنىڭ زاكىتى ئادا قىلىنسا، ئۇ ھەرگىز قۇرئاندا سۆزلەنگەن ئىگىسى قاتتىق ئازابلىنىدىغان، ئالتۇن ـــ كۈمۈشدىن توپلانغان كاڭ ئەمەستۇر، (زاكىتى ئادا قىلىنمىسا كاڭ ھېساپلىنىدۇ)،دىدى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

1811 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن سمرة بن جندب : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يأمرنا أن نخرج الصدقة من الذي نعد للبيع . رواه أبو داود

سۇمرەت ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى تىجارەت ئۈچۈن تەييارلىغان نەرسىلەردىنمۇ زاكات، ئۆشرە بېرىشىمىزنى بۇيرىغان، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان بولۇپ، ئەلبانى رەھمەھۇللا ئىسنادى، راۋىيسى زەئىپ دىگەن، لېكىن، ھەدىسنىڭ مەنىسى سەھىھ بولۇپ، تىجارەت ماللىرىغا راستىنلا زاكات كېلىدۇ، ئوخشاشلا 1/40نى بېرىدۇ، بۇ ئېنىقتۇر،

1812 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن ربيعة بن أبي عبد الرحمن عن غير واحد : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أقطع لبلال بن الحارث المزني معادن القبلية وهي من ناحية الفرع فتلك المعادن لا تؤخذ منها إلا الزكاة إلى اليوم . رواه أبو داود

رەبىيئەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇرغۇن كىشىدىن مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال ئىبنى ھارىسقا قەبەلىييەنىڭ مەدەن كاڭلىرىنى بۆلۈپ بەرگەن، ئۇ كاڭ پەرئى دىگەن جاينىڭ بىرتەرىپىدە ئىدى، ئۇ مەدەن كاڭدىن پەقەت، بۈگۈنكى كۈنگىچە زاكاتلا ئېلىنىپ كەلدى،( يەنى ئىمام بۇلۇپ بەرگەچكە 40 دەن بىرى ئېلىنغان، ئۆزى تېپىۋالغان كاڭدىن بەشتەن بىرى ئېلىنىدۇ) ئەبۇداۋۇد توپلىغان، تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان.

1813 - [ 20 ] الفصل الثالث ()عن علي أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ليس في الخضراوات صدقة ولا في العرايا صدقة ولا في أقل من خمسة أوسق صدقة ولا في العوامل صدقة ولا في الجبهة صدقة . قال الصقر : الجبهة الخيل والبغال والعبيد رواه الدارقطني

ئەنەس، تەلھە،ئەلى، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:« كۆكتاتلاردا، ئوت ـــ چۆپلەردە زاكات يوق،»بايلار نامراتلارغا ئارىيەت بىرىپ تۇرغان خورمىلاردا زاكات يوق. بەش ۋەسىقدىن ئاز نەرسىدە(يەنى 300 سادىن ،1500 جىڭ ئەتراپىدىكى مىقداردىن ئاز نەرسىدە) ئۆشرە ـ زاكات يوق، ئۆيدە بېقىلىۋاتقان، ئىشلەمچان تۆگە،كالىلاردا زاكات يوق، قۇللاردا، ئات،قېچىرلاردا زاكات يوق.(يەنى شاخ، سامانلارغا، قومۇشقا، سەي ـــ كۆكتاتلارغا، بىر قىسىم مىۋىلەرگە ئۆشرە ـــ زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار كامىل بىر يىل تۇرالمايدۇ، لېكىن، ئۇنى مەخسۇس تىرىپ، كەسىپ قىلىپ كىرىم قىلسا، ئېلىپ ساتسا، پۇل تاپسا زاكات كېلىدۇ، مەسىلەن: بۇغداي ـــ قوناق، كېيەز تىرىيدىغان يەرگە سەي، چامغۇر تىرىپ ساتسا، قوغۇن تاۋۇز

تېرىپ ساتسا، ھەتتا ئورمان قەلەمچە قىلىپ ساتسا، ئۆشرە زاكات كېلىدۇ، تاپقان پۇلى ھىساپ، ئۆلچەمگە يەتسە زاكات كېلىدۇ. ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا؛ زىمىندىن چىققانلا نەرسىگە ئۆشرە، ئوندەن بىرىنى بېرىدۇ دىگەن، دەلىلى ئاسمان سۈيى سۇغارغان ھەدىس. جۇمھۇر ئالىملار؛ بۇ زاكات ۋاجىپ بولۇشىغا نىساپ ئۆلچەم بولسا، بەش ۋەسقە يەنى 300 سا 1600 جىڭ ئۆلچەم بولىدۇ دىگەن، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، خوشنىلارغا بىرىپ يەڭلار!) تىرمىزى 577 _ھەدىس، ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاتتا، قۇلدا، چۆرىسىدە زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ، لىكىن، قۇل ھەققىدىن رامىزاندا سەدىقە _ پىتىر بېرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرقى نەرسىلەرنى تىجارەت مېلى قىلىپ، ئېلىپ _ ساتسا، زاكات بېرىدۇ، چۈنكى تىجارەت مېلى پۇل ھېسابلىنىپ، زاكات ئايرىلىدۇ.

1814 - [ 21 ] ()وعن طاوس أن معاذ بن جبل أتي بوقص البقر فقال : لم يأمرني فيه النبي صلى الله عليه وسلم بشيء . رواه الدارقطني والشافعي وقال : الوقص ما لم يبلغ الفريضة( صحيح ) ليس في الأوقاص شيء ( طب ) عن معاذ

تائۇس رەھ مۇنداق دەيدۇ؛مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، زاكات ئايرىش پەرز بۇلىدىغان ئۆلچەمگە يەتمىگەن ، زاكات ئۆلچىمىگە توشمىغان كالىلار كەلتۈرۈلگەندە، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئۇنىڭدا بىرەر نەرسىگە بۇيرىمىغان،ۋە مۇنداق دىگەن دىدى: زاكات بىرىش پەرىز بولىدىغان ئىككى ئۆلچەمنىڭ ئارىلىقىدىكى (تېخى زاكات ئۆلچىمىگە توشمىغان) تۆگە، قوي، كالىلارغا زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ، (مەسىلەن: تۆگىنىڭ بەشتىن توققۇزغىچە، ئاندىن 14 ، 20 كىچە ئارىلىقتىكى نەرسىلەرگە ۋاجىپ بولمايدۇ، كالىدا، ئوتتۇزغا يەتمىسە، قويدا 40قا يەتمىسە زاكات يوق، شۇنداقلا كېيىنكى ئۆلچەمگە يەتكىچە بولغان نەرسىگىمۇ زاكات يوق، 40 قويغا بىرنى بەرسە، 120گىچە ھىچ نەرسە يوق، خۇلاسە ئىككى ئۆلچەم ئارىسىدىكى نەرسىگە زاكات يوق، ئۆلچەمگەيەتسە، يۇقىرىدا بەلگىلەنگەندەك زاكات ئېلىنىدۇ، ئارىلىقدىكى نەرسىگە يوق).دارقۇتنى،شاپىئى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.شۇنداقلا ئۆزى ئۆيدە ھەلەپ بىرىپ بېقىۋاتقان چارۋا ماللارغا ئىشلەمچى كالا،تۆگىگە زاكات يوق.

## صدقة الفطر - الفصل الأول    سەدىقە پىتىر توغرىسىدا

1815 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عمر قال : فرض رسول الله صلى الله عليه وسلم زكاة الفطر صاعا من تمر أو صاعا من شعير على العبد والحر والذكر والأنثى والصغير والكبير من المسلمين وأمر ا أن تؤدى قبل خروج الناس إلى الصلاة

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە پىتىرنى مۇنداق پەرز قىلغان: سەدىقە پىتىرە؛ ھۆر بولسۇن، قۇل بولسۇن، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، چوڭ ـ كىچىك بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرىزدۇر، بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا بېرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە پىتىرنى، كىشىلەرنىڭ ھېيت نامىزىغا چىقىشىدىن بۇرۇن ئادا قىلىپ بېرىۋېتىشكە بۇيرىغان. (بۇغداي ئۈچ جىڭ، قوناق، ئارپا ئالتە جىڭ بولىدۇ) دارىقۇتنى، ھاكىم، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ، سەھىھ. ( ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رامىزاندىكى سەدىقە پىترە ھەربىر كىچىك _ چوڭ، ھۆر- قۇل بولسۇن، ھەر قانداق كىشىدىن بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا ياكى ئىككى كىلوگرام بۇغداي بېرىلىدۇ، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.)

1816 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري قال : كنا نخرج زكاة الفطر صاعا من طعام أو صاعا من شعير أو صاعا من تمر أو صاعا من أقط أو صاعا من زبيب

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز (رامىزاندا) سەدىقە پىتىرنى، تائامدىن بىرسا، ياكى ئارپىدىن بىرسا، ياكى خورمىدىن بىرسە، ياكى قۇرۇت قۇرۇق سۈتتىن بىرسا، ياكى قۇرۇق ئۈزۈم يىمىشتىن بىرسا چىقىرىپ

بىرەتتۇق. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**1817 - [ 3 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )**

**عن ابن عباس قال : في آخر رمضان أخرجوا صدقة صومكم . فرض رسول الله صلى الله عليه وسلم هذه الصدقة صاعا من تمر أو شعير أو نصف صاع من قمح على كل حر أو مملوك ذكر أو أنثى صغير أو كبير . رواه أبو داود والنسائي**

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رامىزاننىڭ ئاخىردىراق:رۇزاڭلارنىڭ سەدىقە پىترىسىنى چىقىرىپ بىرىڭلار دەپ،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سەدىقە پىترىنى مۇنداق پەرز قىلغان: سەدىقە پىترە؛ ھۆر بولسۇن، قۇل بولسۇن، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، چوڭ ـ كىچىك بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر، سەدىقە پىترىگە بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا بېرىدۇ، ياكى يېرىم سا بۇغداي (يەنى بۇغداي ئۈچ جىڭ، قوناق، ئارپا ئالتە جىڭ )بىرىلىدۇ، دىدى.ئەبۇداۋۇد ،نەسەئى توپلىغان .

**1818 - [ 4 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : فرض رسول الله صلى الله عليه وسلم زكاة الفطر طهر الصيام من اللغو والرفث وطعمة للمساكين . رواه أبو داود**

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە پىترىنى، روزىنى پايدىسىز قۇرۇق لەغۋە سۆز ـ ھەركەتتىن، بەزەب، ھىسسىياتلىق،پاھىشە سۆز ـ ھەركەتتىن پاكلاش ئۈچۈن، مىسكىنلەرگە تائام بولسۇن ئۈچۈن پەرز قىلغاندۇر. ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھھە.

**1819 - [ 5 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )**

**عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن النبي صلى الله عليه وسلم بعث مناديا في فجاج مكة : " ألا إن صدقة الفطر واجبة على كل مسلم ذكر أو أنثى حر أو عبد صغير أو كبير مدان من قمح أو سواه أو صاع من طعام " . رواه الترمذي**

ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيبىنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەككىنىڭ كۈچىلىرىغا، جاكارچىنى مۇنداق دەپ نىدا قىلىشقا ئەۋەتتى:ئاگاھ بولۇڭلار، ھەققەتەن سەدىقە پىترە؛ ھۆر بولسۇن، قۇل بولسۇن، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، چوڭ ـ كىچىك بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر، سەدىقە پىترىگە (بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا بېرىدۇ)، ئىككى كىلوگرام بۇغداي ياكى باشانەرسە بېرىلىدۇ، ياكى بىر سا تائام بېرىلىدۇ.تىمىزى خاتىرلىگەن.

**1820 - [ 6 ] ()وعن عبد الله بن ثعلبة أو ثعلبة بن عبد الله بن أبي صعير عن أبيه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صاع من بر أو قمح عن كل اثنين صغير أو كبير حر أو عبد ذكر أو أنثى . أما غنيكم فيزكيه الله . وأما فقيركم فيرد عليه أكثر ما أعطاه " . رواه أبو داود**

ئابدۇللا ئىبنى سوئلەبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە پىتىر توغرىسىدا مۇنداق دىگەن: بۇغدايدىن بىر سا (ياكى خورمىدىن بىر سا ياكى ئارپىدىن بىر سا)، ھەربىر ئەر ياكى ئايال،ھۆر ياكى قۇل، چوڭ ياكى كىچىك ھەرقانداق كىشىدىن ئادا قىلىڭلار،بايلىرىڭلارنى شۇ ئارقىلىق الله پاكلايدۇ، سەدىقە پىتىر بەرگەن پەقىرلىرىڭلارغا كەلسەك، الله تائالا ئۇنىڭغىمۇ ئۇ بەرگەندىن كۆپرەك قايتۇرۇپ بېرىدۇ. (بىر سا 5 ـ 6 جىڭ) ئەھمەد، دارىقۇتنى، زىيائۇلمەقدەسى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھھە.

**باب من لا تحل له الصدقة - الفصل الأول**

**ئۆشرە ـ زاكات ھالال بولمايدىغان كىشى توغرىسىدا**

**1821 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أنس قال : مر النبي صلى الله عليه وسلم بتمرة في الطريق فقال : " لولا أني أخاف أن تكون من الصدقة لأكلتها "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا تۇرغان بىرتال خورمىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ خورمىنىڭ ئۆشرە ــ زاكات خورمىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسەم، ئەلۋەتتە ئۇنى ئېلىپ يېگەن بولاتتىم، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زاكات ھالال ئەمەس) ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1822 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : أخذ الحسن بن علي تمرة من تمر الصدقة فجعلها في فيه فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " كخ كخ " ليطرحها ثم قال : " أما شعرت أنا لا نأكل الصدقة ؟ "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆشرە ـ زاكات خورمىلىرىدىن بىرتال ئېلىپ ئاغزىغا ئاپارغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ پارسى تىلى بىلەن كايىپ تۇرۇپ، كىخ، كىخ يەنى ھاي! ئۇنى تاشلا! ھەقىقەتەن بىزنىڭ سەدىقە، زاكات يېمەيدىغىنىمىزنى سەن بىلمەمسەن؟ دېگەن. مۇسلىم 1778 ــ ھەدىس، بۇخارى، ئەھمەد 8899 ــ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**1823 - [ 3 ] ( صحيح )وعن عبد المطلب بن ربيعة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن هذه الصدقات إنما هي أوساخ الناس وإنا لا تحل لمحمد ولا لآل محمد " . رواه مسلم**

ئابدۇلمۇتتەللىپ ئىبنى رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەك ــ شۈبھىسىز سەدىقە، زاكات دېگەن، كىشلەرنىڭ توگرىسى، كىرلىرىدۇر، ھەقىقەتەن ئۆشرە ـ زاكات مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە لايىق ئەمەس، ھالال ئەمەس، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1824 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أتي بطعام سأل عنه : " أهدية أم صدقة ؟ " فإن قيل : صدقة : قال لأصحابه : " كلوا " ولم يأكل وإن قيل : هدية ضرب بيده فأكل معهم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تائام كەلتۈرۈلسە، بۇ ھەدىيمۇ؟ ياكى سەدىقە، زاكاتمۇ؟ دەپ سورايتتى، ئەگەر بۇ تائام ئۆشرە ــ زاكات دېيىلسە، پېقىر، نامرات ساھابىلىرىغا سىلەر يەڭلار دەپ ئۆزى يىمەيتتى، ئەگەر بۇ تائام ھەدىي دېيىلسە، بالدۇر قول سېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە يەيتتى. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ھازىرقىلار قەتئىي سورىمايلا يەيدۇ، شۇنى بىلىڭلاركى، بايغا ئۆشرە ــ زاكات ھالال ئەمەس، سوراۋراق يەڭلار، ئاش، نان كەلسە ئىمان قاچمىسۇن. سەلمان، ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىي، ئېھسانىنى يەيتتى، سەدىقە، ئۆشرە ــ زاكاتنى يىمەيتتى. ئەھمەد، تەبرانى، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

**1825 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان في بريرة ثلاث سنن : إحدى السنن أنا عتقت فخيرت في زوجها وقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الولاء لمن أعتق " . ودخل رسول الله صلى الله عليه وسلم والبرمة تفور بلحم فقرب إليه خبز وأدم من أدم البيت فقال : " ألم أر برمة فيها لحم ؟ " قالوا : بلى ولكن ذلك لحم تصدق به على بريرة وأنت لا تأكل الصدقة قال : " هو عليها صدقة ولنا هدية "**

ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، بەرىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھاتوغرىسىدا ئۈچ سۈننەت قانۇن يولغا قويۇلغان؛
1 ـ ئۇ ئازات قىلىنغاندا، ئېرى بىلەن بىللە ئۆتۈش ـ ئۆتمەسلىكتە ئۇنىڭغا ئىختىيارلىق بېرىلگەن.
2 ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ۋەلىيلىك،ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئازات قىلغان كىشىگە خاستۇر دېگەن.
3 ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرگەندە قازاندا گۆش قايناۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھقا ئۆي چېيى بىلەن نان كەلتۇرۇلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛قازاندا گۆش قاينىغىنىنى كۆرمىدىممۇ؟دېدى. ئۇلار؛ شۇنداق قازاندا گۆش قايناۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ بەرىرىگە زاكاتتىن سەدىقە قىلىنغان گۆشتۇر، سىلى زاكات يېمەيلا، شۇڭا ئۆي چېيى بىلەن نان كەلتۇرۇلدى،دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ بەرىرىگە سەدىقە بولىدۇ، بىزگە بولسا بەرىرىدىن ھەدىيە قىلىنغان بولىدۇ،دېدى. (راست، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى، بەرىرىمۇ ئۆزىگە قىلىنغان سەدىقە قوينى ئۇلارغا پىشۇرۇپ بەرگەن). ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1826 - [ 6 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقبل الهدية ويثيب عليها . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىيىنى قوبۇل قىلاتتى، ۋە ئۇنىڭغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ دۇئا قىلاتتى، (جازا كە الله خەير دەيتتى، ئاللاھ قوبۇل قىلسۇن، رەھمەت قىلسۇن دەيتتى). ئەھمەد ، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1827 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو دعيت إلى كراع لأجبت ولو أهدي إلي ذراع لقبلت " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن قوينىڭ قولىغا ياكى پاقالچىقىغا چاقىرىلسام، ئەلۋەتتە بارىمەن، ئەگەر ماڭا ئۇ نەرسە ھەدىيە قىلىنسا، ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن. (لېكىن زاكات يېمەيتتى). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**1828 - [ 8 ] ( متفق عليه )**
**وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس المسكين الذي يطوف على الناس ترده اللقمة واللقمتان والتمرة والتمرتان ولكن المسكين الذي لا يجد غنى يغنيه ولا يفطن به فيتصدق عليه ولا يقوم فيسأل الناس "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى نەرسە سوراپ زىيارەت قىلىدىغان، بىر ئىككى لوقما تاماق، ياكى بىر تال خورما، ئىككى تال خورما ھاجىتىدىن چىقىپ قايتۇرىدىغان كىشى مىسكىن ئەمەس، لېكىن، مىسكىن دېگەن، ئۇنى بىھاجەت قىلىدىغان نەرسىنى تاپالمىغان، ئۆشرە ــ زاكات بېرىلىشى ئۈچۈن تونۇلمىغان، بىلىنمىگەن، ھايا قىلىپ كىشىلەردىن نەرسە سورالمىغان كىشىدۇر. مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1829 - [ 9 ] الفصل الثاني ()عن أبي رافع أن رسول الله صلى الله عليه وسلم بعث رجلا من بني مخزوم على الصدقة فقال لأبي رافع : اصحبني كيما تصيب منها . فقال : لا حتى آتي رسول الله صلى الله عليه وسلم فأسأله . فانطلق إلى النبي صلى الله عليه وسلم فسأله فقال : إن الصدقة لا تحل لنا وإن موالي القوم من أنفسهم ". رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

ئەبۇ راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنىي مەخزۇم قەبىلىسىدىن بىركىشىنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتىدۇ، ئۇماڭا: زاكات مېلىدىن ساڭىمۇ نېسىۋە بېرىلىشى ئۈچۈن سەنمۇ مەن بىلەن بىللە ھەمراھ بولۇپ بارغىن ، دېدى. مەن: ياق، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇئىش توغرىسىدا سورىمىغىچە بارمايمەن دېدىم دە، كېلىپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سەدىقە زاكات بىزگە ھالال ئەمەس، (يەنى بىزنىڭ ئائىلىمىزگە ھالال ئەمەس) ھەقىقەتەن ئازادكەردى قۇل، ئازاد قىلغان قەۋمىنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ، (يەنى ئازاد قىلغان قۇلىمىزغىمۇ سەدىقە ھالال ئەمەس،دېدى،مەن ئازادكەردە قۇلى ئىدىم) تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1830 - [ 10 ] وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تحل الصدقة لغني ولا لذي مرة سوي " . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي**

ئىبنى ئۆمەر،ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆشرە ـــ زاكات بايلارغا، كۈچلۈك كەسىپدارغا ھالال ئەمەس. يەنى ھارامدۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد،دارىمى تىرمىزى، ھاكىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1831 - [ 11 ] ( لم تتم دراسته )ورواه أحمد والنسائي وابن ماجه عن أبي هريرة**

**1832 - [ 12 ] ( صحيح )وعن عبيد الله بن عدي بن الخيار قال : أخبرني رجلان أنهما أتيا النبي صلى الله عليه وسلم وهو في حجة الوداع وهو يقسم الصدقة فسألاه منها فرفع فينا النظر وخفضه فرآنا جلدين فقال : " إن شئتما أعطيتكما ولا حظ فيها لغني ولا لقوي مكتسب " . رواه أبو داود والنسائي**

ئىبنى ئەدىي مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا ئىككى ئەر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادىكى چاغدا، زاكات مېلىنى تەقسىم قىلىپ بىرىۋاتقاندا بىرىپ، ئۇ مالدىن سورساق،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بېشىنى كۆتۈرۈپ، باشتىن ئاخىر قارىۋېتىپ ،بىزنى كۈچلۈك كۆرۈپ، مۇنداق دېدى: ئەگەر خالىساڭلار، بۇ زاكات مېلىدىن سىلەرگىمۇ بېرەي، ئەمەلىيەتتە بۇ زاكات، ئۆشرە ماللىرىدا بايلارنىڭ نىسىۋىسى، ھەققى يوق، شۇنداقلا كۈچلۈك كەسىپدارنىڭمۇ نىسىۋىسى، ھەققى بولمايدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1833 - [ 13 ] وعن عطاء بن يسار مرسلا قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تحل الصدقة لغني إلا لخمسة : لغاز في سبيل الله أو لعامل عليها أو لغارم أو لرجل اشتراها بماله أو لرجل كان له جار مسكين فتصدق على المسكين فأهدى المسكين للغني " . رواه مالك وأبو داود**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆشرە ـــ زاكات سەدىقىسى بايلارغا ھالال ئەمەس. لېكىن، بەش تۈرلۈك بايغا ھالال.

1 . ئاللاھ يولىدىكى غازى، جەڭچى بولسا، باي بولسىمۇ بۇ كىشىگە زاكات ھالال.

2 . زاكات يىغقۇچى خادىم باي بولسىمۇ ئۆشرە ـــ زاكاتتىن مائاش بېرىلىدۇ.

3 . ئاللاھ يولىدا قەرزدار بولۇپ قالغۇچىغا ياكى كىشىلەرنى كۆزلەپ شۇنداق بولۇپ قالىدۇ.

4 . ئۆشرە ـــ زاكاتنى ئۆزىنىڭ ھالال پۇلى ـــ مېلىغا سېتىۋالغۇچى بايغا ھالال.

5 . بىر كىشىنىڭ مىسكىن، نامرات خوشنىسى بولۇپ، بۇ مىسكىنگە ئۆشرە ـــ زاكات بېرىلىدۇ، ئاندىن بۇ مىسكىن ئۇ مالدىن باي خوشنىسىغا ھەدىيە قىلسا، ئىھسان قىلىپ تاماقتا چاقىرسا ھالال بولىدۇ. (بۇلاردىن باشقا بايلارغا ھالال ئەمەس. بەزىلەر دىنى ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلارنى، قارى، ھاكىملارنى مۇجاھىد ساناپ، ئاللاھ يولىغا، دېگەنگە كىرگۈزۈپ باي بولسىمۇ شۇلارغىمۇ مائاش ھالال دېگەن.باشقا يۈرتتىكى مۇساپىرمۇ باردۇر. سوبۇلوسسالام دېگەن

كىتابىدىن). ئەھمەد،مالىك، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1834 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وفي رواية لأبي داود عن أبي سعيد : " أواين السبيل "

1835 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن زياد بن الحارث الصدائي قال : أتيت النبي صلى الله عليه وسلم فبايعته فذكر حديثا طويلا فأتاه رجل فقال : أعطني من الصدقة . فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله لم يرض بحكم نبي ولا غيره في الصدقات حتى حكم فيها هو فجزأها ثمانية أجزاء فإن كنت من تلك الأجزاء أعطيتك " . رواه أبو داود

زەبياد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن كىلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدىم، ـ ئۇبەك ئۇزۇن بىرھەدىسنى سۆزلىگەن ـ ئاندىن بىركىشى كىلىپ: ماڭا زاكات مىلىدىن بەرسىلە دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ھەقىقەتەن الله تائالا ئۆشرە ـ زاكات توغرىسىدا پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر كىشىنىڭ ھۆكمىگە رازى بولماي، پەقەت ئۆزىلا ھۆكۈم قىلىپ، زاكات بىرىلىدىغان ئورۇننى سەككىز سىنىپ قىلدى، ئەگەر سەن ئەشۇ سەككىز سىنىپتىن بولساڭ، ساڭمۇ زاكاتتىن بىرەي دىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان، تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان.

1836 - [ 16 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن زيد بن أسلم قال : شرب عمر بن الخطاب رضي الله عنه لبنا فأعجبه فسأل الذي سقاه : من أين هذا اللبن ؟ فأخبره أنه ورد على ماء قد سماه فإذا نعم من نعم الصدقة وهم يسقون فحلبوا من ألبانا فجعلته في سقائي فهو هذا : فأدخل عمر يده فاستقاءه . رواه مالك والبيهقي في شعب الإيمان

زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ ياخشى بىر سۈتنى ئىچىپ، سۇغارغۇچىدىن بۇ سۈت قەيەردىن كەلگەن؟ دەپ سورىدى، ئۇ كىشى سۇلۇق بىر يايلاقتا ئوتلىغان زاكات ماللىرىدىن بولغان چارپايلاردىن سېغىۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىنى گېلىغا سىلىپ، ئۇ سۈتنى قۇسىۋەتتى، مەخسەت، زاكات ھالال ئەمەس دەپ شۇنداق قىلدى، ئىمام مالىك، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

## باب من لا تحل له المسألة ومن تحل له

## سائىللىق ھالال بولىدىغان، بولمايدىغان كىشلەر توغرىسىدا

1837 - [ 1 ] ( صحيح ) - الفصل الأول عن قبيصة بن مخارق الهلالي قال : تحملت حمالة فأتيت رسول الله صلى الله عليه وسلم أسأله فيها . فقال : " أقم حتى تأتينا الصدقة فنأمر لك بها " . قال ثم قال : " يا قبيصة إن المسألة لا تحل إلا لأحد ثلاثة رجل تحمل حمالة فحلت له المسألة حتى يصيبها ثم يمسك ورجل أصابته جائحة اجتاحت ماله فحلت له المسألة حتى يصيب قواما من عيش أو قال سدادا من عيش ورجل أصابته فاقة حتى يقوم ثلاثة من ذوي الحجى من قومه . لقد أصابت فلانا فاقة فحلت له المسألة حتى يصيب قواما من عيش أو قال سدادا من عيش فما سواهن من المسألة يا قبيصة سحتا يأكلها صاحبها سحتا . رواه مسلم

قەبىيسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن زاكات مىلى ئارقىلىق كىشلەر ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ، قەرزىنى تۆلەپ، ھامماللىق قىلىپ كىپىل بۇلاتتىم، مەن مال سوراپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارسام، بىزگە زاكات مىلى كەلگىچە تۇرۇپ تۇرغىن، مال كەلسە بىز ئۇنى ساڭابۇيرىيلى دەپ، ئاندىن يەنە مۇنداق دىگەن: ئى قەبىيسەت! ھەقىقەتەن سوراش يەنى سەدىقە، زاكاتنى سوراش پەقەت ئۈچ كىشىگىلا ھالال بولىدۇ، بىرى، ھامماللىق قىلغان كىشى (يەنى باشقىلارنىڭ دىيەت، خۇن، تۆلۈم پۇلى، قەرزىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، زاكاتنى تۆلەپ قويغۇچى،كىشلەر ئارىسىنى ياراشتۇرغۇچى كىشى،) ئۇنىڭغا ھالال بولۇپ، ئۇ زاكاتقا ئىرىشىپ، ئۇنى ئېلىپ ساقلاپ جايىغا تەككۈزىدۇ. ئىككىنچىسى، مال ـ مۈلكىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتكىدەك ئاپەت

يەتكەن كىشى، ئۇ كىشىگىمۇ زۆرۈر ھاجىتىنى قاندۇرغىدەك، كۈپايە بولغىدەك، تۇرمۇشنى بەرپا قىلغۇدەك بولغىچە زاكاتنى سوراش ھالال بولىدۇ. ئۈچىنچىسى بولسا، پېقىرلىق يېتىپ، قاتتىق ھاجەت چۈشۈپ قالغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئەقىللىق بىلىم ئەھلىدىن ئۈچ كىشى؛ ھەقىقەتەن پالانىغا ئاپەت يېتىپ، ھاجەت چۈشۈپ قالدى دەپ، گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ كىشىگىمۇ زۆرۈر ھاجىتىنى قاندۇرغىدەك، تۇرمۇشنى بەرپا قىلغۇدەك نەرسىگە يەتكەنگە قەدەر سوراش ھالال بولىدۇ، بۇ ئۈچىدىن باشقىسىنىڭ سورىشى، ئى قەبىيسەت! ھارام بولىدۇ. ئۇنى يېگۈچى ھارامنى يېگەن بولىدۇ. مۇسلىم 1730 ـ ھەدىس، نەسەئى 2544 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1397 ـ ھەدىس، دارمى 1616 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19691 ـ ھەدىس، سەھىھ.

1838 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سأل الناس أموالهم تكثرا فإنما يسأل جمرا . فليستقل أو ليستكثر " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى، ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن سورىسا، ھەقىقەتەن ئۇ (جەھەننەمنىڭ) چوغلىرىنى سورىغان بولىدۇ، خالىسا ئاز، خالىسا كۆپ سورىسۇن. (بۇ تەھدىدتۇر، مەخسەت، سائىللىق قىلماڭلار). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

1839 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما يزال الرجل يسأل الناس حتى يأتي يوم القيامة ليس في وجهه مزعة لحم "

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى كىشىلەردىن نەرسە سوراپ سائىللىق قىلىۋېرىپ، قىيامەت كۈنى يۈزىدە بىر چىشلەممۇ،بىرتۇتامىمۇ گۆش يوق ھالەتتە كېلىدۇ، (بۇ ھالەتتە جەننەتكە لايىق بولمايدۇ). ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1840 - [ 4 ] ( صحيح )وعن معاوية قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تلحفوا في المسألة فوالله لا يسألني أحد منكم شيئا فتخرج له مسألته مني شيئا وأنا له كاره فيبارك له فيما أعطيته " . رواه مسلم

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر بەكلا قاتتىق چىڭ تۇرۇۋېلىپ سورىماڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلار مەندىن چىڭ تۇرۇۋېلىپ سوراپ، ئۇنىڭ سوراۋېرىشى، ئۇنىڭغا مەن ياقتۇرمىغان ھالەتتە مەندىن بىرەر نەرسىنى چىقىرىپ بەرسە، ئۇ كىشىگە مەن بەرگەن نەرسىدە بەرىكەت بېرىلمەيدۇ، (چۈنكى، بىرىنچىدىن ئۇ چىڭ تۇرۇۋېپ سورىدى، ئىككىنچىدىن، مەن ياقتۇرمىدىم، شۇڭا بەرىكەت يوق). ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

1841 - [ 5 ] ( صحيح )وعن الزبير بن العوام قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لأن يأخذ أحدكم حبله فيأتي بحزمة حطب على ظهره فيبيعها فيكف الله  ا وجهه خير له من أن يسأل الناس أعطوه أو منعوه " . رواه البخاري

زۇبەير ئىبنى ئاۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ، تاغقا بېرىپ ئۈچىسىدا بىر يۈدۈم، بىر باغلام ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى سېتىشى شۇنىڭ بىلەن، شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ، ئۇنىڭ يۈزىنى كىشىلەردىن توسۇپ قېلىشى، ئىپپەتلىك بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەردىن ئۇلار بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن، نەرسە سورىشىدىن ياخشىراقتۇر. (يەنى، سائىللىق قىلغاندىن، ئوتۇن سېتىپ، جان باققان ياخشى). ئەھمەد ، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ(ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلۋەتتە، بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ ئەتىگەندە تاغقا چىقىپ، ئوتۇن كېسىپ كېلىپ ئۇنى سېتىپ شۇنىڭ پۇلىدىن يېيىشى

سەدىقە قىلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەردىن نەرسە سورىغىنىدىن، سائىللىق قىلغىنىدىن ياخشىدۇر.بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان،سەھىھ.)

1842 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن حكيم بن حزام قال : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم فأعطاني ثم سألته فأعطاني ثم قال لي : " يا حكيم إن هذا المال خضر حلو فمن أخذه بسخاوة نفس بورك له فيه ومن أخذه بإشراف نفس لم يبارك له فيه . وكان كالذي يأكل ولا يشبع واليد العليا خير من اليد السفلى " . قال حكيم : فقلت : يا رسول الله والذي بعثك بالحق لا أرزأ أحدا بعدك شيئا حتى أفارق الدنيا "

ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورسام بەردى، ئاندىن يەنە سورسام، يەنە ماگا بىرىپ، مۇنداق دىدى:ئى ھەكىم! ھەقىقەتەن بۇ مال ــ دۇنيا، يېشىل، تاتلىق نەرسە، كىم ئۇنى نەپسىنىڭ سېخىلىقى ، ئۆزھەققى بىلەن ئالسا، ئۇ كىشىگە شۇ مالدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، كىم ئۇنى ئاچ كۆزلۈك  بىلەن ئالسا، ئۇ كىشىگە مېلىدا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ، بۇ ئاچ كۆز كىشى خۇددى يەپ تويمايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، بېرىدىغان، ئۈستۈن قول، ئالىدىغان تۆۋەن قولدىن ياخشى.مەن: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلىنى ھەقلىق بىلەن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن **الله** بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلىدىن كېيىن بۇدۇنيادىن ئايرىلغىچە، ھېچ بىر كىشىنىڭ نەرسىسىنى كاملاتمايمەن، يەنى نەرسىسىنى سورمايمەن دىدىم . (ئۇراستىنلا شۇنداق قىلدى). ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

1843 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال وهو على المنبر وهو يذكر الصدقة والتعفف عن المسألة : " اليد العليا خير من اليد السفلى واليد العليا هي المنفقة واليد السفلى هي السائلة "

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ ، سەدىقىنى، سائىللىقتىن ئىپپەتلىك بولۇشنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دىگەن: ئۈستۈن قول، تۆۋەن قولدىن ياخشى، ئۈستۈن قول، سەدىقە ــ ئىھسان، نەپىقە بەرگۈچى قولدۇر، تۆۋەن قول بولسا، نەرسە سورىغۇچى قولدۇر. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،  ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

1844 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري قال : إن أناسا من الأنصار سألوا رسول الله صلى الله عليه وسلم فأعطاهم ثم سألوه فأعطاهم حتى نفد ما عنده . فقال : " ما يكون عندي من خير فلن أدخره عنكم ومن يستعف يعفه الله ومن يستغن يغنه الله ومن يتصبر يصبره الله وما أعطي أحد عطاء هو خير وأوسع من الصبر "

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەنسارلاردىن بىرقىسىم كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپتى، ئۇلارغا بەردى، ئاندىن يەنە سوراپتى يېنىدىكى نەرسە تۈگەپ كەتكەنگە قەدەر بىرىپ مۇنداق دىدى: مېنىڭ يېنىمدا مال ــ مۈلۈك، ياخشىلىق بولسا، مەن ئۇنى سىلەردىن يوشۇرۇپ ئېلىپ قالمايمەن، كىم ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ، كىم ئۆزىنى بىھاجەت تۇتسا، ئاللاھ ئۇنى بىھاجەت قىلىدۇ، باي قىلىدۇ، كىم سەۋرى قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئىرادە قىلسا، ئاللاھ ئۇنى سەۋرە قىلدۇرىدۇ، بىرەر كىشىگە سەبىردىن ياخشىراق ھەم كەڭرى سوۋغا ــ سالام بېرىلمەيدۇ، سەۋرە قىلىش ئەڭ ياخشى رىزىق سوغاتتۇر. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1845 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن عمر بن الخطاب قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يعطيني العطاء فأقول : أعطه أفقر إليه مني . فقال : " خذه فتموله وتصدق به فما جاءك من هذا المال وأنت غير مشرف ولا سائل فخذه . ومالا فلا تتبعه نفسك "

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا نەرسە (مائاش) بىرەتتى ، مەن :

بۇنەرسىلەرنى مەندىمۇ پەقرىراق، مۇھتاجراق كىشىگە بەرسىلە دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھتائالا ساڭا مۇشۇ مالدىن بەرسە، يەنى بەيتۇلمالدىن سەن سورىماستىن، ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاما قىلماستىن بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالغىن، سەدىقە قىلغىن، ساڭا بېرىلمىسە، ئۇ مال ــ دۇنياغا نەپسىڭنى ئەگەشتۈرمە، تاما قىلما. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا ساڭا ئىسلام سۇلتانىنىڭ مېلىدىن سەن سورىماستىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاما قىلماستىن مال ــ دۇنيا بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ يىگىن، ۋە سەدىقە قىلغىن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**1846 - [ 10 ] الفصل الثاني**

**عن سمرة بن جندب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المسائل كدوح يكدح ا الرجل وجهه فمن شاء أبقى على وجهه ومن شاء تركه إلا أن يسأل الرجل ذا سلطان أو في أمر لا يجد منه بدا " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەردىن نەرسە سوراپ سائىللىق قىلىش دىگەن، كىشى ئۆزىنىڭ يۈزىنى يارىلاندۇرۇپ، جاراھەت قىلدىغان جاراھەتتۇر. خالىغان كىشى يۈزىنى ساق قالدۇرسۇن، خالىغان كىشى يۈزىنى جاراھەت پېتى قالدۇرسۇن، لېكىن كىشىنىڭ ئىسلام سۇلتانىدىن ھاجىتىنى سورىشى، ياكى پەقەت چارە ــ ئامال تاپالمايدىغان ئىشتا سورىشى، بۇ مۇستەسنادۇر،(بۇ جاراھەت بولمايدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە قاتارلىق تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.( ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: باي كىشىنىڭ سائىللىق قىلىپ نەرسە سورىشى، قىيامەت كۈنى يۈزىدىكى قەبىھ، سەت جاراھەتتۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.)

**1847 - [ 11 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سأل الناس وله ما يغنيه جاء يوم القيامة ومسألته في وجهه خموش أو خدوش أو كدوح " . قيل يا رسول الله وما يغنيه ؟ قال : " خمسون درهما أو قيمتها من الذهب " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۆزىنى بىھاجەت قىلغىدەك نەرسىسى تۇرۇپ، يەنە كىشىلەردىن نەرسە سوراپ، سائىللىق قىلسا، ئۇ قىيامەت كۈنىدە سورىغان سائىللىقى يۈزىدە جاراھەت، يارىدار ياكى جاراھەت ئىزى، ئەزىيەت بار ھالەتتە كېلىدۇ، بىھاجەتلىك دىگەن نىمە؟ ئۇ قانچىلىك؟ دىيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: 50 دەرھەم كۈمۈش پۇل ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدىكى ئالتۇن دېدى. (يەنى بۇ ئۆز ۋاختىدىكى ئالتۇن بىلەن بىللە ھېسابلىغاندا،ھازىرقى 1500 يۈەن بولىدۇ، ھازىر بولسا، كۈمۈش بەكلا ئەرزان بولۇپ كەتتى). ئەھمەد 3990 ــ ھەدىس، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، نەسەئى 2545 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1385 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**1848 - [ 12 ] ( صحيح )وعن سهل بن الحنظلية قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سأل وعنده ما يغنيه فإنما يستكثر من النار " . قال النفيلي . وهو أحد رواته في موضع آخر : وما الغنى الذي لا ينبغي معه المسألة ؟ قال : " قدر ما يغديه ويعشيه " . وقال في موضع آخر : " أن يكون له شبع يوم أو ليلة ويوم " . رواه أبو داود**

سەھلى ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۆزىنى كىشىلەردىن بىھاجەت قىلغىدەك نەرسىسى بار تۇرۇپ، يەنە نەرسە سوراپ سائىللىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ جەھەننەمنىڭ چوغلىرىنى كۆپەيتكەن بولىدۇ. ئۇلار قانچىلىك نەرسە بىھاجەت قىلىدۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەتىگەن ــ ئاخشامدا غىزا بولغۇدەك، ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك تامىقىغا كۇپايە بولغىدەك نەرسە(بىركېچە ـ كۈندۈز قۇرسىقى تويغىدەك نەرسە) دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان،

ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. (باي كىشىنىڭ ياكى ھاجىتى ئادا بولىدىغان كىشىنىڭ سائىللىق قىلىشى ھارام.)

**1849 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن عطاء بن يسار عن رجل من بني أسد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سأل منكم وله أوقية أو عدلها فقد سأل إلحافا " . رواه مالك وأبو داود والنسائي**

ئىبنى ئەمرۇ،يەنەبىرساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم 40 دەرھەم كۈمۈش پۇلى ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدە نەرسىسى بار تۇرۇپ، يەنە سائىللىق قىلسا، ھەققەتەن ئۇ يۈزى قىلىنلىق قىلىپ، چاپلىشىۋېلىپ سورىغان بولىدۇ. (40 دەرھەم 1000 يۈەندىن بەكلا تۆۋەندۇر). نەسەئى،مالىك، ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1850 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن حبشي بن جنادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن المسألة لا تحل لغني ولا لذي مرة سوي إلا لذي فقر مدقع أو غرم مفظع ومن سأل الناس ليثري به ماله : كان خموشا في وجهه يوم القيامة ورضفا يأكله من جهنم فمن شاء فليقل ومن شاء فليكثر " . رواه الترمذي**

ھەبشىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سائىللىق، (ئۆشرە _ زاكات) بايلارغا، كۈچلۈك كەسىپدارغا ھالال ئەمەس، (يەنى ھارامدۇر)پەقەت قاتتىق پەقىرغا، ئېغىر قەرىزدارغا ھالال بۇلىدۇ، كىم مال ـ مۈلكىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن كىشىلەردىن نەرسە سورسا، ئۇنىڭ سائىللىقى قىيامەت كۈنى يۈزىدە يارا، جاراھەت بۇلىدۇ،ۋە شۇنداقلا ئۇ يەيدىغان جەھەننەم ئوتىنىڭ چوغلىرى بۇلىدۇ، خالىغان كىشى ئاز، خالىغان كىشى كۆپ سورسۇن. تىرمىزى.

**1851 - [ 5 ] ( ضعيف )وعن أنس بن مالك : أن رجلا من الأنصار أتى النبي صلى الله عليه وسلم يسأله فقال : " أما في بيتك شيء ؟ " قال بلى حلس نلبس بعضه ونبسط بعضه وقعب نشرب فيه من الماء . قال : " ائتني بهما " قال فأتاه بهما فأخذهما رسول الله صلى الله عليه وسلم بيده وقال : " من يشتري هذين ؟ " قال رجل أنا آخذهما بدرهم قال : " من يزيد على درهم ؟ " مرتين أو ثلاثا قال رجل أنا آخذهما بدرهمين فأعطاهما إياه وأخذ الدرهمين فأعطاهما الأنصاري وقال : " اشتر بأحدهما طعاما فانبذه إلى أهلك واشتر بالآخر قدوما فأتني به " . فأتاه به فشد فيه رسول الله صلى الله عليه وسلم عودا بيده ثم قال له اذهب فاحتطب وبع ولا أرينك خمسة عشر يوما " . فذهب الرجل يحتطب ويبيع فجاء وقد أصاب عشرة دراهم فاشترى ببعضها ثوبا وببعضها طعاما فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هذا خير لك من أن تجيء المسألة نكتة في وجهك يوم القيامة إن المسألة لا تصلح إلا لثلاثة لذي فقر مدقع أو لذي غرم مفظع أو لذي دم موجع " . رواه أبو داود وروى ابن ماجه إلى قوله : " يوم القيامة "**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن ئەنسارىلاردىن بىر ئەر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەرسە سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئۆيۈڭدە ھېچنەرسە يوقمۇ؟ دېدى، ئۇ بىر دانە پالاس بار، بىر قىسمىنى كىيىم قىلىپ كىيىمىز، بىر قىسمىنى بىسات قىلىپ سالىمىز، يەنە سۇ ئىچىدىغان تاۋاق بار دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىككى نەرسىنى ماڭا ئېلىپ كەل دېدى، ئۇ ئەكەلگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىغا ئېلىپ، بۇنى كىم سېتىۋالىدۇ؟ دېدى، بىر ئەر مەن بىر دەرھەمگە ئالاي دېدى،يەنەكىم ئارتۇق ئالىدۇ دەپ ئىككى ھەتتا ئۈچ قېتىم دىگەندە، بىر ئەر مەن ئىككى دەرھەمگە ئالاي دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەرسىنى بېرىپ، ئىككى دەرھەمنى ئەنسارىغا ئېلىپ بېرىپ، بىر دەرھەمگە تائام سېتىۋېلىپ، ئەھلىڭگە تاشلاپ بېرىپ، يەنە بىر دەرھەمگە بىر دانە پالتا سېتىۋېلىپ، ماڭا ئېلىپ كەل دېدى، ئۇ ئەر شۇنداق قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پالتىنى ئۆز قولى بىلەن ساپلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: بارغىن ئوتۇن كېسىپ كېلىپ، ساتقىن، مەن سېنى 15 كۈن كۆرمەي دېدى، ئۇ ئەر شۇنداق قىلىپ 10 دەرھەمگە ئېرىشىپ قالدى، بىر قىسمىغا كىيىم _

كېچەك بىر قىسمىغا تائام سېتىۋالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا بۇ سەن ئۈچۈن تىلەمچىلىك، سائىللىق قىلىپ قىيامەت كۈنى يۈزۈڭدە قارا چېكىت بار ھالدا كەلگىنىڭدىن ياخشىدۇر دېدى، ئاندىن ھەقىقەتەن سائىللىق ئۈچ خىل كىشىگە دۇرۇس بولىدۇ، بىرىنچى، قاتتىق پېقىر كىشى، ئىككىنچى، ئېغىر قەرزدار، ئۈچىنچى، خۇن پۇلى تۆلەيدىغان كىشى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېدى.

1852 - [ 16 ] ( حسن )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أصابته فاقة فأنزلها بالناس لم تسد فاقته . ومن أنزلها بالله أوشك الله له بالغنى إما بموت عاجل أو غنى آجل " . رواه أبو داود والترمذي

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرەر كىشىگە ھاجەت يېتىپ قالسا، ئاندىن ئۇ ھاجىتىنى كىشىلەرگە تاشلىسا، ئۇنىڭ ھاجىتى راۋا بولمايدۇ، ئاپىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ، ھاجەتنى ئاللاھقىلا تاشلىغان كىشىگە، ئاللاھتائالا يا ئۇنى تېزلا جېنىنى ئېلىپ ئۆلتۈرۈش بىلەن ياكى ئاستا ــ ئاستا باي، بىھاجەت قىلىش بىلەن بىھاجەتلىك ئاتا قىلىپ، ھاجىتىدىن چىقىدۇ، ئاپەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى،ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

1853 - [ 17 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن ابن الفراسي أن الفراسي قال : قلت لرسول الله صلى الله عليه وسلم أسأل يا رسول الله ؟ فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لا وإن كنت لابد فسل الصالحين " . رواه أبو داود والنسائي

پەراسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن سائىللىق قىلسام بۇلامدۇ؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ياق بولمايدۇ، ئەگەر سەن پەقەتلا چارە ـ ئامالسىز سوراپ قالساڭ، سالىھ ياخشى كىشىلەردىن سورىغىن دىدى. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان.

1854 - [ 18 ] ( صحيح )وعن ابن الساعدي المالكي أنه قال : استعملني عمر بن الخطاب رضي الله عنهم على الصدقة فلما فرغت منها وأديتها إليه أمر لي بعمالة فقلت إنما عملت لله وأجري على الله فقال خذ ما أعطيت فإني قد عملت على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فعملني فقلت مثل قولك فقال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أعطيت شيئا من غير أن تسأل فكل وتصدق " . رواه مسلم وأبو داود

ئىبنى سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆشرە ـ زاكات يىغقۇچى خادىم قىلىپ ئەۋەتتى، مەن خىزمەتتىن پارىغ بۇلۇپ، زاكات ماللىرىنى ئۇنىڭغا ئادا قىلىپ بەرگىنىمدە، ئۇماڭا ئىش ھەققى بىرىشكە بۇيرىدى، مەن ئۇنىڭغا: مەن بۇئەمەلنى **الله** رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلدىم، مىنىڭ ئەجرىم **الله** ھقىدۇر دىسەم، ئۇماڭا: ساڭا بىرىلگەن نەرسىنى ئالغىن، مەنمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا زاكات خادىمى بولغان ئىدىم، ماڭا ئىش ھەققى بەرمەكچى بولغاندا، مەنمۇ سەن دىگەنىدەك دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سەن سورماستىن ساڭا نەرسە بىرىلسە ، ئۇنى ئېلىپ يىگىن، سەدىقە قىلغىن ، دىگەن دىدى. مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

1855 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي رضي الله عنه أنه سمع يوم عرفة رجلا يسأل الناس فقال : أفي هذا اليوم : وفي هذا المكان تسأل من غير الله ؟ فخفقه بالدرة . رواه رزين

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئارپات كۈنى بىر كىشىنىڭ، كىشلەردىن نەرسە سوراپ ، سائىللىق قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ: مۇشۇكۈندە، مۇشۇنداق ئورۇندىمۇ، **الله** نىڭ غەيرىدىن نەرسە سوراۋاتامسەن؟ دەپ، ئۇسائىلنى دەررە بىلەن ئۇرغان ئىدى. رەزىن توپلىغان، تەكشۈرۈلمىگەن.

1856 - [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمر رضي الله عنه قال : تعلمن أيها الناس أن الطمع فقر وأن الإياس غنى وأن المرء إذا يئس عن شيء استغنى عنه . رواه رزين

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئىنسالار! شۇنى بىلىڭلاركى ھەقىقەتەن تاماخورلۇق پەقىرلىقتۇر، كىشىلەردىن ئۈمۈدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى بىھاجات تۇتۇش، بايلىقتۇر، كىشى ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى بىھاجات تۇتسا، شۇ نەرسىدىن بىھاجەت بۇلۇر. رەزىين توپلىغان، تەكشۈرۈلمىگەن.مەنىسى سەھىھ.

1857 - [ 21 ] ( صحيح )وعن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من يكفل لي أن لا يسأل الناس شيئا فأتكفل له بالجنة ؟ " فقال ثوبان : أنا فكان لا يسأل أحدا شيئا . رواه أبو داود والنسائي

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كىم ماڭا كىشىلەردىن نەرسە سورىماسلىققا يەنى سائىللىق قىلماسلىققا كېپىل بولالايدۇ؟، مەن ئۇ كىشىگە جەننەت بىلەن كېپىل بولىمەن دىگەندە، مەن : مانا مەن كېپىل بۇلالايمەن ،دىدىم. ئۇراستىنلا سورمايتتى.ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم،نەسەئى، سەھىھ.

1858 - [ 22 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي ذر قال : دعاني رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو يشترط علي : " أن لا تسأل الناس شيئا " قلت : نعم . قال : " ولا سوطك إن سقط منك حتى تنزل إليه فتأخذه " . رواه أحمد

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا شەرت قويۇپ مۇنداق دىگەن: كىشىلەردىن ھىچنەرسە سورىمىغىن، ھەتتا چۇشۇپ كەتكەن قامچاڭنى ئېلىپ بېرىشنىمۇ سورىمىغىن، ئەگەر سەندىن چۇشۇپ كەتسە، ئۆزۈڭ ئاتتىن چۇشۇپ ئالغىن.مەن ھەئە، بۇلىدۇ،دىدىم. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## باب الإنفاق وكراهية الإمساك - الفصل الأول

## بېخىللىقنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە نەپىقە قىلىش توغرىسىدا

1859 - [ 1 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو كان لي مثل أحد ذهبا لسرني أن لا يمر علي ثلاث ليال وعندي منه شيء إلا شيء أرصده لدين " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر ماڭا ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇن بولسا، مېنىڭ نەزلىمدە شۇ ئالتۇنلاردىن بىرەر نەرسە بار ھالەتتە، ماڭائۇچ كۈننىڭ ئۆتمەسلىكى مېنى خۇرسەن قىلىدۇ، (مەن ئۇنى خەزلىمەي تۇرۇپ ئۇچ كۈننىڭ ئۆتۇپ كېتىشى مېنى خۇرسەن قىلمايدۇ. مەن ئۇنى ئۇچ كۈن ئىچىدىلا ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىپ بىرىۋېتىمەن)، پەقەت مەن قەرزىم ئۇچۇن تەييارلاپ ئېلىپ قويغان نەرسە قېلىپ قالىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. مەخسەت، قەرزنى بېرىۋېتىش، قالغىنىنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىش مەنپەئەتلىكتۇر.

1860 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من يوم يصبح العباد فيه إلا ملكان ينزلان فيقول أحدهما : اللهم أعط منفقا خلفا ويقول الآخر : اللهم أعط ممسكا تلفا "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندىلەر تاڭ ئاتقۇزغان ھەربىر كۈندە ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ بىرسى: ئى ئاللاھ! سېنىڭ يولۇڭدا نەپىقە، ئېھسان قىلغۇچىغا ئىز باسار مال ــ دۇنيا قىلىپ بەرگىن، مېلىنى كۆپەيتىپ بەرگىن دەيدۇ، يەنە بىرسى بولسا: ئى ئاللاھ! سەدىقە قىلماس بېخىلغا ۋە ئۇنىڭ مېلىغا ھالاكەتنى بەرگىن دەيدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، توپلىغان، سەھىھ.

**1861 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أسماء قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنفقي ولا تحصي فيحصي الله عليك ولا توعي فيوعي الله عليك ارضخي ما استطعت "**

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا نەپىقە قىلىپ خەژلىگىن، ھېسابلىۋالما، ئاللاھمۇ ساڭا ھېسابلىۋالىدۇ، يىغىۋېلىپ، ساقلىۋالما، ئاللاھمۇ سەندىن يىغىۋېلىپ، ساقلىۋالىدۇ، قادىر بولىشىڭچە سېخىيلىق قىلغىن.ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1862 - [ 4 ] ( متفق عليه )**

**وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قال الله تعالى : أنفق يا ابن آدم أنفق عليك "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى!، ئاللاھ يولىدا خەجلە، نەپىقە قىل، ساڭىمۇ نەفىقە قىلىنىپ بېرىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1863 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا ابن آدم إن تبذل الفضل خير لك وإن تمسكه شر لك ولا تلام على كفاف وابدأ بمن تعول " . رواه مسلم**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئادەم بالىسى! ھەقىقەتەن سېنىڭ ھاجىتىڭدىن ئاشقان مال ــ مۈلۈكنى ئاللاھ يولىدا تاپشۇرۇپ، بېرىۋېتىشىڭ، سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئۇنى ساقلاپ، تۇتۇپ قېلىشىڭ، سەن ئۈچۈن ياماندۇر، ھاجەتنىڭ مىقدارىدا ئاشماي، كاملىماي، نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشتە ساڭا تاپا ــ تەنە، مالامەت قىلىنمايدۇ، سەدىقە ــ ئېھسانىنى سەن ئىگە بولىدىغان، تۇرمۇشقا كېپىل بولىدىغان يېقىن تۇغقانلىرىڭدىن، ئۆز ئائىلەڭدىن باشلىغىن، بەرگۈچى ئۈستۈن قول، سورىغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر. ئەھمەد، مۇسلىم 1718 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2265 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**1864 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل البخيل والمتصدق كمثل رجلين عليهما جنتان من حديد قد اضطرت أيديهما إلى ثديهما وتراقيهما فجعل المتصدق كلما تصدق بصدقة انبسطت عنه البخيل كلما هم بصدقة قلصت وأخذت كل حلقة بمكانها "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە ــ ئېھسان قىلىپ تۇرغۇچى بىلەن بېخىلنىڭ ئوخشىشى؛ ئۈستىدە كۆكرىكىدىن تارتىپ ئوقرەك سۆڭەكگىچە، كىيىلگەنچە تۆمۈر كىيىم بار ئىككى كىشىگە ئوخشايدۇ، ئەمما نەپىقە، ئېھسان قىلغۇچى بىرەر نەرسىنى چىقىم قىلىشقا باشلىسا، (ئۇنىڭ تېرىسىدىكى)، ئۈچىسىدىكى كىيىم (ئۇزۇنلىقىدىن بارماقلىرىنى ياپقىدەك، ماڭغان ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكىدەك) كەڭرىيدۇ، ئاندىن ئۇ، ئاللاھ يولىدا بېرەلەيدۇ، ئەمما بېخىلغا كەلسەك، ئۇ بىرەر نەرسىنى نەپىقە ئېھسان قىلىشنى ئىرادە قىلسىلا، كىيىمنىڭ ھەر بىر ھالقىسى ئۆز ئورنىغا مەھكەم چاپلىشىپ، ئۇ كىيىمنى كەڭرىتمەكچى بولسىمۇ كىيىم زادى كەڭرىمەيدۇ، ئاندىن ئۇ ئېھسان قىلالمايدۇ، مانابۇ، ئىككىسىنىڭ مىسالىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارى 1352 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**1865 - [ 7 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اتقوا الظلم فإن الظلم ظلمات يوم القيامة واتقوا الشح فإن الشح أهلك من كان قبلكم : حملهم على أن سفكوا دماءهم واستحلوا محارمهم " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زۇلۇمدىن ھەزەر قىلىپ، ساقلىنىڭلار، ھەققەتەن زۇلۇم، قىيامەت كۈنىدىكى زۇلمەتتۇر، بېخىللىقدىن ساقلىنىڭلار، ھەققەتەن بېخىللىق سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ھالاك قىلۋەتتى، بېخىللىق ئۇلارنى ئۆزئارا قان چېچىشقا، ھارامنى ھالال ساناشقا ئاپىرىپ قويدى. بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەدلەر توپلىدى، سەھىھ.

**1866 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن حارثة بن وهب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تصدقوا فإنه يأتي عليكم زمان يمشي الرجل بصدقته فلا يجد من يقبلها يقول الرجل : لو جئت ا بالأمس لقبلتها فأما اليوم فلا حاجة لي ا "**

ھارىس ئىبنى ۋەھبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەدىقە قىلىۋېلىڭلار، پات يېقىندا سىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشى سەدىقىسىنى كۆتۈرۈپ، قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى ئىزدەپ كېلىدۇ، سەدىقە ئېلىپ كېلىنگەن كىشى؛ ئەگەر ئاخشام ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، قوبۇل قىلاتتىم، ئەمما ھازىر ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەدىقىنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى تاپالمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1867 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رجل : يا رسول الله أي الصدقة أعظم أجرا ؟ قال : " أن تصدق وأنت صحيح شحيح تخشى الفقر وتأمل الغنى ولا تمهل حتى إذا بلغت الحلقوم قلت : لفلان كذا ولفلان كذا وقد كان لفلان "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!قانداق سەدىقىنىڭ ئەجرى ئەڭ چوڭ بۇلىدۇ؟ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەدىقىنىڭ ئەۋزىلى، سەن ساق تۇرۇپ، ئاچ كۆز تۇرۇپ، بايلىقنى ئۈمىد قىلۋاتقان، پېقىرلىقدىن قورقىۋاتقان، بېخىللىق ئازىراق بار تۇرۇپ قىلغان سەدىقەڭ ئەڭ ئەۋزەلدۇر، سەدىقە قىلىشقا مۆھلەت بېرىپ، ئۆتكۈزۈۋەتمە، جان ھەلقۇمغا كەلگەندە، پالانىغا مانچىلىك پالانىغا مانچىلىك دەيسەن، ئاگاھ بولغىنكى، ئۇ چاغدا مال پالانىغا مۇنچىلىك بولۇپ بولدۇ، (يەنى ۋارىسنىڭ بولىدۇ)، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1868 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أبي ذر قال : انتهيت إلى النبي صلى الله عليه وسلم وهو جالس في ظل الكعبة فلما رآني قال : " هم الأخسرون ورب الكعبة " فقلت : فداك أبي وأمي من هم ؟ قال : " هم الأكثرون أموالا إلا من قال : هكذا وهكذا وهكذا من بين يديه ومن خلفه وعني مينه وعن شماله وقليل ما هم "**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارسام، رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان ئىكەن، مىنى كۆرۈپ مۇنداق دىدى: ئۇلار زىيانكارلاردۇر، كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر. مەن:ئاتا ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، ئۇلار كىملەر؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇلار بولسا، مال ــ دۇنيانى كۆپ توپلاپ يىغقانلاردۇر، لېكىن، ئاۋۇ ــ ماۋۇ تەرەپتىكىلەرگە، ئالدى ـ ئارقا،ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى نامرات كىشىلەرگە ئاللاھ يولىدا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە، ئاللاھ بەرگەن مالنى چىقىم قىلىپ، سەدىقە قىلغانلار زىيان تارتمايدۇ. لېكىن، ئۇنداق سېخى كىشى بەكلا ئاز، (جېنىم ئېلىكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق بىر كىشى قوي، تۆگە، كالىلىرىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇ چارۋا ــ ماللار بۇرۇنقىدىنمۇ چوڭ ھەم سىمىز ھالەتتە كېلىپ، ئۇ كىشىنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ، مۈڭگۈزى بىلەن ئۈسسۈيدۇ، ھەر قاچان ئاخىرى ئۆتۈپ بولسا، بۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەنلىرى قايتىپ كېلىپ يەنە دەسسەپ ئۈسسۈيدۇ. بۇ ئازاب تا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغىچە شۇنداق بولىدۇ، (ئۇنىڭ مىقدارى قىيىن بولغانلارغا 1000 يىللىق بولىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆز يولىنى جەننەتكە ياكى دوۋزاخقا كۆرىدۇ)دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1869 - [ 11 ] الفصل الثاني ( ضعيف جدا )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " السخي قريب من الله قريب من الجنة قريب من الناس بعيد من النار . والبخيل بعيد من الله بعيد من الجنة بعيد من الناس قريب من النار . ولجاهل سخي أحب إلى الله من عابد بخيل " . رواه الترمذي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سېخى، ئاللاھقا يېقىن، جەننەتكە كىشلەرگە يېقىن، دوۋزاخدىن يىراق. بېخىل، ئاللاھدىن، جەننەتتىن، كىشلەردىن يىراق، دوۋزاخقا يېقىن. ئاللاھقا، جاھىل سېخى، بېخىل ئابىدتىن سۆيۈملۈكرەك تۇرىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دېگەن، مەن بۇ ھەدىسنى يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا يازغان.

1870 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لأن يتصدق المرء في حياته بدرهم خير له من أن يتصدق بمائة عند موته " . رواه أبو داود

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:كىشىنىڭ ھايات ۋاختىدا بىر دەرھەم سەدىقە قىلىشى، ئۇنىڭ ئۆچۈن ئۇ ئۆلۈۋاتقان  جان ئۈزۈش ئالدىدا 100دەرھەم سەدىقە قىلىشىدىنمۇ ياخشىراقتۇر. ئەبۇداۋۇد توپلىغان. تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

1871 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي الدرداء رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل الذي يتصدق عند موته أو يعتق كالذي يهدي إذا شبع " . رواه أحمد والنسائي والدارمي والترمذي وصحح

ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلۈۋاتقان چاغدا، جان ئۈزۈش ئالدىدا سەدىقە قىلغان ياكى قۇل ئازات قىلغان كىشىنىڭ مىسالى، خۇددى قورساق تويغان چاغدا ھەدىيە قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ،(يەنى ئەھمىيىتى بەك يوق)ئەھمەد ،نەسەئى،دارىمى،تىرمىزى توپلىغان.

1872 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خصلتان لا تجتمعان في مؤمن : البخل وسوء الخلق " . رواه الترمذي

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خىسلەت ئىش مۆئمىندا ھەرگىز بىرلەشمەيدۇ، ئۇلار بولسا، بىخىللىق بىلەن يامان ئەخلاقتۇر.تىرمىزى توپلىغان. (ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خىسلەت ئىش مۇناپىقدا ھەرگىز بىرلەشمەيدۇ، ياخشى ئەخلاق بىلەن دىندا فىقھى ئالىم بولۇش، بۇ ئىككى ئىش مۇناپىقدا يوقتۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.)

1873 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي بكر الصديق رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل الجنة خب ولا بخيل ولا منان " . رواه الترمذي

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەپ توشۇغۇچى سۇخەنچى، (ئاتا ــ ئانىسىغا ۋارقىراپ گەردەن قاققۇچى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى)،بېخىل ، پەسكەش ھىيلە ــ مىكرى كۆپ، ئالدامچى، پاسادچى كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان. (ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن دېگەن، سېخىي، ئەخلاقى ياخشى، يامانلىقى يوق، نۇرلۇق بولىدۇ. پاجىر، پاسىق دېگەن، پەسكەش ھىيلە ــ مىكرى كۆپ، ئالدامچى، پاسادچى بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 4158 ــ ھەدىس، تىرمىزى 1887 ــ ھەدىس، ئەھمەد 8755 ــ ھەدىس، ھاكىممۇ

توپلىغان، ئەلبانى بۇھەدىسنى زەئىپ دىگەن، بۇ جايدا بولسا، بۇ زەئىپ ھەدىس ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ دىگەن، ئاللاھۇ ئەئلەم، ئەلبانىيمۇ بىر قىسىم ھۆكۈملىرىدىن يانغان، چۈنكى ئۇ ھەقنى تاپسىلا سەللەمنا دەيدۇ.

**1874 - [ 16 ] وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " شر ما في الرجل شح هالع وجبن خالع ". رواه أبو داودوسنذكر حديث أبي هريرة : لا يجتمع الشح والإيمان " في كتاب الجهاد إن شاء الله تعالى**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىدىكى يامان ئىللەتنىڭ ئەڭ يامنى، ھېرىسمەن قىلىۋېتىدىغان، قاخشىتىدىغان بېخىللىق بىلەن جەڭدىن قاتتىق قورقۇشتۇر. ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى تارىيدا توپلىغان، سەھىھ.

**1875 - [ 17 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن عائشة رضي الله عنها أن بعض أزواج النبي صلى الله عليه وسلم قلن للنبي صلى الله عليه وسلم أينا أسرع بك لحوقا ؟ قال : " أطولكن يدا فأخذوا قصبة يذرعونا فكانت سودة أطولهن يدا فعلمنا بعد أنما كانت طول يدها الصدقة وكانت أسرعنا لحوقا به زينب وكانت تحب الصدقة . رواه البخاري . وفي رواية مسلم قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أسرعكن لحوقا بي أطولكن يدا . قالت : فكانت أطولنا يدا زينب ؟ لأنا كانت تعمل بيدها وتتصدق**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالللىرىنىڭ بەزىسى رەسۇلۇللاھقا: قايسىمىز سىلىگە ئەڭ بۇرۇن ئۇچرىشىپ قوشۇلىمىز؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەرنىڭ قولى ئەڭ ئۇزۇن(ئۇچۇق)بولغىنىڭلار دىدى، ئۇلار بىرتال قومۇشنى ئېلىپ، قوللىرىنىڭ ئۇزۇنلىقىنى ئۆلچەشكە باشلىدى، سەۋدەت رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ قولى ھەممىدىن ئۇزۇن ئىدى، بىز كېيىن شۇنى بىلدۇقكى رەسۇلۇللاھ دىگەن قولنىڭ ئۇزۇنلىقى سەدىقە قىلىش ئىكەن، بىزدىن رەسۇلۇللاھقا ئەڭ بۇرۇن ئۇچرىشىپ قوشۇلىدىغىنى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنهابولۇپ چىقتى، چۈنكى ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ، ئەمەل قىلىپ، سەدىقە قىلاتتى، سەدىقە قىلىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

**1876 - [ 18 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " قال رجل : لأتصدقن بصدقة فخرج بصدقته فوضعها في يد سارق فأصبحوا يتحدثون تصدق على سارق فقال اللهم لك الحمد على سارق لأتصدقن بصدقة فخرج بصدقته فوضعها في يدي زانية فأصبحوا يتحدثون تصدق الليلة على زانية فقال اللهم لك الحمد على زانية لأتصدقن بصدقة فخرج بصدقته فوضعها في يدي غني فأصبحوا يتحدثون تصدق على غني فقال اللهم لك الحمد على سارق وعلى زانية وعلى غني فأتي فقيل له أما صدقتك على سارق فلعله أن يستعف عن سرقته وأما الزانية فلعلها أن تستعف عن زناها وأما الغني فلعله يعتبر فينفق مما أعطاه الله " . متفق عليه ولفظه للبخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى؛ بۇگۈن كېچە بىر مەخپى سەدىقە قىلايچۇ دەپ، سەدىقىسىنى چىقىرىپ، ئۇنى بىر ئوغرىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، كىشىلەر؛ پالانى بۈگۈن كېچە ئوغرىغا سەدىقە قىلىپتۇ دېيىشىپتۇ، ئاندىن ئۇ كىشى؛ ئى ئاللاھ! ئوغرى بولسىمۇ ساڭا شۈكرى، ساڭا ھەمدۇ ــ سانا دەپتۇ، مەن بۈگۈن كېچە سەدىقە قىلىپ باقاي، دەپ سەدىقىنى چىقىرىپ، ئۇنى بىر زىناخور ئايالنىڭ قولىدا قويۇپتۇ، (ئۇ بۇنى قەتئىي بىلمەيدۇ، خەۋىرى يوقدە!) ئاندىن تاڭ ئاتقاندا، كىشىلەر؛ ئۇ زىناخورغا سەدىقە قىلىپتۇ دېيىشتى، ئۇ كىشى؛ ئى ئاللاھ، مەن بىلمەپتىمەن، زىناخورغا تەگكەن بولسىمۇ ساڭا شۈكرى دەپتۇ، ئاندىن ئۇ؛ بۈگۈن يەنەبىر قېتىم سەدىقە قىلاي دەپ سەدىقىنى

چىقىرىپ، ئۇنى بۆگۈن بىر باينىڭ قولىغا قويۇپتۇ، كىشىلەر ئەتىسى؛ پالانى بايغا سەدىقە بېرىپتۇ دېيىشىپتۇ، ئۇ كىشى ئى ئاللاھ، باي بولسىمۇ بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ساڭا خاستۇر دەپ شۈكرى قىلىپتۇ. ئۇ، ئوغرىغا، زىناخورغا، بايغا سەدىقە بەرگەن بولسىمۇ يەنىلا ئاللاھقا شۈكرى دەپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا چۈشىدە مۇنداق دېيىلىپتۇ: ئەمما سېنىڭ ئوغرىغا بەرگەن سەدىقەڭگە كەلسەك، ئۇ ئوغرىلىقدىن ئىپپەتلىك بولۇپ توختاپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما، زىناخورغا كەلسەك، ئۇمۇ زىنا قىلىشدىن ئىپپەتلىك بولۇپ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، بايغا كەلسەك، ئۇ ئىبرەت ئېلىپ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسىدىن نەپىقە قىلىشى، خەژلىشى مۇمكىن، كېرەك يوق. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسىدىن بىر قىسىم كىشلەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن، سەدىقە بېرىلىدۇ، لېكىن، ئىسلام كۆچلىنىپ كەتسە، بۇ ئەمەلدىن قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەدىسدىكى كىشى، كېچىسى سەدىقە قىلغاچقا، ئورنىنى، جايىنى بىلەلمىگەن، خاتالىق ئەپۇدۇر، ياكى بۇ زاكات، ئۆشرە بولماستىن، نەپلە سەدىقە بولۇشى مۇمكىن، دەلىل، ئۇ كەينى ــ كەينىدىن بەرگەن، زاكات دىگەن بىر قېتىمدىلا ئادا تاپىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باي، ئوغرى، زىناخورلار كاپىر، دىنسىز سانالمايدۇ، ئۇلار ناماز ئوقۇشى مۇمكىن، بۇ ھەدىسدىن ناماز ئوقۇمايدىغان كىشگە ئۆشرە ــ زاكات بېرىشكە دەلىل ئېلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى، ناماز ئوقۇمىغان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇ ھۆكمەن ئۆلۈكتۇر.

**1877 - [ 19 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " بينا رجل بفلاة من الأرض فسمع صوتا في سحابة اسق حديقة فلان فتنحى ذلك السحاب فأفرغ ماءه في حرة فإذا شرجة من تلك الشراج قد استوعبت ذلك الماء كله فتتبع الماء فإذا رجل قائم في حديقته يحول الماء بمسحاته فقال له يا عبد الله ما اسمك فقال له يا عبد الله لم تسألني عن اسمي فقال إني سمعت صوتا في السحاب الذي هذا ماؤه يقول اسق حديقة فلان لاسمك فما تصنع فيها قال أما إذ قلت هذا فإني أنظر إلى ما يخرج منها فأتصدق بثلثه وآكل أنا وعيالي ثلثا وأرد فيها ثلثه " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر چاغدا بىر كىشى چۆل زىمىندا بولۇتتىن مۇنداق بىر ئاۋاز چىققىنىنى ئاڭلاپتۇ، ئۇ ئاۋاز: پالانىنىڭ بېغىنى سۇغارغىن دەپتۇ، ئاندىن بۇلۇت يىراقلىشىپ، يامغۇر سۈيىنى سايلىققا تۆكۈپتۇ، ناگاھان بۇ سايلىقدىن سۇلار سىزىپ، ساقىپ كىچىك ئېرىقلارنى ھاسىل قىلىپ، بارلىق سۇنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، شۇ باغ تەرەپكە قاراپ ئېقىپتۇ، بۇ كىشى ئۇ سۇغا ئەگىشىپتۇ، ناگاھان بىر كىشى بېغىدا شۇ سۇلارنى كەتمەن بىلەن ئۇياقتىن ــ بۇياققا يۆتكەپ قويۇۋاتقىدەك، ئەگىشىپ كەلگەن كىشى؛ ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئىسمىڭ نېمە؟ دەپ سوراپتۇ، باغدىكى كىشى، ئىسمىم پالانى دەپ، دەل بۇلۇتتىن چىققان ئىسمنى دەپتۇ، ۋە ئۇ كىشگە؛ ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، نېمە ئۈچۈن ئىسمىمنى سورايسەن؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ كىشى؛ ھەقىقەتەن مەن مۇشۇ سۇنى تۆككەن بۇلۇتتىن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم، ئۇ ئاۋاز پالانىنىڭ بېغىنى سۇغارغىن دېدى، ئۇ پالانى سەن ئىكەنسەن، سەن بۇ باغدا نېمە ئىشلارنى قىلىسەن؟ دېدى، باغ ئىگىسى: ئەمما سەن دىگەن بۇ سۆزگە كەلسەك، مەن بۇ باغدىن چىقىدىغان مەھسۇلات، كىرىمگە ساقلاپ، كۈتۈپ تۇرىمەن، مەھسۇلات كىرىم، چىققاندا بولسا، كىرىمنىڭ 1/3نى ئاللاھ يولىدا سەدىقە ــ ئېھسان قىلىمەن، 1/3نى مەن ۋە ئەھلى باللىرىم يەيمىز، قالغان 1/3نى بولسا، يەنە باغ ئۈچۈن چىقىم قىلىمەن

دەپتۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەھىھ ھەدىسدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغ ۋە تىجارەتتىن قىلىنغان كىرىمنىڭ 1/3 `نى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىش، 1/3نى ئۆزى ئىستېمال قىلىش، 1/3نى يەنىلا شۇ ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چىقىم قىلىشلار چىقىپ تۇرىدۇ، ئۆشرە ــ زاكاتنى ئايرىم بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

1878 - [ 20 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إن ثلاثة في بني إسرائيل أبرص وأقرع وأعمى فأراد الله أن يبتليهم فبعث إليهم ملكا فأتى الأبرص فقال أي شيء أحب إليك قال لون حسن وجلد حسن ويذهب عني الذي قد قذرني الناس " قال : " فمسحه فذهب عنه قذره وأعطي لونا حسنا وجلدا حسنا قال فأي المال أحب إليك قال الإبل - أو قال البقر شك إسحق - إلا أن الأبرص أو الأقرع قال أحدهما الإبل وقال الآخر البقر قال فأعطي ناقة عشراء فقال بارك الله لك فيها " قال : " فأتى الأقرع فقال أي شيء أحب إليك قال شعر حسن ويذهب عني هذا الذي قد قذرني الناس " . قال : " فمسحه فذهب عنه وأعطي شعرا حسنا قال فأي المال أحب إليك قال البقر فأعطي بقرة حاملا قال : " بارك الله لك فيها " قال : " فأتى الأعمى فقال أي شيء أحب إليك قال أن يرد الله إلي بصري فأبصر به الناس " . قال : " فمسحه فرد الله إليه بصره قال فأي المال أحب إليك قال الغنم فأعطي شاة والدا فأنتج هذان وولد هذا قال فكان لهذا واد من الإبل ولهذا واد من البقر ولهذا واد من الغنم " . قال : " ثم إنه أتى الأبرص في صورته وهيئته فقال رجل مسكين قد انقطعت بي الحبال في سفري فلا بلاغ لي اليوم إلا بالله ثم بك أسألك بالذي أعطاك اللون الحسن والجلد الحسن والمال بعيرا أتبلغ عليه في سفري فقال الحقوق كثيرة فقال له كأني أعرفك ألم تكن أبرص يقذرك الناس فقيرا فأعطاك الله مالا فقال إنما ورثت هذا المال كابرا عن كابر فقال إن كنت كاذبا فصيرك الله إلى ما كنت " . قال : " وأتى الأقرع في صورته فقال له مثل ما قال لهذا ورد عليه مثل ما رد على هذا فقال إن كنت كاذبا فصيرك الله إلى ما كنت " . قال : " وأتى الأعمى في صورته وهيئته فقال رجل مسكين وابن سبيل انقطعت بي الحبال في سفري فلا بلاغ لي اليوم إلا بالله ثم بك أسألك بالذي رد عليك بصرك شاة أتبلغ ا في سفري فقال قد كنت أعمى فرد الله إلي بصري فخذ ما شئت ودع ما شئت فوالله لا أجهدك اليوم شيئا أخذته لله فقال أمسك مالك فإنما ابتليتم فقد رضي عنك وسخط على صاحبيك "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن بەنىي ئىسرائىللار ئىچىدە ئۈچ نەپەر كىشى بار بولۇپ، بىرسى ئاق كېسەل، بىرسى تاز، يەنە بىرسى بولسا، كور ئادەم ئىدى، ئاللاھ ئۇلارنى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇلارغا پەرىشتە ئەۋەتىدۇ، (ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ ئالدىدىن بىلىپ تۇرىدۇ) پەرىشتە ئاق كېسەلى بار كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ساڭا قايسى نەرسە ئەڭ سۆيۈملۈك؟ دەيدۇ، ئۇ كىشى گۈزەل تېرە، گۈزەل رەڭ، گۈزەل چىراي ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك، چۈنكى، كىشىلەر مېنى نىجىسنىڭ ئورنىدا ئەيىبلەيدۇ دەيدۇ. پەرىشتە ئۇنى شۇنداق بىر سىلاپ قويسا، ئۇ ساقىيىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، ئاللاھ تەرىپىدىن گۈزەل تېرە، گۈزەل، ياخشى رەڭ بېرىلىدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا ساڭا مالنىڭ قايسىسى ئەڭ سۆيۈملۈك دېسە؟ ئۇ تۆگە دەيدۇ، ئۇنىڭغا بىر دانە بوغاز تۆگە بېرىلىدۇ، پەرىشتە: ئاللاھ ساڭا بۇ تۆگىدە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن دەپ دۇئا قىلىپ ، ئاندىن تازنىڭ يېنىغا كېلىپ؛ ساڭا قايسى نەرسە سۆيۈملۈكرەك؟ دېسە، ئۇ ئەڭ گۈزەل چاچ، ئاندىن بۇ كېسەل مەندىن يوقىتىلسا، چۈنكى، كىشىلەر مېنى ئەيىبلەيدۇ دەيدۇ. پەرىشتە سىلاپ قويسا، بۇ كېسەلمۇ ساقىيىدۇ، ئۇنىڭغا ئەڭ گۈزەل چاچ بېرىلىدۇ، مالنىڭ قايسىسى ساڭا سۆيۈملۈك؟ دېسە، ئۇ، كالا دەيدۇ. ئۇنىڭغا بوغاز كالىدىن بىرنى بېرىپ، بەرىكەت تىلەپ، ئاندىن ئەما كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ساڭا قايسى نەرسە سۆيۈملۈك دېسە، ئۇ، ئاللاھ ماڭا كۆزۈمنى قايتۇرۇپ بەرسە، مېنى ساق قىلىپ قويسا، مەن كىشىلەرنى بىر كۆرۈۋالسام دەيدۇ، پەرىشتە سىلاپ قويسا، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ساقايتىپ قويىدۇ، پەرىشتە، ساڭا قايسى مال ئەڭ سۆيۈملۈك دېسە، ئۇ، قوي دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بوغاز قويدىن بىرسى بېرىلىدۇ، تۆگە بوتلاقلاپ، كالا ــ قويلار تۇغۇپ، ئاق

كېسەلنىڭ بىر جاڭگال تۆگىسى، ئەمانىڭ بىر يايلاق قويلىرى، تازنىڭ بولسا، بىر جاڭگال كالىسى بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن پەرىشتە ئاق كېسەلنىڭ قېشىغا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتى، تۇرقى بىلەن كېلىپ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مىسكىن ئەر، سەپىرىمدە ئوزۇق ــ تۈلۈكۈم، قاتناش قۇرالىم ئۈزۈلۈپ قالدى، بۈگۈن بۇ سەپەرنىڭ مەنزىلىگە پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن، ئاندىن قالسا، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن يېتىشىم مۇمكىن بولىدۇ، مەن سەندىن ساڭا گۈزەل رەڭ، گۈزەل چىراي، گۈزەل تېرە ئاتا قىلغان، كۆپلەپ مال ــ مۈلۈك ئاتا قىلغان زات، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن، ھەققى بىلەن پەقەت بىرلا تۆگە سورايمەن، مەن ئۇ تۆگىدە بۇ سەپەرنى قىلىپ، مەخسەتكە يېتىۋالاي دېسە، ئۇ ئاق كېسەل، ھەقىقەتەن ھەقلەر دېگەن بەك كۆپ! دەيدۇ، پەرىشتە، ئۇنىڭغا مەن سېنى تونىغاندەك قىلىمەنغۇ؟، سەن ھېلىقى كىشىلەر ئەيىبلەيدىغان پېقىر، يوقسىز ئاق كېسەل شۇغۇ؟، ئاللاھ ساڭا ھەممىنى بېرىپتۇ دەيدۇ، ئۇ، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا پىسەنت قىلماي، مەن بۇ ماللارغا چوڭلاردىن، ئاتا ــ بوۋامدىن، ئەجدادىمدىن ۋارىس بولۇپ، ماڭا مىراس قالغان دەيدۇ، پەرىشتە: ئەگەر سەن يالغانچى بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئەسلى ھالىتىڭگە ئاپىرىپ، قايتۇرۇۋەتسۇن دەپ، تازنىڭ قېشىغا شۇ تازنىڭ سۈرىتى، تۇرقى بىلەن كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ؛ يەنى ئاق كېسەلگە دېگەندەك مۇساپىرنىڭ ھاجىتىنى دەيدۇ، تونىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، بۇ تازمۇ ئۇنىڭدەك رەت قىلىپ جاۋاب بېرىدۇ، پەرىشتە بۇنىڭغىمۇ، ئەگەر سەن يالغانچى بولساڭ، ئاللاھ سېنىمۇ ئەسلى ھالىتىڭگە قايتۇرۇۋەتسۇن دەپ ئەمانىڭ قېشىغا، بۇنىڭ سۈرىتى، تۇرقى بىلەن كېلىدۇ، ئاندىن شۇ بىچارىلىق بىلەن مەن بىر مىسكىن ئەر، بۇ سەپىرىمدە ئوزۇق ــ تۈلۈكۈم، ئۈلۈغۇم ئۈزۈلۈپ قالدى، بۈگۈن  پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى، ئاندىن قالسا، ئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن سېنىڭ ياردىمىڭ ئارقىلىق مەخسەتكە يېتەلەيمەن، مەن سەندىن پەقەت ساڭا كۆزۈڭنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئاللاھنىڭ ھەققى، ھۆرمىتى بىلەن بىر دانە قوي سورايمەن، مەن بۇ قوينى ئىستېمال قىلىپ، سەپىرىمدىكى مەخسىدىمگە يېتىۋالاي دەيدۇ، ئەما كىشى؛ ھەقىقەتەن مەن ئەما، كور ئىدىم، پېقىر ئىدىم، ئاللاھ كۆزۈمنى ساقايتىپ، ماڭا نۇرغۇن مال ــ دۇنيا بەردى، سەن بۇ ماللاردىن خالىغىنىڭنى ئالغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن مەن سەن ئالغان نەرسىلەرگە، ساڭا تاپا ــ تەنە ياكى تەشەككۈر، مەدھىيە ئوقۇمايمەن، پەقەت، ئاللاھقىلا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمەن، شۈكرى قىلىمەن دېدى، پەرىشتە، ئۇنىڭغا؛ مېلىڭنى ئۆزۈڭ ئېلىپ قال، ماڭا مال لازىم ئەمەس ئىدى، ھەقىقەتەن سىلەر سىنالدىڭلار، جەزمەن ئاللاھتائالا سەندىن رازى بولدى، سەن سىناقدىن ئۆتتۈڭ، ئىككى قېرىنداشىڭغا ئاللاھ كايىپ، غەزەپ قىلدى دېدى، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ بەرگەننى بىزمۇ بېرىپ، كۆپ شۈكرى قىلىشىمىز لازىم، گەرچە بىزمۇ ئۇلاردەك ئەما، تاز بولمىساقمۇ، بىزگىمۇ بۇلارنى ئاللاھ بەرگەندۇر، ئاللاھ بىزنى مۇشۇنداق گۈزەل، قامەتلىك قىلىپ ياراتقان. بۇھەدىستىن كىبىر،پەخىرلىنىش تۇگە،كالا ئەھلىدە بولۇدۇ،مىسكىنلىك،خاتىرجەملىك قوي ئەھلىدە دېگەن چىقىدۇ.

**1879 - [ 21 ] وعن أم بجيد قالت : قلت يا رسول الله إن المسكين ليقف على بابي حتى أستحيي فلا أجد في بيتي ما أدفع في يده . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ادفعي في يده ولو ظلفا محرقا " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي**

ئۇممە ئۇبەيدە ياكى بەجىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مىسكىنلەر ئىشىكىم ئالدىدا تۇرۇۋدۇ، ئۇلارغا بەرگىدەك نەرسە تاپالمايمەن، شۇڭا مەن ئۇلاردىن ھايا قىلىپ، خىجىل بولىمەن دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: مىسكىنىنىڭ قولىغا گەرچە قوينىڭ ئۆكلەنگەن پاقالچىقىنىمۇ بولسا بەرگىن. ئەھمەد،تىرمىزى،ئەبۇداۋد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**1880 - [ 22 ] ( لم تتم دراسته )وعن مولى لعثمان رضي الله عنه قال : أهدي لأم سلمة بضعة من لحم وكان النبي صلى الله عليه وسلم يعجبه اللحم فقالت للخادم : ضعيه في البيت لعل النبي صلى الله عليه وسلم يأكله فوضعته في كوة البيت . وجاء سائل فقام على الباب فقال : تصدقوا بارك الله فيكم . فقالوا : بارك الله فيك . فذهب السائل فدخل النبي صلى الله عليه وسلم فقال : "**

**يا أم سلمة هل عندكم شيء أطعمه ؟ " . فقالت : نعم . قالت للخادم : اذهبي فأتي رسول الله صلى الله عليه وسلم بذلك اللحم . فذهبت فلم تجد في الكوة إلا قطعة مروة فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " فإن ذلك اللحم عاد مروة لما لم تعطوه السائل " . رواه البيهقي في دلائل النبوة**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادكەردە قۇلى مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بىرپارچە گۆش ھەدىي قىلىندى، ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۆشنى ياخشى كۆرەتتى ـ ئۇخادىمغا: بۇگۆشنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويغىن، ھېلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىلىپ يىسۇن دىدى، خادىم ئۇنى ئۆينىڭ تەكچىسىگە قۇيۇپ قويدى، ئاندىن بىر سائىل كىلىپ، ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ: **الله** سىلەرگە بەركەت بەرسۇن، سەدىقە قىلىڭلار دىدى، ئۇلارسائىلغا: **الله** ساڭىمۇ بەركەت بەرسۇن دىدى، سائىل قۇرۇق قول كىتىپ قالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ: ئى ئۇممە سەلەمەت! يېنىڭدا مەن يىگىدەك نەرسە بارمۇ؟ دىدى، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ھەئە بار دەپ، خادىمغا: سەن بېرىپ ھېلىقى گۆشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېكىلىپ بەرگىن دىدى، ئۇ بېرىپ تەكچىدە پەقەت بىر پارچە ئاق تاشنىلا تاپتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەشۇ بىرپارچە گۆش، سىلەر ئۇنى سائىلغا بەرمىگەن چاغدىلا، ئاق تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن دىدى. بەيھەقى توپلىغان تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان. بىز بۇنداق مۆجىزىگە ئىشىنىمىز.

**1881 - [ 23 ] وعن ابن عباس رضي الله عنهما قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " ألا أخبركم بشر الناس م لا ؟ قيل : نعم قال : الذي يسأل بالله ولا يعطي به " . رواه أحمد**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن سىلەرگە (قىيامەت كۈنى) مەنزىل جەھەتتىن ئەڭ يامان كىشىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ دىگەندە، بۇلىدۇ دەپ بەرسىلە دىيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورالسا، بەرمىگەن كىشىدۇر، دىدى. يەنى بېخىل كىشىدۇر، ئەھمەد ،بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**1882 - [ 24 ] ( صحيح )وعن أبي ذر أنه استأذن على عثمان فأذن له وبيده عصاه فقال عثمان : يا كعب إن عبد الرحمن توفي وترك مالا فما ترى فيه ؟ فقال : إن كان يصل فيه حق الله فلا بأس عليه . فرفع أبو ذر عصاه فضرب كعبا وقال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما أحب لو أن لي هذا الجبل ذهبا أنفقه ويتقبل مني أذر خلفي منه ست أواقي " . أنشدك بالله يا عثمان أسمعته ؟ ثلاث مرات . قال : نعم . رواه أحمد**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىزنى سورايدۇ ـ ئۇنىڭ قولىدا بىر تال تاياق بارئىدى ـ رۇخسەت قىلىنغاندىن كيىن ئۇ كىرسە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىدىكى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئى كەئبى! ئابدۇررەھمان نۇرغۇن مال ـ دۇنيانى قالدۇرۇپ، ئۆلۈپ كەتتى، سەن قانداق قارايسەن؟دىدى. كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر ئۇ، **الله** نىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، جايىغا تەككۈزگەن بولسا، چاتاق يوق دىدى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىدىكى ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ، كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بىرنى ئۇرۇۋېتىپ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇن بولسا، ئاندىن ئاشۇ ئالتۇنلاردىن بىرنەچچە دەرھەم كۈمۈش پۇلنى ئارقامدا قالدۇرۇپ كىتىشىمنى مەن ھەرگىز ياخشى كۆرمەيمەن، (يەنى، ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىۋېتىمەن، لېكىن، مەن قەرزگە بېرىشىم ئۈچۈن تەييارلاپ ئېلىپ قويغان دىينار ئۇنىڭدىن مۇستەسنا)، ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇن، بايلىقىم بولسىمۇ، (قەرزگە ئېلىپ قالغاندىن باشقىسىنى) ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىمەن،ئاندىن مەندىن قۇبۇل قىلىنىشىنى بەك ياخشى كۆرىمەن دىگەن. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ **الله** نىڭ نامى بىلەن تەلەپ قىلايكى

سەنمۇ شۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغانمۇ؟ دەپ ئۈچ قېتىم سوردى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ھەرقېتىم ھەئە ئاڭلىغانمەن دىدى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**1883 - [ 25 ] ( صحيح )وعن عقبة بن الحارث قال : صليت وراء النبي صلى الله عليه وسلم بالمدينة العصر فسلم ثم قام مسرعا فتخطى رقاب الناس إلى بعض حجر نسائه ففزع الناس من سرعته فخرج عليهم فرأى أنهم قد عجبوا من سرعته قال : " ذكرت شيئا من تبر عندنا فكرهت أن يحبسني فأمرت بقسمته " . رواه البخاري . وفي رواية له قال : " كنت خلفت في البيت تبرا من الصدقة فكرهت أن أبيته "**

ئۇقبەت ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بىر قېتىم مەدىنىدە،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن سالام بىرىپلا، ئالدىرىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشلەرنىڭ مۈرىللىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئاياللىرىنىڭ بەزىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، كىشلەر تىز ماڭغىنىدىن چۆچۈپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى كۆرۈپ: مەن ناماز ئىچىدە تۇرۇپ، بىزنىڭ نەزلىمىزدىكى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن، خام ئالتۇننى ئەسلەپ قالدىم، ئۇنىڭ بىزنىڭ يېنىمىزدا بىر كېچە قونۇپ قىلىشىنى، مىنى مەھبۇس قىلىپ قۇيىشىنى ياقتۇرماي، تەقسىم قىلىۋېتىشكە بۇيرىۋېتىپ چىقتىم،دىدى.يەنە بىردە؛مەن ئۆيدە زاكاتتىن بولغان پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن، خام ئالتۇننى قۇيۇپ قويغان ئىدىم، ئۇنىڭ بىزنىڭ يېنىمىزدا قونۇپ قېلىشىنى، بىر كېچە تۇرۇپ قېلىشىنى ياقتۇرماي، تەقسىم قىلىۋېتىشكە بۇيرىۋېتىپ چىقتىم،دىگەن. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**1884 - [ 26 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان لرسول الله صلى الله عليه وسلم عندي في مرضه ستة دنانير أو سبعة فأمرني رسول الله صلى الله عليه وسلم أن أفرقها فشغلني وجع نبي الله صلى الله عليه وسلم ثم سألني عنها : " ما فعلت الستة أو السبعة ؟ " قلت : لا والله لقد كان شغلني وجعك فدعا ا ثم وضعها في كفه فقال : " ما ظن نبي الله لو لقي الله عز وجل وهذه عنده ؟ " . رواه أحمد**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ قالغاندا، مىنىڭ يېنىمدا رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئالتە ياكى يەتتە دىنار ئالتۇن بارئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئالتۇنلارنى تەقسىم قىلىپ بىرىۋىتىشىمگە بۇيرىغان ئىدى، مىنى ئۈئشتىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسلى مەشغۇل قىلىپ قويدى، ئاندىن شۇ ئىش توغرىسىدا مەندىن ھېلقى ئالتە ياكى يەتتە دىنار ئالتۇننى قانداق قىلدىڭىز؟ دەپ سوراپتى، مەن: الله بىلەن قەسەمكى، مىنى سىلىنىڭ كېسەللىرى مەشغۇل قىلىپ قويدى،دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كەلتۇرۇپ ئالقىنىدا قۇيۇپ تۇرۇپ: ئەگەر الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇشۇ نەرسە يېنىدا بار ھالەتتە الله تائالاغا ئۇچراشسا، ئۇنىڭ گۇمانى قانداق بولۇپ كىتەر ھە! دىدى.ئەھمەدتوپلىغان.

**1885 - [ 27 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم دخل على بلال وعنده صبرة من تمر فقال : " ما هذا يا بلال ؟ " قال : شيء ادخرته لغد . فقال : " أما تخشى أن ترى له غدا بخارا في نار جهنم يوم القيامة أنفق بلال ولا تخش من ذي العرش إقلالا "**

بىلال، ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرسە، ئۇنىڭ قېشىدا بىر دۆۋە خورما تۇرغىدەك، ئى بىلال!بۇ نىمە؟دىسە، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەن بۇنى ئەتىگە ئېلىپ قويغان ئىدىم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى

بىلال!،سەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئەتە قىيامەت كۈنىسىدە، جەھەننەم ئوتىدىن گاز تۈتۈن، چاڭنى كۆرۈشۈڭدىن قورقماسسەن؟ ئاللاھ يولىدا چىقىم قىل، خىراجەت قىل! ئەرشى ئىگىسى بولغان ئاللاھ تەرەپتىن ئاز قىلىشىدىن ئەنسىرىمىگىن، (يەنى ئۇ زاتنىڭ مۈلكى تۈگىمەيدۇ، ئاز قالمايدۇ، بېرىۋېرىدۇ)،دىدى.بەزار،تەبرانى توپلىغان، سەھىھ

**1886 - [ 28 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " السخاء شجرة في الجنة فمن كان سخيا أخذ بغصن منها فلم يتركه الغصن حتى يدخله الجنة . والشح شجرة في النار فمن كان شحيحا أخذ بغصن منها فلم يتركه الغصن حتى يدخله النار " . رواهما البيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سېخىيلىق جەننەتتىكى بىرتۈپ دەرەختۇر، كىم سېخى بولسا، شۇدەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئۇشاخ ئۇسېخىي كىشىنى جەننەتكە ئەكىرمىگىچە قويۇۋەتمەيدۇ. بېخىللىق دوۋزەختىكى بىرتۈپ دەرەختۇر، كىم بېخىل بولسا، شۇدەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئۇشاخ ئۇبېخىل كىشىنى دوۋزەخكە ئەكىرمىگىچە قويۇۋەتمەيدۇ.بەيھەقى توپلىغان تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

**1887 - [ 29 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بادروا بالصدقة فإن البلاء لا يتخطاها " . رواه رزين**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەدىقە بېرىشكە ئالدىراڭلار، چۈنكى، بالالار ئۇنى بۆسۈپ ئۆتەلمەيدۇ. رەزىين خاتىرلىگەن، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن.

## باب فضل الصدقة - الفصل الأول

## سەدىقە بېرىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**1888 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تصدق بعدل تمرة من كسب طيب ولا يقبل الله إلا الطيب فإن الله يتقبلها بيمينه ثم يربيها لصاحبها كما يربي أحدكم فلوه حتى تكون مثل الجبل "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا پەقەت ھالال كەسىپتىن قىلىنغان سەدىقىنى قوبۇل قىلىدۇ، كىم پاك، ھالال كەسىپتىن تاپقان نەرسىدىن بىر تال خورما چاغلىق نەرسىنى سەدىقە قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئىگىسىگە خۇددى بىرىڭلار تايچىقنى تەربىيلەپ چوڭ قىلغاندەك، تەربىيلەپ چوڭ قىلىپ بېرىدۇ، ھەتتا ئۇ بىر تال خورما چاغلىق نەرسە يوغىناپ، چوڭ تاغدەك بولۇپ كېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئىككى قولى بار بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئوڭدۇر، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر، مەنىسى مەلۇم كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان، ئېتىقاد ۋاجىپ، كەيپىياتىتىن سۇئال سوراش بىدئەتتۇر). ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1889 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما نقصت صدقة من مال شيئا وما زاد الله عبدا بعفو إلا عزا وما تواضع أحد لله إلا رفعه الله " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەدىقە بەرگەنگە مال كاملاپ قالمايدۇ، ئەپۇچان بەندىگە ئاللاھ ئىززەتنى زىيادە قىلىدۇ، ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ، (تەكەببۇر كىشى ھەممىدىن پەسكەشتۇر). ئەھمەد ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1890 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أنفق زوجين من شيء من الأشياء في سبيل الله دعي من أبواب الجنة واللجنة أبواب فمن كان من أهل الصلاة دعي من باب الصلاة ومن كان من أهل الجهاد دعي من باب الجهاد ومن كان من أهل الصدقة دعي من باب الصدقة ومن كان من أهل الصيام دعي من باب الريان " . فقال أبو بكر : ما علي من دعي من تلك الأبواب من ضرورة فهل يدعى أحد من تلك الأبواب كلها ؟ قال : " نعم وأرجو أن تكون منهم**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر جۈپ نەرسە سەدىقە قىلسا، (يەنى بىر جۈپ كالا ــ قوي ھەدىي قىلسا) ئۇ كىشى جەننەتنىڭ بارلىق ئىشىكلىرىدىن چاقىرىلىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى!، مانا بۇ ياخشى، بۇ ياخشى دىيىلىدۇ،جەننەتنىڭ كۆپ ئىشىكى باردۇر، كىم ناماز ئەھلىدىن بولسا، ناماز ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ، جىھاد ئەھلىدىن بولسا، جىھاد ئىشىكىدىن چاقىرلىدۇ، روزا ئەھلىدىن بولسا، رەييان دىگەن روزا ئىشىكىدىن چاقىرلىدۇ، سەدىقە ئەھلىدىن بولسا، جەننەتنىڭ سەدىقە ئىشىكىدىن چاقىرلىدۇ، مانا بۇ ئىشىكىدىن جەننەتكە كىرگىن! دىيىلىدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاشۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرلىدىغان كىشىگە ھىچ بىر زىيان يوقتۇر، ئاشۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرلىدىغان كىشىمۇ بارمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەئە بار، مەن سېنىڭ ئاشۇ ھەممە ئىشىكتىن تەڭ چاقىرلىدىغان كىشلەردىن بولۇشۇڭنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1891 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أصبح منكم اليوم صائما ؟ " قال أبو بكر : أنا قال : " فمن تبع منكم اليوم جنازة ؟ " قال أبو بكر : أنا . قال : " فمن أطعم منكم اليوم مسكينا ؟ " قال أبو بكر : أنا . قال : " فمن عاد منكم اليوم مريضا ؟ " . قال أبو بكر : أنا . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما اجتمعن في امرئ إلا دخل الجنة " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سىلەردىن كىم بۈگۈن روزا تۇتقان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدى؟ دىگەندە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مانا مەن دىدى. كىم بۈگۈن جىنازىغا ئەگەشتى؟ دىگەندە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مانا مەن ئەگەشتىم دىدى. سىلەردىن كىم بۈگۈن مىسكىنگە تاماق بەردى؟ دىگەندە، يەنە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مانا مەن دىدى. كىم كېسەل يوقلىدى؟ دىگەندە، يەنە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مانا مەن يوقلۇدۇم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: يۇقىرقى ئەشۇ ئىشلار بىرەر كىشىدە بىرلەشسە، ئۇكىشى جەننەتكە كىرىدۇ، دىدى.مۇسلىم ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بەش ئىشنى بىر كۈن ئىچىدە قىلالىسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى جەننەت ئەھلىدىن قىلىپ يازىدۇ، كىم جۈمئە كۈنى روزا تۇتسا، جۈمئەگە بالدۇر بارسا، كېسەل كىشىنى يوقلىسا، جىنازىغا قاتناشسا، بىر قۇل ئازاد قىلسا، (ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ) ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**1892 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا نساء المسلمات لا تحقرن جارة لجار ا ولو فرسن شاة "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى مۇسۇلمان ئاياللار! خوشنا ئولتۇرغان ئايال كىشى، خوشنىسىغا گەرچە قوينىڭ پاقالچىقىنى بېرىپمۇ بولسا، شۇنچىلىك نەرسىنى ھەدىي قىلىپمۇ بولسا ھاقارەتلىمىسۇن، شۇنچىلىك ياخشىلىقنىمۇ كىچىك سانىمىسۇن. بەيھەقى، ئەھمەد 9999 ــ ھەدىس، بۇخارى 5558 ــ ھەدىس، مۇسلىم 1711 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2056 ــ ھەدىستە، بۇ سۆزنى

ھەدىي قىلىشىپ تۇرۇڭلار، ھەدىي قىلىش، ھىقدە، ھەسەدنى، ئاچچىقنى يوقىتىدۇ دەپ دىگەن.

**1893 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن جابر وحذيفة قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل معروف صدقة "**

جابىر، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق ياخشىلىق سەدىقىدۇر، (يەنى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە ياخشىلىق قىلىش سەدىقە). ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق ياخشىلىق سەدىقە، ياخشىلىققا كۆرسەتىپ قويغۇچى، شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا ساۋابتا، دەرىجىدە ئوخشاشتۇر، (خۇلاسە، ئۇمۇ سەدىقە قىلغان بولىدۇ) ئاللاھتائالا، قاتتىق ھاجەتمەننىڭ ئۆزىگىلا پەرياد چىكىشنى، ئۆزىدىنلا ياردەم سورىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**1894 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تحقرن من المعروف شيئا ولو أن تلقى أخاك بوجه طليق " . رواه مسلم**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىچىككىنە ياخشىلىقنىمۇ كىچىك ھەقىيرە سانىما، گەرچە سەن قىرىندىشىڭغا خۇشال تەبەسسۇم چىراي بىلەن ئۇچرىششىنمۇ، شۇنچىلىك ياخشىلىقنىمۇ كىچىك سانىما. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ياخشىلىق دىگەن ئاز بولسىمۇ ياخشىلىق دە!

**1895 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " على كل مسلم صدقة " . قالوا : فإن لم يجد ؟ قال : " فليعمل بيديه فينفع نفسه ويتصدق " . قالوا : فإن لم يستطع ؟ أو لم يفعل ؟ قال : " فيعين ذا الحاجة الملهوف " . قالوا : فإن لم يفعله ؟ قال : " فيأمر بالخير " . قالوا : فإن لم يفعل ؟ قال : " فيمسك عن الشر فإنه له صدقة**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە سەدىقە ۋاجىپ بولىدۇ،ئۇلار:ئەگەر تاپالمىسچۇ؟دىدى، ئەگەر سەدىقە قىلغۇدەك نەرسە تاپالمىسا، ئۆز قولى بىلەن ئەمەل، خىزمەت قىلىپ ئۆزىگە پايدا ــ مەنپەئەت بىرىپ، باشقىلارغىمۇ سەدىقە قىلىدۇ، ئۇلار: ئۇنىڭغا قادىر بۇلالمىسچۇ؟دىگەندە:ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، ئىش، خىزمەت تاپالمىسا، قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالغان ھاجەت ئىگىسىگەياردەم بىرىدۇ، ئۇنىمۇ قىلالمىسا، ياخشىلىققا بۇيرىيدۇ،ئۇنىمۇ قىلالمىسا،كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالىدۇ، ھەقىقەتەن كىشىلەرگە يامانلىق قىلماسلىق، سەدىقە ھىسابلىنىدۇ، (چۈنكى زىيانىدىن سالامەت قالغان كىشىلەر پايدا ئالدى) بۇخارى 5563 ــ ھەدىس، مۇسلىم 1676 ــ ھەدىس، نەسەئى 2491 ــ ھەدىس، ئەھمەد 18855 ــ ھەدىس، دارمى 2629 ــ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**1896 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل سلامي من الناس عليه صدقة : كل يوم تطلع فيه الشمس يعدل بين الاثنين صدقة ويعين الرجل على دابته فيحمل عليها أو يرفع عليها متاعه صدقة والكلمة الطيبة صدقة وكل خطوة تخطوها إلى الصلاة صدقة ويميط الأذى عن الطريق صدقة "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىنسانلارنىڭ ھەربىر مەپسەللىرىگە، كۈن چىققان ھەر كۈنى، ئىنسان ئۈستىگە سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىپ قويۇشۇڭ،ئىسلاھ قىلىشىڭ سەدىقە، كىشىگە ياردەملىشىپ، ئۇنى ئۇلىغىغا مىندۇرۇپ قويۇشۇڭ ياكى ئۇ كىشىگە ھايۋىنى ئۈستىگە ماتالىرىنى، يۈك ــ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىلىپ بىرىشىڭ سەدىقە، ياخشى سۆز قىلىش سەدىقە، نامازغا يەنى جامائەت، مەسجىدىگە ماڭغان ھەر بىر قەدەم سەدىقە، يول كۆرسىتىپ قويۇشمۇ سەدىقە، يولدىن ئەزىيەتنى تازىلاپ يوقىتىشمۇ سەدىقە بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،توپلىغان، سەھىھ.

**1897 - [ 10 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : خلق كل إنسان من بني آدم على ستين وثلاثمائة مفصل فمن كبر الله وحمد الله وهلل الله وسبح الله واستغفر الله وعزل حجرا عن طريق الناس أو شوكة أو عظما أو أمر بمعروف أو نهى عن منكر عدد تلك الستين والثلاثمائة فإنه يمشي يومئذ وقد زحزح نفسه عن النار . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئادەم باللىرىدىن ھەربىر ئىنسان 360 مەفسەللىك (بوغۇملۇق)يارىتىلدى، (ئۇلارغا سەدىقە قىلىش ۋاجىب بولىدۇ)كىم ئاللاھقا تەكبىر ئېيتىپ ئۇلۇغلىسا، ھەمدۇ ــ سانا ئېيتسا، تەھلىل ئېيتسا، يەنى لائىلاھە ئىللەللاھ دىسە، تەسبىھ ئېيتسا، ئىستىغفار ئېيتسا، كىشلەرنىڭ يوللىرىدىن بىرەر تاشنى ئېلىۋەتسە، ياكى يولدىن تىكەننى ياكى پۇتلاشقان سۆڭەك چاغلىق نەرسىنى ئېلىۋەتسە، ياخشىلىققا بۇيرىسا، يامانلىقدىن توسسا، ھەتتا ئاشۇ 360 مەپسەللەرنىڭ ساندا، باراۋىرىدە ياخشىلىق، ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا،(دەپ ساندى) شەك ــ شۈبھىسىز ئۇ كىشى شۇ كۈندە ئۆزنى دوۋزاىدىن يىراق قىلغان ھالدا ماڭىدۇ، (چۈنكى، ئۇ ئۆز ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلدى، (يەنە بىرخاتىردە:ئىككى رەكئەت چاشكا نامىزى كۇپايە دىيىلگەن) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1898 - [ 11 ] ( صحيح )وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن بكل تسبيحة صدقة وكل تكبيرة صدقة وكل تحميدة صدقة وكل تهليلة صدقة وأمر بالمعروف صدقة ونهي عن المنكر صدقة وفي بضع أحدكم صدقة " قالوا : يا رسول الله أيأتي أحدنا شهوته ويكون له فيها أجر ؟ قال : " أرأيتم لو وضعها في حرام أكان عليه فيه وزر ؟ فكذلك إذا وضعها في الحلال كان له أجر " . رواه مسلم**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئاللاھتائالا سىلەرگە سىلەر سەدىقە قىلىدىغان نەرسە قىلىپ بەرمىدىمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ھەققەتەن ھەربىر تەسبىھ، سەدىقە، ھەربىر تەكبىر سەدىقە، ھەربىر ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىش سەدىقە، ھەربىر تەھلىل لا ئىلاھە ئىللەللاھ دىيىش سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقە، مۇنكەر، يامان ئىشدىن توسۇش سەدىقە، بىرىڭلارنىڭ ئايالى بىلەن بىللە بولغان مۇناسىۋىتىمۇ سەدىقە، ساھابىلار؛ يا رەسۇلۇللاھ، بىرىمىز شەھۋەتىكە كەلسە، ھىسسىياتنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن جىنسى مۇناسىۋىتىگىمۇ ئەجىر، ساۋاب بولامدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ قىنى دەپ بىقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئۇنى ھارامدا قويسا، ئۇ كىشىگە گۇناھ بولامىتى؟ (ئەلۋەتتە گۇناھ بولىدۇ) ئەنە شۇنىڭدەك، ئەۋرەتنى ھالالدا قويسا، (يەنى ھالالدىن مۇناسىۋەت قىلسا)، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ دىدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرقى سەدىقە ھىسابلىنىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، يەنىلا مال ــ دۇنياسى بار كىشلەر زاكاتتىن باشقا ئاللاھ يولىدا سەدىقە ــ ئېھسان قىلىشى لازىم، مالدا زاكاتتىن باشقىمۇ ھەق بار.

**1899 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم الصدقة اللقحة الصفي منحة والشاة الصفي منحة تغدو بإناء وتروح بآخر "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: غەنىيمەتتىن ئېلىنغان سۈتلۈك سېغىن تۆگىنى ياكى قوينى ،ئەتىگەن ــ ئاخشام بىر قاچىدىن سۈت بېرىدىغان، سۈتى ساپ سېغىن تۆگىنى ياكى قوينى باشقىلار،ئۇنىڭ سۈتىدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش نېمىدىگەن ياخشى سەدىقە ھە!. بۇخارى 5178 ــ ھەدىس، مالىك، ئەھمەد ،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1900 - [ 13 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من مسلم يغرس غرسا أو يزرع**

**زرعا فيأكل منه إنسان أو طير أو بهيمة إلا كانت له صدقة "**

جابىر،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان كىشى مېۋىلىك دەرەخ تىكسە، ياكى زىرائەت تېرىسا، ئۇنىڭدىن ئىنسان ياكى قۇش، ياكى ھايۋانلار يىسە، يىيىلگەن نەرسە، ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن سەدىقە قىلغانلىق بولىدۇ، (ئۇ مېۋىدىن ئوغۇرلانسا، ھايۋانلار يىسە ياكى قۇشلار يېيسە، سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، بىرەر كىشى ئۇ نەرسىدىن كاملاتسلا ئۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ).بۇخارى، مۇسلىم ، سەھىھ.

**1901 - [ 14 ] ( صحيح )وفي رواية لمسلم عن جابر : " وما سرق منه له صدقة "**

**1902 - [ 15 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " غفر لامرأة مومسة مرت بكلب على رأس ركي يلهث كاد يقتله العطش فنزعت خفها فأوثقته بخمارها فنزعت له من الماء فغفر لها بذلك " . قيل : إن لنا في البهائم أجرا ؟ قال : " في كل ذات كبد رطبة أجر "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەنى ئىسرائىللار ئىچىدىكى پاھىشۋاز بىر ئايالغا مەغپىرەت قىلىندى، ئۇ ئايال: ئۇسسۇزلۇقدىن تىلىنى ساڭگىلىتىپ، نەم توپىنى يالاپ، قۇدۇق بويىدا تۇرغان، ئۇسسۇزلۇق ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالغان بىر ئىتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، ئۆتىكىنى سىلىپ، روملىغا باغلاپ، ئىت ئۈچۈن قۇدۇقدىن سۇ تارتىپ، ئىتنى سۇغۇرۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ ئايالغا مەغپىرەت قىلىندى، ھايۋانلارغا نەرسە بىرىشتىمۇ بىزگە ئەجىر ساۋاب بارمۇ؟ دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەئە، ھەرقانداق ھۆل جىگەر ئىگىسىگە نەرسە بىرىشتە ئەجىر بار،دىدى. بۇخارى،مۇسلىم، ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن مېھرىبان، يۇمشاق دىل بولۇش، ھايۋانلارغا بەرگەن نەرسىلەرگىمۇ ئەجىر، ساۋاب بارلىقى چىقىدۇ.

**1903 - [ 16 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر وأبي هريرة قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عذبت امرأة في هرة أمسكتها حتى ماتت من الجوع فلم تكن تطعمها ولا ترسلها فتأكل من خشاش الأرض "**

ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر ئايال مۈشۈك تۇغرىسىدا، ئۇنى ئاچ قېلىپ ئۆلگەنگە قەدەر سولاپ قويۇپ، دوۋزاختا ئازابلاندى، (دوۋزاختا كىرىپ كەتتى، ئاللاھ ئۇ ئايالغا مۇنداق دېدى:) سەن ئۇ مۈشۈككە تائام بەرمىدىڭ، ئۇنى سولاپ قويۇپ، سۇغۇرۇپمۇ قويمىدۇڭ، ئۇنى ھەم قويۇپ بەرمىدىڭ، قويىۋەتكەن بولساڭ، ئۇ مۈشۈك زىمىننىڭ ئوت ــ چۆپلىرىنى ، چاشقاندەك ئۇزۇقنى يىگەن بولاتتى، ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم ،دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

**1904 - [ 17 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مر رجل بغصن شجرة على ظهر طريق فقال : لأنحين هذا عن طريق المسلمين لا يؤذيهم فأدخل الجنة "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى يول ئۈستىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ شېخىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ شاخنى مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن يىراق قىلىمەن، بۇ شاخ ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزمىسۇن دەپ، ئۇنى يىراق قىلىپ، كۆزدىن يوقىتىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئۇ مەغپىرەت قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزىلىدۇ. ئەھمەد ، بۇخارى، مۇسلىم سەھىھ.

**1905 - [ 18 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لقد رأيت رجلا يتقلب**

في الجنة في شجرة قطعها من ظهر الطريق كانت تؤذي الناس " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىر كىشىنىڭ، يول ئۈستىدىكى كىشىلەرگە ئازار بېرىدىغان، ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان بىر تۈپ دەرەخنى كېسىۋېتىپ، ياخشىلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن جەننەتتە ئۇياقتىن ــ بۇياققا يۆتكىلىپ يۈرگىنىنى كۆردۇم. مۇسلىم ، سەھىھ.

1906 - [ 19 ] ( صحيح )وعن أبي برزة قال : قلت : يا نبي الله علمني شيئا أنتفع به قال : " اعزل الأذى عن طريق المسلمين " . رواه مسلم وسنذكر حديث عدي ابن حاتم : " اتقوا النار " في باب علامات النبوة

ئەبۇ بەرزەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن :ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ماڭا كىشىلەرگىمۇ پايدا يەتكۈزىدىغان، ئۆزۈممۇ مەنپەئەتلىنىدىغان بىرئىشنى ئۆگىتىپ قويسىلا دىسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار يولدىن ئەزىيەتنى يوقاتقىن «بۇ كىچىك ــ چوڭ بارلىق ئەزىيەتنى يوق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا بارلىق يوللاردىن» مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1907 - [ 20 ] الفصل الثاني عن عبد الله بن سلام قال : لما قدم النبي صلى الله عليه وسلم المدينة جئت فلما تبينت وجهه عرفت أن وجهه ليس بوجه كذاب . فكان أول ما قال : " أيها الناس أفشوا السلام وأطعموا الطعام وصلوا الأرحام وصلوا بالليل والناس نيام تدخلوا الجنة بسلام " . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، مەن يېنىغا بارغان ئىدىم، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىنى كۆرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىنىڭ كاززاپنىڭ يۈزى ئەمەسلىكىنى بىلدىم، تۇنجى قېتىم مۇنداق سۆز قىلدى: ئى ئىنسانلار! سالامنى كەڭ تارقىتىپ، ئاشكارا قىلىڭلار، تائام بېرىڭلار، سىلە ـ رەھىم قىلىڭلار، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىلىرى ناماز ئوقۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار جەننەتكە سالامەتچىلىك بىلەن كىرەلەيسىلەر. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم ،دارىمى، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: سالام قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاشكارا قىل، تائام بەرگىن، سىلە رەھىم قىل، كىشىلەر ئۇخلىغاندا كېچىسى قوپۇپ، ناماز ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭ، جەننەتكە تىنچ، سالامەت ھالدا كىرىسەن، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

1908 - [ 21 ] وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اعبدوا الرحمن وأطعموا الطعام وأفشوا السلام تدخلوا الجنة بسلام " . رواه الترمذي وابن ماجه

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھمانتائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، كىشىلەرگە تائام بېرىڭلار،سالامنى كەڭرى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاشكارا قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، تىنچ، سالامەت ھالدا جەننەتلەرگە كىرىسىلەر.تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى، ئەدەب دېگەن كىتابىدا، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

1909 - [ 22 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الصدقة لتطفئ غضب الرب وتدفع ميتة السوء " . رواه الترمذي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سەدىقە، رەبتائالانىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ، يامان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

1910 - [ 23 ] وعن جابر قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل معروف صدقة وإن من المعروف أن تلقى أخاك

بوجه طلق وأن تفرغ من دلوك في إناء أخيك " . رواه أحمد والترمذي

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق ياخشىلىق، سەدىقە، ھەققەتەن قېرىندىشىڭغا خۇشخۇي چىراي بىلەن كۆلۈپ تۇرۇپ ئۇچىقۇششۇڭ، سەن ئۇچۇن ياخشىلىق بولىدۇ، چېلەكىڭدىن خوشنائىڭنىڭ، قېرىندىشىڭنىڭ قاچىسىغا سۇ قويۇپ بېرىشىڭمۇ، سەن ئۇچۇن ياخشىلىق ۋە سەدىقە. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

1911 - [ 24 ] وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تبسمك في وجه أخيك صدقة وأمرك بالمعروف صدقة ن ونيك عن المنكر صدقة وإرشادك الرجل في أرض الضلال لك صدقة ونصرك الرجل الرديء البصر لك صدقة وإماطتك الحجر والشوك والعظم عن الطريق لك صدقة وإفراغك من دلوك في دلو أخيك لك صدقة رواه الترمذي وقال:هذا حديث غريب

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم چىراي بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ، كۆرۈششىڭ سەن ئۈچۈن سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇشۇڭ سەن ئۈچۈن سەدىقە، يامانلىقدىن توسۇشۇڭ سەدىقە، بىرەر زىمىندا ئېزىپ قېلىپ، يول تاپالمىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلاپ يول كۆرسىتىپ قويۇشۇڭ سەن ئۈچۈن سەدىقە قىلغان بولىدۇ،كۆزى ئاجىز كىشىگە ياردەم بېرىشىڭ سەدىقە. يولدىن تاش _ چالما، شوخا، سۆڭەكلەرنى تازىلاپ ئېلىۋېتىشىڭ، بۇمۇ سەدىقە، چېلەكىڭدىن قېرىندىشىڭنىڭ چېلەكىگە سۇ قۇيۇپ بېرىشىڭمۇ سەدىقە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

1912 - [ 25 ] ( ضعيف )وعن سعد بن عبادة قال : يا رسول الله إن أم سعد ماتت فأي الصدقة أفضل ؟ قال : " الماء " . فحفر بئرا وقال : هذه لأم سعد . رواه أبو داود والنسائي

سەئدى ئىبنى ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ مۇنداق سۇئال سورىدى، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئىدنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ھەققىدە سەدىقىنىڭ قايسىسى ئەۋزەل بولىدۇ؟، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سۇ دېدى، ئۇ قۇدۇق كولاپ بۇ سەئىدنىڭ ئانىسى ئۈچۈن بولسۇن دېدى، يەنى ئۆز ئانىسى. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، زەئىپ دېيىلدى.

1913 - [ 26 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيما مسلم كسا مسلما ثوبا على عري كساه الله من خضر الجنة وأيما مسلم أطعم مسلما على جوع أطعمه الله من ثمار الجنة . وأيما مسلم سقا مسلما على ظمأ سقاه الله من الرحيق المختوم " . رواه أبو داود والترمذي

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قانداق بىر مۇسۇلمان يالىڭاچ قالغان يەنە بىر مۇسۇلمانغا كىيىم ئېتىپ بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يېشىل تونلىرىدىن كىيىم ئېتىپ بېرىدۇ، قانداق بىر مۇسۇلمان ئاچ قالغان يەنە بىر مۇسۇلمانغا تائام بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن تائام بېرىدۇ، قانداق بىر مۇسۇلمان ئۇسسۇز قالغان يەنە بىر مۇسۇلماننى سۇ بىلەن سۇغارسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتتە رەھىيقۇلمەختۇم دېيىلىدىغان پېچەتلەنگەن شاراپ بىلەن سۇغۇرىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

1914 - [ 27 ] ( لم تتم دراسته )وعن فاطمة بنت قبيس قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن في المال لحقا سوى الزكاة " ثم تلا : ( ليس البر أن تولوا وجوهكم قبل المشرق والمغرب )الآية . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي

پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مالدا زاكاتتىن باشقىمۇ ھەق باردۇر، ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:« سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل- مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل- مال ياردەم قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اللهنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر».سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت، (بۇئايەتتە «زاكات بېرىش»،دېگەندىن باشقا پۇل-مال ياردەم قىلىش دېگەن سۆز باردۇر، مانابۇ زاكاتتىن باشقا ھەقتۇر، يەنى سەدىقە _ئېھسان قىلىشتۇر.) تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارىمى توپلىغان،ھەسەن.

**1915 - [ 28 ] ( ضعيف )وعن بيسة عن أبيها قالت : قال : يا رسول الله ما لشيء الذي لا يحل منعه ؟ قال : " الماء " . قال : يا نبي الله ما الشيء الذي لا يحل منعه ؟ قال : " الملح " . قال : يا نبي الله ما لاشيء الذي لا يحل منعه ؟ قال : " أن تفعل الخير خير لك " . رواه أبو داود**

بەھىيسەت ۋە ئۇنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايسى نەرسىنى توسۇپ، چەكلەش ھالال بولمايدۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنى توسۇۋېلىش دېدى، ئۇ يەنە شۇنداق سورىۋىدى، تۇزنى دېدى، ئۇ يەنە شۇنداق سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداق بىر ياخشىلىقنى قىلساڭ، ئۇ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر دېدى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

**1916 - [ 29 ] وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أحيى أرضا ميتة فله فيها أجر وما أكلت العافية منه فهو له صدقة " . رواه النسائي والدارمي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ئۆلۈك، قۇرغاق زېمىننى يەر ئەھيا قىلسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ ئىشىدا ئەجىر _ ساۋاب بار. شۇ زېمىننىڭ مەھسۇلاتىدىن ھايۋانلار يېگەن نەرسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقە قىلغانلىق بولىدۇ. ئەھمەد ، نەسەئى،دارىمى، ئىبنى ھەببان، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**1917 - [ 30 ] ( صحيح )وعن البراء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من منح منحة لبن أو ورق أو هدى زقاقا كان له مثل عتق رقبة " . رواه الترمذي**

بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كۆمۈش پۇلنى ياكى سېغىن ھايۋاننى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرسا ياكى تۇلۇن ھەدىي قىلسا ياكى تار كوچا يوللاردا ئېزىپ قالغان كىشىنى، ئەما كىشىنى يولغا سېلىپ قويسا، ئۇ بىر قۇل ئازاد قىلغاندەك بولىدۇ. ئەھمەد 17786 _ ھەدىس، تىرمىزى 1880 _ ھەدىس، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**1918 - [ 31 ] ( صحيح )وعن أبي جري جابر بن سليم قال : أتيت المدينة فرأيت رجلا يصدر الناس عن رأيه لا يقول شيئا إلا صدروا عنه قلت من هذا قالوا : هذا رسول الله صلى الله عليه وسلم قلت : عليك السلام يا رسول الله مرتين قال : " لا تقل عليك السلام فإن عليك السلام تحية الميت قل السلام عليك " قلت : أنت رسول الله ؟ قال : " أنا رسول الله الذي إذا أصابك ضر فدعوته كشفه عنك وإن أصابك عام سنة فدعوته أنبتها لك وإذا كنت بأرض قفراء أو فلاة فضلت راحلتك فدعوته ردها**

**عليك " . قلت : اعهد إلي . قال : " لا تسبن أحدا " قال فما سببت بعده حرا ولا عبدا ولا بعيرا ولا شاة . قال : " ولا تحقرن شيئا من المعروف وأن تكلم أخاك وأنت منبسط إليه وجهك إن ذلك من المعروف وارفع إزارك إلى نصف الساق فإن أبيت فإلى الكعبين وإياك وإسبال الإزار فإنا من المخيلة وإن الله لا يحب المخيلة وإن امرؤ شتمك وعيرك بما يعلم فيك فلا تعيره بما تعلم فيه فإنما وبال ذلك عليه " . رواه أبو داود وروى الترمذي منه حديث السلام . وفي رواية : " فيكون لك أجر ذلك ووباله عليه "**

جابىر ئىبنى سەلىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن مەدىنىگە كىلىپ بىر كىشىنى كۆردۇم، كىشلەر ئۇنىڭ كۆز قارىشى بۇيىنچە، قىل دىگەننى قىلىپ، توسقاندىن يىنىپ، نىمە دىسە، شۇ بۇيىچە ئىش قىلىشۋاتاتتى، مەن: بۇكىشى كىم بولىدۇ؟دىسەم، ئۇلار؛ بۇ، **الله** نىڭ ئەلچىسى بولىدۇ دىدى. مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى ! ئەلەيكەسسالام دەپ، ئىككى قېتىم دىسەم، ماڭا:ئەلەيكەسسالام دىمىگىن، ئۇ دىگەن ئۆلۈكلەرنىڭ ياكى ئۆلۈكلەرگە قىلىنىدىغان سالامدۇر، لېكىن سەن؛ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، دىگىن،دىدى. (ساڭا مەڭگۈلۈك سالام، سالامەتلىك، تېنىچلىق بولسۇن دىگەن بولىدۇ).مەن ؛ سىلى راست **الله** نىڭ ئەلچىسىما؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە، مەن شۇنداق بىر **الله** نىڭ ئەلچىسىكى، ئەگەر ساڭا زەرەر يەتسە، دۇئا قىلساڭ، سەندىن زەرەرنى كۆتۈرىۋېتىدىغان، ساڭا قەھەتچىلىك يەتسە، دۇئا قىلساڭ، زىرائەت، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆندۈرۈپ بېرىدىغان، بىپاپايان چۆل زىمىندا ئېزىپ قېلىپ، ئۇلۇغىڭنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن دۇئا قىلساڭ، ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىدىغان **الله** نىڭ ئەلچىسى ،دىدى.مەن: ماڭا ۋەسىيەت قىلسىلا دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن ھىچ كىشىنى تىللاپ، ئەيىبلىمە، گەرچە سەن قېرىندىشىڭغا خۇشخۇي، تەبەسسۇم چىراي بىلەن سۆز قىلغانچىلىك ياخشىلىقنىمۇ كىچىك سانىما، ھەققەتەن شۇنداق قىلىشمۇ ياخشىلىقتۇر، ئىشتىنىڭنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە كۆتۈرگىن، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمساڭ، ئىككى ھوشۇقىچە بولسۇن، ئىككى ھوشۇقتىنمۇ ئىشتاننى ئۇزۇن كىيىشدىن ھەزەر قىلغىن، چۈنكى، شۇنىڭ ئۆزى مۇتەكەببىرلىكتۇر، ئاللاھ تەكەببۇرلۇقنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەگەر بىر كىشى سەندە بار بولغان ئەيىب _ نۇقسانلار بىلەن شۇنى بىلىپ، سېنى تىللاپ ئەيىبلىسە، سەن ئۇ كىشىدە بار بولغان ئەيىب _ نۇقسانلارنى بىلسەڭمۇ، ئۇ كىشىنى سەن بىلگەن نەرسىلەر بىلەن تىللاپ، ئەيىبلىمە، ھەققەتەن ئۇنىڭ ۋابالى ئۆزىگە بولىدۇ. ئەجرى، پايدىسىنى سەن ئالىسەن، دىدى.مەن شۇنىڭدىن كىيىن ھۆر بولسۇن، قۇل بولسۇن، تۆگە بولسۇن، قوي بولسۇن ، ھېچ كىشىنى ، ھېچ نەرسىنى تىللاپ باقمىدىم. ئەبۇ داۋۇد ،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**1919 - [ 32 ] ( صحيح )وعن عائشة أنم ذبحوا شاة فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " ما بقي منها ؟ " قالت : ما بقي منها إلا كتفها قال : " بقي كلها غير كتفها " . رواه الترمذي وصححه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ئۇلار بىر قوي ئۆلتۈرۈپ يىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭدىن قانچىلىك قاپتۇ؟دەپ سورايدۇ، مەن: ئۇ قويدىن پەقەت بىرتاغاق قولىلا قاپتۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭ قولىدىن باشقا ھەممە يىرى قالغان بوپتۇ، دىدى.(يەنى يەپ بولغان يىرى ھەقىقى قالغان بولىدۇ، چۈنكى ئەجىر شۇنىڭدە باردە!)تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**1920 - [ 33 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال ك سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من مسلم كسا مسلما ثوبا إلا كان في حفظ من الله مادام عليه منه خرقة " . رواه أحمد والترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان، يەنە بىر مۇسۇلمانغا كىيىم ئېتىپ بەرسە، ئۇ كىشى شۇ كىيىمدىن بىر پارا ئاشۇ كىشىنىڭ ئۈچىسىدىلا بولسا، ئاللاھنىڭ مۇھاپىزەت قىلىپ قوغدىشىدا بولىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1921 - [ 34 ] وعن عبد الله بن مسعود يرفعه قال : " ثلاثة يحبهم الله : رجل قام من الليل يتلوا كتاب الله ورجل يتصدق بصدقة بيمينه يخفيها أراه قال : من شماله ورجل كان في سرية فانهزم أصحابه فاستقبل العدو " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غير محفوظ أحد رواته أبو بكر بن عياش كثير الغلط**

ئەبۇ زەر،ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئۈچ كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ،(ئۈچ كىشىنى بولسا،ئۆچ كۆرىدۇ،غەزەپ قىلىدۇ،) ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ كىشىنىڭ1ـ **الله** نىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ كىچىسى قىيامدا تۇرغان كىشى،2ـ ئوڭ قولى بەرگەن سەدىقىنى سول قولىدىن مەخپى قىلغان ھالدا سەدىقە قىلغان كىشى،3ـقوشۇن ئىچىدە جەڭ قىلىۋىتىپ، ھەمراھلىرى مەغلۇپ بولغاندا، دۈشمەنگە ئالدىنى قىلىپ، يالغۇز جەڭ قىلغان كىشى.(1 ــ جامائەت ئىچىدە، قېرىنداشلىرى ئارىسىدا دۈشمەنگە ئۇچرىشىپ، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئاللاھ رازىلىقىنى دەپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆلتۈرۈلگەن ياكى قېرىنداشلىرىغا غەلىبە، ئىشغال ئېلىپ كەلگەن كىشىدۇر.2ـ مەلۇم قەۋىم سەپەر قىلىپ، سەيرىسى ئۇزۇن بولۇپ كېتىپ، ئۇلار زىمىنغا چۈشۈپ، ئارام ئېلىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ــدە، چۈشۈپ ئارام ئالىدۇ، ئۇلاردىن بىر كىشى ئاستا ئايرىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، ھەتتا، ئۇلارنى سەپىرى ئۈچۈن ئويغۇتۇپ قويىدۇ، دەل مۇشۇ كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ. 3ـ دائىم ئازار بېرىپ تۇرىدىغان يامان خوشنىسى باركىشى بولۇپ، بۇ كىشى خوشنىسىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلۈم ياكى كۆچۈش ئايرىۋەتكەنگە قەدەر سەۋرى قىلىدۇ، بۇ كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ،)( ئاللاھ يامان كۆرىدىغان ئۈچ كىشى بولسا، دائىم قەسەم قىلىدىغان تىجارەتچى، پەخىرخور مۇتەكەببىر پېقىر، مىننەت قىلغۇچى، بېخىل كىشىدۇر)، ئەھمەد،تىرمىزى، توپلىغان، سەھىھ.

**1922 - [ 35 ] ( ضعيف )وعن أبي ذر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ثلاثة يحبهم الله وثلاثة يبغضهم الله فأما الذين يحبهم الله فرجل أتى قوما فسألهم بالله ولم يسألهم بقرابة بينه وبينهم فمنعوه فتخلف رجل بأعيانم فأعطاه سرا لا يعلم بعطيته إلا الله والذي أعطاه وقوم ساروا ليلتهم حتى إذا كان النوم أحب إليهم مما يعدل به فوضعوا رءوسهم فقام يتملقني ويتلو آياتي ورجل كان في سرية فلقي العدو فهزموا وأقبل بصدره حتى يقتل أو يفتح له والثلاثة الذين يبغضهم الله الشيخ الزاني والفقير المختال والغني الظلوم " . رواه الترمذي والنسائي**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ تۈرلۈك كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، يەنە ئۈچ تۈرلۈك كىشىنى ئاللاھ ئۆچ كۆرۈپ غەزەپ قىلىدۇ. ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئۈچكە كەلسەك، بىرسى، بىر سائىل بىرەر قەۋىمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆزئارا يېقىنلىقىدىن ئەمەس، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئۇلاردىن نەرسە سورىسا، ئۇلار بەرمەيدۇ، ئاندىن قەۋىملەر ئىچىدىن بىر ئەر سۇغۇرۇلۇپ قېلىپ، ئۇ سائىلغا مەخپى ھالدا نەرسە بېرىدۇ، ئۇنىڭ بەرگىنىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىشى بىلمەيدۇ. مانا شۇ ئەر ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغانلار قاتارىدىن، ئىككىنچىسى بولسا، بىر قەۋىم كېچىدە سەيرە قىلىپ ماڭىدۇ، ئۇلارغا ئۇيقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك بولغاندا، باشلىرىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالىدۇ، شۇ ئەسنادا بىر ئەر دەس تۇرۇپ، قىيامدا تۇرۇپ، قۇرئان ئايىتىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئاللاھقا تەزەررۇئ چېكىدۇ، بۇ ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسى بولسا، قوشۇن ئىچىدىكى بىر ئەر بولۇپ، دۈشمەنگە ئۇچۇقۇشىدۇ، قەۋمى يېڭىلىپ قالىدۇ، ئۆزى بولسا، دۈشمەنگە كۆكسى بىلەن ئالدىنى قىلىدۇ، يا ئۇ شېھىد قىلىنىدۇ، يا غەلىبە قىلىدۇ، مانا بۇ ئۈچ كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھ ئۆچ كۆرۈپ غەزەپ قىلىدىغان ئۈچ كىشىگە كەلسەك، بىرىنچىسى، قېرى زىناخور، ئىككىنچىسى بولسا، مۇتەكەببىر پېقىر، ئۈچىنچىسى بولسا، زالىم بايدۇر، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،مەنىسى سەھىھ.

**1923 - [ 36 ] ( ضعيف )وعن أنس بن مالك عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لما خلق الله الأرض جعلت تميد فخلق**

**الجبال فقال ا عليها فاستقرت فعجبت الملائكة من شدة الجبال فقالوا يا رب هل من خلقك شيء أشد من الجبال قال نعم الحديد قالوا يا رب هل من خلقك شيء أشد من الحديد قال نعم النار فقالوا يا رب هل من خلقك شيء أشد من النار قال نعم الماء قالوا يا رب فهل من خلقك شيء أشد من الماء قال نعم الريح فقالوا يا رب هل من خلقك شيء أشد من الريح قال نعم ابن آدم تصدق بصدقة بيمينه يخفيها من شماله " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

**وذكر حديث معاذ : " الصدقة تطفئ الخطيئة " . في كتاب الإيمان**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ زىمىننى ياراتقاندا، ئۇ تەۋرەشكە باشلىدى، ئاندىن تاغنى ئۈستىگە ياراتقان ئىدى، جىم تۇردى، پەرىشتىلەر تاغنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھەيران قېلىپ، يا رەببىم، تاغدىن قاتتىق مەخلۇقىمۇ بارمۇ؟ دېدى، ئاللاھ، بار، ئۇ بولسا تۆمۈردۇر دېدى، ئۇلار مەخلۇقلىرىدىن تۆمۈردىن قاتتىقراقى بارمۇ؟ دېدى، ئاللاھ بار، ئۇ ئوتتۇر دېدى، ئۇلار ئوتتىن قاتتىقى بارمۇ؟ دېدى، ئاللاھ، سۇ قاتتىق دېدى، ئۇلار سۇدىن قاتتىقى بارمۇ؟ دېدى، ئاللاھ بار،، ئۇ شامالدۇر، دېدى، ئۇلار شامىلدىن قاتتىقراقى بارمۇ؟ دېدى. ئاللاھ: باردۇر، ئۇ بولسا ئادەم بالىسىدۇر، ئوڭ قولىدا سەدىقە قىلسا، سول قولىدىن مەخپى قىلىدۇ دېدى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1924 - [ 37 ] الفصل الثالث عن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من عبد مسلم ينفق من كل مال له زوجين في سبيل الله إلا استقبلته حجبة الجنة كلهم يدعوه إلى ما عنده " . قلت : وكيف ذلك ؟ قال : " إن كانت إبلا فبعيرين وإن كانت بقرة فبقرتين " . رواه النسائي**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان بەندە، ئاللاھ يولىدا ماللىرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر جۈپتىن نەپىقە قىلىپ، سەدىقە قىلسا، (يەنى بىر جۈپ ئەر ــ ئايال قۇلنى ئازاد قىلسا، بىر جۈپ تۆگە، كالا، قوينى سەدىقە قىلسا، ياكى جۈپتىدىن ئايرىلسا ياخشى بولمايدىغان نەرسىنى بىر جۈپ سەدىقە قىلسا)، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى جەننەتنىڭ خاس ھاجىپ خادىملىرى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ، ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى لەززەتلىك نىئمەتلەرگە چاقىرىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1925 - [ 38 ] ( صحيح )وعن مرثد بن عبد الله قال : حدثني بعض أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن ظل المؤمن يوم القيامة صدقته " . رواه أحمد**

مۇرسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىنىڭ بەزىسى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى؛ ھەققەتەن مۆئمىن كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى سايىدايدىغان سايىسى ئۇنىڭ قىلغان سەدىقىسىدۇر. ئەھمەد توپلىغان سەھىھ.

**1926 - [ 39 ] ( ضعيف )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من وسع على عياله في النفقة يوم عاشوراء وسع الله عليه سائر سنته " . قال سفيان : إنا قد جربناه فوجدناه كذلك . رواه رزين**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئائىلىسىگە ئاشۇرا كۈنى «يەنى قۇربان ھېيت ئىيدىن كېيىنكى مۇھەررەم بىرىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى» نەپىقىنى كەڭرى قىلىپ بەرسە، ئاللاھ، ئۇ كىشىگە شۇ يىلىنىڭ قالغان كۈنلىرىدە رىزىقنى كەڭرى قىلىپ بېرىدۇ، سوپىيان بىز سىناپ تەجرىبە قىلدۇق، شۇنداق بولدى دىگەن. رەزىين خاتىرلىگەن، ئەلبانى ۋەباشقىلار زەئىپ دىگەن،

**1927 - [ 40 ] ( ضعيف )وروى البيهقي في شعب الإيمان عنه وعن أبي هريرة وأبي سعيد وجابر وضعفه**

1928 - [ 41 ] ( لم تتم دراسته )
وعن أبي أمامة قال : قال أبو ذر : يا نبي الله أرأيت الصدقة ماذا هي ؟ قال : " أضعاف مضاعفة وعند الله المزيد " . رواه أحمد

ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! سىلى قانداق قارايلا؟ قىنى دەپ باقسىلا، سەدىقە ـ ئېھساننىڭ ئەجىر ساۋابى قانداق بولىدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:چەندان ـ چەندان!!نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ، الله نىڭ دەرگاھىدا يانىمۇ زىيادە ئارتۇقى باردۇر دىدى. (ئوندىن 700ھەسسىگىچە، نەچچە مىليۇنغىچە بولىدۇ،)ئەھمەد توپلىغان .

باب أفضل الصدقة — سەدىقىنىڭ ئەۋزەلرەكى توغرىسىدا

1929 - [ 1 ] ( صحيح )عن أبي هريرة وحكيم بن حزام قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير الصدقة ما كان عن ظهر غنى وأبدأ بمن تعول " . رواه البخاري ومسلم عن حكيم وحده

ئەبۇ ھۇرەيرە،ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەدىقىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بايلىقتىن بىھاجەتلىكتىن، ئائىلىسىدىن ئاشقىنىنى قىلىشتۇر، (يەنى ئائىلەڭدىن ئاشقىنىنى سەدىقە قىل) سەدىقە قىلىشنى، نەپىقىسى ساڭا ۋاجىپ بولىدىغان، سەن ئىگە بولىدىغان، ئائىلەڭدىن باشلىغىن. بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. (ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەدىقىنىڭ ياخشىسى سەن باشقىلارغا مۇھتاج بولمىغىدەك باي ھالىتىڭدە قىلغىنىڭدۇر، (يەنى سەدىقىنى قىلىپ، يەنىلا بىھاجەتلىكنى ساقلاپ قال) بەرگۈچى، ئۈستۈن قول، سورىغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر، سەدىقە قىلىشنى سەن ئىگە بولىدىغان، ساڭا مۇھتاج ئائىلەڭدىن باشلىغىن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.)

1930 - [ 2 ] ( متفق عليه )
وعن أبي مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أنفق المسلم نفقة على أهله وهو يحتسبها كانت له صدقة "

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان كىشى ئۆز ئەھلىلىرىگە نەپىقە، خىراجەت قىلسىمۇ، ساۋاب ئۈمىد قىلسىلا، سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

1931 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " دينار أنفقته في سبيل الله ودينار أنفقته في رقبة ودينار تصدقت به على مسكين ودينار أنفقته على أهلك أعظمها أجرا الذي أنفقته على أهلك .رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر دىنارنى ئاللاھ يولىدا خەجلىگەن بولساڭ، بىر دىنارنى قۇل ئازاد قىلىشقا خەجلىسەڭ، بىر دىنارنى مىسكىنگە سەدىقە قىلغان بولساڭ، بىر دىنارنى ئەھلى باللىرىڭغا چىقىم قىلىپ خەجلىگەن بولساڭ، ھەممىدىن ئەجرى، ساۋابى كاتتا، ئۇلۇغراق بولغىنى، ئەھلىڭگە خەجلىگەن دىنىاردۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1932 - [ 4 ] ( صحيح )وعن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفضل دينار ينفقه الرجل دينار ينفقه على عياله ودينار ينفقه على دابته في سبيل الله ودينار ينفقه على أصحابه في سبيل الله " . رواه مسلم

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا خەجلەنگەن ئالتۇن ــ كۈمۈشلەرنىڭ ئەۋزەلرەكى، كىشىنىڭ ئۆز ئەھلى ـ باللىرىغا خەجلەنگەن دىنىاردۇر، ئاللاھ يولىدا

هايۋانلىرىغا خەژلەنگەن دىناردۇر، «يەنى جەڭ، جىهاد، قاتناش قۇراللىرى ئۈچۈن خەژلەنگەن دىناردۇر» ئاللاھ يولىدا بۇرادەر، قېرىنداشلىرىغا خەژلەنگەن نەپىقە، چىقىم قىلغان ئالتۇن ــ كۈمۈشتۇر. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن مال ــ مۈلۈكنى ئاللاھ يولىدا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆز ئەھلىگە بېرىشتىن سىرىت، قېرىنداشلىرىغا شۇنداقلا ئاللاھ يولىدا جىهادقا، ئىلىم مەرىپەت، مائارىپقا چىقىم قىلىش چىقىپ تۇرىدۇ، بۇمۇ جىهادتۇر.

**1933 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أم سلمة قالت : قلت : يا رسول الله ألي أجر أن أنفق على بني أبي سلمة ؟ إنما هم بني فقال : " أنفقي عليهم فلك أجر ما أنفقت عليهم "**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەبۇسەلەمەتنىڭ باللىرىغا نەپىقە قىلسام، ماڭا ئەجىر بۇلامدۇ؟ ئۇلار مىنىڭمۇ باللىرىم تۇرسا دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇلارغا نەپىقە بەرگىن ، ساڭا، ئۇلارغا بەرگەن نەرسىنىڭ ئەجرى بۇلىدۇ، دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**1934 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن زينب امرأة عبد الله بن مسعود قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تصدقن يا معشر النساء ولو من حليكن " قالت فرجعت إلى عبد الله فقلت إنك رجل خفيف ذات اليد وإن رسول الله صلى الله عليه وسلم قد أمرنا بالصدقة فأته فاسأله فإن كان ذلك يجزي عني وإلا صرفتها إلى غيركم قالت فقال لي عبد الله بل ائتيه أنت قالت فانطلقت فإذا امرأة من الأنصار بباب رسول الله صلى الله عليه وسلم حاجتي حاجتها قالت وكان رسول الله صلى الله عليه وسلم قد ألقيت عليه المهابة . فقالت فخرج علينا بلال فقلنا له ائت رسول الله صلى الله عليه وسلم فأخبره أن امرأتين بالباب تسألانك أتجزئ الصدقة عنهما على أزواجهما وعلى أيتام في حجورهما ولا تخبره من نحن . قالت فدخل بلال على رسول الله صلى الله عليه وسلم فسأله فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من هما " . فقال امرأة من الأنصار وزينب فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أي الزيانب " . قال امرأة عبد الله فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لهما أجران أجر القرابة وأجر الصدقة " . واللفظ لمسلم**

ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ ئايالى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئاياللار جامائىتى! سىلەر گەرچە زىنەت بۇيىمىڭلاردىن بولسىمۇ سەدىقە ـ ئېهسان قىلىڭلار دىدى. مەن ئابدۇ**الله** نىڭ قېشىغا كىلىپ: سىز بىر پەقىر كىشى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: ئى ئاياللار جامائىتى! سىلەر گەرچە زىنەت بۇيىمىڭلاردىن بولسىمۇ سەدىقە ـ ئېهسان قىلىڭلار دىدى.سىز بېرىپ سوراپ باققان بولسىڭىز، مىنىڭ سىلەرگە قىلغان سەدىقە ـ ئېهسانلىرىم مەندىن كۇپايە بولسا، مەن شۇنداق قىلاي، ئەگەر كۇپايە بولمىسا، مەن باشقىلارغا بىرەي دىسەم، ئۇماڭا؛ مەن بارمايمەن،بەلكى ئۆزىڭىز بېرىپ سوراڭ دىدى، مەن بارسام، ناگاھان ئەنسارلاردىن بىرئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىك يېنىدا تۇرۇپتۇ، ئىككىمىزنىڭ هاجىتى ئوخشاشلا بىرئىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرلۈك، ھەيبەتلىك بۇلۇپ، بىز سوئال سورالماي تۇرساق، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ چىقىپ قالدى، بىزئۈنىڭغا؛ سەن بېرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇنداق خەۋەر قىلغىن، ئىككى ئايال ئىشىك يېنىدا تۇرىدۇ، ئۇلار سىلىدىن؛ ئەرلىرىگە ، هۇجىرىسىدىكى يىتىم باللىرىغا قىلغان سەدىقە ـ ئېهسانلىرى ئۆزلىرىدى كۇپايە قىلامدۇ؟ دەپ سوراۋاتىدۇ، دىگىن، بىزنىڭ كىملىكىمىزنى دىمىگىن دىدۇق، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ سورسا، رەسۇلۇللاھ:ئۇلار كىم بۇلىدۇ؟دەپتۇ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: ئۇلار ئەساردىن بىرئايال بىلەن زەينەب دىسە، رەسۇلۇللاھ:قايسى زەينەپ ؟ دەپتۇ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ:ئابدۇ**الله** ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ ئايالى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنها دىسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (ھەئە كۇپايە بۇلىدۇ) ئۇلارئۈچۈن يېقىن تۇققانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلغانىنىڭ، سەدىقە قىلغانىنىڭ ئەجردىن ئىبارەت ئىككى ئەجرى بۇلىدۇ دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

1935 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن ميمونة بنت الحارث : أنا أعتقت وليدة في زمان رسول الله صلى الله عليه وسلم فذكرت ذلك لرسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " لو أعطيتها أخوالك كان أعظم لأجرك "

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا بىر دىدەك، چۆرىنى ئازاد قىلىپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ماڭا: ئەگەر ئۇنى بىر تۇغقان قېرىنداشىڭغا بەرگەن بولساڭ، ئەجرىڭ، ساۋابىڭ تېخىمۇ كاتتا، ئۇلۇغ بولاتتى دېگەن. مۇسلىم توپلىغان.

1936 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : يا رسول الله إن لي جارين فإلى أيهما أهدي ؟ قال : " إلى أقر ما منك بابا " . رواه البخاري

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن :ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ ئىككى خوشنام بار، مەن ئۇلارنىڭ قايسىسىغا ھەدىيە قىلىمەن؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ماڭا:سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئۆيىنىڭ ئىشىكى يېقىنراقىغا ھەدىيە قىلىڭ، دېدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

1937 - [ 9 ] ( صحيح )

وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا طبخت مرقة فأكثر ماءها وتعاهد جيرانك " . رواه مسلم

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شورپا قىلساڭ، سۈيىنى كۆپ قىلغىن، ئۇنىڭدىن، خوشناڭغىمۇ ئېلىپ چىقىپ بەرگىن.مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.(جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قازاندا گۆش پىشۇرسا، شورپىسىنى كۆپ قىلىپ، خوشنىسىغىمۇ ئېلىپ چىقىپ بەرسۇن. ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ.)

1938 - [ 10 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )

وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : يا رسول الله أي الصدقة أفضل ؟ قال : " جهد المقل وابدأ بمن تعول " . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، كەمبەغەل، يوقسىز تۇرۇپ، ئاز تۇرۇپ، ئاز بولسىمۇ يەنە سەدىقە قىلغانلىقتۇر.سەدىقىنى سەن ئىگە بولغان، نەفىقىسى ساڭا ۋاجىپ بولىدىغان ئۆزۈڭنىڭ ئائىلىسىدىن باشلىغىن.ئەبۇ داۋۇد،ھاكىم توپلىغان،سەھىھ.

1939 - [ 11 ] ( صحيح )وعن سلمان بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الصدقة على المسكين صدقة وهي على ذي الرحم ثنتان : صدقة وصلة " . رواه أحمد والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي

سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىش بولسا، بىر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، يېقىن تۇغقانغا سەدىقە _ ئېھسان قىلىش بولسا، ھەم سەدىقە ھەم سىلە _ رەھىم قىلغانلىق بولىدۇ، (ئىككى ئەجىر بولىدۇ) ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى،دارىمى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1940 - [ 12 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : عندي دينار فقال : " أنفقه على نفسك " قال : عندي آخر قال : " أنفقه على ولدك " قال : عندي آخر قال : " أنفقه على أهلك " قال : عندي آخر قال : " أنفقه على خادمك " . قال : عندي آخر قال : " أنت أعلم " . رواه أبو داود والنسائي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، بىركىشى كېلىپ:مېنىڭ يېنىمدا سەدىقە قىلىدىغان بىر دىنار ئالتۇن بار دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ؛ ئۇنى ئۆزۈڭگە خەژلە دېدى، ئۇكىشى: يانابىرسى بار

دېگەندە، ئۇنى بالاڭغا نەپىقە قىل دېدى، ئۇ يېنىمدا يەنە بىرسى بار دېگەندە، ئۇنى ئەھلىڭگە خەۋلە دېدى، ئۇ؛يېنىمدا يەنە بىرسىمۇ بولسىچۇ؟دېگەندە، ئۇنى قۇل خادىم ،خىزمەتچىڭگە چىقىم قىل دېدى. ئۇ؛يېنىمدا يەنە بىرسىمۇ بولسىچۇ؟دېگەندە، ئۇنىڭغا سەن ئۆزۈڭ ئالىم دېدى.(يەنە بىر خاتىردە مۇنداق دېگەن: دىنار، يەنى ئالتۇن تۆت تۈرلۈك سەدىقە قىلىنىدۇ، سەن مىسكىنگە بەرگەن دىنار قۇل ئازاد قىلىشقا بەرگەن دىنار، ئاللاھ يولىدا يەنى جىھادقا بەرگەن دىنار ئەھلى بالىلىرىڭغا بەرگەن دىناردۇر، يۇقىرقىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، ئەھلىڭگە بەرگىنىڭدۇر،ئەبۇداۋۇد ،نەسەئى، بۇخارى، ئەدەب دېگەن كىتابىدا توپلىغان، سەھىھ.)

1941 - [ 13 ] ( صحيح )وعن أبن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا أخبركم بخير الناس ؟ رجل ممسك بعنان فرسه في سبيل الله . ألا أخبركم بالذي يتلوه ؟ رجل معتزل في غنيمة له يؤدي حق الله فيها . ألا أخبركم بشر الناس رجل يسأل بالله ولا يعطي به " . رواه الترمذي والنسائي والدارمي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە قىيامەت كۈنى مەنزىل جەھەتتىن ئەڭ ياخشى كىشىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئېتىنىڭ يۈگىنىنى ئاللاھ يولىدا ئۆلۈپ كەتكەنگە ياكى ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولغانغا قەدەر چىڭ تۇتۇپ تۇرغان كىشىدۇر، مەن سىلەرگە ئاشۇ مەنزىلى ياخشى مۇجاھىدقا ئەگىشىدىغان، كەينىدىنلا ماڭىدىغان ياخش كىشىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، تاغقا، غارغا بېرىتوپ قوي بىلەن ئايرىلىپ، (ناماز ئوقۇپ)، زاكات بېرىپ،**الله** نىڭ ھەققىنى ئاداقىلىپ، كىشلەرنىڭ يامانلىقىدىن ئايرىلىۋالغان كىشىدۇر، مەن سىلەرگە كىشلەرنىڭ ئەڭ يامىنىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورالسىمۇ بەرمەيدىغان كىشىدۇر. (مەخسۇس ئىلىم، ئىبادەت بىلەن ئۆتكەن كىشى بولۇپ، بۇ سۆزدىن يول ئىككىلا، بىرى جىھاد قىلىپ شېھىد بولۇش، يەنە بىرى ئىلىم، ئىبادەتتۇر).
ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى،دارىمى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ئى مۇسۇلمانلار! يول شۇنداق رۇشەن، ئوچۇقتۇر، قىلىدىغان ئىش باردۇر، نېمىگە ھەيران ھالدا گاڭگىراپ يۈرىيسىلەر؟ يا جىھاد، شېھىدلىقتۇر، يا ئىلىم، ئىبادەت، زاھىدلىقتۇر، ئۇندىن باشقىسى غۇرۇر، جاھالەت،دىنسىزلىق، پاسىقلىقتۇر.

1942 - [ 14 ] وعن أم بجيد قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ردوا السائل ولو بظلف محرق " . رواه مالك والنسائي وروى الترمذي وأبو داود معناه

ھاۋائ بىنتى سەكەن،ئۇممەبەجىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سائىلنى قوينىڭ ئۈكلەنگەن پاقالچىقىنى بېرىپمۇ بولسا قايتۇرۇڭلار، (قۇرۇق قول قايتۇرماڭلار). ئەھمەد ، نەسەئى، ئىمام مالىك،ئىمام بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

1943 - [ 15 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من استعاذ منكم بالله فأعيذوه ومن سأل بالله فأعطوه ومن دعاكم فأجيبوه ومن صنع إليكم معروفا فكافئوه فإن لم تجدوا ما تكافئوه فادعوا له حتى تروا أن قد كافأتموه " . رواه أحمد وأبو داود والنسائي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سىلەردىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن پاناھلىق سورىسا، ئۇ كىشىگە پاناھلىق بېرىپ قۇتقۇزۇڭلار، كىم سىلەردىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورىسا، ئۇ كىشىگە سورىغىنىنى بېرىڭلار، كىم سىلەرنى چاقىرسا، جاۋاپ قايتۇرۇپ، چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ بېرىڭلار، كىم سىلەرگە ياخشىلىق قىلسا، ئۇنى مۇكاپاتلاپ، جاۋاب قايتۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرغىدەك نەرسە تاپالمىساڭلار، سىلەر ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇپ بولدۇق دەپ قارىغانغا قەدەر ئۇ كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇڭلار. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**1944 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا يسأل بوجه الله إلا الجنة  رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھنىڭ جامالى، ئاللاھ رىزالىقى بىلەن يەنى لىۋەجھى **الله** بىۋەجھى **الله** دەپ جەننەتتىن باشقا نەرسە سورالمايدۇ، پەقەت جەننەت سورالسا بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**1945 - [ 17 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن أنس بن مالك قال : كان أبو طلحة أكثر أنصاري بالمدينة مالا من نخل وكان أحب أمواله إليه بيرحاء وكانت مستقبل المسجد وكان رسول الله صلى الله عليه وسلم يدخلها ويشرب من ماء فيها طيب قال أنس فلما نزلت ( لن تنالوا البر حتى تنفقوا مما تحبون )قام أبو طلحة فقال يا رسول الله إن الله تعالى يقول : ( لن تنالوا البر حتى تنفقوا مما تحبون )وإن أحب مالي إلي بيرحاء وإنها صدقة لله أرجو برها وذخرها عند الله فضعها يا رسول الله حيث أراك الله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بخ بخ ذلك مال رابح وقد سمعت ما قلت وإني أرى أن تجعلها في الأقربين " . فقال أبو طلحة أفعل يا رسول الله فقسمها أبو طلحة في أقاربه وفي بني عمه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەدىنىدىكى ئەنسارلارنىڭ ئىچىدە خورمۇلۇق بېغى ئەڭ كۆپ كىشى ئىدى، ئۇنىڭغا ماللىرىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى بەيرەھائ دىگەن بېغى ئىدى، بۇ باغ مەسجىدنىڭ ئالدىدىلا بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇباغقا كىرىپ، ئۇنىڭ تاتلىق،سوغۇق سۈيىدىن ئىچەتتى، « ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسلەر، (**الله**نىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، **الله** ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر».دىگەن(سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەت)نازىل بولغاندا، ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن **الله** تائالا « ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسلەر، (**الله**نىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، **الله** ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»دەپتۇ،ماڭا مېنىڭ ماللىرىمنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى بەيرەھائ دىگەن بېغىمدۇر، ئۇباغ **الله** رازىلىقى ئۈچۈن سەدىقىدۇر، مەن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ، ئەجر ساۋابىنى ئاخىرەتتە **الله** نىڭ دەرگاھىدىن ئۈمۈت قىلىمەن، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇباغنى سىلى، **الله** تائالا سىلىنى بۇيرۇپ كۆرسەتكەن جايلارغا تەقسىم قىلىپ، بۆلۈپ بەرسىلە دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ياخشى!ياخشى!! ئەنەشۇ مال كۆپ پايدا ـ مەنپەئەت بەرگۈچى مالدۇر، مەن، سەن دىگەن سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، مەن ئۇباغنى يېقىن تۇققانلىرىڭغا تەقسىم قىلىپ، بۆلۈپ بىرىشىڭنى ئەڭ توغرا ئىش دەپ قارايمەن دىدى. ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: يارەسۇلەالله!ئۇنداق بولسا، مەن شۇنداق قىلاي دەپ، ئۇباغنى يېقىن تۇققانلىرىڭغا،تاغىسىنىڭ بالىلىرىغا تەقسىم قىلىپ، بۆلۈپ بەردى. بۇخارى ،مسلم توپلىغان، سەھىھ.

**1946 - [ 18 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفضل الصدقة أن تشبع كبدا جائعا " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ھۆل جىگەر ئىگىسىنى، ئاچ كىشىنى تويغۇزۇشۇڭدۇر. بەيھەقى توپلىغان. تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

## باب صدقة المرأة من مال الزوج - الفصل الأول

## ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ مېلىدىن سەدىقە قىلىشى توغرىسىدا

**1947 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذ أنفقت المرأة من**

**طعام بيتها غير مفسدة كان لها أجرها بما أنفقت ولزوجها أجره بما كسب وللخازن مثل ذلك لا ينقص بعضهم أجر بعض شيئا**

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن مالنى بۇزماستىن سەدىقە، ئېھسان قىلسا، بۇ ئايالغا سەدىقىنىڭ ساۋابى، ئېرىگە كەسىپ قىلغانلىنىڭ ساۋابى، مالنى ساقلىغۇچى خەزىنىچىگە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب باردۇر، زادى كاملىماستىن، ھەممىسى ئوخشاش بەرابەر ئەجىر ئالىدۇ بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى ، سەھىھ.

**1948 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أنفقت المرأة من كسب زوجها من غير أمره فلها نصف أجره "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدىكى مالدىن ئېرىنىڭ بۇيرۇقىسىز، نەفىقە ئېھسان قىلسا، ئېرىنىڭ ئەجرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ، (ئېرى رازى بولغىدەك بولسا، گۇناھكار ئەسلا بولمايدۇ). بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1949 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الخازن المسلم الأمين الذي يعطي ما أمر به كاملا موفرا طيبة به نفسه فيدفعه إلى الذي أمر له به أحد المتصدقين "**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باشقىلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىشكە بۇيرىغان نەرسىنى چىن قەلبىدىن رازى بولۇپ، تولۇق، كامىل بېرىدىغان، بېرىشتىمۇ شۇ نەرسە بېرىلىشكە بۇيرۇلغان كىشىگە بېرىدىغان، كىمگە بەر دېسە، شۇ كىشىگە بېرىدىغان، ئىشەنچىلىك مۇسۇلمان خەزىنىچى، ئامبارچى، ئىككى سەدىقە قىلغۇچىنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ، (يەنى خوجايىنغا ئوخشاش، ئەجىر، ساۋاب ئالىدۇ، چۈنكى،ئۇمۇ سەدىقە قىلغۇچى ئىككى كىشىنىڭ بىرىدۇر)، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1950 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : إن رجلا قال للنبي صلى الله عليه وسلم : إن أمي افتلتت نفسها وأظنها لو تكلمت تصدقت فهل لها أجر إن تصدقت عنها ؟ قال : نعم "**

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ھەققەتەن مېنىڭ ئانام تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتتى،

**1951 - [ 5 ] الفصل الثاني عن أبي أمامة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في خطبته عام حجة الوداع : " لا تنفق امرأة شيئا من بيت زوجها إلا بإذن زوجها " . قيل : يا رسول الله ولا الطعام ؟ قال : " ذلك أفضل أموالنا " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئەمرۇ، كەئبى،ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججە تۇلۇق سادىكى خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: ئاياڵ كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن بىرەر نەرسىنى(ئۆز مېلىنىمۇ) باشقىلارغا سوۋغا ــ سالام، ئېھسان قىلىپ بېرىۋېتىشى دۇرۇس ئەمەس، لېكىن، (شۇ مالغا ئېرى ئىگە بولالىسا)، ئېرىنىڭ ئىزنى، رۇخسىتى بىلەن بەرسە بولىدۇ. تائامنىمۇ شۇنداقمۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:تائام دېگەن ماللىرىمىزنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تۇرسا دېدى. (ئېرى ئىگە بولالمىسا، قانۇن بويىچە شەرىئەتتىن چىقىپ كەتمەي بەرسە بولىدۇ). ئەھمەد، نەسەئى،تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1952 - [ 6 ] ( لم تتم دراسته )وعن سعد قال : لما بايع رسول الله صلى الله عليه وسلم النساء قامت امرأة جليلة كأنا من نساء مضر فقالت : يا نبي الله إنا كل على آبائنا وأبنائنا وأزواجنا فما يحل لنا من أموالهم ؟ قال : الرطب تأكلنه و دينه . رواه أبو داود**

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئاياللار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان چاغدا، كىلىشكەن گۈزەل بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ: ـ گۇياكى ئۇ مۇزەر قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرىدىنەدەك قىلاتتى ـ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!ھەقىقەتەن بىز دادىلىرىمىزغا، باللىرىمىزغا، ئەرلىرىمىزگە تاپشۇرۇلدۇق، بىزنىڭ يۈكىمىز شۇلارغا يۈكلەندى، ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن بىزگە نىمە ھالال بولىدۇ؟ دەپ سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (مىۋە ـ چىۋە، سۈتتەك )ھۆل نەرسىلەرنى سىلەر يەيسىلەر ھەم ھەدىي قىلالايسىلەر دىدى.
ئەبۇداۋۇدتوپلىغان.

1953 - [ 7 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن عمير مولى آبي اللحم قال : أمرني مولاي أن أقدد لحما فجاءني مسكين فأطعمته منه فعلم بذلك مولاي فضربني فأتيت رسول الله صلى الله عليه وسلم فذكرت ذلك له فدعاه فقال : " لم ضربته ؟ " فقال يعطي طعامي بغير أن آمره فقال : " الأجر بينكما " . وفي رواية قال : كنت مملوكا فسألت رسول الله صلى الله عليه وسلم : أأتصدق من مال موالي بشيء ؟ قال : " نعم والأجر بينكما نصفان " . رواه مسلم

ئابىللەھمىنىڭ ئازادكەردە قۇلى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مىنى خوجايىنىم گۆشنى يىرىپ، تىلىپ قۇرۇتۇشۇمغا بۇيرىدى، مەن شۇ ئىشنى قىلىۋاتسام ، ماڭا بىر مىسكىن كىلىپ گۆشتىن سورىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا بەردىم، خوجايىنىم ئۇنى ئۇقۇپ قېلىپ مىنى ئۇردى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ، بولغان ئىشلارنى خەۋەرقىلدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چاقىرتىپ: ئۇمەيرنى نىمىشقا ئۇردۇڭ؟ دىدى، ئۇ: بۇ مىنىڭ تائامىمنى مىنىڭ بۇيرۇقۇمسىزلا باشقىلارغا بىرىۋېتىدۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەشۇ سەدىقىنىڭ ئەجرى ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا تەڭدۇر، ھەرئىككىڭلارغا تەڭ بولىدۇ دىدى، يەنەبىرخاتىردە: خوجايىنىمنىڭ مىلىدىن سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟ دىسەم، بولىدۇ، ئەشۇ سەدىقىنىڭ ئەجرى ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا تەڭ،يېرىمدىن بىرىلىدۇ، دىدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

## باب من لا يعود في الصدقة

## قىلغان سەدىقە _ ئېھسانلىرىدىن قايتىۋالماسلىق توغرىسىدا

1954 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : حملت على فرس في سبيل الله فأضاعه الذي كان عنده فأردت أن أشتريه وظننت أنه يبيعه برخص فسألت النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " لا تشتره ولا تعد في صدقتك وإن أعطاكه بدرهم فإن العائد في صدقته كالكلب يعود في قيئه " . وفي رواية : " لا تعد في صدقتك فإن العائد في صدقته كالعائد في قيئه "

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بىر ئاتنى الله يولىدا ھەدىي قىلىپ بەرسەم، ئۇ ئاتنى باققان كىشى ياخشى باقالماي ئاتنى زايا قىلىۋەتتى، مەن ئۇ ئاتنى ئەرزان ساتىدىغۇ دەپ گۇمان قىلىپ، مەن سەدىقە قىلغان ئاتنى يەنە ئۆزۈم سېتىۋالماقچى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورسام، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ئۇنى سېتىۋالما، قىلغان سەدىقەڭگە قايتما، گەرچە ئۇ ساڭا بىر دەرھەمگە ساتسىمۇ سېتىۋالما، چۈنكى، قىلغان سەدىقە _ ئېھسانغا قايتقۇچى، خۇددى ئۆزىنىڭ قۇسقان قۇسقىغا قايتىپ، قۇسۇقىنى يىگۇچى ئىتقا ئوخشايدۇ.
يەنەبىرخاتىردە، قىلغان سەدىقەڭگە قايتما، چۈنكى، قىلغان سەدىقە _ ئېھسانغا قايتقۇچى، خۇددى ئۆزىنىڭ قۇسقان قۇسقىغا قايتىپ،ئۆز قۇسۇقىنى يىگۇچىگە ئوخشايدۇ،دىدى. (يەنى بۇ ھارام). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

1955 - [ 2 ] ( صحيح )وعن بريدة قال : كنت جالسا عند النبي صلى الله عليه وسلم إذ أتته امرأة فقالت يا رسول الله إني كنت تصدقت على أمي بجارية وإنا ماتت قال : " وجب أجرك وردها عليك الميراث " . قالت يا رسول الله إنه كان عليها صوم

شهر أفأصوم عنها قال : " صومي عنها " . قالت يا رسول الله إنا لم تحج قط أفأحج عنها قال : " نعم حجي عنها " . رواه مسلم

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرسام، تۇيۇقسىز بىر ئايال كىلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن ئانامغا بىر چۆرە قۇلنى خادىملىققا سەدىقە قىلىپ بەرگەن ئىدىم، ئاندىن ئانام ئۆلۈپ كەتتى دەپ، بۇ خادىم توغرىسىدا سۇئال سورىغاندا مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ساڭا ئەجىر، ساۋاب بېرىپتۇ، (يەنى قۇلنى ئاناڭغا بەرگىنىڭگە ئەجىر ساۋاب ئاپسەن) ئاندىن، ئاللاھ ئۇ خادىمنى ساڭا مىيراس سۈپىتىدە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ دىدى، (خادىم ئۇنىڭغا، يەنە مىراس قالغان) ئۇئايال: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئانامنىڭ ئۈستىدە بىر ئايلىق رۇزا تۇتۇش قەرزى بارئىدى، ئانام ھەققىدىن مەن رۇزا تۇتۇپ قويسام بۇلامدۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:بۇلىدۇ، رۇزا تۇتۇپ قوي دىدى. ئۇئايال: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئانام ھەج قىلالمىغان ئىدى، ئانام ھەققىدىن مەن ھەج قىلىپ قويسام بۇلامدۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەئەبۇلىدۇ،ئاناڭ ھەققىدىن ھەج قىلىپ قويغىن دىدى. ئەھمەد ، مۇسلىم، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.(ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ، مەن ئانامغا بىغىمنى بەرگەن ئىدىم، ئانام ئۆلۈپ كەتتى، مەندىن باشقا ۋارىس يوق دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەدىقەڭنىڭ، ئېھسانىڭنىڭ ئەجرى مۇقىم بولۇپتۇ، سەن ئەجرگە ھەقلىق بولۇپسەن، بېغىڭ يەنە ساڭا قايتىپ كەپتۇ دىگەن. ئىبنى ماجە 2381 _ ھەدىس، ئەھمەد 6443 _ ھەدىس، سەھىھ.)

## كتاب الصوم روزا تۇتۇشنىڭ كىتابى

1956 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دخل شهر رمضان فتحت أبواب السماء " . وفي رواية : " فتحت أبواب الجنة وغلقت أبواب جهنم وسلسلت الشياطين . وفي رواية : فتحت أبواب الرحمة "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رامىزان ئېيى كىرگەندە،ئاسمان ئىشىكلىرى، جەننەت ئىشىكلىرى،رەھمەت ئىشىككلىرى ئېچىلىپ، دەۋزەخ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلارغا تاقاق، زەنجىر _ كىشەن سېلىنىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ، (كىشلەر يەنىلا ئادىتى،نەپسى، كۆنۈپ كېتىشى بىلەن گۇناھ قىلىۋېرىدۇ ياكى ئۇ ئىنسى شەيتاندۇر.

1957 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن سهل بن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " في الجنة ثمانية أبواب منها : باب يسمى الريان لا يدخله إلا الصائمون "

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتتە سەككىز ئىشىك بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى رەييان دىگەن ئىشىكتۇر، بۇ ئىشىكدىن پەقەت روزا تۇتقۇچىلارلا كىرەلەيدۇ، بۇخارى،مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ، مەڭگۇ ئۇسسىماي، مەيگە قانغاچقا، ئۇ ئىشىك رەييان دىيىلگەن. سەھلى ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتتە رەييان دەپ چاقىرىلىدىغان بىر ئىشىك بار بولۇپ، بۇ ئىشىككە مەخسۇس روزا تۇتقۇچىلارلا چاقىرىلىدۇ، كىم روزا تۇتقۇچىلاردىن بولالىسا، بۇ ئىشىكدىن جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ ئىشىكدىن كىرگەن كىشى مەڭگۇ ئۇسسىمايدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن رەييانىدۇر) تىرمىزى، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.

1958 - [ 3 ] ( متفق عليه )

وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صام رمضان إيمانا واحتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه . ومن قام رمضان إيمانا واحتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه . ومن قام ليلة القدر إيمانا واحتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىمان

| |
|---|
| كەلتۈرۈپ، ساۋاب ئۈمىدقىلىپ، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. كىم ، ئىمان كەلتۈرۈپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئەجرگە ئىشىنىپ رامىزان ئېيىدا قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. كىم ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئەجرگە ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرۈپ قەدىر كېچىسى قىيامدا تۇرسا، ئۇ كىشىگە بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. |
| **1959 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل عمل ابن آدم يضاعف الحسنة بعشر أمثالها إلى سبعمائة ضعف قال الله تعالى : إلا الصوم فإنه لي وأنا أجزي به يدع شهوته وطعامه من أجلي للصائم فرحتان : فرحة عند فطره وفرحة عند لقاء ربه ولخلوف فم الصائم أطيب عند الله من ريح المسك والصيام جنة وإذا كان يوم صوم أحدكم فلا يرفث ولا يصخب وفإن سابه أحد أو قاتله فليقل إني امرؤ صائم "**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىنىڭ ھەربىر ياخشى ئەمەللىرىگە، شۇئەمەلىنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە، 700 ھەسسە، ھەتتا، ئاللاھ خالىغان ھەسسىگە كۆپىيىپ ئەجر بېرىلىدۇ، ئاللاھ، ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دەيدۇ: لېكىن، روزا ئۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، ھەقىقەتەن روزا بولسا، مەن ئۈچۈنلا رىياسىز ئىبادەتتۇر، ئۇنىڭ ھەسسىلەپ بېرىلىدىغان مۇكاپاتىنى ئۆزۈملا بېرىمەن، بەندە شەھۋەت، ھېسسىياتىنى، يېمەك ــ ئىچمەكلىرىنى مېنىڭ جەھىتىمدىنلا تەرىك ئېتىدۇ. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق باردۇر، بىرى ئىپتار قىلغاندا، يەنە بىرى رەببىگە ئۇچراشقاندىكى خۇشاللىقتۇر، ئەلۋەتتە، روزىدارنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى، ئاللاھنىڭ نەزلىدە مىسكىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر. روزا (گۇناھتىن،دەزەختىن)قالقاندۇر، بىرىڭلارنىڭ روزا تۇتقان كۈنى بولۇپ قالسا، پاھىشە، بەزەپ سۆز قىلمىسۇن، ۋارقىرىمىسۇن، باشقىلارنى تىللىمىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن، ئەگەر بىرسى ئۇنىڭ بىلەن تىللاشسا، ئۇرۇشسا، ھەقىقەتەن مەن روزىدار كىشى دېسۇن. ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| **1960 - [ 5 ] الفصل الثاني ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كان أول ليلة من شهر رمضان صفدت الشياطين ومردة الجن وغلقت أبواب النار فلم يفتح منها باب وفتحت أبواب الجنة فلم يغلق منها باب وينادي مناد : يا باغي الخير أقبل ويا باغي الشر أقصر ن ولله عتقاء من النار وذلك كل ليلة . رواه الترمذي وابن ماجه**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ئېيىنىڭ تۈنجى كېچىسىلا، شەيتانلار، جىنلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىرى تاقاق سېلىنىپ باغلىنىدۇ، دوۋزاخنىڭ ئىشىكلىرىگە قۇلۇپ سېلىنىپ، بىرسىمۇ ئېچىلمايدۇ، جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، بىرسىمۇ يېپىلمايدۇ، قۇلۇپ سېلىنمايدۇ، ھەر كېچىسى جاكارچى مۇنداق توۋلايدۇ؛ ئى ياخشىلىقنى تەلەپ قىلغۇچى، ئالدىڭنى قىل، ئى يامانلىقنى تەلەپ قىلغۇچى، بولدى قىل دەيدۇ، ئاللاھ دوۋزاخدىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازاد قىلىدۇ، بۇ ئىش ھەر كېچىسى بولىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. |
| **1961 - [ 6 ] ( صحيح )ورواه أحمد عن رجل وقال الترمذي هذا حديث غريب** |
| **1962 - [ 7 ] الفصل الثالث عن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتاكم رمضان شهر مبارك فرض الله عليكم صيامه تفتح فيه أبواب السماء وتغلق فيه أبواب الجحيم وتغل فيه مردة الشياطين لله فيه ليلة خير من ألف شهر من حرم خيرها فقد حرم " . رواه أحمد والنسائي**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە مۇبارەك ئاي، رامىزان ئېيى يېتىپ كەلدى، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئايدا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى، بۇ ئايدا جەننەتنىڭ |

ئىشكىلىرى ئېچىلىپ، دوۋزاخ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ. جىن ــ شەيتانلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىرىنىڭ پۇت ــ قول، بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنىدۇ، بۇ ئايدا بىر كېچە بولۇپ، 1000 ئايدىن ياخشىدۇر، ئۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىدىن مەھرۇم قالغان كىشى ھەممىدىن مەھرۇم قالىدۇ، نەسەئى، ئەھمەد، بەيھەقى خاتىرلىگەن، سەھىھ.

**1963 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الصيام والقرآن يشفعان للعبد يقول الصيام : أي رب إني منعته الطعام والشهوات بالنهار فشفعني فيه ويقول القرآن : منعته النوم بالليل فشفعني فيه فيشفعان " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: روزا بىلەن قۇرئان قىيامەت كۈنى بەندە ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ، روزا مۇنداق دەيدۇ؛ ئى رەببىم، ھەقىقەتەن مەن ئۇنىڭدىن تائاملىرىنى، شارابلىرىنى چەكلەپ، توسۇپ قويدۇم، مېنى بۇ بەندە توغرىسىدا شاپائەتچى قىلساڭ، قۇرئان مۇنداق دەيدۇ؛ئى رەببىم، مەن بۇ بەندىنى كېچىلىرى ئۇيقىسىدىن توسۇپ قويدۇم، يەنى كېچىلىرى مەن بىلەن ناماز ئوقۇپ، قىيامدا تۇردى، مېنى بۇبەندە توغرىسىدا شاپائەتچى قىلىپ شاپائەت ھوقۇقىنى بەرسەڭ دەپ، بۇ ئىككىسى بەندە ئۈچۈن شاپائەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئەھمەد، تەبراى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**1964 - [ 9 ] ( حسن )وعن أنس بن مالك قال : دخل رمضان فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن هذا الشهر قد حضركم وفيه ليلة خير من ألف شهر من حرمها فقد حرم الخير كله ولا يحرم خيرها إلا كل محروم " . رواه ابن ماجه**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بۇ ئاي، يەنى رامىزان سىلەرگە كېلىپ قالدى، بۇ ئايدىكى بىر كېچە، يەنى قەدىر كېچىسى 1000 ئايدىن ياخشىدۇر، بۇ كېچىدىن مەھرۇم قالغان كىشى بارلىق ياخشىلىقدىن مەھرۇم قالىدۇ، بۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىدىن، پەقەت مەھرۇم قالىدىغان كىشىلەرلا مەھرۇم قالىدۇ، باشقىلار مەھرۇم قالمايدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**1965 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن سلمان قال : خطبنا رسول الله صلى الله عليه وسلم في آخر يوم من شعبان فقال : " يا أيها الناس قد أظلكم شهر عظيم مبارك شهر فيه ليلة خير من ألف شهر جعل الله تعالى صيامه فريضة وقيام ليله تطوعا من تقرب فيه بخصلة من الخير كان كمن أدى فريضة فيما سواه ومن أدى فريضة فيه كان كمن أدى سبعين فريضة فيما سواه وهو شهر الصبر والصبر ثوابه الجنة وشهر المواساة وشهر يزداد فيه رزق المؤمن من فطر فيه صائما كان له مغفرة لذنوبه وعتق رقبته من النار وكان له مثل أجره من غير أن ينقص من أجره شيء " قلنا : يا رسول الله ليس كلنا يجد ما نفطر به الصائم . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يعطي الله هذا الثواب من فطر صائما على مذقة لبن أو تمرة أو شربة من ماء ومن أشبع صائما سقاه الله من حوضي شربة لا يظمأ حتى يدخل الجنة وهو شهر أوله رحمة وأوسطه مغفرة وآخره عتق من النار ومن خفف عن مملوكه فيه غفر الله له وأعتقه من النار " . رواه البيهقي**

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە شەئبانىنىڭ ئاخىرقى كۈنى، خۇتبە سۆزلەپ، مۇنداق دىگەن: ئى خالايىقلار، ئى ئىنسانلار، سىلەرگە مۇبارەك، ئۇلۇغ ئاي يېتىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئايدىكى بىر كېچە 1000 ئايدىن ياخشىدۇر، ئاللاھ بۇ ئايدا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى، كېچىسى قىيامدا تۇرۇشنى، نەپلە قىلدى، كىم بۇ ئايدا ياخشىلىق خىسلەتلىرى بىلەن ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدىسە، ئۇ خۇددى بۇ ئايدىن باشقا كۈنلەردىكى پەرزنى ئادا قىلغاندەك بولىدۇ.يەنى بۇ ئايدىكى نەپلە ئىبادەتلەر باشقا ئايدىكى پەرزگە تەڭ بولىدۇ. كىم بۇ ئايدا بىر پەرزنى ئادا قىلسا، ئۇ خۇددى بۇ ئايدىن باشقا كۈندىكى 70 پەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ، بۇ سەۋرنىڭ ئېيىدۇر، سەۋرىنىڭ ساۋابى جەننەتتۇر، بۇ يۇقىرقىدەك ئاز ئىبادەت، كۆپكە، نەپلە پەرزگە تەڭ بولىدىغان ئايدۇر، مۆئمىننىڭ رىزقى كەڭرى بولىدىغان ئايدۇر. كىم بۇ ئايدا بىرەر روزا تۇتقۇچىنى

ئىپتارلاتسا، بۇ ئىشى بارلىق گۇناھلىرىغا مەغپىرەت بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنى دوۋزاخدىن ئازات قىلغان بولىدۇ، روزا تۇتقۇچىغا ئوخشاشلا ھېچنېمە كاملىماستىن، ئەجرى، ساۋابى ئوخشاش بولىدۇ. بىز، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممىمىز روزا تۇتقۇچىنى ئىپتارلاتقىدەك نەرسە تاپالمىمىز دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ساۋابلارنى روزا تۇتقۇچىنى بىر ئوتلام سۈت ياكى سۇ ياكى بىر تال خورما بىلەن ئىپتارلاتقان كىشىگە بېرىۋېرىدۇ، ئەگەر ئۇ روزا تۇتقۇچىنى توغۇزسا، ئاللاھ ئۇنى مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىمدىن سۇغۇرىدۇ، ئۇ جەننەتكە كىرگەنگە قەدەر ھەرگىز ئۇسسىمايدۇ، بۇ ئاينىڭ باش تەرىپى رەھمەت، ئوتتۇرىسى مەغپىرەت، ئاخىر بولسا دوۋزاخدىن ئازاد قىلىشتۇر، كىم بۇ ئايدا قۇل خادىملىرىدىن يەڭگىللەتسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنى مەغپىرەت قىلىپ، دوۋزادىن ئازات قىلىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**1966 - [ 11 ] ( ضعيف جدا )وعن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا دخل شهر رمضان أطلق كل أسير وأعطى كل سائل . رواه البيهقي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيى كىرسە بارلىق ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرەتتى، سورىغانلىكى سائىللارغا نەرسە بىرەتتى، بەيھەقى توپلىغان زەئىپتۇر،

**1967 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن الجنة تزخرف لرمضان من رأس الحول إلى حول قابل " . قال : " فإذا كان أول يوم من رمضان هبت ريح تحت العرش من ورق الجنة على الحور العين فيقلن : يا رب اجعل لنا من عبادك أزواجا تقر م أعيننا وتقر أعينهم بنا " . روى البيهقي الأحاديث الثلاثة في شعب الإيمان**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن جەننەت، بۇ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ كېلەر يىلغىچە رامىزان ئۈچۈن زىننەتلىنىدۇ، رامىزاننىڭ تۇنجى كۈنى بولغاندا، ئەرشنىڭ تەھتىدىن جەننەت قۇلاقلىرىدىن، ھۆرلىئەيندىن ئىبارەت شەھلا كۆزلۈك جەننەت ئاياللىرىغا خۇشپۇراق شامال چىقىدۇ، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىمىز!بىزلەرگە بەندىلىرىدىن مەڭگۈلۈق جۈرە ئەرلەرنى قىلىپ بەرسىلە، بىزنىڭ كۆزىمىز ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزى بىزلەر بىلەن قارارئېلىپ خاتىرجەم بولسۇن، ھەممىمىزنىڭ قەلبى بەختلىك ئارام تاپسۇن. بەيھەقى توپلىغان ، تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان.

**1968 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال : " يغفر لأمته في آخر ليلة في رمضان " . قيل : يا رسول الله أهي ليلة القدر ؟ قال : " لا ولكن العامل إنما يوفى أجره إذا قضى عمله . رواه أحمد**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رامىزاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى مىنىڭ بارلىق ئۇممىتىم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇ قەدىر كېچىسىمۇ؟ دىيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ياق ، قەدىر كېچىسى ئەمەس، لىكىن ئىشچى-خىزمەتچى ئۆز ئەملىنى تولۇق تۈگەتكەندە، ئۇنىڭ ئەجرى،ئىش ھەققى تولۇق بىرىلىدۇ،دىدى.ئەھمەد توپلىغان.

يېڭى ئاينى كۆرۈش توغرىسىدا      **باب رؤية الهلال**

**1969 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تصوموا حتى تروا الهلال ولا تفطروا حتى تروه فإن غم عليكم فاقدروا له " . وفي رواية قال : " الشهر تسع وعشرون ليلة فلا تصوموا حتى تروه فإن غم عليكم فأكملوا العدة ثلاثين "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يېڭى ئاينى كۆرمىگىچە روزا تۇتماڭلار، يەنىلا ئاخىرىدا يېڭى ئاينى كۆرمىگىچە يېمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولسا،

ئاينى بۇلۇت توسسا، مۆلچەرلەڭلار. ئاي دىگەن 29 كۈنمۇ بولىدۇ، يېڭى ئاينى كۆرمىگىچە روزا تۇتماڭلار، يەنە ئاخىرىدا يېڭى ئاينى كۆرمىگىچە يىمەڭلار، ھېيت نامىزىنى ئوقۇماڭلار، (ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، سانىنى 30 قىلىپ 30 كۈننى كامىل قىلىڭلار، يەنى 30 كۈن روزا تۇتۇپ، ئاندىن ناماز ئوقۇڭلار) بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.( ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رامىزاندىن بۇرۇن روزا تۇتىۋالماڭلار، ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاينى كۆرۈپ يەڭلار، ھېيت ناماز ئوقۇڭلار، ئەگەر ئاينى بۇلۇت، ھاۋا تۇتۇقلۇقى توسسا، 30 كۈننى كامىل قىلىڭلار. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاي دىگەن 29 كۈنمۇ بولىدۇ، 30 كۈنمۇ بولىدۇ، رامىزاندا يېڭى ئاينى كۆرسەڭلار، روزا تۇتۇڭلار، ئاخىرىدا يېڭى ئاينى كۆرۈپ، ھېيت نامىزى ئوقۇڭلار، يەڭلار، ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، سانىنى كامىل تولۇقلاڭلار، يەنى شەئبانىنى، رامىزاننى ساناپ، تولۇق ھېسابلاڭلار، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.)

**1970 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صوموا لرؤيته وأفطروا لرؤيته فإن غم عليكم فأكملوا عدة شعبان ثلاثين "**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئاباس، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، يېڭى ئاينى كۆرۈپ ھېيت نامىزى ئوقۇپ يەڭلار، ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، شەئبانىنىڭ 30 كۈننى تولۇق قىلىڭلار، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ساھابىلاردىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يېڭى ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ئاينى كۆرۈپ يەڭلار، ھەج ئىبادەتلىرىنىمۇ ئاينى كۆرۈپ قىلىڭلار، سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، 30 كۈننى تولۇق قىلىڭلار، ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان كىشى ئاينى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، شۇ گۇۋاھلىق بويىچە روزا تۇتساڭلار، بۇزساڭلار بولىدۇ، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يېڭى ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاخىرىدا يەنە يېڭى ئاينى كۆرۈپ ھېيت نامىزى ئوقۇڭلار، يەڭلار، ئەگەر سىلەردىن ئاينى بۇلۇت توسىۋالسا، شەئبانىنىڭ سانىنى تولۇق قىلىڭلار، (يەنى 30 كۈن) رامىزان ئېيىدىن بۇرۇن روزا تۇتۇش بىلەن بۇ ئاينى كۈتىۋالماڭلار، رامىزان ئېيىغا شەئباندىن بىرەر كۈن روزىنى ئۇلاپ تۇتماڭلار، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، روزىنىڭ، ھېيتنىڭ، ھەجنىڭ ۋاقىتلىرى ئاي كۆرۈش بىلەن بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلگەن.

**1971 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنا أمة أمية لا نكتب ولا نحسب الشهر هكذا وهكذا وهكذا " . وعقد الإ ام في الثالثة . ثم قال : " الشهر هكذا وهكذا وهكذا " . يعني تمام الثلاثين يعني مرة تسعا وعشرين ومرة ثلاثين "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بىز ئەرەبلەر تۈرۈك، ساۋاتسىز ئۈممەت، بىز خەت يازالمايمىز، ھىساب _ كىتاب قىلالمايمىز،ئاي دىگەن مۇنداق،مۇنداق، مۇداق بۇلىدۇ دەپ ئۈچۈنجى قېتىم باش بارامىقىنى يۇمدى، يەنى 29كۈنمۇ بۇلىدۇ، ئاي دىگەن مۇنداق،مۇنداق، مۇداق بۇلىدۇ دەپ بۇ قېتىم كامىل قىلدى يەنى 30كۈن بۇلىدۇ دىدى. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان مەڭگۈ مۆجىزە، چۈنكى ئۇ، ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

**1972 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي بكرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :شهرا عيد لا ينقصان : رمضان وذو الحجة**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى ئاي ھەرگىز

كاملمايدۇ، بىرسى رامىزان ئىيى بىلەن ھەج ئېيىدىن ئىبارەت ئىككى ھېيتنىڭ ئىككى ئېيىدۇر، (يەنى ئەجىر ساۋابى كاملمايدۇ)، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، سەھىھ ئالتە كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**1973 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يتقدمن أحدكم رمضان بصوم يوم أو يومين إلا أن يكون رجل كان يصوم صوما فليصم ذلك اليوم "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رامىزان ئېيىدىن بىر ـــ ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتماڭلار، بىر ـــ ئىككى كۈن روزا تۇتۇش بىلەن بۇ ئايغا ئىلگىرلىۋالماڭلار، لېكىن، بىرىڭلارنىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتقان روزىسىغا مۇۋاپىق كېلىپ قالسا تۇتىۋەرسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم،بۇخارى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**1974 - [ 6 ] الفصل الثاني ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا انتصف شعبان فلا تصوموا " . رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه والدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شەئبان ئېيى تەڭ بولغاندا، رەمىزان ئېيى كىرمىگۈچە، روزا تۇتماڭلار. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ، ئەلبانىينىڭ 3 ـ 4 دىگەن سان قويۇشى، سەھىھ تۆت، ئۈچ كىتابنى كۆرسىتىدۇ.

**1975 - [ 7 ] وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أحصوا هلال شعبان لرمضان " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رەمىزان ئېيىنى بىلىش ئۈچۈن، شەئباننىڭ ئېيىنى ھېسابلىغاچ تۇرۇڭلار. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رامىزان ئىيىنى بىلىش ئۈچۈن، شەئباننىڭ ئېيىنى ھېسابلاڭلار، رامىزان روزىسىغا باشقا روزىنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇتماڭلار، لېكىن، بىرەرسىڭلارنىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتقان روزىسى مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاينى كۆرۈپ يەڭلار، يەنى روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇڭلار، ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ ئاينى كۆرەلمىسەڭلار، سانىنى 30 كۈن تولۇق قىلىڭلار، سىلەرگە سان تۇتۇق بولمايدۇ. يەنى شەئبان ئېيىنى، رامىزان ئېيىنى ساناڭلار، دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرقى بىر سۆز، ئاينى كۆرۈپ ياكى كۆرۈش جەھەتتىن دىگەن مەنىدە بولۇپ، كىشىلەر دائىم ئىلگىر ـــ ئاخىر، ئىگىز ـــ پەس تۇتۇپ، ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ، ھەدىسنىڭ كېيىنكى مەنىسىدە يەنى ئاي، ھاۋا تۇتۇق بولۇپ كۆرۈنمىسە دىگەن مەنىسى، ئاينى كۆرۈپ تۇتۇش، كۆرۈپ يېيىش، ناماز ئوقۇشنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ، ئىككىلەنمەستىن قورقماي، ئاينى ئۆلچەم، مىزان قىلىڭلار، مەككە ـــ مەدىنىگە بويسۇنىڭلار!.

**1976 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )وعن أم سلمة قالت : ما رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يصوم شهرين متتابعين إلا شعبان ورمضان . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەينى ـ كەينىدىن ئۈزۈلدۈرمەي، تولۇق ئىككى ئاي رۇزا تۇتقىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم، لىكىن شەئبان ئېيى بىلەن رامزاندا شۇنداق رۇزا تۇتاتتى. نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان.

**1977 - [ 9 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمار بن ياسر رضي الله عنهما قال : " من صام اليوم الذي يشك فيه فقد عصى أبا القاسم صلى الله عليه وسلم " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي**

ئەممارئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ كىم شەك كۈنى رۇزا تۇتسا، جەزمەن ئۇكىشى ئەبۇلقاسىم

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاسىيلىق قىلغان بۇلىدۇ.نەسەئى،تىرمىزى،ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان

1978 - [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : " جاء أعرابي إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : إني رأيت الهلال يعني هلال رمضان فقال : " أتشهد أن لا إله إلا الله ؟ " قال : نعم قال : " أتشهد أن محمدا رسول الله ؟ " قال : نعم . قال : " يا بلال أذن في الناس أن يصوموا غدا " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئەئرابىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:ھەقىقەتەن مەن رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆردۇم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: سەن «**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد **الله** نىڭ ئەلچىسى»دەپ گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ دېدى، ئۇكىشى: ھەئەگۇۋاھلىق بېرىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئى بىلال!كىشىلەرگە ئىلان قىلغىن، ئۇلار ئەتە روزا تۇتسۇن دېدى. نەسەئى،تىرمىزى،ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان.تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

1979 - [ 11 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر قال : تراءى الناس الهلال فأخبرت رسول الله صلى الله عليه وسلم أني رأيته فصام وأمر الناس بصيامه . رواه أبو داود والدارمي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر يېڭى ئاينى كۆرۈشۈمەكچى بولغاندا، (يېڭى ئاينى كۆرۈپ بىرسى بىرسىگە خەۋەر بەرمەكچى بولغاندا)مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرگەنلىكىمنى خەۋەر قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتتى، كىشىلەرنىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى. ئەبۇ داۋۇد، دارىمى توپلىغان.

1980 - [ 12 ] الفصل الثالث ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يتحفظ من شعبان مالا يتحفظ من غيره . ثم يصوم لرؤية رمضان فإن غم عليه عد ثلاثين يوما ثم صام . رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەئبان ئېيىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ ، (ئايغا قاتتىق دىققەت قىلاتتى)ئۇنىڭدىن باشقا ئايغا ئۇنداق قىلىپ كەتمەيتتى، (چۈنكى روزا، ھەج،ھېيتلەرگە پەقەت شەئباننىڭ ئېيىلا مۇناسىۋەتلىكتۇر)ئاندىن رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرۈپ روزا تۇتاتتى، ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق تۇتۇق بولسا، 30كۈننى سانىۋېتىپ ئاندىن روزا تۇتاتتى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

1981 - [ 13 ] ( صحيح )وعن أبي البختري قال : خرجنا للعمرة فلما نزلنا ببطن نخلة تراءينا الهلال . فقال بعض القوم : هو ابن ثلاث . وقال بعض القوم : هو ابن ليلتين فلقينا ابن عباس فقلنا : إنا رأينا الهلال فقال بعض القوم : هو ابن ثلاث وقال بعض القوم : هو ابن ليلتين . فقال : أي ليلة رأيتموه ؟ قلنا : ليلة كذا وكذا . فقال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم مده للرؤية فهو لليلة رأيتموه وفي رواية عنه . قال : أهللنا رمضان ونحن بذات عرق فأرسلنا رجلا إلى ابن عباس يسأله فقال ابن عباس : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى قد أمده لرؤيته فإن أغمي عليكم فأكملوا العدة " . رواه مسلم

ئەبۇلبوختەرى مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۆمرە ھەجگە چىقىپ، بەتنە نەخلە دىگەن خورمىزارلىقتا چۈشكەندە، يېڭى ئاينى كۆردۇق، قەۋمنىڭ بەزىسى: بۇ ئۈچ كۈنلۈك ئاي دىسە، بەزىسى: ئىككى كۈنلۈك ئاي دېدى. كېيىن بىز ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچرىشۇپ: ھەقىقەتەن بىز يېڭى ئاينى كۆردۇق، قەۋمنىڭ بەزىسى: بۇ ئۈچ كۈنلۈك ئاي دىسە، بەزىسى: ئىككى كۈنلۈك ئاي دېدى، دىسەك، ئۇبىزگە: سىلەر يېڭى ئاينى قايسى كېچىسى

كۆردۇڭلار؟ دېدى. بىز: پالانى،پالانى كېچىسى كۆردۇق دېسەك، ئۇ: ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتۇشقا، ئىپتار قىلىشقا ئاي كۆرۈشنى مۇددەت بەلگىلەپ بەرگەن، ئۇ ئاي سىلەر كۆرگەن كېچى ئۇچۇندۇر،دېدى. يەنەبىرخاتىردە؛بىز زاتى ئىرق دېگەن جايدا تۇرۇپ ، يېڭى ئاينى كۆرۈپ، بىر كىشىنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سوراپ كېلىشكە ئەۋەتسەك، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :ھەقىقەتەن ئاللاھ روزا تۇتۇشقا ئاي كۆرۈشنى مۇددەت بەلگىلەپ بەردى، ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولسا، سانىنى كامىل قىلىڭلار (يەنى شەئباندىن 30 كۈننى سانىۋېتىپ 30كۈن رۇزاتۇتۇڭلار)دېگەن،دېدى. ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## باب في مسائل متفرقة من كتاب الصوم - الفصل الأول

## روزا تۇتۇشنىڭ كىتابىدىكى ھەرخىل مەسىلىلەر

1982 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تسحروا فإن في السحور بركة "

ئەنەس، ئەبۇ ھۈرەيرە، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتقاندا زوھۇرلۇق يەڭلار، ھەقىقەتەن زوھۇرلۇق يېيىشتە بەرىكەت باردۇر. ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇللاھ ئىبنى سوراقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە سۇ ئوتلاپمۇ بولسا زوھۇرلۇق يەڭلار. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

1983 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عمرو بن العاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فصل ما بين صيامنا وصيام أهل الكتاب أكلة السحر " . رواه مسلم

ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزنىڭ روزىمىز بىلەن ئەھلى كىتابلارنىڭ روزىسىنىڭ ئايرىلىقىدىكى پەرىق، زوھۇرلۇق يېيىشتۇر، (يەنى ئۇلار زوھۇرلۇق يېيەلمەيتتى، بىز يەپ روزا تۇتىمىز) ئەھمەد ، مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

1984 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن سهل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يزال الناس بخير ما عجلوا الفطر "

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىسىلا ياخشىلىقتا داۋام قىلالايدۇ، (ئىپتارنى كېچىكتۈرسە، يەھۇدىي، ناسارالاردەك ياخشىلىقى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ). ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. كۈن كىرگەن ھامان شام بولىدۇ، ئەلۋەتتە ئىپتار، شامدىن بۇرۇن قىلىنىدۇ. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىسىلا، ياخشىلىقتا داۋام قىلالايدۇ. چۈنكى، يەھۇدىيلار ئىپتارنى كېچىكتۈرەيتتى، (ئۇلارنىڭ ھالى ئەنە شۇنداق بولدى). ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

1985 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أقبل الليل من ههنا وأدبر النهار من ههنا وغربت الشمس فقد أفطر الصائم "

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچە بۇ تەرەپتىن ئالدىنى قىلسا، كۈندۈز بۇ تەرەپتىن ئارقىسنى قىلسا، كۈن كىرىپ بولسا، ھەقىقەتەن روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلىپ بولىدۇ.

بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ،

**1986 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الوصال في الصوم . فقال له رجل : إنك تواصل يا رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : وأيكم مثلي إني أبيت يطعمني ربي ويسقيني "**

ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزىنى زوھۇرلۇق يىمەي ئۇلاپ تۇتۇشتىن توسقاندا، رەسۇلۇللاھقا: سىلى روزىنى زوھۇرلۇق يىمەي ئۇلاپ تۇتىدىكەنلىغۇ؟ دىيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ قايسىڭلار ماڭا ئوخشايسىلەر؟، ھەققەتەن مەن سىلىگە ئوخشىمايمەن، مەن كېچىسى ياتىمەن، ۋەھالەنكى رەببىم ماڭا تائام بېرىپ، مىنى سۇغۇرۇپ تۇرىدۇ دىگەن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن بەزى ئىشلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇسۇسىيىتى دىگەن چىقىدۇ، بىز زوھۇرلۇق يەپ تۇتىمىز، ئەگەر يىيىشكە ئۈلگۈرەلمىسەك، روزا تۇتىۋىرىمىز.

**1987 - [ 6 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن حفصة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من لم يجمع الصيام قبل الفجر فلا صيام له " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي والدارمي وقال أبو داود : وقفه على حفصة معمر والزبيدي وابن عيينه ويونس الأيلي كلهم عن الزهري**

ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم روزىغا سۇبھىدىن بۇرۇن ئىرادە ۋە نىيەت قىلمىسا، ئۇ كىشىگە روزا يوقتۇر. (يەنى پەرز روزىغا سۇبھىدىن بۇرۇن ئىرادە ۋە نىيەت قىلمىغان كىشىنىڭ رامىزان روزىسى دۇرۇس بولمايدۇ، لىكىن نەپلە روزا دۇرۇستۇر). ئەھمەد،دارىمى، ئۈچ كىتاب توپلىغان، تىرمىزى 662 _ ھەدىس، سەھىھ.

**1988 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا سمع النداء أحدكم والإناء في يده فلا يضعه حتى يقضي حاجته منه " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ئەزاننى ئاڭلىغاندا، قولىدا تاماق يەۋاتقان قاچىسى بولسا، تاماقتىن ھاجىتىنى ئادا قىلمىغۇچە قاچىنى قويمىسۇن، (يەنى زوھۇرلۇق تامىقنى يەۋىلىپ ناماززغا بارسۇن)، ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1989 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قال الله تعالى : أحب عبادي إلي أعجلهم فطرا " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالللاھ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا مىنىڭ بەندىلىرىمنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى ئىپتارنى تىزراق قىلغىنى، بۇ ھەدىس قۇددۇسىنى تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى بۇ ھەدىس قۇددۇس زەئىپتۇر دىگەن، لىكىن، ئىپتارنى كۈن كىرىشى بىلەنلا شام نامىزىدىن بۇرۇن قىلىشقا سەھىھ ھەدىس بار،

**1990 - [ 9 ] ( صحيح )وعن سلمان بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أفطر أحدكم فليفطر على تمر فإنه بركة فإن لم يجد فليفطر على ماء فإنه طهور " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي . ولم يذكر : " فإنه بركة " غير الترمذي**

سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار روزا تۇتۇپ، ئىپتار قىلماقچى بولسا، خورما بىلەن قىلسۇن، ھەققەتەن ئۇ بەرىكەتتۇر، ئەگەر خورما تاپالمىسا، سۇ

بىلەن قىلسۇن، ئۇ پاك، پاكلىغۇچىدۇر.ئەھمەد ،نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ھەببانلار توپىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىسنى زەئىپ دەپ بولۇپ، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ دىگەن.

**1991 - [ 10 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يفطر قبل أن يصلي على رطبات فإن لم تكن فتميرات فإن لم تكن تميرات حسى حسوات من ماء . رواه الترمذي وأبو داود . وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ھۆل خورمىلارنى يەپ ئىپتار قىلاتتى، ئەگەر توك، ھۆل خورمىلار بولمىسا، قۇرۇق خورمىلار بىلەن قىلاتتى، ئەگەر قۇرۇق خورمىلارمۇ بولمىسا، بىر نەچچە ئوتلام سۇ ئوتلاپ ئىپتار قىلاتتى.ئەھمەد ،ئەبۇ داۋۇد،تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**1992 - [ 11 ] ( صحيح )وعن زيد بن خالد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من فطر صائما أو جهز غازيا فله مثل أجره " . رواه البيهقي في شعب الإيمان ومحيي السنة في شرح السنة وقال صحيح**

زەيىد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرسا، ياكى غازىي، جەڭچىنى جابدۇتۇپ، تەييارلىقنى قىلىپ بەرسە، ئۇ كىشىگە شۇ روزا تۇتقۇچىنىڭ ياكى غازىينىڭ ئەجرى ئوخشاش بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. زەيىد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرسا، ئۇ كىشى ئۇچۈن شۇ روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھىچ نەرسە كاملماستىن ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، كەچتە ئىككىدىن نان قويۇشنى ئۆرپ ــ ئادەت قىلىۋالسا بۇ بىدئەتتۇر.

**1993 - [ 12 ] ( حسن )وعن ابن عمر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا أفطر قال : " ذهب الظمأ وابتلت العروق وثبت الأجر إن شاء الله " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىپتار قىلغاندا مۇنداق دەيتتى: ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار يۇل بولدى، ئاللاھ خالىسا، ئەجىرلەر مۇقۇم بولدى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمنىڭ نەزلىدە ئىپتار قىلىپ قالسا، مۇنداق دەيتتى. ئالدىڭلاردا روزا تۇتقۇچىلار ئىپتار قىلدى، تائاملىڭلارنى ياخشى كىشىلەر يىدى، سىلەرگە پەرىشتىلەر رەھمەت بىلەن چۈشتى. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىپتار قىلدۇرۇش لازىم. ئىبنى زەبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمنىڭ نەزلىدە ئىپتار قىلىپ قالسا، مۇنداق دەيتتى: ئالدىڭلاردا روزىدارلار ئىپتار قىلدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت يوللىدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**1994 - [ 13 ] ( حسن )وعن معاذ بن زهرة قال : إن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا أفطر قال : " اللهم لك صمت وعلى رزقك أفطرت " . رواه أبو داود مرسلا**

مۇئازئىبنى زۆھرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىپتار قىلغاندا مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھۇممە لەكە سۇمتۇ ۋە ئەلا رىزقىكە ئەپتەرتۇ» ئى الله! پەقەت سىلىنىڭ رازىلىقلىرى ئۈچۈنلا رۇزا تۇتتۇم، سىلىنىڭ رىزقلىرى بىلەن ئىپتار قىلدىم. ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن.

**1995 - [ 14 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يزال**

الدين ظاهرا ما عجل الناس الفطر لأن اليهود والنصارى يؤخرون " . رواه أبو داود وابن ماجه

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشلەر ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىسلا، ئىسلام دىنى غەلىبە قىلغان ھالەتتە داۋام قىلىدۇ، چۈنكى، يەھۇدىي، ناسارالار ئىپتار قىلىشنى كېچىكتۈرەتتى. ئەبۇ داۋۇد ،ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مەخسەت، كىشلەرنىڭ سوپىلىقى تۈتۈپ كېتىپ، دىننى ئۆزىگە قاتتىق قىلىۋالسا، بىدئەت، خۇراپاتنى قىلىپ، سەلەف، سالىھلار يولىدىن، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىيدىسىدىن ئازسا، ئىسلام دىنىمۇ مەغلۇپ بولۇپ يوقۇلىدۇ.

1996 - [ 15 ] ( صحيح )وعن أبي عطية قال : دخلت أنا ومسروق على عائشة فقلنا : يا أم المؤمنين رجلان من أصحاب محمد صلى الله عليه وسلم أحدهما يعجل الإفطار ويعجل الصلاة والآخر : يؤخر الإفطار ويؤخر الصلاة . قالت : أيهما يعجل الإفطار ويعجل الصلاة ؟ قلنا عبد الله بن مسعود . قالت : هكذا صنع رسول الله صلى الله عليه وسلم والآخر أبو موسى . رواه مسلم

ئەبۇئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەسرۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ: ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىدىن ئىككى كىشى بار، ئۇلارنىڭ بىرسى ئىپتارقىلىشقا ئالدىراپ، ئاندىن نامازغا ئالدىرايدۇ، يەنەبىرسى ئىپتارقىلىشنى كىچىكتۈرۈپ، نامازنىمۇ كىچىكتۈرىۋىتىدۇ، قايىسىسى توغرا؟ دىسەك، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا : ئۇلارنىڭ قايسىسى ئىپتارقىلىشقا ئالدىراپ، ئاندىن نامازغا ئالدىرايدۇ؟دىدى، بىز: ئابدۇاللە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق قىلىدۇ دىسەك، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنە شۇنداق قىلاتتى،دىدى. يەنى ئىپتارقىلىشقا ئالدىراپ، ئاندىن نامازغا ئالدىرايدۇ،يەنەبىركىشى ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇئىدى.مۇسلىم.سەھىھ

1997 - [ 16 ] ( حسن )وعن العرباض بن سارية قال : دعاني رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى السحور في رمضان فقال : " هلم إلى الغداء المبارك " . رواه أبو داود والسنائي

ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، رامىزاندا مىنى زوھۇرلۇققا چاقىرىپ مۇنداق دىگەن: بەرىكەتلىك غىزاغا كېلىڭلار، (يەنى زوھۇرلۇققا كېلىڭلار، زوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار). ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان سەھىھ.

1998 - [ 17 ] وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم سحور المؤمن التمر " . رواه أبو داود

جابىر، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خورما ، مۆئمىننىڭ نېمىدىگەن ياخشى زوھۇرلۇقى ھە! .ئەبۇداۋۇد، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

## باب تنزيه الصوم - الفصل الأول

## رامىزان روزىسىنى پاكلاپ، پاك ھالداتۇتۇش توغرىسىدا

1999 - [ 1 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من لم يدع قول الزور والعمل به فليس لله حاجة في أن يدع طعامه وشرابه " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم روزا تۇتۇش جەريانىدا يالغان سۆزلەشنى، يالغان گۇۋاھلىقنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى تەرىك ئەتمىسە، ئۇ كىشىنىڭ تائام، شاراپ، يىمەك _ ئىچمەكلىرىنى تەرىك ئېتىشىدە ئاللاھنىڭ قىلىچە ھاجىتى يوق. (يەنى يالغان سۆزلىگەن

كىشىگە روزا يوق، گۇناھ ــ مەئسىيەتنى كۆپ قىلغان كىشىگە روزا يوق، مەنىۋى سۇندۇ، ماددى ۋە مەنىۋى تەرەپتىن روزا تۇتۇش لازىم). ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2000 - [ 2 ] ( متفق عليه )**

**وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقبل ويباشر وهو صائم وكان أملككم لأربه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، روزا تۇتقان ھالەتتە روزىدار تۇرۇپمۇ، ئايالىنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ قوياتتى.ئەۋرەتكە سىلەردىنمۇ بەكىراق ئىگە بولالايتتى. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئايالنى سۆيسە روزا بۇزۇلمايدۇ، لېكىن، ياشلار ھەزەر قىلسۇن.

**2001 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يدركه الفجر في رمضان وهو جنب من غير حلم فيغتسل ويصوم**

ئائىشە، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى رامىزاندا، ئەھلىدىن جۇنۇپ ھالەتتە سۈبھى تاپاتتى، (يەنى ئايالىدىن جۇنۇپ ھالەتتە رامىزان كۈنلىرىمۇ سۈبھى يورۇپ قالاتتى،) ئاندىن غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ، روزا تۇتىۋېرەتتى. مالىك، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. (بۇ سەھىھ ھەدىسدىن، جۇنۇپ ھالدا تاڭ ئېتىپ، سۈبھى يورۇپ قالسا، ياكى يۇيۇنۇش بىلەن تاماق يېيىشكە ۋاقىت قىستاپ قالسا، تاماق يېۋېلىپ ئاندىن يۇيۇنۇپ، غۇسلى قىلىپ، روزا تۇتىدۇ، ئەگەر يۇيۇنغاندا سۈبھى يورۇپ قالسا، تاماق يېمەي، زوھۇرلۇقسىز تۇتىدۇ، سۈبھىدىن كېيىن تاماق يېيىش، رامىزاندا ھارام بولىدۇ، يۇيۇنۇش بولسا، دۇرۇستۇر، ئامال بار سۈبھىدىن بۇرۇن تاماق يەپ يۇيۇنۇپ تۇتۇش لازىم، بۇ ئەۋزەل.

**2002 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : إن النبي صلى الله عليه وسلم احتجم وهو محرم واحتجم وهو صائم**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىھرام باغلاقلىق ھالەتتە قان ئالدۇراتتى،رۇزا تۇتۇقلۇق ھالەتتىمۇ قان ئالدۇرغان ئىدى. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2003 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من نسي وهو صائم فأكل أو شرب فليتم صومه فإنما أطعمه الله وسقاه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم روزىدار تۇرۇپ، ئۇنتۇپ قېلىپ، يەپ ــ ئىچىپ سالسا، ئۇ روزىسىنى كامىل تامام قىلىۋەرسۇن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە تاماق بېرىپتۇ، شاراپ بېرىپ سۇغۇرۇپتۇ، (روزىسى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇنتۇپ قالغان دە!). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2004 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : بينما نحن جلوس عند النبي صلى الله عليه وسلم إذ جاءه رجل فقال : يا رسول الله هلكت . قال : " مالك ؟ " قال : وقعت على امرأتي وأنا صائم . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هل تجد رقبة تعتقها ؟ " . قال : لا قال : " فهل تستطيع أن تصوم شهرين متتابعين ؟ " قال : لا . قال : " هل تجد إطعام ستين مسكينا ؟ " قال : لا . قال : " اجلس " ومكث النبي صلى الله عليه وسلم فبينا نحن على ذلك أتي النبي صلى الله عليه وسلم بعرق فيه تمر والعرق المكتل الضخم قال : " أين السائل ؟ " قال : أنا . قال : " خذ هذا فتصدق به " . فقال الرجل : أعلى أفقر مني يا رسول الله ؟ فوالله ما**

بين لابتيها يريد الحرتين أهل بيت أفقر من أهل بيتي . فضحك النبي صلى الله عليه وسلم حتى بدت أنيابه ثم قال : أطعمه أهلك

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:بىر چاغدا بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتۇق،تۇيۇقسىز بىر كىشى كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن ھالاك بولدۇم دېدى، رەسۇلۇللاھ:ساڭا نېمە ئىش بولدى؟ دېدى، ئۇكىشى: مەن رامىزاندا روزىدار ھالەتتە ئايالىم بىلەن جىنسى ئالاقە قىلىپ قالدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ: سەن ئازاد قىلىدىغانغا بىر قۇل تاپالامسەن؟ دېدى، ئۇكىشى: ياق تاپالمىيمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ: سەن كەينى ـكەينىدىن ئۇزۇلدۇرمەي، ئىككى ئاي روزا تۇتالامسەن؟ دېدى، ئۇكىشى: ياق تۇتالمايمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ:سەن 60 مىسكىننى بىر ۋاق تويغۇزغىدەك تاماق تاپالامسەن؟ دېدى، ئۇكىشى: ياق تاپالمەيمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇنداق بولسا ئولتۇرۇپ تۇرغىن دەپ، خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ تۇردى، بىزمۇ شۇ ھالەتتە تۇرۇپ تۇردۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چوڭ بىر زەنبىل سۇۋەتتە خورما كەلدى، رەسۇلۇللاھ: باياتىن سوئال سورىغۇچى قېنى؟ دېدى، ئۇكىشى: مانا مەن دېدى، رەسۇلۇللاھ: بۇنى ئېلىپ سەدىقە قىلغىن دېدى، ئۇكىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن بۇنى مەندىنمۇ پەقىر كىشىگە سەدىقە قىلامدىم؟، الله بىلەن قەسەمكى، مەدىنىنىڭ ئىككى ساي ئارىسىدا، مېنىڭ ئۆي ئەھلىمدىنمۇ پەقىرراق بىرەر ئۆي ئەھلى يوقتۇر دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېزىق چىشى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلۈپ كىتىپ؛ ئۇنداق بولسا، بۇنى سەن ئەھلىڭگە تاماق قىلىپ بەرگىن دېدى. بۇخارى،مۇسلىم بىر لىككە كەلگەن.

2005 - [ 7 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن عائشة : أن النبي صلى الله عليه وسلم :كان يقبلها وهو صائم ويمص لسانها .رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى رامىزاندا روزا تۇتۇقلۇق تۇرۇپمۇ سۆيۈشۈرەتتى، ھەتتا تىلىنى شورايتتى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، شەيخ ئىمام مۇھەممەد ناسرۇددىن ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈپ، زەئىپ دېگەن،تىلىنى شۈرىماي سۆيگىنى سەھىھ.

2006 - [ 8 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة أن رجلا سأل النبي صلى الله عليه وسلم عن المباشرة للصائم فرخص له . وأتاه آخر فسأله فنهاه فإذا الذي رخص له شيخ وإذا الذي نهاه شاب . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن بىر ئەر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن روزا تۇتقۇچى، ئايالى بىلەن قۇچاقلاشسا بولامدۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى، يەنە بىرسى كېلىپ سورىۋېدى، ئۇنى توستى، رۇخسەت قىلغىنى قېرى كىشى ئىدى، توسقىنى بولسا ياش ئىدى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

2007 - [ 9 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ذرعه القيء وهو صائم فليس عليه قضاء ومن استقاء عمدا فليقض " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي . وقال الترمذي : هذا حديث غريب لا نعرفه إلا من حديث عيسى بن يونس . وقال محمد يعني البخاري لا أراه محفوظا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەرقانداق بىركىشىگە ئۇ روزىدار ھالەتتە ياندۇرۇپ قۇسۇش غالىپ كېلىپ، شارىتتىدە گېلىدىن بىرەر نەرسە چىقىپ كەتسە، ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش يوق، ئۆزى قەستەن ياندۇرۇپ، قۇسقان كىشى قازاسىنى قىلىدۇ. ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

2008 - [ 10 ] ( لم تتم دراسته )وعن معدان بن طلحة أن أبا الدرداء حدثه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قاء فأفطر . قال : فلقيت ثوبان في مسجد دمشق فقلت : إن أبا الدرداء حدثني أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قاء فأفطر . قال : صدق

**وأنا صببت له وضوءه . رواه أبو داود والترمذي والدارمي**

مەئدانۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياندۇرۇپ قۇسۇپ سىلىپ، ئىپتار قىلىۋەتكەن ئىدى دەپ ھەدىس سۆزلەپ بەردى، كىيىن مەن دەمەشق مەسجىدىدە سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچراپ قىلىپ؛ ماڭا ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياندۇرۇپ قۇسۇپ سىلىپ، ئىپتار قىلىۋەتكەن ئىدى دەپ ھەدىس سۆزلەپ بەردى، بۇ راستمۇ؟ دىسەم، ئۇماڭا: ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راست سۆزلەپتۇ، شۇچاغدا مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە (ئاغزىنى يۇيۇش ئۇچۇن)تاھارەت سۈيىنى قۇيۇپ بەرگەن ئىدىم دىدى.ئەبۇداۋۇد ،تىرمىزى،دارىمى.

**2009 - [ 11 ] ( ضعيف )وعن عامر بن ربيعة قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم ما لا أحصي يتسوك وهو صائم " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئامىر ئىبنى رەبىيئەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روزا تۇتقان ھالدا مىسۋاك سالغىنىنى ھىساپلاپ بولالمىغۇدەك كۆرگەن ئىدىم. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.لىكىن رامىزاندا مىسۋاك سالسا، دۇرۇس بۇلىدۇ.

**2010 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اشتكيت عيني أفأكتحل وأنا صائم ؟ قال : " نعم " . رواه الترمذي وقال : ليس إسناده بالقوي وأبو عاتكة الراوي يضعف**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىشىغا كىلىپ: مىنىڭ كۆزۈم ئاغرىپ قالدى، مەن رۇزا تۇتقان ھالەتتەتۇرۇپمۇ،(يەنى رامىزاندا) كۆزۈمگە سۈرمە تارتسام بۇلامدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەئە بۇلىدۇ دىدى. تىرمىزى توپلاپ، ئىسنادى كۈچلۈق ئەمەس دىدى.

**2011 - [ 13 ] ( صحيح )وعن بعض أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم قال : لقد رأيت النبي صلى الله عليه وسلم بالعرج يصب على رأسه الماء وهو صائم من العطش أو من الحر . رواه مالك**

ساھابىلارنىڭ بەزىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن (مەدىينە بىلەن مەككە ئارلىقىدىكى)ئەرەج دىگەن جايدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتىن ياكى ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىپ كەتكەنلىكىدىن رۇزىدار ھالەتتە ئۇستىگە سۇ قۇيغىنىنى كۆرگەن ئىدىم . ئىمام مالىك توپلىغان سەھىھ.

**2012 - [ 14 ] ( صحيح )وعن شداد بن أوس : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أتى رجلا بالبقيع وهو يحتجم وهو آخذ بيدي لثماني عشرة خلت من رمضان فقال : " أفطر الحاجم والمحجوم " . رواه أبو داود وابن ماجه والدارمي . قال الشيخ الإمام محيي السنة رحمة الله عليه : وتأوله بعض من رخص في الحجامة : أي تعرضا للإفطار : المحجوم للضعف والحاجم لأنه لا يأمن من أن يصل شيء إلى جوفه بمص الملازم**

سەۋبان،شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رامىزاننىڭ 18 ـ كۈنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ قولۇمنى تۇتقان ھالدا،ئىككىمىز بەقىيئ دىگەن جايغا كەلسەك، بىركىشى قان ئالدۇرىۋاتقان ئىكەن، ئۇنى كۆرۈپ مۇنداق دىگەن: قان ئالغان ۋە قان ئالدۇرغان كىشى ھەر ئىككىلىسى ئىپتار قىلغان بولۇپ، روزىسى سۇنۇپ كىتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى،دارىمى، ھاكىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، ئەلبانى بۇ ھەدىس مۇتىۋاتىر دىگەن، شۇنداق مەرتىبىسى مۇتىۋاتىرغا يەتكەن يەنى ئەڭ ئىشەنچىلىك، قۇرئان بىلەن تەڭ تۇرىدىغان، تانسا كاپىر بولىدىغان بارلىق جايلاردىن بارلىق كىشلەردىن كۆپ كىشلەردىن سۆزلەنگەن

ھەدىستۇر، تىرمىزى مۇنداق دىگەن: ئالىملار بۇ ئىشنى مەكرۇھ دىدى، لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەججەتۇل ۋىدادا ئىھرام باغلاقلىق، روزا تۇتقان ھالدا قان ئالدۇرغان ھەدىسى بىلەن رۇخسەت قىلغانلار كۆپ دىگەن، تىرمىزى 705 _ ھەدىستە تەپسىلاتى باردۇر.ئەبۇداۋۇتتىمۇ رۇخسەت قىلىنغان ھەدىس بار.شەيخ ئىمام مۇھىيسسۇننە ؛بەزىلەر بۇئىشقا رۇخسەت قىلغاندۇر، قان ئالدۇرۇش ئىپتارغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ، قان ئالدۇرغۇچى ئاجىزلايدۇ، قان ئالغۇچىنىڭ ئىچىگە نەرسە كىرىپ كىتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ دىگەن.

**2013 - [ 15 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أفطر يوما من رمضان من غير رخصة ولا مرض لم يقض عنه صوم الدهر كله وإن صامه " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي والبخاري في ترجمة باب وقال الترمذي : سمعت محمدا يعني البخاري يقول . أبو الطوس الراوي لا أعرف له غير هذا الحديث**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم رامىزان ئىيىدا بىر كۈن رۇخسەتسىز كىسەلمۇ بولماستىن روزا تۇتماي تاماق يىۋەتسە، ئۇ زامان _ زامانلاپ روزا تۇتسىمۇ ئادا تاپمايدۇ، ئەھمەد ، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە، دارمى خاتىرلىگەن، بۇخارى، بۇ سۆزنى بابدا تىما قويغان ئۇ مۇنداق دىگەن، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسى ئەبۇتتۇسنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بىرمۇ ھەدىسى يوق، شەيخ ئەلبانى بۇ ھەدىس زەئىپ دىگەن،

**2014 - [ 16 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كم من صائم ليس له من صيامه إلا الظمأ وكم من قائم ليس له من قيامه إلا السهر " . رواه الدارمي**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نۇرغۇن روزا تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلار ئۇچۇن روزىسىدىن پەقەت، ئاچ، ئۇسسۇز قالغاندىن باشقا نىسۋە، ئەجىر يوق، ئۇلار ئاچ، ئۇسسۇز قالغىنى قالغان. نۇرغۇن قىيامدا تۇرۇپ،ناماز ئوقۇغۇچىلار باركى، ئۇلارنىڭ كىچىلىك قىياملىرىدىن پەقەت، ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىقدىن باشقا نەرسە يوق. «يەنى نىيەت، ئىخلاسى يوق، تائام ھارام بولسا، ئەمەلنى كۆيدۈرسە، رىيا قىلسا شۇنداق بولىدۇ» ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نۇرغۇن كېچىلىرى قىيامدا تۇرغۇچىلار بار، ئۇنىڭ نىسۋىسى قىيامدىن پەقەت ئۇيقۇسىزلىقتۇر، نۇرغۇن روزا تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلارنىڭ نىسۋىسى روزىدىن پەقەت ئاچ، ئۇسسۇز قېلىشتۇر، (يەنى رىيا قىلىپ، ئەمەللىرىنى كۆيدۈرۈپ، غەيۋەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىپ، ئازار بېرىپ، نىسۋىسى تۆگەيدۇ) تەبرانى، ئەھمەد ، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2015 - [ 17 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاث لا يفطرن الصائم الحجامة والقيء والاحتلام . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غير محفوظ وعبد الرحمن بن زيد الراوي يضعف في الحديث**

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ ئىش رۇزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرىۋەتمەيدۇ، قان ئالدۇرۇش، ياندۇرۇپ قۇسۇپ سېلىش، ئىھتىلام يەنى چۈشىدىكى جىنسى مۇناسىۋەت. تىرمىزى توپلىغان .مەنىسى سەھىھ.

**2016 - [ 18 ] ( صحيح )وعن ثابت البناني قال : سئل أنس بن مالك : كنتم تكرهون الحجامة للصائم على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قال : لا إلا من أجل الضعف . رواه البخاري**

سابىتۇلبەنانىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، رۇزىدار كىشىنىڭ قان ئالدۇرۇشنى ياقتۇرمامتىڭلار؟ دەپ، سورالدى، ئۇ: ياق، ياقتۇراتتىق، لىكىن ئاجىزلاپ كىتىشىنىڭ جەھتىدىن ياقتۇرمايتتۇق دىدى. بۇخارى.

**2017 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن البخاري تعليقا قال : كان ابن عمر يحتجم وهو صائم ثم تركه فكان يحتجم بالليل**

ئىمام بۇخارى رەھ  مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما رۇزىدار ھالەتتىمۇ قان ئالدۇراتتى، ئاندىن كېيىن رۇزىدار ھالەتتە قان ئالدۇرۇشنى تەرىك ئىتىپ، كېچىسى قان ئالدۇراتتى.

**2018 - [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن عطاء قال : إن مضمض ثم أفرغ ما في فيه من الماء لا يضيره أن يزدرد ريقه وما بقي في فيه ولا يمضغ العلك فإن ازدرد ريق العلك لا أقول : إنه يفطر ولكن ينهى عنه . رواه البخاري في ترجمة باب**

ئەتائ رەھ  مۇنداق دەيدۇ؛ رۇزىدار كىشى ئاغزىنى چايقاپ، ئاندىن ئاغزىدىكى سۇنى تۈكۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭ شالىسىنىڭ زىيادە بولىشى، شالىسىنى يۇتىشى، ئاغزىدا قېلىپ قالغان سۇنىڭ يۇقى ئۇنىڭ رۇزىسىغا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، رۇزىدار كىشى سەنۇبەر، پىستەق دەرىخىنىڭ يىلىمىنى چاينىمايدۇ، ئەگەر ئۇنى چايناپ، شالىسى زىيادە بولسا، ئۇنى يۇتىۋەتسە، مەن ئۇكىشىنى ئىپتار قىلغان بولىدۇ دىمەيمەن، لىكىن ئۇنىڭدىن چەكلىنىدۇ.
ئىمام بۇخارى  باب تەرجىمىسىدە خاتىرلىگەن.

| **باب صوم المسافر - الفصل الأول** | مۇساپىرنىڭ روزىسى توغرىسىدا |
|---|---|

**2019 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : إن حمزة بن عمرو الأسلمي قال للنبي صلى الله عليه وسلم أصوم في السفر وكان كثير الصيام . فقال : " إن شئت فصم وإن شئت فأفطر "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، ھەققەتەن ھەمزە ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ كۆپ رۇزا تۇتاتتى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مەن سەپەردىكى چاغدىمۇ رۇزا تۇتسام بۇلامدۇ؟ دەپ سورغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئەگەر خالىساڭ رۇزا تۇت، ئەگەر خالىساڭ، تۇتماي يىگىن دىدى.بۇخارى، مۇسلىم.

**2020 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : غزونا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم لست عشرة مضت من شهر رمضان فمنا من صام ومنا من أفطر فلم يعب الصائم على المفطر ولا المفطر على الصائم . رواه مسلم**

ئەبۇسەئىد  رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە رامىزاننىڭ ئون ئالتىسى  دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلدۇق، بىزدىن رۇزا تۇتقانلارمۇ، رۇزا تۇتمىغانلارمۇ بارئىدى، رۇزا تۇتقانلار رۇزا تۇتمىغانلارنى ئەيىبلىمىدى، رۇزا تۇتمىغانلار رۇزا تۇتقانلارنى ئەيىبلىمىدى. مۇسلىم توپلىغان.

**2021 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن جابر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم في سفر فرأى زحاما ورجلا قد ظلل عليه فقال : " ما هذا ؟ " قالوا : صائم . فقال : " ليس من البر الصوم في السفر "**

جابىر، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىملىق سەپەردە كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىشىۋالغىنىنى كۆرۈپ ، يېقىن بېرىپ قارىسا، بىر كىشىگە كۆنلۈك بىلەن سايا تاشلىنىپتۇ، بۇ نىمە قىلغان كىشى ئىكەن؟دىدى، ئۇلار:بۇ رۇزا تۇتقان كىشى ئىكەن دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەپەردىكى روزا تۇتۇشدا، ياخشىلىق يوق،دىدى. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى قاتتىق مۇشەققەتتە قېلىپ تۇرۇپ، يەنىلا سەپەردە روزا تۇتقانلارنى كۆرۈپ دىگەن، ئەمما، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ۋە ساھابىلار روزا تۇتۇپ ماڭغان سەپەرلەر كۆپ. تۇتقانلار، تۇتمىغانلار بىر ــ بىرىنى ئەيىبلىمىگەن ھەدىس ئەنە ئۆتتى، سەپەردە روزا تۇتۇش، تۇتماسلىق ئىختىياردۇر، مۇشەققەت بولمىسا تۇتقان ياخشى، نامازنى بولسا قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ، دەلىلىنى بىلىپ، ئىختىلاپلاشماي، كامىل ئوقۇسا، نەپلە، سۈننەتنىمۇ ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ.

**2022 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : كنا مع النبي صلى الله عليه وسلم في السفر فمنا الصائم ومنا المفطر فنزلنا منزلا في يوم حار فسقط الصوامون وقام المفطرون فضربوا الأبنية وسقوا الركاب . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ذهب المفطرون اليوم بالأجر "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەپەردە بىللە بولدۇق، بىزدىن رۇزا تۇتقۇچىمۇ بار ئىدى، رۇزا تۇتمىغانلارمۇ بار ئىدى، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن بىركۈنى بىز بىرئورۇنغا چۈشتۇق، رۇزا تۇتقانلار يىقىلىپ چۈشتى، رۇزا تۇتمىغانلار تۇرۇپ، چېدىرلارنى قۇردى، ئۇلاغلارنى سۇغاردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (بۇسەپەردە روزا تۇتقانلار ئۇچۇن روزا تۇتمىغانلارنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ): بۈگۈن ئەجىر ساۋابىنى روزا تۇتمىغانلار ئېلىپ كەتتى، دېدى.ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2023 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم من المدينة إلى مكة فصام حتى بلغ عسفان ثم دعا بماء فرفعه إلى يده ليراه الناس فأفطر حتى قدم مكة وذلك في رمضان . فكان ابن عباس يقول : قد صام رسول الله صلى الله عليه وسلم وأفطر . فمن شاء صام ومن شاء أفطر "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇزىدار ھالەتتە مەدىنىدىن مەككىگە چىقىپ، ئۇسپان دېگەن جايغا يەتكەندە، ئاندىن بىرقاچا سۇ كەلتۈرۈپ، ئۇنى كىشىلەر كۆرسۇن دەپ، قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ،سۇنى ئىچىپ ئىپتار قىلىۋەتتى، ئاندىن مەككىگە كەلدى، ئەشۇ رامىزاندىكى ئىش ئىدى، شۇڭا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە رۇزىمۇ تۇتقان، ئىپتارمۇ قىلغان ئىدى، سەپەردە خالىغان كىشى رۇزا تۇتسۇن، خالىغان كىشى ئىپتارقىلىپ يىسۇن.(ئاندىن كېيىن بىركۈنگە بىركۈن قازاسىنى قىلسۇن)بۇخارى، مۇسلىم.

**2024 - [ 6 ] ( صحيح )وفي رواية لمسلم عن جابر رضي الله عنه أنه شرب بعد العصر**

مۇسلىمنىڭ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، شۇقېتىمقى سەپىرىدە ئەسىردىن كېيىن سۇنى ئىچىپ ئىپتار قىلىۋەتتى ، دېيىلگەن.

**2025 - [ 7 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن أنس بن مالك الكعبي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله وضع عن المسافر شطر الصلاة والصوم عن المسافر وعن المرضع والحبلى " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مۇساپىرلاردىن نامازنىڭ يېرىمىنى(يەنى تۆت رەكئەتنىڭ ئىككى رەكئىتىنى) ئېلىپ تاشلىدى، مۇساپىردىن،بالا ئېمىتكۈچى ئايالدىن، ھامىلدار ئايالدىن روزا تۇتۇشنى ئېلىپ تاشلىدى، يەنى كۆتىرۋاتتى. (مۇساپىر نامازنى قەسىر قىلىدۇ، روزا تۇتۇشدا ئىختىيار) ئەھمەد ، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپىلىغان، ھەسەن.

**2026 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )وعن سلمة بن المحبق قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كان له حمولة تأوي إلى شبع فليصم رمضان من حيث أدركه " . رواه أبو داود**

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇساپىر كىشىنىڭ، ئۇنى قۇساق تويغۇزىدىغان جايغا ئاپىرىدىغان ئۇلاغ ـ مەركىبى بولسا، (ئۇنىڭ سەپىرىدە جاپا ـ

مۇشەققەت بولمىسا،) ئۇنى قەيەردە رامىزان تاپسا، ئۇ شۇجايىدىلا رۇزا تۇتسۇن. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2027 - [ 9 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن جابر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم خرج عام الفتح إلى مكة في رمضان فصام حتى بلغ كراع الغميم فصام الناس ثم دعا بقدح من ماء فرفعه حتى نظر الناس إليه ثم شرب فقيل له بعد ذلك إن بعض الناس قد صام . فقال : " أولئك العصاة أولئك العصاة " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەككىنى پەتھى قىلغان يىلى رامىزاندا، رۇزىدار ھالەتتە،ـ كىشىلەرمۇ رۇزا تۇتقان ھالەتتەـ مەدىنىدىن مەككىگە چىقىپ، كىرائەلغەمىيم دىگەن جايغا يەتكەندە، بىرقاچا سۇ كەلتۇرۇپ، ئۇنى كىشىلەر كۆرسۇن دەپ، قولىدا ئىگىز كۆتۈردى، كىشىلەر ئۇنى كۆردى، ئاندىن سۇنى ئىچىپ ئىپتار قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كىيىن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ بەزى كىشىلەر سەپەردە رۇزا تۇتىۋىدىكەن دىيىلگەندە، ئۇ: ئەنە ئەشۇلار ئاسىيلاردۇر، ئەنە ئەشۇلار ئاسىيلاردۇر،دىدى.مۇسلىم توپلىغان.

**2028 - [ 10 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الرحمن بن عوف قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صائم رمضان في السفر كالمفطر في الحضر " . رواه ابن ماجه**

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رامىزان ئېيىدا سەپەر قىلىۋېتىپ رۇزا تۇتقۇچى، خۇددى مۇقىم تۇرۇپ رۇزا تۇتمىغان كىشىدەك گۇناھكار بولىدۇ.ئىبنى ماجە توپلىغان ، تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان.

**2029 - [ 11 ] ( صحيح )وعن حمزة بن عمرو السلمي أنه قال : يا رسول الله إني أجد بي قوة على الصيام في السفر فهل علي جناح ؟ قال : " هي رخصة من الله عز وجل فمن أخذ ا فحسن ومن أحب أن يصوم فلا جناح عليه " . رواه مسلم**

ھەمزە ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەققەتەن مەن سەپەردىمۇ رۇزا تۇتۇشقا كۈچ ـ قۇۋۋەت تاپالايمەن، سەپەردە رۇزا تۇتسام، ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟ دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : سەپەردە رۇزا تۇتماي تۇرۇپ، كىيىن قازاسىنى قىلىش **الله** تائالا نىڭ رۇخسىتىدۇر، كىم شۇ رۇخسەتنى ئالسا، بەك ياخشىدۇر، كىم سەپەردىمۇ رۇزا تۇتۇشنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا ھىچ گۇناھ يوقتۇر، دىدى . مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**باب القضاء - الفصل الأول** **قىلىپ قالغان رۇزىنىڭ قازاسىنى قىلىش توغرىسىدا**

**2030 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عائشة قالت : كان يكون علي الصوم من رمضان فما أستطيع أن أقضي إلا في شعبان . قال يحيى بن سعيد : تعني الشغل من النبي أو بالنبي صلى الله عليه وسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مىنىڭ ئۇستىمدە (كېسەل مۇناسىۋىتى بىلەن) رامىزاننىڭ رۇزىسى قېلىپ قالاتتى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، ئۇ رۇزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا قادىر بولالمايتتىم، پەقەت (كىلەركى رامىزاننىڭ ئالدىدىكى)شەئبان ئېيىدىلا، ئۇرۇزىنىڭ قازاسىنى قىلاتتىم. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**2031 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحل للمرأة أن تصوم وزوجها شاهد إلا بإذنه ولا تأذن في بيته إلا بإذنه " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشىنىڭ ئېرى ئۆيدە بار چاغدا ئېرىنىڭ ئىزنىسىز نەپلە روزا تۇتۇشى ھالال ئەمەس، ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيگە بىرەر كىشىنىڭ

كىرىشكە ئىزنى بېرىشى ھالال ئەمەس، ئېرىنىڭ ئىزنى، رۇخستى بىلەن دۇرۇس بولىدۇ.( ئايال كىشى ئېرىنىڭ بۇيرىقىسىز بىرەر نەپىقە ئىھسان قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرىنىڭ يېرىمى ئېرىگە، يېرىمى ئۆزىگە بولىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2032 - [ 3 ] ( صحيح )وعن معاذة العدوية أنا قالت لعائشة : ما بال الحائض تقضي الصوم ولا تقضي الصلاة ؟ قالت عائشة : كان يصيبنا ذلك فنؤمر بقضاء الصوم ولا نؤمر بقضاء الصلاة . رواه مسلم**

مۇئازەت رەھ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:نىمە ئۈچۈن ھېيىزدار(نىپاسدار)ئايالالار رۇزىنىڭ قازاسىنى قىلىپ، نامازنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ؟ دەيدۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: بىزگە شۇنداق ئەھۋال يېتەتتى، (يەنى رامىزاندا ھېيىزدار بۇلاتتىق)بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەپتىن رۇزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلاتتۇق، نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلمايتتۇق، دىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.ھېكمىتى **الله** قا ئىتائەت قىلىشتۇر.

**2033 - [ 4 ] ( متفق عليه )**

**وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من مات وعليه صوم صام عنه وليه "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۈستىدە روزىدىن قەرىز قېلىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشىدىن ۋەلىيسى، يېقىن تۇغقانلىرى، ۋارىس بولغىدەك كىشىلىرى تۇتۇپ قويسا دۇرۇس بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2034 - [ 5 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن نافع عن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من مات وعليه صيام شهر رمضان فليطعم عنه مكان كل يوم مسكين " . رواه الترمذي وقال : والصحيح أنه موقوف على ابن عمر**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۈستىدە رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىدىن قەرزى قېلىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇكىشى ھەققىدىن ھەربىركۈنىنىڭ ئورنىغا بىرمىسكىنگە تويغۇدەك بىر ۋاخ تاماق بىرىلىدۇ. تىرمىزى توپلاپ؛ سەھىھىسى بۇ ھەدىس مەۋقۇپ دىگەن.

**2035 - [ 6 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن مالك بلغه أن ابن عمر كان يسأل : هل يصوم أحد عن أحد أو يصلي أحد عن أحد ؟ فيقول : لا يصوم أحد عن أحد . ولا يصلي أحد عن أحد . رواه في الموطأ**

مالىك رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىرەر كىشى يەنەبىر ھايات كىشىدىن رۇزا تۇتۇپ قويسا، ياكى ناماز ئۇقۇپ قويسا بۇلامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھېچ بىر كىشى يەنەبىر ھايات كىشىدىن رۇزا تۇتۇپ قۇيالمايدۇ، ھېچ بىر كىشى يەنەبىر ھايات كىشىدىن نامازمۇ ئۇقۇپ قۇيالمايدۇ، دەپ جاۋاب بىرىدۇ. ئىمام مالىك توپلىغان ، مەنىسى سەھىھ. ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئىشى يۇقىردا ئۆتتى.

**باب صيام التطوع - الفصل الأول** نەپلە رۇزا توغرىسىدا

**2036 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصوم حتى نقول : لا يفطر ويفطر حتى نقول : لا يصوم وما رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم استكمل صيام شهر قط إلا رمضان وما رأيته في شهر أكثر منه صياما في شعبان وفي رواية قالت : كان يصوم شعبان كله وكان يصوم شعبان إلا قليلا**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق كۆپ نەپلە رۇزا تۇتاتتىكى، بىز: ھەركۈنى رۇزاتۇتۇپلا، ئىپتار قىلمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتۇق، ئىپتار قىلىپ يىگەندە بولسا، رۇزا تۇتمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتۇق، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزان ئېيىدىن باشقا ئايلاردا، كامىل

تولۇق بىر ئاي روزا تۇتقىنىنى كۆرمىدىم، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرەر ئايدا شەئبان ئېيىدىكىدىنمۇ كۆپرەك روزا تۇتقىنىنى كۆرمىدىم، شەئبان ئېيىدا تولۇق روزا تۇتاتتى، ياكى بۇئاينىڭ ئازراقلا كۈنلىرىدىن باشقا ھەممە كۈنىدە روزا تۇتاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

2037 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن شقيق قال : قلت لعائشة : أكان النبي صلى الله عليه وسلم يصوم شهرا كله ؟ قال : ما علمته صام شهرا كله إلا رمضان ولا أفطره كله حتى يصوم منه حتى مضى لسبيله . رواه مسلم

ئابدۇللاھ ئىبنى شۇقەيق رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كامىل تولۇق بىر ئاي روزا تۇتامتى؟ دەپ سورىسام، ئۇماڭا: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزان ئېيىدىن باشقا ئايلاردا، كامىل تولۇق بىر ئاي روزا تۇتقىنىنى بىلمەيمەن، پەقەت رامىزاندىلا تولۇق بىرئاي روزا تۇتاتتى، شۇنداقلا مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزان ئېيىدىن باشقا ئايلاردا، بىر ئاي تولۇق تاماق يىگىنىنىمۇ بىلمەيمەن، ئۆز يولىغا كەتكەنگە قەدەر (يەنى ۋاپات بولغانغا قەدەر) ھەر ئايدىن روزا تۇتۇپ تۇراتتى، دىدى. ،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

2038 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عمران بن حصين عن النبي صلى الله عليه وسلم : أنه سأله أو سأل رجلا وعمران يسمع فقال : " يا أبا فلان أما صمت من سرر شعبان ؟ " قال : لا قال : " فإذا أفطرت فصم يومين "

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن مۇنداق سوردى ياكى بىر كىشىدىن سورىغاندا مەن ئاڭلىغان ئىدىم: ئى پالانىنىڭ دادىسى! سەن شەئبان ئېيىنىڭ ئەۋۋەلىدىن ياكى ئوتتۇرـ ئاخىرلىرىدىن روزا تۇتمىدىڭمۇ؟ دىدى، ئۇكىشى؛ ياق، تۇتمۇدۇم دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: شەئبان ئېيىدا پۈتۈنلەي يىگەن بولساڭ، ياكى ئەۋۋەل ـ ئوتتۇرىدىن بىركۈن يىگەن بولساڭ، ئۇنىڭ بەدىلگە ئىككى كۈن روزا تۇتقىن دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

2039 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفضل الصيام بعد رمضان شهر الله المحرم وأفضل الصلاة بعد الفريضة صلاة الليل " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە،جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رامىزان ئېيىدىكى روزىدىن قالسا، روزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، ئاللاھنىڭ مۇھەررەم ئېيىدىكى روزىدۇر، (يەنى ئاسماندىكى كۈنى ھىجرىيە ئاينىڭ بىرىنچى ئېيىدۇر)، پەرز نامازدىن قالسا، نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، يىرىم كېچىدىكى نامازدۇر، «يەنى تەھەججۇد ، نەپلە نامىزى» مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، رويانى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رامىزان ئېيىدىن قالسا روزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، سىلەر مۇھەررەم دەپ ئاتايدىغان ئايدۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

2040 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : ما رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يتحرى صيام يوم فضله على غيره إلا هذا اليوم : يوم عاشوراء وهذا الشهر يعني شهر رمضان

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرەر كۈننىڭ روزىسىنى باشقا كۈنلەر ئۈستىگە پەزىلەتلىك بىلىپ، قاتتىق تەلەپ قىلغىنىنى كۆرمىدىم، پەقەت مۇشۇ ئاشۇرا كۈنى بىلەن رامىزان ئېيىنىلا (يەنى بۇ كۈنلەرنىڭ روزىسىنىلا) باشقا كۈنلەردىن پەزىلەتلىك بىلىپ ئارتۇق كۆرەتتى. بۇخارى،مۇسلىم.(ئاشۇرا كۈن ؛ مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى،كىينچە 9 ـ كۈنى ئىدى)

2041 - [ 6 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : حين صام رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم عاشوراء وأمر بصيامه قالوا : يا رسول

**الله إنه يوم يعظمه اليهود والنصارى . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لئن بقيت إلى قابل لأصومن التاسع . رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇرا كۈنى ئۆزىمۇ رۇزا تۇتۇپ، باشقىلارنىمۇ رۇزا تۇتۇشقا بۇيرىغان چاغدا، ئۇلار: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئاشۇرا كۈننى يەھۇدىي ـ ناسارالارمۇ ئۇلۇغلايدىكەن دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر كىلەر يىلغىچە ھايات قېلىپ قالسام، ئەلۋەتتە توققۇزۇنچى كۈنى روزا تۇتىمەن، دىدى.(يەنى مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى كۈننى، ئاشۇرا كۈنى قىلىپ روزا تۇتىمەن). مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2042 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أم الفضل بنت الحارث : أن ناسا تماروا عندها يوم عرفة في صيام رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال بعضهم : هو صائم وقال بعضهم : ليس بصائم فأرسلت إليه بقدح لبن وهو واقف عل بعيره بعرفة فشربه**

ئۇممە پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، كىشلەر ئارپات كۈنى ئۇنىڭ ئالدىدا ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رۇزا تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قالدى، بەزىسى رۇزا تۇتتى، دىسە، يەنەبەزىسى؛ رۇزا تۇتمىدى دىدى، ئۇممە پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قاچا سۈت ئەۋەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارپات تېغىدا تۆگىسى ئۈستىدە ۋۇقۇف قىلىپ تۇرغان ئىدى، ئاندىن ئۇ سۈتنى ئىچىۋەتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

**2043 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : ما رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم صائما في العشر قط . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، زۇلھەجنىڭ ئونىدا رۇزا تۇتقانلىقنى كۆرۈپ باقمىدىم. مۇسلىم. رۇزا تۇتقان ھەم بۇيرىغان ھەم ئۇكۈنلەردىكى رۇزىنىڭ پەزىلىتىمۇ بار.

**2044 - [ 9 ] ( صحيح )وعن أبي قتادة : أن رجلا أتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال كيف تصوم فغضب رسول الله صلى الله عليه وسلم من قوله . فلما رأى عمر رضي الله عنهم غضبه قال رضينا بالله ربا وبالإسلام دينا وبمحمد نبيا نعوذ بالله من غضب الله وغضب رسوله فجعل عمر رضي الله عنهم يردد هذا الكلام حتى سكن غضبه فقال عمر يا رسول الله كيف بمن يصوم الدهر كله قال : " لا صام ولا أفطر " . أو قال : " لم يصم ولم يفطر " . قال كيف من يصوم يومين ويفطر يوما قال : " ويطيق ذلك أحد " . قال كيف من يصوم يوما ويفطر يوما قال : " ذاك صوم داود عليه السلام " قال كيف من يصوم يوما ويفطر يومين قال : " وددت أني طوقت ذلك " . ثم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاث من كل شهر ورمضان إلى رمضان فهذا صيام الدهر كله صيام يوم عرفة أحتسب على الله أن يكفر السنة التي قبله والسنة التي بعده وصيام يوم عاشوراء أحتسب على الله أن يكفر السنة التي قبله " . رواه مسلم**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ: سىلى قانداق رۇزا تۇتىلا؟دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىدىن قاتتىق غەزەپ قىلىپ، ئاچچىقى كەلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاچچىقلانغىنىنى كۆرۈپ: بىز الله قا رەب جەھەتتىن ، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولدۇق، بىز الله قا سېغىنىپ، الله نىڭ غەزىپىدىن ، الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ غەزىپىدىن پاناھ تىلەيمىز دەپ، بۇسۆزنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاچچىقى يانغىچە تەكرارلاۋەردى، ئاندىن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! پۈتۈن زامان ئۈزۈلدۈرمەي رۇزا تۇتقان كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بۇلىدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: پۈتۈن زامان رۇزا تۇتقان كىشى رۇزا تۇتقان بولمايدۇ، ئىپتار قىلغانمۇ بولمايدۇ، (چۈنكى رۇزىسىغا ساۋاب يوق، رۇزا تۇتقان بولمايدۇ، تاماق يىمىگەچكە ئىپتارقىلغانمۇ بولمايدۇ)دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئىككى كۈن رۇزا

تۇتۇپ، بىر كۈن يېگەن كىشىچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:شۇنىڭغا بىرەر كىشى تاقەت قىلالامدۇ؟ دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:بىر كۈن رۇزا تۇتۇپ، بىر كۈن يېگەن كىشىچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەنەشۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇزىسىدۇر دېدى، (بۇ رۇزىنىڭ ئەڭ ياخشىسى) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:بىر كۈن رۇزا تۇتۇپ، ئىككى كۈن يېگەن كىشىچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:شۇنداق قىلىشقا ماڭا تاقەت ، كۈچ قۇۋۋەت بېرىلىشىنى مەنمۇ بەك ئارزۇ قىلىمەن دېدى.ئاندىن يەنە: ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش بىلەن رامىزان كېلەر رامىزانغىچە، مانا بۇ پۈتۈن زاماندا، پۈتۈن ۋاقىتتا روزا تۇتقانلىق بولىدۇ، ئاراپات كۈنىنىڭ روزىسىنى مەن ئاللاھتائالاغا، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بىر يىللىق ۋە كېيىنكى بىر يىللىق، ئىككى يىللىق گۇناھنى كاپارەت قىلىپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ دەپ گۇمان قىلىمەن، ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسىنى بولسا، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بىر يىللىق گۇناھقا كاپارەت قىلىپ،ئۆچۈرۈۋېتىدۇ دەپ ھېسابلايمەن،دېدى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.( ئابدۇللاھ ئىبنى شۇخەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەبەدىلئەبەد دائىم پۈتۈن زامان روزا تۇتسا، ئۇ كىشى روزا تۇتقان بولمايدۇ، ھەم ئىپتار قىلغانمۇ، يېگەنمۇ بولمايدۇ. ئەھمەد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. قادىر بولۇشچە تۇتۇش لازىم، قەتادە ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاراپات كۈنى يەنى ئەتە قۇربان ھېيت دېگەن كۈنى روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۆتكەنكى بىر يىل ۋە كېينكى بىر يىلدىن ئىبارەت ئىككى يىللىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.)

**2045 - [ 10 ] ( صحيح )**

**وعن أبي قتادة قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن صوم الاثنين فقال : " فيه ولدت وفيه أنزل علي " . رواه مسلم**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دۈشەنبە كۈنىنىڭ رۇزىسىدىن سورالغاندا، مەن شۇ كۈنى تۇغۇلغان، ماڭا دۈشەنبە كۈنى ۋەھى نازىل قىلىندى دېدى.مۇسلىم.سە

**2046 - [ 11 ] ( صحيح )وعن معاذة العدوية أنا سألت عائشة : أكان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصوم من كل شهر ثلاثة أيام ؟ قالت : نعم فقلت لها : من أي أيام الشهر كان يصوم ؟ قالت : لم يكن يبالي من أي أيام الشهر يصوم . رواه مسلم**

مۇئازەت رەھ مۇنداق دەيدۇ؛مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن رۇزا تۇتامتى؟ دەپ سورسام، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:ھەئە، ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن رۇزا تۇتاتتى دېدى. مەن يەنە ئۇنىڭدىن؛ ئاينىڭ قايسى كۈنلىرىدە رۇزا تۇتاتتى؟ دەپ سورسام، ئۇماڭا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاينىڭ قايسى كۈنى بولسا، پەرۋا قىلماي، رۇزا تۇتىۋېرەتتى دېدى. مۇسلىم.سەھىھ.

**2047 - [ 12 ] ( صحيح )وعن أبي أيوب الأنصاري أنه حدثه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من صام رمضان ثم أتبعه ستا من شوال كان كصيام الدهر " . رواه مسلم**

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۇلاپ، كېيىنكى شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزا تۇتسا، ئۇ پۈتۈن زامان روزا تۇتقان بولىدۇ، (36 كۈن 360 كۈنگە تەڭ، ئەلۋەتتە ھېيت كۈنى روزا تۇتۇش ھارام). ئەھمەد ، مۇسلىم بۇنىڭدىن كېيىنكى 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ، ئاندىن روزا ھېيتتىن كېيىن شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزا تۇتسا، ئۇ تولۇق بىر يىل روزا تۇتقان بولىدۇ، «كىم بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىدۇ». ئايەت، يەنى 36 كۈن 360 كۈنگە تەڭدۇر، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**2048 - [ 13 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن صوم يوم الفطر والنحر**

ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇشدىن توسقان. بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. (ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يىل ئىچىدىن ئالتە كۈندە روزا تۇتۇشدىن توسقان، قۇربان ھېيت كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن يەنى تەشرىق كۈنلىرى، قۇربان ھېيت كۈنى، روزا ھېيت كۈنى، كۈنلەر ئىچىدىن خاسلاپ مەخسۇس جۈمئە كۈنلا روزا تۇتۇشدىن توسقان. تەيالسى توپلىغان، سەھىھ. جۈمئە كۈننى چىقرۆەتكەندە يۇقىرقى بەش كۈندە يەنى قۇربان ھېيت كۈندە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە، روزا ھېيت كۈندە روزا تۇتۇش ھارامدۇر.

**2049 - [ 14 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا صوم في يومين : الفطر والضحى**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇش يوق دېگەن. بۇخارى،مۇسلىم. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيىدىن بۆرۈنلا بىر كۈن روزا تۇتۇشدىن، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت كۈنىدە، قۇربان ھېيت كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە روزا تۇتۇشدىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2050 - [ 15 ] ( صحيح )وعن نبيشة الهذلي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيام التشريق أيام أكل وشرب وذكر الله " . رواه مسلم**

نەبىيشەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قۇربان ھېيتنىڭ ئەتىسى، ئۆگىنى يەنە بىر كۈندىن ئىبارەت ئۈچ كۈن تەشرىق كۈنلەردۇر) مانا شۇ قۇربان ھېيت كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن، يەپ ــ ئىچىش، ئاللاھنى ئەسلەش، تەكبىر ئېيتىش كۈنلىرىدۇر، (روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. (ھەمزە ئىبنى ئەمرۇ بۇدەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇربان ھېيتتىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە يەنى تەشرىق كۈنلىرى روزا تۇتماڭلار. چۈنكى، ئۇ يەپ ــ ئىچىشنىڭ كۈنلىرىدۇر. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.)

**2051 - [ 16 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يصوم أحدكم يوم الجمعة إلا أن يصوم قبله أو يصوم بعده "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار خاس جۈمئە كۈنى روزا تۇتمىسۇن، لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كۈن ياكى ئارقىسىدا بىر كۈن روزا تۇتۇش بىلەن بىرگە تۇتسۇن. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**2052 - [ 17 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تختصوا ليلة الجمعة بقيام من بين الليالي ولا تختصوا يوم الجمعة بصيام من بين الأيام إلا أن يكون في صوم يصومه أحدكم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىلەر ئارىسىدىن پەقەت جۈمئە كۈنى كېچىسىلا قىيامدا تۇرۇشنى مەخسۇس خاس قىلىۋالماڭلار، كۈنلەر ئارىسىدىن پەقەت جۈمئە كۈنىلا روزا تۇتۇشنى خاس قىلىۋالماڭلار. لېكىن، بىرىڭلارنىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتقان روزىسىغا توغرا كېلىپ قالسا، جۈمئە كۈنىمۇ روزا تۇتساڭلار بولىدۇ. (كېچىسى قىيامدا تۇرۇشمۇ شۇنداقتۇر). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خاس جۈمئە كۈنى روزا تۇتماڭلار،

لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كۈن ياكى ئارقىسىدا بىر كۈن  بىلەن قوشۇپ تۇتۇڭلار. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**2053 - [ 18 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صام يوما في سبيل الله بعد الله وجهه عن النار سبعين خريفا "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى دوۋزاخدىن 70 يىل يىراق قىلىدۇ. ئەھمەد،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، ئاللاھ يولىدا بىر كۈن نەپلە روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن جەھەننەمنى 100 يىللىق مۇساپە يىراق قىلىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2054 - [ 19 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا عبد الله ألم أخبر أنك تصوم النهار وتقوم الليل ؟ " فقلت : بلى يا رسول الله . قال : " فلا تفعل صم وأفطر وقم ونم فإن لجسدك عليك حقا وإن لعينك عليك حقا وإن لزوجك عليك حقا وإن لزورك عليك حقا . لا صام من صام الدهر . صوم ثلاثة أيام من كل شهر صوم الدهر كله . صم كل شهر ثلاثة أيام واقرأ القرآن في كل شهر " . قلت : إني أطيق أكثر من ذلك . قال : " صم أفضل الصوم صوم داود : صيام يوم وإفطار يوم . واقرأ في كل سبع ليال مرة ولا تزد على ذلك "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭامۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇللاھ! مەن ساڭا كۈندۈزى روزا تۇتقانىدەك، كېچىسى قىيامدا تۇرغانىدەك بولۇشۇڭنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيدۇ؟.مەن: بولىدۇ دەپ بەرسىلە دېسەم، سەن ھازىرقىدەك قىلما (ئۇنداق قىلساڭ،كۆزۈڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ئۆزۈڭ قىينىلىپ مۇشەققەتتە قالىسەن)، روزىمۇ تۇت، ھەم يىگىن، قىيامدىمۇ تۇر ھەم ئۇخلىغىن، ھەقىقەتەن ئۈستۈڭدە جەسىدىڭنىڭ ھەققى، ئىككى كۆزۈڭنىڭ ھەققى بار، ئۈستۈڭدە ئايالىڭنىڭمۇ ھەققى بار، ئۈستۈڭدە سېنى زىيارەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭمۇ ھەققى بار،پۈتۈن زامان رۇزا تۇتقان كىشى رۇزا تۇتقان بولمايدۇ، (ھەقىقەتەن ساڭا ھەر بىر ياخشىلىققا ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىدۇ)، ئۇنداقتا ھەرئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش پۈتۈن زامان روزا تۇتقانىدەك بولىدۇ، ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتساڭ ساڭا كۇپايە بولىدۇ، قۇرئاننى ھەر ئايدا بىر قېتىم تامام قىلىپ ئوقۇپ چىققىن، دېدى. مەن؛ مەن كۈچ ــ قۇۋۋەت تاپالايمەن، مەن ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قىلىشقا قادىر دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنداق بولسا سەن رۇزىنىڭ ئەڭ ئەبزىلى بولغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇدنىڭ روزىسىدەك روزا تۇت، بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن يەيسەن، (بۇ زامانىنىڭ يېرىمىدا روزا تۇتۇپ چىقىشتۇر)،قۇرئاننى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم تامام قىلىپ ئوقۇغىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيادە، ئارتۇق قىلما دېدى. ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**2055 - [ 20 ] الفصل الثاني**

**وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصوم الاثنين والخميس . رواه الترمذي والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتاتتى.تىرمىزى،نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**2056 - [ 21 ] وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تعرض الأعمال يوم الاثنين والخميس فأحب أن يعرض عملي وأنا صائم " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەر دۈشەنبە،

پەيشەنبە كۈنلىرى تەگلىنىدۇ، (يۇقىرى ئۆرلەپ، قوبۇل قىلىنىدۇ) مەن روزا تۇتقان ھالەتتە ئەمەللىرىمنىڭ تەگلىنىشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. نەسەئى،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ،دۈشەنبە،پەيشەنبەكۈنى روزا تۇتۇڭلار.

**2057 - [ 22 ] وعن أبي ذرقال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا أبا ذر إذا صمت من الشهر ثلاثة أيام فصم ثلاث عشرة وأربع عشرة وخمس عشرة " . رواه الترمذي والنسائي**

ئەبۇ زەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئەبۇ زەر! سەن ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتماخچى بولساڭ، شۇ ئاينىڭ 13 ـ ، 14 ـ ، 15 ـ كۈنلىرى (ئاق كېچىلەر بولىدىغان كۈنلەردە) رۇزا تۇتقىن. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2058 - [ 23 ] وعن عبد الله بن مسعود قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصوم من غرة كل شهر ثلاثة أيام وقلما كان يفطر يوم الجمعة . رواه الترمذي والنسائي ورواه أبو داود إلى ثلاثة أيام**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئاينىڭ ئاق كۈنلىرىدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتاتتى، كۆپىنچە جۈمئە كۈنى روزا تۇتماي يەيتتى. تىرمىزى،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئاق كۈنلەر 13 ـ ، 14 ـ ، 15 ـ كۈنىدۇر، يەنى ئاي تولغان، كېچىسىمۇ كۈندۈزىمۇ ئاق كۈندۇر.

**2059 - [ 24 ] وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصوم من الشهر السبت والأحد والاثنين ومن الشهر الآخر الثلاثاء والأربعاء والخميس . رواه الترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئايدىن شەنبە، يەكشەنبە، دۈشەنبە روزا تۇتسا، يەنە بىر ئايدىن سەيشەنبە، چاھارشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتاتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2060 - [ 25 ] ( لم تتم دراسته )وعن أم سلمة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يأمرني أن أصوم ثلاثة أيام من كل شهر أولها الاثنين والخميس . رواه أبو داود والنسائي**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن رۇزا تۇتۇشۇمغا بۇيرىيتتى، ئۇكۈنلەرنىڭ ئەۋۋەلى دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى بۇلاتتى.نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

**2061 - [ 26 ] ( لم تتم دراسته )وعن مسلم القرشي قال : سألت أو سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن صيام الدهر فقال : " إن لأهلك عليك حقا صم رمضان والذي يليه وكل أربعاء وخميس فإذا أنت قد صمت الدهر كله " . رواه أبو داود والترمذي**

مۇسلىم قۇرشىيي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پۈتۈن زامان رۇزا تۇتۇش توغرىسىدا سورالغاندا، ياكى مەن سورىسام ماڭا مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئۈستۈڭدە ئەھلىڭنىڭ ھەققى بار، سەن رامىزان ئېيىدا، ئۇنىڭغا يېقىن ئەگىشىپ كېلىدىغان ئايدا ، (يەنى شەۋۋالدا)ھەر چاھارشەنبەكۈنى، پەيشەنبە كۈنى رۇزا تۇتقىن، ئەشۇ كۈنلەردە رۇزا تۇتساڭ پۈتۈن زامان رۇزا تۇتقان بۇلىسەن.تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد.

**2062 - [ 27 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم : نهى عن صوم يوم عرفة بعرفة . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاراپات تېغىدا، ئاراپات كۈنى روزا تۇتۇشتىن توسقان، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.

**2063 - [ 28 ] وعن عبد الله بن بسر عن أخته الصماء أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا تصوموا يوم السبت إلا فيما**

افترض عليكم فإن لم يجد أحدكم إلا لحاء عنبة أو عود شجرة فليمضغه " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي وابن ماجه والدارمي

سەمائ بىنتى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شەنبە كۈنى روزا تۇتماڭلار، لېكىن، پەرز روزا بولۇپ قالسا تۇتساڭلار بولىدۇ. ئەگەر بىرىڭلار ئۈزۈمنىڭ تال ياغىچىنى ياكى دەرەخنىڭ قوۋزاق يىلتىزىنى تاپسا، شەنبە كۈنى تۇتقان روزىنى شۇ نەرسىنى چاينىش بىلەن بۇزىۋەتسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. (بۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن توساشتۇر، لېكىن پەرز بولسا، ياكى تۇتۇپ كەلگەن ئادىتى بولسا، ياكى ئوخشۇپلىشنى مەخسەت قىلمىسا تۇتسا بولىدۇ، دەلىل يۇقىرىدا بىر يىل ئىچىدىن پەقەت بەش كۈندىلا روزا تۇتۇشتىن توسقان، باشقا كۈنلەردە تۇتسا بولىدۇ).

2064 - [ 29 ])وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صام يوما في سبيل الله جعل الله بينه وبين النار خندقا كما بين السماء والأرض " . رواه الترمذي

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم، ئاللاھ يولىدا بىر كۈن نەپلە روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشى بىلەن دوۋزاخ ئارىسىدا ئاسمان بىلەن زىمىن ئارىسىدەك چوڭ بىر خەندەك قىلىدۇ، (يەنى 70 يىل يىراق قىلىدۇ، 100 يىللىق مۇساپە يىراق قىلىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

2065 - [ 30 ] وعن عامر بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الغنيمة الباردة الصوم في الشتاء " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث مرسل

ئامىر ئىبنى مەسئۇد، ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىش پەسلىدىكى روزا بولسا، جاپاسىز، مۇشەققەتسىز، مۇقىم غەنىيمەتتۇر. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، بەيھەقى، ئىبنى ئەدى، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

2066 - [ 31 ] ( لم تتم دراسته )وذكر حديث أبي هريرة : " ما من أيام أحب إلى الله " في باب الأضحية

2067 - [ 32 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قدم المدينة فوجد اليهود صياما يوم عاشوراء فقال لهم رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما هذا اليوم الذي تصومونه ؟ " فقالوا : هذا يوم عظيم : أنجى الله فيه موسى وقومه وغرق فرعون وقومه فصامه موسى شكرا فنحن نصومه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فنحن أحق وأولى بموسى منكم " فصامه رسول الله صلى الله عليه وسلم وأمر بصيامه

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئاشۇرا كۈنى رۇزا تۇتقىنىنى كۆرۈپ ئۇلارغا: سىلەر رۇزا تۇتقان بۇكۈن قانداق كۈن بۇلىدۇ؟ دىدى. ئۇلار: بۇ بەكمۇ ئۇلۇغ كۈندۇر، چۈنكى بۇ كۈندە، الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى قۇتقۇزۇپ، فىرئەۋنىنى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى سۇغا غەرىق قىلغاندۇر، مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇكۇر قىلىش يۈزىسىدىن بۇكۈندە رۇزا تۇتقان، بىزمۇ رۇزا تۇتىمىز،دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بىز سىلەرگە قارىغاندا، مۇساغا ھەقلىقراق، لايىقراق ھەم يېقىنراق تۇرمىز دەپ، ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقان، شۇنداقلا رۇزا تۇتۇشقا بۇيرىغان. (رامىزان رۇزىسى پەرز قىلىنغاندىن كىيىن بۇ كۈندىكى روزا ئىختىيار قىلىنغان، كىيىنچە بۇ مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى ئەمەس، بەلكى توققۇزىنچى كۈنى روزا تۇتتۇلغان، سەۋەبى، يەھۇدىيلارغا خىلاق ئىش قىلىشتۇر) .ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2068 - [ 33 ] وعن أم سلمةقالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصوم يوم السبت ويوم الأحد أكثر ما يصوم من

**الأيام ويقول : " إنما يوما عيد للمشركين فأنا أحب أن أخالفهم " . رواه أحم**

ئۇمه سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ كۆپىنچىسى شەنبە، يەكشەنبە ئىدى، كۆپىنچە شەنبە، يەكشەنبەكۈنى رۇزا تۇتۇپ مۇنداق دەيتتى: بۇ ئىككى كۈن بولسا، (يەھۇدى ــ ناسارالاردەك)، مۇشرىكلەرنىڭ ھېيت كۈنىدۇر، يەپ ــ ئىچىدىغان كۈنىدۇر، مەن ئۇلارنىڭ خىلاپىدا، ئەكسىچە ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئەھمەد ، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2069 - [ 34 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يأمر بصيام يوم عاشوراء ويحثنا عليه ويتعاهدنا عنده فلما فرض رمضان لم يأمرنا ولم ينهنا عنه ولم يتعاهدنا عنده . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇرا كۈنى رۇزا تۇتۇشقا بۇيرىيتتى، بىزنى تەرغىب قىلىپ قىزىقتۇراتتى، ئۇكۈنى رۇزا تۇتۇشقا تەكىتلەپ نەسھەت قىلاتتى، رامىزان ئېيىنىڭ رۇزىسى پەرز قىلىنغاندا ، بىزنى ئاشۇرا كۈنى رۇزا تۇتۇشقا بۇيرىمىدى،بەكمۇ تەكىتلەپ چىڭ تۇرمىدى، ھەم توسمىدى. مۇسلىم توپلىغان.

**2070 - [ 35 ] ( لم تتم دراسته )وعن حفصة قالت : أربع لم يكن يدعهن النبي صلى الله عليه وسلم : " صيام عاشوراء والعشر وثلاثة أيام من كل شهر وركعتان قبل الفجر " . رواه النسائي**

ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت ئىشنى ھەرگىز تەرىك ئەتمەيتتى، 1 ـ ئاشۇرا كۈنى رۇزا تۇتۇشنى،2 ـ زۇلھەجىنىڭ ئونىدا رۇزا تۇتۇشنى،3 ـ ھەرئايدىن ئۈچ كۈن رۇزا تۇتۇشنى، 4 ـ بامداتتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئۇقۇشنى تەرىك ئەتمەيتتى. نەسەئى توپلىغان .

**2071 - [ 36 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يفطر أيام البيض في حضر ولا في سفر . رواه النسائي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيلى سەپەر قىلسۇن ، مەيلى مۇقۇم تۇرسۇن ئاق كۈنلەردە ھەرگىز تاماق يېمەي، رۇزا تۇتاتتى،(يەنى كېچىمۇ، كۈندىزمۇ ئاق كۈنلەردە، ئاسماندىكى ئاينىڭ 13 ـ 14 ـ 15 ـ كۈنلىرىدە رۇزا تۇتاتتى.) نەسەئى توپلىغان .

**2072 - [ 37 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لكل شيء زكاة وزكاة الجسد الصوم " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق نەرسىنىڭ زاكىتى(پاكلىنىشى) بولىدۇ، جەسەدىنىڭ زاكىتى روزا تۇتۇشتۇر، ئىبنى ماجە يالغۇزلا خاتىرلىگەن، ئەلۋەتتە، بۇ ھەدىسنىڭ زەئىپلىك مەشھۇردۇر، ئەلبانىمۇ زەئىپ دىگەن،

**2073 - [ 38 ] وعن أبي هريرة رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم : كان يصوم يوم الاثنين والخميس . فقيل : يا رسول الله إنك تصوم يوم الاثنين والخميس . فقال : " إن يوم الاثنين والخميس يغفر الله فيهما لكل مسلم إلا ذا هاجرين يقول : دعهما حتى يصطلحا " . رواه أحمد وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتاتتى.ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى دائىم دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتىدىكەنلىغۇ؟ دىيىلگەندە،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرىدە، ئاللاھتائالا ئاداۋەتلەشكەنلەردىن باشقا، بارلىق مۇسۇلمانلارغا مەغپىرەت قىلىدۇ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، ئاداۋەتتىكى كىشلەرگە بولسا، ئۇلار يارىشىۋالغىچە قويۇپ تۇرۇڭلار دەپ مەغپىرەت قىلمايدۇ،دىدى.ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2074 - [ 39 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صام يوما ابتغاء وجه الله بعده الله من جهنم كبعد غراب طائر وهو فرخ حتى مات هرما " . رواه أحمد**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم، ئاللاھ يولىدا، الله نىڭ جامالىنى ،(رازىلىقىنى)تەلەپ قىلىپ ، بىر كۈن نەپلە روزا تۇتسا، ئاللاھ تائالا،ئۇ كىشىنى جەھەننەمدىن بىر قاغىنىڭ چۈجە ھالىتىدىن قېرىپ ئۆلگىچە ئۇچقان مۇساپىسىنىڭ مىقدارىدا،شۇنداق يىراق قىلىۋىتىدۇ.ئەھمەد.

**2075 - [ 40 ] ( لم تتم دراسته )وروى البيهقي في شعب الإيمان عن سلمة بن قيس**

## باب في الإفطار من التطوع - الفصل الأول

## نەپلە روزدارنىڭ نەرسە يېيىش مەسلىسى توغرىسىدا

**2076 - [ 1 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : دخل علي النبي صلى الله عليه وسلم ذات يوم فقال : " هل عندكم شيء ؟ " فقلنا : لا قال : " فإني إذا صائم " . ثم أتانا يوما آخر فقلنا : يا رسول الله أهدي لنا حيس فقال : " أرينيه فلقد أصبحت صائما " فأكل . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمىغا كىرىپ: ئالدىڭلاردا يېگىدەك نەرسە بارمۇ؟ دىدى، بىز: ياق ، يېگىدەك ھېچ نەرسە يوق دىسەك، ئۇنداق بولسا، مەن رۇزا تۇتقۇچى بولاي دىدى، ئاندىن يەنە بىركۈنى قېشىمىزغا كىرىپتى، بىز:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزگە قورۇق سۈت، ياغ، خورما ئارلاشتۇرۇلغان باقالى ھەدىي قىلىندى يەملا؟دىسەك، قېنى ئۇنى ماڭا كۆرستىڭلا، ھەقىقەتەن مەن بۈگۈن رۇزا تۇتقان ئىدىم دەپ، ئۇنى يىدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.يەنى نەپلە رۇزىدار ئۆز ئىختىيارىدابۇلىدۇ.

**2077 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أنس قال : دخل النبي صلى الله عليه وسلم على أم سليم فأتته بتمر وسمن فقال : " أعيدوا سمنكم في سقائه وتمركم في وعائه فإني صائم ". ثم قام إلى ناحية من البيت فصلى غير المكتوبة فدعا لأم سليم وأهل بيتها . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانام ئۇممە سۇلەيمنىڭ قېشىغا كىرىپتى، ئۇممە سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خورما بىلەن ياغ ئېلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:يېغىڭلارنى تۇلۇمىغا، خورماڭلارنى بوخچىسىغا قايتۇرىۋىتىڭلار، چۈنكى مەن رۇزىدار دەپ، ئاندىن ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپ، پەرز نامازدىن باشقا نەپلە ناماز ئوقۇپ، ئۇممە سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ۋە ئۇنىڭ ئۆي ئەھلىگە دۇئا قىلىپ قويدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**2078 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دعي أحدكم إلى طعام وهو صائم فليقل : إني صائم .وفي رواية قال : إذا دعي أحدكم فليجب فإن كان صائما فليصل وإن كان مفطرا فيطعم .رواه مسلم**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا، ئۇ روزا تۇتقان بولسا، ھەقىقەتەن مەن بۈگۈن روزا تۇتقان دېسۇن، بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا بارسۇن، روزا تۇتۇغلۇق بولسا، بىر چەتتە ناماز ئوقۇسۇن، روزا تۇتمىغان بولسا يېسۇن، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا، بىرىپ خالىسا يېسۇن، خالىسا يېمىسۇن، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار، تائامغا چاقىرىلسا بارسۇن، روزا تۇتمىغان بولسا يېسۇن، روزا تۇتقان بولسا، بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويسۇن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار توي تاماققا چاقىرىلسا، گەرچە ئۇ روزا تۇتقان بولسىمۇ بارسۇن، ئىبنى مۇنىيئ توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.)

2079 - [ 4 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن أم هانئ رضي الله عنها قالت : لما كان يوم الفتح فتح مكة جاءت فاطمة فجلست على يسار رسول الله صلى الله عليه وسلم وأم هانئ عن يمينه فجاءت الوليدة بإناء فيه شراب فناولته فشرب منه ثم ناوله أم هانئ فشربت منه فقالت : يا رسول الله لقد أفطرت وكنت صائمة فقال لها : " أكنت تقضين شيئا ؟ " قالت : لا . قال : " فلا يضرك إن كان تطوعا " . رواه أبو داود والترمذي والدارمي وفي رواية لأحمد والترمذي نحوه وفيه فقالت : يا رسول الله أما إني كنت صائمة فقال : " الصائم أمير نفسه إن شاء صام وإن شاء أفطر "

ئۇممە هانئى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇردى، مەن ئوڭ تەرىپىدە ئىدىم، ۋەلىيدەت ياكى بىردىدەك بىرقاچا ئىچىملىك ئېلىپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇنۇپ بەردى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن ئىچىپ، ئاندىن ئۇنى (ئوڭ تەرىپىدىكى) ماڭا بەردى، مەن ئۇنىڭدىن ئىچىپ:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن رۇزدار ئىدىم، ئىپتارقىلىۋەتتىم، دېسەم، ماڭا: بىرەر رۇزىنىڭ قازاسىنى قىلىۋاتامتىڭ؟ دېدى. مەن:ياق نەپلە ئىدى دېسەم، ئەگەر ئۇ نەپلە رۇزا بولسا، ساڭا ھېچ زەرەر يوق دېدى.يەنەبىرخاتىردە: نەپلە روزا تۇتقۇچى ئۆزىگە ئۆزى باشلىق، ئۆزى ئىگە بولۇپ، ئەگەر خالىسا تۇتىدۇ، ئەگەر خالىسا تۇتماي يېۋېتىدۇ، (يىگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق، خالىسا،قازاسىنى قىلىپ تۇتىدۇ، خالىسا يوق.)دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد،ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.( ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا؛ «ئەمەللىرىڭلارنى بىكار، باتىل قىلىۋەتمەڭلار» دېگەن ئايەت بىلەن بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى قىلىدۇ دېگەن، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئوبدان بىلەتتى.**الله** ئەئلەم.

2080 - [ 5 ] ( لم تتم دراسته )وعن الزهري عن عروة عن عائشة قالت : كنت أنا وحفصة صائمتين فعرض لنا طعام اشتهيناه فأكلنا منه فقالت حفصة : يا رسول الله إنا كنا صائمتين فعرض لنا طعام اشتهيناه فأكلنا منه . قال : " أقضيا يوما آخر مكانه " . رواه الترمذي وذكر جماعة من الحفاظ رووا عن الزهري عن عائشة مرسلا ولم يذكروا فيه عن عروة وهذا أصح ورواه أبو داود عن زميل مولى عروة عن عروة عن عائشة

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئىككىمىز رۇزىدار ئىدۇق، بىزگە تاماق تەكلىنىۋىدى، بىز ئۇنى يېيىشنى ئىشتىھا قىلىپ قېلىپ، ئۇتامىاقتىن يېدۇق، ئاندىن ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئىككىمىز رۇزىدار ئىدۇق، بىزگە تاماق تەكلىنىۋىدى، بىز ئۇنى يېيىشنى ئىشتىھا قىلىپ قېلىپ، ئۇتاماقتىن يېدۇق،دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭ ئورنىغا، باشقا بىركۈنى قازاسىنى قىلىپ رۇزا تۇتۇڭلار دېدى. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

2081 - [ 6 ] ( لم تتم دراسته )وعن أم عمارة بنت كعب أن النبي صلى الله عليه وسلم دخل عليها فدعت له بطعام فقال لها : " كلي " . فقالت : إني صائمة . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن الصائم إذا أكل عنده صلت عليه الملائكة حتى يفرغوا " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه والدارمي

ئۇمىە ئەممارە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا كىرىپتى، مەن تاماق كەلتۈردۈم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: سىزمۇ تاماق يەڭ دىدى، مەن: مەن رۇزىدار ئىدىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن رۇزىدار كىشىنىڭ ئالدىدا تاماق يېيىلسە، ئۇلار تاماقتىن پارىغ بولغىچە، ئۇكىشىگە پەرىشتىلەر رەھمەت يوللاپ، مەغپىرەت سورايدۇ دىدى.ئەھمەد،تىرمىزى، ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان.

**2082 - [ 7 ] الفصل الثالث عن بريدة قال : دخل بلال على رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو يتغدى فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الغداء يا بلال " . قال : إني صائم يا رسول الله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نأكل رزقنا وفضل رزق بلال في الجنة أشعرت يا بلال أن الصائم يسبح عظامه وتستغفر له الملائكة ما أكل عنده ؟ . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرسە، رەسۇلۇللاھ تاماق يەۋاتقان ئىكەن، ئى بىلال! سەنمۇ غىزا يېگىن دىدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن رۇزىدار ئىدىم دىسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بىز ئۆز رىزقىمىزنى يەۋاتىمىز، بىلالنىڭ رىزقىنىڭ پەزىلىتى، ئارتۇقچىلىقى بولسا، جەننەتتىدۇر، ئى بىلال! سەن رۇزا تۇتقۇچىنىڭ سۆڭەكلىرىنىڭمۇ تەسبىھ ئەيتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئالدىدا تاماق يېيىلسىلا، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا مەغپىرەت سورايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ دىدى. بەيھەقى توپلىغان، تەكشۈرۈلمىگەن.

## قەدىر كېچىسى توغرىسىدا — باب ليلة القدر - الفصل الأول

**2083 - [ 1 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تحروا ليلة القدر في الوتر من العشر الأواخر من رمضان " . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى تاق كېچىلەردىن ئىزدەڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەدىر كېچىسىنى ئىزدەڭلار، ئۇنى ئىزدىمەكچى بولغان كىشى، رامىزاننىڭ 27 ـ كېچىسى ئىزدىسۇن. ئەھمەد توپلىغان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەدىر كېچىسىنى ئاخىرقى يەتتىسىدە ئىزەدەڭلار، مالىك، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ 23 ـ كېچىسى ئىزدەڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.(ھەدىسلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماي كېلىشى، بۇ كېچە مەخپى قىلىنغان توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، لېكىن، قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا،تاق كېچىسى چوقۇم بار،بۇ سەھىھ 27 ـ كېچىسى سەھىھ دىگەنلەرمۇ بار.)

**2084 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : إن رجلا من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم أروا ليلة القدر في المنام في السبع الأواخر فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أرى رؤياكم قد تواطأت في السبع الأواخر فمن كان متحريها فليتحرها في السبع الأواخر "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىركىشىنىڭ چۈشىدە، ئۇنىڭغا قەدىر كېچىسىنىڭ (رامىزاننىڭ)ئاخىرقى يەتتىسىدە ئىكەنلىكى كۆ رسىتىلىپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئاڭلاپ: مەن چۈشۈڭلارنىڭ ئاخىرقى يەتتىسىگە مۇۋاپىق كەلگىنىنى كۆردۈم،

كىم قەدىر كېچىسىنى ئىزدىمەكچى بولسا، رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى يەتتىسىدە ئىزدىسۇن،دېدى. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2085 - [ 3 ] ( صحيح )وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : التمسوها في العشر الأواخر من رمضان ليلة القدر : في تاسعة تبقى في سابعة تبقى في خامسة تبقى . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئىزدەڭلار، قېلىپ قالغان توققۇزىنچى، يەتتىنچى، بەشىنچى كېچىسى ئىزدەڭلار، بۇخارى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى ئاخىرقى ئون كۈننىڭ قالغان توققۇزدا، يەتتىسىدە، بەشىدە، ئۈچىدە ئەڭ ئاخىرقى تاق كېچىلىرى ئىزدەڭلار. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2086 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري رضي الله عنهم أن رسول الله صلى الله عليه وسلم اعتكف العشر الأول من رمضان ثم اعتكف العشر الأوسط في قبة تركية ثم أطلع رأسه . فقال : " إني اعتكفت العشر الأول ألتمس هذه الليلة ثم اعتكفت العشر الأوسط ثم أتيت فقيل لي إنا في العشر الأواخر فمن أعتكف معي فليعتكف العشر الأواخر فقد أريت هذه الليلة ثم أنسيتها وقد رأيتني أسجد في ماء وطين من صبيحتها فالتمسوها في العشر الأواخر والتمسوها في كل وتر " . قال : فمطرت السماء تلك الليلة وكان المسجد على عريش فوكف المسجد فبصرت عيناي رسول الله صلى الله عليه وسلم وعلى جبهته أثر الماء والطين من صبيحة إحدى وعشرين . متفق عليه في المعنى واللفظ لمسلم إلى قوله : " فقيل لي : إنا في العشر الأواخر " . والباقي للبخاري**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئەۋۋەلقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلدى، ئاندىن ئوتتۇرىدىكى ئونىدا، تېرىدىن بولغان گۈمبەز چېدىردا ئېتىكاپ قىلىپ،ئاندىن بېشىنى چىقىرىپ مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن مەن مۇشۇ قەدىر كېچىسىنى ئىزدەپ، رامىزاننىڭ ئەۋۋەلقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلدىم، ئاندىن ئوتتۇرىدىكى ئونىدا ئېتىكاپ قىلدىم، ئاندىن ماڭا پەرىشتەئارقىلىق قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا دېيىلدى، كىم مەن بىلەن ئېتىكاپ قىلماقچى بولسا، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلسۇن. ماڭا بۇ قەدىر كېچىسى چۈشۈمدە كۆرسىتىلگەن، ئاندىن كېيىن ئۇنتۇلدۇرۇلدۇم، ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمنى قەدىر كېچىسىنىڭ ئەتىگىنى سۇ بىلەن لايغا سەجدە قىلىپ كۆردۈم، (يەنى ئالامىتى قار ــ يامغۇردۇر) ئۇنى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈن ئىچىدىكى ھەربىر تاق كېچىلەردە ئىزدەڭلار. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ شۇكېچىسى يامغۇر ياغدى، مەسجىد خورما شاخلىرى بىلەنلا يېپىلغان بۇلۇپ، مەسجىدتىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، مەن رامىزاننىڭ 21 ـ كۈنى ئەتىگەندە، ئىككى كۆزۈم بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پىشانىسىدا يامغۇر سۈيى بىلەن لاينىڭ ئەسرىنى كۆردۈم. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2087 - [ 5 ] ( صحيح )وفي رواية عبد الله بن أنيس قال : " ليلة ثلاث وعشرين " . رواه مسلم**

مۇسلىمنىڭ يەنەبىر رىۋايىتىدە:ئابدۇاللە ئىبنى ئۇنەيستىن 23 ـ كۈنى كۆردۈم دېيىلگەن، الله ئەئلەم.

**2088 - [ 6 ] ( صحيح )وعن زر بن حبيش قال : سألت أبي بن كعب فقلت إن أخاك ابن مسعود يقول : من يقم الحول يصب ليلة القدر . فقال رحمه الله أراد أن لا يتكل الناس أما إنه قد علم أنا في رمضان وأنا في العشر الأواخر وأنا ليلة سبع وعشرين ثم حلف لا يستثني أنا ليلة سبع وعشرين . فقلت : بأي شيء تقول ذلك يا أبا المنذر ؟ قال : بالعلامة أو بالآية التي أخبرنا رسول الله صلى الله عليه وسلم أنا تطلع يومئذ لا شعاع لها . رواه مسلم**

زەرر ئىبنى ھۇبەيش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سوئال سوراۋېتىپ، ئۇنىڭغا؛ ھەقىقەتەن قېرىندىشىڭ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ كىم بىر يىل مۇكەممەل كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ تۇنىسە، ئاندىن قەدىر كېچىسىنى تاپالايدۇ، دەيدۇ دىسەم، ئۇماڭا: الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ كىشىلەرنىڭ يۈلىنىۋالماسلىقىنى مەقسەت قىلىپتۇ، لىكىن ئۇ قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزاندا، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا، بۇلۇپمۇ 27 ـ كېچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ دەپ، ئاندىن قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزاننىڭ 27 ـ كېچىسى ئىكەنلىكىگە ئىستىسنا قىلماي يەنى الله خالىسا دىمەيلا قەسەم قىلدى، مەن: ئى ئەبامۇنزىر!قايسى نەرسە بىلەن شۇنداق جەزىمە قىلىپ، 27 ـ كېچىسى دەيسەن؟ دىسەم، ئۇماڭا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خەۋەر قىلغان ئالامەت بىلەن دەپ؛ قۇياش شۇكۈنى نۇرسىز چىقىدۇ دىدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**2089 - [ 7 ] ( صحيح )**

**وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يجتهد في العشر الأواخر ما لا يجتهد في غيره رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەلاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە، ئۇ كۈنلەردىن باشقا چاغدا كۆرسەتمىگەن، قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى،(يەنى ئىبادەتتە قاتتىق چىڭ تۇراتتى،كېچىلىرى تۈنەيتتى، ئەھلىنى ئويغۇتاتتى). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2090 - [ 8 ] ( متفق عليه )**

**وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا دخل العشر شد مئزره وأحيا ليله وأيقظ أهله**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ قېلىپ قالغان ئون كۈنى كىرگەندە، ئىشتىنىنى مەھكەم چىگىپ، بۇ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ كېچىلىرى تۈنەيتتى، ئەھلىنى ئويغۇتاتتى. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2091 - [ 9 ] الفصل الثاني ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قلت : يا رسول الله أرأيت إن علمت أي ليلة القدر ما أقول فيها ؟ قال : " قولي : اللهم إنك عفو تحب العفو فاعف عني " . رواه أحمد وابن ماجه والترمذي وصححه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئەگەر بىلسىلە قېنى دەپ بەرسىلە، مەن قەدىر كېچىسى نىمە دەيمەن؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن سىلى ئەپۇ قىلغۇچى، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىلا، مەندىن ئەپۇ قىلسىلا»دىگىن،دىدى.ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ دۇئا قەدىر كېچىسى ئوقۇلىدۇ.

**2092 - [ 10 ] وعن أبي بكرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " التمسوها يعني ليلة القدر في تسع بقين أو في سبع بقين أو في خمس بقين أو ثلاث أو آخر ليلة " . رواه الترمذي**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەدىر كېچىسىنى ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ قالغان توققۇزدا، يەتتىسدە، بەشدە، ئۈچىدە، ئەڭ ئاخىرقى تاق كېچىللىرى ئىزدەڭلار. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2093 - [ 11 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن ليلة القدر فقال : " هي في كل رمضان " . رواه أبو داود وقال : رواه سفيان وشعبة عن أبي إسحق موقوفا على ابن عمر**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قەدىر كېچىسى توغرىسىدا سورالغاندا؛ قەدىركېچىسى ھەر بىر رامىزاندا باردۇر دىگەن. (يەنى قىيامەتكىچە ھەممە رامىزاندا

باردۇر). ئەبۇداۋۇد توپلىغان، ئۇ:بۇ ھەدىس ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى دىگەن.

**2094 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن أنيس قال : قلت يا رسول الله إن لي بادية أكون فيها وأنا أصلي فيها بحمد الله فمرني بليلة أنزلها إلى هذا المسجد فقال : " انزل ليلة ثلاث وعشرين " . قيل لابنه : كيف كان أبوك يصنع ؟ قال : كان يدخل المسجد إذا صلى العصر فلا يخرج منه لحاجة حتى يصلي الصبح فإذا صلى الصبح وجد دابته على باب المسجد فجلس عليها ولحق بباديته . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مىنىڭ يىرىدا تۇرۇشلۇق ئورنۇم بار،**الله** قا شۈكرىكى، مەن ئۇ جايدا **الله** قا ھەمدە ئېيتىش بىلەن بىرگە ناماز ئۇقۇيمەن، قەدىر كېچىسىنى تېپىش ئۈچۈن مىنى بىركېچىگە بۇيرىسىلا، مەن شۇ كېچىسى بۇ مەسجىدكە چۈشەي دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ 23 ـ كېچىسى چۈشكىن دىدى، ئۇنىڭ ئوغلىغا: داداڭ قانداق قىلاتتى؟ دىيىلدى، ئۇ: دادام شۈكۈنى ئەسىرنى ئۇقۇپلا مەسجىدكە كىرىپ كەتسە، بامداتنى ئۇقۇمىغىچە ھېچقانداق ھاجەتكە چىقمايتتى، بامدات نامىزىنى ئۇقۇپ، مەسجىدنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى ئۇلىغىغا مىنىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق يىرىغا كىتەتتى، دىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2095 - [ 13 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن عبادة بن الصامت قال : خرج النبي صلى الله عليه وسلم ليخبرنا بليلة القدر فتلاحى رجلان من المسلمين فقال : " خرجت لأخبركم بليلة القدر فتلاحى فلان وفلان فرفعت وعسى أن يكون خيرا لكم فالتمسوها في التاسعة والسابعة والخامسة " . رواه البخاري**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قەدىر كېچىسىدىن خەۋەر بىرىش ئۈچۈن چىقسا، مۇسۇلمانلاردىن ئىككى كىشى دە ــ تالاش ، جىدەل، مۇنازىرە قىلىشىپ قالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەققەتەن مەن سىلەرگە قەدىر كېچىسىنى خەۋەر قىلىپ بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىدىم، لېكىن، پالانى بىلەن پالانى دە ــ تالاش ، جىدەل، مۇنازىرە قىلىشىپ، ئۇ مەندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىمۇ، ئۇنتۇپ قېلىشىمۇ سىلەرگە ياخشى بولۇشى مۇمكىن، قەدىر كېچىسىنى، رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى توققۇزىدا،يەتتىسىدە، بەشىنچى كېچىللىرىدە ئىزدەڭلار،دىدى. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**2096 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كان ليلة القدر نزل جبريل عليه السلام في كبكبة من الملائكة يصلون على كل عبد قائم أو قاعد يذكر الله عز وجل فإذا كان يوم عيدهم يعني يوم فطرهم باهى م ملائكته فقال : يا ملائكتي ما جزاء أجير وفى عمله ؟ قالوا : ربنا جزاؤه أن يوفى أجره . قال : ملائكتي عبيدي وإمائي قضوا فريضتي عليهم ثم خرجوا يعجون إلى الدعاء وعزتي وجلالي وكرمي وعلوي وارتفاع مكاني لأجيبنهم . فيقول : ارجعوا فقد غفرت لكم وبدلت سيئاتكم حسنات . قال : فيرجعون مغفورا لهم " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەدىر كېچىسى بولغاندا، جىبرئىل ئەلەيھىسسالام بىر توپ پەرىشتىلەر جامائىتى بىلەن چۈشۈپ، ھەربىر قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئۇقۇۋاتقان ياكى ئولتۇرۇپ **الله** نى ئەسلەۋاتقان بەندىگە رەھمەت يوللاپ، مەغپىرەت سورايدۇ، ئۇلارنىڭ رۇزا ھېيت كۈنى بولغاندا، **الله** تائالا ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە باھالاپ، ماختاپ بىرىپ ؛ ئى پەرىشتىللىرىم! ئۆز ئەمىلىنى تولۇق تامام قىلغان ئىشچىنىڭ ئىش ھەققى مۇكاپاتى قانداق بولىدۇ؟ دەيدۇ، ئۇلار: ئى رەببىمىز! ئۇنىڭ مۇكاپاتى ، ئىش ھەققى تولۇق بىرىلىشى كىرەك دەيدۇ، **الله** تائالا: ئى پەرىشتىلىرىم! مىنىڭ ئەر ـ ئايال بارلىق بەندىللىرىم ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى مىنىڭ پەرزىمنى تولۇق ئادا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن دۇئاغا ئاۋازلىرىنى، قوللىرىنى ئۈستۈن

كۆتۈرۈشۈپ چىقىشتى، ئىززىتىم بىلەن، ئۇلۇغلۇقۇم، سېخىيلىقىم، ئۈستۈنلۈكۈم،(ئۆزۈمگە لايىق) ئورنۇمنىڭ ئۈستۈنلىكى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن چوقۇم ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئىبادىتىنى قوبۇل قىلىمەن، ئى بەندىلىرىم! ئەمدى قايتىڭلار، مەن سىلەرگە مەغپىرەت قىلدىم، يامانلىقلىرىڭلارنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بەردىم، دەيدۇ. ئۇلار مەغپىرەت قىلىنغان ھالدا ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ.بەيھەقى توپلىغان.

| باب الاعتكاف - الفصل الأول | ئېتىكاپ قىلىش توغرىسىدا |
|---|---|

2097 - [ 1 ] ( متفق عليه )

وعن عائشة : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يعتكف العشر الأواخر من رمضان حتى توفاه الله ثم اعتكف أزواجه من بعده

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، الله تائالا ئۇنى ۋاپات تاپقۇزۇپ ئېلىپ كەتكەنگە قەدەر، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلاتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ۋاپات تاپقاندىن كېيىن ئاياللىرى ئېتىكاپ قىلدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

2098 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم أجود الناس بالخير وكان أجود ما يكون في رمضان وكان جبريل يلقاه كل ليلة في رمضان يعرض عليه النبي صلى الله عليه وسلم القرآن فإذا لقيه جبريل كان أجود بالخير من الريح المرسلة

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشىلىق قىلىشتا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سېخىيراقى ئىدى، رامىزاندا تېخىمۇ سېخى بولۇپ كېتەتتى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ھەر كېچىسى رەسۇلۇللاھقا ئۇچرىشىپ تۇراتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئاننى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا تەكلەپ تىڭشىتاتتى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھقا ئۇچراشقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشىلىق قىلىشتا، ئەۋەتىلگەن شامالدىنمۇ سېخىيراق بولۇپ كېتەتتى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

2099 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : كان يعرض على النبي صلى الله عليه وسلم القرآن كل عام مرة فعرض عليه مرتين في العام الذي قبض وكان يعتكف كل عام عشرا فاعتكف عشرين في العام الذي قبض . رواه البخاري

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەر يىلى بىرقېتىم تەكلىنەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقان يىلى، قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىككى قېتىم تەكلەندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر يىلى ئون كۈن ئېتىكاپ قىلاتتى، ۋاپات تاپقان يىلى 20 كۈن ئېتىكاپ قىلغان ئىدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

2100 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا اعتكف أدنى إلي رأسه وهو في المسجد فأرجله وكان لا يدخل البيت إلا لحاجة الإنسان "

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپ قىلغان چاغدا،ئۆزى مەسجىدتە تۇرۇپ، بېشىنى ماڭا يېقىن قىلىپ تۇتۇپ بېرەتتى، مەن چېچىنى تاراپ قوياتتىم، ئۆيگە پەقەت ئىنسان ھاجىتى ئۈچۈنلا كىرەتتى. (يەنى چوڭ ـ كىچىك تەرەتكە،تاھارەت ئېلىشقاكىرەتتى) بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

2101 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر : أن عمر سأل النبي صلى الله عليه وسلم قال : " كنت نذرت في الجاهلية أن أعتكف ليلة في المسجد الحرام ؟ قال : " فأوف بنذرك "

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛دادام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن؛ مەن جاھالىيەتتىكى چاغدا مەسجىدىلھەرەمدە بىر كېچە ئېتىكاپ قىلىشىمغا ۋەدە قىلغان ئىدىم، دەپ سورىسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىن دېدى. بۇخارى،مۇسلىم ، سەھىھ.

**2102 - [ 6 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يعتكف في العشر الأواخر من رمضان فلم يعتكف عاما . فلما كان العام المقبل اعتكف عشرين . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلاتتى، بىرىيلى ئېتىكاپ قىلالماي، كېلەر يىلى كەلگەندە، 20 كۈن ئېتىكاپ قىلغان ئىدى.تىرمىزى توپلىغان.

**2103 - [ 7 ] ( لم تتم دراسته )ورواه أبو داود وابن ماجه عن أبي بن كعب**

**2104 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أراد أن يعتكف صلى الفجر ثم دخل في معتكفه . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپ قىلىشنى مەقسەت قىلسا، بامدات نامىزىنى ئۆقۇۋېلىپ، ئاندىن ئېتىكاپگاھىغا كىرىپ كېتەتتى. ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**2105 - [ 9 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يعود المريض وهو معتكف فيمر كما هو فلا يعرج يسأل عنه . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپ قىلىۋاتقان ھالەتتىمۇ، كېسەل يوقلايتتى، كېسەلنى يوقلاپ ئەھۋال سوراپلا، تىزلا ئۆتۈپ كېتەتتى، ئۆزىدىن سوئال سورلۇش ئۈچۈن تۇرمايتتى. ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان. «لەم تۇتەممە دەراسەتۇھۇ»يەنى تەكشۇرلىش دەرسلىكى تامام بولمىغان.

**2106 - [ 10 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : السنة على المعتكف أن لا يعود مريضا ولا يشهد جنازة ولا يمس المرأة ولا يباشرها ولا يخرج لحاجة إلا لما لابد منه ولا اعتكاف إلا بصوم ولا اعتكاف إلا في مسجد جامع رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ ئۇستىدىكى سۈننەت؛ كېسەل يوقلىماسلىق، جىنازا نامىزىغا قاتناشماسلىق، ئايال كىشىنى تۇتماسلىق، ھەم باغرىغا باسماسلىق، ھېچ بىر ھاجەتكە چىقماسلىقتۇر، لېكىن زۆرۈر بولغان (چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشدەك ) ھاجەتكە چىقسا بۇلىدۇ، ئېتىكاپ قىلىش پەقەت رۇزا تۇتۇش بىلەن بىللە بۇلىدۇ، ئېتىكاپ پەقەت چوڭ جامە مەسجىدتە بۇلىدۇ. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2107 - [ 11 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه كان إذا اعتكف طرح له فراشه أو يوضع له سريره وراء أسطوانة التوبة . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپ قىلغاندا، مەسجىدتىكى تۆۋبە تۈۋرۈكنىڭ ئارقىسىغا، كۆرپىسى تاشلاپ بېرىلەتتى ياكى كارۋىتى قويۇپ بېرىلەتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان.

**2108 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال في المعتكف : " هو يعتكف الذنوب ويجري له من الحسنات كعامل الحسنات كلها " . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپ قىلغۇچى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:ئېتىكاپ قىلغۇچى، گۇناھلاردىن مەھبۇس بۇلۇپ توختاپ قالىدۇ،خۇددى ئۇ بارلىق ياخشىلىقلارنى قىلغان

كىشىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقلار يۇرۇشۇپ يېتىپ تۇرىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان .

## كتاب فضائل القرآن - الفصل الأول

## قۇرئان پەزىلىتىنىڭ كىتابى

**2109 - [ 1 ] ( صحيح )**

**عن عثمان رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خيركم من تعلم القرآن وعلمه " . رواه البخاري**

ئەلى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەڭ ياخشىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر.(تەپسىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدى) بۇخارى، تىرمىزى، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2110 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عقبة بن عامر قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم ونحن في الصفة فقال : " أيكم يحب أن يغدو كل يوم إلى بطحان أو إلى العقيق فيأتي منه بناقتين كوماوين في غير إثم ولا قطع رحم " فقلنا يا رسول الله نحب ذلك قال : " أفلا يغدو أحدكم إلى المسجد فيعلم أو يقرأ آيتين من كتاب الله عز وجل خير له من ناقة أو ناقتين وثلاث خير له من ثلاث وأربع خير له من أربع ومن أعدادهن من الإبل " . رواه مسلم**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز مەسجىدنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ مۇنداق دېدى: قايسىڭلار ئەتىگەندە بوتھان ياكى ئەقىيق دېگەن جايغا بېرىپ، ناھايىتى يوغان، سېمىز، ئاقا مايىل بوز تۆگىدىن ئىككىنى گۇناھ قىلماستىن سىلە ــ رەھىمنى ئۈزۈشتەمەستىن ئېلىپ كېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟ بىز: ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز دېسەك، رەسۇلۇللاھ: بىرىڭلارنىڭ ئەتىگەندە مەسجىدگە بېرىپ، ئىلىم ئېلىشى ياكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ئىككى ئايەت ئوقۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئىككى تۆگىدىن ياخشىدۇر، ئۈچ ئايەت ئوقۇشى ئۈچ تۆگىدىن ياخشىدۇر، قانچە ئايەت ئوقۇيسا، شۇنچە تۆگىدىن ياخشىدۇر،نىمشقا شۇنداق قىلمايدۇ؟دېدى. مۇسلىم 1336 ــ ھەدىس، ئەھمەد 16767 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1244 ــ ھەدىس، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن مۇنداق پايدىلىق ھۆكۈملەر ئېلىنىدۇ.

1 . پايدا ئالغاندا، گۇناھ ئىشنى قىلماسلىق، زىيان سالماسلىق.

2 . مەسجىدگە بالدۇر بېرىش، ئىبادەتنى مەسجىدتە قىلىش.

3 . مەسجىددە قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھ يولىدا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش.الله يولىدىلا قىلىش.

4 . مەسجىددە ئىلىم ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش، بۇ ئىلىم ھازىر تەرەققى قىلىپ، مائارىپ تۈزۈمى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىلمى تەرەققىياتتۇر.

5 . قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى، ساۋاب ئەجىرلىرى كاتتابۇلىدۇ.6236ئايەت، 6236تۆگىدىن ياخشى ئىكەن.

**2111 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيحب أحدكم إذا رجع إلى أهله أن يجد فيه ثلاث خلفات عظام سمان " . قلنا : نعم . قال : " فثلاث آيات يقرأ ن أحدكم في صلاته خير له من ثلاث خلفات عظام سمان " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ئەھلىگە قايتىپ بارغاندا، سىمىز، چوڭ ئۈچ دانە بوغاز تۆگىنى تېپىشنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ بىز: ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز دىسەك، رەسۇلۇللاھ: بىرىڭلارنىڭ نامىزى ئىچىدە قىرائەت قىلىپ ئوقۇغان ئۈچ ئايەت، ئۇنىڭ ئۈچۈن سىمىز، چوڭ ئۈچ دانە بوغاز تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر،دىدى. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2112 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الماهر بالقرآن مع السفرة الكرام البررة والذي يقرأ القرآن ويتتعتع فيه وهو عليه شاق له أجران "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقوغۇچى (يەنى تەجۋىدلىك، قائىدىلىك، دانىمۇ ــ دانە ئوقوغۇچى) ناھايىتى ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ، ياخشى، پۈتۈكچى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. (يەنى ئىككى تەرىپىدە پەرىشتىلەر بىرگە تۇرىدۇ،) قۇرئاننى ئىنتايىن تەستە، قىينىلىپ ئوقۇيدىغان،قۇرئاننى ئوقۇش مۇشەققەت، تەس بولىدىغان كىشى ئۈچۈن ئىككى ئەجىر يېزىلىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2113 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا حسد إلا على اثنين : رجل آتاه الله القرآن فهو يقوم به آناء الليل وآناء النهار ورجل آتاه الله مالا فهو ينفق منه آناء الليل وآناء النهار "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەسەد قىلىش پەقەت ئىككى ئىشتىلا دۇرۇس، بىرى، بىر كىشىگە ئاللاھتائالا قۇرئاننى بەرگەن بولۇپ، بۇ كىشى يادا بىلگەن قۇرئان بىلەن كېچە تەرەپلەردە ۋە كۈندۈز تەرەپلىرىدە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. يەنە بىر كىشى بولسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە مال ــ مۈلۈك بەرگەن بولۇپ، ئۇ كىشى ماللىرىنى كېچە ــ كۈندۈز ھەق يوللارغا نەپىقە، سەدىقە قىلىپ تۇرىدۇ، مانا مۇشۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىشىنى ماڭىمۇ بولسىچۇ! ماڭىمۇ بولسىچۇ دەپ ھەسەد قىلىش دۇرۇس. (ساڭا بولماي ماڭا بولسىچۇ دىگەن ھەسەد دۇرۇس ئەمەس). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ساڭا بولماي ماڭا بولسىچۇ دىمەستىن، بەلكىم، ماڭىمۇ بولسىچۇ دىگەن ھەسەد پەقەت ئىككىلا نەرسىدە دۇرۇستۇر؛ بىر كىشىگە ئاللاھتائالا قۇرئاننى ئۆگىتىدۇ، ئۇنى قارى قىلىدۇ ئۇ قۇرئاننى كېچە تەرەپلەردە ۋە كۈندۈز تەرەپلەردە قىيامدا تۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئۇنى خوشنىسى ئاڭلاپ ؛كاشكى ماڭىمۇ پالانىغا بېرىلگەن نەرسە بېرىلسىچۇ، مەنمۇ ئۇ قىلغان ئەمەلنىڭ ئوخشىشىنى قىلاركەنمەن دەپ ھەسەد قىلىدۇ. («ئەمەل» دىگەن سۆز، ئوقۇپ قويۇشنىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ). يەنە بىر كىشىگە ئاللاھتائالا كۆپ مال بېرىدۇ، ئۇ بۇ ماللارنى ھەق يولدىلا چىقىم قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن بۇنى كۆرگەن، ئاڭلىغان كىشى: كاشكى ماڭىمۇ پالانىغا بېرىلگەن مال ـ دۇنيا بېرىلگەن بولسا، مەنمۇ ئۇ قىلغان ئەمەللەرنىڭ ئوخشىشىنى قىلۋالاركەنمەن دەپ كېتىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**2114 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل المؤمن الذي يقرأ القرآن كمثل الأترجة ريحها طيب وطعمها طيب ومثل المؤمن الذي لا يقرأ القرآن كمثل التمرة لا ريح لها وطعمها حلوومثل المنافق الذي لا يقرأ القرآن كمثل الحنظلة ليس لها ريح وطعمها مر ومثل المنافق الذي يقرأ القرآن مثل الريحانة ريحها طيب وطعمها مر . متفق عليه . وفي رواية :المؤمن الذي يقرأ القرآن ويعمل به كالأترجة والمؤمن الذي لا يقرأ القرآن ويعمل به كالتمرة**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق، پۇرىقى خۇشپۇراق بىيىگە ئوخشايدۇ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان

مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق، پۇرىقى يوق خورمىغا ئوخشايدۇ. قۇرئان ئوقۇمايدىغان مۇناپىقنىڭ ئوخشىشى بولسا، تەمى ئاچچىق، خۇشپۇرۇقى يوق، بەلكى سېسىق پۇراقلىق ئاچچىق تاۋۇزغا ئوخشايدۇ، قۇرئاننى ئوقۇيدىغان مۇناپىقنىڭ ئوخشىشى، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى خۇشپۇراق، مىزىلىك رەيھان گۈلگە ئوخشايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.يەنەبىرخاتىردە: قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغا مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق، پۇرىقى خۇشپۇراق بىيىگە ئوخشايدۇ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان ،لىكىن ئەمەل قىلىدغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق، پۇرىقى يوق خورمىغا ئوخشايدۇ.

(ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، بىيىگە ئوخشاش پۇرىقى خۇشپۇراق، تەمى تاتلىق مىۋىگە ئوخشايدۇ، قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق پۇرىقى يوق خورمىغا ئوخشايدۇ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان پاجىر، پاسىقنىڭ ئوخشىشى، پۇرىقى خۇشپۇراق، تەمى ئاچچىق رەيھان گۈلگە ئوخشايدۇ، قۇرئاننى ئوقۇمايدىغان پاجىر، پاسىقنىڭ ئوخشىشى، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى يوق، ئاچچىق تاۋۇزغا ئوخشايدۇ، ياخشى ھەمراھ، ياخشى مەجلىس، مىسكە ئىگىسىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ساڭا ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە يەتمىسە، ئۇنىڭ خۇشپۇراقلىرىمۇ بولسا ساڭا يېتىدۇ، يامان ھەمراھنىڭ ئوخشىشى، كورەك ئىگىسىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ساڭا ئۇنىڭ قارا ئىسى، ئۇچقۇندىسى يەتمىسە، تۈتۈن، گېزىمۇ بولسا يېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 4191 _ ھەدىس، بۇخارى 4632 _ ھەدىس، نەسەئى 4952 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 210 _ ھەدىس. سەھىھ.

ئى مۇسۇلمانلار! كۆرۈنۈشى رەيھان گۈلدەك گۈزەل، خۇشپۇراق ۋە قۇرئان ئوقۇيدىغان مۇناپىقدىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، «ئۈممىتىمنىڭ كۆپىنچە مۇناپىقلىرى قارىيلىرىدۇر» دېگەن، ئەھمەدنىڭ ھەدىسىنى ئەسلەڭلار، زالىم دىنسىزلارغا سېتىلغان، شۇلارغا مايىل بولغان مۇناپىقلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار.

**2115 - [ 7 ] ( صحيح )وعن عمر بن الخطاب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله يرفع ذا الكتاب أقواما ويضع به آخرين " . رواه مسلم**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بۇ كىتاب قۇرئان بىلەن بىر قەۋمنى ئۈستۈن كۆتۈرسە، يەنە بىر قەۋمنى تۆۋەنگە بېسىۋېتىدۇ، مۇسلىم 1353 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 214 _ ھەدىس، ئەھمەد 226 _ ھەدىس، دارمى 3231 _ ھەدىس، بۇ ھەدىسنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ؛ قۇرئانغا ئالىم، قارىي قۇلنى خىزمەتكە باشلىق قىلىپ قويغاندا، دەلىللەپ دېگەندۇر، قۇرئانغا ئالىم بولۇپ، ئەمەل قىلغۇچىلار ئىككى ئالەمدە ئۈستۈندۇر، ئۇلارنىڭ ئەكسى بولسا، مەڭگۈ تۆۋەندۇر، ھەتتا ھالاك بولىدۇ.

**2116 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري أن أسيد بن حضير قال : بينما هو يقرأ من الليل سورة البقرة وفرسه مربوطة عنده إذ جالت الفرس فسكت فسكتت فقرأ فجالت الفرس فسكت فسكتت الفرس ثم قرأ فجالت الفرس فانصرف وكان ابنه يحيى قريبا منها فأشفق أن تصيبه فلما آخره رفع رأسه إلى السماء فإذا مثل الظلة فيها أمثال المصابيح فلما أصبح حدث النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " اقرأ يا ابن حضير اقرأ يا ابن حضير " . قال فأشفقت يا رسول الله أن تطأ يحيى وكان منها قريبا فرفعت رأسي فانصرفت إليه ورفعت رأسي إلى السماء فإذا مثل الظلة فيها أمثال المصابيح فخرجت حتى لا أراها قال : " وتدري ما ذاك ؟ " قال لا قال : " تلك الملائكة دنت لصوتك ولو قرأت لأصبحت ينظر الناس إليها لا تتوارى منهم " . متفق عليه . واللفظ**

**للبخاري وفي مسلم : " عرجت في الجو " بدل : " خرجت على صيغة المتكلم "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئاخشىمى سۆرە بەقەرنى ئوقۇۋاتسا، ـ ئۇنىڭ ئېتى يېنىدا باغلاقلىق ئىكەن ـ تۇيۇقسىز ئات سەكرەپ، جىم تۇرالماپتۇ، ئۇ نىمە ئىش بولغانلىقىغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن جىم تۇرسا، ئاتمۇ جىم تۇرۇپتۇ، ئۇ قىرائەت قىلسا، ئات يەنە سەكرەپتۇ، جىم تۇرسا، ئاتمۇ جىم تۇرۇپتۇ، ئاندىن يەنە قىرائەت قىلسا، ئات يەنە سەكرەپ، جىم تۇرالماپتۇ، ئۇنىڭ بالىسى يەھيا ئاتقا بەك يېقىن بولغاچقا، ئۇ بالىسى يەھياغا ئاتنىڭ مۇسىبەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قايتىپ بېرىپ، بالىسنى يىراققا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ئاسمانغا قارىسا، ناگاھان سايا كۆلەڭگىسىدەك، ئۆزىدە يۇلتۇزلارغا ئوخشاش نۇرلار، نۇر چېچىۋاتقان كۆلەڭگۈ تۇرغىدەك، ئۇ تاڭ ئاتقۇزغاندا كىلىپ، بۇ ئىشلارنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەردى، رەسۇلۇللاھ:ئى ئىبنى ھۇزەير! قىرائەت قىلىۋەرسەڭچۇ! ئى ئىبنى ھۇزەير! ئوقۇۋەرسەڭچۇ! دىدى، ئۇ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئاتنىڭ بالام يەھيانى دەسسىۋېتىشىدىن قورقۇپ قالدىم، بالام ئاتقا بەكلا يېقىن ئىدى، ئاندىن مەن بالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى يىراققا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ئاسمانغا قارىسام، ناگاھان سايا كۆلەڭگىسىدەك، ئۆزىدە يۇلتۇزلارغا ئوخشاش نۇرلار نۇر چېچىۋاتقان كۆلەڭگۈ تۇرغىدەك، مەن ئۇ نۇرلارنى كۆرمىگەنگە قەدەر يېنىپ چىقتىم دىدى، رەسۇلۇللاھ: سەن ئۇنىڭ نىملىكىنى بىلەمسەن؟ دىدى، ئۇ ياق بىلمەيمەن دىدى، رەسۇلۇللاھ:ئەنەشۇ پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلار سىنىڭ قىرائەت ئاۋازىڭ ئۈچۈن يېقىنلاشقاندۇر، ئەگەر سەن قىرائەت قىلىۋەرگەن بولساڭ، ئۇ پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقىچە تۇراتتى، كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ كۆرىۋالاتتى، ئۇلار كىشىلەردىن يوشۇرۇنىۋالمايتتى، دىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

**2117 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن البراء بن عازب قال : كان رجل يقرأ سورة الكهف وإلى جانبه حصان مربوط بشطنين فتغشته سحابة فجعلت تدنو وتدنو وجعل فرسه ينفر فلما أصبح أتى النبي صلى الله عليه وسلم فذكر ذلك له فقال : " تلك السكينة تـ لت بالقرآن "**

بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى سۆرە كەھپىنى ئوقۇۋاتسا، ـ ئۇنىڭ يېنىدا ئاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان ئەركەك ئېتى مەھكەم ئىشلىگەن ئۇزۇن ئارغامچىدا باغلاقلىق ئىكەن ـ ئۇنى بىر پارچە بۇلۇت قورشاپ، بۇلۇت ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا، يەنە بەكلا يېقىنلىششقا باشلاپتۇ، ئات سەكرەپ قېچىشقا باشلاپتۇ، ئۇ تاڭ ئاتقۇزغاندا كىلىپ، شۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئەنە شۇ قۇرئاننىڭ قىرائەت قىلىنىش سەۋەبىدىن چۈشكەن خاتىرجەملىك، تىنچلىق، رەھمەتتۇر دىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

**2118 - [ 10 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد بن المعلى قال : كنت أصلي في المسجد فدعاني النبي صلى الله عليه وسلم فلم أجبه حتى صليت ثم أتيته . فقلت يا رسول الله إني كنت أصلي فقال ألم يقل الله ( استجيبوا لله وللرسول إذا دعاكم ) ثم قال لي : " ألا أعلمك أعظم سورة في القرآن قبل أن تخرج من المسجد " . فأخذ بيدي فلما أراد أن يخرج قلت له ألم تقل لأعلمنك سورة هي أعظم سورة من القرآن قال : ( الحمد لله رب العالمين )هي السبع المثاني والقرآن العظيم الذي أوتيته رواه البخاري**

ئەبۇ سەئىد ئىبنى مەئەللى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتسام، مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاقىرىپتى، مەن دەرھاللا كىلەلمىدىم،ئاندىن نامازنى ئوقۇپ بولۇپ كىلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مىنى سىلى چاقىرغاندا مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا:**الله** قۇرئاندا؛«**الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى سىلەرنى قەلبىڭلارنى تىرىلدۈرىدىغان نەرسىگە چاقىرسا، دەرھال چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ كىلىڭلار» دىمىگەنمىدى؟ دەپ، ئاندىن ماڭا: مەن ساڭا، مەسجىدتىن چىقىشىڭدىن بۇرۇن قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سۈرىنى ئۈگۈتۈپ قويمايمۇ؟ دىدى، ئاندىن مىنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ، مەسجىدتىن چىقىشنى مەقسەت قىلغاندا، مەن رەسۇلۇللاھقا: مەن ساڭا، مەسجىدتىن چىقىشىڭدىن بۇرۇن قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سۈرىنى ئۈگۈتۈپ قويىمەن

دىمىگەنمىدىلە؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا:«ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين»، يەنى سۈرە فاتىھە، تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتتۇر،ئۇ ماڭا بېرىلگەن قۇرئان ئەزىيمدۇر، ئۇلۇغ قۇرئاندۇر،دىدى. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىس، سۈرە ھىجرنىڭ«نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى (يەنى سۈرە فاتىھەنى) ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ساڭا بەردۇق»دىگەن 87 _ ئايىتىگە تەپسىردۇر.

2119 - [ 11 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تجعلوا بيوتكم مقابر إن الشيطان ينفر من البيت الذي يقرأ فيه سورة البقرة " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆيۈڭلارنى قەبرە قىلىۋالماڭلار،(يەنى ناماز، قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇڭلار) ھەقىقەتەن شەيتان، سۈرە بەقەرە ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان ئۆيدىن قاچىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

2120 - [ 12 ] ( صحيح )عن أبي أمامة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " اقرءوا القرآن فإنه يأتي يوم القيامة شفيعا لأصحابه اقرءوا الزهراوين البقرة وسورة آل عمران فإنما تأتيان يوم القيامة كأنما غمامتان أو كأنما غيايتان أو فرقان من طير صواف تحاجان عن أصحا ما اقرءوا سورة البقرة فإن أخذها بركة وتركها حسرة ولا تستطيعها البطلة . رواه مسلم

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئاننى ئوقۇڭلار، قۇرئان قىيامەت كۈنى ئۇنى ئوقىغانلارغا شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ، نۇرغا ئوخشاش ئىككى سۈرىنى، يەنى سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە ئال ئىمراننى ئوقۇڭلار، بۇ ئىككى سۈرە،قىيامەت كۈنى خۇددى بۇلۇتتەك ياكى كۆلەڭگۈ سايىدەك، ياكى سەپ تارتقان ئىككى توپ قۇشتەك كېلىپ، ئۆزىنى ئوقۇغانلار توغرىسىدا ھۆججەت قويۇپ، شاپائەت قىلىش ئۈچۈن داۋالىشىدۇ، سۈرە بەقەرنى ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنى يادا ئېلىش بەرىكەتتۇر، تەرىك ئېتىش ھەسرەتتۇر، ئۇنىڭغا باتىل ئەھلى قادىر بولالمايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

2121 - [ 13 ] ( صحيح )وعن النواس بن سمعان قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " يؤتى بالقرآن يوم القيامة وأهله الذين كانوا يعملون به تقدمه سورة البقرة وآل عمران كأنما غمامتان أو ظلتان سوداوان بينهما شرق أو كأنما فرقان من طير صواف تحاجان عن صاحبهما " . رواه مسلم

نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى قۇرئان ۋە ئۇنىڭغا دۇنيادىكى چاغدا ئەمەل قىلغان، قۇرئان ئەھلى كەلتۈرلىدۇ، سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە ئال ئىمران ھەممىدىن بۇرۇن كېلىدۇ، بۇ ئىككى سۈرە خۇددى ئارىلىقىدا نۇر بار، ئىككى كۆلەڭگى سايىدەك ياكى قارا بۇلۇتتەك ياكى سەپ تارتىپ قاناتلىرىنى يېيىپ ئۇچىۋاتقان قۇشلار سايىسىدەك كېلىپ، ئۆزىنى ئوقۇپ تۇرغان كىشى توغرىسىدا جىدەللىشىپ، داۋالىشىپ، شاپائەت قىلىدۇ. تىرمىزى 2808 _ ھەدىس، مۇسلىم 1338 _ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

2122 - [ 14 ] ( صحيح )وعن أبي بن كعب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا أبا المنذر أتدري أي آية من كتاب الله معك أعظم ؟ " . قال : قلت الله ورسوله أعلم قال : " يا أبا المنذر أتدري أي آية من كتاب الله معك أعظم ؟ " . قال : قلت ( الله لا إله إلا هو الحي القيوم )قال فضرب في صدري وقال : " والله ليهنك العلم أبا المنذر " . رواه مسلم

ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئەبەلمۇنزىر! سەن يادا بىلىدىغان **الله** نىڭ كىتابىدىن قايسى ئايەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلەمسەن؟ دىدى، مەن: **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دىسەم، يەنە؛ ئى ئەبەلمۇنزىر! سەن يادا بىلىدىغان **الله** نىڭ كىتابىدىن قايسى

ئايەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلەمسەن؟ دېدى، مەن :« الله هوَ لائىلاهە ئىللاھوۋەلھەييۇلقەييۇم........» يەنى ئايەتۇلكۇرسى دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆكسىمگە ئۇرۇپ قويۇپ: الله بىلەن قەسەمكى، ئى ئەبەلمۇنزىر! ساڭا ئىلىم شۇنداق ئاسان بولۇپتۇ، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولسۇن، ئىلمىڭ زىيادە بولسۇن دېدى. مۇسلىم توپلىغان،سەھىھ.

2123 - [ 15 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : وكلني رسول الله صلى الله عليه وسلم بحفظ زكاة رمضان فأتاني آت فجعل يحثو من الطعام فأخذته وقلت والله لأرفعنك إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم قال إني محتاج وعلي عيال ولي حاجة شديدة قال فخليت عنه فأصبحت فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " يا أبا هريرة ما فعل أسيرك البارحة " . قال قلت يا رسول الله شكا حاجة شديدة وعيالا فرحمته فخليت سبيله قال : " أما إنه قد كذبك وسيعود " . فعرفت أنه سيعود لقول رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنه سيعود " . فرصدته فجاء يحثو من الطعام فأخذته فقلت : لأرفعنك إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم قال دعني فإني محتاج وعلي عيال لا أعود فرحمته فخليت سبيله فأصبحت فقال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا أبا هريرة ما فعل أسيرك ؟ " قلت يا رسول الله شكا حاجة شديدة وعيالا فرحمته فخليت سبيله قال : " أما إنه قد كذبك وسيعود " . فرصدته الثالثة فجاء يحثو من الطعام فأخذته فقلت لأرفعنك إلى رسول الله وهذا آخر ثلاث مرات أنك تزعم لا تعود ثم تعود قال دعني أعلمك كلمات ينفعك الله ا قلت ما هو قال إذا أويت إلى فراشك فاقرأ آية الكرسي ( الله لا إله إلا هو الحي القيوم ) حتى تختم الآية فإنك لن يزال عليك من الله حافظ ولا يقربنك شيطان حتى تصبح فخليت سبيله فأصبحت فقال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما فعل أسيرك ؟ " قلت : زعم أنه يعلمني كلمات ينفعني الله ا فخليت سبيله قال النبي صلى الله عليه وسلم : " أما إنه قد صدقك وهو كذوب تعلم من تخاطب منذ ثلاث ليال . يا أبا هريرة قال لا قال :ذاك شيطان .رواه البخاري

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى رامىزاننىڭ سەدىقە پىترىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل قىلىپ قويدى، مېنىڭ قېشىمغا بىرسى كېلىپ، تائامدىن چاڭگاللاپ ئېلىشقا باشلىدى، مەن ئۇنى تۇتىۋېلىپ: الله بىلەن قەسەمكى ، مەن سېنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن دېسەم، ئۇماڭا: مېنى قويىۋەتكىن، نەپىقىسى مېنىڭ ئۈستىمگە ۋاجىب بولغان نۇرغۇن ئەھلى باللىرىم بار، مېنىڭ قاتتىق ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، ھەقىقەتەن مەن بەك مۇھتاج دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ، رەھىم قىلىپ ئۇنى قويىۋەتتىم، تاڭ ئاتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئەبا ھۇرەيرە! ئاخشام كېچە سەن تۇتىۋالغان ئەسىرىڭ قانداق قىلدى؟ دېدى، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇماڭا: نەپىقىسى مېنىڭ ئۈستىمگە ۋاجىب بولغان نۇرغۇن ئەھلى باللىرىم بار، مېنىڭ قاتتىق ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، ھەقىقەتەن مەن بەك مۇھتاج دەپ، شىكايەت قىلىۋىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ، رەھىم قىلىپ ئۇنى ئۆز يولىغا قويىۋەتتىم دېسەم، رەسۇلۇللاھ: ئۇ ساڭا يالغان سۆزلەپ قويۇپتۇ، ئۇ ئەتە يەنە كېلىدۇ دېدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: ئۇ ئەتە يەنە كېلىدۇ، دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى كۈزىتىپ تۇرسام، ئۇ يەنە كېلىپ، تائامدىن ئوغۇرلاپ، چاڭگاللاپ ئېلىشقا باشلىدى، مەن ئۇنى تۇتىۋېلىپ: الله بىلەن قەسەمكى ، مەن سېنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن دېسەم، ئۇماڭا: مېنى قويىۋەتكىن، نەپىقىسى مېنىڭ ئۈستىمگە ۋاجىب بولغان نۇرغۇن ئەھلى باللىرىم بار، مېنىڭ قاتتىق ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، ھەقىقەتەن مەن بەك مۇھتاج،مەن ئىككىنچى قېتىم قايتا كەلمەيمەن دېدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ ئۇنى قويىۋەتتىم، تاڭ ئاتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئەبا ھۇرەيرە! ئەسىرىڭ قانداق قىلدى؟ دېدى، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇماڭا: نەپىقىسى مېنىڭ ئۈستىمگە ۋاجىب بولغان نۇرغۇن ئەھلى باللىرىم بار، مېنىڭ قاتتىق ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، ھەقىقەتەن مەن بەك مۇھتاج دەپ، شىكايەت قىلىۋىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ ئۇنى ئۆز يولىغا قويىۋەتتىم

دىسەم، رەسۇلۇللاھ: ئۇ ساڭا يالغان سۆزلەپ قويۇپتۇ، ئۇ  ئەتە يەنە كېلىدۇ دېدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: ئۇ ئەتە يەنە كېلىدۇ، دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى كۈزىتىپ تۇرسام، ئۇ ئەتىسى يەنە كېلىپ، تائامدىن ئوغۇرلاپ، چاڭگاللاپ ئېلىشقا باشلىدى، مەن ئۇنى تۇتىۋېلىپ؛ الله بىلەن قەسەمكى ، مەن سېنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن،  بۇ ئۈچىنجى قېتىمقىسى بولدى، سەن ھەر قېتىم؛ مەن ئىككىنجى قېتىم قايتا كەلمەيمەن دەيسەن، ئاندىن يەنە كېلىپ، تائام ئاشلىقتىن ئوغۇرلايسەن دىسەم، ئۇماڭا: مىنى قويىۋەتكىن، ئەگەر سەن مىنى قويۇۋەتسەڭ، مەن ساڭا، الله تائالا ساڭا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىرنەچچە كەلىمە ئۈگىتىپ قويىمەن، سەن ئۇخلاش ئۈچۈن كۆرپەڭگە بارغاندا، « الله ھۇ لائىلاھە ئىللاھۇۋەلھەييۇلقەييۇم........»نى، يەنى ئايەتۇلكۇرسىينى ئايەت تامام بولغىچە ئوقۇغىن، سەن بۇ ئايەتنى ئوقۇپ ياتساڭ، سىنىڭ ئۈستىڭدە، الله تائالا تەرەپتىن بىر مۇھاپىزەتچى سەندىن ئايرىلماي، سىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ، تاڭ ئاتقىچە ساڭا شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ، دېدى، مەن ئۇنى ئۆز يولىغا قويىۋەتتىم، تاڭ ئاتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئەبا ھۇرەيرە! ئەسىرىڭ قانداق قىلدى؟ دېدى، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇماڭا: ئەگەر سەن مىنى قويۇۋەتسەڭ، مەن ساڭا، الله تائالا ساڭا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىرنەچچە كەلىمە ئۈگىتىپ قويىمەن، سەن ئۇخلاش ئۈچۈن كۆرپەڭگە بارغاندا، « الله ھۇ لائىلاھە ئىللاھۇۋەلھەييۇلقەييۇم........»نى، يەنى ئايەتۇلكۇرسىينى ئايەت تامام بولغىچە ئوقۇغىن، سەن بۇ ئايەتنى ئوقۇپ ياتساڭ، سىنىڭ ئۈستىڭدە، الله تائالا تەرەپتىن بىر مۇھاپىزەتچى سەندىن ئايرىلماي، سىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ، تاڭ ئاتقىچە ساڭا شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ، دېدى، مەن ئۇنى ئۆز يولىغا قويىۋەتتىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئۇ ئەمەلىيەتتە كاززاپ يالغانچى ئىدى، بۇ قېتىم ساڭا راست سۆزلەپتۇ، ئۈچ كۈندىن بىرى كىم بىلەن سۆزلەشكىنىڭنى بىلەمسەن؟ دېدى، مەن: ياق بىلمەيمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ئۇ لەنەتكارشەيتان ئىدى، دېدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

2124 - [ 16 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : بينما جبريل قاعد عند النبي صلى الله عليه وسلم سمع نقيضا من فوقه فرفع رأسه فقال : " هذا باب من السماء فتح اليوم لم يفتح قط إلا اليوم ف ل منه ملك فقال هذا ملك نزل إلى الأرض لم ي ل قط إلا اليوم فسلم وقال أبشر بنورين أوتيتهما لم يؤ ما نبي قبلك فاتحة الكتاب وخواتيم سورة البقرة لن تقرأ بحرف منهما إلا أعطيته . رواه مسلم

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىرچاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى، ئۈستى تەرەپتىن قاتتىق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، بېشىنى ئاسمانغا كۆتىرىپ: بۇ ئاسماندىكى بىر ئىشىك بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن پەقەت ئېچىلىپ باقمىغان ئىدى، پەقەت بۇگۈنلا ئېچىلدى، ئۇنىڭدىن بىر پەرىشتە چۈشتى، بۇ پەرىشتىمۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن پەقەت چۈشۈپ باقمىغان ئىدى، پەقەت بۇگۈنلا زىمىنغا چۈشتى،دېدى. ئۇ پەرىشتى كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام قىلىپ: سەندىن بۇرۇن ھېچ بىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن، پەقەت ساڭىلا بېرىلگەن كامىل ئىككى نۇر بىلەن خۇش ـ بىشارەت ئالغىن، ئۇ بولسىمۇ؛ سۈرە پاتىھە بىلەن سۈرە بەقەرىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدۇر، سەن سۈرە پاتىھە بىلەن سۈرە بەقەرىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدىن بىرەر ھەرپىنى ئوقۇپلا قالساڭ، ئۇ (سورالغان نەرسە)ساڭا بېرىلىدۇ، دېدى.مۇسلىم توپلىغان،سەھىھ.

2125 - [ 17 ] ( متفق عليه )

وعن أبي مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الآيتان من آخر سورة البقرة من قرأ  ما في ليلة كفتاه "

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە بەقەرىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى ئايەت بار بولۇپ، كىم ئۇ ئىككى ئايەتنى بىرەر كېچىدە ئوقۇسا، شۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىگە بارلىق ياخشىلىققا،يامانلىقتىن ساقلىنىشقا كۇپايە بولىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە،سەھىھ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كېچىسى سۈرە بەقەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئوقۇسا، بۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىگە (ھەممە جەھەتتىن كېچىسى قىيامدا تۇرۇش جەھەتتىنمۇ) كۇپايە قىلىدۇ. تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**2126 - [ 18 ] ( صحيح )وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من حفظ عشر آيات من أول سورة الكهف عصم من فتنة الدجال " . رواه مسلم**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم سۈرە كەھفنىڭ باش تەرىپىدىن ئون ئايەتنى يادا ئالسا، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، (چۈنكى، ئۇ ئايەتلەردە شىرىككە قارشى تەۋھىد سۆزلەنگەن، ئۇنىدىن باشقا بۇ قۇرئاننىڭ كارامىتى، مۆجىزىسى بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2127 - [ 19 ] ( صحيح )وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيعجز أحدكم أن يقرأ في ليلة ثلث القرآن ؟ " قالوا : وكيف يقرأ ثلث القرآن ؟ قال : " قل هو الله أحد " يعدل ثلث القرآن " . رواه مسلم**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار بىر كېچىدە قۇرئاننىڭ 1/3 نى ئوقۇپ چىقىشدىن ئاجىز كىلەمدۇ؟ئۇلار:بىركېچىدىلا قۇرئاننىڭ 1/3 نى قانداق ئوقۇپ چىقىدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ: (ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قۇرئاننى ئۈچ پارچىغا بۆلدى)، «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى يەنى سۈرە ئىخلاسنى قۇرئاننىڭ ئۈچ پارىسىدىن بىر پارا قىلدى، (كىم بۇ سۈرىنى بىر قېتىم ئوقۇسا، قۇرئاننىڭ 1/3نى ئوقۇغان بولىدۇ، ئۈچ قىتىم ئوقۇسا، قۇرئاننى بىر تامام قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ)بۇ سۈرە قۇرئاننىڭ ئۈچتەن بىرىگە تەڭدۇردىدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار بىر كېچىدىلا قۇرئاننىڭ 1/3نى ئوقۇشدىن ئاجىز كىلەمدۇ؟ ھەقىقەتەن كىم «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى يەنى، «سۈرە ئىخلاس»نى بىرقېتىم ئوقۇسا، شۇ كېچىسى قۇرئاننىڭ 1/3نى ئوقۇپ چىققان بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان.

**2128 - [ 20 ] ( صحيح )ورواه البخاري عن أبي سعيد**

**2129 - [ 21 ] ( متفق عليه )وعن عائشة : أن النبي صلى الله عليه وسلم بعث رجلا على سرية وكان يقرأ لأصحابه في صلا م فيختم ب ( قل هو الله أحد )فلما رجعوا ذكروا ذلك للنبي صلى الله عليه وسلم فقال : " سلوه لأي شيء يصنع ذلك " فسألوه فقال لأنا صفة الرحمن وأنا أحب أن أقرأ ا فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " أخبروه أن الله يحبه "**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنى قوشۇنغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتسە، ئۇكىشى ھەمراھلىرىغا ناماز ئۇقۇپ بەرگەندىكى قىرائەتنى، بىرەر سۈرىنى ئۇقۇپ بولۇپلا، ئاندىن ھەر قېتىم شۇسۈرىنى سۈرە ئىخلاس بىلەن تامام قىلىپ ناماز ئۇقۇپتۇ، ئۇلار قايتىپ كىلىپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ: ئۇنىڭدىن نىمە ئۇچۇن شۇنداق قىلغانلىقىنى سوراپ بېقىڭلار دىدى، ئۇلار سورسا، ئۇكىشى: چۈنكى بۇ سۈرە رەھمان تائالانىڭ سۈپىتى، مەن بۇ سۈرىنى دائىم قىرائەت قىلىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن، دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: سىلەرئۇنىڭغا الله تائالانىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار دىدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

**2130 - [ 22 ] ( صحيح )وعن أنس قال : إن رجلا قال : يا رسول الله إني أحب هذه السورة : ( قل هو الله أحد ) قال : إن حبك إياها أدخلك الجنة " . رواه الترمذي وروى البخاري معناه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى كېلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەققەتەن مەن مۇشۇ «قۇل ھۇۋەالله ئەھەد»دېگەن سۈرىنى، يەنى سۈرە ئىخلاسنى بەك ياخشى كۆرىمەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەققەتەن سېنىڭ ئۇ سۈرىنى ياخشى كۆرىشىڭ،(يەنى بۇ سۈرىنى كۆپ ئوقۇشۇڭ) سېنى جەننەتكە ئەكىرىدۇ، دېدى. بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**2131 - [ 23 ] ( صحيح )وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألم تر آيات أنزلت الليلة لم ير مثلهن قط ( قل أعوذ برب الفلق )و ( قل أعوذ برب الناس )رواه مسلم**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:قارىمامسەن؟ ماڭا بىر نەچچە ئايەتلەر نازىل قىلىندى، ئۇ ئايەتلەرنىڭ ئوخشىشى قەتئىي كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئۇلار بولسا، (قۇل ئەئۇزۇبىرەببىل فەلەق)، (قۇل ئەئۇزۇبىرەببىنناس)، سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناستۇر. مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئايەتلەر بۇرۇن چۈشۈپ باقمىغان، ھەم بۇرۇنقى ئۈممەتكە بېرىلمىگەن. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇقبە! مەن ساڭا ئوقۇلىۋاتقان ئەڭ ياخشى ئىككى سۈرىنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ قۇل ئەئۇزۇبىرەببىلفەلەق بىلەن قۇل ئەئۇزۇبىرەببىنناستۇر، ئى ئۇقبە! سەن بۇ ئىككى سۈرىنى ھەر قاچان ئوقۇغىن، چۈنكى، ھەر قانداق سورىغۇچى ۋە پاناھ تىلىگۈچى بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوخشىشىدەك نەرسە بىلەن سورىيالمايدۇ، ھەم پاناھ تىلىيەلمەيدۇ، يەنى ئەۋزە. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2132 - [ 24 ] ( متفق عليه )وعن عائشة : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا أوى إلى فراشه كل ليلة جمع كفيه ثم نفث فيهما فقرأ فيهما ( قل هو الله أحد )و ( قل أعوذ برب الفلق )و ( قل أعوذ برب الناس )ثم يمسح ما ما استطاع من جسده يبدأ ما على رأسه ووجهه وما أقبل من جسده يفعل ذلك ثلاث مرات "وسنذكر حديث ابن مسعود : لما أسري برسول الله صلى الله عليه وسلم في باب المعراج إن شاء الله تعالى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر كېچىسى يېتىش ئۈچۈن كۆرپىسىگە بارغاندا، ئىككى قولىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاندىن « قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد» «قۇل ئەئۇزۇبىرەببىلفەلەق بىلەن قۇل ئەئۇزۇبىرەببىنناس»نى ئوقۇپ، قولىغا سۈف دەپ، ئىككى قولى بىلەن بەدەنلىرىنىڭ قولى يەتكەن ، قادىر بولغان جايلىرىنى سىلايتتى،ئالدى بىلەن بېشىنى ، يۈزىنى، بەدىنىنىڭ ئالدى تەرپىنى سىلاشتىن باشلايتتى ، ئۈچ قېتىم شۇنداق قىلاتتى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2133 - [ 25 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن عبد الرحمن بن عوف عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ثلاثة تحت العرش يوم القيامة القرآن يحاج العباد له ظهر وبطن والأمانة والرحم تنادي : ألا من وصلني وصله الله ومن قطعني قطعه الله " . رواه في شرح السنة**

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئۈچ نەرسە قىيامەت كۈنى ئەرشى تەھتىدە ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ، قۇرئان بەندىلەرگە ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ،(ئۇ يا سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن ياكى زىيىنىڭ ئۈچۈندۇر) قۇرئاننىڭ (نەقىل بايان قىلىپ بېرىدىغان)ئۇچۇق ــئاشكارامەنىسى ۋە (توغرا تەئۋىل بىلەن بايان قىلىنىدىغان )يۇشرىن مەنىسى باردۇر.(ئاشكارا ـ يۇشرىن مەنىسنى ئېتىبارغا ئالىدىغان چەك ـ چېگرا باردۇر) ئامانەت بىلەن سىلە ــ رەھىيم (ئەرشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ) مۇنداق دەيدۇ؛ئاگاھ بولۇڭلار، (مىنى ئادا قىلىپ)مىنى ئۇلاپ، سىلە ــ رەھىيم قىلغان كىشىگە، ئاللاھ رەھمىتىنى ئۇلاپ يەتكۈزىدۇ، (ماڭاخىيانەت قىلىپ)مېنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىدىن ئاللاھمۇ ئۈزۈۋېتىدۇ.شەرھىسسۇننە.

**2134 - [ 26 ] ( حسن )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يقال لصاحب القرآن : اقرأ وارتق ورتل كما كنت ترتل في الدنيا فإن م لك عند آخر آية تقرؤها " . رواه أحمد والترمذي أبو داود والنسائي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئىگىسىگە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئوقۇ، يۇقىرى ئۆرلىگىن، ئۇ دۇنيادا، دانىمۇ ــ دانە ئوقۇغىنىڭدەك، ئالدىرىماي، دانىمۇ ــ دانە ئوقۇغىن، ھەققەتەن سېنىڭ مەنزىل، مەرتىۋەڭ، سەن ئوقۇيدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتنىڭ نەزلىدە ئەڭ يۇقىرقى دەرىجە بولىدۇ، ئاخىرقى ئايەت ئاخىرقى دەرىجەڭ بولىدۇ. (بۇ دەرىجە 6000دىن ئارتۇق بولىدۇ). ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئۈچ كىتاب تويلىغان، سەھىھ. (ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئەھلى بولغان قارىيغا ئۇ جەننەتكە كىرگەندە مۇنداق دېيىلىدۇ؛ ئوقۇ! يۇقىرى ئۆرلە! ئۇ ئوقۇپ يۇقىرى دەرىجىگە ئۆرلەيدۇ، ھەر بىر ئايەتنىڭ بارابىرىگە بىر دەرىجە باردۇر، ھەتتا ئۇ ئۆزى بىلەن بار بولغان ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتنى ئوقۇپ، ئاشۇ دەرجىگە يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، (ئەگەر ئۇ پۈتۈن قۇرئاننى يادا بىلسە، ۋە ئەمەل قىلسا، 6236دىن ئارتۇق دەرىجىگە ئۆرلەيدۇ، قارىيلار پۈچەك زەللىگە ئەمەس، بەلكى، ئاشۇ دەرىجەئۈچۈن قۇرئان ئوقۇسۇن. ئىككى دەرىجە ئارىلىقى، ئاسمان ــ زېمىنچە كېلىدۇ). ئەھمەد، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.)

**2135 - [ 27 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الذي ليس في جوفه شيء من القرآن كالبيت الخرب " . رواه الترمذي والدارمي . وقال الترمذي : هذا حديث صحيح**

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىچىدە قۇرئاندىن ھېچ نەرسە بولمىغان كىشى (يەنى پەقەت قۇرئان ئايىتىنى يادا ئالمىغان كىشى)خاراب ئۆيگە ئوخشايدۇ.تىرمىزى، دارىمى تويلىغان تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

**2136 - [ 28 ] ( ضعيف جدا )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يقول الرب تبارك وتعالى : من شغله القرآن عن ذكري ومسألتي أعطيته أفضل ما أعطي السائلين . وفضل كلام الله على سائر الكلام كفضل الله على خلقه " . رواه الترمذي والدارمي والبيهقي في شعب الإيمان وقال الترمذي هذا حديث حسن غريب**

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: كىمنى قۇرئان مېنىڭ زىكرىمدىن مېنى ئەسلەشدىن، مەندىن بىرەر نەرسە سوراشدىن مەشغۇل قىلىۋالسا، مەن ئۇ كىشىگە سورىغۇچىلارغا بەرگەندىن ئەۋزەلرەك نەرسە بېرىمەن، ئاللاھنىڭ كالامىنىڭ پەزىلىتى خۇددى، مەخلۇقلار ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ پەزىلىدەكتۇر، تىرمىزى، دارمى، بەيھەقىلار تويلىغان، تىرمىزى بۇ ھەدىس غەرىيب دېگەن، راۋىيسى بىرلا، ئەلبانى بۇ ھەدىس قاتتىق زەئىپ، بۇ ھەدىسنى ھەرگىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم دېدى دەپ ئېتىقاد قىلىنمايدۇدىدى.، ئەلۋەتتە ھەرقانداق زەئىپ ھەدىس شۇنداق، ئەگەر ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم راستىلا دېدى دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئۇ ھەدىس سەھىھ بولىدۇ، زەئىپ بولمايدۇ، خۇددى بۇخارى، مۇسلىم ئىتتىپاققا كەلگەن ھەدىسلەردەك سەھىھ بولىدۇ، يۇقىرقى ھەدىسنى مەن يالغان ھەدىسلەر تويلىمىدا يازغان ئىدىم، بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىدىنلا زەئىپلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ، قۇرئاندا قۇرئاننى، تىلاۋەتنى زىكرى دېگەن تۇرسا، قانداق بولۇپ قۇرئان ئوقۇغان كىشى زىكرىدىن مەشغۇل بولۇپ قالىدۇ؟ بەلكى، ئۇ ئۆز ئەينى زاكىر ھېسابلىنىدۇ، بۇ ھەدىس قۇرئان ئايىتىگە زىت، خىلاپتۇر.

**2137 - [ 29 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قرأ حرفا من كتاب الله فله به حسنة والحسنة بعشر أمثالها لا أقول : آلم حرف . ألف حرف ولام حرف وميم حرف " . رواه الترمذي والدارمي وقال الترمذي**

**هذا حديث حسن صحيح غريب إسنادا**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن بىر ھەرىپ ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق مۇكاپات بېرىلىدۇ، (بىرگە ئون)، مەن: «الٓمٓ» ئەلىف لام مىمنى ھەرىپ دىمەيمەن، (چۈنكى ئۇ بىرئايەت) لېكىن، ئەلىف بىر ھەرىپ، لام بىر ھەرىپ، مىيم بر ھەرىپتۇر. (ئەنە شۇنداق ھەربىر ھەرىپكە ئون ياخشىلىق بېرىلىدۇ).تىرمىزى، ھاكىم، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.قۇرئان كەرىم 114سۈرە، 30پارا، 6236 ئايەت، 77000 كەلىمە، 333000 ھەرىپتۇر، بۇسۆزلەر ئىمام سۇيۇتىينىڭ ، زەركەشىنىڭ، مەنناﺋۇلقەتتاننىڭ «ئىتتىقان»«بورھان»«ئۇلۇمۇلقۇرئان»قاتارلىق ئۇسۇل تەپسىر ، قۇرئان ئىلمى تەتقىقات كىتاپلىرىدا باردۇر،قۇرئاننى بىر قېتىم تامام قىلىپ، ئوقۇپ چىققان كىشىگە، 333000 ھەرىپنى ئونغا كۆپەيتسەك، 3330000 «ئۈچ مىلىيۇن ئۈچيۈز ئوتتۇز مىڭ »ئەجىر ساۋاپ، ياخشىلىق بېرىلىدۇ.**الله** ئەئلەم.

( ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئاننى ئوقۇڭلار، سىلەرگە قۇرئان ئوقۇغانغا ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدۇ، ئەمما، مەن ئەلىف، لام، مىم «الم»منى ھەرىپ دىمەيمەن، لېكىن، ئەلىفكە 10 ساۋاب، لامغا 10 ساۋاب، مىمغا 10 ساۋاب، ئەنە شۇ 30 ساۋاب، ئەجىر بولىدۇ. ئەبۇ جەئپەر نۇھاس، سەجزىي، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ. قۇرئان ئوقۇسا، ھەربىر ھەرىپكە 10 ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدىغان ھەدىس سەھىھ . بىر ھەرىپكە 10 ئەجىر، قىيامەت كۈنى بۇبىرسى ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ.

( ئابدۇرەھمان ئىبنى شىبلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئاننى ئوقۇپ، ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنى چىلىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتمەڭلار، قەلبىڭلار قۇرئاندىن قېتىپ كەتمىسۇن، قۇرئاندا ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، قۇرئاننىڭ باراۋىرىگە بىرەر نەرسە يىمەڭلار، قۇرئان سەۋەبلىك مال _دۇنيانى كۆپەيتمەي،ئەجرنى ئاخىرەتتە ئېلىڭلار. ئەھمەد، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.)

**2138 - [ 30 ] ( ضعيف جدا )وعن الحارث الأعور قال : مررت في المسجد فإذا الناس يخوضون في الأحاديث فدخلت على علي رضي الله عنه فأخبرته قال : أوقد فعلوها ؟ قلت نعم قال : أما إني قد سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ألا إنا ستكون فتنة " . فقلت ما المخرج منها يا رسول الله قال : " كتاب الله فيه نبأ ما كان قبلكم وخبر ما بعدكم وحكم ما بينكم وهو الفصل ليس بالهزل من تركه من جبار قصمه الله ومن ابتغى الهدى في غيره أضله الله وهو حبل الله المتين وهو الذكر الحكيم وهو الصراط المستقيم هو الذي لا تزيغ به الأهواء ولا تلتبس به الألسنة ولا يشبع منه العلماء ولا يخلق على كثرة الرد ولا ينقضي عجائبه هو الذي لم تنته الجن إذ سمعته حتى قالوا ( إنا سمعنا قرآنا عجبا يهدي إلى الرشد فآمنا به )**
**من قال به صدق ومن عمل به أجر ومن حكم به عدل ومن دعا إليه هدى إلى صراط مستقيم " . رواه الترمذي والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث إسناده مجهول وفي الحارث مقال**

ھارىسلئەۋەر رەھمەھۇلادىن، مەن بىر مەسجىددىن ئۆتۈپ، كىشىلەرنىڭ قالايمىقان سۆزلەشكىنىنى ئاڭلاپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كىرىپ دىدىم، ئۇ شۇنداق قىلىپتىمۇ؟ دېدى، مەن ھەئە دېدىم، ئۇ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان، يېقىندا پىتنە بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ چىقىش ئورنى قەيەردە؟ دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، ئۇنىڭدا سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ خەۋىرى بار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىشلارنىڭ ھۆكمى بار، ئۇ چاخچاق ئەمەس، ھەق باتىلنى ئايرىغۇچىدۇر، كىم ئۇنى زالىمنىڭ سەۋەبىدىن تەرىك ئەتسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ھالاك قىلىدۇ، كىم قۇرئاندىن باشقا نەرسە بىلەن ھىدايەت تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئازدۇرىدۇ. ئۇ، ئاللاھنىڭ كۈچلۈك

ئارغامچىسىدۇر، ھىكمەتلىك زىكرىدۇر، مۇستەقىيم توغرا يولدۇر، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ھاۋايى ــ ھەۋەسلەر، ئارزۇلار، ھەق يولدىن بۇرۇلمايدۇ، تىللار ئىلىشىپ قالمايدۇ، ئۇنىڭغا ئۆلىمالار تويمايدۇ، ئۇ تولا تەكرارلىنىشتىن كونىراپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ ئاجايىپ ــ غارايىپلىرى تۈگەپ كەتمەيدۇ، ئۇنى ئاڭلاپ، جىنلارمۇ جىم تۇرالماي ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلىدۇق، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق دەپ كەتتى، كىم قۇرئان بىلەن سۆز قىلسا، راست سۆزلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا، ئەجىر ئالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلسا، ئادىل ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇنىڭغا چاقىرسا، توغرا يولغا، ھىدايەت قىلىنىدۇ. تىرمىزى، دارىمى توپلىغان، تىرمىزى بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادى نامەلۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارىس دىگەن راۋى توغرىسىدا ئەيىبلىك سۆز قىلىنغان دىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ، قاتتىق زەئىپ دىگەن، مەن بۇ ھەدىسنىمۇ يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا يازغان.

**2139 - [ 31 ] ( ضعيف )وعن معاذ الجهني : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من قرأ القرآن وعمل بما فيه ألبس والداه تاجا يوم القيامة ضوءه أحسن من ضوء الشمس في بيوت الدنيا لو كانت فيكم فما ظنكم بالذي عمل ذا ؟ رواه أحمد وأبو داود**

مۇئازۇلجۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قۇرئاننى ئوقۇپ ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئاتا ــ ئانىسىغا تاج كىيدۈرۈلىدۇكى، ئۇنىڭ نۇرى بۇ دۇنيادىكى قۇياشنىڭ نۇرىدىنمۇ گۈزەل ھەم ياخشىدۇر، سىلەرگە يەنى ئاتا ــ ئانىلارغا شۇنداق بولسا، ئەمەل قىلغۇچىغا گۇمانىڭلار قانداقراق؟! ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**2140 - [ 32 ] ( لم تتم دراسته )وعن عقبة بن عامر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لو جعل القرآن في إهاب ثم ألقي في النار ما احترق " . رواه الدارمي**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر قۇرئان كەرىم، تېرە ئىچىگە قىلىنسا(توپلانسا)،ئاندىن ئوتقا تاشلىنىپ كەتسىمۇ كۆيۈپ كەتمەيدۇ.دارىمى توپلىغان، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان. لىكىن مۇنۇ ھەدىس سەھىھ؛ (ئەسمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر قۇرئان كەرىم، تېرە ئىچىگە توپلانسا، ئاللاھتائالا ئۇنى ئوت بىلەن كۆيدۈرمەيدۇ. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، يەنى تېرىگە يېزىلسا ياكى تېرە ئىچىگە سېلىنسا،ياخشى ساقلىنىدۇ.

**2141 - [ 33 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي بن أبي طالب رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قرأ القرآن فاستظهره فأحل حلاله وحرم حرامه أدخله الله به الجنة وشفعه في عشرة من أهل بيته كلهم قد وجبت له النار . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث غريب وحفص بن سليمان الراوي ليس هو بالقوي يضعف في الحديث**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۇنى چىن دىلىدىن يادا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن دىنىدا قۇۋۋەت ـ ياردەم تەلەپ قىلسا، قۇرئاننىڭ ھالال قىلغان نەرسىللىرىنى ھالال بىلسە، ھاراملىرىنى ھارام دەپ ئېتىقات قىلسا، الله تائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ۋە شۇنداقلا ئۇنى ئۆز ئۆي ئەھلىدىن دەۋزەخ ۋاجىب بولغان ئون كىشىگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقىنى بىرىدۇ. ئەھمەد ،تىرمىزى،ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان .

**2142 - [ 34 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال لأبي بن كعب : " كيف تقرأ في الصلاة ؟ " فقرأ أم القرآن فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده ما أنزلت في التوراة ولا في الإنجيل ولا في الزبور ولا في الفرقان مثلها وإنا سبع من المثاني والقرآن العظيم الذي أعطيته " . رواه الترمذي وروى الدارمي من قوله : " ما أنزلت " ولم يذكر أبي بن كعب . وقال الترمذي هذا حديث حسن صحيح**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ سەن نامازدا قانداق قىرائەت قىلىسەن؟ دېدى، ئۇ سۈرە پاتىھەنى ئوقۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇممۇلقۇرئان بولغان سۈرە فاتىھەنىڭ ئوخشىشى،تەۋراتتىمۇ،ئىنجىلدىمۇ،زەبۇردىمۇ، فۇرقاندىمۇ يەنى بارلىق ساماۋى كىتابلاردا نازىل قىلىنىپ باقمىغان. ھەقىقەتەن ئۇ تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتتۇر،ئۇ ماڭا بېرىلگەن ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. (سۈرە فاتىھە بىلەن سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرى ۋە قۇرئان كەرىم پەقەت مۇشۇ ئۇممەتكىلا بېرىلدى). ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2143 - [ 35 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تعلموا القرآن فاقرءوه فإن مثل القرآن لمن تعلم وقام به كمثل جراب محشو مسكا يفوح ريحه كل مكان ومثل من تعلمه فرقد وهو في جوفه كمثل جراب أوكئ على مسك " . رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ئۆگىنىڭ، ئۇنى ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن قۇرئاننى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرغان كىشىنىڭ مىسالى؛ مىسكە ـ ئەنبەرگە لىق تولغان تۇلۇمغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن مىسكىنىڭ خۇش ـ پۇراقلىرى ھەر بىر ماكانغا يېتىپ بارىدۇ، قۇرئاننى ئۆگىنىپ، ئۇنى يادا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىيامدا تۇرماي ئۇخلايدىغان كىشىنىڭ مىسالى؛ ئىچىگە مىسكە ـ ئەنبەر قاچىلىنىپ، ئاغزى مەھكەم چىگىلگەن تۇلۇمغا ئوخشايدۇ،(ئۇنىڭ پۇرىقى ھېچ يەرگە يېتىپ بارمايدۇ،) تىرمىزى،نەسەئى،دارىمى توپلىغان .

**2144 - [ 36 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : من قرأ ( حم المؤمن إلى ( إليه المصير )وآية الكرسي حين يصبح حفظ  ما حتى يمسي . ومن قرأ  ما حين يمسي حفظ  ما حتى يصبح " . رواه الترمذي والدرامي وقال الترمذي هذا حديث غريب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:كىم تاڭ ئاتقۇزغان چېغىدا، سۈرە« ھامىىم مۆئمىننى........ۋەئىلەيھىلمەسىير»دېگەن يەرگىچە ۋە ئايەتۇلكۇرسىينى ئوقۇسا، ئۇكىشى كەچ كىرگىچە ھەرقانداق يامانلىقتىن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ، كىم بۇ ئىككىسىنى كەچ قىلغان چاغدا ئوقۇسا، ئۇكىشى تاڭ ئاتقىچە ھەرقانداق يامانلىقتىن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ.تىرمىزى،دارىمى توپلىغان.

**2145 - [ 37 ] وعن النعمان بن بشير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله كتب كتابا قبل أن يخلق السموات والأرض بألفي عام أنزل منه آيتين ختم  ما سورة البقرة ولا تقرآن في دار ثلاث ليال فيقر ا الشيطان " . رواه الترمذي والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئاسمان ــ زېمىننى يارىتىشتىن 2000 يىل بۇرۇن، بىر كىتابنى يېزىپ پۈتكەندۇر، ئۇ كىتاب ھازىرمۇ ئەرشتە باردۇر، ئاللاھ ئۇ كىتابتىن ئىككى ئايەت نازىل قىلىپ، شۇ ئىككى ئايەت بىلەن سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرىنى تامامىلىغاندۇر، بۇ ئىككى ئايەت بىرەر ئۆي، قورۇ، داچىدا ئۈچ كېچە ئوقۇلۇپ قالسا، بۇ جايغا ھەرگىز شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ. تىرمىزى، نەسەئى،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2146 - [ 38 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قرأ ثلاث آيات من أول الكهف عصم من فتنة الدجال " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سۈرە كەھفنىڭ

باش تەرپىدىن ئۈچ ئايەتنى ئوقۇسا، ئۇكىشى دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.تىرمىزى.

**2147 - [ 39 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لكل شيء قلبا وقلب القرآن ( يس ) ومن قرأ ( يس )كتب الله له بقراء ا قراءة القرآن عشر مرات " . رواه الترمذي والدارمي وقال الترمذي هذا حديث غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسىنىڭ يۈرىكى بولىدۇ، قۇرئاننىڭ يۈرىكى، قەلبى ياسىندۇر، كىم سۈرە ياسىننى بىر قېتىم ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا قۇرئاننى 10 قېتىم ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى يازىدۇ، دارمى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيىپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**2148 - [ 40 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تبارك وتعالى قرأ ( طه )و ( يس )قبل أن يخلق السموات والأرض بألف عام فلما سمعت الملائكة القرآن قالت طوبى لأمة ي ل هذا عليها وطوبى لأجواف تحمل هذا وطوبى لألسنة تتكلم ذا " . رواه الدارمي**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئاسمان ــ زىمىننى يارىتىشتىن 1000 يىل بۇرۇن، سۈرە تاھا بىلەن سۈرە ياسىننى ئوقۇشدى، پەرىشتىلەر قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغدا: مۇشۇ سۈرىلەر نازىل قىلىنىدىغان ئۈممەتكە خۇش ـ مۇبارەك، مۇشۇ سۈرىلەرنى يادا ئالىدىغان ، كۆتۈرۈپ يۈرىيدىغان يۈرەك، مىڭىلەرگە خۇش ـ مۇبارەك، مۇشۇ سۈرىلەر بىلەن سۆزلەيدىغان تىللارغا خۇش ـ مۇبارەك، دىيىشىپ كەتتى. دارىمى توپلىغان ، تەكشۈرۈلمىگەن.

**2149 - [ 41 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قرأ ( حم )الدخان في ليلة أصبح يستغفر له سبعون ألف ملك " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وعمر بن أبي خثعم الراوي يضعف وقال محمد يعني البخاري هو منكر الحديث**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر كېچىسى سۈرە ھامىم دۇخاننى ئوقۇسا، ئۇكىشى ئۆزى ئۈچۈن 70000 پەرىشتە مەغپىرەت سورىغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ. تىرمىزى توپلاپ؛ بۇ ھەدىسنىڭ بىر راۋىيسىنى ئىمام بۇخارى؛ئۇنىڭ ھەدىسى مۇنكەر دىگەن دىدى.

**2150 - [ 42 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قرأ ( حم ) الدخان في ليلة الجمعة غفر له " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وهشام أبو المقدام الراوي يضعف**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم جۈمئە كېچىسى سۈرە «ھامىم دۇخاننى» ئوقۇسا، ئۇكىشىگە مەغپىرەت قىلىنىدۇ. تىرمىزى توپلىغان،زەئىپلىق گۇمان بار.

**2151 - [ 43 ] ( لم تتم دراسته )وعن العرباض بن سارية أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يقرأ المسبحات قبل أن يرقد يقول : " إن فيهن آية خير من ألف آية " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاشتىن بۇرۇن، باش تەرپىدە « سەببەھە لىللاھى مافىسساماۋاتى.......»كىلىدىغان سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى، ۋە بۇ سۈرىلەردە بىر ئايەت باركى، ئۇئايەت 1000ئايەتتىن ياخشىراقتۇر دەيتتى. تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان .

**2152 - [ 44 ] ورواه الدارمي عن خالد بن معدان مرسلاوقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

**2153 - [ 45 ] ( حسن )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن سورة في القرآن**

**ثلاثون آية شفعت لرجل حتى غفر له وهي : ( تبارك الذي بيده الملك )رواه أحمد والترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قۇرئاندا 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بار بولۇپ، بۇ سۈرە، ئۆزىنى ئوقۇپ تۇرغان كىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىپ، ئۇنى مەغپىرەتكە ئېرىشتۈرىدۇ،ئۇكىشىگە مەغپىرەت قىلىنغانغا قەدەر شاپائەت قىلىدۇ، ئۇ سۈرە بولسا، «تەبارەكەللەزى بىيەدىھىلمۇلك» يەنى سۈرە مۈلۈكتۇر. ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندا، 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بولۇپ، ئۇ،ئۆزىنى ئوقۇپ، ئەمەل قىلغان كىشىگە شاپائەت قىلىپ، ئۇ كىشىنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**2154 - [ 46 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : ضرب بعض أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم خباءه على قبر وهو لا يحسب أنه قبر فإذا فيه إنسان يقرأ سورة ( تبارك الذي بيده الملك )حتى ختمها فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فأخبره فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هي المانعة هي المنجية تنجيه من عذاب القبر " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنىڭ بىرسى ئۇقماستىن چېدىرنى قەبرە ئۈستىگە قۇرىدۇ، ناگاھان ئۇ جايدا بىر ئىنسان سۈرە تەبارەكنى يەنى مۈلۈكنى قىرائەت قىلىپ چىقىدۇ، «بەلكىم بۇ ئىنسان قەبرە ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، تېشىدا بولسا، چېدىرنى قۇرغاندا بۇ، قەبرىستانلىق! دەپ قويغان بولاتتى، ياكى تېشىدىكى ئىنساندۇر» ئاندىن ئۇ ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئىشنى خەۋەر قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە مۈلۈك ئازابدىن توسىدۇ، قەبرە ئازابدىن قۇتقۇزىدۇ دېدى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ، دەلىل قىلغى بولمايدۇ دىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساھابىلەر، تابىئىنلار بۇ ئەمەلنى ، سىز بىزدەك بىدئەتنى زادى قىلمىغان،بۇتوغرىسىدا سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا توختالدۇق.

**2155 - [ 47 ] وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم كان لا ينام حتى يقرأ : ( آلم ت يل ) و ( تبارك الذي بيده الملك )رواه أحمد والترمذي والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث صحيح . وكذا في شرح السنة . وفي المصابيح**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئەلىف لام، مىم، تەنزىيل سەجدىنى» تەبارەكەللەزي بىيەدىھىلمۇلكۇنى» يەنى سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە مۈكۈلكنى ئوقۇپ بولمىغىچە ئۇخلىمايتتى، بۇ سۈرىلەرنى ئوقۇۋېتىپ ئۇخلايتتى. ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە ئىسرائىنى يەنى بەنى ئىسرائىل تىلغا ئېلىنغان سۈرە بىلەن سۈرە زۇمەرنى ئوقۇپ بولمىغىچە ئۇخلىمايتتى. ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان،سەھىھ.

**2156 - [ 48 ] وعن ابن عباس وأنس بن مالك رضي الله عنهم قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ( إذا زلزلت )تعدل نصف القرآن ( قل هو الله أحد )تعدل ثلث القرآن و ( قل يا أيها الكافرون )تعدل ربع القرآن " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر،ئىبنى ئابباس ،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: «ئىزا زۇلزىلەت»قۇرئاننىڭ يېرىمىغا تەڭ، «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»، قۇرئاننىڭ 1/3گە، «قۇل يا ئەييۇھەل كافىرۇن» يەنى سۈرە كافىرۇن، قۇرئاننىڭ 1/4گە تەڭدۇر.تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**2157 - [ 49 ] ( لم تتم دراسته )وعن معقل بن يسار عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من قال حين يصبح ثلاث مرات : أعوذ بالله السميع العليم من الشيطان الرجيم فقرأ ثلاث آيات من آخر سورة ( الحشر )**

وكل الله به سبعين ألف ملك يصلون عليه حتى يمسي وإن مات في ذلك اليوم مات شهيدا . ومن قالها حين يمسي كان بتلك الم لة " . رواه الترمذي والدارمي . وقال الترمذي : هذا حديث غريب

مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم تاڭ ئاتقۇزغان چىغىدا، «ئەئۇزۇبىللاھى سەمىئىلئەلىيم مىنەششەيتانىررەجىيم»نى ئۈچ قېتىم دەپ، سۈرە ھەشىرنىڭ ئاخىردىن ئۈچ ئايەت ئوقۇسا، الله تائالا ئۇنىڭغا 70000 پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ، بۇ پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا كەچ كىرگىچە رەھمەت يوللاپ، مەغپىرەت سورايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ شۇ كۈنى ئۆلۈپ كەتسە، شېھىد ھالدا ئۆلىدۇ، كىم ئۇنى كەچ قىلغان چېغىدا دىسە، يەنىلا يۇقىرقى شۇ مەنزىل،مەرتىبىدە بۇلىدۇ.تىرمىزى،دارىمى.

2158 - [ 50 ] ( ضعيف )وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : من قرأ كل يوم مائتي مرة ( قل هو الله أحد ) محي عنه ذنوب خمسين سنة إلا أن يكون عليه دين رواه الترمذي والدارمي وفي روايته خمسين مرة ولم يذكر إلا أن يكون عليه دين

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھەر كۈنى سۈرە ئىخلاسنى يەنى قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەدنى 200 قېتىم ئوقۇپ بەرسە، 50 يىللىق گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ، لېكىن، قەرزى ئۆچۈرۈلمەيدۇ، بەزى خاتىرىدە 50 قېتىم ئوقۇسا دىگەن بار، تىرمىزى، دارمى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، لېكىن، سوپىلار ئەمەل قىلىپ كەتتى.بىزگە بۇتوغرىسدا سەھىھ ھەدىس كۈپايە.

2159 - [ 51 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم : " من أراد أن ينام على فراشه فنام على يمينه ثم قرأ مائة مرة ( قل هو الله أحد )إذا كان يوم القيامة يقول له الرب : يا عبدي ادخل على يمينك الجنة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كۆرپىسى ئۈستىدە ئۇخلاشنى ئىرادە قىلىپ، ئاندىن ئوڭ يېنىچە يېتىپ، «قۇل ھۇۋەالله ئەھەد»سۈرە ئىخلاسنى 100قېتىم ئوقۇسا، قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئۇنىڭغا رەب تائالا: ئى بەندەم! سەن جەننەتكە ئوڭ يېنىڭچە كىرگىن دەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

2160 - [ 52 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم سمع رجلا يقرأ ( قل هو الله أحد ) فقال : " وجبت " قلت : وما وجبت ؟ قال : " الجنة " . رواه مالك والترمذي والنسائي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى ئوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ: ۋەجەبەت، ۋاجىب بولدى دىدى، مەن: نىمە ۋەجەبەت ؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىب بولدى دىدى. مالىك،تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان.

2161 - [ 53 ] ( لم تتم دراسته )وعن فروة بن نوفل عن أبيه : أنه قال : يا رسول الله علمني شيئا أقوله إذا أويت إلى فراشي . فقال : " اقرأ ( قل يا أيها الكافرون )فإنا براءة من الشرك " . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي

پۇرۇەتنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ ماڭا مەن ئۇخلاش ئۈچۈن كۆرپەمگە بارغاندا دەيدىغان نەرسە ئۆگىتىپ قويسىلا دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئۇخلاش ئالدىدا «قۇل يائەييۇھەلكافىرۇنى» يەنى سۈرە كافىرۇننى ئوقۇغىن، چۈنكى بۇ سۈرە شىرىكدىن قۇتقۇزۇپ، شىرىكتىن بىزار قىلىدۇ،دىدى.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،دارىمى.(ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇل يائەييۇھەلكافىرۇننى يەنى سۈرە كافىرۇننى ئۇخلاش

ئالدىدا ئوقۇغىن، چۈنكى، بۇ سۈرە شىرىكىدىن قۇتقۇزىدۇ، بىزار قىلىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.)

**2162 - [ 54 ] ( صحيح )وعن عقبة بن عامر قال : بينا أنا سير مع رسول الله صلى الله عليه وسلم بين الجحفة والأبواء إذ غشيتنا ريح وظلمة شديدة فجعل رسول الله صلى الله عليه وسلم يعوذ ب ( أعوذ برب الفلق ) و ( أعوذ برب الناس )ويقول : " يا عقبة تعوذ ما فما تعوذ متعوذ بمثلهما " . رواه أبو داود**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بىرچاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە جۇھپەت دىگەن جاي بىلەن ئەبۋائىنىڭ ئارلىقىدا كىتىۋاتسام، تۇيۇقسىز بىزنى شامال ۋە قاتتىق قاراڭغۇ زۇلمەت قورشىۋالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنى ئوقۇپ پاناھ تىلەشكە باشلىدى، ئاندىن ماڭا: ئى ئۇقبە! (قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەدنى سۈرە فەلەق، سۈرە ناسنى دائىم ئوقۇغىن)، بۇ ئىككى سۈرە بىلەن پاناھ تىلىگىن، چۈنكى، ھىچ كىشى بۇلارنىڭ ئوخششى بىلەن پاناھ تىلىيەلمەيدۇ، بۇلار مىسلىسىزدۇر،دىدى.ئەبۇداۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئۇقبە! مەن ساڭا ئوقۇلىۋاتقان ئەڭ ياخشى ئىككى سۈرىنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ قۇل ئەئۇزۇبىرەببىلفەلەق بىلەن قۇل ئەئۇزۇبىرەببىنناستۇر، ئى ئۇقبە! سەن بۇ ئىككى سۈرىنى ھەر قاچان ئۇخلىساڭ، تۇرساڭ ئوقۇغىن، چۈنكى، ھەر قانداق سورىغۇچى ۋە پاناھ تىلىگۈچى بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوخششىدەك نەرسە بىلەن سورىيالمايدۇ، ھەم پاناھ تىلىيەلمەيدۇ. ئەھمەد ، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2163 - [ 55 ] وعن عبد الله بن خبيب قال : خرجنا في ليلة مطر وظلمة شديدة نطلب رسول الله صلى الله عليه وسلم فأدركناه فقال : " قل " . قلت ما أقول ؟ قال : " ( قل هو الله أحد ) والمعوذتين حين تصبح وحين تمسي ثلاث مرات تكفيك من كل شيء " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز قاتتىق قاراڭغۇ زۇلمەتلىك ، يامغۇرلۇق بىركېچىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىزدەپ چىقىپ ، ناھايىتى تەستە تاپتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: دىگىن !دىدى، مەن؛ نىمە دەيمەن ؟ دىسەم، ماڭا: «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد» يەنى سۈرە ئىخلاسنى ۋە مۇئەۋۋەزەتەيىن يەنى سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنى، بۇ ئۈچ سۈرىنى ئەتىگەن تاڭ ئاتقۇزغاندا ۋە كەچ قىلغىنىڭدا ئۈچ قېتىم ئوقۇشۇڭ، ساڭا بارلىق نەرسىدىن كۇپايە بولىدۇ، (يەنى ياخشىلىقتا ۋە پاناھ تىلەشتە كۇپايە بولىدۇ)دىدى. ئۈچ كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**2164 - [ 56 ] وعن عقبة بن عامر قال : قلت يا رسول الله اقرأ سورة ( هود ) أو سورة ( يوسف )؟ قال : " لن تقرأ شيئا أبلغ عند الله من ( قل أعوذ برب الفلق )رواه أحمد والنسائي والدارمي**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن : ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن سۈرە ھۇدنى ئوقۇيمۇ؟ ياكى سۈرە يۇسۇفنىمۇ؟ دىسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سەن ھەرگىز ئاللاھنىڭ نەزلىدە «قۇل ئەئۇزۇبىرەببىلفەلەق» يەنى سۈرە فەلەقدىن يېتەرلىكرەك (يەنى پاناھ تىلەشتە يېتەرلىكرەك، ئەۋزەلرەك)بىرەر نەرسىنى ئوقىيالمايسەن،دىدى. نەسەئى،ئەھمەد ،دارىمى، توپلىغان، سەھىھ.

**2165 - [ 57 ] الفصل الثالث ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعربوا القرآن واتبعوا غرائبه وغرائبه فرائضه وحدوده " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئانغا ئوبدان ئىئراب بېرىڭلار، يەنى تاۋۇش بەلگىلىرىنى جايىدا چىقىرىڭلار، ئۇنىڭ ئاجايىپ _ غارايىپلىرىغا ئەگىشىڭلار، ئۇ

بولسا، پەرىز ھودۇد بەلگىلىمىلەردۇر، بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

**2166 - [ 58 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها : أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " قراءة القرآن في الصلاة أفضل من قراءة القرآن في غير الصلاة وقراءة القرآن في غير الصلاة افضل من التسبيح والتكبير والتسبيح أفضل من الصدقة والصدقة أفضل من الصوم والصوم جنة من النار " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنىڭ ئىچىدىكى قۇرئان قىرائىتى نامازنىڭ تېشىدىكىدىن ئەۋزەلدۇر، نامازنىڭ تېشىدىكى قۇرئان قىرائىتى، تەسبىھ، تەكبىردىن ئەۋزەلدۇر، تەسبىھلەر بولسا، سەدىقىدىن ئەۋزەل، سەدىقە، روزا تۇتۇشتىن ئەۋزەل، روزا تۇتۇش، دوۋزاخدىن پەردە، قالقاندۇر. بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**2167 - [ 59 ] ( ضعيف )وعن عثمان بن عبد الله بن أوس الثقفي عن جده قال :قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : قراءة الرجل القرآن في غير المصحف ألف درجة وقراءته في المصحف تضعف عل ذلك إلى ألفي درجة  رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئوسمان سۇقەپىيدىن بوۋىسىدىن رە   رەسۇلۇللاھ  سەللاللە ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇند اق دېگەن، كىشىنىڭ قۇرئانغا قارىماي ئوقۇغان قىرائىتى 1000 دەرىجىدۇر، قۇرئانغا قاراپ ئوقۇغان قىرائىتى شۇ 1000نىڭ ئۈستىگەيانا 2000 دەرىجە چەندەن زىيادە قىلىنىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، زەئىپ دېيىلدى،

**2168 - [ 60 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن هذه القلوب تصدأ كما يصدأ الحديد إذا أصابه الماء " . قيل يا رسول الله وما جلاؤها ؟ قال : " كثرة ذكر الموت وتلاوة القرآن " . روى البيهقي الأحاديث الأربعة في شعب الإيمان**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قەلب، يۈرەك خۇددى تۆمۈرگە سۇ تەگسە داتلاشقاندەك، داتلىشىپ تۇرىدۇ دېدى، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى رۇشەن تازىلايدىغان نەرسە نېمە؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەش، قۇرئان تىلاۋىتى دەپ جاۋاب بەردى، يەنىلا بەيھەقى خاتىرلىگەن، يەنىلا زەئىپ دېيىلدى.

**2169 - [ 61 ] ( لم تتم دراسته )وعن أيفع بن عبد الكلاعي قال : قال رجل : يا رسول الله أي سورة القرآن أعظم ؟ قال : ( قل هو الله أحد )قال : فأي آية في القرآن أعظم ؟ قال : آية الكرسي ( الله لا إله إلا هو الحي القيوم ) قال : فأي آية يا نبي الله تحب أن تصيبك وأمتك ؟ قال : " خاتمة سورة البقرة فإنا من خزائن رحمة الله تعالى من تحت عرشه أعطاها هذه الأمة لم تترك خيرا من خير الدنيا والآخرة إلا اشتملت عليه " . رواه الدارمي**

ئەيپەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! قۇرئاننىڭ قايسى سۈرىسى ئەڭ ئۇلۇغ؟ دەپ سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇل ھۇۋەالله ئەھەد ...»سۈرەئىخلاس دېدى، ئۇكىشى: قۇرئاندىكى قايسى ئايەت ئەڭ ئۇلۇغ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: (الله ھۇ لائىلاھە ئىللاھۇۋەلھەييۇلقەييۇم.....» ئايەتۇلكۇرسىي دېدى، ئۇكىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سىلىگە ۋە ئۈممەتلىرىگە ساۋابى، پايدىسى يېتىشتە، قايسى ئايەتنى بەك ياخشى كۆرىلا؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىنى،(يەنى ئامەنەررەسۇلۇنى ياخشى كۆرىمەن) چۈنكى ئۇ، الله نىڭ رەھمەت خەزىنىلىرىدىندۇر، الله تائالا ئۇنى بۇ ئۈممەتكە ئەرشىنىڭ تەھتىدىكى كاڭدىن بەرگەندۇر، ئۇ ئايەتلەر دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ھېچ بىر ياخشىلىقنى قالدۇرماي، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر، دېدى. دارىمى توپلىغان.

**2170 - [ 62 ] ( ضعيف )وعن عبد الملك بن عمير مرسلا قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " في فاتحة الكتاب**

شفاء من كل داء " . رواه الدارمي والبيهقي في شعب الإيمان

ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئۆمەير رەھمەھۇللادىن مۇرسەل ھالدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە فاتىھەدە ھەرقانداق كېسەلگە شىپا، داۋا باردۇر، دارمى، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى

2171 - [ 63 ] ( لم تتم دراسته )

وعن عثمان بن عفان رضي الله عنه قال : من قرأ آخر آل عمران في ليلة كتب له قيام ليلة . رواه الدارمي

ئوسمان ئىبنى ئەپپان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى سۈرە ئال ئىمراننىڭ ئاخىرىنى ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە بىركېچە قىيامدا تۇرغاننىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. دارىمى توپلىغان. تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

2172 - [ 64 ] ( لم تتم دراسته )وعن مكحول قال : من قرأ سورة آل عمران يوم الجمعة صلت عليه الملائكة إلى الليل . رواه الدارمي

مەكھۇل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: كىم جۈمەكۈنى سۈرە ئال ئىمرانىنى ئوقۇسا، ئۇكىشىگە كەچ كىرگىچە پەرىشتىلەر رەھمەت يوللاپ،مەغپىرەت سورايدۇ. دارىمى توپلىغان. تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

2173 - [ 65 ] ( لم تتم دراسته )وعن جبير بن نفير رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : إن الله ختم سورة البقرة بآيتين أعطيتهما من ك ه الذي تحت العرش فتعلموهن وعلموهن نساءكم فإنها صلاة وقربان ودعاء . رواه الدرامي مرسلا

جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەقىقەتەن الله تائالا سۈرە بەقەرنى، ماڭا ئەرشنىڭ تەھتىدىكى كېڭىدىن بېرىلگەن ئىككى ئايەت بىلەن تامام قىلغاندۇر، سىلەر ئۇنى ئۆگىنىپ، ئاياللىرىڭلارغا(بالىلىرىڭلارغا)ئۆگىتىڭلار، چۈنكى ئۇ ئايەتلەر الله قا يېقىنچىلىق، ناماز، دۇئادۇر.دارىمى مۇرسەل ھالدا توپلىغان.( ھۇزەيفە، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرىدىكى مۇنۇ ئايەتلەر ئەرشى تەھتىدىكى كاڭدىن بېرىلدى، بۇ ئايەتلەر مەندىن بۇرۇنقى ھېچبىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن «ئۇ بولسا، سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ ئايەت» ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.)

2174 - [ 66 ] ( لم تتم دراسته )وعن كعب رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " اقرؤوا سورة هود يوم الجمعة " . رواه الدرامي مرسلا

كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنى سۈرە ھۇدنى ئوقۇڭلار.دارىمى مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن.يەنى ھەدىسنىڭ ئىسنادتۇتاشقان يولىدىن ساھابە ئۈزۈلۈپ قالغان.

2175 - [ 67 ] ( حسن )وعن أبي سعيد رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من قرأ سورة الكهف في يوم الجمعة أضاء له النور ما بين الجمعتين " . رواه البيهقي في الدعوات الكبير

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى سۈرە كەھفنى ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئىككى جۈمە ئارىلىقىدا نۇر، يورۇقلۇق ئاتا قىلىنىدۇ، نۇر، يورۇقلۇق تاشلايدۇ. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. (ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى سۈرە كەھفنى ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ئۆزى بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭ جايغا شۇنداق چوڭ نۇر، نۇرتاشلاپ تۇرىدۇ. نۇر، يورۇقلۇق ئاتا قىلىنىدۇ. (يەنى بۇ قىيامەت كۈنى بېرىلىدىغان مۇكاپات نۇردۇر، چۈنكى، مۆئمىن بۇ دۇنيا ئۈچۈن كارامەت ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلمايدۇ، بەلكى، ئاللاھ، ئاخىرەت ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ، ياكى بۇ دېگەنلىك، دۇنيادا قەلبى نۇرلىنىپ، ھەقنى تاپىدۇ، ھەق ـــ

ناھەقنى ئايرىيدۇ، ھەققەت، ئادالەت ئۈچۈنلا ياشايدۇ. ۋەﷲ ھۇ ئەئلەم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ).

**2176 - [ 68 ] ( لم تتم دراسته وعن خالد بن معدان قال : اقرؤوا المنجية وهي ( آلم ﺗ يل ) فإن بلغني أن رجلا كان يقرؤها ما يقرأ شيئا غيرها وكان كثير الخطايا فنشرت جناحها عليه قالت : رب اغفر له فإنه كان يكثر قراءتي فشفعها الرب تعالى فيه وقال : اكتبوا له بكل خطيئة حسنة وارفعوا له درجة " . وقال أيضا : " إنا تجادل عن صاحبها في القبر تقول : اللهم إن كنت من كتابك فشفعني فيه وإن لم أكن من كتابك فامحني عنه وإنا تكون كالطير تجعل جناحها عليه فتشفع له فتمنعه من عذاب القبر " وقال في ( تبارك )مثله . وكان خالد لا يبيت حتى يقرأهما . وقال طاووس : فضلتا على كل سورة في القرآن بستين حسنة . رواه الدارمي**

خالىد ئىبنى مەئدان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: سىلەر قۇتقازغۇچى سۈرە « ئەلىف لام مىم تەنزىلنى» كۆپ ئوقۇڭلار، چۈنكى ماڭا مۇنداق خەۋەر يەتتى؛ خاتالىقى ئىنتايىن كۆپ بىركىشى بۇ سۈرىنى كۆپ ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئوقۇمايدىكەن، بۇ سۈرە خۇددى قۇشقائوخشاش، ئۇكىشىنىڭ ئۈستىگە قاناتلىرىنى كەڭ ئېچىپ: ئى رەببىم! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسىلا، چۈنكى ئۇ مىنى كۆپ قىرائەت قىلاتتى دەيدۇ، رەب تائالا، بۇسۈرىنى ئۇكىشى ھەققىدە شاپائەتچى قىلىپ: ئۇنىڭ ھەربىر خاتالىقىنىڭ بارابىرگە بىر ياخشىلىق يېزىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردەرىجە يۇقىر كۆتۈرۈڭلار دەيدۇ، بۇ سۈرە ھەم ئۆزىنى كۆپ ئوقۇغان كىشى توغرىسىدا، قەبرە ئىچىدىمۇ داۋالىشىپ شاپائەت قىلىدۇ، ئى ﷲ ! ئەگەر مەن سىنىڭ كىتابىڭدىن بولسام، مىنى بۇكىشى ھەققىدە شاپائەتچى قىلغىن، ئەگەر مەن سىنىڭ كىتابىڭدىن بولمىسام، مىنى ئۇنىڭدىن ئۆچۈرۈۋەتكىن، دەيدۇ، بۇ سۈرە خۇددى قۇشقائوخشاش، ئۇكىشىنىڭ ئۈستىگە قاناتلىرىنى كەڭ ئېچىپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇكىشىگە شاپائەت قىلىپ، قەبرە ئازابىدىن توسۇپ قالىدۇ، سۈرە تەبارەكمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر، خالىد ئىبنى مەئدان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇپ بولمىغىچە ياتمايتتى، تائۇس رەھ : بۇئىككى سۈرە قۇرئاندىكى بارلىق سۈرىلەر ئۈستىگە، 60 ياخشىلىق بىلەن ئۈستۈن پەزىيلەتلىك قىلىندى دىگەن.دارىمى توپلىغان.

**2177 - [ 69 ] ( لم تتم دراسته )وعن عطاء بن أبي رباح قال : بلغني أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من قرأ ( يس )في صدر النهار قضيت حوائجه " رواه الدارمي مرسلا**

ئەتائ رەھىمەھۇﷲ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكى يەتتى: كىم كۈندۈزنىڭ باش تەرىپىدە سۈرە ياسىننى ئوقۇسا، ئۇكىشىنىڭ بارلىق ھاجەتلىرى ئادا تېپىپ، راۋا بۇلىدۇ. دارىمى مۇرسەل ھالدا توپلىغان. تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

**2178 - [ 70 ] ( ضعيف )وعن معقل بن يسار المزني رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من قرأ ( يس ) ابتغاء وجه الله تعالى غفر له ما تقدم من ذنبه فاقرؤوها عند موتاكم " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

مەئقەل ئىبنى يەسسارموزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم سۈرە ياسىننى ئاللاھنىڭ جامالىنى، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ ئوقۇسا، ئىلگىرى ئۆتكەن بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، سۈرە ياسىننى جان ئۈزۈۋاتقان ياكى ئۆلگەنلەرگە ئوقۇڭلار، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، يۇقىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر زەئىپ ھەدىس ئۆتكەن، خۇددى سۈرە ياسىن ئوقۇلغان ئىش ئاسان بولىدۇ ، دىگەن ھەدىستەك.

**2179 - [ 71 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن مسعود أنه قال : إن لكل شيء سناما وإن سنام القرآن سورة البقرة وإن لكل شيء لبابا وإن لباب القرآن المفصل . رواه الدارمي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ھەربىرنەرسىنىڭ يۈكسەك ئۈستۈن تەرىپى بۇلىدۇ، قۇرئاننىڭ ئەڭ يۈكسەك ئۈستۈن تەرىپى سۈرە بەقەردۇر، ھەربىرنەرسىنىڭ خۇلاسىسى بۇلىدۇ، قۇرئاننىڭ خۇلاسىسى بىسمىللاھى كۆپ كىلىدىغان مۇپەسسەل ئۇششاق سۈرىلەردۇر،(يەنى سۈرە ھۇجىراتتىن ئاخىرغىچە) دارىمى توپلىغان ، تەكشۈرۈلمىگەن.

**2180 - [ 72 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لكل شيء عروس وعروس القرآن الرحمن " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەربىرنەرسىنىڭ گۈزەللىك زىنىنتى بۇلىدۇ، قۇرئاننىڭ زىنىنتى سۈرە ئەررەھماندۇر.بەيھەقى.

**2181 - [ 73 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قرأ سورة الواقعة في كل ليلة لم تصبه فاقة ابدا " . وكان ابن مسعود يأمر بناته يقرأن ا في كل ليلة . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە مۇنداق دىگەن؛ كىم ھەر كىچىسى سۈرە ۋاقىئەنى ئۇقۇسا، ئۇكىشىگە مەڭگۇ ئاپەت،پەقىرلىق،مۇھتاجلىق يەتمەيدۇ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قىزلىرىنى ھەر كىچىسى بۇسۈرىنى ئۇقۇشقا بۇيرىيتتى. بەيھەقى توپلىغان.

**2182 - [ 74 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي رضي الله عنه قال : " كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يحب هذه السورة ( سبح اسم ربك الأعلى )رواه أحمد**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «سەببىھىسمى رەببىكەلئەئلا» دىگەن مۇشۇ سۈرەئەئلانى بەك ياخشى كۆرەتتى،(سۇبھانەرەببىيەلئەئلا دەپ جاۋاپ بىرەتتى،)ئەھمەد توپلىغان.

**2183 - [ 75 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن عمرو قال : أتى رجل النبي صلى الله عليه وسلم فقال أقرئني يا رسول الله فقال : " اقرأ ثلاثا من ذوات ( الر )فقال : كبرت سني واشتد قلبي وغلظ لساني قال : " فاقرأ ثلاثا من ذوات ( حم ) فقال مثل مقالته . قال الرجل : يا رسول الله أقرئني سورة جامعة فأقرأه رسول الله صلى الله عليه وسلم ( إذا زلزلت الأرض ) حتى فرغ منها فقال الرجل : والذي بعثك بالحق لا أزيد عليها أبدا ثم أدبر الرجل فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم أفلح الرويجل " مرتين . رواه أحمد وأبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا قىرائەت قىلىشنى ئۈگۈتۈپ قويسىلا دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: باش تەرىپىدە «ئەلىف لام را» كىلىدىغان سۈرىدىن ئۈچنى ئۇقۇغىن دىدى، ئۇكىشى: يېشىم چوڭىيىپ قالدى، قەلبىم قېتىپ كەتتى، تىلىم قۇپاللىشىپ كەتتى دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق بولسا، باش تەرىپىدە «ھامىم» كىلىدىغان سۈرىدىن ئۈچنى ئۇقۇغىن دىدى، ئۇكىشى يەنە شۇنداق دەپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا ئۆزى قىسقا بولغان، بارلىق ياخشىلىقنى ئۆزئىچىگەئېلىپ توپلايدىغان بىر سۈرە ئۈگۈتۈپ قويسىلا دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا «ئىزا زۇلزىلەتىلئەرزۇ»دىگەن سۈرەزىلزالنى ئۇقۇتۇپ پارىغ بولغاندا، ئۇكىشى :سىلىنى ھەقلىق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن مەڭگۇ بۇنىڭ ئۈستىگە زىيادە قىلمايمەن، دىدى، (چۈنكى بۇ سۈرىدە ياخشىلىقنى قىلىش، يامانلىقنى تەرىك ئىتىش باردۇر)ئۇكىشى ئارقىسىنى قىلىپ قايتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قېتىم : بۇكىشى نىجات تاپتى، بۇكىشى نىجات تاپتى دىدى. ئەھمەد ،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2184 - [ 76 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا يستطيع أحدكم أن يقرأ ألف آية في كل يوم ؟ " قالوا : ومن يستطيع أن يقرأ ألف آية في كل يوم ؟ قال : " أما يستطيع أحدكم أن يقرأ : ( ألهاكم التكاثر )؟ )رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ بىرىڭلار ھەر كۈنى 1000 ئايەت ئوقۇشقا قادىر بولالامدۇ؟ دىدى، ئۇلار: كىممۇ ھەر كۈنى 1000 ئايەت ئوقۇشقا قادىر بولالىسۇن؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ بىرىڭلار ھەر كۈنى «ئەلھاكۇمۇتتەكاسۇر» نى يەنى سۈرە تەكاسۇرنى ئوقۇشقا قادىر بولالامدۇ؟ دىدى، (يەنى بۇسۈرىنى بىرئوقۇسا،1000ئايەت ئوقۇغانغا تەڭ بولىدۇ) بەيھەقى توپلىغان، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان، ساھابىلار 1000ئايەت ئوقۇشقا قادىر ئىدى.

**2185 - [ 77 ] ( لم تتم دراسته )وعن سعيد بن المسيب مرسلا عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من قرأ ( قل هو الله أحد )عشر مرات بني له ا قصر في الجنة ومن قرأ عشرين مرة بني له ا قصران في الجنة ومن قرأها ثلاثين مرة بني له ا ثلاثة قصور في الجنة " . فقال عمر بن الخطاب رضي الله عنه : والله يا رسول الله إذا لنكثرن قصورنا . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الله أوسع من ذلك " . رواه الدارمي**

سەئىد ئىبنى مۇسەيىيب رەھ دىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىم«قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى يەنى سۈرە ئىخلاسنى ئون قېتىم ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر قەسىر ئۆي سېلىپ بېرىلىدۇ.
كىم«قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى 20 قېتىم ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە ئىككى قەسىر ئۆي سېلىپ بېرىلىدۇ.
كىم«قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى 30 قېتىم ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە ئۈچ قەسىر ئۆي سېلىپ بېرىلىدۇ.
ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله بىلەن قەسەمكى، ئانداقتا بىز بۇسۈرىنى كۆپ ئوقۇپ، قەسىرلىرىمىزنى كۆپەيتكىدەكمىز دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:الله تائالا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ،كەڭرى بىرەلەيدۇ دىدى.دارىمى توپلىغان. (مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىم«قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى يەنى سۈرە ئىخلاسنى ئون قېتىم ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. (كۆپ ئوقۇسا، كۆپ ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. بۇ جەننەت بىلەن بىشارەتتۇر). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.)

**2186 - [ 78 ] ( لم تتم دراسته )وعن الحسن مرسلا : أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من قرأ في ليلة مائة آية لم يحاجه القرآن تلك الليلة ومن قرأ في ليلة مائتي آية كتب له قنوت ليلة ومن قرأ في ليلة خمسمائة إلى الألف أصبح وله قنطار من الأجر " . قالوا : وما القنطار ؟ قال : " اثنا عشر ألفا " . رواه الدرامي**

ھەسەن رەھ دىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كېچىسى 100 ئايەت ئوقۇسا، قۇرئان ئۇكىشىگە شۇكېچە توغرىسىدا ھۆججەت قۇيۇپ داۋالاشمايدۇ، كىم كېچىسى 200 ئايەت ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە بىر كېچىنىڭ قىيامى، (يەنى ناماز بىلەن تۈنەش ، تاڭ ئاتقىچە قىيامدا تۇرغانىنىڭ ئەجرى) يېزىلىدۇ. كىم كېچىسى 500 دىن 1000 غىچە ئايەت ئوقۇسا،ئۇكىشى 12000 ئەجىرگە ئىرىشكەن ھالدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ. دارىمى توپلىغان. تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان. (تەمىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كېچىسى 100 ئايەت ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە شۇ كېچىنىڭ قىيامى، ناماز بىلەن تۈنەش يېزىلىدۇ، تاڭ ئاتقىچە قىيامدا تۇرغانىنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.)

## باب آداب التلاوة ودروس القرآن

قۇرئاننى دەرسلىك قىلىش ۋە تىلاۋەتنىڭ ئەدەپ- ئەخلاقلىرى توغرىسىدا

**2187 - [ 1 ] ( متفق عليه ) - الفصل الأول عن أبي موسى الأشعري رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تعاهدوا القرآن فوالذي نفسي بيده لهو أشد تفصيا من الإبل في عقلها "**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداقدىگەن:قۇرئاننى يادىلاش، تەكرارلاشتا چىڭ تۇرۇپ،ئۇبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، جېنىم قول ئىلىكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە قۇرئان كىشلەرنىڭ قەلبىدىن تۆگە باغلاقتىن قاچقاندىنمۇ بەكىرەك قاچىدۇ.ئەھەمد،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**2188 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بئس مالأحدهم أن يقول : نسيت آية كيت وكيت بل نسي واستذكروا القرآن فإنه أشد تفصيا من صدور الرجال من النعم " . متفق عليه . وزاد مسلم : " بعقلها "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ پالانى ئايەتنى، مانداق ئايەتنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دىيىشى نېمىدىگەن يامان، ئۇ ئۇنتۇپ قالمىدى، بەلكى ئۇ،ئۆزى ئۇنتۇلدۇرۇلدى، تاشلاندى، (يەنى، سۈرە تاھا 126 ـ ئايەتتىكى سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن» دىگەن كىشىدىن بولدى،) قۇرئاننى يادىلاش، تەكرارلاشتا چىڭ تۇرۇپ،ئۇبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، (جېنىم قول ئىلىكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى)، ئەلۋەتتە قۇرئان كىشلەرنىڭ قەلبىدىن تۆگە باغلاقتىن قاچقاندىنمۇ بەكىرەك قاچىدۇ. ئەھمەد 3876 ـ ھەدىس، دارمى 3213 ـ ھەدىن، نەسەئى 934 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2866 ـ ھەدىس، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم سەھىھ.

**2189 - [ 3 ] ( صحيح )وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إنما مثل صاحب القرآن كمثل صاحب الإبل المعقلة إن عاهد عليها أمسكها وإن أطلقها ذهبت "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قۇرئاننى يادا ئالغۇچى، خۇددى باغلاقلىق تۆگىنىڭ ئىگىسىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇ تۆگىنىڭ ئىگىسى، ھېزى بولۇپ، چىڭ تۇرسا، يوقلاپ تۇرسا، تۆگىنى ساقلاپ تۇتالايدۇ، ئەگەر ئۇنى قويۇپ بەرسە، كارى بولمىسا، تۆگە قېچىپ كېتىدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك، قۇرئاننى تەكرارلاپ، تىڭشىتىپ دائىم ئوقۇپ تۇرمىسا، قېچىپ كېتىدۇ، راستىنلا قېچىپ كىتىپ، نۇرغۇن قارىيلار جاھىل تۈرۈككە ئايلىنىپ قالدى، قارى ئەمەس، قارىغۇ بولىدى) مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم ،نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2190 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن جندب بن عبد الله قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اقرؤوا القرآن ما ائتلفت عليه قلوبكم فإذا اختلفتم فقوموا عنه "**

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەلبىڭلار بىرلەشكەن، ئىتتىپاقلاشقان ھالدا قۇرئاننى ئوقۇڭلار، قۇرئان توغرىسىدا ياكى قۇرئاندا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، دەرھال قوپۇپ كېتىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، قۇرئان توغرىسىدا ئىختىلاپ ، جېدەل ـ ماجرا قىلىشنى كۇپۇرلۇق دېدى.

**2191 - [ 5 ] ( صحيح )وعن قتادة قال : سئل أنس : كيف كانت قراءة النبي صلى الله عليه وسلم فقال : كانت مدا مدا ثم قرأ : بسم الله الرحمن الرحيم يمد ببسم الله ويمد بالرحمن ويمد بالرحيم . رواه البخاري**

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

قىرائىتى قانداق ئىدى؟ دەپ سورالغاندا، ئۇمۇنداق دىدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتى سوزۇپ ئۇقۇلاتتى،( ئاۋازنى قۇرئانغا يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوزۇپ ، ئوچۇق، مۇڭلۇق ئوقۇيتتى) دەپ، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيمنى»ئۇقۇپ، بىسمىللاھىنى، ئەررەھماننى، ئەررەھىيمنى سوزۇپ ئۇقۇدى . ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2192 - [ 6 ] ( متفق عليه )**

**وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أذن الله لشيء ما أذن لنبي يتغنى بالقرآن "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا پەيغەمبەرنىڭ، قۇرئاننى مۇڭلۇق، گۈزەل ئاۋازى بىلەن تەجۋىدلىك ئۇقۇغىنىغا قۇلاق سالغاندەك، ھىچ نەرسىگە قۇلاق سالمايدۇ.(پەقەت مۇڭلۇق ئۇقۇلغان قۇرئانغا قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدۇ) بۇخارى،مۇسلىم.

**2193 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أذن الله لشيء ما أذن لنبي حسن الصوت بالقرآن يجهر به "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا پەيغەمبەرنىڭ قۇرئاننى مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن تەجۋىدلىك، جەھرى ئوقۇغان، گۈزەل ئاۋازغا قۇلاق سالغاندەك، ھىچ نەرسىگە قۇلاق سالمايدۇ، (يەنى، تەجۋىدلىك دانىمۇ ـــ دانە ئالدىرىماي، مۇڭلۇق، گۈزەل ئاۋاز بىلەن ئاللاھدىن قورقۇپ، قۇرئان ئوقۇلسا، ئاللاھتائالا قوبۇل قىلىدۇ، رازى بولۇپ ئاڭلايدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2194 - [ 8 ] ( صحيح )**

**وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس منا من لم يتغن بالقرآن " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۈرەيرە، سەئدى، ئەبۇ لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قۇرئاننى مۇڭلۇق، تەجۋىدلىك ئوقۇمىسا ياكى باشقا نەرسىدىن، باشقا قانۇن تۈزۈم، پىرىنسىپ، ئىدىيە ـــ ئەخلاق، ھەر جەھەتتىن قۇرئان بىلەنلا بىھاجەت بولمىسا، ياكى قۇرئاننى ئوقۇپ، لەززەت ئالمىسا، دۇنيالىقدىن بىھاجەت بولمىسا، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، بىزنىڭ يولىمىزدىن ئەمەس، ئەخلاقىمىز، سۈننىتىمىزدىن ئەمەس. ياكى قۇرئان بىلەنلا مەشغۇل بولمىسا، بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدىن ئەمەس، يولىمىزدا ئەمەس. (تەرجىمىسى: پەتھۇلبارىدىن ئېلىندى، ئىبنى ھەجەر: سوفيان سەۋرى، ئىبنى جەۋزى، شافىئى، ئەنبارى، ئەبۇ ئۇبەيد قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەپسىرىنى كەلتۈرۈپ، سەھىيرەكى، «گۈزەل ئاۋاز بىلەن تەجۋىدلىك، مۇڭلۇق ئوقۇمىسا،ئۇ بىزدىن ئەمەس» دىگەنگە بارغان) بۇخارى، قۇرئان پەزىلىتىدە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2195 - [ 9 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن مسعود قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو على المنبر : " اقرأ علي " . قلت : أقرأ عليك وعليك أنزل ؟ قال : " إني أحب أن أسمعه من غيري " . فقرأت سورة النساء حتى أتيت إلى هذه الآية ( فكيف إذا جئنا من كل أمة بشهيد وجئنا بك على هؤلاء شهيدا )قال : " حسبك الآن " . فالتفت إليه فإذا عيناه تذرفان**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ: ماڭا قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ بەرگىن دىدى، مەن: قۇرئان سىلىگە نازىل قىلىنغان تۇرسا، يەنە سىلىگە قىرائەت قىلامدىم؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ: مەن قۇرئاننى باشقىلاردىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن دىدى، مەن سۈرە نىسائىنى ئوقۇپ، « بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى

ئۇممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كىتەر ھە!؟»(سۈرەنىسائ41 ـ ئايەت)دىگەن يەرگە كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئەمدى بولدى قىلغىن، دىدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارىسام، ئىككى كۆزى ياش تۆكۈۋەتىپتۇ. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2196 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لأبي بن كعب : " إن الله أمرني أن أقرأ عليك القرآن " قال : آلله سماني لك ؟ قال : " نعم " . قال : وقد ذكرت عند رب العالمين ؟ قال : " نعم " . فذرفت عيناه . وفي رواية : " إن الله أمرني أن أقرأ عليك ( لم يكن الذين كفروا )قال : وسماني ؟ قال : " نعم " . فبكى**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ھەقىقەتەن **الله** تائالا مىنى ساڭا قۇرئان ئۇقۇپ بىرىشىمگە بۇيرىدى، دىدى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالا سىلىگە مىنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ ئېنىق دىدىمۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە ئىسمىڭنى ئاتىدى دىدى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەقىقەتەن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى **الله** نىڭ نەزلىدە زىكىر قىلىندىمۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە سەن زىكىر قىلىندىڭ دىدى، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكۈپ كەتتى، يەنە بىرخاتىردە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ھەقىقەتەن **الله** تائالا مىنى ساڭا (قۇرئاندىن)«لەم يەكۇنىللەزىينە كەپەرۇ»نى يەنى سۈرەبەييىنەنى ئۇقۇپ بىرىشىمگە بۇيرىدى، دىدى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالا سىلىگە مىنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ ئېنىق دىدىمۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە ئىسمىڭنى ئاتىدى دىدى، ئۇ خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كەتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2197 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يسافر بالقرآن إلى أرض العدو . متفق عليه . وفي رواية لمسلم : " لا تسافروا بالقرآن فإني لا آمن أن يناله العدو "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قۇرئان بىلەن بىللە دۈشمەن زىمىنغا سەپەر قىلىشتىن توسقان. «دۈشمەن زىمىنغا قۇرئان بىلەن بىرگە سەپەر قىلماڭلار، ھەقىقەتەن مەن قۇرئانغا دۈشمەننىڭ زىيانكەشلىك قىلىپ، چېقىلىشىدىن خاتىرجەم بولالمايمەن،دىگەن. (چۈنكى ئۇلار سۈيقەست قىلىدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە زايا كېتىدۇ). بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2198 - [ 12 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )**

**عن أبي سعيد الخدري قال : جلست في عصابة من ضعفاء المهاجرين وإن بعضهم ليستتر ببعض من العري وقارئ يقرأ علينا إذ جاء رسول الله صلى الله عليه وسلم فقام علينا فلما قام رسول الله صلى الله عليه وسلم سكت القارئ فسلم ثم قال : " ما كنتم تصنعون ؟ " قلنا : كنا نستمع إلى كتاب الله قال فقال : " الحمد لله الذي جعل من أمتي من أمرت أن أصبر نفسي معهم " . قال فجلس وسطنا ليعدل بنفسه فينا ثم قال بيده هكذا فتحلقوا وبرزت وجوههم له فقال : " أبشروا يا معشر صعاليك المهاجرين بالنور التام يوم القيامة تدخلون الجنة قبل أغنياء الناس بنصف يوم وذاك خمسمائة سنة " . رواه أبو داود**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مۇھاجىرلارنىڭ ئاجىز، پەقىر جامائەتلىرى ئارىسىدا ئولتۇراتتىم، ئۇلارنىڭ بەزىسى يالىڭاچلىقتىن يەنەبەزىسى بىلەن پەردىلىنىپ ئولتۇراتتى، قارىي بىزگە قۇرئان قىرائەت قىلىپ بىرىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىلىپ، يىنىمىزدا تۇردى، رەسۇلۇللاھ كەلگەندە قارىي قىرائەتتىن توختىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىزگە سالام قىلىپ؛ نىمە ئىش قىلىۋاتىسلەر؟ دىدى، بىز: **الله**

نىڭ كىتابىغا قۇلاق سېلىشۋاتىمىز دىدۇق، رەسۇلۇللاھ:بارلىق ھەممۇ ـ سانا، مىنىڭ ئۈممىتىمدىن مەن بىللە سەبىرە قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇلغان كىشىلەرنى قىلىپ بەرگەن الله قا خاستۇر، (مەن ئۇلارنى قوغلىماستىن سەبىرە قىلىپ بىللە تۇرىمەن)دەپ، ھەممىمىزگە بارابەر ئورتاق مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىمىزدا ئولتۇردى، ئاندىن قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ؛ ھالقا بولۇڭلار دىدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى رەسۇلۇللاھقا ئاشكارا بولۇپ،(ھەممىسى رەسۇلۇللاھ قا ئالدىنى قىلىپ ئولتۇرغاندا)؛ئى مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر ـنامراتلار جامائىتى! قىيامەت كۈنىدىكى كامىل نۇر بىلەن خۇش ـ بىشارەت ئېلىڭلار، سىلەر جەننەتكە كىشىلەرنىڭ بايلىرىدىن يېرىم كۈن يەنى 500 يىل بۇرۇن كىرىپ بولىسىلەر دىدى.(ئاللاھقا شۈكرى، بايلارمۇ ئاخىرى كىرىدىكەن)ئەبۇدەۋۇد توپلىغان.( ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر كىشىلىرى جەننەتكە ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن 500 يىل بۇرۇن كىرىپ بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر كىشىلىرى قىيامەت كۈنى بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىپ بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.)

**2199 - [ 13 ] ( صحيح )وعن البراء بن عازب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " زينوا القرآن بأصواتكم " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه والدارمي**

بەررائى، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئانغا ئاۋازلىرىڭلار بىلەن زىننەت بېرىڭلار، (يەنى ئاللاھدىن قورقۇپ، مۇڭلۇق، گۈزەل ئوقۇڭلار) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان،دارىمى، ھاكىم، ئەبۇنەسىر، دارىقۇتنى، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئانغا ئاۋازىڭلار بىلەن زىينەت بېرىڭلار، ھەقىقەتەن گۈزەل ئاۋاز قۇرئانغا تېخىمۇ گۈزەللىكنى زىيادە قىلىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2200 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن سعد بن عبادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من امرئ يقرأ القرآن ثم ينساه إلا لقي الله يوم القيامة أجذم " . رواه أبو داود والدارمي**

سەئدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن؛ ھەر قانداق بىركىشى قۇرئان ئۇقۇپ ، (ئۇنى يادا ئېيلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئۇقۇشنى (يادا ئالغىنىنى) ئۇنتۇپ قالسا، قىيامەت كۈنىسى ئۇكىشى جۇزام تىرى كېسىلى بولغان ھالەتتە، الله تائالاغا ئۇچۇرشىدۇ.ئەبۇداۋۇد،دارىمى توپلىغان.

**2201 - [ 15 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لم يفقه من قرأ القرآن في أقل من ثلاث " . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا ئوقۇپ تامام قىلغان كىشى فىقھى قىلىپ (يەنى قانۇن، ئەھكام چىقىرىپ) چۈشىنەلمەيدۇ، ئەبۇ داۋۇد ،تىرمىزى،دارىمى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار:لىكىن ئەجر ساۋابىنى ئېلىشۇردۇ،دىدى.

( حسن ) اقرأ القرآن في أربعين ( ت ) عن ابن عمر

. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئاننى 40 كۈندە بىر تامام قىلىپ ئوقۇغىن، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) اقرأ القرآن في ثلاث إن استطعت ( حم طب ) عن سعد بن المنذر

. سەئىد ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
ئەگەر قادىر بولالىساڭ، قۇرئاننى ئۈچ كۈندە بىر تامام قىلىپ ئوقۇغىن، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اقرأ القرآن في خمس ( طب ) عن ابن عمر

. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى
بەش كۈندە بىر تامام قىلىپ ئوقىساڭمۇ بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اقرأ القرآن في كل شهر اقرأه في خمس و عشرين اقرأه في خمس عشرة اقرأه في عشر اقرأه في سبع لا
يفقهه من يقرؤه في أقل من ثلاث ( حم ) عن ابن عمرو

. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ھەر
ئايدا بىر قېتىم تامام قىلىپ ئوقۇغىن، 25 كۈندە، 15 كۈندە، 10 كۈندە، ھەتتا 7 كۈندە بىر قېتىم تامام قىلىپ
ئوقۇغىن، قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا ئوقۇغان تامام قىلغان كىشى فىقھى قىلىپ يەنى قانۇن، ئەھكام
چىقىرىپ چۈشىنەلمەيدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.لىكىن ئەجر ساۋاپىنى ئېلىشىردۇ.

اقرأ القرآن في كل شهر اقرأه في عشرين ليلة اقرأه في عشر اقرأه في سبع و لا تزد على ذلك (ق د) عن ابن عمر

. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ھەر ئايدا
بىر ئوقۇپ تۈگەت، 20 كۈندە، 10 كۈندە، ھەتتا يەتتە كۈندە بىر ئوقۇغىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيادە قىلما، يەنى
يەتتە كۈندىن ئاز ۋاقىتتا تامام قىلىپ ئوقۇما. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىپ
ئوقۇش، قۇرئاندا مۇتلەق سۆزلىنىدۇ، سەھىھ ھەدىسلەردە بولسا، 3 كۈندىن باشلاپ 40 كۈنگىچە ئارىلىقدا تامام
قىلسا بولىدۇ دېيىلدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، ھەربىر كېچە ــ كۈندۈزدە قۇرئاننى بىر تامام قىلاتتى
دېيىلگەن، ئىمام نەۋەۋى ئەزكار دېگەن كىتابىدا، بۇ سۆزلەرنى سۆزلەپ، ئاندىن بىر كېچە ــ كۈندۈزدە قۇرئاننى
تۆت قېتىم تامام قىلغان كىشىلەرنى يازىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر،بەزىلەرگە ماكان قاتلانغاندەك،زامان ۋاقىت
قاتلاپ بېرىلىدۇ، قادىر بولۇشىچە ئوقۇڭ، 3 كۈندىن 40 كۈنگىچە تامام قىلىپ بولۇڭ، جەھرى ـ مەخپى، ئاشكارا
يوشۇرۇن ئوقۇش دۇرۇس، قۇرئاننى مەخپى، ئىچىدە ئوقۇغۇچى، مەخپى سەدىقە قىلغۇچىغا ئوخشايدۇ،رىياسىز
ھالدا جەھرى ئوقۇش، تېشىدا ئوقۇش، نامازدا ئوقۇش، تاھارەت بىلەن قۇرئانغا قاراپ ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

**2202 - [ 16 ] وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الجاهر بالقرآن كالجاهر بالصدقة والمسر بالقرآن كالمسر بالصدقة " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى
جەھرى، ئاشكارا ئوقۇغۇچى، سەدىقىنى ئاشكارا بەرگۈچىگە، مەخپى ئوقۇغۇچى، سەدىقىنى مەخپى بەرگۈچىگە
ئوخشايدۇ، (تىرمىزى بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى،قۇرئان تىلاۋىتىنى، قىرائىتىنى مەخپى ئوقۇغۇچى ئەۋزەل بولىدۇ،
چۈنكى، سەدىقىنىڭ مەخپىسى ئەۋزەل دېگەن) تىرمىزى 2843 ــ ھەدىس، نەسەئى 1645 ــ ھەدىس، ئەبۇ
داۋۇد 1136 ــ ھەدىس، ئەھمەد 16802 ــ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**2203 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن صهيب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما آمن بالقرآن من استحل محارمه " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث ليس إسناده بالقوي**

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننىڭ ھارام قىلغان

نەرسىللىرىنى ھالال سانىغان كىشى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەن ھىساپلانمايدۇ.تىرمىزى توپلىغان.مەنىسى سەھىھ

**2204 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن الليث بن سعد عن ابن أبي مليكة عن يعلى بن مملك أنه سأل أم سلمة عن قراءة النبي صلى الله عليه وسلم فإذا هي تنعت قراءة مفسرة حرفا حرفا . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

لەيسى ئىبنى سەئىددىن، ئەبۇمولەيكەتىنىڭ بالىسىدىن، يەئلا ئىبنى مومەللەكدىن، ئۇ ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتى توغرۇلۇق سوراپتۇ، ئۇممە سەللەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتىنى بىر ھەرىپتىن بىر ھەرىپتىن تەپسىرلەپ سۈپەتلەپ بېرىپتۇ، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى، زەئىپ دىدى،

**2205 - [ 19 ] وعن ابن جريج عن ابن أبي مليكة عن أم سلمة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقطع قراءته يقول : الحمد لله رب العالمين ثم يقف ثم يقول : الرحمن الرحيم ثم يقف . رواه الترمذي وقال : ليس إسناده بمتصل لأن الليث روى هذا الحديث عن ابن أبي مليكة عن يعلى بن مملك عن أم سلمة وحديث الليث أصح**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائىتىنى بىر ئايەتتىن بىر ئايەتتىن ئۈزۈپ ــ ئۈزۈپ ئوقۇيتتى، مەسىلەن: «ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين» ئاندىن تۇراتتى، «ئەررەھمانىررەھىيم» ئاندىن تۇراتتى، (ئەنە شۇنداق دانىمۇ ــ دانە ئوچۇق ئوقۇيتتى). تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2206 - [ 20 ] الفصل الثالث**

**عن جابر قال : خرج علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم ونحن نقرأ القرآن وفينا الأعرابي والأعجمي قال : " اقرؤوا فكل حسن وسيجيء أقوام يقيمونه كما يقام القدح يتعجلونه ولا يتأجلونه " . رواه أبو داود والبيهقي في شعب الإيمان**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز قۇرئان ئۇقۇۋاتاتتۇق، ئارىمىزدا ئەرەب، ئەئرابىي، غەيرى ئەرەب بولغان ئەجەملەر مۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ مۇنداق دىگەن: قۇرئانىنى ئوقۇڭلار، ھەممىسى ياخشى ، قۇرئان ئوقۇش بىلەن مەلۇم قەۋىملەر كېلىشىدىن بۇرۇن ئاللاھ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىڭلار، ئۇلار كەلسە، قۇرئانىنى قەدەھ ئوق ياغىچىنى رۇسلاپ تۈزلىگەندەك، تۈزلەپ رۇسلاپ كېتىدۇ،«ياڭزاچىقىرىپ ياساپ ئۇقىيدۇ.» قۇرئانىنىڭ باراۋىرىگە مۇكاپات ئېلىشقا بۇ دۇنيادىلا ئالدىراپ كېتىشىدۇ، ئاخىرەتكە قويمايدۇ، (يەنى ئۇلار قۇرئانىنى ياڭزا چىقىرىپ، ياساپ ئوقۇيدۇ، ئەجرىنى مۇشۇ دۇنيادىلا، بولۇپمۇ قۇرئان ئوقۇغان جايدىلا ئېلىۋالىدۇ)، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇرەھمان ئىبنى شىبلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئانىنى ئوقۇپ، ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنى چىلىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتمەڭلار، قەلبىڭلار قۇرئاندىن قېتىپ كەتمىسۇن، قۇرئاندا ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، قۇرئانىنىڭ باراۋىرىگە بىرەر نەرسە يېمەڭلار، قۇرئان سەۋەبلىك مال ــدۇنيانى كۆپەيتمەي،ئەجرىنى ئاخىرەتتە ئېلىڭلار. ئەھمەد ، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئان ئوقۇڭلار، شۇنداق بىر قەۋىم كېلىشىدىن بۇرۇن، قۇرئان ئوقۇغانىنىڭ باراۋىرىگە ئاللاھنى، دىدارىنى، رازىلىقى سوراڭلار، ئۇ شۇنداق قەۋىمكى، قۇرئانىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئىنسانلاردىن پۇل پۇچەك سورايدۇ، «ئەنە شۇلار ھازىرمۇ بار بولۇپ، بۇلار دىنىي كەسىپدارلاردۇر». ئەھمەد ، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2207 - [ 21 ] ( لم تتم دراسته )وعن حذيفة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اقرؤوا القرآن بلحون العرب وأصوا ا وإياكم ولحون أهل العشق ولحون أهل الكتابين وسيجي بعدي قوم يرجعون بالقرآن ترجع الغناء والنوح لا يجاوز**

**حناجرهم مفتونة قلو م وقلوب الذين يعجبهم شأنم " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئاننى ئەرەبلەرنىڭ ئاۋاز ـ ئاھاڭلىرى بىلەن ئوقۇڭلار، ئىشقى ئەھلىنىڭ مۇزىكىلىق ئاھاڭلىرىدىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىي ـ ناسارالارنىڭ ناخشا ـ ئاھاڭلىرىدىنمۇ ھەزەر قىلىڭلار، پات يېقىندا مەندىن كېيىن بىرتۈركۈم قەۋملەر كېلىدۇكى، ئۇلار خۇددى ناخشا ياكى يىغىغا ئاۋازىنى ئېگىز ـ پەس قىلغاندەك، قۇرئانغا ئاۋازىنى ئېگىز ـ پەس قىلىدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشى ھەيران قالدۇرۇپ ئەجەبلەندۇرگەن كىشلەرنىڭ قەلبى پىتنىگە تاشلانغاندۇر،(يەنى دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، كىشلەرگە رىيا قىلىشتۇر).بەيھەقى توپلىغان.

**2208 - [ 22 ] ( صحيح )وعن البراء بن عازب رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " حسنوا القرآن بأصواتكم فإن الصوت الحسن يزيد القرآن حسنا " . رواه الدارمي**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئانغا ئاۋازىڭلارنى گۈزەل قىلىڭلار، ھەقىقەتەن گۈزەل ئاۋاز قۇرئانغا تېخىمۇ گۈزەللىكنى زىيادە قىلىۋېتىدۇ، (قۇرئاننى مۇڭلۇق، گۈزەل ئاۋاز بىلەن ئوقوڭلار). ھاكىم، دارمى، ئىبنى نەسر توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاۋازنىڭ گۈزەللىكى، قۇرئاننىڭ زىنىنىتىدۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.(يەنى قۇرئانغا ئاۋازنى گۈزەل قىلىش قۇرئاننىڭ زىنىنىتىدۇر)

**2209 - [ 23 ] ( صحيح )وعن طاووس مرسلا قال : سئل النبي صلى الله عليه وسلم : أي الناس أحسن صوتا للقرآن ؟ وأحسن قراءة ؟ قال : " من إذا سمعته يقرأ أرأيت أنه يخشى الله " . قال طاووس : وكان طلق كذلك . رواه الدارمي**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، كىشلەرنىڭ قايسىسىنىڭ قىرائىتى ئەڭ گۈزەل؟ قۇرئانغا بولغان ئاۋازى ئەڭ گۈزەل ؟ دەپ سورالغاندا مۇنداق دىگەن: قۇرئانغا بولغان ئاۋازى، قۇرئان قىرائىتى، ئەڭ ياخشى، گۈزەل كىشى بولسا، ئاللاھدىن قورقۇپ تۇرۇپ قىرائەت قىلغان كىشىدۇر، ئۇنىڭ قىرائەت قىلغىنىنى ئاڭلىغاندا، ئاللاھدىن قورقىۋاتقىنىنى كۆرىسەن. بۇ ھەدىسنى ئىبنى نەسر، بەيھەقى، خەتىيبۇلبەغداد، ئىبنى ئابباسدىن، سەجىزىييە، خەتىبولبەغداد، ئىبنى ئۆمەردىن، فىردەۋىس ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن،دارىمى تائۇس رەھ تىن توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر. تائۇس رەھ ؛تەلەق رەھ قۇرئاننى ئەنە شۇنداق ئوقۇيتتى دىگەن.

**2210 - [ 24 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبيدة المليكي وكانت له صحبة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا أهل القرآن لا تتوسدوا القرآن واتلوه حق تلاوته من آناء الليل والنهار وأفشوه وتغنوه وتدبروا ما فيه لعلكم تفلحون ولا تعجلوا ثوابه فإن له ثوابا " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى قۇرئان ئەھلى! قۇرئاننى ياستۇق قىلىۋالماڭلار،(يەنى ئۇنى ئوقۇشتىن، ئۇنىڭ بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرۇشتىن ھورۇنلۇق قىلماڭلار، ئۇنىڭ مەنىسىدىن غەپلەتتە قالماڭلار، قۇرئاننىڭ ئۇستىگە بېسىشڭلارنى، باشقا نەرسىلەرنى قويماڭلار)، قۇرئاننى كېچە ـ كۈندۈز تەرەپلىرىدە ھەققى تىلاۋەتىگە لايىق تىلاۋەت قىلىپ ئوقوڭلار، قۇرئاننى (تەلىم ـ تەربىيە ، دەرىس بېرىش ئارقىلىق)كەڭ تارقىتىڭلار، ئۇنى مۇڭلۇق گۈزەل ئاۋاز بىلەن ئوقوڭلار، قۇرئان بىلەن باشا نەرسىدىن بىھاجەت بولۇڭلار، نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن قۇرئاننىڭ مەنىللىرىنى پىكىر ـ تەپەككۇر قىلىپ، چوڭقۇر ئويلۇنۇپ چۈشۈنىڭلار، ئۇنىڭ ساۋابىغا بۇدۇنيادىلا ئالدىراپ كەتمەڭلار، ھەققەتەن ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە چوڭقۇم ساۋاب ـ ئەجرە بېرىلىدۇ. بەيھەقى توپلىغان.

**باب اختلاف القراءات وجمع القرآن - الفصل الأول**

**قرائەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماسلىقى ۋە قۇرئاننى يىغىپ توپلاش توغرىسىدا**

**2211 - [ 1 ] ( متفق عليه )وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : سمعت هشام بن حكيم بن حزام يقرأ سورة الفرقان على غير ما أقرؤوها . وكان رسول الله صلى الله عليه وسلم أقرأنيها فكدت أن أعجل عليه ثم أمهلته حتى انصرف ثم لببته بردائه فجئت به رسول الله صلى الله عليه وسلم . فقلت يا رسول الله إني سمعت هذا يقرأ سورة الفرقان على غير ما أقرأتنيها . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : أرسله اقرأ " فقرأ القراءة التي سمعته يقرأ . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هكذا أنزلت " . ثم قال لي : " اقرأ " . فقرأت . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هكذا أنزلت إن القرآن أنزل على سبعة أحرف فاقرءوا ما تيسر منه " . متفق عليه . واللفظ لمسلم**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ھىشام ئىبنى ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۈرە فۇرقاننى مىنىڭ ئۇقۇيدىغىنىمدىن باشقىچە ئۇقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، ـ ئۇ سۈرىنى ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇقۇپ بەرگەن ئىدى، ـ مەن ئۇنىڭغا ئالدىراپ،تىزلا ئىتراز بىلدۈرگىلى تاس ـ تاس قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا (نامازدىن) قايتقانغا قەدەر مۆھلەت بەردىم، ئاندىن كىيىن مەن ئۇنى ردايىدىن يۆلاپ چىڭ تۇتۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىشىغا ئىلىپ كىلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مەن بۇنىڭ سۈرە فۇرقاننى (مىنىڭ ئۇقۇيدىغىنىمدىن)سىلى ماڭا ئۇقۇپ بەرگەندىن باشقىچە ئۇقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ئۇنى قويۇپ بەرگىن دەپ، ئۇنىڭغا؛ قىنى ئۇقۇپ باققىن دىدى، ئۇ مەن ئاڭلىغاندەكلا قرائەت قىلىپ ئۇقۇدى، رەسۇلۇللاھ :ئەنە شۇنداق نازىل قىلىنغان دەپ، ماڭا: قىنى سەن ئۇقۇپ باققىن دىدى، مەن قرائەت قىلىپ ئۇقۇسام، ئەنە شۇنداق نازىل قىلىنغان دەپ، مۇنداق دىدى: ھەقىقەتەن قۇرئان يەتتە ھەرپكە ئاساسەن نازىل قىلىنغان، شۇ يەتتە ھەرپىدىن ئاسان بولغىنىنى ئوقۇڭلار. ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2212 - [ 2 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود رضي الله عنه قال : سمعت رجلا قرأ وسمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقرأ خلافها فجئت به النبي صلى الله عليه وسلم فأخبرته فعرفت في وجهه الكراهية فقال : " كلاكما محسن فلا تختلفوا فإن من كان قبلكم اختلفوا فهلكوا " . رواه البخاري**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بىركىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قرائىتىگە ئوخشىمايدىغان، دەل ئەكسىچە قرائەت قىلغىنىنى ئاڭلاپ قىلىپ،ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىشىغا ئىلىپ كىلىپ؛ بۇئىشنى خەۋەر قىلسام، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن:ھەر ئىككىلىڭلار ياخشى قرائەت قىلغۇچى ئىكەنسلەر، ئىختىلاپلاشماڭلار، ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقىلار ئىختىلاپ قىلىشىپ ھالاك بولۇپ كەتكەن.مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىدىن مىنىڭ ئىشىمنى ياقتۇرمىغىنىنى بىلدىم.بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**2213 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي بن كعب قال : كنت في المسجد فدخل رجل يصلي فقرأ قراءة أنكر ا عليه ثم دخل آخر فقرأ قراءة سوى قراءة صاحبه فلما قضينا الصلاة دخلنا جميعا على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت إن هذا قرأ قراءة أنكر ا عليه ودخل آخر فقرأ سوى قراءة صاحبه فأمرهما النبي صلى الله عليه وسلم فقرآ فحسن شأنهما فسقط في نفسي من التكذيب ولا إذ كنت في الجاهلية فلما رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم ما قد غشيني ضرب في صدري ففضت عرقا وكأنما أنظر إلى الله عز وجل فرقا فقال لي : " يا أبي أرسل إلي أن اقرأ القرآن على حرف فرددت إليه أن هون على أمتي فرد إلي الثانية اقرأه على حرفين فرددت إليه أن هون على أمتي فرد إلي الثالثة اقرأه على سبعة أحرف ولك بكل ردة رددتكها مسألة تسألنيها فقلت اللهم اغفر**

**لأمتي اللهم اغفر لأمتي وأخرت الثالثة ليوم يرغب إلي الخلق كلهم حتى إبراهيم صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم**

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن مەسجىدتە ئىدىم، بىركىشى كىرىپ، نامازئۇقۇپ، قىرائەت قىلدى، مەن ئۇنىڭغا قىرائىتىنى ئىنكار قىلدىم، ئاندىن يەنە بىر كىشى كىرىپ، بىرىنچى كىشىنىڭ قىرائىتىدىن باشقىچە قىرائەت قىلدى، بىز نامازنى ئۇقۇپ بولۇپ، ھەممىمىز بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىردۇق، مەن رەسۇلۇللاھقا: مەن مەسجىدتە ئىدىم، ماۋۇكىشى كىرىپ، نامازئۇقۇپ، قىرائەت قىلدى، مەن بۇنىڭغا قىرائىتىنى ئىنكار قىلدىم، ئاندىن يەنە بىر كىشى كىرىپ، بىرىنچى كىشىنىڭ قىرائىتىدىن باشقىچە قىرائەت قىلدى دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇلارنى قىرائەت قىلىپ بېقىشقا بۇيرىدى، ئۇلار قىرائەت قىلىۋىدى، ھەر ئىككىلىسىنى ياخشى ئوقۇپسىلەر دەپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ياخشى سانىدى، مىنىڭ قەلبىمگە شۇنداق قاتتىق ئىنكار قىلىش ۋەسۋەسىسى چۈشتىكى، (تىلىم بىلەن سۈپەتلەپ بىرەلمەيمەن، بۇ مىنىڭ جاھالىيەتتىكى ئىنكارىمدىن ئېغىرراق ئىدى)، بۇرۇن بۇنداق ۋەسۋەسە چۈشمىگەن ئىدى، چۈنكى مەن ئۇچاغدا جاھالىيەتتىكى جاھىل ئىدىم دە!، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى قورشىغان ئىنكار ۋەسۋەسىللىرىنى كۆرۈپ، كۆكسىمگە بىرنى ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن مەن قاتتىق تەرلەپ كەتتىم، گۇياكى مەن، **الله** تىن قورقىغان ھالدا، **الله** قىلا قاراپ تۇرغاندەك بولۇپ قالدىم، ئاندىن ماڭا: ئى ئۇبەي! ھەققەتەن رەببىم تەبارەكەۋەتائالا ماڭا قۇرئان كەرىمنى بىر ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەلچى ئەۋەتتى، مەن ئەلچىنى رەببىمگە ، ئۈممەتىمگە ئاسان قىلسۇن دەپ قايتۇردۇم، ئىككىنچى قېتىم ئىككى ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەلچى ئەۋەتتى، مەن يەنە ئۈممەتىمگە ئاسان قىلسۇن دەپ قايتۇردۇم، ئۈچىنچى قېتىم قۇرئاننى يەتتە ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەلچى ئەۋەتىپ: سەن ئۈچۈن ھەربىر قېتىم ئەلچىنى قايتۇرغانىنىڭ بارابىرىدە، سورايدىغان ئىجاۋەتلىك دۇئا بېرىلدى دېدى. مەن ئى ئاللاھ! ئۈممىتىم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ ئۈممىتىم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلسىلا دەپ، ئىككى قېتىم دۇئا قىلدىم، ئۈچىنچىسىنى بولسا، بارلىق خەلق، ھەممە كىشى ھەتتا ئىبراھىمدىن تارتىپ ماڭا يىلىنىپ، شاپائەت سورايدىغان قىيامەت كۈن ئۈچۈن كېچىكتۈرۈپ ئېلىپ قويدۇم، دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2214 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس رضي الله عنهما قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أقرأني جبريل على حرف فراجعته فلم أزل أستزيده ويزيدني حتى انتهى إلى سبعة أحرف " . قال ابن شهاب : بلغني أن تلك السبعة الأحرف إنما هي في الأمر تكون واحدا لا تختلف في حلال ولا حرام**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قۇرئاننى بىر ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇپ بىرىپ،مىنى ھەم شۇنداق ئۇقۇتتى، مەن قايتا ــ قايتا مۇراجىئەت قىلىپ، زىيادە، ئارتۇق قىلىپ بېرىشنى سوراۋەردىم، ھەتتا، قۇرئاننى يەتتە ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇپ بەرگىچىلىك شۇنداق قىلدىم. ئىبنى شھاب رەھ ماڭا مۇنداق يەتتى دەيدۇ؛ ھەققەتەن ئەشۇ يەتتە ھەرىپ، ئەمەلىيەتتە بىردۇر، ئۇلار ھالال ـ ھارامدا ئىختىلاپلاشمايدۇ. ئەھمەد ،بەيھەقى ،بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**2215 - [ 5 ] الفصل الثاني عن أبي بن كعب رضي الله عنه قال : لقي رسول الله صلى الله عليه وسلم جبريل فقال : " يا جبريل إني بعثت إلى أمة أميين منهم العجوز والشيخ الكبير والغلام والجارية والرجل الذي لم يقرأ كتابا قط قال : يا محمد إن القرآن أونزل على سبعة أحرف " . رواه الترمذي وفي رواية لأحمد وأبي داود : قال : " ليس منها إلا شاف كاف " . وفي رواية للنسائي قال : " إن جبريل وميكائيل أتياني فقعد جبريل عن يميني وميكائيل عن يساري فقال جبريل : اقرأ القرآن على حرف قال ميكائيل : استزده حتى بلغ سبعة أحرف فكل حرف شاف كاف "**

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئۇچۇرشۇپ: ئى جىبرىئىل! ھەقىقەتەن مەن، ساۋاتسىز تۆرۈك ئۈممەتكە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەكلا قېرى، ئاجىز، ھۇشى جايىدا ئەمەس شەيخلەر، كىچىك ئوغۇل ـ قىزلار، قۇل ـ دىدەكلەر، ھەرگىز كىتاب ئوقۇيالماس كىشىلەر باردۇر،دىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ،ھەقىقەتەن قۇرئان يەتتە ھەرىپكە ئاساسەن نازىل قىلىنغان، (شۇ يەتتە ھەرىپدىن ئاسان بولغىنىنى ئوقۇڭلار) قۇرئاننىڭ ھەربىر ھەرىپى شىپا، داۋابولغۇچىدۇر، كۇپايە بولغۇچىدۇر دىدى. تىرمىزى، ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد.

نەسەئىنىڭ رىۋايىتىدە: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن مىكائىل ئەلەيھىسسالام يېنىمغا كىلىپ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئوڭ تەرىپىمدە، مىكائىل ئەلەيھىسسالام سول تەرىپىمدە ئولتۇردى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا: قۇرئاننى بىر ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇغىن دىدى. مىكائىل ئەلەيھىسسالام:يەنىمۇ زىيادە ئارتۇق قىلىنىشىنى سورىغىن دىدى، ھەتتا يەتتە ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇشقا يەتتى. قۇرئاننىڭ ھەربىر ھەرىپى شىپا، داۋابولغۇچىدۇر، كۇپايە بولغۇچىدۇر.دىيىلگەن. (ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئۇبەي، ھەقىقەتەن ماڭا قۇرئان ئوقۇتۇلۇپ، بىر ھەرىپكە يا ئىككى ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇغىن دىيىلدى، مەن بىلەن بىللە تۇرغان پەرىشتە: ئىككى ھەرىپكە ئاساسەن دىگىن دىدى، مەن شۇنداق دېسەم، ئىككى يا ئۈچ ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇ دىيىلدى، پەرىشتە يەنە ئۈچكە ئاساسەن دىگىن دېدى، مەن شۇنداق دەپ ئاخىرى يەتتە ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا يەتتى، ئاندىن ھەربىر ھەرىپ شىپا داۋا، كۇپايە بولغۇچىدۇر دېدى. ئەگەر سەن؛ سەمىيئەن ئەلىيما دەمسەن، ياكى سەن؛ ئەزىيزەن ھەكىيما دەمسەن بولىۋېرىدۇ، پەقەت سەن ئازاب ئايىتىنى رەھمەت ئايىتى بىلەن، رەھمەت ئايىتىنى ئازاب ئايىتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرمىساڭلا، ئاشۇ يەتتە خىل ھەرىپ بىلەن ئوقۇساڭ بولىۋېرىدۇدىدى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.)

بىز بۇ يەتتە ھەرىپ مەسىلىسىنى باشقا كىتابىمىزدا تونۇشتۇرغان، ئۇ بولسىمۇ، تاۋۇش بەلگىسى، بەزەن لۇغەت سۆزىنىڭ ئالمىشىشى بولۇپ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدا ئوچۇق دېدى، زىر زەۋەر، ياكى بەزى ھەرىپ بەزى سۆز ئالمىشىدۇ، لېكىن، مەنىسى، ھالال، ھارام ئۆزگەرمەيدۇ، ھازىر بولسا، بىرلا ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇلىدۇ، تەپسىر كىتابلىرىدىكى يەتتە ياكى ئون خىل قىرائەت ئاشۇ بىر ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇلىدۇ، ئۇ بولسا، ئوسمان نۇسخىسىدۇر، مۇشۇ بىر ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇلىدىغان قۇرئانغا يەتتە ياكى ئون خىل ئىئراب بەرگەن، پىتنە ــ پاسادقا تاشلىماي بىر خىللا ئوقۇڭ.يانا بىر ھۆكۈم بولسا، قۇرئاننىڭ ھەربىر ھەرىپى شىپادۇر، سىز ئەھلىڭىز ياكى خوشنىلار كېسەل بولۇپ قالسا، تىبابەتتىن ساقايمىسا، باخشى ـ داخان، جىنكەشكە، باشقا دىنىدىكى كىشىلەرگە ئاپارماستىن، بەلكى، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن داۋالاڭ.

2216 - [ 6 ] وعن عمران بن حصين رضي الله عنهما أنه مر على قاص يقرأ ثم يسأل . فاسترجع ثم قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من قرأ القرآن فليسأل الله به فإنه سيجيء أقوام يقرؤون القرآن يسألون به الناس . رواه أحمد والترمذي

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،كىشىلەرگە تارىخ قىسسە ئوقۇپ بىرىپ، ئاندىن كىشىلەردىن نەرسە سورايدىغان بىركىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ ئېكىلىپ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «كىم قۇرئاننى ئوقۇسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاللاھدىنلا جەننەتنى، ئەجرى ساۋابنى سورىسۇن، ھەقىقەتەن پات يېقىندا بىر تۈركۈم قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇلار

قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە كىشىلەردىن نەرسە سورايدۇ، ئەجىر، ھەق ئالىدۇ، (ھازىرقىلار ئاشۇ ئازغۇنلارنىڭ ئەۋلادى، قالدۇقلىرى بولۇشى مۇمكىن، بۇ چوڭ خاتالىق ئىدى).ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**2217 - [ 7 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن بريدة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قرأ القرآن يتأكل به الناس جاء يوم القيامة ووجهه عظم ليس عليه لحم " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇرئان ئوقۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە كىشىلەردىن نەرسە ئېلىپ يېسە، ئۇكىشى قىيامەت كۈنى، يۈزىدە پەقەتلا گۆش يوق، يۈزى ئىسكىلىت سۆڭەك ھالەتتە  كېلىدۇ.بەيھەقى توپلىغان.قۇرئان ئۇقۇغانغا ھەق ئالماسلىقنى يۇقىردىمۇ ھەدىس ئۆتتى.

**2218 - [ 8 ] وعن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يعرف فصل السورة حتى ي  ل عليه بسم الله الرحمن الرحيم . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم» نازىل بولمىغىچە، سۈرىنىڭ پەسلىنى، پاسلىنى تونۇيالمايتتى، (كېيىن بۇ سۈرە پاسلىنى ئايرىپ كۆپ كەلگەچكە، ئۇششاق سۈرىلەر مۇفەسسەل دەپ ئاتالغان). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2219 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن علقمة قال : كنا بحمص فقرأ ابن مسعود سورة يوسف فقال رجل : ما هكذا أنزلت . فقال عبد الله : والله لقرأ ا على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " أحسنت " فبينا هو يكلمه إذ وجد منه ريح الخمر فقال : أتشرب الخمر وتكذب بالكتاب ؟ فضربه الحد**

ئەلقەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە يۇسۇفنى ئوقۇۋىدى، بىركىشى؛ بۇسۈرە ئۇنداق نازىل قىلىنمىغان دېدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۇسۈرىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىمۇ ئوقۇغان ئىدىم دېسە، ئۇكىشى: بەك ياخشى قىلىپسەن دېدى، ئۇكىشى  ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۆز قىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن ھاراقنىڭ پۇرىقى تېپىلىپ قالدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ سەن تېخى ھاراق ئىچىپ، (مەست بولۇپ)قۇرئان كىتابنى ئىنكار قىلىۋاتامسەن؟ دەپ، ئۇنىڭغا ھەد ئۇرۇپ،ئۇنى جازالىدى، بۇخارى، مۇسلىم.

**2220 - [ 10 ] ( صحيح )وعن زيد بن ثابت قال : أرسل إلي أبو بكر رضي الله عنه مقتل أهل اليمامة . فإذا عمر بن الخطاب عنده . قال أبو بكر إن عمر أتاني فقال إن القتل قد استحر يوم اليمامة بقراء القرآن وإني أخشى إن استحر القتل بالقراء بالمواطن فيذهب كثير من القرآن وإني أرى أن تأمر بجمع القرآن قلت لعمر كيف تفعل شيئا لم يفعله رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ فقال عمر هذا والله خير فلم يزل عمر يراجعني فيه حتى شرح الله صدري لذلك ورأيت الذي رأى عمر قال زيد قال أبو بكر إنك رجل شاب عاقل لا نتهمك وقد كنت تكتب الوحي لرسول الله صلى الله عليه وسلم فتتبع القرآن فاجمعه فوالله لو كلفوني نقل جبل من الجبال ما كان أثقل علي مما أمرني به من جمع القرآن قال : قلت كيف تفعلون شيئا لم يفعله النبي صلى الله عليه وسلم . قال هو والله خير فلم أزل أراجعه حتى شرح الله صدري للذي شرح الله له صدر أبي بكر وعمر . فقمت فتتبعت القرآن أجمعه من العسب واللخاف وصدور الرجال حتى وجدت من سورة التوبة آيتين مع أبي خزيمة الأنصاري لم أجدها مع أحد غيره ( لقد جاءكم رسول من أنفسكم )حتى خاتمة براءة . فكانت الصحف عند أبي بكر حتى توفاه الله ثم عند عمر حياته ثم عند حفصة . رواه البخاري**

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، يەمامە ئەھلى قاتتىق ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، مەن كەلسەم، ئۇنىڭ يېنىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىكەن، ئەبۇبەكرى

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا مۇنداق دىدى؛ ھەقىقەتەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېشىمغا كىلىپ: يەمامە كۈنى قۇرئان قارىيلىرىغا ئۆلتۈرۈلۈش قاتتىق كۆچىيىپ كىتىپ، نۇرغۇن قارىيلار شېھىد قىلىندى، ھەقىقەتەن مەن، ھەرقايسى جايلاردا قۇرئاننى يادا بىلىدىغان قارىيلارغا ئۆلتۈرۈلۈش قاتتىق كۆچىيىپ كەتسە، قۇرئاننىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ كىتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم، شۇڭا مەن سىنى قۇرئاننى يىغىپ توپلاشقا بۇيرىسىكەن دەيمەن دىدى، مەن ئۇنىڭغا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلمىغان ئىشنى سەن قانداق قىلىسەن؟ دىسەم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: **الله** بىلەن قەسەمكى، بۇ چۇقۇم ياخشى ئىشتۇر دەپ، **الله** تائالا مىنىڭ قەلبىمنى شۇئىشقا كەڭ ئېچىۋەتكەنگە قەدەر، ماڭا مۇراجىئەت قىلىۋەردى، مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆز قارىشىنى توغرا تاپتىم، ئى زەيد! ھەقىقەتەن سەن ئەقىللىق، ياش يىگىت، سەن ئادالەتلىك بولغاچقا، بىزساڭا تۆھمەت قىلمايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيىنى(قۇرئان سۈرىسىنى)يېزىپ بىرەتتىڭ، سەن قۇرئاننى يىغىپ توپلىغىن دەپ بۇيرىدى. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار مىنى تاغلاردىن بىرەر تاغنى يۆتكەشكە بۇيرىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ بۇيرۇق ماڭا، قۇرئاننى يىغىپ توپلاشقا بولغان بۇيرۇقتىن ئېغىرراق بولمىغان بۇلاتتى، (يەنى قۇرئاننى يىغىپ توپلاش، ئەڭ ئېغىر مۇشەققەتلىك ۋەزىپە، چۈنكى ئۇ **الله** نىڭ كالامىدۇر)مەن ئۇلارغا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلمىغان ئىشنى سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟ دىسەم، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: **الله** بىلەن قەسەمكى، بۇ چۇقۇم ياخشى ئىشتۇر دەپ، **الله** تائالا مىنىڭ قەلبىمنى ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ قەلبىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن نەرسىگە ئېچىۋەتكەنگە قەدەر، ماڭا مۇراجىئەت قىلىۋەردى،ئاندىن مەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى خورما قوۋزىقىدىن، نىپىز، ئاق تاشلاردىن، قارىيلارنىڭ دىللىرىدىن يىغىپ توپلۇدۇم،تاكى مەن سۈرە تەۋبىنىڭ ئاخىرقى « **لەقەد جائەكۇم رەسۇلۇن مىن ئەنپۇسىكۇم**.........ئاخىرغىچە» دىگەن ئايەتنى ئەبۇخۇزەيمەتىلئەنسارىيدىن تاپتىم، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى **الله** تائالا ۋاپات تاپقۇزغانغا قەدەر،«سۇھۇپ» قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى، ئاندىن قۇرئان كەرىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا تۇردى، ئاندىن كىيىن ئۇنىڭ قىزى ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا تۇردى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**2221 - [ 11 ] ( صحيح )وعن أنس بن مالك : أن حذيفة بن اليمان قدم على عثمان وكان يغازي أهل الشأم في فتح إرمينية وأذربيجان مع أهل العراق فأفزع حذيفة اختلافهم في القراءة فقال حذيفة لعثمان يا أمير المؤمنين أدرك هذه الأمة قبل أن يختلفوا في الكتاب اختلاف اليهود والنصارى فأرسل عثمان إلى حفصة أن أرسلي إلينا بالصحف ننسخها في المصاحف ثم نردها إليك فأرسلت ا حفصة إلى عثمان فأمر زيد بن ثابت وعبدالله بن الزبير وسعيد بن العاص وعبدالرحمن بن الحارث بن هشام فنسخوها في المصاحف وقال عثمان للرهط القرشيين الثلاث إذا اختلفتم في شيء من القرآن فاكتبوه بلسان قريش فإنما نزل بلسانم ففعلوا حتى إذا نسخوا الصحف في المصاحف رد عثمان الصحف إلى حفصة وأرسل إلى كل أفق بمصحف مما نسخوا وأمر بما سواه من القرآن في كل صحيفة أو مصحف أن يحرق قال ابن شهاب وأخبرني خارجة بن زيد بن ثابت سمع زيد بن ثابت قال فقدت آية من الأحزاب حين نسخنا المصحف قد كنت أسمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ ا فالتمسناها فوجدناها مع خزيمة بن ثابت الأنصاري ( من المؤمنين رجال صدقوا ما عاهدوا الله عليه )فألحقناها في سور ا في المصحف . رواه البخاري**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلدى، ۋەھالەنكى شۇچاغدا، شام ئەھلى، ئىراق ئەھلى بىلەن بىللە بىرلىشىپ، ئەرمىنىييە،ئەزەربەيجان دىگەن شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى، ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇلارنىڭ قۇرئان قىرائىتىدىكى ئىختىلاپىدىن قاتتىق چۆچۈپ كىتىپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سىلى بۇئۇممەتنىڭ خۇددى يەھۇدىي ـ ناسارالارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقىنىدەك، قۇرئان كىتابىدا ئىختىلاپ قىلىششىدىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ دىرىكىنى قىلىپ سۈرۈشتۈرۈپ، ئىختىلاپىنىڭ ئالدىنى ئالسىلا دىدى، ئاندىن

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: بىزگە قۇرئان كەرىمنى ئەۋەتىپ بەرسىڭىز، بىز ئۇنىڭدىن نۇسخا ئېلىپ كۆچۈرۈپ، بىرنەچچىگە كۆپەيتىۋېلىپ، ئاندىن سىزگە قايتۇرۇپ بەرسەك دەپ ، ئەلچى ئەۋەتتى، ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، قۇرئان كەرىمنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەۋەتىپ بەردى، ئاندىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، زەيدئىبنى سابىت، ئابدۇﷲ ئىبنى زۇبەير، سەئىيدئىبنى ئاس، ئابدۇررەھمان ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى (ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يىغىپ توپلاتقۇزغان) قۇرئان كەرىمدىن نۇسخا ئېلىپ كۆچۈرۈپ، بىرنەچچىگە كۆپەيتىشكە بۇيرۇپ،قۇرەيشلىك ئۈچ كىشىگە: سىلەر زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قۇرئان كەرىمدىن بىرەر نەرسىدە ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، ئۇنى قۇرەيشلەرنىڭ تىلى بىلەن يېزىڭلار، چۈنكى قۇرئان كەرىم قۇرەيشلەرنىڭ تىلى بىلەن نازىل قىلىنغان، دىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ، قۇرئان كەرىمدىن نۇسخا ئېلىپ كۆچۈرۈپ، بىرنەچچىگە كۆپەيتتى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھېلىقى ئەسلى نۇسخا بولغان قۇرئاننى ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ھەممە تەرەپكە، ئۇلار قۇرئان كەرىمدىن نۇسخا ئېلىپ كۆچۈرۈپ، بىرنەچچىگە كۆپەيتكەن قۇرئاندىن بىردىن ئەۋەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق كىتاب، ۋاراقتىكى قۇرئان ئايىتىنى كۆيدۈرىۋېتىشكە بۇيرىدى، (چۈنكى ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇلارنىڭ قۇرئان قىرائىتىدىكى ئىختىلاپىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ھېلىقى ئىختىلاپلار بارئىدى، بۇ ئىختىلاپ بىر ـ بىرىنى «سەن كاپىر» دىيىشكىدەك، دەرىجىگە يەتكەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىختىلاپ تۈگەپ، يەتتە ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇلىدىغان قىرائەتلەرمۇ بىرلا قىرائەتكە قايتتى). ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا خارىجەت ئىبنى زەيد، دادىسى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى؛ بىز قۇرئان كەرىمدىن نۇسخا ئېلىپ كۆچۈرۈپ، بىرنەچچىگە كۆپەيتىۋاتقاندا، مەن سۈرە ئەھزاپنىڭ بىر ئايىتىنى يۈتتۈرۈپ قويدۇم، ئەمەلىيەتتە مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم ، بىز ئۇ ئايەتنى ئىزدەپ، ئۇنى خۇزەيمەت ئىبنى سابىتئەلئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تېپىپ، ئۇ ئايەتنى قۇرئاندىكى ئۆز سۈرىسى ئەھزاپقا قوشۇپ قويدۇق، ئۇئايەت بولسا«مىنەلمۆئمىنىينە رىجالۇن سەدەقۇ مائاھەدۇﷲ ھە ئەلەيھى......»ئىدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**2222 - [ 12 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قلت لعثمان بن عفان ما حملكم أن عمدتم إلى الأنفال وهي من المثاني وإلى براءة وهي من المئين فقرنتم بينهما ولم تكتبوا بينهما سطر بسم الله الرحمن الرحيم ووضعتموها في السبع الطول ما حملكم على ذلك فقال عثمان كان رسول الله صلى الله عليه وسلم مما يأتي عليه الزمان وهو ت ل عليه السور ذوات العدد فكان إذا نزل عليه الشيء دعا بعض من كان يكتب فيقول : " ضعوا هؤلاء الآيات في السورة التي يذكر فيها كذا وكذا " فإذا نزلت عليه الآية فيقول : " ضعوا هذه الآية في السورة التي يذكر فيها كذا وكذا " . وكانت الأنفال من أوائل ما نزلت بالمدينة وكانت براءة من آخر القرآن وكانت قصتها شبيهة بقصتها فظننت أنا منها فقبض رسول الله صلى الله عليه وسلم ولم يبين لنا أنا منها فمن أجل ذلك قرنت بينهما ولم أكتب بينهما سطر بسم الله الرحمن الرحيم ووضعتها في السبع الطول . رواه أحمد والترمذي وأبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: سىلەرنىڭ سۈرە ئەنپال بىلەن سۈرە تەۋبىنى 200 ئايەتلىك ئۇزۇن سۈرىنىڭ قاتارىدىن ساناپ، بۇئىككى سۈرىنىڭ ئارلىقىنى يېقىن قىلىپ، ئىككىسىنىڭ ئارلىقىغا « **بسم الله الرحمن الرحيم** »نى يازماي، ئۇنى يەتتە ئۇزۇن سۈرىنىڭ قاتارىغا قويىشىڭلارغا زادى نىمە سەۋەب بولدى؟ دەپ سورسام، ئۇماڭا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، كۆپ ئايەتلىك نۇرغۇن سۈرىلەر نازىل بولغان ھالدا خېلى زامانلار ئۆتكەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قۇرئاندىن بىرەرنەرسە(بىرنەچچەئايەتلەر) نازىل قىلىنسا، ئۇنى يازىدىغان كاتىپلارنىڭ بەزىسىنى چاقىرىپ: بۇ ئايەتلەرنى مۇنداق،مۇنداق سۆزلەر زىكىر قىلىنىدىغان پالانى سۈرىگە قويۇڭلار دەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قۇرئاندىن بىرەر ئايەت نازىل قىلىنسىمۇ، كاتىپقا: بۇ ئايەتنى مۇنداق،مۇنداق سۆزلەر زىكىر

قىلىنىدىغان پالانى سۈرىگە قوّيۇڭلار دەيتتى، سۈرە ئەنپال مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ تۇنجىسى ئىدى، سۈرە تۆۋبە قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسى ئىدى، سۈرە تۆۋبىنىڭ قىسسىسى (تارىخي ۋەقەلىكى ۋە باشقا ئەھكاملىرى) سۈرە ئەنپالنىڭ قىسسىسىغا ئوخشاش ئىدى، مەن سۈرە تۆۋبىنى سۈرە ئەنپالنىڭ جۈملىسىدىنمىكى دەپ گۇمان قىلدىم، لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە، سۈرە تۆۋبىنىڭ سۈرە ئەنپالنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرمەي ۋاپات تاپتى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇئىككى سۈرىنىڭ ئارلىقىنى يېقىن قىلىپ جۈپلەپ، ئىككىسىنىڭ ئارلىقىغا « بسم الله الرحمن الرحيم »نى يازماي، ئۇنى يەتتە ئۇزۇن سۈرىنىڭ قاتارىغا قويدۇم دىدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.(بۇ ھەدىستىن قارىغاندا، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بىر سۈرە ۋە ئايەتلىرى، الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى تەرەپتىن بولغان بۇيرۇق بىلەن تىزىلغانكەن.)

## دۇئالارنىڭ كىتابى — كتاب الدعوات - الفصل الأول

**2223 - [ 1 ] ( صحيح )عن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لكل نبي دعوة مستجابة فتعجل كل نبي دعوته وإني اختبأت دعوتي شفاعة لأمتي إلى يوم القيامة فهي نائلة إن شاء الله من مات من أمتي لا يشرك بالله شيئا " . رواه مسلم وللبخاري أقصر منه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەربىر پەيغەمبەر ئۈچۈن ئىجاۋەتلىك بىر دۇئاسى بار بولۇپ، ھەممە پەيغەمبەر دۇئاسىنى تېزلا قىلىپ بولدى، ھەققەتەن مەن دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا ئېلىپ قويدۇم، بۇ دۇئا، بۇ شاپائەت ئاللاھ خالىسا، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان ھالدا ئۆلگەن كىشىگە يېتىدۇ. ئىنشائاللاھ. مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.بۇخارىدىمۇ بۇنىڭغائوخشاش ھەدىس باردۇر.

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالادىن دۇئا قىلغاندا ئالقانلىرىڭلارنىڭ ئالدى تەرىپى بىلەن سوراڭلار، ئارقىسى، دۈمبىسى، تەتۈرى بىلەن سورىماڭلار، يەنى ئالقىنىڭلارنى يۇزۇڭلارغا قىلىڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالادىن سىنى ئەپۇ قىلىشنى، دۇنيا ئاخىرەتتە سالامەت ساقلاشنى سورىغىن، ھاكىم، بۇخارى، تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**2224 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اللهم إني اتخذت عندك عهدا لن تخلفنيه فإنما أنا بشر فأي المؤمنين آذيته شتمته لعنته جلدته فاجعلها له صلاة وزكاة وقربة تقربه ا إليك يوم القيامة "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق سورىغان؛« ئى ئاللاھ! مەن سىلىنىڭ نەزلىرىدە، سىلى ماڭا ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدىغان بىر ئەھدە ئىلىۋالايكى، ـ سىلىغۇ ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايلا.ـ ھەققەتەن مەن بىر ئىنسان، ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بىرەر مۆئمىنگە ئازار بېرىپ ياكى تىللاپ، ئەيىبلەپ ياكى قامچىلاپ ياكى لەنەت قىلىپ قالغان بولسام، سىلى بۇ ئىشلارنى شۇ مۆئمىن ئۈچۈن رەھمەت، مەغپىرەت ۋە گۇناھدىن پاكلاش، قىيامەت كۈنى سىلىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان، يېقىنلىق مەرتىبىسى قىلىپ بەرسىلە. بەيھەقى مۇسلىم،بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**2225 - [ 3 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دعا أحدكم فلا يقل : اللهم اغفر لي إن شئت ارحمني إن شئت ارزقني إن شئت وليعزم مسألته إنه يفعل ما يشاء ولا مكره له " . رواه البخاري**

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:

بىرىڭلار دۇئا قىلغاندا، ئى ئاللاھ! ئەگەر خالىساڭ مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ئەگەر خالىساڭ ماڭا رەھىم قىلغىن، ئەگەر خالىساڭ ماڭا رىزىق بەرگىن دېمىسۇن، قەتئىي ئىرادە قىلىپ، شەكسىز ئىشەنچ بىلەن سورىسۇن، رىغبەتنى، قىزىقىشنى كاتتا قىلسۇن، چۈنكى، ئاللاھتائالا خالىغىنىنى قىلىدۇ، ئۇنى مەجبۇرلىغۇچى يوق. (ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسە، ئاللاھقا چوڭ بىلىنمەيدۇ، كاتتا، ئۇلۇغ بىلىنمەيدۇ. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

2226 - [ 4 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دعا أحدكم فلا يقل : اللهم اغفر لي إن شئت ولكن ليعزم وليعظم الرغبة فإن الله لا يتعاظمه شيء أعطاه " . رواه مسلم

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار دۇئا قىلسا، ئى ئاللاھ! ئەگەر خالىساڭ مېنى مەغپىرەت قىلغىن دېمىسۇن، قەتئىي ئىرادە قىلىپ شەكسىز ئىشەنچ بىلەن سورىسۇن، رىغبەتنى، قىزىقىشنى كاتتا قىلسۇن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسە، ئاللاھقا چوڭ كاتتا، ئۇلۇغ بىلىنمەيدۇ. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.يەنى دۇئادا ئەگەر خالىساڭ دېمىسۇن.

2227 - [ 5 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يستجاب للعبد ما لم يدع بإثم أو قطيعة رحم ما لم يستعجل " . قيل : يا رسول الله ما الاستعجال ؟ قال : " يقول : قد دعوت وقد دعوت فلم أر يستجاب لي فيستحسر عند ذلك ويدع الدعاء " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە گۇناھـ مەئسىيەتكە ياكى سىلە ــ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشكە دۇئا قىلمىسىلا ياكى ئالدىراپ كەتمىسىلا، دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇپ تۇرىدۇ، ئالدىراپ كېتىش قانداق بولىدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ ؛مەن دۇئا قىلدىم، شۇنچە كۆپ دۇئا قىلدىم، لېكىن، ھېچ ئىجابەت بولماي‌ۋاتىدۇ دەپ ئالدىراپ قېلىپ، دۇئا قىلىشتىن سۇسلىشىپ، ھېرىپ قالىدۇ ــ دە، دۇئا قىلىشنى تەرك ئېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىجاۋەت بولمايدۇ، دېدى . مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

2228 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي الدرداء رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " دعوة المسلم لأخيه بظهر الغيب مستجابة عند رأسه ملك موكل كلما دعا لأخيه بخير قال الملك الموكل به : آمين ولك بمثل " . رواه مسلم

ئەبۇددەردائى رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ئىنساننىڭ، قېرىندىشىغا غەيىبدىن قىلغان دۇئاسى ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، ئۇ ھەرقاچان قېرىندىشىغا ياخشىلىق سوراپ غەيىبدىن دۇئا قىلسا، ئۇ مۇسۇلماننىڭ بېشىدا، ئۇنىڭغا مۇئەككەل پەرىشتە ؛ ئامىين، ئامىين! ساڭىمۇ شۇنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ دەپ تۇرىدۇ. ئەھمەد ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2229 - [ 7 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تدعوا على أنفسكم ولا تدعوا على أولادكم و لا تدعوا على خدمكم و لا تدعوا على أموالكم لا توافقوا من الله ساعة يسأل فيها عطاء فيستجيب لكم " . رواه مسلم وذكر حديث ابن عباس : " اتق دعوة المظلوم " . في كتاب الزكاة

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزۈڭلارغا قارشى دۇئا قىلماڭلار، بالىلىرىڭلارنىڭ، خىزمەتچى خادىملىرىڭلارنىڭ، مال ــ مۈلكىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار، ئاللاھ تەرەپتىن ھەر قانداق نەرسە سورىسا، بېرىلىدىغان بىر سائەت بار بولۇپ، شۇ سائەتكە، زىيانغا دۇئا قىلىش بىلەن مۇۋاپىق كېلىپ قالماڭلار، ئۇنداق بولمىسا دۇئايىڭلار ئىجابەت قىلىنىپ كېتىدۇ.مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، سەھىھ.

2230 - [ 8 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن النعمان بن بشير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الدعاء هو

**العبادة " ثم قرأ : ( وقال ربكم ادعوني أستجب لكم )رواه أحمد والترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه**

نۇئمان ئىبنى بۇشەير، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دۇئانىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەتتۇر، (ئاندىن «پەرۋەردىگارىڭلار:ماڭا دۇئا قىلىڭلار! مەن سىلەرگە ئىجابەت قىلىمەن » دىگەن ئايەتنى ئوقۇدى). ئەھمەد، ئەبۇ شەيبە، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**2231 - [ 9 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الدعاء مخ العبادة " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دۇئا دىگەن ئىبادەتنىڭ يىلىكى، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئىمام ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**2232 - [ 10 ] وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس شيء أكرم على الله من الدعاء "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالاغا دۇئادىنمۇ ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغراق بىرەر نەرسە يوقتۇر، (چۈنكى، دۇئا ئىبادەتتۇر، دۇئا قىلمىغان كىشىگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم،ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

**2233 - [ 11 ] وعن سلمان الفارسي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يرد القضاء إلا الدعاء ولا يزيد في العمر إلا البر " . رواه الترمذي**

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قازايى قەدەر ھۆكمىنى پەقەت دۇئا قىلىشلا قايتۇرالايدۇ، ئۆمۈرنى پەقەت ياخشىلىق قىلىشلا زىيادە ئۇزارتالايدۇ. (الله قادىر، ئۇ ھەممىنى قىلالايدۇ). تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2234 - [ 12 ] وعن ابن عمر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الدعاء ينفع مما نزل ومما لم ي ل فعليكم عباد الله بالدعاء " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن دۇئا چۈشكەن چۈشمىگەن نەرسىدىن (يەنى بالا، مۇسىبەتتىن ۋە باشقا نەرسىدىن) پايدا _ مەنپەئەت قىلىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! دۇئا قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار!.تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**2235 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )ورواه أحمد عن معاذ بن جبل . وقال الترمذي هذا حديث غريب**

**2236 - [ 14 ] وعن جابر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من أحد يدعو بدعاء إلا آتاه الله ما سأل أو كف عنه من السوء مثله ما لم يدع بإثم أو قطيعة رحم " . رواه الترمذي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشى دۇئا قىلىپ، ئاللاھدىنلا سورىسا، گۇناھقا، ھارامغا ياكى سىلە _ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشكە دۇئا قىلمىسىلا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە سورىغان نەرسىسىنى بېرىدۇ ياكى ئۇ كىشىدىن شۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشىدا، بارابىرىدە يامانلىقنى، زىيانىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، توسۇپ قالىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھقا دۇئا قىلسا، ئۇ گۇناھ بىلەن دۇئا قىلمىسىلا ياكى سىلە _ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشكە دۇئا قىلمىسىلا ياكى مەن رەببىمگە دۇئا قىلسامۇ، ھېچ ماڭا ئىجاۋەت بولمايۋاتىدۇ دەپ، ئالدىراپ كەتمىسىلا ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، يا سورىغىنى مۇشۇ

دۇنيادىلا تېز بېرىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە بېرىلىدۇ، بۇ دۇئاسى، ئاخىرەتكە ئېلىپ قويۇلىدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن ئۇ قىلغان دۇئانىڭ مىقدارىدا گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ. (ياكى سورىغان نەرسىنىڭ بارابىرىدە زىيان كۆتۈرۈلىدۇ، ياكى ئەۋلادلىرىغا بېرىلىدۇ ياكى كېيىنرەك). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھتائالا دۇئانى چوقۇم ئىجاۋەت قىلىدۇ، ئىجاۋەت قىلىش چارىلىرى يۇقىرىقىدەك بەش تۈرلۈك بولۇپ، بەندە بۇنى بىلمەستىن ئالدىراپ قېلىپ، ئىجاۋەتتىن مەھرۇم قالىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئاخىرەت، ئاللاھنىڭ جامالىدۇر.)

**2237 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن مسعود رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سلوا الله من فضله فإن الله يحب أن يسأل وأفضل العبادة انتظار الفرج " . رواه الترمذي وقال هذا حديث غريب**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **الله** تىن **الله** نىڭ پەزلىنى سوراڭلار، **الله** تائالا ئۆزىدىنلا سورىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئاسان قىلىنىشقا، چىقىش يولىغا ئىنتىزار بولۇشتۇر. تىرمىزى توپلىغان. ئابۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:**الله** تىن ئەپۇ قىلىشنى، ئىككى ئالەمدە ساق ــ سالامەت ساقلىشنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن كىشىگە شەكسىز ئىشەنچ، ئىماندىن كېيىن قالسىلا، ئىككى ئالەمدە ساق ــ سالامەت قىلىشدىن ياخشىراق نەرسە بېرىلمەيدۇ، (يەنى بالا ـ قازا، ئازابدىن، پىتنىدىن ساق ــ سالامەت قېلىش، ئىشەنچ، ئىماندىن قالسا ياخشىدۇر،). ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2238 - [ 16 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من لم يسأل الله يغضب عليه ". رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالاغا دۇئا قىلمىغان،**الله** تىن نەرسە سورىمىغان كىشىگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشى ئارزۇ ــ ئارمانلىرىنى كۆپ قىلسا بولىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ رەببى ئاللاھدىنلا سورايدۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار دۇئادا سورىماقچى بولسا، كۆپ سوراۋەرسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ، ئاللاھدىنلا سورايدۇ دە!. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن سورىساڭلار، فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ جەننەتلەرنىڭ سىرىدۇر، يەنى ئەڭ ئەۋزەل، ئۈستىندۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**2239 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من فتح له منكم باب الدعاء فتحت له أبواب الرحمة وما سئل الله شيئا يعني أحب إليه من أن يسأل العافية " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ سىلەردىن بىرەر كىشىگە دۇئانىڭ ئىشىكى ئېچىلسا، ئۇكىشىگە رەھمەتلەرنىڭ ئىشىكى ئېچىلغان بولىدۇ، **الله** تائالادىن دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ساق ـ سالامەت ساقلىنىشتىنمۇ، **الله** قا سۆيۈملۈكرەك بىرەر نەرسە سورالمايدۇ، تىرمىزى.

**2240 - [ 18 ] وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سره أن يستجيب الله له عند الشدائد فليكثر الدعاء في الرخاء " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ كىم ئاللاھتائالانىڭ ئۆزى ئۈچۈن قاتتىق ئېغىر كۈنلەردە، قاتتىق قىيىنچىلىقلاردا، چوڭ ــ چوڭ بالا ـ مۇسىبەتلەردە دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھتائالاغا، كەڭچىلىك بولغان ئاسان كۈنلەردىمۇ دۇئانى كۆپ قىلسۇن.

«يەنى باشقا كۈن كەلگەندىلا ئەمەس بەلكى، ھەر قانداق چاغلاردا ئاللاھنى كۆپ ئەسلەپ، كۆپ دۇئا قىلسۇن قاتتىق سىناق، بالالەر كەلگەندە ئاسان بولىدۇ. » تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**2241 - [ 19 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ادعوا الله وأنتم موقنون بالإجابة واعلموا أن الله لا يستجيب دعاء من قلب غافل لاه " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر دۇئايىڭلار نىڭ ئىجابەت قىلىنىشىغا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا، ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار، بىلىپ قويۇڭلاركى، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا، غەپلەتتە قالدىغان، سەھۋە قىلىدىغان، لەھۋە ئويۇن بىلەن بولىدىغان غاپىل قەلبنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2242 - [ 20 ] وعن مالك بن يسار قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا سألتم الله فاسألوه ببطون أكفكم ولا تسألوه بظهورها**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئادا ئاللاھدىن سورىساڭلار، قولۇڭلارنىڭ دۈمبىسى، ئەتۆرى بىلەن سورىماي، ئالقىنى بىلەن ئوڭ تۇتۇپ سوراڭلار، (يەنى قولۇڭلارنىڭ ئىچى، ئالقىنى يۇزۇڭلارغا بولسۇن)، يەنە بىر خاتىرىدە؛ يۇزۇڭلارغا سۇۋاڭلار دېگەن بار، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد مالىكدىن، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، توپلىغان، سەھىھ. دۇئادا قول كۆتۈرۈشكە 100 ھەدىس بار بولۇپ، بۇ مەنىۋى مۇتىۋاتىردۇر، ئەڭ ئىشەنچلىك.

**2243 - [ 21 ] وفي رواية ابن عباس قال : " سلوا الله ببطون أكفكم ولا تسألوه بظهورها فإذا فرغتم فامسحوا ا وجوهكم رواه داود**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئادا ئاللاھدىن سورىساڭلار، قولۇڭلارنىڭ دۈمبىسى، ئەتۆرى بىلەن سورىماي، ئالقىنى بىلەن ئوڭ تۇتۇپ سوراڭلار، (يەنى قولۇڭلارنىڭ ئىچى، ئالقىنى يۇزۇڭلارغا بولسۇن)،دۇئادىن پارىغ بولغاندا قولۇڭلارنى يۇزۇڭلارغا سۇۋاڭلار. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد مالىكدىن، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، توپلىغان، سەھىھ.

**2244 - [ 22 ] وعن سلمان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن ربكم حيي كريم يستحيي من عبده إذا رفع يديه إليه أن يردهما صفرا " . رواه الترمذي وأبو داود والبيهقي في الدعوات الكبير**

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن رەببىڭلار سېخى، بەندىسى سورىغاندا، تارتىنىدىغان، ئۇياتچان زاتتۇر، ئاللاھ: بەندىسى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇزاتسا، كەڭ ئېچىپ ياىسا، نەرسە سورىسا، ئۇ ئىككى قولىنى قۇرۇق قايتۇرۇشدىن تارتىنىدۇ، ھايا قىلىدۇ.تىرمىزى، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھايانىڭ، تارتىنىشنىڭ ئىگىسى، ھايا ئاتا قىلغۇچى، سېخى، ئۇلۇغ زاتتۇر، كىشى ئاللاھقا ئىككى قولىنى كۆتۈرسە، ئاللاھ ئۇ ئىككى قولىنى زىيانغا ئۇچىقاتقان ھالدا قۇرۇق قول قايتۇرۇشدىن ھايا قىلىدۇ، تارتىنىدۇ، (دېمەك كۆتۈرىلگەن قول زىيان تارتمايدۇ، قۇرۇق قايتمايدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. دۇئادا ئىككى قولنى كۆتۈرۈش ياخشى ئەخلاق.

**2245 - [ 23 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمر رضي الله عنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا رفع يديه في الدعاء لم يحطهما حتى يمسح بهما وجهه . رواه الترمذي**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئادا ئىككى قولىنى كۆتۈرسە، ئىككىلى قولىنى يۇزىگە سۇرۇتمىگىچە پەسكە چۈشۈرمەيتتى. تىرمىزى توپلىغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلسا، ئالقىنىنىڭ ئىچىنى، يۈزى تەرەپكە قىلاتتى. تەبرانى تونۇلغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە قولىنىڭ تەتۈرى بىلەن دۇئا قىلىش چەكلەنگەن، شۇنداقلا بۇ ھەدىسلەردىن دۇئادا قول كۆتۈرۈش چىقىدۇ. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلسا، ئالدى بىلەن ئۆزى بىلەن باشلايتتى، يەنى ئۆزى ئۈچۈن سوراپ ئاندىن باشقىلارغا قىلاتتى. تەبرانى تونۇلغان،سەھىھ.

**2246 - [ 24 ] وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يستحب الجوامع من الدعاء ويدع ما سوى ذلك . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئالارنىڭ تولۇقىنى، ھەممىگە كۇپايە بولىدىغانلىرىنى، ئىككى دۇنيالىقنى بىرلەشتۈرىدىغىنىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنى تەرك ئېتەتتى، (مەسىلەن: رەببەنا ئاتىنانى قىلاتتى). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم تونۇلغان، سەھىھ.

**2247 - [ 25 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أسرع الدعاء إجابة دعوة غائب لغائب " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دۇئانىڭ ئەڭ تېز ئىجابەت بولىدىغىنى، غائىب كىشىنىڭ يىراقتىكى يەنە بىر غائىب كىشى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسىدۇر. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى تونۇلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غائىب كىشى يىراقتىكى يەنە بىر كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلسا، پەرىشتە ئۇنىڭغا ساڭىمۇ شۇنىڭ ئوخشىشى بولسۇن دەپ تۇرىدۇ. ئىبنى ئەدى تونۇلغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا دۇئا قىلىش تەكىتلىنىدۇ.

**2248 - [ 26 ] ( ضعيف )وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال استأذنت النبي صلى الله عليه وسلم في العمرة فأذن لي وقال : " أشركنا يا أخي في دعائك و لا تنسنا " . فقال كلمة ما يسرني أن لي ا الدنيا . رواه أبو داود والترمذي وانتهت روايته عند قوله " لا تنسنا "**

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆمرە ھەج قىلىشقا رۇخسەت سورىدۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا رۇخسەت بېرىپ مۇنداق دېدى، ئى قېرىندىشىم، دۇئايىڭدا بىزنى ئۇنتۇپ قالماي شېرىك قىلىۋالغىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى، بۇ بىر كەلىمە سۆزنىڭ باراۋىرىگە ماڭا پۈتۈن دۇنيا بېرىلسىمۇ خۇرسەن بولمايتتىم، مىنى شۇ سۆز خۇرسەن قىلىدۇكى، دۇنيا خۇرسەن قىلالمايدۇ، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**2249 ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال :قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ثلاثة لا ترد دعو م : الصائم حين يفطر والإمام العادل ودعوة المظلوم يرفعها الله فوق الغمام وتفتح لها أبواب السماء ويقول الرب:وعزتي لأنصرنك ولو بعد حين رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ، بىرىنچىسى، روزا تۇتقۇچىنىڭ، ئىپتار قىلغاندا قىلغان دۇئاسى، ئىككىنچىسى، ئادىل ئىمامنىڭ دۇئاسى، ئۈچىنچىسى، مەزلۇم، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى، ئاللاھ بۇ دۇئانى ئاسمانغا كۆتۈرىدۇ، ئاسماننىڭ بارلىق ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، رەبتائالا: ئىززىتىم بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا چوقۇم ياردەم بېرىمەن، گەرچە بىر مەزگىلدىن كېيىن بولسىمۇ ياردەم بېرىمەن دەيدۇ، تىرمىزى تونۇلغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئاللاھتائالا رەت قىلماي، ئىجاۋەت قىلىدۇ، ئاللاھنى كۆپ ئەسلەپ تۇرغۇچى زاكىر كىشى،

زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، ۋە ئادىل ئىمامدۇر. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەتتۇر، ئاتا ــ ئانىنىڭ، مۇساپىرنىڭ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەتتۇر.ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**2250 - [ 28 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاث دعوات مستجابات لا شك فيهن : دعوة الوالد ودعوة المسافر ودعوة المظلوم " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ دۇئا شەكسىز ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ، مۇساپىرنىڭ، ئاتا ــ ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ دۇئا شەكسىز ئىجاۋەت بولىدۇ، ئاتا ــ ئانىلارنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى،ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ دۇئا ھەرگىز رەت قىلىنمايدۇ، يەنى قايتۇرۇلماي ئىجاۋەت بولىدۇ، ئاتا ــ ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ، روزا تۇتقۇچىنىڭ دۇئاسى، ئەبۇلھەسەن، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

**2251 - [ 29 ] الفصل الثالث ( حسن )عن أنس رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليسأل أحدكم ربه حاجته كلها حتى يسأله شسع نعله إذا انقطع "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار بارلىق ھاجىتىنى رەببىدىنلا سورىسۇن، ھەتتا ئاياق شويىنىسى ئۈزۈلۈپ كەتسە ، شۇنىمۇ رەببىدىن سورىسۇن.تىرمىزى. ھەسەن.

**2252 - [ 30 ] ( حسن )زاد في رواية عن ثابت البناني مرسلا " حتى يسأله الملح وحتى يسأله شسعه إذا انقطع " . رواه الترمذي**

سابىت بەنانىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار بارلىق ھاجىتىنى رەببىدىنلا سورىسۇن، ھەتتا ئاش تۇزىنىمۇ، ئاياق شويىنىسى ئۈزۈلۈپ كەتسە ، شۇنىمۇ رەببىدىن سورىسۇن.تىرمىزى. ھەسەن.

**2253 - [ 31 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يرفع يديه في الدعاء حتى يرى بياض إبطيه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلغاندا، ئىككى قولىنى قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۆتۈرەيتتى. بەيھەقى.

**2254 - [ 32 ] ( لم تتم دراسته )وعن سهل بن سعد عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : كان يجعل أصبعيه حذاء منكبيه ويدعو**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ بارابىرىدە كۆتۈرۈپ دۇئا قىلاتتى. بەيھەقى. بۇئىككى ھەدىسنىڭ تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

**2255 - [ 33 ] ( ضعيف )وعن السائب بن يزيد عن أبيه أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا دعا فرفع يديه مسح وجهه بيديه روى البيهقي الأحاديث الثلاثة في " الدعوات الكبير "**

سائىب ئىبنى يەزىددىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلسا، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، قولىنى يۈزىگە سۈرتەتتى، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**2256 - [ 34 ] وعن عكرمة عن ابن عباس رضي الله عنهما قال : المسألة أن ترفع يديك حذو منكبيك أو نحوهما والاستغفار أن تشير**

بأصبع واحدة والابتهال أن تمد يديك جميعاوفي رواية قال: والابتهال هكذا ورفع يديه وجعل ظهورهما مما يلي وجهه رواه أبو داود

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دۇئادا ئاللاھدىن نەرسە سورىغاندا، ئىككى قولۇڭنى، ئىككى مۈرەڭنىڭ ئۇتتۇرىدا، باراۋىرىدە كۆتۈرىسەن، ئىستىغفاردا گۇناھىڭنىڭ مەغرىپىتىنى سورىغاندا بولسا، بىر بارمىقىڭ بىلەن ئىشارەت قىلىسەن، (يەنى بىر ئاللاھدىنلا مەغپىرەت سورايمەن دىگەن بولىدۇ) دۇئادا تەزەررۇئ چېكىپ، قاتتىق ئىلتىجا قىلغاندا بولسا، ئىككى قولۇڭنى بىراقلا ئىگىز كۆتۈرۈپ، سوزۇپ تۇرۇپ سورايسەن.يەنەبىرخاتىردە:مانا مۇنداق قىلىسەن دەپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، قولىنىڭ دۈمبىسىنى يۈزىگە يېقىن جايغا ئاپاردى. ئەبۇ داۋۇد 1274 ـ ھەدىس، سەھىھ.

2257 - [ 35 ] ( لم تتم دراسته )

وعن ابن عمر أنه يقول : إن رفعكم أيديكم بدعة ما زاد رسول الله صلى الله عليه وسلم على هذا يعني إلى الصدر رواه أحمد

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيتتى؛ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ دۇئادا قولىرىڭلارنى بەك ئىگىز كۆتۈرۈشۈڭلار بىدئەتتۇر، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى مۈشۈنىڭدىن يەنى كۆكسىدىن زىيادە ئارتۇق كۆتۈرمەيتتى. ئەھمەد توپلىغان. تەكشۈرۈلمىگەن، ئىمام سۇيۇتى ھەسەنگە كۆتۈرلىدۇ دىگەن.

2258 - [ 36 ] وعن أبي بن كعب قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا ذكر أحدا فدعا له بدأ بنفسه رواه الترمذي وقال هذا حديث حسن غريب صحيح

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇ كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلاپ دۇئا قىلاتتى. ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلسا، ئالدى بىلەن ئۆزى بىلەن باشلايتتى، يەنى ئۆزى ئۈچۈن سوراپ ئاندىن باشقىلارغا قىلاتتى.تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

2259 - [ 37 ] وعن أبي سعيد الخدري أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما من مسلم يدعو بدعوة ليس فيها إثم ولا قطيعة رحم إلا أعطاه الله ا إحدى ثلاث : إما أن يعجل له دعوته وإما أن يدخرها له في الآخرة وإما أن يصرف عنه من السوء مثلها " قالوا : إذن نكثر قال : " الله أكثر " . رواه أحمد

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى دۇئا قىلىپ، ئاللاھدىنلا سورىسا، گۇناھقا، ھارامغا ياكى سىلە ــ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشكە دۇئا قىلمىسىلا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە مۇنداق ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى بېرىدۇ،يا ئۇنىڭ سورىغىنىنى تىزلا بىرىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە بېرىلىدۇ، بۇ دۇئاسى، ئاخىرەتكە ئېلىپ قويۇلىدۇ،ياكى ئۇ كىشىدىن شۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشىدا، باراۋىرىدە يامانلىقنى، زىياننى كۆتۈرۈۋېتىپ، توسۇپ قالىدۇ.ئۇلار : ئۇنداقتا بىز ناھايىتى كۆپ سورايمىز دىگەندە، رەسۇلۇللاھ: الله ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بەرگۈچىدۇر دىدى. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھقا دۇئا قىلسا، ئۇ گۇناھ بىلەن دۇئا قىلمىسىلا ياكى سىلە ــ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشكە دۇئا قىلمىسىلا ياكى مەن رەببىمگە دۇئا قىلساممۇ، ھېچ ماڭا ئىجاۋەت بولمايۋاتىدۇ دەپ، ئالدىراپ كەتمىسىلا ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، يا سورىغىنى مۇشۇ دۇنيادىلا تېز بېرىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە بېرىلىدۇ، بۇ دۇئاسى، ئاخىرەتكە ئېلىپ قويۇلىدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن ئۇ قىلغان دۇئانىڭ مىقدارىدا گۇناھلىرى ئۆچۈرىلىدۇ. (ياكى سورىغان نەرسىنىڭ باراۋىرىدە زىيان كۆتۈرۈلىدۇ، ياكى ئەۋلادلىرىغا بېرىلىدۇ ياكى كېيىنرەك). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھتائالا دۇئانى چوقۇم ئىجاۋەت قىلىدۇ، ئىجاۋەت قىلىش چارىلىرى يۇقىرىقىدەك بەش

تۇرلۇك بولۇپ، بەندە بۇنى بىلمەستىن ئالدىراپ قىلىپ، ئىجاۋەتتىن مەھرۇم قالىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئاخىرەت، ئاللاھنىڭ جامالىدۇر.)

**2260 - [ 38 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال " خمس دعوات يستجاب لهن : دعوة المظلوم حتى ينتصر ودعوة الحاج حتى يصدر ودعوة ا اهد حتى يقعد ودعوة المريض حتى يبرأ ودعوة الأخ لأخيه بظهر الغيب " . ثم قال : " وأسرع هذه الدعوات إجابة دعوة الأخ لأخيه بظهر الغيب " . رواه البيهقي في الدعوات الكبير**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش دۇئا شەكسىز ئىجابەت قىلىنىدۇ، 1 ـ زۇلۇمغائۇچۇرغان كىشىنىڭ دۇئاسى ياردەمگە ئېرىشكەنگە قەدەر، 2 ـ ھاجىنىڭ دۇئاسى قايتقانغا قەدەر،3 ـ مۇجاھىدىنىڭ دۇئاسى جىھاتتىن ئولتۇرغانغا قەدەر، 4 ـ كېسەلنىڭ دۇئاسى ئۇساقايغانغا قەدەر، ئىجابەت قىلىنىدۇ، 5 ـ بىرقېرىنداشنىڭ يەنەبىرقېرىندىشى ئۈچۈن غەيبىتىن قىلغان دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ، بۇ دۇئالارنىڭ ئەڭ تېزراق ئىجابەت بولىدىغى ، بىرقېرىنداشنىڭ يەنەبىرقېرىندىشى ئۈچۈن غەيبىتىن قىلغان دۇئاسىدۇر.(پەرىشتە؛ئامىن، ساڭىمۇ شۇنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ، دەيدۇ)بەيھەقى توپلىغان.

## باب ذكر الله عز وجل والتقرب إليه الفصل الأول

## ئاللاھنى ئەسلەش ۋە ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەش توغرىسىدا

**2261 - [ 1 ] ( صحيح )عن أبي هريرة وأبي سعيد رضي الله عنهما قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يقعد قوم يذكرون الله إلا حفتهم الملائكة وغشيتهم الرحمة ونزلت عليهم السكينة وذكرهم الله فيمن عنده " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋم، جامائەتلەر ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتىپ ئولتۇرسا، ئۇلارنى پەرىشتىلەر ئەتراپىدىن قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنى رەھمەت قورشايدۇ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك، تىنچلىق چۈشىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەرگە ماختاپ، باھالاپ، ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**2262 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يسير في طريق مكة فمر على جبل يقال له : جمدان فقال : " سيروا هذا جمدان سبق المفردون " . قالوا : وما المفردون ؟ يا رسول الله قال : " الذاكرون الله كثيرا والذاكرات " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە يولىدا كېتىۋېتىپ، (مەدىنىدىن بىر كېچىلىك يىراقتىكى) جۇمدان دېگەن تاغدىن ئۆتۈپ مۇنداق دېگەن: سەيرە قىلىپ مېڭىڭلار، بۇ جۇمدان تېغىدۇر، مۇپەررىدۇنلەر ئەجىر ۋە مۇكاپاتتا ئىلگىرىلەپ كەتتى،دېدى، ئۇلار: مۇپەررىدۇنلەر دېگەن قانداق كىشىلەر؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇلار ، ئاللاھنى ئەسلىگۈچى زاكىر ئەرلەر ۋە زاكىر ئايالىلاردۇر، ئاللاھنى كۆپ ئەسلىگۈچىلەر ئەجىر ۋە مۇكاپاتتا ئىلگىرىلەپ كەتتى،دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، مۇپەررىدۇننىڭ مەنىسى زاكىر، ئالىمدۇر.

**2263 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل الذي يذكر ربه والذي لا يذكر**

**مثل الحي والميت "**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رەببىنى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىپ تۇرىدىغان كىشى بىلەن ، رەببىنى ئەسلىمەيدىغان كىشىنىڭ ئوخشىشى تىرىك ھايات كىشى بىلەن ئۆلۈك كىشىگە ئوخشايدۇ. (يەنى رەببىنى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىپ تۇرىدىغان كىشى ھايات كىشىگە، رەببىنى ئەسلىمەيدىغان كىشى ئۆلۈك كىشىگە ئوخشايدۇ.) بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ ئەسلىنىپ تۇرىدىغان ئۆي بىلەن ئاللاھ ئەسلەنمەيدىغان ئۆيىنىڭ ئوخشىشى ھايات كىشى بىلەن ئۆلۈككە ئوخشايدۇ، (ئاللاھنى ئەسلىگۈچى ھايات كىشىدۇر، ئەسلىمىگەن كىشى بولسا ئۆلۈكتۇر). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2264 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يقول الله تعالى : أنا عند ظن عبدي بي وأنا معه إذا ذكرني فإن ذكرني في نفسه ذكرته في نفسي وإن ذكرني في ملأ ذكرته في ملأ خير منهم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا، (بەندەم ماڭا گۇمان قىلىدۇ،گۇمانى ياخشى بولسا، ياخشى ، يامان بولسا، يامان بۇلىدۇ) ئۇ مىنى ئەسلىسىلا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە،ئەگەر ئۇ مىنى ئىچىدە مەخپى ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئىچىمدە زاتىمدا مەخپى ئەسلەيمەن، ئۇ مىنى جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇلاردىن ياخشىراق جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلەيمەن،( ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگرەپ بارىمەن). ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم تىرمىزى، ئىبنى ماجە سەھىھ.

**2265 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي ذر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : يقول الله تعالى : من جاء بالحسنة فله عشر أمثالها وأزيد ومن جاء بالسيئة فجزاء سيئة مثلها أو أغفر ومن تقرب مني شبرا تقربت منه ذراعا ومن تقرب مني ذراعا تقربت منه باعا ومن أتاني يمشي أتيته هرولة ومن لقيني بقراب الأرض خطيئة لا يشرك بي شيئا لقيته بمثلها مغفرة . رواه مسلم**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىم بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىپ، نىيىتىگە، ئىخلاسىغا قارىتا مەن يەنە زىيادە قىلىپ بېرىمەن، كىم بىر يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى شۇ بىر يامانلىقلا بولۇپ، تۆۋبە قىلسا، مەغپىرەت قىلىۋېتىمەن، كىم ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇ كىشىگە بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىم ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇ كىشىگە بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، كىم ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇ كىشىگە يۈگرەپ بارىمەن، كىم ماڭا، زىمىن تولغىدەك خاتالىقنى قىلىپ، ئاندىن ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا، مەن ئۇ كىشىگە زىمىن تولغىدەك مەغپىرەت بىلەن ئۇچۇرشىمەن، (يەنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىۋېتىمەن، شەرتى، ئىمان، شېرىك كەلتۈرمەسلىك). ئەھمەد ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە ، سەھىھ. ( بۇ ھەدىستىكى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى، ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە، ئوخشىشى يوق باردۇر، ئۆزىگە مەلۇم، بىزگە مەنىسى مەلۇم، كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان ۋاجىپ، سۇئال بىدئەت دىگەن، قائىدە بويىچە بولىدۇ.)

**2266 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى قال : من عادى لي وليا فقد آذنته بالحرب وما تقرب إلي عبدي بشيء أحب إلي مما افترضت عليه وما يزال عبدي يتقرب إلي بالنوافل حتى أحبه فإذا أحببته كنت سمعه الذي يسمع به وبصره الذي يبصر به ويده التي يبطش ا ورجله التي يمشي ا وإن سألني لأعطينه ولئن استعاذني لأعيذنه وما**

ترددت عن شيء أنا فاعله ترددي عن نفس المؤمن يكره الموت وأنا أكره مساءته ولا بد له منه " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالامۇنداق دەيدۇ: كىم مېنىڭ دوستۇمغا تاجاۋۇز قىلىپ، ھەددىدىن ئاشسا،مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن. مەن بەندەمگە پەرىز قىلغان نەرسىلەردىنمۇ ماڭا دوستراق، سۆيۈملۈكرەك بىرەرنەرسە بىلەن بەندەم ماڭا يېقىنلىشالمايدۇ، (يەنى پەقەت پەرز بىلەنلا ياخشى يېقىنلىشالايدۇ، رازى قىلالايدۇ) بەندەم ماڭا، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتقانغا قەدەر نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىشىدۇ، مەن ئۇنى دوست تۇتۇپ، ياخشى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى بولۇپ بېرىمەن، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بېرىمەن، ئەگەر مەندىن سورىسا، چوقۇم بېرىمەن، ماڭا سېغىنىپ پاناھ تىلىسە، قۇتقۇزىمەن، مەن قىلماقچى بولغان ئىشىمدا، مۆئمىننىڭ جېنىنى ئالغاندا ئىككىلىنىپ قالغاندەك، ئىككىلىنىپ قالمايمەن، (بۇ چاغدا ئىككىلىنىپ قالىمەن)، مۆئمىن ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ، مەن بولسام، ئۇنى خاپا قىلىشنى ياقتۇرمايمەن، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈشى زۆرۈردۇر، ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشقا چارە ـ ئامالى يوقتۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى؛

1. ئاللاھنىڭ دوست تۇتۇش سۈپىتى بار.

2. ئاللاھنىڭ دوستى ئەۋلىيالار بار.

3. ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىدىغانلار چېقىدۇ.

4. ئاللاھ دوستى تەرەپتە كۆرەش قىلىدۇ.

5. بەندە، ئاللاھقا پەقەت پەرىز ئىبادەت بىلەنلا بەك يېقىنلىشىدۇ.

6. نەپلە، سۈننەت ئىبادەت بىلەنمۇ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ.

7. ئاللاھ ياخشى كۆرسە، يۇقىردا دېگەندەك قىلىپ بېرىدۇ.

8. ئاللاھ مۆئمىننىڭ جېنىنى ئامال يوق ئالىدۇ.ئۆلۈم مۆئمىننى جەننەتكە، **الله** قا ئۇچراشتۇرىدۇ.

9. كىشى ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ.لېكىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا چارە ئاما يوق. 10.

ئاللاھ، دوستى مۆئمىننى خاپا قىلمايدۇ.

11. بۇ ھەدىس ئاللاھنىڭ سۆزى، ھەدىس قۇددۇستۇر. ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىييە بۇ ھەدىستىن؛ كىم ئاللاھقا تەقۋالىق قىلسا، شۇ ئەۋلىيائ، ئاللاھنىڭ دوستى بولىدۇ. سۈرە يۇنۇس 63 ــ ئايەتتە «ئەۋلىيالار دېگەن، ئىمان كەلتۈرۈپ، تەقۋادار بولغان كىشىلەردۇر»دېيىلگەن، دېگەن.

ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: ھەدىسنىڭ مەنىسى، زاھىرىغىلا چۈشۈنۈلمەيدۇ، چۈنكى، ئاللاھ بەندىنىڭ راستىنلا قۇلىقى، كۆزى، پۇت ــ قولى ئەمەس، بۇ ئەزالار دېگەن ھادىسە، مەخلۇق ئوخششى بار.ئاللاھ بۇ نەرسىلەردەك ھادىسە، مەخلۇق ئەمەس، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، بۇ مەخلۇقلار ئاللاھدىن ئايرىم نەرسىدۇر، ئاللاھ ئەزلى، ئەبەدى، مەڭگۈلۈك كامىل ھاياتلىق ئىگىسىدۇر. بۇ ئەزالار بولسا،مەخلۇققا خاس بولۇپ، ھادىسە ھەم يوقاپ كېتىدۇ، ئۇنداقتا، ھەدىسنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ؛ ئىنسان ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، ئاللاھنىڭ دوستى بولغاندا، ئاللاھنىڭ دوستلۇقىنى

ئەسلىسە، ھەممىدىن ئۈستۈن بىلسە، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆز قۇلىقىنى پۇت ــ قولىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ساقلايدۇ، ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئەزالار دائىم ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارغا ھەرىكەت قىلىدۇ، دائىم ئاللاھ بىللىدەك ئەمەل قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئەزالىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى رۇسلاپ، توغرىلاپ ھىدايەت قىلىدۇ. ياخشى ئەمەللىرىنى ئۇتۇقلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىپ بېرىدۇ، ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلىدۇ. بەزىلەر؛ بۇ ئالاھىدە كارامەت بېرىلىش بولىدۇ، مۆئمىن، پاراسەت بىلەن كۆرىدۇ، قەلبى نۇر بىلەن كۆرىدۇ، ماكاننى قاتلاپ بېرىدۇ، تېز ماڭالايدۇ، زاماننى قاتلاپ بېرىدۇ، تېزلا نۇرغۇن ئەمەللەرنى قىلالايدۇ، خۇددى قۇرئاننى بىردەمدىلا تامام قىلغاندەك. قول كۆتۈرسىلا دۇئاسى ئىجاۋەت بولىدۇ، دېگەن سۆزلەرنى شەرھى قىلىپ باقتى، بۇ ھەدىستىن ئاللاھنىڭ دوستىغا تاجاۋۇز قىلىش، ئۇلارنى خاپا قىلىپ، رەنجىتىش گۇناھى كەبىيرىدۇر، چۈنكى، جەڭ ئېلان قىلىندى، قۇرئان ۋە بۇ سەھىھ ھەدىسدىن ئەۋلىيالار ھەق. ئەقىدە كىتابلىرىدا ئۇلارنىڭ كارامىتى ھەق دېيىلىدۇ، ئاللاھنىڭ دوستلۇقى ئام ۋە خاس دەپ، ئىككى خىل بولىدۇ، سۈرە ئەنئام 62 ــ ئايەتتە «ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىگىسى، دوستى» دېگەن بار. بۇ ئامدۇر. خاس بولغىنى بولسا، سۈرە يۇنۇس 63 ــ ئايەتتە بار، ئاللاھ بىلەن ئەۋلىيا دوستلىرى، بەندىلىرى ئارىسىدا پەقەت پەرىز، نەپلى ئىبادەت ۋاستەۋەسىيلە بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن ئىبادەت ئارىسىدا ۋاستە ۋەسىيلە يوقتۇر، ئاللاھقا ئىبادەتنى ۋاستە بىلەن قىلسا، شېرىك بولىدۇ، ئاللاھقا پەقەت ئۇلار ـ بۇلار بىلەن ئەمەس، ئەۋلىيا، مازايى ــ ماشايىخ بىلەن ئەمەس، ئىبادەت بىلەنلا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. شەرىئەتتە تەكلىپ؛ پەرىز ۋە نەپلە دەپ ئىككى خىلدۇر، پەرىز ئىبادەت نەپلە ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر، نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش كۆرسىتىلدى، ئاللاھنىڭ دوستى بولغىنىڭنىڭ ئالامىتى، نىشان بەلگىسى،سۈننەت ،نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشتۇر، يۇقىرقى ئەزالار، ھەقنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلسا، ئاللاھ رازى بولىدىغانلام ئىشلارنى ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، قىلىدۇ، مەنپەئەت ئالىدۇ، ئاللاھنىڭ دوستى بولساڭ، سورىغىنىڭنى بېرىدۇ، قېچىپ پاناھ تىلىسەڭ، سېنى قۇتقۇزىدۇ، پايدىنى قولغا ئېلىشدىن، زىياندىن قېچىشدىن چوڭ بەخت يوقتۇر، ئەۋلىيالارنىڭ كارامىتى شۇكى، ئاللاھ ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە جەڭ ئېلان قىلدى، سىز ھەربىر ھەدىسنى مۇشۇ ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىپ ئوقۇڭ، ياخشى ئەمەل قىلىڭ، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، سىز ئەسلىسىڭىزلا ئۇ سىزنى ئەسلەيدۇ، تىرىشسىڭىز ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، كىشى ياخشى كۆرگىنى بىلەن بىللە بولىدۇ، بولۇپمۇ ئاخىرەتتە شۇنداق. ئىلىم ــ ئىبادەت، جىھاد بىلەن مەشغۇل بۇلۇڭ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى شەخسى مەنپەئەتىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇڭ، خەلققە ياخشىلىق قىلىڭ، مەخلۇققا ياخشىلىق قىلسىڭىز، خالىققا ئىبادەت قىلسىڭىز، جەننەتكە كىرىسىز، ئاللاھ بىزلەرنى دوستلىرىنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن!

2267 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لله ملائكة يطوفون في الطرق يلتمسون أهل الذكر فإذا وجدوا قوما يذكرون الله تنادوا : هلموا إلى حاجتكم " قال : " فيحفونهم بأجنحتهم إلى السماء الدنيا " قال : " فيسألهم ر م وهو أعلم م : ما يقول عبادي ؟ " قال : " يقولون : يسبحونك ويكبرونك ويحمدونك ويمجدونك " قال : " فيقول : هل رأوني ؟ " قال : " فيقولون : لا والله ما رأوك " قال فيقول : كيف لو رأوني ؟ قال : " فيقولون : لو رأوك كانوا أشد لك عبادة وأشد لك تمجيدا وأكثر لك تسبيحا " قال : " فيقول : فما يسألون ؟ قالوا : يسألونك الجنة " قال : " يقول : وهل رأوها ؟ " قال : " فيقولون : لا والله يا رب ما رأوها " قال : " فيقول : فكيف لو رأوها ؟ " قال : " يقولون : لو أنهم رأوها كانوا أشد حرصا وأشد لها طلبا وأعظم فيها رغبة قال : فمم يتعوذون ؟ " قال : " يقولون : من النار " قال : " يقول : فهل رأوها ؟ " قال : يقولون : " لا والله يا رب ما رأوها " قال : " يقول : فكيف لو رأوها ؟ " قال : " يقولون لو رأوها كانوا أشد منها فرارا وأشد لها مخافة " قال : " فيقول : فأشهدكم أني قد غفرت لهم " قال : " يقول ملك من الملائكة : فيهم فلان ليس منهم إنما جاء لحاجة قال : هم الجلساء لا يشقى جليسهم " . رواه البخاري وفي رواية مسلم قال : " إن لله ملائكة سيارة فضلا يبتغون مجالس الذكر فإذا

**وجدوا مجلسا فيه ذكر قعدوا معهم وحف بعضهم بعضا بأجنحتهم حتى يملأوا ما بينهم وبين السماء الدنيا فإذا تفرقوا عرجوا وصعدوا إلى السماء قال : فيسألهم الله وهو أعلم : من أين جئتم ؟ فيقولون : جئنا من عند عبادك في الأرض يسبحونك ويكبرونك ويهللونك ويمجدونك ويحمدونك ويسألونك قال : وماذا يسألوني ؟ قالوا : يسألونك جنتك قال : وهل رأوا جنتي ؟ قالوا : لا أي رب قال : وكيف لو رأوا جنتي ؟ قالوا : ويستجيرونك قال : ومم يستجيروني ؟ قالوا : من نارك قال : وهل رأوا ناري ؟ قالوا : لا . قال : فكيف لو رأوا ناري ؟ قالوا : يستغفرونك " قال : " فيقول : قد غفرت لهم فأعطيتهم ما سألوا وأجر م مما استجاروا " قال : " يقولون : رب فيهم فلان عبد خطاء وإنما مر فجلس معهم " قال : " فيقول وله غفرت هم القوم لا يشقى م جليسهم "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالانىڭ (كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يازىدىغان كاتىپ پەرىشتىلەردىن باشقا ) ساياھەتچى پەرىشتىلىرى بولۇپ، ئۇلار يوللارنى ئايلىنىپ زىكرى ئەھلىلىرىنى ئىزدەيدۇ، ئاللاھنى ئەسلەۋەتقان بىرەر جامائەت قەۋىمنى تاپسا، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى توۋلۇشۇپ، بۇياققا كېلىڭلار! ھاجىتىڭلارغا كېلىڭلار! دەپ نىدا قىلىشىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇ زىكرى ئەھلىنى قاناتلىرى بىلەن دۇنيا ئاسمىنىغىچە قورشىۋالىدۇ،(ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قاناتلىرى ئاسمان ـ زىمىن ئارىسىنى لىق قورشىۋالىدۇ، زىكرى ئەھلى تارقىغاندا، ئۇلار ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ) .

ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلاردىنمۇ ئالىمراق، بىلىپ تۇرۇپ، بەندىلىرىم نىمە دەۋاتىدۇ؟ دەپ سورايدۇ.

پەرىشتىلەر: ئۇلار سىلىگە تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدە ئېيتىپ، سىلىنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار مېنى كۆرگەنمۇ؟ دېسە،ئۇلار، ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،ئۇلار سىلىنى ھەرگىز كۆرمىگەن دەيدۇ.

ئاللاھ: ئەگە ئۇلار مېنى كۆرگەن بولسا، قانداق بولاتتى؟ دېسە، ئۇلار؛ ئەگەر ئۇلار سىلىنى كۆرگەن بولسا، سىلىگە تېخىمۇ قاتتىق ئىبادەت قىلاتتى، سىلىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلاپ كېتەتتى، تېخىمۇ كۆپ تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدە ئېيتىپ كېتەتتى دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار مەندىن نېمىنى سوراۋاتىدۇ؟ دەيدۇ: پەرىشتىلەر؛ ئۇلار سىلىدىن جەننەتنى سوراۋاتىدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟

پەرىشتىلەر؛ ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار جەننەتنى كۆرۈپ باقمىغان.

ئاللاھ: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، قانداق قىلاتتى؟ دېسە، پەرىشتىلەر؛ ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، جەننەتكە تېخىمۇ قاتتىق ھېرىسمەن بولاتتى، بەك قىزىققان بولاتتى، قاتتىق تەلەپ قىلاتتى دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار نېمىدىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ؟، پەرىشتىلەر؛ ئۇلار سىلىگە سېغىنىپ، دوۋزاخدىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار دوۋزاخنى كۆرگەنمۇ؟ پەرىشتىلەر؛ ياق ئى رەببىم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار دوۋزاخنى كۆرمىگەن دەيدۇ.ئاللاھ: ئەگەر ئۇلار دوۋزاخنى كۆرگەن بولسا، قانداق بولاتتى؟ دېسە، ئۇلار؛ ئەگەر دوۋزاخنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قاتتىق قاچاتتى، تېخىمۇ قورققان بولاتتى دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ، ئۇلارغا؛ مەن سىلەرنى گۇۋاھچى قىلىمەن، جەزمەن ئۇلار ئۇچۇن مەغپىرەت قىلدىم دەيدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەردىن بىرى؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا ھاجەت بىلەن كېلىپ، بىللە ئولتۇرۇپ قالغان، لېكىن ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس بىر كىشى بار(ئۇنىڭ گۇناھى بەك كۆپتۇر )دەيدۇ، ئاللاھ، ئۇلارغا؛ بۇ ئەھلى زىكرى شۇنداق ئالاھىدە بىر

كىشىلەركى، بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان كىشىمۇ شەقى ھېسابلانمايدۇ دەيدۇ.
ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. كىرامەن كاتىبىنلەردىن باشقا ساياھەتچى پەرىشتىلەر باردۇر.

2. ئۇلار زىكرى ئەھلىنى ئىلىم مەجلىسىنى ئىزدەيدۇ.

3. پەرىشتىلەر ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ، تونۇلىشىدۇ، بىز بىلمەيمىز.

4.پەرىشتىلەردىن،الله تەئالا بىلەن خىتاپ قىلىپ سۆزلىشىدىغانلىرى باردۇر.

5. ئاللاھ بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ، بۇنى ھەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بىلسۇن دەپ سۆزلەپ بەردى.

6. تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدۇ ـ سانانىڭ پەزىلىتى بار.

7. بەندىلەر بۇ دۇنيادا ئاللاھنى كۆرەلمەيدۇ.

8. كۆرگەن بولسا، ئىش باشقىچە بولاتتى.

9. جەننەت، دوۋزاخ مەۋجۇددۇر، ھازىرمۇ باردۇر.

10. بەندىلەر بۇ ئىككىسىنى كۆرەلمەيدۇ.

11. كۆرگەن بولسا، ئىشلار باشقىچە بولاتتى، بىز ھېلىھەممۇ كۆرگەندەك ئىبادەت قىلايلى.

12. ياخشىلارغا ھەمراھ بولغان ياخشى ھېسابلىنىدۇ. ئىككى ھەدىس بىراقلا تەرجىمە قىلىندى.

**2268 - [ 8 ] ( صحيح )وعن حنظلة بن الربيع الأسيدي قال : لقيني أبو بكر فقال : كيف أنت يا حنظلة ؟ قلت : نافق حنظلة قال : سبحان الله ما تقول ؟ قلت : نكون عند رسول الله صلى الله عليه وسلم يذكرنا بالنار والجنة كأنا رأي عين فإذا خرجنا من عند رسول الله صلى الله عليه وسلم عافسنا الأزواج والأولاد والضيعات نسينا كثيرا قال أبو بكر : فو الله إنا لنلقى مثل هذا فانطلقت أنا وأبو بكر حتى دخلنا على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت : نافق حنظلة يا رسول الله قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " وما ذاك ؟ " قلت : يا رسول الله نكون عندك تذكرنا بالنار والجنة كأنا رأي عين فإذا خرجنا من عندك عافسنا الأزواج والأولاد والضيعات نسينا كثيرا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده لو تدومون على ما تكونون عندي وفي الذكر لصافحتكم الملائكة على فرشكم وفي طرقكم ولكن يا حنظلة ساعة وساعة " ثلاث مرات.رواه مسلم**

ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچۇرشۇپ؛ ئى ھەنزەلەت! ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ دىدى، مەن: ھەنزەلەت مۇناپىق بولدى، (يەنى مەن مۇناپىق بولدۇم)دىدىم،ئۇ: سۇبھانەالله!! سەن نىمە دەۋاتىسەن؟دىدى، مەن؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا، بىزگە دەۋزەخ ـ جەننەتنى ئەسلىتىدۇ، گۇياكى بىز ئۇنى كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك بولۇپ كىتىمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدىن چىققاندا بولسا، ئاياللارغا،باللارغا، ماللارغا، باغۇ ـ بوستانلارغا ئارلىشىپ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى، ئامالىنى قىلىپ، بىزگە ئەسلىتىلگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپۈنچىسىنى ئۇنتۇپ كىتىمىز دىسەم، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:الله بىلەن قەسەمكى، بىزمۇ مۇشۇنداق ئىشقا يولۇقتۇق دىدى، ئاندىن مەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە مىڭىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىشىغا كىرىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ھەنزەلەت مۇناپىق بولدى، (يەنى مەن مۇناپىق بولدۇم)دىدىم، رەسۇلۇللاھ: نىمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟ دىدى،

مەن : ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ؛بىز سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا تۇرغاندا، بىزگە دوزەخ ـ جەننەتنى ئەسلىتىلا، گويا كى بىز ئۇنى كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك بولۇپ كېتىمىز،(شۇنداق تەقۋا بولۇپ كېتىمىز) ئالدىلىرىدىن چىققاندا بولسا، ئايالىلارغا،بالىلارغا، ماللارغا، باغۇ ـ بوستانلارغا ئارلىشىپ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى، ئامالىنى قىلىمىز دەپ، بىزگە ئەسلىتىلگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپۈنچىسىنى ئۇنتۇپ كېتىمىز دېسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغان ھالەتتىكىدەك، ئۆيۈڭلاردىمۇ شۇ ھالەتتە بىر خىل تۇرالىساڭلار،الله نى ئەسلەشتە بىر خىل ھالەتتە بولالىساڭلار، ئەلۋەتتە پەرىشتىلەر سىلەر بىلەن كۆرۈپەڭلار ئۇستىدىلا،يوللىرىڭلاردىلا قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى، سىلەرگە قاناتلىرى بىلەن سايا تاشلايتتى، لېكىن، ئى ھەنزەلەت! بىر سائەت ئۇنداق، بىر سائەت مۇنداق ھالەتتە بولۇپ قالىسىلەر دەپ، ئۈچ قېتىم دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2269 - [ 9 ] الفصل الثاني ( صحيح )وعن أبي الدرداء رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا أنبئكم بخير أعمالكم وأزكاها عند مليككم ؟ وأرفعها في درجاتكم ؟ وخير لكم من إنفاق الذهب والورق ؟ وخير لكم من أن تلقوا عدوكم فتضربوا أعناقهم ويضربوا أعناقكم ؟ " قالوا : بلى قال : " ذكر الله " . رواه مالك وأحمد والترمذي وابن ماجه إلا أن مالكا وقفه على أبي الدرداء**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، پادىشاھىڭلار ئاللاھنىڭ نەزلىدە ئەڭ پاك، ئېسىلى، دەرىجەڭلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى، سىلەر ئۈچۈن ئالتۇن ــ كۈمۈش نەپىقە، سەدىقە قىلىپ، خەۋلىگەندىنمۇ ياخشى، سىلەر ئۈچۈن دۈشمىنىڭلارغا ئۇچىقۇشۇپ ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا قىلىچ ئۇرۇشۇڭلاردىن، ئۇلار سىلەرنىڭ بوينۇڭلارغا قىلىچ ئۇرغاندىنمۇ ياخشى بولغان ئەمەل ـ ئىبادەتنى كۆرستىپ قويمايمۇ؟،ئۇلار ؛ بولىدۇ كۆرستىپ قويسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنى ئەسلەش، زىكرۇللاھدۇر، (مانا بۇ زىكرۇللاھ ،الله نى ئەسلەش ھەممىدىن ياخشىدۇر،دېدى) .مالىك،ئەھمەد، تىرمىز، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (زىكرى، ئاللاھنى ئەسلەش دېگەن؛ يەنىلا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسى، يولىيورۇقى بىلەن بولۇشى لازىم، مەسىلەن: قۇرئاندا ؛ قۇرئان تىلاۋىتى، زىكرى، ناماز زىكرى دېيىلگەن، قۇرئاننىڭ بىر ئىسمى زىكرىدۇر، ھەر قانداق ئىبادەت زىكرى بولىدۇ.ئاللاھ ئەسلەنمەي قىلىنغان ئىبادەت ئىبادەت ئەمەس، ئاللاھ ئەسلىنىپ قىلىنغان ئىبادەت زىكرىدۇر، زىكرى ئىبتىقۇچى، ۋەزىپە ئىشلىگۈچى چوقۇم قۇرئان، سەھىھ ھەدىسىنىڭ يولىيورۇقى بىلەن بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەلىلنى خاتا چۈشەنمەي، ساھابىلار، تابىئىنلاردەك چۈشۈنۈش لازىم، زاھىدلىقتا «ياخشىلارنىڭ باغچىسى» دېگەن كىتاب بولغىنىدەك، زىكرىگە «ئەزكارۇننەۋەۋىي» باردۇر، قۇرئان ئايىتى ۋە مۇشۇ كىتابتەك سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر.بىدئەتتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار،بىدئەت ئېغىر گۇناھتۇر)

**2270 - [ 10 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن بسر قال : جاء أعرابي إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : أي الناس خير ؟ فقال : " طوبى لمن طال عمره وحسن عمله " قال : يا رسول الله أي الأعمال أفضل ؟ قال : ( " أن تفارق الدنيا ولسانك رطب من ذكر الله " رواه أحمد والترمذي**

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەئرابىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: كىشىلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشىسى؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىگە خۇش مۇبارەك،(ئەنە شۇكىشى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى) دېدى. ئۇكىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەبزەل؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەبزەل ياخشىسى، تىلىڭ ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن، ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن ھۆل

ھالەتتە بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشىدۇر، (يەنى لا ئىلاھە ئىللەللاھ! دەپ جان ئۈزۈشتۇر)دىدى.ئەھمەد ،تىرمىزى، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

**2271 - [ 11 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا مررتم برياض الجنة فارتعوا " قالوا : وما رياض الجن ؟ قال : " حلق الذكر " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت باغلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈنىڭلاردا، دەرەخ تىكىۋېلىڭلار،يايراپ ئوتلىۋېلىڭلار،(يەنى كامىل نىسۋە ئېلىۋېلىڭلار)دىدى، ئۇلار: جەننەت باغلىرى دىگەن نىمە؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ ، الله نى ئەسلەپ ئولتۇر غانلارنىڭ زىكرى ھالقىسىدۇر دىدى. (يەنى ئىلىم ، زىكرى ھالقىسىدىن نىسۋە ئېلىڭلار)تىرمىزى توپلىغان.

**2272 - [ 12 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قعد مقعدا لم يذكر الله فيه كانت عليه من الله ترة ومن اضطجع مضجعا لا يذكر الله فيه كان عليه من الله ترة " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر ئورۇندا ئولتۇرۇپ، ئاللاھنى ئەسلىمىسە، ئۇ كىشىگە ئاللاھ تەرەپتىن ھەسرەت ــ نادامەت بولىدۇ. كىم بىرەر ئورۇندا يېتىپ، ئاللاھنى ئەسلىمىسە، ئۇ كىشىگىمۇ ئاللاھ تەرەپتىن ھەسرەت ــ نادامەتلەر كېلىپ قالىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2273 - [ 13 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من قوم يقومون من مجلس لا يذكرون الله فيه إلا قاموا عن مثل جيفة حمار وكان عليهم حسرة " . رواه أحمد وأبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر قەۋم، بىرەر مەجلىسدىن ئاللاھنى ئەسلىمەي، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ـ سالام يوللىماي) قوپۇپ كەتسە، ئۇلار ئېشەكنىڭ تاپىدىن قوپۇپ كەتكەندەك بولىدۇ، شۇ مەجلىس، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قاتتىق ھەسرەت ــ نادامەت بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2274 - [ 14 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما جلس قوم مجلسا لم يذكروا الله فيه ولم يصلوا على نبيهم إلا كان عليهم ترة فإن شاء عذ م وإن شاء غفر لهم " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەۋم، جامائەت بىرەر مەجلىسدە ئولتۇرۇپ، ئۇ مەجلىسدە ئاللاھنى ئەسلىمىسە، پەيغەمبىرىگە دۇرۇت ـ سالام يوللىمىسا، ئۇ مەجلىس ئۇلارغا ھەسرەت ـ نادامەت بولىدۇ، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئۇلارنى ئازابلايدۇ، ئەگەر خالىسا مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىدۇ. تىرمىزىي، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىسىغا ئۇ ئاللاھنى ئەسلىمىگەن ھالەتتە بىر سائەت ئۆتۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتمىغان ئاشۇ بىر سائەتكە قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ. ئەبۇ نۇئەيىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**2275 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن أم حبيبة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل كلام ابن آدم عليه لا له إلا أمر بمعروف أو نهي عن منكر أو ذكر الله " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

ئۇممەھەبىيبەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىسىنىڭ ھەرقانداق سۆزلىرى، ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ، لىكىن ئۇنىڭ ياخشىلىققا

بۇيرىشى ياكى يامانلىقتىن تۇسۇشى،ياكى الله نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىشى ئۇنىڭ زىيىنىغا بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بۇلىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان.

**2276 - [ 16 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تكثروا الكلام بغير ذكر الله فإن كثرة الكلام بغير ذكر الله قسوة للقلب وإن أبعد الناس من الله القلب القاسي " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: الله نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىشتىن باشقا، بەك كۆپ سۆز قىلماڭلار، چۈنكى، الله نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىشتىن باشقا، بەك كۆپ سۆز قىلىشىش، قەلبنى قاتۇرۋىتىدۇ، كىشىلەرنىڭ الله تائالادىن ئەڭ يىراقى، قەلبى قاتتىقراقىدۇر.تىرمىزى.تو

**2277 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن ثوبان قال : لما نزلت ( والذين يك ون الذهب والفضة ) كنا مع النبي صلى الله عليه وسلم في بعض أسفاره فقال بعض أصحابه : نزلت في الذهب والفضة لو علمنا أي المال خير فنتخذه ؟ فقال : " أفضله لسان ذاكر وقلب شاكر وزوجة مؤمنة تعينه على إيمانه " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ «ئالتۇن ـ كۈمۈش توپلىغانلار........»دىگەن ئايەت نازىل قىلىنغاندا، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەردە ئىدۇق، ساھابىلارنىڭ بەزىسى: بۇئايەت ئالتۇن ـ كۈمۈش توغرىسىدا نازىل بۇلۇپتۇ، ئەگەر بىز قايسى مالنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق ، شۇمالنى چىڭ تۇتقان بۇلاتتۇق، دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:بىرىڭلار ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتقۇچى تىلىنى، نىئمەتكە شۈكرى قىلغۇچى دىلىنى، تەقۋادار مۆئمىن ئايالنى چىڭ تۇتسۇن، بولۇپمۇ ئاخىرەت ئىشلىرىغا،ئىمانىغا ياردەم بېرىدىغان مۆئمىن ئايالنى ئېلىپ، ئۇنى چىڭ تۇتسۇن،دىدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، (بۇ ھەدىستىن قارىغاندا، توي قىلىشدىن مەخسەت، ئىمان، ئاخىرەتتۇر، توي قىلىپ، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىدىن، ئىمان ـ ئاخىرەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش بولسا، قەتئىي توي قىلما، ساڭا ئايال يا ئەر لازىممۇ، ياكى ئىمانمۇ؟ ئەلبەتتە الله ، ئاخىرەت، ئىمان لازىم دە!.)

**2278 - [ 18 ] الفصل الثالث ( صحيح )**

**عن أبي سعيد قال : خرج معاوية على حلقة في المسجد فقال : ما أجلسكم ؟ قالوا : جلسنا نذكر الله قال : آلله ما أجلسكم إلا ذلك ؟ قالوا : آلله ما أجلسنا غيره قال : أما إني لم أستحلفكم مة لكم وما كان أحد بم لتي من رسول الله صلى الله عليه وسلم أقل عنه حديثا مني وإن رسول الله صلى الله عليه وسلم خرج على حلقة من أصحابه فقال : " ما أجلسكم هاهنا " قالوا : جلسنا نذكر الله ونحمده على ما هدانا للإسلام ومن به علينا قال : " آلله ما أجلسكم إلا ذلك ؟ قالوا : آ الله ما أجلسنا إلا ذلك قال : " أما إني لم أستحلفكم مة لكم ولكنه أتاني جبريل فأخبرني أن الله عز وجل يباهي بكم الملائكة " . رواه مسلم**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتىكى بىر زىكرى ھالقىسىغا چىقىپ:سىلەرنى بۇجايدا نىمە ئولتۇرغۇزدى؟ دىدى، ئۇلار؛ بىز، الله نى ئەسلەپ ئولتۇردۇق دىدى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: الله بىلەن قەسەمكى ، سىلەرنى پەقەت الله نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىشلا ئولتۇرغۇزدىمۇ؟ دىدى، ئۇلار: الله بىلەن قەسەمكى، بىز پەقەت الله نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىش ئۈچۈنلا ئولتۇردۇق، باشقا ئىش ئۈچۈن ئولتۇرمىدۇق دىدى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:مەن سىلەرگەخاتا گۇمان قىلىپ، سىلەرگە تۆھمەت قىلىپ قەسەم قىلدۇرمىدۇم، ـ ھېچ قانداق بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەندەك يېقىن مەرتىبە، مەنزىلدە تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى مەندىنمۇ ئازراق سۆزلەپ باققىنى يوق، (يەنى مەن ئېھتىيات قىلىپ ناھايىتى ئاز ھەدىس سۆزلەيمەن) ـ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرىنىڭ زىكرى ھالقىسىغا چىقىپ: سىلەرنى بۇجايدا نىمە ئولتۇرغۇزدى؟ دىدى، ئۇلار؛ بىز،الله تائالانىڭ بىزنى ئىسلام دىنىغا ھىدايەت

قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىزگە ئىسلامنى(ۋە باشقا) نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىپ،الله قا ھەمدە ئەيتىپ ئولتۇردۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: الله بىلەن قەسەمكى ، سىلەرنى پەقەت الله نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىشلا ئولتۇرغۇزدىمۇ؟ دېدى، ئۇلار: الله بىلەن قەسەمكى، بىز پەقەت الله نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىش ئۈچۈنلا ئولتۇردۇق، باشقا ئىش ئۈچۈن ئولتۇرمىدۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن سىلەرگەخاتا گۇمان قىلىپ، سىلەرگە تۆھمەت قىلىپ قەسەم قىلدۇرمىدۇم، لېكىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: ھەقىقەتەن الله تائالانىڭ سىلەرنى پەرىشتىلەرگە باھالاپ، ماختاپ، ئالاھىدە زىكىر قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى، دېدى. مۇسلىم توپلىغان.سەھىھ.

**2279 - [ 19 ] وعن عبد الله بن يسر : أن رجلا قال : يا رسول الله إن شرائع الإسلام قد كثرت علي فأخبرني بشيء أتشبث به قال : " لا يزال لسانك رطبا بذكر الله )رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن ماڭا، ئىسلام شەرىئەت كۆرسەتمىسى، دىنى رەسمىيەتلىرى كۆپىيىپ كەتتى،(يەنى مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بەك كۆپ ئىكەن) ماڭا ئەڭ ئاسان بولغان،(ھەممىگە كۇپايە بۇلىدىغان)، مەن ئېسىلىپ دائىم قىلىدىغان، ساۋابى كۆپ بىر ئىشنى خەۋەر قىلسىلا دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلىڭ دائىم ئاللاھنى ئەسلەپ، ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن ھۆل تۇرسۇن. ئەھمەد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.( زىكرى ئەيتىش ئەلۋەتتە قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىنچە بولسۇن، ساھابە، تابىئىنلاردەك زاكىر بولۇڭلار، مۇھەممەد قۇتۇپ؛ ئۇلارنىڭ زىكرى غەلبە قىلىپ، بايراق قاداش ئىدى دېگەن.

**2280 - [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم سئل : أي العباد أفضل وأرفع درجة عند الله يوم القيامة ؟ قال : " الذاكرون الله كثيرا والذاكرات " قيل : يا رسول الله ومن الغازي في سبيل الله ؟ قال : " لو ضرب بسيفه في الكفار والمشركين حتى ينكسر ويختضب دما فإن الذاكر لله أفضل منه درجة " . رواه أحمد والترمذي وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىيامەت كۈنى الله نىڭ دەرگاھىدا، قايسى بەندىنىڭ دەرجىسى ئەڭ ئەبزەل ۋە ئۈستۈن بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: الله نى كۆپ ئەسلەپ زىكرى ئەيتقۇچى ئەرلەر ۋە شۇنداق زاكىر ئاياللارنىڭ دەرجىسى ئەڭ ئەبزەل ۋە ئۈستۈن بولىدۇ؟دېدى، ئۇلار:ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئۇلار الله يولىدا جەڭ قىلغان غازىيدىنمۇ ئەبزەل بولامدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر ئۇ غازىي قىلىچى سۇنۇپ كەتكەنگەقەدەر، قانغا مىلىنىپ، بۇيۇلۇپ كەتكەنگە قەدەر، كاپىر ـ مۇشرىكلەرگە قارشى قىلىچ ئۇرسىمۇ، الله نى ئەسلىگۈچى زاكىركىشى ئۇنىڭدىن بىردەرىجە ئەبزەل بولىدۇ دېدى. ئەھمەد ،تىرمىزى توپلىغان، تەكشۈرۈلمىگەن. بۇھەدىسنىڭ مەنىسى،«مىنەننەبىيىين ۋە سىددىقىين ۋە شۇھەدائى »دېگەن ئايەتنىكى ۋە سەھىھ ھەدىستىكى پەيغەمبەر بىلەن سىددىقتىن كېيىن قالسىلا، شېھىدلەرنىڭ ئەڭ ئەبزەل ئىكەنلىكىگە خىلاپ ئىكەن، بەلكىم بۇ تەرغىپ، قىززىقتۇرۇش ۋە باشقا ئالاھىدە سەۋەبلەردىندۇر، الله ئەئلەم)

**2281 - [ 21 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الشيطان جاثم على قلب ابن آدم فإذا ذكر الله خنس وإذا غفل وسوس " . رواه البخاري تعليقا**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ قەلبى ئۈستىدە تىزلىنىپ ، يۈكىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئەگەر ئادەم بالىسى الله نى ئەسلىسە، شەيتان چېكىنىپ قاچىدۇ، ئەگەر غەپلەتتە قالسا، يەنەكېلىپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ. بۇخارى ئىسنادىنى ئۈزۈپلا سۆزلىگەندۇر.

**2282 - [ 22 ] ( لم تتم دراسته )وعن مالك قال : بلغني أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول : " ذاكر الله في الغافلين كالمقاتل خلف الفارين وذاكر الله في الغافلين كغصن أخضر في شجر يابس "**

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ؛ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى يەتتى:غاپىل كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا، **الله** نى ئەسلىگۈچى زاكىر كىشى، خۇددى جەڭدىن قاچقانلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچى مۇجاھىدقا ئوخشايدۇ، غاپىل كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا، **الله** نى ئەسلىگۈچى زاكىر كىشى، خۇددى قۇرۇپ قالغان دەرەخلەر ئارىسىدىكى يېشىل شاختقا ئوخشايدۇ،

**2283 - [ 23 ] ( لم تتم دراسته )وفي رواية : " مثل الشجرة الخضراء في وسط الشجر وذاكر الله في الغافلين مثل مصباح في بيت مظلم وذاكر الله في الغافلين يريه الله مقعده من الجنة وهو حي وذاكر الله في الغافلين يغفر له بعدد كل فصيح وأعجم " . والفصيح : بنو آدم والأعجم : البهائم . رواه رزين**

يەنەبىرخاتىردە: غاپىل كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا، **الله** نى ئەسلىگۈچى زاكىر كىشى، خۇددى قۇرۇپ قالغان دەرەخلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېشىل دەرەخكە ئوخشايدۇ، غاپىل كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا، **الله** نى ئەسلىگۈچى زاكىر كىشى، خۇددى قاراڭغۇ ئۆيدىكى چىراققا ئوخشايدۇ، غاپىل كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا، **الله** نى ئەسلىگۈچى زاكىر كىشىگە، **الله** تائالا، ئۇھايات چاغدىلا، ئۇنىڭ جەننەتتىن بولغان ئورنىنى كۆرسىتىدۇ، غاپىل كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا، **الله** نى ئەسلىگۈچى زاكىر كىشىگە، ھەربىر پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان ئادەم بالىلىرى ۋە تىلسىز ھايۋانلارمۇ مەغپىرەت سورايدۇ. مالىك، رەزىين توپلىغان، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

**2284 - [ 24 ] وعن معاذ بن جبل قال : ما عمل العبد عملا أنجى له من عذاب الله من ذكر الله رواه مالك والترمذي وابن ماجه**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىلىرى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن نىجاد تاپقۇزۇپ، قۇتۇلدۇرۇشتا، زىكرىدىن يەنى ئاللاھنى ئەسلەشتىن نىجادلىقراق، بىرەر ئەمەلنى قىلالمايدۇ. زىكرى، يەنى ئاللاھنى ئەسلەش، ئازاپتىن قۇتۇلۇشتا ئەڭ نىجادلىق ئەمەلدۇر، (قۇرئان تىلاۋىتى، ناماز، جىھاد، سەدىقە، روزا، ئىلىم ئېلىش، ئىلىم بېرىش، ئەسەر يېزىشلار زىكرىدۇر، ئاللاھنى ئەسلەشتۇر). ئەھمەد ،مالىك،تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2285 - [ 25 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى يقول : أنا مع عبدي إذا ذكرني وتحركت بي شفتاه " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: بەندەم مېنى ئەسلىسىلا، مېنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتىپ، ماڭا ئىككى لىۋى ھەرىكەتلەنسىلا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن. ئەھمەد ،بۇخارى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا ئۇ ماڭا دۇئا قىلىپ تۇرسىلا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.) ئاللاھ ئەرشىدىن ئۈستۈن! تۇرۇپمۇ بىللە بولالايدۇ، ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە چۈشۈپ ــ چىقىپ، كېلىپ ــ كېتەلەيدۇ ،بۇ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بولىدۇ، ئوخشىشى يوقتۇر، ئۇ مەخلۇققا ئوخشىمىغاچقا، بىللە بولۇشى بىلەن ئەرشىدىن ئۈستۈن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاسماندا بولۇشى زىت خىلاپ ئەمەس، بۇ ئەھۋال مەخلۇقلاردا زىت بولۇپ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر.چوشىۋېتىپ ئەرشىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ،ھەم،ھەممە جايدابار‌دۇر.ئۇ،بىردۇر.مەنىسى مەلۇم،كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم،ئىمان ئىتقاد ۋاجىبتۇر، كەيپىياتىدىن سوئال سوراش بىدئەتتۇر،ئەڭ ياخشىسى ئەقىيدە تەھاۋىينى،سەلەپ ـ سالىھلارئەقىيدىسىنى ئۇقۇڭ.

2286 - [ 26 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه كان يقول : " لكل شيء صقالة وصقالة القلوب ذكر الله وما من شيء أنجى من عذاب الله من ذكر الله " قالوا : ولا الجهاد في سبيل الله ؟ قال : " ولا أن يضرب بسيفه حتى ينقطع " . رواه البيهقي في الدعوات الكبير

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى: ھەربىر نەرسىنىڭ ئاقرىپ، رۇشەن سۈزىلىدىغان تەجەللىسى بولىدۇ، قەلبىنىڭ رۇشەن سۈزىلىدىغان تەجەللىسى، الله نى ئەسلەشتۇر، الله نىڭ ئازابىدىن نىجات تېپىشتا، الله نى ئەسلەشتىنمۇ ،زىكرىدىنمۇ نىجاتلىقراق قۇتقۇزىدىغان بىرەر نەرسە يوقتۇر، ئۇلار: الله يولىدىكى جىھادمۇ ئۇنىڭدەك نىجاتلىق ئەمەسمۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قىلىچى سۇنۇپ كەتكەنگە قەدەر كاپىرلارغا قارشى قىلىچ ئۇرسىمۇ، يەنىلا زىكرىدىن نىجاتلىقراق ئەمەستۇر دىدى. بەيھەقى تويلىغان تەكشۇرۇلمىگەن. سەھھە ھەدىستە ؛«سۇ بۇيىدىكى غاردا ئولتۇرۇپ، الله نى ئەسلەپ ئىبادەت قىلاي دىسە ئۇنىمىغان»باردۇر، جىھادمۇ ئەڭ چوڭ زىكرىدۇر.

باب أسماء الله تعالى - الفصل الأول　　الله نىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

2287 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لله تعالى تسعة وتسعين اسما مائة إلا واحدا من أحصاها دخل الجنة " . وفي رواية : " وهو وتر يحب الوتر "

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا نىڭ 99 ئىسىم ــ سۈپىتى باردۇر، بىرسى كام 100 ئىسىم ــ سۈپەتتۇر، كىم بۇ ئىسىملارنى يادا ئېلىپ، مۇھاپىزەت قىلسا، (دائىم ئوقۇپ ئېتىقاد قىلسا)، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئاللاھ تاق، بىردۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم تويلىغان، سەھھە.( .ئەبۇ ھۈرەيرە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالانىڭ بىرسى كام 100 ، يەنى 99 ئىسىم ــ سۈپىتى باردۇر، كىم بۇ ئىسىم ــ سۈپەتلەرنى يادا ئېلىپ، (چۈشىنىپ ئەقىدە قىلسا،ئەمەل قىلسا) ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. بەيھەقى،تىرمىزى،ئىبنى ماجە،ئىبنى ئەساكىر تويلىغان،سەھھە.)

2288 - [ 2 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لله تعالى تسعة وتسعين اسما من أحصاها دخل الجنة هو الله الذي لا إله هو الرحمن الرحيم الملك القدوس السلام المؤمن المهيمن العزيز الجبار المتكبر الخالق البارئ المصور الغفار القهار الوهاب الرزاق الفتاح العليم القابض الباسط الخافض الرافع المعز المذل السميع البصير الحكم العدل اللطيف الخبير الحليم العظيم الغفور الشكور العلي الكبير الحفيظ المقيت الحسيب الجليل الكريم الرقيب ا يب الواسع الحكيم الودود ا يد الباعث الشهيد الحق الوكيل القوي المتين الولي الحميد المحصي المبدئ المعيد المحيي المميت الحي القيوم الواجد الماجد الواحد الأحد الصمد القادر المقتدر المقدم المؤخر الأول الآخر الظاهر الباطن الوالي المتعالي البر التواب المنتقم العفو الرؤوف مالك الملك ذو الجلال والإكرام المقسط الجامع الغني المغني المانع الضار النافع النور الهادي البديع الباقي الوارث الرشيد الصبور " . رواه الترمذي والبيهقي في الدعوات الكبير . وقال الترمذي : هذا حديث غريب

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھنىڭ 99 ئىسىم ــ سۈپىتى بار، كىم ئۇنى يادلىسا، جەننەتكە كىرىدۇ دەپ، ئۇ 99 ئىسىم ــ سۈپەتنى تىلغا ئالغان، رەھمان، رەھىمدىن باشلاپ... رەشىيد سەبۇرغىچە، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن، بەيھەقىمۇ تويلىغان، ئىمام ئەلبانى ۋە شەيخ ئۇسەيمىين رەھمەھۇللامۇ؛ زەئىپ دىگەن.بۇھەدىسنىڭ باشتىكى مەنىسىگەسەھھە ھەدىس بار. ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ؛ بۇ ھەدىسنى زەئىپ كۆرۈپ، ئۆزى قۇرئاندىنلا 99 ئىسىم ــ سۈپەتنى

يازغان بۇ 99 ئىسىم ــ سۈپەت، ئەقىدە كىتابىدا، بولۇپمۇ ئەقىدە قائىدىسى ناملىق كىتابىدا باردۇر، سىز بۇنداق ئەقىدە مەسىلىسىدە قۇرئان ئايىتىگە، سەھىھ ھەتتا مۇتىۋاتىر ھەدىسلەرگە تايىنىڭ، چۈنكى، بۇ ئەقىدە، ئەقىدە دېگەن ئىماندۇر.بۇ 99 ئىسىم ــ سۈپەتنىڭ مەنىسى تەرجىمە قىلىنغان كىتاپلاربار،كۆرۈۋېلىڭ.

2289 - [ 3 ] ( صحيح )وعن بريدة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم سمع رجلا يقول : اللهم إني أسألك بأنك أنت الله لا إله إلا أنت الأحد الصمد الذي لم يلد ولم يولد ولم يكن له كفوا أحد فقال : " دعا الله باسمه الأعظم الذي إذا سئل به أعطى وإذا دعي به أجاب " . رواه الترمذي وأبو داود

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ:«ئى الله! ھەقىقەتەن مەن پەقەت سىلىدىنلا سورايمەن، سىلى ھەقىقى مەئبۇد ، ھەق الله، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ، سىلى يەككە يېگانە بىراللە، ئوخشاشلىرى يوق، سىلى مۇھتاج ئەمەس، ھەممىسى سىلىگە مۇھتاج، سىلى تۇغقان ئەمەس، ھەم تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، سىلىگە ھېچقانداق بىر تەڭداش يوق.»دەپ، دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ؛ ئۇ كىشى الله نىڭ ئۇلۇغ ئىسمى،ئىسىم ئەئزەم بىلەن الله قا دۇئا قىلدى، بۇئىسىم ئەئزەم بىلەن سورالسا، الله سورىغىنىنى بېرىدۇ، دۇئا قىلىنسا، الله ئىجابەت قىلىدۇ، دېدى. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

2290 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كنت جالسا مع النبي صلى الله عليه وسلم في المسجد ورجل يصلي فقال : اللهم إني أسألك بأن لك الحمد لا إله إلا أنت الحنان المنان بديع السماوات والأرض يا ذا الجلال والإكرام يا حي يا قيوم أسألك فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " دعا الله باسمه الأعظم الذي إذا دعي به أجاب وإذا سئل به أعطى " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەسجىدتە ئولتۇرۇغلۇق ئىدىم، بىركىشى ناماز ئوقۇپ ، ئاندىن « ئى الله! ھەقىقەتەن مەن پەقەت سىلىدىنلا سورايمەن، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا سىلىگىلا خاستۇر، سىلى ھەقىقى مەئبۇد ، ھەق الله، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى بەكمۇ رەھىم قىلغۇچى، نېئمەت ئاتا قىلغۇچى، ئاسمان ـ زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، ئى بۈيۈك ئۇلۇغلۇقنىڭ، سېخىيلىقنىڭ ئىگىسى ، كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى الله! «يا ھەننان،يامەننان، يازەلجەلالى ۋە لئىكرام، يا ھەييۇن ، يا قەييۇم!»دەپ دۇئا قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ؛ ئۇ كىشى الله قا، الله نىڭ ئۇلۇغ ئىسمى،ئىسىم ئەئزەم بىلەن دۇئا قىلدى، بۇئىسىم ئەئزەم بىلەن سورالسا، الله سورىغىنىنى بېرىدۇ، دۇئا قىلىنسا، الله ئىجابەت قىلىدۇ، دېدى. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

2291 - [ 5 ] وعن أسماء بنت يزيد رضي الله عنها أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اسم الله الأعظم في هاتين الآيتين : ( وإلهكم إله واحد لا إله إلا هو الرحمن الرحيم )وفاتحة ( آل عمران ): ( الم الله لا إله إلا هو الحي القيوم )رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي

ئەسمائ بىنتى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى يەنى ئىسىم ــ ئەزەم مۇشۇ ئىككى ئايەتتە باردۇر، 1 ـ «ۋەئىلاھۇكۇم ئىلاھۇۋۋاھىد لائىلاھە ئىللا ھۇۋەررەھمانۇررەھىيم»، تەرجىمىسى؛ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئاللاھدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر، 2 ـ سۈرە ئال ئىمراننىڭ بېشىدىكى ئايەتتۇر، «ئەلىف لام مىيم، ئاللاھۇ لائىلاھە ئىللا ھۇۋەلھەييۇلقەييۇم»، تەرجىمىسى: ئەلىف، لام، مىيمنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئاللاھدىن باشقا ھەق

ئىلاھ يوق، ئۇ مەڭگۈ تىرىك، كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ ئۇسامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئا قىلىنسا، ئىجاۋەت بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى، يەنى ئىسم ـــ ئەزەم، قۇرئاننىڭ مۇنۇ ئۈچ سۈرىسىدە باردۇر، 1 ـ سۈرە بەقەر، 2 ـ سۈرە ئال ئىمران، 3 ـ سۈرە تاھا. ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2292 - [ 6 ] وعن سعد رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :دعوة ذي النون إذا دعا ربه وهو في بطن الحوت ( لا إله إلا أنت سبحانك إني كنت من الظالمين )لم يدع ا رجل مسلم في شيء إلا استجاب له " . رواه أحمد والترمذي**

سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بېلىق ئىگىسى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ، بېلىق قارنىدا تۇرۇپ رەببىگە قىلغان دۇئاسى «لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە سۇبھانەكە ئىننىي كۇنتۇ مىنەززالىمىين» ئىدى، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشى بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىپ، بىرەر نەرسە سورىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە چوقۇم دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ. تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى ھەممىدىن پاك، ھەقىقەتەن مەن ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلغۇچى بولدۇم، (بۇ دۇئادا ئاللاھنىڭ ئىسىم زاتى بار، شۇنداقلا گۇناھنى ئېتىراپ قىلىش باردۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ،

**2293 - [ 7 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )**

**عن بريدة رضي الله عنه قال : دخلت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم المسجد عشاء فإذا رجل يقرأ ويرفع صوته فقلت : يا رسول الله أتقول : هذا مراء ؟ قال : " بل مؤمن منيب " قال : وأبو موسى الأشعري يقرأ ويرفع صوته فجعل رسول الله صلى الله عليه وسلم يتسمع لقراءته ثم جلس أبو موسى يدعو فقال : اللهم إني أشهدك أنك أنت الله لا إله إلا أنت أحدا صمدا لم يلد ولم يولد ولم يكن له كفوا أحد فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لقد سأل الله باسمه الذي إذا سئل به أعطى وإذا دعي به أجاب " قلت : يا رسول الله أخبره بما سمعت منك ؟ قال : " نعم " فأخبرته بقول رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال لي : أنت اليوم لي أخ صديق حدثتني بحديث رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه رزين**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن كەچ تەرەپتىكى بىرنامازغا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەسجىدكە كىرسەم، بىر كىشى ئاۋازىنى يۇقىر كۆتۈرۈپ، قىرائەت قىلىۋېتىپتۇ، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇكىشىنى رىياخور دەپ قاراملا؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ: ياق، بەلكى ئۇ، الله قا تۆۋبە قىلىپ قايتقۇچى مۆئمىندۇر دىدى، ئەبۇمۇسەلئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ، شۇيەردە ئاۋازىنى يۇقىر كۆتۈرۈپ، قىرائەت قىلىۋاتقان ئىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قىرائىتىنى تىڭشاشاقا باشلىدى، ئاندىن ئەبۇمۇسە لئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئولتۇرۇپ مۇنداق دۇئا قىلدى؛ ئى الله ! ھەقىقەتەن مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى سىلى ھەققى مەئبۇد ھەق الله ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، سىلى ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ، سىلى يەككە يىگانە بىرالله، ئۇخشاشلىرى يوق، سىلى مۇھتاج ئەمەس، ھەممىسى سىلىگە مۇھتاج، سىلى بالاتاپقان ئەمەس، ھەم تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، سىلىگە ھېچقانداق بىر تەڭداش يوقتۇر،» رەسۇلۇللاھ،ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ؛ ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ ئۇلۇغ ئىسمى،ئىسم ئەئزەم بىلەن الله قا دۇئا قىلىپ سوردى، بۇئىسم ئەئزەم بىلەن سورالسا، الله سورغىننى بېرىدۇ، دۇئا قىلىنسا، الله ئىجابەت قىلىدۇ، دىدى.مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن سىلىدىن ئاڭلىغانلىرىمنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلايمۇ؟ دىسەم، بولىدۇ خەۋەر قىلغىن دىدى، مەن ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى خەۋەر قىلسام، ئۇماڭا: سەن بۈگۈن ماڭا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى سۆزلەپ بەرگەن ئەڭ يېقىن دوستۇم بولۇپ قالدىڭ دىدى.رەزىين توپلىغان .

## باب ثواب التسبيح والتحميد والتهليل والتكبير - الفصل الأول

## زىكرى ـ تەسبىھ، ھەمدە ـ ، تەھلىيل ، تەكبىرلەرنىڭ ساۋابى توغرىسىدا

**2294 - [ 1 ] ( صحيح )عن سمرة بن جندب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفضل الكلام أربع : سبحان الله والحمد لله ولا إله إلا الله والله أكبر "وفي رواية : " أحب الكلام إلى الله أربع : سبحان الله والحمد لله ولا إله إلا الله والله أكبر لا يضرك بأيهن بدأت " . رواه مسلم**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كالام سۆزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، «سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھ ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر»، يەنى، ئالالاھ پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئالالاھقا خاستۇر، ئالالاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئالالاھ بۈيۈكتۇردىيىشتۇر،يەنەبىردە: سۆزلەرنىڭ ئالالاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراقى، «سۇبھانەﷲ ۋەلھەمدۇلىللاھ ۋەلا ئىلاھە ئىللەاﷲ ۋەاﷲ ئەكبەر»دىگەن تۆت سۆزدۇر، قايسى بىلەن باشلىساڭ، ساڭاڭ زەرەر يوق. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.( شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ساڭا سەييىدۇلئىستىغفارنى مەغپىرەت سوراشنىڭ ئەڭ كاتتا خوجىسىنى كۆرسۈتۈپ قويمايمۇ؟ **«ئاللاھۇممە ئەنتە رەببى لائىلاھە ئىللا ئەنتە خەلەقتەنى ۋە ئەنە ئەبدۇكە ۋە ئەنە ئەلا ئەھدىكە، ۋۋەئدىكە مەستەتەئتۇ، ئەئۇزۇبىكە مىن شەررىما سەنەئتۇ ۋە ئەبۇئۇ لەكە بىنىئمەتىكە ئەلەييە ۋە ئەئتەرفۇ بىزەنبى، ۋەئەبۇئۇ لەكە بىزەمبى فەغفىرلى زۇنۇبى ئىننەھۇ لايەغفىرۇ ززۇنۇبە ئىللائەنتە»** تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، سىلى مىنىڭ رەببىم، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى مىنى ياراتقان، مەن سىلىنىڭ بەندىلىرى، مەن قادىر بولۇشۇمچە سىلىگە بەرگەن ئەھدە، كېلىشىم، توختام، ۋەدىنىڭ ئۈستىدەبولىمەن، سىلىگە سىغىنىپ مەن قىلغان ئىشلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، مەن سىلىگە سىلىنىڭ ماڭا قىلغان نىئمەتلىرى بىلەن قايتىمەن، بارلىق گۇناھلىرىمنى ئىېتراپ قىلىمەن، ئىقرارمەن، مىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرسىلە، گۇناھلارنى سىلىدىن باشقا ھىچكىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ، پەقەت سىلىلا مەغپىرەت قىلالايلا ئى رەببىم» بۇ ئىستىغفارنى بىر كىشى كەچ كىرگەندە دەپ شۇ كېچە ئۇنىڭغا ئۆلۈم تەقدىر قىلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، ئەتىگىنى دەپ كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشىگە ئۆلۈم تەقدىرى كېلىپ قالسا، بۇ كىشىگىمۇ جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، يەنى ئەتىگەن ــ ئاخشام بۇ ئىستىغفارنى ئېيتىپ تۇرغان كىشى جەننەتكە لايىق بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، بۇنىڭ مۇھىملىقىدىن تەرجىمىسىنى قوشۇپ قويدۇق،مەنىسىنى چۈشۈنۈپ بىلىپ ئوقۇڭ.«سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»2612 ـ 3674 ـ 6424 ـ ھەد )

**2295 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لأن أقول : سبحان الله والحمد لله ولا إله إلا الله والله أكبر أحب إلي مما طلعت عليه الشمس " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلۋەتتە مىنىڭ «سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھ ۋەلائىلاھە ئىللەاﷲ ۋەاﷲ ئەكبەر» دىيىشىم، ماڭا، ئۈستىگە كۈن چىققان بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكتۇر، يەنى پۈتۈن دۇنيادىن ياخشىدۇر. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2296 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال : سبحان الله وبحمده في يوم مائة مرة حطت خطاياه وإن كانت مثل زبد البحر "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھەر كۈنى

«سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى»نى 100 قېتىم دېسە، گەرچە ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2297 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال حين يصبح وحين يمسي : سبحان الله وبحمده مائة مرة لم يأت أحد يوم القيامة بأفضل مما جاء به إلا أحد قال مثل ما قال أو زاد عليه )**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەتىگەن ــ ئاخشاملىرى«سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى»نى يەنە بىر خاتىردە؛«سۇبھانەللاھىلئەزىيم ۋەبىھەمدىھى»نى 100 قېتىم دېسە، قىيامەت كۈنى ھېچ بىر كىشى ئۇ كىشىدىن، ئۇ كىشىنىڭ ئەمەللىرىدىن ئەۋزەل بىلەن كېلەلمەيدۇ، پەقەت شۇنىڭ ئوخشىشىدا ئەتىگەن ــ ئاخشام ئۇمۇ 100 قېتىم دېسە، ياكى زىيادە قىلسا، ئاندىن ئەۋزەل كېلەلەيدۇ، (چۈنكى، زىيادە دېدى ــ دە!). ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ، سەھىھ.

**2298 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كلمتان خفيفتان على اللسان ثقيلتان في الميزان حبيبتان إلى الرحمن : سبحانه الله وبحمده سبحانه الله العظيم "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلغا يەڭگىل، مىيزاندا ئېغىر، رەھمانتائالاغا دوستىراق، سۆيۈملۈك ئىككى كەلىمە بار، ئۇ بولسىمۇ، «**سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى، سۇبھانەالله** ھىلئەزىيم»، ئاللاھ پاكتۇر، ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمىز، بەكمۇ ئۇلۇغ، بۈيۈك ئاللاھ پاكتۇر. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2299 - [ 6 ] ( صحيح )وعن سعد بن أبي وقاص : قال : كنا عند رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " أيعجز أحدكم أن يكسب كل يوم ألف حسنة ؟ " فسأله سائل من جلسائه : كيف يكسب أحدنا ألف حسنة ؟ قال : " يسبح مائة تسبيحة فيكتب له ألف حسنة أو يحط عنه ألف خطيئة " . رواه مسلم**

**وفي كتابه : في جميع الروايات عن موسى الجهني : " أو يحط " قال أبو بكر البرقاني ورواه شعبة وأبو عوانة ويحيى بن سعيد القطان عن موسى فقالوا : " ويحط " بغير ألف هكذا في كتاب الحميدي**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇنداق دېدى: بىرىڭلار ھەر كۈنى 1000 ياخشىلىق قىلىشتىن ئاجىز كېلەرمۇ؟، ئولتۇرغانلاردىن بىرسى ؛ بىرىمىز قانداقمۇ ھەر كۈنى 1000 ياخشىلىق قىلالىسۇن؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ، ئاللاھقا 100 تەسبىھ ئېيتسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ 100نىڭ باراۋىرىگە 1000 ياخشىلىق يېزىپ، ئۇنىڭدىن 1000 خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ،دېدى. ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2300 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي ذر قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم أي الكلام أفضل ؟ قال : " ما اصطفى الله لملائكته : سبحان الله وبحمده " . رواه مسلم**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سۆزلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەبزەل؟ دەپ سورالغاندا مۇنداق دېگەن: سۆزلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنى، ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە تاللاپ بەرگەن مۇنۇ سۆزدۇر، «سۇبھانە**الله** ۋەبىھەمدىھى«سۇبھانە رەببىي ۋەبىھەمدىھى»نى ئۈچ قېتىم دېدى، ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇنى بارلىق ئەيىب ــ نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. مۇسلىم، ھاكىم، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2301 - [ 8 ] ( صحيح )وعن جويرية أن النبي صلى الله عليه وسلم خرج من عندها بكرة حين صلى الصبح وهي في مسجدها ثم رجع بعد أن أضحى وهي جالسة قال : " ما زلت على الحال التي فارقتك عليها ؟ " قالت : نعم قال النبي صلى الله عليه وسلم : " لقد قلت بعدك أربع كلمات ثلاث مرات لو وزنت بما قلت منذ اليوم لوزنتهن : سبحان الله وبحمده عدد خلقه ورضاء نفسه وزنة عرشه ومداد كلماته " . رواه مسلم**

جۇۋەيرىييەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،ئۇ ئەتىگەنلىك نامازدىن كېيىن نامازگاھىدا تاش ساناپ، تەسبىھ ئېيتىپ ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كېتىپ، ئاندىن چاشكا ۋاقتىدىن كېيىن قايتىپ كىرسە، ئۇ يەنە تەسبىھ ئېيتىپ شۇ پېتى ئولتۇرۇپتۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: سەن تېخىچە، مەن سەندىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن پىتى ئولتۇردۇڭمۇ؟، ھەقىقەتەن مەن سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۆت كەلىمە سۆزنى ئۈچ قېتىم دېدىم، ئەگەر مەن دېگەن سۆز بىلەن سەن ئېيتقان تەسبىھلەر ميزانغا سېلىنىپ تارتىلسا، ئەلۋەتتە مېنىڭ دېگەن سۆزلىرىم سېنىڭكىنى بېسىپ چۈشىدۇ، سېنىڭكىدىن چوقۇم ئېغىر كېلىدۇ، ئۇ سۆزلەر بولسا، «سۇبھانەالله ۋەبىھەمدىھى، ئەدەدە خەلقىھى، ۋەرىزا نەپسىھى، ۋەزىنەتە ئەرشىھى، ۋەمىدادى كەلىماتىھى». تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ سانىنىڭ بارابىرىدە، ئۆزىنىڭ رازىلىقىنىڭ بارابىرىدە، ئەرشىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ بارابىرىدە، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنىڭ، سىياسىنىڭ بارابىرىدە «سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى» دەيمەن، يەنى ئاللاھ پاكتۇر، مەن ئاللاھقا شۇنداق كۆپ ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمەن. مۇسلىم 4905 ــ ھەدىس، تىرمىزى 3478 ــ ھەدىس، نەسەئى 1335 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2302 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال : لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير في يوم مائة مرة كانت له عدل عشر رقاب وكتبت له مائة حسنة ومحيت عنه مائة سيئة وكانت له حرزا من الشيطان يومه ذلك حتى يمسي ولم يأت أحد بأفضل مما جاء به إلا رجل عمل أكثر منه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر كۈندە: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇ ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» دېگەننى 100 قېتىم دېسە، ئۇ كىشىگە ئون قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ، ئۇ كىشىگە 100 ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن 100 خاتالىق گۇناھى ئۆچۈرىلىدۇ، بۇ سۆزلەر ئۇ كىشىگە شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە شەيتاندىن ساقلايدىغان مۇھاپىزەتچى بولىدۇ، ھېچ كىشى ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئەمەللەردىن ئەۋزەل ئەمەل بىلەن كېلەلمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭدىن كۆپ ئەمەل قىلغان، بولۇپمۇ شۇ سۆزلەرنى كۆپ دېگەن كىشى ئەۋزەل كېلەلەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» دېگەننى ئون قېتىم دېسە، ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن بىر قۇل (يەنە بىر خاتىرىدە تۆت قۇل) ئازاد قىلغاندەك بولىدۇ. بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، سەھىھ.

**2303 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أبي موسى الأشعري قال : كنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في سفر فجعل الناس يجهرون بالتكبير فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا أيها الناس اربعوا على أنفسكم إنكم لا تدعون أصم ولا غائبا إنكم تدعون سميعا بصيرا وهو معكم والذي تدعونه أقرب إلى أحدكم من عنق راحلته " قال أبو موسى : وأنا خلفه أقول : لا حول ولا قوة إلا بالله في نفسي فقال : " يا عبد الله بن قيس ألا أدلك على ك من كنوز الجنة ؟ " فقلت : بلى يا رسول الله قال : " لا حول ولا قوة إلا بالله "**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەر قىلىپ كىتىۋاتاتتۇق، كىشىلەر ئاۋازلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەكبىر، تەسبىھ ئېيتىشقا باشلىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئىنسانلار! ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، ئاۋازىڭلارنى پەسرەك قىلىڭلار، چۈنكى، سىلەر بىرەر گاسنى ياكى بۇ جايدا يوق غائىبنى چاقىرمايسىلەر، بەلكى، سىلەر ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، جان تومۇرۇڭلاردىنمۇ يېقىن، سىلەر بىلەن بىللە بولغان زات ئاللاھنى چاقىرىسىلەر، شۇ ئاللاھقا دۇئا قىلىسىلەر، سىلەر دۇئا قىلىپ چاقىرىدىغا الله ، بىرىڭلارغا، ئۇنىڭ ئۇلىغىنىڭ بويىنىدىنمۇ يېقىندۇر، دىدى.مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ، ئىچىمدە مەخپى ھالدا« لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» دەپ ميىگىۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئابدۇالله! مەن ساڭا جەننەت كاڭلىرىدىن بىركاڭنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ دىدى، مەن: ئەلۋەتتە بولىدۇ، كۆرسىتىپ قويسىلا دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇ « لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى»دىيىشتۇر دىدى.يەنى الله نىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىر كۈچ ــقۇۋۋەت يوقتۇر. بەيھەقى، ،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

**2304 - [ 11 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال سبحان الله العظيم وبحمده غرست له نخلة في الجنة " . رواه الترمذي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم «سۇبھانەللاھىلئەزىيم ۋەبىھەمدىھى» دېسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە خورما تىكىلىدۇ. (كۆپ دېسە كۆپ تىكىلىدۇ). تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2305 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن الزبير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من صباح يصبح العباد فيه إلا مناد ينادي سبحوا الملك القدوس " . رواه الترمذي**

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بەندىلەر تاڭ ئاتقۇزىدىغان ھەر بىر سۇبھىدە، بىر جاكاچى :ھەرجەھەتتىن پاك بولغان پادىشاھ الله نى پاك دەپ ئىتقات قىلىڭلار، تەسبىھ ئەيتىڭلار دەپ، توۋلاپ تۇرىدۇ، دىدى. تىرمىزى توپلىغان.

**2306 - [ 13 ] ( حسن )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفضل الذكر : لا إله إلا الله وأفضل الدعاء : الحمد لله " . رواه الترمذي وابن ماجه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زىكرىنىڭ ئەۋزىلى، لا ئىلاھە ئىللەللاھ!!! يەنى ئاللاھدىن باشقاھەق ئىلاھ يوق دىگەن شۇئاردۇر، دۇئانىڭ ئەۋزىلى بولسا، ئەلھەمدۇلىللاھ، يەنى سۈرە فاتىھە بىلەن دۇئا قىلىشتۇر. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس ھەسەن دىگەن.

**2307 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الحمد رأس الشكر ما شكر الله عبد لا يحمده "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلھەمدۇ شۇكۇرنىڭ باش ئاساسى، الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتمايدىغان كىشى، الله قا كامىل شۇكۇر قىلمىغان بۇلىدۇ.بەيھەقى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا تەشەككۇرنى بىلدۈرمىگەن، شۈكرى قىلمىغان كىشى، ئاللاھقىمۇ شۈكرى قىلمايدۇ، ھەم شۈكرى قىلغان بولمايدۇ. (ياخشىلىق قىلغان كىشىگە جازاكەالله ھۇ خەيرا دەڭلار). ئەھمەد، تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى

توپلىغان، سەھىھ.

**2308 - [ 15 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أول من يدعى إلى الجنة يوم القيامة الذين يحمدون الله في السراء والضراء " . رواهما البيهقي في شعب الإيمان**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى جەننەتكە تۇنجى بولۇپ چاقىرىلىدىغانلار ئاسان كۈنلەردە ۋە قىيىن كۈنلەردىمۇ، ئاسانچىلىق ۋە قىيىنچىلىقتىمۇ ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىدىغانلاردۇر، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**2309 - [ 16 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قال موسى عليه السلام : يا رب علمني شيئا أذكرك به وأدعوك به فقال : يا موسى قل : لا إله إلا الله فقال : يا رب كل عبادك يقول هذا إنما أريد شيئا تخصني به قال : يا موسى لو أن السماوات السبع وعامرهن غيري والأرضين السبع وضعن في كفة ولا إله إلا الله في كفة لمالت ن لا إله إلا الله " . رواه في شرح السنة**

ئەبۇسەئىدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام ؛ ئى رەببىم! ماڭا مەن سىنى ئەسلەيدىغان، ساڭا دۇئا قىلىدىغان بىرەر نەرسە ئۆگۈتۈپ قويغىن دىسە، **الله** تائالا: ئى مۇسا! «لائىلاھەئىلللا**الله**»دىگىن دىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ؛ ئى رەببىم! بۇنى ھەممە بەندەڭ دەيدىكەن، مەن ماڭا خاس بىرەر نەرسىنى ئۆگۈتۈپ قويۇشۇڭنى مەقسەت قىلدىم دىدى، **الله** تائالا: ئى مۇسا! ئەگەر مەندىن باشقا ، بارلىق مەخلۇقلار؛ يەتتەئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى ئۇنى گۈللەندۇرگۈچى نەرسلەر ۋە يەتتەزىمىن مىزاننىڭ بىركەپپىسگە قويۇلسا، «لائىلاھەئىلللا**الله**»يەنەبىركەپپىسگە قويۇلسا، ئەلۋەتتە بارلىق مەخلۇقلارنى «لائىلاھەئىلللا**الله**»بېسىپ كىتىپ ، ھەممىدىن ئېغىر كىلىدۇ، دىدى. شەرھىسسۇننى.

**2310 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن أبي سعيد وأبي هريرة رضي الله عنهما قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال : لا إله إلا الله والله أكبر صدقه ربه قال : لا إله إلا أنا وأنا أكبر وإذا قال : لا إله إلا الله وحده لا شريك له يقول الله : لا إله إلا أنا وحدي لا شريك لي وإذا قال : لا إله إلا الله له الملك وله الحمد قال : لا إله إلا أنا لي الملك ولي الحمد وإذا قال : لا إله إلا الله ولا حول ولا قوة إلا بالله قال : لا إله إلا أنا لا حول ولا قوة إلا بي " وكان يقول : " من قالها في مرضه ثم مات لم تطعمه النار " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندە؛ ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ تەگبىر ئېيتسا، ئاللاھ ئۇنى تەستىقلاپ: بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مەن بۈيۈك دەيدۇ، بەندە؛يەككە يىگانى ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ يالغۇز بىردۇر، ئۇنىڭ شىرىكى يوقتۇر دېسە، ئاللاھ؛ بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مەن بىر،مىنىڭ شىرىكىم يوق مەن يالغۇز تەنھا دەيدۇ، بەندە: ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق دېسە، ئاللاھ بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مىنىڭ شېرىكىم يوق دەيدۇ. بەندە، ئاللاھ بىردۇر، پادىشاھلىق، بارلىق ھەمدۇ ــ سانالار ئاللاھقا خاستۇر دېسە، ئاللاھ: بەندەم راست دېدى، راست شۇنداق دەيدۇ، بەندە، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق،**الله** نىڭ ياردىمىسىز تائەت ــ ئىبادەتكە، گۇناھدىن يېنىشقا ھېچبىر كۈچ ــ قۇۋۋەت يوق، پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا بار دېسە، ئاللاھ: بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مىنىڭ ياردىمىمسىز، ھېچبىر كۈچ ــ قۇۋۋەت يوق دەيدۇ. كىمگە بۇ سۆز ئۆلۈش ئالدىدا، رىزىق قىلىپ بېرىلسە، ئۇ مۇشۇنداق دەپ ئۆلسە، ئۇنى دوۋزاخ تۇتمايدۇ، ئۇ دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

2311 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن سعد بن أبي وقاص أنه دخل مع النبي صلى الله عليه وسلم على امرأة وبين يديها نوى أو حصى تسبح به فقال : " ألا أخبرك بما هو أيسر عليك من هذا أو أفضل ؟ سبحان الله عدد ما خلق في السماء وسبحان الله عدد ما خلق في الأرض وسبحان الله عدد ما بين ذلك وسبحان الله عدد ما هو خالق والله أكبر مثل ذلك والحمد لله مثل ذلك ولا إله إلا الله مثل ذلك ولا حول ولا قوة إلا بالله مثل ذلك " . رواه الترمذي وأبو داود وقال الترمذي : هذا حديث غريب

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر ئايالنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ، قارىسا ئۇ ئايالنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن خورما ئۇرۇقى ياكى تاش تۇرۇپتۇ، ئۇ ئايال شۇ تاشلارنى، ئۇرۇقچىلارنى ساناپ، تەسبىھ ئېيتىدىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالغا: مەن ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل ۋە ئاسانراق ئىش بىلەن خەۋەر بېرەيمۇ؟، ئۇ بولسا، سەن (مۇنداق دەيسەن، ئاللاھ ئاسماندا ياراتقان نەرسىلەرنىڭ سانىنىڭ باراۋىرىدە سۇبھانەللا، ئاللاھ زىمىندا ياراتقان نەرسىلەرنىڭ سانىنىڭ باراۋىرىدە سۇبھانالل، ئاسمان ــ زىمىن ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ سانىنىڭ باراۋىرىدە سۇبھانالل، ئاللاھ ياراتماقچى بولغان، بۇندىن كېيىن يارىتىدىغان نەرسىلەرنىڭ باراۋىرىدە سۇبھانالل، ئاللاھ پاكتۇر، ئاللاھۇ ئەكبەر، شۇنىڭغا ئوخشاش ئەلھەمدۇلىللا، شۇنىڭغا ئوخشاش لائىلاھە ئىللەللا، شۇنىڭدەك لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ، شۇنىڭغا ئوخشاش دىسەڭ، مانا بۇ ئەۋزەل ۋە ئاسان، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيپ دىدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

2312 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سبح الله مائة بالغداة ومائة بالعشي كان كمن حج مائة حجة ومن حمد الله مائة بالغداة ومائة بالعشي كان كمن حمل على مائة فرس في سبيل الله ومن هلل الله مائة بالغداة ومائة بالعشي كان كمن أعتق مائة رقبة من ولد إسماعيل ومن كبر الله مائة بالغداة ومائة بالعشي لم يأت في ذلك اليوم أحد بأكثر مما أتى به إلا من قال مثل ذلك أو زاد على ما قال . رواه الترمذي . وقال : هذا حديث غريب

ئەمرۇئىبنى شۇئەيبىنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم الله تائالاغا ئەتىگەندە 100،كەچتە 100 تەسبىھ ئەيتسا، ئۇكىشى 100 قېتىم ھەج قىلغاندەك بۇلىدۇ، كىم الله تائالاغا ئەتىگەندە 100،كەچتە 100 ھەمدە ئەيتسا، ئۇكىشى الله يولىدا 100 ئاتنى جەڭگە سەدىقە،نەپىقە قىلغاندەك بۇلىدۇ، كىم الله تائالاغا ئەتىگەندە 100،كەچتە 100 تەھلىل ئەيتسا،(يەنى ئەتىگەن ـ ئاخشام 100قېتىمدىن «لائىلاھە ئىللەالله»دىسە)، ئۇكىشى ئىسمائىلنىڭ باللىدىرىن (يەنى ئەرەبلەردىن)100 قۇلنى ئازاد قىلغاندەك بۇلىدۇ، كىم الله تائالاغا ئەتىگەندە 100،كەچتە 100 تەكبىر ئەيتسا، ھېچ قانداق بىركىشى، شۇكۈنى ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئەمەللەردىن كۆپرەك ئەمەللەر بىلەن كىلەلمەيدۇ، لىكىن شۇنىڭ ئوخششىنى دىسە، ياكى ئۇنىڭ دىگەنلىرىدىن كۆپرەك دىسە، ئاندىن ئەبزەل ھەم كۆپ ئەمەل بىلەن كىلەلەيدۇ.تىرمىزى،توپلىغان.

2313 - [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " التسبيح نصف الميزان والحمد لله يملؤه ولا إله إلا الله ليس لها حجاب دون الله حتى تخلص إليه " . رواه الترمذي . وقال : هذا حديث غريب وليس إسناده بالقوي

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سۇبھانەالله دىگەن تەسبىھ مىزاننىڭ يېرىمىدۇر، ئەلھەمدۇلىللاھى مىزاننى تولۇلايدۇ، «لائىلاھە ئىللەالله»بولسا، الله نىڭ دەرگاھىغا يىتىپ بارغانغاقەدەر، الله بىلەن ئۇنىڭ ئارلىقىدا ھىجاپ پەردە يوقتۇر.تىرمىزى توپلىغان .

2314 - [ 21 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما قال عبد لا إله إلا الله مخلصا قط إلا فتحت له أبواب السماء حتى يفضي إلى العرش ما اجتنب الكبائر " . رواه الترمذي . وقال : هذا حديث غريب

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندە چىن قەلبىدىن

ئىخلاس قىلىپ «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېسە، گۇناھى كەبىرىلەرگە يېقىن كەلمەي، يىراق تۇرسىلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، بۇ سۆزى ئەرشكىچە يېتىپ بارىدۇ. (شەرتى گۇناھ قىلماسلىق). تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**2315 - [ 22 ] ( ضعيف )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لقيت إبراهيم ليلة أسري بي فقال : يا محمد أقرئ أمتك مني السلام وأخبرهم أن الجنة طيبة التربة عذبة الماء وأنها قيعان وأن غراسها سبحان الله والحمد لله ولا إله إلا الله والله أكبر " . رواه الترمذي . وقال : هذا حديث حسن غريب إسنادا**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنى سەيرە قىلدۇرۇلغان مىئراج كېچىسى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى؛ ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەندىن ئۈممىتىڭگە سالام يوللىغىن، ۋە ئۇلارغا خەۋەر قىلغىنكى، ھەققەتەن جەننەتنىڭ تۇپرىقى پاك، ياخشى، سۈيى تاتلىق، ھېچنەرسە يوق، تۈپتۈز زىمىندۇر، ئۇنىڭ دەرەخلىرى بولسا، سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، ۋەلائىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەردۇر، تىرمىزى خاتىرلەپ ئىسنادى غەرىيب دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.بۇنىڭ سەھىسمۇ بار.ئەلبانى «سەھىھ ھەدىسلەرتوپلىمى»نىڭ5152 ـ ھەدىسىدە بۇھەدىسنى ھەسەن دېگەن. (ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنى سەيرە قىلدۇرۇلغان كېچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراشتىم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەندىن ئۈممىتىڭگە سالام دېگىن، ۋە ئۇلارغا مۇنداق خەۋەر قىلغىن، ھەققەتەن جەننەت تۇپرىقى پاك، مۇنبەت، سۈيى تاتلىق جايدۇر، ئۇ دەرەخسىز، گىياھسىز تۈپتۈزدۇر، ھەققەتەن ئۇنىڭ دەرىخى، دەرەخ تىكىلىشى بولسا، سۇبھانەللاھى ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر دېيىشتۇر. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.)

**2316 - [ 23 ] ( حسن )وعن يسيرة رضي الله عنها وكانت من المهاجرات قالت : قال لنا رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عليكن بالتسبيح والتهليل والتقديس واعقدن بالأنامل فإنن مسؤولات مستنطقات ولا تغفلن فتنسين الرحمة " . رواه الترمذي وأبو داود**

يەسىيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگەمۇنداق دېگەن: تەسبىھ، تەھلىل، تەقدىس يەنى سۇبھانەللاھ، دەپ ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېيىشنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇنى بارماق بەمەللىرى بىلەن ھېسابلاپ ساناڭلار، چۈنكى، بارماقلارمۇ قىيامەت كۈنى سوراققا تارتىلىدۇ، سۆز قىلدۇرۇلىدۇ، ھەرگىز غەپلەتتە قالماڭلار، غاپىل بولساڭلار، رەھمەتتىن قۇرۇق، مەھرۇم قالىسىلەر. تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس بارماق ئىزنىغا، بارماقنىڭ سۆز قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىشىگە دەلىلدۇر.

**2317 - [ 24 ] الفصل الثالث ( صحيح )**

**عن سعد بن أبي وقاص قال : جاء أعرابي إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : علمني كلاما أقوله قال : " قل لا إله إلا الله وحده لا شريك له الله أكبر كبيرا والحمد لله كثيرا وسبحان الله رب العالمين لا حول ولا قوة إلى بالله العزيز الحكيم " . فقال فهؤلاء لربي فما لي ؟ فقال : " قل اللهم اغفر لي وارحمني واهدني وارزقني وعافني " . شك الراوي في " عافني " . رواه مسلم**

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر ئەئرابى كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ماڭا مەن دەيدىغان بىرەر نەرسە ئۆگىتىپ قويسىلا دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ، الله ئەكبەر كەبىيرا، ۋە لھەمدۇلىللاھى كەسىيرا،ۋە سۇبھانەللاھى رەببىلئالەمىين، لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللاھ بىللاھىلئەزىيزىلھەكىيم»دېگىن دېدى.ئۇكىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇلار رەببىم الله قا خاستۇر، مەن ئۈچۈن قانداق دۇئا قىلىمەن؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم: «ئى ئاللاھ!، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىيم قىلسىلا، مىنى ھىدايەت قىلسىلا، ماڭا ھالالدىن ياخشى رىزىق بەرسىلە، مىنى ساق ــ سالامەت ساقلىسىلا.» دىگىن، (ھەققەتەن دۇئا قىلىشتا، ئاشۇ سۆزلەر ساڭا دۇنيا ــ ئاخىرىتىڭنى بىرلەشتۈرۈپ، جۇغلاپ كۇپايە بولىدۇ)دىدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

2318 - [ 25 ] وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم مر على شجرة يابسة الورق فضر ا بعصاه فتناثر الورق فقال : " إن الحمد لله وسبحان الله ولا إله إلا الله والله أكبر تساقط ذنوب العبد كما يتساقط ورق هذه الشجرة " . رواه الترمذي . وقال : هذا حديث غريب

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ قالغان بىرتۈپ: ھەققەتەن «ئەلھەمدۇلىللاھ، سۇبھانەللاھ، ۋە لائىلاھە ئىللەللاھ، ۋەللاھۇ ئەكبەر» دىيىش، بەندىنىڭ گۇناھلىرىنى خۇددى مۇشۇ دەرەخنىڭ قۇلاقلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈۋېتىدۇ،دىدى. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

2319 - [ 26 ] وعن مكحول عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أكثر من قول : لا حول ولا قوة إلا بالله فإنا من ك الجنة " . قال مكحول : فمن قال : لا حول ولا قوة إلا بالله ولا منجى من الله إلا إليه كشف الله عنه سبعين بابا من الضر أدناها الفقر . رواه الترمذي . وقال : هذا حديث ليس إسناده بمتصل ومكحول لم يسمع عن أبي هريرة

ئەبۇ ئەييۇپ،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» (يەنى تائەت ــ ئىبادەتلەرگە، مەئسىيەتتىن يىنىشقا پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا كۈچ ــ قۇۋۋەت بار، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىركۈچ ــ قۇۋۋەت يوقتۇر» دىگەن، بۇ كەلىمىنى كۆپ دىگىن، چۈنكى، بۇ كەلىمە، جەننەتنىڭ كاڭلىرىدىن.مەكھۇل رەھ مۇنداق دەيتتى: كىم«لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى، ۋەلامەنجەئە مىنەالله ئىللا ئىلەيھى» دىسە، الله تائالا ئۇنىڭدىن 70زەرەرنىڭ ئىشكىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئەڭ تۆۋىنى پەقىرلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.تىرمىزى توپلاپ:بۇھەدىسنىڭ ئىسنادى تۇتاش ئەمەس، چۈنكى مەكھۇل رەھ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس ئاڭلىمىغان دىدى.ئەلبانى بۇھەدىسنى ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ دىدى.

2320 - [ 27 ] ( لم تتم دراسته )

وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا حول ولا قوة إلا بالله دواء من تسعة وتسعين داء أيسرها الهم

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: «لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» 99 دەرت ـ ئەلەم كېسەلگە داۋادۇر، ئۇنىڭ ئەڭ يەڭگىل، ئاسانراقى غەم ـ قايغۇغا داۋادۇر. بەيھەقى توپلىغان ، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

2321 - [ 28 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا أدلك على كلمة من تحت العرش من ك الجنة لا حول ولا قوة إلا بالله يقول الله تعالى : أسلم عبدي واستسلم " . رواهما البيهقي في الدعوات الكبير

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىنى ئەرشنىڭ تەھتىدىكى جەننەت كاڭلىرىدىن بولغان بىر كەلىمىگە كۆرسۈتۈپ قويمايمۇ؟ «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللاھ بىللاھى» دىگىن، سەن شۇنداق دېسەڭ، ئاللاھتائالا بەندەم مۇسۇلمان بولدى، تەسلىم بولدى، ماڭا شەرتسىز بويسۇندى دەيدۇ.بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

2322 - [ 29 ] ( لم تتم دراسته )

وعن ابن عمر أنه قال : سبحان الله هي صلاة الخلائق والحمد لله كلمة الشكر ولا إله إلا الله كلمة الإخلاص والله أكبر تملأ ما بين

السماء والأرض وإذا قال العبد : لا حول ولا قوة إلا بالله قال الله تعالى : أسلم عبدي واستسلم . رواه رزين

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سۇبھانەللاھى»،خالايىقنىڭ نامىزىدۇر، «ئەلھەمدۇلىللاھى»،شۇكۇر كەلىمىسىدۇر، «لائىلاھە ئىللەاللە»،ئىخلاس كەلىمىسىدۇر، «اللە ھۇ ئەكبەر»(قوشۇلۇپ) ئاسمان ـ زېمىن ئارلىقىدىكى نەرسىنى لىق توللايدۇ، بەندە؛« لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» دېسە، اللە تائالا: بەندەم ماڭا مۇسۇلمان بولۇپ، شەرتسىز بويسۇندى دەيدۇ. رەزىن توپلىغان.

## باب الاستغفار والتوبة - الفصل الأول ئىستىغفار ۋە تۆۋبە قىلىش توغرىسىدا

2323 - [ 1 ] ( صحيح )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والله إني لأستغفر الله وأتوب إليه في اليوم أكثر من سبعين مرة " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن بىر كۈندە، 70 قېتىمدىن كۆپرەك گۇناھىمغا اللە تىن مەغپىرەت سوراپ، ئىستىغفار ئوقۇپ، ئاللاھقا تۆۋبە قىلىمەن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بىرلا مەجلىسدە، بىرلا قېتىمدا 70دىن 100گىچە ئىستىغفار ئوقۇسا بولىدۇ. دەلىل باردۇر.

2324 - [ 2 ] ( صحيح )وعن الأغر المزني رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنه ليغان على قلبي وإني لأستغفر الله في اليوم مائة مرة " . رواه مسلم

ئەغەررەلمۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مېنىڭ قەلبىممۇ بەزىدە ئاللاھنى ئەسلەشدىن، زىكرىدىن پەردىلىنىپ غەپلەتتە قالىدۇ، ھەققەتەن مەن ھەربىر كۈندە 100 قېتىم ئىستىغفار ئېيتىپ، ئاللاھدىن مەغپىرەت سورايمەن.مۇسلىم، ئەھمەد 17173 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1294 _ ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پەيغەمبەر تۇرۇپ شۇنداق دېسە، 100 قېتىم ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرسا، بىزلەر 1000 قېتىم دېيىشكە لايىقمىز. ئەلۋەتتە ھەدىسنىڭ مەخسىدى، بۇ خەۋەرنى سۆزلەپ قويۇش، بىزگە يەتكۈزۈشلا ئەمەس، بىزنى زىكرى ئېيتىڭلار، ئاللاھنى كۆپ ئەسلەپ، مەغپىرەت سوراڭلار دېمەكچى.

2325 - [ 3 ] ( صحيح )

وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا أيها الناس توبوا إلى الله فإني أتوب إليه في اليوم مائة مرة " . رواه مسلم

ئەغەرر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! رەببىڭلارغا تۆۋبە قىلىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 100 قېتىم تۆۋبە قىلىپ، مەغپىرەت سورايمەن. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

2326 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي ذر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم فيما يروي عن الله تبارك وتعالى أنه قال : " يا عبادي إني حرمت الظلم على نفسي وجعلته بينكم محرما فلا تظالموا يا عبادي كلكم ضال إلا من هديته فاستهدوني أهدكم يا عبادي كلكم جائع إلا من أطعمته فاستطعموني أطعمكم يا عبادي كلكم عار إلا من كسوته فاستكسوني أكسكم يا عبادي إنكم تخطئون بالليل والنهار وأنا أغفر الذنوب جميعا فاستغفروني أغفر لكم يا عبادي إنكم لن تبلغوا ضري فتضروني ولن تبلغوا نفعي فتنفعوني يا عبادي لو أن أولكم وآخركم وإنسكم وجنكم كانوا أتقى قلب رجل واحد منكم ما زاد ذلك في ملكي شيئا يا عبادي لو أن أولكم وآخركم وإنسكم وجنكم كانوا على أفجر قلب واحد منكم ما نقص من ملكي شيئا يا عبادي لو أن أولكم وآخركم وإنسكم وجنكم قاموا في صعيد واحد فسألوني فأعطيت كل إنسان مسألته ما نقص ذلك مما عندي إلا كما ينقص

**المخيط إذا أدخل البحر يا عبادي إنما هي أعمالكم أحصيها عليكم ثم أوفيكم إياها فمن وجد خيرا فليحمد الله ومن وجد غير ذلك فلا يلومن إلا نفسه " . رواه مسلم**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندىلىرىم! (ھەممىڭلار لەببەي، بىز تەييار دەڭلار) ھەقىقەتەن مەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم، زۇلۇم قىلىشنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم، ھەرگىز زۇلۇم قىلىشماڭلار!، ئى بەندىلىرىم! مەن ھىدايەت قىلغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئازغۇن، زالالەتچى. مەندىنلا ھىدايەت، توغرا يول تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرنى ھىدايەت قىلىمەن، ئى بەندىلىرىم! مەن تائام بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئاچ، پەقەت مەندىنلا تائام سوراڭلار، مەن سىلەرگە تائام بىرىمەن، ئى بەندىلىرىم! مەن كىيىم ــ كېچەك بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچ، مەندىن كىيىم سوراڭلار، مەن سىلەرگە كىيىم ــ كېچەك بىرىمەن، ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن سىلەر كېچە ــ كۈندۈز خاتالىشىپ تۇرىسىلەر، مەن بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىمەن، مەندىن مەغپىرەت سوراپ، ئىستىغفار ئوقۇڭلار، مەن سىلەرنى كەچۈرىمەن، سىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىمەن، ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن سىلەر ماڭا ھەرگىز زەرەر يەتكۈزەلمەيسىلەر، ماڭا پايدا ــ مەنپەئەتمۇ يەتكۈزەلمەيسىلەر، (پەقەت قىلساڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قىلىسىلەر) ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋىلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار، ھەممىسى سىلەردىن بىرلا كىشىنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ تەقۋالىقى ئۈستىدە بولسا، يەنى ھەممىڭلار ئەڭ تەقۋا، ھەممىڭلار باراۋەر، ئوخشاش، تەقۋا، مۇتتەقى بولساڭلار، ئۇ مېنىڭ مۈلۈكۈمدە يەنى ئىلىكىمدىكى، قولۇمدىكى نەرسىگە قىلچىلىك نەرسىنى زىيادە قىلىۋېتەلمەيدۇ، مېنىڭ كاتتىلىقىمنى، ئۇلۇغلۇقۇمنى زىيادە قىلالمايدۇ، ئى بەندىلىرىم! ئەگەر شەك ــ شۈبھىسىز سىلەرنىڭ ئەۋۋەل ــ ئاخىرىڭلار، ئىنسان، جىنلىرىڭلار سىلەردىن ئەڭ پاجىر، پاسىق، يامان كىشىنىڭ پاسىق قەلبى ئۈستىدە بولساڭلار، يەنى ھەممىڭلار گۇناھ، مەئسىيەتتە پاسىقلاشساڭلار، بۇ ئىشمۇ مېنىڭ مۈلكۈمدىن قىلچىلىك نەرسىنى كاملىتالمايدۇ، ئۇلۇغلۇقۇم كاملاپ، تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ، (قىلساڭلار ئۆزۈڭلارغا قىلىسىلەر)، ئى بەندىلىرىم! ئەگەر ئەۋۋىلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار، ھەممىسى تۈپتۈز بىر مەيدانغا يىغىلىپ، مەندىن سورىساڭلار، مەن ھەربىر ئىنسان، جىنلارغا سورىغىنىنى بەرسەم، ئۇ بېرىۋېرىشىم، مېنىڭ دەرگاھىمدىكى خەزىنىلەرنى قىلچىلىك كاملىتالمايدۇ، پەقەت بىر تال يىڭنىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر دېڭىزغا سېلىپ، ئالغانچىلىك ئىشتۇر، ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار، مەن ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ھېسابلايمەن، ئاندىن ئۇ ئەمەللەرنىڭ جازا، مۇكاپاتلىرىنى مەن سىلەرگە تولۇق بىرىمەن، كىم ياخشىلىقنى تاپسا، ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىپ، شۈكۈر قىلسۇن، كىم ئۇنىڭدىن باشقىچىرەك تاپسا، ئۇ پەقەت ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن، ئۆزىگە مالامەت، تاپا ــ تەنە قىلسۇن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. بۇ ھەدىس قۇددۇستۇر، يەنى ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.
2. ئاللاھتائالا بارلىق مەخلۇقلار ئارىسىدىن مۇشۇ ئىنساننى چاقىرىپ، يوليورۇق بېرىۋاتىدۇ.

3 . ئى بەندىلىرىم دەپ رەھمەت، ئىلتىپات قىلدى.

4 . بىز دەرھال لەببەي دەپ مەن تەييار دەپ قۇلاق سېلىشىمىز لازىم، ياخشى بولسا بۇيرىيدۇ، يامان بولسا توسىدۇ، بۇ مۆئمىنىنىڭ بەلگىسى.

5 . زۇلۇم قىلىش هارام، قىيامەتتىمۇ زۇلمەتتۇر.

6 . ئاللاھ ھىدايەت قىلمىسا، ھەممىسى ئازغۇن، ھىدايەتنى پەقەت ئاللاھدىن، قۇرئاندىن، سەھىھ ھەدىسدىن، سۈننەتتىن سوراش لازىم.

7 . يېمەك ــ ئىچمەك، كىيىم ــ كېچەك، زاماندىن، تەبىئەتتىن ئەمەس، ئاللاھ تەرەپتىن كەلدى، بىز رىزىقنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايلى.

8 . ئىنسان دائىم خاتالىشىپ تۇرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى ئېتراپ قىلىپ، تۆۋبە قىلغىنى.

9 . گۇناھلارنى پەقەت ئاللاھلا كەچۈرىدۇ، بىز پەقەت ئاللاھقىلا تۆۋبە قىلىشىمىز لازىم.

10 . بارلىق بەندىلەرنىڭ تەقۋالىقى ياخشى بولۇپ كېتىشى، ئاللاھنىڭ مۈلكىنى زىيادە قىلالمايدۇ، پاسىق، پاجىر بولۇپ كېتىشى، مۈلكىنى، ئۇلۇغلىقىنى كام قىلالمايدۇ، تۆۋەن قىلالمايدۇ، كىشىلەر قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

11 . ئاللاھ ھەممە كىشىگە سورىغىنىنى دائىم بېرىپ تۇرسىمۇ خەزىنىسىدىن قىلچىلىك كاملىمايدۇ، چۈنكى، ئۇ دېگەن ئاللاھ، خالىق، ياراتقۇچى.

12 . ئەمەللەرنىڭ جازا ــ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

13 . ياخشىلىق ئاللاھ تەرەپتىن بولغاچقا، ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىپ، شۈكرى قىلىمىز.

14 . يامانلىق بىزگە نىسبەتەن بېرىلگەچكە، ئۆزىمىزنى ئەيىبلەپ، ئۆزىمىزگە مالامەت قىلىمىز، چۈنكى، ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

15 . مۇكاپات، جەننەت، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، پەزلىدۇر، جازا، دوۋزاخ بولسا، ئاللاھنىڭ ئادىللىقىدۇر، بىر پىرقىسى جەننەتتە، بىر پىرقىسى دوۋزاختىدۇر، ئاللاھ بىزلەرنى جەننەت ئەھلى قىلسۇن، ئامىن!.

**2327 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كان في بني إسرائيل رجل قتل تسعة وتسعين إنسانا ثم خرج يسأل فأتى راهبا فسأله فقال : أله توبة قال : لا فقتله وجعل يسأل فقال له رجل ائت قرية كذا وكذا فأدركه الموت فناء بصدره نحوها فاختصمت فيه ملائكة الرحمة وملائكة العذاب فأوحى الله إلى هذه أن تقربي وإلى هذه أن تباعدي فقال قيسوا ما بينهما فوجد إلى هذه أقرب بشبر فغفر له "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىل ئىچىدە بىر كىشى 99 كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇ چىقىپ تۆۋبە توغرىسىدا سوراپ، بىر راھىبنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ماڭا تۆۋبە بارمۇ؟ دېدى، ئۇ راھىب؛ ياق دەپ جاۋاب بەردى، ئاندىن ئۇ راھىبنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، 100 قىلىۋېتىپ، يەنە تۆۋبە بارمۇ؟ دەپ سوراشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا بىر كىشى يەنى ھەققى دانا ئالىم؛ سەن پالانى شەھەرگە بارغىن، ساڭا شۇ يۇرتتا تۆۋبە بار دېدى، ئۇ شۇ شەھەرگە كېتىۋاتقاندا ئۇنى ئۆلۈم تاپتى، ئۇ كۆكسى بىلەن شۇ تەرەپكە ئۆمىلەپ كىتىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتتى، ئاندىن بۇ كىشى توغرىسىدا رەھمەت پەرىشتىلىرى

بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى داۋالىشىپ قالدى، ئاللاھتائالا تۆۋبە بار زېمىنغان يېقىن كەل! دەپ ۋەھى قىلدى، يەنە بىر زېمىنغا بولسا، يىراقلاشقىن دەپ ۋەھى قىلدى، ئاندىن بىر ھاكىم پەرىشتىنى ئەۋەتىش بىلەن ئىككى شەھەر ئارىسىنى ئۆلچەپ كۆرۈڭلار دېدى، ئاندىن ئۇلار ئۆلچەپ، بۇ بەندىنى تۆۋبە قوبۇل بولىدىغان زېمىنغا بىر غېرىچ يېقىن تاپتى، ئاندىن بۇ تۆۋبىگە ئىنتىلگۈچى قاتىلغا مەغپىرەت قىلىندى.بۇخارى، مۇسلىم ،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، (ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بىر كىشى 99 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا تۆۋبە قىلىش، قەلبىگە چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇ زېمىن ئەھلىنىڭ ئەڭ دانا، ئالىم كىشىسىدىن سوراپتۇ، بۇ ئالىم، ئۇنى بىر راھىپنىڭ قېشىغا بېرىشقا بۇيرۇپتۇ، ئۇ راھىبنىڭ قېشىغا كېلىپ، 99 كىشىنى ئۆلتۈرگىنىنى ئېيتىپ، ماڭا تۆۋبە قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ راھىپ، ياق، ساڭا تۆۋبە قوبۇل بولمايدۇ دەپتۇ، ئۇ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، بۇنىڭ بىلەن 100نى كامىل توشتۇرۇپتۇ، ئاندىن يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئالىم كىشىدىن سورىسا، بۇ ئالىم، ئۇنى يەنە بىر دانا ئالىمغا كۆرسىتىپتۇ، ئۇ بۇ دانا كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ، 100 كىشىنى ئۆلتۈرگىنىنى سۆزلەپ، مەن ئۈچۈن تۆۋبە قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ ئالىم، ھەئە، سەن تۆۋبە قىلساڭ، تۆۋبەڭ قوبۇل بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن تۆۋبىنىڭ ئارىسىنى كىممۇ توسۇپ قويالىسۇن؟ يەنى، ئاللاھ چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ، سەن پالانى جايغا بېرىپ، پالانى جايدا تۇرغىن، ھەقىقەتەن ئۇ جايدا سالىھ كىشلەر بار بولۇپ،ئۇلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۆز ۋەتىنىڭگە قايتىپ بارما، چۈنكى، ئۇ يامان جايدۇر، ئەھلى ياماندۇر دەپتۇ، ئاندىن ئۇ، شۇ جايغا قاراپ راۋان بوپتۇ، يول تەڭ بولغاندا، ئۇ ئۆلۈپتۇ، ئاندىن بۇ كىشى توغرىسىدا رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى داۋالىشىپ قاپتۇ، رەھمەت پەرىشتىلىرى بۇ دىگەن چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ، ئاللاھقا ئالدىنى قىلىپ، تۆۋبە قىلىپ كەلدى دېسە، ئازاپ پەرىشتىلىرى ئۇ ھەرگىز ياخشى ئەمەل قىلىپ باقمىغان تۇرسا دەپتۇ، ئاندىن ئۇلارغا ئادەم يەنى ئىنسان سۈرىتىدە بىر پەرىشتە كەپتۇ، ئۇلار بۇ كىشىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغان ھاكىم قىلىپتۇ، بۇ كىشى ئىككى زېمىن ئوتتۇرىنى ئۆلچەپ كۆرۈڭلار، ئۇ قايسى زېمىنغا يېقىن بولسا، شۇنىڭغا تەۋە بولسۇن دەپتۇ، ئۇلار ئۆلچەپ كۆرۈپ، بۇ تۆۋبە قىلغۇچىنىڭ ئۆزى مەخسەت قىلغان ياخشى زېمىن تەرەپكە يېقىن ئىكەنلىكىنى تېپىپتۇ، ئاندىن ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى قولىغا تاپشۇرۇپ ئاپتۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.

1 . قاتىلمۇ تۆۋبە قىلسا، تۆۋبىسى قوبۇل بولىدۇ.

2 . قاتىل، كاپىر، دىنسىز ھېسابلانمايدۇ.

3 . بارلىق گۇناھلارغا بىرلا تۆۋبە قىلسا، قوبۇل بولىدۇ.

4 . مەسىلىنى يەنىلا دانا ئالىمدىن سوراش لازىم.

5 . خاتا ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ ۋابالى، جازاسى ئۆزىگە بولىدۇ.

6 . ياخشى كىشلەر بار جاي، ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

7 . يامان، پاسىق كىشلەر بار جاي يامان جايدۇر.

8 . ئاللاھ تۆۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ، بىرەر كىشى ئاللاھ تۆۋبە قوبۇل قىلمايدۇ دېسە، ئېغىر خاتالىشىدۇ، بولۇپمۇ

پالاننى مەغپىرەت قىلمايدۇ دېسە، ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ، بۇ گۇناھى كەبىردۇر.

9. سالىھ، ياخشى كىشىلەر بىلەن بىللە ئىبادەت قىلىش لازىم.

10. تۆۋبە قىلغاندىن كېيىن، شۇ گۇناھقا ھەتتا، شۇ زېمىنغا شۇ ئەھلىگە قايتسا بولمايدۇ.

11. نىيمنى نىيەت قىلىپ ئۆلسە، شۇ بىرىلىدۇ،كىشى ئەمەللىرى نىيەتلىرى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ.

12. پەرىشتىلەر ئىككى قىسىم بولۇپ، ئازابقا، رەھمەتكە مەسئۇللىرى باردۇر.

13. چىگىش داۋاغا دۈچ كەلگەندە، مەسىلىنى ئايرىپ ھۆكۈم قىلىدىغان ھاكىمنى سايلاش لازىم.

14. تۆۋبە قىلغۇچى ئاخىرى غەلىبە قىلىپ، ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى قولغا ئالدى.

15. تۆۋبە ئۈستىدە ئۆلگىچە چىڭ تۇرۇش لازىم.

**2328 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده لو لم تذنبوا لذهب الله بكم ولجاء بقوم يذنبون فيستغفرون الله فيغفر لهم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر پەقەت گۇناھ قىلمايدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاللاھتائالا سىلەرنى ئۇ دۇنياغا كەتكۈزۈۋېتىپ، گۇناھ قىلىدىغان قەۋملەرنى كەلتۈرەتتى، ئاندىن ئۇلار گۇناھلىرىغا ئاللاھدىن مەغپىرەت سورسا، ئاللاھ ئۇلارغا مەغپىرەت قىلاتتى. (لېكىن، سىلەر خاتالىشىپ تۇرىسىلەر، تۆۋبە قىلساڭلار ئاللاھ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ گۇناھ قىلىشىڭلار بولمايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھتائالا گۇناھ قىلىدىغان خەلقنى يارىتاتتى، ئاندىن ئۇلار تۆۋبە قىلسا، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2329 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي موسى رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله يبسط يده بالليل ليتوب مسيء النهار ويبسط يده بالنهار ليتوب مسيء الليل حتى تطلع الشمس من مغر ا " . رواه مسلم**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كۈندۈزى گۇناھ قىلغان كىشىنىڭ تۆۋبىسى ئۈچۈن كېچىسى قولىنى كەڭ ئېچىپ تۇرىدۇ، كېچىسى گۇناھ قىلغان كىشىنىڭ تۆۋبە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن، تۆۋبىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزى قولىنى كەڭ ئېچىپ تۇرىدۇ، بۇ تۆۋبىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قولىنى سۇنۇش، كۈن كىرگەن يېرىدىن چىققىچە يەنى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2330 - [ 8 ] ( متفق عليه )**

**وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن العبد إذا اعترف ثم تاب تاب الله عليه "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بەندە گۇناھىغا ئېتىراپ قىلىپ، گۇناھىنى تونۇپ تۆبە قىلسا، الله ئۇنىڭ تۆبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم.

**2331 - [ 9 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تاب قبل أن تطلع الشمس من مغر ا تاب الله عليه " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كۈن كىرگەن جايىدىن چىققىشىدىن بۇرۇن تۆۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، (كۈن كىرگەن جايىدىن چىققاندىن كېيىن قوبۇل بولماسلىقى، ئۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلۇپ ئىمان ئېيتسا تۆۋبە قىلسا يەنە قوبۇل قىلىنىدۇ، ئاللاھ ئالىم«ئىبنى ئابباس رز). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2332 - [ 10 ] ( صحيح )**

**وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لله أشد فرحا بتوبة عبده حين يتوب إليه من أحدكم كان راحلته بأرض فلاة فانفلتت منه وعليها طعامه وشرابه فأيس منها فأتى شجرة فاضطجع في ظلها قد أيس من راحلته فبينما هو كذلك إذ هو ا قائمة عنده فأخذ بخطامها ثم قال من شدة الفرح : اللهم أنت عبدي وأنا ربك أخطأ من شدة الفرح " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، ئاللاھتائالا بەندىسىنىڭ تۆۋبە قىلغان چاغدىكى تۆۋبىسىگە، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ مۇنداق خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ، ئۇ كىشى چۆل، بىياپان زېمىندا تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ئىدى،كېيىن تۆگىسى ئۇنىڭدىن قېچىپ كېتىدۇ، ئېزىپ قالىدۇ، تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ تائامى، شارابى بار ئىدى، ئۇ تۆگىنى تېپىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا يېتىپ، ئۇخلاپ قالىدۇ، ئۇ شۇ ھالەتتە تۇرسا، تۇيۇقسىز تۆگىسى ئالدىدا پەيدا بولۇپ ئۆرە تۇرغىدەك، ئۇ تۆگىسىنىڭ نوختىسىنى تۇتۇپ، قاتتىق خۇشاللىقىدىن ئى ئاللاھ، سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ رەببىڭ دەپ، قاتتىق خۇشاللىقىدىن خاتالىشىپ قالىدۇ، ئەسلى مەن سېنىڭ بەندەڭ، سەن مېنىڭ رەببىم دېمەكچى ئىدى، ئاللاھ بەندىسىنىڭ تۆۋبىسىگە شۇ كىشىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2333 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن عبدا أذنب ذنبا فقال : رب أذنبت فاغفره فقال ربه أعلم عبدي أن له ربا يغفر الذنب ويأخذ به ؟ غفرت لعبدي ثم مكث ما شاء الله ثم أذنب ذنبا فقال : رب أذنبت ذنبا فاغفره فقال ربه : أعلم عبدي أن له ربا يغفر الذنب ويأخذ به ؟ غفرت لعبدي ثم مكث ما شاء الله ثم أذنب ذنبا قال : رب أذنبت ذنبا آخر فاغفر لي فقال : أعلم عبدي أن له ربا يغفر الذنب ويأخذ به ؟ غفرت لعبدي فليفعل ما شاء "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىر بەندە بىر گۇناھنى قىلىپ قېلىپ، ئى پەرۋەردىگارىم! مەن گۇناھ قىلىپ سالدىم، مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېدى، رەببى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى؛ بەندەم ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلالايدىغان ھەم ئۇنىڭغا ئازابلىيالايدىغان، رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، مەن بەندەمم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم، كەچۈرۈۋەتتىم دەپ، ئاندىن ئۇ بەندە ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە تۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر گۇناھ قىلىپتۇ، گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ، يەنە مۇنداق دەپتۇ؛ ئى رەببىم، مەن يەنە بىر گۇناھ قىلىپ قالدىم، مەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلسىلا، ئاللاھ يەنە؛ بەندەم ھەقىقەتەن گۇناھلارنى كەچۈرەلەيدىغان ھەم ئازاپلىيالايدىغان رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، مەن بەندەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم دەيدۇ، ئاندىن ئۇ بەندە (ئىنسانلىق خۇسۇسىيتى بىلەن) يەنە بىر گۇناھ قىلىپتۇ، ۋە يەنە (يۈزى قېلىنلىق قىلىپ،) ئى رەببىم ئاللاھ، مەن يەنە گۇناھ قىلىپ سالدىم، مەن ئۈچۈن يەنە مەغپىرەت قىلسىلا دەپتۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ بەندەم ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان، ھەقىقەتەن ئازابلىيالايدىغان مەندەك بىر رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، يەنە بەندەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم، ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن، (يەنى مېنى تونۇپ، شېرىك كەلتۈرمەستىن، مەغپىرەت سورىسىلا، مەن يەنە كەچۈرىمەن) دەيدۇ.ئەھمەد ،بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان،سەھىھ.ئى قېرىنداشلار سىلەرمۇ مەندەك خۇشال بولدۇڭلارمۇ؟

**2334 - [ 12 ] ( صحيح )وعن جندب رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم حدث : " أن رجلا قال : والله لا**

**يغفر الله لفلان وأن الله تعالى قال : من ذا الذي يتألى علي أني لا أغفر لفلان فإني قد غفرت لفلان وأحبطت عملك " . أو كما قال . رواه مسلم**

جۇندۇبىبنىجلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن بىر كىشى؛ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھتائالا پالانىغا ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ دىگەن ئىدى، ئاللاھ مۇنداق دىيدى؛ پالانىغا مەغپىرەت قىلماسلىقىمغا مەن بىلەن ماڭا قەسەم قىلغان كىمكەن ئۇ؟ ھەققەتەن مەن شۇ پالانى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم، قەسەم قىلغان سىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىڭنى كۆيدۈرۈۋەتتىم، بىكار قىلدىم، (قىنى قانداق قىلالايسەن؟) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن خۇددى ھالال ــ ھارام قىلىش، ئاللاھنىڭ ئىلىكىدە بولغاندەك، بارلىق نەرسىلەرنى يارىتىش، ھۆكۈم قىلىش، ئاللاھقىلا خاس بولغاندەك، كەچۈرۈش، مەغپىرەت قىلىش، ئاللاھنىڭ ئىلىكىدە، بۇ توغرىسىدا بەندە ــ بەندىگە ھۆكۈم قىلالمايدۇ، الله قادىردۇر.

**2335 - [ 13 ] ( صحيح )وعن شداد بن أوس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سيد الاستغفار أن تقول : اللهم أنت ربي لا إله إلا أنت خلقتني وأنا عبدك وأنا على عهدك ووعدك ما استطعت أعوذ بك من شر ما صنعت أبوء لك بنعمتك علي وأبوء بذنبي فاغفر لي فإنه لا يغفر الذنوب إلا أنت " . قال : " ومن قالها من النهار موقنا ا فمات من يومه قبل أن يمسي فهو من أهل الجنة ومن قالها من الليل وهو موقن ا فمات قبل أن يصبح فهو من أهل الجنة " . رواه البخاري**

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ساڭا سەييىدۇلئىستىغفارنى مەغپىرەت سوراشنىڭ ئەڭ كاتتا خوجىسىنى كۆرسۈتۈپ قويمايمۇ؟ «**ئاللاھۇممە ئەنتە رەببى لائىلاھە ئىللە ئەنتە خەلەقتەنى ۋە ئەنە ئەبدۇكە ۋە ئەنە ئەلا ئەھدىكە، ۋەۋەئدىكە مەستەتەئتۇ، ئەئۇزۇبىكە مىن شەررىما سەنەئتۇ ۋە ئەبۇئۇ لەكە بىنئىمەتىكە ئەلەييە ۋە ئەبۇئۇ بىزەنبى فەغفىرلى زۇنۇبى پەئىننەھۇ لايەغفىرۇ زۇنۇبەئىللائەنتە**» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، سىلى مىنىڭ رەببىم، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى مىنى ياراتقان، مەن سىلىنىڭ بەندىلىرى، مەن قادىر بولۇشۇمچە سىلىگە بەرگەن ئەھدە، كىلىشىم، توختام، ۋەدىنىڭ ئۈستىدەبولىمەن. سىلىگە سىغىنىپ مەن قىلغان ئىشلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، مەن سىلىگە سىلىنىڭ ماڭا بولغان نىئمەتلىرى بىلەن قايتىمەن، بارلىق گۇناھلىرىمنى ئىتراپ قىلىمەن، ئىقرارمەن، مىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرسىلە، گۇناھلارنى سىلىدىن باشقا ھىچكىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ، پەقەت سىلىلا مەغپىرەت قىلالايلا ئى رەببىم» بۇ ئىستىغفارنى بىر كىشى؛ كۈندۈزى چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ دىسە، كەچ كىرىشدىن بۇرۇن ئۇ كىشىگە ئۆلۈم تەقدىرى كىلىپ قالسا، بۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ،كەچ كىرگەندە دەپ شۇ كىچە ئۇنىڭغا ئۆلۈم تەقدىر قىلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ،ئۇجەننەت ئەھلىدىن بۇلىدۇ.( يەنى ئەتىگەن ــ ئاخشام بۇ ئىستىغفارنى ئىيتىپ تۇرغان كىشى جەننەتكە لايىق بولىدۇ،) بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2336 - [ 14 ] الفصل الثاني عن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قال الله تعالى : يا ابن آدم إنك ما دعوتني ورجوتني غفرت لك على ما كان فيك ولا أبالي يا ابن آدم إنك لو بلغت ذنوبك عنان السماء ثم استغفرتني غفرت لك ولا أبالي يا ابن آدم إنك لو لقيتني بقراب الأرض خطايا ثم لقيتني لا تشرك بي شيئا لأتيتك بقرا ا مغفرة " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! «ھە! مانا مەن تەييار ئى رەببىم لەببەي»، ھەققەتەن سەن ماڭا دۇئا قىلىپ تۇرساڭلا، تۆۋبە قىلىپ مەندىن مەغپىرەتنى ئۈمىد قىلساڭلا، مەن سەن ئۈچۈن سەندىن سادىر بولغان بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىۋىتىمەن، پەرۋا قىلمايمەن، ھەممىنى كەچۈرۋىتىمەن، پەرۋا قىلمايمەن، ئى ئادەم بالىسى!

«لەببەي» ئەگەر سېنىڭ گۇناھلىرىڭ ئاسماننىڭ ئۇپۇقلىرىغا، ئەڭ ئېگىز جايلىرىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئاندىن سەن مېنى تونۇپ، ئۆزۈڭنى ئېتىراپ قىلىپ، تۆۋبە قىلىپ، مەندىن مەغپىرەت سورىساڭلا، مەن سەن ئۈچۈن، ھەممە گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىۋېتىپ، پەرۋا قىلمايمەن، ئى ئادەم بالىسى! (ئى ئاللاھ، قۇلىقىمىز سىلىدە) ئەگەر سەن زېمىن تولغۇدەك، زېمىنغا لىق كەلگىدەك خاتالىقلار بىلەن ماڭا ئۇچراشساڭ، ئاندىن سەن ماڭا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۆئمىن ھالدا ئۇچراشساڭ، مەن ساڭا زېمىن لىق تولغىدەك مەغپىرەت بىلەن كەچۈرۈم بىلەن كېلىمەن، سېنى مەغپىرەت قىلىش بىلەن ئۇچرىشىمەن. تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، ئى ئاللاھ، بىزنى كەچۈرسىلە ئامىن!.

**2337 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )ورواه أحمد والدارمي عن أبي ذروقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

**2338 - [ 16 ] وعن ابن عباس رضي الله عنهما عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " قال الله تعالى : من علم أني ذو قدرة على مغفرة الذنوب غفرت له ولا أبالي ما لم تشرك بي شيئا " . رواه في شرح السنة**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىم مېنىڭ بارلىق گۇناھلارنى كەچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلالايدىغانلىقىمنى، شۇنىڭغا قادىر ئىكەنلىكىمنى تونۇپ، بىلسە، (گۇماننى ياخشى قىلىپ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىپ تۆۋبە قىلسا) ئۇ ماڭا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسىلا، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۈۋېتىمەن، ھەرگىز پەرۋا قىلمايمەن.شەرھىسسۇننە، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**2339 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من لزم الاستغفار جعل الله له من كل ضيق مخرجا ومن كل هم فرجا ورزقه من حيث لا يحتسب " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىستىغپارنى، گۇناھىغا مەغپىرەت كەچۈرۈم سوراشنى لازىم تۇتسا، الله تائالا ئۇنىڭغا ھەربىر قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولىنى، ھەربىر غەمدىن قۇتۇلۇشنى،مۇشەققەتتىن ئاسانلىقنى قىلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇ ئويلىمىغان يەردىن رىزق بېرىدۇ. ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**2340 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن أبي بكر الصديق رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أصر من استغفر وإن عاد في اليوم سبعين مرة " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گەرچە بىر كۈن ئىچىدە 70 قېتىم گۇناھىغا قايتىۋالسىمۇ، ئاللاھدىن گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى سوراپ ئىستىغفار ئوقۇپ تۇرغان كىشى، گۇناھىدا دائىم تۇرغان بولمايدۇ، ھەمىشە بولغان ھىساپلانمايدۇ. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**2341 - [ 19 ] ( حسن )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل بني آدم خطاء وخير الخطائين التوابون " . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۆۋبە قىلغۇچىلاردۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**2342 - [ 20 ] وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن المؤمن إذا أذنب كانت نكتة**

سوداء في قلبه فإن تاب واستغفر صقل قلبه وإن زاد زادت حتى تعلو قلبه فذلكم الران الذي ذكر الله تعالى ( كلا بل ران على قلو م ما كانوا يكسبون )رواه أحمد والترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۆئمىن بەندە، بىر گۇناھ قىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ قەلبىگە قارا چېكىتتىن بىرسى ئۇرۇلىدۇ، ئەگەر ئۇ خاتالىقدىن قول تارتىپ يېنىپ، تەۋبە قىلىپ، مەغپىرەت سوراپ ئىستىغفار ئېيتسا، ئۇنىڭ قەلبى ئاقىرىپ سۈزۈلىدۇ، رۇشەن بولىدۇ، ئەگەر ئۇ يەنە خاتالىقىغا قايتۇرسا، ئۇ قارا چېكىت قەلبىنى قورشاپ، يېپىۋالغانغا قەدەر زىيادە بولىدۇ، ئۇ بولسا، ئاللاھ كىتابىدا تىلغا ئالغان رانە شۇدۇر، «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۆپەيلىدىن، دىللىرى، قەلبى قارىيىپ كەتكەندۇر» سۈرە مۇتەففىفىن 14 ــ ئايەت، (يەنى مۇشۇ ئايەتتىكى دىلى قارىيىپ كېتىش، مۆھۈر بېسىلىپ كېتىش بولسا، دەل خاتالىقىغا قايتىۋېلىش، تەۋبە قىلماستىن قايتا ــ قايتا گۇناھ قىلىشتۇر) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، بەيھەقىلار توپلىغان، ھەسەن.

2343 - [ 21 ] وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله يقبل توبة العبد ما لم يغرغر " . رواه الترمذي وابن ماجه

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بەندىنىڭ تەۋبىسىنى غۇرغۇرغىچە يەنى جان ھەلقۇمىغا كەلگەنگە قەدەر قوبۇل قىلىدۇ، (پەقەت تەۋبە قىلسىلا) ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقىلار توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

2344 - [ 22 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الشيطان قال : وعزتك يا رب لا أبرح أغوي عبادك ما دامت أرواحهم في أجسادهم فقال الرب عز وجل : وعزتي وجلالي وارتفاع مكاني لا أزال أغفر لهم ما استغفروني " رواه أحمد

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شەيتان مۇنداق دېگەن: ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بەندىلىرىڭنىڭ روھلىرى، جەسەدلىرىدە بولسىلا ئۇلارنى دائىم ئازدۇرۇپ تۇرىمەن، رەببىمىز ئەززە ۋە جەللە ئۇنىڭغا جاۋابەن، مۇنداق دېدى: ئىززىتىم بىلەن ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن، كاتتىلىقىم بىلەن، ئورنۇمنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار مەندىن كەچۈرۈم سورىسىلا، ئىستىغفار ئوقۇسىلا مەن ئۇلارنى دائىم كەچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلىپ تۇرىمەن. ئەھمەد توپلىغان، شەيخ ئەلبانى؛ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ» 1650 ـ ھەدىسىدە، بۇ ھەدىسنى ھەسەن دېدى.

2345 - [ 23 ] وعن صفوان بن عسال رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى جعل بالمغرب بابا عرضه مسيرة سبعين عاما للتوبة لا يغلق ما لم تطلع عليه الشمس من قبله وذلك قول الله عز وجل : ( يوم يأتي بعض آيات ربك لا ينفع نفسا إيمانا لم تكن آمنت من قبل )رواه الترمذي وابن ماجه

سەپۋان ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا تەۋبە قوبۇل قىلىش ئۈچۈن مەغرىب تەرەپتىن بىر ئىشىك ئاچقان بولۇپ، ئۇ ئىشىكنىڭ توغرىلىقى 70 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، بۇ تەۋبە ئىشىكى كۈن مەغرىب تەرەپتىن چىقمىغىچە يەنى قىيامەت قايىم بولمىغىچە ھەرگىز تاقالمايدۇ، يەنى تەۋبە قىلسا، قىيامەتكىچە قوبۇل قىلىنىدۇ، بۇخارى تارىخدا، سەھىھ. سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كۈن كىرىش تەرەپتىن، بىر ئىشىك تەۋبىگە ئوچۇق تۇرىدۇ، ئۇ ئىشىكنىڭ كەڭرىلىكى 70 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، ئۇ ئىشك تەۋبە ئۈچۈن

تاكى كۈن كىرگەن يېرىدىن چىققانغا قەدەر ئوچۇق تۇرىدۇ، كۈن كىرگەن جايدىن چىققاندا بولسا، بۇ ئىشك تاقىلىدۇ، ئەنە شۇ الله نىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر«رەببىڭنىڭ قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ بەزىسى كەلگەن كۈنىسدە(يەنى كۈن كىرگەن يېرىدىن چىققاندا، بۇ قىيامەت ئالامىتى بولغاچقا)، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغان كىشىگە ئىمانى مەنپەئەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن، ھېچبىر ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان كىشىگە ئۇ چاغدىكى ئىمانى، ياخشىلىقى مەنپەئەت قىلمايدۇ، پايدا بەرمەيدۇ»، (چۈنكى، سىناق ئىمتىھان تۈگىدى).تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.«سەھىھ ھەدىسلەرتوپلىمى» 2229 ـ 4191 ـ ھەدىسلەر.

2346 - [ 24 ] وعن معاوية قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تنقطع الهجرة حتى ينقطع التوبة ولا تنقطع التوبة حتى تطلع الشمس من مغر ا " . رواه أحمد وأبو داود والدارمي

مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۆۋبە ئۈزۈلۈپ قالمىغىچە ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، كۈن كىرگەن جايدىن چىقمىغىچە تۆۋبە قىلىش، تۆۋبە قوبۇل بولۇش ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. (قىيامەت كۈنىگىچە تۆۋبە، جىھاد ، ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ). ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ،دارىمى توپلىغان، سەھىھ. «سەھىھ ھەدىسلەرتوپلىمى»7469 ـ ھەدىس.

2347 - [ 25 ] وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن رجلين كانا في بني إسرائيل متحابين أحدهما مجتهد للعبادة والآخر يقول : مذنب فجعل يقول : أقصر عما أنت فيه فيقول خلني وربي حتى وجده يوما على ذنب استعظمه فقال : أقصر فقال : خلني وربي أبعثت علي رقيبا ؟ فقال : والله لا يغفر الله لك أبدا ولا يدخلك الجنة فبعث الله إليهما ملكا فقبض أرواحهما فاجتمعا عنده فقال للمذنب : أدخل الجنة برحمتي وقال للآخر : أتستطيع أن تحظر على عبدي رحمتي ؟ فقال : لا يا رب قال : اذهبوا به إلى النار " . رواه أحمد

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەنى ئىسرائىل ئىچىدە ئىككى كىشى، بىر ـ بىرنى ياخشى كۆرىدىغان قېرىنداش ئىدى، بىرسى گۇناھكار بولۇپ گۇناھ قىلىپ تۇراتتى، يەنە بىرى بولسا، ئىبادەتتە قاتتىق تىرىشچان ئىدى، بۇ ئىبادەتكار تەقۋا كىشى يەنە بىرىنى گۇناھ ئۈستىدە كۆرسە، بولدى قىلغىن گۇناھ قىلما دەيتتى، يەنەبىرسى؛مىنى رەببىم بىلەن قۇيۇۋەتكىن كارىڭ بولمىسۇن دەيتتى،بىر كۈنى ئۇ قېرىندىشىنى يەنە گۇناھ ئۈستىدە تېپىپ، ئۇگۇناھنى قاررىق ھوك ساناپ،ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: بولدى قىلغىن، گۇناھ قىلىۋەرمىگىن. ئاندىن گۇناھكار ئۇنىڭغا: مىنى رەببىم بىلەن قويىۋەتكىن، مېنى رەببىم كەچۈرىدۇ، سەن ماڭا كۈزەتچى قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنمۇ؟ دەپتۇ، ئاندىن تەقۋا كىشى؛ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھتائالا سىنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ ، سىنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ دەپتۇ، الله پەرىشتە ئەۋەتىپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ جېنىنى ئېلىپ،ئۆزىنىڭ نەزىدە ئىككىسى بىرلەشتۈرۈلگەندە، ئاللاھتائالا ،گۇناھكارغا (مېنى رەببىم بىلەن قويىۋەت دىگىنى ئۈچۈن) مۇنداق دەپتۇ: بارغىن، سەن مېنىڭ رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرگىن .يەنەبىرىگەبولسا؛ (سەن ماڭا، مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئالىممىدىڭ؟ سەن بىلەمتىڭ ياكى سەن مېنىڭ قول ئىلكىمدىكى نەرسىگە قادىرمىدىڭ؟)، بەندىللىرىمگە قىلىدىغان رەھمىتىمنى تۇسۇشقا قادىرمىدىڭ؟دىسە، ئۇ:ئى رەببىم! ياق ، مەن قادىر ئەمەس دەيدۇ،الله: بۇنى دوۋزاخقا ئاپىرىڭلار دەيدۇ. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، ھېچكىم ئاللاھنىڭ ئىشى توغرىسىدا ھۆكۈم قىلالمايدۇ، ھەم قىلمىسۇن.

2348 - [ 26 ] ( لم تتم دراسته )وعن أسماء بنت يزيد قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ : ( يا عبادي الذين أسرفوا على أنفسهم لا تقنطوا من رحمة الله إن الله يغفر الذنوب جميعا )ولا يبالي رواه أحمد والترمذي وقال هذا حديث حسن غريب وفي شرح السنة يقول : بدل : يقرأ

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ « (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىشىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»دېگەن سۈرە زۇمەرنىڭ 53 ـ ئايىتىنى ئوقۇپ ، الله مەغپىرەت قىلىپ پەرۋا قىلمايدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەھمەد،تىرمىزى توپلىغان.

2349 - [ 27 ] وعن ابن عباس : في قوله تعالى : ( إلا اللمم )قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :
إن تغفر اللهم تغفر جما وأي عبد لك لا ألماروا‌ه الترمذي . وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، الله نىڭ سۈرە نەجىمنىڭ 32 ـ ئايىتىدىكى «كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېگەن سۆزى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، سىلى مەغپىرەت قىلسىلا، بەكلا مەغپىرەت قىلىلا، يەنى قويماي كەچۈرۈم قىلىلا، قايسى بىر بەندە سىلىگە كىچىك گۇناھ قىلماي قالسۇن؟( يەنى ھەرقانداق بەندە كىچىك گۇناھ قىلىپ قالىدۇ، قويماي كەچۈرسىلە)، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. «سەھىھ ھەدىسلەرتوپلىمى»1417 ـ ھەدىس.

2350 - [ 28 ] وعن أبي ذر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يقول الله تعالى يا عبادي كلكم ضال إلا من هديت فاسألوني الهدي أهدكم وكلكم فقراء إلا من أغنيت فاسألوني أرزقكم وكلكم مذنب إلا من عافيت فمن علم منكم أني ذو قدرة على المغفرة فاستغفرني غفرت له ولا أبالي ولو أن أولكم وآخركم وحيكم وميتكم ورطبكم ويابسكم اجتمعوا على أتقى قلب عبد من عبادي ما زاد في ملكي جناح بعوضةولو أن أولكم وآخركم وحيكم وميتكم ورطبكم ويابسكم اجتمعوا على أشقى قلب عبد من عبادي ما نقص ذلك من ملكي جناح بعوضة . ولو أن أولكم وآخركم وحيكم وميتكم ورطبكم ويابسكم اجتمعوا في صعيد واحد فسأل كل إنسان منكم ما بلغت أمنيته فأعطيت كل سائل منكم ما نقص ذلك من ملكي إلا كما لو أن أحدكم مر بالبحر فغمس فيه إبرة ثم رفعها ذلك بأني جواد ماجد أفعل ما أريد عطائي كلام وعذابي كلام إنما أمري لشيء إذا أردت أن أقول له ( كن فيكون )رواه أحمد والترمذي وابن ماجه

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندىلىرىم! (ھەممىڭلار لەببەي، بىز تەييار دەڭلار) ھەقىقەتەن مەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم، زۇلۇم قىلىشنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم، ھەرگىز زۇلۇم قىلىشماڭلار!، ئى بەندىلىرىم! مەن ھىدايەت قىلغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئازغۇن، زالالەتچى. مەندىنلا ھىدايەت، توغرا يول تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرنى ھىدايەت قىلىمەن،( ئى بەندىلىرىم! مەن تائام بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئاچ، پەقەت مەندىنلا تائام سوراڭلار، مەن سىلەرگە تائام بېرىمەن، ئى بەندىلىرىم! مەن كىيىم ــ كېچەك بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچ، مەندىن كىيىم سوراڭلار، مەن سىلەرگە كىيىم ــ كېچەك بېرىمەن)مەن باي قىلغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار پەقىر، رىزقىڭلارنى مەندىنلاسوراڭلار. ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن مەن ساقلىغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار كېچە ــ كۈندۈز خاتالىشىپ تۇرىسىلەر، كىم مېنىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، مەندىن مەغپىرەت سورسا،مەن بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىمەن، مەندىن مەغپىرەت سوراپ، ئىستىغفار ئوقۇڭلار، مەن سىلەرنى كەچۈرىمەن، سىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىمەن، پەرۋا قىلمايمان، (ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن سىلەر ماڭا ھەرگىز زەرەر يەتكۈزەلمەيسىلەر، ماڭا پايدا ــ مەنپەئەتمۇ

يەتكۈزەلمەيسلەر،پەقەت قىلساڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قىلىسىلەر) ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار، ھايات ـ ئۆلۈك،ھۆل ـ قۇرۇق ھەممىڭلار بەندىلىرىمدىن بىرلا كىشىنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ تەقۋالىقى ئۈستىدە بولسا، (يەنى ھەممىڭلار ئەڭ تەقۋا، ھەممىڭلار باراۋەر، ئوخشاش، تەقۋا، مۇتتەقى بولساڭلارمۇ)، ئۇ مېنىڭ مۈلۈكۈمدە يەنى ئىلىكىمدىكى، قولۇمدىكى نەرسىگە پاشىنىڭ بىر تال قانتىچىلىك،قىلچىلىك ،نەرسىنى زىيادە قىلىۋېتەلمەيدۇ، مېنىڭ كاتتىلىقىمنى، ئۇلۇغلۇقۇمنى زىيادە قىلالمايدۇ، ئى بەندىلىرىم! ئەگەر شەك ــ شۈبھىسىز سىلەرنىڭ ئەۋۋەل ــ ئاخىرىڭلار، ئىنسان، جىنلىرىڭلار ھايات ـ ئۆلۈك، ھۆل ـ قۇرۇق ھەممىڭلار بەندىلىرىمدىن ئەڭ پاجىر، پاسىق، يامان كىشىنىڭ پاسىق قەلبى ئۈستىدە بولساڭلار، (يەنى ھەممىڭلار گۇناھ ـ مەئسىيەتتە پاسىقلاشساڭلار)، بۇ ئىشمۇ مېنىڭ مۈلكۈمدىن پاشىنىڭ بىر تال قانتىچىلىك، قىلچىلىك نەرسىنى كاملىتالمايدۇ، ئۇلۇغلۇقۇم كاملاپ، تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ، (قىلساڭلار ئۆزۈڭلارغا قىلىسىلەر)، ئى بەندىلىرىم! ئەگەر ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار، ھايات ـ ئۆلۈك، ھۆل ـ قۇرۇق ھەممىڭلار تۈپتۈز بىر مەيدانغا يىغىلىپ، مەندىن بارلىق ئارزۇلىرىڭلارنى سورىساڭلار، مەن ھەربىر ئىنسان، جىنلارغا سورىغىنىنى بەرسەم، ئۇ بېرىۋېرىشىم، مېنىڭ دەرگاھىمدىكى خەزىنىلەرنى قىلچىلىك كاملىتالمايدۇ، پەقەت بىر تال يىڭنىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر دېڭىزغا سېلىپ، ئالغانچىلىك ئىشتۇر،چۈنكى مەن سېخى، بەكمۇ كەڭرى بەرگۈچى،خالىغىنىمنى قىلىمەن، مىنىڭ بېرىشىم، ئازابىم پەقەت بىرلا سۆزدۇر، « **الله** بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.»سۈرە ياسىن 82 ـ )مەن بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسام، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيمەن ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ( ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار، مەن ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ھېسابلايمەن، ئاندىن ئۇ ئەمەللەرنىڭ جازا، مۇكاپاتلىرىنى مەن سىلەرگە تولۇق بېرىمەن، كىم ياخشىلىقنى تاپسا، ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىپ، شۈكۈر قىلسۇن، كىم ئۇنىڭدىن باشقىچىرەك تاپسا، ئۇ پەقەت ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن، ئۆزىگە مالامەت، تاپا ــ تەنە قىلسۇن)ئەھمەد ،تىرمىزى،ئىبنى ماجە. يۇقىردا بۇنىڭ ئوخشىشى ئۆتتى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. بۇ ھەدىس ھەدىس قۇددۇستۇر، يەنى ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

2. ئاللاھتائالا بارلىق مەخلۇقلار ئارىسىدىن مۇشۇ ئىنساننى چاقىرىپ، يوليۇرۇق بېرىۋاتىدۇ.

3. ئى بەندىلىرىم دەپ رەھمەت، ئىلتىپات قىلدى.

4. بىز دەرھال لەببەي دەپ مەن تەييار دەپ قۇلاق سېلىشىمىز لازىم، ياخشى بولسا بۇيرىيدۇ، يامان بولسا توسىدۇ، بۇ مۆئمىنىنىڭ بەلگىسى.

5. زۇلۇم قىلىش ھارام، قىيامەتتىمۇ زۇلمەتتۇر.

6. ئاللاھ ھىدايەت قىلمىسا، ھەممىسى ئازغۇن، ھىدايەتنى پەقەت ئاللاھدىن، قۇرئاندىن، سەھىھ ھەدىسدىن، سۈننەتتىن سوراش لازىم.

7. يېمەك ــ ئىچمەك، كىيىم ــ كېچەك، زاماندىن، تەبىئەتتىن ئەمەس، ئاللاھ تەرەپتىن كەلدى، بىز رىزىقنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايلى.

8. ئىنسان دائىم خاتالىشىپ تۇرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى ئىتراپ قىلىپ، تۆۋبە قىلغىنى.

9. گۇناھلارنى پەقەت ئاللاھلا كەچۈرىدۇ، بىز پەقەت ئاللاھقىلا تۆۋبە قىلىشىمىز لازىم.

10. بارلىق بەندىلەرنىڭ تەقۋالىقى ياخشى بولۇپ كېتىشى، ئاللاھنىڭ مۈلكىنى زىيادە قىلالمايدۇ، پاسىق، پاجىر بولۇپ كېتىشى، مۈلكىنى، ئۇلۇغلىقىنى كام قىلالمايدۇ، تۆۋەن قىلالمايدۇ، كىشىلەر قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

11. ئاللاھ ھەممە كىشىگە سورىغىنىنى دائىم بېرىپ تۇرسىمۇ خەزىنىسىدىن قىلچىلىك كاملىمايدۇ، چۈنكى، ئۇ دېگەن ئاللاھ، خالىق، ياراتقۇچى.

12. ئەمەللەرنىڭ جازا ــ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

13. ياخشىلىق ئاللاھ تەرەپتىن بولغاچقا، ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىپ، شۈكرى قىلىمىز.

14. يامانلىق بىزگە نىسبەتەن بېرىلگەچكە، ئۆزىمىزنى ئەيىبلەپ، ئۆزىمىزگە مالامەت قىلىمىز، چۈنكى، ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

15. مۇكاپات، جەننەت، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، پەزلىدۇر، جازا، دوۋزاخ بولسا، ئاللاھنىڭ ئادىللىقىدۇر، بىر پىرقىسى جەننەتتە، بىر پىرقىسى دوۋزاختىدۇر، ئاللاھ بىزلەرنى جەننەت ئەھلى قىلسۇن، ئامىن!.

**2351 - [ 29 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قرأ ( هو أهل التقوى وأهل المغفرة ) قال :قال ربكم أنا أهل أن أتقى فمن اتقاني فأنا أهل أن أغفر له " . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛« ئۇلار پەقەت خالىسا، ئاندىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ، الله (بەندىلىرى) قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر، (بەندىلىرىنى) مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر.» سۈرە مۇددەسسىر56 ـ ئايەتنى ئوقۇپ، رەببىڭلار مۇنداق دەيدۇ دېگەن:مەن سىلەر قورقۇشقا تېگىشلىك زات، كىم مەندىن قورقۇپ، تەقۋادار بولسا، مەن ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زات.تىرمىزى،دارىمى،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**2352 - [ 30 ] وعن ابن عمر قال : إن كنا لنعد لرسول الله صلى الله عليه وسلم في المجلس يقول : " رب اغفر لي وتب علي إنك أنت التواب الغفور " مائة مرة . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرلا ئورۇندا، 100 قېتىم مۇنداق دېگەنلىكىنى ساناپتتۇق:« ئى رەببىم، مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلساڭ، تۆۋبەمنى قوبۇل قىلساڭ، ھەققەتەن سىلى بەكمۇ تۆۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى، مەغپىرەت قىلغۇچى»،ئەھمەد،تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2353 - [ 31 ] ( لم تتم دراسته )وعن بلال بن يسار بن زيد مولى النبي صلى الله عليه وسلم قال : حدثني أبي عن جدي أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من قال : أستغفر الله الذي لا إله إلا هو الحي القيوم وأتوب إليه غفر له وإن كان قد فر من الزحف " . رواه الترمذي وأبو داود لكنه عند أبي داود هلال بن يسار وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

بىلال ئىبنى يەسسارنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى ؛«ئەستەغپىرۇالله ھەللىزي لائىلاھە ئىللاھۇۋە لھەييۇلقەييۇم ۋە ئەتۇبۇ ئىلەيھى» ئۆزىدىن باشقا ھەق ئىلاھ بولمىغان، كامىل ھاياتلىق ئىگىسى بولغان، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىغۇچى بىر الله تىن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى سورايمەن دېسە، ئۇكىشىگە گەرچە ئۇ جەڭ كۈنى ئۇرۇشتىن قاچقان بولسىمۇ

مەغپىرەت قىلىنىدۇ. تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، توپلىغان.

**2354 - [ 32 ] الفصل الثالث عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله عز وجل ليرفع الدرجة للعبد الصالح في الجنة فيقول : يا رب أني لي هذه ؟ فيقول : باستغفار ولدك لك " . رواه أحمد**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن **الله** تائالا، سالىھ كىشىنىڭ دەرجىسىنى جەننەتتە،ئۇنىڭ خەۋەرسىز يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئۇ: ئى رەببىم! بۇدەرىجە ماڭا قەيەردىن كىلىپ قالدى؟دەپ سورايدۇ، **الله** ئۇنىڭغا ؛بالاڭنىڭ سەن ئۈچۈن مەغفىرەت سوراپ، ئىستىغفار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبىدىن كەلدى دەيدۇ. ئەھمەد،ئىبنى ماجە ، بەيھەقي توپلىغان سەھىھ.سە 1617 ـ ھەدىس

**2355 - [ 33 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما الميت في القبر إلا كالغريق المتغوث ينتظر دعوة تلحقه من أب أو أم أو أخ أو صديق فإذا لحقته كان أحب إليه من الدنيا وما فيها وإن الله تعالى ليدخل على أهل القبور من دعاء أهل الأرض أمثال الجبال وإن هدية الأحياء إلى الأموات الاستغفار لهم . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مىيىت پەقەت قەبرىسىدە، خۇددى دەڭىزغا غېرىق بولۇپ ، پەرياد چىكىپ، ياردەم تەلەپ قىلغۇچىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆزىگە ئاتا ئانىسىدىن، ياكى قېرىندىشىدىن، ياكى يېقىن دوستىدىن يىتىپ بارىدىغان دۇئاغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ، دۇئا ـ ئىستىغپار ئۇنىڭغا يىتىپ بارغاندا، ئۇدۇئالار ئۇنىڭغا، پۈتۈن دۇنيادىن، ۋە بۇدۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بولۇپ كىتىدۇ، ھەقىقەتەن **الله** تائالا قەبرە ئەھلىگە، زىمىن ئەھلىنىڭ دۇئالىرىدىن تاغدەك،تاغدەك كىرگۈزىدۇ، تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈپ كەكەنلەرگە قىلىدىغان ھەدىيىسى ئۇلارغا مەغپىرەت سوراشتۇر. بەيھەقى توپلىغان، تەكشۈرۈلمىگەن.

**2356 - [ 34 ] وعن عبد الله بن يسر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " طوبى لمن وجد في صحيفته استغفارا كثيرا " . رواه ابن ماجه وروى النسائي في " عمل يوم وليلة "**

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرى، ئائىشە، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەھىيپىسىدە، دەپتەرلىرىدە ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن ئىستىغفارنى تاپقان كىشىگە يەنى كۆپ ئىستىغفار ئېيتقان كىشىگە خۇش مۇبارەك. ئىبنى ماجە، ئەبۇ نۇئەيىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**2357 - [ 35 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يقول : " اللهم اجعلني من الذين إذا أحسنوا استبشروا وإذا أساؤوا استغفروا " . رواه ابن ماجه والبيهقي في الدعوات الكبير**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى:«ئى **الله** ! مىنى ياخشىلىق قىلسا، خۇرسەن بولۇپ، خۇش ـبىشارەت ئالىدىغان، يامانلىق قىلىپ قالسا، مەغپىرەت سورايدىغانلاردىن قىلسىلا» . بەيھەقى،ئىبنى ماجە توپلىغان، تەكشۈرۈلمىگەن.

**2358 - [ 36 ] ( صحيح )وعن الحارث بن سويد قال : حدثنا عبد الله بن مسعود حديثين : أحدهما عن رسول الله صلى الله عليه وسلم والآخر عن نفسه قال : إن المؤمن يرى ذنوبه كأنه قاعد تحت جبل يخاف أن يقع عليه وإن الفاجر يرى ذنوبه كذباب مر على أنفه فقال به هكذا أي بيده فذبه عنه ثم قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لله أفرح بتوبة عبده المؤمن من رجل نزل في أرض دوية مهلكة معه راحلته عليها طعامه وشرابه فوضع رأسه فنام نومة فاستيقظ وقد ذهبت راحلته فطلبها حتى إذا اشتد عليه الحر والعطش أو ما شاء الله قال : أرجع إلى مكاني الذي كنت فيه فأنام حتى أموت فوضع رأسه على ساعده ليموت فاستيقظ فإذا راحلته عنده عليها زاده وشرابه فالله أشد فرحا بتوبة العبد المؤمن من هذا براحلته وزاده " . روى مسلم المرفوع إلى**

**رسول صلى الله عليه وسلم منه فحسب وروى البخاري الموقوف على ابن مسعود أيضا**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئەلۋەتتە ئاللاھتائالا مۆئمىن بەندىسىنىڭ تۆۋبىسىگە مۇنداق كىشىنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ كىشى ھالاكەتلىك بىر مەنزىلگە، يەنى چۆل ــ باياۋانغا چۈشىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تائام، شاراپلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان تۆگىسى بىللە بولۇپ، بۇ كىشى بېشىنى قويۇپ بىر ئۇخلاپ ئويغانسا، تۆگىسى يوق، تۆگە كېتىپ بولىدۇ، ئۇ تۆگىسىنى قىززىق ھارارەت، ئىسسىق قاتتىق يېتىپ، ئۇسساپ چارچىغانغا قەدەر ئىزدەپ تاپالماي، مۇنداق دەيدۇ: مەن تۇرغان ئەسلى ئورنۇمغا قايتىپ ئۆلگەنگە قەدەر ئۇخلاپ يېتىۋېرەيچۇ، ئاندىن ئۇ بېشىنى بىلىكىگە قويۇپ، ئۆلۈش ئۈچۈن ئۇخلاپ، قورسىقى ئېچىپ كىتىپ ئويغۇنۇپ قارىسا، ناگاھان تۆگىسى ئالدىدا تۇرغۇدەك، ئۈستىدە تائام، شارابى، ئوزۇقلىرى تۇرغۇدەك، (بۇ چاغدىكى خۇشاللىقنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتتى) ئاللاھتائالا مۆئمىن بەندىسىنىڭ تۆۋبىسىگە مۇشۇ كىشىنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. (مەخسەت، تۆۋبە قىلسا، جەننەتكە كىرسە دېمەكچى، ئادەم بالىلىرى خاتالىشىدۇ، تۆۋبە قىلغىنى ياخشىسىدۇر، تۆۋبە قىلغۇچىنى ئالاھ ياخشى كۆرىدۇ). ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھارىس ئىبنى سۇۋەيدكە مۇنداق دېگەن: مۆئمىن كىشى گۇناھىنى خۇددى ئۇ تاغ ئاستىدا ئولتۇرغاندەك، ھېلى تاغ ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈمۈرلۈپ چۈشىدىغاندەك ھىس قىلىپ،گۇناھىدىن قورقىدۇ، پاجىر ـ پاسىق كىشى بولسا، گۇناھىنى خۇددى بۇرنىنىڭ ئۈچىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كىتىۋاتقان بىرتال چىۋىندەك ھىس قىلىپ، شۇنداقلا قورۇپ قويىدۇ، گۇناھىغا پەرۋا قىلمايدۇ،كىچىك سانايدۇ.مۇسلىم توپلىغان.سەھىھ

**2359 - [ 37 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله يحب العبد المؤمن المفتن التواب "**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەقىقەتەن **الله** تائالا، دائىم پىتنىگە تاشلىنىپ ، پىتنىگە قالىدىغان، كۆپ سىنىلىدىغان ، ئاندىن تۆۋبە قىلىدىغان مۆئمىن بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ.ئەھمەد توپلىغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۆئمىن بەندە بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئادەت قىلىۋالغان بىر گۇناھى بولىدۇ، ئۇ بۇ گۇناھنى بىر چاغدىن كېيىن يەنە بىر چادا، بىر سائەتتىن كېيىن يەنە بىر سائەتتە قىلىپ سالىدۇ، (چۈنكى ئۇ، توغرا دەپ ئادەتلىنىپ قالغان) ياكى ئۇنىڭ ئۇ دائىم قىلىپ تۇرىدىغان، مۇقىم تۇرىدىغان بىر گۇناھى بولۇپ، بۇ مۆئمىن بەندە ئۇ گۇناھىدىن تا بۇ دۇنيادىن ئايرىلمىغىچە ئايرىلالمايدۇ، ھەقىقەتەن مۆئمىنمۇ دائىم پىتنىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان، پىتنىگە قالىدىغان، گۇناھ قىلىدىغان ئاندىن تۆۋبە قىلىدىغان ھەم ئۇنۇتقاق يارىتىلدى، ئۇمۇ ئىسگە كەلگەندە ئەسلىتىلگەندە ئەسلەيدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئۇ كىشى مۆئمىن دېيىلدى. بۇ ھەدىسدىن پەيغەمبەردىن باشقا ھەر قانداق كىشى گۇناھدىن خالى پاك ،مەئسۇم ئەمەس، گۇناھدىن ساقلىنالمايدۇ، لېكىن، تۆۋبە قىلىپ تۇرىدۇ، خۇددى يۇقىرىدا سىلەر گۇناھ قىلمىغان بولساڭلار گۇناھ قىلىدىغانلارنى يارىتىپ، ئاندىن شۇلارغا مەغپىرەت قىلاتتى دېگەندەك، گۇناھ بولۇپ تۇرىدۇ، تۆۋبە ئۇنى يۇيۇپ تۇرىدۇ، تۆۋبە بىر مۇنچىدۇر، گۇناھنىڭ سەۋەبى بولسا، شەيتان، ۋەسۋەسە، كىبىر، ھەسەد، نەپسى، دۇنيا، ئايال كىشى، شەھۋەت، ئۇنۇتقاقلىقتۇر، پىتنىگە قېلىشتۇر، ئەسلىتىلسە، ۋەز ــ نەسىھەت قىلىنسا، ئەسلەپ تۆۋبە قىلىدۇ، ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقىسى ھېسابتۇر، تۆۋبە قىلىڭلار، ئاللاھ چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ.

**2360 - [ 38 ] ( لم تتم دراسته )وعن ثوبان قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما أحب أن لي الدنيا بهذه الآية ( يا عبادي الذين أسرفوا على أنفسهم لا تقنطوا )الآية " فقال رجل : فمن أشرك ؟ فسكت النبي صلى الله عليه وسلم ثم قال : " ألا ومن أشرك " ثلاث مرات**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ « (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»دېگەن سۈرە زۇمەرنىڭ 53 ـ ئايىتىنى ئۇقۇپ؛مەن ئۈچۈن مۇشۇ ئايەتنىڭ بارابىرىگە پۈتۈن دۇنيانىڭ بېرىلىشىنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيمەن دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بىركىشى؛ شېرىك كەلتۈرۈپ ئاندىن تۆۋبە قىلغان كىشىنىڭمۇ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلامدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىم تۇرۇۋېتىپ ئاندىن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، شېرىك كەلتۈرۈپ ئاندىن تۆۋبە قىلغان كىشىنىڭمۇ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ دەپ،ئۈچ قېتىم دېدى.ئەھمەد.

**2361 - [ 39 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى ليغفر لعبده ما لم يقع الحجاب " . قالوا : يا رسول الله وما الحجاب ؟ قال : " أن تموت النفس وهي مشركة "**

**روى الأحاديث الثلاثة أحمد وروى البيهقي الأخير في كتاب البعث والنشور**

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن الله تائالا بەندىسىگە، پەردە ھىجاپ چۈشۈپ قالمىسىلا، مەغپىرەت قىلىدۇ، ئۇلار: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! پەردە ھىجاپ چۈشۈپ قېلىش دېگەن نىمە؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇبولسىمۇ كىشىنىڭ الله قا شېرىك كەلتۈرگەن ھالدا ئۆلىشىدۇر، دېدى. يەنى شېرىك بولمىسىلا كەچۈرىدۇ.بەيھەقى توپلىغان.

**2362 - [ 40 ] ( لم تتم دراسته )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من لقي الله لا يعدل به شيئا في الدنيا ثم كان عليه مثل جبال ذنوب غفر الله له " . رواه البيهقي في كتاب البعث والنشور**

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بۇ دۇنيادىكى چېغىدا ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، بۇدۇنيادىن ھېچ نەرسىنى الله قا تەڭ قىلماي، الله قا ئۇچراشسا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدە تاغدەك چوڭ گۇناھى بولسىمۇ، الله ئۇنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۋېتىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. (چۈنكى ئۇ مۆئمىن). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**2363 - [ 41 ] وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " التائب من الذنب كمن لا ذنب له " . رواه ابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان وقال تفرد به النهراني وهو مجهول . وفي ( شرح السنة )**

**روي عنه موقوفا قال : الندم توبة والتائب كمن لا ذنب له**

ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھتىن تۆۋبە قىلىپ تۇرغۇچى، گۇناھى يوق كىشىگە ئوخشايدۇ. ئىبنى ماجە،بەيھەقى، ھەكىيم توپلىغان، ھەسەن. (ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:پۇشايمان قىلىش تۆۋبىدۇر، گۇناھتىن تۆۋبە قىلىپ تۇرغۇچى، گۇناھى يوق كىشىگە ئوخشايدۇ دېگەن). ئىبنى مەسئۇد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھ ـــ مەئسىيەتكە قاتتىق پۇشايمان قىلىشنىڭ ئۆزى تۆۋبىدۇر. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.( تۆۋبىنىڭ شەرتى؛ پۇشايمان قىلىش، گۇناھدىن دەرھال قول تارتىش، قايتا قىلماسلىق، كىشىلەر ھەققىنى بېرىش، تۆۋبىنى ئەشۇ دەرھال قول تارتىش، قايتا قىلماسلىق، پۇشايمان قىلىش، كىشى ھەققىنى بېرىشتەك تەلەپكە لايىق، شەرتكە ئۇيغۇن قىلىشى لازىم)،

| باب سعة رحمة الله - الفصل الأول | ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭرىلىكى توغرىسىدا |
|---|---|

2364 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لما قضى الله الخلق كتب كتابا فهو عنده فوق عرشه : إن رحمتي سبقت غضبي " . وفي رواية " غلبت غضبي "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بارلىق مەخلۇقلىرىغا ھۆكۈم قىلىپ، تەقدىرنى پۈتۈپ بولغاندا، ئۆزىنىڭ كىتابىغا مۇنداق يازدى، بۇ كىتاب ھازىر ئەرشىنىڭ ئۈستىدە، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، «ھەقىقەتەن مېنىڭ رەھمىتىم، غەزىپىمدىن غالىپ كەلدى، ئىگىرلەپ ئۈستۈن بولدى». ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە، سەھھەھ، شۇنىڭ ئۈچۈن 100 رەھمەت يارىتىپ، بىرنى پۈتۈن دۇنياغا تاشلاپ، 99نى قىيامەت ئۈچۈن ئېلىپ قويىدى، لېكىن، غەزەپنى بۇنداق كۆپ ياراتمىدى.

2365 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إن لله مائة رحمة أنزل منها رحمة واحدة بين الجن والإنس والبهائم والهوام فبها يتعاطفون و ا يتراحمون و ا تعطف الوحش على ولدها وأخر الله تسعا وتسعين رحمة يرحم ا عباده يوم القيامة

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئۈچۈن 100 رەھمەت بار بولۇپ، شۇ 100 رەھمەتتىن بىرنى جىنلار، ئىنسانلار، ھايۋانلار، بارلىق ھاشارەتلەر، باشقا جانلىقلار ئارىسىغا نازىل قىلىپ چۇشۇردى، ئۇلار شۇ بىر رەھمەت سەۋەبىدىن ئۆزئارا كۆيۈنىدۇ، رەھىم ــ شەپقەت قىلىشىدۇ، ۋەھشى ياۋايى ھايۋانلارمۇ، باشقا يىرتقۇچ قۇشلارمۇ باللىرىغا مېھرىبانلىق قىلىپ كۆيۈنىدۇ، قالغان 99 رەھمەتنى ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى بەندىلىرىگە رەھىم ــ شەپقەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ قويىدى، ساقلاپ قويىدى. (ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشى مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە، بەك يېقىندۇر) ،بۇخارى مۇسلىم، ئىبنى ماجە تىرمىزى، سەھھەھ.

2366 - [ 3 ] ( صحيح )وفي رواية لمسلم عن سلمان نحوه وفي آخره قال : " فإذا كان يوم القيامة أكملها ذه الرحمة "

مۇسلىمنىڭ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدىكى بۇھەدىسنىڭ ئاخىردا؛ قىيامەت كۈنى بولغاندا شۇ بىر رەھمەتنى مۇشۇ 99رەھمەت بىلەن كامىل تولۇقلايدۇ، دېيىلگەن.

2367 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو يعلم المؤمن ما عند الله من العقوبة ما طمع بجنته أحد ولو يعلم الكافر ما عند الله من الرحمة ما قنط من جنته أحد "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مۆئمىن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئازابلارنى بىلسە ئىدى، ھېچ كىشى جەننەتنى تاما قىلمايتتى، (بەلكى شۇ ئازابدىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلايتتى) ئەگەر دىنسىز كاپىر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رەھمەتلىرىنى بىلسە ئىدى، ھېچ بىركىشى جەننەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيى، جەننەتكە ئۈمىدۋار بولاتتى. بۇخارى مۇسلىم،تىرمىزى تىرمىزى، سەھھەھ.

2368 - [ 5 ] ( صحيح )وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الجنة أقرب إلى أحدكم من شراك نعله والنار مثل ذلك " . رواه البخاري

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ جەننەت بىرىڭلارغا ئاياغ شوينىسىدىنمۇ يېقىندۇر، دوۋزاخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىن. ئەھمەد ، بۇخارى تىرمىزى، سەھھەھ، (يەنى جەننەت بىلەن دوۋزاختا ئاپىرىدىغان، يېقىن قىلىدىغان، تائەت ئىبادەت بىلەن گۇناھ ــ مەئسىيەت يېقىندۇر، پەتھۇلبارىدىن ئېلىندى). ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت، قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر. (يەنى مۇجاھىد ، شېھىدلار كىرىدۇ) ھاكىم ، سەھھەھ.

**2369 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قال رجل لم يعمل خيرا قط لأهله وفي رواية أسرف رجل على نفسه فلما حضره الموت أوصى بنيه إذا مات فحرقوه ثم اذروا نصفه في البر ونصفه في البحر فو الله لئن قدر الله عليه ليعذبنه عذابا لا يعذبه أحدا من العالمين فلما مات فعلوا ما أمرهم فأمر الله البحر فجمع ما فيه وأمر البر فجمع ما فيه ثم قال له : لم فعلت هذا ؟ قال : من خشيتك يا رب وأنت أعلم فغفر له "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەدىمقى زامانلاردا، ئۆز نەپسىگە ئىسراپ قىلغان، يەنى پەقەت ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان بىر كىشى ئۇنىڭغا ئۆلۈم كەلگەندە، باللىرىغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى؛ مەن ئۆلسەم، مىنى كۆيدۈرۈڭلار، ئاندىن كۈلىمنى ئېزىپ، دېڭىزغا يېرىمىنى ، قۇرۇقلۇققايېرىمىنى سورىۋېتىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر رەببىم ئاللاھ، مىنى شۇ ھالەتتىن تېرىلدۈرۈشكە قادىر بولسا، مىنى ئالەملەردىن ھېچ بىركىشىنى ئازابلاپ باقمىغاندەك ئازاپلىۋېتىدۇ.ئۇ ئۆلگەندە ئۇلار شۇنداق قىلدى، ئاندىن ئاللاھ دېڭىزغا ۋە زىمىنغا؛ ئالغانلىرىڭنى ئادا قىل!، بىرلەشتۈر دېدى، يەنە بىر خاتىرىدە ۋۇجۇدقا كەل! دېدى، ناگاھان ئۇ تېرىلىپ دەس تۇردى، ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ سىنى بۇ ئىشنى قىلىشىڭغا نېمە قىزىقتۇرۇپ، سەۋەب بولدى؟ دەيدۇ، (ئەمەلىيەتتە بىلىپ تۇرىدۇ)، ئۇ؛ يا رەببىم، سىلى بىلىلا سىلىدىن قورقۇش دەيدۇ، ئاندىن شۇ سەۋەبلىك مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىكى كىشى بۇرۇنقى ئادەم بولۇپ، بىزنىڭ ھازىرقى دىنىمىزدا بۇنداق قىلىدىغان ئىش يوق، شۇنداقلا، ئۇ مۆئمىن كىشى ئىكەن، رەببىم دېدى، قورقتى، قەتادە رەھمەھۇللا؛ئۇكىشى ئاللاھدىن قورقۇپ مەغپىرەتكە ئېرىشتى، سەنمۇ شۇنداق قورقۇغىن دىگەن.

**2370 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن عمر بن الخطاب قال : قدم على النبي صلى الله عليه وسلم سبي فإذا امرأة من السبي قد تحلب ثديها تسعى إذا وجدت صبيا في السبي أخذته فألصقته ببطنها وأرضعته فقال لنا النبي صلى الله عليه وسلم : " أترون هذه طارحة ولدها في النار ؟ " فقلنا : لا وهي تقدر على أن لا تطرحه فقال : " لله أرحم بعباده من هذه بولدها "**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئولجا، غەنىيمەت ئېلىنغان كىشلەر كەلتۈرۈلدى، ناگاھان ئۇلاردىن كۆكسى سۈت ئېقىتىۋاتقان بىر ئايال، بالا ئىمىتىشكە تەييارلانغان ھالدا ئالدىراپ يۈرۈپ، بىرەر بالىنى تاپقان ھامان، ئۇنى ئېلىپ، قۇرسىقىغا چاپلاپ ئىمىتەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: سىلەر بۇ ئايالنى بالىسىنى ئوتقا تاشلايدۇ دەپ قارامسىلەر؟ دىدى، بىز: ياق، ئۇ بالىسىنى ئوتقا تاشلىماسلىققا قادىر بولسىلا، تاشلىمايدۇ دىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەلۋەتتە الله تائالا بەندىللىرىگە، مۇشۇ ئايالنىڭ بالىسغا بولغان رەھىم قىلىشىدىنمۇ، رەھىمدىلرەكتۇر دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**2371 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لن ينجي أحدا منكم عمله " قالوا : ولا أنت يا رسول الله ؟ قال : " ولا أنا إلا أن يتغمدني الله منه برحمته فسددوا وقاربوا واغدوا وروحوا وشيء من الدلجة والقصد القصد تبلغوا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ھېچ كىمنى ئۇنىڭ ئەملى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇپ نىجاد تاپقۇزالمايدۇ، ئۇلار:سىلىمۇ شۇنداقمۇ؟ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، ئاللاھتائالا مېنى رەھمەت پەزلى بىلەن ساقلاپ قالىدۇ، لېكىن، سىلەر (ئەقىيدە، ئىبادەتتە) توغرا، نورمال، ئوتتۇرىھال يول تۇتۇپ، ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، ئەتىگەن _ ئاخشامدا ۋە قاراڭغۇ كېچىلەردە، ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇڭلار، (بۇ ۋاقىتلار ئىبادەتنىڭ ئەۋزەل ۋاختى، ئەتىگەنلىك، كەچلىك ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇ ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇڭلار) ئەمەللەردە ئوتتۇرىھال، ئادىل بولۇشنى،

نورمال بولۇشنى لازىم تۇتۇپ، ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاندىن نىجادلىققا يېتەلەيسىلەردىدى. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.( ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىشلىرىڭلاردا نورمال، ئوتتۇرىھال توغرا يول تۇتۇڭلار، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، خۇش بشارەت ئېلىڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ھەرگىز ئۇنىڭ ئەمەللىرى جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، ئەمەللىرى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، مىنى ئاللاھتائالا مەغپىرەت قىلىشى ۋە رەھمىتى بىلەن ساقلاپ قالىدۇ، (جەننەتكە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن پەزلى بىلەن كىرىدۇ، ئەمەللەر بولسا، يەنىلا ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرىدۇر، رەھمەت، رەھمەتكە سەۋەب بولىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.)

**2372 - [ 9 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل أحدا منكم عمله الجنة ولا يجيره من النار ولا أنا إلا برحمة الله " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىرەر كىشىنى ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، دوۋزاخدىنمۇ قۇتقۇزالمايدۇ، مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، ھەممىمىز ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىمىز، (ياخشى ئەمەللەرمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىشى بىلەن ھىدايەت تېپىپ، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىڭلار، ياخشى ئەمەللەر رەھمەتنىڭ سەۋەبچىسى.

**2373 - [ 10 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أسلم العبد فحسن إسلامه يكفر الله عنه كل سيئة كان زلفها وكان بعد القصاص : الحسنة بعشر أمثالها إلى سبعمائة ضعف إلى أضعاف كثيرة والسيئة بمثلها إلا أن يتجاوز الله عنها " . رواه البخاري**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندە مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامى ياخشى بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ، ئاندىن كېيىن قىساس، يەنى ئادىل تەڭشەش، بىر ياخشىلىققا 10دىن 700 ھەسسىگىچە ، بىر يامانلىققا بىر يېزىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئۆتۈۋېتىشى تېخى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندە مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامى ياخشى بولۇپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق ياخشىلىقلىرىنى يېزىپ، بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى ئۆچۈرىۋېتىدۇ، ئاندىن كېيىنكى ئادىللىق مىزان بولسا، مۇنداق بولىدۇ، بىر ياخشىلىققا 10دىن 700 ھەسسىگىچە يېزىلىدۇ، بىر يامانلىققا بولسا، بىرلا گۇناھ يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ ئۆتۈۋېتىدۇ. مالىك، نەسەئى، بەيھەقىلەر ، سەھىھ.

**2374 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إن الله كتب الحسنات والسيئات :فمن هم بحسنة فلم يعملها كتبها الله له عنده حسنة كاملة فإن هم بعملها كتبها الله له عنده عشر حسنات إلى سبعمائة ضعف إلى أضعاف كثيرة ومن هم بسيئة فلم يعملها كتبها الله عنده حسنة كاملة فإن هو هم بعملها كتبها الله له سيئة واحدة**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ياخشىلىقلارنى ۋە يامانلىقلارنى يېزىپ، پۈتۈپ بولدى، ئاندىن بايان قىلىپ، مۇنداق دېدى: كىم بىر ياخشىلىقنى قەلبىدە پىلانلاپ نىيەت ۋە مەخسەت قىلسا، تېخى ئەمەل قىلمىسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ئۆز نەزلىدە كامىل بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەخسەت قىلىپ، ئەمەل قىلسا، ئاللاھ، ئۇنىڭ نىيىتى، ئىخلاسى ياخشى بولسا، ئۆزدەرگاھىدا 10دىن 700 ھەسسىگىچە ياخشىلىق يازىدۇ،ئىخلاسىغاقارتا تېخىمۇ چەندان زىيادە قىلىپ، ھەسسىلەپ بېرىدۇ، ئەگەر بىر يامانلىقنى مەخسەت قىلىپ، ئۇنى قىلمىسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆز نەزلىدە كامىل بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەخسەت قىلىپ، ئۇ يامانلىقنى قىلىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنى بىر يامانلىق يازىدۇ، مانا ئەمدى

ئاللاھنىڭ رەھمىتى، پەزلى ئالدىدا پەقەت ھالاك بولغۇچىلارلا ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. كىشىلەر ئىچىدە، بىرلەر خانىسى يەنى يامانلىقلىرى، 10لەر، 100لەر، 1000لەر خانىسىنى يەنى نەچچە چەندان ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كېتىدىغان كىشىلەرمۇ باردۇر، ھەتتا، قىچىنىڭ دېنىچىلىك ياخشىلىق يوق كىشىلەرمۇ باردۇر، ئۇلار دوۋزاخقا لايىقتۇر.

**2375 - [ 12 ] الفصل الثاني عن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن مثل الذي يعمل السيئة ثم يعمل الحسنات كمثل رجل كانت عليه درع ضيقة قد خنقته ثم عمل حسنة فانفكت حلقة ثم عمل أخرى فانفكت أخرى حتى تخرج إلى الأرض "رواه في شرح السنة**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئالدى بىلەن يامان ئەمەللەرنى قىلىپ، ئاندىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىنىڭ ئوخشىشى، مۇنۇ كىشىگە ئوخشايدۇ، بۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۇنى سىقىپ، بوغۇپ تۇرىدىغان ناھايىتى تار تۆمۈر كىيىم بار، ئاندىن بىر ياخشى ئەمەلنى قىلسا، ئۇ كىيىمنىڭ بىر ھالقىسى يېشىلىدۇ، يەنە بىر ياخشىلىق قىلسا، يەنە بىر ھالقىسى يېشىلىدۇ، تاكى ئۇ كىشى يەر ــ زېمىنغا ئازادە چىققانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك، ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئازابدىن ئازاد بولىدۇ).شەرھىسسۇننە، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**2376 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي الدرداء : أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقص على المنبر وهو يقول : ( ولمن خاف مقام ربه جنتان )قلت : وإن زنى وإن سرق ؟ يا رسول الله فقال الثانية : ( ولمن خاف مقام ربه جنتان ) فقلت الثانية : وإن زنى وسرق ؟ يا رسول الله فقال الثالثة : ( ولمن خاف مقام ربه جنتان ) فقلت الثالثة : وإن زنى وسرق ؟ يا رسول الله قال : " وإن رغم أنف أبي الدرداء " . رواه أحمد**

ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە قىسسە، نۇتۇق سۆزلەپ، مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشتىن قورققان كىشىگە ئىككى جەننەت باردۇر»(سۈرەئەررەھمان 46 ـ )ئاندىن مەن: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر زىنا قىلغان، ئوغۇرلۇق قىلغان بولسىمۇ شۇنداقمۇ؟ دېسەم، ئىككىنجى قېتىم يەنە؛ «پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشتىن قورققان كىشىگە ئىككى جەننەت باردۇر»دېدى، ئاندىن مەن: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر زىنا قىلغان، ئوغۇرلۇق قىلغان بولسىمۇ شۇنداقمۇ؟ دېسەم، ئۈچۈنجى قېتىم يەنە شۇنداق دېدى، مەن يەنە شۇنداق دەپ سورسام، گەرچە ئەبۇدەردائىنىڭ بۇرنىغا قۇم تىقىلسىمۇ(خارلانسىمۇ)شۇنداق دېدى.ئەھمەد توپلىغا

**2377 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن عامر الرام قال : بينا نحن عنده يعني عند النبي صلى الله عليه وسلم إذ أقبل رجل عليه كساء وفي يده شيء قد التف عليه فقال : يا رسول الله مررت بغيضة شجر فسمعت فيها أصوات فراخ طائر فأخذ ن فوضعتهن في كسائي فجاءت أمهن فاستدارت على رأسي فكشفت لها عنهن فوقعت عليهن فلففتهن بكسائي فهن أولاء معي قال : " ضعهن " فوضعتهن وأبت أمهن إلا لزومهن فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتعجبون لرحم أم الفراخ فراخها ؟ فو الذي بعثني بالحق : لله أرحم بعباده من أم الفراخ بفراخها ارجع ن حتى تضعهن من حيث أخذ ن وأمهن معهن . فرجع ن .رواه أبو داود**

ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر چاغدا بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، تۇيۇقسىز بىركىشى ئالدىنى قىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە كاسايا تون بارئىكەن ، ئۇ قولىدا بىر نەرسىنى يۆگىۋاپتۇ، ئاندىن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن بىر توپ قويۇق دەرەخزارلىقتىن ئۆتۈپ قېلىپ، ئۇنىڭدا قۇش چۈجىللىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ئېلىپ، چاپىنىمدا قويدۇم، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئانىسى كېلىپ، بېشىمدا ئايلاندى، مەن ئۇنىڭغا باللىرىنى ئېچىپ كۆرسەتسەم، ئۇ باللىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، ئاندىن مەن ھەممىسىنى

چاپىنىم بىلەن يۆگەپ ئەكەلدىم، مانا ئۇلار مۇشۇ شۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇلارنى قويغىن دېدى، ئۇ ئۇلارنى قويۇۋەتتى، چۈجىلەرنىڭ ئانىسى قاتتىق چىڭ تۇرۇپ، باللىرىنىلا مۇھاپىزەت قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سىلەر بۇ قۇشنىڭ ئۆز باللىرىغا رەھىم قىلغىنىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ مىنى ھەقلىق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە الله تائالا ئۆزىنىڭ بەندىللىرىگە، مۇشۇ قۇشنىڭ ئۆز باللىرىغا رەھىم قىلغىنىدىنمۇ بەكىرەك رەھىم قىلغۇچىدۇر، سەن بۇلارنى ئاپىرىپ، ئۆز ئورنىغا قۇيۇپ قويغىن، ئۇلارنىڭ ئانىسى باللىرى بىلەن بىللە تۇرسۇن دېدى، ئۇكىشى ئۇلارنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرىۋەتتى.ئەبۇداۋۇد.

**2378 - [ 15 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن عبد الله بن عمر قال : كنا مع النبي صلى الله عليه وسلم في بعض غزواته فمر بقوم فقال : " من القوم ؟ " قالوا : نحن المسلمون وامرأة تحضب بقدرها ومعها ابن لها فإذا ارتفع وهج تنحت به فأتت النبي صلى الله عليه وسلم فقال : أنت رسول الله ؟ قال : " نعم " قالت : بأبي أنت وأمي أليس الله أرحم الراحمين ؟ قال : " بلى " قالت : أليس الله أرحم بعباده من الأم على ولدها ؟ قال : " بلى " قالت : إن الأم لا تلقي ولدها في النار فأكب رسول الله صلى الله عليه وسلم يبكي ثم رفع رأسه إليها فقال : " إن الله لا يعذب من عباده إلا المارد المتمرد الذي يتمرد على الله وأبى أن يقول : لا إله إلا الله " . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازات قىلىپ ماڭغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قەۋىمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ: سىلەر كىم بۇلىسىلەر؟ دېدى، ئۇلار: بىز مۇسۇلمانلار دېدى، شۇجايدا بىر ئايال قازىنىغا ئوت قالاۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ بالىسى يېنىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئىدى، ھەر قېتىم ئوتنىڭ يالقۇنى يۇقىر كۆتۈرۈلسە، ئۇبالىسنى ئوتتىن يىراق قىلاتتى، ئاندىن ئۇئايال كىلىپ: سىلى الله نىڭ ئەلچىسىمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە مەن، الله نىڭ ئەلچىسى دېدى، ئۇئايال: سىلىگە ئاتا ئانام پىدا بولسۇن، الله تائالا رەھىم قىلغۇچىلارنىڭمۇ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىراقى ئەمەسمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئەلۋەتتە ئەڭ رەھىم قىلغۇچىراقى دېدى، ئۇئايال: الله تائالا ئۆز بەندىللىرىگە، ئانىنىڭ ئۆز بالىسىغا رەھىم قىلغىنىدىنمۇ بەكىرەك رەھىم قىلغۇچىراق ئەمەسمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئەلۋەتتە الله تائالا ئۆز بەندىللىرىگە ئەڭ رەھىم قىلغۇچى دېدى، ئۇئايال: ھەقىقەتەن ئانا ئۆز بالىسنى ئوتقا تاشلىمايدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى پەس قىلىپ، يۈزىنى يۆگەپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: ھەقىقەتەن الله تائالا بەندىللىرىنى ئازاپلىمايدۇ، پەقەت بەندىللىرىدىن الله تائالاغا خىلاپلىق قىلىپ ھەددىدىن ئاشقان، «لائىلاھە ئىللەللاھ»الله دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دىيىشكە ئۇنىمىغان، ئىنسى-جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنىلا (دىنسىز كاپىر ، مۇشرىك، مۇناپىقلارنىلا)ئازاپلايدۇ دېدى. ئىبنى ماجە توپلىغان.

**2379 - [ 16 ] ( لم تتم دراسته )وعن ثوبان عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن العبد ليلتمس مرضاة الله فلا يزال بذلك فيقول الله عز وجل لجبريل : إن فلانا عبدي يتلمس أن يرضيني ألا وإن رحمتي عليه فيقول جبريل : رحمة الله على فلان ويقولها حملة العرش ويقولها من حولهم حتى يقولها أهل السماوات السبع ثم بط له إلى الأرض " . رواه أحمد**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بەندە، الله تائالانىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ، شۇ ئىشىدا داۋام قىلىۋەرسە، الله تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: ھەقىقەتەن پالانى بەندەم مىنىڭ رازىلىقىمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ئاگاھ بولغىنكى ئۇنىڭغا مىنىڭ رەھمىتىم بۇلىدۇ دەيدۇ، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: پالانىغا الله رەھمەت قىلدى، دەيدۇ، ئاندىن بۇ سۆزنى ئەرشىنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەر دەيدۇ، ھەتتا يەتتە ئاسمان ئەھلى؛ پالانىغا الله رەھمەت قىلدى، دەيدۇ،ئاندىن بۇسۆز ئۇكىشى ئۇچۇن زىمىنغا چۈشۈرلىدۇ. ئەھمەد توپلىغان.

**2380 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن أسامة بن زيد عن النبي صلى الله عليه وسلم في قول الله عز وجل : ( فمنهم ظالم لنفسه**

ومنهم مقتصد ومنهم سابق بالخيرات )قال : كلهم في الجنة " . رواه البيهقي في كتاب البعث والنشور

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، الله تائالانىڭ « ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى اللهنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر.»(سۈرە پاتىر 32 ـ )دىگەن سۆزى توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى (يەنى ئۈچىلى قىسىم)جەننەتتە بۇلىدۇ دىدى. بەيھەقى توپلىغان،تەكشۇرۇلمىگەن.

باب ما يقول عند الصباح والمساء والمنام

ئەتىگەن ـ ئاخشام ۋە ئۇخلىغاندا نىمە دىيىش توغرىسىدا

الفصل الأول2381 - [ 1 ] ( صحيح )عن عبد الله قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أمسى قال : " أمسينا وأمسى الملك لله والحمد لله ولا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير اللهم إني أسألك من خير هذه الليلة وخير ما فيها وأعوذ بك من شرها وشر ما فيها اللهم إني أعوذ بك من الكسل والهرم وسوء الكبر وفتنة الدنيا وعذاب القبر "وإذا أصبح قال أيضا : " أصبحنا وأصبح الملك لله " . وفي رواية : " رب إني أعوذ بك من عذاب في النار وعذاب في القبر " . رواه مسلم

ئابدۇالله رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەچ قىلسا مۇنداق دەيتتى: الله نىڭ رەھمىتى بىلەن كەچ قىلدۇق، الله نىڭ پەرىشتىللىرىمۇ كەچ قىلدى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا الله قا خاستۇر، يەككە يېگانە بىر الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، الله نىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ ـ سانا الله قا خاستۇر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئى الله! مەن سىلىدىن مۇشۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە بۇ كېچىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن. سىلىگە سىغىنىپ، مۇشۇ كېچىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بۇكېچىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىگە سىغىنىپ ئاجىزلىقىدىن، ھورۇنلۇقىدىن، (قورقۇنچاقلىقىدىن، بېخىللىقىدىن)، بەك قېرىلىقىدىن ، بۇدۇنيانىڭ پىتنىسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن،( ھاياتلىق، ماماتلىق پىتنە ـ پاسادلىرىدىن) پاناھ تىلەيمەن، تاڭ ئاتقۇزسىمۇ ئەنە شۇنداق، الله نىڭ رەھمىتى بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق، الله نىڭ پەرىشتىللىرىمۇ تاڭ ئاتقۇزدى............ ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىگە سىغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن دەيتتى.مۇسلىم.

2382 - [ 2 ] ( صحيح )وعن حذيفة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا أخذ مضجعه من الليل وضع يده تحت خده ثم يقول : " اللهم باسمك أموت وأحيا " . وإذا استيقظ قال : " الحمد الله الذي أحيانا بعدما ما أماتنا وإليه النشور ". رواه البخاري

بەررائى، ھۇزەيفە، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ياتىقىنى تۇتقاندا، قولىنى مەڭزىنىڭ ئاستىغا قوياتتى، يېتىش ئالدىدا مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ، مەن سىلىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن باشلاپ ياتتىم، سىلىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن باشلاپ ئۆلىمەن ۋە تىرىلىمەن ، ئۇخلايمەن ۋە ئويغىنىمەن» ئويغانغاندا بولسا:« بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار بىزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن، ئۇخلاتقاندىن كېيىن ئويغاتقان ئاللاھقا خاستۇر، تىرىلىپ قوپۇش ئاللاھنىڭ دەرگاھىغىدۇر» دەيتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، بۇخارى، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياتىقىنى تۇتقاندا، يەنى ياتقاندا، ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتاتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**2383 - [ 3 ] ( صحيح )ومسلم عن البراء**

ئەبۇلئەزھەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدىن ياتاققا كىرگەندە، يېتىش ئالدىدا مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ يېنىمنى قويىمەن، ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، مەن ئۈچۈن ماڭا مەسئۇل شەيتاننى خار قىلسىلا، مېنىڭ گۆرۈگە، رەنىگە قويۇلۇشۇمنى ئازاد قىلسىلا، مىزانىمنى ئېغىر قىلسىلا، مېنى پەرىشتىلەردىن پەيغەمبەرلەردىن بولغان ئەڭ ئۈستۈن مەرتىبىلىك جامائەتلەر ئىچىدە قىلسىلا». ئەبۇ داۋۇد 4395 _ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**2384 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أوى أحدكم إلى فراشه فلينفض فراشه بداخلة إزاره فإنه لا يدري ما خلفه عليه ثم يقول : باسمك ربي وضعت جنبي وبك أرفعه إن أمسكت نفسي فارحمهما وإن أرسلتها فاحفظها بما تحفظ به عبادك الصالحين " . وفي رواية : " ثم ليضطجع على شقه الأيمن ثم ليقل : باسمك " وفي رواية : " فلينفضه بصنفة ثوبه ثلاث مرات وإن أمسكت نفسي فاغفر لها "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىشى كۆرپىسىگە بارسا، ئۇنى ئىشتىنىنىڭ ئىچى بىلەن قېقىپ سۈرتىۋەتسۇن، چۈنكى، ئۇ ئورنىدا نېمىنىڭ ئىز باسار بولۇپ قالغىنىنى بىلمەيدۇ، ئاندىن ئوڭ يېنىنى قويۇپ يېتىپ مۇنداق دېسۇن؛ ئى رەببىم، سىنىڭ ئىسمىڭ بىلەن يېنىمنى قويدۇم، سىنىڭ رەھمىتىڭ بىلەن كۆتۈرىمەن، ئەگەر جېنىمنى دەرگاھىڭدا ساقلاپ قالساڭ، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن،مەغپىرەت قىلغىن، ئەگەر ئۇنى ماڭا ئەۋەتسەڭ، يەنى مىنى ئويغاتساڭ، سالىھ بەندىلىرىڭنى ساقلىغاندەك، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلىغىن. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، سەھىھ.

**2385 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن البراء بن عازب قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أوى إلى فراشه نام على شقه الأيمن ثم قال : "« اللهم أسلمت نفسي إليك ووجهت وجهي إليك وفوضت أمري إليك وألجأت ظهري إليك رغبة ورهبة إليك لا ملجأ ولا منجا منك إلا إليك آمنت بكتابك الذي أنزلت ونبيك الذي أرسلت» " . وقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قالهن ثم مات تحت ليلته مات على الفطرة "وفي رواية قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لرجل : " يا فلان إذا أويت إلى فراشك فتوضأ وضوءك للصلاة ثم اضطجع على شقك الأيمن ثم قل : اللهم أسلمت نفسي إليك إلى قوله : أرسلت " وقال : " فإن مت من ليلتك مت على الفطرة وإن أصبحت أصبت خيرا "**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرپىسىدە يېتىپ، ئۇخلىماقچى بولسا، ئوڭ يېنىچە يېتىپ مۇنداق دەيتتى:يەنەبىرخاتىردە، مەن ساڭا، سەن كۆرپەڭگە، تۆشەكلىرىڭگە بارغاندا دەيدىغان بىر نەچچە كەلىملەرنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟، ئەگەر شۇ سۆزلەرنى دەپ يېتىپ، شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئىسلام دىنى ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىسەن، ئەگەر ئۆلمەي ساق ھالدا تاڭ ئاتقۇزساڭ، نۇرغۇن ياخشىلىققا ئېرىشكەن بولىسەن، مۇنداق دىگىن؛ «ئى ئاللاھ، نەپسىمنى، جېنىمنى سىلىگە تاپشۇردۇم، بارلىق زاتىمنى، رىزالىقىمنى سىلىگىلا قاراتتىم، سىلىگىلا يۈزلەندىم، سىلىدىن قورقۇپ، سىلىدىن ئۈمىد قىلىپ، بارلىق ئىشلىرىمنى سىلىگىلا تاپشۇردۇم، مەن ئۈچامنى سىلىگىلا يۆلىدىم، سىلىگە يۆلەندىم، سىلىنىڭ رەھمەتلىرىدىن باشقا، سىلىنىڭ دەرگاھىللىرىدىن باشقا سىلىنىڭ ئازابلىرىدىن ئىلتىجا قىلىدىغان نىجاتلىق جاي يوقتۇر، پەقەت سىلىنىڭ رەھمەتلىرىلا باردۇر، نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، ئەۋەتكەن ئەلچى پەيغەمبەرلىرىگە شەكسىز ئىمان كەلتۈردۇم» يەنەبىرخاتىردە:ئى پالانى! سەن كۆرپەڭگە، تۆشەكلىرىڭگە بارغاندا، نامازغا ئالغاندەك، كىچىك تاھارەت ئېلىپ، ئوڭ يېنىڭچە يېتىپ مۇنداق دىگەن:..... بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2386 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا أوى إلى فراشه قال : " الحمد لله الذي أطعمنا**

وسقانا وكفانا وآوانا فكم ممن لا كافي له ولا مؤوي " . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرپىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئورۇنلاشقاندا مۇنداق دەيتتى: بارلىق ھەمدۇ ــ سانا بىزگە تائام بەرگەن، بىزنى سۇغارغان، بىزگە كۇپايە بولغان، جاي بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر، كۇپايە بولغۇچىسى يوق، ئورۇن، جاي بەرگۈچىسى يوق نۇرغۇن كىشلەر باردۇر. ئەھمەد، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان. سەھىھ.

2387 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن علي : أن فاطمة أتت النبي صلى الله عليه وسلم تشكو إليه ما تلقى في يدها من الرحى وبلغها أنه جاءه رقيق فلم تصادفه فذكرت ذلك لعائشة فلما جاء أخبرته عائشة قال : فجاءنا وقد أخذنا مضاجعنا فذهبنا نقوم فقال : على مكانكما فجاء فقعد بيني وبينها حتى وجدت برد قدمه على بطني فقال : " ألا أدلكما على خير مما سألتما ؟ إذا أخذتما مضجعكما فسبحا ثلاثا وثلاثين واحمدا ثلاثا وثلاثين وكبرا ثلاثا وثلاثين فهو خير لكما من خادم "

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر نەچچە قۇل ـ چۆرە كەلگەنلىكىنى بىلىپ، قولى تۈگمەن تېشىدىن جاراھەتلەنگەن ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىلىپ،خادىم سوراپ كىلىپ، كۆرىشەلمەي، بۇئىشنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا دەپ قويۇپ كىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ كەلگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ خادىم سوراپ كەلگىنىنى خەۋەر قىلىپتۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز ئورۇن تۇتۇپ ، ئۇخلاشقا باشلىغاندا كىلىپ: سىلەر قوزغالماي، يېتىۋىرىڭلار دەپ، مەن بىلەن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىككىمىزنىڭ ئارلىقىدا ئولتۇردى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ پۇتى قۇرسىقىمغا تەككەندە، پۇتىنىڭ سوغۇقلىقىنى ھىس قىلدىم،ئاندىن بىزگە؛ مەن سىلەرنى سىلەر ئىككىڭلار سورىغان نەرسىدىن ياخشىراق نەرسىگە كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ سىلەر ئورۇن تۇتۇپ ياتقاندا ئۇخلاش ئالدىدا، ئاللاھقا33 تەسبىھ، 33 ھەمدۇ ــ سانا، 33 تەكبىر ئېيتىپ يېتىڭلار، (يەنى ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ، پاك دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ھەمدۇ ــ سانا بىلەن شۇكۇر قىلىپ يېتىڭلار) ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش سىلەرگە قۇل، خادىمدىنمۇ ياخشىدۇر،دېدى.ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد ،تىرمىزى،سەھىھ

2388 - [ 8 ] ( صحيح )

وعن أبي هريرة قال : جاءت فاطمة إلى النبي صلى الله عليه وسلم تسأله خادما فقال : " ألا أدلك على ما هو خير من خادم ؟ تسبحين الله ثلاثا وثلاثين وتحمدين الله ثلاثا وثلاثين وتكبرين الله أربعا وثلاثين عند كل صلاة وعند منامك " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا خىزمەتچى ـ خادىم سوراپ بارغاندا مۇنداق دىگەن: مەن سېنى سەن ئۈچۈن خادىم، قۇلدىنمۇ ياخشى بولغان نەرسىگە كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ سەن ئۇخلاش ئالدىدا ۋە ھەربىر نامىزىڭدا ، ئاللاھتائالاغا 33 تەسبىھ، 33 ھەمدۇ ــ سانا، 34 تەكبىر ئېيتقىن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

2389 - [ 9 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أصبح قال : " اللهم بك أصبحنا وبك أمسينا وبك نحيا وبك نموت وإليك المصير " . وإذا أمسى قال : " اللهم بك أمسينا وبك أصبحنا وبك نحيا وبك نموت وإليك النشور " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭ ئاتقۇزغاندا مۇنداق دەيتتى: يەنەبىرخاتىردە؛ بىرىڭلار، تاڭ ئاتقۇزغاندا مۇنداق دىسۇن؛ ئى ئاللاھ، سىلنىڭ نىئمەتلىرى بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق، يەنە شۇنداق كەچ قىلىمىز، قۇدرەتلىرى بىلەن تىرىلدۇق،يەنە شۇنداقلا ئۆلىمىز، ئاقىۋەت قايتىدىغان

جاي سلىنىڭ دەرگاھللىرى بولىدۇ، كەچ قىلغاندا مۇنداق دېسۇن: ئى ئاللاھ، سلىنىڭ نىئمەتلىرى بىلەن كەچ قىلدۇق، يەنە شۇنداق تاڭ ئاتقۇزىمىز، قۇدرەتلىرى بىلەن تىرىلدۇق، شۇنداقلا ئۆلىمىز، تىرىلىپ قوپىدىغان، قايتىدىغان جاي سلىنىڭ دەرگاھللىرىدۇر. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**2390 - [ 10 ] وعنه قال : قال أبو بكر : قلت يا رسول الله مرني بشيء أقوله إذا أصبحت وإذا أمسيت قال : " قل اللهم عالم الغيب والشهادة فاطر السماوات والأرض رب كل شيء ومليكه أشهد أن لا إله إلا أنت أعوذ بك من شر نفسي ومن شر الشيطان وشركه قله إذا أصبحت وإذا أمسيت وإذا أخذت مضجعك " . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ماڭا، مەن ئەتىگەن ـ ئاخشام دەيدىغان بىرەر نەرسە ئۆگىتىپ قويسىلا دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ! سىلى ئاسمان ــ زىمىننىڭ ياراتقۇچىسى، غەيبنى ۋە ھازىرنى بىلگۈچى، ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھى، ئىگىسى، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەقىقەتەن سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلىگە سېغىنىپ، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن، ئىشلىرىمدا ئۇنىڭ شېرىك بولۇۋېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن، سەن بۇ دۇئانى ئەتىگەندە، كەچتە ۋە ياتىدىغىنى تۇتقاندا دېگىن. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى،دارىمى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**2391 - [ 11 ] ( صحيح )وعن أبان بن عثمان قال : سمعت أبي يقول : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من عبد يقول في صباح كل يوم ومساء كل ليلة بسم الله الذي لا يضر مع اسمه شيء في الأرض ولا في السماء وهو السميع العليم ثلاث مرات فيضره شيء " . فكان أبان قد أصابه طرف فالج فجعل الرجل ينظر إليه فقال له أبان : ما تنظر إلي ؟ أما إن الحديث كما حدثتك ولكني لم أقله يومئذ ليمضي الله علي قدره . رواه الترمذي وابن ماجه وأبو داود وفي روايته : " لم تصبه فجاءة بلاء حتى يصبح ومن قالها حين يصبح لم تصبه فجاءة بلاء حتى يمسي "**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بەندە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە ھەر كۈنى كەچتە مۇنۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، «بىسمىللاھىللەزى لايەزۇررۇ مەئەئىسمىھى شەيئۇن فى لئەرزى ۋەلا فى سسامائى ۋەھۇۋەسسەمىيئۇلئەلىيىم»، تەرجىمىسى: ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن زىمىندا ۋە ئاسماندىمۇ ھېچ نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.بۇھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەبانۇن پالەچ ئىدى، ھەدىسنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنىڭغا قاراشقا باشلىدى، ئەبانۇن ئۇنىڭغا: سەن ماڭا نىمە دەپ قارايسەن؟، ھەدىس بولسا، مەن ساڭا سۆزلەپ بەرگەندەك (سەھىھ)
ئىشەنچلىكتۇر، لېكىن مەن، **الله** تائالا ماڭا ئۆز تەقدىرىنى يۈرگۈزۈپ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن دەپ ، ئۇدۇئانى ئۇقۇمۇدۇم دىدى. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. يەنە بىرخاتىرىدە:كىم يۇقىرقى دۇئانى ھەر كۈنى كەچتە دىسە، تاڭ ئاتقىچە، ئەتىگەندە دىسە، كەچ كىرگىچە، ئۈكىشكە تۇيۇقسىز بالا يەتمەيدۇ دېگەن.
ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كەچ قىلغاندا، «بىسمىللاھىللەزى لەيەزۇررۇ مەئەئىسمىھى شەيئۇن فىلئەرزى ۋەلافى سسامائى ۋەھۇۋەسسەمىيئۇلئەلىيىم» دېگەننى ئۈچ قېتىم دېسە، تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئۇ كىشىگە تۇيۇقسىز بالا، مۇسىبەت يەتمەيدۇ، كىم ئۇ سۆزلەرنى تاڭ ئاتقۇزغاندا ئۈچ قېتىم دېسە، كەچ بولغىچە ئۇ كىشىگە تۇيۇقسىز بالا يەتمەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2392 - [ 12 ] وعن عبد الله أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يقول إذا أمسى : " أمسينا وأمسى الملك لله والحمد لله لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير رب أسألك خير ما في هذه الليلة وخير ما بعدها وأعوذ بك**

من شر ما في هذه الليلة وشر ما بعدها رب أعوذ بك من الكسل ومن سوء الكبر أو الكفر " . وفي رواية : " من سوء الكبر والكبر رب أعوذ بك من عذاب في النار وعذاب في القبر " . وإذا أصبح قال ذلك أيضا : " أصبحنا وأصبح الملك لله " . رواه أبو داود والترمذي وفي روايته لم يذكر : " من سوء الكفر "

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەچ قىلسا مۇنداق دەيتتى: الله نىڭ رەھمىتى بىلەن كەچ قىلدۇق، الله نىڭ پەرىشتىللىرىمۇ كەچ قىلدى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا الله قا خاستۇر، يەككە يېگانە بىر الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، الله نىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ ـ سانا الله قا خاستۇر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئى الله! مەن سىلدىن مۇشۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە بۇ كېچىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى،بۇنىڭدىن كېيىنكى ياخشىلىقنى سورايمەن. سىلىگە سېغىنىپ، مۇشۇ كېچىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بۇكېچىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن،بۇنىڭدىن كېيىنكى يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاجىزلىقدىن، ھورۇنلۇقدىن، (قورقۇنچاقلىقدىن، بېخىللىقدىن)، بەك قېرىلىقدىن ،كۇپۇرلىقتىن، كىبىردىن، بۇدۇنيانىڭ پىتنىسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن،( ھاياتلىق، ماماتلىق پىتنە ــ پاسادلىرىدىن) پاناھ تىلەيمەن، تاڭ ئاتقۇزسىمۇ ئەنە شۇنداق، الله نىڭ رەھمىتى بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق، الله نىڭ پەرىشتىللىرىمۇ تاڭ ئاتقۇزدى............ ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن دەيتتى.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ، مۇسلىم.

2393 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن بعض بنات النبي صلى الله عليه وسلم أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يعلمها فيقول : " قولي حين تصبحين : سبحان الله وبحمده ولا قوة إلا بالله ما شاء الله كان وما لم يشأ لم يكن أعلم أن الله على كل شيء قدير وأن الله قد أحاط بكل شيء علما فإنه من قالها حين يصبح حفظ حتى يمسي ومن قالها حين يمسي حفظ حتى يصبح " . رواه أبو داود

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قىزلىرىنىڭ بەزىسىگە مۇنداق ئۆگىتىپ قويغان؛ سەن تاڭ ئاتقۇزغان چېغىڭدا« الله قا ھەمدە ئېيتىش بىلەن بىرگە، الله نى پاك دەپ ئېتقاد قىلىمەن، الله نىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىر كۈچ ــقۇۋۋەت يوقتۇر، الله خالىغان نەرسە بولىدۇ، الله خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ، مەن، الله تائالانىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، الله ھەر بىر نەرسىنى ئىلىم جەھەتتىن قورشاپ تۇرىدۇ»دېگىن، كىم بۇسۆزنى تاڭ ئاتقۇزغاندا دېسە، ئۇكىشى كەچ كىرگىچە مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ، كىم بۇسۆزنى كەچ قىلغاندا دېسە، ئۇكىشى تاڭ ئاتقىچە مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ،دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

2394 - [ 14 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال حين يصبح : ( فسبحان الله حين تمسون وحين تصبحون وله الحمد في السموات والأرض وعشيا وحين تظهرون )إلى قوله : ( وكذلك تخرجون ) أدرك ما فاته في يومه ذلك ومن قالهن حين يمسي أدرك ما فاته في ليلته " . رواه أبو داود

ئىبنى ئاببا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەتىگىنى مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇسا، «سىلەر ئەتىگەن ئاخشاملاردا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەمدۇسانا، كەچ ۋە پېشىن ۋاقتىلىرىدىكى بارلىق ھەمدۇ ــ سانالار ئاللاھقا خاستۇر»، سۇرە رۇم 17 ـ 18 ــ ئايەت، «سىلەرمۇ ئاشۇ ئۆسۈملۈكلەردەك تېرىلىپ چىقىرىلىسىلەر» دېگەن يەرگىچە. ئۇ كىشى شۇ كۈنى قولدىن كەتكەن بارلىق ياخشىلىق ساۋابلارنى تاپقان بولىدۇ، كەچ تەرەپدەئوقىسا،كېچىدىكى ساۋابلارنى تاپقان بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. ئەلبانى زەئىپ دېدى،

2395 - [ 15 ] ( صحيح )وعن أبي عياش أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من قال إذا أصبح : لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير كان له عدل رقبة من ولد إسماعيل وكتب له عشر حسنات وحط عنه

**عشر سيئات ورفع عشر درجات وكان في حرز من الشيطان حتى يمسي وإن قالها إذا أمسى كان له مثل ذلك حتى يصبح " . قال حماد بن سلمة : فرأى رجل رسول الله صلى الله عليه وسلم فيما يرى النائم فقال : يا رسول الله إن أبا عياش يحدث عنك بكذا وكذا قال : " صدق أبو عياش " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ ئىياش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم تاڭ ئاتقۇزغاندا: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» دىسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئىسمائىلنىڭ بالىلىرىدىن يەنى ئەرەبلەردىن بىر قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە ئون ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇ كىشىدىن ئون گۇناھ، خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ، ئۇ كىشىگە ئون دەرىجە يۇقىر كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇ كىشى كەچ كىرگىچە شەيتاندىن مۇھاپىزەت قىلىنىش ئىچىدە ساقلىنىپ قالىدۇ، كىم بۇ سۆزنى كەچ تەرەپتە دىسە، ئۇ كىشىگە تاڭ ئاتقىچە شۇنداق بولىدۇ، يەنى يۇقىرقى ئەجىر ــ ساۋابلار، دەرىجىلەر بولۇپ، تاڭ ئاتقىچە شەيتاندىن ساقلىنىدۇ.بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چۈشىدە كۆرۈپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەبۇئىياش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىلىدىن مۇنداق،مۇنداق (يۇقىرقى) ھەدىسنى سۆزلەۋاتىدۇ دەپ سورىسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇكىشىگە: ئەبۇ ئىياش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راست سۆزلەپتۇ، دىگەن ئىكەن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2396 - [ 16 ] ( ضعيف )وعن الحارث بن مسلم التميمي عن أبيه عن رسول الله صلى الله عليه وسلم أنه أسر إليه فقال : " إذا انصرفت من صلاة المغرب فقل قبل أن تكلم أحدا اللهم أجرني من النار سبع مرات فإنك إذا قلت ذلك ثم مت في ليلتك كتب لك جواز منها " . رواه أبو داود**

ھارىس ئىبنى مۇسلىم تەمىيمىدىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مەخپى قىلىپ مۇنداق دەپتۇ، شام نامىزىدىن قايتقان چېغىڭدا بىرەر كىشىگە سۆز قىلىشىڭدىن بۇرۇن مۇنداق دىگىن، «ئى ئاللاھ، مىنى دوۋزاخدىن قۇتقازىسلا دەپ يەتتە قېتىم دىسەڭ، شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتسەڭ، سەن ئۈچۈن دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش پۇتۇلىدۇ»، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، چۈنكى، شەيىخ مۇھەددىس ئىمام مۇھەممەد ناسرۇددىن ئەلبانى رەھمەھۇللا، ئەبۇ داۋۇدتىنمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، باھا بېرىپ، ھۆكۈم چىقارغان، ھەربىر ھەدىسنى ئالاھىدە سەھىھى، ھەسەن، زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا يالغان دەپ باھا بەرگەن، مەسىلەن: ئەبۇ داۋۇتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەدىسنى يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئايالنىڭ ئارىسىدا مېڭىشدىن ياكى ئۆتۈشدىن توسقان دىگەن ھەدىسنى يالغان دىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مىشكاتتىمۇ بىرمۇ ــ بىر ھەدىسلەرگە باھا بېرىپ، ھۆكۈم چىقىرالىغان، بىز بۇلارنى سۆزلەپ بولغان.

**2397 - [ 17 ] وعن ابن عمر قال : لم يكن رسول الله صلى الله عليه وسلم يدع هؤلاء الكلمات حين يمسي وحين يصبح : " اللهم إني أسألك العافية في الدنيا والآخرة اللهم إني أسألك العفو والعافية في ديني ودنياي وأهلي ومالي اللهم استر عوراتي وآمن روعاتي اللهم احفظني من بين يدي ومن خلفي وعن يميني وعن شمالي ومن فوقي وأعوذ بعظمتك أن أغتال من تحتي " . قال وكيع يعني الخسف رواه أبو داود**

ئىبنى ئاببىاس،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتىگەن ۋە كەچ تەرەپتە مۇنداق دۇئا قىلاتتى،بۇسۆزلەرنى ھەرگىز تەرىك ئەتمەيتتى؛« ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ساق ـ سالامەتلىكنى سورايمەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن دىنىمدا، دۇنيارىمدا، ئەھلىمدە، مال ــ مۈلكۈمدە ئىپپەتلىك بولۇشۇمنى، ئەپۇ قىلىشلىرىنى، ساق ـ سالامەتلىكنى سورايمەن، ھەرخىل بالايى ــ ئاپەتلەردىن ساق ــ سالامەت قېلىشىمنى سورايمەن، ئى ئاللاھ، ئەۋرىتىمنى ياپسىلا، مىنى قورقۇنچىدىن

ئەمىن، خاتىرجەم قىلسىلا، مىنى ئالدى ـ ئارقام تەرەپتىن، ئوڭ ـ سول تەرىپىمدىن، ئۈستى تەرىپىمدىن قوغداپ ساقلىسىلا، سىلىگە سېغىنىپ ئاستىم تەرىپىمدىن تۇيۇقسىز ھالاك قىلىنىشىمدىن،( ئۆلتۈرۈلۈشۈمدىن)، مىنى يەر يۇتۇپ كىتىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئەبۇداۋۇد، بەزار توپلىغان، سەھىھ. ئى ئاللاھ، بىزلەر ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارلىق دۇئالىرىنى ئىجاۋەت قىلىپ بەرسىلە، ئامىن!

**2398 - [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال حين يصبح : اللهم أصبحنا نشهدك ونشهد حملة عرشك وملائكتك وجميع خلقك أنك أنت الله لا إله إلا أنت وحدك لا شريك لك وأن محمدا عبدك ورسولك إلا غفر الله له ما أصابه في يومه ذلك من ذنب " . رواه الترمذي وأبو داود وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:

**2399 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من عبد مسلم يقول إذا أمسى وإذا أصبح ثلاثا رضيت بالله ربا وبالإسلام دينا ومحمد نبيا إلا كان حقا على الله أن يرضيه يوم القيامة " . رواه أحمد والترمذي**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بەندە، ئەتىگەن ۋە كەچ تەرەپتە:« مەن ئاللاھقا رەب جەھەتتىن (يەنى ھەقىقى ياراتقۇچى، ئىگە بولغۇچى پادىشاھ ھەق ئىلاھ دەپ) رازى بولدۇم ، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولدۇم»دىگەننى ئۈچ قېتىمدىن دىسە، (شۇنداق ئېتىقاد قىلسا)، **الله** تائالا ئۇكىشىنى قىيامەت كۈنى چوقۇم رازى قىلىدۇ.ئەھمەد ،تىرمىزى، توپلىغان. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مەن، ئاللاھقا رەب جەھەتتىن (يەنى ھەقىقى ياراتقۇچى ئىگە بولغۇچى پادىشاھ، ھەق ئىلاھ دەپ) رازى بولدۇم دىسە، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولدۇم دىسە، شۇنداق ئېتىقاد قىلسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ، ھەق بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**2400 - [ 20 ] وعن حذيفة أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا أراد أن ينام وضع يده تحت رأسه ثم قال : " اللهم قني عذابك يوم تجمع عبادك أو تبعث عبادك " . رواه الترمذي**

بەرائى، ھۇزەيفە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىسا، ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئۇخلايتتى ۋە ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا مۇنداق دەيتتى، «ئى ئاللاھ، مىنى بارلىق بەندىلىرىڭنى توپلاپ، يىغىپ تىرىلدۈرىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن! ئامىن!». ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2401 - [ 21 ] ( لم تتم دراسته )ورواه أحمد عن البراء**

**2402 - [ 22 ] وعن حفصة رضي الله عنها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا أراد أن يرقد وضع يده اليمنى تحت خده ثم يقول : " اللهم قني عذابك يوم تبعث عبادك " . ثلاث مرات رواه أبو داود**

ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاشنى مەخسەت قىلسا، ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ، مىنى، بارلىق بەندىلەرنى تىرىلدۈرۈپ قوپۇرىدىغان قىيامەت كۈنىدىكى ئازابلىرىدىن ساقلىسىلا»، بۇنى ئۈچ قېتىم دەيتتى.ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2403 - [ 23 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول عند مضجعه : " اللهم إني أعوذ بوجهك الكريم وكلماتك التامات من شر ما أنت آخذ بناصيته اللهم أنت تكشف المغرم والمأثم اللهم لا يهزم جندك ولا**

**يخلف وعدك ولا ينفع ذا الجد منك الجد سبحانك وبحمدك " . رواه أبو داود**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياتقاندا مۇنداق دەيتتى: ئى **الله** ! ھەقىقەتەن مەن سىلىنىڭ ئۇلۇغ يۈزلىرى، دىدارلىرى، (ئۇلۇغ زاتلىرى،رازلىقلىرى)بىلەن، كامىل سۆزلىرى بىلەن سىلى چىكىسىنى (مىڭسىنى)تۇتۇپ تۇرغان ھەربىرنەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئى **الله** ! گۇناھ-مەئسىيەتنى، قەرز-پەقىرلىقنى پەقەت سىلىلا كۆتۈرۈۋېتىپ قۇتقۇزالايلا، ئى **الله**! سىلىنىڭ قوشۇنلىرى يېڭىلمەيدۇ، ۋەدىللىرىگە خىلاپلىق قىلىنمايدۇ، سىلىنىڭ ئازاپلىرىدىن بايلارغا ئۇنىڭ بايلىقى مەنپەئەت بەرمەيدۇ، مەن سىلىگە ھەمدە ئېيتىش بىلەن بىرگە سىلىنى پاك دەپ ئېتقاد قىلىمەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

**2404 - [ 24 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال حين يأوي إلى فراشه : أستغفر الله الذي لا إله إلا هو الحي القيوم وأتوب إليه ثلاث مرات غفر الله له ذنوبه وإن كانت مثل زبد البحر أو عدد رمل عالج أو عدد ورق الشجر أو عدد أيام الدنيا " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كەچتە كۆرپىسىگە بارغاندا مۇنداق دېسە، «مەڭگۈ تىرىك، كامىل ھاياتلىق ئىگىسى بولغان، ھەممىسىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ئۆزىدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ بولمىغان بىر ئاللاھدىن بارلىق گۇناھلىرىمنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى سورايمەن ۋە ئۇنىڭغا تۆۋبە قىلىمەن» دەپ ئۈچ قېتىم دېسە ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرى دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ ياكى ئىگىز دۆڭنىڭ قۇملىرىنىڭ سانىدەك كۆپ بولسىمۇ ياكى دەرەخلەرنىڭ قۇلاقلىرىدەك كۆپ بولسىمۇ ياكى مۇشۇ دۇنيانىڭ كۈنلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ، كەچۈرۈۋېتىدۇ، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

**2405 - [ 25 ] ( ضعيف )وعن شداد بن أوس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من مسلم يأخذ مضجعه بقراءة سورة من كتاب الله إلا وكل الله به ملكا فلا يقربه شيء يؤذيه حتى يهب متى هب " . رواه الترمذي**

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق مۇسۇلمان كەچتە ياتقىغا چىققاندا، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن بىر سۈرە ئوقۇپ ياتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە بىر پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ ــ دە، ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغۇنۇپ تاڭ ئاتقۇزغۇچە ئۇنىڭغا ئازار بېرىدىغان ھېچنېمە يېقىن كىلەلمەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ئىمام ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**2406 - [ 26 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خلتان لا يحصيهما رجل مسلم إلا دخل الجنة ألا وهما يسير ومن يعمل ما قليل يسبح الله في دبر كل صلاة عشرا ويحمده عشرا ويكبره عشرا " قال : فأنا رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يعقدها بيده قال : " فتلك خمسون ومائة في اللسان وألف وخمسمائة في الميزان وإذا أخذ مضجعه يسبحه ويكبره ويحمده مائة فتلك مائة باللسان وألف في الميزان فأيكم يعمل في اليوم والليلة ألفين وخمسمائة سيئة ؟ " قالوا : وكيف لا نحصيها ؟ قال : " يأتي أحدكم الشيطان وهو في صلاته فيقول : اذكر كذا اذكر كذا حتى ينفتل فلعله أن لا يفعل ويأتيه في مضجعه فلا يزال ينومه حتى ينام " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**
**وفي رواية أبي داود قال : " خصلتان أو خلتان لا يحافظ عليهما عبد مسلم " . وكذا في روايته بعد قوله : " وألف وخمسمائة في الميزان " قال : " ويكبر أربعا وثلاثين إذا أخذ مضجعه " ويحمد ثلاثا وثلاثين ويسبح ثلاثا وثلاثين " . وفي أكثر نسخ المصابيح عن : عبد الله بن عمر**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق بىر

مۇسۇلمان بەندە، ئىككى خىسلەت ئىشنى مۇھاپىزەت قىلىپ، دائىم قىلىپ بەرسە، جەننەتكە كىرىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇ ئىككى ئىش بەك ئاساندۇر، ئۇ ئىشلارغا ئەمەل قىلىدىغان كىشلەر بەك ئازدۇر، بىرى ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدا، ئاللاھتائالاغا 10 تەسبىھ، 10 ھەمدە، 10 تەكبىر ئېيتىدۇ، ئەنە شۇ بەش نامازدا، تىلىدا 150 بولىدۇ، قىيامەت كۈنى مىزاندا 1500 بولىدۇ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرقى تەسبىھلەرنى قولىنىڭ بەمەللىرى بىلەن ساناپ كۆرسەتكىنىنى كۆردۈم، ئىككىنچى ئىش شۇكى، ياتاقنى تۇتۇپ، ئۇخلاش ئالدىدا، ئاللاھتائالاغا 34 تەكبىر، 33 ھەمدە، 33 تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئەنە شۇ تىلدا 100 بولىدۇ، قىيامەت كۈنى مىزاندا 1000 بولىدۇ، قايسىڭلار بىر كېچە ــ كۈندۈزدە 2500 يامان گۇناھ ئىشنى قىلىدۇ؟ (يەنى بۇ 2500 ياخشىلىق بولىدۇ، 2500 يامانلىق بولمىغاچقا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ) ئۇلار: بۇئىشنى مۇھاپىزەت قىلىپ،دائىم قىلىشقا، نىمىشقا قادىر بۇلالمىغىدەكمىز؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بىرىڭلار نامازدىكى چاغدا، ئۇنىڭغا شەيتان كىلىپ: (دۇنيا مەشغۇللىقدىن)ئۇنى ئەسلە، بۇنى ئەسلە دەپ، ئۇنى نامازدىن تىزلا قايتۇرۇۋېتىدۇ- دە، ئۇ، بۇ بىرىنجى ئىشنى قىلالماسلىقى مۇمكىن، بىرىڭلار ياتىقىغا كەلگەندە، شەيتان كىلىپ، ئۇ ئۇخلىغانغا قەدەر، ئۇنى ۋەسۋەسە بىلەن ئىككىنجى ئىشنىمۇ قىلدۇرماي ئۇخلىتىۋېتىدۇ، دىدى.
ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**2407 - [ 27 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن غنام قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال حين يصبح : اللهم ما أصبح بي من نعمة أو بأحد من خلقك فمنك وحدك لا شريك لك فلك الحمد ولك الشكر فقد أدى شكر يومه ومن قال مثل ذلك حين يمسي فقد أدى شكر ليلته " . رواه أبو داود**

ئابدۇللا ئىبنى غەننام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم تاڭ ئاتقۇزغاندا ئەتىگىنى ئى ئاللاھ، ماڭا ۋە سېنىڭ مەخلۇقلىرىڭغا يەتكەن، بىللە تاڭ ئاتقۇزغان ھەرقانداق نېئمەت سېنىڭ تەرىپىڭدىن كەلگەن، سەن يالغۇز، شېرىكىڭ يوقتۇر، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ساڭىلا خاستۇر، ساڭا شۈكرى دېسە، شۇ كۈننىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، شۇ سۆزلەرنى كەچتە دېسە، شۇ كېچىنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، زەئىپلىكى مەنىسىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، شۈكرىنى قۇرۇق سۆز بىلەن قىلغىلى بولمايدۇ. ئاللاھ قانداق بىر نېئمەتنى بەرسە، شۇ نېئمەتكە ئاساسەن شۈكرىسىنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۈچ ــ قۇۋۋەتتە ئورۇش قىلىش بىلەن، مال ــ مۈلۈكنىڭ زاكىتىنى ئايرىش، سەدىقە ــ ئېھسان قىلىش بىلەن، ئىلىم بەرسە، ئۇنى يەتكۈزۈپ، بالا ئوقۇتۇش بىلەن، تەننىڭ ساقلىقىغا، ئىبادەت قىلىش بىلەن شۈكرىسىنى قىلغىلى بولىدۇ، بۇ توغرۇلۇق سەھىھ ھەدىسلەر كۆپ، ناماز تەسبىھ، سەدىقە، روزا قاتارلىقلارغا.

**2408 - [ 28 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه كان يقول إذا أوى إلى فراشه : " اللهم رب السماوات ورب الأرض ورب كل شيء فالق الحب والنوى م ل التوراة والإنجيل والقرآن أعوذ بك من شر كل ذي شر أنت آخذ بناصيته أنت الأول فليس قبلك شيء وأنت الآخر فليس بعدك شيء وأنت الظاهر فليس فوقك شيء وأنت الباطن فليس دونك شيء اقض عني الدين وأغنني من الفقر " . رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه ورواه مسلم مع اختلاف يسير**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالىرىنىڭ بەزىسگە مۇنداق دىگىن دىگەن:يەنەبىرخاتىردە ئۆزى كۆرپىسىگە بارغاندا مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! سىلى يەتتە ئاسمانىڭ، ئۇلۇغ بۈيۈك ئەرشنىڭ،زىمىنىنىڭ پەرۋەردىگارى، بىزنىڭ رەببىمىز، كۈللى شەيئى ھەممە نەرسىنىڭ رەببى، ئۇرۇق، ئۈچكە، دانلارنى يارغۇچى، تەۋراتنى، ئىنجىلنى، قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى، سىلىگە سېغىنىپ ھەربىر نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ھەممە نەرسىنىڭ چېكىسىنى، مېڭىسىنى، ئەقلى ــ ئىقتىدارىنى، دىلىنى سىلى تۇتۇپ تۇرغۇچى، سىلى ئەۋۋەل ئېپتىدالىرى يوق، سىلىدىن بۇرۇن ھېچ نەرسە يوق، سىلى ئاخىر ئىنتىھالىرى

يوق، سلىدىن كېيىن ھېچ نەرسە يوق، سلى ئەقىللەرگە ئاشكارا، سلىنىڭ ئۈستىلىرىدە ھېچ نەرسە يوق، سلى كۆزگە يوشۇرۇن، سلىسىز ھېچ نەرسە يوق، سلى بولمىسىلا ھەممىسى بولمايتتى، ھەممىنى سلى پەيدا قىلىپ ياراتقان، مەندىن قەرزىمنى ئادا قىلىپ، تۆگىتىۋەتسىلە، مېنى پېقىرلىقدىن قۇتقۇزۇپ، بىھاجەت قىلسىلا. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.مۇسلىمدىمۇ بار.

2409 - [ 29 ] وعن أبي الأزهر الأيماري أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا أخذ مضجعه من الليل قال : " بسم الله وضعت جنبي لله اللهم اغفر لي ذنبي واخسأ شيطاني وفك رهاني واجعلني في الندي الأعلى " . رواه أبو داود

ئەبۇلئەزھەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدىن ياتاققا كىرگەندە، يېتىش ئالدىدا مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ يېنىمنى قويىمەن، ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، مەن ئۈچۈن ماڭا مەسئۇل شەيتاننى خار قىلسىلا، مېنىڭ گۆرۈگە، رەنىگە قويۇلۇشۇمنى ئازاد قىلسىلا، مىيزانىمنى ئېغىر قىلسىلا، مېنى پەرىشتىلەردىن پەيغەمبەرلەردىن بولغان ئەڭ ئۈستۈن مەرتىبىلىك جامائەتلەر ئىچىدە قىلسىلا». ئەبۇ داۋۇد 4395 _ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

2410 - [ 30 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا أخذ مضجعه من الليل قال : " الحمد لله الذي كفاني وآواني وأطعمني وسقاني والذي من علي فأفضل والذي أعطاني فأجزل الحمد لله على كل حال اللهم رب كل شيء ومليكه وإله كل شيء أعوذ بك من النار " . رواه أبو داود

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدىن ياتىقىغا كىرگەندە، يېتىش ئالدىدا مۇنداق دەيتتى:« بارلىق ھەمدۇ _ سانا بىزگە كۇپايە بولغان، جاي بەرگەن، بىزگە تائام بەرگەن، بىزنى سۇغارغان،ماڭا كاتتائىسىل نىئمەت، پەزىلەت ئاتا قىلغان، ماڭا ئاتاياسىنى ، بەرگىنىنى ئۇلۇغ كاتتا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ _ سانا ھەر ھالدا ئاللاھقا خاستۇر، ئى **الله**! سلى ھەممە نەرسىنىڭ رەببى، ۋە پادىشاھسى، ھەممە نەرسىنىڭ مەئبۇد ئىلاھى، ياراتقۇچىسى، مەن سلىگە سېغىنىپ دەۋزەختىن پاناھ تىلەيمەن. (كۇپايە بولغۇچىسى يوق، ئورۇن، جاي بەرگۈچىسى يوق نۇرغۇن كىشلەر باردۇر)»ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

2411 - [ 31 ] ( لم تتم دراسته )وعن بريدة قال : شكا خالد بن الوليد إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال يا رسول الله ما أنام من الليل من الأرق فقال نبي الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أويت إلى فراشك فقل : اللهم رب السماوات السبع وما أظلت ورب الأرضين وما أقلت ورب الشياطين وما أضلت كن لي جارا من شر خلقك كلهم جميعا أن يفرط علي أحد منهم أو أن يبغي عز جارك وجل ثناؤك ولا إله غيرك لا إله إلا أنت " . رواه الترمذي وقال هذا حديث ليس إسناده بالقوي والحكم بن ظهير الراوي قد ترك حديثه بعض أهل الحديث

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: يارەسۇلە**الله**! مەن كېچىسى ئۇيقۇسىزلۇق كېسىلىنىڭ جەھتىدىن ئۇخلىيالمايمەن دەپ شىكايەت قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: سەن يېتىش ئۈچۈن كۆرپەڭگە بارغادا مۇنداق دىگىن دىدى:« ئى **الله**! سلى يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلار ئۆزئىچىگە ئالغان نەرسىلەرنىڭ رەببى، يەتتە زىمىننىڭ ۋە ئۇلار كۆتۈرگەن نەرسىلەرنىڭ رەببى، جىن ـ شەيتانلارنىڭ ۋە ئۇلار ئازدۇرغان نەرسىلەرنىڭمۇ رەببى، سلى مەن ئۈچۈن بارلىق مەخلۇقلىرىنىڭ يامانلىقدىن، ئۇلارنىڭ ماڭا يامانلىقى بىلەن ئىلگىرلەپ غالىپ كېلىشدىن، ماڭا زۇلۇم قىلىشدىن مىنى قۇتقازغۇچى بولسىلا، سلىنىڭ قۇتقۇزۇشلىرى ئەزىز،غالىپتۇر، سلىنىڭ سانالىرى ئۇلۇغدۇر، سلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، پەقەت سلىلا ھەقىقى مەئبۇد ھەق **الله**»تىرمىزى توپلىغان.

2412 - [ 32 ] الفصل الثالث وعن أبي مالك أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا أصبح أحدكم فليقل : أصبحنا

**وأصبح الملك لله رب العالمين اللهم إني أسألك خير هذا اليوم فتحه ونصره ونوره وبركته وهداه وأعوذ بك من شر ما فيه ومن شر ما بعده ثم إذا أمسى فليقل مثل ذلك " . رواه أبو داود**

ئەبۇ مالىك ئەشئەررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى تاڭ ئاتقۇزغاندا، مۇنداق دېسۇن؛ بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، پادىشاھلىق، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈن تاڭ ئاتقۇزدى،(ياكى الله نىڭ پەرىشتىسى تاڭ ئاتقۇزىدى،) ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن بۇ كۈننىڭ ياخشىلىقىنى، ياردەم غەلىبىسىنى، نۇر، بەرىكىتىنى، ھىدايەت، توغرا يولنى سورايمەن، سىلىگە سېغىنىپ بۇ كۈندىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن، بۇ كۈندىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، كەچ كىرگەندىمۇ، شۇ دۇئانى قىلسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**2413 - [ 33 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الرحمن بن أبي بكرة قال : قلت لأبي : يا أبت أسمعك تقول كل غداة : " اللهم عافني في بدني اللهم عافني في سمعي اللهم عافني في بصري لا إله إلا أنت " تكررها ثلاثا حين تصبح وثلاثا حين تمسي فقال : يا بني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يدعو ن فأنا أحب أن أستن بسنته . رواه أبو داود**

ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەبۇبۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ مەن دادامغا: ئى دادا! مەن سىلىنىڭ ھەر ئەتىگىنى تاڭ ئاتقۇزغاندا؛«ئى الله! مېنىڭ بەدىنىمنى، قۇلۇقۇمنى، كۆزۈمنى، ساق ـ سالامەت ساقلىسىلا، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق» دېگەننى ئۈچ قېتىم، كەچ قىلغاندا يەنە ئۈچ قېتىم تەكرار دېگەنلىكلىرىنى ئاڭلىدىم دېسەم، دادام ماڭا: ئى بالام! مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دۇئا قىلغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى قىلىشىمنى بەك ياخشى كۆرىمەن دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2414 - [ 34 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن أبي أوفى قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أصبح قال : " أصبحنا وأصبح الملك لله والحمد لله والكبرياء والعظمة لله والخلق والأمر والليل والنهار وما سكن فيهما لله اللهم اجعل أول هذا النهار صلاحا وأوسطه نجاحا وآخره فلاحا يا أرحم الراحمين " . ذكره النووي في كتاب الأذكار برواية ابن السني**

ئابدۇالله رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭ ئاتقۇزغاندا مۇنداق دەيتتى: الله نىڭ رەھمىتى بىلەن بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، پادىشاھلىقمۇ الله قا خاس ھالدا تاڭ ئاتقۇزدى، (الله نىڭ پەرىشتىللىرىمۇ تاڭ ئاتقۇزدى) بارلىق ھەمدۇ ـ سانا، ئۇلۇغلۇق، چوڭچىلىق، كاتتىلىق، ھەممە مەخلۇق، خەلىق ئېتىش، ئەمرى قىلىش، كېچە ـ كۈندۈز، ۋە ئۇلار ئۆز ئىچىگەئالغان، ئۇلاردىكى ئارام ئالغان نەرسىلەر پەقەت بىر الله قىلا خاستۇر، ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ رەھىم قىلغۇچىراقى الله! سىلى بىزگە بۇ كۈندۈزنىڭ ئەۋۋەلىنى ياخشى، دىنىمىزنىڭ ئىسلاھاتى، ئوتتۇرىنى نىجاتلىق، ئاخىرىنى بولسا، غەلىبە زەپەر قىلىپ بەرسىلە» ئىبنى سەنادىن ئىمام نەۋەۋى تو.

**2415 - [ 35 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الرحمن بن أبزى قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول إذا أصبح : " أصبحنا على فطرة الإسلام وكلمة الإخلاص وعلى دين نبينا محمد صلى الله عليه وسلم وعلى ملة أبينا إبراهيم حنيفا وما كان من المشركين " . رواه أحمد والدارمي**

ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەبزا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭ ئاتقۇزغاندا مۇنداق دەيتتى: الله نىڭ رەھمىتى بىلەن بىز ئىسلام دىنى ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزدۇق، ئىخلاس كەلىمىسى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدنىڭ دىنى ، بۇۋىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزدۇق، ئۇ ھەققە مايىل ھەقىقەتچى ئىدى، مۇشرىكلەردىن ئەمەس ئىدى. ئەھمەد ،دارىمى توپلىغان.

**2416 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو أن أحدكم إذا أراد أن يأتي أهله قال : بسم الله اللهم جنبنا الشيطان وجنب الشيطان ما رزقتنا فإنه إن يقدر بينهما ولد في ذلك لم يضره شيطان أبدا "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر بىرىڭلار ئەھلىگە كېلىشنى يەنى جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشنى ئىرادە قىلىپ: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى ئاللاھ! بىزدىن ۋە بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن يەنى بالىلىرىمىزدىن شەيتاننى يىراق قىلسىلا» دىسە ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شۇ مۇناسىۋەتتىن بالا بولۇش پۈتۈلۈپ، ھۆكۈم قىلىنىپ قالسا، ئۇ بالىغا شەيتان مەڭگۈ زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**2417 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول عند الكرب : " لا إله إلا الله العظيم الحليم لا إله إلا الله رب العرش العظيم لا إله إلا الله رب السماوات ورب الأرض رب العرش الكريم "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بالا مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان، قىيىنچىلىقلارنى ئاسان قىلىدىغان كەلىمىلەر مۇنۇ كەلىمىلەردۇر، يەنەبىرخاتىردە، قىيىنچىلىقلاردا مۇنداق دەيتتى:«لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ لئەزىيمۇلھەلىيم، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇلرەببۇلئەرشىلئەزىيم لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ رەببۇسساماۋاتى سسەبئى ۋە رەببۇلئەرزى،رەببۇلئەرشىلكەرىيم» تەرجىمىسى: ناھايىتى مىھرىبان، ئۇلۇغ، سېخىي ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەممىدىن ئۈستۈن، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، يەتتە ئاسماننىڭ،زىمىننىڭ، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر.بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ئەبۇددۇنيا، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بالا مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان قىيىنچىلىقلارنى ئاسان قىلىدىغان كەلىمىلەر مۇنۇ كەلىمىلەردۇر، «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇلھەلىيمۇلكەرىيم، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ لئەلىيۇلئەزىيم لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ رەببۇسساماۋاتى سسەبئى ۋە رەببۇلئەرشىلكەرىيم» تەرجىمىسى: ناھايىتى مىھرىبان، ئۇلۇغ، سېخىي ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەممىدىن، ئۈستۈن، ئۇلۇغ ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، يەتتە ئاسماننىڭ، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر.مۇسلىم، ئىبنى ئەبۇددۇنيا، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2418 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن سليمان بن صرد قال : استب رجلان عند النبي صلى الله عليه وسلم ونحن عنده جلوس وأحدهما يسب صاحبه مغضبا قد احمر وجهه فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إني لأعلم كلمة لو قالها لذهب عنه ما يجد أعوذ بالله من الشيطان الرجيم " . فقالوا للرجل : لا تسمع ما يقول النبي صلى الله عليه وسلم ؟ قال : إني لست بمجنون**

سۇلەيمان ئىبنى سەرەد ، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇغلۇق ئىدۇق، ئىككى كىشى تىللىشىپ، ئۇرۇشۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىرسى يەنەبىرسىنى ئاچچىقتىن غەزەپ قىلىپ، يۈزى قىزارغان ھالدا تىللىدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ھەققەتەن مەن بىر كەلىمىنى بىلىمەن، ئەگەر ئۇ كىشى بۇ كەلىمىنى دېسە، ئۇ تاپقان ئاچچىق كېتەتتى، ئۇ بولسا، ئەگەر ئۇ :ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششايتانىررەجىيىم يەنى ئاللاھقا سېغىنىپ، قوغلانغان شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن دېسە، ئۇنىڭ ئاچچىقى، غەزىپى يوقاپ كېتىدۇ،دىدى. ئۇلار ئۇكىشىگە؛ سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دىدى، ئۇكىشى: مەن مەجنۇن ساراڭ ئەمەس دىدى.(يەنى مەن جىن چېپىلغان مەجنۇن ئەمەس ، ئۇنداق بولغانكەن جىن شەيتاندىن پاناھ تىلىمەيمەن دىدى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئەدەپسىزلىك، غەزەپ قىلغانلىق ئىدى.) ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ، ئاچچىغىڭلار كەلسە، بۇ سۆزنى دەڭلار، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇڭلار، ئاللاھ ئاسان قىلا.

**2419 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا سمعتم صياح الديكة فسلوا الله من فضله فإنا رأت ملكا وإذا سمعتم نيق الحمار فتعوذوا بالله من الشيطان الرجيم فإنه رأى شيطانا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خورازنىڭ قىچقىرغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئاللاھدىن **الله** نىڭ پەزلىنى سوراڭلار، چۈنكى، خوراز پەرىشتىنى كۆرەلەيدۇ، ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى ئاڭلىساڭلار،ئاللاھقا سېغىنىپ،رەھمەتتىن قوغلانغان شەيتاندىن پاناھ تىلەڭلار، چۈنكى، ئېشەك، شەيتاننى كۆرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**2420 - [ 5 ] ( صحيح )وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا استوى على بعيره خارجا إلى السفر كبر ثلاثا ثم قال : ( سبحان الذي سخر لنا هذا وما كنا له مقرنين وإنا إلى ربنا لمنقلبون )**
**اللهم إنا نسألك في سفرنا هذا البر والتقوى ومن العمل ما ترضى اللهم هون علينا سفرنا هذا واطو لنا بعده اللهم أنت الصاحب في السفر والخليفة في الأهل والمال اللهم إني أعوذ بك من وعثاء السفر وكآبة المنظر وسوء المنقلب في المال والأهل " . وإذا رجع قالهن وزاد فيهن : " آيبون تائبون عابدون لربنا حامدون " . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىقىپ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە رۇس ئولتۇرۇپ بولغاندا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ:« **الله** پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى، سىلەرگە ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى. ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېئمىتىنى ئەسلەپ: **«بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز»** دېگەيسىلەر.سۈرە زۇخرۇپ 14 ـ دەپ، ئاندىن؛ ئى **الله**! بىز سىلىدىن مۇشۇ سەپىرىمىزدە، ياخشىلىقنى، تەقۋالىقنى، سىلى رازى بولىدىغان ئەمەلنى سورايمىز، بىزگە بۇ سەپىرىمىزنى ئاسان قىلىپ، يىراقلىقنى قىسقارتىپ قاتلاپ بەرسىلە، ئى **الله**! سىلى بىزگە سەپەردە ھەمراھ، ئەھلىمىزدە، ماللىرىمىزدا خەلىپە ئىزباسار، سىلىگە سېغىنىپ، سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، قەبىھ سەت مەنزىردىن، ئەھلى ـ ماللىرىمىزغا يامان ئاقىبەت بىلەن قايتىپ قېلىشىمىزدىن پاناھ تىلەيمىز، دەيتتى. غازاتتىن ياكى ھەجدىن يا ئۆمرە ھەجدىن قايتقاندا، زېمىننىڭ ھەربىر ئېگىز جايلىرىدا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ، يۇقىرقى سۆزلەرنى دەپ، يەنە: يەككە ـــ يىگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ ـــ سانا، ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، بىز قايتقۇچى، تۆۋبە قىلغۇچى، رەببىمىزگە سەجدە قىلغۇچىمىز، ھەمدۇ ـــ سانا ئېيتقۇچىلارمىز، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، ئەمەلىيەتتە راستقا چىقاردى، بەندىسىگە ئۆزىلا ياردەم بەردى، پۈتۈن قوشۇننى ئۆزىلا مەغلۇپ قىلىپ يەڭدى، (چۈنكى ئۇ، ئاللاھ خالىقتۇر) دەيتتى. مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2421 - [ 6 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن سرجس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا سافر يتعوذ من وعثاء السفر وكآبة المنقلب والحور بعد الكور ودعوة المظلوم وسوء المنظر في الأهل والمال . رواه مسلم**

ئىبنى سىرجەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلسا، **الله** قا سېغىنىپ، سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، قەبىھ سەت،يامان مەنزىردىن، ئەھلى ـ ماللىرىغا يامان ئاقىبەت بىلەن قايتىپ قېلىشىدىن،كامىل زىيادىلىقتىن كېيىن نوقسان بىلەن قايتىپ قېلىشتىن  پاناھ تىلەيتتى.مۇسلىم.

**2422 - [ 7 ] ( صحيح )وعن خولة بنت حكيم قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من نزل م  لا فقال :**

أعوذ بكلمات الله التامات من شر ما خلق لم يضره شيء حتى يرحل من منزله ذلك " . رواه مسلم

خەۋلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر مەنزىل، ئورۇنغا چۈشۈپ، «ئاللاھنىڭ كامىل سۆزلىرى قۇرئانغا سېغىنىپ، ئاللاھ ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېسە» ئۇ كىشىگە شۇ ئورۇندىن يۆتكىلىپ كەتمىگىچە، ھېچ نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

2423 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : جاء رجل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله ما لقيت من عقرب لدغتني البارحة قال : " أما لو قلت حين أمسيت : أعوذ بكلمات الله التامات من شر ما خلق لم تضرك . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئۆتكەن كېچە مېنى چايان چېقىۋېلىپ، مەن پەقەت چىدىيالمىدىم دېگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئەمما سەن كەچ قىلغان ۋاختىڭدا؛«ئاللاھنىڭ كامىل سۆزلىرى بىلەن ئاللاھ ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»دېگەن بولساڭ، ساڭا ھېچنېمە زەرەر يەتكۈزەلمەيتتى، دېدى.مۇسلىم،ئەبۇداۋۇدتويلىغان، سەھىھ.

2424 - [ 9 ] ( صحيح )وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا كان في سفر وأسحر يقول : " سمع سامع بحمد الله وحسن بلائه علينا وربنا صاحبنا وأفضل علينا عائذا بالله من النار " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىكى چاغدا، سۈبھىدىن بۇرۇن تاڭ سەھەردە مۇنداق دېيتتى؛ كۆرگۈچى كۆرسۇن، ئاڭلىغۇچى ئاڭلىسۇنكى، الله نىڭ بىزگە قىلغان نېئمەت، پەزلى-ئېھسانىنىڭ ياخشىلىقىغا ئاساسەن، بىز، الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز، ئى رەببىمىز! بىزگە ئۆزۈڭ ھەمراھ بولغىن، بىزگە پەزىلەت ئاتا قىلغىن، الله قا سېغىنىپ دوزەختىن پاناھ تىلەيمىز. مۇسلىم 21-ھەدىس،سەھىھ.

2425 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا قفل من غزو أو حج أو عمرة يكبر على كل شرف من الأرض ثلاث تكبيرات ثم يقول : " لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير آيبون تائبون عابدون ساجدون لربنا حامدون صدق الله وعده ونصر عبده وهزم الأحزاب وحده "

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتتىن ياكى ھەجدىن يا ئۆمرە ھەجدىن قايتقاندا، زېمىننىڭ ھەربىر ئېگىز جايلىرىدا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ، مۇنداق دېيتتى: يەككە ــ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، بىز قايتقۇچى، تۆۋبە قىلغۇچى، رەببىمىزگە سەجدە قىلغۇچىمىز، ھەمدۇ ــ سانا ئېيتقۇچىلارمىز، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، ئەمەلىيەتتە راستقا چىقاردى، بەندىسىگە ئۆزىلا ياردەم بەردى، پۈتۈن قوشۇننى ئۆزىلا مەغلۇپ قىلىپ يەڭدى، (چۈنكى ئۇ، ئاللاھ خالىقتۇر). مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

2426 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن أبي أوفى قال : دعا رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم الأحزاب على المشركين فقال : " اللهم منزل الكتاب سريع الحساب اللهم اهزم الأحزاب اللهم اهزمهم وزلزلهم "

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھزاب كۈنى مۇشرىكلەرگە قارشى مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى:« ئى ئاللاھ! ئى كىتابنى نازىل قىلغۇچى، بولۇتلارنى ماڭدۇرغۇچى، قوشۇنلارنى يەڭگۈچى، ئۇلارنى ئۆزۈڭ مەغلۇپ قىلىپ يەڭگىن، ئۇلارنى قورقۇتۇپ، زىلزىلىگە سېلىپ، ئىشلىرىنى مۇتەپەررىق قىلىۋەتكىن، بىزگە دىنسىزلارغا قارشى ياردەم بەرگىن. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ

داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! دۈشمەنگە ئۇچقۇشۇشنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئاللاھدىن ئىككى ئالەملىك ساقلىنىشنى سوراڭلار، ئەگەر دۈشمەنگە ئۇچقۇشۇپ قالساڭلار، (سەۋرە قىلىپ، چىداڭلار، بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدۇر، (يەنى شېھىدلارنىڭدۇر) ئى ئاللاھ! ئى كىتابنى نازىل قىلغۇچى بۇلۇتلارنى ماڭدۇرغۇچى، قوشۇنلارنى يەڭگۈچى، ئۇلارنى ئۆزۈڭ يەڭگىن، مەغلۇپ قىلغىن، بىزگە دىنسىزلارغا قارشى ياردەم بەرگىن، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2427 - [ 12 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن يسر قال : نزل رسول الله صلى الله عليه وسلم على أبي فقربنا إليه طعاما ووطبة فأكل منها ثم أتي بتمر فكان يأكله ويلقي النوى بين أصبعيه ويجمع السبابة والوسطى وفي رواية : فجعل يلقي النوى على ظهر أصبعيه السبابة والوسطى ثم أتي بشراب فشربه فقال أبي وأخذ بلجام دابته : ادع الله لنا فقال : " اللهم بارك لهم فيما رزقتهم واغفر لهم وارحمهم " . رواه مسلم**

ئىبنى يۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دادامنىڭ قېشىغا چۈشتى، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاماق بىلەن ھۆل خورما كەلتۈردۇق، ئۇنىڭدىن يېدى، ئاندىن قۇرۇق خورما كەلتۈرۈلۈپدى ئۇنىڭدىن يەپ، خورما ئۇرۇقلىرىنى كۆرسەتكۈچى بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئارىسىغا تىزىپ جۈغلىدى، يەنەبىرخاتىردە؛ خورما ئۇرۇقلىرىنى كۆرسەتكۈچى بارمىقى بىلەن ئوتتۇر بارمىقىنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئاندىن ئىچىملىك كىلىۋىدى، ئۇنى ئىچىپ (مېنىڭ ئۇچۇن تۇردى)دادام ئۇلىغىنىڭ يۇگىنىنى تۇتۇۋېلىپ: بىز ئۇچۇن **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئى **الله**! ئۇلار ئۇچۇن ئۇلارغا بەرگەن رىزىقلىرىدا بەركەت ئاتاقىلسىلا، ئۇلارغا مەغپىرەت قىلسىلا، رەھىم قىلسىلا دېدى.مۇسلىم تو .

**2328 - [ 13 ] الفصل الثاني عن طلحة بن عبيد الله أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا رأى الهلال قال : " اللهم أهله علينا بالأمن والإيمان والسلامة والإسلام ربي وربك الله " . رواه الترمذي . وقال : هذا حديث حسن غريب**

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېڭى ئاينى كۆرسە، «ئى ئاللاھ، بۇ ئاينى بىزگە بەرىكەت بىلەن،خاتىرجەملىك بىلەن، ئىمان بىلەن، ئىسلام بىلەن، سالامەتلىك بىلەن چىقىرىپ بەرسىلە، ئى ئاي! مېنىڭ رەببىم، سېنىڭ رەببىڭ بىر ئاللاھدۇر» دەيتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**2329 - [ 14 ] وعن عمر بن الخطاب وأبي هريرة قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من رجل رأى مبتلى فقال:الحمد لله الذي عافاني مما ابتلاك به وفضلني على كثير ممن خلق تفضيلا إلا لم يصبه ذلك البلاء كائنا ما كان .رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىركىشى بىرەر ئېغىر بالاغا گىرىپتار قىلىنغان، قاتتىق سىنالغان كىشىنى كۆرۈپ: «بارلىق ھەمدۇ ــ سانا، سېنى سىنىغان مۇشۇ بالادىن مېنى ساقلاپ قالغان، مېنى مەخلۇقلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك ئارتۇق قىلغان ئاللاھقا خاستۇر» دېسە، قانداق بالا بولسۇن، ئۇ كىشىگە شۇ بالا يەتمەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**2430 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )ورواه ابن ماجه عن ابن عمر . وقال الترمذي هذا حديث غريب وعمرو بن دينار الراوي ليس بالقوي**

**2431 - [ 16 ] وعن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من دخل السوق فقال : لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد يحيي ويميت وهو حي لا يموت بيده الخير وهو على كل شيء قدير كتب الله له ألف ألف حسنة ومحا عنه ألف ألف سيئة ورفع له ألف ألف درجة وبنى له بيتا في الجنة " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب وفي شرح السنة : " من قال في سوق جامع يباع فيه " بدل " من دخل السوق "**

ئىبنى ئۆمەر،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بازارغا كىرىپ: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ يۇھيي ۋەيۇمىيتۇ ۋەھۇۋەھەييۇن لايەمۇتۇ بىيەدىھىلخەيرى ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» دېسە: ئاللاھ ئۇ كىشىگە بىر مىليون ياخشىلىق يېزىپ، ئۇ كىشىدىن بىر مىليون خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئۇ كىشىگە بىر مىليون دەرىجە يۇقىر كۆتۈرىدۇ، جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان ھەسەن. (بۇ ئاللاھنىڭ يەزىلىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تەۋھىد، بۇ ئىمان، ئەقىيدە، ئېتىقاد مەسىلىسىدۇر، بەندىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناجات، مۇناسىۋىتىدۇر.)

2432 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن معاذ بن جبل قال : سمع النبي صلى الله عليه وسلم رجلا يدعو يقول : اللهم إني أسألك تمام النعمة فقال : " أي شيء تمام النعمة ؟ " قال : دعوة أرجو ا خيرا فقال : " إن من تمام النعمة دخول الجنة والفوز من النار " . وسمع رجلا يقول : يا ذا الجلال والإكرام فقال : " قد استجيب لك فسل " . وسمع النبي صلى الله عليه وسلم رجلا وهو يقول : اللهم إني أسألك الصبر فقال : " سألت الله البلاء فاسأله العافية " . رواه الترمذي

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىركىشىنىڭ ؛ ئى الله! مەن سىلىدىن نېئمەتنىڭ كامىللىقىنى سورايمەن دەپ، دۇئا قىلغىنىنى ئاڭلاپ: قايسى نەرسە نېئمەتنىڭ كامىللىقى بولىدۇ؟ دېدى، ئۇكىشى: مەن ياخشىلىقنى ئۈمۈت قىلىدىغان دۇئا دېدى، مسۇلۇللاھ: نېئمەتنىڭ كامىللىقى دېگەن؛ جەننەتكە كىرىش، دوۋزەختىن قۇتۇلۇشتۇر دېدى، يەنەبىر كىشىنىڭ؛ يازۇلجەلالى ۋەلئىكرام دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: ھەققەتەن سەن ئۈچۈن دۇئايىڭ ئىجابەت قىلىندى، دەرھال سورىغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنەبىر كىشىنىڭ؛ ئى الله! مەن سىلىدىن سەبرە قىلىشمنى سورايمەن، دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: سەن الله تىن بالانى سوردۇڭ،(چۈنكى سەۋرە بالادىن كېيىن كېلىدۇ) سەن دۇئايىڭدا، الله تىن ئىككى ئالەم سىنى ساق ـ سالامەت ساقلىشنى سورىغىن دېدى. تىرمىزى توپلىغان.

2433 - [ 18 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من جلس مجلسا فكثر فيه لغطه فقال قبل أن يقوم : سبحانك اللهم وبحمدك أشهد أن لا إله إلا أنت أستغفرك وأتوب إليك إلا غفر له ما كان في مجلسه ذلك " . رواه الترمذي والبيهقي في الدعوات الكبير

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مەجلىسدە ئولتۇرۇپ، ئۇ جايدا ئۇنىڭ لۇغىتى، دە ـ تالىششى، ئىختىلاپلىرى كۆپ بولۇپ كەتسە، ئاندىن ئۇ شۇ مەجلىسدىن تۇرۇشدىن بۇرۇن: «ئى ئاللاھ، سىلى پاك، ئى رەببىمىز! بىز سىلىگە ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمىز، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، سىلىدىن گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرىتىنى سورايمەن، مەن سىلىگە بارلىق گۇناھلىرىمدىن تۆۋبە قىلىمەن» دېسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ مەسجىلىسدە يۈز بېرىپ قالغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان،بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

2434 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي : أنه أتي بدابة ليركبها فلما وضع رجله في الركاب قال : بسم الله فلما استوى على ظهرها قال : الحمد لله ثم قال : ( سبحان الذي سخر لنا هذا وما كنا له مقرنين وإنا إلى ربنا لمنقلبون )

ثم قال : الحمد لله ثلاثا والله أكبر ثلاثا سبحانك إني ظلمت نفسي فاغفر لي فإنه لا يغفر الذنوب إلا أنت ثم ضحك فقيل : من أي شيء ضحكت يا أمير المؤمنين ؟ قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم صنع كما صنعت ثم ضحك فقلت : من أي شيء ضحكت يا رسول الله ؟ قال : " إن ربك ليعجب من عبده إذا قال : رب اغفر لي ذنوبي يقول : يعلم أنه لا يغفر الذنوب غيري " رواه أحمد والترمذي وأبو داود

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىنىش ئۈچۈن ئۇلىغىنىڭ قېشىغا كېلىپ، پۇتىنى ئىگەرنىڭ ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ: «بىسمىللاھى» دەپ، ئاندىن ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە رۇس ئولتۇرغاندا، «ئەلھەمدۇ لىللاھى» دېدى، ئاندىن؛ «**بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەققەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز**» دېگەيسىلەر.(سۈرە زۇخرۇپ 14 ـ )دەپ، ئاندىن «ئەلھەمدۇ لىللاھى»نى ئۈچ قېتىم، «**الله** ئەكبەر»نى ئۈچ قېتىم دېگەندىن كېيىن؛ ئى **الله** سىلى ھەممە ئەيىب ـ نوقساندىن پاك، مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، گۇناھلارنى سىلىدىن باشقا ھېچ كىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ، پەقەت سىلى مەغپىرەت قىلالايلا دەپ، كۈلۈپ كەتتى، ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! قايسى نەرسىدىن كۈلدىلە؟ دېيىلدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ماڭا ئوخشاش قىلىپ، ئاندىن كۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قايسى نەرسىدىن كۈلدىلە؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ھەققەتەن رەببىڭ، ئۆز بەندىسى؛ ئى رەببىم! مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا دېگەندە، ئۇنىڭدىن ئەجەلىنىپ كېتىپ،خۇرسەن بولۇپ مۇنداق دەيدۇ؛ بەندەم مەندىن باشقا بىرەرسىنىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلالمايدىغانلىقىنى، پەقەت مىنىڭلا مەغپىرەت قىلالايدىغانلىقىمنى بىلىپتۇ،(دەپ كەچۈرۈۋېتىدۇ)دېدى. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،ئەھمەد توپلىغان.

**2435 - [ 20 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا ودع رجلا أخذ بيده فلا يدعها حتى يكون الرجل هو يدع يد النبي صلى الله عليه وسلم ويقول : " أستودع الله دينك وأمانتك وآخر عملك " وفي رواية " خواتيم عملك " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه وفي روايتهما لم يذكر : " وآخر عملك "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشى بىلەن خوشلاشسا، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خوشلىشاتتى، ئۇ كىشى قولىنى تارتىۋالمىغىچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى تارتىۋالمايتتى، مۇنداق دەپ خوشلىشاتتى؛« دىنىڭنى، ئامانىتىڭنى، ئەمەلىڭنىڭ ئاخىرقى خاتىمىسىنىڭ ياخشىسىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، ئاللاھقا ئامانەت». ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2436 - [ 21 ] ( صحيح )وعن عبد الله الخطمي قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أراد أن يستودع الجيش قال : " أستودع الله دينكم وأمانتكم وخواتيم أعمالكم " . رواه أبو داود**

ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇن بىلەن خوشلۇشۇشنى ئىرادە قىلسا، مۇنداق دەيتتى: «مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى، ئامانىتىڭلارنى، ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ياخشىسىنى ئاللاھقا ئامانەت قويدۇم، ئاللاھقا تاپشۇردۇم». ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، خوشلاشقاندا شۇنداق دېيىشكە دەلىلدۇر، يەنى «ئاللاھقا ئامانەت».

**2437 - [ 22 ] وعن أنس قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم قال : يا رسول الله إني أريد سفرا فزودني فقال : " زودك الله التقوى " . قال : زدني قال : " وغفر ذنبك " قال : زدني بأبي أنت وأمي قال : " ويسر لك الخير حيثما كنت " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى كېلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن سەپەر قىلىشنى ئىرادە قىلىۋاتىمەن، ماڭا (ماددىي ۋە مەنىۋىي ) ئوزۇق بەرسىلە دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ئاللاھتائالا ساڭا تەقۋالىقنى ئوزۇق قىلىپ بەرسۇن»،دېدى، ئۇكىشى؛ ماڭا يانىمۇ زىيادە قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ:«**الله** گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن»،دېدى، ئۇكىشى؛ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، ماڭا يانىمۇ زىيادە قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ:« قەيەردە بولساڭ، **الله** سەن ئۈچۈن ياخشىلىقنى ئاسان قىلسۇن»،دېدى.

تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**2438 - [ 23 ] وعن أبي هريرة قال : إن رجلا قال : يا رسول الله إني أريد أن أسافر فأوصني قال : " عليك بتقوى الله والتكبير على كل شرف " . قال : فلما ولى الرجل قال : " اللهم اطو له البعد وهون عليه السفر " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى كېلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن سەپەر قىلىشنى ئىرادە قىلىۋاتىمەن، ماڭا ۋەسىيەت قىلسىلا دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالادىن قورقۇشنى، تەقۋالىقنى لازىم تۇتقىن، سەپىرىڭدە ھەربىر ئېگىز جايغا چىققاندا، ئاللاھۇ ئەكبەر! دەپ تەكبىر ئېيتقىن،دېدى.ئۇكىشى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قايتقاندا، «ئى **الله**! ئۇنىڭغا سەپەرنى ئاسان قىلغىن، سەپەرنىڭ يىراق يوللىرىنى قاتلاپ قىسقارتىپ بەرگىن» دېدى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مانابۇ دۇئا بىزنىڭ «ئاق يول بولسۇن» دېگەن سۆزىمىزدىن سانسىز ياخشىدۇر.

**2439 - [ 24 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا سافر فأقبل الليل قال : " يا أرض ربي وربك الله أعوذ بالله من شرك وشر ما فيك وشر ما خلق فيك وشر ما يدب عليك وأعوذ بالله من أسد وأسود ومن الحية والعقرب ومن شر ساكن البلد ومن والد وما ولد " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلغاندا كېچە كىرىپ قالسا مۇنداق دەيتتى: ئى زېمىن! مېنىڭ رەببىم ۋە سېنىڭ رەببىڭ **الله** دۇر، مەن، **الله** قا سېغىنىپ، سېنىڭ يامانلىقىڭدىن، سەندىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن، سەندە يارىتىلغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن، سېنىڭ ئۈستىڭدە ئۆمىلەپ ماڭىدىغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، مەن، **الله** قا سېغىنىپ، شىر-يولۋاستىن، زەھەرلىك چوڭ يىلاندىن، يىلان-چاياندىن، بۇشەھەردە ياشىغۇچىنىڭ يامانلىقىدىن، ئاتا-ئانابولغۇچىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2440 - [ 25 ] وعن أنس رضي الله عنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا غزا قال : " اللهم أنت عضدي ونصيري بك أحول وبك أصول وبك أقاتل " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازات قىلسا، ئۇرۇش قىلسا، مۇنداق دەيتتى:« ئى ئاللاھ، سىلى مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم، مەدەتكارىم، سىلى مېنىڭ ياردەمچىم، مەن سىلى بىلەن دۈشمەننىڭ ھىيلە _ مىكرىنى قايتۇرىمەن، يامانلىقىدىن مۇداپىئە قىلىمەن، سىلىنىڭ ياردەملىرى بىلەن ئۇلارغا قەھرى قىلىمەن، تۆپتىن يوقىتىمەن، مەن سىلى بىلەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن». ئەبۇ داۋۇد 2262 _ ھەدىس، تىرمىزى 3508 _ ھەدىس، ئەھمەد ، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**2441 - [ 26 ] وعن أبي موسى : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا خاف قوما قال : " اللهم إنا نجعلك في نحورهم ونعوذ بك من شرورهم " . رواه أحمد وأبو داود**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمدىن ئەنسىرىسە، مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن بىز سىلىنى ئۇلارنىڭ كۆكسىگە قارشى قىلدۇق، يەنى ئۆزلىرى كۇپايە، سىلىگە سېغىنىپ، ئۇلارنىڭ يەنى دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز». ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ دۇئا دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا ئوقۇلىدۇ.

**2442 - [ 27 ] ( صحيح )عن أم سلمة رضي الله عنها أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا خرج من بيته قال : " بسم الله توكلت على الله اللهم إنا نعوذ بك من أن نزل أو نضل أو نظلم أو نظلم أو نجهل أو يجهل علينا " . رواه أحمد والترمذي والنسائي وقال**

**الترمذي : هذا حديث حسن صحيح وفي رواية أبي داود وابن ماجه قالت أم سلمة : ما خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم من بيتي قط إلا رفع طرفه إلى السماء فقال : " اللهم إني أعوذ بك أن أضل أو أضل أو أظلم أو أظلم أو أجهل أو يجهل علي "**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيدىن چىققاندا مۇنداق دەيتتى: « ئاللاھىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن بىز سىلىگە سىغىنىپ ئىبزىپ قېلىشدىن، خاتالىشىپ قېلىشدىن، زالالەتتە قېلىشدىن، زۇلۇم قىلىپ قېلىشىمىزدىن، ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىشىمىزدىن، جاھىللىق، نادانلىق قىلىشىمىزدىن ياكى بىزگە جاھىللىق، نادانلىق قىلىنىشىدىن پاناھ تىلەيمىز.ئەھمەد ،نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيدىن چىققاندا ئاسمانغا قاراپ قويۇپ مۇنداق دەيتتى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى رەببىم، سىلىگە سىغىنىپ يولدىن ئىبزىپ قېلىشىمدىن، خاتالىشىشىمدىن، زالالەتتە ئازغۇن بولۇشۇمدىن، زۇلۇم قىلىشىمدىن ياكى ماڭا زۇلۇم قىلىنىشىدىن، جاھىل، نادانلىق قىلىشىمدىن ياكى ماڭا نادانلىق قىلىنىشىدىن، ھەددىمدىن ئېشىپ، تاجاۋۇز قىلىشىمدىن ياكى ماڭا تاجاۋۇز قىلىنىشىدىن پاناھ تىلەيمەن».
ئەھمەد ، تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ، ئىبنى ماجە ، ھاكىم، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**2443 - [ 28 ] وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا خرج الرجل من بيته فقال : بسم الله توكلت على الله لا حول ولا قوة إلا بالله يقال له حينئذ هديت وكفيت ووقيت فيتنحى له الشيطان ويقول شيطان آخر : كيف لك برجل قد هدي وكفي ووقي " . رواه أبو داود وروى الترمذي إلى قوله : " الشيطان "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى ئۆيدىن چىققاندا، «بىسمىللاھى، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىمەن، بارچە كۈچ ــ قۇۋۋەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ» دېسە، ئۇ كىشىگە: ساڭا كۇپايە بولدى، ھىدايەت تاپتىڭ، كۇپايە قىلىندىڭ، ساقلاندىڭ دىيىلىدۇ، ئۇنىڭ شەيتىنى يىراقلىشىدۇ، بۇ شەيتانغا يەنە بىر شەيتان مۇنداق دەيدۇ: ھىدايەت قىلىنغان، كۇپايە قىلىنغان، ساقلانغان كىشى بىلەن سېنىڭ ھالىڭ نىمە بولۇپ كېتەر ھە!. ئەبۇ داۋۇد ،تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**2444 - [ 29 ] وعن أبي مالك الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا ولج الرجل بيته فليقل : اللهم إني أسألك خير المولج وخير المخرج بسم الله ولجنا وعلى الله ربنا توكلنا ثم ليسلم على أهله " . رواه أبو داود**

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى ئۆيگە كىرسە، مۇنداق دېسۇن؛« ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن كىرىدىغان، چىقىدىغان جاينىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سورايمەن، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كىردۇق، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن چىقىمىز، پەرۋەردىگارىمىز بىر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلدۇق» دەپ ئاندىن ئەھلىگە سالام قىلسۇن. ئەبۇ داۋۇد ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**2445 - [ 30 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا رفأ الإنسان إذا تزوج قال : " بارك الله لك وبارك عليكما وجمع بينكما في خير " رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  توي قىلغان بىرەر ئىنسانغا مۇبارەكلەپ دۇئا قىلسا: «**بارەكەاللە لەكە ۋەبارەكە ئەلەيكە ۋە جەمەئە بەينەكۇ ما فى خەيرىن**» يەنى، ئاللاھتائالا، سەن ئۇچۇن ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، ئاراڭلارنى ياخشىلىقتا بىرلەشتۈرسۇن دەپ دۇئا قىلاتتى، (بۇ توي دۇئاسى). ئەھمەد ، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**2446 - [ 31 ] ( حسن )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا تزوج أحدكم امرأة أو اشترى خادما فليقل اللهم إني أسألك خيرها وخير ما جبلتها عليه وأعوذ بك من شرها وشر ما جبلتها عليه وإذا اشترى بعيرا فليأخذ بذروة سنامه وليقل مثل ذلك. وفي رواية في المرأة والخادم : ثم ليأخذ بناصيتها وليدع بالبركة .رواه أبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئەمرۇ،ئەمرۇئىبنى شۇئەيبنىڭ بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىرەر ئايال بىلەن توي قىلسا، ياكى قۇل،چۆرىلىككە دېدەك قىزچاق سېتىۋالسا،(ئۇنىڭ چېكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ) مۇنداق دېسۇن:«ئى ئاللاھ، مەن سىلىدىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، سىلى ئۇنىڭدا ياراتقان نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، سىلىگە سېغىنىپ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن، سىلى ئۇنىڭدا ياراتقان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» ئاندىن بەرىكەت تىلىسۇن، بىرىڭلار تۆگە سېتىۋالسا، قولىنى لوكىسىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ بەرىكەت تىلەپ، يۇقىرقى دۇئانى ئوقۇسۇن.ئەبۇداۋۇد ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ.

**2447 - [ 32 ] وعن أبي بكرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " دعوات المكروب اللهم رحمتك أرجو فلا تكلني إلى نفسي طرفة عين وأصلح لي شأني كله لا إله إلا أنت " . رواه أبو داود**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا، مۇشەققەتكە چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ قىلىدىغان دۇئايى مۇنداق بولىدۇ: «ئى ئاللاھ! مەن سىلىنىڭ رەھمەتلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، مىنى نەپسىمگە كۆزنى بىر قېتىم يۇمۇپ ــ ئاچقان مىقدارمۇ تاشلاپ قويمىسىلا، مەن ئۈچۈن بارلىق ئىشلىرىمنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوڭشۇشلۇق قىلىپ بەرسىلە، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق» ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.( ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان نەرسىنى ئاڭلىشىڭدىن سېنى نېمە توستى؟ ئەتىگەن ــ ئاخشام مۇنداق دېيىشىڭ كېرەك؛ «ياھەييۇن ياقەييۇم بىرەھمەتىكە ئەستەغىيسۇ ئەسلىھ لى شەئنى كۇللىھى ۋەلا تەكلىنى ئىلا نەفسى تەرفەتە ئەيىن» تەرجىمىسى: ئى كامىل ھاياتلىقنىڭ ئىگىسى، ئاسمان ــ زېمىننى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! سىلىنىڭ رەھمەتلىرى بىلەن سىلىگە پەرياد چېكىپ ئېلتىجا قىلىمەن، مېنىڭ بارلىق ئىشلىرىمنى ئىسلاھ قىلىپ ئوڭشاپ، ياخشىلاپ بەرسىلە، مېنى نەپسىمگە كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقىچىلىك مىقداردا تاشلاپ قويمىسىلا، يەنى ماڭا ئۆزلىرى ئىگە بولسىلا. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2448 - [ 33 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رجل : هموم لزمتني وديون يا رسول الله قال : " أفلا أعلمك كلاما إذا قلته أذهب الله همك وقضى عنك دينك ؟ "قال : قلت : بلي قال : قل إذا أصبحت وإذا أمسيت :اللهم إني أعوذ بك من الهم والحزن وأعوذ بك من غلبة الدين وقهر الرجال . قال : ففعلت ذلك فأذهب الله همي وقضى عن ديني . رواه أبو داود**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنى نۇرغۇن غەم-قايغۇلار بېسىۋالدى، مەن نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەن ساڭا بىرنەچچە كەلىمە سۆز ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ ئەگەر سەن بۇسۆزلەرنى دېسەڭ، الله تائالا غەم-قايغۇلىرىڭنى يوقىتىپ، سەندىن قەرزىڭنى ئادا قىلىپ تۆگىتىۋېتىدۇ، دېدى، ئۇكىشى؛ ئەلۋەتتە بولىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن تاڭ ئاتقۇزغاندا ۋە كەچ قىلغىنىڭدا:« ئى الله! ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، غەم-قايغۇدىن، خاپىلىق-قورقۇنجىدىن، قەرزنىڭ كۆپىيىپ غالىپ كېلىشىدىن، كىشىلەرنىڭ قەھرى قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»دېگىن دېدى. ئۇكىشى؛مەن شۇنداق قىلسام، الله تائالا غەم-قايغۇلىرىمنى يوقىتىپ، مەندىن قەرزىمنى ئادا قىلىپ تۆگىتىۋەتتى دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2449 - [ 34 ] وعن علي : أنه جاءه مكاتب فقال : إني عجزت عن كتابي فأعني قال : ألا أعلمك كلمات علمنيهن رسول الله**

**صلى الله عليه وسلم لو كان عليك مثل جبل كبير دينا أداه الله عنك . قل : " اللهم اكفني بحلالك عن حرامك وأغنني بفضلك عمن سواك " . رواه الترمذي والبيهقي في الدعوات الكبير**
**وسنذكر حديث جابر : " إذا سمعتم نباح الكلاب " في باب " تغطية الأواني " إن شاء الله تعالى**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇنىڭ قېشىغا بىر مۇكاتەب قۇل (يەنى مەلۇم مىقداردا پۇل بىرىپ ئازاد بولىدىغان قۇل) كىلىپ؛ مەن خوجايىنىغا بېرىدىغان پۇلدىن ئاجىز كەلدىم، ماڭا ياردەم قىلغان بولساڭ دىگەندە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:مەن ساڭا مۇنۇ بىرنەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟،ئۇكەلىمىلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئۆگىتىپ مۇنداق دىگەن: ساڭا بىر نەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ ئەگەر سەن ئۇلارنى دىسەڭ، ئۈستۈڭدە سەبىير دىگەن چوڭ تاغدەك ، كۆپ قەرىز بولسىمۇ ئاللاھ ئۇنى سەندىن ئادا قىلىۋىتىدۇ، «ئاللاھۇممە ئەكپىنىي بىھالالىكە ئەن ھارامىكە ۋە ئەغنىنىي بىپەزلىكە ئەممەن سىۋاكە» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، ھالاللىرىڭ بىلەن ماڭا، ھاراملاردىن كۆپايە بولغىن، ئۆز پەزلىڭ بىلەن سەندىن باشقا كىشلەردىن مىنى بىھاجەت قىلغىن دىگىن، ئەھمەد، تىرمىزى،بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. (ئى الله!ھالاللىرىڭ بىلەن ماڭا ھارامدىن كۇپايە قىلغىن، پەزلىڭ بىلەن مىنى سەندىن باشقىلاردىن بىھاجەت قىلغىن ئامىن!)

**2450 - [ 35 ] الفصل الثالث ( صحيح )وعن عائشة قالت : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا جلس مجلسا أو صلى تكلم بكلمات فسألته عن الكلمات فقال : " إن تكلم بخير كان طابعا عليهن إلى يوم القيامة وإن تكلم بشر كان كفارة له : سبحانك اللهم وبحمدك لا إله إلا أنت أستغفرك وأتوب إليك " . رواه النسائي**

جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم،ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر مەجلىستە ئولتۇرسا، ياكى ناماز ئۇقۇسا، بىرنەچچە كەلىمە سۆزلەرنى قىلاتتى، مەن ئۇ سۆزلەر توغرىسىدا سورىسام، مۇنداق دىدى: ئەگەر بىر كىشى زىكرى، مەجلىسدە «سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى سۇبھانەكە ئاللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە ئەشھەدۇئەن لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە ئەستەغفىرۇكە ۋەئەتۇبۇ ئىلەيكە» دىسە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى قىيامەت كۈنى زىكرىلىرىگە، ياخشى سۆزىگە مۆھۈر بىسىلغاندەك تاماملاپ تامغا بىسىلىدۇ، پىچەتلەيدۇ، ئەگەر بۇ سۆزلەرنى پايدىسىز لەغۋە سۆزلەرنى،يامان سۆزنى دىگەن مەجلىسدە دىسە، بۇ ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ.
نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2451 - [ 36 ] ( لم تتم دراسته )وعن قتادة : بلغه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا رأى الهلال قال : " هلال خير ورشد هلال خير ورشد هلال خير ورشد آمنت بالذي خلقك " ثلاث مرات ثم يقول : " الحمد لله الذي ذهب بشهر كذا وجاء بشهر كذا " . رواه أبو داود**

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېڭى ئاينى كۆرسە، «بۇ ياخشىلىقنىڭ، بەرىكەتنىڭ، ھىدايەتنىڭ ئېيى، مەن سىنى ياراتقان الله قا ئىمان كەلتۇردۇم»دەپ، ئۈچ قېتىم دىۋىتىپ:ئاندىن « بارلىق ھەمدۇ ـ سانا پالانى ئاينى كەتكۈزۈپ، پالانى ئاينى كەلتۈرگەن الله قا خاستۇر » دەيتتى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېڭى ئاينى كۆرسە، «ئى ئاللاھ، بۇ ئاينى بىزگە بەرىكەت بىلەن ئىمان بىلەن ئىسلام بىلەن سالامەتلىك بىلەن چىقىرىپ بەرسىلە، ئى ئاي! مىنىڭ رەببىم سىنىڭ رەببىڭ بىر ئاللاھدۇر» دەيتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**2452 - [ 37 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن مسعود أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من كثر همه فليقل : اللهم إني عبدك وابن عبدك وابن أمتك وفي قبضتك ناصيتي بيدك ماض في حكمك عدل في قضاؤك أسألك بكل اسم هو لك سميت به نفسك أو أنزلته في كتابك أو علمته أحدا من خلقك أو ألهمت عبادك أو استأثرت به في مكنون الغيب عندك أن تجعل القرآن ربيع قلبي**

وجلاء همي وغمي ما قالها عبد قط إلا أذهب الله غمه وأبدله فرجا " . رواه رزين

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كىمنىڭ غەم ـ قايغۇلىرى كۆپىيىپ كەتسە، مۇنداق دۇئا قىلسۇن دېگەن:«ئى الله! مەن سىلنىڭ بەندىلىرى، ئەر ـ ئايال بەندىلىرىنىڭ بالىسى، مەن سىلىنىڭ چاڭگاللىرىدا، مىنىڭ چېكەم، مېڭەم، ئەقلىم سىلىنىڭ قوللىرىدا، مەن توغرىسىدا سىلىنىڭ ھۆكۈملىرىلا ئىجرا قىلىنىدۇ، ماڭا سىلىنىڭ ھۆكۈملىرى بەكمۇ ئادىلدۇر، مەن سىلىدىن سىلى ئۆزلىرىنى ئاتىغان، كىتابلىرىغا نازىل قىلىپ چۈشۈرگەن، ياكى مەخلۇقلىرىدىن بىرەركىشىگە ئۆگەتكەن، ياكى بەندىلىرىگە ئىلھام قىلغان، ياكى ئۆزلىرى دەرگاھلىرىدىكى غەيىب كاتىدا مەخپى ساقلاپ قالغان سىلىنىڭ بارلىق ئىسىملىرى بىلەن قۇرئان كەرىمنى قەلبىمنىڭ باھارى قىلىپ بېرىشلىرىنى، بارلىق غەم ـ قايغۇلىرىمنى رۇشەن كۆتۈرگۈچى(قەلبىمنىڭ تەجەللىسى) قىلىپ بېرىشلىرىنى سورايمەن. بۇ دۇئانى ھەرقانداق بىر بەندە قىلىدىكەن، الله تائالا ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىنى يوقۇتۇپ، ئۇنىڭ بەدىلگە ئاسانلىقنى، چىقىش يولىنى قىلىپ بېرىدۇ. رەزىين تويلىغان.

2453 - [ 38 ] ( صحيح )وعن جابر قال : كنا إذا صعدنا كبرنا وإذا نزلنا سبحنا . رواه البخاري

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەر قىلغاندا، ئېگىزگە ئۆرلىسەك، تەكبىر ئەيتاتتۇق، پەسكە چۈشسەك، تەسبىھ ئەيتاتتۇق. ئىمام بۇخارى تويلىغان.

2454 - [ 39 ] وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا كربه أمر يقول : " يا حي يا قيوم برحمتك أستغيث " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وليس بمحفوظ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر ئىش ئېغىر مۇشەققەت كەلسە، مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «يا ھەييۇن يا قەييۇم بىرەھمەتىكە ئەستەغىيسۇ» يەنى ئى كامىل ھاياتلىق ئىگىسى ئاللاھ! ئى ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مەن رەھمەتلىرى بىلەنلا سىلىگە پەرياد چېكىمەن، ئىلتىجا قىلىمەن. تىرمىزى تويلىغان، ھەسەن.

2455 - [ 40 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد الخدري قال : قلنا يوم الخندق : يا رسول الله هل من شيء نقوله ؟ فقد بلغت القلوب الحناجر قال : " نعم اللهم استر عوراتنا وآمن روعاتنا " قال : فضرب الله وجوه أعدائه بالريح وهزم الله بالريح . رواه أحمد

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز خەندەك كۈنى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن دىللار گاللىرىمىزغا يەتتى، يۈرەكلەر ئاغزىمىزغا تىقىلىپ قالدى، بىز دېگىدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟ دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئەلۋەتتە بار، «ئى الله! ئەۋرىتىمىزنى ياپسىلا، (مەخپىيەتلىكىمىزنى ساقلاپ، بىزنى رەسۋا قىلمىسىلا)قورقۇنچىمىزنى ئەمىن،خاتىرجەم قىلسىلا»دەڭلار دېدى، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز شۇنداق دېدۇق، الله تائالا دۈشمەنلىرىنىڭ يۈزلىرىگە شامال بىلەن (قۇم ـ بوراننى)ئۇرۇپ، ئۇلارنى شامال بىلەنلا يەڭدى. ئەھمەد تويلىغان.

2456 - [ 41 ] ( لم تتم دراسته )وعن بريدة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا دخل السوق قال : " بسم الله اللهم إني أسألك خير هذه السوق وخير ما فيها وأعوذ بك من شرها وشر ما فيها اللهم إني أعوذ بك أن أصيب فيها صفقة خاسرة " . رواه البيهقي في الدعوات الكبير

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بازارغا كىرسە: « بىسمىللاھى، الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى الله! مەن سىلىدىن بۇ بازارنىڭ ياخشىلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ

ياخشىلىقنى سورايمەن، سىلىگە سېغىنىپ، بۇ بازارنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئىچىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئى الله! مەن سىلىگە سېغىنىپ، بۇبازاردا، زىيان تارتىدىغان سودىغا ئۇچراپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى. بەيھەقى توپلىغان.

## باب الاستعاذة - الفصل الأول

## الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەش توغرىسىدا

**2457 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " تعوذوا بالله من جهد البلاء ودرك الشقاء وسوء القضاء وشماتة الأعداء "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھقا سېغىنىپ، مۇشەققەتلىك بالادىن،ئېغىر سىناقتىن، شەقىيلىكنىڭ تېپىۋېلىشىدىن، قازايى قەدەرنىڭ يامانلىرىدىن، دۈشمەننىڭ خۇرسەن بولۇشىدىن پاناھ تىلەڭلار. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2458 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال كان النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " اللهم إني أعوذ بك من الهم والحزن والعجز والكسل والجبن والبخل وضلع الدين وغلبة الرجال "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن:« ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، غەم ـ قايغۇدىن، خاپىلىقتىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىقدىن، قورقۇنجاقلىقدىن، قەرزنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىدىن، دۈشمەن كىشىلەرنىڭ ئۈستۈمدىن غالىپ كېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2459 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " اللهم إني أعوذ بك من الكسل والهرم والمغرم والمأثم اللهم إني أعوذ بك من عذاب النار وفتنة النار وفتنة القبر وعذاب القبر ومن شر فتنة الغنى ومن شر فتنة الفقر ومن شر فتنة المسيح الدجال اللهم اغسل خطاياي بماء الثلج والبرد ونق قلبي كما ينقى الثوب الأبيض من الدنس وباعد بيني وبين خطاياي كما باعدت بين المشرق والمغرب "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى:« ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ھورۇنلۇقدىن، قېرىلىقدىن، قەرزدار بولۇپ قېلىشدىن، گۇناھ قىلىپ قېلىشدىن، دوۋزاخ پىتنىسىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن،قەبرە پىتنىسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، بايلىق پىتنىسىنىڭ يامانلىقدىن، پېقىرلىق پىتنىسىنىڭ يامانلىقدىن، مەسىھ دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئى ئاللاھ، مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى سۇ بىلەن، قار، مۆلدۈر بىلەن يۇيۇپ، خۇددى ئاق كىيىمنى قايقارا كىردىن تازىلىغاندەك، قەلبىمنى، خاتالىقلاردىن پاك ـ پاكىز تازىلىغۇەتسىلە، مەن بىلەن خاتالىقىم ئارىسىنى خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدەك يىراق قىلىۋەتسىلە». بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

**2460 - [ 4 ] ( صحيح )وعن زيد بن أرقم قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " اللهم إني أعوذ بك من العجز والكسل والجبن والبخل والهرم وعذاب القبر اللهم آت نفسي تقواها وزكها أنت خير من زكاها أنت وليها ومولاها اللهم إني أعوذ بك من علم لا ينفع ومن قلب لا يخشع ومن نفس لا تشبع ومن دعوة لا يستجاب لها " . رواه مسلم**

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى:« ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇق، قورقۇنجاقلىق،بېخىللىقتىن، قېرىلىقتىن، قەبرە ئازابىدىن، دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئى ئاللاھ، نەپسىمنىڭ تەقۋالىقنى بېرىپ، ئۇنى پاكلىسىلا، سىلى نەپسنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچى، سىلى ئۇنىڭ ئىگىسى، خوجىسى، ئى ئاللاھ، سىلىگە سېغىنىپ،

مەنپەئەت بەرمەس ئىلىمدىن، قورقماس قەلبدىن، تويماس نەپسدىن، ئىجاۋەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن»، مۇسلىم، نەسەئى، ئەھمەد، ئابدۇلار توپلىغان، سەھىھ.

**2461 - [ 5 ] ( صحيح )وعن عبد بن عمر قال : كان من دعاء رسول الله صلى الله عليه سوسلم : " اللهم إني أعوذ بك من زوال نعمتك وتحول عافيتك وفجاءة نقمتك وجميع سخطك " . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن:« ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىگە سىغىنىپ نېئمەتلىرىڭنىڭ زاۋال تېپىپ يوقلىپ كېتىشىدىن، بالايى ــ ئاپەتتىن ساقلاشلىرىڭنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشىدىن، تۇيۇقسىزلا ئىنتىقام ئېلىشلىرىڭدىن، بارلىق غەزەپ ــ نەپرەتلىرىڭدىن پاناھ تىلەيمەن»، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2462 - [ 6 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " اللهم إني أعوذ بك من شر ما عملت ومن شر ما لم أعمل " . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن:« ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىگە سىغىنىپ مەن بىلىدىغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە مەن بىلمەيدىغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»، (بۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2463 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول : " اللهم لك أسلمت وبك آمنت وعليك توكلت وإليك أنبت وبك خاصمت اللهم إني أعوذ بعزتك لا إله إلا أنت أن تضلني أنت الحي الذي لا يموت والجن والإنس يموتون "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى:« ئى ئاللاھ، مەن سىلىگە بويسۇندۇم، شەكسىز ئىشەندىم، سىلىگە تەۋەككۇل قىلدىم، سىلى تەرەپكە قايتتىم، سىلىنىڭ ياردەملىرى بىلەن داۋالىشىمەن، ئى ئاللاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلىنىڭ ئىززەت، غالىبلىقلىرى بىلەن مىنى ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلىشلىرىدىن، مەن ئۇچۇن ئازغۇنلۇقنا پۈرسەت، شارائىت يارىتىپ بېرىشلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان، كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ئىنسى ــ جىنلار ئۆلىدۇ»، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2464 - [ 8 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " اللهم إني أعوذ بك من الأربع : من علم لا ينفع ومن قلب لا يخشع ومن نفس لا تشبع ومن دعاء لا يسمع " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى:« ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىگە سىغىنىپ، مەنپەئەت بەرمەس ئىلىمدىن، قورقماس قەلبدىن، تويماس نەپسدىن، ئىجاۋەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سىغىنىپ ئاشۇ تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەيمەن»ئەھمەد،، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2465 - [ 9 ] ( لم تتم دراسته )ورواه الترمذي عن عبد الله بن عمرو . والنسائي عنهما**

**2466 - [ 10 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يتعوذ من خمس : من الجبن والبخل وسوء العمر وفتنة الصدر وعذاب القبر . رواه أبو داود والنسائي**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەش نەرسىدىن پاناھ تىلەيتتى: جەڭدىن قورقۇشتىن، بېخىللىقتىن، ئۆمۈرنىڭ يامانلىقىدىن (يەنى كىبىردىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن، بىھۇدە ئۆتۈپ كىتىشتىن) قەلبىنىڭ يامانلىقىدىن (يەنى يامان خۇتۇر، يامان نىيەت، ۋەسۋەسىدىن، باتىل ئەقىدىدىن)، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيتتى. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

**2467 - [ 11 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول : " اللهم إني أعوذ بك من الفقر والقلة والذلة وأعوذ من أن أظلم أو أظلم " رواه أبو داود والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ پېقىرلىقدىن، ئاز قېلىشدىن (يەنى، ئىلىم، ئىبادەت، مال ـ دۇنيانىڭ ئازلىقىدىن) خارلىقدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ زۇلۇم قىلىپ قېلىشىمدىن ياكى زۇلۇمغا ئۇچراپ قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن»، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2468 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول : " اللهم إني أعوذ بك من الشقاق والنفاق وسوء الأخلاق " . رواه أبو داود والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، خىلاپلىق قىلىشتىن، باتىل داۋاقىلىشتىن، مۇناپىقلىقتىن، يامان ـ ناچار ئەخلاقتىن پاناھ تىلەيمەن». نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

**2469 - [ 13 ] وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول : " اللهم إني أعوذ بك من الجوع فإنه بئس الضجيع وأعوذ بك من الخيانة فإنا بئست البطانة " . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاچلىقدىن پاناھ تىلەيمەن، ھەقىقەتەن ئاچلىق، يامان ھەمراھ، يامان ياتاق، يەنى ئۇيقۇسىز قويىدۇ، سىلىگە سېغىنىپ خىيانەتتىن پاناھ تىلەيمەن، ھەقىقەتەن خىيانەت بولسا، يوشۇرۇن يامان خىسلەتتۇر. ئەبۇ داۋۇد، نەسئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**2470 - [ 14 ] وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول : " اللهم إني أعوذ بك من البرص والجذام والجنون ومن سيئ الأسقام " . رواه أبو داود والنسائي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاق كېسەلدىن، مەجنۇن، ساراڭلىقدىن، جوزام تىرە كېسىلىدىن، كېسەللەرنىڭ يامانلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن»، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2471 - [ 15 ] وعن قطبة بن مالك قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " اللهم إني أعوذ بك من منكرات الأخلاق والأعمال والأهواء " . رواه الترمذي**

زەيياد ئىبنى ئەلاقەنىڭ تاغىسى قۇتبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگەن سېغىنىپ، ئەخلاقلارنىڭ، ئەمەللەرنىڭ، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ مۇنكەرلىرىدىن، ئەڭ قەبىھلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، شۇنداقلا داۋا، شىپالارنىڭ ئىنكار قىلىنىشىدىن، رەت قىلىنىشىدىن، پاناھ تىلەيمەن»، تىرمىزى، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2472 - [ 16 ] وعن شتير بن شكل بن حميد عن أبيه قال : قلت : يا نبي الله علمني تعويذا أتعوذ به قال : " قل اللهم إني أعوذ بك من شر سمعي ومن شر بصري وشر لساني وشر قلبي وشر مني " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي**

شەكىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا، مەن پاناھ تىلەيدىغان نەرسە ئۆگىتىپ قويسىلا دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سىغىنىپ قۇلۇقۇمنىڭ يامانلىقىدىن، كۆزۈمنىڭ، تىلىمنىڭ، قەلبىمنىڭ يامانلىقىدىن، ئۆلۈمۈمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دىگىن، دىگەن. ئەبۇ داۋۇد ،نەسەئى، ترمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2473 - [ 17 ] وعن أبي اليسر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يدعو : " اللهم إني أعوذ بك من الهدم وأعوذ بك من التردي ومن الغرق والحرق والهرم وأعوذ بك من أن يتخبطني الشيطان عند الموت وأعوذ بك من أن أموت في سبيلك مدبرا وأعوذ بك من أن أموت لديغا "رواه أبو داود والنسائي وزاد في رواية أخرى " الغم "**

ئەبۇليۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن؛« ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سىغىنىپ،(غەم ـ قايغۇدىن) بىنا ئۆرۈلۈپ ھالاك بولۇشتىن،تاغ ئۈستىدىن ھاڭغا چۈشۈپ كىتىپ ياكى ئىگىزدىن چۈشۈپ كىتىپ ھالاك بولۇشتىن، سۇدا غەرىق بولۇشدىن، ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشدىن،بەك قىرىپ ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سىغىنىپ ئۆلۈم ئالدىدا شەيتاننىڭ مىنى يىڭىۋىلىشدىن، مەن بىلەن سۈيقەست ئويۇنى ئوينىشدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سىغىنىپ سىلىنىڭ يوللىرىدا ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، دۈشمەندىن قىچىپ كىتىۋىتىپ ئۆلۈپ كىتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سىغىنىپ يىلان ــ چايان چىقىپ ئۆلۈپ كىتىشدىن پاناھ تىلەيمەن»، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستە پاناھ تىلەنگەن غەرىق بولۇش، تام بىسىش، شىھىد قىلىنىدىغان غەرىق بولۇش، تام بىسىشقا ئوخشاشمايدۇ، ئۇئىككىسى بىر ـ بىرگە زىت، خىلاپتۇر. چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمان مۆئمىنگە رەھمەتتۇر، بۇ پاناھ تىلىگىنى بولسا، بالا، ئاپەت، ئاللاھنىڭ غەزەپ ــ نەپرىتىدۇر، ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

**2474 - [ 18 ] ( ضعيف )وعن معاذ عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أستعيذ بالله من طمع يهدي إلى طبع ) رواه أحمد والبيهقي في الدعوات الكبير**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئاللاھقا سىغىنىپ، قەلبىنىڭ پىچەت سىلىنىپ، مۆھۈر بىسىلىپ كىتىشىگە ئاپىرىدىغان، تاماخورلۇقدىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**2475 - [ 19 ] وعن عائشة أن النبي صلى الله عليه وسلم نظر إلى القمر فقال : " يا عائشة استعيذي بالله من شر هذا فإن هذا هو الغاسق إذا وقب " . رواه الترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايغا قاراپ مۇنداق دىگەن: ئى ئائىشە! ئاللاھقا سىغىنىپ، بۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىگىن، چۈنكى، بۇ ئاي، قاراڭغۇلۇق بىلەن كىرگەن كىچىدىكى غاسىقتۇر، يەنى ئاينىڭ غائىپ بولۇشى بىلەن قاراڭغۇلۇق باسقان كىچە كىرىدۇ. (بۇ سۈرە فەلەقدە سۆزلىنىدۇ). ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2476 - [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمران بن حصين قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم لأبي : " يا حصين كم تعبد اليوم إلها ؟ " قال أبي : سبعة : ستا في الأرض وواحدا في السماء قال : " فأيهم تعد لرغبتك ورهبتك ؟ " قال : الذي في السماء قال : " يا حصين أما إنك لو أسلمت علمتك كلمتين تنفعانك " قال : فلما أسلم حصين قال : يا رسول الله علمني الكلمتين اللتين وعدتني**

فقال : " قل اللهم ألهمني رشدي وأعذني من شر نفسي " . رواه الترمذي

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دادامغا: ئى ھۇسەيىن! بۈگۈنكى كۈندە، سەن نەچچە ئىلاھقا ئىبادەت قىلىسەن؟ دېدى، دادام: مەن يەتتە ئىلاھقا ئىبادەت قىلىمەن، ئالتىسى زېمىندا، بىرسى ئاسماندا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دادامغا:ئۇلارنىڭ قايسىسىنى سېنىڭ ئۈمۈت قىزىقىشىڭغا ۋە قورقۇشۇڭغاتېگىشلىك دەپ سانايسەن؟دېدى، دادام: ئاسماندىكىسىنى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دادامغا: ئى ھۇسەيىن! ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ، مەن ساڭا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىككى كەلىمە سۆز ئۆگۈتۈپ قويىمەن دېدى، دادام ھۇسەيىن مۇسۇلمان بولغان چاغدا: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى ماڭا ۋەدە قىلغان ئىككى كەلىمە سۆزنى ئەمدى ئۆگۈتۈپ قويسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :«ئى الله! ماڭا توغراھىدايەت يولىنى ئىلھام قىلسىلا، مىنى نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن قۇتقازسىلا»دېگىن، دېدى. تىرمىزى توپلىغان.

2477 - [ 21 ] وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا فزع أحدكم في النوم فليقل : أعوذ بكلمات الله التامات من غضبه وعقابه وشر عباده ومن همزات الشياطين وأن يحضرون فإنها لن تضره " وكان عبد الله بن عمرو يعلمها من بلغ من ولده ومن لم يبلغ منهم كتبها في صك ثم علقها في عنقه " . رواه أبو داود والترمذي وهذا لفظه

ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيبنىڭ بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كەتسە، مۇنداق دېسۇن:« ئاللاھنىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن الله نىڭ غەزىپىدىن، ئازابىدىن، بەندىلىرىنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن، شەيتانلارنىڭ ماڭا ھازىر بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن». شۇنداق دېسە، ئۇ كىشىگە ھېچ نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بالاغەتكە يەتكەن باللىرىغا بۇدۇئانى ئۆگۈتۈپ قوياتتى، بالاغەتكە يەتمىگەن باللىرىنىڭ بوينىغا بۇدۇئانى بىرەر نەرسىگە(قەغەزگە) يېزىپ ئېسىپ قوياتتى.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان،ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

2478 - [ 22 ] وعن أنس قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سأل الله الجنة ثلاث مرات قالت الجنة : اللهم أدخله الجنة ومن استجار من النار ثلاث مرات قالت النار : اللهم أجره من النار " رواه الترمذي والنسائي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھدىن جەننەتنى ئۈچ قېتىم سورىسا، جەننەت: ئى ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزگىن دەيدۇ، كىم ئاللاھقا سىغىنىپ، دوۋزاخدىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلەپ، دوۋزاخدىن قۇتۇلۇشنى ئۈچ قېتىم سورىسا، دوۋزاخ: ئى ئاللاھ، ئۇ كىشىنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزغىن دەيدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

2479 - [ 23 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن القعقاع : أن كعب الأحبار قال : لولا كلمات أقولهن لجعلتني يهود حمارا فقيل له : ما هن ؟ قال : أعوذ بوجه الله العظيم الذي ليس شيء أعظم منه وبكلمات الله التامات التي لا يجاوزهن بر ولا فاجر وبأسماء الله الحسنى ما علمت منها وما لم أعلم من شر ما خلق وذرأ وبرأ . رواه مالك

قەئقائتىن كەئبىلئەھبار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ ئەگەر مەن بىرنەچچە كەلىمىنى دەپ تۇرمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە مىنى يەھۇدىيلار سېھرى بىلەن ئېشەككە ئايلاندۇرىۋەتكەن بولاتتى،دېدى. ئۇنىڭغا: ئۇ قانداق كەلىمىلەر؟ دېيىلدى، ئۇ: « الله نىڭ ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ ھېچ بىر نەرسە بولمىغان ئۇلۇغ زاتى ، دىدارى بىلەن، ياخشى ـ يامانلار تاجاۋۇز قىلالمايدىغان كامىل سۆزلىرى بىلەن، الله نىڭ مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن الله تائالا يوقلۇقتىن پەيدا قىلىپ ياراتقان، كەڭ تارقىتىپ، مۇكەممەل ساق ياراتقان بارلىق مەخلۇقلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»دېدى. ئىمام مالىك توپلىغان.

**2480 - [ 24 ] ( لم تتم دراسته )وعن مسلم بن أبي بكرة قال : كان أبي يقول في دبر الصلاة : اللهم إن أعوذ بك من الكفر والفقر وعذاب القبر فكنت أقولهن فقال : أي بني عمن أخذت هذا ؟ قلت : عنك قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقولهن في دبر الصلاة . رواه النسائي والترمذي إلا أنه لم يذكر في دبر الصلاةوروى أحمد لفظ الحديث وعنده: في دبر كل صلاة**

مۇسلىم ئىبنى ئەبۇبۇكرەت  رە   مۇنداق دەيدۇ؛ دادام ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدا« ئى **الله**! ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، كۇپۇرلۇقتىن، پېقىرلىقدىن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن»دەيتتى، كېيىن مەنمۇ شۇنداق دىسەم، ئى بالام! سەن بۇنى كىمدىن ئۇگەندىڭ؟ دىدى، مەن: سىلىدىن دىسەم، دادام: ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ سۆزلەرنى ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدا دەيتتى، دىدى.نەسەئى،تىرمىزى توپلىغان.

**2481 - [ 25 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " أعوذ بالله من الكفر والدين " فقال رجل : يا رسول الله أتعدل الكفر بالدين ؟ قال : " نعم " . وفي رواية " اللهم إني أعوذ بك من الكفر والفقر " . قال رجل : ويعدلان ؟ قال : " نعم " . رواه النسائي**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ؛«مەن ، **الله** قا سېغىنىپ كۇپۇرلۇقتىن، قەرزدارچىلىقتىن پاناھ تىلەيمەن » دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بىر كىشى: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! كۇپۇرلۇق بىلەن قەرزدارچىلىق ئىككىسى تەڭ تۇرامدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەئە تەڭ تۇرىدۇ دىدى. يەنەبىرخاتىردە؛ «ئى **الله**! مەن سىلىگە سېغىنىپ كۇپۇرلۇقتىن، پەقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن » دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بىر كىشى: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! كۇپۇرلۇق بىلەن پەقىرلىق ئىككىسى تەڭ تۇرامدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەئە، تەڭ تۇرىدۇ دىدى.نەسەئى.

## باب جامع الدعاء - الفصل الأول        دۇئالار توپلىمى

**2482 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي موسى الأشعري عن النبي صلى الله عليه وسلم : أنه كان يدعو  ذا الدعاء : " اللهم اغفر لي خطيئتي وجهلي وإسرافي في أمري وما أنت أعلم به مني اللهم اغفر لي جدي وهزلي وخطئي وعمدي وكل ذلك عندي اللهم اغفر لي ما قدمت وما أخرت وما أسررت وما أعلنت وما أنت به أعلم به مني أنت المقدم وأنت المؤخر وأنت على كل شيء قدير "**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ دۇئا بىلەن دۇئاقىلاتتى: «ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن مېنىڭ خاتالىقىمنى،نادانلىقىمنى،  ئىشىمدا ئىسراپ قىلىپ، ھەددىدىن ئاشقانلىقىمنى، مەندىن سادىر بولغان، سىلى بىلىپ تۇرغان بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن چاخچاق ياكى راست قىلغىنىمنى، خاتا قىلغىنىمنى، قەستەن قىلغىنىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، يۇقىرقىلارنىڭ ھەممىسى مەندە تېپىلىدۇ، ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن بۇرۇن قىلغان، كېيىن قىلىپ قالىدىغان، مەخپى، يوشۇرۇن قىلغان، ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا،سىلى مەندىن بەكرەك بىلىپ تۇرىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، سىلى ھەممىدىن بۇرۇن ئەزەلدە بار زات، سىلى ھەممىدىن كېيىن مەڭگۈ كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ئىنتىھالىرى يوق، سىلى ھەر نەرسىگە قادىر (بىز ئاجىز)بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**2483 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " اللهم أصلح لي ديني الذي هو عصمة أمري وأصلح لي دنياي التي فيها معاشي وأصلح لي آخرتي التي فيها معادي واجعل الحياة زيادة لي في كل خير واجعل الموت راحة لي من كل شر " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى؛« ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن دىنىمنى ئىسلاھ قىلىپ بەرسىلە، دىنىم بارلىق ئىشىمنىڭ ھىمايىچىسى، ساقلىغۇچىسى،

قوغدىغۇچىسىدۇر، مەن ئۇچۇن تۇرمۇشۇم ئۆزىدە بولغان دۇنيارىمنىمۇ ئىسلاھ قىلىپ، ئوڭشاپ ياخشىلاپ بەرسىلە، ئاخىرى قايتىپ بارىدىغان جايىم بولغان ئاخىرىتىمنى ئىسلاھ قىلىپ بەرسىلە، مەن ئۈچۈن ھەربىر ياخشىلىقتا ھاياتلىقنى زىيادە قىلىپ بەرسىلە، مەن ئۈچۈن ھەربىر يامانلىقدىن ئۆلۈمنى ماڭا راھەت قىلىپ بەرسىلە»، (ئامىن) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2484 - [ 3 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن مسعود عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه كان يقول : " اللهم إني أسألك الهدى والتقى والعفاف والغنى " . رواه مسلم**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق سورايتتى؛« ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىدىن ھىدايەتنى، تەقۋالىقنى، ئىپپەتلىك بولۇشنى، بايلىق بىھاجەت بولۇشۇمنى سورايمەن»، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2485 - [ 4 ] ( صحيح )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قل اللهم اهدني وسددني واذكر بالهدى هدايتك الطريق وبالسداد سداد السهم " . رواه مسلم**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئى ئاللاھ، مېنى ھىدايەت قىلسىلا، مېنى ئوتتۇرىھال، نورمال، توغرا يول، ئەمەللەرگە يېتەكلىسىلە» دېگىن دېگەن. ھىدايەتتە سېنىڭ يولدىكى توغرا يول تېپىپ مېڭىشىڭنى ئەسلە، سىداد بولسا، ياچاق، ئوقيارىنى تۈپتۈز قىلىشتۇر، (يەنى يول تۈتۈشتا، ئەمەللەردە ئەنە شۇنداق بولۇشنى سورىغىن)، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2486 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي مالك الأشجعي عن أبيه قال : كان الرجل إذا أسلم علمه النبي صلى الله عليه وسلم الصلاة ثم أمره أن يدعو بهؤلاء الكلمات : " اللهم اغفر لي وارحمني واهدني وعافني وارزقني " . رواه مسلم**

تارىق ئىبنى ئەشجەئىنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۇسۇلمان بولغان كىشىگە نامازنى ئۆگۈتۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى مۇنۇ كەلىمىلەر بىلەن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇيتتى:« ئى ئاللاھ، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىيم قىلسىلا،مېنى ھىدايەت قىلسىلا، مېنى ساق ـــ سالامەت ساقلىسىلا، ماڭا ھالالدىن ياخشى رىزىق بەرسىلە» مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. تارىق ئىبنى ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىيم قىلسىلا، مېنى ساق ـــ سالامەت ساقلىسىلا، ماڭا ھالالدىن ياخشى رىزىق بەرسىلە دېگىن، ھەققەتەن دۇئا قىلىشتا ئاشۇ سۆزلەر ساڭا دۇنيا ـــ ئاخىرىتىڭنى بىرلەشتۈرۈپ، جۇغلاپ كۆپايە بولىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2487 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : كان أكثر دعاء النبي صلى الله عليه وسلم " اللهم أتنا في الدنيا حسنة وفي الآخرة حسنة وقنا عذاب النار "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپىنچە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار». تەرجىمىسى: ئى رەببىمىز، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلسىلا، بىزنى دوۋزاخ ئازابىدىن ساقلىسىلا» ئامىن!. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ دۇئانىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

**2488 - [ 7 ] الفصل الثاني عن ابن عباس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يدعو يقول : " رب أعني ولا تعن علي وانصرني ولا تنصر علي وامكر لي ولا تمكر علي واهدني ويسر الهدى لي وانصرني علي من بغى علي رب اجعلني لك شاكرا لك**

**ذاكرا لك راهبا لك مطواعا لك مخبتا إليك أواها منيبا رب تقبل توبتي واغسل حوبتي وأجب دعوتي وثبت حجتي وسدد لساني واهد قلبي واسلل سخيمة صدري " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى:« ئى رەببىم! ماڭا ياردەم بەرگىن، ماڭا قارشى ياردەم بەرمىگىن، ماڭا نۇسرەت ئاتا قىلغىن، ماڭا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلمىغىن، مەن ئۇچۇن چارە ــ ئامال كۆرسەتكىن، زىيىنىمغا كۆرسەتمىگىن، مىنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا ھىدايەت توغرا يولنى ئاسان قىلغىن، ماڭا تاجاۋۇز قىلغان زۇلۇم قىلغان كىشىگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن، ئى ئاللاھ! مىنى سىلىگە شۈكۈر قىلغۇچى، سىلىنى ئەسلەپ ،زىكرى ئېيتقۇچى، سىلىدىن قورققۇچى، سىلىگە ئىتائەت قىلغۇچى، سىلىگە بويسۇنۇپ، ئاھ ئۇرۇپ، تۆۋبە قىلىپ قايتقۇچى قىلسىلا، ئى رەببىم! تۆۋبەمنى قوبۇل قىلسىلا، گۇناھلىرىمنى يۇيۇپ تازىلىسىلا، دۇئايىمنى ئىجاۋەت قىلسىلا، ھۆججىتىمى مۇقىم قىلىپ بەرسىلە، قەلبىمنى توغرا، ھەق يولغا ھىدايەت قىلسىلا، تىلىمنى توغرىلاپ رۇسلىسىلا، ھەق سۆز قىلىدىغان قىلسىلا، قەلبىمنىڭ ھىقدە ھەسەدلىرىنى سۇغۇرۇپ چىقىرىۋەتسىلە»، (ئامىن) ئەھمەد ، ھاكىم، تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2489 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي بكر قال : قام رسول الله صلى الله عليه وسلم على المنبر ثم بكى فقال : " سلوا الله العفو والعافية فإن أحدا لم يعط بعد اليقين خيرا من العافية " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب إسنادا**

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ، يىغلاپ كىتىپ مۇنداق دىگەن:«**الله** تىن ئەپۇ قىلىشىنى، ئىككى ئالەمدە ساق ــ سالامەت ساقلاشنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن كىشىگە شەكسىز ئىشەنچ، ئىماندىن كىيىن قالسىلا، ئىككى ئالەمدە ساق ــ سالامەت قىلىشتىن ياخشىراق نەرسە بىرىلمەيدۇ. (يەنى بالا، ئازابدىن، پىتنىدىن ساق ــ سالامەت قىلىش، ئىشەنچ، ئىماندىن قالسا ياخشىدۇر). ئەھمەد ، تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2490 - [ 9 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس أن رجلا جاء إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله أي الدعاء أفضل ؟ قال : " سل ربك العافية والمعافاة في الدنيا والآخرة " ثم أتاه في اليوم الثاني فقال : يا رسول الله أي الدعاء أفضل ؟ فقال له مثل ذلك ثم أتاه في اليوم الثالث فقال له مثل ذلك قال : " فإذا أعطيت العافية والمعافاة في الدنيا والآخرة فقد أفلحت " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب إسنادا**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى كىلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! دۇئانىڭ قايسىسى ئەبزەل؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سەن رەببىڭ ئاللاھتائالادىن سىنى ئەپۇ قىلىشنى، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە سالامەت ساقلىشىنى سورىغىن،دىدى.ئۈكىشى ئىككىنجى كۈنى كىلىپ، يەنە؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! دۇئانىڭ قايسىسى ئەبزەل؟ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ:يەنە شۇنداق دىدى. ئۇكىشى ئۇچۇنجى كۈنى كىلىپ، يەنە شۇنداق سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە شۇنداق دەپ، جاۋاب بىرىپ:ساڭا دۇنيا ـ ئاخىرەتتە،**الله** نىڭ ئەپۇ قىلىشى،سىنى ساق ـ سالامەت ساقلىشى بىرىلسە،جەزمەن بۈيۈك نىجات تاپقان بۇلىسەن دىدى. تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان. (ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالادىن سىنى ئەپۇ قىلىشنى، دۇنيا ئاخىرەتتە سالامەت ساقلاشنى سورىغىن، ھاكىم، بۇخارى، تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.)

**2491 - [ 10 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله يزيد الخطمي عن رسول الله صلى الله عليه وسلم أنه كان يقول في دعائه : " اللهم ارزقني حبك وحب من ينفعني حبه عندك اللهم ما رزقتني مما أحب فاجعله قوة لي فيما تحب اللهم ما زويت عني مما أحب**

فاجعله فراغا لي فيما تحب " . رواه الترمذي

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئايىدا مۇنداق دەيتتى: ئى الله! ماڭا سىلىنىڭ مۇھەببەتلىرىنى رىزقى قىلىپ بەرسىلە، سىلىنىڭ دەرگاھىلىرىدا مۇھەببىتى، ياخشى كۆرۈشۈم ماڭا مەنپەئەت قىلىدىغان كىشىنىڭ مۇھەببىتىنى ، شۇكىشىنى ياخشى كۆرۈشنى ماڭا رىزقى قىلىپ بەرسىلە، ئى الله! مەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەردىن سىلى ماڭا رىزقى قىلىپ بەرگەن نەرسىنى، مەن ئۈچۈن سىلى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت قىلىپ بەرسىلە، ئى الله! مەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەردىن سىلى ماڭا رىزقى قىلىپ بەرمىگەن نەرسىنى، مەن ئۈچۈن سىلى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىگە پارىغلىق قىلىپ بەرسىلە،(يەنى رىزقىمنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، ماڭارىزق بىرىلمىگەن نەرسىنى ئىبادەت ئۈچۈن بوش ۋاقىت قىلىپ بەرسىلە)تىرمىزى تويلىغان.

2492 - [ 11 ] وعن ابن عمر قال : فلما كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقوم من مجلس حتى يدعو ؤلاء الدعوات لأصحابه : " اللهم اقسم لنا من خشيتك ما تحول به بيننا وبين معاصيك ومن طاعتك ما تبلغنا به جنتك ومن اليقين ما ون به علينا مصيبات الدنيا ومتعنا بأسماعنا وأبصارنا وقوتنا ما أحييتنا واجعله الوارث منا واجعل ثأرنا على من ظلمنا وانصرنا على من عادانا ولا تجعل مصيبتنا في ديننا ولا تجعل الدنيا أكبر همنا ولا مبلغ علمنا ولا تسلط علينا من لا يرحمنا " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپۈنچە، ساھابىللىرى ئۈچۈن مۇنۇ دۇئانى قىلمىغىچە، بىرەر مەجلىستىن قوپمايتتى:« ئى ئاللاھ، بىزگە، بىز بىلەن سىلىگە ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ئارىسىدا توسقۇنلۇق، پەردە بولغۇدەك سىلىدىن قورقىدىغان قورقۇنجا تەقسىم قىلىپ بەرسىلە، (يەنى سىلىدىن قورقۇپ، سىلىگە ئاسىي بولمايلى) ۋە بىزگە سىلىنىڭ جەننەتلىرىگە بىزنى يەتكۈزىدىغان تائەت ــ ئىبادەت تەقسىم قىلىپ بەرسىلە، (شۇ تائەت ــ ئىبادەت بىلەن جەننەتكە كىرەيلى) ۋە بىزگە دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرىنى ئاسان قىلغۇدەك شەكسىز ئىشەنچ تەقسىم قىلىپ بەرسىلە، بىزنى ھايات قويسىلىلا، قۇلاقلىرىمىز، كۆزلىرىمىز، كۈچ ــ قۇۋۋەتلىرىمىز بىلەن بىزگە پايدا ــ مەنپەئەت ئاتا قىلسىلا، (يەنى ھەقنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ سۆزلەيدىغان، كۈچ ــ قۇۋۋىتىمىزنى ھەق ئۈچۈن تەقدىم قىلىدىغان، كۆپلەپ ئىبادەت قىلىدىغان قىلسىلا) يۇقىرقى ئىسىل ئىشلارغا بىزدىن بىر ۋارىسنى قىلىپ بەرسىلە، شۇ ئىشلارنى ۋارىسىمىزغىمۇ بەرسىلە، ئىنتىقام، قىساسىمىزنى بىزگە زۇلۇم قىلغانلارغا قارشى قىلسىلا، بىزگە تاجاۋۇز قىلغان زالىملارغا قارشى بىزگە ياردەم بەرسىلە، مۇسىبىتىمىزنى، دىنىمىزدا قىلمىسىلا، بۇ دۇنيانى غەملىرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭى قىلمىسىلا، ئىلمىمىزنىڭ يىتەر جايى قىلمىسىلا، (يەنى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان قىلسىلا، دۇنيا ئالىملىرى ئەمەس، ئاخىرەت ئالىملىرى قىلسىلا) بىزگە رەھىم قىلمايدىغانلارنى ئۈستۈمىزدىن غالىپ قىلمىسىلا، يەنى بىزنى غالىپ قىلسىلا»، ئامىن!!! تىرمىزى، ھاكىم تويلىغان، ھەسەن.

2493 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " اللهم انفعني بما علمتني وعلمني ما ينفعني وزدني علما الحمد لله على كل حال وأعوذ بالله من حال أهل النار " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب إسنادا

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى الله! ماڭا بىلدۈرگەن ئىلىم بىلەن ماڭا مەنپەئەت ئاتاقىلسىلا، ماڭا مەنپەئەت بېرىدىغان ئىلىمنى بىلدۈرسىلە، مىنىڭ ئىلىمىمنى زىيادە قىلسىلا، ھەرھالدا بارلىق ھەمدۇ ـ سانا الله قا خاستۇر، الله قا سىغىنىپ، دەۋزەخ

ئەھلىنىڭ ھالىدىن پاناھ تىلەيمەن. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان.

**2494 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا أنزل عليه الوحي سمع عند وجهه دوي كدوي النحل فأنزل عليه يوما فمكثنا ساعة فسري عنه فاستقبل القبلة ورفع يديه وقال : " اللهم زدنا ولا تنقصنا وأكرمنا ولا نا وأعطنا ولا تحرمنا وآثرنا ولا تؤثر علينا وأرضنا وأرض عنا " . ثم قال : " أنزل علي عشر آيات من أقامهن دخل الجنة " ثم قرأ : ( قد أفلح المؤمنون )حتى ختم عشر آيات . رواه أحمد والترمذي**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھى نازىل قىلىنغاندا، يۈزىنىڭ يېنىدا،(يەنى قۇلىقىنىڭ يېنىدا) ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاۋازىدەك، بىرخىل گوڭ ـ گوڭ ئاۋاز ئاڭلىناتتى، بىركۈنى رەسۇلۇللاھقا ۋەھى نازىل قىلىندى، بىز بىر سائەت تۇردۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ۋەھيىنىڭ تەسىرى كۆتۈرۈلگەندە، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ:«ئى الله! بىزگە زىيادە قىلىپ بەرسىلە، كاملاتمىسىلا، بىزنى ھۆرمەتلىك،ئۇلۇغ قىلسىلا، ئەھانەتلىك خار قىلمىسىلا، بىزگە كۆپ بەرسىلە، بىزنى مەھرۇم قىلمىسىلا، بىزنىڭ قىساس ـ ئىنتىقاملىرىمىزنى دۈشمەنلەرگە قارشى قىلسىلا، ئۇلارنىڭ قىساس ـ ئىنتىقاملىرىنى بىزگە قارشى قىلمىسىلا، بىزنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلسىلا، باشقىلارنى بىزدىن ئۈستۈن قىلمىسىلا، بىزدىن رازى بولۇپ، بىزنى رازى قىلسىلا، دېدى، ئاندىن: ماڭا ئون ئايەت نازىل قىلىندى، كىم ئۇ ئون10ئايەتنى بەرپاقىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا، ئۇكىشى جەننەتكە كىرىدۇ دەپ، ئاندىن «قەد ئەفلەھەلمۆئمىنۇن»نى ئون ئايەت تۈگىگىچە ئوقۇدى. ئەھمەد،تىرمىزى توپلىغان.

**2495 - [ 14 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن عثمان بن حنيف قال : إن رجلا ضرير البصر أتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : ادع الله أن يعافيني فقال : " إن شئت دعوت وإن شئت صبرت فهو خير لك " . قال : فادعه قال : فأمره أن يتوضأ فيحسن الوضوء ويدعو ذا الدعاء : " اللهم إني أسألك وأتوجه إليك بنبيك محمد نبي الرحمة إني توجهت بك إلي ربي ليقضي لي في حاجتي هذه اللهم فشفعه في " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب**

ئوسمان ئىبنى ھەنىيپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر ئەما كىشى كېلىپ: ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ، مەن ساقايسام دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەرخالىساڭ دۇئا قىلاي، ئەگەر خالىساڭ، سەبرە قىلىشىڭ سەن ئۈچۈن بەك ياخشى دېدى. ئۇكىشى : دۇئا قىلىپ قويسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنى تاھارەتنى ياخشى كامىل ئېلىپ، ئىككى رەكئەت نامازدىن كېيىن مۇنداق دۇئا قىلىشقا بۇيرىدى:« ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىنلا سورايمەن، رەھمەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىبارەت پەيغەمبەرلىرىنى سىلىگە شېپى كەلتۈرۈمەن، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەقىقەتەن مەن سېنى مۇشۇ ھاجىتىمنىڭ ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن رەببىمگە شېپى كەلتۈردۈم، ئى ئاللاھ! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مىنىڭ مۇشۇكېسىلىم توغرىسىدا شاپائەتچى قىلىپ، شاپائىتىنى قوبۇل قىلسىلا»، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات ۋاختىدا شاپائەتچى قىلىپ شېپى كەلتۈرۈپ، ئاللاھدىن سورىسا بولىدىكەن، ھايات ۋاختىغا خاس قىلىشنىڭ دەلىيلى؛ ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن خىتاپ، ئۇندىن باشقا رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاغىسى ئاbباسنى ئېلىپ چىقىپ سۇ تەلەپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ بىلەن تەلەپ قىلمىدى، بىز ئەنە شۇ خەلىپىگە ئەگىشىمىز، دەلىلىنى ساھسابىدەك چۈشەنگىن.

**2496 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم كان من دعاء داود يقول : " اللهم إني أسألك حبك وحب من يحبك والعمل الذي يبلغني حبك اللهم اجعل حبك أحب إلي من نفسي ومالي وأهلي ومن الماء البارد " . قال : وكان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا ذكر داود يحدث عنه يقول : " كان أعبد البشر " رواه الترمذي وقال :**

**هذا حديث حسن غريب**

ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى: داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدىن مۇنداق دۇئالار بارئىدى«ئى الله! ھەققەتەن مەن سىلىدىن سىلىنىڭ مۇھەببەتلىرىنى ۋە سىلىنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ياخشى كۆرۈشۈمنى سورايمەن، مىنى سىلىنىڭ مۇھەببەتلىرىگە يەتكۈزىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى سورايمەن، ئى الله! ماڭا سىلىنىڭ مۇھەببەتلىرىنى جېنىمدىنمۇ، مېلىمدىنمۇ، ئەھلىمدىنمۇ، ھاياتلىقنىڭ ئاساسى بولغان مۇزلۇق تاتلىق سۇدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك قىلىۋەتسىلە»، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ھەدىس سۆزلىسە، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئابىدراقى ئىدى، دەيتتى. تىرمىزى توپلىغان.

**2497 - [ 16 ] ( صحيح )وعن عطاء بن السائب عن أبيه قال : صلى بنا عمار بن ياسر صلاة فأوجز فيها فقال له بعض القوم : لقد خففت وأوجزت الصلاة فقال أما علي ذلك لقد دعوت فيها بدعوات سمعتهن من رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما قام تبعه رجل من القوم هو أبي غير أنه كنى عن نفسه فسأله عن الدعاء ثم جاء فأخبر به القوم : " اللهم بعلمك الغيب وقدرتك على الخلق أحيني ما علمت الحياة خيرا لي وتوفني إذا علمت الوفاة خيرا لي اللهم وأسألك خشيتك في الغيب والشهادة وأسألك كلمة الحق في الرضى والغضب وأسألك القصد في الفقر والغنى وأسألك نعيما لا ينفد وأسألك قرة عين لا تنقطع وأسألك الرضى بعد القضاء وأسألك برد العيش بعد الموت وأسألك لذة النظر إلى وجهك والشوق إلى لقائك في غير ضراء مضرة ولا فتنة مضلة اللهم زينا بزينة الإيمان واجعلنا هداة مهديين " . رواه النسائي**

ئەتائ ئىبنى سائىبنىڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ؛ بىزگە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئۇقۇپ بىرىپ، نامازنى ناھايىتى قىسقا ئۇقۇدى، كىشىلەرنىڭ بەزىسى ئۇنىڭغا: سەن نامازنى(يەنى نامازدىكى دۇئانى) ناھايىتى يەڭگىل، قىسقا ئۇقۇپ قويدۇڭ دىدى، ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:شۇنداق قىلىشىمدا ماڭا ھىچ زەرەر يوقتۇر، چۈنكى مەن بۇ نامازدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان دۇئالارنى قىلدىم دىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغاندا، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرىپ، ھېلىقى دۇئا توغرىسىدا سوردۇم، ئۇ ماڭا دەپ بەرگەندىن كىيىن ، مەن كىلىپ كىشىلەرگە مۇنۇ دۇئانى ئۇقۇپ بەردىم:« ئى ئاللاھ، غەيبكە بولغان ئىلمىلىرى بىلەن، خەلىققە بولغان قۇدرەتلىرى بىلەن مەن ئۈچۈن ھاياتلىقنى ياخشى دەپ بىلسىلە، مىنى ھايات قويسىلا، مەن ئۈچۈن ۋاپات تېپىشىمنى ياخشى دەپ بىلسىلە، مىنى ۋاپات تاپقۇزسىلا، ئى ئاللاھ، سىلىدىن ئاشكارا-يوشۇرۇن، كىشىلەر بار، ياكى يوق جايدا ئوخشاشلا سىلىدىن قورقۇپ تۇرۇشۇمنى سورايمەن،سىلىدىن رازى بولغان ياكى غەزەپ قىلغان چېغىمدا، ئىخلاس كەلىمىسىنى،ھەق كەلىمىنى سورايمەن، سىلىدىن باي بولغان، پېقىر، يوقسىز بولغىنىمدىمۇ بىر خىل، ئوتتۇرھال تۇرۇشۇمنى سورايمەن، مەن سىلىدىن تۈگىمەس نىئمەتنى سورايمەن، ئۈزۈلمەس بەخىت، خۇرسەن، خۇشاللىق سورايمەن، قازايى – قەدەرگە رازى بولۇشۇمنى سورايمەن، ماڭا مەن ئۆلگەندىن كىيىنمۇ مول، بەختلىك تۇرمۇشۇمنى بېرىشلىرىنى سورايمەن، سىلىنىڭ يۈزلىرىگە، دىدارلىرىغا، جامالىرىغا قاراشنىڭ لەززىتىنى سورايمەن، زەرەرسىز ھالدا، ئازدۇرغۇچى پىتنىسىز ھالدا سىلىگە ئۇچقۇشۇشقا بولغان شەۋىق ئىشتىياقنى سورايمەن، ئى ئاللاھ، بىزگە ئىمان زىنىتى بىلەن زىنەت ئاتا قىلسىلا، بىزنى توغرا يول تاپقان ھىدايەتچى، يول باشچى، يىتەكچى قىلسىلا»، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان،سەھىھ.

**2498 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن أم سلمة أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يقول في دبر صلاة الفجر : " اللهم إني أسألك علما نافعا وعملا متقبلا ورزقا طيبا " . رواه أحمد وابن ماجه والبيهقي في الدعوات الكبير**

ئۇممەسەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنىڭ

ئارقىسىدا مۇنداق دۇئا قىلاتتى:« ئى الله! ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن پايدا ـ مەنپەئەت بېرىدىغان ئىلىمنى، قوبۇل قىلىنىدىغان ياخشى ئەمەلنى، پاك،ھالال رىزىقنى سورايمەن». ئەھمەد،ئىبنى ماجە،بەيھەقى توپلىغان.

**2499 - [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : دعاء حفظته من رسول الله صلى الله عليه وسلم لا أدعه : " اللهم اجعلني أعظم شكرك وأكثر ذكرك وأتبع نصحك وأحفظ وصيتك " . رواه الترمذي**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق بىر دۇئانى يادا ئېلىۋالدىم، مەن ئۇ دۇئانى قىلىشنى ھەرگىز تەرىك ئەتمەيمەن؛ « ئى الله! سىلى مىنى، سىلىگە ئەڭ كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى، سىلىنى ئەڭ كۆپ ئەسلەپ زىكرى ئەيتقۇچى، نەسىھەتلىرىگە ئەگەشكۈچى، ۋەسىيەتلىرىنى يادا ئېلىپ ساقلاپ، مۇھاپىزەت قىلغۇچى قىلسىلا».تىرمىزى توپلىغان.

**2500 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن عمرو قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " اللهم إني أسألك الصحة والعفة والأمانة وحسن الخلق والرضى بالقدر**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛« ئى الله! ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن ساق ـ سالامەتلىكنى، ئىپپەتلىك بولۇشنى، ئامانەتلىك بولۇشنى، ياخشى ئەخلاقنى، تەقدىرگەرازى بولۇشنى سورايمەن»دەيتتى. بەيھەقى توپلىغان.

**2501 - [ 20 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن أم معبد قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " اللهم طهر قلبي من النفاق وعملي من الرياء ولساني من الكذب وعيني من الخيانة فإنك تعلم خائنة الأعين وما تخفي الصدور " . رواهما البيهقي في الدعوات الكبير**

ئۇممە مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ؛ «ئى الله! قەلبىمنى نىپاقتىن، مۇناپىقلىقتىن، ئەمەلىمنى رىيادىن،تىلىمنى يالغانچىلىقتىن، كۆزۈمنى خىيانەتتىن پاكلىسىلا، سىلى كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى مەخپى نەرسىنىمۇ بىلىپ تۇرىلا». بەيھەقى توپلىغان. تەكشۈرۈلمىگەن.

**2502 - [ 21 ] ( صحيح )وعن أنس : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم عاد رجلا من المسلمين قد خفت فصار مثل الفرخ فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هل كنت تدعو الله بشيء أو تسأله إياه ؟ " . قال : نعم كنت أقول : اللهم ما كنت معاقبي به في الآخرة فعجله لي في الدنيا . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سبحان الله لا تطيقه ولا تستطيعه أفلا قلت : اللهم آتنا في الدنيا حسنة وفي الآخرة حسنة وقنا عذاب النار " . قال : فدعا الله به فشفاه الله . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كېسەلنىڭ سەۋەبىدىن خۇددى قۇشنىڭ بالىسىدەك يەڭگىللەپ كەتكەن بىر مۇسۇلمان كىشىنى يوقلاپ بېرىپ؛ نېمە دەپ دۇئا قىلدىڭ؟ دېسە، ئۇ كىشى؛ ئى ئاللاھ، مېنى ئاخىرەتتە ئازابلىماقچى بولساڭ، مۇشۇ دۇنيادىلا ئازابلىغىن دەپ دۇئا قىلدىم دىگەندە، رەسۇلۇللاھ : سۇبھانەللاھ! سەن ھەرگىز تاقەت قىلالمايسەن، قادىر بولالمايسەن، نېمشقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلمىدىڭ؟ «ئاللاھۇممە ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار»دىگەن.
تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلسىلا، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق جەننەت ئاتا قىلسىلا، بىزنى دوۋزاخ ئازابىدىن ساقلىسىلا» كىيىن بۇ كىشى الله قا شۇ دۇئانى قىلسا، كېسىلىدىن ساقىيىپ قالىدۇ،

ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**2503 - [ 22 ]**

**وعن حذيفة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: " لا ينبغي للمؤمن أن يذل نفسه ". قالوا: وكيف يذل نفسه؟ قال: " يتعرض من البلاء لما لا يطيق " رواه الترمذي وابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان. وقال الترمذي: هذا حديث حسن غريب**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئۆزىنى خارلىشى لايىق ئەمەس.ئۇلار:ئۆزىنى قانداق خارلايدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: تاقەت قىلالمايدىغان، قادىر بولالمايدىغان بالا ـ مۇسىبەتلەرگە ئۆزىنى تەگلەپ خارلايدۇدېدى.ئەھمەد،تىرمىزى،ئىبنى ماجە،بەيھەقى، سەھىھ.

**2504 - [ 23 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن عمر رضي الله عنه قال: علمني رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: " قل: اللهم اجعل سريرتي خيرا من علانيتي واجعل علانيتي صالحة اللهم إني أسألك من صالح ما تؤتي الناس من الأهل والمال والولد غير الضال ولا المضل " رواه الترمذي**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېيىشىمنى ئۆگۈتتۈپ:ئى الله! ئىچىمنى تېشىمدىن ياخشى قىلسىلا، تېشىمنىمۇ سالىھ ياخشى قىلسىلا، ئى الله! مەن سىلىدىن، سىلى كىشىلەرگە بېرىدىغان ئەھلى ـ باللارنىڭ ، مال ـ دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سورايمەن، مەن سورىغان ئۇنەرسىلەر ئۆزىمۇ ئازغۇچى بولمىسۇن ھەم باشقىلارنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، مەنمۇ شۇ سەۋەبلىك ئازغۇچى ، ئازدۇرغۇچى بولماي. دېگىن دېدى. تىرمىزى توپلىغان.

**كتاب المناسك - الفصل الأول** ھەجنىڭ كىتابى

**2505 - [ 1 ] ( صحيح )عن أبي هريرة قال: : خطبنا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال: " يا أيها الناس قد فرض عليكم الحج فحجوا " فقال رجل: أكل عام يا رسول الله؟ فسكت حتى قالها ثلاثا فقال: " لو قلت: نعم لوجبت ولما استطعتم " ثم قال: ذروني ما تركتكم فإنما هلك من كان قبلكم بكثرة سؤالهم واختلافهم على أنبيائهم فإذا أمرتكم بشيء فأتوا منه ما استطعتم وإذا نهيتكم عن شيء فدعوه ". رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە سۆزلەپ: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن سىلەرگە ھەج پەرز قىلىندى، ھەج قىلىڭلار،دېدى. بىركىشى: ئى الله!نىڭ ئەلچىسى! ھەريىلى ھەج قىلىش پەرزمۇ؟ دېدى، ئۇ بۇسۆزنى ئۈچ قېتىم دېگىچە جىم تۇرۇپ، ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم:ئەگەر مەن ھەئە دېگەن بولسام، ھەريىلى ھەج قىلىش پەرز بولۇپ كېتەتتى، ئاندىن سىلەر قادىر بولالمايتتىڭلار، مەن سىلەرنى جىم قويسام، سىلەرمۇ مەندىن كۆپ سۇئال سورىماي، مېنى جىم قويۇڭلار، ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر سۇئاللىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى، پەيغەمبەرلىرىگە ئىختىلاپىنى كۆپ قىلىپ كېتىشى سەۋەبلىك ھالاك بولۇپ كەتتى، مەن سىلەرنى بىرەر نەرسىگە بۇيرىسام، قادىر بولىشىڭلارچە كەلتۈرۈڭلار، ئەمەل قىلىڭلار، بىرەر نەرسىدىن توسسام دەرھال يېنىپ تەرىك ئېتىڭلار،دېدى.ئەھمەد،مۇسلىم،نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ.

**2506 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعنه قال: سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم: أي العمل أفضل؟ قال: " إيمان بالله ورسوله " قيل: ثم ماذا؟ قال: " الجهاد في سبيل الله ". قيل: ثم ماذا؟ قال: " حج مبرور "**

مائىز، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەمەلنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەبزەل؟دەپ سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، تەنھا بىر ئاللاھقا ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش، «يەنى ئىشىنىش، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ، دىلى بىلەن تەستىقلاپ، ئەمەلىيەتتە

كۆرستىشدۇر» ئاندىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئاندىن كېيىنكى بولسا، مەقبۇل بولغان ھەج، (ئاندىن كېيىنكى باشقا ئەمەللەر خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىپ ئارىلىقىدەك شۇنداق چوڭ، ئەۋزەل، پەزىلەتلىك قىلىنىدۇ، زىيادە، ئارتۇق بېرىلىدۇ)،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

2507 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من حج فلم يرفث ولم يفسق رجع كيوم ولدته أمه "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەج قىلىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا قەبىھ، پاھىشە سۆز قىلمىسا، پاسىقلىق قىلمىسا، تائەتتىن چىقىپ كېتىپ، گۇناھ مەئسىيەت قىلمىسا، ئۇ خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك، گۇناھىدىن پاك ــ پاكىز بولۇپ قايتىدۇ، (يەنى مەغپىرەت قىلىنىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2508 - [ 4 ] ( متفق عليه )

وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " العمرة إلى العمرة كفارة لما بينهما والحج المبرور ليس له جزاء إلا الجنة "

ئامىر ئىبنى رەبىئە ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆمرە ھەج يەنە بىر ئۆمرە ھەجگىچە ئارىلىقتىكى بارلىق گۇناھلارغا، خاتالىقلارغا كاپارەتتۇر، ھەممىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، مەقبۇل بولغان، ياخشى ئادا قىلىنغان ھەج ئۈچۈن جەننەتتىن باشقا مۇكاپات يوق، پەقەت جەننەتلا بېرىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ. ئۆمرە ھەج دېگەن نەپلە ھەجدۇر.

2509 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن عمرة في رمضان تعدل حجة "

جابىر، ئىبنى ئاббاس، ئۇممە مەئقەل، ۋەھبى، ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ئېيىدىكى ئۆمرە ھەج، پەرز ھەجگە تەڭدۇر. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزاندىكى ئۆمرە ھەج، مەن بىلەن بىرگە پەرز ھەج قىلغانغا ئوخشاشتۇر. سەمۇيە توپلىغان، سەھىھ. ھەجگە رامىزاندا بۇرۇنراق بېرىپ، بۇ ئايدا ئۆمرە، نەپلە ھەج قىلىش مۇھىمدۇر.

2510 - [ 6 ] ( صحيح )وعنه قال : إن النبي صلى الله عليه وسلم لقي ركبا بالروحاء فقال : " من القوم ؟ " قالوا : المسلمون . فقالوا : من أنت ؟ قال : " رسول الله " فرفعت إليه امرأة صبيا فقالت : ألهذا حج ؟ قال : " نعم ولك أجر " . رواه مسلم

ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەۋھائ دېگەن جايدا، ئاتلىق ئۇلاغلىق كىشىلەرگە ئۇچراپ؛ سىلەر كىملەر؟ دېدى، ئۇلار: بىز مۇسۇلمانلار، سىلى كىم بولىلا؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: مەن الله نىڭ ئەلچىسى بولىمەن دېدى، بىر ئايال سەبىي كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپ، رەسۇلۇللاھقا كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ؛ بۇ بالا ئۈچۈنمۇ ھەجنىڭ ساۋابى بولامدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە، ساۋاب باردۇر، ساڭىمۇ ئەجرى باردۇر دېدى. مۇسلىم توپلىغان.

2511 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعنه قال : إن امرأة من خثعم قالت : يا رسول الله إن فريضة الله علىعباده في الحج أدركت أبي شيخا كبيرا لا يثبت على الراحلة أفأحج عنه ؟ قال : " نعم " ذلك حجة الوداع

ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ خەسئەم قەبىلىسىدىن بىر ئايال؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن الله نىڭ بەندىلىرى ئۈستىگە ھەجنى پەرز قىلىشى، دادامنى بەكمۇ قېرىپ كەتكەن چاغدا تاپتى ، (يەنى ھەج پەرز قىلىنغاندا، دادام بەك قېرىپ كەتتى)ئۇ ئۇلاغ ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرالمايدۇ،(ئۇلاغقا مىنىشكە

قادىر بولالمايدۇ) دادام ھەققىدىن مەن ھەج قىلىپ قويسام بولامدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە بولىدۇ دېدى. ئەشۇ ھەججەتۇلۋىدائ ئىدى. (يەنى بۇ ئەمەلدىن قالمىدى،مەڭگۈكۈچكە ئىگە) بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2512 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعنه قال : أتى رجل النبي صلى الله عليه وسلم فقال : إن أختي نذرت أن تحج وإنا ماتت فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لو كان عليها دين أكنت قاضيه ؟ " قال : نعم قال : " فاقض دين الله فهو أحق بالقضاء "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ھەققەتەن مىنىڭ ھەمشىرەم ھەج قىلىشقا ئۆزىگە ۋەدە قىلىپتىكەن، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ئەگەر ھەمشىرەڭنىڭ ئۈستىدە قەرزى قېلىپ قالغان بولسا، ئۇنى سەن ئادا قىلىپ بىرەمتىڭ؟دېدى، ئۇكىشى؛ ھەئە بىرەتتىم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ئۇنداق بولسا، الله نىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى (ھەمشىرەڭنىڭ الله دىن بولغان قەرزىنى ) ئادا قىلغىن، ئۇ ئادا قىلىشقا ئەڭ لايىقراقتۇر دېدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.يەنى شۇنىڭ ھەققىدىن ھەج قىلىپ قويغىن.

**2513 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يخلون رجل بامرأة ولا تسافرن امرأة إلا ومعها محرم " . فقال رجل : يا رسول الله اكتتبت في غزوة كذا وكذا وخرجت امرأتي حاجة قال : " اذهب فاحجج مع امرأتك "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەر كىشى ئايال كىشى بىلەن يالغۇز، خالىي جايغا چىقمىسۇن، خالىي جايغا چىقسا، ئۇچىنچىسى شەيتان بولىدۇ، (ئاندىن كىيىن، ئۇچىلىسى شەيتان بولىدۇ) ئايال كىشى مەھرەمسىز سەپەر قىلمىسۇن، نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم ئىگىسى بىلەن (يەنى دادىسى، ئاكىسى، ئىنىسى، تاغىسى، ئوغلى بىلەن) سەپەر قىلسا بولىدۇ، (ئايال كىشىنىڭ قېشىغا مەھرەمسىز كىشى كىرمەيدۇ، مەھرەم ئىگىسى بىلەن بىللە كىرىشى لازىم).
ئاندىن بىركىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن پالانى غازاتقا چىقىشقا تىزىملىنىپ قاپتىمەن، ئايالىم بولسا، ھەج قىلغان ھالدا چىقىپ كەتكەن ئىدى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سەن بېرىپ، ئايالىڭ بىلەن بىللە ھە قىلغىن دېدى. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**2514 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : استأذنت النبي صلى الله عليه وسلم في الجهاد . فقال : " جهادكن الحج "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جىھادقا چىقىشقا ئىزنى سورسام، ماڭا مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ جىھادىڭلار ئۇرۇش قىلىشىڭلار، ھەج قىلىشتۇر. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2515 - [ 11 ] ( متفق عليه )**
**وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تسافر امرأة مسيرة يوم وليلة إلا ومعها ذو محرم "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى بىركۈنلۈك (ھەتتا يېرىم كۈنلۈك) مۇساپىگىمۇ سەپەر قىلسا بولمايدۇ، پەقەت نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم بىلەن سەپەر قىلسا بولىدۇ، (مەھرەم ئىگىسى دىگەن، شۇ ئايالغا نىكاھلاش ھارام بولىدىغان، بولۇپمۇ ۋاقتىلىق ئەمەس، مەڭگۈ ھارام بولىدىغان كىشى بولىدۇ، دادىسى، قېرىندىشى، ئوغلى، تاغىسىدەك، ھەمشىرىسىنىڭ ئېرى، ۋاقتىلىق ھارام بولغاچقا مەھرەم ھېسابلانمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سەپەر قىلسا دۇرۇس ئەمەس،شەرھىدىن ئالدىم). بۇخارى،مۇسلىم ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئۈچ كۈنلۈك سەپەرنى مەھرەمسىز قىلسا بولمايدۇ، مەھرەم ئىگىسى بىلەن بىرگە قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بەزى ھەدىس، مۇتلەق سەپەر، بەزىسى يېرىم كۈن، بەزىسى بىر كېچە ــ كۈندۈز، بەزىسى ئۈچ كۈن دېيىلگەن، خۇلاسە، يېرىم كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە سەپەرنى مەھرەمسىز قىلمايدۇ.

**2516 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : وقت رسول الله صلى الله عليه وسلم لأهل المدينة : ذا الحليفة ولأهل الشام : الجحفة ولأهل نجد : قرن المنازل ولأهل اليمن : يلملم فهن لهن ولمن أتي عليهن من غير أهلهن لمن كان يريد الحج والعمرة فمن كان دونن فمهله من أهله وكذاك وكذاك حتى أهل مكة يهلون منها**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنە ئەھلىگە زۇلھۇلەيفىنى، شام ئەھلىگە جۇھفەتنى، نەجىد ئەھلىگە قەرنۇلمەنازىلنى، يەمەن ئەھلىگە يەلەملەمنى ئېھرام باغلاش ئورنى قىلىپ بەردى، ئەنەشۇ جايلار شۇلارئۈچۈن ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھەج ۋە ئۆمرە ھەجنى مەقسەت قىلىپ كەلگەن باشقا كىشىلەر ئۈچۈن ئېھرام باغلاش ئورنىدۇر، يۇقىرقى جايلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېھرام باغلاش ئورنى ئۆز ئۆيىدۇر، ھەتتا مەككە ئەھلىمۇ مەككىدىن ئېھرام باغلاپ،لەببەيكەدەپ ئاۋازقىلىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم.

**2517 - [ 13 ] ( صحيح )وعن جابر عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " مهل أهل المدينة من ذي الحليفة والطريق الآخر الجحفة ومهل أهل العراق من ذات عرق ومهل أهل نجد قرن ومهل أهل اليمن يلملم " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنە ئەھلىنىڭ ئېھرام باغلاپ ئاۋاز قىلىدىغان ئورنى زۇلھۇلەيفى، يەنە بىر يولنىڭ يەنى شام ئەھلىنىڭ جۇھفەت، ئىراق ئەھلىنىڭ زاتى ئىرق دېگەن جاي يەنى تاغ، نەجىد ئەھلىنىڭ ئېھرام باغلاش ئورنى، قەرن، يەمەن ئەھلىنىڭ ئېھرام باغلاش ئورنى، يەلەملەمە دېگەن جايدۇر. مۇسلىم 2028 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2906 ــ ھەدىس، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنە ئەھلى زۇلھۇلەيپىدىن باشلاپ، شام ئەھلى جۇھفەتتىن، ئىراق ئەھلى زاتى ئىرقتىن، نەجىد ئەھلى قەرنىدىن، يەمەن ئەھلى يەلەملەمەدىن باشلاپ ھەجگە ئېھرام باغلاپ ئاۋاز قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى 130 ــ ھەدىس، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**2518 - [ 14 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : اعتمر رسول الله صلى الله عليه وسلم أربع عمر كلهن في ذي القعدة إلا التي كانت مع حجته : عمرة من الحديبية في ذي القعدة وعمرة من العام المقبل في ذي القعدة وعمرة من الجعرانة حيث قسم غنائم حنين في ذي القعدة وعمرة مع حجته "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت قېتىم ئۆمرە ھەج قىلغان، پەرز ھەججى بىلەن بىللە قىلغان ئۆمرە ھەججىدىن باشقا، ھەممە ئۆمرە ھەجلىرىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلغان، 1 ـ ھۇدەيبىيەدىكى ئۆمرە ھەج، 2 ـ كېلەر يىلقى ئۆمرە ھەج، 3 ـ ھۇنەين غەنىيمەتلىرىنى تەقسىم قىلغاندىكى ئۆمرە ھەجلىرى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلىنغان، 4 ـ پەرز ھەججى بىلەن بىللە قىلغان ئۆمرە ھەجدۇر. بۇخارى،مۇسلىم.

**2519 - [ 15 ] ( صحيح )**

**وعن البراء بن عازب قال : اعتمر رسول الله صلى الله عليه وسلم في ذي القعدة قبل أن يحج مرتين " . رواه البخاري**

بەررائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلىشتىن بۇرۇن، ئىككى قېتىم زۇلقەئدە ئېيىدا ئۆمرە ھەج قىلغان ئىدى. بۇخارى توپلىغان.

**2520 - [ 16 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا أيها الناس إن الله كتب عليكم الحج " . فقام الأقرع بن حابس فقال : أفي كل عام يا رسول الله ؟ قال : " لو قلتها : نعم لوجبت ولو وجبت لم تعملوا ا ولم تستطيعوا والحج مرة فمن زاد فتطوع " . رواه أحمد والنسائي والدارمي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە سۆزلەپ: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن الله تائالا سىلەرگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى، ھەج قىلىڭلار،دېدى. ئەقرەئ ئىبنى ھابىس ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى الله!نىڭ ئەلچىسى! ھەريىلى ھەج قىلىش پەرزمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ (ئۇ بۇسۆزنى ئۈچ قېتىم دېگىچە جىم تۇرۇپ، ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم):ئەگەر مەن ھەئە دېگەن بولسام، ھەريىلى ھەج قىلىش پەرز بولۇپ كىتەتتى، ئەگەر ھەر يىلى ھەج قىلىش پەرز بولسا، ئەمەل قىلالمايتتىڭلار، سىلەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمايتتىڭلار، كىشىگە ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش پەرىزدۇر، كىم زىيادە ئارتۇق قىلسا، ئۇ نەپلە ھەج بولىدۇ، دېدى. ئەھمەد، نەسەئى، دارىمى توپلىغان.

**2521 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ملك زادا وراحلة تبلغه إلى بيت الله ولم يحج فلا عليه أن يموت يهوديا أو نصرانيا وذلك أن الله تبارك وتعالى يقول : ( ولله على الناس حج البيت من استطاع إليه سبيلا )رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب . وفي إسناده مقال وهلال بن عبد الله مجهول والحارث يضعف في الحديث**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۇزۇق ـتۇلۇككە، ئۇنى الله نىڭ ئۆيى بولغان مەككىگە ئاپارغىدەك ئۇلاغقا(يول ئەمىنلىكىگە ) ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ، يەنە ھەج قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بۇ ھالەتتە ئۆلىشى بىلەن يەھۇدىي ياكى ناسارا ھالەتتە ئۆلۈشىنىڭ ھېچ پەرقى يوقتۇر. (يەنى قادىر تۇرۇپ ھەج قىلمىغان كىشى يەھۇدىي ـناساراغا ئوخشاشتۇر)شۇنداق بولىشىدىكى سەۋەب، الله تائالا بۇھەقتە مۇنداق دېگەن:« ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، مەقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەئبىنىي زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، الله ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.»سۈرە ئال ئىمران 97 ـ ئايەت.تىرمىزى توپلىغان.

**2522 - [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :لا صرورة في الإسلام " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنىدا «مەن مەڭگۈ ھەج قىلمايمەن، مەن مەڭگۈ توي قىلمايمەن »دېيىش يوقتۇر.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2523 - [ 19 ] وعنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أراد الحج فليعجل " . رواه أبو داود والدارمي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ ھەجگە ئالدىرىسۇن، (چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە نېمە بولۇشىنى، قانداق ئاقىۋەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىنى بىلەلمەيدۇ، ۋاختىدا ھەج قىلىۋالسۇن، كېلەر يىلى بۇنىڭدىنمۇ ياماندۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ھەجگە ئالدىرىسۇن، تېزىراق قىلىۋالسۇن، چۈنكى ئۇ كېسەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، تۆگىسى، كالىسى ئېزىپ قېلىپ، يۈتۈپ كېتىشى مۇمكىن، (يەنى دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن،) ئۇنىڭغا بىرەر ھاجەت دۇچ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، (شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاختىدا ھەج قىلىۋالسۇن). ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.ھازىر ھاكىمىيەت تەرەپتىن توسالغۇ چوڭدۇر، بېشىمىزغا كېيدۈرگەن قالپاق ئۇنىۋان سىياسىي دېيىش بولدى.ھەممىمىزگە الله ئاسان قىلا ئامىن.

**2524 - [ 20 ] ( صحيح وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : تابعوا بين الحج والعمرة فإنما ينفيان الفقر والذنوب كما ينفي الكير خبث الحديد والذهب والفضة وليس للحجة المبرورة ثواب إلا الجنة ". رواه الترمذي والنسائي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەرىز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنى بىرلەشتۈرۈپ قىلىڭلار، ھەققەتەن بۇ ئىككى ھەج، خۇددى كورەك ئوتى،تۆمۈر،ئالتۇن ــ كۈمۈشنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ يوق قىلغاندەك، پېقىرلىق بىلەن گۇناھلارنى تازىلاپ يوق قىلىۋېتىدۇ، قوبۇل بولغان ياخشى ھەج ئۈچۈن جەننەتتىن باشقا ساۋاب يوق، پەقەت جەننەتلا بېرىلىدۇ، ئەھمەد ،تىرمىزى،نەسەئى توپلىغان،سەھىھ، پېقىرلىقنى يوقىتىدۇ دىگىنى، پېقىرلىقدىن ئەنسىرىمەي،ھەج قىلىڭلار،يەنىلا باي بولىسىلەر دىگىنىدۇر.

**2525 - [ 21 ] تابعوا بين الحج و العمرة فإن متابعة بينهما تنفي الفقر و الذنوب كما ينفي الكير خبث الحديد**

( ٥ ) عن عمر **ورواه أحمد وابن ماجه عن عمر إلى قوله : " خبث الحديد "**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە، نەپلە ھەجنى بىرگە قىلىڭلار، ھەققەتەن پەرىز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنى ئەگەشتۈرۈپ بىرگە قىلىش، خۇددى كۆرەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك، گۇناھلارنى، پېقىرلىقنى تازىلاپ يوقىتىدۇ.ئەھمەد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2526 - [ 22 ] وعن ابن عمر قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله ما يوجب الحج ؟ قال : " الزاد والراحلة " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قانداق نەرسە ھەج قىلىشنى پەرز قىلىدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ:زاد ـ راھىلە يەنى ئۇزۇق ـ تۈلۈك بىلەن مىنىدىغان ئۇلاغ دىدى. تىرمىزى، ئىبنى ماجە. ئەلبانى ھەسەن دىگەن.

**2527 - [ 23 ] ( حسن )وعنه قال : سأل رجل رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : ما الحاج ؟ فقال : " الشعث التفل " . فقام آخر فقال : يا رسول الله أي الحج أفضل ؟ قال : " العج والثج " . فقام آخر فقال : يا رسول الله ما السبيل ؟ قال : " زاد وراحلة " رواه في شرح السنة . وروى ابن ماجه في سننه إلا أنه لم يذكر الفصل الأخير**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قانداق كىشى ھاجى بولىدۇ؟ دەپ سورغاندا مۇنداق دىگەن: ھاجى دىگەن يىراق سەپەردىن كەلگىچە چاچلىرىنى چاڭ ــ توزان باسقان، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، تەرلەپ، كىيىملىرى كىر بولۇپ، كىر پۇراپ كەتكەن كىشىدۇر،دىدى. يەنەبىركىشى: ھەجنىڭ قايسىسى ئەبزەل؟دىدى، رەسۇلۇللاھ: ھەجنىڭ ئەۋزەلرەكى، لەببەيكە ئاللاھۇممە دەپ ئاۋاز قىلىش، ۋە قۇربانلىق قىلىپ قان تۆكۈشتۇر،دىدى. يەنەبىرسى؛ قۇرئاندا سۆزلەنگەن؛ «يول جەھەتتە قادىر بولسا» دىگىنى نىمە؟دىدى، رەسۇلۇللاھ:زاد ـ راھىل يەنى ئۇزۇق ـ تۈلۈك بىلەن مىنىدىغان ئۇلاغ دىدى. تىرمىزى 2924 ــ ھەسەن، ئىبنى ماجە 2887 ــ ھەدىس، ھەسەن. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى، ئەبۇ بەكرىدىن، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دىگەن.

**2528 - [ 24 ] وعن أبي رزين العقيلي أنه أتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله إن أبي شيخ كبير لا يستطيع الحج ولا العمرة ولا الظعن قال : حج عن أبيك واعتمر. رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

ئەبۇ رەزىين ئوقەيلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دادام بەك قېرىپ كەتتى، ھەج ۋە ئۆمرە ھەج قىلىشقا قادىر بۇلالمايدۇ، ئۇلاغقا مىنىپ سەپەر قىلىشقىمۇ قادىر بۇلالمايدۇ،دېگەندە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «داداڭ (ئاناڭ) ھەققىدىنمۇ ھەج قىلغىن، ئۆمرە ھەجمۇ قىلىپ قويغىن». تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد ، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2529 - [ 25 ] ( صحيح )مرفوع وعن ابن عباس قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم سمع رجلا يقول لبيك عن شبرمة قال : " من شبرمة " قال : أخ لي أو قريب لي قال : " أحججت عن نفسك ؟ " قال : لا قال : " حج عن نفسك ثم حج عن شبرمة " . رواه الشافعي وأبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ ؛ لەببەيكە ئەن شىبرىمەت دەپ، شىبرىمەت ئىسىملىك قېرىندىشى توغرىسىدا ھەجگە نىيەت قىلغىنىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا؛ شىبرىمەت دېگەن كىم؟دىدى، ئۇكىشى؛ ئۇ مىنىڭ قېرىندىشىم،يېقىن كىشىم دىدى، رەسۇلۇللاھ :سەن ئۆزۈڭگە ھەج قىلدىڭمۇ؟ دېدى، ئۇ؛ ياق دېگەندە، رەسۇلۇللاھ :ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ھەققىدىن ھەج قىلىپ، ئاندىن شىبرىمەت ھەققىدە ھەج قىلغىن ،دىدى.ئەبۇ داۋۇد 1546 _ ھەدىس،ئىبنى ماجە 2894 _ ،شاپىئى،سەھىھ.

**2530 - [ 26 ] ( لم تتم دراسته )وعنه قال : وقت رسول الله صلى الله عليه وسلم لأهل المشرق العقيق . رواه الترمذي وأبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەشرىق ئەھلىگە ئەقىيق دېگەن جاينى ئېھرام باغلاپ، ئاۋاز قىلىش ئورنى قىلىپ بەردى. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2531 - [ 27 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم وقت لأهل العراق ذات عرق . رواه أبو داود والنسائي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىراق ئەھلىگە زاتى ئىرق دېگەن جاينى ئېھرام باغلاپ، ئاۋاز قىلىش ئورنى قىلىپ بەردى.ئۇلارنىڭ مىيقاتى زاتى ئىرقتۇر، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2532 - [ 28 ] ( ضعيف )وعن أم سلمة قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من أهل بحجة أو عمرة من المسجد الأقصى إلى المسجد الحرام غفر له ما تقدم من ذنبه وما تأخر أو وجبت له الجنة . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم؛ كىم ئەقسا مەسجىدىدىن يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن، مەسجىدى ھەرەمگە ھەج ياكى ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ كەلسە، ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆتكەن ۋە بۇندىن كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ياكى ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، ناسرۇددىن ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**2533 - [ 29 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن ابن عباس قال : كان أهل اليمن يحجون فلا يتزودون ويقولون : نحن المتوكلون فإذا قدموا مكة سألوا الناس فأنزل الله تعالى : ( وتزودوا فإن خير الزاد التقوى )رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ يەمەن ئەھلى ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئالمايلا ھەج قىلاتتى، ئۇلار: بىز تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز دەيتتى، ئاندىن مەككىگە كەلسە، كىشىلەردىن نەرسە سورايتتى، ئاندىن الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:« ھەج ۋاختى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار.»سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەت.ئىمام بۇخارى.

**2534 - [ 30 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : قلت : يا رسول الله على النساء جهاد ؟ قال : " نعم عليهن جهاد لا قتال فيه : الحج والعمرة " . رواه ابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئاياللارنىڭ ئۈستىگە جىھاد قىلىش پەرزمۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەئە، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشسىز جىھاد قىلىش پەرزدۇر، ئۇ بولسىمۇ پەرزھەج ۋە ئۆمرە ھەج قىلىشتۇر،دېدى. ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**2535 - [ 31 ] ( ضعيف )وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من لم يمنعه من الحج حاجة ظاهرة أو سلطان جائر أو مرض حابس فمات ولم يحج فليمت إن شاء يهوديا وإن شاء نصرانيا " . رواه الدارمي**

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشىنى ئوچۇق ــ ئاشكارا ھاجەت توسماي يەنى يوقسۇزلۇق، يول ئەمىن بولماسلىق ياكى زالىم پادىشاھ ياكى كېسەل توسمىسا، قادىر تۇرۇپ ھەج قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، خالىسا يەھۇدىي، خالىسا ناسارا ئۆلسۇن، بۇ ھەدىسنى دارمى توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**2536 - [ 32 ] وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال : " الحاج والعمار وفد الله إن دعوه أجا م وإن استغفروه غفر لهم " . رواه ابن ماجه**

جابىر،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرز ھەج قىلغۇچىلار ۋە ئۆمرە ھەج قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ ئەلچىللىرىدۇر، (يەنى ئۇلار ئاللاھقا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلەر) ئاللاھ ئۇلارنى چاقىرسا، ئۇلار چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جاۋاب بېرىپ كەلدى، ئەگەر ئۇلار ئاللاھدىن نېمە سورىسا، ئاللاھتائالا ئۇلارغا سورىغىنىنى بېرىدۇ، دۇئا قىلسا ، ئىجابەت قىلىدۇ، مەغپىرەت سورسا، ئۇلارغا مەغپىرەت قىلىدۇ. ئىبنى ماجە، بەزار توپلىغان، ھەسەن.

**2537 - [ 33 ] ( حسن )وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " وفد الله ثلاثة الغازي والحاج والمعتمر " . رواه النسائي والبيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئەلچىللىرى ئۈچتۇر؛ بىرى، غازى، ئاللاھ يولىدىكى جەڭچى، يەنە بىرى، ھاجى، يەنە بىرى ئۆمرە ھەج قىلغۇچى ھاجىدۇر. (بۇلار ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار).نەسەئى،بەيھەقى،ئىبنى ھەببان،ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2538 - [ 34 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا لقيت الحاج فسلم عليه وصافحه ومره أن يستغفر لك قبل أن يدخل بيته فإنه مغفور له " . رواه أحمد**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاجى ھەج قىلىپ كەلگەندە، سەن ئالدىغا چىقىپ ئۈچرىشىپ قالساڭ، ئۇنىڭغا سالام قىلىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋال، ئۇ ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن ساڭا مەغپىرەت سورىشىنى بۇيرىغىن، چۈنكى، ئۇ مەغپىرەت قىلىنغان بولىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**2539 - [ 35 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من خرج حاجا أو معتمرا أو غازيا ثم مات في طريقه كتب الله له أجر الغازي والحاج والمعتمر " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھەج قىلغۇچى، ياكى ئۆمرە ھەج قىلغۇچى ھاجى، ياكى جەڭ قىلغۇچى غازىي بۇلۇپ ئۆيىدىن چىقسا، ئاندىن يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسە، الله تائالا ئۇكىشىگە پەرز ھەج ياكى ئۆمرە ھەج قىلغۇچىنىڭ، الله يولىدا جەڭ قىلغۇچى غازىينىڭ ئەجرىنى يازىدۇ. بەيھەقى توپلىغان.

## باب الإحرام والتلبية - الفصل الأول

## ئىھرام باغلاش ۋە لەببەيكە دىگەن تەلبىينى ئېيتىش توغرىسىدا

2540 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عائشة رضي الله عنها قالت : كنت أطيب رسول الله صلى الله عليه وسلم لإحرامه قبل أن يحرم ولحله قبل أن يطوف بالبيت بطيب فيه مسك كأني أنظر إلى وبيص الطيب في مفارق رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو محرم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىھرام باغلىشىدىن بۇرۇن، ئىھراملىقىغا، كەئبىنى ئاخىرقى قېتىم تاۋاپ قىلىشتىن بۇرۇن، ئىھرامدىن چىققاندىمۇ مىسكى بار ئەتىرلەرنى چېچىپ قويۇپاتتىم، گويا مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىھرام باغلاقلىق ھالىتىدىمۇ چاچ ئايرىمىسىدىكى ئەتىرنىڭ پارقىراق ئاق نۇرىغا قارايتتىم. بۇخارى،مۇسلىم.

2541 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يهل ملبدا يقول : " لبيك اللهم لبيك لبيك لا شريك لك لبيك إن الحمد والنعمة لك والملك لا شريك لك " . لا يزيد على هؤلاء الكلمات

ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە، جابىر، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، ئەنەس، ئەمرۇ ئىبنى مەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىنى قاتۇرۇپ، ئىھرام باغلاپ مۇنداق تەلبىي ئېيتقان: «لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە لەببەيكە لاشەرىيكە لەكە لەببەيكە ئىننەلھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلكۇ لاشەرىيكە لەكە»، تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، مانا بىز ئىتائىتىڭگە تەييارمىز، سىنىڭ شېرىكىڭ يوق، ھەققەتەن بارلىق ھەمدۇ ـــ سانا، گۈزەل مەدھىيە، نىئمەت ئاتا قىلىش، نىئمەتنىڭ شۈكرىسى ساڭىلا خاستۇر، پادىشاھلىق ساڭا خاستۇر، يەنى سەندىن باشقا ھەق پادىشاھ يوقتۇر، سىنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر!.ئۇنىڭدىن زىيادە قىلمايتتى. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،بۇ ئىككى كىتابدىن كىيىنكى تۆت كىتاب،ئەبۇ يەئلا ،تەبرانى توپلىغان،سەھىھ مۇتىۋاتىر.

2542 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أدخل رجله في الغرز واستوت به ناقته قائمة أهل من عند مسجد ذي الحليفة

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجگە ماڭغاندا، پۇتىنى ئۈزەڭگىگە كىرگۈزۈپ، تۆگىسى راۋ ـ رۇس ئورە تۇرۇپ بولسا، رەسۇلۇللاھ تۆگىنىڭ ئۈستىدە رۇس، مەزمۇت ئولتۇرۇپ بولسا ،ئاندىن زىلھۇلەيپىتىكى مەسجىدنىڭ يېنىدىن ئىھرام باغلاپ ئاۋاز قىلاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

2543 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم نصرخ بالحج صراخا . رواه مسلم

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پەرز ھەجگە ئاۋاز قىلغان ھالدا تەلبىي ئەيتىپ چىقتۇق. مۇسلىم توپلىغان.

2544 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أنس رضي الله عنه قال : كنت رديف أبي طلحة وإنهم ليصرخون بهما جميعا : الحج والعمرة . رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشكىلىك ئىدىم، ئۇلار ھەممىسى پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىراقلا ئاۋاز قىلىپ، تەلبىي ئەيتىپ ماڭدى. بۇخارى.

**2445 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم عام حجة الوداع فمنا من أهل بعمرة ومنا من أهل بحج وعمرة ومنا من أهل بالحج وأهل رسول الله صلى الله عليه وسلم بالحج فأما من أهل بعمرة فحل وأما من أهل بالحج أو جمع الحج والعمرة فلم يحلوا حتى كان يوم النحر**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ۋىدالىشىش ھەججىنى قىلغان يىلى، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەجگە چىقتۇق، بىزدىن ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغانلارمۇ بارئىدى، بىزدىن پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىرلا ئېھرام باغلىغانلارمۇ بارئىدى، بىزدىن پەرز ھەجگىلا ئېھرام باغلىغانلارمۇ بارئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرز ھەجگىلا ئېھرام باغلىغان ئىدى، ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغانلار بۇرۇنلا ئېھرامدىن چىقتى، پەرز ھەجگىلا ئېھرام باغلىغانلار ياكى پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىراقلا ئېھرام باغلىغانلار نەھرى كۈنى بولمىغىچە ئېھرامدىن چىقمىدى.( پەرز ھەجگىلا ئېھرام باغلىسا، بۇ ئىپراد ھەج دېيىلىدۇ، پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىراقلا ئېھرام باغلىسا، بۇ قىران ھەج دېيىلىدۇ، پەرز ھەجگە ئايرىم، ئۆمرە ھەجگە ئايرىم ئېھرام باغلىسا ، بۇ تەمەتتۇئ ھەج دېيىلىدۇ) بۇخارى،مۇسلىم.

**2546 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : تمتع رسول الله صلى الله عليه وسلم في حجة الوداع بالعمرة إلى الحج بدأ فأهل بالعمرة ثم أهل بالحج**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەججىنى قىلغان يىلى، پەرز ھەجگە ئايرىم، ئۆمرە ھەجگە ئايرىم ئېھرام باغلاپ، تەمەتتۇئ ھەج قىلغان ئىدى، ئالدى بىلەن ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ، ئاندىن كېيىن پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**2547 - [ 8 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن زيد بن ثابت أنه رأى النبي صلى الله عليه وسلم تجرد لإهلاله واغتسل . رواه الترمذي والدارمي**

زەيدئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېھرام باغلاش ئۈچۈن  كىيىمىنى سېلىپ، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. تىرمىزى، دارىمى توپلىغان.

**2548 - [ 9 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم لبد رأسه بالغسل . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئېھرام باغلىغاندا) خىتمىيگە ئوخشاش نەرسە بىلەن چېچىنى يۇيۇپ قاتۇرغان ئىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2549 - [ 10 ] ( صحيح )وعن خلاد بن السائب عن أبيه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " أتاني جبريل فأمرني أن آمر أصحابي أن يرفعوا أصوا م بالإهلال أو التلبية " . رواه مالك والترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي**

سائىب ئىبنى خەللاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ساھابىلىرىمنى ۋە مەن بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەرنى ھەجدىكى ئېھرام ، تەلبىيىدە ئاۋازلىرىنى ئۈستۈن كۆتۈرۈشكە بۇيرۇشۇمنى بۇيرۇدى. نەسەئى، تىرمىزى،ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ، مالىك، دارمى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ماڭا جىبرىئىل كېلىپ مۇنداق دېدى؛ ھەققەتەن ئاللاھ سىنى مۇنداق بۇيرىدى؛ سەن ساھابىلىرىڭنى بۇيرىغىن، ئۇلار ھەجدىكى تەلبىيىدە يەنى لەببەيكە دىگەن دۇئادا ئاۋازلىرىنى ئۈستۈن كۆتۈرسۇن، چۈنكى، ئۇ ھەجنىڭ شۇئارى، ھەج پائالىيىتىنىڭ رەسمىيەتلىرى دېدى. ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد ، ئىبنى ماجە توپلىدى، سەھىھ، يۇقىرقى ھەدىسكە ئاخىرقى سۆزلەر زىيادە قىلىندى.

2550 - [ 11 ] ( صحيح )وعن سهل بن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من مسلم يلبي إلا لبى من عن يمينه وشماله : من حجر أو شجر أو مدر حتى تنقطع الأرض من ههنا وههنا " . رواه الترمذي وابن ماجه

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مۇسۇلمان، ھەجدە لەببەيكە دەپ تەلبىيە ئېيتىپ ماڭسا، ئۇنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى تاش چالما، دەرەخلەرمۇ بىللە تەلبىيە ئېيتىپ تۇرىدۇ، ھەتتا زېمىن بىر تەرىپى يەنە بىر تەرىپىدىن ئۈزۈلۈپ، ئايرىلىپ كېتىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس، جانسىز نەرسىنىڭ سۆز قىلىشىغا ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشىغا ئىشارەت قىلىدۇ، تەرەققىيات، كەشپىياتلار ئىلغارلاشسا، كىشىلەر ئاڭلاپ باقمىغان، كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ ــ غارايىپلارنى بايقايدۇ.

2551 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يركع بذي الحليفة ركعتين ثم إذا استوت به الناقة قائمة عند مسجد ذي الحليفة أهل ؤلاء الكلمات ويقول : " لبيك اللهم لبيك لبيك وسعديك والخير في يديك لبيك والرغباء إليك والعمل " . متفق عليه ولفظه لمسلم

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زىلھۇلەيپىتە ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇپ، ئاندىن زىلھۇلەيپىتىكى مەسجىدنىڭ يېنىدا تۈگىسى سەپەرگە تەييار بولۇپ ئۆرە تۇرغاندا، ئېھرام باغلاپ مۇنداق تەلبىيە ئېيتاتتى: «لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە لەببەيكەۋەسەئدەيكە ۋە لخەيرۇ پىي يەدەيكە لەببەيكە ۋەررۇغبائۇئىلەيكەۋەلئەمەل»(لاشەرىيكە لەكە لەببەيكە ئىننەلھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلكۇ لاشەرىيكە لەكە»، بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن، ھەدىسنىڭ لەبزى مۇسلىمنىڭ.

2552 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمارة بن خزيمة بن ثابت عن أبيه عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه كان إذا فرغ من تلبيته سأل الله رضوانه والجنة واستعفاه برحمته من النار . رواه الشافعي

ئەممارنىڭ بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەلبىيدىن پارىغ بولغاندا، الله تائالادىن الله نىڭ رازىلىقىنى، جەننەتنى سورايتتى، الله نىڭ رەھمەت ـ پەزلى بىلەن دەۋزەختىن ساقلىشنى سورايتتى. شاپىئى تولىغان.

2553 - [ 14 ] الفصل الثالث ( صحيح )

عن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لما أراد الحج أذن في الناس فاجتمعوا فلما أتى البيداء أحرم . رواه البخاري

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجنى ئىرادە قىلغاندا، كىشىلەرگە ئىلان قىلىپ بىلدۈردى، ئۇلار يىغىلدى، بەيدائ دېگەن جايغا كەلگەندە ئېھرام باغلىدى. بۇخارى.

2554 - [ 15 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : كان المشركون يقولون : لبيك لا شريك لك فيقول رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ويلكم قد قد " إلا شريكا هو لك تملكه وما ملك . يقولون هذا وهم يطوفون بالبيت . رواه مسلم

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ مۇشرىكلەر تەلبىي ئەيتىپ؛« لەببەيكە لا شەرىيكە لەكە» بىر سىنىڭ ئىتائىتىڭدە، سىنىڭ شېرىكىڭ يوق،دېگەن جايغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سىلەرگە ۋايدۇر، مۇشۇجايدا توختاپ قىلىڭلار، ئەمدى ئاخىرىنى دېمەي بولدى قىلىڭلار دەيتتى، ئۇلار ئاخىرىنى ئۇلاپ؛ «بىر سىنىڭ ئىتائىتىڭدە، سىنىڭ شېرىكىڭ يوق، لېكىن شېرىكىڭ بولسىمۇ ئۇمۇ ساڭا خاستۇر، ئۇنىڭغا ۋە ئۇ ئىگە بولغان نەرسىگە سەن ئۆزۈڭ ئىگە بولسەن» دەيتتى، ئۇلار كەئبىنى تاۋاپ قىلغاندا مۇشۇ تەلبىينى

ئەيتاتتى. مۇسلىم توپلىغان.

## باب قصة حجة الوداع

## ھەججەتۇلۋەدائنىڭ قىسسىسى يەنى ئاخىرقى ۋىدالىشىش ھەججى توغرىسىدا

**2555 - [ 1 ] ( صحيح ) - الفصل الأول**

**عن جابر بن عبد الله أن رسول الله صلى الله عليه وسلم مكث بالمدينة تسع سنين لم يحج ثم أذن في الناس بالحج في العاشرة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم حاج فقدم المدينة بشر كثير فخرجنا معه حتى إذا أتينا ذا الحليفة فولدت أسماء بنت عميس محمد بن أبي بكر فأرسلت إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم : كيف أصنع ؟ قال : " اغتسلي واستثفري بثوب وأحرمي " فصلى رسول الله صلى الله عليه وسلم في المسجد ثم ركب القصواء حتى إذا استوت به ناقته على البيداء أهل بالتوحيد " لبيك اللهم لبيك لبيك لا شريك لك لبيك إن الحمد والنعمة لك والملك لا شريك لك " .**

جابىرئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە ھەج قىلماستىن توققۇز يىل تۇردى، ئاندىن ئونىنچى يىلى كىشىلەرنىڭ ھەج قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلماقچى بولۇشىدى، مەدىنىگە نۇرغۇن كىشى كەلدى، (ئۇلار تەخمىنەن 114000 دىن 124000 غىچە ئىدى) بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەجگە چىقىپ، زۇلھۇلەيفە دېگەن جايغا كەلگەندە، ئەسمائ بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا،ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى تۇغدى، ئۇ رەسۇلۇللاھقا: مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ دەپ كىشى ئەۋەتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: سەن غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، كىيىمىڭنى قان چىقىش ئېغىزىغا مەھكەم باغلاپ، ئېھرام باغلىغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھۇلەيپىتىكى مەسجىدتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن تۆگىسىگە مىندى، بەيدائ دېگەن جايدا، تۆگىسى مەزمۇت تۇرۇپ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ تۆگە ئۈستىدە راۋ-رۇس ئولتۇرغاندا، تەۋھىدنىڭ تەۋھىد كەلىمىسى بىلەن ئاۋاز قىلىپ، ئېھرام باغلىدى: «لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە لەببەيكە لاشەرىيكە لەكە لەببەيكە ئىننەلھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلكۇ لاشەرىيكە لەكە»، تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، مانا بىز ئىتائەتىڭگە تەييارمىز، سېنىڭ شېرىكىڭ يوق، ھەقىقەتەن بارلىق ھەمدۇ ـــ سانا، گۈزەل مەدھىيە، نېئمەت ئاتا قىلىش، نېئمەتنىڭ شۈكرىسى ساڭىلا خاستۇر، پادىشاھلىق ساڭا خاستۇر، يەنى سەندىن باشقا ھەق پادىشاھ يوقتۇر، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر!.

**قال جابر : لسنا ننوي إلا الحج لسنا نعرف العمرة حتى إذا أتينا البيت معه استلم الركن فطاف سبعا فرمل ثلاثا ومشى أربعا ثم تقدم إلى مقام إبراهيم فقرأ : ( واتخذوا من مقام إبراهيم مصلى )فصلى ركعتين فجعل المقام بينه وبين البيت وفي رواية : أنه قرأ في الركعتين : ( قل هو الله أحد و ( قل يا أيها الكافرون )ثم رجع إلى الركن فاستلمه ثم خرج من الباب إلى الصفا فلما دنا من الصفا قرأ : ( إن الصفا والمروة من شعائر الله )أبدأ بما بدأ الله به فبدأ بالصفا فرقي عليه حتى رأى البيت فاستقبل القبلة فوحد الله وكبره وقال : " لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير لا إله إلا الله وحده أنجز وعده ونصر عبده وهزم الأحزاب وحده " .**

جابىرئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز بۇقېتىم پەرز ھەجنىلا نىيەت قىلىپ چىققان ئىدۇق، بىرئۆمرە ھەجنى بىلمەيتتۇق، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەككىگە كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ھەجەر ئەسۋەدنى سىلاپ سۆيۈپ، كەئبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ تاۋاپ قىلدى، ئۈچ قېتىمدا رەملى قىلىپ، يورغىلاپ ماڭدى، تۆت قېتىم تۇزلا ماڭدى، ئاندىن مەقام ئىبراھىمنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مەقام

ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار....»دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، مەقام ئىبراھىمنى ئۆزى بىلەن كەئبىنىڭ ئارلىقىدا قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، بۇ ئىككى رەكئەت نامازغا سۈرە ئىخلاس بىلەن سۈرە كاپىرۇننى قىرائەت قىلدى، ئاندىن ھەجەر ئەسۋەدنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنى سىلاپ سۆيۈپ، ئاندىن ئىشىكتىن سەپا تېغىغا قاراپ يولغا چىقتى، سەپا تېغىغا يېقىنلاشقاندا، « ھەقىقەتەن سەپا تېغى بىلەن مەرۋە تېغى الله نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر......» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ؛ مەن، الله تائالا باشلىغان بىلەن باشلايمەن دەپ، سەئيىنى سەپا تېغىدىن باشلىدى، سەپا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، كەئبىنى كۆرگەندە، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، الله قا تەكبىر ئېيتىپ، مۇنۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى دېدى:«يەككە ــ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ ــ سانا، ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، يەككە ــ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، ئەمەلىيەتتە راستقا چىقاردى، بەندىسىگە ئۆزىلا ياردەم بەردى، پۈتۈن قوشۇننى ئۆزىلا مەغلۇپ قىلىپ يەڭدى،(چۈنكى ئۇ، ئاللاھ خالىقتۇر) دېدى.

**ثم دعا بين ذلك قال مثل هذا ثلاث مرات ثم نزل ومشى إلى المروة حتى انصبت قدماه في بطن الوادي ثم سعى حتى إذا صعدنا مشى حتى أتى المروة ففعل على المروة كما فعل على الصفا حتى إذا كان آخر طواف على المروة نادى وهو على المروة والناس تحته فقال : " لو أني استقبلت من أمري ما استدبرت لم أسق الهدي وجعلتها عمرة فمن كان منكم ليس معه هدي فليحل وليجعلها عمرة**

ئاندىن شۇنىڭ ئارىسىدا، مۇشۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم قىلدى، ئاندىن چۈشۈپ، مەرۋىگە قاراپ ماڭدى، پەسكە چۈشكىچە، ئىككى تاغ ئارىسىدا، ئىككى قەدىمى بىلەن سەئيى قىلىپ، يورغىلاپ ماڭدى، ئاندىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەندە تۈز مېڭىپ، مەرۋە تېغىغا كەلدى، مەرۋە تېغى ئۈستىدە، سەپا تېغىنىڭ ئۈستىدە قىلغاندەك قىلدى، مەرۋە تېغى ئۈستىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تاۋاپ بولغاندا، ـ كىشىلەر پەس تەرەپتە ئىدى، ئۆزى تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ـ ، مۇنداق نىدا قىلدى:«ئەگەر مەن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشىمنى ئالدىن، غەيبىدىن بىلەلىگەن بولسام، ھەدىي، قۇربانلىق ھەيدەپ كەلمىگەن بولاتتىم، بۇ ھەجنى ئۆمرە ھەج قىلىۋەتكەن بولاتتىم، سىلەردىن كىم بىلەن بىرگە ھەدىي بولمىسا، ئۇ ئىھرامدىن چىقىپ، ھالال بولسۇن، بۇ ھەججىنى ئۆمرە ھەج قىلىۋەتسۇن،دېدى.

**فقام سراقة بن مالك بن جعشم فقال : يا رسول الله ألعامنا هذا أم لأبد ؟ فشبك رسول الله صلى الله عليه وسلم أصابعه واحدة في الأخرى وقال : " دخلت العمرة في الحج مرتين لا بل لأبد أبد " . وقدم علي من اليمن ببدن النبي صلى الله عليه وسلم فقال له : " ماذا قلت حين فرضت الحج ؟ " قال : قلت : اللهم إني أهل بما أهل به رسولك قال : " فإن معي الهدي فلا تحل " . قال : فكان جماعة الهدي الذي قدم به علي من اليمن والذي أتى به النبي صلى الله عليه وسلم مائة قال : فحل الناس كلهم وقصروا إلا النبي صلى الله عليه وسلم ومن كان معه من هدي فلما كان يوم التروية توجهوا إلى منى فأهلوا بالحج وركب النبي صلى الله عليه وسلم فصلى ا الظهر والعصر والمغرب والعشاء والفجر ثم مكث قليلا حتى طلعت الشمس وأمر بقبة من شعر تضرب له بنمرة فسار رسول الله صلى الله عليه وسلم ولا تشك قريش إلا أنه واقف عند المشعر الحرام كما كانت قريش تصنع في الجاهلية فأجاز رسول الله صلى حتى أتى عرفة فوجد القبة قد ضربت له بنمرة ف ل ا حتى إذا زاغت الشمس أمر بالقصواء فرحلت له فأتى بطن الوادي فخطب الناس وقال : " إن دماءكم وأموالكم حرام عليكم كحرمة يومكم هذا في شهركم هذا في بلدكم هذا ألا كل شيء من أمر الجاهلية تحت قدمي موضوع ودماء الجاهلية موضوعة وإن أول دم أضع من دمائنا دم ابن ربيعة بن الحارث وكان مسترضعا في بني سعد فقتله هذيل وربا الجاهلية موضوع وأول ربا أضع من ربانا ربا عباس بن عبد المطلب فإنه موضوع كله**

**فاتقوا الله في النساء فإنكم أخذتموهن بأمان الله واستحللتم فروجهن بكلمة الله ولكم عليهن أن لا يوطئن فرشكم أحدا تكرهونه فإن فعلن ذلك فاضربوهن ضربا غير مبرح ولهن عليكم رزقهن وكسو ن بالمعروف وقد تركت فيكم ما لن تضلوا بعده إن اعتصمتم به كتاب الله وأنتم تسألون عني فما أنتم قائلون ؟ " قالوا : نشهد أنك قد بلغت وأديت ونصحت . فقال بأصبعه السبابة يرفعها إلى السماء وينكتها إلى الناس : " اللهم اشهد اللهم اشهد " ثلاث مرات**

ئاندىن سۇراقەت ئىبنى مالىك ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ، مۇشۇ يىلىمىز ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئەبەدىلئەبەد مەڭگۇ شۇنداقمۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قولىنىڭ بارماقلىرىنى يەنەبىر قولىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ تۇرۇپ؛ ئۆمرە ھەج پەرز ھەجنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، بۇ مۇشۇ يىلغىلا خاس ئەمەس، بەلكى بۇ مەڭگۇ، ئەبەدىلئەبەت شۇنداقتۇر دەپ، ئىككى قېتىم دىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىللىرىنى يەمەندىن ئېلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: پەرز ھەجگە ئىھرام باغلىغاندا نىمە دىدىڭ؟ دىدى، ئۇ: ئى **الله** ! ھەقىقەتەن مەن سىنىڭ پەيغەمبىرىڭ ئىھرام باغلاپ ئاۋاز قىلغان نەرسە بىلەن ئىھرام باغلاپ ئاۋاز قىلىمەن دېدىم دىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ئۇنداق بولسا، مەن بىلەنمۇ ھەدىي بار، سەن ئىھرامدىن چىقمىغىن دىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەمەندىن ئېلىپ كەلگەن ھەدىي تۆگىلىرى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن تۆگىلەرنىڭ ھەممىسى بۇلۇپ جەمئى 100 تۆگە ئىدى، ئاندىن كىشلەرنىڭ ھەممىسى ئىھرامدىن چىقىپ، چاچلىرىنى كەستۈرۈپ قىسقارتتى، پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىللە ھەدىي بار بولغان كىشلەرلا ئىھرامدىن چىقمىدى، تەرۋىيە يەنى سەككىزىنجى كۈنى بولغاندا، ئۇلار منا تېغىغا ماڭدى، ئاندىن كىشلەر پەرز ھەجگە ئىھرام باغلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ تۆگىسىگە مىنىپ بېرىپ، منادا پىشىن، ئەسىر، شام ، خۇپتەن، بامداتنى ئۇقۇپ، ئاندىن كۈن چىققىچە ئازراق تۇرۇپ، ئاندىن ئارپات تېغىدىكى نەمىرە دىگەن جايغا، ئۆزى ئۈچۈن يۇڭ كىگىزدىن بولغان گۇمبەز چېدىر قۇرۇلۇشقا بۇيرىدى، ئاندىن منادىن سەيرە قىلىپ ماڭدى، قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، خۇددى قۇرەيش خەلقى جاھالىيەت دەۋرىدە قىلغاندەك، مۇزدەلىپىدىكى مەشئەرۇلھەرام دىگەن تاغدا ۋۇقۇف قىلىپ تۇرىدۇ دەپ گۇمان قىلىشىپ قالدى، ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ جايدىن ئارپاتقا تىزلا ئۆتۈپ كەتتى، ئارپات تېغىغا كىلىپ، نەمىرە دىگەن جايدا، ئۆزى ئۈچۈن قۇرۇلغان چېدىر گۇمبەزگە چۈشتى، تاكى كۈن قەرىلگەندە،تۆگىسىنى جابدۇشقا بۇيرىدى، ئاندىن بەتنۇلۋادىيغا كىلىپ، كىشلەرگەخۇتبە ئۇقۇپ مۇنداق دىدى: ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، يەنى بىر ــ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال ــ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش، خۇددى مۇشۇ شەھىرىڭلار مەككىدە، مۇشۇ ئېيىڭلاردا، مۇشۇ كۈنۈڭلار،مۇشۇكۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش سىلەرگە ھارام بولغاندەك ھارامدۇر، بۇ كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ھارام بولغاندەك، ھارامدۇر، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن جاھالىيەتنىڭ بارلىق ئىشلىرى مىنىڭ قەدىمىم ئاستىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىكار قىلىندى، جاھالىيەتنىڭ قان، خۇن، تۆلەم ئىشلىرىمۇ بىكار قىلىندى، جاھالىيەتتىكى خۇن، تۆلەم داۋالىرىمىزدىن تۇنجى بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرىدىغىنىم، رەبىئەت ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىپنىڭ قېنى، خۇن داۋاسىدۇر، ئۇ بىكار قىلىندى، ـ ئۇكىشى سەئدى جەمەتىگە ئىمىلدەش بۇلۇپ، ئۇنى ھۇزەيل ئۆلتۈرگەن ئىدى ـ جاھالىيەتتىكى جازانە، ئۆسۈملەرمۇ بىكار قىلىندى، بىزنىڭ جاھالىيەتتىكى ئۆسۈملىرىمىزدىن مەن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىكار قىلىدىغان تۇنجى جازانە، ئۆسۈم بولسا، ئاببىاس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىپنىڭ جازانە، ئۆسۈمىدۇر، ئۇمۇ بىكار قىلىندى، ھەقىقەتەن جاھالىيەت ئىشلىرى جازانە ئۆسۈملەرنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى، (جازانە، ئۆسۈم، مۇسۇلمانلارغا ھارام، دىنسىز كاپىرلارغىمۇ ھارام، مۇسۇلمانلار بىلەن دىنسىزلار ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا ھارام، دىنسىزلار زىمىندا جازانە، ئۆسۈم يوق دىگەن، ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، بۇ پەتىۋا خاتادۇر). رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋام قىلىپ

مۇنداق دېگەن: ئاياللار توغرىسىدا ئاللاھدىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى بىلەن ئالدىڭلار، ئاللاھنىڭ كەلىمىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ھالال قىلدىڭلار، ھەقىقەتەن ئايالالر ئۈستىدىكى سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بولسا، ئۇلار سىلەرنىڭ كۆرپەڭلاردا سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىنى ياتقۇزماسلىقتۇر، (يەنى باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلماسلىقدۇر) ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلىپ قالسا، ئۇلارنى جاراھەتلەندۈرمەي ئۇرۇڭلار، (ئەگەر توي قىلغان ئايال زىنا قىلىپ قالسا، رىجىم قىلىنىدۇ) ئايالالرنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردىكى ھەققى، ئۇلارغا ياخشىلىقچە رىزىق بېرىش، كىيىم ــ كېچەك ئېتىپ بېرىشتۇر، ھەقىقەتەن مەن ئاراڭلاردا بىر نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئەگەر ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلساڭلار، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، (يەنە بىرسى بولسا، سۈننەت، ھەدىستۇر) سىلەردىن مەن توغرۇلۇق سورىلىدۇ، سىلەر نېمە دەيسىلەر؟ دېگەندە، ھەممىسى بىردەك گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، ھەقىقەتەن سىلى تولۇق يەتكۈزدىلە، ئادا قىلدىلا، نەسىھەت قىلدىلا، دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئاندىن كىشىلەر تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ؛ ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن، ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن، دەپ ئۈچ قېتىم دېدى.

**ثم أذن بلال ثم أقام فصلى الظهر ثم أقام فصلى العصر ولم يصل بينهما شيئا ثم ركب حتى أتى الموقف فجعل بطن ناقته القصواء إلى الصخرات وجعل حبل المشاة بين يديه واستقبل القبلة فلم يزل واقفا حتى غربت الشمس وذهبت الصفرة قليلا حتى غاب القرص وأردف أسامة ودفع حتى أتى المزدلفة فصلى ا المغرب والعشاء بأذان واحد وإقامتين ولم يسبح بينهما شيئا ثم اضطجع حتى طلع الفجر فصلى الفجر حين تبين له الصبح بأذان وإقامة ثم ركب القصواء حتى أتى المشعر الحرام فاستقبل القبلة فدعاه وكبره وهلله ووحده فلم يزل واقفا حتى أسفر جدا فدفع قبل أن تطلع الشمس وأردف الفضل بن عباس حتى أتى بطن محسر فحرك قليلا ثم سلك الطريق الوسطى التي تخرج على الجمرة الكبرى حتى أتى الجمرة التي عند الشجرة فرماها بسبع حصيات يكبر مع كل حصاة منها مثل حصى الخذف رمى من بطن الوادي ثم انصرف إلى المنحر فنحر ثلاثا وستين بدنة بيده ثم أعطى عليا فنحر ما غبر وأشركه في هديه ثم أمر من كل بدنة ببضعة فجعلت في قدر فطبخت فأكلا من لحمها وشربا من مرقها ثم ركب رسول الله صلى الله عليه وسلم فأفاض إلى البيت فصلى بمكة الظهر فأتى على بني عبد المطلب يسقون على زمزم فقال : " انزعوا بني عبد المطلب فلولا أن يغلبكم الناس على سقايتكم لـ عت معكم " . فناولوه دلوا فشرب منه . رواه مسلم**

ئاندىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزان تولاپ، ئەزاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننى ئوقۇدى، ئاندىن يەنە تەكبىر ئېيتتى، ئەسىرنى ئوقۇدى، بۇ ئىككى نامازنىڭ ئارلىقىدا ھېچ قانداق ناماز ئوقۇمىدى، ئاندىن ۋۇقۇف قىلىدىغان جايغا كېلىپ، تۆگىسىنى ياتقۇزۇپ، ھەبلەل مەشات دېگەن جاينى ئالدى تەرەپكە قىلىپ، قىبلىگە قاراپ، كۈن كىرگىچە ۋۇقۇف قىلىپ تۇردى، كۈننىڭ سېرىقلىقى ئاستا ـ ئاستايۇقاپ، كۈننىڭ تۇقچى غائىب بولغاندا، ئۇسامەنى ئارقىسىغا مىندۈرۈپ، مۇزدەلىپىگە كۆچۈپ كەلدى، بۇجايدا شام ـ خۇپتەننى بىر ئەزان ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇدى، بۇ ئىككى نامازنىڭ ئارلىقىدا ھېچ قانداق ناماز ئوقۇمىدى، ئاندىن سۇبھى يورىغىچە ياتتى، ئاندىن سۇبھى يورىغاندا، بامدات نامىزىنى بىر ئەزان، بىر تەكبىر بىلەن ئوقۇدى، ئاندىن قەسۋائ دېگەن تۆگىسىگە مىنىپ، مۇزدەلىپىدىكى قۇزھى دەپ ئاتىلىدىغان مەشئەرۇلھەرەمگە كېلىپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، **الله** قا دۇئا قىلدى، تەكبىر ـ تەھلىل ئېيتتى، تەۋھىد كەلىمىسىنى دېگەچ، شۇ جايدا سۇبھى قاتتىق ئاقارغانغا قەدەر ۋۇقۇف قىلىپ تۇردى، ئاندىن كۈن چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇ جايدىن كۆچۈپ، پەزلى ئىبنى ئابباسنى ئارقىسىغا مىندۈرۈپ، بەتنى مۇھەسسەرگە كەلدى، تۆگىسىنى ئازراق ھەركەتلەندۈرۈپ ، ئىتتىكلەشتىپ، خىيف مەسجىدىگە يېقىن بولغان جەمرەتۇلكۇبرا، چوڭ تاش ئېتىش ئورنىغا چىقىدىغان ئوتتۇرا يول بىلەن ماڭدى، دەرەخ يېنىدىكى تاش ئېتىش ئورنىغا كېلىپ، يەتتە تال تاش ئاتتى، ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا، **الله** ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتتى، تاشنى بەتنى ۋادىي دېگەن جايدىن بارماقلىرى

بىلەن ئاتتى، ئاندىن قۇربانلىق قىلىدىغان جايغا كېلىپ، 63 تۆگىنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلدى، ئاندىن ئەلى رەزىيەاللە ئەنھۇغا بەردى، قالغان تۆگىلەرنى ئەلى رەزىيەاللە ئەنھۇ بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلدى، رەسۇلۇللاھ قۇربانلىق ھەدىيلىرىدە، ئەلى رەزىيەاللە ئەنھۇنى شېرىك قىلغان ئىدى، ئاندىن ھەر بىر تۆگىنىڭ گۆشىدىن بىر پارىدىن قازانغا سېلىشقا بۇيرىدى، گۆش پىشقاندا ھەر ئىككىلىسى قۇربانلىق گۆشىدىن يېدى، شورپىسىدىن ئىچتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىگە مىنىپ، كەئبىگە كۆچۈپ كېلىپ، پېشىنىنى مەككىدە ئوقۇدى، ئاندىن بەنىي ئابدۇلمۇتتەلىپلەر كىشىلەرنى زەمزەم سۈيى بىلەن سۇغىرىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى ئابدۇلمۇتتەللىبنىڭ باللىرى! زەمزەم سۈيىنى سىلەر تارتىپ سۇغۇرۇڭلار، ئەگەر كىشىلەرنىڭ سۇغۇرۇش خىزمىتىڭلارغا غالىپ كېلىپ، توپلۇشۇپلىشى بولمىغان بولسا، قالايمىقان بولۇپ كېتىش بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن سىلەر بىلەن بىللەزەمزەم سۈيىنى تارتىپ، كىشىلەرنى سۇغارغان بولاتتىم،دىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سوغا بىلەن سۇ سۇنۇپ بېرىشىدى، ئۇنىڭدىن ئىچتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

2556 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : خرجنا مع النبي صلى الله عليه وسلم في حجة الوداع فمنا من أهل بعمرة ومنا من أهل بحج فلما قدمنا مكة قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أهل بعمرة ولم يهد فليحلل ومن أحرم بعمرة وأهدى فليهل بالحج مع العمرة ثم لا يحل حتى يحل منها " . وفي رواية : " فلا يحل حتى يحل بنحر هديه ومن أهل بحج فليتم حجه " . قالت : فحضت ولم أطف بالبيت ولا بين الصفا والمروة فلم أزل حائضا حتى كان يوم عرفة ولم أهلل إلا بعمرة فأمرني النبي صلى الله عليه وسلم أن أنقض رأسي وأمتشط وأهل بالحج وأترك العمرة ففعلت حتى قضيت حجي بعث معي عبد الرحمن بن أبي بكر وأمرني أن أعتمر مكان عمرتي من التنعيم قالت : فطاف الذين كانوا أهلوا بالعمرة بالبيت وبين الصفا والمروة ثم حلوا ثم طافوا بعد أن رجعوا من منى وأما الذين جمعوا الحج والعمرة فإنما طافوا طوافا واحدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ۋىدالىشىش ھەججىدە ھەجگە چىقتۇق، بىزدىن بەزىلەر ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان، بەزىلەر پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئىدى، بىز مەككىگە كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى؛« كىم ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ، قۇربانلىق ھەدىي ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇكىشى ئېھرامدىن چىقسۇن، كىم ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ، قۇربانلىق ھەدىي ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇكىشى ئۆمرە ھەججى بىلەن بىللە پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىسۇن، ئاندىن ھەر ئىككىلى ھەججدىن ھالال بولۇپ ئېھرامدىن چىقمىغىچە، قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ ھالال بولمىغىچە، ئېھرامدىن چىقمىسۇن، كىم پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىغان بولسا، ئۇ ھەججىنى كامىل ئادا قىلسۇن». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن ھەيىزدار بولۇپ قېلىپ، كەئبىنى ۋە سەپا ـ مەرۋە ئارلىقىنى تاۋاپ قىلالمىدىم، تاكى ئارپات كۈنىگىچە ھەيىزدار ھالەتتە تۇردۇم، مەن پەقەت ئۆمرە ھەجگىلا ئېھرام باغلىغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ مىنى، ئۆمرە ھەججىنىڭ ئېھرامىدىن چىقىپ، چىچىمنى چۇۋۇپ تاراپ، ئۆمرە ھەجنى تەرىك ئېتىپ، پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىشىمغا بۇيرىدى، مەن ھەججىمنى تولۇق ئادا قىلغىچە شۇنداق قىلدىم، ئاندىن ھەجنى ئادا قىلىپ بولۇپ، مىنى ئىنىم ئابدۇررەھمان بىلەن بىللە ئەۋەتىپ، ئۆمرە ھەججىمنىڭ ئورنىغا، تەنئىم دىگەن جايىدىن ئېھرام باغلاپ، ئۆمرە ھەج قىلىشىمغا بۇيرىدى، ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغانلار، كەئبىنى ۋە سەپا ـ مەرۋىنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئېھرامدىن چىقىپ، ئاندىن مىنا تېغىدىن قايتقاندىن كېيىن، كەئبىنى يەنە بىرقېتىم تاۋاپ قىلدى، ئۆمرە ھەججى بىلەن بىللە پەرز ھەجگە بىراقلا ئېھرام باغلىغانلار بىرلا قېتىم تاۋاپ قىلدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

2557 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما قال : تمتع رسول الله صلى الله عليه وسلم في حجة الوداع بالعمرة إلى الحج فساق معه الهدي من ذي الحليفة وبدأ فأهل بالعمرة ثم أهل بالحج فتمتع الناس مع النبي صلى الله عليه وسلم

**بالعمرة إلى الحج فكان من الناس من أهدى ومنهم من لم يهد فلما قدم النبي صلى الله عليه وسلم مكة قال للناس : " من كان منكم أهدى فإنه لا يحل من شيء حرم منه حتى يقضي حجه ومن لم يكن منكم أهدى فليطف بالبيت وبالصفا والمروة وليقصر وليحلل ثم ليهل بالحج وليهد فمن لم يجد هديا فليصم ثلاثة أيام في الحج وسبعة إذا رجع إلى أهله " فطاف حين قدم مكة واستلم الركن أول شيء ثم خب ثلاثة أطواف ومشى أربعا فركع حين قضى طوافه بالبيت عند المقام ركعتين ثم سلم فانصرف فأتى الصفا فطاف بالصفا والمروة سبعة أطواف ثم لم يحل من شيء حرم منه حتى قضى حجه ونحر هديه يوم النحر وأفاض فطاف بالبيت ثم حل من كل شيء حرم منه وفعل مثل ما فعل رسول الله صلى الله عليه وسلم من ساق الهدي من الناس**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا ، ئۆمرە ھەجنى پەرز ھەج بىلەن بىللە قىلىپ، بۇ ئىككى ھەجگە ئايرىم ـ ئايرىم ئىھرام باغلاپ، تەمەتتۇئ ھەج قىلدى، قۇربانلىق ھەدىيلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە زىلھۇلەيپىدىن باشلاپ ھەيدەپ ماڭدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدى بىلەن ئۆمرە ھەجگە ئىھرام باغلاپ، ئاندىن پەرز ھەجگە ئىھرام باغلىغان ئىدى، كىشىلەرمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاندەك، ئالدى بىلەن ئۆمرە ھەجگە ئىھرام باغلاپ، ئاندىن پەرز ھەجگە ئىھرام باغلاپ، تەمەتتۇئ ھەج قىلدى، كىشىلەرنىڭ بەزىسى قۇربانلىق ھەدىينى ئېلىپ ماڭغان ئىدى، بەزىسى ھەدىي ئالمىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، كىشىلەرگە مۇنداق دىدى:« سىلەردىن كىم قۇربانلىق ھەدىينى ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ھەججىنى كامىل ئادا قىلمىغىچە، ئۇنىڭدىن چەكلەنگەن نەرسىلەردىن ھالال بۇلمايدۇ(يەنى چەكلەنگەن نەرسىنى قىلسا بولمايدۇ) سىلەردىن كىم قۇربانلىق ھەدىينى ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇ كەئبىنى ۋە سەپا ـ مەرۋىنى تاۋاپ قىلىپ بۇلۇپ، چېچىنى چۇشۇرتۇپ، ياكى قىسقارتىپ، ئىھرامدىن چىقسا بۇلىدۇ، ئاندىن ئۇكىشى پەرز ھەجگە ئىھرام باغلىسۇن، ۋە بىر قوي ھەدىي قىلسۇن،(مانا بۇ تەمەتتۇئ ھەج دىيىلىدۇ) ھەدىي قىلىدىغان قوينى تاپالمىغان كىشى ، ھەج مەزگىلىدە ئۈچ كۈن، ئەھلىگە قايتقاندا يەتتە كۈن جەمئى ئون كۈن رۇزا تۇتسۇن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، تۇنجى بۇلۇپ ھەجەر ئەسۋەدنى سىلاپ سۆيدى، ئاندىن كەئبىنى ئايلانغىچە ئۈچ قېتىم رەملى قىلىپ، يورغىلاپ ماڭدى، تۆت قېتىم تۈزلا ماڭدى، (جەمئى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى) تاۋاپنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، مەقام ئىبراھىمنىڭ يېنىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇدى، ئاندىن نامازدىن سالام بىرىپ قايتىپ، سەپا تېغىغا كەلدى، سەپا ـ مەرۋە تېغى ئارلىقىدا يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى، ئاندىن ھەججىنى كامىل ئادا قىلمىغىچە، نەھرى كۈنى قۇربانلىقنى بۇغۇزلىمىغىچە، چەكلەنگەن نەرسىلەردىن ھالال بولمىدى، (يەنى ئىھرامدىن چىقمىدى)، ۋۇقۇفتىن كېيىن كۈچۈپ كىلىپ، كەئبىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تاۋاپ قىلىپ، ئاندىن ئىھرامدىن چىقىپ، چەكلەنگەن ھەرقانداق نەرسىلەردىن ھالال بولدى، ھەدىي قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرمۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاننىڭ ئوخشىشىنى قىلدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2558 - [ 4 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " هذه عمرة استمتعنا ا فمن لم يكن عنده الهدي فليحل الحل كله فإن العمرة قد دخلت في الحج إلى يوم القيامة " . رواه مسلم وهذا الباب خال عن الفصل الثاني**

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ ئۆمرە ھەجدۇر، بىز ئۇنىڭ بىلەن تەمەتتۇئ نەپلە ھەج قىلىپ پايدا ــ مەنپەئەت ئالدۇق، كىمنىڭ يېنىدا ھەدىي، قۇربانلىقى بولمىسا، ئۇ پۈتۈنلەي ئىھرامدىن چىقىپ، ھالال بولسا بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئۆمرە ھەج قىيامەت كۈنىگىچە پەرىز ھەجنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. پەرىز ھەجنىلا قىلسا، بۇ ئىپراد ھەج دىيىلىدۇ، ئۆمرە ھەج بىلەن بىللە پەرزھەجگە بىراقلا ئىھرام باغلىسا بۇ قىران ھەج دىيىلىدۇ. پەرىز ھەجگە

ئايرىم، ئۆمرە ھەجگە ئايرىم ئىھرام باغلاپ ھەج قىلسا، ھەج تەمەتتۇئ دېيىلىدۇ.

**2559 - [ 5 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن عطاء قال : سمعت جابر بن عبد الله في ناس معي قال : أهللنا أصحاب محمد بالحج خالصا وحده قال عطاء : قال جابر : فقدم النبي صلى الله عليه وسلم صبح رابعة مضت من ذي الحجة فأمرنا أن نحل قال عطاء : قال : " حلوا وأصيبوا النساء " . قال عطاء : ولم يعزم عليهم ولكن أحلهن لهم فقلنا لما لم يكن بيننا وبين عرفة إلا خمس أمرنا أن نفضي إلى نسائنا فنأتي عرفة تقطر مذاكيرنا المني . قال : " قد علمتم أني أتقاكم لله وأصدقكم وأبركم ولولا هديي لحللت كما تحلون ولو استقبلت من أمري ما استدبرت لم اسق الهدي فحلوا " فحللنا وسمعنا وأطعنا قال عطاء : قال جابر : فقدم علي من سعايته فقال : بم أهللت ؟ قال بما أهل به النبي صلى الله عليه وسلم فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فأهد وامكث حراما " قال : وأهدى له علي هديا فقال سراقة بن مالك بن جعشم : يا رسول الله ألعامنا هذا أم لابد ؟ قال : " لأبد . رواه مسلم**

ئەتائ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەن بىلەن بىللە تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم؛ بىز ساھابىلار خالىس، يالغۇز پەرز ھەجگىلا ئىھرام باغلىغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھەججىنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە مەككىگە كېلىپ، بىزنى ئىھرامدىن چىقىشقا بۇيرۇپ؛ ئىھرامدىن چىقىڭلار، ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە بولساڭلار بولىدۇ دېدى، لېكىن بەك تەكىتلىمىدى، پەقەت ئاياللىرىمىزنى ھالال قىلىپ بەردى، بىز ئىچىمىزدە: ئارىپات كۈنىگە پەقەت بەش كۈنلا قالغان تۇرسا، ئاياللىرىمىز بىلەن بىللە بولۇشىمىزغا بۇيرۇۋاتىدىغۇ؟ دېيىشتۇق، ئاندىن كېيىن بىز ئارىپات تېغىغا كەلگەندە ئەۋرەتلىرىمىز مەنىي تۆكۈشكە باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: سىلەر مېنىڭ، **الله** تىن ئەڭ بەك قورقىدىغان تەقۋالىقىمنى، مەن سىلەرنىڭ ئەڭ راستچىل، ياخشىلىقتا ۋاپادار، ساداقەتمەنرەك كىشى ئىكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسىلەر، ئەگەر مەن بىلەن بىللە ھەدىي، قۇربانلىق ماللىرى بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە سىلەردەك ئىھرامدىن چىقاتتىم، ئەگەر مەن بۇندىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشىمنى، مەن يولۇقىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلەلىگەن بولسام، ھەدىي ئېلىپ كەلمەيتتىم، سىلەر ئىھرامدىن چىقىپ ھالال بولۇڭلار دېدى. ئاندىن بىز ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىپ، ئىھرامدىن چىقتۇق. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن قۇربانلىق ھەدىي ئېلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: سەن نېمە بىلەن، نېمە دەپ ئىھرام باغلىدىڭ؟ دېدى، ئۇ: مەن **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىھرام باغلىغان نەرسە بىلەن ئىھرام باغلىدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: سەن قۇربانلىق ھەدىي قىلىپ، ئىھرام باغلاقلىق ھالدا تۇرغىن دېدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھقا نۇرغۇن ھەدىي ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئاندىن سۇراقەت ئىبنى مالىك ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ، مۇشۇ يىلىمىز ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئەبەدىلئەبەد مەڭگۈ شۇنداقمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (بىر قولىنىڭ بارماقلىرىنى يەنەبىر قولىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ تۇرۇپ؛ ئۆمرە ھەج پەرز ھەجنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى)، بۇ مۇشۇ يىلغىلا خاس ئەمەس، بەلكى بۇ مەڭگۈ، ئەبەدلئەبەت شۇنداقتۇر دەپ، ئىككى قېتىم دېدى.مۇسلىم.

**2560 - [ 6 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها أنا قالت : قدم رسول الله صلى الله عليه وسلم لأربع مضين من ذي الحجة أو خمس فدخل علي وهو غضبان فقلت : من أغضبك يا رسول الله أدخله الله النار . قال : " أو ما شعرت أني أمرت الناس بأمر فإذا هم يترددون ولو أني استقبلت من أمري ما استدبرت ما سقت الهدي معي حتى أشتريه ثم أحل كما حلوا ". رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھەججىنىڭ تۆتىنچى ياكى بەشىنچى كۈنى ئەتىگەندە مەككىگە كېلىپ، قېشىمغا غەزەپ قىلغان ھالدا كىردى، مەن: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! كىم سىلىنىڭ ئاچچىقلىرىنى كەلتۈردى، **الله** ئۇنى دەۋزەخكە كىرگۈزسۇن ، دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىز تېخى بىلمىدىڭىزمۇ؟ ھەققەتەن مەن كىشىلەرنى بىر ئىشقا(يەنى ئىھرامدىن

چىقىشقا) بۇيرىسام، ئۇلار بۇيرىقىمنى ئىجرا قىلىشتا ئىككىلىنىۋاتىدۇ، ئەگەر مەن بۇندىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشىمنى، مەن يولۇقىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلەلىگەن بولسام، ئۆزۈم بىلەن بىللە ھەديي ئېلىپ كەلمىگەن بولاتتىم، ئۇلار ئېھرامدىن چىققاندەك، مەنمۇ ئېھرامدىن چىقاتتىم، ھەدىيىنى كېيىن سېتىۋالاتتىم دېدى. مۇسلىم توپلىغان.

## باب دخول مكة والطواف - الفصل الأول

## مەككىگە كىرىش ۋە تاۋاپ قىلىش توغرىسىدا

2561 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن نافع قال : إن ابن عمر كان لا يقدم مكة إلا بات بذي طوى حتى يصبح ويغتسل ويصلي فيدخل مكة نارا وإذا نفر منها مر بذي طوى وبات ا حتى يصبح ويذكر أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يفعل ذلك

نافىئ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە كەلسىلا، زىي تۇۋا دېگەن جايدا، تاڭ ئاتقىچە ياتاتتى، ئاندىن غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، ناماز ئۇقۇپ، مەككىگە كۈندۈزى كىرەتتى، مەككىدىن قايتقاندىمۇ، زىي تۇۋا دېگەن جايدىن ئۆتۈپ، ئۇيەردە تاڭ ئاتقىچە ياتاتتى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلاتتى دېگەن. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

2562 - [ 2 ] ( متفق عليه )

وعن عائشة رضي الله عنها قالت : إن النبي صلى الله عليه وسلم لما جاء إلى مكة دخلها من أعلاها وخرج من أسفلها

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، مەككىگە ئۇنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىن كىرىپ، ئاستى تەرىپىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

2563 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عروة بن الزبير قال : قد حج النبي صلى الله عليه وسلم فأخبرتني عائشة أن أول شيء بدأ به حين قدم مكة أنه توضأ ثم طاف بالبيت ثم لم تكن عمرة ثم حج أبو بكر فكان أول شيء بدأ به الطواف بالبيت ثم لم تكن عمرة ثم عمر ثم عثمان مثل ذلك

ئۇرۋە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرز ھەج قىلغان ئىدى، ماڭا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، تۈنجى بولۇپ، تاھارەت ئېلىش بىلەن باشلايتتى، ئاندىن كەئبىنى تاۋاپ قىلاتتى، ئاندىن تېخى ئۆمرە ھەج بولمىغان ئىدى. ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەرز ھەج قىلدى، ئۇنىڭمۇ تۈنجى بولۇپ قىلغان ئىشى كەئبىنى تاۋاپ قىلىش بولدى، ئاندىن تېخى (تاۋاپتىن كېيىنلا)ئۆمرە ھەج بولمىغان ئىدى، ئاندىن ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ شۇنداق قىلدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

2564 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا طاف في الحج أو العمرة أول ما يقدم سعى ثلاثة أطواف ومشى أربعة ثم سجد سجدتين ثم يطوف بين الصفا والمروة

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغاندا ياكى ئۆمرە ھەجدە، كېلىپلا تۈنجى بولۇپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلسا، ئۈچ قېتىم مەردانە ھالدا كەئبىنى يورغىلاپ ئايلىنىپ ماڭاتتى، ئاندىن كېيىنكى تۆت قېتىمدا تۇزلا ئايلىنىپ ماڭاتتى، (جەمئىي يەتتە ئايلىناتتى)ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇپ، ئاندىن سەپا ـ مەرۋە تېغىنىڭ ئارىسىنى تاۋاپ قىلاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

2565 - [ 5 ] ( صحيح )وعنه قال : رمل رسول الله صلى الله عليه وسلم من الحجر ثلاثا ومشى أربعا وكان يسعى ببطن

المسيل إذا طاف بين الصفا والمروة . رواه مسلم

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجەرئەسۋەدتىن باشلاپ، (كەئبىنىڭ ئۈچ قېتىم رەملى قىلىپ، يورغىلاپ مەردانە ماڭدى، تۆت قېتىم تۇزلا ئۆك تەرىپىدىن باشلاپ ئايلىنىپ )، ئۈچ قېتىم رەملى قىلىپ، يورغىلاپ مەردانە ماڭدى، تۆت قېتىم تۇزلا ئايلىنىپ ماڭدى، سەپا ـ مەرۋە تېغىنىڭ ئارىسىدا تاۋاپ قىلسا، بەتنەمەسىيل دىگەن جايدا سەئىي قىلىپ ئويناخشىپ، مەردانەھالدا ماڭاتتى. مۇسلىم توپلىغان.

**2566 - [ 6 ] ( صحيح )وعن جابر قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم لما قدم مكة أتى الحجر فاستلمه ثم مشى على يمينه فرمل ثلاثا ومشى أربعا . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، ھەجەرئەسۋەدنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئۇنى سۆيۈپ، ئاندىن كەئبىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ ئايلىنىپ ماڭدى، ئۈچ قېتىم رەملە قىلىپ يورغىلاپ مەردانە ماڭدى، تۆت قېتىم تۇزلا ئايلىنىپ ماڭدى. مۇسلىم توپلىغان.

**2567 - [ 7 ] ( صحيح )وعن الزبير بن عربي قال : سأل رجل ابن عمر عن استلام الحجر فقال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يستلمه ويقبله . رواه البخاري**

زۇبەير مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈش توغرىسىدا سورغاندا ئۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەجەر ئەسۋەدنى سىلاپ سۆيگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم، دىدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**2568 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : لم أر النبي صلى الله عليه وسلم يستلم من البيت إلا الركنين اليمانيين**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەيتۇاللە تىن پەقەت ئىككى رۈكنى يەمانىينى (يەنى ھەجەر ئەسۋەد بىلەن رۈكنى تاشنىلا) سۆيگىنىنى كۆردۈم. بۇخارى،مۇسلىم.

**2569 - [ 9 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : طاف النبي صلى الله عليه وسلم في حجة الوداع على بعير يستلم الركن بمحجن**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدائىدا،كەئبىنى تۆگە ئۈستىدە تاۋاپ قىلىپ، كەئبىنىڭ بىر بۇلۇڭ تەرىپىدىكى رۈكنى تاشنى(ياكى ھەجەرئەسۋەدنى) ھاسىسى بىلەن سۆيگەن ئىدى.(يەنى ھاسىسنى تاشقا تەككۈزۈپ، ئاندىن ھاسنى سۆيدى) بۇخارى،مۇسلىم.

**2570 - [ 10 ] ( صحيح )وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم طاف بالبيت على بعير كلما أتى على الركن أشار إليه بشيء في يده وكبر . رواه البخاري**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھەججەتۇلۋىدائىدا)،كەئبىنى تۆگە ئۈستىدە تاۋاپ قىلىپ،ھەرقېتىم كەئبىنىڭ بىرتەرىپىدىكى رۈكنى ئۇل تاشنىڭ(ياكى ھەجەرئەسۋەدنىڭ) يېنىغاكەلسە،ئۇنىڭغا قولىدىكى نەرسە بىلەن ئىشارەت قىلىپ، تەكبىر ئەيتاتتى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**2571 - [ 11 ] ( صحيح )**

**وعن أبي الطفيل قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يطوف بالبيت ويستلم الركن بمحجن معه ويقبل المحجن .رواه مسلم**

ئەبۇتتۇپەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ، كەئبىنىڭ بىربۇلۇڭ تەرىپىدىكى رۈكنى ئۇل تاشنى(ياكى ھەجەرئەسۋەدنى) ھاسىسى بىلەن سۆيگەنلىكىنى، يەنى

هاسىسنى تاشقا تەككۇزۇپ، ئاندىن هاسىنى سۆيگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. ئىمام مۇسلىم توپلىغان. ھەجەر ئەسۋەد بار بۇلۇڭنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا،كىشىنىڭ بويى يەتكىدەك جايدا رۇكنى تاش باردۇر.ھەج پىلىمنى كۆرۈڭ

**2572 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : خرجنا مع النبي صلى الله عليه وسلم لا نذكر إلا الحج فلما كنا بسرف طمثت فدخل النبي صلى الله عليه وسلم وأنا أبكي فقال : " لعلك نفست ؟ " قلت : نعم قال : " فإن ذلك شيء كتبه الله على بنات آدم فافعلي ما يفعل الحاج غير أن لا تطوفي بالبيت حتى تطهري "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە، پەقەت پەرز ھەجنىلا مەقسەت قىلىپ چىقتۇق، بىز سەرىف دىگەن جايغا كەلگەندە، مەن ھەيىزدار بولۇپ قالدىم، مەن يىغلاپ ئولتۇرسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا كىرىپ: ھەيىزدار بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ دىدى، مەن؛ ھەئە شۇنداق دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ھەقىقەتەن بۇئىش، ئاللاھتائالا، ئادەم ئاتىنىڭ قىزلىرى ئۈستىگە پۈتۈۋەتكەن ئىشتۇر، سىز پاك بولمىغىچە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماي، ئۇندىن باشقا ھاجى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىۋېرىڭ، دىدى. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلىۋېتىپ، ئاياللار كېسەلى بولغان ئايالغا مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بۇ، ئاللاھتائالا، ئادەم ئاتىنىڭ قىزلىرى ئۈستىگە پۈتكەن ئىشدۇر، سەن يۇيۇنۇپ ھەجگە ئىھرام باغلىغىن، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشدىن باشقا ۋە سەن ناماز ئوقۇشۇڭدىن باشقا، ھاجى ئادا قىلىدىغان بارلىق ئىشلارنى سەنمۇ ئادا قىل، پەقەت ھەيز كۆرگەندە ناماز ئوقۇما، كەئبىنى تاۋاب قىلما. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2573 - [ 13 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : بعثني أبو بكر في الحجة التي أمره النبي صلى الله عليه وسلم عليها قبل حجة الوداع يوم النحر في رهط أمره أن يؤذن في الناس : " ألا لا يحج بعد العام مشرك ولا يطوفن بالبيت عريان "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدائىدىن بۇرۇنقى بىر ھەجگە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نى باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇچاغدىكى ھەجدە، مىنى بىرنەچچە كىشى بىلەن نەھرى كۈنى كىشىلەرگە:«ئاگاھ بۇلۇڭلار، مۇشۇ يىلدىن كيىن، بەيتۇللاھ كەئبىنى، مۇشرىك، دىنسىز كىشى ھەج قىلمىسۇن!، (يەنى زىيارەتمۇ قىلمىسۇن!)، كەئبىنى يالىڭاچ كىشى تاۋاب قىلمىسۇن، يەنى يالىڭاچ ھالدا كەئبىنى چۆرگىلەپ ئايلانمىسۇن!» دەپ، ئىلان قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2574 - [ 14 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن المهاجر المكي قال : سئل جابر عن الرجل يرى البيت يرفع يديه فقال قد حججنا مع النبي صلى الله عليه وسلم فلم نكن نفعله . رواه الترمذي وأبو داود**

مۇھاجىر مەككىي مۇنداق دەيدۇ؛ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كەئبىنى كۆرگەندە، ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن كىشى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ : بىز ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلدۇق، بىز ھەج قىلغاندا ئۇنداق قىلمىدۇق دىدى. تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2575 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : أقبل رسول الله صلى الله عليه وسلم فدخل مكة فأقبل إلى الحجر فاستلمه ثم طاف بالبيت ثم أتى الصفا فعلاه حتى ينظر إلى البيت فرفع يديه فجعل يذكر الله ما شاء ويدعو . رواه أبو داود**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىنى قىلىپ كىلىپ، مەككىگە كىرىپ، ھەجەر ئەسۋەدنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئۇنى سىلاپ سۆيدى، ئاندىن كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، ئاندىن سەپا تېغىغا كىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىققاندا كەئبىگە قاراپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، خالىغانچە **الله** نى ئەسلەپ

زىكرى ئەيتىشقا باشلىدى، الله قا دۇئا قىلدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2576 - [ 16 ] ( صحيح )وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الطواف حول البيت مثل الصلاة إلا أنكم تتكلمون فيه فمن تكلم فيه فلا يتكلمن إلا بخير " . رواه الترمذي والنسائي والدارمي وذكر الترمذي جماعة وقفوه على ابن عباس**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كەئبىنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغان تاۋاپ، نامازغا ئوخشاشتۇر، لېكىن، سىلەر تاۋاب قىلىش جەريانىدا سۆز قىلالايسىلەر، كىم سۆز قىلىپ قالسا، پەقەت ياخشى سۆزنىلا قىلسۇن. تىرمىزى،نەسەئى،دارىمى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.
ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كەئبىنى تاۋاب قىلىش نامازدۇر، لېكىن، ئاللاھتائالا تاۋاب ئىچىدە سۆز قىلىشنى دۇرۇس قىلدى، كىم سۆز قىلسا، پەقەت ياخشى سۆزنىلا قىلسۇن. تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تاۋاب قىلىش نامازدۇر، ئۇنىڭدا سۆزنى ئاز قىلىڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**2577 - [ 17 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نزل الحجر الأسود من الجنة وهو أشد بياضا من اللبن فسودته خطايا بني آدم " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەجەر ئەسۋەد يەنى قارا تاش ئەسلى جەننەتتىن، سۈتتىنمۇ ئاق ھالەتتە چۈشكەن ئىدى، ئۇنى ئادەم باللىرىنىڭ خاتالىقلىرى قارا قىلىۋەتتى.ئەھمەد ،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.(يەنە؛ بۇ زىمىندا پەقەت جەننەتنىڭ نەرسىسىدىن ھەجەر ئەسۋەدلا بار، ئۇ جەننەتتىن چۈشۈرۈلگەن گۆھەردۇر، دىگەن ھەدىس بار. بۇ خۇددى نىيىل، پۇرات دەرياسىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىكى سىدرەتۇلمۇنتەھادىن، جەننەتتىن كەلگەن دىگەنگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئالىم. ۋە يەنە كۆز تېگىش ھەق دىگەن سەھىھ ھەدىس بار، ئايىتى شىپالارغا سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر، دىمەكچى بولغۇنۇم، ئىسلام دىنىدا مۆجىزە، كارامەت خاراكتېرلىك ئاق، روھ، مەنىۋى نەرسە ماددىغا تەسىر كۆرسىتىش مەۋجۇد).

**2578 - [ 18 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم في الحجر : " والله ليبعثنه الله يوم القيامة له عينان يبصر بهما ولسان ينطق به يشهد على من استلمه بحق " . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي**

ئەنەس،ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ھەجەر ئەسۋەدنى قوپۇرۇپ ئەۋەتىدۇ، ئۇنىڭ كۆرىدىغان ئىككى كۆزى، سۆزلەيدىغان تىلى بار بولۇپ، ئۇنى ھەقلىق بىلەن سىلاپ سۆيگەن كىشى ئۈچۈن ھەق گۇۋاھلىق بېرىدۇ. تىرمىزى،ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

**2579 - [ 19 ] وعن ابن عمر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الركن والمقام ياقوتتان من ياقوت الجنة طمس الله نورهما ولو لم يطمس نورهما لأضاءا ما بين المشرق والمغرب " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئەمرۇ،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن رۇكنى (مەككىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدىكى تاش ياكى ھەجەر ئەسۋەد) بىلەن مەقام ئىبراھىم، جەننەت ياقۇتلىرىدىن ئىككى گۆھەر ياقۇت ئىدى، ئاللاھ بۇ ئىككىسىنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن، ئەگەر نۇرىنى ئۆچۈرۈۋەتمىگەن بولسا، بۇ ئىككى گۆھەر ياقۇت، مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىنى يورىتىۋەتكەن بولاتتى، (ئۇنىڭ نۇرى قۇياش نۇرىنى باساتتى) ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**2580 - [ 20 ] ( صحيح )وعن عبيد بن عمير : أن ابن عمر كان يزاحم على الركنين زحاما ما رأيت أحدا من أصحاب**

رسول الله صلى الله عليه وسلم يزاحم عليه قال : إن أفعل فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن مسحهما كفارة للخطايا " وسمعته يقول : " من طاف بهذا البيت أسبوعا فأحصاه كان كعتق رقبة " . وسمعته يقول : " لا يضع قدما ولا يرفع أخرى إلا حط الله عنه بها خطيئة وكتب له بها حسنة " . رواه الترمذي

ئۇبەيدە مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەجەر ئەسۋەد بىلەن رۇكنى ئۇل تاشنى قىستاپ بېرىپ، سۆيدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىدىن بىرەر كىشىنىڭ ھەجەر ئەسۋەد بىلەن رۇكنى ئۇل تاشقا ئۇنداق قىستىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، ئۇ مۇنداق دىدى: مىنىڭ شۇنداق قىلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ؛«ھەقىقەتەن ئۇ ئىككىسىنى سىلاش،سۆيۈش خاتالىقلارغا كاپپارەتتۇر، كىم بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم ساناپ تورۇپ تاۋاپ قىلسا، ئۇ بىر قۇل ئازاد قىلغاندەك بولىدۇ، بىر قەدىمنى قويۇپ، يەنە بىر قەدىمنى كۆتۈرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يازىدۇ،دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دىدى. تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

2581 - [ 21 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن السائب قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول ما بين الركنين : ( ربنا آتنا في الدنيا حسنة وفي الآخرة حسنة وقنا عذاب النار )رواه أبو داود

ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئىككى رۇكنى يەمانىينىڭ (يەنى ھەجەر ئەسۋەد بىلەن رۇكنى ئۇل تاشنىڭ)ئارلىقىدا؛ «رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن، ۋەفىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن، ۋەقىنا ئازابەننار» تەرجىمىسى: ئى رەببىمىز، ئىگىمىز، ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلسىلا، بىزنى دوۋزاخ ئازابىدىن ساقلىسىلا»، دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

2582 - [ 22 ] وعن صفية بنت شيبة قالت : أخبرتني بنت أبي تجراة قالت : دخلت مع نسوة من قريش دار آل أبي حسين ننظر إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو يسعى بين الصفا والمروة فرأيته يسعى وإن مئزره ليدور من شدة السعي وسمعته يقول : " اسعوا فإن الله كتب عليكم السعي " . رواه في شرح السنة ورواه أحمد مع اختلاف

ھەبىيبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن قۇرەيشلىك ئاياللار بىلەن بىللە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەپا ـ مەرۋە تېغى ئارىسىدا سەئيى قىلىپ ماڭغىنىغا قاراش ئۈچۈن، ئەبۇھۇسەيىن ئائىلىسىنىڭ ئۆيىگە كىردىم، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەپا ـ مەرۋە تېغى ئارىسىدا سەئيى قىلىپ ماڭغىنىنى كۆردۇم، قاتتىق ئويناخشىپ، مەردانە ھالدا ماڭغانلىقىدىن ئىشتىنى، پۇركەنجىسى لەپىلدەپ جۆگىلەيتتى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندا، سافا ــ مەرۋە تېغىنى تاۋاپ قىلىپ ماڭغاندا، ئويناخشىپ،نوچىلىق بىلەن مېڭىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ بۇنى سىلەرگە پۈتتى، يەنى پەرز قىلدى، دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، ئۆز ۋاختىدىكى كاپىرلار ئالدىدا ئويناخشىپ، نوچىلىق بىلەن مېڭىش، ھازىرمۇ سۈننەت قىلىپ بېكىتىلدى، چۈنكى، ھازىرمۇ پۈتۈن دۇنيادىكى دىنسىزلار كۆرۈپ تۇرىدۇ.

2583 - [ 23 ] ( لم تتم دراسته )وعن قدامة بن عبد الله بن عمار قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يسعى بين الصفا والمروة على بعير لا ضرب ولا طرد ولا إليك إليك . رواه في شرح السنة

قۇدامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەپا ـ مەرۋە تېغى ئارىسىدا، تۆگىسى ئۈستىدە سەئيى قىلىپ ماڭغىنىنى كۆردۇم، تۆگىسىنى ئۇرمايتتى، ئىتتىك قوغلىمايتتى، باشقىلارنى ئىتتىرمەيتتى، پوش ـ پوش، يىراق تۇرۇڭلار دىمەيتتى. شەرھىسسۇننە.

**2584 - [ 24 ] ( لم تتم دراسته )وعن يعلى بن أمية قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم طاف بالبيت مضطبعا ببرد أخضر . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي**

يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېشىل توننىڭ ئوتتۇرىنى ئوڭ قولتۇقىنىڭ ئاستىغا ئەكىلىپ، ئىككى تەرىپىنى سول مۈرىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلىغان ھالدا، كەئبىنى تاۋاپ قىلدى. تىرمىزى ، ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە، دارىمى توپلىغان.

**2585 - [ 25 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم وأصحابه اعتمروا من الجعرانة فرملوا بالبيت ثلاثا وجعلوا أرديتهم تحت آباطهم ثم قذفوها على عواتقهم اليسرى . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىللىرى جىئرانەت دېگەن جايدىن ئۆمرە ھەج قىلدى، ئۇلار كەئبىنى تاۋاپ قىلغاندا، ئۈچ قېتىم رەملى قىلىپ، يورغىلاپ ماڭدى، ئۇلار تون، رىدالىرىنىڭ ئوتتۇرىنى ئوڭ قولتۇقىنىڭ ئاستىغا ئەكىلىپ، ئاندىن  ئىككى تەرىپىنى سول مۈرىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويغان ئىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان .

**2586 - [ 26 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن ابن عمر قال : ما تركنا استلام هذين الركنين : اليماني والحجر في شدة ولا رخاء منذ رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يستلمهما**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ھەجەر ئەسۋەد بىلەن كەئبىنىڭ بىربۇلۇڭىدىكى رۇكنى يەمانىينى سىلاپ سۆيگەنلىكىنى كۆرگەندىن باشلاپ، كەڭرى خالىيلىقتا بولسۇن ياكى قىستاڭچىلىقتا بولسۇن، بۇ ئىككى تاشنى سۈيۈشنى ھەرگىز تەرىك ئەتىپ باقمىدۇق.بۇخارى مۇسلىم

**2587 - [ 27 ] ( متفق عليه )وفي رواية لهما : قال نافع : رأيت ابن عمر يستلم الحجر بيده ثم قبل يده وقال : ما تركته منذ رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يفعله**

نافىئ   رەھ  مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەجەرئەسۋەدنى قولى بىلەن سىلاپ، ئاندىن قولىغا سۆيگەنلىكىنى كۆردۇم، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەندىن باشلاپ، مۇشۇنداق قىلىشنى تەرىك ئەتىپ باقمىدىم دېدى. بۇخارى مۇسلىم.

**2588 - [ 28 ] ( متفق عليه )وعن أم سلمة قالت : شكوت إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم أني أشتكي . فقال : " طوفي من وراء الناس وأنت راكبة " فطفت ورسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي إلى جنب البيت يقرأ ب ( الطور وكتاب مسطور )**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېسەل بولۇپ قالغانلىقىمدىن شىكايەت قىلسام، ماڭا: سەن كەئبىنى كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلاغلىق يەنى تۆگىگە مىنگەن ھالەتتە تاۋاپ قىلىۋەرگىن، دېدى. مەن شۇنداق تاۋاپ قىلدىم، ۋەھالەنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇاللە نىڭ يېنىدا، «ۋەتتۇر ۋە كىتابىممەستۇر»دېگەن سۈرە تۇرنى قىرائەت قىلىپ ناماز ئۇقۇدى. بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2589 - [ 29 ] ( متفق عليه )وعن عابس بن ربيعة قال : رأيت عمر يقبل الحجر ويقول : وإني لأعلم أنك حجر ما تنفع ولا تضر ولولا أني رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقبل ما قبلتك**

ئابىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەجەرئەسۋەدنى سۆيگەنلىكىنى

كۆردۇم، ئۇ ھەجەرئەسۋەدنى سۆيۈۋېتىپ مۇنداق دېدى: ئى تاش! مەن سېنىڭ ھەقىقەتەن مەنپەئەت ـ زەرەر يەتكۈزەلمەيدىغان بىرتاش ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام، سېنى ھەرگىز سۆيمىگەن بولاتتىم. بۇخارى،مۇسلىم.مانابۇ ساپ ئەقىدە.

**2590 - [ 30 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " وكل به سبعون ملكا " يعني الركن اليماني " فمن قال : اللهم إني أسألك العفو والعافية في الدنيا والآخرة ربنا آتنا في الدنيا حسنة وفي الآخرة حسنة وقنا عذاب النار قالوا : آمين " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رۇكنى يەمانى دېگەن تاشقا 70 پەرىشتە مۇئەككەل قىلىنغان، كىم ئۇ جايدا مۇنداق دۇئا قىلسا، ئى ئاللاھ سېلىدىن دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئەپۇ قىلىشلىرىنى، ساقلاشلىرىنى سورايمەن، ئى رەببىمىز، بىزگە دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلسىلا، بىزنى دوۋزاخ ئازابىدىن ساقلىسىلا دېسە، ئاشۇ 70 پەرىشتىلەر ئامىين دەپ تۇرىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن،

**2591 - [ 31 ] ( لم تتم دراسته )وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من طاف بالبيت سبعا ولا يتكلم إلا ب : سبحان الله والحمد لله ولا إله إلا الله والله أكبر ولا حول ولا قوة إلا بالله محيت عنه عشر سيئات وكتب له عشر حسنات ورفع له عشر درجات . ومن طاف فتكلم وهو في تلك الحال خاض في الرحمة برجليه كخائض الماء برجليه " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:كىم كەئبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلسا، تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ھېچ بىر سۆز قىلمىسا، پەقەت«**سۇبھانەاللە** ۋە لھەمدۇ لىللاھى ۋە لائىلاھە ئىللەاللە ۋە **الله** ئەكبەر ۋە لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى»دېسە، ئۇكىشىدىن ئون گۇناھى ئۆچۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىق يېزىلىپ، ئون دەرىجە يۇقىر كۆتۈرۈلىدۇ، كىم كەئبىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا،شۇھالەتتە تۇرۇپمۇ قالايمىقان سۆز قىلسا، ئۇكىشى خۇددى سۇنى ئىككى پۇتى بىلەن كەچكەن كىشىگە ئوخشاش، **الله** نىڭ رەھمىتىنى ئىككى پۇتى بىلەن قالايمىقان كەچكەن بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان.

## باب الوقوف بعرفة - الفصل الأول

## ئاراپات تېغىدا ۋوقۇف قىلىش (الله نى ئەسلەپ تۇرۇش) توغرىسىدا

**2592 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن محمد بن أبي بكر الثقفي أنه سأل أنس بن مالك وهما غاديان من منى إلى عرفة : كيف كنتم تصنعون في هذا اليوم مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ فقال : كان يهل منا المهل فلا ينكر عليه ويكبر المكبر منا فلا ينكر عليه**

مۇھەممەدسۇقەپىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە مىنادىن ئاراپاتقا كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن؛ سىلەر مۇشۇ بۈگۈنكى كۈندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە قانداق قىلاتتىڭلار؟ دەپ سورسام، ئۇماڭا: بىزدىن تەھلىل ئېيتىپ «لائىلاھەئىللەالله» دەپ ماڭغانلارمۇ بولدى، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىنمىدى، بىزدىن **الله** ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتىپ ماڭغانلارمۇ بولدى، ئۇنىڭغىمۇ بۇئىشى ئىنكار قىلىنمىدى، ئەيىبلەنمىدى دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**2593 - [ 2 ] ( صحيح )وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " نحرت ههنا ومنى كلها منحر فانحروا في رحالكم . ووقفت ههنا وعرفة كلها موقف . ووقفت ههنا وجمع كلها موقف " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مۇشۇ يەردە

قۇربانلىقنى بوغۇزلىدىم، مىنا تېغىنىڭ ھەممە يېرى قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان جايدۇر، قۇربانلىقنى ئۆز ئۆيۈڭلاردا بوغۇزلىساڭلارمۇ بولىدۇ، مەن مۇشۇ يەردە يەنى ئاراپاتتا ۋوقۇف قىلىپ تۇردۇم، ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋوقۇف قىلىدىغان جايدۇر، مەن مۇشۇ يەردىمۇ ۋوقۇف قىلدىم، جەمئە تېغىنىڭ بارلىق يېرى ۋوقۇف قىلىدىغان جايدۇر. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2594 - [ 3 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ما من يوم أكثر من أن يعتق الله فيه عبدا من النار من يوم عرفة وإنه ليدنو ثم يباهي م الملائكة فيقول : ما أراد هؤلاء " . رواه مسلم**

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈنلەر ئىچىدە ، ئاللاھتائالا، ئەر ـ ئايال بەندىلىرىنى دوۋزاخدىن ئىنتايىن كۆپ ئازاد قىلىدىغان ئاراپات كۈنىدەك كۈن يوقتۇر، پەقەت ئاراپات كۈنىلا ھەممىدىن كۆپ ئازاد قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە يېقىنلىشىپ، ئاندىن ئاراپات ئەھلىنى پەرىشتىلەرگە باھالاپ ماختاپ بېرىدۇ، ئاۋۇلار نېمىنى ئىرادە قىلىشۋاتىدۇ دەپ بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2595 - [ 4 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن عمرو بن عبد الله بن صفوان عن خال له يقال له يزيد بن شيبان قال : كنا في موقف لنا بعرفة يباعده عمرو من موقف الإمام جدا فأتانا ابن مربع الأنصاري فقال : إني رسول رسول الله صلى الله عليه وسلم إليكم يقول لكم : " قفوا على مشاعركم فإنكم على إرث من إرث أبيكم إبراهيم عليه السلام " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه**

يەزىيد ئىبنى شەيبان مۇنداق دېيدۇ؛ بىز ئاراپات تېغىدا ئىمامدىن يىراق بىر جايدا ۋۇقۇف قىلىپ تۇراتتۇق، ئەمرۇ بىزنىڭ ئورنىمىزنى ئىمامنىڭ ئورنىدىن بەكلا يىراق كۆردى، ئاندىن بىزگە ئىبنى مۇرەببەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ:مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە مۇنداق دېدى: «سىلەر ھازىرقى ئىبادەت ئورنۇڭلاردا ۋوقۇف قىلىپ تۇرۇۋېرىڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر گەرچە ئىمامدىن يىراقراق بولساڭلارمۇ، بوۋاڭلار ئىبراھىمنىڭ سۈننىتى ئۈستىدە، جايىدا ۋوقۇف قىلدىڭلار». ئەبۇ داۋۇد 1639 ــ ھەدىس، تىرمىزى 8089 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3002 ــ ھەدىس،نەسەئى، باۋرۇدى توپلىغان، سەھىھ.

**2596 - [ 5 ] وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " كل عرفة موقف وكل منى منحر وكل المزدلفة موقف وكل فجاج مكة طريق ومنحر " . رواه أبو داود والدارمي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋوقۇف قىلىپ تۇرىدىغان جايدۇر، مىنانىڭ ھەممە يېرى قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان جايدۇر، مۇز دەلىفە تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋوقۇف قىلىپ تۇرىدىغان جاي، مەككىنىڭ ھەر بىر كوچىلىرى يوللىرى،يول ۋە قۇربانلىق قىلىدىغان جايدۇر، (يەنى ھەربىر ئائىلە ئۆيىدە قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم ،دارىمى، سەھىھ.

**2597 - [ 6 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن خالد بن هوذة قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يخطب الناس يوم عرفة على بعير قائما في الركابين . رواه أبو داود**

خالىد ئىبنى ھەۋزەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاراپات كۈنىسى تۆگىسى ئۈستىدە، ئىككى پۇتىنى ئۈزەڭگۈگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ، ئۆرە تۇرغان ھالدا، كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2598 - [ 7 ] ( صحيح )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " خير الدعاء دعاء يوم عرفة وخير**

ما قلت أنا والنبيون من قبلي : لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير " . رواه الترمذي

ئىبنى ئەمرۇ ، ئەمرۇنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئانىڭ ياخشىسى ئارايات كۈنىدىكى دۇئادۇر، مەن ۋە مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ، لەھۇلمۇلكۇ، ۋەلەھۇلھەمدۇ، ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير»، تەرجىمىسى: يەككە ــ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئاللاھقىلا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ ــ سانالار ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.دېيىشتۇر. تىرمىزى توپلىغان،سەھىھ.

2599 - [ 8 ] ( صحيح )وروى مالك عن طلحة بن عبيد الله إلى قوله : " لا شريك له "

2600 - [ 9 ] ( ضعيف )لإرساله وعن طلحة بن عبيد الله بن كريز أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ما رئي الشيطان يوما هو فيه أصغر ولا أدحر ولا أحقر ولا أغيظ منه في يوم عرفة وما ذاك إلا لما يرى من تـ ل الرحمة وتجاوز الله عن الذنوب العظام إلا ما رئي يوم بدر " . فقيل : ما رئي يوم بدر ؟ قال : " فإنه قد رأى جبريل يزع الملائكة " . رواه مالك مرسلا وفي شرح السنة بلفظ المصابيح

تەلھەت ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى كورەيز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان بىرەركۈندە ئارايات كۈنىدىكىدەك ئەڭ كىچىك، ھاقارەتلىك تاشلاندۇق،ئاچچىقلانغان كۆرۈنۈپ باقمىغان.ئۇكۈنى ئۇنىڭ شۇنداق كۆرۈنىشى، ئۇنىڭ، رەھمەتلەرنىڭ چۈشكىنىنى، ئاللاھنىڭ چوڭ ــ چوڭ گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىپ ئۆتۈۋېتىشىنى كۆرگەنلىكىدىندۇر، شۇنداقلا، شەيتان بەدىر كۈنىمۇ شۇنداق كۆرۈنگەن، قانداق كۆرۈنگەن، نېمە ئۈچۈن؟ دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، چۈنكى، ئۇ جىبرىئىلنىڭ پەرىشلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن دېدى، بۇ ھەدىسنى مالىك مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن، شەرھى سۈننەدىمۇ بار بولۇپ، شەيخ ئەلبانى زەئىپ دېدى.

2601 - [ 10 ] وعن جابر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كان يوم عرفة إن الله يـ ل إلى السماء الدنيا فيباهي ـم الملائكة فيقول : انظروا إلى عبادي أتوني شعثا غبرا ضاجين من كل فج عميق أشهدكم أني قد غفرت لهم فيقول الملائكة : يا رب فلان كان يرهق وفلان وفلانة قال : يقول الله عز وجل : قد غفرت لهم " . قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فما من يوم أكثر عتيقا من النار من يوم عرفة " . رواه في شرح السنة

ئىبنى ئۆمەر،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (سىنىڭ ھەج ئۈچۈن بەيتۇللاھ، ھەرەمنى مەخسەت قىلىپ ئۆيۈڭدىن چىقىشىڭغا كەلسەك، ھەققەتەن سەن ئۈچۈن تۆگەڭ دەسسىگەن ھەربىر قەدەم ئۈچۈنمۇ، ئاللاھ ساڭا بىر ياخشىلىق يېزىپ، سەندىن بىر گۇناھ، يامانلىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما، سېنىڭ ئەراپات تېغىدا ۋۇقۇپ قىلىپ تۇرۇشۇڭغا كەلسەك)، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە، ئارپات كۈنىسى دۇنيا ئاسمىنىغا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە چۈشۈپ، ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە باھالاپ، داڭلاپ بېرىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئاۋۇلار مىنىڭ بەندىلىرىم، مىنىڭ ئاۋۇ بەندىلىرىمگە قاراڭلار، ئۇلار يىراق ــ يىراق يوللاردىن چاچلىرى چۇۋۇق، چاڭ ــ توزان باسقان ھالدا،ئاۋاز قىلىشىپ ماڭا كەلدى، مەن سىلەرنى گۇۋاھچى قىلىمەنكى، ئۇلارغا مەغپىرەت قىلدىم.ئاندىن پەرىشتىلەر: ئى رەببىمىز! پالانى قان تۆكەتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پالانى ئەر، پالانى ئايال بار ئىدى دېسە، الله تائالا :مەن ئۇلارغىمۇ مەغپىرەت قىلدىم دەيدۇ.« كۈنلەر ئىچىدە ، ئاللاھتائالا، ئەر ـ ئايال بەندىلىرىنى دوۋزاخدىن ئىنتايىن كۆپ ئازاد قىلىدىغان ئارايات كۈنىدەك كۈن يوقتۇر، پەقەت ئارايات كۈنىلا ھەممىدىن كۆپ ئازاد قىلىدۇ،» (الله :ئۇلار رەھمىتىمنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىمدىن

قورقىدۇ، ئەمەلىيەتتە، مىنى كۆرۈپ باقمىدى، ئەگەر ئۇلار مىنى كۆرسە، قانداق بولۇپ كېتەتتى هە؟!دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ سۆزنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى؛ ئەگەر ئۇستۇڭدە ئىگىز دۆڭنىڭ قۇم سانى مىقدارى گۇناھ بولسا، ياكى دۇنيا كۈنلىرىدەك كۆپ ياكى ئاسماندىن، بۇلۇتتىن چۈشكەن يامغۇر تامچىلىرىدەك كۆپ گۇناھ بولسىمۇ ئاللاھ ئۇ گۇناھلارنى ھەجنىڭ سەۋەبىدىن سەندىن پاك ـــ پاكىز يۇيۇۋېتىدۇ، ئەمما، سېنىڭ جەمرە تېشىنى ئېتىشىڭغا كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئەجرى، ساۋابلىرى ساڭا ئاخىرەت ئۈچۈن ئېلىپ قويىلىدۇ، ئالدىن تەييارلىنىپ قويۇلىدۇ، سىنىڭ ئېھرامدىن چىقىپ، بېشىڭنى چۈشۈرتىشىڭگە كەلسەك، ھەقىقەتەن سەن ئۈچۈن بېشىڭدىن چۈشكەن ھەربىر تال چاچ ئۈچۈنمۇ بىردىن ياخشىلىق بېرىلىدۇ، ئاخىرىدا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغان چاغىدا، خۇددى سىنى ئاناڭ تۇغقان كۈندىكىدەك گۇناھلىرىڭدىن پاكىز چىقىپ كېتىسەن.شەرھسسۇننى، تەبرانى توپلىغان، بۇ ھەدىسنى ئەلبانى ھەسەن دىگەن.

**2602 - [ 11 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن عائشة قالت : كان قريش ومن دان دينها يقفون بالمزدلفة وكانوا يسمون الحمس فكان سائر العرب يقفون بعرفة فلما جاء الإسلام أمر الله تعالى نبيه صلى الله عليه وسلم أن يأتي عرفات فيقف ا ثم يفيض منها فذلك قوله عز وجل : ( ثم أفيضوا من حيث أفاض الناس )**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ؛ قۇرەيش خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەتتات قىلىدىغان ، ئۇلارنىڭ دىنىغا بويسۇنىدىغان كىشىلەر، مۇزدەلىپىدە ۋۇقۇپ قىلىپ تۇراتتى، ئۇلار بۇنى ھىمس «كۈچلۈك باتۇرلۇق»دەپ ئاتايتتى، ئەرەپلەرنىڭ قالغانلىرى ئارپات تېغىدا ۋۇقۇپ قىلىپ تۇراتتى، ئىسلام دىنى كەلگەندە، الله تائالا پەيغەمبىرىنى ئارپات تېغىغا بېرىپ، شۇجايدا ۋۇقۇپ قىلىپ تۇرۇشقا،ئاندىن ئارپاتتىن كۆچۈشكە بۇيرىدى، ئەشۇ بولسا، الله نىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر:« ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار، اللهدىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار. الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىبانىدۇر.»سۈرە بەقەرە 199 ـ ئايەت. ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2603 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن عباس بن مرداس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم دعا لأمته عشية عرفة بالمغفرة فأجيب : " إني قد غفرت لهم ما خلا المظالم فإني آخذ للمظلوم منه " . قال : " أي رب إن شئت أعطيت المظلوم من الجنة وغفرت للظالم " فلم يجب عشيته فلما أصبح بالمزدلفة أعاد الدعاء فأجيب إلى ما سأل . قال : فضحك رسول الله صلى الله عليه وسلم أو قال تبسم فقال له أبو بكر وعمر : بأبي أنت وأمي إن هذه لساعة ما كنت تضحك فيها فما الذي أضحكك أضحك الله سنك ؟ قال : " إن عدو الله إبليس لما علم أن الله عز وجل قد استجاب دعائي وغفر لأمتي أخذ التراب فجعل يحشوه على رأسه ويدعو بالويل والثبور فأضحكني ما رأيت من جزعه " . رواه ابن ماجه وروى البيهقي في كتاب البعث والنشور نحوه**

ئاباس ئىبنى مىرداس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارافات كۈنى كەچتە ئۈممىتىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا دۇئا قىلدى، دۇئا ئىجاۋەت بولىدى، ئاللاھ مۇنداق دەپتۇ، ھەقىقەتەن مەن ئۇلار ئۈچۈن زۇلۇمدىن باشقىنى مەغپىرەت قىلدىم، مەزلۇم، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئۈچۈن، زالىمدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىمەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى رەببىم ئەگەر خالىسىلا زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىگە جەننەتنى بېرىپ، زالىمنى مەغپىرەت قىلسىلا دەپتۇ، بۇ كېچە بۇ دۇئاسى ئىجاۋەت بولماپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭ ئاتقاندا، سەھەردە مۇزدەلىپە دىگەن تاغدا يەنە شۇ دۇئانى قايتىلاپتۇ، سورىغان دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ كېتىپتۇ، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، ئاتا ـــ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، ھەقىقەتەن بۇ ئاجايىپ بىر سائەت بولدى، ئاللاھ سىلىنى كۈلدۈردى، زادى نېمە ئىش سىلىنى كۈلدۈردى؟ دەپ سوراپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىبلىس مەلئۇن، ئاللاھنىڭ دۇئايىمنى ئىجاۋەت قىلغىنىنى، ئۈممىتىمنى مەغپىرەت قىلغىنىنى

بىلىپ باشلىرىغا توپا چېچىپ، ۋايجان توۋلاپ ئۆزىگە ھالاكەتنى سوراپ كەتتى، شۇ ئىشلار مېنى كۆلدۈردى دېدى، ئىبنى ماجە بىلەن بەيھەقى توپلىغان، ئىمام مۇھەممەد ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

## باب الدفع من عرفة والمزدلفة - الفصل الأول

## ئاراپات ۋە مۇزدەلىپە تېغىدىن كۆچۈش توغرىسىدا

**2604 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن هشام بن عروة عن أبيه قال : سئل أسامة بن زيد : كيف كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يسير في حجة الوداع حين دفع ؟ قال : كان يسير العنق فإذا وجد فجوة نص**

ئۇرۋە رەھ مۇنداق دېيدۇ؛ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا، ئاراپاتتىن مۇزدەلىپىگە كۆچكەندە، قانداق سەير قىلىپ ماڭغان؟ دەپ سورالدى، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەڭگىل، نورمال، ئوتتۇرھال سەير قىلىپ ماڭغان، خالىي جاينى تاپسا، تېز ماڭاتتى. دېدى. ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2605 - [ 2 ] ( صحيح )وعن ابن عباس أنه دفع مع النبي صلى الله عليه وسلم يوم عرفة فسمع النبي صلى الله عليه وسلم وراءه زجرا شديدا وضربا للإبل فأشار بسوطه إليهم وقال : " يا أيها الناس عليكم بالسكينة فإن البر ليس بالإيضاع " . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،ئاراپات كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللەكۆچكەن ئىكەن، رەسۇلۇللاھ ئارقىسى تەرەپتە تۆگىلەرنى ئۇرغان قاتتىق ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا قامچىسى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ئى خالايىق! خاتىرجەملىكنى، تېنچلىقنى لازىم تۇتۇڭلار! قىستاشماي مېڭىڭلار، چۈنكى، ياخشىلىق ھەجدە ئات ــ تۆگىنى تېز چاپتۇرۇۋېلىش بىلەن بولمايدۇ، تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2606 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعنه أن أسامة بن زيد كان ردف النبي صلى الله عليه وسلم من عرفة إلى المزدلفة ثم أردف الفضل من المزدلفة إلى منى فكلاهما قال : لم يزل النبي صلى الله عليه وسلم يلبي حتى رمى جمرة العقبة**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇسامەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاراپات تېغىدىن مۇزدەلىپىگەكۆچكىچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ ماڭدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزدەلىپىدىن مىنا تېغىغىچە ئارقىسىغا پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مىنگەشتۈرۈپ ماڭدى، ھەرئىككىلىسى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمرۇلئەقەبە دېگەن تاشنى شەيتانغا ئېتىپ بولغانغا قەدەر تەلبىيە ئېيتىپ ماڭغان دېدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمرۇلئەقبە دېگەن تاشنى شەيتانغا ئېتىپ بولسا، ئۇ جايدا تۇرماستىن، ۋوقۇپ قىلماستىن يۈرۈپ كېتەتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2607 - [ 4 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : جمع النبي صلى الله عليه وسلم المغرب والعشاء بجمع كل واحدة منهما بإقامة ولم يسبح بينهما ولا على إثر كل واحدة منهما . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمئى دېگەن تاغدا، شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جۈپلاپ ئۇقۇدى، بۇ ئىككى نامازنىڭ ھەربىرىگە ئايرىم،ئايرىم بىردىن تەكبىر ئەيتىپ ئۇقۇدى، (يەنى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئۇقۇدى)بۇ ئىككى نامازنىڭ ئارلىقىدا ۋە ئارقىسىدا ھېچ قانداق نەپلە ناماز ئۇقۇمىدى. بۇخارى توپلىغان.

**2608 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن مسعود قال : ما رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم صلى صلاة إلا لميقا ا إلا**

| |
|---|
| صلاتين : صلاة المغرب والعشاء بجمع وصلى الفجر يومئذ قبل ميقا ا<br><br>ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازنى پەقەت ئۆز ۋاقتىدىلا ئۇقۇغانلىقىنى كۆرەتتىم، لىكىن جەمئى دىگەن تاغدا، شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جۇپلاپ، ئۆزۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتتا ئۇقۇدى، شۇكۈنى بامدات نامىزىنىمۇ ئۆز ۋاقتىدىن بۇرۇنراق ئۇقۇدى. ئىمام بۇخارى ، مۇسلىم . |
| 2609 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : أنا ممن قدم النبي صلى الله عليه وسلم ليلة المزدلفة في ضعفة أهله<br><br>ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزدەلىپە كېچىسى، ئەھلىنىڭ ئاجىزلىرىدىن بۇرۇنراق يولغا سېلىۋەتكەنلەرنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم. ئىمام بۇخارى ، مۇسلىم |
| 2610 - [ 7 ] ( صحيح )وعن الفضل بن عباس وكان رديف النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال في عشية عرفة وغداة جمع للناس حين دفعوا : " عليكم بالسكينة " وهو كاف ناقته حتى دخل محسرا وهو من منى قال : " عليكم بحصى الخذف الذي يرمى به الجمرة " . وقال : لم يزل رسول الله صلى الله عليه وسلم يلبي حتى رمى الجمرة . رواه مسلم<br><br>پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مۇزدەلىپىدىن منا تېغىغىچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ ماڭغان ئىدىم، ئارپات كۈنىنىڭ ئاخشىمى، جەمئى تېغىدا ۋۇقۇپ قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىگىنى، كىشىلەر كۆچكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:ئى الله نىڭ بەندىللىرى! خاتىرجەملىكنى، تىنچلىقنى لازىم تۇتۇڭلار، دىدى، منا تېغىدىن بەتنى مۇھەسسەرگە كىرگىچە تۆگىسىنى تۇسۇپ تۇرۇپ ماڭدى، ئاندىن «جەمرە تېشىنى ئاتقاندا، بارماقلار بىلەن ئېتىشنى لازىم تۇتۇڭلار،» دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمرۇلئەقەبە دىگەن تاشنى شەيتانغا ئېتىپ بولغانغا قەدەر تەلبىي ئېيتىپ ماڭغان ئىدى. مۇسلىم تويلىغان، سەھەھ. |
| 2611 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )وعن جابر قال : أفاض النبي صلى الله عليه وسلم من جمع وعليه السكينة وأمرهم بالسكينة وأوضع في وادي محسر وأمرهم أن يرموا بمثل حصى الخذف وقال : " لعلي لا أراكم بعد عامي هذا " . لم أجد هذا الحديث في الصحيحين إلا في جامع الترمذي مع تقديم وتأخير<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمئى تېغىدىن خاتىرجەملىكنى، تىنچلىقنى لازىم تۇتقان ھالدا كۆچتى، ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى، بەتنى مۇھەسسەر دىگەن جايدا تىزراق ماڭدى، ئۇلارنى شەيتانغا تاش ئاتقاندا، بارماقلىرى بىلەن ئېتىشقا بۇيرىدى، «مەن سىلەرنى مۇشۇ يىلدىن كىيىن كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن» دىدى. تىرمىزى تويلىغان. |
| 2612 - [ 9 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )وعن محمد بن قيس بن مخرمة قال : خطب رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " إن أهل الجاهلية كانوا يدفعون من عرفة حين تكون الشمس كأنا عمائم الرجال في وجوههم قبل أن تغرب ومن المزدلفة بعد أن تطلع الشمس حين تكون كأنا عمائم الرجال في وجوههم . وإنا لا ندفع من عرفة حتى تغرب الشمس وندفع من المزدلفة قبل أن تطلع الشمس هدينا مخالف لهدي عبدة الأوثان والشرك " . رواه البيهقي في شعب الإيمان وقال فيه : خطبنا وساقه بنحوه<br><br>ئىبنى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئۇقۇپ مۇنداق دىدى: ھەقىقەتەن جاھالىيەت ئەھلى ئارپات تېغىدىن، قۇياش نۇرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە ئەرلەرنىڭ سەللىسىدەك، ئاقىرىپ قالغاندا، كۈن كىرىشتىن بۇرۇن كۆچۈپ قايتاتتى، مۇزدەلىپىدىن بولسا، قۇياش خۇددى ئۇلارنىڭ |

يۇزلىرىدە ئەرلەرنىڭ سەللىسىدەك، ئاقىرىپ قاللىغاندا، كۈن چىققاندىن كېيىن كۆچۈپ قايتاتتى، بىز ئارىپات تېغىدىن، كۈن كىرمىگىچە كۆچمەيمىز، كۈن كىرىپ بولغاندا كۈچىمىز، مۇزدەلىپەدىن بولسا، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن كۈچىمىز، بىزنىڭ يولىمىز ، بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇشرىك ئەھلىنىڭ يولىغا مۇخالىپتۇر.بەيھەقى توپلىغان.

**2613 - [ 10 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قدمنا رسول الله صلى الله عليه وسلم ليلة المزدلفة أغيلمة بني عبد المطلب على حمرات فجعل يلطح أفخاذنا ويقول : " أبيني لا ترموا الجمرة حتى تطلع الشمس " . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مۇزدەلىپەكېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بەنىي ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ كىچىك باللىرىنى ئېشەكلەرگە مىندۇرۇپ، ئالدىن يولغا سېلىشۇەتكەن ئىدى، بىزنىڭ يوتىللىرىمىز بىر ـ بىرىگە سۇقۇشۇپ تىگىشكە باشلىدى، شۇچاغدا بىزگە: ئى ئوغۇللۇرۇم، شەيتانغا ئاتىدىغان ئەقىبە تېشىنى كۈن چىقمىغۇچە ئاتماڭلار،دىدى. ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

**2614 - [ 11 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة قالت : أرسل النبي صلى الله عليه وسلم بأم سلمة ليلة النحر فرمت الجمرة قبل الفجر ثم مضت فأفاضت وكان ذلك اليوم اليوم الذي يكون رسول الله صلى الله عليه وسلم عندها . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممە سەلەمەتنى نەھرى كېچىسى ئالدىن ئەۋەتىۋەتتى، ئۇ شەيتانغا ئاتىدىغان جەمرە تېشىنى سۇبھىدىن بۇرۇنلا ئاتتى، ئاندىن يۈرۈپ، كۆچۈپ كەتتى، ئەشۇ كۈن بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يېنىدا بىللە بار بولغان كۈن ئىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2616 - [ 13 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن يعقوب بن عاصم بن عروة أنه سمع الشريد يقول : أفضت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فما مست قدماه الأرض حتى أتى جمعا . رواه أبو داود**

شەرىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كۆچۈپ قايتقان ئىدىم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى قەدىمى، جەئمى تېغىغا كەلگىچە، يەرگە تەگىپ باقمىدى. ئەبۇداۋۇد.

**2617 - [ 14 ] ( صحيح )وعن ابن شهاب قال : أخبرني سالم أن الحجاج بن يوسف عام نزل بابن الزبير سأل عبد الله : كيف نصنع في الموقف يوم عرفة ؟ فقال سالم إن كنت تريد السنة فهجر بالصلاة يوم عرفة فقال عبد الله بن عمر : صدق إنم كانوا يجمعون بين الظهر والعصر في السنة فقلت لسالم : أفعل ذلك رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ فقال سالم : وهل يتبعون في ذلك إلا سنته ؟ رواه البخاري**

ئىبنى شىھاب ؛ ماڭا سالىم مۇنداق خەۋەر قىلدى دەيدۇ؛ ھەججاج ئىبنى يۇسۇف، ئابدۇاللە ئىبنى زۇبەيرگە قارشى چۈشكەن يىلى، ئىبنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن، ئارىپات كۈنى ۋۇقۇف قىلىدىغان جايدا قانداق قىلىمىز؟ دەپ سوردى، سالىم؛(يەنى مەن:) ئەگەر سۈننەت بويىنچە قىلىشنى مەقسەت قىلساڭ، ئارىپات كۈنى پېشىن بىلەن ئەسىرنى جۈپلاپ بۇرۇنراق ئوقۇيسەن دىدى، «دادام» ئىبنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ئۇ راست دىدى، ئۇلار سۈننەت بويىنچە ئارىپات كۈنى پېشىن بىلەن ئەسىرنى جۈپلاپ بۇرۇنراق ئوقۇيتتى، دىدى، مەن سالىمغا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ شۇنداق قىلغانمۇ؟ دىسەم، ئۇماڭا: ئۇلار بۇ ئىشتا پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگىلا ئەگىشىدۇ دىدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

## باب رمي الجمار - الفصل الأول
## شەيتانغا تاش ئېتىش توغرىسىدا

**2618 - [ 1 ] ( صحيح )عن جابر قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يرمي على راحلته يوم النحر ويقول : " لتأخذوا**

**مناسككم فإني لا أدري لعلي لا أحج بعد حجتي هذه " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەھرى كۈنى تۆگىسى ئۈستىدە تۇرۇپ، شەيتانغا تاش ئاتقانلىقىنى كۆردۈم،شۇچاغدا مۇنداق دىگەن: سىلەر مەندىن ھەج ئىبادەت پائالىيەتلىرىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن كەلگۈسۈمنى بىلمەيمەن، مەن مېنىڭ مۇشۇ ھەججىمدىن كېيىن ھەج قىلالماسلىقىم مۇمكىن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، راستىنلا ھەج قىلالمىغان.

**2619 - [ 2 ] ( صحيح )وعنه قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم رمى الجمرة بمثل حصى الخذف . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەمرە تېشىنى بارماقلىرى بىلەن ئاتقانلىقىنى كۆردۈم. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ،

**2620 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعنه قال : رمى رسول الله صلى الله عليه وسلم الجمرة يوم النحر ضحى وأما بعد ذلك فإذا زالت الشمس**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمرۇلئەقبە دىگەن تاشنى شەيتانغا نەھرى كۈنى چاشكا ۋاقتى بىلەن ئاتتى، نەھرى كۈندىن كېيىنكى تەشرىق كۈنلىرىدىكى تاشنى كۈن قەرىلگەندە ئاتقان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ

**2621 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن مسعود : أنه انتهى إلى الجمرة الكبرى فجعل البيت عن يساره ومنى عن يمينه ورمى بسبع حصيات يكبر مع كل حصاة ثم قال : هكذا رمى الذي أنزلت عليه سورة البقرة**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، چوڭ تاشنى ئاتىدىغان جايغاكەلگەندە، كەئبىنى سول تەرىپىدە، مىنا تېغىنى ئوڭ تەرىپىدە قىلىپ تۇرۇپ، يەتتە تال تاش ئاتتى، ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا « الله ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئەيتتى، ئاندىن ئۇ: ئۆزىگە سۈرە بەقەرە نازىل قىلىنغان زات رەسۇلۇللاھمۇ ئەنە شۇنداق ئاتقان دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**2622 - [ 5 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الاستجمار تو ورمي الجمار تو والسعي بين الصفا والمروة تو والطواف تو وإذا استجمر أحدكم فليستجمر بتو " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىستىنجا تاق، شەيتانغا تاش ئېتىش تاق، سەپا ــ مەرۋە تېغى ئارىسىدىكى سەئيى قىلىپ ئويناخشىپ مېڭىش تاق، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش تاق، بىرىڭلار ئىستىنجا قىلسا، تاق قىلسۇن، (ئاللاھ تاقنى ياخشى كۆرىدۇ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2623 - [ 6 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن قدامة بن عبد الله بن عمار قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يرمي الجمرة يوم النحر على ناقة صهباء ليس ضرب ولا طرد وليس قيل : إليك إليك . رواه الشافعي والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي**

قۇدامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەھرى كۈنى، سەھبائ دىگەن بوز تۆگىسى ئۈستىدە تۇرۇپ ، شەيتانغا تاش ئاتقانلىقىنى كۆردۈم، تۆگىسنى ئۇرمايتتى، ئىتتىك قوغلىمايتتى، باشقىلارنى ئىتتىرمەيتتى، پوش-پوش، يىراق تۇرۇڭلار دىمەيتتى.شاپئى،تىرمىزى،نەسەئى،ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

**2624 - [ 7 ] ( ضعيف )وعن عائشة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إنما جعل رمي الجمار والسعي بين الصفا والمروة لإقامة ذكر الله " . رواه الترمذي والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن تاش ئېتىش،

ساپا ــ مەرۋە تېغىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيي قىلىپ يورغىلاپ مېڭىش، ئاللاھنىڭ زىكرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن قىلىندى، دارمى، تىرمىزى خاتىرلەپ ھەسەن، سەھىھ دېگەن بولسىمۇ شەيخ ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن،

2625 - [ 8 ]وعنها قالت : قلنا :يا رسول الله ألا نبني لك بناء يظلك بمنى ؟ قال : لا منى مناخ من سبق .رواه الترمذي وابن ماجه الدارمي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، بىز: ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! بىز سىلىگە مىنادا بىر ئۆي سېلىپ بېرەيلى، سىلى شۇ ئۆيدە سايىدىسىلا دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ياق ئۇنداق قىلماڭلار، مىنا تېغى ئۇ يەرگە بۇرۇن بارغان كىشىنىڭ چۈشۈش ئورنى دېدى، (يەنى ھەججدە). تىرمىزى 807 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1726 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2997 ــ ھەدىس، ئەھمەد 24365 ــ ھەدىس، ھاكىم ،دارىمىلار تويلىغان ھەسەن.

2626 - [ 9 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن نافع قال : إن ابن عمر كان يقف عند الجمرتين الأوليين وقوفا طويلا يكبر الله ويسبحه ويحمده ويدعو الله ولا يقف عند جمرة العقبة . رواه مالك

ئىمام مالىكنىڭ شەيخى ناپىئ رەھ مۇنداق دېيدۇ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ، ئەۋۋەلقى ئىككى تاشنى ئاتقاندا، ناھايىتى ئۇزۇن تۇراتتى، **الله** قا تەكبىر،تەسبىھ، ھەمدە ئەيتىپ ، دۇئا قىلاتتى، ئاخىرقى ئەقبە تېشىنى ئاتقاندا ئۇنداق تۇرمايتتى. ئىمام مالىك تويلىغان سەھىھ.

باب الهدي - الفصل الأول          مەككىدە بوغۇزلىنىدىغان ھەدىي توغرىسىدا

2627 - [ 1 ] ( صحيح )عن ابن عباس قال : صلى رسول الله صلى الله عليه وسلمالظهر بذي الحليفة ثم دعا بناقته فأشعرها في صفحة سنامها الأيمن وسلت الدم عنها وقلدها نعلين ثم ركب راحلته فلما استوت به على البيداء أهل بالحج . رواه مسلم

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننى زۇلھۇلەيپتە ئوقۇپ، ئاندىن قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىسىنى كەلتۈرۈپ،تۆگىنىڭ لۆكىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن قان چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سۈركەپ، ئىككى ئاياقنى ئۇنىڭغا ئېسىپ بەلگە قىلىپ، ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ، تۆگىسى بەيدائ دېگەن جايدا راۋ ـ رۇس تۇرغاندا، ھەججگە ئىھرام باغلىدى. مۇسلىم تويلىغان.

2628 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : أهدى النبي صلى الله عليه وسلم مرة إلى البيت غنما فقلدها

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم، قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن، بەيتۇ**الله** قا قوي ھەدىي قىلغان ئىدى، قويغىمۇ نەرسە ئېسىپ بەلگە قىلغان ئىدى.بۇخارى، مۇسلىم.

2629 - [ 3 ] ( صحيح )وعن جابر قال : ذبح رسول الله صلى الله عليه وسلم عن عائشة بقرة يوم النحر . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەھرى كۈنى ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ھەققىدىن، بىر كالا قۇربانلىق قىلىپ بوغۇزلىغان ئىدى. مۇسلىم تويلىغان.

2630 - [ 4 ] ( صحيح )وعنه قال : نحر النبي صلى الله عليه وسلم عن نسائه بقرة في حجته . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغاندا ، ئاياللىرى ھەققىدىن، كالا بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلغان ئىدى. مۇسلىم تويلىغان.

2631 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : فتلت قلائد بدن النبي صلى الله عليه وسلم بيدي ثم قلدها وأشعرها وأهداها فما حرم عليه كان أحل له

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىللىرىنىڭ بوينىغا ئاسىدىغان قەلادىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئەشىپ، تۇقۇپ بەرگەن ئىدىم، ئاندىن ئۇنى تۆگىگە ئېسىپ، قان چىقىرىپ بەلگە سېلىپ، ئۆتۈگىلەرنى قۇربانلىق ئۈچۈن ھەدىي قىلغان ئىدى، بۇنىڭلىق بىلەنلا ، رەسۇلۇللاھقا ھالال بولغان نەرسىلەر ھارام بولۇپ كەتمىدى(يەنى ئېھرام باغلىغان بولمىدى) بۇخارى،مۇسلىم.

**2632 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعنها قالت : فتلت قلائدها من عهن كان عندي ثم بعث ا مع أبي**

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىللىرىنىڭ بوينىغا ئاسىدىغان قەلادىللىرىنى، يېنىمدا بار بولغان يۇڭدىن، ئۆز قولۇم بىلەن ئەشىپ، تۇقۇپ بەرگەن ئىدىم، ئاندىن ئۇ قۇربانلىقلارنى دادام بىلەن مەككىگە ئەۋەتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

**2633 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم رأى رجلا يسوق بدنة فقال : " اركبها " . فقال : إنا بدنة . قال : " اركبها " . فقال : إنا بدنة . قال : " " اركبها ويلك " في الثانية أو الثالثة**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىي تۆگىسىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىركىشى كۆرۈپ ئۇكىشىگە؛ ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن، دېدى، ئۇكىشى؛ بۇ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگە ئىدى دېدى، رەسۇلۇللاھ يەنە؛ ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن، دېدى، ئۇكىشى يەنە؛ بۇ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگە ئىدى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىنچى ياكى ئۈچۈنچى قېتىم؛ ساڭا ۋايدۇر، ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن، دېدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2634 - [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي الزبير قال : سمعت جابر بن عبد الله سئل عن ركوب الهدي فقال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " اركبها بالمعروف إذا ألجئت إليها حتى تجد ظهرا " . رواه مسلم**

ئەبۇززۇبەير مۇنداق دەيدۇ؛ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، قۇربانلىققا ئاتاپ ئەكەلگەن ھەدىيلەرگە مىنىش توغرىسىدا سورالغاندا، مەن ئۇنىڭ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم ،دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: مىنىدىغان نەرسە تاپقىچە، قۇربانلىققا ئاتاپ ئەكەلگەن ھەدىيلەرگە يەنى تۆگە، كاللارغا ياخشىلىقچە مىنسەڭلار بولىدۇ.مۇسلىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**2635 - [ 9 ] ( صحيح )وعن ابن عباس رضي الله عنهما قال : بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم ستة عشر بدنة مع رجل وأمره فيها . فقال : يا رسول الله كيف أصنع بما أبدع علي منها ؟ قال : " انحرها ثم اصبغ نعليها في دمها ثم اجعلها على صفحتها ولا تأكل منها أنت ولا أحد من أهل رفقتك " . رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس، زۇئەيبىبنى ھەلھەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن 16 تۆگىنى بىركىشى بىلەن ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا شۇكىشىنى باشلىق قىلدى، ئۇكىشى؛ ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر بۇتۆگىلەردىن بىرەرسى ھالاك بولسا، ياكى ھېرىپ قېلىپ يېتىۋالسا ، مەن قانداق قىلىمەن؟ دېگەندە، مۇنداق دېدى: ئەگەر مەككىگە ئەۋەتىلگەن قۇربانلىق تۆگە ـ كاللاردىن بىرەرسى ھالاكەتكە يېقىنلىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرسەڭ، ئۇنى بوغۇزلىۋەتكىن، ئاندىن پاچىقىنى، تۇۋىقىنى قېنىغا چىلاپ،تىرىكلىرىنىڭ يېنىغا ئۇرغىن، يەنى يېنىغا ئېسىپ قوي، ھەدىي ئىكەنلىكىگە بەلگە بولۇپ قالسۇن، ئۇنىڭدىن سەن ۋە ھەمراھلىرىڭدىن بىرەر كىشى يېمىسۇن،بوغۇزلىغىنىڭنى تەقسىم قىلىپ بەر باشقىلار يىسۇن.
مۇسلىم 2349 ــ ھەدىس، ئەھمەد 17292 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3096 . ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، سەھىھ.

**2636 - [ 10 ] ( صحيح )وعن جابر قال : نحرنا مع رسول الله عام الحديبية البدنة عن سبعة والبقرة عن سبعة . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز ھۇدەيبىييە يىلى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە، تۆگىنى يەتتە كىشىدىن ، كالىنىمۇ يەتتە كىشىدىن قۇربانلىق قىلىپ بوغۇزلىغان ئىدۇق.مۇسلىم توپلىغان.

**2637 - [ 11 ](متفق عليه )وعن ابن عمر : أنه أتى على رجل قد أناخ بدنته ينحرها قال : ابعثها قياما مقيدة سنة محمد صلى الله عليه وسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، تۆگىسىنى چۆكىلاندۇرۇپ، ياتقۇزۇپ تۇرۇپ بوغۇزلاۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە كىلىپ قىلىپ؛ ھەي! سەن ئۇنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى بويىنچە، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، پۇتلىرىنى باغلاپ بوغۇزلا دىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2638 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن علي رضي الله عنه قال : أمرني رسول الله صلى الله عليه وسلم أن أقوم على بدنه وأن أتصدق بلحمها وجلودها وأجلتها وأن لا أعطي الجزار منها قال : " نحن نعطيه من عندنا "**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق تۆگىللىرىنىڭ ئۈستىدە مەسئۇل بولۇپ تۇرۇشۇمغا بۇيرىدى، شۇنداقلا قۇربانلىق مالنىڭ گۆشلىرىنى، تىرىللىرىنى، توقام،ئۇچۇلۇق، ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى سەدىقە قىلىشىمغا بۇيرىدى، ئۇنى سويغان قاسساپقا قۇربانلىقتىن بەرمەسلىكىمگە، بەلكى ئۇنىڭغا ھەققىنى ئۆز يېنىمىزدىن بىرىشىمىزگە بۇيرىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2639 - [ 13 ] ( متفق عليه )وعن جابر قال : كنا لا نأكل من لحوم بدننا فوق ثلاث فرخص لنا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " كلوا وتزودوا " . فأكلنا وتزودنا**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز بۇرۇن قۇربانلىقلىرىمىزنىڭ گۆشلىرىدىن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق يىمەيتتۇق، ئاندىن كىيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە رۇخسەت قىلىپ؛ خالىغانچە يەڭلار، ئۇنىڭدىن ئۇزۇق ـ تۈلۈك راسلاپ ئېلىپمۇ قويۇڭلار دىدى.بىز شۇنداق قىلدۇق.بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2640 - [ 14 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم أهدى عام الحديبية في هدايا رسول الله صلى الله عليه وسلم جملا كان لأبي جهل في رأسه برة من فضة وفي رواية من ذهب يغيظ بذلك المشركين . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىييە يىلى قۇربانلىققا ھەدىي ئېلىۋالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىي تۆگىللىرى ئارىسىدا، ئەبۇجەھىلنىڭ بىر تۆگىسىمۇ بار ئىدى، ئۇ تۆگىنىڭ بېشىدا يەنى بۇرنىدا كۈمۈش ياكى ئالتۇن ھالقا بار ئىدى، بۇتۆگىنى قۇربانلىق قىلىشتىش مۇشرىكلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2641 - [ 15 ] وعن ناجية الخزاعي قال : قلت : يا رسول الله كيف أصنع بما عطب من البدن ؟ قال : " انحرها ثم اغمس نعلها في دمها ثم خل بين الناس وبينها فيأكلونا " . رواه مالك والترمذي وابن ماجه**

ناجىيەتۇلئەسلىمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر قۇربانلىققا ئېلىپ ماڭغان تۆگە ـ كالىلاردىن بىرەرسى ھالاك بولماقچى بولسا،مەن قانداق قىلىمەن؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر قۇربانلىققا ئېلىپ ماڭغان تۆگە ـ كالىلاردىن بىرەرسى ھالاك بولماقچى بولسا، يەنى ئۆلۈشكە يېقىن بولۇپ قالسا، ئۇنى بوغۇزلىۋەت، ئاندىن ئۇنىڭ پاچىقىنى قېنىغا چىلاپ،تىرىكلىرىنىڭ يېنىغا ئېسىپ قوي، باشقىلار بىلسۇن، ئاندىن بوغۇزلىغىنىڭنى كىشىلەرگە قويىۋەت، يەۋالسۇن. ئەھمەد،مالىك،تىرمىزى،

| |
|---|
| ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| 2642 - [ 16 ] ( لم تتم دراسته )ورواه أبو داود والدارمي عن ناجية الأسلمي |
| 2643 - [ 17 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن قرط رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن أعظم الأيام عند الله يوم النحر ثم يوم القر " . قال ثور : وهو اليوم الثاني . قال : وقرب لرسول الله صلى الله عليه وسلم بدنات خمس أو ست فطفقن يزدلفن إليه بأيتهن يبدأ قال : فلما وجبت جنو ا . قال فتكلم بكلمة خفية لم أفهمها فقلت : ما قال ؟ قال : " من شاء اقتطع " . رواه أبو داود وذكر حديثا ابن عباس وجابر في باب الأضحية<br><br>ئابدۇللاھ ئىبنى قۇرتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالLAھنىڭ نەزىرىدىكى كۈنلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغراقى، نەھرى كۈن يەنى قۇربانلىق كۈنىدۇر، ئاندىن قالسا، يەۋمۇلقىر (يەنى ئەتىسىدۇر، يەنى زۇلھەججىنىڭ 11 _ كۈنى،قۇربانلىقنىڭ ئىككىنچى كۈنىدۇر «بۇ كۈننى بۇنداق «قىر»دەپ ئاتاش بولسا، كىشىلەرنىڭ زىيارەت ئۈچۈن ئۆيدە قارار ئېلىپ، جىم، مۇقىم تۇرۇشى ئۈچۈندۇر»ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قۇربانلىق قىلىشى ئۈچۈن بەش ياكى ئالتە تۈگە كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ قايسىسىنى قۇربانلىق قىلىش بىلەن باشلىماقچى بولسا، شۇتۈگە رەسۇلۇللاھقا يېقىن كېلىپ تۇراتتى، (بۇ مۆجىزىدۇر) ئاندىن تۈگىلەرنىڭ يېنى يەرگە تېگىپ بولغاندا، (يەنى تۇلۇق قۇربانلىق قىلىنىپ بولغاندا)؛مەخپى ، بوشراق بىرئېغىز سۆز قىلدى، مەن ئۇسۆزنى چۈشىنەلمەي،بىرسىدىن سورىسام، ئۇكىشى ماڭا؛<br>رەسۇلۇللاھ:خالىغان كىشى بۇ گۆشتىن كېسىپ يىسۇن دىدى، دەپ بەردى. ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. |
| 2644 - [ 18 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن سلمة بن الأكوع قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم " من ضحى منكم فلا يصبحن بعد ثالثة وفي بيته منه شيء " . فلما كان العام المقبل قالوا : يا رسول الله نفعل كما فعلنا العام الماضي ؟ قال : " كلوا وأطعموا وادخروا فإن ذلك العام كان بالناس جهد فأردت أن تعينوا فيهم "<br><br>ئەبۇ سەئىد،ئىبنى ئەكۋەئ،قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىرەركىشى قۇربانلىق قىلسا، ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىدە قۇربانلىقىدىن بىرەر نەرسە بارھالدا تاڭ ئاتقۇزمىسۇن، ( يەنى باشقىلارغا بەرسۇن).كېلەر يىلى بولغاندا، كىشىلەر؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇ يىلمۇ ئۆتكەن يىلى قىلغاندەك قىلامدۇق ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مانا ئەمدى قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنى يەڭلار، باشقىلارغا تاماق قىلىپ بىرىڭلار، ساقلاش ئۈچۈن ئېلىپمۇ قويۇڭلار، شۇ يىلى كىشىلەرگە مۇشەققەت،قىيىنچىلىق،ئاچارچىلىق بولغان ئىدى، مەن ئۇلارغا ياردەم قىلىشىڭلارنى مەقسەت قىلغان ئىدىم، دىدى. ئەھمەد ،بۇخارى،مۇسلىم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. (بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى ئۈچ نەرسىدىن توسقان ئىدىم، مانا ئەمدى ئۇ نەرسىگە بۇيرۇيمەن، مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم، مانا ئەمدى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ. ئۇنىڭدا ۋەز _ نەسىھەت، ئىبرەت بار، مەن سىلەرنى تېرىدىن باشقا تۇلۇن قاچىلاردا ئىچمەڭلار دەپ توسقان ئىدىم، مانا ئەمدى ھەر قانداق تۇلۇن، قاچا بولسا، ئۇنىڭدا نەرسە ئىچسەڭلار بولىدۇ، لېكىن، مەست قىلغۇچىنى ئىچمەڭلار، ئۇ ھاراقتۇر. مەن سىلەرنى قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشىڭلارنى توسقان ئىدىم، ئەمدى ساقلاپ يەۋېرىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن سەپەرلىرىڭلاردىمۇ پايدىلىنىڭلار، سەدىقە قىلىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. |
| 2645 - [ 19 ] وعن نبيشة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن كنا نهينا عن لحومها أن تأكلوها |

**فوق ثلاث لكي تسعكم . جاء الله بالسعة فكلوا وادخروا وأتجروا . ألا وإن هذه الأيام أيام أكل وشرب وذكر الله رواه أبو داود**

نەبىيشەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن بىز سىلەرنى قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئوشۇق يىيىشكىلاردىن توسقان ئىدۇق، بۇ سىلەرگە كەڭرى بولسۇن ئۈچۈن ئىدى، ئەمدى ئاللاھتائالا سىلەرگە كەڭرى قىلىپ بەردى، ھەممىڭلاردا بار بولدى، ئەمدى سىلەر خالىغانچە يەڭلار، ئېلىپ قويۇپ ساقلاپمۇ يەڭلار، ئۇنىڭدىن سەدىقە _ ئېھسان قىلىپ،الله تىن ئەجرى تەلەپ قىلىڭلار، ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ كۈنلەر يەپ ئىچىشنىڭ كۈنلىرىدۇر، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىش كۈنلىرىدۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## باب الحلق - الفصل الأول ئىھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرتۈش توغرىسىدا

**2636 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم حلق رأسه في حجة الوداع وأناس من أصحابه وقصر بعضهم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا چېچىنى چۈشۈرتتى، ۋە ساھابىللىرىدىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر چېچىنى چۈشۈرتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى كەستۈرۈپ، چېچىنى قىسقارتتى. ئىمام بۇخارى ، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2647 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : قال لي معاوية : إني قصرت من رأس النبي صلى الله عليه وسلم عند المروة بمشقص**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ مەن مەرۋىدە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنى ئوق يانىڭ تىغى بىلەن كىسىپ، قىسقارتىپ قويغان ئىدىم دىدى. ئىمام بۇخارى ، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2648 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال في حجة الوداع : " اللهم ارحم المحلقين " . قالوا : والمقصرين يا رسول الله ؟ قال : " اللهم ارحم المحلقين " . قالوا : والمقصرين يا رسول الله ؟ قال : " والمقصرين "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا:«ئى الله! ئىھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھىم قىلسىلا»دىدى، ئۇلار: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگىمۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ يەنە: «ئى الله! ئىھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھىم قىلسىلا»دىدى، ئۇلار: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگىمۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ ئۈچۈنجى قېتىم؛ «ئى الله! ئىھرامدىن چىققاندا چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگىمۇ رەھىم قىلسىلا»دىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2649 - [ 4 ] ( صحيح )وعن يحيى بن الحصين عن جدته أنا سمعت النبي صلى الله عليه وسلم في حجة الوداع دعا للمحلقين ثلاثا وللمقصرين مرة واحدة . رواه مسلم**

يەھيانىڭ چوڭ ئانىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەججەتۇلۋىدادا، ئىھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە ئۈچ قېتىم، ئىھرامدىن چىققاندا چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگەبىر قېتىم (رەھمەت سوراپ)دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم.مۇسلىم.

**2650 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم أتى منى فأتى الجمرة فرماها ثم أتى م له بمنى ونحر نسكه ثم دعا بالحلاق وناول الحالق شقه الأيمن ثم دعا أبا طلحة الأنصاري فأعطاه إياه ثم ناول الشق الأيسر فقال " احلق " فحلقه فأعطاه طلحة فقال : " اقسمه بين الناس "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم منىا تېغىغا كېلىپ، شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ، ئاندىن منادىكى ئورنىغا چۈشۈپ، قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ، ئاندىن سەتىراچىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى تۇتۇپ بەردى، ئۇچۈشۈرۈپ بولغاندا ئەبۇتەلھەنى چاقىرىپ، چۈشۈرۈلگەن چېچىنى ئۇنىڭغا بەردى، ئاندىن بېشىنىڭ سول تەرىپىنى تۇتۇپ بېرىپ؛ چۈشۈرگىن دېدى، چاچنى چۈشۈرتۈپ بولۇپ، چۈشۈرۈلگەن چېچىنى تەلھەگە بېرىپ: بۇنى كىشىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەرگىن دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**2651 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كنت أطيب رسول الله صلى الله عليه وسلم قبل أن يحرم ويوم النحر قبل أن يطوف بالبيت بطيب فيه مسك**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېھرام باغلىشىدىن بۇرۇن، ۋە نەھرى كۈنى كەئبىنى ئاخىرقى قېتىم تاۋاپ قىلىشىدىن بۇرۇن مىسكى بار ئەتىرنى چېچىپ قويۇاتتىم. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2652 - [ 7 ] ( صحيح )وعن ابن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أفاض يوم النحر ثم رجع فصلى الظهر بمنى . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەھرى كۈنى بەيتۇللاھ قا كۆچۈپ كېلىپ، ئاندىن قايتىپ بېرىپ، پېشىننى منىا تېغىدا ئۇقۇدى. مۇسلىم توپلىغان.يۇقىرقى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، پېشىننى كەئبىدە ئوقۇدى دېيىلدى، الله ئەئلەم، شەرھى كۆرۈڭ.

**2653 - [ 8 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )**

**عن علي وعائشة رضي الله عنهما قالا : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن تحلق المرأة رأسها . رواه الترمذي**

ئائىشە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئايال كىشىنىڭ چېچىنى چۈشۈرتىشىدىن توسقان. تىرمىزى توپلىغان.(شۇڭا ئايال كىشى ھەجدەچاچىنىڭ ئۇچىدىن كىچىككىنە كېسىدۇ)

**2654 - [ 9 ] وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس على النساء الحلق إنما على النساء التقصير " . رواه أبو داود والدارمي وهذا الباب خال من الفصل الثالث**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەج قىلغاندا ، ئاياللار چېچىنى چۈشۈرمىسىمۇ بولىدۇ، ھەققەتەن ئۇلار چېچىنىڭ ئۇچىدىن قىرقىپ، قىسقارتسا كۇپايە بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد،دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

## باب في التحلل ونقلهم بعض الأعمال على بعض - الفصل الأول

**ئېھرامدىن چىقىپ ھالال بولۇش، بىر قىسىم ئەمەللەرنى ئىلگىر-كېيىن قىلىپ قېلىش توغرىسىدا**

**2655 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عبد الله بن عمرو بن العاص : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم وقف في حجة الوداع بمنى للناس يسألونه فجاءه رجل فقال : لم أشعر فحلقت قبل أن أذبح . فقال : " اذبح ولا حرج " فجاء آخر فقال : لم أشعر فنحرت قبل أن أرمي . فقال : " ارم ولا حرج " . فما سئل النبي صلى الله عليه وسلم عن شيء قدم ولا أخر إلا قال : " افعل ولا حرج " وفي رواية لمسلم : أتاه رجل فقال : حلقت قبل أن أرمي . قال : " ارم ولا حرج " وأتاه آخر فقال : أفضت إلى البيت قبل أن أرمي . قال : " ارم ولا حرج "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتولۋىدادا، منىا

تېغىدا كىشىلەرنىڭ سوئال سورىشىلىشى ئۈچۈن تۇردى، بىركىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن قۇربانلىق قىلىشىمدىن بۇرۇن چېچىمنى چۈشۈرۈپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: قۇربانلىق قىلغۇرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى، يەنەبىر كىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن تاش ئېتىشىمدىن بۇرۇن قۇربانلىقمنى بوغۇزلاپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تاش ئېتىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىلگىر ـ ئاخىر قىلىنغان نەرسىدىن سوئال سورالسىلا، قىلىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دەيتتى، مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە؛ بىركىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن تاش ئېتىشىمدىن بۇرۇن چېچىمنى چۈشۈرۈپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تاش ئېتىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى، يەنەبىر كىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن تاش ئېتىشىمدىن بۇرۇن كەئبىگە كۆچۈپ قايتىپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تاش ئېتىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**2656 - [ 2 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يسأل يوم النحر بمنى فيقول : " لا حرج " فسأله رجل فقال : رميت بعد ما أمسيت . فقال : " لا حرج " . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەھرى كۈنى، مىنا تېغىدا (ئىلگىر ـ ئاخىر قىلىنغان نەرسىدىن) سوئال سورالسىلا، قىلىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى، بىركىشى؛ مەن بەك كەچ كىرگەندىن كېيىن تاش ئېتىپ قالدىم دېسە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: گۇناھ يوقتۇر دېدى. بۇخارى.

**2657 - [ 3 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن علي قال : أتاه رجل فقال : يا رسول الله إني أفضت قبل أن أحلق فقال : " احلق أو قصر ولا حرج " . وجاء آخر فقال : ذبحت قبل أن أرمي . قال : " ارم ولا حرج " . رواه الترمذي**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن چېچىمنى چۈشۈرۈ ـ شىمدىن بۇرۇن كەئبىگە كۆچۈپ قايتىپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: چېچىڭنى چۈشۈرىۋەرگىن، ياكى قىسقارتقىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى. يەنەبىر كىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن تاش ئېتىشىمدىن بۇرۇن قۇربانلىقمنى بوغۇزلاپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تاش ئېتىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى.تىرمىزى توپلىغان.

**2658 - [ 4 ] الفصل الثالث عن أسامة بن شريك قال : خرجت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم حاجا فكان الناس يأتونه فمن قائل : يا رسول الله سعيت قبل أن أطوف أو أخرت شيئا أو قدمت شيئا فكان يقول : " لا حرج إلا على رجل اقترض عرض مسلم وهو ظالم فذلك الذي حرج وهلك " . رواه أبو داود**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلىپ چىققان ئىدىم، كىشىلەر كېلىپ سوئال سوراشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن تاۋاپ قىلىشتىن بۇرۇن سەئيى قىلىپ سايتىمەن؟دېسە، يەنەبەزىسى؛ مەن پالانى ئىشنى كېيىن قىلىپ قاپتىمەن،ياكى پالانى ئىشنى بۇرۇن قىلىپ قاپتىمەن دەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھتائالا قىيىنچىلىق، ھەرەجنى ئېلىپ تاشلىغان، ھەرەج يوق، لېكىن بىر كىشى مۇسۇلمان كىشىنىڭ يۈز ــ ئابرۇيىنى تۆكۈشنى تەلەپ قىلسا، مال ــ مۈلكىنى زۇلۇم قىلىپ، تەلەپ قىلىپ ئېلىۋالسا، ئەنە شۇ كىشى ئۆزىنى قىيىنچىلىق، ھەرەجگە تاشلايدۇ، ھالاك بولۇپ كېتىدۇ، گۇناھكار بولىدۇ دېدى. ئەھمەد، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

## باب خطبة يوم النحر ورمي أيام التشريق والتوديع - الفصل الأول

**نەھرى كۈنىدىكى خۇتبە، قۇربانلىق كۈنىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە تاش ئېتىش ۋە ۋىدالىشىپ خوشلىشىش توغرىسىدا**

**2659 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي بكرة رضي الله عنه قال : خطبنا النبي صلى الله عليه وسلم يوم النحر قال : " إن الزمان قد استدار كهيئته يوم خلق الله السماوات والأرض السنة اثنا عشر شهرا منها أربعة حرم ثلاث متواليات ذو القعدة وذو الحجة والمحرم ورجب مضر الذي بين جمادى وشعبان " وقال : " أي شهر هذا ؟ " قلنا : الله ورسوله أعلم فسكت حتى ظننا أنه سيسميه بغير اسمه فقال : " أليس ذا الحجة ؟ " قلنا : بلى . قال : " أي بلد هذا ؟ " قلنا : الله ورسوله أعلم فسكت حتى ظننا أنه سيسميه بغير اسمه قال : " أليس البلدة ؟ " قلنا : بلى قال " فأي يوم هذا ؟ " قلنا : الله ورسوله أعلم فسكت حتى ظننا أنه سيسميه بغير اسمه . قال : " أليس يوم النحر ؟ " قلنا : بلى . قال : " فإن دماءكم وأموالكم وأعراضكم عليكم حرام كحرمة يومكم هذا في بلدكم هذا في شهركم هذا وستلقون ربكم فيسألكم عن أعمالكم ألا فلا ترجعوا بعدي ضلالا يضرب بعضكم رقاب بعض ألا هل بلغت ؟ " قالوا : نعم . قال : " اللهم اشهد فليبلغ الشاهد الغائب فرب مبلغ أوعى من سامع "**

ئىبنى ئۆمەر،ئەبۇبۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەھرى كۈنى بىزگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن زامان، الله تائالا ئاسمان ـ زىمىننى ياراتقان كۈنىدىكى ھەيئىتىدەك ئايلىنىۋاتىدۇ، بىر يىل 12 ئايدۇر، ئۇنىڭدىن تۆت ئاي ھارامدۇر، (يەنى ئۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش ھارامدۇر) ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئۈچ ئاي، كەينى ـ كەينىدىن كىلىدۇ، ئۇلار زۇلقەئدە، زۇلھەج ، مۇھەررەمدۇر(يەنى 11 ـ 12 ـ 1 ـ ئايلاردۇر) تۆتىنجىسى شەئبان بىلەن جمادى ئاينىڭ ئارلىقىدىكى رەجەب ئېيىدۇر. بۇ قايسى ئايدۇر؟ دىدى، بىز: الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دىدۇق، رەسۇلۇللاھ بىر ئاز جىم تۇردى، بىز ئۇ ئاينى ئۇنىڭ ئىسمىدىن باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتاپ بىرەمدىكى دەپ گۇمان قىلىپ قالدۇق، ئاندىن بۇ زۇلھەج ئېيى ئەمەسمۇ؟ دىدى، بىز ئەلۋەتتە زۇلھەج ئېيىدۇر دىسەك، بۇ قايسى شەھەردۇر؟ دىدى، بىز: الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دىدۇق، رەسۇلۇللاھ بىر ئاز جىم تۇردى، بىز ئۇ شەھەرنى ئۇنىڭ ئىسمىدىن باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتاپ بىرەمدىكى دەپ گۇمان قىلىپ قالدۇق، ئاندىن بۇ مەككەشەھرى ئەمەسمۇ؟ دىدى، بىز ئەلۋەتتە بۇ مەككە شەھرىدۇر دىسەك، بۇ قايسى كۈندۇر؟ دىدى، بىز: الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى ئالىم دىدۇق، رەسۇلۇللاھ بىر ئاز جىم تۇردى، بىز بۇ كۈننى ئۇنىڭ ئىسمىدىن باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتاپ بىرەمدىكى دەپ گۇمان قىلىپ قالدۇق، ئاندىن بۇ نەھرى كۈنى ئەمەسمۇ؟ دىدى، بىز ئەلۋەتتە بۇ نەھرى كۈنىدۇر دىدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن قانلىرىڭلار، جانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، يۈز ـ ئابرۇيلىرىڭلار بىر ـ بىرىڭلارغا، خۇددى مۇشۇ شەھىرىڭلاردا مۇشۇ ئېيىڭلاردا، مۇشۇ كۈنىڭلار ھارام بولغاندەك (مۇشۇكۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ھارام بولغاندەك) ھارامدۇر، سىلەر پات يېقىندا رەببىڭلارغا مۇلاقات بولۇپ ئۇچرىشىسىلەر، رەببىڭلار سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن سورايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار، (سىلەرگە ۋاي، سىلەر ئۆزۈڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، قاراپراق ئىش قىلارسىلەر)، مەندىن كېيىن بەزىڭلار، بەزىڭلارنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇش بىلەن كاپىرلىققا،زالالەتكە قايتىپ كەتمەڭلار، ئاگاھ بولۇڭلار، مەن تولۇق يەتكۈزدىممۇ؟ ئۇلار ھەئە تولۇق يەتكۈزدىلە دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، ئاندىن ھازىر بۇ جايدا بار بولغان كىشلەر، يوق بولۇپ قالغان كىشلەرگە مېنىڭ سۆزلىرىمنى يەتكۈزسۇن، (ھازىرقىلار كىيىنكىلەرگە ، ھازىر بولغانلار غائىپ بولغانلارغا يەتكۈزسۇن،كۆپۈنچە ھەدىس يەتكۈزۈلگەن كىشى ئۇنى ئاڭلىغۇچىدىن بەكىرەك يادا ئېلىپ ساقلايدۇ،دىدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2660 - [ 2 ] ( صحيح )وعن وبرة قال : سألت ابن عمر : متى أرمي الجمار ؟ قال : إذا رمى إمامك فارمه فأعدت عليه المسألة . فقال : كنا نتحين فإذا زالت الشمس رمينا . رواه البخاري**

ۋەبرەت رەھ مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن شەيتانغا تاشنى قاچان ئاتىمەن؟ دەپ سورسام ، ئۇماڭا؛

ئىمامىڭ ئاتقاندا ئاتقىن دىدى، مەن ئۇنىڭدىن قايتا ـ قايتا سورسام، ئۇماڭا: بىز ۋاقىتنى كۈتۈپ ئىنتىزار بۇلاتتۇق، كۈن قەرىلگەن ھامان شەيتانغا تاش ئاتاتتۇق دىدى. بۇخارى تويلىغان.

**2661 - [ 3 ] ( صحيح )وعن سالم عن ابن عمر : أنه كان يرمي جمرة الدنيا بسبع حصيات يكبر على إثر كل حصاة ثم يتقدم حتى يسهل فيقوم مستقبل القبلة طويلا ويدعو ويرفع يديه ثم يرمي الوسطى بسبع حصيات يكبر كلما رمى بحصاة ثم يأخذ بذات الشمال فيسهل ويقوم مستقبل القبلة ثم يدعو ويرفع يديه ويقوم طويلا ثم يرمي جمرة ذات العقبة من بطن الوادي بسبع حصيات يكبر عند كل حصاة ولا يقف عندها ثم ينصرف فيقول : هكذا رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يفعله . رواه البخاري**

سالىمدىن ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، يېقىن جايدىكى تۈنجى تاشنى يەتتە تال ئاتاتتى، ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا، ئارقىسىدىن« الله ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئەيتاتتى، ئاندىن ئاسان قۇلايلىق بۇلىدىغان جايغا بارغانغا قەدەر ئالدىغا ماڭاتتى، ئاندىن قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، ئۇزۇن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلاتتى، ئاندىن ئوتتۇردىكى تاشنىمۇ يەتتە تال ئاتاتتى، ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا، « الله ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئەيتاتتى، ئاندىن سول تەرەپتىن باشلاپ، ئاسان قۇلايلىق بۇلىدىغان جايغا بارغانغا قەدەر ئالدىغا ماڭدى، ئاندىن قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ، ئۇزۇن تۇراتتى، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى ئەقبە تېشىنى بەتنى ۋادىينىڭ ئىچىدىن يەتتە تال ئاتتى، ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا، « الله ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئەيتاتتى، بۇ قېتىم ئۇزۇن تۇرمايلا قايتىپ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەنە شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم دىدى. ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

**2662 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : استأذن العباس بن عبد المطلب رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يبيت بمكة ليالي منى من أجل سقايته فأذن له**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، ھاجىلارنى زەمزەم بىلەن سۇغىردىغانلىقى ئۈچۈن، مىنا كېچىللىرى مەككىدە يېتىشقا ئىزنى سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم(ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى كۆزدە تۇتۇپ) ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى.بۇخا،مۇس

**2663 - [ 5 ] ( صحيح )وعن ابن عباس : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم جاء إلى السقاية فاستسقى . فقال العباس : يا فضل اذهب إلى أمك فأت رسول الله صلى الله عليه وسلم بشراب من عندها فقال : " اسقني " فقال : يا رسول الله إنهم يجعلون أيديهم فيه قال : " اسقني " . فشرب منه ثم أتى زمزم وهم يسقون ويعملون فيها . فقال : " اعملوا فإنكم على عمل صالح " . ثم قال : " لولا أن تغلبوا لـ لت حتى أضع الحبل على هذه " . وأشار إلى عاتقه . رواه البخاري**

ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  زەمزەم سۇيى بىلەن سۇغىرىدىغانلارنىڭ قېشىغا كىلىپ سۇ سورىۋىدى، ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى پەزلى! ئاناڭنىڭ قېشىغا بېرىپ، رەسۇلۇللاھقا ئۇنىڭ قېشىدىكى ئىچىملىكنى ئېكىلىپ بەرگىن دىدى، رەسۇلۇللاھ ئاببا‌سقا: مىنى زەمزەم بىلەن سۇغارغىن دىدى، ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار بۇ سۇغا قوللىرىنى سىلىپ قويىدى دىدى، رەسۇلۇللاھ ئاببا‌سقا: مىنى زەمزەم بىلەن سۇغىرىۋەتكىن دەپ، ئۇنىڭدىن ئىچىپ، ئاندىن زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قېشىغا كەلسە، ئۇلار كىشىلەرنى سۇغۇرۇپ، خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: ئىشلەڭلار، چۈنكى سىلەر ياخشى ئەمەلنىڭ ئۈستىدە، ئەگەر كىشىلەر سىلەرگە غالىپ كىلىپ، ئاۋارچىلىق كەلتۈرمىگەن بولسا، ئەلۋەتتە قۇدۇقتا ئۆزۈم چۈشۈپ، ئارغامچىنى مانا مۇشۇ مۈرەمگە قويغان بۇلاتتىم دىدى. بۇخارى تويلىغان.

**2664 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أنس رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم صلى الظهر والعصر والمغرب والعشاء ثم رقد**

**رفدة بالمحصب ثم ركب إلى البيت فطاف به . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (منادىن قايتقاندىن كېيىن) پېشىن، ئەسىر، شام-خۇپتەننى ئوقۇپ، ئاندىن مۇھەسسەب دىگەن جايدا ئۇخلىۋېلىپ، ئاندىن كەئبىگە كېلىپ تاۋاپ قىلدى. بۇخارى توپلىغان.

**2665 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن عبد العزيز بن رفيع قال : سألت أنس بن مالك . قلت : أخبرني بشيء عقلته عن رسول الله صلى الله عليه وسلم : أين صلى الظهر يوم التروية ؟ قال : بمنى . قلت : فأين صلى العصر يوم النفر ؟ قال : بالأبطح . ثم قال افعل كما يفعل أمراؤك**

ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەن ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەقىل قىلىپ چۈشەنگەن نەرسە بىلەن خەۋەر قىلغىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرۋىيە(يەنى زۇلھەجىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى) پېشىننى قەيەردە ئوقۇغان؟ دەپ سورسام، ئۇماڭا: منا تېغىدا ئوقۇدى دىدى، رەسۇلۇللاھ منادىن قايتقان كۈنى ئەسىرنى قەيەردە ئوقۇيتتى؟ دەپ سورسام، ئۇماڭا: ئەبتەھ دىگەن جايدا ئوقۇيتتى، دەپ، ئاندىن سەن ھەج قىلغاندا ئەمىر باشلىقلىرىڭ قىلغاندەكلا قىلغىن دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**2666 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : نزول الأبطح ليس بسنة إنما نزله رسول الله صلى الله عليه وسلم لأنه كان أسمح لخروجه إذا خرج**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ؛ ئەبتەھ دىگەن جايغا چۈشۈش سۈننەت ئەمەس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇجايغا، مەككىدىن مەدىنىگە چىققاندا، قايتىشى ئاسان، قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈنلا چۈشكەن ئىدى. دىدى. بۇخارى،مۇسلىم. رەھ

**2667 - [ 9 ] ( لم تتم دراسته )وعنها قالت : أحرمت من التنعيم بعمرة فدخلت فقضيت عمرتي وانتظرني رسول الله صلى الله عليه وسلم بالأبطح حتى فرغت فأمر الناس بالرحيل فخرج فمر بالبيت فطاف به قبل صلاة الصبح ثم خرج إلى المدينة . هذا الحديث ما وجدته برواية الشيخين بل برواية أبي داود مع اختلاف يسير في آخره**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن تەنئىم دىگەن جايدىن ئۆمرە ھەجگە ئىھرام باغلاپ كىرىپ، ئۆمرە ھەججىمنىڭ قازاسىنى قىلدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبتەھ دىگەن جايدا، مەن پارىغ بولغىچە مىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، مەن پارىغ بولغاندا كىشلەرنى كۆچۈشكە بۇيرىدى، رەسۇلۇللاھ چىقىپ، كەئبىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، بامدات نامىزىدىن بۇرۇن كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، ئاندىن مەدىنىگە چىقىپ كەتتى.ئەبۇداۋۇد.

**2668 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : كان الناس ينصرفون في كل وجه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا ينفرن أحدكم حتى يكون آخر عهده بالبيت إلا أنه خفف عن الحائض "**

ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، كىشلەر مەككىدىن ئۆزلىرى خالىغان ۋاقىتتا قايتاتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ھەج قىلغاندا، ئاخىرقى ئەھدىسى يەنى ئاخىرقى قىلىدىغان ئىشى، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش بولمىغىچە، مەككىدىن قايتىپ كەتمىسۇن، لىكىن ئۇ ئاخىرقى تاۋاپ ھەيزدار(نىپاسدار) ئايالدىن ساقىت قىلىندى. ئەھمەد،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

**2669 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : حاضت صفية ليلة النفر فقالت : ما أراني إلا حابستكم . قال النبي صلى الله عليه وسلم : " عقرى حلقى أطافت يوم النحر ؟ " قيل : نعم . قال : " فانفري "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ سەپىيە مىنادىن قايتقان كېچىسى ھەيزدار بۇلۇپ قېلىپ؛ سىلەرنى مەن توختۇتۇپ قويىدىغان بۇلدۇم دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ ھەي! گېلى ئاغرىق تۇغماس تاز (يەنى بۇ ھەققى مەقسەت ئەمەس، مەقسەت سۆزۈمگە دىققەت قىل)سەن نەھرى كۈنى كەئبىنى تاۋاپ قىلغانمۇ؟ دىدى، ئۇ: ھەئە تاۋاپ قىلغان دىدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇنداق بولسا، قايتىۋەرگىن دىدى.بۇخا،مۇسلى.

**2670 - [ 12 ] الفصل الثاني عن عمرو بن الأحوص قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في حجة الوداع : " أي يوم هذا ؟ " قالوا : يوم النحر الأكبر . قال : " فإن دماءكم وأموالكم وأعراضكم بينكم حرام كحرمة يومكم هذا في بلدكم هذا ألا لا يجني جان على نفسه ولا يجني جان على ولده ولا مولود على والده ألا وإن الشيطان قد أيس أن يعبد في بلدكم هذا أبدا ولكن ستكون له طاعة فيما تحتقرون من أعمالكم فسيرضى به " . رواه ابن ماجه والترمذي وصححه**

ئەمرۇ ئىبنى ئەھۋەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەججەتۇلۋىدادا مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئى ئىنسانلار! مەن قايسى كۈننى ھارام قىلدىم؟ قايسى كۈن، ھارام قىلىنغان كۈندۇر؟ بۇقايسى كۈن؟ دېدى، ئۇلار:بۇ چوڭ ھەج كۈنى دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن قانلىرىڭلار، جانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، يۈز ــ ئابرۇيلىرىڭلار بىر-بىرىڭلارغا خۇددى مۇشۇ شەھىرىڭلاردا، مۇشۇ ئېيىڭلاردا، مۇشۇ كۈنىڭلار ھارام بولغاندەك(مۇشۇكۈننىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ھارام بولغاندەك) ھارامدۇر، ئاگاھ بولۇڭلار، ھەر قانداق جىنايەتچى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ، ئاتا بالىغا، بالا ئاتىغا جىنايەت ئۆتكۈزمەيدۇ، جىنايەتچى ئۆزى تۇتۇلۇپ ئازابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقىلار تۇتۇلمايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار، شەيتان بۇ شەھىرىڭلاردا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىنىشىدىن مەڭگۈلۈك ئۈمىد ئۈزدى. لېكىن، سىلەر ھاقارەتلەپ كىچىك سانايدىغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا شەيتانغا ئىتائەت بولۇپ قالىدۇ، شەيتان شۇنىڭغا رازى بولىدۇ، (ئاگاھ بولۇڭلار، مۇسۇلمان دىگەن مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ نەرسىسىدىن ھېچ نەرسە ھالال ئەمەس، پەقەت ئۇ رازى بولۇپ بەرسە، ھالال بولىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار، جاھالىيەتتىكى جازانە، ئۆسۈمنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدى، سىلەر ماللىرىڭلارنىڭ ئەسلىنى ئۆسۈمسىز ئالساڭلار بولىدۇ، زىيادە ئېلىپ، زۇلۇم قىلماڭلار، سىلەرگىمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ، لېكىن، ئابباسنىڭ جازانە، ئۆسۈملىرى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدى، ئۇ مېلىنىڭ ئەسلىنىمۇ ئالالمايدۇ، ھەقىقەتەن جاھالىيەتتىكى خۇن داۋاسىمۇ ئەمەلدىن قالدى، ئەمدى ئۇ سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، جاھالىيەتتىكى خۇن تۆلەمدىن تۇنجى بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرغىنىم، ھارىسنىڭ قېنىدۇر، يەنى خۇندۇر، ئاياللارغا ياخشىلىقنى كۆپ تەۋسىيە قىلىڭلار،(تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلىڭلار) ئۇلار سىلەرگە ياخشى ياردەمچى بولىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن ئۇنىڭدىن باشقىغا ئىگە بولالمايسىلەر، لېكىن، ئۇلار ئۇچۇق رۇشەن پاھىشىگە كەلسە، پاھىشە ئىشنى قىلسا، ئۇلار بىلەن ياتاق ئايرىڭلار، جاراھەتلەندۈرمەي يەڭگىل ئۇرۇڭلار، (ھەيۋىسى چوڭ، زەربىسى كىچىك ئۇرۇڭلار)، ئەگەر ئۇلار ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا زىيانلىق يول تەلەپ قىلماڭلار، ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ئۈستىدە ھەققىڭلار بار، ئۇلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەققى بار، سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بولسا، ئاياللىرىڭلار، كۆرپە، ئورنۇڭلاردا سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنى ياتقۇزماسلىقىدۇر، پاھىشە قىلماسلىقىدۇر، سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا كىرىشىگە ئىزنى، ئىجازەت بەرمەسلىكىدۇر، ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇلارنىڭ ھەققى بولسا، ئۇلارغا تاماق بېرىشتە، كىيىم ــ كېچەك ئېلىپ بېرىشتە، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلار، ياخشى ئەخلاقتا بولىشىڭلاردۇر. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.«سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»7880 ـ ھەدىس.

**2671 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن رافع بن عمرو والمزني قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يخطب الناس بمنى حين ارتفع الضحى على بغلة شهباء وعلي يعبر عنه والناس بين قائم وقاعد . رواه أبو داود**

رايىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ منىا تىغىدا، چاشكا ۋاقتى بىلەن، بوز خېچىرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، كىشلەرگە خۇتبە سۆزلەپ بىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىراقتىكى كىشلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ بەردى، كىشلەر ئۆرە تۇرغان بىلەن ئولتۇرغاننىڭ ئارلىقىدا ئىدى، (يەنى ئالدىدىكىلەر ئولتۇرغان، ئارقىدىلەر ئۆرە تۇرغان ئىدى) ئەبۇداۋۇد تىپلىغان.

**2672 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة وابن عباس رضي الله عنهم أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أخر طواف الزيارة يوم النحر إلى الليل . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئائىشە،ئىبنى ئاببىاس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەھرى كۈنىدىكى زىيارەت تاۋاپىنى كېچىگىچە تەخىر قىلىپ كېچىكتۈرگەن ئىدى.تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە ت.

**2673 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم لم يرمل في السبع الذي أفاض فيه.رواه أبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئاببىاس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆچكەن چاغدىكى، نەھرى كۈنىدىكى زىيارەت تاۋاپىنى قىلغانىدا، يەتتىلى قېتىم رەملى قىلمىدى،يورغىلاپ ماڭمىدى.ئەبۇداۋۇد،ئ ماجە

**2674 - [ 16 ] وعن عائشة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا رمى أحدكم جمرة العقبة فقد حل له كل شيء إلا النساء " . رواه في شرح السنة وقال : إسناده ضعيف**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ھەج پائالىيىتىدە جەمرۇلئەقبە تېشىنى ئېتىپ بولسا، ئۇنىڭغا ئايال كىشىدىن باشقا بارلىق نەرسىلەر ھالال بولىدۇ، «ئاياللار بولسا ئېھرامدىن چىقىپ بولسا، ئاندىن ھالال بولىدۇ» شەرھىسسۇننى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2675 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وفي رواية أحمد والنسائي عن ابن عباس قال : " إذا رمى الجمرة فقد حل له كل شيء إلا النساء "**

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ھەج پائالىيىتىدە جەمرۇلئەقبە تېشىنى ئېتىپ بولسا، ئۇنىڭغا ئايال كىشىدىن باشقا بارلىق نەرسىلەر ھالال بولىدۇ.

**2676 - [ 18 ] وعنها قالت: أفاض رسول الله صلى الله عليه وسلم من آخر يومه حين صلى الظهر ثم رجع إلى منى فمكث  ا ليالي أيام التشريق يرمي الجمرة إذا زالت الشمس كل جمرة بسبع حصيات يكبر مع كل حصاة ويقف عند الأولى والثانية فيطيل القيام ويتضرع ويرمي الثالثة فلا يقف عندها . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئاخىرقى نەھرى كۈنىدىكى زىيارەت تاۋاپىنى پېشىننى ئوقۇغان چاغدا قىلدى، ئاندىن منىا تېغىغا قايتىپ، شەيتانغا تاش ئاتقان ھالدا، تەشرىق كۈنلىرىنىڭ كېچىللىرى منادا تۇردى، كۈن قەرىلگەندە تاش ئاتتى، تاشنى ھەر قېتىم يەتتە تال ئاتتى، ھەرقېتىم تاش ئاتقاندا الله ئەكبەر دەپ تەكبىر ئەيتتى، بىرىنجى ۋە ئىككىنجى قېتىم تاش ئاتقاندا ئۇزۇن تۇرۇپ، تەزەررۇئ چېكىپ، ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلدى، ئۈچۈنجى قېتىم تاش ئاتقاندا ئۇنداق تۇرمىدى.ئەبۇ داۋۇد

**2677 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي البداح بن عاصم بن عدي عن أبيه قال : رخص رسول الله صلى الله عليه وسلم لرعاء الإبل في البيتوتة : أن يرملوا يوم النحر ثم يجمعوا رمي يومين بعد يوم النحر فيرموه في أحدهما . رواه مالك والترمذي**

**والنسائي وقال الترمذي : هذا حديث صحيح**

ئەبۇلەدداھنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادا تۆگىلەرنى بېقىپ تۇرىدىغان پادىچىلارغا؛ مىنا تېغىدا قونۇشقا، نەھرى كۈنى تاش ئېتىشقا، ئاندىن نەھرى كۈندىن كېيىنكى ئىككى كۈندىكى تاش ئېتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ئىككى كۈننىڭ بىرىدە ئېتىشقا رۇخسەت قىلغان ئىدى. نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان.

**باب ما يجتنبه المحرم - الفصل الأول**

**ئىھرام باغلىغۇچى ھەزەر قىلىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا**

**2678 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن عبد الله بن عمر : أن رجلا سأل رسول الله صلى الله عليه وسلم : ما يلبس من الثياب ؟ فقال : " لا تلبسوا القمص ولا العمائم ولا السراويلات ولا البرانس ولا الخفاف إلا أحد لا يجد نعلين فيلبس خفين وليقطعهما أسفل الكعبين ولا تلبسوا من الثياب شيئا مسه زعفران ولا ورس " . متفق عليه وزاد البخاري في رواية : " ولا تنتقب المرأة المحرمة ولا تلبس القفازين "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىھرام باغلىغۇچى قانداق ـ قانداق كىيىملەرنى كىيىدۇ؟دېگەندە، مۇنداق دېگەن: سىلەر كۆڭلەك، سەللە، ئىشتان، بۆك (باش كىيىمى)، ئۆتۈكلەرنى كەيمەڭلار، لېكىن، ئىككى ئاياغنى تاپالمىغان كىشى، ئىككى ئۆتۈكنى ھوشۇقنىڭ ئاستىدىن كېسىۋېتىپ كىيسۇن، زەئپىران ياكى ۋەرس، قىزىل، سېرىق رەڭلىك خۇشپۇراق ئەتىرلەر، بوياقلار ئىشلىتىلگەن كىيىمنى كىيمەڭلار، ئىھرام باغلىغۇچى ئايال كىشى نىقابلانمايدۇ، ئىككى قولىغا پەلەي سالمايدۇ، (ئىھرام باغلىغۇچى پەقەت ئۈچىسىغا خۇددى مىيىتكە تەييارلانغان كېپەنگە ئوخشاشلا رەختنى ئارتىدۇ، ھېكمىتى ئەلۋەتتە ئاخىرەتنى، قەبرە ئېچىنى، تىرىلىشنى ئەسلىتىشتۇر). بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ، سەھىھ.

**2679 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يخطب وهو يقول : " إذا لم يجد المحرم نعلين لبس خفين وإذا لم يجد إزارا لبس سراويل "**

جابىر، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئىھرام باغلىغۇچى كىشى ئىككى ئاياغنى تاپالمىسا، ئىككى ئۆتۈكنى ھوشۇقنىڭ ئاستىدىن كېسىۋېتىپ كىيسۇن، يۆگىنىدىغان پۇركەنجە رەخت تاپالمىسا، ئىشتان كىيسۇن،( يەنى تىزنىڭ ئۈستىنى، كىندىكنىڭ ئاستىنى يۆگىسۇن.) ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.
ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەجگە ئىھرام باغلىغاندا ئىككى ئاياغنى تاپالمىسا، ئىككى ئۆتۈكنىڭ ھوشۇقنىڭ ئاستىدىن كېسىۋېتىپ، ئاياغ قىلىپ كىيسۇن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن مەسىھ قىلىدىغان ئىككى ئۆتۈك، ئىككى ھوشۇقنى يېپىپ تۇرىدۇ، دېگەن چىقىدۇ ۋە ئۆتۈكنى ئىھرام باغلىغاندا كىيسە بولمايدۇ.

**2680 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن يعلى بن أمية قال : كنا عند النبي صلى الله عليه وسلم بالجعرانة إذ جاء رجل أعرابي عليه جبة وهو متضمخ بالخلوق فقال : يا رسول الله إني أحرمت بالعمرة وهذه علي . فقال : " أما الطيب الذي بك فاغسله ثلاث مرات وأما الجبة فانزعها ثم اصنع في عمرتك كما تصنع في حجك "**

يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز جىئرانەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا

ئىدۇق، تۇيۇقسىزلا، ئۇستىگە جۇۋا كىيىۋالغان، زەئپىران ئارلاشتۇرۇلغان خۇشپۇراق ئەتىرنى بۇلاق چىپچىۋالغان بىرئەئرابىي كىشى كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن ئۆمرە ھەجگە ئىھرام باغلىدىم، مانا بۇ نەرسە ئۇستۇمدە تۇرۇۋېتۇ، (بۇ دۇرۇسمۇ؟ )دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: خۇشپۇراق ئەتىرەڭنى ئۇچ قېتىم يۇيىۋەت، جۇۋاڭنى سېلىۋەتكىن، ئاندىن بۇ ئۆمرە ھەججىڭدە، پەرز ھەججىڭدە قىلغانىڭنى ئوخششىنى قىلغىن دىدى.بۇخار،مۇسلىم.

**2681 - [ 4 ] ( صحيح )وعن عثمان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا ينكح المحرم ولا ينكح ولا يخطب " . رواه مسلم**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەجگە ئىھرام باغلىغۇچى كىشى (ئىھرام ھالىتىدە) نىكاھلانمايدۇ، نىكاھ قىلىپمۇ قويمايدۇ، ھەم ئۆزىمۇ نىكاھ قىلنمايدۇ. ئەلچىمۇ ئەۋەتەلمەيدۇ. مۇسلىم 2522 ـ ھەدىس، تىرمىزى 769 ـ ھەدىس، نەسەئى 2793 ـ ھەدىس، ئەھمەد 432 ــ ھەدىس، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**2682 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم تزوج ميمونة وهو محرم**

ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيمۇنەرەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئىھرام باغلاقلىق ھالدا نىكاھىغا ئالغان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**2683 - [ 6 ] ( صحيح )وعن يزيد بن الأصم ابن أخت ميمونة عن ميمونة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم تزوجها وهو حلال . رواه مسلم قال الشيخ الإمام محيي السنة رحمه الله : والأكثرون على أنه تزوجها حلالا وظهر أمر تزويجها وهو محرم ثم بنى ا وهو حلال بسرف في طريق مكة**

مەيمۇنەرەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى ئىھرام باغلاقلىق ئەمەس ھالال ھالىتىدە نىكاھىغا ئالغان ئىدى.شەيخ ئىمام مۇھيىسسۇننى مۇنداق دەيدۇ؛ ئەكسەر، كۆپۈنچە ئالىملار؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيمۇنەرەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئىھرام باغلاقلىق ئەمەس ھالال ھالدا نىكاھىغا ئالغان ئىدى. نىكاھىغا ئېلىپ، توي قىلغان ئىشى ئىھرام باغلاقلىق ھالەتتە ئاشكارلانغان، ئاندىن مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھابىلەن مەككەيولىدىكى سەرىپ دىگەن جايدا ھالال ھالدا بىللە بولغان دىدى.مۇسلىم توپلىغان.

**2684 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أبي أيوب : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يغسل رأسه وهو محرم**

ئەبۇئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىھرام باغلاقلىق ھالىتىدە، بېشىنى يۇيىۋىرەتتى، بۇخارى،مۇسلىم.

**2685 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : احتجم النبي صلى الله عليه وسلم وهو محرم**

ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىھرام باغلاقلىق ھالىتىدە، قان ئالدۇرغان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2686 - [ 9 ] ( صحيح )**

**وعن عثمان حدث عن رسول الله صلى الله عليه وسلم في الرجل إذا اشتكى عينيه وهو محرم ضمدهما بالصبر . رواه مسلم**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىھرام باغلاقلىق ھالدا كۆزى ئاغرىپ قالغان كىشى توغرىسىدا؛« سەبورە بىلەن (يەنى بىر خىل كۆزگە داۋا بولىدىغان دەرەخنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى بىلەن) كۆزۈڭنى ياغلاپ تاڭغىن»دىگەن ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئوسمان

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىھرام باغلاقلىق تۇرۇپمۇ كۆزى ئاغرىپ قالسا، سەبورە بىلەن (يەنى بىر خىل كۆزگە داۋا بولىدىغان دەرەخنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى بىلەن)كۆزىنى ياغلاپ تاڭاتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2687 - [ 10 ] ( صحيح )وعن أم الحصين قالت : رأيت أسامة وبلالا وأحدهما آخذ بخطام ناقة رسول الله صلى الله عليه وسلم والآخر رافع ثوبه يستره من الحر حتى رمى جمرة العقبة . رواه مسلم**

ئۇممۇلھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ھەجدە ئۇسامە بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىزمەت قىلغىنىنى كۆردۈم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئاخىرقى جەمرە تېشىنى ئېتىپ بولغىچە، ئۇلارنىڭ بىرسى رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسىنىڭ نوختىسىنى تۇتۇپ ماڭدى، يەنە بىرسى كىيىمنى كۆتۈرۈپ، كۈننىڭ ھارارىتىدىن رەسۇلۇللاھقا سايا چۈشۈرۈپ ماڭدى.مۇسلىم.

**2688 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن كعب بن عجرة رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم مر به وهو بالحديبية قبل أن يدخل مكة وهو محرم وهو يوقد تحت قدر والقمل تتهافت على وجهه فقال : " أتؤذيك هوامك ؟ " . قال : نعم . قال : " فاحلق رأسك وأطعم فرقا بين ستة مساكين " . والفرق : ثلاثة آصع " أو صم ثلاثة أيام أوانسك نسيكة "**

كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىز ئىھرام باغلاقلىق ھالەتتە مەككىگە كىرىشمىزدىن بۇرۇن ھۇدەيبىييەدىكى چېغىمىزدا، مەن قازانغا ئوت قالاۋاتاتتىم، بېشىمدا پىتتەك نەرسىلەر كۆپىيىپ، ئازار بېرىپ، يۈزلىرىمگە يامىشىپ چۈشىۋاتاتتى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمدىن ئۆتۈپ، مېنى كۆرۈپ؛ ساڭا ھايۋانلىرىڭ (يەنى پىت-سىركىلەر) ئازار بېرىۋاتامدۇ؟دېدى، مەن؛ھەئە شۇنداق دېسەم؛ « سەن چېچىڭنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا تائام بىلەن بىرۋاق تاماق بەرگىن، ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن، ياكى قادىر بولالىساڭ، بىر قوي ئۆلتۈرۈپ چېچىڭنى چۈشۈرگەننىڭ پىدىيىسىنى بەرگىن» دېدى. (بۇ ئىھرامدا تۇرۇپ، ئۆزرە سەۋەب بىلەن چاچ چۈشۈرۈشنىڭ فىديە، كاپارىتى ئىدى). بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم ئەبۇ داۋۇد ،سەھىھ.

**2689 - [ 12 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )**

**عن ابن عمر : أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم ينهى النساء في أحرامهن عن القفازين والنقاب وما مس الورس والزعفران من الثياب ولتلبس بعد ذلك ما أحبت من ألوان الثياب معصفر أوخز أو حلي أو سراويل أو قميص أو خف . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنى- ئۇلار ئىھرام باغلىغاندا- ئىككى قولىغا پەلەي سەلىشتىن، يۈزىنى نىقاپلاشتىن، زەئپىران ياكى قىزىل، سېرىق رەڭلىك خۇشپۇراق ئەتىرلەر، بوياقلار ئىشلىتىلگەن كىيىمنى كىيىشتىن توسقان ئىدى. ئاياللار ئىھرام باغلىغاندا، شۇنىڭدىن باشقا، ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن كىيىم تۈرلىرىدىن سېرىق رەڭدە بويالغان كىيىمنى، ئىبرىيسىم يىپەك كىيىمنى، زىننە بۇيۇملىرىنى، ئىشتان-كوڭلەك، ئۆتۈكلەرنى كەيسە بولىدۇ. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2690 - [ 13 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان الركبان يمرون بنا ونحن مع رسول الله صلى الله عليه وسلم محرمات فإذا جاوزوا بنا سدلت إحدانا جلبا ا من رأسها على وجهها فإذا جاوزونا كشفناه . رواه أبو داود ولابن ماجه معناه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىھرام باغلىغان ھالدا كېتىۋاتاتتۇق، ئاتلىق،ئۇلاغلىق كىشىلەر بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ تۇراتتى، ئۇلار بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئۆتكەندە، ھەر بىرىمىز كاسايا ، يۈركەنجىسىنى،رومىلىنى بېشىدىن يۈزىگە ساڭگىلىتىپ چۈشۈرىۋالاتتى، (يۈزىنى يېپىۋالاتتى)ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندە، ئۇنى ئېچىۋېتەتتۇق. ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ.

2691 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر رضي الله عنهما أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يدهن بالزيت وهو محرم غير المقتت يعني غير المطيب . رواه الترمذي

ئىبنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھرام باغلاقلىق ھالىتىدە،( خۇش ـ پۇراق ئۇچۇن )زەيتۇن يېغى بىلەن ياغلايتتى، لېكىن بەك خۇش ـ پۇراقلىق ئەتىرە ئىشلەتمەيتتى.تىرمىزى توپلىغان.

2692 - [ 15 ] الفصل الثالث عن نافع أن ابن عمر وجد القر فقال : ألق علي ثوبا يانافع فألقيت عليه برنسا فقال : تلقي علي هذا وقد نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يلبسه المحرم ؟ . رواه أبو داود ؟

نافىئ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سوغۇقنى ھىس قىلىپ توڭغاندا، ئى نافىئ! ئۈستۈمگە بىرەر كىيىم تاشلىغىن دېدى، مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن قەلەنسۇەتنى ياكى جۇۋىنى تاشلىسام، ئۇماڭا: ئۈستۈڭگە مۇشۇنى تاشلىدىڭمۇ؟ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھرام باغلىغۇچى كىشىنىڭ بۇنى كىيىشىدىن توسقان دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

2693 - [ 16 ] ( متفق عليه )

وعن عبد الله بن مالك بن بحينة قال : احتجم رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو محرم بلحي جمل من طريق مكة في وسط رأسه

ئابدۇﷲ ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە يولىدىكى لەھيى جەمەل دېگەن جايدا، ئېھرام باغلاقلىق ھالىتىدە، بېشىنىڭ ئوتتىرىدىن قان ئالدۇرغان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

2694 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس رضي الله عنه قال : احتجم رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو محرم على ظهر القدم من وجع كان به . رواه أبو داود والنسائي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىدىكى كېسەل سەۋەبىدىن، ئېھرام باغلاقلىق ھالىتىدە، پۇتىنىڭ دۈمبىسىدىن قان ئالدۇرغان ئىدى. ئەبۇداۋۇد،نەسەئى توپلىغان.

2695 - [ 18 ] وعن أبي رافع قال : تزوج رسول الله صلى الله عليه وسلم ميمونة وهو حلال وبنى ا وهو حلال وكنت أنا الرسول بينهما . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث حسن

ئەبۇرافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيمۇنەرەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئېھرام باغلاقلىق ئەمەس، ھالال ھالىتىدە نىكاھىغا ئالغان ئىدى، ئېھرام باغلاقلىق ئەمەس ھالال ھالىتىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلچى بولغان ئىدىم. ئەھمەد،تىرمىزى توپلىغان،ھەسەن. ئالىملار مۇشۇ ھەدىسقا ئەمەل قىلدى.

باب الحرم يجتنب الصيد - الفصل الأول — ھەرەمدە ئوۋ ئوۋلىماسلىق توغرىسىدا

2696 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن الصعب بن جثامة أنه أهدى رسول الله صلى الله عليه وسلم حمارا وحشيا وهو بالأبواء او بودان فرد عليه فلما رأى ما في وجهه قال : " إنا لم نرده عليك إلا أنا حرم "

سەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مەككە بىلەن مەدىنە ئارلىقىدىكى) ئەبۋائ ياكى ۋەددان دېگەن جايدىكى چاغدا، مەن رەسۇلۇللاھقا بىر ۋەھشىي ئېشەكنى ھەدىيە قىلسام، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ماڭا قايتۇرۇۋەتتى، ئاندىن مېنىڭ يۈزۈمدىكى غەم ـ قايغۇنى كۆرۈپ؛ بىز پەقەت ئۇنى ئېھرام باغلاقلىق بولغاچقىلا، ساڭا قايتۇرۇۋەتتۇق،(بولمىسا قايتۇرمايتتۇق) دېدى. بۇخارى، مۇسلىم.

**2697 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي قتادة أنه خرج مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فتخلف مع بعض أصحابه وهم محرمون وهو غير محرم فرأوا حمارا وحشيا قبل أن يراه فلما رأوه تركوه حتى رآه أبو قتادة فركب فرسا له فسألهم أن يناولوه سوطه فأبوا فتناوله فحمل عليه فعقره ثم أكل فأكلوا فندموا فلما أدركوا رسول الله صلى الله عليه وسلم سألوه . قال : " هل معكم منه شيء ؟ " قالوا : معنا رجله فأخذها النبي صلى الله عليه وسلم فأكلها وفي رواية لهما : فلما أتوا رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أمنكم أحد أمره أن يحمل عليها ؟ أو أشار إليها ؟ " قالوا : لا قال : " فكلوا ما بقي من لحمها "**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەجگە چىسپ، ساھابىلارنىڭ بەزىسى بىلەن بىللە ئارقىدراق ماڭىدۇ، ئۇلار ئىھرام باغلاقلىق ئىكەن، ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىھرام باغلاقلىق ئەمەس ئىدى، ئۇلار بىر ۋەھشىي ئىشەكنى، ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆرىشىدىن بۇرۇن كۆرۈپ، ئۇ كۆرگەنگە قەدەر تەرىك ئىتىپ(ھىچ قانداق ھەركەت قوللانمايلا) كىتىۋىرىدۇ، ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ۋەھشى ئىشەكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئات سالىدۇ، ئۇلاردىن قامچىسىنى سۇنۇپ بىرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلار (ئىھرام باغلاقلىق بولغاچقا)ئۇنىمايدۇ، ئاندىن قامچىسىنى ئۆزى ئىلىپ، ئۇ ۋەھشى ئىشەكنى ئوۋلاپ، ئولتۇرۇپ ئىلىپ كىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن يەيدۇ، ئۇلارمۇ يەپ بولۇپ، پۇشمان قىلىدۇ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەندە، بۇئىش توغرىسىدا سورايدۇ، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنىڭدىن سىلەردە يەنە بارمۇ؟ دەيدۇ، ئۇلار؛ ھەئە، بىزدە ئۇنىڭ بىر پۇتى بار دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئىلىپ يەيدۇ. يەنەبىرخاتىردە؛ سىلەردىن بىرەركىشى ئۇنى ئوۋلاشقا بۇيرىغانمۇ؟ ياكى ئەنە ـ ئەنە دەپ ئىشارەت قىلغانمۇ؟ دىسە، ئۇلار ياق، ئۇنداق قىلمىدۇق، دەيدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنىڭ گۆشىدىن قىلىپ قالغىنىنىمۇ يىسەڭلار بۇلىدۇ دىگەن.بۇخار،مۇسل.

**2698 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " خمس لا جناح على من قتلهن في الحل والإحرام : الفأرة والغراب والحدأة والعقرب والكلب العقور "**

ئەبۇ ھۈرەيرە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەش نەرسە باربۇلۇپ، ئىھرام باغلىمىغان كىشلەر ھالال ھالەتتە، ۋە ئىھرام باغلىغۇچىلارمۇ، ھەرەمدە بولسۇن ياكى ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولسۇن، ئۇبەش نەرسىنى ئۆلتۈرسە بولىدۇ،ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتەگۇناھ يوقتۇر،ئۇلار:چاشقان، قاغا، غۇرلاي، يىلان ـ چايان، غالجىر ئىت، (بۇلار زىيانلىق نىجىسلار) بۇخارى، مۇسلىم ئەبۇ داۋۇد ، سەھىھ.

**2699 - [ 4 ] ( صحيح )وعن عائشة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " خمس فواسق يقتلن في الحل والحرم : الحية والغراب الأبقع والفأرة والكلب العقور والحديا "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەش پاسىق، نىجىس نەرسە بولۇپ، بۇلار ھەرەمدە بولسۇن ياكى ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولسۇن، يەنى ھارام قىلىنغان جايدا بولسۇن، ئۇنىڭ سىرتىدا بولسۇن، ئۆلتۈرلىۋىرىدۇ، يىلان ـ چايان، ئالا قاغا، چاشقان، غالجىر ئىت، غورلاي يەنى بىر خىل گۆشخور زىيانلىق قۇش،ياكى سا ، بۇخارى، مۇسلىم 2069 ـ ھەدىس، نەسەئى 2780 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3078 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25043 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەش نەرسىنىڭ ھەممىسى پاسىق، نىجىس، زىيانلىق بولۇپ، ئۇلارنى ئىھرام باغلىغۇچى كىشىمۇ ئۆلتۈرسە بولىدۇ، بۇ بەش نەرسە ھەرەمدىمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ، چاشقان، يىلان، چايان، غالجىر ئىت، ئالا قاغىدۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**2700 - [ 5 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن جابر رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لحم الصيد**

**لكم في الإحرام حلال ما لم تصيدوه أو يصاد لكم " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:باشقىلار ئۇۋلىغان گۆش سىلەرگە ئىھرامدىكى چاغدىمۇ ھالالدۇر، پەقەت سىلەر ئۆزۈڭلار ئۇۋلىمىغان ياكى سىلەر ئۈچۈن ئۇۋلانمىغانلا بولسا ھالالدۇر،(سىلەر ئۈچۈنلا ئۇۋلانسا ، ھالال بولمايدۇ)ئەبۇداۋۇد ،تىرمىزى،نەسەئى توپلىغان.

**2701 - [ 6 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : الجراد من صيد البحر . رواه أبو داود والترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:چېكەتكە (ئېگىز قۇچقېچى)دېڭىز ئوۋ لىرىدىندۇر. ئەبۇداۋۇد ،تىرمىزى توپلىغان.

**2702 - [ 7 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن أبي سعيد الخدري عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يقتل المحرم السبع العادي " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەجگە ئىھرام باغلىغۇچى كىشى، تاجاۋۇزچى يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋاننى، (غالجىر ئىتنى، چاشقاننى،يىلان- چايانىنى، قاغىنى، غۇرلاي ياكى جاغالمايىنى) ئۆلتۈرسە بولىدۇ. تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2703 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الرحمن بن أبي عمار قال : سألت جابر بن عبد الله عن الضبع أصيد هي ؟ فقال : نعم فقلت : أيؤكل ؟ فقال : نعم فقلت : سمعته من رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قال : نعم . رواه الترمذي والنسائي والشافعي وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

ئابدۇررەھمان مۇنداق دەيدۇ؛ مەن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بۆرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يىرتقۇچ ھايۋان قىزىل ئىت،ياكى سىرتلان ئوۋ ئوۋلىنامدۇ؟دەپ سورسام، ئۇماڭا: ھەئە دىدى، مەن: ئۇنىڭ گۆشى يىيىلەمدۇ؟ (يەنى ئۇھالالمۇ؟)دىسەم، ئۇماڭا: ھەئە دىدى، مەن:سەن ئۇنىڭ ئوۋلىنىشىنى، گۆشىنىڭ يىيىلىشىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانمۇ؟ دىسەم، ئۇماڭا: ھەئە ئاڭلىغان دىدى. تىرمىزى،نەسەئى،شاپىئى.

**2704 - [ 9 ] وعن جابر قال : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الضبع ؟ قال : " هو صيد ويجعل فيه كبشا إذا أصابه المحرم " . رواه أبو داود وابن ماجه والدارمي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىزىل ئىت،سىرتلان توغرىسىدا سورسام، مۇنداق دىگەن: زەبئو (يەنى بۆرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يىرتقۇچ ھايۋان)قىزىل ئىت،سىرتلان ئوۋدۇر، ئوۋلىساڭ يېسەڭ بولىدۇ، ئۇنى ئىھرام باغلىغۇچى، ھاجى كىشى ئوۋلاپ قالسا، جازاسىغا بىر ياشلىق قوچقار بېرىدۇ. بەيھەقى،ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە،دارىمى، تىرمىزى؛ ھەسەن دىگەن، ئەلبانىمۇ سەھىھ دىگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۆرىگە ئوخشاش زەبئو ئىسىملىك ھايۋان قىزىل ئىت ئوۋ بولۇپ، ئىھرام باغلىغۇچى ئوۋلاپ قالسا، بىر قوچقار تۆلەم بېرىدۇ، قان قىلىدۇ، دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھايۋاننى شافىئى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ھالال دەيدۇ، ھەنىپىيىلەر؛ مەگىنى بار، يىرتقۇچى بولغاچقا ھارام ، چۈنكى، بۇ ھەدىس، مەگىنى بار ھايۋاننى ھارام قىلغان سەھىھ ھەدىسكە تەڭ كىلەلمەيدۇ، دەيدۇ ئىمام مالىك رەھمەھۇللا مەكرۇھ دىگەندۇر،ئىمام سۈيۈتى ھالال دىگەن

**2705 - [ 10 ] ( لم تتم دراسته )وعن خزيمة بن جزي قال : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم عن أكل الضبع . قال :**

أو يأكل الضبع أحد ؟. وسألته عن أكل الذئب . قال : أو يأكل الذئب أحد فيه خير ؟ . رواه الترمذي وقال : ليس إسناده بالقوي

خۇزەيمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۆرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يىرتقۇچ ھايۋان قىزىل ئىت، ياكى سىرتلاننى يېيىش توغرىسىدا سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قىزىل ئىتنىمۇ بىرەر كىشى يەمدۇ؟ دېدى، مەن؛ بۆرىنى يېيىش توغرىسىدا سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۆزىدە ياخشىلىق بارىيەنى ئىمانى بار كىشى بۆرىنىمۇ يەمدۇ؟ دېدى.تىرمىزى.توپلى

2706 - [ 11 ] الفصل الثالث ( صحيح )

عن عبد الرحمن بن عثمان التيمي قال : كنا مع طلحة بن عبيد الله ونحن حرم فأهدي له طير وطلحة راقد فمنا من أكل ومنا من تورع فلما استيقظ طلحة وافق من أكله قال : فأكلناه مع رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم

ئابدۇررەھمان رەھ مۇنداق دەيدۇ: بىز تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئىھرام باغلاقلىق ئىدۇق، ئۇنىڭغا پۇشۇرۇلغان بىر قۇش ھەدىيە قىلىندى، ئۇ ئۇخلاپ قالغان ئىدى، بىزدىن بەزىلەر قۇش گۆشىدىن يېدى، بەزىلەر تەقۋالىق قىلىپ، ھەزەر قىلىپ يېمىدى، تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئويغانغان چاغدا، يېگەنلەر بىلەن مۇۋاپىق كېلىپ، ئۇنىڭدىن يېدى، ۋە بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىھرام باغلاقلىق ھالەتتە تۇرۇپمۇ، باشقىلار ھەدىيە قىلغان گۆشنى يېگەن ئىدۇق دېدى. مۇسلىم توپلىغان.

## باب الإحصار وفوت الحج - الفصل الأول

## تۇسۇلۇپ قېلىپ، ھەج ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى توغرىسىدا

2707 - [ 1 ] ( صحيح )عن ابن عباس قال : قد أحصر رسول الله صلى الله عليه وسلم فحلق رأسه وجامع نساءه ونحر هديه حتى اعتمر عاما قابلا . رواه البخاري

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىيە يىلى تۇسۇلۇپ قېلىپ، چېچىنى چۈشۈرتۈپ، ئىھرامدىن چىقىپ، ئاياللىرى بىلەن بىللە بولدى، قۇربانلىقنى بۇغۇزلىدى، ئاندىن كېلەر يىلى ئۆمرە ھەجنىڭ قازاسىنى قىلدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

2708 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمر قال : خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فحال كفار قريش دون البيت فنحر النبي صلى الله عليه وسلم هداياه وحلق وقصر أصحابه . رواه البخاري

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەجگە چىقتۇق، قۇرەيش كاپىرلىرى بىزنى بەيتۇالله قا كىرگىلى قويماي تۇسۇۋالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىقلىرىنى بۇغۇزلاپ، چېچىنى چۈشۈردى، ساھابىلار چېچىنى قىسقارتتى.بۇخارى توپلىغان

2709 - [ 3 ] ( صحيح )وعن المسور بن مخرمة قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم نحر قبل أن يحلق وأمر أصحابه بذلك . رواه البخاري

مىسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىنى چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن، قۇربانلىقلىرىنى بۇغۇزلىدى،ۋە ساھابىلىرىنىمۇ شۇنىڭغا بۇيرىدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

2710 - [ 4 ] ( صحيح )وعن ابن عمر أنه قال : أليس حسبكم سنة رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ إن حبس أحدكم عن

الحج طاف بالبيت وبالصفا والمروة ثم حل من كل شيء حتى يحج عاما قابلا فيهدي أو يصوم إن لم يجد هديا . رواه البخاري

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇنداق دەيدۇ؛ سىلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى كۇپايە قىلمامدۇ؟ ئەگەر بىرىڭلار ھەج قىلىشتىن تۇسۇلۇپ قالسا، كەئبىنى بىلەن سەپا ـ مەرۋىنى تاۋاپ قىلىپلا، ئاندىن چەكلەنگەن ھەممە نەرسىدىن ھالال بولۇپ ، ئېھرامدىن چىقسا بولىدۇ، كېلەر يىلى ھەججىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، بىر قوي ھەدىي قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنى تاپالمىسا، روزا تۇتىدۇ. (مانابۇ سۈننەت شۇ)ئىمام بۇخارى تويلىغان.

2711 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عائشة . قالت : دخل رسول الله صلى الله عليه وسلم على ضباعة بنت الزبير فقال لها : " لعلك أردت الحج ؟ " قالت : والله ما أجدني إلا وجعة . فقال لها : " حجي واشترطي وقولي : اللهم محلي حيث حبستني "

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇبائەت بىنتى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ؛ سىزمۇ ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلدىڭىزمۇ؟ دىدى، ئۇ: الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆزۈمنى بەك ئېغىر كېسەل ھېس قىلىۋاتىمەن(ھەججنى تولۇق ئادا قىلىشقا قادىر بولالماسلىقىم مۇمكىن)دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا : سىز؛ «ئى الله ! مىنىڭ ئېھرامدىن چىقىدىغان ئورنۇم، سىلى مىنى توختۇتۇپ قويغان جايدۇر» دەپ شەرت قويۇپ، ھەج قىلغۇرىك دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

2712 - [ 6 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن ابن عباس رضي الله عنهما أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أمر أصحابه أن يبدلوا الهدي الذي نحروا عام الحديبية في عمرة القضاء . رواه أبو داود وفيه قصة وفي سنده محمد بن إسحاق

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرىنى، ئۆمرە ھەجنىڭ قازاسىنى قىلغاندا، ھۇدەيبىيە يىلى بوغۇزلىغان قۇربانلىق ھەدىيلىرىنىڭ ئورنىغا، يەنە باشقىدىن قۇربانلىق ھەدىينى بوغۇزلاشقا بۇيرىدى.(يەنى قۇربانلىقنى يەنە قىلدى) ئەبۇداۋۇد تويلىغان.

2713 - [ 7 ] وعن الحجاج بن عمرو الأنصاري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كسر أو عرج فقد حل وعليه الحج من قابل " . رواه الترمذي وأبو دواد والنسائي وابن ماجه والدارمي وزاد أبو داود في رواية أخرى : " أو مرض " . وقال الترمذي : هذا حديث حسن . وفي المصابيح : ضعيف

ھەججاج ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھەج قىلىۋىتىپ، بىرەر ئەزاسى سۇنۇپ كەتسە ياكى كېسەل، پالەچ، مېيىپ بولۇپ قالسا، ھەققەتەن ئۇ ئېھرامدىن چىقىپ ھالال بولىدۇ، ئۇ كىشىگە كېلەر يىلى يەنە بىر قېتىم قايتا ھەج قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەھمەد 15172 ـ ھەدىس، ھاكىم، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ. نەسەئى 2812 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3069 ـ ھەدىس.

2714 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عبد الرحمن بن يعمر الديلي قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " الحج عرفة من أدرك عرفة ليلة جمع قبل طلوع الفجر فقد أدرك الحج أيام منى ثلاثة أيام فمن تعجل في يومين فلا إثم عليه ومن تأخر فلا إثم عليه " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح
هذا الباب خال عن الفصل الثالث

ئابدۇراھمان ئىبنى يەئمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەج ئاراپاتتا بولىدۇ،(يەنى ھەج قىلىش ئاراپاتتا ۋۇقوف قىلىشتا بولىدۇ) كىم جەمئى تېغىدا ۋۇقۇف قىلىش كېچىسى

سۈبھى يورۇشدىن بۇرۇن ئارپات تېغىغا كېلەلسە، ئۇ جەزمەن ھەجنى تاپالايدۇ، مىنا كۈنلىرى ئۈچ كۈندۇر، (يەنى قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىنكى تەشرىق كۈنلىرى شۇ) كىم بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە كۆچۈشكە ئالدىراپ قالسا، ئۇنىڭغا گۇناھ يوق، كىم بۇ كۈندىن كېچىكىپ قالسا، ئۇنىڭغىمۇ گۇناھ يوقتۇر. ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى، دارىمى، تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## باب حرم مكة حرسها الله تعالى - الفصل الأول

## مەككىنىڭ ھارام قىلىنىشى، ئاللاھنىڭ مەككىنى قوغدىشى توغرىسىدا

**2715 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم فتح مكة : لا هجرة ولكن جهاد ونية وإذا استنفرتم فانفروا " . وقال يوم فتح مكة : " إن هذا البلد حرمه الله يوم خلق السماوات والأرض فهو حرام بحرمة الله إلى يوم القيامة وإنه لم يحل القتال فيه لأحد قبلي ولم يحل لي إلا ساعة من نار فهو حرام بحرمة الله إلى يوم القيامة لا يعضد شوكه ولا ينفر صيده ولا يلتقط لقطته إلا من عرفها ولا يختلى خلاها . فقال العباس: يا رسول الله إلا الأذخر فإنه لقينهم ولبيو م ؟ فقال : إلا الأذخر**

ئائىشە، سەفۋان،ئەبۇھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى ئىشغال قىلغان كۈنى مۇنداق دىگەن: مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق، (يەنى مەككىدىن مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەت يوق). لېكىن، جىھاددا ھىجرەت بار، ياخشى ئىشلارنى نىيەت قىلىشدا ھىجرەت بار، (چۈنكى، جىھاد ئۈزۈلۈپ قالمىسا، ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، جىھاد ھىجرىتى مەڭگۈ باقىيدۇر، ياكى جىھاد بىلەن خالىس نىيەتلا قالدى خالاس). سىلەردىن ئۇرۇشقا چىقىشىڭلار تەلەپ قىلىنسا، دەرھال ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشقا چىقىڭلار. مەككىنى ئىشغال قىلغان كۈنى يەنە مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بۇمەككە، ئاللاھتائالا ئاسمان ـ زىمىننى ياراتقان كۈندىن باشلاپ ھارام قىلغان شەھەردۇر، بۇ مەككە شەھىرى ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر، مەندىن بۇرۇن ھېچ بىر كىشىگە مەككىدە ئۇرۇش قىلىش ھالال قىلىنمىغان، پەقەت ماڭىلا كۈندۈزدىن بىر سائەت ھالال قىلىنغان، ئۇ يەنە، ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر، ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭ دەرەخ شاخلىرى كېسىلمەيدۇ، ئوۋلىرى، ھايۋانلىرى قاچۇر ـ ىۋېتىلمەيدۇ، ئۇ مەككىدە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى پەقەت ئۇنى تونىغان ئىگىسىلا تېپىپ ئالالايدۇ، باشقىلار ئېلىۋالالمايدۇ، ئۇنىڭ دەل ــ دەرەخ، ئوت ــ چۆپ، گۈل ــ گىياھلىرى كېسىلمەيدۇ، ئاابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئىزخىر دىگەن ئوت ـ چوپ ئۇلارنىڭ تۆمۈرچىلىرى، ئۆيلىرى،ئۆي ئۆگزىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى؟ ئۇنى ھالال قىلسىلا دىگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئىزخىر دىگەن ئوت ـ چوپ كېسىلسە، ئوراپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2716 - [ 2 ] ( متفق عليه )وفي رواية لأبي هريرة : " لا يعضد شجرها ولا يلتقط ساقطتها إلا منشد "**

مەككىنىڭ دەل ـ دەرەخ شاخلىرى كېسىلمەيدۇ، ئوۋلىرى، ھايۋانلىرى قاچۇرىۋېتىلمەيدۇ، ئۇ مەككىدە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى پەقەت (ئۇنى تونىغان ئىگىسىلا،)تونۇتقۇچى،جاكاچىلا تېپىپ ئالالايدۇ، باشقىلار ئېلىۋالالمايدۇ،

**2717 - [ 3 ] ( صحيح )**

**وعن جابر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا يحل لأحدكم أن يحمل بمكة السلاح " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىرەر كىشىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مەككىدە قورال كۆتۈرۈپ يۈرۈشى ھالال ئەمەس. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2718 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم دخل مكة يوم الفتح وعلى رأسه المغفر فلما نزعه جاء**

رجل وقال : إن ابن خطل متعلق بأستار الكعبة . فقال : " اقتله "

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى مەككىگە، بېشىدا جەك كىيىمى دۇبۇلغا بار ھالدا كىردى، ئۇنى بېشىدىن ئېلىپ تۇرۇشىغا، بىركىشى كېلىپ؛ ئىبنى خەتتەل كەئبىنىڭ يوپۇقلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ تۇرىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرىۋېتىڭلار دېدى. بۇخارى، مۇسلىم . (چۈنكى ئۇ ئىبنى خەتتەل مۇرتەد بولۇپ، ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان بىرمۇسۇلماننى ئۆلتۈرگەن، بىر ناخشىچى قىزچاقنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەجۋىي ناخشىغا بۇيرىغان)

2719 - [ 5 ] ( صحيح )وعن جابر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم دخل يوم فتح مكة وعليه عمامة سوداء بغير إحرام . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە، مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى ، ئېھرام باغلىماستىنلا، ئۇستىدە قارا سەللە بار ھالدا كىردى. مۇسلىم تويلىغان.

2720 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يغزو جيش الكعبة فإذا كانوا ببيداء من الأرض يخسف بأولهم وآخرهم " . قلت : يا رسول الله وكيف يخسف بأولهم وآخرهم وفيهم أسواقهم ومن ليس منهم ؟ قال : " يخسف وآخرهم ثم يبعثون على نيا م "

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مۇشۇ بەيتۇللاھقا يەنى كەئبىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇشۇش ئۈچۈن بەيتۇللاھنى مەخسەت قىلىپ، نۇرغۇن قوشۇن كېلىدۇ، ئۇلار زېمىننىڭ بەيدائ دېگەن يېرىگە كەلگەندە،( قوشۇننىڭ ئوتتۇرىدىكى قىسمىنى يەر يۇتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلقى بېشى: ئاخىرىنى توۋلاپ نىدا قىلىدۇ)، ئاندىن باش ـ ئاخىرى ھەممىسى يەرگە يۇتتۇرىلىدۇ، (ئۇلاردىن پەقەت خەۋەرچىسى، ئالاقچىسى قېلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسى پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ)،ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولمىغان بازار ئەھلىمۇ بارتۇرسا، قانداقسىگە باش ـ ئاخىرى ھەممىسى يەرگە يۇتتۇرىلىدۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ: (ياخشى كىشلەرمۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەت كۆپىيىپ كەتسە)،ئۇلار بىلەن بىرگە ھەممىسى يەرگە يۇتتۇرۇلۇپ، ھالاك بولىدۇ،ئاندىن قىيامەت كۈنى نىيىتى، ئەمەللىرى ئۇستىدە قوپۇرۇلىدۇ دېدى. ئەھمەد ،بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھەھ. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى كەئبە، مەككىگە كېلىپ پاناھ تىلەيدۇ، ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە قوشۇن ئەۋەتىلىدۇ، ئۇ قوشۇن زېمىننىڭ بەيدائ دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئۇلارنى يەر يۇتىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار ئارىسىدا مەجبۇرى، ياقتۇرماي چىقىپ قالغانلار بولسىچۇ؟ دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىنىمۇ شۇ قوشۇنلار بىلەن بىرگە يەر يۇتىدۇ، لېكىن، ئۇ قىيامەت كۈنى نىيىتىگە ئاساسەن قوپۇرۇلىدۇ دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم تويلىغان، سەھەھ. ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەيتۇللاھقا قارشى قوشۇنلاردىن بىر قوشۇننى يەر يۇتۇپ كەتمىگىچە، بۇ بەيتۇللاھقا قارشى غازات قىلىدىغان قوشۇنلار ئاخىرلاشمايدۇ، (شۇ قوشۇننى يەر يۇتقاندا ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ). نەسەئى، ھاكىم تويلىغان، سەھەھ.

2721 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " يخرب الكعبة ذو السويقتين من الحبشة "

ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەئبىنى ھەبەشىيلىك قارا تەنلىك ئىنچىكە پاچاق كىشلەر خاراب قىلىدۇ، (ئاستىدىكى ھەدىستە؛ بىر تاشدىن بىر تاشتىن قومۇرۇپ، يۇلۇپ ئېلىۋېتىدۇ دېيىلگەن). بەيھەقى، نەسەئى، بۇخارى،مۇسلىم تويلىغان، سەھەھ.

**2722 - [ 8 ] ( صحيح )وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " كأني به أسود أفحج يقلعها حجرا حجرا " . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گوياكى مەن ئۇنىڭغا قاراۋاتىمەن، ئۇنى كۆرىۋاتىمەن، ئىنچىكە پاچاق، قارا تەنلىك بىركىشى كەئبىنى بىر تاشتىن بىر تاشتىن يۇلۇپ ئېلىپ چۇۋۇۋاتىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، بۇ تېخى كەلگۈسىدىكى ئالامەتتۇر.

**2723 - [ 9 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )**

**عن يعلى بن أمية قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " احتكار الطعام في الحرم إلحاد فيه " . رواه أبو داود**

يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەرەمدە تائام ئاشلىقنى باھاسى ئۆسكەندە ساتىمەن دەپ مۇنۇپۇل قىلىۋېلىش، ئۇنىڭدا زۇلۇم قىلىش، دىنسىزلىق، دىندىن مۇرتەد بولۇپ چىقىپ كېتىشتۇر، ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2724 - [ 10 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لمكة : " ما أطيبك من بلد وأحبك إلي ولولا أن قومي أخرجوني منك ما سكنت غيرك " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب إسنادا**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا، مەككىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: ماڭا سەندىن باشقا پاك، بەرىكەتلىك، ياخشى، سۆيۈملۈك شەھەر يوق، مەن سېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن، ئەگەر قەۋمىم مېنى سەندىن قوغلاپ چىقارمىغان بولسا، مەن سەندىن باشقا جايدا ھەرگىز تۇرمايتتىم. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2725 - [ 11 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عدي بن حمراء رضي الله عنه قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم واقفا على الحزورة فقال : " والله إنك لخير أرض الله وأحب أرض الله إلى الله ولولا أني أخرجت منك ما خرجت . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىۋېتىپ، ھەزۋەرەت دىگەن كىچىك تاغنىڭ ئۈستىدە مەككىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن، ئاللاھنىڭ زىمىنىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، (ماڭا، ۋە) الله قا ئاللاھنىڭ زىمىنىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، ئەگەر مەن سەندىن قوغلاپ چىقىرىلمىغان بولسام، ھەرگىز چىقىپ كەتمەيتتىم. ئەھمەد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2726 - [ 12 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )**

**عن أبي شريح العدوي أنه قال لعمرو بن سعيد وهو يبعث البعوث إلى مكة : ائذن لي أيها الأمير أحدثك قولا قام به رسول الله صلى الله عليه وسلم الغد من يوم الفتح سمعته أذناي ووعاه قلبي وأبصرته عيناي حين تكلم به : حمد الله وأثنى عليه ثم قال : " إن مكة حرمها الله ولم يحرمها الناس فلا يحل لامرئ يؤمن بالله واليوم الآخر أن يسفك ا دما ولا يعضد ا شجرة فإن أحد ترخص بقتال رسول الله صلى الله عليه وسلم فيها فقولوا له : إن الله قد أذن لرسوله ولم يأذن لكم وإنما أذن لي فيها ساعة نار وقد عادت حرمتها اليوم كحرمتها بالأمس وليبلغ الشاهد الغائب " . فقيل لأبي شريح : ما قال لك عمرو ؟ قال : قال : أنا أعلم بذلك منك يا أبا شريح إن الحرم لا يعيذ عاصيا ولا فارا بدم ولا فارا بخربة . متفق عليه . وفي البخاري : الخربة : الجناية**

ئەمرۇ ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەككىگە قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولغاندا، ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دىدى: ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ماڭا رۇخسەت قىلسىلا، مەن سىلىگە مەككىنى ئىشغال قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىسىدە سۆزلىگەن بىر ھەدىسنى سۆزلەپ

بىرەي، بۇھەدىسنى مىنىڭ مۇشۇ ئىككى قۇلۇقۇم ئاڭلىغان، قەلبىم يادا ئالغان، رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىسنى سۆزلەۋاتاقاندا ئىككى كۆزۈم رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ تۇرغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ؛ **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كىيىن مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەككىنى كىشىلەر ھارام قىلىمىدى، بەلكى، ئاللاھ ئۆزى ھارام قىلغاندۇر،ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىشىنىدىغان كىشى ئۈچۈن مەككىدە قان تۆكۈش ھالال ئەمەس، ئۇنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىش ھالال ئەمەس، ئەگەر بىرسى سىلەردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىدە ئۇرۇش قىلىشى ھالال قىلىندىمۇ؟ رۇخسەت بېرىلدىمۇ؟ دەپ سوراپ قالسا، ئۇلارغا؛ ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۆز ئەلچىسىگە رۇخسەت قىلىپتۇ، سىلەرگە رۇخسەت قىلماپتۇ، ھالال ئەمەسكەن دەپ قويۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مەن ئۈچۈن (مەككىنى ئىشغال قىلىشىلىشىم ئۈچۈن) كۈندۈزدىن بىر سائەتلا رۇخسەت قىلغان ئىدى، ئاندىن ئۇ مەككە خۇددى ئاخشام ھارام بولغاندەكلا، بۈگۈنمۇ ھارام بولۇپ، ھارام بولۇشى ئەسلىگە قايتتى، ئۇ ئەمدى مەڭگۈ ھارامدۇر، ھازىر بولغانلار؛ غائىپ بولغان يوقلارغا يەتكۈزسۇن. (مەن تۇلۇق يەتكۈزدۇم، ئى ئاللاھ، گۇۋاھ بولغىن دىگەن) ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ساڭا ئەمرۇ نىمە دىدى؟ دىيىلدى، ئۇ: ئەمرۇ ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا؛ ئى ئەبۇ شۇرەيھ! مەن شۇنى سەندىن بەكىرەك بىلىمەن، لېكىن ھەرەم مەككە (خەلىپىگە ئاسىيلىق قىلغان)ئاسىينى، (بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋىتىپ)ئۇنىڭ قىنى، خۇنى بىلەن قاچقان قاتىل كىشىنى، جىنايەت بىلەن قاچقان كىشىنى قۇتقۇزۇپ قالمايدۇ دىگەن ،دىدى. ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2727 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن عياش بن أبي ربيعة المخزومي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تزال هذه الأمة بخير ما عظموا هذه الحرمة حق تعظيمها فإذا ضيعوا ذلك هلكوا " . رواه ابن ماجه**

ئىياش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ ئۈممەت، مەككە ـ مەدىنىنىڭ ھارام قىلىنىشىدىن ئىبارەت مۇشۇ ھۆرمەتنى، ھەقىقى لايىقىدا ئۇلۇغلاپ، ھۆرمەتلىسىلا،ھارام بىلسىلا، ياخشىلىقتا دەۋام قىلالايدۇ، ئەگەر ئۇنى زايا قىلىۋەتسە، ئۇلار ھالاك بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان.

## باب حرم المدينة حرسها الله تعالى - الفصل الأول

## مەدىنىنىڭ ھارام قىلىنىشى ، ئاللاھنىڭ مەدىنىنى قوغدىشى توغرىسىدا

**2728 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن علي رضي الله عنه قال : ما كتبنا عن رسول الله صلى الله عليه وسلم إلا القرآن وما في هذه الصحيفة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المدينة حرام ما بين عير إلى ثور فمن أحدث فيها حدثا أو آوى محدثا فعليه لعنة الله والملائكة والناس أجمعين لا يقبل منه صرف ولا عدل ذمة المسلمين واحدة يسعى ا أدناهم فمن أخفر مسلما فعليه لعنة الله والملائكة والناس أجمعين لا يقبل منه صرف ولا عدل ومن والى قوما بغير إذن مواليه فعليه لعنة الله والملائكة والناس أجمعين لا يقبل منه صرف ولا عدل "وفي رواية لهما : " من ادعى إلى غير أبيه أو تولى غير مواليه فعليه لعنة الله والملائكة والناس أجمعين لا يقبل منه صرف ولا عدل "**

ئەلى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، بىز پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قۇرئان بىلەن مۇشۇ ۋاراقتىكى نەرسىنىلا يېزىۋالغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: مەدىنىنىڭ ئەير دىگەن جايىدىن باشلاپ، سەۋر دىگەن جايغىچە بولغان ئارىلىقى ھارامدۇر، كىم مەدىنىدە گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىپ، بىدئەت پەيدا قىلسا ياكى دىندا ئەقىيدە، ئىبادەت جەھەتتىن بىدئەت پەيدا قىلغۇچى بىدئەتچىگە ئورۇن، جاي بېرىپ، ھىمايە قىلسا، ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەت كۈنى پەرز، ياكى نەپلە ئىبادىتىنى، تۆۋبە ۋە فىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھدىسى

بىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىلىرىمۇ ئۇ ئەھدىنى ئىجرا قىلالايدۇ، بۇزۇش ياكى ۋاپا قىلىشتا ھوقۇقتا ئىگە، كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەھدىسىنى بۇزۇۋەتسە، خىيانەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بالىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن پەرز، نەپلە ئىبادىتىنى، تۆۋبىسىنى، پىدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. كىم ئۆزىنى باشقا كىشىگە نىسبەت بېرىپ، دادىسىدىن باشقا كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، ياكى ئۆز خوجايىنىدىن باشقا كىشىنى خوجايىنىم دەپ داۋا قىلىپ، ئۆزىنى باشقا كىشىگە نىسبەت بەرسە، (ياكى ئەھدىسىنى بۇزۇپ، دوست بولغان كىشلەرنى باشقا كىشلەر بىلەن ئۇلارنىڭ خەۋىرىسىز،رۇخسىتىسىز دوست بولسا) ئۇ كىشىگىمۇ ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن پەرز ۋە نەپلە، تۆۋبە، پىدىيلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2729 - [ 2 ] ( صحيح )وعن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني أحرم ما بين لابتي المدينة : أن يقطع عضاهها أو يقتل صيدها " وقال : " المدينة خير لهم لو كانوا يعلمون لا يدعها أحد رغبة عنها إلا أبدل الله فيها من هو خير منه ولا يثبت أحد على لأوائها وجهدها إلا كنت له شفيعا أو شهيدا يوم القيامة " . رواه مسلم**

سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن مەدىنىنىڭ ئىككى سايلىق، ئىككى تەرەپ ئارىسىنى ئۇنىڭ دەرەخلىرىنىڭ كېسىلىشىنى، ئوۋلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ھارام قىلىمەن، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلارغا ياخشىدۇر، ھەرقانداق بىر كىشى مەدىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنى تاشلاپ كەتسە، ئاللاھ مەدىنىگە ئۇنى تاشلاپ كەتكەن كىشىدىن ياخشىراق كىشىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ، ھەرقانداق بىر كىشى مەدىنىنىڭ بالالىرىغا، قىيىنچىلىق، مۇشەققەتلىرىگە، دەرىت ـ ئەلەملىرىگە سەۋرە قىلىپ چىداپ، مۇقىم تۇرسا، مەن بۇ كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى بولۇپ، شاپائەت قىلىمەن، (ھەرقانداق بىر كىشى مەدىنىگە، ئۇنىڭ ئەھلىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنى دوۋزاخ ئوتى ئىچىدە، خۇددى قوغۇشۇن، مىس، تۇچلارنى ئوتتا ئېرىتكەندەك، سۇدا تۇز ئېرىگەندەك ئېرىتىۋېتىدۇ، (يەنە ئەسلىگە كەلسە، يەنە كۆيدۈرۈپ ئېرىتىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2730 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يصبر على لأواء المدينة وشد ا أحد من أمتي إلا كنت له شفيعا يوم القيامة " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن بىرەر كىشى مەدىنىنىڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلىرىغا، ئاچارچىلىقلىرىغا، كەسپىنىڭ قىيىن بولۇشىغا، مۇسىبەتلىرىگە، ئېغىر كۈنلىرىگە سەۋرى قىلىپ، چىداپ تۇرالىسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇ كىشىگە شاپائەتچى بولىمەن ياكى ئۇ كىشى ئۈچۈن گۇۋاھچى بولىمەن. مۇسلىم 2448 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3859 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7527 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**2731 - [ 4 ] ( صحيح )وعنه قال : كان الناس إذا رأوا أول الثمرة جاءوا به إلى النبي صلى الله عليه وسلم فإذا أخذه قال : " اللهم بارك لنا في ثمرنا وبارك لنا في مدينتنا وبارك لنا في صاعنا وبارك لنا في مدنا اللهم إن إبراهيم عبدك وخليلك ونبيك وإني عبدك ونبيك وإنه دعاك لمكة وأنا أدعوك للمدينة بمثل ما دعاك لمكة ومثله معه " . ثم قال : يدعو أصغر وليد له فيعطيه ذلك الثمر . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كىشىلەر تۇنجى قېتىم پىشقان مېۋىنى كۆرسە، ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېلىپ كىلەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ :

ئى ئاللاھ، بىز ئۈچۈن مەدىنىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىز ئۈچۈن مۆلچىرىمىزگە، جىڭ، تارازا، سا ـ مىسقاللىرىمىزغا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن سىلىنىڭ بەندىللىرى، خەلىيل، يېقىن دوستىلىرى، پەيغەمبەرلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككە ئەھلى ئۈچۈن بەرىكەت تىلەپ، سىلىگە دۇئا قىلغان ئىدى، سىلىنىڭ بەندىللىرى ۋە ئەلچىلىرى بولغان مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ مەدىينە ئەھلى ئۈچۈن، ئۇلارغا جىڭ، تارازا، سا ـ مىسقاللىرىدا، مەككىگە ئاتا قىلغان بەرىكەتكە ئوخشاش بەرىكەت ئاتا قىلىشلىرىغا، بىر بەرىكەت بىلەن بىرگە يەنە ئىككى بەرىكەتنى ئاتا قىلىشلىرىغا، سىلىگە سېغىنىپ دۇئا قىلىمەن،دەيتتى. ئاندىن باللىرىنىڭ ئەڭ كىچىكىنى چاقىرىپ، ئۇ مېۋىنى بىرەتتى. مۇسلىم توپلىغان.

**2732 - [ 5 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن إبراهيم حرم مكة فجعلها حراما وإني حرمت المدينة حراما ما بين مأزميها أن لا يهراق فيها دم ولا يحمل فيها سلاح لقتال ولا تخبط فيها شجرة إلا لعلف . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ھارام قىلىپ مەسجىد ھەرەم قىلدى، ھەقىقەتەن مەن مەدىنىنى ئۇنىڭ ئىككى چەتتىكى سايلىق ئارىسىنى ھارام قىلدىم، مەدىنىيىندە قان تۆكۈلمەيدۇ، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قورال كۆتۈرۈلمەيدۇ،دەل ـ دەرەخ،گۈل ــ گىياھلىرى كېسىلمەيدۇ، پەقەت ھايۋان ھەلەپلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئى ئاللاھ، بىز ئۈچۈن مەدىنىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىز ئۈچۈن جىڭ، تارازا، سە، مىسقاللىرىمىزغا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، ئى ئاللاھ، بىر بەرىكەت بىلەن قوشۇپ يەنە ئىككى بەرىكەتنى بىللە ئاتا قىلسىلا، جېنىم ئىلىكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەدىنىنىڭ ھەربىر كوچا، يول، ئېغىزلىرىدا ئىككىدىن پەرىشتە تۇرۇپ، تاكى سىلەر مەدىنىگە كىرگەنگە قەدەر پوستا تۇرۇپ ساقلايدۇ، قوغدايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سىلىنىڭ بەندىللىرى، خەلىيل، دوستۇللىرى، مەككە ئەھلى ئۈچۈن بەرىكەت تىلەپ، سىلىگە دۇئا قىلغان ئىدى، مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ بەندىللىرى ۋە ئەلچىلىرى، مەدىينە ئەھلى ئۈچۈن، ئۇلارغا جىڭ، تارازا، سە، مىسقاللىرىدا مەككىگە ئاتا قىلغان بەرىكەتكە ئوخشاش بەرىكەت ئاتا قىلىشلىرىغا، بىر بەرىكەت بىلەن بىرگە يەنە ئىككى بەرىكەتنى ئاتا قىلىشلىرىغا، سىلىگە سېغىنىپ دۇئا قىلىمەن، تىرمىزى ، سەھىھ.

**2733 - [ 6 ] ( صحيح )وعن عامر بن سعد : أن سعدا ركب إلى قصره بالعقيق فوجد عبدا يقطع شجرا أو يخبطه فسلبه فلما رجع سعد جاءه أهل العبد فكلموه أن يرد على غلامهم أو عليهم ما أخذ من غلامهم فقال : معاذ الله أن أرد شيئا نفلنيه رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبى أن يرد عليهم . رواه مسلم**

ئامىر ئىبنى سەئىدىدىن، سەئدئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەدىينىگە يېقىن بولغان ئەقىيقتىكى قەسرىگە كىتىۋېتىپ، دەرەخ كىسىۋاتقان ياكى ئۇنى پۇتاۋاتقان بىرقۇلنى تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىۋالدى، ئۇ قايتىپ كەلگەندە، قۇلنىڭ ئەھلى ئۇنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ھېلىقى قۇلدىن ئېلىۋالغان كىيىمنى قۇلغا ياكى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بىرىش توغرىسىدا سۆزقىلدى، سەئدئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: الله قا سېغىنىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا نەپلە ئولجا، غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىنى، سىلەرگە قايتۇرۇپ بىرىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن دەپ، ئۇنى قايتۇرۇپ بىرىشكە ئۇنىمىدى.مۇسلىم.

**2734 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : لما قدم رسول الله صلى الله عليه وسلم المدينة وعك أبو بكر وبلال فجئت رسول الله صلى الله عليه وسلم فأخبرته فقال : " اللهم حبب إلينا المدينة كحبنا مكة أو أشد وصححها وبارك لنا في صاعها ومدها وانقل حماها فاجعلها بالجحفة "**

ئائشه رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، ئەبۇبەكرى بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار قىزىتما كېسەل بولۇپ قالدى، مەن كىلىپ بۇئىشنى رەسۇلۇللاھقاخەۋەر قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:«ئى الله ! بىزگە مەدىنىنى، مەككىنى ياخشى كۆرسەنكەندەك، ياخشى كۆرسەتكىن، مەككىنى ياخشى كۆرگىنىمىزدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان قىلغىن، ئۇنىڭ ھاۋاسىنى ساپ، كىشىللىرىنى ساق ـ سالامەت قىلغىن، بىزگە ئۇنىڭ سا، مۇد، جىلڭ ـ تارازىللىرىدا بەركەت ئاتا قىلغىن، ئۇنىڭدىكى قىزىتما كېسەلنى يۆتكەپ، جۇھپەتكە قىلىپ قويغىن » دەپ دۇئا قىلدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**2735 - [ 8 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمر في رؤيا النبي صلى الله عليه وسلم في المدينة : " رأيت امرأة سوداء ثائرة الرأس خرجت من المدينة حتى نزلت مهيعة فتأولتها : أن وباء المدينة نقل إلى مهيعة وهي الجحفة " . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنە توغرىسىدا چۈش كۆرۈپ مۇنداق دىگەن: مەن چۈشۈمدە، خۇددى چاچلىرى چۇۋۇق، قارا تەنلىك بىر ئايالنىڭ مەدىنىدىن چىقىپ، مەھيەئەتكە چۈشكىنىنى كۆردۇم، ئاندىن مەن بۇ چۈشۈمگە؛ ھەققەتەن مەدىنىنىڭ ۋاباكېسىلى شۇ جايغا يوتكىلىپتۇ دەپ تەبىر بەردىم، ئۇ جۇھپەت دىگەن جايدۇر. بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2736 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعن سفيان بن أبي زهير رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " يفتح اليمن فيأتي قوم يبسون فيتحملون بأهليهم ومن أطاعهم والمدينة خير لهم لو كانوا يعلمون ويفتح الشام فيأتي قوم يبسون فيتحملون بأهليهم ومن أطاعهم والمدينة خير لهم لو كانوا يعلمون ويفتح العراق فيأتي قوم يبسون فيتحملون بأهليهم ومن أطاعهم والمدينة خير لهم لو كانوا يعلمون "**

سوفيان ئىبنى ئەبۇ زۇھەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يەمەن مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن بىر تۈركۈم قەۋىملەر كېلىپ، كىشلەرنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىشكە قىززىقتۇرىدۇ، ئۇلار ئەھلىللىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى، ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلغان كىشلەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلار ئۇچۇن ياخشى ئىدى، شام ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن قەۋملەر كېلىپ، كىشلەرنى مەدىنىدىن چىقشقا قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلارمۇ ئەھلى بالىلىرى، مال ـ مۈلكى، ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلغان كىشلەر بىلەن بىرگە مەدىنىدىن كۆچۈپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلار ئۇچۇن ياخشى ئىدى، ئىراق ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىپ، كىشلەرنى مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە قىزىقتۇرىدۇ، كىشلەر ئەھلىلىرىنى،مال ـ مۈلكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلغان، ئەگەشكەن كىشلەرنى ئېلىپ كۆچۈپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلار ئۇچۇن بەك ياخشىدۇر. مالىك، بەيھەقى،بۇخارى، ئەھمەد 20908 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2460 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**2737 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أمرت بقرية تأكل القرى . يقولون : يثرب وهي المدينة تنفي الناس كما ينفي الكير خبث الحديد "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن باشقا شەھەر، يېزىلارنى يەپ كېتىدىغان يەنى ئىشغال قىلىۋالىدىغان شەھەرگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، كىشلەر ئۇ جاينى يەسرىب دىيىشىدۇ، ئۇ بولسا، مەدىنە بولىدۇ، مەدىنە كىشلەرنى خۇددى كورەك ئۆتى تۆمۈرنىڭ كىرىنى تازىلىغاندەك،پاك ـ پاكىز تازىلايدۇ. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان. توپلىغان، سەھىھ.

**2738 - [ 11 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : إن الله سمى المدينة طابة.رواه مسلم**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن

ئاللاھتائالا مەدىنىنى تابەت دەپ ئاتىدى، (تابەت؛ پاك _ پاكىز مەنىسىدە)، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى سەھىھ.

**2739 - [ 12 ] ( متفق عليه )وعن جابر بن عبد الله : أن أعرابيا بايع رسول الله صلى الله عليه وسلم فأصاب الأعرابي وعك بالمدينة فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا محمد أقلني بيعتي فأبى رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم جاءه فقال : أقلني بيعتي فأبى ثم جاءه فقال : أقلني بيعتي فأبى فخرج الأعرابي فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم :إنما المدينة كالكير تنفي خبثها وتنصع طيبها**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىرئەئرابىي كىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا مەدىنىدە قىزىتما كېسەل يەتتى، ئاندىن ھېلىقى ئەئرابىي كىلىپ؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن بەيئىتىڭنى بۇزۇپ، بىكار قىلىۋەتكىن دىدى، رەسۇلۇللاھ بەيئەتنى بۇزغىلى ئۇنىمىدى، ئاندىن يەنە شۇنداق دىسە ، يەنە ئۇنىمىدى، ئاندىن ھېلىقى ئەئرابىي ئۈچۈنجى قېتىم كىلىپ؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن بەيئىتىڭنى بۇزۇپ، بىكار قىلىۋەتكىن دىدى، رەسۇلۇللاھ يەنە بەيئەتنى بىكار قىلغىلى ئۇنىمىدى، ئۇكىشى مەدىنىدىن چىقىپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ھەقىقەتەن مەدىنە كۆرەككە ئوخشاش، ئۆزىدىن پاسىقلىق، مەئسىيەت، مۇناپىقلىقنى تازىلاپ يوقىتىدۇ، نىجىسلىرى يوقۇلۇپ، پاك _ پاكىز ياخشىلىرى ئايرىلىپ ، قېلىپ قالىدۇ،دىدى. مۇسلىم 2453 _ ھەدىس، بۇخارى 6777 _ ھەدىس، 6676 _ ھەدىس، تىرمىزى 3855 _ ھەدىس، مالىك 1377 _ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**2740 - [ 13 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى تنفي المدينة شرارها كما ينفي الكير خبث الحديد " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن مەدىنە، نىجىس كىرلارنى تازىلايدىغان كورەك ئوتىغا ئوخشايدۇ، خۇددى كورەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك، مەدىنە ئۆزىدىكى يامان كىشلەرنى تازىلاپ يوقاتمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2741 - [ 14 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " على أنقاب المدينة ملائكة لا يدخلها الطاعون ولا الدجال "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەدىنىنىڭ ھەربىر يول، كوچا ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر بار بولۇپ، مەدىنىگە ۋابا كېسىلى كىرەلمەيدۇ، دەججالمۇ كىرەلمەيدۇ. مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم،توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، مەدىنىدە راستىنلا ۋابا كېسلى يۈز بەرمىدى، ھەم بەرمەيدۇ،يەئجۇج ـ مەئجۇج بىلەن دەججال كىرەلمەيدۇ.

**2742 - [ 15 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس من بلد إلا سيطؤه الدجال إلا مكة والمدينة ليس نقب من أنقا ا إلا عليه الملائكة صافين يحرسونا في ل السبخة فترجف المدينة بأهلها ثلاث رجفات فيخرج إليه كل كافر ومنافق**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەككە بىلەن مەدىنىدىن باشقا بارلىق شەھەر _ يېزىلارغا دەججال دەسسەيدۇ، مەككە ـ مەدىنىنىڭ ھەربىر يوللىرىدا، كوچا ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر قۇراللىق ھالدا سەپ تارتىپ تۇرۇپ مەدىنىنى قوغدايدۇ، دەججال گىياھ ئۈنمەيدىغان تۇزلۇق، شورلۇق بىر زىمىنغا چۈشۈپ، چېدىرىنى شۇ جايغا تىكىدۇ، مەدىنە ئۆز ئەھلىگە قاتتىق ئۈچ قېتىم تەۋرەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەربىر كاپىر، مۇناپىقلار مەدىنىدىن دەججالنىڭ قېشىغا چىقىدۇ، (مانا بۇ قىيامەت ئالامىتى). مۇسلىم 5236 _ ھەدىس، بۇخارى 1748 _ ھەدىس، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

2743 [ 16 ] ( متفق عليه )وعن سعد قال :قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا يكيد أهل المدينة أحد إلا انماع كما ينماع الملح في الماء

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەدىينە ئەھلىگە ھىيلە ــ مىكىر قىلغان ھەرقانداق بىر كىشى، خۇددى تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك، ئېرىپ، ھالاك بولۇپ كېتىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەقىقەتنى مەككە ـ مەدىينىنىڭ باشلىقى بىلەمدىغاندۇ؟!!

2744 - [ 17 ] ( صحيح )وعن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا قدم من سفر فنظر إلى جدرات المدينة أوضع راحلته وإن كان على دابة حركها من حبها . رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كېلىپ، مەدىينىنىڭ تاملىرىنى كۆرگەندە، تۆگىسىنى، ئۇلىغىنى تېز چاپتۇرۇپ ماڭاتتى، ئەگەر ئۇلاغنىڭ ئۇستىدە بولسا، مەدىينىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۇنى تېز ھەرىكەتلەندۇرۇپ ئالدىراپ ماڭاتتى. بۇخارى توپلىغان.

2745 - [ 18 ] ( متفق عليه )وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم طلع له أحد فقال : " هذا جبل يحبنا ونحبه اللهم إن إبراهيم حرم مكة وإني أحرم ما بين لابتيها "

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇھۇد تېغى كۆرۈنگەندە، مۇنداق دىگەن: بۇ ئوھۇد تېغى بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىزمۇ ئوھۇد تېغىنى ياخشى كۆرىمىز، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ھارام قىلىپ مەسجىد ھەرەم قىلدى، ھەقىقەتەن مەن مەدىنىنى ئۇنىڭ ئىككى چەتتىكى ئىككى سايلىق ئارىسىنى ھارام قىلدىم. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.
بۇ ھەدىستىن ئىسلامى ۋەتەننى سۆيۈش، مۇھىتنى ئاسراش، يەرشارىنى ياخشى كۆرۈش چىقىپ تۇرىدۇ.

2746 - [ 19 ] ( صحيح )وعن سهل بن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أحد جبل يحبنا ونحبه " . رواه البخاري

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئوھۇد بىزنى ياخشى كۆرىدىغان تاغدۇر، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز. بۇ ھەدىسنى بۇخارى، سەھلىدىن، تىرمىزى ئەنەستىن، ئەھمەد، تەبرانى، زىيائولمەقدەسى، سوۋەيد ئىبنى ئامىر ئەنسارىدىن، ئەبۇلقاسىم، ئىبنى بەشەر،ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن توپلىغان سەھىھ.

2747 - [ 20 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن سليمان بن أبي عبد الله قال : رأيت سعد بن أبي وقاص أخذ رجلا يصيد في حرم المدينة الذي حرم رسول الله صلى الله عليه وسلم فسلبه ثيابه فجاءه مواليه فكلموه فيه فقال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم حرم هذا الحرم وقال : " من أخذ أحدا يصيد فيه فليسلبه " . فلا أرد عليكم طعمة أطعمنيها رسول الله صلى الله عليه وسلم ولكن إن شئتم دفعت إليكم ثمنه . رواه أبو داود

سۇلەيمان رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھارام قىلغان مەدىينىنىڭ ھەرەم دائىرىسىدە، (دەرەخ كىسىۋاتقان ياكى ئۇنى يۇتاۋاتقان ) ئوۋ ئوۋلاۋاتقان بىرقۇلنى تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىۋالغىنىنى كۆردۇم، ئاندىن قۇلنىڭ خوجا ـ يىنلىرى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ھېلىقى قۇلدىن ئېلىۋالغان كىيىمنى قۇلغا ياكى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا سۆزقىلدى، سەئىدئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەرەم مەدىينىنى ھارام قىلىپ؛ «كىم بۇ جايدا ئوۋ ئوۋلىغان كىشىنى تۇتىۋالسا، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇر ـ ىۋالسۇن»دىگەن، مەن سىلەرگە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا نەپلە ئولجا، غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەيمەن، ئەگەر خالىساڭلار، مەن سىلەرگە ئۇنىڭ پۇلىنى بىرەي دىدى.ئەبۇداد .

2748 - [ 21 ] ( لم تتم دراسته )وعن صالح مولى لسعد أن سعدا وجد عبيدا من عبيد المدينة يقطعون من شجر المدينة فأخذ متاعهم وقال يعني لمواليهم سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم ينهى أن يقطع من شجر المدينة شيء وقال : " من قطع منه شيئا فلمن أخذه سلبه " . رواه أبو داود

سالىھ رەھ مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ، مەدىنىنىڭ ھەرەم دائىرىسىدە، ئۇنىڭ دەل ـ دەرەخلىرىنى كىسىۋاتقان ياكى ئۇنى يۇتاۋاتقان مەدىنە قۇللىرىدىن بىر قۇلنى تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ماتالىرىنى، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىۋالدى، ۋە ئۇ قۇلنىڭ خوجايىنلىرىغا؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ؛ مەدىنە دەرەخلىرىنىڭ كىسىلىشىدىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: « كىم مەدىنە دەرەخلىرىدىن بىرەر نەرسىنى كەسسە، ئۇنى تۇتىۋالغان كىشى، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىۋالسا بولىدۇ» دېگەن، دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

2749 - [ 22 ] ( لم تتم دراسته )وعن الزبير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن صيد وج وعضاهه حرم محرم لله " . رواه أبو داود وقال محيي السنة : " وج " ذكروا أنا من ناحية الطائف وقال الخطابي : " إنه " بدل " إنا "

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن تائىپنىڭ بىر تەرىپىدىكى ھەججۇ دېگەن جاينىڭ ئوۋلىرى، دەل ـ دەرەخلىرى، ئوت ـ چۆپلىرى الله تائالانىڭ ھارام قىلىشى بىلەن ھارامدۇر، الله رازىلىقى ئۈچۈن ھارامدۇر.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

2750 - [ 23 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من استطاع أن يموت بالمدية فليمت لها فإني أشفع لمن يموت ا " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب إسنادا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەدىنىدە ئۆلۈشكە قادىر بولالىسا، شۇ جايدا ئۆلسۇن، ھەقىقەتەن مەن مەدىنىدە ئۆلگەن كىشىلەرگە شاپائەت قىلىمەن، (يەنى شۇ جايدا ياشاپ، شۇ جايدا مۇقىم تۇرسۇن، قېچىپ چىقىپ كەتمىسۇن، كىشى قىلىۋاتقان ئىش ــ ھەرىكەت ئۈستىدە، تۇرغان جايدا ئۆلىدۇ، بولۇپمۇ ئەجەللىك كېسەل كەلسە، مەدىنىدە تۇرسۇن). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. مەخسەت: تىرىشىش، مەدىنىنىڭ پەزىلىتىنى ئاللاھدىن سوراش، چارە ــ ئامال قىلىش، مەدىنىدە سەۋرى قىلىپ تۇرۇشتۇر.

2751 - [ 24 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " آخر قرية من قرى الإسلام خرابا المدينة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام شەھەرلىرىدىن ئەڭ ئاخىردا خاراب بولىدىغان شەھەر مەدىنە شەھىرىدۇر. تىرمىزى توپلىغان.

2752 - [ 25 ] ( لم تتم دراسته )وعن جرير بن عبد الله عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله أوحى إلي : أي هؤلاء الثلاثة نزلت فهي دار هجرتك المدينة أو البحرين أو قنسرين " . رواه الترمذي

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن الله تائالا ماڭا مۇنداق ۋەھيى قىلغاندۇر؛ سەن ئەشۇ ئۈچ ئورۇننىڭ بىرىگە چۈشسەڭ، ئۇ سىنىڭ ھىجرەت ئورنۇڭ بولىدۇ، ئۇلار؛ مەدىنە، بەھرەين، قەنسەرىيندۇر، (رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە باردى، بەھرەين بەسرەت بىلەن ئۇممانىنىڭ ئارىلىقىدىكى شەھەردۇر، قەنسەرىين شام ھازىرقى سۇرىيە ئەتراپىدىكى شەھەردۇر) تىرمىزى توپلىغان.

2753 - [ 26 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن أبي بكرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يدخل المدينة رعب المسيح الدجال لها يومئذ سبعة أبواب على كل باب ملكان " . رواه البخاري

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنىگە دەججالنىڭ قورقۇنچىسى كىرەلمەيدۇ، دەججال چىققان شۇ كۈنلەردە مەدىنىنىڭ يەتتە ئىشكى بار بولۇپ، ھەر بىر ئىشىكتە ئىككى پەرىشتە پوستا تۇرۇپ قوغدايدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋابا كېسىلى ۋە دەججال مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ .بۇخارى

2754 - [ 27 ] ( متفق عليه )وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اللهم اجعل بالمدينة ضعفي ما جعلت بمكة من البركة

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان؛« ئى ئاللاھ، مەدىنىگە، مەككىگە قىلىپ بەرگەن بەرىكەتلىرىدەك، ئىككى ھەسسە ئارتۇق بەرىكەت قىلىپ بەرسىلە»، ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

2755 - [ 28 ] ( ضعيف )وعن رجل من آل الخطاب عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : من زارني متعمدا كان في جواري يوم القيامة ومن سكن المدينة وصبر على بلائها كنت له شهيدا وشفيعا يوم القيامة ومن مات في أحد الحرمين بعثه الله من الآمنين يوم القيامة

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسىدىن بىر ئەردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى قەستەن مەخسەت قىلىپ زىيارەت قىلسا، ئۇ قىيامەت كۈنى مەن بىلەن خوشنا بولىدۇ، كىم مەدىنىدە ياشاپ، ئۇنىڭ بالاسىغا سەۋرى قىلسا، مەن ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى ۋە شاپائەتچى بولىمەن، كىم مەككە ــ مەدىنىدىن ئىبارەت ھەرەمىيىن ئىككى ھەرەمنىڭ بىرسىدە ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى ئەمىن بولغۇچىلار قاتارىدىن قوپۇرىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، ئىمام ئەلبانى زەئىپ دېگەن

2756 - [ 29 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر مرفوعا : " من حج فزار قبري بعد موتي كان كمن زارني في حياتي " . رواهما البيهقي في شعب الإيمان

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەج قىلىپ، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قەبرەمنى زىيارەت قىلسا، ئۇ مېنى خۇددى ھايات چېغىمدا زىيارەت قىلغاندەك بولىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللاھ زەئىپ دېگەن،

2757 - [ 30 ] ( ضعيف )لإرسالە وعن يحيى بن سعيد أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان جالسا وقبر يحفر بالمدينة فاطلع رجل في القبر فقال : بئس مضجع المؤمن فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بئس ما قلت " قال الرجل إني لم أرد هذا إنما أردت القتل في سبيل الله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا مثل القتل في سبيل الله ما على الأرض بقعة أحب إلي أن يكون قبري ا منها " ثلاث مرات . رواه مالك مرسلا

يەھيا ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە قەبرە كولىنىۋاتقاندا ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىدى، قەبرە كولاۋاتقان ئەردىن بىرسى چىقىپ، مۆئمىننىڭ ياتىدىغان جايى نېمە دېگەن يامان! دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەن دېگەن سۆز نېمە دېگەن يامان! دېدى، ئۇ ئەر: مەن ئۇنى مەخسەت قىلمىدىم، مىنىڭ دېگىنىم ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش دېدى، يەنى ھامنى ئۆلگەن ئىكەنمىز، ئاللاھ يولىدا ئۆلسەك دېمەكچى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئوخششىدا

ھېچنەرسە يوق، ئۇ شۇنداق ئەۋزەلكى، مەنمۇ قەبرەمنىڭ شۇ جايدا بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن، شېھىد قويۇلغان زېمىندىن باشقىسى ماڭا سۆيۈملۈك ئەمەس، دەپ ئۈچ قېتىم دېدى. مالىك مۇرسەل ھالدا توپلىدى، زەئىپتۇر.

**2758 - [ 31 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال عمر بن الخطاب : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو بوادي العقيق يقول : أتاني الليلة آت من ربي فقال : صل في هذا الوادي المبارك وقل: عمرة في حجة . وفي رواية : قل عمرة وحجة رواه البخاري**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھۇلەيپىكە يېقىن ئەقىيق دېگەن جايدا تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ماڭا بۈگۈن كېچە رەببىمنىڭ نەزلىدىن بىر ئەلچى كېلىپ مۇنداق دېدى؛ بۇ مۇبارەك جايدا، يەنى ئەقىيق دېگەن جايدا ناماز ئوقۇغىن، ئۆمرە ھەج، پەرىز ھەجنىڭ ئىچىدە دېگىن. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد توپلىدى، سەھىھ.

## كتاب البيوع

## ئېلىم ــ سېتىم تىجارەتنىڭ كىتابى

## باب الكسب وطلب الحلال - الفصل الأول

## ھالالدىن كەسىپ قىلىش توغرىسىدا

**2759 - [ 1 ] ( صحيح )عن المقداد بن معدي كرب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أكل أحد طعاما قط خيرا من أن يأكل من عمل يديه وإن نبي الله داود عليه السلام كان يأكل من عمل يديه " . رواه البخاري**

مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھېچقانداق بىر كىشى ئۆز قولىنىڭ ئىش ئەمگىكىدىن يېگەندىنمۇ ياخشىراق، ھالالراق تاماق يېيەلمەيدۇ، ھەققەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قولىنىڭ ئىش ئەمگىكىدىن يەيتتى، (ئۇ تۆمۈرچى ئىدى، بۇ ئايەتتە بار). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**2760 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله طيب لا يقبل إلا طيبا وإن الله أمر المؤمنين بما أمر به المرسلين فقال : ( يا أيها الرسل كلوا من الطيبات واعملوا صالحا )وقال : ( يا أيها الذين آمنوا كلوا من طيبات ما رزقناكم )ثم ذكر الرجل يطيل السفر أشعث أغبر يمد يديه إلى السماء : يا رب يا رب ومطعمه حرام ومشربه حرام وملبسه حرام وغذي بالحرام فأنى يستجاب لذلك ؟ " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى خالايىق، ھەققەتەن ئاللاھتائالا پاكتۇر، پەقەت پاك ــ پاكىزنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەققەتەن ئاللاھتائالا مۇرسەل پەيغەمبەرلىرىنى بۇيرىغان نەرسىگە مۆئمىنلەرنى بۇيرىدى، ئاللاھ، پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق دېدى: «ئى پەيغەمبەرلەر! پاك ــ پاكىز ھالالدىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ھەققەتەن مەن سىلەر قىلغان ئەمەللەرنى تولۇق بىلىپ تۇرىمەن» ئاللاھ مۆئمىنلەرگە مۇنداق دېگەن: «ئى مۆئمىنلەر! بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىنىڭ پاك ــ پاكىز ھالاللىرىدىن يەڭلار، ياخشى ئەمەل قىلىڭلار»، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق بىر كىشىنى تىلغا ئالدى، بۇ كىشى سەپەرنى ئۇزۇن قىلدى، ئۇزۇن سەپەر قىلىش جەريانىدا مۇشەققەتنىڭ ئىبغىر، قاتتىقلىقىدىن چاچلىرى چۇۋۇق، توپا ــ چاڭ باسقان، بىچارە ھالدا ئاسمانغا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئى رەببىم، ئى رەببىم دەپ دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېگەن تائامى ھارام تۇرسا، ئىچكەن شارابى، ئىچىملىكى ھارام تۇرسا، كەيگەن كىيىمى ھارام تۇرسا، ئۇھارام بىلەن غىزالانغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن قانداقمۇ دۇئاسى ئىجاۋەت بولسۇن؟. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ھەدىسنىڭ

مەخسىدى، ھالالدىن يەپ ــ ئىچىپ، ھالالدىن كىيىم كىيىشتۇر، بۇنىڭغا بارلىق مۆئمىنلەر ھەتتا، پەيغەمبەرلەرمۇ بۇيرۇلغان، يەپ ــ ئىچىش تۇگۇل، ئۇچىسىدا بىر كوي چاغلىق ھارام ئارىلاشقان كىيىم بولسا، ئىبادەت دۇئالىرى قوبۇل بولمايدۇ، بۇ چوڭ زىياندۇر.

**2761 - [ 3 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يأتي على الناس زمان لا يبالي المرء ما أخذ منه أمن الحلال أم من الحرام " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا كىشى مال ــ دۇنياغا قەيەردىن ئېرىشتى؟ ھالالدىن يەتتىمۇ ياكى ھارامدىن يەتتىمۇ؟ قەتئىي پەرۋا قىلمايدۇ، مال ــ دۇنيانى دەپ، ھارامدىن قورقمايدۇ.بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2762 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن النعمان بن بشير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الحلال بين والحرام بين وبينهما مشتبهات لا يعلمهن كثير من الناس فمن اتقى الشبهاب استبرأ لدينه وعرضه ومن وقع في الشبهات وقع في الحرام كالراعي يرعى حول الحمى يوشك أن يرتع فيه ألا وإن لكل ملك حمى ألا وإن حمى الله محارمه ألا وإن في الجسد مضغة إذا صلحت صلح الجسد كله وإذا فسدت فسد الجسد كله ألا وهي القلب "**

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھالالمۇ ئوچۇق ــ ئاشكارا، ھاراممۇ ئوچۇق ئاشكارىدۇر، نۇرغۇن شۈبھىلىك نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىلەلمەيدۇ، كىم شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ھەزەر قىلىپ ساقلانسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئۆزىنىڭ يۈز ــ ئابرۇيى، ئىناۋىتى ئۈچۈن، دىنى ئۈچۈن پاكلانغان، پاكلىق يولىنى تۇتقان بولىدۇ، كىم شۈبھىلىك نەرسىنى قىلىپ سالسا، شۈبھىگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇ ھارامغا چۈشكەن بولىدۇ، (يەنى، بۇ ھارامغا ئاپىرىدۇ) ئۇنىڭ مىسالى، چېگرا ئەتراپىدا پادا باققان پادىچىغا ئوخشايدۇ، پادىچى، چېگرا ئىچىگە كىرىپ كېتىشى، چېگرا ئىچىدىمۇ پادىنى بېقىپ سېلىشى مۇمكىن، (ئەنە شۇنىڭدەك، شۈبھىلىك نەرسە بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھارامغىمۇ كىرىپ كېتىدۇ) ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار، ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن ئالللاھتائالانىڭ زېمىندىكى چېگرالىرى ھارام قىلغان نەرسىلەردۇر، دىققەت قىلىڭلار، جەسەدتە بىر چىشلەم گۆش بار، ئۇ ئوڭشالسا، بارلىق جەسەد ئوڭشىلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا، جەسەدنىڭ ھەممە يېرى بۇزۇلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ گۆش بولسا، قەلب، يۈرەكتۇر. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

شەيخ ئەللامە، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا بۇ سەھىھ ھەدىسدىن مۇنداق پايدىلىق ھۆكۈم چىقارغان؛

1 . شەيئىلەر بۇ ھەدىسدىن ئۈچ قىسىم بولىدۇ، ھالال، ھارام، شۈبھىلىك، ھالالغا ھېچ كىشىگە مالامەت قىلىنمايدۇ، خۇددى، بۇغداي، قوناق، كۆكتاتنى يېگەندەك. ھارامغا ھەرقانداق ئىنسان مالامەت قىلىنىپ ئازابقا ئۇچرايدۇ، ھاراق، قىمار، زىنادەك. شۈبھىلىك نەرسىلەردە، ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشقان، بەزىسى ھالال دېسە، بەزىسى ھارام دېگەن، بەزىسى تەپسىلى سۆزلەپ ئىللەت يازغان، مەسىلەن؛ تاماكا بۇرۇن شۈبھىلىك دەپ قارالغان، بەزىسى ھارام دېسە، بەزىسى مەكرۇھ، بەزىسى ھالال دېگەن، مانا ئەمدى، تىبابەتتە ئاشكارا بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، نۇرغۇن ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەردىن قىياس قىلىنىپ، تاماكا قەتئىي ھارام

قىلىندى، بۇنىڭ هاراملىقىغا ئىسلام ئالىملىرى، ھەتتا خەلقئارائالىملارئىتتىپاققاكىلىپ، بۇنى پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلدى، بىرلىككە كەلدى، هارام دىگەن چەكلىنىدۇ دىگەن بولىدۇ، تاماكۇ ئەلۋەتتە ھەممە جايدا چەكلىنىدۇ. بۇ بۇرۇن شۈبھى بولسا، ھازىر ئوچۇق ھارام قىلىندى، ماگىزىنلاردا نۇرغۇن شۈبھىلىك نەرسىلەر بار، ئۇ هارامغىمۇ ئوخشايدۇ، ھالالغىمۇ ئوخشايدۇ، شۇڭا شۈبھىدۇر.

2. ئىلىمنىڭ ئازلىقىدىن، چۈشەنچىنىڭ يوقلىقىدىن، تەدبىرنىڭ كاملىقىدىن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ يوقلىقىدىن شۈبھى كېلىپ چىقىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر سۈيقەست قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشلەر شەخسى غەرىزى بىلەنلا ھۆكۈم قىلىۋېتىپ، شۈبھىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تەمكىنلىك بىلەن ئالدىرىماي تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ئايەت، سەھىھ ھەدىسكە سالساق ئوچۇق، رۇشەنلىشىدۇ.

3. شۈبھىلىك نەرسىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ھىكمىتى شۇكى، ئىلىمغا ھېرىسمەن كىشى بىلەن، ھېرىسمەن ئەمەس كىشلەر ئاشكارىلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغانلار بىلەن ھېچ كارى يوقلار ئاشكارىلىنىدۇ، كىشلەر سىنىلىدۇ.

4. كىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇنى بىلەلمەيدۇ، دىگىنى چوقۇم ئاز ساندىكىلەر بۇنى بىلەلەيدۇ، شەرئەتتە كىشلەر بىلەلمىگىدەك، چۈشىنەلمىگىدەك ئىشلار يوق.

5. شۈبھىلىك نەرسىدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم، چۈنكى، ئۇ ھارامغا ئاپىرىدۇ.

6. شۈبھىگە چۈشكۈچى، هارامغا چۈشكەن بولىدۇ.

7. ئىلىمنى مىسال كەلتۈرۈش بىلەن ئۆگىتىش لازىم.

8. ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار دىگىنى باشقا پادىشاھقا چېگرا توختۇتۇپ، ئۇنىڭغا رازى بولغانلىق، ئىقرار قىلغانلىق ئەمەس، بۇ بىر مىسال كەلتۈرۈش خالاس، ھۆكۈم ئېلىنمايدۇ، چېگرا، زىمىن، پادىشاھلىق، ئالللاھقىلا خاستۇر.

9. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا چېگراسى دۇرۇستۇر، خۇددى تېرىلغۇ يەرنىڭ چېگراسىدەك.

10. هارامغا ئاپىرىدىغان ھەرقانداق نەرسە چەكلىنىدۇ، هارامغا ۋاستە، ۋەسىيلە بولسا، ئۇمۇ هارام.

11. مۇسۇلمانلار چېگراسىنى مۇداپىئە قىلىشى لازىم.

12. بارلىق پاساد بىلەن ئىسلاھ ئۈگىشلىش، قەلبگە، ئىددىيىگە باغلىقتۇر، ئەقىيدىنى رۇسلاڭ.

13. قەلبگە، ئىددىيىگە، ئەقىدىگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

14. بۇ سەھىھ ھەدىس بىلەن بىرگە،« ئۇلاردا ئەقىل قىلىدىغان قەلب بارمۇ؟» دىگەن ئايەت، ئەقىل قەلبدە بولىدۇ دىگەننى كۆرسىتىدۇ، ئەقىل قەلبدە.

15. مۇسۇلمانلار يۈز ـ ئابرۇيىنى، ئىنتاۋىتىنى ساقلىشى لازىم.

**2763 - [ 5 ] ( صحيح )وعن رافع بن خديج قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثمن الكلب خبيث ومهر البغي خبيث وكسب الحجام خبيث " . رواه مسلم**

رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىتنىڭ پۇلى

نجستۇر، (يەنى ئىت ساتقان پۇل هارام) زىناخور، پاھىشۋازنىڭ پۇلى نجستۇر، قان ئېلىش كەسپى بىلەن تاپقان پۇل هارام، نجستۇر. ئەھمەد 15251 _ ھەدىس، مۇسلىم 2931 _ ھەدىس، تىرمىزى 1196 _ ھەدىس، نەسەئى 4220 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇتتىمۇبار، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: هاراق ساتقان پۇل هارام، زىناخور، پاھىشىۋازنىڭ تاپقان پۇلى هارام، ئىتنى ساتقان پۇل هارام، شىشخال هارام، ئەگەر ساڭا بىرسى ئىتنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭ ئىككى قولىغا توپىنى لىق توللاپ قوي، هاراق بىلەن قىمار هارام، ھەرقانداق مەست قىلغۇچى هارامدۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. راپىئىبنى خەيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كەسىبنىڭ ئەڭ يامىنى زىناخورنىڭ كەسپى، پاھىشىۋازنىڭ كەسپى، ئىتنى ساتقان پۇل، قان ئېلىش كەسپى قاتارلىقلاردۇر. يەنى هارام، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2764 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أبي مسعود الأنصاري أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن ثمن الكلب ومهر البغي وحلوان الكاهن**

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، زىناخور پاھىشىۋازنىڭ پۇلىدىن، غەيىب داۋاسى قىلىدىغان جىنكەش، كاھىننىڭ تاپقان پۇلىدىن توسقان، يەنى هارام. بۇخارى 2121 _ ھەدىس، مۇسلىم 2930 _ ھەدىس، بۇلاردىن كىيىنكى تۆت كىتاب، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، مۈشۈك ساتقان پۇلدىن توسقان، (يەنى بۇ نەرسىلەر هارام، ساتقان پۇلىمۇ هارام، خۇددى ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك هارام، ئۇنى ساتقان پۇلىمۇ هارام بولغاندەك). ئەھمەد، هاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىت ساتقان پۇلدىن توسقان، لىكىن، ئوۋ ئىتىنىڭ پۇلدىن توسمىغان. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، توڭگۇزنى ساتقان پۇلدىن، هاراق ساتقان پۇلدىن، زىناخور، پاھىشىۋازنىڭ تاپقان پۇلدىن، ئەركەك هايۋاننىڭ سۈيىنى، مەنىي ئىسپىرمىسنى ساتقان پۇلدىن توسقان، يەنى هارام. تەبرانىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**2765 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي حجيفة أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن ثمن الدم وثمن الكلب وكسب البغي ولعن آكل الربا وموكله والواشمة والمستوشمة والمصور . رواه البخاري**

ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قان ساتقان پۇلدىن، قان ئېلىپ قويۇپ تاپقان پۇلدىن، ئىتنىڭ پۇلىدىن، پاھىشىۋازنىڭ پۇلىدىن توسقان. ئاللاھتائالا ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى جازانە، ئۆسۈم يىگۈچىگە، ۋە يىدۈرگۈچىگە، ئىككى گۇۋاھچىغا، كاتىبقا، (چاچ ئۇلاتقۇچى ھەم ئۇلاپ قويغۇچىغا)، مەڭ ئويدۇرغۇچى ھەم مەڭ ئويغۇچىغا،(يۈزىدىن، قېشىدىن كىرپىك تۈكلىرىنى يۇلغۇچى ھەم يۇلۇپ قويغۇچىغا، گۈزەللىك ئۈچۈن چىش ئارىلىقلىرىنى ئايرىپ، يىراقلاشتۇرۇپ، چىش قاپلاتقۇچىلارغا) جانلىق نەرسىنىڭ سۈرەت،رەسىملىرىنى سىزغۇچىلارغا لەنەت قىلدى. بۇخارى 5505 _ ھەدىس، ئەھمەد 18007 _ ھەدىس. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا جازاينە، ئۆسۈم يىگۈچىگە، يىدۈرگۈچىگە، كاتىپ، گۇۋاھچى بولغۇچىلارغا بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلغۇچىلارغا، چاچ ئۇلاتقۇچى ھەم ئۇلاپ قويغۇچىغا، مەڭ ئويدۇرغۇچى ھەم مەڭ ئويغۇچىغا، يۈزىدىن، قېشىدىن كىرپىك تۈكلىرىنى يۇلغۇچى ھەم يۇلۇپ قويغۇچىغا، گۈزەللىك ئۈچۈن چىش ئارىلىقلىرىنى ئايرىپ، يىراقلاشتۇرۇپ، چىش قاپلاتقۇچىلارغا لەنەت قىلدى. مۇسلىم 3966 _ ھەدىس، بۇخارى، تەبرانى ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا، هۆكۈم قىلغاندا پار بەرگۈچى، پار ئالغۇچى ھەر ئىككى كىشىگە لەنەت

قىلدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2766 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن جابر أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول عام الفتح وهو بمكة : " إن الله ورسوله حرم بيع الخمر والميتة والخ ير والأصنام " . فقيل : يا رسول الله أرأيت شحوم الميتة ؟ فإنه تطلى ا السفن ويدهن ا الجلود ويستصبح ا الناس ؟ فقال : " لا هو حرام " . ثم قال عند ذلك : " قاتل الله اليهود إن الله لما حرم شحومها أجملوه ثم باعوه فأكلوا ثمنه "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان يىلى، مەككىدىكى چاغدا مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ھاراقنى سېتىشنى، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى سېتىشنى، توڭگۇزنى، بۇتلارنى سېتىشنى ھارام قىلدى، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ يېغىغا قانداق قارايلا؟ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كىمىنىڭ يېرىقلىرىنى ئېتىدۇ، تىرىلەرنى ياغلايدۇ، چىراق قىلىپ يۇتىدۇ دىيىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن، رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇنكى، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئۇلارغا ياغنى ھارام قىلسا، ئۇلار ياغنى كۆيدۈرۈپ، ئېرىتىپ ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى سېتىپ، بۇ ھارام نەرسىنىڭ پۇلىنى يەپ كەتتى،دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ. ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ پۇلى ھارامدۇر، تېرىسىنى ئېلىۋېلىشقا ئوچۇق ھەدىس باردۇر، لېكىن، ئۇچەيلىرىنى ئېلىۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، ئۆلۈكنى دىنسىزلارغا ساتساق بۇ دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى، سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى سېتىشتىن توسقان سەھىھ ھەدىس بار، بۇ يۇقىرىدا ئۆتتى. بۇ ھەدىستىن ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەن، ھارام بولۇپ كەتكەن قوي ــ كالىلارنى،توگە ـ ئىشەكلەرنى سېتىش ھارام، پۇلىمۇ ھارامدۇر.

**2767 - [ 9 ] ( متفق عليه )**

**وعن عمر رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " قاتل الله اليهود حرمت عليهم الشحوم فجملوها فباعوها "**

جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن، رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئۇلارغا ياغنى ھارام قىلسا، ئۇلار ياغنى كۆيدۈرۈپ، ئېرىتىپ ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى سېتىپ، بۇ ھارام نەرسىنىڭ پۇلىنى يەپ كەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەتوپلىغان، سەھىھ

**2768 - [ 10 ] ( صحيح )وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن ثمن الكلب والسنور . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، مۈشۈك ساتقان پۇلدىن توسقان، (يەنى بۇ نەرسىلەرنى يىيىش ھارام، ساتقان پۇلىمۇ ھارام، خۇددى ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك ھارام، ئۇنى ساتقان پۇلىمۇ ھارام بولغاندەك). ئەھمەد،مۇسلىم، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**2769 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعن أنس رضي الله عنه قال : حجم أبو طيبة رسول الله صلى الله عليه وسلم فأمر له بصاع من تمر وأمر أهله أن يخففوا عنه من خراجه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇتەييىبە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قان ئېلىپ قويدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر سا خورما بىرىلىشكە بۇيرىدى، ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى يەنى خوجايىنلىرىنى، ئۇنىڭ چىقىملىرىنى ئۇنىڭدىن يەڭگىللىتىشنى بۇيرىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**2770 - [ 12 ] الفصل الثاني ( صحيح )**

**عن عائشة قالت : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن أطيب ما أكلتم من كسبكم وإن أولادكم من كسبكم " . رواه الترمذي**

**والنسائي وابن ماجه . وفي رواية أبي داود والدارمي : " إن أطيب ما أكل الرجل من كسبه وإن ولده من كسبه "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سىلەر يىگەن نەرسىنىڭ ئەڭ پاك، ھالالراقى ئۆزۈڭلارنىڭ كەسپىدۇر، ھەقىقەتەن ئەۋلاد، بالىلىرىڭلار سىلەرنىڭ كەسپىڭلاردۇر، (شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەرسىنى ئىزنىسىز يەڭلار) ھەقىقەتەن كىشىنىڭ يىگەن نەرسىسىنىڭ ئەڭ پاك، ھالالراقى ئۆزىنىڭ كەسپىدۇر، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بالىسى ئۇنىڭ كەسپىدۇر، تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ،دارىمى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەن ئۆزۈڭ ۋە سېنىڭ مال ــ مۈلۈكۈڭ، ئاتا ــ ئاناڭنىڭدۇر، ھەقىقەتەن ئەۋلادلىرىڭلار، بالىلىرىڭلار، سىلەرنىڭ كەسپىڭلارنىڭ ئەڭ پاك، ھالالراقىدۇر، سىلەر بالىلىرىڭلارنىڭ، ئەۋلادىڭلارنىڭ كەسپىدىن، كەسىپ قىلىپ تاپقانلىرىدىن يەڭلار! .ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

**2771 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن مسعود عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يكسب عبد مال حرام فتيصدق منه فيقبل منه ولا ينفق منه فيبارك له فيه ولا يتركه خلف ظهره إلا كان زاده إلى النار . إن الله لا يمحو السيئ بالسيئ ولكن يمحو السيئ بالحسن إن الخبيث لا يمحو الخبيث " . رواه أحمد وكذا في شرح السنة**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر بەندە، ھارام مالنى كەسىب قىلىپ،ھارامدىن پۇل تېپىپ، ئۆزىدىن قوبۇل بولسۇن ئۈچۈن سەدىقە قىلسا، مېلىدا بەركەت بىرىلىشى ئۈچۈن نەپىقە قىلسا، ئارقىسىدىكىلەرگە قالدۇرسا، بۇ ھارام مال ئۇنىڭغا دەۋزەخ ئوتىنى زىيادە قىلىدۇ. ھەقىقەتەن الله تائالا يامانلىقنى يامانلىق بىلەن ئۆچۈرمەيدۇ، لېكىن يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن ئۆچۈرىدۇ. يامانلىق نىجىس، نىجىسنى يۇيۇپ ئۆچۈرمەيدۇ. ئەھمەد توپلىغان.

**2772 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل الجنة لحم نبت من السحت وكل لحم نبت من السحت كانت النار أولى به " . رواه أحمد والدارمي والبيهقي في شعب الإيمان**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھارامدىن ئۆسكەن گۆش جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ھارامنى يەپ ئۆسكەن ھەرقانداق گۆشكە، دەۋزەخ لايىقتۇر. ئەھمەد،دارىمى،بەيھەقى توپ.

**2773 - [ 15 ] ( صحيح )وعن الحسن بن علي رضي الله عنهما قال : حفظت من رسول الله صلى الله عليه وسلم : " دع ما يريبك إلى ما لا يريبك فإن الصدق طمأنينة وإن الكذب ريبة " . رواه أحمد والترمذي والنسائي وروى الدارمي**

ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىنى شەكلەندۈرگەن، ئىككىلەندۈرگەن نەرسىنى قويۇپ، شەكلەندۈرمىگەننى قىل، ھەقىقەتەن سەمىمىيلىك، راستچىللىق، دىلنىڭ خاتىرجەملىكىدۇر، يالغانچىلىق بولسا، شەك، گۇماندۇر. ئەھمەد، تىرمىزى،نەسەئى، دارىمى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس، ھەسەن، ۋاسىبەت، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىنى شەكلەندۈرگەن نەرسىنى شەكلەندۈرمىگەن نەرسىگە تەرىك ئەتكىن، (يەنى شەكلەندۈرگەننى قويۇپ شەكلەندۈرمىگەن، ئىككىلەندۈرمىگەن ئىشنى قىلغىن) دىگەن، ئەھمەد، نەسەئى، تەبرانى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

**2774 - [ 16 ] الفصل الثاني وعن وابصة بن معبد أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يا وابصة جئت تسأل عن البر والإثم ؟ " قلت : نعم قال : فجمع أصابعه فضرب صدره وقال : " استفت نفسك استفت قلبك " ثلاثا " البر ما أطمأنت إليه**

**النفس واطمأن إليه القلب والإثم ما حاك في النفس وتردد في الصدر وإن أفتاك الناس " . رواه أحمد والدارمي**

ۋابىسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ۋابىسەت!سەن ياخشىلىق بىلەن گۇناھ بولىدىغان ئىشتىن سوراپ كەلدىڭمۇ؟ دېدى، مەن: ھەئە دېسەم، بارماقلىرىنى يىغىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۆكسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ مۇنداق دېگەن: «ساڭا پەتىۋاچىلار پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزۈڭدىن، قەلبىڭدىن پەتىۋا سورىغىن»، بۇسۆزنى ئۈچ قېتىم دەپ، ئاندىن ؛ « ياخشىلىق، ياخشى ئىش دېگەن؛ نەپسى، كۆڭۈل خاتىرجەم بولغان، قەلبى ئۇنىڭغا ئارام تاپقان ئىشتۇر، يامانلىق گۇناھ دېگەن؛ گەرچە ساڭا پەتىۋاچىلار (كومىتېتى) پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ، كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىغان، قەلب ئارام تاپمىغان، سېنى شەكلەندۈرگەن ئىشتۇر،دېدى.ئەھمەد،دارىمى، بۇخارى تارىيخدا توپلىغان، ھەسەن.(ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىق ياخشى ئىش دېگەن نەپسى، كۆڭۈل خاتىرجەم بولغان، قەلبى ئۇنىڭغا ئارام تاپقان ئىشتۇر، يامانلىق گۇناھ دېگەن گەرچە ساڭا پەتىۋاچىلار كومىتېتى پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ، كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىغان، قەلب ئارام تاپمىغان، سېنى شەكلەندۈرگەن ئىشتۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. نەۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىق دېگەن ئەخلاقى گۈزەل بولۇشتۇر، يامانلىق، گۇناھ بولسا، قەلبىڭنى شەكلەندۈرگەن، سېنى ئىككىلەندۈرگەن كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى، بىلىپ قېلىشىنى، سەن ياقتۇرمىغان ئىشتۇر، مۇسلىم 4633 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2311 ـ ھەدىس، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان،سەھىھ.

**2775 - [ 17 ] ( حسن )وعن عطية السعدي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يبلغ العبد أن يكون من المتقين حتى يدع ما لا بأس به حذرا لما به بأس " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەتىييەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەرقانداق بەندە چاتاق يوق نەرسىنى، چاتاق بارمىكىن دەپ ھەزەر قىلىپ تەرىك ئەتمىگىچە ، مۇتتەقىيلىق دەرجىسىگە يېتەلمەيدۇ. (ئەنەشۇنداق ھەزەر قىلسا،مۇتتەقىي بولالايدۇ.)تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان ھەسەن.

**2776 - [ 18 ] وعن أنس قال : لعن رسول الله صلى الله عليه وسلم في الخمر عشرة : عاصرها ومعتصرها وشار ا وحاملها والمحمولة إليه وساقيها وبائعها وآكل ثمنها والمشتري لها والمشترى له . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاراق توغرىسىدا ئون خىل كىشىگە لەنەت قىلدى؛ ھاراقتا، ئۈنى سىقىپ ئىشلەپ چىقارغۇچىغا، ئىشلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ھاراق زاكاس قىلغۇچىغا، ھاراقنى ئىچكۈچىگە، قويۇپ بەرگەن ساقىيسىغا، ھاراقنى كۆتۈرۈپ ئاپارغۇچىغا يەنى ئىشچىسىغا، ھاراق ئاپارغان، توشۇغان كىشىگە،ھاراق ئاپىرىلغان دۇكاندارغا، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، ھاراقنىڭ پۇلىنى يىگۈچىگە، ھاراق ئۆزى ئۈچۈن سېتىۋېلىنغۇچىغا، ھەممىسىگە قاتتىق لەنەت قىلدى، (ئۇنداقتا، يۇقىرقى ئىشلار گۇناھى كەبىرە، ھارام بولىدۇ) ھاكىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2777 - [ 19 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لعن الله الخمر وشار ا وساقيها وبائعها ومبتاعها وعاصرها ومعتصرها وحاملها والمحمولة إليه " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ھاراقتا، ئۈنى سىقىپ ئىشلەپ چىقارغۇچىغا، ئىشلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ھاراق زاكاس قىلغۇچىغا، ھاراقنى ئىچكۈچىگە، قويۇپ بەرگەن ساقىيسىغا، ھاراقنى كۆتۈرۈپ ئاپارغۇچىغا يەنى ئىشچىسىغا، ھاراق ئاپارغان،

| |
|---|
| تۇشۇغان كىشىگە، دۇكاندارغا، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، ھاراقنىڭ پۇلىنى يېگۈچىگە، ھەممىسىگە قاتتىق لەنەت قىلدى. ھاكىم،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. |
| **2778 - [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن محيصة أنه استأذن رسول الله صلى الله عليه وسلم في أجرة الحجام فنهاه فلم يزل يستأذنه حتى قال : " اعلفه ناضحك وأطعمه رفيقك " . رواه مالك والترمذي وأبو داود وابن ماجه**<br><br>مۇھەييىسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قان ئالغانغا ئىش ھەققى ئېلىشقا ئىزنى سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن توستى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قان ئالغانغا ئىش ھەققى ئېلىشقا ئىزنى سوراۋەرگەچكە، ئاخىرى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ئۇنداق بولسا، ئالغان نەرسەڭنى تۆگەڭگە ھەلەپ قىلىپ بەر، قۇللىرىڭغا تاماق قىلىپ بېرىۋەتكىن دېدى. مالىك،تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان. |
| **2779 -[ 21 ] وعن أبي هريرة قال :نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن ثمن الكلب وكسب الزمارة.رواه في شرح السنة**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىت ساتقان پۇلدىن، پاھىشىۋازنىڭ پۇلىدىن، ناخشىچى ئاياللىنىڭ كەسىپ قىلىپ تاپقان پۇلىدىن توسقان. شەرھىسسۇننە ھەسەن. |
| **2780 - [ 22 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تبيعوا القينات ولا تشتروهن ولا تعلموهن وثمنهن حرام وفي مثل هذا نزلت : ( ومن الناس من يشتري لهو الحديث )رواه أحمد والترمذي وابن ماجه وقال الترمذي هذا حديث غريب وعلي بن يزيد الرواي يضعف في الحديث وسنذكر حديث جابر : نهى عن أكل أهر في باب ما يحل أكله " إن شاء الله تعالى**<br><br>ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ناخشىچى دېدەك چۆرىلەرنى ساتماڭلار، ئۇلارنى ھەم سېتىۋالماڭلار، ئۇلارغا ئۇنداق نەرسىلەرنى ئۆگەتمەڭلار، ئۇلارنىڭ تاپقان پۇللىرى ھارامدۇر، بۇھەقتە مۇنۇ ئايەت نازىل قىلىنغاندۇر:« بەزى كىشىلەر بىلمىسزلىكتىن، (كىشىلەرنى) ﷲنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە ﷲنىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»سۈرە لوقمان 6 ـ ئايەت.ئەھمەد،تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان. |
| **2781 - [ 23 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " طلب كسب الحلال فريضة بعد الفريضة " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**<br><br>ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھالالدىن كەسىپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش پەرزدىن كېيىنكى پەرزدۇر، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن، |
| **2782 - [ 24 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس رضي الله عنهما أنه سئل عن أجرة كتابة المصحف فقال : لا بأس إنما هم مصورون وإنهم إنما يأكلون من عمل أيديهم . رواه رزين**<br><br>ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، قۇرئان كەرىمنى نۇسخى ئېلىپ كۆچۈرۈشنىڭ ئىش ھەققى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: ئۇنىڭدا چاتاق يوق(يەنى دۇرۇس)چۈنكى ئۇلار (جانسىز نەرسىنىڭ رەسىمىنى سىزغۇچى رەسساملارغا ئوخشاش)رەسساملاردۇر، ئۇلار ئۆز قولىنىڭ ئىش ئەمگىكىدىن يەيدۇ دېدى. رەزىن توپلىغان. |
| **2783 - [ 25 ] وعن رافع بن خديج قال : قيل : يا رسول الله أي الكسب أطيب ؟ قال : عمل الرجل بيده وكل بيع مبرور رواه أحمد** |

راپئ ئىبى خەدىج، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! كەسىبنىڭ قايسىسى ئەڭ پاك ھالالدۇر؟دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەسىپنىڭ ئەڭ پاك، ھالالراقى، كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن قىلغان ئەمىلىدۇر، خىزمىتىدۇر، ياخشىلىق بىلەن قىلىنغان تىجارەتتۇر، دېدى. ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2784 - [ 26 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي بكر بن أبي مريم قال : كانت لمقدام بن معدي كرب جارية تبيع اللبن ويقبض المقدام ثمنه فقيل له : سبحان الله أتبيع اللبن ؟ وتقبض الثمن ؟ فقال نعم وما بأس بذلك سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ليأتين على الناس زمان لا ينفع فيه إلا الدينار والدرهم " . رواه أحمد**

ئىبنى ئەبۇمەريەم مۇنداق دەيدۇ؛ مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، سۈت ساتىدىغان بىر چۆرە دېدىكى بار ئىدى، مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ پۇلىنى ئالاتتى، ئۇنىڭغا؛ سۇبھانەالله! بۇقىزچاق سۈت ساتسا،ياكى سەن سۈت سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى سەن ئالامسەن؟ دېيىلگەندە، ئۇ: ھەئە، شۇنداق قىلىمەن، ئۇنىڭدا ھېچ بىر چاتاق يوق. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ : كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇچاغدا ئۇلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن باشقىسى مەنپەئەت بەرمەيدۇ،پەقەت ئالتۇن ـ كۈمۈشلا مەنپەئەت قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى. ئەھمەد توپلىغان، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.

**2785 - [ 27 ] ( لم تتم دراسته )وعن نافع قال : كنت أجهز إلى الشام وإلى مصر فجهزت إلى العراق فأتيت إلى أم المؤمنين عائشة فقلت لها : يا أم المؤمنين كنت أجهز إلى الشام فجهزت إلى العراق فقالت : لا تفعل مالك ولمتجرك ؟ فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إذا سبب الله لأحدكم رزقا من وجه فلا يدعه حتى يتغير له أو يتنكر له " . رواه أحمد وابن ماجه**

ناپىئ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەسلى شامغا ۋە مىسىرغا تىجارەت قىلىپ باراتتىم، بۇ قېتىم ئىراققا بارماقچى بولۇپ،تەييارلىق قىلىپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ؛ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى! مەن ئەسلى شامغا ۋە مىسىرغا تىجارەت قىلىپ باراتتىم، بۇ قېتىم ئىراققا بارماقچى بولۇپ،تەييارلىق قىلدىم دېسەم، ئۇ ماڭا: ئۇنداق قىلمىغىن، ساڭا ۋە تىجارەت ئورنۇڭغا نىمە بولدى؟ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ : «الله تائالا بىرەرسىڭلارنىڭ رىزقىغا، بىرەر يول بىلەن سەۋەب قىلىپ بەرسە، ئۇسەۋەب يولى پايدا بەرمەسلىك بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمىگىچە، ياكى زىيان چىقىش بىلەن ئۇنىڭغائىنكارقىلىنمىغىچە،ناتونۇش بىلىنمىگىچە، ئۇ سەۋەب يولىنى ھەرگىز تەرىك ئەتمىسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى. ئەھمەد،ئىبنى ماجە توپلىغان

**2786 - [ 28 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : كان لأبي بكر رضي الله عنه غلام يخرج له الخراج فكان أبو بكر يأكل من خراجه فجاء يوما بشيء فأكل منه أبو بكر فقال له الغلام : تدري ما هذا ؟ فقال أبو بكر : وما هو ؟ قال : كنت تكهنت لإنسان في الجاهلية وما أحسن الكهانة إلا أني خدعته فلقيني فأعطاني بذلك فهذا الذي أكلت منه قالت : فأدخل أبو بكر يده فقاء كل شيء في بطنه . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر قۇلى بار بولۇپ، بۇقۇل ئۇنىڭغا غەلە كىرىم ئېكىلىپ بىرەتتى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،ئۇنىڭ تاپقان كىرىمىدىن يەيتتى، بىر كۈنى ئۇقۇل بىرنەرسە ئەكىلىدۇ، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن يەيدۇ، قۇل ئۇنىڭغا؛ بۇنىڭ نىمە ئەنلىكىنى بىلەمسەن؟ دېسە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بۇ نىمەئىدى؟ دەيدۇ، ئۇقۇل: مەن جاھالىيەتتىكى ھاغدا بىركىشىگە كاھىنلىق قىلىپ، پال سېلىپ بەرگەن ئىدىم، كاھىنلىقنى ياخشى قىلالمايتتىم، مەن پەقەت ئۇكىشىنى ئالداپ قويغان ئىدىم، ئۇ ماڭا ئۇچراپ قېلىپ، شۇ ئىشىمنىڭ بەدلىگە، سەن يېگەن مۇشۇ نەرسىنى بەردى دېدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قولىنى گېلىغا سېلىپ، قۇرسىقىدىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى

ياندۇرۇۋەتتى. ئىمام بۇخارى توپلىغان ، سەھىلىكى ھەممىگە مەلۇم.

**2787 - [ 29 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي بكر رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يدخل الجنة جسد غذي بالحرام " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھارام بىلەن غىزالانغان جەسەد جەننەتكە كىرمەيدۇ. بەيھەقى توپلىغان.

**2788 - [ 30 ] ( لم تتم دراسته )وعن زيد بن أسلم أنه قال : شرب عمر بن الخطاب لبنا وأعجبه وقال للذي سقاه : من أين لك هذا اللبن ؟ فأخبره أنه ورد على ماء قد سماه فإذا نعم من نعم الصدقة وهم يسقون فحلبوا لي من ألبانا فجعلته في سقائي وهو هذا فأدخل عمر يده فاستقاءه . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈت ئىچىپ، سۈت ئۇنى ئەجەبلەندۇرۇپ، ئۇنىڭ شىرىن تاتلىقلىقى ئۇنى خۇرسەن قىلدۇ، ئۇ سۈت بىلەن سۇغارغان كىشىگە: بۇ سۈت ساڭا قەيەردىن كەلگەن؟دىسە، ئۇكىشى: مەن سۇلۇق بىر يايلاقتا ئوتلىغان، زاكات ماللىرىدىن بولغان چارپايلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدىم، ئۇلارئۇنىڭ سۈتلىرىدىن ماڭا سىغىپ بەردى،بۇ ئەشۇ سۈتتىن ئىدى دەيدۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىنى گېلىغا سىلىپ، ئۇ سۈتنى قۇسىۋەتتى. ئىمام مالىك، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھ :1836ـ ھەدىستە زەئىپ دىدى.

**2789 - [ 31 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن ابن عمر قال : من اشترى ثوبا بعشرة دراهم وفيه درهم حرام لم يقبل الله له صلاة ما دام عليه ثم أدخل أصبعيه في أذنيه وقال صمتا إن لم يكن النبي صلى الله عليه وسلم سمعته يقوله . رواه أحمد والبيهقي في شعب الإيمان . وقال : إسناده ضعيف**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ كىم بىر كىيىمنى ئون دەرھەمگە سېتىۋالسا، ئۇنىڭ بىر دەرھىمى ھارام بولسا، شۇكىيىم ـ كىچەك ئۇنىڭ ئۇستىدە بولسىلام، الله تائالا، ھارام پۇلغا كىيىم كەيگەن ئۇ كىشىنىڭ نامىزىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ دەپ، ئاندىن ئىككى بارمىقنى ئىككى قۇلىقىغا كىرگۈزۈپ تۇرۇپ؛ ئەگەر مەن بۇسۆزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىمىغان بولسام، مۇشۇ ئىككى قۇلۇقۇم گاس بۇلۇپ كەتسۇن (يەنى جەزمەن ئاڭلىدىم ) دىدى. ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان.

## باب المساهلة في المعاملات - الفصل الأول

## مۇئامىلىلەردە ئاسانلاشتۇرۇش توغرىسىدا

**2790 [ 1 ] ( صحيح )عن جابر قال:قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :رحم الله رجلا سمحا إذا باع وإذا اشترى وإذا اقتضى رواه البخار**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نەرسە ساتقاندا، نەرسە سېتىۋالغاندا، قەرز ئادا قىلغاندا، قەرزنى يەنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ، سۈيلەپ بارغاندا، كەڭ قورساق بولۇپ، كىشلەرگە ئاسانلىق تۇغدۇرىدىغان كىشىگە ئاللاھتائالا رەھمەت قىلىدۇ. بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2791 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن حذيفة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن رجلا كان فيمن قبلكم أتاه الملك ليقبض روحه فقيل له : هل علمت من خير ؟ قال : ما أعلم . قيل له انظر قال : ما أعلم شيئا غير أني كنت أبايع الناس في الدنيا**

وأجازيهم فأنظر الموسر وأتجاوز عن المعسر فأدخله الله الجنة "

ھۇزەيفە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ؛ بىرەر ياخشىلىق قىلىپ باقتىڭمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇ؛ ياق مەن بىلمەيمەن دەيدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا؛ قاراپ باققىن، دېسە، ئۇ؛ مەن ھېچبىر ياخشىلىق قىلمىغان ئىدىم، لېكىن مەن دۇنيادىكى چاغدا،كىشىلەر بىلەن ئېلىم ــ سېتىم، سودا قىلاتتىم، كەسىپ قىلاتتىم، ئېلىشىم باركىشى كەمبەغەل، پېقىر بولسا، كۈتۈپ تۇراتتىم، ھەتتا ئۆتۈۋېتەتتىم، باي بولسا، چىرايلىقچە ئالاتتىم، ئۇنىڭدىنمۇ بەزىدە ئاسان قىلاتتىم دەيدۇ، ئاندىن، ئاللاھ ئۇنى شۇ ئىشى سەۋەبلىك جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن ئېلىم ــ سېتىم، سودا، ھۈنەر كەسىپلەردە، ئېلىم ــ بېرىملەردە سىلىق، چىرايلىق بولۇش، ياخشى، گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، پېقىردىن ئۆتۈۋېتىش، بايدىن ئاسان قىلىش، كۈتۈپ تۇرۇش مەسىلىلىرى چىقىدۇ.

2792 - [ 3 ] ( صحيح )وفي رواية لمسلم نحوه عن عقبة بن عامر وأبي مسعود الأنصاري " فقال الله أنا أحق بذا منك تجاوزوا عن عبدي "

ھۇزەيفە، ئۇقبەت ئىبنى ئامىر، ئەبۇ مەسئۇدىلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا بەندىلىرىدىن ناھايىتى كۆپ مال ــ دۇنيا بەرگەن بىر بەندىنى كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: سەن دۇنيادا نېمە ئەمەل قىلدىڭ؟، بەندە ؛ مەن دۇنيادا ھېچ ئىش قىلالمىدىم، پەقەت سىلى بەرگەن مالدا تىجارەت قىلىپ، كىشىلەر بىلەن سودا ئالاقىسى قىلدىم، مېنىڭ ئەخلاقىم بايلارغا ئاسان قىلىپ بېرىش، پېقىر، يوقسىز بولسا، ئىنتىزار بولۇپ ساقلاپ تۇرۇش،ئۆتىۋېتىش بولدى،دەيدۇ، ئاللاھتائالا؛ بۇ ئىشقا مەن،سەندىنمۇ بەكىرەك لايىق دەپ، بەندەمدىن ئۆتۈۋېتىڭلار! دەيدۇ. مۇسلىم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

2793 - [ 4 ] ( صحيح )

وعن أبي قتادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " إياكم وكثرة الحلف في البيع فإنه ينفق ثم يمحق " . رواه مسلم

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، بەيئى سودىدا قەسەمنى كۆپ قىلىشدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەققەتەن ئۇ كۆرۈنۈشكە سودىنى ئاقتۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئاندىن كېيىن بەرىكىتىنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، مالنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

2794 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " الحلف منفقة للسلعة ممحقة للبركة "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەسەم قىلىپ سېتىش، تىجارەتنى ئوبدان راۋاجلاندۇرىدۇ، ماللارنى ئوبدان ساتتۇرىدۇ، لېكىن، بەرىكەتنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

2795 - [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي ذر رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ثلاثة لا يكلمهم الله يوم القيامة ولا ينظر إليهم ولا يزكيهم ولهم عذاب أليم " . قال أبو ذر : خابوا وخسروا من هم يا رسول الله ؟ قال : " المسبل والمنان والمنفق سلعته بالحلف الكاذب " . رواه مسلم

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشىگە

قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا سۆز قىلمايدۇ، رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا دەرتلىك ئازاب بولىدۇ، ئۇلار قوشلاپ قاتتىق زىيان تارتتى، ئۇلار بولسا، بىرىنچى: ئىشتىنىنى ھوشۇقىدىن ئۇزۇن كىيىگۈچى، ئىككىنچى:بەرگىنىگە مىننەت قىلغۇچى كىشى، ئۈچىنچى؛ يالغان قەسەم قىلىپ، مال ساتقۇچى، يالغان قەسەم بىلەن سودىسىنى راۋاجلاندۇرغۇچى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ.

1. مېلىنى يالغان قەسەم قىلىپ ساتقان كىشى بولۇپ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا شۇ يالغان قەسەم سەۋەبىدىن بېرىلمەكچى بولغان نەرسىدىن كۆپىرەك بېرىلىدۇ.

2. مۇسۇلمان كىشىلەرنىڭ مال ــ مۈلكىنى يۇلىۋېلىش، يۇتۇۋېلىش مەخسىتىدە ئەسىر نامىزىدىن كېيىن يالغان قەسەم قىلغان كىشى.

3. سۈيىنىڭ ئاشقىنىنى باشقىلارغا بەرمەي چەكلىگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا سىنىڭ ئىككى قولۇڭ ھېچ ئەمەل خىزمەت قىلمىغان سۇنىڭ ئاشقىنىنى سەن بەرمىگەندەك، بۈگۈن مەن مېنىڭ پەزلىمنى، رەھمىتىمنى، ساڭا بەرمەي چەكلەپ قويىمەن دەيدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2796 - [ 7 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " التاجر الصدوق الأمين مع النبيين والصديقين والشهداء " . رواه الترمذي والدارقطني . 2797 [ 8 ] ( ضعيف )**
**ورواه ابن ماجه عن ابن عمر . وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: راستچىل، ئىشەنچىلىك تىجارەتچى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىدلار بىلەن بىللە بولىدۇ.دارىقۇتنى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن بولسا، شەيخ ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن،

**2798 - [ 9 ] ( صحيح )وعن قيس بن أبي غرزة قال : كنا نسمى في عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم السماسرة فمر بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم فسمانا باسم هو أحسن منه فقال : " يا معشر التجار إن البيع يحضره اللغو والحلف فشوبوه بالصدقة " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه**

قىيىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئارلىقىنى كېلىشتۈرۈپ قويغۇچى «بىدىك»دەپ ئاتىلاتتۇق، بىزنىڭ يېنىمىزدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆتۈپ قېلىپ، بىزنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق، گۈزەلرەك بىر ئىسىم بىلەن ئاتاپ مۇنداق دىدى: ئى تىجارەتچىلەر جامائىتى! ھەقىقەتەن بۇ بەيئى سودىغا لەغۋە، قۇرۇق سۆز، يالغانچىلىق، قەسەم قىلىشلار ھازىر بولىدۇ، سىلەر بەيئى سودىنى راستچىللىق، سەممىيلىك بىلەن قىلىڭلار، راستچىلللىقنى ئارىلاشتۇرۇڭلار. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. قىيىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى تىجارەتچىلەر گورۇھى! ھەقىقەتەن شەيتان ۋە گۇناھ ــ مەئسىيەت، ئېلىم ـ سېتىم بەيئىگە ھازىر بولۇۋالىدۇ، سىلەر بەيئى سوداڭلارغا راستچىللىقنى، سەممىيلىكنى ئارىلاشتۇرۇڭلار، راستچىللىق بىلەنلا قىلىڭلار. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2799 - [ 10 ] ( ضعيف )وعن عبيد بن رفاعة عن أبيه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " التجار يحشرون يوم القيامة**

**فجارا إلا من اتقى وبر وصدق " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئۇبەيدە ئىبنى رىپائەتتىن دادىسىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىجارەتچىلەر قىيامەت كۈنى پوججار ھالدا قوپۇرۇلىدۇ، يەنى پاجىر، پاسىق، دوۋزاخ ئەھلى بىلەن بىللە قوپۇرۇلىدۇ، تەقۋالىق قىلغان، ياخشىلىق قىلغان، راست سۆزلىگەن تىجارەتچى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**2800 - [ 11 ] وروى البيهقي في شعب الإيمان . عن البراء وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيحوهذا الباب خال من الفصل الثالث**

## باب الخيار - الفصل الأول ئېلىم - سېتىمدىكى ئىختىيارلىق توغرىسىدا

**2801 - [ 1 ] ( متفق عليه )**

**عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المتبايعان كل واحد منهما بالخيار على صاحبه ما لم يتفرقا إلا بيع الخيار**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالغۇچى، ساتقۇچى ئىككى كىشى بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا، سودىنى بۇزۇشىدا ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، ئايرىلىپ كەتسىلا ئىختىيارلىق يوقتۇر. لېكىن، سودىسى ئىختىيارلىق بېرىش سودىسى بولسا، ئىختىيارلىق باردۇر، ئىختىيارلىق بېرىش سودىسىدىمۇ، سودا، ئېلىم ــ سېتىم ۋاجىپ بولىدۇ. (چۈنكى، ئۇلار بىر ــ بىرىدىن ئايرىلدى، سودا ئىختىيارلىق سودىسىدا ۋاجىپ بولىدۇ).بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**وفي رواية لمسلم : " إذا تبايع المتبايعان فكل واحد منهما بالخيار من بيعه ما لم يتفرقا أو يكون بيعهما عن خيار فإذا كان بيعهما عن خيار فقد وجب "وفي رواية للترمذي : " البيعان بالخيار ما لم يتفرقا أو يختارا " . وفي المتفق عليه : " أو يقول أحدهما لصاحبه : اختر " بدل " أو يختارا "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كىشى سودا قىلىشقاندا، بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا، ئېلىم ــ سېتىمدا ئىختىيارلىقتا بولىدۇ،ياكى سودا قىلغاندا، ئىختىيارلىق شەرتىنى قويسا، بىرسى يەنە بىرسىگە ئىختىيارلىق بەرسە، ئايرىلىپ كەتسىمۇ سودىنى شۇ بويىنچە قىلىدۇ،ئىختىيارلىق بۇلىدۇ، بەيئى سودا، ئېلىم ــ سېتىم ۋاجىپ بولۇپ مۇقىملىنىدۇ، (سودىدىن كېيىن ئۇلار بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتسە، بىرسى تېخى سودىنى، بەيئىنى تەرىك ئەتمىسىمۇ، يەنىلا سودا، سودا بولۇپ ۋاجىپ بولىدۇ، مۇقىملىنىدۇ،) ئېلىپ ــ ساتقۇچى ئىككى كىشى بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، ياكى ئىككىسىنىڭ بىرسى ھەمراھىغا ئىختىيار قىل دېسە، يەنىلا بۇ ئىختىيارلىق سودىسى بولىدۇ، (سىناپ كۆرگەندىن كېيىن خالىسا ئالىدۇ، خالىسا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، مەسلىھەتتىن كېيىن خالىسا ساتىدۇ، خالىسا قايتۇرۇۋالىدۇ) گەپ ــ سۆز قىلماي ئايرىلىپ كەتسە، ئىختىيارلىق يوق. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېلىپ ــ ساتقۇچى ئىككى كىش سودىدا بەيئىسىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ، كېلىشەلمىسە، بەيئى سودىسى قايتۇرۇلۇپ، رەت قىلىنىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرۈش، داۋالاشقۇچى داۋاگەرنىڭ ئۈستىگە، قەسەم قىلىش بولسا، جاۋابكارنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، گۇۋاھچى بىلەن بىرگە قەسەم قىلدۇرۇپ، داۋا سورىغان ھەدىسمۇ بار، داۋا؛ ئىقرار بىلەن قەسەم قىلدۇرۇش، دەلىل ــ ئىسپات، گۇۋاھچى كەلتۈرۈشلەر بىلەن سورىلىدۇ.

**2802 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن حكيم بن حزام قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " البيعان بالخيار ما لم يتفرقا فإن**

**صدقا وبينا بورك لهما في بيعهما وإن كتما وكذبا محقت بركة بيعهما "**

ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئىككى كىشى (تەنلىرى بىلەن) بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسلا، ئىختىيارلىق بولىدۇ، (ئايرىلىپ كەتسە، ئىختىيارلىق يوق) ئەگەر ئۇلار راست سۆزلەپ، ئەيىبلىرىنى بايان قىلسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ سودىسىدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئەيىبلىرىنى يوشۇرسا، يالغان سۆزلىسە، سودىسىنىڭ بەرىكتى ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2803 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : قال رجل للنبي صلى الله عليه وسلم إني أخدع في البيوع فقال : " إذا بايعت فقل : لا خلابة " فكان الرجل يقوله**

ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مەن سودىدا ساختىلىقتا، ئالدىنىشقا ئۇچرايمەن دىگەندە مۇنداق دىگەن:سەن سودا قىلىپ، بىرەر نەرسە سېتىپ ـ ئالساڭ، «ساختىلىق، ئالداش، ھىيلە ــ مىكىر بولمىسۇن جۇمۇ!» دەپ قويغىن.ئۇكىشى سودا قىلسا، شۇنداق دەپ قويۇاتتى. مالىك ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

**2804 - [ 4 ] الفصل الثاني ( حسن )عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " البيعان بالخيار ما لم يتفرقا إلا أن يكون صفقة خيار ولا يحل له أن يفارق صاحبه خشية أن يستقيله " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئېلىپ ــ ساتقۇچى، ئالغۇچى كىشى بىلەن ساتقۇچى ئىككى كىشى بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسلا، ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، ئەگەر ئايرىلىپ كەتسە، ئىختىيارلىق تۈگەيدۇ، لېكىن، بىر ــ بىرىگە سىناپ، تەجرىبە قىلىپ بېقىشنى دىيىشىپ، ئىختىيارلىق بېرىشىپ، سودا قىلىشسا بۇ مۇستەسنادۇر،(يەنى ئىختىيارلىق سودىسى بولغاچقا، مالنى ئېلىش ياكى قايتۇرۇش، سېتىش ياكى قايتۇرۇۋېلىشتا ئىختىيارلىق ھوقۇقى بولىدۇ،) ئالغۇچىغا ياكى ساتقۇچىغا سودىنى بۇزۇۋېتىشىدىن قورققان ھالدا ھەمراھىدىن ئايرىلىشى ھالال ئەمەس. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، توپلىغان، ھەسەن، (ئۇ ھەمراھىنى رازى قىلىپ قورقماي، ئەنسىرىمەي قايتىشى، ئايرىلىشى لازىم، ساختىلىق زىيانغا ئۇچرىتىش بولۇپ قالسا، شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قورقىدۇ، ئالدامچى بىزدىن ئەمەس دىگەن ھەدىس بار، ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ).

**2805 - [ 5 ] وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يتفرقن إثنان إلا عن تراض " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سودا قىلغاندا بىر ــ بىرىڭلاردىن رازى بولۇشۇپ، رازى قىلىپ ئايرىلىڭلار، رازى بولماي، رازى قىلماي تۇرۇپ ھەرگىز ئايرىلىشماڭلار. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان، ھەسەن. چۈنكى، ئايرىلغان ھامان بەيئى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئېلىم ــ سېتىم، بەيئى سودا دىگەن؛ ئۆزئارا رازى بولۇش بىلەن بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2806 - [ 6 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن جابر رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم خير أعرابيا بعد البيع . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  بىر ئەئرابىيغا، سودىدىن كېيىنمۇ ئىختىيارلىق بەرگەن ئىدى، تىرمىزى توپلىغان، تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان.بۇ ئالاھىدە ئەھۋال بۇلىشى مۇمكىن.

| | |
|---|---|
| باب الربا - الفصل الأول | جازانه، ئۆسۈم توغرىسىدا |
| **2807 - [ 1 ] ( صحيح )عن جابر رضي الله عنه قال : لعن رسول الله صلى الله عليه وسلم آكل الربا وموكله وكاتبه وشاهديه وقال : " هم سواء " . رواه مسلم**<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالللاھتائالا جازانە، ئۆسۈم يىگۈچىگە، ۋە يىدۈرگۈچىگە، كاتىبىغا، ئىككى گۇۋاھچىسىغا لەنەت قىلدى، ئۇلار ھەممىسى جازانىنىڭ گۇناھىدا، باراۋەر ئورتاقتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. تېپىشتۇرغۇچىمۇ ۋە باشقىلارمۇ ئورتاقتۇر.يەنە بىر خاتىردە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لەنەت قىلدى، دىيىلگەن. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالللاھتائالا جازانە، ئۆسۈم يىگۈچىگە، ۋەيىدۈرگۈچىگە، گۇۋاھچى، كاتىپ بولغۇچىلارغا لەنەت قىلدى، رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. | |
| **2808 - [ 2 ] ( صحيح )وعن عبادة بن الصامت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الذهب بالذهب والفضة بالفضة والبر بالبر والشعير بالشعير والتمر بالتمر والملح بالملح مثلا بمثل سواء بسواء يدا بيد فإذا اختلفت هذه الأصناف فبيعوا كيف شئتم إذا كان يدا بيد " . رواه مسلم**<br><br>ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتۇن ئالتۇن بىلەن، كۈمۈش كۈمۈش بىلەن، بۇغداي بىلەن، بۇغداي بىلەن، ئارپا ئارپا بىلەن، خورما ـ خورما بىلەن، تۇز تۇز بىلەن ئوخشاش، باراۋەر، نەخ ھالەتتە ئالماشتۇرۇلىدۇ، زىيادە، كام قىلسا، جازانە ئۆسۈم بولىدۇ، بۇ سىنىپ تۈرلەر ئالمىشىپ كەتسە، خالىغانچە ئېلىپ ـ ساتساڭلار بولىدۇ، لېكىن، شەرت، نەخ قولدىن قولغا بولۇشى لازىم، (نىسى ياكى زىيادە ئالغان نەرسە جازانە بولىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا باراۋەر، ئوخشاش مىقداردا ئالماشتۇرۇڭلار، ئۇنىڭ پىششىقلانغان، پىششىقلانمىغان ھەر ئىككىلىسى ئۆزىگە ئوخشاش، باراۋەر مىقداردا ئالماشتۇرۇلىدۇ، كۈمۈشنىڭمۇ پىششىقلانغان بىلەن خام توپا ئارىلاش بولغىنى ئوخشاش مىقداردا ئالماشتۇرۇلىدۇ. بۇغداي، ئارپا، خورما، تۇز قاتارلىقلارمۇ بىر بىرگە باراۋەر ئوخشاش ئىككى كىلوغا ئىككى كىلو تەڭدۈر، يۇقىرقى نەرسىلەردىن كىم زىيادە بەرسە ياكى ئالسا، ئۇ شەك ـ شۈبھىسىز جازانە ئۆسۈم يىگەن بولىدۇ، ئالتۇننى كۈمۈشكە ساتسا، ئالماشتۇرسا، كۈمۈش كۆپرەك بېرىلسىمۇ گۇناھ يوق، شەرتى بۇ سودا نەخ بولۇشى لازىم، نىسىگە كەلسەك، دۇرۇس ئەمەس، نىسى، جازانەئۆسۈم بولىدۇ، بۇغداينى ئارپىغا ساتسا، ئارپىنى كۆپرەك بەرسە، گۇناھ يوق، نەخمۇ نەخ بولۇشى شەرىت، نىسى بولسا دۇرۇس ئەمەس، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتۇن، ئالتۇن بىلەن ئوخشاش مىقداردا ئالماشتۇرۇلىدۇ، كۈمۈش كۈمۈش بىلەن، خورما خورما بىلەن، بۇغداي بۇغداي بىلەن، تۇز تۇز بىلەن، ئارپا ئارپا بىلەن ئوخشاش، باراۋەر ئالماشتۇرۇلىدۇ، كىم زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم يىگەن بولىدۇ، ئالتۇننى كۈمۈشكە قولدىن ـ قولغا نەخ ھالەتتە خالىغانچە سېتىڭلار، ئارپىنى خورمىغا (ياكى تۈرىنى ئالماشتۇرۇپ) نەخ ھالەتتە خالىغانچە سېتىڭلار، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. (يەنى يۇقىرقى نەرسىلەرنى قەرىز ئۆتنە، ئارىيەت بەرسە ،زىيادە بەرمىسۇن ھەم ئالمىسۇن .) | |
| **2809 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الذهب بالذهب والفضة بالفضة والبر بالبر والشعير بالشعير والتمر بالتمر والملح بالملح مثلا بمثل يدا بيد فمن زاد أو استزاد فقد أربى الآخذ** | |

**والمعطي فيه سواء " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتۇن ئالتۇن بىلەن، كۈمۈش كۈمۈش بىلەن، بۇغداي بۇغداي بىلەن، ئارپا ئارپا بىلەن، خورما خورما بىلەن، تۇز تۇز بىلەن ئوخشاش باراۋەر مىقداردا قولدىن قولغا، نەخ ئېلىم ــ سېتىم،ئۆتنە ـ بىرىم قىلىنىدۇ، ئالماشتۇرۇلىدۇ، كىم زىيادە بەرسە ياكى ئالسا، ئۇ جەزمەن جازانە ئۆسۈم يىگەن بولىدۇ، زىيادە بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى باراۋەر ئوخشاش گۇناھكاردۇر. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتۇن ئالتۇن بىلەن، ۋەزنىدە، مىقداردا ئوخشاش، باراۋەر ھالدا ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئېلىم ــ سېتىم قىلىنىدۇ، كىم زىيادە بەرسە، مىقداردىن زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2810 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تبيعوا الذهب بالذهب إلا مثلا بمثل ولا تشفوا بعضها على بعض ولا تبيعوا الورق بالورق إلا مثلا بمثل ولا تشفوا بعضها على بعض ولا تبيعوا منها غائبا بناجز "**
**وفي رواية : " لا تبيعوا الذهب بالذهب ولا الورق بالورق إلا وزنا بوزن "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا زىيادە ـ كام قىلىشىپ ساتماڭلار، لېكىن، ئوخشاش باراۋەر ھالەتتە ئالماشتۇرساڭلار بولىدۇ، بەزىسىنى بەزىسىنىڭ ئۈستىگە پەزىيلەتلىك، ئارتۇق قىلىۋالماڭلار، كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار، لېكىن، ۋەزنىدە ئوخشاش، باراۋەر، قولمۇ ــ قول ئالماشتۇرۇڭلار، بەزىسىنى بەزىسىگە ئارتۇق بىلمەڭلار، ئالتۇن ــ كۈمۈشتىن يوق، غائىپ نىسىنى، ھازىر بار نەخكە ساتماڭلار. (ئالتۇننى كۈمۈشكە نەخ، قولمۇ ــ قول ئالماشتۇرۇڭلار، ئۆزئارا جىنسى ئوخشاش نەرسىلەردە زىيادە بەرسە يا ئالسا جازانە ئۆسۈم بولىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم تىرمىزى، نەسەئى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە زىيادە، كام قىلىپ ساتماڭلار، لېكىن، ۋەزنىدە ئوخشاش، باراۋەر، نەخمۇ نەخ ئېلىم ــ بېرىم، ئۆتنە يېرىم قىلساڭلار بولىدۇ، زىيادە بولسا، جازانە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2811 - [ 5 ] ( صحيح )**
**وعن معمر بن عبد الله قال : كنت أسمع رسول صلى الله عليه وسلم يقول : " الطعام بالطعام مثلا بمثل " . رواه مسلم**

مەئمەر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تائام تائامنىڭ باراۋىرىدە ئوخشاش مىقداردا زىيادە، كام قىلىنماي ئالماشتۇرۇلىدۇ، (يەنى بېرىپ تۇرسا، ياكى سۇدا قىلسا، زىيادە ئالمايدۇ، زىيادە بەرمەيدۇ، كىم ئارتۇق بەرسە ياكى ئالسا، جازانە، ئۆسۈم يىگەن بولىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2812 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن عمر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الذهب بالذهب ربا إلا هاء وهاء والورق بالورق ربا إلا هاء وهاء والبر بالبر إلا هاء وهاء والشعير بالشعير ربا هاء وهاء والتمر بالتمر ربا إلا هاء وهاء**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتسا، جازانە، ئۆسۈم ئالغان بولىدۇ، لېكىن، نەخ ئېلىم ــ بېرىم قىلسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتسا، جازانە، ئۆسۈم ئالغان بولىدۇ، لېكىن، نەخ ئېلىم ــ بېرىم قىلسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، بۇغداي بۇغدايغا، خورما خورمىغا، ئارپا ئارپىغا ئالماشسا، سودا قىلىنسا، جازانە ئۆسۈم بولىدۇ، لېكىن، نەخ مەيداندا ئالدىم ــ بەردىم قىلىپ، نەخ بولسا، بۇ مۇستەسنا بولىدۇ، (زىيادە بەرگۈچى، ئالغۇچى يەنىلا جازانخوردۇر)

مالىك، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. خۇلاسە سۆز شۇكى، نىسى بولغان پايدىدا جازانە، ئۆسۈم يۈز بېرىپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇن ــ كۈمۈشنى بىر ــ بىرىگە نىسى ئېلىپ ــ سېتىشقا رۇخسەت يوق، ھەرقانداق نەرسە ئۆز جىنسىدا مىقداردىن زىيادە بېرىلسە، زىيادە ئېلىنسا، جازانە، ئۆسۈمدۇر، جىنسى تۈرى ئالماشسا،سودا دۇرۇس، ئالتۇن ئالتۇنغا سېتىلمايدۇ، كۈمۈش كۈمۈشكە، لېكىن مىقدارى ئوخشاش بولسا، ۋەزنىدە باراۋەر بولسا بولىدۇ، ئالتۇن ــ كۈمۈش بىر ــ بىرىگە نەخ سېتىلسا بولىدۇ، نېسى بولمايدۇ، بىر سەنى ئىككى سەرگە ئالسا،ياكى بەرسە، جازانە، مانا بۇ زىيادە بەرگەن ياكى ئالغان بولىدۇ، ناچارلىرىنى پۇلغا سېتىپ، ياخشىسىنى ئالىمىز، گەرچە شۇنداق باھادا شۇنداق نەخ كېلىپ قالسىمۇ، يەنىلا ئېلىپ ساتىمىز، زىيادە، كام قىلىپ تىگىشمەيمىز، نەخ 10 دەرھەمگە ساتقاننى، نىسى 12 ــ 15 دەرھەمگە ساتسا، مانا بۇ نەخ جازانە ئۆسۈم بولىدۇ، مۇددەتنى، ۋاقىتنى ساتتى، زىيادە ئالدى، زىيادە بەردى، بۇ جازانىدۇر.)

**2813 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد وأبي هريرة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم استعمل رجلا على خيبر فجاءه بتمر جنيب فقال : " أكل تمر خيبر هكذا ؟ " قال : لا والله يا رسول الله إنا لنأخذ الصاع من هذا بالصاعين والصاعين بالثلاث فقال : " لا تفعل بع الجمع بالدراهم ثم ابتع بالدراهم جنيبا " . وقال : " في الميزان مثل ذلك "**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەرگە بىر كىشىنى ئەمەلدار قىلىدۇ، ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناھايىتى ياخشى خورمىلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن؛ خەيبەر خورمىسىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ياخشىمۇ؟ دەپ سورىسا، ئۇ كىشى؛ ياق، بىز بۇ ياخشى خورمىنىڭ بىر ساسىنى ئىككى ساغا،ئىككى سەسىنى ئۈچ ساغا ئالىمىز دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەرگىز ئۇنداق قىلما، (چۈنكى، ئۇ ئۆز ئەينى جازانە، ئۆسۈمدۇر) لېكىن، سەن ناچار خورمىنىڭ ھەممىسىنى پۇلغا سېتىپ، ئاندىن ئېسىل، ياخشى خورمىنى شۇ پۇلغا سېتىۋال دېدى. تارازا ـ مىزاندىمۇ شۇنداق دىدى،يەنى زىيادە ـ كام قىلما.بۇخارى 2050 ــ ھەدىس، نەسەئى 4477 ــ ھەدىس،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى، جازانە، ئۆسۈمدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**2814 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد قال : جاء بلال إلى النبي صلى الله عليه وسلم بتمر برني فقال له النبي صلى الله عليه وسلم : " من أين هذا ؟ " قال : كان عندنا تمر رديء فبعت منه صاعين بصاع فقال : " أوه عين الربا عين الربا لا تفعل ولكن إذا أردت أن تشتري فبع التمر ببيع آخر ثم اشتر به "**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كاتتا ئېسىل خورما ئېلىپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: بۇخورما قەيەردىن كەلدى؟ دىسە، ئۇ: بىزنىڭ يېنىمىزدا ناچار خورمىلار بار بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىن ئىككى سانى، ماۋۇ ياخشى خورمىنىڭ بىرساسىغا ساتتىم دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ: ئۇھا!! ئۆز ئەينى جازاينە بولۇپتۇ، ئۆز ئەينى ئۆسۈم بولۇپتۇ، بۇندىن كىيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغىن، ئەگەر ياخشى خورما سېتىۋالماقچى بولساڭ، ناچار خورماڭنى ئايرىم سودا قىلىپ ساتقىن، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلىغا ياخشى خورما سېتىۋالغىن» دىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2815 - [ 9 ] ( صحيح )وعن جابر قال : جاء عبد فبايع النبي صلى الله عليه وسلم على الهجرة ولم يشعر أنه عبد فجاء سيده يريده فقال له النبي صلى الله عليه وسلم " بعينه " فاشتراه بعبدين أسودين ولم يبايع أحدا بعده حتى يسأله أعبد هو أو حر . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر قۇل كىلىپ، ھىجرەت قىلىشقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى بىلمىدى، ئاندىن ئۇنىڭ خوجايىنى كىلىپ، ئۇقۇلنى ئېلىپ كىتىشنى مەقسەت قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ئۇنى ماڭا سېتىپ بەرگىن دەپ، ئۇنى قارا تەنلىك ئىككى قۇلغا

سىتىۋالدى، شۇنىڭدىن كىيىن قۇلمۇ؟ ياكى ھۆرمۇ؟ سوراپ باقمىغىچە، ھىچ كىشىگە بەيئەت قىلمىدى.مۇسلىم.

**2816 - [ 10 ] ( صحيح )**

**وعنه قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع الصبرة من التمر لا يعلم مكيلتها بالكيل المسمى من التمر . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەمچەن، ۋەزنى مەلۇم بولمىغان بىر دۆۋە خورمىنى، كەمچەن، ۋەزنى مەلۇم بولغان يەنى مۇنچىلىك مىقداردىكى خورمىغا سىتىشتىن توسقان، (يەنى مۇشۇ بىر دۆۋە خورمىنى ياكى مىڭنى مانچە كىلوگىرام خورمىغا ياكى مىڭغە ئالغىن دەپ سىتىشتىن توسقان).مۇسلىم 2820 ــ ھەدىس، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. سەۋەبى، ئىللىتى، بىرەر تەرەپكە زىيان بولۇپ قالىدۇ، ئەڭ ياخشى ئىللەت، ھىكمەت، ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىشتۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىقدارى نامەلۇم بىر دۆۋە تائام ئاشلىق، يەنە بىر دۆۋە تائامنىڭ بارابىرىگە سىتىلمايدۇ، بىر دۆۋە تاماق، ئاشلىق، مىقدارى مەلۇم كەمچىنى مەلۇم تاماقنىڭ ئاشلىقنىڭ بارابىرىگە سىتىلمايدۇ، (تارازا، مىيزانلىرى، كەمچەنلىرى مەلۇم بولسا، بىر جىنىسدىن بولمىسا، زىيادە، كام بولمىسا جازانە، ئۆسۈم بولمىسا ئاندىن دۇرۇس). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2817 - [ 11 ] ( صحيح )وعن فضالة بن أبي عبيد قال : اشتريت يوم خيبر قلادة باثني عشر دينارا فيها ذهب وخرز ففصلتها فوجدت فيها أكثر من اثني عشر دينارا فذكرت ذلك للنبي صلى الله عليه وسلم فقال : " لا تباع حتى تفصل " . رواه مسلم**

پۇزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن خەيبەر كۈنى بىردانە مارجان گىلاپكىنى 12 دىينار ئالتۇنغا سىتىۋالدىم، ئۇنىڭدا ئالتۇن ۋە جەۋھەركۆزمۇنچاق،گۇھەر مارجان بار ئىدى، مەن ئۇنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىغاندا، 12 دىينار ئالتۇندىن كۆپرەك ئالتۇن تاپتىم، مەن بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بايان قىلىپ دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: سەن ئۇنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىمىغىچە ساتمىغىن دىدى.مۇسلىم توپلىغان.

**2818 - [ 12 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن أبي هريرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ليأتين على الناس زمان لا يبقى أحد إلا أكل الربا فإن لم يأكله أصابه من بخاره " . ويروى من " غباره " . رواه أحمد وأبو داود والنسائي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كىلىدۇكى، ھىچكىشى قالماي جازانە، ئۆسۈم يەپ كىتىدۇ، يىمىگەن كىشىگە جازانە، ئۆسۈمنىڭ چاڭ ـ توزا ندىلىرىمۇ بولسا يىتىدۇ، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، شەيىخ ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن.

**2819 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبادة بن الصامت أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا تبيعوا الذهب بالذهب ولا الورق بالورق ولا البر بالبر ولا الشعير بالشعير ولا التمر بالتمر ولا الملح بالملح إلا سواء بسواء عينا بعين يدا بيد ولكن بيعوا الذهب بالورق والورق بالذهب والبر بالشعير والشعير بالبر والتمر بالملح والملح بالتمر يدا بيد كيف شئتم " . رواه الشافعي**

ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە،بۇغداينى بۇغدايغا، ئارپا،خورما،تۇزلارنى شۇلارغا ساتماڭلار، لىكىن، بارابەر، ئۆز ئەينى نەخ، قولمۇ ـ قول، ئوخشاش ۋەزنى، مىيزانى تەڭ ھالەتتە زىيادە، كام قىلماي ئالماشتۇرۇڭلار، لىكىن ئالتۇننى كۈمۈشكە، كۈمۈشنى ئالتۇنغا،بۇغداينى ئارپىغا، ئارپىنى بۇغدايغا، تۇزنى خورمىغا نىسى قىلماي، ئۆز ئەينى نەخ، قولمۇ ـ قول، خالىغانچە ساتساڭلار بولىدۇ. نىسى بولسا بولمايدۇ.(نىسىيدە، زىيادە پايدىسى جازاينە بۇلۇپ قالىدۇ)شاپىئى توپلىغان.

**2820 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن سعد بن أبي وقاص قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم سئل عن شراء التمر**

بالرطب فقال : " أينقص الرطب إذا يبس ؟ " فقال : نعم فنهاه عن ذلك . رواه مالك والترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه

سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قۇرۇق خورمىنى ھۆل خورمىنىڭ بابىرىگە سېتىشتىن سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ: ھۆل خورما قۇرىسا، جىڭ سانى كاملامدۇ؟ دىدى، ئۇكىشى؛ ھەئە ئەلۋەتتە كاملايدۇ دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرۇق خورمىنى ھۆل خورمىنىڭ بابىرىگە سېتىشتىن توستى. ئىمام مالىك ، تۆت كىتاب توپلىغان.

2821 - [ 15 ] وعن سعيد بن المسيب مرسلا : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن بيع اللحم بالحيوان قال سعيد : كان من ميسر أهل الجاهلية . رواه في شرح السنة

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەھمەھۇللادىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۆشنى ھايۋاننىڭ بارابىرىگە سېتىشدىن توسقان.سەئىيد؛ بۇ جاھالىيەت قىمارى ئىدى دىدى. مالىك، شافىئى، ھاكىم، بەزار توپلىغان، ھەسەن.بۇ ھەدىس بۇغداي بىلەن بۇغداي ئۆتنى تىگىششىنىڭ دۇرۇس بولماسلىقىغا دەلىل بولىدۇ.ئۆتنى بۇغدايغا ساتماي، نەخ پۇل بىلەن ئېلىم ـ بىرىم قىلىڭلار. (سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوينى، قوي گۆشىنىڭ بارابىرىگە سېتىشدىن توسقان. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا؛ مۇشۇ ھەدىسنى دەلىللەپ، بۇغداينى، بۇغداي ئۆتنىغا ياكى باشقا ئاشلىقنى شۇ ئاشلىقنىڭ ئۆتنىغا ئالماشتۇرۇپ تىگىششىدىن توسقان، چۈنكى، جىنسى بىر بولۇپ قېلىپ، ئاندىن زىيادە كاملىق يۈز بېرىپ، جازانە، ئۆسۈم يۈز بېرىدۇ. ئۆتىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ ساپ بۇغدىيىغا سۇ قوشۇلغان بۇغداي ئۆتنى تېگىشسە، بۇ ئادىللىق ئەمەس، ھەر ئىككىلىسى پۇلغا ئالسا، ساتسا دۇرۇس بولىدۇدىد.

2822 - [ 16 ] وعن سمرة بن جندب : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن بيع الحيوان بالحيوان نسيئة . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋاننى يەنەبىر ھايۋانغا نىسى سېتىشدىن توسقان. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى ، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.«سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» 6930 ـ ھەدىس، مۇشۇ كىتاپتا مەخسۇس توسقان، چەكلىگەن نەرسىلەر باردۇر كۆرۈڭلار.

2823 - [ 17 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص : أن النبي صلى الله عليه وسلم أمره أن يجهز جيشا فنفدت الإبل فأمره أن يأخذ على قلائص الصدقة فكان يأخذ البعير بالبعيرين إلى إبل الصدقة . رواه أبو داود

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى جەڭگە قوشۇن تەييارلاشقا بۇيرىغان تۆگىلەر كاملاپ قالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى زاكاتنىڭ كىچىك بوتلاقلىرىغا جەڭگە يارىغىدەك تۆگە سېتىۋېلىشقا بۇيرىدى، ئۇ زاكات تۆگىلىرىگە جەڭگە يارىغىدەك بىر تۆگىنى ئىككى تۆگە بېرىپ سېتىۋالدى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس زەئىپ دېدى،

2824 - [ 18 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )

عن أسامة بن زيد أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الربا في النسيئة " . وفي رواية قال : " لا ربا فيما كان يدا بيد "

ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جازانە، ئۆسۈم دىگەن، نىسى ئېلىشدا، نىسى سېتىشتا بولىدۇ. نەخ ئېلىپ،نەخ سېتىشتا جازاينە ـ ئۆسۈم يوقتۇر. «يەنى نىسى سېتىپ، قىممەت سېتىپ، ساتقان پۇلنىڭ ئۈستىگە زىيادە ئېلىشدا بولىدۇ، جازانە، ئۆسۈم

توغرىسىدا ئەڭ ئوچۇق، ئەڭ روشەن توغرا، ئادىل مىزان، سەھىھ مۇسلىمدىكى مۇنۇ ھەدىستۇر. «ركىم زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ» بۇ ھەدىس مۇتلەق، نەخ، نېسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.نەختىكى جازانە يۇقىردا ئۆتتى،ئەھۋال ئوخشىمايدۇ) ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2825 - [ 19 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن حنظلة غسيل الملائكة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " درهم ربا يأكله الرجل وهو يعلم أشد من ستة وثلاثين زنية " . رواه أحمد والدارقطني**

**وروى البيهقي في شعب الإيمان عن ابن عباس وزاد : وقال : " من نبت لحمه من السحت فالنار أولى به "**

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنزەلەت،ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى بىلىپ تۇرۇپ يېگەن بىر دەرھەم جازانە، ئۆسۈم پۇلى، ئاللاھنىڭ نەزىدە، 36 قېتىم زىنا قىلغاندىن قاتتىق يامانراقتۇر، جەسەت گۆشى ھارامنى يەپ ئۆسكەن كىشىگە دوزەخ ئەڭ لايىقتۇر. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ھارامىلىقنى بىلىپ قىلغان گۇناھ قاتتىق ئېغىردۇر.

**2826 - [ 20 ] (صحيح)وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الربا سبعون جزءا أيسرها أن ينكح الرجل أمه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جازانە، ئۆسۈم 70 گۇناھى كەبىيرىدۇر، ئەڭ يەڭگىلرەكى، كىشى ئانىسىنى نىكاھلاپ ئالغاندەك ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ،بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ قاتتىق تەھدىددىن، جازانە، ئۆسۈم قاتتىق ھارامدۇر، قۇرئاندىمۇ دوۋزاخ ۋەدە قىلىنغان. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جازانە، ئۆسۈم 70 تۈرلۈك گۇناھتۇر، شېرىك كەلتۈرۈشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر، بەزار توپلىغان، سەھىھ، جازانە، ئۆسۈم يېگۈچى 70، 73 خىل گۇناھ قىلغان بولىدۇ، ياكى بۇ گۇناھنىڭ 73 خىل ئىشكى، يولى بولىدۇ، خۇددى شېرىكنىڭ تۈرى كۆپ بولغاندەك، جازانە، ئۆسۈمنىڭمۇ تۈرى كۆپتۇر، ھەممىسى گۇناھى كەبىيردۇر. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جازانە، ئۆسۈم 73 ئىشكتۇر، 73 خىل گۇناھ قىلغانلىق بولىدۇ، ئەڭ يەڭگىلرەكى، كىشى ئانىسىنى نىكاھىغا ئالغاندەك بولىدۇ، ھەققەتەن مۇسۇلمان كىشىنىڭ يۈز ــ ئابرۇي، ئىناۋىتىنى تۆكۈش، يۈزنى سېتىش، ئەڭ چوڭ جازانە ھېسابلىنىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جازانە، ئۆسۈم بولسا، 72 گۇناھتۇر، 72 ئىشكى باردۇر، ئەڭ تۆۋىنى بولسا، كىشى ئۆز ئانىسى بىلەن زىنا قىلغاندەك،چوڭ گۇناھتۇر، ھەققەتەن كىشىنىڭ، قېرىندىشىنىڭ مال ــ مۈلكىگە، يۈز ــ ئابرۇيىغا تاجاۋۇز قىلىشى، زۇلۇم قىلىشى،ئۇنۇڭ يۈزىنى سېتىشى ئەڭ چوڭ جازانە، ئۇسۇم قىلغانلىق بولىدۇ، ئەۋسەتتە بار، سەھىھ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جازانە، ئۆسۈمدە زىيادە ئالغۇچى ۋە بەرگۈچى ھەر ئىككىلىسى باراۋەر، ئوخشاش گۇناھكاردۇر، ھاكىم، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

**2827 - [ 21 ] وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الربا وإن كثر فإن عاقبته تصير إلى قل : رواهما ابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان . وروى أحمد الأخير**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جازانە، ئۆسۈم گەرچە كۆپەيگەندەك تۇرسىمۇ، ھەققەتەن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئازلىققا ھەتتا يوقلۇققا ئايلىنىدۇ. ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2828 - [ 22 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتيت ليلة أسري بي على قوم بطونهم**

**كالبيوت فيها الحيات ترى من خارج بطونهم فقلت : من هؤلاء يا جبريل ؟ قال : هؤلاء أكلة الربا " . رواه أحمد وابن ماجه**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنى سەيرى قىلدۇرۇلغان مىئراج كىچىسى، مەن، قۇرساقلىرى ئۆيگە ئوخشاش شۇنداق چوڭ بىر تۈركۈم قەۋمنىڭ ئۈستىگە كىلىپ قالدىم ، ئۇلارنىڭ قۇرسىقىدا يىلان ـ چايانلار بارئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ قۇرسىقىنىڭ تىشىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، مەن: ئى جىبرئىيل! بۇلار كىملەر؟ دەپ سورسام، ئۇماڭا: بۇلار جازاينە،ئۇسۇم يىگۈچىلەردۇر دىدى. ئەھمەد ، ئىبنى ماجە توپلىغان.

**2829 - [ 23 ] وعن علي رضي الله عنه أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم لعن آكل الربا وموكله وكاتبه ومانع الصدقة وكان ينهى عن النوح . رواه النسائي**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جازانە، ئۆسۈم يىگۈچى،يۇدۇرگۇچىگە، بىلىپ تۇرۇپ گۇۋاھچى بولغۇچىلارغا، ئۇنىڭ كاتىبىغا، زاكات بەرمىگۈچىگە لەنەت قىلدى،مىيتكە ئاۋازلىق يىغلاشتىن توساتتى.نەسەئى توپلىغان. (ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جازانە، ئۆسۈم يىگۈچى،يۇدۇرگۇچى، بىلىپ تۇرۇپ گۇۋاھچى بولغۇچىلار، گۈزەللىك ئۈچۈن مەڭ ئويغۇچى، ئويدۇرغۇچى، زاكاتنى كىچىكتۈرگۈچى، ھىجرەتتىن كىيىن ئەئرابى ھالدا مۇرتەد بولۇپ، دىندىن قايتقۇچى، قىيامەت كۈنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلىدا لەنەت قىلىنىدۇ، نەسەئى ۋە باشلار توپلىغان.سەھىھ)

**2830 - [ 24 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه إن آخر ما نزلت آية الربا وإن رسول الله صلى الله عليه وسلم قبض ولم يفسرها لنا فدعوا الربا والريبة . رواه ابن ماجه والدارمي**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ھەقىقەتەن ئەڭ ئاخىرىدا نازىل قىلىنغان ئايەت ، جازاينە ـ ئۇسۇم توغرىسىدىكى ئايەتتۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بىزگە تەپسىر قىلىپ بەرمەي، تەپسىلى يىشىپ بايان قىلىپ بەرمەيلا، ۋاپات تاپتى، شۇڭا سىلەر جازاينە ـ ئۇسۇمنى، شەك ـ گۇماننى تەرىك ئىتىڭلار، دىدى.ئىبنى ماجە بىلەن دارىمى توپلىغان.

**2831 - [ 25 ] ( صحيح )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أقرض أحدكم قرضا فأهدى إليه أو حمله على الدابة فلا يركبه ولا يقبلها إلا أن يكون جرى بينه وبينه قبل ذلك " . رواه ابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار بىرەر كىشىگە قەرىز بىرىپ تۇرسا، ئاندىن ئۇنىڭغا شۇ سەۋەبلىك بىرەرنەرسە ھەدىي قىلىنسا ياكى ئۇنى قەرىز ئالغۇچى ئۇلىغىغا مىندۇرۇۋالماقچى بولسا، ئۇ ھەدىينى قوبۇل قىلمىسۇن، ئۇلاغقىمۇ مىنمىسۇن، (چۈنكى شۇمۇ جازاينە ئۇسۇم بولىدۇ) لىكىن شۇ قەرىز مۇئامىلىسىدىن بۇرۇن، ئەشۇ ئىشلار، ھەدىي قىلىشلار بار بولسا، بۇ تەبىيلا دۇرۇستۇر.ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.(قەرىزدارنىڭ ئىگىلىپ تازىم قىلىپ، سالام قىلىشىمۇ جازاينە، دىگەن شۇ دە!)

**2832 - [ 26 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا أقرض الرجل الرجل فلا يأخذ هدية " . رواه البخاري في تاريخه هكذا في المنتقى**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىركىشى يەنەبىر كىشىگە قەرىز بىرىپ تۇرسا، ئۇ قەرىزداردىن ھەدىي ئالمىسۇن. بەيھەقى، بۇخارى تارىخىدا توپلىغان.

**2833 - [ 27 ] ( صحيح )وعن أبي بردة بن أبي موسى قال : قدمت المدينة فلقيت عبد الله بن سلا م فقال : إنك بأرض فيها**

الربا فاش إذا كان لك على رجل حق فأهدى إليك حمل تبن أو حمل شعير أو حبل قت فلا تأخذه فإنه ربا . رواه البخاري

ئەبۇ بۇردەت رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەدىنىگە كىلىپ، ئابدۇاللە ئىبنى سالامغا ئۇچراپ قالدىم، ئۇماڭا: ھەققەتەن سەن جازاينە ـ ئۇسۇم، ئۇچۇق ـئاشكارا ياماراپ، كۆپيۈپ كەتكەن بىر زىمىندا ياشايسەن، سىنىڭ بىرەر كىشىدە ھەققىڭ، ئىلىشىڭ بۇلۇپ قالسا، ئۇكىشى ساڭا بىرىۋۇدۇم سامان، ياكى بىرىۋۇدۇم ئارپا، ياكى بىر باغلام (بىدىدەك)ئوت ـ چۆپ ھەدىيە قىلسا، ئۇنى ھەرگىز ئالمىغىن،قۇبۇل قىلمىغىن، چۈنكى ئۇ جازاينە ـ ئۇسۇمدۇر دىدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

## باب المنهي عنها من البيوع - الفصل الأول

### سودا ـ سېتىقتا ئېلىم ـ سېتىمدىن چەكلەنگەن نەرسىلەر توغرىسىدا

2834 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عمر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن المزابنة : أن يبيع تمر حائطه إن كان نخلا بتمر كيلا وإن كان كرما أن يبيعه زبيب كيلا أو كان وعند مسلم وإن كان زرعا أن يبيعه بكيل طعام نهى عن ذلك كله . متفق عليه .

وفي رواية لهما : نهى عن المزابنة قال : " والمزابنة : أن يباع ما في رؤوس النخل بتمر بكيل مسمى إن زاد فعلي وإن نقص فعلي )

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنىڭ ھۆل مىۋىسىنى مەلۇم مىقداردا كەمچەنلەپ بىرىدىغا قۇرۇق خورمىغا، ھۆل ئۈزۈمنى مەلۇم مىقداردا كەمچەنلەپ بىرىدىغا قۇرۇق ئۈزۈمگە يەنى يىمىشكە سېتىشىدىن توسقان.تېخى دېنى قېتىشمىغان زىرائەتنى مەلۇم مىقداردا كەمچەنلەپ بىرىدىغان ئاشلىققا سېتىشىدىن توسقان.مۇزابىنەت دىگەن؛ خورمىنىڭ شېخى ئۇستىدىكى ھۆل مىۋىسىنى مەلۇم مىقداردا كەمچەنلەپ بىرىدىغا قۇرۇق خورمىغا، زىيادە ـ كام بولۇپ قالسا مىنىڭ ئۇستۇمگە دەپ سېتىشتۇر، بۇنىڭدىن توسقان.ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

2835 - [ 2 ] ( صحيح )

وعن جابر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن المخابرة والمحاقلة والمزابنة والمحاقلة : أن يبيع الرجل الزرع بمائة فرق حنطة والمزابنة : أن يبيع التمر في رؤوس النخل بمائة فرق والمخابرة : كراء الأرض بالثلث والربع . رواه مسلم

ئەنەس،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنىڭ زىمىنىنى، زىمىندىن چىققان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ يىرىمىغا، يا ئۈچتەن بىرىگە، يا بەزىسىگە يا شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بىرىپ تېرىشىدىن، مىۋە ـــ چىۋە، ئاشلىقلارنى پىشىپ يېتىلىشىدىن بۇرۇن سېتىشىدىن، باشاقچىدىكى ئاشلىقنى تەييار ئاشلىققا، بۇغدايغا سېتىشىدىن، (سودا قىلغۇچى كىشىنىڭ مالنى سىلاپ، تۇتۇپ قويۇشى بىلەنلا بەيئى سودىنى ۋاجىپ قىلىشىدىن، ئىككى نەرسىنى تەكشۇرۇپ باقماستىنلا بىرسى ـــ بىرىسىگە تاشلاپ بىرىپلا سودا قىلىشىدىن)، خورما شېخى ئۇستىدىكى ھۆل، توك خورمىنى پىشىشىق، قۇرۇق خورمىغا سېتىشىدىن توسقان. بۇخارى 2055 ـــ ھەدىس، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

2836 - [ 3 ] ( صحيح )وعنه قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن المحاقلة والمزابنة والمخابرة والمعاومة وعن الثنيا

**ورخص في العرايا . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشاقچىدىكى ئاشلىقنى، تەييار ئاشلىققا، بۇغدايغا سېتىشدىن، خورمىنىڭ ھۆل مېۋىسىنى قۇرۇق خورمىغا، ھۆل ئۈزۈمنى قۇرۇق ئۈزۈمگە يەنى يىمىشكە سېتىشدىن، باشقىلارنىڭ زىمىننى، زىمىندىن چىققان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىغا، يا ئۈچتەن بىرىگە، يا بەزىسىگە يا شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بېرىپ تېرىشدىن،يىلنى سېتىشتىن، باشقىلارنىڭ زىمىننى، كىرىمنىڭ بەزىسنى،ياكى يېرىمىنى يا ئۈچدەن بىرىنى بېرىپ ئىجارىگە تېرىشتىن، ساتقان نەرسىدىن نا مەلۇم مىقداردا چىقىرۋىلىپ ، نامەلۇم نەرسىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ سېتىشتىن توسقاندۇر. بايلار پەقىرلارغا بىرىپ تۇرغان خورمىنىڭ ھۆل مېۋىسىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىشقا رۇخسەت قىلغاندۇر. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنىڭ زىمىننى، زىمىندىن چىققان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىغا، يا ئۈچتەن بىرىگە، يا بەزىسىگە يا شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بېرىپ تېرىشدىن توسقان. بۇخارى 2207 ــ ھەدىس، ئەھمەد 2064 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2958 ــ ھەدىس، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنىڭ ھۆل مېۋىسىنى قۇرۇق خورمىغا، ھۆل ئۈزۈمنى قۇرۇق ئۈزۈمگە يەنى يىمىشكە سېتىشدىن توسقان. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ. سابىت، ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنىڭ زىمىننى، كىرىمنىڭ بەزىسنى،ياكى يېرىمىنى يا ئۈچدەن بىرىنى بېرىپ ئىجارىگە تېرىشتىن توسقان. مۇسلىم 2891 ــ ھەدىس، ئەھمەد 15794 ــ ھەدىس. لېكىن، بۇخارى مەخسۇس كىتاب، باب قويۇپ، دۇرۇس بولۇشنى يازغان، لېكىن، بىر قىسىم شەرىتلەر دۇرۇس بولمايدىكەن. تىرمىزى 1304 ــ ھەدىسدا بۇ ئىختىلاپنى يازغان، بەزىسى دۇرۇس دىگەن، دەلىل بولسا يەھۇدىيلار بىلەن شۇنداق زىرائەت تېرىشقان . بەزىسى يۇقىرقى ھەدىسنى دەلىللەپ توسقان، لېكىن، زىمىننى ئالتۇن ــ كۈمۈش، پۇلغا ئىجارە ئېلىپ تېرىسا بولىدۇ دىگەن. مەن دەيمەن، ھەر نەرسە ياخشى ــ يامان دەپ ئايرىلىدۇ، ياخشى تەرىپى دۇرۇس، يامان تەرىپى دۇرۇس ئەمەس، ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**2837 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن سهل بن أبي حثمة قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع التمر بالتمر إلا أنه رخص في العرية أن تباع بخرصها تمرا يأكلها أهلها رطبا**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆل مېۋىنى يەنى ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىشدىن توسقان.لىكىن بايلار پەقىرلارغا ئارىيەت بىرىپ تۇرغان خورمىنىڭ ھۆل مېۋىسىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىشقا رۇخسەت قىلغاندۇر.ھۆل خورمىنى مۆنچىلىك قۇرۇق خورما چىقىدىكەن دەپ مۆلچەرلەپ، ئىگىسى شۇ بۇيىنچە قۇرۇق خورمىغاسېتىپ ياكى ھۆل پېتىلا يەيدۇ. بەيھەقى،بۇخارى.مۇسلىم ئەبۇ داۋۇد توپلىغان،سەھىھ.

**2838 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أرخص في بيع العرايا بخرصها من التمر فيما دون خمسة أوسق أو خمسة أوسق شك داود ابن الحصين**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بايلار پەقىرلارغا ئارىيەت بىرىپ تۇرغان خورمىنىڭ ھۆل مېۋىسىنى، مۆنچىلىك قۇرۇق خورما چىقىدىكەن دەپ مۆلچەرلەپ، بەش ۋەسەق ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولسا، قۇرۇق خورمىغا سېتىشقا رۇخسەت قىلغاندۇر. بۇخارى.مۇسلىم .بەش ۋەسەق؛ 300سا، 1500 جىڭ ئەتراپىدا. بۇ قەپىرلارغا ئاسان قىلىش ئۈچۈندۇر.

**2839 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمر : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع الثمار حتى يبدو صلاحها نهى**

**البائع والمشتري . متفق عليه      وفي رواية لمسلم : نهى عن بيع النخل حتى تزهو وعن السنبل حتى يبيض ويأمن العاهة**

ئائىشە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى سالاھىيىتى ئاشكارا بولمىغىچە، پىشىپ يېتىلمىگىچە، ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت ئەمىن، تېنچ ئۆتۈپ كەتمىگىچە سېتىشتىن توسقان.ساتقۇچى، سېتىۋالغۇچى ھەرئىككىلىسىنى توسقان. ئەھمەد، بۇخارى.مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىنى ئۇنىڭ سالاھىيىتى يەنى پىشىپ ــ يېتىلگەن قىزىللىقى ئاشكارا بولمىغىچە، خورمىنى قىزىرىپ، تولۇق پىشىپ يېتىلمىگىچە،ئاشلىقنى دېنى قېتىپ، باشاقچىسى ئاقارمىغىچە، ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت ئەمىن، تېنچ ئۆتۈپ كەتمىگىچە سېتىشتىن توسقان. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت قۇتۇلمىغىچە، پىششىدىن بۇرۇن سېتىشتىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى تولۇق پىشىپ ــ يېتىلىپ بولمىغىچە سېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2840 - [ 7 ] ( متفق عليه )وعن أنس قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع الثمار حتى تزهي قيل : وما تزهي ؟ قال :حتى تحمر " وقال : " أرأيت إذا منع الله الثمرة بم يأخذ أحدكم مال أخيه ؟ "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىنى ئۇنىڭ سالاھىيىتى يەنى پىشىپ ــ يېتىلگەن قىزىللىقى ئاشكارا بولمىغىچە، خورمىنى قىزىرىپ، تولۇق پىشىپ يېتىلمىگىچە سېتىشتىن توسقان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : قېنى دەپ باققىنە؟ ئەگەر **الله** تائالا مېۋىنى بەرمىسە، بىرىڭلار قېرىندىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى نىمىگە ئالىدۇ؟ دىگەن.(شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت قۇتۇلمىغىچە، پىششىدىن بۇرۇن سېتىشتىن توسقان.) بۇخارى،مۇسلىم ، سەھىھ.

**2841 - [ 8 ] ( صحيح )وعن جابر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع السنين وأمر بوضع الجوائح . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مېۋىلەرنى) بىر يىللىق ياكى ئىككى ئۈچ يىللىق دەپ سېتىشتىن يەنى يىلىنى سېتىشتىن توسقان. (چۈنكى، يۇقىرىدا پىشىپ يېتىلىشى، ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت ئۆتۈپ كېتىشى، قولدا يوق نەرسىنى ساتماسلىق دىگەن ھەدىسلەر ئۆتتى)شۇنداقلا مېۋەلەرگەيەتكەن ئاپەتنى كۆتۈرۈۋېتىشكە بۇيرىغاندۇر. مۇسلىم 2874 ــ ھەدىس، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2842 - [ 9 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو بعت من أخيك ثمرا فأصابته جائحة فلا يحل لك أن تأخذ منه شيئا بم تأخذ مال أخيك بغير حق ؟ " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر قېرىندىشىڭغا خورما، مېۋە ساتساڭ، ئاندىن ئۇ مېۋە، خورمىغا ئاپەت يەتسە، قېرىندىشىڭدىن نەرسە ئېلىشىڭ ساڭا ھالال ئەمەس، ھارامدۇر، قېرىندىشىڭنىڭ مېلىنى ھەقسىز نېمىنىڭ بارابىرگە ئالىسەن؟ مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، شۇنىڭ ئۈچۈن مېۋە ئاتلىقلارنى پىشمىغىچە سېتىشتىن توسىدۇ، بەيئى سەلەم قىلىپ ئالدىن مەلۇم جىنىڭ، مەلۇم مىقداردا، مەلۇم ۋاقىتتا ئېلىشقا سودا قىلىسىمۇ ئاپەتنى تىلغا ئېلىش لازىم. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مېۋىنى يا مېۋىلىك باغنى ساتسا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاپەت يەتسە، ئۇ قېرىندىشىنىڭ مال ــ مۈلكىدىن بىرەر نەرسە ئالمىسۇن، بىرىڭلار، مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ مال ــ مۈلكىنى نېمىگە ئاساسەن يەيدۇ؟! (يەنى ئاپەت يەتسىمۇ يوق مېۋىگە پۇل ئالسا، بۇ ھارام

بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەقسىز ئالغان بولىدۇ). ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**2843 - [ 10 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر قال : كانوا يتباعون الطعام في أعلى السوق فيبيعونه في مكانه فنهاهم رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيعه في مكانه حتى ينقلوه . رواه أبو داود ولم أجده في الصحيحين**

ئىبنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇلار بازارنىڭ ئۈستىن تەرىپىدىن تائام، ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ئۇنى يۆتكىمەستىنلا جايىدا قويۇپ ساتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى تائامنى سېتىۋېلىپ ئۇنى يۆتكىمەستىن جايىدىلا سېتىشتىن توستى، (يۆتكەپ، قولىغا تۇلۇق ئېلىپ ساتىدۇ)ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**2844 - [ 11 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ابتاع طعاما فلا يبيعه حتى يستوفيه "**

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاببىاس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم تائامنى يەنى ئاشلىقنى سېتىۋالسا، ئۇنى جىڭلاپ، كەمچەنلەپ قولىغا تولۇق، كامىل ئالمىغىچە ئۇنى ساتمىسۇن، (قولىدا يوق نەرسىنى ساتسا، دۇرۇس ئەمەس). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان،سەھىھ.

**2845 - [ 12 ] ( متفق عليه )وفي رواية ابن عباس : " حتى يكتاله "**

**2846 - [ 13 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : أما الذي نهى عنه النبي صلى الله عليه وسلم فهو الطعام أن يباع حتى يقبض . قال ابن عباس : ولا أحسب كل شيء إلا مثله**

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، تائامنى يەنى ئاشلىقنى سېتىۋالسا، ئۇنى جىڭلاپ، كەمچەنلەپ، قولىغا تولۇق، كامىل ئالمىغىچە سېتىشتىن توسقان.ھەممە نەرسىلەر شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. يەنى سېتىۋېلىپ، تۇلۇق قولىغا ئېلىپ، ئاندىن سېتىڭلار.

**2847 - [ 14 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا تلقوا الركبان لبيع ولا يبع بعضكم على بيع بعض ولا تناجشوا ولا يبع حاضر لباد ولا تصروا الإبل والغنم فمن ابتاعها بعد ذلك فهو بخير النظرين بعد أن يحلبها : إن رضيها أمسكها وإن سخطها ردها وصاعا من تمر "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بازارغا مال ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ ئالدىنى سودا قىلىش ئۈچۈن توسىۋالماڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە بەيئى سودا قىلماڭلار، سېتىۋاتسا ئۇنىڭ ئۈستىگە ساتماڭلار، ئالمەن دىگەننى ۋاز كەچمىگىچە ئالماڭلار، كىشلەرنى ئالداپ مالىنىڭ باھاسىنى زىيادە ئۆستۈرۈۋالماڭلار، نەرسىلەرنى نەمدەپ ساتماڭلار، شەھەر ئەھلى، يېزا، سەھرالىقلارغا نەرسە ساتماڭلار، ھەم سېتىپ بەرمەڭلار، (يەنى ئۇلارنى ئالدىماڭلار، زىيانغا ئۇچراتماڭلار)، تۆگە، قويلارغا ئالدامچىلىق ئىشلىتىپ، يەلىنىگە سۈت يىغماڭلار. كىم شۇنداق چارۋىنى سېتىۋالسا، سىغىپ كۆرگەندىن كىيىن، ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ بىرىنى تاللايدۇ، ئەگەر رازى بولسا، ئۇنى ساقلاپ ئېلىپ قالىدۇ، ئەگەر كايىپ نارازى بولسا، ئۇ نەرسىنى بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ، سودىنى بۇزىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنى ئالداپ، مالىنىڭ باھاسىنى زىيادە ئۆستۈرۈۋېلىشدىن توسقان. بۇخارى 1998 ـــ ھەدىس، مۇسلىم 2792 ـــ ھەدىس، نەسەئى 4421 ـــ ھەدىس، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**وفي رواية لمسلم : " من اشترى شاة مصراة فهو بالخيار ثلاثة أيام : فإن ردها رد معها صاعا من طعام لا سمراء "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئالدىنىپ

يېلىنگە سۈت يىغىلغان قوينى سېتىۋالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۈچ كۈنگىچە ئىختىيارلىقتا ئىگە، ساقلاپ قالسا بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، ئەگەر قايتۇرۇپ بەرسە قوي بىلەن بىرگە بىر سا خورمىنى بىرگە قوشۇپ بېرىدۇ، شام بۇغدىيىنى بەرمىسمۇ بولىدۇ، (پەقەت ئالتە جىنىك ئەتراپىدا خورما بېرىدۇ، ياكى قىممىتىنى بېرىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2848 - [ 15 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تلقوا الجلب فمن تلقاه فاشترى منه فإذا أتى سيده السوق فهو بالخيار " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بازارغا ئېلىپ كېلىنگەن ماللارنىڭ ئالدىنى توسىۋالماڭلار، كىم شۇنداق مالنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ، ئۇنى سېتىۋالسا، مال ئىگىسى بازارغا كەلگەندە ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، خالىسا سودىنى ھېساب قىلىپ قويىدۇ، خالىسا مېلىنى ياندۇرۇپ قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2849 - [ 16 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تلقوا السلع حتى يهبط ا إلى السوق "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بازارغا ئېلىپ كېلىنگەن ماللار بازارغا ئاپىرلىپ چۈشۈرۈلمىگىچە، ئۇنىڭ ئالدىنى توسىۋالماڭلار. بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېتىلىدىغان مالنىڭ بازارغا يېتىپ بېرىشىدىن بۇرۇن، ئالدىنى توسىۋېلىشىدىن توسقان. بۇخارى 2019 _ ھەدىس، مۇسلىم 2794 _ ھەدىس، تىرمىزى 1141 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2171 _ ھەدىس، سەھىھ. يول ئۈستىدە ئالماي، بازاردا ئېلىڭلار!يانا شۇبازاردا سېتىڭلار ،يابانشقابازارغا يوتكەپ سېتىڭلار. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بازارغا ئېلىپ مېڭىلغان مالنىڭ بازارغا يېتىپ بېرىشىدىن بۇرۇن ئالدىنى توسۇپ ئېلىۋېلىشىدىن توسقان ۋە مال ئىگىسى بازارغا كىرگەندىن كېيىن قايتۇرۇۋېلىش ئىختىيارلىقىغا ئىگە دېگەن. (ئالىملار مالنى بازار يولىدا توسۇپ ئېلىۋېلىش، زور ئالدامچىلىق دېگەن، شۇڭا بازاردىن بازارغا ئاپىرىڭلار، يولدا توسىۋالماڭلار، ياكى شۇ بازاردا ئېلىپ سېتىڭلار). تىرمىزى 1142 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2169 _ ھەدىس، 2170 _ ھەدىس، سەھىھ.

**2850 - [ 17 ] ( صحيح )وعنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يبع الرجل على بيع أخيه ولا يخطب على خطبة أخيه إلا أن يأذن له " . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى قېرىندىشىنىڭ قىلغان سودىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن. ئەلچى ئەۋەتكەن جايغا ئەلچى ئەۋەتمىسۇن، لېكىن، تەرىك ئەتسە، ئىزنى، رۇخسىتى بىلەن سودا قىلسا ياكى ئەلچى ئەۋەتسە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى قېرىندىشىنىڭ بەيئىسى ئۈستىگە بەيئى قىلمىسۇن، قويغان باھاسى ئۈستىگە باھا قويمىسۇن، تالىشىپ سېتىۋالمىسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2851 - [ 18 ] ( صحيح )**

**وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يسم الرجل على سوم أخيه المسلم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (كىشى قېرىندىشىنىڭ بەيئىسى ئۈستىگە بەيئى قىلمىسۇن)، مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ قويغان باھاسى ئۈستىگە باھا

قويمسۇن، تالشىپ سېتىۋالمسۇن.مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2852 - [ 19 ] ( صحيح )وعن جابر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يبع حاضر لباد دعوا الناس يرزق الله بعضهم من بعض " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھەرلىك كىشى يېزا، سەھرالىقلا بەيئى سودا قىلىپ بەرمىسۇن، كىشلەرنى سودا قىلىشقا قويۇپ بېرىڭلار،الله ئۇلارنىڭ بەزىسىگە بەزىسىدىن رىزىق بېرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توّت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھەر ئەھلى، سەھرادىن كەلگەن كىشى ئۈچۈن گەرچە دادىسى، قېرىندىشى بولسىمۇ مېلىنى سېتىپ بەرمىسۇن. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ. لېكىن، ئاخىرى يەنى دادىسىغا، قېرىندىشىغا سېتىپ بەرمىسۇن دېگىنى زەئىپ، چۈنكى كىشى دادىسىنىڭ ماللىرىدىن پايدىلىنىپ، دادىسىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ دېگەن. دادىسىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بەرسە بولىدۇ دېگەن.

**2853 - [ 20 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن لبستين وعن بيعتين : نهى عن الملامسة والمنابذة في البيع والملامسة : لمس الرجل ثوب الآخر بيده بالليل أو بالنهار ولا يقلبه إلا بذلك والمنابذة : أن ينبذ الرجل إلى الرجل بثوبه وينبذ الآخر ثوبه ويكون ذلك بيعهما عن غير نظر ولا تراض واللبستين : اشتمال الصماء والصماء : أن يجعل ثوبه على أحد عاتقيه فيبدو أحد شقيه ليس عليه ثوب واللبسة الأخرى : احتباؤه بثوبه وهو جالس ليس على فرجه منه شيء**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى خىل كىيىنىشتىن، ئىككى خىل سودىدىن توسقان، ئىككى سودا؛ ئېلىپ ساتقۇچى ئىككى كىشىنىڭ بىرسى يەنە بىرسىنىڭ مېلىنى كېچە ياكى كۈندۈزدە، سىلاپ تۇتۇپ قويىشى بىلەنلا، بەيئى سودىنى ۋاجىپ قىلىشىدىن، ئىككى كىشىنىڭ ئىككى نەرسىنى تەكشۈرۈپ قاراپ باقماستىنلا، بىرسى ـ بىرسىگە تاشلاپ بېرىشى بىلەنلا، سودا قىلىشىدىن توسقان. ئىككى خىل كىيىنىش بولسا؛ پۈتۈن بەدىنىنى پۈتۈنلەي يۆگىۋېلىشىدىن،بىر مۈرىسىگە كىيىم ئارتىپ، يەنەبىر مۈرىسىنى ئۈچۈق قويۇشتىن، بىرلا كىيىمدە، ئەۋرىتى ئۈستىدە نەرسە بولماستىن ئىتقا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇشىدىن توسقان. بۇخارى 2002 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9838 ـ ھەدىس، بەيھەقى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2854 - [ 21 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع الحصاة وعن بيع الغرر . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاش ئېتىش ئارقىلىق سودا قىلىشىدىن (يەنى ئۇستىگە تاش چۈشكەن نەرسىنى سېتىپ بېرىش سودىسىدىن)، ھىيلە ـ مىكىر، ئالداش، ساختىپەزلىك ئارىلاشقان سودىدىن، مۇجمەللىك، نامەلۇملۇق ئارىلاشقان سودىدىن توسقان. مۇسلىم 2783 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7104 ـ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى، توّت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**2855 - [ 22 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع حبل الحبلة وكان بيعا يتبايعه أهل الجاهلية كان الرجل يبتاع الجزور إلى أن تنتج الناقة ثم تنتج التي في بطنها**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوغاز تۆگىنىڭ ئىچىدىكى ھايۋاننىڭ يەنە بوغاز بولۇپ تۇغۇلىدىغان بالىسىنى (يەنى بوغاز تۆگىنىڭ بالىسىنىڭ بالىسىنى) سېتىشدىن،ئالدىن پۇل ئېلىشدىن توسقان. (بۇ جاھالىيەت ئەھلىنىڭ سودىسى ئىكەن)بۇخارى 1999 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2784 ـ ھەدىس، كىيىنكى توّت كىتاب، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك ھايۋاننىڭ سۇلبىدىكى، پۇشتىدىكى نەسلىدىكى تېخى تۇغۇلمىغان ھايۋاننى سېتىشتىن، ئالدىن پۇل ئېلىشتىن توسقان ۋە كالا، تۆگىنىڭ ۋە باشقا چىشى ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى تېخى تۇغۇلمىغان ھايۋاننى سېتىشتىن، ئالدىن پۇل ئېلىشتىن توسقان، بوغاز ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنىڭ بالىسىنى سېتىشتىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**2856 - [ 23 ] ( صحيح )وعنه قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن عسب الفحل . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك ھايۋاننىڭ ئىسپىرما سۇيىنى سېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، بۇخارى، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

ئۇنى خالىس ئاللاھ يولىدا قويۇپ بېرىش لازىم، بۇخارىينىڭ شەرھىسى پەتھۇلبارىيدا مۇنداق دېيىلگەن؛ ئۇ سۇنى سېتىش مەكرۇھ ياكى ھارام. چۈنكى، ئۇ مەلۇم ئەمەس، قىممىتى، باھاسى يوق، ۋەزنى، جىڭ سانى يوق، نامەلۇمدۇر. لېكىن، چىشى ھايۋان چاڭلاشقىچە مەخسىتىگە يېتىپ، بوغاز بولغانلىقى مەلۇم بولغىچە ئىجارىگە بەرسە، ئالسا بولىدۇ، بۇ شافىئى، ھەنبەلى، ھەسەن بەسرى، ئىبنى سىرىين، ئىمام مالىكنىڭ سۆزى، ئارىيەتكە بېرىپ تۇرسا، مۇتلەق دۇرۇس. ھەتتا، ئارىيەتكە ئالغۇچى، چىشى ھايۋىنىنى چاڭلاشتۇرغۇچى، ھەدىي ئېلىپ كەلسە، يەنى قوناق، ئارپا، ئوت ــ چۆپ ئېلىپ كەلسە بۇ مەيلى، لېكىن، شەرتلەشسە بولمايدۇ. چۈنكى، تىرمىزىينىڭ بىر ھەدىسىدە، ئەركەك ھايۋاننى ھۆرمەتلىسە، يەنى ئازىراق نەرسە ئاپارسا،دۇرۇس بولۇشىغا ھەدىس بار. ئالىملار بۇنىڭدىن ھازىرقى كالا، تۆگە، قويلارنى ئۇرۇق سېلىپ چاڭلاشتۇرۇشقا يەنى بوغاز بولغىچە ئىجارە، كۆتۈرە ئېلىپ، ئۇرۇق سالسا بۇ دۇرۇس. لېكىن، سۇنى ساتسا دۇرۇس ئەمەس دېگەن. سۇنى ساتماي، بوغاز بولغىچە چاڭلاشتۇرۇپ، ھەققىنى ئالسا بۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، بۇنى يۇقىردا ئىجارىگە ئالسا دۇرۇس دېدى.

**2857 - [ 24 ] ( صحيح )وعن جابر : قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع ضراب الجمل وعن بيع الماء والأرض لتحرث . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك تۆگىنىڭ مەنى ئۇرۇق سۇيىنى سېتىشتىن (يەنى چاڭلاشتۇردىغان ئىسپىرما سۇيىنى سېتىشتىن)، سۇنى ۋە زېمىننى زىرائەت تېرىتىۋېلىش ئۈچۈن سېتىشتىن توسقان. مۇسلىم 2926 ــ ھەدىس، نەسەئى 4591 ــ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان،سەھىھ.

**2858 - [ 25 ] ( صحيح )وعنه قال : نهى رسول الله عن بيع فضل الماء . رواه مسلم**

جابىر، ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنىڭ ئېشىپ قالغان ئارتۇقىنى سېتىشتىن توسقان. مۇسلىم، ئەھمەد، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. شۇنىڭ جۈملىسىدىن يايلاقتىكى سۇنىڭ، قۇدۇق سۇيىنىڭ، سەپەر ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ ئارتۇق ئېشىپ قالغىنىنى سېتىشتىن توسقان.

**2859 - [ 26 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يباع فضل الماء ليباع به الكلأ**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇدۇق ئەتراپىدىكى ئوت ــ چۆپلەرنى سېتىپ بېرىش مەخسىتىدە، قۇدۇقنىڭ ئاشقان سۇيى سېتىلمايدۇ. (قۇدۇقنىڭ ئېشىپ قالغان سۇيىنى ساتسا بولمايدۇ، ھەممىسىنىڭ ھەققى بار).بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەدەھىھ.

**2860 - [ 27 ] ( صحيح )وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم مر على صبرة طعام فأدخل يده فيها فنالت أصابعه بللا فقال : " ما هذا يا صاحب الطعام ؟ " قال : أصابته السماء يا رسول الله قال : " أفلا جعلته فوق الطعام حتى يراه الناس ؟ من**

**غش فليس مني " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بازاردا بىر دۆۋە ئاشلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، قولىنى ئۇنىڭغا سىلىپ باقسا، بارماقلىرىغا ھۆللۈك تېگىدۇ، بۇ كىشىنىڭ ھۆل ئاشلىقنى ئاستىغا، قۇرۇقلىرىنى ئۈستىگە قىلىپ ساتقىنىنى كۆرۈپ؛ ئى تائام، ئاشلىق ئىگىسى! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟دىدى، ئۇكىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! يامغۇر يېغىپ،يامغۇر ئۆتۈپ كىتىپتۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ ؛ نېمە ئۈچۈن ئۇ ھۆللىرىنى كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن (ئاپئاپتا قۇرۇشى ئۈچۈن) تائامنىڭ ئۈستىگە قىلىپ قويمىدۇڭ؟، كىم كىشىلەرنى ئالدىسا، ساختىپەزلىك قىلسا، نەمدەپ نەرسە ساتسا، ئۇ مېنىڭ جۈملەمدىن ئەمەس دىدى. (يەنى بۇ قىلمىشى ھارام بولىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2861 - [ 28 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن جابر قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن الثنيا إلا أن يعلم . رواه الترمذي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نەرسە ساتقان كىشىنىڭ ساتقان نەرسىسىدىن نامەلۇم نەرسىنى چىقىرۋېلىشىدىن توسقان، مەلۇم بولسا رۇخسەت قىلغان.(مەسىلەن؛ ماۋۇ باغنى مۇنچىلىك پۇلغا ساتىمەن، پالانى جايدىكى پالانى مىۋىلىك دەرەخ ماڭا قالىدۇ دىگەندەك)تىرمىزى توپلىغان.

**2862 - [ 29 ] ( صحيح )وعن أنس رضي الله عنه قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع العنب حتى يسود وعن بيع الحب حتى يشتد هكذا . رواه الترمذي وأبو داود عن أنس . والزيادة التي في المصابيح وهو قوله : نهى عن بيع التمر حتى تزهو إنما ثبت في روايتهما : عن ابن عمر قال : نهى عن بيع النخل حتى تزهو وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈمنى  ئۈپىشىپ قارايمىغىچە سېتىشتىن توسقان، ئاشلىق داننى باشاقچىسى ئاقىرىپ دېنى قېتىشمىغىچە سېتىشتىن توسقان، خورمىنى پىشىپ قىزىللىقى ئاشكارا بولمىغىچە سېتىشتىن توسقان. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇدلار توپلىغان سەھىھ.

**2863 - [ 30 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن بيع الكالئ بالكالئ . رواه الدارقطني**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىسىينى يەنە بىر نىسىيگە سېتىشتىن توسقان. (يەنى مەلۇم نەرسىنىڭ پۇلىنى مەلۇم مۇددەتتە بېرىشكە سېتىۋېلىپ، ئاندىن مۇددەت توشقاندا قەرزنى بېرەلمىسە، يەنە كىچىكتۈرۈشكە پۇل ئېلىپ سېتىشتىن توسقان، بۇ جازاينە بۇلىدۇ، قولىدا يوق نەرسىنى ساتقانلىق بۇلىدۇ، دارقۇتنى توپلىغان.

**2864 - [ 31 ] ( ضعيف )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع العربان . رواه مالك وأبو داود وابن ماجه**

ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيبىدىن دادىسىدىن، چوڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىربان بەيئىسىدىن توسقان (يەنى سېتىۋالغۇچى مال ئىگىسىگە ئازىراق پۇل بېرىدۇ، سودا سودا بولسا شۇ ھېساب، ھېچ گەپ يوق. ئەگەر سودىدىن يېنىۋالسا، بەرگەن پۇل ، مال ئىگىسىگە قالىدۇ، بۇنى كىشىلەر ياجىلىك دېيىشىدۇ، دەل شۇ ياجىلىك بېرىپ قىلغان سودىدىن توسقان)، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس زەئىپ دىگەن، لېكىن، فىقھىشۇناس ئالىملارمۇشۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ،  بۇ سودىنى باتىل دىگەن. ئەھمەد رەھمەھۇللا دۇرۇس دىگەن. چۈنكى، بۇ ھەدىس ئەلبانى دىگەندەك مۇنقەتىئ يەنى ئىسنادى ئۈزۈك، زەئىپ ئىكەن، ئىمام ئىبنى ئەسىيرنىڭ كىتابىدىنمۇ ئېلىندى. «غەرىيبۇلھەدىس» ناملىق بۇ كىتاب ھەرقانداق يات سۆزلۈكنى لۇغەت جەھەتتىن تەپسىرلەپ، ئىزاھلاپ بېرىدۇ، يۇقىرقى زەئىپ ھەدىسنى مالىك، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن،

**2865 - [ 32 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع المضطر وعن بيع الغرر وعن بيع الثمرة قبل أن تدرك . رواه أبو داود**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم زۆرۇرىيەتكە چۈشۈپ، خىجالەت بولۇپ قالغان كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئېلىشتىن، ئالدامچىلىق بىلەن قىلغان سودىدىن، مېۋە ــ چېۋە پىششىقدىن بۇرۇن سېتىشتىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئىمام ئەلبانى زەئىپ دېگەن،مەنىسى سەھىھ.

**2866 - [ 33 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس : أن رجلا من كلاب سأل النبي صلى الله عليه وسلم عن عسب الفحل فنهاه فقال : يا رسول الله إنا نطرق الفحل فنكرم فرخص له في الكرامة . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، كىلاب قەبىلىسىدىن بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن ئەركەك هايۋاننىڭ ئىسپىرما سۇيىنى سېتىش توغرىسىدا سورغاندا، رەسۇلۇللاھ ئىسپىرما سۇيىنى سېتىشتىن توسقان. ئاندىن ئۇكىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز چىشى هايۋانغا ئەركەك هايۋاننى چاڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن قويىمىز، ئاندىن شەرتلەشمەستىن ئۇنى هۆرمەتلەپ، ئارپا ـ قۇناق، ئوت ـ چۆپ هەدىي قىلىمىز دېگەندە ، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغاندۇر. تىرمىزى توپلىغان.

**2867 - [ 34 ] ( صحيح )وعن حكيم بن حزام قال : نهاني رسول الله صلى الله عليه وسلم أن أبيع ما ليس عندي . رواه الترمذي في رواية له ولأبي داود والنسائي : قال : قلت : يا رسول الله يأتيني الرجل فيريد مني البيع وليس عندي فأبتاع له من السوق قال : " لا تبع ما ليس عندك "**

هەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مىنى ئالدىمدا، قول ئىلكىمدە يوق نەرسىنى سېتىشىمدىن توسقان. يەنە بىردە؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! كىشىلەر قېشىمغا كېلىپ، ئالدىمدا، قول ئىلكىمدە يوق نەرسىنى سېتىۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، مەن ئاندىن بازاردىن سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا بېرىمەن دېگەندە مۇنداق دېگەن: ئالدىڭدا، قول ئىلكىڭدە يوق نەرسىنى ساتمىغىن. ئەهمەد، تۆت كىتاب توپلىغان سەهىھ. هەكىيم ئىبنى هىزام رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائام ئاشلىقلارنى سېتىۋالساڭ، قولۇڭغا تولۇق، مۇكەممەل ئالماي تۇرۇپ ساتمىغىن. ئەهمەد، نەسەئى ، سەهىھ.

**2868 - [ 35 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيعتين في بيعة . رواه مالك والترمذي والنسائي**

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىر بەيئىيدە، بىر قېتىملىق سودىدا ئىككى خىل سودا قىلىشتىن توسقان، مالىك،تىرمىزى،نەسەئى.(يەنى تىرمىزىينىڭ 1152 ــ هەدىسىدە ئالىملار بۇنى مۇنداق تەپسىر قىلغان، مەن ساڭا ماۋۇ كىيىمنى نەخ 10 يۇەنگە نىسى 20 يۇەنگە ساتىمەن دېسە، ئىككى باهانىڭ بىرىگە ئېنىق توختالماي ئايرىلىپ كەتسە، مانا بۇنىڭدىن چەكلىنىدۇ، بۇ هارام، چۈنكى، جازانە ئۆسۈم بولىدۇ، لېكىن، سودا نەخ مانچە پۇل، نىسى مانچە پۇل دېيىلمەي، ئەزان ــ قىممەت بېكىتىلسە بۇ دۇرۇس، شافىهى رەهمەهۇللا، مەن مانى ساڭا سېتىپ بېرىمەن، لېكىن، سەن ئاۋۇنى ماڭا مانچىلىك پۇلغا سېتىپ بېرىسەن دېسە بۇمۇ چەكلىنىدۇ دەپ چۈشەندۈرگەن. نەسەئى 4553 ــ هەدىس، سەهىھ. بىز بۇمەسئەلىنى«سەهىھ هەدىسلەر توپلىمى»نىڭ 6116 ـ هەدىسىدە چۈشەندۈردۇق ئۇهەدىس بولسا«كىم بىر قېتىملىق بەيئى سودىدا ئىككى خىل سودا قىلسا،(نەخ ئون يۇەن ، نىسى ئون بەش يۇۋەن دېيىلسە) ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇ ئىككى خىل سودىنىڭ ناقىسراقى (يەنى پۇلى تۆۋەنرەكى) دۇرۇس بولىدۇ. ياكى ئۇ (يۇقىرقى ئىككى خىل سودىنىڭ يۇقىرى باهادىكىسى بۇيىچە سودا قىلسا)جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ». ئەبۇ داۋۇد 3002 ــ

ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، ھەسەن)

**2869 - [ 36 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيعتين في صفقة واحدة . رواه في شرح السنة**

ئەمرۇنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قول قىقىششتا، بىر بەيئىدە، بىر قىتىملىق سودىدا، ئىككى خىل سودا قىلىشدىن توسقان.شەرھىسسۇننى.

**2870 - [ 37 ] ( حسن )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحل سلف وبيع ولا شرطان في بيع ولا ربح ما لم يضمن ولا بيع ما ليس عندك " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وقال الترمذي : هذا صحيح**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەرز ئېلىش ياكى قەرز بىرىش شەرتى بىلەن بۇنى ساڭا مۇنچىلىك پۇلغا ساتىمەن، سەن ماڭا مۇنچىلىك قەرز بېرىپ تۇرىسەن دىگەن سودا ھالال ئەمەس، (بۇ جازانە، ھارامدۇر) بىر بەيئى سودىسىدا ئىككى شەرتنى قويۇش ھالال ئەمەس، (مەسىلەن: مەن بۇ كىيىمنى ساڭا ساتىمەن، ئۇنى تىكىپ بىرىش قىسقارتىپ بىرىش، بوياپ بىرىش مىنىڭ ئۈستۈمگە بولىدۇ دىگەن شەرتلەر دۇرۇس ئەمەس، بىرلا شەرتنى قويسا دۇرۇس). ئىگە بولۇنمايدىغان، كېپىل بولۇنمايدىغان، تېخى قولغا ئالمىغان نەرسىنىڭ پايدىسى ھالال ئەمەس. ئالدىڭدا يوق بولغان نەرسىنى، قول ئىلىكىڭدە يوق نەرسىنى سېتىش ھالال ئەمەس، ھارامدۇر. تىرمىزى 1155 _ ھەدىس، ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب  توپلىغان، سەھىھ.

**2871 - [ 38 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر قال : كنت أبيع الإبل بالنقيع بالدنانير فآخذ مكانها الدارهم وأبيع بالدراهم فآخذ مكانها الدنانير فأتيت النبي صلى الله عليه وسلم فذكرت ذلك له فقال : " لا بأس أن تأخذها بسعر يومها ما لم تفترقا وبينكما شيء " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي والدارمي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، مەن  نەقىيئ دىگەن جايدا، دىنار ئالتۇنغا تۆگە سېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دەرھەم كۈمۈش پۇل ئالاتتىم، دەرھەم كۈمۈش پۇلغا تۆگە سېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دىنار ئالتۇن ئالاتتىم، مەن كىلىپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئەگەر سەن ئۇ پۇلنى، سەن سودا قىلغان كىشى بىلەن ئىككىڭلار ئايرىلىپ كەتمىگەن، ئاراڭلاردا شۇ نەرسە بار بولغان، شۇسودىنى قىلغان كۈندىكى نەرقى بۇيىنچە ئالساڭ چاتاق يوق(دۇرۇس) دىدى. تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇداۋۇد دارىمى تولىغان.يەنى قىممىتى شۇ كۈندىكى قىممەت بۇلىشى،زىيادە ـ كام بولماسلىقى كىرەك.

**2872 - [ 39 ] ( حسن )وعن العداء بن خالد بن هوذة أخرج كتابا : هذا ما اشترى العداء بن خالد بن هوذة من محمد رسول الله صلى الله عليه وسلم اشترى منه عبدا أو أمة لا داء ولا غائلة ولا خبثة بيع المسلم المسلم . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەدائى ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ بىر ۋاراقنى چىقاردى، ئۇنىڭدا ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر سودىدا مۇنداق ھۆججەتلەشكەن ئىكەن:« **بسم اللّهِ الرحمن الرحِيم** بۇ ئەدائى ئىبنى خالىد، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەرسە سېتىۋالغان ھۆججەت، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر قۇلنى ياكى بىر دىدەك، چۆرىنى مۇنۇ شەرتلەرگە ئاساسەن سېتىۋالدى، بۇ قۇلدا ياكى چۆرىدە كېسەل يوق، زەرەرلىك ئايەت، ھالاكەتلىك خىسلەت يوق، نىجىسلىق يوق، يەنى شەك، گۇمان، ھاراملىق يوق، بۇبىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا بولغان سودىسىدۇر، ئەنە شۇنداق سودىدا سېتىۋالدى، تىرمىزى

1137 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2242 ــ ھەدىس، ھەسەن.

**2873 - [ 40 ] ( ضعيف )وعن أنس : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم باع حلسا وقدحا فقال : " من يشتري هذا الحلس والقدح ؟ " فقال رجل : آخذهما بدرهم . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " من يزيد على درهم ؟ " فأعطاه رجل درهمين فباعهما منه . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر پالاسنى ۋە بىر دانە قەدەھنى كىم ئالىدۇ؟ دېدى، بىر ئەر مەن بىر دەرھەمگە ئالاي دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كىم ئارتۇق ئالىدۇ؟ دېدى، يەنە بىرسى مەن ئىككى دەرھەم بېرەي دېۋىدى، شۇنىڭغا بەردى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. بەزىلەر بۇ ھەدىسنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشقا دەلىل قىلدۇ. لېكىن، ساختىلىق بولماسلىقى لازىم، ھەرقانداق ساختىلىق، ئالداش، ھىيلە ــ مىكىر، زۇلۇم، خىيانەت، جازانە، ئۆسۈملەر ھارامدۇر.

**2874 - [ 41 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن واثلة بن الأسقع قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من باع عيبا لم ينبه لم يزل في مقت الله أو لم تزل الملائكة تلعنه " . رواه ابن ماجه**

ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ئەيىبى بار ئەيىبلىك نەرسىنى سېتىپ، ئۇنىڭ ئەيىبىنى بايان قىلىپ ئاگاھلاندۇرمىسا، ئۇكىشى دائىم **الله** نىڭ كايىشى، غەزىپى ئىچىدە تۇرىدۇ، ياكى پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا دائىم لەنەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان.

**2875 - [ 1 ] باب - الفصل الأول ( صحيح )**

**عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ابتاع نخلا بعد أن تؤبر فثمر ا للبائع إلا أن يشترط المبتاع ومن ابتاع عبدا وله مال فماله للبائع إلا أن يشترط المبتاع " . رواه مسلم وروى البخاري المعنى الأول وحده**

ئىبنى ئۆمەر، ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر خورمىلىق باغنى چېچەكلەپ بولغاندىن كېيىن سېتىۋالسا، باغنىڭ مېۋىسى ساتقۇچى ئۆچۈندۇر، لېكىن، سېتىۋالغۇچى مېۋىسىنى بىللە ئېلىشنى شەرت قويسا، بۇ مۇستەسنادۇر. كىم بىر قۇلنى سېتىۋالسا، بۇ قۇلنىڭ مال ــ مۈلكى بولسا، ئۇ مال ــ مۈلۈك ساتقان كىشىگە مەنسۇپ بولىدۇ. لېكىن، سېتىۋالغۇچى مېلى بىلەن قوشۇپ ئېلىشنى شەرت قويسا، بۇ مۇستەسنادۇر، يەنى مالنى سېتىۋالغۇچى ئالىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ھەر قانداق باغ، مېۋىلىك دەرەخ مۇشۇ ھۆكۈمدە بولىدۇ.

**2876 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن جابر : أنه كان يسير على جمل له قد أعيي فمر النبي صلى الله عليه وسلم به فضربه فسار سيرا ليس يسير مثله ثم قال : " بعنيه بوقية " قال : فبعته فاستثنيت حملانه إلى أهلي فلما قدمت المدينة أتيته بالجمل ونقدني ثمنه وفي رواية فأعطاني ثمنه ورده علي . متفق عليه . وفي رواية للبخاري أنه قال لبلال : " اقضه وزده " فأعطاه وزاده قيراطا**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،ئۇ ئۆزىنىڭ تۆگىسى ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ تۆگىسى ھېرىپ قالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۆتتۈرىدىن ئۆتۈپ، تۆگىنى بىرنى ئۇرۇپ قويىۋىدى، تۆگە شۇنداق تېز ماڭدىكى، بۇرۇن ئۇنداق تېز مېڭىپ باقمىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ماڭا: بۇتۆگىنى ماڭا 40 دەرھەمگە سېتىپ بەرگىن دېدى، مەن ئۇ تۆگىگە مىنىپ ئەھلىمگە بېرىۋېلىشنى شەرتلىشىپ، تۆگىنى رەسۇلۇللاھقا ساتتىم، مەن مەدىنىگە كەلگەندە، تۆگىنى ئەكىلىپ بەرسەم، ماڭا ئۇنىڭ پۇلىنى نەخ بەردى، يەنەبىرخاتىردە: ماڭا ئۇنىڭ پۇلىنى بىرىپ، تۆگىنىمۇ قايتۇرۇپ بەردى، يەنەبىرخاتىردە: بىلالغا: ئۇنىڭ پۇلىنى بەرگىن، ئارتۇقراق

بەرگىن دىدى،ئۇ ماڭا پۇلنى نەخ بىرىپ، بىرنەچچە پارچا پۇلنى ئارتۇقراق بەردى،دىيىلگەن.بۇخارى،مۇسلىم.

**2877 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : جاءت بريرة فقالت : إني كاتبت على تسع أواق في كل عام وقية فأعينيني فقالت عائشة : إن أحب أهلك أن أعدها لهم عدة واحدة وأعتقك فعلت ويكون ولاؤك لي فذهبت إلى أهلها فأبوا إلا أن يكون الولاء لهم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خذيها وأعتقيها " ثم قام رسول الله صلى الله عليه وسلم في الناس فحمد الله وأثنى عليه ثم قال : " أما بعد فما بال رجال يشترطون شروطا ليست في كتاب الله ما كان من شرط ليس في كتاب الله فهو باطل وإن كان مائة شرط فقضاء الله أحق وشرط الله أوثق وإنما الولاء لمن أعتق "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بەرىيرە قېشىمغا كېلىپ؛ مەن ھەر يىلى بىر ۋۇقىي كۈمۈش بىرىشكە، توققۇز ۋۇقىي يەنى 360 دەرھەم كۈمۈش بەرسەم، ئازات بولۇشۇمغا خوجايىنىم بىلەن خەت، ھۆججەت يېزىشتىم، سىلى ماڭا ياردەم قىلغان بولسىلا دىدى، مەن ئۇنىڭغا؛ سەن ئۆيۈڭدىكىلەرگە بېرىپ، مەسلىھەت سېلىپ باققىن، ئەگەر ئۇلار شۇ پۇللارنى مىنىڭ تەييارلاپ بىرىشىمگە، سىنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلىشىمغا، ئاندىن سىنىڭ ئىگىلىك، ۋەلىيلىك ھوقۇقۇڭ مەن ئۈچۈن بولۇشقا قوشۇلسا، مەن شۇنداق قىلاي، سىنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلاي دىدىم، ئۇ ئۆيىگە كىتىپ، ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى، لىكىن مىنى ئازات قىلغاندىكى ئىگىلىك، ۋەلىيلىك ھوقۇقى ئۆزلىرى ئۈچۈن بولۇشقا قوشۇلىدىكەن دەپ كەلدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سىز ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئازات قىلىۋىرىڭ دەپ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، خۇتبە سۆزلەپ، الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتقاندىن كىيىن « ئەمما بەئدۇ، بەزى قەۋملەرگە نىمە بولغاندۇ؟ ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىدا يوق شەرتلەرنى شەرت قويىۋاپتۇ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندا يوق بولغان شەرتلەر باتىلدۇر، گەرچە 100 شەرت بولسىمۇ باتىل، ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئەڭ ھەقلىق، لايىقتۇر، ئاللاھنىڭ قويغان شەرتلىرى ئەڭ ئىشەنچلىك، مۇستەھكەمدۇر، ھەققەتەن ئىگىلىك، ۋەلىيلىك ھوقۇقى ئازاد قىلغان كىشىگە بىرىلىدۇ، يەنى قۇل ئازاد قىلغۇچى، شۇ قۇلنىڭ ۋەلىسى، ئىگىسى ھىسابلىنىدۇ،دىدى. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە سەھىھ

**2878 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع الولاء وعن هبته**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئازاد قىلىنغان قۇلنىڭ ۋەلىيلىك، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى سېتىشتىن، باشقىلارغا سوۋغا، ھەدىيە قىلىپ بىرىۋېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.

**2879 - [ 5 ] الفصل الثاني**

**عن مخلد بن خفاف قال : ابتعت غلاما فاستغللته ثم ظهرت منه على عيب فخاصمت فيه إلى عمر بن عبد العزيز فقضى لي برده وقضى علي برد غلته فأتيت عروة فأخبرته فقال : أروح إليه العشية فأخبره أن عائشة أخبرتني أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قضى في مثل هذا : أن الخراج بالضمان فراح إليه عروة فقضى لي أن آخذ الخراج من الذي قضى به علي له .رواه في شرح السنة**

مۇخلىد مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بىر قۇل سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ غەللە كىرىمىنى ئالدىم، ئاندىن ماڭا ئۇنىڭ ئەيىبى ئاشكارا بولدى، مەن بۇئىش توغرىسىدا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ قېشىغا داۋالىشىپ بارسام، ئۇماڭا، قۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بىرىشىمگە ، شۇنداقلا مەن ئالغان غەلە كىرىمنىمۇ بىللە قايتۇرۇشۇمغا ھۆكۈم قىلدى، مەن ئۇرۇۋەتىنىڭ قېشىغا كىلىپ بۇئىشلارنى خەۋەرقىلدىم، ئۇ ماڭا؛ سەن كەچتە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، مۇنداق خەۋەر قىلغىن؛(ياكى مەن ئۇنىڭغا مۇنداق خەۋەر قىلدىم؛)ماڭا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشتا: (زىرائەتتىن، مىۋىلەردىن، قۇل خادىمدىن قىلىنغان)

غەللە،كىرىم، كېپىل بولۇش بىلەن بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان.(يەنى بىر كىشى بىرەر قۇل، خادىم، ياكى چارۋا ياكى قاتناش قۇراللىرىنى سېتىۋالسا، ئاندىن ئۇنىڭدىن كىرىم قىلسا، پۇل تاپسا، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدا ئەيىپ بولۇپ قېلىپ، ئىگىسىگە قايتۇرماقچى بولسا، كىرىم يەنىلا سېتىۋالغان، پۇلنى تاپقان كىشىدە قالىدۇ، نەرسىنى ساتقان كىشىگە قايتۇرسىمۇ، كىرىم قايتۇرۇلمايدۇ، چۈنكى، كىرىم، كېپىل بولۇش بىلەن بولىدى، ئەگەر ئۇ نەرسە ھالاك بولۇپ تۈگەشسە، زىيان يەنىلا سېتىۋالغۇچىغا بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كىرىم، پايدا يەنىلا شۇ كىشىدە قالىدۇ)دېدى،ئاندىن ئۇرۋەت ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، مىنىڭ زىيىنىمغا ھۆكۈم قىلىنغان ھېلىقى غەلە كىرىمنى مىنىڭ ئېلىشىمغا ھۆكۈم قىلدى. تىرمىزى 1207 _ ھەدىس، نەسەئى 4414 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3044 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2233 _ ھەدىس، ئەھمەد 23703 - ھەدىس، بەيھەقىلار تۈپلىغان، سەھىھ

2880 - [ 6 ] وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا اختلف البيعان فالقول قول البائع والمبتاع بالخيار " . رواه الترمذي وفي رواية ابن ماجه والدارمي قال : " البيعان إذا اختلفا والمبيع قائم بعينه وليس بينهما بينة فالقول ما قال البائع أو يترادان البيع "

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېلىپ ساتقۇچى ئىككى كىشى ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، سۆز، ساتقۇچىنىڭ بولىدۇ، يەنى شۇنىڭ گېپى ھېساب بولىدۇ، سېتىۋالغۇچى ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، خالىسا سېتىۋالىدۇ، خالىسا ئالمايدۇ. تىرمىزى، بەيھەقىلەر تۈپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، مال ئۆز ئەينى بار بولسا، ھەر ئىككىسىنىڭ دەلىل _ ئىسپات، ھۆججىتى بولمىسا، ئۇ چاغدا مال ئىگىسىنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ، ياكى ئۇلار سودىنى تەرىك ئېتىدۇ، «مال ئىگىسىنىڭ سۆزى ھېساب بولۇشىدا، مال مەيداندا باردۇر» ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، بەيھەقىلەر تۈپلىغان، سەھىھ. ئەڭ ياخشىسى ھۆكۈمنى دوكتۇر، شەيخلەر چىقارسۇن، فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

2881 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أقال مسلما أقاله الله عثرته يوم القيامة " . رواه أبو داود وابن ماجه وفي " شرح السنة " بلفظ " المصابيح " عن شريح الشامي مرسلا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مۇسۇلماننىڭ «سودىنى ياندۇرىمەن» دېگەن سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، بەيئى سودىنى ياندۇرۇپ بەرسە، سودىنى بۇزىۋېتىشنى قوبۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھالاكىتىدىن قۇتقۇزىدۇ، خاتالىقىدىن قۇتقۇزىدۇ، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، (ئەھمەدتىتە كىم بىر كىشىنىڭ ئۆزرىسىنى، خاتالىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئەپۇ قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھالاكىتىدىن ساقلايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ دېگەن بار. 7122 _ ھەدىسى). ئەبۇ داۋۇد 3001 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2190 _ ھەدىس، ھاكىم تۈپلىغان، سەھىھ.

2882 - [ 8 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اشترى رجل ممن كان قبلكم عقارا من رجل فوجد الذي اشترى العقار في عقاره جرة فيها ذهب فقال له الذي اشترى العقار : خذ ذهبك عني إنما اشتريت العقار ولم ابتع منك الذهب . فقال بائع الأرض : إنما بعتك الأرض وما فيها فتحاكما إلى رجل فقال الذي تحاكما إليه : ألكما ولد ؟ فقال أحدهما : لي غلام وقال الآخر : لي جارية . فقال : أنكحوا الغلام الجارية وأنفقوا عليهما منه وتصدقوا "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەردىن بىر كىشى يەنە بىر كىشىدىن زېمىن سېتىۋالدۇ، زېمىننى سېتىۋالغىنى ئۇ جايدىن

بىر كوزا ئالتۇن تېپىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇ زېمىن ئىگىسىگە: مەن سەندىن زېمىننى سېتىۋالغان، ئالتۇننى سېتىۋالمىغان، بۇ ئالتۇننى سەن ئال دەيدۇ، زېمىن ئىگىسى ئۇنىڭغا: مەن ساڭا زېمىننى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ساتقان، ئالتۇننى سەن ئۆزۈڭ ئال دەپ، شۇنداق قىلىپ بۇلار ئالتۇننى بىرسى ـــ بىرسىگە ئۆتۈنۈشۈپ، يەنە بىر كىشىنىڭ قېشىغا داۋالىشىپ بېرىپتۇ، ھۆكۈم قىلغۇچى كىشى ئۇلارغا: بالاڭلار بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، بىرسى، مېنىڭ ئوغلۇم بار دېسە، يەنە بىرسى: مېنىڭ بىر قىزىم بار دەپتۇ، ھۆكۈم قىلغۇچى كىشى: ھەيبەللى!، بۇ ئوغۇلغا بۇ قىزنى نىكاھلاپ قويۇڭلار، بۇ ئالتۇننى ئۆزۈڭلارغا ۋە ئۇلارغا خىراجەت قىلىڭلار، سەدىقە قىلىڭلار دەپتۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، پاھ! ئەنە شۇنداق پاك، ساپ، نىيەتلىك سېخى كىشىلەر ھازىرمۇ بارمىدۇ؟ ئاللاھ خالىسا باردۇر.

## باب السلم والرهن - الفصل الأول

### بەيئى سەلەم يەنى مالغا ئالدىن پۇل بېرىش ۋە رەنگە، گۆرۈگە نەرسە قويۇش توغرىسىدا

**2883 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عباس قال : قدم رسول الله صلى الله عليه وسلم المدينة وهم يسلفون في الثمار السنة والسنتين والثلاث فقال : " من سلف في شيء فليسلف في كيل معلوم ووزن معلوم إلى أجل معلوم "**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، كىشىلەر بەيئى سەلەم قىلىپ، مېۋىگە بىر يىللىق، ئىككى ـ ئۈچ يىللىق ئالدىن پۇل بىرەتتى، ئاندىن مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر نەرسىگە بەيئى سەلەم قىلىپ ئالدىن پۇل بەرسە، مەلۇم كەمچەن، مەلۇم ۋەزنە، مەلۇم ئەجەلگە، ۋاختى مەلۇم، جىلىڭ، ۋەزىننى مەلۇم قىلىپ پۇل بەرسۇن. (نەرقىنى ئۆزلىرى شۇ ۋاختىكى نەرقى بويىنچە بېكىتىدۇ). ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. جىلىڭ ساننى ،ۋاقتنى،ئورنىنى بېكىتىپ، پۇلنى ئالدىن بىرىپ ، مالنى كېيىن ئالىدۇ،لېكىن ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، ھىيلە ـ مىكىر،جازاينە ـ ئۇسۇم بولماسلىقى لازىم.

**2884 - [ 2 ] ( متفق عليه )**

**وعن عائشة قالت : اشترى رسول الله صلى الله عليه وسلم طعاما من يهودي إلى أجل ورهنه درعا له من حديد**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يەھۇدىيدىن مەلۇم مۇددەتكىچە تائام ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا تۆمۈردىن ياسالغان ئۆزىنىڭ جەڭ كىيىمنى رەنگە قويغان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2885 - [ 3 ] ( صحيح )**

**وعنها قالت : توفي رسول الله صلى الله عليه وسلم ودرعه مرهونة عند يهودي بثلاثين صاعا من شعير . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، تۆمۈردىن ياسالغان ئۆزىنىڭ جەڭ كىيىمى، 30 سا ئارپىغا، بىر يەھۇدىينىڭ يېنىدا رەنگە قويۇلغان ھالدا ۋاپات تاپتى. بۇخارى.

**2886 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الظهر يركب بنفقته إذا كان مرهونا ولبن الدر يشرب بنفقته إذا كان مرهونا وعلى الذي يركب ويشرب النفقة " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھايۋان كۆرۈگە، رەنگە قويۇلغان بولسا، نەپىقىنىڭ، چىقىمىنىڭ باراۋىرىگە مىنىلسە بولىدۇ، سۈتلۈك ھايۋان رەنگە قويۇلغان بولسا، نەپىقە، چىقىمىنىڭ بەدىلىگە سۈتى ئىچىلسە بولىدۇ، مىنگەن، سۈتنى ئىچكەن كىشىنىڭ ئۈستىگە نەپىقە

چىقىم ۋاجىپ بولىدۇ، بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گۆرۈگە، رەنىگە قويۇلغان ھايۋان نەپىقىسى، خىراجىتى بېرىلىپ ئاندىن شۇنىڭ بەدىلىگە مىنىلسە بولىدۇ، يېگىدىن تۇغقان يىلىنىدە سۈت بار ھايۋان رەنىگە قويۇلسا بۇنىڭمۇ نەپىقىسى بېرىلىپ، سېغىپ ئىچىلسە بولىدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

2887 - [ 5 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن سعيد بن المسيب أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يغلق الرهن الرهن من صاحبه الذي رهنه له غنمه وعليه غرمه " . رواه الشافعي مرسلا

سەئىدئىبنى مۇسەييىب رەھ دىن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كۆرۈگە، رەنىگە نەرسە ئالغۇچى، ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن چەكلەپ توسالمايدۇ، ئۇنەرسىنىڭ زىيادە پايدىسى ئىگىسىگە بۇلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنەرسىنىڭ ھالاك بۇلىشىمۇ ئىگىسىگە بۇلىدۇ.شاپىئى توپلىغان.

من استودع وديعة فلا ضمان عليه ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمگە بىرەر نەرسە ئامانەت قويۇلسا، (ئاندىن ئۇ نەرسە ئۆزلىكىدىن ھالاك بولۇپ كەتسە)، ئۇ كىشى كېپىل بولمايدۇ، تۆلەم بەرمەيدۇ. (لېكىن، ئامانەتكە خىيانەت قىلسا، ئۆزى ھالاك قىلىۋەتسە، پۇل بولسا خەجلىۋالسا تۆلەيدۇ). ئىبنى ماجە 2392 ــ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

2888 - [ 6 ] ( لم تتم دراسته )وروي مثله أو مثل معناه لا يخالف عنه عن أبي هريرة متصلا

2889 - [ 7 ] وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " المكيال مكيال أهل المدينة والميزان ميزان أهل مكة " . رواه أبو داود والنسائي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كەمچەن مەدىنە ئەھلىنىڭ كەمچىنى بىلەن ھىساب قىلىنىدۇ، ۋەزنى، تارازا ـ مىزان بولسا، مەككە ئەھلىنىڭ ۋەزنى، تارازىسى بىلەن ھىساب قىلىنىدۇ. شۇنى ئۆلچەم قىلىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

2890 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لأصحاب الكيل والميزان : " إنكم قد وليتم أمرين هلكت فيهما الأمم السابقة قبلكم " . رواه الترمذي

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەمچەن ، تارازا ـ مىزان ئەھلىگە مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سىلەر كەمچەن بىلەن تارازا ـ مىزاندىن ئىبارەت ئىككى ئىشقا ئىگە قىلىندىڭلار، (ناھايىتى ئادىل بۇلۇڭلار) چۈنكى سىلەردىن ئىلگىركى ئۇممەتلەر شۇ ئىككى ئىشنىڭ سەۋەبىدىن(ئادىل بولماي) ھالاك بۇلۇپ كەتكەندۇر. تىرمىزى توپلىغان.

2891 - [ 9 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أسلف في شيء فلا يصرفه إلى غيره قبل أن يقبضه " . رواه أبو داود وابن ماجه

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر نەرسىگە بەيئى سەلەم قىلىپ ئالدىن پۇل بەرسە، ئۇنى قولىغا كامىل ئالماي تۇرۇپ، ساتمىسۇن، پۇل بەرگەن مالنى قولىغا ئالماي تۇرۇپ، ئۇ سودىنى باشقىلارغا يۆتكىۋەتمىسۇن. ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە توپلىغان.

باب الاحتكار - الفصل الأول

ئاشلىقنى باھاسى ئۆسكەندە ساتىمەن دەپ مونوپۇل قىلىۋېلىش توغرىسىدا

**2892 - [ 1 ] ( صحيح )عن معمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من احتكر فهو خاطئ " . رواه مسلم وسنذكر حديث عمر رضي الله عنه " كانت أموال بني النضير " في باب الفيء إن شاء الله تعالى**

مەئمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاشلىقنى پەقەت خاتالاشقۇچى كىشىلا، مونوپۇل قىلىۋېلىپ، ساتماي يىغىۋالىدۇ.«ئاشلىقنى باھاسى ئۆسكەندە ساتىمەن دەپ، مونوپۇل قىلىۋالغان كىشى قەستەن خاتالاشقۇچىدۇر». ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە سەھىھ.

**2893 - [ 2 ] الفصل الثاني ( ضعيف )**

**عن عمر رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الجالب مرزوق والمحتكر ملعون " . رواه ابن ماجه والدارمي**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يىراقدىن ئاشلىقنى ئېلىپ كەلگۈچىگە رىزىقى بېرىلىدۇ، ئاشلىقنى مونوپۇل قىلىۋېلىپ، باھاسى ئۆسكەندە ساتىمەن دىگۈچىگە لەنەت قىلىنىدۇ، ئىبنى ماجە، دارمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن. مەنىسى بۇلىدىكەن،

**2894 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أنس قال : غلا السعر على عهد النبي صلى الله عليه وسلم فقالوا : يا رسول الله سعر لنا فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن الله هو المسعر القابض الباسط الرازق وإني لأرجو أن ألقى ربي وليس أحد منكم يطلبني بمظلة بدم ولا مال " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا باھا ئۆسۈپ، نەرسىلەر قىممەتلىشىپ كەتتى،ئۇلار:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزگە باھا توختۇتۇپ بەرسىلە دىگەندە مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۆزى ياراتقۇچى، رىزىقنى كەڭرى ھەم تار قىلغۇچى، بىرىپ ئالغۇچى ئاللاھدۇر، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچى رەززاقتۇر، بازارلاردا ماللارنىڭ باھاسىنى پەقەت ئاللاھ بىكىتكۈچىدۇر، (مەن باھا بىكىتىپ بەرمەيمەن) ھەقىقەتەن مەن ، بىرەر كىشىگە قان، خۇن، مال توغرىسىدا زۇلۇم قىلماستىن ئاللاھقا ئۇچقۇشۇشۇمنى، شۇنداق زۇلۇم توغرىسىدا مىنى بىرەر كىشى تەلەپ قىلماستىن، الله قا ئۇچقۇشۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن، (شۇڭا باھا توختاتمايمەن، زۇلۇم قىلمايمەن) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان،دارىمى، بەيھەقى، يۇقىرقى ئالتە كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**2895 - [ 4 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : من احتكر على المسلمين طعامهم ضربه الله بالجذام والإفلاس. رواه ابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان . ورزين في كتابه**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇسۇلمانلارنىڭ تائام، ئاشلىقنى باھاسى ئۆسكەندە ساتىمەن دەپ مونوپۇل قىلىۋالسا، الله تائالا ئۇكىشىنى جۇزام تىرى كېسىلى، ئىپلاسلىق يەنى دەسمايىسىنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۇرىدۇ، ھالاك قىلىدۇ.رەزىين،ئىبنى ماجە،بەيھەقى توپلىغان.

**2896 - [ 5 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من احتكر طعاما أربعين يوما يريد به الغلاء فقد برئ من الله وبرئ الله منه " . رواه رزين**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇسۇلمانلارنىڭ تائام، ئاشلىقنى باھاسى ئۆسكەندە ساتىمەن دەپ، باھانىڭ ئۆسىشىنى، نەرسىنىڭ قىممەتلىشىشىنى مەقسەت قىلىپ، 40 كۈن مونوپۇل قىلىۋالسا،ساقلاپ يېتىۋالسا، الله ئۇنىڭدىن بىزار بۇلىدۇ، ئۇ الله نىڭ ئەھدىسىگە

خىيانەت قىلىپ ، ئەھدىنى بۇزغان بولىدۇ. رەزىين توپلىغان.

**2897 - [ 6 ] ( لم تتم دراسته )وعن معاذ قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " بئس العبد المحتكر : إن أرخص الله الأسعار حزن وإن أغلاها فرح " . رواه البيهقي في شعب الإيمان ورزين في كتابه**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تائام، ئاشلىقنى باھاسى ئۆسكەندە ساتىمەن دەپ، (باھانىڭ ئۆسىشىنى، نەرسىنىڭ قىممەتلىشىشىنى مەقسەت قىلىپ)، مونوپۇل قىلىۋالغان،ساقلاپ يېتىۋالغان كىشى نىمدىگەن يامان بەندە ھە!! ئەگەر الله تائالا نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى ئەرزان قىلىۋەتسە، ئۇ غەم قىلىدۇ، ئەگەر الله تائالا نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى يۇقىر كۆتۈرۈپ ئۆستۈرۋەتسە، ئۇ خۇشال، خۇرسەن بولىدۇ.(بۇ مۇسۇلمانىنىڭ ئەخلاقى ئەمەس) رەزىين توپلىغان.

**2898 - [ 7 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي أمامة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من احتكر طعاما أربعين يوما ثم تصدق به لم يكن له كفارة " . رواه رزين**

ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇسۇلمانلارنىڭ تائام، ئاشلىقنى باھاسى ئۆسكەندە ساتىمەن دەپ، (باھانىڭ ئۆسىشىنى، نەرسىنىڭ قىممەتلىشىشىنى مەقسەت قىلىپ)، 40 كۈن مونوپۇل قىلىۋالسا،ساقلاپ يېتىۋالسا، ئاندىن ئۇ ئاشلىقنىڭ ھەممىنى سەدىقە ـ ئېھسان قىلىۋەتسىمۇ ، بۇ ئۇنىڭ گۇناھىغا كاپپارەت بولالمايدۇ. رەزىين توپلىغان.

## باب الإفلاس والانظار - الفصل الأول

## دەسمايە تۈگەپ ئىپلاس بولۇش ۋە قەرزدارغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاپ تۇرۇش توغرىسىدا

**2899 - [ 1 ] ( متفق عليه )**
**عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيما رجل أفلس فأدرك رجل ماله بعينه فهو أحق به من غيره "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قايسى بىر كىشى ئىپلاس بولۇپ، تىجارەتتە ۋەيران بولۇپ، قەرزگە بوغۇلۇپ قالسا، ئىككىنچى بىر كىشى ئۆز مېلىنى ئۆز ئەينى شۇنىڭ يېنىدا تاپسا، مانا بۇ مېلىنى تاپقۇچى كىشى ئۆز مېلىغا ئۆزى باشقىلاردىن ئەۋلاراق، ھەقلىقراقتۇر.
بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىكى مەخسەت؛ شۇ مالنىڭ ئىگىسىنىڭ شۇ مال ئۆتچۈن بولغان پۇل ئېلىشى بولسا، شۇنداق بولىدۇ، ئەگەر مالنىڭ پۇلى بېرىلىپ بولسا، ھېچقانداق ھوقۇق بولمايدۇ، شەرىت ئېلىشى بۇلۇشتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قايسى بىر كىشى مېلىنى ساتسا، ئاندىن مېلىنى ئۆز ئەينى يەنە بىر كىشىنىڭ يەنى سېتىۋالغۇچىنىڭ يېنىدا تاپسا، بۇ كىشى بۇ چاغدا ۋەيران بولۇپ دەسمايىسىنى يوقاتسا، مالنى ساتقان كىشى مالغا پۇل ئالمىغان بولسا، ئۇ مال، ساتقۇچى كىشىنىڭ بولىدۇ، يەنى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئەگەر ساتقۇچى مالنىڭ پۇلىدىن بىرەر نەرسە ئالسا، بۇ چاغدا ئۇكىشى، باشقا قەرز ئىگىلىرىنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ قالىدۇ، يەنى شۇلارغا ئوخشاش ئۆز ھەققىنى ئالىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابلاردىمۇ بار.

**2900 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد قال : أصيب رجل في عهد النبي صلى الله عليه وسلم في ثمار ابتاعها فكثر دينه فقال**

رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تصدقوا عليه " فتصدق الناس عليه فلم يبلغ ذلك وفاء دينه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم لغرمائه " خذوا ما وجدتم وليس لكم إلا ذلك " . رواه مسلم

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، بىركىشىنىڭ سېتىۋالغان باغ مېۋىسىگە ئاپەت مۇسىيبەت يېتىپ، ئۇكىشىنىڭ قەرزى كۆپىيىپ، ئۇ قاتتىق قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدۇ، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرگە: ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىڭلار دېدى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سەدىقىلىرىمۇ ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەشكە يەتمىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن ئېلىشى بار قەرز ئىگىللىرىگە؛ سىلەر ئۇنىڭ يېنىدا، قول ئىلكىدە بار نەرسىلەرنى ئۆلۈشۈپ ئېلىڭلار، سىلەرگە پەقەت شۇ نەرسىلەرلا بېرىلىدۇ،ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوقتۇر دېدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

2901 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " كان رجل يدائن الناس فكان يقول لفتاه : إذا أتيت معسرا تجاوز عنه لعل الله أن يتجاوز عنا قال : فلقي الله فتجاوز عنه "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، سىلەردىن بۇرۇنقى بىر كىشى كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇراتتى، قەرزنى يىغىدىغان چاغدا بولسا، ياش خادىمغا؛ قىيىنچىلىقتا قالغان يوقسۇز نامرات كىشىگە بارساڭ، ئۇنىڭدىن ئۆتنۈۋەتكىن، ئاللاھتائالامۇ بىزدىن ئۆتنۈۋېتىشى مۇمكىن دەيتتى، ئاندىن ئۇ، ئاللاھقا ئۇچراشقاندا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئۆتنۈۋەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. مەخسەت، سىلەرمۇ ئۆتنۈۋېتىپ، كەچۈرۈمگە ئېرىشىڭلار.

2902 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي قتادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سره أن ينجيه الله من كرب يوم القيامة فلينفس عن معسر أو يضع عنه " . رواه مسلم

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمنى، الله نىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، قىيىنچىلىقلىرىدىن ئاسان قىلىپ كۆتۈرۋىتىشى،ئۇنى قۇتقۇزۇشى خۇرسەن قىلسا، ئۇكىشى بۇدۇنيادا نامرات، پېقىرلاردىن ئاسان قىلسۇن، ياكى ئۇلاردىن ئېلىشنى كۆتۈرۈۋەتسۇن.مۇسلىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر مۆئمىندىن مۇشۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىدىن بىرەر مۇشەققەت، قىيىنچىلىقنى ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەتنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر مۇشەققەتنى ئاسان قىلىدۇ. كىم نامرات، پېقىرلارغا ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دۇنيا ــ ئاخىرەتتە ئاسان قىلىدۇ، كىم بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىب ــ نۇقسانلىرىنى ياپسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئەيىب ــ نۇقسان، گۇناھلىرىنى، دۇنيا ــ ئاخىرەتتە ياپىدۇ. بەندە قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولسىلا، ئاللاھ بەندىسىنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ........ ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قىيىنچىلىقتا قالغان تەس كۈنگە قالغان، نامراتقا ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسان قىلىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2903 - [ 5 ] ( صحيح )وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من أنظر معسرا أو وضع عنه أنجاه الله من كرب يوم القيامة " . رواه مسلم

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قەرزدار نامرات كىشىنىڭ باي بولۇشىنى، قادىر بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرسا، ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى ئېلىشنى كۆتۈرۈۋېتىپ ئۆتۈۋەتسە، الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، قىيىنچىلىقلىرىدىن ئاسان قىلىپ قۇتقۇزىدۇ.

مۇسلىم توپلىغان. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەرزنى سۆيلەشتە نامرات كىشىنىڭ قادىر بولۇشىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرسا، ئۇ كىشى ئۆچۈن، قەرزنى قايتۇرۇش مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن، ھەر كۈنى شۇ قەرز پۇلنىڭ مىقدارىدا سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ، مۇددەت توشقاندىن كېيىن ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرسا، شۇ پۇلنىڭ مىقدارىدا ئىككى ھەسسە سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2904 - [ 6 ] ( صحيح )**

**وعن أبي اليسر قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " من أنظر معسرا أو وضع عنه أظله الله في ظله " . رواه مسلم**

ئەبۇليۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەرز بېرىپ تۇرغان نامرات كىشىنىڭ، باي بولۇشىنى، قادىر بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرسا، ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئۆتۈۋەتسە، ئاللاھنىڭ (ئۇخشىشى يوق)سايىسىدىن باشقا سايە يوق بولغان قىيامەت كۈنى، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۆز سايىسىدىن سايە چۈشۈرۈپ ئۆتۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەرزدار بولۇپ قالغان نامرات كىشىنىڭ باي بولۇشىنى، قادىر بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرسا، ياكى قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىپ ئۆتۈۋەتسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى ئەرشىنىڭ سايىسىدا سايىدىتىدۇ، ئۇ كۈنى شۇ سايىدىن باشقا سايە يوقتۇر. ئەھمەد، تىرمىزى ، سەھىھ.

**2905 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي رافع قال : استسلف رسول الله صلى الله عليه وسلم بكرا فجاءته إبل من الصدقة قال : أبو رافع فأمرني أن أقضي الرجل بكره فقلت : لا أجد إلا جملا خيارا رباعيا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعطه إياه فإن خير الناس أحسنهم قضاء " . رواه مسلم**

ئىرباز ئىبنى سارىيە، ئەبۇراپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىركىشىدىن بىر بوتلاق تۆگىنى قەرز ئالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ قا زاكات تۆگىللىرى كەلدى، ئاندىن مىنى ھېلىقى كىشىنىڭ بوتلاق تۆگىسىنى بىرىۋېتىشكە بۇيرىدى، مەن: مەن پەقەت زاكات تۆگىللىرىدىن توت چىشلىق ياخشى تۆگىنىلا تاپتىم دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سەن ئۇ ياخشى تۆگىنى ھېلىقى بوتلاق تۆگىنىڭ بەدلىگە بىرىۋەرگىن، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، قەرزنى ئادا قىلىشتا ياخشى بولغىنىدۇر،دېدى. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.بۇ جازايىنى مەقسەت قىلماستىن بەلكى ياخشىلىقتۇر.

**2906 - [ 8 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة أن رجلا تقاضى رسول الله صلى الله عليه وسلم فأغلظ له فهم أصحابه فقال : " دعوه فإن لصاحب الحق مقالا واشتروا له بعيرا فأعطوه إياه " قالوا : لا نجد إلا أفضل من سنه قال : " اشتروه فأعطوه إياه فإن خيركم أحسنكم قضاء "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېلىشنى ئېلىش ئۈچۈن، قەرز سۆيلەپ كېلىپ، قاتتىق قوپاللىق قىلدى، ساھابىلار ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇشنى مەقسەت قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ: ئۇنى قويىۋېتىڭلار، سۆز قىلغىلى قويۇڭلار، ھەققەتەن ھەق ئىگىسىنىڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، سىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر دانە تۆگە سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار دېدى. ئۇلار؛ بىز ئۇنىڭ تۆگىسىدىن يېشى چوڭراق ئەبزەلراك تۆگىنىلا تاپتۇق دېگەندە، رەسۇلۇللاھ:سىلەر ئۇنى سېتىۋېلىپ، بۇكىشىگە بىرىۋېرىڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار، قەرزنى ئادا قىلىشتا ياخشى بولغىنىڭلاردۇر،دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2907 - [ 9 ] ( متفق عليه )وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " مطل الغني ظلم فإذا أتبع أحدكم على مليء فليتبع "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باي كىشىنىڭ قەرزىنى كېچىكتۈرۈپ، بەرگىلى ئۇنىماسلىقى زۇلۇمدۇر، بىرىڭلار ئىلىشنى ئىلىشتا، باي كىشگە ھاۋالە قىلىنسا،( ئىلىشى بايغا يۆتكەلسە)، ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلىشنى شۇ بايدىن ئالسۇن. مۇسلىم 2924 _ ھەدىس، بەيھەقى،بۇخارى، ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باينىڭ قەرزىنى كېچىكتۈرۈپ كەينىگە سۈرۈشى زۇلۇمدۇر، سەن باي كىشگە ھاۋالە قىلىنساڭ، (ئىلىشىڭنى بايدىن ئىلىش يۆتكەلسە) سەن ئۇنى شۇ بايدىن ئالغىن، (بەرسە بەرگەنچە، بەرمىسە ئۇ زالىم بولىدۇ). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**2908 - [ 10 ] ( متفق عليه )وعن كعب بن مالك : أنه تقاضى ابن أبي حدرد دينا له عليه في عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم في المسجد فارتفعت أصوا ما حتى سمعها رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو في بيته فخرج إليهما رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى كشف سجف حجرته ونادى كعب بن مالك قال : " يا كعب " قال : لبيك يا رسول الله فأشار بيده أن ضع الشطر من دينك قال كعب : قد فعلت يا رسول الله قال : " قم فاقضه "**

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، ئىبنى ئەبۇھەدرەتنىڭ ئۈستىدىكى ئىلىشىمنى مەسجىدنىڭ ھويلىسىدا تەلەپ قىلدىم، ئىككىمىزنىڭ ئاۋازى ئۈستۈن كۆتۈرلۈپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپمۇ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ، قىشىمىزغا چىقماقچى بولۇپ، ھۇجرىسىنىڭ پەردىسىنى قەرىپ ئىچىپ؛ ئى كەئبى! دەپ توۋلىدى، مەن ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! لەببەي، مانامەن تەييار دىدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئىلىشىڭنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈۋەتكىن، ئۇتۇۋەتكىن دىدى، مەن: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن شۇنداق قىلدىم، دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى ئەبۇھەدرەتكە: قوپ، قەرزىڭنى ئادا قىلىپ بەرگىن دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**2909 - [ 11 ] ( صحيح )وعن سلمة بن الأكوع قال : كنا جلوسا عند النبي صلى الله عليه وسلم إذ أتي بجنازة فقالوا : صل عليها فقال : " هل عليه دين ؟ " قالوا : لا فصلى عليها ثم أتي بجنازة أخرى فقال : " هل عليه دين ؟ " قالوا : نعم فقال : فهل ترك شيئا ؟ " قالوا : ثلاثة دنانير فصلى عليها ثم أتي بالثالثة فقال : " هل عليه دين ؟ " قالوا : ثلاثة دنانير قال : " هل ترك شيئا ؟ " قالوا : لا قال : " صلوا على صاحبكم " قال أبو قتادة : صل عليه يا رسول الله وعلي دينه فصلى عليه .رواه البخاري**

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتۇق، بىرجىنازا كەلتۇرلۇپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا؛ بۇنىڭغا ناماز ئۇقۇپ بەرسىلە دىدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇنىڭ قەرزى بارمۇ؟ دىدى، ئۇلار؛ ياق قەرزى يوق دىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ناماز ئۇقۇدى، ئاندىن يەنە بىرجىنازا كەلتۇرلدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇنىڭ قەرزى بارمۇ؟ دىدى، ئۇلار؛ھەئە بار دىدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇ قەرزىنى ئادا قىلغىدەك بىرەر نەرسە قالدۇرۇپتىمۇ؟ دىدى، ئۇلار؛ ھەئە ئۈچ دىينار ئالتۇن قالدۇرۇپتۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ناماز ئۇقۇدى، ئاندىن يەنە ئۈچۈنجى جىنازا كەلتۇرلدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇنىڭ قەرزى بارمۇ؟ دىدى، ئۇلار؛ھەئە ئۈچ دىينار ئالتۇن قەرزى بار دىدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇ قەرزىنى ئادا قىلغىدەك بىرەر نەرسە قالدۇرۇپتىمۇ؟ دىدى، ئۇلار؛ ياق ، ھىچ نەرسە قالدۇرماپتۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ؛ ھەمراھىڭلارغا ئۆزۈڭلار ناماز ئۇقۇۋىلىڭلار دىدى، ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇنىڭ قەرزىنى مەن تۆلەيمەن، بۇنىڭغا ناماز ئۇقۇسىلا دىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ناماز ئۇقۇدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**2910 - [ 12 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من أخذ أموال الناس يريد أداءها أدى الله عنه ومن أخذ يريد إتلافها أتلفه الله عليه " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كىشلەرنىڭ مال ــ مۈلكىنى ئادا قىلىۋىتىشنى ئىرادە قىلىپ قەرز ئالسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قەرزىنى ئادا قىلىۋىتىدۇ، كىم ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلىپ قەرزئالسا، ئاللاھ ئۇنى ھالاك قىلىۋىتىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرىۋىتىشنى، ئادا قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، قەرز ئالسا، ئۇ كىشىگە ئاللاھ ياردەم بىرىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قايسى بىر كىشى قەرىزنى قايتۇرماسلىقنى، ۋاپا قىلماسلىقنى ئىرادە قىلغان ھالدا قەرز ئالسا، بۇ كىشى ، ئوغرى ھىسابلانغان ھالدا ئاللاھتائالاغا ئۇچرىشىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرى دىگەن كىتابىنىڭ 1954 ــ ھەدىسى).

**2911 - [ 13 ] ( صحيح )**

**وعن أبي قتادة قال : قال رجل : يا رسول الله أرأيت إن قتلت في سبيل الله صابرا محتسبا مقبلا غير مدبر يكفر الله عني خطاياي ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم " . فلما أدبر ناداه فقال : " نعم إلا الدين كذلك قال جبريل " . رواه مسلم**

ئەبۇ قەتادە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، بىر كىشى: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر مەن ئاللاھ يولىدا سەۋرە قىلغان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، ئارقامنى قىلىپ قاچماستىن، دۈشمەنگە ئالدىمنى قىلىپ تىك تۇرۇپ، ئۆلتۈرۈلسەم، يەنى شېھىد بولسام، ئاللاھ مەندىن بارلىق خاتالىقلىرىمنى، گۇناھلىرىمنى ئۆچۈرۈۋىتەمدۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە، ئەگەر سەن ئاللاھ يولىدا سەۋرە قىلغان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، ئارقاڭنى قىلىپ قاچماستىن دۈشمەنگە ئالدىڭنى قىلىپ تىك تۇرۇپ، ئۆلتۈرۈلسەڭ، يەنى شېھىد بولساڭ، ئاللاھ سەندىن قەرزىڭدىن باشقا بارلىق خاتالىقلىرىڭنى، گۇناھلىرىڭنى ئۆچۈرۈۋىتىدۇ، ئەمما، قەرزىڭ يەنى كىشىلەر ھەققى قىلىپ قالىدۇ، ماڭا جىبرىئىل تېخى باياتىن شۇنداق دىگەن ئىدى،دىدى. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2912 - [ 14 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يغفر للشهيد كل ذنب إلا الدين " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شېھىد ئۈچۈن قەرزدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، شېھىد بولسىمۇ قەرزى كۆتۈرۈۋىتىلمەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2913 - [ 15 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يؤتى بالرجل المتوفى عليه الدين فيسأل : " هل ترك لدينه قضاء ؟ " فإن حدث أنه ترك وفاء صلى وإلا قال للمسلمين : " صلوا على صاحبكم " . فلما فتح الله عليه الفتوح قام فقال : " أنا أولى بالمؤمنين من أنفسهم فمن توفي من المؤمنين فترك دينا فعلي قضاؤه ومن ترك فهو لورثته "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، گەردىنىدە قەرز قالدۇرۇپ قويۇپ ۋاپات تاپقان كىشى كەلتۈرۈلسە، «ئۇكىشى قەرزى ئۈچۈن ئادا قىلغىدەك نەرسە قالدۇرۇپتىمۇ؟» دەيتتى، ئەگەر ھەئە قەرزىنى ئادا قىلغىدەك نەرسە قالدۇرۇپتۇ دىيىلسە، ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇيتتى، ئەگەر ھېچ نەرسە قالدۇرماپتۇ دىيىلسە، مۇسۇلمانلارغا؛ «ھەمراھىڭلارغا ئۆزۈڭلار ناماز چۈشۈرۈڭلار» دەيتتى، **الله** تائالا رەسۇلۇللاھقا نۇرغۇن غەلبە ئىشغاللارنى ئاتا قىلغاندا، كىشلەر ئارىسىدا تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: «مەن مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ جېنىدىنمۇ ئەۋلاراق، مۆئمىنلەردىن كىم ۋاپات تېپىپ قەرز قالدۇرسا، ئۇنى مەن ئۈستۈمگە ئېلىپ تۆلەيمەن، كىم مال ــ دۇنيا قالدۇرسا، ئۇ مال، ئۇنىڭ ۋارىسىنىڭ بولىدۇ.ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى

ماجه توپلىغان، سەھىھ. دىنى رەھبەر، قوماندان، ئەنە شۇنداق بولۇپ، دىنى خادىملارنى خاتىرجەم قىلىشى لازىم.
مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ھەربىر مۆئمىنگە ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ ئەلاراق، يېقىن دوستراق، كىم قەرز ياكى باللىرىنى قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇ ماڭىدۇر، مەن ئىگىسى. كىم مال قالدۇرسا، ۋارىسلىرى ئالىدۇ، مەن ئىگىسى يوقنىڭ ئىگىسى، مىلىغا ۋارىس بولۇپ بەيتۇلمالغا يەنى ئوردا مىلىغا قوشۇۋېتىمەن، قۇللىرىنى ئازاد قىلىۋېتىمەن، ئانا تەرەپ تاغا، ئىگىسى يوق كىشىگە ئىگە بولۇپ، مىلىغا ۋارىس بولالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خۇن پۇلىنى تۆلىشىپ بېرىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

2914 - [ 16 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن أبي خلدة الزرقي قال : جئنا أبا هريرة في صاحب لنا قد أفلس فقال : هذا الذي قضى فيه رسول الله صلى الله عليه وسلم : أيما رجل مات أو أفلس فصاحب المتاع أحق بمتاعه إذا وجده بعينه . رواه الشافعي وابن ماجه

ئەبۇ خولدەت زورەقى رەھمەھۇللدىن بىز ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا دەسمايىسى تۈگەپ، ئىپلاس بولغان تىجارەتچى ھەمراھىمىز توغرۇلۇق باردۇق، ئۇ بۇ توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆكۈم چىقىرىپ بولغان؛ قانداق بىر ئەر ئۆلسە ياكى دەسمايىسى تۈگەپ ئىپلاس بولسا، كىم ئۆز ماتاسىنى، مال ــ مۈلكىنى شۇنىڭ نەزلىدە نەخ ئۆز ئەينى تاپسا، ماتائ، مال ئىگىسى مىلىنى ئېلىشقا لايىقدۇر دېگەن. شافىئى بىلەن ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى.بۇ توغرىسىدا سەھىھ ھەدىس ئۆتتى.

2915 - [ 17 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نفس المؤمن معلقة بدينه حتى يقضى عنه " . رواه الشافعي وأحمد والترمذي وابن ماجه والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث غريب

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ روھى، جېنى تاكى ئۇنىڭدىن قەرزى ئادا قىلىنغانغا قەدەر، ئۇنىڭ قەرزىگە ئالاقىدار ئېسىغلىق تۇرىدۇ. (يەنى قەرزى ئادا قىلىنمىسا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.) ئەھمەد،شاپىئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

2916 - [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعن البراء بن عازب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صاحب الدين مأسور بدينه يشكو إلى ربه الوحدة يوم القيامة " . رواه في شرح السنة

بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەرز ئىگىسى قەرزىگە ئەسىر بولۇپ باغلىنىدۇ، قەرزى سەۋەبلىك مەھبۇس قىلىنىدۇ، ئۇ قىيامەت كۈنى ئۆزى يالغۇز تەنھە ھالدا رەببىگە شىكايەت قىلىدۇ. شەرھىسسۇننى.

2917 - [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وروي أن معاذا كان يدان فأتى غرماؤه إلى النبي صلى الله عليه وسلم فباع النبي صلى الله عليه وسلم ماله كله في دينه حتى قام معاذ بغير شيء . مرسل هذا لفظ المصابيح . ولم أجده في الأصول إلا في المنتقى

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەردىن قەرز ئالاتتى، ئۇنىڭ قەرزى بار، ئۇنىڭدىن ئېلىشى بار كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بارلىق ھەممە مىلىنى سېتىپ، ئۇنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇپ بەردى، ھەتتا مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھېچ نەرسىسى قالمىدى. مۇنتەقادا بار،

2918 - [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الرحمن بن كعب بن مالك قال : كان معاذ بن جبل شابا سخيا وكان لا يمسك شيئا فلم يزل يدان حتى أغرق ماله كله في الدين فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فكلمه ليكلم غرماءه فلو تركوا لأحد لتركوا لمعاذ لأجل رسول الله صلى الله عليه وسلم فباع رسول الله صلى الله عليه وسلم ماله حتى قام معاذ بغير شيء . رواه سعيد في سننه مرسلا

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياش ھەم سېخى كىشى ئىدى، ئۇ قولىدا

ھېچ نەرسىنى ساقلاپ قالمايتتى، ئۇ كىشىلەردىن قەرز ئېلىشىپ، بارلىق مال ـ مۈلكى قەرز تۆلەش بىلەن تۈگەپ كەتتى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا؛ ئۇنىڭ قەرزى بار، ئۇنىڭدىن ئېلىشى بار كىشىلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆز قىلىپ قويۇشى ئۈچۈن كەلدى، ئەگەر ئۇ ئېلىشى بار كىشىلەر بىرەر كىشى ئۈچۈن ئېلىشىنى تەرىك ئەتسە، ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇئازدىكى ئېلىشىنى تەرىك ئېتەتتى، لىكىن ئۇلار تەرىك ئەتمىگەچكە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بارلىق ھەممە مال ـ مۈلۈكىنى سېتىپ، ئۇنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇپ بەردى، ھەتتا مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھېچ نەرسىسى قالمىدى. سەئىيد تويلىغان.ئۇ چاغلاردا ھەممىسىنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئىدى.

**2919 - [ 21 ] ( صحيح )وعن الشريد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لي الواجد يحل عرضه وعقوبته " قال ابن المبارك : يحل عرضه : يغلظ له . وعقوبته : يحبس له . رواه أبو داود والنسائي**

شەرىيد ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: باي تۇرۇپ، قادىر تۇرۇپ ئۆزرىسىز قەرزنى كېچىكتۈرۈپ، كەينىگە سۈرگەن كىشىنىڭ ئارقىسىدىن سۆز قىلىش، ئالدىنى توسۇپ قاتتىق سۆز قىلىش، ھەتتا ئازابلاش، ھالال، دۇرۇستۇر.نەسەئى 4610 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3144 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2418 ــ ھەدىس، ئەھمەد 18637 ــ ھەدىس، ھاكىم تويلىغان، سەھىھ. ئىبنى مۇبارەك:يەنى ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن قاتتىق سۆز قىلىش، ئۇنى سولاپ قويۇپ تۇرۇش دۇرۇس دىگەن.

**2920 - [ 22 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد الخدري قال : أتي النبي صلى الله عليه وسلم بجنازة ليصلي عليها فقال : " هل على صاحبكم دين ؟ " قالوا : نعم قال : " هل ترك له من وفاء ؟ " قالوا : لا قال : " صلوا على صاحبكم " قال علي بن أبي طالب : علي دينه يا رسول الله فتقدم فصلى عليه . وفي رواية معناه وقال : " فك الله رهانك من النار كما فككت رهان أخيك المسلم ليس من عبد مسلم يقضي عن أخيه دينه إلا فك الله رهانه يوم القيامة " . رواه في شرح السنة**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ناماز چۈشۈرىشى ئۈچۈن گەردىنىدە قەرز قالدۇرۇپ قويۇپ ۋاپات تاپقان بىر كىشى كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ: ھەمراھىڭلارنىڭ قەرزى بارمىكەن؟ دىدى، ئۇلار: ھەئە دىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇ كىشى قەرزى ئۈچۈن ئادا قىلغىدەك نەرسە قالدۇرۇپتىمۇ؟» دىدى، ئۇلار؛ياق،ئۇ ھېچ نەرسە قالدۇرماپتۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا؛ «ھەمراھىڭلارغا ئۆزۈڭلار ناماز چۈشۈرۈڭلار» دىدى، ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنىڭ قەرزىنى مانا مەن تۆلەيمەن دىدى، ئاندىن ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇ كىشىگە ناماز چۈشۈردى، ئاندىن؛ مۇسۇلمان قېرىندىشىڭنىڭ گۆرۈۋگە رەنىگە تۇتۇلىشىدىن قۇتقازغىنىڭدەك، سىنى الله تائالا دەۋزەختىكى رەنىگە تۇتۇلىشىڭدىن،مەھبۇسلىقىڭدىن قۇتقازسۇن،ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان، قېرىندىشىنىڭ قەرزىنى تۆلەپ تۈگىتىپ قويسا، قىيامەت كۈنى، الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ مەھبۇسلىقىنى قۇتقۇزىدۇ، دىدى. شەرھىسسۇننى تويلىغان، تەكشۈرۈلمىگەن.

**2921 - [ 23 ] وعن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من مات وهو بريء من الكبر والغلول والدين دخل الجنة " . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۈچ نەرسىدىن پاك ــ پاكىز قۇتۇلغان ھالەتتە روھى، جېنى جەسىدىدىن ئايرىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار بولسا؛ كىبىر، قەرىز، خىيانەت. (كىم مۇشۇ ئۈچ نەرسىدىن خالىي ھالدا ئۆلسە، تەكەببۇر بولمىسا، خىيانەت قىلمىغان بولسا، قەرزى بولمىسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان،دارىمى، ھاكىم سەھىھ.

**2922 - [ 24 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي موسى عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن أعظم الذنوب عند الله أن يلقاه ا عبد بعد الكبائر التي نهى الله عنها أن يموت رجل وعليه دين لا يدع له قضاء " . رواه أحمد وأبو داود**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن اللہ توسقان گۇناھى كەبىيرىدىن قالسا، بەندە ئۇنىڭ بىلەن اللہ قا ئۇچۇرشىدىغان، اللہ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ چوڭ گۇناھ ، كىشىنىڭ ئۆز ئۇستىدە قەرز قالدۇرۇپ، ئۇنى ئادا قىلغىدەك ھېچ نەرسە قالدۇرماي ئۆلۈشىدۇر. ئەھمەد ، ئەبۇداۋۇد تويلىغان.(يەنى كىشىنىڭ ئۆز ئۇستىدە قەرز قالدۇرۇپ، ئۇنى ئادا قىلغىدەك ھېچ نەرسە قالدۇرماي ئۆلۈشى، گۇناھى كەبىيرىدىن قالسا ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر)

**2923 - [ 25 ] وعن عمرو بن عوف المزني عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الصلح جائز بين المسلمين إلا صلحا حرم حلالا أو أحل حراما والمسلمون على شروطهم إلا شرطا حرم حلالا أو أحل حراما " . رواه الترمذي وابن ماجه وأبو داود وانتهت روايته عند قوله " شروطهم "**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەمرۇ ئىبنى ئەۋپف رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دە ــ تالاشنى، داۋانى ئاخىرلاشتۇرىدىغان سۈلهى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دۇرۇستۇر، لېكىن، ھارامنى ھالال قىلىدىغان، ھالالنى ھارام قىلىدىغان سۈلهى دۇرۇس ئەمەس، مۇسۇلمانلار ھالال قىلىنغان، دۇرۇس قىلىنغان نەرسىلەردە، ئۆزلىرىنىڭ شەرتلىرىدە بولىدۇ ، لېكىن ھارامنى ھالال قىلىدىغان، ھالالنى ھارام قىلىدىغان شەرت دۇرۇس ئەمەستۇر. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.

**2924 - [ 26 ] الفصل الثالث عن سويد بن قيس قال : جلبت أنا ومخرفة العبدي بزا من هجر فأتينا به مكة فجاءنا رسول الله صلى الله عليه وسلم يمشي فساومنا بسراويل فبعناه وثم رجل يزن بالأجر فقال له رسول الله : " زن وأرجح " . رواه أحمد وأبو داود والترمذي وابن ماجه والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

سۇۋەيد ئىبنى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، مەن مەخرەپەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بىلەن بىللە ھەجەر دېگەن جايدىن كىيىم ـ كېچەك، رەخت ئېكىلىپ، ئۇنى مەككىدە ساتتۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم قېشىمىزغا كېلىپ، بىر ئىشتانغا باھا قويدى، بىز ئۇنى ساتتىق، شۇ جايدا بىركىشى كىشىلەرنىڭ نەرسىللىرىنى ، ئاشلىقنى جىڭلاپ بېرىپ، جىڭلاش ئىش ھەققى ئېلىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: نەرسە جىڭلاپ بەرسەڭ ، ئېغىرراق تارتىپ بەرگىن، دېدى. يەنى كۆپرەك. ئەھمەد ، ھاكىم، ئىبنى ھەببان،دارىمى، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.

**2925 - [ 27 ] ( لم تتم دراسته )وعن جابر قال : كان لي على النبي صلى الله عليه وسلم دين فقضاني وزادني .رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، مىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدە قەرز ئېلىشىم بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنى ماڭا زىيادە ئارتۇق بېرىپ، ئادا قىلغان ئىدى.ئەبۇداۋۇد تويلىغان.

**2926 - [ 28 ] وعن عبد الله بن أبي ربيعة قال : استقرض مني النبي صلى الله عليه وسلم أربعين ألفا فجاءه مال فدفعه إلي وقال : " بارك الله تعالى في أهلك ومالك إنما جزاء السلف الحمد والأداء " . رواه النسائي**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، ئۆز ۋاختىدا ھۇنەين ئۇرۇشى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مەندىن 40000نى قەرز ئېلىپ، ھۇنەين ئۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىپ، مال كەلگەندە، قەرزنى ئادا قىلىپ،ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىپ:« ئاللاھ ساڭا، ئەھلىڭگە، ماللىرىڭغا بەرىكەت بەرسۇن، ھەقىقەتەن قەرز

ئېلىشنىڭ جازاسى،مۇكاپاتى ۋاپا قىلىپ، ئۇنى قايتۇرۇش ۋە ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىش، مال ئىگىسىنى ماختاپ، تەشەككۇر ئېيتىپ، بەرىكەت تىلەشتۇر دېدى. ئەھمەد 15814 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2415 ـ ھەدىس، نەسەئىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**2927 - [ 29 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمران بن حصين قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كان له على رجل حق فمن أخره كان له بكل يوم صدقة " . رواه أحمد**

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ بىرەر كىشىنىڭ ئۈستىدە ھەققى ئېلىشى باربولۇپ، ئۇ ئېلىشنى سۈيلەشنى كېچىكتۈرۈپ تۇرسا، ئۇكىشىگە ھەركۈنى سەدىقە قىلغانلىنىڭ ساۋابى بولۇپ تۇرىدۇ.(يەنى شۇ ئېلىشنى سەدىقە قىلغانلىنىڭ ئەجىرى بولىدۇ)ئەھمەد توپلىغان.

**2928 - [ 30 ] وعن سعد بن الأطول قال : مات أخي وترك ثلاثمائة دينار وترك ولدا صغارا فأردت أن أنفق عليهم فقال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أخاك محبوس بدينه فاقض عنه " . قال : فذهبت فقضيت عنه ولم تبق إلا امرأة تدعي دينارين وليست لها بينة قال : " أعطها فإنها صدقة " . رواه أحمد**

سەئىد ئىبنى ئەتۋەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مىنىڭ قېرىندىشىم 300دىينار ئالتۇننى قەرز قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇششاق كىچىك باللىرىنىمۇ قۇيۇپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ قەرزىنى قۇيۇپ تۇرۇپ، ئەشۇ باللىرىغا نەپىقە قىلماقچى بولسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ھەقىقەتەن ۋاپات تاپقان قېرىندىشىڭ، قەرزىگە مەھبۇس بولۇپ، تۇتۇلۇپ قالدى، سەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەرىزنى ئادا قىلىپ تۆلگىنتۈەت، دېدى. مەن بېرىپ، ئۇنىڭ قەرزىنى تۆگىتىۋەتتىم، پەقەت بىرلا ئايال قېلىپ قالدى، ئۇئايال قېرىندىشىمدا ئىككى دىينار ئېلىشى بارلىقىنى داۋا قىلدى، لىكىن ئۇنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى يوق ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:ئۇنىڭغىمۇ ئېلىشىنى بەرگىن، چۈنكى بۇئايال راست سۆزلىگۈچىدۇر دېدى. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. يۇقىردا شەھىد بولسىمۇ قەرىز كەچۈرۈلمەس ھەدىسى ئۆتتى.

**2929 - [ 31 ] ( لم تتم دراسته )وعن محمد بن عبد الله بن جحش قال : كنا جلوسا بفناء المسجد حيث يوضع الجنائز ورسول الله جالس بين ظهرينا فرفع رسول الله صلى الله عليه وسلم بصره قبل السماء فنظر ثم طأطأ بصره ووضع يده على جبهته قال : " سبحان الله سبحان الله ما نزل من التشديد ؟ " قال : فسكتنا يومنا وليلتنا فلم نر إلا خيرا حتى أصبحنا قال محمد : فسألت رسول الله صلى الله عليه وسلم : ما التشديد الذي نزل ؟ قال : " في الدين والذي نفس محمد بيده لو أن رجلا قتل في سبيل الله ثم عاش ثم قتل في سبيل الله ثم عاش ثم قتل في سبيل الله ثم عاش وعليه دين ما دخل الجنة حتى يقضى دينه " . رواه أحمد وفي شرح السنة نحوه**

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇاللە ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز مەسجىدنىڭ جىناز قۇيۇلىدىغان مەيدانىدا،مەھەللىدائىرىسىدە ئولتۇراتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئارىمىزدا ئولتۇراتتى، كۆزىنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ، قاراپ، ئاندىن پەس قىلىپ، قولىنى پىشانىسىگە قۇيۇپ تۇرۇپ؛ سۇبھانەاللە! سۇبھانەاللە!!قاتتىق ئازاپتىن نىمىلەر چۈشكەندۇ؟ ھە!دېدى، بىز بىركېچە ـ كۈندۈز تۇرۇپ، پەقەت ياخشىلىقنىلا كۆردۇق، بىز تاڭ ئاتقۇزغاندا، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، ئۇ نازىل قىلىنغان قاتتىق ئازاب نىمە؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ قاتتىق ئازاب قەرز توغرىسىدا چۈشتى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان اللە بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىركىشى اللە يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئاندىن تىرىلىپ يەنە ياشىسا، ئاندىن يەنە اللە يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئاندىن تىرىلىپ يەنە ياشىسا، ئاندىن يەنە اللە يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئاندىن تىرىلىپ يەنە ياشىسا،ئاندىن يەنە ئۈستىدە قەرزى بارھالدا، اللە يولىدا ئۆلتۈرۈلسىمۇ، ئەشۇ قەرزىنى ئادا قىلىپ تۆلمىگىچە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ

دىدى.ئەھمەد .شەرھىسسۇننى.

**باب الشركة والوكالة - الفصل الأول** — شركەت، شېرىكچىلىك، ۋەكىل ئەۋەتىش توغرىسىدا

**2930 - [ 1 ] ( صحيح )عن زهرة بن معبد : أنه كان يخرج به جده عبد الله بن هشام إلى السوق فيشتري الطعام فيلقاه ابن عمر وابن الزبير فيقولان له : أشركنا فإن النبي صلى الله عليه وسلم قد دعا لك بالبركة فيشركهم فربما أصاب الراحلة كما هي فيبعث ا إلى الم ل وكان عبد الله بن هشام ذهبت به أمه إلى النبي صلى الله عليه وسلم فمسح رأسه ودعا له بالبركة . رواه البخاري**

زۇھرە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ منى بۇۋام ئابدۇاللە ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بازارغا بىللە ئېلىپ چىقىپ، تائام ئاشلىق سېتىۋالاتتى، بىركۈنى ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بۇۋامغا ئۇچراپ قېلىپ؛ بىزنىمۇ تىجارىتىڭگە شرىك قىلىۋالغىن، چۈنكى ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەركەت بىلەن دۇئا قىلغان دىدى، بۇۋام ئۇلارنىمۇ شرىك قىلىۋالدى، بۇۋام ئابدۇاللە ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،كۆپۈنچە بىرتۇگە ئاران كۆتۈرگىدەك، شۇنداق كۆپ پايدا ئالاتتى، پايدىسىنى كاملاتماستىن شۇ پېتى ئۆيىگە ئاپىراتتى، بۇۋام ئابدۇاللە ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئانىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئاپارغاندا، رەسۇلۇللاھ س ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇنىڭغا بەركەت بىلەن دۇئا قىلغان ئىكەن.بۇخارى توپلىغان.

**2931 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قالت الأنصار للنبي صلى الله عليه وسلم : اقسم بيننا وبين إخواننا النخيل قال : " لا تكفوننا المؤونة ونشرككم في الثمرة " . قالوا : سمعنا وأطعنا . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەنسارلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ بىزنىڭ خورمىزارلىقلىرىمىزنى بىز بىلەن مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا، تەقسىم قىلىپ بۇلۇپ بەرسىلە دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق، ئۇنداق قىلمايلى، سىلەر بىزگە دەسمايە،مەبلەغ چىقىمدا كۇپايە بۇلۇپ، بىزدىن چىقىمنى كۆتۈرۈۋتىڭلار، بىز سىلەرگە (ئىش ئەمگەك قىلىشىپ بىرىپ) باغنىڭ مۇسىدە شرىك بۇلايلى دىدى، ئۇلار: بىز ئاڭلاپ ، ئىتائەت قىلدۇق دىدى. بۇخارى توپلىغان.

**2932 - [ 3 ] ( صحيح )**

**وعن عروة بن أبي الجعد البارقي : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أعطاه دينارا ليشتري به شاة فاشترى له شاتين فباع إحداهما بدينار وأتاه بشاة ودينار فدعا له رسول الله صلى الله عليه وسلم في بيعه بالبركة فكان لو اشترى ترابا لربح فيه . رواه البخاري**

ئۇرۋەت ئىبنى ئەبۇلجۇئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوي سېتىۋېلىشى ئۈچۈن بىر دىنار ئالتۇن بىرىدۇ، ئۇ بىر دىنارغا ئىككى قوي سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىرىنى بىر دىنارغا سېتىپ، بىر دىنار بىلەن بىر قوينى ئېلىپ كىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنىڭ بەيئى سودىسىغا بەركەت تىلەپ دۇئا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەگەر زىمىن تۇپىسىنى سېتىۋالسىمۇ، ئۇنىڭدا پايدا ئالىدىغان بۇلۇپ كىتىدۇ. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**2933 - [ 4 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن أبي هريرة رفعه قال : " إن الله عز وجل يقول : أنا ثالث الشريكين ما لم يخن صاحبه فإذا خانه خرجت من بينهما " . رواه أبو داود وزاد رزين : " وجاء الشيطان "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن اللە تائالا؛ « مەن (تىجارەتتە شرىك بولغان) ئىككى شرىكنىڭ ئۈچۈنجىسى، ئۇلارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىگە خىيانەت قىلمىسىلا، ئۇلار بىلەن بىللە بۇلىمەن، ئۇلارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىگە خىيانەت قىلسىلا، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كىتىمەن»«ئاندىن شەيتان كىلىدۇ» دەيدۇ. ئەبۇداۋۇد.رەزىن توپلىغان.

**2934 - [ 5 ] ( صحيح )**
**وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أد الأمانة إلى من ائتمنك ولا تخن من خانك " . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ساڭا ئامانەت قويغان كىشىگە ئامانىتىنى ئادا قىلىپ تاپشۇرغىن، ساڭا خىيانەت قىلغان كىشىگىمۇ سەن خىيانەت قىلما! بۇ ھەدىسنى بۇخارى تارىخىدا، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، دارىقۇتنى، زىيائۇلمەقدەسى، ئەنەسدىن، تەبرانى، ئەبۇ ئۇمامەتتىن، ئەبۇ داۋۇد، بىر ساھابەئەردىن، دارىقۇتنى ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

**2935 - [ 6 ] وعن جابر قال : أردت الخروج إلى خيبر فأتيت النبي صلى الله عليه وسلم فسلمت عليه وقلت : إني أردت الخروج إلى خيبر فقال : " إذا أتيت وكيلي فخذ منه خمسة عشر وسقا فإن ابتغى منك آية فضع يدك على ترقوته " . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن خەيبەرگە چىقىشنى مەقسەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، سالام قىلغاندىن كېيىن: مەن خەيبەرگە چىقىشنى مەقسەت قىلدىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سەن مېنىڭ خەيبەردىكى ۋەكىلىمنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇنىڭدىن 15 ۋەسقە 900 سا (يەنى 4500جىڭ خورما) ئېلىۋالغىن ، ئەگەر ئۇ سەندىن بىرەر ئالامەت، دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلسا، قولۇڭنى ئۇنىڭ گېلىغا قويغىن،يەنى ئۇنىڭ گېلىنى سىققىن دىدى.ئەبۇداۋۇد ۋەكىل ئەۋەتىش دىگەن بابتا توپلىغان 3148 ـ ھەدىسى.

**2936 - [ 7 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن صهيب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاث فيهن البركة : البيع إلى أجل والمقارضة وإخلاط البر بالشعير للبيت لا للبيع " . رواه ابن ماجه**

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ نەرسىدە بەركەت بولىدۇ؛1 ـ مەلۇم مۇددەتكىچە قىلىنغان مۇددەتلىك سودا،2 ـ بىرسى پۇل، مەبلەغ چىقىرىپ، يەنە بىرسى كۈچ، قابىلىيەت چىقىرىپ قىلىشقان مۇزارىبەت تىجارىتى(پايدىنى تەڭ ئالىدۇ، زىيان پۇل ئىگىسىگە بولىدۇ)( ياكى قەرزئالغان پۇل )3 ـ سېتىش،سودا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆيدە يېيىش ئۈچۈن بۇغداينى ئارپىغا ئارلاشتۇرۇشتۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، تەكشۈرۈلمىگەن.

**2937 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )وعن حكيم بن حزام أن رسول الله صلى الله عليه وسلم بعث معه بدينار ليشتري له به أضحية فاشترى كبشا بدينار وباعه بدينارين فرجع فاشترى أضحية بدينار فجاء ا وبالدينار الذي استفضل من الأخرى فتصدق رسول الله صلى بالدينار فدعا له أن يبارك له في تجارته . رواه الترمذي**

ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن قۇربانلىق قوي سېتىۋېلىشقا، بىر دىينار ئالتۇن بىلەن بازارغا ئەۋەتىدۇ، ئۇ بىر دىينارغا بىر قوچقار سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئىككى دىينارغا سېتىپ، ئاندىن قايتىپ بېرىپ، بىر دىينارغا قۇربانلىق قوچقار سېتىۋېلىپ،ئېشىپ قالغان ھېلىقى بىر دىينار بىلەن بىر قوينى ئېلىپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ پايدا ئالغان دىينارنى سەدىقە قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەيئى سودىسىدا،تىجارىتىدە بەركەت بېرىلىشكە دۇئا قىلىدۇ،تىرمىزى.

**باب الغصب والعارية - الفصل الأول** | بۇلانغان مال ۋە ئارىيەت توغرىسىدا

**2938 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن سعيد بن زيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أخذ شبرا من الأرض ظلما فإنه يطوقه يوم القيامة من سبع أرضين "**

ئەبۇ ھۇرەيرە،سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھەقسىز زۇلۇم قىلىپ، زىمىندىن بىر غېرىچ ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇنىڭ بويىنىغا يەتتە زىمىننى يۆگەشتۈرۈپ، كۆتۈرگۈزۈپ قويىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. يەئلا ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قايسى بىر كىشى بىر غېرىچ زىمىننى زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى يەتتە قات زىمىننىڭ ئاخىرىچە ئەڭ ئاستىغىچە كولاشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغۇچە، ئۇ يەتتە قات زىمىننى ئۇ زالىمنىڭ بوينىغا كىيدۈرۈپ يۆگەپ قويىدۇ، (ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، قىرنى تاراشلىماڭ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم يەر ـ زىمىندىن بىرەر نەرسىنى ھەقسىز ئېلىۋالسا، ئۇنى قىيامەت كۈنى يەتتە قات زىمىنغىچە يەر ئاستىغا يۇتتۇرۇلىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. يەئلا ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم زىمىندىن بىرەر جاينى زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالسا، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھقا شۇ جاينىڭ تۇپرىقىنى بوينىدا كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**2939 - [ 2 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحلبن أحد ماشية امرئ بغير أذنه أيحب أحدكم أن يؤتى مشربته فتكسر خزانته فينتقل طعامه وإنما يخزن لهم ضروع مواشيهم أطعما م " . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھېچ بىر كىشى بىرەر كىشىنىڭ چارۋا ــ ماللىرىنى ئۇنىڭ ئىزنىسىز سېغىۋالمىسۇن، بىرىڭلار تامىقى، ئىچىملىكى بار قاچىسى كەلتۈرلۈپ، ئاندىن ئۇ سۇنۇپ كېتىپ، تامىقىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى، يۆتكىلىپ كېتىشىنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇچۇن چارۋا ــ ماللىرىنىڭ يىلىنلىرى، تامىقىنى، سۈتلىرىنى ساقلاپ بېرىدۇ، شۇڭا بىر كىشى ھېچ كىشىنىڭ سېغىن ھايۋىنىنى ئۇنىڭ ئىزنىسىز سېغىۋالمىسۇن، رۇخستى بىلەن ساغسۇن. بەيھەقى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2940 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم عند بعض نسائه فأرسلت إحدى أمهات المؤمنين بصحفة فيها طعام فضربت التي النبي صلى الله عليه وسلم في بيتها يد الخادم فسقطت الصحفة فانفلقت فجمع النبي صلى الله عليه وسلم فلق الصحفة ثم جعل يجمع فيها الطعام الذي كان في الصحفة ويقول : " غارت أمكم " ثم حبس الخادم حتى أتي بصحفة من عند التي هو في بيتها فدفع الصحفة الصحيحة إلى التي كسرت صحفتها وأمسك المكسورة في بيت التي كسرت . رواه البخاري**

**2941 - [ 4 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن يزيد عن النبي صلى الله عليه وسلم : أنه نى عن النهبة والمثلة . رواه البخاري**

ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوچۇق ــ ئاشكارا، مەجبۇرى بولاپ ئېلىنغان مالدىن يەنى ئۇنى ئىستېمال قىلىشدىن، ھەر قانداق كىشىنىڭ كۆز ــ قۇلاق، ئېغىز ــ بۇرۇن ئەزالارنى كېسىپ قىينىشدىن توسقان. بۇخارى 2294 ــ ھەدىس، ئەھمەد 17991 ــ ھەدىس، سەھىھ. زەيىد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلاڭچىلىقدىن، باشقىلارنىڭ مېلىنى تېز سۈرئەتە مەخپى ئېلىۋېلىشدىن يەنى يانچۇقچىلىقدىن توسقان. (يەنى بۇ دۆلەت، شەھەر ئامانلىقى خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ھەر قانداق كىشىنىڭ نەرسىسنى ھەتتا دىنىسىز كاپىرنىڭ نەرسىسنىمۇ بۇلاشقا، يانچۇقچىلىق قىلىپ ئېلىۋېلىشقا بولمايدۇ). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**2942 - [ 5 ] ( صحيح )وعن جابر قال : انكسفت الشمس في عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم مات إبراهيم بن رسول الله**

**صلى الله عليه وسلم فصلى بالناس ست ركعات بأربع سجدات فانصرف وقد آضت الشمس وقال : " ما من شيء توعدونه إلا قد رأيته في صلاتي هذه لقد جيء بالنار وذلك حين رأيتموني تأخرت مخافة أن يصيبني من لفحها وحتى رأيت فيها صاحب المحجن يجر قصبه في النار وكان يسرق الحاج بمحجنه فإن فطن له قال : إنما تعلق بمحجني وإن غفل عنه ذهب به وحتى رأيت فيها صاحبة الهرة التي ربطتها فلم تطعمها ولم تدعها تأكل من خشاش الأرض حتى ماتت جوعا ثم جيء بالجنة وذلك حين رأيتموني تقدمت حتى قمت في مقامي ولقد مددت يدي وأنا أريد أن أتناول من ثمر ا لتنظروا إليه ثم بدا لي أن لا أفعل " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئوغلى ئىبراھىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى كۈن تۇتۇلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە ئالتە رۇكۇ، تۆت سەجدە بىلەن ئىككى رەكئەت كۇسۇپ نامىزى ئوقۇپ بىرىپ قايتقاندا، كۈن ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ، رۇشەن ئېچىلىپ بولغان ئىدى، ئاندىن مۇنداق دىدى: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ مۆجىزە ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، ئۇ ئىككىسى بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، سىلەر شۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى كۆرسەڭلار، كۈن، ئاي تۇتۇلۇشىدىن رۇشەن بولغىچە كۇسۇف نامىزىنى ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ھەربىر نەرسىنى مەن مۇشۇ نامىزىمدا كۆردۈم، سىلەر مېنىڭ ئارقامغا قاچقانلىقىمنى كۆرگەن چاغدا، دوزاخ كەلتۈرۈلۈپ، ماڭا كۆرسىتىلگەن ئىدى، ماڭا ئۇنىڭ ئوت يالقۇنى، تۈتۈنلىرى، زەھرى يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قاچقان ئىدىم، ھەتتا مەن ئى رەببىم! مەن دوزاخ ئىچىدىمۇ نىمە؟ دەپ كەتتىم، مەن دوزاخ ئىچىدە ھاسا ئىگىسىنىڭ ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگىنىنى كۆردۈم، ئۇ ھاجىلارنىڭ نەرسىسىنى ھاسىسىغا ئىلدۇرۇپ ئوغۇرلايتتى، ئەگەر بىلىنىپ مەلۇم بولۇپ قالسا، ھوي! ھاسامغا ئىلىنىشىپ قاپتۇ، مەن بىلمەپتىمەن دەيتتى، ئەگەر ئىگىسى غەپلەتتە قېلىپ بىلىنمىسە، ئۇنى ئوغۇرلاپ ئېلىپ كېتەتتى، مەن يەنە دوزاخ ئىچىدە بىر مۈشۈك ئىگىسى بولغان ئايالنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇ ئايال ئۇ مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، قويۇپ بەرمىگەن، تاماق، سۇ بەرمىگەن بولۇپ، مۈشۈك ئاچلىقدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، ئەگەر قويۇپ بەرگەن بولسا، مۈشۈك زىمىننىڭ ئوت ــ چۆپلىرىنى،چاشقاننى يەپ، ھايات قالاتتى، بۇ ئايال شۇ سەۋەبلىك ئازابلىنىپتۇ، سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئىنتىلىپ ئىلگىرىلىگىنىمنى كۆرگەن چاغدا، جەننەت كەلتۈرۈلۈپ، ماڭا كۆرسىتىلگەن ئىدى، ھەتتا مەن مۇشۇ ئورنۇمدا تۇرۇپمۇ قولۇمنى سۇندۇم، مەن ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىپ سىلەرگە كۆرسىتىپ قويۇشنى مەخسەت قىلىپ، كىيىن ماڭا ئۇنداق قىلماسلىق ئاشكارا بولدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغا، سەھىھ.

**2943 - [ 6 ] ( متفق عليه )وعن قتادة قال : سمعت أنسا يقول : كان فزع بالمدينة فاستعار النبي صلى الله عليه وسلم فرسا من أبي طلحة يقال له : المندوب فركب فلما رجع قال : " ما رأينا من شيء وإن وجدناه لبحرا "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر قېتىم «دۈشمەن كەپتۇ» دىگەن خەۋەر تارقىلىپ، مەدىنىدە قورقۇش،چۇچۇش يۈز بەردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇتەلھەتنىڭ مەندۇپ دىيىلىدىغان **ئېتىنى ئارىيەت ئېلىپ**، يايتاق مىنىپ كىتىپ، (ئۆزى ئات سىلىپ، ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن) قايتىپ كەلگەندە مۇنداق دىدى: بىز ھېچ چۆچىگىدەك بىرەر ئىشنى كۆرمىدۇق، خاتىرجەم بولۇڭلار، ھەقىقەتەن بۇ ئاتنى دېڭىزدەك تاپتۇق، يەنى ياخشى چاپىدىكەن.(بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باتۇرلۇقى ئىدى، ھەم ھەدىسنىڭ بۇيەردىكى مەقستى:ئاتنى ئارىيەت ئالغان).بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2944 - [ 7 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن سعيد بن زيد عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال : " من أحيى أرضا ميتة فهي له**

**وليس لعرق ظالم حق " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود**

سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر قۇرغاق زىمىننى يەر ئەھيا قىلسا، ئۇ مۇنبەت زىمىن شۇ يەر ئاچقان كىشىنىڭ بولىدۇ، زالىمنىڭ تەر ئاققۇزۇشىغا (يەنى باشقىلارنىڭ زىمىنغا ئىزنىسىز، رۇخسەتسىز زىرائەت تېرىسا، دەرەخ سالسا، قۇرۇلۇش قىلسا، بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن) ھەق يوقتۇر، تۆلەم بېرىلمەيدۇ، يەر ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 2671 ــ ھەدىس، تىرمىزى 1299 ــ ھەدىس، ئەھمەد، مالىك 1229 ــ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر ئۆلۈك زىمىننى يەر ئېچىپ كۆكەرتسە، ئۇ زىمىن شۇ كىشىنىڭ بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر ئۆلۈك، قۇرغاق زىمىننى يەر ئەھيا قىلسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ ئىشىدا ئەجىر ــ ساۋاب بار. شۇ زىمىننىڭ مەھسۇلاتىدىن ھايۋانلار يىگەن نەرسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقە قىلغانلىق بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**2945 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )ورواه مالك عن عروة مرسلا . وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

**2946 - [ 9 ] وعن أبي حرة الرقاشي عن عمه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا لا تظلموا ألا لا يحل مال امرئ إلا بطيب نفس منه " . رواه البيهقي في شعب الإيمان والدارقطني في ا لمتبى**

ھەنىيفەتۇررەققاشى ۋە ئۇنىڭ تاغىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاگاھ بۇلۇڭلار، زۇلۇم قىلماڭلار، ئاگاھ بۇلۇڭلاركى مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ــ مۈلكى، ئۇنى رازى قىلماستىن ھالال ئەمەس، پەقەت ئۇ چىن دىلىدىن رازى بولسا، ئاندىن ھالال بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد ،بەيھەقى، دارقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

**2947 - [ 10 ] وعن عمران ابن حصين عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال : " لا جلب ولا جنب ولا شغار في الإسلام ومن انتهب نهبة فليس منا " . رواه الترمذي**

ئىمران، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زاكات خادىملىرى چارۋ ــ ماللارنىڭ زاكاتىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممىسىنى بىر جايغا توپلاپ يىغمايدۇ. مال ئىگىللىرى چارۋىلارنى يىراققا ئېلىپ قاچمايدۇ.( ياكى كىشى ئېتىغا يەنە بىر ئاتنى يانداپ قوشمايدۇ، ئاتنى تېز چاپتۇرۇش ئۈچۈن بىرەر كىشنى ياللاپ ئەگەشتۈرمەيدۇ)، ئىسلام دىنىدا شىغار يوق، يەنى قىزنى تويلۇق مەھرىسىز بېرىپ، يەنە بىر قىزنى ئۇنىڭ بەدىلىگە تويلۇق، مەھرىسىز ئېلىش يوق، بەلكى ئاياللارغا تويلۇقى تولۇق بېرىلىدۇ، كىم بۇلاڭچىلىق قىلسا، ئوچۇق ــ ئاشكارا قەھرى قىلىپ، كىشلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلىۋالسا، ئۇ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس،( يەنى بۇ ھارامدۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2948 - [ 11 ] وعن السائب بن يزيد عن أبيه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يأخذ أحدكم عصا أخيه لاعبا جادا فمن أخذ عصا أخيه فليردها إليه " . رواه الترمذي وأبو داود وروايته إلى قوله : " جادا "**

سائىبنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار قېرىنداشىنىڭ، ھەمراھىنىڭ ماتا، ماللىرىنى چاخچاق قىلغان ھالدا بولسۇن ياكى راست ھالەتتە بولسۇن ھەرگىز ئېلىۋالمىسۇن، كىم ھەمراھىنىڭ ھاسىسىنى ئېلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنى قايتۇرۇپ بەرسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2949 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن سمرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من وجد عين ماله عند رجل فهو أحق به**

**ويتبع البيع من باعه " . رواه أحمد وأبو داود والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۆز مېلىنى ئۆز ئەينى بىرەر كىشىنىڭ يېنىدىن(ياكى ئىپلاس بولغان يەنى تىجارەتتە ۋەيران بولۇپ، قەرزىگە بوغۇلغان كىشىنىڭ يېنىدىن) تاپسا،(ئەگەر ئۇ مېلىغا پۇل ئالمىغان بولسا) ئۆز مېلىغا ئۆزى باشقىلاردىن ھەقلىقراق بولىدۇ.(ئەگەرپۇل ئالغان بولسا، لېكىن،ئازىراق ئېلىشى قالغان بولسا،ئۇ باشقا قەرز ئىگىسىگە ئوخشاشتۇر)مالنى سېتىۋالغۇچى كىشى ئۇنىڭغا مال سېتىپ بەرگۈچىگە ئەگىشىدۇ، (يەنى پۇلنى شۇكىشىدىن ئالىدۇ) ئەھمەد ،ئەبۇ داۋۇد ،نەسەئى.

**2950 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " على اليد ما أخذت حتى تؤدي " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قول ئالغان نەرسە، ئۇنى ئادا قىلغانغا قەدەر، شۇ قولنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.(يەنى كىم قەرز، ياكى ئارىيەت، ياكى ئامانەت، ئۆتنە ئالسا، ياكى بۇلاپ ئوغۇرلىسا، ئۇنى شۇ ئالغان كىشى ئادا قىلىپ بېرىدۇ).تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**2951 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن حرام بن سعد بن محيصة : أن ناقة للبراء بن عازب دخلت حائطا فأفسدت فقضى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن أهل الحوائط حفظها بالنهار وأن ما أفسدت المواشي بالليل ضامن على أهلها . رواه مالك وأبو داود وابن ماجه**

ھەرام ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەررائىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ تۆگىسى بىر باغقا كىرىپ، ئۇنى بۇزىۋەتىدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇ: ھەققەتەن باغ ئىگىللىرى بېغىنى كۈندۈزى مۇھاپىزەت قىلىشى لازىم، (چارۋا-مال ئىگىللىرى ئۇلاغلىرىنى كېچىسى مۇھاپىزەت قىلىشى لازىم)شۇڭا چارۋا-ماللار كېچىسى بۇزىۋەتكەن نەرسىنى ئۇلاغ ئىگىللىرى تۆلەيدۇ.(چارۋا كۈندۈزى بۇزىۋەتكەن نەرسىنى ئۇلاغ ئىگىللىرى تۆلىمەيدۇ،چۈنكى باغ ئىگىسى شۇچاغدا بارده!)مالىك،ئەبۇداۋۇد ،ئىبنىماجە. بۇ ، شۇچارۋا-ماللار بىلەن ئىگىسى بىللە بولمىسا شۇنداق بولىدۇ،ئەگەر ئىگىسى بىللە بولسا، يەنىلا تۆلەيدۇ.

**2952 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الرجل جبار والنار جبار " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھايۋان پۇتلىرى دەسسەپ سالغان، ياكى پۇتىدىن نەرسە چاچراپ چىقىپ ھالاك قىلغان نەرسە بىكاردۇر(يەنى تۆلەم يوقتۇر) . ئوت بىكاردۇر (يەنى ئوت كېتىش ۋەقەسىدە ئوت ھالاك قىلغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش يوق،لېكىن، قەستەن ئوت قويسا، خاتالاشسا تۆلەم بېرىدۇ. خۇددى خاتا قاتىللىقدەك). ئەبۇ داۋۇد 3978 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2666 _ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تىلسىز ھايۋاننىڭ جاراھەتلەندۈرۈشى، قۇدۇقنىڭ، مەدەن، كاگىنىڭ ئىچىدە بىرەر كىشىنىڭ ھالاك بولۇشى بىكاردۇر، يەنى تۆلەم يوق، تېپىۋېلىنغان كاڭ بايلىقىغا بەشتىن بىرىنى بېرىدۇ، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، تەبرانى تۆت كىتاب دىگىنىمىز، تۆت كىتاب توپلىغان، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر، سەھىھ.ھازىرقى قاتناش قۇراللىرى چاقتىن تاش چاچرىسا، مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ.

**2953 - [ 16 ] وعن الحسن عن سمرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : إذا أتى أحدكم على ماشية فإن كان فيها صاحبها فليستأذنه**

وإن لم يكن فيها فليصوت ثلاثا فإن أجابه أحد فليستأذنه وإن لم يجبه أحد فليحتلب وليشرب ولا يحمل . رواه أبو داود

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرىڭلار ياپلاقتىكى چار- پايلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالسا، ئىگىسى بولسا رۇخسەت، رازىلىق سورىسۇن، رۇخسەت بەرسە سېغىپ ئىچسۇن، ئىگىسى بولمىسا، ئۈچ قېتىم ۋارقىراپ چاقىرسۇن، ئەگەر بىرەر كىشى جاۋاب بەرسە ئۇ كىشىدىن سورىسۇن، ھېچ كىشى جاۋاب بەرمىسە، زۆرۈرىيەت ئۈچۈن سېغىپ ئىچسۇن، يېنىغا ئېلىۋالمىسۇن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى تونلىدى، ھەسەن.

2954 - [ 17 ] وعن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من دخل حائطا فليأكل ولا يتخذ خبنة " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي هذا حديث غريب

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر باغقا كىرىپ قالسا، ياخشىلىق بىلەن يېسۇن، يوشۇرۇن يېنىغا ئېلىۋالمىسۇن. تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

2955 - [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعن أمية بن صفوان عن أبيه : أن النبي صلى الله عليه وسلم استعار منه أدراعه يوم حنين فقال : أغصبا يا محمد ؟ قال : " بل عارية مضمونة " . رواه أبو داود

ئۇمەييە نىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەين كۈنى ئۇنىڭ جەڭ كىيىملىرىنى ئارىيەت ئالغاندا ئۇ: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ بۇلاپ ئېلىۋېلىشمۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق، بەلكى بۇ كېپىل بولىنىدىغان، ئادا قىلىنىدىغان ئارىيەتتۇر، دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

2956 - [ 19 ] وعن أبي أمامة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " العارية مؤداة والمنحة مردودة والدين مقضي والزعيم غارم " . رواه الترمذي وأبو داود

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئارىيەت ئىگىسىگە ئادا قىلىنىدۇ، ئۆتنە ئېلىنغان نەرسە ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، قەرز ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇپ ئادا قىلىنىدۇ، كېپىل بولغۇچى گەردەنگە ئېلىپ تۆلەيدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئارىيەت ئېلىنغان نەرسە ئىگىسىگە ئادا قىلىنىدۇ، ئۆتنە ئېلىنغان نەرسە ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2957 - [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن رافع بن عمرو الغفاري قال : كنت غلاما أرمي نخل الأنصار فأتي بي النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " يا غلام لم ترمي النخل ؟ " قلت : آكل قال : " فلا ترم وكل مما سقط في أسفلها " ثم مسح رأسه فقال : " اللهم أشبع بطنه " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه وسنذكر حديث عمرو بن شعيب في " باب اللقطة " إن شاء الله تعال

راپىئ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ: مەن كىچىك بالا ۋاقتىمدا، ئەنسارلارنىڭ خورمىلىرىغا تاش- چالما ئېتىۋاتسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا كەلتۈرۈلدۈم، ئۇ: ئى غۇلام! نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خورمىلىرىغا تاش- چالما ئاتىسەن؟ دېدى، مەن؛ مەن خورما يەيمەن دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن خورمىلارغا تاش- چالما ئاتماي، ئۆزى پەسكە چۈشكىنىدىن يېگىن دەپ، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ؛ ئى الله ! ئۇنىڭ قورسىقىنى ئۆزۈڭ تويغۇزغىن دېدى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە.

2958 - [ 21 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن سالم عن أبيه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أخذ من الأرض

شيئا بغير حقه خسف به يوم القيامة إلى سبع أرضين " . رواه البخاري

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يەر ـ زېمىندىن بىرەر نەرسىنى ھەقسىز ئېلىۋالسا، ئۇنى قىيامەت كۈنى يەتتە قات زېمىنغىچە يەر ئاستىغا يۇتتۇرۇلىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

2959 - [ 22 ] وعن يعلى بن مرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من أخذ أرضا بغير حقها كلف أن يحمل ترا با المحشر " . رواه أحمد

يەئلا ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زېمىندىن بىرەر جاينى ھەقسىز زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالسا، ئۇ كىشى مەھشەرگاھ كۈنى شۇ جاينىڭ تۇپرىقىنى بويىندا كۆتۈرۈپ كېلىدۇ،ئۇ شۇنىڭغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

2960 - [ 23 ] ( لم تتم دراسته )وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " أيما رجل ظلم شبرا من الأرض كلفه الله عز وجل أن يحفره حتى يبلغ آخر سبع أرضين ثم يطوقه إلى يوم القيامة حتى يقضى بين الناس " . رواه أحمد

يەئلا ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشى بىر غېرىچ زېمىننى زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى يەتتە قات زېمىننىڭ ئاخىرغىرىچە، ئەڭ ئاستىغىچە كولاشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغۇچە، ئۇ يەتتە قات زېمىننى ئۇ زالىمنىڭ بويىنغا كىيدۈرۈپ يۈگەپ قويىدۇ، (ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، قىرنى تاراشلىماق) تەبرانى،ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

| | |
|---|---|
| باب الشفعة - الفصل الأول | مال ۋە نەرسىنى ئالدى بىلەن سېتىۋېلىش ھوقۇقى توغرىسىدا |

2961 - [ 1 ] ( صحيح )عن جابر قال : قضى النبي صلى الله عليه وسلم بالشفعة في كل ما لم يقسم فإذا وقعت الحدود وصرفت الطرق فلا شفعة . رواه البخاري

جابىر ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇپئەتكە مۇنداق ھۆكۈم قىلغان: خوشنا، شېرىكنىڭ ئېتىۋار باھادا سېتىۋالىدىغان شۇپئەت ھوقۇقى، شېرىكچىلىك ھوقۇقى، تەقسىمات، چەك ــ چېگرا چۈشمىگەن نەرسىلەردە بولىدۇ، تەقسىم قىلىنىپ، چېگرا ئايرىلىپ بولسا، يوللار يۆتكىلىپ، باشقىلارغا خاس بىرىلىپ بولسا، ئۇ چاغدا شۇپئەت ھوقۇقى يوق بولىدۇ.بۇخارى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەلگىلىمە، چەك ــ چېگرا چۈشسە، يوللار سەرىپ ئېتىلسە، يەنى تەقسىم قىلىنىپ بولسا، شۇپئەت بولمايدۇ، يەنى يېقىن خوشنا، شېرىك، ئۇرۇق ــ تۇغقانلارنىڭ بۇرۇن سېتىۋېلىش، باھادا ئەرزان ئېلىۋېلىش ھوقۇقلىرى تۈگەيدۇ، تىرمىزى ، سەھىھ.

2962 - [ 2 ] ( صحيح )وعنه قال : قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم بالشفعة في كل شركة لم تقسم ربعة أو حائط : " لا يحل له أن يبيع حتى يؤذن شريكه فإن شاء أخذ وإن شاء ترك فإذا باع ولم يؤذنه فهو أحق به " . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇپئەتكە مۇنداق ھۆكۈم قىلغان: ھەرقانداق شېرىكچىلىكتىكى تەقسىم قىلىنىپ بولمىغان ئۆي ــ زېمىندا، تېرىلغۇ يەر، باغ - بوستاندا، شېرىكنىڭ، خوشنىسىنىڭ شۇپئەت ھوقۇقى بولىدۇ، (يەنى باشقىلاردىن بۇرۇن ئېتىۋار باھادا، ئەرزانراق سېتىۋېلىش ھوقۇقى بولىدۇ)، مال ئىگىسىنىڭ؛ شېرىكىگە مالنى ئالامسىز؟ دەپ تەكلىپ باقمىغىچە، سېتىشى دۇرۇس ئەمەس، شېرىكى، ياكى خوشنىسى خالىسا ئالىدۇ، خالىسا باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ، ئەگەر مال ئىگىسى

شرىكىدىن ئىزنى سورمايلا مالنى سېتىۋەتسە، ئۇنىڭ شېرىكى، ئىزنى، رۇخسەت بەرگەنگە قەدەر مالغا شۇ لايىق، ھەقلىقراقتۇر. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى تويلىغان، سەھىھ.

**2963 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي رافع قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الجار أحق بسقبه " . رواه البخاري**

ئەبۇ رايىئ، شەرىيد ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خوشنا ئۆز خوشنىسىغا ئۆز يېقىنىغا ھەقلىقتۇر، باشقىلاردىن لايىقراقتۇر، (يەنى شۇپئەتتە) ئەھمەد 25927 _ ھەدىس، بۇخارى 2098 _، 6465 _ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر تويلىغان، سەھىھ.

**2964 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يمنع جار جاره أن يغرز خشبة في جداره**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، مەجمەئ ۋە ئەنسارىلاردىن نۇرغۇن ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خوشنا ئولتۇرغان كىشى، خوشنىسىنى تېمىغا ياغاچ يۆلەشتىن توسىمىسۇن. بەيھەقى، ئەھمەد ،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.( يەنى خوشنىسىنى تېمىغا ياغاچ يۆلەشدىن دېگىنى، تېمىنى بىر تام ھېسابلاپ، ئۆي سېلىشدىن، تېمىغا ياغاچ يۆلەپ، ئۆگزىسىنى يېپىشدىن توسىمىسۇن دېگەنمۇ بولىدۇ).

**2965 - [ 5 ] ( صحيح )**

**وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا اختلفتم في الطريق جعل عرضه سبعة أذرع " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يولغا سىغىشماي سوقۇشۇپ كەتكىدەك بولساڭلار، يولنى يەتتە گەز قىلىڭلار، يەنى 3 ـ 4 مېتىر قىلىڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بەيھەقىلەر تويلىغان، سەھىھ، (يەنە سىغىشمىسا، يەنە كەڭرى قىلسا بولىدۇ، مۇسۇلمانلار ياخشى دېگەن ئىش ياخشى بولىدۇ).

**2966 - [ 6 ] الفصل الثاني عن سعيد بن حريث قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من باع منكم دارا أو عقارا فمن أن لا يبارك له إلا أن يجعله في مثله " . رواه ابن ماجه والدارمي**

سەئىد ئىبنى ھەرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ھويلا _ ئارام، تۇرالغۇ جاينى ياكى بىرەر زېمىننى ساتسا، شۇنى بىلىپ قالسۇنكى، ئۇنىڭ پۇلغا شۇ جاينىڭ ئوخشىشىنى قىلىپ قويمىسا، ئۇ پۇلغا قەتئىي بەرىكەت بېرىلمەيدۇ،( بۇرۇنقى جايىنىڭ ئوخشىشى بار بولسا، تۇرالغۇ جايسىز قالمىسا، بۇ مۇستەسنادۇر، خۇددى ئۆي ـ زېمىن تىجارەتى دۇرۇس بولغاندەك). ئەھمەد، ئىبنى ماجە،دارىمى تويلىغان، ھەسەن. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆي، ھويلا، تۇرالغۇ جايلىرىنى سېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلغا شۇ جاينىڭ ئوخشىشىنى قىلىپ قويمىسا، (تۇرالغۇ جايسىز قالسا) ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇ پۇلدا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ. ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى تويلىغان، ھەسەن.

**2967 - [ 7 ] وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الجار أحق بشفعته ينتظر لها وإن كان غائبا إذا كان طريقهما واحدا " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه . والدارمي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خوشنىلار ئۆز خوشنىسىنىڭ شۇپئەتگە يەنى شېرىكچىلىكگە، نەرسە سېتىشدا ئالدى بىلەن بېرىشكە لايىق، ھەقلىقتۇر، ئىككى خوشنىنىڭ يولى بىر بولسا، يەنى ئۆيگە كىرىش يولى بىر بولسا، گەرچە ئۇ غايىپ بولۇپ، يوق بولۇپ قالسىمۇ، نەرسە

سېتىشدا خوشنىسنى ساقلاپ تۇرىدۇ، (كەلگەندىن كېيىن يا ئالىدۇ، يا ۋاز كېچىدۇ، ئاندىن باشقىلار ئالىدۇ)
ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد،دارىمى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2968 - [ 8 ] وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الشريك شفيع والشفعة في كل شيء " . رواه الترمذي**

ئەبۇ راپىئ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
شېرىك بولغۇچى، خوشنا، ئۆز شېرىكىنىڭ،خوشنىسىنىڭ نەرسىسىدە شۇپئەت ھوقۇقىغا ئىگىدۇر، شۇپئەت ھوقۇقى
ھەممە نەرسىدە باردۇر.تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ
سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېرىك بولغۇچى، خوشنا، ئۆز خوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا
ھەقلىقراق، ئۇنىڭدا بار نەرسىگىمۇ شۇپئەتتە ھەقلىقراقتۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2969 - [ 9 ] قال : وقد روي عن ابن أبي مليكة عن النبي صلى الله عليه وسلم مرسلا وهو أصح**

**2970 - [ 10 ] وعن عبد الله بن جحش قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قطع سدرة صوب الله رأسه في النار " . رواه أبو داود وقال : هذا الحديث مختصر يعني : من قطع سدرة في فلاة يستظل ا ابن السبيل والبهائم غشما وظلما بغير حق يكون له فيها صوب الله رأسه في النار**

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەبشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم
مۇساپىرلار سايىدايدىغان،ھايۋاناتلار سايىدايدىغان چۆل زىمىندىكى دەرەخنى ھېچ بىر ھەققىسىز، رەھىمسىزلەرچە
زۇلۇم قىلىپ كېسىۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بېشىنى دوۋزاخ ئوتىغا ئىگىپ، تۈتۈپ بېرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد،
زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**2971 - [ 11 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن عثمان بن عفان رضي الله عنه قال : إذا وقعت الحدود في الأرض فلا شفعة فيها . ولا شفعة في بئر ولا فحل النخل . رواه مالك**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇپئەتكە مۇنداق ھۆكۈم
قىلغان:(خوشنا، شېرىكىنىڭ ئېتىۋار باھادا سېتىۋالىدىغان شۇپئەت ھوقۇقى، شېرىكچىلىك ھوقۇقى، تەقسىمات،
چەك ــ چېگرا چۈشمىگەن نەرسىلەردە بولىدۇ)، تەقسىم قىلىنىپ، زىمىندا چېگرا ئايرىلىپ بولسا،( يوللار
يۆتكىلىپ، باشقىلارغا خاس بىرىلىپ بولسا)، ئۇ چاغدا شۇپئەت ھوقۇقى يوق بولىدۇ. قۇدۇقتا، ئەركەك خورمىدا،
ئېتىۋار باھادا سېتىۋالىدىغان شۇپئەت ھوقۇقى بولمايدۇ. مالىك توپلىغان .(چۈنكى ئۇ تەقسىم قىلىنىدىغان
زىمىن ئەمەس) ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
كىمنىڭ زىمىنى بولسا، ئۇنى سېتىشنى ئىرادە قىلسا، خوشنىسىغا تەكلىپ ئاندىن ئۇ ئالمىسا باشقىلارغا ساتسۇن.
ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**باب المساقاة والمزارعة - الفصل الأول** زىرائەت تېرىشش ۋە سۇغۇرۇش توغرىسىدا

**2972 - [ 1 ] ( صحيح )عن عبد الله بن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم دفع إلى يهود خيبر نخل خيبر وأرضها على أن يعتملوها من أموالهم ولرسول الله صلى الله عليه وسلم شطر ثمرها . رواه مسلم**
**وفي رواية البخاري : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أعطى خيبر اليهود أن يعملوها ويزرعوها ولهم شطر ما يخرج منها**

ئىبنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر يەھۇدىيلىرىغا
خەيبەرنىڭ خورمىزارلىقىنى ۋە زىمىنىنى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىدىن مەبلەغ سېلىپ، ئىش ئەمگەك قىلىشقا،

چىققان مىۋە، ئاشلىق كىرىمىنىڭ يېرىمى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قېلىشقا شەرتلىشىپ بەردى. بۇنى مۇسلىم توپلىغان. بۇخارىينىڭ رىۋايىتىدە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر يەھۇدىيلىرىغا خەيبەرنىڭ خورمىزارلىقنى ۋە زېمىننى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىدىن مەبلەغ سېلىپ، ئىش ئەمگەك قىلىپ، زىرائەت تېرىشقا، چىققان مىۋە، ئاشلىق كىرىمىنىڭ يېرىمى ئۇلارغا قېلىشىغا شەرتلىشىپ بەردى.دېيىلگەن.

**2973 - [ 2 ] ( صحيح )وعنه قال : كنا نخابر ولا نرى بذلك بأسا حتى زعم رافع ابن خديج أن النبي صلى الله عليه وسلم نى عنها فتركناها من أجل ذلك . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا باشقىلارنىڭ زېمىننى، زېمىندىن چىققان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىغا، يا ئۈچتەن بىرىگە، يا بەزىسىگە يا شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بېرىپ تېرىيتتۇق، كىيىن رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن توسقان دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تەرىك ئەتتۇق دېدى.مۇسلىم. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنىڭ زېمىننى، زېمىندىن چىققان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىغا، يا ئۈچتەن بىرىگە، يا بەزىسىگە يا شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بېرىپ تېرىشدىن توسقان. بۇخارى 2207 ــ ھەدىس، ئەھمەد 2064 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2958 ــ ھەدىس، سەھىھ. سابىت ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنىڭ زېمىننى، كىرىمىنىڭ بەزىسىنى،ياكى يېرىمىنى يا ئۈچدەن بىرىنى بېرىپ ئىجارىگە تېرىشتىن توسقان. مۇسلىم 2891 ــ ھەدىس، ئەھمەد 15794 ــ ھەدىس. لېكىن، بۇخارى مەخسۇس كىتاب، باب قويۇپ، دۇرۇس بولۇشنى يازغان، لېكىن، بىر قىسىم شەرتلەر دۇرۇس بولمايدىكەن. تىرمىزى 1304 ــ ھەدىسدا بۇ ئىختىلاپنى يازغان، بەزىسى دۇرۇس دىگەن، دەلىل بولسا يەھۇدىيلار بىلەن شۇنداق زىرائەت تېرىشقان . بەزىسى يۇقىرقى ھەدىسنى دەلىللەپ توسقان، لېكىن، زېمىننى ئالتۇن ــ كۈمۈش، پۇلغا ئىجارە ئېلىپ تېرىسا بولىدۇ دىگەن.ئەبۇھەنىيپە دۇرۇس ئەمەس دىگەن.ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى، ئەھمەد ، ئىسھاق، نۇرغۇن ساھابە،تابىئىنلار دۇرۇس دىگەن، مەن دەيمەن؛ ھەر نەرسە ياخشى ــ يامان دەپ ئايرىلىدۇ، ياخشى تەرىپى دۇرۇس، يامان تەرىپى دۇرۇس ئەمەس، ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**2974 - [ 3 ] ( متفق عليه )**

**وعن حنظلة بن قيس عن رافع بن خديج قال : أخبرني عماي أنم كانوا يكرون الأرض على عهد النبي صلى الله عليه وسلم بما ينبت على الأربعاء أو شيء يستثنيه صاحب الأرض فنهانا النبي صلى الله عليه وسلم عن ذلك فقلت لرافع : فكيف هي بالدراهم والدنانير ؟ فقال : ليس ا بأس وكأن الذي ني عن ذلك ما لو نظر فيه ذوو الفهم بالحلال والحرام لم يجيزوه لما فيه من المخاطرة**

ھەنزەلەتتىن، رافىئ ئىبنى خەدىيچ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا تاغىللىرىم مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، تېرىلغۇ زېمىننى، چىققان كىرىمىنىڭ تۆتدەن بىرىگە، ياكى زېمىن ئىگىسى مۇستەسنا قىلىپ چىقىرىۋالىدىغان نەرسىگە ئىجارىگە بېرىدىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئۇنىڭدىن توسقان ئىكەن. مەن رافىئ ئىبنى خەدىيچ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ تېرىلغۇ زېمىننى ئالتۇن ـ كۈمۈش،پۇلغا ئىجارە بەرسە قانداق بولىدۇ؟ دىسەم، ئۇماڭا؛ ئۇنىڭدا چاتاق يوق(يەنى بۇ دۇرۇستۇر) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توسقىنى بولسا، ئەگەر ھالال ـ ھارامغا چۈشەنچىسى ياخشى كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ باقسا، ئۇنىڭدا خەتەرلىك ئامىللار بولغاچقا دۇرۇس قىلماي توسقىدەك نەرسىدۇر،دېدى.بۇخار،مۇس.

**2975 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن رافع بن خديج قال : كنا أكثر أهل المدينة حقلا وكان أحدنا يكري أرضه فيقول : هذه**

**القطعة لي وهذه لك فربما أخرجت ذه ولم تخرج ذه فنهاهم النبي صلى الله عليه وسلم**

راپىئ ئىبنى خەدىيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز مەدىينە ئەھلى ئارىسىدا، باغلىرى ،دېھقانچىلىق،زىرائەت يەرلىرى ئەڭ كۆپ كىشىلەر ئىدۇق، بىزنىڭ ھەر بىرىمىز تېرىلغۇ يېرىنى «ماۋۇ بۆلىكى مېنىڭ بولسۇن، ئاۋۇ پارچىسى سېنىڭ بولسۇن»دەپ ئىجارىگە بېرەتتى، ئاندىن كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا، ماۋۇ بۆلىكى كىرىم مەھسۇلات چىقىرىپ، ئاۋۇ پارچىسى ھېچ نەرسە چىقارمايتتى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئەنەشۇنىڭدىن توستى.(چۈنكى بۇنىڭدا ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە زىيان يېتىپ قالاتتى)بۇخارى،مۇسلىم.مانابۇ خەتەرلىك يېرى.

**2976 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عمرو قال : قلت لطاووس : لو تركت المخابرة فإنم يزعمون أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عنه قال : أي عمرو إني أعطيهم وأعينهم وإن أعلمهم أخبرني يعني ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم لم ينه عنه ولكن قال : " ألا يمنح أحدكم أخاه خير له من أن يأخذ عليه خرجا معلوما "**

ئەمرۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن تائۇسقا ؛ سىلەر باشقىلارنىڭ زېمىننى، كىرىمىنىڭ بەزىسىنى،ياكى يېرىمىنى يا ئۈچدەن بىرىنى بېرىپ ئىجارىگە تېرىشنى تەرك ئەتكەن بولساڭلار، چۈنكى ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن توسقان دەۋاتىدۇ دىسەم، تائۇس ماڭا: ئى ئەمرۇ! مەن ئۇلارغا زېمىننى ئىجارە بېرەتتىم، ياردەم بېرەتتىم ماڭا ئۇلارنىڭ ئالىمراقى يەنى ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن توسمىغان ، لېكىن مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ زېمىننى قېرىندىشىغا تېرىۋېلىش ئۈچۈن ئۆتنە بېرىپ تۇرۇشى، زېمىننى تېرىغانغا مەلۇم چىقىم، ئىجارە ھەققى ئالغىنىدىن ياخشىدۇر. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. يەنى ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۇلغا بېرىش دۇرۇس دېگەن.

**2977 - [ 6 ] ( متفق عليه )**

**وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كانت له أرض فليزرعها أو ليمنحها أخاه فإن أبي فليمسك أرضه "**

جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، راپىئئىبنى خەدىچ، راپىئئىبنى روپائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ تېرىلغۇ يېرى بولسا، ئۇنى ئۆزى تېرىسۇن، ئەگەر تېرىشقا قادىر بولالمىسا، ئاجىز كەلسە، ئۇ يەرنى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا تېرىشقا ئۆتنىگە، ئارىيەتكە بېرىپ تۇرسۇن، ئۇ يەرنى ئىجارىگە بەرمىسۇن، ئەگەر يۇقىرقى ئىشلارنى قىلالمىسا، زېمىننى ئۆزى مەھكەم ساقلاپ قالسۇن. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. (ئىبنى ئابىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زېمىننى قېرىندىشىغا ئۆتنە بېرىپ تۇرسۇن، ئۆزئارا مېھرىبان بولسۇن دىمەكچى ئىدى. ئالتۇن ــ كۈمۈش پۇلغا ئىجارە ئېلىپ تېرىسا بولىدۇ دېگەن. ئەبۇ داۋۇدنىڭ 2944 ــ ھەدىسىدە راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئالتۇن ــ كۈمۈشكە دۇرۇس دېگەن. تىرمىزىيدا بەزىلەر رۇخسەت قىلغان بولسا، بەزىلەر مەكرۇھ دېگەن، ئىختىلاپ بار، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئايەتنى چىقىرىۋېتىش لازىم. سەھىھ مۇسلىمدا ئاساسەن توسقان، بۇخارى رەھمەھۇللا دۇرۇس بولىدىغان ھەدىسلەرنى كەلتۈرگەن.ئەھۋاللار ئوخشاش ئەمەستۇر. راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ تېرىلغۇ زېمىنى بولسا، ئۇنى تېرىسۇن، ياكى قېرىندىشى تېرىسۇن، ئۇ زېمىننى كىرىمىنىڭ ئۈچتەن بىرىگە ياكى تۆتتەن بىرىگە ياكى مەلۇم مىقداردا تائام، ئاشلىققا، كىراغا، ئىجارىگە بەرمىسۇن. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2978 - [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي أمامة ورأى سكة وشيئا من آلة الحرث فقال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " لا**

يدخل هذا بيت قوم إلا أدخله الذل " . رواه البخاري

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەر ھەيدەيدىغان بۇقۇسا، ساپانىي ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كۆرۈپ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: بۇ نەرسىلەر ھەرقانداق بىرقەۋمنىڭ ئۆيىگە كىرسىلا، ئۇ ئۆيگە خارلىقنى ئېلىپ كىرىدۇ، خارلىق كىرگۈزىدۇ.بۇخارى توپلىغان سەھىھ. (يەنى ئىلىم ـ ئىبادەتتىن، جىھاتتىن تۇسۇپ قويىدۇ، كىشىنى غەپلەتتە قالدۇرىدۇ،ئۆزىمۇ جاپالىق، خار ئىشتۇر، قەلبنى قۇپاللاشتۇرۇپ، قاتۇرۋىتىدۇ، بۇياماں تەرىپىدۇر) خەللاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زىرائەت تېرىسا، ئۈنىڭدىن قۇشلار، ھايۋانلار يېسە، بۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقە قىلغانلىق بولىدۇ. (چۈنكى، ھۆل جىگەر ئىگىسىگە سەدىقە قىلسا، ساۋاب، ئەجىر باردۇر). ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە توپلىغان، سەھىھ.بۇ دېھقانچىلىقنىڭ ياخشى تەرىپىدۇر.

2979 - [ 8 ] الفصل الثاني عن رافع بن خديج عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من زرع في أرض قوم بغير إذنم فليس له من الزرع شيء وله نفقته " . رواه الترمذي وأبو داود وقال الترمذي : هذا حديث غريب

راپىئ ئىبنى خەدىچ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر زېمىننى شۇ زېمىننىڭ ئەھلىنىڭ يەنى ئىگىسىنىڭ ئىزنىسىز، رۇخسەتسىز تېرىسا، ئۇ كىشىگە چىقىمى، نەپىقى، خىراجىتى بېرىلىدۇ، زىرائەتتىن، كىرىمدىن ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ. (يەر ئىگىسى ئۆزى خالاپ بەرسە بۇ مەيلى). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2980 - [ 9 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن قيس بن مسلم عن أبي جعفر قال : ما بالمدينة أهل بيت هجرة إلا يزرعون على الثلث والربع وزارع علي وسعد بن مالك وعبد الله بن مسعود وعمر ابن عبد العزيز والقاسم وعروة وآل أبي بكر وآل عمر وآل علي وابن سيرين وقال عبد الرحمن بن الأسود : كنت أشارك عبد الرحمن بن يزيد في الزرع وعامل عمر الناس على : إن جاء عمر بالبذر من عنده فله الشطر . وإن جاؤوا بالبذر فلهم كذا . رواه البخاري

قيس ئىبنى مۇسلىمدىن، ئەبۇجەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەدىنىدىكى ھىجرەت قىلغان ئۆي ئەھلى يەنى مۇھاجىرلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك، تېرىلغۇ يەردىن چىققان كىرىمنىڭ ئۈچتەن بىرىگە ياكى تۆتتەن بىرىگە زىرائەت تېرىيتتى، ئەلى، سەئدى ئىبنى مالىك، ئىبنى مەسئۇد، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، قاسىم، ئۇرۋەت ئىبنى زۇبەير، ئەبۇبەكرىنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرى،ئۆمەر بىلەن ئەلىينىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرى، ئىبنى سىرىين قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ھەممىسى شۇنداق زىرائەت تېرىغان.ئىبنى ئەسۋەد مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئابدۇررەھمان ئىبنى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن زىرائەتتە شېرىك بولاتتىم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنى مۇنداق شەرت بىلەن ئىشلىتىپ مۇئامىلە قىلغان؛ ئەگەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇرۇقلىقنى ئۆز يېنىدىن چىقارسا، كىرىمنىڭ يېرىمى ئۈنىڭغابېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئۇرۇقلىقنى ئۆز يېنىدىن چىقارسا، كىرىمنىڭ يېرىمى ئۇلارغا بېرىلىدۇ، (يېرىمى يەر ئىگىسىگە بېرىلىدۇ)ئىمام بۇخارى توپلىغان.

## باب الإجارة - الفصل الأول   ئىجارە توغرىسىدا

2981 - [ 1 ] ( صحيح )عن عبد الله بن مغفل قال : زعم ثابت بن الضحاك أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن المزارعة وأمر بالمؤاجرة وقال : " لا بأس ا " . رواه مسلم

سابىت ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنىڭ زېمىنىنى، كىرىمنىڭ بەزىسىنى،ياكى يېرىمىنى يا ئۈچتەن بىرىنى بېرىپ ئىجارىگە تېرىشتىن توسقان. ئالتۇن ـ كۈمۈش،

پۇلغا ئىجارە بېرىشكە ياكى ئىپلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭدا چاتاق يوق دېگەن.مۇسلىم 2891 ــ ھەدىس،ئەھمەد 15794

**2982 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم احتجم فأعطى الحجام أجره واستعط**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قان ئالدۇرۇپ، قان ئالغۇچىغا ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بەرگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەئۇت ئۇسۇملىكى بىلەن بۇرنىنى داۋالىغان ئىدى.
بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2983 - [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما بعث الله نبيا إلا رعى الغنم " . فقال أصحابه : وأنت ؟ فقال : " نعم كنت أرعى على قراريط لأهل مكة " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر قوي باققان، ئۇلار؛ سىلمۇ قوي باققانمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛ ھەئە مەنمۇ مەككە ئەھلى ئۇچۇن پارچە ــ پۇرات، ئۇششاق پۇللارغا قوي بېقىپ بەرگەن،دېدى. (بىر قوينى بىر دەرھەمنىڭ ئۇششاق پارچىسىغا باققان). بۇخارى 2102 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2140 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**2984 - [ 4 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قال الله تعالى : ثلاثة أنا خصمهم يوم القيامة : رجل أعطى بي ثم غدر ورجل باع حرا فأكل ثمنه ورجل استأجر أجيرا فاستوفى منه ولم يعطه أجره " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە مەن ئۆزۈم داۋالاشقۇچى بولىمەن، 1 ـ ماڭا قەسەم قىلىپ، ئەھدى بېرىپ، ئاندىن ئەھدىسىنى بۇزۇپ خىيانەت قىلغان كىشى، 2 ـ ھۆر ئەركىن كىشىنى سېتىپ، پۇلىنى يېگەن كىشى، 3 ـ بىرەر كىشىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشقا سېلىپ، ئاندىن ئۇكىشى ئىشنى تولۇق قىلىپ تۈگەتسە، ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن كىشى، (بۇلاردىن ھېسابنى **الله** ئۆزى ئالىدۇ).بۇخارى توپلىغان.

**2985 - [ 5 ] ( صحيح )وعن ابن عباس : أن نفرا من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم مروا بماء فيهم لديغ أو سليم فعرض لهم رجل من أهل الماء فقال : هل فيكم من راق ؟ إن في الماء لديغا أو سليما فانطلق رجل منهم فقرا بفاتحة الكتاب على شاء فبرئ فجاء بالشاء إلى أصحابه فكرهوا ذلك وقالوا : أخذت على كتاب الله أجرا حتى قدموا المدينة فقالوا : يا رسول الله أخذ على كتاب الله أجرا . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أحق ما أخذتم عليه أجرا كتاب الله " . رواه البخاري وفي رواية : " أصبتم اقسموا واضربوا لي معكم سهما "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر نەچچە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار سۇ بويىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چايان چېقىۋالغان بىر كىشى بارئىكەن، سۇئەھلىدىن بىركىشى ساھابىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ؛ ئارىمىزدا يىلان ياكى چايان چېقىۋالغان بىركىشى بارئىدى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇنى داۋالاپ ئايىتى شىپا ئوقۇيدىغان كىشى بارمۇ؟ دېدى، ئاندىن ساھابىلاردىن بىرسى بېرىپ، بىر نەچچە قوي بېرىشكە، ئۇكىشىگە سۈرە پاتىھەنى ئوقۇيدۇ، ئۇكىشى ساقىيىدۇ، ئاندىن ئۇ ساھابە قويلارنى ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلار بۇئىشنى ياقتۇرماي، سەن **الله** نىڭ كىتابىغا ئەجىر ھەق ئاپسەن دەپ ئەيىبلەيدۇ، ئۇلار مەدىنىگە كەلگەندە؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!بۇ **الله** نىڭ كىتابىغا ئەجىر ھەق ئاپتۇ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەجىر، ئىش ھەققى ئالىدىغان نەرسەڭلارنىڭ ئەڭ لايىق، ھەقلىقراقى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، ساڭا ئۇ سۆزنىڭ ئايىتى شىپا بولۇپ كېسەلگە داۋا بولۇشىنى نېمە بىلدۇرگەن ئىدى؟ ھەقىقەتەن توغرا قىلىپسىلەر، تەقسىم قىلىۋېرىڭلار، ماڭىمۇ بىر ئۈلۈش

نسسۇە ئېلىپ قويۇڭلار دېدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ئىبابەتنىڭ كىتابىدا
توپلىغان 5296 _ ھەدىس. بۇخارى رەھمەھۇللا، بىر نەچچە قويغا رۇقى قىلىپ، ئايىتى شىپا ئوقۇپ، داۋالاشتا
شەرت قويۇش دەپ باب قويغان، شۇنداقلا، ئىجارىنىڭ كىتابىدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ، داۋالاشقا بېرىلگەن
ئەجىر ھەققى دەپ باب قويغان. شۇئبى رەھمەھۇللا مۇئەللىم شەرت قويمىسا، پەقەت ئازىراق نەرسە بېرىلسە،
ياكى شەرت قويسىمۇ قوبۇل قىلسا بولىدۇ دېگەن، يەنى بۇ تەپسىر ھەدىس ئۆگىتىش مەسىلىسى، ئىسلام
دۆلىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىدۇر، ھەسەن بەسرى، ئىلىم ئېلىشتائۇستازىغا 10 دەرھەم بېرەتتى،
مۇئەللىملەرنىڭ ئەجىر، ھەق ئېلىشنى ھېچ كىشى مەكرۇھ دېمىگەن دەپ مۇشۇ بابدا خاتىرلەندى، جۇمھۇر
ئالىملار؛ قۇرئان ئۆگىتىشكە ئەجىر، ھەق ئالسا بولىدۇ دېدى، دەلىل، مۇشۇ ھەدىستۇر، ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا،
ئايىتى شىپاغا بولىدۇ، ئىلىم ئۆگىتىشدە بولمايدۇ دېدى، چۈنكى، ئىبادەتكە ھەق ئېلىش دۇرۇس ئەمەس، ئەمما،
قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇشقا خوتۇن ئېلىپ بەرگىنى سەھىھ، بەزى ئالىملار؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسەللەمنىڭ ئەجىر، ھەق دېگىنى ساۋاب، ئەجىر بولىدۇ دېگەن، لېكىن، بۇ سۆزنى تىلاۋەتتە دېمىگەن، بەلكى
ئايىتى شىپا ئوقۇغاندا دېگەندۇر، كېسەلنى ساقايتسا، ئەنە شۇنداق دۇرۇس، ئەگەر ساختا بولسا، ساقايتالمىسا،
دۇرۇس ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئىشنى كەسىپ قىلىۋالسا، تېخىمۇ دۇرۇس ئەمەس، ساھابىلار، تابىئىنلار
ئۇنداق كەسىپ قىلماي، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى.

**2986 - [ 6 ] الفصل الثاني عن خارجة بن الصلت عن عمه قال : أقبلنا من عند رسول الله صلى الله عليه وسلم فأتينا على حي من العرب فقالوا : إنا أنبئنا أنكم قد جئتم من عند هذا الرجل بخير فهل عندكم من دواء أو رقية ؟ فإن عندنا معتوها في القيود فقلنا : نعم فجاؤوا بمعتوه في القيود فقرأت عليه بفاتحة الكتاب ثلاثة أيام غدوة وعشية أجمع بزاقي ثم أتفل قال : فكأنما أنشط من عقال فأعطوني جعلا فقلت : لا حتى أسأل النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " كل فلعمري لمن أكل برقية باطل لقد أكلت برقية حق " . رواه أحمد وأبو داود**

خارىجەتنىڭ تاغىسى ئەلاقەت ئىبنى سەھار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن قايتقاندا، ئەرەپ قەبىلىللىرىدىن بىر قەۋىمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدۇق، ئۇلاربىزگە؛
ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ مۇشۇ كىشىنىڭ قېشىدىن ياخشىلىق بىلەن كەلگەنلىك خەۋىرىڭلار بىزگە يەتتى، بىزنىڭ
قېشىمىزدا باغلاقتىكى بىر ئەقلىدىن ئاداشقان كىشى بار،سىلەردە ئۇنىڭغا داۋا بولغىدەك ئايىتى شىپا بارمۇ؟دېدى،
بىز:ھەئە بار دېسەك، ئۇلار بىزنىڭ قېشىمىزغا، باغلاقتىكى بىر ئەقلىدىن ئاداشقان كىشىنى ئېلىپ كەلدى، مەن
ئۇنىڭغا، ئۈچ كۈن ئەتىگەن _ ئاخشام سۈرە فاتىھەنى ئايىتى شىپا قىلىپ ئوقۇدۇم، ھەر قېتىم بۇ سۈرىنى تامام
قىلغاندا، تۈكۈرۈكىمنى يىغىپ ئۇنىڭغا تۈكۈردۇم، ئۇ كىشى خۇددى باغلاقدىن بوشانغاندەك، تېزلا ساقىيىپ
كەتتى، ئۇلار ماڭا نىسسۇە بەردى،مەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ سوراپ
باقمىغىچە بۇنى ئالمايمەن دەپ، مەن كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىشلارنى سۆزلەپ
بەرسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ سەن ئۇ نەرسىلەرنى يېگىن، ئۆمرۈم بىلەن قەسەمكى،
باشقا كىشىلەر باتىل، خاتا ئايىتى شىپالارنى ئوقۇپ يەيدۇ، لېكىن سەن، ھەقىقەتەن ھەق، توغرا ئايىتى شىپا
بىلەن يېدىڭ دېگەن. ئەبۇ داۋۇد 2966 _ ھەدىس، ئەھمەد 2083 _ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**2987 - [ 7 ] ( صحيح )**

**وعن عبد الله بن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعطوا الأجير أجره قبل أن يجف عرقه " . رواه ابن ماجه**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئىشلەتكەن ئىشچى، ئىجارىچى خادىملارنىڭ ،
مەدىكارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۇلارنىڭ تەرلىرى قۇرۇپ بولۇشىدىن بۇرۇن بېرىڭلار. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە،

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇ يەئالا، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەۋسەت جابىردىن، ھەكىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، ھەسەن.

**2988 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )وعن الحسين بن علي رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " للسائل حق وإن جاء على فرس " . رواه أحمد وأبو داود وفي المصابيح : مرسل**

ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سائىل گەرچە ئاتنىڭ ئۈستىدە كەلسىمۇ، ئۇنىڭ ھەققى باردۇر. ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد توپلىغان. ئۇممە ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىسكىننىڭ قولىغا گەرچە قوينىڭ ئۈكلەنگەن پاقالچىقىنىمۇ بولسا بەرگىن، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ھاۋائ بىنتى سەكەن رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سائىلنى قوينىڭ ئۈكلەنگەن پاقالچىقنى بىرىپمۇ بولسا قايتۇرۇڭلار، (قۇرۇق قول قايتۇرماڭلار) ئەھمەد، نەسەئى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:، سىلەرگە سائىل، دىۋانە كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ قولىغا گەرچە قوينىڭ ئۈكلەنگەن پاقالچىقىنىمۇ بولسا بىرىڭلار، ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئالللاھتائالا چىلك تۆرۈۋىلىپ سورايدىغان قىلىن دىۋانى، سائىلغا ئۆچتۇر. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**2989 - [ 9 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن عتبة بن المنذر قال : كنا عند رسول الله صلى الله عليه وسلم فقرأ : ( طسم )حتى بلغ قصة موسى قال : " إن موسى عليه السلام آجر نفسه ثمان سنين أو عشرا على عفة فرجه وطعام بطنه " . رواه أحمد وابن ماجه**

ئۇتبەت ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە **( طسم )**«تا سىن مىم»نى ئۇقۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىگە يەتكەندە؛«ھەققەتەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قۇرسىقنى تاماق بىلەن تويغۇزۇش ئۈچۈن، ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاپ ئىپپەتلىك بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى سەككىز يىل ياكى ئون يىل ئىجارىگە قويۇپ ئىشلىگەن دىدى. ئەھمەد بىلەن ئىبنى ماجە توپلىغان.

**2990 - [ 10 ] وعن عبادة بن الصامت قال : قلت : يا رسول الله رجل أهدى إلي قوسا ممن كنت أعلمه الكتاب والقرآن وليست بمال فأرمي عليها في سبيل الله قال : " إن كنت تحب أن تطوق طوقا من نار فاقبلها ". رواه أبو داود وابن ماجه**

ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن قۇرئان كىتاپ ئۆگىتىپ قويىدىغان كىشىلەردىن بىر كىشى ماڭا بىردانە ياچاق،ئوق-يا ھەدىيە قىلىپتۇ، ئۇ مال-دۇنيا بولمىغاندىكىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن **الله** يولىدا دۈشمەنگە ئوق ئاتسام بۇلامدۇ؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ قىيامەت كۈنى بويىنىڭغا ئوتتىن بۇيۇنچۇق كەيدۈرلىشىنى، بويىنىڭغا ئوتتىن بولغان ياچاقنىڭ يۆگىلىشىنى ياخشى كۆرسەڭ، ئۇنى قۇبۇل قىل دىدى. ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قۇرئان ئۆگەتكەنگە، ياچاق مىقدارى نەرسە ئەجىر ئالسا، قىيامەت كۈنى ئالللاھتائالا ئۇ كىشىنىڭ بويىنىغا شۇ ياچاقنىڭ ئورنىدا جەھەننەم ئوتىدىن بولغان ياچاق، ئوقيانى يۆگەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا مۇشۇ ھەدىسدىن قۇرئان ئوقىغان، ئۆگەتكەنگە ئەجىر ئېلىش ھارام دىگەن، چۈنكى، ئىبادەت ئالللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى كېرەك. ئەھۋاللار ئوخشاش ئەمەس، پەتىۋا ئوخشاش ئەمەس.

## باب إحياء الموات والشرب - الفصل الأول

## يەر ئېچىپ، تېرىلغۇ يەر ئەھيا قىلىش ۋە ئېچىملىك سۇ توغرىسىدا

**2991 - [ 1 ] ( صحيح )عن عائشة رضي الله عنها عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من عمر أرضا ليست لأحد فهو أحق " . قال عروة : قضى به عمر في خلافته . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم باشقىلارغا مەنسۇپ بولمىغان قاقاس زىمىننى يەر ئەھيا قىلىپ، گۈللەندۈرسە، ئۇ كىشى، شۇ زىمىنغا ھەقلىقراقتۇر. ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك مەزگىلىدە، مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلغان. ئەھمەد، بۇخارى ، سەھىھ.

**2992 - [ 2 ] ( صحيح )وعن ابن عباس : أن الصعب بن جثامة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا حمى إلا لله ورسوله " . رواه البخاري**

سۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: چېگرا پەقەت ئاللاھنىڭ،ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ بولىدۇ، (مەملىكەتۇللاھ، ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىدىن باشقىلارنىڭ چېگرا بېكىتىش ھوقۇقى يوق، يەرشارى ئاللاھنىڭدۇر). ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھىھ.

**2993 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عروة قال : خاصم الزبير رجلا من الأنصار في شراج من الحرة فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " اسق يا زبير ثم أرسل الماء إلى جارك " . فقال الأنصاري : أن كان ابن عمتك ؟ فتلون وجهه ثم قال : " اسق يا زبير ثم احبس الماء حتى يرجع إلى الجدر ثم أرسل الماء إلى جارك " فاستوعى النبي صلى الله عليه وسلم للزبير حقه في صريح الحكم حين أحفظه الأنصاري وكان أشار عليهما بأمر لهما فيه سعة**

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئۇرۋەت رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەنسارلاردىن بىركىشى بىلەن تاشلىق زىمىندىن ئېقىپ كەلگەن سەل سۈيى توغرىسىدا داۋالىشىپ قالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى زۇبەير! سەن سۇغىرىۋېلىپ، ئاندىن خوشناڭغا سۇنى ئەۋەتىپ بەرگىن دىدى، ئۇكىشى؛ زۇبەير سىنىڭ تاغاڭنىڭ بالىسى بولغانلىقى ئۇچۈن شۇنداق ھۆكۈم قىلامسەن؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەزەپتىن چىرايى ئۆزگىرىپ كىتىپ، ئاندىن ؛ئى زۇبەير! سەن سۇ تامنىڭ ئۇلىغا چىققانغا قەدەر سۇغىرىۋېلىپ، ئاندىن خوشناڭغا سۇنى ئەۋەتىپ بەرگىن دىدى. ھېلىقى كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۇرۇپ غەزەپلەندۇرگەندە، ئاندىن ئۇچۇق ھۆكۈم قىلىپ، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەققىنى تولۇق كامىل ئېلىپ بەردى، دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇچۇن كەڭرىچىلىك،ئاسانلىق بىلەن ئىشارەت قىلغان ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ.

**2994 - [ 4 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تمنعوا فضل الماء لتمنعوا به فضل الكلأ "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر قۇدۇق ئەتراپىدىكى ئوت ــ چۆپلەرنى چەكلەپ، توسۇش ئۇچۇن سۇنىڭ ئاشقىنىنى چەكلەپ توساڭلار. (سۇنى توسسا، ئوت ـ چۆپمۇ توسۇلۇپ قالىدۇ)بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سۇنىڭ ئاشقىنى، ھاجەتتىن زىيادىسى، قۇدۇقنىڭ سۈيى چەكلەنمەيدۇ، باشقىلارنى توسىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم تويلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇدۇق ئەتراپىدىكى ئوت ــ چۆپلەرنى سېتىپ بېرىش مەخسىتىدە قۇدۇقنىڭ ئاشقان سۈيى سېتىلمايدۇ.

(قۇدۇقنىڭ ئېشىپ قالغان سۈيىنى ساتسا بولمايدۇ، ھەممىسىنىڭ ھەققى بار). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار ئۈچ نەرسىدە شېرىكتۇر، ئوت ــ چۆپ، يايلاقتا، سۇدا، تاماق پىشۇرىدىغان ئوتتا، باراۋەر ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەھنۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ نەرسە كىشىلەردىن چەكلەپ توسۇپ قېلىنمايدۇ، سۇ، ئوت ــ چۆپ، ئوتتۇر، (يەنى ئىچىدىغان سۇ، يايلاق، ياقىدىغان ئوت) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2995 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاثة لا يكلمهم الله يوم القيامة ولا ينظر إليهم رجل حلف على سلعة لقد أعطي ا أكثر مما أعطى وهو كاذب ورجل حلف على يمين كاذبة بعد العصر ليقتطع ا مال رجل مسلم ورجل منع فضل ماء فيقول الله : اليوم أمنعك فضلي كما منعت فضل ماء لم تعمل يداك "

وذكر حديث جابر في " باب المنهي عنها من البيوع "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ.

1. مېلىنى يالغان قەسەم قىلىپ ساتقان كىشى بولۇپ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا شۇ يالغان قەسەم سەۋەبىدىن بېرىلمەكچى بولغان نەرسىدىن كۆپرەك بېرىلىدۇ.

2. مۇسۇلمان كىشىلەرنىڭ مال ــ مۈلكىنى يۇلىۋېلىش، يۇتۇۋېلىش مەخسىتىدە ئەسىر نامىزىدىن كېيىن يالغان قەسەم قىلغان كىشى.

3. سۈيىنىڭ ئاشقىنىنى باشقىلارغا بەرمەي چەكلىگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا سېنىڭ ئىككى قولۇڭ ھېچ ئەمەل خىزمەت قىلمىغان سۇنىڭ ئاشقىنىنى سەن بەرمىگەندەك، بۈگۈن مەن مېنىڭ پەزلىمنى، رەھمىتىمنى، ساڭا بەرمەي چەكلەپ قويىمەن دەيدۇ. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

2996 - [ 6 ] الفصل الثاني

عن الحسن عن سمرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من أحاط حائطا على الأرض فهو له " . رواه أبو داود

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ئۆلۈك، قۇرغاق زېمىننى يەر ئەھيا قىلىپ، ئەتراپىغا تام سوقسا، قىر سالسا، ئۇ يەر شۇ كىشىنىڭ بولىدۇ، شۇكىشى تېرىيدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

2997 - [ 7 ] ( لم تتم دراسته )وعن أسماء بنت أبي بكر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أقطع للزبير نخيلا .رواه أبو داود

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر خورمىزارلىق باغنى بۆلۈپ بەرگەن ئىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

2998 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم أقطع للزبير حضر فرسه فأجرى فرسه حتى قام ثم رمى بسوطه فقال : " أعطوه من حيث بلغ السوط " . رواه أبو داود

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېتىنىڭ ئايىقى يېتىپ، تۇۋاق ئىزلىرى چىقان يەرنى بۆلۈپ بەرگەن ئىدى، ئېتىنى چاپتۇرۇپ، ئاندىن بىرجايدا

توختاپ، قامچىسنى ئاتتى، ئاندىن«ئۇنىڭغا قامچا يەتكەن جايدىن تارتىپ بىرىڭلار» دىدى.ئەبۇداۋۇدتوپلىغان.

**2999 - [ 9 ] ( لم تتم دراسته )وعن علقمة بن وائل عن أبيه : أن النبي صلى الله عليه وسلم أقطعه أرضا بحضرموت قال : فأرسل معي معاوية قال : " أعطها إياه " . رواه الترمذي والدارمي**

ئەلقەمەتنىڭ دادىسى ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ھەزرەمۇتتىكى بىر زىمىننى بۆلۈپ بىرىپ، مەن بىلەن بىللە مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭغا: سەن بۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىپ، بۇنىڭغا ئۇ زىمىننى بۆلۈپ بەرگىن، دىگەن. تىرمىزى، دارىمى توپلىغان.

**3000 - [ 10 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبيض بن حمال المأربي : أنه وفد إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فاستقطعه الملح الذي بمأرب فأقطعه إياه فلما ولى قال رجل : يا رسول الله إنما أقطعت له الماء العد قال : فرجعه منه قال : وسأله ماذا يحمى من الأراك ؟ قال : " ما لم تنله أخفاف الإبل " . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي**

مەئرەبىيلىك ئەبيەز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەلچى بۇلۇپ كىلىپ؛ رەسۇلۇللاھتىن مەئرەبىيدىكى تۇزنى بۆلۈپ بىرىشنى سوردى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئۇتۇزنى بۆلۈپ بەردى، ئۇ ئارقىسغا ئۆرۈلۈپ ماڭغاندا، بىركىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى ئۇنىڭغا ماددىسى،كىلىش مەنبەسى تۈگىمەس، مەدەن كاڭغا ئوخشاش سۇ بايلىقنى بۆلۈپ بىرىپتىلە دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇكىشىدىن ئۇتۇزنى قايتۇرىۋالدى، مەئرەبىيلىك ئەبيەز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھتىن؛(يەر ئەھيا قىلىشتا) ئىراك ياغىچى بار زىمىندىن قەيەرگىچە چىگراقىلىنسا بۇلىدۇ؟ دەپ سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ تۆگىنىڭ تاپانلىرى يەتمىگەن جايغىچە چەك ـ چىگرا قىلىنىدۇ(ئەنەشۇنىڭدىن يىراق جايلاردىكى زىمىننى يەر ئەھيا قىلساڭ بۇلىدۇ)دىدى. تىرمىزى،ئىبنى ماجە، دارىمى توپلىغان. چارۋا ـ ماللارمۇ بارالمىغان جايدىن يەر ئەھيا قىلىنىدۇ.

**3001 - [ 11 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المسلمون شركاء في ثلاث : الماء والكلأ والنار " . رواه أبو داود وابن ماجه**

بىر ساھابە،ئىبنى ئاببانس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمانلار ئۈچ نەرسىدە شىرىكتۇر، ئوت ــ چۆپ يايلاقتا، سۇدا، تاماق پىشۇرىدىغان ئوتتا، باراۋەر ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3002 - [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن أسمر بن مضرس قال : أتيت النبي صلى الله عليه وسلم فبايعته فقال : " من سبق إلى ماء لم يسبقه إليه مسلم فهو له " . رواه أبو داود**

ئەسمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ بەيئەت قىلغاندا مۇنداق دىگەن؛ كىم، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئىلگىرى بېرىپ ئىگەللىمىگەن سۇنىڭ قېشىغا بۇرۇن بارسا، ئۇ سۇ، شۇ بۇرۇن بېرىپ ئىگەللىگەن كىشىنىڭ بۇلىدۇ. ئەبۇداۋۇد تۇولىغان.

**3003 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن طاوس مرسلا : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من أحيى مواتا من الأرض فهو له وعادي الأرض لله ورسوله ثم هي لكم مني " . رواه الشافعي**

تائوس رەھمەھۇللادىن مۇرسەل ھالدا يەنى ساھابىنى قويۇپ، تابىئىن تائوس رەھمەھۇللا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن دېدى: كىم ئۇلۇك قاقاس زېمىننى تىرىلدۈرۈپ يەر ئەھيا قىلسا، ئۇ يەر شۇنىڭ بولىدۇ، زېمىننىڭ بارلىق جايلىرى ھەتتا يايلاقلىرىمۇ،قەدىمىي زېمىنمۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بولىدۇ، ئاندىن ئۇ سىلەرگە مەن ئارقىلىق بېرىلىدۇ، شافىئى رەھمەھۇللا خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن، چۈنكى، ھەدىس ئەنىقلا مۇرسەل زەئىپ،باش تەرىپكە سەھىھ ھەدىس بار.

**3004 - [ 14 ] وروى في " شرح السنة " : أن النبي صلى الله عليه وسلم أقطع لعبد الله بن مسعود الدور بالمدينة وهي بين ظهراني عمارة الأنصار من المنازل والنخل فقال بنو عبد بن زهرة : نكب عنا ابن أم عبد فقال لهم رسول الله : " فلم ابتعثني الله إذا ؟ إن الله لا يقدس أمة لا يؤخذ للضعيف فيهم حقه "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە ئۇنىڭغا ئۆي سالدىغان بىر مەيداننى بۆلۈپ بىرىدۇ، بۇجاي ئەنسارلارنىڭ خورمىلىق باغ، ئۆي _ئىمارەتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدى، ئاندىن بەنۇئابدۇزززۆھرەلەر؛ ئىبنى مەسئۇدنىڭ جايىنى بىزدىن يىراقراق جايغا يۆتكىۋەتسىلە دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: ئانداقتا، **الله** تائالا نېمە ئۈچۈن مىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى؟، ھەقىقەتەن ئاجىزلىرىغائۇلارنىڭ ھەقلىرىنى بەرمەيدىغان ئۈممەتنى ئاللاھ مۇقەددەس قىلمايدۇ، پاكلىمايدۇ، (چۈنكى، ئۇلاردا كىشلەر ھەققى بار، ئۇلار زالىم بولىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سوفيان ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، كۈچلۈكلىرىدىن ئاجىزلىرىنىڭ ھەققىنى، ئاجىزلارنى قورقۇتماستىن، ئۇلارغا ئەزىيەت، مۇسىبەت يەتكۈزمەستىن ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىپ بەرمەيدىغان ئۈممەتنى پاكلىمايدۇ، مۇقەددەس قىلمايدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3005 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قضى في السيل المهزور أن يمسك حتى يبلغ الكعبين ثم يرسل الأعلى على الأسفل . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، تاشلىق زېمىندىن ئۆزى ئېقىپ كەلگەن سەل سۈيى توغرىسىدا مۇنداق ھۆكۈم قىلغان: يۇقىرىدىكى كىشى باغ،يەرلىرىگە ئىككى ھۇشقىغا چىققىچە سۇقۇيۇۋېلىپ، ئاندىن ئۈستىدىكى كىشى ئاستىدىكىلەرگە سۇنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ.ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە.

**3006 - [ 16 ] ( لم تتم دراسته )وعن سمرة بن جندب : أنه كانت له عضد من نخل في حائط رجل من الأنصار ومع الرجل أهله فكان سمرة يدخل عليه فيتأذى به فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فذكرذلك له فطلب إليه النبي صلى الله عليه وسلم ليبيعه فأبى فطلب أن يناقله فأبى قال : " فهبه له ولك كذا " أمرا رغبه فيه فأبى فقال : " أنت مضار " فقال للأنصاري : " اذهب فاقطع نخله " . رواه أبو داود    وذكر حديث جابر : " من أحيى أرضا " في " باب الغصب " برواية سعيد بن زيد . وسنذكر حديث أبي صرمة : " من ضار أضر الله به " في " باب ما ينهى من التهاجر "**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،ئۇنىڭ، ئەنسارلاردىن بولغان بىركىشىنىڭ بېغىدا، بىر قاتار خورمىسى ياكى مىۋىسگە قول يەتكىدەك بىر تۈپ خورمىسى بار ئىدى، ئۇكىشىنىڭ ئەھلى ـ باللىرى بار بولغاچقا، سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇ باغقا كىرسە، ئۇكىشى ئەزىيەت ھىس قىلىپ قېلىپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بايان قىلىپ دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇ خورمىسىنى سېتىپ بېرىشىنى، ئۇكىشىنىڭ سېتىۋېلىشىنى تەلەپ قىلسا، سۇمرەت ئۇنىمايدۇ، ئاندىن باشقا يەردىن ئۇنىڭ ئورنىغا بۆلەك خورما بېرىشىنى دىسە، ئۇيەنە ئۇنىمايدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ خورماڭنى ئۇكىشىگە سوغا ـ سالام، ھەدىي قىلىپ بەرگىن، ساڭا جەننەتتە مۇنداق،مۇنداق ئەجىرلەر بېرىلىدۇ دەپ، تەرغىب قىلسىمۇ،(ئۇنىڭ ئاداۋىتى،ئاچچىقى بولغاچقا)يەنە ئۇنىمايدۇ، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ سەن باشقىلارغا زەرەر يەتكۈزگۈچى بولدۇڭ دەپ، ئەنسارىغا؛ سەن بېرىپ، ئۇنىڭ خورمىسىنى كىسىۋەتكىن دىدى.ئەبۇداۋۇد 3152 ـ ھەدىس.

**3007 - [ 17 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن عائشة أنا قالت : يا رسول الله ما الشيء الذي لا يحل منعه ؟ قال : " الماء والملح والنار " قالت : قلت : يا رسول الله هذا الماء قد عرفناه فما بال الملح والنار ؟ قال : " يا حميراء أمن أعطى نارا فكأنما تصدق بجميع ما أنضجت تلك النار ومن أعطى ملحا فكأنما تصدق بجميع ما طيبت تلك الملح ومن سقى مسلما شربة من ماء حيث يوجد الماء فكأنما أعتق رقبة ومن سقى مسلما شربة من ماء حيث لا يوجد الماء فكأنما أحياها " . رواه ابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چەكلەپ، توسۇۋېلىش ھالال بولمايدىغان نەرسىلەر قايسى؟ دەپ سوراپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ، تۇز، ئوت دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۇنىغۇ بىز بىلىمىز، تۇز بىلەن ئوتنىڭ ئىشى قانداق؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يا ھومەيرائ يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، كىم ئوتنى بېرىپ تۇرسا ھەدى قىلسا، خۇددى شۇ ئوت پىشۇرغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ، كىم تۇزنى بېرىپ تۇرسا، شۇ توز تاتلىق قىلغان، تېتىغان تائاملىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلغان بو لىدۇ، كىم بىرەر مۇسۇلماننى سۇ تېپىلىدىغان جايدا بىر ئوتلام سۇ بىلەن سۇغاسا، ئۇ خۇددى بىر قۇل ئازاد قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى سۇ تېپىلمايدىغان جايدا سۇغارسا، ئۇ خۇددى شۇ ئۇسسۇز كىشىنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دىگەن.

**باب العطايا - الفصل الأول** ئاتايا، سوغا سالام بېرىش توغرىسىدا

**3008 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عمر رضي الله عنهما أن عمر أصاب أرضا بخيبر فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله إني أصبت أرضا بخيبر لم أصب مالا قط أنفس عندي منه فما تأمرني به ؟ قال : " إن شئت حبست أصلها وتصدقت ا " . فتصدق ا عمر : أنه لا يباع أصلها ولا يوهب ولا يورث وتصدق ا في الفقراء وفي القربى وفي الرقاب وفي سبيل الله وابن السبيل والضيف لا جناح على من وليها أن يأكل منها بالمعروف أو يطعم غير متمول قال ابن سيرين : غير متأثل مالا**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەيبەردىكى بىر زىمىنغا ئېرىشىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن خەيبەردىن بىر زىمىنغا ئېرىشتىم، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنىڭدىن ئېسىلراق بىرەر مالغا ھەرگىز ئېرىشىپ باقمىغان ئىدىم، ئۇ مالنى بىر تەرەپ قىلىشتا مېنى نىمىگە بۇيرىيلا؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر خالىساڭ، ئۇنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ قېلىپ، ۋەقفە قىلىپ، كىرىملىرىنى سەدىقە قىل، دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇزىمىنىنى ئۇنىڭ ئەسلى سېتىلماسلىقى، باشقىلارغا سوغا قىلىپ بېرىلمەسلىككە، مىراس قالدۇرۇلماسلىقى سەدىقە قىلدى، ئۇنى قەپىر ـ مىسكىنلەرگە، يېقىن تۇققانلىرىغا، قۇل ئازات قىلىشقا، الله يولىغا، مۇساپىر، مېھمانلارغا سەدىقە قىلدى، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپ باشقۇرغان كىشى ئۇنىڭدىن ياخشىلىقچە يىسە، مال ـ مۈلۈكىنى كۆپەيتىپ توپلىۋالماستىن ئۆزىگە، ئەھلىگە،باشقىلارغا ئۇنىڭدىن تاماق بەرسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ يوقتۇر. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3009 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " العمرى جائزة "**

جابىر، ئەبۇ ھۈرەيرە، سۇمرەت، زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇمرا يەنى مەن ھاياتلا بولسام، بارلىق مال ــ مۈلۈكۈمدىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ھوقۇقتا ئىگە دىيىش، شۇنىڭ ئۆز ئەھلىگە دۇرۇستۇر. (جائىز دىگەن دۇرۇس بۇلۇپ يۇرىيدۇ دىگەن بۇلىدۇ)ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3010 - [ 3 ] ( صحيح )وعن جابر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن العمرى ميراث لأهلها " . رواه مسلم**

جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇمرا قىلىپ بېرىلگەن مال ــ دۇنيا، ئۆز ئەھلىگە مىراس قالىدۇ، (يەنى يۇقىرقى سۆز دېيىلگەن، شۇ مال بېرىلگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، مال ئىگىسى تېخى ھايات بولسا، بۇ ماللارغا ئۆلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى ۋارىس بولۇپ، مىراس ئالالايدۇ، پايدىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ سۆزنى دېگۈچى تېخى ھايات ــ دە!) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇمرا، رۇقبا قىلىش، يەنى يۇقىرقىدەك مال ــ مۈلكنى ھەدىي قىلىشلار، شۇ مال ئىگىسى ئۇمرا، رۇقبا قىلىپ بەرگەن كىشى ئۈچۈن دۇرۇس، (باشقىلار قالايمىقان تەسەررۇپ قىلمايدۇ) سەدىقە، ئېھسان قىلغان نەرسىگە قايتىۋالغۇچى، ھۆ! قىلىپ قۇسقان قۇسۇقىغا قايتقۇچىغا ئوخشاش، يەنى ھارام، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3011 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيما رجل أعمر عمرى له ولعقبه فإنما الذي أعطيها لا ترجع إلى الذي أعطاها لأنه أعطى عطاء وقعت فيه المواريث "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشىگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋارىسلىرىغا، بىرەر مال ــ دۇنيا ئۇمرا قىلىپ، ھاياتلا بولسام، مەن ۋە سەن، ۋە سېنىڭ كەينىڭدىكى ۋارىسلىرىڭ تەڭ بەھرىمەن بولىمىز دېيىلسە، ھەقىقەتەن ئۇ مال ـ دۇنيا، (بېرىلگەن شۇ كىشىگە ۋە ۋارىسلىرىغا يېتىدۇ)، بېرىلگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە،ئۇنىڭ ھەققى بەرگەن مال ئىگىسىگە قايتمايدۇ،بەلكى،شۇسۆز دېيىلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ،چۈنكى ئۇبەرگەن كىشى، ئۆلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى مىراس سۈپىتىدە ئالىدىغان سوغا ـ سالام بەردى.بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان،سەھىھ. ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە مال ــ دۇنياسىنى ئۇمرا قىلسا، (يەنى ھاياتلا بولسام، بۇ ماللاردىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز، بۇھەم سېنىڭ ۋارىسىڭنىڭ دېسە) ئۇ ماللار شۇ كىشىگە ۋە كېيىنكى ئىز باسار ۋارىسلىرىغا يېتىدۇ، ۋارىسلىرى ۋارىس بولۇپ، تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، (چۈنكى، ئۇ ساڭا ۋە ۋارىسىڭغا دېگەن) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3012 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعنه قال : إنما العمرى التي أجاز رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يقول : هي لعقبك فأما إذا قال : هي لك ما عشت فإنما ترجع إلى صاحبها**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇرۇس قىلىپ بەرگەن ئۆمرا بولسا، كىشى؛ «بۇماللار سېنىڭ ۋە سەندىن كېيىنكى ۋارىسلىرىڭنىڭدۇر»دەيدۇ، ئەگەر بۇ ماللار سەن ھايات بولساڭلا سېنىڭ بولىدۇ، سەن ئۆلسەڭ بۇ سۆزۈمنىڭ كۈچى تۈگەيدۇ دېسە، ئۇچاغدا شۇ سۆز دېيىلگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، مال ئۆز ئىگىسىگە قايتىدۇ. بۇخارى، مۇسلىم.

**3013 - [ 6 ] الفصل الثاني**

**عن جابر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا ترقبوا أو لا تعمروا فمن أرقب شيئا أو أعمر فهي لورثته " . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:سىلەر «مەن ئۆلسەم بۇ ماللار سېنىڭ، مەن ھاياتلا بولسام ياكى سەن ھاياتلا بولساڭ بۇ ماللاردىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز» دېمەڭلار، كىم مال ــ مۈلكىدىن بىرەر نەرسىنى يۇقىرقىدەك دەپ ئۇمرا رۇقبا قىلسا، ياكى بىرەر كىشىگە شۇنداق قىلىنسا، ئۇ ماللار، شۇ سۆزنى دېگۈچى،ياكى دېيىلگۈچى ئۆلگەن ھامان، ھېلىقى كىشىنىڭ ۋارىسىنىڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد،

نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. بەزىلەر يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتكەن ھەدىسنى دەلىل قىلىپ، ۋەسىيەت قىلىنغان مىقداردا مالنىڭ ئۈچتەن بىرى بېرىلىدۇ دېدى. لېكىن، مىراس ۋارىسنىڭ بولاتتى، بەزىلەر ئۇمرا، رۇقبا، ھەدىي، سوۋغا ــ سالامغا ئوخشاش دۇرۇس. ۋارىسنىڭ بۇلىدۇ دېگىنى؛ شۇ سۆز دېيىلگەن، نەرسە بېرىلگەن كىشىنىڭ ۋارىسىنىڭ بولىدۇ، بۇ دۇرۇس دېگەن. ئۇمرا رۇقبا جائىز دېگىنى يۇرۇپ كېتىدۇ، بەرگۈچى قايتۇۋالالمايدۇ دېگەن بولىدۇ. توسقان نەھىيلار؛ مال ــ مۈلۈكنى قولدىن چىقارماسلىقتا دېيىلگەن، مەكرۇھ ياكى ئەمەلدىن قالغان، بۇ مۇتلەق دۇرۇس دېيىلدى، نەسەئى شەرھىسىدىن ئېلىندى. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

**3014 - [ 7 ] وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " العمرى جائزة لأهلها والرقبى جائزة لأهلها "رواه أحمد والترمذي وأبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مال ــ مۈلكنى ئۇمرە قىلىش، رۇقبا قىلىش، يەنى ھاياتلا بولسام بۇ ماللاردىن تەڭ مەنپەئەتلىنىمىز، مەن ئۆلۈپ كەتسەم بۇ مال ــ دۇنيالار ساڭا قالسۇن دېيىش دۇرۇس.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ھاياتلا بولسام، بۇ ماللار سېنىڭ دەپ بېرىلگەن ھەدىي، ئېھسان ماللىرى شۇ سۆز دېيىلگەن، شۇ مال بېرىلگەن كىشى ئۈچۈن بولىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مال ــ مۈلكىڭلارنى مەن ئۆلسەم سېنىڭ بولسۇن دېمەڭلار، كىم بىرەر نەرسىنى شۇنداق دېسە، ئۇ نەرسە شۇ سۆز دېيىلگەن كىشىنىڭ بولىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3015 - [ 8 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أمسكوا أموالكم عليكم لا تفسدوها فإنه من أعمر عمرى فهي للذي أعمر حيا وميتا ولعقبه " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە قىلساڭلارمۇ، بىر قىسىم مىلىكڭلارنى ئۆزۈڭلارغا ئېلىپ قېلىڭلار، مالنى پاساد قىلىپ بۇزماڭلار، كىم مىلىنى ئۆمراى قىلسا، (يەنى مەن ھاياتلا بولسام، مىلىمدىن تەڭ بەھرىمەن بولسەن دېسە) ئۇ مال شۇنداق دېيىلگەن كىشى ھايات چاغدىمۇ ۋە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، شۇ كىشىگە تەڭ بېرىلىدۇ، ھەتتا، ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىلىدۇ، (پەقەت شۇ سۆزنى دېگۈچى، ھايات بولسىلا) ئەھمەد، مالىك، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئەرەبلەر ئادىتىدە ھايات بولسىلا، مالدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتۇر، باشقىلاردىمۇ تاپقانى تەڭ ئىستىمال قىلىش مەۋجۇد.

**3016 - [ 1 ] باب - الفصل الأول ( صحيح )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من عرض عليه ريحان فلا يرده فإنه خفيف المحمل طيب الريح " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە رەيھان گۈل تەقدىم قىلىنسا، ئۇنى رەت قىلمىسۇن، چۈنكى ئۇ كۆتۈرۈشكە يەڭگىل، پۇرىقى خۇشپۇراقتۇر. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە خۇشپۇراق گۈل ياكى ئەتىر تەقدىم قىلىنسا، ئۇنى رەت قىلمىسۇن، چۈنكى ئۇ كۆتۈرۈشكە يەڭگىل، ئەپلىك، پۇرىقى خۇشپۇراقتۇر. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3017 - [ 2 ] ( صحيح )وعن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان لا يرد الطيب . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خۇشپۇراق ئەتىر ھەدىي قىلىنسا، ئۇنى رەت قىلمايتتى، قايتۇرمايتتى. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3018 - [ 3 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " العائد في هبته كالكلب يعود في قيئه ليس لنا مثل السوء " . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆزىنىڭ سەدىقە ــ ئېھسانغا قايتىۋالغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ ياندۇرغان قۇسۇقىغا قايتقان ئىتقا ئوخشايدۇ، بىز ئۈچۈن بۇنداق يامان مىسال، ناچار تەمسىل قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، (يەنى بەرگەن ھەدىي، سەدىقىگە قايتىۋېلىپ، ئېلىۋالسا بۇ ھارام). بۇخارى 6460 ــ ھەدىس، مۇسلىم 3049 ــ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى 3641 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ماجە، ئەھمەد 2858 ــ ھەدىس، ئىبنى ئەدى، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ. كىشلەرگە ياخشىلىقچە بەرگەن سەدىقە ــ ئېھسان، ھەدىيگە قايتىۋېلىپ، ئېلىۋېلىش ھارامدۇر، زاكاتمۇ شۇنداق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەرگەن سەدىقە ــ ئېھسان، ھەدىيسىگە قايتىۋالغۇچى، قۇسۇقىغا قايتقۇچىغا ئوخشاشتۇر، (يەنى ئېھساننى قايتۇرىۋېلىش ھارامدۇر) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سوۋغا ــ سالام، سەدىقە ــ ئېھسان، ھەدىيلىرىدىن قايتىۋالغۇچى كىشى، ئالدى بىلەن يەپ، ئاندىن تويۇپ، قۇسۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ قۇسقان نەرسىسىگە يەنە قايتىپ كېلىپ يىگەن ئىتقا ئوخشايدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسدىن ھەدىي، سەدىقە ــ ئېھسان قىلغان نەرسىسىدىن يېنىۋېلىش ھارام دېدى.

**3019 - [ 4 ] ( متفق عليه )وعن النعمان بن بشير أن أباه أتى به إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : إني نحلت ابني هذا غلاما فقال : " أكل ولدك نحلت مثله ؟ " قال : لا قال : " فأرجعه " . وفي رواية : أنه قال : " أيسرك أن يكونوا إليك في البر سواء ؟ " قال : بلى قال : " فلا إذن " . وفي رواية : أنه قال : أعطاني أبي عطية فقالت عمرة بنت رواحة : لا أرضى حتى تشهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فأتى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : إني أعطيت ابني من عمرة بنت رواحة عطية فأمرتني أن أشهدك يا رسول الله قال : " أعطيت سائر ولدك مثل هذا ؟ " قال : لا قال : " فاتقوا الله واعدلوا بين أولادكم " . قال : فرجع فرد عطيته . وفي رواية : أنه قال : " لا أشهد على جور "**

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، دادام مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ؛ مەن ماۋۇ بالامغا نىسىۋە ، ھەدىي بۇلۇپ بەردىم دىدى، رەسۇلۇللاھ:ھەممە بالاڭغا شۇنىڭغا ئوخشاش بەردىڭمۇ؟ دىدى، دادام ياق دىدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇنداق بولسا قايتۇرىۋالغىن دىدى.يەنەبىرخاتىردە:باللىرىڭنىڭ ھەممىسى ساڭا ياخشىلىق قىلىشتا، بارابەر ئوخشاش بۇلۇشىنى ياخشى كۆرمەمسەن؟ دىدى، دادام؛ ئەلۋەتتە ئوخشاش بۇلىشنى ياخشى كۆرىمەن دىدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇنداق بولسا، ھەممىسگە ئوخشاش ئادىل بەرمەسلىكىڭ دۇرۇس ئەمەس دىدى.يەنەبىرخاتىردە:دادام ماڭا ھەدىي قىلىپ نەرسە بەردى، ئانام ئۆمرەت بىنتى راۋاھە؛ سەن رەسۇلۇللاھنى گۇۋاھچى قىلمىساڭ، مەن رازى بولمايمەن دىدى، دادام كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن ماۋۇ ئۆمرەت بىنتى راۋاھەدىن بولغان بالامغا ھەدىي قىلىپ نەرسە بەرسەم، ئۇماڭا؛ سەن رەسۇلۇللاھنى گۇۋاھچى قىلمىساڭ، مەن رازى بولمايمەن دەپ، سىلىنى گۇۋاھچى قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى دىدى، رەسۇلۇللاھ:قالغان ھەممە باللىرىڭغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بەردىڭمۇ؟ دىدى، دادام ياق دىۋىدى، رەسۇلۇللاھ : ئاللاھدىن قورقۇڭلار، باللىرڭلار توغرىسىدا ئادىل بولۇڭلار،مەن بۇنداق زۇلۇمغا گۇۋاھچى بولمايمەن دىدى. ئۇ قايتىپ بېرىپ، نەرسىسنى قايتۇرىۋالدى. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىدى، سەھىھ.

**3020 - [ 5 ] الفصل الثاني عن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يرجع أحد في هبته إلا**

**الوالد من ولده " . رواه النسائي وابن ماجه**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاتا ــ ئانىلاردىن باشقا ھىچ قانداق بىركىشى بەرگەن ھەدىى، سوۋغا ــ سالاملىرىغا قەتئىي قايتىۋالالمايدۇ، پەقەت ئاتا ــ ئانىلار باللىرىغا بەرگەن نەرسلىرىدىن قايتىۋالالايدۇ. (چۈنكى، باللارنىڭ نەرسىسى شۇلارنىڭ). سوۋغا ــ سالام، ھەدىيلىرىگە قايتىۋالغۇچى، ئۆزىنىڭ قۇسقان قۇسۇقىغا قايتقۇچىغا ئوخشاشتۇر، يەنى بۇ ھارامدۇر. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.

**3021 - [ 6 ] وعن ابن عمر وابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يحل للرجل أن يعطي عطية ثم يرجع فيها إلا الوالد فيما يعطي ولده ومثل الذي يعطي العطية ثم يرجع فيها كمثل الكلب أكل حتى إذا شبع قاء ثم عاد في قيئه " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه وصححه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق كىشىنىڭ بەرگەن سەدىقە ــ ئىھسان، سوۋغا ــ سالاملىرىدىن قايتىۋىلىپ، ئۇنى ياندۇرۇۋىلىشى ھالال ئەمەس، پەقەت ئاتا ــ ئانا، بالىسىغا بەرگەن نەرسىدىن قايتىۋالسا بولىدۇ، سوۋغا ــ سالام، ھەدىي، ئىھسانلىرىغا قايتىۋالغۇچى، خۇددى يەپ تويۇپ، ئاندىن قۇسۇپ ئۆز قۇسقىنى يىگەن ئىتقا ئوخشايدۇ. ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.

**3022 - [ 7 ] وعن أبي هريرة : أن أعرابيا أهدى لرسول الله صلى الله عليه وسلم بكرة فعوضه منها ست بكرات فتسخط فبلغ ذلك النبي صلى الله عليه وسلم فحمد الله وأثنى عليه ثم قال : " إن فلانا أهدى إلي ناقة فعوضته منها ست بكرات فظل ساخطا لقد هممت أن لا أقبل هدية إلا من قرشي أو أنصاري أو ثقفي أو دوسي . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىرئەئرابىي كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر بۇتلاق تۇگە ھەدىي قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇكىشىگە، ئۇنىڭ بەدىلگە ئالتە بۇتلاق تۇگە بەرسىمۇ، ئۇكىشى يەنە خاپابۇلۇپ كايىيدۇ، بۇئىش رەسۇلۇللاھقا يىتىپ قىلىپ، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتقاندىن كىيىن : ھەقىقەتەن پالانى ماڭا بىر تۆگە ھەدىي قىلغان ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئورنىغا ئالتە بوتلاق تۆگىنى ھەدى قىلىپ، ياخشىلىقنى قايتۇرساممۇ، ئۇ دائىم مەندىن خاپا بولۇپ، ئاچچىقلاۋەردى، جەزمەن مەن ھىچكىشىدىن ھەدىينى قوبۇل قىلماسلىققا مەخسەت قىلدىم، پەقەت قۇرەيشدىن ياكى ئەنسارىلاردىن ياكى سوقەپى،دوۋەسىي قەبىلىسىدىكىلەردىن قوبۇل قىلىمەن،دىدى. ئەھمەد ،نەسەئى،ئەبۇداۋۇد ، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

**3023 - [ 8 ] وعن جابر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من أعطي عطاء فوجد فليجز به ومن لم يجد فليثن فإن من أثنى فقد شكر ومن كتم فقد كفر ومن تحلى بما لم يعط كان كلابس ثوبي زور " . رواه الترمذي وأبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرەر كىشىگە بىر نەرسە بىرىلسە، ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرغىدەك نەرسە تاپالىسا، جاۋاب قايتۇرسۇن، نەرسە تاپالمىسا، ماختاپ، مەدھىيلەپ دۇئا قىلسۇن، ئەگەر ئۇ ياخشىلىقنى تىلغا ئېلىپ، گۈزەل مەدھىيلەر ئوقۇسا، شۈكرى قىلغان بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى يوشۇرسا، كۇپرىلىق قىلغان بولىدۇ، كىم ئۆزىگە بىرىلمىگەن نەرسە بىلەن زىينەتلەنسە، ماختانسا، ئۇ خۇددى يالغانچىنىڭ ئىككى كىيىمنى كىيگۈچىگە ئوخشايدۇ.( يەنى ئۇزۇننى ئىچىگە، قىسقىسنى تېشىغا كىيىپ، ئۆزىنى يالغاندىن باي كۆرسەتكۈچىگە ئوخشايدۇ). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، بۇخارى ئەدەپتە تويلىغان، ھەسەن.ئىمام ئەلبانىينىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر تويلىمى» 6056 ـ ھەدىس،مىشكاتنىڭ تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان كۆپۈنچە سەھىھ،ھەسەن ھەدىسلەر، مۇشۇ كىتاپتا تېپىلغاچقا، مۇشۇ كىتاپتىن ئېلىنىپ سەھىھ،ھەسەن دىيىلدى.

3024 - [ 9 ] ( صحيح )وعن أسامة بن زيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صنع إليه معروف فقال لفاعله : جزاك الله خيرا فقد أبلغ في الثناء " . رواه الترمذي

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمگە بىرەر ياخشىلىق قىلىپ بېرىلسە، ئۇ ياخشىلىق قىلغۇچىغا «جازاكە الله خەيرا» يەنى ئالللاھ ساڭا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن دېسە، ھەقىقەتەن ئۇ ماختاشنى، مەدھىيىلەشنى، جاۋاب قايتۇرۇشنى يېتەرلىك قىلغان بولىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ياخشىلىق قىلغان كىشىگە «جازاكە الله خەير »دەڭلار.

3025 - [ 10 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من لم يشكر الناس لم يشكر الله " . رواه أحمد والترمذي

ئەبۇ سەئىد،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا تەشەككۇرنى بىلدۈرمىگەن، شۈكرى قىلمىغان كىشى، ئالللاھقىمۇ شۈكرى قىلمايدۇ، ھەم شۈكرى قىلغان بولمايدۇ. (ياخشىلىق قىلغان كىشىگە جازاكەالله ھۇ خەيرا دەڭلار). ئەھمەد، تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

3026 - [ 11 ] ( صحيح )وعن أنس قال : لما قدم رسول الله صلى الله عليه وسلم المدينة أتاه المهاجرون فقالوا : يا رسول الله ما رأينا قوما أبذل من كثير ولا أحسن مواساة من قليل من قوم نزلنا بين أظهرهم : لقد كفونا المؤونة وأشركونا في المهنأ حتى لقد خفنا أن يذهبوا بالأجر كله فقال : " لا ما دعوتم الله لهم وأثنيتم عليهم " . رواه الترمذي وصححه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، مۇھاجىرلار كىلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! كۆپ نەرسىسى بولسا، باشقىلارغا بەك كۆپ بىرىشتە، ئاز نەرسىدىن ئورتاق تەڭ بەھرىمەن بۇلۇشتا، بىز ئارىسىغا چۈشكەن ئەنسارلاردىنمۇ ياخشىراق بىرەر قەۋمنى كۆرۈپ باقمىدۇق، ئۇلار بىزدىن مەبلەغ چىقىمنى كۆتۈرۈۋىتىپ، بىزگە كۇپايە بۇلۇپ، كىرىم مەھسۇلاتتا، تۇرمىشىمىزدا شىرىك بولدى، تاكى بىز ئەجىر-ساۋاپلارنىڭ ھەممىسىنى شۇلار ئېلىپ كەتتىمىكى دەپ ئەنسىرەپ قالدۇق دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ياق، سىلەر ئۇلار ئۈچۈن، الله قا دۇئا قىلىپ تۇرساڭلارلا، ئۇلارغا ياخشى مەدھى-سانالارنى ئەيتىپ،تەشەككۇرىڭلارنى بىلدۈرسەڭلارلا، ئۇنداق بولمايدۇ، دىدى. تىرمىزى تولىغان.سەھىھ.

3027 - [ 12 ] ( ضعيف )وعن عائشة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ادوا فإن الهدية تذهب الضغائن " . رواه

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆزئارا ھەدى بېرىشىپ تۇرۇڭلار، ھەدىي قەلبىدىكى ھىقدە ھەسەد، ئاداۋەتنى يوقىتىدۇ، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

3028 - [ 13 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ادوا فإن الهدية تذهب وحر الصدر ولا تحقرن جارة لجار ا ولو شق فرسن شاة " . رواه الترمذي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەدىي بىرىشىپ تۇرۇڭلار، ھەدىي بېرىش، قەلبىدىكى ھىقدى، ھەسەد، ئۆچ _ ئاداۋەتنى، غەزەپ _ نەپرەتنى يوقىتىدۇ، بىر خوشنا يەنە بىر خوشنىسىنى قوينىڭ پاقالچىقىنى بىرىپمۇ بولسا، ھاقارەتلىمىسۇن،شۇنچىلىك ياخشىلىقنىمۇ كىچىك سانىمىسۇن. تىرمىزى توپلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، لېكىن، ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا سەھىھ ھەدىس بار.

3029 - [ 14 ] وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاث لا ترد الوسائد والدهن واللبن " . رواه

**الترمذي وقال : هذا حديث غريب قيل : أراد بالدهن الطيب**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ نەرسە رەت قىلىنمايدۇ، ياغ، سۈت، كىشىنىڭ ئاستىغا سېلىنغان ياستۇق، كۆرپە. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**3030 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي عثمان النهدي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أعطي أحدكم الريحان فلا يرده فإنه خرج من الجنة " . رواه الترمذي مرسلا**

ئەبۇئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارغا رەيھان گۈل بېرىلسە، ئۇنى رەت قىلمىسۇن، چۈنكى ئۇ (كۆتۈرۈشكە يەڭگىل، پۇرىقى خۇشپۇراقتۇر)جەننەتتىن چىققاندۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ رەيھان گۈلىنىڭ سەييىدى، خوجىسى ھىنائ ئىسمىلىك خىنە گۈلدۇر، تەبرانى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

**3031 - [ 16 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن جابر قال : قالت امرأة بشير : أنحل ابني غلامك وأشهد لي رسول الله صلى الله عليه وسلم فأتى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : إن ابنة فلان سألتني إن أنحل ابنها غلامي وقالت : أشهد لي رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " أله إخوة ؟ " قال : نعم قال : " أفكلهم أعطيتهم مثل ما أعطيته ؟ " قال : لا قال : " فليس يصلح هذا وإني لا أشهد إلا على حق " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بەشىيرنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا؛ ئوغلۇڭ نوئمانغا نەرسە بېرىپ، مەن ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنى گۇۋاھچى قىلغىن، (ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، مەن رازى بولمايمەن) دىدى، ئۇ كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! پالانىنىڭ قىزى ئۆمرەت بىنتى راۋاھە، مىنىڭ ئۇنىڭدىن بولغان بالامغا ھەدىي قىلىپ نەرسە بېرىشىمنى تەلەپ قىلىپ، يەنە تېخى ماڭا؛ مەن ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنى گۇۋاھچى قىلغىن، (ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، مەن رازى بولمايمەن) دەپ، سىلىنى گۇۋاھچى قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى دىدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇبالاڭنىڭ قېرىنداشلىرى بارمۇ؟ دىدى، ئۇ ھەئە بار دىدى، رەسۇلۇللاھ؛ قالغان ھەممە باللىرىڭغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بەردىڭمۇ؟ دىدى، ئۇ؛ ياق دىۋىدى، رەسۇلۇللاھ : بۇنداق قىلىشىڭ دۇرۇس ئەمەس، مەن پەقەت ھەق ئىشقىلا گۇۋاھچى بۇلىمەن دىدى. مۇسلىم توپلىغان، بۇ يۇقىردىمۇ ئۆتتى.

**3032 - [ 17 ] وعن أبي هريرة قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أتي بباكورة الفاكهة وضعها على عينيه وعلى شفتيه وقال : " اللهم كما أريتنا أوله فأرنا آخره " ثم يعطيها من يكون عنده من الصبيان . رواه البيهقي في الدعوات الكبير**

ئەبۇ ھۈرەيرە، ئىبنى ئابباس، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مىۋىنىڭ تۇنجى بولۇپ پىشقىنى كەلتۈرۈلسە، ئۇ مىۋىنى ئىككى كۆزىگە ئاندىن ئىككى لىۋىگە قويۇپ، سۈرتۈپ، مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، بۇنىڭ ئەۋۋىلىنى بىزگە كۆرسەتكەندەك، ئاخىرىنىمۇ بىزگە كۆرسەتكىن، يەنى بىزنى ساق ــ سالامەت، خاتىرجەم قىلغىن دەپ ئاندىن ئۇ مىۋىنى يېنىدىكى سەبى باللارغا بىرەتتى. ئىبنى سەنا، تەبرانى،بەيھەقى، ھەكىيم توپلىغان، سەھىھ.

## باب اللقطة    تېپىۋالغان نەرسە توغرىسىدا

**3033 - [ 1 ] ( متفق عليه ) الفصل الأول**

**عن زيد بن خالد قال : جاء رجل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فسأله عن اللقطة فقال : " اعرف عفاصها ووكاءها ثم عرفها سنة فإن جاء صاحبها وإلا فشأنك ا " . قال : فضالة الغنم ؟ قال : " هي لك أو لأخيك أو للذئب " قال : فضالة الإبل ؟ قال : " مالك ولها ؟ معها سقاؤها وحذاؤها ترد الماء وتأكل الشجر حتى يلقاها ر ا " . متفق عليه . وفي رواية لمسلم : فقال : " عرفها سنة ثم اعرف وكاءها وعفاصها ثم استنفق ا فإن جاء ر ا فأدها إليه "**

زەيدئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ، تېپىۋالغان نەرسە تورسىدا سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:« تېپىۋالغان نەرسىنىڭ سانىنى، بوغۇچ، بوخچىللىرىنى ئىلان قىلىپ تونۇتقىن، ئاندىن يەنە بىر يىل تونۇتقىن، ئەگەر ئىگىسى كەلسە بەرگىن، ئەگەر كەلمىسە،ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، (ئۇ سېنىڭ مېلىڭنىڭ يولدەك بولىدۇ)،دېدى، ئۇكىشى: قوينىڭ ئېزىپ قالغىنىنى تېپىۋالسامچۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇ سىنىڭ ياكى قېرىندىشىڭنىڭ يەنى ئىگىسىنىڭ ياكى بۆرىنىڭ بۇلىدۇ دېدى، ئۇكىشى: تۇگىنىڭ ئېزىپ قالغىنىنى تېپىۋالسامچۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇنىڭ بىلەن سىنىڭ نىمە كارىڭ؟، ئۇنىڭ سۇيى، ئوت ـ چۆپلىرى ئۆزى بىلەن بىللە، ئۇ ئىگىسىگە ئۇچراشقانغا قەدەر، ئىگىسى ئۇنى تاپقانغا قەدەر ئۇ سۇ ئىچىپ، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرنى يەلەيدۇ دېدى. بۇخارى،مۇسلىم .( ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تېپىۋالغان نەرسىنىڭ سانىنى، بوغۇچ، بوخچىللىرىنى ئىلان قىلىپ تونۇتقىن،ئاندىن يەنە بىر يىل تونۇتقىن، ئەگەر ئىگىسى كەلسە بەرگىن، ئەگەر كەلمىسە، ئۇ سېنىڭ مېلىڭنىڭ يولدەك بولىدۇ، (يەنى سەدىقە ــ ئېھسان قىلساڭ، خەۋلىسەڭ بولىدۇ، ياخشىراقى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە ئىشلىتىش)، مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بىر دەرھەم يەنى 20 ـ 30 يۈەنلىك نەرسە بولسىمۇ، بىر يىل تونۇتۇشى لازىم دىگەن، ئىلان چىقىرىپ ئىزدىشى لازىم، پەقەت ئىگىسى تېپىلمىسا، سەدىقە ــ ئېھسان قىلسا، خەۋلىسە بولىدۇ.

**3034 - [ 2 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من آوى ضالة فهو ضال ما لم يعرفها " . رواه مسلم**

زەيىد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئېزىپ قالغان كالا ـ قويدەك ھايۋاننى ئۆيىگە ئەكىرىۋالسا، ئۇنى كىشىلەرگە ئىلان قىلىپ تونۇتمىسىلا، ئۆزىمۇ زالالەتتە ئازغۇن بولىدۇ، (ئەگەر تونۇتۇپ، ئىگىسىگە بەرسە ياكى ئىگە چىقمىغاندىن كېيىن ئۆزى ئالسا، ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلسا بولىدۇ). ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3035 - [ 3 ] ( صحيح )وعن عبد الرحمن بن عثمان التيمي أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن لقطة الحاج . رواه مسلم**

ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجىلارنىڭ چۈشۈپ قالغان، يۈتۈپ كەتكەن نەرسىلىرىنى تېپىۋېلىپ ئېلىۋېلىشدىن توسقان. (چۈنكى ھاجىلار يۇرتىغا كەتسە قايتىپ كېلەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ئالغۇچىغا قالىدۇ، بۇنىڭدىن توسقان، شۇڭا ئۇ نەرسە جايىدا تۇرىدۇ، ھاجىلار ئۆزى كېلىپ ئېلىۋالىدۇ. پەقەت ئېلىۋالمىسا، ھۆكۈمەت بەيتۇلمالغا قوشۇپ قويۇپ، كېلەر يىلى ئىلان قىلىپ بېرىشى لازىم). ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3036 - [ 4 ] ( حسن ) الفصل الثاني عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده عن رسول الله صلى الله عليه وسلم أنه سئل عن**

**الثمر المعلق فقال : " من أصاب منه من ذي حاجة غير متخذ خبنة فلا شيء عليه ومن خرج بشيء منه فعليه غرامة مثليه والعقوبة ومن سرق منه شيئا بعد أن يؤويه الجرين فبلغ ثمن ا ن فعليه القطع " وذكر في ضالة الإبل والغنم كما ذكر غيره قال : وسئل عن اللقطة فقال : " ما كان منها في الطريق الميتاء والقرية الجامعة فعرفها سنة فإن جاء صاحبها فادفعها إليه وإن لم يأت فهو لك وما كان في الخراب العادي ففيه وفي الركاز الخمس " . رواه النسائي وروى أبو داود عنه من قوله : وسئل عن اللقطة إلى آخره**

ئىبنى ئۆمەر،ئەمرۇنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېسقلىق مىۋە، يولغا ساڭگىلاپ قالغان مىۋىدىن سورالغاندا مۇنداق دىگەن: كىم مىۋە ــ چىۋىدىن ھاجىتى چۈشۈپ، ئاغىزى بىلەن يەپ، يېنىغا يوشۇرۇن ئېلىۋالمىسا، ئۇ كىشىگە ھېچ ئىش يوق، ئازاپ ھەم تۆلەم يوق، كىم ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى يېنىغا ئېلىپ چىقىپ كەتسە، ئۇ كىشىگە ئىككى ھەسسە تۆلەم بىلەن ئازاب، تەئزىير كېلىدۇ، كىم ئۇ مىۋە ــ چىۋىلەردىن خامانغا، ئامبارغا ئاپىرىلىپ، يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوغۇرلىسا، ئۇنىڭ مىقدارى بىرقالقاننىڭ پۇلىغا يېتىپ قالسا، (يەنى بىر دىينارنىڭ تۆتتەن بىرىگە يەنى ھازىرقى 80 يۇەنگە يېتىپ قالسا) ئۇ ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، كىم يۇقىرقى مىقداردىن تۆۋەن، ئازىراق ئوغۇرلىسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغۇرلانغان مالنىڭ ئىككى ھەسسىسىدەك تۆلەم كېلىدۇ، قولى كېسىلمەيدۇ، تەزىر ئۇرۇلىدۇ، ئازابلىنىدۇ.ئاندىن تۈگە ـ قوينىڭ يىتىپ كەتكىنى توغرىسىدا باشقىلارغا ئوخشاش، يۇقىرقىدەك دىدى، ئاندىن يىتىپ كەتكەن نەرسە توغرىسىدا يەنە مۇنداق دىدى: قەدىمى كونا يولدىن، چوڭ سەھرا چۆلدىكى يوللاردىن تېپىۋالغان نەرسىنى، چوڭ جامە شەھەردىن تېپىۋالغان نەرسىنى بىر يىل تونۇتقىن، ئەگەر ئىگىسى كېلىپ، تەلەپ قىلسا، دەلىل ــ ئىسپات كەلتۈرەلىسە، ئۇنى ئىگىسىگە بەرگىن، ئەگەر ئىگىسى كەلمىسە، ئىگە چىقمىسا، ئۇ سىنىڭ بولىدۇ،
خارابىستانلىقدىن تېپىۋېلىنغان نەرسىدە، تېپىۋلىنغان كاڭدا، بەشتىن بىرىنى بەيتۇلمالغا بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.
ئەبۇ داۋۇد 3816 ــ ھەدىس، نەسەئى 4872 ــ ھەدىس، تىرمىزىيمۇ توپلىغان، ھەسەن.

**3037 - [ 5 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد الخدري : أن علي بن أبي طالب رضي الله عنه وجد دينارا فأتى به فاطمة رضي الله عنها فسأل عنه رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هذا رزق الله " فأكل منه رسول الله صلى الله عليه وسلم وأكل علي وفاطمة رضي الله عنهما فلما كان بعد ذلك أتت امرأة تنشد الدينار فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا علي أد الدينار " . رواه أبو داود**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر دىينار ئالتۇن تېپىۋېلىپ، ئۇنى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا ئېلىپ كىلىپ، بۇ تېپىۋالغان نەرسە توغرىسىدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇ **الله** نىڭ سىلەرگە ئاتاقىلغان رىزقىدۇر دىدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، ئەلى، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار يەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئايال شۇ دىينارنى ئىزدەپ، تەلەپ قىلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى ئەلى! ئۇبىردىينار ئالتۇننى بۇ ئايالغا ئادا قىلىپ بەرگىن دىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.تەكشۇرۇلمىگەن.

**3038 - [ 6 ] وعن الجارود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ضالة المسلم حرق النار " . رواه أبو داود**

جارۇد ئىبنى مۇئەللا، ئابدۇللاھ ئىبنى شۇخەير، ئەسمەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن مۇسۇلماننىڭ يۈتۈپ كەتكەن نەرسىسى، ئۇنى تونۇتماي خىيانەت قىلىپ ئېلىۋالغان كىشى ئۈچۈن دوۋزاخ يېقىلغۇسىدۇر، دوۋزاخنىڭ كۆيدۈرۈشىدۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ھەدىسنىڭ مەنىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ يۈتۈپ كەتكەن نەرسىسنى يەنى تۆگە، كالىسنى ياكى ماللىرىنى تونۇتماي، ئىلانمۇ قىلماي، ئېلىۋالسا، مېنىڭ قىلۋالسا، بۇنىڭ

ئاقىۋىتى دوۋزاختا كۆيۈش بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇڭ.سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ زادىبايانىدىن.

**3039 - [ 7 ] وعن عياض بن حمار قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من وجد لقطة فليشهد ذا عدل أو ذوي عدل ولا يكتم ولا يغيب فإن وجد صاحبها فليردها عليه وإلا فهو مال الله يؤتيه من يشاء " . رواه أحمد وأبو داود والدارمي**

ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنى تېپىۋالسا، ئۇنىڭغا ئادىل ئىككى كىشىنى، ياكى بىركىشىنىمۇ بولسا گۇۋاھ قىلىپ قويسۇن، يوشۇرۇۋالمىسۇن، ئۆزگەرتىۋەتمىسۇن، غايىپ قىلىپ يوق قىلىۋەتمىسۇن، ئەگەر ئىگىسىنى تاپسا، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسۇن، ئەگەر ئىگىسىنى تاپالمىسا، ئۇ ئاللاھنىڭ مېلى بولۇپ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. (يەنى تاپقان كىشىگە بېرىپتۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ مېلى بولغاچقا، ئاللاھ يولىدا بېرىۋەتسۇن). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد 1454 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2496 _ ھەدىس، سەھىھ.سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ 6586 ـ ھەدىسى.

**3040 - [ 8 ] ( لم تتم دراسته )وعن جابر قال : رخص لنا رسول الله صلى الله عليه وسلم في العصا والسوط والحبل وأشباهه يلتقطه الرجل ينتفع به . رواه أبو داود   وذكر حديث المقدام بن معدي كرب : " ألا لا يحل " في " باب الاعتصام "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە، ھاسا، قامچا، ئەرزان ئارغامچا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى تېپىۋالغاندا ، پايدىلىنىشقا، مەنپەئەتلىنىشىمىزگە رۇخسەت قىلغان ئىدى. ئەبۇداۋۇد.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئوغرىنىڭ قولى پەقەت بىر دىينارنىڭ تۆتتەن بىرىدە، ئۇنىڭدىن زىيادە ئارتۇق نەرسىدە كېسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا كېسىلمەيدۇ، ئۆلچەم پەقەت شۇدۇر. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(بىر دىينار بىر مىسقال ئالتۇن بۇلۇپ، ئۇنىڭ تۆتتەن بىرى، 80 يۈەندىن 90 يۈنگىچە بولۇۋاتىدۇ، مانا مۇشۇ قىممەتكە يەتسە قول كېسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا قول كېسىلمەيدۇ، ئۆلچەم پەقەت بىر دىينارنىڭ تۆتتەن بىرىدۇر، مەيلى ئالتۇن  قىممەت بولۇپ كەتسۇن ياكى ئەرزان بولسۇن، پۈتۈن دۇنيادا پەقەت مۇشۇئالتۇنلا ئۆلچەم قىلىنىدۇ خالاس. ) بۇسىر ئىبنى ئەبۇ ئەرتات رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەپەردە قول كېسىلمەيدۇ. ئەھمەد 16968 _ ھەدىس، تىرمىزى 1370 _ ھەدىستە، غازات مەيدانىدا قول كېسىلمەيدۇ دىيىلگەن. نەسەئى 4893 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3828 _ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئەۋزائى قاتارلىق ئالىملار: غازاتتا قولنى كەسسە، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار، شۇڭا ئىمام، قوماندان قايتقاندا ھەم سەپەردىن يانغاندا قولنى كېسىدۇ دېدى، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، ئۇنىڭغا پايدىلىقتۇر. ئۇ بۇنى بىلسە، ئۆزى ئىقرار قىلىپ تۇتۇپ بېرىدۇ، خۇددى بەزى ساھابە ئىقرار قىلىپ، رىجىمدا ئۆلگەندەك ).

## كتاب الفرائض والوصايا - الفصل الأول　　ميراس ۋە ۋەسىيەتنىڭ كىتابى

**3041 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أنا أولى بالمؤمنين من أنفسهم فمن مات وعليه دين ولم يترك وفاء فعلي قضاؤه . ومن ترك مالا فلورثته " . وفي رواية : " من ترك دينا أو ضياعا فليأتني فأنا مولاه " . وفي رواية : " من ترك مالا فلورثته ومن ترك كلا فإلينا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن مۆئمىنلەرگە

ئۇلارنىڭ جېنىدىنمۇ ئەۋلاراق، مۆئمىنلەردىن كىم ۋاپات تېپىپ قەرز قالدۇرسا، ئادا قىلغىدەك نەرسە قالدۇرمىغان بولسا، ئۇنى مەن ئۈستۈمگە ئېلىپ تۆلەيمەن، كىم مال ــ دۇنيا قالدۇرسا، ئۇ مال ئۇنىڭ ۋارىسىنىڭ بولىدۇ. كىم قەرز ياكى بالا ــ چاقا ئەھلىنى قالدۇرسا، ئۇلار مېنى چاقىرسۇن، قېشىمغا كەلسۇن، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى، كىم مال ــ مۈلۈك قالدۇرسا، ئۇ ۋارىسلىرىنىڭ بولىدۇ، كىم ئەھلىنى، ئائىلىسىنى، يېتىم باللىرىنى، قەرزنى قالدۇرسا، ئۇ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بولىدۇ، مانا مەن تۆلەيمەن، مەن ۋارىس يوق كىشىگە ۋارىس بولىمەن، ئۇنىڭ دىيەت، تۆلەم پۇلىنى بەيتۇلمالدىن تۆلىشىپ بېرىمەن، ھەم مېلىغا ۋارىس بولىمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ۋارىس بولىدىغان كىشىسى يوق، ئانا تەرەپ تاغىمۇ ۋارىس يوق كىشىگە ۋارىس بولالايدۇ، ۋارىس بولغاچ ئۇنىڭ خاتا قاتىللىق قىلغان چاغدىكى دىيەت، تۆلەم پۇلىنىمۇ تۆلىشىپ بېرىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. دىنى رەھبەر، قوماندان، ئەنە شۇنداق بولۇپ، دىنى خادىملارنى خاتىرجەم قىلىشى لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئاللاھنىڭ كىتابىدا، مۆئمىنلەرگە ئىگە بولۇشتا ئەڭ لايىق ئەۋلادۇرمەن، قايسى بىرىڭلار قەرز ياكى بالا ــ چاقا ئەھلىنى قالدۇرسا، ئۇلار مېنى چاقىرسۇن، قېشىمغا كەلسۇن، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى (قەرزنى تۆلەيمەن، يېتىم باللىرىغا ئىگە بولىمەن) قايسىڭلار مال ــ دۇنيا قالدۇرسا، ئۇنىڭ مېلىغا دادا تەرەپ يېقىن تۇغقان ۋارىس بولسۇن ياكى ۋارىسلار ئالىدۇ، مۇسلىم 3042 ــ ھەدىس، مۇسلىم 3042 ــ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، ئەھمەد، دارمىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**3042 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألحقوا الفرائض بأهلها فما بقي فهو لأولى رجل ذكر "**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ مىراس مېلىنى مىراس ئەھلىگە تەككۈزۈڭلار، مالدىن ئېشىپ قالسا، مېيىتكە ئەڭ يېقىن ئەر كىشىگە بېرىلىدۇ، شۇ لايىقتۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىراس مېلىنى، مىراس ئەھلىنىڭ ئارىسىغا، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا ئاساسەن تەقسىم قىلىپ بېرىڭلار، ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى مىراس تەقسىماتىدىن ئېشىپ قالغان مال بولسا، مېيىتكە يېقىن ئەر كىشىگە بېرىلىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ. ئالىملار؛ مىراس تەقسىماتىدىن ئېشىپ قالغان، ئارتۇق چىقىدىغان مال، مېيىتنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسىگە بولۇپمۇ ئەر كىشىگە بېرىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ئەر كىشى بولمىسا، ئايال كىشى تۇغقىنىغا بېرىلىدۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق، «زەكەرىن دېگەن سۆز ئەر لايىق دېگەنگە تەكىت تەنبىھدۇر».

**3043 - [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أسامة بن زيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يرث المسلم الكافر ولا الكافر المسلم**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشى كاپىرغا ۋارىس بولالمايدۇ، كاپىركىشى، مۇسۇلمانغا ۋارىس بولالمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بەزى خاتىردە؛ ئىككى دىن، ئىككى مىللەت ئەھلى بىر ـ بىرىگە ۋارىس بولىشالمايدۇ دېگەن.

**3044 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أنس رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " مولى القوم من أنفسهم " . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋمنىڭ ئازادكەردە قۇللىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.يەنى مىراس ئىشلىرىدا شۇنداقتۇر.

**3045 - [ 5 ] ( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ابن أخت القوم منهم "**

**وذكر حديث عائشة : " إنما الولاء " في باب قبل " باب السلم "**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر قەۋمنىڭ، قېرىندىشىنىڭ، ھەمشىرىسىنىڭ بالىسى شۇ قەۋمدىن بولىدۇ. بۇ ھەدىسنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەھمەد ، بەيھەقىلار، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇ داۋۇد ، ئەبۇ مۇسادىن، تەبرانى جۇبەير ئىبنى مۇتئىمدىن، ئىبنى ئابباسدىن، ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن توپلىدى.سەھىھ.بۇخارى،مۇسلىم.

**3046 - [ 6 ] الفصل الثاني**

**عن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يتوارث أهل ملتين شتى " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ــ بىرىگە زىت، خىلاپ ئىككى مىللەت، ئىككى دىن ئەھلى بىر ـ بىرىگە ۋارىس بولىشالمايدۇ، (مۇسۇلمان، دىنسىزغا، دىنسىز كاپىر، مۇسۇلمانغا ۋارىس بولالمايدۇ). ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغا ھەسەن.

**3047 - [ 7 ] ورواه الترمذي عن جابر ( صحيح ) لا يتوارث أهل ملتين ( ت ) عن جابر ( ن ك ) عن أسامة**

جابىر، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى مىللەت ئەھلى بىر ــ بىرىگە ۋارىس بولالمايدۇ. (يەنى ئىككى دىن ئەھلى بىرى، مۇسۇلمان بولسا، يەنە بىرسى كاپىر، دىنسىز، مۇشرىك بولسا، بىر ــ بىرىگە ۋارىس بولالمايدۇ، بىر ــ بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ). تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3048 -[ 8 ]( ضعيف جدا )وعن أبي هريرة قال:قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : القاتل لا يرث .رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاتىل ۋارىس بولالمايدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى قاتتىق زەئىپ دېگەن، لېكىن ئالىملار مىراسنى دەپ قاتىللىق قىلغان قاتىل مىراسدىن مەھرۇم قىلىندۇ دېدى،سەھىھ ھەدىسمۇبار. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاتىل ۋارىس بولالمايدۇ، (يەنى سۆرە بەقەردىكىدەك يېقىن تۇغقىنىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ۋارىس بولالمايدۇ، ئۇنىڭغا مىراس مىلى بېرىلمەيدۇ)، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئەلبانىينىڭ «سەھىھ ھەدىسلەرتوپلىمى»نىڭ 4436 ـ ھەدىسى.سەھىگە يانغاندۇر.

**3049 - [ 9 ] ( لم تتم دراسته )وعن بريدة : أن النبي صلى الله عليه وسلم جعل للجدة السدس إذا لم تكن دونها أم . رواه أبو داود**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چوڭ ئانىغا مىراس مېلىنىڭ ئالتەدەن بىرىنى 1\6نى بەرگەن، بۇ، مېيىتنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئانىسى بولمىغاندا شۇنداقتۇر.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3050 - [ 10 ]**

**وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا استهل الصبي صلي عليه وورث " . رواه ابن ماجه والدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:بالا تۇغۇلغاندا ئاۋاز قىلىپ چۇشسە،ئۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇلىدۇ،ئۇ ۋارىس بولالايدۇ.ئەبۇداۋۇد ،بەيھەقى،ئىبنى ماجە،دارىسەھىھ.

**3051 - [ 11 ] ( لم تتم دراسته )وعن كثير بن عبد الله عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مولى**

**القوم منهم وحليف القوم منهم وابن أخت القوم منهم " . رواه الدارمي**

كەسىرنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەۋمنىڭ ئازادكەردە قۇللىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. قەۋمنىڭ قەسەمداشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن، بىرەر قەۋمنىڭ، قىزىندىشىنىڭ، ھەمشىرىسىنىڭ بالىسى شۇ قەۋمدىن بولىدۇ. دارىمى توپلىغان.

**3052 - [ 12 ] وعن المقدام قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنا أولى بكل مؤمن من نفسه فمن ترك دينا أو ضيعة فإلينا ومن ترك مالا فلورثته وأنا مولى من لا مولى له أرث ماله وأفك عانه والخال وارث من لا وارث له يرث ماله ويفك عانه " . وفي رواية : " وأنا وارث من لا وارث له أعقل عنه وأرثه والخال وارث من لا وارث له يعقل عنه ويرثه " . رواه أبو داود**

مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ھەربىر مۆئمىنگە ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ ئەۋلاراق، يېقىن دوستراق، كىم قەرز ياكى بالىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇ ماڭىدۇر، مەن ئىگىسى. كىم مال قالدۇرسا، ۋارىسلىرى ئالىدۇ، مەن ئىگىسى يوقنىڭ ئىگىسى، مېلىغا ۋارىس بولۇپ بەيتۇلمالغا يەنى ئۇردا مېلىغا قوشۇۋېتىمەن، قۇللىرىنى ئازاد قىلىۋېتىمەن، ئانا تەرەپ تاغا، ئىگىسى يوق كىشىگە ئىگە بولۇپ، مېلىغا ۋارىس بولالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خۇن پۇلىنى تۆلىشىپ بېرىدۇ، قۇللىرىنى ئازاد قىلالايدۇ، مەن ۋارىسى يوق كىشىنىڭ ۋارىسى بولىمەن، ئۇنىڭ قۇللىرىنى ئازاد قىلىمەن، مېلىغا ۋارىس بولىمەن، يەنى (خەزىنىگە قوشۇپ قويىمەن) ئانا تەرەپ تاغا ۋارىس يوق كىشىگە ۋارىس بولالايدۇ، ئۇنىڭ قۇللىرىنى ئازاد قىلىپ، ماللىرىغا ۋارىس بولالايدۇ، ئەبۇ داۋۇد،ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**3053 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن وائلة بن الأسقع قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تحوز المرأة ثلاث مواريث عتيقها ولقيطها وولدها الذي لاعنت عنه " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ۋائىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى ئۈچ مىراس مېلىنى بىرلەشتۈرۈپ ئالالايدۇ، ئازات قىلغان قۇلىنىڭ، تېپىۋالغان بالىسىنىڭ، لەنەت قىلىشىپ ئىبرى تانغان بالىسىنىڭ مىراسىنى ئالالايدۇ. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**3054 - [ 14 ] وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده : أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أيما رجل عاهر بحرة أو أمة فالولد ولد زنى لا يرث ولا يورث " . رواه الترمذي**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قانداق بىر ئەر كىشى بىرەر ھۆر ئايال بىلەن ياكى دىدەك چۆرە بىلەن زىنا قىلسا، بۇ زىنادىن بولغان بالا، زىنانىڭ بالىسى ھارامدىن بولغان بولىدۇ، بۇ قانۇنسىز بالا بولغاچقا، ۋارىس بولالمايدۇ، ھەم ئۇنىڭغىمۇ بىرسى ۋارىس بولمايدۇ، ۋارىس قىلىنمايدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، (زىنادىن، ھارامدىن بولغان بالا دوۋزاخقا كىرىدۇ دىگەنلىك؛ كىچىك چاغدىلا ئۆلۈپ كەتسە، مۇسۇلمان ئاتا ــ ئانىسىدىن نەسەبى ئۈزۈلۈپ كەتكەچكە،نەسەبي ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىدەك جەننەتكە كىرەلمەيدۇ). ئەمرۇ ئىبنى خارجەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ھەققىنى بەردى (يەنى مىراس قانۇنى بىلەن بەردى) مانا ئەمدى ۋارىسلار ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنمايدۇ، بالا كۆرپىنىڭ، زىناخورغا تاش چالما يەنى رىجىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3055 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة : أن مولى لرسول الله صلى الله عليه وسلم مات وترك شيئا ولم يدع حميما ولا ولدا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعطوا ميراثه رجلا من أهل قريته " . رواه أبو داود والترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ئازادكەردە قۇلى ئۆلۈپ كىتىپ، نەرسە قالدۇردى، لىكىن ۋارىس بولغىدەك يېقىن تۇققان ياكى بالا قالدۇرمىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنىڭ مىراس مېلىنى ئۇنىڭ شەھەر ئەھلىدىن بىركىشىگە بىرىڭلار دىدى.ئەبۇداۋۇد،تىرمىزى.

**3056 - [ 16 ] ( لم تتم دراسته )وعن بريدة قال : مات رجل من خزاعة فأتي النبي صلى الله عليه وسلم بميراثه فقال : " التمسوا له وارثا أو ذا رحم " فلم يجدوا له وارثا ولا ذا رحم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعطوا الكبر من خزاعة " . رواه أبو داود وفي رواية له : قال : " انظروا أكبر رجل من خزاعة "**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ خۇزائە قەبىلىسىدىن بىركىشى ئۆلۈپ كىتىپ، ئۇنىڭ مىراس مېلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنىڭ ۋارىسىنى ياكى يېقىن تۇققانلىرىنى ئىزدەڭلار دىدى، ئۇلار ئۇنىڭ ۋارىسىنى ياكى يېقىن تۇققانلىرىنى ئىزدەپ تاپالمىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنىڭ مىراس مېلىنى خۇزائە قەبىلىسىدىن چوڭراق قېرى كىشىگە بىرىۋېتىڭلار دىدى. ئەبۇداۋۇد تويلىغان.

**3057 - [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي رضي الله عنه قال : إنكم تقرؤون هذه الآية : ( من بعد وصية توصون ا أو دين ) وإن رسول الله صلى الله عليه وسلم قضى بالدين قبل الوصية وأن أعيان بني الأم يتوارثون دون بني العلات الرجل يرث أخاه لأبيه وأمه دون أخيه لأبيه " . رواه الترمذي وابن ماجه وفي رواية الدارمي : قال : " الإخوة من الأم يتوارثون دون بني العلات إلى آخره**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛سىلەر بۇئايەتنى«سىلەر قىلغان ۋەسىيەت ئورۇندىلىپ بولغاندىن كىيىن، ياكى قەرز ئادا قىلىنىپ بولغاندىن كىيىن»دەپ، قەرزنى تەرتىپتە كىيىن ئوقۇيسىلەر، ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەسىيەتنىڭ ئورۇندىلىشىدىن بۇرۇن، قەرزنىڭ ئادا قىلىنىشىغا ھۆكۈم قىلغاندۇر،ۋە بىرئانىدىنلا بولغان باللىلار ئۆز ئارا، بىر-بىرىگە ۋارىس بۇلالايدۇ، دادىسى بىر، ئانىسى باشقا-باشقا باللىلار ئۆز ئارا، بىر-بىرىگە ۋارىس بۇلالمايدۇ، بىردادىدىن، بىرئانىدىن بولغان قېرىنداشلار ئۆز ئارا، بىر-بىرىگە ۋارىس بۇلالايدۇ، دادىسى بىر، ئانىسى باشقا-باشقا قېرىنداشلار ئۆز ئارا، بىر-بىرىگە ۋارىس بۇلالمايدۇ دەپ،ھۆكۈم قىلغاندۇر. تىرمىزى، ئىبنى ماجە تويلىغان.

**3058 - [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعن جابر قال : جاءت امرأة سعد بن الربيع بابنتيها من سعد بن الربيع إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالت : يا رسول الله هاتان ابنتا سعد بن الربيع قتل أبوهما معك يوم أحد شهيدا وإن عمهما أخذ مالهما ولم يدع لهما مالا ولا تنكحان إلا ولهما مال قال : " يقضي الله في ذلك " فـ لت آية الميراث فبعث رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى عمهما فقال : " أعط لابنتي سعد الثلثين وأعط أمهما الثمن وما بقي فهو لك " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەئدىنىڭ ئايالى سەئدىدىن بولغان ئىككى قىزىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇ ئىككىسى سەئدىنىڭ قىزلىرىدۇر، بۇلارنىڭ دادىسى سىلە بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىۋېتىپ، ئۇھۇد كۈنى شېھىد قىلىندى، بۇلارنىڭ تاغىسى بۇئىككىسىنىڭ مال-مۈلكىنى ھېچ نەرسە قالدۇرمايلا ئېلىۋالدى، بۇلارمۇ ئەلۋەتتە مال-مۈلكى بار ھالدا توي قىلىشى كىرەك دە! دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇئىش توغرىسىدا الله تائالا ھۆكۈم قىلىدۇ دىدى،ئاندىن مىراس ئايىتى نازىل قىلىندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ تاغىسىنى چاقىرتىپ كىلىپ؛ سەن سەئدىنىڭ ئىككى قىزىغا مالنىڭ ئۈچدەن ئىككى ھەسسىسىنى 2\3نى بەرگىن، ئۇلارنىڭ ئانىسىغا سەككىزدەن بىرنى 1\8نى بەرگىن ، قالغىنى ساڭا قالىدۇ دىدى.ئەھمەد ،ئەبۇداۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە تويلىغان.

(مەسلەن؛ 60يۇۋەننىڭ 40يۇۋىنى قىزلارغا،7.5يەتتەيۇۋەن50يۇڭ ئانىسىغا، قالغان 12.5 تاغىسىغابېرىلىدۇ)

**3059 - [ 19 ] ( صحيح )وعن هزيل بن شرحبيل قال : سئل أبو موسى عن ابنة وبنت ابن وأخت فقال : للبنت النصف وللأخت النصف وائت ابن مسعود فسيتابعني فسئل ابن مسعود وأخبر بقول أبي موسى فقال : لقد ضللت إذن وما أنا من المهتدين أقضي فيها بما قضى النبي صلى الله عليه وسلم : " للبنت النصف ولابنة الابن السدس تكملة الثلثين وما بقي فللأخت " فأتينا أبا موسى فأخبرناه بقول ابن مسعود فقال : لا تسألوني ما دام هذا الحبر فيكم . رواه البخاري**

ھۇزەيل مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇمۇسادىن، مېيىتنىڭ بىر قىزى ، ئوغلىنىڭ قىزى، ھەمشىرىسى بولسا، قانداق مىراس تەقسىم قىلىنىدۇ؟ دەپ سورالدى، ئۇ: قىزىغا يېرىمىنى، ھەمشىرىسىگە يېرىمىنى بېرىلىدۇ، سەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ سوراپ باققىن، ئۇمۇ؛ مەن دېگەندەك دەپ، ماڭا مۇۋاپىق كېلىشى مۇمكىن دىدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ سورالدى،ۋەئۇنىڭغا ئەبۇمۇسانىڭ سۆزى خەۋەر قىلىندى، ئۇ: ئۇنداق ھۆكۈم قىلسام، توغرا يول تاپالماستىن بەلكى ئازغان بولىمەن، مەن بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆكۈم قىلغاندەك ھۆكۈم قىلىمەن؛ مېيىتنىڭ قىزىغا مىراس مېلىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ، ئوغلىدىن بولغان قىز نەۋرىسىگە ئالتىدەن بىرى 1\6 بېرىلىدۇ، بۇ ئۈچدەن ئىككى ھەسسىنى تولۇقلاش ئۈچۈندۇر، قالغان مال ، ھەمشىرىسىگە بېرىلىدۇ،دىدى.بىز كېلىپ،ئەبۇمۇساغا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنى خەۋەر قىلساق، ئۇبىزگە؛ ئاراڭلاردا مۇشۇ دانا ئالىم بولسىلا ، سىلەر مەندىن مەسئەلە،سوئال سورماڭلار دىدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**3060 - [ 20 ] ( ضعيف )وعن عمران بن حصين قال : جاء رجل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : إن ابني مات فما لي من ميراثه ؟ قال : " لك السدس " فلما ولى دعاه قال : " لك سدس آخر " فلما ولى دعاه قال : " إن السدس الآخر طعمة " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ بالام ئۆلۈپ كەتتى، ماڭا قانچىلىك نەرسە مىراس تېگىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالاڭنىڭ مېلىنىڭ 1/6ى دېدى، ئۇ ئارقىسىنى قىلىپ ماڭغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا يەنە 1/6 ىمۇ تېگىدۇ، بۇ كېيىنكى 1/6 ساڭا قىلىنغان تائام يەنى ھەققىڭنىڭ ئۈستىگە زىيادە قىلىپ بېرىلگىنى دېدى، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى خاتىرلەپ سەھىھ دېگەن بولسىمۇ، شەيىخ ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن، سەھىھ ھەدىسكە خىلاپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

**3061 - [ 21 ] ( لم تتم دراسته )وعن قبيصة بن ذؤيب قال : جاءت الجدة إلى أبي بكر رضي الله عنه تسأله ميراثها فقال لها : ما لك في كتاب الله شيء وما لك في سنة رسول الله صلى الله عليه وسلم شيء فارجعي حتى أسأل الناس فسأل فقال المغيرة بن شعبة : حضرت رسول الله صلى الله عليه وسلم أعطاها السدس فقال أبو بكر رضي الله عنه هل معك غيرك ؟ فقال محمد بن مسلمة مثل ما قال المغيرة فأنفذه لها أبو بكر رضي الله عنه ثم جاءت الجدة الأخرى إلى عمر رضي الله عنه تسأله ميراثها فقال : هو ذلك السدس فإن اجتمعتا فهو بينكما وأيتكما خلت به فهو لها . رواه مالك وأحمد والترمذي وأبو داود والدارمي وابن ماجه**

قۇبەيسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ بىر چوڭ ئانا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا، ئۆز مىراسىنى سوراپ كەلدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا؛ ساڭا، **الله** نىڭ كىتابىدا ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدە ھېچ نەرسە كۆرسىتىلمەپتۇ، سەن قايتىپ تۇرغىن، مەن كىشىلەردىن سوراپ باقاي دىدى، ئاندىن ئۇ سوراپتى، مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چوڭ ئانىغا مىراس مېلىدىن 1\6ئالتەدەن بىرىنى بەرگەنلىكىگە قاتناشقان دىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛سەن

بىلەن بىللە سەندىن باشقىلارمۇ بارمىدى؟ دىدى، ئاندىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەتمۇ؛ مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىگەندەكلا دىدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىپ، چوڭ ئانىغا مىراس مېلىدىن 1\6ئالتەدەن بىرىنى بەردى، كىيىن يەنە بىر چوڭ ئانا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا، ئۆز مىراسىنى سوراپ كەلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ساڭا مىراس مېلىدىن ئەشۇ 1\6ئالتەدەن بىرى بىرىلىدۇ، ئەگەر ئىككى چوڭ ئانا بىرلىشىپ قالساڭلار ، ئەشۇ 1\6ئالتەدەن بىرىنى ئىككىڭلار تەڭ يېرىمدىن ئالىسلەر، ئىككىڭلاردىن قايسىڭلار بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەڭلار، مىراس مېلىدىن ئەشۇ 1\6ئالتەدەن بىرى ھاياتقا بىرىلىدۇ،دىدى.
ئەھمەد ،مالىك، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى،دارىمى، ئىبنى ماجە توپلىغان.

3062 - [ 22 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن مسعود قال في الجدة مع ابنها : إنا أول جدة أطعمها رسول الله صلى الله عليه وسلم سدسا مع ابنها وابنها حي . رواه الترمذي والدارمي والترمذي ضعفه

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇئەنھۇ،(مېيىتنىڭ دادىسى بولغان) بالىسى بىلەن بىللە، مىراس تەلەپ قىلغان چوڭ ئانا ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇنجى قېتىم، ئۇ چوڭ ئانىغا بالىسى باربولسىمۇ مىراس مېلىدىن 1\6ئالتەدەن بىرىنى بەردى، ئۇنىڭ بالىسى ھايات ئىدى،(ئۇ مېيىتنىڭ دادىسى)تىرمىزى،دارىمى. يەنى مېيىتنىڭ دادىسى ھايات بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئانىسى بولغان چوڭ ئانىغىمۇ مىراستىن 1\6نى بەردى.

3063 - [ 23 ] ( لم تتم دراسته )وعن الضحاك بن سفيان : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كتب إليه : " أن ورث امرأة أشيم الضبابي من دية زوجها " . رواه الترمذي وأبو داود وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح

زەھھاك رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خەت ئەۋەتىپتىكەن؛ ئەشيەمنىڭ ئايالى ئۆز ئېرىنىڭ دىيەت تۆلەم پۇلىغا ۋارىس بولىدۇ.تىرمىزى، ئەبۇداۋۇدتوپلىغان. يەنى ئايال كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ئېرىنىڭ دىيەت تۆلەم پۇلىغا ۋارىس بولالايدۇ.

3064 - [ 24 ] ( لم تتم دراسته )وعن تميم الداري قال : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم : ما السنة في الرجل من أهل الشرك يسلم على يدي رجل من المسلمين ؟ فقال : " هو أولى الناس بمحياه ومماته " . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي

تەمىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، مۇشرىكلەردىن بىركىشى مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشىنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولسا، بۇنىڭدىكى سۈننەت كۆرسەتمە يول نىمە؟ دەپ سورسام، مۇنداق دىگەن: مۇشرىكلەردىن بىركىشى مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشىنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولسا، ئۇ مۇسۇلمان ھېلىقى يېڭى مۇسۇلماننىڭ ھاياتىغا، ماماتىغا ھەممە كىشىلەردىن بەكىرەك ئىگە بولالايدۇ دىدى.
تىرمىزى،ئىبنى ماجە، دارىمى توپلىغان. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر كىشىنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولغان بولسا، شۇ كىشىگە، ئۇ مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ ۋەلىيلىك، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بېرىلىدۇ. (بۇ مېيراسقا ۋە باشقا ئىشلاردا مۇھىم رول ئوينايدۇ).
تەبرانى، ئىبنى ئەدى، دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

3065 - [ 25 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس: أن رجلا مات ولم يدع وارثا إلا غلاما كان أعتقه فقال النبي صلى الله عليه وسلم : هل له أحد ؟ قالوا : لا إلا غلام له كان أعتقه فجعل النبي صلى الله عليه وسلم ميراثه له .رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى ئۆلۈپ كىتىپ، ھېچ قانداق ۋارىس قالدۇرماي، پەقەت ئۇ ئازات قىلغان بىر ئازادكەردە قۇلىنىلا قالدۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇنىڭغا ۋارىس بولىغىدەك بىرەر كىشى بارمۇ؟ دىدى، ئۇلار؛ ياق، پەقەت ئۇ ئازات قىلغان بىر ئازادكەردە قۇلىلا بار دىدى، ئاندىن

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆكسىنىڭ مىراس مېلىنى شۇ قۇلغا بەردى. تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە .

3066 - [ 26 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يرث الولاء من يرث المال " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث إسناده ليس بالقوي

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ۋەلىيلىك، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا(يەنى ئازات قىلىنغان كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىگە) مالغا ۋارىس بۇلالىغان كىشى ۋارىس بۇلالايدۇ، (يەنى ئازات قىلغان كىشىنىڭ مېلىغا ۋارىس بولغان كىشى، ئازات قىلىنغان كىشىنىڭ مېلىغىمۇ ۋارىس بۇلالايدۇ) تىرمىزى توپلىغان.

3067 - [ 27 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن عبد الله بن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ما كان من ميراث قسم في الجاهلية فهو على قسمة الجاهلية وما كان من ميراث أدركه الإسلام فهو على قسمة الإسلام " . رواه ابن ماجه

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جاھالىيەتتە تەقسىم قىلىنغان مىراس، جاھالىيەت بويىنچە بولدى، ئۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئىسلام دىنى تاپقان مىراس مېلى چوقۇم ئىسلام قانۇنى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

3068 - [ 28 ] ( لم تتم دراسته )

وعن محمد بن أبي بكر بن حزم أنه سمع أباه كثيرا يقول : كان عمر بن الخطاب يقول : عجبا للعمة تورث ولا ترث . رواه مالك

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ھامما ئانىغا ھەيران قالىمەن، ئۇنىڭغا باشقىلار ۋارىس قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇ باشقىلارغا ۋارىس بۇلالمايدۇ، دەيتتى.(لېكىن يېقىن تۇققان بۇلۇپ ۋارىس بۇلالايدۇ)ئىمام مالىك توپلىغان.

3069 - [ 29 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمر رضي الله عنه قال : تعلموا الفرائض وزاد ابن مسعود : والطلاق والحج قالا : فإنه من دينكم . رواه الدارمي

ئۆمەر، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما : پەرائىز، مىراس ئىلمىنى، تالاق، ھەج ئىلىملىرىنى ئۈگىنىۇڭلار(ۋە ئۈگىتىۇڭلار) چۈنكى ئۇ دىنىڭلارنىڭ جۈملىسىدىن دىگەن. دارىمى توپلىغان.

## باب الوصايا - الفصل الأول ۋەسىيەت توغرىسىدا

3070 - [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عمر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما حق امرئ مسلم له شيء يوصي فيه يبيت ليلتين إلا ووصية مكتوبة عنده "

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ، ۋەسىيەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىسى تۇرۇپ، ۋەسىيەت قىلىشنى ئىرادە قىلغىدەك نەرسە ئۆز ئىلكىدە تۇرۇپ، ۋەسىيەت قىلماستىن، ئىككى كېچە يېتىشى، ئىككى كېچە ئۆتكۈزۈشى ھەرگىز لايىق ئەمەس، پەقەت ۋەسىيىتى ئالدىدا پۈتۈكلۈك ھالەتتە ئۆتكۈزسە، بۇ مۇستەسنا، بۇنىڭغا مەيلى. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاپ توپلىغان، سەھىھ.

3071 - [ 2 ] ( متفق عليه )وعن سعد بن أبي وقاص قال : مرضت عام الفتح مرضا أشفيت على الموت فأتاني رسول الله صلى الله عليه وسلم يعودني فقلت : يا رسول الله : إن لي مالا كثيرا وليس يرثني إلا ابنتي أفأوصي بمالي كله ؟ قال : " لا " قلت : فثلثي مالي ؟ قال : " لا " قلت : فالشطر ؟ قال : " لا " قلت : فالثلث ؟ قال : " الثلث والثلث كثير إنك أن تذر ورثتك أغنياء خير من

**أن تذرهم عالة يتكففون الناس وإنك لن تنفق نفقة تبتغي ا وجه الله إلا أجرت ا حتى اللقمة ترفعها إلى في امرأتك "**

سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن مەككى پەتھى قىلىنغان يىلى قاتتىق ئاغرىپ، كېسەل بۇلۇپ قېلىپ، ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالدىم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى يوقلاپ كەلگەندە:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مىنىڭ مال ـ مۈلۈكۈم بەك كۆپ، ماڭا پەقەت بىرلا قىزىم ۋارىس بۇلىدۇ، مەن مېلىمنىڭ ھەممىنى سەدىقە قىلىۋىتىشكە ۋەسىيەت قىلايمۇ؟ دىسەم ، رەسۇلۇللاھ: ياق دىدى، مەن ؛ مېلىمنىڭ ئۈچدەن ئىككى قىسمىنى 2\3نى سەدىقە قىلىۋىتىشكە ۋەسىيەت قىلايمۇ؟ دىسەم ، رەسۇلۇللاھ: ياق دىدى، مەن ؛ مېلىمنىڭ يېرىمىنى سەدىقە قىلىۋىتىشكە ۋەسىيەت قىلايمۇ؟ دىسەم ، رەسۇلۇللاھ: ياق دىدى، مەن ؛ مېلىمنىڭ ئۈچدەن بىر قىسمىنى 1\3نى سەدىقە قىلىۋىتىشكە ۋەسىيەت قىلايمۇ؟ دىسەم ، رەسۇلۇللاھ: 1/3گە ۋەسىيەت قىل، 1/3مۇ كۆپتۇر، ھەقىقەتەن ۋارىسلىرىڭنى باي قالدۇرۇشۇڭ، ئۇلارنى باشقىلاردىن نەرسە سوراپ ئالدىنى توسۇۋالىدىغان پېقىر ھالدا قالدۇرۇشۇڭدىن كۆپ ياخشى، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دىدارىنى، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ قىلغان نەپىقە، چىقىملىرىڭغا، ساڭا ئەجىر بېرىلىدۇ، ھەتتا، سەن ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغان نەرسىگىمۇ ئەجىر، ساۋاب باردۇر،دىدى. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر ، سەھىھ. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنىڭغا مۇنداق دىگەن: 1/3نى ۋەسىيەت قىلساڭ بولىدۇ، 1/3مۇ كۆپتۇر، ھەقىقەتەن مېلىڭدىن قىلغان سەدىقەڭمۇ سەدىقە بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭنىڭ ئەھلى، بالىلىرىڭغا قىلغان نەپىقىلىرىڭمۇ سەدىقە، ئايالىڭنىڭ سېنىڭ مېلىڭدىن يېيىشىمۇ سەدىقە، ھەقىقەتەن ئەھلىڭنى باي، ياخشى ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭ، ئۇلارنى كىشىلەردىن نەرسە سوراپ، ئۇلارنى توسۇۋالىدىغان، يوقسىز، پېقىر ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشىدۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3072 - [ 3 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن سعد بن أبي وقاص قال : عادني رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا مريض فقال : " أوصيت ؟ " قلت : نعم قال : " بكم ؟ " قلت : بمالي كله في سبيل الله . قال : " فما تركت لولدك ؟ " قلت : هم أغنياء بخير . فقال : " أوص بالعشر " فما زالت أناقصه حتى قال : " أوص بالثلث والثلث كثير " . رواه الترمذي**

سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن (مەككى پەتھى قىلىنغان يىلى قاتتىق ئاغرىپ)، كېسەل بۇلۇپ قېلىپ، (ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالدىم )، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى يوقلاپ كەلگەندە: ۋەسىيەت قىلدىڭمۇ؟ دىدى، مەن: ھەئە ۋەسىيەت قىلدىم دىسەم، قانچىلىك مالغا ۋەسىيەت قىلدىڭ؟ دىدى، مەن: مېلىمنىڭ ھەممىنى **الله** يولىدا سەدىقە قىلىۋىتىشكە ۋەسىيەت قىلدىم؟ دىسەم ، رەسۇلۇللاھ: بالىلىرىڭغا نىمە قالدۇردۇڭ؟ دىدى، مەن: ئۇلار بايدۇر، ئۇلار ياخشىلىق بىلەن ياشايدۇ، (مەن ئۇلاردىن خاتىرجەم )دىسەم، رەسۇلۇللاھ: مېلىڭنىڭ ئوندەن بىرىگە 1\10نىگە ۋەسىيەت قىل دىدى، مەن كاملىتىۋىرىپ، تاكى ئۈچدەن بىرىگە چۈشتى، رەسۇلۇللاھ: 1/3گە ۋەسىيەت قىل، 1/3مۇ كۆپتۇر،دىدى. تىرمىزى توپلىغان.

**3073 - [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي أمامة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في خطبته عام حجة الوداع : " إن الله قد أعطى كل ذي حق حقه فلا وصية لوارث . رواه أبو داود وابن ماجه وزاد الترمذي : الولد للفراش وللعاهر الحجر وحسا م على الله**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋىدالىشىش ھەججىنى قىلغان يىلى خۇتبىسىدە مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بەردى، ۋارىس ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوق (ئۇمۇ ھەققىنى مىراس ھوقۇقى بىلەن ئالىدۇ) بالا كۆرپىنىڭ (يەنى دادىغا مەنسۇپ،ياكى ئانىغا) زىناخورغا تاش ــ چالما ،ئۇ رجىم قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاللاھقا، كىمكى دادىسىدىن باشقا بىر كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، ياكى ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ خوجايىنلىرىدىن باشقىلارغا مەنسۇپ قىلىۋالسا، بۇنداق كىشىگە ئاللاھنىڭ قىيامەتكىچە ئەگىشىدىغان لەنىتى بولىدۇ، ئايال كىشى

ئېرىنىڭ ئۆيىدىن ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز بىرەر نەرسە، نەپىقە، سەدىقە قىلمىسۇن، ئېرىنىڭ رۇخسىتى، رازىلىقى بىلەن خەژلىسە بولىدۇ، تائامنىمۇ شۇنداق قىلامدۇ؟ ئۇنىمۇ سەدىقە قىلالمامدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام دېگەن، مال ــ مۈلكۈڭلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دېدى، (تائاممۇ شۇنداق بولدى) ئەھمەد ،ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرقى ئايال كىشى نەپىقە، سەدىقە ـ ئېھسان قىلسا، ئېرىگە ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب ئالىدىغان ھەدىس، قۇل، خادىم، خەزىنىچىنىڭ ھەدىسلىرى بولسا، شۇ ئەرنىڭ، خوجايىنىنىڭ رازىلىقى بىلەن بولىدىغان ئىشلاردۇر، ئىككى ھەدىس ئارىسىدا خىلاپلىق، زىتلىق يوق، مۇھىمى رازىلىقتۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ھەربىر ھەق ئىگىسىگە مىراس قانۇنى بىلەن ئۇنىڭ ھەققىنى بەردى، ئەمدى ۋارىس ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوقتۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3074 - [ 5 ] ( لم تتم دراسته )ويروى عن ابن عباس رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا وصية لوارث إلا أن يشاء الورثة " منقطع هذا لفظ المصابيح . وفي رواية الدارقطني : قال : " لا تجوز وصية لوارث إلا أن يشاء الورثة "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋارىس ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىپ نەرسە بېرىش يوق، لېكىن ۋارىسلار خالىسا بۇ مۇستەسنادۇر. مەسابىھ، دارقۇتنى توپلىغان.( جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ۋارىس ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىپ نەرسە بېرىش يوق دېگەن. چۈنكى، ئۇ ئۆز مىراسىنى ئالىدۇ. دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.)

**3075 - [ 6 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الرجل ليعمل والمرأة بطاعة الله ستين سنة ثم يحضرهما الموت فيضاران في الوصية فتجب لهما النار " ثم قرأ أبو هريرة ( من بعد وصية يوصى ا أو دين غير مضار ) إلى قوله ( وذلك الفوز العظيم )رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن( ئەركىشى ۋە ئايال كىشى)ئەر ـ ئايال ئىككىسى 60 يىل **الله** تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ياخشى ئەمەل قىلسا، ئاندىن ئۇلارغا ئۆلۈم كەلگەندە، ۋەسىيەتتە بىر ـ بىرىگە زەرەر يەتكۈزسە، (ئەڭ ئاخىردا يامان ئەمەل بىلەن تامام قىلىنغاچقا) ئۇلارغا دوۋزەخ ۋاجىپ بولىدۇ. ئاندىن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:«قىلىنغان ۋەسىيەت ياكى قەرز بىر ـ بىرىگە زەرەر يەتكۈزۈلمەستىن ئادا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن....»دېگەن ئايەتنى ئەزىيمغىچە ئوقۇدى.ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد ،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**3076 - [ 7 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من مات على وصية مات على سبيل وسنة ومات على تقى وشهادة ومات مغفورا له " . رواه ابن ماجه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ، ۋەسىيەت قىلىۋېتىپ، ۋەسىيەت ئۈستىدە ئۆلسە، ئۇ كىشى توغرا يول ئۈستىدە، سۈننەت ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ، ئۇكىشى تەقۋالىق، شاھادەت، شېھىدلىق ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ(چۈنكى ئۇ ياخشى ئەمەل ئۈستىدە جان ئۈزدى) ئىبنى ماجە توپلىغان.

**3077 - [ 8 ] ( حسن )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن العاص بن وائل أوصى أن يعتق عنه مائة رقبة فأعتق ابنه هشام خمسين رقبة فأراد ابنه عمرو أن يعتق عنه الخمسين الباقية فقال : حتى أسأل رسول الله صلى الله عليه وسلم فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله إن أبي أوصى أن يعتق عنه مائة رقبة وإن هشاما أعتق عنه خمسين وبقيت عليه خمسون رقبة**

أفأعتق عنه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنه لو كان مسلما فأعتقتم عنه أو تصدقتم عنه أو حججتم عنه بلغه ذلك " . رواه أبو داود

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئاس ئىبنى ۋائىل ئۆزى ھەققىدىن 100 قۇل ئازات قىلىنىشقا ۋەسىيەت قىلىپتۇ، ئۇنىڭ ئوغلى ھىشام، 50 قۇلنى ئازات قىلىپتۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئەمرۇ، قالغان 50 قۇلنى ئازات قىلماقچى بولۇپ، مەن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ باقاي دەپ كىلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دادام ئاس ئىبنى ۋائىل ئۆزى ھەققىدىن 100 قۇل ئازات قىلىنىشقا ۋەسىيەت قىلدى، ئۇنىڭ ئوغلى ھىشام، 50 قۇلنى ئازات قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنە 50 قۇل ئازات قىلىش قېلىپ قالدى، ئۇ50 قۇلنى مەن ئازات قىلسام بولامدۇ؟ دىگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر ئۇ ئۆلگەن كىشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ ھەققىدىن قۇل ئازاد قىلساڭلار، سەدىقە ـ ئىھسان قىلساڭلار، ياكى ھەج قىلساڭلار، شۇنىڭ ساۋابى ئۇ كىشىگە يېتىپ بارىدۇ، دىدى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. قانداق نەرسە قىلساڭلار، قۇرئان ـ سەھىھ ھەدىس بىلەن دەلىل ـ ئىسپاتىنى تولۇق قىلىپ قىلىڭلار، بىدئەتتىن ھەزەر قىلىڭلار، مەسىلەن: ھەپتىسى، قىرىقى، يىلى دىگەنلەر، شېرىك بىدئەتتۇر، باشقا دىندىن كىرگەن ئادەتتۇر، ئەلبانى بۇنى جىنازا نامىزى توغرىسىدىكى بىدئەتلەر دىگەن كىتابىدا بىدئەت دىگەن.

3078 - [ 9 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قطع ميراث وارثه قطع الله ميراثه من الجنة يوم القيامة " . رواه ابن ماجه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ۋارىسلىرىنىڭ مىراسىنى ئۈزۈپ قويسا، قىيامەت كۈنى الله تائالا ئۇنىڭ جەننەتتىن بولغان مىراسىنى ئۈزىۋىتىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان. تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان. 2007 ـ 4 ـ 20 ـ م ، 1428 ـ رەبىيئۇسسانى 2 ـ ھ

3079 - [ 10 ] ورواه البيهقي فيشعب الإيمان عن أبي هريرة رضي الله عنه

الله نىڭ رەھمەت ـ پەزلى بىلەن «مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ تەرجىمىسى»«چىراق تەكچىسى»نىڭ بىرىنجى قىسمى تامام بولدى الله خالىسا، ئىككىنجى قىسمى «نىكاھنىڭ كىتابى» بىلەن باشلىنىپ، سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى. ئادەم بالىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خاتالىقتىن خالى ئەمەسمەن، «ھەرقانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۆۋبە قىلغۇچىلاردۇر» ئەپۇ قىلىپ، تۈزۈتۈپ ئوقۇپ، پىكىر ـ تەكلىپ، تەنقىد ـ تەربىيە بىرىشىڭلارنى سورايمەن، مەن ئۈچۈن الله تائالاغا كۆپ دۇئا قىلىپ قويۇڭلار، الله ھەممىمىزنى رەھمەت ـ پەزلى بىلەن مەغپىرەت قىلسۇن ئامىن!! .ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇالله ۋە بەركاتۇھۇ........

## پايدلانغان ماتىرياللار

1. كۆمپيوتېر
2. ئىنتېرنېت تور بەتلىرى
3. مۇھەددىس پىروگىراممىسى
4. توققۇز كىتاب پىروگىراممىسى
5. ھەدىس _تەفسىر پىروگىراممىسى
6. لوغەتلەر پىروگىراممىسى
7. تارىخ پىروگىراما پىلاستىنكىللىرى
8. فىقھى _ئەھكام پىروگىراممىسى
9. ئۇسۇل كىتابلىرى
10. ئەقىيدە كىتابلىرى
11. پەتىۋالار پىروگىراممىسى
12. يېزىقچىلىق ۋە تەرجىمە ئىلمى كىتابلىرى
13. يۇقىرقى پىروگىراما پىلاستىنكىللىرىدىكى بارلىق تەپسىر ،ھەدىس كىتابلىرى
14. بارلىق ھەدىس كىتابلىرىنىڭ شەرھى ئىزاھاتلىرى(مەسىلەن:پەتھۇلبارىيدەك.)
15. لىسانۇلئەرەب، قامۇس، ئىمام ئىبنى ئەسىرنىڭ «نەھايەت في غەرىيبۇلھەدىس»دىگەن كىتابلار.

مەسئۇل مۇھەررىرى :   نەسرۇ الله رەھمەتۇالله
ئىسمائىل   يەئقۇب
مەسئۇل كوررېكتورى:   ئىسھاق ھۆسەيىن
مۇقاۋىنى لاھىلىگۈچى:  تېيەن ئاخۇن

«مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ تەرجىمىسى»
ئاپتۇر:   مۇھەممەدئىبنى ئابدۇالله خەتىب تەبرىزىي
تەھقىق:   ئىمام مۇھەممەد ناسىرۇ ددىن ئەلبانىي
تەرجىمە قىلغۇچى:   شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد زاھىدىي

*********

مىللەتلەر دىن  مەدەنىيتى نەشرىياتى
جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى:850x 1140 مىللىمېتىر  3/16
باسما تاۋقى: 44.1 ،قىسۇرما ۋارىقى: 3
2007ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى1 ـ نەشىر
2007ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى1 ـ بېسىلىشى
ISBN 7ـ228ـ03228ـ4
تىراژى:   1ـ3000
باھاسى: 70.00 يۈەن
بېسىلىشتا ۋە تۈپلەشتە خاتالىق بولسا، نەشرىياتىمىزغا
ئەۋەتىپ بېرىڭ ، ئالماشتۇرۇپ بېرىمىز.